شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جىلىلار تەزكىرىسى

# توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى

توقسۇ ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# كىرىش سۆز I

## بەي يۈشى

تۇقسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. ئۇ، سەددىچىننىڭ سىرتىدىكى بىپايان چۆللۈكتىن ئورۇن ئالغان بىر مەرۋايىت، ئۈرۈمچى — قونجىراپ تاشيولى بۇ جاينى كېسىپ ئۆتىدۇ.

تۇقسۇ ناھىيىسى پارلاق تارىخقا ئىگە. غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا بۇ جاي غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي مەركىزى بولغان. ناھىيە تەۋەسىدىكى مەشھۇر تارىخىي شەھەر — داۋانقوم شەھىرى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي ئىدى. بەن چاۋ، لى چۇڭ، چاڭ خۇي، لىن زېشۇ قاتارلىق مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر بۇ يەردە ئۇرۇش ئىزلىرىنى ۋە ھاياتلىق ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

تۇقسۇ بوستانلىقىنى مۇشۇ زېمىندا تارىختىن بۇيان ياشاپ كەلگەن ۋە زامانىمىزدا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ئاچقان ۋە گۈللەندۈرگەن. بۇ بوستانلىق ھەرمىللەت ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ نەچچە مىڭ يىل ئورتاق ئېچىشى ۋە تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، تاكى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىغا قەدەر كۇچا ئايمىقىنىڭ ئاۋات رايونى بولۇپ كەلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇقسۇ ناھىيىسىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. 1949 - يىلى ناھىيە بويىچە 8 مىليون 555 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 250 مىڭ كىلوگرام پاختا ئېلىنغانىدى. 1995 - يىلى ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 71 مىليون 700 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 8 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى؛ پاختا 12 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 50 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. 1949 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە تەۋەسىدە زامانىۋى سانائەت يوق ئىدى، 1995 - يىلى ناھىيە بويىچە زامانىۋى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 100 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زور تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بولدى. تارىخىي دىئالېكتىكا كىشىلەرگە مۇنداق بىر ھەقىقەتنى نامايەن قىلدى: ۋەتەننىڭ بىرلىكى بولغاندىلا، مىللەتلەر ئىناق ئۆتكەندىلا، خەلق بەختلىك، جەمئىيەت مۇقىم بولىدۇ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت گۈللىنىدۇ؛ ئەكسىچە، بۆلگۈنچىلىك، مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىپ، مىللەتلەر ئىناق ئۆتمىسە، ئىشلەپچىقىرىش چېكىنىدۇ، خەلق ئازاب چېكىدۇ. قىسقىسى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولمىسا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى بولمايدۇ، خەلق بەخت تاپالمايدۇ. ھازىر مەملىكىتىمىزدە سىياسەت راۋان، خەلق ئىناق، كەسىپلەر گۈللەنگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

ئىشىنىمەنكى، توقسۇدىن ئىبارەت بۇ چۆل - جەزىرىدىكى مەرۋايىت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ ياسىلىشى، نېفىت بايلىقىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ «بىر قارا، بىر ئاق» (نېفىت، پاختا) ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچقۇسى.

1984 - يىلى توقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم ۋە توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈشنى قارار قىلغانىدى، 13 يىل جاپالىق ئىرىشىش نەتىجىسىدە، بۈگۈن بۇ تەزكىرە ئاخىر تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ توقسۇ ناھىيىسىدىكى 120 مىڭ ھەرمىللەت خەلقى ئۈچۈن چوڭ خۇشاللىق ئىش شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەزكىرە گۈلزارىدا ئېچىلغان بىر گۈل. بۇ كىتابنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى توغرا، مەزمۇنى مول، تەپسىلىي ۋە ئېنىق بولۇپ، روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئوقۇشا كىشىنى كۆپ مەنپەئەتكە ئىگە قىلىدۇ.

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» 24 قىسىمدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭدىكى سۈرەتلەر مەزمۇننى بېيىتىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا قەدىمدىن ھازىرغىچە يۈز بەرگەن ئىشلار، جۇغراپىيىلىك شارائىت، خەلقنىڭ ئەھۋالى، تۈرلۈك كەسىپلەرنىڭ گۈللىنىش، خارابلىشىش جەريانى، مىللىي ئۆرپ - ئادەت تولۇق كىرگۈزۈلگەن. كىتابتا مول ئۇچۇر، قىممەتلىك ماتېرىيال ۋە توغرا سانلىق مەلۇماتلار بار، شۇڭا بۇ كىتاب تېپىلغۇسىز ماتېرىيال كىتاب ۋە قورال كىتاب ھېسابلىنىدۇ شۇنداقلا ئۇ ناھىيىدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە سوتسىيالىستىك تەربىيە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ياخشى دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ.

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ئىشى كاتتا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدۇر. توقسۇ ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى يولداشلار قىيىنچىلىقتا پەسەنت قىلماي، جاپادىن ئىسسىق - سوغۇقتىن قورقماي 13 يىل يېزىش ئارقىلىق، بۇ ئىشنى ئاخىر تاماملىدى، بۇ ئىشنىڭ تۆھپىسى ھازىرقىلارغا، مەنپەئەتى كېيىنكىلەرگە بولىدۇ. مەن توقسۇ ناھىيىسىدىكى ھەرمىللەت خەلقنىڭ بۇ كىتابتىن ئوبدان پايدىلىنىشىنى، گۈللەنگەن، خەلق بەخت تاپقان سوتسىيالىستىك يېڭى توقسۇ قۇرۇشتا ئۇنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن؛ توقسۇ ناھىيىسىدىكى ھەرمىللەت خەلقنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىشىگە چىن قەلبىمدىن تىلەكداشمەن.

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشردىن چىقىش ئالدىدا، باش مۇھەررىر يولداش پېڭ چىشيەننىڭ تەكلىپى بىلەن كىرىش سۆز سۈپىتىدە بۇنى يازدىم.

---

ئىزاھات: بۇ كىرىش سۆزنىڭ ئاپتورى بەي يۈشى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كىرىش سۆز Ⅱ

## لى جىنچىڭ

13 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ تۈزۈلگەن «تۇقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نەشردىن چىقىش ئالدىدا تۇرماقتا. بۇ، ناھىيىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى بىر كاتتا ئىش شۇنداقلا ناھىيىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى بىر چوڭ نەتىجە.

تۇقسۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن، بۇ جايدا مىلادىيىدىن 2000 يىل ئىلگىرىلا ئىنسانلار ياشىغان. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىلا تۇقسۇ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلاندى. شۇندىن كېيىن، لى چۇڭ، چېن مۇ، بەن چاۋ قاتارلىق قورۇقچىبەگلەرنىڭ ھەممىسى تۇقسۇنى تايانچ قىلدى، ئۇلار مەيلى قوشۇن باشلاپ كېلىپ بۇ يەرنى ساقلىغان بولسۇن، مەيلى جاپالىق ئۇرۇش قىلغان بولسۇن، مەيلى بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەچ چېگرىنى ساقلىغان بولسۇن، تۇقسۇدا ھاياتلىق ۋە ئۇرۇش ئىزلىرىنى قالدۇردى، ھاياتى ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ تەسىرلىك زەپەر مارشلىرىنى يازدى.

تارىخقا نەزەر سالساق، تۇقسۇ تارىختا پارلاق سەھىپە ياراتقان ھەم ئۇزاق فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، جاپالىق، ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتكەن. چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدە توختىماي داۋام قىلغان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى دەستىدىن، جەمئىيەتتى ئەنسىزلىك قاپلىغان، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولغان، خەلق چوڭقۇر ئازاب چەككەندى. مىللىي قەھرىمان لىن زېشۈ ھەسرەت بىلەن مۇنۇ مىسرالارنى يازغان: «كۆتۈرۈلەر كەنتلەردىن ئاندا - ساندا ئىس - مانان، يۇرۇشەركەن ئاۋام بۇندا بەلۋېغىغا تۈگۈپ نان». بۇ مىسرالار 19 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ جاپالىق ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇندىن 20 نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قوقەنلىك ياقۇپبەگنىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن، تۇقسۇ خەلقى يەنە يېڭى ئاپەتكە يولۇقتى.

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، تۇقسۇ خەلقى ئاخىر يېڭى ھاياتلىققا ئېرىشتى. 1950 - يىلى ئەتىيازدا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار ناھىيىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ھەردەرىجىلىك خەلق ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇپ، ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۇقسۇدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى.

بولۇپمۇ، ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىدىكى ھەرمىللەت خەلقىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە، ئىككى قولدا تەڭ تۇتۇش، ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇپ، تۇرلۇك ئىشلارنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا تېخىمۇ پۇختا قەدەم تاشلىدى.

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان تۇرلۈك - تۇمەن ئىشلارنىڭ گۈللىنىش، خارابلىشىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانى يېزىلغان، تۇرلۈك كەسىپلەرنىڭ بارلىققا كېلىش، راۋاجلىنىش جەريانى باشتىن - ئاخىر قەغەز يۈزىدە جانلىق ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ — توقسۇنى چۈشىنىشتىكى كۆزنەك؛ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى دەرسلىك؛ توقسۇنى تونۇشتىكى ئەينەك؛ ھەردەرىجىلىك رەھبەرلەرنى ئۆرنەك بىلەن تەمىنلەيدىغان ماتېرىيال كىتاب؛ پەن تەتقىقاتچىلىرى ئۇچۇن قورال كىتاب. ئۇنىڭدا ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك، ماتېرىياللىق خاراكتېر مۇجەسسەملەشكەن. ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى ناھىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك ۋە ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئىجابىي ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

---

ئىزاھات: بۇ كىرىش سۆزنىڭ ئاپتورى لى جىچىڭ — ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كىرىش سۆز Ⅲ

**مۇھەممەت ھۇسەن**

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش ئىشى 1984 - يىلدىن باشلىنىپ، 1996 - يىلى تاماملاندى، 13 يىل يېزىش نەتىجىسىدە مىليون خەتلىك كىتاب بولۇپ چىقتى. بۇ جەرياندا مۇندەرىجىسى 2 قېتىم تۈزۈلدى، ئورگىنالى 3 قېتىم ئۆزگەرتىلدى. تەزكىرىچىلەر ئىسسىق - سوغۇقتىن قورقماي، جاپادىن قاچماي، ئىخلاس بىلەن يېزىپ، نۇرغۇن مۇشەققەت چەكتى. شۇڭا مۇشۇ كىتاب نەشردىن چىقىش ئالدىدا، مەن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىكى تەزكىرىچىلەرگە سەمىمىي سالام يوللايمەن ۋە چوڭقۇر تەشەككۇر بىلدۈرىمەن!

توقسۇنىڭ تارىخى ئۇزۇن، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۇسەندىكى داۋانقۇم شەھىرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىنغان. چالىڭ خۇي، بەن چاۋ، لىن زېشۈ قاتارلىق مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر بۇ يەردە ھاياتلىق ئىزلىرىنى ۋە جەڭ ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى، توقسۇ بوران - چاپقۇنلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ھەرمىللەت خەلقى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش جەھەتتە ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. ۋەتەننى پارچىلاش، ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇش، بۆلگۈنچىلىك قىلىش ئەزەلدىن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى، ئۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»دە بۇ تارىخىي پاكىت يەنە بىر قېتىم تولۇق ئىسپاتلاندى.

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش جەريانىدا، پارتكوم رەھبەرلىك قىلىش، ھۆكۈمەت رىياسەتچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت تەزكىرە تۈزۈش فاڭجېنى ئىزچىل ئىجرا قىلىندى؛ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر ئىزچىل ئىجرا قىلىندى؛ پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىسى جارى قىلدۇرۇلدى؛ ماتېرىيال كەڭ دائىرىدە توپلىنىپ، ئەستايىدىل تاللاندى؛ تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ راست - يالغىنى ئايرىپ چىقىلغاندىن كېيىن، مۇكەممەل كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقىلدى. شۇڭا بۇ تەزكىرە نوپۇزلۇق بولۇش، توغرا بولۇش، ماتېرىيال قىممىتىگە ۋە ئوقۇش قىممىتىگە ئىگە بولۇش تەلىپىگە يەتتى. ئۇ، توقسۇنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىشتىكى ئەڭ ياخشى ئىلمىي ماتېرىيال كىتاب، ھەردەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە

رەھبەرلىرىنىڭ شۇنداقلا ھەردەرىجىلىك مەمۇرىي خادىملار ۋە مائارىپ، پەن تەتقىقات، مەدەنىيەت خادىملىرىنىڭ ياخشى دوستى.

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەن توقسۇدا ناھىيە بولسىمۇ تەزكىرە يوق بولۇشتەك تارىخقا خاتىمە بېرىلدى، بۇ زامانىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئەۋلادلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، خۇشاللىنىشقا، تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان ئىش. بىراق خەنزۇچە تەزكىرە كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىشى ۋەزىپىنىڭ پېرىمىنىڭ ئادا بولغانلىقىدىنلا ئىبارەت. مەن تەزكىرە كومىتېتىدىكى ۋە تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى يولداشلارنىڭ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنى پات ئارىدا ئىشلەپ، توقسۇ ناھىيىسىدىكى 100 نەچچە مىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىن مەنپەئەتدار قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇنداق بولغاندىلا، بۇ نۆۋەتلىك سوتسىيالىستىك يېڭىچە ناھىيە تەزكىرىسى تۈزۈش ۋەزىپىسى ھەقىقىي تاماملانغان بولىدۇ!

ئىزاھات: بۇ كىرىش سۆزنىڭ ئاپتورى مۇھەممەت ھۈسەن — توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى يېتەكچى ئىدىيە قىلىنىپ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىدە، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزەرىدە چىڭ تۇرۇلۇپ، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلىرىدىكى تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئەينەن بايان قىلىندى.

2. «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە قىسىم، باب، پاراگراف، تارماق قۇرۇلمىسى ئاساس قىلىنىپ، بايان، خاتىرە، تەزكىرە، سۈرەت، جەدۋەل، تەرجىمىھال، قوشۇمچە خاتىرە ژانىرلىرى قوللىنىلدى. تۈرلەر توغرا لىنىيە بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تارىخىي پاكىتلارنى بايان قىلىشتا توغرا لىنىيە بويىچە بايان قىلىش ئاساس قىلىندى، تىك لىنىيە بويىچە بايان قىلىش بىلەن توغرا لىنىيە بويىچە بايان قىلىش بىرلەشتۈرۈلدى.

3. «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە قەدىمكى بىلەن ھازىرقى تۇتاشتۇرۇلدى، شەيئىلەرنىڭ يۇقىرى يىل چېكىگە چەك قويۇلماي، باشلىنىش نۇقتىسىنى تېپىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلدى؛ 1995 - يىلنىڭ ئاخىرى ئاخىرقى يىل چېكى قىلىندى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللار نۇقتىلىق بايان قىلىندى.

توقسۇ تارىختا قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىگە، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۇچا ئايمىقىغا، 1912 - يىلدىن 1922 - يىلغىچە كۇچا ناھىيىسى غەربىي يېزىسىنىڭ توقسۇ كەنتىگە قارىغان، شۇڭا چوڭ ئىشلار، تەشكىلىي تۈزۈلۈشى قاتارلىق قىسىملار كۇچا ناھىيىسىگە باغلاپ يېزىلدى.

4. «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ھايات شەخسلەرگە تەرجىمىھال تۈرغۈزماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى. توقسۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ۋە قىسمەن سەلبىي شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى كىرگۈزۈلدى. ئۇلار مەيلى مۇشۇ يۇرتتىن بولسۇن ياكى ياقا يۇرتتىن بولسۇن ئوخشاشلا كىرگۈزۈلدى. نەتىجىسى ئالاھىدە بولغان ھايات شەخسلەر ئىشقا ئادەمنى باغلاش ئۇسۇلى بىلەن ئالاقىدار باب، پاراگرافلارغا كىرگۈزۈلدى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەقدىرلىگەن قەھرىمان، نەمۇنىچىلار شەخسلەر جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلدى.

5. «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىكى ئۆلچەم بىرلىكلىرى، كىشى ئىسىملىرى ۋە مەخسۇس ئاتالغۇلارنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقىلىرى ئىلگىرىكى ماتېرىيالدىكىسى بويىچە ئېلىندى؛ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكىلىرى دۆلەت

ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئېلىندى.

6. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى يىل، ئاي، كۈنلەر شۇ چاغدىكى ئادەت بويىچە يېزىلىپ، تىرناق ئىچىگە مىلادىيە يىلى ئىزاھلاپ قويۇلدى؛ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى يىل، ئاي، كۈنلەر مىلادىيە يىلى بويىچە قوللىنىلدى. دېھقانلار كالېندارى خەت بىلەن، مىلادىيە كالېندارى ئەرەب رەقەمى بىلەن ئىپادىلەندى.

7. «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»دىكى «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى»، «يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن» دېگەن سۆز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ۋە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ؛ «ئاپتونوم رايون» دېگەن سۆز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننى كۆرسىتىدۇ.

8. «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»دىكى ماتېرىياللار، ئاساسەن، ئارخىپتىن، تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئېلىندى، ئاغزاكى ماتېرىياللار قوشۇمچە قىلىندى. ھەر ئىككى خىل ماتېرىيال دەلىللەش، توغرا - خاتاسىنى ئايرىش ئارقىلىق، ئۆزئارا ئىسپاتلاندى ۋە تولۇقلاندى. سانلىق مەلۇماتلارنىڭ مىنگو دەۋرىدىكىلىرى ئارخىپ ماتېرىياللاردىن ئېلىندى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىكىلىرى ناھىيىلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى تەمىنلىگەن ماتېرىياللاردىن ئېلىندى. ماتېرىياللارنىڭ مەنبەسى ئومۇمەن ئىزاھلانمىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز I ........ 1
كىرىش سۆز II ........ 3
كىرىش سۆز III ........ 5
كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ........ 7
ئومۇمىي بايان ........ 3
چوڭ ئىشلار ........ 11

## بىرىنچى قىسىم
## تەشكىلىي تۈزۈلۈشى، رايونلارغا ئايرىلىشى

I باب ئورنى، يەر كۆلىمى ........ 55
II باب تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنىڭ تەرەققىياتى ........ 56
III باب مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى ........ 58
1 § . مىنگو دەۋرىدىكى رايونلارغا ئايرىلىشى ........ 58
2 § . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى ........ 60
IV باب ناھىيە بازىرى ۋە يېزا - بازارلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ........ 66
1 § . ناھىيە بازىرى ........ 66
2 § . توقسۇ بازىرى ........ 67
3 § . ئىچئېرىق يېزىسى ........ 68
4 § . پەيشەنبە بازار يېزىسى ........ 69
5 § . تاشئېرىق يېزىسى ........ 70
6 § . ئۆگەن يېزىسى ........ 71
7 § . يۇلتۇزباغ يېزىسى ........ 72
8 § . ئۇچقات يېزىسى ........ 73
V باب يەرناملىرى ........ 75

§1 . ئومۇمىي ئەھۋالى ...... 75

§2 . ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ...... 76

§3 . يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ...... 76


## ئىككىنچى قىسىم

# تەبىئىي شارائىت


I باب گېئولوگىيە ...... 81

§1 . گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى ...... 81

§2 . سۇ رايى گېئولوگىيىسى ...... 83

§3 . قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى ...... 84

II باب يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى ...... 85

§1 . تاغلىق يەرلەر ...... 85

§2 . تۈزلەڭلىك ...... 85

III باب ھاۋا كلىماتى، ئىقلىمى ...... 87

§1 . ھاۋا كلىماتى ...... 87

§2 . ئىقلىم ...... 99

IV باب گىدرولوگىيە ...... 104

§1 . يەر ئۈستى سۈيى ...... 104

§2 . يەر ئاستى سۈيى ...... 108

§3 . سۇ ئېنېرگىيىسى ...... 110

V باب تۇپراق، يېپىنچا ئۆسۈملۈك ...... 111

§1 . تۇپراق ...... 111

§2 . يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ...... 117

VI باب تەبىئىي بايلىق ...... 117

§1 . نۇر - ئىسسىقلىق، سۇ، يەر بايلىقى ...... 117

§2 . ياۋايى ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە كان بايلىقى ...... 118

VII باب تەبىئىي ئاپەت ...... 119

§1 . مۆلدۈر ...... 119

§2 . بوران ...... 121

§3 . سۇ ئاپىتى ...... 122

§4 . يەر تەۋرەش ...... 123

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



§ 5 . شور ئاپىتى ........ 123
§ 6 . ئۈششۈك ........ 124
§ 7 . ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىق ........ 124
§ 8 . قۇرغاق ئىسسىق شامال ........ 125

## ئۈچىنچى قىسىم
# نوپۇس

I باب نوپۇس سانى ........ 130
II باب نوپۇسنىڭ تارقىلىشى ........ 132
III باب نوپۇس قۇرۇلمىسى ........ 135
§ 1 . مىللەت قۇرۇلمىسى ........ 135
§ 2 . جىنس قۇرۇلمىسى ........ 139
§ 3 . ياش قۇرۇلمىسى ........ 139
§ 4 . مەلۇمات قۇرۇلمىسى ........ 142
§ 5 . كەسىپ قۇرۇلمىسى ........ 143
§ 6 . نىكاھ، ئائىلە ........ 144
IV باب ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ........ 147
V باب پىلانلىق تۇغۇت ........ 151
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 151
§ 2 . پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى ........ 152
§ 3 . تەدبىرلەر ........ 152
§ 4 . مۇكاپاتلاش، جازالاش سىياستى ........ 156
§ 5 . نەتىجە ........ 157

## تۆتىنچى قىسىم
# مىللەت، دىن

I باب مىللەت ........ 165
§ 1 . ئۇيغۇرلار ........ 165

§ 2 . خەنزۇلار ........ 177
§ 3 . خۇيزۇلار ........ 179
§ 4 . مىللىي دوستلۇق ........ 183
§ 5 . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ناھىيە بەرپا قىلىش. . . 185
II باب دىن ........ 187
§ 1 . ئىسلام دىنى ........ 187
§ 2 . بۇددا دىنى ........ 196
§ 3 . باشقا دىنلار ........ 196

بەشىنچى قىسىم

# پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار

I باب جۇڭگو گومىنداڭنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك يەرلىك تەشكىلاتى 199
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 199
§ 2 . پائالىيىتى ........ 200
II باب جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك يەرلىك تەشكىلاتى ........ 201
§ 1 . دەسلەپكى مەزگىلدىكى ج ك پ ئىزالىرى ........ 201
§ 2 . ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى ........ 202
§ 3 . قۇرۇلتاي ........ 204
§ 4 . تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ........ 210
§ 5 . تەشۋىقات خىزمىتى ........ 222
§ 6 . بىرلىك سەپ خىزمىتى ........ 223
§ 7 . ئىنتىزام تەكشۈرۈش ........ 224
III باب ئاممىۋى تەشكىلاتلار ........ 228
§ 1 . باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ........ 228
§ 2 . كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ........ 230
§ 3 . ئاياللار بىرلەشمىسى ........ 234
§ 4 . دېھقانلار تەشكىلاتى ........ 237
§ 5 . سودا تەشكىلاتى ........ 238
§ 6 . ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ........ 239
IV باب چوڭ سىياسىي ئىشلار ........ 240

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



§ 1 . ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش …… 240
§ 2 . ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش …… 241
§ 3 . ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش …… 241
§ 4 . «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى …… 242
§ 5 . يەر ئىسلاھاتى …… 242
§ 6 . يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپى …… 243
§ 7 . خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش …… 243
§ 8 . ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى …… 244
§ 9 . ئىستىل تۈزىتىش ۋە ئوڭچىلىققا قارشى تۇرۇش …… 244
§ 10 . كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش …… 245
§ 11 . خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش …… 246
§ 12 . ئېنىقلاش ۋە قايتۇرۇش …… 246
§ 13 . سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى …… 247
§ 14 . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» …… 248
§ 15 . سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش …… 250
§ 16 . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار، نەمۇنە ناھىيە بەرپا قىلىش …… 253
§ 17 . ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش …… 253

ئالتىنچى قىسىم

## ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

I باب مىنگو دەۋرىدىكى ناھىيە ھاكىمىيىتى …… 259
§ 1 . ياردەمچى ئامبال …… 259
§ 2 . ناھىيىلىك ھۆكۈمەت …… 259
§ 3 . ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت …… 264
II باب خەلق قۇرۇلتىيى …… 265
§ 1 . ناھىيىلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى …… 265
§ 2 . ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى …… 267
§ 3 . ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى …… 272
§ 4 . سايلام …… 275
III باب ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى …… 280
§ 1 . ئاپپارات تەرەققىياتى …… 280
§ 2 . ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت تارماقلىرى …… 284

IV باب خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ........................ 292
§ 1 . ئاممىلىق سىياسىي كېڭەش كومىتېتى ........................ 292
§ 2 . پائالىيىتى ........................ 294

يەتتىنچى قىسىم

## جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

I باب جامائەت خەۋپسىزلىكى ........................ 301
§ 1 . مىنگو دەۋرىدىكى ساقچى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ........................ 301
§ 2 . خەلق ساقچىسى ........................ 307
II باب سوت قىلىش ........................ 322
§ 1 . مىنگو دەۋرىدىكى ئەدلىيە ئىشلىرى ........................ 322
§ 2 . خەلق سوت مەھكىمىسى ........................ 323
III باب تەپتىشلىك ........................ 334
§ 1 . ئاپپاراتلار ........................ 334
§ 2 . تەپتىشلىك كەسپى ........................ 335
IV باب ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ........................ 339
§ 1 . ئاپپاراتلار ........................ 339
§ 2 . ئەدلىيە كەسپى ........................ 339

سەككىزىنچى قىسىم

## خەلق ئىشلىرى

I باب ئاپپاراتلار ........................ 345
II باب ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش - نەپىقە بېرىش ........................ 346
§ 1 . ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ........................ 346
§ 2 . ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش ........................ 347
§ 3 . مېيىپلارغا نەپىقە بېرىش ........................ 350
III باب قۇتقۇزۇش، تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىش. . . 352

www.uyghurkitap.com



§ 1 . شەھەر - بازاردىكى قۇتقۇزۇش ........................ 353
§ 2 . يېزىلاردىكى قۇتقۇزۇش ........................ 357
§ 3 . ئامراتلارنى يۆلەش ........................ 366
IV باب پاراۋانلىق ........................ 368
§ 1 . ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىقى ........................ 368
§ 2 . ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ........................ 370
§ 3 . مېيىپلارنى قوغداش ........................ 372
V باب يىغىۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش ........................ 374
§ 1 . ھەربىي سەپتىن قايتقان، چېكىنگەن ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ........................ 374
§ 2 . ئاققۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ........................ 376
§ 3 . سىرتقا چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ قايتىپ كېلىشى ........................ 377
§ 4 . تۆمۈريولدىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ........................ 378
§ 5 . بازار ئاھالىلىرىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش ........................ 378
VI باب نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ........................ 379
§ 1 . نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش ........................ 379
§ 2 . نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلارنى تىزىملاش ........................ 381

## توققۇزىنچى قىسىم

# ئەمگەك، كادىرلار

I باب ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمى ........................ 385
II باب شتات ........................ 386
§ 1 . مىنگو دەۋرىدىكى شتات ........................ 386
§ 2 . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شتات ........................ 388
III باب ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى ........................ 395
§ 1 . كادىرلار مەنبەسى ........................ 395
§ 2 . كادىرلار قۇرۇلمىسى ........................ 396
§ 3 . ئىشچىلار قوشۇنى ........................ 399
IV باب كادىرلارنى باشقۇرۇش ........................ 400
§ 1 . ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ۋە تەڭشەپ سەپلەش ........................ 400
§ 2 . ئىخچاملاش ۋە تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ........................ 401
§ 3 . كادىرلارنى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ........................ 402

V باب دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنى باشقۇرۇش …………… 404
§1 . دەم ئېلىشقا چىقىش …………………………… 404
§2 . پېنسىيىگە چىقىش …………………………… 404
§3 . خىزمەتتىن چېكىندۈرۈش …………………………… 405
VI باب ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە سۇغۇرتا …………………… 407
§1 . ئىشچى قوبۇل قىلىش …………………………… 407
§2 . ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش …………………………… 408
§3 . ئەمگەك مۇھاپىزىتى …………………………… 410
§4 . ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى …………………………… 411
VII باب تەمىنات، ئىش ھەققى …………………………… 412
§1 . تەمىنات …………………………… 412
§2 . ئىش ھەققى …………………………… 413

## ئونىنچى قىسىم
# ھەربىي ئىشلار

I باب تۇرغۇزۇلغان ئارمىيە، يەرلىك قوراللىق كۈچلەر ………… 424
§1 . تۇرغۇزۇلغان ئارمىيە …………………………… 424
§2 . يەرلىك قوراللىق كۈچلەر …………………………… 425
II باب ھەربىي ئاپپاراتلار …………………………… 426
III باب ھەربىي خىزمەت ئۆتەش …………………………… 428
§1 . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئەھۋالى …………………………… 428
§2 . مىنگو دەۋرىدىكى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئەھۋالى …………………………… 429
§3 . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئەھۋالى …… 429
IV باب خەلق ئەسكەرلىرى …………………………… 431
§1 . تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى …………………………… 431
§2 . پائالىيەتلىرى …………………………… 432
V باب ھەربىي ۋەقەلەر …………………………… 434
§1 . چاڭ خۈيىنىڭ كۈسەنگە جازا يۈرۈشى قىلىشى …………………………… 434
§2 . لى چۇڭخىنىڭ ئۇچقاتقا چېكىنىشى …………………………… 434

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



§ 3 . لىيالىڭ دۇگىنىنىڭ كۆسەن قەلئەسىنى مۇداپىئە قىلىشى ...... 435
§ 4 . كۆسەندىن لەشكەر تارتىپ كىنگىتكە جازا يۈرۈشى قىلىش ...... 435
§ 5 . ئۆگەن دەرياسى بويىدا توپىلاڭچىلارنى يوقىتىش ...... 436
§ 6 . هادى ئەلەم توپىلىڭى ...... 437
§ 7 . ما جۇڭيىڭنىڭ 8 - شىنى ئۈزىگە قوشۇۋېلىشى ...... 437
§ 8 . شېڭ شىسەي بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇشۇشى ...... 438

## ئون بىرىنچى قىسىم

# دېھقانچىلىق

I باب ئاپپاراتلار ...... 444
§ 1 . دېھقانچىلىق ئاپپاراتلىرى ...... 444
§ 2 . دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ...... 447
II باب دېھقانچىلىق بايلىقى ...... 449
§ 1 . يەر بايلىقى ...... 449
§ 2 . سۇ بايلىقى ...... 454
§ 3 . ئەمگەك كۈچى بايلىقى ...... 454
III باب ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ...... 456
§ 1 . خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ...... 456
§ 2 . ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ...... 458
§ 3 . يەر ئىسلاھاتى ...... 459
§ 4 . ھەمكارلىشىش، كوپېراتسىيىلىشىش ...... 460
§ 5 . خەلق گۇڭشېسى ...... 462
§ 6 . دېھقانچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ...... 464
IV باب دېھقانچىلىق ...... 466
§ 1 . تەرەققىيات ئەھۋالى ...... 466
§ 2 . دېھقانچىلىقنى رايونلارغا ئايرىش ...... 475
§ 3 . زىرائەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تارقىلىشى ...... 477
§ 4 . دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ...... 479
§ 5 . ئۇسۇملۇك ئاسراش ...... 488
§ 6 . ئېتىز ئاساسىي قۇرۇلۇشى ...... 496

V باب ئىگىلىك باشقۇرۇش ........ 497
§ 1 . ئەمگەك تەشكىلاتلىرى ۋە ئەمگەكنى باشقۇرۇش ........ 497
§ 2 . مالىيە باشقۇرۇش ........ 498
§ 3 . دېھقانچىلىق خىراجىتى ۋە تەننەرخ ھېساباتى ........ 499
§ 4 . دارامەت تەقسىماتى ........ 502
VI باب دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى ........ 509
§ 1 . ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ........ 509
§ 2 . دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى ........ 510
§ 3 . دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە ياساش ........ 515
§ 4 . دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش ........ 517
§ 5 . تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش ........ 519

## ئون ئىككىنچى قىسىم
# چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ

I باب چارۋىچىلىق ........ 523
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 523
§ 2 . ئوتلاق ........ 525
§ 3 . چارۋىچىلىق ........ 528
§ 4 . چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى ........ 533
§ 5 . نەسىل ياخشىلاش ........ 537
§ 6 . چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىدا كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر، ئۇنىڭ ئالدىنى ئې-
لىش ۋە ئۇنى داۋالاش ........ 538
§ 7 . يەم - خەشەك ........ 545
§ 8 . ئىگىلىك باشقۇرۇش ........ 545
II باب ئورمانچىلىق ........ 548
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 549
§ 2 . ئورمان بايلىقى ........ 551
§ 3 . ئورمانچىلىق تەرەققىياتى ........ 556
§ 4 . ئورمان باشقۇرۇش ........ 562
§ 5 . ئورمان مۇھاپىزىتى ........ 567
§ 6 . مېۋىلىك دەرەخ ........ 570

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى www.uyghurkitap.com




II باب قوشۇمچە كەسىپ ........ 582
§ 1 . پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك ........ 582
§ 2 . ھەسەل ھەرىسى بېقىش ........ 585
§ 3 . ئۆي قۇشلىرى بېقىش ........ 586
§ 4 . بېلىقچىلىق ........ 587
§ 5 . كۆكتاتچىلىق، قوغۇن - تاۋۇزچىلىق ........ 592


## ئون ئۈچىنچى قىسىم
## سۇچىلىق، سۇ ئېلېكترى


I باب سۇچىلىق ........ 599
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 599
§ 2 . سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى ........ 601
§ 3 . زەي چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى ........ 606
§ 4 . سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ........ 607
§ 5 . سۇ ساقلاش قۇرۇلۇشى ........ 609
§ 6 . سۇ چىقىرىش قۇرۇلۇشى ........ 611
§ 7 . كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ........ 613
§ 8 . كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش ........ 614
§ 9 . سۇچىلىقنى باشقۇرۇش ........ 618
§ 10 . سۇچىلىق خىراجىتى ........ 625
II باب سۇ ئېلېكترى ........ 626
§ 1 . سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ........ 626
§ 2 . يېزىلارنى توك بىلەن تەمىنلەش ........ 628


## ئون تۆتىنچى قىسىم
## سانائەت، يېزا - بازار كارخانىلىرى


I باب سانائەت ........ 633

§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 634
§ 2 . قول سانائەت ........ 635
§ 3 . توقۇمىچىلىق، چىگىت ئايرىش ........ 641
§ 4 . يېمەكلىك ئىشلەش ........ 643
§ 5 . مەتبەئەچىلىك ........ 646
§ 6 . ماشىنا رېمونت قىلىش - ياساش ........ 646
§ 7 . بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ........ 648
§ 8 . كۆمۈرچىلىك ........ 649
§ 9 . مېتاللچىلىق ........ 649
§ 10 . مىللىيلارغا كېرەكلىك بۇيۇملار ........ 650
§ 11 . كارخانا باشقۇرۇش ........ 662
§ 12 . هۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ........ 663
**II باب يېزا - بازار كارخانىلىرى ........ 665**
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 666
§ 2 . يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى ........ 666
§ 3 . سودا - سانائەت كارخانىلىرى ........ 667
§ 4 . ئىگىلىك باشقۇرۇش ........ 671

## ئون بەشىنچى قىسىم
# قاتناش، پوچتا - تېلېگراف

**I باب قاتناش ........ 681**
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 682
§ 2 . يول ........ 685
§ 3 . كۆۋرۈك، سۇڭگۈچلەر ........ 694
§ 4 . ترانسپورت ........ 697
§ 5 . قاتناش باشقۇرۇش ........ 703
**II باب پوچتا - تېلېگراف ........ 705**
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 706
§ 2 . پوچتا ........ 708

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



3 § . تېلېگراف ........ 717

## ئون ئالتىنچى قىسىم
# سودا، ئاشلىق - ياغ

I باب سودا ........ 727
1 § . بازار ........ 728
2 § . خۇسۇسىي سودا ........ 732
3 § . دۆلەت سودىسى ........ 736
4 § . كوللېكتىپ سودا ........ 762
5 § . تاشقى سودا ........ 778
II باب ئاشلىق - ياغ ........ 784
1 § . ئاپپاراتلار ........ 785
2 § . ئاشلىق - ياغ بازىرى ........ 787
3 § . ئاشلىق - ياغلىق داندىن غەللە - پاراق ئېلىش، ئۇنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش 787
4 § . ئاشلىق - ياغ ساقلاش ........ 796
5 § . ئاشلىق يۆتكەش ........ 797

## ئون يەتتىنچى قىسىم
# شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

I باب ئاپپاراتلار ........ 805
II باب بازار رايونى قۇرۇلۇشى ........ 806
1 § . بازار رايونىنىڭ ئەسلى قىياپىتى ........ 807
2 § . ناھىيە بازىرىنىڭ پىلانلىنىش ئەھۋالى ........ 809
3 § . ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشى ........ 814
III باب يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى ........ 833
1 § . يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلاشقان جاينىڭ قۇرۇلۇشى ........ 833
2 § . يېزا - قىشلاق قۇرۇلۇشى ........ 833
IV باب ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش ........ 835

1 § . يەر - زېمىن باشقۇرۇش ........ 835

2 § . ئۆي - جاي باشقۇرۇش ........ 838

V باب بىناكارلىق ........ 840

1 § . باشقۇرۇش ........ 840

2 § . قوشۇن ........ 841

VI باب مۇھىت ئاسراش ........ 844

1 § . مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ........ 844

2 § . مۇھىتنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش ........ 845

3 § . ئاسراش تەدبىرى ........ 846


## ئون سەككىزىنچى قىسىم
# مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە


I باب مالىيە ........ 852

1 § . ئاپپاراتلار ........ 852

2 § . مالىيە تۈزۈلمىسى ........ 853

3 § . مالىيە كىرىمى ........ 854

4 § . مالىيە چىقىمى ........ 855

5 § . يەرلىك قوشۇمچە ھەق ........ 866

6 § . باشقۇرۇش ........ 869

7 § . ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ........ 871

II باب باج ........ 873

1 § . ئاپپاراتلار ........ 873

2 § . چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدىكى باجلار ........ 875

3 § . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى باجلار ........ 880

III باب پۇل مۇئامىلە ........ 888

1 § . ئاپپاراتلار ........ 889

2 § . پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ........ 892

3 § . پۇل ........ 892

4 § . ئامانەت پۇل ۋە خەلق پۇل ئامانىتى ........ 899

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



§ 5 . كرېدىت ........ 902
§ 6 . مالىيە تۈزۈمى ........ 907
§ 7 . نەق پۇل باشقۇرۇش ........ 909
§ 8 . ئالتۇن، كۈمۈش باشقۇرۇش ........ 914
§ 9 . زايوم ........ 914
§ 10 . سۇغۇرتا ........ 916

## ئون توققۇزىنچى قىسىم
# ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك باشقۇرۇش

I باب پىلان ........ 919
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 919
§ 2 . پىلانلىق باشقۇرۇش ........ 919
II باب باھا ........ 921
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 921
§ 2 . باھا باشقۇرۇش ........ 922
III باب ئۆلچەم ........ 926
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 926
§ 2 . ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ........ 926
§ 3 . ئۆلچەم باشقۇرۇش ........ 927
§ 4 . ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ........ 928
IV باب سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ........ 930
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 930
§ 2 . بازار باشقۇرۇش ........ 931
§ 3 . سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش ........ 932
§ 4 . ئىقتىسادىي توختاملارنى باشقۇرۇش ........ 936
§ 5 . تاۋار ماركىسىنى باشقۇرۇش ........ 937
V باب ستاتىستىكا باشقۇرۇش ........ 938
§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 938
§ 2 . ستاتىستىكا نازارەتچىلىكى ........ 938

## يىگىرمىنچى قىسىم
## مائارىپ، پەن - تېخنىكا


I باب مائارىپ ........ 943

§ 1 . باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ........ 945

§ 2 . بالىلار مائارىپى ........ 946

§ 3 . باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ........ 947

§ 4 . ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ........ 962

§ 5 . كەسپىي مائارىپ ........ 971

§ 6 . چوڭلار مائارىپى ........ 974

§ 7 . ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ........ 983

§ 8 . مائارىپ خىراجىتى ........ 989

II باب پەن - تېخنىكا ........ 993

§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 993

§ 2 . پەن - تېخنىكا قوشۇنى ........ 996

§ 3 . پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ........ 1002

§ 4 . پەن تېخنىكىنى كېڭەيتىش ........ 1008

§ 5 . پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ........ 1009

§ 6 . مېتېئورولوگىيە، يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ........ 1013


## يىگىرمە بىرىنچى قىسىم
## مەدەنىيەت


I باب مەدەنىيەت - سەنئەت ........ 1017

§ 1 . ئاپپاراتلار ........ 1017

§ 2 . ئەدەبىي ئىجادىيەت ........ 1020

§ 3 . ئويۇن قويۇش ئەھۋالى ........ 1025

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



§ 4 . خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ...... 1028
§ 5 . خەلق چۆچەكلىرى ...... 1030
§ 6 . خەلق قوشاقلىرى، خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ...... 1041
§ 7 . كىنو قويۇش ...... 1049
§ 8 . گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەتچىلىك، خەتتاتلىق ...... 1052
§ 9 . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسار ئەتىقىلەر ...... 1053
II باب كىتاب، ئارخىپچىلىق ...... 1064
§ 1 . كىتاب ...... 1064
§ 2 . ئارخىپچىلىق ...... 1068
III باب رادىئو، تېلېۋىزىيە، ئاخبارات خەۋەرچىلىكى ...... 1069
§ 1 . رادىئو ...... 1069
§ 2 . تېلېۋىزىيە ...... 1072
§ 3 . ئاخبارات خەۋەرچىلىكى ...... 1074

## يىگىرمە ئىككىنچى قىسىم
## سەھىيە، تەنتەربىيە

I باب سەھىيە ...... 1077
§ 1 . مەمۇرىي ئاپپاراتلار ...... 1077
§ 2 . تېببىي داۋالاش ...... 1079
§ 3 . تېببىي داۋالاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورۇنلىرى ...... 1085
§ 4 . جۇڭگو تېبابىتى ...... 1090
§ 5 . داۋالاش تۈزۈمى ...... 1091
§ 6 . دورا ماتېرىياللىرى ...... 1095
§ 7 . يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ...... 1097
§ 8 . ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ...... 1104
§ 9 . ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ...... 1107
§ 10 . سەھىيە خىراجىتى ...... 1108
II باب تەنتەربىيە ...... 1110
§ 1 . ئاپپاراتلار ...... 1111

§ 2. مۇئەسسەسە ........ 1111
§ 3. پائالىيەتلەر ........ 1112
§ 4. مەشىق ۋە مۇسابىقە ........ 1115

## يىگىرمە ئۈچىنچى قىسىم
## شەخسلەر


I باب شەخسلەر تەرجىمىھالى ........ 1126
I باب شەخسلەر جەدۋىلى ........ 1146

## يىگىرمە تۆتىنچى قىسىم
## قوشۇمچە

1. توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1996 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تە -
رەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى 1159
2. قەدىمكى شېئىر - ماقالىلەردىن تاللانما ........ 1174
3. ساقلانغان يەرلىك ماتېرىياللار ........ 1175
تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئالدى - كەينىدە ........ 1185
ئاخىرقى سۆز ........ 1187
«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈش، تەكشۈرۈپ بې-
كىتىش ئاپپاراتى ۋە خادىملىرى ........ 1190
ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز ........ 1195
«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھر-
رات خادىملىرى ........ 1196

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئومۇمىي بايان



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئومۇمىي بايان

## 1

توقسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى ئۆگەن دەرياسى ئارقىلىق كۇچا ناھىيىسىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ؛ غەربىي تەرىپى قارا يۇلغۇن تېغى ئارقىلىق ئونسۇ ناھىيىسى ۋە ئاقسۇ شەھىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ؛ جەنۇبىي تەرىپى توڭگۇزباش قەدىمىي شەھىرى ۋە بوتباش قەدىمىي شەھىرى ئارقىلىق شايار ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ؛ شىمالىي تەرىپى تەڭرىتاغنىڭ تارمىقى بولغان چۆلتاغ ئارقىلىق باي ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ناھىيە بازىرى ئاپتونوم رايوننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىگە تاشيول مۇساپىسى بويىچە 794 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ناھىيە زېمىنىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 136 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 91 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 8223 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بوستانلىق 1746 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 21.2%ىنى ئىگىلەيدۇ؛ قاقاسلىق ـ چۆللۈك 5381 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 65.5%ىنى ئىگىلەيدۇ؛ تاغلىق 1071 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 13%ىنى ئىگىلەيدۇ؛ سۇ يۈزى كۆلىمى 25 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.3%ىنى ئىگىلەيدۇ.

ناھىيىنىڭ يەر شەكلىدە ھىمالايا تۈزۈلمە ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن تاغ ئالدى 3 ـ دەۋر چۆلتاغ يۈرمە بەلۋېغى ۋە توقسۇ بوستانلىقىنىڭ تۈزلەڭلىك يۈرمە بەلۋېغى شەكىللەنگەن، يەر شەكلى ئالاھىدىلىكى جەھەتتە شىمالى ئېگىز، جەنۇبى پەس. شەرقىي شىمالىي قىسمى ئۆگەن دەرياسىنىڭ تىنما تۈزلەڭلىكىدىن، غەربىي جەنۇبىي قىسمى لاتقا تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت. دېھقانچىلىق رايونلىرى ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۆلىكىگە مەركەزلەشكەن. ناھىيە تەۋەسى قەدىمكى دەريا سۈيىنىڭ يالىشى تەسىرىدىن، يەر شەكلى جەھەتتە، ئۆگەن دەرياسىنىڭ قۇرۇقتاغدىن چىقىش ئېغىزىنى مەركەز قىلغان ھالدا يەلپۈگۈچسىمان چېچىلما ھالەتتە شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا سوزۇلۇپ دۆڭلۈك ـ ئويمانلىق گىرەلەشكەن يەر تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن.

ناھىيە تەۋەسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1015 مېتىر، ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى 2212 مېتىر كېلىدۇ، ئەڭ ئوي يېرى دېڭىز يۈزىدىن 980 مېتىر ئېگىز.

ئاساسلىق تاغ تىزمىسىدىن قۇرۇقتاغ بار، بۇ تاغ ناھىيىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلۇپ ياتىدۇ، تاغدا ئۆسۈملۈك يوق، تاغ جىنىسلىرى يالىڭاچ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئاساسلىق دەريادىن ئۆگەن دەرياسى بار، بۇ، ئىچكى دەريا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 450 كىلومېتىر كېلىدۇ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 18 كىلومېتىر، يىللىق ئېقىن مىقدارى 2 مىليارد 190 مىليون كۇب مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 69.5 كۇب مېتىر/سېكۇنت. بۇ دەريا بىلەن كۇچا، توقسۇ، شايار ناھىيىلىرىدىكى بوستانلىق سۇغىرىلىدۇ. 1967 ـ يىلى «شەرق قىزاردى» ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن

كېيىن، توسما بىلەن سۇ توسۇلۇپ، كۆچا، شايار، توقسۇ ناھىيىلىرىگە نىسبەتەن بويىچە سۇ تەقسىملىنىدىغان بولدى.

ناھىيىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ. كۈن نۇرى يېتەرلىك، ئىسسىقلىق مىقدارى مول، كىلىماتى قۇرغاق، ھۆل - يېغىن ئاز. يازدا قاتتىق ئىسسىق، قىشتا قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا (1960 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە) 10.5℃. قۇياش رادىئاتسىيىسىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 144.6 كىلوكالورىيە/كۋادرات سانتىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 2894.6 سائەت، سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1992.7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە يىغىندا تېمپېراتۇرا 4412.3℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 63.7 مىللىمېتىر، يىلىغا ياغقان قارنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 7 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىراۋسىز مەزگىل 201 كۈن، يىللىق ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى 1.9 مېتىر/سېكۇنت.

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، بۇ جايدا مىلادىيىدىن 2000 يىل ئىلگىرىلا ئىنسانلار ياشىغان، كۈسەن يەرلىك ئاھالىلىرى، ھۇنلار، چاكلار ۋە خەنزۇ، جوجان، تۈرك، تۇبۇت، ئۇيغۇر، موڭغۇل، خۇيزۇ قاتارلىقلار ھاياتلىق ئىزلىرىنى قالدۇرغان. 9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى غەربكە كۆچۈپ، كۈسەن رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن سىڭىشتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەتلىك رايونغا ئايلاندى.

مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) ئامبال ياردەمچىسى قويۇلغاندا، ناھىيىدە 3822 ئائىلە، 19 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس بار ئىدى؛ مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ئائىلە 10 مىڭ 358گە، نوپۇس 45 مىڭ 659غا، 1949 - يىل 9 - ئايدا ئائىلە 10 مىڭ 386گە، نوپۇس 48 مىڭ 224 كە يەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، نوپۇس 4 قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. 1953 - يىل 7 - ئايدىكى ئائىلە 12 مىڭ 937، نوپۇس 59 مىڭ 915؛ 1964 - يىل 7 - ئايدىكى ئائىلە 16 مىڭ 764؛ نوپۇس 70 مىڭ 349؛ 1982 - يىل 7 - ئايدىكى ئائىلە 23 مىڭ 167، نوپۇس 106 مىڭ 593؛ 1990 - يىل 7 - ئايدىكى ئائىلە 24 مىڭ 559، نوپۇس 121 مىڭ 67. ناھىيە بويىچە 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى يېزا 6، بازار بىر، مەيدان - چارۋىچىلىق فېرمىسى 6، كەنت 110؛ ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، مانجۇ، جۇاڭزۇ، شىبە، رۇس، دۇڭشياڭ، سالا، چاۋشيەندىن ئىبارەت 12 مىللەت ياشايدۇ؛ جەمئىي 26 مىڭ 430 ئائىلە، 125 مىڭ 16 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 119 مىڭ 440 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 95.5%نى ئىگىلەيدۇ؛ خەنزۇ 5273 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 4.2%نى ئىگىلەيدۇ؛ خۇيزۇ 239 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.2%نى ئىگىلەيدۇ؛ باشقا مىللەت نوپۇسى 64 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 0.1%نى ئىگىلەيدۇ.

ھەرمىللەت خەلقى تارىختىن بۇيان ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، توقسۇ بوستانلىقىنى بىرلىكتە ئاچتى ۋە گۈللەندۈردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئورتاق گۈللىنىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەت ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندى، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ دېگەن «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. 1991 - يىل 10 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئەمۇنە ناھىيە بولدى.



ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسى زېمىنى قەدىمكى كۈسەن دۆلىتىگە تەۋە ئىدى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شىنجۇ

www.uyghurkitap.com



2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، توقسۇ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 17 ـ يىلى (مىلادىيە 74 ـ يىلى) شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كۈسەندىكى داۋانقۇم شەھىرىدە (ھازىرقى توقسۇ ناھىيە زېمىنىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قايتا قۇرۇپ، چېن مۇنى قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلىدى. يۇڭيۈەن 3 ـ يىلى (مىلادىيە 91 ـ يىلى) دىن كېيىن، بەن چاۋ، رېن شاڭ، دۈەن شىلار ئىلگىرى ـ ئاخىر قورۇقچىبەگ بولدى، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا كۈسەندىكى داۋانقۇم شەھىرىدە تۇردى. ئۇ چاغدا توقسۇ غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي مەركىزى ئىدى. ناھىيە تەۋەسىدە ھازىرغا قەدەر ساقلىنىۋاتقان 10 نەچچە قەدىمىي شەھەر ـ قەلئە خارابىسى بىلەن 1928 ـ يىلى تېپىلغان لى چۇڭنىڭ مىس تامغىسى بۇ تارىخنىڭ كۈچلۈك ماددىي ئىسپاتىدۇر.

توقسۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۈسەن تۇتۇق مەھكىمىسىگە، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قارا قىتانغا قارىدى، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە چاغاتاي خانلىقىغا قارىدى، مىڭ سۇلالىسىدىن چىڭ سۇلالىسىغىچە يەكەن خانلىقىغا قارىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭغارلارنى ۋە بۇرھانىدىن قاتارلىق يەرلىك تەپرىقىچى كۈچلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلىغاندىن كېيىن، كۈچاغا بەرخان ئامبال قويدى، ھازىرقى كۈچا، شايار، توقسۇلار ئۇنىڭغا قارىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكە بولغاندىن كېيىن، توقسۇ ئاقسۇ دوتەيلىكى كۇچا بىۋاسىتە قاراشلىق قۇتادغۇ مەھكىمىسىنىڭ غەربىي يېزىسىغا قارىدى. مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) ئاقسۇ دوتەيلىكى كۇچا ناھىيىسىنىڭ غەربىي يېزىسىغا قارىدى. مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) توقسۇغا ياردەمچى ئامبال قويۇلدى. مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) توقسۇ ناھىيىسى تەسىس قىلىندى، ناھىيە يامۇلى توقسۇ بازىرىدىكى چىڭلىيەن كوچىسىغا (ھازىرقى توقسۇ بازىرىدىكى ئازادلىق يولى) سېلىندى. مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) ناھىيىنىڭ خەنزۇچە نامى 新和 (شىنخې) غا ئۆزگەرتىلدى، بۇ خەنزۇچە 新疆和平 (شىنجاڭ ـ تىنچلىق) دېگەن 2 سۆزدىن ئېلىنغان.

ئۇزۇن مۇددەتلىك فېئوداللىق تۈزۈم ئاسارىتىدە، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولدى، چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە ھەرمىللەت خەلقى ھەمىشە ئېزىلىش، ئالمانچىلىقنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى.

1949 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا توقسۇ ناھىيىسى تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. 1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 ـ جۈن 5 ـ شى 13 ـ تۈەنى ۋاڭ مىڭليالىڭ باشچىلىقىدىكى 13 كىشىلىك يەرلىك خىزمەت ئەترىتىنى توقسۇ ناھىيىسىگە ئەۋەتىپ، توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇردى. شۇندىن ئېتىۋارەن توقسۇ ناھىيىسى يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى، بولۇپمۇ ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 ـ يىلدىكى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ باھار شامىلى توقسۇ زېمىنىنى قاپلىدى، شۇندىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى كۆزنى قاماشتۇرارلىق تەرەققىي قىلدى.

## 3

توقسۇنىڭ ئىقتىسادى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ يەردە خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا تېرىقچىلىق خېلى راۋاجلانغان. ساڭتام دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى لەخمە، توڭگۇز باش قەدىمىي شەھەرلىرىدىن بۇغداي، زىغىر، مايلىق نان قاتارلىق يادىكارلىق تېپىلدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى قەدىمىي شەھەر ـ قەلئەلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھازىرقى ساڭتام ئەتراپى

دېھقانچىلىق مەركىزى بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، دېھقانچىلىق مەركىزى شەرقتىكى توڭگۇز باش قەدىمىي شەھىرى تەۋەسىگە يۆتكەلگەن (ھازىرقى ئۆگەن دەرياسى تۆۋىنى ئەتراپىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرى جايلاشقان). چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە دېھقانچىلىق رايونلىرى قەدىمكى دەريا يولىنىڭ يۆتكىلىشىنىڭ تەسىرىدە، ھازىرقى ئۆگەن دەرياسى ۋادىسىغا يۆتكەلگەن.

مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) ناھىيە بويىچە 156 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى، ئاساسلىقى، بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلغانىدى. 1949 - يىلى 154 مىڭ مو يەرگە بۇغداي، شال، كۆممىقوناق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلىپ، 8 مىليون 552 مىڭ كىلوگرام ھوسۇل ئېلىندى؛ 15 مىڭ 500 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 250 مىڭ كىلوگرام پاختا ئېلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 10 نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، 1966 - يىلى ناھىيە بويىچە 30 مىليون 320 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 1 مىليون 339 مىڭ كىلوگرام پاختا ئېلىندى. 1967 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق بىر ئىزدا توختاپ قالدى. 1979 - يىلدىن باشلاپ يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق تېز راۋاجلاندى. 1995 - يىلى ناھىيە بويىچە 71 مىليون 700 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 12 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام پاختا ئېلىندى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 555.8 كىلوگرام ئاشلىق، 96.9 كىلوگرام پاختا توغرا كەلدى.

توقسۇدىن چىقىدىغان بەدىيان ناھايىتى داڭلىق بولۇپ، چەت ئەللەرگىچە سېتىلىدۇ. ئۇ 1965 - يىلدىن باشلاپ تېرىلغانىدى، شۇ يىلى 7858 كىلوگرام بەدىيان ئېلىندى، 1967 - يىلى 164 مىڭ 638 كىلوگرامغا، 1974 - يىلى 358 مىڭ 213 كىلوگرامغا يەتتى. كېيىن باھا ئامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ھوسۇلى يىلدىن - يىلغا چۈشۈپ كەتتى. توقسۇدىن چىقىدىغان مۇناقى ئۈزۈم، نەشپۈت قاتارلىقلار بېيجىڭ، شىنجېن، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلاردا سېتىلدى.

توقسۇنىڭ ئەنئەنىۋى قول سانائىتى مىڭگو دەۋرىدىلا خېلى گۈللەنگەن. توقسۇدا توقۇلغان ماتا ۋە گۈللۈك رەختلەر ئىلى، ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلغان. مىللىي بويۇملار زاۋۇتى بۇ مىللىي ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەتنى ھېلىمۇ داۋاملاشتۇرماقتا ۋە راۋاجلاندۇرماقتا. بۇ زاۋۇتتا توقۇلغان گىجىم رومال، خۇرجۇن قاتارلىق مەھسۇلاتلار 80 - يىللاردا ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ياپونىيىلەردە سېتىلدى شۇنداقلا ئاپتونوم رايوننىڭ ئېسىل مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ناھىيىنىڭ زامانىۋى سانائىتى 1957 - يىلى باشلاندى، «قىزىل نۇر» ياغ زاۋۇتى ناھىيە بويىچە تۇنجى ماشىنىلاشقان زاۋۇت ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 1957 - يىلى 680 مىڭ يۈەن، 1966 - يىلى 3 مىليون 40 مىڭ يۈەن، 1976 - يىلى 4 مىليون 320 مىڭ يۈەن، 1980 - يىلى 5 مىليون 370 مىڭ يۈەن، 1990 - يىلى 14 مىليون 880 مىڭ يۈەن بولدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە سانائەت كارخانىسى 33كە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 105 مىليون يۈەنگە يەتتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى).

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، زورايدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 610غا، خادىمى 1786گە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 18 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتتى (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى).

ناھىيىنىڭ قاتنىشى 314 - دۆلەت يولىنى ئاساس قىلىدۇ، بۇ يول شەرقتە كورلا، ئۈرۈمچىگە، غەربتە ئاقسۇ، قەشقەرگە بارىدۇ. ناھىيە زېمىنىدا ئۇزۇنىغا ۋە توغرىسىغا كېسىشىپ ئۆتىدىغان تاشيوللار بار. يېزا - يېزىلارغا ئاپتوموبىل قاتنىيالايدۇ، كەنت - كەنتلەرگىچە تاشيول بار.

www.uyghurkitap.com



پوچتا - تېلېگراف ئىشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن زورايدى، پوچتا - تېلېگراف مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تۇتاشتى. تېلېگرامما، تېلېفون، خەت - چەك، خالتا، گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش، پېرېۋوت قىلىش، پۇل ئامانەت، پوچتا ماركىسى توپلاش قاتارلىق كەسپىي تۈرلەر ئومۇميۈزلۈك قانات يايدى. 1992 - يىلى ئاپتوماتىك تېلېفون ئورنىتىلدى. 1995 - يىلى پروگراممىلىق تېلېفون تۇتاشتۇرۇلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ناھىيە بويىچە 3 بازار، 2 يېرىم مۇقىملاشقان بازار بار ئىدى. دۇكان مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 16گە، مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 1072گە يەتتى (بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىق قىلغاچ تىجارەت قىلىدىغانلار ئىدى). يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بىلەن كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى سودا زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. 1979 - يىلدىن كېيىن، تاۋار ئوبوروت يوللىرى كېڭەيتىلدى، دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كۆپ يوللۇق ئوبوروت، كۆپ خىل ئىگىلىك تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت سودا سىياسىتى يولغا قويۇلدى، بۇ سىياسەت بازارلارغا مىسلىسىز گۈللىنىش ئېلىپ كەلدى. 1995 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 314 مىليون 749 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيىنىڭ بازار قۇرۇلۇشى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. 1987 - يىلدىن كېيىن، ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلدى. ناھىيە بازىرىنىڭ قۇرۇلۇش تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولۇپ، بازار كۆلىمى 5.3 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. ئاممىۋى مۇئەسسەسىلەر ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، ناھىيە بازىرى رايونىنى كۆكەرتىش، يورۇتۇش، مۇھىت - تازىلىق قاتارلىق خىزمەتلەردە خېلى ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، پەن تەتقىقات، تەنتەربىيە ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە يۈكسەلدى. ناھىيىدە مەدەنىيەت سارىيى، يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتى، كەنتلەردە مەدەنىيەت ئۆيى بار بولدى. تېلېۋىزىيە ۋە رادىئو پۈتۈن ناھىيىنى قاپلىدى. كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ نومۇرلىرى بازار - يېزىلارنى جانلاندۇردى. 1989 - يىلى قىشتا ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 8 (ئوقۇغۇچىسى 2571) گە، باشلانغۇچ مەكتەپ 89 (ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 327) غا يەتتى. 1986 - يىل 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99كە، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %98كە، ساۋات چىقىرىش نىسبىتى %95كە يېتىپ، ناھىيە «ئىككى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش»تا ئۆلچەمگە لايىق ناھىيە قاتارىغا كىردى، شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىدا ماھىيەتلىك سەكرەش بولدى. 1995 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەممە يېزىدا ئوتتۇرا مەكتەپ، ھەممە كەنتتە باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولدى، باشلانغۇچ مەكتەپ 83 (ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 797) گە، ئوتتۇرا مەكتەپ 9 (ئوقۇغۇچىسى 4089) غا يەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، ناھىيە بويىچە تېبابەت داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى يوق ئىدى، 1951 - يىلى ناھىيىلىك ئامبۇلاتورىيە قۇرۇلدى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە تېبابەت داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتى 9غا، تېبابەت خادىمى 398گە، كېسەل كارىۋىتى 343كە يەتتى، 3 كاندىدات ئالىي دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بار خادىم، 27 مەسئۇل ۋراچ، 79 ۋراچ بار بولدى. ناھىيىدە ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىشىش ۋە چېلىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بولۇپ تۇرىدۇ، ۋاسكېتبول، ۋالېبول، تېكتاك توپ قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى پەيدىنپەي ئومۇملاشماقتا. ناھىيىدە پەن تەتقىقات ئىشلىرى ئۈزلۈكسىز راۋاجلانماقتا، 1995 - يىلى ناھىيە بويىچە تۈرلۈك كەسپىي ئىلمىي جەمئىيەت 9، ئەزاسى 748، ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئىلمىي جەمئىيەتلەرگە ئەزا بولغانلار 570؛ تۈرلۈك پەن تەتقىقات خادىمى 1330، بۇنىڭ ئىچىدە، كاندىدات ئالىي دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسى بارلار 13؛ مۇھىم پەن تەتقىقات نەتىجىسى 10دىن ئاشىدۇ.

ناھىيىنىڭ يوشۇرۇن ساياھەت بايلىقى بىرقەدەر كۆپ، كۆلىمى چوڭراق بولغان ئۆچقات قەدىمىي شەھىرى،

مەيۋەتلىك توققۇز باش قەدىمىي شەھىرى، غەربىي يۇرتتىكى مەشھۇر داۋانقوم شەھىرى، توغراقئېقىن مىڭئۆيى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت جىجۇگۇەن خارابىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

توقسۇدىن ئىبارەت باياۋاندىكى بۇ مەرۋايىت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدا، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ ياسىلىشى، نېفىت بايلىقىنىڭ ئېچىلىشى، ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى، ساياھەت بايلىقىنىڭ پايدىلىنىشىغا ئەگىشىپ، تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچقۇسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# چوڭ ئىشلار





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# چوڭ ئىشلار

(مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلدىن مىلادىيە 1995 - يىلغىچە)

## خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە

### غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇ 1 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلى)

دۇنخۇاڭ بىلەن چىلانتاغ ئارىلىقىدا كۆچمە چارۋىچىلىق بىلەن ياشايدىغان توخرىلار ھۇنلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ غەربكە كۆچتى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى كۇسەن (ھازىرقى كۇچا، شايار، توقسۇ ناھىيىلىرى) ئەتراپىغا كەلدى.

### غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ چيەنيۈەن 1 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 174 - يىلى)

ھۇنلار كروران، ئۇيسۇن، ئوغۇزلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى 26 بەگلىكنى تىنچلاندۇردى، كۇسەن ھۇنلارغا قارىدى، توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسى ھۇنلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

### غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەندىڭ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 115 - يىلى)

خەن سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇدى جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندىن كېيىن، كۇسەن قاتارلىق جايلار خەن سۇلالىسى بىلەن ئالاقىلىشىشقا باشلىدى.

### غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ بېنشى 3 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 71 - يىلى)

خەن سۇلالىسىنىڭ چاڭلو بېگى چاڭ خۇي قوشۇن باشلاپ كېلىپ كۇسەننى قورشاۋغا ئالدى ۋە كۇسەن بېگىنىڭ ئۇزۇنتات شاھزادىسى لەيدەننى ئۆلتۈرگەن جىنايىتىنى سۈرۈشتۈردى. كۇسەن بېگى قورقۇپ كېتىپ، گۇيىنى باغلاپ چاڭ خۇيغا تاپشۇرۇپ بەردى، چاڭ خۇي گۇيىنىڭ كاللىسىنى ئالدى.

### غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى)

«پىشامشاننىڭ غەربىنى ساقلىغۇچى ئەلچى» جېڭ جى كۇسەن، لوپنۇر قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، خەن سۇلالىسىغا تەسلىم بولغان ھۇن باتىسخانى شانشاه تەڭرىقۇتنى كۈتۈۋالدى. شۇ يىلى خەن سۇلالىسى شانشاه تەڭرىقۇتقا «ئىتائەتمەن، پەزىلەتلىك بەگ» دەپ نام بەردى.

خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، جىلى جىنى قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلىدى، ئۇنىڭ پەرمانى كۇسەندە ئاقىدىغان بولدى.

## غەربىي خەن سۇلالىسىدىن ۋاڭ ماڭ زامانىسىنىڭ شىجيەنگو 5 - يىلى (مىلادىيە 13 - يىلى)

ۋاڭ ماڭ بەگلەرنىڭ مەنسىپىنى تۆۋەنلەتكەچكە، غەربىي يۇرت ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى. كىنگىت ئاۋۋال توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، قورۇقچىبەگ دەن چىننى ئۆلتۈردى. كۇسەن بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى.

## غەربىي خەن سۇلالىسىدىن ۋاڭ ماڭ زامانىسىنىڭ تيەنفېڭ 3 - يىلى (16 - يىلى)

خەن سۇلالىسى بەھەيۋەت سانغۇن ۋاڭ جۈن بىلەن قورۇقچىبەگ لى چۇڭنى غەربىي يۇرتقا قايتا ئەۋەتتى. ئۇلار كىنگىتكە كەلگەندە، كىنگىت بېگى يالغاندىن تەسلىم بولۇۋالدى، خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرى مۆكتۈرمە ئەسكەرلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ۋاڭ جۈن جەڭدە ئۆلدى، لى چۇڭ مىڭبىر مۇشەققەتتە قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، كۇسەنگە قايتىپ مۇداپىئە كۆردى، بۇ جەرياندا توقسۇدىكى ئۇچقات ئەتراپىدا جاپالىق جەڭ قىلدى. نەچچە يىلدىن كېيىن، لى چۇڭنىڭ ئۆلۈشى بىلەن، غەربىي يۇرت قولدىن كەتتى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 17 - يىلى (74 - يىلى)

شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كۇسەندىكى داۋانقۇم شەھىرى (ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسى ئۇچقات يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى داۋانقۇم شەھىرى) دە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قايتا قۇرۇپ، چېن مۇنى قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلىدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 18 - يىلى (75 - يىلى)

11 - ئايدا كىنگىت بىلەن كۇسەن ھۇنلارنىڭ قۇترىتىشى ئارقىلىق بىرلىكتە قورۇقچىبەگ چېن مۇغا ھۇجۇم قىلىپ، 2000دىن ئارتۇق ئەمەلدار، ئەسكەرنى ئۆلتۈردى، چېن مۇ جەڭدە ئۆلدى، يانداش چېرىكچى گوشۇن ھاياتىدىن ئايرىلدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جاڭخې 1 - يىلى (87 - يىلى)

كۇسەن سول قانات سانغۇنىنىڭ باشچىلىقىدا 50 مىڭ ئەسكەرنى ساكارائۇلغا ياردەمگە ئەۋەتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلار دورغابى بەن چاۋ قوشۇن باشلاپ بېرىپ ساكارائۇلنى ئىشغال قىلدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۇەن 3 - يىلى (91 - يىلى)

10 - ئايدا بەن چاۋ قوشۇن باشلاپ بېرىپ، ئۇنسۇ، قۇم، كۇسەن قاتارلىق بەگلىكلەرنى قايتۇرۇۋالدى.

12 - ئايدا خەن سۇلالىسى تۆھپىكار بەن چاۋنى قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلىدى، ئۇ كۇسەندىكى داۋانقۇم شەھىرىدە تۇردى. ئۇ كۇسەننىڭ خەن ئوردىسىدا تۇرۇۋاتقان بارىمتايى سۇۋارنا پوسبانى بەگ قىلىپ تەيىنلىدى، كۇسەننىڭ ئىلگىرىكى بېگى يۇلىدونى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنى پايتەختكە ئاپىرىپ قويدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۇەن 6 - يىلى (94 - يىلى)

7 - ئايدا بەن چاۋ 70 مىڭ ئەسكەر بىلەن كىنگىتكە جازا يۈرۈشى قىلىپ، كىنگىت بېگى گۇاڭ، لوپنۇر

بېگى فەن قاتارلىقلارنى تىرىك تۇتۇپ، ئۇلارنى چېن مۇ تۇرغان شەھەر — داۋانقۇم شەھىرىدە ئۆلتۈردى، كاللىسىنى پايتەختكە ئەۋەتىپ بەردى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنچۇ 14 - يىلى (102 - يىلى)

8 - ئايدا بەن چاۋ ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلىپ، لوياڭغا قايتتى، ساقلاۋچى چېرىكچىبەگ رېن شاڭ قورۇقچىبەگ قىلىپ تەيىنلەندى، ئۇمۇ كۆسەندىكى داۋانقۇم شەھىرىدە تۇردى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يەنپىڭ 1 - يىلى (106 - يىلى)

غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر قورۇقچىبەگ رېن شاڭغا قارشى چىقتى، خەن سۇلالىسى چەۋەندازلار كاھىبېگى دۇەن شىنى قورۇقچىبەگ، لياڭ چىننى يانداش چېرىكچىبەگ، جاۋ بونى چەۋەندازلار كاھىبېگى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇلارمۇ كۆسەندىكى داۋانقۇم شەھىرىدە تۇردى.

شۇ يىلى 9 - ئايدا غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ئاسىيلىق قىلدى، قورۇقچىبەگ دۇەن شى ۋە يانداش چېرىكچىبەگ لياڭ چىن كۆسەن بېگى سۇۋارنا پوسبا بىلەن بىرلىكتە كۆسەننى قوغدىدى. كۆسەندىكى ئەمەلدار - پۇقرالار ئۆزلىرىنىڭ بېگىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئونسۇ، قوم ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ، شەھەرنى قورشىۋالدى، لياڭ چىن قاتارلىقلار بىر نەچچە ئاي جەڭ قىلىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى، نەچچە مىڭ ئادەمنى تىرىك تۇتتى، كۆسەن قايتا تىنچلاندى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭچۇ 1 - يىلى (107 - يىلى)

خەن ئوردىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى، شىمالىي ھۇنلارنىڭ تەسىر كۈچى يەنە توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىگە كىردى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنىنىڭ 3 - يىلى (170 - يىلى)

لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى مېڭ تو ئەۋەتكەن ئىشتائەتمەن بەگ رېن شې دۇنخۇاڭدىكى 520 ئەسكەر بىلەن ساقلاۋچى ئەمىر لەشكەر ساۋكۈەن ۋە غەربىي يۇرت دورغابى جاڭ يەن باشچىلىقىدىكى كۆسەن، كىنگىت، ئالدى قاغىشلىنىڭ 30 مىڭ ئەسكىرىنى باشلاپ سۇلىغا جازا يۈرۈشى قىلىپ، جېنجۇڭ قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلدى، بىراق غەلىبە قىلالماي قايتتى.

## ۋېي سۇلالىسىنىڭ خۇاڭچۇ 2 - يىلى (221 - يىلى)

ئۆلكە بېگى جاڭ گۇڭ غەربىي يۇرتنىڭ چېرىكچىبېگى بولدى. كۆسەن قاتارلىق جايلار ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

## جىن سۇلالىسىنىڭ يۇڭنىڭ 1 - يىلى (301 - يىلى)

جىن ئوردىسى جاڭ گۈينى چاڭلار چېرىكچىبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى، غەربىي يۇرت دورغابى، ساقلاۋچى چېرىكچىبەگ ئۇنىڭغا قارىدى، توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

## جىن سۇلالىسىنىڭ شيەنكاڭ 1 - يىلى (335 - يىلى)

ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقىدىن جاڭ جۈن غەربىي يۇرت چېرىكچىبېگى، لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى ياڭ

شۇەنى قوشۇن باشلاپ كىنگىتنى جازالاشقا ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن كىنگىت بېگى لۇڭ خۇي كۇسەن بېگى سۇۋارناشەننى ھالاك قىلىپ، ئۇنىڭ دۆلىتىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن، سۇۋارناشەننىڭ ئوغلى سۇۋارناشىنى ئۆز دۆلىتىگە بەگ قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. كېيىن لۇڭ خۇينى كۇسەنلىك لو يۇن ئۆلتۈرۈۋەتتى.

## جىن سۇلالىسىنىڭ شيەنكاڭ 2 ـ يىلى (336 ـ يىلى)

غەربىي يۇرت تامامەن ئالدىنقى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىغا قوشۇلدى. دۇنخۇاڭ، جىنچاڭ، قۇچۇ ۋىلايەتلىرى ۋە غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى، ساقلاۋچى چېرىكچىبەگ، قاشقوۋۇق مۇداپىئە قوشۇنى تۇرۇشلۇق 3 بارگاھ بىرلەشتۈرۈلۈپ شاجۇ ئايمىقى قىلىندى، شىخۇ چېرىكچىبېگى ياڭ شۇەن ئايماق بېگى قىلىپ تەيىنلەندى، توقسۇ ناھىيىسى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

## ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىنىڭ جيەنيۇەن 19 ـ يىلى (383 ـ يىلى)

ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقى سانغۇن لۇ گۇاڭنى 70 مىڭ ئەسكەر بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەۋەتتى. كېيىنكى يىلى 6 ـ ئايدا بۇ قوشۇن كۇسەنگە كەلدى، كەيخۇلارنىڭ يارەمگە كەلگەن قوشۇنىنى يېڭىپ، كۇسەن بېگى تۇرۇشلۇق قەلئەگە بېسىپ كىردى، 30 نەچچە بەگلىك تەسلىم بولدى، شۇنىڭ بىلەن غەربىي يۇرت پۈتۈنلەي ئالدىنقى چىن پادىشاھلىقىغا قارىدى.

## كېيىنكى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ تەيئەن 2 ـ يىلى (387 ـ يىلى)

كۇسەن كېيىنكى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ پايتەختى گۇزاڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، ئەتىۋارلىق نەرسىلەر ۋە چىلانتورۇق ئاتلارنى سوۋغا قىلدى.

## كېيىنكى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ لىنجيا 5 ـ يىلى (393 ـ يىلى)

لۇ گۇاڭ ئوغلى لۇ فۇنى غەربىي يۇرت باش قورۇقچىبېگى قىلىپ تەيىنلىدى.

## كېيىنكى لياڭ پادىشاھلىقىنىڭ شيەننىڭ 2 ـ يىلى (400 ـ يىلى)

لى خاۋ جيۇچۇەندە قوشۇن تۇرغۇزۇپ، غەربىي لياڭ پادىشاھلىقىنى قۇردى، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى غەربىي يۇرتقا كىردى، توقسۇ ناھىيىسى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

## شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ تيەنخې 1 ـ يىلى (566 ـ يىلى)

تۈركلەر ئەفتالىتلارنى يوقىتىپ، ئىستەمىنى غەربىي زېمىنغا قاغان قىلدى، توقسۇ ناھىيىسى ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىردى.

## سۇي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭ 3 ـ يىلى (583 ـ يىلى)

تۈرك خانلىقىدا غەليان بولۇپ، تۈركلەر شەرقىي تۈركلەر ۋە غەربىي تۈركلەر دەپ 2 گە بۆلۈنۈپ كەتتى، كۇسەن غەربىي تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى.

## تاڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنچىڭ 3 ـ يىلى (658 ـ يىلى)

كۇسەن بېگى پايتەختتىن ئۆز ئېلىگە قايتتى، كۇسەننىڭ باش سانغۇنى جېلېديەن ئۇنى توسۇۋالدى. كۇسەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بېگى ھەسرەتتە ئۆلۈپ كەتتى. باش سانغۇن يالۇ خۇ قوشۇن تارتىپ، جېلېيدىيەننى بېسىقتۇرۇپ، كۇسەن بېگىنىڭ ئوغلى سۇۋارنا سۇجىنى بەگ قىلىپ تىكلىدى. كۇسەن تۇتۇق مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى.

5 ـ ئايدا ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى كۇسەنگە كۆچۈرۈپ كېلىندى ۋە ئەنشىدىكى 4 قورغان ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇ جىڭزۇڭغا پۇتۇكچىلەر بىلەن بىرلىكتە «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نى يېزىش پەرمانى چۈشتى.

## سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنخې 6 ـ يىلى (1124 ـ يىلى)

سۇڭ سۇلالىسى جەنۇبقا يۆرۈش قىلىش ئالدىدا، قىتان ئاقسۆڭەكلىرىدىن ياللۇغ تاشىن قاراقىتان خانلىقىنى قۇردى، كۇسەن ئۇنىڭغا قارىدى.

## سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جىيادىڭ 11 ـ يىلى (1218 ـ يىلى)

چىڭگىزخان سانغۇنى جەبەنويانىنى كۇسەنگە يۆرۈش قىلىشقا ئەۋەتتى. كۇسەن موڭغۇل خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى.

## جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باۋچىڭ 1 ـ يىلى (1225 ـ يىلى)

چىڭگىزخان ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغاللىق يەر بۆلۈپ بەردى. چاغاتايخان ئۆزىنىڭ شەرقتىكى كۇچادىن غەربتىكى پەرغانە چېگرىسىغىچە بولغان يەرلىرىنى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئاتامانى ئورتوبۇغا ھەدىيە قىلدى.

## يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىجېڭ 12 ـ يىلى (1352 ـ يىلى)

ئىسلام دىنىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى باشلىقى جالالىدىن بۇخارى شەيخ نىزامىدىن دېھلىۋى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوغلى مەۋلانى ئەرشىدىننى كۇچا، شايار، توقسۇلارنىڭ ئىسلام دىنىي باشلىقى قىلىپ ئەۋەتتى.

## يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىجېڭ 13 ـ يىلى (1353 ـ يىلى)

مەۋلانى ئەرشىدىن كۇچا، شايار، توقسۇ ۋە ئاقسۇ، قاراشەھەر، تۇرپانلاردا دىن تارقاتتى.

## يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىجېڭ 21 ـ يىلى (1361 ـ يىلى)

كۇچا، شايار، توقسۇدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق بۇددىست ئالىملىق (ھازىرقى قورغاس) تا كۆتۈرۈلگەن دىنىي قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشتى. كۇچادىكى ئىسلام دىنى تارقىتىش تەشكىلاتى يوقىلىش گىرداۋىغا دۇچ كەلدى، چاغاتاي خانلىرىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنى تەرەپتە تۇرۇپ، بۇددىستلارنى قاتتىق باستۇرۇپ، يەرلىك ئاھالىلەرنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا قىستىدى، كۇچادىكى بۇددا دىنى كۈچلىرى بىتچىت قىلىندى.

## يۈەن سۇلالىسىنىڭ جىجېڭ 22 ـ يىلى (1362 ـ يىلى)

تۇغلۇق تۆمۈرخان قازا قىلدى، ئۇنىڭ ئوغلى ئىلياس خوجا خانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى. ھازىرقى كۇچا، شايار، توقسۇلار ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

## مىڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنۋېن 1 ـ يىلى (1399 ـ يىلى)

چاغاتاي خانلىرىدىن خىزىر خوجا قازا قىلدى، ئۇنىڭ ئوغلى شەمئى جاھان خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق

قىلدى، تۇقسۇ ناھىيىسى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى.

## مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 6 - يىلى (1408 - يىلى)

شەمىي جاھان ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئىنىسى مەھمۇت خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. تۇقسۇ ناھىيىسى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى.

## مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 14 - يىلى (1416 - يىلى)

مەھمۇت ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر نەۋرە تۇغقىنىنىڭ ئوغلى نەقشىجاھان ۋارىسلىق قىلدى. تۇقسۇ ناھىيىسى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولدى.

## مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭخۇا 4 - يىلى (1468 - يىلى)

دوست مۇھەممەتخان ئالەمدىن ئۆتتى، تۇقسۇ يۇنۇسخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

## مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭجى 1 - يىلى (1488 - يىلى)

يۇنۇسخان ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلتان مەھمۇتخان ۋارىسلىق قىلدى. تۇقسۇ ئەتراپىدىكى جايلارغا ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلتان ئەھمەدخان ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

## مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭجى 15 - يىلى (1503 - يىلى)

سۇلتان ئەھمەدخان ئالەمدىن ئۆتتى، تۇقسۇ تەۋەسىگە ئۇنىڭ ئوغلى مەنسۇرخان ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

## مىڭ سۇلالىسىنىڭ جىياجىڭ 12 - يىلى (1533 - يىلى)

تۇقسۇ ناھىيىسى تەۋەسى يەكەن خانلىقىغا قارىدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 17 - يىلى (1678 - يىلى)

ئىسلام دىنىنىڭ ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىن بولغان خوجىلار جۇڭغار كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى، يەكەن خان جەمەتىدىكىلەرنى بۇلاپ شىمالغا (ئىلى تەرەپكە) ئېلىپ كەتتى. تۇقسۇ جۇڭغارلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئۆتۈپ كەتتى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى)

چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن، داۋاملىق جەنۇبقا ئىلگىرىلىدى. 5 - ئايدا كۇچاغا كىردى، كىچىك خوجا خوجا جاھان ئابدۇكېرىمنى 5000 ئاسىي ئەسكەرنى باشلاپ، شەھەرگە بېكىنىۋېلىپ چىڭ ئەسكەرلىرىنى توسۇشقا بۇيرۇدى، بىراق ئۇلار چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ قاتمۇقات قورشاۋىدا قالدى.

6 - ئايدا ياندا‌ش بۇيۇرغا ئەپلۈكتا ئاسىيلار قوشۇنىغا ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلەرگە ئۆگەن دەرياسى بويىدا توسۇپ زەربە بېرىپ، نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالدى.

7 - ئايدا ئاسىيلار قوشۇنى بەرداشلىق بېرەلمەي، يېرىم كېچىدە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، ئۆگەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تۇقسۇ، شايار ئارقىلىق ئاقسۇغا قېچىپ كەتتى.

10 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى دېشۆنى كۇچادا ئىش بېجىرىشكە ئەۋەتتى، كۇچا خانئابىلى مانا شۇنىڭدىن باشلاندى، كۇچا، شايار، توقسۇ ئۇنىڭغا قارىدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى)

كۇچا، شايار، توقسۇ تەۋەسىدىن 300 ئۇيغۇر دېھقان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىلىغا كۆچۈرۈلدى، كېيىن ئۇلار تارانچىلاردىن بولۇپ قالدى.

شۇ يىلى كۇچا، شايار، توقسۇ، بايدىن 24 مىڭ 350 كىلوگرام ئاشلىق ئىئانە قىلىنىپ، ئىلىدا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈۋاتقانلارغا ئاپىرىپ بېرىلدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 19 - يىلى (1814 - يىلى)

كۇچا خان ئابىلى ئەردەن ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىدىن ئۆستەڭ چېپىپ، يۈلتۇز باغقا سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلىش توغرىسىدا ئوردىغا ئىلتىماس يوللاپ ئىجازەت ئالدى. ئۆستەڭ چېپىش داۋامىدا، «ئەل ئامان بولغاي» دېگەن خەنزۇچە خەت ئويۇلغان 3 كېسەك مىس تېپىلدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى)

جاھانگىرخوجا توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، 8 - ئايدا كۇچادا ھەربىي ئاشلىق، ئوت - چۆپ توشۇيدىغان ئاشلىق ئۆتىڭى قۇرۇلدى. كۇچا، شايار، توقسۇلار 1000 ئىشلەمچى، 200 ھارۋا، 500 ئات، 1500 كالا، 1000 ئېشەك چىقىرىپ، ئاقسۇغا ھەربىي ئاشلىق توشۇدى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 25 - يىلى (1845 - يىلى)

قەمەرىيە 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى لىن زېشۈ كۇچا خانئابىلى جالافىنتەينىڭ ھەمراھلىقىدا، كۇچا شەھىرىدىن غەربىي جەنۇبقا 70 چاقىرىم مېڭىپ، تويبولدىغا كېلىپ يەر ئۆلچىدى. شۇ كېچىسى توقسۇنىڭ توما كەنتى (ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسى ئىچىبىرىق يېزىسىنىڭ توما كەنتى) دە قوندى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى)

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆگەن دەرياسىدىكى سۇ قۇرۇلۇش ئورنىدا ھاشارغا ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر، خۇيزۇ دېھقانلار جاپاغا چىدىماي، توختىنىيازنىڭ ئالاقە باغلىشى ۋە يېتەكچىلىك قىلىشى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شۇ ئاخشىمى نازارەت قىلىدىغان مانجۇ، خەنزۇ ئەمەلداردىن 2نى، 15 ئۇيغۇر بەگنى ئۆلتۈردى. بۇ خەۋەر ناھىيە بازىرىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاما ئاۋاز قوشتى، خۇيزۇلاردىن ما لۇڭ، ما سەنباۋ، ياڭ چۈن ۋە سۇلايمانلار ئامىمنى باشلاپ، ھەربىي رابات ۋە سودا دۇكانلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ما لۇڭ قاتارلىقلار ئامىمنى باشلاپ كۇچا شەھىرىنى ئالدى، خانئابال سالىڭئا، كۇچانىڭ ئىناتچىخانى ئەمەت، پېڭسارنىڭ ئاغلاقچى ئابىلى ۋېنيى، يەكەن يارەمچى ئابىلى ۋۇربىبۇ ۋە ھاكىمبەگ قۇربان قاتارلىق 10 نەچچە كىشىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭغا يامرىغان، كۆلىمى ئەڭ چوڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

6 - ئايدا راشىدىن خوجا پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، دېھقانلار قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالدى، ئۇنىڭ تەسىر كۈچى زورايغاندا شەرقتە قۇمۇلغىچە، غەربتە يەكەنگىچە يەتتى.

ناھىيىسىگە قاراشلىق دايۇلتۇز (ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسى) غا كېلىپ ئورۇنلاشتى.

4 ـ ئايدا ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، شېڭ شىسەي ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ تەكلىپى بويىچە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھاۋا ئارمىيىسى ئايروپىلان ئەۋەتىپ، توقسۇ ناھىيە بازىرىنى بومباردىمان قىلدى. ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئەتراپى پارتلىتىۋېتىلدى.

9 ـ ئايدا جۇ يۈڭشياڭ (يەنە بىر ئىسمى ئىسمائىل) توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ ئايدا ئىمىنقارى ناھىيە بويىچە تۇنجى ئاددىي پىداگوگىكا مەكتىپى ئېچىپ، 43 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى.

## مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى)

ئەتىيازدا لۇ زې توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

4 ـ ئايدا يېڭىئاۋاتتىن يۈگىبېگجاڭغا ئۆستەڭ چېپىش باشلاندى.

10 ـ ئايدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك شۆبىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى كۈزدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى كىنوسى «چاپايېۋ» قويۇلدى (بۇ فىلىم رۇسچە بولۇپ، توقسۇ ناھىيىسى بويىچە تۇنجى قويۇلغان كىنو ھېسابلىنىدۇ، ئۇنى كۆچالىق باھاۋۇدۇن دېگەن كىشى قويغان).

## مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى)

6 ـ ئايدا جيەن شۇن (قادىر) توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

ئامانلىق ساقلاش ئەترىتى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىلىك مالىيە ـ باج ئىدارىسى تەسىس قىلىندى.

## مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى)

يازدا توقسۇلۇق ئوسمان توختى چۆللۈكتىن ئۆتۈپ، ئاۋات ناھىيىسىگە بېرىپ، چۆللۈكتىكى يېقىن يول بىلەن ما خۇسەننىڭ 4000دىن ئارتۇق ئادىمىنى باشلاپ كەلدى. شۇ ئايدا شاياردىكى گاھاپ ھاجى 1000 چە ئادەم توپلاپ، ما خۇسەن قىسىملىرىغا ماسلىشىپ، توقسۇ ناھىيىسىنى ئىگىلىدى.

7 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى جيەن شۇننى ما خۇسەن قىسىملىرى ئۆچىئۆستەڭدە تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئېتىۋەتتى.

8 ـ ئايدا ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ۋاڭ خۇڭزاۋ قوماندانلىقىدىكى تارماق ئەترىتى ئۆگەن دەرياسى بويىدا ما خۇسەن قىسىملىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى. ما خۇسەن يېڭىلىپ، تارىم دەرياسى تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

شۇ ئايدا ما خۇسەن قىسىملىرىنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانلىرى توقسۇ ناھىيە بازىرىنى ۋە ئاقيار، تاشئېرىق قاتارلىق جايلارنى بومباردىمان قىلدى.

10 ـ ئايدا شېڭ شىسەي ھاكىملىققا تەيىنلىگەن ئىبراھىم ۋەزىپىگە ئولتۇردى. ئۆلكە ئارمىيىسىنىڭ ۋاڭ خۇڭزاۋ قوماندانلىقىدىكى تارماق ئەترىتى توقسۇ ناھىيىسىگە كىردى.

## مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى)

3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا پۇل ئىئانە قىلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، شۇ يىلى جەمئىي 21 مىليون 273 مىڭ 500 سەر ئۆلكە پۇلى ئىئانە قىلىندى.

11 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن شەرقىي شىمال ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىيلار قىسمىدىن گۇ يىڭخۋا توقسۇ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. گۇ يىڭخۋا شىڭ شىسەينىڭ ئىرادىسى بويىچە مەخپىي ساقچىلارنى كۆپەيتىپ، شەخسلەرنىڭ پوچتا يوللانمىلىرىنى كۆرۈپ، ھاكىمنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىپ، ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنى تىزگىنلەشكە ئېلىشقا تىرىشتى.

## مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى)

3 ـ ئايدا كومپارتىيە ئەزاسى جياڭ ليەنمو (ماۋچۈن) كۇچا ـ شايار ـ باي ـ بۈگۈر ـ توقسۇ يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.

شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە توپلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 210 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئىئانە قىلىندى.

5 ـ ئايدا ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان، خەلق ياردەم بېرىدىغان ئاشلىق توپلاپ قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتى قۇرۇلدى.

10 ـ ئايدا ئۆلكە ئارمىيىسى كۇچا شاھزادىسى مەھپۇزنى ۋاڭ ئوردىسىدا نەزەربەنت قىلدى. 11 ـ ئايدا شاھزادە مەھپۇز كېچىدە لەخمە كولاپ قېچىپ، توقسۇدىكى ئىسلامقارىنىڭ ئۆيىگە يېرىۋالدى، ئۇ يەردىن يەنە شايارىدىكى چۆللۈككە كىرىپ كەتتى. 12 ـ ئايدا ئۆلكە ئارمىيىسى ئۇنى تۇتۇپ، ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە ئاپىرىپ بەردى.

12 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ساۋ تيەنجۈنى توقسۇغا بېرىپ، شايار، توقسۇ ناھىيىلىرىنىڭ پاسىل ئايرىش مەسىلىسىنى بىرتەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. ساۋ تيەنجۈ توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئىبراھىم بىلەن شايار ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لى گۈەنجۈنى، 2 ناھىيىدىكى ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرىنى ۋە ئاما ۋەكىلىنى باشلاپ، توپادۆڭ كەنتىگە بېرىپ پاسىل ئۆلچىدى.

شۇ يىلى يېڭىئاۋاتتىن يۇڭفېڭجاڭغا بارىدىغان ئۆستەڭ يۇتتى.

## مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى)

1 ـ ئايدا ناھىيىلىك قورال ـ ياراغ ئېنىقلاش كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇ كومىتېت ھاكىم، ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە ھەرساھە زاتلىرىدىن بولۇپ 16 كىشىدىن تەشكىللەندى، جەمئىي 15 مىلتىق يىغىۋېلىندى (كېرەكتىن چىققانلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى دەي فېڭچۈەن توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى. شۇ كېچىدە ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ھاكىم ئىبراھىمنى مەخپىي قولغا ئېلىپ، ئاقسۇ تۈرمىسىگە ئاپىرىۋەتتى.

4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدا ئاما ئالدىدا 60 جىڭ نەشە كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لىن جىلۇ (كومپارتىيە ئەزاسى)، شايار ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لى گۈەنجۇ، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى دەي فېڭچۈەن 3 ناھىيىنىڭ سۇ ماجىراسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆگەن دەرياسى تومىسىغا كەلدى.

5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ناھىيە ھاكىمى دەي فېڭچۈەن 3 ناھىيىنىڭ سۇ ماجىراسىنى ھەل قىلىش قىيىنغا چۈشكەنلىكتىن، ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ سۇغا سەكرىدى، بىراق جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق قۇتۇلۇپ قالدى. 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۇنىڭ ئىستېپانامىسى تەستىقلاندى.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىنىڭ 712 ـ نومۇرلۇق پەرمانى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاياللارنىڭ ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشى چەكلەندى.

11 ـ ئايدا ھاكىم خەن خۇيمىن ناھىيە بويىچە تۇنجى تۇركۇمدە 36 كىشىنى گومىنداڭ پارتىيىسىگە قوبۇل قىلدى.

12 ـ ئايدا شۇ جۇنخاۋ توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

## مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ناھىيىلىك ۋاقىتلىق كېڭەش قۇرۇلدى، راشىدىن كېڭەش باشلىقى، نۇردۇن مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى بولدى.

2 ـ ئايدا مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە «پۇل ئورنىغا بۇغداي بېرىش» ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تېرىقچىلىقنىڭ يۈرۈشۈشى ئۈچۈن، پۈتۈن ناھىيىگە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، تېرىلغۇ كالىسىنى ئۆلتۈرۈشنى چەكلىدى.

4 ـ ئايدا جۇڭگو گومىنداڭنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك 1 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلدى، ھاكىم شۇ جۇنخاۋ شۇجىجاڭلىققا تەيىنلەندى ھەمدە تۇنجى تۇركۇمدە پارتىيىگە كىرگەن 36 كىشىگە پارتىيە كىنىشكىسى تارقىتىلدى.

6 ـ ئايدا يولغا قويۇلغىنىغا 10 يىل بولغان، شېڭ شىسەي چىقارغان پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى توختىتىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى گو ۋېنخۇا توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى.

8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك مۈلۈك ئېنىقلاش ھەيئىتى قۇرۇلدى، بۇ ھەيئەت ھاكىم، كېڭەش باشلىقى، باش ئاخۇن، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ۋە ھەرقايسى يېزا، بازارلارنىڭ باشلىقلىرى بولۇپ 16 كىشىدىن تەركىب تاپتى. بۇ ھەيئەت شېڭ شىسەي مۇسادىرە قىلغان «خائىنلار مۈلكى»نى ئېنىقلاپ چىقتى ۋە تىزىملىدى، مۈلۈكلەرنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى پۇل چىقىرىپ تۆلەپ بەردى.

9 ـ ئايدا ۋۇ شۇجېن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزالىقىغا تەيىنلىنىپ، توقسۇ ناھىيىسى بويىچە تۇنجى ئايال مەمۇر بولۇپ قالدى.

11 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە ھاكىم سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئابدۇرېھىم، ئەيسا مۇسايوف داموللا قاتارلىق كىشىلەرنى توقسۇغا بېرىپ، سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. كۆچادا تۇرۇشلۇق ئاتلىق تۇەننىڭ مۇئاۋىن تۇەنجاڭى بىر پەي ئەسكەرنى باشلاپ تەرتىپ ساقلاشقا كەلدى. سايلام جەريانىدا، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى دېگەن نام بىلەن، قارشى تەرەپتىن 13 كىشى قامالدى.

12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى سايلام ئارقىلىق، گو ۋېنخۇا توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، زەپەر ئابىت مۇئاۋىن ھاكىملىققا تەيىنلەندى.

## مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى جۇڭگو گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ پىرقىسى تۇرسۇننى توقسۇ ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى قىلىپ ئەۋەتتى.

2 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە چېچەك كېسەللىكى تارقالدى. كۇچا ناھىيىلىك شىپاخانا دوختۇر ئەۋەتىپ، 1729 بالىغا ۋاكسىنا ئەملىدى.

2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جۇڭگو گومىنداڭنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك 2 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ھاكىم گو ۋېنخۇا 4 يېزا، بىر بازاردىن 150 ۋەكىل يىغىپ، ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نازارەتچىلىكىدە، ئابباسنى مىرابىبېشىلىقتا سايلىدى.

2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى شىنجاڭ سۇچىلىق ئىدارىسى ئەۋەتكەن شىمالىي شىنجاڭ سۇ قۇرۇلۇشى ئەترىتى توقسۇغا كېلىپ، توما قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ لايىھىلىدى.

4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ناھىيىلىك قالايمىقانچىلىقلارنى تەكشۈرۈش ـ دۆلەت قۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، كومىتېتقا ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقى مۇدىر، ھاكىم مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، 35 ئەزا قويۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە يەر خېتى تەكشۈرۈش باشلاندى، تەكشۈرۈش 4 ئاي داۋام قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقى رىشىت توقسۇ قوشۇمچە باشقۇرۇۋاتقان ئەدلىيە ئىشلىرىنى كۆچاغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشى توغرىسىدا ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە خەت يېزىپ، بۇيرۇقنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كۆچالىق ھەسەن شېرىپ دېگەن كىشى توقسۇ ناھىيىلىك مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى سالمان، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدىن مامۇت ئىسلام، كۆچمەن كىشى نىياز باقى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، توقسۇدا «شەرقىي تۈركىستان» مۇستەقىللىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گومىنداڭ ئارمىيىسى مۇلازىمەت قوماندانلىق شتابىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق تەمىنات ئىدارىسىنىڭ شاۋجىياڭى توقسۇغا كېلىپ، 100 دادەن ئاشلىق، 1700 دادەن كومىقوناق سېتىۋالدى.

12 ـ ئاينىڭ بېشىدا ناھىيىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلار 7 ـ، 8 ـ ئايلىق ئىش ھەققى بېرىلمىگەنلىكى توغرىسىدا بىرلەشمە ئىمزا قويۇپ ئۆلكە رەئىسى مەسئۇدقا مەلۇمات يوللىدى. 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مەسئۇدنىڭ يوليورۇقى بىلەن، بېرىلمىگەن ئىش ھەققى تارقىتىلىشقا باشلىدى.

## مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى)

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيىلىك كېڭەش يىغىنىدا قارار قىلىش ئارقىلىق، ساقچى ئىدارىسىغا ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتى تەيىنلىگەن يېڭى باشلىق دۆەن ياۋشيەن رەت قىلىنىپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئەسلىدىكى باشلىقى ياۋ تيەنسەي ساقلاپ قېلىندى.

5 ـ ئايدا «خائىنلار مۈلكى»نى ئىنقىلاش كومىتېتىنىڭ مەلۇماتى بويىچە، مال ـ مۈلۈكنى ئىنقىلاش، قايتۇرۇش ۋە تۆلەپ بېرىش ئىشلىرى ئاياغلاشتى. شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى ئۆلكە پۇلى ھېسابىدا جەمئىي 1 مىليارد 67 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلدى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارغا قائىدە بويىچە پۇل قايتۇرۇپ، 929 مىليون 400 مىڭ يۈەن ئۆلكە پۇلى تۆلەپ بەردى، ئاشقان 138 مىليون 100 مىڭ يۈەننى كۆچا بانكىسى ئۆلكە خەزىنىسىگە يوللاپ بەردى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شايار ناھىيىسىنىڭ تىگىن، پايىس يېزىلىرىدىكى ئاما ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى سىيىتقا بىرلەشمە خەت يوللاپ، تىگىن بىلەن پايىسنى توقسۇ ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مىرابىبېشى ئابباس سۇ ماجىراسى تۈپەيلىدىن، راخمان قاتارلىق 30 نەچچە ساقچىنى باشلاپ بېرىپ، شايار ناھىيىسىدىكى تىگىن، پايىس ئۆستىڭىنىڭ مىرابى ئېلى ياسىن قاتارلىق 20 نەچچە كىشىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇردى.

9 ـ ئايدا ناھىيىلىك باج ئېلىش ئورنى مال باھاسىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مۇھىم ئېغىزلارغا ئادەم قويۇپ، ئاشلىقنىڭ سىرتقا يۆتكەپ كېتىلىشىنى توستى. ئوبوروت يوللىرى ئېتىلىپ قالغاچقا، ئىش كۆتكەندىكىدەك بولمىدى، كۆرۈنۈشتە مەككار سودىگەرلەر چەكلەنگەندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە خەلق ئاپەت ئىچىدە قالدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش نارازىلىق سادالىرى ئىچىدە يىغىشتۇرۇلدى.

12 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭدىن ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى توقسۇغا كېلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەربىرىگە بېرىلمىگەن ئىش ھەققى ھېسابىدا 14 گەزدىن رەخت تارقىتىپ بەردى.

### 1949 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭ سودا بانكىسىنىڭ كۇچا شۆبىسى توقسۇغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئالتۇن دوللار ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئالتۇن دوللار بىلەن فابى پۇلىنىڭ نىسبىتى 1:3000000، گۇەنجىن پۇلىنىڭ نىسبىتى 1:150000 بولدى، ئالماشتۇرۇش ئاينىڭ ئاخىرىدا تاماملاندى.

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھاكىم گو ۋېنخۇا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتى زەخىملەنگەچكە، ئىستىپا سورىدى.

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كەچ سائەت 9دا يەر تەۋرىدى، ناھىيە بازىرىدا بىر ئادەم ئۆلدى، بىر ئادەم يارىلاندى، 60 نەچچە ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسى ئەۋەتكەن تەكشۈرگۈچى يۇ جيۇمىڭ توقسۇغا كېلىپ، ناھىيىنىڭ بارلىق نورمىلىق ئاشلىقىنى تەكشۈرۈپ تىزىمغا ئالدى. تەكشۈرۈشتىن كېيىن، ناھىيە بويىچە يەر بېجى ئاشلىقى 9000 دادەندىن 5196 دادەنگە كېمەيتىلدى، كېيىن يۇقىرىنىڭ يول قويماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، يەنە 7596 دادەنگە تەڭشەلدى.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن ناھىيىگە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئەپيۇننى مەنئى قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ بېشىدا خوتەن پىلىچىلىك تەجرىبە مەيدانىدىن 200 قۇتا يەرلىك پىلە ئۇرۇقى كىرگۈزۈلدى.

4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گو ۋېنخۇا ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەردى، زەيەر ئابىت ھاكىملىققا تەيىنلەندى، زەيەر ئابىت يالقۇن ئىككىنچى ھاكىملىققا كۆرسەتتى.

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى دۆلەت «ئوۋ قانۇنى»نى ئېلان قىلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ساقچى ئىدارىسىغا قانۇننى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سۇغۇر بىلەن بۇغىنى قوغداش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ، 26 ـ كۈنلىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئارمىيە، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تېلېگراممىا يوللاپ ھەقىقەتكە قايتتى، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى.

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرى

### 1949 ـ يىلى

10 ـ ئاينىڭ بېشىدا ناھىيە ھاكىمى زەيەر ئابىت 5441 تەڭگە، 150 دادەن بۇغداي توپلاپ، كۇچادا غەليان كۆتۈرگەن سابىق گومىنداڭ قىسمىنىڭ ترانسپورت تۆگىنى بىلەن ئاتلىق تۆگىدىن «ھال سوراپ»، پۇل بىلەن تىنچلىقنى سېتىۋالماقچى بولدى، بىراق ئەمەلىيەتتە 1650 تەڭگە خەجلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ھاكىم زەيەر ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى كۈتۈۋېلىش ئىشىنى مۇھاكىمە قىلدى.

12 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى زەيەر ئابىت خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 ـ جۇڭنىڭ باشلىقى گو پېڭغا مەلۇمات سۇنۇپ، ئىئانە قىلغان ماددىي ئەشيا ۋە 3791 تەڭگىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى.

### 1950 ـ يىلى

3 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەسەن ئەيسايوفنى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا ئەۋەتتى.

3 ـ ئايدا زايوم سېتىلدى، ناھىيە بويىچە 7000 زايوم سېتىلىپ، ۋەزىپىدىن 3000ى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

www.uyghurkitap.com



3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 ـ جۇن 5 ـ شى 13 ـ تۈەنى ئەۋەتكەن ۋاڭ مىڭلياڭ باشچىلىقىدىكى 13 كىشىلىك يەرلىك خىزمەت ئەترىتى توقسۇ ناھىيىسىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى.

3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يەرلىك خىزمەت ئەترىتى ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇردى، ۋاڭ مىڭلياڭ شۇجى بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يەرلىك خىزمەت ئەترىتى ساقچى ئىدارىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تېلېگراممىسى بۇيرۇقى بىلەن، ئابلىز ھامۇتنى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، شيې نيەنشېڭنى مۇئاۋىن ھاكىملىققا تەيىنلىدى.

4 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، ۋاڭ مىڭلياڭ شۇجىلىققا تەيىنلەندى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 1 ـ قېتىملىق ھەر مىللەت ـ ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا ئابلىز ھامۇت ھاكىملىققا، شيې نيەنشېڭ مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئابلىز ھامۇت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىپ، توقسۇ ناھىيىسى بويىچە تۇنجى ئۇيغۇر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ قالدى.

6 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە ئاتاقلىق دىنىي زاتلار يىغىنى ئېچىلىپ، 20دىن ئارتۇق قازى ئاخۇنلۇق تامغىسى يىغىۋېلىندى. شۇندىن ئېتىبارەن دىن ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارلاشتۇرۇلمىدى.

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

7 ـ ئايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئىتتىپاق ياچېيكىسى قۇرۇلدى، بۇ، ناھىيە بويىچە تۇنجى ئىتتىپاق ياچېيكىسى ھېسابلىنىدۇ.

8 ـ ئايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 1 ـ قېتىملىق دېھقانلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى ھەمدە توقسۇ ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك 2 ـ قېتىملىق ھەرمىللەت ـ ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا، ئاساسلىقى، ئىلگىرىكى باۋ ـ جيا تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، رايون، يېزا، كەنتلەردە يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىشى مۇزاكىرە قىلىندى.

10 ـ ئايدا توقسۇدا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرى قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە 4 رايون، 16 يېزا، 36 مەمۇرىي كەنت، 4 كوچا تەسىس قىلىندى.

11 ـ ئايدا ناھىيىلىك پوچتا ۋاكالەتخانىسى قۇرۇلدى (بۇ ئىلگىرى پوچتا ۋاكالەتچىسى ئىدى)، كېيىنكى يىلى پوچتا تىجارەت پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى.

## 1951 ـ يىلى

1 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك 1 ـ قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك سەھىيە پونكىتى قۇرۇلدى (ئۇ، كۆچا ناھىيىلىك شىپاخانىنىڭ ۋاكالەتچىسى بولدى).

4 ـ ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سورتلۇق كېۋەز ئۇرۇقى كىرگۈزۈلۈپ، كەڭ تۈردە ئومۇملاشتۇرۇلدى، شۇ يىلى بۇ سورت ناھىيە بويىچە 25 مىڭ مو يەرگە تېرىلدى، بۇ، كېۋەز تېرىلغان كۆلەمنىڭ %80تىن

كۆپرەكنى ئىگىلىدى.

5 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك 3 - قېتىملىق ھەرمىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا «ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى»، «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قەتئىي باستۇرۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرايلى» دېگەن قارارلار چىقىرىلدى.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش بويىچە ئىئانە توپلىدى، نەق مەيداندا 26 كىشى 500 يۈەندىن، 60 كىشى 150 يۈەندىن (يېڭى خەلق پۇلى)، 3 كىشى بىردىن گىلەم ئىئانە قىلدى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش شۆبە جەمئىيىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 362 مىڭ 237 يۈەن شىنجاڭ كۆمۈش دوللىرى، 29 مىڭ 65 تەڭگە، 178 كۆمۈش بىلەيزۈك، 2 سەر ئالتۇن، 10 قوي ئىئانە قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ناھىيە بويىچە 3200 خەلق ئىشچىسى، 997 هارۋا سەپەرۋەر قىلىنىپ، توقسۇدىن ئاقيارغىچە تاشيول ياسالدى، بۇ تاشيولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14 كىلومېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر كېلىدۇ.

8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شايار ناھىيىسىگە قاراشلىق تىگىن، پايىس كەنتلىرى توقسۇ ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلىپ، تىگىن يېزىسى قۇرۇلدى.

9 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك 4 - قېتىملىق ھەرمىللەت - ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى.

شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشلىنىپ، كېيىنكى يىلى 5 - ئايدا ئاياغلاشتى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇيغۇرچە خەت بېسىلغان خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، كۆمۈش دوللار يىغىۋېلىندى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ئىچكىرىق يېزىسىدا ناھىيە بويىچە تۇنجى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى — ئايۇپ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپا 5 ئائىلىدىن تەشكىللەندى.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى.

## 1952 - يىلى

2 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا سەھىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە رادىئو قوبۇللاش پونكىتى قۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ناھىيە بويىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئوچۇق سوت قىلىش يىغىنى ئېچىلدى.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيوروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى باشلاندى، بۇ ھەرىكەت 3 ئاي داۋام قىلدى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ناھىيە بويىچە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى باشلاندى، بۇ ھەرىكەت كېيىنكى يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاياغلاشتى. بۇ جەرياندا پومېشچىكلارنىڭ 119 مىڭ 571 مو يېرى مۇسادىرە قىلىندى، 12 مىڭ 514 مو يېرى يىغىۋېلىندى، 2205 ئېغىز ئۆيى، 109 مىڭ 425 كىلوگرام ئاشلىقى، 1716 چوڭ چارۋىسى، 463 هارۋىسى مۇسادىرە قىلىندى. قىلمىشى قەبىھ 3 زومىگەر پومېشچىك قولغا ئېلىندى، 15 پومېشچىك كۈرەش قىلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۈزدە ناھىيە بويىچە كېۋەزنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى، شالىنىڭ ئالتىدىن بىر قىسمى ئۈششۈك ئاپىتىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى.

11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 5 ـ قېتىملىق ھەرمىللەت ـ ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا «ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ۋە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى كۈچەيتىش، مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىش» توغرىسىدا قارار چىقىرىلدى.

12 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە يېزىلاردا 2012 لاپقۇتلىنىش گۇرۇپپىسى ۋە ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ ئەزاسى 21 مىڭ 972گە يەتتى.

شۇ ئايدا ج ك پ پەيشەنبەبازارلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. يەر ئىسلاھاتى ئاكتىپى ئايخان ساتتار قاتارلىق 10 نەپچەيلەن پارتىيىگە كىردى. ئايخان ساتتار ناھىيە بويىچە تۇنجى دېھقان پارتىيە ئەزاسى شۇنداقلا ناھىيە بويىچە تۇنجى ئۇيغۇر ئايال پارتىيە ئەزاسى.

يىل ئاخىرىدا توقسۇ ناھىيىسىگە قوش چاقلىق، قوش چىشلىق ساپان كىرگۈزۈلدى.

## 1953 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى.

4 ـ ئايدا ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئاشلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى (1956 ـ يىلى ئاشلىق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى).

ئەتىيازدا ناھىيىلىك پوچتا ۋاكالەتخانىسى پوچتا ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

6 ـ ئايدا ناھىيە تەۋەسىدە كىزىك كېسىلى تارقىلىپ، 86 كىشى يۇقۇملاندى، 26 كىشى ئۆلدى.

7 ـ ئايدا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ـ سېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. ناھىيە بويىچە ناھىيە بازىرى، دايۇلتۇز، پەيشەنبەبازار، چىلاندا ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش پونكىتى قۇرۇلۇپ، ئاشلىق ھايانكەشلىرى ۋە ئاشلىق ئەركىن بازارلىرى بىكار قىلىندى.

8 ـ ئايدا مۆلدۈر يېغىپ، ناھىيە بويىچە 1519 مو يەردىكى كۆممىقوناق، 1402 مو يەردىكى كېۋەز، 207 مو يەردىكى قوغۇن ئاپەتكە ئۇچرىدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 1 ـ قارارلىق ئومۇمىي سايلام باشلاندى، 29 مىڭ 890 كىشى سايلامغا قاتناشتى، بۇلار سايلامغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ %95نى ئىگىلەيدۇ.

10 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ئابلا سابىتنى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى.

11 ـ ئايدا ئومۇمىي سايلامغا بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا رايونلار تەڭشەلدى. ئىلگىرىكى 4 رايون، 13 يېزا، 4 كوچا 5 رايون، 22 يېزا، 4 كوچا، 150 كەنتكە تەڭشەلدى.

## 1954 ـ يىلى

3 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسى بويىچە تۇنجى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى — ئايۇپ باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى ئىنچىبىرىق يېزىسىنىڭ «قىزىلنۇر» كەنتىدە بارلىققا كەلدى، بۇ كوپېراتىپ 11 ئائىلىدىكى 50 كىشىدىن تەركىب تاپتى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا بىرلىكسەپ خىزمەت بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ

1 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلدى، يىغىن 6 كۈن داۋام قىلدى، يىغىندا يېڭى رەھبەرلەر سايلاپ چىقىلدى. ئابلا سابىت ھاكىملىققا، دۆەن دويۇ مۇئاۋىن ھاكىملىققا، 9 كىشى ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا سايلاندى.

4 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا مالىيە ـ سودا بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

10 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا يېزا خىزمىتى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە «قىزىلنۇر» ، «غالىبىيەت» ، «نۇرلۇق»تىن ئىبارەت 3 باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلدى، بۇ كوپېراتىپلاردا 51 ئائىلە، 260 ئادەم، 1892 مو تېرىلغۇ يەر بار؛ 842 ئائىلىدىن تەركىب تاپقان 122 دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، 3666 ئائىلىدىن تەركىب تاپقان 608 پەسىللىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «زىل» ماركىلىق يۈك ئاپتوموبىلىدىن بىرنى سېتىۋالدى، بۇ توقسۇ ناھىيىسى بويىچە تۇنجى ئاپتوموبىل ھېسابلىنىدۇ.

## 1955 ـ يىلى

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ 10000 : 1 نىسبەتلىك قىممەت بويىچە كونا خەلق پۇلىغا ئالماشتۇرۇلدى.

ئەتىيازدا خۇسۇسىي سودا ـ سانائەت ۋە يەككە قول سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش باشلاندى.

4 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى.

8 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

كۈزدە ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى 15كە، كوپېراتىپقا كىرگەن ئائىلە 378گە، ئادەم 2077گە يەتتى؛ 936 ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 7019 دېھقان ئائىلىسى قاتناشتى.

10 ـ ئايدا دۆەن دويۇ ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە كوپېراتىپ قۇرۇش ئۈچۈن 78 كادىر ئاجرىتىلدى. 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگىچە جەمئىي 21 كوپېراتىپ قۇرۇلدى. 601 دېھقان ئائىلىسى كوپېراتىپقا كىردى، 16 مىڭ 518 مو يەر كوپېراتىپقا تەۋە بولدى.

11 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسى تۇنجى قېتىم ماگنىتلىق كوممۇتاتور سېتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرىدا تېلېفون كەسپى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.

12 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا كادىرلارنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، 86 كادىر تەكشۈرۈلدى.

## 1956 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە 2 ـ قارارلىق كوپېراتىپ قۇرۇش خىزمىتى ئاياغلاشتى، 35 كۈندە 88 يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلدى، 2654 ئائىلىلىك دېھقان كوپېراتىپقا قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە 124 يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلدى، 3853 ئائىلىلىك دېھقان كوپېراتىپقا قاتناشتى.

3 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئېنىقلاش ھەرىكىتى باشلاندى، بۇ ھەرىكەت 2 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى.

4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتاي 5 كۈن داۋام قىلدى. قۇرۇلتايدا «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1956 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە بولغان يېزا ئىگىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەرەققىيات پروگراممىسى (لايىھىسى)» شۇنداقلا يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش، خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش، «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش»، «كادىرلارنى تەكشۈرۈش»، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش قاتارلىق خىزمەتلەر توغرىسىدىكى قارارلار ماقۇللاندى. دۆلەت دېيۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا سايلاندى.

9 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ (ئۇيغۇر مەكتەپ) قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 206 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

10 - ئايدا 2 - قېتىملىق ئومۇمىي سايلامغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى تەرتىپكە سېلىندى، ئىلگىرىكى 5 رايون، بىر بازار، 22 يېزا ئىخچامىلىنىپ، 4 رايون، بىر بازار، 14 يېزا قىلىندى.

شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى 135كە يەتتى، كوپېراتىپقا قاتناشقان ئائىلە 10 مىڭ 280گە، ئادەم 49 مىڭ 234كە يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يېزا ئاھالىسىنىڭ %4. 90نى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي كوپېراتىپ 22، كوپېراتىپقا قاتناشقان ئائىلە 2935، ئادەم 13 مىڭ 794.

شۇ يىلى ناھىيە تەۋەسىدە چېچەك يوقالدى.

## 1957 - يىلى

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلدى؛ يىغىندا ئاۋۇت جارۇپ ھاكىملىققا، 9 كىشى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

2 - ئايدا لىۋ رۇيىۋ توقسۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ناھىيە بويىچە 13 يېزىدىكى 22 ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى بىلەن 122 باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ، 83 ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلدى. كوپېراتىپقا قاتناشقان دېھقان ئائىلىسى 10 مىڭ 271گە يېتىپ، ناھىيە بويىچە دېھقان ئائىلىسىنىڭ %1. 90نى ئىگىلىدى.

6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى (5 - ئايدا شۇنداق ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ توقسۇ ناھىيىلىك 3 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مۆلدۈر ياغدى، ناھىيە بويىچە 2326 مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى ھەمدە 1 - نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنى ئېچىلىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ جۇاڭ قوشۇمچە سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

10 - ئايدا ناھىيە بويىچە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. 11 - ئايدا ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشكە ئايلىنىپ، بىر يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلدى، بۇ جەرياندا 14 كىشى خاتا ھالدا «ئوڭچى» قىلىندى، 5 كىشى «يەرلىك مىللەتچى»، 5 كىشى «بۇزۇق ئۇنسۇر»، 2 كىشى «ئەكسىلئىنقىلابچى» قىلىندى، 45 كىشى «ئوڭچىل ئىدىيىگە ۋە پىكىرگە ئىگە» دەپ تەنقىد قىلىندى (ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ھەممىسى ئاقلاندى).

10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يۇقىرىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ناھىيە تەۋەسىدە ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش سىياسىتى يولغا قويۇلدى.

12 - ئايدا شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك قول سانائەت كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى توقسۇ ناھىيىلىك «قىزىلنۇر» ياغ زاۋۇتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى، بۇ زاۋۇت

1959 ـ يىلى پۈتتى.

## 1958 ـ يىلى

2 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى 84كە يەتتى، كوپېراتىپقا كىرگەن دېھقان ئائىلىسى 11 مىڭ 368گە يېتىپ، ناھىيىدىكى 12 مىڭ 356 دېھقان ئائىلىسىنىڭ %92نى ئىگىلىدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ھەرقايسى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدا نومۇرنى بېكىتىش، ۋەزىپىنى بېكىتىش، تەننەرخنى بېكىتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاشتىن ئىبارەت «ئۈچنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش»نى يولغا قويدى.

3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 2 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايدا ليۇ رۈيىۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا سايلاندى.

شۇ ئايدا توقسۇ، كۇچا، شايار ناھىيىلىرى بىرلىشىپ، يانداق كەنتى ئەتراپىدا ئۆگەن دەرياسىغا كۆۋرۈك سالدى.

4 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك كىنوخانا سېلىندى.

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ناھىيىلىك «1 ـ ماي» سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى پۈتتى. قۇرۇلۇشقا 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئامبارنىڭ كۆلىمى 5.18 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئامبارغا شۇ يىلى 20 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلاندى، بۇ سۇ بىلەن 50 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر سۇغىرىلىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا ئاۋۇت جارۇپ ھاكىملىققا سايلاندى.

6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك 4 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئۈزەلى قۇرۇلدى. كېيىنكى يىلى 1 ـ ئايدا ناھىيە بازىرىغا سىملىق رادىئو ئورنىتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قارا يامغۇر ياغقانلىقتىن، ئۆگەن دەرياسى تېشىپ كەلكۈن كەلدى، كەلكۈن سېكۇنتىغا 1780 كۇب مېتىر تېزلىك بىلەن ئېقىپ، لوڭكۇ تومىنىنى ئېلىپ كەتتى.

9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا 5928 كىشىلىك پولات تاۋلاش قوشۇنى تەشكىللىنىپ، كۇچا ناھىيىسىدىكى شىمالىي تاغدا پولات تاۋلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، شۇ يىلى 408 توننا كېرەكسىز تۆمۈر، 7.7 توننا كېرەكسىز پولات تاۋلاندى، نەچچە ئادەم كۆيۈپ ئۆلدى.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ناھىيىلىك خەلق ئەسكەرلىرى چولق ئەترىتى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خې جىننەننىڭ ھەمراھلىقىدا توقسۇنى كۆزدىن كەچۈردى.

شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە 3 خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى، 12 مىڭ 756 دېھقان ئائىلىسىدىكى 60 مىڭ 785 كىشى گۇڭشېغا كىردى، بۇ، ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ %93نى ئىگىلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتى قۇرۇلدى. كېيىنكى يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھاۋارايى كۆزىتىلدى ۋە ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىلدى.

## 1959 ـ يىلى

1 ـ ئايدا قىزىل كېسىلى تارقالدى، 257 كىشى يۇقۇملىنىپ، 53 كىشى ئۆلدى.

2 ـ ئايدا «چولاق سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «سول» چىلىلىقنىڭ تەسىرىدە، توقسۇ ناھىيىسى شۇ يىلى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان 10 چولاق ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىنى ئېلان قىلدى، بۇنىڭ بىرىنچىسى ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلىنى 90 مىليون كىلوگىرامغا يەتكۈزۈش بولۇپ، ئەمەلىيەتتە شۇ يىلى 19 مىليون 800 مىڭ كىلوگىرام ئاشلىق ئېلىندى.

3 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسى ئەۋەتكەن تەنھەرىكەت كوماندىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئاياللار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدە 2 ـ بولدى.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «1 ـ ماي» سۇ ئامبىرىنىڭ دامبىسىنى يار ئېلىپ كەتتى، 3000دىن ئارتۇق ئادەم ئامبارغا بېرىپ يارنى ئەتتى.

يازدا توقسۇ بازارلىق خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا توقسۇ ناھىيىسى تۇنجى قېتىم بىر تراكتور (28 تىپلىق) سېتىۋالدى.

6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك 5 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

7 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە تۇنجى تۇركۈمدە 97 ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئوقۇش پۈتتۈردى.

8 ـ ئايدا ناھىيىلىك شىپاخانىدا ئوپېراتسىيە بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، تۇنجى ئوپېراتسىيە (سوقۇر ئۈچەينى ئېلىۋېتىش) مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەندى.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ناھىيىلىك سۇچىلىق بۆلۈمى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى پونكىتى، ئورمانچىلىق پونكىتى، ماۋارىي پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى قىلىندى.

شۇ ئايدا ناھىيە بويىچە 5 كادىر كۇچادىكى ئۇچكىلىك نېفىت كېنىغا يەرلىك ئۇسۇلدا نېفىت ئايرىشقا ئەۋەتىلدى. 11 ـ ئايدا تۇنجى تۇڭ كىرسىن ئېلىندى، كېيىن تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ كان توختاپ قالدى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولىنى يۆتكەش قۇرۇلۇشى پۈتتى، شۇنىڭ بىلەن 314 ـ دۆلەت يولى توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان بولدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتىنىڭ 125 ئات كۈچىگە ئىگە لوكوموبىلغا چېتىلغان گېنېراتور توك تارقاتتى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى ئورگانلار ئېلېكتر چىراغ ئىشلىتىدىغان بولدى.

كۈزدە ناھىيە بويىچە ئاشلىقنى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى، بۇ جەرياندا ئورەكلەر كولىنىپ، ئاشلىق ئاختۇرۇلۇپ، سىياسەت بويىچە ئىش كۆرۈلمىگەچكە، ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى.

12 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى ليۇ رۇيبۇ ئاپتونوم رايونلۇق 4 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا توقسۇ ناھىيىسى بۇ يىل 45 مىليون كىلوگىرام ئاشلىق ئالدى دەپ يالغان مەلۇمات بەرگەنلىكى ھەمدە غەللە ـ پاراقنى شۇ سان بويىچە ئورۇنلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكى يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە ئېغىر ئاچارچىلىق بولدى.

شۇ يىلى خەلق گۇڭشېلىرىدا «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» چىقتى. كېيىنكى يىلى كۈزدە مۈلۈكلەر پەيدىنپەي قايتۇرۇلدى ۋە تۆلەپ بېرىلدى.

يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە يېزىلاردا 435 ئامىۋى ئاشخانا ئېچىلدى، بۇ ئاشخانىلاردا 58 مىڭ 786 گۇڭشې ئەزاسى غىزالاندى، بۇ ئومۇمىي يېزا ئاھالىسىنىڭ 90.5%نى ئىگىلىدى.

## 1960 ـ يىلى

2 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە توقسۇ ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى

قۇرۇلدى.

2 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە گۇڭشېلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ بېشىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى توقسۇ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى.

ئەتىيازدا توقسۇ ناھىيىسىدە ھەددىدىن زىيادە ئەللىك ـ پاراق ئېلىنغانلىقتىن، قاتتىق ئاچارچىلىق بولۇپ، ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئەۋەتكەن باش كاتىپ ياڭ كې ۋە رېۋزىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خې پىڭشەن باشچىلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى توقسۇ ناھىيىسىگە ئورۇنلىشىپ، بۇ ئىشنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى ۋە كېيىنكى ئىشلارنى ياخشى ئىشلىدى.

4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم خەلقنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسى توغرىلىق ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خىزمەت گۇرۇپپىسىغا تەكشۈرۈشنامە يازدى.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون ئەۋەتكەن، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان «AN—2» تىپلىق 2 ئايروپىلان توقسۇغا كېلىپ، 89 مىڭ 465 مو يەرگە دېھقانچىلىق دورىسى چېچىپ، بۇغدايدىكى دات كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە تىزگىنلىدى.

5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ باش كاتىپى ياڭ كې، رېۋزىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خې پىڭشەن ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خې جىننەن؛ كاندىدات شۇجىسى لى يۈتيەنلەرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېچىلغان، 597 كىشى قاتناشقان توقسۇ ناھىيىلىك 5 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا لىۋ رۇيىيۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ خاتالىقى پاش قىلىندى ۋە تەنقىد قىلىندى، لىۋ رۇيىيۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىلىقىدىن ئېلىپ تاشلاندى، ئاشلىق مەسىلىسىگە چېتىلىدىغان يەنە 12 كادىرنىڭ ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى ياكى تۆۋەنلىتىلدى.

6 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم زىلىڭ شياڭنى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋاقىتلىق رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى.

يازدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى توقسۇ ناھىيىسى بىلەن دارىلئېتام قۇرۇش توغرىسىدا كېلىشتى.

7 ـ ئايدا لىۋ شىڭۆيى توقسۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

9 ـ ئايدا سودا سىستېمىسى بويىچە «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش» ھەرىكىتى باشلاندى، بۇ ھەرىكەت بىر يېرىم يىل داۋام قىلدى.

## 1961 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ناھىيىلىك مال ـ مۈلۈكنى ئېنىقلاش ـ قايتۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لۇ تيەنشۈن كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ كومىتېت گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ 1958 ـ يىلدىن بۇيان «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» دا مۇسادىرە قىلىنغان مال ـ مۈلكىنى ئېنىقلاش ۋە تۆلەپ بېرىش، قايتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 6 ـ ئايدا ئېنىقلاش ئاياغلاشتى، 65 مىڭ 930 يۈەن قىممىتىدىكى 22 مىڭ 402 ماددىي بۇيۇم قايتۇرۇپ بېرىلدى ۋە تۆلەپ بېرىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تاشئېرىق گۇڭشې قوشئېرىق چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەزاسى مىراجىخان مەخمۇت ئېرى رىجىمغا ئېلىنغانلىقتىن، ئاممىۋى ئاشخانىغا زەھەر تاشلاپ، 98 ئادەمنى يېمەكلىكتىن زەھەرلەپ قويدى.

3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا ئاۋۇت جارۇپ ھاكىملىققا سايلاندى.

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى 8 ـ 9 بال بوران چىقىپ، 999 تۈپ دەرەخنى، 3 ئېغىز ئۆينى ئۆرۈۋەتتى،

6000 مېتىردىن ئارتۇق ئۆستەڭ قۇم ئاستىدا قالدى، 15 مىڭ 597 مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى.

9 - ئايدا ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى 647 ئىشچى - خىزمەتچىنى توقسۇ ناھىيىسىگە چۈشۈردى. شۇ ئايدا ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى قورغاستىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان 95 كىلوۋاتلىق بىر گېنېراتور سېتىۋېلىپ، شۇ يىلى ياغ زاۋۇتىنى ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى توك بىلەن تەمىنلىدى.

12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا خىزمىتى يىغىنى ۋە پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى.

شۇ يىلى 1958 - يىلدىن بۇيان يېزا باشقۇرۇۋاتقان ئاممىۋى ئاشخانىلار ئاممىغا ياقمىغاچقا، ھەممىسى تارقىتىۋېتىلدى.

## 1962 - يىلى

1 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ليۇ شىگۇيى، ھاكىم ئاۋۇت جارۇپلار بېيجىڭغا بېرىپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ كېڭەيتىلگەن ئومۇمىي يىغىنىغا (تۇمەن كىشىلىك يىغىنغا) قاتناشتى.

ئەتىيازدا ئاشىپرىق گوڭشېسىدىن 9 چوڭ ئەترەت (1875 ئائىلە، 8531 كىشى) ئايرىپ چىقىلىپ، شويۇلتۇز خەلق گوڭشېسى قۇرۇلدى.

7 - ئايدا ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى پونكىتى ۋە ھاۋارايى پونكىتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

شۇ يىلى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قىسقارتىلىپ، كادىرلار نۆۋەتكە چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن 2604 بازار نوپۇسى قىسقاردى، بۇنىڭ ئىچىدە بازار ئاھالىسى 216، يېشى چوڭىيىپ كەتكەن ئوقۇغۇچى 1416، گوڭشې كارخانىلىرى ئەزاسى 546، ئىشچى - خىزمەتچى 381.

## 1963 - يىلى

1 - ئايدا جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىدىكى قوغدىنىش - قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا مەيداندا چىققان قەھرىمان ئەمۇنچىلار ئۆمىكى توقسۇغا كېلىپ دوكلات بەردى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دايۇلتۇز گوڭشېسىنىڭ كۈزلەك چوڭ ئەترىتىدە سوتسىيالىستىك تەربىيىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتى (بىرلەشمە زاۋۇتمۇ دېيىلىدۇ) دىن قىسمەن سېخلار ئايرىپ چىقىلىپ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى رېمونت قىلىش - سەپلەش زاۋۇتى قۇرۇلدى (كېيىن تراكتور پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى).

6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلدى، ئاۋۇت جارۇپ ھاكىملىققا سايلاندى.

شۇ كۈنى سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى.

## 1964 - يىلى

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى.

2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، ليۇ شىگۇيى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا سايلاندى.

2 - ئايدا ليۇ شىگۇيى دائىرىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ئۆمىكىنى باشلاپ دايۇلتۇز گوڭشېسىگە ئورۇنلاشتى ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

5 ـ ئايدا ناھىيىلىك مالىيە ـ ئىقتىساد ـ پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى. كېيىن ئۇنىڭغا سودا ـ سانائەت بۆلۈمى قوشۇۋېتىلدى.

7 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە 2 ـ قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئاياغلاشتى. ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئائىلە 16 مىڭ 764 كە، نوپۇس 70 مىڭ 349غا يەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

شۇ ئايدا سودا شىركىتىدىن قىسمەن خادىملار ئايرىپ چىقىلىپ، ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك سۇغىرىش تەجرىبە پونكىتى شىنجاڭ شۆبە پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، نامى شىنجاڭ شۆبە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ توقسۇ بىئولوگىيە ـ تۇپراق ـ قۇملۇق تەتقىقات تەجرىبە پونكىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى ئۆگەن دەرياسىغا سېلىنغان «قىزىل بايراق» تومىسى پۈتتى، تومىدىن چۈشىدىغان سۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا 100 كۇب مېتىر.

## 1965 ـ يىلى

1 ـ ئايدا يېزا ـ بازار يەر پىلانلاش ھەيئىتى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەر پىلانلاش ئەترىتى قۇرۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مۆلدۈر يېغىپ، ناھىيە بويىچە 48 مىڭ 231 مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى.

7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك سوتسىيالىزم قۇرۇش ياش ئاكتىپلىرى ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىن 3 كۈن داۋام قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان مەركەز ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ 3 ـ شۆبە ئۆمىكى شائىخەي شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سۇڭ رىجاڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە توقسۇغا كېلىپ ھال سورىدى. توقسۇ ناھىيىسى مەيدانىدا تۈمەن كىشىلىك قارشى ئېلىش يىغىنى ئاچتى.

11 ـ ئايدا ناھىيە بازىرىدا سىناق تەرىقىسىدە قۇدۇق كولاندى، 1 ـ قۇدۇق ناھىيىلىك پارتكوم قورۇسىدا كولاندى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ناھىيە بويىچە تۇنجى چىراغلىق ۋاسكېتبول مەيدانى ياسالدى.

شۇ يىلى ناھىيە بازىرىغا 4000 كىشىلىك يازلىق كىنوخانا سېلىندى.

شۇ يىلى «شەرق قىزاردى» سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

## 1966 ـ يىلى

2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا قادىر ئىدرىس ھاكىملىققا سايلاندى.

شۇ كۈنى سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىسىدە نۇقتىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە ئۆمىكىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك شۆبىسى ليۇ گۇيشۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. ھەرقايسى سوتسىيالىستىك تەربىيە گۇرۇپپىلىرى ناھىيىگە بىۋاسىتە

www.uyghurkitap.com



قاراشلىق ئورگانلارغا، تاشقىرىق گۈگۈمىسىغا ۋە بازار گۈگۈمىسىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى.

5 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «16 ـ ماي» ئۇقتۇرۇشىنى تارقاتقاندىن كېيىن، 10 يىلغا سوزۇلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» توقسۇ ناھىيىسىدە ئاستا ـ ئاستا باشلىنىپ كەتتى.

8 ـ ئايدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى ناھىيە بازىرىدا «تۆت كونا»غا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن نامايىش ئۆتكۈزدى.

10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن شاڭخەيلىك 240تىن ئارتۇق ياش توقسۇ ناھىيىسىگە كەلدى، ئامما يولنىڭ 2 تەرىپىدە تۇرۇپ قارشى ئالدى. كېيىن شۇلار ئاساسىدا «ئاۋانگارت» دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك 6 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

11 ـ ئاينىڭ بېشىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە شۆبە ئۆمىكى چېكىنىپ كەتتى.

12 ـ ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا توقسۇ ناھىيىسىدە تۇنجى ئاممىۋى تەشكىلات ـــ «قىزىل بايراق قوغدىغۇچىلار ئەترىتى» قۇرۇلدى، ئارقىدىنلا ھەرخىل نامدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار قۇرۇلدى.

## 1967 ـ يىلى

1 ـ ئايدا شاڭخەيدە پارتلىغان «يانۋار بورىنى»نىڭ تەسىرىدە، ھەرقايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىدىن ھوقۇق تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ناھىيە بويىچە «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار»، «گېزەندىلەر»، «جىن ـ شەيتانلار» كۆرەش قىلىندى، ھەردەرىجىلىك كادىرلار «تارتىپ چىقىلىپ كۆرەش قىلىندى»، «ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلاندى» ۋە «سازايى قىلىندى».

شۇ ئايدا «ئاۋانگارت» دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى 200دىن ئارتۇق شاڭخەيلىك ياش ناھىيىلىك پارتكوم قورۇسىدا ئىسيان كۆتۈرۈپ، شاڭخەيگە قايتىپ ئىنقىلاب قىلىشنى تەلەپ قىلدى. كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شاڭخەيگە قايتتى.

1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سەھەردە تېمپېراتۇرا ℃26.8 ـــ قا چۈشتى، بۇ ناھىيىدە تېمپېراتۇرا خاتىرىلەنگەندىن بۇيانقى ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا ھېسابلىنىدۇ.

3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كۆچادا تۇرۇشلۇق «7969» قىسمى ئەۋەتكەن ئارمىيە تەشۋىقات ئەترىتى سولىڭ لياڭشىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە توقسۇغا كىرىپ ئورۇنلاشتى.

3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپپا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمى ئارمىيە تەشۋىقات ئەترىتى ۋە يەرلىكنىڭ رەھبەرلىرىدىن تەركىب تاپتى، گۇرۇپپا قارمىقىدا ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى، ئۇ قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى دەپ ئاتالدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئورگانلىرى ئۈستىدە ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۆگەن دەرياسىدىكى سۇ ئىنشائاتى توگۇنلۇك قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىسىدىكى بىرتەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات كۇچا ناھىيىسى تەۋەسىدە تۇرۇشلۇق جەنۇبىي شىنجاڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ، ئەلەم كۆرسىتىپ قاتناشتى.

## 1968 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇن تارتىش سېخى پۈتۈپ، كۈنىگە 10 مىڭ كىلوگرام ئۇن تارتالايدىغان پېچى ئۈسكىنە ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

ئەتىيازدا «كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش»، «چولاق تەنقىد قىلىش» قانات يايدۇرۇلدى، ھەرقايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشقىلى تۇردى.

3 ـ ئايدا يېزىلاردىكى خەلق گۇڭشېلىرىدا ۋە «ئاۋانگارت» دېھقانچىلىق مەيدانى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى.

7 ـ ئايدا ناھىيە تەۋەسىدىكى بىر ـ بىرىگە قارشى 2 تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات بىرلىشىش كېلىشىمنامىسى ئىمزالىدى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ناھىيە بازىرىدىكى مەيداندا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 19 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا 2 تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات تەڭلا قاتناشتى ھەمدە ناھىيە بازىرىدا نامايىش قىلدى.

12 ـ ئايدا ناھىيىلىك تاشقى سودا پونكىتى ئىنقىلابىي كومىتېتى دۇنياغا كەلدى، بۇ ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار ئىچىدىكى تۇنجى ئىنقىلابىي كومىتېت ھېسابلىنىدۇ.

## 1969 ـ يىلى

2 ـ ئايدا ناھىيە بازىرىدىن تۇنجى تۈركۈمدە 73 زىيالىي ياش «قايتا تەربىيە» ئېلىش ئۈچۈن يېزىلارغا يۈرۈپ كەتتى.

3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ناھىيە بازىرىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار قالقان ۋە كالتەك كۆتۈرۈپ ئەلەم كۆرەشى قىلدى، 20 نەچچە ئادەم يارىلىنىپ دوختۇرخانىدا ياتتى.

4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەيداندا تۈمەن كىشىلىك تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى.

5 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى قۇرۇلدى، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ مەسئۇللۇقىنى ھەربىي ۋەكىللەر ئۈستىگە ئالدى.

6 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مەسئۇللىرى بۆلۈنۈپ، ھەرقايسى گۇڭشېلارغا بېرىپ، گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتلىرىغا «ياردەم» بەردى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايون ئەۋەتكەن «26 ـ ئىيۇن» كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتى توقسۇ ناھىيىسىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. بۇ ئەترەتتىكى ئەزالار پەيشەنبەبازار، دايۇلتۇز قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

9 ـ ئايدا ئارمىيە تەشۋىقات ئەترىتى ئىلگىرىكى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىدىكى خادىملارنى تەشكىللەپ، سىنىپىي قوشۇننى ئېنىقلاش كۇرسى ئاچتى.

12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ناھىيىلىك تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلدى.

## 1970 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ يادرو گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

2 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. ھەرىكەت داۋامىدا قالايمىقان تارتىپ چىقىرىش، قالايمىقان كۆرەش قىلىش ئەھۋاللىرى ئومۇميۈزلۈك كۆرۈلۈپ، بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار سادىر بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «ئاۋانگارت» دېھقانچىلىق مەيدانىدا «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى داۋامىدا 2 ئادەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى، بىر ئادەم قىيىن ـ قىستاق دەستىدىن ئۆلدى، 10 نەچچە ئادەم يارىلىنىپ مېيىپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن قانلىق «4 ـ مارت» پاجىئەسى كېلىپ چىقتى.

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 4 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. جاڭ شۈاڭخې

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ھەرقايسى گوڭشېلاردا ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇشنى قارار قىلدى. كېيىنكى يىلى دايۇلتۇز، تاشئېرىق، ئىچكىرىق گوڭشېلىرىدا ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى.

شۇ يىلى ئۆگەن يېزىسىدا سىغىمى 1 مىليون كۇب مېتىر كېلىدىغان سۇ ئامبىرى ياسالدى.

شۇ يىلى «شەرق قىزاردى» سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، ئۇنىڭ گېنېراتور گۇرۇپپىسىنىڭ ئەمەلىي سىغىمچانلىقى 1600×4 كىلوۋات كېلىدۇ.

## 1971 ـ يىلى

1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم ئايمخاندىن ئۆگىنىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ناھىيە بويىچە ئايمخاندىن ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغىدى. ئاچال چوڭ ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئايمخاننىڭ ئەترەتنى باشلاپ، قۇم ـ بوراندىن غالىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئىش ـ ئىزلىرى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسىگە ئايلاندى.

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىسىدە 1 ـ قېتىملىق يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى.

3 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە يېزىلاردا رادىئو تورلاشتۇرۇلدى، 570 كىلومېتىر رادىئو سىمى تارتىلدى، 2000دىن ئارتۇق كاناي ئورنىتىلدى، 20 نەچچە يەرگە كىچىك تىپتىكى رادىئو تورى ئورنىتىلدى، گوڭشې كوچەيتىش پونكىتىدىن بىرى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، ناھىيە بويىچە 6 گوڭشې (مەيدان) ، 93 چوڭ ئەترەت، 356 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە رادىئو ئۇلاندى.

3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك شارىك زاۋۇتىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىقى باشلىنىپ، 10 ـ ئايدا پۈتتى، بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 1 مىليون 450 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ (خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ) قۇرۇلدى.

5 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

6 ـ ئايدا مەملىكىتىمىزنىڭ داڭلىق ئالىمى پېڭ جيامۇ توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ، بىر ھەپتە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

10 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئەۋەتكەن خىزمەت ئەترىتى ھەرقايسى گوڭشې، چوڭ ئەترەتلەرگە بېرىپ، لىن بياۋنىڭ خائىنلىق قىلىپ قېچىش ۋەقەسىنى يەتكۈزدى ۋە لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

شۇ ئايدا «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى داۋامىدىكى ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار قىسمەن ئاقلاندى ۋە تۈزىتىلدى.

## 1972 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا چوڭ تەنقىد ئىشخانىسى قۇرۇلدى. ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى لياۋ جىندو خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ توقسۇ ناھىيىسىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى.

شۇ ئايدا كۇچادا تۇرۇشلۇق «7969» قىسمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى لۇ دېيى قىسمىنىڭ «سولچىلارنى قوللاش»تا ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى تەكشۈردى. توقسۇ ناھىيىلىك 4 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ شۇاڭخې (ھەربىي ۋەكىل) مۇشۇ تەرىقىدە ئۆزىنى تەكشۈردى.

1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ۋىلايەت، ناھىيە، گوڭشې رەھبەرلىرى شىيۇلتۇز گوڭشېسىنىڭ گۈمباز چوڭ

ئەترىتىگە بېرىپ، 500 كىشى قاتناشقان، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى.

شۇ كۈنى كېچىدە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاڭ شۇاڭخې «قەستكە ئۇچرىدى» دېيىلىپ، كوچىلارنى ئايرىپ جىددىي قوغلىدى. كېيىن بۇ دېلو پاش قىلىنىپ، يالغان ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى. بىراق بۇ ئىش جەمئىيەتكە ئاشكارىلانمىغاچقا، ھەرخىل قاراشتىكى ئاممىنىڭ ئارىسىدا 10 يىلدىن ئارتۇق تالاش - تارتىش بولدى.

## 1973 - يىلى

1 - ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم جاڭ سۇنشىنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى قىلىپ ئەۋەتتى (ئۇ 3 - ئايدا ۋەزىپىگە ئولتۇردى)، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئىلگىرىكى شۇجىسى جاڭ شۇاڭخې ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

شۇ ئايدا قادىر ئىدرىس ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 7 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

4 - ئايدا ناھىيە بويىچە ھەردەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا تورۇۋاتقان قىسىم مەسئۇللىرى قىسمىغا قايتۇرۇلدى.

5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 5 - قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 1 - قېتىملىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلتىيى ئېچىلدى ھەمدە توقسۇ ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.

9 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك قورallىق خەلق ئەسكەرلىرى تۈەنى قۇرۇلدى.

11 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدىكى ھەرقايسى خىزمەت تارماقلىرى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

شۇ ئايدا ناھىيىلىك زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

## 1974 - يىلى

1 - ئايدا ناھىيە بويىچە لىن بياۋنى، كۇڭزىنى تەنقىد قىلىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى كېچىدە دايۇلتۇز گۆڭشېسىنىڭ قورال - ياراغ ئامبىرىدىن 2 يېنىك پىلىموت، 15 ئاپتومات ۋە مىلتىق، 6000 پايدىن ئارتۇق ئوق ئوغرىلاندى. 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كۈچلىرى بۆلۈمى بىرلىشىپ، بۇ دېلونى پاش قىلدى، قورال - ياراغ ۋە ئوق - دورىلار يوقىتىلغان سانى بويىچە تېپىپ كېلىندى. باش جىنايەتچى ئىبراھىم قاسىم 1978 - يىل 8 - ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە تورغا چۈشتى.

12 - ئايدا ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسى خىزمەت ئۆمىكى شويۇلتۇز، تاشئېرىق گۆڭشېلىرىغا كىرىپ، لۇشيەن تەربىيىسى ئېلىپ باردى. بۇ ئىش كېيىنكى يىلى 10 - ئايدا ئاياغلاشتى.

شۇ يىلى توقسۇ ناھىيىلىك ئۆسمۈرلەر - باللار ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى قۇرۇلدى.

## 1975 - يىلى

4 - ئايدا ناھىيىلىك كىنو باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى.

6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئۆسمۈرلەر ۋاسكېتبول تۈرى بويىچە تاللاش مۇسابىقىسى توقسۇ ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە توقسۇ ناھىيىسىنىڭ كوماندىلىرى قاتناشتى.

7 - ئايدا ناھىيىلىك «7 - ماي» يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلدى، كېيىنكى يىلى توختىتىۋېتىلدى.

شۇ ئايدا تەخمىنەن 100 مىڭ خەتلىك «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ھاۋارايى تەزكىرىسى» پۈتتى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك زىيالىي ياشلار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قۇرۇلدى.

## 1976 - يىلى

1 - ئايدا جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ ۋاپات بولغانلىق شۇم خەۋىرى كەلدى، ناھىيىدىكى ھەرمىللەت خەلقى چوڭقۇر تەزيە بىلدۈردى.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يازلىق كىنوخانىدا ناھىيە بويىچە ئاتالمىش «تيەنئەنمېن مەيدانىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقەنى ئەيىبلەش، دېڭ شياۋپىڭنى تەنقىدلەش، سولچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا زەربە بېرىش» بويىچە تۈمەن كىشىلىك يىغىن ئېچىلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇيغۇرچە، قازاقچە كونا يېزىق ئىشلىتىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرچە، قازاقچە يېڭى يېزىق يولغا قويۇلدى.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن مۆلدۈر يېغىپ، ناھىيە بويىچە 2 ئادەم ئۆلدى، 10 ئادەم يارىلاندى، ئات، كالا، ئېشەك، قويلاردىن ئۆلۈش ۋە يارىلىنىش ھادىسىلىرى كۆرۈلدى. 70 مىڭ مو يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائىتى ئاپەتكە ئۇچرىدى، تەخمىنەن 5 مىليون كىلوگرام ئاشلىق كەم ئېلىندى.

8 - ئايدا ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسلىق كوچا - يوللىرىغا ئاسفالىت ياتقۇزۇلدى.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ناھىيە مەيدانىغا تۈمەن كىشى يىغىلىپ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزيە بىلدۈردى.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ناھىيە مەيدانىغا تۈمەن كىشى يىغىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جياڭ چىڭ، ۋاڭ خوڭۋېن، جاڭ چۈنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەندىن ئىبارەت «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى بىر يولىلا تارمار قىلغان ئۇلۇغ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى. ناھىيىلىك ھاۋارايى پونكىتى 4 چوڭ رەڭدار شار ياساپ، ئۇنىڭغا چوڭ لوزۇنكا ئېسىپ، يىغىن مەيدانىدا قويۇپ بەردى. يىغىندىن كېيىن نامايىش ئۆتكۈزۈلدى.

10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ناھىيىلىك نېفىت شىركىتى قۇرۇلدى.

## 1977 - يىلى

2 - ئايدا ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسى خىزمەت ئۆمىكى تاشتىرىق، ئىچتىرىق گۇڭشېلىرىغا بېرىپ، لۇشيەن تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى.

6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چى گو توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاقيار ئەتراپىدا چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەردى. چېكەتكە كۆممىقوناق، كېۋەز، سېرىق ماش، شال قاتارلىق زىرائەتلەرگە زىيان سالدى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك خەلق كىنوخانىسى پۈتتى. بۇ قۇرۇلۇش خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق بولۇپ، 1000 كىشى سىغىدۇ، 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى.

## 1978 - يىلى

1 - ئايدا ناھىيىلىك لۇشيەن تەربىيىسى خىزمەت ئۆمىكى دايۇلتۇز گۇڭشېسىغا كىردى.

1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سەھەردە «1 - ماي» سۇ ئامبىرى يار ئېلىپ كەتتى. ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كۈچادا

تۆرۈشلۈق قىسمى جالڭ يۈكۈننىڭ باشچىلىقىدا ئەۋەتكەن قوزۇلۇشچى قىسىم 4 كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپ، ئاپەت ۋە خەتەرنى تۈگەتتى.

4 - ئايدا ناھىيىلىك سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. بۇ گۇرۇپپا سىياسىي ھەرىكەتلەردە جازالانغانلارنى قايتا تەكشۈردى، بۇ تەكشۈرۈش 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئاياغلاشتى.

شۇ ئايدا پەيشەنبەبازار گۇڭشېسى قۇرۇلدى.

5 - ئايدا ناھىيە بويىچە «پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»قا باغلىنىشلىق ئادەم ۋە ئىشلار ئېنىقلاندى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى توقسۇ ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە ھەرقايسى ناھىيە، بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن - مەيدانلىرىدىن بولۇپ 13 كوماندا قاتناشتى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم «ئاۋانگارت» دېھقانچىلىق مەيدانىدا 1970 - يىلدىكى «4 - مارت» ۋەقەسىنى ئاقلاش يىغىنى ئاچتى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە تاز كېسىلىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1980 - يىلغىچە جەمئىي 10 مىڭ 70 كىشى ئېنىقلاپ چىقىلىپ، ئۇلاردىن 9349ى داۋالاپ ساقايتىلدى، ناھىيە بويىچە 27 چولڭ ئەترەتتە بۇ كېسەل يىلتىزىدىن تۈگىتىلدى.

## 1979 - يىلى

1 - ئايدا ناھىيە بويىچە پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىش ھەمدە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تەركىبىنى تۈزىتىش باشلاندى، نەتىجىدە 792 كىشىنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى.

4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېچىدە 11 بال بوران چىقتى، ناھىيە بويىچە 31 مىڭ 311 تۈپ دەرەخ ئۆرۈلۈپ كەتتى، 50 مىڭ 51 مو يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائىتى ئاپەتكە ئۇچرىدى، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى.

6 - ئايدا گۇمباز قاتارلىق 18 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئۈقتىدا سىناق قىلىندى.

8 - ئايدا سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 8 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى.

9 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشخانىسى ئايرىلدى.

## 1980 - يىلى

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 5 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، قۇرۇلتايدا جالڭ سۈنشى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا سايلاندى. ياندۇرقى يىلى 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم قادىر ئىدرىسنى شۇجىلىققا تەيىنلىدى.

10 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

11 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا ئەدلىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ۋىرۇسلۇق جىگەر ياللۇغى تارقىلىپ، 1432 كىشى يۇقۇملاندى. كېيىنكى يىلى بۇ كېسەل تىزگىنلەندى.

شۇ يىلى خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىق، ياغ بازارلىرى قويۇۋېتىلدى، ئاشلىق بېلىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 1981 - يىلى

1 - ئايدا ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 18% ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە كىچىك ئۆچاستكىلار بويىچە ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلۇپ، نورمىلىق باشقۇرۇلدى؛ 81% ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە چوڭ ھۆددىگەرلىك ۋە مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلدى.

2 - ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم قادىر ئىدرىسنى توقسۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى، جاڭ سۈنشىنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىگە يۆتكەپ كەتتى.

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىچىبېرىق گۇڭشېسى «قىزىلنۇر» چوڭ ئەترىتىنىڭ خامىنىغا ئوت كېتىپ، 175 مىڭ كىلوگرام بۇغداي زىيان بولدى.

8 - ئايدا ناھىيە بويىچە تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش باشلاندى. تەكشۈرۈش بىر يىل داۋاملاشتى، 1 مىليون 739 مىڭ 574 مو يەر تەكشۈرۈلۈپ، ناھىيىنىڭ يەر بايلىقى جەھەتتە ئىلمىي سانلىق مەلۇمات قولغا كەلتۈرۈلدى.

11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى.

11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلدى، ئابلا ئاپپاق ھاكىملىققا سايلاندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، ئاۋۇت جارۇپ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى؛ توقسۇ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە قالقانسىمان بەز ئىششىقى كېسەللىكى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، جەمئىي 5729 بىمار ئېنىقلاپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بازار - يېزىلاردا يودلۇق تۇز ئىستېمال قىلىش ئومۇملاشتۇرۇلدى.

## 1982 - يىلى

3 - ئايدا ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىم «مەدەنىي، ئەدەبلىك بولۇش ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

1 - باشلانغۇچ مەكتەپ (ئۇيغۇر مەكتەپ) بىلەن 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ (خەنزۇ مەكتەپ) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە دوست مەكتەپ بولدى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيە بويىچە 3 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئاياغلاشتى. ناھىيە بويىچە ئائىلە 23 مىڭ 167گە، نوپۇس 106 مىڭ 593كە يەتتى. تاشئېرىق گۇڭشېسى يېڭىئېرىق چوڭ ئەترىتىنىڭ 130 ياشقا كىرگەن ئەزاسى قوربان ياسىن شۇ يىلى مەملىكەت بويىچە ئۇزۇن ئۆمۈر چېمپىيونى بولدى.

8 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك 2 - نومۇرلۇق ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتتى، بۇ ئىستانسىنىڭ گېنېراتور گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمچانلىقى 250×4 كىلوۋات بولدى.

9 - ئايدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 3 قېتىم تۇمەن كىشىلىك ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى.

11 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك تۇنجى قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى.

شۇ يىلى ئائىلە بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش خاراكتېرىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش

مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ناھىيە بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

## 1983 - يىلى

ئەتىيازدا ناھىيە بويىچە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، شۇ يىلى 522 مو يەردە سىناق قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئوت - چۆپ يوقىتىش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ، شۇ يىلى 250 مو يەرگە كېڭەيتىلدى.

2 - ئايدا ناھىيىدىكى 396 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن 179 ئەترەت مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچىگە بىرلەشتۈردى، 103 ئەترەت «قوش ھۆددىگەرلىك» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى، 100 ئەترەت مەسئۇلىيەت ئېتىزى ۋە نورمىلىق ئاشلىق ئېتىزى تۈزۈمىنى، 11 ئەترەت كەسپىي ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويدى؛ چارۋىچىلىقتا چارۋا ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى؛ 19 مىڭ 508 ئائىلىلىك گۈڭشې ئەزاسىغا ئورمان ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى تارقىتىلدى.

4- ئايدا 400 مىڭ خەتلىك «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش دوكلاتى» دېگەن كىتاب پۈتتى.

5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يەر ناملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش باشلاندى.

شۇ ئايدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

5 - ئايدا ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى، يېمەكلىك شىركىتى ۋە تېببىي دورا شىركىتىدە ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىدا پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، گۇرۇپپا قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ناھىيىلىك سىياسىي - قانۇن كومىتېتى قۇرۇلدى.

9 - ئايدا پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، 37 ئايال بوغدۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، 300 ئايال ئۈزۈك سالدۇردى، 598 ئايال تۇغدۇرۇلدى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش» دا كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىلدى، 238 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 423 يول ياسالدى، 137 كىلومېتىر ئۆستەڭ چېپىلدى، 86 كۆۋرۈك سېلىندى، 62 چۇشۇرگە ياسالدى، 171 پارچە سالا ئېتىز تەكشىلەندى، 394 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 514 ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىندى، يېزا - كەنتلەردە 76 مىڭ 744 كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىندى.

## 1984 - يىلى

2 - ئايدا ناھىيە بويىچە «ئىككى ئائىلە» يەنى كەسپىي ئائىلە ۋە يەككە ئائىلىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى.

2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى توقسۇ ناھىيىسىدە ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى شەرقىي 4 ناھىيە يەنى كۇچا، شايار، توقسۇ، باي ناھىيىلىرى بويىچە ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلدى.

3 - ئايدا ناھىيىدىكى 391 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن 388 ئەترەت دېھقانچىلىقتا چوڭ ھۆددىگەرلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئومۇمىي سانىنىڭ 99%نى ئىگىلىدى؛ 335 ئەترەت چارۋىچىلىقتا چارۋىنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بەردى، بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئومۇمىي سانىنىڭ 85.7%نى ئىگىلىدى؛ 297 ئەترەت ئورمانچىلىقتا مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئومۇمىي سانىنىڭ 75.9%نى ئىگىلىدى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق

www.uyghurkitap.com



قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماھىنۇر قاسىم توقسۇنى كۆزدىن كەچۈردى.

6 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جۇڭگوچە چېلىشىش مۇسابىقىسى توقسۇ ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى.

6 ـ ئايدا ناھىيىدىكى 112 چولاق ئەترەت، 392 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ھەممىسىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ بويىچە چولاق ھۆددىگەرلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

7 ـ ئايدا ئىلگىرىكى ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى ئاساسىدا ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا تىيىپ تۇردى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئەخمەت ئەمەت ھاكىملىققا سايلاندى.

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ناھىيىلىك پارتكومدا تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ رايون دەرىجىلىك ئىشخانا بولدى.

شۇ ئايدا خەلق گۇڭشېسى يېزىغا ئۆزگەرتىلدى، دايۇلتۇز گۇڭشېسى ئۈچقات يېزا ۋە يەكشەنبە بازار يېزا دەپ 2گە ئايرىلدى، ناھىيىگە 6 يېزا، بىر بازار قارايدىغان بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان مەركەز ھال سوراش ئۆمىكىدىكى 20 نەپەرچە كىشى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى قاھار ئەمەتنىڭ ھەمراھلىقىدا، ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىغا كېلىپ، ھال سوراش گۇيۇنى قويدى، داڭلىق ئارتىس ئايتىللا، دېدىمالار سەرخىل نومۇرلارنى ئورۇندىدى.

10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش كومىتېتى قۇرۇلدى.

11 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى بويىچە، بازار، يېزىلاردا بىردەك ئەتىەنۇۋى بازار كۈنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

12 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە بازارلارنى تۇرۇبا سۈيى بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، دەسلەپتە ناھىيە بازىرى سۇ بىلەن تەمىنلەندى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلىدا 50 مىليون كىلوگراملىق چولاق ئۆتكەل بۆسۈپ ئۆتۈلدى.

شۇ يىلى توقسۇ ناھىيىسى بويىچە تۇنجى خۇسۇسىي ئاپتوموبىل بارلىققا كەلدى، يەنى توقسۇ بازىرىدىن ئابدۇكېرىم «ئازادە» ماركىلىق بىر ئاپتوموبىل سېتىۋالدى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە بىرۇتسېللا تاياقچە باكتېرىيىسى كېسەللى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان 20 كىشى ئېنىقلاندى ھەمدە ئۇلار ۋاقتىدا داۋالاندى.

## 1985 ـ يىلى

4 ـ ئايدا ناھىيىلىك تۇرۇبا سۈيى شىركىتى قۇرۇلدى، شۇ يىلى 74 مىڭ 300 كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلىدى.

6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمايىل ئەھمەت توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

## 1986 ـ يىلى

5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى بوران چىقتى، بوراننىڭ ئەڭ يۇقىرى تېزلىكى سېكۇنتىغا 18 مېتىرغا يېتىپ،

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە ئېغىر زىيان سالدى.

6 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلدى، ناھىيىلىك پارتكوم بەلگىلىك كەنت پارتىيە ياچېيكىسى قاتارلىق 14 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسىنى ۋە يۈسۈپ ئابدۇل قاتارلىق 189 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ماتارىپ كومىتېتى ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىدىن تەشكىللەنگەن 60 نەپەر كىشىلىك ئۆمەك توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ، «ئىككى ماتارىپ» نىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. ناھىيە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئىككى ماتارىپ» نى ئومۇملاشتۇرغانلىق لاياقەتنامىسى ئالدى.

قىشتا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شۇ يىلى 110 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، خەلق مەيدانىغا ئورۇندۇقلۇق توپ مەيدانى ياسالدى. ئۇنىڭ كۆلىمى 2200 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 3000 تاماشىبىن سىغىدۇ.

شۇ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ۋالىبول مۇسابىقىسىدە توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئەرلەر ۋە ئاياللار كوماندىسى چېمپىيون بولدى.

## 1987 ـ يىلى

ئەتىيازدا دېھقانچىلىق كەسپلىرى قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، ئىلگىرىكى 49 مىڭ 282 مودىن 59 مىڭ 750 موغا كۆپەيتىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا قادىر ئىدرىس ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، بارات ھەسەن ھاكىملىققا سايلاندى.

شۇ ئايدا سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كېچىدە مۆلدۈر ياغدى، ئېغىر ئاپەت بولغان جايلاردىكى يەر يۈزىگە يىغىلىپ قالغان مۆلدۈرنىڭ قېلىنلىقى 40 سانتىمېتىرغا يەتتى. ناھىيە بويىچە 5 يېزا، بىر بازار، 33 كەنت ئاپەتكە ئۇچرىدى، 4550 دېھقان ئائىلىسى، 49 مىڭ 338 مو يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائىتى زىيانغا ئۇچرىدى، 17 مىليون يۈەندىن كۆپرەك چىقىم بولدى.

8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەتىگەندە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شىي فۇيىڭلار يەيشەنبەبازار يېزىسىدىكى ئېغىر ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارغا بېرىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن ھال سورىدى.

8 ـ ئايدا دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يۈەن باۋخۇا قاتارلىقلار ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى قاھار ئەمەتنىڭ ھەمراھلىقىدا توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ باش كاتىپى لياڭ گويىڭ قاتارلىقلار يەيشەنبەبازار يېزىسى، توقسۇ بازىرى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى خەلچەم ئىسلام توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شۇ ئايدا ۋاڭ جىنشەن توقسۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

شۇ يىلى ناھىيىلىك ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، ناھىيىلىك شارلىك زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى، كىنوخانا،

www.uyghurkitap.com



كىنو شىركىتى، ماددىي ئەشيا پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار كونا تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىپ، زاۋۇت باشلىقى ۋە دىرېكتورلار ھۆددىگەرلىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

## 1988 - يىلى

5 - ئايدا كېۋەزگە پىت چۈشتى، 60 مىڭ 569 مو يەردىكى كېۋەز زىيانغا ئۇچرىدى. شۇ يىلى 45 مىڭ 503 دەن پاختا ئېلىنىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 2200 دەن ئازىيىپ كەتتى.

6 - ئايدا ناھىيىلىك مۆلدۈردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەترىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى مۆلدۈردىن مۇداپىئە كۆرۈش باشلاندى، جەمئىي 7 قېتىم مۆلدۈر بۇلۇتى ئېتىلىپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم كۆرۈلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە ئۆلاپ تارقىتىش ئىستانسىسى ۋە سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى قوبۇللاش پونكىتى پۈتتى ھەمدە سىناق تەرىقىسىدە تارقىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، بۇلارغا جەمئىي 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ بازار ئومۇمىي پىلانى»نى ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى - مۇھىت ئاسراش نازارىتى تەستىقلىدى.

يىل ئاخىرىدا ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. شۇ يىلى 730 مېتىر كوچا يولى كېڭەيتىلدى، 1000 مېتىرلىق كونا زەيكەش تىندۇرۇلدى، 2 سانائەت مەھسۇلاتلىرى بازىرى قۇرۇلدى، 1240 مېتىر يولغا ئاسفالىت ياتقۇزۇلدى.

## 1989 - يىلى

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيى ئېچىلدى، ۋاڭ جىنشەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا سايلاندى.

ئەتىيازدا ناھىيە بويىچە مەبلەغ توپلاپ مەكتەپ سېلىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى، جەمئىي 1 مىليون 340 مىڭ يۈەنلىك مەبلەغ توپلىنىپ، 2201 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى سېلىندى، شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى خەتەرلىك ئۆيلەر ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىدى.

ئەتىيازدا ناھىيە بويىچە 52 مىڭ 593 مو يەردە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى، بۇ كېۋەز تېرىلغان كۆلەمنىڭ %70نى ئىگىلىدى.

ئەتىيازدا ناھىيە بويىچە 16 كارخانا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، رىقابەت مېخانىزمىنى كىرگۈزۈپ، ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، جۇڭجياڭ گاۋ خۇەنچاڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جيا شۇشەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شيې فۇپىڭنىڭ ھەمراھلىقىدا توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ناھىيىلىك پېنسىيە خىراجىتىنى بىر تۇتاش غەملەش كومىتېتى قۇرۇلدى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ناھىيە بويىچە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش يىغىنى ئېچىلىپ، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى بەلگىلىگەن مۇددەتتە سەمىمىيلىك بىلەن ھۆكۈمەتكە گۇناھىنى تاپشۇرغان 4 خىيانەتچى، پارىخور كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى، ئۆزىنى مەلۇم قىلىشنى رەت قىلغان 2 جىنايەتچى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىندى.

شۇ يىلى ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدا نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولدى، جەمئىي 460 مىڭ ئىش كۈنى ئەمگەك قىلىنىپ، 163 كىلومېتىر ئۆستەڭ چېپىلدى، 10 مىڭ 666 مو بوز يەر ئېچىلدى، 50 مىڭ

مو سالا ئېتىز پىلانلاندى، بۇلارغا 2 مىليون 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.
شۇ يىلى ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرى ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلدى.

## 1990 ـ يىلى

1 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسى مەملىكەت بويىچە تۇبېركۇليوز كېسىلى كۆزىتىلىدىغان 20 ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ناھىيە تەۋەسىدە ناھىيە، يېزا، كەنت دەرىجىلىك كۆزىتىش تورى بەرپا قىلىندى.

3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا قادىر ئىدرىس ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، بارات ھەسەن ھاكىملىققا سايلاندى.

5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك كەسپىيات ۋە يېڭى تېخنىكا كۆرگەزمىسىدە توقسۇ ناھىيىلىك مىللىي بۇيۇملار زاۋۇتىدا توقۇلغان خورجۇن كۈمۈش مېدال مۇكاپاتىغا، گىجىم رومال مىس مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن مۆلدۈر ياغدى، 2 يېزا، 7 كەنت، 748 ئائىلىنىڭ 8659 مو كېۋەزلىكى ئاپەتكە ئۇچرىدى.

7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بازار ئەتراپىدىكى 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان بېلىقچىلىق مەيدانى پۈتتى.

شۇ ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە «بىغ» لوڭقىسىنى تالىشىش پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، توقسۇ ناھىيىسى ئەڭ ياخشى مۇسابىقە رايونى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

9 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە يودلۇق تۇز نەق مەيدان يىغىنى توقسۇ ناھىيىسىدە ئېچىلدى، توقسۇ ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە يودلۇق تۇز ئىستېمال قىلىشنى ئومۇملاشتۇرغان ئىلغار ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

## 1991 ـ يىلى

1 ـ ئايدا ناھىيە بازىرىدىكى يوندا تۈرۈبىسى قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى.

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناھىيىدە تۇنجى قېتىم يەنشاۋ بايرىمىلىق پانۇس كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى، كۆرگەزمىگە 35 ئورۇن قاتناشتى، 60 نەچچە خىل گۈللۈك پانۇس كۆرگەزمە قىلىندى، 7 ئورۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى، تاماشىبىن 6000 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىسىدىكى يەككە تىجارەتچى ئۆمەر مەملىكەتلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى.

7 ـ ئايدا ۋاڭ جىنشەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومغا يۆتكەلدى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئىشلىرىغا ليۇ زۇڭمىي رىياسەتچىلىك قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كېچىدە مۆلدۈر ياغدى، 6 يېزا، بىر بازار، 29 كەنتنىڭ 58 مىڭ 946 مو يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائىتى ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئىقتىسادىي زىيان 17 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى شىياڭگاڭنىڭ سابىق مۇۋەققەت باش ۋالىيسى، مەمۇرىي ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارى سېر جوڭ يىجيې خانىمى بىلەن توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ، ناھىيە بازىرىنى ۋە باغۋەنچىلىك مەيدانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

www.uyghurkitap.com



9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى 314 - دۆلەت يولىنىڭ توقسۇ ناھىيە بازىرىدىن ئۆتىدىغان بۆلىكىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 6 مىليون 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. قۇرۇلۇش 1993 - يىل 8 - ئايدا پۈتتى.

9 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم «پارتىيە تارىخى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، پارتىيە تارىخى خىزمىتى كومىتېتى قۇردى.

9 - ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم توقسۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشەپ، لى جىچېڭنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى.

10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شارشىبېك سىدىق توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە خەلق كىنوخانىسىدا نام بېرىش يىغىنى ئېچىپ، توقسۇ ناھىيىسىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ناھىيە» دەپ نام بەردى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورگانلىرى تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، ھامىدىن نىياز، بادەي، خەلچەم ئىسلام، تاڭ گۇاڭسەي قاتارلىقلار توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ناھىيە بولغانلىقىغا ئاتاپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى خەلچەم ئىسلام ۋە ۋىلايەتنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن قاھار ئەمەت، خۇاڭ چاڭيۈەن، تيەن شىجېڭ، مەمتىمىن زاكىر، رۇڭ جيامولار شۇنداقلا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى چۈەنرېن قاتارلىقلار يىغىنغا كېلىپ تەبرىكلىدى.

12 - ئايدا ھەرقايسى يېزا، بازارلىق پارتكوملارنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى باشلاندى.

شۇ يىلى «دۇنيا بانكىسىنىڭ تور قۇرۇلۇشى»دا ئىش باشلاندى.

## 1992 - يىلى

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. لى جىچېڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

4 - ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۈسۈپ مۇھەممىدى باشچىلىقىدا 20 نەچچە كىشى توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ، دۇنيا بانكىسى تور قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

5 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە بوران، ئۆششۈك، مۆلدۈر ئاپەتلىرى يۈز بەردى، 6 يېزا، بىر بازار، 109 كەنتتىكى 19 مىڭ 173 ئائىلە، 201 مىڭ 202 مو يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائىتى ئاپەتكە ئۇچرىدى، 46 چارۋا، 864 ئۆي قۇشى ئۆلدى، 4521 تۈپ دەرەخ، 20 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئىقتىسادىي زىياننى پۇلغا سۇندۇرغاندا 22 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولدى.

5 - ئايدا پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ئورناتقان 500 توچكىلىق ئاپتوماتىك تېلېفون ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، بۇنىڭغا جەمئىي 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، شۇ يىلى 193 ئابونت تېلېفون ئورناتتى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ناھىيە بازىرىدىكى 1 - قارارلىق يولدا ئاققۇزۇش قۇرۇلۇشى پۈتتى، جەمئىي 1 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 7282 مېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ مۇھىت تازىلىقى ياخشىلاندى.

7 - ئايدا دۇنيا بانكىسىنىڭ سۇغىرىش مۇتەخەسسىسى، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى گۇنا ئەپەندى باشچىلىقىدىكى دۇنيا بانكىسىنىڭ 7 كىشىلىك مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ، دۇنيا بانكىسىنىڭ

تور قۇرۇلۇشىنى تەكشۈردى.

9 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىختىساسلىق خادىم، تېخنىكا، مەبلەغ كىرگۈزۈش جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىش چارىسىنى ئېلان قىلدى.

11 - ئايدا ھاكىم بارات ھەسەن، مۇئاۋىن ھاكىم يەن خۇلى قاتارلىق 8 كىشىدىن تەشكىللەنگەن تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىدىكى دۆلەتلەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

12 - ئايدا 490 مىڭ خەتلىك «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تەشكىلات تارىخى ماتېرىياللىرى» دېگەن كىتاب نەشر قىلىندى.

شۇ ئايدا مۇھەممەت ھۇسەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى، بارات ھەسەن كۇچا ناھىيىسىگە يۆتكەلدى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش، سېتىش ئىشلىرى پۈتۈنلەي قويۇۋېتىلىپ، ئەركىن سودا يولغا قويۇلدى.

## 1993 - يىلى

1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى ۋە سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنى ئېچىلدى. ھامۇت مەخمۇت ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، مۇھەممەت ھۇسەن ھاكىملىققا، ليۇ شيالىڭ سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خېلىڭ قاتارلىقلار توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ، دۇنيا بانكىسى تور قۇرۇلۇشىنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈردى.

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى بوران چىقتى، ناھىيە بويىچە 39 كەنتتىكى 4362 ئائىلىنىڭ 38 مىڭ 206 مو يەردىكى زىرائەتتى ئاپەتكە ئۇچرىدى.

6 - ئايدا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى جاۋ پۇچۇ توقسۇ ناھىيىسىدىكى بىر خارابىلىقتا ئورنىتىلىدىغان خاتىرە تاشقا «تالڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جىجۇگۇەن خارابىسى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مۆلدۈر ياغدى، ناھىيە بويىچە 10 كەنتتىكى 1307 ئائىلىنىڭ 18 مىڭ 134 مو يەردىكى زىرائەتتى ئاپەتكە ئۇچرىدى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - ئايدا قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىدىن كەلگەن شوۋلاق ئەپەندى ناھىيىلىك چېگرا سودىسى شىركىتى بىلەن سودا ئىشلىرىدا كېڭەشتى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى خەلچەم ئىسلام، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شىي فۇيىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قەمبەرخان ئەمەت، پاشا ئىشان قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

9 - ئايدا ناھىيىلىك «ئۆرلەش» بازىرى پۈتۈپ تىجارەت باشلاندى.

شۇ ئايدا دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە 16 تۈرلۈك نىشانغا يېتىش، دەرىجە ئۆستۈرۈش پائالىيىتى، 24 خىل مەبلەغ توپلاش تۈرى، دېھقانلارنىڭ سېلىقىغا تاقىلىدىغان 8 ھۆججەت بىكار

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



قىلىندى، بۇلار دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ فۇسېن توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

11 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى جىچىڭ يەرلىك سودا - چېگرا سودىسى شىركىتى، تەمىنات - سودا كوپىراتىپى ۋە توقسۇ بازىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى باشلاپ، پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىگە بېرىپ، ئېكسپورت تاۋارلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتى، بىر تۈردە توختام تۈزدى، پۈتۈشۈش سوممىسى 255 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى.

شۇ يىلى دۇنيا بانكىسىنىڭ تور قۇرۇلۇشى ئوخشۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى، 45 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 21 مىڭ 500 مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 33 مىڭ 600 مو بوز يەر ئېچىلدى.

## 1994 - يىلى

10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇۋەققەت شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

كۈزدە ناھىيە بويىچە 5 ئەكسىلئىنقىلابىي پارتلىتىش دېلوسى يۈز بەردى. ھەردەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە ج خ تارماقلىرىنىڭ پائال تىرىشىشى ئارقىسىدا، «شەرقىي تۈركىستان ئادالەت پارتىيىسى» ناملىق ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ ۋە بۇ گۇرۇھنىڭ پارتلىتىش شايكىلىرى قولغا چۈشۈرۈلدى، 40 نەچچە قارا نىيەتچى قانۇن تورىغا چۈشتى.

12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى توقسۇ ناھىيىسى يىلەن بېيجىڭ شەھىرىنىڭ چاڭپىڭ ناھىيىسى دوست ناھىيە بولدى. توقسۇ ناھىيىسىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن لى جىچىڭ، ھاشۇت مەخمۇت، مۇھەممەت ھۆسەن، خې جىمىڭ قاتارلىقلار ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق كەسىپلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 1993 - يىلدىكى 123 مىڭ مودىن 180 مىڭ موغا كۆپەيتىلدى، پاختا 1993 - يىلدىكى 7000 توننىدىن 14 مىڭ توننىغا يەتتى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە پىلانلىق تۇغۇت كۆرسەتكۈچلىرى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، شۇ يىلى ۋىلايەت چۈشۈرگەن ئومۇمىي نوپۇس پىلانى 130 مىڭ 600 ئىدى، يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئەمەلىي نوپۇس 123 مىڭ 400 بولدى، ناھىيە پىلاندىن ئاشۇرۇپ تۇغۇش كۆرۈلمەسلىك ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ناھىيە بولدى.

## 1995 - يىلى

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى توقسۇ ناھىيىسىدە، تۈمەن كىشىلىك ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، يۇرۇشلۇق پارتلىتىش دېلوسى سادىر قىلغان 28 جىنايەتچىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى توقسۇ ناھىيىسى 7 ~ 8 بال بورانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە 6 قېتىم مۆلدۈر ئاپىتى بولدى. 11 مىڭ 63 دېھقان ئائىلىسى، 50 مىڭ 366 ئادەم (قېتىم) ئاپەتكە ئۇچرىدى، 25 دېھقان يارىلاندى، ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى كۆلىمى 314 مىڭ مو (قېتىم) غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كېۋەزلىك 250 مىڭ مو (قېتىم) بولۇپ، 25 مىڭ مو يەردىن ھوسۇل چىقمىدى؛ ئېگىز ئورنىغا تېرىلغان كۆممىقوناق 20 مىڭ 400 مو، بۇنىڭدىن زىيان بولۇش نىسبىتى 80%تىن يۇقىرى بولغىنى 6360 مو. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 34 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ناھىيىلىك سۇچىلىق خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشقان 171 ۋەكىل سۇچىلىق

مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى جاڭ چۇنيۈەن، جۇ ۋېنجىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئېتىز - ئېرىق، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى.

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ھۆججەت - ئەسەرلەر تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى پاڭ شيەنجى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ھۆججەت - ئەسەرلەر تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ باش كاتىپى ۋاڭ يۇپۇ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ھۆججەت - ئەسەرلەر نەشرىياتىنىڭ باشلىقى تەن دېشەنلەر توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسقەت كېرىمباي توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ، خىزمەتلەرنى تەكشۈردى ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدى.

شۇ يىلى توقسۇ ناھىيىسى بازىرىدىكى يەككە تىجارەتچى ئابلىز روزى ھاجى 170 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سالدۇردى. مەكتەپنىڭ كۆلىمى 20.7 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 457 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. مەكتەپكە شۇ يىلى 230 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، 9 - ئايدا ئوقۇش باشلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى قىسىم

# تەشكىلىي تۈزۈلۈشى، رايونلارغا ئايرىلىشى



بۇتباش قەدىمكى شەھىرى

# بىرىنچى قىسىم

# تەشكىلىي تۈزۈلۈشى، رايونلارغا ئايرىلىشى

## I باب

## ئورنى، يەر كۆلىمى

توقسۇ ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان. شەرقىي تەرىپى ئۆگەن دەرياسى ئارقىلىق كۇچا ناھىيىسى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ؛ غەربىي تەرىپى قارا يۇلغۇن تېغى ئارقىلىق ئاقسۇ شەھىرى ۋە ئونسۇ ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ؛ شىمالىي تەرىپى تەڭرىتاغنىڭ تارمىقى بولغان چۆلتاغ ئارقىلىق باي ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ؛ جەنۇبىي تەرىپى شايار ناھىيىسىنىڭ يېڭى مەھەللە يېزىسى، 2- چارۋىچىلىق فېرمىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 80°55′ ~ 82°43′، شىمالىي پاراللېل 40°45′ ~ 41°45′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

ناھىيىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 136 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 91 كىلومېتىر كېلىدۇ. ناھىيە بازىرىدىن شەرقتە ئۆزۈمچىگە بارىدىغان تاشيولنىڭ مۇساپىسى 794 كىلومېتىر (ئۇدۇل ئارىلىقى 484 كىلومېتىر)، كۇچا ناھىيىسىگە بارىدىغان تاشيولنىڭ مۇساپىسى 43 كىلومېتىر (ئۇدۇل ئارىلىقى 32 كىلومېتىر)، غەربتە ئاقسۇ شەھىرىگە بارىدىغان تاشيولنىڭ مۇساپىسى 216 كىلومېتىر، (ئۇدۇل ئارىلىقى 194 كىلومېتىر)، جەنۇبتا شايار ناھىيىسىگە بارىدىغان تاشيولنىڭ مۇساپىسى 43 كىلومېتىر (ئۇدۇل ئارىلىقى 34 كىلومېتىر)، شىمالدا باي ناھىيىسىگە بارىدىغان تاشيولنىڭ مۇساپىسى 146 كىلومېتىر (ئۇدۇل ئارىلىقى 64 كىلومېتىر) كېلىدۇ.

ناھىيىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 8223 كۋادرات كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە بوستانلىق 1745.9 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %21.24ىنى ئىگىلەيدۇ؛ سۇ يۈزى 24.9 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %0.3ىنى ئىگىلەيدۇ؛ تاغلىق 1071 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %13.02ىنى ئىگىلەيدۇ؛ چۆللۈك 5381.2 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ %65.44ىنى ئىگىلەيدۇ.

# II باب

# تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنىڭ تەرەققىياتى

ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسى تەۋەلىكى چىن سۇلالىسىدىن خەن سۇلالىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا غەربىي يۇرتنىڭ كۇسەن بەگلىكىگە تەۋە ئىدى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ۋېندى زامانىسىدا (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 179 ـ يىلدىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 175 ـ يىلغىچە) ھۇنلارنىڭ كۇچى غەربكە قاراپ ئەدرىجىي كېڭىيىپ، ھۇن باتىسخانى غەربىي يۇرتتا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ مەزگىلدە كۇسەن ھۇن چاكارلار كاھىبىگە قارىدى.

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەندىڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 115 ـ يىلى) خەن ۋۇدى جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەندىن كېيىن، بۇ يۇرت بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئالاقىسى كۈچەيدى. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ شېنجۆ 2 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 60 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتتا قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلدى، ناھىيە تەۋەسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قارىدى.

شىنماڭ زامانىسىنىڭ تيەنفېڭ 3 ـ يىلى (16 ـ يىلى) بەھەيۋەت سانغۇن ۋاڭ جۈن بىلەن قورۇقچىبەگ لى چۇڭ غەربىي يۇرتقا ئەۋەتىلدى، ئۇلار كىنگىتكە كەلگەندە مۆكتۈرمە ئەسكەرلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، ۋاڭ جۈن جەڭدە ئۆلدى، لى چۇڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، كۇسەنگە قايتىپ مۇداپىئە كۆردى. كېيىن لى چۇڭنىڭ ئۆلۈشى بىلەن غەربىي يۇرت قولدىن كەتتى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 17 ـ يىلى (74 ـ يىلى) شەرقىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قايتا قۇردى، مەھكىمە ئورنىنى كۇسەننىڭ داۋانقۇم شەھىرىگە (ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) يۆتكەپ، چېن مۇنى قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلىدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 18 ـ يىلى (75 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا مىڭدى خان ئۆلدى، كىنگىت بىلەن كۇسەن بىرلىشىپ قورۇقچىبەگ چېن مۇغا ھۇجۇم قىلدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۈەن 3 ـ يىلى (91 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى بەن چاۋنى قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلىدى، ئۇ ئەسكەرلەرنى باشلاپ كۇسەندىكى داۋانقۇم شەھىرىگە ئورۇنلاشتى، ئۇ ھۇنلار تەيىنلىگەن كۇسەن بېگى يولىدونى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلاپ، سوۋارنا پوسبانى كۇسەن بېگى قىلىپ تەيىنلىدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۈەن 14 ـ يىلى (102 ـ يىلى) دىن كېيىن تەيىنلەنگەن قورۇقچىبەگ رېن شاڭ، دۈەن شىلارمۇ داۋانقۇم شەھىرىدە تۇردى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭچۇ 1 ـ يىلى (107 ـ يىلى) شىمالىي ھۇنلار كۇسەننى بېسىۋالدى. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭجيەن 2 ـ يىلى (127 ـ يىلى) بەن يۇڭ يەنە غەربىي يۇرتقا كىرىپ، كۇسەن قاتارلىق 17 بەگلىكنى بويسۇندۇردى.

ۋېي سۇلالىسىنىڭ خۇاڭچۇ 3 ـ يىلى (222 ـ يىلى) كۇسەن ۋېندى خانغا تارتۇق بەردى. ۋېي، جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتتا دورغاپ بېگى ياكى ساقلاۋچى چېرىكچىبەگ تەسىس قىلدى، كۇسەن ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

سۇي سۇلالىسىنىڭ دايې 5 ـ يىلى (609 ـ يىلى) ياڭدى خان خېشى ئەتراپىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، كۇسەن بېگى ئەلچى ئەۋەتىپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تارتۇق قىلدى، ئەلچىلەر شۇ جايدا ياڭدى خاننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېنىغا سالامغا كىردى.

تالڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 22 ـ يىلى (648 ـ يىلى) تەيزۇڭ خان ئاشناشىر باشچىلىقىدىكى قوشۇننى كۇسەنگە ئەۋەتىپ، غەربىي تۈرك تەپرىقچى كۈچلىرىنى يوقىتىپ، كۇسەن تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇردى. شيەنچىڭ 3 ـ يىلى (658 ـ يىلى) ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى كۇسەنگە كۆچۈرۈپ كېلىنىدى.

تالڭ سۇلالىسى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئارىلىقىدا كۇسەن ئەنشى ئۇيغۇر خانلىقىغا قارىدى، ئەمما مەركىزىي سۇلالە بىلەن يەنىلا باردى ـ كەلدى قىلىشىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ساقلىدى.

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنخې 6 ـ يىلى (1124 ـ يىلى) كۇسەن قاراقىتان خانلىقىغا قارىدى.

موڭغۇل خانلىرىدىن چىڭگىزخان زامانىسىنىڭ 20 ـ يىلى (1225 ـ يىلى) چىڭگىزخان ئوغۇللىرىغا سۆيۈرغاللىق يەر بۆلۈپ بەردى، چاغاتاي خان ئۆزىنىڭ شەرقتىكى كۈچا، بۇگۈردىن غەربتىكى پەرغانە چېگرىسىغىچە بولغان يەرلىرىنى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئاتامانى ئورتوبوغا ھەدىيە قىلدى، توقسۇ ناھىيىسىمۇ شۇ يەرنىڭ ئىچىدە بولدى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى شۈندى زامانىسىنىڭ جىجېڭ 6 ـ يىلى (1346 ـ يىلى) تۇغلۇق تۆمۈر ئاقسۇدا خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ يەرلىرىنى قورال كۈچى بىلەن بىرلىككە كەلتۈردى، توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ جياجىڭ 12 ـ يىلى (1533 ـ يىلى) شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى مەنسۇرخان يەكەن خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئابدۇرەشىتخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسى يەكەن خانلىقىغا قارىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 17 ـ يىلى (1678 ـ يىلى) ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىن بولغان خوجىلار جۇڭغار كۈچلىرى بىلەن بىرلىشىپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، موڭغۇل ئەۋلادىدىن بولغان بەگلەرنى بۇلاپ شىمالغا (ئىلىغا) ئېلىپ كەتتى. توقسۇ جۇڭغارلارنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئۆتۈپ كەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى جۇڭغارلارنى تىنچىتقاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. 7 ـ ئايدا كۈچانى ئېلىپ، كۈچاغا بىر خانئامبال قويدى، ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك بەگلىرى ئارقىلىق، ھازىرقى كۈچا، شايار، توقسۇ قاتارلىق رايونلارغا ۋاستىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا يەرلىك خوجىزۇلاردىن ما لۇڭ قاتارلىقلار ئۆگەن دەرياسىدىكى سۇ قۇرۇلۇشى ئورنىدا ئامىمنى يىغىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى، بۇنىڭغا خەلق ئاممىسى ئاۋاز قوشتى، ئۇلارنىڭ كۈچى تېزدىن زورىيىپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىپ يىمىرىم جان قىلىپ قويدى. دىنىي ئۆلىما راشىدىن خوجا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دېھقانلار قوشۇنىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. ئۇنىڭ كۈچى زورايغاندا غەربتە يەركەنگىچە، شەرقتە قۇمۇلغىچە يەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 6 ـ يىلى (1867 ـ يىلى) قوقەنلىك مىللەتلارست ياقۇپبەگ ئاقسۇ ۋە كۈچانى ئىشغال قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن توقسۇ خەلقى تويتوغرا 10 يىل ياقۇپبەگنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئۆتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 3 ـ يىلى (1877 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى زوزۇڭتاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ليۇ جىنتاڭ قوشۇن باشلاپ كۈچانى ئېلىپ، كۈچا كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدارىسىنى تەسىس قىلدى. گۇاڭشۈ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) كۈچا بىۋاسىتە قاراشلىق قۇتادغۇ مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى، گۇاڭشۈ 28 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) ئۇ كۈچا بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ھازىرقى كۈچا، شايار، توقسۇ قاتارلىق جايلار ئۇنىڭغا قارىدى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) كۈچا ئايمىقى كۈچا ناھىيىسى قىلىپ

ئۆزگەرتىلدى، ھازىرقى توقسۇ ئاقسۇ دوتەيلىكى كۆچا ناھىيىسىنىڭ غەربىي يېزىسىغا قارىدى، شۇ چاغدا ئۇ غەربىي يېزىدىكى 35 ئۇيغۇر مەھەللىسىنىڭ تەركىبىدە ئىدى.

مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) كۆچا ناھىيىسىنىڭ غەربىي يېزىسىدىن 12 مۇسۇلمانلار مەھەللىسى ئايرىپ چىقىلىپ، توقسۇ ياردەمچى ئامباللىقى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مىللىي ھۆكۈمەت مەمۇرىي پالاتاسىنىڭ پەرمانى ئارقىلىق توقسۇ ياردەمچى ئامباللىقى توقسۇ ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) شايار ناھىيىسىنىڭ دايۇلتۇز كەنتى (قارمىقىدا 14 كىچىك كەنت بار) توقسۇ ناھىيىسىگە قوشۇپ بېرىلدى.

مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) توقسۇ ناھىيىسىنىڭ خەنزۇچە نامى شىنخې ناھىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى (ئۇ شىنجاڭ ـ تىنچلىق دېگەن مەنىدىكى خەنزۇچە خەتتىن ئېلىنغان).

1949 ـ يىل 9 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسى تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. 1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمەت ئەترىتى توقسۇغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. 1950 ـ يىل 5 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. 1951 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شايار ناھىيىسىنىڭ تىگىن، پايىستىن ئىبارەت 2 كەنتى توقسۇ ناھىيىسىگە قوشۇپ بېرىلدى.

1955 ـ يىلى قىشتا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. 1981 ـ يىل 11 ـ ئايدا خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ئىزچىل توقسۇ بازىرىدىكى «ئازادلىق» يولى (بۇرۇنقى چوڭ كوچا) دا بولدى.

# III باب

# مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

## 1 §. مىنگو دەۋرىدىكى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

### 1. مىنگونىڭ 11 ـ يىلىدىن 29 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا رايونلارغا ئايرىلىش ئەھۋالى

مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) توقسۇغا ياردەمچى ئامبال قويۇلغاندا ناھىيە قارمىقىدا توقسۇ، تاشئېرىق، ئىچئېرىق، ئۆگەندىن ئىبارەت 4 چوڭ كەنت، جاي، قوشئېرىق، تاشئېرىق، يېڭىئاۋات، بۇقا تېمى، شويۇلتۇز، قۇتلۇق، گۈمباز، قاراقۇم، چىغىرلا، قاراسا، شەھېتلەدىن ئىبارەت 12 كىچىك كەنت بار ئىدى.

مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) توقسۇ ناھىيىسى قۇرۇلغاندا ئاقيار كەنتى تەسىس قىلىندى. بۇ چاغدا ناھىيىنىڭ قارمىقىدىكى چوڭ كەنت جەمئىي 5 بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شايار ناھىيىسىنىڭ دايۆلتۈز كەنتى توقسۇ ناھىيىسىگە قوشۇپ بېرىلدى، بۇ كەنتنىڭ قارىمىقىدا بەگلىكئېرىق، سۆتىگەن، خوجا تۆرۈس، توغراقئېرىق، ئۆچقات، كىچىك ئاچادۆڭ، تاغئېرىق، توپا شەھەر، چوڭ ئاچادۆڭ، قۇملۇقئېرىق، چىلان، سۇ ئاستى، دايۆلتۈز، شو يۆلتۈزدىن ئىبارەت 14 كىچىك كەنت بار ئىدى.

## 2. مىنگونىڭ 30 ـ يىلىدىكى رايونلارغا ئايرىلىشى

مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) ئەتىيازدا شاڭيۇ، يۈز بېشى، ئونبېشى قاتارلىق كونا مەمۇرىي تەشكىلات ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، رايون، كەنت ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە جەمئىي 4 رايون قۇرۇلدى.

1 ـ رايون بۇ رايونغا توقسۇ كەنتى، ئىچئېرىق كەنتى، يېڭىئاۋات كەنتى، ئاقيار كەنتى قارىدى.
2 ـ رايون بۇ رايونغا تاشئېرىق كەنتى، قوشئېرىق كەنتى، شويۆلتۈز كەنتى قارىدى.
3 ـ رايون بۇ رايونغا كىچىك ئۇچا كەنتى، دايۆلتۈز كەنتى، خوجاتۆرۈس كەنتى قارىدى.
4 ـ رايون بۇ رايونغا بەگلىكئېرىق كەنتى، دايۆلتۈز كەنتى، چىلان كەنتى قارىدى.

## 3. مىنگونىڭ 33 ـ يىلىدىكى رايونلارغا ئايرىلىشى

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە باۋجيا تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا 2 بازار، 4 يېزا، 57 باۋ، 707 جيا قۇرۇلدى.

جۇڭشەن بازىرى: بۇنىڭغا چىڭلىيەن، يۇڭپىڭ، جىڭخۇ، ۋېيشېڭ، ئامانلىق، لىيى، مىنپېڭدىن ئىبارەت 7 كوچا قارىدى، 8 باۋ، 67 جيا تەسىس قىلىندى.

جۇڭجېڭ بازىرى: بۇنىڭغا قۇرۇلۇش كوچىسى، غەربىي كوچا، ئاشلىق كوچىسى، ئوقەتچىلەر كوچىسى، تىنچلىق كوچىسىدىن ئىبارەت 5 كوچا قارىدى، 6 باۋ، 50 جيا تەسىس قىلىندى.

جۇڭشياۋ يېزىسى: بۇ يېزىغا ئاقيار، ئىچئېرىق، جاي، توقسۇ، يېڭىئاۋات كەنتلىرى قارىدى، 15 باۋ، 208 جيا تەسىس قىلىندى.

رېنئەي يېزىسى: بۇ يېزىغا غاز مەھەللە، بۇقاتېمى، گۇمباز، قارا قۇم، شىبھىتلە، قوشئېرىق، تاشئېرىق كەنتلىرى قارىدى، 12 باۋ، 163 جيا تەسىس قىلىندى.

شىنيى يېزىسى: بۇ يېزىغا تاشئېرىق، توپاشەھەر، قۇملۇقئېرىق، بەلكەستى، خوجاتۆرۈس كەنتلىرى قارىدى، 8 باۋ، 105 جيا تەسىس قىلىندى.

تىنچلىق يېزىسى: بۇ يېزىغا تۆرئېرىق، ئۆچقات، تېرەكلىك، ئاچادۆڭ، كىچىك ئاچادۆڭ، خەلپە ئېرىق قاتارلىق كەنتلەر قارىدى، 8 باۋ، 114 جيا تەسىس قىلىندى.

## 4. مىنگونىڭ 37 ـ يىلىدىكى رايونلارغا ئايرىلىشى

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) ناھىيە بىر بازار، 4 يېزا، 36 باۋ، 228 جيا قىلىنىپ قايتىدىن تەڭشەلدى.

# 2 § . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

## 1. 1950 - يىلدىكى رايونلارغا ئايرىلىشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 10 - ئايدا باۋجيا تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، رايون، يېزىلار تەسىس قىلىندى. جەمئىي 4 رايون، 12 يېزا، 4 كوچا، 56 كەنت (مەمۇرىي كەنت) قۇرۇلدى.

1 - رايون    بۇنىڭغا 1 - كوچا (قەشقەر كوچىسى)، 2 - كوچا (رەستە كوچىسى)، 3 - كوچا (يۇلتۇز كوچىسى)، 4 - كوچا (خوتەن كوچىسى) ۋە جاي كەنتى، ئارامەھەللە قارىدى.

2 - رايون    بۇنىڭغا 1 - يېزا (پەيشەنبە بازار يېزىسى)، 2 - يېزا (ئىچكىبىرىق يېزىسى)، 3 - يېزا (ئاقيار يېزىسى)، 4 - يېزا (يېڭىئاۋات يېزىسى) قارىدى.

3 - رايون    بۇنىڭغا 1 - يېزا (قوشئېرىق يېزىسى)، 2 - يېزا (كونا بوز يېزىسى)، 3 - يېزا (قاراقۇم يېزىسى) 4 - يېزا (شېھىتلە يېزىسى) قارىدى.

4 - رايون    بۇنىڭغا 1 - يېزا (توپاشەھەر يېزىسى)، 2 - يېزا (چىلان يېزىسى)، 3 - يېزا (ئۆچقات يېزىسى)، 4 - يېزا (خەلپەئېرىق يېزىسى) قارىدى.

## 2. 1953 - يىلدىكى رايونلارغا ئايرىلىشى

1953 - يىل 10 - ئايدا ناھىيە قايتىدىن 5 رايون، 21 يېزا، 5 كوچا، 167 كەنت (تەبىئىي كەنت) قىلىنىپ تەڭشەلدى.

1 - رايون    بۇنىڭغا 3 يېزا، 4 كوچا، 34 كەنت، 3345 ئائىلە، 13 مىڭ 743 ئادەم قارىدى.

**قەشقەر كوچىسى**    بۇنىڭغا جاي، مەخمەز، تاۋاق بازىرى، قەشقەر كەنتلىرى قارىدى.

**ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئالدى كوچىسى**    بۇنىڭغا قۇمۇش كوچىسى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كوچىسى، رەستە، رەلەي كوچىسى، كۆنچى كوچىسى قارىدى.

**يۇلتۇز كوچىسى**    بۇنىڭغا يۇلتۇز كوچىسى، سوچاڭ كوچىسى، كىچىك مەھەللە، بورا بازىرى قارىدى.

**خوتەن كوچىسى**    بۇنىڭغا قىزلار كوچىسى، ئىتتىپاق كوچىسى، خوتەن مەھەللىسى، راۋاپ كەنتى قارىدى.

**چوڭتوغراق يېزىسى**    بۇنىڭغا ئارامەھەللە، تېتىرئېرىق، سېرىقتوغراق، توغرائېرىق، قۇدۇقئېرىق، قاراياغاچ، مازار مەھەللىسى قارىدى.

**پەيشەنبە بازار يېزىسى**    بۇنىڭغا پەيشەنبە بازار، چوڭ قىچىچى، قارادۆڭ، قۇملۇقئېرىق، كالتا قىچىچى كەنتلىرى قارىدى.

**خادالىق يېزىسى**    بۇنىڭغا يۇقىرىچالا، تۆۋەنكى خادالىق، قۇمكۆل، سۆگەتتوتان، خادا ئېرىق كەنتلىرى قارىدى.

2 - رايون    بۇنىڭغا 4 يېزا، 30 كەنت، 2330 ئائىلە، 10 مىڭ 891 ئادەم قارىدى.

ئاقيار يېزىسى بۇنىڭغا ئۆستۈن، ئاقمەسچىت، يانداق، تۆتتاش، توغراق يۇقارقى كەنتى، يېڭىئاۋات، جاي كەنتلىرى قارىدى.

ئىچكىرىق يېزىسى بۇنىڭغا توقچەك، ئويمەھەللە، خانىقا، ئىچكىرىق، قۇملۇقئېرىق كەنتلىرى قارىدى.

مۇنار يېزىسى بۇنىڭغا ئۇزۇن كوچا، قارا ياغاچ، توغراقلىقئېرىق، قاراتاش، مۇنار، سۇپاتوغراق، قىزىلتام، چارشەنبەبازار كەنتلىرى قارىدى.

تىگىن يېزىسى (1951 - يىل 8 - ئايدا شايار ناھىيىسىدىن ئايرىپ بېرىلگەن) بۇنىڭغا ئويباغ، پىلىكئېرىق، بازار، گېرەمىلىك، كۆزلەك، توما، ئارامەھەللە، ئازنا بازار، توغراقمازار، ئۆستۈن كەنتلىرى قارىدى.

3 - رايون بۇنىڭغا 6 يېزا، 43 كەنت، 3103 ئائىلە، 14 مىڭ 346 ئادەم قارىدى.

يېڭىئاۋات يېزىسى بۇنىڭغا ئاچادۆلەت، ئوچا، ئاراتوگمەن، قۇمۇشلۇقئېرىق، يارباشلام، كۆتەمە، توغرا ئېگىز، يېڭىيەر كەنتلىرى قارىدى.

قاراقۇم يېزىسى بۇنىڭغا غولئېرىق، تېرەكلىك، خانىقاتام، توغرائېرىق، قۇمئېرىق كەنتلىرى قارىدى.

قوشئېرىق يېزىسى بۇنىڭغا توغراقۇم، تۆگمەنبېشى، قوشئېرىق، كۆتەمە، روشەنباغ، خانىقا، چولپانباغ كەنتلىرى قارىدى.

ئۆگەن يېزىسى بۇنىڭغا بۇقاتىمى، ئۈستۈن ئۆگەن، ئوتتۇرا ئۆگەن، تۆۋەن ئۆگەن، ئۈستۈن گۈمباز، ئوتتۇرا گۈمباز، تۆۋەن گۈمباز كەنتلىرى قارىدى.

كونابوز يېزىسى بۇنىڭغا نورباشلام، كونابوز، ئاچال، توپاشەھەر، كۆزلەك، كۆيۈندىئېرىق، چولاقتۇر، تۆمۈرچى كەنتلىرى قارىدى.

تۆگمەنبېشى يېزىسى بۇنىڭغا غازمەھەللە، ئاتبېشىدۆلەت، ئۆزۈنپىچىن، تۆگمەنبېشى، ئوقئوينا كەنتلىرى قارىدى.

4 - رايون (يەنى يېڭى 4 - رايون) بۇنىڭغا 4 يېزا، 26 كەنت، 1842 ئائىلە، 9490 ئادەم قارىدى.

توپاشەھەر يېزىسى بۇنىڭغا يۇقارقى مەھەللە، بوياقچىئېرىق، تۆگمەنبېشى، مازارىيېرى، ئاچادۆلەت، توپاشەھەر، تېرەكبوستان كەنتلىرى قارىدى.

چىلان يېزىسى بۇنىڭغا چىلانتوما، شەنبە بازار، چىلان، تۆۋەن چىلان، يېڭىباشلام، سۇپادۆلەت كەنتلىرى قارىدى.

توپاق يېزىسى بۇنىڭغا كۆتەمە مەھەللە، توپاق، ئاقئۆستەڭ، ئاچچىق، شويلۇق كەنتلىرى قارىدى.

بەگلىكئېرىق يېزىسى بۇنىڭغا يېڭىمەھەللە، خاجىغا، ئۈستۈنئېرىق، تۆگمەنبېشى، ئويئېرىق، ئۈجمەئېرىق كەنتلىرى قارىدى.

5 - رايون ئۇنىڭغا 4 يېزا، بىر كوچا، 34 كەنت، 2406 ئائىلە، 11 مىڭ 814 ئادەم قارىدى.

تۇرئېرىق كوچىسى بۇنىڭغا قۇمكۆل، يەكشەنبەبازار، گۈلباغ، تۇرئېرىق، يىراق كەنتلىرى قارىدى.

ئۈچقان يېزىسى بۇنىڭغا توغراقلىق، ئوتتۇرا ئۈچقات، چۆلبۇلاق، ئۈستۈن ئۈچقات، تۆۋەنكى ئۈچقات، بەلكەستى، سېدىلىق، ئاچال، لەمپە، بوياقچىئېرىق كەنتلىرى قارىدى.

خوجا تورۇس يېزىسى بۇنىڭغا لەڭگەر، چوڭ مەسچىت، قالجاقئېرىق، توغراقلىقئېرىق، ئويئېرىق

كەنتلىرى قارىدى.

خەلپە ئېرىق يېزىسى بۇنىڭغا تۇگمەنبېشى، مەدرىس، سېتە مەھەللە، گاڭگېرى، توغراقلىقئېرىق ئازنا بازار، بوۋايلار مەھەللىسى كەنتلىرى قارىدى.

شەھبتلە يېزىسى بۇنىڭغا گۇلباغ، شەھبتلە، يارباشلام، سۆگەتكۆزلەك، ياتاگومباز، قىزىلشەھەر، ئويئېرىق كەنتلىرى قارىدى.

## 3. 1956 - يىلدىكى رايونلارغا ئايرىلىشى

1956 - يىلى 10 - ئايدا رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزىلار قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە بىر بازار، 4 رايون، 14 يېزا (بىۋاسىتە قاراشلىق يېزىدىن بىرى بار) قالدى.

چىڭگۈەن بازىرى ئەسلىدىكى 1 - رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قارىمىقىدىكى 3 يېزا بىرلەشتۈرۈلۈپ پەيشەنبە بازار بىۋاسىتە قاراشلىق يېزىسى قىلىندى. قالغان 4 كوچا چىڭگۈەن بازىرى قىلىندى، ئۇنىڭغا 5 ئاھالىلەر كومىتېتى قارىدى.

2 - رايون بۇنىڭغا ئىچئېرىق، ئاقيار، تىگىن يېزىلىرى قارىدى.

3 - رايون بۇنىڭغا يېڭىئاۋات، قوشئېرىق، كونابوز، قاراقۇم يېزىلىرى قارىدى.

4 - رايون بۇنىڭغا چىلان، تۇرئېرىق، توپاشەھەر يېزىلىرى قارىدى.

5 - رايون بۇنىڭغا شەھبتلە، خەلپەئېرىق، ئۈچقات يېزىلىرى قارىدى.

## 4. 1957 - يىل 6 - ئايدىن 1959 - يىل 6 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى رايونلارغا ئايرىلىشى

1957 - يىل 6 - ئايدا 2 - رايون ئىچئېرىق رايونى، 3 - رايون تاشئېرىق رايونى، 4 - رايون چىلان رايونى، 5 - رايون يۇلتۇزباغ رايونى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

1958 - يىل 5 - ئايدا پەيشەنبە بازار بىۋاسىتە قاراشلىق يېزىسى ئىچئېرىق رايونغا قوشۇۋېتىلدى، شەھبتلە يېزىسى يۇلتۇزباغ رايونىدىن تاشئېرىق رايونغا قوشۇپ بېرىلدى.

1958 - يىل 10 - ئايدا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندا ئىچئېرىق رايونى «سوتسىيالىزم ھەمراھى» خەلق گۇڭشېسىغا، تاشئېرىق رايونى «قىزىل بايراق» خەلق گۇڭشېسىغا، يۇلتۇزباغ رايونى بىلەن چىلان رايونى بىرلەشتۈرۈلۈپ «شەرق شامىلى» خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## 5. 1959 - يىل 6 - ئايدىن 1984 - يىل 8 - ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى رايونلارغا ئايرىلىشى

1959 - يىل 6 - ئايدا چىڭگۈەن بازىرى بازارلىق گۇڭشې قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «سوتسىيالىزم ھەمراھى» گۇڭشېسى ئىچئېرىق گۇڭشېسىغا، «قىزىل بايراق» گۇڭشېسى تاشئېرىق گۇڭشېسىغا،

«شەرق شامىلى» گۇڭشېسى دايۇلتۇز گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى. يىل ئاخىرىدا ناھىيىگە 4 گۇڭشې، 84 چوڭ ئەترەت، 382 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قارىدى.

1962 - يىلى ئەتىيازدا تاشئېرىق گۇڭشېسىدىن 9 چوڭ ئەترەت ئايرىپ چىقىلىپ شويۇلتۇز خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى.

1964 - يىلى بازارلىق گۇڭشې توقسۇ بازارلىق خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1966 - يىل 5 - ئايغا كەلگەندە ناھىيىگە 93 چوڭ ئەترەت، 354 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قارىدى.

**توقسۇ ناھىيىسىدىكى بازارلىق خەلق كومىتېتى ۋە خەلق گۇڭشېلىرىغا قاراشلىق چوڭ ئەترەتلەرنىڭ 1966 - يىل 5 - ئايدىكى نامى**

جەدۋەل: 1 — 1

| گۇڭشې (بازار) لار | چوڭ ئەترەتلەر |
|---|---|
| بازارلىق خەلق كومىتېتى | چوڭ كوچا، رەستە، يۇلتۇز كوچا، قەشقەر مەھەللىسى، توقسۇ |
| ئېچىئېرىق گۇڭشېسى | ئۇزۇن كوچا، ئۆرتاش، يانداق، ئاقيار، ئوبەمەھەللە، قاراتاش، مۇنار، قىزىلتام، چارشەنبە بازار، ئويباغ، تىگىن، نوما، پايسى، پەيشەنبە بازار، ئارا مەھەللە، چوڭتوغراق، نۆرباغ، كالتا قىچچى، چوڭقىچچى، قۇملۇقئېرىق، قارادۆڭ، خادالڭ، قۇمكۆل، سۆگەتتوتان، يۇڭقىچجالڭ، توقچەك، يۇقارقى يېڭىئاۋات، جاي، يۇقارقى مەھەللە، يېڭىمەھەللە، ئېچىئېرىق، قىزىلئۆر |
| تاشئېرىق گۇڭشېسى | تاشئېرىق، ئۆگمەنبېشى، كۆتەمە، قوشئېرىق، روشەنباغ، چولپانباغ، غازمەھەللە، ئاتېپشىدۆڭ، يېڭىئاۋات، كۆيۈندىئېرىق، ئاققوم، يېڭىيەر، نورباشلام، چولاقتۆر، بوستان، ئاچادۆڭ، كونابوز، ئارا ئۆگمەن، قومۇشلۇقئېرىق |
| شويۇلتۇز گۇڭشېسى | قاراقوم، بۇقا تېمى، ئۆگەن، گۈمباز، قولئېرىق، تېرەكلىك، خانقاتام، توغرا ئېرىق، گۈلباغ، يارباشلام، سۆگەتكۆزلەك، قىزىلشەھەر |
| دايۇلتۇز گۇڭشېسى | بازار، تائىئېرىق، چوڭكۆۋرۈك، گۈلباغ، تۆرئېرىق، بەگلىكئېرىق، ئۆزۈنمەھەللە، توپاقئېرىق، شويلۇق، ئاچال، تېرەكبوستان، شەنبە بازار، ئويچىلان، سۇپادۆڭ، كۆزلەك، توغراقلىقئېرىق، ئۆچقات، بەلكەستى، ئاچادۆڭ، لەمپە، ئازنا بازار، گاڭيەر، خەلپە ئېرىق، خوجا تۆرۈس، توپاشەھەر. |

1978 - يىلى ئېچىئېرىق گۇڭشېسىدىن 15 چوڭ ئەترەت ئايرىپ چىقىلىپ، پەيشەنبە بازار گۇڭشېسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى ناھىيىگە بازارلىق گۇڭشې، ئېچىئېرىق گۇڭشې، تاشئېرىق گۇڭشې، شويۇلتۇز گۇڭشې، دايۇلتۇز گۇڭشې، پەيشەنبە بازار گۇڭشېدىن ئىبارەت 6 گۇڭشې، 105 چوڭ ئەترەت، 388 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى 5 دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى قارىدى.

## 6. 1984 - يىل 8 - ئايدىكى رايونلارغا ئايرىلىشى

1984 - يىل 8 - ئايدا گۇڭشې يېزىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دايۇلتۇز گۇڭشېسى يەكشەنبە

بازار يېزىسى ۋە ئۈچقات يېزىسى دەپ 2 يېزىغا بۆلۈندى. شۇ يىلى ناھىيىگە جەمئىي بىر بازار، 6 يېزا، 107 كەنت (بۇنىڭ ئىچىدە 4 ئاھالىلەر كومىتېتى بار)، 392 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى 5 دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى قارىدى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1984 - يىل 8 - ئايدىكى يېزا (بازار، مەيدان)، كەنتلىرىنىڭ نامى

جەدۋەل: 1 — 2

| يېزا (بازار) لار | كەنتلەر |
| --- | --- |
| توقسۇ بازىرى | توقسۇ ئاھالىلەر كومىتېتى، يۇلتۇز كوچا ئاھالىلەر كومىتېتى، چوڭكوچا ئاھالىلەر كومىتېتى، رەستە ئاھالىلەر كومىتېتى، توقسۇ كەنتى، يۇلتۇز كەنتى، چوڭكوچا كەنتى، بازار باشقۇرۇشىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى |
| ئىچئېرىق يېزىسى | ئىچئېرىق، ئۆزۈنكوچا، بانداق، ئاقيار، توقچەك، ئويمەھەللە، يوقارقى يېڭىئاۋات، جاي، يوقارقى مەھەللە، قىزىلنۇر، قاراتاش، مۇنار، يېڭىمەھەللە، قىزىلتام، چارشەنبە بازار، ئويباغ، تىگىن، توما، پايس، شالچىلىق مەيدانى، يېزا باشقۇرۇشىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | پەيشەنبە بازار، ئارا مەھەللە، چوڭتوغراق، نۇرباغ، كالتا قىچىچى، چوڭقىچىچى، قۇملۇقئېرىق، قارادۆڭ، غادالىڭ، قۇمكۆل، سۆگەتقوتان، يوڭقىبېگجالىڭ، موما توغراق، پوتەي، توپادۆڭ، يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى |
| تاشئېرىق يېزىسى | تاشئېرىق، تۆگەنىبىشى، كۆتەمە، قوشئېرىق، روشەنباغ، چولپانباغ، غاز مەھەللە، ئاتبېشىدۆڭ، ئاچادۆڭ، بوستان، نورباشلام، كونابوز، ئاراتوگمەن، قومۇشلۇقئېرىق، يېڭىئاۋات، كۆيۈندىئېرىق، ئاققوم، چولاقتۇر، بەشتوما، يېڭىيەر، لەڭگەر، ئامتوغراق، بېگئېرىق، يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى، يېزىلىق چارۋىچىلىق فېرمىسى |
| شويۇلتۇز يېزىسى | قاراقوم، بوقا تېمى، ئۆگەن، گۆمباز، قولئېرىق، تېرەكلىك، خانقاتام، توغرا ئېرىق، گۈلباغ، يارباشلام، سۆگەتكۆزلەك، قىزىلشەھەر، پاختىلىق، قاراياغاچ، ئورىلىق، سۇباستى، يېزىلىق چارۋىچىلىق فېرمىسى |
| يەكشەنبە بازار يېزىسى | بازار، ئاغئېرىق، ئاچال، توپاشەھەر، تېرەكبوستان، شەنبە بازار، ئوبچىلان، سۇپادۆڭ، شويلۇق، توپاقئېرىق، چوڭكۆۋرۈك، دايۇلتۇز، تۇرئېرىق، بەگلىك ئېرىق، ئۆزۈنمەھەللە، يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى |
| ئۈچقان يېزىسى | ئۈچقات، كۆزلەك، توغراقلىقئېرىق، بەلكەستى، ئويئېرىق، لەمپە، ئازنا بازار، گاڭيەر، خەلپە ئېرىق، خوجا تورۇس، يولغۇنشەھەر، سەپۇڭتېرەك، يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى |
| يېزا باشقۇرۇشىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى | باغۋەنچىلىك مەيدانى، نەسىللىك چارۋا فېرمىسى، ئورۇقچىلىق مەيدانى، مۇقو يايلىقى، چوشقا فېرمىسى |

1984 ـ يىلدىن كېيىن، ناھىيە رايونلىرىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى. 1990 ـ يىلى يەكشەنبە بازار يېزىسى يۇلتۇزباغ يېزىسىغا، شوپۇلتۇز يېزىسى ئۆگەن يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1995 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيىگە بىر بازار، 6 يېزا، 110 كەنت، 5 ئاھالىلەر كومىتېتى، يېزا باشقۇرۇشىدىكى 6 دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى 5 دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى (باغۋەنچىلىك مەيدانى، ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، نەسىللىك چارۋا فېرمىسى، مۇقۇ يايلىقى، چوشقا فېرمىسى) قارىدى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1990 ـ يىلدىكى يېزا، كەنتلىرىنىڭ نامى

جەدۋەل: 1 — 3

| يېزا (بازار) لار | كەنتلەر |
|---|---|
| توقسۇ بازىرى | چوڭ كوچا كەنتى، يۇلتۇز كوچا كەنتى، توقسۇ كەنتى، يېڭىشەھەر ئاھالىلەر كومىتېتى، رەستە ئاھالىلەر كومىتېتى، چوڭكوچا ئاھالىلەر كومىتېتى، يۇلتۇز كوچا ئاھالىلەر كومىتېتى، توقسۇ ئاھالىلەر كومىتېتى |
| ئىچىبىرىق يېزىسى | ئۆتتاش، توغراقۇم، ياداق، ئاقيار، توقچەك، ئويمەھەللە، يېڭىئاۋات، جاي، يۇقارقى مەھەللە، يېڭىمەھەللە، ئىچىبىرىق، قىزىلئۇر، ئۆزۈنكوچا، قاراتاش، مۇنار، قىزىلتام، چارشەنبە بازار، تىگىن، ئويباغ، توما، پايىس، شالچىلىق مەيدانى |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | ئارا مەھەللە، چوڭتوغراق، كالتا قىچچى، نۇرباغ، چوڭقىچچى، قۇمئېرىق، پەيشەنبە بازار، قارادۆڭ، خادالىڭ، سۆگەتقوتان، قۇمكۆل، يۇقىرىڭجالڭ، موما توغراق، پوتەي، توپادۆڭ، يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى |
| تاشئېرىق يېزىسى | تۇگمەنبېشى، كۆتەمە، قوشئېرىق، روشەنباغ، چولپانباغ، ئاتبېشىدۆڭ، غاز مەھەللە، بوستان، تاشئېرىق، نور باشلام، ئاچادۆڭ، كونا بوز، ئارا تۈگمەن، قۇمۇشلۇقئېرىق، ئاققۇم، يېڭىئاۋات، چولاقتۇر، بەشتوما، يېڭىيەر، يېڭىئېرىق، لەڭگەر، تامتوغراق، قىزىلشەھەر، كۆيۈندىئېرىق، يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى |
| ئۆگەن يېزىسى | بۇقا تېمى، ئۆگەن، گۈمباز، غولئېرىق، قاراقۇم، تېرەكلىك، توغرائېرىق، خانىقاتام، گۈلباغ، سۆگەتكۆزلەك، قارا ياغاچ، ئورىلىق، سۇ باستى، قىزىلشەھەر، يارباشلام، پاختىلىق، يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى |
| يۇلتۇزباغ يېزىسى | ئاغئېرىق، ئاچال، توپاشەھەر، شەنبە بازار، تېرەكبوستان، چوڭكۆۋرۈك، چىلان، سۇپادۆڭ، ئاقئۆستەڭ، شويلۇق، ئۆزۈنمەھەللە، بەگلىكئېرىق، تۆرئېرىق، بازار، توپاق، يۇلتۇزباغ، يېزىلىق چارۋىچىلىق فېرمىسى |
| ئۈچقات يېزىسى | ئۈچقات، تۇگمەنئېرىق، خەلپەئېرىق، خوجاتورۇس، سەيپۇكئېرەك، بەلكەستى، لەمپە، ئاچادۆڭ، يۇلغۇنشەھەر، گائىيەر، ئازنا بازار، توغراقلىقئېرىق، كۆزلەك، ئويئېرىق، كونا دېھقانچىلىق مەيدانى |

# IV باب

# ناھىيە بازىرى ۋە يېزا - بازارلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

## 1 § . ناھىيە بازىرى

ناھىيە بازىرى ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″82°36′24، شىمالىي پاراللېل ″41°32′45 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، ناھىيە بازىرىنىڭ 1995 - يىلدىكى ئومۇمىي كۆلىمى 3.15 كۋادرات كىلومېتىر.

ناھىيە بازىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا كۇچا ئايمىقى قارىمىقىدىكى غەربىي يېزىغا قاراشلىق توقسۇ مۇسۇلمانلار مەھەللىسى ئىدى. مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) توقسۇغا ئامبال يارەمچىسى قويۇلدى، كېيىن بۇ يەر تەدرىجىي ئاۋاتلاشتى ۋە راۋاجلاندى.

مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) قۇرۇلۇش كوچىسى بىلەن مىنپىڭ كوچىسى ناھىيە بازىرىدىكى ئاساسلىق كوچا بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلەتتى، بۇلار توقسۇ ئۆستىڭىنى بويلاپ جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغانىدى. بۇلاردىن قالسا چىڭلىيەن كوچىسى بىلەن غەربىي كوچا (ھازىرقى توقسۇ مېھمانخانىسىدىن قوۋ فېرمىسىغا بارىدىغان يول) بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلەتتى، بۇ كوچىلار شەرقتىن غەربكە سوزۇلغانىدى. ئۇلاردىن باشقا يەنە ئوفەتچىلەر كوچىسى (ھازىرقى توقسۇ - شايار تاش يولى)، تىنچلىق كوچىسى (ھازىرقى يۇلتۇز كوچا)، فەندى كوچىسى، جىڭفۇ كوچىسى، ۋېيشىڭ كوچىسى، لىبى كوچىسى، ئامانلىق كوچىسى قاتارلىق كىچىك كوچىلارمۇ بار ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى يېقىدا ناۋايخانا، ئاشخانا، دەڭ، دۇكان ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنى بار ئىدى، كوچا قۇرۇلۇشى قالايمىقان، رەتسىز ئىدى، قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ئاز بىر قىسمى ئاددىي قۇرما تاملىق ئۆي ئىدى. شۇ چاغدا توقسۇ ناھىيىلىك يامۇل ئىچىدە كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق 2 قەۋەتلىك بىر بىنا بولۇپ، ئۇ ئەڭ چوڭ قۇرۇلۇش ھېسابلىناتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1958 - يىلى ئىتتىپاق يولى بىلەن مەدەنىيەت يولى (ھازىرقى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىدىن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە بارىدىغان يول) ياسالدى. 1959 - يىلى ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولى يۆتكىلىپ، توقسۇ ناھىيە بازىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرىدا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولى (بۈرۈنقى قاتناش يولى) شەكىللەندى.

1976 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئاساسلىق يوللارغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. 1980 - يىلى كوچا چىراغلىرى ئورنىتىلدى. 1987 - يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بازىرىدىكى ئاساسلىق يول 8گە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاسفالت ياتقۇزۇلغان قىسمى 9 كىلومېتىر. ناھىيە بازىرىدىن 6 يېزىغا ئاپتوموبىل قاتنايدۇ. ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولى ناھىيە بازىرىدىن ئۆتىدۇ.

ناھىيە بازىرىدىكى تۇرۇبا سۇيى زاۋۇتى 1984 ـ يىلى قۇرۇلدى، سۇ تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4500 مېتىر، كۈنىگە 2000 كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان قىلىپ پىلانلانغان، 1995 ـ يىلى كۈنىگە 500 كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلىدى، چوڭقۇر قۇدۇقتىن 2سى بار.

ناھىيە بازىرىدا تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى، يېمەك ـ ئىچمەك ئورنى، مېھمانخانا قاتارلىق مۇلازىمەت تارماقلىرى مۇكەممەل؛ 3 ئوتتۇرا مەكتەپ، 4 باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر دوختۇرخانا ۋە 66 ئورگان، تەشكىلات، كارخانا، كەسپىي ئورۇن بار. ناھىيە بازىرىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 245 مىڭ 48 كۋادرات مېتىر.

ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى ناھىيە بازىرىدا.

## 2 § . توقسۇ بازىرى

توقسۇ بازىرى ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، شەرقتە ئىچئېرىق يېزىسى بىلەن، غەربتە تاشئېرىق يېزىسى بىلەن، جەنۇبتا پەيشەنبە بازار يېزىسى بىلەن، شىمالدا يۇقارقى كەنت بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 1.7 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 2.7 كىلومېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 3.8 كۋادرات كىلومېتىر (ناھىيە بازىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە).

توقسۇ بازىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە كۇچا بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقى غەربىي يېزىسىنىڭ توقسۇ مەھەللىسىگە تەۋە ئىدى. مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) توقسۇ ياردەمچى ئامبىلىغا، مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) توقسۇ ناھىيىسىگە، مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) توقسۇ ناھىيە قارىمىقىدىكى توقسۇ كەنتىگە قارىدى. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) توقسۇ كەنتى ئاساسىدا جۇڭچەن بازىرى ۋە جۇڭجېڭ بازىرى تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا بۇ 2 بازار قوشۇۋېتىلىپ، جۇڭجېڭ بازىرى دەپ ئاتالدى، ئاھالىسى 6836 بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭجېڭ بازىرى 1 ـ رايون قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، 1956 ـ يىلى 1 ـ رايون چېڭگۈەن بازىرى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، 1959 ـ يىلى چېڭگۈەن بازىرى بازارلىق گۇڭشې قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، 1964 ـ يىلى بازارلىق گۇڭشې بازارلىق خەلق كومىتېتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، 1968 ـ يىلى بازارلىق گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلدى، 1981 ـ يىلى توقسۇ بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

1995 ـ يىلى بازارغا 5 ئاھالىلەر كومىتېتى، 3 كەنت، 10 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، بىر دېھقانچىلىق مەيدانى قارىدى، بۇ بازاردا 4675 ئائىلە، 18 مىڭ 771 نوپۇس بار (بۇنىڭ ئىچىدە كەنت ئائىلىسى 487، نوپۇسى 2192).

توقسۇ ئۆستىڭى توقسۇ بازىرىدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە، ئاھالىلەر ئۆستەڭنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقان. يەر ئاستى سۇ ئورنى بىرقەدەر يۇقىرى، لېكىن 1984 ـ يىلدىن كېيىن يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەنلىدى.

1995 ـ يىلى بازار بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 4193 مو. 3336 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 1009 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 800 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 75 توننا پاختا ئېلىندى؛ 57 مو يەرگە ياغلىق دان تېرىلىپ، 6 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ يىل ئاخىرىدا قولدا 2173 تۇياق چارۋا قالدى. ئاھالىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 1400 يۈەنگە يەتتى.

توقسۇ بازىرىدا ھەر دۈشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ، بازارغا كېلىدىغانلار 10 مىڭدىن ئاشىدۇ.

## 3 § . ئىچئېرىق يېزىسى

ئىچئېرىق يېزىسى توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان، ئورنى ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا بولۇپ، تىنما تۈزلەڭلىككە كىرىدۇ، يەر تۈزۈلۈشى بىرقەدەر پەس. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۇزۇنكوچا كەنتىدە. ئىچئېرىق يېزىسىنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 6 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 137 كۋادرات كىلومېتىر. شەرقتە ئۆگەن دەرياسى بىلەن، غەربتە توقسۇ بازىرى بىلەن، جەنۇبتا شايار ناھىيىسى بىلەن، شىمالدا چۆلتاغ بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۈرۈمچى - قەشقەر تاش يولى يېزىنىڭ شىمالىدىن ئۆتىدۇ.

بۇ يېزا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا كۇچا بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ غەربىي يېزىسىغا قاراشلىق 35 مۇسۇلمانلار مەھەللىسىنىڭ بىرى ئىدى. مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) دىن كېيىن توقسۇ ئامبال يارەمچىسىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتۈپ، شۇ چاغدىكى توقسۇ ئامبال يارەمچىسىگە قاراشلىق 4 چوڭ مۇسۇلمانلار مەھەللىسىنىڭ بىرى بولدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) دىن كېيىن، جۇڭشياۋ يېزىسىغا قارىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 5 - ئايدا 2 - رايونغا قارىدى. 1951 - يىل 8 - ئايدا تىگىن، پايسلار توقسۇغا قوشۇپ بېرىلىپ، تىگىن يېزىسى قۇرۇلدى، بۇ يېزا 2 - رايونغا قارىدى. 1954 - يىل 10 - ئايدا بۇ رايونغا جەمئىي 4 يېزا، 30 كەنت قارىدى. 1957 - يىل 6 - ئايدا 2 - رايون ئىچئېرىق رايونغا ئۆزگەرتىلدى. 1958 - يىل 5 - ئايدا پەيشەنبە بازار بىۋاستە قاراشلىق يېزىسى ئىچئېرىق رايونغا قوشۇۋېتىلدى. 1958 - يىل 10 - ئايدا ئىچئېرىق گۇڭشېسى قۇرۇلدى (ئەسلىدىكى پەيشەنبە بازار يېزىسى باشقۇرۇش رايونى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى) . 1978 - يىل 4 - ئايدا پەيشەنبە بازار باشقۇرۇش رايونى ئايرىپ چىقىلىپ، پەيشەنبە بازار گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1984 - يىل 8 - ئايدا ئىچئېرىق گۇڭشېسى ئىچئېرىق يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

بۇ يېزىنىڭ ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق، قۇياش نۇرى يېتەرلىك، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1006 مېتىر. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.5℃، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2880 سائەت، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 53.8 مىللىمېتىر، سۇنىڭ يىللىق پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1992 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىراۋسىز مەزگىلى 201 كۈن.

1995 - يىلى يېزىغا 21 كەنت، 74 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، بىر شالچىلىق مەيدانى قارىدى، بۇ يېزىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، جۇاڭزۇدىن ئىبارەت 4 مىللەت، 4279 ئائىلە، 20 مىڭ 800 نوپۇس بار.

بۇ يېزىنىڭ بايلىقى مول، ئۆستەڭ سۈيى بىلەن يەر سۇغىرىش قولايلىق، شايار ئۆستىڭى يېزىنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. 3 - توما ئۇيباغ، تىگىن، توما، پايسىتىن ئىبارەت 4 چوڭ ئېرىق ۋە شالچىلىق مەيدانىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىچئېرىق ئۆستىڭى ئاساسلىق سۇغىرىش ئۆستىڭى بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتىر، ئۇنىڭ 5 تارمىقى بار، كەنتلەر ئاساسەن ئۆستەڭلەرنىڭ ئىككى يېقىغا جايلاشقان.

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، شال، كۆممىقوناق، كېۋەز، ياغلىق دان، زىرە، پۇرچاق قاتارلىقلار بار. ئاساسلىقى بۇغداي ۋە شال تېرىلىدۇ، بۇ رايون ناھىيىنىڭ ئاساسلىق شالچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ.

1995 - يىلى يېزا بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 81 مىڭ 686 مو بولدى. 41 مىڭ 572 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 16 مىڭ 170 توننا ھوسۇل ئېلىندى؛ 25 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 1550 توننا پاختا ئېلىندى؛ 1913 مو يەرگە ياغلىق دان تېرىلىپ، 168 توننا ھوسۇل ئېلىندى؛ يىل ئاخىرىدا قولدا

قالغان چارۋا 35 مىڭ 521 تۇياقتا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 1300 يۈەنگە يەتتى.

1995 - يىلى يېزىدا بىر كىنوخانا، بىر رادىئو ئۆزېلى، بىر شىپاخانا، بىر مەدەنىيەت ئۆيى، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 9 مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر ياشانغانلار ساناتورىيىسى بار بولدى. ناھىيە قۇرغان 2 - سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى مۇشۇ يېزىنىڭ تۇپرىقىدا كەتتىدە.

## 4 § . پەيشەنبە بازار يېزىسى

پەيشەنبە بازار يېزىسى توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، ناھىيە بازىرىغا 8 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتە ئىچىبىرىق يېزىسى بىلەن، غەربتە تاشئېرىق يېزىسى بىلەن، جەنۇبتا شايار ناھىيىسىنىڭ يېڭىمەھەللە يېزىسى بىلەن، شىمالدا توقسۇ بازىرىنىڭ توقسۇ كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 82°30′ ~ 82°36′، شىمالىي پاراللېل 41°18′ ~ 41°32′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 5 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتىر، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 126.6 كۋادرات كىلومېتىر.

بۇ يېزا مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) توقسۇغا ئابال ياردەمچىسى قويۇلغاندىن باشلاپ توقسۇ مەھەللىسىگە قارىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى 2 - رايونغا قارىدى، 1953 - يىلى 1 - رايونغا بۆلۈپ بېرىلدى، 1956 - يىلى بىۋاسىتە قاراشلىق يېزا قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، 1958 - يىلى ئىچىبىرىق گۇڭشېسىغا قوشۇپ بېرىلدى. 1978 - يىل 4 - ئايدا ئىچىبىرىق گۇڭشېسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، پەيشەنبە بازار گۇڭشېسى قىلىندى. 1984 - يىلى پەيشەنبە بازار يېزىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

1995 - يىلى بۇ يېزىغا 15 كەنت، بىر مەيدان، 57 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارىدى، ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، جۇاڭزۇدىن ئىبارەت 4 مىللەت، 2751 ئائىلە، 13 مىڭ 801 نوپۇس بار.

بۇ يېزىنىڭ شەرقىي شىمالى ئېگىز، غەربىي جەنۇبى پەس، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 997 مېتىر. ھاۋاسى قۇرغاق، يامغۇر ئاز، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 201 كۈن، 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى -10.8℃، 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇراسى 24.2℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 53.8 مىللىمېتىر، توقسۇ ئۆستىڭى (يەنى پەيشەنبە بازار ئۆستىڭى) پۈتۈن يېزىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر، كەنتنىڭ ئېتىزلىرى شىمالدىن جەنۇبقا، ئۆستەڭنىڭ ئىككى يېقىغا جايلاشقان، ئاھالىلەر ئولتۇراقلىرى بىر قەدەر توپلاشقان.

بۇ يېزا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ، ئاساسلىقى بۇغداي، شال ۋە پاختا چىقىدۇ. يېزا بويىچە 1995 - يىلدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 61 مىڭ 857 مو. 26 مىڭ 150 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 8226 تونناھوسۇل ئېلىندى. 25 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 1849 توننا پاختا ئېلىندى؛ 700 مو يەرگە ياغلىق دان تېرىلىپ، 83 توننا ھوسۇل ئېلىندى، يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 20 مىڭ 95 تۇياقتا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 1142 يۈەنگە يەتتى.

يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن ئاساسلىقى ياڭاق، ئۈزۈم، ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت قاتارلىقلار بار. ناھىيە بويىچە داڭلىق بولغان بىر تۈپ قەغەز ياڭاق دەرىخى مۇشۇ يېزىنىڭ چوڭتوغراق كەنتىدە.

بۇ يېزىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 4 مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر كىنو قويۇش ئەترىتى، بىر رادىئو ئۆزېلى، بىر مەدەنىيەت ئۆيى، بىر شىپاخانا بار.

## §5. تاشئېرىق يېزىسى

تاشئېرىق يېزىسى توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرىغا 3 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئورنى ئۆگەن دەرياسىنىڭ تىنما تۈزلەڭلىكىدە. شەرقتە پەيشەنبە بازار يېزىسى بىلەن، غەربتە شويۇلتۇز يېزىسى بىلەن، جەنۇبتا شايار ناھىيىسى بىلەن، شىمالدا «1 - ماي» سۇ ئامبىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربتىن شەرققە كەڭلىكى تەخمىنەن 7 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 50 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 82°26′ ~ 82°38′، شىمالىي پاراللېل 41°40′ ~ 41°50′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 244.6 كۋادرات كىلومېتىر. يېزىلىق ھۆكۈمەت تاشئېرىق كەنتىدە.

تاشئېرىق يېزىسى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا كۇچانىڭ غەربىي يېزىسىغا قاراشلىق 35 مۇسۇلمانلار مەھەللىسىنىڭ بىرى ئىدى. مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) توقسۇ ئامبال ياردەمچىسىگە قارىدى، مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) مەھەللە كەنتكە ئۆزگەرتىلدى، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) دىن كېيىن رېنشەي يېزىسىغا قارىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلدىكى ھاكىمىيەت قۇرۇشتا توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 3 - رايونى قىلىندى. ئۇنىڭغا 4 يېزا، 18 كەنت قارىدى، 1953 - يىل 10 - ئايغا كەلگەندە 6 يېزا، 43 كەنت قارىدى. 1958 - يىلى تاشئېرىق گۇڭشېسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 5 باشقۇرۇش رايونى، 27 چوڭ ئەترەت قارىدى. 1962 - يىل 2 - ئايدا ئۆگەن، شەھبېلە، قاراقۇم باشقۇرۇش رايونى ئايرىپ چىقىلىپ، شويۇلتۇز گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1984 - يىل 8 - ئايدا تاشئېرىق گۇڭشېسى تاشئېرىق يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1995 - يىلى بۇ يېزىغا 24 كەنت، 68 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، بىر يېزا باشقۇرۇشىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى قارىدى. بۇ يېزىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇدىن ئىبارەت 3 مىللەت، 3516 ئائىلە، 17 مىڭ 321 نوپۇس بار.

بۇ يېزىنىڭ يەر شەكلى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ پەسلەپ بارىدۇ، يېرى بىرقەدەر تەكشى، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1006 مېتىر. ھاۋاسى قۇرغاق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، قۇياش نۇرى تولۇق چۈشىدۇ، ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى كۆپ. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.8°C، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 201 كۈن، 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى -10.8°C، 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 24.2°C، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل يېغىن مىقدارى 53.8 مىللىمېتىر. تېرىلغۇ يېرى ئاساسلىقى تاشئېرىق ئۆستىڭىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدۇ، بۇ ئۆستەڭ يېزىنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر كېلىدۇ. كەنتلەر شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئۆستەڭنىڭ ئىككى يېقىغا جايلاشقان.

ئىگىلىكتە دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ، بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. يېزىنىڭ 1995 - يىلدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 82 مىڭ 210 مو، 38 مىڭ 353 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 12 مىڭ 594 توننا ھوسۇل ئېلىنىدى؛ 34 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 2347 توننا پاختا ئېلىنىدى؛ 1131 مو يەرگە ياغلىق دان تېرىلىپ، 169.5 توننا ھوسۇل ئېلىنىدى؛ يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 45 مىڭ 495 تۇياققا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 1299 يۈەنگە يەتتى.

1995 - يىلى يېزىدا بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 9 باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر كىنوخانا، بىر رادىئو ئۆزىلى، بىر مەدەنىيەت ئۆيى، بىر شىپاخانا بار بولدى.

## 6 § . ئۆگەن يېزىسى

ئۆگەن يېزىسى توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 8 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتە تاشئېرىق يېزىسى بىلەن، غەربتە يۇلتۇزباغ يېزىسى بىلەن، شىمالدا چۆلتاغ بىلەن، جەنۇبتا بۇتباش قەدىمىي شەھىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 6 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 75 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 82°09′ ~ 83°34′، شىمالىي پاراللېل 41°04′ ~ 41°39′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 476.4 كۋادرات كىلومېتىر. يېزىلىق ھۆكۈمەت قاراقۇم كەنتىدە.

بۇ يېزا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا كۇچا ئايمىقىنىڭ غەربىي يېزىسى قارىمىقىدىكى شويۇلتۇز مەھەللىسىگە قارايتتى. مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) دىن كېيىن، توقسۇ ئامبال ياردەمچىسىگە قارىدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) دىن كېيىن، رېنخېي يېزىسىغا قارىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى 3 - رايون قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا 4 يېزا، 18 كەنت قارىدى. 1953 - يىل 10 - ئايدا 6 يېزا، 43 كەنت قارىدى. 1957 - يىل 6 - ئايدا تاشئېرىق رايونىغا ئۆزگەرتىلدى، 1958 - يىل 10 - ئايدا تاشئېرىق خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1962 - يىلىنىڭ بېشىدا ئەسلىدىكى قاراقۇم يېزىسى، ئۆگەن يېزىسى، شەھبتلە يېزىسىنىڭ قارىمىقىدىكى جايلار ئايرىپ چىقىلىپ، شويۇلتۇز خەلق گۇڭشېسى قىلىپ قۇرۇلدى. 1984 - يىل 8 - ئايدا شويۇلتۇز گۇڭشېسى شويۇلتۇز يېزىسىغا، 1990 - يىلى ئۆگەن يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1995 - يىلى بۇ يېزىغا 16 كەنت، بىر دېھقانچىلىق مەيدانى، بىر باغۇەنچىلىك مەيدانى، 58 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارىدى. بۇ يېزىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇدىن ئىبارەت 3 مىللەت، 2905 ئائىلە، 15 مىڭ 237 نوپۇس بار.

بۇ يېزا ئۆگەن دەرياسى تىنما تۈزلەڭلىكىگە جايلاشقان؛ ئېگىز جايلىرى بىلەن ئويمان جايلىرى روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، يەر شارائىتى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1003 مېتىر. بۇ يېزىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ، قۇرغاق، يامغۇر ئاز بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.8℃، يىللىق ئوتتۇرىچە قىروسىز مەزگىلى 201 كۈن، 1 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى -10.8℃، 7 - ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 24.2℃، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 53.8 مىللىمېتىر، شويۇلتۇز ئۆستىڭى يېزىنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 55 كىلومېتىر. كۆپ قىسىم دېھقانلار ئۆستەڭ بويلىرىغا ئولتۇراقلاشقان. ئاھالىلەر نۇقتىلىرى بىرقەدەر توپلاشقان.

بۇ يېزىنىڭ ئىگىلىكىدە دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنىدۇ، بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز شۇنداقلا ئاز مىقداردا باشقا ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلىدۇ.

1995 - يىلى يېزا بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 78 مىڭ 930 مو بولۇپ، 26 مىڭ 150 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 8226 تونna ھوسۇل ئېلىندى؛ 25 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 1849 توننا پاختا ئېلىندى؛ 700 مو يەرگە ياغلىق دان تېرىلىپ، 83 توننا ھوسۇل ئېلىندى؛ يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 20 مىڭ 85 تۇياققا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 1299 يۈەنگە يەتتى.

1995 - يىلى يېزا بويىچە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 6 مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر شىپاخانا، بىر تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، 13 شۆبە سودا دۇكىنى، پوچتا - تېلېگراف پونكىتى، بانكا تىجارەت پونكىتى،

يېزا مەدەنىيەت پونكىتى بار، كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە مەھەللە ئۆيى بار بولدى.

## 7 § . يولتۇزباغ يېزىسى

يولتۇزباغ يېزىسى توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ناھىيە بازىرىغا 17 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتە ئۆگەن يېزىسى بىلەن، غەربتە ئونسۇ ناھىيىسى بىلەن، جەنۇبتا ئۈچقات يېزىسى بىلەن، شىمالدا چۆلتاغ بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 7234.6 كۋادرات كىلومېتىر (ئۈچقات يېزىسى بىلەن «1 ـ ماي» سۇ ئامبىرىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايوننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

بۇ يېزا چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) دىن كېيىن، كۇچا خانئامبىلىغا قارىدى، ئۇنى شايار بېگى بىۋاسىتە باشقۇردى. گۇاڭشۈ 3 ـ يىلى (1877 ـ يىلى) شايار كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش شۆبە ئىدارىسىگە قارىدى. گۇاڭشۈ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) كۇچا بىۋاسىتە قاراشلىق قوتادۇ مەھكىمىسىگە قارىدى. گۇاڭشۈ 29 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) كۇچا مەھكىمىسى ئايماققا ئۆزگەرتىلدى ۋە شايار ناھىيىسى تەسىس قىلىندى. ھازىرقى يولتۇزباغ يېزىسى بىلەن ئۈچقات يېزىلىرى شايار ناھىيىسىنىڭ شىمالىي يېزا 6 ـ رايونىغا قارىدى. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دايولتۇز مەھەللىسى (قارىسىقىدا 14 كىچىك مەھەللە بار) توقسۇ ناھىيىسىگە قوشۇپ بېرىلدى. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا ھازىرقى دايولتۇز تەۋەسى شىنىيى يېزىسى بىلەن تىنچلىق يېزىسىغا قارىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىل 5 ـ ئايدا شىنىيى يېزىسى بىلەن تىنچلىق يېزىسى قوشۇۋېتىلىپ، 4 ـ رايون قىلىندى، ھازىرقى ئۈچقات يېزىسى بىلەن يولتۇزباغ يېزىسى بۇ رايونغا قارىدى. 1953 ـ يىل 10 ـ ئايدا يېڭى 4 ـ رايون قۇرۇلدى. ئەسلىدىكى 4 ـ رايون 5 ـ رايون قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ھازىرقى يولتۇزباغ يېزىسى يېڭى 4 ـ رايونغا قارىدى. 1957 ـ يىل 5 ـ ئايدا يولتۇزباغ رايونى قۇرۇلدى. 1958 ـ يىل 10 ـ ئايدا دايولتۇز گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1984 ـ يىل 7 ـ ئايدا دايولتۇز گۇڭشېسى يەكشەنبە بازار ۋە ئۈچقات دەپ 2 يېزىغا بۆلۈندى. 1990 ـ يىلى يەكشەنبە بازار يېزىسى يولتۇزباغ يېزىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

1995 ـ يىلى يېزىغا 17 كەنت، 68 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، بىر يېزا باشقۇرۇشىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى قارىدى، بۇ يېزىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ۋە 2843 ئائىلە، 14 مىڭ 788 نوپۇس بار.

بۇ يېزىنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، كۈن نۇرى يېتەرلىك، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1009 مېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.5℃، كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 2880 سائەت، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 53.8 مىللىمېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە قىرونسىز مەزگىل 201 كۈن، تېمپېراتۇرىسى ناھىيىنىڭ باشقا رايونلىرىنىڭكىدىن سەل تۆۋەن.

بۇ يېزا ئۆگەن دەرياسى ۋادىسىدىكى تىنما تۈزلەڭلىككە جايلاشقان، يەر شارائىتى تەكشى، تېرىقچىلىققا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئاساسلىقى بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز، ياغلىق دان ۋە ئارپا بەدىيان چىقىدۇ. 1980 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاشلىق ھوسۇلى يىلمۇ يىل ئاشتى. يېزا بويىچە 1995 ـ يىلدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 66 مىڭ 481 مو، 37 مىڭ 104 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 10 مىڭ 987 توننا ھوسۇل ئېلىندى؛ 30 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 1876 تونىنا پاختا ئېلىندى؛ يىل ئاخىرىدا قولدا قالغان چارۋا 39 مىڭ 785 تۇياققا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 1216 يۈەنگە يەتتى. بۇ يېزىدا شاپتۇل، ئۆرۈك، نەشپۈت،

ئالما، ئۈزۈم، قارا ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەر بار.

1990 - يىلى يېزا بويىچە 4 ئاپتوموبىل، 72 تراكتور، 193 سىيالكا، بىر كىنو ئەترىتى، بىر رادىئو كۆچەيتىش پونكىتى، بىر مەدەنىيەت ئۆيى، بىر شىپاخانا، 3 تارماق شىپاخانا، ھەربىر كەنتنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئورنى ۋە خادىمى، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ، 14 مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ (بۇنىڭ بىرى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ) بار بولدى.

يۇلتۇزباغ يېزىسىدىكى غول ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 32.5 كىلومېتىر (ئۈچقات يېزىسىدىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، يېزىنىڭ ئېتىز - ئېرىقلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ يېزىدا قەدىمىي يادىكارلىقلاردىن توغراقئېقىن مىڭئۆيى بار، ئۇ بۇ يېزىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى چۆلتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايغا 28.7 كىلومېتىر كېلىدۇ. توپاشەھەر قەدىمىي شەھىرى يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ 7 كىلومېتىر شىمالىدىكى توپاشەھەر كەنتىدە.

## 8 § . ئۈچقات يېزىسى

ئۈچقات يېزىسى توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ناھىيە بازىرىغا 24 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەرقتە ئۆگەن يېزىسى بىلەن، غەربتە ئاقسۇ شەھىرى بىلەن، جەنۇبتا شايار ناھىيىسى بىلەن، شىمالدا يۇلتۇزباغ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 7234.6 كۋادرات كىلومېتىر (يۇلتۇزباغ يېزىسى ۋە «1 - ماي» سۇ ئامبىرىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايوننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئورنى ئۈچقات كەنتىدە، يېزا تۇرۇشلۇق جاينىڭ 1.8 كىلومېتىر شىمالىدا كۆلىمى چوڭ بولغان ئۈچقات قەدىمىي شەھىرى بار.

بۇ يېزىغا قارايدىغان جايلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) كۇچا خانئامبىلىغا قارىدى، شايار بېگى بىۋاستە باشقۇردى. گۇاڭشۈ 3 - يىلى (1877 - يىلى) كۇچا كېيىنكى ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلىش باش ئىدارىسىنىڭ شايار شۆبىسىگە قارىدى. گۇاڭشۈ 10 - يىلى (1884 - يىلى) كۇچا بىۋاستە قاراشلىق ئوبلاستقا ، شايار ناھىيىسىگە قارىدى. گۇاڭشۈ 29 - يىلى (1902 - يىلى) دىن كېيىن، كۇچا بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى شايار ناھىيىسىنىڭ شىمالىي يېزىسىغا قارىدى. مىنگونىڭ 3 - يىلى (1913 - يىلى) ئاقسۇ دوتەيلىكى قارىمىقىدىكى شايار ناھىيىسىنىڭ شىمالىي يېزا 6 - رايونىغا قارىدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى توقسۇ ناھىيىسىگە قارىدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) باۋجيا تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تىنچلىق يېزىسىغا قارىدى، بۇ يېزىغا 5 باۋ، 6 كەنت قارىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 5 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 4 - رايونىغا، 1953 - يىل 10 - ئايدا 5 - رايونىغا، 1958 - يىل 5 - ئايدا يۇلتۇزباغ رايونىغا، 10 - ئايدا دايۇلتۇز خەلق گۇڭشېسىغا قارىدى. 1984 - يىل 7 - ئايدا ئۈچقات يېزىسى بولۇپ قۇرۇلدى.

1995 - يىلى بۇ يېزىغا 14 كەنت، 52 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، بىر يېزا باشقۇرۇشىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى، 30 تەبىئىي كەنت قارىدى. بۇ يېزىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، خۇيزۇ، سالا قاتارلىق مىللەتلەر، 2917 ئائىلە، 15 مىڭ 740 نوپۇس بار.

بۇ يېزىنىڭ شەرقىي شىمالى ئۆگەن دەرياسىنىڭ تىنما تۈزلەڭلىكىگە، غەربىي جەنۇبى تارىم دەرياسىنىڭ لاتقا تۈزلەڭلىكىگە تەۋە، تۇپرىقى سۇغىرىلىدىغان چىملىق توپا ۋە چىملىق شور توپىدىن ئىبارەت. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1009 مېتىر، ھاۋاسى قۇرغاق، يامغۇر ئاز.

بۇ يېزىنىڭ 1995 ـ يىلدىكى تېرىلغۇ يېرى 66 مىڭ 252 مو. 32 مىڭ 500 مو يەرگە ئاشلىق زىرائەتنى تېرىلىپ، 10 مىڭ 294 توننا ھوسۇل ئېلىنىدى؛ 36 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 2672 توننا پاختا ئېلىنىدى؛ 250 مو يەرگە ياغلىق دان تېرىلىپ، 24.5 توننا ھوسۇل ئېلىنىدى، يىل ئاخىرىدا قولدا 36 مىڭ 443 تۇياق چارۋا قالدى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 1546 يۈەنگە يەتتى.

يېزا بويىچە بىرغول ئۆستەڭ، 20 تارماق ئۆستەڭ (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 172 كىلومېتىر)، 38 توما، 224 كۆۋرۈك ـ سۇغۇچ، 98 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار.

يېزىنىڭ جەنۇبىدىن تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغىچە بولغان يەردە تەبىئىي توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق ۋە ئېككىلەمچى ئورمان بار.

بۇ يېزىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا 180 مىڭ مو بوز يەر بولۇپ، سۇ مەنبەسى بولمىغاچقا، پايدىلىنىشقا ئامال بولمىدى.

1995 ـ يىلى بۇ يېزىدا 8 باشلانغۇچ مەكتەپ (بۇنىڭ بىرى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ)، شىپاخانا، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتى، باج پونكىتى، ئاشلىق پونكىتى بار.

ئاساسلىق قەدىمىي يادىكارلىقلاردىن ئۆچقات قەدىمىي شەھىرى، داۋانقۇم شەھىرى، يۇلغۇنشەھەر قەدىمىي شەھىرى ۋە يۇلغۇنشەھەر قەبرىستانلىقى بار.

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى يېزا، بازارلارنىڭ 1990 ـ يىلدىكى ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 4

| يېزا، بازار نامى | كەنت سانى | ئائىلە سانى | نوپۇس | ئومۇمىي كۆلىمى (كۋادرات كىلومېتىر) | ناھىيە بازىرىغىچە بولغان ئارىلىقى (كىلومېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|
| توقسۇ بازىرى | 3 | 3868 | 16975 | 3.8 | |
| ئىچئېرىق يېزىسى | 21 | 4744 | 22974 | 137 | 1 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | 15 | 2765 | 13759 | 126.6 | 8 |
| تاشئېرىق يېزىسى | 24 | 3716 | 18343 | 244.6 | 3 |
| ئۆگەن يېزىسى | 16 | 2906 | 14935 | 476.4 | 8 |
| يۇلتۇزباغ يېزىسى | 16 | 3293 | 16927 | 7234.6 | 17 |
| ئۆچقات يېزىسى | 14 | 3135 | 16674 | | 24 |
| جەمئىي | 109 | 24559 | 121067 | 8223 | |

ئىزاھات: 1. توقسۇ بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى ناھىيە بازىرىنىڭ مەدەنىيەت كوچىسىدا، بۇ بازارغا 3 كەنت، 5 ئاھالىلەر كومىتېتى قارايدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى 482 ئائىلە، 2368 ئادەم.

2. جەمئىي سان ئىچىدە «شەرق قىزاردى» ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ 132 ئائىلە، 480 ئادىمى بار، ئۇ ئايرىم سانلارغا كىرگۈزۈلمىدى.

3. يۇلتۇزباغ يېزىسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ئۆچقات يېزىسى ۋە «1 ـ ماي» سۇ ئامبىرىنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايوننىڭ كۆلىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# V باب

# يەر نامىلىرى

## 1 § . ئومۇمىي ئەھۋالى

توقسۇ ناھىيىسىدىكى يېزا، كەنتلەرنىڭ نامى ئاساسەن ئۇيغۇرچە، ئىنتايىن ئاز قىسمى خەنزۇچە. يەر نامىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى كۆپىنچە تەبىئىي مۇھىت، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىك، ئۆستەڭ، مەسچىت، باغ، دەل - دەرەخ، بازار، قەدىمىي يادىكارلىق ئىزى، ئادەم ئىسمى، يەر شەكلى، يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئەرسە دېگەندەكلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئاز بىر قىسىم يەر نامىلىرىنىڭ كونكرېت مەنىسى يوق.

توقسۇ مىڭگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) دىن ئىلگىرى توقسۇ مەھەللىسى دەپ ئاتىلاتتى، كېيىن بۇ يەردە توقسۇ ئامبال ياردەمچىسى قويۇلدى، توقسۇ ناھىيىسى تەسىس قىلىندى. مىڭگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىل) ئۇنىڭ خەنزۇچە نامى شىنخې دەپ ئۆزگەرتىلدى، ئۇيغۇرچە تىل - يېزىقتا توقسۇ ناھىيىسى دېگەن نام تا ھازىرغىچە قوللىنىلىۋاتىدۇ.

توقسۇ دېگەن بۇ نام توقسۇن ناھىيىسى بىلەن تەلەپپۇزدا ئوخشىشىپ كەتكەچكە، ئىككى جاينىڭ خەت - چەكلىرى دائىم خاتا يوللىنىپ قالغان. مىڭگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ دوكلات يوللىشى، دۇبەن شېڭ شىسەينىڭ تەستىقلىشى بىلەن توقسۇ ناھىيىسىنىڭ خەنزۇچە نامى شىنخې ناھىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ مەنىسى «شىنجاڭ - تىنچلىق» دېگەندىن ئىبارەت.

ئۇچقات يېزىسىنىڭ يېنىدا خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بىر قەدىمىي شەھەر بار، بۇ شەھەر ئىچكى قىسىم، ئوتتۇرا قىسىم، سىرتقى قىسىمدىن ئىبارەت 3 قاتقا بۆلۈنگەن بولغاچقا، مۇشۇ بويىچە ئاتالغان.

ناھىيە بويىچە كەنت دەرىجىلىك يەر نامىدىن 109 ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە يەر شەكلى، يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى قاتارلىق تەبىئىي مەنزىرە ئارقىلىق قويۇلغان يەر نامىلىرى مۇنۇلار: توغراقۇم، توقچەك، ئويمەھەللە، قارادۆڭ، توپادۆڭ، ئاتىبېشىدۆڭ، ئاچادۆڭ، بوستان، قاراقۇم، سۇ باستى، ئاچال، تېرەكبوستان، سۇپادۆڭ، شويلۇق، گاڭيەر.

قۇرۇلۇشلار ئارقىلىق نام بېرىلگەن جايلار مۇنۇلار: مۇنار، قىزىلتام، توما، پاكارتام، تۆگمەنبېشى، نورباشلام، ئاراتۆگمەن، بەشتوما، چوڭكوۋرۈك.

ئېرىق - ئۆستەڭ ئارقىلىق نام بېرىلگەن جايلار مۇنۇلار: يانداق، قۇملۇقئېرىق، كۆتەمە، قوشئېرىق، قۇمۇشلۇقئېرىق، يېڭىئېرىق، غولئېرىق، توغرا ئېرىق، تاغئېرىق، ئۈجمە ئېرىق، ئاقئۆستەڭ، ئويئېرىق، تۆگمەنئېرىق.

بازار نامى بىلەن ئاتالغان جايلار مۇنۇلار: چارشەنبە بازار، پەيشەنبە بازار، ئازنا بازار، شەنبە بازار.

قەدىمىي يادىكارلىق نامى بىلەن ئاتالغان جايلار مۇنۇلار: چولاقتۇر، چولاقشەھەر، قىزىلشەھەر، توپا شەھەر، تۇرئېرىق، يۇلغۇنشەھەر.

باغ نامى بىلەن ئاتالغان جايلار مۇنۇلار: ئويباغ، روشەنباغ، گۈلباغ، چولپانباغ.

داڭلىق كىشىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان جايلار مۇنۇلار: تىگمەن، چولپانباغ، بەگلىككئېرىق،

خەلپەئېرىق، خوجا تورۇس.

دەرەخنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان جايلار مۇنۇلار: چوڭتوغراق، موما توغراق، تامتوغراق، تېرەكلىك، قارايااغاچ، ئۈيچىلان، سەيپۇڭتېرەك.

مەسچىتنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان جايلار مۇنۇلار: خانىقاتام، بوغماق مەسچىت.

خەنزۇچە نام بىلەن ئاتالغان جايلار مۇنۇلار: يۈڭفېڭجاڭ، پوتەي. ناھىيە بازىرىدىكى بىر قىسىم كوچىلارنىڭ كۆپىنچىسىگە خەنزۇچە ئات قويۇلغان، لېكىن تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئومۇملىشىش چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئۇيغۇرچە نامى بىلەن ئاتاۋەردى.

## § 2 . ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش

توقسۇ ناھىيىسىدىكى يېزا، كەنت نامىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تارىختا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئادەتكە ئايلىنىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) دىن كېيىن، ھۆكۈمەت بىر تۈركۈم يېزا، كەنتلەر ۋە كوچىلارغا خەنزۇچە نام بەردى، مەسىلەن: جۇڭشەن بازىرى، جۇڭشياۋ يېزىسى، لىيى كوچىسى، چىڭلىيەن كوچىسى قاتارلىقلار. بۇ خەنزۇچە يەر نامىلىرى ھۆكۈمەت ھۆججىتى، يىغىنلاردا ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلدى، لېكىن ئۇلارنى خەلق ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش قىيىن بولدى، ناھايىتى ئاز كىشىلەرلا قوبۇل قىلىپ، قۇرۇق نامىلا بولۇپ قالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇرۇن خەنزۇچە نام بېرىلگەن يېزا، بازار ۋە كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە سان بىلەن نام بېرىلدى. (مەسىلەن: 1 ـ رايون، 1 ـ يېزا ياكى 1 ـ كوچا دېگەندەك). 1957 ـ يىلدىن كېيىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرچە نامى ئەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1958 ـ يىلدىن باشلاپ، بىر تۈركۈم گۈڭشې ۋە چوڭ ئەترەتلەرگە كەينى ـ كەينىدىن خەنزۇچە نام بېرىلدى، مەسىلەن: ۋېيشىڭ، يۈجىن، دۇڭفېڭ، فەنشيۇ دېگەندەك، لېكىن بۇ نامىلار ئۇزۇن ئىشلىتىلمەيلا بۇرۇنقى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1978 ـ يىل 4 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك يەر نامىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1983 ـ يىلى ئەتىيازدا گۇرۇپپىدىكى رەھبەرلەر تەڭشەلدى، يەر نامىلىرى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ ھەم خادىملار ئاجرىتىلىپ، يەر نامىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1986 ـ يىلى جەمئىي 433 يەر نامى تەكشۈرۈلۈپ، 433 كارتوچكا تولدۇرۇلدى، يەر نامىلىرىنى تەكشۈرۈشكە ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى (ماشىنكا نۇسخىسى) تۈزۈپ چىقىلدى. تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈلۈپ يەر نامىلىرى ئۆلچەملەشتۈرۈلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى، يەر نامىلىرى نەتىجىلىرى جەدۋىلى تۈزۈپ چىقىلدى ۋە ئۆلچەملىك يەر نامىلىرى خەرىتىسى سىزىپ چىقىلدى.

1990 ـ يىلى خەرىتە، ماقالە، جەدۋەل، كارتوچكىلار توپلىنىپ، «توقسۇ ناھىيىسىدىكى يەر نامىلىرىنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى (تەكشۈرۈشكە يوللىنىدىغان نۇسخا)» تۈزۈپ چىقىلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا رەسمىي نەشر قىلىنىدى. شۇندىن ئېتىبارەن ناھىيىنىڭ يەر نامىلىرى خىزمىتى ئەدرىجىي ئىلمىي باشقۇرۇلدى.

## § 3 . يەر نامىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى

1978 ـ يىلى يەر نامىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش باشلانغاندىن بۇيان 7 قېتىم نام بېرىش ۋە نام

ئۆزگەرتىش بولدى.

توقسۇ ناھىيىسى كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون، يەر ناملىرىنى ئاتاش تارىختىن بۇيان قالايمىقان ئىدى.

1987 ـ يىلى يەر ناملىرى ئۆزگەرتىلىش، تەلەپپۇز ۋە ئىملاسى توغرىلىنىش، ئۆلچەملەشتۈرۈلۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇلۇش ئارقىلىق ئىلمىيلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى، لېكىن ئاساسىي قاتلامدا ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشتا قالايمىقان قوللىنىش يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 5

| يىل | دەرىجە | ئەسلى نامى | يېڭى نامى |
|---|---|---|---|
| 1978 | كوچا | خوتەن كوچىسى | توقسۇ |
| 1978 | چوڭ ئەترەت | نۇرلۇق | پەيشەنبە بازار |
| 1978 | چوڭ ئەترەت | توپاشەھەر | ئاقتوم |
| 1978 | چوڭ ئەترەت | تۆگمەنبېشى | تاشئېرىق |
| 1978 | چوڭ ئەترەت | يۇقارقى تۆگمەنبېشى | تۆگمەنبېشى |
| 1978 | چوڭ ئەترەت | خانىقا | روشەنباغ |
| 1978 | چوڭ ئەترەت | «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» | بەشتوما |
| 1978 | چوڭ ئەترەت | «شەرق شامىلى» | لەڭگەر |
| 1978 | چوڭ ئەترەت | «شيۇجېنگجۇيىغا قارشى» | تامتوغراق |
| 1978 | چوڭ ئەترەت | «قىزىل يۇلتۇز» | چولاقشەھەر |
| 1978 | چوڭ ئەترەت | «قىزىل بايراق» | پاختىلىق |
| 1978 | چوڭ ئەترەت | «غالىبىيەت» | قارا ياغاچ |
| 1978 | چوڭ ئەترەت | «ئىتتىپاق» | ئورىلىق |
| 1978 | چوڭ ئەترەت | «ئالغا» | سۇ باشى |
| 1978 | چوڭ ئەترەت | قومكۆل | چوڭكۆۋرۈك |
| 1978 | چوڭ ئەترەت | «ئاۋانگارت» | يۇلغۇنشەھەر |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1978 | چولق ئەترەت | «بەش يۇلتۇز» | سەيپۇڭتېبەرلىك |
| 1978 | چولق ئەترەت | گۈلباغ | دايۇلتۇز |
| 1978 | چولق ئەترەت | قەشقەر مەھەللىسى | چولق كوچا |
| 1978 | چولق ئەترەت | خوتەن مەھەللىسى | توقسۇ |
| 1978 | چولق ئەترەت | يېڭىئاۋات | بۇقارقى ئاۋات |
| 1978 | چولق ئەترەت | بازار | تىگمەن |
| 1978 | چولق ئەترەت | ئازنا بازار | پايىس |
| 1984 | بازار | بازارلىق گۈڭشې | توقسۇ بازىرى |
| 1984 | يېزا | دايۇلتۇز گۈڭشېسى | دايۇلتۇز يەكشەنبە بازار |
| 1984 | يېزا | دايۇلتۇز گۈڭشې | دايۇلتۇز ئۇچقاتشەھەر يېزىسى |
| 1987 | يېزا | دايۇلتۇز ئۇچقاتشەھەر يېزىسى | ئۇچقات يېزىسى |
| 1988 | كەنت | شويلۇق | ئاقئۆستەڭ (ئەسلىدىكى شويلۇق كەنتى ئىككىگە بۆلۈنۈپ بۇ كەنت قۇرۇلدى) |
| 1988 | كەنت | شويلۇق | شويلۇق (يېڭىدىن قۇرۇلغان) |
| 1990 | يېزا | شويۇلتۇز يېزىسى | ئۆگەن يېزىسى |
| 1990 | يېزا | دايۇلتۇز يەكشەنبە بازار يېزىسى | يۇلتۇزباغ يېزىسى |

**ئىزاھات:** 1983 ـ يىلى نامىيە بازىرىدىكى 25 كوچىغا نام بېرىلدى ياكى ئۇلارنىڭ نامى ئۆزگەرتىلدى، 1988 ـ يىلى 26 كوچىغا نام بېرىلدى، 1989 ـ يىلى 13 كوچىغا نام بېرىلدى.

ئىككىنچى قىسىم

# تەبىئىي شارائىت



# ئىككىنچى قىسىم

# تەبىئىي شارائىت

## I باب

## گېئولوگىيە

### 1 § . گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ گېئوھېزىيىلىك تۈزۈلمىسى تارىم پلاتفورمىسىنىڭ جەنۇبىدىكى تەڭرىتاغ گېرتسىن يۇرۇلمە بەلۋېغى بىلەن كۇچا ئويۇلمىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا، شايار ـ لوپنۇر پلاتفورما كۆتۈرۈلمىسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا تەۋە. ئۇ، مېزوزوي ئېراسى، كاينوزوي ئېراسىدىكى بەكمۇ قېلىن بولغان قۇرۇقلۇق ـ كۆل قاتىسىلىك، دەريا قاتىسىلىك چۆكۈندىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ھىمالايا تېغى ھاسىل بولۇش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بۇ يۇرۇلمىلەر ئۈززۈلۈش ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ، تاغ ئالدى 3 ـ دەۋر چۆلتاغ يۇرۇلمە بەلۋېغى بىلەن توقسۇ تەكشى يۇرۇلمە بەلۋېغى كېيىن ـ كېيىندىن ھاسىل بولغان.

ناھىيە زېمىنى 4 ـ دەۋر چۆكۈندىلىرى بىلەن تېنىپ كەتكەن بولغاچقا، تەكشى بوي يۆنىلىشلىك قىيپاش ئويمان يەرلەر شەكىللىنىپ قالغان، ئۇنىڭ شەكىللىنىش تىپى ئېقىندىلار، لاتقىلار، شامال چۆكۈندىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ چۆكۈندىلەر، ئاساسەن، شىمالىي تاغلىق جايلارغا جايلاشقان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئۈۋۈندى ماددىلاردىن ھاسىل بولغان. ئۆزئارا چۆكۈش نەتىجىسىدە، مۇرەككەپ بولغان 4 ـ دەۋر گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىلەر ھاسىل بولغان، بۇلارنى 3 يەر قاتلىمى بىرلىكىگە ئايرىش مۇمكىن: 1) گولوتسېن ئوتدېلى تىنما قاتلىمى. بۇ، ئاساسەن، ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا، ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئويمانلىقلارغا تارقالغان؛ 2) گولوتسېن ئوتدېلى ئېقىندى ـ لاتقا قاتلىمى. بۇ، ئاساسەن، ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلارغا تارقالغان. بۇ ئېقىندىلار ئومۇمەن ھەرخىل دانىچە شېغىللاردىن تەركىب تاپقان، لاتقىلار بولسا، سېغىز توپىلارنى ئاساس قىلىدۇ؛ 3) گولوتسېن ئوتدېلى شامال چۆكۈندە قاتلىمى. بۇ، ئاساسەن، ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى چەت رايونلارغا تارقالغان. ئويمانلىق يەرلەرنىڭ سىرتىدىكى يېڭى 3 ـ سىستېمىغا تەۋە بولغان پلىئوتسېن ۋە 3 ـ سىستېمىغا تەۋە بولغان ئېئوتسېن ـ يېڭى 3 ـ سىستېمىغا تەۋە بولغان پلىئوتسېن يەر قاتلاملىرىنىڭ ھەممىسى پەيدىنپەي تاغلىق رايونلارغا كىرىپ كەتكەن.

## 1. گېئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى 4 - دەۋر چۆكۈندىلىرى قاپلاپ تۇرىدۇ. يېڭى تۈزۈلمە ھەرىكىتىنىڭ رولى ناھىيە تەۋەسىدىكى 4 - دەۋر گېئولوگىيىسىنىڭ چۆكۈندە كۆلىمىنى بەلگىلىگەن، لېكىن بۇ 4 - دەۋر گېئولوگىيىسى توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدىلا ئىپادىلەنگەن، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنۇلار:

1) شەكىللىنىش تىپى لاتقا، ئېقىندى، تىنما - لاتقا، شامال چۆكۈندىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) چۆكۈندىلەرنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى شىمالىي تاغلىق رايونلاردىكى دەريا ئېقىنلىرى ئېقتىپ كەلگەن ئۇۋۇندى ماددىلاردىن ئىبارەت. بۇ، چۆكۈندىلەرنىڭ گورىزونتال ۋە ۋېرتىكاللىق يۆنىلىش بويىچە ئۆزگىرىشىدە مەلۇم قانۇنىيەت بارلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مەسىلەن: شىمالدىن جەنۇبقىچە بولغان جايلاردىكى چۆكۈندىلەر يىرىكلىكتىن ئۇششاقلىششقا، قۇرۇلمىسى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىششكە قاراپ ئۆزگەرگەن. ۋېرتىكاللىق يۆنىلىش بويىچە ئۆزگىرىشى بولسا، ئۈستۈنكى قىسمىدىكى گولوتسېن ئوتتۇرا ئېقىندى تەۋە چۆكۈندىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى مۇرەككەپ، تۆۋەن قىسمىدىكى ئىلگىرىكى يېڭىلىنىش سىرىيىسىگە تەۋە بولغان چۆكۈندىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى بىرقەدەر ئاددىي.

## 2. گېئولوگىيىلىك يەر قاتلىمى تىپى

ناھىيە تەۋەسىدە ئېچىلىپ قالغان 4 - دەۋر گېئولوگىيىلىك يەر قاتلىمى دەۋرلەر بويىچە مۇنداق شەكىللىنىش تىپىغا ئايرىلىدۇ:

1) گولوتسېن ئوتتۇرا ئېقىندى قاتلىمى دەريا قىنىدىكى ئېقىندىلار ئۆتكەن دەرياسى تومۇرىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، رادىئال لىنتىسىمان ھالەتتە ھازىرقى دەريا قىنىغا ۋە دەريانىڭ ئىككى يېنىدىكى ئويمانلىق يەرلەرگە تىنىپ قالغان. دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جىنسلار قۇم - شېغىللاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇ، تومۇر ۋە يۇقىرى ئېقىندىكى دەريا قىنىغا تارقالغان، جىنسلار كۆلرەڭ شېغىللاردىن تەركىب تاپقان. تومۇرغا يېقىن جايلاردا دىئامېتىرى 5 — 20 سانتىمېتىرغىچە كېلىدىغان دانىچە شېغىل تاشلار بار. ئۇنىڭ تەركىبى گىنېيس، كۋارتسلىق جىنس، تۇفلارنى ئاساس قىلىدۇ، شەكلى يۇمىلاق ۋە سوقىچاق ھالەتتە بولۇپ، قۇرۇلمىسى بوش، ئاللىنىشچانلىقى ئادەتتە چوڭ كاۋاكلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنلىرىدا دانىچىلەر ئۇششاق بولۇپ، كۆلرەڭ ئەشمە قۇم بىلەن بوز سېرىق قۇم تۇپراق، قوڭۇر رەڭلىك سېغىزلىق تۇپراق قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان. قۇم قاتلاملىرىنىڭ ئاللىنىشچانلىقى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، قەۋەت ھاسىل قىلغان، ئۇنىڭ تەركىبىدە كۋارتسلىق دالا شپاتى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ، چىرىمتال ۋە تۈتۈق رەڭلىك مىنېراللار 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ.

2) گولوتسېن ئوتتۇرا ئېقىندى - لاتقا قاتلىمى بۇ، ئۆتكەن دەرياسىنىڭ يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندى - لاتقا تۈزلەڭلىك ۋە ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىك رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، ئۆتكەن دەرياسىدىكى ئېقىندى - لاتقىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال تەسىرى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان. بۇ ئېقىندىلار ئومۇمەن ھەرخىل دانىچە شېغىل قاتلىمىدىن ھاسىل بولغان، لاتقىلار سېغىز توپىنى ئاساس قىلىدۇ، چۆكۈندى كۆلىمى خېلى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولىنىڭ شىمالىدىكى جىنسلارنىڭ سىرتقى قەۋىتىنى قېلىنلىقى 5 — 15 مېتىرغىچە كېلىدىغان قوڭۇر سېرىق سېغىزسىمان تۇپراق بىلەن قۇمسىمان تۇپراق قاتلىمى ئوراپ تۇرىدۇ، ئاستىنقى قىسمى شېغىل قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان.

ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى جىنىسلار قېلىنلىقى ئوخشاش بولمىغان قوڭۇر سېرىق سېغىزسىمان تۇپراق، قۇمسىمان تۇپراق بىلەن ئوتتۇراھال يۇمشاق قۇملار كىرىشكەن قاتلامدىن تەركىب تاپقان. سۇغىرىش رايونىدىكى تۆۋەن ئېقىمىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەكلىرىگىچە بولغان جايلاردىكى جىنىسلار كۆلرەڭ، كۆكۈچ ئەشمە قۇمنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭ سىرتقى قەۋىتى قوڭۇر قىزىل تۇپراق، بوز يېشىل سېغىزسىمان تۇپراق، قۇمسىمان تۇپراقلار كىرىشكەن قاتلامدىن تەركىب تاپقان، بۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن گورىزونتال ۋە گىرەلەشكەن ھالدا قەۋەتلەشكەن.

3) گولوتسېن ئوتدېلى شامال چۆكۈندى قاتلىمى بۇ، ناھىيىنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن ئۆگەن دەرياسىدىكى يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ ئىككى يان گىرۋەكلىرىگە تارقالغان. جەنۇبىي گىرۋىكىگە پارچە ـ پۇرات قۇم دۆۋىلىرى تارقالغان، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى كۆپ ھاللاردا يەر ئاستى سۈيىنىڭ تېشىپ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تارقىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلانغاندا، شامالدا ھاسىل بولغان قۇم دۆۋىسى قاتلىمى شۇ جايدىكى ئېقىندى قۇم قاتلىمى بولۇپ، شامالدا يىمىرىلىپ دۆۋىلىنىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان. بۇنىڭدىن تەركىب تاپقان جىنىسلار شۇكى: (1) تۇراقلىق ۋە يېرىم تۇراقلىق قۇم دۆۋىلىرىنى ھاسىل قىلغۇچى ماددىلار كۆلرەڭ ۋە بوز سېرىق ئەشمە قۇمنى ئاساس قىلغان، تاللىنىشى نىسبەتەن ياخشى، مىنېرال تەركىبى جەھەتتە كۋارتس %40 نى، دالا شپاتى %30 نى، چىرىمتال %15 نى ئىگىلەيدۇ، قالغانلىرى تۈرلۈك مىنېرال بولۇپ، قورۇلمىسى بوش، روشەن ھالدا شامالدا گىرەلىشىپ قەۋەتلەشكەن، ئۇنىڭ تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ئورگانىك ماددا بار، قۇم دۆۋىلىرىنىڭ سىرتقى قەۋىتى شورلىشىپ كەتكەن. (2) ھەرىكەتچان قۇم دۆۋىلىرى كۆلرەڭ، بوز سېرىق ئوتتۇراھال يۇمشاق قۇمدىن تەركىب تاپقان، تاللىنىشى ناھايىتى ياخشى، قورۇلمىسى بوش، كاۋاكلىرى يېتىلگەن بولۇپ، تىپىك كۆچمە قۇم خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئىلگىرىكى يېگىلىنىش سېرىيىسى ۋە ئوتتۇرا يېگىلىنىش سېرىيىسىگە تەۋە بولغان لاتقىلار سۇغىرىش رايونىنىڭ سىرتىغا تارقالغان.

## 2 § . سۇ رايى گېئولوگىيىسى

گېئولوگىيىلىك قۇرۇلما خۇسۇسىيىتى، يەر شەكلى تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى، سۇ رايى كىلىمات ئالاھىدىلىكى ۋە 4 ـ دەۋردىكى بوش چۆكۈندىلەرنىڭ جىنىس خۇسۇسىيىتى، قۇرۇلمىلىق تىپى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ناھىيىنىڭ سۇرايى گېئولوگىيىسى نىسبەتەن بىرخىللا بولغان، رايون دائىرىسى يەر ئاستى سۈيى تولۇقلىنىدىغان رايون، يەر ئاستى سۈيى سىرغىم رايونى ۋە يەر ئاستى سۈيى چىقىرىۋېتىلىدىغان رايونلارغا ئايرىلىدۇ.

يەر ئاستى سۈيى تولۇقلىنىدىغان رايون ناھىيە تەۋەسىنىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان. شەرقىي قىسمىدىكى سۇلۇق قەۋەت يۇمىلاق شېغىلدىن، شىمالىي قىسمىدىكى سۇلۇق قەۋەت شېغىل تاش، قۇم ۋە قۇمسىمان تۇپراقلار كىرىشكەن قەۋەتتىن تەركىب تاپقان. رايون تەۋەسىدە يەر ئاستى سۈيى مول، سۇ سۈپىتى ئەلا ياخشى، سىرغىم شارائىتى ياخشى. يەر ئاستى سۇ سىرغىم رايونى ناھىيە تەۋەسىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىغا جايلاشقان، سىرغىم شارائىتى ناچار، سۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى سەل يۇقىرى، يەر ئاستى سۈيى چىقىرىۋېتىلىدىغان رايون ناھىيە تەۋەسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان، سۇلۇق قەۋىتى قۇمسىمان تۇپراق ۋە سېغىزسىمان تۇپراقتىن تەركىب تاپقان، سىرغىمى ئاستا، يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرى، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى زور.

ناھىيە تەۋەسىدە يەر ئاستى سۈيىنىڭ جايلىشىشى تەكشى ئەمەس، ئېقىن يۆنىلىشىمۇ پەرقلىنىدۇ. ناھىيە

بازىرىنىڭ شەرقىدىكى بەر ئاستى سۈيى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ ئاقىدۇ، ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى يەر ئاستى سۈيى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا ئاقىدۇ. مىنېراللىشىش دەرىجىسى شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ بارا - بارا ئېشىپ بارىدۇ. شىمالىي قىسىم ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىدا ھەربىر لىتىر سۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى بىر گرامغا يەتمەيدۇ، جەنۇبىي قىسىمدا ھەربىر لىتىر سۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى بىر گرامدىن 3 گرامغا يېتىدۇ.

## 3 § . قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش گېئولوگىيىسى پەقەت شەھەر رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك ماتېرىياللىرىدا كۆرسىتىلگەن شەرقتە توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىدىن تارتىپ، غەربتە ناھىيىلىك يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ مۇسۇلمانلار ئاشخانىسىغىچە، جەنۇبتا ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن تارتىپ، شىمالدا نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغىچە بولغان دائىرىدىكى يەر يۈزىدىن 20 مېتىر چوڭقۇرلۇققىچە بولغان بۆلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يەر يۈزىدىن 0 — 1 مېتىرغىچە چوڭقۇر بولغان جايلار يېپىشقاق تۇپراق ياكى ئەت تۇپراقتىن، 1 — 20 مېتىرغىچە چوڭقۇر بولغان جايلار قۇملۇق تۇپراقتىن تەركىب تاپقان، ئارىلىقلىرىدا يۇمشاق تۇپراق قىستۇرۇلغان قەۋەت بار.

**توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش گېئولوگىيىلىك شارائىتى**

جەدۋەل: 2 — 1 بىرلىكى: توننا/كۋادرات مېتىر

| تۈرى | تۇپراق سۈپىتى ھەققىدە بايان | ئۆلچەملىك چىدامچانلىقى |
|---|---|---|
| يېزا ئىگىلىك بانكىسى تۇرالغۇ بىناسى | 0 — 1 مېتىرغىچە چوڭقۇر بولغان يەرلەر ئەت تۇپراقتىن، 1 — 2 مېتىرغىچە چوڭقۇر بولغان يەرلەر سېغىزسىمان تۇپراقتىن، 3 مېتىردىن چوڭقۇر بولغان يەرلەر قۇملۇق قەۋەتتىن تەركىب تاپقان. | 90 |
| پوچتا - تېلېگراف بىناسى | 0 — 1.2 مېتىرغىچە چوڭقۇر بولغان يەرلەر قۇمسىمان ئەت تۇپراقتىن، 1.2 مېتىردىن چوڭقۇر بولغان يەرلەر قۇم تۇپراقتىن تەركىب تاپقان. | 160 |
| مالىيە ئىدارىسى بىناسى | 0 — 0.4 مېتىرغىچە چوڭقۇر بولغان يەرلەر ئارىلاشما تىنما تۇپراقتىن، 0.4 — 1.5 مېتىرغىچە چوڭقۇر بولغان يەرلەر سېغىزسىمان تۇپراقتىن، 1.5 — 3.2 مېتىرغىچە بولغان يەرلەر قىستۇرۇلما يۇمشاق سېغىزسىمان تۇپراقتىن، 3.2 مېتىردىن چوڭقۇر بولغان يەرلەر قۇملۇق قەۋەتتىن تەركىب تاپقان. | 120 |
| دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى بىناسى | 0 — 1.2 مېتىرغىچە چوڭقۇر بولغان يەرلەر قۇمسىمان ئەت تۇپراقتىن، 1.2 — 2 مېتىرغىچە چوڭقۇر بولغان يەرلەر ئۇۋاق قۇمدىن، 2 — 2.5 مېتىرغىچە چوڭقۇر بولغان يەرلەر سېغىزسىمان تۇپراقتىن، 2.5 — 6 مېتىرغىچە چوڭقۇر بولغان يەرلەر قۇمسىمان ئەت تۇپراقتىن، 6 مېتىردىن چوڭقۇر بولغان يەرلەر قۇملۇق قەۋەتتىن تەركىب تاپقان. | 130 |

| | | |
|---|---|---|
| تۈرلۈك ماللار شىركىتى بىناسى | 0 — 1.5 مېتىرغىچە چوڭقۇر بولغان يەرلەر يۇمشاق سېغىز تۇپراقتىن، 1.5 — 2.5 مېتىرغىچە چوڭقۇر بولغان يەرلەر ئەت تۇپراقتىن، 2.5 — 3 مېتىرغىچە چوڭقۇر بولغان يەرلەر ئۇۋاق قۇمدىن، 3 — 4.5 مېتىرغىچە چوڭقۇر بولغان يەرلەر قۇمسىمان ئەت تۇپراقتىن، 4.5 مېتىردىن چوڭقۇر بولغان يەرلەر قۇملۇق قەۋەتتىن تەركىب تاپقان. | 120 |

# II باب

# يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يېرى تۈزۈلۈش جەھەتتە تاغلىق ۋە تۈزلەڭلىكتىن ئىبارەت 2 چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

## 1 § . تاغلىق يەرلەر

تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان چۆلتاغ ناھىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە شەرقتىن غەربكە قاراپ ئەگرى - توقاي جايلاشقان. ئۇ، 3 - دەۋردىكى قىزغۇچ قۇم - تاشلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۈستى قەۋىتىدە تاغ جىنىسلىرى ئېچىلىپ قالغان. بۇ تاغنىڭ توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قىسمى شەرقتە ئۆگەن دەرياسى تۈمىسى (لوڭكۇ) دىن تارتىپ، غەربتە قارا يۇلغۇن ئېغىزىغىچە تەخمىنەن 136 كىلومېتىر سوزۇلغان. تاغلىق جايلارنىڭ يەر كۆلىمى 1071 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 13.3%نى ئىگىلەيدۇ. تاغ چوققىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى 2212 مېتىر (ئاچال كەنتىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان) كېلىدۇ.

## 2 § . تۈزلەڭلىك

تۈزلەڭلىك ئۆگەن دەرياسى ئېقىندى تۈزلەڭلىكى ۋە چۆلتاغ لاتقا تۈزلەڭلىكى دەپ ئايرىلىدۇ. ناھىيىنىڭ يېرىنىڭ شىمال تەرىپى ئېگىز، جەنۇب تەرىپى پەس بولۇپ، شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ، ئۆگەن دەرياسى تۈمىسىنى مەركىزىي نۇقتا قىلىپ، يەلپۈگۈچسىمان رادىئال ھالەتتە شەكىللەندۈرگەن. تەبىئىي پەسىيىش شىمالىي قىسمىنىڭ 1/100 — 1/200 گىچە، ئوتتۇرا قىسمىنىڭ 1/400 — 1/1000 گىچە، جەنۇبىي قىسمىنىڭ 1/2000 — 1/4500 گىچە كېلىدۇ. تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تاغلىق رايونلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى 1030 مېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1015 مېتىر، ئەڭ تۆۋەن يەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىز نۇقتىسى 980 مېتىر كېلىدۇ (توڭگۇز باش قەدىمىي

شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان).

ناھىيە تەۋەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۆگەن دەرياسى تاغدىن چىققاندىن كېيىن تارقاق ئېقىن ھاسىل قىلىپ، ئۆگەن دەرياسى ئېقىندى تۈزلەڭلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. دەريا ئېقىنلىرىنىڭ يالىڭاش بىلەن چوڭ - كىچىك 4 قەدىمىي دەريا قىنى شەكىللەنگەن، نەتىجىدە دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىدە روشەن ئېگىز - پەس ھالەت پەيدا بولۇپ، تۆپىلىك ۋە ئازگاللىقلار ئارىلىشىپ كەتكەن ئۆزگىچە يەر شەكلى ھاسىل بولغان. ئېقىندى تۈزلەڭلىكتىكى تۇپراق، سۇ، شور، يېپىنچا ئۆسۈملۈك قاتارلىقلار يەر شەكلىگە قاراپ ھەرخىل تۈس ئالغان.

ناھىيە تەۋەسىنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي جەنۇب قىسمى چۆلتاغ لاتقا تۈزلەڭلىكىگە تەۋە، يەر يۈزى كۆپىنچە ھاللاردا يۇمشاق سېرىق قۇمدىن تەركىب تاپقان چۆل - باياۋان بولۇپ، شامال چۆكۈندىلىرىدىن ھاسىل بولغان.

ناھىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا تۇراقلاشقان ۋە يېرىم تۇراقلاشقان قۇم دۆۋىلىرى شۇنداقلا كۆچمە قۇم دۆۋىلىرى بار، ئېگىزلىرى 100 مېتىردىن ئاشىدۇ. قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا پارچە - پۇرات شالاڭ ئورمانلار ئۆسكەن. چۆللۈكتە غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان 4 قەدىمىي دەريا بار.

ناھىيە بويىچە تۈزلەڭلىك كۆلىمى 7127 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 86.7% نى ئىگىلەيدۇ.

## 1. ئۆگەن دەرياسىدىن ھاسىل بولغان يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىلار

ئۆگەن دەرياسى تاغ ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىن، رادىئال ھالەتتە يېيىلىپ ئېقىپ، پايانسىز كەتكەن تەكشى ئېقىندى - لاتقىلىق قىيپاش تۈزلەڭلىكنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ دېڭىز يۈزىدىن 900 — 1030 مېتىرغىچە ئېگىز بولۇپ، جەنۇبقا سەل قىيسايغان، يەر يۈزى يانتۇلۇقى 0.1% — 0.15% كىچىك كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچ قىسمى 70 نەچچە كىلومېتىر سوزۇلغان، جەنۇبىي گىرۋىكى تارىم دەرياسى ئېقىندى تۈزلەڭلىكى بىلەن تۇتىشىدۇ.

ئۆگەن دەرياسىدىكى يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندىنىڭ ئوتتۇرا، ئوتتۇرا قىسىملىرىدا بوستانلىقلار بارلىققا كەلگەن، بۇ بوستانلىقلارغا يېزا - قىشلاقلار زىچ جايلاشقان، ئۆستەڭلەر ئۇنى ئۇزۇنىسىغا كېسىپ ئۆتكەن؛ تۆۋەنكى قىسمى قىيپاش بولۇپ، بۇ يەردە پارچە - پۇرات تارقالغان پەسرەك چاتقال ئارىلاش قۇم دۆۋىلىرى ۋە شامالنىڭ يالىڭاش بىلەن شەكىللەنگەن توپا دۆڭلەر بار؛ غەربىي تەرىپىدىكى ئالدى گىرۋەكنىڭ كۆپ قىسمىنى بوران دۆۋىلەپ قويغان قۇم ئوراپ تۇرىدۇ.

## 2. دەريا جىلغىسىنىڭ يەر شەكلى

ئۆگەن دەرياسى تاغ ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىن، چاچما ھالەتتە ئۇزۇنىغا سوزۇلغان، دەريا يولىنىڭ كەڭلىكى 300 — 500 مېتىرغىچە كېلىدۇ، دەريانىڭ 2 قىرغىقىدا تېرراسالار پەيدا بولغان، قىرغاقنىڭ ئېگىزلىكى 1 — 3 مېتىرغىچە كېلىدۇ. دەريا ئەگمىسى ئومۇمىيۈزلۈك يېتىلگەن، تۆۋەنكى ئېقىمىغا بويۇنتۇرۇقسىمان كۆللەر پارچە - پۇرات تارقالغان، تىنىملارنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا، دەريا قىنى يەر يۈزىدىن خېلىلا ئېگىز چىقىپ قالغان. دەريا ئېقىنى سوزۇلۇپ شايار ناھىيىسىنىڭ ئەتراپىغىچە ئېقىپ بېرىپ، شەرققە بۇرۇلۇپ تارىم دەرياسىنىڭ بۇرۇنقى ئېقىن يولىدا يوقاپ كېتىدۇ.

## 3. شامالدىن ھاسىل بولغان يەر شەكلى

ناھىيە تەۋەسىدىكى ئېقىندى - لاتقا قىيپاش تۈزلەڭلىكتە چولق - كىچىك قۇم ئۇمۇرتقىسى ۋە دۆۋىلىرى كەڭ دائىرىدە دۆۋىلىنىپ قالغان، بۇ بىرىكمىلەر ئەشمە قۇم، يۇمشاق قۇم ۋە قىسمەن قۇمسىمان توپىدىن ھاسىل بولغان. تۈرلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ يەنە مۇقىم چاتقاللىق دۆۋە، كۆچمە قۇم ئۇمۇرتقىسى ۋە ھىلال ئايسىمان قۇم دۆۋىلىرى دەپ ئايرىلىدۇ. سۇغىرىش رايونى ئىچىدىكىسىنىڭ كۆپىنچىسى مۇقىم چاتقاللىق قۇم دۆۋىلىرى ھېسابلىنىدۇ. مۇقىم قۇم دۆۋىلىرى يىگانە كونۇسسىمان شەكىلدە بولۇپ، گۈمبەزسىمان ئېدىرلىقلارنى شەكىللەندۈرگەن، ئېگىزلىكى ئادەتتە 1 — 5 مېتىرغىچە، ئەڭ ئېگىزلىرىنىڭ 10 — 15 مېتىرغىچە كېلىدۇ. روشەن ھالدا شامالغا دالدا بولىدىغان دۆڭ ۋە شامال ئۇرۇپ تۇرىدىغان دۆڭلەر يوق، يانتۇ بۇلۇڭى 20° — 30° كېلىدۇ. قۇم دۆۋىلىرى ئۈستىدە يۇلغۇن، سۆكسۆكلەر ئۆسكەن. غەربىي جەنۇب تەرىپىنىڭ كۆپ قىسمى شامالدا يالىنىپ كەتكەن ئويمانلىق ۋە توپا تەكچىلىك يەرلەر بولۇپ، كۆچمە قۇم ئۇمۇرتقىسى ۋە ھىلال ئايسىمان قۇم دۆۋىلىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان.

# III باب

# ھاۋا كىلىماتى، ئىقلىمى

## §1 . ھاۋا كىلىماتى

توقسۇ ناھىيىسى دېڭىز - ئوكياندىن يىراق بولۇپ، ئاسىيا - ياۋروپا چولق قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان، غەربتە پامىر ئېگىزلىكى بار، شىمالدا تەڭرىتاغ توغرىسىغا سوزۇلۇپ ياتىدۇ، شەرقىي تەرىپى تۈزلەڭلىك رايون ھېسابلىنىدۇ، جەنۇبىي تەرىپىدە تەكلىماكان قۇملۇقى بار. يەر شەكلى چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن غەرب - شىمال تەرەپتىن كىرگەن سوغۇق ھاۋا ئېقىمى تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ ئايلىنىش نەتىجىسىدە توسۇلۇپ قېلىپ پەسلەپ بارىدۇ.دە، تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھاۋاسى قۇرغاقلىشىپ ئاسانلىقچە تويۇنمايدۇ. سوغۇق ھاۋا ئېقىمى شىمالىي شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ ئايلىنىپ، يول بويلىرىدا يېغىن يېغىدۇ، تەڭرىتاغدىن ئەگىپ ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا كىرىدۇ، تۈزلەڭلىك رايونلاردىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ، ناھىيە تەۋەسىگە بېسىپ كىرىپ، شەرقتە ھۆل - يېغىن پەيدا قىلىدۇ. توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاۋا كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ چولق قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ، ھاۋاسى قۇرغاق، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۈچلۈك، ھۆل - يېغىن ئاز، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى تولۇق، ھاۋا كۆپىنچە ئوچۇق بولىدۇ. ئىسسىقلىق بايلىقى مول، قىروسىز مەزگىل ئۇزۇن، ياز پەسلى قۇرغاق ئىسسىق، قىش پەسلى قۇرغاق سوغۇق، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى زور. ئەتىيازدىكى ھاۋانىڭ كۆپ ئۆزگىرىشى تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، كۈزدە سوغۇق ھاۋا كەينى - كەينىدىن بېسىپ كىرگەچكە، تېمپېراتۇرا بىرقەدەر تېز تۆۋەنلەيدۇ.

1960 — 1988 - يىلغىچە بولغان 29 يىل ئىچىدە يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 10.5℃، يىللار ئارا ئۆزگىرىشى 9.8℃ — 11.3℃ ئارىلىقىدا بولۇپ كەلگەن. ھەر يىلى 7 - ئايدا ئەڭ ئىسسىق بولىدۇ، ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 24.8℃، يىللار ئارا ئۆزگىرىشى 22.1℃ — 26.3℃ ئارىلىقىدا بولىدۇ، ئۆتكەن يىللارنىڭ مۇتلەق ماكسىمۇم تېمپېراتۇرىسى 40.1℃ (1975 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى) بولغان. ھەر يىلى 1 - ئايدا ئەڭ سوغۇق بولىدۇ، ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى -8.3℃، يىللار ئارا ئۆزگىرىشى -14.9℃ — -5.0℃ ئارىلىقىدا بولىدۇ، ئۆتكەن يىللارنىڭ مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرىسى -26.8℃ (1967 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى)، يىللار ئارا ئۆزگىرىشى -26.8℃ — -14.3℃ ئارىلىقىدا بولغان.

سوتكىلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0℃ تىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان ۋاقىت 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى باشلىنىپ، 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاخىرلىشىدۇ، يەنى 270 كۈن داۋاملىشىدۇ، جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4412.3℃ قا يېتىدۇ.

سوتكىلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 10℃ تىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان ۋاقىت 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى باشلىنىپ، 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاخىرلىشىدۇ، يەنى 194 كۈن داۋاملىشىدۇ، جۇغلانما تېمپېراتۇرا 3996.2℃قا يېتىدۇ.

سوتكىلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 20℃ تىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان ۋاقىت 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى باشلىنىپ، 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاخىرلىشىدۇ، يەنى 106 كۈن داۋاملىشىدۇ، جۇغلانما تېمپېراتۇرا 2312.9℃ قا يېتىدۇ.

ئۆتكەن يىللاردا كۈن نۇرىنىڭ ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2894.6 سائەت بولۇپ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش پىرسەنتى 65% كە يەتكەن. ھەر بىر كۋادرات سانتىمېتىر يەرگە چۈشكەن قۇياش رادىئاتسىيىسىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى 144.6 كىلوكالورىيىگە يېتىدۇ. ئوتتۇرىچە قىرو سىز مەزگىل 201 كۈن، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 216 كۈن، ئەڭ قىسقا بولغاندا 155 كۈن بولىدۇ. ئىلگىرىكى يىللاردىكى شامالنىڭ ئوتتۇرىچە تېزلىكى 1.9 مېتىر/سېكۇنت (يەنى بىر بالدىن 2 بالغىچە)، لېكىن ئەتىياز ۋە يازدا 8 بال بوران كۆپرەك چىقىدۇ، شامالنىڭ ئەڭ يۇقىرى تېزلىكى 29 مېتىر/سېكۇنت (1979 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى) قا يېتىدۇ، شەرقىي شىمال بورىنى كۆپ چىقىدۇ. ئۆتكەن يىللاردىكى ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 63.7 مىللىمېتىر، يىللار ئارا ئۆزگىرىشى زور، ھۆل - يېغىن كۆپ بولغان 1987 - يىلى 217.2 مىللىمېتىرغا، ھۆل - يېغىن ئاز بولغان 1962 - يىلى ئاران 22.7 مىللىمېتىرغا يەتكەن بولۇپ، 9.6 ھەسسە پەرقلىنىدۇ. ھۆل - يېغىن ئاساسەن ياز پەسلىدىكى 3 ئايغا مەركەزلەشكەن. سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1992.7 مىللىمېتىر. تۇپراق ئادەتتە 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن ياندۇرقى يىلى 3 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە تەخمىنەن 100 كۈندىن كۆپرەك توڭلايدۇ. تۇپراق ئادەتتە 68 سانتىمېتىر ئەتراپىدا توڭلايدۇ، ئۆتكەن يىللاردا تۇپراق 78 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا توڭلىغان (1967 - يىلى).

## 4.1 پەسىل

مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، توقسۇ ناھىيىسىدە 4 پەسىلنىڭ ئايرىلىشى مۇنداق بولىدۇ: سوتكىلىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0℃ — 20℃ قىچە بولسا ئەتىياز پەسلى، 20℃ — 0℃ قىچە بولسا كۈز پەسلى، 20℃ تىن ئېشىپ كەتسە ياز پەسلى، 0℃ تىن تۆۋەن بولسا قىش پەسلى ھېسابلىنىدۇ.

## توقسۇ ناھىيىسىدە 4 پەسىلنىڭ ئايرىلىشى

جەدۋەل: 2 — 2

| پەسىل | باشلىنىشى |  | ئاخىرلىشىشى |  | كۈن سانى | پەسىللىك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا (℃) | پەسىللىك ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى (مىللىمېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
|  | ئاي | كۈن | ئاي | كۈن |  |  |  |
| ئەتىياز | 2 | 25 | 5 | 28 | 83 | 13.7 | 13.3 |
| ياز | 5 | 19 | 9 | 2 | 107 | 23.9 | 33.7 |
| كۈز | 9 | 3 | 11 | 20 | 79 | 10.2 | 12.7 |
| قىش | 11 | 21 | 2 | 24 | 96 | 5.6 | 4 |

ناھىيە تەۋەسىدە ئەتىياز، ياز، كۈز، قىشتىن ئىبارەت 4 پەسىل بار، ۋاقىت ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭ ئەمەس، ياز پەسلى ئەڭ ئۇزۇن، كۈز پەسلى ئەڭ قىسقا بولۇپ، 18 كۈن پەرقلىنىدۇ. توقسۇ ناھىيىسىدە 3-، 4-، 5- ئايلار ئەتىياز پەسلى، 6-، 7-، 8- ئايلار ياز پەسلى، 9-، 10-، 11- ئايلار كۈز پەسلى، 12- ئايدىن كېيىنكى يىلى 1-، 2- ئايلارغىچە قىش پەسلى ھېسابلىنىدۇ.

**ئەتىياز پەسلى** 93 كۈن بولىدۇ، پەسىللىك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 13.7℃، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى تېزراق، لېكىن تۇراقسىز. سوغۇق ھاۋا ھەرىكىتى كۆپىيىپ كەتكەچكە، شەرقتە ھۆل - يېغىنلىق ھاۋارايى بىرقەدەر كۆپ بولىدۇ. كىلىماتى قۇرغاقلىشىپ كېتىدۇ. پەسىللىك ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 13.3 مىللىمېتىر بولۇپ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 21% نى ئىگىلەيدۇ. ھۆل - يېغىن بىرقەدەر كۆپ بولغان يىللىرى شورلۇق تۇپراقلاردا ئاسانلا شور ئۆرلەپ، يامغۇرلۇق شور ئاپىتىنى پەيدا قىلىپ، زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ. سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى 647.7 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە دائىم بىرقەدەر كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا ئېقىمى كىرىپ، قۇم - بوران، چاڭ - توزانلىق ھاۋارايىنى پەيدا قىلىدۇ، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، 4-، 5- ئايلاردا ئەتىياز سوغۇقىنى پەيدا قىلىپ، تاغلىق رايونلاردا مۇز - قارنىڭ ئېرىشىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆگەن دەرياسىنىڭ سۈيى ئازىيىپ كېتىپ، ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى قىسمەن رايونلاردا بەزىدە يامغۇر ۋە قارا يامغۇر ياكى مۆلدۈر ياغىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 701.2 سائەتكە، ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى 2.5 مېتىر/سېكۇنتقا، بورانلىق ۋاقىت 4.7 كۈنگە يېتىدۇ.

باش ئەتىياز ئادەتتە 2- ئاينىڭ 25- كۈنىگە توغرا كېلىدۇ، لېكىن تۇراقلىق ئەمەس، ئەڭ بالدۇر كەلگەندە 2- ئاينىڭ 8- كۈنىگە، ئەڭ كېچىككەندە 3- ئاينىڭ 12- كۈنىگە توغرا كېلىدۇ. پاتقاق كۆتۈرۈلۈش ۋاقتى 3- ئايغا توغرا كېلىدۇ. ئاخىرقى قىرو ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4- ئاينىڭ 10- كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

**ياز پەسلى** 97 كۈن بولىدۇ، پەسىللىك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 23.9℃ بولۇپ، ھاۋا بەك ئىسسىپ كېتىدۇ. ھۆل - يېغىن مىقدارى 33.7 مىللىمېتىرغا، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى 907 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ، 5.1 كۈن بوران چىقىدۇ. ھاۋا كۆپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، گۈلدۈرماملىق يامغۇر، مۆلدۈر ياغىدۇ، بوران چىقىدۇ. ياز پەسلىدە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى 883.5 سائەتكە يېتىدۇ. يازنىڭ باشلىرىدا

ئاسانلا قۇرغاق ئىسسىق شامال چىقىپ، بۇغدايلارغا بىرقەدەر ئېغىر زىيان سالىدۇ.

**كۈز پەسلى** 79 كۈن بولىدۇ، پەسىللىك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 10.2℃ قا يېتىدۇ، تېمپېراتۇرا تېز تۆۋەنلەيدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭىيىپ بارىدۇ. قارا يامغۇر، مۆلدۈر، بوران قاتارلىق ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايى روشەن ئازىيىدۇ. ھۆل - يېغىن مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.7 مىللىمېتىر، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى 348.1 مىللىمېتىر بولىدۇ. كۈز كىرگەندىن كېيىن قۇياش رادىئاتسىيىسى ئۈزلۈكسىز ئاجىزلايدۇ، سوغۇق ھاۋا ئېقىمى كىرىشى بىلەن تەڭ ھاۋا سوغۇق بولىدۇ. «بىردەم كۈز شامىلى چىقسا، بىردەمدىلا سالقىن بولىدۇ، بىردەم كۈزلۈك يامغۇر ياغسا، بىردەمدىلا سوغۇق بولىدۇ» دېگەن تەمسىل بار. 4 پەسىل ئىچىدە كۈز پەسلى ئەڭ قىسقا، بۇ پەسىلدە كۈن نۇرى 737.9 سائەت چۈشىدۇ. كۈز پەسلىدە ھاۋا كۆپىنچە ئوچۇق بولىدۇ، لەرزان شامال چىقىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنلىرى دەسلەپكى ئۈششۈك پەيدا بولىدۇ.

**قىش پەسلى** 96 كۈن بولىدۇ، پەسىللىك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 5.6℃- قا يېتىدۇ. 1960 — 1988 - يىلغىچە قىش پەسلى داۋاملىق ئىللىق بولۇپ، دولقۇنسىمان ئۆرلەش ھالىتى شەكىللەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەرقايسى ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 26℃- — 8.3℃- ئارىلىقىدا بولۇپ كەلدى، ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى ئاز، ھاۋا ئوچۇق كۈنلەر كۆپ بولدى، قار ئاز ياغدى. يىللىق ئوتتۇرىچە قار مىقدارى 4 مىللىمېتىرغا يېتىپ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 6% نى ئىگىلىدى. يەر يۈزىدىكى يېغىندى قار ئادەتتە 5 سانتىمېتىرغا، ئەڭ قېلىن بولغاندا 10 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. ئۆتكەن يىللاردا دەسلەپكى قار تەخمىنەن 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنلىرى، ئاخىرقى قار تەخمىنەن 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنلىرى ياغقان، ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى تەخمىنەن بىر مېتىر/سېكۇنتقا يەتكەن. قىش پەسلىدە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى 592 سائەتكە، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى 89.9 مىللىمېتىرغا يەتكەن. يەر ئادەتتە 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى توڭلايدۇ، 3 - ئاينىڭ باشلىرى توڭ يانىدۇ. ھەر يىلى يەرنىڭ توڭلاش چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 68 سانتىمېتىرغا يېتىدۇ. ئۆتكەن يىللارنىڭ ئېكستىرېمۇم چوڭقۇرلۇقى 78 سانتىمېتىر (1967 - يىلى) بولغان.

## 2. قۇياش رادىئاتسىيىسى

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلۋاغنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق تىپىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ، ھاۋاسى قۇرغاق، ھاۋا ئوچۇق كۈنلەر كۆپ، بۇلۇت ئاز، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، قۇياش رادىئاتسىيىسى زور، يىللىق ئومۇمىي رادىئاتسىيە مىقدارى 144.6 كىلوكالورىيە/كۋادرات سانتىمېتىر، ئوخشاش پاراللېلدىكى شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو رايونلىرىدىكىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، بىر يىلدىكى 4 پەسىلنىڭ ھەممىسىدە پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قۇياش رادىئاتسىيىسى مىقدارى

جەدۋەل: 2 — 3    بىرلىكى: كىلوكالورىيە/كۋادرات سانتىمېتىر

| ئايلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق رادىئاتسىيە مىقدارى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| رادىئاتسىيە مىقدارى | 6.7 | 7.9 | 11.1 | 13.2 | 16.9 | 17.9 | 18.1 | 16.5 | 12.7 | 10.4 | 7.2 | 6 | 144.6 |

قۇياش رادىئاتسىيىسى مىقدارىنىڭ ئايلار ئارا ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى ۋە تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىشىنىڭ يۈزلىنىشى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسىنىڭ ماسلىشىشى بىرقەدەر ياخشى. 5 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە رادىئاتسىيە مىقدارى ئەڭ زور، 7 ـ ئايدا كۆرۈلگەن چوققا قىممىتى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە فوتوسىنتېزلانغان ئۆنۈملۈك رادىئاتسىيە مىقدارى

جەدۋەل: 2 — 4    بىرلىكى: كىلوكالورىيە/كۋادرات سانتىمېتىر

| ئايلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق ئۆنۈملۈك رادىئاتسىيە مىقدارى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۆنۈملۈك رادىئاتسىيە مىقدارى | 3.3 | 3.9 | 5.6 | 6.6 | 8.6 | 8.9 | 9.1 | 8.3 | 6.4 | 5.2 | 3.6 | 3 | 72.4 |

توقسۇ ناھىيىسى بويىچە يىللىق ئومۇمىي ئۆنۈملۈك رادىئاتسىيە مىقدارى 72.4 كىلوكالورىيە/كۋادرات سانتىمېتىر بولۇپ، قۇياش رادىئاتسىيىسى مىقدارى كۈچلۈكلىكىنىڭ %50 نى ئىگىلەيدۇ.

ئۆتكەن يىللاردا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئەڭ ئاز بولغاندا 2722.9 سائەتكە، ئەڭ كۆپ بولغاندا 3024.9 سائەتكە، كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە چۈشۈش ۋاقتى 2894.6 سائەتكە يەتكەن، يىل ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى قىممىتى 7 ـ ئايغا، ئەڭ تۆۋەن قىممىتى 2 ـ ئايغا توغرا كېلىدۇ. كۈز پەسلىدە ھاۋاسى ئىسسىق ھەم سالقىن بولۇپ، ھاۋا ئاساسەن ئوچۇق بولىدۇ. 10 ـ ئايدا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش پىرسەنتى %75 كە يېتىپ، بىر يىل ئىچىدە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەتىياز پەسلىدىكى 4 ـ ئايدا چاڭ ـ توزانلىق ھاۋارايى كۆپ بولىدۇ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش پىرسەنتى %55 كە يېتىپ، بىر يىللىق ئەڭ تۆۋەن قىممەتكە توغرا كېلىدۇ.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئىلگىرىكى يىللارنىڭ ھەرقايسى ئايلىرىدا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى

جەدۋەل: 2 — 5

| ئايلار / تۈرى | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىل بويى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى (سائەت) | 193.5 | 186.9 | 211.9 | 200.6 | 268.7 | 292.4 | 303.7 | 287.4 | 269.5 | 255.1 | 213.3 | 191.6 | 2894.6 |
| كۈن نۇرى چۈشۈش پىرسەنتى (%) | 66 | 62 | 58 | 55 | 60 | 65 | 66 | 68 | 72 | 75 | 73 | 67 | 65 |

## 3. ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى ۋە سوتكىلىق ئۆزگىرىشى

توقسۇ ناھىيىسىدە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يىللار ئارا ئۆزگىرىشى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. 1 ـ ئايدا ئەڭ سوغۇق بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا -8.3°C قا چۈشىدۇ، 7 ـ ئايدا ئەڭ ئىسسىق بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 24.8°C قا چىقىدۇ. ئەڭ سوغۇق ئايلار بىلەن ئەڭ ئىسسىق ئايلارنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى قوشۇلۇپ، 33.1°C لۇق يىللىق پەرقلىق تېمپېراتۇرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ناھىيە بويىچە ئۆتكەن يىللارنىڭ مۇتلەق ماكسىمۇم ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 40.1°C (1975 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى)، خاتىرىلەنگەن مۇتلەق مىنىمۇم ھاۋا تېمپېراتۇرىسى -26.8°C (1967 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى) بولغان.

ئۆتكەن يىللارنىڭ قىش پەسلىدە كىلىمات پەيدىنپەي ئىللىق بولغاچقا، 1960 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە يىللىق مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرا ئۆرلەش يۈزلىنىشىنى شەكىللەندۈردى، ئادەتتە مۇتلەق مىنىمۇم تېمپېراتۇرا -17°C ئەتراپىدا بولۇپ كەلدى.

ئۆتكەن يىللاردا ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 17.8°C بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 7 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 31.80°C بولدى. ئۆتكەن يىللاردىكى ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 4.1°C بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 10 ـ ئايدىكى ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -13.90°C بولدى. توقسۇ ناھىيىسىدە ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ سوتكىلىق ئۆزگىرىشى بىرقەدەر زور بولۇپ، يىللىق ئوتتۇرىچە سوتكىلىق پەرقى 13.8°C قا، ئەڭ زور بولغاندا سوتكىلىق پەرقى 23.6°C قا يېتىدۇ.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ۋە يىللىق تېمپېراتۇرا پەرقى

جەدۋەل: 2 — 6 بىرلىكى: °C

| ئايلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | جەمئىي | يىللىق ئوتتۇرىچە | يىللىق پەرقى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا | -8.3 | -2.6 | 6.6 | 14.7 | 19.9 | 23.4 | 24.8 | 23.6 | 18.4 | 10.7 | 1.6 | -6 | 126.2 | 10.5 | 33.1 |

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئايلىق تېمپېراتۇرا

جەدۋەل: 2 — 7

| | تۈرى \ ئايلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق قىممىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇتلەق ماكسىمۇم | تېمپېراتۇرا قىممىتى (°C) | 7.3 | 13.9 | 26.6 | 34.1 | 35.5 | 39 | 40.1 | 38.6 | 34.2 | 29.8 | 22.1 | 7.5 | 40.1 |
| | كۆرۈلگەن ۋاقتى (يىل/كۈن) | 19/1965 | 18/1979 | 30/1964 | 27/1967 | 26/1982 | 24/1971 | 13/1975 | 1/1983 | 8/1959 | 2/1985 | 3/1979 | 1973<br>3.1/1977 | 7.13/1975 |

| | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوتتۇرىچە ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا (℃) | | -1.2 | 4.4 | 13.4 | 21.8 | 27.1 | 30.6 | 31.9 | 31 | 26.2 | 19.1 | 9 | 0.5 | 17.8 |
| مۇتلەق | تېمپېراتۇرا قىممىتى (℃) | -26.8 | -23.1 | -10.9 | -2.2 | 1.4 | 5.5 | 9.9 | 8.1 | 3.2 | -4.7 | -16.6 | -23.6 | -26.8 |
| | كۆرۈلگەن ۋاقتى (يىل/كۈن) | 5/1967 | 1/1977 | 1/1984 | 12/1960 | 11/1988 | 2/1979 | 2/1966 | 29/1982 | 30/1968 | 23/1981 | 30/1962 | 24/1984 | 1.5/1967 |
| ئوتتۇرىچە ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا (℃) | | -13.9 | -8.5 | 0.5 | 7.9 | 12.7 | 15.8 | 17.7 | 16.6 | 11.4 | 3.6 | -3.3 | -10.6 | 4.2 |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ھەرقايسى كىرىتىك تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ۋاقتى ۋە جۇغلانما تېمپېراتۇرىسى

جەدۋەل: 2 — 8

| كىرىتىك تېمپېراتۇرىسى | تۈرى | باشلىنىشى | | ئاخىرلىشىشى | | باشلىنىش، ئاخىرلىشىش ئارىلىقىدىكى كۈن سانى (كۈن) | جۇغلانما تېمپېراتۇرا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئاي | كۈن | ئاي | كۈن | | |
| >0℃ | ئوتتۇرىچە | 2 | 25 | 11 | 20 | 269.6 | 4412.3 |
| | ئەڭ بالدۇر | 2 | 8 | 11 | 7 | 280 | 4615.2 |
| | ئەڭ كېچىككەندە | 3 | 6 | 11 | 30 | 255 | 4236 |
| ≥5℃ | ئوتتۇرىچە | 3 | 14 | 11 | 2 | 233.7 | 4316.5 |
| | ئەڭ بالدۇر | 3 | 1 | 10 | 19 | 254 | 4610 |
| | ئەڭ كېچىككەندە | 3 | 25 | 11 | 15 | 218 | 4122.6 |
| ≥10℃ | ئوتتۇرىچە | 4 | 3 | 10 | 16 | 198.6 | 3996.2 |
| | ئەڭ بالدۇر | 3 | 23 | 10 | 20 | 211 | 4242.6 |
| | ئەڭ كېچىككەندە | 4 | 22 | 10 | 27 | 188 | 3673.4 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ≥15℃ | ئوتتۇرىچە | 4 | 25 | 9 | 29 | 158.5 | 3476.1 |
| | ئەڭ بالدۇر | 4 | 7 | 9 | 24 | 182 | 3854.5 |
| | ئەڭ كېچىككەندە | 5 | 24 | 10 | 10 | 131 | 2966.4 |
| ≥20℃ | ئوتتۇرىچە | 5 | 29 | 9 | 2 | 96.4 | 2312.9 |
| | ئەڭ بالدۇر | 5 | 1 | 8 | 14 | 130 | 3056.2 |
| | ئەڭ كېچىككەندە | 7 | 8 | 9 | 18 | 56 | 1281.9 |

ناھىيە بويىچە ئۆتكەن يىللاردىكى ئوتتۇرىچە يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى 13℃ بولۇپ، ئوتتۇرىچە هاۋا تېمپېراتۇرىسىدىن 2.5℃ يۇقىرى بولدى. ئۆتكەن يىللاردا مۇتلەق ماكسىمۇم يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى 68.9℃، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 26.1℃- بولدى. 7 - ئايدا ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئوتتۇرىچە يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى 31.9℃ قا يەتتى، 1 - ئايدا ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 8.4℃- قا چۈشتى.

### توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى هەر ئايلىق ئوتتۇرىچە يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى ۋە ئېكستىرېمۇم تېمپېراتۇرىسى

جەدۋەل: 2 — 9    بىرلىكى: ℃

| ئايلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق ئوتتۇرىچە | يىللىق مۇتلەق ماكسىمۇم | يىللىق مۇتلەق مىنىمۇم |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوتتۇرىچە يەر يۈزى تېمپېراتۇرىسى | -8.4 | -3 | 6.5 | 16.4 | 24.6 | 29.9 | 31.9 | 29.8 | 22.5 | 12 | 0.6 | -6.6 | 13 | 68.9 | -26.1 |

يەر ئوتتۇرا قاتلام تېمپېراتۇرىسى تۇپراقنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ياز پەسلى تۇپراق ئىسسىقلىق قوبۇل قىلىدىغان ۋاقىت بولۇپ، تېمپېراتۇرا تۇپراق چوڭقۇرلۇقىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ پەيدىنپەي تۆۋەنلەپ بارىدۇ. قىش پەسلى تۇپراق ئىسسىقلىق چىقىرىدىغان مەزگىل بولۇپ، تېمپېراتۇرا تۇپراق چوڭقۇرلۇقىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ئۆرلەپ بارىدۇ. ئەتىياز، كۈز پەسلى ئۆتكۈنچى مەزگىل بولۇپ، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى زور بولمايدۇ. توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 5 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يەرلەرنىڭ يەر تېمپېراتۇرىسى بىرقەدەر تۇراقلىق بولىدۇ، 12℃ تىن يۇقىرى بولغان ئوتتۇرىچە ۋاقتى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنلىرىگە، ئەڭ بالدۇر بولغاندا 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنلىرىگە، ئەڭ كېچىككەندە 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

## 4. تۇپراقنىڭ توڭلىشى

باش قىشتا يەر تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ 0℃ تىن چۈشۈپ كەتكەندە تۇپراق توڭلاشقا باشلايدۇ. 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق مۇقىم توڭلىغان ۋاقىت مۇز تۇتۇش مەزگىلى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆتكەن يىللاردا ئوتتۇرىچە توڭلاش ۋاقتى 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا، تولۇق يېنىش ۋاقتى 3 - ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كەلدى، تۇپراقنىڭ توڭلاش ۋاقتى 100 كۈندىن كۆپرەك داۋاملىشىدۇ. ئۆتكەن يىللاردا تۇپراق ئەڭ قېلىن توڭلىغاندا قېلىنلىقى 78 سانتىمېتىرغا يەتتى. بۇ ئەھۋال 1967 - يىلى كۆرۈلدى. 70 - يىللاردىن 1995 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، قىش پەسلىدە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى داۋاملىق ئىللىق بولغاچقا، تۇپراق ئەڭ قېلىن توڭلىغاندا پەقەت 68 سانتىمېتىر توڭلىدى.

## 5. قىروسىز مەزگىل

قىروسىز مەزگىل يەر يۈزىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى 0℃ قا تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ، ئومۇمەن باش قىرو، ئاخىرقى قىرو ۋە قىروسىز كۈنلەر دەپ ئايرىلىدۇ.

**توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قىروسىز مەزگىلى**

جەدۋەل: 2 — 10

| رايون ئايرىمىسى | باش قىرو | ئاخىرقى ئۈششۈك | قىروسىز كۈن |
|---|---|---|---|
| يېنىك ئۈششۈكسىز كۈن 2℃ تىن يۇقىرى | 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى | 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى | 196 |
| ئېغىر ئۈششۈكسىز كۈن 0℃ تىن يۇقىرى | 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى | 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى | 213 |

## 6. ھۆل - يېغىن

ناھىيە بويىچە ھۆل - يېغىن ئىنتايىن ئاز. ئۆتكەن يىللاردا ھۆل - يېغىن مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 63.7 مىللىمېتىر بولدى. يىللار ئارا ئۆزگىرىشى زور، 4 پەسىل ئېنىق پەرقلىنىدۇ. 1987 - يىلى ھۆل - يېغىن مىقدارى 217.2 مىللىمېتىرغا يەتكەن بولسا، 1968 - يىلى ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاران 22.7 مىللىمېتىر بولغان. ھۆل - يېغىن ئاساسەن 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان ۋاقىتلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ %53 نى ئىگىلەيدۇ. قىش پەسلىدە ھۆل - يېغىن ئەڭ ئاز بولۇپ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ %6 نى ئىگىلەيدۇ، بولۇپمۇ 12 - ئايدا ھۆل - يېغىن ئەڭ ئاز بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر مىللىمېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئۆتكەن يىللاردىكى ھەر ئايلىق ھۆل - يېغىن مىقدارى

جەدۋەل: 2 — 11    بىرلىكى: مىللىمېتىر

| ئايلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىل بويى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى | 1.8 | 1.4 | 2.7 | 2.9 | 7.7 | 10.2 | 12.6 | 10.9 | 6.3 | 4.5 | 1.9 | 0.8 | 63.7 |

ناھىيە بويىچە 0.1 مىللىمېتىردىن كۆپ بولغان ھۆل - يېغىنلىق كۈنلەر ئۆتكەن يىللاردا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 28.8 كۈن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆل - يېغىن مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغان يىللىرى 45 كۈن، ئەڭ ئاز بولغاندا 16 كۈن.

ئادەتتىكى يىللاردا ناھىيىنىڭ كىلىماتى قۇرغاق بولۇپ، يامغۇر ئاز ياغىدۇ، لېكىن بەزى چاغلاردا گۈلدۈرمامىلىق ئۆتكۈنچى يامغۇر ياغىدۇ. مەسىلەن: 1987 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېچىدە 40 مىنۇت گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر ياغدى، ھۆل - يېغىن مىقدارى 59.5 مىللىمېتىرغا يەتتى.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئۆتكەن يىللاردىكى ھەر ئاينىڭ مەلۇم كۈنىدىكى ئەڭ كۆپ ھۆل - يېغىن مىقدارى

جەدۋەل: 2 — 12

| ئايلار / تۈرى | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق قىممىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سوتكىلىق ئەڭ كۆپ يېغىن مىقدارى (مىللىمېتىر) | 4.6 | 4.7 | 12.1 | 11.4 | 22.3 | 30.5 | 34.5 | 61.7 | 21 | 16.7 | 14.9 | 2.3 | 61.7 |
| كۆرۈلگەن ۋاقتى يىل/كۈن | 10/1964 | 28/1973 | 7/1978 | 12/1973 | 23/1960 | 11/1987 | 10/1986 | 2/1987 | 11/1987 | 14/1987 | 18/1962 | 8/1966 | 2/1987.8 |

ئۆتكەن يىللاردا ياغقان قار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7 مىللىمېتىرغا، قار ياغقان كۈن 6 كۈنگە يەتتى. قار ياغقان دەسلەپكى ۋاقىت ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنگە، ئاخىرقى ۋاقتى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنگە توغرا كەلدى. ئۆتكەن يىللاردا يىغىندى قارنىڭ ئەڭ زور قېلىنلىقى 10 سانتىمېتىرغا يەتتى.

## 7. سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى

سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 1992.7 مىللىمېتىر. نۆۋەتتە، سۇنىڭ مېتېئورولوگىيىلىك كۆزىتىلگەن پارغا ئايلىنىش مىقدارى تەبىئىي ئەمەلىي پارغا ئايلىنىش مىقدارىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئەمەلىي قوللىنىش داۋامىدا پارغا ئايلىنىش پوتېنسىئالى پارغا ئايلىنىش مىقدارى (پارغا ئايلىنىش پوتېنسىئالى مۇمكىن بولغان پارغا ئايلىنىش مىقدارى نەزەرىيىسىگە ئاساسەن ھېسابلاپ چىقىلغان) ئورنىدا

قولللىنىلىۋاتىدۇ. پارغا ئايلىنىش پوتېنسىئالى ئەمەلىي پارغا ئايلىنىش مىقدارىغا يېقىن كېلىدۇ. نەزەرىيىۋى ھېسابلاش ئارقىلىق ناھىيە بويىچە سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش پوتېنسىئالى 1096 مىللىمېتىر بولۇپ، سۇنىڭ ئومۇمىي پارغا ئايلىنىش مىقدارىنىڭ 55% نى ئىگىلەيدۇ.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە سۇنىڭ ئۆتكەن يىللاردىكى ھەر ئايلىق پارغا ئايلىنىش ئوتتۇرىچە قىممىتى

جەدۋەل: 2 — 13 بىرلىكى: مىللىمېتىر

| ئايلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىل بويى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پارغا ئايلىنىش مىقدارى | 22.8 | 45.1 | 122.7 | 229.2 | 295.8 | 627.8 | 318.5 | 260.7 | 179.9 | 117.2 | 51 | 22 | 1992.7 |

## 8. نەملىك

ناھىيە بويىچە ئۆتكەن يىللارنىڭ ئوتتۇرىچە پار بېسىمى 7.7 مىللىبارغا يەتتى، 8 - ئايدا ئەڭ كۆپ بولۇپ، 14.7 مىللىبار، 1 - ئايدا ئەڭ ئاز بولۇپ، 2.1 مىللىبار بولدى. ئۆتكەن يىللاردا مۇتلەق ماكسىمۇم قىممىتى 30 مىللىبارغا يەتتى، بۇ ئەھۋال 7 - ئايلاردا كۆرۈلدى، ئەڭ ئاز بولغاندا پەقەت 0.1 مىللىبارغا يەتتى، بۇ ئەھۋال 8 - ئايدا كۆرۈلدى.

ناھىيە بويىچە ئۆتكەن يىللارنىڭ ئوتتۇرىچە نىسبىي نەملىكى 56% كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە نەملىك دەرىجىسى 12 - ئايدا ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 71%، 4 - ئايدا ئەڭ ئاز بولۇپ، 42% بولدى، لېكىن ئۆتكەن يىللارنىڭ 8 - ئايلىرىدا چېكىگە يەتكەن قۇرغاق ھاۋارايى كۆرۈلۈپ، نىسپىي نەملىكى نۆلگە تەڭ بولدى.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئۆتكەن يىللاردىكى ھەر ئايلىق نىسپىي نەملىكنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى

جەدۋەل: 2 — 14

| ئايلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق ئوتتۇرىچە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سانلىق قىممىتى % | 68 | 58 | 50 | 42 | 44 | 44 | 49 | 54 | 58 | 63 | 67 | 71 | 56 |

## 9. شامال

شامال تېزلىكى توقسۇ ناھىيىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى دالدا جايغا جايلاشقان بولۇپ، ئېگىز تاغ توساقلىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئۆتكەن يىللاردا شامالنىڭ ئوتتۇرىچە تېزلىكى 1.9 مېتىر/سېكۇنت بولدى. 4 - ئايدىن 7 - ئايغىچە شامالنىڭ سۈرئىتى بىرقەدەر تېز بولدى، كۈزدە بىرقەدەر

ئاستا، قىشتا تېخىمۇ ئاستا بولىدۇ.

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئىلگىرىكى يىللاردىكى ھەر ئايلىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى**

جەدۋەل: 2 — 15 بىرلىكى: مېتىر/سېكۇنت

| ئايلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوتتۇرىچە شامال تېزلىكى | 1.1 | 1.5 | 2.1 | 2.6 | 2.7 | 2.7 | 2.4 | 2 | 1.8 | 1.4 | 1.1 | 1 | 1.9 |

**شامال يۆنىلىشى** شامال يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئاساسەن، ئاتموسفېرا ئايلانما ئېقىمىنىڭ تېزگىنلىشىگە ئۇچرايدۇ، ئەمما يەر شەكلىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ. ناھىيە بويىچە شەرقىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ؛ ئەتىياز، كۈز پەسلىدە قىيپاش شەرق شامىلى كۆپرەك چىقىدۇ؛ قىش، ياز پەسلىدە شەرقىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە شامالنىڭ ئەڭ تېز سۈرئىتى تەخمىنەن 18 مېتىر/سېكۇنتقا، مۇمكىنلىك ئەڭ تېز سۈرئىتى 29 مېتىر/سېكۇنتقا (1979 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن) يېتىدۇ. بوران يۆنىلىشى شىمال شامىلى ياكى قىيپاش شىمال شامىلى يۆنىلىشىنى ئالىدۇ.

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئۆتكەن يىللاردىكى شامالنىڭ ھەر ئايلىق ئەڭ زور تېزلىكى ۋە يۆنىلىشى**

جەدۋەل: 2 — 16 بىرلىكى: مېتىر/سېكۇنت

| ئايلار | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىل | مۇمكىنلىك بوران تېزلىكى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بوران | تېزلىكى | 9 | 10 | 17 | 19 | 16 | 18 | 18 | 16 | 14 | 14 | 10 | 9 | 19 | 29 |
| | يۆنىلىشى | شەرقىي شىمال | شەرق | شىمال | شىمال | شىمال | شىمال | شىمال | غەربىي شىمال | شىمال | شىمال | شەرق | شىمال | شىمال | شىمال |

## 10. بۇلۇت، تۇمان

**بۇلۇت** ناھىيىنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، بۇلۇت ئاز. سىلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، ئەتىياز، ياز پەسلىدە بۇلۇت كۆپرەك، كۈز، قىش پەسلىدە بۇلۇت ئازراق، يىللىق ئوتتۇرىچە بۇلۇت مىقدارى 48% كە. كۈز پەسلىدە ھەرقايسى ئايلارنىڭ بۇلۇت مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50% — 60% كە، ياز پەسلىدە 40% — 60% كە، قىش پەسلىدە 30% — 50% كە يېتىدۇ.

بىر يىل ئىچىدە ھاۋا ئوچۇق كۈنلەر كۆپ، تۇتۇق كۈنلەر ئاز، يىللىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 292 كۈن ھاۋا ئوچۇق، 34 كۈن ھاۋا تۇتۇق بولىدۇ.

ناھىيە بويىچە سۈس توپ بۇلۇت، ھۆل - يېغىنلىق توپ بۇلۇت، قات توپ بۇلۇت، قويۇق توپ بۇلۇتتىن ئىبارەت تۆۋەن بۇلۇت شەكىللىرى پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. سۈس توپ بۇلۇت ئەڭ كۆپ، قويۇق توپ بۇلۇت ئەڭ ئاز پەيدا بولىدۇ. سۈس توپ بۇلۇت 4 پەسىلنىڭ ھەممىسىدە پەيدا بولىدۇ، ياز پەسلىدە ئەڭ كۆپ پەيدا بولىدۇ. ھۆل - يېغىنلىق توپ بۇلۇت ياز پەسلىدە كۆپرەك، قىش پەسلىدە ئاز پەيدا بولىدۇ. ئۇ پەيدا بولغان ھامان ئۆتكۈنچى ھۆل - يېغىنلىق ھاۋارايىنى ۋە گۈلدۈرماما ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. قات توپ بۇلۇت ياز پەسلىدە ئەڭ كۆپ، كۈز پەسلىدە ئاز پەيدا بولىدۇ. قويۇق توپ بۇلۇت ياز پەسلىدە كۆپ، ئەتىياز، كۈزدە ئاز پەيدا بولىدۇ، بۇ خىلدىكى بۇلۇتلار پەيدا بولغان ھامان ئازراق ئۆتكۈنچى يامغۇر ياغىدۇ.

تۇمان قىش پەسلىدە كۆپرەك پەيدا بولىدۇ، 12 - ئايدا ئەڭ كۆپ بولىدۇ. 1961 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە بولغان 10 يىلدا جەمئىي 38 كۈن تۇمان بولدى، جۈملىدىن 12 - ئايدا 13 كۈن تۇمان بولدى.

## 11 . باشقىلار

قۇم - بوران 3 - ئايدىن 8 - ئايغىچە بولغان ۋاقىتلاردا چىقىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىللىغا 5 كۈندىن توغرا كېلىدۇ.

چاڭ - توزان 3، 4 - ئايلاردا كۆپرەك پەيدا بولىدۇ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئايدا 14 كۈن چاڭ - توزان بولىدۇ، ئەڭ ئۇزاق بولغاندا 35 كۈن داۋاملىشىدۇ.

جۇدۇن (سوغۇق ئېقىم) كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا كىرىپ 2 كۈندە ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ 12℃ قا چۈشۈپ قالىدۇ. ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 0℃ تىن تۆۋەن بولىدۇ. ناھىيە بويىچە جۇدۇنلۇق ھاۋارايى 1961 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە بىر قېتىم (1969 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە) كۆرۈلدى، تېمپېراتۇرا 14.8℃ تۆۋەنلىدى.

گۈلدۈرماما بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16 كۈن گۈلدۈرماما پەيدا بولىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغان يىللىرى 22 كۈنگە، ئەڭ ئاز بولغان يىللىرى 10 كۈنگە يېتىدۇ. 7 - ئايدا ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.5 كۈندىن توغرا كېلىدۇ. ئەڭ بالدۇر دېگەندە 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پەيدا بولىدۇ، ئەڭ كېچىككەندە 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. ئاز بولغاندا بىر سائەت، ئۇزاق بولغاندا 6 سائەت داۋاملىشىدۇ.

## § 2 . ئىقلىم

ناھىيىنىڭ ئىقلىمى ئاساسەن، زىرائەت، ئورمانچىلىق، پەسىل قۇشلىرىدىن ئىبارەت 3 تەرەپتە ئەكس ئېتىدۇ. توقسۇ ناھىيىسىدە زىرائەت، ئورمانلارنىڭ ئۆسۈش ۋاقتى ئادەتتە 3 - ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلىنىپ، 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئاخىرلىشىدۇ. پەسىل قۇشلىرى ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، پەسىلگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ دەل - دەرەخ ئىقلىمى

جەدۋەل: 2 — 17

| تۈرى / رايون ئايرىسى | بىخلىنىش | يوپۇرماق چىقىرىش | چېچەكلەش | يوپۇرماق تاشلاش |
|---|---|---|---|---|
| ئالما | 3 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ ئاخىرى | 4 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ ئوتتۇرىلىرى | 4 - ئاي ئىككىنچى دېكادىنىڭ ئوتتۇرىلىرى | 11 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ باشلىرى |
| ئۆرۈك | 3 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ ئوتتۇرىلىرى | 4 - ئاي ئىككىنچى دېكادىنىڭ باشلىرى | 4 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ ئوتتۇرىلىرى | 11 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ ئوتتۇرىلىرى |
| شىنجاڭ تېرىكى | 3 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ باشلىرى | 4 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ ئوتتۇرىلىرى | 3 - ئاي ئۈچىنچى دېكادىنىڭ ئوتتۇرىلىرى | 11 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ ئاخىرلىرى |
| سۆگەتتال | 3 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ باشلىرى | 4 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ ئوتتۇرىلىرى | 4 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ ئوتتۇرىلىرى | 11 - ئاي ئىككىنچى دېكادىنىڭ باشلىرى |
| قارىياغاچ | 3 - ئاينىڭ باشلىرى | 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى | 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ پەسىل ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 18

| پەسىل | باش قىرو | تۇنجى قار | تۇنجى يىغمەندى قار | تۇپراق توڭلاش | مۇز تۇتۇش | دەريا - ئېقىنلارنىڭ مۇز تۇتۇشى | باش ئەتىياز مەزگىلى | دەسلەپكى گۈلدۈرماما |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاقتى | 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى | 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى | 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى | 11 - ئاي ئۈچىنچى دېكادىنىڭ ئاخىرى | 11 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ ئاخىرى | 12 - ئاي ئىككىنچى دېكادىنىڭ ئاخىرى | 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى | 5 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ ئوتتۇرىلىرى |
| پەسىل | ئاخىرقى قىرو | ئاخىرقى قار | ئاخىرقى يىغمەندى قار | توڭ يېنىش | مۇز ئېرىش | دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئېرىشى | قىش كىرگەن ۋاقىت | ئاخىرقى گۈلدۈرماما |
| ۋاقتى | 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى | 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى | 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى | 3 - ئاينىڭ باشلىرى | 3 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ ئوتتۇرىلىرى | 2 - ئاي ئۈچىنچى دېكادىنىڭ ئوتتۇرىلىرى | 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى | 9 - ئاي بىرىنچى دېكادىنىڭ باشلىرى |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 4 پەسىل ئىقلىمى

جەدۋەل: 2 — 19

| ئايلار / تۈرى | ئايلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا (℃) | ئايلىق ئوتتۇرىچە مۆل-يېغىن مىقدارى (مىللىمېتىر) | 10 كۈن | 10 كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا (℃) | 10 كۈنلۈك ئوتتۇرىچە مۆل-يېغىن مىقدارى (مىللىمېتىر) | 5 كۈن | 5 كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا (℃) | مەۋسۇم | ئىقلىم ئەھۋالى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | -8.3 | 1.8 | بېشى | -9.9 | 0.3 | 1 | -9.9 | قارا سوغۇق | كۈزگى بۇغداي قىشتىن ئۆتىدۇ |
| | | | | | | 2 | 9.9 | | |
| | | | ئوتتۇرىسى | -9 | 0.5 | 3 | -9.4 | قاپاق ياردى | |
| | | | | | | 4 | -8.7 | | |
| | | | ئاخىرى | -7.8 | 0.9 | 5 | -8 | | |
| | | | | | | 6 | -7.6 | | |
| 2 | -2.6 | 1.4 | بېشى | -6.2 | 0.7 | 7 | -6.7 | باش باھار | |
| | | | | | | 8 | -5.7 | | |
| | | | ئوتتۇرىسى | -2.3 | 0.2 | 9 | -3.3 | ئەگىز سۈيى | |
| | | | | | | 10 | -1.4 | | |
| | | | ئاخىرى | 0 | 0.5 | 11 | -0.7 | | يازغى بۇغداي، ياغلىق دان زىرائەتلىرى تېرىلىدۇ |
| | | | | | | 12 | 1.1 | | |
| 3 | 6.6 | 2.7 | بېشى | 3.4 | 0.9 | 13 | 2.6 | جانىۋارلارنىڭ ئويغىنىشى | يازغى بۇغداي، ياغلىق دان زىرائەتلىرى تېرىلىدۇ، كۈزگى بۇغداي كۆكىرىدۇ |
| | | | | | | 14 | 4.1 | | |
| | | | ئوتتۇرىسى | 7.3 | 0.4 | 15 | 6.6 | ئەتىيازلىق كۈن - تۈن تەڭلىشىشى | |
| | | | | | | 16 | 8.1 | | |
| | | | ئاخىرى | 9.4 | 0.7 | 17 | 8 | | يازغى بۇغداي، قىچا بىخ سۈرىدۇ |
| | | | | | | 18 | 10.8 | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 4 | 14.7 | 2.9 | بېشى | 11.8 | 0.7 | 19 | 11.7 | چوكانتال | كۆممىقوناق تېرىلىدۇ |
| | | | | | | 20 | 11.9 | | |
| | | | ئوتتۇرىسى | 15 | 1.2 | 21 | 14.4 | قىزىلكوس | كېۋەز، كۆممىقوناق تېرىلىدۇ |
| | | | | | | 22 | 15.6 | | |
| | | | ئاخىرى | 17 | 1.7 | 23 | 16.2 | | كۆزگى بۇغداي بوغۇم سۈرىدۇ، كۆممىقوناق بىخلىنىدۇ |
| | | | | | | 24 | 17.7 | | |
| 5 | 19.9 | 7.7 | بېشى | 19.1 | 0.8 | 25 | 19.2 | باش ياز | كېۋەز ئۈنۈپ چىقىدۇ |
| | | | | | | 26 | 18.9 | | |
| | | | ئوتتۇرىسى | 19.5 | 3.3 | 27 | 19.1 | سەرەتان ئىسسىق | قىچا چېچەكلەيدۇ |
| | | | | | | 28 | 20 | | |
| | | | ئاخىرى | 21.4 | 7.4 | 29 | 19.9 | | بۇغداي باشاق چىقىرىدۇ |
| | | | | | | 30 | 21.7 | | |
| 6 | 23.4 | 10.2 | بېشى | 22.9 | 2 | 31 | 23.5 | ئورما ۋاقتى | كېۋەز غۇنچىلايدۇ، شال تېرىلىدۇ، بۇغداي دان تۇتىدۇ |
| | | | | | | 32 | 22.2 | | |
| | | | ئوتتۇرىسى | 23.5 | 3.3 | 33 | 23.3 | | شال ئۈنۈپ چىقىدۇ، قىچا ئورۇۋېلىنىدۇ |
| | | | | | | 34 | 23.7 | | |
| | | | ئاخىرى | 24.5 | 2.7 | 35 | 24.8 | يازلىق كۆنتۇن توختىشى | بۇغداي سارغىيىدۇ، چىلگە بۇغداي ئورۇۋېلىنىدۇ، شال شاخلايدۇ |
| | | | | | | 36 | 24.3 | | |
| 7 | 24.8 | 12.6 | بېشى | 24.3 | 4.5 | 37 | 24.3 | باش تومۇز | كېۋەز چېچەكلەيدۇ، كۆممىقوناق دان تۇتىدۇ، بۇغداي ئورۇۋېلىنىدۇ |
| | | | | | | 38 | 24.2 | | |
| | | | ئوتتۇرىسى | 24.8 | 2.8 | 39 | 25 | | كۆممىقوناق ساقال چىقىرىدۇ |
| | | | | | | 40 | 24.7 | | |
| | | | ئاخىرى | 24.8 | 4.4 | 41 | 24.8 | تومۇز | شال بوغۇم سۈرىدۇ |
| | | | | | | 42 | 24.7 | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 8 | 23.6 | 10.9 | بېشى | 24.6 | 2.2 | 43 | 25 | باش كۈز | كۆممىقوناق سۈتى قېتىشىدۇ |
| | | | | | | 44 | 24.2 | | |
| | | | ئوتتۇرىسى | 23.8 | 4.6 | 45 | 23.8 | | |
| | | | | | | 46 | 33.7 | | |
| | | | ئاخىرى | 22.2 | 1.5 | 47 | 22.5 | كۈزگى تېرىم | كۆممىقوناق تولۇق پىشىدۇ، شال باشاق چىقىرىدۇ |
| | | | | | | 48 | 21.9 | | |
| 9 | 18.4 | 6.3 | بېشى | 20.3 | 2.1 | 49 | 20.8 | ئاق شەبنەم | كېۋەز غوزىسى يېرىلىدۇ، شال دان ئۈتىدۇ، كۆممىقوناق يىغىۋېلىنىدۇ |
| | | | | | | 50 | 19.8 | | |
| | | | ئوتتۇرىسى | 18.9 | 1.2 | 51 | 19.5 | | كۆممىقوناق يىغىۋېلىنىدۇ، كېۋەز ئېچىلىدۇ، كۈزگى بۇغداي تېرىلىدۇ |
| | | | | | | 52 | 18.3 | | |
| | | | ئاخىرى | 16.3 | 0.8 | 53 | 17.4 | كۈزلۈك كۈن - تۈن تەڭلىشىشى | كۈزگى بۇغداي ئۈنۈپ چىقىدۇ |
| | | | | | | 54 | 15.2 | | |
| 10 | 10.7 | 4.5 | بېشى | 13.3 | 1.8 | 55 | 13.8 | سوغۇق شەبنەم | پاختا تېرىۋېلىنىدۇ، كۈزگى بۇغداي تۈپلىنىدۇ، شال پىشىدۇ |
| | | | | | | 56 | 12.8 | | |
| | | | ئوتتۇرىسى | 10.8 | 1.8 | 57 | 11.2 | | پاختا تېرىۋېلىنىدۇ، شال ئورۇۋېلىنىدۇ |
| | | | | | | 58 | 10.3 | | |
| | | | ئاخىرى | 7.5 | 0.5 | 59 | 8.6 | قىرو چۈشۈشى | پاختا تېرىۋېلىنىدۇ، شال ئورۇۋېلىنىدۇ |
| | | | | | | 60 | 6.6 | | |
| 11 | 1.6 | 19 | بېشى | 4.4 | 1.4 | 61 | 4.9 | باش قىش | پاختا تېرىۋېلىنىدۇ |
| | | | | | | 62 | 3.8 | | |
| | | | ئوتتۇرىسى | 1.8 | 0.7 | 63 | 2.5 | | |
| | | | | | | 64 | 1.1 | | |
| | | | ئاخىرى | —1.3 | 0.6 | 65 | —0.3 | سېرىق قار | بۇغداي ئۆسۈشتىن توختايدۇ |
| | | | | | | 66 | —2.4 | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 12 | —0.6 | 0.8 | بېشى | —4.1 | 0.4 | 67 | —3.5 | ئاق قار | كۈزگى بۇغداي قىش-تىن ئۆتىدۇ |
| | | | | | | 68 | —4.6 | | |
| | | | ئوتتۇرىسى | —6.3 | 0.1 | 69 | —5.9 | | كۈزگى بۇغداي قىش-تىن ئۆتىدۇ |
| | | | | | | 70 | 6.7 | | |
| | | | ئاخىرى | —8.1 | 0.4 | 71 | —7.7 | قىشلىق كۈن - تۈن توختىشى | كۈزگى بۇغداي قىش-تىن ئۆتىدۇ |
| | | | | | | 72 | —8.5 | | |

**توقسۇ ناھىيىسىدە پەسىل قۇشلىرىنىڭ كۆچۈش ۋاقتى**

جەدۋەل: 2 — 20

| قۇشلار | دەسلەپتە بايقالغان ۋاقتى | ئاخىرقى بايقالغان ۋاقتى |
|---|---|---|
| قارلىغاچ | 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى |
| كاككۇك | 4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى | 7 - ئاينىڭ باشلىرى |
| ياۋاغاز | 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى |
| كىچىك غاز | 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى |

# IV باب

# گىدرولوگىيە

## § 1 . يەر ئۈستى سۈيى

### 1. ئۆگەن دەرياسى

ناھىيىنىڭ يەر ئۈستى سۈيى، ئاساسەن، ئۆگەن دەرياسىدىن باشلاپ كېلىنىدۇ. ئۆگەن دەرياسى

تەڭرىتاغنىڭ خانتەڭرى چوققىسىدىن باشلىنىپ، قارا كۆل مۇزلۇقىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، باي ئويمانلىقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، مۇزارت دەرياسى قاتارلىق تارماق ئېقىنلارغا قوشۇلۇپ، قىزىل مىڭئۆيدىن جەنۇبىي تۆۋەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئۆگەن دەرياسى تومسى (لوڭكۇ) دا تاغدىن چىقىپ، توقسۇ بوستانلىقىغا ئېقىپ كىرىدۇ.

ئۆگەن دەرياسىنىڭ توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 41 كىلومېتىر كېلىدۇ، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى 2 مىليارد 197 مىليون كۇب مېتىر. يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 69.5 كۇب مېتىر/سېكۇنت، ئەمەلىي ئۆلچەنگەن ئەڭ زور ئېقىن مىقدارى 1840 كۇب مېتىر/سېكۇنت، ئەڭ ئاز ئېقىن مىقدارى 14.4 كۇب مېتىر/سېكۇنت. 3 ـ ئايدىن 5 ـ ئايغىچە سېلىكىنىش مەزگىلى بولۇپ، سۇ مىقدارى يىللىق سىرغىم مىقدارىنىڭ 14.6% نى ئىگىلەيدۇ. 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە كەلكۈن مەزگىلى بولۇپ، سۇ مىقدارى يىللىق سىرغىم مىقدارىنىڭ 48% نى ئىگىلەيدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان دەريا يولىدا ئوتتۇرىچە ئاققان قۇم مىقدارى يىلىغا 7 مىليون 940 مىڭ توننا بولدى. دەريا سۈيىنىڭ تەركىبىدىكى قۇم مىقدارى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.39 لىتىر/كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. 12 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن كېيىنكى يىلى 2 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە مۇز ئېقىش مەزگىلى بولۇپ، يىللىق ئاققان مۇز مىقدارى 9 مىليون 840 مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. مۇز ئەڭ قېلىن بولغاندا 0.11 مېتىرغا، دەريا سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 0.356/لىتىرغا يېتىدۇ.

## ئۆگەن دەرياسىنىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى

بىرلىكى: كۇب مېتىر/سېكۇنت (ئېقىن مىقدارى)

100 مىليون كۇب مېتىر (سىرغىم مىقدارى)

جەدۋەل: 2 — 21

| ئۆلچىگەن پونكىت | ئايلار | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى | يىللىق ئوتتۇرىچە سىرغىم مىقدارى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مىڭئۆي گىدرولوگىيە پونكىتى | كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى | 38,54 | 42,65 | 46,38 | 35,02 | 39,44 | 78,90 | 154,84 | 168,13 | 85,22 | 52,58 | 47,80 | 44,50 | 69,50 | 21,97 |
| | ئۆتكەن يىللاردىكى ئەڭ زور ئېقىن مىقدارى | 53,10 | 50,90 | 54,90 | 65,20 | 77,80 | 121 | 239 | 261 | 126 | 69,20 | 55,60 | 57,20 | 90,60 | 28,63 |
| | ئۆتكەن يىللاردىكى ئەڭ ئاز ئېقىن مىقدارى | 29,40 | 31 | 32,40 | 27,20 | 20 | 43,20 | 113 | 121 | 51,30 | 41,90 | 42,20 | 30,80 | 56 | 17,67 |
| قىزىل گىدرولوگىيە پونكىتى | كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى | 48,58 | 52,15 | 51,95 | 38,66 | 48,58 | 89,76 | 168,08 | 170,78 | 88,44 | 55,84 | 52,29 | 51,76 | 76,53 | 24 |

ئىزاھات: ماتېرىياللارنىڭ يىل چەكلىمىسى جەھەتتە، قۇمتۇر مىڭئۆي گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ 1953 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان 32 يىللىق خاتىرىسى، قىزىل گىدرولوگىيە پونكىتىنىڭ 18 يىللىق خاتىرىسى ئاساس قىلىندى.

**ئۆگەن دەرياسى سىرغىم مىقدارىنىڭ يىل ئىچىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 2 — 22 سىرغىم مىقدارى بىرلىكى: مىليون كۇب مېتىر

| ئايلار / تۈرى | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 1 | 2 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سىرغىم مىقدارى | 125.2 | 90.1 | 105.5 | 204.3 | 406.5 | 441.6 | 224.1 | 142.8 | 123 | 123 | 103.2 | 107.7 |
| بىر يىلدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | 5.7 | 4.1 | 4.8 | 9.3 | 18.5 | 20.1 | 10.2 | 6.5 | 5.6 | 5.6 | 4.7 | 4.9 |

توقسۇ ناھىيىسى، شايار ناھىيىسى، كۇچا ناھىيىسىدىن ئىبارەت 3 ناھىيە ئۆگەن دەرياسىنىڭ سۈيىدىن پايدىلىنىپ ئېتىزلىرىنى سۇغىرىدۇ. توقسۇ ناھىيىسىگە بۆلۈنگەن سۇ %28.5 نى ئىگىلەيدۇ، ھەر يىلى باشلاپ كېلىشكە تېگىشلىك سۇ 624 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئەمەلىي باشلاپ كېلىنگەن سۇ 545 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى.

## 2. بۇلاق

ناھىيە بويىچە 8 بۇلاق بولۇپ، يىللىق ئېقىن مىقدارى 1.05 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا، يىللىق پايدىلىنىش مىقدارى تەخمىنەن 1 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ.

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە بۇلاق سۈيىنىڭ تارقىلىشى ۋە سۇ مىقدارى**

جەدۋەل: 2 — 23

| نامى | ئېقىن مىقدارى (كۇب مېتىر/سېكۇنت) | يىللىق باشلانغان سۇ مىقدارى (تۈمەن كۇب مېتىر) | ئورنى |
|---|---|---|---|
| تىگىن | 0.25 | 15 | ئىچىئېرىق يېزىسى |
| كۆتەمە | 0.10 | 10 | تاشئېرىق يېزىسى |
| يۇقاتېمى | 0.10 | 15 | ئۆگەن يېزىسى |
| ئۆگەن | 0.10 | 9 | ئۆگەن يېزىسى |
| غولئېرىق | 0.10 | 11 | ئۆگەن يېزىسى |
| شەنبە بازار | 0.10 | 10 | يۇلتۇزباغ يېزىسى |
| توغراقلىقئېرىق | 0.10 | 10 | يۇلتۇزباغ يېزىسى |
| توپاشەھەر | 0.20 | 15 | يۇلتۇزباغ يېزىسى |
| جەمئىي | 1.05 | 100 | |

## 3. كۆللەر

ناھىيە بويىچە 14 كۆل بار، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى زەيكەشلەردىن چىقىرىۋېتىلگەن سۇلارنىڭ ئويمانلىقلارغا ئېقىپ كىرىشى بىلەن ھاسىل بولغان؛ ئاز ساندىكىسى يەر ئاستى سۇ ئورنى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى بولغانلىقتىن، يەر ئاستى سۈيىنىڭ يەر يۈزىگە تېشىپ چىقىشى نەتىجىسىدە كۆل بولۇپ شەكىللەنگەن. ئەڭ چوڭى پەيشەنبە بازار يېزىسىغا جايلاشقان ساماقتوپاق كۆلى بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 100 گېكتار كېلىدۇ؛ ئەڭ كىچىكى ئۈگەن يېزىسىغا جايلاشقان تېرەكلىك كۆلى بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 13 گېكتار كېلىدۇ.

### توقسۇ ناھىيىسىدىكى كۆللەرنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 24

| نامى | سۇ كۆلىمى (گېكتار) | ئورنى | چوڭقۇرلۇقى (مېتىر) |
|---|---|---|---|
| ئاۋاركۆل | 47 | پەيشەنبە بازار يېزىسى | 1.8 |
| ساماقتوپاق كۆلى | 100 | پەيشەنبە بازار يېزىسى | 1.9 |
| يوتەي كۆلى | 33 | پەيشەنبە بازار يېزىسى | 2 |
| كۆتمە كۆلى | 33 | تاشئېرىق يېزىسى | 2 — 3 |
| سېسىقسۇ كۆلى | 33 | تاشئېرىق يېزىسى | 3 — 4 |
| ئارادۆڭكۆل | 47 | تاشئېرىق يېزىسى | 3 — 4 |
| ئاققۇمكۆل | 47 | ئۈگەن يېزىسى | 4 — 4.5 |
| قىزىلشەھەر كۆلى | 67 | ئۈگەن يېزىسى | 2 |
| سۇ باستى كۆلى | 20 | ئۈگەن يېزىسى | 1 — 1.5 |
| قاشتۇمكۆل | 13 | ئۈگەن يېزىسى | 2 |
| بوقائىس كۆلى | 20 | ئۈگەن يېزىسى | 2 |
| غولئېرىق كۆلى | 20 | ئۈگەن يېزىسى | 2 |
| تېرەكلىك كۆلى | 13 | ئۈگەن يېزىسى | 2 |
| يېڭىكۆل | 67 | يولتۇزباغ يېزىسى | 3 |

## § 2 . يەر ئاستى سۈيى

ناھىيە بويىچە ھەرىكەتچان سۇ زاپىسى 238 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، 140 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىگە تارقالغان. يەر ئاستى سۈيى مەنبەسى، ئاساسەن، ئۆگەن دەرياسىنىڭ سۈيى، كۆللەر، ئۆستەڭلەر ۋە ئېتىز - ئېرىقلاردىكى سۇلارنىڭ سىڭىپ كېتىشى ئارقىلىق تولۇقلىنىپ تۇرىدۇ.

گىدروگېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى بىلەن شەكىللىنىش تىپىدىن قارىغاندا، يەر ئاستى سۈيىنى 4 - دەۋرگە تەۋە، كاۋاكتىكى يوشۇرۇن سۇ ۋە كاۋاكتىكى بېسىملىق سۇدىن ئىبارەت 2 چوڭ تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ. سۇ سىستېمىسى ئۆگەن دەرياسى سۇ سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

ئۆگەن دەرياسى ئۆگەن دەرياسى تومۇسى (لوڭكۇ) دا تاغدىن چىققاندىن كېيىن، كۆپلىگەن لاي - قۇملارنى ۋە شېغىل تاشلارنى ئېقتىپ كېلىدۇ. سۇ كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە ئېقىن سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىشى بىلەن، شېغىللار مۇساپىنى بېسىش جەريانىدا تېگىگە چۆكۈپ چۆكمە قاتلام ھاسىل قىلىدۇ. چۆكمە قاتلاملار تۈزلەڭلىكنىڭ شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شېغىللار يەر يۈزىدە ئېچىلىپ قالغان، جەنۇبىي تەرىپىگە تەدرىجىي چوڭقۇر كۆمۈلگەن. چۆكۈندىلەرنىڭ دانىچە دىئامېتىرى شىمالدىن جەنۇبقا بارغانچە تەدرىجىي ئۇششاقلىشىپ بارىدۇ. دەريا سۈيى شېغىللىق زونىلاردىن ئېقىپ ئۆتۈش جەريانىدا شىددەت بىلەن سىڭىپ كېتىدۇ،دە، كۆپ مىقداردىكى دەريا سۈيى يەر ئۈستى سۈيىدىن يەر ئاستى سۈيىگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئېقىندى تۈزلەڭلىكتىكى يەلپۈگۈچسىمان چوققىنىڭ چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 5 مېتىردىن ئاشىدۇ، يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەكلىك جايلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 0.5 — 1 مېتىر بولۇپ، يەر شەكلى پەس. ئويمان جايلاردا سازلىقلار پەيدا بولغان.

ئۆگەن دەرياسىنىڭ ئېقىنى 1970 - يىلى ئۈزۈلۈپ قالغان، شۇنىڭدىن كېيىن يەر ئاستى سۈيىنىڭ يىللىق تولۇقلىنىش مىقدارى تەخمىنەن 1 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ كەلدى. ھەرقايسى ئۆستەڭلەر يەر ئاستى سۈيىنى ھەر يىلى تەخمىنەن 233 مىليون كۇب مېتىر (ئېتىز - ئېرىقلاردىن سىڭگەن سۇلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) سۇ بىلەن تولۇقلاپ تۇرىۋاتىدۇ.

يەر ئۈستى سۈيى كۆپ مىقداردا يەر ئاستى سۈيىنى تولۇقلاپ تۇرغاچقا، تۇپراقنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىرىدا يەر ئاستى يوشۇرۇن ئېقىنلار شەكىللەنگەن، يوشۇرۇن ئېقىنلارنىڭ يۆنىلىشى سىغىرىش رايونلىرىدىكى يەر شەكلى تۈزۈلۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدە سۇلارنىڭ ئومۇمىي يۆزلىنىشى شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ يۆزلەنگەن.

يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندى - لاتقا تۈزلەڭلىكنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن سۇلارنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى بىر گرام/لىتىردىن تۆۋەن، سۇ ئورنىنىڭ يىللار ئارا ئۆزگىرىشى 0.8 — 1 مېتىر. بۇ رايوننىڭ يەر ئاستى سۈيى مول، سۇ سۈپىتى ئەلا، سىرغىم شارائىتى ياخشى بولۇپ، يەر ئاستى سۈيىنى ئېچىپ پايدىلىنىشتا كۆڭۈلدىكىدەك رايون ھېسابلىنىدۇ.

تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يوشۇرۇن سۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 1 — 3 گرام/لىتىر، سۇ ئورنىنىڭ يىللار ئارا ئۆزگىرىشى 0.5 — 0.8 مېتىر. بۇ رايوننىڭ يەر ئاستى سۈيى بىرقەدەر مول بولۇپ، بىرنەچچە مول سۇلۇق رايون بار، سۇ سۈپىتى ئەڭ ياخشى، سىرغىمى ئەل جايىدا بولۇپ، ئېچىش

ئىستىقبالىغا ئىگە.

تۈزلەڭلىكنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا سۇ سۈپىتىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 3 گرام/لىتىردىن يۇقىرى، بولۇپمۇ يەلپۈگۈچسىمان ئېقىندى. لاتقىلارنىڭ چەت جايلىرى ۋە پەس ئويمانلىقتىكى سۇنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 20 — 30 گرام/لىتىردىن ئاشىدۇ، سۇ ئورنىنىڭ يىللار ئارا ئۆزگىرىشى 1.1 — 1.5 مېتىر كېلىدۇ. بۇ رايون 4 - دەۋر گېئولوگىيىسى ۋە يەر يۈزى تۈزۈلۈشىنىڭ شارائىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ سىرغىم شارائىتى ناچارراق، سۇ سۈپىتى ئىشقارلاشقان بولۇپ، پەقەت قىسمەن رايونلارنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى 4 — 6 گرام/لىتىر ئەتراپىدا، ئامال بولمىغاندا ئىچىپ پايدىلىنىشقا بولىدۇ. يەرلەرنى سۇغىرىشقا ئىشلەتكەندە تۇپراق ناھايىتى ئاسانلا قايتىدىن شورلىشىپ كېتىدۇ.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1970 - يىلدىن كېيىنكى يەر ئاستى ھەرىكەتچان سۇ زاپىسى

جەدۋەل: 2 — 25

| نامى | يىللىق سىرغىم مىقدارى (100 مىلـيون كۇب مېتىر) | سىزىپ كېتىش نىسبىتى (%) | يەر ئاستى سۈيىنىڭ تولۇقلىنىش مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| ھەرخىل ئۆستەڭلەر | 5,54 | 30 | 1,66 | |
| توقسۇ - شايار ئۆستىڭى | 6,72 | 10 | 0,67 | |
| ئۆگەن دەرياسى | | | 0.05 | 1970 - يىلدىن كېيىن ئېقىن توسۇلۇپ قالغان |
| جەمئىي | | | 2,38 | |

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە يەر ئاستى سۈيىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 — 26

| رايون دائىرىسى | سۇلۇق دەرىجىسى | زاپاس كۆلىمى (كۋادرات كىلومېتىر) |
|---|---|---|
| ئىچكىرىق يېزىسىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىدىكى كەنتلەر | بىرقەدەر مول | 92 |
| تاشئېرىق يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى كەنتلەر | ئادەتتىكىدەك مول | 28 |
| ئۆگەن يېزىسىنىڭ شەرقىدىكى كەنتلەر | ئادەتتىكىدەك مول | 20 |

## 3 § سۇ ئېنېرگىيىسى

ناھىيىنىڭ سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى مول بولۇپ، ئۆگەن دەرياسى ئاساسلىق ئورۇندا، توقسۇ - شايار ئۆستەڭى 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆگەن دەرياسىنىڭ ئۆگەن دەرياسى تومسى (لوڭكۇ) دىكى سۇ سەكرەتمىسىنىڭ پەرقى 12.5 مېتىر كېلىدۇ، سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى 9600 كىلوۋات. 1964 - يىلى دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى، ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتىنىڭ لايىھىلىشى بىلەن «شەرق قىزاردى» ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

توقسۇ - شايار ئۆستىڭى (توقسۇ بۆلىكى) دىكى سەكرەتمىنىڭ پەسىيىش پەرقى جەمئىي 20.5 مېتىر، سۇ ئېنېرگىيىسى زاپىسى 3500 كىلوۋات. ئىچىبىرىق يېزىسىنىڭ توقچەك كەنتى تەۋەسىدىكى 2 - نومۇرلۇق سەكرەتمىنىڭ سۇ ئېنېرگىيىسى زاپىسى 1000 كىلوۋاتقا يېتىدۇ. ۋىلايەتلىك سۇ - ئېلېكتر تەكشۈرۈش - لايىھەلەش ئەترىتىنىڭ لايىھىلىشى بىلەن، 1979 - يىل 5 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە 2 - نومۇرلۇق ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرۇش پىلانلانغانىدى. ئىستانسا 1983 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۈتكۈزۈلدى.

توقسۇ - شايار ئۆستىڭى (توقسۇ بۆلىكى) نىڭ قالغان 3 يېرىدىكى سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى جەمئىي 2500 كىلوۋات، پايدىلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش نىسبىتىنىڭ 50% ى بويىچە ھېسابلىغاندا يەنە 1250 كىلوۋات سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى بار.

توقسۇ - شايار ئۆستىڭى (توقسۇ بۆلىكى) نىڭ سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى

جەدۋەل: 2 — 27

| ئورنى | سەكرەتمە پەرقى (مېتىر) | سۇ ئېنېرگىيىسى (كىلوۋات) | ئىزاھات |
|---|---|---|---|
| قىزىل بايراق چۇشۇزگىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپى | 5 | 1000 | 1 - نومۇرلۇق سەكرەتمە |
| ئىچىبىرىق يېزىسى توقچەك كەنتى | 6 | 1000 | 2 - نومۇرلۇق سەكرەتمە |
| ئىچىبىرىق يېزىسى ئويمانباغ كەنتى | 4.5 | 1000 | 3 - نومۇرلۇق سەكرەتمە |
| ئىچىبىرىق يېزىسى مۇنار كەنتىنىڭ شەرقى | 4 | 500 | 4 - نومۇرلۇق سەكرەتمە |

ناھىيە بويىچە ھەرقايسى ئۆستەڭلەردە ئازتولا سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىقى بار، بۇ ئېنېرگىيە، ئاساسلىقى، ھەرقايسى ئۆستەڭلەردىكى سەكرەتمىنىڭ پەسىيىش پەرقىدىن ھاسىل بولغان. شۇ يەردىكى ئاھالىلەر بۇ سۇ ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ، تۈگمەن قۇرۇپ ئۇن تارتقان، دېمەك، ئۇ تارىختا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ناھىيە بويىچە 111 تاش تۈگمەن بار ئىدى. 50 - يىللاردىن كېيىن ئۇن زاۋۇتلىرى قۇرۇلغاچقا، تۈگمەن بارا - بارا ئازىيىپ كەتتى. 1995 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە يېزا - كەنتلەردە تۈگمەن يەنە ئاز ساندا ساقلىنىپ قالدى.

# V باب

# تۇپراق، يېپىنچا ئۆسۈملۈك

## §1 . تۇپراق

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تۇپرىقى، ئاساسەن، تەكشى ئەت تۇپراق بولۇپ، يەڭگىل ئەت قۇم تۇپراق 66.5% نى، ئوتتۇراھال ئەت سېغىز تۇپراق 33.5% نى ئىگىلەيدۇ.

تۇپراق قۇرۇلمىسى، ئاساسەن، داڭگاللىشىپ كاللەكسىمان ھالەتتە بولۇپ، قوڭۇر سېرىق، قوڭۇر كۈلرەڭ، ئاچ كۈلرەڭ ۋە قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلەردە كېلىدۇ. ئورگانىك ماددا مىقدارى 1.14% — 1.32% كە يېتىدۇ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، فوسفور كەمچىل، ئازوت ئاز، كالىي ئارتۇق. ساپ ئازوت مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.05% كە، ساپ فوسفور مىقدارى ئادەتتە 0.044% — 0.06% كە يېتىدۇ، كالىي مىقدارى 150ppm دىن ئاشىدۇ، كالتسىي كاربونات مىقدارى تەخمىنەن 20% كە يېتىدۇ. باشقا مىكرو ئېلېمېنتلارنىڭ ئىپادىلىنىشى جەھەتتە، مىس، تۆمۈر، بور مۇۋاپىق، سىنك، مانگان، مولىبدېن كەمچىل. تۇپراقنىڭ تېرىلغۇ قەۋىتىدىكى تۇز مىقدارى 0.3% — 0.6% كە، قىسمەن جايلاردا 1% — 2% كە يېتىدۇ.

ناھىيە بويىچە تۇپراق 10 تۈرگە، 23 كەنجى تۈرگە، 12 تۇپراق ئۇرۇقدىشىغا، 22 خىلغا ئايرىلىدۇ.

### 1. سۇغىرىلما - تىنما تۇپراق

بۇ، ئاساسەن، دۆڭ يەرلەرگە ۋە تېرراسالارغا تارقالغان. ئۆگەن دەرياسىدا قۇم - لاتقىلار كۆپ بولغاچقا، يىلمۇيىل سۇغىرىش نەتىجىسىدە تىنما قاتلاملارنىڭ قېلىنلىشىشى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىپ، تۇپراقتا بىر يېڭى سۇغىرىلما - تىنما قەۋەت شەكىللەنگەن، ئۇنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 50 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ.

سۇغىرىلما - تىنما تۇپراق، ئاساسەن، قوڭۇر چۆل تۇپراق بىلەن چىملىق تۇپراق ئاساسىدا ئۇزاق مۇددەت سۇغىرىش جەريانىدا تىنىپ قېلىش ۋە تېرىقچىلىق قىلىش جەريانىدا پىشىش ئارقىلىق ھاسىل بولغان.

سۇغىرىلما - تىنما تۇپراق ئەڭ ياخشى بولغان دېھقانچىلىق تۇپرىقىنىڭ بىرى بولۇپ، ئورگانىك ماددا مىقدارى 1% تىن ئاشىدۇ. بۇ خىل تۇپراق ناھىيە بويىچە ھەرقايسى يېزىلارغا تارقالغان، كۆلىمى جەمئىي 29 مىڭ 85 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 6.3% نى ئىگىلەيدۇ.

### 2. زەي تۇپراق

بۇ خىل تۇپراق دۆڭ يەر، ئويمانلىق، قىيپاش يەرلەرگە ۋە يەلپۈگۈچسىمان گىرۋەكلىك جايلارغا تارقالغان بولۇپ، سۇلۇق تىپتىكى تۇپراققا كىرىدۇ. ئۇ قوڭۇر بوزرەڭ ۋە سېرىق قوڭۇررەڭدە كېلىدۇ، ئۇنىڭ

قۇرۇلمىسى داڭگالسىمان ۋە ياپىلاقسىمان شۇنىڭدەك قەۋەتسىمان ھالەتتە بولىدۇ، ئۇ، چىملىق تۇپراق ئاساسىدا تېرىقچىلىق قىلىپ ياخشىلاش ئارقىلىق شەكىللەنگەن دېھقانچىلىق تۇپرىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تۇپراقنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، تۇپراق گەۋدىسى نەم، سوغۇق، توپا قاتلىمى بوش، باش ئەتىيازدا ئېغىر دەرىجىدە پاتقاق ئۆرلەپ كېتىدۇ، بۇ ھال زىرائەت يىلتىزىنىڭ يېتىلىشىگە پايدىسىز. مۇۋاپىق سۇغىرىلسا زەي تۇپراقنى سۇغىرىلما - تىنما تۇپراققا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؛ ئۇنداق قىلمىغاندا قايتىدىن شورلاشقان تۇپراققا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

ناھىيىدىكى تېرىلغۇ يەرلەر ئىچىدە زەي تۇپراق ئەڭ كۆپ، كۆلىمى جەمئىي 393 مىڭ مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %84.9 نى ئىگىلەيدۇ.

## 3. شاللىق تۇپراق

بۇ خىل تۇپراق، ئاساسەن، ئىچكىرىق يېزىسىدىكى ئۆگەن دەرياسى قىرغاقلىرىغا تارقالغان. بۇ يەرنىڭ يەر شارائىتى ئويمانلىق، يەر ئاستى سۇ ئورنى سەل يۇقىرىراق (تەخمىنەن بىر مېتىر)، سۇغىرىش قولايلىق، بۇ خىل تۇپراق دەريا سۈيىنىڭ توزسىزلاندۇرۇش تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، يەر ئاستى سۈيىنىڭ مىنېراللىشىش دەرىجىسى تۆۋەن بولۇپ، شال تېرىشقا باب كېلىدۇ.

شاللىق تۇپراق دەريا بويىدىكى چىملىق ئاساسىدا ئۇزاق مۇددەت سۇلۇق تېرىقچىلىق قىلىپ پىشۇرۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق يېتىلگەن سۇنئىي تۇپراقتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، تېرىلغۇ قەۋىتىدە روشەن ئاغدۇرۇلمايدىغان قەۋەت بار، تېرىلغۇ قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 15 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئورگانىك ماددا مول، تۇپرىقى بوش، زەي، كۆلرەڭ بولۇپ، سۇغىرىلىدىغان تىنما ماددىلار بار. ئاغدۇرۇلمايدىغان قەۋىتىدىكى توپا قەۋىتى بىرقەدەر چىڭراق، سۈپىتى بىرقەدەر ئېغىر، رەڭگى سۇس كۆلرەڭدە بولۇپ، دات ئىزلىرى ۋە داتلاشقان داغلار بار.

ناھىيە بويىچە شاللىق تۇپراق 29 مىڭ 663 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %6.4 نى ئىگىلەيدۇ.

## 4. قوڭۇر چۆل تۇپراق

قوڭۇر چۆل تۇپراق ئاخىرقى چەككە يەتكەن قۇرغاق كىلىمات ۋە گىدرولوگىيىلىك شارائىتتا شەكىللەنگەن بەلۋاغ خاراكتېرلىك تۇپراق ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئاساسەن، ئۆگەن دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنما تۈزلەڭلىكنىڭ ئۈستىنكى قىسمىغا ۋە تاغ ئالدى لاتقا تۈزلەڭلىكنىڭ ئۈستىنكى قىسمىغا تارقالغان، مەسىلەن: ئۇ، ئىچكىرىق يېزىسىنىڭ شىمالى ۋە يۇلتۇزباغ يېزىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى 68 مىڭ 609 مو دائىرىگە تارقالغان.

قوڭۇر چۆل تۇپراقنىڭ ئۈستىدە، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر، ئورگانىك ماددا ئاز. تۇپراق ھاسىل قىلغۇچى ماددىلارنىڭ كۆپىنچىسى فىزىكىلىق يېمىرىلگەن چوڭ دانىچە شېغىللاردىن ئىبارەت، قىسمەن رايونلاردا تاقىرسىمان تۇپراقمۇ بار، بەزىلىرى شېغىللىق باياۋان ھېسابلىنىدۇ. يەر ئاستى سۇ ئورنى 10 مېتىر ئەتراپىدا. ئۈستى قەۋىتىدە سۇس قوڭۇر رەڭلىك پوستلاق قەۋەت ۋە قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك سېغىز تۇپراق قاتلىمى بار، توپا سۈپىتى بىرقەدەر چىڭ كېلىدۇ، بۇ ھال تۆمۈر ماددىلىرىغا ئايلىنىش ۋە سېغىزلىشىش ھادىسىلىرىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئاستىنقى قاتلىمى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك ئەت تۇپراق بولۇپ، داڭگالسىمان ھالەتتە تۈزۈلگەن.

ناھىيە بويىچە قوڭۇر چۆل تۇپراق كۆلىمى 68 مىڭ 609.2 مو.

## 5. چىملىق تۇپراق

چىملىق تۇپراق توقسۇ ناھىيىسىدىكى تەبىئىي تۇپراقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، كەلكۈن كۆلەمدە تارقالغان بولۇپ، سۇلۇق تۇپراققا كىرىدۇ. ئۇ، يەر ئاستى سۈيىگە چىلىشىپ تۇرغاچقا، سۇ تەركىبى شارائىتى ياخشى، تۇپراق نەملىشىپ تۇرىدۇ، نەمخۇش سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر بۈك - باراقسان ئۆسىدۇ، ئورگانىك ماددا مول بولۇپ، ئوتلاق قىلىشقا ۋە بوزيەر ئېچىشقا باپ كېلىدۇ.

چىملىق تۇپراق دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ شەرقىي، غەربىي، جەنۇبىي قىسىملىرىغا تارقالغان. ئۆگەن دەرياسى بويىدىكى چىملىق تۇپراقنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنى تەخمىنەن بىر مېتىر كېلىدۇ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قاپلاش دەرىجىسى 60% تىن ئاشىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ غەربىي، جەنۇبىي قىسىملىرىدىكى چىملىق تۇپراقنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنى تەخمىنەن 4 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىش دەرىجىسى تەخمىنەن 20% كە يېتىدۇ.

چىملىق تۇپراقنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 67 مىڭ 990 مو. مۇۋاپىق ئېچىپ پايدىلىنىلسا ۋە تېرىقچىلىق قىلىنسا، چىملىق تۇپراقنى زەي تۇپراققا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؛ ئۇنداق قىلمىغاندا تۇز تەركىبىنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، چىملىق شور تۇپراققا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

## 6. قۇملۇق تۇپراق

قۇملۇق تۇپراق شامال چۆكۈندى ماددىلىرى يېتىلگەن تۇپراق ھېسابلىنىدۇ. قۇرغاق شارائىتتا، يەر يۈزىدىكى تاغ جىنسلىرى يىمىرىلىش بىلەن ئۆزۈلۈپ، شامال كۈچى ئارقىلىق يۆتكىلىپ قۇم - بوران ھاسىل قىلىدۇ. سۇ تەركىبى شارائىتى ناچارلاشقاندا، كۆچۈش ھالىتى شەكىللىنىدۇ؛ سۇ تەركىبى شارائىتى ياخشى بولغاندا قۇمپەرەس ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈپ، يېرىم تۇراقلىشىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، قۇمساڭ چىملىق تۇپراققا ئۆزگىرىدۇ.

قۇملۇق تۇپراقنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، تۇپراق سۈپىتى يېنىك، روشەن قەۋەت رېتىمى بولمايدۇ، قۇم سۈپىتىنىڭ قۇرۇلمىسى يوق، ئوزۇقلۇق مىقدارى، تۇز مىقدارى تۆۋەن، بىرقەدەر قۇرغاق.

كۆچمە قۇملۇق تۇپراق دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسىملىرىغا تارقالغان بولۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە رايونلاردىن ئېچىېرىق يېزىسىنىڭ توقچەك كەنتى بار. يېرىم تۇراقلاشقان قۇملۇق تۇپراق كۆپ ھاللاردا دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ جەنۇبىغا تارقالغان.

ناھىيە بويىچە قۇملۇق تۇپراق 42 مىڭ 966 مو.

## 7. شور تۇپراق

شور تۇپراق توقسۇ ناھىيىسىدە كۆلىمى زور، تارقىلىشى كەڭ بولغان سۇلۇق تۇپراق بولۇپ، تولىراق يەر شارائىتى ئويمان كەلگەن ئوقۇرسىمان يەرلەرگە تارقالغان. ناھىيە تەۋەسىنىڭ شىمالىدىكى چۆلتاغ ئارىلىقلىرىدا تاشتۈز قەۋىتى بولۇپ، شامالدا يىمىرىلگەندىن كېيىن ئېقىن سۈنىڭ ئېقىتىشى ۋە بوراننىڭ

ئۆچۈرتۈشى بىلەن، توقسۇ تۈزلەڭلىكىگە كىرىپ قالغان.

توقسۇ ناھىيىسىدە شور تۇپراقنىڭ 60 سانتىمېتىرغىچە بولغان ئارىلىقىدىكى تەركىبىدە تۇز مىقدارى 1% تىن كۆپ بولۇپ، ئاساسەن، خلورىد، سۇلفات ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى شور تۇپراقنىڭ تۈپىسى نەم بولۇپ، يەر يۈزىدە 2 — 5 سانتىمېتىر كېلىدىغان پوستلاق قەۋەت بار، ئۈۋەن قەۋىتىدە دات ئىزلىرى، دات داغچىلىرى ۋە ھاك مۇنەكلىرى بار.

توقسۇ ناھىيىسىدە 728 مىڭ 240 مو شورلۇق يەر بار، بۇ، تەكشۈرۈلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 41.1% نى ئىگىلەيدۇ.

## 8. سازلىق تۇپراق

ناھىيە بويىچە سازلىق تۇپراق كۆپ ھاللاردا ئويمانلىقلارغا تارقالغان. «1 - ماي» سۇ ئامبىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بۇلاق سۇلىرى تېشىپ چىققان جايلارنىڭ ھەممىسى سازلىق تۇپراق ھېسابلىنىدۇ.

سازلىق يەرلەرگە دائىم سۇ يىغىلىپ قالغاچقا نەم ھالەتتە تۇرىدۇ، كەسمە يۈزىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قىسىملىرىدا تۇفلۇق قەۋەت ۋە يوشۇرۇن يېتىلگەن قەۋەتلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. يەر يۈزىدە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەردىن قومۇش، تۆكلۈك ئوت، تۆگۈنەكلىك پىيزەك قاتارلىقلار بولۇپ، يەر يۈزىنى قاپلاش دەرىجىسى 60% تىن ئاشىدۇ.

ناھىيە بويىچە سازلىق تۇپراق كۆپ ھاللاردا چىملىق سازلىق تۇپراق ۋە شورلۇق سازلىق تۇپراقتىن ئىبارەت 2 كەنجى تۈردىن تەركىب تاپقان، ئالدىنقىسى 23 مىڭ 243 مو، كېيىنكىسى 33 مىڭ 376 مو بولۇپ، جەمئىي 56 مىڭ 619 مو كېلىدۇ.

## 9. تاقىر تۇپراق

تاقىر تۇپراق چۆللۈك تۇپراققا تەۋە بولۇپ، سۈپىتى ئېغىرراق، سۇ ئۆتكۈزۈشچانلىقى بەكمۇ ناچار. يەر يۈزىدە ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ بولۇپ، تۇز مىقدارى ئوخشاش ئەمەس، ئورگانىك ماددا 1% تىن ئاشمايدۇ. يېرىلىشى ئېنىق بولۇپ، چاكلىرىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 2 — 3 سانتىمېتىر، يېرىلما تاختىلىرى كۆپىنچە بۆلۈڭ شەكلىدە كېلىدۇ. تولىراق ناھىيە تەۋەسىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا ۋە چۆلتاغنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى تۈزلەڭلىككە تارقالغان.

توقسۇ ناھىيىسىدىكى تاقىر تۇپراقنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنى 5 — 6 مېتىردىن تۆۋەن، يەر يۈزى تەكشى ھەم سىلىق بولۇپ، مۇۋاپىق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلسە سۇغىرىلما - تېرىما تۇپراق ۋە زەي تۇپراققا ئۆزگەرتىپ مۇنبەتلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

## 10. يېڭى تېرىما تۇپراق

بۇ خىل تۇپراق ئۆگەن دەرياسى بويلىرىغا ئاز ساندا تارقالغان، كۆلىمى 3187 مو بولۇپ، سۇدا تىنىپ قېلىش ئارقىلىق ھاسىل بولغان.

توقسۇ ناھىيىسى بويىچە دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ھەرخىل تۇپراقنىڭ تارقىلىش كۆلىمى

جەدۋەل: 2 — 28

| تۇپراق تۈرى | تۇپراق كۆلىمى (مو) | كەنجى تىپ | | تۇپراق ئۆزۈقدىشى | | تۇپراق تۈرى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | نامى | كۆلىمى (مو) | نامى | كۆلىمى (مو) | نامى | ۋاكالەت نومۇرى | كۆلىمى (مو) |
| نەم تۇپراق | 393000.3 | ئادەتتىكى نەم تۇپراق | 121267.8 | ئىككىلەمچى نەم تۇپراق | 13058.1 | قۇملۇق نەم تۇپراق | 1.1.1.1 | 18059.1 |
| | | | | نەم تۇپراق | 108208.7 | سېرىق نەم تۇپراق | 1.1.2.1 | 65622.5 |
| | | | | | | كۆلرەڭ نەم تۇپراق | 1.1.2.2 | 5914.3 |
| | | | | | | بەل قۇم نەم تۇپراق | 1.1.2.3 | 8005 |
| | | | | | | سېغىزلىق نەم تۇپراق | 1.1.2.4 | 5071.8 |
| | | | | | | تېگى لاتقىلىق نەم تۇپراق | 1.1.2.5 | 10241.5 |
| | | | | | | تېگى سېغىز نەم تۇپراق | 1.1.2.6 | 13353.6 |
| | | يېنىك شورلاشقان نەم تۇپراق | 182779.7 | ئىككىلەمچى نەم تۇپراق | 22300.7 | يېنىك شورلاشقان تىنما نەم تۇپراق | 1.5.1.1 | 22300.7 |
| | | | | نەم تۇپراق | 160473 | شورلۇق سېغىز نەم تۇپراق | 1.5.2.1 | 10030.8 |
| | | | | | | يېنىك شورلاشقان نەم تۇپراق | 1.5.2.2 | 80464.6 |
| | | | | | | ئوتتۇراھال شورلاشقان نەم تۇپراق | 1.5.2.3 | 47892.6 |
| | | | | | | ئېغىر شورلاشقان نەم تۇپراق | 1.5.2.4 | 12091 |
| | | سۇغىرىلما تىنما نەم تۇپراق | 88952.8 | ئىككىلەمچى نەم تۇپراق | 88952.8 | نەم سېرىق تۇپراق | 1.6.1.1 | 82042.2 |
| | | | | | | نەم كۆلرەڭ تۇپراق | 1.6.1.2 | 6910.6 |
| سۇغىرىلما تىنما تۇپراق | 29085.4 | سۇغىرىلما تىنما تۇپراق | 4912 | سېرىق تۇپراق | 4912 | سۇلى سېرىق تۇپراق | 2.1.1.1 | 4912 |
| | | نەم تىپىدىكى سۇغىرىلما تىنما تۇپراق | 24173.4 | سېرىق تۇپراق | 24173.4 | قارامتۇل سېرىق تۇپراق | 2.3.1.1 | 2739 |
| | | | | | | كۆلرەڭ سېرىق تۇپراق | 2.3.1.2 | 21434.4 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 18598.5 | 4.2.1.1 | قوڭغۇر كۆلرەڭ شاللىق تۇپراق | 18593.5 | سايلىق يەر | 29608.1 | نەم تۇپراق تەرەپتىكى شاللىق تۇپراق | 29663.1 | شاللىق تۇپراق |
| 11604.5 | 4.2.2.1 | قارامتۇل كۆلرەڭ شاللىق تۇپراق | 11604.6 | ئويمان يەر | | | | |
| | | | | | 6925 | شورلۇق چىملىق تۇپراق | 67990.7 | چىملىق تۇپراق |
| 61065.7 | 5.6.1.1 | قۇمساڭ ئەت تۇپراق | 61065.7 | ئۆزلەشمە تۇپراق | 61065.7 | سۇغىرىلما چىملىق تۇپراق | | |
| | | | | | 62142 | قوڭغۇر چۆل تۇپراق | 68609.2 | قوڭغۇر چۆل تۇپراق |
| 6467.2 | 15.6.11 | نېپىز سېرىق تۇپراق | 6467.2 | تاغ ئالدى يانتۇيەر | 6467.2 | سۇغىرىلما قوڭغۇر چۆل تۇپراق | | |
| | | | | | 2165 | يېرىم تۇراقلىق قۇم تۇپراق | 42966.4 | قۇملۇق تۇپراق |
| | | | | | 35872.3 | كۆچمە قۇم تۇپراق | | |
| 4929.1 | 17.3.11 | كۆلرەڭ قۇم تۇپراق | 4929.1 | قۇمبەل | 4929.1 | سۇغىرىلما قۇم تۇپراق | | |
| | | | | | 120988 | نېپىك شور تۇپراق | 728240.4 | شور تۇپراق |
| | | | | | 426878.8 | چىملىق شور تۇپراق | | |
| | | | | | 61875.5 | سازلىق شور تۇپراق | | |
| | | | | | 118500 | قالدۇق شور تۇپراق | | |
| | | | | | 3187.5 | تىنما تۇپراق | 3187.5 | يېڭى تىنما تۇپراق |
| | | | | | 33376 | چىملىق سازلىق تۇپراق | 56619 | سازلىق تۇپراق |
| | | | | | 23243 | شورلۇق سازلىق تۇپراق | | |
| | | | | | | يېرىلما خاراكتېرلىك تۇپراق | | تاقىر تۇپراق |
| | | | | | | | 17248.2 | سۇ يۈزى |
| | | | | | | | 33426.4 | بىنەم يەر |
| | | | | | | | 1470036.6 | جەمئىي |

## 2 § . يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر

تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر، ئاساسەن، ناھىيە تەۋەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا تارقالغان.

يېپىنچا ئۆسۈملۈك تۈركۈملىرى جەھەتتە ئوتلاق، توغراق، يۇلغۇن ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىپىدىن يۇلغۇن، توغراق، قومۇش، چۈچۈكبۇيا، ئادىراسمان، تۈگىتاپان، قوڭغۇراقتىكەن، ئىجىرىق، تارانباش، شاخائوت، پايزا، قامغاق، ياۋا كۆرۈك، كۆرۈك، سۆكسۆك، ياۋا سۇپۇرگە، مۇرچۇبا، شورا، زاغزاق، قارا ئالقات قاتارلىقلار بار.

ناھىيە تەۋەسىنىڭ غەربىي ۋە شىمالىي قىسىملىرىدا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ ئۆسكەن بولۇپ، چاتقاللىق ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىپىدىن يۇلغۇن، چۈچۈكبۇيا، ئىجىرىق، چاكاندا، ئاق تىكەن، يانتاق، قوڭغۇراقتىكەن، كۆرۈك، ياۋا كۆرۈك، زاغزاق، قامراق، سۆكسۆك، جۇزغۇن، لوپنۇر كەندىرى، قارا ئالقات، قومۇش، ياۋا سۇپۇرگە، تۇدارى قاتارلىقلار بار.

ناھىيە تەۋەسىنىڭ شەرقىي، شەرقىي جەنۇبىي ۋە جەنۇبىي قىسىملىرى يەنى سۇغىرىش رايونى تەۋەسىدىكى بوز يەرلەر، ئۆستەڭ ياقىسى ۋە ئېتىز قىرلىرىدا تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىرقەدەر بۈك - باراقسان ئۆسكەن. ئۇلارنىڭ تىپلىرى كۆپرەك بولغانلىرىدىن بۇدۇشقاق، پاقا يوپۇرمىقى، لويلا، كۆك ئەمەن، سېرىق ئەمەن، كۆك چېچەك، سۇۋان، سۇ پېيىزى، ئېشەك قومۇشى، چوڭ خوخا، يۆگىمەچگۈل، قىرلىق بوغۇم، قىياق، چۈچۈكبۇيا، نىجىس، قوغجاي، بىدەياق، چىغ، پايزا، شۇر چېچىكى، چىمئوت، شورا، سېمىز ئوت، ماماكاپ، ئىت ياغىقى، بۇيا، قوڭغۇراقتىكەن، ياۋا سۇپۇرگە، چىڭگىلىك، يىڭنە يوپۇرماقلىق سازلىق يېكىنى، چاتاغان، قامغاق، تۇدارى، سۇئېپىياز، بوز تىكەن، چۆزىسەي، ئىجىرىق، قومۇش، بۇغداي، مۇرچۇبا، قارا ئالقات بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز مىقداردا يۇلغۇن ۋە توغراق بار.

سۈنئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر، ئاساسەن، ئۆگەن دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنما تۈزلەڭلىككە تارقالغان بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن تەبىئىي ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئورنىنى ئالغان. ناھىيە بويىچە ئورمان بەرپا قىلىنغان يەر كۆلىمى 43 مىڭ 540 موغا، زىرائەت كۆلىمى 425 مىڭ موغا يېتىدۇ.

# VI باب

# تەبىئىي بايلىق

## 1 § . نۇر - ئىسسىقلىق، سۇ، يەر بايلىقى

### 1 . نۇر - ئىسسىقلىق بايلىقى

توقسۇ ناھىيىسىدە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، قۇياش رادىئاتسىيىسى كۈچلۈك، نۇر -

ئىسسىقلىق بايلىقى مول، يىللىق كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى 2894.6 سائەت، 2 - ئايدا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ئەڭ ئاز بولۇپ، 186.9 سائەتكە، 7 - ئايدا ئەڭ كۆپ بولۇپ، 303.7 سائەتكە يېتىدۇ. قۇياشنىڭ يىللىق رادىئاتسىيىسى 144.6 كىلوكالورىيە/كۋادرات سانتىمېتىر، يىللىق فىزىئولوگىيىلىك رادىئاتسىيىسى 72 كىلوكالورىيە/كۋادرات سانتىمېتىر. 0℃ تىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4412.3℃، 5℃ تىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4316.5℃، 10℃ تىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان جۇغلانما تېمپېراتۇرا 3996.2℃.

## 2. سۇ بايلىقى

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ سۇ بايلىقى كەمچىل، يەر ئۈستى سۈيى پەقەت ئۆگەن دەرياسىدىلا بولۇپ، ئۇنى 3 ناھىيە بۆلۈشۈپ ئىشلىتىدۇ. توقسۇ ناھىيىسىگە بۆلۈپ بېرىلگەن يىللىق سۇ مىقدارى تەخمىنەن 545 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ئۇنۇملۇك سۇغىرىش كۆلىمى تەخمىنەن 1 مىليون 370 مىڭ مو. يەر ئاستى ھەرىكەتچان سۇ زاپىسى 238 مىليون كۇب مېتىر.

## 3. يەر بايلىقى

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يېرى كەڭ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى 11 مىليون 897 مىڭ مو. لېكىن تېرىلغۇ يەر كۆلىمى جەھەتتە، سۇ مەنبەسىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇنى كېڭەيتىش تەسرەك. پەقەت 463 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يەرلەر 8 دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. 1 - دەرىجىلىك يەر 114 مىڭ 832 مو، 2 - دەرىجىلىك يەر 74 مىڭ 742 مو، 3 - دەرىجىلىك يەر 30 مىڭ 305 مو، 4 - دەرىجىلىك يەر 174 مىڭ 710 مو، 5 - دەرىجىلىك يەر 68 مىڭ 554 مو، 6 - دەرىجىلىك يەر 84 مىڭ 809 مو، 7 - دەرىجىلىك يەر 100 مىڭ 179 مو، قالغانلىرى 8 - دەرىجىلىك يەر ھېسابلىنىدۇ.

# §2 . ياۋايى ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە كان بايلىقى

## 1. ياۋايى ھايۋانلار

ياۋايى ھايۋانلاردىن بۆرە، تۈلكە، جەرەن، ياۋا توڭگۇز، ياۋا توشقان، تۈلۈمچاشقان، كىرپە، شەپەرەڭ، ئاق قۇشقاچ، تاغ سېرىق قۇشقىچى، تورۇلغا، قىرغاۋۇل، بۆدۈنە، ياۋا ئۆردەك، قارا لەيلەك، سېغىزخان، قاغا، كاككۇك، قارلىغاچ، ياۋا غاز، كىچىك غاز، ئاق تۇرنا، كۆك كەپتەر، يىلان، كەسلەنچۈك، يېشىل پاقا، سازاڭ، چايان، ياچۇك، قارا چېكەتكە، چۇرتان بېلىق، تاپان بېلىق، ئوتخور بېلىق، ياپىلاق تۇمشۇق بېلىق قاتارلىقلار بار.

بۇلاردىن قار لەيلەك بىلەن ئاق تۇرنا دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان 1 - دەرىجىلىك ئەتىۋارلىق قۇشلار قاتارىغا كىرىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ سانى بەكمۇ ئاز بولۇپ، ئازىيىپ كېتىشكە قاراپ يۈزلەنمەكتە.

## 2. ياۋا ئۆسۈملۈكلەر

ياۋا ئۆسۈملۈكلەردىن قارىياغاچ ئائىلىسى، مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى، قامچىگۈل ئائىلىسى، پىدىگەن ئائىلىسى، پۇرچاق ئائىلىسى، سۆگەت ئائىلىسى، ئەمەن ئائىلىسى، ئازغان ئائىلىسى، باشاقلىقلار ئائىلىسى، گۈلساماق ئائىلىسى قاتارلىق 31 ئائىلە، 78 ئۇرۇقداش، 87 تۈر (تەپسىلاتىنى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بابىدىن كۆرۈۋېلىڭ) بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ئىككىلەمچى تەبىئىي ئورمان 300 مىڭ مودىن ئاشىدۇ، تەبىئىي ئوتلاق تەخمىنەن 1 مىليون 740 مىڭ مو.

## 3. كان بايلىقى

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ نېفىت زاپىسى ئىستىقبالىدىن ئۈمىد بار، نۆۋەتتە چارلاپ تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ. كان بايلىقى ئازراق بولۇپ، ئېچىش قىممىتى يوق.

# VII باب

# تەبىئىي ئاپەت

ناھىيە تەۋەسىدە مۆلدۈر، بوران، شور ئاپىتى، ئۈششۈك، سۇ ئاپىتى، قۇرغاق ئىسسىق شامال، ئەتىياز قۇرغاقچىلىقى، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، بۇلاردىن مۆلدۈر ئاپىتى ئەڭ كۆپ يۈز بېرىدۇ.

## § 1 . مۆلدۈر

توقسۇ ناھىيىسى 10 يىلدا بىر قېتىم ئېغىر مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرايدۇ، ئادەتتىكى مۆلدۈر ئاپىتى ھەر يىلى يۈز بېرىدۇ. مۆلدۈر ئاپىتى بىر يىل ئىچىدە ئەڭ بالدۇر دېگەندە 4 - ئايدا، ئەڭ كېچىككەندە 10 - ئايدا يۈز بېرىدۇ. 6 -، 7 -، 8 - ئايلاردا ئەڭ كۆپ بولىدۇ. بىر كۈن ئىچىدە سائەت 12 دىن 20 گىچە بولغان ۋاقىتلاردا ئەڭ كۆپ مۆلدۈر ياغىدۇ.

توقسۇ ناھىيىسىدە مۆلدۈرنىڭ 3 ئۆتۈش يولى بار: بىرىنچى، ئۆگەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى جايلاردىن باشلىنىپ، يۇلتۇزباغ، ئۈچقات يېزىلىرىدىن ئۆتۈپ، يەنە ئارقىسىغا قايتىپ كېلىپ شەرقىي جەنۇبتىن شايار ناھىيىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. مۆلدۈر يولى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 150 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 40 كىلومېتىر كېلىدۇ؛ ئىككىنچى، توقسۇ - شايار مۆلدۈر يولى بولۇپ، ئۇ، چۆلتاغدىن باشلىنىپ، يۇلتۇزباغ يېزىسىدىن ئۆتۈپ، شەرققە بۇرۇلۇپ ئۆگەن دەرياسىغىچە سوزۇلۇپ، ئاندىن شەرقىي جەنۇبتىكى

پەيشەنبە بازار يېزىسى ۋە ئىچتېرىق يېزىسىغا قاراپ بۆرۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن شايار ناھىيىسىگە كىرىپ كېتىدۇ، مۆلدۈريولى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 60 — 90 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 12 — 15 كىلومېتىر كېلىدۇ؛ ئۈچىنچى، توقسۇ - كۇچا مۆلدۈر يولى بولۇپ، ئۇ، يۇلتۇزباغ يېزىسى ۋە ئۆگەن يېزىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن باشلىنىپ، ئۆگەن دەرياسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كۇچا ناھىيىسى تەۋەسىگە كىرىپ كېتىدۇ، مۆلدۈر يولى غەربتىن شەرققە سوزۇلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 35 — 40 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 8 كىلومېتىر كېلىدۇ.

يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بۇ ناھىيىدە يۈز بەرگەن ئاساسلىق مۆلدۈر ئاپىتى تۆۋەندىكىچە:


1953 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى مۆلدۈر 4 - رايوننىڭ 1 - يېزىسىغا ھۇجۇم قىلغان، 1519 مو كۆممىقوناق، 14 مىڭ 25 مو كېۋەز، 207 مو قوغۇن ئاپەتكە ئۇچرىغان. يېزا بويىچە ئۈچتىن بىر قىسىم زىرائەتنىڭ ھوسۇلى كېمىيىپ كەتكەن.

1957 - يىل 7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مۆلدۈر ياغقان، مۆلدۈرنىڭ ئەڭ چوڭلىرىنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 2 سانتىمېتىرغا يەتكەن. ناھىيە بويىچە 2326 مو زىرائەت ئاپەتكە ئۇچراپ، 51 مىڭ 510 كىلوگرام ئاشلىق كېمىيىپ كەتكەن، 58 توخۇ، 2 ئېشەك، بىر قوي ئۆلگەن.

1959 - يىل 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى دائۇلتۇز گۇڭشېسى مۆلدۈرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان، مۆلدۈر تەخمىنەن 45 مىنۇت يېغىپ، 432 مىڭ 650 كىلوگرام بۇغداي، 210 مىڭ كىلوگرام ياغلىق دانني زىيانغا ئۇچراتقان.

1963 - يىل 5 - ئايدا ناھىيە مۆلدۈرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئاپەت يۈز بەرگەنلىكتىن 2 مىليون 210 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق كېمىيىپ كەتكەن. 28 مىڭ 743 مو ئاشلىق زىرائىتى، 5710 مو ياغلىق دان زىرائىتى، 14 مىڭ 376 مو كېۋەز ئاپەتكە ئۇچرىغان.

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مۆلدۈر يولى كۆرسەتمىلىك خەرىتىسى




1964 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى دائۇلتۇز گۇڭشېسى بىلەن شويۇلتۇز گۇڭشېسىدا 45 مىنۇت مۆلدۈر ياغقان، يەر يۈزىدىكى مۆلدۈر دانىچىلىرىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 6 سانتىمېتىرغا يەتكەن، مۆلدۈر زەربىسىدىن 31 چارۋا، 206 توخۇ ئۆلگەن، 5537 مو يەردىكى زىرائەت نابۇت بولغان، 17 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن.

1965 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 2 دە دائۇلتۇز، شويۇلتۇز، تاشئېرىق، ئىچتېرىق قاتارلىق گۇڭشېلار مۆلدۈرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان. مۆلدۈر توقسۇ - شايار دىكى بۇلۇت يۆتكىلىش يولىنى بويلاپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 3 — 10 كىلومېتىرغىچە بولغان دائىرىدە غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان، ناھىيە بويىچە 148

ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئاپەتكە ئۇچرىغان، 48 مىڭ 231 مو زىرائەت نابۇت بولغان، تەخمىنەن 2 مىليون 280 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق كېمىيىپ كەتكەن.

1976 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاۋۋال شارقىراپ يامغۇر ياغقان، ئارقىدىنلا يامغۇر ئارىلاش مۆلدۈر ياغقان، مۆلدۈرنىڭ ئەڭ چوڭ دانىچىلىرى توخۇمدەك بولۇپ، ناھىيە بويىچە 5 گۇڭشې ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مۆلدۈر زەربىسىگە ئۇچرىغان، 2 ئادەم ئۆلگەن، 10 نەچچە ئادەم يارىلانغان، دالىدىكى ئات، كالا، ئېشەك، قويلار ئۆلگەن ياكى زەخمىلەنگەن، 70 مىڭ مو زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىغان. ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى تۆكۈلۈپ كەتكەن، دەرەخ شاخلىرى سۇنۇپ كەتكەن، مېۋە - چېۋىلەر زەدە بولغان. تەخمىنەن 5 مىليون كىلوگرام ئاشلىق كېمىيىپ كەتكەن.

1979 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئىچكىبۇرۇق، پەيشەنبە بازار، تاشئېرىق، شويۇلتۇز، دايۇلتۇز قاتارلىق گۇڭشېلاردىكى 18 ئەترەت ۋە ناھىيە باشقۇرغان چوشقا فېرمىسى مۆلدۈر زەربىسىگە ئۇچرىغان، مۆلدۈرنىڭ ئوتتۇرىچە دىئامېتىرى بىر سانتىمېتىر بولۇپ، يەر يۈزىگە يىغىلغان مۆلدۈر 10 — 15 سانتىمېتىرغا يەتكەن، مۆلدۈر زەربىسىدە 30 چوشقا ئۆلگەن، 15 مىڭ 769 مو بۇغداي، 5849 مو كۆممىقوناق، 4030 مو كېۋەز، 381 مو قوغۇن - تاۋۇز، 250 مو ياغلىق دان زىرائىتى ئاپەتكە ئۇچرىغان.

1987 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كېچە سائەت 23 تىن 28 مىنۇت ئۆتكەندىن تارتىپ سائەت نۆلدىن 10 مىنۇت ئۆتكىچە بولغان 42 مىنۇتتا 7 . 61 مىللىمېتىر يامغۇر ياغقان. گۈلدۈرماما ئارىلاش چاقماق چېقىپ، شارقىراپ يامغۇر ياغقان، يەر يۈزىدىكى يىغىندى مۆلدۈرنىڭ قېلىنلىقى 40 سانتىمېتىرغا يەتكەن. مۆلدۈرنىڭ ئەڭ چوڭلىرى تىكتاك توپىنىڭ چوڭلۇقىدا چۈشكەن. ناھىيە بويىچە 5 يېزا، بىر بازار، بىر مەيدان، 33 كەنت، 4550 دېھقان ئائىلىسى ئاپەتكە ئۇچرىغان، ھەرقايسى ئىدارە، مەكتەپ، زاۋۇتلار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغان، 12 مىڭ 13 مو كېۋەز، 19 مىڭ 485 مو كۆممىقوناق، 7760 مو شال، 5022 مو قىچا، 15 مىڭ 178 مو قوغۇن - تاۋۇز، 6 . 2936 مو كۆكتات ئاپەتكە ئۇچرىغان، 343 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، مۆلدۈر زەربىسىدىن 8 كالا، 8 ئات، 14 ئېشەك، 320 قوي، ئۆچكە، 11 مىڭ 463 ئۆي قۇشى ئۆلگەن. جەمئىي زىيان بولغان ئاشلىق 2 مىليون 300 مىڭ كىلوگرامغا يەتكەن، 11 مىڭ 883 تۈپ دەرەخنى مۆلدۈر سوقۇپ ئۆرۈۋەتكەن، ناھىيە بويىچە ئىقتىسادىي زىيان 17 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

## § 2 . بوران

توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى چۆلتاغ قاقاس بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى تۈزلەڭلىكتە يېپىنچا ئۆسۈملۈك شالاڭ بولغاچقا، سوغۇق ھاۋا ئېقىمى تاغنىڭ شىمالىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ جەنۇبقا بېسىپ كىرىش جەريانىدا تۆۋەنگە سىيرىلىش سۈرئىتى تېزلىشىپ بوران ھاسىل بولىدۇ. ئاساسلىقى، قىيپاش شىمال بورىنى بىلەن غەربىي شىمال بورىنى چىقىدۇ، بوران ھەر يىلى 3 - ئايدا باشلىنىپ 7 - ئايدا ئاخىرلىشىدۇ. شامال كۈچى كۈچلۈك، ۋاقتى ئۇزۇن، ئايرىم يىللاردا ئەڭ كۈچەيگەندە 11 — 12 بالغا يېتىدۇ، ئادەتتە 8 سائەتچە داۋاملىشىدۇ، بەزىدە توختاپ - توختاپ چىقىپ، 2 كۈنگىچە سوزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، شەرقىي شىمال شامىلى بىلەن قىيپاش شەرق شامىلى چىقىدۇ، بۇ خىل ئەھۋال ھەر يىلى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئەتىياز، ياز پەسلىدە بوران ئەڭ كۆپ چىقىدۇ، شامال كۈچى ئادەتتە 5 — 6 بالغا، ئەڭ كۈچەيگەندە تەخمىنەن 11 بالغا يېتىدۇ، بوراندىن كېيىن دائىم چاڭ - توزانلىق ھاۋارايى پەيدا بولىدۇ، بۇ خىل ھاۋارايى ئەڭ ئۇزاق بولغاندا 35 كۈن داۋاملىشىدۇ.

يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا ناھىيىدە چىققان بوران ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە بولغان:

1961 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قىيپاش شىمال بورىنى چىقىپ پۈتۈن ناھىيىنى قاپلىۋالغان، شامال كۈچى 8 — 9 بالغا يەتكەن. بوران 999 تۈپ دەرەخنى ئۆرۈۋەتكەن، 3 ئېغىز ئۆي، 3 ئېغىز لاپاسنى بۇزۇۋەتكەن، تەخمىنەن 6000 مېتىر ئۇستەڭنى قۇم بېسىۋالغان، بىر چارۋا ئۆلگەن، 15 مىڭ 597 مو زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىغان.

1967 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى چىققان بوران پۈتۈن ناھىيىنى قاپلاپ، 17 سائەت داۋاملاشقان، 12 مىڭ 643 مو زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىغان.

1972 - يىل 4 - ئاينىڭ 17 -، 18 - كۈنلىرى بوران چىققان، بوران ئەڭ كۈچەيگەندە تەخمىنەن 11 بالغا يەتكەن، ئاچال ئەترىتى ئەڭ ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان، دەل - دەرەخلەر، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئېتىز - ئېرىقلارنى قۇم بېسىۋالغان.

1978 - يىل 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى 11 بال غەربىي شىمال بورىنى ناھىيىگە ھۇجۇم قىلغان، شۇنىڭ بىلەن تەڭ قارا يامغۇر يېغىپ، يەر يۈزىگە يىغىلغان سۇ 137 مىللىمېتىرغا يەتكەن، نەتىجىدە بوران ئاپىتى، شور ئاپىتى ۋە ئۇششۇك ئاپىتى پەيدا بولغان. 34 مىڭ 894 مو بۇغداي، 14 مىڭ 762 مو كۆممىقوناق، 1000 مو شال، 19 مىڭ 894 مو كېۋەز، 1040 مو ياغلىق دان، 1194 مو قوغۇن - تاۋۇز ئاپەتكە ئۇچرىغان، 15 كالا، 89 قوي - ئۆچكە ئۆلگەن، 90 تۈپ مېۋىلىك دەرەخ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، 16 مىڭ 700 مېتىر ئۇستەڭنى قۇم بېسىۋالغان.

1979 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 17 دە شەرقىي شىمال تەرەپتىن ساپسېرىق چاڭ توزان سۈرۈلۈپ كەلگەن، بىردەمدىلا گۈركىرەپ قارا بوران چىقىشقا باشلىغان، بوران قۇم - تاشلارنى ئۇچۇرتۇپ، يەر - جاھاننى قاراڭغۇلۇق باسقان، بىر مەھەل ماشىنىلار توختاپ قېلىپ، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالغان. بوران 12 سائەت داۋام قىلغان، كۈچى 11 بال (شامال ئېغىزلىرىدا 12 بال) غا، ئەڭ زور تېزلىكى 29 مېتىر/سېكۇنتقا يەتكەن. ناھىيە بويىچە 50 مىڭ 51 مو بۇغداي ئاپەتكە ئۇچرىغان (بۇنىڭ ئىچىدە 20 مىڭ 429 مو بۇغداي پۈتۈنلەي نابۇت بولغان). 31 مىڭ 311 تۈپ دەرەخ (بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك دەرەخ 10 مىڭ 329 تۈپ)، 22 ئىستولبا، 170 ئېغىز ئۆي، 8 ئامبار، 22 لاپاس بوراندا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. 889 چارۋا ئۆلگەن ياكى زەخىملەنگەن.

1982 - يىلى قاتتىق بوران چىقىپ 173 مىڭ 74 مو ئېتىز ئاپەتكە ئۇچرىغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپەت پەيدا بولغان كۆلەم 41 مىڭ 221 موغا يەتكەن، 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق كېمىيىپ كەتكەن، 12 مىڭ دېھقان ئاپەتكە ئۇچرىغان.

1987 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى 8 — 11 بال بوران ناھىيىگە ھۇجۇم قىلىپ، 17 سائەت داۋام قىلغان.

## 3 § . سۇ ئاپىتى

ناھىيە بويىچە ھۆل - يېغىن ئاز بولغاچقا، سۇ ئاپىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. سۇ ئاپىتى ئادەتتە قارا يامغۇردىن پەيدا بولغاچقا، دەريا سۈيى تېشىپ كېتىش، دەريا يار ئېلىپ كېتىش، كەنت ۋە ئېتىز - ئېرىقلارنى سۇ بېسىۋېلىشتەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يازما خاتىرىلەردىكى سۇ ئاپىتى تۆۋەندىكىچە:

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) 7 - ئايدا قارا يامغۇر يېغىپ، ئۆگەن دەرياسى يار ئېلىپ كېتىپ، زىرائەتلەرنى سۇ بېسىۋالغان، ئۆيلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، ئاشلىق، ئوتياش ئوزۇقى، يەم قاتارلىقلارنى ئېقىتىپ كەتكەن.

مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) يازدا ئۆگەن دەرياسى يار ئېلىپ كېتىپ، زىرائەتلەرنى سۇ بېسىپ كەتكەن، ئۆيلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، دەرەخلەرنى ئۆرزۈۋەتكەن، ئاشلىق ـ ياختا قاتارلىقلارنى ئېقىتىپ كەتكەن.

1954 ـ يىلى كۈزدە تاغدىن كەلكۈن كېلىپ، 15 خامانني سۇ بېسىۋالغان، 10 مىڭ باغلامدىن ئارتۇق بۇغداي زىيان بولغان.

1957 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى قارا يامغۇر يېغىپ ئۆگەن دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ، توما، ئۆي ۋە ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ۋەيران قىلىۋەتكەن.

1958 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىن 29 ـ كۈنىگىچە ئۇدا قارا يامغۇر يېغىپ، ئۆگەن دەرياسىنىڭ سۈيى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ، ئېقىن مىقدارى 1780 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يېتىپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلغان، كەلكۈندە ئۆگەن دەرياسى توسمىسى بۇزۇلۇپ كېتىپ، تەخمىنەن 6100 مو زىرائەتنى سۇ بېسىۋالغان، 82 ئېغىز ئۆي ۋەيران بولغان، بىر ئادەم سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن، 6 كالا، 14 ئات، 280 قوي ـ ئۆچكە سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن.

1959 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئۇدا قارايامغۇر يېغىپ، ئۆگەن دەرياسىدا سۇنىڭ ئېقىن مىقدارى 1180 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يېتىپ، كەلكۈن ئاپىتىگە ئايلانغان.

1966 ـ يىل 8 ـ ئايدا 2 قېتىم قارايامغۇر يېغىپ، چۆلتاغدىن شىددەت بىلەن چۈشكەن كەلكۈن يول، كۆۋرۈك ۋە زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن.

1977 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «1 ـ ماي» سۇ ئامبىرىنىڭ قوشۇمچە دامبىسى يار ئېلىپ كېتىپ، سۇ ئاپەتكە ئايلانغان. سۇ ئامبىرىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى دايۇلتوز گوڭشېسىنىڭ 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى ئاپەتكە ئۇچرىغان، نەچچە مىڭ گوڭشې ئەزاسى سۇ ئاپىتىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغان.

1978 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى «1 ـ ماي» سۇ ئامبىرى توسمىسى يار ئېلىپ كېتىپ سۇ ئاپەتكە ئايلانغان. بىر ئادەم، بىر كالا، 8 قوي ـ ئۆچكە تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن، 3471 ئېغىز ئۆي، 3 ئېغىل ۋە قوتان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، 3665 مو بۇغدايلىقنى، 1441 مو ئوتلاقنى سۇ بېسىپ كەتكەن، 700 تۈپ دەرەخنى سۇ ئۆرزۈۋەتكەن، 8 ياغاچ كۆۋرۈك، بىر سۇ ئۆتكۈزگۈچ، 3 كۆچۈرمە، 3 كۆچۈرمە، 2000 مېتىردىن ئارتۇق ئۆستەڭنى سۇ بۇزۇۋەتكەن. 12 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئاپەتكە ئۇچرىغان.

## § 4 . يەر تەۋرەش

يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا بۇ ناھىيىدە بىر قېتىم ئېغىر يەر تەۋرىگەن. 1949 ـ يىل 1 ـ ئايدا كىچىك يەر تەۋرەش ھەركۈنى يۈز بېرىپ تۇرغان، 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كەچ سائەت 9 دا 6 بال ئەتراپىدا يەر تەۋرىگەن، سىلكىنىش 2 مىنۇت 40 سېكۇنت داۋام قىلغان. ناھىيە بازىرىدا بىر قىز بالا تام ئاستىدا قېلىپ ئۆلگەن، بىر ئادەم ئېغىر يارىلانغان. ناھىيە بويىچە 28 تۇياق چوڭ چارۋا تام ئاستىدا قېلىپ ئۆلگەن، دېھقانلارنىڭ 52 ئېغىز ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 8 ئېغىز ئۆيى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ھويلا تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن.

## § 5 . شور ئاپىتى

زىرائەتلەر مايسا بەزگىلىدە ياكى بىخلىنىش مەزگىلىدە 0.1 مىللىمېتىردىن كۆپرەك ھۆل يېغىنىنىڭ

تەسىرىگە ئۇچرىسا، شورلۇق تۇپراقتا ئاسانلا شور ئۆرلەپ، شور قاسراقلىرى پەيدا بولۇپ، مايسا ئۈنۈپ چىقالماسلىق ياكى بىخ چىقارغاندىن كېيىن شور زەربىسىدىن نابۇت بولۇپ كېتىشتەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ. شور ئېغىر بولغان تۇپراقلارغا ھۆل يېغىن كۆپرەك ياغسىلا، ئېرىگەن شورلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىز قىسمىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۆسۈملۈكلەرنى ناھايىتى تېزلا نابۇت قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يامغۇر تامچىلىرىنىڭ چاچرىشى بىلەن يەر يۈزىدىكى تۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان تۇزلۇق سۇ زىرائەتلەرنىڭ غول ۋە يوپۇرمىقىغا زىيان سالىدۇ.

ناھىيىدە يامغۇردا پەيدا بولغان شور ئاپىتى ھەر يىلى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. شور ئاپىتى ھەر يىلى تەخمىنەن 40 مىڭ مو زىرائەتنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ. يۇلتۇزباغ يېزىسى بىلەن ئۈچقات يېزىسى بىرقەدەر ئېغىر شور ئاپىتىگە ئۇچراپ كېلىۋاتىدۇ.

## § 6 . ئۈششۈك

ناھىيىدە ھەر يىلى ئۈششۈك چۈشۈش ۋاقتى ئادەتتە 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىنكى يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە سوغۇق ھاۋا ھەرىكىتى كۆپىيىپ، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭىيىپ بارىدۇ. كۈز پەسلىدە دەسلەپكى ئۈششۈك ئېگىزغا تېرىلغان كۆممىقوناق، شالىنىڭ پىشىشىغا ۋە پاختا ھوسۇلىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە ئاخىرقى ئۈششۈك كېۋەز، كۆممىقوناق، شال، كۆكتات قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ناھىيە بويىچە ئۈششۈك ئاپىتىنىڭ قېتىم سانى ئانچە كۆپ ئەمەس، زىيىنى بىرقەدەر يېنىك. 1985 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەتىگەندە ئۈششۈك پەيدا بولدى، تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ -1.3℃ قا چۈشۈپ قالدى، يەر يۈزىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى -2.1℃ قا چۈشۈپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن كېۋەز، كۆممىقوناق، كۆكتات (قىشلىق يېسىۋىلەك، پالەك بۇنىڭ سىرتىدا) لارنىڭ كۆپ قىسمى ئۈششۈپ كەتتى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئەتىگەندە ئېغىر ھالدا ئاخىرقى ئۈششۈك پەيدا بولۇپ، تېمپېراتۇرا تېخىمۇ تۆۋەنلەپ -2℃ قا، يەر يۈزىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسى -6.5℃ قا چۈشۈپ قالدى. 399 مو كېۋەز ئۈششۈپ نابۇت بولدى.

## § 7 . ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىق

توقسۇ ناھىيىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا سۇ ئىشلىتىشتە پۈتۈنلەي ئۆگەن دەرياسىنىڭ سۈيىگە تايىنىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە دەريا ئېقىنلىرىنىڭ سىرغىم مىقدارى كېلىماتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئادەتتە بىر يىللىق سىرغىم مىقدارىنىڭ 15% نى ئىگىلەيدۇ. ئايرىم يىللاردا تېمپېراتۇرا تۆۋەنرەك بولۇپ، قارنىڭ ئېرىشى ئاستا بولغاچقا، سىرغىم مىقدارى يىللىق سىرغىم مىقدارىنىڭ ئاران 6% نى ئىگىلەيدۇ. ئەتىياز پەسلى دەل سۇ ئىشلىتىش يۇقىرى پەللىگە چىققان پەسىل بولۇپ، بۇغداينىڭ بوغۇم سۇغۇرۇش سۈيىنى، باشاق تارتىش سۈيىنى، دان تولۇش سۈيىنى قويۇش دەل مۇشۇ مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ، ئۆگەن دەرياسىنىڭ سۈيى ئازايغاندا ئەتىيازدىكى قۇرغاقچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپ يىللىق ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ھەر يىلى ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق بولغان، ھەر يىلى سۇ يېتىشمىگەنلىكتىن، 5000 مو بۇغداي نابۇت بولغان ياكى ئۇنىڭ ھوسۇلى كېمىيىپ كەتكەن، 6000 مو بۇغداينى ۋاقتىدا تېرىشقا ئىمكانىيەت بولمىغان. ئەتىيازدىكى

قۇرغاقچىلىق كۆكتات، مېۋىلىك باغ، دەل - دەرەخلەرگە تەسىر يەتكۈزگەن.

## § 8 . قۇرغاق ئىسسىق شامال

6 - ئاينىڭ باشلىرىدىن 7 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە قۇرغاق ئىسسىق شامال چىقىدۇ، يىللار ئارا ئۆزگىرىشى چوڭ ئەمەس، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 — 5 كۈن قۇرغاق ئىسسىق شامال چىقىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بەكرەك قۇرغاق ئىسسىق شامال چىقىدىغان ۋاقىت ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.4 كۈنگە يېتىدۇ، بۇ، 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا توغرا كېلىدۇ. 1977 - يىلى قۇرغاق ئىسسىق شامال چىققان ۋاقىت ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، 46 كۈنگە يەتكەن؛ 1973 - يىلى ئەڭ ئاز بولۇپ، ئاران 15 كۈن بولغان. ناھىيە بويىچە بۇغداي چېچەكلى ئادەتتە 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تورۇشقا باشلايدۇ، بۇغداي 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە پىشىپ بولىدۇ، مۇشۇ ۋاقىتتا چىققان قۇرغاق ئىسسىق شامال بۇغدايدىكى سۇ تەركىبىنىڭ پارغا ئايلىنىشىنى تېزلىتىپ، ئۇنى كۆپ مىقداردا سۇسىزلاندۇرۇپ قويىدۇ، نەتىجىدە مادda ئالمىشىش تېزگىنلىنىشكە ئۇچرايدۇ، بۇ ھال بالدۇر پىشىپ قېلىشقا، دېنىنىڭ ئېغىرلىقى يەڭگىللەپ كېتىپ، ھوسۇلنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە ھەر يىلى قۇرغاق ئىسسىق شامال چىقىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئېغىر - يېنىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ، ئېغىر قۇرغاق ئىسسىق شامال تەخمىنەن 3 يىلدا بىر قېتىم چىقىدۇ، ئوتتۇراھال قۇرغاق ئىسسىق شامال ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 4 — 5 كۈن چىقىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا 11 كۈنگە يېتىدۇ، يېنىك ئىسسىق شامال ھەر يىلى 25 — 26 كۈن چىقىدۇ.

**توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قۇرغاق ئىسسىق شامال كۆرسەتكۈچى**

جەدۋەل: 2 — 29

| دەرىجىسى | سوتكىلىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا | نىسپىي تېمپېراتۇرا | شامال تېزلىكى مېتىر/سېكۇنت | ئۆسۈملۈكلەرنىڭ زىيانغا ئۇچراش ئەھۋالى |
|---|---|---|---|---|
| يېنىك | ≥30℃ | ≤29% | ≥3 | بۇغداينىڭ قىلتىرىق ئۇچى، يوپۇرماق ئالقىنىنىڭ ئۇچى قۇرۇپ كېتىدۇ، دان تولۇشى ئاستىلايدۇ |
| ئوتتۇراھال | ≥32℃ | ≤24% | ≥5 | بۇغداينىڭ يوپۇرماقلىرى پۇرلىشىپ كېتىدۇ، دان تولۇشى ئاستىلايدۇ |
| ئېغىر | ≥34 | ≤20% | ≥6 | بۇغداينىڭ دان تولۇشى توختاپ قالىدۇ |

## ئۈچىنچى قىسىم

# نوپۇس





# ئۈچىنچى قىسىم

# نوپۇس

مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) توقسۇغا ياردەمچى ئامبال قويۇلغاندا ناھىيە بويىچە 3822 ئائىلە، 19 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس بار ئىدى.

مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) جۇڭخۇا مىنگو ئىچكى سىياسىي ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئاخباراتىدا توقسۇ ناھىيىسىدە 5335 ئائىلە (تەخمىنىي سان)، 26 مىڭ 753 نوپۇس (تەكشۈرۈپ يوللانغان سان) بار، دەپ خاتىرىلەنگەن.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ناھىيە بويىچە ئائىلە 10 مىڭ 336 گە، نوپۇس 46 مىڭ 350 گە يەتتى. نوپۇسنىڭ بۇنداق تېز كۆپىيىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 7 - ئايدا شايار ناھىيىسىنىڭ دايۇلتۇز يېزىسى توقسۇ ناھىيىسىگە قوشۇۋېتىلدى، بۇ يېزىنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 14 مىڭ 300 ئىدى.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ناھىيە بويىچە نوپۇس تەكشۈرۈش، باۋجىياغا ئايرىش، ئىشىك نومۇرى بېكىتىش، سانىنى ستاتىستىكا قىلىش بىرقەدەر توغرا بولدى. شۇ يىلى ناھىيىدىكى ئائىلە 10 مىڭ 358، نوپۇس 47 مىڭ 452 ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) ناھىيە بويىچە ئائىلە 10 مىڭ 376 گە، نوپۇس 48 مىڭ 903 كە يەتتى. 1949 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 386 ئائىلە، 48 مىڭ 244 نوپۇس (ئەرلەر 25 مىڭ 449، ئاياللار 22 مىڭ 795) بار بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، نوپۇس 4 قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. 1953 - يىل 7 - ئايدا 1 - قېتىم تەكشۈرۈلگەندە، ناھىيە بويىچە 12 مىڭ 937 ئائىلە، 59 مىڭ 915 نوپۇس بارلىقى؛ 1964 - يىل 7 - ئايدا 2 - قېتىم تەكشۈرۈلگەندە 16 مىڭ 764 ئائىلە، 70 مىڭ 349 نوپۇس بارلىقى؛ 1982 - يىل 7 - ئايدا 3 - قېتىم تەكشۈرۈلگەندە 23 مىڭ 167 ئائىلە، 106 مىڭ 593 نوپۇس بارلىقى؛ 1990 - يىل 7 - ئايدا 4 - قېتىم تەكشۈرۈلگەندە 24 مىڭ 559 ئائىلە، 121 مىڭ 67 نوپۇس بارلىقى مەلۇم بولدى.

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى نوپۇس تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ بولدىكى، تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلۈش نىسبىتى ئازىيىپ، نوپۇس تېز كۆپەيدى. 1980 - يىلدىن باشلاپ خەنزۇلار ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلدى. خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئاز بولغاچقا، ئۇنىڭ ناھىيە نوپۇسىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە بولغان تەسىرى ناھايىتى كىچىك بولدى. 1982 - يىلى پىلانلىق تۇغۇت

سىياسىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى.

ناھىيە بويىچە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى 1954 ـ يىلى 42.17‰ بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى بولغانىدى. 1961 ـ يىلى 9.57‰ بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن بولدى. ئاھالىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 1960 ـ يىلى 23.73‰ بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى بولغانىدى، 1990 ـ يىلى 5.79‰ بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن بولدى. تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى 1969 ـ يىلى 32.55‰ بولۇپ، ئەڭ يۇقىرى، 1960 ـ يىلى 11.4‰ بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن بولدى.

تۇغۇلغان بوۋاق 1982 ـ يىلى 4018 بولۇپ، ئەڭ كۆپ، 1961 ـ يىلى 620 بولۇپ ئەڭ ئاز بولدى. ئۆلگەنلەر 1983 ـ يىلى 1686 بولۇپ، ئەڭ كۆپ، 1961 ـ يىلى 525 بولۇپ، ئەڭ ئاز بولدى. تەبىئىي كۆپەيگەنلەر 1969 ـ يىلى 2615 بولۇپ، ئەڭ كۆپ، 1960 ـ يىلى مىنۇس 736 بولۇپ ئەڭ ئاز بولدى.

كۆچۈپ كەلگەن ئاھالە 1960 ـ يىلى 3457 بولۇپ، ئەڭ كۆپ، 1982 ـ يىلى 75 بولۇپ، ئەڭ ئاز بولدى. كۆچۈپ كەتكەن ئاھالە 1961 ـ يىلى 3038 بولۇپ، ئەڭ كۆپ، 1982 ـ يىلى 130 بولۇپ ئەڭ ئاز بولدى.

1960 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە نوپۇس 3 يىللىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، تەبىئىي كۆپىيىش جەھەتتىكى نىسبىتى، كۆچۈپ كەتكەنلەر ۋە كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئۆزگىرىشى چوڭ بولدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن پەرزەنت كۆرۈش جەھەتتە پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئارامخۇدا ياشايدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە ئاھالىسىنىڭ كۆچۈشى ئاز بولدى. ئۆلۈش نىسبىتى 1960 ـ يىلدىكى 23.7‰ تىن 1990 ـ يىلى 5.79‰ كە تۆۋەنلىدى. بۇ، ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خەلقنى بېيىتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، جەمئىيەت تىنچ، خەلق تۇرمۇشى يىلمۇ يىل ياخشىلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

# I باب

# نوپۇس سانى

مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) توقسۇ ياردەمچى ئامباللىقىغا تەخمىنەن 19 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس قارايتتى. مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) غا كەلگەندە نوپۇس كۆپىيىپ 26 مىڭ 753 كە يەتتى.

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا دايۇلتۇز يېزىسى شايار ناھىيىسىدىن توقسۇ ناھىيىسىگە قوشۇپ بېرىلدى، بۇ نوپۇسنىڭ مېخانىكىلىق كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) ناھىيىنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ 46 مىڭ 350 كە يەتتى.

مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) دىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتە ناھىيە نوپۇسىنىڭ 45 مىڭ 659 ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا ناھىيىدىكى ئائىلە 10 مىڭ 386 گە، نوپۇس 48 مىڭ 224 كە يەتتى. مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) دىن 1949 ـ يىل 9 ـ ئايغىچە ناھىيىنىڭ نوپۇسى كۆپىيىپ باردى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مىنگو دەۋرىدىكى نوپۇس ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 1

| يىل | ئائىلە سانى | نوپۇسى: جەمئىي | ئەر | ئايال | ئىلاۋە |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| مىنگونىڭ 11 ـ يىلى | 3822 | 19000 | | | نوپۇس تەخمىنىي ھېسابلاندى |
| مىنگونىڭ 17 ـ يىلى | 2563 | 12853 | | | ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۆلچەر سانى |
| مىنگونىڭ 25 ـ يىلى | 5335 | 26753 | | | نوپۇس سانى تەكشۈرۈپ بولالىغان سان، ئائىلە سانى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۆلچەر سانى |
| مىنگونىڭ 30 ـ يىلى | 8618 | 43211 | 22971 | 20240 | ئۇيغۇر 43 مىڭ 77، خەنزۇ 65، بۇلاردىن ئەسكەرلىككە ياراپدىغان يىگىت 7368 |
| مىنگونىڭ 31 ـ يىلى | 10382 | 46350 | 24090 | 22260 | |
| مىنگونىڭ 32 ـ يىلى | 9643 | 45659 | 23746 | 21913 | |
| مىنگونىڭ 33 ـ يىلى | 10350 | 47592 | 25040 | 22552 | |
| مىنگونىڭ 34 ـ يىلى | 10358 | 47452 | 25046 | 22406 | |
| مىنگونىڭ 35 ـ يىلى | 9643 | 48915 | 25895 | 23020 | |
| مىنگونىڭ 36 ـ يىلى | 10439 | 48194 | 25471 | 22723 | |
| مىنگونىڭ 37 ـ يىلى | 10356 | 49507 | 26040 | 23467 | |
| مىنگونىڭ 38 ـ يىلى | 10386 | 48244 | 25449 | 22795 | |

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ نوپۇسى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، 1960 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى 3 يىللىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش، ئۆلۈش ۋە كۆپىيىش نىسبىتى جەھەتتىكى تەۋرىنىش بىرقەدەر چوڭ بولدى. 80 ـ يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش ۋە تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى تۆۋەنلەشكە يۈزلەندى. 1982 ـ يىلدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاھالىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى، كۆچۈپ كېتىش ۋە كۆچۈپ كېلىش نىسبىتى ئاساسەن كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەشكە يۈزلەندى.

1949 ـ يىل 10 ـ ئايدىن باشلاپ 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە نوپۇسى 3 قېتىم زور دەرىجىدە

مېخانىكىلىق كۆپەيدى:

1951 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شايار ناھىيىسىنىڭ تىگىن، پايىس كەنتلىرى توقسۇ ناھىيىسىگە قوشۇپ بېرىلدى، بۇ كەنتلەردە 515 ئائىلە، 2891 نوپۇس بار ئىدى.

1960 - يىلى ئىچكىرىدىن ئېقىپ كەلگەنلەر، تۈمۈريولىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن بولۇپ جەمئىي 3457 ئادەم ناھىيىگە كۆچۈپ كەلدى.

1961 - يىلى مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ تەدرىجىي ياخشىلىنىشى بىلەن نوپۇستا تەتۈر ئېقىم كۆرۈلدى، شۇ يىلى ناھىيىدىن 3038 ئادەم كۆچۈپ كەتتى.

# II باب

# نوپۇسنىڭ تارقىلىشى

ناھىيە نوپۇسى ناھىيە بازىرىنى مەركىزىي نۇقتا قىلىپ، رادىئاتسىيە ھالىتىدە تارقالغان. ناھىيە بازىرىنىڭ نوپۇسى ئەڭ زىچ، بازاردىن يىراقلاشقانسېرى نوپۇسىمۇ شالاڭلىشىدۇ. ئومۇمىي گەۋدە بويىچە قارىغاندا شەرقىنىڭ نوپۇسى زىچ، غەربىنىڭ نوپۇسى شالاڭ، ئۆگەن دەرياسى بويىنىڭ نوپۇسى بىرقەدەر زىچ، غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغانسېرى نوپۇسىمۇ شالاڭلاپ بارىدۇ.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق رايونى ۋە چارۋىچىلىق رايونىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 2425 كۋادرات كىلومېتىر، ئائىلە 10 مىڭ 336، نوپۇس 46 مىڭ 350 بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 19 ئادەم (ئەگەر چۆل - باياۋاننى قوشساق ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 5.6 ئادەم) توغرا كېلەتتى. ناھىيە بازىرىدا 1692 ئائىلە، 5042 نوپۇس بار ئىدى. 1 - رايون (ھازىرقى ئىچئېرىق) دا 3266 ئائىلە، 14 مىڭ 725 نوپۇس، 2 - رايون (ھازىرقى تاشئېرىق يېزىسى) دا 2242 ئائىلە، 11 مىڭ 277 نوپۇس، 3 - رايون (ھازىرقى يۈلتۈزباغ يېزىسى) دا 918 ئائىلە، 4762 نوپۇس، 4 - رايون (ھازىرقى ئۆچقات يېزىسى) دا 2218 ئائىلە، 10 مىڭ 544 نوپۇس بار ئىدى.

ناھىيە بازىرى بىلەن بازار ئەتراپىدىكى 1 - ۋە 2 - رايونلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 986 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 31 مىڭ 114 بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 31.6 ئادەم توغرا كېلەتتى. بازارغا بىرقەدەر يىراق بولغان 3 - ۋە 4 - رايونلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1439 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 15 مىڭ 304 بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 10.6 ئادەم توغرا كېلەتتى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) دىن باشلاپ، يېرىم ئەسىرلىك تەرەققىيات ئارقىلىق 1990 - يىل 7 - ئايغا كەلگەندە ناھىيىنىڭ نوپۇس زىچلىقى كۆرۈنەرلىك ئۆرلەپ، ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 49.9 ئادەم (ئەگەر چۆل - باياۋاننىڭ كۆلىمى قوشۇلسا ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 14.7 ئادەم) توغرا كەلدى. لېكىن نوپۇسنىڭ تارقىلىشى يەنىلا 40 - يىللاردىكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ناھىيە بويىچە بازار نوپۇسى 5042، يېزا نوپۇسى 41 مىڭ 308 بولۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %10.9 نى ئىگىلەيتتى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ناھىيە بويىچە بازار نوپۇسى 4956، يېزا نوپۇسى 40 مىڭ 703 بولۇپ، بازار نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %10.9 نى ئىگىلىدى. 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرى ناھىيە بويىچە بازار نوپۇسى 5636، يېزا نوپۇسى

42 مىڭ 608 بولۇپ، بازار نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %11.7 نى ئىگىلىدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە بازار نوپۇسى 12 مىڭ 94، يېزا نوپۇسى 108 مىڭ 973 بولۇپ، بازار نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %10 نى ئىگىلىدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ناھىيە بويىچە بازار نوپۇسى 18 مىڭ 771، يېزا نوپۇسى 106 مىڭ 245 بولۇپ، بازار نوپۇسى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %15 نى ئىگىلىدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى بازار، يېزا نوپۇسىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 2

| يىل | ئومۇمىي نوپۇس | بازار نوپۇسى | يېزا نوپۇسى | بازار نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|
| 1942 | 46350 | 5042 | 41308 | 10.9 |
| 1943 | 45659 | 4956 | 40703 | 10.9 |
| 1944 | 47592 | 5309 | 42283 | 11.2 |
| 1945 | 47452 | 5273 | 42179 | 11.1 |
| 1946 | 48915 | 6468 | 42774 | 13.2 |
| 1947 | 48194 | 5600 | 42594 | 11.6 |
| 1948 | 49507 | 6092 | 43415 | 12.3 |
| 1949 | 48244 | 5636 | 42608 | 11.7 |
| 1953 | 59915 | 7110 | 52805 | 11.8 |
| 1964 | 70239 | 6146 | 64093 | 8.6 |
| 1982 | 106593 | 13930 | 92663 | 13 |
| 1990 | 121067 | 12094 | 108973 | 10 |
| 1995 | 125016 | 18771 | 106245 | 15 |

**ئىزاھات:** (1) 1949 ـ يىلدىن بۇرۇنقى سانلار تارىخىي ئارخىپلاردىن كەلگەن.
(2) 1953 ـ، 1982 ـ، 1990 ـ يىللاردىكى سانلار شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشكە دائىر سانلاردۇر.
(3) 1964 ـ، 1995 ـ يىللاردىكى سانلار ج خ ئىدارىسىنىڭ يىللىق مەلۇماتىدىكى ساندىن ئىبارەت.

توقسۇ ناھىيىسى بويىچە بازار، يېزا نوپۇسىنىڭ 1990 ـ يىلدىكى تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 3

| يېزا، بازار نامى | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ئومۇمىي نوپۇس | | | ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئادەم سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئەر | ئايال | |
| توقسۇ بازىرى | 3868 | 16975 | 8465 | 8510 | 4467 |
| ئىچقىرىق يېزىسى | 4876 | 23454 | 12032 | 11422 | 167.7 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | 2765 | 13759 | 6828 | 6931 | 109 |
| تاشقىرىق يېزىسى | 3716 | 18343 | 9562 | 8781 | 75 |
| ئۆگەن يېزىسى | 2906 | 14935 | 7701 | 7234 | 31.4 |
| يۇلتۇزباغ يېزىسى | 3293 | 16927 | 8713 | 8214 | 19.5 |
| ئۈچقات يېزىسى | 3135 | 16674 | 8596 | 8078 | 29 |
| جەمئىي | 24559 | 121067 | 61897 | 59170 | 49.9 |

**ئىزاھات:** (1) قۇمتۇز ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكى 132 ئائىلە، 480 نوپۇس (ئەر 269، ئايال 211) ئىچقىرىق يېزىسىغا قوشۇپ ھېسابلاندى.

(2) جەدۋەلدىكى نوپۇس 1990 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشكە دائىر ساندىن ئىبارەت.

توقسۇ ناھىيىسى بويىچە بازار، يېزا نوپۇسىنىڭ 1995 ـ يىلدىكى تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 4

| يېزا نامى | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ئومۇمىي نوپۇس | | | ھەر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ئادەم سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئەر | ئايال | |
| توقسۇ بازىرى | 4675 | 18771 | 9443 | 9328 | 4939.7 |
| ئىچقىرىق يېزىسى | 4833 | 22934 | 11468 | 11466 | 163.9 |
| تاشقىرىق يېزىسى | 3923 | 18720 | 9672 | 9048 | 76.5 |
| ئۆگەن يېزىسى | 3107 | 15845 | 8139 | 7706 | 33.3 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| يۇلتۇزباغ يېزىسى | 3378 | 16631 | 8493 | 8138 | 19.2 |
| ئۈچقات يېزىسى | 3590 | 17666 | 9158 | 8508 | 30.7 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | 2924 | 14449 | 7225 | 7224 | 114.5 |
| جەمئىي | 26430 | 125016 | 63598 | 61418 | 51.5 |

# III باب

# نوپۇس قۇرۇلمىسى

## §1 . مىللەت قۇرۇلمىسى

ئۇيغۇرلار ناھىيە نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، خەنزۇ ۋە خۇيزۇلار 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ سانى ناھايىتى ئاز.

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) ناھىيە بويىچە 43 مىڭ 211 ئادەم بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 43 مىڭ 77 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %99.7 ىنى؛ خەنزۇلار 65 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %0.13 ىنى؛ خۇيزۇلار 75 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %0.15 ىنى ئىگىلەيتتى؛ ئۇنىڭدىن باشقا 5 قىرغىز، 3 ئۆزبېك، 3 تاجىك بار ئىدى.

1960 — 1962 - يىلغىچە بولغان 3 يىللىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە نوپۇسنىڭ ئېقىشى زور بولدى، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت نوپۇسىنىڭ نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆزگەردى. 1963 - يىلى ناھىيە بويىچە نوپۇس 72 مىڭ 538 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 70 مىڭ 229 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %96.7 ىنى، خەنزۇلار 2065 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %2.84 ىنى ئىگىلىدى.

1977 - يىلى ناھىيە بويىچە نوپۇس 100 مىڭ 800 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 94 مىڭ 940 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %94 ىنى، خەنزۇلار 5374 (خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل) بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %5.3 ىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا 470 خۇيزۇ، 8 قازاق، 5 قىرغىز، 3 موڭغۇل بار بولدى.

ناھىيىنىڭ 1990 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇسى 117 مىڭ 382، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 113 مىڭ 58 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %96.4 ىنى، خەنزۇلار 3985 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %3.4 ىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 182 خۇيزۇ، 4 قازاق، 5 قىرغىز، 5 موڭغۇل، بىر ئۆزبېك، 10 سالا، 6 رۇس، 7 مانجۇ بار بولدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە نوپۇس، مىللەت قۇرۇلمىسىنىڭ 1941 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 5

| يىل | ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى | ئۇيغۇرلار | | خەنزۇلار | | خۇيزۇلار | | باشقا مىللەتلەر ئاھالىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | سانى | ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | سانى | ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | سانى | ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | |
| 1941 | 43211 | 43077 | 99.7 | 65 | 0.15 | 68 | 0.16 | 1 |
| 1942 | 46350 | 46186 | 99.6 | 81 | 0.17 | 77 | 0.16 | 6 |
| 1943 | 45659 | 45515 | 99.7 | 62 | 0.14 | 77 | 0.17 | 5 |
| 1944 | 47592 | 47428 | 99.6 | 81 | 0.17 | 77 | 0.16 | 6 |
| 1945 | 47452 | 47270 | 99.6 | 78 | 0.14 | 92 | 0.19 | 12 |
| 1946 | 48915 | 48760 | 99.7 | 68 | 0.14 | 79 | 0.16 | 8 |
| 1947 | 48194 | 48051 | 99.7 | 62 | 0.13 | 70 | 0.14 | 11 |
| 1948 | 49507 | 49360 | 99.7 | 60 | 0.12 | 75 | 0.15 | 12 |
| 1949 | 48244 | 48093 | 99.7 | 65 | 0.13 | 75 | 0.15 | 11 |
| 1950 | 56674 | 56388 | 99.7 | 184 | 0.32 | 98 | 0.17 | 4 |
| 1951 | 57524 | 57203 | 99.4 | 187 | 0.32 | 130 | 0.22 | 4 |
| 1952 | 58617 | 58320 | 99.4 | 191 | 0.32 | 102 | 0.17 | 4 |
| 1953 | 60284 | 59980 | 99.5 | 196 | 0.33 | 102 | 0.17 | 4 |
| 1954 | 62095 | 61784 | 99.5 | 218 | 0.35 | 93 | 0.15 | |
| 1955 | 63510 | 63201 | 99.5 | 218 | 0.34 | 91 | 0.14 | |
| 1956 | 64283 | 63966 | 99.5 | 223 | 0.35 | 94 | 0.15 | |
| 1957 | 65415 | 65132 | 99.6 | 204 | 0.31 | 79 | 0.12 | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 0.09 | 65 | 0.37 | 244 | 99.5 | 65136 | 65445 | 1958 |
| | | | | | | | 65048 | 1959 |
| | | | | | | | 63245 | 1960 |
| | | | | | | | 66185 | 1961 |
| | | | | | | | 70242 | 1962 |
| 3 | 0.39 | 286 | 2.84 | 2065 | 96.7 | 70229 | 72583 | 1963 |
| 4 | 0.37 | 261 | 2.37 | 1667 | 97.2 | 68307 | 70239 | 1964 |
| 4 | 0.38 | 273 | 2.33 | 1671 | 97.2 | 69759 | 71714 | 1965 |
| 4 | 0.51 | 386 | 2.74 | 2058 | 96.7 | 72566 | 75021 | 1966 |
| 12 | 0.46 | 349 | 2.96 | 2266 | 96.6 | 73851 | 76480 | 1967 |
| 11 | 0.41 | 317 | 3.13 | 2492 | 96.3 | 75428 | 78248 | 1968 |
| 12 | 0.45 | 372 | 3.33 | 2737 | 96.2 | 79084 | 82205 | 1969 |
| 11 | 0.59 | 496 | 2.20 | 1861 | 97.2 | 82225 | 84592 | 1970 |
| 23 | 0.61 | 528 | 3.67 | 3183 | 95.6 | 82893 | 86627 | 1971 |
| 20 | 0.45 | 400 | 3.4 | 2989 | 96.1 | 84592 | 88001 | 1972 |
| 23 | 0.47 | 434 | 4.14 | 3792 | 95.3 | 87339 | 91593 | 1973 |
| 23 | 0.47 | 437 | 4.3 | 4031 | 95.2 | 89260 | 93751 | 1974 |
| 97 | 0.37 | 357 | 3.9 | 3842 | 95.5 | 92021 | 96317 | 1975 |
| 8 | 0.51 | 498 | 4.7 | 4634 | 94.7 | 93435 | 98575 | 1976 |
| 16 | 0.47 | 470 | 5.3 | 5374 | 94.1 | 94940 | 100800 | 1977 |
| 33 | 0.39 | 397 | 5.2 | 5249 | 94.3 | 95621 | 101300 | 1978 |
| 20 | 0.42 | 433 | 4.7 | 4786 | 94.8 | 96714 | 101953 | 1979 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 103446 | 98127 | 94.8 | 4954 | 4.8 | 361 | 0.35 | 4 |
| 1981 | 104273 | 100054 | 95.9 | 3989 | 3.8 | 209 | 0.20 | 21 |
| 1982 | 106589 | 101877 | 95.6 | 4271 | 4 | 386 | 0.36 | 55 |
| 1983 | 109134 | 104834 | 96 | 3906 | 3.6 | 339 | 0.31 | 55 |
| 1984 | 111305 | 106999 | 96.1 | 3996 | 3.6 | 258 | 0.23 | 52 |
| 1985 | 111865 | 107642 | 96.2 | 3898 | 3.5 | 276 | 0.25 | 49 |
| 1986 | 116807 | 112788 | 96.6 | 3700 | 3.2 | 290 | 0.25 | 29 |
| 1987 | 118299 | 114445 | 96.7 | 3496 | 2.95 | 300 | 0.25 | 58 |
| 1988 | 119131 | 115010 | 96.5 | 3840 | 3.2 | 247 | 0.21 | 42 |
| 1989 | 120913 | 116268 | 96.1 | 4343 | 3.6 | 263 | 0.22 | 43 |
| 1990 | 117382 | 113058 | 96.4 | 3985 | 3.4 | 282 | 0.15 | 57 |
| 1991 | 118402 | 114189 | 96.4 | 3903 | 3.3 | 270 | 0.2 | 40 |
| 1992 | 121005 | 115687 | 95.6 | 5011 | 4.1 | 249 | 0.21 | 58 |
| 1993 | 121977 | 116996 | 95.9 | 46.84 | 3.8 | 242 | 0.19 | 55 |
| 1994 | 123449 | 118114 | 95.6 | 5077 | 4.1 | 199 | 0.16 | 59 |
| 1995 | 125016 | 119440 | 95.5 | 5273 | 4.2 | 239 | 0.19 | 64 |

ئىزاھات: جەدۋەلدىكى مەلۇماتلار ج خ ئىدارىسىنىڭ يىللىق نوپۇس مەلۇماتى، بۇنىڭدا يىل ئاخىرىدىكى سان ئاساس قىلىندى.

## § 2 . جىنس قۇرۇلمىسى

ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە ئەرلەر كۆپ، ئاياللار ئاز. ئاياللارنى 100 دېسەك، ھەر يىلدىكى ئەرلەر 110 ئەتراپىدا بولدى. مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) ئەرلەر 22 مىڭ 971، ئاياللار 20 مىڭ 240 بولۇپ، جىنس نىسبىتى 113 : 100 بولدى. 1960 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىقتىسادنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئەر ئەمگەك كۈچى كۆپلەپ سىرتقا ئېقىپ كېتىپ، قىسقا مەزگىللىك ئاياللار كۆپ، ئەرلەر ئاز بولۇشتەك ئەھۋال كېلىپ چىقتى. 1962 ـ يىلى ئاياللارنىڭ نىسبىتى ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولدى، شۇ يىلى ئەرلەر 32 مىڭ 144، ئاياللار 38 مىڭ 98 بولۇپ، جىنس نىسبىتى 84.4 : 100 بولدى. 1970 ـ يىلى ئەرلەرنىڭ نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولدى، شۇ يىلى ئەرلەر 45 مىڭ 257، ئاياللار 39 مىڭ 336 بولۇپ، جىنس نىسبىتى 115 : 100 بولدى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە نوپۇسنىڭ جىنس نىسبىتى 103 : 100 بولدى (ھەرقايسى يىلدىكى ئەر، ئاياللار نىسبىتىنى بىلمەكچى بولسىڭىز نوپۇس ماتېرىياللىرى جەدۋىلىگە قاراڭ).

## § 3 . ياش قۇرۇلمىسى

ناھىيە نوپۇسىدا ياش كىچىكلىگەنسېرى توپ سان شۇنچە چوڭىيىپ بېرىپ، پىرامىدا شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ.

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە 47 مىڭ 452 نوپۇس بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېشىغا توشمىغانلار 2795 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 5.9% نى، 55 ياشتىن يۇقىرىلار 4590 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 9.7% نى ئىگىلەيتتى، 18 — 19 ياشلىقلار گۇرۇپپىسىدا، ئوغۇللار 1057، قىزلار 1457 بولۇپ، ئاياللار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 58% نى ئىگىلەيتتى. ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى مۇشۇ ياش گۇرۇپپىسىغا يېقىنلاشقانلا بولسا ئادەت بويىچە ھەممىسى شۇ گۇرۇپپىغا قوشۇۋېتىلەتتى. كىشىلەرنىڭ ساختا مەلۇم قىلىشى تۈپەيلىدىن 25 — 29 ياشلىقلار گۇرۇپپىسىدا ئاياللارنىڭ نىسبىتى تۆۋەن بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلگەنىدى (ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 44.5% نى ئىگىلىگەن). 40 ياشتىن يۇقىرىلار ئىچىدە ئەرلەر ئاياللاردىن كۆپ ئىدى.

80 ـ يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە ھەر تەرەپلىمىلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى. لېكىن 40 ـ يىللاردا ھەرقايسى ياش گۇرۇپپىلىرى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەھۋال ۋە ئالاھىدىلىكلەر يەنىلا ئۆزگەرمىدى. مەسىلەن: 1982 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 106 مىڭ 593، يېشىغا توشمىغانلار 3564 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 3.34% نى ئىگىلەپ، باشقا ھەرقايسى ياش بۆلەكلىرىدىكى ئادەم سانىدىن كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولدى. 18 ياشلىقلار گۇرۇپپىسىدا ئوغۇللار 1211، قىزلار 1689 بولۇپ، ئۇلارنىڭ نىسبىتى 71.7 : 100 بولدى، دېمەك قىزلار كۆپ بولدى. 40 ياشتىن يۇقىرىلار ئىچىدە ئەرلەر ئاياللاردىن خېلىلا كۆپ بولدى. لېكىن ئاياللارنىڭ يېشىنى كىچىكلىتىۋېلىش ئەھۋالى يەنىلا مەۋجۇت، بۇنىڭ قانۇنىيىتى 45 — 49 ياش ئارىسىدىكىلەر 45 ياشقا، 50 — 54 ياش ئارىسىدىكىلەر 50 ياشقا كىچىكلىتىۋالىدۇ، ھەرگىز چوڭايتىۋالمايدۇ، قالغانلىرىمۇ شۇ بويىچە ماڭىدۇ.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) دىكى ئاھالىلەرنىڭ ياش قۇرۇلمىسى

جەدۋەل: 3 — 6

| ياش | جەمئىي ئادەم سانى | ئەرلەر | | ئاياللار | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | سانى | ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | سانى | ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
| پېشىغا توشمىغانلار | 2795 | 1443 | 51.6 | 1352 | 48.4 |
| 1 ~ 5 | 6315 | 3151 | 49.9 | 3164 | 50.1 |
| 6 ~ 11 | 6669 | 3462 | 51.9 | 3207 | 48.1 |
| 12 ~ 17 | 4714 | 2567 | 54.5 | 2147 | 45.5 |
| 18 ~ 19 | 2514 | 1057 | 42 | 1457 | 58 |
| 20 ~ 24 | 3574 | 1708 | 47.8 | 1866 | 52.2 |
| 25 ~ 29 | 3345 | 1856 | 55.5 | 1489 | 44.5 |
| 30 ~ 34 | 3518 | 1586 | 45.1 | 1932 | 54.9 |
| 35 ~ 39 | 3108 | 1756 | 56.6 | 1352 | 43.5 |
| 40 ~ 45 | 3363 | 1853 | 55.1 | 1510 | 44.9 |
| 46 ~ 54 | 2947 | 1661 | 56.4 | 1286 | 43.6 |
| 55 تىن يۇقىرىلار | 4590 | 2946 | 64.2 | 1644 | 35.8 |
| جەمئىي | 47452 | 25046 | 52.8 | 22406 | 47.2 |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1982 ـ يىلدىكى ئاھالىلەرنىڭ ياش قۇرۇلمىسى

جەدۋەل: 3 — 7

| ياش | جەمئىي ئادەم سانى | ئەرلەر | | ئاياللار | | ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | سانى | ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | سانى | ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | |
| 0 ~ 4 | 14139 | 7228 | 6.78 | 6911 | 6.48 | 13.26 |
| 5 ~ 9 | 14327 | 7286 | 6.74 | 7141 | 6.70 | 13.44 |
| 10 ~ 14 | 13751 | 7075 | 6.64 | 6676 | 6.26 | 12.90 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 11.65 | 5.98 | 6374 | 5.67 | 6042 | 12416 | 19 ~ 15 |
| 7.63 | 3.74 | 3983 | 3.89 | 4151 | 8134 | 24 ~ 20 |
| 7.40 | 3.78 | 4025 | 3.62 | 3862 | 7887 | 29 ~ 25 |
| 5.79 | 2.76 | 2944 | 3.03 | 3230 | 6174 | 34 ~ 30 |
| 5.54 | 2.73 | 2913 | 2.81 | 2995 | 5908 | 39 ~ 35 |
| 4.31 | 1.98 | 2115 | 2.32 | 2476 | 4591 | 44 ~ 40 |
| 3.79 | 1.85 | 1970 | 1.94 | 2071 | 4041 | 49 ~ 45 |
| 3.43 | 1.68 | 1793 | 1.75 | 1862 | 3655 | 54 ~ 50 |
| 3 | 1.36 | 1454 | 1.64 | 1745 | 3199 | 59 ~ 55 |
| 2.69 | 1.20 | 1282 | 1.49 | 1586 | 2868 | 64 ~ 60 |
| 1.98 | 0.86 | 913 | 1.12 | 1199 | 2112 | 69 ~ 65 |
| 1.3 | 0.53 | 564 | 0.77 | 818 | 1382 | 74 ~ 70 |
| 0.96 | 0.36 | 380 | 0.60 | 638 | 1018 | 79 ~ 75 |
| 0.52 | 0.23 | 246 | 0.29 | 308 | 554 | 84 ~ 80 |
| 0.22 | 0.08 | 80 | 0.14 | 150 | 230 | 89 ~ 85 |
| 0.1 | 0.05 | 50 | 0.05 | 56 | 106 | 94 ~ 90 |
| 0.07 | 0.03 | 27 | 0.04 | 42 | 69 | 99 ~ 95 |
| 0.01 | 0.01 | 8 | 0.01 | 7 | 15 | 104 ~ 100 |
| 0.01 | 0.01 | 7 | | 3 | 10 | 109 ~ 105 |
| | | 2 | | 2 | 4 | 114 ~ 110 |
| | | 1 | | 1 | 2 | 119 ~ 115 |
| | | | | 1 | 1 | 134 ~ 130 |
| 100 | 48.65 | 51859 | 51.35 | 54734 | 106593 | جەمئىي |

ئىزاھات: جەدۋەلدىكى سانلار شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئىگىلەنگەن سانلار.

# §4 . مەلۇمات قۇرۇلمىسى

ناھىيە نوپۇسى ئىچىدە مەلۇماتلىق كىشىلەر يىلمۇ يىل كۆپىيىپ، ساۋاتسىزلار يىلمۇيىل ئازايدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ساۋاتلىقلار ساناقلىقلا ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ساۋاتسىزلار يەنىلا ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %98 ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە ساۋاتلىقلار 4171 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تەخمىنەن %9 نى ئىگىلىدى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 48 مىڭ 915 ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 8، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 17، باشلانغۇچ مەكتەپ يۇقىرى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 128، باشلانغۇچ مەكتەپ تۆۋەن سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 2255، دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1889 ئىدى. ساۋاتلىقلار جەمئىي 4297 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %8.8 نى ئىگىلەيتتى. شۇ يىلقى ساۋاتلىقلار ئىچىدە 478 ئايال (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بىر، باشلانغۇچ مەكتەپ يۇقىرى سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 5، باشلانغۇچ مەكتەپ تۆۋەن سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى 365، دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 112) بار بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %1 نى ئىگىلەيتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مائارىپ ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، خەلقنىڭ مەلۇماتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1982 ـ يىل 7 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 106 مىڭ 593 كە يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە كىشىلەر 52 مىڭ 712 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %49.5 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 146، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 3447، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 10 مىڭ 765، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 38 مىڭ 354؛ ئەرلەر كۆپ، ئاياللار ئاز. ناھىيە بويىچە 12 ياشتىن يۇقىرى نوپۇس 72 مىڭ 786، بۇنىڭ ئىچىدە ساۋاتسىزلار ۋە چالا ساۋاتلار 29 مىڭ 325 بولۇپ، 12 ياشتىن يۇقىرى نوپۇسنىڭ %40.3 نى ئىگىلەيدۇ. 12 ~ 20 ياشقىچە بولغان نوپۇس ئىچىدە ساۋاتسىزلار ۋە چالا ساۋاتلار %17 نى ئىگىلەيدۇ؛ 21 ~ 40 ياشقىچە بولغان نوپۇس ئىچىدە ساۋاتسىزلار ۋە چالا ساۋاتلار %25 نى ئىگىلەيدۇ؛ 41 ~ 60 ياشقىچە بولغان نوپۇس ئىچىدە ساۋاتسىزلار ۋە چالا ساۋاتلار %70 نى ئىگىلەيدۇ؛ 60 ياشتىن يۇقىرىلار ئىچىدە ساۋاتسىزلار ۋە چالا ساۋاتلار %90 نى ئىگىلەيدۇ.

1982 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 16 — 40 ياشقىچە بولغان 31 مىڭ 628 ساۋاتسىزدىن 29 مىڭ 811 ى ساۋات چىقاردى.

1990 ـ يىل 7 ـ ئايدا ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 121 مىڭ 67 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 506، تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر 1679، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 3550، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 12 مىڭ 937، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 56 مىڭ 938، ئۇلار جەمئىي 75 مىڭ 655. 12 ياشتىن يۇقىرى ساۋاتسىزلار 25 مىڭ 323. ساۋاتسىزلار ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %20.9 نى ئىگىلەيدۇ.

### توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئاھالىلەرنىڭ قىسمەن يىللاردىكى مەلۇمات قۇرۇلمىسى

جەدۋەل: 3 — 8

| يىل | ئومۇمىي نوپۇس | مەلۇماتلىقلار نوپۇسى: جەمئىي | ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرىلار | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | باشلانغۇچ مەكتەپ | 15 ياشتىن تۆۋەن نوپۇس | مەلۇماتلىقلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1942 | 46350 | 4171 | | | | | 17980 | 9 |
| 1945 | 47452 | 4029 | | | | | | 8.5 |
| 1946 | 48915 | 4297 | | 8 | 17 | 4272 | | 8.8 |
| 1964 | 70349 | 24749 | 30 | 565 | 2842 | 18576 | 27322 | 35.2 |
| 1982 | 106593 | 52712 | 146 | 3447 | 10765 | 38354 | 42217 | 49.5 |
| 1990 | 121067 | 75655 | 506 | 3550 | 12937 | 56983 | | 62.5 |

ئىزاھات: (1) 1946 ـ يىلى 12 ياشتىن تۆۋەنلەر 15 مىڭ 799.

(2) 1990 ـ يىلى تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 1679، 6 ياشتىن تۆۋەنلەر 20 مىڭ 89؛ 1964 ـ يىلى 2736 كىشى يېگىدىن ساۋات چىقارىدى.

(3) 1964 ـ، 1982 ـ، 1990 ـ يىللاردىكى سانلار ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشكە دائىر سانلار بولۇپ، بۇنىڭدا شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى سان ئۆلچەم قىلىنىدى.

## § 5 . كەسىپ قۇرۇلمىسى

ناھىيە نوپۇسى ئىچىدە يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %80 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ھەرقايسى كەسىپلەردە ئاياللارنىڭ نىسبىتى ئەرلەرنىڭكىدىن خېلىلا ئاز.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان نوپۇسنىڭ قۇرۇلمىسى

جەدۋەل: 3 — 9

| يىل | ئومۇمىي نوپۇس | كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ تارقىلىشى: جەمئىي | دېھقانلار | ئىشچىلار | سودا ئورۇنلىرىدىكىلەر | دۆلەت ئورگانلىرىدىكىلەر | باشقىلار | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1942 | 46350 | 17122 | 10429 | 3806 | 343 | 151 | 2393 | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1945 | 47452 | 13225 | 10099 | 2681 | 218 | 203 | 24 | 7 |
| 1946 | 48915 | 15016 | 11775 | 2812 | 225 | 202 | 2 | 7 |
| 1947 | 48194 | 14901 | 11596 | 2700 | 401 | 198 | 6 | 13 |
| 1982 | 106593 | 54561 | 46722 | 3468 | 1029 | 994 | 2348 | 24780 |

**ئىزاھات:** (1) 1942 - يىلى باشقىلار دېگەن كاتەككە تولدۇرۇلغان 2393 ئادەم ئىچىدە 2227 ئوقۇغۇچى، 37 مەربىي، 129 چارۋىچى بار.

(2) 1945 -، 1946 -، 1947 - يىللىرىدىكى باشقىلار دېگەن كاتەككە تولدۇرۇلغىنى چارۋىچىلار. 1982 - يىلدىكىسى مەرخىل تېخنىكلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(3) 1982 - يىلدىكىسى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالىدىكى سانىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدا شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى سان ئۆلچەم قىلىندى.

## § 6 . نىكاھ، ئائىلە

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 47 مىڭ 452 ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە جۈرىسى بارلار 12 مىڭ 18 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 50.6% نى ئىگىلەيتتى، بويتاق ئەرلەر 1382، تۇل ئاياللار 1402، بۇلار جەمئىي 2784 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 5.8% نى ئىگىلەيتتى. ئاجراشقانلار 3238 (ئەرلەر 1711، ئاياللار 1527) بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 6.7% نى ئىگىلەيتتى.

1982 - يىل 7 - ئايدا ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 106 مىڭ 593 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جۈرىسى بارلار 43 مىڭ 715 (ئەرلەر 21 مىڭ 778، ئاياللار 21 مىڭ 937) بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 41% نى، جۈرىسى قازا قىلغانلار 3248 (ئەرلەر 628، ئاياللار 2620) بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 3% نى، ئاجراشقانلار 2889 (ئەرلەر 1634، ئاياللار 1255) بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 2.7% نى ئىگىلىدى.

ناھىيە بويىچە كۆپىنچە ئائىلىلەردە ئاتا - ئانا بىلەن باللار بىرگە تۇرىدۇ، 3 ئەۋلاد بىر ئۆيدە تۇرىدىغان ئائىلىلەر بىرقەدەر ئاز، 4 ئەۋلاد بىر ئۆيدە تۇرىدىغان ئائىلىلەر ناھايىتى ئاز. ئەر - ئاياللار ئۆي ئوچاقلىق بولسىلا ئايرىم ئۆي تۇتىدۇ.

مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) ناھىيە بويىچە ھەر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە جان سانى 4.97 ئىدى. مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) 5.01، مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) 5.01، مىنگونىڭ 31 ~ 38 - يىلى (1942 — 1949 - يىلى) غىچە 4.33 ~ 5 كىچە بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەر ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە جان سانىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى، 1950 — 1990 - يىلغىچە بولغان 41 يىلدا ھەر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە جان سانى 4 — 5 كىچە بولدى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1950 — 1995 - يىلغىچە بولغان نوپۇس ماتېرىياللىرى

جەدۋەل: 3 — 10

| يىل | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ئومۇمىي نوپۇس | | | | بازار، يېزا نوپۇسى | | تۇغۇلغانلار | | ئۆلگەنلەر | | تەبىئىي كۆپەيگىنى | | كۆچۈپ كەلگەنلەر | كۆچۈپ كەتكەنلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئەر | ئايال | جىنس نىسبىتى (ئايال=100) | ناھىيە بازىرى نوپۇسى | يېزا نوپۇسى | سانى | تۇغۇلۇش نىسبىتى (‰) | سانى | ئۆلۈش نىسبىتى (‰) | سانى | كۆپىيىش نىسبىتى (‰) | | |
| 1950 | 12822 | 56674 | 29820 | 26854 | 111 | 7084 | 49590 | | | | | | | | |
| 1951 | 13014 | 57524 | 30267 | 27257 | 111 | 7195 | 50329 | | | | | | | | |
| 1952 | 13262 | 58617 | 30841 | 27776 | 111 | 7296 | 51321 | | | | | | | | |
| 1953 | 13495 | 60284 | 31822 | 28462 | 111.8 | 7159 | 53125 | | | | | | | | |
| 1954 | 12968 | 62095 | 32796 | 29299 | 112 | 7265 | 54830 | 2572 | 42.17 | 1154 | 18.92 | 1418 | 23.2 | 2227 | 2139 |
| 1955 | 12958 | 62802 | 33431 | 29371 | 111 | 7358 | 56152 | 2637 | 41099 | 1112 | 17.7 | 1525 | 24,28 | 2649 | 2539 |
| 1956 | 13495 | 63896 | 33810 | 30515 | 111 | 7326 | 56957 | 2416 | 37.81 | 1351 | 21.14 | 1065 | 16,66 | 2235 | 1943 |
| 1957 | 13875 | 65415 | 34317 | 31098 | 109.8 | 7325 | 58090 | 2740 | 42.2 | 1152 | 17045 | 1588 | 24048 | 2185 | 1729 |
| 1958 | 14097 | 65430 | 33753 | 31677 | 106.5 | 6276 | 59169 | 2486 | 38 | 1053 | 16.09 | 1433 | 21.9 | 2653 | 1520 |
| 1959 | 14218 | 65228 | 33715 | 31513 | 107.6 | 7353 | 57691 | 1338 | 20.1 | 1326 | 20,33 | 19 | 0.18 | 2378 | 2400 |
| 1960 | 14417 | 64129 | 32618 | 31511 | 106.5 | 8266 | 54979 | 786 | 12025 | 1522 | 23,73 | —736 | —11.4 | 3457 | 2453 |
| 1961 | 15557 | 64763 | 32930 | 31833 | 99 | 8592 | 57593 | 620 | 9.57 | 525 | 8.1 | 95 | 1.46 | 1157 | 3038 |
| 1962 | 16862 | 67730 | 32144 | 35586 | 84.4 | 8552 | 61690 | 2015 | 29075 | 634 | 9.35 | 1381 | 20.38 | 1732 | 1511 |
| 1963 | 16524 | 70882 | 32748 | 38134 | 88.9 | 7302 | 62207 | 1713 | 24.17 | 930 | 13.12 | 783 | 11.08 | | |
| 1964 | 16780 | 71392 | 36571 | 34821 | 108.6 | 7657 | 62709 | 2156 | 30.2 | 1243 | 17.41 | 913 | 12.78 | | |
| 1965 | 16743 | 71003 | 37190 | 33813 | 107.5 | 7920 | 63794 | 2646 | 37.27 | 826 | 11.63 | 1820 | 25063 | | |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 23 | 1689 | 9.62 | 706 | 32.62 | 2395 | 66514 | 8507 | 106.8 | 34653 | 38759 | 73412 | 17465 | 1966 |
| | | 16.78 | 1272 | 9.40 | 719 | 29.27 | 1991 | 67828 | 8652 | 105.6 | 37201 | 39279 | 76480 | 17858 | 1967 |
| | | 24.38 | 1889 | 8.51 | 659 | 32.89 | 2548 | 69801 | 8387 | 105 | 37384 | 40084 | 77468 | 18664 | 1968 |
| | | 32055 | 2615 | 7.97 | 640 | 40.52 | 3255 | 74986 | 7219 | 105.9 | 38058 | 42278 | 80336 | 19857 | 1969 |
| | | 31.70 | 2615 | 7.78 | 640 | 39.57 | 3255 | 76378 | 8215 | 115 | 37003 | 45257 | 82260 | 19835 | 1970 |
| | | 19.38 | 1036 | 7.61 | 642 | 26.99 | 2278 | 79385 | 7242 | 107.5 | 39531 | 44885 | 84416 | 21135 | 1971 |
| | | 20.38 | 1781 | 8.30 | 733 | 28.78 | 2514 | 80553 | 7448 | 102.7 | 42754 | 44593 | 87347 | 22457 | 1972 |
| | | 22.79 | 2048 | 11.45 | 1029 | 34.24 | 3077 | 84967 | 6626 | 99.5 | 44903 | 46690 | 91593 | 22009 | 1973 |
| | | 21.45 | 1990 | 14.24 | 1321 | 35.7 | 3311 | 86029 | 7728 | 106 | 44520 | 48234 | 92754 | 22038 | 1974 |
| | | 24.17 | 2298 | 11.66 | 1109 | 35.83 | 3407 | 86652 | 9665 | 102 | 46379 | 48696 | 95075 | 22682 | 1975 |
| 1765 | 2481 | 15.28 | 1542 | 12.45 | 1213 | 28.27 | 2755 | 87955 | 10620 | 105.7 | 46787 | 50659 | 97446 | 23658 | 1976 |
| 2596 | 2704 | 21.23 | 2117 | 11.88 | 1184 | 33.11 | 3301 | 89800 | 11000 | 103.3 | 48461 | 51227 | 99688 | 24443 | 1977 |
| 2071 | 1652 | 9.09 | 919 | 11.90 | 1203 | 21 | 2122 | 91543 | 9766 | 103.6 | 49516 | 51534 | 101050 | 23929 | 1978 |
| 2089 | 1483 | 13.09 | 1335 | 13.11 | 1336 | 26.21 | 2671 | 90723 | 11230 | 102.6 | 49987 | 51925 | 101912 | 23914 | 1979 |
| 1829 | 1812 | 13.7 | 1419 | 12.3 | 1271 | 26.02 | 2690 | 89508 | 13938 | 102.6 | 50581 | 52789 | 103370 | 23804 | 1980 |
| 1454 | 901 | 13.17 | 1380 | 12.11 | 1269 | 25.29 | 2649 | 89895 | 14378 | 102.8 | 51369 | 53396 | 104765 | 24429 | 1981 |
| 130 | 75 | 26.71 | 2830 | 11.21 | 1188 | 37.92 | 4018 | 92216 | 14373 | 105.6 | 51835 | 54754 | 106589 | 23171 | 1982 |
| 737 | 718 | 11.96 | 1297 | 15.56 | 1686 | 27.53 | 2983 | 93630 | 15504 | 103 | 53010 | 55362 | 108372 | 23054 | 1983 |
| 374 | 308 | 17.19 | 1904 | 9.76 | 1081 | 26.96 | 2985 | 94765 | 16540 | 102.9 | 54851 | 56454 | 111305 | 22783 | 1984 |
| 329 | 782 | 21.53 | 2409 | 8.52 | 956 | 30.06 | 3363 | 93860 | 18005 | 102.8 | 55150 | 56715 | 111865 | 22881 | 1985 |
| 779 | 516 | 19.16 | 2239 | 8.2 | 944 | 27.57 | 3183 | 94316 | 22491 | 104.2 | 57187 | 59620 | 116807 | 24299 | 1986 |
| | | 19.75 | 2337 | 7.58 | 897 | 27.33 | 3234 | 95562 | 22737 | 104.8 | 57753 | 60546 | 118299 | 24094 | 1987 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2395 | 1056 | 15.12 | 1802 | 8.57 | 1017 | 23.75 | 2819 | 95530 | 23609 | 102.5 | 58847 | 60292 | 119139 | 25460 | 1988 |
| 1102 | 1226 | 14.01 | 1695 | 6.48 | 784 | 20.5 | 2479 | 99548 | 20841 | 103.5 | 59414 | 61499 | 120913 | 25449 | 1989 |
| 1547 | 1171 | 15.09 | 1772 | 5.79 | 680 | 20.89 | 2452 | 102086 | 15296 | 103.3 | 57732 | 59650 | 117382 | 23465 | 1990 |
| 1501 | 741 | 16.1 | 1246 | 8 | 714 | 16.6 | 1960 | 101786 | 16616 | 103.3 | 57885 | 60517 | 118402 | 24875 | 1991 |
| | 871 | 1106 | 11.5 | 1372 | 6.3 | 17.8 | 2131 | 103459 | 17546 | 105.1 | 59000 | 62005 | 121005 | 24952 | 1992 |
| 1847 | 1155 | 11.3 | 1365 | 6.4 | 771 | 17.6 | 2136 | 104468 | 17509 | 106.2 | 59164 | 62813 | 121977 | 25301 | 1993 |
| 575 | 286 | 6.5 | 798 | 6.2 | 757 | 12.7 | 1555 | 105845 | 17604 | 104.8 | 60239 | 63210 | 123449 | 25232 | 1994 |
| 404 | 482 | 10.1 | 1256 | 6.2 | 770 | 16.3 | 2026 | 107083 | 17933 | 103.6 | 61418 | 63598 | 125016 | 26430 | 1995 |

ئىزاھات: (1) ئومۇمىي نوپۇس بۆلىكىدىكى 1954 — 1984 - يىلغىچە بولغان سانلار يىللىق ئوتتۇرىچە نوپۇستىن ئىبارەت. قالغان يىللاردىكىسى يىل ئاخىرىدىكى نوپۇستىن ئىبارەت.

(2) جىنسىي نىسبەتتە، ئاياللار 100 دەپ ئېلىندى.

(3) بۇ جەدۋەلدىكى ماتېرىياللار ج خ ئىدارىسىنىڭ يىللىق نوپۇس مەلۇماتىدىكى ماتېرىياللار بولۇپ، شۇ يىلى 12 - ئايدىكى سانلار ئاساس قىلىندى.

## IV باب

# ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ توقسۇ ناھىيىسى بويىچە، بازار، يېزىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈلدى. 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بۇ خىزمەت ناھىيە بويىچە قانات يايدۇرۇلدى، تەكشۈرگۈچىلەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ساقچى ئىدارىسىدىن ئاجرىتىلدى، ئۇلار جەمئىي 25 ئادەم بولۇپ، 11 گۇرۇپپىغا بۆلۈندى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى باۋ-جياغا ئايرىدى، ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر نوپۇس تەكشۈردى، شۇ جايدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ياردەملەشتى. تەكشۈرۈش تۈرلىرى ئائىلە سانى، نوپۇس، جىنس، ياش، مەدەنىيەت، كەسىپ، ھەربىي خىزمەت، نىكاھ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) دىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېنىقلىغان سان (1)

جەدۋەل: 3 — 11

| يېزا نامى | ئائىلە سانى | ئومۇمىي نوپۇس | بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار | مىللەت: خەنزۇ | مىللەت: ئۇيغۇر | مىللەت: خۇيزۇ | مىللەت: باشقىلار | كەسىپتىكىلەر: دېھقانچىلىق | كەسىپتىكىلەر: سانائەت | كەسىپتىكىلەر: سودا | كەسىپتىكىلەر: مەمۇرلار | كەسىپتىكىلەر: چارۋىچىلىق | كەسىپتىكىلەر: بىكارچى | مەدەنىيەت: تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | مەدەنىيەت: باشلانغۇچ مەكتەپ | مەدەنىيەت: دىنىي مەكتەپ | مەدەنىيەت: ساۋاتسىزلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جوڭشەن بازىرى | 915 | 3012 | 1458 | 47 | 2895 | 66 | 4 | 136 | 617 | 141 | 81 | | 2037 | 15 | 186 | 75 | 2736 |
| جوڭگېچەك بازىرى | 712 | 2261 | 1122 | 19 | 2220 | 22 | | 72 | 433 | 42 | 33 | | 1681 | 5 | 112 | 58 | 2086 |
| جوڭشياۋ يېزىسى | 3173 | 15246 | 7280 | — | 15142 | | 4 | 3020 | 540 | 22 | 24 | 1 | 11639 | 5 | 1007 | 512 | 13722 |
| رىنشەي يېزىسى | 2414 | 11080 | 5093 | | 11076 | 4 | | 2976 | 251 | 6 | 32 | 15 | 7800 | | 747 | 420 | 9913 |
| شىنيى يېزىسى | 1004 | 4830 | 2308 | — | 4827 | - | 3 | 1110 | 28 | — | 8 | 6 | 3678 | 2 | 603 | 510 | 3715 |
| تىنچلىق يېزىسى | 2140 | 11023 | 5145 | | 11022 | | 1 | 2735 | 812 | 7 | 25 | 2 | 7442 | | 272 | 261 | 10490 |
| جەمئىي | 10358 | 47452 | 22406 | 66 | 47282 | 92 | 12 | 10049 | 2681 | 218 | 203 | 24 | 34277 | 27 | 2927 | 1836 | 42662 |

ئىزاھات: (1) مەدەنىيەت دېگەن كاتەكچىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 10 ى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى.

(2) بۇ جەدۋەل تارىخىي ئارخىپقا ئاساسلانغان ھالدا قايتىدىن لايىھىلىنىپ تۈزۈلدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) دىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ئېنىقلانغان سان (2)

جەدۋەل: 3 — 12

| يېزا نامى | يېشى: يېڭى تۇغۇلغانلار | 1—5 | 6—12 | 12—17 | 18—19 | 20—24 | 25—29 | 30—34 | 35—39 | 40—45 | 46—54 | 55 ياشتىن يۇقىرىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جوڭشەن بازىرى | 128 | 45 | 329 | 244 | 205 | 256 | 228 | 204 | 220 | 226 | 188 | 330 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جۇڭجىباغ بازىرى | 61 | 415 | 282 | 173 | 132 | 195 | 197 | 144 | 167 | 149 | 138 | 208 |
| جۇڭشىياڭ يېزىسى | 946 | 2234 | 2120 | 1576 | 824 | 1167 | 1191 | 968 | 851 | 1125 | 765 | 1479 |
| رېنشەي يېزىسى | 678 | 1435 | 1628 | 1117 | 526 | 865 | 904 | 675 | 693 | 803 | 721 | 1035 |
| شىنيى يېزىسى | 194 | 671 | 763 | 517 | 214 | 353 | 374 | 290 | 257 | 288 | 355 | 554 |
| تىنچلىق يېزىسى | 788 | 1106 | 1547 | 1089 | 613 | 736 | 894 | 794 | 920 | 772 | 780 | 984 |
| جەمئىي | 2795 | 6315 | 6669 | 4714 | 2514 | 3574 | 3788 | 3075 | 3108 | 3363 | 2947 | 4590 |

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 - يىلى 1 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. تەكشۈرۈش تۈرلىرى ئائىلە سانى، نوپۇس، جىنس، مىللەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

1964 - يىلى 2 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. تەكشۈرۈش تۈرلىرى 1 - قېتىملىقى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولدى.

1982 - يىلى 3 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. تەكشۈرۈش تۈرلىرى ئائىلە سانى، نوپۇس، جىنس، مەدەنىيەت، ساھە، كەسىپ، ياش، نىكاھ، تۇغۇت، ئەي بولۇش، ئۆلۈش قاتارلىق 40 تىن ئارتۇق تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

1990 - يىلى 4 - قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش داۋامىدا جەمئىي 48 دۆلەت كادىرى (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا كادىرى 30)، 378 كەنت كادىرى، يېزىلاردىكى تەكشۈرۈشكە ياردەملىشىدىغان ئاكتىپلاردىن 180 كىشى، ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەردىن 428 ى ئۆزىنىڭدىن باشقا يەنە 52 ئادەم ئاجرىتىلدى، جەمئىي 1086 كىشى تەكشۈرۈشكە قاتناشتى، 50 مىڭ 626 يۈەن تەكشۈرۈش خىراجىتى ئىشلىتىلدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ھەر قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتىن ئېلىنغان مەلۇمات

جەدۋەل: 3 — 13

| ۋاقتى / تۈرلەر | | 1945 - يىلى | 1953 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 1964 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 1982 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 1990 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي ئائىلە سانى | | 10358 | 12937 | 16764 | 23167 | 24559 |
| ئومۇمىي نوپۇس | جەمئىي | 47452 | 59915 | 70349 | 106593 | 121067 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار | 22406 | 28396 | 33711 | 51869 | 58170 |
| بازار نوپۇسى | | 5273 | 7110 | 7463 | 13930 | 12094 |
| يېزا نوپۇسى | | 179 | 52805 | 62886 | 92660 | 108973 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 4098 | 4269 | 1723 | 196 | 81 | خەنزۇ | مىللەتلەر |
| 116610 | 101861 | 68334 | 59611 | 47428 | ئۇيغۇر | |
| 309 | 409 | 267 | 104 | 77 | خۇيزۇ | |
| 50 | 54 | 25 | 4 | 6 | باشقىلار | |
| 506 | 146 | 30 | | | ئالىي تېخنىكۇمدىن يۇقىرى | مەلۇماتى |
| 1679 | | | | | تېخنىكۇم | |
| 3550 | 3447 | 565 | | 10 | تولۇق ئوتتۇرا | |
| 12937 | 10765 | 2842 | | 17 | تولۇقسىز ئوتتۇرا | |
| 56983 | 28354 | 21315 | | 4763 | باشلانغۇچ | |
| 25323 | 29325 | 29618 | | 42662 | ساۋاتسىز | |
| | 47975 | | | 10049 | يېزا ئىگىلىكى | كەسپى |
| | 2366 | | | 2681 | سانائەت | |
| | 1540 | | | 218 | سودا | |
| | 1604 | | | | مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، سەنئەت | |
| | 941 | | | 81 | دۆلەت ئورگانلىرى | |
| | 135 | | | | باشقىلار | |
| | 28466 | 16487 | | | 0 ~ 9 ياش | يېشى |
| | 26167 | 17525 | | | 10 ~ 19 ياش | |
| | 16021 | 11995 | | | 20 ~ 29 ياش | |
| | 12082 | 8584 | | | 30 ~ 39 ياش | |
| | 8632 | 5916 | | | 40 ~ 49 ياش | |
| | 6854 | 39 | | | 50 ~ 59 ياش | |
| | 4980 | 2999 | | | 60 ~ 69 ياش | |
| | 2400 | 1868 | | | 70 ~ 79 ياش | |
| | 991 | 826 | | | 80 ياشتىن يۇقىرىلار | |

ئىزاھات: 1964 ـ يىللىق ياش بۆلىكىدىكى نوپۇس بىكتۇنىڭ 110 ئادىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# V باب

# پىلانلىق تۇغۇت

توقسۇ ناھىيىسىدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى بىر قەدەر كېيىن باشلاندى. 1976 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1980 - يىلى ئەتىيازدا رەسمىي كادىر ئاجرىتىلىپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى باشلاندى.

1980 — 1990 - يىلغىچە بولغان 11 يىلدا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش، كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈشنى تەشەببۇس قىلىش، ئاز تۇغۇش، سۈپەتلىك تۇغۇشنى يولغا قويۇش، ئىجتىمائىي يېڭى ئۇسلۇبنى تۇرغۇزۇش قاتارلىق جەھەتلەردە زور نەتىجىگە ئېرىشتى. ئومۇمىي ئەھۋال مۇنداق: پىلانلىق تۇغۇت خەنزۇلار ئارىسىدا بىرقەدەر بالدۇر (1980 - يىلى) يولغا قويۇلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا كېيىنرەك (1982 - يىلى) يولغا قويۇلدى. ناھىيە بازىرىدا پىلانلىق تۇغۇتنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىرقەدەر ئاسان، يېزىلاردا قىيىنراق بولدى.

## 1 § . ئاپپاراتلار

1976 - يىل 5 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1980 - يىل 4 - ئايدا مەخسۇس كادىردىن 2 سى سەپلەندى، يېزا ياردەمچىسىدىن بىرى تەكلىپ قىلىندى. بۇ گۇرۇپپىنى سەھىيە ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى ماۋ شىتەي قوشۇمچە باشقۇردى. 1984 - يىل 8 - ئايدىن كېيىن، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە سەھىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ ۋېي مەسئۇل بولدى. شۇ يىلى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ سەھىيە ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى.

1986 - يىل 6 - ئايدا پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا بىر مۇدىر، بىر مۇئاۋىن مۇدىر، 3 خىزمەتچى سەپلەندى ۋە سەھىيە ئىدارىسىدىن ئايرىلىپ چىقتى. ھەرقايسى يېزا، بازارلار پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، پىلانلىق تۇغۇت ياردەمچىلىرىنى سەپلىدى.

1988 - يىل 10 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 55 ئەزا قوبۇل قىلىندى. 1989 - يىل 1 - ئايدا پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 4 خىزمەتچى سەپلەندى.

1995 - يىلى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىدا 7 ئادەم، پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدا 4 ئادەم بار بولدى. ھەرقايسى يېزا - بازارلاردا پىلانلىق تۇغۇت رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى (يېزا - بازار رەھبىرى

قوشۇمچە باشقۇردى) قۇرۇلدى. گۇرۇپپىدا مەخسۇس پىلانلىق تۇغۇت كادىرىدىن بىرى بار بولدى؛ ھەرقايسى كەنتلەردىمۇ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، مەجبۇرىي تەشۋىقاتچى سەپلەندى.

## 2 § . پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى

توقسۇ ناھىيىسىدە پىلانلىق تۇغۇتنى تەشۋىق قىلىش 1980 - يىلى باشلاندى، ئاساسلىقى، خەنزۇلار ئارىسىدا تەشۋىق قىلىندى. رادىئو، تام گېزىتى ۋە يىغىندىن پايدىلىنىپ پىلانلىق تۇغۇتنىڭ دۆلەتنىڭ تۈپ سىياستى ئىكەنلىكى ۋە ئاز تۇغۇش، سۈپەتلىك تۇغۇش، كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈشنىڭ ياخشىلىقى تەشۋىق قىلىنىپ، بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بىر باللىق بولۇش تەشەببۇس قىلىنىپ، كۆپ بالا - چاقىلىق بولۇشتەك قالاق ئىدىيە ۋە قاراشلار تەنقىد قىلىندى.

1982 - يىلى پىلانلىق تۇغۇت ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا تەشۋىق قىلىندى ۋە يولغا قويۇلدى. ھەرقايسى يېزا تەشۋىقاتچىلىرى «پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى ئېيى» پائالىيىتىگە زىچ ماسلىشىپ، ئۆيمۇ ئۆي، يېزىمۇ يېزا يۈرۈپ، تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىدى، شەھەردىكىلەر 2 پەرزەنتلىك بولۇش، يېزىدىكىلەر 3 پەرزەنتلىك بولۇشتىن ئىبارەت پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ھەممە ئائىلە، ھەممە ئادەم بىلدى. ئىنتايىن ئاز ساندىكى يېزا - كەنتلەردە دىنىي كۈچلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇتقا بولغان قارشىلىقىغا قارىتا ئىلمىي پەرزەنت كۆرۈش تەشۋىق قىلىنىپ، خۇراپىي ئىدىيە تۈگىتىلدى. 90 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، تېلېۋىزور، رادىئو، تەشۋىقات تاختىلىرىدىن پايدىلىنىپ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىندى. بۇ تەشۋىقاتنىڭ شەكلى جانلىق، ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى، بۇنىڭ بىلەن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ناھىيە، يېزا، كەنتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى، خۇلاسە يىغىنى، تەقدىرلەش يىغىنى، ئومۇمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنى قاتارلىق يىغىنلاردىن پايدىلىنىپ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر بۇ سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاساسەن، پىلانلىق تۇغۇت مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاپ، ھەربىي بۇيرۇق ھالىتى شەكىللەندۈرۈپ، پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ئۇچقۇشلۇق راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

## 3 § . تەدبىرلەر

### 1. كېچىكىپ توي قىلىش

كېچىكىپ توي قىلىش دېگەندە، قانۇندا بەلگىلەنگەن توي قىلىش يېشى (ئوغۇللار 20 ياش، قىزلار 18 ياش) نى 3 يىل كەينىگە سۈرگەندىن كېيىن توي قىلغانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

كېچىكىپ توي قىلىش 1980 - يىلدىن باشلاپ ناھىيە بازىرىدا تەدرىجىي يولغا قويۇلدى. 1980 — 1990 - يىلغىچە بولغان 11 يىلدا ناھىيە بويىچە 319 خەنزۇ، 6129 ئاز سانلىق مىللەت كىشى تۇنجى توي قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كېچىكىپ توي قىلغان خەنزۇ 214، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 932، كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى خەنزۇلارنىڭ 67%، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 15% بولدى.

توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1980 — 1996 - يىلغىچە كېچىكىپ توي قىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 14

| يىل | بىرلا توي قىلغانلار | | كېچىكىپ توي قىلغانلار | | كېچىكىپ توي قىلىش نىسبىتى % | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | خەنزۇ | مىللىي | خەنزۇ | مىللىي | خەنزۇ | مىللىي |
| 1980 | 24 | | 14 | | 58.33 | |
| 1981 | 49 | | 33 | | 67.25 | |
| 1982 | 21 | | 14 | | 66.67 | |
| 1983 | 34 | 1079 | 24 | 123 | 70.59 | |
| 1984 | 22 | 759 | 10 | 37 | 45.45 | 4.87 |
| 1985 | 23 | 538 | 20 | 62 | 86.96 | 11.52 |
| 1986 | 24 | 596 | 16 | 50 | 66.67 | 8.39 |
| 1987 | 10 | 706 | 8 | 61 | 80 | 8.64 |
| 1988 | 38 | 792 | 26 | 117 | 68.42 | 22.35 |
| 1989 | 38 | 832 | 28 | 274 | 73.68 | 32.93 |
| 1990 | 36 | 827 | 21 | 148 | 58.33 | 17.90 |
| 1991 | 51 | 824 | 27 | 247 | 52.9 | 29.9 |
| 1992 | 42 | 860 | 28 | 385 | 66.67 | 44.76 |
| 1993 | 27 | 703 | 23 | 352 | 85 | 50 |
| 1994 | 53 | 647 | 50 | 414 | 94.40 | 63.90 |
| جەمئىي | 529 | 10048 | 379 | 3065 | 71.60 | 30.50 |

## 2. تۇغۇت چەكلەش

1980 ـ يىلدىن كېيىن پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى ھەم ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشكە باشلىدى. مەسىلەن: كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش، ئاز تۇغۇش، سۈپەتلىك تۇغۇش تەشەببۇس قىلىندى، خەنزۇلار ئارىسىدا بىر باللىقلار مۇكاپاتلاندى، 2 ـ بالا تىزگىنلەندى، كۆپ باللىق بولۇش توسۇلدى.

چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، نۇرغۇن ياش ئەر ـ خوتۇنلار «يالغۇز پەرزەنت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» ئالدى، ھۆكۈمەت گۇۋاھنامە ئالغان ئائىلىلەرنى مۇكاپاتلاشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر يىلنىڭ 1 ـ ئېيىنى پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقات ئېيى قىلىپ بېكىتتى. 1983 ـ يىل 12 ـ ئايدا پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيە ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، شۇ ئايدا 314 خەنزۇ ئايال ئوپېراتسىيە قىلدۇردى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت 1982 ـ يىلى يولغا قويۇلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان سىياسەت خەنزۇلارغا قارىغاندا كەڭرەك بولۇپ، ئۇلارغا تۇغۇش سانى، تۇغۇت يېشى جەھەتتە ئېتىبار بېرىلدى. 1982 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېچىكىپ توي قىلغان، گۇۋاھنامە ئالغان، ئوپېراتسىيە قىلدۇرغانلار يىلمۇيىل كۆپەيدى. ناھىيەدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا ئۈزلۈكىدىن بىرلا باللىق بولغانلارمۇ بار. مەسىلەن: خۇيزۇلاردىن ما ۋېنيۇڭ ئەر ـ خوتۇن ۋە ئۇيغۇرلاردىن ئېزىز مىجىت ئەر ـ خوتۇن، ياسىن مۇھەممەت ئەر ـ خوتۇن قاتارلىقلار.

1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە تۇغۇت يېشىدىكى خەنزۇ ئايال جەمئىي 965 بولۇپ، يالغۇز پەرزەنت كىنىشكىسى ئالغانلار 198؛ تۇغۇت يېشىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى 24 مىڭ 581 بولۇپ، شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالغانلار 99 (ناھىيە بازىرىدىكىلەر 2 باللىق، يېزىدىكىلەر 3 باللىق بولىدۇ).

1980 ـ يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئەر ـ ئاياللارنىڭ بوغۇش ئوپېراتسىيىسى، ئاياللارنىڭ ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىش ۋە ئۈزۈك سالدۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنى، پىلانلىق تۇغۇت يېتەكچىلىك پونكىتى ئۈزۈك سالدۇرۇش ئوپېراتسىيىسىنى قىلالايدىغان بولدى. ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىلىرى ۋە بۇيۇملىرىنى ھەرقايسى يېزا، كەنتلەرنىڭ سەھىيە خادىملىرى مەسئۇل بولۇپ تارقىتىپ، ناھىيە بويىچە دورا ۋە بۇيۇملارنى تارقىتىش تورىنى شەكىللەندۈردى.

1982 — 1995 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە تۈرلۈك تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغانلار 20 مىڭ 672، بۇنىڭ ئىچىدە ھامىلىنى ئالدۇرۇۋەتكەنلەر 5147، ئۈزۈك سالدۇرغانلار 14 مىڭ 495، بوغدۇرغانلار 1030.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1980 — 1995 ـ يىلغىچە يالغۇز پەرزەنت گۇۋاھنامىسى (شەرەپ گۇۋاھنامىسى) ئېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 15

| يىل | توي قىلغان تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار | | گۇۋاھنامە ئالغانلار | | گۇۋاھنامىلىكلەر | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | خەنزۇلار | مىللىيلار | خەنزۇلار | مىللىيلار | خەنزۇلار | مىللىيلار |
| 1980 | 679 | | 38 | | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 855 | | 29 | | 3.39 | |
| 1982 | 757 | | 40 | | 5.28 | |
| 1983 | 541 | | 72 | | 13.3 | |
| 1984 | 1037 | | 75 | | 7.23 | |
| 1985 | 712 | | 95 | | 13.34 | |
| 1986 | 574 | | 94 | | 16.33 | |
| 1987 | 668 | | 103 | | 16.17 | |
| 1988 | 688 | 19879 | 141 | 3 | 20.49 | 0.02 |
| 1989 | 749 | 21152 | 157 | 51 | 20.96 | 0.24 |
| 1990 | 965 | 24581 | 198 | 99 | 20.52 | 0.40 |
| 1991 | 924 | 24571 | 228 | 4 | 24.70 | 0.20 |
| 1992 | 945 | 24803 | 261 | 4 | 27.60 | 0.20 |
| 1993 | 922 | 20598 | 285 | | 30.90 | |
| 1994 | 1155 | 21500 | 313 | 1 | 27.10 | 0.005 |
| 1995 | 1172 | 21845 | 349 | 1 | 29.80 | 0.005 |

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1982 — 1995 - يىلغىچە پىلانلىق تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغانلار

جەدۋەل: 3 — 16

| يىل | 4- ئوپېراتسىيە تىلاق جەمئىيسى | بوغدۇرغان ئەرلەر | | بوغدۇرغان ئاياللار | | ئۈزۈك سالدۇرغانلار | | بالىنى ئالدۇرۇۋەتكەنلەر | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | مىللىيلار | خەنزۇلار | مىللىيلار | خەنزۇلار | مىللىيلار | خەنزۇلار | مىللىيلار | خەنزۇلار |
| 1982 | 707 | | | | 20 | | 293 | | 394 |
| 1983 | 935 | | | 22 | 15 | 254 | 46 | 514 | 84 |
| 1984 | 870 | | | 15 | 122 | 207 | 19 | 468 | 39 |
| 1985 | 273 | | | 22 | | 161 | 8 | 65 | 17 |
| 1986 | 679 | | | 16 | 5 | 358 | 25 | 250 | 25 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1987 | 279 | | | 3 | 1 | 201 | | 71 | 3 |
| 1988 | 306 | | | 25 | 4 | 151 | 16 | 86 | 24 |
| 1989 | 1757 | | | 32 | 3 | 1467 | 12 | 228 | 15 |
| 1990 | 1995 | | | 43 | 22 | 1346 | 46 | 477 | 61 |
| 1991 | 1659 | | 2 | 8 | 6 | 1247 | 27 | 355 | 14 |
| 1992 | 2937 | | | 346 | 6 | 1909 | 75 | 571 | 30 |
| 1993 | 3527 | | | 242 | 4 | 2668 | 31 | 568 | 14 |
| 1994 | 2606 | | 2 | 33 | | 1968 | 98 | 460 | 45 |
| 1995 | 2142 | | | 8 | 3 | 1794 | 68 | 222 | 47 |
| جەمئىي | 20672 | | 4 | 815 | 211 | 13731 | 764 | 4335 | 812 |

## § 4 . مۇكاپاتلاش، جازالاش سىياسىتى

1980 ـ يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش، ئاز تۇغۇش، سۈپەتلىك تۇغۇش، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پىلانلىق تۇغۇت بويىچە تۈرلۈك مۇكاپاتلاش، جازالاش سىياسىتىنى ئىزچىل يولغا قويدى. ئاساسلىقى مۇنۇلار: كېچىكىپ توي قىلغان، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرگەن ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ تويلۇق دەم ئېلىش ۋە تۇغۇتلۇق دەم ئېلىش ۋاقتىنى ئۇزارتتى، تۇغۇت كۆرسەتكۈچى ئالدى بىلەن شۇلارغا تارقىتىپ بەردى؛ «يالغۇز پەرزەنت شەرەپ گۇۋاھنامىسى» بېجىرگەنلەرگە ھەر يىلى 60 يۈەن بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىراجىتى بەردى (10 ياشقا كىرگەندە بېرىش توختىتىلىدۇ)، 100 يۈەن مۇكاپات نەق بەردى، تەربىيىلەش پۇلى، بەدەل پۇلى، دورا پۇلىنى ئىدارە ئاتۇت قىلدى؛ پېنسىيىگە چىققاندا ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەنگەن %5 پېنسىيە پۇلى قوشۇپ بەردى؛ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئىشچى قوبۇل قىلىش، كادىر قوبۇل قىلىش، ئەسكەر ئېلىشتا مۇشۇنداق باللارغا ئالدىن ئېتىبار بەردى. يۇقىرىدىكى غەمخورلۇقلارنى دۆلەت خىزمەتچىسى تۈرۈشلۇق ئورۇن ئىجرا قىلدى؛ ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرگە يىلدا 60 يۈەن، دېھقان، چارۋىچىلارغا يىلدا 30 يۈەن تارقىتىپ بەرىلدى، بۇ پۇلنى ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى چىقاردى.

پىلاندىن سىرت ھامىلدار بولماقچى بولغان ئەر ـ خوتۇنلارغا ئادەتتە، تەنقىدىي تەربىيە بېرىلدى ۋە ھامىلدار بولۇشنى توختىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئارتۇق تۇغۇشتا چىڭ تۇرۇۋالغانلار جازالاندى، مەسىلەن: تۇغۇت

دەم ئېلىشى شەخسىي ئىش رۇخسىتى بويىچە ھېسابلاندى، 2 يىل ئىچىدە ئىلغار باھالانمىدى، تەمىنات ۋە قوشۇمچە ياردەم بېرىلمىدى، 2000 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزاسى بولسا تەشكىلىي جازا بېرىلدى، ۋاقىتلىق، توختاملىق، ئىشچى بولسا ئىشتىن بوشىتىلدى.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تويدىن ئاۋۋال پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى بىلەن پىلانلىق تۇغۇت توختامنامىسى ئىمزالاش كېرەك، ج خ ئىدارىسى، ئائىلىلىق ئىدارىسى نوپۇس، ئائىلىلىق مۇناسىۋىتىنى بېجىرگەندە پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى بەرگەن ئىسپاتى بولسا ئاندىن رەسمىيەت بېجىرىپ بېرىشى كېرەك، ئىسپات بولمىسا بېجىرمەسلىك كېرەك، دەپ بەلگىلىدى.

1988 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يەنە ئالاھىدە ئەھۋال بولسا خەنزۇلار 2 بالىلىق بولسا بولىدۇ، دېگەن سىياسەتنى تۈزدى: مەسىلەن: تۇغقان بالىسى مېيىپ بولسا؛ قايتا توي قىلغان ئەر - خوتۇنلار ئىچىدە بىر تەرەپ بۇرۇن بالىلىق بولمىغان بولسا؛ تۇغماسلىق سەۋەبىدىن بالا بېقىۋېلىپ، كېيىن يەنە بالىلىق بولسا؛ چارۋىچىلىق رايونى، تاغلىق رايون ۋە چەت رايون قاتارلىق نوپۇس شالاڭ جايلاردا تۇرۇشلۇق بولسا؛ خەنزۇ بىلەن ئاز سانلىق مىللەت توي قىلغان بولسا؛ تۇغماس قىلىش ئوپېراتسىيىسىدىن كېيىن يەنە ھامىلدار بولۇپ قېلىپ، ئۇنى ئالدۇرۇۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلغىلى بولمىسا؛ يالغۇز ئوغۇل بىلەن يالغۇز قىز توي قىلغان بولسا، ۋەھاكازا.

## § 5 . نەتىجە

توقسۇ ناھىيىسى پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئومۇملاشتۇرغاندىن بۇيان كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. 1995 - يىلى تۇغۇت يېشىدىكى 349 ئايال يالغۇز پەرزەنت گۇۋاھنامىسى ئالدى؛ كېچىكىپ توي قىلغان ئايال 379 بولۇپ، تۇنجى توي قىلغانلارنىڭ %30.5 نى ئىگىلىدى؛ 118 كىشى بوغدۇرۇش، ئۇزۇك سالدۇرۇش، ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى. 1980 — 1995 - يىلغىچە 1791 كىشى «4 خىل ئوپېراتسىيە» (ئەرلەرنىڭكىنى بوغۇش، ئاياللارنىڭكىنى بوغۇش، ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىش، ئۇزۇك سالدۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرى) قىلدۇردى، تۇغۇلۇش نىسبىتى %15 ئەتراپىدا ساقلاندى، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %10 ئەتراپىغا مۇقىملاشتى. خەنزۇلار نوپۇسى پىلانلىق، تەرتىپلىك، مۇقىم كۆپىيىشنى ساقلاپ قالدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا 1988 - يىلى 3 جۈپ ئەر - خوتۇن شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالدى، 1995 - يىلى 272 جۈپكە يەتتى؛ كېچىكىپ توي قىلغانلار 1983 - يىلى ئاران 123 جۈپ ئىدى، 1995 - يىلى 3065 جۈپكە يەتتى؛ «4 خىل ئوپېراتسىيە» قىلدۇرغانلار 1983 - يىلى 780 ئىدى، 1995 - يىلى 2024 كە يەتتى، 1983 — 1995 - يىلغىچە جەمئىي 18 مىڭ 881 ئادەم «4 خىل ئوپېراتسىيە» قىلدۇردى.

ناھىيە بويىچە ئۇيغۇرلار نوپۇسى %95 تىن كۆپرەكنى ئىگىلىگەچكە، پىلانلىق تۇغۇت نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاساسلىقى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشىغا باغلىق. خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئاز بولغاچقا، ناھىيە نوپۇسىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى ئاز.

1991 — 1995 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئاھالىنىڭ تۇغۇلۇش نىسبىتى %18 ئەتراپىدا بولدى، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى %14 نىڭ ئۆۋىسىدە تىزگىنلەندى. 1995 - يىلى توقسۇ ناھىيىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى تۇغۇتنى ئاشۇرۇۋەتمىگەن 1 - ناھىيە بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1991 — 1995 ـ يىلىغىچە ئاھالىنىڭ تەبىئىي ئۆزگىرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 — 17

| يىل | يىل بېشىدىكى ئادەم سانى | يىل ئاخىرىدىكى ئادەم سانى | ئادەملەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە سانى | تۇغۇلغانلار | تۇغۇلۇش نىسبىتى ‰ | ئۆلگەنلەر | ئۆلۈش نىسبىتى ‰ | تەبىئىي كۆپەيگەنلەر | تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1991 | 125264 | 126930 | 126097 | 2411 | 9.1 | 596 | 4.7 | 1815 | 14.4 |
| 1992 | 126930 | 127619 | 127275 | 2315 | 18.2 | 705 | 5.5 | 1610 | 12.7 |
| 1993 | 127554 | 127066 | 127310 | 2580 | 20.2 | 854 | 6.7 | 1718 | 13.5 |
| 1994 | 127066 | 128256 | 127661 | 1820 | 14.3 | 824 | 6.5 | 996 | 7.8 |
| 1995 | 128256 | 129104 | 128680 | 1937 | 15.1 | 770 | 5.9 | 1167 | 9.1 |

**ئىزاھات:** جەدۋەلدىكى سانلار پىلانلىق تۇغۇت تارماقلىرىنىڭ ستاتىستىكا سانى، بۇ سانلار ج خ ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكا سانى بىلەن بەلگىلىك پەرقلىنىدۇ.

## قوشۇمچە

### 100 ياشلىقلار

توقسۇ ناھىيىسىدە 100 ياشلىقلار خېلى كۆپ. ئۇلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلار يېزىلاردا كۆپ، ناھىيە بازىرىدا ئاز؛ جىسمانىي ئەمگەك قىلغانلار كۆپ، ئەقلىي ئەمگەك قىلغانلار ناھايىتى ئاز.

1953 ـ يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ناھىيە بويىچە 100 ياشتىن ئاشقان 15 ئادەم بارلىقى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە بوۋاي 12، موماي 3، ئەڭ چوڭى 118 ياش.

1964 ـ يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە، ناھىيە بويىچە 100 ياشتىن ئاشقان 20 ئادەم بارلىقى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە بوۋاي 7، موماي 13، ئەڭ چوڭى 118 ياش.

1982 ـ يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ناھىيە بويىچە 100 ياشتىن ئاشقان 31 ئادەم بارلىقى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە بوۋاي 13، موماي 18. ئەڭ چوڭى تاشئېرىق گۇڭشېسىنىڭ يېڭىئېرىق چوڭ ئەترىتىدىكى 130 ياشلىق قۇربان ياسىن.

1990 ـ يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشتە ناھىيە بويىچە 100 ياشتىن ئاشقان 12 ئادەم بارلىقى ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە بوۋاي 6، موماي 6. ئەڭ چوڭى ئىچىئېرىق يېزىسىنىڭ يېڭىمەھەللە كەنتىدىكى 116 ياشلىق نىيازخان قادىر بولۇپ، ئۇ 1874 ـ يىلى تۇغۇلغان، ئۆمۈر بويى دېھقانچىلىق قىلغان، مەكتەپتە ئوقۇمىغان.

ناھىيىدىكى 100 ياشلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساۋاتسىز دېھقان. 1984 ـ يىلى ئەتىيازدا ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى، ناھىيىلىك دوختۇرخانا قاتارلىق تارماقلار 100 ياشلىق 2 كىشىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. ئۇنىڭ بىرى دانى قاسىم، 116 ياش، دېھقان، چەت، ئادەم شالاڭ بولغان يېڭىيەر كەنتىدە ئولتۇرىدۇ. بۇ بوۋاي ياش ۋاقتىدا ئوۋچىلىق قىلىپ جېنىنى باقىدىكەن. يەرلىك مىلتىقنى ئېلىپ، تۈلپىرىغا مىنىپ، بۈركۈتنى ئېلىپ كۈن بويى چۆل باياۋان، ئوتلاق، سازلىقلاردا يۈرىدىكەن. ئۇ ئۆمرىدە توقسۇ ناھىيىسىدىن

سىرتقا چىقىپ باقمىغانىكەن، توقسۇ ناھىيە بازىرىنىمۇ ناھايىتى ئاز بارىدىكەن. نان، سۈيۈقئاش، ئۇماچلار ئاساسلىق يېمەكلىكى، قوي، كالا گۆشى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشى قوشۇمچە يېمەكلىكى ئىكەن. شۇ جاينىڭ مول مەھسۇلاتلىرى بولغان شاپتۇل، ئۆرۈك، تاۋۇز، قوغۇن، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەرنىمۇ يېمەكلىكلىرى ئىچىدە مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۆمرى غورىگىل ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن يېمەك ـ ئىچمەكنى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۈزۈلۈپ قالمىغان. ئۇ ئۆمرىدە ئاغرىپ قالمىغان، دورا يەپ، ئوكۇل سالغۇزغىنىنى بىلمەيدىكەن، ھاراق ئىچمەيدىكەن، تاماكا چەكمەيدىكەن. بوۋاي ئۆمرىدە بىرلا قېتىم توي قىلغان، 1984 ـ يىلى بالا ـ چاقا، نەۋرە ـ چەۋرىلىرى 37 گە يەتكەن.

يەنە بىر بوۋاي باتۇر سىدىق، 120 ياش، ساۋاتسىز، دېھقان، چەت، يىراق جايغا جايلاشقان يېگىيەر كەنتىدە ئولتۇرىدۇ. بوۋاي ئۆمۈر بويى يەر تېرىش، پاختا ئېتىش، ياغاچچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئاساسلىق يېمەكلىكى ئۇن تامىقى ۋە گۈرۈچ تامىقى ئىكەن، قېتىق ۋە قوي، كالا گۆشىنى ئارىلاپ ئىستېمال قىلىدىكەن. قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەرگە ئامراق ئىكەن. بوۋاي 25 يېشىدا توي قىلغان، ئۆمرىدە 3 خوتۇن ئالغان بولۇپ، بالا ـ چاقا، نەۋرە ـ چەۋرىلىرى 42 گە يەتكەن.

يۇقىرىدىكى 2 بوۋاينىڭ ئورتاقلىقى: چەت، ئادەم شالاڭ بولغان يېگىيەر كەنتىدە ئولتۇرىدۇ، ئىككىلىسى جىسمانىي ئەمگەكچى، ئۆمرىدە چوڭ كېلىشمەسلىككە ئۇچرىمىغان، يۇرتىدىن ئايرىلمىغان، ھاراق ئىچمىگەن، تاماكا چەكمىگەن، دورا يېمىگەن، ئوكۇل سالدۇرمىغان، سوغۇق سۇ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن. بىر يىلدىكى ئەتىياز، ياز، كۈزدىن ئىبارەت 3 پەسىلنىڭ ھەممىسىدە تالادا ياتقان، لەمپە ياكى باراڭنىڭ ئاستىدا ئۇخلىغان.

**توقسۇ ناھىيىسىدىكى 100 ياشلىق كىشىلەرنىڭ 1982 ـ يىلدىكى تارقىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 — 18

| گۆڭشې، ئەترەت نامى | | ئىسىم ـ فامىلىسى | جىنسى | يېشى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|
| توقسۇ بازىرى | يۇلتۇز كوچا | ئىنىسەم ھېمىت | ئايال | 102 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| [illegible] | چارشەنبە بازار چوڭ ئەترىتى | ياسىن خۇدابەردى | ئەر | 101 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | ئويمەھەللە چوڭ ئەترىتى | ھەمراخان سابىت | ئايال | 102 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | توقچەك چوڭ ئەترىتى | ھېنىپخان ھاشىم | ئايال | 102 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | پايىس چوڭ ئەترىتى | ئابلا سىدىق | ئەر | 103 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | قىزىلنۇر چوڭ ئەترىتى | ھەمراخان مۇھەممەت | ئايال | 105 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | يېگىمەھەللە چوڭ ئەترىتى | نىيازخان قادىر | ئايال | 106 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | ياڭداق چوڭ ئەترىتى | مەمتىلى نىياز | ئەر | 107 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | چارشەنبە بازار چوڭ ئەترىتى | ئېلى مەمەت | ئەر | 100 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | پايىس چوڭ ئەترىتى | خەينىساخان يۈسۈپ | ئايال | 107 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | ئاقيار چوڭ ئەترىتى | نىياز پازىل | ئەر | 108 | ساۋاتسىز، دېھقان |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| پەيشەنبە بازار كوچىسى | يۇقىرىچىتالاق چولاق ئەترىتى | ئەينىساخان قاسىم | ئايال | 100 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | قۇمكۆل چولاق ئەترىتى | ھاشىم ئايۇپ | ئەر | 103 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | موماتوغراق چولاق ئەترىتى | سېلىمىخان ھېزىيا | ئايال | 108 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | موماتوغراق چولاق ئەترىتى | ئەينىساخان ئىمىن | ئايال | 114 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| تاشئېرىق كوچىسى | غاز مەھەللە چولاق ئەترىتى | روزىخان ئىسلام | ئايال | 100 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | تاشئېرىق چولاق ئەترىتى | سېپىخان دۆلەت | ئايال | 100 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | كۆيىندىئېرىق چولاق ئەترىتى | سامساق ھاپىز | ئەر | 100 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | چولاقتۇر چولاق ئەترىتى | شازادىخان يۇنۇس | ئايال | 105 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | يېڭىيەر چولاق ئەترىتى | دانى قاسىم | ئەر | 114 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | يېڭىيەر چولاق ئەترىتى | باتۇر سىدىق | ئەر | 118 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | يېڭىيەر چولاق ئەترىتى | قۇربان ياسىن | ئەر | 130 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | قوشئېرىق چولاق ئەترىتى | گۈلنىسەم مۆمىن | ئايال | 102 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| ئويۇلغۇز كوچىسى | ئۆگەن مەھەللە چولاق ئەترىتى | قۇربان داۋۇت | ئەر | 103 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | قارايىغاچ چولاق ئەترىتى | نىياز زەيدىن | ئەر | 109 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | بۇقاتىپى چولاق ئەترىتى | تۇنىياز ئىمىر | ئەر | 109 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| دابۇلغۇز كوچىسى | تۇرئېرىق چولاق ئەترىتى | مەلىكە يۇسۇپ | ئايال | 104 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | تۇرئېرىق چولاق ئەترىتى | زۆھرەخان ھامىت | ئايال | 104 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | گاڭيەر چولاق ئەترىتى | سىيىتخان روزى | ئايال | 107 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | توباقئېرىق چولاق ئەترىتى | ئايىمخان سىيىت | ئايال | 110 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | ئاچال چولاق ئەترىتى | ھاشىرخان نىياز | ئايال | 119 | ساۋاتسىز، دېھقان |

## توقسۇز ناھىيىسىدىكى 100 ياشلىق كىشىلەرنىڭ 1990 - يىلدىكى تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 19

| يېزا نامى | كەنت نامى | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | يېشى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|
| توقسۇز بازىرى | يۇلتۇز كوچا | نۇرانىخان پالتا | ئايال | 100 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | يۇلتۇز كوچا | مىرانىخان ئىمىن | ئايال | 110 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| [illegible] يېزىسى | تۆتتاش | مەخمۇت ئامۇت | ئەر | 103 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | يۇقارقى مەھەللە | راخمان يۇسۇپ | ئەر | 102 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | يېڭىمەھەللە | نىيازخان قادىر | ئايال | 116 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | توما | ئىززخان ساماق | ئايال | 102 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | مۇنار | دانى ھاپىز | ئەر | 100 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| تاشمىلىق يېزىسى | يېڭىيەر | راخمان مۇھەممەت | ئەر | 100 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| ئۆگەن يېزىسى | بۇقاتىمى | توختى جامال | ئەر | 100 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| يۇلتۇزباغ يېزىسى | شەنبە بازار | ھېكىم مۇسا | ئەر | 106 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| | ئاچال | مىراجىخان قۇربان | ئايال | 100 | ساۋاتسىز، دېھقان |
| ئۈچقات | خوجا تۇرۇس | ئايخان دانى | ئايال | 108 | ساۋاتسىز، دېھقان |

تۆتىنچى قىسىم

# مىللەت، دىن



# تۆتىنچى قىسىم

# مىللەت، دىن

## I باب

## مىللەت

توقسۇ ناھىيىسى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون. ناھىيىدىكى 12 مىللەتنىڭ 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 125 مىڭ 16 بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 95.5%نى، خەنزۇلار 2.4%نى، خۇيزۇلار 2.0%نى، قازاق، قىرغىز، سالا، رۇس، مانجۇ، جۇاڭزۇ، شىبە، دۇڭشياڭ، چاۋشيەن قاتارلىق مىللەتلەر 0.1%نى ئىگىلەيدۇ.

### 1 § . ئۇيغۇرلار

#### 1. تەرەققىيات جەريانى

ئۇيغۇرلار ئېلىمىزدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. تاڭ سۇلالىسى خانى ۋېنزۇڭ زامانىسىنىڭ كەيچېڭ 5 - يىلى (840 - يىلى) بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ كۇسەن ئەتراپىغا كەلدى ۋە تەدرىجىي بۇ يەرلەرگە ماكانلاشتى. ئۇلار كۇسەندىكى يەرلىك ئاھالە ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن ئاھالە (خەنزۇ، تۈبۈت، قىتان، موڭغۇل قاتارلىقلار) بىلەن ئۆزئارا سىڭىشىپ، تەدرىجىي ھالدا كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنى شەكىللەندۈردى. ھازىرقى توقسۇ بوستانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار، ئاساسەن، كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەۋلادى، بىراق يەنە قەشقەر، خوتەن، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىن كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەن ئاھالىمۇ بار. توقسۇ بازىرىدا قەشقەرلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەر كوچىسى، خوتەنلىكلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان خوتەن كوچىسى بار.

#### 2. كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ ئۆي ۋە قاتناش ئەھۋالى

1) كىيىم - كېچەك

ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمى يېڭى كەڭ، تونچە ياقىلىق، ئالدى ئوچۇق پەشلىك، تۈگمىسىز،

تىز بىلەن تەڭ بولىدۇ، ئۇنىڭ يالىڭمۇ، پاختىلىقمۇ بار. كىشىلەر قوينىغا بىرەر نەرسە سېلىشقا ئەپلىك بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، بېلىنى بەلۋاغ بىلەن باغلاپ يۇرۇشكە ئادەتلەنگەن. ئىچ كىيىمى قىسقا، مەيدىسى يېرىم ئوچۇق، تامبىلىنىڭ ئېغى كەڭ بولىدۇ. ئاياللارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمى يېڭى كەڭ ياكى پۇرمىلىك رەڭدار گۈللۈك پۈتۈن كۆڭلەك بولۇپ، تېشىغا جىلىتكە ياكى كاستيۇم كىيىدۇ. قىشتا تېشىغا تىز بىلەن تەڭ پاختىلىق چاپان ياكى كالتە جۇۋا كىيىدۇ، بېشىغا گاز ياغلىق ياكى تور رومال سالىدۇ. ھازىر يۈزىگە چۈمبەل تارتىدىغانلار چوڭ ياشلىق ئاياللار ئارىسىدا ھېلىھەم بار، قىز - چوكانلاردىن چۈمبەل تارتىدىغىنى ناھايىتى ئاز.

ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى تۇماق ۋە دوپپا دەپ 2 چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۇماق تۈرلىرىدىن قاسقان تەلپەكنىڭ چۆرىسىگە قارا ياكى ئاق كۆرپە تۇتۇلىدۇ، سىرتى رەخت بىلەن قاپلىنىدۇ، ئىچى ئادەتتىكى قوي تېرىسى بولۇپ، چوققۇر، كانايسىمان بولىدۇ. يېرىبىن قاسقان تەلپەكنىڭ شەكلى قاسقان تەلپەككە ئازراق ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئەمما قاسقان تەلپەكتەك ئانچە چوققۇر بولمايدۇ؛ جامپا — ئىچى كېگىز، تېشى رەختتىن تىكىلگەن گىرۋەكلىك تۇماق؛ تۇماق — قوي تېرىسىنى 4 پارچە قىلىپ رەخت ئارىلاشتۇرماي تىكىلىدىغان تۈرە باش كىيىم؛ سىدام سارجا، ئېسىل سوكنو، تاۋارلاردىن تاشلىق تۇتۇلۇپ، قىممەتلىك تېرە (تۈلكە تېرىسى، قاما تېرىسى) لەردىن قايرىما گىرۋەك چىقىرىپ تىكىلىدىغان يۇمىلاق باش كىيىملەرنى ئەر، ئاياللار ئوخشاش كىيىۋېرىدۇ، بۇ چوڭ ياشلىقلارغا ئەڭ باب كېلىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى يەنە تۈركچە سۆسۈن كۆرپە تۇماق بار ئىدى، بۇنى ئاساسەن ھۆكۈمەت خادىملىرى كىيەتتى. دوپپا 2 خىل بولىدۇ، بىرى تۆت سىگىرلىك بولۇپ، قاتلىغىلى بولىدۇ؛ يەنە بىرى قاتتىق، يۇمىلاق تۆپىلىك دوپپا بولۇپ، قاتلىغىلى بولمايدۇ. دوپپىنىڭ گۈل تۈرلىرى كۆپ، رەڭ، كەشتىلەر بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، مىللىي ئالاھىدىلىكى روشەن بولۇپ، ئاساسەن، چىمەن دوپپا، گىلەم دوپپا، ئەنجۈر دوپپا، شاپاق دوپپا دېگەن تۈرلىرى بار. چىمەن دوپپىنىڭ تېگى كۆك، گۈلى ئاق بولىدۇ، كۆرۈنۈشى سىدام ۋە ئاددىي كېلىدۇ؛ گىلەم دوپپىنىڭ شەكلى گىلەمگە ئوخشاپ كېتىدۇ، گۈللىرى چىرايلىق بولىدۇ؛ ئەنجۈر دوپپىغا بادام سۈرىتى كەشتىلەنگەن، تېگى قارا، گۈلى ئاق بولىدۇ؛ تاۋار رەخت ئۈستىگە ئۈنچە قوندۇرۇلغان، زەرىپىلار بىلەن سىپتا كەشتىلەنگەن دوپپىلار قىز - چوكانلار ۋە باللارنىڭ كۆركىدۇر. شاپاق دوپپا ئاق سىدام بولىدۇ ياكى ئازراق ئاق گۈل كەشتىلەنگەن بولىدۇ. شاپاق دوپپا كىرلىك ياكى يازلىق بۆك قاتارىدا كىيىلىدۇ.

50 - يىللاردا ئۇيغۇرلار كۆپىنچە ئۆتۈك، قىشلىقى پىيما كىيەتتى. ناھىيە بازىرىدىكى چوڭ ياشلىق ئەرلەر كۆپىنچە مەسە - كالاچ كىيەتتى. ئوتتۇرا ئەر - ئاياللار پايپاق كىيمەي، پۇتىنى پايتىما بىلەن ئوراپ ئۆتۈك (چېتىك) كىيىۋالاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى كۆپىنچە شۇ جايدا توقۇلغان بۆز، چەكمەن، سەگەز قاتارلىق رەختلەردىن تىكىلەتتى. ئەرەنچە كىيىملەر، ئاساسەن، كۆك، قارا، كۆلرەڭ، ئاياللچە كىيىملەر قىزىل رەڭدە بولاتتى. يەرلىك رەختلەردىن باشقا، چەتنىڭ ئوتتۇرا ھال رەختلىرى، گاباردىن، تېرىكە، شەنبىجى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا توقۇلغان ئالىي دەرىجىلىك چىبەرقۇت، سوكنو ۋە ئېچكىرىنىڭ سىدام سارجا، يىپەك رەختلىرى بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ شەكلىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. ئەرلەر ئۈچىسىغا كۆك، كۆلرەڭ جۇڭشەن فورمىسىدىكى كىيىم، بېشىغا شەپكە كىيىدىغان بولدى؛ قىز - ئاياللار ئۇزۇن ئىشتان، ئۈستىگە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىدىغان، بېشىغا ياغلىق چىگىدىغان بولدى. چوڭلار ۋە دىنىي زاتلار يەنىلا ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەكلىرىنى ساقلاپ قالدى. 70 - يىللاردىن باشلاپ قىز - چوكانلار كالتا ئىشتان، يوپكا، ئۇزۇن پايپاق كىيىشكە باشلىدى. خۇرۇم ئاياغ كىيىم، لاتا خەي، ئېگىز پاشنىلىق توپلىلار ئاستا - ئاستا ئۇزۇن قونچىلىق ئۆتۈكنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، يىپەك پايپاق، يىپ پايپاقلار پايتىمىنىڭ ئورنىنى ئالدى. 80 - يىللاردا ئەرەنچە كىيىم - كېچەكلەردىن ئادەتتىكى ھەربىيچە كىيىم، كاستيۇم - بۇرۇلكا، كاۋانكا،

تەنھەرىكەت كىيىمى، باش كىيىملەردىن ئادەتتىكى شەپكە، ئىشچىلار شەپكىسى، كەپكە پەيدا بولدى. 1986 - يىلدىن كېيىن، شىلەپە قىزغىنلىقى پەيدا بولدى. ئاياللار كىيىم - كېچەكلەرنىڭ تۈرى تېخىمۇ كۆپ، رەڭگارەڭ بولۇپ، كاستيۇم - يوپكا، بۇرژۇشلۇك كىيىم، يىپ توقۇلما ئىچ كىيىم، يوپكا، پۈتۈن كۆڭلەك قاتارلىقلار پەيدا بولدى. ئۇيغۇر قىز - ئاياللار سىرتتىن كىرگەن مودا كىيىملەرنى تېز قوبۇل قىلدى. ئەر - ئاياللار كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ رەختى پاختا رەخت، يىپەك، خۇرۇمدىن خىمىيىۋى تالالىق رەخت، سوكنو، مامۇق تۈرلىرىگە تەرەققىي قىلدى. ئىلگىرى كىيىم - كېچەكلەر پەقەت قىشلىق، يازلىق دەپلا ئايرىلاتتى، ھازىر كىيىم - كېچەكلەر 4 پەسىلگە ئايرىپ كىيىلىدىغان بولدى.

2) يېمەك - ئىچمەك

20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا بۇغداي، كۆممىقوناق، گۈرۈچ ئاساسلىق ئوزۇقلۇق ھېسابلىناتتى. 1964 - يىلدىن كېيىن كۆممىقوناق ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتۈپ، بۇغداي، گۈرۈچلەر 2 - ئورۇنغا ئۆتتى. 1978 - يىلدىن كېيىن بازار، يېزا خەلقى بۇغداي، كۆممىقوناق، گۈرۈچلەرنى ئاساسلىق يېمەكلىك قىلدى.

ئۇيغۇرلار قوي گۆشى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كالا، توخۇ، كەپتەر، بېلىق، كېيىك، تۆگە گۆشلىرىنى يەيدۇ. توڭگۇز، ئېشەك، ئىت گۆشلىرى ھەمدە بىر قىسىم گۆشخور ھايۋانلار، ھارام بولۇپ قالغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى يېيىشتىن پەرھىز قىلىدۇ، ھايۋانلارنىڭ قېنىنى ئىچمەيدۇ، مۇسۇلمان بولمىغانلار بوغۇزلىغان ھايۋان گۆشىنى يېمەيدۇ.

ئۇيغۇرلار شوخلا، تاسما پۇرچاق، يېسىۋىلەك، سەۋزە، ياڭيۇ، تۇرۇپ، قاتكۆك، پىياز، چامغۇر قاتارلىق كۆكتاتلارنى ۋە تاۋۇز، قوغۇن، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم، نەشپۈت، ئالما، ئانار قاتارلىق مېۋە - چېۋىلەرنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

مېھماندارچىلىقتا ئۇيغۇرلارنىڭ ياشتا ۋە ھۆرمەتكە چوڭلىرى ئالدىدا ماڭىدۇ ۋە ئولتۇرغاندا تۆردە ئولتۇرىدۇ. تاماق تارتىشتىن بۇرۇن سۇپىغا داستىخان سېلىنىدۇ، ساھىبخانا قولىغا چۆگۈن، داس، لۆڭگە تۇتۇپ مېھمانلارنىڭ قولىغا ئۈچ قېتىم سۇ بېرىدۇ، ئاندىن كېيىن، چاي، نان، قورۇق مېۋە - چېۋە، تاماق، قورۇما قاتارلىقلارنى تارتىدۇ. يېمەكلىكلەر يەرگە چېچىلسا، چوقۇم تېرىلىپ داستىخانغا قويۇپ قويۇلىدۇ، ئۇلارنى دەسسەپ ئاياغ - ئاستى قىلىشقا بولمايدۇ. تاماقتىن كېيىن دۇئا قىلىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئاللاھقا شۈكرى - سانا ئېيتىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكلىرى:

**نان** بۇغداي ئۇنىغا خېمىر تۇرۇچ، ئازراق سۇ قوشۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر بولدۇرۇلغاندىن كېيىن، زۇۋۇلا قىلىنىپ، نان راسلىنىپ، تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدۇ. نان سىرتقى شەكلىگە قاراپ 3 خىل بولىدۇ: گىردە، ئۇنىڭ دىئامېتىرى 10 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 8 سانتىمېتىر، خېمىرى قاتتىق ئىشلەنگەن، ئوتتۇرىسى ئويمان بولىدۇ؛ توقاچ، ئۇنىڭ دىئامېتىرى 20 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىر، چۆرىسى قېلىن بولىدۇ؛ چوڭ نان، ئۇنىڭ دىئامېتىرى 50 — 60 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىنىڭ قېلىنلىقى 0.5 سانتىمېتىر، چۆرىسى قېلىن بولىدۇ، يۈزىگە ئازراق سۇ يېغى، پىياز، كۈنجۈت سۈرتۈلىدۇ. خېمىرغا سۇ يېغى، سۈت ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇلغان نان «ماي نان» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىلگىرى تونۇرنىڭ يېرىمى يەر ئاستىدا تۇراتتى، ھازىر يەر ئۈستىدە تۇرىدۇ. تونۇر سېغىز توپىدىن يۇمىلاق ياسىلىدۇ، ئېگىزلىكى بىر مېتىرچە، ئىچىنىڭ دىئامېتىرى بىر مېتىرچە، ئۈستى تار، ئاستى كەڭ بولۇپ، خۇددى دۈم كۆمتۈرۈلگەن كۆپكە ئوخشايدۇ.

**ئۈماچ (كۆممىقوناق ئۈمىچى)** سۇ قاينىغاندىن كېيىن، ئۇن سۇغا ئاز - ئازدىن چېلىنىدۇ، ئۇن چېلىنغاچ ئىلەشتۈرۈلىدۇ، قاينىغاندىن كېيىن ئۈماچ ھالىتىگە كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۈماچقا تۇز، چامغۇر سېلىپ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن.

**ئۆگرە** — ئۇنىغا تۇز، سۇ ئارىلاشتۇرۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلۇپ، نېپىز قىلىپ يېيىلىدۇ ھەمدە ئىنچىكە ياكى چاسا كېسىلىپ قايناۋاتقان سۇ، شورپا ياكى كۆكتات سۈيىگە سېلىپ پىشۇرۇلىدۇ.

**پولۇ** — گۈرۈچ، سۇ يېغى، قوي گۆشى، سەۋزە، پىياز ھەمدە باشقا تېتىتقۇ قاتارلىقلاردىن ئېتىلىدۇ. بەزىدە ئۆرۈك قېقى، بېھى، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلار بېسىلىدۇ.

**لەغمەن** — ئۇنىغا تۇز، سۇ قوشۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. پىلتە قىلىنغاندىن كېيىن سوزۇلۇپ قايناۋاتقان سۇغا سېلىنىپ پىشۇرۇلىدۇ. پىشقان چۆپ چىنە، تەخسىلەرگە ئېلىنىپ، ئۈستىگە گۆشلۈك قورۇما ياكى گۆشسىز كۆكتات قورۇمىسى سېلىنىپ يېيىلىدۇ. ئۇستا ئاشپەزلەر 10 نەچچە جىڭ ئېغىرلىقتىكى خېمىرنى تارتىپ ئىنچىكە قىلىپ سوزالايدۇ.

**تارتما ئۆگرە (تاڭمەن)** — ئېتىلىشى لەغمەنگە ئوخشاش بولۇپ، چۆپى لەغمەننىڭكىدىنمۇ ئىنچىكە بولىدۇ. چۆپىنىڭ ئۈستىگە تەڭشەلگەن شورپا قۇيۇلۇپ ئىچىلىدۇ، چۆپى ئازراق، شورپىسى جىقراق بولىدۇ.

**سۇيۇقئاش** — ئۇنىغا تۇز، سۇ قوشۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ، ئالدى بىلەن پىلتە قىلىنىپ، قايناۋاتقان سۇغا قول بىلەن ئۇششاق ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ، ئۇنىڭغا كۆكتات ياكى تېتىتقۇ سېلىنىپ ئىچىلىدۇ.

**چۆچۈرە** — خېمىر نېپىز يېيىلىپ، 5 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا تۆت چاسا قىلىپ كېسىلىدۇ، ئارىسىغا گۆش قىيما ئېلىنىپ تۈگۈلۈپ، شورپىدا پىشۇرۇلۇپ، يۇمغاقسۇت، دورا ـ دەرمان سېلىنىپ ئىچىلىدۇ.

**سامسا** — ئۇنىغا سۇ قوشۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ، خېمىر نېپىز يېيىلىپ، جىلىتىغا گۆش قىيما ئېلىنىپ، 8×5 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا تۈگۈلىدۇ ھەمدە تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدۇ. ئۇنىدىن باشقا، پىتىر مانتا، بولاق مانتا قاتارلىقلارمۇ بار.

**قاتلىما ھورنان (يوتازا)** — ئۇنىغا سۇ قوشۇلۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ، خېمىر كېسىلىپ تاسمىدەك ھالەتتە نېپىزلىتىلىدۇ، ئۈستىگە قوي يېغى، سۇ يېغى ۋە ئازراق ئۇۋاق تۇز سۈرتۈلۈپ قاتمۇ قات تۈرمەكلىنىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا 4×4×3 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا قاتلىما ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ جىمبىلدە پىشۇرۇلىدۇ.

يۇقىرىقى تاماقلاردىن نان، ئۆگرە، ئۈماچ، لەغمەنلەر كۈندىلىك ئائىلە تامىقى، پولۇ، چۆچۈرە، ماي نانلار ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى ياكى مېھمان كەلگەن چاغلاردا يېيىلىدۇ، سامسا، قاتلىما ھورنانلار كوچىچە ئاشخانىلاردا سېتىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا، يەنە گاڭپەن، جوۋاۋا قاتارلىقلار بار.

مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرى تۈپەيلىدىن يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، تاماق، قورۇما تۈرلىرى كۆپەيمەكتە.

ئەنئەنىۋى ئادەتتىكى يېمەكلىكلەر:

**كاۋاپ** — قوي گۆشى ئۇششاق توغرىلىپ، يۇلغۇن زىخ ياكى تۆمۈر زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ، كاۋاپدانىدىكى ئوتتا قاقلىنىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئۈستىگە تۇز، ئۇۋاق لازا، تېتىتقۇلار سېپىلىپ، پىشقاندىن كېيىن يېيىلىدۇ.

**تونۇر كاۋىپى** — پۈتۈن قوي گۆشى تېتىتقۇ سېپىلىپ تونۇر ياكى ئالاھىدە ياسالغان دوخوپكىغا سېلىنىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن بازارغا ئېلىپ چىقىلىپ پارچىلاپ سېتىلىدۇ.

**باش ـ پاچاق، ئۆپكە ـ ھېسىپ** — قوينىڭ باش، پاچاقلىرى پاكىز قىرقىلىنىدۇ، ئۆپكىسى پاكىز تازىلىنىپ ئۇن شىرىسى قۇيۇلىدۇ، ئۈچەيى پاكىزلانغاندىن كېيىن ئىچىگە گۈرۈچ تىقىلىدۇ، بۇلار پىشۇرۇلۇپ تېتىتقۇلار بىلەن تەڭشىلىپ يېيىلىدۇ.

**لەڭپۇڭ** — پۇرچاق ئۇنى سۇغا چىلىنىدۇ، ئاندىن قايىنىتىلىپ ئۈماچ ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇيۇتۇلۇپ، تېتىتقۇلار قوشۇلۇپ يېيىلىدۇ.

**قورداق** — ئۇستىخانلىق قوي، كالا گۆشى پارچىلىنىپ، قورۇلۇپ چala پىشۇرۇلغاندىن كېيىن سەۋزە، پاڭيۇلار سېلىنىدۇ، پىشقاندىن كېيىن يېيىلىدۇ.

**مايدا پىشۇرۇلغان بېلىق** چوڭ بېلىق پارچىلىنىپ، شاكاراپتا سەل تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇنغا مىلىنىدۇ، ئاندىن ياغدا پىشۇرۇلۇپ يېيىلىدۇ.

**شورپا** قوي، كالا سۆڭەكلىرى پارچىلىنىپ، پىشۇرۇلغاندىن كېيىن شورپىغا تېتىتقۇ سېلىنىپ ئىچىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئاددىي يېمەكلىرى بازار، يېزىلارنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. بازار كۈنلىرى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ باھاسى مۇۋاپىق بولۇپ، ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن.

ئىچىملىكلەر:

**چاي** خەلق چۆگۈندە چاي قاينىتىپ چاي دەملەپ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن. سۇ قاينىغاندىن كېيىن، ئۈستىگە چاي سېلىنىپ، سۇس ئوتتا ئۆرلىتىلىدۇ. ئائىلىلەردىكى مېھماندارچىلىقتا كۆپىنچە چىرايلىق جانان چىنىلەرگە چاي قۇيۇلىدۇ، چايغا يەنە قەنت ياكى ناۋات سېلىنىدۇ. چاي تۇرمۇشتىكى مۇھىم ئىچىملىكلەرنىڭ بىرى، ياشانغان كىشىلەر ۋە ياشلار قېنىق دەملەنگەن چاي ئىچىشكە ئادەتلەنگەن، چاينىڭ قېنىقلىق دەرىجىسى قېرىق تېتىغانغا قەدەر بولىدۇ.

**سۈتچاي** سۇ قاينىتىلىپ، چاي سېلىنىدۇ، ئاندىن بىر ئۆرلىتىلىدۇ، ئۈستىگە سۈت ياكى قايماق ھەمدە تۇز سېلىنغاندىن كېيىن سۈتچاي بولىدۇ.

**قېتىق** سۈت (كالا، قوي سۈتى، ئات سۈتىمۇ بولىدۇ) قاينىتىلغاندىن كېيىن چىنىگە ئېلىنىپ، سەل سوۋۇغاندا بىر قوشۇق كۆنەلگە سېلىنىپ تېمپېراتۇرىسى نورمال جايغا قويۇلۇپ ئويۇتۇلىدۇ. يازدا يېرىم كۈن، قىشتا ئۇزاقراق تۇرغۇزۇلىدۇ، ئۇ چۈچمەل ھالەتكە يەتكەندە قېتىق بولىدۇ. قېتىق ئىشتىھانى ئېچىش، ئاشقازان، تالنى ياخشىلاش رولىغا ئىگە.

**مارۇژنى** قىشتا كۈن چۈشمەيدىغان جايغا ئورا كولىنىپ، ئىچىگە مۇز سېلىنىدۇ، ئۈستى ئوت - چۆپلەر بىلەن يېپىلىپ، توپا بىلەن كۆمۈلىدۇ. ياز بولغاندا مۇز كولاپ ئېلىنىپ قول بىلەن چۆگىلىتىدىغان ماشىنىغا سېلىنىپ، قار ئۇچقۇنىدەك مارۇژنى ياسىلىدۇ، بۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان ئىچىملىكتۇر.

**دوغاپ** تومۇزدا مۇز پارچىسى ئېرىتىلىپ مەلۇم مىقداردا سۈزمە سېلىنىپ تەييارلىنىدۇ. ئىچكەندىن كېيىن ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ، ئىسسىقنى ئالىدۇ.

**ئۈجمە شىرنىسى** تەييارلاش ئۇسۇلى 2 خىل بولىدۇ. بىرى، ئۈجمە قازاندا سۇس ئوتتا قاينىتىلىپ شىرنە ھالىتىگە كەلگەندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. يەنە بىرى، شىرنە قاينىتىلىپ، سەل سوۋۇغاندىن كېيىن ئېچىتقۇ سېلىنىپ، چۈچمەل ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن ئېچىلىدۇ (ئۈزۈم شىرنىسىنى ئېچىتىپ ئىچىملىك قاتارىدا ئىچىدىغانلارمۇ بار).

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن ئىلگىرى ئۇيغۇر خەلقى ئىشلىتىدىغان تاۋاق، تەخسە، قوشۇق، تەگلە قاتارلىقلار ئاساسەن ياغاچتىن ياسىلاتتى، پەقەت ئاز ساندىكى باي، سودىگەر، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆيىدىلا ساپال قاچا ۋە فارفوردىن ياسالغان چىنە - قاچىلار بار ئىدى. كۆپىنچى كىشىلەر قاپاقنى چۆمۈچ، چېلەك، ئىدىش، ياغ قاپىقى قىلاتتى. 1952 - يىلدىن كېيىن سىرلىق قاچا، فارفور قاچا، تۇڭنكە، ئالىيۇمىن قاچىلار تەدرىجىي بازارغا كىرىپ، قولدا ياسالغان تاۋاق، تەخسە، قوشۇقلارنىڭ ئورنىنى ئالدى.

### 3) تۇرالغۇ ئەھۋالى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرى كۆپىنچە ياغاچ - كېسەك قۇرۇلمىلىق ئادەتتىكى ئۆيلەر. قۇرما تاملىق ئۆي، كېسەك تام ئۆي، سوقما تاملىق ئۆيلەر بار ئىدى، ئۆگزىگە لىم، بادرىلار تىزىلغاندىن كېيىن، ئۈستىگە بورا سېلىنىپ، تۇپتۈز سۇۋىلاتتى، ئۆگزىدىن تۈڭلۈك ئېچىلاتتى. ھازىر خېلى زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، كۆپىنچە ئۆيلەر ياغاچ - خىش قۇرۇلمىلىق قىلىنىدىغان بولدى.

ئۇيغۇر ئۆيلىرىنىڭ شەكلى ۋە قۇرۇلمىسى ئاساسەن مۇنداق بولىدۇ:

**قورما تاملىق ئۆي** يۇمىلاق ياغاچلار تىك ۋە توغرىسىغا قويۇلۇپ، ئۆينىڭ شەكلى چىقىرىلىدۇ، تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 2 مېتىر كېلىدۇ، توغرىسىغا قويۇلغان ياغاچلارنىڭ ئاستى - ئۈستىنىڭ ئارىلىقى بىر مېتىر كېلىدۇ، سۆگەت بادرىسى ياكى يۇلغۇن شاخلىرى كىرىشتۈرۈلۈپ، تام توقۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن كېسەك، لاي بىلەن كاۋاكلار ئېتىلىدۇ، ئىچى - تېشى كاكىل بىلەن 2 قېتىم سىپ - سىلىق بولغۇچە سۇۋىلىدۇ (تامنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 20 — 25 سانتىمېتىرچە بولىدۇ)، تام ئاخىرىدا ھاكتا ئاقارتىلىدۇ. ئۆگزىگە بىر مېتىردىن ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ توغرىسىغا بادرا قويۇلىدۇ، ئاندىن چىغ، يېكەن، قومۇش ۋە پاخالدا يېپىلىدۇ، ئۈستىگە توپا تۆكۈلۈپ تۈزلىنىپ، كاكىل بىلەن سۇۋىلىدۇ.

قورما تاملىق ئۆينىڭ تەننەرخى ئەرزان، پايدىلىنىلىش ۋاقتى ئۇزۇن، يەر تەۋرەش، زەي تېپىشنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ، چۈۋۈپ كۆچۈرۈشكە ئەپلىك، توقسۇننىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سۇ ئورنى يۇقىرى بولۇشتەك تەبىئىي مۇھىتىغا ماس كېلىدۇ. 50 - يىللاردىن ئىلگىرى بازار، يېزىلاردا بۇ خىل ئۆيلەر خېلى كۆپ ئىدى.

**سىرىش ئۆي** تومچاسا ياغاچ ياكى يۇمىلاق ياغاچلاردىن زەگوندە ياسىلىدۇ، تامنىڭ 4 بۇلۇڭىغا كەلتۈرۈلۈپ تام ئارىسىغا تۈۋرۈك قويۇلىدۇ، كېسەكتىن تام قوپۇرۇلىدۇ، تامنىڭ قېلىنلىقى 35 — 50 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تامنىڭ ئىچى - تېشى كاكىل ياكى قارا لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ، تامغا ئويۇق چىقىرىلىدۇ. كېسەك ئۆينىڭ ئۆگزىسىنىڭ قۇرۇلمىسى قورما تاملىق ئۆينىڭكى بىلەن ئوخشاش.

**سوقما تام ئۆي** ئۆينىڭ يېنىدىن لاي ئېتىلىدۇ. 1 — 2 كۈندىن كېيىن قاتقان لاي بەلچە بىلەن ئېلىنىپ تام سوقۇلىدۇ. سوقما تامنىڭ تېگى كەڭ، ئۈستى تار بولىدۇ. ئۆگزىنىڭ يېپىلىشى قورما تاملىق ئۆينىڭكىگە ئوخشايدۇ. سوقما تام ئۆينىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى: ئۆينىڭ يېنىدىن توپا ئېلىنىدۇ، ئىش ۋە ماتېرىيال تېجىلىدۇ. 1960 - يىلدىن ئىلگىرى ئورگان، مەكتەپلەرنىڭ قورۇق تاملىرى مۇشۇ ئۇسۇلدا سوقۇلاتتى.

**چىم (باستۇرما) ئۆي** سازلىقتىكى چىملار چوڭ - كىچىك قومۇرۇلۇپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇلۇپ تام قوپۇرۇلىدۇ، چىم تامنىڭ تېگى كەڭ، ئۈستى تار بولىدۇ، تامنىڭ ئىچى - تېشى كاكىل بىلەن سۇۋىلىدۇ، ئۆي ئۆگزىسىنىڭ قۇرۇلمىسى قورما تاملىق ئۆينىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. چىم ئۆينىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولۇپ، نەچچە 10 يىل، ھەتتا 100 يىلغا بارىدۇ. بۇ خىل ئۆي سازلىق، شورلۇق رايونلار مۇھىتىغا ماسلاشقان، ئۆز يېرىدىن ماتېرىيال ئېلىنىدىغان قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ.

**خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي** مىنگو دەۋرىدە خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر پەقەت ئاز ساندىكى ئورگان، مەكتەپ، مەسچىتلەر بىلەنلا چەكلىنەتتى. ئۆتمۈشتە ھەرخىل ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى بېلىق سىرتى قىلىنماي، تۈز يېپىلاتتى، ئۆگزىدىن تۈڭلۈك ئېچىلاتتى. بۇ، توقسۇننىڭ بوران، قۇم كۆپ بولۇش، يامغۇر ئاز يېغىشتەك تەبىئىي مۇھىتىغا ماس كېلەتتى. ئىلگىرى ئۆيلەرنىڭ ئىشىك، دېرىزىلىرى تار ھەم كىچىك بولۇپ، كۈن نۇرنىڭ ئۆتۈشۈپ تۇرۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلمەيتتى، بەزى ئۆيلەردە تۈڭلۈكمۇ بولمايتتى، ياغاچ پەنجىرە ياسىلىپ، قەغەز چاپلاپ قويۇلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۇقرالارنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشى پىششىقلاپ چىقىرىش، دېرىزە قويۇش، كۈن نۇرى چۈشىدىغان بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدى. 80 - يىللاردا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار خىش، ياغاچ، بېتون قۇرۇلمىلىق تۇرالغۇ بىنالىرىنى سالدى، بۇنىڭ بىلەن تۇرالغۇ ئۆي شارائىتى ياخشىلاندى.

1960 - يىلدىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئۆيلىرىگە ئومۇميۈزلۈك سۇپا قىلاتتى، سۇپا چوڭ بولۇپ، ئۆينىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيتتى. سۇپا ئۆيدىكىلەرنىڭ يېتىپ - قوپىدىغان، مېھمان كۈتىدىغان پائالىيەت سورۇنى ئىدى. بايلىرى سۇپىغا گىلەم، ئەدىيال، نامراتلىرى پالاز ۋە بورا سالاتتى. سۇپىغا ئۇزۇن، چاسا ساندۇق قويۇلاتتى، بۇ، ئۆيدىكى ئۇلۇغ - ئۇششاقلارنىڭ ئاشلىق، كىيىم - كېچەك، پۇل - پۇچەك سالىدىغان ئامبىرى ئىدى. يوتقان - كۆرپە، ياستۇق قاتارلىقلار كۈندۈزى يىغىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويۇلاتتى، سۇپىغا ئۇزۇن، چاسا

ياكى يۇمىلاق شىرە قويۇلاتتى.

ئوچاق بىلەن سۇپا تۇتاش بولاتتى، قىشتا تاماق ئەتكەندە ئىس ئوچاق ئارقىلىق سۇپىغا كىرەتتى، تاماقمۇ پىشاتتى، سۇپىمۇ ئىسسىيتتى، بۇنىڭدا ئېنېرگىيە تېجىلىپ، بىر يولى 2 خىل ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولاتتى. بازاردىكى ئۇيغۇرلار ئاساسەن تام مەش ئارقىلىق ئىسسىناتتى.

1980 ـ يىلدىن كېيىن، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ۋە سىرتنىڭ تەسىرىگە ئەگىشىپ، ئۆيگە تىزىلىدىغان جابدۇقلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، مەسىلەن: ئۈزە ئىشكاپ، سافا، بەش سىبرتمىلىق ئىشكاپ، سىم كارىۋات قاتارلىق يېڭىچە ئۆي جاھازلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن بازاردىكى ئادەتتىكى ئۆيلەرگە كىرىشكە باشلىدى. بازاردا سۇپا كۆنسابىن ئازىيىشقا باشلىغان بولسىمۇ، لېكىن يېزىلاردا يەنىلا ئىشلىتىلمەكتە.

يېزىلاردىكى ئۇيغۇرلار ھويلا ـ ئارام ئىگىلىكىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھويلىنىڭ ئەتراپىغا جىگدە ۋە ئاقتېكەن قاتارلىق چاتقاللار بىلەن تەبىئىي قاشا ياسايدۇ، ھويلىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە شاپتۇل، ئۆرۈك، ياڭاق، ئالما قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىدۇ. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، كۆپىنچە، ئۈزۈم بارىڭى قىلىنىدۇ، باراڭنىڭ تېگىگە ئوچاق سېلىنىدۇ. يازدا ھويلىغا ياغاچ كارىۋات قويۇلىدۇ. ناھىيە بازىرىدىكى ئۇيغۇرلار شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ھويلىسى كىچىكرەك بولغاچقا، كۆپىنچىسى ھويلىغا تەشتەكتە گۈل ئۆستۈرىدۇ ۋە مېۋىلىك دەرەخ تىكىدۇ، يەنە بەزىلىرى ئۈزۈم، ئانار، ئەنجۈر تىكىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ سەھەر تۇرۇپ ھويلا ـ ئارام سۈپۈرۈپ، مۇھىت تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى ئادىتى بار.

### 4) قاتناش ئەھۋالى

60 ـ يىللاردىن ئىلگىرى ناھىيە يوللىرى توپا يول بولغاچقا، چاڭ ـ توزان ئۇچۇپ تۇراتتى، يامغۇر ياغقان كۈنلىرى يوللار پاتقاق بولۇپ كېتەتتى. ئادەتتىكى كىشىلەر سىرتقا چىقسا ئاساسلىقى ئېشەككە مىنەتتى ياكى ئات ھارۋىسىغا ئولتۇراتتى.

ئىلگىرىكى يارىيار ھارۋىلارنىڭ چاقىنىڭ دىئامېتىرى بىر مېتىردىن ئارتۇق ئىدى، ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېتىرى 1.5 مېتىرغا يېتەتتى، چاقىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى يول بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چاق كىچىك بولسا، ئاسان ئاغدۇرۇلۇپ كېتەتتى، چاق كاتاڭغا چۈشۈپ قالسا، تارتىپ چىقىرىش تەس ئىدى. كونا زاماندىكى ھارۋىلارنىڭ چاقىغا ياپىلاق تۆمۈر ۋە مىخلار قېقىلاتتى، شارىكى بولمىغاچقا، ناھايىتى ئېغىر ئىدى، ئۇنى پەقەت كالا، ئات ئارقىلىق سۆرىگىلى بولاتتى. 50 ـ يىللاردا ئۆزگەرتىلگەن يېنىك تىپتىكى ئېشەك ھارۋىسى (ياغاچ ھارۋا)، رېزىنكە چاقلىق ھارۋىلار كېڭەيتىلدى. 70 ـ يىللاردا رېزىنكە چاقلىق ھارۋىلار يارىيار ھارۋىلارنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، بازار، يېزىلاردىكى ئاساسلىق قاتناش قورالىغا ئايلاندى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن، ۋېلىسىپىت، تراكتور، موتسىكلىت، ئاپتوموبىللار پەيدىنپەي كۆپەيدى.

## 3. ئۆرپ ـ ئادەتلەر

### 1) نىكاھ ئىشلىرى

ئەلچى قويۇش قىز ـ يىگىتلەر مۇھەببەتلەشكەن ياكى ئاتا ـ ئانىلار ئارىغا چۈشكەن نىكاھ ئىشلىرىدا، يىگىت تەرەپ بىرەيلەننى ئەلچىلىككە تەكلىپ قىلىپ قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. ئادەت بويىچە يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا 4 نان ۋە ئازراق زىبۇ زىننەت، رەخت ئېلىپ قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. قىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا بارغاندا ھەمراھلار توۋلايدۇ، قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەر قارشى ئېلىشقا چىقمايدۇ، يىگىتنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۆيگە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن،

سوۋغا ـ سالام شىرەگە قويۇلۇپ، توي قىلىش ئىستىكى ئىنتايىن تۆۋەنچىلىك بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ. قىز تەرەپنىڭ ئائىلە باشلىقى سوۋغىنى قوبۇل قىلىپ، قوشۇلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، قۇدىلىشىش دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملاشقان بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى تەرەپ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تويىنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى، ئىككى تەرەپ كۈتۈۋالىدىغان مېھمانلارنىڭ سانى توغرىسىدا كېڭىشىدۇ. قىز تەرەپ تويلۇق ھەمدە تويغا كېرەكلىك گۆش، ياغ، گۈرۈچ، ئۇن، كۆكتات، نانلارنىڭ سانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىككى تەرەپ پىكىردە بىرلىككە كېلەلىسە، تويىنىڭ ئىشى پۈتكەن بولىدۇ.

**توي** توي قىلىشتىن ئىلگىرى قىز ـ يىگىت ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ (1980 ـ يىلدىن كېيىن ناھىيە بازىرىدا ئاساسەن باغاق تارقىتىلىدىغان بولدى)، موللامنى نىكاھ ئوقۇشقا ئالدىن چىللاپ قويىدۇ.

توي قىز تەرەپتە ئۆتكۈزۈلىدۇ، تويغا كېرەكلىك يېمەك ـ ئىچمەكنى يىگىت تەرەپ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. قىز ـ يىگىتكە قولداشلار ھەمراھ بولىدۇ. موللام قىز ـ يىگىتنىڭ ئالدىغا بىر چىنىگە شاكارايىنى قويۇپ، 2 پارچە ناننى شاكارايقا چىلايدۇ، ئاندىن قۇتبە ئوقۇشقا باشلايدۇ، توي خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن يىگىتتىن «×××نى ئەمرىڭىزگە ئالدىڭىزمۇ؟» دەپ سورايدۇ، يىگىت «ئالدىم» دېگەندىن كېيىن، موللام قىزدىن «ئۆزىڭىزنى ×××كە قوبۇل قىلدىڭىزمۇ» دەپ سورايدۇ. قىز رازىلىق بەرگەندىن كېيىن، موللام نىكاھنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغانلىقىنى جاكارلايدۇ. مىنگو دەۋرىدە موللاملار يەنە توي خېتىگە مۆھۈر باساتتى. يىگىت ياكى قىز موللامنىڭ سوئالىغا 3 قېتىمغىچە جاۋاب بەرمىسە، موللام بۇنى ئىختىيارى نىكاھ ئەمەس دەپ تونۇپ، مۆھۈر بېسىشنى رەت قىلاتتى، بىراق، بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئاز كۆرۈلەتتى. قىز رازىلىق بەرگەندىن كېيىن، قىز ـ يىگىتنىڭ قولداشلىرى شاكارايقا چىلانغان ناننى بەس ـ بەستە قىز ـ يىگىتنىڭ ئاغزىغا تىقىدۇ، بۇ ئارقىلىق مېھمانلارنىڭ يېڭى ئەر ـ خوتۇنغا بەخت تىلەيدىغانلىقى بىلدۈرۈلىدۇ. ناننى يىگىت بالدۇر يېسە، بۇ كەلگۈسى ئائىلىدە ئەرنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنىڭ، ئەكسىچە بولسا، ئائىلىدە ئايالنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنىڭ سىمۋولى بولىدۇ.

**قىز كۆچۈرۈش** توي تۈگەپ يىگىت ۋە ئۇنىڭ تۇغقانلىرى خوشلىشىپ ئۆيگە كېلىپ قىزنىڭ كېلىشىنى كۈتىدۇ. قىز كۆپىنچە چۈشتىن كېيىن ياكى گۇگۇم ۋاقتىدا كۆچۈرۈپ كېلىنىدۇ. ئەگەر يولدا يول توسقۇچىلار بولسا، قىز ئۇلارغا پۇل بېرىپ يولنى ئاچىدۇ.

قىز قېيناتا ـ قېيناننىسىنىڭ ئۆيى ئالدىدا ھارۋا ياكى پىكاپتىن چۈشۈپ ئادەت بويىچە گۈلخان ئاتلايدۇ، بۇ ئارقىلىق ئىككى تەرەپ مۇھەببىتىنىڭ ئوتتەك يالقۇنجىشى تىلىنىدۇ. بۇ چاغدا قىز قولداشلىرى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ «كېلىن ئاغىچا قېيناتا ـ قېيناتىلىرىغا سالام بېرىدۇ» دەپ 3 قېتىم توۋلايدۇ. يىگىت تەرەپ ئىشىكنى ئېچىپ قىزنى قارشى ئالىدۇ ھەمدە ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ئۆيگە ئېلىپ كىرىدۇ. قىز ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، تۆردە ئولتۇرىدۇ. ئادەتتە يەكەندازنىڭ تېگىگە پاختىغا ئورالغان تاش باستۇرۇپ قويۇلىدۇ، بۇ كېلىننىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ سىلىق ـ سىپايە بولۇشى، ئىش قىلغاندا ئېغىر ـ بېسىق بولۇشىنىڭ سىمۋولى. ئۇلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يەڭگە قىزنىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ، قىز ئۆيدىكىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. قىز چوڭلاردىن باشلاپ سالام بېرىدۇ. شۇ ئاخشىمى يەڭگە بىلەن قىز بىر ياتىدۇ.

**سالامغا بېرىش** تويىنىڭ 2 ـ كۈنى يىگىت كېلىن بىلەن بىللە قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە سالامغا بارىدۇ. سالامغا بارىدىغانلار سانى قىز تەرەپتىن قىزنى كۆچۈرۈشۈپ كەلگەنلەرنىڭ سانىچىلىك بولىدۇ. كېلىننىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، يىگىت قولدىشى «كۈيئوغۇل قېيناتا ـ قېيناننىسىغا سالام بېرىدۇ!» دەپ 3 قېتىم توۋلايدۇ، كېلىننىڭ ئۆيدىكىلەر ئىشىكنى ئېچىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ، يىگىت ھەممىسىنىڭ كەينىدە كىرىدۇ. كېلىننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇلارنى شەربەت، پولۇ بىلەن مېھمان قىلىدۇ. كېلىننىڭ ئاتا ـ ئانىسى كۈيئوغۇلغا چاپان سوۋغا قىلىدۇ. خوشلىشىدىغان چاغدا كېلىننىڭ ئاتا ـ ئانىسى قۇدىلىرى، يىگىت قولدىشى

ۋە مېھمانلارغا سوۋغات بېرىدۇ، بۇ «داستىخان ياندۇرۇش» دېيىلىدۇ. توي مۇراسىمى، كېلىننى كۆچۈرۈپ كېلىش ۋە سالامغا بېرىش ۋاقىتلىرىدا قائىدە بويىچە ناخشا - ئۇسسۇل قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ توي - تۆكۈن ئىشلىرىدا ئاساسەن ئۆزگىرىش بولمىدى، بىراق قىز - يىگىت ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى تويلۇق ۋە سوۋغا - سالاملارنىڭ ئۆلچىمى بارغانسېرى ئاشتى.

ئۇيغۇر قىز - يىگىتلەر توي قىلغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسىدىن ئۆي ئايرىپ چىقىدۇ. بۇندىن باشقا، ئۆتمۈشتە يەنە بىر نەۋرىلەرگە ئوخشاش يېقىن تۇغقانلار ئۆزئارا توي قىلىدىغان، بوغۇن پەرقىگە ئېتىبار قىلمايدىغان ئادەت بار ئىدى.

• نىكاھتىن ئاجرىشىش   مىنگو دەۋرىدە ئەر - خوتۇنلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش ئۇسۇلى ئاددىي بولۇپ، ئەر - خوتۇن ئىككى تەرەپ قەغەز يۈزىدە پۈتۈشۈپ، مەھكىمە شەرئىيگە باراتتى، چوڭلاردىن 2 كىشى گۇۋاھلىقتىن ئۆتسە، ئەر بىر قېتىم «تالاق» دېسە، موللام توي خېتىنىڭ ئۈستىگە مۆھۈر بېسىشى بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش كۈچكە ئىگە بولاتتى. بالىلارنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىدە، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە، ئوغۇل بالا دادىسىغا، قىز بالا ئانىسىغا قالاتتى. ئاجراشقاندىن كېيىن ئايال كىشى 3 ئاي ئىددەت تۇتقاندىن كېيىن، قايتا ياتلىق بولالايتتى. بۇ مەزگىلدىكى تۇرمۇش خىراجىتىنى ئەر تەرەپ كۆتۈرەتتى. ئاجراشقاندىن كېيىن يارىشىۋېلىشقا بولاتتى. ئەمما ئەر كەينى - كەينىدىن 3 قېتىم «تالاق» دېۋەتكەن بولسا، يارىشىۋېلىشقا بولمايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ خىل ئادەتلەر بىكار قىلىندى. ئاجرىشىش، يارىشىۋېلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەستىقلايدىغان بولدى.

### 2) ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى

ئۇيغۇرلار مېيىتنى كۆمۈپ دەپنە قىلىدۇ، تۈز يەر چوڭقۇر ئويۇلۇپ مېيىت دەپنە قىلىنىدۇ، سەھەردە ۋاپات بولسا چۈشتە دەپنە قىلىش، كەچتە ۋاپات بولسا ئەتىسى ئەتىگەندە دەپنە قىلىش ئادەتكە ئايلانغان، مېيىتنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى بىر كۈندىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ. مەرھۇمنىڭ ئەر تۇغقانلىرى بېلىگە ئاق باغلايدۇ، ئايال تۇغقانلىرى بېشىغا ئاق رومال سالىدۇ. جۈمە كۈنى ۋاپات بولسا بەختلىك دەپ قارىلىدۇ.

ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئېڭىكى ئاق رەختتە قوشتۇرۇلىدۇ، ئېغىز ۋە كۆزلىرى يۇمدۇرۇپ قويۇلىدۇ، يۈزى ئوڭغا سەل قىيسايتىپ قويۇلىدۇ، ئاق رەختكە ئورىلىدۇ، تاختا پۈشتا ياتقۇزۇلىدۇ ھەمدە ئادەم تەكلىپ قىلىنىپ، سۇغا ئېلىنىدۇ. ئەر كىشىنى مەسچىتنىڭ ئىمامى ياكى مەزىنى ۋە جامائەت ئېتىراپ قىلغان تەقۋادار ئادەملەر سۇغا ئالىدۇ. ئايال كىشىنى ئاياللار سۇغا ئالىدۇ. مەرھۇمنىڭ چوڭ ئوغلى ياكى چوڭ قىزى سۇغا ئالغۇچىلار بىلەن بىللە ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى يېپىپ، مېيىت بىلەن تەڭ بويىنى سۇغا سالىدۇ. سۇغا ئېلىشتىن بۇرۇن مەرھۇمنىڭ ئالتۇن چىش، ھالقا، ئۈزۈك، بىلەيزۈك قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى ئېلىۋېتىلىدۇ (مەنىسى پانىي ئالەمنىڭ نەرسىلىرى بىلەن باقىي ئالەمگە بارسا جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، دېگەنلىكتۇر). مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئاپتۇۋىنى قولىغا ئېلىپ، مېيىتنىڭ بېشىدىن ئايىغىغا سۇ قۇيىدۇ، مېيىتنىڭ بەدىنى سۈرتۈلۈپ، بەل ۋە پۇتلىرى ئاق رەخت بىلەن ئورالغاندىن كېيىن كېپەنلىنىدۇ، يۈزى ئوچۇق قالدۇرۇلۇپ، ياغلىق بىلەن يېپىپ قويۇلىدۇ. بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى مەرھۇم بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالىشىدۇ. بۇ پەيتتە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ يىغا - زارى ئەۋجىگە چىقىدۇ (يىغا - زارى قاتتىق بولمىسا، ۋاپاسىزلىق دەپ قارىلىدۇ). ئاندىن كېيىن، جىنازىغا سېلىنغان مېيىت مەسچىتكە ئاپىرىلىدۇ، ئۇ يەردە نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، ئاندىن قەبرىستانلىققا ئاپىرىلىدۇ. جىنازىنى كۆتۈرگۈچىلەر ئادەتتە مەرھۇمنىڭ ئەۋلادلىرى بولىدۇ. خەلق ئارىسىدا «ئادەمنىڭ ۋاپادار ئوغلى بولسا، ئۆلگەندە جىنازا كۆتۈرۈشكە ياخشى» دېگەن گەپ بار. مېيىتنى كۆپىنچە مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنە ۋە قولۇم - قوشنىلىرى ئۇزىتىدۇ، ئاياللار مېيىت ئۇزىتىشقا، قەبرىستانلىققا بارمايدۇ، ئەمما

10 ياشتىن تۆۋەن قىز بالىلار مېيىت ئۈزىتىشقا، قەبرىستانلىققا بارىدۇ.

گۆر جەنۇب ـ شىمال يۆنىلىشىدە، تىك 4 بۇلۇڭ شەكلىدە تۈز كولىنىدۇ، چوڭقۇرلۇقى 1.5 مېتىردىن 2 مېتىرغىچە بولىدۇ. تاش گۆرنىڭ ئاستى يان تەرىپىدىن ئىچ گۆر كولىنىپ، ئىچىگە بىر قەۋەت قۇرۇق قۇم ياتقۇزۇلىدۇ، بۇ، مېيىت قويۇلىدىغان جاي. مېيىتنى يەرلىككە قويغاندا، بېشى شىمالغا، پۇتى جەنۇبقا، يۈزى قىبلىگە قارىتىپ قويۇلىدۇ. كېسەك بىلەن ئىچ گۆرنىڭ ئاغزى ئېتىلىپ، تاش گۆر تىندۇرۇلىدۇ. ئۈستىگە قەبرە ياسىلىدۇ ياكى خىشتىن بېلىق سىرتى شەكلىدە قەبرە قوپۇرۇلىدۇ ۋە ياكى قەبرە ئۈستىگە ياغاچ ئۆي يەنى كىچىك بىر قۇرۇلۇش ياسىلىدۇ، ئەترابى ياغاچ رېشاتكا بىلەن قورشىلىدۇ. مەرھۇمغا ئابىدە تىكلەنمەيدۇ ياكى ئاخىرەتلىك بۇيۇم ھەمراھ قىلىنمايدۇ.

مەرھۇمنىڭ ئۆيىدە 3 كۈنگىچە تاماق ئېتىلمەيدۇ، مېيىت ئۈزاتقۇچى ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەرگە ۋە مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا قولۇم ـ قوشنىلار تاماق ئېلىپ كىرىدۇ ياكى ئۇلار قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە تاماققا چاقىرىلىدۇ. مېيىت ئۈزىتىلىپ 3 ـ، 7 ـ ، 40 ـ كۈنلىرى ھەمدە يىلى توشقاندا نەزىر بېرىلىدۇ. 1958 ـ يىلدىكى دىنىي ئىسلاھاتتىن كېيىن نەزىر قىلغۇچىغا سوۋغا تەقدىم قىلىنمايدىغان بولدى. 1978 ـ يىلدىن باشلاپ باغاقتا كۆپىنچە «سوۋغات قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېگەن خەت يېزىلىدىغان بولدى.

ھازا ئاچقىلى كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەر، دىنىي زاتلارغا ھەق بېرىلىدۇ، بۇ، «ئىسقات» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە مەرھۇمنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە قاچا ـ قۇچىلىرى ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ ياكى مەرھۇمنىڭ كىيىملىرى ئۇلارنىڭ تاللىۋېلىشىغا قويۇپ بېرىلىدۇ. تۇرمۇش ئېغىر چاغلاردا كۆپىنچە ئاشلىق سوۋغات قىلىناتتى.

### 3) خەتنە توي

ئۇيغۇرلاردا ئوغۇل بالا 7 — 8 ياشقا كىرگەندە ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا خەتنە توي ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. خەتنە توي ئۆتكۈزگەندە، موللا تەكلىپ قىلىنىپ، بالىنىڭ بەختىنى تىلەپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدۇرۇلىدۇ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر قۇتلۇقلاشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇيغۇرلاردا خەتنە توي ئوغۇللار ھاياتىدىكى ئۆيلىنىشتىن قالسىلا يەنە بىر چوڭ ئىش، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى.

### 4) رېسىدە بولۇش

ئۇيغۇرلاردا قىز بالا 7 ياشقا كىرگەندە، ماڭلاي چېچى قالدۇرۇپ قويۇلۇپ، قالغان يېرى چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ. 7 ياشتىن تا بويىغا يەتكىچە بېشىنىڭ 2 تەرىپىگە يۇمىلاق چاچ قالدۇرۇلۇپ، بۇ چاچلار 8 — 10 تال قىلىپ ئۆرۈلىدۇ. قىز بالا توي قىلىدىغان چاغدا، ئاتا ـ ئانىسى قىزنىڭ چېچىنى 2 تال ئۆرۈپ قويىدۇ، بۇ «رېسىدە بولۇش» دېيىلىدۇ. بۇنىڭغىمۇ خۇددى خەتنە تويغا ئەھمىيەت بەرگەندەك، ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. قىز رېسىدە بولغان كۈنى ئۇرۇق ـ توغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر كېلىپ قۇتلۇقلايدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ئادەت بارغانسېرى سۇسلاشماقتا.

## 4. ئادەتلەر

1) سالاملىشىش ئۇيغۇرلاردا تونۇش ـ بىلىشلەر يولدا ئۇچرىشىپ قالسا، ئۆزئارا سالاملىشىدۇ، يەنى ئۇلار ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەپ سالام بېرىدۇ، قارشى تەرەپمۇ «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ سالامنى ئىلىك ئالىدۇ. ئادەتتە كىچىكلەر ئاۋۋال سالام بېرىدۇ، چوڭلار

سالامنى ئىلىك ئالىدۇ. كىشىلەر ئۆزئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ، بىراق، بۇ ئەرلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ، يولدا ناتونۇش كىشى بىلەن پاراڭلاشقاندا چوڭ ياشلىق ئەر كىشى بولسا «دادا»، ئۆزىدىن سەل چوڭ ياكى قېرىنداش ئەر بولسا «ئاكا»، چوڭ ياشلىق ئايال بولسا «ئانا»، ئۆزىدىن سەل چوڭ ياكى قېرىنداش ئايال بولسا «ئاچا» دەپ ئاتايدۇ.

2) تۇغۇت    ئۇيغۇرلاردا ئاياللار تۇغۇشتىن ئىلگىرى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىدۇ. ئادەتتە تۇغۇپ 50 كۈندىن كېيىن، ئەر تەرەپ سوۋغا - سالام ئېلىپ بېرىپ، يۆتكەپ كېلىدۇ.

بوۋاق بۆشۈككە بۆلىنىپ بېقىلىدۇ. بوۋاق يىغلاپ ئاۋارە قىلسا، بۆشۈك تەۋرىتىلسە توختاپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلار بوۋاق ۋاقتىدا بۆشۈكتە ياتقاچقا، ئارقا مېڭىسى ياپىلاق كېلىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللار ئېتىزدا ئەمگەك قىلغاندا بوۋاقلارنى سەگەنچۈككە سېلىپ قويىدۇ. سەگەنچۈك بىرخىل ۋاقىتلىق بۆشۈك بولۇپ، دەل - دەرەخلەرنىڭ سايىسىغا ياسىلىدۇ، 2 تال تانا 2 دەرەخنىڭ شېخىغا باغلىنىدۇ، تانىنىڭ يەر بىلەن بولغان ئارىلىقى بىر مېتىر كېلىدۇ، 2 تانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياغلىق چىگىلىدۇ، بوۋاق ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىنىپ، ئۈستى يەنە ياغلىق بىلەن يېپىلىدۇ. سەگەنچۈك پاشا، چىۋىن ۋە باشقا ھاشاراتلارنىڭ چېقىشىدىن ساقلايدۇ. بالا يىغلىغاندا تانىنى تارتىپ تەۋرەتسە بالا يىغىدىن توختايدۇ.

## 5. ھېيت - بايراملار

1) روزا ھېيت    ئىسلام كالېندارى بويىچە 9 - ئاي رامىزان ئېيى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئايدا مۇسۇلمانلار كۈندۈزى ھېچنېمە يېمەي - ئىچمەي روزا تۇتىدۇ. رامىزان ئېيى ئاياغلىشىپ 2 - كۈنى روزا ھېيت بولىدۇ. ھازىر بىر قىسىم چوڭ ياشلىقلاردىن باشقا، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلاردىن روزا تۇتىدىغانلار ناھايىتى ئاز. ھېيتتىن بۇرۇن ئۆي - ئۆيلەردە ساڭزا سېلىنىپ، ھېيتلىق يېمەكلىك پىشۇرۇلىدۇ، تازىلىق قىلىنىدۇ. ھېيت مەزگىلىدە ئەرلەر ھېيتلىق كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ مەسچىتكە بېرىپ ھېيت نامىزىنى ئۆتەيدۇ، بىر - بىرىنىڭ ئايىمىنى مۇبارەكلىشىدۇ.

2) قۇربان ھېيت    قۇربان ھېيت روزا ھېيتتىن 70 كۈن كېيىن كېلىدۇ. قۇربان ھېيتتا كالا، قوي قۇربانلىق قىلىنىدۇ، قۇربانلىق قىلىنغان مالنىڭ گۆشىنى سېتىشقا بولمايدۇ، پەقەت ئۆزى يېيىشكە، دوستلىرىغا سوۋغا قىلىشقا، مېھمان كۈتۈش ياكى مەسچىتكە تەقدىم قىلىشقا بولىدۇ. توقسۇنىڭ ئادىتىدە، ھېيت كۈنى مال قۇربانلىق قىلىنىپ گۆش پىشۇرۇلۇپ مېھمان ئۈزىتىلىدۇ، ئەرلەر مەسچىتكە بېرىپ ھېيت نامىزى ئۆتەيدۇ، ئاندىن ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ. 2 - كۈنى قولۇم - قوشنا، دوست - بۇرادەرلەر ئۆزئارا ھېيتلىشىدۇ.

3) بارات كېچىسى    ھەرىيلى ئىسلام كالېندارى بويىچە 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى بارات ئايىمى بولىدۇ. توقسۇنلۇقلارنىڭ ئادىتى بويىچە بارات كېچىسى ياغلىق قاپاق كۆيدۈرۈلىدۇ. شۇ ئاخشىمى توپ - توپ باللار ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ سۇ يىغى قاچىلانغان ياغلىق قاپاقلارنى يىغىپ، قاپاققا ئوت يېقىپ يۈگۈرىدۇ، بۇ شاتلىق يېرىم كېچىگىچە داۋاملىشىدۇ. 1949 - يىلدىن كېيىن، بۇ ئايەم تەدرىجىي سۇسلىششقا باشلىدى.

4) مەۋلۇت    مۇھەممەد پەيغەمبەر ئىسلام كالېندارى بويىچە 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تۇغۇلغان. مەۋلۇت — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش كۈنى. بۇ كۈندە مەزھەپلەر ياكى مەسچىتلەر بىرلىك قىلىنغان ھالدا خەتمە قۇرئان قىلىش، قەسىدە ئوقۇش، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تارىخىنى بايان قىلىش

قاتارلىق خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

5) نورۇز بايرىمى   نورۇز (نەۋرۇز) «يېڭى كۈن»، «يېڭى يىل» دېگەن مەنىدە. نورۇز بايرىمى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى، يەنى باھار بايرىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆڭۈل ئېچىش ئاساس قىلىنىدۇ. ھەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئوغلاق تارتىشىش، قوشاق، كالا، خوراز سوقۇشتۇرۇش، مەشرەپ، ئۇسسۇل، ساغاردى قاتارلىق مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولىدۇ.

## 6. شىۋە

تۇقسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىۋىسى مەركىزىي دىئالېكت رايونى بولغان ئۈرۈمچى دىئالېكت رايونىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. فونېتىكا جەھەتتە «ۋ» تاۋۇشى «ب» ياكى «گ»غا نۆۋەتلىشىدۇ (لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ كەينىدىكى قىسمى ئۆزگىرىدۇ)، مەسىلەن: «ئاقىۋەت» «ئاقىبەت» دەپ، «ئۇۋال» «ئۇگال» دەپ ئوقۇلىدۇ.

بولۇپمۇ ئېغىز تىلىدا يازما تىلدىكى «ۋ» تاۋۇشىنى «ب»، «گ»لارغا نۆۋەتلەشتۈرۈش ئەھۋالى ساقلانغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئايرىم سۆزلەرنىڭ مەنىسىدىمۇ پەرق بار.

بىرنەچچە سۆزنىڭ ئوقۇلۇشىدىن مىسال (1)

جەدۋەل: 4 — 1

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئېغىز تىلىدا | ئۇگال | جۇگا | ھالگا | ھاگانچا |
| يېزىق تىلىدا | ئۇۋال | جۇۋا | ھالۋا | ھاۋانچا |

بىرنەچچە سۆزنىڭ ئوقۇلۇشىدىن مىسال (2)

جەدۋەل: 4 — 2

| تۇقسۇ شىۋىسىدە | ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا |
|---|---|
| شالڭ | ماتا |
| ئاق ئۈزۈم | ئۈجمە |
| ئۆرۈك قېقى | گۈلە |
| ئاقۇشاق | سۆڭەك |
| كىزىلى | كىرىلى |
| شىناش | سىناش |
| ئۆڭگىلەڭ | غەلتە |

# 2 §. خەنزۇلار

## 1. تەرەققىيات جەريانى

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا توقسۇ بوستانلىقىدا ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلار بار ئىدى. مىنگو دەۋرىدە توقسۇ بازىرىدا ئاز ساندىكى خەنزۇ تىجارەتچىلەر بار ئىدى. توقسۇ ناھىيىسىگە يارەمچى ئامبال قويۇلغاندىن كېيىن، يەنە بىر تۈركۈم خەنزۇ ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى؛ ئۇلار مەنسىپىدىن چۈشكەندىن كېيىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيىدىكى خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى ئارانلا 13 تۈتۈن، 65 كىشى (ئەرلەر 44، ئاياللار 21) بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سەنشى، گەنسۇ، تيەنجىن، ئۈرۈمچىلەردىن كەلگەنلەر ئىدى، يەنە بىرنەچچە جىلىنلىق بولۇپ، ئۇلار شەرقىي شىمالدىن كەلگەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىيلار ئىدى (ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن).

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەنزۇلار چېگرا رايون قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىچكىرىدىن ئۈزلۈكسىز تۈردە توقسۇغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى يىلمۇيىل كۆپەيدى. 1950 - يىلى 184 خەنزۇ بار ئىدى، 1958 - يىلى 244كە، 1965 - يىلى 1671گە يەتتى. خەنزۇ ئاھالىسى ئەڭ كۆپەيگەن يىل 1973 - يىلى بولۇپ، شۇ يىلى 5249غا يەتتى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، «ئىچكىرىگە كېتىش» شاملى چىققاندىن كېيىن، خەنزۇ ئاھالىسى يىلمۇ يىل ئازىيىپ، 1988 - يىلى 3840قا چۈشۈپ قالدى.

توقسۇدىكى خەنزۇلار ئىچىدە گەنسۇلۇقلار ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا سىچۈەنلىك، شەنشىلىك، شەندۇڭلۇق، خېنەنلىك، سەنشىلىكلەر بار.

## 2. كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، تۇرالغۇ ئۆي ۋە قاتناش ئەھۋالى

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىكى كىيىم - كېچەكلەر ئىچىدە كۆك، كۈلرەڭ كىيىملەر كۆپرەك ئىدى، ئەرلەر ئاساسەن جۇڭشەن فورمىسىدىكى، ئاياللار لېنىن فورمىسىدىكى كىيىملەرنى كىيەتتى. 1956 - يىلدىن كېيىن ئاياللار ئىچىدە گۈللۈك كۆينەك كىيىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىللىرىدىن تاكى 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ماشرەڭ ھەربىي كىيىم مودا بولدى. 70 - يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە كىيىم - كېچەكلەرنىڭ شەكلى كۆپ خىللىششقا قاراپ يۈزلەندى، بۇ چاغدىكى كىيىم - كېچەكلەر، ئاساسەن، كاستيۇم - بۇرۇلكا، سىرىتمىلىق كۆڭلەك، ئۇزۇن كۆڭلەك قاتارلىقلار بولۇپ، رەختى ياختا رەخت، يىپەك، تېرىدىن خىمىيىۋى تالالىق رەختلەر، سوكنو، ماموق رەختلەرگە ئۆزگەردى.

خەنزۇلار مەملىكەتنىڭ 10 نەچچە ئۆلكە، رايوندىن كەلگەچكە، كۆپىنچە، ئۆز يۇرتلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنى ساقلاپ قالغان. جەنۇبلۇقلار گۈرۈچ تامىقىغا، شىمالىلىقلار ئۇن تامىقىغا ئامراق. ئاساسلىق تاماقلىرى ھورنان، قاتلىما ھورنان، چۆپ، گاڭپەندىن ئىبارەت. خەنزۇلار يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ لەغمەن، پولۇ، نان قاتارلىق يېمەكلىكلىرىنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. توقسۇدا ئۇزاقراق ياشىغان خەنزۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قوي

گۆشى يەيدۇ، چوشقا گۆشى يېمەيدۇ.

توقسۇدىكى خەنزۇلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش شارائىتىدا ناھىيە بازىرى بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم پەرق بار. يېزىلاردىكى خەنزۇلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان، ئۆيلىرىنىڭ سىرتقى شەكلى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. ناھىيە بازىرىدا ئولتۇراقلاشقان خەنزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئورگان ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئۆيلىرىدە ئولتۇرىدۇ. كىچىك ھويلىسى بار بەزى كىشىلەر ھويلىسىغا ئۈزۈم تېكى، مېۋىلىك دەرەخ تىكىۋالىدۇ ۋە تەشتەكتە گۈل ئۆستۈرىدۇ.

70 - يىللارغىچە كىشىلەر سىرتقا ئاساسەن پىيادە، ئات - ئېشەكلىك، ئات ۋە كالا ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ چىقاتتى. كېيىن ۋېلسىپىت، موتسىكلىت مىنىپ ۋە ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ سىرتقا چىقىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى.

## 3. نىكاھ ئىشلىرى

توقسۇدىكى خەنزۇلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەچكە، ئۆرپ - ئادىتى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، قىز - يىگىتلەرنى كۆپىنچە ئەلچىلەر تونۇشتۇراتتى، ئاتا - ئانىلار تويغا ئىگە بولاتتى. توي قىلىش يېشى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەنرەك بولاتتى، يىگىتلەرنىڭ يېشى كۆپىنچە 18 ياش ئۆپچۆرىسىدە، قىزلارنىڭ 16 ياش ئەتراپىدا بولاتتى. ئەينى ۋاقىتتا جەمئىيەتتە تويلۇق ئېلىش ئادىتى ئومۇملاشقانىدى، تويلۇقنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ئىقتىسادىي ئەھۋالغا قاراپ بولاتتى.

كېلىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەندە بېشىغا قىزىل چۈمپەردە سېلىۋالىدۇ، ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرىدۇ، قىز - يىگىت ئىككى تەرەپ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىدۇ (يىگىت تەرەپنىڭ ئۆيىدە چوڭراق زىياپەت بولىدۇ) . خىراجەتنى كۆپىنچە يىگىت تەرەپ كۆتۈرىدۇ. يىگىت بىلەن قىز مېھمانلارغا تازىم قىلىدۇ، باي بولسا ھەشەمەتچىلىك قىلىدۇ، نامرات بولسا ھەممە ئىش ئاددىي ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 50 - يىللارنىڭ بېشىدا توي ئىشلىرى ئىنتايىن ئاددىي ئۆتكۈزۈلەتتى، ئادەتتە تويىنىڭ ۋاقتى - سائىتى بېكىتىلگەندىن كېيىن ئازراق تاماكا، كەمپىت، گازىر قاتارلىقلار سېتىۋېلىناتتى. رەھبەرلەر ئالدىغا چىقىپ سۆزلەيتتى، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر زىياپەتكە كېلىپ تويىنى تەبرىكلىشەتتى، شۇنىڭ بىلەن توي ئىشى پۈتكەن بولاتتى. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەرنىڭ سوۋغىسى كۆپىنچە رەسىم، خاتىرە دەپتەر تۈرىدىكى نەرسىلەر ئىدى. 1960 - يىلدىن كېيىن بىرنەچچەيلەن بىرلىشىپ، ھەربىرى بىرنەچچە يۈەندىن پۇل چىقىرىشىپ مۇۋاپىق سوۋغات ئالىدىغان ئەھۋال پەيدا بولدى. 1980 - يىلدىن كېيىن سوۋغاتنىڭ سوممىسى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، توي - تۆكۈن ئىشلىرى بارغانسېرى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى.

ھۇجرىغا قىزىل قەغەزگە يېزىلغان بېغىشلىما (نەزمە) ، «خۇشاللىق» دېگەن خەت يېزىلغان قىزىل قەغەزلەرنى چاپلاش ھەمدە پوجاڭزا ئېتىش خەنزۇلارنىڭ توي ئادىتىدىكى ئاساسلىق ئالاھىدىلىك.

## 4. ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى

خەنزۇلاردا ئادەم ئۆلسە جەسەت ساندۇققا سېلىنىپ يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ، دەپنە قىلىش جەريانى ئاددىي

بولىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى مېيىتنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا تازىم قىلىپ ۋىدالىشىدۇ، ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ھازا ئاچىدۇ. ئۆلگۈچى ئىشچى - خىزمەتچى بولسا، ئىدارىسى ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

خەنزۇلار قەبرە ئالدىغا ئابىدە تىكلەيدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى تەخمىنەن 40×100 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئۆلگۈچىنىڭ يېقىنلىرى يېڭىچە قارا رەختتىن قارىلىق تاقايدۇ، 100 كۈندىن كېيىن قارىلىقنى ئېلىۋېتىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ قەبرىستانلىقى ئەسلىدە تاشئېرىق يېزىسىنىڭ تاشئېرىق كەنتىدىكى قاقاسلىقتا ئىدى. 1976 - يىلدىن كېيىن پەيشەنبەبازار يېزىسى ئارامەھەللە كەنتىنىڭ شەرقىدىكى قاقاسلىققا يۆتكەلدى. 1980 - يىلدىن كېيىن يەنە ئۆگەن دەرياسى تومىسىنىڭ غەربىدىكى چۆلتاغنىڭ باغرىغا يۆتكەلدى.

## 5. بايراملىرى

باھار بايرىمى — خەنزۇلارنىڭ ئەڭ دەبدەبىلىك بايرىمى، ھارپا كۈنى ئاخشىمى ئائىلىدىكىلەر جەم بولۇپ تاماق يەيدۇ، بايرامنىڭ 1 - كۈنى (يېڭى يىلنىڭ تۇنجى كۈنى) جۇۋاۋا يەيدۇ. ئەر - ئايال، قېرى - ياش يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىدۇ، ھەممە ئادەم شاد - خۇراملىقتا چۆمىدۇ، يۈز كۆرۈشكەندە بىر - بىرىنى تەبرىكلىشىدۇ، چوڭلار ئۇششاق باللارغا بايراملىق پۇل بېرىدۇ. دېھقانلار كالېندارى بويىچە 12 - ئاينىڭ 30 - كۈندىن 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە ئۆي - ئۆيلەردە ھاراق، گۆش، قورۇما، قورۇق ۋە مۆل مېۋە - چېۋە ھەمدە قەنت - گېزەكلەر تەييارلىنىپ مېھمان كۈتۈلىدۇ. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر ئۆزئارا ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ تەبرىكلىشىدۇ، كۈندۈزى ۋە كېچىدە پوجاڭزا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. 80 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن كېچىلىرى يەنە رەڭدار ساليوتلارنى كۆرگىلى بولىدىغان بولدى.

كۈندۈزدىكى تەبرىكلەش ئەدەپ - قائىدە يۈزىسىدىنلا قىلىنىدىغان بېرىش - كېلىشكە ياتىدۇ، يېقىن ئەل - ئاغىنىلەر ئادەتتە باھار بايرىمىنىڭ 4 - كۈنىدىن كېيىن ئۆزئارا زىياپەتكە چىللىشىدۇ. 60 - يىللاردىن كېيىن بۇ ئادەت يىلمۇ يىل ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

باھار بايرىمىدىن باشقا، يەنە يۈەنشياۋ بايرىمى، چوكانتال بايرىمى، ئاڭزۇڭزا چاغىنى، ئاۋۇز چاغىنى قاتارلىق بايراملار بار. بايرام قىلىش ئادىتى ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز يۇرتلىرىدىكىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

# 3 § . خۇيزۇلار

## 1. تەرەققىيات جەريانى

توقسۇ ناھىيىسىدىكى خۇيزۇلارنىڭ سانى ئاز، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە كۇچا، قاراشەھەر، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردىن بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. مىنگونىڭ 15 - يىلى (1926 - يىلى) كې يۇشۇن ئائىلىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆچۈپ كەلدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ناھىيە بويىچە خۇيزۇلار نوپۇسى 73 ئىدى.

1949 ـ يىلى ناھىيىدىكى خۇيزۇلار نوپۇسى 98گە يەتتى. 1982 ـ يىلى 386گە يەتتى، 1984 ـ يىلى 258گە چۈشۈپ قالدى. 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى 247گە چۈشۈپ، ئازىيىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. خۇيزۇلاردا دېھقانچىلىق قىلىدىغانلار ئاز، تىجارەتچى كۆپ، كۆپىنچىسى ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدۇ.

## 2. كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ ئۆي ۋە قاتناش ئەھۋالى

خۇيزۇ ئەرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىمى چولڭ ـ ئازادە بولىدۇ، بېشىغا قارا رەختتىن تاش كىيىم، ئىچىگە ئاق رەختتىن ئىچ كىيىم كىيىدۇ، ئىشتاننىڭ ئۇزۇنلۇقى پۇتىنىڭ سوڭىغىچە كېلىدۇ. يۇقىرى قاتلامدىكى چوڭلار تۆپىسى تۈز، كىچىك قارا شاپاق دوپپا كىيىۋالىدۇ، ئادەتتىكىلىرى تۆپىسى يۇمىلاق، ئاق شاپاق دوپپا كىيىۋالىدۇ.

چولڭ ياشلىق ئاياللار ئۈستى تار، ئايىغى كەڭ چاپان كىيىدۇ، چاپاننىڭ ئۇزۇنلۇقى تىزىدىن ئېشىپ تۇرىدۇ. بېشىغا چاچ تور ياكى ئاق ياغلىق (لىچەك) چىگىۋالىدۇ. قىز ـ چوكانلار ئوچۇق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ، چېچىنى ئۇزۇن ئۆرۈۋالىدۇ، بىلەيزۈك، زەنجىر، ھالقا، ئۈزۈك قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقايدۇ.

خۇيزۇلار ئائىلىدە ئاساسەن ھورنان، مانتا، جوۋاۋا، لەغمەن، گاڭپەن، سۇيۇقئاش قاتارلىق تاماقلارنى يەيدۇ. خۇيزۇلار چوشقا، ئىت، ئېشەك گۆشلىرىدىن پەرھىز تۇتىدۇ، ئۆزى باققان ئۆي توشقىنىنى يېمەيدۇ (ئاز ساندىكىلەر ياۋا توشقان گۆشى يەيدۇ). ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ھاراق، تاماكا ھارام دەپ قارىلىدۇ، چوڭلار ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ئالدىدا ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىش ئەدەبسىزلىك دەپ قارىلىدۇ. بىراق، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ خىل قاراش كونسېرى سۇسلاشماقتا.

يېزىلاردىكى خۇيزۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئۇيغۇرلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش، ناھىيە بازىرىدىكى خۇيزۇلارنىڭ خەنزۇلارنىڭكىگە ئازراق ئوخشايدۇ. خۇيزۇلار ئۆينى ناھايىتى رەتلىك تۇتىدۇ، ئاياللار قەغەز قىيىمچىلىقىغا ناھايىتى ماھىر. خۇيزۇلار يېمەك ـ ئىچمەك تازىلىقىغا بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغانلارنى قازان، ئوچاق بېشىغا يېقىن يوللاتمايدۇ. خۇيزۇلار ھويلىسىدا گۈل ـ گىياھ ئۆستۈرىدۇ، مۇھىت تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

## 3. نىكاھ ئىشلىرى

ئۆتمۈشتە قىز ـ يىگىتلەر تەڭ خىلىنى تاللاپ توي قىلىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى، تويغا ئاتا ـ ئانىلار ئارىلىشاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەركىن نىكاھ باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن كۆپىنچە قىز ـ يىگىتلەر يەنىلا «ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەمرى، ئەلچىنىڭ لەۋزى»گە ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك چولڭ ئىشىنى بېكىتىدىغان ئەھۋال يەنىلا مەۋجۇت. ئادەتتە يىگىت تەرەپ ئەلچى تەكلىپ قىلىپ ئۈنى چاي، قەنت ـ گېزەك قاتارلىق ئازراق سوۋغات بىلەن قىزنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىدۇ. قىز تەرەپ سوۋغىنى قوبۇل قىلسا، بۇ قوشۇلغانلىقىنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ. ئاندىن يەنە ئەلچى ئارقىلىق چاي ئىچۈرۈش كۈنى كېلىشىلىدۇ. چاي ئىچۈرۈلىدىغان كۈنى يىگىتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى سوۋغا ـ سالام ئېلىپ ئەلچى بىلەن بىللە قىزنىڭ ئۆيىگە

بارىدۇ. شۇندىن كېيىن ئىككى تەرەپ ئۆزئارا بېرىش - كېلىش قىلىپ، توي ۋاقتىنى كېلىشىدۇ. قىز مېلى تەييارلايدۇ. خوېزۇلاردا قىز مېلى كۆپرەك بولىدۇ، مەسىلەن: ياغاچ ئۆي جاھازىلىرى، كارۋات لازىمەتلىكلىرى، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلار. خوېزۇلار كۈز پەسلىنى تاللاپ توي قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

تويدىن ئىلگىرى قىز - يىگىت ئىككى تەرەپ باغاق تارقىتىدۇ. توي زىياپىتى ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئۆيلىرىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ھەرقايسى تەرەپ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يېقىنلىرىنى چىللايدۇ. ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوست - بۇرادەرلەر سوۋغات تەييارلاپ، ئۆز ۋاقتىدا بېرىپ توينى تەبرىكلەيدۇ. سوۋغات ئادەتتە رەخت، چاي، قەنت - گېزەك ۋە 4 نان بولىدۇ (نەق پۇل ئاپارسىمۇ بولىدۇ).

ساھىبخانا مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئاۋۋال قورۇق مېۋە - چېۋە، قەنت - گېزەك، چاي قاتارلىقلارنى، ئاندىن تۈرلۈك قورۇمىلارنى (ئادەتتە 8 خىلدىن كۆپ بولىدۇ) كەلتۈرىدۇ. زىياپەتنىڭ ئاساسلىق تامىقى گاڭپەن، مورنان بولىدۇ. قورۇمىلار تولۇق چىقىپ بولۇپ، قىز - يىگىت چىقىپ مېھمانلارغا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن زىياپەت باشلىنىدۇ. خوېزۇلارنىڭ توي زىياپىتىگە ئادەتتە ھاراق، تاماكا كەلتۈرۈلمەيدۇ.

نىكاھقا موللام رىياسەتچىلىك قىلىدۇ. نىكاھ يىگىت ياكى قىزنىڭ ئۆيىدە ئوقۇلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

نىكاھ مۇراسىمىدا يىگىت ۋە مېھمانلار ھازىر بولىدۇ، قىزنى باشقا پەردە ئولتۇرغۇزىدۇ. موللام ئالدى بىلەن قىرائەت قىلىپ نىكاھ ئوقۇيدۇ، توي خېتىنى كۆرىدۇ، يىگىتتىن قىزنى ئەمرىگە ئېلىشقا رازى بولغان - بولمىغانلىقىنى سورايدۇ. ئەمما قىزدىن سورىلىدىغان سوئال ۋە قىزنىڭ جاۋابى 2 ۋاسىتىچى ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدۇ.

ئەگەر توي قىز تەرەپتە بولسا، ئەلچى ۋە يىگىتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئاغىنىلىرى قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرىدۇ. ئاندىن يىگىت قولدىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا قىزنىڭ ئۆيىگە قىزنى ئېلىپ كېلىشكە بارىدۇ. يىگىت قېيناتا، قېينانا ۋە باشقا تۇغقانلار بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، قىز تەرەپ زىياپەت بېرىدۇ. چۈشتىن كېيىن يىگىت بىلەن قىز قولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. قىز ئۆيدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى قاتتىق يىغلاپ ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغانلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىشتە قىز ئادەتتە ئاپتوموبىلغا ئولتۇرىدۇ، ئاپتوموبىلدىن چۈشكەندىمۇ قىز يەرگە دەسسىتىلمەي، كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇلۇپ، كۆتۈرۈپ ھۇجرىغا ئېلىپ كىرىلىدۇ.

مىنگو دەۋرىدە قىزنىڭ بېشىغا چۈمپەردە سېلىنىپ كۆچۈرۈپ كېلىنەتتى. ھۇجرىغا كىرگەندىن كېيىن يىگىت چۈمپەردىنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىۋېتەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ خىل ئادەتلەر تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، بىر قىسىم كىشىلەر چۈمپەردە ئىشلەتمەيدىغان بولدى.

خوېزۇلارنىڭ توي ئىشلىرىدا يەنە بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەر بار. مەسىلەن: 1 - ئىشىكنىڭ پەردىسىنى قىزنىڭ يېقىنلىرى ئاسىدۇ. ئېسىپ بولغاندىن كېيىن يىگىتتىن يول ھەققى سورايدۇ. قىز كۆچۈرۈپ كېلىنىۋاتقاندا، ئارغامچا بىلەن يول توسۇلىدۇ، قىز يول توسقۇچىلارغا پۇل، كەمپىت ياكى باشقا ئۇششاق سوۋغاتلارنى بېرىدۇ. قىز قېيناتىسىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگىچە ھارۋا ياكى ئاپتوموبىلدىن چۈشمەيدۇ، شۇڭا يىگىت يول پۇلى بېرىدۇ. يىگىتنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىرەيلەن ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ كىرگۈزمەيدۇ، يىگىت ئىشىكنى تاقىۋالغان ئادەمگە يول پۇلى بېرىدۇ. شۇڭا، تويدىن ئىلگىرى قىز - يىگىت يېنىغا خالىغان چاغدا ئىشلىتىدىغان زاپاس پارچە پۇل تەييارلىۋالغاندىلا، ئاندىن يول - يوللاردىكى «قىيىن ئۆتكەل»لەردىن ئۆتەلەيدۇ. توي كېچىسى تەڭ دېمەتلىك ياشلار يەنە ھۇجرا قىزىقچىلىقى قىلىدۇ. يىگىت بىلەن قىز قارشى ئېلىشقىلا بولىدۇكى، خاپا بولۇشقا بولمايدۇ.

ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلەر قىزنىڭ قېيناتا - قېينانىسىنىڭ يۈزلىرىنى بوياپ، بەت - بەشىرە قىلىپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، جۇۋىنى تەتۈر كىيدۈرۈپ جامائەتنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىدۇ.

يۇقىرىقى ئادەتلەرنىڭ بىر قىسمى ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا، بىر قىسمى ئەمەلدىن قالدى. مەسىلەن: قېيناتا - قېينانىلارنى ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، جۇۋىنى تەتۈر كىيدۈرۈپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىشتەك ئەھۋاللار ياشانغان كىشىلەرنىڭ ئېسىدە ئېنىق بولسىمۇ، ياشلار مۇتلەق بىلمەيدۇ. پېشقەدەم خۇيزۇلارنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، «ئۇ ئىشلار يالاڭ زىخشىن، جىن شۇرېنلار زامانىدىكى ئىشلار» ئىكەن.

توينىڭ 2 - كۈنى يىگىتنىڭ ئۆيىدىكىلەر كېلىننىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىگە زىياپەت بېرىدۇ. 4 - كۈنى كېلىن ئوچاق بېشىغا ئۆتىدۇ، 7 - كۈنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، شۇ كۈنى قايتىپ كېلىدۇ. بىر ئايدىن كېيىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە 2 - قېتىم بارىدۇ ھەمدە بىر ئاي تۇرىدۇ، بۇ «بىر ئاي تۇرۇش» دېيىلىدۇ.

ئۆتمۈشتە خۇيزۇلارنىڭ يېقىن تۇغقانلار بىلەن توي قىلىش ئادىتى بار ئىدى. پەقەت ئېمىلداش ئاكا - ئىنى، ئاچا - سىڭىللار بىلەن توي قىلىشقىلا بولمايتتى. بۇندىن باشقا، قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بار - يوقلۇقىدىن قەتئىينەزەر توي قىلىشقا بولىۋېرەتتى.

خۇيزۇلار ئۆز مىللىتى ئىچىدە توي قىلىشنى قاتتىق تەكىتلەيدۇ، خۇيزۇ قىزلىرىنىڭ باشقا مىللەت يىگىتلىرى بىلەن توي قىلىشىنى قاتتىق چەكلەيدۇ. توقسۇدىكى خۇيزۇلارنىڭ سانى ئاز، جۈرە تاللاش دائىرىسى تار بولغاچقا، كۆپىنچە قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق سىرت ناھىيەلەردىكى خۇيزۇلار بىلەن تويلىشىپ كەلگەن. قىز - يىگىتلەر ئۆزئارا جۈرە تاللىغاندا قانۇن - ئىنتىزام ۋە شەرىئەتكە بويسۇنۇشنى مۇھىم شەرت دەپ قارايدۇ.

توقسۇدىكى خۇيزۇلاردا «ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتۈش» كۆز قارىشى بولغاچقا، ئۆز مىللىتىدىكىلەر ئاجرىشىپ كەتسە پەس كۆرىدۇ، شۇڭا ئۇلاردا نىكاھتىن ئاجرىشىش نىسبىتى تۆۋەن بولىدۇ.

## 4. ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى

خۇيزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشى بويىچە «ئادەم نەدە ئۆلسە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ»، مېيىتنى يۆتكىمەيدۇ. دەپنە قىلىش ئادەتلىرى ئاساسەن يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۆلۈم خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەر كېلىپ ھازا ئاچىدۇ، كۆڭۈل سورايدۇ (بىراق پۇل - پۇچەك سوۋغات قىلىنمايدۇ). 4 -، 7 -، 27 -، 37 -، 40 -، 100 - كۈنلىرى ھەمدە يىلى توشقاندا نەزىر بېرىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يەتتە نەزىرسى، قىرقى نەزىرسى، يۈز نەزىرسى ۋە يىل نەزىرلىرى ئالاھىدە داغدۇغىلىق بولىدۇ. شۇندىن كېيىن، ھىجرىيە كالېندارى بويىچە ھېسابلاپ يىلى توشقاندا يەنە نەزىر قىلىنىدۇ، نەزىرگە موللامالار چىللاپ كېلىنىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلدۇرۇلىدۇ ھەمدە ساڭزا ۋە باشقا يېمەكلىكلەر تەييارلىنىپ، ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرىگە بۆلۈپ بېرىلىدۇ.

1949 - يىلدىن ئىلگىرى، ئۆلۈم ئۇزاتقاندا، مەرھۇمنىڭ يېقىنلىرى ئاق شاپاق دوپپا، ئاق ئاياغ كىيىم كىيىپ، ئاق رەختنى قارىلىق بەلگىسى قىلاتتى.

خۇيزۇلار ئۆز مىللىتىدىن بولغان تۇل، يېتىم - يېسىرلار، سىرتتىن كەلگەنلەر ھەمدە نامرات كىشىلەر ئۆلسە ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق مەرھۇمنىڭ روھىنىڭ بالدۇرراق ئەمىن تېپىشىنى تىلەيدۇ.

خۇيزۇ بالىلىرىنىڭ مەيلى ئوغۇل ياكى قىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ئىسمىدىن سىرت، يەنە دىنىي ئىسمىمۇ بولىدۇ. دىنىي ئىسمى تۇغۇلۇپ 7 كۈندىن كېيىن قويۇلىدۇ. ئوغۇللار 6 — 7 ياشقا كىرگەندە

خەتنە قىلىنىدۇ، خەتنە قىلىش جەريانى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

## 5. ھېيت ـ بايراملىرى

توقسۇدىكى خۇيزۇلارنىڭ ھېيت ـ بايراملىرى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاش. روزا ھېيت، قۇربان ھېيت قاتارلىق ئاساسلىق ھېيتلىرى بار. ئۇلار بۇ ھېيتلارنى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئۆتكۈزىدۇ.

## 6. تىلى

توقسۇدىكى خۇيزۇلارنىڭ يېزىق تىلى ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى، ئېغىز تىلى توقسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ شېۋىسى ۋە خەنزۇ تىلى شېۋىسى بولۇپ، ئادەتتە ئۇيغۇرلار بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇيغۇرچە، خەنزۇلار بىلەن سۆزلەشكەندە خەنزۇچە سۆزلەيدۇ. خۇيزۇلارنىڭ تىلىدا «ئېر» قوشۇمچىسى ئېغىرراق، سوزۇپ سۆزلەيدۇ، sh,f فونېمىلىرىنى پەرقلەندۈرمەيدۇ، مەسىلەن: shu نى fu دەپ ئوقۇۋېرىدۇ.

# 4 § . مىللىي دوستلۇق

توقسۇ بوستانلىقىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى كۇسەن بېگى قىزىل خان جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى بىلەن تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇرلار كۇسەن رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىقتىدارىنى ئىپادىلىدى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئىسلام دىنى كۇسەن رايونىغا تېزلىكتە تارقىلىپ، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلەتتى.

توقسۇدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە مىللىي دوستلۇق بابىدا كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مىساللار ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ھەرخىل شەكىللەردە ئىپادىلەندى. بولۇپمۇ 1981 ـ يىلدىن بېرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ناھىيە خاراكتېرلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى تەرغىپ قىلدى ۋە تەقدىرلىدى، ھەرقايسى ئورۇنلارنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىقىشقا سەپەرۋەر قىلدى. شۇڭا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نۇرغۇن ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار بارلىققا كەلدى. بۇ ئىشلار كىشىنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى.

## 1. قاسىم ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ خەيرىنىسا (خەنزۇچە ئىسمى ليۇ يىڭيىڭ)نى بېقىۋېلىشى

1961 ـ يىلى گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن ناھىيىسىنىڭ چۈەنخۇ يېزىسىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن

ليۇ خەندۇڭ قورامىغا يەتمىگەن بىرنەچچە پەرزەنتىنى ئەگەشتۈرۈپ، دايۈلتۈز گۈڭشېسىنىڭ تۈز ئېرىق چوڭ ئەترىتىگە قېچىپ كېلىدۇ. ليۇ خەندۇڭنىڭ ئۆزى تەنها ھالدا كۆپ بويى ئېتىزدا جاپا چېكىپ ئىشلەپ ئالغان ئىش نومۇرى قورساق بېقىشقىمۇ يەتمەيدۇ. بىر نەچچە بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش قانداقمۇ ئاسان چۈشسۇن؟ گۈڭشې ئەزاسى قاسىم ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ ئايالى چولپانخان قەلبى پاك، ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر دېھقان ئىدى. بىر كۈنى چولپانخان ليۇخەندۇڭغا ئۇنىڭ كىچىك قىزى ليۇ يىگېڭنى بېقىۋېلىش تەكلىپىنى ئېيتىدۇ، ليۇ خەندۇڭ خۇشاللىق بىلەن رازىمەنلىك بىلدۈرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ليۇ يىگېڭ قاسىم ئىبراھىم ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئۇنىڭغا ئۇيغۇرچە «خەيرىنىسا» دەپ ئات قويۇپ قويىدۇ. قاسىم ئىبراھىم بىلەن چولپانخان ئۇنى ئۆز بالىسىدەك كۆرىدۇ. خەيرىنىسا سالامەت چوڭ بولۇپ، 1975 - يىلى خوجا ئابدۇللاغا ياتلىق قىلىنىدۇ ھەمدە 3 ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنت كۆرىدۇ. 30 يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ، قاسىم ئىبراھىم بىلەن چولپانخانمۇ 70 ياشلىق بوۋاي - مومايلارغا ئايلىنىدۇ. خەيرىنىسا بىلەن بېقىۋالغان ئاتا - ئانا ئوتتۇرىسىدا قان بىلەن گۆشتەك مېھرى - مۇھەببەت ئورنىتىلىدۇ. ئۇلار ھازىرغا قەدەر قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلمەكتە.

## 2. ئىمىن ياقۇپ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ خەن شيۇفاڭ (ئۇيغۇرچە ئىسمى خەبىرەم)نى بېقىۋېلىشى

1961 - يىلى ئەمدىلا 8 ياشقا كىرگەن خەن شيۇفاڭنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاكىسى خەن چىڭخەي بىلەن بىللە يۇرتى (گەنسۇ ئۆلكىسى جىنتا ناھىيىسىنىڭ گۇچېڭ يېزىسى 4 - كەنت) دىن ئايرىلىپ، ئايلىنا - ئايلىنا ئاخىرى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ دايۈلتۈز گۈڭشې خوجا تۇرۇس چوڭ ئەترىتىگە كېلىپ قالىدۇ. بۇ چوڭ ئەترەتنىڭ 4 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىمىن ياقۇپ يېتىملىك دەردىنى يەتكىچە تارتقان خەن شيۇفاڭنى بېقىۋېلىپ، ئۇنىڭغا «خەبىرەم» دەپ ئات قويىدۇ.

ئەترەت باشلىقى ئىمىن ياقۇپ سىرتقا ئەمگەككە چىقسا، بالىنىڭ يۈتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىمۇ تەلك ئېتىز بېشىغا ئېلىپ چىقىدۇ. يازدا قۇياش تەپتىدىن يەر - جاھان ئوتتەك قىزىپ كەتكەندە ئۇ يەرگە بىر نەچچە تال دەرەخ شېخىنى سانجىپ، ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە يېپىپ خەبىرەم ئۈچۈن سالقىن مۇھىت ھازىرلايدۇ. خوجا تۇرۇس بىر چەت - ياقا ئەترەت بولغاچقا، كىنو قويۇش ئەترىتى، سەنئەت ئۆمىكى ئاسادىپەن بۇ يەرگە كېلىپ كىنو، ئويۇن كۆرسىتىپ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا ئەترەت باشلىقى ئىمىن ياقۇپ خەبىرەمنى مۈرىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ كىنو، ئويۇن كۆرسىتىدۇ. قاتتىق قىش كېلىپ ھاۋا سوغۇق بولغاندا، ئۇ خەبىرەمنى سۆيۈپنىڭ ئەڭ ئىسسىق يېرىگە ياتقۇزىدۇ.

ئەترەت باشلىقى ئىمىن ياقۇپنىڭ كۆڭۈل قويۇپ بېقىشى بىلەن خەبىرەم چوڭ بولىدۇ. 1968 - يىلى ئۇ توپاشەھەر چوڭ ئەترىتىدىكى جامال قاسىمغا ياتلىق قىلىنىدۇ. توي قىلغاندىن كېيىن ئەر - ئايال ئىككىسى ناھايىتى ياخشى ئۆتىدۇ ھەمدە 2 ئوغۇل 4 قىزلىق بولىدۇ. 1979 - يىلى ئۇلار سەيپۇڭتېرەك كەنتىگە كۆچۈپ كېلىدۇ. ئەترەت باشلىقى ئىمىن ياقۇپ 1983 - يىلى ۋاپات بولىدۇ. خەبىرەم تا ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە ئىختىيارسىز ياش تۆكىدۇ.

## 3. خەنزۇ ئوقۇتقۇچى لى لىشىننىڭ ئۇيغۇر بالا قۇرباننى قۇتقۇزۇۋېلىشى

1981 - يىل 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دايۈلتۈز گۈڭشې تۈزئېرىق چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەزاسى ھۆرنەم

2 ياشلىق ئوغلى قۇرباننى ئېلىپ دايۇلتۇز بازىرىغا بارىدۇ. دايۇلتۇز ئۆستەڭ كوچىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بولغاچقا، قۇربان كۆۋرۈك ئۈستىدە، ئويناۋېتىپ تۇيۇقسىز تېيىلىپ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ھۆرىنەم قورقۇپ يىغلايدۇ ھەم ۋارقىرايدۇ.

دايۇلتۇز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى لى لىشىن تۇۋلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، يۈگۈرگەن پېتى يېتىپ كېلىدۇ. ئۆستەڭ بۇ چاغدا قۇرباننى 10 نەچچە مېتىر يىراقلىقتا ئاپىرىۋەتكەنىدى. بالا شىددەتلىك قاينام ئىچىدە جان تالىشىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن لى لىشىن قىلچە ئىككىلەنمەستىن سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، قۇرباننى قىرغاققا ئېلىپ چىقىدۇ.

بۇ چاغدا قۇرباننىڭ تىنىقى ئاجىزلىشىپ چىرايى سارغىيىپ كەتكەنىدى. لى لىشىن يەنە بالا تاكى خەتەردىن قۇتۇلغىچە جىددىي قۇتقۇزۇشقا يارەملىشىدۇ.

لى لىشىن خەتەردىن قۇتۇلغان بالىنى ھۆرىنەمگە تاپشۇرغان چاغدا، ھۆرىنەم يۈتكۈل بەدىنى لايغا مىلەنگەن لى لىشىنغا قاراپ، ھاياجانلانغان ھالدا:

— سىز بالامنىڭ شەپقەتچىسى، سىزنى خۇدا ساقلىسۇن،. دەيدۇ.

## §5. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە نەمۇنە ناھىيە بەرپا قىلىش

توقسۇ ناھىيىسى 1982 - يىلدىن باشلاپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، پوسكام ناھىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقات تەربىيىسىنى كەڭ دائىرىدە، چوڭقۇر قانات يايدۇردى. بۇ ناھىيە 1991 - يىلغىچە ئۇدا 9 يىل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتىكى مۇقىملىق، جەمئىيەت ئامانلىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1982 — 1991 - يىلغىچە توقسۇ ناھىيىسى جەمئىي 3 قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە قوش ئىلغارلارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى، ئىلغار كوللېكتىپتىن 117نى، ئىلغار شەخستىن 333نى باھالاپ چىقتى. ناھىيە بويىچە رايون دەرىجىلىك 77 ئورۇندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 271 كەنت ۋە يېزىغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگاندىمۇ مۇناسىپ تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 884 قېتىم مىللەتلەر ئارا دوستلۇق پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلدى، پائالىيەتكە 129 مىڭ 64 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 1621 قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈلدى، بۇ يىغىنلارغا 184 مىڭ 794 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. 22 مىڭ 700 نۇسخا ھەرخىل تەشۋىقات ماتېرىيالى بېسىپ تارقىتىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر 872 ماقالە رادىئو ئۇزېلىدا ئاڭلىتىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىق قىلىنغان تام گېزىتى، قارا دوسكىدىن 1884 سان ئىشلەندى. مىللەت نەزەرىيىسى بويىچە 173 قارار كۇرس ئېچىلدى، 91 قېتىم چۈشەندۈرۈش دوكلاتى بېرىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تايانچ كادىردىن 26 مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. بۇ پائالىيەتلەر ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسى ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ، ھەممە ئادەم بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى. 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 62 ئورۇن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ يېتىشتى، بۇ، ناھىيە بويىچە ئىدارە، ئورگانلارنىڭ %80تىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلدى. 7 يېزا، بازار، مەيدان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار ئورۇن

بولۇپ يېتىشتى، بۇ، ئومۇمىي يېزا، بازار، مەيداننىڭ %63نى ئىگىلىدى. ناھىيىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 2116، بۇ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي كادىرنىڭ %81.8نى ئىگىلەيدۇ. مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر %64نى ئىگىلەيدۇ.

ئېرىشىش ئارقىلىق ناھىيىنىڭ ئاشلىق، پاختا ھوسۇلى ئاشتى، كىشىلەر روناق تاپتى، چارۋا ماللار كۆپەيدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى، جەمئىيەت تەرەققىياتى كۆرۈنەرلىك بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان «ئىككىدىن ئايرىلالماسلىق»، «بەش ئۆزئارا»، «تۆت ھەممە ئادەم» ئىدىيىسى ھەممە كىشىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدى، جەمئىيەت كەيپىياتى ياخشىلاندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى. 9 يىلدا جەمئىي 16 مىڭ 200 ياخشى ئىش بارلىققا كەلدى. ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە قانات يايدۇرۇلغان مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتىدە 24 خەنزۇ ئوقۇغۇچى 186 قۇر كىيىم - كېچەك ئىئانە قىلدى، 273 خەنزۇ ئوقۇغۇچى 200 نەچچە يۈەن ئىئانە قىلىپ، 20 ئائىلىلىك نامرات ئۇيغۇرغا ئاپىرىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىدىكى قەھەتچىلىكتىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى.

توقسۇ بازىرىدىكى يەككە تىجارەتچى ئەمەر ئابدۇللا ھەر مىللەتتىن بولغان نامرات ئائىلىلەرگە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ياردەم بەردى، يەنە ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنى ۋە مائارىپ ئىشلىرىغا پۇل ئىئانە قىلدى.

1991 - يىل 7 - ئايدا ئەنخۇي، جياڭسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە، ناھىيىدىكى ھەرمىللەت خەلقى قىزغىنلىق بىلەن 101 مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى خەنزۇ خەلقىگە ياردەم بەردى.

توقسۇ ناھىيىسىدە مىللەتلەر باراۋەر، ئىتتىپاق، مىللىي دوستلۇق كەيپىياتى ئىنتايىن قويۇق. ھەرمىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلماقتا، ئورتاق گۈللەنمەكتە ۋە ئالغا باسماقتا. توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئەمۇنىچى ناھىيە بەرپا قىلىشتەك ئىش - ئىزلىرى ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك ھەردەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى.

1991 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە توقسۇ ناھىيىسىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئەمۇنىچى ناھىيە» دەپ نام بېرىش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

1991 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ناھىيىلىك كىنوخانىدا نام بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا 1000دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن سوڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، ھامىدىن نىياز، بادەي، تاڭ گۇاڭسەي قاتارلىقلار يىغىنغا تەبرىك تېلېگراممىسى ياكى بېغىشلىما ئەۋەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى خەلچەم ئىسلام ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە سىياسىي كېڭەشلەرگە ۋاكالىتەن توقسۇغا كېلىپ تەبرىكلىدى ھەمدە يىغىندا قىزغىن سۆز قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خۇاڭ چاڭيۈەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ نام بېرىش قارارىنى ئوقۇدى، ۋالىي قاھار ئەمەت يىغىندا سۆز قىلدى. نام بېرىش يىغىنىغا يەنە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن تيەن شىچىڭ، لى جىمىن، يەمتىمىن زاكىر، لى چۈنرېن، شيۇڭ تىڭيۈ، ۋاڭ جىنشەن، لى جىنچىڭ، بارات ھەسەن قاتارلىقلار قاتناشتى. يىغىندا بارات ھەسەن دوكلات بەردى، ھەرمىللەت ئۆسمۈرلىرى ۋە بالىلىرى يىغىنغا قاتناشقان مېھمانلارغا گۈل تەقدىم قىلدى ھەمدە يىغىنغا بېغىشلىما سۆزى تەقدىم قىلدى. يىغىن ناھىيە خەلقىگە تەشەببۇسنامە چىقىرىپ، ھەرمىللەت خەلقىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، قولنى قولغا تۇتۇپ، قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەت

ئامانلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا، بىرنىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا يېڭى سەھىپە ئېچىشقا چاقىرىق قىلدى.

# II باب

# دىن

تارىختا توقسۇغا بۇددا، زاروئاستىر، مانى، نېستورىئان ۋە ئىسلام دىنلىرى تارقالغان. 14 - ئەسىردە ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، بۇددا دىنى تەدرىجىي زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسىدىكى ھەرمىللەت خەلقى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ۋە ئېتىقاد قىلماسلىق ئەركىنلىكىگە ھەمدە ھەرقانداق بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە بولدى.

## § 1. ئىسلام دىنى

### 1. تارقىلىپ كىرىشى

ئىسلام دىنىنىڭ توقسۇ رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتى 14 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىغا (ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بالدۇرراق مەزگىللەرگە) توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى توقسۇ ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، بۇددا دىنى كۆچلىرى پۈتۈنلەي يوقالدى. 17 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىغا كەلگەندە دىنىي ئىمتىياز كۈنسېرى كۈچىيىپ، دىنىي داھىي ھېسابلانغان «خوجىلار» ھەممىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دىنىي قائىدە، ئەقىدىلەر ھەممە كىشىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتتى.

توقسۇ ناھىيىسىدە ئۇيغۇر، خۇيزۇ ئاھالىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار: ئاللاھ بىر، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، «قۇرئان» ئاللاھنىڭ مۇقەددەس كىتابى، دەپ تونۇيدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئالدىن بېكىتىلگەنلىكىگە، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقى ھەمدە قىيامەت كۈنى سوراققا تارتىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئىسلام دىنى مۇرتلىرى دىنىي ئەھكاملارغا ھۆرمەت قىلىشى يەنى 5 پەرز — ئىمان ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆشرە - زاكات بېرىش، ھەج - تاۋاب قىلىشنى ياخشى ئادا قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىمان ئېيتىش بىلەن ناماز ئوقۇش ئەڭ مۇھىم بولۇپ، كۈندىلىك زۆرۈر پەرزدۇر.

ئىسلام دىنىدا ئىشانلىق مەزھىپى دېگەن بىر مەزھەپ بار، بۇ مەزھەپ توقسۇغىمۇ تارقالغان. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) كۇچا ناھىيىسىدىكى ئىشانلارنىڭ باشلىقى پىرخالىددىن 8 مۇرتىنى باشلاپ توقسۇغا پائالىيەت قىلىشقا كەلدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 10 - ئايدا ئونسۇ ناھىيىسىدىكى ئىشان ئابابەكرى توقسۇغا ئىشانلىق مەزھىپىنى تەرغىب قىلىشقا كەلدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى)

توقسۇدا 95 ئىشان بار ئىدى، مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 64كە چۈشۈپ قالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئىشانلارنىڭ پائالىيىتى خېلى پەسكويغا چۈشكەنىدى. 50 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە بازار، يېزىلاردا سوپىلار يەنىلا پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. 1954 ـ يىلدىن كېيىن ئىشانلار تەدرىجىي يوقالدى. شۇندىن كېيىن، ناھىيە تەۋەسىدە ئىشانلارنىڭ پائالىيىتى قايتا كۆرۈلمىدى.

## 2. دىنىي سورۇنلار

### 1) مەسچىت

مەسچىت ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزىدىغان پائالىيەت سورۇنى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ناھىيىدە چوڭ ـ كىچىك مەسچىتتىن 208ى بار ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى 3.

**خوتەن مەھەللە مەسچىتى** مىنگونىڭ 14 ـ يىلى (1925 ـ يىلى) سېلىنغان. بۇ مەسچىتنى مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) قۇربان خاتىپ قاتارلىقلار مەبلەغ توپلاپ كېڭەيتىپ سالغان. كۆلىمى 3600 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 1000 ئادەم سىغىدۇ. مەسچىت پەشتىقىنىڭ ئېگىزلىكى 10 مېتىرغا يېتىدۇ، تاشقى كۆرۈنۈشى ھەشەمەتلىك، مەسچىت ھويلىسىدا بىر تۈپ 100 يىللىق بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن قارىياغاچ بار. بۇ مەسچىت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ۋەيران قىلىندى.

**يۇلتۇزكوچا مەسچىتى** چوڭلارنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، بۇ مەسچىت چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 11 ـ يىلى (1885 ـ يىلى) سېلىنغانىكەن. 1966 ـ يىلدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ۋەيران قىلىندى. 1980 ـ يىلى مەبلەغ توپلاپ قايتا سېلىندى، كۆلىمى 700 كۋادرات مېتىر. ھەر جۈمە كۈنى ئەتراپتىكى 10 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى دىندارلار بۇ مەسچىتكە كېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.

**تاشئېرىق خانىقاسى** رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ خانىقا 300 نەچچە يىللىق تارىختا ئىگە ئىكەن. 1949 ـ يىلى يەنى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا تاشئېرىقلىق دىنىي زات روزى مىراپ باشلامچىلىق بىلەن مەبلەغ توپلاپ قايتا ياساتقان. خانىقا «پەيغەمبەر» ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ قەبرىگاھى يېنىدا بولغاچقا، نۇرغۇن مۇرت بۇ يەرگە كېلىپ دىنىي پائالىيەت قىلىدۇ. خانىقانىڭ ئىلگىرىكى ئىمامى ئابلا قازى (1891 — 1961) ئۆز دەۋرىدە ناھىيىدىكى داڭلىق دىنىي ئۆلىما ئىدى.

1960 ـ يىلى ناھىيىدىكى مەسچىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلدى، جۈملىدىن 101 مەسچىت ئاممىۋى ئاشخانا، ئامبار، پىلە بېقىش ئۆيى، مىللىي مەكتەپ، دېھقانلار ئۆيى، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى قىلىندى، كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا يەنە بىرمۇنچە مەسچىت ۋەيران قىلىندى.

1978 ـ يىلى يەنى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيە بويىچە بىر تۈركۈم مەسچىتلەر يېڭىدىن سېلىندى ۋە رېمونت قىلىندى. 1988 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيىدىكى مەسچىت 257گە، كۆلىمى 47 مىڭ 932 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، جامائەتنىڭ مەسچىت سېلىشقا توپلىغان مەبلىغى 407 مىڭ 700 يۈەن بولدى. مەسچىتلەردە باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

خويزۇلاردا چوڭ ۋە كىچىك جامائەتچىلىك دەپ 2 مەزھەپ بار. ناھىيە بازىرىدا ئەسلىدە بىر خويزۇ مەسچىتى بار ئىدى، ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا چېقىۋېتىلدى. كېيىن خويزۇلار ئازىيىپ كەتكەچكە، خويزۇ مەسچىتى بولمىدى.

## توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدە 1984 ـ يىلى بار بولغان چوڭراق (قۇرۇلۇش كۆلىمى 300 كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق) مەسچىتلەر

جەدۋەل: 4 — 3

| قاراشلىق يېزا، بازار نامى | مەسچىت ئورنى | سېلىنغان ۋاقتى (يىلى) | كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئىمام سانى |
|---|---|---|---|---|
| توقسۇ بازىرى | خوتەن مەھەللە 1 ـ كوچا | 1935 | 3600 | 1 |
| | يۇلتۇز كوچا مەھەللىسى | 1980 | 700 | 1 |
| ئىچچېرىق يېزىسى | ئاقيار كەنتى 2 ـ گۇرۇپپا | 1979 | 300 | 1 |
| | توقچەك 1 ـ گۇرۇپپا | 1982 | 300 | 1 |
| | جاي كەنتى 3 ـ گۇرۇپپا | 1980 | 1080 | 1 |
| | يۇقارقى مەھەللە كەنتى 3 ـ گۇرۇپپا | 1980 | 300 | 1 |
| | قاراتاش كەنتى 3 ـ گۇرۇپپا | 1979 | 300 | 2 |
| | مۇنار كەنتى 1 ـ گۇرۇپپا | 1979 | 300 | 1 |
| | مۇنار كەنتى 2 ـ گۇرۇپپا | 1979 | 300 | 1 |
| | يېڭى مەھەللە كەنتى 1 ـ گۇرۇپپا | 1980 | 672 | 1 |
| | قىزىلتام كەنتى 3 ـ گۇرۇپپا | 1979 | 300 | 1 |
| | ئويباغ كەنتى 3 ـ گۇرۇپپا | 1980 | 374 | 1 |
| | تىگىن كەنتى 2 ـ گۇرۇپپا | 1983 | 824 | 1 |
| | تىگىن كەنتى 3 ـ گۇرۇپپا | 1980 | 320 | 1 |
| | تومىا كەنتى 4 ـ گۇرۇپپا | 1940 | 360 | 1 |
| | پايىس كەنتى 3 ـ گۇرۇپپا | 1981 | 400 | 1 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | پەيشەنبە بازار كەنتى 2 ـ گۇرۇپپا | 1981 | 600 | 1 |
| | ئورباغ كەنتى | 1980 | 750 | 2 |
| | كالتا قىچچى كەنتى 2 ـ گۇرۇپپا | 1980 | 300 | 1 |
| | چولق قىچچى كەنتى | 1981 | 441 | 2 |
| | قارادۆڭ كەنتى | 1981 | 320 | 1 |
| | قۇمكۆل كەنتى 5 ـ گۇرۇپپا | 1982 | 540 | 1 |
| | سۆگەتتوتان كەنتى 3 ـ گۇرۇپپا | 1982 | 1350 | 1 |
| | سۆگەتتوتان كەنتى 4 ـ گۇرۇپپا | 1984 | 475 | 1 |
| | يۇقىرىئېجالق كەنتى 2 ـ گۇرۇپپا | 1984 | 432 | 1 |
| | قومۇشئېرىق كەنتى 2 ـ گۇرۇپپا | 1980 | 480 | 1 |
| | روشەنباغ كەنتى 2 ـ گۇرۇپپا | 1949 | 900 | 1 |
| | ئاچادۆڭ كەنتى 2 ـ گۇرۇپپا | 1983 | 500 | 1 |
| | تامتوغراق كەنتى 2 ـ گۇرۇپپا | 1983 | 420 | 1 |
| شويۇلتۇز يېزىسى | غولئېرىق كەنتى 1 ـ گۇرۇپپا | 1982 | 320 | 1 |
| | تېرەكلىك كەنتى 2 ـ گۇرۇپپا | 1982 | 312 | 1 |
| يەكشەنبە بازار يېزىسى | توپاشەھەر كەنتى | 1981 | 340 | 1 |
| | توپاشەھەر كەنتى 1 ـ گۇرۇپپا | 1983 | 450 | 1 |
| | توپاشەھەر كەنتى 4 ـ گۇرۇپپا | 1981 | 400 | 1 |
| | ئويچىلان كەنتى 1 ـ گۇرۇپپا | 1981 | 375 | 2 |
| | ئويچىلان كەنتى 5 ـ گۇرۇپپا | 1982 | 375 | 1 |
| | سۇپادۆڭ كەنتى 3 ـ گۇرۇپپا | 1983 | 440 | 1 |
| | سۇپادۆڭ كەنتى 4 ـ گۇرۇپپا | 1981 | 395 | 1 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۈچقات يېزىسى | كۆزلەك كەنتى 2 ـ گۇرۇپپا | 1981 | 300 | 1 |
| | پەلكەستى كەنتى 4 ـ گۇرۇپپا | 1983 | 900 | 1 |
| | خەلپەئېرىق كەنتى 2 ـ گۇرۇپپا | 1983 | 500 | 1 |
| | خەلپەئېرىق كەنتى 3 ـ گۇرۇپپا | 1981 | 336 | 1 |
| | خوجا تۇرۇس كەنتى 3 ـ گۇرۇپپا | 1981 | 640 | 1 |
| | خوجا تۇرۇس كەنتى 4 ـ گۇرۇپپا | 1981 | 480 | 2 |

## 2) مازارلار

رىۋايەت قىلىنىشىچە، 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 4 ـ ئەۋلاد نەۋرىلىرى ئەرەب قوشۇنلىرىنى باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن. قەبرىستانلىقلاردا دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، «شېھىتلەر»گە ھازا ئاچقان، كېيىن قەبرىستانلىق تەدرىجىي ھالدا ئۇلۇغ جاي «مازار» دەپ قارالغان. يەنە بىر ئېيتىشلاردا مۇنداق دېيىلىدۇ: 14 ـ ئەسىردە «پەيغەمبەر» ئىسھاق ۋەلىيۇللا پىرىم توقسۇغا كېلىپ، «مازارغا بېرىپ ئىبادەت قىلسا، ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن خالاس بولغىلى بولىدۇ» دەپ تەرغىب قىلغان. شۇڭلاشقا يەرلىك ئۇيغۇرلار بالايى ـ ئاپەت، قازا، ئاغرىق ـ سىلاق ھەمدە سىرلىق ئىشلارغا يولۇقسا، مازارغا بېرىپ ئۆتۈنۈش ئادىتى تىلەيدۇ. مەشھۇر مازارلار دائىم سىرلىق تۈسكە كىرگەن بولىدۇ. مەسىلەن: جاي كەنتىدىكى شەيخ ھىلال مازىرىدىكى شەيخ ھىلال بىلەن ئىنىسى شەيخ بىلال ئىككىيلەننىڭ خەلققە باشلامچىلىق قىلىپ ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ باشلاپ، بوز يەر ئېچىپ كەنت ـ مەھەللىلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە تۆھپە قوشقانلىقىدىن باشقا، «پەيغەمبەر» ئىسھاق خوجا، ھوشۇر ئاتام ئىككەيلەنمۇ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىكەن، بۇ مازارنىڭ مۇھىم بولۇشىدىكى سەۋەب شۇ؛ چىلاندىكى سۇلتان ئىبراھىم مازىرى، ئەدھەم مازىرىدا، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، «ئەۋلىيا» بار بولۇپ، ھەر قېتىم قۇرغاقچىلىق بولغاندا، ئۇ يەر يۈزىدە پەيدا بولۇپ ئىنسانلارغا كۆرۈنىدىكەن. دىندارلار بۇ مازارغا يىغىلىپ ئىبادەت قىلىپ، كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ، نەزىر ئۆتكۈزۈپ «ئەۋلىيا»دىن سۇ تىلەيدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مازارلار ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. 1962 ـ يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 259 چوڭ ـ كىچىك مازار بار بولۇپ، بۇلاردىن 71ى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان (بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوغۇت تۇپلاشتا بۇزۇلغىنى 31، يەر پىلانلاشتا تۈزلىۋېتىلگىنى 3، ئۆستەڭ چېپىش، يول ياساشتا بۇزۇلغىنى 4)، 33 مازاردىكى دەل ـ دەرەخ كېسىۋېتىلگەن. 1988 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە 200 نەچچە مازار ساقلىنىپ قالغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قەدىمكىسى خوتەن مەھەللە چوڭ مازىرى بولۇپ، كۆلىمى 100 مودىن ئاشىدۇ، ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئىسلام دىنى مۇرتلىرى مازارلىقتىن ئۆتكەندە توختاپ (ئاتلىقلار ئاتتىن چۈشۈپ)، ئىچىدە ئايەت ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ ئۆتىدۇ، بۇ ئارقىلىق ماتەم بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغانلار مازارغا دەپنە قىلىنمايدۇ، ئاياللار ئادەتتە مازارلىققا كىرمەيدۇ. مازارلار كۆپىنچە مەسچىتلەرگە يېقىن بولىدۇ، مازارلارغا قارايدىغان مەخسۇس ئادەم بولمايدۇ. مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى يەرلىكنى ئۆزلىرى تاللاپ دەپنە قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئاتا ـ ئانا، ئەر ـ خوتۇن، بالا ـ چاقا، يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى بىر ـ بىرىگە يېقىن

دەپنە قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت بار. مازارلار دىندارلارنىڭ ئىبادەت ۋە پارىزلىرىغا تايىنىپ رېمونت قىلىنىدۇ ۋە رەتلىنىدۇ.

ناھىيىدىكى چوڭراق مازارلاردىن جاي كەنتىدىكى شەيخ ھىلال مازىرى، ئىچىمبىرىقتىكى سۇلتان تېپىپ ئاتا مازىرى، قىلىچ قانلىق، چىلاندىكى سۇلتان بايىز تۆرە مازىرى، چوڭ قىچچىدىكى شەيخ شەمشىدىن مازىرى، نۇرباغدىكى قىلىچ قانلىق ئاتار مازىرى، خوتەن مەھەللىدىكى ئۇۋەيسىم مازىرى، چىلاندىكى سۇلتان ئىبراھىم ئەدھەم مازىرى، تاشئېرىقتىكى خانىقا ئىشان ئىسھاق ۋەلىيۇللا مازىرى، قوشئېرىقتىكى روشەن ئاتام مازىرى، تىگىندىكى سۇلتان غازى ئاتام مازىرى، توما كەنتىدىكى قىلىچ ئاتام مازىرى، پايىس كەنتىدىكى ئېركەش ۋەلىيۇللا مازىرى، ئويباغدىكى ئۇۋەيسىم مازىرى، گۈمبازدىكى سۇلتان سۇتۇق مازىرى قاتارلىق مازارلار بار.

## 3. كەسپىي دىنىي زاتلار

توقسۇ ناھىيىسىگە قازى قۇززات قويۇلمىغان، ئەڭ ئالىي دىنىي ۋەزىپە قازى كالانلىق. 1949 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيىدىكى كەسپىي دىنىي خادىم 568 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قازى، موللا، مۇپتى 64، مەزىن 253، ئىمام 251. ناھىيە بويىچە 1984 - يىلدىكى دىنىي زات 272؛ 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيىدىكى كەسپىي دىنىي زات 301گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاخۇن 77، ئىمام 224. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى كەسپىي دىنىي زاتلارنىڭ كىرىم مەنبەسى ئاساسەن مۇنداق بولاتتى:

**مىراس تەقسىملەش ھەققى** مىراس ماجىراسىنى ئۆزى ھەل قىلالمىغانلار مەھكىمە شەرئىگە ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇناتتى، قازى تەقسىملەشكە رىياسەتچىلىك قىلاتتى. مىراسنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنىڭ نىسبىتى بويىچە ھەق ئېلىناتتى، ئادەتتە تەخمىنىي ھېسابلىناتتى، ئىنچىكە ھېسابلاپ كېتىلمەيتتى. تۇراقسىز مۈلۈك بىلەن تۇراقلىق مۈلۈكنى كۆمۈش (پاكى نەقپۇل)كە سۇندۇرۇپ، ھەر 30 يۈەندىن 5 يۈەن (مىراس ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 6دىن بىر قىسمى) ئېلىناتتى.

**مۆھۈر ھەققى** مەھكىمە شەرئىدە، كوللېكتىپ ئىش بېجىرىلىپ، كوللېكتىپ مۆھۈر بېسىشتىن كىرگەن كىرىم دېلو ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كىشى بېشىغا ئۈلەشتۈرۈلەتتى؛ شەخسىينىڭ ئىشىغا مۆھۈر بېسىشتىن قىلىنغان كىرىمنى شەخسىي ئالاتتى. قازىنىڭ كۆمۈشتىن ياسالغان مۆھۈرى بولۇپ، مۆھۈرنىڭ شەكلى بىردەك بولمايتتى. مۆھۈرگە قازىنىڭ ئىسمى، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ۋە ۋەزىپىسى ئويۇلاتتى. مۆھۈرنىڭ تاشقى شەكلىگە قاراپ قازىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك قازىنىڭ مۆھۈرىنىڭ ئۈستىدە قوشقار مۈڭگۈزىگە ئوخشايدىغان روشەن شەكىل بولاتتى. ۋەزىپىسى تۆۋەنرەك قازى ئاخۇنلارنىڭ مۆھۈرى يۇمىلاقلا بولاتتى.

**ئۆشرە - زاكات** دىنىي قائىدە بويىچە تول، يېتىملار ۋە يولەنچۈكى يوقلارغا مۇۋاپىق ئۆشرە - زاكات بېرىلەتتى، بىراق ئىمامنىڭ كىرىم مەنبەسى بولمىغاچقا، ئادەتتە ئۆشرە - زاكات ئىمامغا تەئەللۇق بولاتتى.

**دىندارلارنىڭ سوۋغا - سالاملىرى** ئاخۇنۇم دىنىي مۇراسىملارغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا كىشىلەر ئۇنىڭغا پۇل - بۇيۇم سوۋغا قىلاتتى، بۇ ئاخۇنۇمنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولاتتى (دىندا جامائەتنىڭ سوۋغا - سالىمىنى قوبۇل قىلماسلىق بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بۇ ئادەت يەنىلا بار ئىدى).

قۇربان ھېيتتا مۇسۇلمانلار قۇربانلىق قىلغان ماللارنىڭ تېرە، ئۈچەيلىرى مەسچىتكە كىرىم بولاتتى، بىر قىسمى ئىمامغا كىرىم بولاتتى.

يەر ئىجارىسى مەسچىتلەرنىڭ يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىشتىن قىلغان كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمى مەسچىتكە قالدۇرۇلاتتى، ئاز بىر قىسمى ئىمامغا تەئەللۇق بولاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ئۆشرە ـ زاكات يىغىشىنى چەكلىدى، مەھكىمە شەرئىنىڭ پائالىيىتىنى توختاتتى. يەر ئىسلاھاتىدا مەسچىتلەرنىڭ يېرى تارتىۋېلىندى. كەسپىي دىنىي زاتلارغا قارىتا «ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش» سىياسىتى قوللىنىلدى. يەر ئىسلاھاتىدا كەمبەغەل دېھقان، ئوتتۇرا دېھقان تەركىبىدىكى 100 نەچچە دىنىي زاتقا يەر تەقسىم قىلىندى. 1958 ـ يىلدىكى كوئوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىدە، ناھىيىدىكى ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە 50 نەچچە دىنىي زات كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. 1959 ـ يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى بىر قىسىم دىنىي زاتلارغا ئايمۇ ئاي ياكى پەسىل بويىچە تۇرمۇش ياردەم پۇلى، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى. 1984 ـ يىلدىن كېيىن، ياردەم پۇلى بېرىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيتىلدى. ناھىيىدىكى 272 كەسپىي دىنىي زاتتىن 48ى تۇرمۇش ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولدى. ياردەم پۇلى ئەڭ ئاز بولغاندا ئېيىغا 20 يۈەن، ئەڭ كۆپ بولغاندا 90 يۈەن بولدى، كېيىن بۇ ياردەم پۇلى كۆپەيتىلدى.

## 4. مەھكىمە شەرئى

توقسۇ ناھىيىسىدە مەھكىمە شەرى مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئورنى رەستە مەدرىسىنىڭ ئىچىدە (ھازىرقى يېمەكلىكلەر شىركىتى 1 ـ ئاشخانىسىنىڭ ئورنىدا) ئىدى. مەھكىمە شەرئى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى يەر، مىراس، قەرز، نىكاھ ماجىرالىرى قاتارلىق ئادەتتىكى خەلق ئىشلىرى دېلولىرىنى بىرتەرەپ قىلاتتى (ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يوللاپ بەرگەن خەلق ئىشلىرى دېلولىرىمۇ بولاتتى، دېلو بېجىرىلىپ بولغاندىن كېيىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەنگە ئېلىشىغا يوللىناتتى) ، دەۋاگەر مەھكىمە شەرئىنىڭ ھۆكۈمىگە قايىل بولمىسا، مەھكىمە شەرئى ئۇنى قايتا ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللايتتى، ھۆكۈمەت مۇۋاپىق دەپ قارىسا، مەھكىمە شەرئى زورلۇق بىلەن ئىجرا قىلاتتى.

مەھكىمە شەرئى دېلو بېجىرىشتە كېلىشتۈرۈشنى ئاساس قىلاتتى. دىنىي ئەھكاملارغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار كۆپىنچە 30 — 40 دەررە ئۇرىلاتتى. چوڭراق دېلولارنى كوللېكتىپ بىر تەرەپ قىلاتتى، سوتقا ئەمىلى ئەڭ چوڭ بولغان قازى رىياسەتچىلىك قىلاتتى.

مىنگو دەۋرىدە ناھىيىدە سۇلايمان قازى كالان، رېھىم داموللا قاتارلىق نوپۇزلۇق قازىلار بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1950 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ناھىيە بويىچە دىنىي زاتلار سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە دىنىنىڭ سىياسىي ئىشلارغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا بولمايدىغانلىقى شەرھلەندى، قازى ئاخۇنلارنىڭ مۆھۈرى يىغىۋېلىنىپ، مەھكىمە شەرئىنىڭ پائالىيىتى توختىتىلدى.

## 5. مەدرىسلەر

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1 ـ يىلى (1909 ـ يىلى) دىن بۇرۇن توقسۇدا يېڭىچە مەكتەپ يوق ئىدى. بىلىم، ئاساسەن، دىنىي مەكتەپلەر ۋە دىنىي مەدەنىيەت ئارقىلىق تارقىتىلاتتى. مەدرىس مۇدەررىسلىرىنىڭ ھەممىسى ئاتاقلىق دىنىي زاتلار ئىدى. مەدرىسلەر يۇقىرى سىنىپ ۋە تۆۋەن سىنىپ دەپ ئايرىلاتتى. مىنگونىڭ 9 ـ يىلىدىن 19 ـ يىلىغىچە (1920 — 1930 ـ يىلىغىچە) پۈتكۈل توقسۇ تەۋەسىدە ئالىي مەدرىس ۋە تۆۋەن

دەرىجىلىك مەدرىستىن 10 نەچچىسى بار ئىدى، تالىپلىرى 1000دىن ئاشاتتى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) غا كەلگەندە ناھىيەدىكى ئالىي مەدرىس 18گە، تالىپلىرى 144كە، تۆۋەن دەرىجىلىك مەدرىس 33كە، تالىپلىرى 1555 (بۇنىڭ ئىچىدە قىزلار 744) كە يەتتى.

تۆۋەن دەرىجىلىك مەدرىسلەرنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي زاتلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئېچىلاتتى. ئاۋۋال ئەرەب يېزىقى، ئاندىن «قۇرئان» ئۆگىتىلەتتى. 5 يىل توشقاندىن كېيىن، تالىپلار ئالىي مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرەتتى. ئالىي مەدرىسنىڭ ئوقۇش مۇددىتى 5 يىلدىن كۆپ بولاتتى، تالىپلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ھەردەرىجىلىك دىنىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيتتى.

ھەردەرىجىلىك مەدرىسلەردە، ئاساسەن، ئەرەب يېزىقى، دىنىي ئەسەرلەر ۋە دىنىي قانۇنلار ئوقۇلاتتى. يېڭىئاۋاتتىكى مەدرىس بۇلارنىڭ سىرتىدىكى بىردىنبىر مەدرىس بولۇپ، بۇ مەدرىستە مىنگونىڭ 20 ـ يىلى (1931 ـ يىلى) دىن باشلاپ تىل ـ ئەدەبىيات، ھېساب، تەبىئەت، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1950 ـ يىلى يازدا ناھىيەدىكى مەدرىس 30، تالىپلىرى 1677 ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 691 قىز بار ئىدى. 1953 ـ يىلدىن كېيىن مەدرىسلەر تەدرىجىي ئازايدى، 1961 ـ يىلى پۈتۈنلەي يوقالدى. يېزىلاردا شەكلى ئۆزگەرگەن، يوشۇرۇن مەدرىسلەر ئىزچىل ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن سانى ئىنتايىن ئاز ئىدى.

### توقسۇ ناھىيىسىدىكى مەدرىسلەرنىڭ 1949 ـ يىلدىكى تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 — 4

| تۈرى / رايون ئايرىمىسى | باشلانغۇچ مەدرىسلەر | | | ئالىي مەدرىسلەر | | جەمئىي | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | مەدرىس سانى | تالىپ سانى | | مەدرىس سانى | تالىپ سانى | مەدرىس سانى | تالىپ سانى | |
| | | جەمئىي | قىزلار | | | | جەمئىي | قىزلار |
| 1 ـ رايون | 3 | 206 | 75 | 4 | 92 | 7 | 298 | 75 |
| 2 ـ رايون | 8 | 346 | 164 | 1 | 15 | 9 | 361 | 164 |
| 3 ـ رايون | 11 | 529 | 263 | 8 | 13 | 19 | 542 | 263 |
| 4 ـ رايون | 6 | 192 | 90 | 2 | 15 | 7 | 207 | 90 |
| 5 ـ رايون | 6 | 282 | 152 | 3 | 9 | 9 | 291 | 152 |
| جەمئىي | 33 | 1555 | 744 | 18 | 144 | 51 | 1699 | 744 |

**ئىزاھات:** (1) جەدۋەلدىكى سانلار 1949 ـ يىل 10 ـ ئايدىكى سانلىق مەلۇماتتىن ئېلىندى.

(2) 1 ـ رايون بازار باشقۇرۇش رايونىنى، 2 ـ رايون ئىچكىرىق رايونىنى، 3 ـ رايون تاشقىرىق رايونىنى، 4 ـ رايون چىلان رايونىنى، 5 ـ رايون يۇلتۇزباغ رايونىنى كۆرسىتىدۇ.

مەدرىسلەرنىڭ تارىخىنى 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا سۈرۈشكە بولىدۇ. توقسۇغا ياردەمچى ئامبال قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، بۇ يەردە دىنىي ئەسەرلەر، دىنىي ئەھكاملارنى پىششىق بىلىدىغان ئادەملەر يوق ئىدى،

ئۇيغۇر يېزىقىنى چالا - بۇلا بىلىدىغان ئادەملەرمۇ بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە موللا باقى ئاقسۇدىكى ناسىر داموللىنىڭ مەدرىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، توقسۇدا تۇنجى مەدرىسىنى ئاچتى. مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) غا كەلگەندە ناھىيىدىكى ئالىي مەدرىس 6گە، باشلانغۇچ مەدرىس تەخمىنەن 20گە يەتتى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ئالىي مەدرىس 10غا يەتتى. بۇ چاغدا كۇچا، شايار ناھىيىلىرىدىنمۇ بىر قىسىم باللار توقسۇدىكى مەدرىسلەرگە كېلىپ ئوقۇدى. ئالىي مەدرىسلەردە ئاساسەن ئەرەب، پارس تىللىرى، ئىسلام دىنى تەلىماتى، دىنىي قائىدىلەر، ھەدىس، «قۇرئان» تەپسىرى قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغانىدى. باشلانغۇچ مەدرىسلەردە ئاساسەن ئاددىي ئايەتلەر، ئەرەب يېزىقى، كېيىن ھەپتىيەك ئوقۇتۇلاتتى.

ناھىيىدىكى داڭلىق مەدرىس خوتەن مەھەللە كوچىسىدىكى مەدرىس بولۇپ، بۇ مەدرىسنىڭ مۇدەررىسى ئابلا داموللا قەشقەر، يەكەن مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ، مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ئوقۇشنى تاماملاپ توقسۇغا قايتىپ كەلدى ھەمدە جۇڭشەن بازىرى (ھازىرقى توقسۇ بازىرى)، خوتەن كوچىسىدىكى جامەدە ئىمامەتچىلىك قىلدى ۋە بىر مەدرىس ئاچتى؛ مەدرىسنىڭ ئەڭ دەسلەپىدىكى تالىپى 20 نەپچە ئىدى، مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) غا كەلگەندە 50 نەپچىگە يەتتى. شۇ يىلى ئابلا داموللا يەكەنگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەدرىس كۆلىمىنى پائال كېڭەيتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يەنى 1955 - يىلى تالىپلىرى كۆپىيىپ 80گە يەتكەن. 1957 - يىلى مەدرىس يۇقىرى بۆلۈم ۋە باشلانغۇچ بۆلۈم دەپ ئىككىگە بۆلۈندى، باشلانغۇچ بۆلۈم تالىپى 115، يۇقىرى بۆلۈم تالىپى 103 ئىدى، يۇقىرى بۆلۈم تالىپلىرى ئىچىدە 18 ياشتىن 48 ياشقىچە بولغان قورامىغا يەتكەنلەردىن 61ى بار ئىدى، باشقا ناھىيىدىن كەلگەن تالىپلار 57 (شايار ناھىيىسىدىن كەلگىنى 25، كۇچادىن كەلگىنى 31، قەشقەر شەھىرىدىن كەلگىنى بىر) ئىدى.

1961 - يىلى ھۆكۈمەت خوسۇسىيلارنىڭ مەدرىس ئېچىشىنى چەكلىدى، خوسۇسىيلار ئاچقان چوڭ - كىچىك مەدرىستىن 67سى تاقىلىپ، 2777 تالىپ ئادەتتىكى پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئەمما ئاز ساندىكى دىنىي زاتلار ئاچقان شەكلى ئۆزگەرگەن مەدرىسلەر پەيدا بولدى. 1979 - يىلدىن كېيىن، ئايرىم جايلار ئۆزلۈكىدىن مەدرىس ئاچتى. كېيىن ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى مەدرىس مۇدەررىسلىرىگە تەنقىدىي تەربىيە بەرگەندىن كېيىن، ناھىيىدە ئوچۇق - ئاشكارا ئېچىلغان مەدرىس قالمىدى.

1985 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن توقسۇلۇق دىنىي زات ئىبراھىم تاھىر قازى ھاجى توقسۇ ناھىيىسىدە بىر دىنىي تەربىيىلەش سىنىپى ئاچتى، ئۇستاز شاگىرتلارنى يېتەكلەش ئۇسۇلىدا 3 تالىپ قوبۇل قىلدى، تالىپلار ئوقۇش خىراجىتىنى ئۆزلىرى تۆلىدى.

1990 - يىلى ئاپتونوم رايون دىنىي مەكتەپلەرنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغاچقا، خوسۇسىيلارنىڭ دىنىي مەكتەپ ئېچىشى چەكلەندى.

## 6. ھەج - تاۋاپ ئىشلىرى

جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە مۇسۇلمانلار دائىم مەككىگە ھەج - تاۋاپقا بېرىپ تۇراتتى. مەسىلەن: مىنگونىڭ 15 -، 16 -، 23 -، 36 -، 37 - يىللىرى چەت ئەلگە چىققان مۇسۇلمانلاردىن 74نىڭ رويخىتى ئېنىقلاپ چىقىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە 4ى 1949 - يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلگەن). بۇ مەزگىللەردە چەت ئەلگە چىقىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھىندىستان ئارقىلىق ماڭاتتى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) چەت ئەلگە ماڭغانلار كەشمىردىن ئۆتۈشىدە قايسىلىپ قېلىپ، كېيىنكى يىلى ئاران ئۇ يەردىن ئايرىلىپ مەككىگە يېتىپ

باردى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مىنگونىڭ 15 ـ يىلىدىن 33 ـ يىلىغىچە (1926 — 1944 ـ يىلىغىچە) ھەج ـ تاۋاپقا بارغانلاردىن 8ى قايتىپ كەلمىگەن، بۇلارنىڭ 2سى ئايال ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەج قىلىش پائالىيىتى توختاپ قالدى، ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 ـ يىلدىكى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا ئاندىن ئەسلىگە كەلدى. 1982 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىبراھىم تاھىر قازى جۇڭگو ھەج ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە مەككىگە ھەج ـ تاۋاپقا بېرىپ كەلدى. شۇندىن كېيىن ھەج قىلغۇچىلار يىلىبىرى كۆپەيدى، ھەج قىلغانلار 1985 ـ يىلى 9غا، 1986 ـ يىلى 15كە، 1987 ـ يىلى 12گە، 1988 ـ يىلى 16گە يەتتى، دېمەك 4 يىلدا جەمئىي 52 ئادەم ھەج ـ تاۋاپقا باردى، بۇلارنىڭ 44ى ئەر، 8ى ئايال، يېشى ئەڭ چوڭى ھاشىخان ياقۇپ 85 ياش (توقسۇ بازىرىدىن)، ئەڭ كىچىكى ئەمەرجان روزى 19 ياش (تىككۈچى)، ھەج ـ تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىدە 60 ياشتىن ئاشقانلار ۋە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر كۆپرەك.

ھەج ـ تاۋاپ قىلغۇچىلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىسمىنىڭ كەينىگە «ھاجى» دېگەن ھۆرمەت نامىنى قوشىدۇ. ئەمما پەرزنى تولۇق ئادا قىلمىغانلار مۇنداق ئاتاققا ئىگە بولالمايدۇ.

## § 2 . بۇددا دىنى

ئىلمىي ساھەسىدىكىلەر بۇ دىنىنىڭ توقسۇغا تارقالغان كونكرېت ۋاقتىنى كۆپىنچە مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە دەپ قارايدۇ. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا توقسۇدىكى ئۇيغۇرلارمۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، توقسۇدا نۇرغۇن بۇددا دىنى خارابىلىكلىرىنى قالدۇردى. ئاساسلىق خارابىلىكلەردىن توغراق ئېقىن بۇددا مىڭئۆيى، تاجىكقورۇ بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىكى، ساڭتام بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىكى قاتارلىقلار بار.

14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان توقسۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دىنىنى زورلۇق كۈچ بىلەن كېڭەيتىشتەك بېسىمى ئاستىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇددا دىنى توقسۇدا يوقالدى. كېيىن توقسۇدىكى خەنزۇلار ئارىسىدا ئاز بىر قىسىم بۇددا دىنى مۇرتلىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن دىنىي پائالىيەت سورۇنى ۋە دىنىي پائالىيەتلەر بولمىدى.

## § 3 . باشقا دىنلار

تارىختا توقسۇغا يەنە زاروئاستىر دىنى، مانى دىنى، نېستورىئان دىنى قاتارلىق دىنلار تارقالغانىدى، ئەمما بۇ دىنلارنىڭ تەسىرى ئىنتايىن ئاجىز بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسىدە ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولسىمۇ، سانى ئاز بولغاچقا، پائالىيەتلەرگە تەشكىللىنەلمىدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن ئادەم سانى كۆپىيىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. 1985 ـ يىلدىن كېيىن ھەر ھەپتىدە دىنىي پائالىيەت بولۇپ تۇردى. مۇخلىسلار ئاساسەن خەنزۇلار بولۇپ، 50تىن ئاشىدۇ. ئۇلار ھەر ھەپتىدە يوپىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، مۇناجات ئوقۇپ، تىلاۋەت قىلىپ خۇدادىن ئەمىنلىك تىلەيدۇ.

بەشىنچى قىسىم

# پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار



## بەشىنچى قىسىم

# پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار

## I باب

# جۇڭگو گومىنداڭىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك يەرلىك تەشكىلاتى

### 1 § . ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جۇڭگو گومىنداڭى شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 3 - ئايدا كۇچا ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلۇپ، توقسۇ ناھىيىسى كۇچا ناھىيىلىك پىرقىنىڭ پارتىيە ئىشلىرى پائالىيەت رايونىغا تەۋە بولدى، 11 - ئايدا كۇچا ناھىيىلىك پىرقىنىڭ 1 - رايونلۇق شۆبە پىرقىسى توقسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدىن 2 ئەزا قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ بىرى ئىدارە خىزمەتچىسى گو جېنشى، يەنە بىرى ساقچىخانا باشلىقى لى رېنخۇ ئىدى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى جياڭ شەنيۇ توقسۇغا كېلىپ پارتىيە ئىشلىرى پائالىيىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، 3 مەسىلىكنى تەرغىپ قىلىپ، باۋ - جيا ئىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 11 - ئايدا ھاكىم خەن خۇيمىن گومىنداڭغا 36 ئەزا قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گومىنداڭ پارتىيىسى توقسۇ ناھىيىسىدە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 4 - ئايدا ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلدى. كېيىن رايونلۇق شۆبە پىرقىلەر قۇرۇلدى.

گومىنداڭىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك پىرقىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ھاكىم قوشۇمچە باش شۇجىلىقنى ئۈستىگە ئالدى، پىرقە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىدا ئىش بېجىرەدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) يازنىڭ ئاخىرىدا پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئايرىم تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، گومىنداڭىنىڭ ناھىيىلىك

پىرقىسىنىڭ ئورنى ئاجىزلاشتى. زەپەر ئابىت توقسۇ ناھىيىسىگە ھاكىم بولغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پىرقە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىدىن كۆچۈپ چىقتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ تەشكىلاتلىرى تارقىتىۋېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن پائالىيىتىمۇ توختىدى.

## 2 § . پائالىيىتى

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 4 - ئايدا جۇڭگو گومىنداڭى توقسۇ ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى چاقىرىلدى، ھاكىم شۇ جۇنخاۋ قوشۇمچە باش شۇجىلىقنى ئۈستىگە ئالدى. ناھىيىلىك پىرقە قارمىقىدا تەلىم - تەربىيىگە تەشكىللەش بۆلۈمچىسى، تەشۋىقات بۆلۈمچىسى ۋە كاتىبات بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. بىر باش شۇجى، 2 ئىش بېجىرگۈچى، بىر ياردەمچى ئىش بېجىرگۈچى، 3 قارا خىزمەتچى قويۇلدى. ناھىيىلىك پىرقىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنىدا 36 پارتىيە ئەزاسىغا رەسمىي پارتىيە ئەزالىق كىنىشكىسى ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 7 - ئايدا ۋالى يۈرىن مۇۋەققەت باش شۇجىلىققا، جۇ لىجۇن، ماۋتلار ئىش بېجىرگۈچىلىككە تەيىنلەندى، قوشۇمچە 2 تەرجىمان قويۇلدى. ناھىيىلىك پىرقە تەشكىلاتىنى راۋاجلاندۇرۇش، داغدۇغا قوزغاشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، باغ ئىدارىسى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ساقچى ئىدارىسى، 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، تاشئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپ، ئىچئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە رايونلۇق پىرقە، 5 رايونلۇق شۆبە پىرقە تەسىس قىلدى. رايونلۇق پىرقە ۋە رايونلۇق شۆبە پىرقىلەردە بىردىن قوشۇمچە شۇجى ۋە تەلىم - تەربىيىگە تەشكىللەش خادىمى، تەشۋىقات خادىمى قويۇلدى.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جۇڭگو گومىنداڭى توقسۇ ناھىيىلىك 1 - قۇرولتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا 30 ۋەكىل، ھاكىم گو ۋېنخۇا قاتناشتى، مۇۋەققەت باش شۇجى ۋالى يۈرىن قۇرۇلتايغا رىياسەتچىلىك قىلدى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك پىرقىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە رېۋىزىيە كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى؛ ئەمەر جارۇپ باش شۇجىلىققا، قەيۇم كېرەم، شايۇپ مۇھەممەت ئىجرائىيە ھەيئەتلىكىگە، نۇردۇن ئىبراھىم كاندىدات ئىجرائىيە ھەيئەتلىكىگە، شاكىر قادىر رېۋىزىيە ھەيئەتلىكىگە، ماموت ھاموت كاندىدات رېۋىزىيە ھەيئەتلىكىگە سايلاندى؛ ئەمەر جارۇپ پارتىيە ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، ئۈرۈمچىگە بېرىپ گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋالى دىڭگو يەنە ئىجرائىيە ھەيئىتى قوشۇمچە ناھىيىلىك پىرقىنىڭ كاتىپى قىلىپ ئەۋەتىلدى، قەيۇم كېرەم تەشۋىقاتچىلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

بۇ مەزگىلدە ناھىيىلىك پىرقە ھاكىم زەپەر ئابىتنىڭ كۆرەلمەسلىكى ۋە ئۆچمەنلىك قىلىشى بىلەن نائىلاج ھۆكۈمەت قورۇسىدىن كۆچۈپ چىقتى.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 4 - ئايدا ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى رايونلۇق شۆبە پىرقىسى ۋە قىزلار مەكتىپى رايونلۇق شۆبە پىرقىسى تەسىس قىلىنىپ، 19 پارتىيە ئەزاسى قوبۇل قىلىندى.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 6 - ئايدا ئاقسۇ رايونلۇق پىرقە تۇرسۇن ياسىنوفنى توقسۇ ناھىيىلىك پىرقىنىڭ باش شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيىلىك پىرقىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى تەڭشىلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت شۆبە پىرقىسى قاتارلىق 20 دىن كۆپرەك رايونلۇق شۆبە پىرقە ئۆزگەرتىپ سايلاندى. پەيشەنبە بازار، يەكشەنبە بازار، چوڭتوغراق، ئاقيار، قاراقۇم قاتارلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ۋە ناھىيىلىك سودا سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى، بازارلىق ھۆكۈمەت قاتارلىق ئورۇنلاردا يېڭىدىن 7 رايونلۇق شۆبە

پىرقە تەسىس قىلىندى.

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا ئۆلكىلىك پىرقە مامۇت ھاشىمنى ناھىيىلىك پىرقىنىڭ باش شۇجىلىقىغا تەيىنلىدى.

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 9 ـ ئايغىچە ناھىيىلىك پىرقىنىڭ باش شۇجىسى جەمئىي 5 قارار ئالماشتى. پىرقىنىڭ قارىمىقىدا 3 رايونلۇق پىرقە، 14 رايونلۇق شۆبە پىرقە بار ئىدى.

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى، گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىسىدىكى پائالىيىتى تەخمىنەن 7 يىل داۋاملىشىپ، ھۆكۈمەت، مائارىپ، سودا، دىنىي ساھەدىن ئىبارەت ھەر قايسى ساھەلەردىن 600 دىن كۆپرەك ئەزا قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا پۈتۈن ناھىيىنىڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتەلمىدى.

گومىنداڭ توقسۇ ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ باش شۇجىلىرى

جەدۋەل: 5 — 1

| ئىسىم ـ فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|
| شۇ جۇنخاۋ | خەنزۇ | 1946.4 — 1946.7 | |
| ۋاڭ يۈرېن | خەنزۇ | 1946.7 — 1947.2 | مۇۋەققەت |
| ئەمەر جارۇپ | ئۇيغۇر | 1947.2 — 1947.6 | |
| تۇرسۇن ياسىنوف | ئۇيغۇر | 1947.6 — 1948.2 | |
| مامۇت ھاشىم | ئۇيغۇر | 1948.2 — 1949.9 | |

# II باب

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك يەرلىك تەشكىلاتى

## §1 . دەسلەپكى مەزگىلدىكى ج ك پ ئەزالىرى

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) يازدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭدا ئاساسلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىك سەپ مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ،

بىر تۈركۈم كومپارتىيە ئەزالىرىنى شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتتى. مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا كومپارتىيە ئەزاسى جياڭ ليەنمۇ (ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى جياڭ چۈنماۋ) كۇچا ـ شايار ـ باي ـ بۈگۈر ـ توقسۇ يەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا كومپارتىيە ئەزاسى لىن جىلۇ (ئەينى ۋاقىتتا كۇچا ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان) توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ، مۇ ماجىراسىنى ھەل قىلدى.

بۇ مەزگىلدە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي پائالىيىتى يوق ئىدى. ئۇلار خىزمەتتە شىڭ شىسەي يېقىنقى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى ساقلاش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت 6 بۈيۈك سىياسەتنى ئىجرا قىلىپ، ئۆزىنىڭ قۇربى يېتىدىغان دائىرىدە دۆلەتكە، خەلققە پايدىلىق بەزى ياخشى ئىشلارنى قىلاتتى.

## § 2 . ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى

### 1 . ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى

1950 ـ يىل 4 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 ـ جۈن 5 ـ شى 13 ـ تۇەننىڭ تۇەنجاڭى، ج ك پ كۇچا مەركىزىي ناھىيىلىك كومىتېت ھەيئىتى فىڭ زىۋۇ توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ، ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 3 كىشىدىن تەشكىل قىلىنغانلىقىنى، ۋاڭ سىگلياڭ شۇجىلىققا، شيې نيەنشىڭ، رېن زۇجىڭلارنىڭ ھەيئەتلىككە تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى ۋە ج ك پ كۇچا مەركىزىي ناھىيىلىك كومىتېتىغا قارايدىغان بولدى.

1956 ـ يىل 4 ـ ئايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك تۇنجى قېتىملىق پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. 1960 ـ يىل 2 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا شۇجىچۇ قۇرۇلدى. 1963 ـ يىل 6 ـ ئايدا شۇجىچۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1966 ـ يىل 5 ـ ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى. يىل ئاخىرىدا ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

1967 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆتىدى. 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. 1970 ـ يىل 1 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 9 ـ ئايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 4 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. بۇ قارارلىق ناھىيىلىك پارتكوم رەھبىرىي ئەزالىرى ئىچىدە ئارمىيە كادىرلىرى ئاساس قىلىندى. ناھىيىلىك پارتكوم قارمىقىدىكى خىزمەت تارماقلىرىنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى ئىنقىلابىي كومىتېت بەنزىسىدىكى كىشىلەر بولۇپ، ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئارمىيە كادىرلىرى ئىدى. 1973 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئارمىيە كادىرلىرى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئاپپاراتلىرى كەينى ـ كەينىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

### 2 . خىزمەت تارماقلىرى

ئىشخانا 1951 ـ يىل 9 ـ ئايدا كاتىبات ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، 1959 ـ يىلى نامى

ئىشخانىغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت مەزگىلىدە، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشخانىلىرى بىرلىكتە ئىش بېجىردى (2 كومىتېت ئىشخانىسى دەپ ئاتالدى).
1979 - يىلى 9 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**تەشكىلات بۆلۈمى** بۇ بۆلۈم 1957 - يىلى 1 - ئايدا قۇرۇلغانىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى قارىمىقىدىكى تەشكىلات گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1973 - يىلى 11 - ئايدا تەشكىلات بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**تەشۋىقات بۆلۈمى** بۇ بۆلۈم 1951 - يىلى قۇرۇلغانىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى قارىمىقىدىكى تەشۋىقات گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1973 - يىلى 11 - ئايدا تەشۋىقات بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى** 1956 - يىلى 4 - ئايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى رېۋىزىيە كومىتېتى تەسىس قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن بۇ كومىتېت پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1979 - يىلى 6 - ئايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى 8 - ئايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، دەرىجىسى مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلدى.

**بىرلىك سەپ بۆلۈمى** بۇ بۆلۈم 1954 - يىلى 4 - ئايدا تەسىس قىلىنغانىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن بىرلىك سەپ كەسپىگە سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى قارىمىقىدىكى ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى. 1973 - يىلى 11 - ئايدا بىرلىك سەپ بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**يېزا خىزمىتى بۆلۈمى** بۇ بۆلۈم 1954 - يىلى 9 - ئايدا تەسىس قىلىنىپ، 1962 - يىلى 9 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1964 - يىلى 1 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1966 - يىلى 10 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1984 - يىلى 8 - ئايدا قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**مالىيە - سودا بۆلۈمى** بۇ بۆلۈم 1954 - يىلى 9 - ئايدا تەسىس قىلىنىپ، 1962 - يىلى 7 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1965 - يىلى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، نامى مالىيە - ئىقتىساد - سىياسەت بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1966 - يىلى 10 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

**سانائەت - قاتناش بۆلۈمى** 1958 - يىلى 7 - ئايدا سانائەت - قاتناش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، 1960 - يىلى 3 - ئايدا سانائەت - قاتناش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1962 - يىلى 8 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى

**ئورگانلار پارتكومى** ئورگانلار پارتكومى 1958 - يىلى 7 - ئايدا تەسىس قىلىندى، 1966 - يىلى 10 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1973 - يىلى 11 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**ئارخىپخانا** 1958 - يىلى 11 - ئايدا تەسىس قىلىندى، ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى قارىمىقىدا بولۇپ، قۇرۇلمىسى بۆلۈمچە دەرىجىلىك بولدى. 1981 - يىلى دەرىجىسى مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلدى، 1987 - يىلى 1 - ئايدا نامى ئارخىپ ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئارخىپخانا بىلەن بىر يۈرۈش ئادەم ئىشلىدى، 2 ۋىۋىسكا ئېسىلدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ئارخىپ ئىدارىسىنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

**پارتىيە مەكتىپى** بۇ مەكتەپ 1959 ـ يىل 12 ـ ئايدا قۇرۇلدى.

**سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى** بۇ كومىتېت 1983 ـ يىل 8 ـ ئايدا قۇرۇلدى.

**تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى** بۇ ئىشخانا 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا قۇرۇلدى. تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش ئىشخانىسى بىلەن توقسۇ ناھىيىلىك ناھىيە تەزكىرىسى تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇ پارتىيە تارىخى خىزمەت كومىتېتى ۋە ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تارمىقى ھېسابلىنىدۇ.

**پېشقەدەم كادىرلار بۆلۈمى** بۇ بۆلۈم 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە قارايدىغان 2 ـ دەرىجىلىك بۆلۈم.

**يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشخانىسى** بۇ ئىشخانا 1985 ـ يىلى تەسىس قىلىندى.

## 3 § . قۇرۇلتاي

### 1. ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 1 ـ قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1956 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان رەسمىي ۋەكىل 40، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 9 بولۇپ، ئۇلار ناھىيە بويىچە 567 پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 6 يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى يەكۈنلەندى، 1956 — 1957 ـ يىلغىچە بولغان يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات پروگراممىسى مۇزاكىرە قىلىندى. قۇرۇلتايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 5 ئەزاسى، 9 دائىمىي كومىتېت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، دۇەن دىيۇ شۇجىلىققا، جاڭ جۇاڭ مۇئاۋىن شۇجىلىققا، رېن زۇجىڭ، ئابدۇللا سابىت، چاڭ كۇچېڭلار دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى، ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك رېۋىزىيە كومىتېتىنى تەشكىل قىلغۇچى خادىملار سايلاپ چىقىلدى. جاڭ جۇاڭ شۇجىلىققا (قوشۇمچە) ، جۇ چاڭشېڭ مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

### 2. ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 2 ـ قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1958 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان رەسمىي ۋەكىل 87، سىرتتىن قاتناشقان ۋەكىل 19 بولۇپ، ئۇلار ناھىيىدىكى 620 پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

قۇرۇلتايدا رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ چىڭداۋ يىغىنىدىكى 17 تۈرلۈك يوليورۇقى، 1957 ـ يىلدىكى مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك يىغىنى ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، 1958 ـ يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

قۇرۇلتاي بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى 6 خىل ئىستىل (بيۇروكراتلىق، روھسىزلىق، مەغرۇرلۇق، ھەشەمەتچىلىك، مىشچانلىق، ئاغرىنچاقلىق) غا قارشى تۇرۇشقا چاقىرىپ، خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى غەلبىلىك

ئورۇنلىدى.

قۇرۇلتايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 13 ئەزاسى، 2 كانىدىدات ئەزاسى، 9 دائىمىي كومىتېت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. ليۇ رۇيپۇ شۇجى، جاڭ جۇاڭ، ئابىت سايىتلار مۇئاۋىن شۇجى، ئاۋۇت جارۇپ، ئىبرىز ھامىل، چېن خەنچاڭ، لى پېي، رېن زۇجاڭ، جىن شيەنجيېلەر دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولدى، ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى رېۋىزىيە كومىتېتىنى تەشكىل قىلغۇچى خادىملار سايلاپ چىقىلدى. جاڭ جۇاڭ شۇجىلىققا (قوشۇمچە)، جۇ چاڭشياڭ مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

## 3. ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 3 ـ قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1964 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا 132 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 40 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، بۇلار ناھىيىدىكى 1711 پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. قۇرۇلتايدا بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى، پارتىيىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى قىزىل بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ تىرىشىپ ئىشلەپ، 1964 ـ يىللىق تۈرلۈك خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى غەلىبىلىك ئورۇنداشقا، ناھىيە بويىچە سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ۋە خەلق ئېگىلىكىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىلدى.

قۇرۇلتايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 13 ئەزاسى، 2 كانىدىدات ئەزاسى، 5 دائىمىي كومىتېت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. ليۇ شىڭۋېي شۇجى، ئابىت سايىت، لۇ تيەنشۈنلەر مۇئاۋىن شۇجى، ئاۋۇت جارۇپ، رېن زۇجىڭلار دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولدى؛ ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى رېۋىزىيە كومىتېتىنى تەشكىل قىلغۇچى خادىملار سايلاپ چىقىلدى، ئابىت سايىت شۇجى (قوشۇمچە)، ۋاڭ خەنچېن مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

## 4. ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 4 ـ قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1970 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا 253 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 24 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. ئارمىيە ۋەكىل جاڭ شۆاڭخې ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. قۇرۇلتاي پارتىيىنىڭ 9 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان جەڭگىۋار ۋەزىپىلەرنى داۋاملىق ئورۇنداپ، دەرھال سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشقا چاقىرىق قىلدى.

قۇرۇلتايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 27 ئەزاسى، 9 دائىمىي كومىتېت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، جاڭ شۆاڭخې شۇجىلىققا، جۇ يۇچېن، لى ۋېنچىڭلار مۇئاۋىن شۇجىلىققا، تۇرسۇن ئابدۇللا، ياڭ شىڭۇ، قادىر ئىدرىسلار دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى.

## 5. ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 5 ـ قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1980 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 213 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 29 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، بىر ۋەكىل ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى، ئۇلار 2863

پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، 1980 — 1985 ـ يىلىغىچە بولغان يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي پىلانى قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. قۇرۇلتاي «پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرايلى» دېگەن قاراش ماقۇللىندى.

قۇرۇلتايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 12 ئەزاسى، 8 دائىمىي كومىتېت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، جاڭ سۇنشى شۇجى، قادىر ئىدرىس، تىيىپ تۇردى، جاڭ دوجى، نيۇ شۇشىنلەر مۇئاۋىن شۇجى، لۇ جىشيەن، ئىمىن ئېزىز، لى شىنۇبي قاتارلىقلار دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى تەشكىل قىلغۇچى خادىملار سايلاپ چىقىلدى. ياقۇپ مۆمىن شۇجى، لى كەيشيەن مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

## 6. ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 6 ـ قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1989 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 13 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا 211 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 25 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، بۇلار ناھىيە بويىچە 3145 پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

قۇرۇلتايدا ۋاڭ جىنشەن بەرگەن خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 26 ئەزاسى، 3 كاندىدات ئەزاسى، 7 دائىمىي كومىتېت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. ۋاڭ جىنشەن شۇجى، هامۇت مەخمۇت، ليۇ زۈڭمىنلار مۇئاۋىن شۇجى، بارات ھەسەن، ليۇ شياڭ، ھاۋاخان قاۋۇل، جياڭ بېنشىنلار دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولدى. قۇرۇلتايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى تەشكىل قىلغۇچى خادىملار سايلاپ چىقىلدى. ليۇ شياڭ شۇجى، كې چېڭدۇڭ، ئايۇپ ھەسەنلەر مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

## 7. ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 7 ـ قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1992 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 12 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتايغا 196 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 35 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى؛ بۇلار ناھىيە بويىچە 3440 پارتىيە ئەزاسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. قۇرۇلتايدا لى جىچىڭ ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بەرگەن «روھنى ئۇرغۇتۇپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، توقسۇنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدىكى خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. قۇرۇلتايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 25 ئەزاسى، 4 كاندىدات ئەزاسى، 8 دائىمىي كومىتېت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. لى جىچىڭ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى بولدى، خې جىمىڭ، تۇردى نىياز، يۈ شيۇچېڭلار مۇئاۋىن شۇجى، بارات ھەسەن، لى كەيشيەن، ۋاڭ ۋېي، ھېمىت ئەمەتلەر دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولدى. قۇرۇلتايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى تەشكىل قىلغۇچى خادىملار سايلاپ چىقىلدى. ۋاڭ ۋېي شۇجى، ئايۇپ ھەسەن مۇئاۋىن شۇجى بولدى.

## ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىغا شۇجى (يادرو گورۇپپا باشلىقى) بولغانلار

جەدۋەل: 5 — 2

| ئىسىم ـ فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ مىڭلياڭ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي جىڭخەي | شۇجى | 1954.10 — 1950.4 |
| دۇەن دويۇ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي ئەنپىڭ | شۇجى | 1956.9 — 1954.10 |
| ليۇ رۇيۇ | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ لىچىڭ | شۇجى | 1960.5 — 1957.2 |
| زېڭ شياڭ | ئەر | خەنزۇ | سىچۇەن نەنچۇڭ | مۇۋەققەت شۇجى | 1960.7 — 1960.5 |
| ليۇ شىگۇيى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى لىشى | شۇجى | 1970.1 — 1960.7 |
| ليۇ چۇنتيەن | ئەر | خەنزۇ | | گورۇپپا باشلىقى | 1970.9 — 1970.1 |
| جاڭ شۇاڭخې | ئەر | خەنزۇ | خېنەن دېڭفېڭ | شۇجى | 1973.1 — 1970.9 |
| جاڭ سۇنشى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى يىچېڭ | شۇجى | 1981.2 — 1973.1 |
| قادىر ئىدرىس | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ | شۇجى | 1987.10 — 1981.2 |
| ۋاڭ جىنشەن | ئەر | خەنزۇ | ئەنخۇي خاۋشيەن | شۇجى | 1991.7 — 1987.10 |
| لى جىچىڭ | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ نىڭجىن | شۇجى | — 1991.10 |

ئىزاھات: 1970 ـ يىل 1 ـ ئايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك پارتىيە يادرو گورۇپپىسى قۇرۇلدى. گورۇپپا باشلىقى ليۇچۇنتيەن ۋەزىپە ئورنىغا كەلمىگەنلىكتىن، جاڭ شۇاڭخې خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

## ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىغا مۇئاۋىن شۇجى (يادرو گورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) بولغانلار

جەدۋەل: 5 — 3

| ئىسىم ـ فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| دۇەن دويۇ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي ئەنپىڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1954.10 — 1954.1 |
| جاڭ جۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | سەنشى ۋېنشۇي | مۇئاۋىن شۇجى | 1959.11 — 1956.4 |
| ئابىت سايىت | ئەر | ئۇيغۇر | ئونسۇ | مۇئاۋىن شۇجى | 1965.7 — 1958.3 |
| رېن زۇجياڭ | ئەر | خەنزۇ | سەنشى ۋېنشۇي | مۇئاۋىن شۇجى | 1960.5 — 1960.2 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| شۇ خۇلاڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى جيەن | مۇئاۋىن شۇجى | 1963.11 — 1960.12 |
| لۇ تيەنشۇن | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ جاڭيې | مۇئاۋىن شۇجى | 1966.5 — 1960.6 |
| ۋېي جىشياۋ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ لىنجاۋ | مۇئاۋىن شۇجى | 1970.7 — 1966.5 |
| جاڭ شۇاڭخې | ئەر | خەنزۇ | خېبەي دىڭشىڭ | مۇئاۋىن گورۇپپا باشلىقى | 1970.9 — 1970.1 |
| جۇ يۇچىن | ئەر | خەنزۇ | خېبەي جۇمادىيەن | مۇئاۋىن گورۇپپا باشلىقى | 1970.9 — 1970.1 |
| قادىر ئىدرىس | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ | مۇئاۋىن شۇجى | 1970.9 — 1966.5 |
| لى ۋېنچىڭ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي راۋياڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1973.9 — 1970.9 |
| جۇ يۇچىن | ئەر | خەنزۇ | خېبەي جۇمادىيەن | مۇئاۋىن شۇجى | 1976.9 — 1970.9 |
| قادىر ئىدرىس | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ | مۇئاۋىن شۇجى | 1981.2 — 1973.2 |
| تېيىپ تۇردى | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ | مۇئاۋىن شۇجى | 1984.4 — 1974.11 |
| جاڭ دوجى | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ جىيۇچۇەن | مۇئاۋىن شۇجى | 1981.3 — 1978.12 |
| نيۇ شۇشىن | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ ۋېندېڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1984.4 — 1980.6 |
| ۋۇ گوچى | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇجىيۇچۇەن | مۇئاۋىن شۇجى | 1986.8 — 1981.3 |
| ۋاڭ جىنشەن | ئەر | خەنزۇ | ئەنخۇي خاۋشيەن | مۇئاۋىن شۇجى | 1987.10 — 1984.4 |
| ماموت مەخموت | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ | مۇئاۋىن شۇجى | 1991.10 — 1986.9 |
| ليۇ زۇڭمىن | ئەر | خەنزۇ | گۇاڭدۇڭ مېيشيەن | مۇئاۋىن شۇجى | 1991.10 — 1986.9 |
| خې جىمىڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى گۇچېڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1995.5 — 1991.10 |
| تۇردى نىياز | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ | مۇئاۋىن شۇجى | — 1991.10 |
| يۇ شيۇچېڭ | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ ۋېندېڭ | مۇئاۋىن شۇجى | 1994.5 — 1991.10 |
| دۇ جيەنگو | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ جاۋيۈەن | مۇئاۋىن شۇجى | 1993.9 — 1991.9 |
| لى لەيدى | ئەر | خەنزۇ | شەنشى چاڭئەن | مۇئاۋىن شۇجى | 1994.2 — 1993.9 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| لىيۇ كېچىن | ئەر | خەنزۇ | خېبېي مىيۈن | مۇئاۋىن شۇجى | 1996.11 — 1994.9 |
| ياڭ شۇباۋ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي ئاڭشەن | مۇئاۋىن شۇجى | — 1995.5 |
| جاڭ جىنلىڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ چىڭياڭ | مۇئاۋىن شۇجى | — 1995.5 |

## ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتقا دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولغانلار

جەدۋەل: 5 — 4

| ئىسمى ـ فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|
| رېن زۇمىڭ | ئەر | خەنزۇ | سەنشى ۋېنشۇي | 1970.9 — 1956.4 | |
| ئابدۇللا سابىت | ئەر | ئۇيغۇر | ئاقسۇ | 1956.8 — 1956.4 | |
| جاڭ كۇچىڭ | ئەر | خەنزۇ | سەنشى ۋېنشۇي | 1956.5 — 1956.4 | |
| ئاۋۇت جارۇپ | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ | 1965.7 — 1956.10<br>1984.4 — 1981.2 | |
| چېن خەنچىڭ | ئەر | خەنزۇ | سىچۇەن سۇيىنىڭ | 1958.7 — 1956.10 | |
| لى پېي | ئەر | خەنزۇ | خېنەن جىيگياڭ | 1964.2 — 1956.10 | |
| ئېزىز ھاسىل | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ | 1964.2 — 1958.3 | |
| جىن شيەنجىي | ئەر | خەنزۇ | خېنەن پۇياڭ | 1960.5 — 1958.3 | |
| تۇرسۇن ئابدۇللا | ئەر | ئۇيغۇر | دۆربىلجىن | 1973.2 — 1970.9 | ئارمىيە ۋەكىلى |
| ياڭ شىگۇۋ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى لىنتۇڭ | 1973.2 — 1970.9 | ئارمىيە ۋەكىلى |
| لۇ جىنشياڭ | ئەر | خەنزۇ | سەنشى جىنچىڭ | 1978.12 — 1972.10 | |
| سۇلايمان ئوسمان | ئەر | ئۇيغۇر | كۇچا | 1980.6 — 1974.11 | |
| لى شىنۋېي | ئەر | خەنزۇ | شەنشى خۇايىن | 1980.6 — 1976.5 | ئارمىيە ۋەكىلى |
| لۇ جىنشيەن | ئەر | خەنزۇ | شەنشى خۇائەن | 1982.3 — 1979.1 | |
| ئابلا ئاپپاق | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ | 1984.5 — 1981.3 | |
| ئەخمەت ئەمەت | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ | 1987.10 — 1984.4 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ليۇ شيالاڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ ۋېنشيەن | 1987.10 — 1984.4 | |
| ماۋاخان قاۋۇل | ئايال | ئۇيغۇر | توقسۇ | 1992.1 — 1984.4 | |
| ليۇ شىڭگۈي | ئەر | خەنزۇ | سىچۈەن نەنجۇڭ | 1985.12 — 1984.5 | ئارمىيە ۋەكىلى |
| ۋاڭ چۈنشاڭ | ئەر | خەنزۇ | لياۋنىڭ شېنياڭ | 1989.1 — 1986.9 | |
| جياڭ بىنشىن | ئەر | خەنزۇ | شەنشى شەنياڭ | 1990.9 — 1987.10 | ئارمىيە ۋەكىلى |
| بارات ھەسەن | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ | 1993.1 — 1987.10 | |
| لى كەيشيەن | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ گۇلاڭ | 1994.5 — 1992.1 | |
| ھېمىت ئەمەت | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ | — 1992.1 | |
| ۋاڭ ۋېي | ئايال | خەنزۇ | لياۋنىڭ دەندۇڭ | 1992.8 — 1992.1 | |
| ۋاڭ شۇمىڭ | ئەر | خەنزۇ | خېبەي شياڭچېڭ | 1995.4 — 1994.5 | |
| شۇ مىڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇجيۇچۈەن | — 1994.5 | |
| ياڭ شۇباۋ | ئەر | خەنزۇ | خېبېي تاڭشيەن | 1995.5 — 1994.5 | |
| جاڭ جىنىڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ چىڭياڭ | 1995.5 — 1992.8 | |
| جىن شياۋپىڭ | ئەر | خەنزۇ | جېجياڭ دۇڭياڭ | — 1995.5 | |

**ئىزاھات:** شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىقنى ئۈستىگە ئالغان دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى بۇ جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى.

# 4 §. تەشكىلىي قۇرۇلۇشى

## 1. پارتىيە ئەزالىرى

1) پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى    يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 2 - جۈن 5 - شى 13 - تۈەن ئەۋەتكەن ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمەت ئەترىتى توقسۇ ناھىيىسىگە كەلدى. خىزمەت ئەترىتىگە ۋاڭ مىڭليالاڭ باش بولدى، ئەترەتتە جەمئىي 13 كوماندىر - جەڭچى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋاڭ مىڭلياڭ، شيې يەنشېڭ، رېن زۇجىڭ، چىڭ جۇڭ، جاۋ ئېن، ياڭ چاڭرۇڭ، ۋاڭ شىجۇڭدىن ئىبارەت 7 كىشى كومپارتىيە ئەزاسى ئىدى. 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمەت ئەترىتىدە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى، 13 - تۈەن

پارتكومىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ۋاڭ مىڭلياڭ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولدى.

1950 - يىل يازدا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ دۆەن دىيۇ، ياۋ مىڭجياڭ، جاۋ شىگدۇڭ، لى پېيدىن قاتارلىق 4 كومپارتىيە ئەزاسى قىسىمدىن ئالمىشىپ كەلدى. كۆچادىكى كادىرلار تەربىيىلەش كۇرسىدا ئابلىز ھامۇت، ئاۋۇت جارۇپلار پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزاسى 13 كە يەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، بىر نەچچە قېتىملىق ھەرىكەتلەر داۋامىدا، ئاكتىپلار ئىچىدىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىندى. 1953 - يىلى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى داۋامىدا 42 ئاكتىپ پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. 1955 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزىلاردا 186 ئادەم پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. 1956 - يىلى يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت ۋە خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش دولقۇنىدا «پائال، سالماق بولۇش» تىن ئىبارەت پارتىيە قۇرۇش فاڭجېنى بويىچە 277 ئادەم پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. 1958 — 1960 - يىلغىچە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش ۋە كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش داۋامىدا 1360 ئادەم پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش توختاپ قالدى. 1970 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، پارتىيە قۇرۇلۇشى داۋامىدا، 454 ئادەم پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى، لېكىن «سولچىل» ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە گۇرۇھۋازلىقنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىبىر كىشىلەر پارتىيە ئەزاسىلىق شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيتتى. 1978 - يىلىدىكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش خىزمىتى پەيدىنپەي مۇنتىزىملىشىشقا قاراپ ماڭدى ھەمدە زىيالىيلار ۋە ياشلار ئارىسىدىن پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى، ياش قۇرۇلمىسىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. 1987 - يىلى ج ك پ مەملىكەتلىك 13 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلغاندا، ناھىيە بويىچە 3060 پارتىيە ئەزاسى بار ئىدى، 1993 - يىل 12 - ئايدا ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزاسى 3700 گە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1995 - يىلدىكى پارتىيە ئەزاسى 4378، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 642 ، ئاز سانلىق مىللەت ئەزا 3863 ، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 1010 (بۇ ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ %23 نى ئىگىلىدى)، ساۋاتسىزلار 729 (%17 نى ئىگىلىدى).

2) پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسىدە كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ خىسلىتىنى ساقلاپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى ھۇجۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنىدى. 1953 - يىلدىن كېيىن پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى ۋە باش ۋەزىپىسى ئالاھىدە تەشۋىق قىلىندى. 1958 - يىلدىن كېيىن پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسىدە «ئۈچ قىزىل بايراق» نى ھىمايە قىلىپ، ئوڭچىل مۇتەئەسسىپلىككە قارشى تۇرۇش ئاساسىي تېما قىلىندى. 1962 - يىلدىن باشلاپ پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلۇپ، سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى تەشۋىقات كۈچەيتىلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسى توختاپ قېلىپ، ئومۇمىي خەلق ئارىسىدا رەئىس ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئاستىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسىنى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا ئائىت ماقالىلەرنى ئۆگىنىش قانات يايدۇرۇلدى.

1976 - يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسىدە لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئۇچىغا چىققان «سول» چىل لۇشيەنىنىڭ زەھەرلىرىنى تازىلاش ئاساس

قىلىندى. ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا «ئەمەلىيەت - ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى» ھەققىدىكى ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قانات يايدۇرۇلدى. 1980 - يىلدىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرى تەربىيىسىدە، ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا ھەققىدىكى تەشۋىقات، تەربىيىدە چىڭ تۇرۇلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى كۈچەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» (گۇرۇپپا يىغىنى، ياچېيكا يىغىنى، پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى، پارتىيە دەرسى) تۈزۈمى قوشۇمچە قىلىندى.

90 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، چىرىكلىككە تاقابىل تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش بويىچە ئىدىيىۋى تەربىيە ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى.

**3) پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش** 1950 — 1958 - يىلغىچە پارتىيە ئەزالىرى ئاساسلىقى ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ۋە كادىرلار مەكتىپىگە، ئاز بىر قىسمى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، جەمئىي 234 پارتىيە ئەزاسى تەربىيىلەندى. 1959 - يىلى ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن پارتىيە ئەزالىرىنى ناھىيە ئىچىدە تەربىيىلەش باشلاندى. 1959 — 1966 - يىلغىچە ھەر يىلى 2 — 3 قارار پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، جەمئىي 3172 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. 1964 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى باشلىقلىرىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلاردىن 100 نەچچىسى يىغىپ تەربىيىلەندى، ئۇلار «پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ خىزمەت نىزامى»، «قوش ئون ماددا»، «60 ماددا» ۋە «ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما»نى ئۆگەندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، پارتىيە مەكتىپى تاقۋېتىلىپ، «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپى بارلىققا كەلدى. 1980 - يىلدىن كېيىن پارتىيە مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1981 - يىلى پارتىيە مەكتىپىدە 9 قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار» ۋە «پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا ئائىت بىر قانچە مىزان» ئۆگىنىلدى، پارتىيە ئەزالىرى 1850 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. 1982 - يىلى 25 قارار پارتىيە ئەزالىرى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، 2054 پارتىيە ئەزاسى تەربىيىلەندى. ئاساسلىقى، پارتىيە ئەزالىرىغا ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرى ئۆگىتىلدى، ئۇلار پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىنتىلى، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە ماركسىزم - لېنىنىزملىق مىللەت قارشى، دىن قارشى جەھەتتىن تەربىيىلەندى. 1984 - يىلى 23 قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى 4800 ئادەم (قېتىم) نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەندى. بۇنىڭدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1981 — 1984 - يىلغىچە بولغان ئۈچ 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتى ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى. 1981 — 1984 - يىلغىچە ناھىيە، رايون دەرىجىلىك 203 كادىر يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. 1985 — 1993 - يىلغىچە جەمئىي 6 قارار نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 16 مىڭ 907 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى (خىزمەتتىن ئايرىلماي تەربىيىلەنگەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

1995 - يىلى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلگەنلەر 6، ۋىلايەتلىك ۋە ناھىيىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەنلەر185، ئاساسىي قاتلاملاردا تەربىيىلەنگەنلەر 1117.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1960 — 1995 - يىلغىچە پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 5

| يىللار | پارتىيە ئەزالىرى | تەربىيىلەنگەن ئادەم سانى | يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار مەكتىپى، پارتىيە مەكتەپلىرىدە تەربىيىلەنگەنلەر | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|
| 1960 | 1645 | 461 | | |
| 1961 | 1712 | 260 | | |
| 1962 | 1689 | 140 | | |
| 1963 | 1711 | 139 | | |
| 1964 | 1663 | 750 | | |
| 1965 | 1673 | 250 | | |
| 1968 | 2127 | | | |
| 1969 | | 120 | | |
| 1971 | 2075 | | | |
| 1972 | 2074 | | | |
| 1973 | 2080 | | | |
| 1974 | 2146 | 450 | | |
| 1975 | 2289 | 390 | | |
| 1976 | 2610 | | | |
| 1977 | 2689 | | 1 | |
| 1978 | 2737 | | 1 | |
| 1979 | 2863 | | 24 | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1980 | 2925 | 436 | 36 | يۆنىلىك ئىچىدە يېزا كادىرى 410 |
| 1981 | 2903 | 115 | 18 | يۆنىلىك ئىچىدە يېزا كادىرى 105 |
| 1982 | 2970 | 480 | 62 | يۆنىلىك ئىچىدە يېزا كادىرى 465 |
| 1983 | 2938 | 781 | 45 | يۆنىلىك ئىچىدە يېزا كادىرى 765 |
| 1984 | 2887 | 98 | | باشقا شەكىلدە تەربىيىلەنگەنلەر 328 |
| 1985 | 2943 | 360 | | باشقا شەكىلدە تەربىيىلەنگەنلەر 57 |
| 1986 | 3091 | 314 | | باشقا شەكىلدە تەربىيىلەنگەنلەر 1938 |
| 1987 | 3060 | 155 | | |
| 1988 | 3145 | 76 | | |
| 1989 | 3221 | 118 | | |
| 1990 | 3239 | 106 | | خىزمەتتىن ئايرىلماي تەربىيىلەنگەنلەر 3002 |
| 1991 | 3440 | 231 | | خىزمەتتىن ئايرىلماي تەربىيىلەنگەنلەر 3079 |
| 1992 | 3550 | 130 | | خىزمەتتىن ئايرىلماي تەربىيىلەنگەنلەر 3415 |
| 1993 | 3700 | 92 | 3 | خىزمەتتىن ئايرىلماي تەربىيىلەنگەنلەر 3564 |
| 1994 | 4015 | 197 | 16 | خىزمەتتىن ئايرىلماي تەربىيىلەنگەنلەر 3845 |
| 1995 | 4378 | 1395 | | ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە تەربىيىلەنگەنلەر 6، ناھىيىلىك، ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدە تەربىيىلەنگەنلەر 185، ئاساسىي قاتلامدا تەربىيىلەنگەنلەر 1177، باشقىلار 27 |

## 2. ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار

1950 - يىل 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمەت ئەترىتىدە ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى، شۇ يىلى 5 - ئايدا ناھىيە بويىچە 4 رايونلۇق پارتكوم تەسىس قىلىندى. 1958 - يىل 10 - ئايدا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 3 گۇڭشې پارتكومى، بىر بازارلىق پارتكوم تەسىس قىلىندى. 1966 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 7 پارتكوم، 14 پارتىيە باش ياچېيكىسى، 117 پارتىيە ياچېيكىسى بارلىققا كەلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پالەچ

ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1970 ـ يىلى پارتىيىنىڭ تەشكىلىي پائالىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە پارتكوم 6 گە، پارتىيە ياچېيكىسى 129 غا يەتتى. 1984 ـ يىلى گۆڭشې يېزىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، گۆڭشې پارتكومى يېزىلىق پارتكومغا ئۆزگەرتىلدى. 1987 ـ يىلى ج ك پ مەملىكەتلىك 13 ـ قۇرۇلتىيى چاقىرىلغاندا، ناھىيە بويىچە 11 پارتكوم، بىر پارتىيە باش ياچېيكىسى، 192 پارتىيە ياچېيكىسى بار بولدى. 1995 ـ يىلى ناھىيە بويىچە پارتكوم 10 غا، پارتىيە باش ياچېيكىسى 9 غا، پارتىيە ياچېيكىسى 241 گە يەتتى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 6

| يىللار | پارتكوم | پارتىيە باش ياچېيكىسى | پارتىيە ياچېيكىسى | پارتىيە ئەزاسى: جەمئىي | پارتىيە ئەزاسى: يۇنىلىش ئىچىدە: ئايال | پارتىيە ئەزاسى: يۇنىلىش ئىچىدە: يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغىنى | پارتىيە ئەزاسى: يۇنىلىش ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت | مەلۇماتى: ئالىي مەكتەپ | مەلۇماتى: تېخنىكۇم | مەلۇماتى: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | مەلۇماتى: تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | مەلۇماتى: باشلانغۇچ مەكتەپ | مەلۇماتى: ساۋاتسىزلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | | | 1 | 13 | | 2 | | | | | | | |
| 1951 | | | 1 | 17 | | 3 | | | | | | | |
| 1952 | | | 3 | 37 | 6 | 10 | | | | | | | |
| 1953 | | | 4 | 76 | 9 | 42 | 38 | | | | | | |
| 1954 | 5 | | 18 | 157 | 77 | | | | | | | | |
| 1955 | 5 | | 22 | 362 | 21 | 199 | 317 | | 3 | 34 | 225 | 100 | |
| 1956 | 5 | | 33 | 618 | 38 | 277 | 573 | | | 2 | 32 | 321 | 262 |
| 1957 | 5 | 2 | 26 | 620 | 39 | 5 | 573 | 1 | | 6 | 38 | 294 | 282 |
| 1958 | 5 | 4 | 53 | 749 | 45 | 152 | 684 | | | | | | |
| 1959 | 5 | 11 | 71 | 1033 | | 521 | | | | | | | |
| 1960 | 5 | 14 | 83 | 1645 | 223 | 687 | | | | | | | |
| 1961 | 5 | 14 | 83 | 1712 | 248 | 84 | | | | | | | |
| 1962 | 6 | 14 | 108 | 1689 | | 42 | | | | | | | |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | 32 | 239 | 1711 | 115 | 14 | 6 | 1963 |
| | | | | | | 1564 | | 230 | 1663 | 116 | 12 | 6 | 1964 |
| | | | | | | | | | 2127 | 117 | 14 | 7 | 1966 |
| | 1776 | 219 | 67 | | 13 | 1926 | | 305 | 2075 | 129 | | 6 | 1971 |
| | 1775 | 219 | 67 | | 13 | 1925 | | 304 | 2074 | 131 | | 6 | 1972 |
| | 1743 | 256 | 71 | | 10 | 1941 | 9 | 290 | 2080 | 138 | | 7 | 1973 |
| | | | | | | 1995 | 81 | 301 | 2146 | 132 | | 7 | 1974 |
| | | | | | | 2118 | 136 | 326 | 2289 | 133 | | 9 | 1975 |
| | | | | | | 2422 | 338 | 417 | 2610 | 141 | 5 | 6 | 1976 |
| | | | | | | 2446 | 35 | 439 | 2689 | 168 | 1 | 10 | 1977 |
| 1308 | 839 | 438 | 130 | | 22 | 2485 | 38 | 414 | 2737 | 170 | 7 | 9 | 1978 |
| 1272 | 953 | 483 | 128 | | 27 | 2580 | 123 | 438 | 2863 | 179 | 2 | 9 | 1979 |
| 1178 | 1074 | 470 | 121 | 44 | 38 | 2633 | 118 | 424 | 2925 | 179 | 3 | 8 | 1980 |
| 1158 | 1006 | 509 | 119 | 79 | 32 | 2649 | 47 | 418 | 2903 | 194 | 3 | 7 | 1981 |
| 1207 | 944 | 550 | 165 | 67 | 37 | 2719 | 47 | 416 | 2970 | 197 | 3 | 8 | 1982 |
| 1190 | 987 | 521 | 128 | 75 | 37 | 2698 | 6 | 443 | 2938 | 196 | 4 | 8 | 1983 |
| 1099 | 1010 | 534 | 146 | 63 | 35 | 2662 | 5 | 424 | 2887 | 192 | 1 | 10 | 1984 |
| 1063 | 995 | 528 | 147 | 163 | 47 | 2705 | 87 | 437 | 2943 | 192 | 1 | 10 | 1985 |
| 970 | 1087 | 573 | 189 | 204 | 68 | 2826 | 162 | 482 | 3091 | 193 | 1 | 12 | 1986 |
| 847 | 1109 | 581 | 213 | 231 | 79 | 2822 | 154 | 467 | 3060 | 192 | 1 | 11 | 1987 |
| 811 | 1097 | 604 | 252 | 288 | 93 | 2885 | 107 | 479 | 3145 | 203 | 3 | 10 | 1988 |
| 815 | 1107 | 597 | 252 | 334 | 116 | 2949 | 74 | 503 | 3221 | 207 | 4 | 10 | 1989 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1990 | 10 | 4 | 209 | 3239 | 513 | 52 | 2954 | 129 | 333 | 248 | 639 | 1081 | 809 |
| 1991 | 10 | 4 | 213 | 3440 | 539 | 250 | 3154 | 142 | 377 | 277 | 733 | 1138 | 773 |
| 1992 | 10 | 10 | 221 | 3550 | 497 | 107 | 3228 | 167 | 428 | 295 | 749 | 1165 | 746 |
| 1993 | 10 | 9 | 221 | 3700 | 574 | 192 | 3336 | 249 | 541 | 313 | 767 | 1092 | 738 |
| 1994 | 10 | 9 | 221 | 4015 | 642 | 356 | 3580 | 269 | 576 | 357 | 942 | 1185 | 686 |
| 1955 | 10 | 9 | 241 | 4378 | 642 | 404 | 3863 | 351 | 659 | 461 | 1028 | 1150 | 729 |

ئىزاھات: 1971 -، 1972 -، 1973 - يىللىق پارتىيە ئەزالىرى ستاتىستىكا سانىدا، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر بىلەن ساۋاتسىزلار ئايرىلماي، ھەممىسى باشلانغۇچ مەكتەپ قىسمىغا تولدۇرۇلغان.

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 ـ 7

| يىللار | پارتىيە - ھۆكۈمەت، ئاممىۋى تەشكىلات ئورگانلىرى | سانائەت | قاتناش، پوچتا - تېلېگراف | پۇل - مۇئامىلە، سۇغۇرتا | مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە | سودا، ماددىي ئەشيا، تەمىنات سودا | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق، مېتېئورولوگىيە | بىناكارلىق | پەن تەتقىقات | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1955 | 86 | | 1 | | 3 | | 269 | | | 3 |
| 1956 | 93 | 1 | 2 | 2 | 4 | 13 | 501 | 2 | | |
| 1957 | 111 | 13 | 11 | 3 | 3 | 21 | 455 | | | 3 |
| 1958 | 121 | 9 | | | 15 | | 604 | | | |
| 1959 | | | | | | | 811 | | | |
| 1960 | | | | | 27 | | 1441 | | | |
| 1961 | | | | | | | 1524 | | | |
| 1962 | 110 | 31 | 4 | 8 | 9 | 39 | 1488 | | | |
| 1963 | 115 | 32 | 11 | 9 | 10 | 43 | 1491 | | | |
| 1964 | 143 | 26 | 17 | 9 | 19 | 70 | 1379 | | | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1337 | 78 | 26 | 9 | 19 | 28 | 176 | 1965 |
| 2 | 3 | | 1660 | 89 | 50 | 15 | 25 | 67 | 164 | 1971 |
| 2 | 3 | | 1660 | 89 | 50 | 15 | 25 | 67 | 163 | 1972 |
| 6 | 3 | | 1630 | 83 | 50 | 13 | 13 | 72 | 210 | 1973 |
| | 3 | | 1710 | 60 | 25 | 13 | 11 | 58 | 266 | 1974 |
| 9 | 5 | | 1789 | 69 | 57 | 13 | 14 | 64 | 269 | 1975 |
| | 5 | | 2123 | 126 | 65 | 13 | 8 | 41 | 229 | 1976 |
| | | | 2064 | 152 | 50 | 15 | 26 | 124 | 258 | 1977 |
| 7 | | 5 | 2148 | 96 | 52 | 15 | 28 | 131 | 255 | 1978 |
| | | 4 | 2252 | 98 | 73 | 15 | 32 | 72 | 317 | 1979 |
| | | 4 | 2178 | 98 | 114 | 11 | 46 | 138 | 336 | 1980 |
| | 5 | 6 | 2090 | 141 | 119 | 37 | 35 | 163 | 307 | 1981 |
| | 5 | 4 | 2125 | 147 | 138 | 39 | 35 | 164 | 313 | 1982 |
| | | 3 | 2125 | 129 | 172 | 31 | 33 | 123 | 322 | 1983 |
| 7 | 8 | 5 | 1960 | 140 | 150 | 37 | 21 | 181 | 378 | 1984 |
| | 3 | 17 | 1944 | 127 | 193 | 36 | 43 | 173 | 407 | 1985 |
| | 3 | 17 | 1990 | 136 | 256 | 37 | 43 | 176 | 433 | 1986 |
| 10 | 5 | 14 | 1982 | 149 | 254 | 41 | 47 | 108 | 450 | 1987 |
| 7 | 6 | 13 | 2030 | 163 | 256 | 39 | 55 | 98 | 478 | 1988 |
| 7 | 7 | 18 | 2043 | 137 | 290 | 45 | 47 | 98 | 529 | 1989 |
| 4 | 7 | 14 | 2042 | 153 | 292 | 38 | 46 | 99 | 544 | 1990 |
| 9 | 7 | 15 | 2176 | 143 | 354 | 46 | 51 | 93 | 546 | 1991 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1992 | 606 | 110 | 53 | 54 | 365 | 162 | 2173 | 11 | 8 | 8 |
| 1993 | 651 | 86 | 58 | 58 | 403 | 193 | 2211 | 23 | 8 | 9 |
| 1994 | 696 | 85 | 59 | 71 | 481 | 204 | 2365 | 27 | 14 | 13 |
| 1995 | 786 | 73 | 72 | 73 | 462 | 174 | 2575 | 38 | 94 | 31 |

## 3. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىستىل تۈزىتىش

1958 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يېزىلاردا گۇڭشېنى تەرتىپكە سېلىش ۋە پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىلدى. تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، پارتىيە تەشكىلاتلىرى يەنىمۇ ساغلاملاشتى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئېڭى يەنىمۇ ئۆستى، 1 ـ خىلدىكى پارتىيە ياچېيكىسى 6گە يەتتى. 2 ـ خىلدىكى پارتىيە ياچېيكىسى 18 دىن 13كە، 3 ـ خىلدىكى پارتىيە ياچېيكىسى 13 تىن 4 كە ئازايدى.

1959 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە يېزىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەرتىپكە سېلىندى، 51 پارتىيە ياچېيكىسى، 585 پارتىيە ئەزاسى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا، 1551 تۈرلۈك پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇنىڭ 1191 تۈرلۈكى قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى خاتالىق ئۆتكۈزگەن پارتىيە ئەزالىرى بىر تەرەپ قىلىندى.

1964 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە دايۈلتۈز، شويۈلتۈز گۇڭشېلىرىنىڭ 32 چوڭ ئەترىتى، 167 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە، گۇڭشېغا قاراشلىق 15 ئىدارە ـ ئورۇندا تۆتنى قارارلىق «سوتسىيالىستىك تەربىيە» قانات يايدۇرۇلدى. سوتسىيالىستىك تەربىيىگە بىرلەشتۈرۈپ، 5 پارتىيە باش ياچېيكىسى، 40 پارتىيە ياچېيكىسى، 121 پارتىيە گورۇپپىسى تەرتىپكە سېلىندى. 706 پارتىيە ئەزاسى باھالىنىپ قايتىدىن تىزىملاندى، 33 پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلدى، 2 پارتىيە ئەزاسى پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىلدى.

1965 ـ يىل 7 ـ ئايدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ «قوش ئون ماددا» سىنىڭ روھىغا ئاساسەن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، 27 «تۆتتە ئېنىق بولمىغان» پارتىيە ئەزاسى پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىلدى، 6 پارتىيە ئەزاسىغا جازا بېرىلدى، 4 كاندىدات پارتىيە ئەزاسىنىڭ سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى.

1966 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە ناھىيە بويىچە نۇقتىلاردىكى «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، ناھىيە دەرىجىلىك 37 ئورگان ۋە بازار گۇڭشېي، تاشئېرىق گۇڭشېنىڭ 24 چوڭ ئەترىتى، 5 ئاھالىلەر كومىتېتىدىكى 3204 ئائىلە، 17 مىڭ 968 كىشى بۇ ھەرىكەتكە قاتناشتى. ۋىلايەتنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىدىن 818 «سوتسىيالىستىك تەربىيە» كادىرى ئاجرىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيە ئەزاسى 275. ھەرىكەت داۋامىدا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ھەممە ئادەم «يۇيۇنۇش» (مەسىلە تاپشۇرۇش)، «بىنادىن چۈشۈش» (بوغچىنى تاشلاش) ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرى يېڭىۋاشتىن تىزىملاندى. ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا 69 پارتىيە ئەزاسى جازالاندى، بۇ، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ %4.31نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگەنلەر 22، قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلگەنلەر 14، پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلگەنلەر 17، پارتىيىدىن چىقىرىلغانلار 9، كېچىكتۈرۈپ تىزىملانغانلار 4. پارتىيىدىن نەسىھەت بىلەن چېكىندۈرۈلگىنى بىر،

كاندىداتلىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلانغىنى بىر. سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى داۋامىدا خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان 2 خىل زىددىيەت ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ، بەزى پارتىيە ئەزالىرى خاتا بىر تەرەپ قىلىندى.

1970 - يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ قېتىملىق پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، «سول» چىللىق ۋە گۇرۇھۋازلىقنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىدى. پارتىيە تەرتىپكە سېلىنىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 6 پارتكوم، 121 پارتىيە ياچېيكىسى (يېزىلاردا 104، ناھىيىگە قاراشلىق ئورگانلاردا 17)، %84.7 پارتىيە ئەزاسىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1975 - يىل 12 - ئايدىن 1978 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيىلىك پارتكوم خادىم ئاجرىتىپ، لۇشيەن تەربىيىسى خىزمەت ئۆمىكى تەشكىللەپ، 4 قارارغا بۆلۈپ ناھىيە بويىچە لۇشيەن تەربىيىسى ئېلىپ باردى. لۇشيەن تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سالدى. تۆتىنچى قارارلىق لۇشيەن تەربىيىسى داۋامىدا 5 پارتىيە ئەزاسى بىر تەرەپ قىلىندى.

1981 - يىلى «مىزان»دىكى تەلەپلەر بويىچە، ناھىيىگە قاراشلىق ئورگانلاردىكى 46 پارتىيە ياچېيكىسى، 6 گۇڭشېدىكى 81 چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسى تەكشۈرۈلدى، تەرتىپكە سېلىندى، باھالاپ سېلىشتۇرۇلدى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 30 پارتىيە ياچېيكىسى تەڭشەلدى ۋە ئۆزگەرتىپ سايلاندى، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 34 پارتىيە ئەزاسىغا تەنقىد ۋە جازا بېرىلدى. ناھىيە بويىچە 197 پارتىيە ياچېيكىسى ئىچىدە ياخشىسى 85، بىر قەدەر ياخشىسى 103؛ 2808 پارتىيە ئەزاسى ئىچىدە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى 314، ياخشى پارتىيە ئەزاسى 1582، بىر قەدەر ياخشى پارتىيە ئەزاسى 802، بىر قەدەر ناچار پارتىيە ئەزاسى 81.

1984 - يىلى يېڭى دەۋردە پارتىيىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا بولغان يېڭى تەلىپى بويىچە، نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىغا بىرلەشتۈرۈپ پارتىيە ياچېيكىلىرى تەرتىپكە سېلىندى. تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ياش قۇرۇلمىسى تۈزەۋلىنىپ، مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1987 - يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاش مەركەز قىلىنغان پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش تەربىيىسى داۋامىدا، 114 پارتىيە ياچېيكىسى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە لاياقەتسىز پارتىيە ياچېيكىسى 2 بولۇپ، بۇلارغا قايتىدىن دەرس تولۇقلاندى. پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشقا قاتناشقان 1984 پارتىيە ئەزاسى ئىچىدە (كاندىدات پارتىيە ئەزاسى 39) تىزىملانغىنى 1827، پارتىيىدىن چېكىنىشكە تەستىقلانغىنى 94، پارتىيىدىن چىقىرىلغىنى 7، كاندىدات پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلانغىنى 4. بۇلاردىن باشقا يېزىلاردىكى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا، 22 ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى، 12 ئىقتىسادىي دېلو، قىمار ئوينىغان 3 كىشى، ئىستىل مەسىلىسى بار 3 كىشى، باشقىلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان 2 كىشى، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 2 كىشى تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىندى. 4 كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى، 3 كىشىگە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى، 9 كىشىگە پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىناش جازاسى بېرىلدى. 3 كىشىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى، 3 كىشى جازادىن كەچۈرۈم قىلىندى، 4 كىشىنىڭ كاندىدات پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا 16 كىشىنىڭ بېسىلىپ قالغان 16 دېلوسى بىر تەرەپ قىلىندى.

## 4. ئىلغارلارنى باھالاش

1955 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى،

يىرىم يىلدا دەسلەپكى باھالاش، يىل ئاخىرىدا كوممۇنىزملىق باھالاش خىزمىتى ئىشلەندى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، باھالاش پائالىيىتى توختاپ قالدى. 1979 - يىلدىن كېيىن، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرىنى باھالاش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلەش پائالىيىتى قايتىدىن قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر يىلى ئېلىپ بېرىلدى. ئۇچقات يېزىسىنىڭ بەلكەستى كەنت پارتىيە ياچېيكىسى كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى دېگەن نامنى ساقلاپ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ۋىلايەتنىڭ كۆپ قېتىم تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. ناھىيىلىك يېمەك - ئىچمەك شىركىتىدىكى پارتىيە ئەزاسى ياڭ لياگرۇڭ جان - دىل بىلەن كوممۇنىستلىق مەنپەئەتىنى كۆزلەپ، ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس خىسلەتنى ساقلاپ كەلگەچكە، ناھىيە بويىچە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالىنىپ، كۆپ قېتىم ناھىيىلىك، ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوملارنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالى**

جەدۋەل: 5 — 8

| يىللار | ناھىيىلىك پارتكوم تەقدىرلىگەن | | ۋىلايەتلىك پارتكوم تەقدىرلىگەن | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئىلغار ياچېيكا | مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى | ئىلغار ياچېيكا | مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى | |
| 1979 | 15 | 306 | | | |
| 1980 | 14 | 206 | | | |
| 1981 | 16 | 308 | | | |
| 1982 | 17 | 312 | | | |
| 1983 | 17 | 314 | | | |
| 1984 | 22 | 311 | | | |
| 1985 | 24 | 323 | | | |
| 1986 | 14 | 189 | | | |
| 1988 | 3 | 33 | 3 | 12 | |
| 1990 | 16 | 109 | | | |
| 1991 | 17 | 116 | 2 | 8 | بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون تەقدىرلىگىنى بىر |
| 1992 | 23 | 104 | | | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1993 | 5 | 111 | | | |
| 1994 | 19 | 97 | 1 | | |
| 1995 | 9 | 10 | | 1 | |

## 5 § . تەشۋىقات خىزمىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە كۆپىنچە ئاممىۋى يىغىن، ئاھالىلەر يىغىنى، كەنت ئاھالىلىرى يىغىنى، ھەر قايسى قاتلاملارنىڭ سۆھبەت يىغىنى، ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلىش ۋە تام گېزىتى، قارادوسكا گېزىتى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى تەشۋىق قىلىناتتى.

1951 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكومدا تەشۋىقات بۆلۈمى قۇرۇلدى، ھەر قايسى رايونلۇق پارتكوملارغا تەشۋىقات كادىرى سەپلەپ بېرىلدى. تەشۋىقات خىزمىتىدە تەشۋىقات تارماقلىرى ئاساس قىلىنىپ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، مەكتەپلەر ماسلاشتۇرۇلۇپ، تەشۋىقات گۇرۇپپىسى، گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىسى، ئاخبارات گورۇپپىسى قاتارلىقلار تەشكىللىنىپ، تەشۋىقات تورى شەكىللەندۈرۈلدى، بۇلار سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ، ئەھۋال ئىگىلەشكە، مەسىلىلەرنى ئىنكاس قىلىپ، پارتىيە گېزىتلىرىگە ماقالە ئەۋەتىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

50 ـ، 60 ـ يىللاردا ناھىيە بويىچە 3 دەرىجىلىك، 4 دەرىجىلىك، 5 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى شەكلى ئارقىلىق، سىياسەتلەر يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى. 1957 ـ يىلدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ يېتەكچىلىك مەركىزىدە بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا «سىنىپىي كۈرەش»كە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئاممىۋى تەشۋىقات تەربىيىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك چوڭ سايراش، چوڭ ئېچىلىش، چوڭ خەتلىك گېزىت، چوڭ بەس ـ مۇنازىرە ۋە ئۆتمۈشتىكى جاپا ـ مۇشەققەتنى ئەسلەپ، ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يېتىش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلدى. بەزى تەشۋىقاتلار مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلدى، مەسىلەن: «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش»، «ئادەمدە ئىرادە قانچىلىك چوڭ بولسا، يەر شۇنچە كۆپ ھوسۇل بېرىدۇ» دېگەنلەر تەشۋىق قىلىندى. بۇنىڭدا ئىلمىي ئاساس ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى كەمچىل بولدى. 1963 ـ يىلدىن كېيىن، تەشۋىقاتتا «سىنىپىي كۈرەش»نى «ھەر قاچان، ھەر زامان سۆزلەش» ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەندى، بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىنلا خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغان بەزى ئادەم ۋە ئىشلار «تۈزتا ۋە لۇشيەن»گە كۆتۈرۈلدى.

60 ـ يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، كادىرلار «خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ باش لۇشيەنى توغرىسىدىكى تەكلىپ»، «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا ئەۋەتكەن ئوچۇق خېتى» قاتارلىق ماقالىلەر (يەنى 9 باھا) نى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، شيۇجېڭجۇيىغا قارشى ئۇرۇش تەشۋىقاتى كۈچەيتىلدى.

1965 ـ يىلى ناھىيە بويىچە رەئىس ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش دولقۇنى قوزغالدى، يېزىلاردا 465 ئۆگىنىش گورۇپپىسى، ناھىيە بازىرىدىكى ئىدارە، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 332 ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار 11مىڭ 423 كە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدىكى 10 يىللىق مالىمانچىلىق داۋامىدا، چېكىدىن ئاشقان «سول» چىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرى بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى چېكىدىن ئاشقان «سول» چىل لۇشيەن، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش تەشۋىق قىلىندى. تەشۋىقات خىزمىتىدە ئېغىر شەكىلۋازلىق مەيدانغا كېلىپ، «ئەڭ ئالىي يوليورۇق» ئوقۇتا قىلىندى، ئۇززۇندە ناخشىسى، «ساداقەت» ئۇسسۇلى، ئەتىگەندە يوليورۇق سوراش، كەچتە دوكلات قىلىش، جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىش، «خۇسۇسىيلىققا قارشى كۈرەش قىلىش، شىۋجىيگجۇيىنى تەنقىد قىلىش» تەشۋىقات پائالىيىتىنىڭ ئاساسلىق شەكلى بولۇپ قالدى.

70 ـ يىللاردا داجەيىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىندى، ناھىيە بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە داجەيدىن ئۆگىنىلدى.

1976 ـ يىلى «4 كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش، چېكىدىن ئاشقان «سول» چىل لۇشيەننىڭ قالدۇق زەھىرىنى تازىلاش تەشۋىق قىلىندى. ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «ئەمەلىيەت — ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى» دېگەن تېمىدا بەس ـ مۇنازىرە قانات يايدۇرۇلۇپ، تىنچ ـ ئىتتىپاقلىق تەشۋىق قىلىندى.

1981 ـ يىل 8 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ئومۇمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىرىپ، پارتىيىنىڭ «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار» ى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى. ئارقىدىنلا ناھىيە بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بۇ مۇھىم ھۆججەتنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

1980 ـ يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر تەشۋىق قىلىندى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، بىر مەركەز، 2 ئاساسىي نۇقتا شۇنداقلا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەشۋىق قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، لېي فېڭ روھى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىندى.

## § 6 . بىرلىك سەپ خىزمىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ناھىيىلىك پارتكوم كاتىبات ئىشخانىسى قوشۇمچە باشقۇراتتى. 1954 ـ يىل 4 ـ ئايدا بىرلىك سەپ بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتكە قايتقانلار ۋە قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەنلەرنى «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» نى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيە ئۆزگەرتىشىگە ياردەم بەردى.

ئىجارە، ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى داۋامىدا ئاڭلىق پومېشچىكلار ئىتتىپاقلاشتۇرۇلدى، تەربىيىلەندى ۋە قولغا كەلتۈرۈلدى، ناھىيە بويىچە تەسىرى بار 10 ئاڭلىق پومېشچىكقا «يۈز ئۆرانە بولمىغان كۈرەش قىلىش» ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئۇلار قوغداپ ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈۋېلىندى، بۇنىڭ 2 سى ناھىيىلىك يەر ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ ھەيئەتلىكىگە قوبۇل قىلىندى. چوڭ پومېشچىك ئەخمەت ھاجى پارتىيە سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە يەر ۋە مال ـ مۈلكىنى ئەينەن مەلۇم قىلىپ، يۇقىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن 39 مىڭ كىلوگرام پاراق تاپشۇرۇپ ۋە مەبلەغ سېلىپ، چوڭ كۆلۈبنى سالدۇردى.

1956 ـ يىلى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەت، قول سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئورۇندالغاندىن كېيىن، كاپىتال تەرەپ بىرلىك سەپ ئوبيېكتى قىلىندى، ئۇلار ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىلدى.

1960 ـ يىلى مىللىي ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلار سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا بۇ ئۆگىنىش توختاپ قالدى.

1977 ـ يىلدىن باشلاپ ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتكە قايتقانلار، خاتا ھالدا «ئوڭچى ئونسۇر» دەپ ئايرىلغانلار، دىنىي زاتلار ئارىسىدىكى ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار ئۈستىدىكى سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئۇلار ئاقلاندى.

1982 ـ يىلدىن كېيىن بىر قىسىم دىنىي زاتلار ھەج قىلىشقا تەشكىللەندى.

1986 ـ يىلدىن باشلاپ، بىرلىك سەپ ئوبيېكتلىرى ھۆكۈمەت ئىشلىرى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا پائال تەشكىللەندى.

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ بىرلىك سەپ خىزمىتىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئىزچىل تۇردە بىر مۇھىم خىزمەت قىلىندى، مىللىي ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلام زاتلار پارتىيىنىڭ مىللەتلەر ۋە دىن ئىشلىرى سىياسىتىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن «ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق»تەك ئىككى ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسى كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە بىرلىكسەپ خادىملىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا پائال ئۇيۇشتۇرۇلدى.

## § 7 . ئىنتىزام تەكشۈرۈش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزاسى ئاز ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ئىدى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، ئۇلار ھەممىلا جايدا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. بۇ مەزگىلدە گەرچە مەخسۇس ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئاپپاراتى بولمىسىمۇ، ئەمما پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە ئىنتىزامى قاتتىق ئىدى.

### 1. ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى

1956 ـ يىل 4 ـ ئايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى رېۋىزىيە كومىتېتى قۇرۇلدى، تۇنجى نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا 5 رېۋىزىيە ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى، بىر شۇجى، بىر مۇئاۋىن شۇجى قويۇلدى. 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا رېۋىزىيە كومىتېتىغا بىر مەخسۇس مۇئاۋىن شۇجى سەپلەندى. 1966 ـ يىلى ئۆقتىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، رېۋىزىيە كومىتېتىغا يېڭىدىن بىر مۇئاۋىن شۇجى سەپلەندى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ خىزمىتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

1970 - يىلى پارتىيە تەشكىلاتلىرى يېڭىۋاشتىن قۇرۇپ چىقىلغاندىن كېيىن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كەسپى ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ سىياسىي خىزمەت گورۇپپىسىغا قارايدىغان بولدى.

1979 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، بىر شۇجى، بىر مۇئاۋىن شۇجى، بىر كادىر قويۇلدى.

1984 - يىلى ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، دەرىجىسى مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. بىر شۇجى، 2 مۇئاۋىن شۇجى، 2 مەخسۇس دائىمىي ئەزا، 3 قوشۇمچە دائىمىي ئەزا، 3 ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرى قويۇلدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا بىر شۇجى، بىر مۇئاۋىن شۇجى، بىر مەخسۇس دائىمىي ئەزا، 3 قوشۇمچە دائىمىي ئەزا قويۇلدى، قارىمىقىدا ئىشخانا، ئەرزىيەت ئىشخانىسى، قانۇننىڭ ئىجراسىنى تەپتىش قىلىش ئىشخانىسى ۋە دېلو قاراپ چىقىش ئىشخانىسى، دېلو تەكشۈرۈش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش خادىمى 18 گە يەتتى.

## 2. ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتى

1956 - يىلى ناھىيىلىك رىۋىزىيە كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى قوبۇل قىلىپ، بىر ياقلىق قىلىشقا باشلىدى. 1958 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 117 دېلو قوبۇل قىلىنىپ، «ئالدىنقىلارنى جازالاپ، كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش» پرىنسىپى بويىچە 35 پارتىيە ئەزاسىغا جازا بېرىلدى.

1960 — 1964 - يىلغىچە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 371 ى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 237 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، 134 كىشىگە تەنقىدىي تەربىيە بېرىلدى.

1979 - يىلى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى يېڭىۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سىنىپىي كۈرەشنى تۇتۇشتىن ئىقتىسادىي ساھەگە يۆتكەلدى. 1980 — 1984 - يىلغىچە ھەرخىل ئىقتىسادىي جىنايەت ئۆتكۈزگەن 33 پارتىيە ئەزاسى بىر تەرەپ قىلىندى. ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 34 پارتىيە ئەزاسى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىندى.

ھەرخىل مۇرەككەپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەر قايسى تارىخىي مەزگىللەردە پارتىيە ئەزالىرىنى خاتا بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى يۈز بەرگەندى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى (رىۋىزىيە كومىتېتى، تەشكىلات بۆلۈمى، سىياسىي خىزمەت گورۇپپىسى) پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرىنى ئەستايىدىل قايتا تەكشۈردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى.

1983 - يىلدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، خاتالىق بولسا تۈزىتىش پرىنسىپى بويىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى، لۇشيەن تەربىيىسى ۋە بىر نەچچە قېتىملىق پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا، بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولاردىن جەمئىي 1033 تارىخىي دېلونى قايتا تەكشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە ھەل بولمىغان تارىخىي دېلو 162، ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى دېلو 26، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدىكى دېلو 414، «سوتسىيالىستىك تەربىيە» داۋامىدىكى دېلو 431، يۇقىرىقى دېلولار ئىچىدىن پارتىيە ئەزالىرىغا مۇناسىۋەتلىك دېلو 226.

## توقسۇ ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش (رېۋىزىيە) كومىتېتىنىڭ يىللاردىن بۇيانقى شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلىرى

جەدۋەل: 5 — 9

| ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| جاڭ جۇاڭ | شۇجى (قوشۇمچە) | ئەر | خەنزۇ | سەنشى ۋېنشۇي | 1956.4 — 1959.12 |
| جۇچاڭشىڭ | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي | 1956.4 — 1959.2 |
| ۋاڭ خەنچېن | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | سەنشى لىشى | 1960.11 — 1965.10 |
| پىڭ جۇېن | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ رۇڭچېڭ | 1966.10 — 1969.5 |
| ياقۇپ مۇسىن | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ | 1981.3 — 1984 |
| ئابىت سايىت | شۇجى (قوشۇمچە) | ئەر | ئۇيغۇر | ئونسۇ | 1964.2 — 1965 |
| تىيىپ ئۇردى | شۇجى | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ | 1980.6 — 1984.4 |
| لى كېشيەن | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ گۇلاڭ | 1980.11 — 1984.7 |
| لىۇ شياڭ | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ ۋېنشيەن | 1984.8 — 1992.1 |
| كې چېڭدۇڭ | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | خۇيزۇ | توقسۇ | 1984.8 — 1993.1 |
| ئايۇپ ھەسەن | مۇئاۋىن شۇجى | ئەر | ئۇيغۇر | توقسۇ | 1984.8 — 1995.5 |
| ۋاڭ ۋېي | شۇجى | ئايال | خەنزۇ | لياۋنىڭ دەندۇڭ | 1992.1 — 1992.8 |
| جاڭ جىنلىڭ | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ چىڭياڭ | 1992.8 — 1995.5 |
| جىن شياۋپىڭ | شۇجى | ئەر | خەنزۇ | جېجياڭ دۇڭياڭ | 1995.5 — |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 10

| يىللار | ئومۇمىي سانى | ئاگاھلاندۇرۇلغىنى | قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغىنى | ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغىنى | پارتىيە ئىچىدە قالدۇرۇپ سىنالغىنى | پارتىيىدىن چىقىرىلغىنى | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 15 | | | | | | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 10 | 6 | 4 | 6 | 9 | 35 | 1958 |
| | | | | | | 237 | 1960-1964 |
| | | 3 | 1 | 5 | 7 | 16 | 1965 |
| 24 | 20 | 38 | 1 | 25 | 40 | 148 | 1966 |
| | 2 | | 3 | | | 5 | 1975 |
| | 1 | 2 | 15 | | | 18 | 1980 |
| 1 | 1 | 4 | 1 | | | 7 | 1981 |
| | 3 | | | 1 | 1 | 5 | 1982 |
| | 3 | 2 | | | | 5 | 1983 |
| | 6 | 2 | 1 | 2 | 1 | 12 | 1984 |
| 4 | | | | | 1 | 5 | 1985 |
| | 1 | | | | | 1 | 1986 |
| 104 | 1 | 6 | 5 | 5 | 7 | 128 | 1987 |
| 4 | | 2 | | | 3 | 9 | 1988 |
| 3 | | 1 | | 1 | | 5 | 1989 |
| 17 | 10 | | | | 1 | 28 | 1990 |
| 11 | 2 | 1 | | | 1 | 15 | 1991 |
| 10 | | | 1 | | 3 | 14 | 1992 |
| 23 | 1 | 1 | | 2 | 1 | 28 | 1993 |
| 13 | 2 | 1 | | | 3 | 19 | 1994 |
| | 4 | | | 1 | 3 | 8 | 1995 |

# III باب

# ئاممىۋى تەشكىلاتلار

## 1§ . باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

### 1 . ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 4 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، رەھبەرلىك ئاپپاراتى كېڭەش، نازارەتچىلىك ھەيئىتىدىن تەشكىل تاپتى. ھەر قايسى كەسىپ، ھەر قايسى ساھەنىڭ 16 ۋەكىلى ئۇنىڭ ئەزاسى بولدى. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قۇرۇق نامىلا بار، پائالىيىتى يوق ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 - يىلى ئەتىيازدا توقسۇ ناھىيىسىدە رايون دەرىجىلىك بىر ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، 12 ئىشچىلار ئۇيۇشما گورۇپپىسى قۇرۇلدى، ئەزاسى 110 بولۇپ، ھەممىسى شەھەر رايونىدىكى ئۇيغۇر قول سانائەت ئىشچىلىرى ئىدى.

1953 - يىلى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاشلىق ئىدارىسى، تاشيول ئاسراش ئۇچاستكىسى، پوچتا ئىدارىسى، ئۇنىۋېرسال زاۋۇت، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى ياساش - رېمونت قىلىش زاۋۇتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، تاشقى سودا پونكىتى، يېمەك - ئىچمەك شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئارقا - ئارقىدىن ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇردى.

1973 - يىلى توقسۇ ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا بىر رەئىس، بىر كادىر قويۇلدى. باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا 13 ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قارايدىغان بولدى، ئەزاسى 720 گە يەتتى، بۇ ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ %77.8 نى ئىگىلىدى.

1984 - يىلى باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا بىر رەئىس، بىر مۇئاۋىن رەئىس، بىر خىزمەتچى خادىم قويۇلدى. ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 33 كە، ئەزاسى 2074 كە يەتتى. 1988 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 64كە، ئىشچىلار ئۇيۇشما گورۇپپىسى 207گە، ئەزاسى 4221 گە يەتتى، 39 مەخسۇس كادىر قويۇلدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا بىر رەئىس، بىر مۇئاۋىن رەئىس، 4 خىزمەتچى خادىم (ئۇنىڭدىن باشقا ئۆز كىرىمىدىن ئىش ھەققى بېرىلىدىغان 3 كىشى بار ئىدى) سەپلەندى. ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 64، ئىشچىلار ئۇيۇشما گورۇپپىسى 165 بولۇپ، 11 مەخسۇس ئىشچىلار ئۇيۇشما كادىرى قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال كادىر 3. ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى 4826، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئىشچى - خىزمەتچى 2001، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى 3694؛ ئۇيۇشما ئەزاسى 3898، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئەزا 1752، ئاز سانلىق مىللەت ئەزا 3123.

## 2. قۇرۇلتاي

توقسۇ ناھىيىلىك 1 - قېتىملىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى 1973 - يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 23 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 100 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، «ئىنقىلابىي چوڭ تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش» ھەققىدىكى قارار ماقۇللاندى، 15 كىشى ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەيئەتلىكىگە سايلاندى. ساۋ يۇچى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولدى.

توقسۇ ناھىيىلىك 2 - قېتىملىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى 1988 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 7 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 125 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا 3 مۇئاۋىن رەئىس سايلاپ چىقىلدى.

توقسۇ ناھىيىلىك 3 - قېتىملىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى 1995 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 -، 9 - كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 119 ۋەكىل قاتناشتى، قۇرۇلتايدا 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىبراھىم راخمان رەئىسلىككە، ۋاڭ كەيشياڭ مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى، 9 دائىمىي ئەزا سايلاپ چىقىلدى.

## 3. پائالىيەت

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى ئىشچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، مەدەنىيەت ئۆگىنىشىگە تەشكىللەش، ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى.

1966 - يىل 10 - ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشما تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە پائال ماسلىشىپ، زاۋۇت، كان، كارخانىلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 8 كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئورناتتى. تۈرلۈك ماللار شىركىتى، ناھىيىلىك دوختۇرخانا، ئاشلىق ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھەيئىتى، 11 ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى قۇرۇلدى.

ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى ئىشچىلارنى «سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى»، «ئەلا مۇلازىمەت مۇسابىقىسى»، «ياش ئىشچى - خىزمەتچىلەر ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى»، «مەدەنىيەتلىك - ئەدەبلىك بولۇش ئېيى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېيى»، «بەشكە دىققەت قىلىش، تۆتتە گۈزەل بولۇش، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى.

1993 - يىلى 43 ئورۇندا جەمئىي 54 قېتىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا 32 لايىھە قاراپ چىقىلىپ، ئۇنىڭ 23 ى قوبۇل قىلىندى، 9 ى ئىنكار قىلىندى.

24 تۈرلۈك تەكلىپ بېرىلدى، 11 تۈرلۈك تەكلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، 22 ئورۇن رەھبەرلەرنى دېمۇكراتىك يول بىلەن سايلاپ چىقتى، 54 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تېخنىكا مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى، 1091 ئىشچى ـ خىزمەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى؛ 7 سېختا ئەمگەك مۇھاپىزىتى ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، 23 ئەمگەك مۇھاپىزىتى تەكشۈرگۈچىسى قويۇلدى؛ 187 ئىشچى ـ خىزمەتچى قىيىنچىلىقى بارلارغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلىغا ئېرىشتى، 279 ئىشچى ـ خىزمەتچى كىتاب ئوقۇپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

ناھىيە بويىچە بىر ئىشچىلار كۇلۇبى، بىر كۇتۇپخانا (ساقلانغان كىتاب 13 مىڭ 246 پارچە)، 27 تەنتەربىيە كوماندىسى (تەنھەرىكەتچى 189) بار.

ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشتۇرغان «ياش ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ماھارەت كۆرسىتىش»، «ئەلا مۇلازىمەت قىلىش» قاتارلىق مۇسابىقە پائالىيەتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى. توپ مۇسابىقىسى، پانۇس كۆرگەزمىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتتى.

## § 2 . كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى

### 1. ئاپپاراتلار

1950 ـ يىل 8 ـ ئايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى توقسۇ ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا بىر شۇجى، 4 كادىر قويۇلدى. 1951 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە 4 رايوندا ئارقا ـ ئارقىدىن ياشلار ئىتتىپاقى رايونلۇق خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى، شۇجىلىقنى رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە ئۆتىدى، 1 — 4 كىچە كادىر قويۇلدى. 1952 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى قارمىقىدا تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، ئۆسمۈرلەر ـ باللار بۆلۈمى ۋە كاتىبات ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، 2 مۇئاۋىن شۇجى، 4 كاتىپ، تەشكىلات، تەشۋىقات كادىرى قويۇلدى. 4 رايوننىڭ ھەممىسىدە رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى قۇرۇلۇپ، بىردىن شۇجى، بىردىن مۇئاۋىن شۇجى، 1 — 4 كىچە كادىر قويۇلدى. 1957 ـ يىل 5 ـ ئايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ نامى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىلدى، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا بىر مۇئاۋىن شۇجى قويۇلدى. 1965 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 168 ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى بىر، گۇڭشې ئىتتىپاق كومىتېتى 5، ئوتتۇرا مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتى بىر، ئىدارە ـ ئورگان ئىتتىپاق كومىتېتى بىر، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى 24، ئىتتىپاق ياچېيكىسى 136. ناھىيە، گۇڭشېلاردا 10 مەخسۇس ئىتتىپاق كادىرى، ئاساسىي قاتلاملاردا 145 قوشۇمچە ئىتتىپاق كادىرى قويۇلدى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1967 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى خىزمىتىگە ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئاممىۋى تەشكىلات گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى. 1973 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىلىك 7 ـ قېتىملىق ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە 5 گۇڭشې ۋە ناھىيىگە قاراشلىق 10 دىن كۆپرەك ئىدارە ـ ئورۇندىكى 211 ئىتتىپاق ياچېيكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1995 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا 2 مۇئاۋىن شۇجى، 2 خىزمەتچى خادىم قويۇلدى، مەخسۇس ئىتتىپاق كادىرى 11 گە يەتتى؛ ناھىيە بويىچە 11 ئاساسىي قاتلام ئىتتىپاق كومىتېتى، 11 ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى، 246 ئىتتىپاق ياچېيكىسى

بار بولدى، ئىتتىپاق ئەزاسى 5378 (بۇنىڭ ئىچىدە قىز 1850، يېزىلاردىكىسى 4231) گە يەتتى.

## 2. ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى

1954 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى توقسۇ ناھىيىلىك 1 - قۇرۇلتىيى (قىسقارتىلىپ ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى دەپ ئاتىلىدۇ) ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 1954 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى دوكلاتى ۋە ئىتتىپاق خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ رەھبىرىي ئەزالىرى ۋە ئۆلكىلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، 1995 - يىلغا قەدەر، توقسۇ ناھىيىسىدە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 1956 - يىلى، 1957 - يىلى، 1958 - يىلى، 1959 - يىلى، 1966 - يىلى، 1973 - يىلى، 1979 - يىلى، 1982 - يىلى، 1989 - يىلى، 1993 - يىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ 2 — 11 - قۇرۇلتىيىغىچە بولغان قۇرۇلتايلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ، خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يېڭى رەھبىرىي ئەزالار سايلاپ چىقىلدى.

## 3. پائالىيەت

1950 - يىلى ناھىيە بويىچە 13 نەپەرلا (خەنزۇ) ئىتتىپاق ئەزاسى بار ئىدى، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «پائال ھەم سالماقلىق بىلەن» ئىتتىپاق تەشكىلاتى قۇرۇش فاڭجېنىغا ئاساسەن، ئىتتىپاق ئەزاسى 1951 - يىلى 112 گە، 1952 - يىلى 191 گە يەتتى. 1953 - يىلدىن كېيىن، ئىتتىپاق تەشكىلاتى قۇرۇلۇشىنىڭ «مۇستەھكەملەش ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش» تىن ئىبارەت فاڭجېنى بويىچە، يەر ئىسلاھاتى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياشلار ئىتتىپاق تەشكىلىگە قوبۇل قىلىندى.

1965 - يىلى ناھىيە بويىچە بىر ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، 7 گۇڭشې دەرىجىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى، 168 ئىتتىپاق ياچېيكىسى بولۇپ، ئىتتىپاق ئەزاسى 3278 (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 3182) گە يەتتى.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مەركىزىي ۋەزىپىسىنى زىچ چۆرىدەپ، ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى ھاكىمىيەت قۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش، خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە پائال قاتنىشىشقا تەشكىللىدى ۋە قوزغىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەرخىل پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى. 1956 - يىلى ئىتتىپاق ئەزالىرى «گۇڭشېنى ئائىلەم دەپ بىلىش» تەربىيىسى پائالىيىتىگە ئۇيۇشتۇرۇلدى. 1957 - يىلى «قانداق قىلغاندا بىر ياخشى گۇڭشې ئەزاسى بولغىلى بولىدۇ» دېگەن تېمىدا مۇزاكىرە قانات يايدۇرۇلدى. 1958 - يىلى «پارتىيىنى سۆيۈش ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك سېپىدە «ھارۋا - ھارۋىلاپ، تاغار - تاغارلاپ ئوغۇت توپلاش ۋە 4 زىيانداشنى يوقىتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. بازار گۇڭشېدىكى ياش ياسىن ئۆمەر 1958 - يىلى مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ سايلىنىپ، بېيجىڭغا بېرىپ، قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشتى.

1959 ـ يىلى «قىزىل بايراقدار ياش زەربىدارلار گورۇپپىسى»، «بەشتە ياخشى ئىتتىپاق ياچېيكىسى»، «مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى» قاتارلىقلارنى باھالاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1958 — 1966 ـ يىلغىچە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى لېي فېڭ، ۋاڭ جيې، جياۋ يۈلۇ، ليۇ يىڭجۈن، مەي شيەندې قاتارلىق قەھرىمان نەمۇنىچى شەخسلەردىن ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى پائالىيەتنى توختاتتى.

1976 ـ يىلى «تۆت كىشىلىك گورۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتى لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى تەنقىد قىلىش ۋە ئۇنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىنى تازىلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1978 ـ يىلدىكى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش چولڭ ئېقىمىغا پائال ئاتلىنىپ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى 10 ـ قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلدى.

90 ـ يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، «بەشكە دىققەت قىلىش، تۆتتە گۈزەل بولۇش، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى»، «مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» قاتارلىق پائالىيەتلەرگە پائال قاتناشتى.

**توقسۇ ناھىيىسىدىكى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئەھۋالى**

جەدۋەل: 5 — 11

| يىللار | ياشلار | ئىتتىپاق ئەزاسى: ئومۇمىي سانى | ئىتتىپاق ئەزاسى: بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت | ئىتتىپاق ئەزاسى: بۇنىڭ ئىچىدە: يېزىلاردىكىسى | ئىتتىپاق ئەزاسى: يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىتتىپاق ئەزاسى | يېشى ئېشىپ كېتىپ ئىتتىپاقتىن چېكىنگەنلەر | پارتىيىگە كىرگەن ئىتتىپاق ئەزالىرى | تەشكىلىي ئاپپارات: ئىتتىپاق كومىتېتى | تەشكىلىي ئاپپارات: ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى | تەشكىلىي ئاپپارات: ئىتتىپاق ياچېيكىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | | 37 | 11 | | | | | | | 1 |
| 1951 | | 55 | | | | | | | | 4 |
| 1952 | | 65 | | | | | | | | |
| 1953 | | 67 | | | | | | | | |
| 1954 | 13567 | 458 | | 282 | | | | | | 31 |
| 1955 | | 76 | | | | | | | | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | 106 | | 1956 |
| | | | | | | | | 109 | | 1957 |
| | | | | | | | | 1791 | | 1958 |
| 171 | 21 | | | | | 2320 | 2598 | 2864 | | 1963 |
| 184 | | | | | | | | 2684 | 13866 | 1964 |
| 168 | | 7 | | | | | 3182 | 3378 | | 1965 |
| 211 | | | 11 | 343 | 803 | 3645 | 4322 | 4609 | 17982 | 1973 |
| 242 | | | 23 | 411 | 451 | 3942 | 4631 | 4868 | 23024 | 1974 |
| 254 | | | 49 | 199 | 506 | 4039 | 4726 | 5010 | 20971 | 1975 |
| 249 | | | 131 | 530 | 856 | 4202 | 4933 | 5090 | 21508 | 1976 |
| 294 | | | 31 | 570 | 744 | 5113 | 5367 | 5543 | 25670 | 1977 |
| 205 | | | 9 | 895 | 688 | 3968 | 4284 | 4510 | 21022 | 1978 |
| 215 | 15 | 8 | 35 | 61 | 547 | 4038 | 4358 | 4645 | 22687 | 1979 |
| 227 | 4 | 8 | 29 | 461 | 489 | 3710 | 4257 | 4541 | 18238 | 1980 |
| 236 | 19 | 8 | 16 | 107 | 444 | 3881 | 4378 | 4772 | 17658 | 1981 |
| 235 | | 8 | 15 | 120 | 291 | 3920 | 4440 | 4803 | 19073 | 1982 |
| 221 | 22 | 8 | 6 | 448 | 416 | 3486 | 4107 | 4433 | 16586 | 1983 |
| 224 | 25 | 9 | | 347 | 553 | 3704 | 4450 | 4757 | 17945 | 1984 |
| 236 | 25 | 9 | 25 | 281 | 685 | 4000 | 4533 | 5014 | 20693 | 1985 |
| 229 | 19 | 10 | 59 | 346 | 517 | 3253 | 4379 | 4662 | 24118 | 1986 |
| 245 | 7 | 10 | 95 | 295 | 805 | 3706 | 4579 | 4990 | 23343 | 1987 |
| 236 | 9 | 10 | 44 | 374 | 622 | 2221 | 3804 | 4236 | 20817 | 1988 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1989 | 21521 | 4899 | 4594 | 2269 | 663 | 391 | 45 | 10 | 12 | 243 |
| 1990 | 23210 | 4921 | 4579 | 3719 | 773 | 292 | 90 | 10 | 10 | 243 |
| 1992 | 23029 | 4944 | 4458 | 2521 | 771 | 242 | 138 | 11 | 7 | 248 |
| 1993 | 21313 | 5726 | 5429 | 4465 | 948 | 401 | 212 | 11 | 13 | 247 |
| 1994 | 22371 | 4703 | 3984 | 2091 | 856 | 269 | 124 | 11 | | 144 |
| 1995 | 20532 | 5378 | | 4231 | 1319 | | | 11 | 11 | 246 |

(1) ياشلار 14 — 28 ياشقىچە بولغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

(2) 1950 — 1957 - يىلغىچە بولغان ئىتتىپاق ئەزالىرى يېزىلاردىكى ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. 1954 - يىلى يېزىلاردىكى ئىتتىپاق ئەزاسى 282 ئىدى.

## 4. پىئونېرلار ئەترىتى خىزمىتى

ناھىيە بويىچە پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ غەمخورلۇقىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى ۋە زورايدى. 1955 - يىلى ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 11 پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتى قۇرۇلدى، پىئونېر 450 كە يەتتى. 1965 - يىلى پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتى 379 غا، پىئونېر 7477 گە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، كىچىك قىزىل قوغدىغۇچىلار تەشكىلاتى پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ ئورنىنى باستى. 1978 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، كىچىك قىزىل قوغدىغۇچىلار تەشكىلاتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇ يىلى جەمئىي 48 ئەترەت قۇرۇلدى، پىئونېر 7626 گە يەتتى. 1984 - يىلنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا پىئونېر 8757 گە، تەربىيىچى 315كە يەتتى.

پىئونېرلار تەشكىلاتى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە «مەدەنىي، ئەدەپلىك بولۇش ئېيى» ۋە لېي فېڭدىن، لەي نىڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىگە پائال قاتناشتى. 1981 - يىلى مەخسۇت ياسىندىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆسمۈر ۋە باللار «ياخشى ئۆگىنىپ، كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەش» كە يېتەكلەندى، ئىنقىلابىي ئىشلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتىشكەن ئىز باسارلىرى تەربىيىلەندى.

# § 3 . ئاياللار بىرلەشمىسى

## 1. ئاپپاراتلار

1950 - يىل 8 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا بىر مۇدىر، بىر مۇئاۋىن

مۇدىر قويۇلدى. 1951 - يىلى رايون، يېزا، كەنتلەردە ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى، رايونلارغا بىردىن مەخسۇس ئاياللار كادىرى قويۇلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھارپىسىدا ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدە بىر مۇئاۋىن مۇدىر، بىر كادىر، ناھىيە بويىچە 7 مەخسۇس ئاياللار كادىرى بار ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئاياللار بىرلەشمىسى ئاپپاراتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

1973 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ پائالىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بىرلەشمىگە 2 مۇئاۋىن مۇدىر، 2 كادىر قويۇلدى. 1984 - يىلى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە بىر مۇدىر، بىر مۇئاۋىن مۇدىر قويۇلدى.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە بىر مۇئاۋىن مۇدىر، 2 خىزمەتچى خادىم، يېزا - بازارلارغا 10 مەخسۇس ئاياللار بىرلەشمىسى كادىرى قويۇلدى، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە 7 يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسى، 112 كەنت ئاياللار بىرلەشمىسى قارايدىغان بولدى.

## 2. قۇرۇلتاي

1951 - يىل 1 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك 1 - قېتىملىق ئاياللار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 114 ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرى، 5 ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن 1995 - يىلغىچە توقسۇ ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 1952 - يىلى، 1955 - يىلى، 1966 - يىلى، 1973 - يىلى، 1980 - يىلى، 1988 - يىلى، 1993 - يىلى 2 — 8 - قېتىملىققىچە بولغان ئاياللار قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزۈپ، خىزمەتلەرنى خۇلاسىلىدى، كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، يېڭى رەھبىرىي ئەزالارنى سايلاپ چىقتى.

## 3. پائالىيەت

1950 - يىل 8 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. 1951 - يىل ئەتىيازغىچە ئاياللار تەشكىلاتلىرى تېزدىن كۆپەيدى ۋە زورايدى، ناھىيە بويىچە 4 رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، 16 يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسى، 55 كەنت ئاياللار بىرلەشمىسى، 248 ئاياللار بىرلەشمە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئەزاسى 1978گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 1969. بۇ مەزگىلدە ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى ئاياللار ئاممىسىنى تەشكىللەپ ۋە قوزغاپ، نىكاھ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىپ، فېئودال كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلدى؛ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، ئومۇمىي سايلام قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە پائال قاتنىشىپ، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى؛ ئاياللارنى ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىغا قاتنىشقا، كەچكى كۇرسلاردا ئوقۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈردى؛ ئاياللارنى ئائىلىدىن چىقىپ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە ئاتلىنىشقا چاقىرىپ، ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى. يۇقىرىقىلارنىڭ كەتتىكى مىلىسخانىنىڭ كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىدىكى نەتىجىسى ئالاھىدە بولغانلىقتىن، ئۇ 1953 - يىلى مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىپ، بېيجىڭغا بېرىپ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنىغا قاتناشتى.

1954 - يىلدىن كېيىن، ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللارنى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى ۋە خەلق گۇڭشېسىغا پائال قاتنىشىشقا قوزغىدى. كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش ھەرىكىتى داۋامىدا، ئاياللار كۇچانىڭ شىمالىدىكى تاغقا چىقىپ، دالا - تۈزدە يېتىپ - قوپۇپ، كېچە - كۈندۈز جاپالىق جەڭ قىلدى. 187 ئايال «ليۇخۇلەن زەربىدارلار ئەترىتى»گە قاتنىشىپ، زەربىدارلىق رولىنى جارى قىلدۇردى.

1950 - يىلدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ھارپىسىغىچە ناھىيە، گۇڭشې، چوڭ ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلدى. 3 قېتىم ناھىيىلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. ناھىيە بويىچە 106 ئايال دۆلەت ئورگانلىرىدا خىزمەت قىلدى. 115 ئايال مەدەنىيەت - مائارىپ سىستېمىسىدا ئوقۇتقۇچى بولدى، 121 ئايال چوڭ ئەترەت كادىرلىقىنى، 285 ئايال ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى كادىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى، خەلق قۇرۇلتىيى، ئىتتىپاق قۇرۇلتىيىغا ئايال ۋەكىللەر قاتناشتى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى. 1969 - يىلى ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ خىزمىتى ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى قارمىقىدىكى ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

1973 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ پائالىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاياللار خىزمىتىنىڭ مەركىزى، ئاساسلىقى، «ئىنقىلابىي چوڭ تەنقىدنى قانات يايدۇرۇشقا ماسلىشىپ، كۈرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. شۇ مەزگىلدە يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيە بويىچە ئايىمخاندىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

80 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاياللار ئارىسىدا «8 - مارت قىزىل بايراقدارى»، «ئەخلاقلىق، غايىلىك، مەدەنىي، ئىنتىزاملىق بولۇش، ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئۆزىنى قەدىرلەش، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈش، ئىلىم - پەننى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، پارتىيىنى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش، سىياسەت ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئۆگىنىش، تېخنىكا ئۆگىنىش، ئىتتىپاقلىقتا بەسلىشىش، نەتىجىدە بەسلىشىش، تۆھپىدە بەسلىشىش، «بەشتە ياخشى ئائىلە»، «لاياقەتلىك ئانا»، «كۈمۈش گۈل مۇكاپاتى مۇسابىقىسى» قاتارلىق پائالىيەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. بۇ پائالىيەتلەردە مۇنەۋۋەر بولغانلاردىن 3 ئايال ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە، 26 ئايال ۋىلايەتنىڭ تەقدىرلىشىگە، 365 ئايال ناھىيىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

ئاياللار - بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش، پىلانلىق تۇغۇت، ساغلام تۇغۇپ ئوبدان تەربىيىلەش، كېچىكىپ توي قىلىپ، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش، يېڭىچە ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش ۋە نىكاھ قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

1988 — 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 143 «بەشتە ياخشى ئائىلە» باھالاپ چىقىلدى، 10 مىڭ ئايال «كۈمۈش گۈل مۇسابىقىسى»گە، 12 مىڭ 622 ئايال پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتنىشىپ، 4908 ئايال بىر خىلدىن تېخنىكا ئىگىلىۋالدى، 9010 ئايال «ئىككىنى ئۆگىنىش»، «ئىككىدە بەسلىشىش» پائالىيىتىگە، 821 ئايال ساۋات چىقىرىش كۇرسىغا قاتناشتى. 42 ئايال «ئىقتىدارلىق ئايال» دېگەن نامغا، 40 ئايال «ئاياللارنىڭ تۆھپە يارىتىش پائالىيىتى» دىكى ئىلغار شەخس دېگەن

نامىغا ئېرىشتى. شۇ يىلى 39 نەپەر «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» باھالاپ چىقىلدى.

## 4 § . دېھقانلار تەشكىلاتى

### 1. مىنگو دەۋرىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) توقسۇ ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتى (قىسقارتىلىپ دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۇيۇشمىسى دەپ ئاتالدى) قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) كۇچا، شايار، توقسۇدا 3 ناھىيىنىڭ سۇ ئىنشائاتى ماجىراسىنى ھەل قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىشلىرى كومىتېتى ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى. يىلدا بىر كېلىدىغان كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگىمۇ دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتچىلىق قىلدى.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۇيۇشمىسىغا بىر ئۇيۇشما باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقى، بىر بوغالتىر قاتارلىق مەخسۇس خادىملار قويۇلدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 1 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي بۇيرۇقى تاپشۇرۇۋېلىنىپ، ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ قارارى بىلەن، دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئۇيۇشمىسىنىڭ نامى ناھىيىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ نىزامنامىسى بويىچە، ئومۇمەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دېھقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇيۇشما ئەزاسى بولۇپ، ھەر ئايدا قائىدە بويىچە 0.50 يۈەن ئەزالىق پۇلى تاپشۇردى. ئومۇمەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىقتا چېتىشلىق مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسى دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن بېجىرىلدى.

ئۇيۇشما باشلىقى، مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ناھىيىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبىرىي ئەزالىرى ئىدى، موللامەت ھاجى تۈنجى ئۇيۇشما باشلىقى بولدى، 2 مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقى، 10 دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بار ئىدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇيۇشمىسىنىڭ نامى دېھقانلار ئۇيۇشمىسىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئۇيۇشما تۈزۈمى كېڭەش ۋە نازارەتچىلىك ھەيئىتىگە ئۆزگەرتىلدى، بۇرھان بىردەك كېڭەش باشلىقلىقىغا كۆرسىتىلدى. 1951 - يىلى ناھىيىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

### 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى دېھقانلار ئۇيۇشمىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك 1. قېتىملىق دېھقانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايدا ۋالڭ مىڭلياڭ دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا (قوشۇمچە)، ھامۇت مەخسۇت مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا (مەخسۇس) سايلاندى.

1951 - يىلى ئەتىيازدا ناھىيە بويىچە دېھقانلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى تېز كۆپەيدى ۋە زورايدى، 4 رايونلۇق دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، 55 كەنت دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، 179 دېھقانلار ئۇيۇشمىسى گورۇپپىسى قۇرۇلدى، ئەزاسى 1950 - يىلدىكى 229 كىشىدىن 2249 كىشىگە كۆپەيدى. يىل ئاخىرىدا دېھقانلار ئۇيۇشمىسى

ئەزاسى 11 مىڭدىن ئاشتى.

ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىق ھەرىكەتلەر داۋامىدا، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. ئومۇمەن چولڭ، مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسى دېھقانلار ئۇيۇشمىسى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىغاندىن كېيىن، ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ يولغا قويۇلدى. دېھقانلار ئۇيۇشمىسى پارتىيىنىڭ يېزا خىزمىتىدىكى كۈچلۈك ياردەمچىسى بولدى.

1952 - يىل 5 - ئايدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئاخىرلاشقان چاغدا، ناھىيە بويىچە دېھقانلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى 11 مىڭ 847 گە، يېزىلىق دېھقانلار ئۇيۇشمىسى كادىرى 35 كە، كەنت دېھقانلار ئۇيۇشمىسى كادىرى 88گە يەتتى. 1953 - يىل 6 - ئايدا يەر ئىسلاھاتى ئاخىرلاشقان چاغدا ناھىيە بويىچە دېھقانلار ئۇيۇشمىسى ئەزاسى 13 مىڭ 42 گە كۆپەيتىلدى. يېزىلىق دېھقانلار ئۇيۇشمىسى كادىرى 44 كە، كەنت دېھقانلار ئۇيۇشمىسى كادىرى 112 گە يەتتى. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ يەر ئىسلاھاتى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى، پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلدى، غەلىبە مېۋىسىنى تەقسىم قىلدى، نەتىجە كۆرۈنەرلىك بولدى.

1954 - يىلدىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 3. كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى

1965 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە توقسۇ ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىملىق كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قادىر ئىدرىس قاتارلىق 15 كىشى توقسۇ ناھىيىلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، قادىر ئىدرىس مۇدىرلىققا، روزى مۇھەممەت، تايىر ئابدۇللالار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى. 1966 - يىلى 5 گۇڭشېدا، 93 چوڭ ئەترەتتە، 354 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىلاتى قۇرۇلدى.

كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى — كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ سىنىپىي تەشكىلاتى بولۇپ، «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتى داۋامىدا مۇئەييەن رول ئوينىدى.

1974 - يىل 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 2 - قېتىملىق كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايدا كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى. مۇدىرلىققا قادىر ئىدرىس (قوشۇمچە)، رەھىمە مەخمۇت (مەخسۇس)لار، مۇئاۋىن مۇدىرلىققا ئايىمخان، ياسىن مىجىتلار سايلاندى، 22 ھەيئەت سايلاپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 6 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

1978 - يىلدىكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

# 5 § . سودا تەشكىلاتى

## 1. مىنگو دەۋرىدىكى سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) 9 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

قۇرۇلدى. سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇلى ئادەت بويىچە سودا ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنى خوسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەر سايلايتتى. ھەر 2 يىلدا بىر قېتىم يىغىن ئېچىلاتتى. سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، بىر ئۇيۇشما باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقى، بىر كاتىپ، بىر بوغالتىر، بىر كادىر قويۇلدى، 7 ئىجرائىيە ھەيئىتى، 3 نازارەتچىلىك ھەيئىتى سايلاندى، تايىر ئۇنجى بىرلەشمە باشلىقى بولدى.

سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ مال باھاسىنى باشقۇردى، باج تاپشۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، ئىئانە پۇلىنى چىچىش، يىغىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئىشلىرىنى ھەمدە سودا ـ سانائەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلدى.

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى.

## 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 ـ يىل 4 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. 7 ھەيئەتتىن تەركىب تاپقان رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاپ چىقىلدى.

سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە بىر مەخسۇس كاتىپ قويۇلدى، ئۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىردى. بىرلەشمە ھازىرقى رەستە مەسچىتىنىڭ ھويلىسىدا ئىدى.

سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پائالىيىتىگە ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بۆلۈمى يېتەكچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى سودا ساھەسىدىكى زاتلارنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇن، پەرمانلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، ئۇلچەم سايمانلىرىنى تەكشۈرۈش، باھانى باشقۇرۇش، باج تاپشۇرۇش دەرىجىسىنى باھالاش، تىجارەت سوممىسىنى تەكشۈرۈش، بازارنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىدى.

سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پائالىيەت خىراجىتى سودىگەرلەر تاپشۇرغان باجدىن كېلەتتى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى.

# § 6 . ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) كۈزدە توقسۇ ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى دەپ ئاتىلىدۇ) قۇرۇلدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان، خەلق باشقۇرىدىغان تەشكىلات بولۇپ، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى بىلەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلاتتى. ئۇنىڭغا «ئۈچ ھەيئەت»، «تۆت بۆلۈمچە» يەنى مالىيە ھەيئىتى، ئىجرائىيە ھەيئىتى، تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋە كاتىبات بۆلۈمچىسى، مالىيە بۆلۈمچىسى، تەشۋىقات بۆلۈمچىسى، مەدەنىيەت بۆلۈمچىسى قارايتتى.

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى مەكتەپ قۇرۇش ۋە باشقۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ئىشتىن سىرتقى ئوپېرا ئۆمىكى تەشكىللەپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئىدى.

### ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەھبەر بولغانلار

جەدۋەل: 5 — 12

| ئۇيۇشما باشلىقى | مۇئاۋىن ئۇيۇشما باشلىقى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|
| ئابدۇزايىر خوپۇر ھاجى | ئابدۇك تۇماق | 1935 ـ يىل كۈزدىن 1938 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە |
| ئىبراھىم ساماق | شاكىر قادىر | 1938 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1940 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە |
| جېلىل ھوشۇر | | 1940 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1940 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە |
| ئابىت ناسىر | | 1940 ـ يىل 11 ـ ئايدىن 1941 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە |
| ھىمىت راخمان | ئابدۇرېھىم ھايىز | 1941 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1942 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە |
| نۇردۇن ئېلى | | 1942 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1946 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە |
| قۇربان ئىمىن | نۇردۇن ئىبراھىم | 1946 ـ يىل 6 ـ ئايدىن 1950 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە |

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ كىرىمى، ئاساسلىقى، ئۈشرە ۋە زاكاتتىن كېلەتتى، ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر تۇتاش يىغىۋېلىشىغا، باشقۇرۇشىغا ۋە ئىشلىتىشىگە ئايرىپ بەرگەنىدى؛ يەنە ھېيت مەزگىلىدىكى قۇربانلىق چارۋىلارنىڭ تېرىلىرى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئۆزى باشقۇرغان يەرلەرنىڭ كىرىمى قاتارلىقلارمۇ باز ئىدى، ئۇ، ئاساسلىقى، ئۇيۇشما باشقۇرغان مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجەتلىرى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇلىدىغان خىراجەت قاتارلىقلارغا چىقىم قىلىناتتى.

# IV باب

# چوڭ سىياسىي ئىشلار

## § 1. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش ـ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش

1950 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشيەنگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى،

شۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قايتا - قايتا ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي، ئۇرۇش ئوتىنى جۇڭگو چېگرىسىغا تۇتاشتۇردى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى چاۋشيەن خەلقىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتىنىنى قۇتقۇزۇش ئۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئەمەلىي دۇنيافا كەلگەن يېڭى جۇڭگونى قوغداش ئۈچۈن، ئەتىي ھالدا «ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرت ۋە ۋەتەننى قوغداش» قارارىنى چىقاردى. 1951 - يىل 4 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش شۆبە ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، بۇ ئۇيۇشما ناھىيە بويىچە بازار - يېزىلاردا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش تەشۋىقاتى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈشكە قوزغاپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش - ئىقتىساد قىلىشنى قانتىق يولغا قويۇپ، پائال تۇردە ئايروپىلان، زەمبىرەك تەقدىم قىلىپ، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرىنىڭ چاۋشيەنگە بېرىپ ئۇرۇش قىلىشىغا ياردەم بەردى. ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقى 362 مىڭ 237 يۈەن قەغەز پۇل، كۈمۈش پۇل، 2905 تەڭگە، 178 كۈمۈش بىلەيزۈك، 2 سەر ئالتۇن، 2 قول سائىتى ئىئانە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيە بويىچە تىنچلىق ئۈچۈن ئىمزا قويۇش ھەرىكىتى قوزغالدى.

## 2 § . ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش

1950 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەمۇرىي كېڭىشى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق چىقاردى. 1951 - يىل 2 - ئايدا مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى جازالاش نىزامى»نى ئېلان قىلدى. توقسۇ ناھىيىسى ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە قوزغاپ، «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش» ھەرىكىتىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇپ، ئۇقتىلىق ھالدا، جاسۇسلار، ئەكسىيەتچى پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ تايانچىلىرى، زومىگەرلەر، قاراقچىلار، ئەكسىيەتچى خۇراپىي تەشكىلاتلارنىڭ باش ئۇنسۇرلىرىغا زەربە بەردى.

1951 - يىل 9 - ئايدىن 1953 - يىل 6 - ئايغىچە ناھىيە بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلابچىلار قاتتىق جازالاندى، بىر تۈركۈم كەسىپىي ئوغرى ۋە جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى بىر تەرەپ قىلىندى.

## 3 § . ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش

1951 - يىل 9 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 1952 - يىل 5 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە 13 يېزىدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتى 3 قارارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭغا 244 كادىر قاتناشتى. يېزا، كەنتلەردە 54 زومىگەر ۋە قانۇنسىز پومېشچىك كۈرەش قىلىندى، بۇلار ناھىيە بويىچە پومېشچىكلارنىڭ 18.8% نى ئىگىلىدى. 48 ئائىلىلىك زومىگەر پومېشچىكتىن ئىقتىسادىي ھېساب ئېلىنىپ، 197 مىڭ 992 كىلوگرام ئاشلىق ئېنىقلاپ قايتۇرۇۋېلىندى. 186 ئائىلىلىك پومېشچىكتىن 247 مىڭ 413 كىلوگرام ئاشلىق ئېنىقلاپ قايتۇرۇۋېلىندى، 128 ئائىلىلىك باي دېھقان 104 مىڭ 393 كىلوگرام ئاشلىق قايتۇرۇشقا بويرۇلدى؛ 1950 - يىلى ۋە 1951 - يىلى 2 قېتىمدا قايتۇرۇلغان ئىجارىنى قوشقاندا جەمئىي 778 مىڭ 458 كىلوگرام ئاشلىق ئېنىقلاپ قايتۇرۇۋېلىنىپ، ناھىيە بويىچە 8107 ئائىلىلىك كەمبەغەل دېھقان (32 مىڭ 190 نوپۇس) غا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، كەمبەغەل دېھقان ۋە ياللانما دېھقانلارغا

ئەڭ كۆپ بولغاندا 518 كىلوگرام، ئاز بولغاندا 13 كىلوگرام ئاشلىق تەقسىملەپ بېرىلدى.

## 4 § . «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى

1952 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە ناھىيە بويىچە خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىگە ئورگان ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار قاتناشتى. خىيانەتچىلىك مەسىلىسى بار 139 كىشى پاش قىلىندى، خىيانەت سوممىسى 205 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىليون يۈەندىن يۇقىرى خىيانەت قىلغانلار 20، 50 مىليون يۈەندىن يۇقىرى خىيانەت قىلغانلار 2، جەمئىي 150 مىليون يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى. 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى ئېقرار قىلىش، پاش قىلىش، مەلۇم قىلىش يىغىنىدا مەسىلە تاپشۇرۇشنى رەت قىلغان 2 خىيانەتچى قولغا ئېلىندى. ئەمما بۇ ھەرىكەتتە كېڭەيتىۋېتىش خاھىشلىرى كۆرۈلدى.

1960 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1961 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە ناھىيىلىك پارتكوم مەركىزىي كومىتېت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ھەرىكەتكە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى، ھەرخىل يوللار بىلەن خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق قىلىش قىلمىشى سادىر قىلغان 123 كادىر تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىلدى. خىيانەت سوممىسى 11 مىڭ 325 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىيانەت سوممىسى 200 يۈەندىن تۆۋەنلەر 98، 200 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە بولغانلار 21، 1000 يۈەندىن يۇقىرىلار 4. بۇزۇپ چېچىپ ئىسراپ قىلىنغان پۇل 36 مىڭ 212 يۈەن. مەسىلىسى ئېغىر، قىلمىشى قەبىھ بولغان 36 ئادەم بىر تەرەپ قىلىندى.

## 5 § . يەر ئىسلاھاتى

1952 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇ خىزمەت ناھىيە بويىچە 13 يېزىدا 3 قارارغا بۆلۈپ ئىشلەندى، جەمئىي 9 ئايدا ئورۇندالدى. يەر ئىسلاھاتى فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن گۇمران قىلدى. يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق ناھىيە بويىچە يەر ئىگىدارچىلىق ئەھۋالىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى.

يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى ناھىيە بويىچە 329 ئائىلىلىك پومېشچىك بار بولۇپ، نوپۇسى 2632 ئىدى، ئۇلار يېزا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 4.9%نى، ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەرنىڭ 25%نى ئىگىلەيتتى؛ يېزا ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 38.8%نى ئىگىلەيدىغان 5496 ئائىلىلىك (نوپۇسى 20 مىڭ 992) كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقانلارنىڭ 44 مىڭ 340 مو يېرى بار بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 38.8%نى، ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەرنىڭ 11.6%نى ئىگىلەيتتى.

يەر ئىسلاھاتى داۋامىدا پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ 119 مىڭ 571 مو يېرى مۇسادىرە قىلىندى. 2514 مو يەر، 2205 ئېغىز ئۆي، 105 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يىغىۋېلىنىپ، كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئات ـ ئۇلاغ، هارۋا، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىق نەرسىلەر مۇسادىرە قىلىنىپ، تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى داۋامىدا 3 زومىگەر پومېشچىك قولغا ئېلىندى، 15 ئادەم كۈرەش قىلىندى.

ناھىيە، رايون، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ھەردەرىجىلىك دېھقانلار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقانلار سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈردى.

1953 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئاخىرلاشتى.

## § 6 . يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپىراتىپى

1951 ـ يىلى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يۆلىشى ئارقىسىدا، يېزىلاردا لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 612 ئائىلە 154 ۋاقىتلىق لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىسى بولۇپ تەشكىللەندى.

1952 ـ يىلى لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىسى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى (ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى يەنە دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ۋە ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى دەپ 2 خىلغا ئايرىلدى) غا تەرەققىي قىلدى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 1543كە، گۇرۇپپا ئەزاسى 21 مىڭ 972 گە يەتتى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدا 2433 ئات، 5176 كالا، 4122 ھارۋا، 3205 ساپان، 7161 كەتمەن بار ئىدى.

1953 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 394 ئائىلە، 865 نوپۇستىن تەشكىل تاپقان 69 دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، 5188 ئائىلە، 12 مىڭ 101 نوپۇستىن تەشكىل تاپقان 992 ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىدا 2443 ئات، 2819 كالا، 74 قېچىر، 347 ئېشەك، 3925 ھارۋا، 1389 ساپان، 9608 كەتمەن بار ئىدى.

1954 ـ يىلى ئىچكىرىدىكى يېزىسىنىڭ قىزىلنۇر كەنتىدە تۇنجى بولۇپ «ئايۇپ» باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا باشلانغۇچ كوپىراتىپ 3 كە يەتتى. كوپىراتىپقا كىرگەن دېھقان 51 ئائىلە، 260 كىشىگە يەتتى. 1955 ـ يىلى كۈزدە باشلانغۇچ كوپىراتىپ 15 ئىدى، 1956 ـ يىلى كۈزدە 135 كە يەتتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 22 ئالىي كوپىراتىپ، 122 باشلانغۇچ كوپىراتىپ قۇرۇلدى؛ كوپىراتىپقا كىرگەن دېھقان ئائىلىسى ناھىيە بويىچە دېھقان ئائىلىسىنىڭ %90.4نى ئىگىلىدى.

1957 ـ يىل 2 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە 22 ئالىي كوپىراتىپ، 122 باشلانغۇچ كوپىراتىپ بىرلەشتۈرۈلۈپ 83 ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپى قۇرۇلدى، كوپىراتىپقا كىرگەن دېھقان ئائىلىسى 10 مىڭ 271 گە يەتتى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا 11 مىڭ 368 ئائىلىگە يەتتى، بۇ ناھىيە بويىچە دېھقان ئائىلىسىنىڭ %92نى ئىگىلىدى. شۇ ئارقىلىق پۈتكۈل ناھىيە دائىرىسىدە يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتىپلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## § 7 . خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش

1956 ـ يىل 2 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك پارتكومدا 5 كىشىلىك خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 39 كادىر ئاجرىتىلىپ، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى. خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش خىزمىتى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى باشلىنىپ، 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى، بۇ خىزمەت بىر ئايدىن كۆپرەك داۋاملاشتى.

ئۆزگەرتىشتىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە 364 خۇسۇسىي سودا ئورنى، 487 خادىم بار ئىدى، ئۇلارنىڭ 128 مىڭ 759 يۈەن مەبلىغى بار ئىدى. خۇسۇسىي سودا ـ سانائەت سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، 100 مىڭ 7 يۈەن مەبلىغى بار 124 ئورۇن (152 ئادەم) قاتناشقان 2 ھەمكارلىق دۇكىنى، 71 مىڭ 555 يۈەن مەبلىغى بار 23 ئورۇن (24 ئادەم) قاتناشقان ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش ـ ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى

بارلىققا كەلدى.

ناھىيە بويىچە 467 قول سانائەتچى (578 ئادەم) بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 403 مىڭ 904 يۈەن مەبلىغى بار ئىدى. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تەشكىللەنگەن 20 مىڭ 151 يۈەن مەبلىغى بار، 224 ئورۇن قاتناشقان، 281 ئادىمى بار 6 ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپى؛ 8465 يۈەن مەبلىغى بار، 62 ئورۇن قاتناشقان، 86 ئادىمى بار 7 ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى؛ 2057 يۈەن مەبلىغى بار، 17 ئورۇن قاتناشقان، 18 ئادىمى بار 2 پىششىقلاپ ئىشلەش گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى.

1956 — 1962 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كاپىتال تەرەپتىكىلەرگە مۇقىم ئۆسۈم بېرىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مۇقىم ئۆسۈم بېرىش توختىتىپ قويۇلدى. 1978 ـ يىلدىكى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، توختىتىپ قويۇلغان ئۆسۈم ئېنىقلىنىپ تولۇقلاپ بېرىلدى.

## § 8 . ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى

1956 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن باشلاپ، توقسۇ ناھىيىسى ئورگانلاردا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى، ناھىيىلىك پارتكومدا 5 كىشىلىك ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. بۇ ھەرىكەت تۈركۈمگە بۆلۈپ قانات يايدۇرۇلدى، 1 ـ تۈركۈمدە، ناھىيە دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلدى، بۇ ھەرىكەتكە 155 ئادەم قاتناشتى؛ 2 ـ تۈركۈمدە، رايون دەرىجىلىك ئورگانلاردا ئېلىپ بېرىلدى، ھەرىكەتكە 78 ئادەم قاتناشتى؛ 3 ـ تۈركۈمدە، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئورۇنلىرىدا ئېلىپ بېرىلدى، ھەرىكەتكە 77 ئادەم قاتناشتى؛ 4 ـ تۈركۈمدە، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شىرىكچىلىكىدىكى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلدى. 4 تۈركۈمدە ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتكە جەمئىي 1073 ئادەم قاتناشتى. ئاممىنىڭ 2297 پارچە ھەرخىل پاش قىلىش، مەلۇم قىلىش ماتېرىيالى يىغىۋېلىنىپ، سىياسىي، تارىخىي مەسىلىسى بار 74 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىچىدە ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ بېكىتىلگىنى 14، بوزۇق ئۇنسۇر دەپ بېكىتىلگىنى 13؛ 17 كىشى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇلارنىڭ 4 ى قولغا ئېلىندى، 2 سى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەندى، 5 ى ئىدارىدە رىجىمغا ئېلىندى، 2 سى خىزمەتتىن ھەيدەلدى، بىرىنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلدى، 3 نىڭ خىزمىتى تەڭشەلدى.

1960 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، تاشقى سودا ئىدارىسى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى، قۇرۇلۇش ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. 618 كىشى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاشقا قاتناشتى، 53 كىشى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نۇقتىلىق ئادەم 9، ئەكسىلئىنقىلابچى، بوزۇق ئۇنسۇر دەپ بېكىتىلگىنى 5، ئوڭچى ئۇنسۇر دەپ بېكىتىلگىنى بىر. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ئارقىلىق 6 كىشى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇلارنىڭ بىرى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى، 4 ى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەندى، بىرى ج خ ئورگانلىرىنىڭ داۋاملىق تەكشۈرۈشىگە يوللاپ بېرىلدى.

## § 9 . ئىستىل تۈزىتىش ۋە ئوڭچىلىققا قارشى تۇرۇش

1957 ـ يىل 4 ـ ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى توغرىسىدا يوليورۇق» تارقىتىپ، بيۇروكراتلىققا، مەزھەپچىلىككە، سۇبيېكتىپچىلىققا قارشى تۇرۇش بويىچە ئىستىل تۈزىتىش

ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ناھىيىلىك پارتكومدا ئىستىل تۈزىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، گۇرۇپپا قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. ئىدارە، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، مەكتەپلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش توغرىسىدا» ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەشۋىقات يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»نى ئۆگىنىشكە تەشكىللىنىپ، چوڭ ئېچىلىش - چوڭ سايراشقا، زىددىيەتلەرنى ئاشكارىلاپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىستىل تۈزىتىشىگە يارەم بېرىشكە چاقىرىلدى. ئىستىل تۈزىتىش داۋامىدا، كەڭ كادىرلار، ئامما ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا نۇرغۇنلىغان ياخشى پىكىرلەرنى بەردى. ئەمما ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم قىلدى. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 10 - ئايدا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئوڭچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە بۇرۇلدى.

1958 - يىل 8 - ئايدا 447 كىشى قاتناشقان ناھىيە، رايون، يېزىدىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلىپ، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى.

ھەرىكەت داۋامىدا 8 ئوڭچى، 5 يەرلىك مىللەتچى ۋە بۇزۇق ئۇنسۇر، 2 ئەكسىلئىنقىلابچى، ئوڭچىلىق ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە دائىر گەپ - سۆزى بار 45 كىشى تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىندى. ئوڭچىلىققا، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى 1958 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاخىرلاشتى.

ئوڭچىلىققا قارشى تۇرۇش ۋە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئېلىپ بېرىش زۆرۈر ئىدى، ئەمما توقسۇ ناھىيىسىدە بۇ ھەرىكەت ئېغىر ھالدا كېڭەيتىۋېتىلدى، بىر تۈركۈم سەمىمىي، تۈز كۆڭۈل كادىرلار ۋە زىيالىيلارغا زىيانكەشلىك قىلىنىپ، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقىرىلدى. كېيىن 1959 -، 1960 -، 1961 - يىللىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 3 قېتىم ئوڭچى ۋە يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ قالپىقى ئېلىپ تاشلاندى. 1979 - يىلى ئوڭچى ۋە يەرلىك مىللەتچى دەپ خاتا ئايرىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئاقلاندى.

## 10 §. كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش

1958 - يىل 9 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە خىزمەتنىڭ مەركىزى كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاشقا يۆتكەلدى. توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدە كان مەنبەسى بولمىغاچقا، كۇچا ناھىيىسىدىكى ئاغى تېغىنىڭ كان رايونى توقسۇنىڭ پولات تاۋلاش بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

9 - ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، تۇنجى تۈركۈمدە تەشكىللەپ ئەۋەتىلگەن 400 نەچچە كىشىلىك پولات تاۋلاش قوشۇنى كۇچانىڭ شىمالىدىكى تاغقا باردى. كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش ھەرىكىتى داۋامىدا جەمئىي 6400 قاۋۇل ئەمگەك كۈچى ئىشقا سېلىندى، 651 ھارۋا، 2200 دىن كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىش سايمىنى، 360 تىن كۆپرەك ھەرخىل شەكىلدىكى يەرلىك شامالدۇرغۇچ ئىشلىتىلدى، 1687 كىچىك يەرلىك مەش ياسىلىپ، 800 توننىدىن كۆپرەك كۆمۈر قېزىلدى، 2900 توننىدىن كۆپرەك رۇدا يىغىلدى، 500 توننىدىن كۆپرەك كوكس كۆيدۈرۈلدى، 407 توننا تۆمۈر (براك تۆمۈر) تاۋلاندى. ناھىيە بويىچە تاغقا چىققان ئەمگەك كۈچى 315 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يېدى. 13 ئات، بىر قېچىر، 182 ئېشەك ئۆلدى، 3 ئادەم نورمالسىز ئۆلدى.

1959 - يىلى 2 - ئايدا پولات تاۋلاش قوشۇنى توقسۇ ناھىيىسىگە قايتىپ كەلدى. 40 كىشى كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قالدۇرۇلدى. 7 - ئاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، يەنە 370 كىشى تاغقا ئەۋەتىلدى، ئۇلار يەرلىك دومنا مەش ياساپ ئېرىتىلگەن كاللەك تۆمۈرلەرنى بىر تەرەپ قىلدى، كۆمۈر قېزىپ، كوكس كۆيدۈردى.

كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش ھەرىكىتى داۋامىدا تاۋلانغان پولاتنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتكىلى بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە زور تۈركۈمدىكى ئەمگەك كۈچى تاغقا چىقىپ كەتكەنلىكتىن، 1958 - يىللىق كۈزلۈك يىغىم، كۈزلۈك تېرىلغۇغا خېلى ئېغىر تەسىر يەتتى.

## § 11. خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش

1958 - يىلى 10 - ئايدا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە 3 خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا ئىچبېرىق رايونىدا «قىزىلنۇر» ئىچبېرىق خەلق گۇڭشېسى، تاشبېرىق رايونىدا «قىزىلنۇر» تاشبېرىق خەلق گۇڭشېسى، يۇلتۇزباغ رايونىدا «قىزىلنۇر» دايۇلتۇز خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1959 - يىلى 5 - ئايدا ناھىيە بازىرىدا «قىزىلنۇر» بازارلىق خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ناھىيە بويىچە ئەسلىدىكى بىر بازار، 3 رايون، 14 يېزا 4 گۇڭشې، 14 باشقۇرۇش رايونى، 84 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى، 382 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى. گۇڭشېغا ئەزا بولغان دېھقان ئائىلىسى 12 مىڭ 560 قا يەتتى، نوپۇس 59 مىڭ 650 كە يېتىپ، ناھىيە بويىچە نوپۇسنىڭ %91.1نى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. قالدۇرۇق يەردىن باشقا بارلىق يەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كوللېكتىپقا تەۋە قىلىنىپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى، ئەمگەك كۈچلىرى بىر تۇتاش ئىشلىتىلدى، ئەمگەك مېۋىسى بىر تۇتاش تەقسىملەندى (تەپسىلاتىنى «يېزا ئىگىلىك قىسمى»دىن كۆرۈۋېلىڭ).

## § 12. ئېنىقلاش ۋە قايتۇرۇش

1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» داۋامىدا «بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي» بولۇش تەكىتلىنىپ، شەھەر، يېزىلاردا كەڭ كۆلەمدە مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى چىقىرىلدى، ناھىيىدىكى بەزى ئورۇنلاردا، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى ھەقسىز تەڭشەپ، يۆتكەپ، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈلدى. 1960 - يىلى 10 - ئايدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە گۇڭشې، چوڭ ئەترەتلەرنىڭ 1579 مو يېرى ھەقسىز ئىگىلىۋېلىنغان، ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە - سودا ئورنى 225 مو يەرنى ئىگىلىۋالغان.

ناھىيە، گۇڭشېدىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك ئورۇن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ 115 مىڭ 378 يۈەن مەبلىغىنى ھەقسىز تۇتۇپ قالغان؛ ناھىيە مالىيەسى دۆلەت گۇڭشې، چوڭ ئەترەتلەر ئۈچۈن بۆلۈپ بەرگەن 45 مىڭ 600 يۈەن پۇلنى، كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن 9031 يۈەننى تۇتۇپ قالغان؛ سانائەت - قاتناش بۆلۈمى تاشيول ياساش پۇلى ۋە گۇڭشې، چوڭ ئەترەتلەرنىڭ چارۋىچىلىقتا كۆرۈلگەن زىيان ئۈچۈن بېرىلگەن قوشۇمچە تۆلەم پۇلىدىن 13 مىڭ يۈەننى تۇتۇپ قالغان. 4 گۇڭشې ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە پولات تاۋلاش، يول ياساش ئۈچۈن بۆلۈپ بېرىلگەن 26 مىڭ 774 يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلنى

تۇتۇپ قالغان. بازار گۈڭشېسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ 10 مىڭ يۈەن جامائەت فوندىنى تەڭشەپ، يۆتكەپ ئىشلىتىۋالغان.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، 1961 - يىلى ناھىيە بويىچە ئېنىقلاش ۋە قايتۇرۇش خىزمىتى ئىشلەندى. 12 - ئايغا قەدەر جەمئىي 165 مىڭ 866 يۈەن قايتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە پولات تاۋلاش ۋە تاشيول ياساش قوشۇمچە ياردەم پۇلى 20 مىڭ 791 يۈەن، ئاشلىق بېجى باھا پەرقى 11 مىڭ 239 يۈەن، دۆلەت گۈڭشېلارنىڭ سېلىنمىسى ئۈچۈن بەرگەن پۇل 45 مىڭ 600 يۈەن، تېلېفون ئورنىتىش پۇلى 15 مىڭ 473 يۈەن، قوي يۇڭىنى سېتىۋېلىشتا دەرىجىنى چۈشۈرۈپ كەم بېرىلگەن باھا پەرقى پۇلى 1268 يۈەن، يەر قوشۇمچە تۆلەم پۇلى 5565 يۈەن. قايتۇرۇلغان ئەمەلىي بويۇم 22 مىڭ 402 دانە (پۇلغا سۇندۇرغاندا 65 مىڭ 930 يۈەن).

## 13 § . سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى

1963 - يىلى 9 - ئايدا سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتى ئەترىتى تەشكىل قىلىندى. ئەترەت ئەزالىرى ئىچىبۇرۇق گۈڭشېسىنىڭ 32 چوڭ ئەترىتى، 124 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە ۋە ناھىيە بازىرىدىكى 9 ئىدارە، كارخانا، كەسپىي ئورۇنغا بېرىپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. يېزىلاردا «تۆتنى ئېنىقلاش (ھېساباتنى، مال - مۈلۈكنى، ئەمگەك نومۇرىنى، ئامبارنى ئېنىقلاش) مەزمۇن قىلىندى. ناھىيە بازىرىدا خىيانەتچىلىككە، ئوغرىلىققا، ھايانكەشلىككە، بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىشقا، تارقاقچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش مۇھىم نۇقتا قىلىندى. سوتسىيالىستىك تەربىيە نۇقتىدا سىناق قىلىنىدىغان رايوندىكى ئائىلە 5131 گە، نوپۇس 21 مىڭ 142 گە يەتتى. بۇ ھەرىكەت 1964 - يىلى 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگىچە 140 نەچچە كۈن داۋام قىلدى. كېيىن بازار - يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇنى سىياسەتنى، ئىقتىسادنى، ئىدىيىنى ۋە تەشكىلنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت 4 جەھەتكە تەرەققىي قىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تۆتنى ئېنىقلاش ھەرىكىتى» دېيىلدى.

1964 - يىلى 2 - ئايدا ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى ناھىيىلەردىن بىر تۈركۈم كادىر ئاجرىتىپ، توقسۇ ناھىيىسىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە كادىرلىرى بىلەن بىرلىكتە توقسۇ سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆمىكى تەشكىل قىلىپ، دايۇلتۇز ۋە شويۇلتۇز گۈڭشېلىرىنىڭ 32 چوڭ ئەترىتى، 167 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ۋە بازار رايونىدىكى 15 ئىدارە، كارخانا، كەسپىي ئورۇندا تۇنجى قارارلىق سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. سوتسىيالىستىك تەربىيە رايونىدىكى ئائىلە 6838 گە، نوپۇس 30 مىڭ 239 غا يەتتى. سوتسىيالىستىك تەربىيىدە كەمبەغەللەردىن ھال سوراش، يىلتىز تارتىپ ئالاقىلىشىپ، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاممىنى قوزغاپ، دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلىش، سىنىپىي دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىپ، تەشكىلنى تەرتىپكە سېلىش، تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق «تۆتتە ئېنىق بولماسلىق» مەسىلىلىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. بۇ قارارلىق سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە «تۆت خىل ئونسۇر»لار تەكشۈرۈپ باھالاندى. قانۇنغا رىئايە قىلمىغان «تۆت خىل ئونسۇر» لار كۆرەش قىلىندى. 5 پارتىيە باش ياچېيكىسى، 40 پارتىيە ياچېيكىسى ۋە 121 پارتىيە گۇرۇپپىسى تەرتىپكە سېلىندى، 706 پارتىيە ئەزاسى دېموكراتىك يول بىلەن باھالاندى، 33 پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى بېرىلدى (2 سى پارتىيىدىن چىقىرىلدى). «تۆتنى ئېنىقلاش» ئارقىلىق 86 مىڭ 545 يۈەن نەق پۇل، 50 مىڭ 267 كىلوگرام ئاشلىق، 2658 مېتىر رەخت بېلىتى، 292 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتى، ئارتۇق خاتىرىلەنگەن 30 مىڭ 85 ئەمگەك نومۇرى ئېنىقلاپ چىقىلدى.

1965 - يىلى 1 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە داۋامىدا نۆۋەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مەسىلىلەر» (23 ماددا) نى تارقاتتى (يەنى «23 ماددا» دەپ ئاتالدى). 1966 - يىلى 3 - ئايدا ۋىلايەتلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتى ئۆمىكىدىكى 818 كىشى توقسۇ سوتسىيالىستىك تەربىيە شۆبە ئۆمىكى بولۇپ تەشكىللەندى، ئۇنىڭ قارمىقىدا 6 خىزمەت ئەترىتى، 26 مەركىزىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، 140 خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، توقسۇ ناھىيىسىدىكى 37 ناھىيە دەرىجىلىك ئورگان ۋە تاشقىرىق گۇڭشې، بازار گۇڭشېدىكى 24 چوڭ ئەترەت، 70 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، 5 ئاھالىلەر كومىتېتىغا بېرىپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. سوتسىيالىستىك تەربىيە رايونىدىكى ئائىلە 3204 كە، نوپۇس 17 مىڭ 968 گە يەتتى. بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق، 431 پارچە «تۆتتە ئېنىق بولمىغان» دېلو، 494 ئىقتىسادىي مەسىلىسى بار ئادەم ئېنىقلاپ چىقىلدى. دېلودا بېكىتىلگەن سومما 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە، قايتۇرۇۋېلىنغان پۇل 30 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى داۋامىدا بىر تۈركۈم پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار بىر تەرەپ قىلىندى. ناھىيىدىكى ئىدارە، ئورۇنلاردا 69 پارتىيە ئەزاسى بىر تەرەپ قىلىندى. بۇ، ئىدارىلەردىكى ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ %31.4نى ئىگىلىدى؛ 11 كىشى پارتىيىدىن چىقىرىلدى، بۇ، ئىدارىلەردىكى ئومۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ %5نى ئىگىلىدى؛ 70 كادىرغا چارە كۆرۈلدى، بۇ، ئىدارىلەردىكى ئومۇمىي كادىرنىڭ %10نى ئىگىلىدى. ناھىيە بويىچە 57 ئوقۇتقۇچى جازالاندى، بۇلاردىن 27 سى خىزمەتتىن ھەيدەلدى.

سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى — كادىرلار ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىقتىساد باشقۇرۇش جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا مۇئەييەن رول ئوينىدى. ئەمما خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى سىنىپىي كۈرەش ياكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىنكاسى دەپ قارالغانلىقتىن، نۇرغۇن كادىرلار ئورۇنسىز زەربىگە ئۇچرىدى.

## §14 . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»

1966 - يىلى 5 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «16 - ماي ئۇقتۇرۇشى»نى تارقاتتى. توقسۇ سوتسىيالىستىك تەربىيە شۆبە ئۆمىكى، سوتسىيالىستىك تەربىيە ئەترەتلىرى ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە گۇرۇپپىلىرى سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئورۇنلاردا ھەر دەرىجىلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلدى، بېيجىڭ ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پائالىيىتى ئۈستىدە ئىجابىي جەھەتتىنلا تەشۋىقات ئېلىپ باردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى، توقسۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا باغلىمىدى. 7 - ئايدا سوتسىيالىستىك تەربىيە شۆبە ئۆمىكى ناھىيە بويىچە 400 دىن كۆپرەك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنى يىغىپ كۇرس ئېچىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ نامى بىلەن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى كىشىلەرنى «جىن - شەيتان» دەپ تەنقىد قىلدى، پاش قىلدى، خاراكتېرىنى بېكىتىپ، خىزمەتتىن ھەيدەش، گۇناھ يېزىش، پارتىيىدىن چىقىرىش، ئىتتىپاقتىن چىقىرىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن تەشكىلىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلدى. 57 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىگە ئۇۋال قىلىندى. بۇ مەزگىلدە، ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىزىل قوغدىغۇچىلار تەشكىلاتى ۋە ھەر قايسى مەكتەپ قىزىل كىچىك قوغدىغۇچىلار تەشكىلاتلىرى بەس - بەستە قۇرۇلدى. قىزىل قوغدىغۇچىلار «تۆت كونىنى بۇزۇش» (كونا ئىدىيە، كونا مەدەنىيەت، كونا قائىدە، كونا ئادەت) نامى بىلەن، چاچ بۇدرە قىلىش، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىم كىيىش، مەسچىت قاتارلىقلارنىڭ

ھەممىسىنى «تۆت كونا» قاتارىدا يوقاتماقچى بولدى. توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە رەستە مەسچىتى مۇشۇ ۋاقىتتا ۋەيران قىلىۋېتىلدى.

9 ـ ئايدا سىرتقى جايلاردىكى قىزىل قوغدىغۇچىلار ئېلىپ بارغان ئالاقە باغلاشنىڭ تەسىرىدە، ناھىيىدىكى قىزىل قوغدىغۇچىلار كەڭ ئالاقە باغلاش دولقۇنىنى قوزغىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن كېلىپ ـ كېتىۋاتقان ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق، ياتاق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قىزىل قوغدىغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش پونكىتى قۇردى.

1966 ـ يىلى قىشتا، سوتسىيالىستىك تەربىيە شۆبە ئۆمىكى توقسۇدىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىدا ئالدى بىلەن ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىدىكى ئىدارە ـ ئورۇنلار، گۇڭشېلاردا ئاممىۋى تەشكىلاتلار ھەربىرلەپ قوزغىلىپ كەتتى. ناھىيە، گۇڭشې، چوڭ ئەترەتلەردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار «توپقا تۇتۇلدى»، «ئوتتا كۆيدۈرۈلدى»، «تەنقىد، كۈرەش» ۋە سازايى قىلىندى.

1967 ـ يىلى شاڭخەيدىكى «يانۋار بورىنى»دىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم قىزىل قوغدىغۇچىلار تەشكىلاتلىرى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى بىرلىشىپ، ئالدى بىلەن مەدەنىيەت، مائارىپ بۆلۈمى، ناھىيىلىك رادىئو پونكىتى، شويۇلتۇز گۇڭشېلىرىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىدىكى بىر گۇرۇھ ئاممىۋى تەشكىلات بىلەن باشقا ئورۇنلاردىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار دەرھال ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ پىكاپىنى تارتىۋالدى. ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئۆز ئارا ئۇستۇنلۇك، توغرىلىقنى تالاشتى، تەنقىد قىلىش، كۈرەش قىلىش، ئەمەلىنى ئېلىپ تاشلاش، ھوقۇق تارتىۋېلىش شامىلى ناھىيە بويىچە تېزدىن ئۇلغايدى. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ھەر قايسى گۇڭشې ۋە ئىدارە ـ ئورۇنلار قالايمىقانچىلىققا پېتىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

1967 ـ يىلى ئەتىيازدا ئاپتونوم رايونلۇق 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ئاممىۋى تەشكىلاتلار نۇقتىئىنەزىرى قارىمۇ قارشى بولغان 2 چوڭ تەرەپكە بۆلۈندى. 2 تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مۇنازىرە توختىمىدى، تەرەپبازلىق ئورۇشى ئۈزۈلمىدى. چوڭ خەتلىك گېزىتتە بەس ـ مۇنازىرە قىلىش، رادىئودا تىللىشىش، كوچىلاردا غەلۋە ـ ماجىرا قىلىش، قورشاپ ھۇجۇم قىلىش قەلەم كۈرىشىگە تەرەققىي قىلدى.

1967 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى «شەرق قىزاردى» ئېلېكتر ئىستانسىدا 2 تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئوتتۇرىسىدا قەلەم كۈرىشى يۈز بەردى. توقسۇ ناھىيىسىدىكى بىر تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات 1000 دىن كۆپرەك ئادەم چىقىرىپ، قوللىرىغا نەيزە ئېلىپ، ئاپتوموبىل بىلەن ئېلېكتر ئىستانسىسىغا بېرىپ قەلەم كۈرىشىگە ياردەم بەردى. بۇ قېتىملىق قەلەم كۈرىشىدە جەمئىي 10 نەچچە ئادەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، 100 نەچچە ئادەم يارىلاندى. قەلەم كۈرىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قەلەم كۈرىشىدە ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتى ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ كېلىنىپ، ماتەم يىغىنى ئېچىلدى، ئۇلارنىڭ تاۋۇتلىرى كۆتۈرۈلۈپ، كوچا ئايلاندۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا «تۆھپىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنى» ئېچىلدى.

1969 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيە بازىرىدىكى بىر تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات نەچچە سىڭلىغان دېھقاننى قوزغاپ، قوللىرىغا نەيزە، توقماق ئېلىپ، ناھىيە بازىرىغا باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار ئۆيمۇ ـ ئۆي ئاختۇرۇپ، كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغان ئاممىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇردى. 100 نەچچە كىشىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇپ، نەچچە ئون ئادەمنى يارىلاندۇردى.

1967 ـ يىلى رەئىس ماۋزېدۇڭ جاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، چوڭ بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا كۆپ ساندىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ھەدەپ

قارشى تەرەپنى يېقىتىش مەقسىتىدە بولغاچقا، بىرلىشىش ھەرىكىتى ئاستا بولدى. 1968 - يىلى قىشتا ناھىيىلىك ئاشتى سودا ئىدارىسىدە ئالدى بىلەن چولاق بىرلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، خەلق گۇڭشىبىلىرى، ناھىيىدىكى ئىدارە - ئورۇنلاردا ئارقا - ئارقىدىن چولاق بىرلىشىش كېلىشىمى تۈزۈلۈپ، رەھبىرىي كادىرلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋەكىللىرى، ئارمىيە ۋەكىللىرى قاتناشقان ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت (ياكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى) لار قۇرۇلدى. 1969 - يىل 4 - ئايدا، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنە گۇڭشى، مەيدان، ئىدارىلەردىكى بىر تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلات قۇرغان ئىنقىلابىي كومىتېتقا قارىتا «تولۇقلاش» ئېلىپ بېرىلدى. يازنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ناھىيە بويىچە ئىدارە، گۇڭشې، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى.

1968 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش ئېلىپ بېرىلىپ، 1229 كىشى ئېنىقلاش، تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىندى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ دۈشمەن قورچاق ئارخىپىدىن 1008 پارچىسى ئېنىقلاندى، 755 پارچىسى يۆتكەپ بېرىلدى، 218 پارچە سىرتتىن تەكشۈرۈش خېتى ئەۋەتىلدى؛ 6 خادىم سىرتتا 3 تەرەپ بىرلىشىپ ئېلىپ بارىدىغان تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلدى. ئىچكى قىسىمدا تەكشۈرۈش ۋە سىرتتىن تەكشۈرۈش ئارقىلىق تارىخىي مەسىلىسى بار 838 كىشى ئېنىقلىنىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىلدى.

1970 - يىل 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىرگە زەربە بېرىش (نەق ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا زەربە بېرىش)، ئۈچكە قارشى تۇرۇش (خىيانەتچىلىككە - ئوغرىلىققا، ھاياكەشلىككە، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، «سىنىپىي دۈشمەن» لەر قالايمىقان تارتىپ چىقىرىلدى، بۇنىڭدا ھەدەپ قىستاش، ئىقرار قىلدۇرۇش، ئىشىنىپ كېتىش يولى تۇتۇلدى، بۇ ھەرىكەت 34 كىشىنىڭ بىنورمال ئۆلۈپ كېتىشىگە زامىن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3 كىشى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، 25 كىشى قىستاپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، 6 كىشى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئۆلدى. 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى «ئاۋانگارت» دېھقانچىلىق مەيدانىدا 2 يېزا ئىگىلىك ئىشچىسى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، 10 نەچچە كىشى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇلدى، نەتىجىدە «4 - مارت» ۋەقەسىدىن ئىبارەت ناھەق دېلو پەيدا بولدى.

«سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش» ۋە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» داۋامىدا، بىر تۈركۈم ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار پەيدا قىلىندى. 1978 - يىلدىكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ئەھۋالغا قاراپ، ئۇلارنى ئاقلىدى.

1976 - يىل 10 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى تارمار قىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى ئاخىرلاشتۇردى.

## 15 § . سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش

1978 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، توقسۇ ناھىيىلىك پارتكومدا سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. 1978 - يىل 11 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم 63 كادىر ئاجراتتى (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كادىر 4، رايون دەرىجىلىك كادىر 20، پارتىيە ئەزاسى 33)، بۇلاردىن 11 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلدى، گۇرۇپپا ئەزالىرى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى جاڭ سۈنشىنىڭ باشچىلىقىدا، بازار - يېزىلارغا بېرىپ، تارىخىي

دېلولارنى قايتا تەكشۈردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى بويىچە، ئۇرغۇن ناھەق، يالغان، خاتا دېلونى ئاقلىدى.

## 1. «ئوغچى»لارنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

1978 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكومدا «ئوغچى» لارنىڭ قالپىقىنى ئېلىپ تاشلاش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە 1958 - يىلدىكى ئوغچىلىققا قارشى تۇرۇش داۋامىدا خاتا ئايرىلغان «ئوغچى» ۋە يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ مەسىلىسىنى قايتا تەكشۈردى ۋە ئۇلارنى ئاقلىدى.

ناھىيە بويىچە «ئوغچى» دەپ ئايرىلغانلار جەمئىي 25، يەرلىك مىللەتچى 8، بۇنىڭ 11 ى خىزمەتتىن قوغلاندى، 5 ى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەندى، 5 ى دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلدى. جازالانغان 21 ئادەمنىڭ بىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كەتتى، بىرى ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى، بىرى ئۆلدى، ئەمەلىيەتتە 18 كىشىنىڭ مەسىلىسى قايتا تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

تەكشۈرۈپ دەلىللەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق 18 كىشىنىڭ سىياسىي نامى، ئىش ھەققى دەرىجىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 8 كىشىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 10 كىشى يېشى، سالامەتلىك ئەھۋالى تۈپەيلىدىن دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىقىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 2. قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتكە قايتقانلارنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

1984 - يىل 7 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى ئارقىلىق، 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سابىق گومىنداڭ قىسمىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەقىقەتكە قايتقان 27 كىشىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇنىڭدىن 9 كىشى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 18 كىشى يېشى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالى قاتارلىق سەۋەبلەردىن دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 3. دىنىي سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا، مەسچىتلەر مال - مۈلكىنىڭ كۆپىنچىسى مۇسادىرە قىلىندى؛ تەكشۈرۈپ ئاختۇرۇلدى ياكى ئىگىلىۋېلىندى، ناھىيىدىكى داڭلىق مەسچىت — رەستە مەسچىت (كۆلىمى 1389 كۋادرات مېتىر) مۇ چېقىپ ۋەيران قىلىندى، دىنىي زاتلار ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. دىندارلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بېسىمغا ئۇچرىدى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈردى، بىر قىسىم مال - مۈلۈكلەر ئېنىقلاپ قايتۇرۇلدى، 7 مەسچىت قايتىدىن ئېچىلدى، 224 مەسچىتنى سېلىش تەستىقلاندى.

1984 - يىلنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ناھىيە بويىچە دىنىي زات 288 (بۇنىڭ ئىچىدە خاتىپ 72، ئىمام

163، مەزىن 168) گە يەتتى. ناھىيە بويىچە يېزا، بازار، كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە، دىنىي پائالىيەت سورۇنى قۇرۇلۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى. 1982 ـ يىلى يەنە ھېيجىڭ ئىسلام دىنى كىتابلىرى ئوبوروت ئورنى ئارقىلىق، 1500 پارچە ئەرەب يېزىقىدىكى «قۇرئان» ۋە 1100 پارچىدىن كۆپرەك ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى ۋەقەستەلانى شەرھى» زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىندى، شۇنىڭ بىلەن ھەربىر دىنىي زاتتا بىر پارچىدىن كىتاب بولۇش ئىشقا ئېشىپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ دىن ئۆگىنىش ئېھتىياجى ھەل قىلىندى.

## 4. «سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش» ۋە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۆچكە قارشى تۇرۇش» سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

توقسۇ ناھىيىسىدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتى داۋامىدا، بىنورمال ئۆلۈپ كەتكەن 34 كىشىنىڭ ھەممىسىنىڭ سەۋەبى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، يەكۈن چىقىرىلدى. ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار ئاقلاندى. ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ماتەم مۇراسىمى ئېچىلىپ، نەپىقە پۇلى، پەرزەنتلىرىنىڭ ئېقىلىش خىراجىتى بېرىلدى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. گۇگۇشى ئەزاسى بولغان بولسا، ئىشلەپچىقىرىش چولاق ئەترىتى مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى بەردى ۋە قۇتقۇزۇش بەردى.

ناھىيە بويىچە 673 كىشى قايتا تەكشۈرۈلۈپ، 657 كىشىنىڭ سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، پۈتۈنلەي خاتا بولۇپ، پۈتۈنلەي ئاقلانغانلار 381، بىر قىسىم مەسىلىسى ئاقلانغانلار 178، ئەسلى يەكۈن ساقلاپ قېلىنغانلار 88، ئىلگىرى يەكۈن چىقىرىلماي، يېڭىدىن يەكۈن چىقىرىلغانلار 10.

## 5. «لۈشيەن تەربىيىسى» سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

70 ـ يىللاردا قانات يايدۇرۇلغان 4 قارارلىق لۈشيەن تەربىيىسى داۋامىدا، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدىن 196 سىگە جازا بېرىلگەنىدى. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ «يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا پىكىر»ى بويىچە، 186 كىشىنىڭ مەسىلىسى قايتا تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 114 كىشىنىڭ خىزمىتى، 14 كىشىنىڭ پارتىيىۋىلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## 6. «سىياسىي ـ قانۇن سىستېمىسىدىكى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش»

ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسى 1952 — 1953 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش مەزگىلىدىكى بېسىلىپ قالغان دېلولارنى قايتا تەكشۈردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى 389 سىياسىي دېلو ۋە جىنايى ئىشلار دېلوسىنى ئۇقتىلىق تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 213 خاتا دېلونى ئاقلىدى.

1979 ـ يىل 1 ـ ئايدا ج خ ئىدارىسى ئاساس قىلىنىپ، يېزا، بازارلارنىڭ زىچ مايىلىشىشى بىلەن 899 «تۆت خىل ئۇنسۇر» قايتا تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ «تۆت خىل ئۇنسۇر» لۇق قالپىقى ئېلىپ تاشلاندى.

## 7. سودا - سانائەتچىلەرنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش

1984 - يىلى خاتا ھالدا كاپىتالىست دەپ ئايرىلغان 12 سودا - سانائەتچىنىڭ سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئەمگەكچى دەپ ئۆزگەرتىلدى، «مۇقىم ئۆسۈم» توختىتىپ قويۇلغان 25 سودا - سانائەتچىگە «مۇقىم ئۆسۈم» تولۇقلاپ بېرىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بېزىغا چۈشۈرۈلگەن 11 ئائىلە، 44 نوپۇسنىڭ شەھەر - بازار نوپۇسى ۋە ئاشلىق مۇناسىۋىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## 16 § . مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار، نەمۇنە ناھىيە بەرپا قىلىش

توقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار، نەمۇنە ناھىيە بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئومۇمىي پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. 1991 - يىل 10 - ئايغىچە ناھىيە بويىچە 3 قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىلىپ، 117 ئىلغار كوللېكتىپ، 333 ئىلغار شەخس باھالاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار شەخس 14.

ناھىيە بويىچە رايون دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى رەھبەرلىك گورۇپپىسىدىن 77 سى، كەنت دەرىجىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى رەھبەرلىك گورۇپپىسىدىن 271 ى قۇرۇلدى، 62 ئىدارە - ئورۇن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار، نەمۇنە ئورۇن بولۇپ يېتىشتى. بۇ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي ئىدارە - ئورۇننىڭ %80.5 نى ئىگىلىدى. 7 يېزا، بازار، مەيدان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار يېزا، بازار، مەيدان بولۇپ يېتىشتى. بۇ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يېزا، بازار، مەيداننىڭ %63 نى ئىگىلىدى.

ناھىيە بويىچە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى توغرا ئىجرا قىلىنىپ، «ئىككىدىن ئايرىلالماسلىق» (ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق، خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق)، «بەش ئۆز - ئارا»، «تۆت ھەممە ئادەم» ئىدىيىسى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىنىدى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 16 مىڭ 200 دىن كۆپرەك ياخشى ئادەم، ياخشى ئىش مەيدانغا كېلىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىتتىپاقلىقى، يۈكسىلىشى، تىنچ - مۇقىملىقى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1991 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە نام بېرىش يىغىنى ئېچىپ، توقسۇ ناھىيىسىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار، نەمۇنە ناھىيە» دەپ نام بەردى.

## 17 § . ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش

1978 - يىلدىكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن،

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلىپ، پۈتكۈل ناھىيىنىڭ قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.

## 1. دېھقانچىلىق

1982 ـ يىلدىن باشلاپ، يېزىلاردا ھەر خىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 384 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇ، ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ %96.5نى ئىگىلىدى. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن، يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولۇپ، يېزا ئىگىلىك كۈچلىرى ئازاد بولدى، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. ناھىيە بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى 1978 ـ يىلدىكى 34 مىڭ 27 توننىدىن 1995 ـ يىلى 71 مىڭ 700 تونغا، پاختا ھوسۇلى 1054 توننىدىن 12 مىڭ 500 تونغا، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى 12 مىليون 490 مىڭ يۈەندىن 288 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 80 يۈەندىن 1308 يۈەنگە يەتتى.

## 2. چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى

يېزا ئىگىلىكىدە، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويۇش بىلەن بىللە، چارۋىچىلىقتا پادىلارنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلۇپ، شەخسلەرنىڭ چارۋا بېقىشىغا بولغان ھەرخىل چەكلىمىلەر بىكار قىلىندى. ناھىيە بويىچە چارۋا 1978 ـ يىلدىكى 122 مىڭ 800 تۇياقتىن 1995 ـ يىلى 216 مىڭ 500 تۇياققا يەتتى. ئورمانچىلىقتا ئورمانغا ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى تارقىتىلىپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى جەھەتتە پاتال توردە سىرتتىن مەبلەغ كىرگۈزۈلدى، دۇنيا بانكىسىدىن 91 مىليون 920 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىنىپ، يېڭىدىن 100 مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، ساغلام دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. سۇ سىگمەس ئۆستەڭ، يول ۋە مەيدان ئىشخانىلىرى يېڭىدىن ياسالدى ۋە سېلىندى. ھەرخىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋېلىنىپ، مۇناسىپ ھالدا يۆرۈشلەشكەن مۇئەسسەسىلەر قۇرۇلدى، ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى.

## 3. يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش

90 ـ يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، توقسۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى چىقىش قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسى يىلمۇ يىل تەڭشەلدى. 30 يىل ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋىدىن ئىبارەت بۇ تەرتىپ پاختا، ئاشلىق، ياغلىق دان، چارۋا يۆنىلىشىگە قاراپ تەڭشەلدى. ئاشلىق بىلەن پاختىنىڭ تېرىلىش نىسبىتى 1978 ـ يىلدىكى 6.7:1 (47 مىڭ 200 مو: 314 مىڭ مو) دىن 1995 ـ يىلى 1.2:1 (185 مىڭ مو: 222 مىڭ 600 مو) كە تەڭشەلدى.

## 4. سانائەت، قاتناش

1987 - يىلدىن باشلاپ، ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 6 زاۋۇتتا زاۋۇت باشلىقى ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، مەھسۇلات ئىگىلىكى بازار ئىگىلىكى يولىغا سېلىندى. 1983 - يىلى قاتناش بازىرى ئېچىۋېتىلىپ، خۇسۇسىي ئاپتوموبىللارنىڭ قاتناش - ترانسپورت بازىرىغا كىرىشىگە يول قويۇلدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ھەرخىل يۈك ئاپتوموبىللىرى، يولۇچىلار ئاپتوبۇسلىرى، مىنىبۇس، ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت، خادىكلار پۈتۈن ناھىيىنىڭ بازار - يېزىلىرىدا قاتناشقا باشلىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان شەكىللەنگەن سىرتلارغا بېرىش قىيىن بولۇش، يول يۈرۈش قىيىن بولۇش مەسىلىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى.

## 5. سودا

1987 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 5 سودا ئورنىدا تۈنجى تۈركۈمدە دىرېكتور ھۆددىگە ئېلىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. 1995 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە ئاساسلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھۆددىگە ئېلىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇلدى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىستىلى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، بازار، يېزا ئىقتىسادى گۈللىنىپ، مال ئوبوروتى راۋانلاشتى. ئەمما ھەرخىل مۇرەككەپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىلىرى گەرچە كۈچلۈك ئەمەلىي كۈچ، مەبلەغ، ئۈسكۈنە ۋە ئىختىساسلىقلارغا ئىگە بولسىمۇ، بىراق، بازار رىقابىتى داۋامىدا كۆپىنچە كارخانىلارنىڭ ئىلگىرىلىشى تەس بولدى، ئايرىم كارخانىلار تاقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. ھازىر سودا كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ.

## 6. پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە

دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش»، «ئىختىساسلىقلارغا ھۆرمەت قىلىش»، «پەن - تېخنىكا — بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى» قاتارلىق يوليورۇقلار ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى ھەمدە بەزى پەن - تېخنىكا خادىملىرى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆستۈرۈلدى، ئامما ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، ئىلىم پەن ئىشلىتىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى.

ناھىيە بويىچە مەكتەپ 1978 - يىلدىكى 52 دىن 1995 - يىلى 92گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 17 مىڭ 709 دىن 25 مىڭ 886 گە يەتتى. ناھىيە بويىچە ساقلىق ساقلاش خادىمى 1980 - يىلدىكى 159 دىن 1995 - يىلى 456 گە يەتتى.

## 7. ئېتىبار بېرىش سىياسىتى

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش

ئۆچۈن، 1992 ـ يىل 8 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىششنى قانات يايدۇرۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى ئېتىبار بېرىش چارىسى»نى تۈزۈپ، سىياسىي جەھەتتىن ھەرخىل ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئېنىق بەلگىلىدى.

## ئالتىنچى قىسىم

# ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش



# ئالتىنچى قىسىم

# ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش

## I باب

## مىنگو دەۋرىدىكى ناھىيە ھاكىمىيىتى

### 1 § . ياردەمچى ئامبال

مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) توقسۇغا ياردەمچى ئامبال قويۇلدى. ناھىيە يامۇلىدا بۆلۈم تەسىس قىلىنماي، پەقەت بىر نەچچە كاتىپ، خىزمەتچى ۋە نازارەتچى قويۇلدى، ئۇلار ياردەمچى ئامبالغا ياردەملىشىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدى.

### 2 § . ناھىيىلىك ھۆكۈمەت

مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) توقسۇ ناھىيە قىلىنىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، ئەدلىيە، ساقچى ئىشلىرىنى ھاكىم قوشۇمچە باشقۇردى. ھۆكۈمەتتە مىرشاپ، نۆۋكەر، توپچى ۋە دۇمباقچى قاتارلىق خادىملار كۆپەيتىلدى. مىرشاپ، نۆۋكەرلەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوراللىق كۈچى ئىدى، توپچى ۋە دۇمباقچىلار مەخسۇس توپ ئېتىش ۋە دۇمباق چېلىش ئىشلىرىنى قىلاتتى.

مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى)دىن كېيىن، ساقچىلىق كەسپى ھۆكۈمەتتىن ئايرىپ چىقىلىپ، ج خ ئىدارىسى قۇرۇلدى، ج خ سىستېمىسىنى شىڭ شىسەي تىزگىنلەپ تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ نوخولىسى كۈندىن ـ كۈنگە يوغىناپ، ناھىيىنىڭ ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ھاكىمنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى، نەتىجىدە ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى.

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە 2 بۆلۈم (1 ـ بۆلۈم، 2 ـ بۆلۈم) قۇرۇلدى. ھۆكۈمەتتە ھاكىم، كاتىپ، بۆلۈم باشلىقى، 1 ـ دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى، 2 ـ دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى، 3 ـ دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى، ئىش بېجىرگۈچى، پۈتۈكچى، تىلماچ، موللا، ئەدلىيە ساقچىسى، خەۋەرچى

ساقچى، مەمۇرىي ساقچى، چارەكچى دورغا، قارا خىزمەتچى قاتارلىق 31 كىشى بار ئىدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئەمەلىي بار خادىم 14 كە ئازايتىلدى (بۇ مەزگىلدە ج خ ئىدارىسىنىڭ خادىمى 61 گە يەتتى).

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) گومىنداڭ شىنجاڭغا بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ج خ ئىدارىسىنىڭ نامى ساقچى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى، بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىش ناھىيىلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىك قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى كۈچەيدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) نىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى كۇچا بەرلىك سوت مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدى. ئەمما توقسۇ ناھىيىلىك كېڭەش ئالاقە سۇنۇپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، بۇ ئىش كېيىنكى يىلى 3 - ئايغىچە مۇرەسسە قىلىپ بېجىرىلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خادىمى شۇ يىلى 37 گە، مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 52 گە يەتتى.

مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) ناھىيە قۇرۇلغاندىن تارتىپ مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 9 - ئايغىچە 14 كىشى ھاكىم بولدى.

## مىنگونىڭ 37 - يىلىدىن 38 - يىلىغىچە (1948 — 1949 - يىلىغىچە) توقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خادىملار

جەدۋەل: 6 — 1

| ۋەزىپىسى / يىل | جەمئىي | ھاكىم | مۇئاۋىن ھاكىم | كاتىپ | بۆلۈم باشلىقى | بۆلۈمچە باشلىقى | بوغالتىر مۇدىر | ماتېرىيال مۇۋەتتىشى | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق تېخنىكى | ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش يېتەكچىسى | مال دوختۇرى | ئامبار مۇدىرى | 1 - دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى | 2 - دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى | 3 - دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى | ئازارەتچى | ئىش بېجىرگۈچى | خەزىنىچى | ساقچى باشلىقى | مەمۇرىي ساقچى | تەكشۈرۈش خىزمەتچىسى | سولاقخانا باشلىقى | قاراۋۇل | چاكار | چارەكچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مىنگونىڭ 37 - يىلى | 37 | 1 | 1 | 1 | 3 | | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 3 | 2 | 2 | | 1 | 1 | 1 | 5 | 1 | 1 | 1 | 6 | 1 |
| مىنگونىڭ 38 - يىلى | 52 | 1 | 1 | 1 | 4 | 3 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 5 | 3 | 2 | 5 | 1 | 1 | 1 | 5 | 1 | 1 | | 11 | |

## مىنگو دەۋرىدە توقسۇ ناھىيىسىگە ھاكىم بولغانلار

جەدۋەل: 6 — 2

| ئىسىم - فامىلىسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| ۋاڭ دارېن | خەنزۇ | | مىنگونىڭ 19 - يىلى 10 - ئايدىن مىنگونىڭ 21 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| لىي رېن (داۋۇر) | خۇيزۇ | كۇچا | مىنگونىڭ 22 ـ يىلى يازدا |
| جۇ يۈشىيائى (ئىسمائىل) | ئۇيغۇر | لوپنۇر | مىنگونىڭ 23 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 24 ـ يىلغىچە |
| لۇ زې | خەنزۇ | | مىنگونىڭ 24 ـ يىلىدىن 25 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە |
| جيەن شۈن (قادىر) | ئۇيغۇر | كۇچا | مىنگونىڭ 25 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 26 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە |
| ئىبراھىم ساماساق | ئۇيغۇر | شايار | مىنگونىڭ 26 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 29 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە |
| دېڭ يېڭجۇەن | خەنزۇ | ئۈرۈمچى | مىنگونىڭ 29 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 29 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە |
| چې يېڭشيائى | خەنزۇ | گەنسۇ ۋۇۋېي | مىنگونىڭ 29 ـ يىلى 6 ـ ئايدىن 30 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە |
| ئەن ۋېي | خەنزۇ | ياركۆل | مىنگونىڭ 30 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 33 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە |
| ۋاڭ يۈگېي | خەنزۇ | | مىنگونىڭ 33 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 33 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە |
| خەن خۇيمىن | خەنزۇ | لياۋنىڭ ئەندۇڭ | مىنگونىڭ 33 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 34 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە |
| شۇجۇنخاۋ | خەنزۇ | جېجياڭ خۇاڭيەن | مىنگونىڭ 34 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 35 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە |
| گوۋېنخۇا | خەنزۇ | گەنسۇ | مىنگونىڭ 35 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 38 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە |
| زەپەر ئابىت | ئۇيغۇر | كۇچا | مىنگونىڭ 38 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 1950 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە |

## قوشۇمچە I

## ناھىيىلىك كېڭەش

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك ۋاقىتلىق كېڭەش قۇرۇلدى، نۇردۇن ئېلى كېڭەش باشلىقى، مەخمۇتجان سېيىت مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى، تاھىر رەخمەت قاتارلىق 6 كىشى كېڭەش ئەزاسى بولدى.

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك كېڭەش قۇرۇلدى. ئۇ ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاشقا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ياردەملىشىش، ھاكىملارنى سايلاش ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

ناھىيىلىك كېڭەشتە 5 خادىم ئىشلىدى، ئۇلارنىڭ بىرى كاتىپ، 2 سى خىزمەتچى، بىرى پوتۇكچى، بىرى قارا خىزمەتچى. ئۇلار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھويلىسىدا ئىش بېجىردى.

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تۇنجى قېتىم ئۆلكىلىك كېڭەشكە ئەزا

سايلاندى، نۇردۇن ئېلى ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، ئابدۇرېشىت ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقى بولدى. كېيىنكى سايلاملاردا مەمتىمىن، قۇۋان قاتارلىقلار ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) يازدا توقسۇ ناھىيىلىك كېڭەش شىنجاڭ ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە ئالاقە ئەۋەتىپ، توقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۆز ناھىيىسىدىكى ئەدلىيە - ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى كۇچا يەرلىك سوت مەھكىمىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئالاقىدە مۇنداق دېيىلگەن: 1) ئامما كۇچاغا بېرىپ دەۋا قىلسا، دېلونى قاراپ چىقىپ ئۇنى تاماملىغىچە نەچچە ئاي كېتىدۇ، بۇ جەرياندا ئامما كۆپ چىقىم تارتىدۇ. 2) ئۆي - زېمىن ئەرز شىكايەت دېلوسىدا ھەقدارلارنىڭ قولۇم - قوشنىلىرىدىن 10 نەچچە كىشىنى باشلاپ بېرىشى ئىنتايىن قولايسىز بولىدۇ. 3) سوت مەھكىمىسى توقسۇغا ئادەم ئەۋەتىپ ئىش بېجىرگەندە، كېلىپ كېتىپ نۇرغۇن ئاۋارىچىلىق تارتىدۇ. 4) دېھقانلار ئەرز قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن يول يۈرۈپ كۇچاغا بارسا تىرىكچىلىكتا دەخلى يېتىدۇ، ھازىر يەنە كېلىپ ھەربىي تەمىنات توپلايدىغان جىددىي پەيت، كۇچاغا بېرىپ ئەرز قىلغاندا ھەربىي تەمىنات توپلاشقا تېخىمۇ دەخلى يېتىدۇ. كېيىن ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى ئەدلىيە ئىشلىرىنى يەنىلا كۇچا يەرلىك سوت مەھكىمىسى بېجىرىدۇ، ئەمما سوت مەھكىمىسى توقسۇ ناھىيىسىگە سەييارە دېلو بېجىرگۈچى ئەۋەتىپ، شۇ جايدا دېلو بېجىرىپ، ئاممىغا قولايلىق يارىتىدۇ، دەپ تەستىق جاۋاب بەردى.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقى ئابدۇرېشىت، مۇئاۋىن باشلىقى موللا مەخمۇتلار بىرلىشىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ھاكىم گو ۋېنخۇانىڭ ئەپيۇن چېكىپ، باج ئوغرىلاپ، مىللىي ھېسسىياتقا ئازار بېرىپ، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى شىلىۋېلىشتەك قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى ئۈستىدە ئەرز قىلدى. بۇ دېلو كېيىن كۇچا ناھىيىلىك يەرلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ بېجىرىشىگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. پروگراتۇر ئەرز قىلغۇچى دەلىل - ئىسپات كۆرسىتىپ بېرەلمىدى، دەپ جاۋابكار گو ۋېنخۇانى ئەيىبلەشتىن كەچۈرۈم قىلدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 3 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسى ئابدۇللا ھېيت ھاجىنى گومىنداڭ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلىدى، ئۇ نەنجىڭغا بېرىپ، گومىنداڭنىڭ 1 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ناھىيىلىك كېڭەش قارار ماقۇللاپ، ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتىگە كېڭەش باشلىقى، مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى، كېڭەش ئەزالىرىدىن 10 كىشى ئىمزا قويغان مەلۇمات يوللاپ، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياۋ تيەنسەي (ئۇيغۇر)نى ۋەزىپىسىدە قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، يېڭىدىن ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن دۇەن يۈشەننىڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىشىغا قارشىلىق بىلدۈردى. نەتىجىدە ياۋ تيەنسەي داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى موللامەت ھاجى قازا قىلدى، ناھىيىلىك كېڭەش غوپۇر ھاپىزنى ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىقىغا تولۇقلاپ سايلىدى. توقسۇ ناھىيىلىك كېڭەش مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 9 - ئايدا تارقىتىۋېتىلدى.

## قوشۇمچە Ⅱ

## مىنگو دەۋرىدىكى تارىختا يېزىلمىغان ئىشلار

### 1. تامغا تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمى

بۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىنگو دەۋرىدە تامغا تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىدىن

ئىبارەت بۇ ئەنئەنىگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلىنىپ كەلدى، بۇ، كونا ھاكىم ۋەزىپە تاپشۇرۇپ بېرىش، يېڭى ھاكىم ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىشتىكى مۇھىم مۇراسىمدۇر.

بۇ مۇراسىمغا ئادەتتە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى تاپانچ خادىملار ۋە كونا - يېڭى ھاكىملار قاتنىشىدۇ. ھوقۇقنىڭ سىمۋولى بولغان ھۆكۈمەت تامغىسى قىزىل شايىغا ئورىلىدۇ، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن قالغان ھاكىم يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ھاكىمغا ئاما ئالدىدا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. يېڭى ھاكىم ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقى سۆزلەپ، دۆلەتكە سادىق بولۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن دەپ قەسەم بېرىدۇ. شىڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋردە، «ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىسى شىڭ دۇبەنگە سادىق بولىمەن» دېگەن مەزمۇن كۆپەيتىلدى، ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قەسەم بېرىشنى نازارەت قىلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، قەسەمىيات مەزمۇنىغا «3 مەسىلەككە ئېتىقاد قىلىمەن، زۇڭلىنىڭ تەلىمىنى ئىزچىللاشتۇرىمەن، رەئىس جياڭ جيېشىنى ھىمايە قىلىمەن» دېگەندەك مەزمۇنلار قوشۇلدى، كېڭەش باشلىقى قەسەم بېرىشنى نازارەت قىلدى. ئومۇمەن ئارخىپ، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان خادىملار، ئۆززۈق - تۈلۈك ۋە يەم - خەشەك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تىزىملىنىپ بىرلىكتە تاپشۇرۇپ بېرىلەتتى ۋە تاپشۇرۇۋېلىناتتى.

## 2. ھاكىمنىڭ دېلوغا ھۆكۈم قىلىشى

مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) دىن باشلاپ، يارىدەمچى ئامبال، ھاكىملار ھەرخىل ھەق - تەلەپ ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولدى، بۇ ئادەتتە دەۋاغا ھۆكۈم قىلىش دەپ ئاتالدى.

ئومۇمەن ھەق تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىدا دەۋاگەر خەت ئارقىلىق ئەرز سۇنسا قوبۇل قىلىنىدى. ئەرز يېزىش قەغىزىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىر تۈتاش تۈزۈپ باستۇردى، ئۇنى مەخسۇس ئادەم باشقۇرۇپ ساتتى. دېلوغا ھۆكۈم قىلىنىدىغان چاغدا ھاكىم يامۇلغا دەۋاگەر، جاۋابكار ۋە شاھىتلارنى تولۇق چاقىرتىپ، 2 - سوراقخانىدا سوت قىلاتتى. 2 - سوراقخانىنىڭ دەرۋازىسى ئادەتتە چىڭ تاقاپ قويۇلاتتى، خادىملار يان ئىشىكتىن كىرىپ - چىقاتتى.

ھەر قېتىم سوت ئېچىلغاندا دەرۋازا ئېچىلاتتى، سوراقخانىغا شىرە قويۇلاتتى، شىرە ئۈستىگە قىزىل رەخت سېلىناتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلەم، سىياھ، قەغەز، دۈۋەت قويۇلاتتى، ھاكىم سوراققا چىققاندا كاتىپ يۇقىرى ئاۋازدا «خىزمەتلىرىگە تەييارمىز» دەپ توۋلىغاندىن كېيىن، شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان 8 يايى بىرلىكتە «پەرمانبەردارمىز» دەپ توۋلايتتى، ھاكىم ئولتۇرغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك تىزلىنىپ تازىم بىجا كەلتۈرەتتى. ئاندىن كېيىن جىنايەتچى سوراقخانىغا چاقىرتىلاتتى، ئۇ شىرەنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، سوراق باشلىناتتى.

سوراقخانىغا ئىشكەل، كويزا، 3 قىرلىق كالتەك، پۇتىنى باغلايدىغان كۆتەك، قولىنى باغلايدىغان ئورۇندۇق قاتارلىق جازا سايمانلىرى تەييارلاپ قويۇلايتتى. سوراق جەريانىدا، ھاكىم ئەھۋالغا ئاساسەن، پەرمان چۈشۈرۈپ، جىنايەتچىگە پالاق بىلەن قولىنىڭ ئالقىنىغا، سۆڭگەكچىگە، ئۇشۇقىغا ئۇرۇش، ياغاچ ئۆتۈك كىيگۈزۈش قاتارلىق جازالارنى بېرەتتى، بەزىلەر ناھەق ئۇرۇلۇپ ئىقرار قىلدۇرۇلاتتى. بەزىلەر خۇپىيانە پۇل - مال سۇڭغۇتۇپ قۇتۇلاتتى.

قولىنىڭ ئالقىنىغا ئۇرۇشتا جىنايەتچىنىڭ قولى مەخسۇس جازا ئورۇندۇقىغا ئالقىنى ئۈستىگە قىلىپ باغلانغاندىن كېيىن، ياغاچ پالاق بىلەن ئۇرۇلاتتى.

سۆڭگەكچىگە ئۇرۇشتا جىنايەتچى دۈم ياتقۇزۇلىدۇ، بىر نەچچە يايى ئۇنى مەھكەم بېسىۋالىدۇ، بىر ئادەم كالتەك ياكى پالاق بىلەن سۆڭگەكچىگە ئۇرىدۇ.

ئۇشۇققا ئۇرۇش: بۇ ناھايىتى قەبىھ جازا بولۇپ، كالتەك بىلەن جازالانغۇچىنىڭ ئۇشۇقىغا ئۇرۇلىدۇ.

ئۆرۈلغاندىن كېيىن بىر نەچچە ئايغىچە ماڭالمايدۇ.

ياغاچ ئۆتۈك ئىنتايىن قەبىھ جازا قورالى، جازالانغۇچىنىڭ پۇتى قىسىلىپ، چىدىغۇسىز ئاغرىپ كېتىدۇ.

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) دىن باشلاپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە سوراقچى تەسىس قىلىنىپ، قىيناپ سوراق قىلىش تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىلدى.

## 3 . توپ ئېتىش، دۇمباق چېلىش

مىنگو دەۋرىدە يامۇل، مەھكىمە ئالدىغا چوڭ دۇمباق ئېسىلاتتى، توپ تىكلەپ قويۇلاتتى. توپقا ئەمەلىيەتتە مىلتىق دورىسى قاچىلىناتتى، پىلتىگە ئوت تۇتاشتۇرۇلغان ھامان توپ ئېتىلاتتى.

تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل ئەھۋالدا توپ ئېتىلىپ، دۇمباق چېلىناتتى:

بىرىنچى، سەھەر ياكى گۇگۇمدا ئوخشاش ۋاقىتتا توپ ئېتىلىپ، دۇمباق چېلىناتتى، سەھەردە توپ ئېتىلغاندىن كېيىن، كوچىدا يۈرگەنلەر تەكشۈرۈلمەيتتى.

ئىككىنچى، ئامبال سىرتقا تەكشۈرۈشكە چىققاندا ياكى سىرتتىن قايتىپ كەلگەندە ئۆزىتىپ قويۇش ۋە كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن توپ ئېتىلاتتى ۋە دۇمباق چېلىناتتى.

ئۈچىنچى، چوڭ ئەمەلدارلار مەھكىمىگە كەلگەندە ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن دۇمباق چېلىناتتى ۋە توپ ئېتىلاتتى.

پۇقرالار دەرد ئېيتماقچى بولسىمۇ دۇمباق چالسا بولاتتى، ئامبال دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان سوراقخانىغا چىقاتتى، ئەمما دۇمباق چېلىپ دەرد ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) دىن باشلاپ توپ ئېتىش، دۇمباق چېلىش تۈزۈمىگە خاتىمە بېرىلدى.

## 3 § . ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت

مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) توقسۇ ياردەمچى ئامباللىقى قارىمىقىدا 4 چوڭ كەنت، 12 كىچىك كەنت بار بولۇپ، ئۇلارغا شاڭيو، يۈز بېشى، ئونبېشى قويۇلدى. ئۇلار ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى قىلغاچ ئىشلەيدىغان مەمۇرىي خادىملار ئىدى.

مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) چوڭ كەنت 5 كە كۆپەيدى.

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) دايۇلتۇز كەنتى شايار ناھىيىسىدىن توقسۇ ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى. بۇ كەنتكە 11 كىچىك كەنت قارىدى.

مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) ئەتىيازدا ناھىيە قارىمىقىدا 4 رايون، 16 كەنت تەسىس قىلىندى، ھەربىر رايونغا بىردىن رايون باشلىقى، بىردىن مۇئاۋىن رايون باشلىقى، بىردىن مىراپ، ھەربىر كەنتكە بىردىن كەنت باشلىقى، بىردىن مۇئاۋىن كەنت باشلىقى، بىر نەچچە مىراپ قويۇلدى، ئونبېشى، يۈز بېشى، شاڭيو قاتارلىقلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ھەربىر رايونغا ئونبېشىنىڭ ئورنىغا 2 دىن رايون ساقچىسى قويۇلدى. 7 — 10 غىچە رايون خادىمى قويۇلدى، ئۇلارنى خەلق سايلىدى، ئۇلار ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى قىلغاچ رايونلۇق مەھكىمىنىڭ ئىشلىرىنى نازارەت قىلدى.

رايون باشلىقى، كەنت باشلىقى ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىۋېرەتتى، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى خەلقنىڭ بېرىنىڭ مو سانى بويىچە يىغىۋېلىنىپ بېرىلەتتى، رايون باشلىقىنىڭ يىللىق ئىش ھەققى 120 تەڭگە، مۇئاۋىن رايون باشلىقىنىڭ 80 تەڭگە، كەنت باشلىقىنىڭ 60 تەڭگە، مۇئاۋىن كەنت باشلىقىنىڭ 40 تەڭگە، رايون ساقچىسىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 4 تەڭگە ئىدى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 5 - ئايدا ناھىيە بويىچە باۋ - جيا تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، 2 بازار، 4 يېزا، 30 باۋ قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) بۇلار 2 بازار، 4 يېزا، 57 باۋ، 707 جياغا تەڭشەلدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە بىر بازار، 4 يېزا، 36 باۋ، 228 جيا بار بولدى.

# II باب

# خەلق قۇرۇلتىيى

## 1 § . ناھىيىلىك ھەرمىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

توقسۇ ناھىيىلىك ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنىڭ ۋەكىللىرى ھەر مىللەت - ھەر ساھەنىڭ كېڭەشىشى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

### 1. توقسۇ ناھىيىلىك 1 - قېتىملىق ھەرمىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1950 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 107 ۋەكىل (37 سى ئايال) قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى 4، دېھقان 88، قول ھۈنەرۋەن 7، مائارىپ ساھەسىدىن كەلگىنى بىر، دېموكراتىك زات 2، سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەر 4.

يىغىندا ئاساسلىقى، ئامىنى قوزغاپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش، كونا ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىپ، باۋ - جيا تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش، جاسۇسلارنى تازىلاپ، ئىجتىمائىي تەرتىپنى قوغداش مەسىلىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىندا: «گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتى قۇرغان بىر قاتار تەشكىلىي ئاپپاراتلارنىڭ ھەممىسى خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ۋە خەلقنى ئېزىدىغان قورال، ئۇلارنى دەرھال بىكار قىلىش، ئىنقىلابىي ياشلار، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئاياللار، زىيالىيلارنى خەلق ھاكىمىيىتى خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇش» توغرىسىدا قارار ماقۇللاندى، ناھىيىدىكى ھەرمىللەت خەلقى زومىگەرلەر ۋە سۇ زومىگەرلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىپ، فېئودال كۈچلەرنى پەيدىنپەي يوقىتىشقا چاقىرىلدى.

يىغىندا ئابلىز ھامۇت، ۋاڭ مىڭلياڭ، شې نيەنشىڭ، نۇردۇن ئېلى، ھەسەن شېرىپ، شاكىر قادىر، رېن زۈجىڭ قاتارلىق 9 كىشى ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ئابلىز ھامۇت ھاكىم، شې نيەنشىڭ مۇئاۋىن ھاكىم بولدى.

## 2. توقسۇ ناھىيىلىك 2 - قېتىملىق ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1950 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 107 ۋەكىل (37 سى ئايال) قاتناشتى.

يىغىندا ئاساسلىقى، باۋ - جيا تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتى قۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش توغرىلىق مۇزاكىرە قىلىندى.

يىغىندا ۋاڭ مىڭليالڭ، ئابلىز ھامۇت، دۇەن دويۇ، لى پېي، شاكىر قادىر، ھوشۇر ھاجى، ئىبراھىم قازى، رابىيە نامان، ۋېي جىنشاۋ قاتارلىق 9 كىشى ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

## 3. توقسۇ ناھىيىلىك 3 - قېتىملىق ھەرمىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1951 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە ئېچىلدى. يىغىنغا 139 ۋەكىل (22 سى ئايال) قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچىلار ۋەكىلى 27، دېھقانلار ۋەكىلى 85، مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىكىلەر 7، سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەر 2، ئورگان كادىرى 11، دېموكراتىك زات 7.

يىغىندا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىجارە پۇلىنى كېمەيتىش، زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى تېرىلغۇ يەرلەرنى كېڭەيتىش مەركىزىي قارالما قىلىندى.

يىغىندا «ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قەتئىي باستۇرۇش ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

## 4. توقسۇ ناھىيىلىك 4 - قېتىملىق ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1951 - يىل 9 - ئايدا ئېچىلدى، يىغىنغا 127 ۋەكىل (21 ى ئايال) قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى 4، دېھقان 101، قول ھۈنەرۋەن 7، مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىكىلەر 6، سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەر 2، دېموكراتىك زات 7.

يىغىندا ناھىيە بويىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشنى خۇلاسە قىلىش مەركىزىي قارالما قىلىندى، ھۆكۈمەتنىڭ 1951 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى خىزمەت خۇلاسىسى قاراپ چىقىلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تەكلىپ لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## 5. توقسۇ ناھىيىلىك 5 - قېتىملىق ھەر مىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1952 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 111 ۋەكىل (19 ى ئايال) قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 107، خەنزۇ 3، خۇيزۇ بىر، ئىشچى 5، دېھقان 65، ئورگان كادىرى 4، مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىكىلەر 4، دىنىي ساھەدىكىلەر 3، تەرەققىيپەرۋەر زات 9، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل 11. يىغىندا ھۆكۈمەتنىڭ 3 يىللىق خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ۋە قاراپ چىقىلدى، «ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشنى ۋە سودىلىقنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەش، باج ۋە مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى.

## 6. توقسۇ ناھىيىلىك 6 - قېتىملىق ھەرمىللەت - ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى

بۇ يىغىن 1953 - يىلى 9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 113 ۋەكىل (19 ى ئايال) قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى 4، دېھقان 88، قول ھۈنەرۋەن 7، مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىكىلەر بىر، سودا ساھەسىدىكىلەر 4، دىنىي ساھەدىكىلەر بىر، دېموكراتىك زات 2.

يىغىندا مۇئاۋىن ھاكىم دۆەن دويۇ بەرگەن «1953 - يىلدىكى ئالدىنقى يېرىم يىللىق خىزمەت دوكلاتى» ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك نوپۇسنى تەكشۈرۈپ تىزىملاش يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. ۋەكىللەر 115 تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا «ئومۇمىي سايلام ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، مول ھوسۇل ئېلىش» توغرىسىدا قارار ماقۇللاندى.

ھەرمىللەت - ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا دائىمىي كومىتېت تەسىس قىلىنىپ، 2 مەخسۇس خادىم سەپلەندى، ئۇلارنىڭ بىرى ناھىيىنىڭ سودىلىق خادىمى، يەنە بىرى ۋەكىللەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋالىدىغان خادىم. 1954 - يىل 4 - ئايدا دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمىتى ئاخىرلاشتۇرۇلدى.

## 2 § . ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1954 - يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ناھىيىنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولۇپ قالدى. ۋەكىللەر ئاساسىي قاتلامدىكى خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلىنىدىغان بولدى. 1955 — 1993 - يىلغىچە جەمئىي 11 نۆۋەت ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

### 1. توقسۇ ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1954 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 76

ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق قارالمىسى ھاكىم ئابدۇللا سابىت بەرگەن «4 يىلدىن بۇيانقى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»نى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە قاراپ چىقىش، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ مىڭلياڭ بەرگەن «دۆلەتنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى، باش ۋەزىپىلىرى توغرىسىدا دوكلات»نى ئاڭلاش، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىشتىن ئىبارەت بولدى.

قۇرۇلتايدا «4 يىلدىن بۇيانقى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» ماقۇللاندى، ئابدۇللا سابىت ھاكىملىققا، دۆەن دويۇ مۇئاۋىن ھاكىملىققا، رېن زۇجىڭ، نۇردۇن رېھىم، چاڭ كۇجيەڭ، سىيىت داۋۇت، ئىمىن ئابدۇرېھىم، ئىبراھىم تاھىر، تۇرنىساخانلار ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا، ئابدۇللا سابىت، خەلچەم ئەخمەت، گايىت مۇھەممەتلەر ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللىككە سايلاندى.

تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي 6 قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى.

## 2. توقسۇ ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1957 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 73 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 25 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، مالىيە خام چوتى، نەق چوتى دوكلاتى ۋە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى.

قۇرۇلتايدا ئاۋۇت جارۇپ ھاكىملىققا، رېن زۇجىڭ، ئېزىز ھامىللار مۇئاۋىن ھاكىملىققا، لى پېي، سىيىت داۋۇت، ئىمىن ئابدۇرېھىم، نۇردۇن رېھىم، ئىبراھىم تاھىر، ئىسمائىل داموللىلار ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

2 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي 2 قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى.

## 3. توقسۇ ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1958 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 56 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 20 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا 2 ـ نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، 1958 ـ يىللىق خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدىكى پىكىر ۋە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى.

قۇرۇلتايدا ئاۋۇت جارۇپ ھاكىملىققا، رېن زۇجىڭ، ئېزىز ھامىللار مۇئاۋىن ھاكىملىققا، ليۇ رۇيىۇ، لى پېي، سىيىت داۋات، مامۇت سابىت، جىن شيەنجيې، ئىمىن ئابدۇرېھىم، تۇرنىساخان، ئىبراھىم تاھىرلار ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي 3 قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى.

## 4. توقسۇ ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1961 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 55 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 19 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا 3 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، 1961 - يىللىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى، مالىيە خام چوتى، نەق چوتى دوكلاتى ۋە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى مۇزاكىرە قىلىندى.

قۇرۇلتايدا ئاۋۇت جارۇپ ھاكىملىققا، رېن زۇجىاڭ، ئىبزىز ھامىللار مۇئاۋىن ھاكىملىققا، ئابىت سايىت قاتارلىق 14 كىشى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي 2 قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى.

## 5. توقسۇ ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1963 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا قاتناشقان رەسمىي ۋەكىل 68، 17 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، مالىيە خام چوتى ۋە نەق چوتى دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى.

قۇرۇلتايدا ئاۋۇت جارۇپ ھاكىملىققا، رېن زۇجىاڭ، ئىبزىز ھامىللار مۇئاۋىن ھاكىملىققا، بارات تۇردى قاتارلىق 17 كىشى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي 2 قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى.

## 6. توقسۇ ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1966 - يىل 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 118 ۋەكىل قاتناشتى، 21 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، ئۇنىڭدىن باشقا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ 25 ئەزاسى قۇرۇلتايغا سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، 1965 - يىللىق مالىيە خام چوتى ۋە نەق چوتى دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى.

قۇرۇلتايدا قادىر ئىدرىس ھاكىملىققا، رېن زۇجىاڭ، ئىمىن ئىبزىزلار مۇئاۋىن ھاكىملىققا، لىيۇ شىڭۋېي قاتارلىق 21 كىشى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، مىجىت ئەمەر ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمىتى توختاپ قالدى.

6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىر قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى.

## 7. توقسۇ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت

1969 - يىل 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن توقسۇ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. ئىنقىلابىي كومىتېت ئارمىيەۋەكىلى، ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىلى، رەھبىرىي كادىر ۋەكىلىدىن تەشكىل قىلىندى. لياۋ جىنزۇ (ئارمىيە ۋەكىلى) ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى، جىۋ يۈچىاڭ (ئارمىيە ۋەكىلى)، جاڭ شۈاڭشى (ئارمىيە ۋەكىلى)، ياڭ يۈچۈەن (ئامما

ۋەكىلى) ، جاڭ تيەنرۇڭ (ئاما ۋەكىلى) لار مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ئىنقىلابىي كومىتېتتا 17 دائىمىي ئەزا، 47 ئەزا قويۇلدى. ئىنقىلابىي كومىتېت 1969 - يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1981 - يىل 11 - ئايغا قەدەر جەمئىي 3 قېتىم ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى چاقىردى.

## 8. توقسۇ ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1981 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىلى 173، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 152، خەنزۇ 18، خۇيزۇ 2، قازاق بىر، ئەر 120، ئايال 53، بۇلاردىن 168 ى قۇرۇلتايغا قاتناشتى، 55 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، مالىيە خام چوتى ۋە نەق چوتى دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ۋەكىللەر 1980 - يىللىق مالىيە خام چوت چىقىمىنىڭ 5 مىليون 610 مىڭ يۈەن، نەق چوت چىقىمىنىڭ 7 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولغانلىقىغا قارىتا تەقەددىي پىكىر بەردى ۋە مالىيە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، چىقىمنى تېجەش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

قۇرۇلتايدا ئاۋۇت جارۇپ 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئىمىن ئېزىز، ليۇشياڭ، خەلچەم ئىسلاملار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، قادىر ئىدرىس قاتارلىق 15 كىشى ئەزالىققا سايلاندى. ئابلا ئاپپاق ھاكىملىققا، ھامۇت مەخمۇت، سۇلايمان ئوسمان، قاسىم بايىز، ۋاڭ جىنشەنلەر مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى.

7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي 3 قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى.

## 9. توقسۇ ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، بۇ قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىلى 163، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 142، خەنزۇ 17، خۇيزۇ 2، قازاق بىر، ياشلار 118، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈلگىسى، ئىلغار شەخسلەر ۋە نوقتىلىق ئائىلە، كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 155 ۋەكىل قۇرۇلتايغا قاتناشتى، 75 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. پەيشەنبەبازار يېزىسىدىكى بىر ۋەكىل قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپكە ئۇيغۇن بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى.

قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 7 - بەش يىللىق پىلان تەسەۋۋۇرى دوكلاتى، 1983 - يىللىق مالىيە نەق چوتى ۋە 1984 - يىللىق مالىيە خام چوتى دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرى ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى.

قۇرۇلتايدا تىيىپ تۇردى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، جاۋ جىنشەن، ماھۇت زايىر، سۇلايمان ئوسمانلار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، ئاۋۇت جارۇپ قاتارلىق 17 كىشى ئەزالىققا سايلاندى. ئەخمەت ئەمەت ھاكىملىققا، يەن يۇلىڭ، ھامۇت مەخمۇت، غوپۇر ھوشۇر، نىيازلار مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى. ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سايلاپ

چىقىلدى.

8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي 3 قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى.

## 10. توقسۇ ناھىيىلىك 9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1987 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 147 ۋەكىل قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيە بويىچە خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، 1986 ـ يىللىق مالىيە نەق چوتى ۋە 1987 ـ يىللىق مالىيە خام چوتى دوكلاتى ھەمدە ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ۋەكىللەرنىڭ قىزغىن مۇزاكىرە قىلىشى، ئەستايىدىل تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە بۇ دوكلاتلار بىر ـ بىرلەپ ماقۇللاندى.

قۇرۇلتايدا كۆپ ساندىكى ۋەكىللەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە رەسمىي نامزات ئىسمىلىكى بېكىتىلىپ، پەرقلىق سان بويىچە سايلام ئۆتكۈزۈلدى. قۇرۇلتاينىڭ تۈرلۈك قارارلىرى قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ قول كۆتۈرۈپ قوشۇلۇشى بىلەن ماقۇللاندى.

قۇرۇلتايدا قادىر ئىدرىس ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، رازى راخمان، مەمەت قاسىم، ئارىپقان مۇھەممەت، لى كەيشيەنلەر مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، ۋاڭ جىنشەن قاتارلىق 16 كىشى ئەزالىققا سايلاندى؛ بارات ھەسەن ھاكىملىققا، يەن يۇلىڭ، نىياز ئابدۇللا، ۋۇنىڭ، ئەخمەت ئەمەتلەر مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى؛ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سايلاپ چىقىلدى.

9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي 3 قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى.

## 11. توقسۇ ناھىيىلىك 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1990 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 150 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 38.

قۇرۇلتايدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ، «مۇقىملىقنى مەركەز قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدىن 10 ـ يىلىمۇ مول ھوسۇل ئېلىش» قارارى چىقىرىلدى.

قۇرۇلتايدا قادىر ئىدرىس ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، لى كەيشيەن، رازى راخمان، مۇھەممەت قاسىم، ئارىپقان مۇھەممەت، كي جيگدۇڭ، چېن شىنىيەنلەر مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، يۈ جىڭ قاتارلىق 16 كىشى ئەزالىققا سايلاندى.

بارات ھەسەن ھاكىملىققا، يەن يۇلىڭ، ۋۇنىڭ، ئەخمەت ئەمەت، ھاۋاخان قاۋۇللار مۇئاۋىن ھاكىملىققا،

جاڭ ۋېيجېن يەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى؛ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سايلاپ چىقىلدى.

10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى جەمئىي 4 قېتىم يىغىن ئۆتكۈزدى.

## 12. توقسۇ ناھىيىلىك 11 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

1993 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 5 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، قۇرۇلتايغا 150 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 65 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات پىلانى توغرىسىدىكى دوكلات، مالىيە خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ھەم تەكلىپلەرنىڭ بىجىرىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى.

قۇرۇلتايدا ھامۇت مەخمۇت ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، مۇھەممەت قاسىم، رازى راخمان، ۋاڭ چۈنشاڭ، ئارىپقان مۇھەممەتلەر مۇئاۋىن مۇدىرلىققا؛ خې جىمىن قاتارلىق 14 كىشى ئەزالىققا سايلاندى؛ مۇھەممەت ھۇسەن ھاكىملىققا، ھاۋاخان قاۋۇل، يەن خۇاڭ، ئەخمەت رەخمەت، جېڭ شىنمىڭلار مۇئاۋىن ھاكىملىققا، لياڭ خۇي يەن ـ تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىملىققا، ئازاد خالىق ۋەزىپە بىلەن كەلگەن مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى؛ ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ۋە ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى سايلاپ چىقىلدى.

## § 3. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

1981 ـ يىلدىن ئىلگىرى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ئاپپاراتى يوق ئىدى.

1978 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 1981 ـ يىلى 11 ـ ئايدا چاقىرىلغان توقسۇ ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى سايلاندى.

دائىمىي كومىتېت — خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ئاپپاراتى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتۈش ۋە قاراپ چىقىش، ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خادىملىرىنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، خەلق ۋەكىللىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قارىمىقىدا ئىشخانا، مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، قانۇنچىلىق كومىتېتى ۋە مالىيە كومىتېتى تەسىس قىلىندى، ئىشخانا، كومىتېتلارغا بىردىن مۇئاۋىن مۇدىر، بىر نەچچىدىن خادىم سەپلەندى. 1981 ـ يىلى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا 18 خىزمەتچى خادىم بار ئىدى. 1984 ـ يىلى ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئىشخانا، كومىتېتلار بىر تۇتاش ئۇنىۋېرسال ئىشخانىغا ئۆزگەرتىلىپ، بىر مۇدىر، 2 مۇئاۋىن مۇدىر سەپلەندى، 16 خىزمەتچى خادىم بار بولدى.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قارىمىقىدا ئىشخانا، ۋەكىللەر - كادىرلار كومىتېتى، قانۇنچىلىق كومىتېتى، مالىيە كومىتېتى، مەدەنىيەت - مائارىپ - پەن - تېخنىكا كومىتېتى قاتارلىق خىزمەت ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى، خىزمەتچى خادىم 19 غا يەتتى.

ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، جەمئىي 16 قېتىم دائىمىي ئەزالار يىغىنى، 74 قېتىم مۇدىرلار يىغىنى ئېچىلدى.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1981 - يىلى قۇرۇلغاندىن باشلاپ، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتىگە بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى، ئالاقىدار خادىملارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئەستايىدىل باھالاپ، ئۇلارنىڭ چاكارلىق ئېڭىنى كۈچەيتتى. تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى ۋە ج خ ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىنى كۆپ قېتىم باھالاپ، قانۇن ئىجرا قىلىدىغان ئورگانلارنىڭ قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتتى. كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش جەھەتتە پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، قابىلىيەتلىكلەرنى ئىشقا قويدى. كادىرلارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش، ۋەزىپىدىن قېلىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكى، خەلقنىڭ ئىرادىسىنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈردى، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش مەسىلىسىنى قاراپ چىققاندا، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ - كۇشادە پىكىر يۈرگۈزدى. ھۆكۈمەت بىلەن سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خادىملىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ياكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشتا باھالاش ئاساسىدا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. دائىمىي كومىتېت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپلىرىگە ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، ئۇنى پاتال بېجىردى.

دائىمىي كومىتېت 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە ھۆكۈمەت بىلەن سوت ۋە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى 7 قېتىم ئاڭلاپ ئۆتتى، بۇنىڭ مۇھىملىرى شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ بازار ئومۇمىي پىلانى ھەققىدىكى دوكلاتى، مالىيە ئىدارىسىنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتتىن ئىبارەت؛ «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى»، «سانائەت كارخانىلىرى قانۇنى»، «ئورمان قانۇنى»، «ئۆلچەم قانۇنى» نىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى؛ 71 كادىرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىكى بىر، رايون دەرىجىلىكى 28، سوتچى، كوللېگىيە باشلىقى، مۇپەتتىش 43.

1988 - يىلى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 36 كادىرنى تەشكىللەپ، 5 ئوتتۇرا مەكتەپ، 15 باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى قانۇن بويىچە تەكشۈردى. تەكشۈرۈش داۋامىدا، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئوقۇتقۇچى، دەرسخانا چەكلىك بولغانلىقتىن، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىشكە تېگىشلىك ياشلارنىڭ ئاران 47% نى ئىگىلەيدىغانلىقى بايقالدى. بۇ ئىشلار مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىغا يوللىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ دىققىتى قوزغالدى، نەتىجىدە 1 مىليون 720 مىڭ يۈەن ھەل قىلىندى، بۇ پۇل بىلەن ناھىيىنىڭ ئوقۇتۇش مۇئەسسەسەلىرى ياخشىلاندى.

«يېمەك - ئىچمەك تازىلىقى قانۇنى»، «دورا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قانۇنى» نى تەكشۈرۈش جەريانىدا، تازىلىقى ناچار بولغان مۇناسىۋەتلىك كارخانىلارنى چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇدى؛ مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇنۇمى يوقالغان دورىلارنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى.

خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالار ۋە ۋەكىللەرنى 3 قېتىم كارخانا، مەكتەپلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەپ، ھەرخىل پىكىر - تەكلىپ ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ئالاقىدار تەرەپلەرگە يوللاپ بەردى.

7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە، ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىدىن 650 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، 270 پارچە خەتنى قوبۇل قىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىنغىنى 105 پارچە، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىجىرىشىگە تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ بېرىلگىنى 165).

8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە، ۋەكىللەر 57 تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىققا ئائىت بولغىنى 21، سانائەت، قاتناشقا ئائىت بولغىنى 11، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيەگە ئائىت بولغىنى 11، سودىغا ئائىت بولغىنى 4، كادىرلار ئىستىلى جەھەتتىكىسى 2، سىياسىي ـ قانۇن خىزمىتى جەھەتتىكىسى 2، دېھقانلار سېلىقىغا ئائىت بولغىنى بىر، بۇلارنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەكشۈرگەندىن كېيىن، 30 نى قوبۇل قىلىپ ھەل قىلدى، شەرت ـ شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ۋاقتىنچە بىجىرىش قىيىن بولغان 21 تەكلىپ ھەققىدە ئىزاھات بەردى. ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسىنى ھاكىم ۋە ئالاقىدار مۇئاۋىن ھاكىملارنىڭ كۆرۈپ بىجىرىشىگە تاپشۇردى.

9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىدىن 318 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋالدى، 108 پارچە خەتنى قوبۇل قىلدى. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى ئۆزلىرى بىۋاسىتە كۈتۈۋالدى، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ۋە خەتتە يېزىلغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلدى.

10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھۆكۈمەتكە 192 تەكلىپنى يوللاپ بەردى، ئۇلاردىن 72 سى ھەل قىلىندى، 73 ى پەيدىن ـ پەي ھەل قىلىندى ياكى مۇددەتكە بۆلۈپ ھەل قىلىندى؛ 47 سى ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بىلەن ۋاقتىنچە بىجىرىلمىدى.

1993 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا 54 تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇلار دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق، پەن ـ تېخنىكا، مائارىپ، سەھىيە، شەھەر قۇرۇلۇشى، مالىيە، مال باھاسى، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى تەكلىپلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 26 نى بىجىردى. كىيۇر توقا قاتارلىق ۋەكىللەر چەت ـ يىراق رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى يېتىشىلىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندى، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىشى بىلەن، نېفىت شىركىتى كىرىمىنى سېتىش نۇقتىسىنى كۆپەيتتى. 19 تەكلىپنى داۋاملىق بىجىردى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ، سىياسەتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن 9 تەكلىپنى ۋاقتىنچە ھەل قىلغىلى بولمىدى.

### توقسۇ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر بولغانلار

جەدۋەل: 6 — 3

| ئىسمى ـ فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| ئاۋۇت جارۇپ | ئەر | ئۇيغۇر | مۇدىر | 1984.8 — 1981.11 |
| تىيىپ تۇردى | ئەر | ئۇيغۇر | مۇدىر | 1987.6 — 1984.8 |
| قادىر ئىدرىس | ئەر | ئۇيغۇر | مۇدىر | 1993.12 — 1987.6 |
| ھامۇت مەخمۇت | ئەر | ئۇيغۇر | مۇدىر | — 1993.1 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئىسىن ئېزىز | ئەر | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر | 1981.11 — 1984.8 |
| مامۇت زاھىر | ئەر | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر | 1981.11 — 1987.6 |
| خەلچەم ئىسلام | ئايال | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر | 1981.11 — 1983.7 |
| جاۋجىنشەن | ئەر | خەنزۇ | مۇئاۋىن مۇدىر | 1984.8 — 1987.6 |
| سۇلايمان ئوسمان | ئەر | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر | 1984.8 — 1987.6 |
| غوپۇر ھوشۇرنىيازى | ئەر | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر | 1986.11 — 1987.6 |
| ئارىپقان مۇھەممەت | ئەر | قازاق | مۇئاۋىن مۇدىر | 1987.6 — |
| مۇھەممەت قاسىم | ئەر | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر | 1987.6 — |
| رازى راخمان | ئەر | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مۇدىر | 1987.6 — |
| لى كەيشيەن | ئەر | خەنزۇ | مۇئاۋىن مۇدىر | 1987.6 — 1992.1 |
| كې جېڭدۇڭ | ئەر | خەنزۇ | مۇئاۋىن مۇدىر | 1990.3 — 1993.1 |
| چېن شىنىيەن | ئەر | خەنزۇ | مۇئاۋىن مۇدىر | 1990.3 — 1991.9 |
| ۋاڭ جۇنشىڭ | ئەر | خەنزۇ | مۇئاۋىن مۇدىر | 1993.1 — |
| جياڭ كېمېي | ئەر | خەنزۇ | مۇئاۋىن مۇدىر | 1995.3 — |

## § 4. سايلام

### 1. توقسۇ ناھىيىلىك 1 - قېتىملىق ئاساسىي قاتلام سايلىمى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سايلام قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 1953 - يىل 9 - ئايدا ناھىيە بويىچە 3 قارار ئاساسىي قاتلام سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى، ھەربىر قارار تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش، سايلام كومىتېتى قۇرۇش باسقۇچى، سايلام رايونىغا ئايرىش، سايلىغۇچىلارنى تەكشۈرۈپ تىزىملاش، سايلىغۇچىلار ئىسمىلىكى ۋە ۋەكىل نامزاتى ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلىش، سايلام يىغىنى ئېچىش باسقۇچى، يېزا (بازار) لىق خەلق قورۇلتىيى ئۆتكۈزۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەزالىرى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قورۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلاپ چىقىش باسقۇچىدىن ئىبارەت 3 باسقۇچقا بۆلۈندى.

سايلام خىزمىتىگە جەمئىي 128 كادىر قاتناشتى، ناھىيە بويىچە 31 مىڭ 465 سايلىغۇچى تىزىملاندى، ئەمەلىيەتتە بۇلاردىن 29 مىڭ 890 كىشى بېلەت تاشلىدى؛ سايلاش ھوقۇقى يوقلار 706، بۇنىڭ ئىچىدە روھىي كېسەللەر 60، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار 646؛ 18 ياشقا توشمىغانلار 28 مىڭ 113. 465 يېزا (بازار) خەلق ۋەكىلى سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 358، ئايال 107، ياللانما دېھقان 83، كەمبەغەل دېھقان 164، ئوتتۇرا دېھقان 128، قول ھۈنەرۋەن 16، مائارىپ ساھەسىدىكىلەر 2، باي

دېھقان 7، دىنىي زات 9، باشقىلار 2. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 79 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

1 ـ قېتىملىق ئاساسىي قاتلام سايلىمى مەملىكەتلىك 1 ـ قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن بىر ۋاقىتتا، 2 ـ، 3 ـ باسقۇچىدا يەر ئىسلاھاتى بويىچە قايتا تەكشۈرۈش، مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىشنى تەڭشەش، ئاشلىق سېتىۋېلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىلدى.

## 2. توقسۇ ناھىيىلىك 2 ـ قېتىملىق ئاساسىي قاتلام سايلىمى

1956 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ناھىيە بويىچە رايونلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېزىلارنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى شەكلى ئارقىلىق 181 سايلام كادىرى تەربىيىلەندى، 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يېڭىدىن ئايرىلغان بىر بازار، 14 يېزىدا 2 ـ قېتىملىق ئاساسىي قاتلام سايلىمى باشلاندى.

ناھىيە جەمئىي 149 سايلام رايونىغا ئايرىلدى (بازار 14، يېزا 135). ئەڭ چوڭ سايلام رايونىدا 170 ئائىلە، 397 سايلىغۇچى؛ ئەڭ كىچىك سايلام رايونىدا 47 ئائىلە، 107 سايلىغۇچى بار ئىدى. سايلام رايونى يېزىدا كەنت بويىچە، بازاردا كوچا، ئاھالىلەر رايونى بويىچە ئايرىلدى. تىل جەھەتتىكى توسالغۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بازاردىكى ئۇيغۇر سايلىغۇچىلار بىر سايلام رايونىغا، خەنزۇ، خۇيزۇ سايلىغۇچىلار بىر سايلام رايونىغا ئايرىلدى.

يېزا (بازار) لىق سايلام كومىتېتى ئەزالىرى نوپۇسى 3000 دىن ئاشىدىغان چوڭ يېزىلاردا 9، نوپۇسى 3000 دىن ئاز كىچىك يېزىلاردا 7 بولدى. پەيشەنبە بازار يېزىسىنىڭ نوپۇسى 5000 دىن كۆپ بولغاچقا، سايلام كومىتېتى 11 كىشىدىن تەشكىل قىلىندى. يېزا (بازار) لىق سايلام كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىنى خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئۈستىگە ئالدى.

تىزىملانغان سايلىغۇچى 34 مىڭ 785 (ئەر 18 مىڭ 628، ئايال 16 مىڭ 157)، سايلاش ھوقۇقى يوقلار 29 مىڭ 425، بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار 426، روھىي كېسەللەر 61، 18 ياشقا توشمىغانلار 28 مىڭ 938؛ ئەمەلىيەتتە 31 مىڭ 750 سايلىغۇچى بېلەت تاشلىدى، بۇ ئومۇمىي سايلىغۇچىنىڭ %92 نى ئىگىلىدى. 481 يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى 6، دېھقان 391، ئورگان ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 63، مەدەنىيەت، مائارىپ ساھەسىدىكىلەر بىر، سودا ـ سانائەت ساھەسىدىكىلەر 4، باشقىلار 16. ۋەكىللەر ئىچىدە ئۇدا سايلانغانلار 198، يېڭىدىن سايلانغانلار 283. 9 ـ سايلام رايونىدىكى 3 نامزاتنىڭ بىرى سايلامدا چۈشۈپ قالدى. يېزىلاردىكى سايلىغۇچىلار سايلامدا يەنىلا قول كۆتۈرۈپ ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلىنى قوللاندى.

يېزا (بازار) لىق خەلق قۇرۇلتايلىرى شۇ يىلى 12 ـ ئايدا ئايرىم ـ ئايرىم چاقىرىلىپ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 64 ۋەكىل (ئەر 50، ئايال 14) سايلاپ چىقىلدى. خىزمەت ئەترەتلىرى ئاساسىي قاتلام سايلىمىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندىن سىرت يەنە نوپۇس تىزىملاش، دېھقانچىلىق بېجى يىغىش، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىغا ياردەملىشىپ يىللىق ئومۇمىي تەقسىماتنى ئىشلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

## 3. توقسۇ ناھىيىلىك 3 ـ قېتىملىق ئاساسىي قاتلام سايلىمى

بۇ سايلام 1958 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، ناھىيىلىك، يېزىلىق سايلام كومىتېتلىرى قۇرۇلۇپ، سايلام رايونى يېزىلار بويىچە ئايرىلدى. سايلىغۇچىلارنى تىزىملاش

جەريانىدا ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 65 مىڭ 172 ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇلاردىن سايلاش ھوقۇقى بارلار 34 مىڭ 942 (بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 16 مىڭ 597) ئىدى، سايلامغا قاتناشقانلار 31 مىڭ 337، بۇ، ئومۇمىي سايلىغۇچىنىڭ %89.7 نى ئىگىلىدى؛ سايلاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار 522، سايلاش ھوقۇقى توختىتىپ قويۇلغانلار 81، روھىي كېسەللەر 92، 18 ياشقا توشمىغانلار 30 مىڭ 75. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 56 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

## 4. توقسۇ ناھىيىلىك 4 - قېتىملىق ئاساسىي قاتلام سايلىمى

بۇ سايلام 1960 - يىل 12 - ئايدىن 1961 - يىل 2 - ئايغىچە ئۆتكۈزۈلدى، ناھىيىدىكى 3 يېزا گۇڭشېسى، بىر بازارلىق گۇڭشې 101 سايلام رايونىغا ئايرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيىلىك، گۇڭشېلىق 2 دەرىجىلىك سايلام كومىتېتى قۇرۇلدى.

ناھىيە بويىچە تىزىملانغان سايلىغۇچى 33 مىڭ 245، سايلامغا قاتناشقانلار 26 مىڭ 248، بۇ، ئومۇمىي سايلىغۇچىنىڭ %79 نى ئىگىلەيدۇ. 237 نەپەر گۇڭشې خەلق ۋەكىلى سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 44؛ ئۇيغۇر 207، خەنزۇ 9، خۇيزۇ بىر، ئىشچى 6، دېھقان 143، ئورگان ئىشچى - خىزمەتچىسى 61، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە سىستېمىسىدىكىلەر 5، سودا - سانائەت سىستېمىسىدىكىلەر 4، باشقىلار 18.

## 5. توقسۇ ناھىيىلىك 5 - قېتىملىق ئاساسىي قاتلام سايلىمى

بۇ سايلام 1963 - يىل 3 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ناھىيىدىكى 4 يېزا خەلق گۇڭشېسى، بىر بازارلىق گۇڭشېدا ئۆتكۈزۈلدى. سايلامغا 105 كادىر قاتناشتى، جەمئىي 396 سايلام رايونى ئايرىپ چىقىلدى. تىزىملانغان سايلىغۇچىلار 37 مىڭ 334، سايلامغا قاتناشقانلار 29 مىڭ 580. سايلامدا 334 نەپەر گۇڭشې خەلق ۋەكىلى (ئايال 61) سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇدا ۋەكىل بولۇپ سايلانغانلار 131، نەمۇنىچى 45.

## 6. توقسۇ ناھىيىلىك 6 - قېتىملىق ئاساسىي قاتلام سايلىمى

بۇ سايلام 1965 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. 39 مىڭ 385 سايلىغۇچى تىزىملاندى، بۇلاردىن 33 مىڭ 678 ى بېلەت تاشلىدى. 364 نەپەر گۇڭشې خەلق ۋەكىلى (ئەر 295، ئايال 69) سايلاپ چىقىلدى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 342، خەنزۇ 19، خۇيزۇ 3، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان 252، ئوتتۇرا دېھقان 25، ئورگان ئىشچى - خىزمەتچىسى 73، ھەربىي 2، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە ساھەسىدىكىلەر 6، سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەر 2، باشقىلار 4، ئۇدا ۋەكىل بولۇپ سايلانغانلار 227. گۇڭشې خەلق قۇرۇلتىيىدا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 137 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

## 7. توقسۇ ناھىيىلىك 7 - قېتىملىق ئاساسىي قاتلام سايلىمى

بۇ سايلام 1981 - يىل 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، بۇ سايلام

ناھىيىدىكى 5 يېزا خەلق گۇۋاھچىسى، بىر بازارلىق خەلق گۇۋاھچىسى، 3 ناھىيە باشقۇرىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 106 چولۇق ئەترەت، 385 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ۋە ناھىيىدىكى 60 ئىدارە. ئورۇندا ئۆتكۈزۈلدى.

ناھىيە بويىچە 567 سايلام كادىرى ئاجرىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كادىر 7، رايون دەرىجىلىك كادىر 57، ئادەتتىكى كادىر 503؛ 6 خىزمەت ئەترىتى، 126 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى، ئۇلار گۇۋاھچى، چولۇق ئەترەت ۋە ناھىيىدىكى ئىدارىلەرگە بېرىپ سايلام ئۆتكۈزدى. سايلام باسقۇچلار بويىچە يولغا قويۇلدى، بىرىنچى باسقۇچتا سايلام ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، سايلام كادىرلىرى تەربىيىلەندى، سايلىغۇچىلار تىزىملاندى؛ ئىككىنچى باسقۇچتا ۋەكىل سانى تەقسىم قىلىنىپ ۋە نامزاتلار ئېلىنىپ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلاپ چىقىلدى؛ ئۈچىنچى باسقۇچتا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە گۇۋاھچى خەلق قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلدى.

ناھىيە بويىچە ئەمەلىي بار سايلىغۇچى 54 مىڭ 398 بولۇپ، بۇلاردىن 53 مىڭ 269 ى سايلامغا قاتناشتى، بۇ ئومۇمىي سايلىغۇچىنىڭ %98 نى ئىگىلىدى، 53 مىڭ 269 سايلام بېلىتى تارقىتىلدى، يىغىندا 47 مىڭ 794 بېلەت تاشلاندى، 4937 بېلەت سەييارە بېلەت ساندۇقىغا تاشلاندى، 454 بېلەت ھاۋالە بىلەن تاشلاندى. 53 مىڭ 185 بېلەت يىغىۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كۈچكە ئىگە بولغىنى 52 مىڭ 727.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 171 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 45، ئۇيغۇر 151، خەنزۇ 18، خۇيزۇ 2، كومپارتىيە ئەزاسى 93، دېھقان، چارۋىچى 108، كادىر 34، زىيالىي 14، ئىشچى 7، دىنىي زات 7، ھەربىي بىر، ئەڭ چوڭى 78 ياش، ئەڭ كىچىكى 19 ياش. سايلاشقا تېگىشلىك گۇۋاھچى خەلق ۋەكىلى 663. جەمئىي 145 سايلام رايونى ئايرىلىپ، 1107 نامزات بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 129 سايلام رايونىدا سايلام بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، 12 سايلام رايونىدا سايلام 2 قېتىمدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، 3 سايلام رايونىدا سايلام 3 قېتىمدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

ئايرىم سايلام خىزمىتى گۇرۇپپىسى سىياسىي سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن، خاتا تەشۋىقات قىلىپ، رامكا بېكىتىپ، كۆز بويامچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ناھىيىلىك سايلام كومىتېتى ئۇنى ۋاقتىدا تۈزەتتى.

## 8. توقسۇ ناھىيىلىك 8 ـ قېتىملىق ئاساسىي قاتلام سايلىمى

بۇ سايلام 1984 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى. ناھىيە بويىچە 58 مىڭ 851 سايلىغۇچى تىزىملاندى، بۇلارنىڭ 58 مىڭ 455 ى سايلامغا قاتناشتى، بۇ ئومۇمىي سايلىغۇچىنىڭ %99.3 نى ئىگىلىدى. ناھىيە 69 سايلام رايونىغا ئايرىلدى، 164 يېزا خەلق ۋەكىلى سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى ـ دېھقان 113، زىيالىي 17، دىنىي زات 10، ھەربىي بىر، ئۇيغۇر 140، خەنزۇ 15، خۇيزۇ 2، قازاق بىر، ئايال 32، 50 ياشتىن تۆۋەن ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار 118.

## 9. توقسۇ ناھىيىلىك 9 ـ قېتىملىق ئاساسىي قاتلام سايلىمى

1987 ـ يىل 2 ـ ئايدا ناھىيىلىك، يېزىلىق سايلام كومىتېتلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ناھىيە، يېزا، بازارلاردا تۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيە 64 سايلام رايونىغا ئايرىلدى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 174 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى. يېزا، بازار ۋەكىللىرىنىڭ سايلام رايونى 202 بولۇپ، يېزا، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىغا 492 ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى. 279 كادىر ئاجرىتىلىپ، 7 سايلام خىزمىتى ئەترىتى، 64 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى، بۇلار 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ

10 - كۈنىگىچە 107 كەنت، 11 ناھىيىلىك (يېزىلىق) دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسىدا، 56 ناھىيىلىك ئىدارە - ئورۇندا سايلام خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ناھىيە بويىچە 61 مىڭ 493 سايلىغۇچى تىزىملاندى. سايلام ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەيدىغانلار 425، قانۇن بويىچە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار 5.

بۇ قېتىمقى ئاساسىي قاتلام سايلىمىدا، ۋەكىل نامزاتىنى كۆرسىتىش ئۇسۇلى يېڭى سايلام قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە 10 دىن ئارتۇق ئادەم بىرلىشىپ ئىمزا قويۇش ۋە پارتىيە گۇرۇھ تەشكىلاتلىرى ئىسمىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن ۋەكىل نامزاتى كۆرسىتىلدى ۋە رەسمىي ۋەكىل نامزاتى بېكىتىلدى. بۇ قېتىمقى سايلامدا سايلىغۇچىلار ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا 147، يېزا - بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىغا 492 ۋەكىلنى بىۋاسىتە سايلاپ چىقتى. ۋەكىللەرنىڭ مەلۇماتى ئالدىنقى نۆۋەتتىكىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

## 10. توقسۇ ناھىيىلىك 10 - قېتىملىق ئاساسىي قاتلام سايلىمى

بۇ سايلام 1989 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 1990 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە 60 كۈن داۋام قىلدى. ناھىيە بويىچە 6 يېزا، بىر بازار، 109 مەمۇرىي كەنت، 590 گۇرۇپپا، ناھىيە باشقۇرىدىغان 3 دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى، يېزا باشقۇرىدىغان 5 دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە چارۋىچىلىق فېرمىسى، 63 ناھىيىلىك ئورگاندا جەمئىي 120 مىڭ 913 نوپۇس بار ئىدى. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سايلام رايونى 70 كە، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سايلام رايونى 206 گە بۆلۈندى. 606 سايلام كادىرى (بۇنىڭ 16 سى ناھىيە دەرىجىلىك، 72 سى رايون دەرىجىلىك، 517 سى ئادەتتىكى كادىر) ئاجرىتىلىپ، 7 خىزمەت ئەترىتى، 70 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى، 8 ناھىيىلىك، يېزىلىق سايلام كومىتېتى قۇرۇلدى.

ناھىيە بويىچە تىزىملانغان 18 ياشتىن يۇقىرىلار 64 مىڭ 622، بۇنىڭ ئىچىدە سايلام ھوقۇقى بارلار 64 مىڭ 199، سايلام ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەيدىغانلار 423.

ناھىيە بويىچە سايلىنىدىغان ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى 150 بولۇپ، تۇنجى قېتىمدا 899 نامزات، 2 - قېتىمدا 279 نامزات ئېلان قىلىندى؛ سايلاشقا تېگىشلىك يېزا، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى 492 بولۇپ، تۇنجى قېتىمدا 1648 نامزات، 2 - قېتىمدا 492 نامزات ئېلان قىلىندى.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى 70 سايلام رايونى بويىچە سايلاندى، بېلەت تاشلاشقا قاتناشقان سايلىغۇچىلار 55 مىڭ 570، سەييارە بېلەت ساندۇقىغا بېلەت تاشلىغانلار 7682، باشقىلارغا بېلەت تاشلاشنى ھاۋالە قىلغانلار 2503، سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى %96 بولدى. 150 ۋەكىل سايلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 38، پارتىيىسىز زات 52، دېھقان چارۋىچى 76، كادىرلار 30، زىيالىي 31، ئىشچى 3، دىنىي زات ۋە بازار ئاھالىسى 10.

يېزا، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى 206 سايلام رايونى بويىچە سايلاندى، جەمئىي 492 يېزا، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سايلاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 122، پارتىيە ئەزاسى 298، خەنزۇ 34.

## 11. توقسۇ ناھىيىلىك 11 - قېتىملىق ئاساسىي قاتلام سايلىمى

بۇ سايلام 1992 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۆتكۈزۈلدى.

ناھىيە بويىچە ناھىيىلىك، يېزىلىق سايلام خىزمىتى كومىتېتى قۇرۇلدى. 592 كادىر (بۇنىڭ 13ى ناھىيە دەرىجىلىك، 96 سى رايون دەرىجىلىك، 383 ى ئادەتتىكى كادىر) ئاجرىتىلىپ، 7 سايلام خىزمىتى ئەترىتى، 70 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى. ئۇلار 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى نۇقتىلارغا بېرىپ، سايلام خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇدى.

يىل ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىدىن 150 ى، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىدىن 500 ى سايلاپ چىقىلىپ، 11 - قېتىملىق نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى ئوڭۇشلۇق ئورۇندالدى.

# III باب

# ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

## 1 § . ئاپپارات تەرەققىياتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھۆكۈمەت ئاپپاراتىدا مىنگو دەۋرىدىكى ھالەت ۋاقىتىنچە ساقلاپ قېلىندى. 1950 - يىل 3 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. 1950 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. 1955 - يىلى قىشتا نامى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1967 - يىل 3 - ئايدا ھەربىي قىسىم ئاساس قىلىنغان توقسۇ ناھىيىلىك «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇلدى، ئۇ پۈتۈن ناھىيىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كۇچادا تۇرۇشلۇق «7969» قىسىم ھەربىيلەر تەشۋىقات ئەترىتى ئەۋەتىپ، توقسۇ ناھىيىسىدە تۇرۇپ «ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي» خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ناھىيىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

1969 - يىل 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئارمىيە ۋەكىلى، كادىرلار ۋەكىلى، ئاممىۋى تەشكىلات ۋەكىلىدىن تەشكىللەنگەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈپ، «بىر تۇتاش رەھبەرلىك»نى يولغا قويدى. ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ قارمىقىدا ئىش بېرىجىش گۇرۇپپىسى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى، خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، بۇ ئەسلىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق كومىتېتىنىڭ بۆلۈم، ئىشخانىلىرىنىڭ ئورنىنى باستى.

1970 - يىل 9 - ئايدا ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 4 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، توقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم قايتىدىن قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى يەنىلا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت بىلەن بىر بولدى. 1973 - يىل 11 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى رەسمىي ئايرىۋېتىلدى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت 4 چوڭ گۇرۇپپىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، 4 كومىتېت، 9 ئىشخانا، بىر ئىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

1981 - يىل 11 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا بۆلۈم، ئىدارە، كومىتېت، ئىشخانا دېگەندەك ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى.

## توقسۇ ناھىيىسىگە ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم (ئىنقىلابىي كومىتېتقا مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر) بولغانلار

جەدۋەل: 6 — 4

| ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپىسى | مىللىتى | جىنسى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەيسا ھەسەنوف | ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | يەنجى | 1950.3 — 1950.2 | |
| ئابلىز ھامۇت | ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | كۇچا | 1951.10 — 1950.3 | |
| ئابدۇللا سابىت | ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | كۇچا | 1956.8 — 1954.4 | |
| ئاۋۇت جارۇپ | ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1965.7 — 1956.8 | |
| قادىر ئىدرىس | ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1969.4 — 1965.7 | |
| لياۋ جېندو | ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى | خەنزۇ | ئەر | جياڭسۇ | 1970.12 — 1969.4 | ئارمىيە ۋەكىلى |
| جاڭ شۇاڭخې | ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى | خەنزۇ | ئەر | خېنەن كەيفېڭ | 1972.1 — 1970.12 | ئارمىيە ۋەكىلى |
| قادىر ئىدرىس | ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1981.2 — 1973.1 | |
| ئاۋۇت جارۇپ | ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1981.11 — 1981.2 | |
| ئابلا ئاپپاق | ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1984.8 — 1981.11 | |
| ئەخمەت ئەمەت | ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1987.6 — 1984.8 | |
| بارات ھەسەن | ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1993.1 — 1987.6 | |
| مۇھەممەت ھۈسەن | ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | ئاۋات | — 1993.1 | |
| شيې نيەنشېڭ | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | ئەر | جياڭشى | 1950.5 — 1950.3 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| دۇەن دويۇ | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | ئەر | خېبېي ئەن- پىڭ | 1954.12 — 1954.4 | |
| جاڭ كۇچىڭ | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | ئەر | سەنشى ۋېن- شۈي | 1956.12 — 1954.4 | |
| رېن زۇجىڭ | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | ئەر | سەنشى ۋېن- شۈي | 1969.4 — 1954.4 | |
| ئېزىز ھامىل | مۇئاۋىن ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1966.2 — 1957.1 | |
| ئىمىن ئېزىز | مۇئاۋىن ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1969.4 — 1966.2 | |
| جۇ يۇچىڭ | مۇئاۋىن مۇدىر | خەنزۇ | ئەر | خېنەن دېڭ- فېڭ | 1976.4 — 1969.4 | ئارمىيە ۋە- كىلى |
| جاڭ شۇاڭشى | مۇئاۋىن مۇدىر | خەنزۇ | ئەر | خېنەن كەي- فېڭ | 1970.12 — 1969.4 | ئارمىيە ۋە- كىلى |
| تۇرسۇن ئابلا | مۇئاۋىن مۇدىر | ئۇيغۇر | ئەر | دۆربىلجىن | 1970.3 — 1969.4 | ئارمىيە ۋە- كىلى |
| ياڭ يۇچۇەن | مۇئاۋىن مۇدىر | خەنزۇ | ئەر | گۇاڭدۇڭ لۇڭچۇەن | 1970.3 — 1969.4 | ئامما ۋەكىلى |
| جاڭ تيەنرۇڭ | مۇئاۋىن مۇدىر | خەنزۇ | ئەر | نىڭشىيا جۇڭ- ۋېي | 1970.3 — 1969.4 | ئامما ۋەكىلى |
| لى شېڭلىن | مۇئاۋىن مۇدىر | خەنزۇ | ئەر | گەنسۇ لىن- جاۋ | 1973.3 — 1970.12 | ئارمىيە ۋە- كىلى |
| لى ۋېنچىڭ | مۇئاۋىن مۇدىر | خەنزۇ | ئەر | خېبېي راۋ- ياڭ | 1973.4 — 1970.9 | |
| لۇ جىنشياڭ | مۇئاۋىن مۇدىر | خەنزۇ | ئەر | سەنشى جىن- شېڭ | 1980.1 — 1972.10 | |
| نيۇ شۇشىن | مۇئاۋىن مۇدىر | خەنزۇ | ئەر | شەندۇڭ ۋېندېڭ | 1981.8 — 1972.10 | |
| سۇلايمان ئوسمان | مۇئاۋىن مۇدىر (مۇئا- ۋىن ھاكىم) | ئۇيغۇر | ئەر | كۇچا | 1984.5 — 1974.11 | |
| جاڭ دوجى | مۇئاۋىن مۇدىر | خەنزۇ | ئەر | گەنسۇ جيۇ- چۇەن | 1981.8 — 1976.2 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاۋۇت جارۇپ | مۇئاۋىن مۇدىر | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1981.2 — 1980.1 | |
| لۇ جېشېن | مۇئاۋىن مۇدىر | خەنزۇ | ئەر | شەنشى ۋېيـ خەن | 1981.11 — 1980.1 | |
| ئىمىن ئېزىز | مۇئاۋىن مۇدىر | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1981.1 — 1980.3 | |
| ئابلا ئاپپاق | مۇئاۋىن مۇدىر | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1981.11 — 1981.5 | |
| مامۇت مەخمۇت | مۇئاۋىن مۇدىر (مۇئاـ ۋىن ھاكىم) | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1986.9 — 1981.5 | |
| قاسىم بايىز | مۇئاۋىن ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1984.5 — 1981.11 | |
| ۋاڭ جىنشەن | مۇئاۋىن مۇدىر (مۇئاـ ۋىن ھاكىم) | خەنزۇ | ئەر | خەنەن خاۋشيەن | 1984.5 — 1981.5 | |
| يەن يۇلىڭ | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | ئەر | گەنسۇ پىڭلياڭ | 1993.1 — 1984.8 | |
| نۇرۇر ھوشۇرنىياـ زى | مۇئاۋىن ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | پىچان | 1986.11 — 1984.8 | |
| نىياز ئابلا | مۇئاۋىن ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1989.8 — 1986.11 | |
| ۋۇ شاڭ | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | ئەر | جياڭسۇ نەنـ جاڭ | 1991.9 — 1986.11 | |
| ئەخمەت ئەمەت | مۇئاۋىن ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1993.1 — 1987.6 | |
| جاڭ ۋېيجېن | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | ئەر | خېنەن لوياڭ | 1990.5 — 1989.3 | يەن . تېخنىـ كىغا مەسئۇل |
| ھاۋاخان قاۋۇل | مۇئاۋىن ھاكىم | ئۇيغۇر | ئايال | توقسۇ | 1991.2 | |
| يەن خۇاڭ | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | ئەر | شەنشى ۋۇـ گوڭ | 1991.10 — | |
| جياڭ شىنمىڭ | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | ئەر | يۈننەن تۇڭـ خەي | 1993.1 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەخمەت رەخمەت | مۇئاۋىن ھاكىم | ئۇيغۇر | ئەر | توقسۇ | 1993.1 ـ | |
| لياڭ خۇي | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | ئەر | شەنشى پۇڭ-چۈەن | 1993.1 — 1994.9 | يەن - تېخنى-كىغا مەسئۇل |
| جاڭ يىڭ | مۇئاۋىن ھاكىم | خەنزۇ | ئەر | شەندۇڭ ساۋشيەن | 1995.9 — | يەن - تېخنى-كىغا مەسئۇل |

## § 2 . ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت تارماقلىرى

توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت ئاپپاراتلىرى 1950 ـ يىلدىن باشلاپ تەسىس قىلىندى، كېيىن كۆپ قېتىم كۆپەيتىلدى، ئازايتىلدى ۋە تەڭشەلدى.

### 1. ئىشخانا

1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا كاتىبات ئىشخانىسى قۇرۇلدى، 1959 ـ يىل 5 ـ ئايدا نامى ئىشخانىغا ئۆزگەرتىلدى. 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1973 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1979 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشخانىسى ئايرىلدى. 1981 ـ يىل 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

### 2. خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى

1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1966 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئۇ كادىرلار ـ خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1973 ـ يىل 11 ـ ئايدا ھەر قايسى بۆلۈم، ئىشخانىلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، نامى خەلق ئىشلىرى ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1981 ـ يىل 7 ـ ئايدا خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىگە، 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

### 3. كادىرلار ئىدارىسى

1964 ـ يىل 8 ـ ئايدا كادىرلار بۆلۈمى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىدىن ئايرىلىپ چىقتى. 1966 ـ يىل 10 ـ ئايدا خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلىپ، كادىرلار ـ خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى دەپ ئاتالدى. 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1979 ـ يىل 8 ـ ئايدا كادىرلار بۆلۈمى قايتىدىن قۇرۇلدى. 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا كادىرلار ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## 4. ئەمگەك ئىدارىسى

1979 - يىل 8 - ئايدا ئەمگەك بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1984 - يىل 8 - ئايدا نامى ئەمگەك ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## 5. شتات كومىتېتى

1964 - يىل 5 - ئايدا قۇرۇلدى.

## 6. مالىيە ئىدارىسى

1950 - يىل 3 - ئايدا مالىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1959 - يىل 4 - ئايدا باج ئىدارىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، مالىيە - باج ئىدارىسى دەپ ئاتالدى. 1962 - يىلى باج ئىدارىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، مالىيە بۆلۈمى دەپ ئاتالدى. 1969 - يىلى ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سانائەت - قاتناش - مالىيە - سودا گۇرۇپپىسى دەپ ئاتالدى. 1973 - يىل 11 - ئايدا مالىيە - سودا ئىشخانىسىغا، 1979 - يىل 6 - ئايدا مالىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## 7. پىلان كومىتېتى

1954 - يىل 7 - ئايدا مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى قۇرۇلدى. 1961 - يىل 9 - ئايدا پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى. 1964 - يىل 5 - ئايدا مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى بىلەن پىلان كومىتېتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مالىيە - پىلان كومىتېتى دەپ ئاتالدى. ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1973 - يىل 11 - ئايدا پىلان كومىتېتى ئايرىلىپ چىقتى.

## 8. ستاتىستىكا ئىدارىسى

1956 - يىل 3 - ئايدا پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلدى، 1961 - يىلى پىلان كومىتېتىغا قوشۇۋېتىلدى، 1964 - يىل 5 - ئايدا ستاتىستىكا بۆلۈمى ئايرىپ چىقىلدى. ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1973 - يىل 11 - ئايدا پىلان كومىتېتىغا قارىدى. 1984 - يىل 8 - ئايدا ستاتىستىكا ئىدارىسى قۇرۇلدى.

## 9. قۇرۇلۇش بۆلۈمى

1950 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلدى، 1959 - يىل 8 - ئايدا دېھقانچىلىق ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى.

## 10. سودا - سانائەت بۆلۈمى

1950 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلدى، 1958 - يىل 8 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1962 - يىل 8 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، خادىملارنىڭ كۆپىنچىسى ناھىيىلىك پارتكوم مالىيە - سودا بۆلۈمى ۋە بازار باشقۇرۇش كومىتېتىدىن يۆتكەپ كېلىندى. 1964 - يىل 5 - ئايدا مالىيە - پىلان كومىتېتىغا قوشۇۋېتىلدى.

## 11. قاتناش ئىدارىسى

1955 - يىلى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىدا قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1958 - يىل 9 - ئايدا سانائەت - قاتناش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى قارىمىقىدىكى سانائەت - قاتناش - مالىيە - سودا گۇرۇپپىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1973 - يىل 11 - ئايدا سانائەت - قاتناش ئىشخانىسى ئايرىم تەسىس قىلىندى. 1981 - يىلى سانائەت - قاتناش بۆلۈمىگە، 1984 - يىل 8 - ئايدا قاتناش ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## 12. دېھقانچىلىق ئىدارىسى

1959 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلۇش بۆلۈمى، سۇچىلىق بۆلۈمى، دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى، مېتېئورولوگىيە پونكىتى، ئورمانچىلىق پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1962 - يىل 8 - ئايدا يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى. ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ بۆلۈم دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1973 - يىل 11 - ئايدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشخانىسىغا، 1981 - يىل 11 - ئايدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە، 1984 - يىل 8 - ئايدا دېھقانچىلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

## 13. سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى

1953 - يىل 7 - ئايدا سۇچىلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى، 1959 - يىل 8 - ئايدا دېھقانچىلىق ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى، 1962 - يىل 8 - ئايدا سۇچىلىق بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى قارىمىقىدىكى سۇچىلىق گۇرۇپپىسىغا قارايدىغان بولدى. 1973 - يىل 11 - ئايدا سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى قۇرۇلدى.

## 14. سودا ئىدارىسى

1958 - يىل 8 - ئايدا سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى، 1966 - يىل 10 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1978 - يىل 11 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## 15. سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى

1959 ـ يىل 8 ـ ئايدا بازار باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇ سودا ـ سانائەت بۆلۈمى ۋە مالىيە سودا بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1978 ـ يىل 9 ـ ئايدا بازار باشقۇرۇش كومىتېتى سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## 16. مائارىپ ئىدارىسى

1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى، 1962 ـ يىل 8 ـ ئايدا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى قارمىقىدىكى مەدەنىيەت ـ سەھىيە گۇرۇپپىسىغا قارايدىغان بولدى. 1973 ـ يىل 11 ـ ئايدا مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 1978 ـ يىل 9 ـ ئايدا مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىگە، 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا مائارىپ ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

## 17. سەھىيە ئىدارىسى

1952 ـ يىلى سەھىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى، 1962 ـ يىل 8 ـ ئايدا مەدەنىيەت ـ مائارىپ سەھىيە بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلدى. ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى قارمىقىدىكى مەدەنىيەت ـ سەھىيە گۇرۇپپىسىغا قارايدىغان بولدى. 1973 ـ يىل 11 ـ ئايدا سەھىيە ئىشخانىسى ئايرىم تەسىس قىلىندى. 1978 ـ يىل 9 ـ ئايدا سەھىيە بۆلۈمىگە، 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا سەھىيە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

## 18. پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى

1960 ـ يىل 1 ـ ئايدا پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلدى. 1962 ـ يىل 7 ـ ئايدا بۇ كەسىپ تەشۋىقات بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلدى. 1973 ـ يىل 11 ـ ئايدا پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى قايتىدىن قۇرۇلدى.

## 19. رېۋىزىيە ئىدارىسى

1954 ـ يىلى رېۋىزىيە كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا ھاكىم قوشۇمچە مەسئۇل بولدى. 1959 ـ يىل 5 ـ ئايدا رېۋىزىيە ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1962 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىر قىسىم كەسىپلىرى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلدى. 1988 ـ يىل 6 ـ ئايدا رېۋىزىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1993 ـ يىل 3 ـ ئايدا رېۋىزىيە ئىدارىسى بىلەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئايرىم ۋىۋىسكا ئېسىپ، بىرلىكتە ئىش بېجىردى.

## 20. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى

1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا ج خ ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1967 ـ يىل 3 ـ ئايدا ج خ، تەپتىش، سوت ھەربىي

ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1969 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 1973 - يىل 11 - ئايدا ج خ ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## 21. باج ئىدارىسى

1950 - يىل 3 - ئايدا باج ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1959 - يىل 4 - ئايدا مالىيە بۆلۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، مالىيە - باج ئىدارىسى دەپ ئاتالدى. 1962 - يىل 2 - ئايدا ئايرىم تەسىس قىلىندى. 1993 - يىلى باج ئىدارىسى دۆلەت باج ئىدارىسى ۋە يەرلىك باج ئىدارىسى دەپ ئايرىلدى.

## 22. ئاشلىق ئىدارىسى

1953 - يىل 4 - ئايدا ئەسلىدىكى ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرى ئاساسىدا ئاشلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى، 1956 - يىل 12 - ئايدا ئاشلىق ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

## 23. پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى

1951 - يىلى ئەسلىدىكى پوچتا ۋاكالەتخانىسى ئاساسىدا پوچتا تىجارەت پونكىتى قۇرۇلدى، 1953 - يىل 11 - ئايدا پوچتا تارماق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1955 - يىل 11 - ئايدا پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1969 - يىل 12 - ئايدا پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى پوچتا ئىدارىسى ۋە تېلېگراف ئىدارىسىغا ئايرىلدى. تېلېگراف ئىدارىسى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1973 - يىل 10 - ئايدا 2 ئىدارە بىرلەشتۈرۈلۈپ، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى دەپ ئاتالدى.

## 24. زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى

بۇ ئىشخانا 1973 - يىل 11 - ئايدا قۇرۇلدى، 1983 - يىل 6 - ئايدا ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىگە قوشۇۋېتىلدى.

## 25. ئۇرۇش تەييارلىقى ئىشخانىسى (خەلق ھاۋا مۇداپىئە ئىشخانىسى)

1970 - يىل 10 - ئايدا قۇرۇلدى، 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 26. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى

1976 - يىل 3 - ئايدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىشخانىسى قۇرۇلدى، 1981 - يىلى يېزا ئىگىلىك

ماشىنىلىرى بۆلۈمىگە، 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## 27. تەنتەربىيە كومىتېتى

50 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە، تەنتەربىيە خىزمىتىنى كومسومولنىڭ باشلار ئىتتىپاقى قوشۇمچە باشقۇرغانىدى، كېيىن مەدەنىيەت ـ سەھىيە بۆلۈمى قوشۇمچە باشقۇردى. ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەدەنىيەت ـ سەھىيە گۇرۇپپىسى باشقۇردى. 1973 ـ يىل 11 ـ ئايدا تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلدى، 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1990 ـ يىلى تەنتەربىيە كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## 28. ئەدلىيە ئىدارىسى

1980 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئەدلىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئەدلىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## 29. يەر نامىلىرى ئىشخانىسى

1983 ـ يىل 4 ـ ئايدا قۇرۇلدى، خادىملىرى باشقا ئورۇنلاردىن ئاجرىتىلدى. 1987 ـ يىلى مەخسۇس كادىر سەپلەندى.

## 30. ئەرزىيەت ئىشخانىسى

1987 ـ يىل 7 ـ ئايدا قۇرۇلدى.

## 31. ئارخىپ ئىشخانىسى

1987 ـ يىل 1 ـ ئايدا قۇرۇلدى، ئارخىپخانا بىلەن ئايرىم ۋىۋىسكا ئېسىپ، بىرلىكتە ئىش بېجىردى.

## 32. مۆپەتتىشلىك ئىدارىسى

1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا مۆپەتتىشلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى.

## 33. ئورمانچىلىق ئىدارىسى

1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بۆلۈمىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى.

## 34. چارۋىچىلىق ئىدارىسى

1984 - يىل 8 - ئايدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى.

## 35. ئىقتىساد كومىتېتى

1984 - يىل 8 - ئايدا ئىقتىساد كومىتېتى قۇرۇلدى.

## 36. يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى

1984 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلدى.

## 37. شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى

1984 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلدى.

## 38. 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى

1981 - يىل 12 - ئايدا قول سانائەت بىرلەشمىسى 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

## 39. پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى

1987 - يىل 1 - ئايدا سەھىيە ئىدارىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، نامى پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.

## 40. مۆلدۈردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەترىتى

1988 - يىلى قۇرۇلدى، ئەسلىدە پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا قارايتتى. 1994 - يىلى دېھقانچىلىق ئىدارىسىغا قارايدىغان بولدى، تۈزۈلمىسى مۇئاۋىن رايون دەرىجىلىك بولدى.

## 41. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى

1951 - يىلى ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن

ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، سەھىيە بۆلۈمى، مەدەنىيەت - سەھىيە بۆلۈمى، مەدەنىيەت - سەھىيە گۇرۇپپىسى، سەھىيە ئىشخانىسى، سەھىيە ئىدارىسى مەسئۇل بولدى. 1987 - يىلى 1 - ئايدا سەھىيە ئىدارىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، مەخسۇس خادىملار سەپلەندى.

## 42. رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى

1984 - يىلى 8 - ئايدا رادىئو ئۈزېلى ئاساسىدا رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى.

## 43. ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم ئىدارىسى

1989 - يىلى 11 - ئايدا قۇرۇلدى.

## 44. باشقىلار

60 - ۋە 70 - يىللاردا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئېتىز - ئېرىقلارنى پىلانلاش قوماندانلىق شتابى، چوشقا بېقىش ئىشخانىسى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىشخانىسى، داجەيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى، ئىش ھەققىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، 44 - نومۇرلۇق ھۆججەت ئىشخانىسى، سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش ئىشخانىسى، چوڭ تەنقىد ئىشخانىسى قاتارلىق بەزى ۋاقىتلىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىنى قۇردى. 1979 - يىلى 7 - ئايدا ۋاقىتلىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يەرلىكنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا قاتناشتى. 1967 - يىلى 3 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ۋە «7969» قىسىم ئارمىيە تەشۋىقات ئەترىتى ئاساس قىلىنغان توققۇز ناھىيىلىك «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇ ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتىنىڭ ھوقۇقىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزدى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قارمىقىدا قوراللىق بۆلۈم ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئىشخانا خادىملىرى ئەسلىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق كومىتېتىنىڭ خادىملىرىنى ئاساس قىلدى. ئىشخانا تەركىبىدە كاتىبات گۇرۇپپىسى، تەشۋىقات گۇرۇپپىسى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى ۋە سانائەت - قاتناش - مالىيە - سودا گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1969 - يىلى 4 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇقىرىقى ئاپپاراتلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى، خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى: ئەسلىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى بىلەن خەلق كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى.

سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى: ئەسلىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، رېۋىزىيە كومىتېتى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئورگان پارتكومى، كادىرلار بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە بۆلۈمى، پارتىيە مەكتىپى، ئارخىپخانا قاتارلىق تارماقلارنىڭ

كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى (ئۇنىڭ تەركىبىدە يەنە تەشكىلات، تەشۋىقات، مەدەنىيەت ـ سەھىيە، ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى).

ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى: دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق قاتارلىق كەسىپلەر ۋە مالىيە، سانائەت ـ قاتناش، پىلان كومىتېتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى: ج خ، تەپتىش، سوت خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

1973 ـ يىلى 11 ـ ئايدا 4 گۇرۇپپا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بۆلۈم، ئىشخانا، ئىدارە، كومىتېتلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

# IV باب

# خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى

## 1 § . ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش كومىتېتى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بىرلىك سەپ تەشكىلاتى. ئۇ 1957 ـ يىلى قۇرۇلدى، 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 9 نۆۋەت، 26 قېتىم ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى ئاچتى.

### 1. سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى

1957 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە 1 ـ قېتىملىق يىغىن ئېچىلدى، يىغىنغا 41 ئەزا قاتناشتى. يىغىندا «جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ نىزامنامىسى» ئۆگىنىلدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىنىڭ روھى ۋە جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى يەتكۈزۈلدى، توقسۇ ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ 10 يىللىق ئومۇمىي پىلانى مۇزاكىرە قىلىندى. كېڭىشىش ئارقىلىق، سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى 11 كىشىدىن تەشكىل قىلىندى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ جۈاڭ رەئىسلىكنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، ئىسمائىل داموللا مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

### 2. سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى

1959 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە 1 ـ قېتىملىق يىغىن ئېچىلدى، يىغىنغا 26 ئەزا قاتناشتى، 40 كىشى سىرتتىن قاتناشتى. يىغىندا تۇنجى نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 ـ يىغىنىنىڭ روھى

يەتكۈزۈلدى، 9 كىشى دائىمىي ئەزالىققا سايلاندى. ليۇ رۇيىيۇ رەئىسلىكنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ئىبراھىم تاھىر قازى مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

## 3. سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتى

1 - قېتىملىق يىغىن 1963 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 80 ئەزا قاتناشتى. يىغىندا 2 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. ليۇ شىڭۋېي رەئىسلىككە، ئىبراھىم تاھىر قازى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. 9 دائىمىي ئەزا سايلاپ چىقىلدى. سىياسىي كېڭەش 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى توقسۇ ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى.

## 4. سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتى

1 - قېتىملىق يىغىن 1966 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىندا 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ليۇ شىڭۋېي رەئىسلىككە، لى پېي، ئىبراھىم تاھىر قازى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. 9 دائىمىي ئەزا سايلاپ چىقىلدى. يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ئەزالار 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى.

## 5. سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى

1 - قېتىملىق يىغىن 1981 - يىل 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 68 ئەزا قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىن ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ناھىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ياخشىلانغان ئەھۋالدا ئېچىلدى. يىغىندا 4 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە ئىبراھىم تاھىر قازى ھاجىنىڭ جۈڭگو ھەج قىلىش ئۆمىكى بىلەن ھەج قىلغانلىق ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى؛ ئالدىنقى نۆۋەت ۋەزىپىدە قالغان 21 ئەزا دېموكراتىك ھالدا باھالاندى؛ قادىر ئىدرىس رەئىسلىككە، لى پېي، ئىبراھىم تاھىر قازى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. 9 دائىمىي ئەزا سايلاپ چىقىلدى. يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ئەزالار ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى.

## 6. سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى

1 - قېتىملىق يىغىن 1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 43 ئەزا قاتناشتى. يىغىندا سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى دېڭ يىڭچاۋنىڭ سۆزى يەتكۈزۈلدى. نيۇ شۇشىن رەئىسلىككە سايلاندى. يېڭى بىر نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېت 15 كىشىدىن تەشكىل قىلىندى، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار %60.5 نى ئىگىلىدى. مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، تەيۋەنلىكلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ ئەزالىققا سايلاندى. بارلىق ئەزالار 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىغا سىرتتىن

قاتناشتى.

## 7. سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتى

1 - قېتىملىق يىغىن 1987 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 70 ئەزا قاتناشتى. يىغىندا سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش يىغىنلىرىنىڭ روھى يەتكۈزۈلۈپ، ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، جاۋ زىياڭ زۇڭلىنىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 14 - قېتىملىق دائىمىي ئەزالار يىغىنىدا قىلغان سۆزى ئۆگىنىلدى ۋە مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا تىيىپ تۇردى رەئىسلىككە، ليۇجېنگو، قاسىم بايىز، مۇھەممەت ھاشىم، ئىبراھىم تاھىر قازى، سىدىق توختىلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى. 11 دائىمىي ئەزا سايلاپ چىقىلدى. يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ئەزالار ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى.

## 8. سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى

1 - قېتىملىق يىغىن 1990 - يىل 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 50 ئەزا قاتناشتى. يىغىندا سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 - يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى ماقۇللاندى، يىغىندا تىيىپ تۇردى سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسلىكىگە، ليۇ جېنگو، مۇھەممەت ئەمەر، ۋاڭ چۈنشاڭ، مۇھەممەت ھاشىم، ليۇ رېنخۇي، ئابلا ئەخمەت، سىدىق توختىلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى، 15 دائىمىي ئەزا سايلاپ چىقىلدى. بارلىق ئەزالار ناھىيىلىك 10 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى.

8 - نۆۋەتلىك كومىتېت جەمئىي 3 قېتىم يىغىن ئاچتى، ئەزاسى 53 كە يەتتى.

## 9. سىياسىي كېڭەش توقسۇ ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى

1 - قېتىملىق يىغىن 1993 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە ئېچىلدى، يىغىنغا 73 ئەزا قاتناشتى. يىغىندا 8 - نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى، سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى ماقۇللاندى. يىغىندا ليۇ شياڭ رەئىسلىككە، مۇھەممەت ئەمەر، كې چېڭدۇڭ، ئابلا ئەخمەت ھاجىلار مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى، 17 دائىمىي ئەزا سايلاپ چىقىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ئەزالار ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى.

9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 81 گە يەتتى.

## 2 § . پائالىيىتى

سىياسىي كېڭەش 1957 — 1966 - يىللىرىچە دىنىي زاتلار ۋە سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەر ئۆگىنىش

كۇرسى ئېچىپ، ئۇلارغا سوتسىيالىزم تەربىيىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، ئىنتېرناتسىئونالىزم تەربىيىسى ۋە مىللەت - دىن سىياسىتى تەربىيىسى ئېلىپ باردى؛ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى ئۇيۇشقان جايلارغا يېقىنلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللىدى.

1981 — 1988 - يىلغىچە سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە 4 ئاساسىي پرىنسىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش روھى دەۋرىي قىلىندى. 7 ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەت، قانۇنلىرى ئۆگىنىلدى. 25 دىنىي زات سىرتقى جايلارغا نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى. 9 قېتىم ۋەتەنپەرۋەر يۇقىرى قاتلام زاتلار، سودا - سانائەت ساھەسىدىكى زاتلار، گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان خادىملىرى ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، تەيۋەنلىكلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋەكىللىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى، چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇھىم خىزمىتى قىلىنىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ دىنىي ئىشلار، مۇھاجىرلار ئىشلىرى، ھەقىقەتكە قايتقانلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىگە پائال ياردەم بېرىلدى. 1988 - يىلى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ماغارىپقا 7818 يۈەن نەق پۇل، 7301 يۈەن قىممىتىدىكى 50 مىڭ دانە خىش، 50 يۈرۈش پارتا - ئورۇندۇق، 250 كىلوگرام ئاشلىق، 3 مارۋا سامان، 3 تال ياغاچ ياردەم قىلدى. ئەزالار ۋە ئۇقۇمۇشلۇق زاتلار ناھىيىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەشكە تەشكىللەندى. ناھىيە بويىچە 259 مەسچىتنىڭ مال - مۈلكى ئېنىقلاندى، مەسچىتنىڭ ئەتراپىغا ئورمان بەلۋېغى پىلانلىنىپ، كۆچەت تىكىلدى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سىياسىي كېڭەشنىڭ رولى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇلدى، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش رولى كۈچەيدى. ناھىيىلىك ھەرقايسى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەممىسىگە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى سىرتتىن قاتنىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، تەرەققىيات پىلانى، كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى چوڭ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئارىسىدا غولغۇلا قىلىندى، مۇزاكىرە قىلىندى ۋە كېڭەشلىدى. سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى ئەزالارنىڭ 22 تەكلىپ لايىھەسىنى، 7 - نۆۋەتلىك كومىتېت 92 لايىھە، 62 تەكلىپنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇلار ئىقتىساد، ماغارىپ، پەن تەتقىقات، زىيالىيلار سىياسىتى، سەھىيە، سودا - سانائەت، مال باھاسى، باج، پارتىيە ئىستىلى، قانۇنچىلىق، كادىرلار، خەلق تۇرمۇشى، قاتناش، شەھەر قۇرۇلۇشى، مۇھىت ئاسراش، تاشقى ئىشلار، دىنىي ئىشلار، بىرلىك سەپ قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ. نۇرغۇن لايىھەلەرنىڭ دەلىلى بار، مەسىلەن: تاشئېرىق يېزىسى ۋە شويۇلتۇز يېزىسىنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى، ناھىيە بازىرىنىڭ يوندا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى، ناھىيىلىك دوختۇرخانا بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بەرگەن تەكلىپلەرنىڭ نەتىجىسى. ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ۋېلىسىپىت توختىتىش لاپىسىنى سىياسىي كېڭەش ئەزاسى ئەمەر ئابدۇرېھىم بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىپ ياسىدى، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنى سىياسىي كېڭەش ئەزاسى چېن فاڭرېن ئىئانە قىلدى (شياڭگاڭدىن ئېلىپ كېلىنگەن). 1994 - يىلدىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسىدە كۆرۈلگەن مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىگە قارىتا، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولدى، يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ ئەيىبلىدى. ئەزالار «ئىككىدىن ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسى (خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق) نى زىچ چۆرىدەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تەكىتلەپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، تىنچ، ئىتتىپاقلىقنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداپ، توقسۇنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

## توقسۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشكە رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس بولغانلار

جەدۋەل: 6 — 5

| ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|
| رەئىس | جاڭ جۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | 1959.11 — 1957.8 | قوشۇمچە |
| رەئىس | ليۇ رۇيىۇ | ئەر | خەنزۇ | 1963.6 — 1959.11 | قوشۇمچە |
| رەئىس | ليۇ شىگۇيي | ئەر | خەنزۇ | 1966.5 — 1963.6 | قوشۇمچە |
| رەئىس | قادىر ئىدرىس | ئەر | ئۇيغۇر | 1984.8 — 1981.11 | قوشۇمچە |
| رەئىس | نيۇ شۇشېن | ئەر | خەنزۇ | 1987.6 — 1984.8 | |
| رەئىس | تېيىپ تۇردى | ئەر | ئۇيغۇر | 1993.1 — 1987.6 | |
| رەئىس | ليۇ شياڭ | ئەر | خەنزۇ | 1994.7 — 1993.1 | |
| رەئىس | ليۇ زۇخىن | ئەر | خەنزۇ | — 1995.5 | |
| مۇئاۋىن رەئىس | ئىسمايىل ئىبراھىم | ئەر | ئۇيغۇر | 1959.11 — 1957.8 | |
| مۇئاۋىن رەئىس | ئىبراھىم تاھىر غازى | ئەر | ئۇيغۇر | 1990.2 — 1959.11 | |
| مۇئاۋىن رەئىس | لى پېي | ئەر | خەنزۇ | 1984.8 — 1966.2 | |
| مۇئاۋىن رەئىس | قاسىم باھىز | ئەر | ئۇيغۇر | 1989 — 1984.8 | |
| مۇئاۋىن رەئىس | سىدىق توختى | ئەر | ئۇيغۇر | 1993.1 — 1984.8 | |
| مۇئاۋىن رەئىس | ليۇ جېنگو | ئەر | خەنزۇ | 1991.10 — 1987.6 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | 1993.1 — 1987.6 | ئۇيغۇر | ئەر | مۇھەممەت ھاشىم | مۇئاۋىن رەئىس |
| | — 1989.1 | ئۇيغۇر | ئەر | مۇھەممەت ئۆمەر | مۇئاۋىن رەئىس |
| | 1993.1 — 1990.3 | خەنزۇ | ئەر | ۋاڭ چۈنشاڭ | مۇئاۋىن رەئىس |
| | 1992.8 — 1990.3 | خەنزۇ | ئەر | ليۇ رېنخۇاڭ | مۇئاۋىن رەئىس |
| | — 1990.3 | ئۇيغۇر | ئەر | ئابلا ئەخمەت | مۇئاۋىن رەئىس |
| | —1993.1 | ئۇيغۇر | ئەر | ئەخمەت ئەمەت | مۇئاۋىن رەئىس |
| | 1995.5 — 1993.1 | خۇيزۇ | ئەر | كې چېڭدۇاڭ | مۇئاۋىن رەئىس |
| | — 1994.5 | خەنزۇ | ئەر | لى كەيشيەن | مۇئاۋىن رەئىس |
| | — 1995.3 | ئۇيغۇر | ئەر | ھېيت مۇمىن | مۇئاۋىن رەئىس |

يەتتىنچى قىسىم

# جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە



## يەتتىنچى قىسىم

# جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە

## I باب

## جامائەت خەۋپسىزلىكى

### 1 § . مىنگو دەۋرىدىكى ساقچى، جامائەت خەۋپسىزلىكى

#### 1 . ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) توقسۇ ياردەمچى ئامبىلى باۋ ـ جىيا ئىدارىسى قۇردى، ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئامانلىق قوغداش ئەترىتىدە 20 ساقچى بولۇپ، ئۇلار يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشقا مەسئۇل ئىدى. مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) خادىملىرى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە قوشۇۋېتىلىپ، بىر ئۇنبېشى قويۇلدى، زىياۋدۇن زوردۇن تۇنجى ئۇنبېشى بولدى.

مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) توقسۇ ناھىيىسىدە ج خ ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ئىدارە باشلىقى، تەپتىش، سەييارە تەپتىش، نۆۋەت ساقچىسى قاتارلىقلار قويۇلدى ھەم بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىشقا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭ خادىمى ئۈزلۈكسىز كۆچەيتىلدى، قورال ـ ياراغلىرى تولۇقلاندى، كەسىپ دائىرىسى كېڭەيتىلدى. 40 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئىدارە بويىچە ئوفىتسېر ـ ساقچى 62 گە يەتتى.

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) دىكى توقسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى

جەدۋەل: 7 — 1

| ۋەزىپىسى | ساقچى ئەمەلدارلىرى | | | | ساقچى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئىدارە باشلىقى | ئالاقىچى | تەپتىش ئەمەلدارى | تەپتىش باشلىقى | 1 ـ دەرىجىلىك ساقچى | 2 ـ دەرىجىلىك ساقچى | 3 ـ دەرىجىلىك ساقچى |
| سانى | 1 | 1 | 2 | 2 | 6 | 3 | 3 |

ئىزاھات: (1) ساقچى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: نۆۋەت ساقچىسى، خەۋەرچى ساقچى، خىزمەتكار ساقچى دەپ ئايرىلاتتى.
(2) ئۇنىڭدىن باشقا بىر ھارۋىكەش، بىر ئاشپەز بار ئىدى.
(3) ئۇنىڭدىن باشقا ئامانلىق قوغداش ئەترىتىدە 35 ئوفىتسېر ـ ساقچى بار ئىدى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) كۈزدە، ج خ ئىدارىسى ساقچى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 2 - ئايدا ئۆلكە رەئىسى ۋۇ جۇڭشىننىڭ «ساقچى مەمۇرىيىتى تىك لىنىيە جەھەتتە مۇكەممەللىكنى ساقلىشى، توغرا لىنىيە جەھەتتە، قاتلاملار بويىچە مەمۇرىي مۇپەتتىش ئەمەلدارى ۋە ھاكىمنىڭ قوماندانلىقى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى، ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەي تۈزۈلمىنى قوغدىشى كېرەك» دېگەن تېلېگرامما بۇيرۇقىنىڭ روھى بويىچە، ج خ ئىدارىسىغا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىش يەرلىك مەمۇرىيەتنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆزگەرتىلدى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 8 - ئايدا شىنجاڭدىكى ساقچىلار بىر تۇتاش خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ 4 - بۆلۈمىگە قارايدىغان بولدى. شۇ يىلى توقسۇ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىدە 70 خادىم، 26 مىلتىق، 3 تاپانچا، 3 ئات بار ئىدى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، توقسۇ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى، ساقچى ئەترىتىدە جەمئىي 70 خادىم بار ئىدى.

## 2. پائالىيىتى

مىنگونىڭ 11 - يىلىدىن 38 - يىلىغىچە (1922 — 1949 - يىلىغىچە) توقسۇ ناھىيىسىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، باۋ - جيا ئىدارىسى، ج خ ئىدارىسى، ساقچى ئىدارىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) دىن ئىلگىرىكى باۋ - جيا ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئەپيۇننى، قىمارنى، پاھىشىۋازلىقنى چەكلەش، قاتىللارنى قولغا ئېلىش، ئوغرىلارنى تۇتۇش، يول يۇرگۈچىلەرنى تەكشۈرۈش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى، بازار تەرتىپىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما ج خ خادىملىرى ھەمىشە ئۆز ئىچىدە چىدەل چىقىراتتى ياكى خەلققە ئاۋارىچىلىك سالاتتى، ئاممىغا جەبىر قىلىپ، ئۇلارنى قاقتى - سوقتى قىلاتتى. پۇقرالار ئۇلارنى «قانخور جاللاتلار» دەپ ئاتايتتى.

مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) ج خ ئىدارىسى قۇرۇلدى، كېيىنكى يىلى بازدا، ما خۇشەن ساتقىن قوشۇنى توقسۇغا كېلىپ، ئەڭ ئاۋۋال ج خ ئىدارىسىغا ھۇجۇم قىلدى، ئىدارە باشلىقىنى تۇتۇپ، بوينىغا تاختاي ئېسىپ سازايى قىلدى.

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) كۈزدە ج خ ئىدارىسى قايتىدىن قۇرۇلدى. ج خ ئىستېپىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىك مېخانىزمى كۈچەيتىلدى، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شۇنىڭدىن تارتىپ ھاكىمنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ ۋە تىزگىنلەپ، ھاكىمنىڭ خەت - چەكلىرىنى كۆرۈپ، ناھىيە ۋەزىيىتىنى ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزۈۋالدى. ج خ ئىدارىسىنىڭ ھوقۇقى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى ۋە كۈچەيدى، ج خ ئاپپاراتى ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ مەمۇرىي ئاپپاراتقا ئايلاندى.

بۇ مەزگىلدىكى ج خ ئورگىنىنىڭ ئەسلىدىكى فۇنكسىيىسىدىن سىرت يەنە مەمۇرىيەتنى نازارەت قىلىش، سىياسىي ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش، تەشۋىقات، پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈرۈش، خائىنلارنى تۇتۇش، تىلىڭ - تىگلاش، مەخپىي مەلۇمات بېرىش، مەخپىي تۇتۇش، مەخپىيەتنى سۈرۈشتە قىلىش، نوپۇس باشقۇرۇش، يول خېتى، گىراژدانلىق گۇۋاھنامىسى بېجىرىش، قورال - ياراغلارنى ئېنىقلاش، ئوت ئۆچۈرۈش قاتارلىق ۋەزىپىلىرى كۆپەيتىلدى.

1) خائىنلارنى تۇتۇش    مىنگونىڭ 22 - يىلىدىن 26 - يىلىغىچە (1933 — 1937 - يىلىغىچە) توقسۇ ناھىيىسى 2 قېتىملىق ئورۇش مالىمانچىلىقىنى باشتىن كەچۈردى. شېڭ شىسەينىڭ ئۆلكە قوشۇنى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قوللىشى بىلەن، 2 قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن،

ئۆلكە قوشۇنى جەڭ غەلىبە ھەيۋىسىدىن پايدىلىنىپ پۈتۈن ناھىيەدە «خائىنلارنى تۇتۇش» ھەرىكىتىنى قوزغىدى. ئومۇمەن ما جۇڭيىڭ، ما خۇشەنگە ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى «خائىن»، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى «خائىنلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى»، مال - مۈلكى «خائىنلار مال - مۈلكى» دېيىلدى.

مىنگونىڭ 26 - يىلىدىن 33 - يىلىغىچە (1937 — 1944 - يىلىغىچە) ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى تەسلىم بولغان توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن 59 نى (بۇلارنىڭ 6 سى ما خۇشەن قوشۇنىدا لىيەنجاڭ ۋە پەيجاڭ بولغان) تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتى، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ قولغا ئېلىپ، باغلاپ ئېسىپ ئۇرۇپ، قاتتىق قىيناپ ئىقرار قىلدۇردى. بىر مەھەل تۈرمە توشۇپ كەتكەچكە، دەڭلەر تۈرمە قىلىندى. تۇتۇلغانلارنىڭ بەزىلىرى ئاقسۇ تۈرمىسىگە، بەزىلىرى ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يۆتكەلدى، بەزىلىرى دۆمبىلانغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى.

2) مەخپىي سۈرۈشتە قىلىش    2 قېتىملىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئىدىيە، سۆز، ئىقتىسادىي جەھەتتە ما جۇڭيىڭ، ما خۇشەنلەرگە ياردەم بەرگەن، ئەمما ئوچۇق - ئاشكارا پوزىتسىيە بىلدۈرمىگەن، جەمئىيەتتە نوپۇزى بار زاتلار، مەسىلەن: بايلار، سودىگەرلەر، دىنىي زاتلار، مۆتىۋەرلەر، ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىگە ج خ ئىدارىسى مەخپىي دېلو تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنى سۈرۈشتە قىلدى. ئومۇمەن دېلو تۇرغۇزۇلۇپ سۈرۈشتە قىلىنغانلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى ج خ ئىدارىسىنىڭ يوشۇرۇن كۆزىتىشىدە بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەخپىي تۇتۇلدى، بەزىلىرى نەچچە يىلغىچە دېلو تۇرغۇزۇلۇپ سۈرۈشتە قىلىنىپ، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن خالاس قىلىندى.

3) تىڭ - تىڭلاش    شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت تۇتقان مەزگىلدە، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى پايلاقچىلارنى ھەدەپ كۆپەيتىپ، ئۆزىنىڭ كۆز - قۇلىقى قىلدى. پايلاقچىلار بازار - يېزىلارغىچە يېيىلىپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ ھەربىر سۆز - ھەرىكىتىنى كۆزەتتى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ناھىيە بويىچە 28 پايلاقچى بار ئىدى، ناھىيە بويىچە كوچا، بازار، يېزا - كەنت ۋە ئورگانلار، قانۇنىي تەشكىلاتلار، مەكتەپلەر، مەسچىتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئادەم قويۇشتىن ئىبارەت پايلاقچىلارنى كۆپەيتىش پىلانى بويىچە، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 8 - ئايغىچە ناھىيىدىكى پايلاقچى 78 گە يەتكۈزۈلدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «دوست - بۇرادەر بولۇپ، قول چوماق قىلىنغان» 67 پايلاقچى بار ئىدى.

4) مەخپىي مەلۇمات بېرىش    پايلاقچىلارنىڭ مەخپىي مەلۇمات بېرىش مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ ئىدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ناھىيە بازىرىدىكى سودىگەر توختى سودا قىلىۋېتىپ، «سوۋېتنىڭ ماللىرى ياخشى ئەمەس، ئەنگلىيىنىڭ ماللىرى ياخشى» دېگەنلىكتىن، مەخپىي مەلۇم قىلىنغان، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى «دېلو تۇرغۇزۇپ»، «سوۋېتكە قارشى سۆزلىگەن» دەپ بېكىتىپ، پايلاقچىلارغا يەنىمۇ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ھەققىدە يول - يورۇق بەرگەن.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 9 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شى لەنپۇنى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى، ئۆلكىلىك ج خ باشقارمىسى 1799 - نومۇرلۇق تېز پوچتا يوللانمىسى ئارقىلىق، توقسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا: «يېقىندىن مۇئاۋىن ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن شى لەنپۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىك گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ، ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇ ناھىيەڭلەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، سىلەر ئۇنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ، سۆز ھەرىكىتى ۋە خىزمەت كەيپىياتىغا دىققەت قىلىپ، ئىگىلىگەن ماتېرىياللارنى ئايمۇ ئاي خۇلاسە قىلىڭلار» دەپ ئۇقتۇردى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 3 - ئايدا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئەۋەتكەن پايلاقچى «فېندو» (يالغان ئىسمى) يازما دوكلات يېزىپ مۇنداق دېدى: «مۇئاۋىن ھاكىم شى لەنپۇ ئۆتكەن يىل 10 - ئايدا ۋەزىپىگە

ئۆلتۈرگەندىن بۇيان، ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەتنى تامامەن ئۈستىگە ئالالمىدى. . . . . . ھەر كۈنى پەقەت يەر تەكشۈرۈش بىلەنلا بولدى». ئۇزاق ئۆتمەي ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ئۆلكىلىك ج خ باشقارمىسىغا: «. . . . . . مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ھېچقانداق ئىش بىلەن كارى يوق، مۇئاۋىن ھاكىملىقنىڭ ھوددىسىدىن چىقىش ئۈمىدىنى ئويلىماي كەتتى، ئۆزى قولغا ئالغان ئىشلارنىمۇ ئاخىرىغا يەتكۈزمەيدىكەن. . . . . .» دەپ مەخپىي مەلۇمات بەردى. مەخپىي مەلۇمات بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي شى لەنپۇ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

رەسمىي پايلاقچىلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئالاقىلىشىشىنى ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىۋاسىتە ئىگىلەيتتى. ئادەتتىكى پايلاقچىلار بىلەن قول چوماقچىلار، بىخەتەرلىكنى قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدارە خىزمەتچىلىرى ھەرئايدا بىر قېتىم ئالاقىلىشىپ تۇراتتى.

5) مەخپىي تۇتۇش مەيلى قانداق كىشى بولسۇن پايلاقچىلار تەرىپىدىن مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىنلا مەخپىي تۇتۇلاتتى. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 10 - ئايدا ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ئىبراھىم ھاكىمنىڭ بارلىق سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ج خ ئورگانلىرى كۆزىتىپ تۇردى، پايلاقچىلارنىڭ دوكلاتلىرى ئۈستى - ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كېچىسى ئۆلكىلىك ج خ ئىدارىسى توقسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە ئىبراھىم ھاكىمنى قولغا ئېلىش ھەققىدە مەخپىي تېلېگرامما بەردى. ئەتىسى ئۇ ئاقسۇ تۈرمىسىگە ئېلىپ بېرىلدى، كېيىن يەنە ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يۆتكەلدى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 1 - ئايدا ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. شۇ ۋاقىتتا توقسۇ ناھىيىسىدە مەخپىي تۇتۇلغان ئوقۇمۇشلۇق زاتلاردىن يەنە ئابدۇقادىر شاڭزۇڭ ۋە ئىبراھىم شەيخ، توختى شاڭزۇڭ قاتارلىق 27 كىشى بار ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تۈرمىدە ئۆلدى، بەزىلىرى مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) دىن كېيىن قايتىدىن ئەركىنلىككە ئېرىشتى. ئومۇمەن، مەخپىي تۇتۇلغانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى «خائىنلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى» قاتارىدا مۇئامىلە قىلىندى، مال - مۈلكى، يەرلىرى «خائىنلارنىڭ مال - مۈلكى» بويىچە مۇسادىرە قىلىندى.

6) پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈرۈش توقسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن باشلاپ، پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈردى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ج خ باشقارمىسىنىڭ «ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئورگانلاردىن ھەرقايسى رايون، ناھىيىلەرگە ئەۋەتىلگەن خەت - ئالاقىلەرنى تەكشۈرۈش چارىسى» دېگەن 77 - نومۇرلۇق ئومۇمىي بۇيرۇقى بويىچە، پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈرۈش چارىسى ۋە پوچتا يوللانمىلىرىنى تۇتۇپ قېلىشقا ئائىت كونكرېت ماددا، تارماقلار بەلگىلەندى.

تەكشۈرۈلىدىغان پوچتا يوللانمىلىرى ھۆكۈمەتنىڭ خەت - ئالاقىلىرى، شەخسلەرنىڭ پوچتا يوللانمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، جايلاردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي رەھبەرلەرنىڭ خەت - چەكلىرى تەكشۈرۈشنىڭ تېخىمۇ مۇھىم نۇقتىسى ئىدى. مەسىلەن: ج خ ئىدارىسى پوچتا ئىدارىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ھاكىم دەي فېڭچۈەن ۋەزىپىگە ئولتۇرغان مەزگىلدە ۋە ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئەۋەتكەن خەت - چەكلەرنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلىي كۆچۈرۈۋالغاندىن كېيىن ئاندىن يوللىغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) دىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، شۇ يىلى 371 پارچە خەنزۇچە خەت - چەك، 2489 پارچە ئۇيغۇرچە خەت - چەك، 553 پارچە گېزىت، 935 پارچە ھۆججەت، 25 خالتا تەكشۈرۈلگەن. پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) كۈزگىچە داۋاملىشىپ، شىڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندە ئاندىن توختىتىلدى.

7) گىرازدانلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىش مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، گىرازدانلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىلدى، 14 ياشقا توشقان ئوغۇل - قىزلار

گىراۋدان ھېساپلىنىپ، ئۇلارغا گىراۋدانلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىش بەلگىلەندى. ئومۇمەن يۇقىرىلار سىرتقا چىققاندا، گىراۋدانلىق گۇۋاھنامىسى تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، يول خېتى بېرىلدى. گىراۋدانلىق گۇۋاھنامىسى بولمىغان ئاياللارغا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن نىكاھ گۇۋاھنامىسى بەرمەيتتى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگە قەدەر، ناھىيە بويىچە 29 مىڭ 947 (يۇنىڭ 62 سى خەنزۇلارنىڭ، 57 سى خۇيزۇلارنىڭ، 29 مىڭ 824 ى ئۇيغۇرلارنىڭ، بىرى تاجىكنىڭ، 3 ى قىرغىزلارنىڭ) گىراۋدانلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىلدى.

**8) يول يۇرۇش ۋە گۇۋاھنامە تەكشۈرۈش** يول خېتى بېجىرىش تۈزۈمى مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) باشلاندى، كىشىلەر «بىر ناھىيىدىن يەنە بىر ناھىيىگە بېرىپ - كېلىشتە يول خېتى بېجىرىش كېرەك» دەپ بەلگىلەندى. يول خېتى ئالغانلار بارار جايىغا بارغاندا، يول خېتىنى شۇ جايدىكى ج خ ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بېرەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يول خېتى ھېساپتىن چىقىرىۋېتىلەتتى، كېيىن جايلاردىكى ج خ ئىدارىلىرى ئۇنى ئاي ئاخىرىدا خۇلاسە قىلىپ، ئەسلىدىكى گۇۋاھنامە تارقاتقان ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىغا قايتۇرۇپ بېرەتتى. ئامما يول خېتى بېجىرىش ئۈچۈن ھەمىشە 2 — 3 كۈن ئىشتىن قالاتتى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 5 - ئايدا «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ يول خېتى تارقىتىش پرىنسىپى» ئېلان قىلىندى، ئۇنىڭدا: ئومۇمەن ئۆزى تۇرۇشلۇق ناھىيە، شەھەرلەردىن باشقا ناھىيىگە بارماقچى بولغانلار، يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى، گىراۋدانلىق گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ، شۇ جايدىكى ج خ ئورگانلىرىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتىدۇ ھەمدە بارماقچى بولغان جاي ۋە ئىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇلار تەكشۈرۈلۈپ يول خېتى بېرىلگەندىن كېيىن، ئاندىن يولغا چىقىشى كېرەك دەپ بەلگىلەندى.

ج خ ئورگانلىرى ئەگەر زۆرۈر دەپ ھېساپلىغاندا، ياقا يۇرتقا بارىدىغان كىشىلەرگە باشقىلار كېپىل بولغاندىن كېيىن، يول خېتى تارقىتىپ بېرەتتى. باشقا جايلارغا بېرىپ كەلمەكچى بولغانلارغا كېپىل بولۇشتا، كېپىل بولغۇچى يول خېتىنىڭ كۆتىكىگە ئىمزا قويۇپ، تامغا باسسىلا بولاتتى، باشقىدىن كاپالەت خېتى يازمايتتى. يولۇچىلارنىڭ يول خېتىنى زۆرۈر تېپىلغاندا يول ئۈستىدىكى ج خ ئورگانلىرى تەكشۈرەتتى، ئۇلار تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئىسپات ئۈچۈن «تەكشۈرۈلدى» دېگەن تامغا باساتتى.

يولۇچىلار ئاخىرقى بارار جايىغا بارغاندىن كېيىن، يول خېتىنى شۇ جايدىكى ج خ ئورگانلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ھېساپتىن چىقىرىۋېتىشىگە تاپشۇرۇپ بېرەتتى. ئەگەر يول خېتىنىڭ مۇددىتى توشۇپ قالغان بولسا ياكى ئوتتۇرا يولدا يول خېتىدە بەلگىلەنگەن جايدىن باشقا جايغا بارماقچى بولغان بولسا، يولۇچىلار شۇ جايدىكى ج خ ئورگانلىرىدىن باشقىدىن يېڭى يول خېتى ئېلىشى كېرەك ئىدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە توقسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى جەمئىي 2373 يول خېتى تارقاتتى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) بۇ تۈزۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

**9) قورال - ياراغ ئېنىقلاش** مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) توقسۇ ناھىيىلىك قورال - ياراغ ئېنىقلاش كومىتېتى قۇرۇلدى، ھاكىم دەي فېڭچۈەن مۇدىر، ج خ ئىدارىسى باشلىقى گۇ يىڭخۇا مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. قورال - ياراغ ئېنىقلاش كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى ساھە زاتلىرىنى قوزغاپ، خەلقنىڭ قولىدىكى قورال - ياراغ، ئوق - دورىلارنى ئاختۇرۇپ، جەمئىي 6 دانە كونا يەرلىك مىلتىق، 9 يەرلىك تاپانچا، 2 ناگان، 31 يەرلىك مىلتىق، 6 پىلموت، 143 پاي ئوق، بىر گىراناتنى يىغىۋالدى.

**10) ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ساقچىلارنى جازالاش** ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ساقچىلار تۇتۇپ تۇرۇلاتتى ياكى ئۇلارغا جەرىمانە قويۇلاتتى، جەرىمانىنىڭ %20ى تۇتۇپ قېلىنىپ، %80 ى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلاتتى. ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان ساقچىلار دېلوسى ئاي، پەسىل، يىللار بويىچە

يۇقىرىغا يوللىناتتى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) دىن كېيىن، گومىنداڭ كۈچلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، ج خ ئىدارىسى ساقچى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، كۆزىتىش، مەخپىي تۇتۇش، پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق ئىشلار توختىتىلدى. ج خ ئىدارىسىنىڭ كۈچى ئاجىزلاشتۇرۇلۇپ، ئىمتىيازى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا، هاكىم ۋاڭ يۈگېننىڭ رىياسەتچىلىكىدە چاقىرىلغان زۇڭلىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا، ساقچى ئىدارىسى باشلىقى ۋۇ يۈشۈن كېچىكىپ قالغانلىقتىن يېرىم سائەت ئۆرە تۇرۇش جازاسى بېرىلدى. بۇ توقسۇ ناھىيىسىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى.

گومىنداڭ شىنجاڭغا بىۋاسىتە هۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ناھىيىلىك هۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە شۇ يىلى 25 ئادەم ئاجرىتىپ، ناھىيە بويىچە 1 - قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 11 تۈردىكى نوپۇس سانىغا ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيە دائىرىسىدە نوپۇس ئىشلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، مەخسۇس نوپۇس ساقچىسى قويۇلۇپ، شەھەر، يېزىلاردىكى نوپۇس تىزىملاش خىزمىتى باشقۇرۇلدى؛ باۋ - جياغا ئايرىش، ئىشىك نومۇر تاختىسى ئورنىتىش، يەر خىتىنى تەكشۈرۈش، ئەپيۇن ۋە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش قاتارلىق خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) دىن كېيىن، يەنە ساقچىلار تەشكىللىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسىنىڭ هۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈلدى، ئاشكارا ۋە مەخپىي سەپ تۈزۈلۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەرىكىتى بىلەن تىركىشىلدى. مىنگونىڭ 35 - يىلىدىن 38 - يىلىغىچە (1946 — 1949 - يىلىغىچە) ناھىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان 2 قېتىملىق سايلامدا، ساقچى ئىدارىسى ناھىيىلىك هۆكۈمەت ۋە كېڭەشكە ماسلىشىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي تەرەپدارلىرىنىڭ ياشلار تەشكىلاتى — «تۇماندىكى نۇر» نىڭ سايلامغا توسقۇنلۇق قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ سايلىمىنى بۇزدى، نەتىجىدە گومىنداڭچىلارنى سايلىنىشقا ئىگە قىلدى.

## 3. ئاممىۋى ئوت ئۆچۈرۈش

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 8 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ئاممىۋى ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، هامۇت گەيجاڭ باش ئەترەت باشلىقى، هاشىم گەيجاڭ مۇئاۋىن باش ئەترەت باشلىقى بولدى. باش ئەترەت قارمىقىدا تېخنىكا ئەترىتى (جەمئىي 10 كىشى بولۇپ، بىر ئەترەت باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بار ئىدى)، سۇ توشۇش ئەترىتى (جەمئىي 20 كىشى بولۇپ، بىر ئەترەت باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بار ئىدى)، ياردەمچى ئەترەت (جەمئىي 10 كىشى بولۇپ، بىر ئەترەت باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بار ئىدى) قۇرۇلدى.

پۈتۈن ئەترەتتە ئوت ئۆچۈرۈش سايمانلىرىدىن 5 سۇ ناسوسى، 2 جۈپ جاڭ، 40 چىلەك، 10 كەتمەن، 20 ئىلمەك، 10 پالتا، 13 شوتا بار ئىدى. ئوت ئۆچۈرۈش مۇئەسسەسەلىرىدىن بىر ئوت ئاپىتىنى كۆزىتىش راۋىقى، راۋاق ئۈستىدە بىر سىگنال بېرىدىغان داڭ بار ئىدى.

ئوت ئۆچۈرۈش باش ئەترىتى ھەر يەكشەنبە كۈنى بىر قېتىم ئەترەت ئەزالىرىنى يىغىپ تەربىيىلەيتتى. ئۇلارنى ج خ ئىدارىسى ئادەم ئەۋەتىپ نازارەت قىلاتتى. چارلىغۇچى ساقچى ئەمەلدارى تەربىيىچى بولۇپ، ئوت ئۆچۈرۈش تېخنىكىسى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئۆگىتەتتى. 30 ئوت ئۆچۈرۈش خادىمى بولۇپ، ئۇلارنى سودىگەرلەر تاللايتتى.

## 2 §. خەلق ساقچىسى

### 1. ئاپپاراتلار

1950 - يىل 3 - ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى خادىم ئەۋەتىپ، ساقچى ئىدارىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنى قۇردى. ئىدارىدە ئىدارە باشلىقى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، تىلماچ، بۆلۈم ئەزاسى، ساقچى، زاپخوز، ئات باقار، ئاشپەز بولۇپ 8 كىشى بار ئىدى. يىل ئاخىرىغىچە كاتىبات بۆلۈمچىسى، سىياسىي قوغداش بۆلۈمچىسى، ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمچىسى، ئىجرا قىلىش بۆلۈمچىسى قۇرۇلۇپ، خىزمەتچى خادىم 14 كە يەتتى؛ ئۇندىن باشقا 39 كىشىدىن تەشكىللەنگەن ج خ ئەترىتى قۇرۇلدى.

1952 - يىلى ج خ ئىدارىسىغا 18 كادىر، 2 ئىشچى سەپلەپ بېرىلدى، رايونلارغا ئامانلىق ساقلاش خادىمى ئەۋەتىلدى. ج خ ئەترىتىدە 44 ئوفىتسېر - ساقچى بار بولدى.

1954 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي قاتلام ئامانلىق ساقلاش تورى شەكىللەندى. ناھىيىدىكى 21 يېزا، 5 كوچىغا 52 ئامانلىق ساقلاش مۇدىرى، 941 ئامانلىق ساقلاش خادىمى قويۇلدى. ئەينى يىلى ج خ ئىدارىسىدە 30 كىشى، ج خ ئەترىتىدە 35 كىشى بار ئىدى.

1958 - يىلى 3 گوڭشېغا بىردىن ج خ ۋاكالەتچىسى قويۇلدى؛ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە ئامانلىق ساقلاش كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇ كومىتېت 3 — 7 كىچە ئەزادىن تەشكىل قىلىندى.

1961 - يىلى ج خ ئىدارىسىغا سىياسىي تەربىيىچى سەپلەندى، يىغىۋېلىش پونكىتى تەسىس قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 1967 - يىل 3 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كۆچادا تۇرۇشلۇق قىسمى بۇيرۇقنا بىنائەن توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ج خ، تەپتىش، سوت ئورگانلىرىدا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى. 1969 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، ج خ، تەپتىش، سوت كەسپى ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ خەلق قوغداش گۇرۇپپىسىغا بىر تۇتاش قوشۇۋېتىلدى.

1973 - يىل 4 - ئايدا ج خ ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قارمىقىدا مەمۇرىي بۆلۈمچە، ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمچىسى، سىياسىي قوغداش بۆلۈمچىسى، دەسلەپكى سوراق بۆلۈمچىسى، سولاقخانا، بازارلىق ساقچىخانا قۇرۇلدى. 1978 - يىلى دايۇلتۇز ساقچىخانىسى قۇرۇلدى، 1979 - يىل 8 - ئايدا جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتى قۇرۇلدى. 1982 - يىلى تاشئېرىق ساقچىخانىسى ۋە ئېچئېرىق ساقچىخانىسى قۇرۇلدى.

1985 - يىلى قاتناشنى نازارەت قىلىش كەسپى ج خ ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك قاتناش ساقچى ئەترىتى قۇرۇلدى.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئىدارە بويىچە بىر ئىدارە باشلىقى، 2 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار، ئىدارە قارمىقىدا ئىشخانا، دەسلەپكى سوراق بۆلۈمچىسى، قانۇنچىلىق بۆلۈمچىسى، سىياسىي قوغداش بۆلۈمچىسى، سىياسىي خىزمەت بۆلۈمچىسى، ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمچىسى، نوپۇس بۆلۈمچىسى، تاشقى ئىشلار بۆلۈمچىسى، خەۋەرلىشىش بۆلۈمچىسى، جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتى، تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى، قاتناش ساقچى ئەترىتى، سولاقخانا بار بولدى. ناھىيە بويىچە 6 يېزا، بىر بازاردا بىردىن ساقچىخانا قۇرۇلدى. ئىدارىدە كادىر - ساقچى جەمئىي 92 گە يەتتى.

### 2. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش

1950 - يىل 4 - ئايدىن 1953 - يىل 6 - ئايغىچە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى

جازالاش تىزىمى»غا ئاساسەن، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە زىچ ماسلاشقان ھالدا، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، جاسۇس، زومىگەر، ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇيۇشما، ئەكسىيەتچىل پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ غوللۇق ئۇيۇشمىلىرى ۋە باندىتلارغا ئۆلتۈرلۈك زەربە بېرىلدى. ناھىيە بويىچە 30 دىن كۆپرەك باش ئۇيۇشما قولغا ئېلىندى.

1958 ـ يىلى دىنىي ساھەدە ئەكسىلئىنقىلابچىلار تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش بەك چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىلدى. 1978 ـ يىلدىكى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سىياسەت ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئۇلار ئاقلاندى.

90 ـ يىللار كىرگەندىن كېيىن، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ئۆلتۈرلۈك زەربە بېرىلدى. 1993 — 1995 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلغان، قاتىللىق قىلغان، پارتلىتىش بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئۇنىڭغا قاتناشقان 60 تىن ئارتۇق جىنايەتچى قولغا چۈشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى باش جىنايەتچىلەرگە ئۇچۇق سوتتا ھۆكۈم ئېلان قىلىندى. جەمئىي 5 قېتىم ھۆكۈم ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا تەخمىنەن 100 مىڭ ئادەم (قېتىم) قاتناشتى.

## 3. جىنايى ئىشلار رازۋېدكىچىلىقى، قاتتىق زەربە بېرىش

**1) جىنايى ئىشلار رازۋېدكىچىلىقى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ج خ ئورگانلىرى ھەرخىل جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. 1961 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تاشپىرىق گۈڭشې قوشپىرىق چوڭ ئەترىتىنىڭ ئاشپىزى مىراجىخان شەخسىي ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، كوللېكتىپ ئاشخانىسىنىڭ قازىنىغا زەھەر سېلىپ، 66 ئەزانى زەھەرلىگەن. دېلو يۈز بەرگەندىن كېيىن، ج خ ئورگانلىرى دېلونى تېز پاش قىلىپ، جىنايەتچىنى قولغا ئالدى. 1961 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يۈز بەرگەن جىنايى ئىشلار دېلوسى 91 بولۇپ، ئۇنىڭ 76 سى پاش قىلىندى.

1974 ـ يىلى جىنايى ئىشلار دېلوسى كۆپىيىپ 494 كە يەتتى، ئۇنىڭ 312 سى پاش قىلىندى. 1980 ـ يىلى ئوغرىلىق دېلوسى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، 1978 ـ يىلدىكى 296 دىن 320 گە يەتتى. 1984 ـ يىلى بىر ۋېلسىپىت ئوغرىلاش شايكىسى پاش قىلىنىپ، 5 ئوغرى قولغا چۈشۈرۈلدى، 74 ۋېلسىپىت قايتۇرۇۋېلىندى. 1985 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن 14 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 2 سىنئالغۇ، 2 ئۈنئالغۇ ئوغرىلاپ كېتىلدى، ئەمما بۇ دېلو قىسقا مۇددەت ئىچىدە پاش قىلىندى. 1987 ـ يىلدىن باشلاپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، جىنايى ئىشلار دېلوسى ئازايدى، 1988 ـ يىلى 1985 ـ يىلدىكى 232 دىن 193 كە چۈشتى.

90 ـ يىللار كىرگەندىن كېيىن، ج خ ئىدارىسىنىڭ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، ھەرخىل جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە زەربە بېرىش، جەمئىيەت تەرتىپىنى تىنچلاندۇرۇش كۈرىشىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى.

**2) قاتتىق زەربە بېرىش** ج خ ئىدارىسى 1983 ـ يىل 9 ـ ئايدىن باشلاپ، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، كۆپ قېتىم جىنايى ئىشلار ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. 1991 ـ يىلى 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ ئايلاردىكى قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى داۋامىدا، جەمئىي 110 جىنايەتچى تۇتۇلدى، ھەرخىل دېلودىن 57 سى پاش قىلىندى. بىر 18 كىشىلىك ئوغرىلىق شايكىسى، بىر 5 كىشىلىك ئىپپەت نومۇسنى سېتىش شايكىسى قولغا چۈشۈرۈلدى، 11 ۋېلسىپىت قايتۇرۇۋېلىندى.

1994 ـ يىل 1 ـ ئايدا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئۆلتۈرلۈك قىلىپ

ئاپتوموبىل قاراقچىلىرى ۋە يول زومىگەرلىرىگە زەربە بېرىش، ئوغرىلىققا قارشى تۇرۇش، «ئالتە ئاپەتنى يوقىتىش» مەخسۇس كۆرىشىنى قانات يايدۇردى. 70 تىن ئارتۇق ساقچى ئاجرىتىپ، يۇقىراچە كېيىنكەن رازۋېدچىكلارنى ئەۋەتىپ، بىر قاتىلنى، 7 ئوغرىنى تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈردى، 19 ۋېلىسىپىتنى قايتۇرۇۋالدى، ئىپپەت نومۇسىنى ساتقانلار ۋە پاھىشۋازلاردىن 20 نى، 3 ئاپتوموبىل قاراقچىلىرى ۋە يول زومىگەرلىرى شايكىسىنىڭ 9 ئەزاسىنى تۇتتى. يېشىلىپ قالغان 32 دېلونى پاش قىلىپ، 50 نەچچە مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى هارام مالنى قايتۇرۇۋالدى.

1994 ـ يىل 1 ـ ئايدا قانات يايدۇرۇلغان «مەخسۇس تۇر بويىچە تۈزەش» كۆرىشىدە، بىر 9 كىشىلىك يالغان پۇل يۆتكەش شايكىسى قولغا چۈشۈرۈلۈپ، 102 مىڭ يۈەن يالغان پۇل يىغىۋېلىندى. بىر تۈركۈم سېرىق مەزمۇندىكى سىنئالغۇ لېنتىسى، قارت، كىتاب ـ رەسىم ھەم ئۆزى ياسىغان تاپانچا، ئوق، كاپسول قاتارلىق چەكلەنگەن بۇيۇملار يىغىۋېلىندى.

1995 ـ يىلى 4 قېتىم قاتتىق زەربە بېرىش كۆرىشى قانات يايدۇرۇلۇپ، 96 كىشىلىك 8 جىنايەتچىلەر شايكىسى قولغا چۈشۈرۈلدى. بۇلارنىڭ 77 سى قولغا ئېلىشقا يوللاندى، بىرى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەندى، 18 گە ئامانلىق ساقلاش نىزامى بويىچە جازا كۆرۈلدى، 206 مىڭ يۈەن هارام پۇل قايتۇرۇۋېلىندى، بىر تۈركۈم نەشە، خىروئىن، سېرىق مەزمۇندىكى سىنئالغۇ لېنتىسى قاتارلىق چەكلەنگەن بۇيۇملار يىغىۋېلىندى.

ياز پەسىللىك قاتتىق زەربە بېرىش داۋامىدا، 4 موتسىكلىت ئوغرىلاش شايكىسى قولغا چۈشۈرۈلۈپ، 18 موتسىكلىت قايتۇرۇۋېلىندى. 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى هارام ماللارنى قايتۇرۇش يىغىنى ئېچىلىپ، 72 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 12 موتسىكلىت، 5 گىلەم قايتۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلىندى.

## 1953 — 1995 ـ يىلغىچە توقسۇ ناھىيىسىدە بۇز بەرگەن، پاش قىلىنغان دېلولار

جەدۋەل: 7 — 2

| يىللار | بۇز بەرگەن دېلو سانى | پاش قىلىنغان دېلو سانى | بۇنىڭ ئىچىدە: چوڭ دېلو | | يىغىلىپ قالغان دېلودىن پاش قىلىنغىنى | قايتۇرۇپ كېلىنگەن پۇل، ماددىي بۇيۇم (پۇلغا سۇندۇرۇلغان، تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | بۇز بەرگىنى | پاش قىلىنغىنى | | |
| 1953 | 109 | | | | | |
| 1954 | 126 | 108 | | | | |
| 1955 | 64 | 40 | | | | |
| 1956 | 53 | 44 | 4 | 3 | | |
| 1957 | 80 | 62 | 7 | 5 | | |
| 1958 | 71 | 71 | | | | |
| 1959 | 51 | 50 | 11 | | | |
| 1960 | 51 | 50 | 9 | 8 | | |
| 1961 | 91 | 76 | 41 | | | 1.2 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1.5 | | | | 100 | 170 | 1962 |
| 0.9 | | 6 | 7 | 158 | 187 | 1963 |
| 1 | | 5 | 6 | 125 | 162 | 1964 |
| 0.4 | 12 | 8 | 8 | 107 | 149 | 1965 |
| 0.4 | 13 | 4 | 4 | 103 | 150 | 1966 |
| | 28 | 12 | 13 | 172 | 349 | 1967 |
| | 32 | 5 | 6 | 138 | 329 | 1968 |
| 0.4 | 126 | | | 127 | 371 | 1969 |
| | | | | 75 | 307 | 1970 |
| | 28 | 4 | 6 | 164 | 426 | 1971 |
| | 21 | 6 | 7 | 139 | 259 | 1972 |
| 0.9 | 143 | 4 | 9 | 273 | 581 | 1973 |
| 1.1 | 48 | 4 | 4 | 312 | 494 | 1974 |
| 1.5 | | 2 | 4 | 254 | 396 | 1975 |
| 1.1 | 24 | 6 | 6 | 129 | 221 | 1976 |
| 5.3 | 38 | 14 | 15 | 225 | 309 | 1977 |
| | | 17 | 17 | 223 | 308 | 1978 |
| 1 | 27 | 9 | 12 | 266 | 417 | 1979 |
| 3 | 29 | 8 | 8 | 365 | 470 | 1980 |
| 3.9 | | 7 | 11 | 226 | 280 | 1981 |
| 3.8 | | 9 | 9 | 260 | 285 | 1982 |
| 3.5 | | 15 | 19 | 152 | 199 | 1983 |
| 2.7 | | 7 | 8 | 110 | 150 | 1984 |
| 4.3 | | 6 | 8 | 153 | 232 | 1985 |
| | | | | 165 | 203 | 1986 |
| 4.1 | | 24 | 26 | 147 | 175 | 1987 |
| 4.5 | | 19 | 37 | 138 | 193 | 1988 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 4.1 | | 24 | 55 | 131 | 249 | 1989 |
| 4.7 | | 1 | 1 | 106 | 187 | 1990 |
| 9.9 | | 32 | 51 | 147 | 197 | 1991 |
| 2.1 | 40 | 21 | 42 | 75 | 122 | 1992 |
| | | 40 | 62 | 111 | 173 | 1993 |
| 22.9 | 32 | 51 | 73 | 170 | 217 | 1994 |
| 35.9 | | 47 | 73 | 116 | 147 | 1995 |

## 1971 — 1995 ـ يىلىغىچە توقسۇ ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ تۈرلىرى

جەدۋەل: 7 — 3

| باشقىلار | لۈكچەكلىك | ئالدامچىلىق | زەھەرلىك چېكىملىك ئېلىپ سېتىش | ئوغرىلىق | زەخىملەندۈرۈش | ئوت قويۇش | باسقۇنچىلىق | بۇلاڭچىلىق | قاتىللىق | يۈز بەرگەن دېلو يىغىندىسى | يىللار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | | 426 | 1971 |
| | | | | | | | | | | 259 | 1972 |
| | | | | | | | | | | 581 | 1973 |
| 88 | | 1 | | 346 | | | 1 | | 2 | 438 | 1974 |
| 17 | | 2 | 2 | 372 | 1 | 1 | 1 | | | 396 | 1975 |
| 7 | 5 | 1 | 2 | 204 | | | 1 | | 1 | 221 | 1976 |
| 13 | 2 | 1 | | 284 | | | 5 | | 4 | 309 | 1977 |
| 4 | | | | 296 | | 1 | 4 | 2 | 1 | 308 | 1978 |
| 57 | | | | 356 | | | 2 | | 2 | 417 | 1979 |
| 138 | | 3 | | 320 | 6 | | 1 | | 2 | 470 | 1980 |
| 31 | | | | 245 | | | 1 | | 3 | 280 | 1981 |
| | | 3 | 2 | 222 | 1 | | 4 | 2 | 1 | 235 | 1982 |
| 1 | 7 | 3 | | 177 | 2 | | 7 | 1 | 1 | 199 | 1983 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1984 | 150 | 1 | | 1 | | 1 | 145 | | 1 | 1 | |
| 1985 | 232 | | | 2 | | 5 | 165 | | 1 | | 59 |
| 1986 | 203 | 1 | 1 | 2 | | 5 | 188 | | 2 | 3 | |
| 1987 | 175 | 3 | 1 | 8 | | 2 | 157 | 1 | | 1 | 2 |
| 1988 | 193 | 2 | | 4 | | 4 | 178 | | 3 | 1 | 1 |
| 1989 | 249 | 4 | 4 | 1 | | 4 | 229 | 1 | | 4 | 2 |
| 1990 | 187 | 6 | 6 | 3 | 1 | 9 | 156 | 2 | | 4 | |
| 1991 | 197 | 7 | 6 | 6 | 1 | 9 | 158 | 1 | 7 | 1 | 1 |
| 1992 | 122 | 6 | 5 | 5 | | 10 | 88 | | 3 | 4 | 1 |
| 1993 | 173 | 8 | 7 | 5 | | 6 | 123 | 18 | 5 | | 1 |
| 1994 | 217 | 12 | 12 | 8 | 2 | 3 | 142 | 41 | 2 | | 26 |
| 1995 | 147 | 9 | 3 | 8 | | 4 | 115 | 3 | | 1 | 4 |

## 4. ئامانلىق باشقۇرۇش

1) ئالاھىدە كەسىپلەرنى باشقۇرۇش    1987 - يىلى ناھىيە بويىچە 74 ئورۇندا ئالاھىدە كەسىپ بولۇپ، بۇلارنىڭ خادىمى 218 ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مېھمانخانا، ساراي 8، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى مېھمانخانا 3، شەخسىي ساراي 7، خادىمى 102؛ كونا ماللار يايمىسى 3، خادىمى 5؛ خەت بېسىش، قۇيۇش ۋە ئويۇش ئورنى 3، خادىمى 20؛ ۋېلسىپىت، موتسىكلىت، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى رېمونتخانىسى ۋە يايمىسى 50، خادىمى 91؛ ج خ تارماقلىرى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، مەدەنىي باشقۇرۇش، ئىلمىي باشقۇرۇش تەلىپى بويىچە ئالاھىدە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا قەرەللىك ھالدا قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلاردىن ئەھدىنامە تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە مېھمانخانا، دەڭلەرگە «مېھمانلار بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئىشلار»دىن 280 پارچە بېسىپ تارقاتتى.

1994 - يىلى ناھىيە بويىچە 41 ئورۇندا ئالاھىدە كەسىپ يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مېھمانخانا، ساراي 35، كېرەكسىز بۇيۇملارنى سېتىۋېلىش ئورنى 3، خەت قۇيۇش، مەتبەئەچىلىك ئورنى 3؛ ئاممىۋى سورۇن 171. ج خ تارماقلىرى سېرىق مەزمۇندىكى نەرسىلەرنى تازىلاش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىجازەتنامىسى ۋە بىخەتەرلىك لاياقەتنامىسىنى قايتا تەكشۈردى.

2) قورال - ياراغ ۋە ئاسان پارتلايدىغان، ئوت ئالىدىغان نەرسىلەرنى تەكشۈرۈش، مەنئى قىلىش    ھېيت - بايرام كۈنلىرى يولۇچىلار، ئاپتوموبىللار كۆپىيىدىغان مەزگىللەردە، مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرىدە ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا ئاسان ئوت ئالىدىغان، پارتلايدىغان بۇيۇملارنى تەكشۈرۈش، مەنئى قىلىش كۈچەيتىلدى. 1983 — 1988 - يىلغىچە جەمئىي 9 قورال (بۇنىڭ ئىچىدە بىر

ئوۋ مىلتىقلى بار) ، 400 پاي ئوق، 824 دانە كاپسول، 419 مېتىر پىلىك، 76.5 كىلوگرام پارتلىتىش دورىسى يىغىۋېلىندى.

1994 ـ يىلى ناھىيە بويىچە مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۆرىشىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، 53 پەرلىك مىلتىق، 3 ھەربىي مىلتىق، 419 كىلوگرام پارتلىتىش دورىسى، 805 دانە كاپسول، 250 مېتىر پىلىك يىغىۋېلىندى، 1995 ـ يىلى 48 كىلوگرام پارتلىتىش دورىسى، 4 دانە ئۆزى ياسىغان مىلتىق، 214 دانە كاپسول، 50 مېتىر پىلىك، 6 دانە پارتلىتىش ئۈسكۈنىسى يىغىۋېلىندى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى ئامانلىق ساقلاشقا دائىر دېلولار

جەدۋەل: 7 — 4

| يىللار | دېلو سانى | جازالانغان ئادەم سانى | | | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى | جەرىمانە قويۇلغىنى | مەمۇرىي جەھەتتىن تۇتۇپ تۇرۇلغىنى | |
| 1980 | 319 | | | | 295 | |
| 1981 | 280 | 280 | 33 | 64 | 183 | تەنقىد، تەربىيە بېرىلگىنى 79 |
| 1983 | | 229 | 34 | 21 | 174 | |
| 1987 | 122 | 300 | 86 | 57 | 157 | |
| 1988 | 141 | 318 | 143 | 63 | 112 | |
| 1989 | 140 | 324 | 146 | 74 | 104 | |
| 1990 | 174 | 340 | 118 | 61 | 161 | |
| 1991 | 224 | 367 | 74 | 157 | 136 | تەنقىد، تەربىيە بېرىلگىنى 12 |
| 1992 | 249 | 354 | 54 | 176 | 124 | تەنقىد، تەربىيە بېرىلگىنى 5 |
| 1993 | 195 | 410 | 40 | 261 | 109 | تەنقىد، تەربىيە بېرىلگىنى 17 |
| 1994 | 235 | 366 | 23 | 165 | 178 | تەنقىد، تەربىيە بېرىلگىنى 37 |
| 1995 | 242 | 663 | 26 | 424 | 213 | تەنقىد، تەربىيە بېرىلگىنى 3 |

3) زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ئەپيۇن بىلەن نەشە بار. مىنگو دەۋرىدە ئەپيۇن چېكىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ئىدى، نەشە خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغانىدى. نەشە — كەندىر يوپۇرمىقىدىن ئىشلىنىدىغان روھلاندۇرۇش دورىسى بولۇپ، مېڭىنى

كاردىن چىقىرىدۇ، ئادەم بەدىنىگىمۇ زىيانلىق. مىنگو دەۋرىدىكى ھۆكۈمەتلەر نەشىنى چەكلىنىدىغان زەھەرلىك چېكىملىك قاتارىغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى چەكلەش ھەققىدە ئوچۇق پەرمان چۈشۈردى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى يىغىۋېلىپ، ئامباردا ساقلىغان 30 كىلوگرامدىن كۆپرەك نەشىنى ئامما ئالدىدا كۆيدۈردى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ناھىيە مەيدانىدا (ھازىرقى يېمەك - ئىچمەك شىركىتىنىڭ ئەتراپىدا) 25 كىلوگرام نەشە، 30 نەچچە سەيخانىنى كۆيدۈردى، ئەمما نەشە چەككۈچىلەرنى چەكلەپ تۈگەتكىلى بولمىدى. 1951 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا ناھىيە بويىچە 2762 كىشى زەھەرلىك چېكىملىك چەككەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئەپيۇن چەككۈچىلەر 11)، 55 كىشى زەھەرلىك چېكىملىك ئېلىپ ساتقان، 22.5 كىلوگرام نەشە يىغىۋېلىنغان. زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى زور كۈچ بىلەن چەكلەش ئارقىلىق، 1952 - يىل 4 - ئايغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە نەشە چەككۈچىلەر 579 غا ئازايدى، بۇلارنىڭ 35 ياشتىن تۆۋەنلىرى 298؛ 36 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغانلىرى 229؛ 51 ياشتىن يۇقىرىلىرى 52. 1952 - يىلدىن كېيىن، يېزا - كەنتلەردە دېھقانلار جەمئىيىتىدىن پايدىلىنىپ، كەندىر تېرىش تىزگىنلەندى ۋە زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر ئۆزگەرتىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. شۇ يىلى ئەپيۇن ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىلدى، نەشە ئاساسىي جەھەتتىن تازىلاندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، يېزىلاردىكى ئايرىم جايلاردا نەشە چەككۈچىلەر كۆرۈلدى، ئۇلار قايتا - قايتا توسۇلسىمۇ نەشە چېكىشنى تاشلىمىدى. بۇ ئەھۋال تاكى 90 - يىللارغىچە داۋاملىشىپ، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ۋە ئېلىپ سېتىش ئەھۋالى يەنىلا ساقلىنىپ كەلدى. 1991 - يىلى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى ناھىيە دائىرىسىدە زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 63 مو يەردىكى كەندىرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، 45 كىلوگرام نەشىنى يىغىۋالدى، 1441 زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، يېزىلىق ساقچىخانىلار ۋە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكنى مەجبۇرىي تاشلىتىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

1994 - يىلى زەھەرلىك چېكىملىككە چېتىشلىق 41 دېلو تەكشۈرۈلۈپ، بىر ياقلىق قىلىندى، 63 جىنايەتچى قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە زەھەرلىك چېكىملىك چەككەنلەر 28، زەھەرلىك چېكىملىك ئېلىپ ساتقانلار 13، كەندىر تېرىغانلار 22. زەھەرلىك چېكىملىككە چېتىشلىق جىنايەتچىلەردىن 6 سى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەندى، 54 ى ئامانلىق ساقلاش نىزامى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. 4050 گرام نەشە، بىر گرام خىروئىن يىغىۋېلىندى، 20 مىڭ تۈپ كەندىر يۇلۇۋېتىلدى. 1995 - يىلى زەھەرلىك چېكىملىككە چېتىشلىق جىنايەتچىلەر كۆپىيىپ 100 گە يەتتى. شۇ يىلى 4 كىلوگرام نەشە، 100 گرام خىروئىن يىغىۋېلىندى، 20 مىڭ 500 تۈپ كەندىر يۇلۇپ تاشلاندى. زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە «26 - ئىيۇن» زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش كۈنىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، تەشۋىق ۋەرىقى تارقىتىش، دوسكا چىقىرىش، شوئار چاپلاش، رەھبەرلىك تېلېۋىزىيە سۆزى قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چەكلەش تەشۋىق قىلىنىپ، ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

**4) قىمارنى چەكلەش** مىنگو دەۋرىدە قىمارنى چەكلەش ج خ ئىدارىسىنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاممىۋى نازارەت قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، كۆچمەنلەر ۋە لۈكچەكلەر ئۆزگەرتىلىپ، قىمارۋازلىق شامىلى تۈگىتىلدى. 1966 - يىلى سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلغاندا قىمار ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، قىمارۋازلىق ئايرىم جايلاردا قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقتى. 90 - يىللار كىرگەندىن كېيىن، قىمارۋازلىق ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

1991 - يىلى سارايلاردا توپلىشىپ قىمار ئويناش دېلوسى پاش قىلىندى. 1993 - يىلى 5 قىمارۋازلار شايكىسى، 58 جىنايەتچى قولغا چۈشۈرۈلدى، 3000 يۈەن دوغا تىكىلگەن پۇل، 7 قول ھوشۇق مۇسادىرە قىلىندى. 1994 - ۋە 1995 - يىللىرى پاختا سېتىۋېلىش پەسلى يېتىپ كەلگەندە بەزى قىمارۋازلار ئوغرىلىقچە تاۋكا قۇرۇپ، پاختىكارلارنىڭ پۇل - پۇچەك، مال - مۈلكىنى ئالداپ ئېلىۋالدى، ج خ ئورگانلىرى ساقچى چىقىرىپ، قىمارۋازلىقنى چەكلىدى ۋە قىمارۋازلارنى تۇتتى. 1995 - يىلى 38 قىمارۋازلىق دېلوسى تەكشۈرۈلۈپ، 308 كىشى قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇلارنىڭ 10 نىغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى، 219 نىغا جەرىمانە قويۇلدى، 100 ى تۇتۇپ تۇرۇلدى، 2 سى باشقىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

5) ئامانلىق ساقلاش 1951 - يىلى كۈزدە ناھىيە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك، رايونلۇق، يېزىلىق، كەنتلىك دېھقانلار جەمئىيىتى ۋە ئامانلىق ساقلاش كومىتېتى قۇرۇلدى. ئاساسىي قاتلام دېھقانلار جەمئىيىتى ۋە ئامانلىق ساقلاش كومىتېتىدىكى تايانچلارنىڭ ھەممىسى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تەربىيىلىگەن ئاكتىپلار بولۇپ، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلماي، ئىش ھەققى ئالماي، ناھىيىنىڭ شەھەر، يېزىلىرىدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداپ، ھەرخىل جىنايەتچىلەر بىلەن كۈرەش قىلدى، ھەرخىل يامان ئادەملەرنى باشقۇرۇپ، ھورۇن، لۈكچەكلەرنى ئۆزگەرتىشتە گەۋدىلىك نەتىجە ياراتتى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئامانلىق ساقلاش تورى بەرپا قىلىندى.

**1951 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئامانلىق ساقلاش كومىتېتلىرىنىڭ ئورۇنلىشىشى**

جەدۋەل: 7 — 5

| رايون ئايرىمىسى | يېزا دەرىجىلىك ئامانلىق ساقلاش كومىتېتى | | كەنت دەرىجىلىك ئامانلىق ساقلاش كومىتېتى | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|
| | سانى | ئەزاسى | سانى | ئەزاسى | |
| 1 - رايون | 5 | 35 | 46 | 250 | يەنى شەھەر ئەترابى رايونى |
| 2 - رايون | 4 | 20 | 51 | 153 | يەنى ئىچىبىرىق رايونى |
| 3 - رايون | 4 | 26 | 44 | 154 | يەنى تاشئىبىرىق رايونى |
| 4 - رايون | 4 | 28 | 68 | 420 | يەنى دايۇلتۇز رايونى |
| جەمئىي | 17 | 109 | 209 | 977 | كەنت ئامانلىق ساقلاش كومىتې- تى تەبىئىي كەنتنى كۆرسىتىدۇ |

1966 - يىل 5 - ئايدا ناھىيە بويىچە 5 گۇڭشې دەرىجىلىك، 93 چوڭ ئەترەت دەرىجىلىك، 384 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى دەرىجىلىك ئامانلىق ساقلاش كومىتېتى بار ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەردەرىجىلىك ئامانلىق ساقلاش تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

1973 - يىلدىن كېيىن، ھەردەرىجىلىك ئامانلىق ساقلاش تەشكىلاتلىرى پەيدىنپەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1993 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئامانلىق ساقلاش كومىتېتى 195 كە، ئەزاسى 368 گە يەتتى. 1995 - يىلى ناھىيە بويىچە ئامانلىق ساقلاش كومىتېتى 119 غا تەڭشەلدى، ئەزاسى 456 گە يەتكۈزۈلدى.

6) جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش 1985 - يىلدىن باشلاپ، سىياسىي - قانۇن سېپىدە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئالدىنى ئېلىش بىلەن ئۆزگەرتىش

زىچ بىرلەشتۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە ناھىيىلىك، يېزىلىق، كەنتلىك ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى (پاكى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى) قۇرۇلدى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى. 1990 - يىلدىن باشلاپ، ھەردەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىكى مۇقىملىق خىزمىتىنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مەركىزىي خىزمەت قاتارىدا تۇتتى. ناھىيە بويىچە 6 يېزا، بىر بازار، ناھىيە دەرىجىلىك 50 نەچچە ئورگان ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن ھەر تەرەپلىمە تۈزەش مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالىدى، شۇنىڭ بىلەن قاتلاممۇ قاتلام ھەربىي بۇيرۇق ھالىتى شەكىللەندى. 1992 - يىلى مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش دائىرىسى يېزا، بازار، مەيدان ۋە ناھىيە دەرىجىلىك 81 ئورگانغىچە كېڭەيتىلدى. شۇ يىلى يۇلتۇزباغ يېزىسى ۋە ناھىيىلىك 2 - يېڭىلىق سانائەت ئىدارىسى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش بويىچە ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ناھىيە بازىرىدا ئامانلىق ساقلاش بىرلەشمە مۇداپىئە قوماندانلىق شتابى ۋە ئامانلىق ساقلاش بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 15 ئەزا تەقسىم قىلىندى. ئۇلار 1993 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ ج خ ئورگانلىرىغا ياردەملىشىپ دېلو پاش قىلدى ۋە ئامانلىقنى قوغدىدى. شۇ يىلى ئامانلىق ساقلاش بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتى ئەزالىرى 6 جىنايى ئىشلار دېلوسى بىلەن 20 ئامانلىق ساقلاش دېلوسىنى پاش قىلىشقا ياردەملەشتى، ئېغىر يۈرگەن بىر جىنايەتچىنى، 10 ئوغرى جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈردى. ناھىيىدە «ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش» مۇكاپات فوندى تەسىس قىلىندى.

1995 - يىلى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، يېزا - بازارلارغا مەخسۇس سىياسىي - قانۇنغا مەسئۇل مۇئاۋىن شۇجىلار سەپلەندى. شۇ يىلى بىر قارار سىياسىي - قانۇنغا مەسئۇل شۇجىلار كۇرسى ئېچىلىپ، قانۇن بىلىملىرى ئۆگىتىلىپ، ئۇلارنىڭ كەسپىي ساپاسى ئۆستۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر تەرەپلىمە تۈزەش مەسئۇلىيەتنامىسى يەنىمۇ كېڭەيتىلدى، ئىمزا قويۇش نىسبىتى يېزىلاردا %95كە، بازاردا %93 كە يەتتى، شۇ ئارقىلىق ناھىيە خاراكتېرلىك ئاممىۋى مۇداپىئە، ئاممىۋى تۈزەش تورى شەكىللەندى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا، ناھىيە بويىچە ھەردەرىجىلىك جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەرتەرەپلىمە تۈزەش رەھبەرلىك ئاپپاراتى 75 كە، رەھبىرى 444 كە، ئامانلىق ساقلاش كومىتېتى 119 غا، ئەزاسى 456 گە، مۇرەسسە كومىتېتى 189 غا، ئەزاسى 325 كە، كەسپىي ئامانلىق ساقلاش بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتى 8 گە، ئەزاسى 48 گە يەتتى. كەنتلەردە خەلق ئەسكەرلىرى ئاساس قىلىنىپ، ئىشتىن سىرتقى ئامانلىق ساقلاش بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترەتلىرى قۇرۇلدى. بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيىلىك ھەر تەرەپلىمە تۈزەش كومىتېتى ۋە ج خ ئىدارىسى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇلارغا ئامانلىق ساقلاش بويىچە كەسپىي تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگەتتى. ھەردەرىجىلىك ئامانلىق ساقلاش بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ ياردەملىشىشى ئارقىسىدا، شۇ يىلى 100 دىن ئارتۇق دېلو تەكشۈرۈپ چىقىلدى ۋە بىر ياقلىق قىلىندى، 600 دىن كۆپرەك جىنايەتچى قولغا چۈشۈرۈلدى، 120 دىن كۆپرەك جېدەل - ماجىرا بىر تەرەپ قىلىندى، 100 دىن كۆپرەك ۋەقەنىڭ ئالدى ئېلىندى. 44 مىڭ يۈەنلىك ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش مۇكاپات فوندى توپلىنىپ، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن 5 ئىلغار شەخس مۇكاپاتلاندى.

10 نەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، توقسۇ ناھىيىلىك ھەرتەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى مۇنتىزىملىشىش يولىغا كىرگۈزۈلۈپ، پارتىيە تەشكىلاتى يادرو، ئامانلىق قوغدىغۇچىلار، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىلار تايانچ، بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتى ئەزالىرى ئاساسىي گەۋدە، ئامانلىق قوغدىغۇچىلار، نۆۋەتچىلەر ئاساس قىلىنغان مۇكەممەل ئاممىۋى مۇداپىئە، ئاممىۋى تۈزەش تورى شەكىللەندى.

**7) مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇش** 80 - يىللاردىن بۇيان، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشتا كاۋاك ساقلاندى، بۇنىڭدا ئاساسلىقى باشقۇرۇش قاتتىق بولمىدى، مەسئۇلىيەت چېكى ئوچۇق بولمىدى. 1995 - يىلى تەشۋىقات، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، ج خ، مەدەنىيەت، بىرلىك سەپ،

دىنىي ئىشلار قاتارلىق تارماقلار يۇقىرىنىڭ تەلىپى بويىچە، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاستىدا بىرلىشىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشقا ئالاقىدار قائىدە - نىزام ۋە مۇجەتلەرنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇردى، پائال تەدبىر قوللىنىپ، مەدەنىيەت بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 8 قېتىم زەربىدارلىق بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، 400 قاپتىن كۆپرەك سېرىق مەزمۇندىكى ئۈنئالغۇ لېنتىسى، 10 قاپ سېرىق مەزمۇندىكى سىنئالغۇ لېنتىسى، 240 مىڭ پارچە قانۇنسىز دىنىي كىتاب قولغا چۈشۈرۈلۈپ، ئىجتىمائىي مۇھىت ساپلاشتۇرۇلدى.

## قوشۇمچە
## گۇڭشېلاردىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئەترىتى

1958 - يىلى ئەتىيازدا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، گۇڭشېلاردا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئەترىتى قۇرۇلدى.

ناھىيە بويىچە 21 كادىر ئاجرىتىلىپ، 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە ئاما ئەمىنلىكەن يىپ ئۇچىغا ئاساسەن، ئەكتى ئېنىقلىنىپ ۋە رەتكە تۇرغۇزۇلۇپ، جەمئىي 312 پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇر ۋە ھەرخىل جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسى ئېنىقلاپ چىقىلدى، 3 ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، يۇقىرىدىكى كىشىلەردىن ئېغىرراق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئەترىتىدە 114ى، ئاشىرىق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئەترىتىدە 115ى، دائىملىق ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئەترىتىدە 83ى باشقۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىدىغان بۇ 312 كىشىنىڭ 14ى ئەكسىلئىنقىلابچى، 18ى پومېشچىك، 29ى باي دېھقان، 120سى بۇزۇق ئۇنسۇر، 131ى جىنايى ئىشلار جىنايەتچىسى. بۇلار كۈندۈزى يىغىلىپ نازارەت ئاستىدا ئەمگەككە سېلىنىدى، ئاخشىمى بىر - بىرىنى نازارەت قىلدۇرۇلدى، ئۇلار مەسىلىلەرنى پاش قىلىپ ۋە جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىپ، خىزمەت كۆرسىتىپ جىنايىتىنى يۇدى.

گۇڭشېلاردىكى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئەترىتى 4 - ئايدا تارقىتىۋېتىلدى، بىر ئاي مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. تارقىتىۋېتىلىشتىن ئىلگىرى 312 ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئوبيېكتى باھالاندى، ئۇلارنىڭ 11ى قولغا ئېلىنىدى، 20سى رىجىمغا ئېلىنىدى، 46 سى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىدىغان، 78ى نازارەت ئاستىدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى، 157 سى قويۇپ بېرىلدى.

## 5. قاتناش باشقۇرۇش

1987 - يىلى ج خ ئىدارىسىدە قاتناش ساقچى ئەترىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى بۇ ئەترەت 10 مىڭ 796 ۋېلسىپىتقا نومۇر باستى ۋە نومۇر تاختىسى تارقىتىپ بەردى. 1988 - يىلى 3300 ۋېلسىپىتقا، 1200 ئۇلاغ ھارۋىسىغا نومۇر باستى، يولۇچى ۋە يۈك توشۇيدىغان ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىدىن قېتىم سانى بويىچە 28 مىڭ 620 نى تەكشۈرۈپ، قائىدىگە خىلاپلىق قىلغان 408 ئادەم (قېتىم) نىڭ مەسىلىسىنى تۈزەتتى. 14 ئورۇنغا قاتناش بىخەتەرلىك يول بەلگىسى ئورناتتى، يىلىغا 233 چوڭ - كىچىك ئاپتوموبىلنى ۋە 300 شوپۇرنى تەكشۈردى. شۇ يىلى 31 قېتىم قاتناش ھادىسى يۈز بەردى، 13 ئادەم ئۆلدى، 26 ئادەم يارىلاندى، 187 مىڭ 800 يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى. 1995 - يىلى قاتناش ھادىسىسى كۆپىيىپ، 67 گە يەتتى،

28 ئادەم ئۆلدى، 12 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

1995 - يىلى قاتناش ساقچىلىرى ئارىسىدا مەدەنىي ۋەزىپە ئىجرا قىلىش، كىشىلەرگە ئەدەپلىك مۇئامىلە قىلىش تەشەببۇس قىلىندى، ھەر جۈمە كۈنى تەلىم - تەربىيە كۈنى قىلىپ بېكىتىلىپ، يىغىپ تەربىيىلەش ئارقىلىق، قاتناش ساقچىلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تاشيولدىكى «ئۈچ قالايمىقان»نى تۈپتىن تۈگىتىش يۈزىسىدىن، خالىغانچە جەرىمانە قويۇش، خالىغانچە ئاپتوموبىلنى تۇتۇپ قېلىش ۋە خالىغانچە شوپۇرلۇق كىنىشكىسىنى تۇتۇپ قېلىش قاتتىق مەنئى قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە توقسۇننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، قاتناش - قائىدە نىزاملىرى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىنىپ، ئۇلاغ ھارۋىسى، ۋېلىسىپىت، موتسىكلىتلارنى ئۆز يولىدا ماڭىدىغان قىلدى، قاتناش ۋاستىلىرىنى قائىدىگە خىلاپ ھالدا توختىتىۋالىدىغان ۋە ماڭىدىغان ئىشلار ئازايتىلدى.

## توقسۇ ناھىيىسىدە 1980 — 1995 - يىلغىچە يۈز بەرگەن قاتناش ھادىسىسى

جەدۋەل: 7 — 6

| يىللار | يۈز بەرگەن ھادىسە | ئۆلگەن ئادەم | يارىلانغان ئادەم | ئىقتىسادىي زىيان (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|
| 1980 | 39 | 11 | 22 | 2.9 |
| 1981 | 48 | 18 | 53 | 1.7 |
| 1982 | 46 | 11 | 93 | 2.8 |
| 1983 | 50 | 9 | 49 | 2.8 |
| 1984 | 31 | 10 | 31 | 3.6 |
| 1985 | 44 | 15 | 36 | 12.4 |
| 1986 | 45 | 22 | 51 | 3.7 |
| 1987 | 58 | 18 | 67 | 6.9 |
| 1988 | 31 | 13 | 26 | 18.7 |
| 1989 | 76 | 9 | 24 | 9.7 |
| 1990 | 51 | 20 | 9 | 1.7 |
| 1991 | 9 | 5 | 3 | 1.1 |
| 1992 | 27 | 9 | 2 | 1.4 |
| 1993 | 15 | 19 | 2 | 1 |
| 1994 | 38 | 9 | 2 | 0.86 |
| 1995 | 67 | 28 | 0 | 1.2 |

## 6 . نوپۇس باشقۇرۇش

1954 - يىلى بازاردا نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلۇپ، دائىملىق ئاھالىلەرگە نوپۇس دەپتىرى تارقىتىپ بېرىلدى. يېزىلاردا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەزالارنىڭ نوپۇسىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ بوغالتىرى قوشۇمچە باشقۇردى. 1964 - يىلدىن كېيىن، نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ساقچىخانىلارغا نوپۇس باشقۇرۇش خادىمى سەپلەندى، ج خ ئىدارىسىگە مەخسۇس نوپۇس ساقچىسى قويۇلدى، ئۇ نوپۇسنى سۆكۈش، نوپۇسنى يۆتكەپ كېلىش، تۇغۇلغانلارنى، ئۆلگەنلەرنى ۋە نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنى تىزىملاش ئىشلىرىنى بېجىردى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ كۆچمە نوپۇسى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1985 - يىلدىن باشلاپ، ۋاقىتلىق نوپۇسنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، كەلگەنلەر تىزىملاندى، كەتكەنلەر نوپۇستىن ئۆچۈرۈلدى، ئۇزۇنراق تۇرىدىغانلارغا ۋاقىتلىق تۇرۇش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. 1987 - يىلى 486 ۋاقىتلىق نوپۇس تىزىملىنىپ، ئۇلارنىڭ 340 نىغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى. 1988 - يىلى 827 كىشى تىزىملاندى، 469 كىشىگە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى.

1995 - يىلى ج خ، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، پىلانلىق تۇغۇت، خەلق ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلار بىرلىكتە كۆچمە نوپۇسلارنى 3 قېتىم تەكشۈردى، ئىشچى ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارغا قارىتا ئامانلىقنى قوغداش بويىچە كېپىللىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كۆچمە نوپۇسلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى.

1987 - يىلى بازاردا دېلو سادىر قىلىش ئېھتىمالى بولغان گۇماندارلار، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەن ۋە ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشتىن بوشانغانلار، ئازغان ياشلاردىن 165 ى نۇقتىلىق باشقۇرۇلىدىغان نوپۇس قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، 86 ئازغان ياشقا تەربىيە بېرىلدى (يىل ئاخىرىدا 60 ى ئۆزگەردى). 1988 - يىلى 163 كىشى نۇقتىلىق باشقۇرۇلىدىغان نوپۇس قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، يىل ئاخىرىدا 99 ى تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇشتىن چىقىرىۋېتىلدى. يىل بېشىدا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 59 ياشقا تەربىيە بېرىلگەندىن كېيىن، 35ى كۆرۈنەرلىك ئۆزگەردى.

1995 - يىلى ج خ ئىدارىسى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلگەن، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەشتىن بوشانغانلار ۋە باشقا نۇقتىلىق نوپۇسلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەكتىنى ئىگىلىدى ۋە ئۇلارنى رەتكە تۇرغۇزدى، ئۇلارغا ئارخىپ كارتوچكىسى تۇرغۇزۇپ، نازارەت قىلىپ تىزگىنلەش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەرىكەتچان باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

## 7 . سولاقخانىلارنى باشقۇرۇش

1950 - يىلى مىنگو دەۋرىدىكى كونا تۈزۈم داۋاملىق قوللىنىلغاچقا، سولاقخانىلارنى سوت مەھكىمىسى باشقۇرغانىدى. 1951 - يىل 7 - ئايدا ج خ ئىدارىسىنىڭ ئىجرا قىلىش بۆلۈمچىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1961 - يىلى ئىجرا قىلىش بۆلۈمچىسىنىڭ نامى سولاقخانىغا ئۆزگەرتىلدى.

سولاقخانىدا قاماقتىكى جىنايەتچىلەرگە جىنايىتى تونۇتۇلدى، بېرىلگەن جازاغا قايىل قىلىندى ۋە ئۇلارغا قانۇن بىلىملىرى تەربىيىسى بېرىلدى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، قېچىپ كېتىش، سولاقخانىدا جېدەل چىقىرىش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ ئالدى ئېلىندى. ناھىيىلىك ئەدلىيە، تەپتىش ئورگانلىرى قەرەللىك ھالدا سولاقخانىنى چارلاپ، تەكشۈرۈپ تۇردى.

## 8. ئوت ئۆچۈرۈش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

توقسۇ ناھىيىسىدە كەسپىي ئوت ئۆچۈرۈش ئاپپاراتى يوق. 1949 - يىلدىن بۇيان بىر قانچە قېتىم خېلى چوڭ ئوت ئاپىتى يۈز بەردى. 1962 - يىل 12 - ئايدا شويۇلتۇز گۇڭشې ئۆگەن چوڭ ئەترىتىنىڭ تۈگمىنىگە ئوت كېتىپ، بىر تۈگمەن، 5066 كىلوگرام ئاشلىق كۆيۈپ كەتتى. 1975 - يىل 12 - ئايدا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 14 ئېغىز ئۆي كۆيۈپ ۋەيران بولدى، 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق زىيان بولدى.

1982 - يىل 12 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش، بىخەتەرلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك چوڭ كارخانا، زاۋۇت، ئامبارلارنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇلارنى قەرەللىك ھالدا ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش، بىخەتەرلىك جەھەتتە تەكشۈردى.

1995 - يىلى ناھىيە بويىچە قارامايدىكى «8 - دېكابىر» ئوت ئاپىتىنىڭ ساۋىقى قوبۇل قىلىنىپ، بىخەتەرلىك بويىچە 5 قېتىم چوڭ تەكشۈرۈش تەشكىللەندى، 150 ئورۇندىكى ئوت ئاپىتى يۈز بېرىش خەۋپى يوشۇرۇنغان 24 جايىنى تەرتىپكە سېلىپ ئۈنۈملۈك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «9 - نويابىر» ئوت ئۆچۈرۈش كۈنىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش تەشۋىقات تەربىيىسى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى 9 قېتىم ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 14 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى.

توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردا يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى

جەدۋەل: 7 — 7

| يىللار | سانى | ئۆلگەنلەر | ئىقتىسادىي زىيان (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1978 | 1 | | |
| 1979 | 3 | 3 | 1.03 |
| 1981 | 7 | | 30 |
| 1983 | 3 | 1 | 0.04 |
| 1984 | 9 | | 0.55 |
| 1985 | 13 | 1 | 0.45 |
| 1987 | 5 | | 0.16 |
| 1988 | 5 | | |
| 1989 | 12 | | 3.03 |
| 1990 | 14 | | 5.28 |
| 1994 | 5 | | 21.5 |
| 1995 | 9 | | 1.4 |

# 9. تاشقى ئىشلار ۋە مۇھاجىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، تاشقى ئىشلارنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان ئاپپارات يوق ئىدى. ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى توقسۇ ناھىيىسىدە سودا قىلىدىغان ۋە تۇرىدىغان چەت ئەللىكلەرنى ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەر بىلەن ئىقتىسادىي ئالاقە قىلىدىغان، مالنى ـ مالغا ئالماشتۇرۇش سودىسى قىلىدىغان ۋە ئىقتىسادىي توختىمى بولغان ناھىيە پۇقرالىرىنى ئىگىلەشكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، ئۇلارنى رويخەتكە ئېلىپ تىزىملاپ تۇراتتى. چەت ئەلگە چىقىپ ھەج قىلىش، سودا قىلىش، تۇغقان يوقلاش ۋە ئوقۇشنى ئىلتىماس قىلغانلارغا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت (ياكى ج خ ئىدارىسى) ئىسپات يېزىپ بەرگەندىن كېيىن، تاشقى ئىشلار تارماقلىرى چەت ئەلگە چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاشقى ئىشلار خىزمىتىنى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ۋە ج خ ئىدارىسىنىڭ سىياسىي قوغداش بۆلۈمچىسى بىلەن تاشقى ئىشلار بۆلۈمچىسى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىدى.

1979 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 25 ئائىلىلىك مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتى بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى ئامېرىكا مۇھاجىرى، 20 سى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرى، 2 سى سەئۇدى ئەرەبىستانى مۇھاجىرى، بىرى ھىندونېزىيە مۇھاجىرى، بىرى سىنگاپور مۇھاجىرى، 2 سى تەيۋەنلىك ئائىلە تاۋابىئاتى، بىرى شياڭگاڭلىق ئائىلە تاۋابىئاتى بولۇپ جەمئىي 56 كىشى ئىكەن. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر 52، خەنزۇ بىر، رۇس 3. مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە شياڭگاڭلىقلار، تەيۋەنلىكلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىچىدە ئىشچى ـ خىزمەتچى ئائىلىسى 14، دېھقان ئائىلىسى 12، بازار ئائىلىسى بىر ئىكەن.

1978 ـ يىلى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقتىن، ھەج قىلىش، ساياھەت قىلىش، تۇغقان يوقلاش ۋە سودا ئىشلىرى بىلەن چەت ئەلگە چىقىدىغانلار يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى. يېڭى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1990 ـ يىل 7 ـ ئايدا ج خ ئىدارىسىدا تاشقى ئىشلار بۆلۈمچىسى قۇرۇلدى.

1988 ـ يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، شۇ يىلى كېلىپ كەتكەن چەت ئەللىكلەر 394 ئادەم (قېتىم) غە يەتكەن، ئۇلار 20 دۆلەتتىن كەلگەن، سوۋېت ئىتتىپاقى، پاكىستاندىن توقسۇ ناھىيىسىگە تۇغقان يوقلاشقا 14 مۇھاجىر كەلگەن، غەربىي ئاسىياغا تۇغقان يوقلاش، ھەج قىلىشقا 24 كىشى تەستىق ئالغان. 1993 ـ يىلى (12 ـ ئاينى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) توقسۇدا 4 دۆلەتتىن كەلگەن 25 چەت ئەللىك تۇرغان، 160 كىشى چەت ئەلگە چىقىپ تۇغقان يوقلاشنى ئىلتىماس قىلغان، بۇلاردىن 36 سى تەستىقلانغان؛ چەت ئەلدىن 31 مۇھاجىر توقسۇغا كېلىپ تۇغقان يوقلاشنى ئىلتىماس قىلغان، ئۇلاردىن 8 ى تەستىقلانغان.

**1984 — 1995 ـ يىلغىچە توقسۇ ناھىيىسىدىن چەت ئەلگە چىققانلار**

جەدۋەل: 7 — 8

| يىللار | ئادەم سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئاياللار | تۇغقان يوقلاشقا بارغانلار | ھەج قىلىشقا بارغانلار | قايتىپ كەلگەنلەر | |
| 1984 | 5 | | | 5 | 5 | |
| 1985 | 19 | 2 | | 19 | 19 | |
| 1986 | 11 | 1 | | 11 | 11 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1987 | 15 | 4 | | 15 | 15 | |
| 1988 | 14 | 2 | 13 | 1 | 11 | |
| 1989 | 4 | 1 | 3 | 1 | 1 | |
| 1990 | 9 | | 7 | 2 | 2 | ئىككى كىشى مەككىدە ئۆلۈپ كەتتى |
| 1991 | 11 | | | | | |
| 1992 | 12 | | | | | |
| 1993 | 36 | | 36 | | 36 | |
| 1994 | 9 | | 5 | 4 | | |
| 1995 | 20 | | 11 | 9 | 9 | |

# Ⅱ باب

# سوت قىلىش

## 1 § . مىنگو دەۋرىدىكى ئەدلىيە ئىشلىرى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە بارلىق ھەق - تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلوسىنى كوچا ئايماقلىق يامۇل ۋە مەھكىمە شەرئىي بىجىرەتتى.

مىنگونىڭ 2 - يىلىدىن 11 - يىلىغىچە (1913 — 1922 - يىلىغىچە) كوچا ناھىيىلىك يامۇل ۋە توقسۇ مەھكىمە شەرئىسى بىجىرىدىغان بولىدى. مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) دىن كېيىن، ھەرخىل ھەق - تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىغا توقسۇنىڭ ياردەمچى ئامبىلى ياكى ھاكىمى ھۆكۈم چىقىرىدىغان بولدى. بەزى دېلولارنى ھاكىم توقسۇ مەھكىمە شەرئىيسىنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ بېرەتتى. مەھكىمە شەرئىدە بىر قازى بولۇپ، ئۇ مەخسۇس ئەدلىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، ھەق - تەلەپ دەۋالىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى.

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) دىن كېيىن، ھاكىم ئەدلىيە ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى. ناھىيىلىك يامۇلدا سولاقخانا قۇرۇلۇپ، جىنايەتچىلەر شۇنىڭغا قامالدى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، «ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنى» بىلەن «ئەپيۇنى چەكلەش، ئەپيۇن جىنايەتچىلىرىنى جازالاش نىزامى» ئېلان قىلىندى. ھاكىم دېلوغا ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن، ھۆكۈمنامە جازالاش بۇيرۇقى شەكلى بىلەن جىنايەتچىگە يەتكۈزۈلۈپ بېرىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە

رازۋېدكا خاتىرىسى بىلەن سوراق خاتىرىسى، جازالاش بۇيرۇقى قاتارلىقلارنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسى ج خ ئىدارىسى باشلىقىغا يەتكۈزۈپ بېرىلەتتى. بۇ مەزگىلدە، ئادەتتىكى شىكايەت ۋە ھەق - تەلەپ، جىنايى ئىشلار دېلوسىنى باش ئىسمىنا ياكى تېز ئىسمىنا بىر تەرەپ قىلاتتى، مۇھىم دېلولارنى ھاكىم ئۆزى بىۋاسىتە سوراق قىلاتتى. سوراقخانىدا قىيناپ سوراق قىلىپ، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) دىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە سوراق قىلغۇچى، پۈتۈكچى قاتارلىق ئەدلىيە خادىملىرى كۆپەيتىلدى، ئۇلار ھاكىمنىڭ دېلو بېجىرىشىگە ياردەملەشتى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 2 - ئايدا ھاكىم سوتچىلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، ھاكىمنىڭ قول ئاستىدا بىر زاسىبداتېل، بىر پۈتۈكچى، بىر سولاقخانا باشلىقى، بىر قانۇن دوختۇرى، بىر سولاقخانا مۇدىرى، بىر سولاقخانا چېرىكى ۋە 3 سولاقخانا قاراۋۇلى قويۇلدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 12 - ئايدا ئۆلكىلىك يۇقىرى سوت مەھكىمىسى كۆرسەتمە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئەدلىيە كەسپىنى كۇچا يەرلىك سوت مەھكىمىسىگە قوشۇۋەتتى. توقسۇ ناھىيىلىك كېڭەش بۇنىڭغا قارشى تەكلىپ بېرىپ، ئۆلكىلىك سوت مەھكىمىسىگە ئالاقە يوللاپ، ئۇنىڭ زىيىنىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، بۇيرۇقنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلدى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئەدلىيە كەسپى كۇچا يەرلىك سوت مەھكىمىسىگە قوشۇۋېتىلدى. 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھەرخىل ھەق - تەلەپ دېلولىرى ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى قوبۇل قىلىشنى توختاتتى. كۇچا يەرلىك سوت مەھكىمىسى قەرەللىك ھالدا توقسۇغا خادىم ئەۋەتىپ، دېلولارنى سەييارە بېجىردى.

مىنگو دەۋرىدە مەھكىمە شەرئى ئىزچىل ساقلىنىپ قالدى. قازى ھاكىم تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ بەرگەن ھەرخىل ھەق - تەلەپ دېلولىرى ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بېجىرەدى ياكى ھەرخىل ھەق - تەلەپ دېلولىرىنى مۇستەقىل بېجىردى. قازى دېلوغا ھۆكۈم چىقارغاندا، شەرىئەتنى ئاساس قىلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 6 - ئايدا مەھكىمە شەرئىنىڭ پائالىيىتى توختىدى.

## § 2 . خەلق سوت مەھكىمىسى

### 1. ئاپپاراتلار

1950 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، ھاكىم مەھكىمە باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. سوت مەھكىمىسىدە ئۇنىۋېرسال سوت كوللېگىيىسى ۋە سولاقخانا تەسىس قىلىندى. ئەينى ۋاقىتتا 7 كادىر ۋە 12 قانۇن ساقچىسى، قاراۋۇل بار ئىدى. 1951 - يىل 7 - ئايدا سولاقخانا ج خ ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا ھاكىم كېسەل بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، مۇئاۋىن ھاكىم مەھكىمە باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. 12 - ئايدا خەلق سوتى قۇرۇلدى، ئۇ 2 كادىر، 3 خەلق زاسىبداتېلىدىن تەشكىل قىلىندى، مۇئاۋىن ھاكىم سوت باشلىقلىقىنى، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇئاۋىن سوت باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. 1953 - يىلى خەلق سوتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1953 — 1955 - يىل 12 - ئايغىچە مۇئاۋىن ھاكىم ياكى ھاكىم مەھكىمە باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى. 1956 - يىلى مىجىت ئەمەر مەخسۇس مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى: شۇ يىلى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى ۋە ھەق - تەلەپ سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى ھەمدە كاتىبات ئىشخانىسى ۋە كۆزىتىۋېلىش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى.

1958 ـ يىل 5 ـ ئايدا چاقىرىلغان ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا مىجىت ئەمەر سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ج خ، تەپتىش، سوت ئورگانلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1967 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى. ئەسلىدىكى ج خ، تەپتىش، سوت خادىملىرى ناھىيىلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسىغا يىغىۋېلىنىپ، 2 يىل كۆرەش قىلىندى، تەنقىد قىلىندى ۋە ئۆزگەرتىلدى. 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوت خىزمىتىگە ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولدى.

1973 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، توختى زايىر مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بولدى، مەھكىمىدە 9 كادىر بار بولدى.

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سوت مەھكىمىسىدە جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى، ھەق ـ تەلەپ سوت كوللېگىيىسى، ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى، مەمۇرىي سوت كوللېگىيىسى، ئەرزىيەت كوللېگىيىسى، ئىجرا قىلىش كوللېگىيىسى (ئەرزىيەت كوللېگىيىسى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى، ئەمما ئايرىم ۋۇيۇسكا ئاستى)، ئىشخانا، ئەرزىيەت ئىشخانىسى، سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، دايۇلتۇز خەلق سوتى، پەيشەنبە بازار خەلق سوتى قۇرۇلدى. كادىر 47 گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە بىر مەھكىمە باشلىقى، 3 مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى بار)، مۇئاۋىن رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىردىن 12 سى، سوتچىدىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلاردىن 16 سى، ياردەمچى سوتچى ۋە پۈتۈكچى ئۇنۋانى بارلاردىن 31 ى بار بولدى.

### ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە باشلىق، شۇجى بولغانلار

جەدۋەل: 7 — 9

| ئىسىم ـ فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| ئابلىز ھاموت | ئۇيغۇر | قوشۇمچە مەھكىمە باشلىقى | 1951.9 — 1950.12 |
| دۇەن دويۇ | خەنزۇ | قوشۇمچە مەھكىمە باشلىقى | 1954.12 — 1951.9 |
| ئابلا سابىت | ئۇيغۇر | قوشۇمچە مەھكىمە باشلىقى | 1956.12 — 1954.12 |
| چاڭ كۇچېڭ | خەنزۇ | قوشۇمچە مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | 1955.12 — 1954.12 |
| مىجىت ئەمەر | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | 1958.5 — 1956.3 |
| مىجىت ئەمەر | ئۇيغۇر | مەھكىمە باشلىقى | 1967.3 — 1958.5 |
| توختى زايىر | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | 1978.11 — 1973.3 |
| توختى زايىر | ئۇيغۇر | مەھكىمە باشلىقى | 1987.6 — 1978.11 |
| قېيۇم خالىق | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | 1984.8 — 1981.2 |
| تياڭ چۈەنشۈن | خەنزۇ | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | 1989.6 — 1981.9 |
| مۇھەممەت بەكرى | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | — 1984.8 |
| ماپىز يولداش | ئۇيغۇر | مەھكىمە باشلىقى | 1993.1 — 1987.6 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| يۈ گولياڭ | خەنزۇ | پارتگۇرۇپپا شۇجىسى، مۇئاۋىن باشلىق | 1994.9 — |
| سۈن بياۋ | خەنزۇ | پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى، مۇئاۋىن باشلىق | 1994.2 — |
| ۋاڭ شياڭدۇڭ | خەنزۇ | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى | 1992.9 — 1994.12 |
| راخمان كېرىم | ئۇيغۇر | مەھكىمە باشلىقى | 1993.1 — |

## 2. سوت قىلىش تەرتىپى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، بىر ئادەم دېلو بېجىرىش، كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىش، پارتكوم تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم ئېلان قىلىشتىن ئىبارەت سوت قىلىش تەرتىپى قوللىنىلغانىدى.

1951 — 1954 - يىلغىچە بىر سوتچى، 2 خەلق زاسېداتېلىدىن كېڭەشمە سوت تەشكىل قىلىنىپ، سوت قىلىنىدىغان بولدى.

سوتتا سوت قىلىنىپ تاماملانغان دېلولار سوت ھەيئىتىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن پارتكومنىڭ تەستىقلىشىغا (3 يىلدىن تۆۋەن قاماق جازاسىنى ناھىيىلىك پارتكوم تەكشۈرۈپ تەستىقلايتتى، 3 يىلدىن يۇقىرى قاماق جازاسىنى ئوتتۇرا سوت تەكشۈرۈپ تەستىقلايتتى) يوللاندى. 1954 - يىلدىن كېيىن، ئومۇمەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىنىڭ ھەممىسىنى ناھىيىلىك پارتكوم تەستىقلىدى، سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم قىلدى.

1979 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سوت مەھكىمىسى تەشكىلىي قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سوت مەھكىمىسى قانۇن بويىچە ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈپ، ھۆكۈمەت ئەيىبلىگەن ياكى ئۆزى ئەيىبلىگەن، بىرىنچى سوتتا سوت قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوت قىلىش تەرتىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلدى.

ھەق - تەلەپ دېلوسىنىڭ سوت قىلىنىش تەرتىپىدە، ئىزچىل ھالدا ئاددىي تەرتىپ قوللىنىلدى. 1982 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق - تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق نۇسخىسى)» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سوت قىلىش تەرتىپى ئاددىي تەرتىپتىن ئومۇمىي تەرتىپكە يۈزلىنىشكە باشلىدى. 1984 - يىلدىن كېيىن، بىرىنچى سوتتا سوت قىلىنغان ھەق تەلەپ دېلولىرىنىڭ ھەممىسى بىرىنچى سوت تەرتىپى (ئاددىي تەرتىپ، ئومۇمىي تەرتىپ) بويىچە مۇرەسسە ۋە سوت قىلىندى.

1985 - يىل 4 - ئايدىن باشلاپ، كۆپىنچە ئىقتىسادىي دېلولار ئومۇمىي تەرتىپ بويىچە سوت قىلىندى، ئايرىم ساندىكى يېنىك ئىقتىسادىي دېلولاردا ئاددىي تەرتىپ قوللىنىلدى.

## 3. خەلق زاسېداتېلى

1951 - يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سوت مەھكىمىسى ۋاقىتلىق تەشكىلىي نىزامى» دىكى

بەلگىلىمىلەر بويىچە، ناھىيىلىك ھەر مىللەت ـ ھەرساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىدا 4 خەلق زاسېداتېلى سايلاپ چىقىلدى، ئۇلار مۇھىم دېلولارنى سوت قىلىشقا قاتناشتى. 1954 ـ يىلى 1 ـ قېتىملىق ئاساسىي قاتلام سايلىمىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك 61 خەلق زاسېداتېلى سايلاپ چىقىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، خەلق زاسېداتېلى تۈزۈمى توختاپ قالدى. 1973 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە، خەلق زاسېداتېلى تۈزۈمىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1980 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يىغىندىن 86 خەلق زاسېداتېلى (يېزىلاردا 84، بازاردا 2) سايلاپ چىقىلدى، ئۇلار يېرىمدىن كۆپرەك جىنايى ئىشلار دېلولىرىغا قاتناشتى.

## 4. جىنايى ئىشلار سوت خىزمىتى

1950 — 1953 ـ يىلغىچە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى داۋامىدا جەمئىي 115 جىنايى ئىشلار دېلوسى سوت قىلىندى.

1954 — 1957 ـ يىلغىچە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىگە ماسلىشىلىپ، 521 جىنايى ئىشلار دېلوسى سوت قىلىندى.

1958 — 1965 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىگىچە، 533 جىنايى ئىشلار دېلوسى سوت قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش دېلولىرى ناھەق، يالغان، خاتا دېلو ھېسابلىنىپ كېيىن ئاقلاندى.

1966 — 1976 ـ يىلغىچە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدىكى 247 ھەرخىل جىنايى ئىشلار دېلوسى سوت قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەكسىلئىنقىلابچىلار دېلوسى 28، ئادەتتىكى جىنايى ئىشلار دېلوسى 219. بۇ مەزگىلدە «سولچىل»لىقنىڭ تەسىرى بىلەن نۇرغۇن ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار كېلىپ چىقتى.

1977 — 1987 ـ يىلغىچە 439 جىنايى ئىشلار دېلوسى ۋە ئىقتىسادىي دېلو سوت قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 1983 ـ يىل 8 ـ ئايدىن كېيىنكى قاتتىق زەربە بېرىش داۋامىدا بايقالغان دېلو 202.

1973 — 1985 ـ يىلغىچە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن بۇيان ھۆكۈم قىلىنغان 290 جىنايى ئىشلار دېلوسى قايتا تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭدىن 43ى ئاقلاندى، 8ى جازادىن كەچۈرۈم قىلىندى، 13نىڭ قايتىدىن ھۆكۈم چىقىرىلدى، 226 سىنىڭ ئەسلى ھۆكۈمى ساقلاپ قېلىندى. قايتا تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن ئاقلانغان دېلولار ئىچىدە ئەكسىلئىنقىلابچىلار دېلوسىغا ياتىدىغىنى 28 بولۇپ، بۇنىڭدىن 6 سىنىڭ ئەسلى ھۆكۈمى ساقلاپ قېلىندى، باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاقلاندى.

1983 — 1985 ـ يىلغىچە 40 كىشىنىڭ ناھەق تۈرمىدە ياتقىنىغا جەمئىي 12 مىڭ 800 يۈەن تۆلەم پۇلى بېرىلدى، يەنى 1983 ـ يىلى 22 كىشىگە 6890 يۈەن، 1985 ـ يىلى 18 كىشىگە 5910 يۈەن بېرىلدى.

1993 ـ يىلى جەمئىي 70 كىشىگە چېتىشلىق 69 جىنايى ئىشلار دېلوسى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭدىن تۈرى ئەيىبلىگىنى 20. خاراكتېرى جەھەتتىن ئالغاندا بۇلاڭچىلىق دېلوسى 4، باسقۇنچىلىق دېلوسى 4، ئوغرىلىق دېلوسى 20، ئالدامچىلىق دېلوسى 4، خىيانەتچىلىك دېلوسى 6، زەخىملەندۈرۈش دېلوسى 20، زەخىملەندۈرۈپ ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولۇش دېلوسى 4، قاتناش ھادىسىسى دېلوسى 2؛ تۆھمەت قىلىش دېلوسى بىر، قوش نىكاھلىنىش دېلوسى 2، قارا چاپلاش دېلوسى بىر، باشقا تۈرگە ئائىت دېلو بىر.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1974 — 1995 - يىلغىچە بولغان جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ سوت قىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 — 10

| يىللار | ئوغرىلىق | زەخىملەندۈرۈش | باسقۇنچىلىق | بۇلاڭچىلىق | لۈكچەكلىك | خىيانەتچىلىك | ئالدامچىلىق | قاتناش ھادىسىسى | ماقارەلەش، تۆھمەت قىلىش | قوش نىكاھلىنىش | تالاش | باشقىلار | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1974 | 5 | 22 | 2 | | 1 | 4 | | | | 2 | 2 | 46 | 84 |
| 1975 | 4 | 21 | 5 | | 1 | 2 | 1 | 1 | | 1 | | 23 | 59 |
| 1976 | 7 | | 1 | | 2 | 1 | | | | 2 | | 13 | 26 |
| 1977 | 12 | 2 | 4 | | 3 | 1 | 1 | | | | | 14 | 37 |
| 1978 | 5 | 1 | 4 | | 1 | | 1 | | | 2 | | 7 | 21 |
| 1979 | 9 | 1 | 6 | | 1 | | | 1 | | | | 2 | 20 |
| 1980 | 11 | 4 | 1 | | | 1 | | | 1 | | | 11 | 29 |
| 1981 | 32 | 14 | 2 | | | 2 | 1 | 3 | | | 2 | 1 | 57 |
| 1982 | 22 | 17 | | 2 | 2 | | 1 | 1 | | 2 | 1 | 9 | 57 |
| 1983 | 14 | 28 | 7 | 2 | 3 | 5 | 12 | 1 | 1 | 1 | 4 | 8 | 86 |
| 1984 | 20 | 36 | 1 | 2 | 1 | 4 | | | 2 | 2 | | 3 | 71 |
| 1985 | 21 | 7 | 2 | 2 | | 1 | | | | | 1 | 2 | 36 |
| 1986 | 23 | 8 | 1 | 1 | 5 | 2 | | | | | | 3 | 42 |
| 1987 | 28 | 28 | 7 | 1 | 2 | 1 | | | | 1 | | 2 | 70 |
| 1988 | 26 | 33 | 4 | 2 | 2 | 5 | | 2 | 2 | | 2 | | 78 |
| 1989 | 25 | 25 | 3 | | 3 | 2 | | 2 | | 2 | 1 | 1 | 64 |
| 1990 | 28 | 33 | 4 | 7 | 4 | 3 | | 3 | 1 | 2 | | 9 | 94 |
| 1991 | 32 | 37 | 6 | 5 | 2 | 2 | 2 | 3 | | 3 | | 6 | 98 |
| 1992 | 21 | 23 | 7 | 3 | | 1 | 2 | 1 | | 1 | | 1 | 60 |
| 1993 | 20 | 24 | 4 | 4 | | 6 | 4 | 2 | 1 | 2 | | 3 | 70 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1994 | 33 | 14 | 5 | 4 | | 4 | 2 | 1 | | 1 | | 4 | 68 |
| 1995 | 36 | 18 | 9 | 2 | 1 | 4 | 5 | 6 | | | | 22 | 103 |
| جەمئىي | 433 | 396 | 85 | 37 | 34 | 51 | 32 | 27 | 8 | 24 | 13 | 190 | 1330 |

ئىزاھات: 1995 ـ يىلدىكى باشقىلار دېگەن گىرافىدىكى 22 دېلو ئىچىدە، پارتلىتىش دېلوسى 5، زەھەرلىك چېكىملىككە چېتىشلىق دېلو 5، قېچىش، ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قاتارلىقلارغا دائىر دېلو 11.

## 5. ھەق ـ تەلەپ سوت خىزمىتى

1950 — 1965 ـ يىلغىچە 2983 ھەق ـ تەلەپ دېلوسى سوت قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ ماجىراسى دېلوسى ئومۇمىي دېلونىڭ %80 نى، مال ـ مۈلۈك، قەرز، ئېلىم ـ بېرىم قاتارلىق ماجىرالار تەخمىنەن %20نى ئىگىلەيدۇ.

1966 — 1976 ـ يىلغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، «سول» چىل لۇشيەنىنىڭ تەسىرى بىلەن ھەق ـ تەلەپ دېلوسىنى سوت قىلىش بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى. بۇ 10 يىلدا پەقەت 224 ھەق ـ تەلەپ دېلوسى سوت قىلىندى، بۇ يىلىغا 30 دىنمۇ توغرا كەلمىدى. 1974 — 1976 ـ يىلغىچە بولغان 3 يىلدا 137 ھەق ـ تەلەپ دېلوسى سوت قىلىنىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 46 دىن توغرا كەلدى ۋە ھەربىي ئىدارە قىلىنغان مەزگىلدىكىدىن كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى.

1977 — 1982 ـ يىلغىچە 538 ھەق ـ تەلەپ دېلوسى سوت قىلىندى، بۇ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 90 دىن توغرا كەلدى.

1982 ـ يىلى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق ـ تەلەپ دەۋا قانۇنى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، 1987 ـ يىلغىچە 1594 ھەق ـ تەلەپ دېلوسى سوت قىلىنىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 319 دىن توغرا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1984 ـ يىلى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 386سى سوت قىلىندى.

1988 — 1992 ـ يىلغىچە 1659 ھەق ـ تەلەپ دېلوسى سوت قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ ماجىراسى دېلوسى ئەڭ كۆپ بولدى.

1993 ـ يىلى 355 ھەق ـ تەلەپ دېلوسى قوبۇل قىلىندى (ھەق ـ تەلەپ كوللېگىيىسى قوبۇل قىلغىنى 157، دايولتۇز سوتى قوبۇل قىلغىنى 136، پەيشەنبە بازار سوتى قوبۇل قىلغىنى 62)، شۇ يىلى بۇلارنىڭ 350ى سوت قىلىندى.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1974 — 1995 ـ يىلغىچە ھەق ـ تەلەپ دېلولىرىنىڭ سوت قىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 — 11

| يىللار | نىكاھ | بېقىش | ئۆي | مىراس | قەرز | تۆلەم | باشقىلار | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1974 | 50 | | | | | | | 50 |
| 1975 | 45 | 1 | | | | | | 46 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | 47 | 1 | | | | | | 48 |
| 1977 | 42 | | | | | | | 42 |
| 1978 | 81 | | | | | | | 81 |
| 1979 | 35 | 1 | | | | | | 36 |
| 1980 | 65 | | | | | | | 65 |
| 1981 | 148 | 4 | 2 | 6 | | 2 | 2 | 164 |
| 1982 | 159 | 4 | 2 | 5 | 3 | 8 | 5 | 186 |
| 1983 | 209 | 8 | 5 | 9 | 17 | 8 | 29 | 285 |
| 1984 | 301 | 14 | 12 | 11 | 31 | 27 | 4 | 400 |
| 1985 | 253 | 6 | 12 | 14 | 21 | 37 | | 343 |
| 1986 | 272 | 8 | 5 | 7 | 14 | 18 | 11 | 335 |
| 1987 | 334 | 3 | 1 | 12 | 12 | 5 | 2 | 369 |
| 1988 | 303 | 1 | 1 | 18 | 19 | 13 | 7 | 362 |
| 1989 | 274 | 1 | 1 | 17 | 20 | 19 | 6 | 338 |
| 1990 | 315 | | 3 | 20 | 19 | 14 | 8 | 379 |
| 1991 | 286 | 4 | | 19 | 18 | 26 | 14 | 367 |
| 1992 | 258 | 3 | | 12 | 22 | 23 | 15 | 333 |
| 1993 | 250 | 4 | | 9 | 47 | 29 | 16 | 355 |
| 1994 | 274 | | 8 | 17 | 42 | 39 | 13 | 393 |
| 1995 | 376 | 8 | 9 | 16 | 42 | 50 | 32 | 533 |
| جەمئىي | 4377 | 71 | 61 | 192 | 327 | 318 | 164 | 5510 |

## 6. ئىقتىسادىي سوت خىزمىتى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي توختام قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 1983 ـ، 1984 ـ يىللىرى ئىقتىسادىي توختام ماجىراسىغا ئائىت دېلودىن 10 ى سوت قىلىندى، بۇنىڭدىن 1983 ـ يىلى سوت قىلىنغىنى 2، 1984 ـ يىلى سوت قىلىنغىنى 8.

1985 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئىقتىسادىي سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 28 ئىقتىسادىي توختام

ماجىراسى دېلوسى سوت قىلىندى.

1986 — 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 224 ئىقتىسادىي دېلو قوبۇل قىلىندى، دەۋا سوممىسى 2 مىليون 621 مىڭ يۈەن بولدى، 173ى سوت قىلىپ تاماملاندى، بۇنىڭدىن 36 سىگە ھۆكۈم ئېلان قىلىندى، 116سى مۇرەسسە بىلەن بىر ياقلىق قىلىندى، 15ىگە كېسىم ئېلان قىلىندى، 6سى باشقىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

1993 - يىلى 30 ئىقتىسادىي دېلو قوبۇل قىلىنىپ، ھەممىسى سوت قىلىپ تاماملاندى، دەۋا سوممىسى 575 مىڭ يۈەن بولدى. خاراكتېرى جەھەتتىن ئايرىغاندا قەرز توختامى 16، ترانسپورت توختامى 2، ھۆددىگەرلىك توختامى 6، ئىجارە توختامى 4، كارخانا ھۆددىگەرلىك ئىگىلىكى توختامى 2. ئىجرا قىلىنغان ئىقتىسادىي دېلو 14، سوممىسى 325 مىڭ يۈەن؛ قىسمەن ئىجرا قىلىنغىنى 8، دەۋا سوممىسى 57 مىڭ يۈەن؛ ئىجرا قىلىنمىغىنى بىر، سوممىسى 557 يۈەن.

قەرز توختامى دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا، 3 بۇرجەكلىك قەرزنى ئېنىقلاش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىلىپ، بانكىلار ئۈچۈن 87 مىڭ يۈەن قەرز پۇل قايتۇرۇپ كېلىندى.

1995 - يىلى 26 ئىقتىسادىي دېلو قوبۇل قىلىندى، دەۋا سوممىسى 867 مىڭ يۈەن بولدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇرەسسە قىلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغىنى 9، ھۆكۈم قىلىنغىنى 11، كېسىم ئارقىلىق ئەرز قايتۇرۇلىدىغىنى 5، يوللاپ بېرىلگىنى بىر.

ئىقتىسادىي دېلولارنى سوت قىلىش داۋامىدا، قانۇن بويىچە دېلو بېجىرىش، ئادىل سوت قىلىش داۋاملاشتۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي تەرتىپىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇلدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1984 — 1993 - يىلغىچە بولغان ئىقتىسادىي دېلولارنىڭ سوت قىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 — 12

| يىللار | ئىقتىسادىي دېلو: سېتىۋېلىش، سېتىش توختامى | قۇرۇلۇش ھۆددە ئېلىش توختامى | پىششىقلاپ ئىشلەش ھۆددىگەرلىكى توختامى | مال - مۈلۈكنى ئىجارىگە بېرىش توختامى | ئىلىم - پەن توختامى | يېزا ھۆددىگەرلىك توختامى | كارخانىلارنىڭ ئىچكى ھۆددىگەرلىك توختامى | يۆتكەش توختامى | ھەمكارلىق توختامى | باشقا ئىقتىسادىي ماجىرالار | جەمئىي | دەۋا سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1984 | 1 | 1 | | | 2 | 3 | | 1 | | | 8 | 1.3 |
| 1985 | 6 | 5 | 1 | | 4 | 6 | | 3 | | 3 | 28 | 7.9 |
| 1986 | 14 | 4 | 4 | | 1 | 7 | 6 | 2 | 2 | 4 | 44 | 17.1 |
| 1987 | 11 | 1 | 1 | 1 | 4 | 8 | 1 | | | 4 | 31 | 21.5 |
| 1988 | 12 | | | 3 | 3 | 6 | | | | 7 | 31 | 35.3 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 37.6 | 20 | | | 1 | 6 | 1 | 7 | | | | 5 | 1989 |
| 55.9 | 34 | 2 | 1 | 1 | | 9 | 9 | 1 | | 1 | 10 | 1990 |
| 43.9 | 27 | 7 | 1 | | | 4 | 11 | | | 1 | 3 | 1991 |
| 50.8 | 37 | | | | | 6 | 25 | | | 2 | 4 | 1992 |
| 57.5 | 30 | | | 2 | 2 | 6 | 16 | 4 | | | | 1993 |
| 62.7 | 29 | | | | 1 | 7 | 6 | 2 | 2 | | 11 | 1994 |
| 86.7 | 26 | 1 | | 3 | | 8 | 6 | | | 2 | 6 | 1995 |
| 478.2 | 345 | 28 | 4 | 13 | 16 | 71 | 94 | 11 | 8 | 17 | 83 | جەمئىي |

## 7. مەمۇري سوت خىزمىتى

مەمۇري سوت خىزمىتى 1993 ـ يىلى باشلاندى، شۇ يىلى 8 مەمۇري دېلو قوبۇل قىلىنىپ، ھەممىسى سوت قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەر مەمۇرىيىتىگە دائىر بولغىنى 6، ج خ مەمۇرىيىتىگە دائىر بولغىنى بىر، قاتناش مەمۇرىيىتىگە دائىر بولغىنى بىر؛ سوت قىلىش ئارقىلىق ساقلاپ قېلىنغىنى 6، بىكار قىلىنغىنى بىر، ئەرز قايتۇرۇۋېلىنغىنى بىر.

1994 ـ يىلى 2 مەمۇري دېلو قوبۇل قىلىنىپ، ئىككىلىسى سوت قىلىندى، بۇنىڭ بىرى ھۆكۈم بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى، يەنە بىرى كېسىم بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى.

1995 ـ يىلى 17 مەمۇري دېلو قوبۇل قىلىنىپ، ھەممىسى سوت قىلىپ تاماملاندى، بۇنىڭدىن 9 نىغا ھۆكۈم ئېلان قىلىندى، بىرىگە كېسىم ئېلان قىلىندى، 7 سىنىڭ ئەرزى قايتۇرۇۋېلىندى.

## 8. ئەرزىيەت ئىشلىرى

سوت مەھكىمىسى ئاممىدىن كەلگەن ئەرزىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق، زىددىيەتنى پەسەيتىپ، ئادالەتسىزلىك ۋە قەبىھلىكنىڭ ئالدىنى ئالدى، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاپ، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىنى تەشۋىق قىلىپ، تىنچ ـ ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈردى.

1987 — 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاممىدىن كەلگەن 5609 پارچە ئەرز خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ 3324 پارچىسىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلدى، 664 پارچىسىنى يوللاپ بەردى؛ ھال ئېيتىپ كەلگەن ئاممىدىن 13 مىڭ 609 ئادەم (قېتىم) نى كۈتۈۋېلىپ، 1260 ھەرخىل ماجىرانى بىر تەرەپ قىلدى.

## ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 1950 — 1995 - يىللىغىچە بېجىرگەن جىنايى ئىشلار دېلوسى ۋە ھەق - تەلەپ دېلوسى

جەدۋەل: 7 — 13

| يىللار | خەلق سوتى | كادىرلار | جىنايى ئىشلار دېلوسى: 1 - سوتتا سوت قىلىنغىنى: قوبۇل قىلىنغان دېلو | 1 - سوتتا سوت قىلىنغىنى: تاماملانغان دېلو | سوتتا نازارەت قىلىنغىنى: قوبۇل قىلىنغان دېلو | سوتتا نازارەت قىلىنغىنى: تاماملانغان دېلو | جازا يېنىكلىتىلگەنلەر | ھەق - تەلەپ دېلوسى: قوبۇل قىلىنغان دېلو | تاماملانغان دېلو | تاماملانمىغىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | | 19 | 16 | 16 | | | | 82 | 82 | |
| 1951 | | 7 | 21 | 21 | | | | 457 | 457 | |
| 1952 | | 7 | 56 | 56 | | | | 148 | 148 | |
| 1953 | | 7 | 22 | 22 | | | | 556 | 556 | |
| 1954 | 1 | 7 | 30 | 30 | | | | 577 | 577 | |
| 1955 | 1 | 7 | 214 | 214 | | | | 177 | 177 | |
| 1956 | 1 | 7 | 119 | 119 | | | | 315 | 315 | |
| 1957 | 1 | 7 | 158 | 158 | | | | 173 | 173 | |
| 1958 | 1 | 7 | 195 | 195 | | | | 125 | 125 | |
| 1959 | 1 | 7 | 76 | 76 | | | | 48 | 48 | |
| 1960 | 1 | 7 | 57 | 57 | | | | 49 | 49 | |
| 1961 | 1 | 7 | 43 | 43 | | | | 59 | 59 | |
| 1962 | 1 | 7 | 59 | 59 | | | | 74 | 74 | |
| 1963 | 1 | 7 | 36 | 36 | | | | 68 | 68 | |
| 1964 | 1 | 7 | 24 | 24 | | | | 48 | 48 | |
| 1965 | 1 | 7 | 43 | 43 | | | | 27 | 27 | |
| 1966 | 1 | 7 | 20 | 20 | | | | 30 | 30 | |
| 1967 | 1 | 7 | 25 | 25 | | | | 27 | 27 | |
| 1968 | 1 | 7 | 40 | 40 | | | | 30 | 30 | |
| 1969 | | | 29 | 29 | | | | | | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 16 | 16 | | | 1970 |
| | | | | | | 6 | 6 | | | 1972 |
| | | | | | | 13 | 13 | 9 | | 1973 |
| | 47 | 47 | | | | 46 | 46 | 9 | | 1974 |
| | 46 | 46 | | | | 38 | 38 | 9 | | 1975 |
| | 44 | 44 | | | | 14 | 14 | 9 | | 1976 |
| | 40 | 45 | | | | 35 | 35 | 9 | | 1977 |
| | 69 | 69 | 1 | 14 | 14 | 11 | 11 | 9 | | 1978 |
| | 35 | 40 | 23 | 85 | 85 | 20 | 26 | 9 | | 1979 |
| | 63 | 63 | 1 | 4 | 4 | 29 | 30 | 20 | 1 | 1980 |
| | 154 | 154 | | | | 52 | 52 | 21 | 1 | 1981 |
| | 177 | 177 | 2 | 4 | 4 | 53 | 53 | 22 | 1 | 1982 |
| | 263 | 263 | | 3 | 3 | 56 | 56 | 23 | 1 | 1983 |
| | 386 | 386 | | | | 35 | 35 | 25 | 1 | 1984 |
| | 325 | 325 | 1 | 2 | 2 | 46 | 46 | 30 | 1 | 1985 |
| | 315 | 315 | 2 | 2 | 2 | 36 | 36 | 30 | 1 | 1986 |
| | 305 | 305 | 8 | 28 | 28 | 66 | 66 | 28 | 1 | 1987 |
| 1 | 353 | 354 | | | | 42 | 42 | 35 | 1 | 1988 |
| | 293 | 293 | 3 | 3 | 3 | 49 | 49 | 42 | 2 | 1989 |
| 2 | 361 | 363 | | | | 83 | 83 | 41 | 2 | 1990 |
| | 339 | 339 | | | | 50 | 50 | 41 | 2 | 1991 |
| | 313 | 313 | | | | 54 | 54 | 43 | 2 | 1992 |
| | 350 | 355 | | | | 69 | 69 | 45 | 2 | 1993 |
| 4 | 393 | 397 | | | | 68 | 68 | 45 | | 1994 |
| 4 | 529 | 533 | | | | 103 | 103 | 47 | | 1995 |

# III باب

# تەپتىشلىك

## 1 § . ئاپپاراتلار

1955 ـ يىل 8 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، باش تەپتىش، تەپتىش، كاتىپ، پۇتۇكچى قويۇلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ جۇاڭ باش تەپتىشلىكنى قوشۇمچە ئۆتىدى، مەھكىمىدە جەمئىي 3 كادىر بار ئىدى.

1956 ـ يىل 12 ـ ئايدا توختى زايىر مەخسۇس مۇئاۋىن باش تەپتىشلىككە تەيىنلەندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، 1967 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىلىك ج خ، تەپتىش، سوت ئورگانلىرىدا ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا باش تەپتىش، تەپتىش، ياردەمچى تەپتىش، پۇتۇكچى، كاتىپتىن ئىبارەت 6 كىشى بار ئىدى.

1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەپتىشلىك خىزمىتى دۈشمەنگە قارشى كۈرەشكە پۈتلىكاشاڭ بولىدۇ دەپ قارىلىپ، 10 يىل توختىتىپ قويۇلدى. 1979 ـ يىل 2 ـ ئايدا تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 10 نەچچە كادىر سەپلەندى. 1988 ـ يىلى 24 خادىم بار بولدى. 1995 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا تەپتىش مەھكىمىسىدە بىر باش تەپتىش، 3 مۇئاۋىن باش تەپتىش بولۇپ، قارىمىقىدا قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش بۆلۈمى، ئەيىبلەش بۆلۈمى، قانۇن ـ ئىنتىزام بۆلۈمى، ئىقتىساد بۆلۈمى، ھەق ـ تەلەپ تەپتىشلىك بۆلۈمى، ئىشخانا تەسىس قىلىندى. تەپتىش، ياردەمچى تەپتىش، خىزمەتچى خادىم، قانۇن ساقچىسى بولۇپ جەمئىي 31 كىشى بار بولدى.

ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىگە باش تەپتىش بولغانلار

جەدۋەل: 7 — 14

| ئىسىم ـ فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| جاڭ جۇاڭ (قوشۇمچە) | خەنزۇ | باش تەپتىش | 1959.11 — 1955.8 |
| توختى زايىر | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن باش تەپتىش | 1964.12 — 1956.12 |
| توختى زايىر | ئۇيغۇر | باش تەپتىش | 1967.3 — 1964.12 |
| ليۇ شياڭ | خەنزۇ | مۇئاۋىن باش تەپتىش | 1964.10 — 1964.5 |
| مىجىت ئەمەر | ئۇيغۇر | مۇۋەققەت باش تەپتىش | 1984.8 — 1979.2 |
| چېن بياۋ | خەنزۇ | مۇئاۋىن باش تەپتىش | 1984.2 — 1981.2 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ھاپىز يولداش | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن باش تەپتىش | 1981.2 — 1984.8 |
| قىيۇم خالىق | ئۇيغۇر | باش تەپتىش | 1984.8 — 1987.6 |
| كامىل كېرىم | ئۇيغۇر | باش تەپتىش | 1987.6 — 1993.1 |
| سۇن بياۋ | خەنزۇ | مۇئاۋىن باش تەپتىش | 1984.8 — 1991.3 |
| تېڭ چۈەنشۈن | خەنزۇ | پارتگۇرۇپپا شۇجىسى، مۇئاۋىن باش تەپتىش | 1991.11 — |
| راخمان نۇرى | ئۇيغۇر | مۇئاۋىن باش تەپتىش | 1984.8 — |
| جۇ پىڭ | خەنزۇ | مۇئاۋىن باش تەپتىش | 1993.4 — |
| ئابلا مۇسايوف | ئۇيغۇر | باش تەپتىش | 1993.1 — 1995.4 |
| ئايۇپ ھەسەن | ئۇيغۇر | مۇۋەققەت باش تەپتىش | 1995.4 — |

## 2 § . تەپتىشلىك كەسپى

### 1. جىنايى ئىشلار تەپتىشلىكى

تەپتىش مەھكىمىسى ج خ ئىدارىسى يوللىغان دېلولارنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، قولغا ئېلىشقا تەستىقلاش، ئەيىبلەش ۋە ھۆكۈمەت ئەيىبلىشىنى قوللاشنى قارار قىلىدۇ. دېلو بېجىرىش جەريانىدا، مەخسۇس ئادەم تەكشۈرۈش، كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىش، باش تەپتىش قارار قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇلدى. چوڭ دېلولار تەپتىشلىك ھەيئىتى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك شۆبە تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاندى.

1955 — 1966 - يىلغىچە ج خ ئىدارىسى 772 كىشىنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاشقا يوللىدى، تەپتىش مەھكىمىسى 513نى قولغا ئېلىشنى تەستىقلىدى؛ 459 كىشىنىڭ ئەيىبنامىسى قوبۇل قىلىنىپ، 417 سى ئەيىبلەشكە تەستىقلاندى.

1981 — 1993 - يىلغىچە ج خ ئىدارىسى 703 كىشىنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاشقا يوللىدى، بۇنىڭ 590 ى تەستىقلاندى؛ 1343 كىشىنىڭ ئەيىبنامىسى قوبۇل قىلىنىپ، 1116 سى ئەيىبلەشكە تەستىقلاندى.

1995 - يىلى ج خ ئىدارىسى 109 كىشىنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاشقا يوللىدى، بۇنىڭ 77 سى تەستىقلاندى؛ 122 كىشىنىڭ ئەيىبنامىسى قوبۇل قىلىنىپ، 92 كىشى ئەيىبلەشكە تەستىقلاندى.

شۇ يىلى تەپتىش مەھكىمىسى خادىم ئەۋەتىپ، 49 قېتىم سوتتا ھۆكۈمەت ئەيىبلىشىنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سوت پائالىيىتىنى نازارەت قىلىپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈمىنى تەكشۈردى، ئەھۋالغا ئاساسەن ئېتىراز بىلدۈردى ۋە تۈزىتىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## 2. ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

1955 — 1966 ـ يىلغىچە 60 ئىقتىسادىي دېلو قوبۇل قىلىندى، 42 جىنايەتچى ئەيىبلەندى. جىنايەت سوممىسى 39 مىڭ 322 يۈەن بولۇپ، 17 مىڭ 242 يۈەن قايتۇرۇپ كېلىندى. بەزى دېلولار ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ مەمۇرىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىشقا تاپشۇرۇلدى.

1981 — 1993 ـ يىلغىچە 247 ئىقتىسادىي دېلو قوبۇل قىلىندى، بۇلار تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، 28 كىشى ئەيىبلەندى، 135 كىشى مەمۇرىي تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى، 557 مىڭ 927 يۈەن قايتۇرۇپ كېلىندى.

## 3. قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىشلىكى

تەپتىش مەھكىمىسى 1955 — 1993 ـ يىلغىچە 63 قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىشلىكى دېلوسىنى قوبۇل قىلىپ، 5 كىشىنى ئەيىبلىدى، 29 كىشىنى مەمۇرىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلدى، 29 كىشىنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بەردى. سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى داۋامىدا ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىشلىكى ئۈزۈلۈپ قالدى.

## 4. تۈرمە تەپتىشلىكى

تەپتىش مەھكىمىسى 1955 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ، «ئۆزگەرتىش بىرىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ئىككىنچى»، «مەجبۇرىي ئۆزگەرتىش بىلەن ئىنقىلابىي ئىنسانپەرۋەرلىكنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش» خىزمەت فاڭجېنى بويىچە، سولاقخانىنى نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى. 1957 ـ يىلى تۈرمە 3 قېتىم تەكشۈرۈلدى. 1960 ـ يىلى ئەتىيازدا «مەركىزىي خىزمەتكە ماسلىشىش» بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلىنىپ، تۈرمە تەپتىشلىكىگە سەل قارالغانلىقتىن، تۈرمە باشقۇرۇش قالايمىقانلىشىپ كەتتى. 1962 ـ يىلى تەپتىش مەھكىمىسى تۈرمە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەر ئايدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، قالايمىقان باشقۇرۇش، قالايمىقان قاماش ھادىسىلىرىنى تۈزىتىش توغرىسىدا پىكىر بەردى.

1979 ـ يىلى تەپتىش مەھكىمىسى قايتا قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈرمە تەپتىشلىكى تۈزۈملەشتۈرۈلدى. 1990 ـ يىلى تەپتىش مەھكىمىسى 35 قېتىم تۈرمە تەكشۈردى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ھادىسىلىرىنى 10 قېتىم تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىپ، جىنايەتچىلەرنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. 1993 ـ يىلى 50 قېتىم تۈرمە تەكشۈردى، قاماش مۇددىتى ئېشىپ كەتكەن، ئالاقىسى تولۇق بولمىغان ئەھۋاللارغا، قالايمىقان باشقۇرۇش، قالايمىقان قاماش ھادىسىلىرىگە قارىتا تەپتىشلىك بويىچە تەكلىپ بەردى ھەم بۇ ھەقتە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا مەخسۇس تېمىدا دوكلات يوللاپ، تۈرمىنىڭ مەدەنىي باشقۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1995 ـ يىلى 46 قېتىم تۈرمە تەكشۈردى (بۇنىڭ 10 قېتىملىقى چوڭ تەكشۈرۈش، 8 قېتىملىقى ئۇقتىلىق تەكشۈرۈش)، 22 قېتىم قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى ئېلىپ باردى.

## توقسۇ ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تەپتىشلىك قىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 — 15

| يىللار | تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىشنى تەستىقلىشى | | تەكشۈرۈپ ئەيىبلىگىنى | | ئىقتىسادىي تەپتىشلىك | | | | | | | قانۇن - ئىنتىزام تەپتىشلىكى | | | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | قوبۇل قىلىنغان ئادەم سانى | قولغا ئېلىش تەستىقلانغان ئادەم سانى | قوبۇل قىلىنغان ئادەم سانى | ئەيىبلەنگەن ئادەم سانى | قوبۇل قىلىنغان ئادەم سانى | ئەيىبلەنگەن ئادەم سانى | مەمۇرىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىنغىنى | بېجىرىشكە يوللاپ بېرىلگەن ئادەم سانى | باشقىچە بىر تەرەپ قىلىنغىنى | سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | قوبۇل قىلىنغان ئادەم سانى | ئەيىبلەنگەن ئادەم سانى | مەمۇرىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىنغىنى | بېجىرىشكە يوللاپ بېرىلگەن ئادەم سانى | |
| 1955 | 23 | 18 | 6 | 6 | 2 | 2 | | | | | | 4 | 2 | | 2 | |
| 1956 | 38 | 18 | 18 | 17 | | | | | | | | | | | | |
| 1957 | 56 | 40 | 34 | 29 | 29 | 18 | | 11 | | | | | | | | ئىقتىسادىي دېلو قانۇن - ئىنتىزام دېلوسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1958 | 196 | 177 | 159 | 153 | | | | | | | | | | | | |
| 1959 | 118 | 70 | 84 | 83 | 13 | 13 | | | | | | | | | | ئىقتىسادىي دېلو قانۇن - ئىنتىزام دېلوسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1960 | 87 | 77 | 24 | 24 | 13 | 7 | | | 8 | | | | | | | ئىقتىسادىي دېلو قانۇن - ئىنتىزام دېلوسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1961 | 56 | 35 | 30 | 30 | | | | | | | | | | | | |

| | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 1.53 | 2.97 | 1 | | | 1 | 1 | 24 | 38 | 27 | 78 | 1962 |
| | | | 1 | 1 | | | | | | 1 | 1 | 24 | 24 | 27 | 44 | 1963 |
| | | | 1 | 1 | | | | | | | | 12 | 15 | 13 | 45 | 1964 |
| قاتناش هادىسە-سىدە، 2 كىشى ئۆلدى | | | | | 0.19 | 0.96 | | | | 1 | 1 | 9 | 11 | 3 | 18 | 1965 |
| | | 8 | | 8 | | | | | | | | 6 | 16 | 8 | 13 | 1966 |
| | 11 | | | 11 | | | | | | | | 66 | 89 | 39 | 53 | 1981 |
| 17 قېتىم سوتقا چىقىلدى، 14 قېتىم تۈرمە تەكشۈرۈلدى | | | | | 2.4 | | 1 | 1 | | 1 | 3 | 33 | 60 | 25 | 45 | 1982 |
| 42 قېتىم سوت-قا چىقىلدى | | | | | 3.7 | 5.9 | 7 | | | 8 | 15 | 58 | 66 | 44 | 54 | 1983 |
| | | | | | 1.5 | 1.5 | 3 | 4 | 4 | 3 | 14 | 31 | 42 | 28 | 34 | 1984 |
| | 3 | 4 | | 7 | 6.1 | 7 | 7 | | 102 | 1 | 110 | 41 | 44 | 26 | 29 | 1985 |
| 34 قېتىم سوت-قا چىقىلدى، 2 كىشىگە ئېتى-راز بىلدۈردى | | | | | 3.6 | | | 7 | 3 | 2 | 12 | 40 | 46 | 27 | 27 | 1986 |
| | | | | | 7.7 | | 8 | | | | 8 | 60 | 62 | 45 | 53 | 1987 |
| 51 قېتىم تۈر-مە تەكشۈرۈ-لۈپ، 5 قېتىم سۆھبەت ئېلىپ بېرىلدى | | 12 | | 12 | 7.1 | 13.5 | 9 | | 4 | 4 | 17 | 43 | 53 | 36 | 39 | 1988 |
| | 6 | 5 | | 11 | 5.3 | | | 15 | | 2 | 17 | 52 | 71 | 49 | 58 | 1989 |
| | | | | | 10.1 | 13.1 | 11 | | 8 | | 19 | 103 | 121 | 85 | 93 | 1990 |
| | | | | | 3.8 | | | 4 | 5 | 4 | 13 | 52 | 62 | 51 | 61 | 1991 |
| | 7 | | 1 | 8 | | | 5 | 2 | | 1 | 8 | 51 | 70 | 57 | 69 | 1992 |
| 43 قېتىم سوت-قا چىقىلدى | | | | | 4.6 | 5.8 | | | 9 | 2 | 11 | 69 | 98 | 78 | 88 | 1993 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 19 | 15 | 1 | 36 | 7.3 | 12.6 | 4 | 4 | | 8 | 8 | 74 | 122 | 91 | 122 | 1994 |
| | | | 9 | 18 | 0.5 | 9.6 | 3 | 2 | | 2 | 7 | 92 | 122 | 77 | 109 | 1995 |

ئىزاھات: ① بىر قىسىم يىللاردىكى قايتۇرۇپ كېلىنگەن سوممىسىلا بار، دەۋا سوممىسى بولمىغاچقا، جەملەنگەندىن كېيىن پەرق كۆرۈلدى.

② 1994 - يىلدىكى قانۇن - ئىنتىزام دېلوسىدىن تاماملانمىغىنى بىر، 1995 - يىلدىكى قانۇن - ئىنتىزام دېلوسىدىن تاماملانمىغىنى 9.

# IV باب

# ئەدلىيە مەمۇرىيىتى

## §1 . ئاپپاراتلار

1980 - يىل 10 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە ئەدلىيە بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، بىر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى قويۇلدى. 1984 - يىل 8 - ئايدا ئىدارىگە ئۆزگەرتىلدى. 1988 - يىلى 8 كادىر سەپلەندى. 6 يېزا، بىر بازارغا بىردىن ئەدلىيە ياردەمچىسى قويۇلدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئەدلىيە ئىدارىسىدە بىر ئىدارە باشلىقى، 2 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 9 خىزمەتچى خادىم؛ ئادۋوكاتلىق ئورنى، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىق ئورنى، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى، ھەق - تەلەپ مۇرەسسە ئىشخانىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار بار بولدى. ئۆگەن يېزىسى بىلەن ئۆچقات يېزىسىدىن باشقا يېزا، بازارلاردا بىردىن ئەدلىيە ياردەمچىسى بار بولدى.

ئەدلىيە ئىدارىسى، ئاساسلىقى، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى، خەلق مۇرەسسەسى، ئادۋوكاتلىق، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى باشقۇردى.

## §2 . ئەدلىيە كەسپى

### 1 . قانۇن مەسلىھەتچىلىكى

1981 - يىلى ناھىيىلىك قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ئورنى قۇرۇلدى، كېيىن نامى ئادۋوكاتلىق ئورنىغا ئۆزگەرتىلىپ، بىر مەخسۇس ئادۋوكات قويۇلدى، كېيىن 4 قوشۇمچە ئادۋوكات كۆپەيتىلدى. بۇ ئورۇن 1981 — 1984 - يىلغىچە 36 جىنايى ئىشلار دېلوسىنى ئاقلاشقا قاتناشتى، 119 دېلوغا قانۇندىن مەسلىھەت بەردى، 102 پارچە قانۇنىي ئالاقە يېزىپ بەردى. 1986 - يىلى 10 جىنايى ئىشلار دېلوسىنى ئاقلاشقا قاتناشتى، 11 دېلوغا قانۇندىن مەسلىھەت بەردى، دەۋا دېلوسىدىن 6 نى بېجىردى، 3 پارچە قانۇنىي ئالاقە

بېرىپ بەردى. 1993 - يىلى 29 جىنايى ئىشلار دېلوسىنى، 36 ھەق - تەلەپ دېلوسىنى، 12 ئىقتىسادىي دېلونى ئاقلاشقا قاتناشتى، 32 پارچە قانۇنىي ئالاقە بېرىپ بەردى، 38 ئادەم (قېتىم) گە قانۇندىن مەسلىھەت بەردى، 21 ئادەم (قېتىم) نى كۆتۈۋالدى، 10 مىڭ 319 يۈەن كەسپىي كىرىم قىلدى.

## 2. ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى كەسپى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى كەسپىنى قوشۇمچە باشقۇردى. 1983 - يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئورنى قۇرۇلۇپ، 3 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خادىمى قويۇلدى، بۇ ئورۇن ناھىيىنىڭ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى خىزمىتىنى باشقۇردى. 1982 — 1988 - يىلغىچە 715 قېتىم ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بېرىپ، 11 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ھەققى ئالدى. 1993 - يىلى 320 ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ئىشىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ 316 سىگە ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادقا چېتىشلىقى 213، ھەق - تەلەپكە چېتىشلىقى 103. شۇ يىلى 6013 يۈەن ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى ھەققى ئالدى. 47 ئادەم (قېتىم) گە قانۇندىن مەسلىھەت بەردى. قايتا زىيارەت قىلىش خىزمىتى كۆچەيتىلگەنلىكتىن، يېڭى مەسىلىلەر ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىندى، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنىڭ سۈپىتى ۋە ئىناۋىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، زىددىيەتلەر پەسەيتىلىپ، تىنچ - ئىتتىپاقلىق ۋە ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

## 3. خەلق مۇرەسسەسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيە بويىچە يېزىلاردا خەلق مۇرەسسەسى تەشكىلاتى قۇرۇلدى. 1982 - يىلغىچە 171 مۇرەسسە ھەيئىتى، 463 مۇرەسسەچى بار بولدى. 1984 - يىلى 164 مۇرەسسە ھەيئىتى، 568 مۇرەسسەچى، 1985 - يىلى 196 مۇرەسسە ھەيئىتى، 626 مۇرەسسەچى، 1988 - يىلى 189 مۇرەسسە ھەيئىتى، 534 مۇرەسسەچى بار بولدى. 1986 - يىلى ئامما ئارىسىدىكى 2284 ماجىرا مۇرەسسە قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە نىكاھ ماجىراسى 687، مىراسخورلۇق ماجىراسى 161، قەرز ماجىراسى 163، زىيان، تۆلەم ماجىراسى 113، ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش ماجىراسى 143، يېنىك زەخىملەندۈرۈش ماجىراسى 554، ياشانغانلارنى بېقىش ماجىراسى 148، باشقا ماجىرالار 315.

1993 - يىلى ناھىيە بويىچە 189 مۇرەسسە تەشكىلاتى، 533 مۇرەسسەچى بار بولدى، شۇ يىلى 768 ماجىرا مۇرەسسە قىلىندى، ئۇنىڭ 707 سى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

مۇرەسسە قىلىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت مۇرەسسە خىزمىتى فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئاساسىي قاتلام مۇرەسسە خادىملىرىنىڭ سىياسىي سەۋىيىسى ۋە كەسپىي ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، 1993 - يىلى 308 مۇرەسسەچى تەربىيىلەندى، 11 مۇرەسسە تەشكىلاتى تەرتىپكە سېلىندى.

## 4. قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى

ئەدلىيە ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ، ناھىيە بويىچە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇردى. 1985 - يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ ئاۋات جايلىرىغا 2 دانە سىملىق رادىئو كانىيى ئېسىپ،

ھەركۈنى 2 سائەت قانۇن ساۋاتلىرىنى تەشۋىق قىلدى، يەنە بازار كۈنى تەشۋىقات ماشىنىسى چىقىرىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، «جىنايى ئىشلار قانۇنى»، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ۋە «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»نى تەشۋىق قىلدى. ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ، «ئورمانچىلىق قانۇنى»، «دورا باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن «ئاياللار ـ بالىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش توغرىسىدا بەلگىلىمە»نى تەشۋىق قىلدى. ناھىيە بازىرىدا 2 قانۇنچىلىق تەشۋىقات تاختىسى ئورنىتىپ، قانۇنچىلىققا ئائىت گېزىت، ژۇرناللارنى ۋە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر تەربىيە ماتېرىياللىرىنى چاپلىدى. ئۆزى تۈزگەن قانۇنچىلىق تەشۋىقات ماقالىسىدىن 621 پارچىنى بېسىپ تارقاتتى، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەرگە 9 قېتىم قانۇنچىلىق دەرسى ئۆتتى، كەنتلەرگە 2080 پارچە قانۇنچىلىق گېزىتى، 1344 پارچە تەشۋىقات قوللانمىسىنى ھەقسىز تەقدىم قىلدى.

قانۇنغا رىئايە قىلىش شەرەپلىك دېگەن يېڭى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى تىكلەش ئۈچۈن، 1985 ـ يىلى تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇپ باھالاش ئارقىلىق، قانۇنغا رىئايە قىلغان 526 ئائىلىگە «قانۇنغا رىئايە قىلغان شەرەپلىك ئائىلە تاختىسى» تارقاتتى، 735 پارچە يېزا نىزامى، خەلق ئەھدىنامىسى تۈزۈشكە ياردەم بەردى. 1988 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە 10 مىڭ 494 ئائىلە «قانۇنغا رىئايە قىلغان شەرەپلىك ئائىلە» بولۇپ باھالىنىپ، شەرەپ تاختىسى ئاستى.

1993 ـ يىلى «ئاساسىي قانۇن»، «دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنى»، «دېھقانچىلىق قانۇنى»، «مائارىپ قانۇنى» ۋە «مەھسۇلات سۈپىتى قانۇنى» 2368 قېتىم تەشۋىق قىلىندى، ئۇنى 34 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئاڭلىدى.

1993 ـ يىلى ناھىيە بويىچە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىدىغان 67 مىڭ 494 كىشى بار ئىدى، ئەمەلىيەتتە، 64 مىڭ 420 كىشى ئۆگىنىشكە قاتناشتى، ئىمتىھان ئارقىلىق، 58 مىڭ 900 كىشى لاياقەتلىك بولدى. ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 875 ئائىلە بولۇپ، بۇلاردىن 21 مىڭ 144ى «قانۇنغا رىئايە قىلغان شەرەپلىك ئائىلە» بولۇپ باھالىنىپ، ئۇلارغا شەرەپ تاختىسى تارقىتىپ بېرىلدى. توقسۇ ناھىيىسى ئاپتونوم رايون ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈش، باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا 2 ـ بەش يىللىق قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى لاياقەتلىك ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

سەككىزىنچى قىسىم

# خەلق ئىشلىرى



# سەككىزىنچى قىسىم

# خەلق ئىشلىرى

## I باب

## ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) 10 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارىمىقىدا 3 بۆلۈم قۇرۇلدى، خەلق ئىشلىرى كەسپىنى 1 ـ بۆلۈم بىجىردى، ئۇنىڭغا بىر بۆلۈم باشلىقى، بىر بۆلۈم ئەزاسى قويۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن خادىملار بەزىدە كۆپىيىپ، بەزىدە ئازىيىپ تۇردى، 1 ـ بۆلۈمنىڭ ئاساسلىق كەسپى يەر مۈلكى ۋە سۇچىلىق ماجىراسىنى كېسىم قىلىش، نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ياردەم ئاشلىقىنى تىزىملاش ۋە قەرز پۇل تارقىتىش، پاراقنى كېمەيتىش ـ كەچۈرۈم قىلىش، «يىغىندى ئاشلىق» (ئاچارچىلىققا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن توپلانغان ئاشلىق، يەنە ساخاۋەت ئاشلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) توپلاش ۋە قەرز ھېسابىدا ياردەم بېرىش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ـ نەپىقە بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ باردى، ئاساسلىقى، ھەربىيلەرگە ئېتىبار بېرىش ـ نەپىقە بېرىش، كادىرلار، ئەمگەك، ئىش ھەققى، شتات، يەر باشقۇرۇش، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش، نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئېقىپ يۈرگەنلەرنى يىغىۋېلىش ۋە قايتۇرۇش، كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، رايونلارغا ئايرىشنى تەكشەش، نىكاھ، دەپنە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىقلار بولدى.

خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ئاپپاراتى 7 قېتىم تەڭشەلدى. 1950 ـ يىل 4 ـ ئايدا خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ئاساسلىقى، خەلق ئىشلىرى ۋە كادىرلار كەسپىنى باشقۇردى، ئۇنىڭغا بىر بۆلۈم باشلىقى، بىر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، 4 بۆلۈم ئەزاسى قويۇلدى. 1964 ـ يىل 8 ـ ئايدا كادىرلار بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، كادىرلار كەسپى ئايرىپ چىقىرىۋېتىلدى. 1966 ـ يىل 10 ـ ئايدا خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى بىلەن كادىرلار بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ، خەلق ئىشلىرى ـ كادىرلار بۆلۈمى دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭغا بىر بۆلۈم باشلىقى، 4 بۆلۈم ئەزاسى قويۇلدى. 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندا، خەلق ئىشلىرى كەسپى سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئاممىۋى خىزمەت گۇرۇپپىسىغا (بۇنىڭ ئىچىدە كادىرلار خىزمىتى سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تەشكىلات گۇرۇپپىسىغا ئايرىپ بېرىلدى) قوشۇۋېتىلدى، ئۇنىڭغا بىر گۇرۇپپا

باشلىقى، 3 خىزمەتچى خادىم قويۇلدى. 1973 - يىلى 11 - ئايدا خەلق ئىشلىرى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، بىر مۇئاۋىن مۇدىر، 3 خىزمەتچى خادىم قويۇلدى. 1981 - يىلى 11 - ئايدا قايتىدىن خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭغا بىر بۆلۈم باشلىقى، 4 بۆلۈم ئەزاسى قويۇلدى. 1984 - يىلى نامى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 2 بۆلۈم ئەزاسى قويۇلدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بىر ئىدارە باشلىقى، 2 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 4 خىزمەتچى خادىم بار بولدى.

## II باب

# ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش - نەپىقە بېرىش

### § 1 . ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش

1950 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتى رايون، يېزىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ھەيئىتى قۇرۇپ، باھار بايرىمى، «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە قۇرۇلۇش بايرىمىدا ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغانىدى. 1950 - ۋە 1951 - يىللىرى جەمئىي 11 مىليون 570 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى) ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش پۇلى، 3772 دانە ھال سوراش خالتىسى (قۇرۇق يەل - يېمىش قاچىلانغان)، 2059 توخۇ، يەنە قوغۇن - تاۋۇز، لەۋھە قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلدى.

ئەينى ۋاقىتتا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 - شى 13 - تۇەننىڭ 2 - ليەندۈيى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن توقسۇغا كەلگەنىدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تاشئېرىق يېزىسىدىكى قومۇشكۆل ئەتراپىدىن 1051 مو يەر ئاجرىتىپ، 50 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپرەك ئۇرۇقلۇق بېرىپ تۇردى. ھەمدە ھەربىي قىسىمغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۇ بۆلۈپ بەردى. ھېيت - بايراملاردا ناھىيە ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ، سوۋغات بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، ئۇلاردىن ھال سوراپ تۇردى، قىسىمىز توقسۇغا سەنئەت ئەترىتى ئەۋەتىپ ئويۇن كۆرسىتىپ، ئارمىيە بىلەن خەلق تەڭ شادلىققا چۆمدى.

1951 - يىلىنىڭ بېشىدا، توقسۇ ناھىيىسىدە 55 ئەسكەر قوبۇل قىلىنغاندا، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ئاممىسىدىن 1000 دىن كۆپرەك كىشى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ، يېڭى ئەسكەرلەرنى قىسىمغا ئۇزىتىپ قويدى.

1960 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، توقسۇ ناھىيىسىدە ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى، توقسۇ ھەربىي پونكىتى، توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتى قاتارلىق ھەربىي ئورۇنلار بار بولدى. ھەر يىلى «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە قۇرۇلۇش بايرىمى ۋە باھار بايرىمى مەزگىلىدە، ناھىيە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، قىسىمدىن پىكىر ئېلىپ

تۇردى.

1966 — 1973 - يىللىرى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش پائالىيىتى ئىلگىرىكىدىن داغدۇغىلىق بولدى، مەسىلەن: «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە قۇرۇلۇش بايرىمىدا ئورۇنلار، گۇڭشېلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار داقا - دۇمباق چېلىپ، توپ - توپ بولۇپ، نۇرغۇن قوغۇن، گۆش قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ قىسىم تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ ھال سورىدى.

1973 — 1990 - يىللىرى توقسۇدا تۇرۇشلۇق قىسىمدىن توقسۇ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى، توقسۇ ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتى بار ئىدى. بۇ مەزگىلدىكى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش پائالىيىتى پەيدىنپەي تۈزۈمگە ئايلاندى، «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە قۇرۇلۇش بايرىمىدىمۇ، باھار بايرىمىدىمۇ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلىپ، قىسىمدىن پىكىر ئېلىپ، قىسىمنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە تەلىپى ھەل قىلىنىپ، ئارمىيە - خەلق ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار تۈگىتىلدى. 1974 - يىلى باھار بايرىمىدا، توقسۇ ناھىيىسى ھال سوراش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، توقسۇدا تۇرۇشلۇق قىسىمدىن ۋە يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ توقسۇدا تۇرۇشلۇق ھەربىي پونكىتىدىن ھال سورىدى، كېيىن يەنە ئۇچتۇرپاندىكى، كۇچا قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق قىسىمدىن، 17 - دوختۇرخانىدىكى يارىدار - بىمارلاردىن ھال سوراپ، ھال سوراش بويۇمى ۋە ھال سوراش خېتى يەتكۈزۈپ بەردى. 1976 - يىلى «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە قۇرۇلۇش بايرىمىدا ناھىيە ھال سوراش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خەلق قوراللىق بۆلۈمى، ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتىدە تۇرۇشلۇق قىسىمدىن ھال سوراپ، پىكىر ئېلىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى.

توقسۇ ناھىيىسى ھەريىلى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇشنى تەشكىللىدى ھەمدە قىسىمدىكى ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش يېرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ تۇردى.

## 2 § . ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 3 - ئايدا شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، دۇبەن مەھكىمىسى نامىدا، خىزمەت ئۆتەۋاتقان ھەربىيلەرگە ئېتىبار بېرىش ۋاقىتلىق نىزامى تارقىتىلىپ، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئازراق ئېتىبار بېرىلگەنىدى. مەسىلەن: ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ھەريىلى پاراق تاپشۇرغاندا، نورما بويىچە كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش يولغا قويۇلغانىدى، ئەمما بۇ ئېتىبار بېرىش، پەقەت «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش قوشۇنى» بىلەنلا چەكلەنگەنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1951 - يىلى ناھىيە بويىچە 21 ئۆيلۈك ھەربىي ئائىلىسىگە «شەرەپلىك ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى» تاختىسى ئېسىلدى؛ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى داۋامىدا، يېزىلاردىكى 20 ئۆيلۈك ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتىغا 20 مو يەر، 6 ئېغىز ئۆي، 2 ھارۋا، 3 ئات، 13 كالا، 4 ئېشەك، 7350 كىلوگرام ئاشلىق، 52 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى تەقسىم بېرىلىپ، 2 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) ئېتىبار بېرىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 1952 - يىلى يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا، ھۆكۈمەت ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغىمۇ كۆپ جەھەتتىن ئېتىبار بەردى. ئەينى ۋاقىتتا ناھىيە بويىچە 97 ئۆيلۈك ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى (ج خ جەڭچىلىرى ۋە يۇرتىغا قايتقان 28 ھەربىينى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، ھۆكۈمەت ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق 32 ئۆيلۈك ھەربىيلەر ئائىلە

تاۋابىئاتىغا 398 مو يەر، 6 ئېغىز ئۆي، 11 ئات، بىر قېچىر، 13 كالا، 4 ئېشەك، 12 ھارۋا، 12 سوقا، 41 كەتمەن تەقسىم قىلىپ بېرىپ، نامرات ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى پاراۋانلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرۇپ، ئامما پۇل ئىئانە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق 14 مىليون 606 مىڭ 150 يۈەن (كونا خەلق پۇلى) مەبلەغ توپلاپ، 2 دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ، بىر دانە كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ، تىككۈچىلىك كارخانىسى قۇرۇپ، بازاردىكى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. 1950 — 1953 - يىللىرىچە ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا جەمئىي 2 مىليون 660 مىڭ يۈەن ئىشلەپچىقىرىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى (كونا خەلق پۇلى) تارقىتىپ بېرىلدى.

1956 - يىلى ناھىيە بويىچە 52 ئۆيلۈك ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى، ھەربىي سەپتىن قايتقان 36 ھەربىي بولۇپ، ھۆكۈمەت 7 ئائىلىنىڭ ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىغا، 15 ئائىلىنىڭ باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىغا كىرىشىگە ياردەم بېرىپ، ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان 6 ھەربىينى تەربىيىلەپ، باشلانغۇچ كوپېراتىپنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى. ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا 321.86 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى، 2 ئۆيلۈك ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتىنىڭ كوپېراتىپقا كىرىش مەبلىغىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى.

1959 - يىلى ھۆكۈمەت «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە قۇرۇلۇش بايرىمى ۋە باھار بايرىمىدا ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، ناھىيە بويىچە ھەربىي سەپتىن قايتقان 25 ھەربىي ۋە ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 43 ھەربىي بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

1964 - يىلى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى بىرلەشمە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، چەت، يىراق چوڭ ئەترەتلەرگە بېرىپ، 10 نەچچە ئۆيلۈك ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى، 75 ئۆيلۈك ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەردىن ھال سوراپ، قىيىنچىلىقى بار 31 ئۆيلۈك ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى، 14 ئۆيلۈك ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيگە 1628 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتتىن ياردەم بەرگىنى 1014 يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ياردەم بەرگىنى 614 يۈەن) قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بەردى؛ ئۇنىڭدىن باشقا 16 جۈپ ئۆتۈك، 10 مېتىر رەخت، 62.5 كىلوگرام ئاشلىق تارقىتىپ بەردى. شۇ يىلى پۈتۈن ناھىيىدە 115 ئۆيلۈك (466 كىشى) ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى، 102 ھەربىي سەپتىن قايتقان، چېكىنگەن ھەربىي، 81 كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىي، 10 مېيىپ ھەربىي بولۇپ، ھۆكۈمەت يۇقىرىقى خادىملاردىن 9 نى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىگە، 9 نى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە كادىرلىققا، 14 نى خەلق ئەسكەرلىرى پەيجاڭلىقىغا، 5 نى خەلق ئەسكەرلىرى بەنجاڭلىقىغا تاللاپ ئۆستۈردى.

1965 - يىلى ناھىيە بويىچە 92 ئۆيلۈك 405 ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە 71 ھەربىي سەپتىن قايتقان، چېكىنگەن ھەربىي بار ئىدى. شۇ يىلى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا 1168 يۈەن ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە پۇلى تارقىتىلدى. 54 ئائىلىدىكى 165 كىشىگە 25 يۈرۈش پاختىلىق كىيىم، 28 يۈرۈش يېنىك كىيىم، 9 پارچە كىگىز، 4 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى، 731.5 كىلوگرام ئاشلىق تارقىتىپ بېرىلدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا، كوللېكتىپ 43 ئۆيلۈك ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتىغا 1755 ئېتىبار ئىش كۈنى قوشۇپ بەردى.

70 - يىللاردا ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتى پەيدىنپەي تۈزۈمگە ئايلىنىپ، ھېيت - ئايەملەردە ھال سوراش، سۆھبەت يىغىنى ئېچىشتىن سىرت، كۆپىنچە ناھىيە، گۇڭشې رەھبەرلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ ھال سوراش ئارقىلىق، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىلدى. 1974 - يىلى باھار بايرىمىدا ھال سوراش گۇرۇپپىسى دايۇلتۇز گۇڭشېسىغا بېرىپ، 18

ئۆيلۈك ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتىدىن ھال سورىدى، بۇنىڭدىن قىيىنچىلىقى بار 8 ئائىلە، 16 كىشىگە دۆلەت 296 يۈەن نەق پۇل، 2 جۈۋا، 4 پارچە كىگىز، 6 جۈپ پىيما، 20 مېتىر رەخت ياردەم بەردى، كوللېكتىپ 860 ئىش كۈنى، 126 يۈەن پۇل ئېتىبار قىلدى. 1976 - يىلى ناھىيە بويىچە 142 ئۆيلۈك (543 كىشى) ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتىغا كوللېكتىپتىن 3000 ئىش كۈنى ئېتىبار قىلىنىپ، 457 يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلى، 660 يۈەن بايراملىق ھال سوراش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

1979 - يىلى يازدا ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ناھىيە دائىرىسىدە 2 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە 1980 - يىلى ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش ئارخىپى تۇرغۇزۇپ، ناھىيىدىكى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تىزىملاپ رويخەتكە ئېلىپ، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتىنى باشقۇرۇشنى ئىلمىيلەشتۈردى ۋە تۈزۈملەشتۈردى.

1981 - يىل 10 - ئايدىكى قوربان ھېيتتا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن مەخسۇس ھال سورالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە «ئاما ئېتىبار بېرىش، دۆلەت نەپىقە بېرىش» سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ھەم «ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىبار بېرىش»، «قەرەللىك ياردەم بېرىش» قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. شۇ يىلى ئېتىبار بېرىش ئىش نومۇرى ئۆلچىمى ئۆز ئەتراپىدىكى قاۋۇل ئەمگەك كۈچى ئىش نومۇرىنىڭ ئوتتۇرا ئىككى قىسمى بويىچە ھېسابلاندى. ناھىيە بويىچە قىيىنچىلىقى بار 40 ئۆيلۈك ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتىغا 6840 ئىش كۈنى ئېتىبار بېرىلدى. بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 6716 يۈەن بولۇپ، ھەربىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 168 يۈەندىن توغرا كەلدى؛ 134 ئۆيلۈك ھەربىي سەپتىن قايتقان، ھەربىي سەپتىن كېسەل سەۋەبىدىن قايتقان، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەردىن 23 ئائىلىگە 1030 ئىش كۈنى ئېتىبار بېرىلدى، بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 1009 يۈەن بولدى. ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتى ئىچىدە 19 ئائىلىگە «قەرەللىك ياردەم» بېرىلىپ، يىلىغا 3656 يۈەن ياردەم بېرىلدى. 1979 — 1981 - يىلغىچە پەيشەنبە بازار گۈڭشېسىنىڭ نۇرباغ چولق ئەترىتىدىكى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى ھاشىرخانغا جەمئىي 650 ئىش كۈنى، 430 يۈەن پۇل ئېتىبار بېرىلىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئاساسىي جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

1981 - يىلى ناھىيە بويىچە 127 ئۆيلۈك ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى (بۇنىڭ ئىچىدە يېزىدىكىسى 51 ئۆيلۈك، شەھەردىكىسى 76 ئۆيلۈك) بولۇپ، ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىكى 42 ئۆيلۈك ئىدى، ئەمەلىي ئېتىبار بېرىلگىنى 40 ئۆيلۈك بولدى، ئۇلارغا جەمئىي 6840 ئىش كۈنى ئېتىبار قىلىندى.

1982 - يىلى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتى ئىسلاھ قىلىندى. شۇ يىلى يېزىلاردىن ھەربىي سەپكە كىرىپ مەجبۇرىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان 35 ئەسكەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا ھەريىلى ھەربىر ئائىلىگە 250 — 280 يۈەنگىچە بولغان ئۆلچەم بويىچە ئېتىبار بېرىش، بىر بېكىتىپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 9200 يۈەن ئېتىبار بېرىلدى، ھەربىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 262 يۈەن (بۇ پۇلنى يېزىلارنىڭ خەلق ئىشلىرى كادىرلىرى ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بانكىغا ئامانەت قويدى) دىن توغرا كەلدى. 1983 - يىلى 12 مىڭ 900 يۈەن ئېتىبار بېرىلدى. شۇ يىلى «قەرەللىك ياردەم» دىن بەھرىمان بولىدىغان يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن قايتقان، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن 16 ھەربىيگە يىلىغا 2800 يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى. ناھىيە بويىچە 620 ھەربىي سەپتىن قايتقان، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىينىڭ 63 ى 2318 يۈەن ۋاقىتلىق ياردەمگە ئىگە بولدى؛ 135 ئۆيلۈك ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى ئىچىدە 36 ئائىلىگە ئېتىبار بېرىلدى، بۇنىڭدىن 2 ئائىلىگە 296 يۈەن نەق پۇل بېرىلدى، 34 ئائىلىگە 6170 ئىش كۈنى (پۇلغا سۇندۇرغاندا 6502 يۈەن) ئېتىبار بېرىلدى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 94 ئۆيلۈك 395 نەپەر ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى، 27 ئۆيلۈك

114 ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىي، 283 ئۆيلۈك 981 ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىي، بىر ئۆيلۈك 6 ئىنقىلابىي قۇربان ئائىلە تاۋابىئاتى بار ئىدى. يۇقىرىقى خادىملار ئىچىدە، دېھقان ئائىلىلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىبار بېرىش يولغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىش نومۇرى ئېتىبار بېرىش نەق پۇل بېرىشكە ئۆزگەرتىلىپ، ھەربىر ئائىلىگە پەرقلىق ھالدا 250 — 280 يۈەنگىچە ئېتىبار بېرىلدى. ئەسلىدىكى مەبلەغنى كەنت، گورۇپپىلار بىر تۇتاش غەملەش يېزا بىر تۇتاش غەملەشكە ئۆزگەرتىلدى. 1982 — 1988 - يىلغىچە جەمئىي 48 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىنىپ، ئېتىبار بېرىش ۋە نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرى بىلەن ئېتىبار بېرىش توختامى ئىمزالاندى، شۇمىسى، نەقلەشتۈرۈلىدىغان ۋاقتى بېكىتىلىپ، پەيدىنپەي تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇلۇپ، ھەربىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىندى، خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە كۆز قارىشى كۈچەيتىلدى.

## 3 §. مېيىپلارغا نەپىقە بېرىش

ناھىيە بويىچە ئېتىبار بېرىلىدىغان ۋە نەپىقە بېرىلىدىغان مېيىپ ھەربىيلەر، ئاساسەن، 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قىسمىدىن يەرلىككە كەسىپ ئالماشتۇرۇپ كەلگەن ئازادلىق ئارمىيە جەڭچى - ئوفىتسېرلىرى بولۇپ، 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە 6 گە يەتكەنىدى، تولىسى 3—A دەرىجىلىك ياكى B دەرىجىلىك مېيىپ بولۇپ، ھەربىرىگە يىلىغا 24 — 30 يۈەنگىچە، ناھىيە بويىچە 168 يۈەن مېيىپلىق پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ناھىيە بويىچە ئىنقىلابىي مېيىپ ھەربىيدىن 8 ى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 3—A دەرىجىلىكى 4، 3—B دەرىجىلىكى 2، 2—B دەرىجىلىكى 2 بولۇپ، بىر يىلدا جەمئىي 274 يۈەن مېيىپلىق پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھارپىسىغىچە، ناھىيە بويىچە ئىنقىلابىي مېيىپ ھەربىيدىن 9 ى بار ئىدى، بۇنىڭدىن 3—A دەرىجىلىكى 5 بولۇپ، ھەربىرىگە يىلىغا 30 يۈەن مېيىپلىق پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى؛ 3—B دەرىجىلىكى 4 بولۇپ، ھەربىرىگە يىلىغا 24 يۈەن مېيىپلىق پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 1974 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىنقىلابىي مېيىپ ھەربىي 12 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە A دەرىجىلىكى بىر، 2—B دەرىجىلىكى بىر، 3—A دەرىجىلىكى 6، 3—B دەرىجىلىكى 4 بولۇپ، بۇلارغا يىلىغا 948 يۈەن مېيىپلىق پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 1976 - يىلى ئېتىبار بېرىلىدىغان ۋە نەپىقە بېرىلىدىغان مېيىپلار 11 بولۇپ، يىلىغا 775 يۈەن نەپىقە پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە نەپىقە بېرىش ئەھۋالىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى.

80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ناھىيە بويىچە 13 مېيىپ ئىنقىلابىي ھەربىي، خەلق ئەسكىرى، خەلق ئىشچىسى بولۇپ، ئۇلارغا ھەر يىلى 1052 يۈەن نەپىقە پۇلى، 20 يۈەندىن ۋاقىتلىق ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. بىر مېيىپ خەلق ئىشچىسىغا يىلىغا 120 يۈەن قوشۇمچە بېرىلدى. 1981 - يىلى ناھىيە بويىچە يىلىغا 814 يۈەن ئېتىبار بېرىش نەپىقە پۇلى تارقىتىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا 132 يۈەن قوشۇمچە يېمەكلىك ياردەم پۇلى كۆپەيتىپ تارقىتىلدى، ھەربىر كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 يۈەندىن كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇقىرىنىڭ ئوقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ياردار ۋە مېيىپ ئىنقىلابىي خادىملارغا ئېتىبار بېرىش گۇۋاھنامىسى ئالماشتۇرۇپ بېرىلدى. گۇۋاھنامە ئالماشتۇرۇش داۋامىدا «باھالىماسلىق، تەكشۈرمەسلىك» روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، گۇۋاھنامە ئالماشتۇرۇش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ، 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئالماشتۇرۇپ بولۇندى. يېڭىدىن گۇۋاھنامە تارقىتىشقا تېگىشلىكلەر 13، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇشتا مېيىپ بولغانلار 9، خىزمەت ئۈستىدە مېيىپ بولغانلار 3، ھەربىي تەلىم تەربىيىدە مېيىپ بولغان خەلق ئەسكىرى بىر بولۇپ، دەرىجە بويىچە ئايرىغاندا 1 - دەرىجىلىكى بىر (يېزىدا)، 2—B دەرىجىلىكى 3 (يېزىدا

2، خىزمەت قىلىۋاتقىنى بىر)، 3—A دەرىجىلىكى 5 (خىزمەتتە)، 3—B دەرىجىلىكى 4 (ئۆيىدە)؛ گۇۋاھنامە ئالغانلار 11 بولۇپ، 2 كىشىگە مەلۇم سەۋەبتىن گۇۋاھنامە تارقىتىلمىدى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ناھىيە بويىچە ئىنقىلاب يولىدا ياردار ۋە مېيىپ بولغانلار 15 (ئۇيغۇر 4، خەنزۇ 11) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدىكىسى بىر، ئازادلىق ئۇرۇشى دەۋرىدىكىسى 6، خىزمەت ئۈستىدە مېيىپ بولغانلار 8؛ يېزىلاردا تۇرۇۋاتقانلار 4، خىزمەتتىكىلەر 11، A دەرىجىلىكى بىر، 2—B دەرىجىلىكى 5، 3—B دەرىجىلىكى 9 بولۇپ، يىلىغا 3977 يۈەن نەپىقە پۇلى تارقىتىلدى.

ياردار ۋە مېيىپلارنىڭ نەپىقە پۇلىنى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى يىلمۇيىل (ياكى يېرىم يىلدا) بىر قېتىم رويخەتكە ئېلىپ تارقاتتى. بۇنىڭ سوممىسى، دەرىجىسى ۋاقتىغا قاراپ بېكىتىلدى. 3—A دەرىجىلىكنى مىسالغا ئالساق، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، يىلىغا 30 يۈەن تارقىتىلغانىدى، كېيىن 46 يۈەن، 88 يۈەن قىلىپ تەڭشەلدى، 1990 - يىلى 108 يۈەن تارقىتىلدى. ئېتىبار بەرگەن ۋە نەپىقە پۇلى تارقاتقاندا دەرىجىسى ئوخشاش بولسىمۇ، خىزمەتتىكىلەر، يېزىدىكىلەر، ئۇرۇشتا مېيىپ بولغانلار، خىزمەت ئۈستىدە مېيىپ بولغانلارنىڭ، ئوخشاش بولمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئېتىبار بېرىش سوممىسىدىمۇ مەلۇم پەرق بولدى. 1965 - يىلى 2—A دەرىجىلىك ياردار، مېيىپ ھەربىيلەر (خەلق ساقچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن خىزمەتتىكىلەرگە، ئۇرۇشتا مېيىپ بولغانلارغا يىلىغا 190 يۈەن، خىزمەت ئۈستىدە مېيىپ بولغانلارغا يىلىغا 170 يۈەن، خەلق ئىشچىلىرىدىن ئۇرۇشتا مېيىپ بولغانلارغا يىلىغا 160 يۈەن تارقىتىلدى. 1990 - يىلدىن كېيىن، نەپىقە پۇلىنى تارقىتىش ئۆلچىمى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. 1995 - يىلى جەمئىي 7000 يۈەندىن كۆپرەك نەپىقە پۇلى تارقىتىلدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى ئىنقىلابىي ياردار، مېيىپلارغا نەپىقە بېرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 — 1

| يىللار | مېيىپلىق دەرىجىسى | | | | | | يىلدا تارقىتىلغان نەپىقە پۇلى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 - دەرىجىلىكى | A—2 دەرىجىلىكى | B—2 دەرىجىلىكى | A—3 دەرىجىلىكى | B—3 دەرىجىلىكى | جەمئىي | |
| 1954 | | 2 | 2 | | | 4 | 141 |
| 1955 | | 2 | 2 | | | 4 | 141 |
| 1957 | | | | | | 6 | 162 |
| 1958 | | | | | | | 180 |
| 1959 | | | | | | 6 | 168 |
| 1960 | | | | 3 | 2 | 5 | 150 |
| 1961 | | | 2 | 4 | 2 | 8 | 274 |
| 1964 | | | 1 | 5 | 4 | 10 | |
| 1965 | | | | 5 | 4 | 9 | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1974 | 1 | | 1 | 6 | 4 | 12 | 768 |
| 1976 | 1 | | 1 | 5 | 4 | 11 | 775 |
| 1979 | | | | | | 12 | 1052 |
| 1980 | 1 | | 3 | 5 | 4 | 13 | |
| 1981 | 1 | | 2 | 4 | 5 | 12 | 1291 |
| 1982 | 1 | | 1 | 4 | 5 | 11 | 1417 |
| 1985 | 1 | 1 | 2 | 4 | 4 | 12 | 1609 |
| 1986 | 1 | 1 | 3 | 4 | 4 | 13 | 2534 |
| 1987 | 1 | 4 | 3 | 5 | 5 | 18 | 3201 |
| 1988 | 1 | 4 | 3 | 5 | 5 | 18 | 3372 |
| 1989 | 1 | 4 | 2 | 4 | 4 | 15 | 5000 |
| 1990 | 1 | 4 | 2 | 4 | 3 | 14 | 6000 |

# III باب

# قۇتقۇزۇش، تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىش

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئاپەت سەۋەبىدىن قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىش ۋە پاراق، باجنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە خاتىرە قالدۇرۇلغان. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) 6 - ئايدا توقسۇز ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان، خەلق ياردەم بېرىدىغان قۇتقۇزۇش تەشكىلاتى «ئاشلىق توپلاپ ئاچارچىلىققا تەييارلىق قىلىش كوممۇنىسى» قۇرۇلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى خەلق ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

## § 1 . شەھەر - بازاردىكى قۇتقۇزۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شەھەر - بازاردىكى قۇتقۇزۇش فاڭجېنى — «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، ئامما ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا ئۆتنە - بېرىم قىلىش بىلەن ھۆكۈمەت قۇتقۇزۇشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت بولدى.

1951 - يىلى ئەتىيازدا دۆلەت ئىقتىسادىدا قىيىنچىلىق بولغان ئەھۋالدا، ھۆكۈمەت 600 كىلوگرام بۇغداي ئاجرىتىپ، شەھەر - بازاردىكى ئىشسىزلارنى قۇتقۇزدى.

1952 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى بازاردىكى 22 ئىگە - چاقىسىز قالغان يېتىم - يېسىر ۋە بوۋاي - موماينى يىغىپ، ۋىلايەتلىك «بەخت» ساناتورىيىسىگە يۆتكەپ بەردى. بۇنىڭغا 3 مىليون 338 مىڭ 600 يۈەن (كونا خەلق پۇلى) چىقىم قىلدى. قىش كىرگەندە يەنە 3 مىليون 590 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى) ئاجرىتىپ، بازاردىكى نامراتلارنى قۇتقۇزدى.

1956 - يىلى ۋە 1961 - يىلى 2 قېتىمدا ئىگە - چاقىسىز 6 بوۋاي - موماي ۋە روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىنى ۋىلايەتلىك «بەخت» ساناتورىيىسىگە يۆتكىدى.

1959 - يىلى بازاردىكى مېيىپلار تىككۈچىلىك، مايلامچىلىق، ھاكچىلىق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللىنىپ، بازاردىكى قۇتقۇزۇش دائىرىسى كىچىكلىتىلدى.

1960 - يىلى 1854 كىشى قاتناشقان كۆكتاتچىلىق چولك ئەترىتى تەشكىللەندى، ئۇنىڭ قارمىقىدا تىككۈچىلىك، شەيكچىلىك، موزدوزلۇق، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، تامچىلىق، ترانسپورت قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى، بۇ ئارقىلىق بازاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسى ھەل قىلىنماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قىيىن بولغانلىقتىن، 1961 - يىلى ئارقا - ئارقىدىن تارقىلىپ كەتتى.

1964 - يىلى كۈزدە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بازار ئاھالىلىرى ئىچىدىن 38 ئۆيلۈك 82 كىشى بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلە قىلىپ باھالاپ چىقىلدى ھەمدە قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە قۇتقۇزۇش بۇيۇمى (100 مېتىر پاختا رەخت، 5 كىلوگرام پاختا) تارقىتىپ بېرىلدى.

1971 -، 1974 -، 1975 -، 1976 - يىللىرى ھۆكۈمەت ئىلگىرى كېيىن بولۇپ 7 قېتىمدا توقسۇ بازىرىغا 14 مىڭ 140 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى، 50 كىلوگرام قۇتقۇزۇش پاختىسى ۋە 200 مېتىر پاختا رەخت تارقىتىپ بەردى. دۆلەت قۇتقۇزۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا كوللېكتىپ جامائەت پاراۋانلىقى فوندىدىن 1107 يۈەن ئاجرىتىپ، 68 ئۆيلۈك 196 كىشىنى قۇتقۇزدى؛ ئامما 49 ھارۋا قۇتقۇزۇش ئوتۇنى توشۇپ بەردى.

بىكار قالغان ئاھالىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەش يۈزىسىدىن 1976 - يىلى 1700 يۈەن قۇتقۇزۇش خىراجىتى (ئوبوروت مەبلىغى قىلىش ئۈچۈن) ئاجرىتىلىپ، بىر گىلەمچىلىك كارخانىسى، 3 ناۋايخانا، 2 لەڭپۇڭچىلىق گۇرۇپپىسى ۋە بىر كۆكتاتچىلىق گۇرۇپپىسى، بىر موزدوزلۇق گۇرۇپپىسى، بىر كونا كىيىم - كېچەك گۇرۇپپىسى ۋە بىر چايخانىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا ياردەم بېرىلىپ، جەمئىي 71 ئۆيلۈك 81 بىكار قالغان ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىدىن 2 كىشى، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىدىن 15 كىشى) ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاھالىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللەش ئارقىلىق بازاردىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ئومۇمىي سانى 1975 - يىلدىكى 49 ئۆيلۈك 100 كىشىدىن 1976 - يىلى 42 ئۆيلۈك

88 كىشىگە (بۇنىڭ ئىچىدە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە 14، 19 كىشى، قىيىنچىلىقى بار ئائىلە 28، 69 كىشى) چۈشتى، قۇتقۇزۇش سوممىسى 1976 ـ يىلى 3156 يۈەندىن 2764 يۈەنگە ئازايدى. 1979 ـ يىلغا كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىلىرى تەشكىللىدى، 3 ناۋايخانا، 2 چايخانا گۇرۇپپىسى، بىر كۆكتاتچىلىق گۇرۇپپىسى، بىر دورا دۇكىنى، بىر گىلەمچىلىك كارخانىسى ساقلاپ قېلىندى، كەسىپدارلار 73 (بۇنىڭ ئىچىدە خەلق ئىشلىرى ئوبيېكتى 42 بولۇپ، ئومۇمىي ئادەمنىڭ %58نى ئىگىلەيدۇ) بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 20 يۈەندىن 50 يۈەنگىچە بولدى، دورا دۇكىنىدىكىلەرنىڭ 100 يۈەندىن ئاشتى. 1970 ـ يىلدىكى «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ۋاقتىدا يېزىغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن ئاھالىدىن 107 ئۆيلۈك 306 كىشى بازارغا قايتىپ كەلدى، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان بولۇپ، ئۇلار قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

1979 ـ يىل 4 ـ، 1980 ـ يىل 12 ـ، 1981 ـ يىل 10 ـ ئايلاردا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە چەت ـ يىراق يېزىلارغا تارقاقلاشتۇرۇلغان قېرى، ئاجىز، مېيىپ، كېسەلچان ئاھالىلەرنىڭ سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 3 تۈركۈمدە 34 ئۆيلۈك 89 كىشى قايتا بازارغا قايتۇرۇلدى ھەم مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، 1979 ـ يىلى ئېھتىياز، قىش پەسلىدە، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 3255 يۈەن پۇل، 20 كىلوگرام پاختا، 48 جىلتىكە، 10 كەتمەن، 8 پارچە كىگىز، 16 پارچە پالاز، 25 مېتىر كۆك رەخت، 80 مېتىر سېرىق رەخت، 10 ياقىلىق قىشقا جۇۋا چىقىرىلىپ، بازاردىكى 46 ئۆيلۈك 86 نامراتقا بېرىلدى.

80 ـ يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، «ئاممىغا، كوللېكتىپنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى ئاساس، دۆلەت بەرگەن زۆرۈر قۇتقۇزۇشنى قوشۇمچە قىلىش» فاڭجېنى ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسىدىن ئىبارەت 3 تەرەپنىڭ كۈچى ئىشقا سېلىنىپ، بازاردىكى قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلاشتۇرۇلدى. توقسۇ بازارلىق مەھەللە ئىش بېجىرىش ئورنى ئۆزى مەبلەغ توپلاپ، 1982 ـ يىلى ئاشخانا، ناۋايخانا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، 29 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە خەلق ئىشلىرى ئوبيېكتى 13) نى ئورۇنلاشتۇردى، ئۇلارنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 33 يۈەنگە يەتتى. 1981 ـ يىلى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، كۆلىمى 1542 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 50 ئېغىزدىن كۆپرەك ئاشخانا، ماگىزىن، ساراي، ساتىراشخانا قاتارلىقلارنى سېلىپ، 35 ھەرخىل خادىم (بۇنىڭ ئىچىدە خەلق ئىشلىرى ئوبيېكتى 15، مېيىپ، كېسەلچان كىشى 2) نى ئورۇنلاشتۇردى. يىللىق تىجارەت سوممىسى 32 مىڭ 309 يۈەن، يىللىق پايدىسى 1308 يۈەن، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئايلىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 35 يۈەن بولدى.

1980 ـ يىلى بازاردا 7 ئۆيلۈك 11 بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان كىشى بار ئىدى، ھۆكۈمەت بىر يىلدا 149 يۈەن قۇتقۇزۇش بەردى، كوللېكتىپ 805 يۈەن ياردەم قىلدى؛ قىيىنچىلىقى بار 191 ئۆيلۈك 313 كىشى بار ئىدى، دۆلەت 6099 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى بەردى، كوللېكتىپ 450 يۈەن ياردەم قىلدى. 1982 ـ يىلى بازاردا 124 ئۆيلۈك 425 بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ۋە قىيىنچىلىقى بار كىشى بولۇپ، بىر يىلدا ئۇلارغا 2652 يۈەن پۇل، 200 مېتىر رەخت ياردەم قىلدى. 1985 — 1988 ـ يىلغىچە دۆلەت جەمئىي 74 مىڭ 302 يۈەن بازار قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ (بۇنىڭ ئىچىدە 52 مىڭ 199 يۈەن نامرات ئائىلىلەرنى قۇتقۇزۇشقا ئىشلىتىلدى) 573 ئائىلە (قېتىم)، 1573 ئادەم (قېتىم) نى قۇتقۇزدى. 1990 ـ يىلى بازاردا 10 ئۆيلۈك 11 بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان كىشى، 30 ئۆيلۈك 81 قىيىنچىلىقى بار كىشى بولۇپ، شۇ يىلى ئۇلارغا 13 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى بۇيرۇپ بېرىلدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە توقسۇ بازىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى قۇتقۇزۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 — 2

| يىللار | بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلگەن قىيىنچىلىقى بار ئائىلە: ئائىلە سانى | بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلگەن قىيىنچىلىقى بار ئائىلە: ئادەم سانى | قۇتقۇزۇش پۇلى (يۈەن) | پۇلغا سوندۇرۇلغان ماددىي بۇيۇم (يۈەن) | ئاشلىق (كىلوگرام) | رەخت (مېتىر) | پاختا (كىلوگرام) | باشقىلار | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | | | | | 1200 | | | | |
| 1954 | | | | 108 تۈمەن (كونا پۇل) | | | | | |
| 1956 | 84 | 129 | 1500 | | 5975 | | | | ساخاۋەت ئاشلىقى (ئۆتنە بېرىلگەن) |
| 1957 | 123 | 295 | 1605 | | | | | | ئەمەلىي قۇتقۇزۇلغىنى 111 ئۆيلۈك، 248 كىشى |
| 1958 | 54 | 147 | 1565 | | | | | | بازاردىن 1290 يۈەن پۇل، 1335 قۇر كىيىم ئىئانە قىلىنىپ، كوچىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا ئايرىپ بېرىلدى |
| 1959 | 36 | 84 | 696 | | | | | | |
| 1960 | | | 5423 | | | | | | يۈنىلىك ئىچىدە 400 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى، 200 يۈەن ساخاۋەت ئاشلىقى پۇلى بازاردىكى ساناتورىيىگە ئايرىپ بېرىلدى |
| 1961 | | | 451 | | | | | | |
| 1964 | 38 | 82 | 600 | | | 100 | 50 | | |
| 1967 | | | 1000 | | | | | | |
| 1971 | | | 1500 | | | | | | |
| 1972 | | | 14000 | | | | | | تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى |
| 1973 | | | 2000 | | | | | | |
| 1974 | | | 8959 | | | | | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1975 | 49 | 100 | 3156 | | | | | | |
| 1976 | 42 | 88 | 2764 | | | 200 | 50 | | بۇتىلىدىن 1107 يۈەن پۇل گۇژگىشىدىن بۇيرۇپ بېرىلگەن |
| 1978 | | | | | 11150 | | | | كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان، دېھقانچىلىق بېجىنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 3000 يۈەن |
| 1979 | | | 2200 | 103 | | 105 | 20 | كىگىز 8، پالاز 16، جۇۋا 10، كەنجەك 43، كەتمەن 10 | |
| 1980 | 46 | 86 | 3255 | 91 | | 67 | | پالاز 8 پارچە | 9 ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزۇش تەشكىلاتى قۇرۇلدى، 42 خەلق ئىشلىرى ئوبيېكتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. |
| 1981 | | | 1000 | | | | | | |
| 1982 | 124 | 425 | 2652 | | | 200 | | | |
| 1985 | 170 | 498 | 24454 | | | | | | |
| 1986 | 217 | 507 | 27848 | | | | | | |
| 1987 | 132 | 398 | 10796 | | | | | | |
| 1988 | 54 | 170 | 11000 | | | | | | |
| 1989 | 50 | 160 | 17000 | | | | | | |
| 1990 | 30 | 81 | 13000 | | | | | پۇلغا سۇندۇرغاندا 13 مىڭ يۈەن | باي ئائىلىلەر پۇل، ئۇنۇن، كۆمۈر ئىئانە قىلىشقا قوزغىتىلدى |
| 1991 | 60 | 180 | 14000 | 3000 | | | | | باي ئائىلىلەر 10 توننا كۆمۈر ئىئانە قىلدى |
| 1992 | 110 | 300 | 13000 | 3000 | | | | | باي ئائىلىلەر 10 توننا كۆمۈر ئىئانە قىلدى |
| 1993 | 112 | 360 | 13000 | 2500 | | | | | |
| 1994 | 112 | 380 | 14000 | 3000 | 500 | 500 | | كۆمۈر 10 توننا | |
| 1995 | 35 | 90 | 14300 | 17200 | 2000 | 60 | | كۆمۈر 70 توننا | |

# 2 § . يېزىلاردىكى قۇتقۇزۇش

## 1. ساخاۋەت ئامبىرى

مىنگو دەۋرىدە يەنى 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان، خەلق ياردەم بېرىدىغان قۇتقۇزۇش تەشكىلاتى — ئاشلىق توپلاپ ئاچارچىلىققا تەييارلىق قىلىش كومىتېتى (قىسقارتىلىپ يىغىندى ئاشلىق ياكى ساخاۋەت ئاشلىقى دەپ ئاتىلىدۇ) قۇرۇلۇپ، مول ھوسۇللۇق يىللاردا ھاللىق باي ئائىلىلەردىن مۇئەييەن مىقداردا ئاشلىق ئىئانە ئېلىپ، بىر ئۇتاش ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرىدا ساقلاپ، ئاپەت يىللىرى ياكى ئېھتىيازدىكى قەھەتچىلىك مەزگىلىدە، يېزا ـ بازار باشلىقلىرى ياكى ئاخۇنۇملار ئوتتۇرىغا چىقىپ كېپىل بولۇپ، كۈزدە قايتۇرۇش شەرتى بىلەن، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن قەرز بېرىپ تۇردى، ئەمما ئۇ ئاشلىقنى ئەمەلىيەتتە قاراپ تەكشە باھادا ساتىمىز ياكى قۇتقۇزۇش قىلىپ بەرمىمىز بولاتتى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) ئېھتىيازدا، ناھىيە بويىچە ساخاۋەت ئاشلىقى زاپىسى 521 دادەن (بۇغداي 221 دادەن، قوناق 300 دادەن) بولۇپ، شۇ يىلى 514 دادەن (بۇغداي 214 دادەن، قوناق 300 دادەن) قەرز بېرىلدى. قىش پەسلىگە بارغاندا، دىرى بىلەن ئۆسۈمى 572 دادەن بولۇپ، سىرتقا 125 دادەن قەرز بېرىلىپ، 447 دادەن نەق ئاشلىق ساقلاندى.

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) ساخاۋەت ئاشلىقىدىن ساقلانغان بۇغداي 126 دادەن بولۇپ، 126 دادەن قەرز بېرىلىپ، 16 دادەن ئۆسۈم ئاشلىقى يىغىۋېلىنىپ، 16 دادەن نەق ئاشلىق ساقلاندى؛ ساقلانغان قوناق 300 دادەن بولۇپ، شۇ يىلى 268 دادەن قەرز بېرىلىپ، 28 دادەن ئۆسۈم ئاشلىقى يىغىۋېلىنىپ، 58 دادەن نەق ئاشلىق ساقلاندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزىلاردا ساخاۋەت ئامبىرى داۋاملاشتۇرۇلدى. 1954 ـ يىلى توپاشەھەر يېزىسى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغاندا، ساخاۋەت ئامبىرى ئاشلىقىدىن 17 مىڭ 444 كىلوگرام بۇغداي، 28 مىڭ 662 كىلوگرام قوناق قەرز بېرىلىپ، 1756 ئۆيلۈك ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما قۇتقۇزۇلدى.

1958 ـ يىلى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى كۈچ تەشكىللەپ ساخاۋەت ئامبىرى ئاشلىقىنىڭ يىغىۋېلىنىش، قەرز بېرىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندا، مىنگو دەۋرىدە 11 مىڭ 85.5 كىلوگرام بۇغداي، 66 مىڭ 183 كىلوگرام قوناق تۆلەنمىگەنلىكى مەلۇم بولدى. 1956 ـ ۋە 1957 ـ يىللىرى 2 قېتىمدا 588.5 كىلوگرام بۇغداي، 5415.5 كىلوگرام قوناق قايتۇرۇۋېلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا 1577 يۈەنلىك ئاشلىق پۇلغا سۇندۇرۇلغان بولۇپ، 5920 كىلوگرام بۇغداي، 60 مىڭ 767.5 كىلوگرام قوناقنىڭ تۆلەنمىگەنلىكى مەلۇم بولدى.

1958 ـ يىلى قىشتا، يەنە ھەرقايسى رايونلارغا ئادەم ئەۋەتىلىپ ئېنىقلاپ يىغىلدى، جەمئىي 187 مىڭ 605 كىلوگرام بۇغداي، 6929 كىلوگرام قوناق، پۇلغا سۇندۇرۇلغان ئاشلىقنىڭ 30 مىڭ 909 يۈەن پۇلى يىغىۋېلىندى.

1960 ـ يىلى ساخاۋەت ئامبىرى كىرىمىدىن 1000 يۈەن ئاجرىتىپ، گۆشخىبلاردىكى ساناتورىيىلەرگە قۇتقۇزۇش بېرىلدى.

## 2. ھەرخىل قۇتقۇزۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەينى ۋاقىتتىكى كۈچىگە قاراپ، ئىشلەپچىقىرىش

ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، ئامما ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆتنە - بېرىم قىلىش، زۆرۈر بولغان قۇتقۇزۇش پۇللىرىنى تارقىتىش، ساغاۋەت ئامبىرى ئاشلىقىدىن قەرز بېرىش، دېھقانچىلىق بېجىنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، يۇرت ماكانىنى قايتا قۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

1954 - يىلى ناھىيە بويىچە 73 مىڭ مو بۇغداي سېرىق دات كېسەللىك ئاپىتىگە ئۇچرىدى؛ شۇ يىلى كۈزدە توپاشەھەر يېزىسى كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 15 خاماندىكى 10 مىڭ باغدىن كۆپرەك بۇغداينى سۇ بېسىپ كەتتى. ھەردەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى 60 ھارۋا، 350 ئەمگەك كۈچىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، سۇ بېسىپ كەتكەن باغلاقلىق بۇغدايلارنى تېز يۆتكەپ، خامان ئېلىشقا ياردەم بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەمگەك كۈچلىرىنى زەيكەش چېپىپ، زەيىنى چىقىرىشقا تەشكىللىدى، ئاممىنى 607 كىلوگرام بۇغداي، 5284.5 كىلوگرام قوناق، 1 مىليون 740 مىڭ يۈەن نەق پۇل (كونا خەلق پۇلى) چىقىرىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىشكە ۋە ئۆتنە - بېرىم قىلىشقا قوزغىدى، 56 مىڭ 695 كىلوگرام پاراقنى كېمەيتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى، ساغاۋەت ئامبىرى ئاشلىقىدىن 17 مىڭ 444 كىلوگرام بۇغداي، 28 مىڭ 662 كىلوگرام قوناق قەرز بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان 1756 ئائىلىلىك ئاممىنى قۇتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆكۈمەت 27 مىليون 173 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى) ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان 136 ئۆيلۈك 335 ئادەمگە قۇتقۇزۇش بەردى.

1961 - يىل 4 - ئايدا دايۇلتۇز گۇڭشېسىنىڭ ئاچال رايونى بوران - چاپقۇننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 890 مو قوناق، 316 مو كېۋەز، 747 مو كۈزگى بۇغداي، 14 مو ئارپا، 130 مو قىچا، 26 مو زىغىر، 38 مو كۆكتات، 8 مو قوغۇن - تاۋۇز قۇم ئاستىدا قالدى، باشقا جايلاردىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاپەت بولدى. شۇ يىلى 24 مىڭ 750 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى، 466 قۇر كىيىم - كېچەك، 993 پارچە گىلەم، پالاز، ئەدىيال، 900 دانە باش كىيىم، 200 قازان قاتارلىق قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى ئاجرىتىلدى. شۇ يىلى ئاچال چوڭ ئەترىتىگە 150 يۈەن نەق پۇل، 18 پارچە كىگىز، 105 پارچە گىلەم، پالاز، ئەدىيال، 50 دانە باش كىيىم، 118 جۈپ ئۆتۈك، 100 مېتىر رەخت، 6 جۇۋا، 6 قازان قۇتقۇزۇش بېرىلدى.

1963 - يىل 5 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسى مۆلدۈرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، 48 مىڭ 829 مو يەر (بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى 28 مىڭ 743 مو، ياغلىق دان 5710 مو، كېۋەز 14 مىڭ 376 مو) ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئاپەت تۈپەيلىدىن 2 مىليون 200 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپرەك ئاشلىق كېمىيىپ كەتتى، بىر قىسىم گۇڭشې، چوڭ ئەترەتلەرنىڭ كىرىمى تۆۋەنلەپ كېتىش، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى قىيىن بولۇش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە 432 ئۆيلۈك 898 كىشىگە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلە 1393 ئۆيلۈك 4754 كىشىگە يەتتى، ئىككىسىنى قوشقاندا، 1825 ئۆيلۈك 5652 كىشى بولۇپ، ئۇلار يېزا نوپۇسىنىڭ 8.5% نى ئىگىلىدى. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن، شۇ يىلى 30 مىڭ 115 يۈەن يېزا ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى، 2000 يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى، 8000 يۈەن ئاز سانلىق مىللەتلەر قوشۇمچە ياردەم پۇلى، 2138 مېتىر رەخت بېلىتى، 50 كىلوگرام پاختا تارقىتىلىپ، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلە بولۇپ جەمئىي 1520 ئۆيلۈك 4717 كىشىگە قۇتقۇزۇش بېرىلدى، بۇ بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە ۋە قىيىنچىلىقى بار ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 83.6% نى تەشكىل قىلىدۇ.

1964 - يىلى ناھىيە بويىچە مۆلدۈر، بوران، شور، ھاشارات زىيانداشلىقى تۈپەيلىدىن 38 مىڭ 279 مو زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىغانىدى، شۇ يىلى 34 مىڭ 920 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى، 4500 مېتىر رەخت، 1500 كىلوگرام پاختا، 1347 قۇر پاختىلىق چاپان، 819 قۇر پاختىلىق شىم، 426 پارچە كىگىز، 424 يوتقان، 875 جۈپ ئۆتۈك ۋە پىيما تارقىتىلدى. شۇ يىلى 9 - ۋە 10 - ئايلاردا بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان

ئائىلە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى باھالاپ بېكىتىشنى ئۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئىشلىنىپ، جەمئىي 285 ئۆيلۈك 545 كىشى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە قىلىپ، 1014 ئۆيلۈك 3628 كىشى قىيىنچىلىقى بار ئائىلە قىلىپ (بازاردىكى 38 ئۆيلۈك 82 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) باھالاپ چىقىلدى.

1965 - يىلى خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى يەنە بىر قېتىم بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى باھالاپ چىقتى، جەمئىي 267 ئۆيلۈك 547 كىشى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە، 1413 ئۆيلۈك 5788 كىشى قىيىنچىلىقى بار ئائىلە قىلىپ باھالاپ چىقىلدى. شۇ يىلى 4 -، 5 -، 11 - ئايلاردا 54 مىڭ 423 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى، 31 مىڭ 851 يۈرۈش پاختىلىق كىيىم، 823 يۈرۈش يېلىڭ كىيىم، 210 پارچە كىگىز، 298 ئەديال، 236 جۈپ پىيما، 242 كەتمەن، 17 مىڭ 227 كىلوگرام ئاشلىق تارقىتىلدى. قۇتقۇزۇش مەبلىغى «ئالدى بىلەن شەخسلەردىن، ئاندىن كوللېكتىپتىن، ئۈنىڭ ئارقىدىن دۆلەتتىن بولۇش» پرىنسىپى بويىچە توپلاندى. شۇ يىلى كوللېكتىپقا تايىنىپ، 118 مىڭ 398 يۈەن پاراۋانلىق فوندى يىغىلدى، پاراۋانلىق فوندى ئارقىلىق بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە (107 ئائىلە) لەرنى قۇتقۇزۇشقا 4146 يۈەن، قىيىنچىلىقى بار ئائىلە (591 ئائىلە) لەرنى قۇتقۇزۇشقا 17 مىڭ 26 يۈەن چىقىم قىلىندى.

1966 - يىلى ناھىيە بويىچە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغاندا، ئاقسۇ سوتسىيالىستىك تەربىيە شۆبە ئۆمىكى توقسۇغا 103 مىڭ يۈەن، تاشئېرىق گۇڭشېغا 12 مىڭ 495 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى چۈشۈرۈپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن 353 ئۆيلۈك 1199 كىشىگە قۇتقۇزۇش بېرىلدى. تارقىتىلغان قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى 343 قۇر يېلىڭ كىيىم (چاپان)، 189 قۇر ئىشتان، 18 قۇر پاختىلىق چاپان، 125 يوتقان، 3309 كىلوگرام ئاشلىق، 269 مېتىر رەخت بولغانىدىن سىرتىدا يەنە 38 قوي، 18 كالا قۇتقۇزۇش قىلىندى ۋە 6 ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىلدى.

70 - يىللار كىرگەندىن كېيىن، ناھىيە بوران، مۆلدۈر، قۇرغاقچىلىق، كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات ئاپىتى ئۈزلۈكسىز يۈز بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان بىر قىسىم ئاممىنى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرغاندا، ھۆكۈمەت ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا قوزغىغاندىن سىرت، يەنە قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىش، دېھقانچىلىق بېجىنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى. 1974 — 1981 - يىلغىچە جەمئىي 2 مىليون 710 مىڭ كىلوگرام دېھقانچىلىق بېجىنى كېمەيتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى، بۇلارنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 910 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

قۇتقۇزۇش خىزمىتىدە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى «نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئادەتتىكىلەرگە ئېتىبار بېرىش، ئالدى بىلەن چەت - يىراق كەنتتىكىلەرنى، ئاندىن يېقىن كەنتتىكىلەرنى قۇتقۇزۇش»، «ئالدى بىلەن ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنى، ئاندىن قۇتقۇزۇش ئوبيېكتلىرىنى قۇتقۇزۇش»، نۇقتىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش، تەڭ تەقسىماتچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلدى.

1971 - يىلى ئەتىيازدا ھۆكۈمەت 15 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە ۋە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە قۇتقۇزۇش بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيىدىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر بىراز كۆپەيدى، 1973 - يىلى قىيىنچىلىقى بار ئائىلە 1339 ئۆيلۈك 4301 كىشىگە، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە 176 ئۆيلۈك 268 كىشىگە يەتتى. 1974 - يىلى قىيىنچىلىقى بار ئائىلە 1486 ئۆيلۈك 5875 كىشىگە، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە 177 ئۆيلۈك 251 كىشىگە يەتتى. ھۆكۈمەت بىر يىلدا 75 مىڭ 8 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە، بازارنىڭ 8959 يۈەن) قۇتقۇزۇش پۇلى تارقاتتى، كوللېكتىپ 3930 كىلوگرام قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، 217 كىلوگرام پاختا، 320 مېتىر رەخت، 328 ھارۋا ئوتۇن، 746 ئىش كۈنى، 2385 يۈەن پۇل توپلاپ قۇتقۇزۇش بەردى. شۇيىلى قۇرغاقچىلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، قۇتقۇزۇش ئوبيېكتلىرى كۆپىيىپ كەتتى، مەسىلەن: ئىچئېرىق گۇڭشېسىنىڭ سۆگەتقوتان چوڭ ئەترىتى ئىلگىرى دۆلەتنىڭ

قۇتقۇزۇشقا مۇھتاج بولۇپ باقمىغانىدى، ئەمما 1974 - يىلى چوڭ ئەترەت بويىچە ئاشلىق ھوسۇلى 50 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپرەك كەملەپ كېتىپ، 7 ئۆيلۈك 24 كىشى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە قۇتقۇزۇش بۇيۇمى ئالدى.

1975 - يىلى ھۆكۈمەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 3 -، 10 -، 11 - ئايلاردا يېزا - بازارلارغا 43 مىڭ 500 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى چۈشۈرۈپ بېرىپ، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان 209 ئۆيلۈك 303 كىشىنى، قىيىنچىلىقى بار 1570 ئۆيلۈك 6066 كىشىنى قۇتقۇزدى.

1976 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى بىردىنلا تۆۋەنلەپ، قاتتىق بوران چىقىپ، چاقماق چېقىپ، قويۇق مۆلدۈر ئارىلاش قاتتىق يامغۇر يېغىپ، ناھىيە بويىچە %80 تىن كۆپرەك گۇڭشې، چوڭ ئەترەتنى ئاپەتكە ئۇچراتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 62 چوڭ ئەترەت، 183 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئاپەتكە ئۇچرىغان (چوڭ ئەترەت ناھىيە بويىچە چوڭ ئەترەتنىڭ %65.9 نى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى %50.2 نى ئىگىلەيدۇ)، 19 چوڭ ئەترەت، 71 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان، 76 مىڭ 431 مو زىرائەت ئاپەتكە ئۇچراپ، كۆزلىگەن ئاشلىق ھوسۇلى 5 مىليون كىلوگرامدىن كۆپرەك، پاختا 14 مىڭ دەن، ياغلىق دان 35 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپرەك كەملەپ كەتكەن؛ 18 ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، 2 كىشى تام بېسىۋېلىپ ئۆلگەن، 14 كىشى يارىلانغان، 6 ئات، 5 كالا، 6 ئېشەك، 334 قوي ئۆلگەن. جەمئىي ئىقتىسادىي زىيان 5 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن. ئاپەت يۈز بەرگەندىن كېيىن، ناھىيە 5500 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجرىتىپ، گۇڭشېلەر پاراۋانلىق فوندىدىن 5858 يۈەن ئاجرىتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى قۇتقۇزدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى قۇتقۇزۇش يۈزىسىدىن 2355 مېتىر پاختا رەخت، 600 كىلوگرام پاختا تارقىتىپ بەردى. دۆلەت، كوللېكتىپ قۇتقۇزۇش بەرگەندىن سىرت يەنە ئامما ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا قۇتقۇزۇشقا قوزغىتىلدى، 8592 يۈەن قىممىتىدە 4 پارچە كىگىز، 70 مېتىر رەخت، 4610 كىلوگرام ئاشلىق، 154 ھارۋا ئوتۇن ئىئانە قىلىندى. تاشبۇرۇق گۇڭشې ئاپەتكە ئۇچرىمىغان چوڭ ئەترەتلەرنى تەشكىللەپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، 2 ھارۋا، 2 ئات، 5 كالا، 10 سوقا، 21 قوي، 10 ھارۋا سامان، 2500 كىلوگرام قوناق يىغىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكىلەرگە ياردەم بەردى. 1976 - يىلى ناھىيە بويىچە 55 مىڭ 490 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى چىقىم قىلىندى، بۇنىڭدىن 52 مىڭ 726 يۈەن گۇڭشېلەرگە، 2764 يۈەن بازارغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى. بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان 165 ئۆيلۈك 238 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە بازاردىكىسى 14 ئۆيلۈك 19 كىشى)، قىيىنچىلىقى بار 1846 ئۆيلۈك 7695 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە بازاردىكىسى 28 ئۆيلۈك 69 كىشى) گە قۇتقۇزۇش بېرىلدى.

70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە دۆلەت قۇتقۇزىدىغان ئائىلە 1911 (بازاردىكىسى 46 ئۆيلۈك 86 كىشى) گە، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە 96 ئۆيلۈك 129 كىشىگە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلە 176 ئۆيلۈك 7132 كىشىگە يەتتى، يىلىغا 70 مىڭ 434 يۈەن (بازارغا 3255 يۈەن، يېزىلارغا 67 مىڭ 179 يۈەن) قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. 93 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى 713 ئۆيلۈك 2321 كىشىنى كوللېكتىپقا تايىنىپ قۇتقۇزۇشقا توغرا كەلدى.

1981 - يىلى ناھىيە بويىچە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە 173 ئۆيلۈك 229 كىشىگە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلە 1460 ئۆيلۈك 6290 كىشىگە يەتتى، دۆلەت 112 مىڭ 59 يۈەن، كوللېكتىپ 37 مىڭ 388 يۈەن (كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان 21 مىڭ 866 يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قۇتقۇزۇش بەردى.

1982 - يىلى بوران تۈپەيلىدىن 73 مىڭ 74 مو زىرائەت ئاپەتكە ئۇچراپ، 41 مىڭ 221 موسى نابۇت بولۇپ، ئاشلىق ھوسۇلى 5 مىليون 260 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپرەك كەملەپ كەتتى، 12 مىڭ 865 كىشى ئاپەتكە ئۇچرىدى. ئاپەتتىن كېيىن، دۆلەت 10 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى، 23 مىڭ 735 كىلوگرام ئاشلىق، 1468 قۇر كىيىم ئاجرىتىپ، 2750 ئۆيلۈك 5532 ئاپەتكە ئۇچرىغان كىشىگە قۇتقۇزۇش بەردى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە 151 ئۆيلۈك 225 كىشى، قىيىنچىلىقى بار ئائىلە 1619 ئۆيلۈك 6141 كىشى بولدى. دۆلەت يېزىلارغا 62 مىڭ 927 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بەردى. 1974 — 1981 ـ يىلغىچە دۆلەت ئاپەتكە ئۇچرىغان ئامما ئۆستەڭدىكى پۇلغا سۇندۇرغاندا 910 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان جەمئىي 2مىليون 710 مىڭ كىلوگرام دېھقانچىلىق بېجىنى كېمەيتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى.

## 1981 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يېزىلاردىكى قۇتقۇزۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 — 3

| تۈر / ئايرىسى | دۆلەت قۇتقۇزۇشى | | | | كوللېكتىپنىڭ ياردىمى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئائىلە (قېتىم) | ئادەم (قېتىم) | پۇل (تۈمەن يۈەن) | بازار ـ يېزا قۇتقۇزۇشىدا تۇتقان نىسبىتى (%) | ئائىلە (قېتىم) | ئادەم (قېتىم) | پۇل (تۈمەن يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە كېمەيتىلگىنى، كەچۈرۈم قىلىنغىنى (تۈمەن يۈەن) |
| بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە | 271 | 365 | 0.68 | | 199 | 268 | 1.2 | 0.7 |
| ساناتورىيە | 16 | 17 | 0.09 | | | | | |
| قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر | 3896 | 16347 | 10.5 | | 226 | 1120 | 2.4 | 1.5 |
| جەمئىي | 4183 | 16729 | 11.27 | 90.2 | 427 | 1888 | 3.6 | 2.2 |

## 1980 ـ ۋە 1981 ـ يىللىرى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قۇتقۇزۇش ئەھۋالىنى تىپىك تەكشۈرۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 — 4

| چولاق ئەترەت نامى | | 1980 ـ يىلى | | | 1981 ـ يىلى | | | 1981 ـ يىلى 1980 ـ يىلدىكىدىن كېمەيگىنى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئائىلە (قېتىم) | ئادەم (قېتىم) | پۇل (يۈەن) | ئائىلە (قېتىم) | ئادەم (قېتىم) | پۇل (يۈەن) | ئائىلە (قېتىم) | ئادەم (قېتىم) | پۇل (يۈەن) |
| تامتوغراق | | 17 | 38 | 537.95 | 8 | 27 | 193.50 | 9 | 11 | 344.45 |
| لەڭگەر | جەمئىي | 23 | 114 | 479.23 | 15 | 78 | 490.30 | 8 | 36 | +11.07 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئەترەت | 13 | 58 | 274.84 | 3 | 18 | 107.55 | 10 | 40 | 167.29 |
| قوشئېرىق | | 15 | 45 | 270.50 | 10 | 45 | 152.55 | 5 | 0 | 117.95 |
| جەمئىي | | 55 | 197 | 1287.68 | 33 | 150 | 836.35 | 22 | 47 | 451.33 |

1985 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلاردا بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە 232 بولۇپ، 386 كىشى، نامرات ئائىلە 2247 بولۇپ، 3679 كىشى ئىدى. شۇ يىلى دۆلەت ئۇلارغا 91 مىڭ 327 يۈەن قۇتقۇزۇش بەردى، كوللېكتىپ 60 مىڭ 876 يۈەن ياردەم بەردى.

1986 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلاردىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە 272 گە، ئادەم 389 غا، قىيىنچىلىقى بار ئائىلە 1555 كە، ئادەم 4452 گە يەتتى. شۇ يىلى دۆلەت ئۇلارغا 89 مىڭ 965 يۈەن قۇتقۇزۇش بەردى، كوللېكتىپ 28 مىڭ 590 يۈەن ياردەم قىلدى.

1987 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 4 قېتىم ئاپەت بولدى. بۇلاردىن 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كېچىدىكى مۆلدۈر ئاپىتى ئەڭ ئېغىر بولۇپ، 4550 ئائىلىلىك دېھقان، 49 مىڭ 354 مو زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى. مۆلچەرلىنىشچە، 13 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئىقتىسادىي زىيان بولغان. ئەتىسى سەھەردە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شي فۇپىڭ، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى قاھار ئەمەتلەر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ جىنشەن بىلەن ئاپەت ئەھۋالى ئەڭ ئېغىر بولغان پەيشەنبە بازار يېزىسىنىڭ نۇرباغ كەنتىگە بېرىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا تەشكىللىدى.

شۇ يىلى دۆلەت يېزىلارغا ئاتاپ 57 مىڭ 93 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ، 1974 ئائىلىدىكى 7896 كىشىگە قۇتقۇزۇش بەردى. 129 مىڭ 764 يۈەن تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقاتتى. كېيىنكى يىلى يەنە 500 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقاتتى ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا 61 مىڭ يۈەن ئىشلەپچىقىرىش پۇلى ياردەم بەردى.

1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە 187 گە، ئادەم 276 گە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلە 1054 كە، ئادەم 2864 (بۇنىڭ ئىچىدە بازاردىكىلەر 86 ئائىلە 233 كىشى) گە يەتتى، بىر يىلدا 73 مىڭ يۈەن (بازارغا 13 مىڭ يۈەن، يېزىلارغا 44 مىڭ يۈەن) ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش پۇلى، 104 مىڭ يۈەن تەبىئىي ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى قىسمەن يىللاردىكى قۇتقۇزۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 — 5

| يىللار | قىيىنچىلىقى بار ئائىلە | | بۇنىڭ ئىچىدە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە | | دۆلەت قۇتقۇزۇشى | | | | كوللېكتىپ قۇتقۇزۇشى (ئىئانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئائىلە سانى | ئادەم سانى | ئائىلە سانى | ئادەم سانى | پۇل (يۈەن) | ئاشلىق (كىلوگرام) | رەخت (مېتىر) | باشقىلار | پۇل (يۈەن) | ئاشلىق (كىلوگرام) | باشقىلار | |
| 1950 | | | | | | | | | 84 تەڭگە | 2491 | دېھقانچىلىق سايمانلىرى 864 دانە | كوللېكتىپ قۇتقۇزۇش گىرافىسىدىكى باي ئائىلىلەرنىڭ ئىئانە ياردىمى |
| 1951 | 3030 | | | | | | 235 | 31 كىلوگرام پاختا | | 3275 | | |
| 1952 | 2229 | | | | 1109 | 35 مىڭ ئاغار | | | | | | |
| 1953 | | | | | 1333.36 | 3056 | | 60 كەتمەن | | | | |
| 1954 | 1756 | | | | 2717.3 | 46106 | | | 1 مىليون 740 مىڭ | 5891 | | دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشى ساخاۋەت ئاشلىقىدىن ئۆتنە ئېلىنغان |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1955 | | | | | 1528 | 30364 | | | | | | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش |
| 1956 | 689 | 2010 | | | 7944 | 5975 | | | | | ئوتۇن 45 كىلوگرام | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش |
| 1957 | 769 | 2299 | | | 9652 | | | | | | | |
| 1958 | 696 | 2211 | 241 | 330 | 2963 | | | | | 7204 | كىيىم - كېچەك 179 قۇر | |
| 1959 | 338 | 806 | | | 5466 | | | كىيىم - كېچەك، باش كىيىم، ئاياغ كىيىم 419 پار | | | ئوتۇن 5 هارۋا | كىيىم 302 قۇر، كىگىز 19 پارچە |
| 1960 | 181 | 483 | | 256 | 6450 | | | كىگىز، كىيىم - كېچەك 710 قۇر | 1000 | | | |
| 1961 | 1124 | 4714 | 557 | 2464 | 24 سالاڭ 750 | | | | | | | |
| 1962 | 1124 | 4696 | 557 | 2446 | 36 سالاڭ | | 319 | رەخت بىلەتى 27400 مېتىر | | | | |
| 1963 | 1825 | 5652 | 432 | 898 | 30115 | | | رەخت بىلەتى 18100 مېتىر، پاختا 50 كىلوگرام | | | | ئەمەلىي قۇتقۇزۇلغىنى 152 ئۆيلۈك 4717 كىشى |
| 1964 | 1299 | 6632 | 285 | 545 | 34920 | | 4500 | كىيىم - كېچەك، كىگىز قاتارلىقلار 4106، پاختا 150 كىلوگرام | | | | ئەمەلىي قۇتقۇزۇلغىنى 1014 ئۆيلۈك 3653 كىشى |
| 1965 | 1613 | 6087 | | | 54423 | 17227 | | كىيىم - كېچەك، كىگىز، ئاياغ كىيىم 33418 | 21172 | | | ئەمەلىي قۇتقۇزۇلغىنى 2316 ئائىلە 7273 كىشى |
| 1966 | | | | | 106000 | | | | | | | 85 سالاڭ يۇن يېزا ئىگىلىك بېجى كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان |
| 1967 | | | | | 30000 | | | | | | | |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1971 | | | | | 15000 | | | | | | | |
| 1972 | | | | | 48000 | | 1800 | | | | | |
| 1973 | 1515 | 5069 | 176 | 268 | 10000 | | 1500 | پاختا 50 كىلوگرام | | | | دېھقانچىلىق بىجى يۇقىدا ھېسابىدا 250 مىلك كىلوگرام كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى، پۇلغا سۇندۇرغاندا 56 مىلك يۈەن |
| 1974 | 1163 | 6126 | 177 | 251 | 66048 | | | | 2358 | 3930 | پاختا 434 جىڭ، رەخت 320 مېتىر، 744 ئىش كۈنى، كېگىز 14 پارچە | |
| 1975 | 1779 | 6369 | | | | 2175 | | 1680 | | | | دېھقانچىلىق بىجى ئاشلىق ھېسابىدا 250 مىلك كىلوگرام كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان، پۇلغا سۇندۇرغاندا 65 مىلك يۈەن |
| 1976 | 2011 | 7933 | 165 | 238 | 45490 | | 2355 | پاختا 600 كىلوگرام | 4242 | | | دېھقانچىلىق بىجىدىن 437 مىلك 500 كىلوگرام كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان. پۇلغا سۇندۇرغاندا 1 مىليون 130 مىلك يۈەن |
| 1977 | | | | | 40000 | | | | | | | ئاپال چولك ئەترىتىگە 10 مىلك 156 يۈەن، تېرەكلىك چولك ئەترىتىگە 18 مىلك يۈەن چۇشۇرۇپ بېرىلگەن |
| 1978 | | | | | | | | | | | | دېھقانچىلىق بىجى ئاشلىق ھېسابىدا 385 مىلك كىلوگرام كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان، پۇلغا سۇندۇرغاندا 103 مىلك 400 يۈەن بولغان |
| 1979 | 1911 | 7347 | 69 | 129 | 81501 | | | پاختا 450 كىلوگرام | 3678 | 45366 | ئىش كۈنى 5595 | دېھقانچىلىق بىجى ئاشلىق ھېسابىدا 543 مىلك 900 كىلوگرام كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان، پۇلغا سۇندۇرغاندا 178 مىلك يۈەن |
| 1980 | | | | | 30000 | | 1367 | كىگىز، پالاز 411 پارچە | | | | دۆلەتتىن قۇتقۇزۇش بەرگەن بۇيۇملارنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 33 مىلك 122 يۈەن |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 1633 | 6519 | 178 | 229 | 112059 | | | كىيىم ـ كېچەك 411 قۇر | | | | |
| 1982 | 1770 | 6366 | 151 | 225 | 62927 | | | | 37388 | | | دېھقانچىلىق بېجى ھېسابىدا 85 مىڭ يۈەن كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان |
| 1983 | | | | | 59000 | | | | | | | |
| 1985 | 1072 | 6925 | | | 93327 | | | | | | | |
| 1986 | 1185 | 6421 | | | 194865 | | | | | | | بۇنىڭدىن تەبىئىي ئاپەت دەپ قۇتقۇزغىنى 105 مىڭ يۈەن |
| 1987 | 1974 | 7896 | | | 187000 | | | | | | | بۇنىڭدىن تەبىئىي ئاپەت دەپ قۇتقۇزغىنى 130 مىڭ يۈەن |
| 1988 | 1072 | 4824 | | | 512000 | | | | | | | بۇنىڭدىن تەبىئىي ئاپەت دەپ قۇتقۇزغىنى 500 مىڭ يۈەن |
| 1989 | 1038 | 3684 | 188 | 278 | | 42500 | | 252 | | | | |
| 1990 | 1241 | 3140 | 187 | 276 | | | | | | | | |
| 1991 | 842 | 3224 | | | 370000 | | | | | | | بۇنىڭدىن نەپىقە 20 مىڭ يۈەن، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش 70 مىڭ يۈەن، تەبىئىي ئاپەت قۇتقۇزۇشى 220 مىڭ يۈەن |
| 1992 | 1266 | 4458 | | | 240000 | | | | | | | بۇنىڭدىن نەپىقە 20 مىڭ يۈەن، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش 70 مىڭ يۈەن، تەبىئىي ئاپەت قۇتقۇزۇشى 120 مىڭ يۈەن |
| 1993 | 1266 | 4458 | | | 200000 | | | | | | | بۇنىڭدىن نەپىقە 30 مىڭ يۈەن، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش 60 مىڭ يۈەن، تەبىئىي ئاپەت قۇتقۇزۇشى 80 مىڭ يۈەن |
| 1994 | 3234 | 14535 | | | 230000 | | | | | | | |
| 1995 | 2807 | 10302 | | | 450000 | | | | | | | |

## § 3 . نامراتلارنى يۆلەش

1965 - يىلى قىشتا ناھىيە بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، قىيىنچىلىقى بار 1413 ئۆيلۈك 5788 كىشى، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان 267 ئۆيلۈك 547 كىشى بېكىتىلدى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالغا ئاساسەن، 5 يىللىق نامراتلارنى يۆلەش پىلانى تۈزۈلۈپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر ئورتاق تىرىشىپ، 1 مىليون 40 مىڭ يۈەنلىك نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغى سېلىنىپ، 5 يىلدا ناھىيە بويىچە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى يۆلەپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قارار قىلىندى، دۆلەت 790 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، نامرات ئائىلىنى 1258 دىن 153 كە چۈشۈرۈش تەلەپ قىلىندى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توختاپ قالدى.

1978 - يىلدىكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى قايتىدىن قانات يايدۇرۇلدى. 1980 - يىلى دۆلەت 80 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش پۇلى چۈشۈرۈپ بېرىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى 50 يۈەندىن تۆۋەن بولغان نامرات چوڭ ئەترەتلەرنىڭ ئوتتۇراھال ۋە كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشىغا ياردەم بەردى. 1981 - يىلى توقسۇ ناھىيىسى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى پىلانى (لايىھە)نى قايتىدىن تۈزۈپ، دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق ياردەم بېرىپ، نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى ھەل قىلىپ بېرىشىنى، كوللېكتىپنىڭ نامراتلارنى يۆلەش يېرى ۋە نامراتلارنى يۆلەش چارۋىسىنى ھەل قىلىپ بېرىشىنى، شەخسلەرنىڭ تىرىشىپ يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېزدىن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى.

شۇ يىلى جايلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئۇسۇلى، ئاساسەن، يەر ئاغدۇرۇش ۋە تېرىشقا ياردەم بېرىش، قەرز پۇلنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش، نامراتلارنى يۆلەش چارۋىسى ئۆتنە بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش يېرى (ھەربىر ئائىلىگە بىر مو ئەتراپىدا) تەقسىم قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. دايۇلتۇز گۇڭشېسى نامرات ئائىلىلەرنىڭ 16 ئېغىز ئۆي سېلىۋېلىشىغا (پۇلغا سۇندۇرغاندا 1920 يۈەن) ياردەم بېرىپ، 2667 يۈەن قىممىتىدە 101 تۇياق نامراتلارنى يۆلەش چارۋىسى، 258 كىلوگرام پاختا، 800 ئىش كۈنى، 276 ھارۋا ئوتۇن ھەل قىلىپ بەردى.

1982 - يىلى دۆلەت 10 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش پۇلى چۈشۈرۈپ بەردى، بۇ پۇل نۇقتىلىق ھالدا دايۇلتۇز گۇڭشېسىنىڭ ئۈجمەئېرىق چوڭ ئەترىتى بىلەن بەلگەئېرىق چوڭ ئەترىتىگە، تاشئېرىق گۇڭشېسىنىڭ چولاقتۇر چوڭ ئەترىتىگە ئىشلىتىلىپ، 31 ئۆيلۈك 135 نامرات كىشى يۆلىنىپ، 15 كالا، 23 ئېشەك، 15 قوي، 17 ھارۋا، 1420 كىلوگرام ئاشلىق ھەمدە 43 يوتقان، كىگىز، جۇۋا قاتارلىق بۇيۇملار ئېلىپ بېرىلدى ۋە 2 ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىلدى.

1983 - يىلى دۆلەت ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 58 مىڭ يۈەن نامراتلارنى يۆلەش پۇلى بۇيرۇپ بەردى، بۇ پۇل ئارقىلىق 438 نامرات ئائىلە يۆلەندى ھەم نامراتلارنى يۆلەش توختامى ئىمزالاندى.

1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، جەمئىي 340 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ھەقلىق قەرز 136 مىڭ يۈەن) نامراتلارنى يۆلەش پۇلى بۇيرۇپ بېرىلىپ، 2557 نامرات ئائىلە يۆلەندى. 7 نامراتلارنى يۆلەش گەۋدىسى قۇرۇلدى. تىككۈچىلىك كۇرسى ئېچىلىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ 35 پەرزەنتى تەربىيىلەندى. 1980 — 1988 - يىلغىچە نامرات ئائىلىلەرگە 653 ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىلىپ، 438 نامرات ئائىلىنىڭ بېيىش يولىغا مېڭىشىغا ياردەم بېرىلدى.

1990 ـ يىل 6 ـ ئايدا دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش جەھەتتىن يۆلەش خىزمىتىنى پەنمۇ ياخشى ئىشلەش يۈزىسىدىن، ناھىيە بويىچە خەلق باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىق پۇل كاسسىسى (ئاشلىق كاسسىسى) قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 6 يېزا، بىر بازاردا 14 ھەمكارلىق پۇل كاسسىسى (ئاشلىق كاسسىسى) قۇرۇلۇپ، 17 مىڭ 666 ئۆيلۈك 91 مىڭ 886 كىشى پۇل كاسسىسىغا قاتناشتى، شۇ يىلى پۇل كاسسىسىغا 6 مىليون 453 مىڭ يۈەن مەبلەغ يىغىلدى. 14 مىڭ 540 ئۆيلۈك، 79 مىڭ 86 كىشى ئاشلىق كاسسىسىغا قاتناشتى، شۇ يىلى ئاشلىق كاسسىسىغا 212 مىڭ 615 كىلوگرام ئاشلىق يىغىلدى.

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىق پۇل (ئاشلىق) كاسسىسىنىڭ 1990 ـ يىلدىكى ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 — 6

| تۈرى / نامى | يېزا نوپۇسى | | پۇل كاسسىسى | | | | | ئاشلىق كاسسىسى | | | | | پۇل كاسسىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | قاتناشقانلار | | كاسسىدىكى سومما (تومەن يۈەن) | | | قاتناشقانلار | | زاپاس ئاشلىق (كىلوگرام) | | | |
| | ئومۇمىي ئائىلە سانى | نوپۇس | ئائىلە سانى | نوپۇس | ئەمەلىي | دۆلەتنىڭ ئوبوروت مەبلىغى | جەمئىي | ئائىلە سانى | نوپۇس | ئەمەلىي | دۆلەت چۈشۈرۈپ بەرگەن ئوبوروت | جەمئىي | |
| ئۈچقات يېزىسى | 2811 | 15561 | 2697 | 15029 | 5 | | 5 | 2697 | 15020 | 50000 | | 50000 | 2 |
| تاشئېرىق يېزىسى | 3236 | 16267 | 3159 | 16200 | 490 | | 490 | 3300 | 17000 | 64000 | 3750 | 67750 | 2 |
| يۇلتۇز باغ يېزىسى | 3028 | 14921 | 2842 | 14421 | 31.5 | | 31.5 | 2942 | 14596 | 13145 | | 13145 | 2 |
| توقسۇ بازىرى | 457 | 2316 | 810 | 1358 | 114.8 | 0.2 | 115 | 301 | 1308 | 3620 | | 3620 | 2 |
| ئىچئېرىق يېزىسى | 3845 | 20234 | 3370 | 18968 | 3.4 | 0.4 | 3.8 | 2950 | 17702 | 71000 | 7100 | 78100 | 2 |
| ئۆگەن يېزىسى | 2360 | 13471 | 2350 | 13460 | | | | 2350 | 13460 | | | | 2 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | 2525 | 12867 | 2438 | 12450 | 2 | | | | | | | | 2 |
| جەمئىي | 18262 | 95637 | 17666 | 91886 | 644.7 | 0.6 | 645.3 | 14540 | 79086 | 201765 | 10850 | 212615 | 14 |

ئىزاھات: توقسۇ بازىرىنىڭ ئومۇمىي ئائىلە سانى ۋە ئومۇمىي نوپۇسى ناھىيە بازىرىنىڭ ئاھالىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# IV باب

# پاراۋانلىق

## 1 § . ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىقى

### 1 . قىيىنچىلىق ياردىمى

1953 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلاردا (كەسپىي ئورۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پاراۋانلىق گورۇپپىسى تەسىس قىلىندى، پاراۋانلىق خىراجىتى ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %2.5 ى بويىچە ئاجرىتىپ ئېلىندى. ئۇ چاغدا پاراۋانلىق خىراجىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىغا ياردەم بېرىشكىلا ئىشلىتىلدى، ياردەم پۇلى ۋاقىتلىق ياردەم پۇلى ۋە قەرەللىك ياردەم پۇلى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلدى. ۋاقىتلىق ياردەم پۇلى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقىغا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، بىر قېتىمدا بېرىلىدىغان ياردەم پۇل 100 يۈەندىن ئېشىپ كەتمەيتتى؛ قەرەللىك ياردەم پۇلى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ياردەم پۇلى ۋە كۆپ پەرزەنتلىكلەر قىيىنچىلىقى ياردەم پۇلى دەپ ئايرىلىپ ئايمۇئاي تارقىتىلاتتى. ئۇنىڭ تەركىبى ئۆزى ئىلتىماس قىلىش، ئورۇن پاراۋانلىق گورۇپپىسى باھالاپ بېكىتىش، ناھىيىلىك پاراۋانلىق ھەيئىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش بويىچە بولاتتى.

1954 - يىلى ناھىيە بويىچە كۆپ پەرزەنتلىك قىيىنچىلىقى بارلارغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولغانلار 6 كىشى بولۇپ، بىر يىلدا 563 يۈەن چىقىم قىلىندى.

1957 - يىلى ناھىيە بويىچە 6052 يۈەن پاراۋانلىق خىراجىتى ئاجرىتىلغانىدى، ئۇنىڭدىن 3199 يۈەن چىقىم قىلىنىپ، 2853 يۈەن قالدۇق قالدى.

1965 - يىلى ناھىيە بويىچە مەمۇرىي ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىن 11 مىڭ 120 يۈەن پاراۋانلىق خىراجىتى ئاجرىتىلغانىدى، ئۇنىڭدىن 8717 يۈەن چىقىم قىلىنىپ، 2418 يۈەن قالدۇق قالدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ناھىيە بويىچە پاراۋانلىق ياردەم پۇلى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ كەتتى. 1967 - يىلى ناھىيە بويىچە (كارخانا ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) پەقەت 4566 يۈەنلا پاراۋانلىق خىراجىتى چىقىم قىلىندى، بۇنىڭدىن ناھىيىلىك يەسلىگە 2000 يۈەن، 69 كىشىگە 2566 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئورگانلىرىدىن 41 كىشىگە 1590 يۈەن، كەسپىي ئورۇنلاردىن 28 كىشىگە 976 يۈەن) ياردەم پۇلى بېرىلدى.

1980 - يىلى ناھىيىلىك پاراۋانلىق ھەيئىتى قايتىدىن قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە پاراۋانلىق خىراجىتىنى ئاجرىتىۋېلىش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ، ئەسلىدىكى ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ %2.5 ىنى ئاجرىتىش ئادەم سانى بويىچە ئاجرىتىشقا، ھەربىر كىشىدىن ھەر ئايدا 2.1 يۈەن (ئۇنىڭ ئىچىدە 1.80 يۈەن شۇ ئورۇنغا قالدۇرۇلاتتى، 0.3 يۈەننى كادىرلار بۆلۈمى بىر تۇتاش باشقۇراتتى) ئاجرىتىشقا

ئۆزگەرتىلدى.

پاراۋانلىق خىراجىتىنى 50 يۈەندىن تۆۋەن بولسا ئورۇن تەستىقلىدى، 50 يۈەندىن يۇقىرى بولسا كادىرلار بۆلۈمى ياكى پاراۋانلىق ھەيئىتى تەستىقلىدى.

1990 - يىلى جەمئىي 12 مىڭ 900 يۈەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ياردەم پۇلى (بۇنىڭدىن كوللېكتىپ ئورۇنلارغا 4400 يۈەن) تارقىتىلدى.

1995 - يىلدىن كېيىن، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ياخشىلىنىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ياردەم پۇلى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچىلار كۆرۈنەرلىك ئازايغانلىقتىن، نامىيە بويىچە پەقەت 500 يۈەن قىيىنچىلىق ياردەم پۇلى چىقىم قىلىندى.

## 2. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇغقان يوقلىشى

ئاپتونوم رايوننىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان ۋاقتى بەلگىلىك مۇددەتكە توشقاندا، ئۇلار تۇغقان يوقلاش رۇخسىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. 1960 — 1980 - يىلغىچە 10 يىلدا بىر قېتىم تۇغقان يوقلاش بەلگىلەنگەنىدى، 1980 - يىلى 5 يىلغا، 1981 - يىلى 4 يىلغا ئۆزگەرتىلدى. تۇغقان يوقلاشتىكى بېرىش - كېلىش خىراجىتى يول كىراسى بېلىتىگە ئاساسەن ئاتچوت قىلىپ بېرىلدى، ئەگەر ئەر - ئايال ئايرىلىپ تۇرغان بولسا، ھەريىلى بىر قېتىم تۇغقان يوقلاش رۇخسىتىدىن بەھرىمەن بولدى. ئەگەر ئاتا - ئانىسى ۋە جۈرىسى بولمىسا، بەھرىمەن بولمىدى.

## 3. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىسسىنىشى

ھەر يىلى قىشتا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئىسسىنىش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 60 - يىللاردا ھەربىر كىشىگە يىلىغا 43 يۈەندىن (كۆمۈشتىن تۆۋەندىكىلەرگە 28 يۈەندىن) تارقىتىلغانىدى، 1980 - يىلدىن باشلاپ 57 يۈەنگە ئۆزگەرتىلدى. 1995 - يىلى 165 يۈەندىن تارقىتىلدى.

## 4. دەپنە ۋە نەپىقە

ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆلۈپ كەتسە، دەپنە پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. 50 - يىللاردا 100 يۈەن ئۆلچەم بويىچە تارقىتىپ بېرىلگەنىدى. 1974 - يىلدىن كېيىن، ئىشچىلارغا 400 يۈەندىن، كادىرلارغا 450 يۈەندىن تارقىتىپ بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى.

ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆلۈپ كەتسە، نەپىقە پۇلى بېرىلدى. مەمۇرىي ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا شۇ كىشىنىڭ شۇ ئايلىق ۋە كېيىنكى ئايلىق ئىش ھەققىگە 10 ئايلىق ئىش ھەققى قوشۇپ تارقىتىپ بېرىلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتىغا «قىيىنچىلىقى كۆپ بولسا كۆپرەك ياردەم بېرىش، قىيىنچىلىقى ئازراق بولسا ئازراق ياردەم بېرىش» پرىنسىپى بويىچە تۇرمۇش خىراجىتى تارقىتىپ بېرىلدى. ئادەتتە كىشى بېشىغا 40 يۈەن ئەتراپىدا بولدى.

كارخانا ئورۇنلىرى مەمۇرىي ئورۇنلاردىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلەندۈرۈلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆلۈپ كەتسە، شۇ كىشىنىڭ شۇ ئايلىق ئىش ھەققىگە بىر يىللىق ئىش ھەققى قوشۇپ تارقىتىپ بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئائىلە تاۋابىئاتىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىدارە مەسئۇل بولمىدى.

## 2 § . ئىجتىمائىي پاراۋانلىق

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە، ئەينى ۋاقىتتىكى تۇقسۇ رايونىدىكى يېتىم - يېسىرلارنىڭ تولىسى كوچا دارىلئېيتامىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ بېقىلغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 1952 - ، 1954 - ، 1958 - ، 1960 - يىللىرى 10 نەچچە يېتىم - يېسىر ۋە روھىي كېسەل ئاقسۇ «بەخت» ساناتورىيىسىگە ئاپىرىپ بېرىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، كوچمەنلەرنى ئۆزگەرتىش قانات يايدۇرۇلدى، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى پاراۋانلىق كوپىراتىپى، دارىلئېيتام، يەسلى، ساناتورىيە، ئاممىۋى ئاشخانا قاتارلىق پاراۋانلىق تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى.

### 1. كوچمەنلەرنى ئۆزگەرتىش

1952 - يىلى ھۆكۈمەت ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى كوچمەنلەرنى ئېنىقلىدى ۋە تىزىملىدى، 94 يانچۇقچى، 64 لۈكچەك، 579 بەڭگى، 139 بىكار تەلەت، 88 تىلەمچى، يەنە 172 راھىپ، مۇناخ، پالچى، رەمبال، پىرىخون قاتارلىقلار ئېنىقلاپ چىقىلدى ۋە تىزىملاندى، جەمئىي كوچمەن 1136 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 72.

بۇ كوچمەنلەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، پارتىيىنىڭ سىياسىتى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىنىپ، ئۇلار يامان يولدىن يېنىپ، يېڭىدىن ئادەم بولۇشقا يېتەكلەندى، ئۆزگەرتىشكە قارشىلىق قىلغانلار قانۇن بويىچە جازالاندى. 1950 — 1952 - يىلغىچە ھۆكۈمەت ئىشسىز كوچمەنلەرگە يەر تەقسىم، ئۇرۇق تارقىتىپ بەردى. ئۇلارنىڭ تولىسى دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ نازارەتچىلىكىدە توغرا يولغا ماڭدى.

### 2. ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش - پاراۋانلىق كوپىراتىپى

ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن، 1953 - يىلى ناھىيىنىڭ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ئىئانە پۇلىدىن 14 مىليون 570 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى) چىقىرىشى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ 25 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) بۆلۈپ بېرىشى ئارقىلىق ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش - پاراۋانلىق كوپىراتىپى قۇرۇلدى.

پاراۋانلىق كوپىراتىپىنىڭ قارمىقىدا تىككۈچىلىك دۇكىنى قۇرۇلۇپ، 2 نەپەر ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى، بىر ئىشسىز قالغان ئىشچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بىر تېخنىك ئىشچى ياللاپ ئىشلىتىلدى. تىگمەن يېزىسىدا 3 سۇ تۈگمىنى قۇرۇلۇپ، بىر نەپەر ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تۇقسۇ بازىرىدا بىر ئوتۇن دۇكىنى قۇرۇلۇپ، بىر نەپەر ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 18 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) مەبلەغ سېلىنىپ قۇرۇلغان پاراۋانلىق ئاشخانىسى 1953 - يىل 12 - ئايدا تىجارەت باشلىدى، ئۇنىڭغا 2 نەپەر ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 5 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1955 - يىلى 270 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى) مەبلەغ سېلىنىپ قۇرۇلغان ساتىراشخانىغا ھەربىي سەپتىن قايتقان بىر ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى پاراۋانلىق كوپىراتىپى يوقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 1956 - يىلى

تىجارەتنى توختىتىپ، مال - مۈلكىنى مالىيەگە ئۆتكۈزدى، خادىملار قايتىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 3. دارىلئېتام

1960 - يىلى ئەتىيازدا توقسۇ يېزىلىرىدا 131 يېتىم بالا بار ئىدى؛ 6 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە دارىلئېتام قۇرۇلدى. دارىلئېتامدا 6 خىزمەتچى بولۇپ، ئۇلار دارىلئېتام باشلىقى، ئوقۇتقۇچى، تەربىيىچى، ئاشپەز، زاپخوزدىن تەركىب تاپتى، دۆلەت 12 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. دارىلئېتام خەلق باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان تەشكىلات بولۇپ، دۆلەت كىيىم - كېچەك ۋە مەمۇرىي خىراجەتكە، كۆممۈنىلار بالىلارنىڭ تاماق خىراجىتىگە مەسئۇل بولدى. ئەمما كۆممۈنىلار قائىدە بويىچە پۇل تاپشۇرالمىغانلىقتىن، كېيىن ھەممىسىنى ھۆكۈمەت ھۆددىگە ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى.

1960 - يىل 9 - ئايدا دارىلئېتامغا تۇنجى تۈركۈمدە 114 يېتىم بالا قوبۇل قىلىندى، رېمونت قىلىنغان كونا مەسچىت دارىلئېتام قىلىندى. دارىلئېتامغا قوبۇل قىلىنغانلارنىڭ تولىسى 14 ياشتىن تۆۋەن بالىلار بولۇپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالا 102 ئىدى، ئۇلار 2 سىنىپقا ئايرىلدى، 11 - ئايدا دەرس باشلاندى. 1964 - يىل 3 - ئايغا كەلگەندە، دارىلئېتام ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 200 دىن ئوشۇقراق يېتىم بالا قوبۇل قىلدى.

دارىلئېتام ئېچىلغاندىن كېيىن، باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، ساپاسى ناچار، باشقۇرۇش مۇۋاپىق بولماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 1964 - يىل 3 - ئاينىڭ بېشىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى. شۇ ۋاقىتتا دارىلئېتامدا 94 بالا (ئۇيغۇر 90، خەنزۇ 4) بولۇپ، ئۇلارنىڭ 79 ى يۇرتىغا قايتۇرۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قالغان 15 بالىدىن 11 ى (ئۇيغۇر) باي دارىلئېتامغا، 4 ى (خەنزۇ) ئاقسۇ دارىلئېتامغا يۆتكەپ بېرىلدى.

## 4. خەلق ئىشلىرى پاراۋانلىق كوپىراتىپى

1980 - يىلى ناھىيىدىن 51 مىڭ 79 يۈەن چىقىرىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن 50 ئېغىز (1542 كۋادرات مېتىر) ئۆي سېلىنىپ، 1982 - يىل 9 - ئايدا خەلق ئىشلىرى پاراۋانلىق كوپىراتىپى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا بىر ئاشخانا، بىر مېھمانخانا، 3 ئاپتوموبىل رېمونت دۇكىنى، 2 يېمەك - ئىچمەك ماگىزىنى ئېچىلدى.

1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىشچى - خىزمەتچىسى 22 گە يەتتى، ھەممىسى خەلق ئىشلىرى ئوبيېكتى (كادىر بىر، ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىي 2، مېيىپ 9، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى 10) ئىدى. 1984 — 1988 - يىلغىچە تىجارەت كىرىمى 217 مىڭ 575 يۈەن بولۇپ، پايدىسى 31 مىڭ 153 يۈەن بولدى.

پاراۋانلىق كوپىراتىپى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى ئاران 28 يۈەن ئىدى، 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 76 يۈەنگە كۆپەيدى. كوپىراتىپنىڭ 2 مىليون 16 مىڭ يۈەن قىممىتىدە تۇراقلىق مۈلكى بار. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئىشچى - خىزمەتچىسى 24 كە يېتىپ، ھەربىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى تەخمىنەن 200 يۈەن بولدى.

## 5. ياشانغانلار ساناتورىيىسى

1959 - يىلى دايۇلتۇز، ئىچئىرىق كۆممۈنىلىرىدا خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ پۇل چۈشۈرۈپ بېرىشى

بىلەن، 2 قېرىلار ساناتورىيىسى قۇرۇلۇپ، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر يىغىۋېلىش ئوبيېكتى قىلىنىپ، 42 يېتىم ـ يېسىر يىغىۋېلىندى.

1960 ـ يىلى يەنە 2 ياشانغانلار ساناتورىيىسى كۆپەيتىلىپ، جەمئىي 112 بوۋاي ـ موماي (ئەر 76، ئايال 36) بېقىلدى، يىلىغا 4800 يۈەن قۇتقۇزۇش خىراجىتى چىقىم قىلىندى. ياشانغانلار ساناتورىيىلىرىدە دېموكراتىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، بىر كادىر، 2 مۇلازىمەتچى ۋە 3 — 5 كىچە ساناتورىيە ئادىمىدىن تەشكىل قىلىنغان باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى، ساناتورىيىدىكى چوڭ ئىشلارنى باشقۇرۇش ھەيئىتى قارار قىلدى.

1964 ـ يىلى يەنە بازار گۈزەشپەسىدە ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇلۇپ، 45 ئىگە ـ چاقىسىز قېرى يىغىۋېلىندى. ساناتورىيەدىكىلەر ئۆزى 30 مو قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات تېرىپ ئىستېمال قىلغاندىن سىرت، يەنە سېتىپ 800 يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ساناتورىيىلەرنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ناچارلاشتى، 1975 ـ يىلغا بارغاندا ھەممىسى تاقالدى.

1976 ـ يىلدىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىچكىرىق، تاشقىرىق، دايۇلتۇز ساناتورىيىلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 3 ساناتورىيىدە 9 خىزمەتچى، 17 ساناتورىيە ئادىمى، 91 مو يەر، 14 مو باغ، 38 ئېغىز ئۆي، 34 قوي، شۇنىڭدەك كالا ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى قاتارلىقلار بار ئىدى. 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ناھىيە بويىچە ياشانغانلار ساناتورىيىسى 5 كە، خىزمەتچىسى 9 غا، بېقىلىۋاتقان بوۋاي ـ موماي 38 گە يەتتى. توقسۇ بازارلىق ياشانغانلار ساناتورىيىسىدە 2 خىزمەتچى بار، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىدىن پۇل چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. يېزىلىق ياشانغانلار ساناتورىيىلىرىنىڭ ھەممىسىدە يەر بولۇپ، خىزمەتچىلەر يەر كىرىمىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

## 3 § . مېيىپلارنى قوغداش

1979 ـ يىلى مېيىپلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە مېيىپلارنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى ئېنىقلاپ چىقىلدى.

1980 ـ يىلدىن كېيىن، مېيىپلارنى قوغداش خىزمىتىگە تەدرىجىي ئەھمىيەت بېرىلدى. 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 26 مېيىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭدىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا 12 سى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا 5 ى، پارلاۋانلىق كارخانىلىرىغا 9 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ ئۇنىڭدىن باشقا 110 كىشى يەككە ئەمگەك بىلەن شۇغۇللاندى.

### توقسۇ ناھىيىسىدىكى مېيىپلارنىڭ 1979 ـ يىلدىكى تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 — 7

| رايون ئايرىمىسى | ئەرلەر: جەمئىي | ئەرلەر: قۇرامىغا يەتكەنلەر | ئەرلەر: بالىلار | مېيىپلار: جەمئىي | مېيىپلار: قۇرامىغا يەتكەنلەر | مېيىپلار: بالىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| بازار | 20 | 16 | 4 | 19 | 15 | 4 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يېزا | 390 | 297 | 93 | 227 | 143 | 84 |
| جەمئىي | 410 | 313 | 97 | 246 | 158 | 88 |

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى خەلق ئىشلىرى ئوبيېكتلىرىنىڭ 1990 ـ يىلدىكى تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 — 8

| يېزا (بازار) | خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان، كېسەل سەۋەبىدىن ئاپات بولغان، يوقاپ كەتكەن ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى | | ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتى | | ئىنقىلابىي مېيىپ ھەربىيلەر | | % 40 ئىش ھەققى قۇتقۇزۇشىدىن بەھرىمەن بولىدىغان قېرى، ئاجىز، مېيىپلار | | پېنسىيىگە چىققانلار | | يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىيلەر | | يېزىلاردىكى ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ھەربىيلەر | | بازاردىكى قەرەللىك، تۇرمۇشلۇق قۇتقۇزۇش بېرىلىدىغانلار | | يېزىلاردىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەر | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئائىلە | كىشى | ئائىلە | كىشى | ئائىلە | كىشى | ئائىلە | كىشى | ئائىلە | كىشى | ئائىلە | كىشى | ئائىلە | كىشى | ئائىلە | كىشى | ئائىلە | كىشى | |
| بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلار | 2 | 10 | 42 | 129 | 11 | 61 | 6 | 21 | 2 | 9. | | | | | | | | | |
| توقسۇ بازىرى | | | 2 | 11 | | | | | | | 9 | 51 | 27 | 127 | 30 | 81 | | | بۇلاردىن باشقا ج خ سىستېمىسىدىن ئېتىبار بېرىلىدىغان، نەپىقە بېرىلىدىغان 11 ئائىلىدىكى 67 ئوبيېكت بار. ناھىيە بويىچە ئۇلار جەمئىي 649 ئائىلە 1972 كىشى |
| ئۈچقات يېزىسى | | | 4 | 18 | 2 | 5 | | | | | 4 | 20 | 20 | 88 | | | 29 | 46 | |
| ئىچئېرىق يېزىسى | | | 12 | 54 | | | | | | | 4 | 7 | 59 | 236 | 1 | 4 | 36 | 58 | |
| تاشئېرىق يېزىسى | | | 17 | 113 | | | | | | | 2 | 9 | 74 | 155 | | | 39 | 55 | |
| ئۆگەن يېزىسى | | | 8 | 42 | 1 | 4 | | | | | 2 | 12 | 42 | 243 | | | 10 | 11 | |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | | | 4 | 20 | | | | | | | 3 | 12 | 33 | 74 | | | 19 | 32 | |
| يۇلتۇزباغ يېزىسى | | | 5 | 8 | | | | | | | 3 | 3 | 29 | 64 | 2 | 5 | 54 | 74 | |
| جەمئىي | 2 | 10 | 94 | 395 | 14 | 70 | 6 | 21 | 2 | 9 | 27 | 114 | 284 | 987 | 33 | 90 | 187 | 276 | |

# V باب

# يىغىۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇش

## § 1 . ھەربىي سەپتىن قايتقان، چېكىنگەن ھەربىيلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش

1953 - يىلى ھەربىي سەپتىن قايتقان، چېكىنگەن 28 ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1959 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەربىي سەپتىن قايتقان، چېكىنگەن ھەربىي 74 (بۇنىڭ ئىچىدە يارىدار مېيىپ ھەربىي 6، ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىي 25، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىي 43) بولۇپ، بۇلاردىن 62 سى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 12 سى يۇرتىغا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا قايتۇرۇلدى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ئىچكى ئۆلكىلەردىن ناھىيىلەرگە تەقسىم قىلىپ ئەۋەتىلىپ تۇردى، بۇلارنى تەشكىلات بۆلۈمى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇردى. مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئەسكەرلەردىن مۇددىتى توشقاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا تېرىلغۇ يەر، تۇرالغۇ ئۆي، ئۆزۈقلۇق ئاشلىق، نىكاھ، داۋالىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتا ياردەم بېرىلدى، بەزىلىرىگە يەنە مۇۋاپىق قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، تېخنىكا ئارتۇقچىلىقى بارلار مۇۋاپىق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1965 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەربىي سەپتە مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت ئۆتەپ چېكىنگەن 183 ئەسكەر قوبۇل قىلىندى. خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى گوۋۇيۈەننىڭ «مەجبۇرىي خىزمەت ئۆتىگەن ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي سەپتىن چېكىنىشىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بولغا قويۇش چارىسى»گە ئاساسەن، «نەدىن كەلگەن بولسا، شۇ جايغا قايتۇرۇش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، 78 كىشىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى، 105 كىشىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېزىغا قايتۇردى. ئائىلىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا قىيىنچىلىقى بارلارغا جەمئىي 7628 يۈەن ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

1976 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەربىي سەپتىن قايتقان 19 ھەربىي قوبۇل قىلىندى، بۇلاردىن 3 نىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 10 ى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 6 سى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا يۇرتىغا قايتۇرۇلدى. يۇرتىغا قايتقانلاردىن تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بارلارغا كوللېكتىپتىن 410 ئىش كۈنى ئېتىبار قىلىپ بېرىلدى.

1981 - يىلى مالىيەدىن 12 مىڭ 780 يۈەن ئاجرىتىلىپ، ھەربىي سەپتىن قايتقان، چېكىنگەن 64 ئۆيلۈك قىيىنچىلىقى بار ھەربىيگە 116 ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىلدى. شۇ يىلى ھەربىي سەپتىن قايتقان، چېكىنگەن ھەربىيدىن 56 سى قوبۇل قىلىنىپ، ھەممىسى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1981 — 1988 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە ھەربىي سەپتىن قايتقان، چېكىنگەن 241 ھەربىي قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بازاردىكىسى 130 (ئۇيغۇر 87، خەنزۇ 43) بولۇپ، 37 سى مەجبۇرىي، كەسپىي

ئورۇنلارغا، 74ى كارخانا ئورۇنلىرىغا، 13ى كوللېكتىپ ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 6 سىنىڭ ئىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى؛ يېزىلاردىكىسى 111 (ئۇيغۇر 97، خەنزۇ 14) بولۇپ، 6 سى يېزا، بازار كارخانىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 8 نىڭ ئىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 97 سى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا يۇرتىغا قايتۇرۇلدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى ھەربىي سەپتىن قايتقان، چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 — 9

| ئايرىمىسى / يىللار | ئومۇمىي ئادەم سانى | | | | | ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى | | | | | | | | | | ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئۇنىڭ ئىچىدە | | | | بازار | | | | | يېزا | | | | | |
| | ئادەم سانى | ئۇيغۇر | خەنزۇ | بازاردىكى | يېزىدىكى | مەمۇرىي ئورۇن | كارخانا | كوللېكتىپ ئورۇن | ئىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنى | جەمئىي | ئىشچىلىقتا قوبۇل قىلىنغىنى | ئىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنى | كارخانا | يۇرتىغا قايتقىنى | جەمئىي | |
| 1953 | 28 | | | | | | | | | | | | | 28 | 28 | |
| 1955 | 33 | | | | | | | | | 15 | | | | | 11 | |
| 1958 | 62 | | | | | | | | | 30 | | | | | 14 | |
| 1959 | 74 | | | | | | | | | 62 | | | | 12 | 12 | |
| 1976 | 19 | | | 13 | 6 | | | | 3 | 13 | | | | 6 | 6 | |
| 1980 | 12 | | | | | | | | | 3 | | | | 9 | 9 | |
| 1981 | 57 | 43 | 14 | 16 | 41 | 3 | 8 | 2 | 3 | 16 | 3 | 3 | | 35 | 41 | 3500 |
| 1982 | 32 | 15 | 17 | 25 | 7 | 8 | 15 | 2 | | 25 | | 3 | | 4 | 7 | |
| 1983 | 55 | 44 | 11 | 33 | 22 | 8 | 20 | 3 | 2 | 33 | | 2 | | 20 | 22 | |
| 1984 | 32 | 24 | 8 | 17 | 15 | 4 | 9 | 2 | 2 | 17 | | | 1 | 14 | 15 | |
| 1985 | 17 | 11 | 6 | 11 | 6 | 6 | 4 | 1 | | 11 | | | 1 | 5 | 6 | 2510 |
| 1986 | 26 | 23 | 3 | 11 | 15 | 4 | 7 | | | 11 | 1 | | | 14 | 15 | 520 |
| 1987 | 14 | 9 | 5 | 11 | 3 | 2 | 8 | 1 | | 11 | | | | 3 | 3 | 1568 |
| 1988 | 8 | 5 | 3 | 6 | 2 | 2 | 3 | 1 | | 6 | | | | 2 | 2 | 4000 |
| 1990 | 20 | 6 | 14 | | | | 11 | | | 11 | | | | | | 3000 |
| 1991 | 2 | 2 | | 2 | | 1 | 1 | | | 2 | | | | | | |

| | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1992 | 23 | 14 | | 14 | | 7 | 9 | 7 | | 23 | | | | | | |
| 1993 | 12 | 6 | | | | 1 | 7 | 4 | | 12 | | | | | | |
| 1994 | 14 | 11 | | | | 6 | 6 | 2 | | 14 | | | | | | 3000 |
| 1995 | 19 | 10 | | | | 2 | 10 | 7 | | 19 | | | | | | |

## 2 § . ئاققۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش

دۆلەت ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان مەزگىلدە، 1959 ـ يىلدىن باشلاپ، توقسۇ ناھىيىسىگە ئاز ساندا ئاققۇنلار كەلدى ياكى كېلىپ ـ كېتىپ تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيدىنپەي كۆپىيىپ، 1961 ـ يىلغا بارغاندا يۇقىرى پەللىگە يەتتى.

1961 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيە بازىرىدا ئاققۇنلارنى يىغىۋېلىش ئورنى قۇرۇلدى. 1961 ـ يىل 12 ـ ئايدا يەنە بورقۇدۇقتا بىر يىغىۋېلىش ئورنى قۇرۇلدى، جەمئىي 4 كادىر ئاجرىتىلدى (ئۇنىڭدىن باشقا ھەربىر يىغىۋېلىش ئورنىدا 2 كىشى ياللاپ ئىشلىتىلدى). 1962 ـ يىل 4 ـ ئايدا يىغىۋېلىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، ج خ ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، مالىيە بۆلۈمى ۋە بازار گۇڭشېسىدىن جەمئىي 5 كىشى ئاجرىتىلىپ خىزمەتچى خادىم قىلىندى. ئىشخانىغا مۇئاۋىن ھاكىم رىن زۇجىڭ رەھبەرلىك قىلدى. ئىشخانا قارمىقىدا يىغىۋېلىش ئورنى تەسىس قىلىندى.

1960 ـ يىلدىن باشلاپ ئاققۇنلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ تولىسى يېزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1960 — 1961 ـ يىلغىچە جەمئىي 3000 دىن كۆپرەك كىشى قوبۇل قىلىندى. تولىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىن تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن داخېيەندىن كوللېكتىپ ئېلىپ كېلىندى.

1961 ـ يىل 11 ـ ئايدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 2007 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، دايۇلتۇز گۇڭشېسىغا 769 كىشى، تاشئېرىق گۇڭشېسىغا 470 كىشى، ئىچئېرىق گۇڭشېسىغا 596 كىشى، بازار گۇڭشېسىغا 27 كىشى، ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئەترىتىگە 10 كىشى، باغ زاۋۇتىغا 28 كىشى، ئاشلىق ئىدارىسىگە 6 كىشى، ھەربىي پونكىتقا 5 كىشى، تاشقى سودا ئىدارىسىغا 12 كىشى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىغا 3 كىشى، سودا ئىدارىسىغا 79 كىشى، قول ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە 2 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يىل ئاخىرىغا بارغاندا جەمئىي 2372 ئاققۇن ئورۇنلاشتۇرۇلدى (بۇلارنىڭ 176 سى ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردا قالدۇرۇلدى، قالغانلىرى يېزىغا تەقسىم قىلىندى).

بۇلار يېزىغا تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، ھەربىرسىگە 2 يۈزدىن قالدۇرۇق يەر بۆلۈپ بېرىلىپ، ھەقسىز ئورۇن بېرىلدى، ئۆي سېلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىلدى. قىش كىرگەندىن كېيىن 1324 پاختىلىق چاپان، 1387 پاختىلىق شىم، 595 يوتقان تارقىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى، 40 تىن كۆپرەك كىشى شۇ يىلىلا ئائىلە تاۋابىئاتىنى ئېلىپ كەلدى.

1962 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە 2815 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قايتا سىرتقا كەتكەنلەر 1645، تەستىقلاش ئارقىلىق ئۆيىگە قايتقانلار 466 بولۇپ، يىل ئاخىرىدا ئەمەلىيەتتە 704 كىشى قالدى. بۇلارنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىدە «ئۈچ خىل كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى»

(3 خىل كىشىلەر يەنى چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەنلەر، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنلەر ۋە ئاققۇنلار) قورۇلدى ھەمدە 1962 - يىل 11 - ئايدا گۇڭشې، چوڭ ئەترەت، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان 3 خىل كىشىلەر خىزمەت يىغىنى چاقىرىلىپ، بەزى كونكرېت تەدبىرلەر تۈزۈلۈپ، 3 خىل كىشىلەر مۇقىملاشتۇرۇلدى. يىغىن ستاتىستىكا ماتېرىيالىدىن قارىغاندا، 1958 — 1962 - يىل 10 - ئايغىچە ناھىيە بويىچە 3575 نەپەر 3 خىل كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئىشچى - خىزمەتچى 646) ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 2418 كىشى يەنە توقسۇۋدىن كەتكەن. 1962 - يىل 10 - ئايغا كەلگەندە، ئەمەلىيەتتە 1157 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئىشچى - خىزمەتچى 432) قالغان.

بىر نەچچە يىل داۋامىدا 3 خىل كىشىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن، بەزى گۇڭشې، چوڭ ئەترەت ۋە شەخسلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ئىگىلىۋېلىنغانىدى. 1963 - يىلى دۆلەت 70 مىڭ 500 يۈەن تۆلەم پۇلى چۈشۈرۈپ بەردى، ناھىيە بويىچە 3293 كىشى (بۇلارنىڭ 2389 ى كەتتى) ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تۆلەم پۇلى ئالغانلار: 2 گۇڭشې (1310 يۈەن)، 52 چوڭ ئەترەت (46 مىڭ 361 يۈەن)، 24 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى (8559 يۈەن)، 134 گۇڭشې ئەزاسى (3123 يۈەن)، كونا دېھقانچىلىق مەيدانى (1385 يۈەن)، ناھىيىلىك دوختۇرخانا (1620 يۈەن). تۆلەم پۇلى ئىچىدە تۇرمۇش پۇلى 51 مىڭ 720 يۈەن، ئات - ئۇلاغ پۇلى 110 يۈەن، دېھقانچىلىق سايمانلىرى پۇلى 3921 يۈەن، ئۆي پۇلى 1606 يۈەن، دورا - دەرمەك پۇلى 3394 يۈەن، باشقىلار 1605 يۈەن.

1963 - يىلى يەنە ئاز ساندا ئاققۇنلار كەلدى. شۇ يىلى جەمئىي 29 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، يىل ئاخىرىدا نەق 3 خىل كىشى 1064 كە يەتتى. 1964 - يىلى 15 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، 57 كىشى يېڭىۋاشتىن سىرتقا كەتتى، 35 كىشى يۇرتىغا كەتتى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا، نەق ئاققۇن 744 كە، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئىشچى - خىزمەتچى 205 كە، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەنلەر 38 گە، جەمئىي 987 گە يەتتى.

1965 - يىلدىن باشلاپ، ئاققۇنلارغا قارىتا «قەتئىي يىغىۋېلىش، قاتتىق باشقۇرۇش، قەتئىي قايتۇرۇش» فاڭجېنى قوللىنىلدى، شۇ يىلى جەمئىي 295 كىشى يىغىۋېلىنىپ قايتۇرۇلدى. 15 ئۆيلۈك 17 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ يىل ئاخىرىغا بارغاندا 355 ئۆيلۈك 986 ئاققۇن (بۇنىڭدىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنلەر 109 ئۆيلۈك 351 كىشى) قالدى.

70 - يىللاردا يىغىۋېلىنغان ئاققۇنلارغا قارىتا «ئۇدۇللۇق يىغىۋېلىش، ئۇدۇللۇق ئەمگەككە سېلىش، ئۇدۇللۇق تەكشۈرۈش، ئۇدۇللۇق تەربىيە بېرىش، ئۇدۇللۇق بىر تەرەپ قىلىش» سىياسىتى يولغا قويۇلدى.

1974 - يىلدىن باشلاپ، يىغىۋېلىش خىزمىتىنى خەلق ئىشلىرى، ج خ تارماقلىرى، بازارلىق ئاھالىلەر كومىتېتى ھەمكارلىشىپ بېجىردى. 1976 - يىلى جەمئىي 360 كىشى يىغىۋېلىنىپ، 358 ئادەم (قېتىم) قايتۇرۇلدى، بۇنىڭغا 1715 يۈەن سەرپ قىلىندى.

80 - يىللار كىرگەندىن كېيىن، يىغىۋېلىش ئوبيېكتى ئىچىدە تىلەمچى، سەرگەردانلارنىڭ نىسبىتى كۆپەيدى. 1980 — 1988 - يىلغىچە بولغان 9 يىلدا جەمئىي 9987 ئادەم (قېتىم) يىغىۋېلىنىپ قايتۇرۇلدى.

## § 3 . سىرتقا چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ قايتىپ كېلىشى

1959 - يىلدىن باشلاپ، توقسۇۋدىن كۆپلىگەن ئەمگەك كۈچى سىرتقا چىقىپ كەتتى. شۇ بىر يىلدا 1687

كىشى سىرتقا چىقىپ كەتتى. 1960 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە، سىرتقا چىقىپ كەتكەنلەر جەمئىي 2700 دىن ئاشتى، سىرتقا چىقىپ كەتكەنلەر شايار، كورلا، قاراشەھەر، خېجىڭ، ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق جايلارغا باردى، بۇ كىشىلەرنى قايتىپ كېلىشكە سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن، توقسۇ ناھىيىسى 9 كىشىدىن تەركىب تاپقان خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ جايلارغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قايتىپ كېلىشكە سەپەرۋەر قىلدى. ئىنچىكە ئىدىيۋى خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، 671 كىشى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قايتىپ كەلدى، بۇنىڭغا جەمئىي 6631 يۈەن سەرپ قىلىندى.

## 4 §. تۆمۈر يولدىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش

1961 ـ يىلى كۈزدە ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسىدىن 646 ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىخچاملىنىپ توقسۇ ناھىيىسىگە چۈشۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا، ئەمەلىيەتتە 626 كىشى (20 كىشى كەتتى) قالدى.

بۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تولىسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ئورۇنلىشىشقا تەقسىم قىلىندى. ئاز ساندىكىلىرى ئىدارە ۋە زاۋۇتلاردا ئېلىپ قېلىندى، ئەڭ دەسلەپكى تارقىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: دايۇلتۇز گۇڭشېسىغا 151 كىشى، ئىچبېرىق گۇڭشېسىغا 106 كىشى، پاختا ـ چىگە تىجارەت بۆلۈمىگە 21 كىشى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتىغا 20 كىشى، سۇچىلىق بۆلۈمىگە 37 كىشى ئورۇنلاشتى.

ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلاردىن ئاز ساندىكىلەر تۆمۈريول ئىدارىسىگە قايتىپ كەتتى، بەزىلىرى توقسۇدىن كەتتى. 1963 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 363 كىشى سىرتقا كەتتى، ئەمەلىيەتتە 263 كىشى قالدى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئەمەلىيەتتە قالغىنى 52 كىشى بولۇپ، ئۇلار يېزا، زاۋۇت ۋە ئىدارىلەرگە ئورۇنلاشتى.

## 5 §. بازار ئاھالىلىرىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش

1962 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 624 ئىشچى ـ خىزمەتچى (خەنزۇ 169، ئۇيغۇر 455) ئىخچاملاندى، 767 بازار ئاھالىسى (بازار ئاھالىسى 485، ئائىلە تاۋابىئاتى 121، يېزىلاردا تاۋار ئاشلىق ئىستېمال قىلىدىغانلار 161) قىسقارتىلدى، ناھىيە بويىچە 1991 بازار ئاھالىسى قىسقارتىلدى. 1963 ـ يىلى 139 ئىشچى ـ خىزمەتچى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى، 792 بازار ئاھالىسى قىسقارتىلدى.

تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنلەرنىڭ تولىسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1964 ـ يىلغا كەلگەندە، 45 كىشى بازارغا قايتىپ كېلىۋالدى. 1978 ـ يىلدىكى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، بۇنىڭدىن 34 ئۆيلۈك 91 كىشى يېڭىۋاشتىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بازارغا قايتىپ كېلىشكە تەستىقلاندى.

# VI باب

# نىكاھ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش

## 1 § . نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) دىن ئىلگىرى، توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ تولىسى 14 — 16 ياشقىچە بولغان ئارلىقتا ياتلىق قىلىناتتى، نىكاھ ئىشىغا ئاتا - ئانىسى ئىگە بولاتتى، ئاخۇنۇم نىكاھ ئوقۇپ قويسىلا بولاتتى.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ئۆلكىدىن بىر تۇتاش نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى بېسىلىپ، ناھىيىلەردىكى ج خ ئىدارىلىرىنىڭ نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش خىزمىتىنى بېجىرىشىگە تارقىتىپ بېرىلدى. يېڭىدىن نىكاھلانماقچى بولغان بىر جۈپ قىز - يىگىت گۇۋاھنامە ئالغاندا 2 يۈەن ئۆلكە پۇلى تاپشۇراتتى (ماركا بېجى تالونى شەكلى بىلەن پۇل تۆلەيتتى).

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) نىڭ ئالدى - كەينىدە، نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش، گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بېجىرىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، گۇۋاھنامە ئالغاندا گىراژدانلىق كىنىشكىسى تەكشۈرۈلەتتى. نىكاھلىنىش گۇۋاھنامىسى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان ۋە نىكاھ گۇۋاھچىلىرى، ئاتا - ئانىلار، ئەلچىلەر، قىز - يىگىت تامغا باسقاندىن كېيىن (ياكى بارمىقىنى باسقاندىن كېيىن) كۈچكە ئىگە بولاتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، نىكاھلىنىش يېشى كۆپىنچە 14 ياشتىن يۇقىرى بولۇش كېرەك دەپ چەكلەندى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە نىكاھلىنىش يۈزىسىدىن تىزىملانغانلار جەمئىي 37 جۈپ بولۇپ، ئوغۇل - قىزلارنىڭ يېشى 14 ياشتىن يۇقىرى بولدى، يېشى ئەڭ كىچىك بولغان قىزلاردىن 14 ياشلىقلار 12، ئوغۇللاردىن 15 ياشلىقتىن بىر، 16 ياشلىقتىن 2 بولدى.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) ھۆكۈمەت ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش خىزمىتىنى بېجىرىشنى ھاۋالە قىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش خىزمىتىنى بېجىرىشكە باشلىدى، كونكرېت كەسىپنى ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ۋە رايونلۇق ھۆكۈمەتلەر بېجىردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىشكە زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، «نىكاھ قانۇنى» تەشۋىق قىلىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، نىكاھ ئىشلىرىغا ئۆزى ئىگە بولۇش، ئەر - ئايال باب - باراۋەر بولۇش، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق بولۇش، ئەرلەرنى ئەزىزلەپ، ئاياللارنى خارلاشقا ۋە نىكاھ ئىشلىرىغا چات كىرىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش، بالدۇر توي قىلىشقا قارشى تۇرۇش (ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھلىنىش يېشى ئوغۇللار 18 ياش، قىزلار 16 ياش بولۇش بەلگىلەنگەن، ئەمما تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇلمىغان) تەشەببۇس قىلىنىدى. 1950 - يىل

12 ـ ئايدىن باشلاپ، ئومۇمەن تۇنجى نىكاھلانغۇچى قىز ـ يىگىتلەرنى ناھىيىنىڭ خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى تىزىملايدىغان بولدى.

1954 ـ يىلى «نىكاھ قانۇنى» نىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، نىكاھتىن ئاجرىشقانلارنى تىزىملاشنى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى بېجىرىدىغان بولدى.

1957 ـ يىلدىن كېيىن، ناھىيە بويىچە نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش 4 رايون، پەيشەنبە بازار بىۋاسىتە قاراشلىق يېزىسى، توقسۇ بازىرى ۋە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىدە بېجىرىلىدىغان بولدى. نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلارنى تىزىملاشنى يەنە خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى بېجىردى. 1958 ـ يىلدىن كېيىن، نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلارنى تىزىملاش رايوننىڭ (كېيىن گۇڭشېنىڭ) بېجىرىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەردىن نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملىدى.

1959 ـ يىل 10 ـ ئايدا بىر تۈركۈم كادىر ئاجرىتىلىپ، نىكاھ قانۇنى يەنە بىر قېتىم تەشۋىق قىلىندى، شۇ چاغدا ئوغۇللار 20 ياشقا، قىزلار 18 ياشقا تولغاندا نىكاھلىنىشقا رۇخسەت قىلىش بەلگىلەنگەنىدى. چوڭقۇر تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، فېئوداللىزمنىڭ قالدۇقلىرى، دىنىي كۈچلەرنىڭ نىكاھ ساھەسىدىكى تەسىرى بىرقەدەر ئېلىمىنلەپ تازىلاندى. 18 ياشتىن تۆۋەن ياشلاردىن نىكاھلىنىشنى تەلەپ قىلىدىغانلار كۆرۈنەرلىك ئازايدى.

1960 — 1963 ـ يىلغىچە چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەنلەر، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنلەر، ئېقىپ كەلگەنلەردىن نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاشتا ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيىسى قوللىنىلىپ، ئادەم (قىز ـ ئوغۇل ئىككى تەرەپ) بىلەن ئىسپات (يۇرت ئىسپاتى) تولۇق بولۇشتا چىڭ تۇرۇلدى، نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاشنى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى بىۋاسىتە بېجىردى.

1974 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 7 نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش نۇقتىسى، 5 گۇڭشې ۋە «ئاۋانگارت» دېھقانچىلىق مەيدانى خەلق ئىشلىرى ئىشخانىلىرىدا نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە بولىدىغان بولدى.

1979 ـ يىلى دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت، كېچىكىپ توي قىلىش، كېچىكىپ پەرزەنت كۆرۈش، ئاز تۇغۇپ ئوبدان تەربىيىلەشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇ يىلى يازدىن باشلاپ، خەنزۇلارنىڭ نىكاھلىنىش يېشى ئوغۇللار 25 ياش، قىزلار 23 ياش بولۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نىكاھلىنىش يېشى ئوغۇللار 23 ياش، قىزلار 21 ياش بولۇش ئۆلچىمى ئىجرا قىلىندى. شۇ يىلى پەيشەنبە بازار گۇڭشېسىنىڭ نىكاھلانغۇچىلارنى تىزىملاش نۇقتىسى قورۇلدى ھەم نىكاھ ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى.

1981 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئوقتۇرۇشىغا ئاساسەن، نىكاھلىنىشتىن بۇرۇن سالامەتلىك تەكشۈرۈش يولغا قويۇلغانىدى، 1982 ـ يىل 1 ـ ئايدا يۇقىرىنىڭ ئوقتۇرۇشىغا ئاساسەن ئىجرا قىلىش توختىتىلدى.

1980 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنى» ۋە 1980 ـ يىل 12 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى نىكاھ قانۇنىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى تولۇقلىما بەلگىلىمىسى» بويىچە، نىكاھلىنىش يېشىدا، توقسۇ ناھىيىسىدە خەنزۇ ئوغۇللارنىڭ يېشى 22 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىق، قىزلارنىڭ يېشى 20 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىق، ئاز سانلىق مىللەت ئوغۇللىرىنىڭ يېشى 20 ياشتىن، قىزلارنىڭ يېشى 18 ياشتىن تۆۋەن بولماسلىق يېڭى بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 3 ئەۋلاد ئىچىدىكى بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلارنىڭ نىكاھلىنىشى مەنئى قىلىندى.

1985 — 1988 ـ يىلغىچە توقسۇ ناھىيىسىدە جەمئىي 6535 جۈپ نىكاھلانغۇچىنى تىزىملاشقا تەستىقلاندى (تۇنجى نىكاھلانغۇچىلار 9497، قايتا نىكاھلانغۇچىلار 3573)، بۇنىڭ ئىچىدە يېنىشۋالغانلار 263 جۈپ،

«نىكاھ قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن شەرتكە ئۇيغۇن بولمىغانلىقتىن، نىكاھلىنىشى تىزىمغا ئېلىنمىغانلار 763 جۈپ بولدى.

ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە، ئىسلام دىنى مۇرتلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مىللەتلەر بىلەن نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى)دىن ئىلگىرى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى چەكلىمەيتتى. مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش پروگراممىسى»دا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ نىكاھلىنىشىنى مەنئى قىلىش» بەلگىلەندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىغىچە، ناھىيە بويىچە ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلاردىن ئۆزئارا نىكاھلانغانلار پەقەت 3 جۈپلا ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسىدىكى «مىللەتلەرنىڭ نىكاھلىنىشىدا ئۆرپ ـ ئادەتكە بوي سۇنۇش» روھى بويىچە، توقسۇ ناھىيىسىدە خەنزۇ ئوغۇللاردىن ئۇيغۇر قىزلار بىلەن نىكاھلىنىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، قايىل قىلىش، تەربىيە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ نىكاھلىنىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى؛ 1976 ـ يىلدىن كېيىن، قىز تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قوشۇلسا، نىكاھلىنىشقا رۇخسەت قىلىندى. 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئائىلە 5 كە يەتتى.

## 2 §. نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلارنى تىزىملاش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىل 5 ـ ئايدىن باشلاپ، توقسۇ ناھىيىسىدە نىكاھتىن ئاجرىشىدىغانلارنى تىزىملاش ئىشى باشلاندى. نىكاھتىن ئاجرىشىشتا ئالاقىدار تەرەپ ئىلتىماس سۇنىدۇ ھەم ئىككى تەرەپ بىرلىكتە تىزىملايدىغان ئورگانغا بېرىپ تىزىملىتىدۇ، ئەگەر ئاساسى يوللۇق بولسا ھەم مۇرەسسە قىلىش ئۈنۈم بەرمىسە، نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تىزىملاشقا بولىدۇ. ئەگەر بىر تەرەپ نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان بولۇپ، مۇرەسسە قىلىش ئۈنۈم بەرمىگەن بولسا، خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلىدۇ.

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى نىكاھ ئەھۋالى**

جەدۋەل: 8 — 10

| يىللار | نىكاھلانغانلار (جۈپ) | ئاجراشقانلار (جۈپ) | يارىشىۋالغانلار (جۈپ) | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|
| 1951 | 813 | 470 | | 195 .. 1952 ـ يىللىرى نىكاھلانغانلار 1095 جۈپ قايتا نىكاھلانغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1952 | 867 | 280 | | |
| 1957 | 1399 | 530 | | سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم بىلەن نىكاھتىن ئاجراشتۇرغىنى 175 جۈپ |
| 1958 | 370 | 351 | | |
| 1959 | 600 | 160 | | |
| 1960 | 624 | 275 | | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1961 | 1454 | 922 | | |
| 1962 | 1431 | 922 | | |
| 1963 | 1257 | 754 | | |
| 1964 | 1078 | 481 | | |
| 1965 | 798 | 474 | | نىكاھلانغانلار 474 جۈپ بولۇپ، قايتا نىكاھلانغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1974 | 1423 | 615 | | |
| 1976 | 1269 | 579 | | يېزىلاردىكى نىكاھلانغانلار 1226 جۈپ |
| 1978 | | 467 | | |
| 1979 | 1190 | 436 | 33 | بۇنىڭدىن 65 جۈپ نىكاھتىن ئاجراشتۇچى سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى. نىكاھلانغانلارنىڭ 55 جۈپى قايتا نىكاھلانغانلار |
| 1981 | 1087 | 415 | | نىكاھلانغانلار يېزىلاردىكى 976 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دايۇلتۇز كۆزىتىشىنىڭ سانى كەم |
| 1982 | 1484 | 504 | 34 | نىكاھلانغانلار يېزىلاردىكى 1331 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1983 | 1631 | 504 | | |
| 1984 | 1823 | 517 | | |
| 1985 | 1639 | 606 | | |
| 1986 | 1677 | 563 | | |
| 1987 | 1504 | 692 | | |
| 1988 | 1504 | 464 | | |
| 1989 | 1720 | 531 | | |
| 1990 | 1536 | 529 | | سوت مەھكىمىسى هۆكۈم بىلەن ئاجراشتۇرغىنى 42 جۈپ |
| 1991 | 1980 | 725 | 153 | سوت مەھكىمىسى هۆكۈم بىلەن ئاجراشتۇرغىنى 24 جۈپ |
| 1992 | 1704 | 638 | 66 | سوت مەھكىمىسى هۆكۈم بىلەن ئاجراشتۇرغىنى 43 جۈپ. |
| 1993 | 1728 | 623 | 33 | سوت مەھكىمىسى هۆكۈم بىلەن ئاجراشتۇرغىنى 32 جۈپ |
| 1994 | 1726 | 595 | 73 | سوت مەھكىمىسى هۆكۈم بىلەن ئاجراشتۇرغىنى 60 جۈپ، مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق ئاجراشتۇرۇلغىنى 176 جۈپ |
| 1995 | 1983 | 620 | 57 | سوت مەھكىمىسى هۆكۈم بىلەن ئاجراشتۇرغىنى 88 جۈپ، مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق ئاجراشتۇرۇلغىنى 234 جۈپ |

## توققۇزىنچى قىسىم

# ئەمگەك، كادىرلار



# توققۇزىنچى قىسىم

# ئەمگەك، كادىرلار

## I باب

## ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمى

مىنگو دەۋرىدە يارەمچى ئامبال ۋە ھاكىم ئۆلكىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنەتتى. بۆلۈم ئەزاسىدىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئامبال تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنەتتى، ياللانما خىزمەتچىدىن تۆۋەن خادىملار ئامبال تەرىپىدىن تاللاپ بېكىتىلەتتى.

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) دىن باشلاپ، ج خ ئىدارىسى باشلىقى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى خادىملارنىڭ كادىرلار ھوقۇقى بىۋاسىتە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھاكىم ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولدى. بۇ ئەھۋال مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) غىچە داۋاملاشتى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 11 - ئايدىن باشلاپ ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار بىر مەزگىل كېڭەش تەرىپىدىن سايلىنىدىغان بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى ياكى يۇقىرىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. خىزمەتچى خادىملار يۇقىرىدىن تەقسىم قىلىندى (ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر ۋە ئوقۇغۇچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، كونا ھاكىمىيەت دەۋرىدىكى خادىملار قالدۇرۇپ ئىشلىتىلدى، جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلىندى (ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئاكتىپلار)، زىيالىي ياشلار ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىپ كادىرلىققا قويۇلدى.

# باب II

# شتات

## 1 § . مىنگو دەۋرىدىكى شتات

مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) توقسۇغا ياردەمچى ئامبال قويۇلدى، ناھىيىلىك يامۇلدا بۆلۈم تەسىس قىلىنمىي، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بېجىرىشكە بىر قانچە كاتىپ، ياللانما خادىم، نازارەتچىلەر ياللاندى، خىراجەت دوتەي، تەپتىش تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) توقسۇ ناھىيىسى قۇرۇلۇپ، 3 ـ دەرىجىلىك ناھىيە قىلىندى. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا 2 ـ دەرىجىلىك ناھىيىگە ئۆستۈرۈلۈپ، ئايدا 700 سەر مەمۇرىي خىراجەت بۆيرۈپ بېرىلدى. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە 2 بۆلۈم تەسىس قىلىندى، خادىملار شتاتى 31 بولدى، يەنى ھاكىم بىر، كاتىپ بىر، بۆلۈم باشلىقى 2، 1 ـ دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى 2، 2 ـ دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى 2، 3 ـ دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى 2، ئىش بېجىرگۈچى 2، پۈتۈكچى 2، خەۋەرچى بىر، موللا بىر، ئەدلىيە ساقچىسى 2، ئالاقچى ساقچى 2، مەمۇرىي ساقچى 2، كۈرىچى 2، قاراخىزمەتچى 6.

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) ناھىيىدىكى خىزمەتچى (ئوقۇتقۇچىلار شۇنىڭ ئىچىدە) دىن يۇقىرى خادىم 160 ئىدى.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) دىكى خادىملار شتاتى

جەدۋەل: 9 — 1

| ئورۇن نامى | | ئەمەلىي خادىم سانى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك ئورگانلار | ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 14 | |
| | جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | 26 | بۇلاردىن باشقا ساقچى 31، ئاشپەز 4 |
| | باج ئىدارىسى | 9 | |
| | دېھقانلار جەمئىيىتى | 17 | |
| | مەھەللە باشلىقى ئىش بېجىرىش ئورنى | 4 | |
| | خەلق ھەمكارلىق كوپىراتىپى | 4 | |
| | پوچتا ۋاكالەتخانىسى | 2 | |
| | ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى | 14 | |
| | سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى | 6 | |
| | جەمئىي | 96 | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| رايون | رايون باشلىقى | 4 | بۇلاردىن باشقا كەنت باشلىقى 12، مىراپ 7 |
| ناھىيە باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر | ناھىيە بازىرى باشلانغۇچ مەكتىپى | 9 | |
| | تاشئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى | 3 | |
| | دايۇلتۇز باشلانغۇچ مەكتىپى | 3 | |
| | جەمئىي | 15 | |
| ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر | 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 2 | كىچىئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 2 | |
| | 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 2 | |
| | 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 2 | گۇمباز باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 2 | يېڭىئاۋات باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 2 | ئازنابازار باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 7 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1 | ناھىيە بازىرى باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 8 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 3 | ناھىيە بازىرى قىزلار مەكتىپى |
| | 9 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 2 | ئۆگەن باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 10 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1 | قوشئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 11 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 2 | تاشئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 12 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 2 | |
| | 13 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1 | قاراقۇم باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 14 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1 | ئارا مەھەللە باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 15 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 2 | خادالۇ باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 16 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1 | مۇنار باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 17 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1 | شبھىتلە باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 18 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 2 | يېڭىئاۋات باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 19 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 2 | جاي باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 20 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1 | دايۇلتۇز يېزىسى تاغئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 21 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 2 | دايۇلتۇز بەلكەستى باشلانغۇچ مەكتىپى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۇيغۇر ئويۇشمىسى باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر | 22 . باشلانغۇچ مەكتەپ | 2 | دايۆلتۆز خوجاتۆرۈس باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 23 . باشلانغۇچ مەكتەپ | 1 | دايۆلتۆز ئازنا بازار باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 24 . باشلانغۇچ مەكتەپ | 2 | دايۆلتۆز چىلان باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 25 . باشلانغۇچ مەكتەپ | 1 | دايۆلتۆز توباشەھەر باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 26 . باشلانغۇچ مەكتەپ | 1 | دايۆلتۆز تېرەكبوستان باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 27 . باشلانغۇچ مەكتەپ | 1 | دايۆلتۆز چىلان بازار باشلانغۇچ مەكتىپى |
| | 28 . باشلانغۇچ مەكتەپ | 1 | دايۆلتۆز بازار قىزلار مەكتىپى |
| | جەمئىي | 45 | |
| ناھىيە بويىچە جەمئىي | | 160 | يۇقىرقى خادىملار قارا خىزمەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ |

40 . يىللاردا توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئاپپاراتى، خادىم شتاتى كۆپ قېتىم تەڭشەلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىغىچە، ناھىيىنىڭ خادىملار شتاتىدىكى ئومۇمىي ئەھۋال مۇنداق بولدى: ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 53، يەنى ھاكىم بىر، مۇئاۋىن ھاكىم بىر، كاتىپ بىر، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى باشلىقى بىر؛ مالىيە بۆلۈمى باشلىقى بىر، مائارىپ بۆلۈمى باشلىقى بىر، باج ئىشلىرى بۆلۈمى باشلىقى بىر، باج ئىشلىرى بۆلۈمچىسى باشلىقى بىر، تەكشۈرۈش بۆلۈمى باشلىقى بىر، پاراق بۆلۈمچىسى باشلىقى بىر، مائارىپ مۇپەتتىشى بىر، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تېخنىكى بىر، ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش يېتەكچىسى بىر، مال دوختۇرلۇق تېخنىكى بىر، ئامبار مۇدىرى بىر، 1 - دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى 5، 2 - دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى 3، 3 - دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى 2، ئىش بېجىرگۈچى بىر، ياللانما خىزمەتچى بىر، ساقچى باشلىقى بىر، سولاقخانا باشلىقى بىر، ئات باقار بىر، ئاشپەز بىر، قاراۋۇل بىر، قارا خىزمەتچى 11، مەمۇرىي ساقچى 5، كۇرىيېر بىر، ئۇنىڭدىن باشقا سوراقچى بىر، بوغالتېرىيە مۇدىرى بىر، ستاتىستىكچى بىر، سەھىيە خادىمى بىر؛ ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ شتاتى 5، ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شتاتى 13، ساقچى ئىدارىسىنىڭ شتاتى 70، بازار باشلىقى بىر، يېزا باشلىقى 2؛ ناھىيە باشقۇرغان 1 - مەركىزىي خەلق مەكتىپىنىڭ شتاتى 28، 1 - خەلق مەكتىپىنىڭ شتاتى 15، تاشئېرىق خەلق مەكتىپىنىڭ شتاتى 13، دايۆلتۆز خەلق مەكتىپىنىڭ شتاتى 10، ئىچئېرىق خەلق مەكتىپىنىڭ شتاتى 5.

## 2 § . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شتات

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 1950 - يىلى بىر تۈركۈم خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى يەرلىك ئورۇنغا كېلىپ خىزمەت قىلدى، كونا ھاكىمىيەت دەۋرىدىكى بەزى خادىملار قالدۇرۇپ ئىشلىتىلدى، بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوبۇل قىلىندى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1950 ـ يىلدىكى خادىم، ئاپپارات شتاتى

جەدۋەل: 9 — 2

| ئورۇن | شتات: كادىر | شتات: قارا خىزمەتچى | ئەمەلىي ئادەم سانى: كادىر | ئەمەلىي ئادەم سانى: قارا خىزمەتچى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك پارتكوم | 27 | | 27 | | |
| ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 33 | 5 | 30 | 5 | |
| سوت مەھكىمىسى | 10 | 12 | 7 | 12 | قارا خىزمەتچى گىرافىسىدىكىسى قانۇن ساقچىسى |
| جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | 20 | 2 | 13 | 1 | |
| جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەترىتى | 4 | 40 | | 39 | قارا خىزمەتچى گىرافىسىدىكىسى ج خ ئەترىتى ئەسكىرى |
| باج ئىدارىسى | 11 | 1 | 11 | | |
| ئاشلىق ئامبىرى | 5 | 1 | 5 | 1 | |
| باشلانغۇچ مەكتەپلەر | 56 | 15 | 56 | 15 | |
| 4 رايون | 40 | 12 | 29 | 11 | |
| 16 يېزا | 33 | | 32 | | |
| ناھىيە بويىچە جەمئىي | 238 | 88 | 210 | 84 | |

1952 ـ يىلنىڭ بېشىدا، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شتاتى 27، ئەمەلىي ئادەم سانى 27 (ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى، دېھقانلار جەمئىيىتى شۇنىڭ ئىچىدە)؛ ھۆكۈمەتنىڭ شتاتى 39، ئەمەلىي ئادەم سانى 35؛ ج خ ئىدارىسىنىڭ شتاتى 72، ئەمەلىي ئادەم سانى 65 (ج خ ئەترىتى شۇنىڭ ئىچىدە)؛ سوت مەھكىمىسىنىڭ شتاتى 12، ئەمەلىي ئادەم سانى 9؛ ئاشلىق ئامبىرىنىڭ شتاتى 7، ئەمەلىي ئادەم سانى 7؛ باج ئىدارىسىنىڭ شتاتى 11، ئەمەلىي ئادەم سانى 10؛ سودا شىركىتىنىڭ شتاتى 8، ئەمەلىي ئادەم سانى 5؛ ئاممىۋى مائارىپ يۇرتىنىڭ شتاتى 3، ئەمەلىي ئادەم سانى بىر؛ مەكتەپلەرنىڭ شتاتى 89، ئەمەلىي ئادەم سانى 88؛ «ئىتتىپاق» (ئەسلىدىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى) نىڭ شتاتى 3، ئەمەلىي ئادەم سانى 3؛ مىللىي شىپاخانىنىڭ شتاتى 3، ئەمەلىي ئادەم سانى 3؛ 4 رايونلۇق مەھكىمىنىڭ شتاتى 47، ئەمەلىي ئادەم سانى 47؛ 16 يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ شتاتى 56، ئەمەلىي ئادەم سانى 33 (بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان مۇئاۋىن يېزا باشلىقى 17) ئىدى.

1952 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ شتاتى مۇنداق بولدى: ھاكىم بىر، مۇئاۋىن ھاكىم

بىر، كاتىبات ئىشخانىسىنىڭ 6، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ 6، مالىيە بۆلۈمىنىڭ 6، سودا ـ سانائەت بۆلۈمىنىڭ 2، قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ 8، مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىنىڭ 4، سەھىيە بۆلۈمىنىڭ 3 بولۇپ، جەمئىي 37 شتات (ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن بېكىتىپ بېرىلگەن شتات 39). ناھىيىدىكى 11 ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇن، 3 رايونلۇق ھۆكۈمەت، 16 يېزىلىق ھۆكۈمەت، 16 باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئومۇمىي شتاتى 271 (كارخانا بۇنىڭ سىرتىدا)، ئەمەلىي ئادەم سانى 342 (كارخانا بۇنىڭ سىرتىدا). ناھىيە ئورگانلىرىنىڭ شتاتى 102، ئەمەلىي ئادەم سانى 127؛ رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ شتاتى (يېزا شۆبىنىڭ ئىچىدە) 90، ئەمەلىي ئادەم سانى 150 (يېزا شۆبىنىڭ ئىچىدە)؛ كەسپىي ئورۇنلارنىڭ شتاتى 79، ئەمەلىي ئادەم سانى 65.

1954 ـ يىلى ناھىيىنىڭ خادىملار شتاتى يەنە بىر قېتىم تەڭشەلدى. ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شتاتى 37، ئەمەلىي ئادەم سانى 35؛ ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى بۆلۈم، ئىدارىلەرنىڭ شتاتى 70، ئەمەلىي ئادەم سانى 69؛ باشقا ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ شتاتى 56، ئەمەلىي ئادەم سانى 88؛ رايونلۇق مەھكىمە، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەرنىڭ شتاتى 173، ئەمەلىي ئادەم سانى 162؛ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ شتاتى 96، ئەمەلىي ئادەم سانى 90. ناھىيە بويىچە جەمئىي شتات 432، ئەمەلىي ئادەم سانى 414.

1958 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكومغا 3 شۇجى، مۇئاۋىن شۇجى قويۇلدى، ناھىيىلىك پارتكوم كاتىبات ئىشخانىسىنىڭ شتاتى 10، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ 4، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ 4، يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ 5، مالىيە ـ سودا بۆلۈمىنىڭ 3، سانائەتتە سەكرەپ ئىلگىرىلەش ئىشخانىسىنىڭ 2، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ 2، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ 2، ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ 5، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 4؛ ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىغا 3 ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم قويۇلدى، كاتىبات ئىشخانىسىنىڭ شتاتى 14، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ 5، مالىيە بۆلۈمىنىڭ 8، قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ 5، سۇچىلىق ـ قاتناش بۆلۈمىنىڭ 6، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە بۆلۈمىنىڭ 6، ستاتىستىكا بۆلۈمىنىڭ 5، ج خ ئىدارىسىنىڭ 26، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ 7، سوت مەھكىمىسىنىڭ 10؛ سودا ئىدارىسىنىڭ 26 (ماگىزىن مال ساتقۇچىلىرى شۆبىنىڭ ئىچىدە)، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ 42 (ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرى شۆبىنىڭ ئىچىدە)، باج ئىدارىسىنىڭ 10، بانكىنىڭ 37 (ئاساسىي قاتلام تىجارەت پونكىتلىرى شۆبىنىڭ ئىچىدە)، چارۋا مەھسۇلاتلىرى تارماق شىركىتى (ئەسلىدىكى تاشقى سودا پونكىتى) نىڭ 28، پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ 18، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ 20 (ئاساسىي قاتلام پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتى شۆبىنىڭ ئىچىدە)، شىپاخانىنىڭ 24 (ئاساسىي قاتلام شىپاخانىلىرى شۆبىنىڭ ئىچىدە)، دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ 19، مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ 5، كىنوخانىنىڭ 5، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ 5، قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ 4، «شىنخۇا» كىتابخانىسىنىڭ 2، سىياسىي كېڭەشنىڭ 2، ئورگان پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ بىر، ساۋات چىقىرىش ئوقۇتقۇچىسى 2؛ 3 رايوننىڭ 57 (ھەر بىر رايوننىڭ 19 دىن)، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي شتات 451.

1965 ـ يىلى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجى بىلەن خادىملار شتاتى يەنە بىر قېتىم تەڭشەلدى. ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شتاتى 65، ئەمەلىي ئادەم سانى 50؛ ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ شتاتى 71، ئەمەلىي ئادەم سانى 65؛ ج خ، تەپتىش، سوت ئورۇنلىرىنىڭ شتاتى 42، ئەمەلىي ئادەم سانى 38؛ گۇڭشېلەرنىڭ شتاتى 144، ئەمەلىي ئادەم سانى 132. ناھىيە بويىچە جەمئىي شتات 322، ئەمەلىي ئادەم سانى 285. ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارىلەرنىڭ شتاتى 1477، ئەمەلىي ئادەم سانى 1201.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، شتات خىزمىتى قالايمىقانلىشىپ كەتتى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش ھالىتىدە تۇردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خېلى ئۇزۇنغىچە مۇقىم شتات سانى بولمىدى، ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت 1984 ـ يىلغا كەلگەندىلا ئاندىن يېڭى شتات چۈشۈردى. 1984 ـ يىلدىكى يېڭى شتات 826، 1983 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئەمەلىي ئادەم سانى 421.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1984 ـ يىلدىكى خادىملار شتاتى ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 — 3

| | ئورۇن نامى | 1983 ـ يىلى يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئەمەلىي ئادەم سانى | 1984 ـ يىلىدىكى يېڭى شتات سانى | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك پارتكوم | ئىشخانا | 21 | 32 | ئارخىپخانا شۇنىڭ ئىچىدە |
| | تەشكىلات بۆلۈمى | 4 | 15 | پېشقەدەم كادىرلار بۆلۈمى شۇنىڭ ئىچىدە |
| | تەشۋىقات بۆلۈمى | 5 | 7 | |
| | بىرلىك سەپ بۆلۈمى | 2 | 6 | |
| | يېزا خىزمىتى بۆلۈمى | | 10 | |
| | سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى | 4 | 8 | |
| | ئورگانلار پارتكومى | | 8 | |
| | ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | 5 | 10 | |
| | ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | 3 | 6 | |
| | كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى | 3 | 9 | |
| | ئاياللار بىرلەشمىسى | 3 | 7 | |
| | پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى | 2 | 6 | |
| | جەمئىي | 52 | 124 | |
| ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى | | 15 | 22 | |
| ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش | | 4 | 18 | |
| ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | ئىشخانا | 29 | 33 | |
| | پىلان كومىتېتى | 12 | 14 | دۆلەت زېمىنى، رايونلاشتۇرۇش، باھا ئورۇنلىرى شۇنىڭ ئىچىدە |
| | ئىقتىساد كومىتېتى | 4 | 13 | سانائەت ـ قاتناش ئورۇنلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە |
| | ستاتىستىكا ئىدارىسى | 3 | 7 | |
| | پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى | 6 | 9 | |
| | ئەمگەك ئىدارىسى | 6 | 10 | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | كادىرلار ئىدارىسى | 3 | 9 | |
| | خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى | 5 | 10 | |
| | ئەدلىيە ئىدارىسى | | | شتاتى بېكىتىلمىگەن |
| | شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى | | 8 | |
| | دېھقانچىلىق ئىدارىسى | 10 | 19 | |
| | ئورمانچىلىق ئىدارىسى | | 10 | |
| | دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | 12 | 16 | |
| | چارۋىچىلىق ئىدارىسى | | 9 | |
| | سۇ ـ ئېلېكتر ئىدارىسى | 11 | 14 | |
| | سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمى | 24 | 19 | |
| | مالىيە ئىدارىسى | 14 | 19 | |
| | باج ئىدارىسى | 51 | 51 | |
| | ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى | | 8 | |
| | سودا ئىدارىسى | 7 | 13 | |
| | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى | 6 | 13 | |
| | تەنتەربىيە كومىتېتى | 4 | 9 | |
| | سەھىيە ئىدارىسى | 1 | 10 | يەرلىك كېسەللىكلەر، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق كەسپى شۇنىڭ ئىچىدە |
| | يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى | | | شتاتى بېكىتىلمىگەن |
| | رادىئو ئىدارىسى | 34 | | |
| | پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى | 1 | 8 | |
| | جەمئىي | 243 | 331 | |
| ج غ، تەپتىش، سوت ئورۇنلىرى | جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى | 66 | | |
| | سوت مەھكىمىسى | 25 | | |
| | تەپتىش مەھكىمىسى | 16 | | |
| | جەمئىي | 107 | | |
| جەمئىي | | 421 | 826 | |

**ئىزاھات:** 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى كوللېكتىپ ھەمكارلىق ئىقتىسادىي گەۋدە ئاپپاراتى؛ تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى، ئاشلىق ئىدارىسى، تاشقى سودا ئىدارىسى، ماددىي ئەشيالار پونكىتى ئىقتىسادىي گەۋدە ئاپپاراتى ھېسابلىنىدۇ.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، شتات سانى بىلەن ئەمەلىي ئادەم سانى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى.

ناھىيىلىك پارتكوم سىستېمىسىدىكى تارماق 15، بۇلار: ئىشخانا، تەشكىلات بۆلۈمى (ئېلېكتىرلەشكەن تەربىيىلەش پونكىتى شۇنىڭ ئىچىدە)، تەشۋىقات بۆلۈمى (مەنىۋى مەدەنىيلىك ئىشخانىسى شۇنىڭ ئىچىدە)، بىرلىك سەپ بۆلۈمى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتى، يېزا خىزمىتى بۆلۈمى، ئورگانلار پارتكومى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى (پىئونېرلار خىزمىتى كومىتېتى شۇنىڭ ئىچىدە)، ئاياللار بىرلەشمىسى، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئىدارىسى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى، مۇھىم ئىشلار بۆلۈمىدىن ئىبارەت. شتات سانى 101 (بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي شتات 20)، ئەمەلىي ئادەم سانى 83.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى (مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىدارىسى شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ شتاتى 15 (بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي شتات 5)، ئەمەلىي ئادەم سانى 18.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ شتاتى 18، ئەمەلىي ئادەم سانى 22.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى تارماق 39، بۇلار تۆۋەندىكىچە: ئىشخانا، پىلان كومىتېتى، ئىقتىساد كومىتېتى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى، مالىيە ئىدارىسى، ئەمگەك ئىدارىسى، كادىرلار ئىدارىسى، شتات كومىتېتى، شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى، باھا ئىدارىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، يەر ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى، قاتناش ئىدارىسى، 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، مائارىپ ئىدارىسى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، سەھىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت ئىدارىسى، تەنتەربىيە كومىتېتى، ئارخىپ ئىدارىسى، ئەرزىيەت ئىدارىسى، ستاتىستىكا ئىدارىسى، ئۆلچەم ئىدارىسى، دىنىي ئىشلار ئىدارىسى، (ئىسلام دىنى جەمئىيىتى شۇنىڭ ئىچىدە)، يەر ناملىرى ئىشخانىسى، مېيىپلار بىرلەشمىسى، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش ئىشخانىسى، سۇ - تۇپراق بايلىقىنى تېجەش ئىشخانىسى، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى. جەمئىي شتاتى 228 (بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي شتات 97)، ئەمەلىي ئادەم سانى 290.

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شتاتى 11، ئەمەلىي ئادەم سانى 16.

تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ شتاتى 33، ئەمەلىي ئادەم سانى 31.

سوت مەھكىمىسىنىڭ شتاتى 52، ئەمەلىي ئادەم سانى 47.

ج خ ئىدارىسىنىڭ شتاتى 96 (ئۇنىڭدىن باشقا كەسپىي شتات 10)، ئەمەلىي ئادەم سانى 99.

7 يېزا (بازار) نىڭ شتاتى 245، ئەمەلىي ئادەم سانى 280.

مائارىپ سىستېمىسىدا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ، يېزا ئىگىلىك رادىئو مەكتىپى، ئىچئېرىق، پەيشەنبە بازار، تاشئېرىق، ئۆگەن، يۇلتۇزباغ، ئۈچقاتتىن ئىبارەت 6 يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ بار؛ ناھىيە بازىرىدا 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ، 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ئىچئېرىق يېزىسىدا 9 باشلانغۇچ مەكتەپ، پەيشەنبە بازار يېزىسىدا 5 باشلانغۇچ مەكتەپ، تاشئېرىق يېزىسىدا 8 باشلانغۇچ مەكتەپ، يۇلتۇزباغ يېزىسىدا 6 باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۆگەن يېزىسىدا 7 باشلانغۇچ مەكتەپ، ئۈچقات يېزىسىدا 7 باشلانغۇچ مەكتەپ بار؛ بىر بالىلار باغچىسى بار. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى كەسپىي شتات، جەمئىي شتات 1924، ئەمەلىي ئادەم سانى 1892 (بۇنىڭ ئىچىدە 309 ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بار).

مەدەنىيەت سىستېمىسىدا سەنئەت ئۆمىكى، مەدەنىيەت يۇرتى (6 مەدەنىيەت پونكىتى شۇنىڭ ئىچىدە)، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى (6 يېزىلىق رادىئو ئۇزېلى شۇنىڭ ئىچىدە)، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەلىم - تەربىيە مەركىزى بار، جەمئىي كەسپىي شتات 147، ئەمەلىي ئادەم سانى 110 (ۋاقىتلىق ئىشچىلار بۇنىڭ سىرتىدا).

سەھىيە سىستېمىسىدا ناھىيىلىك دوختۇرخانا، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسى، پىلانلىق تۇغۇتقا يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتى، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، 6 يېزىلىق شىپاخانا، يېزا، بازارلاردىكى پىلانلىق تۇغۇت مەخسۇس كادىرلىرى بار، بۇ ئورۇنلارنىڭ كەسپىي شتاتى 475، ئەمەلىي ئادەم سانى 442 (ۋاقىتلىق ئىشچىلار بۇنىڭ سىرتىدا).

دېھقانچىلىق سىستېمىسىدا ناھىيىلىك (يېزا - بازارلىق) دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى، ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، مۆلدۈردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەترىتى، سورتلۇق ئۇرۇق مەيدانى، ناھىيىلىك (يېزا - بازارلىق) يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش پونكىتى، ساغتام دېھقانلىق مەيدانى بار، يۇقىرقى ئورۇنلارنىڭ كەسپىي شتاتى 230، ئەمەلىي ئادەم سانى 276 (بۇنىڭ ئىچىدە ۋاقىتلىق ئىشچى 41).

چارۋىچىلىق سىستېمىسىدا مال دوختۇرلۇق پونكىتى، يېزا - بازارلىق 6 مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئوتلاق پونكىتى، نەسىللىك چارۋا فېرمىسى، چوشقا فېرمىسى بار، بۇ ئورۇنلارنىڭ كەسپىي شتاتى 105، ئەمەلىي ئادەم سانى 87.

دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى سىستېمىسىدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تېخنىكىسى بويىچە دائىملىق تەربىيىلەش كۇرسى، يېزا - بازارلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مۇلازىمەت پونكىتى بار، بۇ ئورۇنلارنىڭ كەسپىي شتاتى 77، ئەمەلىي ئادەم سانى 84 (ۋاقىتلىق ئىشچىلار بۇنىڭ سىرتىدا).

سۇ - ئېلېكتر سىستېمىسىدا سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى (كەسپىي خادىملار)، سۇ ئامبىرى، يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتى بار، بۇ ئورۇنلارنىڭ كەسپىي شتاتى 137، ئەمەلىي ئادەم سانى 172.

ئورمانچىلىق سىستېمىسىدا ئورمانچىلىق پونكىتى، توغراق باشقۇرۇش پونكىتى، ئورمانلىقتا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئىشخانىسى، كۆچەت مەيدانى، يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتى بار، بۇ ئورۇنلارنىڭ كەسپىي شتاتى 65، ئەمەلىي ئادەم سانى 76.

مالىيە، باج سىستېمىسىدا يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات فوندىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، ناھىيە باج يىغىش خادىملىرى، زاۋۇتتا تۇرۇشلۇق خادىملار، يېزا باج يىغىش خادىملىرى بار، جەمئىي كەسپىي شتات 32، ئەمەلىي ئادەم سانى 38.

شەھەر قۇرۇلۇشى سىستېمىسىدا مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇش پونكىتى، ئۆي - مۈلۈك باشقۇرۇش پونكىتى، سۈپەت تەكشۈرۈش پونكىتى، لايىھەلەش ئىشخانىسى، مۇھىت نازارەت قىلىش پونكىتى، تۇرۇبا سۈيى شىركىتى بار، بۇ ئورۇنلارنىڭ كەسپىي شتاتى 74، ئەمەلىي ئادەم سانى 57.

ئەمگەك سىستېمىسىدا ئەمگەك سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسى (ئەسلىدىكى نامى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى)، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، پېنسىيە پۇلىنى بىر تۇتاش غەملەش ئىشخانىسى، زىيالىي ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى، ئەمگەك بويىچە تەربىيىلەش ئورنى بار، بۇ ئورۇنلارنىڭ كەسپىي شتاتى 16، ئەمەلىي ئادەم سانى 15.

باشقا كەسپىي ئورۇنلاردىن پارتىيە مەكتىپى، ئۆلچەم پونكىتى، باھا تەكشۈرۈش پونكىتى، خەلق ئىشلىرى پاراۋانلىق كوپىراتىپى، توقسۇ مېھمانخانىسى بار، بۇ ئورۇنلارنىڭ كەسپىي شتاتى 71، ئەمەلىي ئادەم سانى 32 (مېھمانخانىنىڭ شتاتى ۋاقىتىنچە قالدۇرۇلۇپ، ھازىر بار خادىملار كارخانا شتاتىغا كىرگۈزۈلدى).

ناھىيە بويىچە ئومۇمىي شتات 4253 (كەسپىي شتات 3479)، ئەمەلىي ئادەم سانى 4117 (كەسپىي

شتات 3231) .

يۇقىرىقى سانلار زاۋۇت، كارخانا ئورۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. زاۋۇت، كارخانىلارنىڭ شتاتى 1984 - يىلدىن كېيىن ئەمگەك تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

# III باب

# ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى

## § 1 . كادىرلار مەنبەسى

مىنگو دەۋرىدە، ناھىيىدىكى ئەمەلدارلار، خىزمەتچىلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرىدىن ئەۋەتىلەتتى. 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي شىمالدىن كەلگەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پىدائىيلار قوشۇنىدىكى بەزى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەر توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ، كۆپىنچىسى ج خ ئىدارىسىدە خىزمەت قىلدى.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە جەمئىي 36 كىشى ئىشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 12، ئۇيغۇر 23، خۇيزۇ بىر؛ خەنزۇلار جېجياڭ، جياڭسۇ، خېنەن، خۇبېي، گەنسۇ، خېبېي قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاز ساندىكىلىرى كۇچا ۋە شاياردىن كەلگەن، كۆپ ساندىكىلىرى توقسۇ، ئاقسۇدىكى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئىدى؛ ئەڭ كىچىكى 19 ياش، ئەڭ چوڭى 45 ياش، ئوتتۇرىچە يېشى 31.7 ياش ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى كونا ھاكىمىيەت دەۋرىدىكى خادىملاردىن جاسۇسلار، زومىگەرلەر، خىيانەتچىلەرنى ئىشلەتمىگەندىن سىرت، باشقىلىرىغا ھەقىقەتكە قايتقانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، ھەممىسىنى قالدۇرۇپ ئىشلەتتى. 1950 - يىل 6 - ئايغىچە ئەسلىدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى 53 كىشىدىن 49 كىشى قالدۇرۇپ ئىشلىتىلدى. ئورگانلار، مەكتەپلەردىكى خادىملارنىڭ ئەسلى ھالىتى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قېلىنغانلىقتىن، قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەنلەر ئەينى ۋاقىتتىكى كادىرلار قوشۇنىنىڭ مۇھىم تەركىبى بولۇپ قالدى.

1950 - يىل 3 - ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 13 - تۈەنى توقسۇ ناھىيىسىگە 13 كىشىلىك ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتتى. بۇ تۇنجى تۈركۈمدە توقسۇغا كېلىپ خىزمەت قىلغان ھەربىي قىسىم كادىرلىرى شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتىكى توقسۇ ناھىيىسىدىكى كادىرلار قوشۇنىنىڭ تايانچ كۈچلىرى ئىدى.

1952 - يىلدىن كېيىن، ئۆلكىلىك يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىنىڭ 17 ئەزاسى توقسۇدا قېلىپ خىزمەت ئىشلىدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر، مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار كەينى - كەينىدىن توقسۇ ناھىيىسىگە كەلدى. يەر ئىسلاھاتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، يەر ئىسلاھاتىدىكى 52 ئاكتىپتىن 20 سى ناھىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قالغانلىرى ئارقا - ئارقىدىن رايونلۇق - يېزىلىق ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا تەقسىم قىلىندى. 16 يېزىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ %90 تىن كۆپرەكى يەر ئىسلاھاتىدىكى ئاكتىپلار بولدى. بۇ خادىملار ئىچىدىكى مۇنەۋۋەرلەر كېيىن يەنە رايون ۋە ناھىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا ئۆستۈرۈلدى. 1954 - يىلنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ناھىيە بويىچە كادىر 431 گە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئاقلىق رايون ۋە يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلار بىر يىلدىن 3 يىلغىچە قايتا تەربىيە ئالدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كېيىن بەزى زىيالىي ياشلار كادىرلار قوشۇنىغا كىرگۈزۈلدى. ئاز ساندىكىلىرى ئاتا - ئانىسى دەم ئېلىشقا (پېنسىيىگە) چىققاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسىنىڭ ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## § 2 . كادىرلار قۇرۇلمىسى

ناھىيە بويىچە مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) دىكى بۆلۈم (ئىدارە) دەرىجىلىك كادىر 10، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 36 ياش؛ رايون باشلىقى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى 9، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 39 ياش، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كىچىكىنىڭ يېشى 25 ياش، ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 63 ياش. ج خ كادىر - ساقچىسى 17، بۇنىڭ ئىچىدە ئوفىتسېر 4 (بىرى ئىدارە باشلىقى، بىرى تەپتىش، بىرى كاتىپ، بىرى چارلىغۇچى ساقچى ئەمەلدارى)، ساقچى 13، ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 38 ياش، ئەڭ كىچىكىنىڭ يېشى 16 ياش، ئوتتۇرىچە يېشى 24 ياش.

ناھىيە بويىچە مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) دىكى ئوقۇتقۇچى 61 (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇرغان مەكتەپلەردىكىسى 43)، ئاقسۇ تولۇقسىز دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەنلەر 16، ئاقسۇ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر 10، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر 35، ئايال 5، خەنزۇ بىر، ئۇيغۇر 60، ئەڭ كىچىكىنىڭ يېشى 16 ياش، ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 30 ياش، ئوتتۇرىچە يېشى 21.9 ياش.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كادىرلار قۇرۇلمىسىدا ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار، ئەسلىدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەنلەر ۋە يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىدىن توقسۇ ناھىيىسىگە قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىملار ئاساس قىلىندى. 1952 - يىلى يەر ئىسلاھاتىدىكى بىر تۈركۈم ئاكتىپلار قوبۇل قىلىندى. 1953 - يىلدىن كېيىن، قىسمەن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار ۋە مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئارقا - ئارقىدىن توقسۇغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى شۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كادىرلارنى تەربىيىلەشنى مۇھىم خىزمەت قىلىپ تۇتتى. 40 نەچچە يىلدىن بۇيان، بۇ جايدىن كۆپلەپ ئاز سانلىق مىللەت كادىرى تەربىيىلەندى، ئۇلار ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا پائال رول ئوينىدى.

### توقسۇ ناھىيىسىنىڭ بىر قىسىم يىللاردىكى كادىرلار قۇرۇلمىسى ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 — 4

| يىللار | ئومۇمىي ئەمەلىي ئادەم سانى | | | كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى | مەلۇماتى | | | پارتىيە ئەزالىرى | يېشى | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئادەم سانى | ئاياللار | ئاز سانلىق مىللەتلەر | | ئالىي مەكتەپ | تېخنىكوم | تولۇق ئوتتۇرا | | 26 ياشتىن تۆۋەنلەر | 40 ياشتىن يۇقىرىلار | |
| 1950 | 233 | 14 | 210 | | 1 | | | 15 | | | 56 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوقۇتقۇچىلار شۇنىڭ ئىچىدە، قارا خىزمەتچىلەر بۇنىڭ سىرتىدا | | | 31 | | | 1 | | 244 | 15 | 267 | 1951 |
| 99 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە، قارا خىزمەتچىلەر بۇنىڭ سىرتىدا | | | 36 | | | | | 263 | 22 | 298 | 1952 |
| 125 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە، قارا خىزمەتچىلەر بۇنىڭ سىرتىدا | | | 44 | 2 | | | | 297 | 44 | 351 | 1953 |
| 143 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە، قارا خىزمەتچىلەر بۇنىڭ سىرتىدا | | | 116 | 4 | | | | 370 | 71 | 465 | 1954 |
| 137 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 3 | 117 | 122 | 15 | | | 12 | 399 | 71 | 504 | 1955 |
| 171 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 5 | 153 | 113 | 20 | | 5 | 12 | 448 | 102 | 571 | 1956 |
| 205 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 3 | 173 | 135 | 27 | | 7 | 45 | 489 | 102 | 604 | 1957 |
| 232 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 3 | 153 | 155 | 49 | | 6 | | 550 | 107 | 690 | 1958 |
| 261 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | | 160 | 160 | 26 | | 3 | 25 | 614 | 144 | 796 | 1959 |
| 217 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | | | 265 | | | | | 461 | 73 | 617 | 1960 |
| 244 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى بۇنىڭ سىرتىدا | | | | | | | | 562 | 115 | 617 | 1961 |
| ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى بۇنىڭ سىرتىدا | | | 254 | | | | | 553 | 118 | 850 | 1962 |
| 274 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | | | 265 | | | | | 707 | 172 | 977 | 1963 |
| 270 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 18 | 364 | 253 | | | | | 691 | 203 | 913 | 1964 |
| 286 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | | | 267 | | 156 | 31 | | 779 | 263 | 1133 | 1965 |
| ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 81 | 196 | 358 | 395 | | | 97 | 814 | 296 | 1151 | 1971 |
| ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 45 | 370 | 288 | 611 | | | 81 | 839 | 459 | 1157 | 1972 |
| ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 128 | 155 | 366 | 380 | | | 107 | 900 | 351 | 1258 | 1973 |
| 628 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 141 | 118 | 394 | | | | | 916 | 351 | 1282 | 1974 |
| 684 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 141 | 146 | 412 | | | | | 947 | 371 | 1325 | 1975 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 751 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 196 | 132 | 451 | | | | | 1000 | 397 | 1394 | 1976 |
| ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 190 | 195 | 456 | | | | | 1047 | 415 | 1440 | 1977 |
| 932 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 257 | 228 | 456 | 599 | | | 148 | 1132 | 469 | 1550 | 1978 |
| 985 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 319 | 245 | 468 | 625 | | | 166 | 1181 | 474 | 1612 | 1979 |
| 684 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 389 | 244 | 527 | 246 | 598 | | 108 | 1370 | 543 | 1829 | 1980 |
| 737 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 367 | 350 | 553 | 264 | 662 | | 149 | 1491 | 606 | 1907 | 1981 |
| 948 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 424 | 469 | 543 | 345 | 638 | | 133 | 1617 | 651 | 2064 | 1982 |
| 1042 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 441 | 445 | 529 | 345 | 720 | | 135 | 1724 | 733 | 2184 | 1983 |
| 1086 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 496 | 398 | 526 | 324 | 842 | | 137 | 1847 | 797 | 2308 | 1984 |
| 1175 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 500 | 371 | 516 | 279 | 932 | | 171 | 1826 | 824 | 2254 | 1985 |
| 1016 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 535 | 381 | 545 | 340 | 1004 | | 199 | 1877 | 840 | 2313 | 1986 |
| 1154 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 378 | 281 | 503 | | | | 125 | 332 | 945 | 2448 | 1987 |
| ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 585 | 571 | 541 | 479 | | 148 | 400 | 1948 | 1005 | 2638 | 1988 |
| 1076 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 662 | 556 | 666 | 458 | 1220 | 349 | 2081 | 2166 | 1056 | 2623 | 1989 |
| 1205 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 707 | 612 | 706 | 491 | 1326 | 384 | 2245 | 2251 | 1147 | 2749 | 1990 |
| 1200 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 618 | 714 | 689 | 457 | 1346 | 445 | 2003 | 2259 | 1270 | 2771 | 1991 |
| 1109 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 664 | 749 | 712 | 359 | 1524 | 514 | 2098 | 2376 | 1233 | 2821 | 1992 |
| 1196 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 496 | 757 | 674 | 385 | 1551 | 553 | 2040 | 2359 | 1249 | 2849 | 1993 |
| 1218 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 495 | 674 | 874 | 355 | 1600 | 628 | 2147 | 2439 | 1274 | 2951 | 1994 |
| 1238 ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى شۇنىڭ ئىچىدە | 489 | 810 | 935 | 322 | 1572 | 794 | 2135 | 2417 | 1293 | 2977 | 1995 |

# 3 § . ئىشچىلار قوشۇنى

توقسۇ ناھىيىسى يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى بولۇپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بەزى كىچىك تېپتىكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرىلا بار ئىدى. سانائەت يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنلا بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. 1950 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشچى 84 ئىدى. كارخانىلارنىڭ كۆپىيىشى ۋە كارخانا كۆلىمىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىشچىلارمۇ يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1995 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشچى 3266 گە يەتتى.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى ئىشچىلار ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 — 5

| يىللار | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | | |
|---|---|---|---|---|
| | | ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى | غەيرىي رەسمىي ئىشچى | كوللېكتىپ ئىشچى |
| 1950 | 84 | 84 | | |
| 1951 | 106 | | | |
| 1964 | 1323 | 687 | 187 | 636 |
| 1965 | 1185 | 474 | 104 | 711 |
| 1971 | 1189 | 1189 | | |
| 1972 | 974 | 899 | | 75 |
| 1973 | 1448 | 905 | | 543 |
| 1974 | 1616 | 980 | | 636 |
| 1975 | 1784 | 1060 | | 724 |
| 1976 | 1807 | 1017 | | 790 |
| 1977 | 2388 | 935 | | 1453 |
| 1978 | 2136 | 1249 | 271 | 887 |
| 1979 | 2769 | 1677 | | 1092 |
| 1980 | 2354 | 1528 | 346 | 826 |
| 1981 | 2326 | 1568 | 313 | 758 |
| 1982 | 2385 | 1470 | 230 | 918 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1983 | 2075 | 1432 | | 643 |
| 1984 | 2287 | 1237 | 325 | 1050 |
| 1985 | 2342 | 1402 | 348 | 940 |
| 1986 | 2394 | 1507 | 426 | 887 |
| 1987 | 2447 | 1452 | 433 | 995 |
| 1988 | 2247 | 1362 | 488 | 885 |
| 1989 | 2404 | 1390 | | 1014 |
| 1990 | 2304 | 1506 | | 798 |
| 1991 | 2658 | | | |
| 1992 | 2839 | | | |
| 1993 | 2751 | | | |
| 1994 | 2992 | | | |
| 1995 | 3266 | | | |

# IV باب

# كادىرلارنى باشقۇرۇش

## § 1 . ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ۋە تەكشەپ سەپلەش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئومۇمەن، مۇئاۋىن رايون باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى سەپلەش، يۆتكەش، ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشنى ناھىيىلىك پارتكوم قارار قىلغاندىن كېيىن، تەشكىلات بۆلۈمى، ھۆكۈمەت پارتگورۇپپىسى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى ئايرىم - ئايرىم رەسمىيەت بېجىردى. ئادەتتىكى كادىرلارنى باشقۇرۇشتا پارتكوم ئارماقلىرىدىكىسىنى ناھىيىلىك پارتكوم بىۋاستە باشقۇرۇپ، تەشكىلات بۆلۈمى رەسمىيەت بېجىردى؛ ھۆكۈمەت ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى كادىرلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھۆكۈمەت پارتگورۇپپىسى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى (كادىرلار بۆلۈمى) ياكى

ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار باشقۇردى، تەكشىدى ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلىدى، ۋەزىپىدىن قالدۇردى. يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە ئاكتىپلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشنى ئەينى ۋاقىتتىكى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى باشقۇردى. 60 - يىللار كىرگەندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدىكى ئاكتىپلارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشنى ناھىيىلىك پارتكوم قارار قىلغاندىن كېيىن، تەشكىلات، كادىرلار تارماقلىرى رەسمىيەت بېجىردى.

1966 - يىل 2 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار (ئىشچىلار شۇنىڭ ئىچىدە) نى باشقۇرۇش، يۆتكەش ھوقۇقى بىر تۇتاش ھالدا «توقسۇ ناھىيىلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە شۆبە ئۆمىكى»دە بولدى. 1966 - يىل 10 - ئايدىن 1969 - يىل 4 - ئايغىچە ھەر دەرىجىلىك كادىرلار (ئىشچىلار شۇنىڭ ئىچىدە) نى يۆتكەشنى توقسۇ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1969 - يىل 4 - ئايدىن 1970 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇئاۋىن رايون باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خادىملارنى تەڭشەپ سەپلەش، باشقۇرۇش ئىشىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت دائىمىي كومىتېتى قارار قىلدى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تەشكىلات گۇرۇپپىسى رەسمىيەت بېجىردى، ئادەتتىكى كادىرلارنى تەڭشەپ سەپلەش ھوقۇقى ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تەشكىلات گۇرۇپپىسىدا بولدى. 1971 — 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىدىكى مۇئاۋىن رايون باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ۋە ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنىدىكى ئادەتتىكى كادىرلارنى باشقۇردى؛ ھۆكۈمەت ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى ئادەتتىكى كادىرلارنى باشقۇرۇش ۋە تەڭشەپ سەپلەش ھاكىملار ئىش بېجىرىش يىغىنىدا بېجىرىلدى ياكى كادىرلار ئىدارىسى ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار تەرىپىدىن بېجىرىلدى.

80 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، خەنزۇ كادىرلاردىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكىلىپ كەتكەنلەر بىر قەدەر كۆپ بولدى. 1980 — 1985 - يىلغىچە ستاتىستىكا قىلىنىشىچە (1981 - يىلدىكى سان كەم)، ناھىيە بويىچە ئىچكى ئۆلكىلەرگە 67 كىشى يۆتكىلىپ كەتكەن، ئىچكى ئۆلكىلەردىن 2 كىشى يۆتكىلىپ كەلگەن. 1985 - يىلدىن كېيىن كادىرلار قوشۇنى مۇقىم بولدى. 1986 — 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئىچكى ئۆلكىلەرگە 15 كىشى يۆتكىلىپ كەتتى، ئىچكى ئۆلكىلەردىن بىر كىشى يۆتكىلىپ كەلدى؛ مۇشۇ مەزگىلدە شىنجاڭ تەۋەسىدە 70 كىشى يۆتكەلدى.

1991 — 1995 - يىلغىچە ئىچكى ئۆلكىلەردىن بىر كىشى يۆتكىلىپ كەلدى، توقسۇدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە 4 كىشى يۆتكىلىپ كەتتى.

## 2 § . ئىخچاملاش ۋە تۆۋەنگە چۈشۈرۈش

### 1. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىخچاملاش

1954 - يىلى ئومۇمىي سايلام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىم 14 كادىر ئىخچاملاندى، ئۇنىڭ ئوبيېكتى، ئاساسەن، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغانلار بولدى.

1958 - يىلى 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 8 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيە بويىچە 62 كادىر ئىخچاملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك پارتكومدىن 4، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىدىن 4، ج خ ئىدارىسىدىن بىر، سودا ئىدارىسىدىن 6، ئاشلىق ئىدارىسىدىن 3، باج ئىدارىسىدىن 4، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىن 8، بانكىدىن 5، تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن 19، پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدىن 2، شىپاخانىدىن 5، دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 7 كادىر ئىخچاملاندى.

يۇقىرىقى ئىشچاملانغان كادىرلار، تۈرلۈك ئەھۋالغا ئاساسەن، خىزمەتتىن ھەيدەش، بوشىتىش، خىزمەتتىن چېكىندۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. ئىشچاملانغان خادىملار ئىچىدە ئەر 43، ئايال 19، خەنزۇ 15، ئۇيغۇر 47. ئادەتتىكى كادىر 41، قارا خىزمەتچى 21 (بۇنىڭ ئىچىدە پىراكتىكانت 11).

1962 - يىل 1 - ئايدىن 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە يەنە بىر قېتىم ئاپپاراتلار ئىشچاملىنىپ، سانائەت - قاتناش، مالىيە - سودا، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق سەپلەر قىسقارتىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشچاملىنىپ، ناھىيە بازىرى ئاھالىسى قىسقارتىلدى. 1962 - يىلى 624 ئىشچى - خىزمەتچى (خەنزۇ 169، ئۇيغۇر 455) ئىشچاملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى يۇرتىغا قايتىپ كەتكەنلەر 124، شۇ جايدا يېزىلاردا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 192، ناھىيە بازىرىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلار 3؛ تاشقى سودا ئىدارىسى، 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى قارىمىقىدىكى جەمئىي 192 ئىشچىسى بار 10 كىچىك زاۋۇت دۆلەت ئىگىلىكىدىن كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىلدى. 1963 - يىلى 34 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشچاملاندى. 2 يىلدا جەمئىي 658 ئىشچى - خىزمەتچى (بۇنىڭ ئىچىدە 178ى دۆلەت ئىگىلىكىدىن كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىلگەن) ئىشچاملاندى، ئۇنىڭ ئوبيېكتى، ئاساسەن، 1958 - يىلى خىزمەتكە يېڭىدىن قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر بولدى.

## 2. كادىرلارنى تاۋەنگە چۈشۈرۈش

كادىرلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ئىشچاملاشقا ئوخشىمايدۇ. ئومۇمەن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنلەرنىڭ شتاتى ۋە ئىش ھەققى ساقلاپ قېلىنىدۇ. تۆۋەنگە چۈشۈرۈشتىكى مەقسەت كادىرلارنى چېنىقتۇرۇش، كادىرلار بىلەن ئامما ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى قابىلىيەتنى ئاشۇرۇپ، ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە قىلىش ئىدى، ئەمما ئەمەلىي نەتىجىسىدىن قارىغاندا ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش 1964 - يىلى توختىتىلدى.

1957 - يىلى ناھىيە ئورگىنىدىن تۇنجى قېتىم 17 كادىر تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ رايون، يېزىلارنىڭ كادىرلىرى تولۇقلاندى. 1961 - يىلى ناھىيە بويىچە 109 كادىر تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە ئورگىنىدىن چۈشۈرۈلگىنى 81، گۇڭشې ئورگىنىدىن چۈشۈرۈلگىنى 28؛ رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىر 11، ئادەتتىكى كادىر 98؛ پارتىيە ئەزاسى 34، ئىتتىپاق ئەزاسى 29؛ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ گۇڭشې باشلىقى بولغانلار بىر، پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى بولغانلار 21، چوڭ ئەترەت باشلىقى بولغانلار 44، بوغالتىر بولغانلار 4، زاپخوز بولغانلار بىر، ئەزا بولغانلار 38.

بۇ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئامما بىلەن ئالاقە باغلاپ، تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەپ، باشلامچىلىق بىلەن ئەمگەك قىلغاچقا، ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

## 3 §. كادىرلارنى مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن مۇكاپاتلاش تۈزۈمى بويىچە تۆھپە يېزىش، چوڭ تۆھپە يېزىش، مۇكاپات بۇيۇمى ياكى مۇكاپات بېرىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە شەرەپلىك نام بېرىش (گۇۋاھنامە، تەقدىرنامە بېرىش)، ئومۇمىي بۇيرۇق چىقىرىپ تەقدىرلەش يولغا قويۇلدى. جازالاش تۈزۈمى بويىچە ئاگاھلاندۇرۇش، گۇناھ يېزىش، چوڭ گۇناھ يېزىش، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش، ۋەزىپىسىنى تۆۋەنلىتىش، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، خىزمەتتىن ھەيدەپ سىناقتا قالدۇرۇش، خىزمەتتىن ھەيدەش يولغا

قويۇلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كادىرلارنى مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمى بىر قەدەر قاتتىق بولدى، ھەر يىلنىڭ ئاخىرىدا يىل ئاخىرىدىكى باھالاشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ مۇكاپاتلاش، جازالاش ئېلىپ بېرىلدى. مۇنەۋۋەرلەر «خىزمەت نەمۇنىچىسى»، «ئىلغار خىزمەتچى»، «بەشتە ياخشى كادىر» قىلىپ باھالىنىپ، ئۇلارغا خاتىرە دەپتەر، قەلەم قاتارلىق بويۇملار تارقىتىپ بېرىلدى، شۇنىڭدەك تەقدىرنامە بېرىلدى. پاش قىلىنغان يامان ئادەم، يامان ئىشلارغا تەنقىد قىلىش، ئاگاھلاندۇرۇش، گۇناھ يېزىش، چوڭ گۇناھ يېزىش، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش، ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش، خىزمەتتىن ھەيدەپ سىناقتا قالدۇرۇش، ھەتتا خىزمەتتىن ھەيدەش قاتارلىق جازالار بېرىلدى.

1953 - يىلدىن كېيىن، ھۆكۈمەتتە رېۋىزىيە ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيەدىكى كادىرلار (ئىشچى - خىزمەتچىلەر) نى مۇكاپاتلاش، جازالاش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، 1951 - يىلى 3 كادىرغا ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلگەن. 1953 - يىلى 8 كادىرغا ھەرخىل جازا بېرىلگەن. 1960 - يىلى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 84ى قوبۇل قىلىنىپ، 41 ى تەكشۈرۈلۈپ بىر ياقلىق قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىق دېلولاردىن بۇيرۇقۋازلىق قىلىش دېلوسى 5، ساختىپەزلىك دېلوسى بىر، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق دېلوسى 2، چىرىكلىشىپ چۈشكۈنلىشىش دېلوسى 3، تەكشۈرۈپ بىر ياقلىق قىلىش نەتىجىسىدە: بىر كىشىگە گۇناھ يېزىلدى، بىر كىشىگە چوڭ گۇناھ يېزىلدى، بىر كىشىنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلدى، بىر كىشى خىزمەتتىن ھەيدىلىپ سىناقتا قالدۇرۇلدى، 9 كىشى خىزمەتتىن ھەيدەلدى.

1963 - يىلى 5 كادىرغا جازا بېرىلدى، بۇلاردىن بىرىگە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى، بىرىگە گۇناھ يېزىلدى، بىرىنىڭ ۋەزىپىسى تۆۋەنلىتىلدى، 2 سىنىڭ ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، كادىرلارنى مۇكاپاتلاش - جازالاش خىزمىتى توختاپ قالدى.

1975 - يىلدىن كېيىن، كادىرلارنى مۇكاپاتلاش، جازالاش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مۇكاپاتلاش شەكلى «ئىلغار خىزمەتچى» ۋە «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» قىلىپ باھالاش، تۆھپە يېزىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ماددىي مۇكاپات ۋە نەق پۇل مۇكاپات بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، كادىرلارنى مۇكاپاتلاش ئاساس، جازالاش قوشۇمچە قىلىندى.

1980 - يىلى ناھىيە بويىچە 53 ناھىيە دەرىجىلىك ئىلغار شەخس باھالاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك ئورگان كادىرى 6، گۇڭشې كادىرى 14، چوڭ ئەترەت كادىرى 19، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى كادىرى 14.

1982 - يىلى ناھىيەدە «قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى» ئېچىلىپ، 153 ئىلغار كوللېكتىپ، 362 قەھرىمان - نەمۇنىچى تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. 1986 - يىلى تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ قانۇن ساقچىسى نۇردۇن توختى يول ئۈستىدە قاراقچىلار بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىپ بىر قېتىم شەرەپ بىلەن 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ناھىيىلىك پارتكوم ئوقتۇرۇش چىقىرىپ، ناھىيەدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنى ئۇنىڭ نەمۇنىلىك ئىش - ئىزىدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان 2 ئوقۇتقۇچىغا ۋەزىپىسىنى تۆۋەنلىتىش (ئىشچىلىققا چۈشۈرۈش) جازاسى بېرىلدى.

1989 - يىلى رېۋىزىيە ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن (ئەسلىدىكى رېۋىزىيە ئىشخانىسى 1962 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى) كادىرلارغا بولغان مەمۇرىي تەپتىشلىك يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 2 يىلدا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسىدىن 8 ى تەكشۈرۈلۈپ بىر ياقلىق قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە خىيانەتچىلىك دېلوسى 6، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى بىر، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش جىنايىتى بىر، تەكشۈرۈپ

بىر ياقلىق قىلىش نەتىجىسىدە 3 كىشىگە گۇناھ يېزىلدى، 2 كىشىگە چوڭ گۇناھ يېزىلدى، بىر كىشىنىڭ دەرىجىسى تۆۋەنلىتىلدى، بىر كىشى خىزمەتتىن ھەيدىلىپ سىناقتا قالدۇرۇلدى، بىر كىشىنىڭ ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى.

# V باب

# دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنى باشقۇرۇش

## 1 § . دەم ئېلىشقا چىقىش

1980 ـ يىلى گوۋۇيۈەن پېشقەدەم كادىرلارنىڭ خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىقىشى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى تارقاتتى، بەلگىلىمىنىڭ روھىغا ئاساسەن، توقسۇ ناھىيىسىدە پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەن 3 كادىر دەم ئېلىشقا چىقىشقا ئۆزگەرتىلدى. 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە دەم ئېلىشقا چىقىش شەرتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان 49 كادىردىن 37 سىنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىشى تەستىقلاندى (بۇلاردىن 3 ى كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى، 3 ى باشقا جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى) . سىياسەت بويىچە دەم ئېلىشقا چىققانلارنىڭ تەمىناتى ئاساسي جەھەتتىن ئۆزگەرمىدى، ئىش ھەققى تەمىناتىدا ئازراق ئېتىبار بېرىلدى. مۇشۇ بويىچە دەم ئېلىشقا چىققانلاردىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە خىزمەتكە قاتناشقان 6 كادىرغا ھەر يىلى بىر ئايلىق ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلدى.

قالغان دەم ئېلىشقا چىققانلارغا تۆۋەندىكىچە ئېتىبار بېرىلدى. 1) ئالاھىدە داۋالىنىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلىپ، ۋىلايەت دائىرىسىدە داۋالىنىشتا ئېتىبار بېرىلدى. 2) ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا پېشقەدەم كادىرلار كېسەلخانىسى قۇرۇلۇپ، 12 كارىۋات قويۇلۇپ، دوختۇرخانىدا ياتقان پېشقەدەم كادىرلارغا مەخسۇس ئىشلىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پېشقەدەم كادىرلارنىڭ سالامەتلىكى قەرەللىك تەكشۈرۈلۈپ، سالامەتلىك ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. 3) پېشقەدەم كادىرلارنى تەمىنلەشتە ئېتىبار بېرىش كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى. 4) ھېيت ـ بايرام مەزگىلىدە پېشقەدەم كادىرلاردىن ھال سوراش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 53 پېشقەدەم كادىر دەم ئېلىشقا چىقتى. ئۆلۈپ كېتىش، باشقا جايلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، توقسۇ ناھىيىسىدە دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ ئەمەلىي سانى 33 بولدى.

## 2 § . پېنسىيىگە چىقىش

مىنگو دەۋرىدە كادىرلارنىڭ پېنسىيىگە چىقىش ئىشى مەمۇرىي ئىشلار مەھكىمىسى تارقاتقان «ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ پېنسىيىگە چىقىش نىزامى» بويىچە بېجىرىلدى، بۇنىڭ رەسمىيىتى بىر قەدەر قاتتىق بولۇپ، ئۆلكىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىناتتى. ئۇلارنىڭ پېنسىيە پۇلى ناھىيە تەرىپىدىن بېرىپ تۇرۇلدى. ئۇ مالىيە

نازارىتىگە يوللانغاندىن كېيىن، ئەينەن سان بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدۇ. پېنسىيىگە چىقىش كىنىشكىسى ئۆلگەندىن ئىمزا قويۇلۇپ تارقىتىلىدۇ. پېنسىيىگە چىقىشتا، مۇقىم يىل چەكلىمىسى بېكىتىلمەي، شۇ كىشىنىڭ سالامەتلىك ۋە ئارزۇسىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، گوۋيۈەن 1956 - يىلى ئومۇمەن كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن ئەرلەر 60 ياشقا، ئاياللار 55 ياشقا توشسا پېنسىيىگە چىقسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. پېنسىيە پۇلى ھەرخىل ئەھۋالغا ئاساسەن، ئەسلى ئىش ھەققىنىڭ %70 — %80 ىگىچە بولىدى.

1973 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە تۇنجى تۈركۈمدە 2 ئىشچى - خىزمەتچى پېنسىيىگە چىقىرىلدى. 70 - يىللاردا جەمئىي 15 ئىشچى - خىزمەتچى پېنسىيىگە چىقىرىلدى. پېنسىيە پۇلى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىدىن بېرىلدى. 1979 - يىلى يۇقىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، پېنسىيىگە چىققان 7 كادىر ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىدىن باشقۇرۇلىدىغىنىدىن 5 ىلا قالدى. 1982 - يىل 4 - ئايدا پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدىكى ئورنىنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

80 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، پېنسىيىگە چىققانلار يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1981 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە بۆلۈمچە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 6 كادىر، ئادەتتىكى 49 كادىر پېنسىيىگە چىقتى، پېنسىيىگە چىققان ئومۇمىي كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچى 160 تىن ئاشتى. شۇ يىلى 2 - ئايدا ناھىيىدىكى پېنسىيىگە چىققان كادىرلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، پېنسىيىگە چىققان 2 سۆنەۋۋەر كادىر ماددىي جەھەتتىن مۇكاپاتلاندى.

1980 - يىل 6 - ئايدا ئەرلەرنىڭ يېشى 55 ياشقا، ئاياللارنىڭ يېشى 50 ياشقا توشقان، تېنى ئاجىز، كېسەلچان بولۇپ، ھەقىقەتەن نورمال خىزمەتنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيىگە چىقىشىغا رۇخسەت قىلىشقا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى.

خىزمەتچى خادىملار پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئايمۇ ئاي پېنسىيە پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. پېنسىيە پۇلى ئىستاژىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا ئاساسەن، ئەسلىدىكى ئىش ھەققىنىڭ %70، %75، %80 ى بويىچە ھەرخىل ئۆلچەمدە تارقىتىپ بېرىلدى. پېنسىيە قوشۇمچە ياردەم پۇلى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىگەن ئىستاژىغا ئاساسەن، ئەسلىدىكى ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ %25، %20، %15، %10 ى بويىچە تارقىتىلدى. ئۆلچەملىك ئىش ھەققى بىلەن قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى قوشقاندا ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى ئەسلىدىكى ئىش ھەققىدىن ئېشىپ كەتمىدى. 1995 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ كارخانىلار 1994 - يىل 12 - ئايدىن ئىلگىرى پېنسىيىگە چىققانلارغا ياشانغاندا كۆتۈنۈش پۇلى قوشۇپ تارقىتىپ بەردى.

1988 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 204 كادىر (مەمۇرىي ئورۇندىن 94، كەسپىي ئورۇندىن 37، كارخانىدىن 73) پېنسىيىگە چىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىر 16، تېخنىكا خادىمى 24. 1991 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، پېنسىيىگە چىققان كادىرلار 293كە يەتتى. 1995 - يىلى ناھىيە بويىچە پېنسىيىگە چىققان ئومۇمىي خادىم 1176 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي ئورۇندىكىسى 223، كەسپىي ئورۇندىكىسى 593، كارخانىدىكىسى 360.

## 3 § . خىزمەتتىن چېكىندۈرۈش

توقسۇ ناھىيىسىدە 1951 - يىلى تۇنجى تۈركۈمدە 4 كادىر خىزمەتتىن چېكىندۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن

كۆپ قېتىم ئاندا ـ ساندا خىزمەتتىن چېكىندۈرۈش رەسمىيىتى بېجىرىلـدى. 1971 ـ يىلى چېكىندۈرۈلگەنلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، 33 كىشى خىزمەتتىن چېكىندۈرۈلدى. 1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 50 كادىر خىزمەتتىن چېكىندۈرۈلدى (1952 — 1970 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدىكىسى بۇنىڭ سىرتىدا).

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ قىسمەن يىللاردىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 — 6

| يىللار | دەم ئېلىشقا چىققانلار | پېنسىيىگە چىققانلار | | | خىزمەتتىن چېكىنگەنلەر |
|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | كادىر | ئىشچى | |
| 1951 | | | | | 4 |
| 1971 | | | | | 33 |
| 1973 | | 2 | 2 | | |
| 1975 | | 2 | 1 | 1 | 1 |
| 1976 | | 10 | 8 | 2 | 1 |
| 1977 | | 10 | 2 | 8 | |
| 1978 | | 2 | 2 | | |
| 1979 | | 15 | 1 | 14 | |
| 1980 | | 29 | 13 | 16 | 1 |
| 1981 | | 51 | 30 | 21 | |
| 1982 | 2 | 57 | 35 | 22 | 3 |
| 1983 | 3 | 53 | 33 | 20 | |
| 1984 | | 27 | 16 | 11 | 2 |
| 1985 | 11 | 32 | 18 | 14 | |
| 1986 | 2 | 78 | 27 | 51 | 2 |
| 1987 | | 14 | 13 | 1 | |
| 1988 | 31 | 27 | 21 | 6 | 1 |
| 1989 | 4 | 72 | 63 | 9 | 5 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1990 | | 26 | 14 | 12 | |
| 1991 | 2 | 81 | | | |
| 1992 | 2 | 123 | | | |
| 1993 | | 146 | | | |
| 1994 | | 77 | | | |
| 1995 | | 56 | | | |

ئىزاھات: 1993 - يىلدىكى پېنسىيىگە چىققانلار ئىچىدە دەم ئېلىشقا چىققانلارمۇ بار.

# VI باب

# ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە سۇغۇرتا

## 1 § . ئىشچى قوبۇل قىلىش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە، توقسۇ مەھەللىسى ئەتراپىدا يەر كۆپ، ئادەم ئاز، ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولۇپ، ساۋاتلىقلار كەمدىن - كەم تېپىلاتتى، نورغۇن خوتەنلىكلەر، قەشقەرلىكلەر توقسۇغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇ ئوبيېكتىپ جەھەتتىن شۇ جاينىڭ ئەمگەك كۈچىگە بولغان ئېھتىياجىنى پەسەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇ جاينىڭ قول سانائەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

مىنگو دەۋرىدە يۇقىرىقى ئەھۋال بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشتى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 5 - ئايدا خەلق ئىشچىسى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن توقسۇغا ئادەم كەلدى، ھېچكىم بېرىشنى خالىمىغانلىقتىن، ھاكىم ۋاڭ يۈخېي تىياتىر ئاخىرلىشىپ تارقايدىغان پەيتتە، ئادەم ئەۋەتىپ زورلۇق ئۇسۇلى بىلەن ئادەم تۇتقۇزدى، جامائەت قىيا - چىيا كۆتۈرۈشتى، بۇ ئىش ھەممە يەرگە پۇركەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 - يىل 11 - ئايدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ناھىيىدىكى ئىشسىزلارنى تىزىملاش ھەققىدە ئېلان چىقاردى ھەم ئۇلارنى ھۆكۈمەتتىن مەسئۇل بولۇپ ئورۇنلاشتۇردى. 1957 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە شىنجاڭدىكى زاۋۇت، كان، تۆمۈريول قاتارلىق ئورۇنلار توقسۇ ناھىيىسىگە ئىشچى قوبۇل قىلىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى. يۇرتتىن ئايرىلىدىغان بولغاچقا، ئىنتايىن ئاز ئادەم تىزىمغا ئالدۇردى.

1952 — 1959 - يىلغىچە ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇپ ئورۇنلاشتۇرغان ئىشسىزلار جەمئىي 251 گە يەتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قول سانائەت زاۋۇتى ۋە سودا ئورۇنلىرىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇندىن باشقا ناھىيە بازىرىدىكى 100 دىن كۆپرەك ئىشسىزلارغا يەر ئىسلاھاتىدا ھۆكۈمەتتىن يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، ئۇلار يېزىلارغا بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى.

## § 2 . ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ناھىيىنىڭ ئىقتىسادى 10 يىل بىر ئىزدا توختاپ قالدى، تەرەققىياتى ئاستا بولدى، ئەمما نوپۇس كۆنسايىن كۆپىيىپ، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرى پەيدا بولدى ھەمدە يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى. زىيالىي ياشلار، بولۇپمۇ ناھىيە بازىرىدىكى زىيالىي ياشلار تاغلىق رايون ۋە يېزىلارغا بېرىپ، يېزا ئىگىلىك ئەمگىكىگە قاتناشتى.

1968 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن تۇنجى تۈركۈمدە 30 نەچچە زىيالىي ياش توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ ئەترەتلەردە ماكانلاشتى. ئارقىدىنلا توقسۇ ناھىيىسىدىكى تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 264 ئوقۇغۇچى يېزىلارغا بېرىپ (يېزىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار يېزىغا قايتىپ) ئەترەتلەردە ماكانلاشتى. ئۇندىن باشقا 30 نەچچە خەنزۇ ئوقۇغۇچى «ئاۋانگارت» دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىپ دېھقانچىلىق قىلدى.

1969 — 1972 ـ يىلغىچە يەنە ئاقسۇ، ئۈرۈمچىدىن ۋە توقسۇ ناھىيىسىدىن 164 ئوقۇغۇچى يېزىلارغا تەقسىم قىلىنىپ، ئەترەتلەرگە ماكانلىشىپ دېھقانچىلىق قىلدى.

1973 ـ يىل 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا مەخسۇس زىيالىي ياشلار ئىشلىرىنى باشقۇردى. 1975 ـ يىلى ناھىيە بويىچە زىيالىي ياشلار ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 1976 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى 150 زىيالىي ياش زىيالىي ياشلار نۇقتىسىغا ئورۇنلىشىپ دېھقانچىلىق قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا ناھىيە بويىچە 18 زىيالىي ياشلار نۇقتىسىغا 764 زىيالىي ياش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان زىيالىي ياشلار ئەترىتىدىن 5 ى قۇرۇلدى.

1973 — 1978 ـ يىلغىچە تاغلىق رايون ۋە يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلار قوشۇنى بارغانسېرى زورىيىپ، ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغاندا 2000 دىن ئاشتى (سىرت جايلاردىن تەقسىم قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇلاردىن 764 ى گوڭشې، دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە زىيالىي ياشلار نۇقتىسىغا تەقسىم قىلىندى.

گوۋۇيۈەن 1978 ـ يىل 12 ـ ئايدا ناھىيىدىن تۆۋەن بازاردىكى زىيالىي ياشلارنى قايتا يېزىلارغا چۈشۈرمەسلىكنى بەلگىلىدى. ئىلگىرى يېزىلارغا چۈشكەن زىيالىي ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى توقسۇ ناھىيىسى ياكى سىرت جايلارغا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنىپ ئىشلىتىلدى. مەسىلەن: ناھىيىلىك ئوقۇزان زاۋۇتىغا 3 قېتىمدا جەمئىي 80 دىن كۆپرەك ئىشچى قوبۇل قىلىندى. ۋىلايەتلىك ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى، ترانسپورت شىركىتىگە ئازكەم 50 ئىشچى قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاز بىر قىسمى چوڭ ئەترەتنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكۇملارغا بېرىپ ئوقۇدى، بەزىلىرى سىرت جايلارغا كەتتى، ئىنتايىن ئايرىم ساندىكىلەرلا ئۇزۇن مۇددەت يېزىدا تۇردى.

1981 ـ يىلى يېزىغا چۈشكەن زىيالىي ياشلار ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولدى. قالغانلار بىر تۇتاش ھالدا زىيالىي ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى («1 ـ ماي» سۇ ئامبىرى)دا دېھقانچىلىق قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1986 ـ يىلى بۇ مەيداندا 30 زىيالىي ياش ئىشلىدى.

1983 ـ يىلى يازدا زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، زىيالىي ياشلار خىزمىتى ناھىيىلىك ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1979 — 1985 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 720 ئوقۇغۇچىدىن 575 ى ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى ئارقىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلار جەمئىي 577 گە يەتتى.

1986 ـ يىلدىن كېيىن، زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا «دۆلەت تەقسىم قىلىش، كوللېكتىپ كارخانا قۇرۇش، زىيالىي ياشلار نۇقتىسى قۇرۇش بىلەن ئۆزى ئىش تېپىشنى ئۆز ـ ئارا بىرلەشتۈرۈش» فاڭجېنى قوللىنىلدى ھەمدە زىيالىي ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە تەربىيىلەش كۈچەيتىلدى. شۇ يىلى 101 كىشى (كونسېرۋا زاۋۇتىدىن 41 كىشى، تىككۈچىلىك كەسپىدىن 30 كىشى، رېمونتچىلىق كەسپىدىن 30 كىشى) تەربىيىلەندى، 431 زىيالىي ياش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا، ناھىيە بويىچە 5 زىيالىي ياشلار تىجارەت نۇقتىسى، 327 زىيالىي ياش بولۇپ، شۇ يىلى 60 مىڭ يۈەن زىيالىي ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش خىراجىتى چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

1988 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىلىك زىيالىي ياشلار تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇلدى، شۇ يىلى 2 قارار تىككۈچىلىك كۇرسى ئېچىلىپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان 119 زىيالىي ياش تەربىيىلەندى. 1989 ـ يىلى 2 قارار تىككۈچىلىك كۇرسى ئېچىلىپ، 60 زىيالىي ياش تەربىيىلەندى (ھەر قېتىملىق تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ مۇددىتى 4 ئاي بولدى)؛ بىر قارار سىستېرالىق كۇرسى ئېچىلىپ، 40 زىيالىي ياش تەربىيىلەندى. 1989 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، 2 قارار خەنزۇ تىلى كۇرسى ئېچىلدى، 102 كۇرسانت 6 ئاي ئوقۇدى. 1990 ـ يىلى ئەتىيازدا بىر قارار خەنزۇ تىلى كۇرسى ئېچىلدى، 48 كۇرسانت 8 ئاي ئوقۇدى. زىيالىي ياشلار تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، مۇئەييەن كەسپىي ماھارەت ئىگىلەپ، ھەرخىل خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بەزىلەر جەمئىيەتتە ئۆزى ئىش تاپتى.

ناھىيە بويىچە 1989 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياش 772، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 541. شۇ يىلى 46 توختاملىق ئىشچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ 20 سى مەمۇرىي ئورۇنلارغا، قالغانلىرى كارخانا ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1990 ـ يىلى ئىش كۈتۈپ تۇرغان 179 زىيالىي ياش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئىش كۈتۈپ تۇرغان يەنە 682 زىيالىي ياش (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 424) بولۇپ، 204 زىيالىي ياش تەربىيىلەندى.

1995 ـ يىلى 437 زىيالىي ياش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 218 زىيالىي ياش تەربىيىلەندى، يەنە ئىش كۈتۈپ تۇرغان 299 زىيالىي ياش قالدى.

### توقسۇ ناھىيىسىدىكى زىيالىي ياشلار نۇقتىلىرى

جەدۋەل: 9 — 7

| زىيالىي ياشلار نۇقتىلىرىنىڭ ئورنى | نۇقتا قۇرۇلغان ۋاقىت | نۇقتىدىكى زىيالىي ياشلار سانى | | | | | | نۇقتىدا قوبۇل قىلىنغان پارتىيە ئەزاسى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | | |
| | | | قىز | ئوغۇل | ئاز سانلىق مىللەت | خەنزۇ | ئىتتىپاق ئەزاسى | | |
| نەسىللىك چارۋا فېرمىسى | 1973.9 — 1981.12 | 92 | 52 | 40 | 87 | 5 | 41 | 1 | يېتەكچى: ياسىن ئۆمەر، مۇھەممەت نىياز، ھاشىم نۇرى |
| بوستان چولاق ئەترىتى | 1973.9 — 1980.1 | 108 | 50 | 58 | 96 | 12 | 72 | 6 | يېتەكچى: زەينەپ، ئايۇپ راخمان، مامۇت مەخمۇت، رېشىت راشى |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قومۇشلۇقتېرىق چولۇك ئەترىتى | 1974.7 — 1979.10 | 74 | 35 | 39 | | 74 | 32 | 1 | يېتەكچى: شۇ شۆلى، خەن بىڭشۇ، يۈەن شۇاڭچىڭ، ليۇ گوپىڭ، ليۇ جىيۈەن |
| شويۇلتۇز بېغى | 1974.4 — 1978.9 | 102 | 53 | 49 | 43 | 59 | 59 | 2 | يېتەكچى: شۇشۆلى، ۋاڭ ۋېيشىڭ، ۋاڭ جۇڭگۇي، خۇاڭ خېكېن، لى زىشىڭ |
| چىلان چولۇك ئەترىتى | 1974.4 — 1980.1 | 64 | 34 | 30 | 64 | | 47 | | يېتەكچى: ھۇسەنجان، ھەيتتا تالىپ، قېنى ئادىل، مەخمۇت قۇربان، نىياز ساماق |
| بەلكەستى چولۇك ئەترىتى | 1975.7 — 1979.5 | 95 | 54 | 41 | 1 | 94 | 53 | | يېتەكچى: ۋاڭ ۋېيشىڭ، خۇاڭ شىلىن |
| تاشئېرىق قۇلماق مەيدانى | 1974.4 — 1978.9 | 15 | | | | 15 | | | |
| بازار گۆڭشې | 1969.3 — 1974.4 | 2 | | 2 | 2 | | | | |
| دايۇلتۇز گۆڭشېسى | 1969.2 — 1974.4 | 73 | | | | | | | تارقىلىش نۇقتىسى: بەلكەستى، خوجا ئورۇس، ئازنا بازار، ئورتېرىق، ئاچال چولۇك ئەترىتى |
| شويۇلتۇز گۆڭشېسى | 1969.2 — 1974.4 | 43 | | | | | | | تارقىلىش نۇقتىسى: يارباشلام چولۇك ئەترىتى |
| تاشئېرىق گۆڭشېسى | 1969.2 — 1974.4 | 26 | | | | | | | تارقىلىش نۇقتىسى: قازىمەھەللە، تۆگمەن بېشى |
| ئىچئېرىق گۆڭشېسى | 1969.2 — 1974.4 | 27 | | | | | | | تارقىلىش نۇقتىسى: يۇقىرىجالاڭ، توما |
| زىيالىي ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى | 1980.8 — 1986.4 | 45 | | | | | | | يېتەكچى: توختى ياقۇپ |

## § 3 . ئەمگەك مۇھاپىزىتى

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئەمگەك مۇھاپىزىتى خىزمىتى كېچىكىپ باشلاندى. 1985 - يىلى ئەمگەك ئىدارىسىگە بىر ئەمگەك مۇھاپىزىتى كادىرى سەپلەندى. شۇ يىلى ناھىيىدىكى 7 پارقازىنى بىخەتەرلىك يۈزىسىدىن

تەكشۈرۈلۈپ، 7 ئورۇنغا ئەمگەك مۇھاپىزىتى بۇيۇملىرى تارقىتىپ بېرىش تەستىقلاندى.

1986 - يىلى ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدا يۈز بەرگەن خىزمەت ئۈستىدە يارىلىنىش (ئۆلۈش) ھادىسىگە قاراسەن، بۇ زاۋۇت تەدبىر قوللىنىپ، بىخەتەرلىك مۇئەسسەسىلىرىنى كۈچەيتىشكە بۇيرۇلدى ھەمدە ھەر قايسى زاۋۇتلارغا بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى كەڭ تەشۋىق قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىك تۈزۈمى ئورنىتىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىندى. شۇ يىلى تارقىتىشقا تەستىقلانغان ئەمگەك مۇھاپىزىتى بۇيۇملىرىدىن 157 جۈۋا، 72 قۇر خىزمەت كىيىمى، 24 پار تەتۈر شىبلىت، 12 قولاقچا، 58 باشقا بۇيۇم بار، بۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 3728 يۈەن بولدى. 1989 - يىلى تارقىتىلغان ئەمگەك مۇھاپىزىتى بۇيۇملىرىنىڭ قىممىتى 65 مىڭ يۈەن، 1990 - يىلى 39 مىڭ 900 يۈەن، 1995 - يىلى 40 مىڭ يۈەن بولدى.

1987 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەمگەك بىخەتەرلىكى بويىچە ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، ناھىيىگە قاراشلىق ئورۇندىن 8 ى، يېزا - بازار ئورۇنىدىن 6 سى، ۋىلايەت باشقۇرىدىغان ئورۇندىن 2 سى تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 8 بىخەتەرلىك تەپتىش بۇيرۇقنامىسى، بىر جەرىمانە ئۇقتۇرۇش قەغىزى ئىمزا قويۇپ تارقىتىلىپ، جەمئىي 2000 يۈەن جەرىمانە قويۇلدى. شۇ يىلى 4 قېتىم خىزمەت ئۈستىدە يارىلىنىش (ئۆلۈش) ھادىسى يۈز بېرىپ، بىر ئادەم ئۆلدى، بىر ئادەم ئېغىر يارىلاندى، 2 ئادەم يېنىك يارىلاندى. شۇ يىلى 11 تېخنىك ئىشچى (توكچى 3، پارقازان ئىشچىسى 8) ۋىلايەتكە تەربىيىلەشكە ئەۋەتىلدى.

1989 - يىلى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتى يەنىمۇ چىڭ تۇتۇلدى. ئومۇمەن تېخنىكلار تەربىيىلىنىپ ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولسا، ئاندىن ئىش ئورنىغا چىقىشقا رۇخسەت قىلىندى. ۋىلايەتكە 14 زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور)، 2 پارقازان ئىشچىسى ۋە سۇ تەكشۈرگۈچى كەسپىي تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەشكە ئەۋەتىپ بېرىلدى، يۇقىرىقى خادىملار بىخەتەرلىك سالاھىيەت گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى.

1990 - يىلى 13 بىخەتەرلىك تەپتىش بۇيرۇقنامىسى تارقىتىلىپ، 8 ئورۇننىڭ ئوت ئۆچۈرۈش مۇئەسسەسىنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىنى تەپتىش قىلىش خىزمىتى ئىشلىنىپ، ھادىسە يۈز بەرگەن ۋە ھادىسىنى يوشۇرغان ئورۇنلارغا 12 مىڭ يۈەن جەرىمانە قويۇلدى.

1985 — 1990 - يىلغىچە ھادىسە سەۋەبىدىن 4 ئادەم ئۆلدى، 5 ئادەم ئېغىر يارىلاندى، 5 ئادەم يېنىك يارىلاندى. 1995 - يىلى ھادىسە سەۋەبىدىن 2 ئادەم ئۆلدى، بىر ئادەم ئېغىر يارىلاندى، 3 ئادەم يېنىك يارىلاندى.

## 4 § . ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى

1989 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك پېنسىيە خىراجىتىنى بىر تۇتاش غەملەش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئەمگەك سۇغۇرتا پۇلىنى جەمئىيەتتىن بىر تۇتاش غەملەشنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى. پېنسىيە پۇلىنى ئاجرىتىپ ئۆلچەش نىسبىتىدە: ئورۇننىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىدىن 18.5%، پېنسىيە پۇلى ئومۇمىي سوممىسىدىن 45% ئاجرىتىپ بېرىلىدى. 1990 - يىل 12 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پېنسىيە خىراجىتىنى بىر تۇتاش غەملەپ باشقۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىدىكى دۆلەت كارخانىلىرىدىكى پېنسىيىگە چىققان (خىزمەتتىن چېكىنگەن) لارنىڭ پېنسىيە پۇلىنى ئاجرىتىپ ۋە تارقىتىشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسى بىر تۇتاش بېجىردى.

# VII باب

# تەمىنات، ئىش ھەققى

## 1 § . تەمىنات

مىنگو دەۋرىدە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ كىرىمى تەمىنات، تۇرمۇش خىراجىتىدىن ئىبارەت 2 قىسىمدىن تەركىب تاپتى، دەرىجە پەرقى خېلى چوڭ بولدى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) ج خ ئىدارىسى باشلىقىنىڭ ھەر ئايلىق تەمىناتى 2340 سەر، تۇرمۇش خىراجىتى 600 سەر، جەمئىي 2940 سەر بولدى؛ 3 ـ دەرىجىلىك ساقچىنىڭ ھەر ئايلىق تەمىناتى 320 سەر، تۇرمۇش خىراجىتى 400 سەر، جەمئىي 720 سەر بولدى.

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ھاكىمنىڭ ئىش ھەققى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ئايدا 5060 يۈەن (ئەسلى تەمىناتى 320 يۈەن، قوشۇمچە تەمىناتى 3840 يۈەن، تۇرمۇش خىراجىتى 900 يۈەن) ئۆلكە پۇلى ئالدى، قارا خىزمەتچىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن بولۇپ، ئايدا 1680 يۈەن (ئەسلى تەمىناتى 60 يۈەن، قوشۇمچە تەمىناتى 720 يۈەن، تۇرمۇش خىراجىتى 900 يۈەن) ئالدى.

**مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى)دىكى توقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ تەمىناتى**

جەدۋەل: 9 — 8 بىرلىكى: يۈەن (شىنجاڭ ئۆلكە پۇلى)

| ۋەزىپىسى | ئەسلى تەمىناتى | قوشۇمچە تەمىناتى | ئاساسىي تۇرمۇش خىراجىتى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|
| ھاكىم | 320 | 3840 | 900 | 5060 |
| مۇئاۋىن ھاكىم | 220 | 2640 | 900 | 3760 |
| بۆلۈم باشلىقى | 200 | 2400 | 900 | 3500 |
| مۇدىر دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى | 180 | 2160 | 900 | 3240 |
| 1 ـ دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى | 140 | 1680 | 900 | 2720 |
| 2 ـ دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى | 120 | 1440 | 900 | 2460 |
| 3 ـ دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى | 90 | 1080 | 900 | 2070 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| پاللانما خىزمەتچى | 70 | 840 | 900 | 1810 |
| قارا خىزمەتچى | 60 | 720 | 900 | 1680 |

ئىزاھات: باھانىڭ ئۆرلەش ئامىلى نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ ئەسلى ئەمىنات 12 گە كۆپەيتىلىپ قوشۇمچە ئەمىنات قىلىندى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) دىن كېيىن، باھا ئۆرلەپ پۇل پاخاللاشقانلىقتىن، ئەمىناتنىڭ ئورنىغا ماددىي بۇيۇم (بىر قىسمىغا) تارقىتىلدى. ماددىي بۇيۇم جەھەتتە بۇغداي ئۇنى بىرلىك قىلىنىپ، ئائىلە نوپۇسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. مەسىلەن: ھاكىم گو ۋېنخۋانىڭ ئائىلىسىدە 3 جان بولۇپ، ئېيىغا 120 جىڭ بۇغداي ئۇنى تارقىتىلدى؛ ئۈزىنى - ئۆزى ئىدارە قىلىش يېتەكچىسى زىياۋۇدۇننىڭ ئائىلىسىدە 2 جان بولۇپ، ئېيىغا 90 جىڭ بۇغداي ئۇنى تارقىتىلدى؛ 3 - دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزاسى ۋۇ شۇجېننىڭ ئائىلىسىدە بىر جان بولۇپ، ئېيىغا 60 جىڭ بۇغداي ئۇنى تارقىتىلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى 66 كىشى ئېيىغا ئەمىنات پۇلى ئورنىغا 6150 جىڭ (كونا جىڭ بىرلىكى بويىچە) بۇغداي ئۇنى ئالدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قەرز قالغان ئەمىناتى ئورنىغا ھەربىر كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14 گەز (مېتىرغا سۇندۇرغاندا 9.8 مېتىر) بىجى رەخت تارقىتىلدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 5 - ئايدا ئەمىنات تەڭگە بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى. ھاكىمغا ئايدا 10.5 تەڭگە، ساقچى باشلىقىدىن يۇقىرىلارغا ھەربىر كىشىگە ئايدا 6.5 تەڭگە تارقىتىلدى. ئەمىنات پۇلىنىڭ ئورنىغا ئاشلىق تارقىتىدىغان قىسمى يەنىلا ئۆزگەرمىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1950 — 1995 - يىلغىچە ئىش ھەققى تۈزۈمى كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ، ئىش ھەققى كۆپ قېتىم تەڭشىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

## 2 §. ئىش ھەققى

### 1. ئىش ھەققى تۈزۈمى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە 2 خىل ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بىر خىلى ھەربىي قىسىمدىن يەرلىك ئورۇنغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىگەنلەرنى تەمىنلەش تۈزۈمى، ئۇ تاماق ياردەم پۇلى، قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن ئىبارەت 2 قىسىمدىن تەركىب تاپتى. خىزمەتچىلەرنىڭ ئايالى، پەرزەنتى، بالا باققۇچىلىرى دۆلەت تەرىپىدىن ھۆددىگە ئېلىنىپ، كىيىم - كېچەك خىراجىتى، تازىلىق خىراجىتى، تۇرمۇش خىراجىتى تارقىتىپ بېرىلدى. يەنە بىر خىلى ئىش ھەققى تۈزۈمى، ئۇ كونا ھاكىمىيەت دەۋرىدىكىلەردىن قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەنلەر ۋە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغانلارغا يولغا قويۇلدى.

ئىش ھەققى تۈزۈمىدىكىلەرنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ بولدى، ئەينى ۋاقىتتا پۇل ئورنىغا ماددىي بۇيۇم بېرىش بەلگىلىنىپ، بۇغداي بىرلىك قىلىنىپ ئايمۇ ئاي تارقىتىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئۆلچىمى ھاكىم دەرىجىلىكلەرگە 200 كىلوگرام، بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىكلەرگە 150 كىلوگرام، بۆلۈم ئەزاسى دەرىجىلىكلەرگە 120 كىلوگرام، ئىش بېجىرگۈچىگە 90 كىلوگرام، رايون باشلىقىغا 150 كىلوگرام، رايون باشلىقى ياردەمچىسىگە 105 كىلوگرام، ج خ ئەترىتى باشلىقىغا 90 كىلوگرام، بەنجاڭغا 80 كىلوگرام،

جەڭچىگە 75 كىلوگرام بولدى.

1952 ـ يىلى ماددىي بۇيۇمغا سۇندۇرۇلغان ئىش ھەققى نومۇر تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ھەربىر ئىش ھەققى نومۇرىنىڭ قىممىتى شۇ ئايلىق بىر كىلوگرام بۇغداي ئۇنىنىڭ قىممىتىگە باراۋەر بولدى. ئىش ھەققى نومۇرىنىڭ دەرىجە تەرتىپى 150 نومۇر، 140 نومۇر، 130 نومۇر، 110 نومۇر، 105 نومۇر بولدى. شۇ يىلى كۈزدە ئىش ھەققى نومۇرىنىڭ قىممىتى شۇ ئايلىق ئاشلىق، رەخت، پاختا، ماي، ئوتۇننىڭ بازاردىكى باھاسىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى، ھەر ئايلىق ئىش ھەققى نومۇر قىممىتىنىڭ ھېسابلىنىشى ۋە ئېلان قىلىنىشىنى ۋالىي مەھكىمىسى مالىيە بۆلۈمى قارار قىلدى. شۇڭلاشقا ئىش ھەققى نومۇر قىممىتى باھانىڭ ئۆرلەش ـ تۆۋەنلىشىگە ئەگىشىپ ئايمۇئاي ئۆزگىرىپ تۇردى. 1953 ـ يىلى ئىش ھەققى تۈزۈمى ۋە تەمىنلەش تۈزۈمىدىن ئىبارەت 2 خىل ئىش ھەققى تۈزۈمى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

1955 ـ يىل 8 ـ ئايدا بۇ تۈزۈم پۇل بويىچە ھېسابلايدىغان دەرىجە ئىش ھەققى تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

1956 ـ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا پۇل دەرىجە ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئىشچىلارغا 8 دەرىجىلىك ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1985 ـ يىلى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى تەڭشىلىپ، ئىش ھەققى مۇناسىۋىتى دەسلەپكى قەدەمدە راۋانلاشتۇرۇلۇپ، ۋەزىپە ئىش ھەققى ئاساس قىلىنغان قۇرۇلما ئىش ھەققى يولغا قويۇلدى، ئىش ھەققى ئاساسىي ئىش ھەققى، ۋەزىپە ئىش ھەققى، ئىستاژ ياردەم پۇلى، مۇكاپات ئىش ھەققىدىن ئىبارەت 4 قىسىمدىن تەركىب تاپتى.

1994 ـ يىلى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى يەنە بىر قېتىم كەڭ كۆلەمدە ئىسلاھ قىلىنىپ، ئەسلىدىكى كۆپ خىل ئىش ھەققى تۈزۈمى قۇرۇلما ئىش ھەققىگە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

## 2. ئىش ھەققىنى تەڭشەش

1951 ـ ۋە 1952 ـ يىللىرى توقسۇ ناھىيىسىدە كادىرلار بىلەن خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى 2 قېتىم باھالاپ بېكىتىلدى، ئىش ھەققى نومۇرىنى بېكىتىشتە ئۆزى مەلۇم قىلىپ، كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىش، رەھبەرلىك تەكشۈرۈپ تەستىقلاش چارىسى قوللىنىلدى.

1956 ـ يىلى پۇل دەرىجە ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ئىش ھەققى ۋەزىپە دەرىجە چېكىدىن تۆۋەن بولغان بۆلۈم باشلىقلىرى، رايون باشلىقلىرى، 25 ـ دەرىجىدىن تۆۋەن بولغان بۆلۈم ئەزاسى، 26 ـ دەرىجىدىن تۆۋەن بولغان ياردەمچىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئىش ھەققى بىر دەرىجە، ئايرىم ساندىكىلىرىنىڭ ئىش ھەققى 2 دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى ئېيىغا 782 يۈەن كۆپەيدى، كادىرلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 49.88 يۈەندىن 53.35 يۈەنگە ئۆستۈرۈلۈپ، 6.5% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئىش ھەققى 33% ئاشتى.

مەمۇرىي خادىملارنىڭ ئىش ھەققى ئۆلچىمىدىن سىرت، يەنە «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىش ھەققى ئۆلچىمى»، «سەھىيە خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى ئۆلچىمى»، «دېھقانچىلىق تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ ئىش ھەق ئۆلچىمى» قاتارلىق ھەرخىل ھەق ئۆلچەملىرى ئىجرا قىلىنىدى.

1963 ـ يىلى ناھىيىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى يەنە بىر قېتىم تەڭشەلدى. ئەينى ۋاقىتتا جەمئىي 1297 مۇقىم ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى، بۇنىڭ 778 ى (كادىر 667، ئىشچى 111) ئىش ھەققىنى تەڭشەش دائىرىسىگە كىردى. تەڭشەش ئارقىلىق دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەنلەر 347 (كادىر 300، ئىشچى 47)، رەسمىيلەشتۈرۈلۈپ دەرىجىسى بېكىتىلگەنلەر 391 (ئىش ھەققى ئازراق

كۆپەيدى). ۋىلايەتتىن چۈشۈرۈلگەنلەر تۈرلۈك تەڭشەش كۆرسەتكۈچىنىڭ ھەممە تۈرىدە قالدۇق قالدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تەڭشەش توختىتىۋېتىلدى.

1971 - يىلى بىر قىسىم خادىملارنىڭ ئىش ھەققى تەڭشەلدى. تەڭشەش دائىرىسىگە 1957 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان 3 - دەرىجىلىك ئىشچىلار، 1960 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان 2 - دەرىجىلىك ئىشچىلار، 1966 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى خىزمەتكە قاتناشقان 1 - دەرىجىلىك ئىشچى ۋە 1 - دەرىجىلىك ئىشچىدىن تۆۋەن ئىشچىلار ھەم يۇقىرىقى ئىشچىلارنىڭ خىزمەت ئىستاژى، ئىش ھەققى دەرىجىسى بىلەن ئوخشاش بولغان خىزمەتچى خادىملار كىرگۈزۈلدى، بۇلارنىڭ ئادەتتىكىلىرىگە بىر دەرىجە، ئىش ھەققى كۆرۈنەرلىك تۆۋەن بولغانلىرىغا 2 دەرىجە ئۆستۈرۈپ بېرىلدى.

1978 - يىلدىن باشلاپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى كۆپ قېتىم تەڭشەلدى، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، ئىش ھەققى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى.

1978 - يىلى ئىش ھەققى تەڭشەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى خىزمەتكە قاتناشقىنىغا كۆپ يىل بولغان، ئىش ھەققى تۆۋەن بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر بولدى. ناھىيە بويىچە 2470 ئىشچى - خىزمەتچىدىن 1447 سىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، دەرىجە ئۆستۈرۈش دائىرىسى 62% بولدى. ئىش ھەققى تەڭشىلىشتىن ئىلگىرى ناھىيە بويىچە ئايلىق ئىش ھەققى سوممىسى 121 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 49 يۈەندىن توغرا كېلەتتى؛ ئىش ھەققى تەڭشەلگەندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ئايلىق ئىش ھەققى سوممىسى 131 مىڭ يۈەن بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 53 يۈەندىن توغرا كەلدى.

### توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 1978 - يىل 12 - ئايدىكى ئىش ھەققى ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 — 9

| ئورۇن نامى | ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى | ئايلىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى (يۈەن) | | ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى (يۈەن) | | ئائىلىدىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىش ھەققى (يۈەن) | ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قەرزى | | ھەر يىلى بېرىلىدىغان پاراۋانلىق خىراجىتى (يۈەن) | ئائىلىق يار- دەم پۇلىدىن بەھرىمان بولىدىغان ئائىلىلەر | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئىش ھەققىنى تەڭشەشتىن ئىلگىرى | ئىش ھەققىنى تەڭشەشتىن كېيىن | ئىش ھەققىنى تەڭشەشتىن ئىلگىرى | ئىش ھەققىنى تەڭشەشتىن كېيىن | | ئادەم سانى | سوممىسى (يۈەن) | | ئائىلە سانى | سوممىسى (يۈەن) |
| يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى | 79 | 4206 | 4510 | 53 | 56 | 14 | 24 | 8000 | 600 | 15 | 67 |
| يىپەكچىلىك شىركىتى | 80 | 4057 | 4317 | 50.71 | 53.96 | 12.7 | 22 | 10448 | 630 | 12 | 50 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كىنو سىستېمىسى | 23 | 1136 | 1214 | 47.35 | 52.77 | 12.92 | 20 | 3116 | 570 | 2 | 10 |
| سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى | 84 | 4077 | 4462 | 48.85 | 53.12 | 13.03 | 28 | 6077 | 2369 | 22 | 65.64 |
| دايۇلتوز گۇڭشېسى | 34 | 1719 | 1859 | 50.55 | 54.66 | 11.8 | 15 | 3342 | 625 | 9 | 31.29 |
| جەمئىي | 300 | 15195 | 16362 | 50.1 | 54.1 | 12.89 | 109 | 30983 | 4794 | 60 | 223.93 |

1979 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، مۇنەۋۋەر ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، دەرىجە ئۆستۈرۈش دائىرىسى 2% بولدى. ئەمما ئىجرا قىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى دەرىجە ئۆستۈرۈش بىلەن تۈپ مەقسەت ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك پەرق بولغان.

1980 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار 40% ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى بەلگىلىدى، بۇ قېتىمقى ئىش ھەققى تەڭشەشنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، دەرىجە ئۆستۈرۈش كۆرسەتكۈچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ كۆرسەتكۈچى، رەھبىرىي كادىرلار بىلەن ئادەتتىكى كادىرلارنىڭ كۆرسەتكۈچى ئايرىلدى. شۇ ئارقىلىق زىددىيەت ئازايتىلىپ، باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى ئىلگىرىكى 2 قېتىمدىكىدىن ئوڭۇشلۇق بولدى.

1981 - يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە ۋە پەن - تېخنىكا تارماقلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىيۈزلۈك بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. 1982 - يىلى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىيۈزلۈك بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. 1983 - يىلى كارخانا ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىيۈزلۈك بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى. 1978 — 1985 - يىلغىچە ئادەتتىكى ئەھۋالدا ھەربىر كىشىنىڭ ئىش ھەققى 2 دەرىجە، ئايرىم ساندىكىلەرنىڭ 3 دەرىجە ئۆستۈرۈلدى.

1985 - يىلى 61 مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇندىكى 2426 كىشىنىڭ ئىش ھەققى 1 - قەدەمدە ئىسلاھ قىلىندى، بۇ ئىسلاھات 1986 - يىلى پۈتۈنلەي ئورۇندىلىپ بولدى. 2 يىلدا جەمئىي 2701 كىشىنىڭ ئىش ھەققى كۆپىيىپ، ئېيىغا 58 مىڭ 961 يۈەن ئاشتى، ئايدا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 21.83 يۈەن كۆپەيدى.

كارخانىلاردىكى ئىش ھەققى ئىسلاھاتى ئالاقىدار ھۆججەتلەر بويىچە ئەمگەك ئىدارىسى ۋە ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئېلىپ بېرىلدى. 1985 - يىلى ناھىيىدىكى كارخانىلاردا 1170 كىشىنىڭ 1 - قەدەملىك ئىش ھەققى ئىسلاھاتى ئورۇندالدى. 17 كارخانىدىكى 761 كىشى ئىچىدە 14 كارخانىدىكى 673 كىشىنىڭ ئىش ھەققى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى، ئېيىغا 20 مىڭ 993 يۈەن ئىش ھەققى كۆپەيدى، ئايدا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 31.19 يۈەن كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋاقىتلىق ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى قايتا بېكىتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، جەمئىي 189 كىشىنىڭ ئىش ھەققى قايتا بېكىتىلدى، ئىش ھەققى ئېيىغا 2648 يۈەن، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14 يۈەن كۆپەيدى.

1987 - يىلدىن باشلاپ، مەمۇرىي ۋەزىپىسى بېكىتىلگەن خادىملارغا ۋەزىپە ئىش ھەققى ئىجرا قىلىنىپ، 148 كىشىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، ئىش ھەققى 1465.5 يۈەن كۆپەيدى (بۇ ئىش 1988 - يىلى ئاخىرلاشتۇرۇلدى، 7 كىشىگە ئېيىغا 82.5 يۈەن كۆپەيتىلدى).

كارخانىلاردىكى مەمۇرىي ۋەزىپىسى بېكىتىلگەن كادىرلارغىمۇ ۋەزىپە ئىش ھەققى ئىجرا قىلىنىپ، 16 كادىرغا ئېيىغا 177.5 يۈەن ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلدى.

1987 - يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر دەرىجە ئىش ھەققىنى كۆپەيتىش ئاساسىدا ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. ۋىلايەتتىن 1183 كىشىنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئېيىغا 10 مىڭ 547 يۈەن ئىش ھەققى كۆپەيتىش كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلگەنىدى. 1987 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگە قەدەر 1092 كىشىنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ئېيىغا 9533.13 يۈەن ئىش ھەققى كۆپەيتىلدى.

1988 - يىلى ج خ كادىر - ساقچىلىرىدىن 20 كىشىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر دەرىجە ئىش ھەققىنى كۆپەيتىش ئاساسىدا ئىش ھەققى بېرىلىپ، ئېيىغا 229.5 يۈەن ئىش ھەققى كۆپەيتىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ ھۆججىتىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 1278 كىشىنىڭ ئىش ھەققى 10% ئۆستۈرۈلۈپ، ئېيىغا 13 مىڭ 180 يۈەن ئىش ھەققى كۆپەيتىلدى.

ناھىيىدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ئەڭ تۆۋەن ئۇنۋان دەرىجىسىگە كىرگۈزۈلدى. كاندىدات ئالىي دەرىجىلىكلەر بىر بولۇپ، ئايلىق ئىش ھەققى 13 يۈەن كۆپەيتىلدى، ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەر 126 بولۇپ، ئايلىق ئىش ھەققى 2667 يۈەن كۆپەيتىلدى.

شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيىدىكى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇلغان ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى 13 كارخانىنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 55 مىڭ 200 يۈەن، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ 646 مىڭ 800 يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى.

كارخانا ئورۇنلارنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر دەرىجە ئىش ھەققىنى كۆپەيتىش ئاساسىدىكى ئىش ھەققى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش 1988 - يىلدىن باشلاپ، ئالدى بىلەن، ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، ئاشلىق ئىدارىسى، تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىدا قانات يايدۇرۇلدى، 3 كارخانىدا جەمئىي 126 كىشىنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ئايلىق ئىش ھەققى 2170 يۈەن كۆپەيتىلدى. بۇ، 1989 - يىلى ناھىيە بويىچە قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە ھۆددىگەرلىك كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر دەرىجە ئىش ھەققىنى كۆپەيتىش، 3% مۇكاپات ئىش ھەققى، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئۈنۈم ئىش ھەققىنى تەڭشەش بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىر قېتىمدىلا ئورۇندالدى، جەمئىي 407 كىشىنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، ئايلىق ئىش ھەققى 5113 يۈەن كۆپەيتىلدى. شۇ يىلى كارخانا ئورۇنلاردىكى تېخنىكا خادىملىرى ۋەزىپىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى دەرىجىسىگە كىرگۈزۈلدى.

1990 - يىلى ھۆددىگەرلىك كارخانىلىرىغا ئۈنۈم ئىش ھەققى بويىچە 117 دەرىجە ئۆستۈرۈش كۆرسەتكۈچى بېرىلىپ، ئايلىق ئىش ھەققى 1771 يۈەن كۆپەيتىلدى. كارخانا ئورۇنلاردىكى خىزمەتتىكى خادىملارنىڭ ئىش ھەققى ئومۇميۈزلۈك بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ پېنسىيە پۇلى ئۆستۈرۈلدى. ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلاردىكى 662 كىشىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 10 مىڭ 346 يۈەن كۆپەيتىلدى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15.6 يۈەن كۆپەيدى؛ كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلاردىكى 457 كىشىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 6914.5 يۈەن كۆپەيتىلدى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15.1 يۈەن كۆپەيدى؛ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان 245 كىشىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى 4165 يۈەن كۆپەيتىلدى، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17 يۈەن كۆپەيتىلدى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىش ھەققى ئۆلچەملىك ئىش ھەققى، تۇرمۇش ياردەم پۇلى، ئۇستاز ياردەم پۇلى، مۇكاپات ئىش ھەققى، چېگرا رايون ياردىمى، تۇراقسىز ئىش ھەققى، زىيالىيلار ياردەم پۇلى، قوشۇمچە يېمەكلىك ياردەم پۇلى، باھا ياردەم پۇلى، گۆش ياردەم پۇلى قاتارلىق 10 نەچچە تۈردىن تەركىب تاپتى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1964 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى

جەدۋەل: 9 — 10

| يىللار | ئومۇمىي ئادەم سانى | | | يىللىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | | مۇقىم ئىشچى - خىزمەتچى | | ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكىلەر | بۇنىڭ ئىچىدە: كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكىلەر | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكىلەرنىڭ | بۇنىڭ ئىچىدە: كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكىلەرنىڭ | ئادەم سانى | يىللىق ئىش ھەققى (تۈمەن يۈەن) | |
| 1964 | 2236 | 1600 | 636 | 84.5 | 84.5 | | 1374 | 80.4 | 48.76 |
| 1965 | 2318 | 1607 | 711 | 91.7 | 91.7 | | 1427 | 86.54 | 50.53 |
| 1966 | 2115 | 1554 | 561 | 99.2 | 99.2 | | 1457 | 92.31 | 52.79 |
| 1967 | 2082 | 1715 | 367 | 101.2 | 90.97 | 10.23 | 1719 | 90.97 | 44.1 |
| 1968 | 1771 | 1771 | | 95.3 | 95.3 | | 1492 | 85.6 | 47.8 |
| 1969 | 2016 | 2016 | | 104.8 | 104.8 | | 1784 | 94.56 | 44.17 |
| 1970 | 2049 | 2049 | | 104.80 | 104.8 | | 1749 | 97.3 | 46.34 |
| 1971 | 2315 | 2315 | | 119.3 | 119.3 | | 2038 | 104.49 | 42.69 |
| 1972 | 2131 | 2056 | 75 | 113.1 | 113.1 | | 1900 | 109.6 | 48.16 |
| 1973 | 2706 | 2163 | 543 | 141.76 | 141.76 | | 2101 | 134.01 | 53.15 |
| 1974 | 2898 | 2262 | 636 | 144.84 | 144.84 | | 2166 | 141.31 | 54.36 |
| 1975 | 3109 | 2385 | 724 | 169.94 | 143.44 | 26.5 | 2254 | 139.39 | 51.53 |
| 1976 | 3201 | 2411 | 790 | 185.5 | 147.2 | 38.3 | 2219 | 140.1 | 54.41 |
| 1977 | 3828 | 2375 | 1453 | 214.12 | 146.14 | 67.98 | 2366 | 145.81 | 51.81 |
| 1978 | 3686 | 2799 | 887 | 221.58 | 174.4 | 47.18 | 2528 | 163.85 | 55.08 |
| 1979 | 4381 | 3289 | 1092 | 257.53 | 198.6 | 58.93 | 2865 | 183.1 | 53.25 |
| 1980 | 4183 | 3357 | 826 | 294.53 | 250.36 | 44.17 | 3011 | 232.36 | 65.41 |
| 1981 | 4233 | 3475 | 758 | 292.83 | 252.84 | 39.99 | 3075 | 237.9 | 64.47 |
| 1982 | 4452 | 3534 | 918 | 321.73 | 287.23 | 34.5 | 3304 | 276.8 | 71.68 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 78.28 | 319.88 | 3405 | 40.9 | 328.6 | 369.5 | 643 | 3616 | 4259 | 1983 |
| 89.9 | 335.72 | 3199 | 68.76 | 355.24 | 424 | 1050 | 3545 | 4595 | 1984 |
| 101.9 | 392.09 | 3272 | 69.38 | 411.83 | 481.21 | 940 | 3656 | 4596 | 1985 |
| 124.19 | 498.2 | 3344 | 98.65 | 523.1 | 621.75 | 887 | 3819 | 4706 | 1986 |
| 133.9 | 548.76 | 3451 | 110.34 | 579.9 | 690.24 | 995 | 3900 | 4895 | 1987 |
| 145.85 | 610.99 | 3491 | 124.32 | 700.07 | 824.39 | 885 | 4000 | 4885 | 1988 |
| 164.08 | 627.8 | 3587 | 114.3 | 787.6 | 901.9 | 1014 | 4013 | 5027 | 1989 |
| 182.13 | 806.03 | 3688 | 118.6 | 899.1 | 1017.7 | 798 | 4255 | 5053 | 1990 |
| 188.59 | | 3756 | 161.96 | 994.87 | 1156.83 | 1033 | 4396 | 5429 | 1991 |
| 230.77 | | 3965 | 222.38 | 1281.61 | 1503.99 | 1032 | 4628 | 5660 | 1992 |
| | | 5146 | | | 1637.8 | | | 5600 | 1993 |
| | | 5778 | | | 2288.9 | | | 5943 | 1994 |
| | | 6151 | | | 3214.6 | | | 6172 | 1995 |

**ئىزاھات:** (1) ئومۇمىي ئادەم سانى ئىچىدە ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدىكىلەر، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىلەر، كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار، رەسمىي ئىشچى، ۋاقىتلىق ئىشچى، توختاملىق ئىشچى، پىلان سىرتىدىكى ئىشچىلار بار.

(2) ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ سانىنىلا كۆرسىتىدۇ.

(3) 1993 - يىلدىن كېيىن، ستاتىستىكا ئارماقلىرى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ۋە ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ سانىنى ئايرىيالمىغان بولغاچقا، ئورۇن بوش قالدۇرۇلدى.

## 3. ياردەم پۇلى ۋە قوشۇمچە ياردەم پۇلى

### 1) باھا ياردەم پۇلى

1955 - يىل 11 - ئايدىن 1956 - يىل 4 - ئايغىچە توقسۇز ناھىيىسىدىكى ئورگان خىزمەتچىلىرىگە %34 ئۆلچەم بويىچە باھا ياردەم پۇلى تارقىتىلدى.

### 2) تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى

1956 — 1960 - يىلغىچە توقسۇز ناھىيىسىدىكى غەيرىي سانائەت ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە %10 ئۆلچەم بويىچە، سانائەت ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە %7 ئۆلچەم بويىچە تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىلدى. 1962 - يىل 4 - ئايدا %3كە تۆۋەنلىتىلدى، 1982 - يىلى %15كە، 1987 - يىلى %26 كە، 1991 - يىلى %36 كە، 1992 - يىلى %46 كە ئۆستۈرۈلدى.

### 3) رايون ياردەم پۇلى

1952 — 1960 - يىلغىچە توقسۇز ناھىيىسىدىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر رايون ياردەم پۇلى ئالدى، ئۇنىڭ ئۆلچىمى ئاساسىي ئىش ھەققىنىڭ %15ى بويىچە

بولدى. 1961 ـ يىلى كادىرلارنىڭ رايون ياردەم پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئىشچىلارنىڭ «ئىسمى يوق، جىسمى بار» ھالەتتە ساقلاپ قېلىندى. 1984 ـ يىلدىن باشلاپ، چېگرا رايون خىزمەت ئىستاژى ياردەم پۇلى يولغا قويۇلدى، ئومۇمەن شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان، 5 يىلغا توشمايدىغان ھەربىر كىشىگە ھەر ئايدا 2 يۈەن ياردەم پۇلى بېرىلدى، كېيىن ھەر 5 يىلغا توشقاندا شۇ بويىچە 3 يۈەندىن قوشۇلۇپ باردى. شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا 25 يىل بولغان كادىرلارغا بىر دەرىجە تۇراقسىز ئىش ھەققى بېرىلدى.

**4) قوشۇمچە يېمەكلىك ياردەم پۇلى** 1979 ـ يىلدىن باشلاپ ھەربىر كىشىگە 6.5 يۈەن قوشۇمچە يېمەكلىك ياردەم پۇلى بېرىلدى. بۇ ياردەم پۇلى 1985 ـ يىلدىكى ئىش ھەققى ئىسلاھاتى داۋامىدا، مەمۇرىي ئورۇنلاردا قۇرۇلما ئىش ھەققىگە كىرگۈزۈلدى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ساقلاپ قېلىندى.

**5) زىيالىيلار ياردەم پۇلى** 1984 ـ يىلدىن باشلاپ تېخنىكومدىن يۇقىرى (ياكى شۇنىڭغا تەڭ) ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا 15 يىل توشسا، ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى (ياكى شۇنىڭغا تەڭ) ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا 10 يىل توشسا، ھەر ئايدا 15 يۈەن زىيالىيلار ياردەم پۇلى، ھەر يىلى 30 يۈەن كىيىم ـ كىتاب پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر دەرىجە تۇراقسىز ئىش ھەققى بېرىلدى. تۇراقسىز ئىش ھەققىنى تۇراقلىق ئىش ھەققىگە ئۆزگەرتىش مۇددىتى جەھەتتە ناھىيە بازىرى، يېزا ۋە ئوقۇش تارىخىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بويىچە پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىندى. ئادەتتە 8 يىلغا توشقاندىن كېيىن مۇقىملاشتۇرۇلدى، مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن يەنە بىر دەرىجە تۇراقسىز ئىش ھەققى بېرىلدى.

**6) ئوقۇتقۇچىلىق ئىستاژ ياردەم پۇلى** 1986 ـ يىلدىن باشلاپ، ھەر دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىلارغا ئوقۇتقۇچىلىق ئىستاژ ياردەم پۇلى بېرىلدى. ئىستاژ ياردەم پۇلى ئوقۇتقۇچىلىق ئىستاژىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، 3 يۈەن، 5 يۈەن، 7 يۈەن، 10 يۈەندىن ئىبارەت 4 دەرىجە بويىچە ئايمۇئاي تارقىتىلدى. سىنىپ تەربىيىچىلىرىگە سىنىپ تەربىيىچىلىك قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى. 1987 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 888 ئوقۇتقۇچىغا 5432 يۈەن ئوقۇتقۇچىلىق ئىستاژ ياردەم پۇلى بېرىلدى.

**7) سېستىرالىق ئىستاژ ياردەم پۇلى** 1986 ـ يىلدىن باشلاپ، سېستىرالارغا سېستىرالىق ئىستاژ ياردەم پۇلى بېرىلدى، بۇ ئىستاژ ياردەم پۇلى سېستىرالىق ئىستاژىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا ئاساسەن 3 يۈەن، 5 يۈەن، 7 يۈەن، 10 يۈەندىن ئىبارەت 4 دەرىجە بويىچە ئايمۇئاي تارقىتىلدى. 1987 ـ يىلى 49 كىشىگە ئايدا 292 يۈەن سېستىرالىق ئىستاژ ياردەم پۇلى بېرىلدى.

**8) مۇكاپات ئىش ھەققى** 1988 ـ يىلى مەمۇرىي ئورۇنلاردىكى ھەربىر كىشىگە ھەر ئايدا 22.5 يۈەن مۇكاپات ئىش ھەققى تارقىتىلدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، تېببىي خادىملارغا ئۆلچەملىك ئىش ھەققى ئاساسىدا يەنە 10% ئىش ھەققى قوشۇمچە ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلدى.

## ئونىنچى قىسىم

# ھەربىي ئىشلار



## ئونىنچى قىسىم

# ھەربىي ئىشلار

توقسۇ ناھىيىسى قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم. بۇ جاي غەربىي خەن سۇلالىسى زامانىسىدىلا خەن سۇلالىسى بىلەن ھۇنلارنىڭ ئالاقىلىشىشىدىكى تۈگۈن ھېسابلىناتتى. خەن سۇلالىسىنىڭ بىنشى 3 ـ يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 71 ـ يىلى) چاڭلۇ بېگى چاڭ خۇي ئۇدا غەلىبە قازانغان ھەيۋىتىدىن پايدىلىنىپ لەشكەر تارتىپ كۇسەنگە جازا يۈرۈشى قىلىپ، ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يۇڭفېنجاڭ مەھەللىسى ئەتراپىغا بارغاندا، مۇھۇرى بىلەن خەت ـ چەكلىرىنى يوقىتىپ قويغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، بەن چاۋ كۇسەندىكى داۋانقۇم شەھىرىدە لەشكەر تۇرغۇزغان. تاڭ سۇلالىسى ھازىرقى قۇمتۇر ئېلېكتر ئىستانسىسى ئەتراپىدا چازا قۇرۇپ، يولۇچىلارنىڭ يول خەتلىرىنى تەكشۈرۈپ، چېگرىنى قوغداپ، پۇقرالارنى تىنچلاندۇرغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 22 ـ يىلى (1758 ـ يىلى) قىشتا، چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلاڭ كۆتۈردى. كېيىنكى يىلى يازدا چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ ئورۇنباسار باش بۇغى ئەلۇڭخا ئۆگەن دەرياسى بويىدىكى جەڭدە توپىلاڭچىلارنى تارمار قىلدى.

مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) كۈزدە، شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنى بىلەن ما خۇشەننىڭ قوشۇنى قاتتىق ئېلىشقاندا، ئۆگەن دەرياسى بويىدىكى ئاقيار رايونى 2 قوشۇننىڭ ئاساسلىق جەڭگاھى بولدى.

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) كۈزدە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئارمىيىسى باي ناھىيىسى بىلەن ئونسۇ ناھىيىسىنى ئىشغال قىلىپ، بۈگۈرگە قىستاپ كەلگەندە، گومىنداڭنىڭ توقسۇدىكى ۋە قوشنا ناھىيىلەردىكى ساقچىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن توقسۇغا يىغىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، توقسۇ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى، توقسۇ ھەربىي پونكىتى، توقسۇ ناھىيىلىك قوراللىق ئوتتۇرا ئەترەت قاتارلىق ھەربىي ئورۇنلار قۇرۇلدى.

1959 ـ يىل 3 ـ ئايدا رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ «خەلق ئەسكەرلىرى شىسىنى كۆپلەپ قۇرۇش كېرەك» دېگەن چاقىرىقىغا بىنائەن، توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ئەسكەرلىرى تۈەنى قۇرۇلدى. خەلق ئەسكەرلىرى تۈەنى «چاقىرسىلا يىغىلىدىغان، يىغىلسىلا جەڭ قىلالايدىغان، جەڭ قىلسىلا غەلىبە قىلالايدىغان بولۇش»تىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمگەك بىلەن ھەربىي ئىشلارنى بىرلەشتۈرۈپ، مۇھىم يەرلىك قوراللىق كۈچ بولۇپ قالدى.

# I باب

# تۇرغۇزۇلغان ئارمىيە، يەرلىك قوراللىق كۈچلەر

## 1 § . تۇرغۇزۇلغان ئارمىيە

### 1 . چىڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن تۇرغۇزۇلغان ئارمىيە

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16 - يىلى (73 - يىلى) شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى كۈسەندىكى داۋانقۇم شەھىرىدە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، چېن مۇنى قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلىدى، 2000 دىن ئارتۇق ئەمەلدار ۋە ئەسكەر تۇرغۇزدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۈەن 3 - يىلى (91 - يىلى) بەن چاۋ لەشكەر باشلاپ كېلىپ داۋانقۇم شەھىرىدە تۇردى، يۇڭيۈەن 6 - يىلى (94 - يىلى) ئۇ كۈسەن، پىشامشان قاتارلىق بەگلىكلەردىكى 70 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىدىغان بولدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۈەن 17 - يىلى (105 - يىلى) قورۇقچىبەگ دۈەن شى 4000 ئەسكەرنى باشلاپ كۈسەنگە كېلىپ، داۋانقۇم شەھىرىنى قوغدىدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يەنپىڭ 1 - يىلى (106 - يىلى) لياڭ دۇڭ چياڭلار بىلەن غوزلارنىڭ 5000 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكىرىگە باشچىلىق قىلىپ كۈسەندە تۇرۇپ، داۋانقۇم شەھىرىنى قوغدىدى.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنجۇڭ 1 - يىلى (780 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى توڭگۇزباش شەھىرىدە تۇردى. تۇزتۇر، چاسا تۇرلارنى خەنزۇ، غوز قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان مۇھاپىزەتچى چېرىكلەر قوغدىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ پادىشاھى زامانىسىدىلا ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدە تاجىكقورو، تاشئېرىق، ئۆگەندىن ئىبارەت 3 قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىنىپ، ھەربىر قاراۋۇلخانىغا بىر گونبىشى، 10 ئۇيغۇر چېرىك ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

### 2 . مىنگو دەۋرىدە تۇرغۇزۇلغان ئارمىيە

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) 1 - ئايدا ئىلىدىكى جاڭ پېييۈەننىڭ 8 - شىسى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ياش كوماندىر ياڭ جېڭجۇڭ قوماندانلىقىدىكى ئازكەم 1000 ئادەم داۋان ئېشىپ شايار ناھىيىسىنىڭ دايۈلتۈز دېگەن يېرى (ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ دايۈلتۈز دېگەن يېرى) گە كېلىپ جايلاشتى. 8 - شىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر قاتارلىق

مىللەتلەردىن شۇنىڭدەك يەنە بىر مۇنچە رۇسلاردىن تەركىب تاپقان. ئۇلار روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭغا قېچىپ كېلىۋالغان ئاق ئورۇسلار قوشۇنى بولۇپ، قوراللىرى ئىنتايىن خىل ئىدى.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى گومىنداڭنىڭ 2 - ئاتلىق شىسى 4 - تۇەنىنىڭ جىيالى شېڭلىن لىيەنى باي ناھىيىسىدە ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ، تاغ ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن توقسۇ ناھىيىسىگە قېچىپ كېلىۋالدى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) قىشتا كۇچادا تۇرۇشلۇق زاپاس 7 - شىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلەر 3 - لىيەنى توقسۇغا كېلىپ تۇردى.

## 3. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تۈرغۇزۇلغان ئارمىيە

1950 - يىلى ئەتىيازدا ئازادلىق ئارمىيە 13 - تۇەنىنىڭ 4 - ۋە 6 - لىيەندىكى 200 دىن ئارتۇق كوماندىر - جەڭچى تاشئېرىقنىڭ سوخۇ دېگەن يېرىگە جايلىشىپ، «بىر قولىغا مىلتىق، بىر قولىغا كۈرەك ئېلىپ» بوزيەر ئېچىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى.

1960 - يىلى ئاقسۇ شۆبە ھەربىي رايونى توقسۇدا ھەربىي پونكىت قۇردى، ئۇنىڭغا بىر پونكىت باشلىقى، بىر سىياسىي يېتەكچى تەيىنلەندى. ئۇنىڭغا يەنە 3 ھازىرقى شتاتتىكى ھەربىي، 8 خىزمەتچى قويۇلدى. 1968 - يىل 9 - ئايدا توقسۇدىكى ھەربىي پونكىت بۇيرۇققا بىنائەن كۇچاغا كۆچتى، ئەسلىدىكى پونكىتقا قاراش ئۈچۈن بىر قانچە خادىم قالدۇرۇلدى.

1994 - يىلى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىگە 30 نەچچە خەنزۇ ئەسكەردىن تەركىب تاپقان بىر پەي قويۇلدى.

## § 2 . يەرلىك قوراللىق كۈچلەر

### 1. ئاممۇۋى قوغدىنىش تۇەنى

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 11 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە بۇيرۇققا بىنائەن ئاممۇۋى قوغدىنىش تۇەنى قۇرۇلدى، ھاكىم قوشۇمچە تۇەنجاڭ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇئاۋىن تۇەنجاڭ بولدى، يېزىلاردىن 120 ئەسكەر ئېلىندى. قوغدىنىش تۇەنىنىڭ ئادەملىرى ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا يىغىلىپ، ھەر كۈنى 2 سائەت ھەربىي مەشىق قىلدى. ئەتىگەنلىك گىمناستىكا، رەتكە تىزىلىش، مېڭىش - تۇرۇش مەشىقىگە ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەسئۇل بولدى. باشقا ھەربىي دەرسلەرنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى ئۆتتى.

قوغدىنىش تۇەنى تەشكىللەنگەندىن كېيىن، جەمئىي 2 ئاي مەشىق قىلدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ئەتىيازدا قوغدىنىش تۇەنى مەشىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇپ تارقىلىپ كەتتى.

### 2. توقسۇ ناھىيىلىك ساقچى ئەترىتى

مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) توقسۇ ناھىيە يامۇلى يېڭى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، يامۇلدا مىرشاپ، نۆكەر قاتارلىق 10 نەچچە ئادەم بار ئىدى. سوراق قىلىش، جازانىڭ ئىجراسىغا ھەيدەكچىلىك

قىلىش، گۇناھكارلارنى نازارەت قىلىش، جازا ئىجرا قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مىرشاپ مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلدى.

مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) مىرشاپ ئونبېشىغا ئۆزگەرتىلدى. ئونبېشى ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىنىڭ 20 دىن ئارتۇق ئادىمىگە باشچىلىق قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە يامۇلىنىڭ ساقچىلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئونبېشى ئەترەت باشلىقىغا ئۆزگەرتىلدى.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەترىتى ساقچى ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى، ئەترەت باشلىقى، ساقچى قاتارلىق مەنسەپلەر تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ جەمئىي 30 نەچچە ئادىمى بار ئىدى.

## 3. قورallىق ساقچى توقسۇ ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1949 ـ يىل 10 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ساقچى ئەترىتىدە ئوفىتسېر ـ ئەسكەر بولۇپ 39 ئادەم بار ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلار بولۇپ، سابىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى ئىدى.

1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 5 ـ شى 13 ـ تۇەنى ليەن سىياسىي يېتەكچىسى رېن زۇجىڭنى ئەۋەتىپ، سابىق ساقچى ئەترىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە ئۇنىڭ نامىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەترىتىگە ئۆزگەرتتى. بۇ ئەترەت ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ليەن دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا خۇا جەنشەن ئەترەت باشلىقى، ۋۇ شىفۇ سىياسىي يېتەكچى بولدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئەترىتى تەشكىلنى پاكلاشتۇرۇش، ئىدىيىنى ئۆزگەرتىش، تازىلاش ـ تەرتىپكە سېلىش، ئالغ سېزىمنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق خەلقنىڭ ھەقىقىي قوراللىق كۈچى قىلىپ قۇرۇپ چىقىلدى.

1966 ـ يىل 7 ـ ئايدا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوتتۇرا ئەترىتى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى.

1968 ـ يىل 12 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوتتۇرا ئەترىتى بۇيرۇققا بىنائەن چىرا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت بىلەن ئالماشتۇرۇلدى.

1976 ـ يىل 1 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوتتۇرا ئەترىتى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قوراللىق ساقچى قىسمىغا ئۆزگەرتىلىپ، قوراللىق ساقچى توقسۇ ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترىتى دەپ ئاتالدى، ئۇ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قوراللىق ساقچى تارماق ئەترىتى بىلەن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى.

# II باب

# ھەربىي ئاپپاراتلار

1960 ـ يىل 3 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئۇ، ئاقسۇ شۆبە ھەربىي رايونى بىلەن توقسۇ ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولدى. بۇ بۆلۈم ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنىدىغانلارنى تىزىملاش، خەلق ئەسكەرلىرىنى يىغىپ تەربىيىلەش، قورال ـ ياراغ باشقۇرۇش شۇنىڭدەك

باشقا مۇھىم ھەربىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولدى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان خەلق قۇراللىق بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىنى ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە ئۆتىدى، بىر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، 3 ئىش بېجىرگۈچى سەپلەپ بېرىلدى. بۇ بۆلۈمنىڭ ئىشخانىسى ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنىدا تەسىس قىلىندى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ بۆلۈمگە مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار سەپلەپ بېرىلدى، ئىش بېجىرگۈچىلەر كۆپەيتىپ بېرىلدى، يېڭى گازارما قۇرۇپ بېرىلدى.

1964 - يىلدىن باشلاپ، گۇڭشېلاردا خەلق قۇراللىق بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، مەخسۇس باشلىق ۋە ئىش بېجىرگۈچى تەيىنلەندى.

1970 - يىلى ناھىيىلىك خەلق قۇراللىق بۆلۈمىنىڭ دەرىجىسى تۇەن دەرىجىلىك قىلىپ كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى، سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى قاتارلىق تارماقلار تەسىس قىلىندى. بۆلۈم باشلىقى، سىياسىي كومىسسار، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار، بۆلۈم باشلىقى، مەسلىھەتچى، ئىش بېجىرگۈچى قاتارلىقلار سەپلەپ بېرىلدى.

1986 - يىل 8 - ئايدا خەلق قۇراللىق بۆلۈمى يەرلىكنىڭ رەھبەرلىكىگە ئايرىپ بېرىلدى، 1993 - يىل 10 - ئايدا يەنە ھەربىي قىسىم تەركىبىگە كىرگۈزۈلدى. 1995 - يىلى خەلق قۇراللىق بۆلۈمگە باشلىق، سىياسىي كومىسسار، مۇئاۋىن باشلىق، بۆلۈم باشلىقى، مەسلىھەتچى، ئىش بېجىرگۈچى قاتارلىقلار سەپلەندى. خەلق قۇراللىق بۆلۈمى قارمىقىدا ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى، سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى قاتارلىق خىزمەت تارماقلىرى تەسىس قىلىندى.

### توقسۇ ناھىيىلىك خەلق قۇراللىق بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللىرى

جەدۋەل: 10 — 1

| ۋەزىپىسى | ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|
| بۆلۈم باشلىقى | ياڭ جىنۋېن | 1968.12 — 1965.5 | |
| | جۇ يۇچېڭ | 1976.9 — 1968.12 | |
| | لى شىنۋېي | 1981.6 — 1978.11 | |
| | ھەسەن ئەمەت | 1983.8 — 1981.6 | |
| | تۇردى گېلى | 1985.11 — 1983.8 | |
| | تۇرنىلى تۇردى | 1995.4 — 1985.12 | |
| | جاڭ جىڭزەن | —1995.4 | |
| سىياسىي كومىسسار | ليۇ شىگۋېي | 1970.9 — 1964.4 | ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى |
| | تۇرسۇن ئابلا | 1975.11 — 1973.2 | 2 - كومىسسار |
| | دۇ شۇخۇا | 1983.5 — 1979.11 | |
| | ليۇ شىگۇي | 1985.12 — 1983.7 | |
| | جياڭ بېنشىن | 1991.11 — 1985.12 | |
| | لى جېي | 1994.12 — 1993.11 | |
| | جاڭ لىجياڭ | — 1995.4 | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| پارتكوم 1 ـ شۇجىسى | جاڭ سۈنشى | 1981.12 — 1980.5 | ئاھىيلىك پارتكوم شۇجىسى قوشۇمچە ئۆستىگە ئالغان |
| | قادىر ئىدرىس | 1988.8 — 1981.12 | ئاھىيلىك پارتكوم شۇجىسى قوشۇمچە ئۆستىگە ئالغان |
| | ۋاڭ جىنشەن | 1991.7 — 1988.11 | ئاھىيلىك پارتكوم شۇجىسى قوشۇمچە ئۆستىگە ئالغان |
| | لى جىچاڭ | — 1991.10 | ئاھىيلىك پارتكوم شۇجىسى قوشۇمچە ئۆستىگە ئالغان |
| مۇتاۋىن بۆلۈم باشلىقى | ياڭ جىنۋېن | 1965.5 — 1960.5 | |
| | ئىزاق ئىسمايىل | 1978.7 — 1970.10 | |
| | لى شىنۋېي | 1978.11 — 1972.1 | |
| | لى زىشياۋ | 1981.4 — 1979.7 | |
| | ئابدۇراخمان | 1983.8 — 1981.4 | |
| | سىجىت روزى | 1984.12 — 1983.7 | |
| | چېن دېڭشياۋ | 1995.4 — 1993.11 | |
| | نۇرئەخمەت | — 1995.4 | |
| مۇتاۋىن سىياسىي كومىسسار | تۇرسۇن ئابلا | 1973.2 — 1964.7 | |
| | سۇڭ جىنبو | 1978.12 — 1973.4 | |
| | ۋاڭ شىي | 1978.7 — 1973.4 | |
| | قادىر گايىت | 1983.8 — 1979.9 | |
| | جياڭ بېنشىن | 1985.12 — 1984.12 | |

# III باب

# ھەربىي خىزمەت ئۆتەش

## 1 § . چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئەھۋالى

### 1 . خەن سۇلالىسى دەۋرىدە

ھەققانىيەتچى ئەسكەرلەر خەن سۇلالىسى زامانىسىدىكى ھەققانىيەتچى ئەسكەرلەر بېقىنقى زاماندىكى پىدائىي ئەسكەرلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ھەققانىيەتچى ئەسكەرلەر ئارىسىدا «ئالتە ۋىلايەتتىكى ئېسىل

جەمەتىنىڭ پەرزەنتلىرى» تاپانچ كۆچ ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بەنجاڭدىن يۆتكىرى باشلىق ئىدى. ئالتە ۋىلايەتتىكى ئېسىل جەمەت دېگەندە، تيەنشۈي ۋىلايىتى، لۇڭشى ۋىلايىتى قاتارلىق جايلاردىكى ھاللىق دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تۆڭگۈزنى قوۋۇقىنىڭ شەرق تەرىپىدىن كەلگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتىكى ئەسكەرلەر ئىدى.

قارام ئەسكەرلەر خەن سۇلالىسى زامانىسىدا جايلاردىكى غوزلاردىن، چىياڭلاردىن ئېلىنغان ئەسكەرلەر قارام ئەسكەرلەر دەپ ئاتىلاتتى.

مەھبۇس ئەسكەرلەر يۇنىڭدا گۇەندۇڭدىن يەنى تۆڭگۈزنى قوۋۇقىنىڭ شەرقىدىن ھەيدەپ كېلىنگەن مەھبۇسلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا گۇناھىنى يۇيۇپ خىزمەت كۆرسىتىشكە بۇيرۇلغانلار ئىدى. بەن چاۋ «سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى ئەمەلدار ۋە چېرىكلەر ئەسلىدە ساداقەتمەنلەر ئەمەس» دېگەندە دەل مۇشۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى كۆزدە تۇتقان.

## 2. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۇرغۇزۇلغان ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكى جايلاردىن يۆتكەپ كېلىنگەن. توقسۇ تەۋەسىدە تۇرغان تاڭ سۇلالىسى قوشۇنى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرمۇ بار ئىدى.

## 3. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە

چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭ زامانىسىدا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا جەڭ قىلغان چېرىكلەر ئاساسەن «سەككىز خوشۇن» دىكى مانجۇلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يۆتكەپ كېلىنگەن. ئوفىتسېرلىرى ئارىسىدا دادىسىنىڭ مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغانلار بار ئىدى.

# § 2. مىنگو دەۋرىدىكى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئەھۋالى

ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا ئىچكىرىدىن ئەسكەر يۆتكەش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا، سىيلىق سېلىپ ئەسكەر ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئېلىنىدىغان ئەسكەرلەرنىڭ سانى مەمۇرىي رايونلار بويىچە ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى. ۋىلايەت، ناھىيىلەر يېزا، كەنتلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. كەنت باشلىقى ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. ھاكىم كەنت باشلىقى، باۋجاڭ، جياجاڭلارنىڭ ئەسكەرلىككە ئېلىنىدىغانلار بويىچە چەك تارتىشىنى تەلەپ قىلاتتى. بەزى يېزا - كەنتلەردە ئەسكەرلىككە ئادەم تۇتۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەنىدى.

# § 3. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئەھۋالى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىختىيارىي ئەسكەر بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1951 - يىلى توقسۇ

ناھىيىسىدىن تۇنجى قېتىم 55 ئىختىيارىي ئەسكەر قوبۇل قىلىندى.

1955 ـ يىل 7 ـ ئايدا «ھەربىي خىزمەت قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1955 ـ يىلى ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىم ھەربىي مەجبۇرىيەت بويىچە ئەسكەر ئېلىندى. بۇنىڭدا ئاساسىي قانۇندىكى «ھەربىي خىزمەت ئۆتەش جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىنىڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتىدۇر» دېگەن بەلگىلىمە ئاساس قىلىندى. 1960 ـ يىلدىن ئىلگىرى ناھىيىنىڭ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش خىزمىتىنى كۇچا ناھىيىلىك ھەربىي خىزمەت ئىدارىسى قوشۇمچە باشقۇراتتى، 1960 ـ يىلدىن باشلاپ توقسۇ ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى بىجىرىدىغان بولدى.

1978 ـ يىلدىن كېيىن، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش تۈزۈمى بىلەن ئىختىيارىي ئەسكەرلىك تۈزۈمى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى توشقان ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى قىسىمدا قېلىپ ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەندىن كېيىن، ئىختىيارىي ئەسكەرگە ئۆزگەرتىلدى.

1955 ـ يىلدىن باشلاپ توقسۇ ناھىيىسىدە زاپاس ھەربىيلەر تىزىملاندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن بۇ ئىش ئۈزۈلۈپ قالدى. 1982 ـ يىلدىن باشلاپ زاپاس ھەربىيلەرنى تىزىملاش خىزمىتى قايتىدىن باشلاندى.

### توقسۇ ناھىيىسىدە قىسمەن يىللاردا ئەسكەرلىككە ئېلىنغانلار

جەدۋەل: 10 — 2

| يىللار | ئېلىنغان ئەسكەر سانى | | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | ئاز سانلىق مىللەت | خەنزۇ | |
| 1951 | 55 | | | |
| 1960 | 70 | | | |
| 1961—1969 | 190 | | | 69 ـ يىلى ئېلىنغان 50 ئەسكەر ئۇيغۇر |
| 1972 | 50 | | | |
| 1976 | 59 | 50 | 9 | |
| 1978 | 64 | 40 | 24 | |
| 1979 | 111 | 81 | 30 | |
| 1980—1983 | 495 | | | 1980 ـ يىلى خەنزۇ 23، 81 ـ يىلى خەنزۇ 13، 1982 ـ يىلى 69، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 10. |
| 1984 | 29 | 18 | 11 | |
| 1985 | 19 | 12 | 7 | |
| 1986 | 15 | | | |
| 1987 | 40 | 30 | 10 | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1990 | 26 | 20 | 6 | |
| 1991 | 16 | 9 | 7 | |
| 1992 | 19 | 10 | 9 | |
| 1993 | 20 | 14 | 6 | |
| 1994 | 19 | 9 | 10 | |
| 1995 | 16 | 11 | 7 | |

# IV باب

# خەلق ئەسكەرلىرى

## 1 § . تەشكىلىي قۇرۇلۇش ئەھۋالى

1958 ـ يىلى ناھىيىنىڭ ئىدارە ـ ئورگانلىرىدا خەلق ئەسكەرلىرى چولاق ئەترىتى ۋە ئوتتۇرا ئەترىتى قۇرۇلدى.

1959 ـ يىل 3 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ئەسكەرلىرى تۈەنى قۇرۇلدى، ھاكىم ئاۋۇت جارۇپ تۈەنجاڭ، پارتكوم شۇجىسى ليۇ رۇيىۇ سىياسىي كومىسسار بولدى، مۇئاۋىن ھاكىم رىن زۇجىڭ، مۇئاۋىن ھاكىم ئىبزىز ھامىل مۇئاۋىن تۈەنجاڭ بولدى، مۇئاۋىن شۇجى ئابىت سايىت مۇئاۋىن كومىسسار بولدى؛ ئىبزىز ھامىل شتاب باشلىقى، ئابىت سايىت سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى بولدى. خەلق ئەسكەرلىرى تۈەنىنىڭ ئاستىدا 4 يىڭ، 85 ليەن، 12 مىڭ 300 خەلق ئەسكىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ خەلق ئەسكىرى 3500 ئىدى. ناھىيە بازىرى، جۇملىدىن ئوتتۇرا مەكتەپلەر، ئىدارە ـ ئورگانلاردا تايانچ خەلق ئەسكىرى 250، ئادەتتىكى خەلق ئەسكىرى 900، ئىچبېرىق گۇڭشېسىدىكى تايانچ خەلق ئەسكىرى 1200، ئادەتتىكى خەلق ئەسكىرى 2800، تاشبېرىق گۇڭشېسىدىكى تايانچ خەلق ئەسكىرى 950؛ ئادەتتىكى خەلق ئەسكىرى 2400، دايۇلتۇز گۇڭشېسىدا تايانچ خەلق ئەسكىرى 1100، ئادەتتىكى خەلق ئەسكىرى 2700 ئىدى.

1965 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىدە خەلق ئەسكىرى تەشكىلاتى كۆپىيىپ بىر شى؛ 5 تۈەن، 14 يىڭ، 98 ليەن، 382 پەيگە يەتتى، خەلق ئەسكىرى 12 مىڭ 507 گە يەتتى؛ بۇنىڭ ئىچىدە ئايال خەلق ئەسكىرى 2918، تايانچ خەلق ئەسكىرى 6622؛ پەيدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر 1229 ئىدى.

1973 ـ يىل 9 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە قوراللىق خەلق ئەسكىرى تۈەنى قۇرۇلدى. تۈەن ئورگىنىدا قوماندانلىق شتابى، سىياسىي باشقارما، ئارقا سەپ ـ تەمىنات باشقارمىسى؛ شتابقا بىۋاسىتە قاراشلىق شۆبە ئەترەت تەسىس قىلىندى. تۈەن قارمىقىدا 4 يىڭ، 14 ليەن، 46 پەي، 136 بەن بولۇپ، جەمئىي 1887 ئادەم بار ئىدى. ئۇلارغا 204 كادىر سەپلەپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۈەنجاڭ، مۇئاۋىن تۈەنجاڭ، مۇئاۋىن

سىياسىي كومىسسار، شتاب باشلىقى، مۇئاۋىن شتاب باشلىقى جەمئىي 13، پارتىيە ئەزاسى 201، ئىتتىپاق ئەزاسى 436، كەسىپ ئالماشتۇرغان، ھەربىي سەپتىن قايتقان ھەربىي 35 ئىدى.

1974 ـ يىلى ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكىرى 24 مىڭ 174 (بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ خەلق ئەسكىرى 15 مىڭ 44) كە يەتتى، ئۇلارغا پەيدىن يۇقىرى كادىردىن 1291 ى سەپلەپ بېرىلدى. تۆۋەن قارىمىقىدا 105 ليەن، 409 پەي، 6 قوراللىق خەلق ئەسكىرى ليەنى، 3 مۇستەقىل پەي بار ئىدى.

1981 ـ يىل 9 ـ ئايدا خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى تەرتىپكە سېلىندى. ئەرلەرنىڭ خەلق ئەسكىرى بولۇش يېشى 18 دىن 35 كىچە، تايانچ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ يېشى 18 دىن 28 گىچە، ئاياللارنىڭ خەلق ئەسكىرى بولۇش يېشى تايانچ ئەسكەرلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولدى. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، 101 چوڭ ئەترەت، بىر دېھقانچىلىق مەيدانى، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق 5 ئىدارە ـ ئورگاندىكى ئومۇمىي خەلق ئەسكىرى 9152 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ خەلق ئەسكىرى 4237، پەيدىن يۇقىرى كادىر 642، ئايال خەلق ئەسكىرى 518. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، ھەربىر چوڭ ئەترەتتە بىردىن ئارىلاشما ليەن، ھەربىر ليەندە بىردىن تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى پەيى قالدۇرۇلدى.

1984 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىگىچە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى يەنە بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىنىپ، سانى ئازايتىلىپ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ۋە مەخسۇس شۆبە ئەترەت تەشكىل قىلىندى.

## § 2 . پائالىيەتلىرى

### 1. خەلق ئەسكەرلىرى تەلىم ـ تەربىيىسى

خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى «ئەمگەك بىلەن مەشقنى بىرلەشتۈرۈش، ئەمگەكنى ئاساس قىلىش، ئالدىراش بولمىغاندا كۆپرەك مەشق قىلىش، ئالدىراشراق بولغاندا ئازراق مەشق قىلىش، بەك ئالدىراش بولغاندا مەشقنى قويۇپ تۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە ھەربىي مەشق ئېلىپ بېرىپ، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈردى. 1958 ـ يىلى ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر يېرىم سائەت مەشق قىلىش بەلگىلەندى. 1960 ـ يىلى ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى تۇنجى قېتىم راست ئوق بىلەن قارىغا ئېتىش مەشقى ئېلىپ باردى، 790 كىشىدىن 388 ى لاياقەتلىك، 129 ى ياخشى، 61 ى مۇنەۋۋەر بولدى. 1964 — 1984 ـ يىلغىچە ھەقىقىي جەڭنىڭ ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلۇپ، «دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئارسال بولغان ۋاقىتتا كۆپرەك مەشق قىلىش، ئالدىراش بولغان ۋاقىتتا ئازراق مەشق قىلىش» پرىنسىپى بويىچە، «كىچىك كۆلەمدە، ئۆز جايىدا تارقاق مەشق قىلدۇرۇش» قائىدىسى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئازادلىق ئارمىيە باش شتابى تۈزگەن خەلق ئەسكەرلىرى تەلىم ـ تەربىيىسى پروگراممىسىغا بىنائەن، قوراللىق بۆلۈم تايانچ كادىرلىرىنىڭ تەشكىللىشى ۋە رەھبەرلىكىدە خەلق ئەسكەرلىرى تۈركۈمگە بۆلۈپ نۆۋەت بىلەن مەشق قىلدۇرۇلدى. مەشق مەزمۇنى سەپكە تىزىلىش، قارىغا ئېتىش، گىرانات تاشلاش، نەيزىۋازلىق قىلىش، ھاۋا ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش، ئىستىھكام پارتلىتىش، يەر شارائىتىدىن ۋە ئەمەلىي نەرسىلەردىن پايدىلىنىش، ھەربىي قوراللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە تاكتىكىلىق ئاساسىي ساۋات قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1985 ـ يىلدىن كېيىن قىشتىكى بوش ۋاقىتلاردا مەشق قىلدۇرۇلىدىغان بولدى.

## 2. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش، ئامانلىق ساقلاش

1958 - يىلى خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشتىكى زەربىدار ئەترەت بولۇپ قالدى. جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، ئومۇمىي خەلق پولات تاۋلاش، ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، بوز يەر ئېچىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قاتارلىق پائالىيەتلەردە ئىنتايىن زور رول ئوينىدى.

1975 — 1977 - يىلغىچە ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىكى قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، كۆپ قېتىم كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، باج، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، بازار باشقۇرۇش، نۆۋەتچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىگە 500 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتۇردى، ئۇلار ھەرقايسى جەھەتلەردە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان 258 ئادەم (قېتىم) نى ئېنىقلىدى. 1976 - يىلى ئۆستەڭ چېپىپ بوزيەر ئېچىش بىرلەشمە جېڭىدە 1931 خەلق ئەسكىرى تايانچ كۈچ بولۇپ، 21 كۈن ئىچىدە چوڭقۇرلۇقى 3 مېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر غول ئۆستەڭنى چېپىپ پۈتتۈردى. 1978 - يىلى 1 - ئايدا «1 - ماي» سۇ ئامبىرى يار ئېلىپ كەتكەنلىكتىن، تۆۋەن ئېقىمدىكى خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ ئامانلىقى ئېغىر تەھدىت ئاستىدا قالغاندا، «7 - ماي» دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاپەت يۈز بەرگەن يەرگە بېرىپ، 100 مىڭ توننىدىن ئارتۇق ئاشلىقنى تېز يۆتكەپ قۇتقۇزۇۋالدى. 1981 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى دايۇلتۇز گۇڭشېسىنىڭ ئۈچقات چوڭ ئەترىتىدىكى ياشانغان دېھقان كېرەم روزىنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەندە خەلق ئەسكەرلىرى پەيجاڭى روزى مۇسا خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدىن بوۋايىنى ۋە ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى.

90 - يىللارغا كەلگەندە، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىدا توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇلار كۆپ قېتىم توپىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەشقى ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە يېڭى تۆھپىلەرنى قوشتى.

### قوشۇمچە

### خەلق ئەسكەرلىرى قورال - ياراغلىرىنىڭ ئوغرىلىنىش ۋەقەسى

1974 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يېرىم كېچىدە، دايۇلتۇز گۇڭشېسى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورال - ياراغ ئامبىرىغا ئوغرى كىردى. 2 يېنىك پىلىموت، 7 ئاپتومات، 8 تال 79 تىپلىق مىلتىق، 6640 پاي يېنىك پىلىموت ئوقى، 5040 پاي ئاپتومات ئوقى، 1600 پاي مىلتىق ئوقى، 16 ئوقدان يوقىلىپ كەتتى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى بۇ ۋەقەگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. دېلو پاش قىلىدىغان مەخسۇس گۇرۇپپا قۇرۇلدى. 6 - ئاينىڭ 22 - ۋە 23 - كۈنلىرى دېلو سادىر بولغان جايدىكى چىلان چوڭ ئەترىتىنىڭ 3 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ۋە توپاقئېرىق چوڭ ئەترىتى 3 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئېتىزلىقلىرىدىن ئوغرىلانغان قورال ۋە ئوقلارنىڭ ھەممىسى تېپىۋېلىندى.

بۇ دېلو 1978 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاندىن پاش قىلىندى. نەتىجىدە توقسۇ ناھىيە چىلان چوڭ ئەترىتى 3 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى ئىبراھىم قاسىمنىڭ 8 ئوقۇغۇچى بىلەن بىرلىشىپ ئوغرىلىغانلىقى ئېنىقلاندى.

# V باب

# ھەربىي ۋەقەلەر

## §1 . چاڭ خۇينىڭ كۇسەنگە جازا يۈرۈشى قىلىشى

خەن سۇلالىسىنىڭ يۇەنفېڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 77 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى پادىشاھى ئۈزۈنتات شاھزادىسى لەيدەننى بۇگۇر بەگلىكىگە بوزيەر ئۈزلۈشتۈرگۈچى چېرىك بېگى قىلىپ ئەۋەتتى. شۇ يىلى كۇسەنلىك ئاقسۆڭەك گۇيى كۇسەن پادىشاھىنى كۈشكۈرتۈپ لەيدەننى ئۆلتۈرۈپ، ھۇنلار بىلەن يېقىنلىشىۋالدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ بېنشى 2 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 72 ـ يىلى) كۆزدە شۇەندى خان چېرىك بېگى چاڭ خۇينى ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىشىپ ھۇنلارنى تارمار قىلىش ئۈچۈن ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. كېيىنكى يىلى ئەتىيازدا چاڭ خۇي ئۇيسۇن چېرىكلىرىنىڭ ھۇنلارنىڭ ئوڭ قانات پادىشاھىنى تارمار قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. 5 ـ ئايدا چاڭ خۇي تولۇق غەلىبە قازىنىپ كۇسەن ئارقىلىق چاڭئەنگە قايتتى.

چاڭ خۇي غەلىبە قىلغانلىق ھەيۋىتىدىن پايدىلىنىپ، كۇسەننىڭ غەربىدىكى بىر قانچە بەگلىكتىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق غوز لەشكىرىگە قوماندانلىق قىلىپ، يارىدەمچىسىنى كۇسەننىڭ شەرقىدىكى بەگلىكلەردىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق غوز لەشكىرىگە قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتىپ، ئۇيسۇنلارنىڭ 7000 كىشىلىك قوشۇننى يارىدەمگە چاقىرىپ، كۇسەنگە 3 تەرەپتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلدى. كۇسەن پادىشاھى قورقۇپ كېتىپ، ئاقسۆڭەك گۇيىنى تۇتۇپ باغلاپ چاڭ خۇينىڭ قەتلى قىلىشى ئۈچۈن تاپشۇرۇپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۇسەن يېڭىۋاشتىن خەن سۇلالىسىگە بويسۇنىدىغان بولدى (چاڭ خۇينىڭ 3 دانە تامغىسى توقسۇ ناھىيىسىدىن تېپىلدى).

## §2 . لى چۇڭنىڭ ئۇچقاتقا چېكىنىشى

خەن سۇلالىسىنىڭ تيەنفېڭ 2 ـ يىلى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 15 ـ يىلى) خەن سۇلالىسى باھادىر قوشۇنلار سانغۇنى ۋاڭ جۇن بىلەن قورۇقچىبەگ لى چۇڭنى لەشكەر بىلەن غەربىي يۇرتقا ئەۋەتتى. ئۇلار كىنگىت خانلىقىغا كەلگەندە پىستىرمىغا ئۇچرىدى، ۋاڭ جۇن جەڭدە ئۆلدى. لى چۇڭ قالدۇق قوشۇننى باشلاپ كۇسەنگە بېرىپ، ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئۇچقات يېزىسى ئەتراپىدا جەڭ قىلدى. بىر قانچە يىلدىن كېيىن «لى چۇڭنىڭ قوشۇنى ھالاك بولدى، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلدى».

مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) لى چۇڭنىڭ مىس تامغىسى يەر ئاستىدىن تېپىلدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ

70 ـ يىللىرىدا يەر ئاستىدىن تېپىلغان «خەن سۇلالىسى تۈرغۇنلىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» دەل مۇشۇ بىر باسقۇچلۇق تارىخ بىلەن ماسلىشىدۇ.

## 3 § . لياڭ دۈڭنىڭ كۇسەن قەلئەسىنى مۇداپىئە قىلىشى

خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۇەن 6 ـ يىلى (مىلادىيە 94 ـ يىلى) بەن چاۋنىڭ شەرقتىن غەربكە جازا يۈرۈشى قىلىشى نەتىجىسىدە غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ ھەممىسى خەن سۇلالىسىگە مايىل بولدى، ھۇنلارنىڭ كۈچى تازىلىنىۋېتىلدى. يەنپىڭ 1 ـ يىلى (106 ـ يىلى) كوزدە كۇسەن، ئونسۇ، قۇم قاتارلىق جايلاردىكى ئىشغالىيەتچى كۈچلەر ھۇنلارنى ئارقا تىرەك قىلىپ، ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، بىر قانچە تۈمەن لەشكىرىي كۈچى بىلەن كۇسەنگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى رېن شاڭنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىقتىدارى بولمىغانلىقتىن، دۈەن شى ئۇنىڭ ئورنىغا قورۇقچىبەگلىككە تەيىنلەندى. دۈەن شىنىڭ كۇسەننى تۇتۇپ تۇرغان 4000 لا ئەسكىرى بولۇپ، بۇ ئەسكەرلەر داۋانقۇم شەھىرىدە مۇھاسىرىگە چۈشۈپ، خەۋپ ئاستىدا قالدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى لياڭ دۈڭنى بەگلىككە تەيىنلىدى. ئۇ چاڭلار بىلەن غوزلارنىڭ 5000 كىشىلىك ئاتلىق ئەسكىرىنى باشلاپ خېشى كارىدورىدىن چىقىپ ياردەمگە كەلدى. لياڭ دۇڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ كۇسەندىكى داۋانقۇم شەھىرىگە يېتىپ بېرىپ، قورۇقچىبەگ دۈەن شى، دورغا بەگ جاۋ بونىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىپ، 9000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن داۋانقۇم شەھىرىنى بىرلىكتە قوغدىدى. داۋانقۇم شەھىرى كىچىك بولغاچقا، مۇداپىئە قىلىش تەسكە توختىدى. كۇسەن پادشاھى سۇۋارنا پۇسبانىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا لياڭ دۇڭ، دۈەن شى قاتارلىقلارنىڭ قوشۇنى كۇسەن پادشاھى قەلئەسىگە كىرىپ جايلاشتى. لياڭ دۇڭ قاتارلىقلار بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، قەلئەنى تايانچ قىلىپ، توپىلاڭچىلار قوشۇنى بىلەن بىر قانچە ئاي تىركەشتى. كېيىن لياڭ دۈڭنىڭ قوشۇنى ئارقىمۇ ئارقا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، توپىلاڭچىلار قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، قوغلاپ زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىر تۈمەندىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قانچە مىڭ ئادىمىنى ئەسىر ئالدى، نەچچە تۈمەن تۆگە، چارۋىسىنى ئولجا ئالدى. ھۇنلارنىڭ ئىشغالىيەتچى كۈچلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىپ، كۇسەننىڭ ۋەزىيىتىنى قايتىدىن مۇقىملاشتۇردى.

## 4 § . كۇسەندىن لەشكەر تارتىپ كىنگىتكە جازا يۈرۈشى قىلىش

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۇەن 3 ـ يىلى (91 ـ يىلى) بەن چاۋ غەربىي يۇرتنى تىنچىتقاندىن كېيىن، كۇسەندىكى داۋانقۇم شەھىرىدە ئەسكەر تۇرغۇزدى. كىنگىت پادشاھى شۇن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى جۇڭ ھۇنلارغا تايىنىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىدى، قوغدىنىش ئەپلىك بولغان يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، قورۇقچىبەگنى يوقىتىپ، ئەمەلدار ۋە لەشكەرلەرنى ئۆزىگە قوشۇۋالدى.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۇەن 6 ـ يىلى (94 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا بەن چاۋ كۇسەن، پىشامشان قاتارلىق 8 بەگلىكنىڭ لەشكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 70 مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە قوشۇن ۋە 1400 ئەمەلدار، سودىگەرنى يىغىپ كىنگىتكە يۈرۈش قىلدى. لەشكەرلەر قاراقۇم (ھازىرقى لوپنۇر) غا بارغاندا كىنگىت پادشاھى گۇاڭ بېي جيەنجى (ھۇن پادشاھىنىڭ كىنگىتكە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن خاس مۇلازىمى) نى بەن چاۋنى قارشى ئېلىشقا ئەۋەتتى. بەن چاۋ بېي جيەنجىنى: «سەن ھۇنلارنىڭ خاس مۇلازىمى، ھالا بۈگۈنكى

كۆندە دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈۋېتىپسەن، مەن قورۇقچىبەگلىك سالاھىيىتىم بىلەن كەلسەم، پادىشاھ ئالدىغا چىقماپتۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا سەن چىقىپسەن، بۇ سېنىڭ جىنايىتىڭ» دەپ ئەيىبلىدى.

كىنگىت پادىشاھى گۇاڭ بەن چاۋنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى رەت قىلدى ھەمدە كۆۋرۈكنى چۇۋۇۋەتتى، نەتىجىدە بەن چاۋنىڭ قوشۇنلىرى كىنگىت بەگلىكىگە كىرەلمىدى. بەن چاۋ لەشكەرلىرىنى باشلاپ باشقا يول بىلەن يوشۇرۇن مېڭىپ، تېيىز كېچىك تېپىپ دەريادىن ئۆتتى. 7 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنى يېرىم كېچىدە كىنگىت قەلئەسىگە يېقىنلىشىپ 20 چاقىرىم يول قالغاندا سازلىقتا گازارما قۇرۇپ دەم ئېلىپ تۇندى. بەن چاۋ قوشۇنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن كىنگىت پادىشاھى بەن چاۋ قوشۇنىنىڭ قەلئەگە كىرىشكە قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، پۈتۈن قەلئەدىكى پۇقرالارنى تاغ ئارىسىغا كۆچۈردى. كىنگىتنىڭ سولغانات ئەمىر بېگى يۈەن مىڭ (ئىلگىرى تۇتقۇن قىلىنىپ لوياڭغا بارغان) مەخپىي ئەلچى ئەۋەتىپ، تەپسىلىي ئەھۋالنى بەن چاۋغا مەلۇم قىلدى. بەن چاۋ ئىشەنمىگەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەلچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئارقىلىق كىنگىت پادىشاھى گۇاڭنى خاتىرجەم قىلدى. بەن چاۋ ۋاقىت بەلگىلەپ ھەر قايسى بەگلىكلەرنىڭ پادىشاھلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىردى. كىنگىت پادىشاھى گۇاڭ، ۋايىر پادىشاھى شۇن، ھۇن پادىشاھىنىڭ خاس مۇلازىمى بېي جيەنجى قاتارلىقلار ۋاقتىدا يېتىپ باردى. بەن چاۋ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ سوراققا تارتىپ داۋانقۇم شەھىرىگە ھەيدەپ ئاپىرىپ كاللىسىنى ئالدى.

ئارقىدىن بىرقانچە يولغا بۆلۈنۈپ ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنى قوغلاپ 5000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈردى، 15 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى ئەسىر ئالدى. يۈەن مېڭنى كىنگىتنىڭ پادىشاھى قىلىپ تىكلىدى.

## § 5. ئۆگەن دەرياسى بويىدا توپىلاڭچىلارنى يوقىتىش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 22 - يىلى (1757 - يىلى) 12 - ئايدا بۇرھانىدىن، خوجاجاھان ئاكا - ئۇكا 2 سى ئىلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ لەشكەر توپلاپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى پەيدا قىلدى. توپىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئابدۇكېرىم ئىسىملىك بىر كاتتىۋېشى 1000 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى باشلاپ كۇچانى مۇداپىئە قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى توسۇۋالدى.

ئىلى جاڭجۈنى جاۋخۇي ئەھۋالنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ھادى (كۇچانىڭ ھاكىمبېگى) نى يول باشلىغۇچى، ئامىنداۋنى ئاغلاقچى ئامبال قىلدى، ئۇلار 100 مانجۇ چېرىكىنى، 2000 ئۇيرات چېرىكىنى باشلاپ تاغ ئارىسى بىلەن كۇچاغا قاراپ ماڭدى.

قوشۇن كۇچانىڭ شىمالىدىكى تاغلىققا كەلگەندە، 3 جەسەت ئۇچرىدى، ھادى بۇ جەسەتلەرنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ جەسىتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

قوشۇن كۇچا شەھىرىگە يېتىپ كەلگەندە ئابدۇكېرىم يالغاندىن سەمىمىيلىكىنى ئىپادىلەپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى شەھەرگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. ھادى ئامىنداۋغا شەھەرگە كىرمەسلىك توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ، ئامىنداۋ قۇلاق سالمىدى. شەھەرگە كىرىش بىلەنلا قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. ھادى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى باشلاپ ئىلىغا قېچىپ بېرىۋالدى.

چىڭ خاندانلىقى ئوردىسى توپىلاڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئارغىنلارنى باستۇرغۇچى سانغۇن يارغاشاننى قوماندان، ھادىنى يول باشلىغۇچى قىلىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى كۇچادىكى خوجىلار قوشۇنىنى يوقىتىشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ئاقسۇدىكى خوجىلار قوشۇنىنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى توقسۇ ئارقىلىق كۇچاغا بېرىپ، كۇچادىكى توپىلاڭچى قوشۇنغا ياردەم بەردى.

چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) 6 - ئايدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئورۇنباسار باش بۇغى

ئەيلۇغلىغا قوشۇن باشلاپ كۇچاغا بېرىپ، يارمەگە كەلگەن خوجىلار قوشۇنى بىلەن ئۇگەن دەرياسى بويىدا شىددەتلىك جەڭ قىلدى، زەمبىرەك گۈمبۈرلەپ ئېتىلىپ، ئوقلار شىددەت بىلەن ئۇتۇشۇپ تۇردى. چەك ئارمىيىسى توپىلاڭچى قوشۇننىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقىتىپ ھەربىي بايرىقىنى ئولجا ئالدى.

شۇ قېتىمقى جەڭدىن كېيىن، توپىلاڭچىلار قوشۇنىدا ئاران 800 لا ئادەم قالدى. ئۇلار كۇچا شەھىرىنى مۇداپىئە قىلغاندا ئۇزلىرىنى قەيەردىكى قوشتەلەك يېتىم ـ بىچارە ھېس قىلدى. 7 ـ ئايدا توپىلاڭچىلار قوشۇنى ئۇزلىرىنىڭ تاقابىل تۇرۇشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، كېچىلەپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، ئۇگەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، توقسۇ چېگرىسىدىن چىقىپ ئاقسۇغا قېچىپ بېرىۋالدى.

## § 6 . ھادى ئەلەم توپىلىڭى

مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) قەمەرىيە 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تىگىن كەنتىدىكى دىنىي زات ھادى ئەلەم «ئىسلام دۆلىتى قۇرايلى»، «خىتايلارنى يوقىتىپ مۇسۇلمانچىلىقنى گۈللەندۈرەيلى» دېگەن شۇئارنى توۋلاپ نەچچە ئون مۈرتنى كۈشكۈرتۈپ قوللىرىغا تاياق ـ توقماق ئېلىپ، ناھىيە بازىرىغا ئاتلىق بېسىپ كىرىپ، يامۇلنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنى، تامغىسىنى تارتىۋېلىپ، يامۇل دەرۋازىسى ئالدىدا قۇرئان ئوتتۇپ قەسەم ئىچىپ، توپىلاڭچىلار قوشۇننى شىددەت بىلەن كۆپەيتىپ، بىر قانچە يۈز كىشىگە يەتكۈزدى.

ھادى ئەلەم 100 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ توقسۇ ناھىيە بازىرىدا نامايىش قىلدى، كۈچ كۆرسەتتى، خەنزۇلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى، ئەمما ئىشكى ئالدىغا ئاق بايراق ئېسىپ، مەيدىسىگە ئاق لاتا تارتىۋالغان ياكى ئىسلام دىنىغا كىرگەن خەنزۇلارغا زىيانكەشلىك قىلمىدى. ھادى ئەلەم توقسۇ ناھىيىسىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، توپىلاڭچىلار قوشۇننى باشلاپ تۆمۈر ئەلى، كامازى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ماسلىشىپ، مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا كۇچانى ئىشغال قىلدى، ئوق ـ دورا ئامبىرىنى پارتلاتتى. شۇنىڭ بىلەن كۇچا شەھىرىنى بىر قانچە كۈنگىچە ئىس ـ تۈتەك قاپلىدى. قىرغىنچىلىقتىن قورقۇپ ئۇگزىگە چىقىپ مۆكۈۋالغان بىر قانچە يۈز خەنزۇنىڭ ھەممىسى قازاغا ئۇچرىدى. ئەتىسى كۇچا ئىنانچىخانى مەھپۇز ھادى ئەلەمنى «بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن» جىنايىتى ئۈچۈن ئوردىدا ئۆلۈمگە بۇيرۇدى، ئۇنىڭدىن كېيىن توپىلاڭچىلار قوشۇنى ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتتى.

## § 7 . ما جۇڭيىڭنىڭ 8 ـ شىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىشى

مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا ئىلىدا تۇرۇشلۇق 8 ـ شى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى تەرىپىدىن مۇغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، شىجاڭ جاڭ پېيۇەن، قوماندان ياڭ جېڭجۇڭلار قالدۇق قوشۇننى باشلاپ شىخو ئارقىلىق تەگىرىتاغدىن ئۆتۈپ، توقسۇغا چېكىنىپ، دايۇلتۇزدا تۇردى.

ئۇلار تەگىرىتاغدىن ئۆتۈۋاتقاندا شىجاڭ جاڭ پېيۇەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، ئەسكەرلىرى ئاچارچىلىقتا قالدى، نۇرغۇن ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغ توڭلاپ ئۆلدى. 4 ـ ئايدا ما جۇڭيىڭ كۇچاغا قوشۇن باشلاپ كەلدى. ياڭ جېڭجۇڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنى باشلاپ ما جۇڭيىڭنىڭ قوشۇۋېلىشىنى قوبۇل قىلدى. كۇچادا قوشۇۋېلىش يىغىنى ئېچىلدى، ياڭ جېڭجۇڭ 36 ـ شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭلىقىغا تەيىنلەندى.

ما جۇڭيىڭ ساختىپەز، ھىيلىگەر ئادەم ئىدى. قوشۇۋېلىش يىغىنى ئېچىلىپ بولغاندىن كېينلا ياڭ جېڭجۇڭنىڭ قوشۇنلىرى دايۇلتۇزغا قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېينلا ما جۇڭيىڭ ئوغرىلىقچە پىلان تۈزۈپ تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ قوشۇنلىرىنى دايۇلتۇزغا باشلاپ بېرىپ، ياڭ جېڭجۇڭنىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم

قىلدى، ياڭ جىڭجۇڭ قارشىلىشىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭ سەرخىل قورال - ياراغلىرى پۈتۈنلەي ما جۇڭيىڭنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى.

ياڭ جىڭجۇڭنىڭ قوشۇنى قىسمەن قارشىلىق كۆرسەتتى، جەڭدە ئالاپەتكىمۇ ئۇچرىدى. ئۆلگەنلەر ئارىسىدا بېلوروسىيىنىڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىدىن نەچچە كىشى بار ئىدى.

## § 8 . شېڭ شىسەي بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇشۇشى

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) 10 - ئايدا ما جۇڭيىڭنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىدىن 12 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ما خۇشەننىڭ قوماندانلىقىدا خوتەنگە كىردى. خوجانىياز ھاجى تۆمۈر بىلەن ئوسماننىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنى 6 - شىغا ئۆزگەرتىپ، مەھمۇتنى شىجاڭلىققا تەيىنلەپ قەشقەردە تۇرغۇزدى. ما خۇشەن بىلەن مەھمۇتنىڭ قوشۇنلىرى شېڭ شىسەيگە ئىتائەت قىلىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئاستىرتتىن شېڭ شىسەيگە قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇردى.

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 4 - ئايدا ما خۇشەن بىلەن مەھمۇت شېڭ شىسەيگە قارشى ئەسكەر ئارتىپ چىقتى، 5 - ئايدا ئۇنىڭ ئاۋانگارت قىسمى چۆل - جەزىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، كۇچا، ئاۋات، شايارنى ئىشغال قىلدى. توقسۇلۇق خوپزۇ خەيچىڭ ما خۇشەننىڭ قوشۇنلىرىنى چۆللۈكتىكى چىغىر يول ئارقىلىق توقسۇغا باشلاپ كەلدى.

يازدا شايارلىق گاھاپ ھاجى ما خۇشەننىڭ خوپزۇ قوشۇنى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يېڭىمەھەللە، پەيشەنبە بازار، ئىچىبىرىق قاتارلىق جايلاردا ئەسكەر ئېلىپ كۈچ توپلاپ، 1000 كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇن تەشكىللەپ، ئۆزى تۇەنجاڭ بولدى. ئۇنىڭ قوراللىرى بەكمۇ ناچار بولۇپ، ھەر 10 كىشىنىڭ بىر - ئىككىسىدىلا ھەقىقىي مىلتىق ۋە ئوق دورا بار ئىدى.

گاھاپ ھاجىنىڭ تۇەنى، ما خۇشەن ۋە مەھمۇتنىڭ قوشۇنلىرى توقسۇ ناھىيىسىدە ئەسكەر تۇتۇپ، ئات - ئۇلاغ ئالدى، ئوت - چۆپ ۋە ئوزۇق - تۈلۈك يىغدى، ئۇلارنىڭ سورۇنىنى بېرەلمىگەن پۇقرالار تاياق يېدى، قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت چەكتى.

شېڭ شىسەي توپلىغىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، 6 - ئايدا 1000 كىشىلىك شاگىرت ئەسكەرلەر ئەترىتىنى ئەۋەتتى. ۋاڭ خۇڭزاۋ قوماندانلىقىدىكى بۇ قوشۇن كۇچاغا كىرىپ ما خۇشەننىڭ قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇپ ئايرودرومنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن شىددەتلىك جەڭ قىلدى، ئۇلار 8 - ئايغىچە تىركەشتى. شېڭ شىسەي قوشۇنى بەرداشلىق بېرەلمەي سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ موتورلاشقان رۇس تۇەنىنى ياردەمگە چاقىردى. بۇ تۇەن 40 ئايروپىلان، 20 تانكىنىڭ ھىمايىسىدە تورغات ئېغىزىدىن شىنجاڭغا كىرىپ جەڭگە قاتناشتى.

9 - ئاينىڭ باشلىرىدا شېڭ شىسەي قوشۇنى مۇداپىئەدىن ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇ دەل ئۆگەن دەرياسىنىڭ سۈيى ئۇلغىيىپ كەتكەن ۋاقىت ئىدى. ما خۇشەننىڭ قوشۇنلىرى ئۆگەن دەرياسى بويىدا، ئاقياردا مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى قۇرۇپ، شېڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ يولىنى توستى. بۇ چاغدا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى مارالبېشىدىكى ما خۇشەن قوشۇنىغا قاتتىق ھۇجۇم قىلدى، ما خۇشەن قوشۇنى تەۋرىنىپ قالدى. توقسۇدىكى ما خۇشەن قوشۇنلىرىمۇ جەڭدىن زېرىكتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى شېڭ شىسەيگە ياردەم بېرىپ، ھەركۈنى 6 بومباردىمانچى ئايروپىلان چىقىرىپ جەڭ قىلدى. توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئاقيار كەنتىدىكى بىر قېتىملىق بومباردىماندا 27 كىشى ئۆلدى.

ما خۇشەن قوشۇنىنى باشلاپ تارىم دەرياسى، قەدىمكى توڭگۇزباش شەھىرى تەرەپكە قاراپ قاچتى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئايروپىلانلىرى پەس ئۇچۇپ ئوقتا تۇتۇپ بومبا تاشلاپ ئۇلارنى قىردى. توڭگۇزباش

شەھىرىدىن تارىم دەرياسى ۋادىسىغىچە بولغان ئارىلىقتا ما خۇشەن قوشۇنلىرىنىڭ تالاپىتى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. توقسۇ ناھىيە بازىرى ۋە تاشئېرىق قاتارلىق جايلاردا پۇقرالارمۇ ئۆلدى. گاھاپ ھاجىمۇ قوشۇنلىرىنى باشلاپ ما خۇشەن بىلەن بىللە قاچقاندى، شېڭ شىسەينىڭ قوشۇنى ئەرپەدىن تارىم دەرياسى بويىدا تۇتۇلدى، ئۇەنجاڭ ھابىل پەتتارمۇ بىللە تۇتۇلدى. ئۇنىڭ ئادەملىرى قېچىپ كەتتى، بەزىلىرى شېڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، بەزىلىرى ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولدى، بەزىلىرى تارىم دەرياسىدا تۇنجۇقۇپ ئۆلدى، ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ خوتەنگە قېچىپ باردى.

10 - ئايدا شېڭ شىسەي بىلەن ما خۇشەن ئوتتۇرىسىدا بولغان چوڭ ئۇرۇش ئاياغلاشتى، شېڭ شىسەي قوشۇنى غەلىبە قازاندى، تارماق ئەترەت باشلىقى ۋاڭ خۇڭزاۋ توقسۇ ناھىيىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇردى.

# ئون بىرىنچى قىسىم

# دېھقانچىلىق



# ئون بىرىنچى قىسىم

# دېھقانچىلىق

توقسۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق گۈللەنگەن رايون ئىدى. ھازىرقى ساڭتام دېھقانچىلىق مەيدانى جايلاشقان رايون ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتىكى ئىقتىساد جانلانغان رايونلارنىڭ بىرى ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ مەركىزى شەرققە يۆتكىلىپ، ھازىرقى توڭگۇزباش قەدىمكى شەھىرى جايلاشقان رايون ئىقتىساد گۈللەنگەن رايونلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، يۇلتۇزباغ ئۆستىڭى چېپىلغانلىقتىن، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەركىزى ھازىرقى ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمالىغا يۆتكەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى توقسۇ بوستانلىقى «يېرى مۇنبەت، ھاۋاسى ئىللىق، ئاشلىق، مېۋە - چېۋىلىرى داڭلىق، بۇغداي، تېرىق ئوخشايدىغان» ، «كەشتىدەك رايونلارنىڭ بىرى»گە ئايلاندى.

مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) توقسۇغا ياردەمچى ئامبال قويۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا كۆچانىڭ غەربىدىن 12 كەنت، 3822 ئائىلە، 156 مىڭ 288 مو يەر ئاجرىتىپ بېرىلدى، يەر ھەر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.40 مودىن توغرا كەلدى. بۇ يەرلەرگە بۇغداي، كېۋەز، شال، كۆممىقوناق ۋە باشقا ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ناھىيىدىكى 300 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرنىڭ 286 مىڭ موسى تېرىلىپ، 74 مىڭ 661 دادەن بۇغداي، 11 مىڭ 454 دادەن كۆممىقوناق، 1125 دادەن شال بولۇپ، جەمئىي 87 مىڭ 240 دادەن ئاشلىق ئېلىندى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) كۆزدە ناھىيە بويىچە 110 مىڭ 332 دادەن ئاشلىق (بۇنىڭ ئىچىدە 17 مىڭ 525 مو بۇغدايلىقتىن 101 مىڭ 741 دادەن بۇغداي، 10 مىڭ 645 مو كۆممىقوناقلىقتىن 6856 دادەن كۆممىقوناق، 4365 مو شاللىقتىن 1735 دادەن شال) ، 47 مىڭ 350 مو ياغلىق دان ئېتىزىدىن 13 مىڭ 450 دادەن ياغلىق دان، 78 مىڭ 560 مو كېۋەزلىكتىن 108 مىڭ 161 جىڭ پاختا ئېلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىقى ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى، 1953 - يىلى 17 مىليون 100 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 387 مىڭ كىلوگرام پاختا، 1 مىليون 319 مىڭ كىلوگرام ياغلىق دان ئېلىندى. كېيىن پارتىيىنىڭ يېزا ئىقتىسادىي سىياستى، ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسى كۆپ قېتىم تەڭشەلدى ۋە ئىسلاھ قىلىندى. 1956 - يىلى باشلانغۇچ ۋە ئالىي كوپېراتىپلار كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى، لېكىن كوپېراتىپ قۇرۇش سۈرئىتى بەك ئىتتىك بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، 1957 - يىلى دېھقانچىلىقتا چېكىنىش كۆرۈلۈپ، ئاشلىق ھوسۇلى 13 مىليون 285 مىڭ كىلوگرامغا چۈشۈپ، 1952 - يىلدىكى سەۋىيىدىنمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى..

1958 - يىلى كۈزدە خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «بىرىنچىدىن چوڭ، ئىككىنچىدىن ئومۇمىي

بولۇش» تەكىتلەنگەنلىكى، «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش»، «چولڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن، دېھقانچىلىق ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، 1959 ـ يىلدىن باشلاپ يىلدىن ـ يىلغا چېكىنىپ كەتتى، 1961 ـ يىلى ئومۇمىي ئاشلىق 15 مىليون 602 مىڭ كىلوگرامغا چۈشۈپ قېلىپ، 1953 ـ يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىدىنمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى.

1962 ـ يىلدىن باشلاپ يېڭى ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق يىلدىن ـ يىلغا ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى، 1966 ـ يىلى ئومۇمىي ئاشلىق 30 مىليون 324 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرىدە، دېھقانچىلىق بىر ئىزدا توختاپ قالدى. 1976 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 32 مىليون 833 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئېلىنغان بولسىمۇ، نوپۇس كۆپەيگەن ئامىلنى قوشقاندا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 404 كىلوگرامدىن 333 كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى.

1978 ـ يىلى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىقى چولڭ قەدەم بىلەن راۋاجلىنىش مەزگىلىگە كىردى. 1987 ـ يىلى 61 مىڭ 839 توننا، 1993 ـ يىلى 74 مىڭ 840 توننا ئاشلىق ئېلىندى.

90 ـ يىللاردا دېھقانچىلىق كەسپىي قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، كۆزنى تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادى تېز راۋاجلاندى.

1993 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 450 مىڭ مو يەر تېرىلىپ، 74 مىڭ 840 توننا ئاشلىق، 7000 توننا پاختا، 1316 توننا ياغلىق دان ئېلىندى.

1995 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 431 مىڭ 600 مو يەر تېرىلىپ، 71 مىڭ 700 توننا ئاشلىق، 12 مىڭ 503 توننا پاختا، 1060 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 192 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ساناەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ 64.6% نى ئىگىلىدى (يۇقىرىقىلار بىردەك 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى).

# I باب

# ئاپپاراتلار

## 1 § . دېھقانچىلىق ئاپپاراتلىرى

### 1. مىنگو دەۋرىدىكى دېھقانچىلىق ئاپپاراتلىرى

ناھىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، ناھىيىدە دېھقانچىلىقنى باشقۇرىدىغان ئاپپارات يوق ئىدى. مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) يېزا ئىگىلىك ئۆيۈشمىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا بىر باشلىق، 3 مۇئاۋىن باشلىق، 13 دائىمىي ئەزا قويۇلدى، بۇ ئۆيۈشما ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىقنى باشقۇردى.

مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بىر نەپەر دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق،

چارۋىچىلىق تېخنىكى سەپلەپ بېرىلدى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يېزا ئىگىلىك ئۆيۈشمىسى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇ كومىتېت 5 كىشىدىن تەركىب تاپتى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) دېھقانلار ئۇيۇشمىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا كېڭەش ئەزاسى، نازارەتچىلەر قويۇلدى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، بۇ بۆلۈم دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىر تۇتاش باشقۇردى.

## 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دېھقانچىلىق ئاپپاراتلىرى

**قۇرۇلۇش بۆلۈمى** 1950 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، بۇ بۆلۈم ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىقنى باشقۇردى، شاكىر قادىر تۇنجى بۆلۈم باشلىقى بولدى.

**يېزا ئىگىلىك - سانائەت بۆلۈمى** 1954 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومدا يېزا ئىگىلىك - سانائەت بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، 1962 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1964 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1966 - يىل 10 - ئايدا يەنە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1984 - يىلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىك - سانائەت بۆلۈمى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يېزا سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، يېزا ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىغان، يېزا خىزمىتىنى ماسلاشتۇرىدىغان، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان خىزمەت تارمىقى ئىدى.

**يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى** 1959 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلۇش بۆلۈمى، سۇچىلىق بۆلۈمى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى پونكىتى، مېتېئورولوگىيە پونكىتى، ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار قوشۇلۇپ، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا لى لەن تۇنجى باشلىق بولدى. ئىدارە قارمىقىدا كاتىبات، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئۇرۇقچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى.

**دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى** 1962 - يىل 8 - ئايدا يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. سۇچىلىق، مېتېئورولوگىيە، ئۇرۇقچىلىق، مال دوختۇرلۇق كەسپلىرى ئايرىپ چىقىلىپ، ئۇلارنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىندى.

1967 - يىل 3 - ئايدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىنىڭ قارمىقىدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى.

**ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى** 1969 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ ناھىيىنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇردى. ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىنىڭ قارمىقىدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، بۇ گۇرۇپپا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

**دېھقانچىلىق ئىدارىسى** 1973 - يىل 10 - ئايدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى

دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1981 ـ يىلى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا دېھقانچىلىق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، شۇ چاغدا ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى. دېھقانچىلىق ئىدارىسىدە 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 7 بۆلۈم ئەزاسى ئىشلىدى.

**ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى** كۇچا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتىنىڭ توقسۇدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاساسىدا، 1955 ـ يىل 3 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، بىر پونكىت باشلىقى، 6 دېھقانچىلىق تېخنىكى، باغۋەنچىلىك كەسپى كادىرى، تەرجىمان قويۇلدى. ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى 1959 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1962 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1966 ـ يىل 10 ـ ئايدا دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتى، ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى ۋە مېتېئورولوگىيە پونكىتى قوشۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى 4 پونكىت تەسىس قىلىندى. 1969 ـ يىلى مېتېئورولوگىيە پونكىتى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈۋېتىلگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك 4 پونكىتى يېزا ئىگىلىك 3 پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1974 ـ يىلى مال دوختۇرلۇق پونكىتى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك 3 پونكىتىدىن ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. 1980 ـ يىلى ئۇرۇقچىلىق ئايرىپ چىقىلدى. 1988 ـ يىلى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتىدا 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 38 كادىر، تېخنىك ئىشلىدى، ئۇلار ئىچىدە ئالىي ئاگرونوم بىر، ياردەمچى ئاگرونوم 12، تېخنىك 20، پونكىت باشلىقى بىر، پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى بىر، مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى بىر. 1995 ـ يىلى 49 ئادەم ئىشلىدى، ئۇلار ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىك بىر، تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىك 35.

**ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى** 1958 ـ يىل 10 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، بىر خىزمەتچى قويۇلدى. 1959 ـ يىلى ئۇرۇقچىلىق پونكىتى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلىپ، ئۇرۇقچىلىق بۆلۈمچىسى دەپ ئاتالدى. 1962 ـ يىل 8 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1966 ـ يىل 10 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى يېزا ئىگىلىك 4 پونكىتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1980 ـ يىلى ئۇرۇقچىلىق كەسپى يېزا ئىگىلىك 4 پونكىتىدىن ئاجرىتىلىپ، توقسۇ ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى تەسىس قىلىندى، كېيىن يەنە ئۇرۇقچىلىق پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتىدا 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 27 كىشى ئىشلىدى، ئۇلار ئىچىدە پونكىت باشلىقى بىر، مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى بىر، ئاگرونوم 2، ياردەمچى ئاگرونوم 4.

**ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى** 1955 ـ يىلى ئەتىيازدا ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ تەستىقى بىلەن تاشئېرىق رايونىنىڭ چولاقتوز كەنتىدە ناھىيىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى، بۇ مەيدان سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئىشىغا مەسئۇل بولدى، ئۇ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا 300 نەچچە مو يەر ئاجرىتىپ بېرىلىپ، بىر مەيدان باشلىقى، بىر بوغالتىر، بىر تېخنىك، 10 دېھقانچىلىق ئىشچىسى سەپلەپ بېرىلدى.

ناھىيىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش دېھقانچىلىق مەيدانى 1958 ـ يىلى ئورگان دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى. 1977 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى، پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى، مەيدان باشلىقى، بوغالتىر قاتارلىق كادىرلار سەپلەپ بېرىلدى، مەيدانغا 3 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قارىدى، تاشئېرىق گۇڭشېسىنىڭ بوستان چوڭ ئەترىتى ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا ئايرىپ بېرىلدى. ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق

مەيداندا 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 11 كىشىچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، ئۇلار ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىك 2، تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي تېخنىك 6.

## 2 § . دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

### 1. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى

1976 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارمىقىدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، بىر مۇدىر، 4 خىزمەتچى قويۇلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى كەسپىنى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ قۇرۇلۇش بۆلۈمى، يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى باشقۇرغانىدى.

دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىشخانىسى 1981 - يىل 11 - ئايدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىل 8 - ئايدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىدا، 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 89 كىشىچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، ئۇلار ئىچىدە ئالىي كەسپىي ئۇنۋانى بار خادىم بىر، تۆۋەن دەرىجىلىك كەسپىي ئۇنۋانى بارلار 28؛ مەمۇرىي خادىم 6، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتى ۋە تەربىيىلەش كۇرسى خادىمى 22، يېزىلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى پونكىتلىرىنىڭ خادىمى 61. 1995 - يىلى كادىرلاردىن بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 8 خىزمەتچى ئىشلىدى؛ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتى، تەربىيىلەش كۇرسى، يېزىلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى پونكىتلىرى بار بولدى.

### 2. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ياساش - رېمونت قىلىش زاۋۇتى

1963 - يىل 6 - ئايدا ياغ زاۋۇتىدىن رېمونت سېخى ئاجرىتىلىپ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى قۇرۇلدى. دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى كېيىن دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1964 - يىلى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتى تراكتور پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1970 - يىل 4 - ئايدا ئۇنىڭ بىر قىسىم خادىملىرى ۋە تراكتورلىرى گۇڭشېلارغا چۇشۇرۇۋېتىلدى، خادىملىرىنىڭ بىر قىسمى قالدۇرۇلۇپ، پونكىتنىڭ نامى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى.

1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ زاۋۇتتا 3 مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى، 69 كىشىچى - خىزمەتچى ئىشلىدى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر زاۋۇت باشلىقى، 77 كىشىچى - خىزمەتچى ئىشلىدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر زاۋۇت باشلىقى، 85 كىشىچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن، يىللىق سېتىش سوممىسى 2 مىليون 900 مىڭ يۈەن، يىللىق پايدىسى 45 مىڭ يۈەن بولدى.

### 3. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى

1964 - يىل 9 - ئايدا دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش كەسپى ناھىيىلىك

تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن ئاجرىتىلىپ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلدى. 1966 - يىلى 10 - ئايدا دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىغا قوشۇلۇپ، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش بۆلۈمچىسى دەپ ئاتالدى. 1969 - يىلى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. شىركەتتە 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر دىرېكتور، 27 ئىشچى - خىزمەتچى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى 7، ئايال ئىشچى - خىزمەتچى 6، تۇراقلىق ئىشچى 22) ئىشلىدى. 1995 - يىلى بىر دىرېكتور، 41 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 28 مىليون يۈەن، يىللىق سېتىش سوممىسى 32 مىليون يۈەن بولدى، يۇقىرىغا 950 مىڭ يۈەن پايدا - باج تاپشۇردى.

## 4. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتى

1984 - يىلى 8 - ئايدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، 3 نازارەتچى - باشقۇرغۇچى قويۇلدى، بۇ پونكىت دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر پونكىت باشلىقى، 5 نازارەتچى - باشقۇرغۇچى ئىشلىدى.

## 5. يېزىلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتى

گۇڭشېلاردا 1979 - يىلدىن باشلاپ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پونكىتلىرى كېيىنى - كەينىدىن قۇرۇلدى، كېيىن نامى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە يېزىلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتىدىن 6سى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن نازارەتچى قويۇلدى.

## 6. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنى

1975 - يىلى 12 - ئايدا تاشئېرىق گۇڭشېسىدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى سىناق قىلىش پونكىتى قۇرۇلدى، 1976 - يىلى 3 - ئايدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭ 12 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. تەتقىقات ئورنى 1979 - يىلى 1 - ئايدا تارقىتىۋېتىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى قۇرۇلۇۋاتقان ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. سېمونت زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى توختاپ قالغاندىن كېيىن، «قوش دىگوۋار زاۋۇتى»غا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 7. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى كۇرسى

1977 - يىلى 3 - ئايدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى كۇرسى

(دائىملىق كۇرس) ئاچتى، بۇ كۇرس مەكتەپ خاراكتېرىدە بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا 4 ئوقۇتقۇچى، 3 لاۋازىم، 9 مەشىق تراكتورى بار ئىدى. ھەر قارارادا 80 — 100 ئادەم تەربىيىلەيتتى. 1989 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر مۇدىر، 10 ئوقۇتقۇچى، 9 ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ جەمئىي 20 كىشى ئىشلىدى. 1995 - يىلى بىر مۇدىر، 7 ئوقۇتقۇچى ئىشلىدى.

## 8. يېزىلىق تراكتور پونكىتلىرى

1959 - يىل 5 - ئايدا دايۇلتۇزدا ناھىيە بويىچە تۇنجى كۆكشې تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا 3 تراكتور بار ئىدى، ئۇ 1961- يىل 10 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1970 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى تۇۋەنگە چۈشۈرۈلگەندە 63 ئىشچى - خىزمەتچى، 20 تراكتور، تراكتورغا چېتىلىدىغان 41 سايمان كۆكشېلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەندىن كېيىن دايۇلتۇز، شويۇلتۇز، تاشئېرىق، ئىچئېرىق، توقسۇ بازىرىدا تراكتور پونكىتلىرى قۇرۇلدى. 1978 - يىلى پەيشەنبە بازاردا كۆكشې تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى ئۈچقات يېزىسىدا يېزىلىق تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىدىكى 6 يېزىلىق تراكتور پونكىتىدا 68 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى.

# Ⅱ باب

# دېھقانچىلىق بايلىقى

## 1 § . يەر بايلىقى

توقسۇدا تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ كېڭىيىپ كەلدى. مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) توقسۇغا يارەمچى ئامبال قويۇلغاندا 156 مىڭ 288 مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) تېرىلغۇ يەر 300 مىڭ موغا يەتتى. 1949 - يىلى 310 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بار ئىدى، 1961 - يىلى تېرىلغۇ يەر 442 مىڭ موغا يەتتى.

شۇندىن كېيىن توقسۇدا تېرىلغۇ يەر كۆلىمى مۇقىملىشىشقا يۈزلىنىپ، 440 مىڭ مو ئەتراپىدا بولۇپ كېلىۋاتاتتى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 483 مىڭ موغا يەتتى. يەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىشىدە تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى كۆرۈلۈپ تۇردى. 1944 - يىلى كىشى بېشىغا 6.7 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كەلگەن بولسا، 1970 - يىلى 4.7 موغا، 1980 - يىلى 4 موغا، 1995 - يىلى 3.86 موغا چۈشۈپ قالدى. بۇنداق بولۇشىغا ئاساسەن نوپۇسنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەنلىكى سەۋەب بولدى. ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يەنە 2 مىليون مودىن ئارتۇق يەر بولسىمۇ، سۇ مەنبەسىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۆزلەشتۈرگىلى بولماۋاتىدۇ.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تېرىلغۇ يەر بايلىقى ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 — 1

| يىل | ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى (تۈمەن مو) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تېرىلغۇ يەر (مو) |
|---|---|---|
| 1922 | 15.62 | 7.5 |
| 1944 | 30 | 6.7 |
| 1949 | 31.48 | 5.6 |
| 1952 | 34.77 | 5.9 |
| 1957 | 38.50 | 5.9 |
| 1961 | 44.22 | 6.7 |
| 1965 | 38 | 5.3 |
| 1970 | 39.34 | 4.7 |
| 1975 | 39.71 | 4.1 |
| 1980 | 40.42 | 4 |
| 1984 | 41.58 | 3.7 |
| 1988 | 43.86 | 4.5 |
| 1993 | 45 | 3.7 |
| 1994 | 46.24 | 3.75 |
| 1995 | 48.3 | 3.86 |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1982 ـ يىلدىكى يەر تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى

جەدۋەل: 11 — 2

| گۇڭشې (مەيدان) لار | ئومۇمىي يەر كۆلىمى | | بۇنىڭ ئىچىدە (تۈمەن مو) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كۋادرات كىلومېتىر | تۈمەن مو | تاغلىق يەر | ئوتلاق | سازلىق | چۆل | باشقىلار |
| ناھىيە بويىچە جەمئىي | 8223 | 1233.45 | 160.7 | 172.3 | 5.7 | 807.2 | 87.55 |
| ئىچئېرىق | 137 | 20.55 | | 0.43 | 0.54 | 3.77 | 15.81 |
| تاشئېرىق | 244.6 | 36.69 | 1.02 | 5.09 | 0.23 | 11.76 | 18.59 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پەيشەنبە بازار | 126.6 | 18.99 | | 6.84 | 0.19 | 0.44 | 11.52 |
| شوپۇلتۇز | 476.4 | 71.46 | | 11.33 | 2.4 | 40.48 | 17.25 |
| دايۇلتۇز | 7129.6 | 1069.44 | 150.44 | 148.58 | 2.34 | 748.23 | 19.85 |
| «1 - ماي» سۇ ئامبىرى (شىمالىدىكى تاغلىق رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | 105 | 15.75 | 9.24 | | | 2.52 | 3.99 |
| توقسۇ بازىرى | 3.8 | 0.57 | | 0.03 | | | 0.54 |

**ئىزاھات:** باشقىلار دېگەن گراپىدىكى سان ئاھالە رايونلىرى، يوللار، قۇم دۆۋىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## توقسۇ ناھىيىسى تۇپرىقىنىڭ خۇسۇسىيىتى

جەدۋەل: 11 — 3

| تۇپراق نامى | تارقالغان رايونلار | كەسمە يۈزىنىڭ ئالاھىدىلىكى | تۇپراق گېنېتولوگىيىسى | تۇپراق قۇۋۋىتى: ئورگانىك ماددا (%) | ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدىغان ئازوت (PPM) | ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدىغان فوسفور (PPM) | تۇپراقتىكى ئومۇمىي تۇز مىقدارى ۋە ئۇنىڭ خىمىيىلىك تىپى | كۆلىمى (مو) | ياخشىلاپ پايدىلىنىش ھەققىدە تەكلىپ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لاتقا سېرىق تۇپراق | دايۇلتۇز، ئىچچىبىرىق | لاتقا تۇپراق قاتلىمى قېلىن، گېنېتولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى بىرخىل | ئوتتۇرا ھال تۇپراق | 1.15 | 30 | 7 | | 6813.9 | ئوغۇتلاپ تۇپراقنى پىشۇرۇش، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئۆرلىشىنى توسۇش، سالالاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش |
| لاتقا قاتلىمى قېلىن كۆلرەڭ تاشقىن تۇپراق | ھەممە يېزا | نەم، دات ئىزلىرى بار | ئوتتۇرا ھال تۇپراق | | | | | 8197.6 | ئوغۇتلاپ تۇپراقنى پىشۇرۇش، شورلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ياختىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش |
| كۆلرەڭ تاشقىن تۇپراق | دايۇلتۇز، تاشئېرىق، پەيشەنبە بازار، نەسىللىك چارۋا فېرمىسى | توسالغۇ قاتلام يوق، دات بار | ئوتتۇرا ھال تۇپراق | 1.21 | 33 | 9.5 | | 7015 | ئوغۇتلاپ تۇپراقنى پىشۇرۇش، مۇقىم، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى بەرپا قىلىش |
| مايلىق سېرىق تۇپراق | شوپۇلتۇز، تاشئېرىق، ئىچچىبىرىق، پەيشەنبە بازار | توسالغۇ قاتلام يوق، گېنېتولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى نورمال | ئوتتۇرا ھال يېنىك تۇپراق | 1.25 | 40 | 13 | | 5149.3 | ئاشلىق، كېۋەز تېرىلىدىغان سالا ئېتىزلارنى بەرپا قىلىش، ئوغۇتلاپ تۇپراقنى پىشۇرۇش |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لاتقا قاتلىمى قېلىن سېرىق تاشقىن تۇپراق | ھەممە يېزا | لاتقا قاتلىمى قېلىن، پىشىش دەرىجىسى يۇقىرى | يېنىك، ئوتتۇراھال تۇپراق | 1.15 | 33 | 8 | | 118629 | «بەشتە ياخشى» يېزا قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، ئوغۇتلاپ تۇپراقنى پىشۇرۇش، فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش |
| قۇم ئارىلاش سېرىق تاشقىن تۇپراق | ھەممە يېزا | قۇۋۋىتى ئادەتتىكىچە، 10 سانتىمېتىر تېگىدىن چەش قۇم چىقىدۇ | سەل قۇم ئارىلاش تۇپراق | 1.03 | 25 | 5 | | 9495.9 | ئوغۇتلاپ تۇپراقنى پىشۇرۇش، يۇمشاق توپا قاتلىمىنى قېلىنلاشتۇرۇش، يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكنى كۆپ تېرىش |
| قۇمسالق تاشقىن تۇپراق | ھەممە يېزا، «ئاۋانگارت» مەيدانى | گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى بوش، سۇ، ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارى تۆۋەن | قۇمسالق تۇپراق | 0.99 | 14 | 7 | | 55491 | تۇپراقنى ياخشىلاش، ئورمانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، تۇپراقنى ياخشى پىشۇرۇش |
| سېرىق تاشقىن تۇپراق | ھەممە يېزا | قاتلام كۆپ، پىشىش دەرىجىسى تۆۋەن، دات بار | ئوتتۇراھال يېنىك قۇمسالق تۇپراق | 1.11 | 30 | 8 | | 37844 | شورلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئېتىز قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش |
| سېغىز ئارىلاش سېرىق تاشقىن تۇپراق | شويۇلتۇز، تاشئېرىق، ئىچئېرىق، پەيشەنبە بازار | ئوتتۇرا قىسمىنىڭ 10 سانتىمېتىر تېگىدە سېغىز قاتلام بار | يېنىك، ئوتتۇراھال سېغىز تۇپراق | 1.10 | | 7 | | 6016.4 | زەي چىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئوغۇتلاپ تۇپراقنى پىشۇرۇش |
| ئاستى قۇم سېرىق تاشقىن تۇپراق | ھەممە يېزا - مەيدان | پىشىش دەرىجىسى تۆۋەن، 60 سانتىمېتىر تېگىدە قۇم قاتلام بار | يېنىك، ئوتتۇراھال چەش قۇم | 1.14 | | 6 | | 12148 | ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش، سالالاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، ئوغۇتلاپ، تۇپراقنى پىشۇرۇش |
| ئاستى سېغىز سېرىق تاشقىن تۇپراق | ھەممە يېزا | پىشىش دەرىجىسى تۆۋەن، 60 سانتىمېتىر تېگىدە سېغىز قاتلام بار | يېنىك، ئوتتۇراھال تۇپراق | 0.92 | | 7.5 | | 15840 | ئاشلىق، شال ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، يۇمشاق تۇپراق قاتلىمىنى قېلىنلىتىش، ئوغۇتلاپ تۇپراقنى پىشۇرۇش |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شورلۇق قىلىنلانغا تۇپراق | ھەممە يېزا | شورلىشىش ھادىسى بار | يېنىك، ئوتتۇراھال تۇپراق | 0.63 | | 8 | 0.23 % $SO_4-Cl-$ | 26454 | ئونىۋېرسال ياخشىلاش، شورلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوغۇتلاپ تۇپراقنى پىشۇرۇش |
| شورلۇق كۆلرەڭ تاشقىن تۇپراق | ھەممە يېزا | كۆلرەڭ تاشقىن تۇپراققا ئوخشاپ كېتىدۇ، شورلىشىش بار | يېنىك، ئوتتۇراھال تۇپراق | 1.03 | | 5 | 0.34% $SO_4-C^-1$ | 3292.2 | ئونىۋېرسال ياخشىلاش، شورلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوغۇتلاپ تۇپراقنى پىشۇرۇش |
| قوڭۇر ئارىلاش شورلۇق سېرىق تۇپراق | ھەممە يېزا | قوڭۇر ئارىلاش سېرىق تاشقىن تۇپراققا ئوخشاپ كېتىدۇ | يېنىك، ئوتتۇراھال تۇپراق | 1.02 | | 4 | 0.57% $SO_4-C^-1$ | 4509.2 | ئونىۋېرسال تىزگىنلەش، شورلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوغۇتلاپ تۇپراقنى پىشۇرۇش |
| سېغىز ئارىلاش شورلۇق تاشقىن تۇپراق | ھەممە يېزا ۋە ئۇرۇقچىلىق مەيدانى | شورلىشىش، دات ئىزلىرى بار | يېنىك، ئوتتۇراھال تۇپراق | 1 | | 6 | 0.23% $SO_4-C^-1$ | 11898 | يۇمشاق توپا قاتلىمىنى قېلىنلاشتۇرۇش، ئوغۇتلاپ تۇپراقنى پىشۇرۇش |
| يېنىك شورلۇق سېرىق تاشقىن تۇپراق | ھەممە يېزا | شور ئىزلىرى بار | يېنىك، ئوتتۇراھال تۇپراق | 1.10 | 31 | 7 | 0.37% $SO_4-C^-1$ | 101243 | ئونىۋېرسال ياخشىلاش، شورلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۇپراقنى ئوغۇتلاش |
| ئوتتۇراھال شورلۇق سېرىق تاشقىن تۇپراق | ھەممە يېزا | شور تۇزاتلىرى، دات ئىزلىرى كۆرۈلۈش ئالامەتلىرى بار | يېنىك، ئوتتۇراھال تۇپراق | 1.17 | 27 | 7 | 0.46% $Cl-SO_4$ | 55080 | ئونىۋېرسال ياخشىلاش، شورلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۇپراقنى ئوغۇتلاش |
| ئېغىر شورلۇق سېرىق تاشقىن تۇپراق | ھەممە يېزا | شور تۇزاتلىرى، دات ئىزلىرى كۆرۈلۈش ئالامەتلىرى بار | ئوتتۇراھال ئېغىر تۇپراق | 1.17 | | 11 | 1.09% $SO_4-Cl$ | 14342 | ئونىۋېرسال ياخشىلاش، شورلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۇپراقنى ئوغۇتلاش |
| كۆلرەڭ شاللىق تۇپرىقى | ھەممە يېزا | ئوكسىدلىنىپ ئەسلىگە قايتقان چۆكۈندىلەر قاتلىمى | ئېغىر تۇپراق، سېغىز تۇپراق | 1.64 | 42 | 5 | | 35187 | شال تېرىپ، ئوغۇتلاپ تۇپراقنى پىشۇرۇش، توجۇپىلەپ تېرىقچىلىق قىلىش |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سۇغىرىلىدىغان جاڭگال تۇپرىقى | دايۇلتۇز، ئىچچىبرىق | ئوكسىدلاشقان قوڭۇر سېغىز تۇپراق | ئوتتۇراھال تۇپراق، سېغىز تۇپراق | 0.09 | | 7 | | 7671.6 | ئاشلىق، پاخلىدان، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانچىلىق مۇھىتىنى قوغداش تەدبىرىنى قوللىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش |

## 2 §. سۇ بايلىقى

ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىقى سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىققا كىرىدۇ، دېھقانچىلىققا كېرەكلىك سۇ، ئاساسەن، ئۆگەن دەرياسىدىن كېلىدۇ. بۇ دەريادا سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىش مىقدارى 2 مىليارد 197 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ، ئۇنى كۇچا، شايار، توقسۇ ناھىيىلىرى بۆلۈپ ئىشلىتىدۇ، توقسۇغا %28.5 سۇ تېگىدۇ، بىرقانچە يىلدا سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە باشلىنىش مىقدارى 554 مىليون كۇب مېتىر بولدى.

## 3 §. ئەمگەك كۈچى بايلىقى

توقسۇدا ئەمگەك كۈچى بايلىقى مول، لېكىن ئۇلارنىڭ ساپاسى تۆۋەنرەك. ئەمگەك كۈچى 1949 - يىلى 10 مىڭ 692 ئادەم، 1958 - يىلى 28 مىڭ 477 ئادەم، 1966 - يىلى 28 مىڭ 949 ئادەم، 1976 - يىلى 35 مىڭ 180 ئادەم ئىدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 37 مىڭ 800 ئادەم بولدى.

**توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1949 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەمگەك كۈچى بايلىقى**

جەدۋەل: 11 — 4

| يىل | ئومۇمىي ئائىلە | ئومۇمىي نوپۇسى | يېزا ئائىلىسى | يېزا نوپۇسى | ئەمگەك كۈچى | | | | | تېرىقچىلىق | | چارۋىچىلىق | | سانائەت ۋە قوشۇمچە كەسىپ | | باشقىلار | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | جەمئىي | ئەر | | ئايال | | | | | | | | | |
| | | | | | | يۈتۈن | يېرىم | يۈتۈن | يېرىم | ئادەم | % | ئادەم | % | ئادەم | % | ئادەم | % |
| 1949 | 12658 | 55947 | 11084 | 49061 | | | | | | | | | | | | | |
| 1950 | 12822 | 56674 | 11212 | 49590 | | | | | | | | | | | | | |
| 1951 | 13041 | 57524 | 11379 | 50329 | 10692 | 5217 | 1090 | 5475 | 1166 | 10478 | 98 | 214 | 2 | | | | |
| 1952 | 13262 | 58617 | 11604 | 51321 | 21972 | 10722 | 2241 | 11250 | 2394 | 21576 | 98.2 | 395 | 1.8 | | | | |
| 1953 | 13495 | 60284 | 11890 | 53125 | 12966 | 6327 | 1322 | 6639 | 1413 | 12680 | 97.8 | 285 | 2.2 | | | | |
| 1954 | 12968 | 62095 | 11451 | 54830 | 11251 | 5490 | 1147 | 5761 | 1226 | 11059 | 98.3 | 192 | 1.7 | | | | |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1.9 | 363 | 98.1 | 18718 | 2079 | 9770 | 1946 | 9311 | 19081 | 56152 | 11456 | 63510 | 12958 | 1955 |
| | | | | 1.6 | 427 | 98.4 | 26186 | 3452 | 12017 | 2680 | 14595 | 26612 | 56957 | 11919 | 64283 | 13495 | 1956 |
| | | | | 1.4 | 541 | 97.6 | 30813 | 2630 | 14449 | 3235 | 15625 | 30074 | 58090 | 12423 | 65415 | 13875 | 1957 |
| 2 | 569 | | | 1.5 | 427 | 96.5 | 27480 | 3433 | 9950 | 3124 | 11570 | 28476 | 59169 | 12577 | 65445 | 14097 | 1958 |
| 1.8 | 500 | 0.4 | 109 | 1.7 | 449 | 96 | 25406 | 2216 | 10323 | 2103 | 11466 | 26464 | 57691 | 12631 | 65048 | 14218 | 1959 |
| 2.5 | 587 | 1.8 | 422 | 1.2 | 281 | 94.5 | 22164 | 2010 | 9503 | 1541 | 10779 | 23454 | 54979 | 12387 | 63245 | 14417 | 1960 |
| 1.6 | 421 | | | 1.6 | 419 | 96.8 | 25383 | 2275 | 9734 | 2208 | 12006 | 26223 | 57593 | 13451 | 66185 | 15557 | 1961 |
| 1.3 | 325 | | | 1.6 | 432 | 97.1 | 26263 | 2233 | 9331 | 1970 | 12555 | 27020 | 61690 | 14453 | 70242 | 16862 | 1962 |
| 0.7 | 195 | | | 1.7 | 469 | 97.6 | 26970 | 2749 | 9182 | 2527 | 12425 | 27634 | 62270 | 14743 | 69572 | 14949 | 1963 |
| 1.6 | 460 | | | 1.9 | 508 | 96.5 | 26672 | 3012 | 14152 | 2819 | 13488 | 27640 | 62709 | 14180 | 70366 | 14980 | 1964 |
| 2.1 | 593 | | | 2.1 | 591 | 95.8 | 26999 | 3071 | 14430 | 2874 | 13753 | 28183 | 63794 | 15210 | 71714 | 15210 | 1965 |
| 2 | 580 | | | 2.3 | 665 | 95.7 | 27704 | 3155 | 14822 | 2952 | 14127 | 28949 | 66514 | 15606 | 75021 | | 1966 |
| 1.6 | 452 | | | 2.6 | 731 | 95.8 | 26969 | 3068 | 14414 | 2871 | 13738 | 28152 | 67828 | 15910 | 76480 | | 1967 |
| 3.9 | 1145 | | | | | 96.1 | 28200 | 3198 | 15025 | 2993 | 14320 | 29345 | 69861 | 16753 | 78248 | | 1968 |
| 4.1 | 1355 | | | | | 95.9 | 31682 | 3601 | 16486 | 3369 | 16557 | 33037 | 77378 | 17297 | 84466 | 18699 | 1969 |
| 4.1 | 1355 | | | | | 95.9 | 31682 | 3601 | 16486 | 3369 | 16551 | 33037 | 76378 | 18691 | 84593 | 18699 | 1970 |
| 6 | 2025 | | | | | 94 | 31682 | 3601 | 16486 | 3369 | 16551 | 33707 | 79385 | 18042 | 86627 | 18809 | 1971 |
| 4.3 | 1383 | | | | | 95.7 | 31309 | 3563 | 15660 | 3923 | 17032 | 32692 | 80553 | 19732 | 88001 | 19732 | 1972 |
| 4.7 | 1595 | | | | | 95.3 | 32328 | 3697 | 16453 | 3460 | 17470 | 33923 | 84976 | 19644 | 91593 | 19882 | 1973 |
| 4.2 | 1467 | | | | | 95.8 | 33447 | 3421 | 17318 | 3561 | 17596 | 34914 | 86023 | 19698 | 93757 | 19836 | 1974 |
| 4.8 | 1667 | | | | | 95.2 | 33051 | 3815 | 17147 | 3541 | 17567 | 34718 | 86652 | 20610 | 96317 | 20836 | 1975 |
| 1.7 | 599 | | | 2.9 | 1020 | 95.4 | 33561 | 3834 | 17520 | 3588 | 17660 | 35180 | 87955 | 20695 | 98575 | 20897 | 1976 |
| 0.5 | 175 | | | 4.1 | 1428 | 95.4 | 33234 | 3797 | 16852 | 3553 | 17975 | 34837 | 89800 | 21131 | 100800 | 21315 | 1977 |
| 1.1 | 401 | | | 3.7 | 1343 | 95.2 | 34574 | 3958 | 17942 | 3704 | 18376 | 36318 | 91534 | 21642 | 101300 | 21876 | 1978 |
| 0.9 | 319 | | | 3.8 | 1344 | 95.3 | 33719 | 3856 | 17656 | 3608 | 17726 | 35382 | 91743 | 21532 | 101953 | 21713 | 1979 |
| 1.1 | 347 | 1.7 | 596 | 4.2 | 1488 | 93 | 33057 | 3792 | 17067 | 3548 | 17727 | 35488 | 92672 | 21051 | 103446 | 23804 | 1980 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 0.1 | 3 | 1.9 | 741 | 2.9 | 1140 | 95.1 | 36635 | 4198 | 18793 | 3928 | 19726 | 38519 | 92857 | 20979 | 104273 | 24429 | 1981 |
| | | | | | | | | | | | | 36181 | 93151 | 19961 | 106589 | 23171 | 1982 |
| | | | | | | | | | | | | 34096 | 92232 | 19517 | 109134 | 23054 | 1983 |
| | | | | | | | | | | | | 35711 | 93333 | 19763 | 111305 | 22783 | 1984 |
| | | | | | | | | | | | | 36713 | 43860 | 19451 | 111865 | 22881 | 1985 |
| | | | | | | | | | | | | 32722 | 94316 | 19526 | 116807 | 24299 | 1986 |
| | | | | | | | | | | | | 34716 | 95562 | 19352 | 119139 | 24094 | 1987 |
| | | | | | | | | | | | | 35680 | 95530 | 19193 | 110913 | 25460 | 1988 |
| | | | | | | | | | | | | 35408 | 99548 | 19454 | 120913 | 25449 | 1989 |
| 3.1 | 1115 | 1.4 | 523 | 1.1 | 413 | 94.4 | 34293 | | 16410 | | 19935 | 36344 | 98100 | 19337 | 117382 | 23465 | 1990 |
| 2.9 | 1054 | 1.5 | 559 | 0.9 | 323 | 94.7 | 34557 | | 16505 | | 19988 | 36493 | 99554 | 19422 | 118402 | 24875 | 1991 |
| 3.4 | 1267 | 1.6 | 616 | 0.8 | 282 | 94.2 | 35185 | | 16286 | | 21068 | 37354 | 99300 | 19240 | 121005 | 24952 | 1992 |
| 3.7 | 1374 | 1.5 | 572 | 1 | 391 | 93.8 | 35376 | | 16409 | | 21305 | 37713 | 99989 | 20636 | 121977 | 25301 | 1993 |
| 5.8 | 2251 | | | 1.1 | 410 | 93.1 | 35974 | | 16633 | | 22002 | 38635 | 101118 | 21167 | 123449 | 25832 | 1994 |
| 5.6 | 2104 | | | 0.9 | 361 | 93.5 | 35335 | | 16157 | | 21643 | 37800 | 102123 | 21755 | 125016 | 26430 | 1995 |

# III باب

# ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى

## 1 §. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك

يەرگە بولغان ئەنئەنىۋى فېئوداللىق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك چوڭقۇر، مۇستەھكەم يىلتىز تارتقانىدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە جامائەت ئىلكىدىكى ۋەخپى يەر جەمئىي 1662

چارەككە يېتەتتى (بىر چارەك ئورۇق كېتىدىغان يەر بىر چارەكلىك يەر دەپ ئاتىلاتتى، ھەر چارەكنىڭ ۋەزنى توقسۇدا كونا جىڭ بويىچە 16 جىڭ، يېڭى جىڭ بويىچە 25 جىڭ ئىدى)، بۇنىڭ 1069 چارەكلىكى مەكتەپلەرنىڭ ۋەخپىسى، 503 چارەكلىكى مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپىسى، 90 چارەكلىكى باشقا ۋەخپىلەر ئىدى، ۋەخپىلەر توقسۇدىكى 274 مىڭ 571 چارەكلىك يەرنىڭ %0.6 ىنى ئىگىلەيتتى؛ قالغان 272 مىڭ 909 چارەكلىك يەرنىڭ ھەممىسى خۇسۇسىيلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى، بۇ يەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پومىشچىك، باي دېھقانلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى، كەمبەغەل ۋە ياللانما دېھقانلارنىڭ يېرى ناھايىتى ئاز ياكى يوق ئىدى، پومىشچىك، باي دېھقانلار ئىگىلىۋالغان يەرگە تايىنىپ، كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى.

## 1. ئورتاقچىلىق

ئورتاقچىلىقتا پومىشچىك يەر چىقىراتتى، ئورتاقچىلار تىرىلغۇ ئۆلىغى، ئورۇق ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى چىقىراتتى، يەردىن ئېلىنغان ھوسۇلنى ئىككى تەرەپ تەڭمۇ تەڭ بۆلۈشەتتى.

## 2. ئىشلەپ بېرىش

ئىشلەپ بېرىش تۈزۈمىدە پومىشچىك يەر چىقىراتتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئەمگەك كۈچىنى پۈتۈنلەي ئىشلەپ بەرگۈچى دېھقان چىقىراتتى، يەردىن چىققان ھوسۇلنى ئىككى تەرەپ 1:1 نىسبەتتە بۆلۈشەتتى.

## 3. ياللاش

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ياللاشنىڭ، ئاساسەن، يىللىقچى ياللاش ۋە مەدىكار ياللاشتىن ئىبارەت 2 خىل شەكلى بار ئىدى. ياللانغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ھەق ناھايىتى ئاز بولۇپ، كۆپىنچە ماددىي نەرسە - كېرەك بېرىلەتتى. مەسىلەن: 4 - رايوننىڭ 2 - يېزىسىدىكى پومىشچىك مەخمۇت 25 يىل ئىشلىگەن بىر يىللىقچىغا ئاران بىر كالا بەرگەن.

## 4. ئۆزگەرمەس ئىجارە

بۇ تۈزۈم بويىچە پومىشچىك يېرىنى ھەر موسىغا 3 چارەك بۇغداي ئىجارە ھەققى تۆلەش شەرتى بىلەن كەمبەغەل، يالانما دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرەتتى. ھەرقانداق تەبىئىي ئاپەت كۆرۈلۈشىدىن ۋە قانچىلىك ھوسۇل ئېلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، كۈزدە پومىشچىك بەلگىلىگەن مىقدار بويىچە ئىجارە ھەققى ئالاتتى.

## 5. كۆيئوغۇل يىللىقچى تۇرغۇزۇش

بەزى پومىشچىكلارنىڭ قىزى بولاتتى، بەزى كەمبەغەل دېھقان، يالانما دېھقانلارنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۆيلەپ

قويغىدەك پۇلى يوق ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىپ بېكىتىشىگە ئاساسەن، يىگىت پومېشچىكنىڭكىدە يىللىقچىغا ئوخشاش ھەقسىز ئىشلەيتتى. ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن پومېشچىك قىزىنى بېرىپ، كۈيئوغۇل قىلىۋالاتتى.

## 2 §. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش

ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كادىرلىرىدىن 244نى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدىغان كادىرلاردىن 431نى ئاجرىتىپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، 1950 - يىل 9 - ئايدىن 1952 - يىل 5 - ئايغا قەدەر ناھىيىدىكى 11 يېزا، 4 مەھەللىدە، 9763 ئۆيلۈك دېھقان ئارىسىدا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زورمىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. مۇشۇ 18 ئاي جەريانىدا ناھىيە بويىچە 362 ئۆيلۈك پومېشچىك ۋە باي دېھقانغا ئىجارە ھەققىنى كېمەيتكۈزۈش ۋە رەنىنى قايتۇرغۇزۇش خىزمىتى ئىشلىنىپ، 1025 توننا ئاشلىق ئىجارە ھەققى كېمەيتكۈزۈلدى ۋە قايتۇرغۇزۇلدى. 8107 ئۆيلۈك كەمبەغەل دېھقان ۋە يالالنما دېھقانىنىڭ ھەربىرىگە ئەڭ ئاز بولغاندا 12.5 كىلوگرامدىن، ئەڭ كۆپ بولغاندا 518.5 كىلوگرامدىن ئاشلىق تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. 54 زومىگەر پومېشچىك كۈرەش قىلىندى. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى فېئوداللىق كۈچلەرگە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن زەربە بېرىپ، كەمبەغەل دېھقان ۋە يالالنما دېھقانلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنىنى ئۆستۈرۈپ، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشقا ياخشى ئاساس سالدى.

ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىشتىن ئىلگىرى توقسۇ يېزىلىرىدا يەرنىڭ ئىگىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 — 5

| سىنىپىي تەركىب | ئائىلە سانى | نوپۇس | ئىگىلىگەن يېرى (مو) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تېرىلغۇ يەر (مو) |
|---|---|---|---|---|
| پومېشچىك | 329 | 2632 | 105370 | 40.1 |
| باي دېھقان | 278 | 2583 | 55133 | 21.3 |
| ئوتتۇرا دېھقان | 3660 | 23854 | 184721 | 7.7 |
| كەمبەغەل دېھقان | 3282 | 14247 | 2047 | 2.9 |
| يالالنما دېھقان | 2214 | 6745 | 2293 | 0.33 |
| جەمئىي | 9763 | 50066 | 389931 | 7.8 |

توقسۇ ناھىيىسىدە ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ نەتىجىسى

جەدۋەل: 11 — 6

| سىنىپىي تەركىب | ئائىلە سانى | كېمەيتكۈزۈلگەن، قايتۇرغۇزۇلغان ئاشلىق (كىلوگرام) |
|---|---|---|
| زومىگەر پومىشچىك | 48 | 198492 |
| پومىشچىك | 186 | 247413 |
| باي دېھقان | 128 | 104393 |
| جەمئىي | 362 | 550298 |

## 3 § . يەر ئىسلاھاتى

يەر ئىسلاھاتىغا ناھىيە بويىچە 280 كادىر ئاجرىتىلىپ، 1952 - يىل 9 - ئايدىن 1953 - يىل 6 - ئايغا قەدەر 13 يېزا، 44 كەنت، 61 مىڭ 901 نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېزا يەر ئىسلاھاتى 3 باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى «كەمبەغەل دېھقان، يالانما دېھقانلارغا تايىنىش، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، باي دېھقانلارنىڭ بىتەرەپ تۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا پەرقلەندۈرۈش ئاساسىدا يوقىتىپ، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش» لۇشيەنى ۋە سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، تەركىب ئايرىش، تەشكىلىي ئاپپارات قۇرۇش، كۆرەش قىلىپ ھېساب ئېلىش، يەر تەقسىم قىلىش باسقۇچلىرى بويىچە قانات يايدۇرۇلدى.

يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا 7.8 مودىن يەر توغرا كېلەتتى. 329 ئۆيلۈك پومىشچىكنىڭ ئىگىلىگەن يېرى 105 مىڭ 370 مو بولۇپ، كىشى بېشىغا 40 مودىن توغرا كېلەتتى؛ 3282 ئۆيلۈك كەمبەغەل دېھقاننىڭ ئىگىلىگەن يېرى كىشى بېشىغا 2.9 مودىن، 2214 ئۆيلۈك نامرات دېھقاننىڭ ئىگىلىگەن يېرى كىشى بېشىغا 0.33 مودىن توغرا كېلەتتى.

يەر ئىسلاھاتى جەريانىدا پومىشچىك، باي دېھقان، ئاز يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچىلەرنىڭ 132 مىڭ 85 مو يېرى مۇسادىرە قىلىندى ۋە ئۈتكۈزۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 329 ئۆيلۈك پومىشچىكتىن مۇسادىرە قىلىنغىنى 119 مىڭ 571 مو، 323 ئۆيلۈك باي دېھقاندىن ئۈتكۈزۈۋېلىنغىنى 5816 مو، 242 ئۆيلۈك ئاز يېرىنى ئىجارىگە بەرگۈچىدىن ئۈتكۈزۈۋېلىنغىنى 6698 مو؛ 1713 تۇياق تېرىلغۇ ئۇلىغى، 463 ھارۋا، 722 بۇقۇسا، 4824 ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمىنى، 2205 ئېغىز ئۆي، 109 مىڭ 429 كىلوگرام ئاشلىق مۇسادىرە قىلىندى.

يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، يەر ئىگىلەش ئەھۋالىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. كەمبەغەل دېھقانلار ئىگىلىگەن يەر يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى كىشى بېشىغا 2.9 مودىن توغرا كېلىدىغان بولسا، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن 5.8 مودىن توغرا كەلدى، يالانما دېھقانلار ئىگىلىگەن يەر يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى كىشى بېشىغا 0.33 مودىن توغرا كېلىدىغان بولسا، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن 5.2 مودىن توغرا كەلدى، پومىشچىكلار ئىگىلىگەن يەر ئازىيىپ كىشى بېشىغا 5.7 موغا چۈشتى.

توقسۇ ناھىيىسىدە يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن يەرنىڭ ئىگىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 — 7

| سىنىپى تەركىبى | ئائىلە سانى | نوپۇس | ئىگىلىگەن يېرى (مو) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يەر (مو) |
|---|---|---|---|---|
| ياللانما دېھقان | 2227 | 6827 | 35329 | 5.2 |
| كەمبەغەل دېھقان | 3488 | 14266 | 82591 | 5.8 |
| ئوتتۇرا دېھقان | 3720 | 23832 | 199328 | 8.4 |
| باي دېھقان | 323 | 3014 | 60621 | 20.1 |
| پومېشچىك | 327 | 2605 | 14939 | 5.7 |
| باشقىلار | 1051 | 3546 | 30198 | 8.5 |
| جەمئىي | 11136 | 54090 | 423006 | 7.8 |

## 4 §. ھەمكارلىشىش، كوپېراتسىيىلىشىش

ھەمكارلىشىش، كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى توقسۇ ناھىيىسىدە 1951 ـ يىلى باشلاندى. 2 ـ رايونغا قاراشلىق ئىچچىرىق يېزىسىدىكى يەككە دېھقانلار ئەمگەك ۋە ئۇلاغ كۈچى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، باشلامچىلىق بىلەن لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، لاپقۇتلىشىپ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنى قانات يايدۇردى. كېيىن ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى ناھىيە بويىچە تەدرىجىي بارلىققا كەلدى. 1953 ـ يىل 7 ـ ئايدىن كېيىن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يېزىلاردا ھەمكارلىشىش، كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارار»ىغا ئاساسەن ناھىيە بويىچە ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى، باشلانغۇچ ۋە ئالىي كوپېراتىپلار قۇرۇلدى.

### 1. ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى

1951 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 154 لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 612 ئۆيلۈك دېھقان قاتناشتى. بۇ لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىلىرى تەرەققىي قىلىپ كېيىن ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ۋە دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا ئايلاندى. دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئىلكىدە ئاز مىقداردا كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى، يەنى ئاز مىقداردا دېھقانچىلىق سايمانلىرى، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى ۋە باشقىلار بار ئىدى؛ ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش جەھەتتە مەلۇم تۈزۈم ئورنىتىلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ تەشكىلىي شەكلى ئۇراقلىق بولمىغاچقا، «ئېھتىياجدا تەشكىللىنىدىغان، كۈزدە تارقىلىپ كېتىدىغان، كېيىنكى يىلى ئېھتىياجدا قايتا تەشكىللىنىدىغان» ئەھۋال كېلىپ چىقتى.

1952 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 1543 ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 21 مىڭ 972 دېھقان

قاتناشتى. 1953 - يىلى تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن 1061ى قالدى، ئۇلارغا 12 مىڭ 966 دېھقان قاتناشتى.

## 2. باشلانغۇچ دېھقانچىلىق كوپېراتىپى

1954 - يىل 3 - ئايدا ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ تەجرىبىسىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، 2 - رايونغا قاراشلىق ئېچىبىرىق يېزىسىنىڭ «قىزىل نۇر» كەنتىدە ئايۇپ تۇراپنىڭ باشلانغۇچ دېھقانچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 12 ئۆيلۈك دېھقان ئەزا بولدى.

1954 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ دېھقانچىلىق كوپېراتىپىدىن 3ى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 51 ئۆيلۈك دېھقان، 360 ئادەم قاتناشتى، ئۇلارنىڭ 1892 مو تېرىلغۇ يېرى، 56 تېرىلغۇ ئۆلىغى بار ئىدى؛ 370 دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 4508 ئۆيلۈك دېھقان قاتناشتى. ناھىيە بويىچە ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ۋە كوپېراتىپقا قاتناشقان دېھقان ئائىلىسى 4560قا يېتىپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %44نى ئىگىلىدى. 1955 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ناھىيە بويىچە 15 باشلانغۇچ دېھقانچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 378 ئائىلە، 1134 ئادەم قاتناشتى، ئۇلارنىڭ 12 مىڭ 778 مو تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى. شۇ يىلى 392 ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، گۇرۇپپىغا 6660 ئائىلە كىردى، ئۇلارنىڭ 237 مىڭ 779 مو يېرى بار ئىدى.

باشلانغۇچ دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىدا يەرگە، ئەمگەككە قاراپ دارامەت تەقسىم قىلىش يولغا قويۇلدى، مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كوپېراتىپقا پاي قىلىپ قېتىلدى، تېرىلغۇ كالىسى شەخسلەرنىڭ قولىدا تۇرىۋەردى، كوپېراتىپ ئىشلەتكەندە ياللاپ ئىشلەتتى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىمۇ شەخسلەرنىڭ قولىدا تۇرىۋەردى. دارامەت قېتىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە چىقىرىلغان ئەمگەك كۈچى نىسبىتى بويىچە تەقسىم قىلىنىپ، كۆپ ئىشلىگەن كۆپ ئېلىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك تەقسىمات پرىنسىپى گەۋدىلەندۈرۈلدى، دارامەتنىڭ ئاز بىر قىسمىلا قالدۇرۇلۇپ جامائەت جۇغلانمىسى قىلىندى.

1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ كوپېراتىپ 135كە يەتتى، ئۇلارغا قاتناشقان دېھقان ئائىلىلىرى ناھىيىدىكى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %4 .90نى ئىگىلىدى.

## 3. ئالىي دېھقانچىلىق كوپېراتىپى

1956 - يىلى ناھىيە بويىچە 22 باشلانغۇچ كوپېراتىپ ئالىي كوپېراتىپقا ئۆتتى. 1957 - يىلى كىچىك كوپېراتىپلارنى چوڭ كوپېراتىپلارغا قوشۇش يولى بىلەن 135 باشلانغۇچ كوپېراتىپ بىرلەشتۈرۈلۈپ، 26 ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلدى، بۇ كوپېراتىپلارغا كىرگەن دېھقان ئائىلىسى ناھىيىدىكى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %7 .94نى ئىگىلىدى.

ئالىي كوپېراتىپلاردا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىككە ئۆزگەرتىلدى، قاتتىق يېرىگە قاراپ دارامەت تەقسىم قىلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇلاغلار، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ پاي قىلىپ قېتىلدى. كوپېراتىپقا كىرگەن دېھقان ئائىلىلىرىگە ئازراق قالدۇرۇق يەر بېرىلدى. ئادەتتىكى چاغلاردا ئەمگەككە قاراپ نومۇر خاتىرىلەندى، يىل ئاخىرىدا نومۇرغا قاراپ دارامەت تەقسىم قىلىندى. تەقسىم قىلغاندا مەلۇم نىسبەتتە جامائەت جۇغلانمىسى قالدۇرۇلدى. كوپېراتىپنىڭ بوېتاق، تۇل، يېتىم، يالغۇز ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشى «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈش»

شەكلى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. كوپېراتىپنىڭ جان سانى كۆپ، يېرى ئاز ياكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كەمچىل ئەزالىرىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلدى. پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ ئالىي كوپېراتىپقا كىرىپ، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە رۇخسەت قىلىندى، ئۇلارنىڭ ئەمگەك ھەققى باشقا كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭكىگە ئوخشاش بولدى.

ناھىيەدە، باشلانغۇچ كوپېراتىپتىن ئالىي كوپېراتىپقا ئۆتۈش جەريانى بەك تېز بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئايرىم جايلاردا بوغداينى ئېلىپ قېچىش، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش، كوپېراتىپتىن چىقىپ كېتىش جېدەللى قىلىشقا ئوخشاش ئەھۋاللار كۆرۈلدى. بۇ ئەھۋاللار كېيىن كوپېراتىپلارنى تەرتىپكە سېلىش، ئىستىل تۈزىتىش ئارقىلىق تەدرىجىي ھەل قىلىندى.

## 5 § . خەلق گۇڭشېسى

1958 - يىل 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە 3 دېھقانچىلىق رايونىدا 3 خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1959 - يىل 6 - ئايدا توقسۇ بازىرىدىمۇ بازار گۇڭشېسى قۇرۇلدى.

خەلق گۇڭشېلىرىدا ئىگىلىكنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، دەرىجىلەر بويىچە ئىدارە قىلىش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش يولىغا قويۇلدى. گۇڭشېلاردا پارتكوم ۋە باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشتۈرۈلدى. دايۇلتۇز، تاشئېرىق، ئىچئېرىق گۇڭشېلىرىنىڭ قارمىقىدا 14 باشقۇرۇش رايونى تەسىس قىلىندى. گۇڭشې قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەشكىلنى ھەربىيلەشتۈرۈش، ھەرىكەتنى جەڭگىۋارلاشتۇرۇش، تۇرمۇشنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش يولىغا قويۇلدى ھەم «كوممۇنىزم»غا ئۆتۈشكە ئالدىراش ئەھۋالى كۆرۈلدى، ئايرىم گۇڭشې ۋە ئەترەتلەردە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى، ئۇششاق چارۋىلىرى ۋە ئۆي قۇشلىرى مۇسادىرە قىلىندى.

1959 - يىلى ناھىيە بويىچە 457 كوللېكتىپ ئاشخانا قۇرۇلدى، ئۇلاردا غىزالانغۇچى ئائىلە 12 مىڭ 756گە يېتىپ، ناھىيەدىكى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ %90.5نى ئىگىلىدى. كوللېكتىپ ئاشخانىلار 1961 - يىلى تارقىتىۋېتىلدى. 457 يەسلى قۇرۇلدى، يەسلىگە كىرگەن بالا 5688گە يېتىپ، ناھىيەدىكى ئومۇمىي بالىنىڭ %6.9 ئىگىلىدى.

«سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، ناھىيەدە «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» تىن ئىبارەت «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» چىقتى.

1961 - يىلى مەركەزنىڭ «يېزا خەلق گۇڭشېسىنىڭ خىزمەت نىزامى (لايىھە)» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» تۈزىتىلىپ، ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىلگەن مۈلۈكلەر قايتۇرۇلدى ياكى تۆلەپ بېرىلدى. خەلق گۇڭشېسىدا 3 دەرىجىلىك مۈلۈكچىلىك، ئەترەتنى ئاساس قىلىش تۈزۈمى، ھەركىم قابىلىيىتىگە قاراپ ئىشلەش، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلىدىغانلىقى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، يېزىلاردا «سول»چىللىق خاتالىقى مەلۇم دەرىجىدە تۈزىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، چېكىدىن ئاشقان «سول» لۇشيەننىڭ كاساپىتىدىن گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ئېغىر زەربىگە، دېھقانچىلىق ناھايىتى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، قاتال، ئۆلۈك گۇڭشې تۈزۈلمىسى شارائىتىدا بىرخىللا ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۆپچە ئىشلەش، تەڭ تەقسىماتچىلىق يولى تۇتۇلغانلىقتىن، دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى.

توقسۇ ناھىيىسىدىكى يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ 1958 — 1983 - يىلغىچە بولغان ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 — 8

| يىل | گۇڭشې سانى | چوڭ ئەترەت سانى | ئەترەت سانى | گۇڭشېلاردىكى ئائىلە سانى | گۇڭشېلاردىكى نوپۇس | گۇڭشېلاردىكى جەمئىي ئەمگەك كۈچى | بۇنىڭ ئىچىدە | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | چارۋىچىلىق ئەمگەك كۈچى | گۇڭشې سانائىتى ئەمگەك كۈچى |
| 1958 | 3 | 14 | | 12750 | 59470 | 28427 | 41 | |
| 1959 | 3 | 14 | | 12825 | 56844 | 28675 | 42 | |
| 1960 | 3 | 73 | 123 | 12386 | 54389 | 24663 | 36 | |
| 1961 | 3 | 70 | 360 | 13451 | 57954 | 26223 | 38 | |
| 1962 | 5 | 89 | 359 | 14474 | 61526 | 27384 | 40 | |
| 1963 | 5 | 94 | 360 | 14743 | 62825 | 27336 | 40 | |
| 1964 | 4 | 94 | 361 | 14980 | 63394 | 27640 | 40 | |
| 1965 | 4 | 93 | 357 | 15210 | 64424 | 28183 | 41 | |
| 1966 | 5 | 94 | 360 | 15606 | 66767 | 28949 | 42 | |
| 1967 | 5 | 94 | 360 | 15910 | 68792 | 28152 | 41 | |
| 1968 | 5 | 91 | 357 | 16753 | 72198 | 29542 | 43 | |
| 1969 | 5 | 91 | 354 | 17297 | 74470 | 30476 | 44 | |
| 1970 | 5 | 91 | 352 | 18699 | 78037 | 33037 | 48 | |
| 1971 | 5 | 91 | 351 | 19418 | 80423 | 33398 | 48 | 290 |
| 1972 | 5 | 91 | 350 | 19732 | 81927 | 32389 | 47 | 166 |
| 1973 | 5 | 91 | 351 | 19664 | 83137 | 33604 | 49 | 297 |
| 1974 | 5 | 92 | 352 | 19698 | 84579 | 34612 | 50 | 305 |
| 1975 | 5 | 91 | 357 | 20610 | 88205 | 34404 | 86 | 110 |
| 1976 | 5 | 94 | 361 | 20695 | 86940 | 34836 | 87 | 97 |
| 1977 | 5 | 102 | 375 | 21131 | 89090 | 34496 | 87 | 287 |
| 1978 | 5 | 103 | 381 | 21642 | 91534 | 35982 | 188 | 170 |
| 1979 | 5 | 106 | 381 | 21532 | 91743 | 35125 | 288 | 472 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 6 | 105 | 384 | 21051 | 92672 | 34545 | 761 | 596 |
| 1981 | 6 | 110 | 391 | 20979 | 92428 | 38519 | 1140 | 741 |
| 1982 | 6 | 107 | 398 | 19819 | 92633 | 35948 | 1303 | 384 |
| 1983 | 6 | 106 | 391 | 19388 | 91739 | 33894 | 946 | 468 |

## 6 § . دېھقانچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

### 1. «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار (لايىھە)»ى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يېزىلارغا قارىتىلغان سىياسەتلەر تەدرىجىي كەڭ قويۇۋېتىلدى، يېزىلاردا دېھقانچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلدى. 1979 - يىلى شويۇلتۇز گۇڭشېسىنىڭ گۇمباز چوڭ ئەترىتىدە «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ھەممىدىن ئاۋۋال سىناق قىلىندى. شۇ يىلى 6 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم تۇنجى قېتىم ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 18 چوڭ ئەترەتتە «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» ئاساسىدىكى مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىلارغا ھۆددىگە بېرىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش مەزمۇن قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1980 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم پەيشەنبەبازار گۇڭشېسىدا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى، يىغىندىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى بىرلا شەكىلدىن كۆپ خىل شەكىلگە تەرەققىي قىلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 274كە يېتىپ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ 71.5%نى ئىگىلىدى؛ چوڭ ھۆددە يولغا قويۇلغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 36گە يېتىپ، ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ 10%نى ئىگىلىدى؛ نورما بەلگىلەپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 71گە يېتىپ، ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ 18.5%نى ئىگىلىدى.

1981 - يىلى ناھىيىدىكى 391 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى (گۇڭشې كارخانىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ ھەممىسىدە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەھسۇلاتنى بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 15 بولۇپ، ئومۇمىي

ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ %3.1نى ئىگىللىدى.

## 2. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

ناھىيىلىك پارتكوم 1982 - يىلىنىڭ بېشىدا پارتىيىنىڭ يېزا سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يېتەكچى ئورنىنى تۇرغۇزدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ناھىيە بويىچە 100گە يېتىپ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ %25.3نى ئىگىللىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ خىل ئىگىلىك تۈزۈمى دېگەندەك مۇكەممەل بولمىغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ تولىسى مەلۇم زىرائەتنىلا چوڭ ھۆددىگە بېرىپ، باشقا زىرائەتلەرگە قارىتا يەنىلا «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» ياكى نورما بەلگىلەپ باشقۇرۇشنى يولغا قويىۋەردى. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى ئەمەلىيەت جەريانىدا تولۇق ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ناھىيە بويىچە 384كە يېتىپ، ناھىيىدىكى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى بولغان 398 ئورۇننىڭ %96.5نى ئىگىللىدى؛ نورما بەلگىلەپ ھۆددىگە بېرىش ياكى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ گۇرۇپپىلارغا ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 14كە يېتىپ، ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ %3.5نى ئىگىللىدى. 1983 - يىل 2 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى شەكلىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزەتتى. شۇ يىلى 4 - ئايدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى توقسۇ ناھىيىسىدە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى ھەم تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

## 3. قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

توقسۇ يېزىلىرىدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 1988 - يىلى ئىسلاھاتنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى داۋاملىق تەڭشىدى. 3 - ئايدا تاشئېرىق يېزىسىنىڭ ئاتبېشىدۆڭ كەنتىنى سىناق نۇقتىسى قىلىپ، يېزا كوپېراتسىيە ئىقتىسادىي تەشكىلاتى قۇردى. 1989 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا كوپېراتسىيە ئىقتىسادىي تەشكىلاتىدىن 36سى قۇرۇلدى، بۇنداق تەشكىلات قۇرۇلغان كەنتلەر ناھىيىدىكى ئومۇمىي مەمۇرىي كەنتنىڭ %32نى ئىگىللىدى.

1990 - يىلى ناھىيە بويىچە 111 مەمۇرىي كەنتتە قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىكى كوپېراتسىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى مۇۋاپىق تەڭشەلدى.

قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىكى كوپېراتسىيە تەشكىلاتى 50 - يىللاردىكى كوپېراتىپقا

ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىقتىسادىي بىرلەشمە بولۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى زورايتىش، «بەش بىر تۇتاش» (بىر تۇتاش پىلانلاش، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، ئېتىز مەشغۇلاتىنى بىر تۇتاش ئېلىپ بېرىش، سۇنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، چوڭ - چوڭ تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى بىر تۇتاش قوللىنىش)نى يولغا قويۇشتا تۈرتكىلىك رولغا ئىگە، شۇنىڭ بىلەن دېھقان ئائىلىسى قىلالمايدىغان، لېكىن جامىسى يەتمەيدىغان ئىشلارنى كوپېراتسىيە ئىقتىسادىي تەشكىلاتى ئارقىلىق قىلغىلى بولىدىغان بولدى. بۇ خىل كوپېراتسىيە ئىقتىسادىي تەشكىلاتى بىر تۇتاش باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش بىلەنلا قالماي، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە ئالغان ئائىلىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنىمۇ قوزغىدى ھەم پەن - تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرىنىڭ ئومۇملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

# IV باب

# دېھقانچىلىق

## 1 §. تەرەققىيات ئەھۋالى

### 1. مىنگو دەۋرىدىكى دېھقانچىلىق

ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان توقسۇ بوستانلىقىدا دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىلا مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. بوستانلىقتا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 626 چاقىرىمغا يېتىدىغان 28 ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇلار ئارقىلىق 217 مىڭ 252 مو يەرنى سۇغارغىلى بولاتتى.

مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى)دىن كېيىن، توقسۇ ئۆستىڭىنىڭ ئۇزارتىلىشىغا ئەگىشىپ بوستانلىقنىڭ دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، يېزا ئاھالىسى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) ياردەمچى ئامبال قويۇلغان چاغدا توقسۇدىكى تېرىلغۇ يەر 156 مىڭ مو (كېۋەز تېرىلغان يەر بۇنىڭ سىرتىدا)غا يەتتى. تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ئىگىلىك كۆلىمى، تېرىقچىلىق قىلىش ئادىتى تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرۇۋەردى، يىلدا ئېلىنغان ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋا ناھىيىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىن تاشقىرى يەنە 2971 دادەن غەللە - پاراق (بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي 1784 دادەن، كۆممىقوناق 1187 دادەن)، كېۋەز تېرىلغان يەر ئۈچۈن 97 سەر كۈمۈش بەر بېجى تاپشۇرۇشقا توغرا كەلدى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ناھىيە بويىچە 108 مىڭ 500 دادەن بۇغداي، 38 مىڭ 500 دادەن كۆممىقوناق، 10 مىڭ دادەن شال، 4500 دادەن ئارپا، 400 دادەن زىغىر، 15 مىڭ 500 دادەن قىچا، 1000 دادەن تېرىق، 21 مىڭ جىڭ ياڭيۇ ئېلىندى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 18 مىڭ 486 دادەن بۇغداي ئېلىندى، ناھىيىنىڭ ئۆزىگە 8000 دادەن كەتتى، 10 مىڭ 488 دادەن ئېشىنچا قالدى؛ 13 مىڭ 415 دادەن كۆممىقوناق ئېلىندى، ناھىيىنىڭ

ئۆزىگە 10 مىڭ دادەن كەتتى، 3415 دادەن ئېشىنچا قالدى؛ 81 مىڭ جىڭ پاختا ئېلىندى، ناھىيىنىڭ ئۆزىگە 20 مىڭ جىڭ كەتتى، 61 مىڭ جىڭ ئېشىنچا قالدى. ئېشىپ قالغان ئاشلىق، پاختىلارنىڭ بىر قىسمى ھەربىيلەرنىڭ تەمىناتى سۈپىتىدە بۇگۇر، قاراشەھەرلەرگە يۆتكەپ بېرىلدى، كۆپ قىسمىنى خۇسۇسىي سودىگەرلەر سېتىۋېلىپ، كۇچا، باي، قاراشەھەر ھەتتا ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ ساتتى.

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە 105 مىڭ مو بۇغداي تېرىلىپ، 6535.5 توننا بۇغداي ئېلىندى؛ 29 مىڭ 200 مو كۆممىقوناق تېرىلىپ، 1845 توننا كۆممىقوناق ئېلىندى؛ 3700 مو شال تېرىلىپ، 169.5 توننا شال ئېلىندى؛ 16 مىڭ مو يەرگە باشقا ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىلىپ، 72 توننا ھوسۇل ئېلىندى؛ 15 مىڭ 500 مو كېۋەز تېرىلىپ، 500 مىڭ جىڭ پاختا ئېلىندى؛ 16 مىڭ 300 مو ياغلىق دان تېرىلىپ، 554 توننا ياغلىق دان ئېلىندى؛ 7200 مو قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە كۆكتات تېرىلىپ، 1112 توننا قوغۇن ـ تاۋۇز ۋە كۆكتات ئېلىندى.

**توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) دىكى دېھقانچىلىق ھوسۇلى**

جەدۋەل: 11 — 9

| زىرائەت خىللىرى | ئۆلچەم بىرلىكى | يىللىق ھوسۇلى | كونا جىڭغا سۇندۇرغاندا |
|---|---|---|---|
| بۇغداي | دادەن | 101725 | 30517500 |
| شال | دادەن | 1812 | 543600 |
| كۆممىقوناق | دادەن | 10356 | 3106800 |
| ئارپا | دادەن | 15700 | 4710000 |
| تېرىق | دادەن | 215 | 64500 |
| ياغلىق دان | دادەن | 22 | 6600 |
| كېۋەز | كونا جىڭ | 108161 | 108161 |

**ئىزاھات:** (1) شۇ يىلى 305 مىڭ 512 مو يەر تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىك يەر 27 مىڭ 148 مو، 2 ـ دەرىجىلىك يەر 94 مىڭ 277 مو، 3 ـ دەرىجىلىك يەر 184 مىڭ 87 مو. (2) مۇشۇ بىر يىلدا ئېلىنغان ئاشلىق، ياغلىق دان 129 مىڭ 830 دادەن بولۇپ، كونا جىڭغا سۇندۇرغاندا 38 مىليون 949 مىڭ جىڭ بولىدۇ. كونا جىڭدا 16 جىڭ يېڭى جىڭدا 25 جىڭ بولىدۇ، بىر دادەن كونا جىڭدا 300 جىڭ بولىدۇ.

**مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) توقسۇ ناھىيىسىدە ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش، ناھىيىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلۇش ۋە سېتىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 11 — 10

| زىرائەت خىللىرى | تېرىلغۇ كۆلىمى (مو) | ھوسۇلى | ئۆزى ئىشلەتكىنى | ساتقىنى |
|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | 175200 | 184860 دادەن | 80000 دادەن | 104860 دادەن |
| كۆممىقوناق | 12640 | 13415 دادەن | 10000 دادەن | 3415 دادەن |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| شال | 4532 | 1627 دادەن | 1627 دادەن | |
| ئارپا | 9880 | 5050 دادەن | 5050 دادەن | |
| قىچا | 52350 | 2171 دادەن | 2171 دادەن | |
| زىغىر | 9300 | 280 دادەن | 280 دادەن | |
| كېۋەز | 41610 | كونا جىڭدا 81000 جىڭ | كونا جىڭدا 20000 جىڭ | كونا جىڭدا 61000 جىڭ |

**ئىزاھات:** يۇرچاق ئارپا گىراپىسىغا، كۈنجۈت زىغىر گىراپىسىغا قېتىۋېتىلدى.

## 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دېھقانچىلىق

1950 - يىلى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت «ئورتاق پروگراما»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، «ئەمگەككە تايىنىپ بېيىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، ئۆتنىنى قايتۇرۇش، كەم تېرىسا، ھوسۇلنى شۇ ئېلىش، سېلىقنى شۇ ئۆستەڭگە ئېلىش» سىياسىتىنى يولغا قويدى، «ھەرمىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭى شىنجاڭ قۇرايلى» دېگەن چاقىرىقنى چىقاردى. شۇ يىلى ھۆكۈمەت يېرى ئاز دېھقانلارغا 1446 مو يەر، 1131 تۇياق تېرىلغۇ ئۇلىغى، 20 مىڭ 162 جىڭ ئۇرۇق، 28 مىڭ 525 جىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق تەڭشەپ بېرىش ئارقىلىق بىر قىسىم نامرات دېھقانلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىپ، دېھقانچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. كېيىن يەنە ھەرخىل ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشىدى، ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتتى. بۇ تەدبىرلەر دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى.

پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولدى. 50 - يىللاردا يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 60 - يىللارنىڭ بېشىدا دېھقانچىلىق دورىلىرى ئايرۇپىلان بىلەن چېچىلىدىغان بولدى، تراكتور قاتارلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە ئومۇملىشىشقا باشلىدى. 80 - يىللاردا سۇلياۋ يوپۇقنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، تېرىش، يىغىش مەزگىللىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پەرۋىش مەزگىلىنى قىسقارتىپ، زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلىنى ئاشۇردى. 90 - يىللاردا ناھىيە دېھقانچىلىق كەسپىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشىگەندىن كېيىن، قاتمال پىلانلىق ئىگىلىك قېلىپى بوشاشقا باشلاپ، يەر شارائىتىغا لايىق كېلىدىغان كېۋەز باشقا زىرائەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. 1994 - يىلى ناھىيە بويىچە 180 مىڭ مو كېۋەز تېرىلىپ، 11 مىڭ 807 توننا ساپ پاختا ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن پاختا توقسۇننىڭ شەھەر - يېزا ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كوزۇر مەھسۇلاتىغا ئايلىنىپ، ناھىيە دېھقانلىرىنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلەتتى.

1950 — 1995 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدە توقسۇن دېھقانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى تەرەققىي قىلىش، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش، زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشتەك ئوخشاش بولمىغان 3 تارىخىي مەزگىلنى بېسىپ ئۆتتى.

1949 — 1966 - يىلغىچە بولغان مەزگىل بىر تەرەققىيات مەزگىلى بولدى، بۇ مەزگىلدە دېھقانچىلىق كۆرسەتكۈچلىرى ئومۇمەن ئۆرلەش ھالىتىدە تۇردى، لېكىن ئېشىش نىسبىتى زور بولمىدى. 1967 — 1976 - يىلغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى بىر ئىزدا توختاپ قېلىش مەزگىلى

بولدى، بۇ مەزگىلدە دېھقانچىلىق كۆرسەتكۈچلىرى بىر ئىزدا توختاپ قالدى ياكى تۆۋەنلەپ كەتتى. نوپۇس بويىچە ھېسابلىغاندا، يىلمۇ يىل كېمىيىپ، ئەھۋال يىلدىن ـ يىلغا ناچارلاشتى. 1977 — 1995 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىل زور تەرەققىيات مەزگىلى بولدى، بۇ مەزگىلدە دېھقانچىلىق كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ئۆرلەش يۈزلىنىشى كۈچلۈك بولدى، ئېشىش نىسبىتى مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە زور بولدى.

تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ يەنە مۇنداق 6 تەرەققىيات باسقۇچىغا ئايرىش مۇمكىن:

**1 ـ باسقۇچ (1950 — 1952 ـ يىلغا قەدەر)** بۇ باسقۇچتا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھاكىمىيەت قۇرۇش، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق دېھقانلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم قىلىشقا قوزغىدى. بۇ مەزگىلدە دېھقانچىلىق مەزمۇت قەدەم بىلەن راۋاجلىنىپ، ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋا ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچلىرى ئۆرلەش ھالىتىدە تۇردى. 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئاشلىق ھوسۇلى 13 مىليون 794 مىڭ كىلوگىرامغا، كېۋەز ھوسۇلى 210 مىڭ كىلوگىرامغا يەتتى.

**2 ـ باسقۇچ (1953 — 1957 ـ يىلغا قەدەر)** ناھىيە 1953 ـ يىلدىن باشلاپ دېھقانلارنى سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇردى، ھەردەرىجىلىك سۇچىلىق تەشكىلاتلىرىنى قۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش پونكىتىنى قۇرۇپ، تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئىسلاھ قىلدى، سورتلۇق ئۇرۇقلارنى پائال كىرگۈزدى، ئوغۇتلاشنى ئومۇملاشتۇردى. 1956 ـ يىلى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئاشلىق ھوسۇلى 18 مىليون 971 مىڭ كىلوگىرامغا، بىرلىك ھوسۇلى 73 كىلوگىرامغا، ئومۇمىي كېۋەز ھوسۇلى 1 مىليون 127 مىڭ كىلوگىرامغا، بىرلىك ھوسۇلى 24.5 كىلوگىرامغا يەتتى. 1957 ـ يىلى ئالىي دېھقانچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇش جەريانى بەك تېز بولۇپ كەتكەنلىكى، تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، كۆپ تېرىپ، ئاز ھوسۇل ئېلىش ئەھۋالى كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىقىدا 1 ـ قېتىم چېكىنىش يۈز بېرىپ، ئاشلىق ئومۇمىي ھوسۇلى 13 مىليون 285 مىڭ كىلوگىرامغا چۈشۈپ قېلىپ، 1952 ـ يىلدىكى سەۋىيىدىنمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. بولۇپمۇ بۇغداينىڭ بىرلىك ھوسۇلى 50.5 كىلوگىرامغا چۈشۈپ قېلىپ، 1949 ـ يىلدىكى سەۋىيىدىنمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى.

**3 ـ باسقۇچ (1958 — 1961 ـ يىلغا قەدەر)** 1958 ـ يىلى يازدا توقسۇدا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتى قوزغالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شاملى» بىلەن «مۇبالىغىچىلىك شاملى» چىقتى. شۇ يىلى ناھىيىدە يۇقىرى ھوسۇللۇق قىزىل بايراقدار چوڭ ئەترەتلەر بارلىققا كېلىپ، ئۇلار يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغداي «سۈنئىي ھەمراھى»، يۇقىرى ھوسۇللۇق شال «سۈنئىي ھەمراھى» قويۇپ بەردى، بۇ يۇقىرى ھوسۇللۇق «سۈنئىي ھەمراھ»لار مۇبالىغىچىلىك شاملىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. 1958 ـ يىلى ناھىيىنىڭ ئاشلىق، پاختا ھوسۇلى، سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، تېز ئاشقاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ سانلىق مەلۇماتتا مۇبالىغىچىلىك ناھايىتى زور ئىدى.

1959 ـ يىلدىن باشلاپ ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىقى چېكىنگىلى تۇردى، كىشى بېشىغا قالدۇرۇلغان ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئازىيىپ، ئوزۇقلۇق ئاشلىق، يەم ـ بوغۇز يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلدى، بىر قىسىم چوڭ ئەترەتلەردە ئەمگەك كۈچلىرى سىرتقا كېتىپ قالدى، بىر قىسىم گوڭشې، ئەترەتلەردە ئىششىق كېسەللىكى ۋە غەيرىي نورمال ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىسى كۆرۈلدى.

1961 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش چېكىنىپ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى. شۇ يىلى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئاشلىق ھوسۇلى 15 مىليون 602 مىڭ كىلوگىرامغا، ئومۇمىي كېۋەز ھوسۇلى 503 مىڭ 700 كىلوگىرامغا چۈشۈپ قېلىپ، 1954 ـ يىلدىكى سەۋىيىدىنمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاشلىقنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 49 كىلوگىرامغا، كېۋەزنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 9.5 كىلوگىرامغا چۈشۈپ قېلىپ، 1949 ـ يىلدىكى سەۋىيىدىنمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى.

**4. باسقۇچ (1962 — 1966 - يىلغا قەدەر)** 1962 - يىلدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزا خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرى ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، مۈلۈكنى ئومۇمىنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى، مۇبالىغىچىلىك شامىلى، تەڭشەش - يۆتكەش شامىلى تۈزىتىلدى، ئىستىل تۈزىتىش، گۈڭشېنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق «60 ماددا» ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 3 دەرىجىلىك مۈلۈكچىلىك، ئەترەتنى ئاساس قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىشى، زىرائەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ تەڭشىلىشى، ئىلغار تېخنىكىلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ئارقىسىدا دېھقانچىلىق قىيىن ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى يىلدىن - يىلغا ئۆستى. 1966 - يىلى ئومۇمىي ئاشلىق ھوسۇلى 30 مىليون 320 مىڭ كىلوگرامغا، بىرلىك ھوسۇلى 98.5 كىلوگرامغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 404 كىلوگرامدىن ئاشلىق توغرا كەلدى؛ كېۋەزنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى 1 مىليون 339 مىڭ كىلوگرامغا، بىرلىك ھوسۇل 29.2 كىلوگرامغا يەتتى. ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىشى ئۆرلەپ يېڭى سەۋىيىگە يەتتى.

**5 - باسقۇچ (1967 — 1976 - يىلغا قەدەر)** ناھىيىدە 1966 - يىلى قىشتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، 1976 - يىلغىچە 10 يىل داۋاملاشتى. بۇ مەزگىلدە دېھقانچىلىق قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. مۇشۇ 10 يىلدا توقسۇدا ئومۇمىي ئاشلىق ھوسۇلىدا يۈكسىلىش بولمىدى، ھوسۇل 30 مىليون كىلوگرام ئەتراپىدا توختاپ قالدى، كېۋەزنىڭ ئومۇمىي ھوسۇلى 535 مىڭ كىلوگرامغا يەنى 1955 - يىلدىكى سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى.

شۇ مەزگىلدە ناھىيە نوپۇسى 75 مىڭ 21دىن 98 مىڭ 575كە كۆپەيدى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 404 كىلوگرامدىن 373 كىلوگرامغا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن پاختا 17.8 كىلوگرامدىن 6.09 كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى.

**6 - باسقۇچ (1977 — 1995 - يىلغا قەدەر)** «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلىشىپ، قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشالغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، لېكىن «پىلانلىق ئىگىلىك»، «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش»قا ئوخشاش كونا رامكىلارنىڭ چەكلىمىسى بىلەن، تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا بولدى، ئاشلىقنىڭ ئېشىشى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئومۇمەن بالانس بولدى. پاختىچىلىقتا ھوسۇل 1978 - يىلى خېلى ئاشقان بولسىمۇ، 1979 - يىلى چېكىنىپ كەتتى. 1978 - يىلى ناھىيىنىڭ ئاشلىق ھوسۇلى 34 مىليون 27 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 371 كىلوگرامدىن ئاشلىق توغرا كەلدى، پاختا 1 مىليون 54 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، كىشى بېشىغا 11.5 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى.

1979 - يىلدىن باشلاپ، ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ لۇشيەنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئەنئەنىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يېزىلاردا دېھقانلارنى بېيىتىش مەقسەت قىلىنغان «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش» سىياسىتى ئىجرا قىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ پۇت - قولى بوشىتىلدى. شۇ يىلى 18 چوڭ ئەترەتتە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى، 1981 - يىلى يازغا قەدەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ناھىيىدىكى چوڭ ئەترەتلەرنىڭ %80ىدىن كۆپرەكىدە يولغا قويۇلۇپ بولدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيىدىكى 391 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ 388ىدە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ %99نى ئىگىلەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، 1984 - يىلى ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئاشلىق ھوسۇلى بىراقلا ئېشىپ،

50 مىليون 210 مىڭ كىلوگرامغا، كېۋەز ھوسۇلى 1 مىليون 780 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

شۇندىن كېيىن مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يەنىمۇ راۋاجلاندى ۋە مۇكەممەللەشتى. 90 - يىللاردا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەلگىلىگەن «پاختىچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈش، ئاشلىق سودا ئارقىلىق چېگرىنى جانلاندۇرۇش، شەرق بىلەن بىرلىشىپ، غەربكە چىقىرىش»تىن ئىبارەت ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېھقانچىلىق كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئاشلىق ھوسۇلىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا پاختىچىلىقنى يۈكسەلدۈرۈش يولىنى تۇتۇپ، كېۋەز كۆلىمىنى كېڭەيتتى. 1994 - يىلى ناھىيە بويىچە 180 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 11 مىڭ 807 توننا پاختا ئېلىندى؛ 210 مىڭ 300 مو يەرگە ئاشلىق تېرىلىپ، 66 مىڭ 931 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ 13 مىڭ 300 مو يەرگە ياغلىق دان تېرىلىپ، 1489 توننا ياغلىق دان ئېلىندى. ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا ئاشلىق 542 كىلوگرامدىن، پاختا 92.9 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1978 - يىلى 23 مىليون 175 مىڭ يۈەن بولغان بولسا، 1994 - يىلى 302 مىليون 815 مىڭ يۈەنگە يەتتى (1994 - يىلدىكى باھا بويىچە ھېسابلاندى).

### توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1949 — 1995 - يىلغىچە بولغان تېرىقچىلىق ئەھۋالى (1)

جەدۋەل: 11 — 11

| يىل | ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمى (تۈمەن مو) | ئاشلىق | | | يۇنىڭ ئىچىدە | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | بۇغداي | | | كۆممىقوناق | | |
| | | تېرىلغۇ كۆلىمى (تۈمەن مو) | بىرلىك ھوسۇلى (كىلوگرام) | ئومۇمىي ھوسۇلى (تۈمەن كىلوگرام) | تېرىلغۇ كۆلىمى (تۈمەن مو) | بىرلىك ھوسۇلى (كىلوگرام) | ئومۇمىي ھوسۇلى (تۈمەن كىلوگرام) | تېرىلغۇ كۆلىمى (تۈمەن مو) | بىرلىك ھوسۇلى (كىلوگرام) | ئومۇمىي ھوسۇلى (تۈمەن كىلوگرام) |
| 1949 | 17.87 | 13.95 | 61.3 | 862.20 | 10.50 | 62.2 | 653.55 | 2.92 | 63.2 | 184.50 |
| 1950 | 19.86 | 15.50 | 72.8 | 1129.50 | 11.89 | 72.1 | 857.30 | 3.08 | 77.3 | 238.30 |
| 1951 | 23.73 | 17.82 | 68.8 | 1277.10 | 11.83 | 69.8 | 825.80 | 5.21 | 67.3 | 350.90 |
| 1952 | 25.31 | 19.42 | 71 | 1379.40 | 10.46 | 63.9 | 668.20 | 7.72 | 30 | 618.15 |
| 1953 | 23.73 | 20.57 | 83.1 | 1710.70 | 11.40 | 81.4 | 927.70 | 6.70 | 38.4 | 592.40 |
| 1954 | 28.34 | 21.45 | 73.9 | 1585.15 | 12.21 | 71 | 867.10 | 6.19 | 30 | 495.35 |
| 1955 | 34.29 | 24.34 | 73.7 | 1794.65 | 15.97 | 71.8 | 1146.85 | 5.97 | 78.5 | 468.70 |
| 1956 | 36.19 | 26.01 | 72.9 | 1897.05 | 18.39 | 70.8 | 1303.05 | 5.11 | 63.3 | 323.45 |
| 1957 | 33.68 | 24.10 | 55.1 | 1328.50 | 16.05 | 50.9 | 816.80 | 5.05 | 69.4 | 350.40 |
| 1958 | 34.09 | 25.52 | 31.9 | 2007.85 | 14.88 | 76.9 | 1144.50 | 6.11 | 93 | 568.10 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 653.80 | 75 | 8.72 | 1010.50 | 59.5 | 16.99 | 1980.85 | 61 | 32.45 | 46.25 | 1959 |
| 336.25 | 36.3 | 9.25 | 1249 | 67.2 | 18.59 | 1769.50 | 54.5 | 32.46 | 46.98 | 1960 |
| 658.70 | 78.8 | 8.36 | 703.50 | 35 | 19.73 | 1560.20 | 48.9 | 31.36 | 43.23 | 1961 |
| 683.05 | 75.3 | 7.09 | 933.60 | 49.9 | 18.69 | 1314.70 | 63.4 | 23.61 | 36.44 | 1962 |
| 882.50 | 97.8 | 9.02 | 950.30 | 48.6 | 19.54 | 2032.85 | 64.5 | 31.50 | 38.88 | 1963 |
| 1004.15 | 112.5 | 8.92 | 1084.55 | 58.4 | 18.57 | 2343.15 | 77.1 | 30.39 | 38.14 | 1964 |
| 1054.30 | 117.1 | 9 | 1260.35 | 67.5 | 18.66 | 2630.90 | 84.8 | 31.02 | 38.80 | 1965 |
| 1171.10 | 142.7 | 8.20 | 1490.20 | 78.7 | 18.92 | 3032.45 | 98.5 | 30.65 | 38.39 | 1966 |
| 749.25 | 104.8 | 7.15 | 1512.60 | 72.9 | 20.19 | 2575.10 | 81.8 | 31.44 | 39.70 | 1967 |
| 742.75 | 111.8 | 6.64 | 1191.25 | 59.5 | 20 | 2190.35 | 72.6 | 30.15 | 37.82 | 1968 |
| 849.50 | 121.3 | 7 | 1439.35 | 71.9 | 20.01 | 2623.35 | 86.6 | 30.29 | 38.07 | 1969 |
| 959.15 | 139.6 | 6.87 | 1603.30 | 81.2 | 19.72 | 2827.40 | 94.5 | 29.90 | 37.60 | 1970 |
| 1028.95 | 155.9 | 6.60 | 1560.55 | 79.9 | 19.58 | 2800.05 | 93.9 | 29.81 | 36.84 | 1971 |
| 882.65 | 131.3 | 6.72 | 1497.65 | 76 | 19.69 | 2582.91 | 83.2 | 29.26 | 36.58 | 1972 |
| 907.60 | 131.5 | 6.90 | 1627.45 | 83 | 19.60 | 2846.75 | 95.6 | 29.77 | 36.84 | 1973 |
| 992.70 | 154.3 | 6.44 | 1499.50 | 75.9 | 19.75 | 2802.60 | 94.8 | 29.57 | 37.26 | 1974 |
| 1163.65 | 198.6 | 5.86 | 1457 | 76.3 | 19.10 | 2888.75 | 100 | 28.88 | 34.86 | 1975 |
| 1077.95 | 158.3 | 6.81 | 1986.05 | 106.4 | 18.67 | 3282.70 | 114.3 | 28.75 | 34.75 | 1976 |
| 1329.65 | 163.1 | 8.15 | 1623.80 | 83.4 | 19.46 | 3253.95 | 106.4 | 30.58 | 37.20 | 1977 |
| 1232.45 | 135 | 9.10 | 1915.90 | 98.1 | 19.52 | 3402.75 | 108.2 | 31.44 | 38.52 | 1978 |
| 1120.10 | 160 | 7 | 2103.65 | 106.1 | 19.83 | 3444.35 | 116.5 | 29.56 | 36.24 | 1979 |
| 1283.45 | 174.8 | 7.34 | 1782 | 92.2 | 19.32 | 3329.20 | 113.5 | 29.32 | 36.29 | 1980 |
| 1182.35 | 146.1 | 8.09 | 1991.55 | 102 | 19.52 | 3416.20 | 112.1 | 30.46 | 39.24 | 1981 |
| 1139.60 | 141.7 | 8.04 | 2350.10 | 122.8 | 19.14 | 3841.20 | 125.5 | 30.60 | 39.84 | 1982 |
| 1521.95 | 186.5 | 8.16 | 2751.40 | 142.8 | 19.34 | 4761.15 | 155.4 | 30.64 | 41.70 | 1983 |
| 1686.45 | 221 | 7.63 | 2851.05 | 145.3 | 19.62 | 5021 | 163.5 | 30.37 | 39.26 | 1984 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1924.15 | 266.1 | 7.23 | 3168.45 | 162.5 | 19.50 | 5621.15 | 188.6 | 29.80 | 38.97 | 1985 |
| 2187.45 | 275.1 | 7.95 | 3417.75 | 179.9 | 19 | 6182.35 | 206.3 | 29.97 | 38.72 | 1986 |
| 2225.6 | 230.8 | 9.64 | 3479.8 | 181.3 | 19.19 | 6183.9 | 194.1 | 31.85 | 42.24 | 1987 |
| 2425.6 | 246 | 9.86 | 3679.9 | 197.3 | 18.65 | 6633.9 | 209.9 | 31.60 | 41.25 | 1988 |
| 2611.1 | 260.1 | 10.44 | 3680 | 203.7 | 18.07 | 6781.1 | 219.5 | 30.90 | 40.32 | 1989 |
| 2995.6 | 314.2 | 9.50 | 3780.8 | 209.67 | 18.02 | 7385.2 | 242.6 | 30.44 | 41.89 | 1990 |
| 2544.9 | 258.9 | 9.96 | 3786.4 | 210.2 | 18.01 | 6933.1 | 225 | 30.70 | 42.81 | 1991 |
| 2854 | 280.4 | 10.18 | 3886.9 | 215.70 | 18.15 | 7418.4 | 238.9 | 31.10 | 46.57 | 1992 |
| 2704.6 | 341.5 | 7.92 | 3889.9 | 235.30 | 16.53 | 7484 | 266.3 | 28.50 | 45 | 1993 |
| 2906.1 | 367.6 | 5.27 | 3084.2 | 290 | 7.09 | 6693.1 | 318.7 | 21.03 | 46.24 | 1994 |
| 3047.1 | 338.6 | 9 | 3336.6 | 300.2 | 11.11 | 7170 | 322.1 | 22.26 | 48.30 | 1995 |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1949 — 1995 - يىلغىچە بولغان تېرىقچىلىق ئەھۋالى (2)

جەدۋەل: 11 — 12

| كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن پاختا (كىلوگرام) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق (كىلوگرام) | ياغلىق دان | | | كېۋەز | | | شال | | | يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئومۇمىي ھوسۇلى (تۈمەن كىلوگرام) | بىرلىك ھوسۇلى (كىلوگرام) | تېرىلغۇ كۆلىمى (تۈمەن مو) | ئومۇمىي ھوسۇلى (تۈمەن كىلوگرام) | بىرلىك ھوسۇلى (كىلوگرام) | تېرىلغۇ كۆلىمى (تۈمەن مو) | ئومۇمىي ھوسۇلى (تۈمەن كىلوگرام) | بىرلىك ھوسۇلى (كىلوگرام) | تېرىلغۇ كۆلىمى (تۈمەن مو) | |
| 1.18 | 175.74 | 55.4 | 34 | 1.63 | 5.80 | 3.7 | 1.55 | 16.95 | 45.8 | 0.37 | 1949 |
| 1.36 | 227.78 | 62.55 | 35.7 | 1.75 | 6.75 | 4 | 1.67 | 24.15 | 65.2 | 0.37 | 1950 |
| 2.57 | 253.5 | 93.45 | 43.4 | 2.15 | 12.95 | 5.5 | 2.34 | 34.50 | 66.3 | 0.52 | 1951 |
| 3.91 | 268.78 | 83.05 | 47.2 | 1.76 | 20.10 | 9 | 2.23 | 72.15 | 75.9 | 0.95 | 1952 |
| 7.29 | 322.01 | 131.90 | 48.3 | 2.73 | 38.75 | 11 | 3.52 | 167.40 | 77.8 | 2.15 | 1953 |
| 6.31 | 289.10 | 124.05 | 47.2 | 2.71 | 34.65 | 12.2 | 2.83 | 199.95 | 72.7 | 2.75 | 1954 |
| 9.31 | 319.61 | 131.45 | 40.1 | 3.28 | 52.20 | 14.3 | 3.64 | 175.50 | 75 | 2.34 | 1955 |
| 19.79 | 333.07 | 120.15 | 42 | 2.86 | 112.70 | 24.2 | 4.65 | 269.25 | 108.1 | 2.49 | 1956 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 10.57 | 228.7 | 80 | 28.4 | 2.81 | 61.40 | 13.5 | 4.54 | 155.60 | 54.8 | 2.84 | 1957 |
| 9.21 | 339.34 | 66.85 | 28.8 | 2.32 | 54.50 | 12.3 | 4.42 | 274.65 | 90.3 | 3.04 | 1958 |
| 22.69 | 343.36 | 75.20 | 33.2 | 2.26 | 130.9 | 19 | 6.88 | 289.30 | 53.9 | 5.36 | 1959 |
| 3.23 | 321.85 | 44.65 | 18.4 | 2.42 | 17.75 | 2.4 | 7.46 | 174.50 | 46.5 | 3.75 | 1960 |
| 8.75 | 270.90 | 61.20 | 21.8 | 2.80 | 50.37 | 9.5 | 5.28 | 188.70 | 59.9 | 3.15 | 1961 |
| 8.94 | 294.16 | 30.05 | 16.9 | 1.78 | 55.15 | 14.7 | 3.75 | 190.50 | 73 | 2.61 | 1962 |
| 6.05 | 326.46 | 41.20 | 22.7 | 1.81 | 37.70 | 10 | 3.75 | 189.35 | 70.1 | 2.70 | 1963 |
| 10.62 | 373.65 | 67.7 | 34 | 1.99 | 66.60 | 15.6 | 4.25 | 237.60 | 88.3 | 2.69 | 1964 |
| 14.11 | 412.41 | 64.35 | 32.8 | 1.96 | 90 | 20.2 | 4.45 | 303.60 | 97 | 3.18 | 1965 |
| 20.12 | 455.91 | 66.55 | 34.1 | 1.95 | 133.85 | 29.2 | 4.58 | 367.20 | 98.9 | 3.47 | 1966 |
| 17.39 | 379.21 | 60.60 | 32 | 1.89 | 117.95 | 25.1 | 4.70 | 308.95 | 76.1 | 4.06 | 1967 |
| 15.22 | 313.53 | 21.65 | 12.4 | 1.74 | 106.30 | 24.1 | 4.41 | 255 | 73.7 | 3.46 | 1968 |
| 10.52 | 349.85 | 40.70 | 24.3 | 1.67 | 78.90 | 17.9 | 4.41 | 333.20 | 102.5 | 3.25 | 1969 |
| 16.31 | 370.19 | 52.20 | 33.7 | 1.55 | 124.60 | 28.3 | 4.40 | 256.85 | 80.2 | 3.20 | 1970 |
| 11.63 | 352.72 | 38.65 | 30.6 | 1.26 | 92.30 | 22.8 | 4.05 | 188.45 | 70 | 2.69 | 1971 |
| 8.45 | 320.65 | 37.65 | 33.3 | 1.13 | 68.10 | 15.9 | 4.27 | 182.85 | 68.2 | 2.63 | 1972 |
| 15.23 | 335.04 | 35.85 | 26.1 | 1.37 | 129.40 | 28.9 | 4.47 | 302.25 | 95.6 | 3.16 | 1973 |
| 12.59 | 325.77 | 28.20 | 30.6 | 0.92 | 108.30 | 25.5 | 4.25 | 302.45 | 92.2 | 3.28 | 1974 |
| 12.50 | 333.37 | 13.65 | 23.5 | 0.58 | 108.35 | 25.5 | 4.25 | 236.85 | 70.5 | 3.36 | 1975 |
| 6.09 | 373.18 | 19.40 | 31.9 | 0.61 | 53.53 | 12.6 | 4.24 | 203.35 | 66.6 | 3.05 | 1976 |
| 8.32 | 362.36 | 22.25 | 47.3 | 0.47 | 74.75 | 16.6 | 4.50 | 266.45 | 98.7 | 2.72 | 1977 |
| 11.51 | 371.75 | 19.05 | 25.4 | 0.75 | 105.40 | 21.4 | 4.72 | 238.90 | 89.1 | 2.68 | 1978 |
| 8.80 | 379.77 | 29.05 | 39.2 | 0.74 | 79.80 | 16.2 | 4.93 | 216.30 | 81.9 | 2.64 | 1979 |
| 11.09 | 371.94 | 42.05 | 47.2 | 0.89 | 99.30 | 19.9 | 4.99 | 262.05 | 99.6 | 2.63 | 1980 |
| 12.80 | 380.02 | 44.25 | 41.7 | 1.06 | 115.10 | 20 | 5.74 | 240.10 | 85.1 | 2.82 | 1981 |
| 16.97 | 416.54 | 60.75 | 70.6 | 0.86 | 156.50 | 26.3 | 5.95 | 336.30 | 103.5 | 3.25 | 1982 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | 3.13 | 143.9 | 450.55 | 5.48 | 29.2 | 150.10 | 0.82 | 82.4 | 67.55 | 508.51 | 16.03 |
| 1984 | 3.12 | 150.4 | 469.25 | 5.14 | 34.6 | 178 | 0.94 | 80.1 | 75.30 | 529.84 | 18.73 |
| 1985 | 3 | 169.3 | 5080 | 4.71 | 49.8 | 234.60 | 1.46 | 75.4 | 110.10 | 598.89 | 24.99 |
| 1986 | 2.97 | 182.4 | 541.80 | 4.95 | 47.8 | 236.50 | 1.42 | 88.4 | 125.50 | 655.49 | 25.08 |
| 1987 | 3.01 | 146.5 | 441 | 5.98 | 39.9 | 238.8 | 2.04 | 65.6 | 133.90 | 647.11 | 24.99 |
| 1988 | 3.07 | 159.9 | 491 | 7.51 | 30.3 | 227.4 | 1.60 | 92.8 | 148.40 | 694.43 | 23.80 |
| 1989 | 2.78 | 155.8 | 431.1 | 7.60 | 41.4 | 314.3 | 1.42 | 123.7 | 175.60 | 713.33 | 33.06 |
| 1990 | 2.87 | 184.05 | 528.8 | 9.87 | 52.2 | 515.7 | 1.58 | 82.1 | 130 | 752.82 | 52.57 |
| 1991 | 2.83 | 205.40 | 581.2 | 12 | 69 | 831.6 | 1.21 | 102.2 | 123.70 | 696 | 83.55 |
| 1992 | 2.77 | 227.1 | 631.2 | 14.51 | 41.4 | 603.7 | 0.98 | 106.9 | 124.40 | 747 | 60.80 |
| 1993 | 2.01 | 317.5 | 638.2 | 12 | 58.3 | 700 | 0.75 | 175.5 | 131.60 | 748 | 70 |
| 1994 | 1.98 | 318.4 | 630.4 | 18 | 65.6 | 1180.7 | 1.33 | 111.95 | 148.9 | 542.2 | 92.90 |
| 1995 | 2.12 | 337.3 | 713.4 | 18.50 | 67.6 | 1250 | 0.58 | 181.2 | 106 | 555.8 | 96.90 |

## § 2 . دېھقانچىلىقنى رايونلارغا ئايرىش

ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىقنى رايونلارغا ئايرىش خىزمىتى 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشلىنىپ، 1984 - يىلى ئەتىيازدا ئاياغلاشتى. ناھىيىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، دېھقانچىلىق 4 رايون، 7 كەنجى رايونغا ئايرىلدى. ئۇلار: شىمالدىكى كۆنگەي تۈزلەڭلىك ئورمانچىلىق، دېھقانچىلىق رايونى؛ تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسىملىرىدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك رايونى. بۇ رايون 5 كەنجى رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ناھىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى لاتقا چۆكۈندى، ئېقىندى تۈزلەڭلىك چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بوز يەر رايونى، بۇ رايون يەنە 2 كەنجى رايونغا بۆلۈنىدۇ؛ چۆللاتاغ دالدا رايونى.

### 1. شىمالدىكى كۆنگەي تۈزلەڭلىك ئورمانچىلىق، دېھقانچىلىق رايونى

بۇ رايون چۆللاتاغ كۆنگەي لاتقا چۆكۈندى، ئېقىندى تۈزلەڭلىكى بولۇپ، ئۆگەن دەرياسى يۇقىرى ئېقىمىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، بۇ رايون ناھىيىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى تاغقا يېقىن 12 كەنت، 30 كەنت ئاھالىلەر

گۆرۈپپىسى ھەم «1 - ماي» سۇ ئامبىرى، «قىزىل بايراق» تومىسى، «شەرق قىزاردى» ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 15 كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1010 — 1030 مېتىرغىچە، تەبىئىي يانتۇلۇقى 1/200. بۇ يەردە 35 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 7362 نوپۇس بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كىشى بېشىغا 4.75 مودىن توغرا كېلىدۇ.

بۇ رايون كۆنگەي بوران ئېغىزىغا جايلاشقان بولغاچقا، بوران كۆپ چىقىدۇ، تۇپرىقىدا قۇم كۆپ، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ناچارراق، تەبىئىي يېپىنچا ئۆسۈملۈك شالاڭ، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەنرەك.

بۇ رايوننىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى مۇنداق: كىلىماتنى ياخشىلاش، تۇپرىقىنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئاساسىدا، دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىش، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش، قوشۇمچە كەسىپ ۋە كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش يولىغا مېڭىش.

بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تەدبىر: ئىھاتە ئورمان بەرپا قىلىپ، كىچىك كىلىماتنى ياخشىلاش، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەس قىلىپ ياساش، سۇغىرىش ۋە زەي چىقىرىش سىستېمىسىنى ياخشىلاش، ئورگانىك ئوغۇت سەرپىياتىنى كۆپەيتىش، بىدە تېرىش، ئوت - چۆپ بىلەن زىرائەتلەرنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش ئارقىلىق تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ئۆزىدىكى قۇۋۋەت مەنبەسىدىن پايدىلىنىپ، سانائەت ۋە قوشۇمچە كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش.

## 2. تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسىملىرىدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك رايونى

بۇ رايون ئۈگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، پەيشەنبە بازار يېزىسى، توقسۇ بازىرى، ئىچئېرىق، تاشئېرىق، ئۈگەن، يۇلتۇزباغ، ئۆچقات يېزىلىرى ۋە ناھىيىنىڭ 5 دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى (فېرمىسى) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايون ئۈگەن دەرياسىنىڭ قەدىمىي قىنى سۇغىرىش رايونىدىكى قەدىمىي بوستانلىق بولۇپ، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىقى، ئاساسەن، مۇشۇ رايونغا مەركەزلەشكەن. بۇ رايون دېڭىز يۈزىدىن 990 — 1010 مېتىرغىچە ئېگىز بولۇپ، 100 كەنت، 358 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ رايوندا 340 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر بولۇپ، ناھىيە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %90.2نى ئىگىلەيدۇ.

بۇ رايوننىڭ تۇپرىقى، ئاساسەن، تاشقىن تۇپراق بولۇپ، پىششىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى. بۇ رايوندا سۇغىرىش، زەي چىقىرىش سىستېمىلىرى خېلىلا مۇكەممەل، لېكىن يۈرۈشلەشتۈرۈلمىگەن، تېرىلغۇ يەرنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدا شورلىشىش ھەرخىل دەرىجىدە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

بۇ رايون تۆۋەندىكى 5 كەنجى رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئۈگەن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ئېقىندى تۈزلەڭلىك ئاشلىق، پاختا، كۆپ خىل ئىگىلىك رايونى؛ بازار ئەتراپى ئاشلىق، پاختا، مېۋە - چېۋە، قوشۇمچە يېمەكلىك رايونى؛ تىگىن شال، بۇغداي، ياغلىق دان رايونى؛ پەيشەنبە بازار ئاشلىق، پاختا، مېۋە - چېۋە رايونى؛ جەنۇبىي قىسمىدىكى پايناپ چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، دېھقانچىلىق رايونى.

بۇ رايوننىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى: دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاشلىق، پاختا، باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇش.

قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر: ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەس قىلىش، زەي چىقىرىش مۇئەسسەسەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش، ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپلەپ بېرىپ، يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، زىرائەت قۇرۇلمىسىنى

ئېلىش، تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈش، سالالاشتۇرۇش پىلانىنى ياخشى بولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاش، باغۋەنچىلىك، پىلىچىلىك، كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش.

## 3. ناھىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى لاتقا چۆكۈندى، ئېقىندى تۇزلەڭلىك چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، ئۆزلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بوز يەر رايونى

بۇ رايون ئۆگەن، قارا يۇلغۇن، تارىم دەريالىرى ھەم چۆلتاغ قىيانىنىڭ ئورتاق تەسىر كۆرسىتىشىدىن شەكىللەنگەن لاتقا چۆكۈندى، ئېقىندى تۇزلەڭلىك بولۇپ، ناھىيە دېھقانچىلىق رايونىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. بۇ رايوننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمىي بوستان دەرياسى قىنىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قۇرۇپ قالغان توغراق ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ يەر ناھىيىنىڭ ئوتۇن ئورمانلىقى رايونىدۇر. بۇ رايوندا قەدىمىي ۋە يېقىنقى زامان ئىنسان پائالىيەتلىرىنىڭ ئىزلىرى بار. بۇ رايوننىڭ كۆلىمى كەڭ بولۇپ، سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ياساپ سۇ باشلىغىلى بولسا، كەڭ كۆلەمدە ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

بۇ رايون مۇنداق ئىككى كەنجى رايونغا بۆلۈنىدۇ: توگگۇزباش ياخشىلانغان ئوتلاق رايونى؛ يانتاققۇدۇق چارۋىچىلىق، تەبىئىي ئورمان مۇھاپىزەت رايونى.

## 4. چۆلتاغ دالدا رايونى

چۆلتاغ ناھىيىنىڭ شىمالىدا توغرىسىغا سوزۇلۇپ ياتىدۇ. تاغ ئالدىدىكى 5 كىلومېتىر دائىرىدە سۇ يوق، بوران، قۇم كۆپرەك، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق. ئايرىم جايلىرىدا يۇلغۇن ۋە قومۇش بولۇپ، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشتا مەلۇم يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە.

## 3 § . زىرائەتلەر ۋە ئۆلارنىڭ تارقىلىشى

ناھىيىدە بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز، قىچا قاتارلىق 5 چوڭ تۈرگە كىرىدىغان ئاساسلىق زىرائەتلەر بولغاندىن تاشقىرى ئارپا، قارا بۇغداي، سۇلۇ، قىزىل قوناق، تېرىق، سويا پۇرچاق، كۆك پۇرچاق، ماش، باقىلە، قىزىل پۇرچاق، ئاق باقىلە، كۆكتات، ئاپتاپپەرەس، كۈنجۈت، زىغىر قاتارلىق زىرائەتلەرمۇ بار.

### 1. سورتلىرى

1) بۇغداي — 1950 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە بويىچە بۇغداينىڭ يەرلىك سورتلىرى تېرىلىپ كەلگەنىدى. 50 - يىللاردىن باشلاپ باشقا جايلارنىڭ بۇغداي سورتلىرى كەلتۈرۈلدى. ئەينى ۋاقىتتا كۆزگى بۇغداينىڭ ئاساسلىق سورتلىرىدىن رېھىمشاھ، مەلىباش قاتارلىقلار بار ئىدى، 2 - ئورۇندا تۇرىدىغان سورتلىرىدىن يەرلىك قىزىل كۆزگى، ئاق كۆزگى، باقا بۇق، ناۋاترەڭ، لياڭشەن قاتارلىقلار بار ئىدى. يازغى

بۇغداي سورتلىرىدىن يەرلىك يازغى ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى.

60 ـ يىللاردا كۈزگى بۇغداي سورتلىرىدىن قارا كۈزگى، «ئۇكرائىنا — 0246»، «ئۇكرائىنا — 33»، «ئودېسسا — 16»، «بورشىبۇ — 122A»، «1 — 106»، «قىلتىرىقسىز كۈزگى — 4»، «زاۋيالك كۈزگىسىنىڭ جىنجۇ ئەۋلادى — 22»، «ئودېسسا — 3» قاتارلىقلار ئاساس قىلىندى. يازغى بۇغداي سورتلىرىدىن مېكسىكا يازغىسى (سېيلوس يازغىسى)، بوتام يازغىسى ئاساس قىلىندى. 70 ـ يىللاردا كۈزگى بۇغداي سورتلىرىدىن «شىنجاڭ كۈزگىسى — 2»، «85B»، «رومىنىيە — 6»، «بۇلغارىيە — 6804»، «شىجياجۇاڭ — 407»، «ئۈرۈمچى — 1995»، «يېڭى ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى — 183»، «سەنشى كۈزگىسى — 52»، «سەنشى كۈزگىسى — 4»، «ئىشچى ـ دېھقان — 3»، «ئىشچى ـ دېھقان — 6»، «ئىشچى ـ دېھقان — 10»، «تەيغۇ — 19»، «3BO»، «118 — 666»، «شىمالىي جۇڭگو — 187»، «تەييۈەن — 1 — 519» قاتارلىقلار ئاساسلىق سورت قىلىندى. يازغى بۇغداي سورتلىرىدىن مېكسىكا يازغىسى، قەشقەر ئاق يازغىسى ئاساس قىلىندى.

80 ـ يىللاردا، كۈزگى بۇغداي سورتلىرىدىن «خۇڭشۈەن — 501»، «تاڭشەن — 6098»لار ئاساس، «سوقىچاق ئاق كۈزگى — 741»، «باۋ — 6804»، «قەشقەر كۈزگىسى — 5»، «111 — 80» قاتارلىقلار قوشۇمچە قىلىندى. يازغى بۇغداي سورتلىرىدا ئۆزگىرىش بولمىدى.

2) كۆممىقوناق يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ئالدىدا، ناھىيە بويىچە كۆممىقوناق سورتلىرىدىن كۆك كۆممە، يەرلىك ئاق كۆممە قاتارلىق دېنى قاتتىق كۆممىقوناق سورتلىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇراتتى.

50 ـ يىللاردا قەشقەر ئاق كۆممىسى، قەشقەر سېرىق كۆممىسى، ئاقسۇ ئاق كۆممىسى، جاغدا كۆممە، چاۋشيەن ئاق ئات چىشى كۆممىسى، ئارا سېرىق كۆممە، ئاق ئات چىشى كۆممىسى، «ئالتۇن خانىش» قاتارلىقلار ئاساس قىلىندى. 60 ـ يىللاردا شىمالىي جۇڭگو سېرىق كۆممىسى، ئاق ئات چىشى كۆممىسى ئاساس قىلىندى، ئېكىنزغا تېرىلىدىغان كۆممىقوناق سورتلىرىدىن يەرلىك چىلگە كۆممە ئاساس قىلىندى. 70 ـ يىللاردا «قوش شالغۇت — 156»، ئىمىنھەسىنىسكى كۆممىسى، ئىلى سېرىق يەككە شالغۇتى، ۋۇلىڭ يەككە شالغۇتى ئاساس قىلىندى، ئېكىنزغا تېرىلىدىغان كۆممىقوناق سورتلىرىدىن «گايتى — 101»، يەرلىك كۆممە، قەشقەر كۆك كۆممىسى ئاساس قىلىندى. 80 ـ يىللاردا جىندا يەككە شالغۇتى، يەرلىك سېرىق كۆممە ئاساس قىلىندى، كېيىن «ئوتتۇرا جەنۇبىي جۇڭگو — 1»، «مېكسىكا يەككە شالغۇتى — 8621» قاتارلىقلار كىرگۈزۈلدى؛ ئېكىنزغا تېرىلىدىغان كۆممىقوناق سورتلىرىدىن «گايتى — 101»، يەرلىك كۆممە، قەشقەر كۆك كۆممىسى ئاساس قىلىندى.

3) شال ناھىيە بويىچە شال سورتلىرىدىن ئاساسەن يەرلىك قارا، ئاق قىلتىرىقلىق شاللار تېرىلاتتى. 60 ـ يىللاردا «نىڭشى 3 — 62» ئاز مىقداردا كىرگۈزۈلدى. 70 ـ يىللاردا «دۆلەت بايرىقى — 20»، «ئەيغىلىك — 2»، «دوزى — 129»، «شازى — 129»، «جىبى — 129»، «تائەيزاۋ»، «شانو — 2»لەر كىرگۈزۈلدى. 80 ـ يىللاردا «قىزىل قىلتىرىقلىق سوقىچاق شال — 1 — 78»، «شىنجاڭ شېلى — 1» كىرگۈزۈلدى. 1980 ـ يىلدىن ئىلگىرى كىرگۈزۈلگەن شال سورتلىرى قوشۇمچە ئورۇندا تۇردى، 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، «شىنجاڭ شېلى — 1» يەرلىك قارا، ئاق قىلتىرىقلىق شاللارنىڭ ئورنىنى ئاستا ـ ئاستا ئىگىلەپ، ئاساسلىق شال سورتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

4) كېۋەز يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى كېۋەز سورتلىرىدىن يەرلىك كېۋەز ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنىدى. 50 ـ يىللاردا «شىلدىر — C3173» ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى. 60 ـ يىللاردا «ئاسىيا — 108»، «غالىبىيەت — 1» (ئۇزۇن تالالىق پاختا)، «5904»، «بى — 4744»لەر ئاساسلىق

ئورۇنغا ئۆتتى. 70 ـ يىللاردا «توقسۇ — 1» ، «201» ، «2V3» ، «3763V» ، «5476V» ، «5230» ، «4727» ، «108V» ، «1470» ، «ھەربىيلەر كېۋىزى — 1» ، «يېڭى خەيىنەن — 1» (ئۇزۇن تالالىق پاختا) لار ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى. 80 ـ يىللاردا «108V» ، «ھەربىيلەر كېۋىزى — 1» ، چوڭ غوزەكلىك كېۋەز، «شىنجاڭ قىزىلقۇلاق چىلگە كېۋىزى — 1» لەر ئاساس قىلىندى.

5) ياغلىق دان ناھىيىدە قىچا سورتلىرىدىن باي سېرىق قىچىسى، «غالىبىيەت» سېرىق قىچىسى، قارا قىچا، زىغىر سورتلىرىدىن «ۋېل — 42» ، زاراڭزا سورتلىرىدىن يەرلىك تىكەنلىك زاراڭزا، تىكەنسىز زاراڭزا، ئاپتاپپەرەس سورتلىرىدىن گازىر ئاپتاپپەرەس ۋە مايلىق ئاپتاپپەرەس، كۈنجۈت سورتلىرىدىن قارا كۈنجۈت، ئاق كۈنجۈتلەر تېرىلىدۇ.

6) سويا پۇرچاق 70 ـ يىللاردىن ئىلگىرى يەرلىك سويا پۇرچاق ئاساسلىق تېرىلىدىغان سورت بولۇپ كەلگەنىدى. 80 ـ يىللاردا ئۇنىڭ ئورنىنى «سەنشى پۇرچىقى — 88» ئالدى. كېيىنكى «شەندۇڭ پۇرچىقى — 37» ، «بېيجىڭ چىلگە پۇرچىقى — 3» قاتارلىقلار تېرىلىدىغان بولدى.

## 2. تارقىلىشى

ناھىيىدىكى 6 يېزا، بىر بازارنىڭ ھەممىسىدە بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. مىنگو دەۋرىدە بۇغداي ئاساسلىق ئورۇندا، كۆممىقوناق، كېۋەزلەر ئۇنىڭدىن كېيىن تۇراتتى. 1965 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش باشلانغاندىن كېيىن، مەھسۇلات مىقدارىنى كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كۆممىقوناق ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتكۈزۈلدى. 1979 ـ يىلدىن كېيىن ناھىيىنىڭ يېزا ـ كەنتلىرىدە بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلدى. 1992 ـ يىلى كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭەيتىلدى، 1995 ـ يىلى كېۋەز كۆلىمى 185 مىڭ موغا يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئەڭ ئاساسلىق زىرائەت بولۇپ قالدى. زىرائەتلەرنىڭ يېزا ـ كەنتلەرگە تارقىلىش ئەھۋالى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش، سورتلىرىنىڭ تارقىلىشىدىمۇ چوڭ پەرق يوق. ئىچكىرىق يېزىسىنىڭ تىگىن كەنتى ئۆگەن دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، بۇ كەنتتە شال تېرىقچىلىقى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

# § 4 . دېھقانچىلىق تېخنىكىسى

## 1. تېرىقچىلىق تۈزۈمى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى، تېرىلغۇ يەر كۆپىنچە نۆۋەت بىلەن دەم ئالدۇرۇپ تېرىلاتتى، تېرىقچىلىق شەكلى جەھەتتە يىلدا بىر قېتىم ھوسۇل ئېلىش تۈزۈمى قوللىنىلاتتى. تېرىش ئۇسۇلى جەھەتتە چېچىپ تېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھوسۇلى تۆۋەن ئىدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە كۆممىقوناقنىڭ بىرلىك ھوسۇلى تەخمىنەن 20 كىلوگرام، كېۋەزنىڭ 3.7 كىلوگرام، شالنىڭ 32.3 كىلوگرام بولغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تېرىش ئۇسۇلى تەدرىجىي ياخشىلاندى. يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە چاناق بىلەن تېرىش ۋە قۇرلاپ تېرىش زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1956 ـ يىلى قۇرلاپ تېرىش ناھىيە

بويىچە ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملىشىپ بولدى، كۆممىقوناق تېرىشتا ئۆزۈلۈپ تېرىش ئومۇملاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن چېچىپ تېرىش ئادىتى ئۆزۈل ـ كېسىل ئۆزگەردى. يەرنى نۆۋەت بىلەن دەم ئالدۇرۇپ تېرىشنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي ئازايدى.

60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ناھىيىدە كۆممىقوناق بىلەن سويا پۇرچاقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ۋە ئېگىزغا تېرىش تېخنىكىلىرى تۇنجى قېتىم ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، تېرىقچىلىق تۈزۈمى خېلى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىلىپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1973 ـ يىلى 36 مىڭ مو يەرگە كۆممىقوناق بىلەن پۇرچاق كىرىشتۈرۈپ تېرىلدى. 70 ـ يىللاردا ناھىيە بويىچە ئوت ـ چۆپ بىلەن زىرائەتنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش تۈزۈمى ۋە ئېگىزغا يېشىل ئوغۇت تېرىش تېخنىكىسى يولغا قويۇلدى، لېكىن يەر ھەيدەش سايمىنى قالاق بولغانلىقى ۋە سۇ چەكلىمىسىگە ئۇچراش سەۋەبلىك ئومۇملىشىپ كېتەلمىدى. 80 ـ يىللاردا كۆممىقوناق بىلەن پۇرچاقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئارىلىق قالدۇرۇپ قۇر ئارىلاپ تېرىشقا ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ بىلەن تېرىقچىلىق تۈزۈمى كىرىشتۈرۈپ تېرىش تېخنىكىسىغا قارىغاندا يەنە بىر قېتىم ئىلگىرىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شال تېرىلىشتىن ئىلگىرى بوش يەرگە قىچا تېرىش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى. 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا زىرائەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، ئېگىزغا كۆممىقوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىش كۆلىمى زور دەرىجىدە كېڭەيتىلىپ، يىلدا بىر قېتىم ئاشلىق زىرائىتى تېرىش تۈزۈمى يىلدا 2 قېتىم ياكى 2 يىلدا 3 قېتىم ئاشلىق زىرائىتى تېرىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

## توقسۇ ناھىيىسىدە نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

**1) 1950 ـ يىلدىن ئىلگىرى**

(1) بۇغداي ـ دەم ـ كۆممىقوناق ـ كېۋەز ـ دەم ـ بۇغداي

(2) كېۋەز ـ دەم ـ كېۋەز ـ ياغلىق دان ـ دەم ياكى ئاق تاشلاش

(3) بۇغداي ـ كېۋەز ـ ئاق تاشلاش

(4) ياغلىق دان ـ دەم (سۇغا قاراپ بىر ياكى 2 يىل دەم ئالدۇرۇلدى) ـ ياغلىق دان

**2) 50 ـ يىللاردا**

(1) بۇغداي ـ بۇغداي ـ دەم ـ بۇغداي

(2) بۇغداي ـ كېۋەز ـ دەم ـ بۇغداي

(3) بۇغداي ـ بۇغداي ـ كېۋەز ـ بۇغداي

(4) بۇغداي ـ كۆممىقوناق ـ جاغدا كۆممە ـ بۇغداي

**3) 60 ـ يىللاردا**

(1) بۇغداي ـ كۆممىقوناق + پۇرچاق ـ كېۋەز ـ بۇغداي

(2) جاغدا كۆممە + پۇرچاق ـ بۇغداي ـ كېۋەز ـ جاغدا كۆممە + پۇرچاق

(3) شال ـ شال ـ دەم ـ شال

**4) 70 ـ يىللاردا**

(1) بۇغداي + يېشىل ئوغۇت ـ كېۋەز ـ بۇغداي + پۇرچاق ـ بۇغداي

(2) بۇغداي ـ بۇغداي + يېشىل ئوغۇت ـ كېۋەز ـ جاغدا كۆممە ـ بۇغداي

(3) بۇغداي (3 ـ يىل) ـ كېۋەز ـ كۆممىقوناق ـ بۇغداي

**5) 80 ـ يىللاردا**

(1) بۇغداي ـ بۇغداي ـ كۆممىقوناق + پۇرچاق ـ كېۋەز ـ كۆممىقوناق ـ بۇغداي

(2) بۇغداي + ئېگىز كۆممىسى ـ كېۋەز ـ جاغدا كۆممە ـ بۇغداي + ئېگىز كۆممىسى

(3) بۇغداي + ئېگىز كۆممىسى - كېۋەز - كېۋەز - بۇغداي + ئېگىز كۆممىسى

(4) ياغلىق دان (بوش يەرگە) + شال - ياغلىق دان (بوش يەرگە) + شال

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تېرىقچىلىق تۈزۈمى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، لېكىن ھازىرقى تېرىقچىلىق تۈزۈمى يەنىلا ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس، ئۆزگەرمەي تېرىش ۋاقتى ئۇزۇن بولغانلىقتىن، يېڭى مەسىلىلەر كۆرۈلدى، شۇڭا تېرىقچىلىق تۈزۈمىنى يەنە ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ.

## 2. ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

1) بۇغداي 1949 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە بويىچە بۇغداي كۆپىنچە چېچىپ تېرىلاتتى، يەنى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا يەر ئوسا قىلىنىپ ھەيدەلگەندىن كېيىن ئۇرۇق چېچىلىپ سۆرەم بىلەن باستۇرۇلاتتى. ئۇرۇقلارنىڭ كۆمۈلۈشى بىر خىل، چېچىلىشى تەكشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەكشى ئۈنمەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇغدايلىققا مال قويۇپ بېرىش ئادىتى بولغاچقا، كېيىنكى يىلى بۇغداي مايسىسى قايتا كۆكەرگەندە مايسىلار شالاڭ، ئاجىز بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتالمايدىغانلىقى، قوشۇمچە ئوغۇت بېرىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، بىرلىك ھوسۇلى ناھايىتى تۆۋەن بولاتتى. 50 - يىللارنىڭ بېشىدا چاناق بىلەن تېرىش ۋە قۇرلاپ تېرىش تەشەببۇس قىلىنىشقا باشلىدى، لېكىن تېرىش ئادىتىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئومۇملىشىش سۈرئىتى ئاستا بولدى، كوپېراتسىيىلىشىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قۇرلاپ تېرىش كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1956 - يىلى ناھىيە بويىچە 37 سېيالكا سېتىۋېلىنىپ، قۇرلاپ تېرىش ناھىيە بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتاش، سۇغىرىش قاتارلىق پەرۋىشلەر ۋاقتىدا ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى مەلۇم دەرىجىدە ئۆستى. 1958 - يىلدىن كېيىن بۇغداينى چېچىپ تېرىشقا ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بېرىلدى. 60 - يىللاردا تېرىش ماشىنىلىرىنىڭ كۆپلەپ كەلتۈرۈلۈشىگە ۋە ئوغۇتلاش تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بۇغداي ھوسۇلى يىلدىن - يىلغا ئاشتى. بولۇپمۇ 80 - يىللاردا بۇغدايلىققا مال قويۇپ بېرىشنىڭ ئازىيىشىغا، باش ئەتىيازدا بۇغداي قايتا كۆكىرىدىغان مەزگىلدە ماشىنا بىلەن خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىشنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇغداي ھوسۇلى زور دەرىجىدە ئاشتى.

80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا خىمىيىۋى ئۇسۇلدا ئوت ئوتاش، كۆكنى تىزگىنلەش، ئۈستىدىن ئوغۇتلاشقا ئوخشاش يېڭى تېخنىكىلار ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە بۇغداي تېرىش - پەرۋىش قىلىش ئىشى يېڭى تارىخىي دەۋرگە كىردى.

2) كۆممىقوناق 1950 - يىلدىن ئىلگىرى كۆممىقوناقمۇ بۇغدايغا ئوخشاش چېچىپ تېرىلاتتى. 1956 - يىلدىن كېيىن تۈپ ئارىلىقى 45، 50 ياكى 60 سانتىمېتىردىن قالدۇرۇلۇپ، 10 قۇرلۇق سېيالكا بىلەن قۇرلاپ تېرىلىدىغان بولدى. 60 - يىللاردا ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇپ قول بىلەن ئۇۋىلاپ تېرىش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىن چېچىپ تېرىلماس بولدى. 70 - يىللاردا كۆممىقوناق بىلەن پۇرچاقنى قۇر ئارىلىتىپ تېرىش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى. قۇر ئارىلىقى ئاساسەن 55 — 60 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقى 25 — 30 سانتىمېتىر قىلىنىپ، تۈپ ئارىسىغا پۇرچاق تېرىلدى. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا تاختىلاپ تېرىش — بىر تاختىسىغا كۆممىقوناق، بىر تاختىسىغا پۇرچاق تېرىش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى، يەنى كۆممىقوناقنىڭ ھەر قۇرىدىن 45 سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇلدى، 4 قۇر بىر تاختا قىلىنىپ، تاختىلار ئارىلىقى بىر مېتىر قىلىندى، ھەر تاختىغا 2 — 3 قۇردىن پۇرچاق تېرىلدى. بۇ ئۇسۇل كۆممىقوناق قۇرلىرى ئارىسىدىكى بوشلۇقتىن پايدىلىنىش رولىنى ئويناش بىلەنلا قالماي، پۇرچاق ھوسۇلىنى ئاشۇرۇش رولىنىمۇ ئوينىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، ياخشى ئۈنۈم بەردى.

80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، كۆممىقوناق پۈتۈنلەي ئېگىزغا تېرىلىدىغان بولدى. ئېگىزغا تېرىلىدىغان پۇرچاق سورتلىرى كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، بۇ خىل تېرىش ئۇسۇلى يەنە داۋاملاشتى ۋە ئومۇملاشتى.

3) كېۋەز  كېۋەزنى چېچىپ تېرىش كوپېراتسىيىلىشىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قۇرلاپ تېرىشقا ئۆزگەرتىلدى. باشتا توپ ئارىلىقى 60 سانتىمېتىر، قۇر ئارىلىقى 60 × 30، تەڭ قۇر ئارىلىقى 50 سانتىمېتىر قىلىندى، كېيىن تەدرىجىي مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، توپ ئارىلىقى 60 × 30، قۇر ئارىلىقى 55 × 30 قىلىندى. 60 - ۋە 70 - يىللاردا توپ ئارىلىقى كۆپىنچە 20 سانتىمېتىر قىلىنىپ، ھەر ئۆۋىدا 1 — 2 مايسا قالدۇرۇلىدىغان بولدى. 80 - يىللاردا توپ ئارىلىقى 18 — 20 سانتىمېتىر قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ھەر ئۆۋىدا بىردىن مايسا قالدۇرۇلىدىغان بولدى. 80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرى بالدۇر ئېچىلىدىغان پاكار غوللۇق كېۋەزنى قويۇق تېرىش تېخنىكىسى ئومۇملاشتۇرۇلدى، قۇر ئارىلىقى ئۆزگەرتىلمىگەن ئاساستا توپ ئارىلىقى 12 سانتىمېتىر قىلىندى، قويۇق تېرىپ ھوسۇلنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆكىنى خىمىيىۋى ئۇسۇلدا تىزگىنلەش، ئۈچىنى ئۈزۈش ئىشلىرى بالدۇر ئىشلەندى. كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشىدا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە قوللىنىلىشى ناھىيىنىڭ كېۋەز ئۆستۈرۈش تارىخىدىكى بىر سەكرەش بولدى. ناھىيە بويىچە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز ئۆستۈرۈش 1983 - يىلى باشلاندى، شۇ يىلى پەيشەنبە بازار گۇڭشېسىنىڭ نۇرباغ چوڭ ئەترىتىدە 58 مو كېۋەز سىناق تەرىقىسىدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلىپ، 5437.5 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىنىدى، ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى 93.8 كىلوگرامغا يېتىپ، ئادەتتىكى كېۋەزنىڭ بىرلىك ھوسۇلىدىن 1.5 ھەسسە يۇقىرى بولدى، بۇ ئەھۋال ناھىيىدە زىلزىلە قوزغىدى. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز كۆلىمى يىلدىن - يىلغا كېڭەيدى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە 97 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغىنى 83 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي كېۋەز كۆلىمىنىڭ %86نى ئىگىلىدى.

كېۋەز پەرۋىشىدە ئىلگىرى چاغلاش، ئوتاش، تۈۋىنى بوشىتىش، چۆنەك تارتىش، قوشۇمچە ئوغۇتلاش ئىشلىرى ئىشلەنمەيتتى، سۇ قىس بولغاندا قۇرغاقچىلىققا ئۇچرايتتى، سۇ غول بولغاندا، سۇ بېسىپ كېتەتتى، نەتىجىدە كېۋەز بالدۇر قايتىپ كېتەتتى ياكى كۆكىگە زورلاپ ئېگىز ئۆسۈپ كېتەتتى، كېۋەزلىكنى ئوت - چۆپ بېسىپ كېتەتتى. كوپېراتسىيىلىشىشتىن كېيىن قۇرلاپ تېرىش يولغا قويۇلۇپ، كېۋەز پەرۋىشى كۈچەيتىلىشكە باشلىدى، بۇ مەزگىلدە ئوتاش ۋە تۈۋىنى بوشىتىش نۇقتىلىق تۇتۇلدى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا چاغلاش، چۆنەك تارتىش، ئۈچىنى ئۈزۈش تېخنىكىلىرى تەدرىجىي ئومۇملاشتى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا خىمىيىۋى ئۇسۇلدا ئوتاش، كۆكىنى تىزگىنلەش ۋە ئۈستىدىن ئوغۇتلاش تېخنىكىلىرى ئومۇملىشىشقا باشلاپ، كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنىكا سەۋىيىسى يەنە بىر بالداق ئۆستى.

4) شال  ناھىيىدە شال بىردەك چېچىپ تېرىلاتتى. بولۇپمۇ 60 - يىللاردىن ئىلگىرى تۈزلەش، ئوغۇتلاش، ئوتاش ئىشلىرى ئىشلەنمەيتتى، كەلكۈن كەلگەندە ئۇرۇق چېچىپ قويۇلۇپ، پىشقاندا ئورۇۋېلىناتتى. 60 - يىللاردا ئوتاش، ئوغۇتلاش تەدرىجىي ئومۇملاشتى. 70 - يىللاردا شال تېرىلىدىغان يەر تۈزلىنىدىغان بولدى. 1978 - يىلى قول بىلەن مايسا كۆچۈرۈش، قۇرلاپ تېرىش قاتارلىق تېخنىكىلار كېڭەيتىلدى، لېكىن ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ئاز بولدى. 1987 - يىلى يەنە مايسىنى يېتىشتۈرۈۋېلىپ ماشىنا بىلەن كۆچۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى، شۇ يىلى ئىچچېبىرىق يېزىسىنىڭ تومار كەنتىدە ئۈلگە كۆرسىتىش يۈزىسىدىن 41 مو شال مۇشۇ ئۇسۇلدا تېرىلىپ، ھەر مودىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 333.5 كىلوگرامدىن ھوسۇل ئېلىنىدى. 1988 - يىلى مۇشۇ ئۇسۇلدا تېرىلغان شال

187 موغا يەتتى. 1986 ـ يىلى ناھىيەدە خىمىيىۋى ئۇسۇلدا ئوتاش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىشكە باشلاپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى، شۇندىن كېيىن بۇ تېخنىكا يىلدىن ـ يىلغا ئومۇملاشتى. 1990 ـ يىلى 5000 مو شال خىمىيىۋى ئۇسۇلدا ئوتالدى، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئوت ـ چۆپنى يوقىتىش ئۈنۈمى 85%تىن يۇقىرى بولدى.

## 3. ئوغۇتلاش

**1) ئورگانىك ئوغۇت** ناھىيەدە ئورگانىك ئوغۇت، ئاساسەن، كالا، قوي، ئات، ئېشەك ئېغىل ـ قوتانلىرىدىن ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا قوش مايىقى، گەندە ۋە ئېچىتىلغان ئوغۇتمۇ ئورگانىك ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. كوپېراتسىيىلىشىشتىن ئىلگىرى يەر ئوغۇتلانمايتتى، ئېغىل قىغى ئازراق ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى، ئورگانىك ئوغۇتلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىسراپ قىلىنىۋېتىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چاغدا چارۋا ئاز بولغاچقا، ھېچقانچە قىغ چۈشمەيتتى. 1949 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 81 مىڭ 200 تۇياق چارۋا بار بولسىمۇ، كۆپىنچىسى يايلىتىپ بېقىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تېزەك ـ ماياقلىرىنى يىغىۋالغىلى بولمايتتى، ئېغىل ـ قوتانلارغا يىلدا تەخمىنەن 200 مىڭ كۇب مېتىر قىغ چۈشەتتى، ھەرمو يەرگە ئاران 0.6 كۇب مېتىردىن ئورگانىك ئوغۇت چېچىلاتتى. 60 ـ يىللارغا كەلگەندە، چارۋىچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا، ئاممىۋى ئوغۇت توپلاش ھەرىكىتىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىش ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، ھەر مو يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 ـ 2 كۇب مېتىردىن ئورگانىك ئوغۇت چېچىلىدىغان بولدى. 70 ـ يىللاردا ھەرمو يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن چېچىلىدىغان ئورگانىك ئوغۇت 2 — 3 كۇب مېتىرغا، 80 ـ يىللاردا 3 — 4 كۇب مېتىرغا يەتتى. 1989 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 1 مىليون 430 مىڭ كۇب مېتىر ئورگانىك ئوغۇت توپلىنىپ، ھەرمو يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.5 كۇب مېتىردىن چېچىلدى.

توقسۇ ناھىيىسىدە چارۋا قىغى، قوش مايىقى ۋە گەندىدىن باشقا يېشىل ئوغۇت، كۆنجۈرە قاتارلىق ئورگانىك ئوغۇتلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ. يېشىل ئوغۇتتىن پايدىلىنىش 1972 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، بۇغدايغا قاشقا بېدە ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلدى. ناھىيەدە سۇ قىس ۋە يەر باستۇرۇش تېخنىكىسى قالاق بولغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكى چاغلاردا ئومۇملاشتۇرۇش توختاپ قالدى. شال تېرىغىچە بولغان ئارىلىقتا شاللىققا ياغلىق دان تېرىلدى، لېكىن يېشىل ئوغۇت سۈپىتىدە باستۇرۇۋېتىلىش مىقدارى ناھايىتى ئاز بولدى. كۆك گۈللۈك بېدىمۇ يېشىل ئوغۇت قىلىنىدۇ. پاختىچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، چىگىت كۆنجۈرىسى سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇت سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان بولدى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 100 توننىدىن ئارتۇق چىگىت كۆنجۈرىسى ئىشلىتىلدى. ناھىيە دېھقانلىرىدا ئاق توپىنى ئوغۇت ئورنىدا ئىشلىتىش ئادىتىمۇ بار، دېھقانچىلىق ئىشلىرى ئارىسال بولىدىغان قىش پەسلىدە، دېھقانلار جاڭگالدىن يۇلغۇن قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقى چۈشكەن توپىنى ئېلىپ كېلىپ ئېتىزغا چاچىدۇ، لېكىن بۇنداق توپىدا ئورگانىك ماددىلار ئاز، بەزىلىرىدە تۇز كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوغۇتلۇق رولى ناچارراق بولىدۇ.

**2) مىنېرال ئوغۇت** مىنېرال ئوغۇت، ئاساسەن، ئۈرېيە، ئاممونىي نىترات، ئاممونىي 2 فوسفات، 3 ئېلېمېنتلىق كالتسىي سوفېر فوسفاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كېيىن يەنە گېنلىق كالىي ھىدرو 2 فوسفات، ئاممونىي فوسفات، كالتسىي ھىدرو 2 فوسفات قاتارلىقلار قوشۇلدى. توقسۇدا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىش 1953 ـ يىلى باشلاندى، شۇ يىلى 12 مو يەرگە 200 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىپ كۆرۈلدى. 1957 ـ يىلى 800 مو يەرگە 60 مىڭ كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى. 1978 ـ يىلى 2 مىليون 239 مىڭ كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىلىپ، ناھىيە بويىچە خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلىتىشتە بۆرۈلۈش نۇقتىسى بارلىققا كەلدى. زىرائەتلەردىن 118 مىڭ 815 مو بۇغدايغا، 50 مىڭ 780 مو كۆممىقوناققا

خىمىيۋى ئوغۇت ئىشلىتىلدى. 1981 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 2 مىليون 303 مىڭ كىلوگرام، 1984 ـ يىلى 4 مىليون 280 مىڭ كىلوگرام، 1986 ـ يىلى 3 مىليون 136 مىڭ كىلوگرام، 1995 ـ يىلى 15 مىليون 597 مىڭ كىلوگرام ئىشلىتىلدى. خىمىيۋى ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى ناھىيە بويىچە زىرائەت ھوسۇلىنىڭ ئېشىشىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى.

3) **باشقا ئوغۇتلار** توقسۇدا جاڭگال يۇلغۇن توپىسى، كونا كاڭ توپىسى، ئەسكى تام توپىسىغا ئوخشاش توپا ئوغۇتلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئوغۇتلاردا ئورگانىك ماددىلار ناھايىتى ئاز بولىدۇ، ئېتىزغا چېچىلسا، مىنېرال ماددىلارنى تولۇقلاش رولىنى ئوينىسىمۇ، ئوغۇتلۇق رولى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ.

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1961 — 1995 ـ يىلغىچە خىمىيۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 11 — 13

| يىل | خىمىيۋى ئوغۇت (توننا) | ئۆلچەملىك ئوغۇتقا سۇندۇرغاندا (توننا) | ھەر موغا بېرىلگەن خىمىيۋى ئوغۇت (كىلوگرام) | دېھقانچىلىق دورىسى (توننا) |
|---|---|---|---|---|
| 1961 | 137 | | 0.3 | 128 |
| 1962 | 100 | | 0.2 | |
| 1963 | 202 | | 0.5 | |
| 1964 | 223 | | 0.6 | 1 |
| 1965 | 378 | | 1 | 4 |
| 1966 | 1112 | | 2.9 | 49 |
| 1967 | 907 | | 2.2 | 11 |
| 1968 | 594 | | 1.4 | 20 |
| 1969 | 6000 | | 1.5 | 20 |
| 1970 | 654 | | 1.7 | 19 |
| 1971 | 752 | | 1.9 | 14 |
| 1972 | 424 | | 1.1 | 10 |
| 1973 | 860 | | 2.2 | 19 |
| 1974 | 962 | | 2.4 | 21 |
| 1975 | 855 | | 2.1 | 20 |
| 1976 | 888 | | 2.5 | 15 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1977 | 1166 | | 3.1 | 20 |
| 1978 | 2239 | | 5.1 | 26 |
| 1979 | | | | 24 |
| 1980 | 3079 | | 7.7 | 21 |
| 1981 | 2303 | | 6 | 35 |
| 1982 | 1237 | | 3 | 21 |
| 1983 | 4263 | 1761 | 2.4 | 27 |
| 1984 | 4280 | 1712 | 10.3 | 10 |
| 1985 | 2763 | 984 | 2.4 | 15 |
| 1986 | 3136 | 1234 | 3 | 5.7 |
| 1987 | 3034 | 1018 | 7.4 | 15.77 |
| 1988 | 3879 | 1547 | 9.2 | 9 |
| 1989 | 5607 | 2009 | 13.3 | 0.68 |
| 1990 | 5998 | 1575 | 14.1 | 16 |
| 1991 | 8760 | 2998 | 20.6 | 23.2 |
| 1992 | 10498 | 3349 | 23.3 | 39.7 |
| 1993 | 9154 | 2872 | 21.4 | 14.8 |
| 1994 | 12656 | 4036 | 27.3 | 14.7 |
| 1995 | 15597 | 4974 | 32.3 | 37 |

## 4. سورتلۇق ئۇرۇقلارنى كېڭەيتىش

1) بۇغداي    يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى چاغلاردا توقسۇدا كۈزگى بۇغداينىڭ ئاساسەن رەھىمشاھ ۋە مەلىباش دېگەن سورتلىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاپەتكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولسىمۇ، سۇ، ئوغۇت خالىمايتتى، ئاسان يېتىلۋالاتتى، ھوسۇلى تۆۋەن ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى تۆۋەن سەۋىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىغا لايىق ئىدى. 1954 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن «ئوكرائىنا — 0246»، كىرگوزۇلوپ، «قىزىلنۇر» دېھقانچىلىق كوپېراتىپىدا (ھازىرقى ئىچكىرىق يېزىسىنىڭ «قىزىلنۇر» كەنتىدە) 468 مو يەرگە تېرىپ كۆرۈلگەندە، ھەر مودىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 168 كىلوگرامدىن ھوسۇل ئېلىنىپ، ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى. 1956 - يىلغا قەدەر بۇ سورت 14 مىڭ 919 مو يەرگە كېڭەيتىلدى. بۇ ئوغۇتقا، سۇغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يۇقىرى

ھوسۇللۇق سورت بولسىمۇ، ئال كېسەلى كۆرۈلىدىغان سورت ئىدى. ئال كېسەللىكىنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 1959 - يىلى «ئوكرائىنا 83»، «ئودېسا — 16»، «شىجياجۇاڭ — 407»، «شىمالىي جۇڭگو — 187»، «0246»، «1 — 106»، «قىلتىرىقسىز كۈزگى — 4»، «زاۋپاڭ كۈزگىسى»گە ئوخشاش ئال كېسەللىكىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان سورتلار كىرگۈزۈلدى. بۇ سورتلار 1969 - يىلغا قەدەر توقسۇدىكى ئاساسلىق بۇغداي سورتى بولدى. 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا «شىنجاڭ كۈزگىسى — 2»، «118 — 66»، «1995»، «يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى — 183»غا ئوخشاش سورتلار كەينى - كەينىدىن كىرگۈزۈلدى ھەم «شىجياجۇاڭ — 107» ساپلاشتۇرۇلدى ۋە يېڭىلاندى. 1977 - يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئورنى «شىنجاڭ كۈزگىسى — 2»نى ساپلاشتۇرۇپ ۋە يېڭىلاپ، «خۇڭشۈەن — 501» دەپ نام بەردى، بۇ سورت 1978 - يىلدىن باشلاپ كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىلدى. 1984 - يىلى چىلگە بۇغداي سورتى «تاڭشەن — 6898» كىرگۈزۈلدى، بۇ سورت تەدرىجىي ھالدا «يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى 183»نىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن «خۇڭشۈەن — 501» بىلەن «تاڭشەن — 6898» توقسۇدىكى ئاساسلىق بۇغداي سورتى بولۇپ قالدى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە 180 مىڭ مو كۈزگى بۇغداي تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە «خۇڭشۈەن — 501» 98 مىڭ مو، «تاڭشەن — 6898» 79 مىڭ مو، «قەشقەر كۈزگىسى — 5» قاتارلىقلار 3000 مو يەرگە تېرىلدى.

**2) كۆممىقوناق** 1949 - يىلدىن ئىلگىرى جاغدا كۆممىقوناق سورتلىرىدىن قەشقەر ئاق كۆممىسى، قەشقەر سېرىق كۆممىسى، ئاقسۇ ئاق كۆممىسى، جاغدا ۋە ئارا سېرىق كۆممە قاتارلىق ئەنئەنىۋى كۆممىقوناق سورتلىرى، ئېگىزغا قەشقەر كۆك چىلگە كۆممىسى تېرىلاتتى. 1955 - يىلى «ئالتۇن خانىش»، شىمالىي جۇڭگو سېرىق كۆممىسى ۋە ئېگىز ئاق ئات چىشى كۆممىسى كەلتۈرۈلدى. 1960 - يىلى شىمالىي جۇڭگو سېرىق كۆممىسى بىلەن «ئالتۇن خانىش» يەرلىك سورتلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئاساسلىق سورتلاردىن بولۇپ قالدى، ئۇلار ئىچىدە «ئالتۇن خانىش»نىڭ بىرلىك ھوسۇلى 611 كىلوگرامغا، شىمالىي جۇڭگو سېرىق كۆممىسىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 225 كىلوگرام چامىسىغا يېتىپ، يەرلىك سورتلارنىڭ ھوسۇلىدىن 15% — 20% ئاشتى. ئاق ئات چىشى كۆممىسىمۇ كونا ئېگىز كۆممىسى سورتىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ئىگىلىدى. 1964 — 1976 - يىلغا قەدەر ئىلى سېرىق يەككە شالغۇتى، «قوش شالغۇت — 156» «ئالتۇن خانىش» بىلەن شىمالىي جۇڭگو سېرىق كۆممىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. 1977 - يىلى توقسۇنىڭ ئۆزىدە يېتىشتۈرۈلگەن كۆممىقوناق سورتى ۋۇلىڭ يەككە شالغۇتى ئىچىبىرىق چوڭ ئەترىتىدە تېرىپ كۆرۈلگەندە، بىرلىك ھوسۇلى 582 كىلوگرامغا يېتىپ، شىمالىي جۇڭگو سېرىق كۆممىسىنىڭ بىرلىك ھوسۇلىدىن 4 . 165 كىلوگرام ئېشىپ كەتتى، دېمەك، ئېشىش نىسبىتى خېلىلا زور بولدى. ئېگىز كۆممىسى سورتىدىن «گايتى — 101» كەلتۈرۈلدى. 1981 - يىلى جىندا يەككە شالغۇتى، «كۇچا يەككە شالغۇتى — 1» كەلتۈرۈلدى، ئۇلار ئىچىدە جىندا يەككە شالغۇتنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 70 - يىللاردا كەلتۈرۈلگەن سورتلارنىڭ بىرلىك ھوسۇلىدىن ئاز كەم بىر ھەسسە يۇقىرى بولۇپ، 80 - يىللاردا توقسۇدا جاغدا كۆممىنىڭ ئاساسلىق سورتى بولۇپ قالدى. ئېگىز كۆممىسى سورتلىرىدىن «گايتى — 101» ئاساسلىق ئورۇندا تۇردى.

تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا، جاغدا كۆممىنىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپلەپ ئازىيىپ، ئېگىز كۆممىسى تېرىلغۇ كۆلىمى زور دەرىجىدە كېڭەيدى. 1988 - يىلى ئېگىز كۆممىسى سورتى «ئوتتۇرا جەنۇبىي جۇڭگو كۆممىسى — 1» كەلتۈرۈلۈپ، 1088 مو يەرگە تېرىپ كۆرۈلگەندە، بىرلىك ھوسۇلى 447 كىلوگرامغا يېتىپ، ئېگىز كۆممىسىنىڭ بىرلىك ھوسۇلى جەھەتتە ئەڭ يېڭى رېكورت يارىتىلغان. 1988 - يىلى 12 مىڭ 370 موغا، 1990 - يىلى 42 مىڭ 700 موغا كېڭەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ توقسۇدىكى ئاساسلىق ئېگىز كۆممىسى سورتى بولۇپ قالدى. ئېگىز كۆممىسى ئورنىغا بۇغداي تېرىشتا

كۆرۈلگەن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1989 - يىلى يەنە «خوتەن يەككە شالغۇتى — 1»، «مېكسىكا يەككە شالغۇتى — 8621» قاتارلىق يۇقىرى ھوسۇللۇق چىلگە كۆممە سورتلىرى كەلتۈرۈلدى ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك سىناق قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن توقسۇدا كۆممىقوناق پۈتۈنلەي ئېگىزغا تېرىلىدىغان ھەم پۈتۈنلەي شالغۇت سورتلىرى تېرىلىدىغان بولدى.

3) **شال** قارا قىلتىرىقلىق شال، ئاق قىلتىرىقلىق شال قاتارلىق ئەنئەنىۋى چىلگە شال سورتلىرى ماسلىشچانلىقى كۈچلۈك، ئېسىل بولسىمۇ، ئەمما ھوسۇلى تۆۋەن، ئوغۇت خالىماس، ئاسان يېتىۋالىدىغان ۋە شال ۋاباسى كۆرۈلىدىغان سورتلار ئىدى. 1973 - يىلدىن كېيىن «1037 — 68»، «نىڭشى — 23 — 6»، «ھەمكارلىق — 1»، «بىپىپى — 33»، «قوش توي — 1»، «شاجياۋ — 1»، «شازى — 129» قاتارلىق چىلگە شال سورتلىرى ۋە «شاجياۋ — 5»، «ئەيفېڭ — 2»، «دۆلەت بايرىمى — 20» قاتارلىق جاغدا شال سورتلىرى كەلتۈرۈلدى. سىناق تەرىقىسىدە تېرىش ئارقىلىق «شازى — 129»، «نىڭشى — 23 — 6» قاتارلىقلارنىڭ يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېسىل سورتلار بولۇپ، توقسۇدا كېڭەيتىشكە باب ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى، لېكىن ئادەت كۈچىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بۇلار ئاساسلىق سورتلارغا ئايلىنالمىدى. 1987 - يىلدىن باشلاپ يەنە «شىنجاڭ شېلى — 1» قاتارلىق بالدۇر پىشىدىغان، ئېسىل، كېسەللىككە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان سورتلار كەلتۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ دېنى ئاسان تۆكۈلۈپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئومۇملىشالماي قالدى. كېيىن شالچىلىقتا بولغان قاراشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە شال ئاقلاش ماشىنىلىرىنىڭ كەلتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، 1990 - يىلى «شىنجاڭ شېلى — 1» تەدرىجىي ئومۇملىشىپ، قارا قىلتىرىقلىق شال، ئاق قىلتىرىقلىق شال قاتارلىق يەرلىك شال سورتلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. بۇندىن باشقا شال مايسىسىنى يېتىشتۈرۈۋېلىپ، ماشىنا بىلەن كۆچۈرىدىغان ئىلغار شالچىلىق تېخنىكىسىنىڭ كىرىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن يەنە «1 — 78» قاتارلىق يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئېسىل جاغدا شال سورتلىرى كەلتۈرۈلدى ھەم ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

4) **كېۋەز** توقسۇدا ئەسلىدە يەرلىك كېۋەز تېرىلاتتى. 1952 - يىلى «س — 3173» كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ بىرلىك ھوسۇلى يەرلىك كېۋەزنىڭكىدىن 3 ھەسسە يۇقىرى بولدى. «س — 3173» 1955 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1960 - يىلى «108V» كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ بىرلىك ھوسۇلى «س — 3173» نىڭكىدىن %10 يۇقىرى بولدى. 1978 - يىلى «108V» ئومۇملىشىپ، ئاساسلىق تېرىلىدىغان كېۋەز سورتى بولۇپ قالدى. 1968 — 1977 - يىلغا قەدەر «4744» قاتارلىق يېڭى كېۋەز سورتلىرى كەلتۈرۈلدى ھەم ئۇلارنى ساپلاشتۇرۇش - يېڭىلاش خىزمىتى ئىشلەندى، بۇ خىل كېۋەز سورتىغا «توقسۇ — 1» دەپ نام بېرىلدى. 1977 - يىلى ئىچېبرىق گۇڭشېسىنىڭ ئۆزۈنكوچا چوڭ ئەترىتىدە تېرىپ كۆرۈلگەندە، ھەر موسىدىن 80 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىندى. 1978 - يىلى ئۇزۇن تالالىق پاختا سورتى — «خەينەنداۋ ھەربىيلەر كېۋىزى — 1» كەلتۈرۈلدى. لېكىن ئۇ توقسۇنىڭ كىلىماتىغا ماس كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئومۇملىشالمىدى. شۇندىن كېيىن يەنىلا «108V» ئاساسلىق تېرىلىدىغان سورت بولۇپ قېلىۋەردى. 1987 - يىلى شايار ناھىيىسىدىن «ھەربىيلەر كېۋىزى — 1» كەلتۈرۈلۈپ، «108V» نىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. بۇ سورت 1995 - يىلغا قەدەر توقسۇدا ئاساسلىق تېرىلىدىغان كېۋەز سورتى بولۇپ كەلدى.

## 5. تېخنىكا كېڭەيتىش

1) **خىمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر كۆمۈپ بېرىش** خىمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر كۆمۈپ بېرىش 60 - يىللاردا ئومۇملىشىشقا باشلىدى. 70 - يىللاردا بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز

قاتارلىق زىرائەتلەرگە قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسى بىلەن كەڭ كۆلەمدە خىمىيۋى ئوغۇت بېرىلدى. بۇغدايغا ئومۇميۈزلۈك ساپلاشتۇرۇلغان چېرىندا ناترىي چېچىلغاندا، بۇغداي ھوسۇلى 9.7% ئاشتى. 1976 ـ يىلى دايۇلتۇز گۇڭشېسىنىڭ شويلۇق چوڭ ئەترىتىدە 400 مو يەرگە خىمىيۋى ئوغۇت قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسى بىلەن چوڭقۇر كۆمۈپ بېرىلگەندە، شۇ يىلى بۇغداي ئومۇمىي ھوسۇلى 1975 ـ يىلدىكىدىن 21 مىڭ 627 كىلوگرام ئاشتى. كېۋەز «5406» باكتېرىيىلىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلانغاندا، كېۋەزنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 75 كىلوگرامغا يېتىپ، 1975 ـ يىلدىكىدىن 13 كىلوگرامدىن 15 كىلوگرامغىچە ئاشتى.

2 ) سۇلىياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش سۇلىياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش ـ بىر خىل يېڭى تېخنىكا. توقسۇ ناھىيىسىدە 1982 ـ يىلى سۇلىياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىلگەندە، كېۋەزنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 80 كىلوگرامغا يېتىپ، خېلى ئاشتى. 1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سۇلىياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلگان كېۋەز 10 مىڭ 500 موغا يەتتى، سۇلىياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىشنىڭ ھوسۇلنى ئاشۇرۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى. پەيشەنبە بازار يېزىسى سۆگەتتوتان چوڭ ئەترىتىدىكى دېھقان توختى روزى 5 مو يەرگە سۇلىياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىپ، جەمئىي 708.5 كىلوگرام ساپ پاختا ئالدى، بىرلىك ھوسۇلى 141.5 كىلوگرامغا يېتىپ، ھەرمو كېۋەزدىن 623 يۈەن كىرىم قىلدى. 1984 ـ يىلدىن كېيىن سۇلىياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش كېۋەز، كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز قاتارلىقلارغا كېڭەيدى.

3 ) ئۆسۈملۈك ئۆستۈرۈش ھورمۇنىنى سىناق قىلىش 1978 ـ يىلى توقسۇدا بۇغداي چېچەكلى توزۇيدىغان مەزگىلدە «ھوسۇل ئاشۇرۇش دورىسى» چېچىلغاندا، بۇغداينىڭمۇ، كېۋەزنىڭمۇ ھوسۇلى ئاشتى.

**ئۆزۈن تالالىق كېۋەزگە ھوسۇل ئاشۇرۇش دورىسى ئىشلىتىلگەندىن كېيىن كېۋەزنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 11 — 14

| خىلى | غوزىنىڭ ئېغىرلىقى (گرام) | غوزىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىش نىسبىتى (%) | غوزىنىڭ يېتىلىش نىسبىتى (%) | بىرلىك ھوسۇلى (كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|
| تەجرىبە كېۋىزى | 3.3 | 37.5 | 72 | 81.6 |
| ئادەتتىكى كېۋەز | 2.6 | 64.7 | 63.1 | 69.6 |

## 5 § . ئۆسۈملۈك ئاسراش

### 1. كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ خىللىرى ھەم مۇداپىئەلىنىش ـ يوقىتىش ئەھۋالى

1 ) بۇغدايدا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار ھەم مۇداپىئەلىنىش ـ يوقىتىش ئەھۋالى توقسۇ ناھىيىسىدە بۇغدايدا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك

ۋە زىيانداش ھاشاراتلار ئاساسەن ئال كېسىلى، قارا كۈيە كېسىلى، قىل قۇرت كېسىلى، بۇغداي كۆك پىتى، تىرىپس قۇرتى، ۋىرۇسلۇق كېسەللىكلەر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئىچىدە ئالىنىڭ بۇغدايغا كەلتۈرىدىغان زىيىنى ھەممىدىن ئېغىر.

ئال كېسىلى توقسۇ تارىخىدا كۆپ قېتىم كۆرۈلگەن. 1942 - يىلى ئال كېسىلى توقسۇدا كەڭ كۆلەمدە كۆرۈلۈپ، «ئېتىزدا ئال كېسىلى چۈشكەن بۇغداي ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كەڭ بۇغدايلىق سارغىيىپ كېتىپ»، بۇغداي ھوسۇلى ئېغىر دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى. ئال كېسىلى توقسۇدا 1952 - يىلمۇ كۆرۈلۈپ، كەڭ دائىرىگە كېڭەيدى، «ئالدىن مۇداپىئەلىنىش ئەترىتى» قۇرۇلۇپ، بۇغدايلىقتا ھاك، چالما توز ۋە كۈل چېچىلغاندا مەلۇم ئۈنۈم بەردى.

1959 — 1961 - يىلغا قەدەر بۇغدايدا يەنە ئال كېسىلى كۆرۈلدى، دورا چېچىپ ئال كېسىلىنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون توقسۇغا 1960 - ۋە 1961 - يىللىرى 2 قېتىم «AN—2» تىپلىق ئايروپىلان ئەۋەتتى. 1960 - يىلى 150 مىڭ مو يەردە مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 89 مىڭ 465 مو يەرگە ئايروپىلان بىلەن دورا چېچىلدى؛ 1961 - يىلى 81 مىڭ مو يەردە مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىپ، ئايروپىلان بىلەن 268 توننا دورا چېچىلدى. ئۇلارغا ئادەم كۈچى بىلەن ئىشلەنگەن مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش خىزمىتى قوشۇلۇپ، ئال كېسىلىنىڭ يامراپ كېتىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. ئۈستۈنلۈك ئاسراشتا 70 - يىللاردا توقسۇ ناھىيىسىدە «مۇداپىئەلىنىشنى يوقىتىشتىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇش»، «بالدۇر يوقىتىش، كىچىكىدىن يوقىتىش، تولۇق يوقىتىش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن زامانىۋى ئۇسۇل بىرلەشتۈرۈلگەن مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش تەدبىرى قوللىنىلدى. بىرىنچىدىن، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 1»، «خۇڭشۈەن — 501»، «تاڭشەن — 6898»، «شىجياجۇاڭ — 407»، «يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى — 183» كە ئوخشاش ئالغا تاقابىلچانلىقى كۈچلۈك بۇغداي سورتلىرى كەلتۈرۈلدى؛ ئىككىنچىدىن، تېرىش ۋاقتى مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈلدى، كالىلىق ئوغۇت كۆپلەپ بېرىلدى، ئەتىيازلىق ھەيدەش كۈچەيتىلدى؛ ئۈچىنچىدىن، كۆزىتىش كۈچەيتىلىپ، ئال كېسىلى بايقالغان ھامان مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى؛ تۆتىنچىدىن، ئالدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان ئالغا قارشى ناترىي، بايلېتونغا ئوخشاش دورىلارنى ئاساس، ھاك - گۈڭگۈرت ئارىلاشمىسى، كۈل قاتارلىقلارنى قوشۇمچە قىلىش ئارقىلىق مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش خىزمىتى ئىشلەندى. 70 - يىللاردىن باشلاپ، ناھىيىدە ئال كېسىلى پات - پات كۆرۈلۈپ تۇرغان بولسىمۇ، مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش ئۇسۇلى جايىدا، تەدبىر كۈچلۈك بولغانلىقتىن، چوڭ زىيان سالالمىدى.

توقسۇ ناھىيىسىدە قارا كۈيە، قىل قۇرت كېسەللىكلىرىنىڭ زىيىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە كۆرۈلۈپ تۇردى. بولۇپمۇ 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىكى يىللىرىدا بۇغدايلىقلاردا بۇ خىل كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتى 20% — 30% كە يەتتى. 70 - يىللاردا قارا كۈيە، قىل قۇرت كېسەللىكلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۇرۇقلۇق بۇغداينى ھاك سۈيىگە چىلاپ تېرىش، تۇزلۇق سۇغا چىلاپ تاللاش، تېرىقتىن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىشقا ئوخشاش تېخنىكىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، يۇقىرىقى كېسەللىكلەرنىڭ كۆرۈلۈشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىنىپ، كۆرۈلۈش نىسبىتى 5% كە چۈشۈرۈلدى.

بۇغداي كۆك پىتى، تىرىپس قۇرتى ۋە ۋىرۇسلۇق كېسەللىكلەرمۇ ناھىيىدە يېنىك دەرىجىدە كۆرۈلۈپ تۇردى.

2) كۆممىقوناقتا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار ھەم مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش ئەھۋالى توقسۇدا كۆممىقوناقتا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار يەر يولۋىسى، سىم قۇرت، چېكەتكە، قارا توزان كېسىلى، يوللۇق دات كېسىلى،

موزايىۋېشى، كۆممىقوناق كېپىنىكى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

توقسۇدا يەر يولۋىسى ھەر يىلى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، جاغدا كۆممىقوناق 1 - ئەۋلاد يەر يولۋىسىنىڭ، ئېگىز كۆممىسى 2 - ئەۋلاد يەر يولۋىسىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئادەتتىكىچە بولغاندا كۆممىقوناق مايىسى %10 — %20 ئالا بولۇپ قالىدۇ، ئېغىر بولغاندا %30تىن كۆپرەك ئالا بولۇپ قالىدۇ. 60 - يىللاردا ئاساسەن يەر يولۋىسىنىڭ پەرۋانىسىنى شىرنا بىلەن ئالداپ يوقىتىشقا ئوخشاش ئۇسۇللار قوللىنىلىپ يوقىتىلىدى. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا «666»نى چېچىش، ئۆرۈقلۇق قوناقنى سېرسان ئارىلاشتۇرۇپ تېرىشقا ئوخشاش دورا بىلەن مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىشقا باشلىدى ھەم ئۇنىڭغا كوزدە قىرلارنى بۇزۇپ قورچىقىنى يوقىتىش، سوغىرىپ تۇنجۇقتۇرۇپ يوقىتىش ۋە قول بىلەن تۇتۇپ يوقىتىش ئۇسۇللىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

چېكەتكە ئادەتتىكى يىللاردا ئاندا - ساندا كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، 1977 - يىل 7 - ئايدا ئىچىبىرىق گۇڭشېسى ئاقيار باشقۇرۇش رايونىنىڭ ئۆگەن دەرياسى بويىدىكى جايلىرىدا 6000 مو كۆممىقوناق چېكەتكە ئاپىتىگە ئۇچرىدى. چېكەتكە كۆپ چۈشكەن جايلاردا ھەرتۈپ كۆممىقوناقتىكى چېكەتكە 14كە، ھەر كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى چېكەتكە 10غا يەتتى ھەم ھەر كۈنى 50 مېتىر سۈرئەت بىلەن ئېتىزدا ئۇچۇپ يۆتكىلىپ تۇرىدۇ، بۇنداق ئەھۋال توقسۇ تارىخىدا كەم كۆرۈلگەن. چېكەتكىنى تېز يوقىتىش ئۈچۈن، ناھىيە 600 ئەمگەك كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، 10 كۈن ئىچىدە 3400 مو يەرگە 6.5 توننا «666» نى چېچىپ، مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ھەر كۋادرات مېتىر كۆلەمدە 20 — 27 دىن چېكەتكىنى يوقىتىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

كۆممىقوناق قارا توزان كېسىلى، يوللۇق دات كېسىلى، موزايىۋېشى، سىم قۇرت، كۆممىقوناق كېپىنىكى قاتارلىقلارمۇ ئاندا - ساندا كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كەلتۈرگەن زىيىنى ئازراق بولدى.

**3) شالدا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار ھەم مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش ئەھۋالى** توقسۇدا شالدا كۆرۈلىدىغان ئاساسلىق كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارات شال ئال كېسىلى، ئۇنىڭدىن قالسا تومۇزغا، كۆك پىت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، ئۇلار توقسۇدا ئاندا - ساندا ۋە يېنىك كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، زىيىنى ئىنتايىن ئاز بولدى.

**4) كېۋەزدە كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار ھەم مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش ئەھۋالى** توقسۇدا ئاساسەن بۇرجەكلىك داغ كېسىلى، سارغىيىپ يىگىلەش كېسىلى، يەر يولۋىسى، كېۋەز تىرىپس قۇرتى، كېۋەز پىتى، قارىنغۇ چىرپاشكا (تۇسۇرغاق قوڭغۇز)، كېۋەز قىزىل ئۆمۈچۈكى، غوزا قۇرتى قاتارلىقلار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

بۇرجەكلىك داغ كېسىلى ناھىيە بويىچە كۆپ قېتىم كۆرۈلدى، ئۇ ئاساسەن، مايسا مەزگىلىدە كۆرۈلۈپ، ئېغىر بولغان يىللىرى كېسەل كۆرۈلگەن كېۋەزلىك نىسبىتى %20 — %30كە يەتتى. كېسەل يېنىك كۆرۈلگەندە كېۋەز مايسىلىرىنىڭ ئۆسۈشى تەسىرگە ئۇچرىدى، ئېغىر كۆرۈلگەندە، كېۋەز مايسىلىرى قۇرۇپ كەتتى.

70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا ئۇرۇقلۇق چىگىتتىكى تۆۋەت گۇڭگۇرت كىسلاتاسى بىلەن چۈشۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، بۇرجەكلىك داغ كېسىلىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈنۈملۈك بولۇپ، كېسەل كۆرۈلۈش نىسبىتى %3كە چۈشتى.

سارغىيىپ يىگىلەش كېسەللىكى توقسۇدا ئاندا - ساندا كۆرۈلۈپ تۇردى، كۆرۈلۈش مەزگىلى، ئاساسەن، 7 -، 8 - ئايلارغا توغرا كەلدى. بۇ كېسەل كۆرۈلگەندىن كېيىن كېۋەز يوپۇرماقلىرى قارىداپ يىگىلەپ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، يوپۇرماقلارنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، كېۋەز مايسىسى قۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا كۆزىتىشنى كۈچەيتىش ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كارانتىن قىلىشتىن باشقا ئۈنۈملۈك ئامال تېپىلمىدى.

بەر يولۋىسى توقسۇدا كېۋەزگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ تۇردى. بۇ ئاپەت ئېغىر بولغان يىللاردا كېۋەز مايسىلىرىنىڭ %20 — %30نى نابۇت قىلدى. 60 - يىللاردا بەر يولۋىسىنىڭ پەرۋانىسىنى شىرنا، تېرەك شاخلىرى بىلەن ئالداپ يوقىتىشتا ئوخشاش تەدبىرلەر قوللىنىلدى. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا «666»نى چېچىشنى ئاساس قىلىش، كۈزدە قىرلارنى بۇزۇپ قورچاقلىرىنى يوقىتىش، سوغىرىپ تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش يەرلىك ئۇسۇللارنى قوشۇمچە قىلىش ئارقىلىق مۇداپىئە كۆرۈلدى ۋە يوقىتىلدى. 1984 - يىلى سولياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش توقسۇدا ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، بەر يولۋىسىنىڭ زىيىنى يىلدىن - يىلغا ئازايدى. 1995 - يىلى زىيان يەتكۈزۈش نىسبىتى %1كىمۇ يەتمىدى.

كېۋەز تىرىپس قۇرتى ھەر يىلى دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇردى، ئۇنىڭ زىيان يەتكۈزۈش ۋاقتى كېۋەزنىڭ مايسا مەزگىلىگە توغرا كەلدى، بۇ ئاپەت يېنىك بولغاندا كېۋەز يوپۇرماقلىرى قورۇلۇپ يىگىلەپ قالىدۇ، «كۆپ ئۇچلۇق كېۋەز» شەكىللىنىپ قالىدۇ، ئېغىر بولغاندا 2 تاللا يوپۇرمىقى قالىدۇ. 60 - يىللاردىن ئىلگىرى كېۋەز تىرىپس قۇرتىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى يوقىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ باقمىغان. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا دورا پۈركۈش، ئاساسلىقى روگور پۈركۈش يولى بىلەن يوقىتىلدى. 1989 - يىلدىن باشلاپ چىگىتكە دورا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش يەنى چىگىتكە تېمىت (3911) دانىچىلىرى ياكى پاراشوكىنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش يولى بىلەن مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش يولىغا قويۇلدى، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولدى.

1987 - يىلى ئىچىبىرىق يېزىسىنىڭ ئۈستۈن مەھەللە ۋە قاراتاش كەنتلىرىدە تۇنجى قېتىم كېۋەز پىتى پەيدا بولدى، پەيدا بولۇش كۆلىمى 340 موغا يەتتى، بۇ كېۋەزلىكلەردە كېۋەز مايسىلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى قورۇلۇپ يىگىلەپ قالدى. كېۋەز پىتى ئەڭ كۆپ بولغاندا ھەر تۈپتە 10 مىڭغا يەتتى. شۇ يىلى كۈزدە ناھىيىدىكى كېۋەزلىكلەرنىڭ ھەممىسىدە كېۋە پىتى پەيدا بولدى. 1988 - يىلى كېۋەز پىتى كەڭ كۆلەمدە كۆرۈلدى، ناھىيە بويىچە كېۋە پىتى 75 مىڭ مو كېۋەزلىكتە كۆرۈلۈپ، 65 مىڭ موسىغا زىيان كەلتۈردى، 18 مىڭ مو كېۋەزدىن ھوسۇل چىقمىدى، كېۋەزنىڭ بىرلىك ھوسۇلى 30.2 كىلوگىرامغا چۈشۈپ قېلىپ، 1986 - يىلدىكىدىن %39.3 كېمىيىپ كەتتى. 1989 - يىلى «مۇداپىئەلىنىشنى ئاساس قىلىش، مۇداپىئەلىنىشنى يوقىتىشتىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، كېۋەز پىتى يوشۇرۇنىدىغان جايلارغا دورا چېچىش، كېۋەز پىتى كۈشەندىلىرىنى قوغداش»قا ئوخشاش ئۈنۈۋېرسال مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، كېۋەز پىتىنىڭ زىيىنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. 1988 - يىلدىن ئىلگىرى مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىشتا ئاساسەن مەركەزلىك ھالدا دورا چېچىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، 1988 - يىلى 6 — 7 قېتىمدا 4.8 توننا دورا چېچىلدى، بۇنىڭغا 2128 ئەمگەك كۈچى سېلىندى، 62 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى، لېكىن كېۋەز پىتىنىڭ كۈشەندىلىرى كۆپلەپ يوقىتىۋېتىلىپ، كېۋەزلىكلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ تاشلانغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭ ئۈنۈمى ئىنتايىن ئاز بولدى، ھەتتا دورىنى كۆپ چاچقانسېرى كېۋەز پىتى شۇنچە كۆپىيىپ كېتىدىغان غەلىتە ھادىسە كۆرۈلدى. 1988 - يىلى قىشتا ۋە 1989 - يىلى ئەتىيازدا 1988 - يىلدىكى

ساۋاقنى يەكۈنلەش ۋە باشقا جايلارنىڭ كېۋەز پىتىدىن مۇداپىئەلىنىش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ئاساسىدا، كېۋەز پىتى قىشلايدىغان ئاساسلىق ماكان — ئۆيلەردىكى گۈل تەشتەكلىرى ۋە پارنىكلارغا دورا كۆمۈپ مۇداپىئەلىنىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى يەنى گۈل تەشتەكلىرىدە قىشلايدىغان كېۋەز پىتلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن، گۈل يىلتىزىغا كۆمۈلدى، تېمىك كۆمۈلگەن گۈل تەشتەكلىرى 105 مىڭغا يەتتى، بۇ تەدبىر كېۋەز پىتلىرىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى يوقىتىشتا ياخشى ئۈنۈم بەردى. 1989 ـ يىلى كېۋەز پىتىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى يوقىتىش بويىچە كۆزىتىش تورىنى ئورنىتىش، كېۋەز پىتىنىڭ كۈشەندىلىرى (توقسۇدا يەتتە چېكىتلىك خانقىز، ئون بىر چېكىتلىك خانقىز، غەيرىي شەكىللىك خانقىز، ئالتۇن كۆز ھەرە، پىتخور چىۋىن، ئۈچى قوڭغۇز، ئۆمۈچۈك، پىتخور ھەرە، پىتخور سالجا قاتارلىق كېۋەز پىتى كۈشەندىلىرى بار) نى ئۈنۈملۈك قوغداش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق كېۋەز پىتىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مۇداپىئە كۆرۈلدى. شۇندىن كېيىن كېۋەز پىتى بەزى چاغلاردا كۆرۈلۈپ تۇرغان بولسىمۇ، گۈل تەشتەكلىرىگە دورا كۆمۈش ۋە كېۋەز كۈشەندىلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق مۇداپىئەلىنىش ـ يوقىتىش داۋاملاشتۇرۇلغانلىقتىن، ئېغىر زىيان كەلتۈرەلمىدى.

كېۋەز قىزىل ئۆمۈچۈكى، قارىغۇ چىرباشكا، غوزا قۇرتى قاتارلىقلار توقسۇدا ئاندا ـ ساندا كۆرۈلۈپ تۇردى.

**5) قىچىدا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار ھەم مۇداپىئەلىنىش ـ يوقىتىش ئەھۋالى** توقسۇدا قاتكۆك كېپىنىكى، يوپۇرماق قۇرتى، كۆكتات بۈرگىسىگە ئوخشاش زىيانداش ھاشاراتلار ئۇچرايدۇ. ئادەتتىكى يىللاردا ئاندا ـ ساندا كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، مۇداپىئەلىنىش ۋە يوقىتىشتا روگور، د د ۋ چېچىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

## 2. زىيانلىق ئوت ـ چۆپ خىللىرى ۋە مۇداپىئەلىنىش ـ يوقىتىش ئەھۋالى

**1) بۇغدايلىقتا بولىدىغان زىيانلىق ئوت ـ چۆپلەر ۋە مۇداپىئەلىنىش ـ يوقىتىش ئەھۋالى** توقسۇدا زىيانلىق ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن ئاق لويلا، سۇرمۇق، كۆك ئەمەن، كەكرى، ياتما بوز تىكەن، كىچىك خوخا، ماماكاپ، ئېتىز يۆگىمىسى، كومەك، ئىتقۇيرۇق ئوت، قومۇش، كىرپە باش، قىلتىرىقسىز ئارپىخان، ئايغىر قىياق قاتارلىقلار بار. كوپېراتسىيىلىشىشتىن ئىلگىرى بۇغداي ئومۇمەن ئوتالمايتتى، كوپېراتسىيىلىشىشتىن كېيىن ھەر يىلى قول بىلەن ئوتىلىدىغان بولدى. 1986 ـ يىلى تاشئېرىق يېزىسىنىڭ تامتوغراق كەنتىدە بۇغدايلىقنى خىمىيىلىك ئۇسۇل بىلەن (خېرونال ئىشلىتىپ) ئوتاش سىنىقى ئېلىپ بېرىلغاندا، سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. 1990 ـ يىلى ناھىيە بويىچە مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن 5400 مو بۇغداي ئوتالدى. خىمىيىلىك ئۇسۇل بىلەن ئوتاش تېخنىكىسى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى.

**2) شاللىقتا بولىدىغان زىيانلىق ئوت ـ چۆپلەر ۋە مۇداپىئەلىنىش ـ يوقىتىش ئەھۋالى** شاللىقتا، ئاساسەن، پىيزەك، كومەك، كوممىلىنا ئوتى قاتارلىق ئوت ـ چۆپلەر بولىدۇ.

ئەنئەنىۋى شالچىلىق تېخنىكىسى قالاق بولۇپ، ئادەتتە شاللىق ئوتالمايتتى، شاللىقنى ئوت - چۆپ بېسىپ كېتىپ، ئېغىر زىيان كەلتۈرەتتى. 1956 - يىلدىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، شاللىقنى ئوتاش ئومۇملاشتى، لېكىن شاللىق ئادەم كۈچى بىلەن ئوتالدى. ئادەم كۈچى بىلەن ئوتىغاندا ئەمگەك سىجىللىقى يۇقىرى، ئۈنۈمى تۆۋەن بولدى. 1986 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىچىبېرىق يېزىسىنىڭ تىگىن كەنتىدە شاللىقنى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئوتاش تېخنىكىسى سىناق قىلىندى، شۇندىن كېيىن بۇ ئۇسۇلدا ئوتاش يىلدىن - يىلغا كېڭەيدى. 1990 - يىلى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ناھىيە بويىچە 5000 مو شال ئوتالدى، ئوت - چۆپلەرنىڭ يوقىلىش نىسبىتى %85تىن ئېشىپ، دېھقانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

### 3) كېۋەزلىكتە بولىدىغان زىيانلىق ئوت - چۆپلەر ۋە مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش ئەھۋالى

كېۋەزلىكتە، ئاسەن، ئاق لويلا، ئېتىز يۆگىمىسى، بەڭگى دېۋانە (ئىت ياڭىقى)، قىرمىتان، كۆمەك، كىچىك خوخا، ماكاپ قاتارلىق ياۋا ئوت - چۆپلەر بولىدۇ. 1950 - يىلدىن ئىلگىرى، ناھىيەدە كېۋەزلىكنى ئوتايدىغانلار ئازراق بولۇپ، ياۋا ئوت - چۆپلەر كېۋەزگە ئېغىر زىيان كەلتۈرەتتى. 1950 - يىلدىن باشلاپ كېۋەزلىكنى چاغلاپ ئوتاش تېخنىكىسى ناھىيە بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلدى. 80 - يىللاردا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىش ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ زىيىنى تىزگىنلەندى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا كېۋەزلىكنى خىمىيىلىك ئۇسۇل بىلەن (خلورلۇق روگور چېچىپ) ئوتاش تېخنىكىسى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

### 4) كۆممىقوناقلىقتا بولىدىغان زىيانلىق ئوت - چۆپلەر ۋە مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش ئەھۋالى

قوناقلىقتا بولىدىغان زىيانلىق ئوت - چۆپلەرنىڭ خىللىرى، ئوتاش ئۇسۇلى كېۋەزلىكنىڭكى بىلەن ئوخشاش.

## 3. ئۆسۈملۈك ئاسراشتا كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنى مۆلچەرلەش ۋە ئۇلاردىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش

مىنگو دەۋرىدە توقسۇدا كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنى مۆلچەرلەش ۋە ئۇلاردىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش سىستېمىسى يوق ئىدى. 60 - يىللارنىڭ بېشىدا مۇكەممەل بولمىغان قەرەلسىز ئالدىن مەلۇمات بېرىش سىستېمىسى بارلىققا كەلدى، لېكىن ئىزچىل بولمىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە توختاپ قالدى. 80 - يىللارنىڭ بېشىدا قەدەممۇ قەدەم ئەسلىگە كەلدى. 1987 - يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسى پونكىتىدا مۆلچەرلەش - مەلۇم قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، نۇقتىنى، ۋاقتىنى، ئېتىزنى، ئادەمنى بېكىتىپ تەكشۈرۈپ، مۆلچەر - مەلۇمات ئۇقتۇرۇشنى قەرەللىك ھالدا بېسىپ تارقىتىدىغان، كېۋەز پىتى، بۇغداي ئال كېسىلى، شال ئال كېسىلى، كېۋەز تىرىپس قۇرتى ھەم باغدا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار، كۆكتاتلىقتا كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار شۇنداقلا باشقىلارنى مۆلچەرلەپ ئالدىن مەلۇمات بېرىپ تۇرىدىغان بولدى، مەلۇماتلارنىڭ توغرا چىقىش نىسبىتى %85تىن يۇقىرى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈنۈملۈك مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇلدى، بۇ تەدبىرلەر ناھىيە بويىچە كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلاردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىشتا مەلۇم رول ئوينىدى.

## توقسۇ ناھىيىسىدە زىرائەتلەردە كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ خىللىرى ھەم مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 — 15

| زىرائەت خىللىرى | ئاساسلىق كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلار | كۆرۈلۈش ۋاقتى | كۆرۈلۈش دەرىجىسى | ماكانلايدىغان زىرائەت سورتلىرى | مازىرقى مۇداپىئەلىنىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى | ئۈنۈمى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | قارا كۈيە كېسەللىكى | چېچەك توزىغاندىن دان قاتقىچە | ئومۇميۈزلۈك، ئېغىرراق ئوتتۇراھال | «خۇڭشۈن — 501» | تېرىشتىن ئاۋال ئاشتۇرۇپ تېرىش، ھاك سۈيىگە چىلاپ تېرىش | ياخشى |
| | ئال كېسەللىكى | باش چىقارغاندىن دان قاتقىچە | ئومۇميۈزلۈك، ئېغىرراق ئوتتۇراھال | «خۇڭشۈن — 501» | ئالغا قارشىسى ناترىي، بايلېتون چېچىش | خېلى ياخشى |
| | كۆك پىت | چېچەك توزىغاندىن دان قاتقىچە | ئومۇميۈزلۈك، يېنىك | ھەممە سورتلىرى | يوق | |
| | تېرىپس قۇرتى | چېچەك توزىغاندىن دان قاتقىچە | ئومۇميۈزلۈك، يېنىك | ھەممە سورتلىرى | يوق | |
| كۆممىقوناق | قارا توزان كېسەللىكى | باش چىقىرىش | ئاندا - ساندا، يېنىك | ھەممە سورتلىرى | دورا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، كېسەل تەككەن تۈپلەرنى يۇلۇۋېتىش | ياخشى |
| | يەر يولۋىسى | مايسا مەزگىلى | ئومۇميۈزلۈك، ئوتتۇراھال | ھەممە سورتلىرى | دورا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، مايسا مەزگىلىدە «666»، ۋالېكسون چېچىش، كۆشەندىلىرىدىن پايدىلىنىپ يوقىتىش | |
| | موزايىۋشى | مايسا مەزگىلى | ئومۇميۈزلۈك، يېنىك | ھەممە سورتلىرى | يوق | |
| | غوزا قۇرتى | دان قىتىش | ئومۇميۈزلۈك، يېنىك | ئاق ئات چىشى، «كۆچا يەككە شالغۇتى — 1» | يوق | |
| | قىزىل ئۆمۈچۈك | دان قىتىش | ئاندا - ساندا، يېنىك | ھەممە سورتلىرى | يوق | |
| | يوللۇق دات كېسەللىكى | پۈتۈن ئۆسۈش مەزگىلى | ئاندا - ساندا، يېنىك | ھەممە سورتلىرى | يوق | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | پەر يولۇسى، موزايىۋىشى | مايسا مەزگىلى | ئومۇمىيۈزلۈك، ئېغىرراق ئوتتۇراھال | ھەممە سورتلىرى | دورا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، مايسا مەزگىلىدە «666»، ۋالېكسون چېچىش | ياخشى |
| | بۇرجەكلىك داغ كېسىلى | مايسا مەزگىلى | ئومۇمىيۈزلۈك، يېنىك | «6302»، «108V» | ئۇرۇقلۇق چىگىت تۈكىنى گۈڭگۈرت كىسلاتاسى بىلەن چۈشۈرۈۋېتىش | ياخشى |
| | تىرىپس قۇرتى | مايسا مەزگىلىدىن ئېچىلىش مەزگىلىگىچە | ئومۇمىيۈزلۈك، ئېغىرراق ئوتتۇراھال | ھەممە سورتلىرى | روگور، د د ۋ، ئوكسىدلاشقان روگور چېچىش | خېلى ياخشى |
| | كېۋەز پىتى | پۈتۈن ئۆسۈش مەزگىلى | ئومۇمىيۈزلۈك، ئېغىر | ھەممە سورتلىرى | قىشتا قىشلايدىغان گۈل تەشتەكلىرى، پارنىكلاردا يوقىتىش، ئېتىزدا دائىرىگە، غولىغا، ئۇچىغا دورا چېچىش | |
| كېۋەز | قارىغۇ چىرىياشقا (ئۈسۈرغاق توڭغۇز) | ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىللىرى | ئومۇمىيۈزلۈك، ئېغىرراق يېنىك | ھەممە سورتلىرى | ئوكسىدلاشقان روگور، كۆچى ئاسان كەتمەيدىغان فوسفور چېچىش | |
| | قورا قۇرتى | ئوتتۇرا، ئاخىرقى مەزگىللىرى | ئومۇمىيۈزلۈك، يېنىك | ھەممە سورتلىرى | يوق | |
| | قىزىل ئۆمۈچۈك | ئوتتۇرا مەزگىلى | ئاندا - ساندا، يېنىك | ھەممە سورتلىرى | يوق | |
| | يىگىلەپ قېلىش كېسىلى | مايسا مەزگىلى | ئاندا - ساندا، يېنىك | «108V» | ئۇرۇقلۇق چىگىتنى گۈڭگۈرت كىسلاتاسى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش | ئادەتتىكىچە |
| | سارغىيىپ يىگىلەش كېسىلى | چېچەكلەش - غوزىلاش مەزگىلى | ئاندا - ساندا، يېنىك | «ھەربىلەر كېۋىزى — 1»، «شىنجاڭ قۇرۇقلۇق چىلگە كېۋىزى — 1» | ئۇرۇقلۇق چىگىتنى گۈڭگۈرت كىسلاتاسى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش | ئادەتتىكىچە |
| شال | شال ئال كېسىلى | تۈپلەشتىن دان قاتقىچە | ئومۇمىيۈزلۈك، خېلى ئېغىر | يېرىك قارا، ئاق قىلتىرىقلىق شال سورتلىرى | كېسەلگە تاقابىلچانلىقى كۈچلۈك سورتلارغا يەڭگۈشلەش، شال ئال كېسىلىنى تازىلاش دورىسىنى چېچىش | خېلى ياخشى |
| | تومۇزغا | تۈپلەشتىن دان قاتقىچە | ئومۇمىيۈزلۈك، يېنىك | ھەممە سورتلىرى | يوق | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| شال | كۆكتات بۆرگىسى | مايسا مەزگىلى | ئومۇمىيۈزلۈك، يېنىك | يېسۈلەكسىمان قىچا | يوق | |
| | قاتكۆل كېپەنىكى | مايسا مەزگىلىدىن چېچەكلەش مەزگىلىگىچە | ئومۇمىيۈزلۈك، ھەممە سورتلىرى | | يوق | |

# 6 § . ئېتىز ئاساسىي قۇرۇلۇشى

مىنگو دەۋرىدە ناھىيىدە دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى بوران، قۇم ۋە شور ئاپەتلىرىگە ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئاشلىقنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلى بىرقەدەر تۆۋەن بولۇپ، تەخمىنەن 61.5 كىلوگرام ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا سۇ ئىنشائاتلىرى ئاددىي، سۇغىرىش ئۇسۇلى قالاق بولۇپ، سۇ قېچىپ، سىرغىپ كېتىش ئېغىر ئىدى، ئېتىزلارنىڭ بەزىلىرى چوڭ، بەزىلىرى كىچىك، بەزىلىرى ئېگىز، بەزىلىرى پەس ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1955 - يىلى 200 مىڭ مو يەرنى سالالاشتۇرۇش پىلانلاندى. 1958 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 60 مىڭ مو يەر تۈزلىنىپ بولدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ «بەشتە ياخشى» (ياخشى ئېرىق - ئۆستەڭ، ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئورمان بەلۋېغى، ياخشى يول، ياخشى مەھەللە) بويىچە قۇرۇش تەلىپى بويىچە، 1965 - يىلدىن باشلاپ ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سالا ئېتىز ناھىيە بويىچە 120 مىڭ موغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا زەيكەشلەر چېپىلىپ، 50 مىڭ مو شورلۇق يەر ئۆزگەرتىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ھەرمىللەت خەلقى توسقۇنلۇققا قارىماي، يەر تۈزلەپ سالالاشتۇرۇش، يول ياساش، ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىش، ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىش ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. 1976 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە سالا ئېتىز 151گە، ئۇلارنىڭ كۆلىمى 180 مىڭ موغا، ياخشىلانغان شورلۇق يەر 50 مىڭ موغا يەتتى. 20 نەچچە يىل تىرىشىش نەتىجىسىدە، 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە تۈزلەپ سالالاشتۇرۇلغان يەر 200 نەچچە مىڭ موغا، غول زەيكەش 10 نەچچىگە (ئۇزۇنلۇقى 360 كىلومېتىر)، ماشىنىلاشقان قۇدۇق 1100 نەچچىگە، ئۆزگەرتىلگەن شورلۇق يەر 50 نەچچە مىڭ موغا، ئېتىز ئىھاتە ئورمىنى 2100گە (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 952 كىلومېتىر، كۆلەمگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا 29 مىڭ 830 مو)، تىكىلگەن كۆچەت 11 مىليون 390 مىڭ تۈپكە يەتتى.

1983 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ناھىيىدە «بەشتە ياخشى» بويىچە قۇرۇش دولقۇنى يەنە كۆتۈرۈلدى. 1983 - يىلى 144 ئېرىق - ئۆستەڭ (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 127 كىلومېتىر)، 10 زەيكەش (41 كىلومېتىر) چېپىلدى، 256 يول (176 كىلومېتىر) ياسالدى، 12 يولغا (57 كىلومېتىر) شېغىل ياتقۇزۇلدى، 674 ئورمان بەلۋېغى (464 كىلومېتىر) بەرپا قىلىندى، 16 سېمونت كۆۋرۈك، 29 سۇڭگۈچ، 161 تاقاق، 25 كۆچۈرمە ياسالدى، 2876 ئېغىز ئۆي سېلىندى. شۇ يىلى 14 مىڭ 470 ئەمگەك كۈچى سەپەرۋەر قىلىنىپ، 3 مىليون 130 مىڭ كۇب مېتىر توپا، 65 مىڭ 364 كۇب مېتىر تاش قېزىلدى.

1992 - يىلدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە پاتال تۇردە ئۆزى مەبلەغ جۇغلاش، دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىش يولى بىلەن، ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەر ئۆزگەرتىلدى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن قىلىنغان قۇرۇلۇشلارنىڭ بىر قىسمى پۈتتى، بۇ قۇرۇلۇشتا 4 ئېرىق - ئۆستەڭ (74 كىلومېتىر) سۇ سىڭمەس قىلىپ ياسالدى، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ 100 نەچچە مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدۇ؛ 21 مىڭ 500 مو تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى، 33 مىڭ 600 مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى.

# V باب

# ئىگىلىك باشقۇرۇش

## 1 § . ئەمگەك تەشكىلاتلىرى ۋە ئەمگەكنى باشقۇرۇش

ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى مەزگىلىدە باشقۇرۇش دائىرىسى تۇراقلىق ئەمەس ئىدى، ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى ئومۇمەن لاپقۇتلىشىش ئۇسۇلىنى قوللانغانىدى؛ دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ۋاقىتتا، ئىشنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ ھەق ھېسابلاشقا ئوخشاش ئۇسۇللارنى قوللاندى، كېيىن ئىشقا قاراپ ھەق ھېسابلاشقا تەرەققىي قىلدى ھەم ئەمگەكنىڭ سىجىللىقى، ئەمگەكچى تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، ئىشنىڭ تەس - ئاسانلىقىغا قاراپ نومۇر خاتىرىلەيدىغان ياكى نەق پۇل بېرىدىغان بولدى. تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەتكەنگە تەڭ قىسمەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە مۇۋاپىق ھەق بەردى.

دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى ۋە خەلق گۇڭشېسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئەمگەك تەشكىلاتى مەشغۇلات گۇرۇپپىسى بولدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئەترەت باشلىقى ئىشلارنى بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇردى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى مەزگىلىدە ئەمگەكنى نورمىلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، يەر، سايمان، ئۇلاغ، كىلىمات قاتارلىق شارائىتلارغا قاراپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەمگەك كۈچى تېخنىكىلىق، ئۆلچەملىك ئەمگەك بويىچە بىر كۈندە ئورۇندىيالايدىغان ئىش ئۆلچەم قىلىنىپ، ئەمگەك نورمىسى بېكىتىلدى ھەم ئېتىزنىڭ يىراق - يېقىنلىقى، مەشغۇلاتنىڭ قىيىن - ئاسانلىقىغا ئوخشاش ئامىللارغا قاراپ، پەرقلىق نورما بېكىتىلدى، ئىشنى باھالاپ، نومۇر خاتىرىلەش ئۆلچىمى بەلگىلەندى. ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كوپېراتىپ يولغا قويغان نورمىلىق باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئاساسىدا، ئىشنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ۋە خىزمەت نورمىسىغا ئاساسەن، ئاۋۋال ئۇلارغا كېتىدىغان ئەمگەك كۈنىنى ھېسابلاپ چىقىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ياكى مەشغۇلات گۇرۇپپىسىغا ھۆددىگە بەردى ھەم خىزمەت سۈپىتى ۋە ئورۇنداش ۋاقتىنى ئۆلچەم قىلىپ، مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمىنى بەلگىلىدى. دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ھوسۇل ۋە تەننەرخ بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىسراپچىلىقتىن ساقلانغىلى بولمىدى، كېيىن «ئۈچنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش (ئىشنى - نومۇرنى، تەننەرخنى، ۋەزىپىنى بېكىتىش، ھوسۇلنى ئاشۇرغاننى مۇكاپاتلاش» ) قا ئۆزگەرتتى. 1958 — 1960 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە «ئۈچلەشتۈرۈش» (تەشكىلنى ھەربىيلەشتۈرۈش، ھەرىكەتنى جەڭگىۋارلاشتۇرۇش، تۇرمۇشنى كوللېكتىپلاشتۇرۇش) كەڭ يولغا قويۇلدى، نەتىجىدە، ئەمگەك تەشكىلاتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش قالايمىقانلىشىپ كەتتى. «سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش»، «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» نورمال ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. 1961 - يىلدىن كېيىن، «سول» چىللىقنىڭ تەسىرى تەدرىجىي تۈزىتىلىپ، خەلق گۇڭشېسىنىڭ ھېسابات بىرلىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە چۈشۈرۈلدى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، مەشغۇلات گۇرۇپپىسىنىڭ توپ ئەمگەك بىرلىكلىك تۈرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى پۈتۈنلەي بىكار قىلىنىپ، «داجەيچە» ئىش باھالاپ، نومۇر خاتىرىلەش يولغا قويۇلدى. شۇنىڭدەك ئەمگەكچىنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ئىپادىسى، ئائىلە كېلىپ چىقىشى قاتارلىقلار ئىش باھالاپ، نومۇر خاتىرىلەشكە بىرلەشتۈرۈلدى،

نەتىجىدە ئەمگەكنى باشقۇرۇش يەنە قالايمىقانلىشىپ كەتتى، «داشقازان تامىقىنى يېيىش» خاھىشى ئۆسۈپ قالدى. ئىشلىگەن بىلەن ئىشلىمىگەن، كۆپ ئىشلىگەن بىلەن ئاز ئىشلىگەن، ياخشى ئىشلىگەن بىلەن ياخشى ئىشلىمىگەنگە ئوخشاش ھەق بېرىلگەنلىكتىن، گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ئېغىر بەرھەم يېدى، ئىشقا چىقىسمۇ كۈچ چىقارمايدىغان، كۈچ چىقارسىمۇ ئىشنى قولىدىن چىقارمايدىغان ئەھۋال كۆپىيىپ كەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، نورمىلىق باشقۇرۇش تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. 1982 - يىلدىن باشلاپ ئىشنى چوڭ ھۆددىگە بېرىش قەدەممۇ قەدەم ئومۇملاشتۇرۇلدى، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئەمگەك ئائىلىلەر بويىچە باشقۇرۇلىدىغان، پايدا - زىيانغا ئائىلىلەر ئۆزلىرى مەسئۇل بولىدىغان بولدى، گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئەمگىكى بىلەن مەنپەئەتى بىۋاسىتە چېتىلغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى تولۇق جارى بولۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا يېزا كوپېراتسىيە ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، «قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش» تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن كوللېكتىپنىڭ ئىگىلىكنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئاكتىپلىقى بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ئاكتىپلىقى جارى قىلدۇرۇلدى.

## § 2 . مالىيە باشقۇرۇش

ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى مەزگىلىدە، جامائەت جۇغلانمىسى بولمىغاچقا، مالىيە ۋە ماددىي ئەشيالارنى باشقۇرۇش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. كوپېراتسىيە مەزگىلىدە پۇل ھېساباتى ئاساس قىلىنىپ، يىغىنچە ھېساب دەپتەر تۇتۇلۇپ، دېبىت - كرېدىت بويىچە ھېسابقا چۈشۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بوغالتېرلىق ھېساب دەپتەر تۇتۇلۇپ، دېبىت - كرېدىت بويىچە ھېسابقا چۈشۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بوغالتېرلىق دوكۇمېنتى دەسلەپكى دوكۇمېنت ۋە ھېسابقا چۈشۈرۈش دوكۇمېنتى دەپ 2 خىلغا بۆلۈندى. ھېساب دەپتەر كۈندىلىك ھېسابات دەپتىرى، تۈرگە ئايرىلغان باش دەپتەر، گوڭشې ئەزالىرىنىڭ تەپسىلىي مۇئامىلە ھېسابات دەپتىرى، گوڭشې ئەزالىرىنىڭ تەپسىلىي مەبلەغ ھېسابات دەپتىرى، گوڭشې ئەزالىرىنىڭ تەپسىلىي ئىش - ئومۇر ھېسابات دەپتىرى، كاسسىدىكى نەق پۇلنى تىزىملاش دەپتىرى، مەھسۇلاتنى تىزىملاش دەپتىرى قاتارلىقلارغا بۆلۈندى. بوغالتېرلىق ھېساب تۈرىدىن 30ى، بوغالتېرلىق مەلۇمات جەدۋىلىدىن 12سى بار ئىدى.

1960 - يىلى «يېزا خەلق گوڭشېسىنىڭ بوغالتېرلىق ھېساباتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، گوڭشې ئورگىنىدا كىرىم - چىقىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، گوڭشې كارخانىلىرىدا موقۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى باغلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ھېسابات تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلمىدى. «تۆتنى تازىلاش» ھەرىكىتىدىن كېيىن، «ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئاددىي بوغالتېرلىق تۈزۈمى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان لايىھىسى)» يولغا قويۇلۇپ، ھېسابقا تەكرار چۈشۈرۈش ھېسابقا بىرلا چۈشۈرۈشكە ئۆزگەرتىلدى، نەق پۇل بىلەن ماددىي ئەشيانىڭ ھېساباتى ئايرىلىپ، بىر تۇتاش ھېسابلاش يولغا قويۇلدى. ئەسلىدىكى يېپىق ھېسابات ئاشكارا ھېساباتقا ئۆزگەرتىلىپ، دەپتەردىكى بىلەن ئىپلاندىكى بىرلىككە كەلتۈرۈلىدىغان بولدى، ھېسابات دوكۇمېنتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دەسلەپكى دوكۇمېنت بىۋاسىتە ھېسابقا كىرگۈزۈلىدىغان بولدى، باش دەپتەر ھېسابات تۈرى 34تىن 17گە ئازايتىلدى، تەپسىلىي ھېسابات تۈرلىرىدىن «دېھقانچىلىق كىرىمى تەپسىلىي ھېساباتى» بىلەن «دېھقانچىلىق چىقىمى تەپسىلىي ھېساباتى»دىن ئىبارەت 2 تۈر ساقلاپ قېلىنىپ، قالغانلىرى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بوغالتېرلىق مەلۇمات جەدۋىلى بىرگە ئازايتىلدى، ھېساب دەپتەرلەر نەق پۇل (ئامانەت پۇل) كىرىم - چىقىم ھېساب دەپتىرى، ماددىي نەرسىلەر كىرىم - چىقىم ھېساب دەپتىرى، ئەزالار مۇئامىلە دەپتىرى، ئىش - ئومۇر خاتىرىلەش دەپتىرى ھەم تۈرگە ئايرىپ تىزىملاش دەپتىرى، تۇراقلىق مۈلۈك

تىزىملاش دەپتىرى، گۆڭشې ئەزالىرى مۇئامىلىسىنى تىزىملاش دەپتىرىگە يىغىنچاقلاندى.

ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ بوغالتىرلىق تۈزۈمىدە 1979 - يىلى پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەر كىرىم - چىقىمىنى ھېسابقا چۈشۈرۈش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇپ، پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەر ھېسابقا چۈشۈرۈش ئاساسى قىلىندى، ھېساب دەپتەر «كىرىم - چىقىم تۈرى» ۋە «پۇل - ماددىي نەرسە تۈرى» دەپ 2 خىلغا بۆلۈندى، تۈرى ئوخشاش بولمىغان ھېساب دەپتەردە كىرىم - چىقىم تەڭ ئەكس ئەتتۈرۈلدى، تۈرى ئوخشاش بولغان ھېساب دەپتەرگە كىرىم - چىقىمنى تەڭ ئەكس ئەتتۈرۈش تەلىپى قويۇلمىدى، بوغالتىرلىق ھېسابات تۈرى 38گە يەتتى، نەق پۇل ئامانەتى ھېساب دەپتىرى تۈزۈلدى، ماددىي نەرسىلەر كىرىم - چىقىمنىڭ كۈندىلىك ھېسابات باش دەپتىرى ئاشلىق تەپسىلىي ھېساب دەپتىرى، ماددىي ئەشيا تەپسىلىي ھېساب دەپتىرى، تۈراقلىق بۇلۇڭ تەپسىلىي ھېساب دەپتىرى ۋە ئىش - نومۇر تىزىملاش دەپتىرى دېگەنگە ئوخشاش تەپسىلىي ھېسابات تۈرلىرىگە بۆلۈندى، ئايدا ئايلىق ھېساب يېپىش جەدۋىلى، يىل ئاخىرىدا دارامەت تەقسىماتى ۋە ئاشلىق تەقسىماتى لايىھىلىرى ھەم دارامەتنىڭ ئائىلىلەرگە تەقسىملىنىش ھېسابات جەدۋىلى تۈزۈلىدىغان بولدى.

1990 - يىلى يېزا بوغالتىرلىقىدا دېبېت - كرېدىت بويىچە ھېسابقا چۈشۈرۈش ئۇسۇلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

مالىيە باشقۇرۇشتا ئومۇمەن تۆۋەندىكى تۈزۈملەر يولغا قويۇلدى:

ئۈچ يۈز كۆرۈشمەسلىك: بوغالتىر ھېساب باشقۇرۇش، پۇل باشقۇرماسلىق، كاسسىر پۇل باشقۇرۇش، پۇل ئىشلەتمەسلىك، ئامبارچى ياكى مال سېتىۋالغۇچى پۇل ئىشلىتىش، پۇل ساقلىماسلىق، ئەترەت باشلىقى كاسسىرلىق ياكى ئامبارچىلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىمەسلىك.

2 قۇلۇپ: ئامبارغا 2 قۇلۇپ سېلىپ، 2 كىشى باشقۇرۇش، ئامبارنى ئاچقاندا 2 كىشى تەڭ ھازىر بولۇش.

ھېساباتنى ئېلان قىلىش: كوللېكتىپ ئىقتىساد كىرىم - چىقىم مۇئامىلىسى ۋە گۆڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىش - نومۇرلىرىنى ئايمۇ ئاي ئېلان قىلىپ تۇرۇش. «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتىدە گۆڭشې ئەزالىرىنىڭ «دېموكراتىيە كۈنى» تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، «دېموكراتىيە كۈنى» ئايدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى، «دېموكراتىيە كۈنى» دە گۆڭشې ئەزالىرى مالىيە كىرىم - چىقىمى، ئامبار ھېساباتى، ئىش - نومۇر باھالاش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى قاراپ چىقتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن «دېموكراتىيە كۈنى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

چىقىمنى تەستىقلاش: ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىشقا توغرا كەلگەندە، سېتىۋالغۇچى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچى، مەسئۇل كىشى ئىمزا قويىدى، تەستىقلاش ھوقۇق چېكى بويىچە ئەترەت باشلىقى، ئەترەت ھەيئىتى، گۆڭشې ئەزالىرى يىغىنى تەستىقلىدى.

مۈلۈك باشقۇرۇش: ماددىي ئەشيالارنى ئامبارغا كىرگۈزۈش، چىقىرىش، ئىشلىتىشنى ئەترەت باشلىقى تەستىقلىدى، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تىپلىق سايمانلارنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس ئادەم قويۇلۇپ، باشقۇرۇش بىلەن ئىشلىتىش بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

مالىيە بوغالتىرلىقىنى تەكشۈرۈش: چوڭ ئەترەتنىڭ بوغالتىرى ئايدا بىر قېتىم ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ بوغالتىرلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ھېساباتىنى ئۆزئارا تەكشۈرۈپ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا قەرەللىك ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردى.

## 3 § . دېھقانچىلىق خىراجىتى ۋە تەننەرخ ھېساباتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنىڭ

چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ئوخشاش ئەمەس ئىدى، سېلىنىدىغان سېلىنما ناھايىتى ئاز ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى چاغلاردا ئىشلەپچىقىرىشقا سېلىنىدىغان سېلىنما كۆپەيدى. كوپېراتسىيىلىشىش ۋە خەلق گۇڭشېسىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن كېيىن خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىش تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، دېھقانچىلىققا سېلىنىدىغان سېلىنما يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1966 - يىلدىن كېيىن، ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق خىراجىتى ئىلگىرىكى 1 مىليون يۈەندىن كۆپىيىپ 2 مىليون يۈەندىن ئاشتى. 1974 - يىلدىن كېيىن، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئومۇملاشقانلىقى، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى سەرپىياتى ئاشقانلىقى ئۈچۈن، دېھقانچىلىق خىراجىتى 3 مىليون يۈەندىن ئاشتى. 1980 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق خىراجىتى 5 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىلدىن كېيىن سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى ئومۇملاشقانلىقى ئۈچۈن، دېھقانچىلىق خىراجىتى يەنە زور دەرىجىدە ئاشتى. 1994 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق خىراجىتى 23 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1986 - يىلى دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى بەرپا قىلىندى، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى ھېسابلاش نۇقتىسىدىن 8ى، ھېساباتنى ئارىلاپ تەكشۈرىدىغان ئورۇندىن 1252سى قۇرۇلدى، ئۇلار يىلدا بىر قېتىم ھېسابات قىلىدىغان ۋە ئارىلاپ تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىپ تۈزىدىغان بولدى. 1995 - يىلى ناھىيىدە ھەرمو بۇغداينىڭ خىراجىتى 37.5 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇق چىقىمى 7.50 يۈەن، ماشىنا مەشغۇلاتى چىقىمى 4 يۈەن، خىمىيىۋى ئوغۇت چىقىمى 18 يۈەن، سۇ ھەققى ۋە دېھقانچىلىق بېجى 8 يۈەن) بولدى؛ ھەر مو شالىنىڭ خىراجىتى 42.35 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇق چىقىمى 6.95 يۈەن، خىمىيىۋى ئوغۇت چىقىمى 19 يۈەن، ئوتاش دورىسى چىقىمى 7.8 يۈەن، سۇ ھەققى ۋە باشقا چىقىملار 8.60 يۈەن) بولدى؛ ھەرمو كېۋەزنىڭ خىراجىتى 78.84 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە سۇلياۋ يوپۇق چىقىمى 31.44 يۈەن، خىمىيىۋى ئوغۇت چىقىمى 19.50 يۈەن، ئۇرۇق چىقىمى 8.8 يۈەن، ماشىنا چىقىمى 6.5 يۈەن، سۇ ھەققى ۋە دېھقانچىلىق بېجى 12.5 يۈەن) بولدى؛ ھەرمو كۆممىقوناقنىڭ خىراجىتى 37.36 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇق چىقىمى 6.5 يۈەن، ماشىنا چىقىمى 5.5 يۈەن، خىمىيىۋى ئوغۇت چىقىمى 15.5 يۈەن، باشقا چىقىملار 9.86 يۈەن) بولدى. ناھىيە بويىچە زىرائەتلەردىن ھەر 100 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان چىقىم مۇنداق بولدى: بۇغداي 26.54 يۈەن، كېۋەز 243 يۈەن، كۆممىقوناق 22.45 يۈەن، شال 25.95 يۈەن.

### توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1957 — 1995 - يىلغىچە بولغان دېھقانچىلىق خىراجىتى

جەدۋەل: 11 — 16

| يىل | دېھقانچىلىق كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | دېھقانچىلىق خىراجىتى (تۈمەن يۈەن) | ھاسىلات بىلەن سېلىنمىنىڭ نىسبىتى (سېلىنما 1 ھېسابلاندى) |
|---|---|---|---|
| 1957 | 275.90 | 46.13 | 5.98 |
| 1958 | 425.56 | 140.99 | 3.02 |
| 1959 | 580.85 | 141.94 | 4.09 |
| 1960 | 373.40 | 148.69 | 2.51 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1961 | 544.53 | 164.34 | 3.31 |
| 1962 | 556.39 | 155.74 | 3.57 |
| 1963 | 528.71 | 148.48 | 3.56 |
| 1964 | 672.57 | 191.98 | 3.50 |
| 1965 | 806.74 | 181.66 | 4.44 |
| 1966 | 1059.12 | 280.23 | 3.78 |
| 1967 | 974.68 | 275.24 | 3.54 |
| 1968 | 823.93 | 222.21 | 3.71 |
| 1969 | 849.67 | 215.46 | 3.94 |
| 1970 | 939.32 | 220.70 | 4.26 |
| 1971 | 826.12 | 225.54 | 3.66 |
| 1972 | 898.42 | 251.76 | 3.57 |
| 1973 | 1100.53 | 276.40 | 3.98 |
| 1974 | 1030.63 | 308.08 | 3.35 |
| 1975 | 948.55 | 315.48 | 3.01 |
| 1976 | 1034.82 | 338.86 | 3.05 |
| 1977 | 1073.86 | 372.57 | 2.88 |
| 1978 | 1249.62 | 402.08 | 3.11 |
| 1979 | 1400.76 | 484.20 | 2.89 |
| 1980 | 1440.52 | 522.12 | 2.76 |
| 1981 | 1369.41 | 509.05 | 2.69 |
| 1982 | 1703.14 | 446.95 | 3.81 |
| 1983 | 2329.78 | 464.34 | 5.02 |
| 1984 | 2753.32 | 549.41 | 5.01 |
| 1985 | 4169.89 | 843.03 | 4.95 |
| 1986 | 4853.45 | 807.32 | 6.01 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1987 | 4582.46 | 876.12 | 5.23 |
| 1988 | 5294.79 | 1039.56 | 5.09 |
| 1989 | 5948.23 | 1297.87 | 4.58 |
| 1990 | 8614.43 | 2363.11 | 3.65 |
| 1991 | 9459.62 | 3199.60 | 2.97 |
| 1992 | 10117.51 | 3864.34 | 2.62 |
| 1993 | 13330.76 | 4650.72 | 2.87 |
| 1994 | 19939 | 9611 | 2.07 |
| 1995 | 28831 | 14519 | 1.98 |

## § 4. دارامەت تەقسىماتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى خۇسۇسىيلارنىڭ ئىلكىدە ئىدى، يەرنىڭ كۆپ قىسمى پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقانلار پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىيتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى چاغلاردا، دېھقانلار يەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئىگىلىك ئاساسەن يەككە ئىگىلىك بولغاچقا، دارامەت ھەر كىمنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالىغا قاراپ پەرقلىق بولدى. باشلانغۇچ كوپېراتىپ مەزگىلىدە، ھەر كىمنىڭ پاي قىلىپ قوشقان يېرى، ئەمگەك كۈچى، دېھقانچىلىق سايمىنى مەھسۇلات مىقدارىغا چېتىلىپ دارامەت تەقسىملەندى، دارامەت تەقسىماتىدا يەر مۇھىم تۈر قىلىندى، ئالىي كوپېراتىپ مەزگىلىدە، يەرگە قاراپ تەقسىم قىلىش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى ۋە چوڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرى باھاغا سۇندۇرۇپ كوپېراتىپقا قوشۇلدى.

خەلق گۇڭشېسى مەزگىلىدە، «ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش»تىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك تەقسىمات پرىنسىپى يولغا قويۇلدى، يەر ئومۇمنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەنلىكى، تېرىم ـ يىغىم ئىشلىرى ئورتاق ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن، دارامەت گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىشلىگەن كۈن سانى ۋە ئورۇندىغان ئىش مىقدارىغا قاراپ ھەم ھوسۇلغا بىرلەشتۈرۈپ تەقسىم قىلىندى، جامائەت جۇغلانمىسى قىلىش ئۈچۈن دارامەتتىن كوللېكتىپقا نىسبەتەن بويىچە پىرسەنت ئايرىۋېلىندى. 1958 ـ يىلى كۈزدە ئىش ـ نومۇر خاتىرىلەش تۈزۈمى بىلەن تەمىنات تۈزۈمى بىرلەشتۈرۈلگەن تەقسىمات تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، گۇڭشېلاردا كوللېكتىپ ئاشخانىلار قۇرۇلدى، «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شاملى»نىڭ تەسىرىدە، «تەڭشەش، يۆتكەش» ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكتىن، كوللېكتىپ مەنپەئەتى بىلەن گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىدى، نورمال تەقسىمات تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. 1961 ـ يىلى گۇڭشې ئاشخانىلىرى تارقىتىۋېتىلدى، ئىشقا نومۇرغا قاراپ تەقسىم قىلىش چارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ناھىيە بويىچە «ئۈلگىلەرنىڭ ئىش ـ نومۇرىنى بەلگىلەش، ھەركىم ئۆزى مەلۇم قىلىش، كۆپچىلىك باھالاش»تىن ئىبارەت

«داجېيچە» تەقسىمات ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى، گوڭشې ئەزالىرى ئىشقا چىققان ۋاقىتنىلا مەلۇم قىلدى، ئىش - نومۇر ھەر ئايدا ياكى نەچچە ئايدا بىر قېتىم باھالاندى، ئاۋۋال ئەڭ ياخشى ئۆلچەملىك «ئۈلگە» نىڭ ئىش - نومۇرى باھالاندى، ئاندىن كۆپچىلىك ئۆزلىرىنى «ئۈلگە» بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزى مەلۇم قىلدى، كۆپچىلىك باھالىدى، بۇ كېيىنكى چاغلاردا «ئۆلچەملىك ئىش - نومۇرغا قاراپ ھەركىم ئۆزى مەلۇم قىلىش، كۆپچىلىك باھالاش» قا ئۆزگەردى. 1974 - يىلدىن كېيىن «دەرىجىلىك ئىش - نومۇرغا قاراپ ھەركىم ئۆزى مەلۇم قىلىش، كۆپچىلىك باھالاش» قا ئۆزگەردى. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىغا خىلاپ ھالدا ئوتتۇراھال تەقسىم قىلىش ئۇسۇلى «داشقازان تامىقى يېيىش» خاھىشىنى ئۇستۇرۇپ، گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئەمگەك ئاكتىپلىقىغا زىيان يەتكۈزدى.

1957 — 1964 - يىللارغا قەدەر دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر بويىچە تەقسىمات نىسبىتى مۇنداق بولدى: دۆلەت بېجى %14.6، جامائەت جۇغلانمىسى %6.32، گوڭشې ئەزالىرىغا تەقسىم قىلىنغىنى %79.08. 1965 — 1974 - يىللارغا قەدەر تەقسىمات نىسبىتى مۇنداق بولدى: دۆلەت بېجى %10.14، جامائەت جۇغلانمىسى %12.64، گوڭشې ئەزالىرىغا تەقسىم قىلىنغىنى %77.22. 1975 — 1981 - يىللارغا قەدەر تەقسىمات نىسبىتى مۇنداق بولدى: دۆلەت بېجى %8.2، جامائەت جۇغلانمىسى %10.4، گوڭشې ئەزالىرىغا تەقسىم قىلىنغىنى %81.39. 1982 — 1990 - يىللارغا قەدەر تەقسىمات نىسبىتى مۇنداق بولدى: دۆلەت بېجى %2.85، جامائەت جۇغلانمىسى %2.54، دېھقانلارغا تەقسىم قىلىنغىنى %94.61.

1979 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، نورمىلىق باشقۇرۇش، مەھسۇلاتنى گۇرۇپپىغا ھۆددىگە بېرىش ۋە مەھسۇلاتقا باغلاشتۇرۇپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلدى، مەسئۇلىيەت ئېتىزىنى ھۆددىگە ئالغۇچى ھەر يىلى دۆلەت بېجى، كوللېكتىپ جۇغلانمىسى، سۇ ھەققى ۋە باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرغان ھەم ئېشىنچا ئاشلىقنى توختام بويىچە سېتىپ بەرگەندىن تاشقىرى قالغان ئىشلەپچىقىرىش تاپاۋىتىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىمۇ دېھقانلارغا ئوخشاش مەسئۇلىيەت ئېتىزىنى ھۆددىگە ئالدى، يىل ئاخىرىدا ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنت، گۇرۇپپىنىڭ ھوسۇلىغا قاراپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇۋاپىق مۇكاپاتلاندى ياكى جازالاندى. بۇ تەقسىمات ئۇسۇلى يېزىلاردىكى خېلى ياخشى تەقسىمات شەكلى بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۇستۇردى.

**1957 — 1995 - يىللارغا قەدەر توقسۇ ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق دارامىتىنىڭ تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالى (1)**

جەدۋەل: 11 — 17

| يىل | گوڭشې (يېزا) سانى | چوڭ ئەترەت (كەنت) سانى | ئەترەت سانى | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ئەمگەك كۈچى (ئادەم) | تەقسىماتقا قاتناشقانلار سانى | ئومۇمىي كىرىم (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي چىقىم (تۈمەن يۈەن) | تەقسىم قىلىنغان ئومۇمىي كىرىم (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | | | | 11677 | 27551 | 54355 | 275.90 | 46.13 | 229.77 |
| 1958 | 5 | 74 | 382 | 12543 | 28654 | 58191 | 425.56 | 140.99 | 284.57 |
| 1959 | 4 | 74 | 382 | 12650 | 28901 | 56118 | 580.85 | 141.94 | 438.91 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 224.72 | 148.69 | 373.40 | 54389 | 23454 | 12205 | 382 | 73 | 4 | 1960 |
| 390.19 | 164.34 | 544.53 | 58810 | 27906 | 15331 | 364 | 75 | 4 | 1961 |
| 400.65 | 155.74 | 556.39 | 61526 | 26325 | 14941 | 366 | 90 | 5 | 1962 |
| 380.23 | 148.48 | 528.71 | 62825 | 27366 | 14928 | 357 | 93 | 5 | 1963 |
| 580.59 | 91.98 | 672.57 | 62853 | 28568 | 15363 | 359 | 93 | 5 | 1964 |
| 645.08 | 161.66 | 806.74 | 63742 | 27254 | 15227 | 357 | 93 | 5 | 1965 |
| 778.89 | 280.23 | 1059.12 | 67369 | 28074 | 15468 | 350 | 93 | 5 | 1966 |
| 699.45 | 275.24 | 974.68 | 67993 | 29382 | 16032 | 356 | 93 | 5 | 1967 |
| 601.72 | 222.21 | 823.93 | 74195 | 31592 | 18181 | 357 | 91 | 5 | 1968 |
| 634.21 | 215.46 | 849.67 | 74871 | 32988 | 18719 | 352 | 91 | 5 | 1969 |
| 718.62 | 220.70 | 939.32 | 77323 | 33338 | 19055 | 351 | 91 | 5 | 1970 |
| 600.58 | 225.54 | 826.12 | 79484 | 34051 | 19476 | 351 | 91 | 5 | 1971 |
| 646.66 | 251.76 | 898.42 | 79457 | 34487 | 19173 | 348 | 91 | 5 | 1972 |
| 824.13 | 276.40 | 1100.53 | 80658 | 34402 | 20376 | 350 | 91 | 5 | 1973 |
| 722.55 | 308.08 | 1030.63 | 82249 | 34967 | 19954 | 349 | 93 | 5 | 1974 |
| 633.07 | 315.48 | 948.05 | 83077 | 34719 | 20328 | 356 | 98 | 5 | 1975 |
| 695.96 | 338.86 | 1034.82 | 87114 | 36381 | 20917 | 356 | 98 | 5 | 1976 |
| 701.29 | 372.57 | 1073.86 | 85807 | 36794 | 21081 | 370 | 105 | 5 | 1977 |
| 847.54 | 402.08 | 1249.62 | 86330 | 35801 | 21100 | 381 | 109 | 6 | 1978 |
| 916.56 | 484.20 | 1400.76 | 86526 | 35597 | 20684 | 382 | 109 | 6 | 1979 |
| 918.40 | 522.12 | 1440.52 | 87704 | 35285 | 20614 | 382 | 109 | 6 | 1980 |
| 860.36 | 509.05 | 1369.41 | 88060 | 35804 | 19891 | 382 | 109 | 6 | 1981 |
| 1256.19 | 446.95 | 1703.14 | 89388 | 34835 | 19513 | 382 | 109 | 6 | 1982 |
| 1865.44 | 464.34 | 2329.78 | 89982 | 36525 | 18860 | 382 | 109 | 6 | 1983 |
| 2203.91 | 549.41 | 2753.32 | 90337 | 36573 | 18980 | 388 | 112 | 7 | 1984 |
| 3326.86 | 843.03 | 4169.89 | 90555 | 36713 | 19281 | 388 | 112 | 7 | 1985 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1986 | 7 | 112 | 388 | 19199 | 32722 | 91117 | 4853.45 | 807.32 | 4046.13 |
| 1987 | 7 | 112 | 388 | 19180 | 34716 | 93148 | 4852.46 | 876.12 | 3706.34 |
| 1988 | 7 | 112 | 388 | 19179 | 35680 | 92209 | 5294.78 | 1039.56 | 4257.93 |
| 1989 | 7 | 112 | 388 | 19033 | 35408 | 95434 | 5948.23 | 1297.83 | 4650.40 |
| 1990 | 7 | 112 | 388 | 22513 | 35017 | 97674 | 7907.12 | 2363.11 | 5544.01 |
| 1991 | 7 | 114 | 388 | 18333 | 35958 | 97679 | 9459.62 | 3044.73 | 6259.93 |
| 1992 | 7 | 114 | 388 | 19240 | 37354 | 99300 | 10117.51 | 3864.34 | 6152.92 |
| 1993 | 7 | 109 | 385 | 19432 | 37713 | 98818 | 11674.38 | 4784.23 | 6890.09 |
| 1994 | 7 | 109 | 385 | 19761 | 37837 | 100786 | 19939 | 9611 | 10328 |
| 1995 | 7 | 110 | 385 | 20161 | 37762 | 99744 | 28831 | 14519 | 14312 |

## 1957 — 1995 - يىلغا قەدەر توقسۇ ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق دارامىتىنىڭ تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالى (2)

جەدۋەل: 11 — 18

| يىل | جامائەت جۇغلانمىسى (تۈمەن يۈەن) | جامائەت فوندى (تۈمەن يۈەن) | دۆلەت بېجى (تۈمەن يۈەن) | كېلەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىگە قالدۇرۇلغىنى (تۈمەن يۈەن) | دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگىنى (تۈمەن يۈەن) | دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگىنىنىڭ ئومۇمىي كىرىمگە ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 36.66 | 2.87 | 39.17 | | 151.87 | 66.70 | 27.94 |
| 1958 | 17.90 | 2.07 | 58.06 | | 203.58 | 71.54 | 34.98 |
| 1959 | 46.01 | 5.03 | 65.36 | | 316.69 | 72.15 | 55.86 |
| 1960 | 4.41 | 10.85 | 33.46 | | 185.75 | 82.67 | 34.15 |
| 1961 | 9.02 | 1.10 | 52.05 | | 323.56 | 82.92 | 55.10 |
| 1962 | 10.1 | 5.56 | 60.06 | . | 324.65 | 81.03 | 52.77 |
| 1963 | 7.9 | 5.27 | 59.66 | | 308.70 | 81.19 | 49.14 |
| 1964 | | 3.97 | 59.37 | | 407.45 | 70.17 | 64.83 |
| 1965 | 39.31 | 6.27 | 57.80 | 55.04 | 430.40 | 66.72 | 67.52 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 85.60 | 74.04 | 576.67 | 64.89 | 72.80 | | 43.48 | 1966 |
| 78.46 | 76.27 | 533.44 | 30.37 | 71.39 | 21.05 | 48 | 1967 |
| 63.59 | 78.40 | 47.77 | 15.29 | 59.67 | 16.25 | 42.29 | 1968 |
| 64.73 | 76.42 | 484.65 | 16.30 | 57.6 | 12.70 | 58.33 | 1969 |
| 70.57 | 75.94 | 545.71 | 22.32 | 68.09 | 17.32 | 66.65 | 1970 |
| 57.53 | 76.13 | 457.24 | 13.04 | 64.49 | 15.85 | 51.01 | 1971 |
| 66.87 | 82.09 | 531.09 | 21.54 | 62.35 | 14.80 | 24.77 | 1972 |
| 84.70 | 82.90 | 683.17 | 27.87 | 61.8 | 6.91 | 39.14 | 1973 |
| 71.81 | 81.93 | 591.99 | 16.56 | 61.28 | 12.14 | 40.38 | 1974 |
| 58.30 | 76.50 | 484.32 | 21.99 | 63.60 | 12.34 | 49.55 | 1975 |
| 64.25 | 80.42 | 559.72 | 16.54 | 59.35 | 13.61 | 47.06 | 1976 |
| 66.44 | 81.31 | 570.19 | 4.17 | 62.27 | 13.29 | 49.58 | 1977 |
| 80.75 | 82.07 | 697.13 | 10.01 | 61.93 | 15.08 | 61.37 | 1978 |
| 86.80 | 81.94 | 751.04 | 16.24 | 71.44 | 17.10 | 61.08 | 1979 |
| 85.85 | 81.98 | 752.95 | 18.34 | 66.21 | 16.76 | 63.64 | 1980 |
| 81.83 | 83.76 | 720.64 | 17.28 | 72.22 | 17.26 | 38.73 | 1981 |
| 119.48 | 85.02 | 1068.06 | 35.41 | 76 | 15.02 | 61.70 | 1982 |
| 188.71 | 91.02 | 1698.01 | 21.78 | 74.81 | 14.35 | 56.49 | 1983 |
| 228.06 | 93.48 | 2060.20 | 7.55 | 73.43 | 27.05 | 35.68 | 1984 |
| 346.65 | 94.36 | 3139.12 | | 101.15 | 36.16 | 50.43 | 1985 |
| 429.60 | 96.75 | 3914.16 | 0.18 | 76.30 | 16.05 | 39.14 | 1986 |
| 383.21 | 96.31 | 3569.53 | | 84.72 | 17.40 | 34.69 | 1987 |
| 437.87 | 94.07 | 4099.52 | | 113.90 | 18.25 | 26.26 | 1988 |
| 470.62 | 96.58 | 4491.29 | | 106.16 | 19.50 | 33.45 | 1989 |
| 527.63 | 92.96 | 5153.60 | 26.37 | 173.14 | 25.20 | 63.24 | 1990 |
| 601 | | 5870.60 | | 133.05 | 24.47 | 76.01 | 1991 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1992 | 90.18 | 43.10 | 153.57 | | 5751.23 | 93.4 | 585.02 |
| 1993 | 60.31 | 42.51 | 163.06 | 102.82 | 6440.79 | 92.6 | 651.78 |
| 1994 | 69 | 37 | 328 | 322 | 960.6 | 93 | 968.01 |
| 1995 | 169 | 61 | 470 | 287 | 13047 | 91.2 | 1308.05 |

## قوشۇمچە I

### سائىتام دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

سائىتام دېھقانچىلىق مەيدانى — توقسۇ ناھىيىسى دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ قۇرغان مەيدان.

ئۇ، ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قاقاسلىقتا بولۇپ، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 43 كىلومېتىر كېلىدۇ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەر «ئاۋات دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونى» بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق گۈللەنگەن. مەيدان رايونىدىكى لەخمە قەدىمىي شەھىرى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق داۋانقۇم شەھىرىنىڭ ھەمراھ شەھەرلىرىدىن بىرى ئىدى. كېيىن بۇ يەر تەبىئىي مۇھىت ئۆزگىرىپ، سۇ مەنبەسى قۇرۇپ، قۇم بېسىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتكەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا دايۇلتۇز گۇڭشېسى بۇ يەردىكى بوز يەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، سائىتام قوماندانلىق شتابى قۇردى، لېكىن سۇ مەنبەسى كەمچىل بولغانلىقتىن، 70 ـ يىللارغا كەلگەندە تاشلىۋەتتى.

سائىتام دېھقانچىلىق مەيدانى 1993 ـ يىل 5 ـ ئايدا قۇرۇلدى، ئۇ رايون دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا خادىم شتاتى 3 مۇئاۋىن مەيدان باشلىقى، بىر مۇئاۋىن شۇجى، 7 كادىر (ئۇلارنىڭ 3ى تېخنىك؛ بىرى ئاز سانلىق مىللەت)دىن تەركىب تاپتى، ئۇلاردىن باشقا يەنە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىدا مەشغۇلات قىلىدىغان 9 ئىشچى (توختاملىق) بار ئىدى. مەيداننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 72 مىڭ مو بولۇپ، 65 مىڭ مو بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش پىلانلاندى، بۇنىڭ 48 مىڭ 800 موسى تېرىلغۇ يەر، 9600 موسى باغ ۋە ئورمان، 6600 موسى باشقىلار. 1993 ـ يىلى 23 مىڭ مو يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى. 1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزلەشتۈرۈلگەن يەر 32 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭغا جەمئىي 6 مىليون 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ كەتتى.

1993 ـ يىلدىن بۇيان مەيدان شتابى ئىشخانىسى (5896 كۋادرات مېتىرلىق) سېلىندى، سۇ سىگمەس غول ئۆستەڭ (18 كىلومېتىر)، مەيدان غول يولى (20 كىلومېتىر) ياسالدى. توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى، خەۋەرلىشىش، سۇ بىلەن تەمىنلەش، پاختا زاۋۇتى، ئۇرۇق پىششىقلاش زاۋۇتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مۇلازىمەت مەركىزى قاتارلىق مۇئەسسەسىلەر كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلدى، بۇلارغا جەمئىي 14 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر چوڭ ۋە ئوتتۇراھال تراكتوردىن 20سى، كومبايندىن 2 سى، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىلدىن 2 سى، كىران ئاپتوموبىلدىن بىرى سېتىۋېلىندى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ھەممىسى يۈرۈشلەشتى، بۇنىڭغا جەمئىي 2 مىليون 955 مىڭ يۈەن (تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا كەتكىنى بۇنىڭ ئىچىدە) مەبلەغ كەتتى.

مەيدان كارخانىچە يول بىلەن باشقۇرۇلدى، ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇش، مۇستەقىل ھېسابات قىلىش،

پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. مەيدان توختامدىكى بەلگىلىمە بويىچە ھەرزنى مۇددەتكە بۆلۈپ قايتۇرىدۇ.

1994 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مەيدان يەنە يېڭىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن 4351 مو بوز يەرنى 93 ئۆيلۈك دېھقانغا ھۆددىگە بەردى، ئۇلاردىن ئەڭ كۆپى 1800 مو يەرنى، ئەڭ ئېزى 20 مو يەرنى ھۆددىگە ئالدى. توختام قەرەلى ئەڭ ئۇزۇنىنىڭ 30 يىل، ئەڭ قىسقىسىنىڭ 20 يىل بولدى، ھەر مو يەرنىڭ ھۆددە ھەققى 20 — 40 يۈەنگىچە بولدى.

مەيدان دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، سۇ، توك قاتارلىقلارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، ئائىلىلەر بويىچە ھېسابقا قوندۇرۇش، يىل ئاخىرىدا ئاتچوت قىلىشنى يولغا قويدى.

1994 ـ يىلى مەيداندا 4055 مو كېۋەز تېرىلىپ، 219 توننا ساپ پاختا، 204 توننا سۇپەتلىك چىگىت ئېلىندى؛ 226 مو كۆممىقوناق تېرىلىپ، 79 توننا ئاشلىق ئېلىندى؛ بۇندىن باشقا ئاپتاپپەرەس، تاۋۇز قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرمۇ ئاز ـ ئازدىن تېرىلدى.

شۇ يىلى دېھقانچىلىق ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىشى بېشىغا 4535 يۈەندىن توغرا كەلدى، ھەربىر ئەمگەك كۈچى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6802 يۈەندىن پايدا ياراتتى. زىرائەتلەر ئىچىدە كىرىمى ئەڭ كۆپى كېۋەز بولۇپ، 700 نەچچە مو كېۋەزدىن 50 نەچچە توننا پاختا ئېلىنىپ، 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ساپ كىرىم قىلىندى.

ساقتام دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئۆزلەشتۈرۈش 1997 ـ يىلى تاماملىنىشى مۇمكىن.

## قوشۇمچە I

### دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قۇرۇلۇشلار

توقسۇ ناھىيىسى دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ، «ئۆگەن دەرياسى ۋادىسىدا سۇغىرىش ـ زەي چىقىرىش ۋە مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشى»نى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. 1991 ـ يىلى ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمىتى تاماملاندى، 1992 ـ يىلى قۇرۇلۇش رەسمىي باشلىنىش باسقۇچىغا كىردى.

بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈشكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق توقسۇنى ئاشلىق، پاختا، چارۋا ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتى قۇرۇلۇشىدا ئۈلگە ناھىيىگە ئايلاندۇرۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمىنى 1200 يۈەندىن كۆپرەككە يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

1991 — 1996 ـ يىلغا قەدەر جەمئىي 157 مىليون 507 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنىدۇ، بۇنىڭ 91 مىليون 921 مىڭ يۈەننى دۇنيا بانكىسى قەرز بېرىدۇ، 58 مىليون 167 مىڭ 500 يۈەنى مەملىكەت ئىچىدىن يۈرۈشتۈرۈلىدۇ. بۇ مەبلەغنىڭ 118 مىليون 780 مىڭ يۈەنى سۇ قۇرۇلۇشىغا، 20 مىليون 791 مىڭ 300 يۈەنى يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، 5 مىليون 957 مىڭ 500 يۈەنى چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئېلىپ بېرىلىدىغان سۇ قۇرۇلۇشلىرى: 6 سۇ سىگەس ئۆستەڭ (ساقتام تارماق ئۆستىڭى، شويۇلتۇز تارماق ئۆستىڭى، تاشئېرىق غول ئۆستىڭى، ئىچئېرىق غول ئۆستىڭى، يۇلتۇزباغ غول ئۆستىڭى، توقسۇ باش غول ئۆستىڭى) ياسىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 98.9 كىلومېتىر. 8 زەيكەش چېپىلىدۇ ۋە رېمونت قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 269 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن چېپىلىدىغىنى 192 كىلومېتىر.

ئېلىپ بېرىلىدىغان دېھقانچىلىق تەرەققىيات قۇرۇلۇشلىرى: ساڭتام دېھقانچىلىق مەيدانىغا 39 مىليون 810 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 48 مىڭ مو يەر ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ، بۇ مەيداندا كېۋەز، بۇغداي، كۆممىقوناق ئۇرۇقى ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چىگىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ، بۇ زاۋۇت يىلىغا 1250 تونىنا چىگىت پىششىقلاپ، 247 مىڭ مو كېۋەزنى ئۇرۇق بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. 160 مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ، 247 مىڭ مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلىدۇ. دېھقانچىلىق تېخنىكا مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلىدۇ، ناھىيە ۋە يېزا دەرىجىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەركەزلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ، دېھقانچىلىقنىڭ ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلىدۇ. مۇلدۇردىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى قۇرۇلۇپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچەيتىلىدۇ.

ئېلىپ بېرىلىدىغان چارۋىچىلىق قۇرۇلۇشلىرى: 10 مىڭ مو ئوتلاق ياخشىلىنىدۇ، دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئوت - چۆپ بازىلىرى 5000 مو كېڭەيتىلىدۇ، 9 ئېغىل - قوتان ياسىلىدۇ، بىر قودۇق قېزىلىدۇ، 12 نەسىللەندۈرۈش پونكىتى قۇرۇلىدۇ، 6 دورىلاش كۆلچىكى ياسىلىدۇ، بىر يەم - خەشەك زاۋۇتى قۇرۇلىدۇ. ناھىيىلىك ۋە يېزىلىق چارۋىچىلىق تېخنىكا مۇلازىمەت مەركەزلىرى قۇرۇلىدۇ، دېھقان تېخنىكلار تەربىيىلىنىدۇ.

بۇ قۇرۇلۇشلار تولۇق پۈتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق جەھەتتىكى ئىقتىدارى ئۆسىدۇ.

1992 - يىلى 15 قۇرۇلۇش باشلاندى، بۇنىڭ 8ى سۇ قۇرۇلۇشى، 4ى دېھقانچىلىق قۇرۇلۇشى، 3ى چارۋىچىلىق قۇرۇلۇشى، ئۇلارغا 12 مىليون 201 مىڭ 900 يۈەن مەبلەغ ئىشلىتىلدى، توقسۇ باش غول زەيكىشى، ساڭتام يولى ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا ئوخشاش قۇرۇلۇشلار پۈتتى.

1992 - يىل 15 مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، 30 مىڭ مو تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى.

سۇ قۇرۇلۇشى ئومۇمىي پىلانى 1992 - يىل 10 - ئايدا تۈزۈپ بولۇندى، يېزا دەرىجىلىك سۇ قۇرۇلۇشى پىلانلىرىنى «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ سۇچىلىق فاكۇلتېتى تۈزۈپ بەردى.

1993 - يىلى 21 مىڭ مو تۆۋەن ھوسۇللۇق يەر ئۆزگەرتىلدى، 36 مىڭ مو بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلدى، يېزا دەرىجىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 4ى قۇرۇلدى، 38 كىلومېتىر توك سىمى تارتىلدى، 4 كىلومېتىر يولغا شېغىل ياتقۇزۇلدى. ساڭتام دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ 5896 كۋادرات مېتىرلىق شتاب ئاساسىي قۇرۇلۇشى ۋە مۇلازىمەت مۇئەسسەسىلىرى پۈتتى. بۇلارغا جەمئىي 45 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ كەتتى. بۇ قۇرۇلۇشنى 1996 - يىلى تولۇق پۈتتۈرۈش پىلانلاندى.

# باب VI

# دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى

## 1 § . ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق سايمانلىرى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئاساسەن مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تۆمۈرچىلەر سوقاتتى، ياغاچچىلار ياسايتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى كەتمەن، ئورغاق، بوقۇسا ۋە زەمبىل قاتارلىقلار ئىدى.

### 1. كەتمەن

ئۇزۇنلىقى 35 سانتىمېتىرچە، توغرىسى 25 سانتىمېتىرچە قىلىپ تۆمۈردىن سوقۇلىدۇ. بىسى ئەگمە بولىدۇ، ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرى يايسىمان ئېگىلگەن بولىدۇ. چۈلدىسىنىڭ قېلىنلىقى 1 — 2 سانتىمېتىر كېلىدۇ، چۈلدىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ساپ ئۆتكۈزۈلىدىغان تۆشۈك ئېچىلىدۇ.

كەتمەنگە تىرنا، چوماق، ئوتىغۇچلارنىڭ رولى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، يەر چاناش، ئېرىق چېپىش، يول ياساش، ئۆي سېلىش ئىشلىرىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى كىشىلەر كۆپ ئىقتىدارلىق سايمان دەپ ئاتىشىدۇ. بايىدىكى قىزىل سىڭئۆيىنىڭ 175 ـ غارىدىكى جىن دەۋرىگە مەنسۇپ دېھقانچىلىققا دائىر رەسىملەردە كەڭ بىسلىق ئوتىغۇچ ئۇچرايدۇ، بۇ ئەسلى كەتمەن بولۇشى مۇمكىن.

### 2. ئورغاق

توقسۇننىڭ ئەنئەنىۋى ئورغىقى روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇ تۆمۈردىن يېڭى چىققان ئايدەك قىلىپ ياپىلاق سوقۇلىدۇ. ئۇچى ئۇچلۇق، گەۋدىسى نېپىز بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 50 سانتىمېتىر، توغرىسى تەخمىنەن 0.3 سانتىمېتىر كېلىدۇ، سول تەرىپىدە ساپلايدىغان تۆشۈك بولۇپ، تەخمىنەن 15 سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچ ساپ بىلەن ساپلىنىدۇ. نىيە ناھىيىسىدىكى نىيە قەدىمي شەھىرى خارابىلىكىدىن چىققان ياغاچ ساپلىق ئورغاقمۇ توقسۇ ئورغىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

### 3. بوقۇسا

توقسۇ بوقۇسىسى ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە ياغاچتىن ياسىلىدۇ، ئالدىدا ئىلغۇچ، كەينىدە تۇتقۇچ بولىدۇ، ئۇچى ئۇچلۇق بولۇپ، كۆپىنچىسىگە چىش سېلىنىدۇ، چىش سېلىنمايدىغانلىرىمۇ بولىدۇ، ئىشلەتكەندە بويۇنتۇرۇق بىلەن ئىككى ئۆيغا سۆرىتىلىدۇ.

### 4. زەمبىل

شەكلى جىرغىغا ئوخشاش بولۇپ، ياغاچتىن ياسىلىدۇ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى كۆتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ، ئادەتتە ئۇنى 2 ئادەم كۆتۈرىدۇ. ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە 120 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا ساپ بېكىتىلىدۇ، ئوتتۇرىغا تاختاي مىخلىنىدۇ (ياكى ئوتتۇرىسى يۇلغۇندىن توقۇلىدۇ)، كەڭلىكى تەخمىنەن 55 سانتىمېتىر، بويى 65 سانتىمېتىر بولىدۇ. زەمبىل توقسۇدا تولىمۇ ئومۇملاشقان.

## § 2. دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى

### 1. يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى

يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرى توقسۇغا 1952 ـ يىلى كىرىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،

ھۆكۈمەت جىددىي ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قەرز پۇل بېرىش يولى بىلەن ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساتقۇزدى. شۇڭا يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن كونىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرى تەڭ كۆپەيگەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق نازارىتى 1952 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسىگە 5 سىزغۇلۇق سايانىدىن 40نى، قوش چىشلىق ساپانىدىن 10نى بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت كەتمەن، ئورغاق قاتارلىق ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساشقا قەرز پۇل ۋە 10 توننا تۆمۈر بەردى.

1954 ـ يىلى ھۆكۈمەت قەرز پۇل بېرىپ، 40 بوقۇسا، 14 ساپان، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ كۆممىقوناق سوقىدىغان 4 دان ئايرىش ماشىنىسى، 6 ئىككى قۇرلۇق سېيالكا، 782 چىش، 49 مارۋا ۋە كەتمەن، ئورغاق، تۆمۈر ئارا، سوقا، بەلچە قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ساتتى.

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1955 ـ يىلدىكى يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرى

جەدۋەل: 11 — 19

| نامى | سانى | نامى | سانى |
|---|---|---|---|
| 5 سىزغۇلۇق ساپان | 90 | تىرنا | 27 |
| 7 سىزغۇلۇق ساپان | 65 | كۆممىقوناق دېنى ئايرىش ماشىنىسى | 54 |
| قوش چاقلىق قوش چىشلىق ساپان | 10 | ئات سۆرەيدىغان كومبايىن | 3 |
| 23 ـ نومۇرلۇق ساپان | 70 | 12 قۇرلۇق سېيالكا | 1 |
| 28 ـ نومۇرلۇق ساپان | 4 | 10 قۇرلۇق سېيالكا | 1 |

1956 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن 501ى سېتىۋېلىندى. 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە سېيالكا 55كە، كومبايىن 90غا، كۆممىقوناق سوقۇش ماشىنىسى 66گە يەتتى. 1959 — 1965 ـ يىلغا قەدەر چاغلاش ماشىنىسى، سېيالكا قاتارلىق دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى يەنىمۇ ئومۇملاشتى، سېيالكا ناھىيىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ھەربىرىگە بىردىن توغرا كەلدى. رېزىنكە چاقلىق چوڭ، كىچىك هارۋىلار تەدرىجىي كۆپىيىپ، ياغاچ چاقلىق يارىيا هارۋىلار يىلدىن ـ يىلغا ئازايدى. 1966 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا رېزىنكە چاقلىق چوڭ ـ كىچىك هارۋىلار 3559غا يەتتى.

## 2. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى

1958 ـ يىل 8 ـ ئايدا دايۈلتۈز گۇڭشېسى 3 تراكتور سېتىۋېلىپ، گۇڭشې تراكتور پونكىتى قۇردى. 1961 ـ يىل 10 ـ ئايدا تراكتورلارنىڭ بىرىنى خەلپە ئېرىق چوڭ ئەترىتىگە بەردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ چوڭ ئەترەت ناھىيە بويىچە تۇنجى تراكتورلۇق چوڭ ئەترەت بولۇپ قالدى.

تراكتورنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، ناھىيە بويىچە تراكتور بىلەن ھەيدەلگەن يەر كۆلىمى يىلدىن ـ يىلغا كېڭەيدى، 1959 ـ يىلى 500 مو يەر ھەيدەلگەن بولسا، 1962 ـ يىلى 1200 مو يەر ھەيدەلدى. 1966 ـ يىلى ناھىيىلىك «ئاۋانگارت» دېھقانچىلىق مەيدانى ماشىنا بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى قۇرەدى ۋە 4 تراكتور سېتىۋالدى.

1970 ـ يىلدىن كېيىن، گۇڭشېلارنىڭ ھەممىسىدە تراكتور پونكىتى قۇرۇلغانلىقتىن، دېھقانچىلىقنىڭ ماشىنىلىشىشى تېزلەشتى. 1977 ـ يىلى دۆلەت توقسۇ ناھىيىسىگە چوڭ، ئوتتۇرا تراكتوردىن 19نى، قول تراكتوردىن 4نى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىدىن 26نى بەردى. 1978 ـ يىلى يۇقىرىنىڭ يەنە 330 مىڭ يۈەن بېرىشى، ناھىيىنىڭ ئۆز مالىيىسىدىن 68 مىڭ يۈەن ئاجرىتىشى بىلەن تراكتوردىن 10ى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى، سېيالكا، رېمونت قىلىش ـ ياساش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىنىپ، گۇڭشې تراكتور پونكىتلىرى ۋە ناھىيىلىك رېمونت زاۋۇتى قوراللاندۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولمىدى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىشلىتىلمەي تاشلاپ قويۇلدى. ئۇندىن قالسا سانائەت مەھسۇلاتلىرى باھاسى بىلەن دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ نامۇۋاپىق بولۇشىمۇ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىشلىتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزدى.

ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلارنىڭ ئەھۋالىدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى؛ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كىچىك تراكتور ئومۇملىشىپ ۋە ئىشلىتىلىپ، كىچىك تراكتورنىڭ بازىرى كېڭەيدى. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش 1982 ـ يىلدىن كېيىن دېھقانلار ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش ۋە دۆلەت، كوللېكتىپ باشقۇرۇشقا ئۆزگەردى.

1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 265كە، قۇۋۋىتى 9887 كىلوۋاتقا يەتتى؛ كىچىك تراكتور 999غا، قۇۋۋىتى 10 مىڭ 995 كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ 968ى خۇسۇسىيلارنىڭ؛ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 22گە يەتتى، بۇنىڭ 7سى خۇسۇسىيلارنىڭ.

1993 ـ يىلى ناھىيە بويىچە تراكتور بىلەن ھەيدەلگەن يەر 280 مىڭ موغا، ماشىنا بىلەن تېرىلغان يەر 405 مىڭ موغا، ھوسۇلى ماشىنا بىلەن يىغىلغان يەر 6750 موغا، ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىلغان يەر 150 مىڭ موغا يەتتى.

1995 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 36 مىڭ 645 كىلوۋاتقا، چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور 351گە، قۇۋۋىتى 12 مىڭ 835 كىلوۋاتقا، كىچىك تراكتور 1448گە، قۇۋۋىتى 17 مىڭ 336 كىلوۋاتقا، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 20گە، قۇۋۋىتى 1459 كىلوۋاتقا، تراكتورغا چېتىلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا دېھقانچىلىق سايمىنى 188گە، تراكتورغا چېتىلىدىغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى 987گە يەتتى؛ دېھقانچىلىقتا سۇ چىقىرىش ـ سۇغىرىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ماتور 325كە، قۇۋۋىتى 2428 كىلوۋاتقا يەتتى، بۇلار ئىچىدە دىزېلماتور 125، ئېلېكتر ماتور 200؛ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ پومپىسى 325كە، يىغىم ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا 3كە، ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنىسى 182گە يەتتى؛ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلايدىغان ماشىنىلارنىڭ قۇۋۋىتى 1802 كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شال ئاقلاش ماشىنىسى 189، ئۇن تارتىش ماشىنىسى 215، چىگىت ئايرىش ماشىنىسى 35، ياغ تارتىش ماشىنىسى 168.

**توقسۇ ناھىيىسىدە دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ كۆپىيىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 11 — 20

| دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى | 1952 - يىلدىن ئىلگىرى | 1953 — 1957 - يىلغىچە | 1958 — 1995 - يىلغىچە |
|---|---|---|---|
| يەر ھەيدەش، تۈزلەش ماشىنىلىرى | كەتمەن، بوقۇسا، چىشلىق بوقۇسا، سۈرەم، تىرنا، گۈرجەك | 5 سۈگلۈق ساپان، 7 سۈگلۈق ساپان، قوش چاقلىق، قوش چىشلىق ساپان، 23 - نومۇرلۇق ساپان، 28 - نومۇرلۇق ساپان، چاغلاش ماشىنىسى، چىشلىق تىرنا | گۈرجەك، تىرنا، قەشقەر ساپىنى، دىزېلماتور، ئېلېكتىر ماتور، تراكتور، 2، 3، 4، 5 سۈگلۈق ساپان، تراكتورغا چېتىلىدىغان يۇملاق دىسكىلىق تىرنا، يوچۇق تىرنا، سۈرەم، چاغلاپ ئوتاش ماشىنىسى، چاغلاش ماشىنىسى |
| تېرىش ماشىنا - سايمانلىرى | | قۇرلاپ تېرىش ماشىنىسى | چاناق، شال كۆچۈرۈش ماشىنىسى، ئوتىغۇچ، تراكتورغا چېتىلىدىغان ھەرخىل سېيالكا، قەشقەر ۋە سانجى سېيالكىلىرى، 5 قۇرلۇق كېۋەز تېرىش ماشىنىسى، سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ماشىنىسى، ماتورلۇق مايا كۆچۈرۈش ماشىنىسى |
| يىغىم ماشىنا - سايمانلىرى | ئورغاق، سوقا، شامال ساندۇقى | قوناق سوقۇش ماشىنىسى | شال ئاقلاش ماشىنىسى، سوقا، ئات سۆرەيدىغان سېيالكا، ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى، كومبايىن، ئورۇق تاللاش ماشىنىسى، خامان سورۇش ماشىنىسى |
| پىششىقلاش ماشىنا - سايمانلىرى | ئەلگەك، توقۇش ماشىنىسى، پاختا ئېتىش ماشىنىسى، چاق، سوقا، تۈگمەن، يارغۇنچاق، جوۋاز | قوناق سوقۇش ماشىنىسى | ئۈن تارتىش ماشىنىسى، ياغ تارتىش ماشىنىسى، شال ئاقلاش ماشىنىسى، شاالدۇرغۇچ، ئېلىشتۇرۇش ماشىنىسى، تاش تېرىش ماشىنىسى، قاسراق سويۇش ماشىنىسى، چىگىت ئايرىش ماشىنىسى، تايلاش ماشىنىسى، پاختا ئېتىش ماشىنىسى |
| ئۆسۈملۈك ئاسراش ماشىنا - سايمانلىرى | | | ئۇماناللاشتۇرۇپ دورا چاچقۇچ، تۇزانلاشتۇرۇپ دورا چاچقۇچ، ماتورلۇق دورا چاچقۇچ |
| توشۇش ماشىنا - سايمانلىرى | زەمبىل، قول ھارۋا، يارىيا ھارۋا، رېزىنكە چاقلىق ھارۋا | ئالدىنقىسى بىلەن ئوخشاش | رېزىنكە چاقلىق قول ھارۋا، رېزىنكە چاقلىق چوڭ ھارۋا، ئاپتوموبىل، پرىتسېپ |
| ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا - سايمانلار | | | سۇ پومپىسى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، ئۆسۈش - توشۇش ماشىنىسى، يەر تۈزلەش ماشىنىسى، چوڭ ئېچىش ساپىنى، كولاش ماشىنىسى |

## توقسۇ ناھىيىسىدە 1958 — 1995 ـ يىلغا قەدەر دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 — 21

| تۈر / يىل | دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى (كىلوۋات) | چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور | كىچىك تراكتور | تويا كۆتۈرۈش ماشىنىسى | دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل | دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش ماشىنىسى | دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ پومپىسى | كومباين | چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى، ئوت ئورغۇچ ماشىنىسى | تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى | دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەشغۇلات مىقدارى (تۈمەن مو) | رېزىنكە چاقلىق قول ھارۋىسى | رېزىنكە چاقلىق چوڭ ھارۋا | ماتورلۇق تۇمانلاشتۇرۇپ چېچىش ماشىنىسى | ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى | قول تراكتورى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | | 3 | | | | | | | | 4 | | | 1 | | | |
| 1959 | | 3 | | | | | | | | 7 | 0.05 | | 1 | | | |
| 1960 | | 3 | | | | | | | | 9 | | | 1 | | | |
| 1961 | | 3 | | | | | | | | 23 | | 2 | 2 | | | |
| 1962 | | 3 | | | | | | | | 15 | | | 4 | | | |
| 1963 | | 3 | | | | | | | | 3 | | 8 | 4 | | | |
| 1964 | | 3 | | | | | | | | 4 | | 11 | 6 | | 1 | |
| 1965 | | 20 | | 1 | 1 | | | | | 50 | 17.5 | 6 | 188 | | 11 | |
| 1966 | | 28 | | | 1 | | | | | 49 | 29.23 | 65 | 278 | | 4 | |
| 1967 | | 31 | | | 1 | | | | | 94 | 21.03 | 64 | 343 | | | |
| 1968 | | 35 | | | 1 | | | | | 104 | | 100 | 377 | | 12 | |
| 1969 | | 36 | 1 | 2 | 1 | | | | | | | 71 | 398 | | 19 | |
| 1970 | | 46 | | | 1 | | | | | 48 | 11.7 | 217 | 498 | | 1 | 2 |
| 1971 | | 57 | | | 1 | | | | 16 | 63 | | 359 | 858 | | | 2 |
| 1972 | | 70 | 6 | 2 | 1 | | 20 | 1 | | 64 | | 648 | 610 | | 3 | 3 |
| 1973 | 3209 | 70 | 7 | | 1 | | 20 | 1 | | 81 | 11.3 | 1982 | 953 | | 10 | 4 |
| 1974 | 2920 | 69 | 18 | 3 | 2 | | 23 | 1 | 21 | 80 | 11.83 | 2253 | 916 | | 38 | 10 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 12 | 16 | | 988 | 1468 | 16.7 | 83 | 6 | 1 | 65 | | 2 | 3 | 32 | 75 | 4908 | 1975 |
| 15 | 16 | | 960 | 4157 | | 90 | 8 | 1 | 107 | | 2 | 3 | 31 | 92 | | 1976 |
| 35 | 94 | | 932 | 4775 | 19.54 | 119 | 14 | 1 | 207 | 254 | 2 | 3 | 42 | 99 | 990 | 1977 |
| 44 | 94 | | 976 | 7142 | 46.93 | 96 | 22 | 1 | 498 | 294 | 3 | 4 | 63 | 122 | 17570 | 1978 |
| 105 | 75 | | 939 | 11595 | 98.54 | 144 | 21 | 3 | 1032 | 303 | 7 | 5 | 52 | 140 | 17424 | 1979 |
| 65 | 133 | | 870 | 11699 | 121.41 | 244 | 10 | 3 | 1032 | 299 | 22 | 4 | 67 | 225 | 22715 | 1980 |
| | | | | | 72.9 | 240 | 7 | 2 | 909 | 303 | 29 | 8 | 58 | 237 | 22068 | 1981 |
| | | | | | 68.93 | 309 | 9 | 2 | 922 | 338 | 27 | 14 | 66 | 259 | 24851 | 1982 |
| | | | | | 82.65 | 323 | 19 | 2 | 989 | 510 | 27 | 16 | 67 | 283 | 29769 | 1983 |
| | | 100 | 914 | 23245 | 116.8 | 354 | 22 | 1 | 963 | 700 | 26 | 18 | 93 | 289 | 31679 | 1984 |
| | | 100 | 679 | 24770 | | 320 | 22 | 1 | 769 | 644 | 40 | | 124 | 244 | 35527 | 1985 |
| | | 104 | 674 | 23610 | | 327 | 22 | 1 | 728 | 652 | 41 | | 128 | 246 | 35666 | 1986 |
| | | 104 | 675 | 23645 | | 341 | 122 | 1 | 728 | 657 | 40 | | 178 | 223 | 35316 | 1987 |
| | | 104 | 611 | 23945 | | 378 | 212 | 1 | 728 | 725 | 36 | | 279 | 224 | 35330 | 1988 |
| | 47 | 93 | 3554 | 17896 | 22.2 | 180 | 195 | 1 | 548 | 739 | 24 | | 361 | 174 | 34490 | 1989 |
| | 19 | 87 | | | | 176 | 230 | 1 | | 848 | 27 | | 602 | 172 | 35001 | 1990 |
| | 65 | 78 | | | | 152 | 254 | 1 | | 502 | 22 | | 794 | 203 | 39091 | 1991 |
| | 73 | 94 | | | | 152 | 254 | 1 | | 937 | 22 | | 893 | 222 | 38703 | 1992 |
| | 106 | 108 | | | 30 | 267 | | | 209 | 682 | 22 | | 999 | 265 | 39862 | 1993 |
| | 106 | | | | | 91 | | | | 657 | 11 | | 1233 | 286 | 40185 | 1994 |
| | 149 | 182 | | | | 188 | | 3 | 325 | 607 | 20 | 92 | 1448 | 351 | 41165 | 1995 |

**ئىزاھات:** تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى دېگەن گرافىغا 1989 - يىلدىن باشلاپ كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى كىرگۈزۈلىدى.

## 3 § . دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە ياساش

1956 - يىلدىن بۇرۇن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش ۋە رېمونت قىلىشنى يەككە تۆمۈرچى، ياغاچچى،

قول ھۈنەرۋەنلەر ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەنىدى. 1956 ـ يىلى قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تۆمۈرچىلىك زاۋۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى شۇ زاۋۇت رېمونت قىلىدىغان ۋە ياسايدىغان بولدى. 1958 ـ يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە ياساش ۋەزىپىسىنى شۇ زاۋۇت ئۈستىگە ئالدى.

## 1. قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تۆمۈرچىلىك زاۋۇتى

تۆمۈرچىلىك زاۋۇتى 1956 ـ يىلى قۇرۇلدى. بۇ زاۋۇت ئاساسەن كەتمەن، ئورغاق قاتارلىق ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى، شۇنىڭ بىلە بىللە، جۇمبۇ ـ جاۋەن، ئاغامچا ـ تۇقۇناقلارنى ياسىدى. 1973 ـ يىلدىن باشلاپ يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە ياساشقا كىرىشتى. 1976 ـ يىلى قوناق سوقۇش ماشىنىسى، شال ئاقلاش ماشىنىسى، 10 قۇرلۇق سېيالكا، 3 قۇرلۇق قوناق تېرىش ماشىنىسى، ئوت ـ چۆپ توغراش ماشىنىسى قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن 51نى ياسىدى، لېكىن تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى شەكىللەندۈرەلمىدى. 1977 ـ يىلى قوناق سوقۇش ماشىنىسىدىن 41نى، شال ئاقلاش ماشىنىسىدىن 17نى، سېيالكىدىن 7نى، تراكتور كېپىنكىسىدىن 28نى، ئېشەك ھارۋىسىدىن 165نى، ئات ھارۋىسىدىن 10نى ياسىدى. 1984 ـ يىلى چوڭ ـ كىچىك دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمىنىدىن 7378نى ياسىدى.

## 2. گوڭشې تراكتور پونكىتلىرى

گوڭشېلاردا تراكتور پونكىتلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار تراكتورنى كىچىك رېمونت قىلىش، زاپچاسلىرىنى ئالماشتۇرۇشقا ئوخشاش ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى. ئۇلار ئىچىدە، تېخنىكا كۈچى كۈچلۈكرەك بولغان تاشئېرىق گوڭشېسى تراكتور پونكىتى 1972 ـ يىلى قوناق سوقۇش ماشىنىسى، شالنىڭ دېنىنى ئايرىش ماشىنىسى ۋە تراكتور پرىتسېپىنى سىناق تەرىقىسىدە ياسىدى؛ 1979 ـ يىلى ياخشىلانغان ساپاندىن 87نى، 3 توننىلىق پرىتسېپتىن بىرنى، 10 توننىلىق پرىتسېپتىن 2نى ۋە بىر قىسىم دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ زاپچاسلىرىنى ياسىدى، مەھسۇلات قىممىتى 50 مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

## 3. دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى تەتقىقات ئورنى

1978 ـ يىلى بۇ ئورۇن بۇغداي دېنى ئايرىش ماشىنىسىدىن 15نى، قوناق تېرىش ماشىنىسىدىن بىرنى، چىگىت ئايرىش ماشىنىسىدىن 2نى، سورۇش ماشىنىسىدىن 3نى، كىچىك پرىتسېپتىن 8نى ياسىدى، دىزېلدىن يېقىلغۇ قىلىنىدىغان 3 توننىلىق دېھقانچىلىق ئاپتوموبىلىدىن 2نى، 4 چاقلىق تراكتوردىن 2نى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇردى، بۇندىن باشقا يەنە ئېلېكتر كەپشەر ماشىنىسىدىن بىرنى ياسىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇغداي دېنى ئايرىش ماشىنىسىدىن 14نى، ئېلېكتر ماتوردىن 17نى، باشقا ئوتتۇرا، كىچىك دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرىدىن 200 نەچچىنى رېمونت قىلدى.

**توقسۇ ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىنىڭ 1976 — 1984 - يىلغا قەدەر دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ۋە ياساش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 11 — 22

| تۈرى / يىل | ياساش | | | | | | | | رېمونت | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | شاپان | قوناق سوقۇش ماشىنىسى | 10 قۇرلۇق سېيالكا | دان ئايرىش ماشىنىسى | سورۇش ماشىنىسى | پرىتسېپ | هارۋا ئەگلەكى | تراكتور كېپىنكىسى | تراكتور | ئېچىدىن ياندىرغان دۋىگاتىل |
| 1976 | 103 | | | | | | 447 | | 110 | |
| 1977 | 77 | | | | | | | | 125 | 15 |
| 1978 | 117 | 2 | 1 | | | 3 | | 1 | | |
| 1979 | | | | | 30 | 5 | | 10 | | |
| 1980 | | | | 11 | | 2 | | 19 | 93 | 54 |
| 1981 | | | 30 | | | | | | 100 | |
| 1982 | 133 | | 20 | | 10 | | | 4 | 46 | |
| 1983 | 38 | | 6 | | | | 230 | 5 | 79 | |
| 1984 | | | 3 | | | | 205 | 6 | 28 | 19 |

## § 4 . دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش

ناھىيىدە دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش ئاساسەن مۇنداق 2 يول ئارقىلىق بولدى: 1) يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە ناھىيىلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ ئۆزى ياساپ ئۆزى سېتىش يولى؛ 2) دۆلەت كارخانىسىنىڭ تەمىنلەش يولى. ناھىيىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەشتە 1965 - يىلدىن ئىلگىرى 1 - يول ئاساس قىلىندى؛ 1965 - يىلدىن باشلاپ 2 - يولنىڭ رولى يىلدىن - يىلغا كۆچەيدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 — 23

| تۈرى / يىل | چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور | كىچىك تراكتور | تراكتورغا چېتىلىدىغان دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى | ماتورلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى | پىششىقلاش ماشىنىسى | يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى | رېزىنكە چاقلىق چوڭ ھارۋا | رېزىنكە چاقلىق قول ھارۋىسى | دىزېل ماتور | ئېلېكتر ماتور | توغراش ماشىنىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1965 | | | | | 197 | 187 | 181 | 31 | | | |
| 1967 | 4 | | 6 | 1 | 10 | 55 | 34 | 109 | | | |
| 1969 | 1 | | 1 | 3 | 14 | 23 | 4 | 301 | | | |
| 1970 | 10 | 4 | 5 | | | 10 | 77 | 134 | | | |
| 1971 | 6 | 1 | 6 | | 10 | 81 | 157 | 80 | | | |
| 1972 | 13 | 2 | | 15 | 11 | 15 | 90 | 972 | | | |
| 1973 | 6 | 5 | | 9 | 27 | 63 | 49 | 408 | | | |
| 1975 | 16 | 1 | 21 | 21 | 59 | 28 | 19 | 1214 | | | |
| 1977 | 14 | 17 | 25 | | 27 | | | 3035 | | | |
| 1978 | 37 | 15 | 46 | 16 | 45 | 26 | | 1013 | | | |
| 1979 | 17 | 19 | 79 | 10 | 39 | 73 | | 8525 | | | |
| 1980 | 49 | 4 | 46 | 4 | 37 | 15 | 13 | 4060 | | | |
| 1981 | 12 | 4 | 19 | | 48 | 14 | 7 | 6292 | | | |
| 1982 | 13 | 12 | 14 | 1 | 46 | 36 | 50 | 6100 | | | |
| 1983 | 28 | 14 | 20 | 3 | 79 | 105 | 645 | 7409 | | | |
| 1984 | 24 | 17 | 43 | 3 | 91 | 107 | 963 | 3816 | | | |
| 1985 | 7 | 84 | 45 | | 85 | | 620 | 444 | 7 | | |
| 1986 | 4 | 30 | 28 | | 116 | 6 | 603 | 261 | 9 | 6 | |
| 1987 | 2 | 40 | 22 | | 85 | 4 | 570 | 220 | 19 | 3 | 2 |
| 1988 | 1 | 154 | 4 | 2 | 87 | 847 | 207 | 29 | 9 | 6 | 73 |
| 1989 | | 274 | 273 | | 134 | | 1420 | | 63 | 4 | |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1990 | 3 | 450 | 372 | | 81 | | 1850 | | 135 | 5 | |
| 1991 | 23 | 601 | 572 | 4 | 105 | | 1718 | | 165 | 26 | |
| 1992 | 95 | 429 | 380 | 17 | 203 | | 1156 | | 170 | 3 | |
| 1993 | 12 | 140 | 130 | | | | 1080 | | 267 | 19 | |

ئىزاھات: 1) كىچىك تراكتور كىچىك 4 چاقلىق تراكتور، قول تراكتورى ۋە باشقا تراكتورلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 2) چوڭ كومبايندىن 1978 ـ، 1979 ـ يىللىرى 3ى سېتىلدى. 3) 1989 ـ يىلدىكى رېزىنكە چاقلىق چوڭ هارۋا سانى ئىچىدە رېزىنكە چاقلىق قول هارۋىسىمۇ بار. 4) 1988 ـ يىلى ئوت ئوتاش ماشىنىسىدىن 73ى سېتىلدى.

## 5 § . تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش

توقسۇ ناھىيىسىدە 1956 ـ ۋە 1957 ـ يىللىرى يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە بىرلەشتۈرۈپ، دېھقانچىلىق سايمىنى تېخنىكىدىن 564ى تەربىيىلەندى. 1958 ـ يىلى تراكتور كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، 2 قېتىمدا 16 كىشى ئاقسۇ، قەشقەر، تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تراكتور خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىدا تەربىيىلەندى. ئۇلار بىرىم يىل ئۆگىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، توقسۇدىكى تۇنجى تۈركۈم تراكتورچى ۋە تراكتور رېمونتچىسى بولۇپ قالدى. 1970 ـ يىلدىن كېيىن، گۇڭشې تراكتور پونكىتلىرى تراكتور خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، ئۇلار ئىچىدە تاشئېرىق تراكتور پونكىتى 4 قارار كۇرس ئاچتى. 1977 ـ يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى كۇرسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىملىرىنى تەربىيىلەش مۇنتىزىملاشتى، ناھىيىنى ئاساس قىلغان، ناھىيە بىلەن گۇڭشېلار بىرلەشكەن تەربىيىلەش تۈزۈلمىسى شەكىللەندى. 1977 — 1985 ـ يىلغا قەدەر دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچىلار، شوپۇرلار، نازارەتچىلەر كۇرسىدىن 64 قارار ئېچىلىپ، 6800 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى.

**توقسۇ ناھىيىسىدە 1977 — 1995 ـ يىلغا قەدەر دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىملىرىنىڭ تەربىيىلىنىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 11 — 24

| يىل | ئادەم سانى | كۇرس سانى (قارارى) | كۇرس كۈن سانى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|
| 1977 | 140 | 2 | | |
| 1978 | 200 | 2 | | |
| 1979 | 447 | 3 | | |
| 1980 | 467 | 3 | | |
| 1981 | 290 | 2 | | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1982 | 480 | 3 | | |
| 1983 | 324 | 2 | | |
| 1984 | 251 | 2 | 40 | دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شوپۇرلىرى |
| 1985 | 233 | 3 | 30 | شوپۇرلارنىڭ 2 قارار، نازارەتچىلەرنىڭ بىر قارار |
| 1986 | 400 | 5 | 155 | 160 شوپۇر تەربىيىلەندى |
| 1987 | 523 | 12 | 40 ~ 5 | |
| 1988 | 319 | 7 | 114 ~ 5 | |
| 1989 | 312 | 3 | 60 | |
| 1990 | 391 | 2 | 60 | |
| 1991 | 198 | 3 | 60 | |
| 1992 | 387 | 3 | 60 | |
| 1993 | 158 | 2 | 60 | |
| 1994 | 300 | 2 | 60 | |
| 1995 | 487 | 3 | 60 | |

ئون ئىككىنچى قىسىم

# چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، قۇشۇمچە كەسىپ



# ئون ئىككىنچى قىسىم

# چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ

## I باب

## چارۋىچىلىق

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. «جىننامە»دە: كۇسەنلىكلەر «تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىقنى كەسىپ قىلاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىقى دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقى بولۇپ، يېزا ئىقتىسادىدا مۇئەييەن سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

چارۋىچىلىق ئەھۋالىدىن يازما خاتىرە قالدۇرۇش مىنگو دەۋرىدىن باشلانغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ناھىيە بويىچە 56 مىڭ 900 تۇياق چارۋا، مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) تەخمىنەن 57 مىڭ تۇياق چارۋا بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنى يۆلىدى. 1950 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە قالدۇق چارۋا 81 مىڭ تۇياق بولدى. 1954 - يىلدىن كېيىن، چارۋىچىلىق بىر ئىزدا توختاپ قالدى. 1980 - يىلدىن باشلاپ چارۋىچىلىقتا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىق خېلى زور دەرىجىدە يۈكسەلدى. 1993 - يىلى ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى چارۋا 207 مىڭ 200 تۇياققا، چارۋىچىلىق كىرىمى 25 مىليون 310 مىڭ يۈەن (1993 - يىلدىكى باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 13.6% نى ئىگىلىدى.

1995 - يىلى ناھىيە بويىچە يىل ئاخىرىدىكى چارۋا 217 مىڭ 500 تۇياققا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئات 8400، كالا 30 مىڭ 300، ئېشەك 15 مىڭ 400، قېچىر 1300، تۆگە 100، قوي ۋە چوشقا قاتارلىق ئۇششاق چارۋا 164 مىڭ تۇياق؛ چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 37 مىليون 58 مىڭ يۈەن (ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 9.02% نى ئىگىلىدى.

### § 1. ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) دىن ئىلگىرى، ناھىيىدە چارۋىچىلىقنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس

ئاپپارات يوق ئىدى. مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بىر چارۋىچىلىق تېخنىكى سەپلەندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىق ئاپپاراتلىرى كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلدى.

## 1. چارۋىچىلىق ئىدارىسى

1950 ـ يىل 4 ـ ئايدا قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئۇ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق خىزمەتلىرىنى باشقۇردى. 1959 ـ يىل 9 ـ ئايدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا چارۋىچىلىق بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. 1962 ـ يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1967 ـ يىلى ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى قارىمىقىدا دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1973 ـ يىلى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1981 ـ يىلى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىشخانىسى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984 ـ يىل 9 ـ ئايدا چارۋىچىلىق دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق بۆلۈمىدىن ئايرىلىپ، چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، 5 كادىر سەپلەندى، ئۇلارنىڭ بىرى ئىدارە باشلىقى، 2 سى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 2 سى خىزمەتچى ئىدى.

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى كادىر 4، ئۇلارنىڭ بىرى ئىدارە باشلىقى، بىرى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 2 سى خىزمەتچى.

## 2. ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى

1953 ـ يىل 6 ـ ئايدا كۇچا ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى توقسۇ ناھىيىسىگە 2 خىزمەتچى ئەۋەتىپ، مال دوختۇرلۇق كەسپىنى يولغا قويدى. 1956 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى رەسمىي قۇرۇلۇپ، 5 خىزمەتچى سەپلەندى. 1959 ـ يىل 9 ـ ئايدا مال دوختۇرلۇق پونكىتى دېھقانچىلىق ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلىپ، مال دوختۇرلۇق گۇرۇپپىسى دەپ ئاتالدى. 1962 ـ يىل 8 ـ ئايدا مال دوختۇرلۇق پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، بۆلۈمچە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن قىلىندى. 1966 ـ يىل 10 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىكىدىكى 4 پونكىتقا قوشۇۋېتىلدى. 1973 ـ يىلى مال دوختۇرلۇق پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا بىر باشلىق، 2 مۇئاۋىن باشلىق قويۇلدى، خىزمەتچى خادىمى 23 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تېخنىكا خادىمى 18؛ 1995 ـ يىلى خىزمەتچى 25 كە يەتتى.

## 3. ناھىيىلىك ئوتلاق پونكىتى

1988 ـ يىل 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئوتلاق پونكىتى قۇرۇلۇپ، 10 شتات بېرىلدى ھەمدە ناھىيىلىك مۇقۇ يايلىقى ناھىيىلىك ئوتلاق پونكىتىغا قوشۇۋېتىلدى، 1992 ـ يىل 5 ـ ئايدا مۇقۇ يايلىقى ناھىيىلىك ئوتلاق پونكىتىدىن ئايرىۋېتىلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك ئوتلاق پونكىتىنىڭ خىزمەتچىسى 7 بولدى.

## 4. ناھىيىلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسى

1965 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئەسلىدىكى ئىدارىلەر دېھقانچىلىق مەيدانى ئاساسىدا ناھىيىلىك نەسىللىك چارۋا

فېرمىسى قۇرۇلۇپ، 3 كادىر سەپلەندى، ئۇلارنىڭ بىرى مەيدان باشلىقى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەسىللىك چارۋا فېرمىسىنىڭ خىزمەتچىسى 3 بولدى.

## 5. ناھىيىلىك مۇقۇ يايلىقى

قارا يۇلغۇن دەرياسىنىڭ كەلكۈنىنى باشلاپ، يانتاقتۇرۇقنىڭ جەنۇبىدىكى ئوتلاقنى ئېچىش ئۈچۈن، 1976 - يىل 11 - ئايدا ناھىيىلىك مۇقۇ يايلىقى بەرپا قىلىندى، ئۇنىڭغا بىر مۇئاۋىن يايلاق باشلىقى قويۇلدى. 1989 - يىل 2 - ئايدا ئۇ ناھىيىلىك ئوتلاق پونكىتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1992 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك ئوتلاق پونكىتىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ئورۇن قىلىندى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك مۇقۇ يايلىقىنىڭ كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىسى 7 گە يەتتى.

## 6. ناھىيىلىك چوشقا فېرمىسى

1977 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك چوشقا فېرمىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 2 كادىر سەپلەندى، 300 مو يەر ئاجرىتىپ بېرىلدى، 10 ئائىلىلىك خەنزۇ دېھقان ئاجرىتىلىپ دېھقان ئىشچى قىلىندى. 1983 - يىلدىن كېيىن، ناھىيىلىك چوشقا فېرمىسى پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇن قىلىندى، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ چوشقا فېرمىسىنىڭ 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 2.

## 7. يېزا - بازارلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرى

1958 - يىلى ئىچئېرىق، تاشئېرىق، دايۇلتۇز گۇڭشېلىرىدا مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى. 1978 - يىلى پەيشەنبە بازار گۇڭشېسىدا مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى ئۈچقات يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى. 1989 - يىل 10 - ئايدا توقسۇ بازارلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتى قۇرۇلدى.

1984 - يىلى گۇڭشې مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ نامى يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە يېزا دەرىجىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىدىن 7 سى، خىزمەتچىدىن 16 سى بار بولدى.

# 2 § . ئوتلاق

## 1. ئوتلاقنىڭ جايلىشىشى

ناھىيە بويىچە 1981 - يىلدىكى چۆل، يېرىم چۆل ئوتلاق كۆلىمى 1 مىليون 780 مىڭ مو، بۇنىڭدىن پايدىلىنىلىدىغىنى تەخمىنەن 320 مىڭ مو بولۇپ، ئاساسەن دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ ئەتراپىغا ياكى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ئارىسىغا جايلاشقان.

ناھىيىدە، 1 - ، 2 - دەرىجىلىك ئوتلاق يوق، 3 - ، 4 - ، 5 - دەرىجىلىك ئوتلاقلارلا بار، بۇنىڭ ئىچىدە

3 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق 844 مىڭ 900 مو، 4 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق 199 مىڭ 100 مو، 5 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق 736 مىڭ مو.

ناھىيىدىكى ئوتلاقلارنى 3 چوڭ تۈر، 8 كىچىك تۈر، 31 تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ.

3 چوڭ تۈر مۇنۇلار: قۇرغاق چۆل ئوتلاق، تەخمىنەن 592 مىڭ مو؛ ئويمان چىملىق ئوتلاق، تەخمىنەن 1 مىليون 86 مىڭ مو؛ سازلىق ئوتلاق، تەخمىنەن 102 مىڭ مو.

ئوتلاق يېپىنچىلىرى چۆل ئوت ـ چۆپلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى قومۇش، يۇلغۇن، بۇيا، قوغۇزاق تىكەن، يانتاق، ئاق تىكەن، قارا ئالقات، پايزا، قامغاق، قوغىجاي، مۇخ، زاغزاق، ياۋا كۆرۈك، چىغ، سېمىزئوت، سۆكسۆك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 2. تەبىئىي ئوت ـ چۆپلەر

توقسۇ ناھىيىسىدىكى تەبىئىي ئوت ـ چۆپ تەخمىنەن 30 خىلدىن كۆپرەك بولۇپ، بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى، ئوزۇقلۇق قىممىتى، تەمى ۋە پايدىلىنىش دەرىجىسى بويىچە ئايرىغاندا، 4 خىلغا بۆلۈنىدۇ.

1) ئېسىل ئوت ـ چۆپلەر قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق باشاقلىق ئۆسۈملۈكلەر، كىرپە باش، ئارپىخان، قوغىجاي، چىغ، قومۇش، تەلۋە، كەتىرا قاتارلىقلار.

2) ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوت ـ چۆپلەر چۇچۇكبۇيا، قارىغان، ئەمەن، شەھدى، قومۇش، سىلو قاتارلىقلار.

3) تۆۋەن دەرىجىلىك ئوت ـ چۆپلەر يانتاق، قارا ئالقات، چاكاندا، زاغزاق، يۇلغۇن قاتارلىقلار.

4) ناچار ئوت ـ چۆپلەر ياۋا كۆرۈك، قامغاق، شورا، ئىت سىگەك، زاغزاق، سۆكسۆك، قوغۇزاق تىكەن قاتارلىقلار.

ناھىيە ئوتلاقلىرىنىڭ 1981 ـ يىلدىكى دەرىجىسى

جەدۋەل: 12 — 1 بىرلىكى: تۈمەن مو

| تۈرى / دەرىجىسى | 3 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | 4 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | 5 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|
| 1 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | 7.3 | | 1.31 | 8.44 |
| 2 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | 2.87 | | 0.03 | 2.9 |
| 3 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | 9.86 | 7.23 | 57.83 | 74.92 |
| 4 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | 0.35 | 4.3 | | 4.65 |
| 5 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | 37.25 | 2.87 | | 40.12 |
| 6 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | 26.31 | 5.51 | | 31.82 |
| 7 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | 0.35 | | 14.43 | 14.78 |
| 8 ـ دەرىجىلىك ئوتلاق | 0.37 | | | 0.37 |
| جەمئىي | 84.49 | 19.91 | 73.6 | 178 |

ئىزاھات: يۇتۇنلەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ جەدۋەلدىكى سان بىلەن ئەسلى ستاتىستىكىدىكى سان ئوتتۇرىسىدا ئازراق پەرق بار.

**توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئوتلاقلارنىڭ 1984 ـ يىلدىكى تارقىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 12 — 2 بىرلىكى: مو

| يېزا نامى | ئوتلاق كۆلىمى | ئىلاۋە |
| --- | --- | --- |
| دايۇلتۇز گۇڭشې | 588799 | مازىرتى ئۇچقات يېزىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| شۇيۇلتۇز گۇڭشې | 137272 | |
| تاشئېرىق گۇڭشې | 153186 | |
| پەيشەنبە بازار گۇڭشې | 70280 | |
| ئېچىلېرىق گۇڭشې | 9756 | |
| توقسۇ بازار گۇڭشې | 300 | |
| مۇتۇ يايلىقى | 820663 | |
| جەمئىي | 1780256 | |

## 3. چارۋا سىغىمچانلىقى

توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئوتلاقلارنىڭ چارۋا سىغىمچانلىقى 264 مىڭ 944 تۇياق (قوي بىرلىك قىلىندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) قا يېتىدۇ. ھەر موسىنىڭ چارۋا سىغىمچانلىقى 0.14 — 0.16 تۇياق.

**توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئوتلاقلارنىڭ 1981 ـ يىلدىكى ئەمەلىي چارۋا سىغىمچانلىقى ۋە نەزەرىيىۋى چارۋا سىغىمچانلىقى**

جەدۋەل: 12 — 3

| چارۋا تۈرى | سانى (تۇياق) | قويغا سۇندۇرغاندا | نەزەرىيىۋى سىغىمچانلىقى (قوي بىرلىك قىلىندى) | ئىلاۋە |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| ئات | 5374 | 26870 | | بىر ئات 5 قويغا سۇندۇرۇلدى |
| كالا | 17092 | 85460 | | بىر كالا 5 قويغا سۇندۇرۇلدى |
| قوي | 70746 | 70746 | | |
| ئۆچكە | 40826 | 32660 | | بىر ئۆچكە 0.8 قويغا سۇندۇرۇلـ دى |
| تۆگە | 28 | 196 | | بىر تۆگە 7 قويغا سۇندۇرۇلدى |
| ئېشەك | 14332 | 42996 | | بىر ئېشەك 3 قويغا سۇندۇرۇلدى |
| جەمئىي | 148398 | 258928 | 264944 | |

### 4. ئوتلاق قۇرۇلۇشى

ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق رايونى ئوتلىقى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان. 70 - يىللاردىن ئىلگىرى، ناھىيىدە تەبىئىي ئوتلاق قۇرۇلۇشى ئاز قىلىنماتتى، چاتقاللار كېسىۋېتىلگەنلىكتىن، بىر قىسىم تەبىئىي ئوتلاقلار ئېچىلىپ قېلىپ، شور ئۆرلەپ، ئوت - چۆپلەر قۇرۇپ ياكى سۈپىتى ناچارلىشىپ كەتكەنىدى. 1972 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت 25 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، گۇڭشېلاردىكى كىچىك كۆلەملىك ئوتلاقلاردا 7 قۇدۇق قېزىپ، ئادەم، چارۋىلارنىڭ سۇ ئىچىش ۋە ئوتلاق سۇغىرىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

1976 - يىل 10 - ئايدىن 11 - ئايغىچە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت 4800 ئەمگەك كۈچى تەشكىللەپ، 51 مىڭ 462 ئىش كۈنى سەرپ قىلىپ، مۇقۇ يايلىقىنىڭ قۇمساتما رايونىدا 1 - باسقۇچلۇق ئوتلاق قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، ئۇزۇنلۇقى 23 كىلومېتىر، كەڭلىكى 10 مېتىر ئۆستەڭ چاپتى، بۇ ئۆستەڭ بىلەن 4500 مو ئوتلاقنى سۇغارغىلى بولىدۇ. 1979 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى 40 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى، بۇ پۇل بىلەن مۇقۇ يايلىقىنىڭ يانداشما قۇرۇلۇشلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

1980 - يىلى يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى باشلانغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىققا بىرلەشتۈرۈپ، ئوتلاقلاردا زىيەكەش چېپىپ زەي چىقىرىۋېتىش، كۆچەت تىكىش، سۇغىرىش، ئوغۇتلاش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئوتلاقلاردىكى ئوت - چۆپ مىقدارى ۋە ئوتلاقلارنىڭ چارۋا سىغىمچانلىقى ئاشۇرۇلدى.

## §3. چارۋىچىلىق

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا توقسۇ ناھىيىسىدە چارۋىچىلىق بار ئىدى.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ناھىيىدە 56 مىڭ 900 تۇياق چارۋا بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئات 2949، كالا 7516، ئېشەك 3938، قوي - ئۆچكە 42 مىڭ 497 تۇياق ئىدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) ناھىيىدىكى ئومۇمىي چارۋا 57 مىڭ 29 تۇياققا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قوي - ئۆچكە 42 مىڭ 794 تۇياق.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى (1950 — 1952 - يىلغىچە) دە ھۆكۈمەت چارۋىچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىش، چارۋىچىلىق بېجىنى كېمەيتىش، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پائال سېتىۋېلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە چارۋا 108 مىڭ 800 تۇياققا يەتتى.

1953 — 1977 - يىلغىچە ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىقى بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ، ئومۇمىي چارۋا 100 — 120 مىڭ تۇياق ئەتراپىدىلا بولدى.

1978 - يىلدىن كېيىن، ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىقى مۇقىم تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. 1980 - يىلدىن كېيىن چارۋىچىلىقتا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە چارۋىلار باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. 1980 - يىلى ناھىيە بويىچە چارۋا 147 مىڭ تۇياق بولغان بولسا، 1986 - يىلى 190 مىڭ تۇياققا، 1990 - يىلى 202 مىڭ تۇياققا، 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 217 مىڭ 500 تۇياققا يەتتى.

## توقسۇ چارۋىچىلىقىنىڭ 1949 — 1995 - يىلغىچە بولغان تەرەققىيات ئەھۋالى

جەدۋەل: 12 — 4    بىرلىكى: تۇياق

| تۈرى / يىللار | جەمئىي | كالا | ئات | ئېشەك | قېچىر | تۆگە | چوشقا | ئۆچكە | قوي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 81181 | 9914 | 4220 | 8610 | 152 | | | 24540 | 33745 |
| 1950 | 87108 | 12010 | 4388 | 8914 | 155 | | | 26291 | 35350 |
| 1951 | 98348 | 14227 | 4500 | 9706 | 163 | | | 29689 | 40063 |
| 1952 | 108858 | 15020 | 4823 | 11002 | 165 | | | 32729 | 45119 |
| 1953 | 107910 | 17742 | 5049 | 12440 | 172 | | | 27708 | 44799 |
| 1954 | 112393 | 19037 | 5180 | 12352 | 181 | | | 27760 | 47883 |
| 1955 | 113369 | 18667 | 5146 | 12546 | 189 | | | 27691 | 49130 |
| 1956 | 109194 | 18844 | 5183 | 12219 | 170 | | | 26753 | 46025 |
| 1957 | 95928 | 16314 | 4799 | 12826 | 162 | | | 21720 | 40107 |
| 1958 | 85750 | 14717 | 4005 | 10264 | 145 | | 28 | 19216 | 31305 |
| 1959 | 92898 | 15197 | 3297 | 8109 | 115 | | 108 | 24697 | 41375 |
| 1960 | 91827 | 12935 | 2393 | 6538 | 115 | | 548 | 22070 | 46728 |
| 1961 | 103398 | 13945 | 2911 | 7260 | 120 | | 658 | 30607 | 47897 |
| 1962 | 112919 | 15665 | 3051 | 2273 | 122 | | 542 | 34545 | 50721 |
| 1963 | 123295 | 17609 | 3103 | 8349 | 121 | 4 | 443 | 38083 | 55583 |
| 1964 | 132586 | 19485 | 3259 | 8857 | 125 | 4 | 840 | 39193 | 60821 |
| 1965 | 145274 | 24415 | 3877 | 9662 | 147 | 9 | 1966 | 41945 | 63253 |
| 1966 | 144908 | 23367 | 3602 | 9904 | 134 | 4 | 1440 | 41733 | 64724 |
| 1967 | 135112 | 23653 | 4183 | 9210 | 153 | 6 | 1903 | 38764 | 57240 |
| 1968 | 130091 | 22313 | 4464 | 8290 | 148 | 6 | 1219 | 40055 | 53596 |
| 1969 | 115307 | 19362 | 4417 | 7182 | 200 | 7 | 800 | 34825 | 48514 |
| 1970 | 121101 | 19303 | 4729 | 8133 | 221 | 9 | 1756 | 32030 | 54920 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 48920 | 33695 | 5270 | 13 | 279 | 8165 | 4909 | 18661 | 119912 | 1971 |
| 50501 | 38693 | 4357 | 12 | 330 | 8197 | 5001 | 18524 | 115615 | 1972 |
| 58970 | 30170 | 1816 | 13 | 380 | 8735 | 4991 | 18761 | 123836 | 1973 |
| 61062 | 31089 | 935 | 13 | 384 | 8661 | 5221 | 19522 | 126887 | 1974 |
| 51533 | 31667 | 816 | 14 | 356 | 9163 | 5117 | 19675 | 118341 | 1975 |
| 50665 | 34010 | 1029 | 16 | 374 | 8571 | 5148 | 17122 | 116935 | 1976 |
| 47547 | 29871 | 1352 | 19 | 368 | 10211 | 5027 | 14875 | 109070 | 1977 |
| 55012 | 34272 | 1795 | 21 | 369 | 11622 | 4879 | 14885 | 122855 | 1978 |
| 60732 | 35980 | 1588 | 27 | 313 | 12570 | 5127 | 16333 | 132670 | 1979 |
| 69480 | 41628 | 316 | 35 | 341 | 12993 | 5314 | 16432 | 146539 | 1980 |
| 78466 | 42149 | 429 | 35 | 382 | 14598 | 5217 | 18706 | 159982 | 1981 |
| 79800 | 42800 | 400 | 35 | 400 | 15600 | 5700 | 20000 | 164735 | 1982 |
| 90000 | 42900 | 300 | 35 | 300 | 12900 | 7400 | 21200 | 175035 | 1983 |
| 95884 | 41684 | 393 | 48 | 500 | 11099 | 7907 | 22334 | 180000 | 1984 |
| 101400 | 38800 | 200 | 50 | 700 | 11500 | 8600 | 24000 | 185250 | 1985 |
| 94581 | 33214 | 241 | 79 | 759 | 11802 | 8542 | 24531 | 190000 | 1986 |
| 101664 | 35412 | 385 | 72 | 851 | 12635 | 8261 | 25721 | 192000 | 1987 |
| 112814 | 33689 | 195 | 93 | 851 | 12980 | 7422 | 25489 | 193453 | 1988 |
| 116380 | 31884 | 385 | 93 | 906 | 13341 | 7409 | 26169 | 196555 | 1989 |
| 120471 | 32338 | 394 | 112 | 936 | 13152 | 7334 | 26281 | 202018 | 1990 |
| 121542 | 33441 | 329 | 125 | 954 | 13687 | 7394 | 26836 | 204218 | 1991 |
| 124500 | 31600 | 300 | 100 | 1000 | 13700 | 7500 | 24900 | 204500 | 1992 |
| 124800 | 32700 | 300 | 100 | 1100 | 13800 | 7600 | 26800 | 207200 | 1993 |
| 128700 | 32300 | 400 | 100 | 1200 | 13800 | 7600 | 26900 | 211000 | 1994 |
| 129400 | 32000 | 600 | 100 | 1300 | 15400 | 8400 | 30300 | 217500 | 1995 |

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى چارۋىلارنىڭ 1949 — 1983 - يىلغىچە تۈرلەر بويىچە ستاتىستىكا قىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 12 — 5

بىرلىكى: تۇياق

| يىللار | ئومۇمىي سانى | دۆلەت ئىگىلىكى | سودا تارماقلىرى | كوللېكتىپ | شەخس | ئورگان |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 81181 | | | | 81127 | 54 |
| 1950 | 87108 | | | | 87064 | 44 |
| 1951 | 98348 | | | | 98291 | 57 |
| 1952 | 108858 | | | | 108794 | 64 |
| 1953 | 107910 | | | | 107843 | 67 |
| 1954 | 112393 | | | | 112323 | 70 |
| 1955 | 113369 | 8 | 19 | | 113265 | 77 |
| 1956 | 109194 | 36 | 45 | 3201 | 105824 | 88 |
| 1957 | 95928 | 565 | 452 | 9907 | 84933 | 71 |
| 1958 | 85750 | 718 | 1255 | 11356 | 72266 | 155 |
| 1959 | 92898 | 589 | 2460 | 67624 | 21192 | 233 |
| 1960 | 91827 | 947 | 4327 | 67675 | 15234 | 4244 |
| 1961 | 103398 | 877 | 2167 | 71231 | 27989 | 1134 |
| 1962 | 112919 | | 309 | 72183 | 40256 | 171 |
| 1963 | 123295 | | | | | |
| 1964 | 132586 | 59 | 2667 | 66899 | 60248 | 2713 |
| 1965 | 145274 | 1141 | 2133 | 76275 | 64852 | 873 |
| 1966 | 144908 | 1116 | 2317 | 73283 | 69613 | 599 |
| 1967 | 135112 | 908 | 2709 | 72077 | 59082 | 336 |
| 1968 | 130091 | 912 | 3887 | 77082 | 48210 | |
| 1969 | 115307 | 625 | 3318 | 67203 | 44131 | 30 |
| 1970 | 121101 | 947 | 5198 | 69503 | 44615 | 838 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1971 | 119912 | 1089 | 3359 | 71693 | 41974 | 1797 |
| 1972 | 115615 | 642 | 235 | 64755 | 49362 | 621 |
| 1973 | 123836 | 4495 | 3913 | 62341 | 52119 | 968 |
| 1974 | 126887 | 671 | 1632 | 69971 | 53684 | 929 |
| 1975 | 118341 | 704 | 1678 | 68410 | 47124 | 425 |
| 1976 | 116935 | 831 | 2338 | 70302 | 43230 | 234 |
| 1977 | 109070 | 762 | 2493 | 70279 | 35061 | 475 |
| 1978 | 122855 | 1392 | 817 | 77256 | 43294 | 96 |
| 1979 | 132670 | 1545 | 33 | 74774 | 56231 | 63 |
| 1980 | 146539 | 1813 | | 75875 | 68768 | 83 |
| 1981 | 159982 | 1890 | | 71098 | 86994 | |
| 1982 | 164735 | | | 62625 | 102110 | |
| 1983 | 175035 | | | 44000 | 131035 | |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى چارۋىچىلىققا ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇل ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى

جەدۋەل: 12 — 6

| يىللار | ناھىيىدىن چارۋىچىلىققا ئاجرىتىپ بېرىلگەن خىراجەت | | يىللىق چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|
| | مومىسى (تۈمەن يۈەن) | مالىيە ئومۇمىي چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | مومىسى (تۈمەن يۈەن) | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | |
| 1966 | 1.17 | 0.81 | | | |
| 1967 | 0.90 | 0.73 | | | |
| 1968 | 0.54 | 0.42 | | | |
| 1969 | 0.50 | 0.37 | | | |
| 1978 | | | 210.88 | 9 | ھازىرقى باھا |
| 1979 | | | 261.94 | 8 | ھازىرقى باھا |
| 1980 | | | 304.17 | 9 | ھازىرقى باھا |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 11.11 | 1.88 | | | ھازىرقى باھا |
| 1982 | 10.05 | 1.81 | 432.9 | 10 | ھازىرقى باھا |
| 1983 | 10.31 | 1.50 | 464.24 | 9 | ھازىرقى باھا |
| 1984 | 14.90 | 1.89 | 582.74 | 10 | ھازىرقى باھا |
| 1985 | 8.10 | 0.98 | 466.76 | 8.7 | ھازىرقى باھا |
| 1986 | 10.70 | 0.87 | 545.93 | 8.8 | ھازىرقى باھا |
| 1987 | 12.80 | 0.89 | 710.92 | 11 | ھازىرقى باھا |
| 1988 | 17.70 | 1.20 | 974.98 | 12 | ھازىرقى باھا |
| 1989 | 18.40 | | 895.78 | 10 | ھازىرقى باھا |
| 1990 | 23.50 | | 1546.79 | 13 | ھازىرقى باھا |
| 1991 | 23 | 1.27 | 1770.8 | 12 | ھازىرقى باھا |
| 1992 | 36 | | 1790.1 | 13 | ھازىرقى باھا |
| 1993 | 21 | 0.89 | 2531.4 | 14 | ھازىرقى باھا |
| 1994 | | | 2968.60 | 9.75 | ھازىرقى باھا |
| 1995 | | | 3705.8 | 9.02 | ھازىرقى باھا |

## 4 § . چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرى

توقسۇ ناھىيىسىدە قوي ـ ئۆچكە، ئات، كالا، ئېشەك، قېچىر، تۆگە، چوشقا، بۇغا، توخۇ، ئۆردەك، كەپتەرگە ئوخشاش چارۋىلار ۋە ئۆي قۇشلىرى بار.

### 1. قوي

1) يەرلىك قوي  موڭغۇل قويىغا كىرىدۇ، دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۇزۇن مۇددەت تاللاپ يېتىشتۈرگەن، رەڭگى كۆپ خىل، جۈنى چولڭ، كۆكرەك قىسمى تار، ئارقا گەۋدىسى كەڭ، قۇيرۇقى U شەكىللىك، يۇڭى يىرىك، گۆشى ياخشى، تەملىك، يىرىك بېقىشتا چىداملىق بولۇپ، مۇشۇ جايدىكى شورلۇق چۆل ئوتلاقلاردا بېقىشقا ماس كېلىدۇ.

2) قاراكۆل قويى (ئەلتېرە قويى)  تەن شەكلى موڭغۇل قويىنىڭكىگە ئوخشاپ

كېتىدۇ، بېشى چىرايلىق، تۇلىقى چوڭ، كۆزلىرى سەل پولتىيىپ تۇرىدۇ، قوشقارلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۈڭگۈزلۈك (يۈگىمە مۈڭگۈز)، ساغلىقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۈڭگۈزسىز، يەم تاللىمايدۇ. يېرىك يېقىشقا چىداملىق، ماسلىشىشچانلىقى، كېسەلگە تاقابىلچانلىقى كۈچلۈك، ياۋاش، چۆل، يېرىم چۆل ئوتلاقلاردا بېقىشقا ماس كېلىدۇ، 2 دىن تۆللەش نىسبىتى بىرقەدەر تۆۋەن، پاقلىنىنىڭ كۆرپىسى ئەتىۋارلىق، كۆركەم، چىرايلىق بولۇپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بازىرى بار.

3) دولان قويى مەكىت ناھىيىسىدىن كەلتۈرۈلگەن. 1989 - يىلى ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتىر ئىدارىسى «1 - ماي» سۇ ئامبىرى سۇ باشقۇرۇش پونكىتى 25 نى، ناھىيىلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسى 14 نى، ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى 5 نى كىرگۈزدى. دولان قويى يىلدا 2 قېتىم بوغاز بولىدۇ، ھەر قېتىمدا 2 نى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قوزىلايدۇ، ئۇنىڭ گۆشىدىمۇ، يۇڭىدىمۇ پايدىلانغىلى بولىدۇ. ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ بىر ساغلىقى بىر قېتىمدا 5 نى قوزىلىغان، قوزا بالدۇر ئەمچەكتىن ئايرىلىدۇ، تېز يېتىلىدۇ. يېشىغا يەتكەن پاقلاننىڭ ئېگىزلىكى 85 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 54 كىلوگرام كېلىدۇ. سويۇلۇش نىسبىتى %52 تىن ئاشىدۇ. ئۇستىخىنى بىلەن گۆشىنىڭ نىسبىتى 4:1. چوڭ قوينىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 97 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 104 كىلوگرام كېلىدۇ. ئۇستىخىنى بىلەن گۆشىنىڭ نىسبىتى 5:1. يۇڭى ساغۇچ بولۇپ، بويىغىلى بولىدۇ، ئۇ، گىلەمنىڭ ياخشى خام ئەشياسىدۇر.

دولان قويى يەم - خەشەك تاللىمايدۇ. ئىشتىھالىق. ئوتلاقتا بېقىلغاندىن كېيىن، يەنە بوغۇز بېرىشكە بولىدۇ، ئۇ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا بېقىشقا ۋە ئائىلىدە بېقىشقا ماس كېلىدۇ.

4) ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ناھىيە بويىچە ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي بىرقەدەر ئاز بولۇپ، ئىچكىرىق يېزىسىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىدىلا تارقاق بېقىلىدۇ.

## 2. ئۆچكە

1) يەرلىك ئۆچكە كۆپىنچىسى ئاق، ئاز ساندىكىسى كۈلرەڭ ياكى قوڭۇررەڭ كېلىدۇ. جۇغى خېلى چوڭ، مۇسكۇلى چوڭ، يوغان، پۇتلىرى تەرەققىي قىلغان، بېشى كىچىكرەك، تېكىلىرىنىڭ مۈڭگۈزى تىك، قۇيرۇقى كالتە. ياۋاش، يۇگۇرەك بولۇپ، تاغقا چىقىشقا ئامراق. يازدا ئىسسىققا، قىشتا سوغۇققا چىداملىق، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، يەم - خەشەك تاللىمايدۇ. كېسەلگە تاقابىلچانلىقى كۈچلۈك، ناچار ئوتلاقلاردا بېقىشقا بولىدۇ. كۆپىيىشچانلىقى كۈچلۈك، ھەربىر ئۆچكىدىن يىلدا 50 ~ 80 گرام تىۋىت چىقىدۇ. سوپادۆڭ كەنتىدىكى يەرلىك ئۆچكىلەرنىڭ جۇغى چوڭ، گۆشى يۇمشاق، يېغى ئاز، بىر قېتىمدا بىرنى ياكى 2 نى تۆللەيدۇ.

2) جۇڭۋېي ئۆچكىسى 60 - يىللاردا كەلتۈرۈلگەن يېڭى نەسىل بولۇپ، جۇغى كىچىكرەك، پۇتلىرى قىسقا، چۈپۈرى ئۇزۇن، يەم - خەشەك تاللىمايدۇ. كېسەلگە تاقابىلچانلىقى كۈچلۈك. كۆپ بولغاندا ھەر قېتىمدا 2 — 4 نى تۆللەيدۇ. يىلىغا تەخمىنەن 100 گرام تىۋىت چىقىدۇ. جۇڭۋېي ئۆچكىسىنىڭ شالغۇتلاشتۇرۇلغان ئەۋلادىنىڭ جۇغى كىچىك بولۇپ، ئەسلى ئالاھىدىلىكى رودىپىنتىلىشىپ كەتتى.

3) تىۋىتلىق ئۆچكە لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ گەيشيەن ناھىيىسىدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئونسۇ ناھىيىسىنىڭ ساۋاپچى چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ئاق ئۆچكە بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن. توقسۇ ناھىيىسىدە 5 يادرولۇق ئۆچكە پادىسى بولۇپ، مۇقۇ يايلىقى، ناھىيىلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسى، ئۆگەن يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى، ئىچكىرىق يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى، سوپادۆڭ

كەتتى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. يەم - خەشەك تاللىمايدۇ، ناچار ئوتلاقلاردا باقىلى بولىدۇ. ھەربىرىدىن 90 — 105 گرامغىچە ئۆيت چىقىدۇ.

## 3. كالا

1) يەرلىك كالا موڭغۇل كالىسى سىستېمىسىغا كىرىدۇ، جۇغى كىچىكرەك، ئىسسىققا چىدامىلىق، يەم - خەشەك تاللىمايدۇ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، ئاساسلىقى ھارۋىغا قېتىش ۋە يەر ھەيدەشكە ئىشلىتىلىدۇ. سىيىردىن كۈنىگە 1.5 كىلوگرام سۈت چىقىدۇ، سۈت چىقىش مەزگىلى 5 — 6 ئاي بولىدۇ، ھەربىر سىيىردىن يىلىغا 300 — 500 كىلوگرامغىچە سۈت چىقىدۇ.

2) ئىلى كالىسى ئىلى ۋىلايىتىدىن كىرگۈزۈلگەن، 30 - يىللاردا توقۇزدا بېقىلغان ئىلى كالىسىنىڭ كۆپىنچىسى بوقا بولۇپ، سىيىر ناھايىتى ئاز ئىدى. 1969 - يىلى تاشقۇرغان گوڭشېسىدا توغۇلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، ئىلى كالىسى كۆپەيتىلىشكە باشلىدى. ئىلى كالىسىنىڭ شالغۇتلاشتۇرۇلغان ئەۋلادى ياۋاش، يەم - خەشەك تاللىمايدۇ، جۇغى چوڭ، پۇتلىرى يوغان كېلىدۇ.

3) گۆش كالىسى بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇلغان كالا بۇ شۋېيتسارىيە كالىسى، سىمېنتال كالىسى، گېرفورت كالىسى قاتارلىق چەت ئەل گۆش كالىلىرى بوقىسىنىڭ توڭلىتىلغان ئىسپېرمىسى بىلەن يەرلىك كالىنى نەسىللەندۈرۈپ يېتىشتۈرۈلگەن شالغۇت كالىدىن ئىبارەت.

4) ئېشەك

1) نەسلى ياخشىلانغان ئېشەك بۇ كۇچا ئېشىكى بىلەن ئېچكىرىنىڭ ئېشىكىنى شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن بولۇپ، كېيىنكى تاقابىلچانلىقى كۈچلۈك، يەم - خەشەك تاللىمايدۇ، ھارۋىغا قېتىشقا، مىنىشكە بولىدۇ. كۆپىنچىسىنىڭ تۈكى كۈلرەڭ، قوڭۇرراڭ ۋە قارا بولىدۇ. قۇلىقى چوڭ، بېشى چىرايلىق، كۆكرىكى كەڭ، قوۋۇرغا سۆڭىكى تار، ئالدى پۇتلىرى تۈز، كەينى پۇتلىرى كۆپىنچە «X» شەكىللىك، تۇۋىقى مەزمۇت كېلىدۇ.

2) كۇچا ئېشىكى جۇغى كىچىكرەك، ياۋاش، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، يەم - خەشەك تاللىمايدۇ، بالدۇر يېتىلىدۇ، كۆپىيىشچانلىقى كۈچلۈك.

## 5. ئات

1) يەرلىك ئات ئەسلى موڭغۇل ئېتى (خېجىڭ ئېتى) بولۇپ، ئىشتىھالىق، يەم - خەشەك تاللىمايدۇ. مىنىشكە شۇنداقلا ھارۋىغا قېتىپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ.

2) ئىلى ئېتى 50 - يىللاردا كەلتۈرۈلگەن، دەسلەپتە ھاۋا شارائىتىغا ماسلىشالمىغانلىقتىن، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قېلىش، ھەزىم قىلىشى ياخشى بولماسلىققا ئوخشاش ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. پاشا چاققان يېرى ئىششىپ كېتىدۇ. ئەگەر ياخشى بېقىلمىسا ئاسانلا ئۆلۈپ قالىدۇ. ئىلى ئېتى بىلەن شۇ جايدىكى يەرلىك

ئات شالغۇتلاشتۇرۇلۇپ يېتىشتۈرۈلگىنى ھەم ئىلى ئېتىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، ھەم توقسۇ يەرلىك ئېتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، يەم - خەشەك تاللىمايدۇ.

## 6. قېچىر

ناھىيىدە ئات قېچىرى كۆپرەك، ئېشەك قېچىرى ناھايىتى ئاز، ئۇنىڭ جۈغى چوڭ، كۈچلۈك، يەم - خەشەك تاللىمايدۇ، كېسەلگە چىدامچان.

## 7. تۆگە

توقسۇدا تۆگە بېقىش 1963 - يىلى باشلانغان، شۇ يىلى كەلپىن ناھىيىسىدىن قوش لوككىلىق 4 تۆگە كەلتۈرۈلگەن. 1984 - يىلى كۆپىيىپ 48 گە يەتتى، بۇ تۆگىلەر نەسىللىك چارۋا فېرمىسىدا بېقىلىدۇ.

## 8. چوشقا

توقسۇ ناھىيىسىدە چوشقا نەسلىدىن، ئاساسلىقى، شىنجاڭ ئالا چوشقىسى، خۇەن نىڭشياڭ چوشقىسى، ئوكرائىنا ئاق چوشقىسى ۋە يوركشىر چوشقىسىنىڭ شالغۇتلىرى بار. توقسۇ ناھىيىسىدە چوشقا بېقىش 1958 - يىلدىن باشلانغان بولۇپ، ناھىيە بويىچە 28 چوشقا بېقىلغان.

1966 - يىلدىن كېيىن، چوشقا بېقىش تەشەببۇس قىلىنىپ، چوڭ ئەترەتلەردە كوللېكتىپ بېقىلىدىغان بولدى. 1971 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە چوشقا تېز كۆپىيىپ 5270 كە يەتتى ، كېيىن يىلدىن - يىلغا ئازلاپ، 1988 - يىلى 200 گە چۈشۈپ قالدى. بېقىش نۇقتىسى شالچىلىق مەيدانى، كونا دېھقانچىلىق مەيدانى، ناھىيىلىك چوشقا فېرمىسى، يېمەك - ئىچمەك شىركىتىنىڭ چوشقا فېرمىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا مەركەزلەشتى.

## 9. بۇغا

توقسۇدا 1977 - يىلدىن باشلاپ بۇغا بېقىلدى، ئەينى ۋاقىتتا تاشقىرىق گۇڭشېسىنىڭ ئاچادۆڭ چوڭ ئەترىتىدە 5 ى، دايۇلتۇز گۇڭشېسىدا 25 ى بېقىلدى. كۆپىنچىسى شىنجاڭ بۇغىسى، ئاز ساندىكىلىرى چىپار بۇغا. كېيىن بېقىش - باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇغا فېرمىسى تارقىتىۋېتىلدى.

## 10. توخۇ

ئاساسلىق نەسلى يەرلىك توخۇ، لىگورىن توخۇسى، چىپار توخۇ، بىلوك توخۇسى، سىمبوروملېتىس 288 توخۇسى، سىمبوروملېتىس 579 توخۇسى، روسىي توخۇسى ۋە كۆركە توخۇ قاتارلىق توخۇلار بار. بازار - يېزىلارنىڭ ھەممە جايلىرىدا بېقىلىدۇ. 70 - يىللاردا ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى تام مەش

ئارقىلىق ئۆيلەرنى ئىسسىتىپ چۈجە چىقىرىش ۋە چۈجىلەرنى ئەي قىلىش تېخنىكىسىنى قوللاندى.

### 11. ئۆردەك

ئۆردەك توقسۇ ناھىيىسىنىڭ بازار - يېزىلىرىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىدە تارقاق بېقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق سورتى چىپار ئۆردەك.

### 12. غاز

ئاق غاز ناھىيىدىكى ئاساسلىق غاز نەسلى بولۇپ، دېھقان ئائىلىلىرىدە تارقاق بېقىلىدۇ.

### 13. كەپتەر

ئۇيغۇرلار كەپتەر بېقىشقا ئادەتلەنگەن، كەپتەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆي كەپتىرى بولۇپ، كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئىستېمال قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## § 5. نەسىل ياخشىلاش

توقسۇ ناھىيىسىدە ئاساسلىقى قوي ۋە كالا نەسلى ياخشىلاندى. قوي نەسلىنى ياخشىلاش 1958 - يىلدىن باشلاندى. 1965 - يىلى 95 نەسىللىك قوشقار كەلتۈرۈش، بىر قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش، 33 تېخنىك تەربىيىلەش، 5 نەسىللەندۈرۈش پونكىتى قۇرۇش ئارقىلىق، قاراكۆل قويىنى سۈنئىي نەسىللەندۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى. 1965 - يىلى 500 قوي سۈنئىي نەسىللەندۈرۈلدى، بۇ تۈللەش يېشىدىكى ساغلىقلارنىڭ %1.67 نى ئىگىلەيدۇ. 1968 - يىلى ناھىيە بويىچە 3448 قوي نەسىللەندۈرۈلۈپ، نەسلى ياخشىلانغان قوي تەخمىنەن 10 مىڭغا يەتكۈزۈلدى. 1978 - يىلى ناھىيە بويىچە نەسىللەندۈرۈش پونكىتى 19 غا يېتىپ، 77 چوڭ ئەترەت، 264 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە قوي نەسلى ياخشىلاندى. شۇ يىلى جەمئىي 15 مىڭ 427 قويىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى، بۇ، ئومۇمىي قاراكۆل قويىنىڭ %90 ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇنداldى.

1978 - يىلى ئالا ئىنەك كەلتۈرۈلۈپ، كالا نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى ئىشلەندى. 1979 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى گۆش كالىسىنىڭ توڭلىتىلغان ئىسپېرمىسى بىلەن نەسىللەندۈرۈش بويىچە 20 كۈنلۈك كۇرس ئېچىپ، 37 تېخنىك تەربىيىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، تاشئېرىق يېزىسىدا گرىخوت، شۋېيتسارىيە كالىلىرىنىڭ توڭلىتىلغان ئىسپېرمىسى بىلەن 153 يەرلىك ئىنەك نەسىللەندۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ بوغاز بولۇش نىسبىتى %53 ئەتراپىغا يەتتى. 1982 - يىلى ناھىيە بويىچە 601 كالىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى، بۇنىڭدىن توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈلگىنى 462؛ 1983 - يىلى 3178 كالىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى، بۇنىڭدىن توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن نەسىللەندۈرۈلگىنى 1800. شۇنىڭ بىلەن توقسۇ ناھىيىسى ۋىلايەت بويىچە كالا نەسلىنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ياخشىلاپ بولغان ناھىيىلەر قاتارىغا كىردى. 1983 - يىلى يەنە شىنجاڭ نەسىللىك كالىسىنىڭ 5 بۇقىسى كەلتۈرۈلۈپ، چاپتۇرۇش ئارقىلىقمۇ كالىنىڭ نەسلى ياخشىلاندى.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە بىر قىسىم يىللاردىكى توخۇلتىلغان ئىسپىرما بىلەن كالا نەسىللەندۈرۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 12 — 7

| يىللار | موزايلاش يېشىدىكى ئىنەك سانى | توخۇلتىلغان ئىسپىرما بىلەن نەسىللەندۈرۈلگىنى | بوغاز بولغىنى | تۇغۇلغان موزاي |
|---|---|---|---|---|
| 1979 | 4198 | 152 | 72 | 68 |
| 1980 | 4700 | 213 | 102 | 68 |
| 1981 | 4600 | 126 | 64 | 60 |
| 1982 | 4600 | 462 | 235 | 98 |
| 1983 | 4445 | 1800 | 900 | 810 |
| 1984 | 4900 | 1788 | 706 | 620 |
| 1985 | 4900 | 1962 | 990 | 972 |
| 1987 | 4956 | 2901 | 1769 | 1722 |
| 1988 | 6119 | 3246 | 2248 | 2218 |

## 6 § . چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىدا كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش

### 1. كېسەللىكلەر

توقسۇ ناھىيىسى غول تاشيول لىنىيىسىگە جايلاشقان بولۇپ، ئادەم ۋە چارۋىلار كۆپ ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا، ئاسانلا كېسەل تارقىلىدۇ. ئۆلگەن چارۋىلار ئىچىدە كېسەل بىلەن ئۆلگەنلىرى تەخمىنەن 85% تىن ئاشىدۇ. ناھىيە دائىرىسىدە چارۋا، ئۆي قۇشلىرىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق كېسەللىكلەر كۆيدۈرگە، ئاقسىل، برۇتسېللىيوز، چېچەك، قاتما، كولىپاتسىللا، ئالا ئۆپكە كېسىلى، موكا باكتېرىيە كېسىلى، تولغاق دىزىنتېرىيىسى، ماڭقا كېسىلى، چوشقا ۋاباسى، چوشقا تىلمىسى، چوشقا گىمۇسى، توخۇ ئاسىيا ۋاباسى، قۇش خولېراسى، توخۇ ئاق چىچقاق كېسىلى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

چارۋا، ئۆي قۇشلىرىدا پارازىت قۇرتلاردىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئاساسلىقلىرى پروتوزلۇق كېسەللىكلەر، كېلمىنت كېسەللىكلىرى ۋە ئۈمۈچۈك ـ ھاشارات پەيدا قىلىدىغان كېسەللىكلەردىن ئىبارەت.

1) كۆيدۈرگە 1956 ـ يىل 5 ـ ئايدىن 1978 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە جەمئىي 4 قېتىم تارقىلىپ، 71 چارۋىغا يۇقتى، 35 چارۋا ئۆلدى. بۇنىڭدىن 2 قېتىملىقى 1965 ـ يىلى كۆرۈلۈپ، 16 چارۋا، 4 ئادەم

ئۆلدى. بىر قېتىملىقى 1978 - يىلى كۆرۈلۈپ، 11 قوي، 2 ئىت ئۆلدى. كېسەل ئاساسەن ئۆچقات ۋە ئىچتېرىق يېزىلىرىدا تارقالدى.

2) ئاقسىل 1950 - يىلى ئىچتېرىق، تاشتېرىق، دايۇلتۇز يېزىلىرىدا تارقىلىپ، 1500 دىن كۆپرەك كالىغا يۇققاندى، 1951 - يىل 6 - ئايدا يوقىتىلغانغا قەدەر بىر يىل ۋەھىمە سېلىپ تۇردى. 1955 - يىل 2 - ئايدا باي ناھىيىسىدىن 2 قېتىم تارقىلىپ، ناھىيە بويىچە 760 كالىغا يۇقتى. شۇ يىلى 3 - ئايدا يوقىتىلدى. 1957 - يىل 12 - ئايدا كۇچادىن 3 - قېتىم تارقىلىپ، 630 كالىغا يۇقتى. ئۇنىڭدىن كېيىن 1958 — 1961 - يىل 12 - ئايغىچە ئۇدا 4 يىل تارقىلىپ، ناھىيىنىڭ ھەممە يېزىلىرىدا كۆرۈلدى. 1961 - يىل 12 - ئايدا ناھىيە بويىچە 25 چولپ ئەترەتتە تارقىلىپ 5090 كالا، 360 قويغا يۇقتى. 1962 - يىل 3 - ئايدا يوقىتىلدى.

3) بىرۇتسېللىيوز 1964 — 1983 - يىلغىچە جەمئىي 11 قېتىم تارقالدى. كېسەل تارقالغان رايون ئاساسلىقى تاشتېرىق ۋە دايۇلتۇز يېزىلىرى بولدى. 1964 - يىلى تاشتېرىق گۇڭشېسىنىڭ بوستان كەنتىدە 75 ساغلىقنىڭ 44ى كېسەل تەككەنلىكتىن بالا تاشلىۋەتتى، بالا تاشلىۋەتكەن ساغلىق ئومۇمىي بوغاز ساغلىقنىڭ 68% نى ئىگىلىدى.

4) قاتما 1975 — 1989 - يىلغىچە 7 قېتىم تارقىلىپ، 85 چارۋىغا يۇقتى، بۇنىڭدىن 81 ى ئۆلدى. ئۆلۈش نىسبىتى 95% تىن كۆپرەك بولدى.

5) كولىباتسىللا ناھىيىلىك چوشقا فېرمىسىدا تارقالدى. 1983 - يىلى بۇ فېرمىدىكى 53 چوشقا كۈچىكىدىن 19 ىغا يۇقۇپ، 6 سى ئۆلدى. 1978 — 1988 - يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە ناھىيە بويىچە قوي - ئۆچكىلەرگە 177 مىڭ تۇياق (قېتىم) ۋاكسىنا ئەملەش ئارقىلىق كولىباتسىللا ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى.

6) كالا ئالا ئۆپكە كېسىلى كالا ئالا ئۆپكە كېسىلى توقسۇ ناھىيىسىدە 1972 - يىلدىن باشلاپ تارقالدى، شۇ يىلى 8 - ئايدا ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتى ئەلدىن 280 كالا سېتىۋالدى، 10 - ئايدا بۇ كالىلاردا كالا ئالا ئۆپكە كېسىلى تارقالدى. 1979 - يىلغىچە ناھىيىدە 3 قېتىم تارقىلىپ، 85 كالىغا يۇقۇپ، 16 كالا ئۆلدى. 1990 - يىلى بۇ كېسەل ناھىيە بويىچە تىزگىنلەندى.

7) قوي موكا باكتېرىيە كېسىلى برادزوت، يۇمشاق بۆرەك، برادزوتسىمانغا قاتارلىق كېسەللىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ توقسۇدا چېچىلىش خاراكتېرىدە تارقالدى. 1962 — 1989 - يىلغىچە 6 قېتىم تارقالدى، تارقالغان رايونلاردا 2578 قوي ئاسانلا يۇقۇملاندى، 527 قوي مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، 306 قوي ئۆلدى. كېسەل بولۇش نىسبىتى 20%، ئۆلۈش نىسبىتى 58% بولدى. 1962 - يىل 3 - ئايدا ئىچتېرىق گۇڭشېسىنىڭ مۇنار چولپ ئەترىتىدىكى 600 قوينىڭ 200 ى كېسەل بولۇپ، 150 ى ئۆلدى، كېسەل بولۇش نىسبىتى 33%، ئۆلۈش نىسبىتى 75% بولدى.

8) تولغاق 1980 — 1982 - يىلغىچە كۆرۈلدى، كۆرۈلگەن رايون ئاساسلىقى دايۇلتۇز ۋە پەيشەنبە بازار قاتارلىق جايلار بولدى. 1980 - يىل 2 - ئايدا دايۇلتۇز گۇڭشېسىنىڭ 27 چولپ ئەترىتىدىكى 14 مىڭ قوزا - ئوغلاقنىڭ 3000 ى تولغاق بولۇپ، 1000 ى ئۆلدى. كېسەل كۆرۈلۈش نىسبىتى 21%، ئۆلۈش نىسبىتى 33% بولدى.

9) چېچەك ئاساسلىقى قويلاردا تارقالدى. 1963 — 1988 - يىلغىچە 3 قېتىم كۆرۈلۈپ، 663 قويغا يۇقتى، 83 قوي ئۆلدى. كېسەل كۆرۈلۈش نىسبىتى 12%، ئۆلۈش نىسبىتى 13% بولدى. 1987 - يىلى ناھىيە بويىچە 5 يېزا، بىر بازارنىڭ 99 كەنتىدە 89 قويغا يۇقۇپ، 10 قوي ئۆلدى.

**10) يۇقۇملۇق ئېغىز ياللۇغى** كۆپىنچە ئەتىياز پەسلىدە تارقىلىدۇ، چوڭ قوي ـ ئۆچكىلەردە ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. 1978 — 1983 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە 176 قوزا ـ ئوغلاقتا كۆرۈلۈپ، 17 قوزا ـ ئوغلاق ئۆلدى. 1978 ـ يىل 1 ـ ئايدا دايۇلتۇز گۇڭشېسىنىڭ ئاچال چوڭ ئەترىتى 4 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى 150 قوزا ـ ئوغلاقنىڭ 80 ىدە كۆرۈلدى، جۈملىدىن 70 قوزىنىڭ 50 ىدە كۆرۈلدى.

**11) ماڭقا كېسىلى** ماڭقا كېسىلىنىڭ توقسۇدا تارقىلىشى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. 1968 — 1984 ـ يىلغىچە 3 قېتىمدا 495 ئات كارانتىن قىلىنىپ تەكشۈرۈلگەندە 9 ى مۇسبەت ئات بولۇپ چىقتى. 1985 ـ يىلى 7405 ئات، 526 قېچىر، 2578 ئېشەك كارانتىن قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە مۇسبەت كۆرۈلگەن ئات 97. تاشئېرىق يېزىسىنىڭ ئاچادۆڭ كەنتىدە ئاتلارغا يۇقۇش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولدى.

**12) ساقاۋ كېسىلى** كۆپىنچە ئەتىياز پەسلىدە كۆرۈلىدۇ، ناھىيىنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئۇچرايدۇ. 1962 — 1983 ـ يىلغىچە 172 ئاتتا كۆرۈلدى، 2 ئات ئۆلدى. 1963 ـ يىلى دايۇلتۇز گۇڭشېسىنىڭ ئازنا بازار چوڭ ئەترىتىدىكى 70 ئاتنىڭ 50 ىدە بۇ كېسەل كۆرۈلدى. خوجا تۇرۇس چوڭ ئەترىتىدىكى 400 ئاتنىڭ 100 ىدە بۇ كېسەل كۆرۈلدى، 2 ئات ئۆلدى. 1967 ـ يىل 5 ـ ئايدا شويۇلتۇز گۇڭشېسىنىڭ قاراقۇم چوڭ ئەترىتىدىكى 13 ئاتنىڭ ھەممىسىدە بۇ كېسەل كۆرۈلدى.

**13) چوشقا ۋاباسى** 1975 — 1982 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە 3 قېتىم تارقالدى، بۇ كېسەل 155 چوشقىدا كۆرۈلدى، 94 چوشقا ئۆلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1975 ـ يىلى بىرقەدەر ئېغىر بولدى، ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتىدىكى 200 چوشقىدىن 45 ىدە بۇ كېسەل كۆرۈلدى، 40 چوشقا ئۆلدى. كېسەل كۆرۈلۈش نىسبىتى %22.5، ئۆلۈش نىسبىتى %89 بولدى.

**14) چوشقا تىلمىسى** كۆپىنچە 3 ـ، 4 ـ ئايلاردا كۆرۈلىدۇ. 1977 ـ يىل 6 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىسىنىڭ قاتناش بېكىتىدىكى 150 چوشقىنىڭ 15 ىدە بۇ كېسەل كۆرۈلدى، 3 چوشقا ئۆلدى.

**15) چوشقا گىمۇسى** كۆپىنچە قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدە كۆرۈلىدۇ. 1966 ـ يىل 1 ـ ئايدا تارقىلىشى بىرقەدەر ئېغىر بولدى، ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى 47 چوشقا كۈچىكىدىن 32 سىدە بۇ كېسەل كۆرۈلدى، 26 چوشقا ئۆلدى. 1968 ـ يىل 12 ـ ئايدا بازار گۇڭشېدىكى 25 چوشقا كۈچىكىدىن 21 ىدە بۇ كېسەل كۆرۈلۈپ، 12 سى ئۆلدى.

**16) توخۇ ئاسىيا ۋاباسى** ناھىيىنىڭ ھەممە جايلىرىغا تارقالغان. 1965 — 1983 ـ يىلغىچە 4 قېتىم كەڭ تارقالدى. بۇ كېسەل 52 مىڭ 780 توخۇغا يۇقتى، بۇ كېسەل 47 مىڭ 480 توخۇدا كۆرۈلۈپ، 30 مىڭ 780 توخۇ ئۆلدى، كېسەل كۆرۈلۈش نىسبىتى %89، ئۆلۈش نىسبىتى %64 بولدى. 1987 ـ يىلدىن كېيىن بۇ كېسەل ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى.

1965 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئىچتېرىق گۇڭشېسىنىڭ پەيشەنبە بازار باشقۇرۇش رايونىغا قاراشلىق 15 چوڭ ئەترەتتىكى 12 مىڭ توخۇنىڭ 11 مىڭىدا بۇ كېسەل كۆرۈلۈپ، 10 مىڭ توخۇ ئۆلدى. 1971 ـ يىل 12 ـ ئايدا ناھىيىدىكى 35 مىڭ توخۇنىڭ 31 مىڭىدا بۇ كېسەل كۆرۈلۈپ، 25 مىڭ توخۇ ئۆلدى. 1976 ـ يىل 3 ـ ئايدا تاشئېرىق گۇڭشېسىدىكى 5500 توخۇنىڭ 5200 ىدە بۇ كېسەل كۆرۈلۈپ، 4500 توخۇ ئۆلدى. 1983 ـ يىل 3 ـ ئايدا مۇقۇ يايلىقىدىكى 280 توخۇدا بۇ كېسەل كۆرۈلۈپ، ھەممىسى ئۆلدى.

**17) قۇش خولېراسى** توقسۇدا 2 قېتىم تارقالدى. 1976 ـ يىل 6 ـ ئايدا شويۇلتۇز گۇڭشېسىنىڭ يار باشلام، قۇمكۆل چوڭ ئەترەتلىرىدە كەڭ تارقالدى. بۇ كېسەل 2 چوڭ ئەترەتتىكى 2500 توخۇنىڭ 1500 ىدە كۆرۈلۈپ، 1000 دىن كۆپرەك توخۇ ئۆلدى.

**18) پروتوزلۇق كېسەللىكلەر** قويلارنىڭ تېلېرىيوز كېسىلى، توخۇنىڭ كوكسىدىئوز

كېسەلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كۆپىنچە ئەتىياز، ياز پەسىللىرىدە تارقىلىدۇ.

19) گېلمىنت كېسىلى  ئاساسلىقى كالا، قويلاردا كۆرۈلىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاشيولىنىڭ 2 تەرىپىدىكى رايونلاردا تارقالغان.

20) ئۆمۈچۈك ـ ھاشارات پەيدا قىلىدىغان كېسەللىكلەر  سالجا، ئېستېرىوز، گاستروفىللوز كېسىلى، ئوقرا، پىتلاپ كېتىش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**1990 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسىدىكى پارازىت قۇرتلارنىڭ چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىدا ئۇچراش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 12 — 8

| ھاشارات نامى | | خوجايىن | بايقالغان جاي | يۇقۇملىنىش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|
| ئۇرۇقدىشى | تۈرى | | | |
| دىكروتسېلىئا ئۇرۇقدىشى | نەيزە شەكىللىك دىكروتسېلىئا قۇرتى | قوي، كالا | ئىچىبىرىق | 9.9 |
| فاسسىئولا ئۇرۇقدىشى | جىگەر فاسسىئولا قۇرتى | قوي، كالا | ئىچىبىرىق، تاشبىرىق، ئۆگەن، دايۇلتۇز | 18.2 |
| تېنىيە ئۇرۇقدىشى | سىستىسېركۇس تېنۇئىكولىس | كالا، قوي | ئىچىبىرىق | 54.5 |
| | كالافىننوزى قۇرتى | كالا | يەمەكلىك شىركىتى شىمالىي شىنجاڭدىن سېتىۋالغان | |
| ئېخىنوكوككى ئۇرۇقدىشى | ئېخىنوكوككى لىچىنكىسى | قوي | ئىچىبىرىق، تاشبىرىق، ئۆگەن، يەكشەنبە بازار | 36.2 |
| | ھايۋان تېنىدىكى ئېخىنوكوككى قۇرتى لىچىنكىسى | كالا، قوي، چوشقا، توخۇ | ناھىيىدىكى يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە | |
| مونېزىيە ئۇرۇقدىشى | مونېزىيە لېنتىسمان قۇرتى | قوي | ئىچىبىرىق | 9.9 |
| ئەگرى بالىياتۇ ئۇرۇقدىشى | ئەگرى بالىياتۇ لېنتىسمان قۇرتى | قوي | ئىچىبىرىق | 36.3 |
| ئاۋىتېللىن ئۇرۇقدىشى | ئاۋىتېللىن لېنتىسمان قۇرتى | قوي | ئىچىبىرىق | 18.2 |
| خابېرتىيە ئۇرۇقدىشى | خابېرتىيە يىپچە قۇرتى | كالا، قوي | ئىچىبىرىق | 9.9 |
| گېمونقۇز ئۇرۇقدىشى | گېمونقۇز قۇرتى | كالا، قوي | ئىچىبىرىق | 90.9 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئوستېرتاگىيە ئۇرۇقدىشى | ئوستېرتاگىيە قۇرتى | | ئىچىبۇرۇق | 18.2 |
| دىكتيوكائۇلوز ئۇرۇقدىشى | دىكتيوكائۇلوز قۇرتى | قوي | ئىچىبۇرۇق | 9.9 |
| تىرىخوتسېفالا ئۇرۇقدىشى | تىرىخوتسېفالا قۇرتى | قوي | ئىچىبۇرۇق | 5.45 |
| يۇگىلەك ئۇرۇقدىشى | قوينىڭ يۇگىلەك قۇرتى | قوي | ناھىيىدىكى يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە | 72.7 |
| سالجا | ياپىلاق باش سالجا | قوي | | 100 |
| | قارىنغۇ سالجا | قوي | | 100 |
| سالجا | تېرە تېشىدىغان قوتۇر كاشى | كالا، قوي | ناھىيىدىكى يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە | 3 |
| پروتوسترونگىلىد ئۇرۇقدىشى | پروتوسترونگىلىد فىلىيارئوز قۇرتى | قوي | ئىچىبۇرۇق | 9.9 |
| | لامارك پروتوسترونگىلىد بىيچە قۇرتى | قوي | ئىچىبۇرۇق | 60 ~ 10 |
| ئاسكارىد ئۇرۇقدىشى | ئىت ئاسكارىد فىلىيارئوز قۇرتى | ئىت | ناھىيىدىكى يېزىلارنىڭ ھەممىسىدە | 50 ~ 40 |
| | چوشقا ئاسكارىد قۇرتى | چوشقا | ئىچىبۇرۇق يېزىسى، چوشقا فېرمىسى | 100 ~ 55 |
| ئوقرا ئۇرۇقدىشى | كالا ئوقرا قۇرتى | كالا | | 20 ~ 1 |

## 2. ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش

1) مال دوختۇرلىرىنى تەربىيىلەش ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى، يېزىلىق پونكىتلاردىكى مال دوختۇرلىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، يېزىلاردىكى مال دوختۇرلىرىنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەشنى چىڭ تۇتتى. 1959 — 1988 ـ يىلغىچە 14 قارار كۇرس ئېچىپ، 310 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى.

2) مال دوختۇرلۇق ئامبۇلاتورىيىسى 1956 ـ يىلى ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىدا ئامبۇلاتورىيە قۇرۇلۇپ، بىر نۆۋەتچى مال دوختۇرى قويۇلدى. 80 ـ يىللاردىن كېيىن 2 نۆۋەتچى قويۇلىدىغان بولدى. مال دوختۇرلۇق ئامبۇلاتورىيىسىدە ئادەتتىكى كېسەللىكلەر داۋالاندى، كىچىك ئوپېراتسىيىلەر قىلىندى، ئەمما دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، مال دوختۇرلىرىنىڭ سەۋىيىسى يېتەرسىز بولغانلىقتىن، چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا تازا ماسلىشىپ كېتەلمىدى.

ناھىيىدىكى 6 يېزىنىڭ ھەممىسىدە مال دوختۇرلۇق ئامبۇلاتورىيىسى قۇرۇلۇپ، 6 خادىم قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگىلەر 2، تەربىيىلەنگەنلەر 4. ئۇلار ئادەتتىكى كېسەللەرنى داۋالىدى، قىيىن كېسەللەرنى ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا يوللاپ بەردى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە مال دوختۇرلىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تەربىيىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 12 — 9

| يىللار | ئۇيۇشتۇرغۇچى ئورۇن | ۋاقىت (كۈن) | ئادەم سانى | تەربىيىلەش مەزمۇنى | ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1959 | ناھىيىلىك پونكىت | 2 | 12 | ئاتسىل كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش | قوللانما |
| 1973 | ۋىلايەتلىك پونكىت | 3 | 50 | يېڭى داۋالاش ئۇسۇلى | ۋىلايەتلىك پونكىت تارقاتقان |
| 1975 | ناھىيىلىك پونكىت | 2 | 25 | مال دوختۇرلۇق تېخنىكىسى | قوللانما |
| 1976 | ناھىيىلىك پونكىت | 2 | 11 | بىرۇتسېللىيوز كېسىلىنى كارانتىن قىلىش | قوللانما |
| 1980 | ناھىيىلىك پونكىت | 2 | 13 | ئاترىپ گۇماننىڭ مال دوختۇرلۇقتا ئىشلىتىلىشى | ۋىلايەتلىك پونكىت تارقاتقان |
| 1981 | ناھىيىلىك پونكىت | 2 | 18 | بىرۇتسېللىيوز كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش | قوللانما |
| 1984 | ناھىيىلىك پونكىت | 1 | 20 | چارۋا، ئۆي قۇشلىرى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش | قوللانما |
| 1985 | ناھىيىلىك پونكىت | 2 | 23 | ئات ماڭقا كېسىلىنى كارانتىن قىلىش | قوللانما |
| 1985 | ناھىيىلىك پونكىت | 2 | 12 | مال دوختۇرلۇق سايمانلىرىنى ئىشلىتىش ۋە رېمونت قىلىش | ۋىلايەتلىك پونكىت تارقاتقان |
| 1986 | ناھىيىلىك پونكىت | 2 | 24 | كالا تۇبېركۇليوزىنى كارانتىن قىلىش | قوللانما |
| 1987 | ناھىيىلىك پونكىت | 3 | 21 | كانا ئۆلتۈرۈش دورىسى ۋە كالا قېرىنىدىكى تۆمۈر پارچىلىرىنى ئېلىش ئەسۋابىنى ئىشلىتىش | ۋىلايەتلىك پونكىت تارقاتقان |
| 1987 | ناھىيىلىك پونكىت | 2 | 20 | قوي چېچەك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش | قوللانما |
| 1988 | ناھىيىلىك پونكىت | 1 | 37 | ئۆي ھايۋانلىرى ئىچكى، تاشقى پارازىت قۇرتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش | قوللانما |
| 1988 | ناھىيىلىك پونكىت | 1 | 24 | مال دوختۇرلۇق سەھىيە كارانتىن تېخنىكىسى | 3 قائىدە، نىزام |

### 3) ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش

**كۆيدۈرگە كېسىلى** كۆيدۈرگە كېسىلى ئادەم، چارۋىلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان سالىدىغان كېسەللىك، ئۇ ناھىيە بويىچە نۇقتىلىق ئالدىنى ئېلىش تۈرى قىلىنغان. ئادەتتىكى يىللاردا ئاسان يۇقۇملىنىدىغان چارۋا، ئۆي قۇشلىرىغا ۋاكسىنا ئۇرۇپ تۇرۇلدى. كۆيدۈرگە كېسىلى كەڭ تارقالغان 1978 - يىلى ئۆچقات كېسەللىك رايونى قامال قىلىنىپ، 6 دېزىنفېكسىيە كۆلچىكى ياسالدى، ئېغىل - قوتانلار دېزىنفېكسىيە قىلىندى.

**ئاقسىل كېسىلى** 1959 - يىلى ئەڭ ئېغىر بولدى. كېسەللىكنى ۋاقتىدا يوقىتىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىدا كېسەللىكنى يوقىتىش خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى، گۇرۇپپا ئەزالىرى ھاكىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە كېسەللىك نۇقتىلىرىغا باردى. كېسەللىك ئەھۋالى ئەڭ ئېغىر بولغان ئىچئېرىق گۇڭشېسىدا 3 كالا قوتىنى كۆيدۈرۈۋېتىلدى، كېسەللىك رايونى قامال قىلىنىپ، چارۋا قوتانلىرى دېزىنفېكسىيە قىلىندى، ئىمۇنىتېتلاش دائىرىسى بەلگىلىنىپ، چارۋا، ئۆي قۇشلىرىغا ۋاكسىنا ئەملەندى. «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، ئالدىنى ئېلىشنى داۋالاشتىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقتىن، ئاقسىل كېسىلىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى.

**بىرۇتسېلىيوز كېسىلى** بىرۇتسېلىيوز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا، ئاساسەن، ۋاقتىدا كارانتىن قىلىشقا تايىنىلدى، 1976 — 1989 - يىلغىچە جەمئىي 26 مىڭ 69 تۇياق (قېتىم) چارۋا كارانتىن قىلىندى، ئومۇمەن مۇسبەت بايقالغان چارۋىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن چوڭقۇر كۆمۈۋېتىلدى. 1984 - يىلى ناھىيىدىكى 432 پادىچى ۋە مال دوختۇرى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، ئۇلاردىن 20 سىدە مۇسبەت كۆرۈلدى. 1985 - يىلى 5215 ئادەم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەندە، 12 ئادەمدە مۇسبەت كۆرۈلدى؛ 5073 ئادەم قايتا تەكشۈرۈلۈپ، تېرە ئاستى سىنىقى ئېلىپ بېرىلغاندا 271 ئادەمدە مۇسبەت كۆرۈلدى. ناھىيىلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى كېسەللىك ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغانلارنى داۋالىدى.

**تۇبېركۇليوز كېسىلى** چارۋىلاردىكى تۇبېركۇليوز كېسىلى توقسۇ ناھىيىسىدە ئاز كۆرۈلدى. بۇ كېسەل ئادەتتە كۆزگە تۇبېركۇلىن تېمىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ داۋالاندى.

**قاتما كېسىلى** قاتما كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا، بېرىنچىدىن، جاراھەتنى داۋالاش، ئىككىنچىدىن، ۋاكسىنا ئەملەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

**كالا ئالا ئۆپكە كېسىلى** كالا ئالا ئۆپكە كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا: ئاساسلىقى كېسەل بولۇپ قالغان كالىنى ئايرىۋېتىش، كالا قوتانلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش، «914» نى ئەملەش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

**قوي موكا باكتېرىيە كېسىلى** قوي موكا باكتېرىيە كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا ئاساسلىقى ۋاكسىنا ئەملەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1974 — 1989 - يىلغىچە 453 مىڭ 600 تۇياق (قېتىم) چارۋىغا ۋاكسىنا ئەملىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

**قوي چېچەك كېسىلى** قوي چېچەك كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا، كۆپىنچە ئايرىۋېتىش، دېزىنفېكسىيە قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى. ھەر يىلى ئەتىيازدا چېچەك ۋاكسىنىسى ئەملەندى.

**ئات ماڭقا كېسىلى** ئات ماڭقا كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا، ئاساسلىقى كارانتىن قىلىش كۈچەيتىلدى. تەكشۈرۈپ چىقىلغان كېسەل ئاتلار ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن چوڭقۇر كۆمۈۋېتىلدى.

**چوشقا ۋاباسى** چوشقا ۋاباسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا، ئاساسلىقى دېزىنفېكسىيە قىلىش ۋە ۋاكسىنا ئەملەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

**توخۇ ئاسىيا ۋاباسى** ـ توخۇ ئاسىيا ۋاباسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشتا، ئومۇمەن بۇرنىغا ۋاكسىنا تېمىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. چۈجە بىر ھەپتىلىك، بىر ئايلىق، 2 ئايلىق، 6 ئايلىق بولغاندا بىر قېتىمدىن تېمىتىلدى، چوڭ توخۇلارغا يىلدا 2 قېتىم ۋاكسىنا ئەملەندى، بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

# 7 § . يەم ـ خەشەك

## 1. ئېتىز يەم ـ خەشىكى

توقسۇ ناھىيىسىدە ئېتىز يەم ـ خەشىكىدىن، ئاساسلىقى، زىرائەت غولى، دەل ـ دەرەخ غازىڭى، بېدە، چىگىت شاكىلى، كۆنجۈرە، بۇغداي كېپىكى، كۆممىقوناق كېپىكى، شال توپىنى قاتارلىقلار بار. 1981 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 65 مىليون كىلوگرام زىرائەت غولى، 50 مىليون كىلوگرام دەل ـ دەرەخ غازىڭى، 400 مىليون كىلوگرام ئوت ـ چۆپ، 6 مىليون كىلوگرام بېدە، 685 مىڭ كىلوگرام چىگىت شاكىلى، 375 مىڭ كىلوگرام كۆنجۈرە، 5 مىليون 120 مىڭ كىلوگرام كېپەك، 355 مىڭ كىلوگرام شال توپىنى، سۇنئىي بەرپا قىلىنغان ئوتلاقلاردىن 12 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام قۇرۇق ئوت ـ چۆپ يىغىۋېلىندى. كېيىن، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، زىرائەتلەرنىڭ غولى ئازىيىپ، چىگىت شاكىلى، كۆنجۈرە قاتارلىقلار يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى.

## 2. ئوت ـ چۆپ پىششىقلاپ ئىشلەش

ناھىيىنىڭ بازار ـ يېزىلىرىدا ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش يەنىلا يىرىك ھالەتتە بولۇپ، سۇنئىي پىششىقلىنىشى ناھايىتى ئاز. زىرائەتلەرنىڭ غولىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، تەخمىنەن %50 ئەتراپىدا بولىدۇ. 1986 ـ يىلى ناھىيىدە قوناق شېخىنى سىلوسلاش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، 195 دانە ئوت ئۇغراش ماشىنىسى سېتىۋېلىنىپ، شۇ يىلى 6000 توننا ئوت ـ چۆپ سىلوسلاندى.

1984 ـ يىلى ۋىلايەت 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، توقسۇ ناھىيىسىدە تۇنجى يەم ـ خەشەك پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردى، بۇ زاۋۇت كالا، قوي ئارىلاشما يەم ـ خەشىكىنى پىششىقلاپ ئىشلىدى، بۇ زاۋۇتنىڭ سائەتلىك پىششىقلاش ئىقتىدارى بىر تونناغا يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى كونا ئۇن زاۋۇتىنى يەم ـ خەشەك پىششىقلاش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىپ، توخۇ، چوشقا ئارىلاشما يەم ـ خەشىكى ئىشلەشكە باشلىدى، بۇ زاۋۇت سائىتىگە بىر توننا يەم ـ خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ.

# 8 § . ئىگىلىك باشقۇرۇش

مىنگو دەۋرىدە، ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك خاراكتېرىدە بولۇپ، چارۋىلار ئاساسەن شەخسلەرنىڭ قولىدا ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئۆز

پەتى ساقلاپ قېلىندى. 1955 - يىلى يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى كوپېراتىپقا پاي قىلىپ قوشۇلۇپ، شەخسلەر بېقىش، كوپېراتىپ ئىشلىتىش يولىغا قويۇلدى. ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، كوپېراتىپقا پاي قىلىپ قوشۇلغان تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىغا ئۆتتى. كوپېراتىپ ئەزالىرى بەلگىلىمە بويىچە، ئاز بىر قىسىم چارۋىنى ئېلىپ قېلىپ، تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئىشلەتتى. خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چارۋىلار گۇڭشېغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، كوللېكتىپ بېقىلدى، پاي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1978 - يىلى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار (لايىھە)» نىڭ روھى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتى كەڭ قويۇۋېتىلىپ، «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» ۋە «چوڭ ھۆددىگە بېرىش» تىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، چارۋىچىلىق راۋاجلاندۇرۇلدى. 1983 - يىلى ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدا چارۋىچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 1984 - يىلى ناھىيىنىڭ يېزا، مەيدان، فېرمىلىرىدا كوللېكتىپنىڭ چارۋىلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ ئائىلىلەرگە بېرىۋېتىلىپ، ئائىلىلەر ئىگىدارلىق قىلىش، ئائىلىلەر بېقىش يولىغا قويۇلدى. ئاز ساندىكى رايونلاردا قوي تارقىتىۋېتىلمەي، باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى، مال پادىلىرى يەنىلا كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدا قېلىۋەردى، «تۆمۈر چارۋا تۈزۈمى» بويىچە پايدا تەقسىم قىلىندى، يەنى چارۋىچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى چارۋىلارنىڭ سانى، چارۋا مەھسۇلاتى ۋە تاۋار چارۋا نىسبىتىنى ھۆددىگە ئېلىپ توختامدىكى كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇندىسا، كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى بىلەن ھۆددىگە ئالغۇچى توختام ئىمزالاپ، قانۇنلۇق ئىگىلىك باشقۇرۇلدى.

1980 - يىلدىن ئىلگىرى چارۋىلار ئاساسلىقى يەرلىك بېقىپ باشقۇرۇلاتتى. 1980 - يىلدىن كېيىن يەم - خەشەك بىلەن بېقىپ بورداشتەك يېڭى ئۇسۇللار ئارقىلىق قوي ۋە كالىلار بوردىلىدىغان بولدى. ناھىيىدە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ 300 تېپلىق، 1000 تېپلىق يەم - خەشەك پىششىقلاش زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىش ۋە باشقۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى.

### توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1956 — 1995 - يىلغىچە بولغان چارۋىچىلىق كىرىمى

جەدۋەل: 12 — 10

| يىللار | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | چارۋىچىلىق كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | چارۋىچىلىق كىرىمىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|
| 1956 | 385.90 | 2.30 | 0.6 |
| 1957 | 250.69 | 3.08 | 1.2 |
| 1958 | 392.13 | 4.41 | 1.1 |
| 1959 | 504.20 | 14.79 | 2.9 |
| 1960 | 299.04 | 21.26 | 3.1 |
| 1961 | 448.28 | 21.37 | 4.8 |
| 1962 | 486.94 | 24.59 | 5 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1963 | 473.95 | 21.26 | 4.5 |
| 1964 | 612.34 | 21.98 | 3.6 |
| 1965 | 753.02 | 19.56 | 2.6 |
| 1966 | 991.18 | 19.65 | 2 |
| 1967 | 902.18 | 23.01 | 2.4 |
| 1968 | 738.19 | 24.52 | 2.6 |
| 1969 | 762.92 | 27.17 | 3.6 |
| 1970 | 865.53 | 24.85 | 2.9 |
| 1971 | 740.87 | 20.75 | 2.8 |
| 1972 | 809.66 | 3.82 | 0.5 |
| 1973 | 1021.96 | 27.87 | 2.7 |
| 1974 | 950.53 | 24.33 | 2.6 |
| 1975 | 883.09 | 18.65 | 2.1 |
| 1976 | 957.62 | 19.17 | 2 |
| 1977 | 1002.35 | 17.09 | 1.7 |
| 1978 | 1147.41 | 18.68 | 1.6 |
| 1979 | 1228.02 | 26.18 | 2.1 |
| 1980 | 1270.65 | 28.23 | 2.2 |
| 1981 | 1218.60 | 24.50 | 2 |
| 1982 | 1703.14 | 15.40 | 0.9 |
| 1983 | 2062.48 | 85.21 | 4.1 |
| 1984 | 2408.99 | 89.43 | 3.7 |
| 1985 | 3330.45 | 192.22 | 5.8 |
| 1986 | 3635.82 | 422.24 | 11.6 |
| 1987 | 3748.36 | 341.10 | 9.1 |
| 1988 | 4310.58 | 413.44 | 9.6 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1989 | 4925.14 | 472.51 | 9.6 |
| 1990 | 6819.28 | 322.75 | 4.7 |
| 1991 | 8171.49 | 335.09 | 4.1 |
| 1992 | 8718.72 | 385.55 | 4.4 |
| 1993 | 9892.63 | 377.90 | 3.8 |
| 1994 | 17826 | 479 | 2.7 |
| 1995 | 25888 | 557 | 2.2 |

# II باب

# ئورمانچىلىق

توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئورمانلار ئاساسەن تەبىئىي ئورمان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ناھىيىنىڭ نوپۇسى ئاز بولۇپ، تورمۇشتا كېرەكلىك ئوتۇن كۆپىنچە دېھقانچىلىق رايونىدىكى دەل - دەرەخلەردىن كېسىلىدىغان بولغاچقا، ناھىيىنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىي جەنۇبىي قىسىملىرىدىكى 490 مىڭ مودىن كۆپرەك تەبىئىي توغراقلىق ساقلىنىپ قالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ نوپۇسى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ، ئوتۇن قالاشتا پەيدىنپەي دېھقانچىلىق رايونىدىن ناھىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تەبىئىي ئورمانغا يۈزلىنىلدى. 30 يىلدىن كۆپرەك كېسىش نەتىجىسىدە، شۇنىڭدەك تارىم دەرياسى قىنىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىدە بىر قىسىم توغراق قۇرۇپ كەتتى. 1981 - يىلى ناھىيىدىكى تەبىئىي ئورمان كۆلىمى ئازىيىپ 368 مىڭ موغا چۈشۈپ قالدى.

ناھىيىدىكى سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمانلار ئاساسلىقى ناھىيىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى دېھقانچىلىق رايونىغا مەركەزلەشكەن. سۈنئىي ئورمان بەرپا قىلىشتا، مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) دىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئۆزلۈكىدىن ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپى، يول بويى ۋە ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىغا تېرەك، سۆگەت قوياتتى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) دىن كېيىن، ھۆكۈمەت ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە ناھىيە خەلقىنى كۆچەت تىكىشكە قوزغاپ تۇردى. ئەمما ئەينى ۋاقىتتا توقسۇنىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرى، شور ئۆرلەش ئېغىر بولغاچقا، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى تۆۋەن، ئۈنۈمى ئىنتايىن ئاز ئىدى. 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 480 مىڭ 915 تۈپ تېرەك، 571 مىڭ 248 تۈپ سۆگەت، 25 مىڭ 700 تۈپ چىنار، 1380 تۈپ قارىياغاچ، جەمئىي 1 مىليون 91 مىڭ 663 تۈپ ئورمان بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا 611 مىڭ 171 تۈپ ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخ بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت «تاغنى قورشاپ ئورمان يېتىشتۈرۈپ، ۋەتەننى كۆكەرتىش» چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، نەتىجىدە «ئورمان بەرپا قىلىشنى ئاساس قىلىش، كېسىش بىلەن يېتىشتۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش، بەرپا قىلىش بىلەن پەرۋىشنى تەڭ تۇتۇش» تىن ئىبارەت ئورمانچىلىق فاڭجېنى

ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ناھىيە دائىرىسىدە ئاممىۋى كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ئاز كەم 10 يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 1958 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 2773 مو ئىھاتە ئورمىنى، 1103 مو تۈت ئەتراپ ئورمىنى، 916 مو دائىرىلىك ئورمان، جەمئىي 4792 مو ئورمان بەرپا قىلىندى. ئۇندىن باشقا 2919 مو باغ، 68 مو كۆچەتخانا بەرپا قىلىندى.

1958 - يىلى قانات يايدۇرۇلغان كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش ھەرىكىتىدە ئورمانلارنىڭ بىر قىسمى ۋەيران قىلىۋېتىلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئورمانچىلىق پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىپ، باشقۇرىدىغان ئادەم بولماي، ئورمانلار قالايمىقان كېسىۋېتىلدى، ئورمان بەرپا قىلىش توختاپ قالدى.

1978 - يىلى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ناھىيە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئوت - چۆپ تېرىش، كۆچەت تىكىش چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئورمانچىلىق سېلىنمىسىنى كۆپەيتتى. 1979 - يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىنىپ، يېشىل كارىدور بەرپا قىلىندى.

1981 - يىلى «ئورمان قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىدە «ئورمان قانۇنى» ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۇرلۇپ، «دۆلەت بەرپا قىلسا دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىش، شەخسىي بەرپا قىلسا شەخسىي ئىگىدارلىق قىلىش»تىن ئىبارەت ئورمان بەرپا قىلىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ئورمان ئىگىدارلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىلىپ، ئورمانچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت، كوللېكتىپ، شەخسلەر بىرلىكتە ئورمان بەرپا قىلىش يېڭى ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرۈلدى. 1990 - يىلى توغراق پونكىتى قۇرۇلۇپ، تەبىئىي توغراقلارنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، قالايمىقان كېسىش شامىلى تومۇزلدى.

1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 368 مىڭ 800 مو تەبىئىي ئورمان، 29 مىڭ 800 مو سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمان، جەمئىي 398 مىڭ 600 مو ئورمان بار بولدى. سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمان ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى 13 مىڭ 562 مو، ئىقتىسادىي ئورمان 13 مىڭ 711 مو. شۇ يىلى تۈت ئەتراپقا 288 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. ئۆرە ئورمان 311 مىڭ 700 كۇب مېتىر، يىللىق كېسىلىش مىقدارى 1558 كۇب مېتىر، يىللىق ئورمانچىلىق كىرىمى 224 مىڭ 500 يۈەن بولدى. دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %3.23 بولدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 526 مىڭ 400 مو تەبىئىي ئورمان، 65 مىڭ مو سۈنئىي بارپا قىلىنغان ئورمان (بۇنىڭ ئىچىدە يېتىلگەن ئورمان 30 مىڭ مو، ياش ئورمان 35 مىڭ مو)، بار بولدى، شۇ يىلى 950 كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى، يىللىق ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 258 مىڭ 700 يۈەن بولدى.

1995 - يىلى 10 مىڭ 35 مو ئورمان بەرپا قىلىندى، 693 مىڭ تۈپ پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىلدى، 700 كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلدى. يىللىق ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 85 مىڭ يۈەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %2.7 نى ئىگىلىدى.

## 1 § . ئاپپاراتلار

### 1. ئورمان پونكىتى

1978 - يىل 12 - ئايدا ناھىيىلىك ئورمان پونكىتى قۇرۇلۇپ، بىر مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى، 6 خىزمەتچى

قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزىلاردا ئاساسىي قاتلام ئورمان پونكىتلىرى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 71 ئورمان باشقۇرۇش خادىمى (بۇنىڭ 53 ى ۋاقىتلىق ئىشچى) قويۇلدى.

ئورمان پونكىتىنىڭ 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مۇئاۋىن باشلىقى بىر، خىزمەتچىسى 49، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمانچىلىق تېخنىكا خادىمى 13.

## 2. ئورمانچىلىق ئىدارىسى

1984 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى ھەمدە ئورمانچىلىق كەسپى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمىدىن ئايرىلىپ، ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا 2 مۇئاۋىن باشلىق، 2 خىزمەتچى قويۇلدى، بۇ ئىدارە ناھىيىلىك ئورمان پونكىتى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ بىر باشلىقى، 5 خىزمەتچىسى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمانچىلىق تېخنىكا خادىمى 2.

ئورمانچىلىق ئىدارىسى قارىمىقىدا ئورمان پونكىتى، توغراق پونكىتى، «ئۆچتىن مۇداپىئە كۆرۈش» (ئوتتىن، كېسەللىكتىن، ھاشاراتتىن مۇداپىئە كۆرۈش) ئىشخانىسى، ناھىيىلىك كۆچەت مەيدانى قاتارلىق ئورمانچىلىق ئورۇنلىرى بار بولدى.

## 3. توغراق پونكىتى

1990 - يىل 12 - ئايدا توغراق پونكىتى قۇرۇلدى. ئۇ ئاساسلىقى ياۋايى ھايۋانلارنى، ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداشقا مەسئۇل بولدى، 2 ۋاقىتلىق مەسئۇل خادىم قويۇلدى، پونكىت 23 ئورمان مۇھاپىزەتچىسى (ھەممىسى ۋاقىتلىق ئىشچى) نى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتتى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، توغراق پونكىتىدا 2 مەسئۇل خادىم، 3 خىزمەتچى، بىر توختاملىق ئىشچى، 9 ۋاقىتلىق ئىشچى، جەمئىي 15 ئادەم بار بولدى.

## 4. «ئۆچتىن مۇداپىئە كۆرۈش» ئىشخانىسى

1991 - يىل 5 - ئايدا «ئۆچتىن مۇداپىئە كۆرۈش» ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى ئوتتىن، كېسەللىكتىن، ھاشاراتتىن مۇداپىئە كۆرۈش بولدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئىشخانىنىڭ بىر مۇدىرى، 4 خىزمەتچىسى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئورمانچىلىق تېخنىكا خادىمى 4، ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 3.

## 5. ناھىيىلىك كۆچەت مەيدانى

1989 - يىل 1 - ئايدا ناھىيىلىك كۆچەت مەيدانى قۇرۇلدى، ئۇ ناھىيىلىك ئورمان پونكىتىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى كۆچەت يېتىشتۈرۈش بولدى، بۇ مەيداننىڭ 13 خادىمى بولۇپ ھەممىسى ۋاقىتلىق ئىشچى. 620 مو يېرى بولۇپ، تېرەك، ئالما، نەشپۈت، چىلان، شاپتۇل، ئۈرۈك كۆچەتلىرىنى يېتىشتۈرىدۇ، بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، بىر كىچىك تراكتورى بار.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كۆچەت مەيدانى ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا قارايدىغان بولدى، بىر مەيدان باشلىقى،

3 خىزمەتچى سەپلەندى، ئۇندىن باشقا 15 ۋاقىتلىق ئىشچى بار.

## 2 § . ئورمان بايلىقى

### 1. تارقىلىشى

1) تەبىئىي ئورمان ناھىيە بويىچە ئورمان كۆلىمى 398 مىڭ 600 مو (1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى سان) بولۇپ، ناھىيە ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ %3.2 نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي ئورمان 368 مىڭ 800 مو بولۇپ، ئاساسەن ناھىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى چۆللۈككە تارقالغان. بۇ يەردىكى دەرەخلەرنىڭ كۆپىنچىسى توغراق، يۇلغۇن ۋە سۆكسۆكتىن ئىبارەت. توغراق 9 جايغا تارقالغان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 93 مىڭ 480 مو، بۇنىڭ ئىچىدە مەھەللىگە يېقىن جايدىكىسى 8 پارچە بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 300 مودىن ئاشىدۇ، توغراقنىڭ قويۇقلۇقى %0.6 — %0.5 كىچە، چۆللۈكتىكىسى بىر پارچە بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 93 مىڭ 180 مو، توغراقنىڭ قويۇقلۇقى %0.4 — %0.3 كىچە؛ يۇلغۇنلۇق 28 پارچە بولۇپ، كۆلىمى 230 مىڭ 67 مو، بۇنىڭ ئىچىدە مەھەللىگە يېقىن جايدىكىسى 24 پارچە بولۇپ، كۆلىمى 6567 مو، قويۇقلۇقى %0.3 — %0.2 كىچە، چۆللۈكتىكىسى 4 پارچە بولۇپ، كۆلىمى 223 مىڭ 500 مو، قويۇقلۇقى %0.5 — %0.4 كىچە؛ سۆكسۆك بىر پارچە بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 45 مىڭ 295 مو، ئۇ چۆلگە جايلاشقان، قويۇقلۇقى ئوتتۇراھال، يەنى %0.4 — %0.3 كىچە. يۇلتۇز باغ يېزىسىدا مەھەللىگە يېقىن تەبىئىي ئورمان كۆپرەك بولۇپ، تەخمىنەن 4000 مودىن ئاشىدۇ.

1990 - يىلى كۈزدە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئورمىنىغا ئىگىدارلىق قىلىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، 225 تېخنىك ئاجرىتىپ، ئۈزىگە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ئورمان بايلىقىنى ۋە ئورماننىڭ تارقىلىشىنى قايتا تەكشۈردى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق توقسۇ ناھىيىسىدىكى دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى تەبىئىي ئورمان كۆلىمى 5 مىليون 410 مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە توغراق 526 مىڭ مو، تارقاق توغراق 762 مىڭ مو، چاتقاللىق 4 مىليون 122 مىڭ مو، ئۇندىن باشقا ئورمانغا باب يەر 186 مىڭ مو ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

2) سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمان 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 29 مىڭ 829 مو، ئورمان 11 مىليون 390 مىڭ تۈپ بولۇپ، ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 110 تۈپتىن توغرا كەلدى. ناھىيىدىكى سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %7.4 نى ئىگىلىدى.

سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمان ئاساسلىقى ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ئېرىق - ئۆستەڭ، يول بويلىرى ۋە ئۆي ئەتراپىغا تارقالغان، ناھىيە بويىچە 1001 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 2186 ئورمان بەلۋېغى بار.

ناھىيە بويىچە تەخمىنەن 220 مو يېزىلىق كۆچەت مەيدانى، 1340 مو كۆلەمدە 42 پارچە كەنت كۆچەت مەيدانى، 2057 مو كۆلەمدە 226 پارچە ئاھالىلەر گورۇپپىسى كۆچەت مەيدانى بار. ناھىيىلىك كۆچەت مەيدانىنىڭ كۆلىمى 132 مو، شەخسلەر كۆچەتخانىسىنىڭ كۆلىمى 831 مو. جەمئىي كۆچەتخانا كۆلىمى 4580

مو بولۇپ، ناھىيە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 1.1% ىنى ئىگىلەيدۇ.

1990 ـ يىلى كۈزدە ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى ۋە ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، توقسۇ ناھىيىسىدە دۆلەت ئىلكىدىكى كۆچەت مەيدانى بىر، ئورمان 453 مو، كۆچەتخانا كۆلىمى 86 مو، ئورمانغا باب يەر 90 مو ئىكەنلىكى، ھەممىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 629 مو ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

توقسۇ سۇ ئامبىرىنىڭ 394 مو ئورمىنى، 8376 مو ئورمانغا باب يېرى بار، ھەممىسىنى قوشقاندا 8770 مو كېلىدۇ.

1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىدىكى سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمان ئومۇمىي كۆلىمى 5. 1916 گېكتارغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىھاتە ئورمىنى 1461.643 گېكتار، ماتېرىيال ئورمىنى 173.376 گېكتار، يېقىلغۇ ئورمىنى 281.472 گېكتار (ئۇندىن باشقا تارقاق ئورمان 32 .0 گېكتار، چاتقاللىق 51 گېكتار، ئورمان بەرپا قىلىشقا بولىدىغان يەر 2622 گېكتار).

### 1981 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسىدىكى تەبىئىي ئورمانلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 12 — 11

| نامى | تارقالغان جاي سانى (پارچە) | كۆلىمى (مو) | بۇنىڭ ئىچىدە: توغراق: تارقىلىشى (پارچە) | توغراق: كۆلىمى (مو) | توغراق: قويۇقلۇقى (%) | يۇلغۇن: تارقىلىشى (پارچە) | يۇلغۇن: كۆلىمى (مو) | يۇلغۇن: قويۇقلۇقى (%) | سۆكسۆك: تارقىلىشى (پارچە) | سۆكسۆك: كۆلىمى (مو) | سۆكسۆك: قويۇقلۇقى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىچئېرىق گۈزىشى | 6 | 569 | 4 | 248 | 0.4 | 2 | 321 | 0.2 | | | |
| پەيشەنبە بازار گۈزىشى | 8 | 300 | 2 | 30 | 0.6 | 6 | 270 | 0.2 | | | |
| تاشئېرىق گۈزىشى | 7 | 65 | 2 | 22 | 0.5 | 5 | 43 | 0.3 | | | |
| شويۇلتۇز گۈزىشى | 3 | 210 | | | | 3 | 210 | 0.4 | | | |
| دايۇلتۇز گۈزىشى | 8 | 4020 | | | | 8 | 40.7 | 0.5 | | | |
| ناھىيە ئورگىنى | 1 | 2000 | | | | 1 | 2000 | 0.5 | | | |
| چۆللۈك | 6 | 361680 | 1 | 93180 | 0.3 | 4 | 223500 | 0.4 | 1 | 45000 | 0.3 |
| جەمئىي | 39 | 368844 | 9 | 93480 | | 28 | 230067 | | 1 | 45000 | 0.3 |

### 1981 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدىكى گۇڭشېلارنىڭ ئورمان بايلىقىغا دائىر مەلۇمات

جەدۋەل: 12 — 12

| نامى | نوپۇسى | تېرىلغۇ يېرى (مو) | ئورمانلىقى (مو) | كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن ئورمان (مو) | دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىچكىرىق گۇڭشې | 19499 | 68100 | 5278 | 0.27 | 7.7 |
| پەيشەنبە بازار گۇڭشې | 11782 | 48400 | 3069 | 0.24 | 5.9 |
| تاشئېرىق گۇڭشې | 14458 | 66100 | 4577 | 0.31 | 6.8 |
| شوپۇلتوز گۇڭشې | 13353 | 58900 | 5648 | 0.42 | 9.5 |
| داپۇلتوز گۇڭشې | 30312 | 137300 | 14932 | 0.49 | 10.7 |
| توقسۇ بازىرى | 2225 | 3700 | 308 | 0.13 | 8.1 |
| ناھىيە ئورگىنى | 10705 | | 3152 | | |
| چۆللۈك | | | 361680 | | |
| باشقىلار | 799 | 3400 | | | |
| جەمئىي | 103133 | 385900 | 398644 | 3.84 | |

ئىزاھات: 1. داپۇلتوز گۇڭشېسى ھازىرقى ئۈچقات يېزىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ئۈزۈمچىلىك مەيدانىدىكى 713 ئادەم، 3100 مو يەر، چوشقا فېرمىسىدىكى 86 ئادەم، 300 مو يەر باشقىلار دېگەن گىرافىغا كىرگۈزۈلدى.

3. ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئورمان سانىنىڭ يېزىلاردىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئورمان سانىدىن يۇقىرى بولۇشى چۆللۈكتىكى تەبىئىي ئورمانلارنىڭ يېزا - بازارلارغا قېتىلمىغانلىقىدىن بولدى.

### 1981 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئورمانلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 12 — 13 بىرلىكى: مو

| نامى | جەمئىي | تەبىئىي ئورمان | سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمان | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئىي | ئىھاتە ئورمىنى | قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇش ئورمىنى | ماتېرىيال ئورمىنى | يېقىلغۇ ئورمىنى | ئىقتىسادىي ئورمان |
| توقسۇ بازىرى | 308 | | 308 | 101 | | | 7 | 200 |
| ئىچكىرىق | 5278 | 569 | 4709 | 1944 | 150 | 667 | 23 | 1925 |
| پەيشەنبە بازار | 3069 | 300 | 2769 | 1177 | 20 | 77 | 190 | 1305 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاشئېرىق | 4577 | 65 | 4512 | 2042 | 244 | 77 | 43 | 2106 |
| شوپۇلتۆز | 5648 | 210 | 5438 | 2379 | 373 | 231 | 6 | 2449 |
| دايۇلتۆز | 14932 | 4020 | 10912 | 5307 | 96 | 100 | 192 | 5217 |
| ناھىيە ئورگىنى | 3152 | 2000 | 1152 | 613 | | 409 | 19 | 111 |
| بوز يەر | 361680 | 361680 | | | | | | |
| جەمئىي | 398644 | 368844 | 29800 | 13563 | 883 | 1561 | 480 | 13711 |

## 2. دەرەخ تۈرلىرى

ناھىيىدىكى تەبىئىي ئورمانلىقلاردا، ئاساسلىقى، توغراق، يۇلغۇن، سۆكسۆك قاتارلىق دەرەخ تۈرلىرى بار. سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمانلىقلاردا، ئاساسلىقى، شىنجاڭ تېرىكى، چوڭ يوپۇرماقلىق تېرەك، كۆمۈش تېرەك، سىبىرىق تېرەك، كانادا تېرىكى، جىگدە، سۆگەت، قارىياغاچ، ياسىن دەرىخى، ئۈجمە، ئاق ئاكاتسىيە، چۈلۈك، چوكا دەرىخى، كەپە، قارىغاي، ئارچا قاتارلىق دەرەخ تۈرلىرى بار.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1981 - يىلدىكى سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمان

جەدۋەل: 12 — 14

| دەرەخ نامى | تۆپ سانى | ئومۇمىي ساندا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | دەرەخ نامى | تۆپ سانى | ئومۇمىي ساندا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ تېرىكى | 402394 | 35.11 | شاپتۇل | 595933 | 5.22 |
| چوڭ يوپۇرماقلىق تېرەك | 305795 | 2.68 | ئالما | 36378 | 0.75 |
| كىچىك يوپۇرماقلىق تېرەك | 1339614 | 11.75 | قارا ئۆرۈك | 16368 | 0.14 |
| جىگدە | 2698575 | 23.67 | بېھى | 32820 | 0.28 |
| سۆگەت | 1053023 | 9.24 | ئۆرۈك | 188902 | 1.65 |
| قارىياغاچ | 237989 | 2.09 | باشقىلار | 253594 | 2.28 |
| ياڭاق | 70041 | 0.61 | جەمئىي | 11398917 | 100 |
| ئۈجمە | 456719 | 4 | | | |

## 3. ئۆرە ياغاچ زاپىسى

1981 - يىلدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ناھىيىنىڭ ئۆرە ياغاچ زاپىسى 311 مىڭ 751 كۇب مېتىر (كىشى بېشىغا 3 كۇب مېتىردىن توغرا كېلىدۇ) ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمان زاپىسى 241 مىڭ 211 كۇب مېتىر. كېيىن 10 نەچچە يىل ئورمان بەرپا قىلىش ۋە قورشاپ ئورمان يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، ناھىيىدىكى ئۆرە ياغاچ زاپىسى كۆپىيىشكە يۈزلەندى. 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە ئۆرە ياغاچ زاپىسى 485 مىڭ 492 كۇب مېتىرغا، 1993 - يىلى 493 مىڭ 625 كۇب مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكىرىق يېزىسىنىڭ ئەڭ كۆپ بولۇپ، 111 مىڭ 162 كۇب مېتىرغا يەتتى، توقسۇ بازىرىنىڭ ئەڭ ئاز بولۇپ، 7436 كۇب مېتىر بولدى.

تۇقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1993 - يىلدىكى ئۆرە ياغاچ زاپىسى

جەدۋەل: 12 — 15

| رايون ئايرىمىسى / يېزا - بازار نامى | ئورمان تۈرى | ئەۋزەللىككە ئىگە دەرەخ تۈرى | زاپىسى (كۇب مېتىر) | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئىي | ماتېرىيال ئورمىنى، ئىھاتە ئورمىنى | تارقاق ئورمان | 4 ئەتراپ ئورمىنى |
| ئىچكىرىق يېزىسى | ئىھاتە ۋە ماتېرىيال ئورمىنى | شىنجاڭ تېرەكى | 111162 | 91395 | 38 | 19729 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | ئىھاتە ۋە ماتېرىيال ئورمىنى | شىنجاڭ تېرەكى | 60909 | 45668 | | 15241 |
| تاشئېرىق يېزىسى | ئىھاتە ۋە ماتېرىيال ئورمىنى | شىنجاڭ تېرەكى | 99270 | 59168 | | 40102 |
| ئۆگەن يېزىسى | ئىھاتە ۋە ماتېرىيال ئورمىنى | شىنجاڭ تېرەكى | 40343 | 25018 | | 15325 |
| يۇلتۇزباغ يېزىسى | ئىھاتە ۋە ماتېرىيال ئورمىنى | شىنجاڭ تېرەكى | 95116 | 78192 | | 16924 |
| ئۇچقات يېزىسى | ئىھاتە ۋە ماتېرىيال ئورمىنى | شىنجاڭ تېرەكى | 79389 | 70749 | | 8640 |
| توقسۇ بازىرى | ئىھاتە ۋە ماتېرىيال ئورمىنى | شىنجاڭ تېرەكى | 7436 | 3292 | | 4144 |
| جەمئىي | | | 493625 | 373482 | 38 | 120105 |

# § 3 . ئورمانچىلىق تەرەققىياتى

## 1. تەبىئىي ئورمان

مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) دىن ئىلگىرى، ناھىيە ئورمىنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ناھىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى تەبىئىي ئورمان ئىدى، ئۇ، ئاساسەن، تارىم دەرياسى سۇيى ۋە پەسىللىك دەريا سۇيىنىڭ كەلكۈن مەزگىلىدە تېشىپ چۆللۈكلەرنى سۇغىرىشىدىن شەكىللەنگەن تەبىئىي ئورمان بولۇپ، ئۆزى كۆكلەپ، ئۆزى يوقىلىپ تۇراتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، توقسۇنىڭ زېمىنى كەڭ، نوپۇسى ئاز بولغانلىقى، دېھقانلار تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان ئوتۇننى كۆپىنچە دېھقانچىلىق رايونىدىن ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن، تەبىئىي ئورمانلار ساقلىنىپ قالغانىدى. 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ساقلىنىپ قالغان تەبىئىي ئورمان 497 مىڭ مودىن ئاشاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ نوپۇسى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، دېھقانلار ئوتۇن ئىشلىتىشتە پەيدىنپەي ناھىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى تەبىئىي ئورمانغا يۈزلىنىش قىلدى. 1958 ـ يىلى «ئومۇمىي خەلق پولات تاۋلاش» مەزگىلىدىمۇ نۇرغۇن تەبىئىي ئورمان كېسىۋېتىلدى. 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى كەلسە ـ كەلمەس كېسىش نەتىجىسىدە ناھىيىنىڭ تەبىئىي ئورمان كۆلىمى يىلدىن ـ يىلغا ئازلاپ، 1981 ـ يىلى 368 مىڭ 800 موغا چۈشۈپ قالدى.

1978 ـ يىلى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورمانچىلىق خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئورمان پونكىتى، توغراق پونكىتى، كۆچەت مەيدانى قاتارلىق ئورمان باشقۇرىدىغان، ئورمان بەرپا قىلىدىغان ئورۇنلارنى كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇپ، ئورماننى كەلسە ـ كەلمەس كېسىش شامىلىنى توستى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىدىكى تەبىئىي ئورمان كۆلىمى 526 مىڭ 400 موغا كېڭەيدى.

## 2. سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمان

ناھىيىدە سۈنئىي ئورمان بەرپا قىلىشتا دەسلەپتە، ئاساسلىقى، ھەرمىللەت ئاممىسىنىڭ «تۆت ئەتراپ» (ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئەتراپى، يول ئەتراپى، كەنت ئەتراپى، ئۆي ئەتراپى) قا سۆگەت، تېرەك ۋە مېۋىلىك دەرەخ تىكىشى ئاساس قىلىندى. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە 1 مىليون 90 مىڭ تۈپ تېرەك، سۆگەت، ئۈجمە، قارىياغاچ قاتارلىق دەرەخ، 227 مىڭ تۈپ شاپتۇل، ئۆرۈك، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخ بار ئىدى.

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) دىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئورمان بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەريىلى ئەتىيازدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كۆچەت تىكىش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈپ تۇردى، ئىدارە، مەكتەپ، يېزا، بازارلار كۈچ تەشكىللەپ، ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. ئەمما بۇ پائالىيەتنىڭ كۆلىمى كىچىك، ئۈنۈمى ئاز، كۆچەت ـ جىرىملارنىڭ تۇتۇش نىسبىتى تۆۋەن بولدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 170 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، تۇتۇش نىسبىتى تەخمىنەن 46% بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مېۋىلىك كۆچەت 250 مىڭ تۈپ بولۇپ، تۇتۇش نىسبىتى تەخمىنەن 72% بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئورمانچىلىق يىلدىن - يىلغا تەرەققىي قىلدى. 1950 - يىلدىن باشلاپ، ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئەتىيازلىق كۆچەت تىكىش بايرىمى، 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كۈزلۈك كۆچەت تىكىش بايرىمى قىلىندى. شەخسلەر كۆچەت تىكىش بىلەن كوللېكتىپ كۆچەت تىكىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئېتىز - ئېرىق ئەتراپى، يول ئەتراپى، ئۆي ئەتراپىغا تېرەك، سۆگەت، ئۈجمە، قارىياغاچ ۋە ھەرخىل ئىقتىسادىي ئورمانلار تىكىلدى. 1950 — 1952 - يىلغىچە بولغان 3 يىلدا 2266 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 1953 — 1957 - يىلغىچە بولغان 5 يىلدا 3930 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. 1958 — 1962 - يىلغىچە 16 مىڭ مو (بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئورمان 6800 مو) يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا، «ئاشلىق تۇتقا قىلىنىپ، ئورمانچىلىقتا سەل قارالغانلىقى ئۈچۈن، ئورمان بەرپا قىلىش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى، ئايرىم يىللاردا توختاپ قالدى. ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش خىزمىتى ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ، بەزىدە باشقۇرىدىغان ئادەم بولماي، كەلسە - كەلمەس كېسىش ئەھۋالى دائىم يۈز بېرىپ تۇردى.

1979 - يىلدىن كېيىن، ئورمانچىلىقتا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقى، كېسىشكە چەك قويۇلغانلىقى، ياغاچ ماتېرىياللىرى تىجارىتى، سىرتقا يۆتكەشنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ناھىيىنىڭ ئورمانچىلىقى تەدرىجىي جانلىنىپ، تەبىئىي ئورمان، سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمان، مېۋىلىك ئورمانلار كۆپىيىشكە يۈزلەندى. 1993 - يىلى تەبىئىي ئورمان كۆلىمى 526 مىڭ 400 موغا، سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى 65 مىڭ موغا يەتتى.

## مىنگو دەۋرىدىكى قىسمەن يىللاردا توقسۇ ناھىيىسىدە سۈنئىي ئورمان بەرپا قىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 12 — 16 بىرلىكى: تۈمەن تۈپ

| يىللار / تۈرى | | تىكىلگىنى: جەمئىي | تېرەك | سۆگەت | چىنار | ئۈجمە | تۇتقىنى: تېرەك سۆگەت | ئۈجمە | تۇتۇش نىسبىتى % | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مىنگونىڭ 33 - يىلى | ئەسلىدە بار | 109 | 48 | 57 | 12.2 | 28.1 | | | | چىنار 82 مىڭ تۈپ جىگدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| مىنگونىڭ 36 - يىلى | يېڭىدىن تىكىلگىنى | 2 | 0.5 | 0.6 | | | | | | |
| مىنگونىڭ 37 - يىلى | يېڭىدىن تىكىلگىنى | 1.2 | 0.4 | 0.8 | | | | | | |
| مىنگونىڭ 38 - يىلى | يېڭىدىن تىكىلگىنى | 17 | 10.5 | | | 6.5 | 4.7 | 3.1 | 45.9 | |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1993 ـ يىلدىكى سۈنئىي ئورمان ئەھۋالى

جەدۋەل: 12 — 17

| تۈرى / يېزا نامى | ئورمان تۈرى | ئەۋزەللىككە ئىگە دەرەخ تۈرى | جەمئىي | | ماتېرىيال ئورمىنى، ئىھاتە ئورمىنى | | يېقىلغۇ ئورمىنى، تارقاق ئورمان | | 4 ئەتراپتا تىكىلگەن ئورمان | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | كۆلىمى (گېكتار) | زاپىسى (كۇب مېتىر) | كۆلىمى (گېكتار) | زاپىسى (كۇب مېتىر) | كۆلىمى (گېكتار) | زاپىسى (كۇب مېتىر) | كۆلىمى (گېكتار) | زاپىسى (كۇب مېتىر) |
| ئىچتېرىق يېزىسى | ئىھاتە ئورمىنى، ماتېرىيال ئورمىنى | شىنجاڭ تېرىكى | 875.4 | 111162 | 306.8 | 91395 | 71 | 38 | 497.6 | 19729 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | ئىھاتە ئورمىنى، ماتېرىيال ئورمىنى | شىنجاڭ تېرىكى | 715.1 | 60909 | 183.5 | 45668 | 39 | | 492.6 | 15241 |
| تاشتېرىق يېزىسى | ئىھاتە ئورمىنى، ماتېرىيال ئورمىنى | شىنجاڭ تېرىكى | 1108.3 | 99270 | 346.7 | 59168 | 33 | | 728.6 | 40102 |
| ئۆگەن يېزىسى | ئىھاتە ئورمىنى، ماتېرىيال ئورمىنى | شىنجاڭ تېرىكى | 714.1 | 40343 | 153.5 | 25018 | 77 | | 483.6 | 15325 |
| يۇلتۇزباغ يېزىسى | ئىھاتە ئورمىنى، ماتېرىيال ئورمىنى | شىنجاڭ تېرىكى | 1027.3 | 95116 | 311.7 | 78192 | 53 | | 662.6 | 16924 |
| ئۇچقات يېزىسى | ئىھاتە ئورمىنى، ماتېرىيال ئورمىنى | شىنجاڭ تېرىكى | 822.5 | 79389 | 316.7 | 70749 | 3 | | 502.8 | 8640 |
| توقسۇ بازىرى | ئىھاتە ئورمىنى، ماتېرىيال ئورمىنى | شىنجاڭ تېرىكى | 63.5 | 7436 | 16.2 | 3292 | 6 | | 41.3 | 4144 |
| جەمئىي | | | 5326.2 | 493625 | 1635.1 | 373482 | 282 | 38 | 3409.1 | 120105 |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى ئورمانچىلىق تەرەققىياتى

جەدۋەل: 12 — 18

| يىللار | يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي ئورمان كۆلىمى (مو) | شۇ يىلى يەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى (مو) | شۇ يىلى پارچە - پۇرات تىكىلگەن كۆچەت (10 مىڭ تۈپ) | يىل ئاخىرىدىكى كۆچەتخانا كۆلىمى (مو) | يىل ئاخىرىدىكى مېۋىلىك باغ كۆلىمى (مو) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | | | | | 2520 |
| 1950 | | | 9.5 | | 2520 |
| 1951 | | | 16.7 | | 2520 |
| 1952 | 201 | | 56 | | 2520 |
| 1953 | 203 | 2 | 69 | 10 | 2390 |
| 1954 | 218 | 14 | 66.1 | | 3407 |
| 1955 | 193 | | 48.6 | | 2742 |
| 1956 | 205 | 12 | 35.6 | | 3588 |
| 1957 | 231 | 50 | 6.7 | 57 | 3714 |
| 1958 | | 322 | | | 4275 |
| 1959 | | | 95.8 | | 5018 |
| 1960 | | | 82.9 | 165 | 4320 |
| 1961 | 197 | | 70.9 | 32 | 3838 |
| 1962 | 577 | | 11.8 | 136 | 4047 |
| 1963 | 1103 | | 33.6 | 210 | 4562 |
| 1964 | 1709 | 606 | 35.3 | 145 | 5746 |
| 1965 | | 987 | 76.7 | 402 | 5010 |
| 1966 | | 734 | 48.9 | 655 | 2702 |
| 1970 | | | | | 3225 |
| 1971 | | | | | 4194 |
| 1972 | 900 | 170 | 1431.3 | 138 | 5109 |
| 1973 | | | 31.3 | 167 | 5557 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1974 | | 1421 | 78.5 | 958 | 8853 |
| 1975 | | ·2811 | 73.5 | 2392 | 6560 |
| 1976 | | 46 | 111.2 | 2145 | 7015 |
| 1977 | | 505 | 94 | 982 | 5159 |
| 1978 | | 1820 | 78.1 | 1340 | 5152 |
| 1979 | | 2040 | 206.8 | 3815 | 5389 |
| 1980 | | 6557 | 8.8 | 4531 | 6175 |
| 1981 | | 3563 | 551.9 | 2128 | 8264 |
| 1982 | | 5260 | 127.7 | 4195 | 9348 |
| 1983 | | 6910 | 158 | 11891 | 13666 |
| 1984 | | 5799 | 131 | 5727 | 17595 |
| 1985 | | 17054 | 122.4 | 4411 | 22507 |
| 1986 | | 12700 | 133.4 | 7221 | 24550 |
| 1987 | | 42100 | 90 | 2126 | 23947 |
| 1988 | 43015 | 9941 | 30 | 1405 | 33026 |
| 1989 | 60191 | 6035 | 70 | 1305 | 29628 |
| 1990 | 63422 | 5078 | 15 | 1694 | 31155 |
| 1991 | 55331 | 7513 | 37.7 | 1569 | 32800 |
| 1992 | 67398 | 8583 | 37.7 | 1569 | 34290 |
| 1993 | 64995 | 9705 | 39 | 1995 | 35145 |
| 1994 | 40005 | 6720 | 111 | 1500 | 37110 |
| 1995 | 51000 | 10035 | 69.3 | 960 | 40140 |

1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا تورلاشتۇرۇش، يوللارنى دەرەخلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇلغان كۆلەم دېھقانچىلىق ئېتىزى كۆلىمىنىڭ %12 نى ئىگىلىدى. 1991 ـ يىلى «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىدا توقسۇنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقتىن، دۆلەت كۆكەرتىش كومىتېتى، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى توقسۇ ناھىيىسىگە «مەملىكەت بويىچە كۆكەرتىشتە ئىلغار ناھىيە» دەپ نام بەردى.

# قوشۇمچە
# «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنىنىڭ توقسۇ بۆلىكى

«ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنىنىڭ توقسۇ بۆلىكى توقسۇ ناھىيىسى گوۋۇيۈەنىنىڭ «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى بويىچە ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ 1978 - يىلى قىشتا تەكشۈرۈپ لايىھىلەپ، 1979 - يىلى ئەتىيازدا باشلىغان كەڭ كۆلەملىك ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

## 1) توقسۇ كۆكەرتىش بۆلىكى

لايىھىدىكى تەلەپكە ئاساسەن، توقسۇ بۆلىكى شەرقتە ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىشىدىن باشلىنىپ، كۇچا ناھىيىسىگە تۇتىشىدۇ، چۆلتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 33 كىلومېتىر، ئورمان بەلۋېغىنىڭ كەڭلىكى 250 — 1800 مېتىرغىچە، كۆلىمى 42 مىڭ 128 مو. بۇ كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى مۇنداق 4 بۆلەككە بۆلۈنىدۇ: «قىزىل بايراق» تومىسى — «1 - ماي» سۇ ئامبىرى بۆلىكى، بۇ 15 سالا ئېتىزدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، كۆلىمى 4054 مو كېلىدۇ؛ يۇلتۇز باغ ۋە ئۆگەن يېزىلىرىنىڭ سۇ ئايرىش تومىسى — ئاچال كەنتى بۆلىكى، بۇ 58 سالا ئېتىزدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، كۆلىمى 15 مىڭ 728 مو كېلىدۇ؛ ئاچال كەنتى — ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ترانسپورت بېكىتىنىڭ قوشۇمچە كەسىپ يېرى بۆلىكى، بۇ 45 سالا ئېتىزدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، كۆلىمى 12 مىڭ 345 مو كېلىدۇ؛ ئەسلىدىكى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ترانسپورت بېكىتى قوشۇمچە كەسىپ يېرى — شويۇلتۇز كەنتى بۆلىكى، بۇ 24 سالا ئېتىزدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، كۆلىمى 7560 مو كېلىدۇ.

يۇقىرىقى كۆكەرتىش ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشىغا ۋاقىتىنچە شىمالىي لىنىيە ئورمان بەلۋېغى دەپ نام بېرىلىپ، بوراننى توسۇپ، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشتا پايدىلىنىلدى.

## 2) توقسۇ كۆكەرتىش بۆلىكى تارماق لىنىيىسى

ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىشىنى بويلاپ، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 20.8 كىلومېتىر، كەڭلىكى 180 — 500 مېتىرغىچە، كۆلىمى 8175 مو بولۇپ، مۇنداق 3 بۆلەكتىن تەشكىل تاپقان: توما — ئەسلىدىكى ئۆگەن دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكى بۆلىكى، ئۇزۇنلۇقى 4.5 كىلومېتىر، بۇ 11 سالا ئېتىزدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، كۆلىمى 2141 مو كېلىدۇ؛ ئەسلىدىكى ئۆگەن دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكى — توقچەك بۆلىكى، ئۇزۇنلۇقى 5.3 كىلومېتىر، بۇ 10 سالا ئېتىزدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، كۆلىمى 2510 مو كېلىدۇ؛ توقچەك — ئازنا بازار بۆلىكى، ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتىر بولۇپ، كۆلىمى 3524 مو كېلىدۇ. بۇ كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىغا ۋاقىتىنچە ئۆگەن دەرياسى ئورمان بەلۋېغى دەپ نام بېرىلدى. ئۇ توقسۇ ناھىيىسى كۆكەرتىش بۆلىكىنىڭ تارماق لىنىيىسى بولۇپ، ئۆڭگىدىن كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، بوراننى توسۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاشتا پايدىلىنىلدى.

«ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى توقسۇ بۆلىكى قۇرۇلۇشى 1979 - يىلدىن باشلانغان، 10 نەچچە يىل تىرىشىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئەسلى پىلاندىكى 2 - باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش تاماملاندى. بەرپا قىلىنغان ئىھاتە ئورمان بەلۋېغىدا تېرەك ئاساس قىلىندى، كۆچەتلەرنىڭ ئۆتۈش نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولدى،

1992 ـ يىلى ئورمان بەلۋېغى كۆلىمى 44 مىڭ 917 موغا يەتتى. بۇ يېشىل سېپىل ناھىيىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ياخشىلاشقا باشلاپ، يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنىڭ مۇقىم ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا پايدىلىق رول ئوينىدى.

## § 4 . ئورمان باشقۇرۇش

### 1. ئورمان بەرپا قىلىش سىياسىتى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت «تاغنى قورشاپ، ئورمان بەرپا قىلىپ، ۋەتەننى كۆكەرتىش» چاقىرىقىنى چىقاردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇرلاردا گۈل ـ گىياھ تىكىش، دەل ـ دەرەخ تىكىشتەك ياخشى ئادەت بولغاچقا، ئورمان بەرپا قىلىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى؛ يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈشتىن ئىلگىرى ھەر يىلى ئەتىيازدا ئائىلىلەر ئاساس قىلىنىپ، كىم تىكسە شۇ ئىگىدارلىق قىلىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن، كوللېكتىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئاساس، شەخسلەر پارچە ـ پۇرات ئورمان بەرپا قىلىش قوشۇمچە قىلىندى؛ خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئورمان كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 1981 ـ يىلى «ئورمان قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سىناق قىلىش ئارقىلىق، 1982 ـ يىلى ناھىيە دائىرىسىدە ئورمان ئىگىدارلىقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 19 مىڭ 508 ئائىلىلىك ئەزاغا (ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 91% نى ئىگىلەيدۇ) ئورمان ئىگىدارلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلىپ، «دۆلەت بەرپا قىلسا دۆلەت ئىگىدارلىق قىلىش، شەخسلەر بەرپا قىلسا شەخسلەر ئىگىدارلىق قىلىش» سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ئورمانلارنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، يەنە ئورمانچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كوللېكتىپنىڭ ئورمىنىنى ئەزالارنىڭ مۇھاپىزەت قىلىشىغا ھۆددىگە بېرىپ، بىر بېكىتىپ 10 يىلغىچە ئۆزگەرتمىدى، مەخسۇس ئورمان مۇھاپىزەتچىسى قويۇپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئىش نومۇرى ھېسابلاش ۋە مۇكاپاتلاش، جازالاشنى، مېۋىلىك باغلارنى مەخسۇس ئادەم باشقۇرۇشنى، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئىش ھەققى ھېسابلاشنى يولغا قويدى. 10 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇپ، ناھىيىنىڭ ئورمانچىلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئوينىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

1990 ـ يىلى يەنە ئورمان بايلىقىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئاساسىدا، دۆلەت ئىلكىدىكى ئورمانغا ئىگىدارلىق قىلىش گۇۋاھنامىسى تارقىتىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ئورمان مەمۇرىيىتى تارماقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، ئورمان بەرپا قىلىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

### 2. ئورمانچىلىققا مەبلەغ سېلىش

1965 — 1968 ـ يىلغىچە دۆلەت ئورمانچىلىققا 27 مىڭ 330 يۈەن ئاجرىتىپ بەردى. 1969 — 1980 ـ يىلغىچە ئورمانچىلىققا ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇل دېھقانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ پۇللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، نەق چوت قىلىندى، بۇ مەزگىلدە جەمئىي 6 مىليون 74 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى. 1980 ـ يىلدىن باشلاپ ئورمانچىلىققا ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇل ئايرىم نەق چوت قىلىندى. 1985 — 1993 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە مالىيىدىن جەمئىي 757 مىڭ 600 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلدى.

ئالا كۆپ ئاجرىتىپ بېرىلگەن 1985 ـ يىلى 123 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلدى، بۇ شۇ يىللىق مالىيە ئومۇمىي چىقىمى 8 مىليون 262 مىڭ يۈەننىڭ 1.49% ىنى ئىگىلىدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1965 — 1995 ـ يىلغىچە بولغان ئورمانچىلىق خىراجىتى

جەدۋەل: 12 — 19

| يىللار | مالىيەدىن بېرىلگىنى (يۈەن) | ئىلاۋە |
|---|---|---|
| 1965 | 5203 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1966 | 2353 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1967 | 3000 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1968 | 16774 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1969 | 75503 | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق خىراجىتى |
| 1970 | 96875 | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق خىراجىتى |
| 1971 | 264982 | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق خىراجىتى |
| 1972 | 281720 | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق خىراجىتى |
| 1973 | 65000 | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق خىراجىتى |
| 1974 | 641636 | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق خىراجىتى |
| 1975 | 471965 | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق خىراجىتى |
| 1976 | 100195 | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق خىراجىتى |
| 1977 | 102248 | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق خىراجىتى |
| 1978 | 173891 | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق خىراجىتى |
| 1979 | 312088 | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق خىراجىتى |
| 1980 | 3429475 | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق خىراجىتى |
| 1981 | 58308 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1982 | 75370 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1983 | 26900 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1984 | 84000 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1985 | 123000 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |

| | | |
|---|---|---|
| 1986 | 78000 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1987 | 59000 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1988 | 42000 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1989 | 51000 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1990 | 118000 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1991 | 12000 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1992 | 16000 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1993 | 14000 | ئورمانچىلىق خىراجىتى |
| 1994 | 2320000 | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق خىراجىتى |
| 1995 | 3430000 | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، مېتېئورولوگىيە خىراجىتى |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1977 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى ۋە ئۈنۈمى

جەدۋەل: 12 — 20

| تۈرى / يىللار | ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | | ئورمانچىلىق ئومۇمىي كىرىمى | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئۆزگەرمەس باھا بويىچە | شۇ يىللىق باھا بويىچە | جەمئىي (تۈمەن يۈەن) | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى % | |
| 1977 | | | 2.7 | 0.25 | |
| 1978 | 79.11 | 99.46 | 11.44 | 0.92 | |
| 1979 | 189.48 | 241.51 | 8.8 | 0.62 | |
| 1980 | 90.30 | 116.47 | 26.5 | 1.83 | |
| 1981 | 260.77 | | 21.9 | 1.59 | 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا |
| 1982 | 194.80 | 232 | | | 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا |
| 1983 | 200.37 | 308.32 | | | 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا |
| 1984 | 281.81 | 439.17 | | | 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا |
| 1985 | 237.25 | 415.05 | | | 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1986 | 314.91 | 556.15 | | | 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا |
| 1987 | 152.19 | 248.44 | | | 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا |
| 1988 | 161.28 | 344.12 | | | 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا |
| 1989 | 171.73 | 381.60 | | | 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا |
| 1990 | 161.30 | 371.08 | | | 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا |
| 1991 | 346.81 | 460.65 | | | 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا |
| 1992 | 346.92 | 458.55 | | | 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا |
| 1993 | 385.76 | 525.87 | | | 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا |
| 1994 | 392.28 | 515.98 | | | 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا |
| 1995 | 473.70 | 708.50 | | | 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا |

## 3. كېسىش ۋە سېتىش

1) كېسىش    ئورمان كېسىشنى ناھىيىلىك ئورمان پونكىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ناھىيىلىك يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى باشقۇراتتى. كېسىشنى پرىنسىپ جەھەتتە ئورمان ئىگىسى قارار قىلاتتى (كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدىكىسى بۇنىڭ سىرتىدا). 1981 - يىلى «ئورمان قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئورمان باشقۇرۇش تارماقلىرى ئورمان باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، ئورمان كەسكۈچى ئورمان پونكىتىدىن كېسىش ئىجازەتنامىسى ئالىدىغان بولدى. بىر قىسىم يىللاردىكى كېسىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 1980 - يىلى 3325 كۇب مېتىر، 1981 - يىلى 6228 كۇب مېتىر، 1982 - يىلى 2401 كۇب مېتىر، 1983 - يىلى 855 كۇب مېتىر، 1984 - يىلى 1824 كۇب مېتىر، 5 يىلدا جەمئىي 14 مىڭ 633 كۇب مېتىر ياغاچ كېسىلگەن، يىللىق ئوتتۇرىچە كېسىلىش مىقدارى 2927 كۇب مېتىر بولغان. 90 - يىللار كىرگەندىن كېيىن، ئورمان كېسىش ئىجازەتنامىسى ئېلىش، يۆتكەش يول خېتى ئېلىش، نورمىلىق باشقۇرۇشقا ئوخشاش تۈزۈملەر يولغا قويۇلغانلىقتىن، كېسىلىش مىقدارى ئازلاشقا يۈزلەندى، ئەڭ ئاز بولغان 1995 - يىلى ناھىيە بويىچە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلارنىڭ ياغاچ كېسىش مىقدارى 638 كۇب مېتىر بولدى. كوللېكتىپنىڭ ئورمىنىنى كېسىش ئىجازەتنامىسىنى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئورمان مەمۇرىيىتى بۆلۈمچىسى، شەخسىي ئورمانىنى كېسىش ئىجازەتنامىسىنى يېزىلىق ئورمان پونكىتى بېجىرىدى. كوللېكتىپنىڭ ئورمىنىنى كېسىشتە، كەسكۈچى ئورۇن ئىلتىماس يازىدۇ، ئورمان مەمۇرىيىتى بۆلۈمچىسى كەسپىي دوكلات يېزىپ، ئورمان يېتىشتۈرۈش پۇلى ئېلىنغانلىق تالونىنى قوشۇپ، ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ئىجازەتنامە بېجىرىپ بېرىدۇ. ئىجازەتنامە بويىچە كېسىشتىن ئىلگىرى، ئورمان باشقۇرۇش خادىملىرى نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرىدۇ، يېتىلمىگەن ئورمانىنى كېسىشكە يول قويمايدۇ.

نورمىلىق باشقۇرۇشتا ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق تارمىقى ناھىيىلەرگە يىللىق كېسىش مىقدارىنى چۈشۈرۈپ

بېرىدۇ، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى بېكىتىلگەن نورمىغا ئاساسەن يىللىق كېسىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، يېزا، مەيدانلارغا ئەمەلىيلەشتۈرىدۇ، ئاندىن ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىغا تەستىقلىتىپ ئىجرا قىلىدۇ.

ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىلىرىنىڭ نورمىلىق باشقۇرۇش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ.

2) سېتىش     ناھىيە بويىچە ياغاچ سېتىشتا ئاساسەن بازارغا تايىنىلىدۇ. ساتقۇچى، سېتىۋالغۇچى 2 تەرەپ باھاسىنى ئۆزلىرى كېلىشىدۇ، ئورمانچىلىق تارمىقى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بازار باشقۇرۇش ھەققى ئالىدۇ. كۆپ ساتقۇچىلارنىڭ كېسىش ئىجازەتنامىسى تەكشۈرۈلۈپ، كەلسە - كەلمەس كېسىشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1980 — 1995 - يىلغىچە بولغان ياغاچ كېسىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 12 — 21

| يىللار | كېسىش مىقدارى (كۇب مېتىر) | ئىلاۋە |
|---|---|---|
| 1980 | 3325 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار دېھقانلارنى كېسىشكە تەشكىللىگەن |
| 1981 | 6228 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار كەسكەن |
| 1982 | 2401 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار كەسكەن |
| 1983 | 855 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار كەسكەن |
| 1984 | 1824 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار كەسكەن |
| 1985 | 310 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار كەسكەن |
| 1986 | 525 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار كەسكەن |
| 1987 | 500 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار كەسكەن |
| 1988 | 600 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار كەسكەن |
| 1989 | 3004 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار كەسكەن |
| 1990 | 875 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار كەسكەن |
| 1991 | 1200 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار كەسكەن |
| 1992 | 1250 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار كەسكەن |
| 1993 | 950 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار كەسكەن |
| 1994 | 700 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار كەسكەن |
| 1995 | 638 | كەنت ۋە كەنتتىن تۆۋەن ئورۇنلار كەسكەن |

# 5 § . ئورمان مۇھاپىزىتى

## 1. ئورمان مۇھاپىزىتى خىزمىتى

نامىيە بويىچە 6 يېزىلىق ئورمان پونكىتى بار، ئۇلار ئورمان باشقۇرۇش، ئورمان يېتىشتۈرۈش ۋە ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل.
1980 - يىلدىن كېيىن، كۆپ خىل مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمانلار مۇھاپىزەت قىلىندى. 1984 - يىلى نامىيە بويىچە 1244 كىشى (ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ %3.2 نى ئىگىلەيدۇ) ئورمان مۇھاپىزەت قىلدى. ئۇندىن باشقا نامىيىدە «ئورمان قانۇنى» كەڭ تەشۋىق قىلىنىپ ئورماننى ھەممە ئادەم ئاسرايدىغان، مۇھاپىزەت قىلىدىغان، باشقۇرىدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. ئورمانغا زىيان سالغۇچىلارنى ج خ تارماقلىرى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ تۇردى.

## 2. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش

سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمانلار مۇشۇ جايغا باب بولۇپ، باراقسان ئۆسىدۇ، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارغا تاقابىل تۇرالايدۇ. ئومۇمىي ئورماننىڭ %35 نى ئىگىلەيدىغان شىنجاڭ تېرىكى شورغا، سوغۇققا، بورانغا، كېسەلگە چىدامىلىق. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلار مېۋىلىك دەرەخلەردە ئېغىرراق بولىدۇ. كويە پەرۋانىسى، نەشپۈت ئۈزەك قۇرتى، ئۆرۈك پىتى، شاپتۇل پىتى، گەز قۇرت، كېپىنەك قۇرت، مېۋە سالجىسى، چېرپاشكا، ئۈزۈم بۆرۈت قوڭغۇز، قاسىراقلىق قۇرت، ئالتۇن قوڭغۇز قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلار، ئالمىنىڭ چىرىش كېسىلى، قورۇپ چىرىش كېسىلى، شاپتۇل يوپۇرمىقىنىڭ يىگىلەش كېسىلى، ئۈزۈمنىڭ قىروسىمان پاختىلىشىش كېسىلى، ئاق توزان كېسىلى قاتارلىق 10 نەچچە خىل كېسەللىك ئۇچرايدۇ. كېسەللىك ھاشاراتلارنىڭ زىيىنى تۈپەيلىدىن، نامىيە بويىچە ئالما، نەشپۈت، بېھى، شاپتۇل، ئۆرۈك قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ھوسۇلى تۆۋەنلەپ، سۈپىتى ناچارلىشىپ كەتتى. ئۇلار ئىچىدە قۇرت چۈشكەن ئالما، نەشپۈت، بېھىنىڭ نىسبىتى %80 تىن ئاشىدۇ، غورىلىرى ئەڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئۆرۈك پىتىنىڭ زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، نامىيىدىكى ئۆرۈكلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بار. ئالمىنىڭ چىرىش كېسىلمۇ بىرقەدەر ئومۇميۈزلۈك ئۇچرايدۇ، كۆك ئالمىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى ئەڭ ئېغىر. ئورماندىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىشتا، 70 - يىللاردا دورا پۈركۈپ يوقىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 90 - يىللار كىرگەندىن كېيىن، نامىيىلىك ئورمان پونكىتىغا بىر مەخسۇس ئۆسۈملۈك ئاسراش خادىمى، 2 ياردەمچى تەكشۈرۈش خادىمى قويۇلدى، 3 كۆزىتىش - مەلۇم قىلىش نۇقتىسى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 3 كۆزىتىش - مەلۇم قىلىش خادىمى قويۇلدى. ئۇلار ئورماندىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. ئۇلار، ئاسامەن، روگور، دىخلورۋوس (ددۋ)، ساس، تېمىك، فۇلاند قاتارلىق دورىلارنى ئومانلاشتۇرۇپ چاچىدۇ. ئومۇمىي ئۈنۈمىدىن قارىغاندا، ئۇلار مۇئەييەن ئۈنۈم بەردى. 1990 - يىلى نامىيە بويىچە كېسەللىك، زىيانداش ھاشارات زىيان سالغان ئورمان كۆلىمى 45 مىڭ موغا يەتتى، ئالدى ئېلىنغان ۋە تىزگىنلەنگەن كۆلەم 21 مىڭ مو بولۇپ، 24 مىڭ يۈەن، 378

ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى. 1991 - يىلى 22 مىڭ مو ئورماندا كېسەل كۆرۈلدى، ئۇنىڭ 17 مىڭ موسى ئاپەتكە ئۇچرىدى، كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىنغان ۋە تىزگىنلەنگەن كۆلەم 14 مىڭ موغا، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلغان كۆلەم 19 مىڭ موغا يەتتى.

**1994 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە ئورماندىكى كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يوقىتىش خىزمىتىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 12 — 22

| تۈرى / يېزا - بازار | كېسەل كۆرۈلگەن كۆلەم (تۈمەن مو) | | ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش خىزمىتى ئىشلەنگەن كۆلەم (تۈمەن مو) | | تەكشۈرۈش - كۆزىتىش ئەھۋالى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆرەك پوسلاقخور | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆرەك پوسلاقخور | كۆزىتىلگەن كۆلەم (تۈمەن مو) | كاراتىن قىلىنغان تۈپ سانى (تۈمەن تۈپ) | بۇنىڭ ئىچىدە: يوقىتىۋېتىلگەن تۈپ سانى (تۈمەن تۈپ) | كاراتىن قىلىنغان مېۋە (توننا) |
| جەمئىي | 2.88 | 0.90 | 2.15 | 0.85 | 9.5 | 454.5 | 70.5 | 10 |
| ئىچئېرىق يېزىسى | 0.57 | 0.16 | 0.46 | 0.15 | 2.5 | 114 | 30 | |
| تاشئېرىق يېزىسى | 0.49 | 0.13 | 0.36 | 0.12 | 1 | 84 | 20 | |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | 0.39 | 0.15 | 0.31 | 0.14 | 1.5 | 62 | 10 | |
| ئۆگەن يېزىسى | 0.41 | 0.16 | 0.30 | 0.15 | 2 | 49 | 5 | |
| يۇلتۇزباغ يېزىسى | 0.49 | 0.14 | 0.38 | 0.13 | 1 | 77 | 3 | |
| ئۆچقات يېزىسى | 0.46 | 0.13 | 0.29 | 0.13 | 1.5 | 60 | 2 | |
| توقسۇ بازىرى | 0.07 | 0.03 | 0.05 | 0.03 | | 8.5 | 0.5 | 10 |

## 3. ئورمان ئوت ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش

1989 - يىلى ناھىيىلىك ئورمان ئوت ئاپىتىدىن مۇداپىئە كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى، قارىمىقىدا قوماندانلىق شتابى ۋە ئورمان ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى تەسىس قىلىندى. 1991 - يىلى «ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش» ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا بىر ئورمان ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى، بىر شامال كۈچى بىلەن ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابى، بىر راتسىيە (ئالاقىلىشىش ئارىلىقى 1200 كىلومېتىر) ھەم باشقا ئوتتىن

مۇداپىئەلىنىش سايمانلىرى بىلەن قوراللاندۇرۇلدى، ئورمان ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە ئەترەت باشلىقى، ئەترەت ئەزالىرى بولۇپ جەمئىي 12 ئادەم قويۇلدى.

## 4. قورشاپ ئورمان يېتىشتۈرۈش

1990 ـ يىلى توغراق پونكىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، شورىيار، يانتاققۇدۇق، سۇپادۆڭ، شويلۇق، تۇڭگۇزباش، ساڭتام، قۇمساتما قاتارلىق جايلاردا شۆبە باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى ئەۋەتىلىپ، قەرەللىك چارلاپ تۇرۇلدى. 1991 ـ يىلدىن باشلاپ يەنە تۇڭگۇزباش، مانانلىق، كۆكتوغراق، شورىياردىن ئىبارەت 4 جايدىكى چاتقاللىق قورشىلىپ ئورمان يېتىشتۈرۈلدى. بىرقانچە يىل يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، ناھىيىنىڭ ئورمان كۆلىمى كۆرۈنەرلىك كېڭىيىپ، ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى يىلدىن يىلغا ئۆستى.

**1994 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىلىك توغراق پونكىتىنىڭ يېڭىدىن قورشاپ ئورمان يېتىشتۈرۈش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 12 — 23

| قورشاپ يېتىشتۈرۈلگەن ئورمان نۇقتىسى / تۈرى | ئورمان تۈرى | دەرەخ تۈرى | ئىگىدارلىق ھوقۇقى | قورشاپ يېتىشتۈرۈلگەن ئورمان كۆلىمى (تۈمەن مو) | يېتىلگەن ئورمان كۆلىمى (تۈمەن مو) | ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى% | باشقۇرۇش، قوغداش شەكلى | ئورنىتىلغان ئاغىتاي (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇڭگۇز باش | چاتقاللىق | يۇلغۇن | دۆلەت ئىلكىدە | 3 | 2.6 | 40 | ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش | 3 |
| مانانلىق | چاتقاللىق | يۇلغۇن | دۆلەت ئىلكىدە | 2 | 1.8 | 40 | ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش | 2 |
| كۆكتوغراق | چاتقاللىق | يۇلغۇن | دۆلەت ئىلكىدە | 5 | 4.3 | 40 | ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش | 3 |
| شورىيار | چاتقاللىق | سۆكسۆك | دۆلەت ئىلكىدە | 2 | 1.5 | 40 | ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقنى بىرلەشتۈرۈش | 2 |

1994 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، چارەكشەھەر مەركەز قىلىنغان تۇڭگۇزباش قورشاپ يېتىشتۈرۈش مەيدانىنىڭ كۆلىمى 30 مىڭ موغا يەتتى، بۇ يەردە يۇلغۇن يېتىشتۈرۈش ئاساس قىلىنىپ، 26 مىڭ مو يەردە يۇلغۇن يېتىشتۈرۈلدى.

مانانلىق قورشاپ يېتىشتۈرۈش مەيدانىنىڭ كۆلىمى 20 مىڭ مو بولۇپ، ئۇ يەردە يۇلغۇن يېتىشتۈرۈش ئاساس قىلىندى، ئۇ يەرگە 2 ئورمان مۇھاپىزەتچىسى ئەۋەتىلدى. بىرقانچە يىل يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، 18 مىڭ مو ئورمان يېتىشتۈرۈلدى.

كۆكتوغراق قورشاپ يېتىشتۈرۈش مەيدانىنىڭ كۆلىمى 50 مىڭ مو بولۇپ، يۇلغۇن يېتىشتۈرۈش ئاساس قىلىندى، 2 ئورمان مۇھاپىزەتچىسى ئەۋەتىلدى، 3 يىل يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، 43 مىڭ مو ئورمان يېتىشتۈرۈلدى.

شورىيار قورشاپ يېتىشتۈرۈش مەيدانىنىڭ كۆلىمى 20 مىڭ مو بولۇپ، سۆكسۆك ئاساس قىلىندى، بىر ئورمان مۇھاپىزەتچىسى ئەۋەتىلدى، 3 يىل يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، 1994 ـ يىلى 15 مىڭ مو ئورمان يېتىشتۈرۈلدى.

يۇقىرىقى قورشاپ يېتىشتۈرۈش مەيدانلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 120 مىڭ مو بولۇپ، 102 مىڭ مو ئورمان يېتىشتۈرۈلۈپ، بۇ يەرنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %40 تىن يۇقىرى بولدى. ئۇ جايلارغا مەخسۇس باشقۇرۇش، مۇھاپىزەت قىلىش خادىملىرى ئەۋەتىلگەندىن سىرت، يەنە مەسئۇلىيەت توختىمى ئىمزالاندى، مۇھاپىزەت تاختىلىرى قادالدى.

## § 6 . مېۋىلىك دەرەخ

### 1. تەرەققىياتى

توقسۇدا مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش ئۇزاق تارىخقا ئىگە، مېۋىلەرنىڭ سورتى كۆپ. ھاۋا شارائىتى ئۆزگىچە بولغاچقا، مېۋىلەرنىڭ قەنت تەركىبى يۇقىرى، تاتلىق. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدا توقسۇ نەشپۈتىنىڭ شىنجاڭدا خېلى داڭقى چىققان. مىنگو دەۋرىدە ناھىيىدىن چىققان مېۋە ـ چېۋىلەر بىلەن ناھىيە تەمىنلەنگەندىن باشقا، شاپتۇل، ئۆرۈك، قارىئۆرۈكلەر قاق قىلىپ قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ئىلى، ئۈرۈمچى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ سېتىلاتتى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) تەخمىنەن 340 مىڭ كىلوگرام مېۋە ئېلىنغانىدى. 1954 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 37 مىڭ 500 كىلوگرام ئالما، 52 مىڭ 500 كىلوگرام نەشپۈت، 125 مىڭ كىلوگرام ئۈزۈم، 140 مىڭ كىلوگرام ئۆرۈك، 175 مىڭ كىلوگرام شاپتۇل، 47 مىڭ كىلوگرام ياڭاق، 26 مىڭ كىلوگرام قارىئۆرۈك بولۇپ، جەمئىي 589 مىڭ كىلوگرام مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى. ناھىيىدىكى مېۋىلىك دەرەخ بار يەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 5760 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %1.5 ىنى ئىگىلىدى.

1956 ـ يىلى مېۋىلىك دەرەخ بار يەر كۆلىمى 6157 موغا، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ رايوندا 1215 موغا، 2 ـ رايوندا 643 موغا، 3 ـ رايوندا 1504 موغا، 4 ـ رايوندا 1070 موغا، 5 ـ رايوندا 1725 موغا يەتتى.

1959 ـ يىلى ناھىيە دائىرىسىدە مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش خىزمىتى چىڭ تۇتۇلدى. شۇ يىلى 9268 مو يەرگە مېۋىلىك كۆچەت قويۇلدى، گوڭشېلەرنىڭ ھەممىسىدە مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىندى. ئىچىبىرىق گوڭشېسىدا 500 مولۇق يېڭى باغ، تاشئېرىق گوڭشېسىدا يېگىدىن 767 مولۇق 4 باغ بەرپا قىلىندى. يىل ئاخىرىدا ناھىيىدىكى مېۋىلىك دەرەخ بار يەر كۆلىمى 16 مىڭ 313 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شاپتۇل 6087 مو، ئۆرۈك 3415 مو، ياڭاق 2529 مو، ئالما 1168 مو، ئامۇت 819 مو، بېھى 69 مو، قارىئۆرۈك 825 مو، ئالۇچا 26 مو، گىلاس 24 مو، چىلان 49 مو، بادام 75 مو، ئەنجۈر 14 مو.

1983 ـ يىلى ناھىيىدىكى مېۋىلىك باغ 29 مىڭ 300 مو (بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەرنىڭ بېغى 17 مىڭ 500 مو)غا يېتىپ، ناھىيە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %6.8 ىنى ئىگىلىدى، مېۋىلىك دەرەخ 1 مىليون 468

مىڭ تۈپ (بۇنىڭ ئىچىدە، شەخسلەرنىڭ 1 مىليون 17 مىڭ تۈپ) كە يەتتى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيەدىكى مېۋىلىك باغ 40 مىڭ مو (مېۋىگە كىرمىگىنى بۇنىڭ سىرتىدا) غا يەتتى.

## 2. مېۋە سورتلىرى

ناھىيەدە ئاساسەن 14 خىل مېۋە بار، ئۇلارنىڭ 1993 - يىلدىكى كۆلىمى ۋە تۈپ سانى مۇنداق: شاپتۇل 6705 مو، 539 مىڭ تۈپ؛ ئۈزۈم 2093 مو، 323 مىڭ تۈپ؛ نەشپۈت 6600 مو، 167 مىڭ تۈپ؛ ئۈرۈك 6832 مو، 202 مىڭ تۈپ؛ ئالما 3637 مو، 100 مىڭ 200 تۈپ؛ ياڭاق 2376 مو، 66 مىڭ تۈپ؛ بىھى 423 مو، 29 مىڭ تۈپ؛ قارىئۈرۈك 224 مو، 15 مىڭ تۈپ؛ چىلان 211 مو، 12 مىڭ 300 تۈپ؛ ئالۇچا 20 مو، 1571 تۈپ؛ ئانار 68 مو، 464 تۈپ؛ گىلاس 21 مو، 1401 تۈپ؛ ئەنجۈر 97 مو، 4608 تۈپ؛ بادام بىر مو، 1312 تۈپ.

يۇقىرىقى 14 خىل ئاساسلىق مېۋىنى يەنە بەزى كەنجى تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. شاپتۇلدىن ئادەتتىكى تۈكلۈك شاپتۇل، تاتلىق مېغىزلىق تۈكلۈك شاپتۇل، چىلگە شاپتۇل، توغاچ شاپتۇل، سۇلۇق شاپتۇل، «بېيجىڭ 12 -» ، «بېيجىڭ 14 -» قاتارلىقلار بار. ئۈرۈكتىن قاپاق كىشمىش، ئاق كىشمىش، سېرىق ئۈرۈك، قۇممەت، قىزىل كىشمىش، چىلگە ئۈرۈك، ياغلىق ئۈرۈك، قىزىل قاچا، خوۋەينە، كۆك قۇممەت، خەشەك ئۈرۈك، قىزىل جانان، چوڭ قىزىل ياغلىق ئۈرۈك، قاپاق دارازا، كىچىك تۈكلۈك ئۈرۈك قاتارلىقلار بار؛ ئالمىدىن قىزىل «دۆلەت نۇرى» ، «ئالتۇن تاج» ، «مارشال» ، كىچىك «دۆلەت نۇرى» ، كۆك ئالما، ئاقسۇ قىزىل ئالمىسى، ئىلى ئالمىسى قاتارلىقلار بار؛ ئامۇتتىن جوجولە، نەشپۈت، سوقىچاق ئامۇت، قوتۇر ئامۇت، چىبەن ئامۇت، داڭشەن ئامۇتى، «مىڭگۇالى» ئامۇتى قاتارلىقلار بار؛ ئۈزۈمدىن سايىۋا ئۈزۈم، مۇناقى، قەشقەر سايىۋىسى، قارا ئۈزۈم، خوتەن قىزىل ئۈزۈمى، كۆك ئۈزۈم، كىشمىش ئۈزۈم قاتارلىقلار بار؛ ياڭاقتىن قەغەز ياڭاق، تاش ياڭاق، روجەكلىك ياڭاق قاتارلىقلار بار؛ قارىئۈرۈكتىن چوڭ قارىئۈرۈك، كىچىك قارىئۈرۈك قاتارلىقلار بار؛ ئالۇچىدىن سېرىق ئالۇچا ۋە قارا ئالۇچا بار؛ چىلاندىن چوڭ چىلان، كىچىك چىلان بار.

## 3. تىكىپ ئۆستۈرۈلۈشى، تارقىلىشى ۋە ھوسۇلى

1) شاپتۇل  شاپتۇل ناھىيەدىكى ئاساسلىق مېۋىلەردىن بىرى بولۇپ، ناھىيەدىكى مېۋىلىك باغلارنىڭ ھەممىسىدە بار. شاپتۇل خىللىرى ئىچىدە تۈكلۈك شاپتۇل ئەڭ كۆپ، ئەڭ كەڭ تارقالغان. باغلارنىڭ كۆپىنچىسىگە چاسلاپ تىكىلگەن بولۇپ، تۈپ ئارىلىقى 6~2.5×3 ~ 1.5 مېتىر كېلىدۇ. باغلارنىڭ كۆپىنچىسىگە قويۇق تىكىلگەن، گەۋدىسى كۆپىنچە ھاللاردا تىك ياكى ئېگىلىپ ئۆرىدۇ. شاپتۇلنىڭ ھوسۇلى 1949 - يىلى تەخمىنەن 105 مىڭ كىلوگرام، 1964 - يىلى 1 مىليون 628 مىڭ كىلوگرام بولغانىدى. كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بۇزغۇنچىلىقى ۋە «سولچىل» ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ تەسىرى بىلەن، 1976 - يىلى 160 مىڭ كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى، 1978 - يىلى ئەسلىگە كېلىپ، 539 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، 1984 - يىلى 1 مىليون 895 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. 1991 - يىلى ئەڭ ئوخشىغان يىل بولۇپ، 2 مىليون 740 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

2) ئۈرۈك  ئۈرۈك ئۆستۈرۈش ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ناھىيەدىكى مېۋىلىك باغلاردىن 100 يىللىق ئۈرۈكلەرنى ئۇچرىتىش تەس ئەمەس، ئۈرۈك يېڭى پىتى ئىستېمال قىلىنغاندىن سىرت، يەنە ئۈرۈك قېقى، خورماقاق ۋە بالقاق ئىشلىنىپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئاپىرىپ سېتىلىدۇ.

ئۆرۈكنى ئۆستۈرۈشتە، ئاساسلىقى، ئۇلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. كۆپىنچە تۇكلۇك ئۆرۈك ئۇلاق تۈۋى قىلىنىدۇ. ناھىيە بويىچە 6 يېزا، بىر بازارنىڭ ھەممىسىدە ئۆرۈك بار.

ئۆرۈكنىڭ ھوسۇلى 1949 - يىلى 75 مىڭ كىلوگرام بولغانىدى، 1965 - يىلى 529 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. 1970 - يىلى 50 مىڭ كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى. 1981 - يىلى ئەسلىگە كېلىپ 400 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، 1984 - يىلى 870 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. 1993 - يىلى ئەڭ ئوخشىغان يىل بولۇپ، 3 مىليون 626 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

**3) ئالما** ناھىيەدىكى ئالما ئاقسۇ قىشلىق، يازلىق ئالمىلەرنى ئاساس قىلىدۇ، ئەڭ چوڭىنىڭ يېشى 30 يىلدىن ئاشىدۇ. 1975 - يىلدىن كېيىن شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يەنتەي شەھرىدىن شياڭ ئالمىسى كەلتۈرۈلدى. 1983 - يىلى كەلتۈرۈلگەن سورتلار ئومۇمىي ئالما سورتىنىڭ %43 نى ئىگىلىدى. ئالما ناھىيىنىڭ ھەممە جايلىرىدا بار، يۇلتۇزباغ يېزىسىدا ئەڭ كۆپ يەنى 37 مىڭ 600 تۈپ بولۇپ، ناھىيەدىكى ئالمىنىڭ %37.5 نى ئىگىلەيدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا ئۇگەن يېزىسىدا كۆپ بولۇپ، 17 مىڭ تۈپكە، تاشئېرىق يېزىسىدا 12 مىڭ تۈپكە، پەيشەنبە بازار يېزىسىدا 15 مىڭ تۈپكە، ئىچئېرىق يېزىسىدا 14 مىڭ تۈپكە يېتىدۇ.

ناھىيىنىڭ ئالما ئۆستۈرۈش تارىخى بىرقەدەر قىسقا، ئالما كۆچىتىنىڭ كۆپىنچىسى چاقماق شەكلىدە قويۇلغان، دەرەخ شەكلى باشىمان ياكى يېرىم چەمبەرسىمان، تاج دىئامېتىرى تەخمىنەن 3 مېتىر. ئالمىنىڭ يىللىق ھوسۇلى 1949 - يىلى 18 مىڭ كىلوگرام ئىدى، 1964 - يىلى 217 مىڭ كىلوگرام بولدى، 1970 - يىلى 24مىڭ 500 كىلوگرامغا، 1976 - يىلى 16 مىڭ 500 كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى. 1978 - يىلدىن كېيىن، پەيدىنپەي ئەسلىگە كېلىپ، 50 مىڭ كىلوگرامغا، 1982 - يىلى 275 مىڭ كىلوگرامغا، 1984 - يىلى 825 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. 1993 - يىلى ئەڭ ئوخشىغان يىل بولۇپ، 7 مىليون 540 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

**4) نەشپۈت** نەشپۈت ئۆستۈرۈش ناھىيە بويىچە كەڭ ئومۇملاشقان، يېزا، كەنتلەردە، شەخسلەرنىڭ ھويلا - ئاراملىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. 1983 - يىلدىكى تەكشۈرۈش مەلۇماتىغا قارىغاندا، شويۇلتۇز گۈڭشېسىدا نەشپۈت ئەڭ كۆپ بولۇپ، 22 مىڭ تۈپ، ئىچئېرىق گۈڭشېسىدا 14 مىڭ 173 تۈپ، توقسۇ بازىرىدا ئەڭ ئاز بولۇپ، 727 تۈپ ئىكەن. توقسۇ ناھىيىسىدە نەشپۈتنىڭ ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ئىچئېرىق يېزىسىنىڭ ئاقيار كەنتى، ئۇگەن يېزىسىنىڭ غولئېرىق كەنتى قاتارلىق جايلاردا 100 يىللىقتىن يۇقىرى نەشپۈتلەر بايقالدى. يەرلىك ئۇيغۇرلار نەشپۈتنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ ئۆستۈرىدۇ، بەلگىلىك تەرتىپ يوق، تۈپ ۋە قۇر ئارلىقى ئۆلچەمسىز، كۆپىنچە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن ئارىلاش، پەرۋىشى ياخشى ئەمەس، تۈۋىنى يۇمشىتىش، چاتاش، ھاشارات يوقىتىش، ئوت ئوتاش ئىشلىرى ئىشلەنمەيدۇ. يىلدا 2 قېتىمدىن 3 قېتىمغىچە سۇغىرىلىدۇ. بەزى نەشپۈتلۈك باغلارغا زىرائەت، كۆكتات، بېدە كىرىشتۈرۈپ تېرىلىدۇ. شەرقىي شىمال بورىنىنىڭ كۆپ چىقىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، نەشپۈتلەر ئىچىدە ياپىلاقلىرى كۆپ، مېۋىلەش نىسبىتى تۆۋەن، دەرەخ گەۋدىسى تىك، يوغان شاخلىرى ئاز، مېۋىسى ئۇششاق. ئەمما نەشپۈت توقسۇنىڭ شارائىتىغا باب بولغانلىقى، كېسەللىك ۋە ھاشارات ئاپەتلىرىگە تاقابىل تۇرالايدىغانلىقى، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولغانلىقى، نەشپۈتنى ساقلاش قولايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئامما ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ.

ناھىيە بويىچە نەشپۈتنىڭ يىللىق ھوسۇلى 1949 - يىلى 27 مىڭ 500 كىلوگرام بولغانىدى، 1964 - يىلى 162 مىڭ 500 كىلوگرامغا يەتتى. 1967 - يىلى 7000 كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى، 1978 - يىلدىن كېيىن يىلمۇيىل ئېشىپ، 1984 - يىلى 370 مىڭ كىلوگرامغا، 1993 - يىلى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 3 مىليون 19 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

5) ئۈزۈم ئۈزۈم ئاساسەن شەھەرلەرنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. 1983 ـ يىلى ھويلا ـ ئاراملاردىكى ئۈزۈم 287 مىڭ تۈپكە يېتىپ، ئۈزۈم ئومۇمىي تۈپ سانىنىڭ 96% نى ئىگىلىدى. ئۈزۈمنىڭ كۆپىنچىسى ياۋروپا سورتى بولۇپ، تۇرپاندىن كەلتۈرۈلگەن كىشمىش ئۈزۈم ناھايىتى ئاز. ھويلا ـ ئارامدىكى ئۈزۈم بىدىشكە ئېلىنىدۇ، ئۇ ھويلىنى سالقىن قىلىش، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش، ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە. دېھقانلار بىدىشنى قوش قەۋەت قىلىدۇ، قەۋەتلەرنىڭ ئارىلىقىنى 2 مېتىر قىلىپ، بوشلۇقتىن تولۇق پايدىلىنىدۇ. ئۈزۈم ئۆستۈرۈشتە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ۋاقتىدا چاتماسلىق، يېگىلاپ تۇرماسلىق ۋە ئېھتىيازدا ۋاقتىدا ئاچماسلىقتا ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈزۈمنىڭ ھوسۇلى ۋە سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۈزۈم ناھىيىدە خېلى كۆپ ئۆستۈرۈلىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بىرى. 1949 ـ يىلى ھوسۇلى تەخمىنەن 60 مىڭ كىلوگرام بولغانىدى، 1965 ـ يىلى 680 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، 1970 ـ يىلى 156 مىڭ كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى. 1981 ـ يىلى ئەسلىگە كېلىپ، 418 مىڭ كىلوگرامغا، 1983 ـ يىلى 1 مىليون 148 مىڭ كىلوگرامغا، 1984 ـ يىلى 2 مىليون 150 مىڭ كىلوگرامغا، 1991 ـ يىلى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 5 مىليون 220 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

6) ياڭاق ناھىيىدىكى ياڭاقلارنىڭ ھەممىسى تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن، ناھىيىنىڭ ياڭاق ئۆستۈرۈش تارىخى ئۇزۇن، 100 يىللىق ياڭاقلارنى باغلاردا ھېلىھەم ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تۈپ ئارىلىقى 8 ~ 4 × 8 ~ 4 مېتىر، پەرۋىش قىلىنىشى يىرىك، ئوغۇتلاش، سۇغىرىش يېتەرسىز بولۇپ، دەرەخنىڭ ئوغۇت، سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. توقسۇ ناھىيىسىدىن قەغەز ياڭاق چىقىدۇ. 1983 ـ يىلدىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، ئايرىم ئەلا سورتلۇق ياڭاقلار بايقالدى. ياڭاقلارنىڭ شاكىلى نېپىز بولۇپ، مېغىزىنى پۈتۈن ئالغىلى بولىدۇ، قوشما مېۋىلىك بولۇش نىسبىتى يۇقىرى، ياڭاق كۆپ چۈشىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېغىزى سۈت تېتىيدۇ، «1 ـ ماي» سۇ ئامبىرى رايونىدا 2 تۈپ روجەكلىك ياڭاق بايقالدى. ياڭاق پەيشەنبە بازار يېزىسىدا ئەڭ كۆپ بولۇپ، 19 مىڭ 900 تۈپكە يېتىدۇ.

ناھىيە بويىچە يىللىق ياڭاق ھوسۇلى 1949 ـ يىلى 17 مىڭ كىلوگرام بولغانىدى، 1965 ـ يىلى 184 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، 1976 ـ يىلى 17 مىڭ كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى. 1979 ـ يىلى ئەسلىگە كېلىپ 21 مىڭ كىلوگرامغا، 1981 ـ يىلى 48 مىڭ كىلوگرامغا، 1984 ـ يىلى 100 مىڭ كىلوگرامغا، 1995 ـ يىلى 60 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

7) قارىئۆرۈك قارىئۆرۈك پارچە ـ پۇرات تىكىلىدۇ، كىچىك قارىئۆرۈك كۆپ بولۇپ، كۆپىنچە ئۇلاپ يېتىشتۈرۈلىدۇ، تۈكلۈك ئۆرۈك ۋە تۈكلۈك شاپتۇل ئۇلاق تۈۋى قىلىنىدۇ. 1983 ـ يىلدىكى تەكشۈرۈشتە 50 يىللىق قارىئۆرۈك (شويۇلتۇز يېزىسىنىڭ بېغىدا) ئۇچرىدى. قارىئۆرۈكلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۈز ياكى يېرىم ئوچۇق، يېرىم يۇمىلاق ياكى تار كونۇس شەكىللىك ئۆسىدۇ. مېۋىسىنى تولۇق پىشمۇ يېگىلى بولىدۇ. كۆپ ساندىكىلىرى قاق قىلىنىدۇ. قارىئۆرۈك قېقىدىن قىلىنغان قارىئۆرۈك سۈيى تومۇزدا ئىسسىقنى ياندۇرۇش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھوسۇلى ئاز، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن بولۇش تەرىپى ئۇنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆستۈرۈلۈشىگە تەسىر يەتكۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ.

8) بېھى ناھىيىدە بېھى ئاز، ئەمما كەڭ تارقالغان، كۆپىنچە ئېتىز ـ ئېرىق بويلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. يىلتىزىدىن كۆكلىتىش ياكى تېرىپ ئۈندۈرۈش يولى بىلەن كۆپەيتىلىدۇ. ھوسۇلى بىر قەدەر يۇقىرى، ئەمما مېۋىسى قۇرتنىڭ زىيىنىغا ئېغىر ئۇچرايدۇ.

9) ئالۇچا يۇلتۇز باغ يېزىسىدا ئەڭ كۆپ، 1983 ـ يىلى 483 تۈپ ئالۇچا بارلىقى ئېنىقلاندى. ئالۇچا كۆپ مېۋە بېرىدۇ، ھوسۇلى يۇقىرى.

10) چىلان ناھىيىدە كىچىك چىلان ئاساس قىلىنىدۇ. چوڭ چىلان ئاز بولۇپ، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىدا 18 تۈپ بار. كىچىك چىلان توقسۇنىڭ ياۋا چۈچۈك چىلىنى بولۇپ، يىلتىزىدىن كۆكلىتىش ياكى تېرىپ ئۈندۈرۈش يولى بىلەن كۆپەيتىلىدۇ. مېۋە بېرىش ۋاقتى ئۇزۇن، ھوسۇلى، مېۋىلەش نىسبىتى يۇقىرى، ئاساسلىقى ئىچكىرىق ۋە پەيشەنبە بازار يېزىلىرىغا تارقالغان. 1983 - يىلدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ 2 يېزىدىكى چىلان 68 مىڭ تۈپ بولۇپ، ناھىيە بويىچە چىلاننىڭ %60 نى ئىگىلەيدىكەن.

11) ئەنجۈر توقسۇدا ئازراق بولۇپ، شەخسلەرنىڭ ھويلا - ئاراملىرى ۋە مېۋىلىك باغلاردا ئۆستۈرۈلىدۇ. شېخىنى كۆمۈش ئۇسۇلى بىلەن كۆپەيتىلىدۇ، قىشتا كۆمۈلىدۇ، يالغۇز شاخ، قوش شاخ ۋە كۆپ شاخ بولىدۇ. كۆپىنچىسى 10 يىل ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، 100 يىللىق بولغانلىرىمۇ ئۇچرايدۇ، يىلدا 3 قېتىم مېۋە بېرىدۇ. 1 - قېتىمدا ئازراق، 2 - قېتىمدا كۆپرەك بولىدۇ، 2 - قېتىمى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پىشىدۇ، 3 - قېتىمدا كۆپ بولىدۇ - يۇ، تولۇق پىشمايدۇ. ئىچكىرىق ۋە پەيشەنبە بازار يېزىلىرىدا ئەڭ كۆپ.

12) ئانار ئۆگەن يېزىسىدا كۆپ، ئاساسەن قەلەمچە قىلىپ تىكىپ كۆپەيتىلىدۇ. شېخىنى كۆمۈش ۋە يىلتىزىدىن كۆكلىتىش يوللىرى بىلەنمۇ كۆپەيتىلىدۇ، تۈپ - تۈپ ئۆسىدۇ. تۈپ ئارىلىقى 3×3 مېتىر بولىدۇ. پەرۋىش قىلىش ئاسان، سۇغىرىپ قويۇلسىلا بولىدۇ.

13) بادام كۆپىنچە باشقا ناھىيىلەردىن كەلتۈرۈلۈپ، ئۇلاپ كۆپەيتىلىدۇ. تۇكلۇك ئۆرۈك، تۇكلۇك شاپتۇل ئۇلاق تۈۋى قىلىنىدۇ. ئۆسۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئېگىزلىكى 4.5 مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، ھوسۇلى، مېۋىلەش نىسبىتى خېلى يۇقىرى، 8 - ئايدا پىشىدۇ. يۇلتۇز باغ يېزىسىدا ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭدىن قالسا ئىچكىرىق يېزىسىدا كۆپ.

### مىنگو دەۋرىدىكى قىسمەن يىللاردا توقسۇ ناھىيىسىدە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 12 — 24 بىرلىكى: تۈمەن تۈپ

| يىللار | جەمئىي | ئۆرۈك | شاپتول | ئالما | نەشپۈت | ئۈزۈم | بېھى | قارا - ئۆرۈك | ياڭاق | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مىنگونىڭ 33 - يىلى | 22.7 | 4.2 | 10.8 | 0.8 | 1.8 | 0.4 | 0.7 | 1.3 | 2.6 | 0.1 |
| مىنگونىڭ 36 - يىلى (يېڭىدىن تىكىلگىنى) | 1.1 | 0.1 | 0.8 | | | | | | 0.1 | 0.1 |
| مىنگونىڭ 37 - يىلى (يېڭىدىن تىكىلگىنى) | 0.96 | 0.03 | 0.5 | 0.4 | 0.03 | | | | | |
| مىنگونىڭ 38 - يىلى (يېڭىدىن تىكىلگىنى) | 2.5 | | | | | | | | | |

## توقسۇن ناھىيىسىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ 1983 - يىلدىكى تارقىلىشى

جەدۋەل: 12 — 25   بىرلىكى: تۈپ

| مېۋىلىك دەرەخ نامى | دائولتوز گۇڭشېسى | شوبولتوز گۇڭشېسى | تائىغېرىق گۇڭشېسى | يەكشەنبە بازار گۇڭشېسى | تېيغىرۇق گۇڭشېسى | توقسۇ بازىرى | چارۋىچىلىق فېرمىسى | ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى | ناھىيىلىك كۆچەت مەيدانى | ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى | ئەسلىلىك چارۋا فېرمىسى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالما | 37584 | 16822 | 11896 | 15511 | 14501 | 1069 | 1000 | 615 | 930 | 220 | 44 | 100192 |
| نەشپۈت | 111857 | 22486 | 4762 | 11750 | 14172 | 727 | 297 | 453 | 263 | 51 | 27 | 166845 |
| شاپتۇل | 222054 | 104206 | 34135 | 88360 | 88315 | 1753 | | 280 | 100 | 87 | 130 | 539420 |
| ئۆرۈك | 74509 | 38645 | 27147 | 33246 | 26895 | 689 | | 525 | | 24 | 150 | 201830 |
| ئۈزۈم | 110088 | 45590 | 27119 | 65183 | 73156 | 1549 | | 705 | | | | 323390 |
| ياڭاق | 17784 | 8786 | 7417 | 19989 | 11289 | 225 | 102 | 126 | 100 | | 104 | 65922 |
| بېھى | 4727 | 4760 | 1276 | 9890 | 8756 | 153 | | 75 | | | | 29637 |
| قارىئۆرۈك | 2696 | 2060 | 954 | 5579 | 3948 | 82 | | 115 | | 2 | | 15436 |
| چىلان | 2659 | 1384 | 1389 | 3012 | 3808 | 49 | | 22 | | | | 12323 |
| ئالۇچا | 483 | 272 | 131 | 463 | 198 | 6 | | 18 | | | | 1571 |
| ئانار | 469 | 1809 | 581 | 833 | 563 | 71 | | 38 | | | | 4364 |
| ئەنجۈر | 556 | 871 | 523 | 1297 | 1260 | 98 | | 3 | | | | 4608 |
| بادام | 651 | 171 | 135 | 153 | 200 | | | | | | | 1310 |
| گىلاس | 429 | 278 | 109 | 288 | 284 | 13 | | | | | | 1401 |
| جەمئىي | 586546 | 248140 | 117574 | 255554 | 247345 | 6484 | 1399 | 2975 | 1393 | 384 | 455 | 1468249 |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1949 — 1995 - يىلغىچە بولغان مېۋە ھوسۇلى

جەدۋەل: 12 — 26

| يىللار | مېۋىلىك باغ كۆلىمى (مو) | يىللىق مېۋە ھوسۇلى (تۈمەن كىلوگرام) | | | | | | | ياڭاق (تۈمەن كىلوگرام) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئالما | نەشپۈت | ئۈزۈم | شاپتۇل | ئۆرۈك | باشقىلار | |
| 1949 | 2520 | 29.3 | 1.8 | 2.8 | 6.3 | 10.5 | 7.5 | 0.4 | 1.7 |
| 1950 | 2520 | 31 | 1.9 | 3 | 6.4 | 11.3 | 8 | 0.4 | 1.9 |
| 1951 | 2520 | 34.2 | 2.3 | 3.6 | 7 | 13.3 | 8.7 | 0.4 | 2 |
| 1952 | 2520 | 37.9 | 2.9 | 4.1 | 7.7 | 13.3 | 9.5 | 0.4 | 2.3 |
| 1953 | 2390 | 45.2 | 3.3 | 4.5 | 10.5 | 14.5 | 11.9 | 0.5 | 3.5 |
| 1954 | 3407 | 54.3 | 3.8 | 5.3 | 12.5 | 17.6 | 14.5 | 0.6 | 4.7 |
| 1955 | 2742 | 46.1 | 3.3 | 4.1 | 12 | 14.8 | 11.5 | 0.4 | 3.7 |
| 1956 | 3588 | 52 | 4.6 | 4.1 | 15 | 15 | 12.9 | 0.4 | 5.4 |
| 1957 | 3714 | 63.5 | 5.7 | 4.3 | 17.5 | 21.2 | 14.2 | 0.6 | 6.7 |
| 1958 | 4275 | 72.3 | 5 | 4.3 | 20 | 25 | 17.3 | 0.7 | 7.2 |
| 1959 | 5018 | 78.1 | 5 | 4.3 | 22.5 | 27.5 | 18 | 0.8 | 7.7 |
| 1960 | 4320 | 81.3 | 5.2 | 4.4 | 23.1 | 30.6 | 17.2 | 0.8 | 8.5 |
| 1961 | 3838 | 90.4 | 5.2 | 4.5 | 27.2 | 36 | 16.7 | 0.8 | 12.4 |
| 1962 | 4047 | 95.4 | 6.3 | 5.2 | 29.5 | 32.5 | 21 | 0.9 | 14.1 |
| 1963 | 4562 | 113.7 | 11.2 | 5.2 | 31.9 | 40.9 | 23.5 | 1 | 10.4 |
| 1964 | 5746 | 320.8 | 21.7 | 16.3 | 64.4 | 162.8 | 45.8 | 9.8 | 12 |
| 1965 | 5010 | 301.4 | 19.3 | 11.6 | 68.4 | 136.4 | 52.9 | 12.8 | 18.4 |
| 1966 | 2702 | 79 | 3.1 | 3.3 | 17.1 | 44.7 | 9.4 | 1.4 | 5 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 6 | 3.9 | 13.9 | 28.3 | 27.6 | 0.7 | 7.3 | 81.7 | | 1967 |
| 2.8 | 4.3 | 5.4 | 14.1 | 15.6 | 2.6 | 2.5 | 44.5 | 3225 | 1970 |
| 6.3 | 21.3 | 13.4 | 37.7 | 34.1 | 7.8 | 5.6 | 119.9 | 4149 | 1971 |
| 3.2 | 10.6 | 9.8 | 38.7 | 38.7 | 2.9 | 3.8 | 104.5 | 5109 | 1972 |
| 5.2 | 7.2 | 22.9 | 28.9 | 29.8 | 4.2 | 4.8 | 97.8 | 5557 | 1973 |
| 3.2 | 6 | 21.4 | 24.7 | 30.7 | 7.4 | 3.7 | 93.9 | 8853 | 1974 |
| 3.7 | 2.4 | 12.6 | 17.3 | 10.3 | 3.8 | 3.5 | 49.9 | 6560 | 1975 |
| 1.7 | 1.7 | 10.2 | 16.3 | 12.5 | 9.7 | 1.7 | 52.1 | 7015 | 1976 |
| 2.4 | 1.3 | 7.5 | 10.5 | 28 | 3.2 | 1.3 | 51.6 | 5159 | 1977 |
| 2.9 | 3.9 | 22.7 | 53.9 | 14.8 | 4.3 | 1.5 | 101.1 | 5152 | 1978 |
| 2.1 | 0.9 | 1.3 | 39.9 | 10.9 | 2 | 5.4 | 60.4 | 5389 | 1979 |
| 2.4 | 2 | 22.1 | 25.3 | 23.8 | 3.3 | 1.7 | 78.2 | 6175 | 1980 |
| 4.8 | 4.3 | 40.1 | 60.6 | 41.8 | 4.9 | 6.1 | 157.8 | 8264 | 1981 |
| 7.2 | 11.1 | 51.7 | 48.4 | 97.2 | 10.8 | 27.5 | 246.7 | 9348 | 1982 |
| 8.2 | 12.2 | 56.3 | 61.3 | 114.8 | 11.9 | 28.5 | 285 | 13666 | 1983 |
| 10 | 13.6 | 87.3 | 189.5 | 215.1 | 37 | 82.5 | 625 | 17595 | 1984 |
| 7.9 | 25.9 | 96.9 | 149.4 | 197.9 | 45.8 | 84 | 599.9 | 22507 | 1985 |
| 8.5 | 4 | 95.3 | 134.6 | 192 | 41.4 | 58.6 | 525.9 | 24550 | 1986 |
| 5.2 | 51 | 193.8 | 153.9 | 289.5 | 51.5 | 87.1 | 826.8 | 23947 | 1987 |
| 8.7 | 22.9 | 273.2 | 249.9 | 419.9 | 168.5 | 158.4 | 1292.8 | 33026 | 1988 |
| 9.1 | 16.5 | 280.6 | 243.8 | 376.4 | 134.1 | 174.7 | 1226.4 | 29628 | 1989 |
| 8.1 | 17.1 | 352.3 | 207.2 | 402.7 | 160.8 | 204.2 | 1334.3 | 31155 | 1990 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1991 | 32900 | 1608.6 | 334.6 | 132.4 | 521.9 | 274 | 333 | 12.7 | 2.4 |
| 1992 | 43290 | 1972.1 | 702.8 | 251.2 | 430.7 | 204.9 | 358.5 | 24 | 3.3 |
| 1993 | 35145 | 2129.7 | 754.3 | 301.9 | 489 | 196 | 362.6 | 25.9 | 3.5 |
| 1994 | 37110 | 1481.8 | 415.2 | 231.4 | 377.7 | 138.6 | 305.9 | 13 | 6 |
| 1995 | 40140 | 1809.6 | 461.2 | 238.1 | 449.5 | 243.4 | 372.7 | 44.7 | 6 |

**ئىزاھات:** باغ كۆلىمى مېۋە بېرىۋاتقان باغلارنى كۆرسىتىدۇ.

14) گىلاس توقسۇدا ناھايىتى ئاز، ھەممىلا يېزىدا ئانچە ـ مۇنچە بار. ئىچئېرىق يېزىسىنىڭ قاراتاش كەنتىدىكى بىر شەخسنىڭ بېغىدا كۆپرەك (22 تۈپ). يىلتىزىدىن كۆكلىتىپ كۆپەيتىلىدۇ، كۆكلەپ 2 ـ يىلىلا مېۋىگە كىرىدۇ. سورتى ياۋروپا چوچۇك گىلاسى سورتىغا كىرىدۇ.

## 4. تۆۋەن ھوسۇللۇق باغلارنى ئۆزگەرتىش

1990 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە 31 مىڭ مو باغ بولۇپ، ناھىيىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ %7 نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بويىچە 6 يېزا، بىر مەيدان، بىر بازار، 112 كەنتنىڭ ھەممىسىدە كوللېكتىپ مېۋىلىك باغ، 20 نەچچە مىڭ دېھقان ئائىلىسىنىڭ ھەممىسىدە مېۋىلىك باغ بار، ئۈزۈم، شاپتۇل، نەشپۈت، ئالما، ئۆرۈك قاتارلىقلار ئاساس قىلىنغان 14 خىل مېۋىلىك دەرەخ ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. ئەمما باشقۇرۇلۇشى ياخشى بولمىغاچقا، كوللېكتىپنىڭ مېۋىلىك باغلىرىنىڭ مو بېشى مەھسۇلات قىممىتى 50 يۈەنگە يەتمەيتتى، ئەڭ تۆۋەنلىرىنىڭ ئاران 20 يۈەنگە يېتەتتى. نۇرغۇن يېزا، بازارلارنىڭ باغلىرىدا چاتاش، ئوغۇتلاش، سۇغىرىش، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئىشلىرى ئىشلەنمىگەچكە، مېۋىسى ئاز، قۇرت چۈشكەن مېۋە كۆپ، مېۋىلەرنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى تۆۋەن، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناچار ئىدى. 1975 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسى شەندۇڭدىن 160 مىڭ تۈپ سورتلۇق ئالما كۆچىتى كەلتۈرۈپ تىككەندىن كېيىن، ياخشى ئۆستى. ئەمما پەرۋىش جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھوسۇلى ئاز، ئۈنۈمى تۆۋەن بولدى. ناھىيىلىك پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، 1985 ـ يىلدىن باشلاپ 410 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تۆۋەن ھوسۇللۇق مېۋىلىك باغلارنى ئۆزگەرتىشنى چىڭ تۇتتى. شۇ يىلى ئىچئېرىق يېزىسىنىڭ 21 مو ئالمىلىق بېغىدا سىناق قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىگە ئېرىشتى، ئاندىن يىلدىن ـ يىلغا كېڭەيتتى. 1986 ـ يىلى سىناق نۇقتىسى 7 گە، كۆلىمى 1200 موغا يەتتى، 1987 ـ يىلى شۇ ھالەت ساقلاپ قېلىندى. 1988 ـ يىلى نۇقتا 30 غا، كۆلەم 3000 موغا يەتتى. 1989 ـ ۋە 1990 ـ يىللىرى ئىرىشش ئارقىلىق، نۇقتا 52 گە، كۆلەم 6000 موغا يەتكۈزۈلدى. تۆۋەن ھوسۇللۇق مېۋىلىك باغلارنى ئۆزگەرتىشتە، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلدى:

1) چاتاش 1985 — 1990 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە 300 مىڭ تۈپ مېۋىلىك دەرەخ چاتالدى.

2) كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش

ئالما مېغىزى قۇرتى، نەشپۈت ئۆزەك قۇرتى، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلار

پېچەكلەشتىن بۇرۇن بىر قېتىم، يىلدا 3 — 5 قېتىمغىچە دورا پۈركۈپ يوقىتىلدى، مېۋىلەرگە قۇرت چۈشۈش نىسبىتى 1985 - يىلدىن ئىلگىرىكى 80% تىن 1990 - يىلى 3.8% كە چۈشتى.

3) ئوغۇتلاش، سۇغىرىش — ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنىڭ تەسىرى بىلەن، مېۋىلىك دەرەخلەر سۇ بولسا سۇغىرىلاتتى، سۇ بولمىسا سۇغىرىلمايتتى، كەلكۈن مەزگىلىدە راسا سۇغىرىلاتتى. 1985 - يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى دېھقانلارنى مېۋىلىك دەرەخلەرنى خىمىيىۋى ئوغۇت، قىغ، كۆنجۈرە بىلەن ئوغۇتلاشقا ھەمدە ۋاقتى - ۋاقتىدا سۇغىرىپ تۇرۇشقا يېتەكلىدى.

4) قېرى دەرەخلەرنى يېڭىلاش — مېۋە سورتى ۋە سۈپىتى ناچار، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن كونا باغلاردا يېڭى پىلان بويىچە مېۋە سورتلىرى ئۆزگەرتىلىپ، ئېسىل سورتلار تىكىلدى. بۇ باغلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆزگەرتىشتە كۆپ ئۇلاق ئۇلاپ ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

5) تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش — 1985 — 1990 - يىلغىچە 24 قارار مېۋىلىك دەرەخ تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 1183 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. كۇرستا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشتەك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇپ، بىر تەرەپتىن ئەمەلىي مەشغۇلات قىلدۇرۇش ئارقىلىق ناھىيىدە مېۋە يېتىشتۈرگۈچى پەن - تېخنىكا قوشۇنى يېتىشتۈرۈلدى، بۇ قوشۇن ئارقىلىق ناھىيىدىكى باغۋەنلەرنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىگە تەسىر كۆرسىتىلدى ۋە باشقۇرۇش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەن تەتقىقات باشقارمىسى باغۋەنچىلىك فاكۇلتېتى بىلەن توغرا لىنىيىلىك بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش بويىچە كېلىشىم ئىمزالاندى، بىر قانچە يىلدىن بۇيان، تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى 157 ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىنى توقسۇغا ئەۋەتىپ، 42 مىڭ 336 تۈپ مېۋىلىك دەرەخنى چاتاپ بەردى.

تۆۋەن ھوسۇللۇق باغلارنى ئۆزگەرتىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقتىن، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مېۋە ھوسۇلى يىلدىن - يىلغا ئاشتى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە 12 مىليون جىڭ مېۋە ئېلىندى. 1993 - يىلى ئېلىنغان مېۋە 42 مىليون 590 مىڭ جىڭغا يېتىپ، زور ھەجىمدە ئاشتى. 1985 - يىلدىن باشلاپ ئۆلگە قىلىنغان ئىنچىبىرىق يېزىسىنىڭ 21 مو ئالمىلىق بېغىدىن 1984 - يىلى 100 كىلوگرامدىن كۆپرەك ئالما ئېلىنغان بولسا، 1985 - يىلى 5.5 توننا، 1986 - يىلى 8 توننا، 1987 - يىلى 22 توننا، 1988 - يىلى 30 توننا ئالما ئېلىندى. ئۆگەن يېزىسى غولئېرىق كەنتىنىڭ 280 مو بېغى 1986 - يىلدىن باشلاپ ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 60 مو ئالمىلىق باغدىن 1985 - يىلى 2 توننا، 1986 - يىلى 17 توننا، 1987 - يىلى 20 توننا، 1988 - يىلى 45 توننا ئالما ئېلىندى.

توقسۇ ناھىيىسىدە تۆۋەن ھوسۇللۇق باغلارنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، ۋىلايەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. توقسۇ ناھىيىسىدە ئېلىنغان مېۋە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجىن ۋە بېيجىڭلارغا ئاپىرىپ سېتىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

## 5. مېۋىلىك دەرەخ بايلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش

مىنگو دەۋرىدە ناھىيىنىڭ مېۋىلىك دەرەخ بايلىقى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ باقمىغان، مېۋىلىك دەرەخ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىشقا توغرا كەلگەندە، مۆلچەرى ھېسابلاپ يۇقىرىغا يوللىناتتى، مەلۇماتلارنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە ئەھۋالىنى ئۆزۈل - كېسىل ئېنىقلاش، مېۋىلىك دەرەخ بايلىقى

ئەھۋالىنى ئىگىلەش يۈزىسىدىن، 1959 ـ يىلى جۇڭگو باغۋەنچىلىك يەن تەتقىقات ئورنى، ئاپتونوم رايون ۋە ناھىيىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى كۈچ ئاجرىتىپ، مېۋىلىك دەرەخ تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەپ، ناھىيىنىڭ مېۋىلىك دەرەخ بايلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، جەمئىي 16 مىڭ 300 مو يەردە مېۋىلىك دەرەخ بارلىقىنى ئېنىقلىدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1959 ـ يىلدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر

جەدۋەل: 12 — 27

| دەرەخ تۈرى | كۆلىمى (مو) | دەرەخ تۈرى | كۆلىمى (مو) |
|---|---|---|---|
| شاپتۇل | 6087 | ئالۇچا | 26 |
| ئۆرۈك | 3416 | گىلاس | 25 |
| ئۈزۈم | 1215 | چىلان | 110 |
| ئالما | 1168 | ئانار | 26 |
| نەشپۈت | 820 | ئەنجۈر | 15 |
| بېھى | 69 | ياڭاق | 2530 |
| قارىئۆرۈك | 826 | جەمئىي | 16333 |

1983 ـ يىل 4 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ـ ئورمانچىلىق ئىدارىسى ۋە ناھىيىلىك يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى، ئورمان پونكىتى، باغۋەنچىلىك مەيدانى ھەم تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن مېۋىلىك دەرەخ بايلىقىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەندى، بىر مۇئاۋىن ھاكىم ئەترەت باشلىقى، يېزا خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولدى، 14 خىزمەتچى ئاجرىتىلدى. بۇ ئەترەت 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىگىچە بولغان 40 كۈن داۋامىدا، ناھىيە بويىچە 6 گۇڭشې، 5 مەيدان، 112 چوڭ ئەترەت، 391 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى مېۋىلىك دەرەخ بايلىقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى نۇقتا بىلەن دائىرىنى بىرلەشتۈرۈش، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش بىلەن نۇقتىلىق تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئالدىنئالا تۈزۈلگەن تەكشۈرۈش جەدۋىلىنى گۇڭشې، مەيدان، چوڭ ئەترەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە تارقىتىپ بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك بوغالتېر ـ ستاتىستىكا خادىملىرى نەق مەيدانغا بېرىپ ساناپ چىققاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە بوغالتېر ـ ستاتىستىكا خادىملىرىنىڭ ئۆز دائىرىسىدىكى مېۋىلىك باغ كۆلىمى، تۈپ سانى ۋە خاراكتېرىنى ستاتىستىكا قىلىپ يوللاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ناھىيىدىكى چوڭراق باغدىن 45 نى تاللىدى. تەكشۈرگۈچىلەر شۇ جايلارغا بېرىپ، سۆھبەتلىشىش، زىيارەت قىلىش، بىۋاسىتە تەكشۈرۈش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن، مېۋىلىك باغلارنىڭ بارلىققا كېلىشى، تەرەققىياتى، ھازىرقى ھالىتى، ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە باغۋەنلەرنىڭ تەلىپى قاتارلىقلارنى ئىگىلىدى، باغلاردىكى بەزى مېۋىلىك دەرەخلەرنى تەپسىلىي كۆزىتىپ ۋە ئۆلچەپ خاتىرە قالدۇردى.

تەكشۈرۈش ئەترىتى گۇڭشېلەر رەتلەپ يۇقىرىغا يوللىغان ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى خۇلاسە ۋە تەھلىل

قىلىپ، جەدۋەل ۋە سىخېمىلار ئارقىلىق توقسۇدىكى مېۋىلىك دەرەخ كۆلىمى، تۈپ سانى، مېۋە سورتلىرىنىڭ ئارقىلىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈردى، مېۋىچىلىكتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئۈنۈمىرسال تەھلىل قىلىپ، ناھىيىدىكى مېۋىلىك باغلارنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىيات يۆنىلىشى توغرىسىدا قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تۆۋەندىكى ئەھۋاللار ئېنىقلاندى، ناھىيە بويىچە مېۋىلىك دەرەخ بار يەر كۆلىمى 29 مىڭ 449 مو، مېۋىلىك دەرەخ 1 مىليون 476 مىڭ تۈپ، تۈرى 14 خىل ئىكەن، مېۋىلىك دەرەخلەر دايۇلتۇز گۇڭشېسىدا ئەڭ كۆپ بولۇپ، ناھىيىدىكى مېۋىلىك دەرەخنىڭ 39.7% نى ئىگىلەيدۇ، شويۇلتۇز گۇڭشېسىدا نەشپۈت ئەڭ كۆپ بولۇپ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي نەشپۈتنىڭ 12.8% نى ئىگىلەيدۇ، پەيشەنبە بازار گۇڭشېسىدا ياڭاق ئەڭ كۆپ بولۇپ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي ياڭاقنىڭ 30.3% نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيىدىكى چوڭ ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىدە مېۋىلىك باغ، ئائىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە مېۋىلىك دەرەخ بار.

تەكشۈرۈشتە ئۆرۈك، شاپتۇل، ئۈزۈم، ياڭاق، نەشپۈتلەرنىڭ ماسلىشىشچانلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، تىكىپ ئۆستۈرۈلۈش ۋاقتىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن، سانىنىڭ ئەڭ كۆپ ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

# قوشۇمچە

## ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش

1983 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم قۇشلارنى ئاسراش ھەپتىلىكى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

1988 - يىلى توقسۇ ناھىيىلىك ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

ناھىيىدىكى ياۋايى ھايۋانلار ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان 1 - دەرىجىلىك ئەتىۋارلىق قۇش قارا لەيلەك بولۇپ، سانى ئىنتايىن چەكلىك. ناھىيە يېزىلىرىدىكى سازلىقلاردا ياشايدۇ، جۈملىدىن يىكەنكۆلدە كۆپرەك. قارا لەيلەك خەۋپ - خەتەرگە ئاسان يولۇقىدىغان قۇشلارنىڭ بىرى، توقسۇ ناھىيىسىدە قوغداش تەدبىرىنىڭ سالمىقى يېتەرلىك بولمىغاچقا، قارا لەيلەكنى ئۆلتۈرۈش، ئوۋلاش ۋەقەلىرى ھەممە جايدا كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. تۇخۇمىنى ئېلىۋېلىش، چۈجىسىنى تۇتۇۋېلىش ۋەقەلىرىمۇ يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. 1987 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى توقسۇدا مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەرگەندە، بەزى قارا لەيلەكلەرنى مۆلدۈر سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. 90 - يىللاردا قارا لەيلەكنىڭ سانى يىلدىن - يىلغا ئازىيىپ كەتتى، قارا لەيلەكلەر ياشايدىغان سازلىقلارنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز تارىيىپ كەتتى.

ناھىيىدىكى چۆل - باياۋانلاردا جەرەن بار، ئوغرىلىقچە ئوۋلاش، قاپقان قۇرۇپ تۇتۇش ۋەقەسى ھەر يىلى يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ناھىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى شالاڭ ئورمانلىقتا بۇغا بار، ئەمما سانى ئىنتايىن ئاز، ھازىر ئۇنى ئۇچرىتىش ئىنتايىن قىيىن.

90 - يىللار كىرگەندىن كېيىن، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش، قوغداشنى تەشۋىق قىلىش، تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر كۈچەيتىلىپ، ناھىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئورمان باشقۇرغۇچىلار ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداشنى ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن ئوخشاش مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ھالدا ئورماننى چارلاپ تەكشۈرگەندە ياۋايى ھايۋانلارنى ئوغرىلىقچە ئوۋلىغانلارغا قارىتا تەنقىد - تەربىيە بېرىش، جەرىمانە قويۇش، ئوغرىلىقچە ئوۋ - ئوۋلاش سايمانلىرىنى، ئوۋلىرىنى مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق چارىلەرنى قوللاندى. بۇ تەدبىرلەر بىلەن ياۋايى ھايۋانلار مۇئەييەن دەرىجىدە قوغدالدى، ئەمما نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن يەنىلا ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ.

# III باب

# قوشۇمچە كەسىپ

## 1 § . پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك

### 1. ئۈجمە ئۆستۈرۈش

توقسۇ دېھقانلىرىنىڭ ئەزەلدىن ئۈجمە ئۆستۈرۈش ئادىتى بار. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ناھىيىدە 281 مىڭ تۈپ ئۈجمە بار بولۇپ، ھەممىسى ئۇيەر - بۇيەرگە تىكىلگەن، دېھقانلار كۆپىنچە ئېرىق - ئۆستەڭ، يول، كەنت، ئۆي ئەتراپىغا ئۈجمە قويىدۇ، مېۋىسىنى ئىستېمال قىلىدۇ، يوپۇرمىقى بىلەن پىلە باقىدۇ. 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈجمە ناھىيە بويىچە 43 مىڭ تۈپ قالدى، ئۇلارنىڭ %90 تىن كۆپرەكى ئاق ئۈجمە. 1960 - يىلى ئىچكىرىق گۇڭشېسىدا بىرمۇ ئۈجمىلىك بەرپا قىلىنىپ، جېجياڭ، خېبېي، شەندۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلەردىن كەلتۈرۈلگەن ئات باغرى ئۈجمىسى، ئاناناس ئۈجمىسى، شەندۇڭ ئۈجمىسى قاتارلىق سورتلار ئۆلاندى. 1964 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ھەممە ئەترەتلەردە بىر مودىن ئۈجمە بەرپا قىلىش، ھەممە ئادەم 2 تۈپتىن ئۈجمە تىكىش» چاقىرىقىنى ھەمدە «ئۈجمىنى دائىرىلەر بويىچە ئۆستۈرۈش بىلەن ئېتىز بويلىرىدا ئۆستۈرۈشنى، كوللېكتىپ ئۆستۈرۈش بىلەن شەخسلەر ئۆستۈرۈشىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى دائىرىلەر بويىچە 272 مو يەرگە، پارچە - پۇرات 133 مىڭ 257 تۈپ ئۈجمە قويۇلدى، 121 مو يەردە ئۈجمە كۆچىتى يېتىشتۈرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا، ئۈجمىلەر كېسىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەنلىكتىن، ئۈجمە 8560 تۈپكە چۈشۈپ قالدى. نەتىجىدە پىلىچىلىك ئاساسى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

1973 - يىلى جېجياڭ ئۆلكىسىدىن قويۇق تىكىلىدىغان پاكار غوللۇق ئۈجمە كەلتۈرۈلۈپ، بىر مو يەرگە سىناق تەرىقىسىدە تىكىلدى. 1981 - يىلى ناھىيىدە ئۈجمىچىلىككە بولغان باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، «ھەممە ئەترەتتە 5 مو يەرگە ئۈجمە بەرپا قىلىش، ھەممە ئادەم 3 تۈپتىن ئۈجمە قويۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتى ۋە پەن - تېخنىكىغا تايىنىلىپ، دائىرىلىك ئۈجمە كۆلىمى 682 موغا، جۈملىدىن قويۇق تىكىلىدىغان پاكار غوللۇق ئۈجمە كۆلىمى 371 موغا، ناھىيە بويىچە ئۈجمە 454 مىڭ 600 تۈپكە يەتكۈزۈلدى، نەتىجىدە ناھىيە ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ «پەن - تېخنىكا نەتىجە مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. دائىرىلىك ئۈجمىنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسى ھەر مو يەردە 330 — 1330 تۈپكە كۆپەيتىلدى، دەرەخ تېپى ئوتتۇرا غوللۇقتىن پاكار غوللۇققا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىدە ئۈجمىزارلىققا باشقا زىرائەتلەرنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ۋە چاتاش تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، ھەر تۈپنىڭ يوپۇرماق مىقدارى 350 — 650 كىلوگىرامغا كۆپەيتىلدى.

1983 - يىلدىن كېيىن، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كوللېكتىپ باشقۇرۇش شەخسلەر باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى، ئەسلىدىكى ئۈجمىزارلىقلار يول بويى ۋە ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىغا يۆتكەلدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈجمىزارلىق 272 موغا يەتتى، پارچە - پۇرات ئۈجمىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىغا يۆتكەپ بولۇندى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئۈجمىزارلىق 1304 موغا، ئۈجمە 757 مىڭ 100 تۈپكە يەتتى.

## 2. پىلىچىلىك

توقسۇ ناھىيىسىدىكى دېھقانلار 19 - ئەسىردىلا ئاز مىقداردا پىلە باقىقان. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) خوتەن يىپەك زاۋۇتىدىن 50 قۇتا يەرلىك پىلە ئۇرۇقى كەلتۈرۈلدى، لېكىن مەھسۇلاتى تۆۋەن بولدى. دېھقانلار يىپەك چىقىرىپ يىپ ئىگىرىش، كەشتە، دوپپا تىكىش ئۈچۈنلا پىلە باقتى.

1957 - يىلى تۇنجى قېتىم جىياڭسۇدىن 1500 قۇتا ئەلا سورتلۇق پىلە ئۇرۇقى كەلتۈرۈلۈپ، شۇ يىلى 21.72 توننا پىلە غوزىسى ئېلىنىدى، بىرلىك مەھسۇلاتى 14.5 كىلوگرام بولدى. 1959 - يىلى ھۆكۈمەت پىلە غوزىسىنى ئاشلىق بىلەن پاختىنىڭ سېلىشتۇرما باھاسى بويىچە سېتىۋېلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، زاكالەت پۇلى تارقىتىپ، دېھقانلارغا ئەمەلىي نەپ يەتكۈزۈپ، پىلىچىلىكنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 5230 قۇتا پىلە بېقىلىپ، 43.7 توننا غوزا ئېلىندى. 1960 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ تەسىرى بىلەن، ئۈجمە چىقىرىپ تاشلىنىپ، ئورنىغا ئاشلىق تېرىلدى، پىلە ئۇرۇقى تارقىتىش مىقدارى ئازايتىلدى، نەتىجىدە ھەر قۇتىسىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 3 — 4 كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى. 1964 - يىلى ھۆكۈمەت پىلىچىلىكتە مۇكاپاتلاش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، پاختا ۋە خىمىيىۋى ئوغۇتنى مۇكاپات ئورنىدا سېتىپ بېرىپ، قوشۇمچە كەسپ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 1451 قۇتا پىلە ئۇرۇقى تارقىتىلدى، بىرلىك مەھسۇلاتى 19.5 كىلوگرامغا يەتتى. 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىلمىي ئۇسۇلدا پىلە بېقىش كېڭەيتىلىپ، پىلە قۇرتىنى تېمپېراتۇرىنى ئۆرلىتىپ بېقىش، يېتىلگەن قۇرتلارنى تويۇندۇرۇپ بېقىش، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ بېقىش ۋە كاڭلىق ئۆيدە بېقىش ئارقىلىق، بىرلىك مەھسۇلاتى ئۆستۈرۈلدى. 1972 - يىلى 1350 قۇتا پىلە ئۇرۇقى تارقىتىلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 21.5 كىلوگرامغا يەتكۈزۈلدى.

1979 - يىلى ئاپتونوم رايون توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئۈجمە بايلىقىغا ئاساسەن، توقسۇنى پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك ناھىيىلىرىنىڭ بىرى قىلىپ، 100 مىڭ يۈەن پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك تەرەققىيات فوندى چۈشۈرۈپ بەردى، بۇ پۇل بىلەن 5 بېقىش ئۆيى سېلىندى، 25 مىڭ تۈپ ئۈجمە تىكىلىپ، 620 مو يەردە ئۈجمە كۆچىتى يېتىشتۈرۈلۈپ، پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى.

1980 - يىلدىن كېيىن، ناھىيىدە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ پىلە بېقىش، پىلە قۇرتلىرىنى تېمپېراتۇرىنى ئۆرلىتىپ، ئەملىكنى تولۇقلاپ بېقىش، يېتىلگەن قۇرتلارنى يۇمران يوپۇرماق بىلەن بېقىش قاتارلىق تېخنىكىلار زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلدى. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىلە غوزىسىنىڭ باھاسى تۆۋەنرەك بولدى، شۇڭا ناھىيىنىڭ پىلىچىلىكى بىر ئىزدا توختاپ قالدى. 90 - يىللاردىن كېيىنلا، ئاستا - ئاستا يۈكسەلدى. 1992 - يىلى 51 توننا غوزا ئېلىنىپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 459 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلۈپ، تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

## 3. پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك پەن - تېخنىكا تەجرىبىسى

1967 - يىلى دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك پەن - تېخنىكا خادىملىرى قورت مەزگىلىدە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ بېقىشنى سېلىشتۇرۇپ تەجرىبە قىلدى. تەجرىبە نەتىجىسىدىن ئۈجمە

يوپۇرمىقىنى يۇمران ساقلىغاندا پىلە قۇرتى ياخشى يەپ، تويۇنۇپ، ساغلاملىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقى ھەمدە يوپۇرماق سېلىپ بېرىش قېتىم سانىنى ئازايتىپ، ئەمگەك كۈچىنى تېجىگىلى بولىدىغانلىقى؛ يوپۇق ئىچىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنىڭ 2℃ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. ئەتىيازدا ھاۋاسى سالقىن، قۇرغاق بولىدىغان توقسۇ ناھىيىسىدە بۇ تېخنىكىنى كېڭەيتكەندە، بىرلىك مەھسۇلاتنى 7% — 10% ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

1975 - يىلى ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى توقسۇ ناھىيىسىگە پىلىچىلىكتە ھاشاراتنىڭ لىچىنكىسىنى ئاسراش ھورمۇنىنى ئىشلىتىپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنى تەجرىبە - تەتقىق قىلىش تۈرىنى چۈشۈرۈپ بەردى ۋە تەجرىبە قىلىشقا 50 قۇتا پىلە ئۇرۇقى بەردى. شويۇلتۇز گۈڭشېسىنىڭ گۈمباز چولڭ ئەترىتى، تاشئېرىق گۈڭشېسىنىڭ كونا بوز چولڭ ئەترىتى، دايۇلتۇز گۈڭشېسىنىڭ چىلان چولڭ ئەترىتى تەجرىبە نۇقتىسى قىلىندى، ئۇدا 3 يىل نۇقتىدا تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1976 - يىلى بۇ تېخنىكا ناھىيە بويىچە كېڭەيتىلىپ، 304 قۇتا پىلە قۇرتىغا I 738 ۋە I 734 دورىلىرى پۈركۈلۈپ، بىرقەدەر ياخشى نەتىجە ھاسىل قىلىندى. ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى بۇ نەتىجىنى ۋىلايەت بويىچە كېڭەيتىپ ئومۇملاشتۇردى.

**توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1957 — 1995 - يىلغىچە بولغان پىلىچىلىك ئەھۋالى**

جەدۋەل: 12 — 28 بىرلىكى: توننا

| يىللار | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (توننا) | يىللار | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (توننا) | يىللار | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (توننا) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 21.72 | 1970 | 28 | 1983 | 26 |
| 1958 | 7.10 | 1971 | 23 | 1984 | 3.7 |
| 1959 | 43.7 | 1972 | 28.75 | 1985 | 18.7 |
| 1960 | 33 | 1973 | 21.88 | 1986 | 18.4 |
| 1961 | 11.3 | 1974 | 29.4 | 1987 | 28.8 |
| 1962 | 28.2 | 1975 | 14.95 | 1988 | 27.6 |
| 1963 | 19.4 | 1976 | 2.31 | 1989 | 25 |
| 1964 | 28.3 | 1977 | 17.5 | 1990 | 30 |
| 1965 | 27.3 | 1978 | 24 | 1991 | 46 |
| 1966 | 0.2 | 1979 | 26 | 1992 | 51 |
| 1967 | 20.35 | 1980 | 33 | 1993 | 40 |
| 1968 | 27.15 | 1981 | 22 | 1994 | 45 |
| 1969 | 21.1 | 1982 | 30 | 1995 | 38 |

## 4. پىلىچىلەرنى تەربىيىلەش

60 ـ يىللاردا ناھىيە بويىچە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان 8 پىلىچىلىك تېخنىكى تەربىيىلەندى. بۇ دېھقان تېخنىكلار ناھىيىنىڭ پىلىچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم تۆھپە قوشتى.
70 ـ يىللاردا ھەردەرىجىلىك ئايال مۇدىرلار ئاساس قىلىنغان ھالدا پىلىچىلىك تېخنىكلىرى تەربىيىلەندى. ئۇلار ھەم پىلىچىلىككە رەھبەرلىك قىلدى، ھەم پىلىچىلىككە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى. ناھىيىدىكى 96 چوڭ ئەترەتنىڭ ھەممىسىدە پىلىچىلىك تېخنىكلىرى بولۇپ، ھەر يىلى پىلە ئۇرۇقى تارقىتىلىشتىن ئىلگىرى بىر قېتىم تەربىيىلىنىپ تۇردى.

## § 2. ھەسەل ھەرىسى بېقىش

توقسۇ ناھىيىسىدە ھەسەل ھەرىسى بېقىش تارىخى بىرقەدەر قىسقا. 1964 ـ يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى شايار ناھىيىسىدىن 20 ساندۇق ئىتالىيە ھەسەل ھەرىسى كەلتۈردى. 1965 ـ يىلى ھەسەل ھەرىسى كۆپىيىپ 40 ساندۇققا يەتتى، 300 كىلوگرام ھەسەل ئېلىندى. 1967 ـ يىلى 150 ساندۇققا يېتىپ، 1200 كىلوگرام ھەسەل ئېلىندى. 1967 ـ يىلدىن كېيىن، ھەسەل ھەرىسى يىلدىن ـ يىلغا ئازلاپ كەتتى، 1976 ـ يىلى 62 ساندۇقلا قالدى، 1977 ـ يىلى 36 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى زەھەرلىنىپ ئۆلدى.
1980 ـ يىلى ھەسەل ھەرىسى باقىدىغان يەككە تىجارەتچىلەر بارلىققا كېلىپ، ھەسەل ھەرىسى بېقىش كەسپى يىلدىن ـ يىلغا تەرەققىي قىلدى، 1982 ـ يىلى 5.6 توننا ھەسەل ئېلىندى. 1983 ـ يىلدىن كېيىن، ھەسەل ھەرىسىنى شەخسلەرنىڭ بېقىشى ئاساس قىلىنغاچقا، مەھسۇلاتى مۇقىم بولمىدى. 1985 ـ يىلى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 23.6 توننىغا يەتتى. 1993 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 200 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى بېقىلىپ، 2 توننا ھەسەل ئېلىندى، مەھسۇلات قىممىتى 8400 يۈەن بولدى.

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى ھەسەل مەھسۇلاتى ۋە مەھسۇلات قىممىتى**

جەدۋەل: 12 — 29

| يىللار | يىللىق مەھسۇلاتى (توننا) | يىللىق مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|
| 1978 | 0.4 | 0.16 | |
| 1982 | 5.6 | 2.24 | |
| 1983 | 0.3 | 0.12 | |
| 1984 | 4.5 | 1.8 | |
| 1985 | 23.6 | 9.44 | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1986 | 0.7 | 0.29 | |
| 1987 | 0.5 | 0.21 | |
| 1988 | 0.5 | 0.21 | 100 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى بېقىلغان |
| 1989 | 2 | 0.84 | 180 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى بېقىلغان |
| 1990 | 1 | 0.42 | |
| 1991 | 3 | 1.26 | 307 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى بېقىلغان |
| 1992 | 3 | 1.26 | 310 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى بېقىلغان |
| 1993 | 2 | 0.84 | 200 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى بېقىلغان |
| 1994 | 2 | 0.84 | |

## 3 § . ئۆي قۇشلىرى بېقىش

### 1. توخۇ بېقىش

توقسۇ ناھىيىسىدە توخۇ بېقىش ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئائىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمى قوشۇمچە كەسىپ سۈپىتىدە توخۇ باقىدۇ، ئادەتتە بىر ئەچچىنى ياكى ئەچچە 10نى باقىدۇ. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە 31 مىڭ توخۇ بېقىلغان، ئۇلار ئىچىدە يەرلىك توخۇ ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 1 — 2 كىلوگرام كېلەتتى. 70 ـ يىللاردىن باشلاپ يىلدىن ـ يىلغا باشقا جايلارنىڭ توخۇ نەسلى، مەسىلەن: پىلوتروك توخۇسى، سېرىق گۆش توخۇسى قاتارلىقلار كەلتۈرۈلدى. 1988 ـ يىلى ناھىيىلىك يەن ـ تېخنىكا كومىتېتى ئاقسۇ ۋە كۇچادىن ئەلا نەسىللىك تۇخۇم كەلتۈرۈپ، 2500 چۈجە چىقىرىپ، توخۇ بېقىش كەسپى ئائىلىلىرىگە سېتىپ بەردى. 1993 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 560 مىڭ توخۇ، 810 توننا تۇخۇم ئېلىندى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 684 مىڭ يۈەن (1993 ـ يىلدىكى باھا بويىچە ھېسابلاندى) بولدى.

### 2. ئۆردەك بېقىش

ناھىيىنىڭ ھەممە يېزىلىرىدا ئۆردەك باقىدىغان ئائىلىلەر بولۇپ، سانى ئاز، ئىچچېرىق يېزىسىنىڭ تىگىن كەنتى ئەتراپىدا كۆپرەك.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1988 — 1995 ـ يىلغىچە بولغان ئۆي قوشلىرى گۆشى، تۇخۇم مەھسۇلاتى

جەدۋەل: 12 — 30

| يىللار | ئۆي قوشلىرى گۆشى | | تۇخۇم | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|
| | مەھسۇلاتى (توننا) | مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | مەھسۇلاتى (توننا) | مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | |
| 1988 | 87 | | 487 | | ئۆي قوشلىرى 222 مىڭ |
| 1989 | 67 | 273.34 | 383 | | ئۆي قوشلىرى 175 مىڭ |
| 1990 | 54 | 390.08 | 775 | 310 | |
| 1991 | 114 | 521.89 | 836 | 376.20 | ئۆي قوشلىرى 292 مىڭ 600 |
| 1992 | 114 | 507.68 | 808 | 366.83 | ئۆي قوشلىرى 252 مىڭ 800 |
| 1993 | 56 | 550 | 810 | 518.4 | ئۆي قوشلىرى 247 مىڭ |
| 1994 | 151 | 181 | 812 | 730 | |
| 1995 | 143 | 172 | 850 | 808 | |

## § 4 . بېلىقچىلىق

توقسۇ ناھىيىسىدە سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ماس كېلىدىغان 3 سۇ ئامبىرى، 13 مىڭ 500 مو باقمىچىلىق قىلىشقا بولىدىغان سۇ يۈزى بولۇپ، پايدىلىنىلغىنى 8550 مو، 14 جايدا تەبىئىي كۆل، سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ماس كېلىدىغان 8400 مو سۇ يۈزى بار.

سۇ مەھسۇلاتلىرى باقمىچىلىقىنىڭ باشلىنىشى كېيىن، تېخنىكا كۈچى ئاجىز، باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، باقمىچىلىقتا سۇ يۈزىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئاران %30 ئەتراپىدا ئىدى.

1975 ـ يىلى ۋىلايەتلىك سۇچىلىق باشقارمىسى ئىچكى ئۆلكىلەردىن 300 مىڭ بېلىق بېلىق كەلتۈرۈپ، «1 ـ ماي» سۇ ئامبىرىغا سالدى ھەمدە 30 مولۇق سورتلۇق بېلىق بېقىش كۆلچىكى ياسىدى. 1978 ـ يىلى يەنە تاشئېرىق سۇ ئامبىرى ۋە ئۆگەن سۇ ئامبىرىغا 2 مىليون 500 بېلىقچان سالدى، «1 ـ ماي» سۇ ئامبىرى ۋە تاشئېرىق سۇ ئامبىرىدا كىچىك بېلىقچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇپ، 80 مىڭ كارپ بېلىقىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا كۆپەيتتى. 1977 ـ يىلى «1 ـ ماي» سۇ ئامبىرى بېلىقچىلىق مەيدانىدا ھالقىسمان تۇخۇم سېلىش يولى ياساپ، 1 مىليون 200 مىڭ بېلىقچان ئالدى. 1978 ـ يىلى ئاقسۇ، جياڭسۇ قاتارلىق جايلاردىن كەينى ـ كەينىدىن زاغرا بېلىق، يوغانباش بېلىق، ئاق لاقىا بېلىق، تومباش بېلىق (ۋۇچاڭ بېلىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق

ئەلا سورتلۇق تاتلىق سۇ بېلىقلىرىنى كەلتۈردى. 1980 - يىلى بېلىقلارنى شالغۇتلاشتۇرۇش تەجرىبىسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، شۇ يىلى 450 مىڭ كارىپ بېلىقىنى چولڭ قىلىپ، قېرىنداش ناھىيىلەرگە ئاپىرىپ ساتتى. 1990 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇ مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى ۋە ۋىلايەت، ناھىيىدىكى ھەردەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ناھىيە بازىرى ئەتراپى بېلىقچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى، بۇ مەيداننىڭ ئورنى 350 مو كېلىدۇ، 8 بېلىق كۆلچىكى (ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 132 مو) ياسالدى، بۇلارغا جەمئىي 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، يىلىغا 40 توننا بېلىق ئېلىندى.

1993 - يىلى ناھىيە بويىچە 80 توننا بېلىق ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە زاغرا بېلىق 51 توننا، كارىپ بېلىقى 16 توننا، لاققا بېلىق 13 توننا، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 379 مىڭ 200 يۈەن؛ باقمىچىلىق كۆلىمى 16 مىڭ 300 مو، بۇنىڭدىن دۆلەت ئىلكىدىكىسى 10 مىڭ 200 مو. بېلىقچىلىق كەسپى (قوشۇمچە) بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 25، ئادەم 75.

**1976 — 1995 - يىلغىچە توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئېلىنغان بېلىق**

جەدۋەل: 12 — 31

| يىللار | يېتىلىش سانى (تۈمەن) | ئېلىنغىنى (توننا) | مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|
| 1976 | 11 | | | |
| 1977 | 14 | 1 | | |
| 1978 | 8 | | | |
| 1979 | 120 | 2 | | |
| 1980 | 45 | 1.6 | | |
| 1981 | 6 | 2.5 | | |
| 1982 | 30 | 5 | | |
| 1983 | 20 | 2 | | |
| 1984 | 50 | 1.5 | | |
| 1985 | 110 | 2 | | |
| 1986 | 250 | 24 | 4.15 | |
| 1987 | 450 | 26 | 5.18 | |
| 1988 | 560 | 28 | 11.29 | بېلىق بېقىلىدىغان سۇ يۈزى 2500 مو |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1989 | | 23 | 10.59 | يىلىق يېقىلىدىغان سۇ يۈزى 1589 مو |
| 1990 | | 55 | 16.89 | |
| 1991 | 520 | 70 | 27.06 | |
| 1992 | | 84 | 38.80 | |
| 1993 | | 80 | 37.92 | |
| 1994 | | 95 | 64 | |
| 1995 | | 100 | 125.5 | |

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ 1956 — 1993 - يىلغىچە بولغان قوشۇمچە كەسىپ كىرىمى

جەدۋەل: 12 — 32

| يىللار | ئەمگەك كۈچى | قوشۇمچە كەسىپ كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | ھەربىر ئەمگەك كۈچىگە توغرا كەلگەن كىرىم (يۈەن) | قوشۇمچە كەسىپ كىرىمىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 26494 | 9.8 | 3.7 | | |
| 1957 | 27551 | 20.1 | 7.3 | 7.3 | |
| 1958 | 28654 | 26.5 | 9.2 | 6.2 | |
| 1959 | 28901 | 20 | 6.9 | 3.4 | |
| 1960 | 23454 | 41.5 | 17.7 | 11.1 | |
| 1961 | 27906 | 55.1 | 19.7 | 9.9 | |
| 1962 | 26325 | 32.7 | 12.4 | 5.8 | |
| 1963 | 27336 | 24.5 | 9 | 4.6 | |
| 1964 | 28568 | 30.3 | 10.6 | 4.5 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1965 | 27254 | 25.1 | 9.2 | 3.1 | |
| 1966 | 28074 | 28.1 | 10 | 2.6 | |
| 1967 | 29388 | 33.5 | 11.4 | 3.4 | |
| 1968 | 31593 | 35.9 | 11.4 | 4.3 | |
| 1969 | 32988 | 36.2 | 11 | 4.2 | |
| 1970 | 33338 | 31.3 | 9.4 | 3.3 | |
| 1971 | 34051 | 29.3 | 8.6 | 3.5 | |
| 1972 | 34487 | 36.3 | 10.5 | 4 | |
| 1973 | 34402 | 36.3 | 10.6 | 3.6 | |
| 1974 | 34167 | 38.8 | 11.4 | 3.7 | |
| 1975 | 35275 | 27.7 | 7.9 | 3.4 | |
| 1976 | 36381 | 36.3 | 10 | 3.8 | |
| 1977 | 36794 | 32.7 | 8.9 | 3 | |
| 1978 | 35801 | 39.4 | 11 | 3.2 | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 703 مىڭ 400 يۈەن |
| 1979 | 35597 | 49.1 | 13.8 | 3.5 | |
| 1980 | 35285 | 46.9 | 13.3 | 3.2 | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 181 مىڭ 500 يۈەن |
| 1981 | 35804 | 37.6 | 10.5 | 2.7 | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون181 مىڭ 500 يۈەن |
| 1982 | 34835 | 28.5 | 8.18 | 1.7 | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 157 مىڭ يۈەن |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | 36525 | 62.3 | 17 | 2.7 | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 909 مىڭ يۈەن |
| 1984 | 36572 | 104.3 | 28.5 | 3.8 | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 3مىليون 965 مىڭ 400 يۈەن |
| 1985 | 36713 | 207.4 | 56.5 | 4.9 | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 2مىليون 276 مىڭ 200 يۈەن |
| 1986 | 32722 | 183.2 | 56 | 3.8 | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 3مىليون 169 مىڭ 900 يۈەن |
| 1987 | 34716 | 134.6 | 38.8 | 2.9 | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 729 مىڭ 500 يۈەن |
| 1988 | 35680 | 116.8 | 32.7 | 2.2 | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 685 مىڭ 500 يۈەن |
| 1989 | 35916 | 121.6 | 33.9 | 2 | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 956 مىڭ 600 يۈەن |
| 1990 | 36528 | 102.7 | 28.1 | 1.2 | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 585 مىڭ 300 يۈەن |
| 1991 | 37170 | 116.3 | 31.3 | 1.2 | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 47 مىڭ 400 يۈەن |
| 1992 | 37180 | 160.8 | 43.2 | 1.6 | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 5300 يۈەن |
| 1993 | 37186 | 130.8 | 35.1 | 1.1 | قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتى 11 مىليون 431 مىڭ 600 يۈەن |

ئىزاھات: 1991 ـ يىلدىن باشلاپ قوشۇمچە كەسىپ كىرىمى يېزا، بازار كارخانىلىرى كىرىمىگە قوشۇۋېتىلدى.

# 5 § . كۆكتاتچىلىق، قوغۇن - تاۋۇزچىلىق

## 1. كۆكتاتچىلىق

توقسۇ ناھىيىسىدە تېرىلىدىغان كۆكتاتلارنىڭ ئاساسلىقلىرى ئۆرۈپ، شوخلا، قاتكۆك، مۇچ، پەمىدۇر، سەي پۇرچىقى، كۆزلۈك يېسىۋىلەك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى دېھقانلار كۆپىنچە ئۆينىڭ ئالدى - كەينىدە ئازراق تېرىپ، ئۆزلىرى ئىستېمال قىلاتتى.

1958 - يىلدىن كېيىن، پەيدىنپەي كۆپلەپ تېرىلىدىغان بولدى. 1982 - يىلدىن كېيىن، كۆكتات تېرىشنى ئاساس، باشقا كەسىپلەرنى قوشۇمچە قىلىدىغان كۆكتاتچىلار بارلىققا كەلدى. 1993 - يىلى ناھىيە بويىچە 5600 مو كۆكتات تېرىلىپ، 6660 توننا كۆكتات ئېلىندى. مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 862 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

## 2. قوغۇن - تاۋۇزچىلىق

توقسۇ ناھىيىسىدە قوغۇن - تاۋۇز تېرىش ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، يەرلىك سورتلار ئاساس قىلىناتتى، كەلتۈرۈلگەن سورتلار ئاز ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ناھىيە بويىچە يىلىغا تەخمىنەن 2000 مو قوغۇن - تاۋۇز تېرىلىپ، 750 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. 1985 - يىلى ئەڭ كۆپ تېرىلغان يىل بولۇپ، 7300 مو قوغۇن - تاۋۇز تېرىلىپ، 6910 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى. 1993 - يىلى 6300 توننا قوغۇن - تاۋۇز ئېلىندى، مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولدى.

### 1) قوغۇن سورتلىرى

**ئەنجان كۆكچىسى** ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 4.3 كىلوگرام، سوقىچاق ياكى ئۇزۇنچاق ئېللىپىس شەكىلدە بولىدۇ. شاپىقى سېرىق بولۇپ، ئۈستىدە كۆك يول ياكى ئالا بالداق بولىدۇ، قويۇق تورلىشىدۇ. ئېتىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 4.2 سانتىمېتىر بولۇپ، ئېتىنىڭ رەڭگى ئاق، يۇمشاق، سۇلۇق، پۇراقلىق بولىدۇ، تالاسى كۆپ.

**كۆك ۋىر** ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 6.3 كىلوگرام بولۇپ، ئېللىپىس شەكىللىك ياكى سوقىچاق بولىدۇ. شاپىقى توق سېرىق بولۇپ، ئۈستىدە قارامتۇل يېشىل يوللار بولىدۇ، قويۇق تورلىشىدۇ. ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 4.3 سانتىمېتىر بولىدۇ، ئېتى قىزغۇچ سېرىق، يېرىك، چۈرۈك بولىدۇ.

**قارا كۆسەي** ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 5.6 كىلوگرام، ئېللىپىس شەكىللىك بولىدۇ، شاپىقى ئاچ يېشىل بولۇپ، يېشىل داغ بار. چوڭ - چوڭ قويۇق تورلىشىدۇ، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 4.5 سانتىمېتىر، قىزغۇچ سېرىق، چۈرۈك، سۇلۇق، تالاسى ئاز بولىدۇ.

### 2) تاۋۇز سورتلىرى

**پىياز كۆكى** ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 7 كىلوگرام، يۇمىلاق، شاپىقى يېشىل بولۇپ، 10 نەچچە توق يېشىل، ئىنچىكە يولى بولىدۇ، ئېتى قىزىل، يۇمشاق، تاتلىق، سۇلۇق كېلىدۇ.

مىلى    ئوتتۇرىچە ئېغىرلىقى 5 كىلوگرام، شاپىقى يېشىل بولۇپ، 10 نەچچە قارامتۇل، يېشىل كەلەك يولى بولىدۇ، ئېتى قىپقىزىل، چۈرۈك، تاتلىق بولىدۇ. قەنت تەركىبى %9 — %12 كە يېتىدۇ. بۇ سورت سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئازراق تېرىلىدۇ. باشقا سورتلار بىلەن ئارىلىشىپ ساپلىقىنى ساقلىيالمىدى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1949 — 1996 - يىلغىچە بولغان قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات تېرىلغۇ كۆلىمى، مەھسۇلات مىقدارى

جەدۋەل: 12 — 33

| تۈرى / يىللار | كۆكتات | | قوغۇن - تاۋۇز | |
|---|---|---|---|---|
| | تېرىلغۇ كۆلىمى (تۈمەن مو) | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (توننا) | تېرىلغۇ كۆلىمى (تۈمەن مو) | ئومۇمىي مەھسۇلاتى (توننا) |
| 1949 | 0.12 | 362.5 | 0.20 | 750 |
| 1950 | 0.13 | 417 | 0.21 | 889 |
| 1951 | 0.18 | 630 | 0.52 | 2344.5 |
| 1952 | 0.55 | 2305 | 0.64 | 3186.5 |
| 1953 | 0.40 | 1668.5 | 0.85 | 1773.5 |
| 1954 | 0.23 | 872.5 | 0.42 | 2330 |
| 1955 | 0.88 | 2441.5 | 0.65 | 2936 |
| 1956 | 0.60 | 2174.5 | 0.65 | 2912.5 |
| 1957 | 0.71 | 1008 | 0.36 | 2900.5 |
| 1958 | 0.90 | 3627 | 0.32 | 2778 |
| 1959 | 1.76 | 7717 | 0.43 | 1640.5 |
| 1960 | 2.11 | 4454.5 | 0.52 | 2483.5 |
| 1961 | 1.77 | 5278 | 0.54 | 1666.5 |
| 1962 | 0.97 | 3076 | 0.43 | 1691 |
| 1963 | 0.95 | 2241.5 | 0.42 | 1160 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1600 | 0.33 | 2299.5 | 0.59 | 1964 |
| 1702 | 0.33 | 2160.5 | 0.60 | 1965 |
| 1687 | 0.32 | 2258 | 0.58 | 1966 |
| 1937 | 0.40 | 1946.5 | 0.46 | 1967 |
| 1690 | 0.40 | 1860.5 | 0.36 | 1968 |
| 1710.5 | 0.50 | 1951 | 0.48 | 1969 |
| 3021.5 | 0.52 | 6916.5 | 0.49 | 1970 |
| 1676.5 | 0.49 | 1709.5 | 0.48 | 1971 |
| 2753 | 0.51 | 1886.5 | 0.57 | 1972 |
| 3320 | 0.41 | 1988.5 | 0.36 | 1973 |
| 1150 | 0.42 | 1625 | 0.67 | 1974 |
| 995 | 0.35 | 1705 | 0.46 | 1975 |
| 870 | 0.40 | 1523.5 | 0.45 | 1976 |
| 723.5 | 0.46 | 4126.5 | 0.57 | 1977 |
| 1375.5 | 0.54 | 1263 | 0.67 | 1978 |
| 3113.5 | 0.48 | 1361.5 | 0.44 | 1979 |
| 1989 | 0.51 | 1059 | 0.24 | 1980 |
| 2687 | 0.64 | 1198 | 0.45 | 1981 |
| 1534.5 | 0.24 | 2515.5 | 0.33 | 1982 |
| 3768.5 | 0.35 | 2899 | 0.40 | 1983 |
| 2589.5 | 0.25 | 3976.5 | 0.55 | 1984 |
| 6914.5 | 0.73 | 6901 | 0.90 | 1985 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1986 | 0.80 | 6159.5 | 0.57 | 5639 |
| 1987 | 0.96 | 4267 | 0.32 | 2727 |
| 1988 | 0.45 | 3230 | 0.29 | 2461 |
| 1989 | 0.66 | 7853 | 0.29 | 2225 |
| 1990 | 0.40 | 3672 | 0.28 | 2610 |
| 1991 | 0.42 | 3056 | 0.33 | 3076 |
| 1992 | 0.50 | 4478 | 0.50 | 4493 |
| 1993 | 0.56 | 6660 | 0.63 | 6300 |
| 1994 | 0.35 | 2668 | 0.45 | 4800 |
| 1995 | 0.29 | 3266 | 0.44 | 2367 |

## ئون ئۈچىنچى قىسىم

# سۇچىلىق، سۇ ئېلېكترى



# ئون ئۈچىنچى قىسىم

# سۇچىلىق، سۇ ئېلېكترى

## I باب

## سۇچىلىق

### 1 § . ئاپپاراتلار

مىنگو دەۋرىدە ھۆكۈمەتتە سۇچىلىق ئاپپاراتى يوق بولۇپ، ناھىيىدە بىر باش مىراپ، يېزا، كەنتلەردە بىر نەچچە يېزا ۋە كەنت مىراپى قويۇلغانىدى. مىراپلىقنى ئادەتتە جەمئىيەتتىكى ئابرويلوق كىشىلەر ئۈستىگە ئالاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە سۇچىلىق قۇرۇلۇش بۆلۈمىگە ئايرىپ بېرىلدى، ئەمما مىنگو دەۋرىدە تەسىس قىلىنغان ناھىيە مىراپى، يېزا مىراپى، كەنت مىراپى تۈزۈمى قاتارلىق باشقۇرۇش تۈزۈملىرى يەنىلا ساقلاپ قېلىندى. مىراپلارنى ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە ئامما سايلام ئارقىلىق سايلايتتى، ناھىيە بويىچە تەخمىنەن 200 مىراپ بار ئىدى.

1954 - يىلىنىڭ بېشىدا سۇچىلىق تەشكىلاتلىرى تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە 6 ناھىيە مىراپى، 8 رايون مىراپى، 29 يېزا مىراپى قويۇلدى. ھەر دەرىجىلىك مىراپلارنىڭ ئىش ھەققىنى جايلار ھەرمو يەر ئۈچۈن سۇ ھەققى ئورنىدا ئاشلىق قوشۇپ ئېلىش ئارقىلىق ئۆزى غەملىدى. شۇ يىلى جەمئىي 225 مىڭ كىلوگرام سۇ ھەققى ئاشلىقى ئېلىندى، بۇ پۇل (يېڭى خەلق پۇلى) ھېسابىدا 41 مىڭ 500 يۈەن بولدى.

ناھىيە مىراپلىرىغا بۆلۈم ئەزاسى قاتارىدا، رايون مىراپلىرىغا رايون باشلىقى ياردەمچىسى قاتارىدا، يېزا مىراپلىرىغا يېزا كادىرى قاتارىدا تەمىنات بېرىلدى.

#### 1 . قۇرۇلۇش بۆلۈمى

بۇ بۆلۈم 1950 - يىلى 3 - ئايدا قۇرۇلدى، ئۇ، ئاساسلىقى، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق،

سۇچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇردى.

## 2. سۇچىلىق بۆلۈمى

1953 ـ يىلىنىڭ بېشىدا سۇچىلىق بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا كەينى ـ كەينىدىن 7 خادىم سەپلەپ بېرىلدى، ئەمەلىيەتتە سۇچىلىق خىزمىتىنى 1954 ـ يىلدىن كېيىن ئۆتكۈزۈۋالدى. 1959 ـ يىلى بۇ بۆلۈم دېھقانچىلىق ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلىپ، سۇچىلىق بۆلۈمچىسى دەپ ئاتالدى. 1962 ـ يىلى سۇچىلىق بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1969 ـ يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى تەركىبىدە سۇچىلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1973 ـ يىلى سۇ ـ ئېلېكتر ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، بىر ئىدارە باشلىقى، 4 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 31 سۇ كادىرى قويۇلدى. 20 نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، سۇچىلىق ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سۇ ـ ئېلېكتر ئىدارىسىدە بىر ئىدارە باشلىقى، 2 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنى قوشقاندا ھەر دەرىجىلىك ھەرخىل سۇچىلىق خادىمى 234 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر 6، ياردەمچى ئىنژېنېر 13، تېخنىك 20، ئالىي تېخنىكوم ۋە تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 55 . سۇ ـ ئېلېكتر بۆلۈمىدە مەمۇرىي بۆلۈمچە، سۇ باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى، سۇ ئىشلىرى بۆلۈمچىسى، سۇ مەھسۇلاتلىرى بۆلۈمچىسى، قۇرۇلۇش بۆلۈمچىسى، سۇنى ياخشىلاش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، بۇلارغا 7 يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتى، 3 سۇ تەقسىملەش تورىسى، بىر سۇ ئامبىرى باشقۇرۇش پونكىتى، ئىدارىغا بىۋاسىتە قاراشلىق 6 ئاماسىي قاتلام ئورۇن قارايدىغان بولدى.

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سۇ ـ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، بىر ئىدارە باشلىقى، 2 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنى قوشقاندا 283 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 98 ، ئالىي تېخنىكوم ۋە تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر 77 ، ئالىي ئىنژېنېر بىر، ئىنژېنېر 3، ياردەمچى ئىنژېنېر 21، تېخنىك 20، پارتىيە ئەزاسى 44.

## 3. يېزىلىق سۇ پونكىتلىرى

ئىچئېرىق سۇ پونكىتى 1959 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كادىرى 2گە، ئىشچىسى 8 گە يەتتى.

تاشئېرىق سۇغىرىش رايونى سۇ پونكىتى 1959 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كادىرى 3 كە، ئىشچىسى 9 غا يەتتى.


ئۆگەن سۇغىرىش رايونى سۇ پونكىتى 1959 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كادىرى 3 كە، ئىشچىسى 7 گە يەتتى.

يۇلتۇزباغ سۇغىرىش رايونى سۇ پونكىتى 1959 ـ يىلى قۇرۇلدى، 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كادىرى 3 كە، ئىشچىسى 8 گە يەتتى.

پەيشەنبە بازار سۇغىرىش رايونى سۇ پونكىتى 1978 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كادىرى 2گە، ئىشچىسى 7 گە يەتتى.

ئۈچقات سۇغىرىش رايونى سۇ پونكىتى 1984 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كادىرى 2 گە، ئىشچىسى 9 غا يەتتى.

# توقسۇ ناھىيىسىنىڭ سۇچىلىق خەرىتىسى




1997 - يىلى سىزىلدى

## 4. سۇ تەقسىملەش ۋە سۇ باشقۇرۇش پونكىتى

«قىزىل بايراق» تومىسى سۇ تەقسىملەش پونكىتى 1964 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كادىرى بىرگە، ئىشچىسى 7 گە يەتتى.

قاراتاش تومىسى سۇ تەقسىملەش پونكىتى 1978 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كادىرى 3 كە، ئىشچىسى 5 كە يەتتى.

ئويچىلان تومىسى سۇ تەقسىملەش پونكىتى 1984 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كادىرى بىرگە، ئىشچىسى 7 گە يەتتى.

«1 ـ ماي» سۇ ئامبىرى باشقۇرۇش پونكىتى 1958 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كادىرى 4 كە، ئىشچىسى 15 كە يەتتى.

ساغتام دېھقانچىلىق مەيدانى سۇ پونكىتى 1994 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كادىرى بىرگە، ئىشچىسى 3 كە يەتتى.

## 5. ئىدارىغا قاراشلىق ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار

2 ـ ئېلېكتر ئىستانسىسى 1983 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 15 ئىدى. بۇ ئىستانسا 1994 ـ يىلى تاقىۋېتىلدى.

سۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى 1977 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدە قۇدۇق قېزىش ئەترىتى ئىدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 29 غا يەتتى.

ماشىنا بىلەن قۇرۇلۇش قىلىش ئەترىتى 1988 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 51 گە يەتتى.

سىمونت قۇيۇلما زاۋۇتى 1988 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 14 كە يەتتى.

ناھىيە بازىرى ئەتراپى بېلىقچىلىق مەيدانى 1991 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 9 غا يەتتى.

«1 ـ ماي» سۇ ئامبىرى بېلىقچىلىق مەيدانى 1976 ـ يىلى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 2 گە يەتتى.

## § 2 . سۇ باشلاش قۇرۇلۇشى

### 1. ئېرىق ـ ئۆستەڭ

كۆسەنلىكلەر غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا سۇ باشلاپ تېرىقچىلىق قىلىغان. توقسۇدىكى ئاساسلىق

ئۆستەڭلەرنىڭ كۆپىنچىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە چېپىلغان بولۇپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ 19 - يىلى (1814 - يىلى) كۇچاخانىئامبىلى ئېردېنى ئوردىغا مەكتۇپ سۇنۇپ ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن، يۇلتۇزباغ ئۆستىڭى (يەنى چىلان ئۆستىڭى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) چېپىلغان. ئۆستەڭنىڭ ئۇزۇنلۇقى 85 چاقىرىم، كەڭلىكى 8 مېتىر بولۇپ، 69 مىڭ 500 مو يەرنى سۇغارغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ سۇغىرىش دائىرىسى بۈگۈنكى ئۈچقات ۋە يۇلتۇزباغ يېزىلىرىنىڭ دائىرىسىگە باراۋەر كېلەتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە پۈتۈن توقسۇ دائىرىسىدە 4 غول ئۆستەڭ، 24 تارماق ئۆستەڭ چېپىلغان، بۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 626.5 كىلومېتىر بولۇپ، 217 مىڭ مو يەرنى سۇغارغىلى بولاتتى.

مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ دۇبەنى (باش ۋالىيسى) ياڭ زېڭشىن سۇ ئىنشائاتى ياساش ۋە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) توقسۇ ئۆستىڭى كېڭەيتىپ چېپىلدى. مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) يېڭىئاۋات ئۆستىڭى كېڭەيتىپ چېپىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يۇڭفېڭجاڭ ئۆستىڭى چېپىلدى. 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيىدىكى ئۆستەڭلەرنىڭ سۇيى بىلەن 400 مىڭ مودىن كۆپرەك يەرنى سۇغىرىشقا بولىدىغان بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە كونا ئۆستەڭلەر ئۆزگەرتىلىپ، تۈزلەندى، كېڭەيتىلدى ۋە ئۇزارتىلدى. 1954 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 249 كىلومېتىر كېلىدىغان 126 چوڭ - كىچىك ئېرىق - ئۆستەڭ ئوڭشالدى، بۇنىڭغا 90 مىڭ 817 ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى. ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى 1 ~ 2 مېتىرغا، كەڭلىكى 3 ~ 4 مېتىرغا يەتكۈزۈلدى. شۇ يىلى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11.4 كىلومېتىر، كەڭلىكى 1.5 مېتىر كېلىدىغان 4 تارماق ئۆستەڭ چېپىلدى، ئۇنىڭغا 3000 ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى، 44 ئۆستەڭگە تاقاق ئورنىتىلدى، بۇنىڭغا 1500 تال ياغاچ، 5000 تال بادرا، 1200 ھارۋا شاخ - شۇمبا، 250 ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى.

1966 - يىلى «ئىتتىپاق» ئۆستىڭى چېپىلدى. 1976 - يىلى «غالىبىيەت» ئۆستىڭى چېپىلدى. 1981 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە غول ئۆستەڭ 6 (ئۇزۇنلۇقى 198 كىلومېتىر) گە، تارماق ئۆستەڭ 44 (ئۇزۇنلۇقى 314 كىلومېتىر) كە، ئوق ئېرىق 560 (ئۇزۇنلۇقى 1359 كىلومېتىر) قا، سۇغىرىش ئېرىقى 170 (ئۇزۇنلۇقى 170 كىلومېتىر) كە يەتتى.

1) **ئىچئېرىق ئۆستىڭى** 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 52 كىلومېتىر، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45 كىلومېتىر. ئۇنىڭدىكى تارماق ئۆستەڭ جەمئىي 46 كىلومېتىر بولۇپ، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن قىسمى 36 كىلومېتىر، ئۇنىڭغا 8 مۇستەھكەم ئىنشائات (بۇنىڭ ئىچىدە توما 6، كۆۋرۈك 2) ياسالدى، سۇغىرىش كۆلىمى 4661 گېكتار.

2) **پەيشەنبە بازار ئۆستىڭى** ئۇ ئەسلىدىكى توقسۇ ئۆستىڭى بولۇپ، 1972 - يىلى چېپىلدى، ئىچئېرىق يېزىسىنىڭ قاراتاش كەنتىدە ئىچئېرىق ئۆستىڭى بىلەن تۇتىشىدۇ. 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 23 كىلومېتىر، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 كىلومېتىر، تارماق ئۆستەڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 49 كىلومېتىر، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 26 كىلومېتىر، 5 مۇستەھكەم ئىنشائات (توما 3، كۆۋرۈك 2) ياسالدى، سۇغىرىش كۆلىمى 3470 گېكتار.

3) **تاشئېرىق ئۆستىڭى** 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 56 كىلومېتىر، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 39 كىلومېتىر، تارماق ئۆستەڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 34 كىلومېتىر، يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، 11 مۇستەھكەم ئىنشائات (توما 7، كۆۋرۈك 4) ياسالدى، سۇغىرىش كۆلىمى 4735 گېكتار.

4) **ئۆگەن ئۆستىڭى** 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 50 كىلومېتىر،

يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45 كىلومېتىر، تارماق ئۆستەڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتىر، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8 كىلومېتىر، 6 مۇستەھكەم ئىنشائات (توما 4، كۆۋرۈك 2) ياسالدى، سۇغىرىش كۆلىمى 4670 گېكتار.

5) يۇلتۇزباغ ئۆستىڭى بۇ يۇلتۇزباغ ۋە ئۈچقات يېزىلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ قول ئۆستەڭ. 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇزۇنلۇقى 54 كىلومېتىر، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 كىلومېتىر، تارماق ئۆستەڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 159 كىلومېتىر، يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 كىلومېتىر، 7 مۇستەھكەم ئىنشائات (توما 5، كۆۋرۈك 2) ياسالدى، سۇغىرىش كۆلىمى 10 مىڭ 405 گېكتار (يۇلتۇزباغ يېزىسىنىڭ 5270 گېكتار، ئۈچقات يېزىسىنىڭ 5135 گېكتار).

6) «غالىبىيەت» ئۆستىڭى بۇ مۇقۇ يايلىقى ئۆستىڭى بولۇپ، يانتاققودۇقنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمساتما رايونىدا. بۇ ئۆستەڭ 1976 - يىلى كۈزدە شۇ جايدىكى ئوتلاق مەنبەئىنى ئېچىپ پايدىلىنىپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئامما بويىچە تەشكىللىنىپ چېپىلدى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 كىلومېتىر، ئەڭ چوڭ ئېقىم مىقدارى 15 كۇب مېتىر/سېكۇنت بولۇپ، قارا يۇلغۇن دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيى باشلاپ كېلىنسە، مۇقۇ يايلىقىنىڭ 3667 گېكتار يېرىنى سۇغارغىلى بولىدۇ. «غالىبىيەت» ئۆستىڭى چېپىلغاندىن كېيىن، ئۇنۇمى ئىنتايىن ناچار بولدى. بىرىنچىدىن، كەلكۈن مىقدارى چەكلىك بولۇپ، بىر يىلدا كېلىدىغان كەلكۈن قېتىمى ئىنتايىن ئاز بولدى؛ ئىككىنچىدىن، كەلكۈن سۈيىدىكى لاي - لاتقىلار كۆپ بولغاچقا، 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا ئۆستەڭ تىنىپ كەتتى؛ ئۈچىنچىدىن، سۇ باشلاش ئېغىزى مۇقىم بولماي، دائىم ئۆزگىرىپ تۇردى.

7) توقسۇ - شايار ئۆستىڭى «ئىتتىپاق» ئۆستىڭى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۆستەڭ 1966 - يىلى چېپىلغان بولۇپ، توقسۇ دائىرىسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر، ئۆستەڭنىڭ سۈيى شايار ناھىيىسىگىچە ئېقىپ بارىدۇ.

8) داجەي ئۆستىڭى 1971 - يىلى دايۇلتۇز گۇڭشې پارتكومى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، تاشئېرىقتىن تېرەكبوستانغىچە بىر داجەي ئۆستىڭى چېپىشنى قارار قىلدى. ئۆستەڭنىڭ كەڭلىكى 5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 3 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىر بولۇپ، ھەر قايسى چوڭ ئەترەتلەردىن 1000 نەچچە ئەمگەك كۈچى چىقىرىلىپ، 2 ئاي ئىچىدە چېپىلىپ بولدى. ئەسلىدە ئۆستەڭ چېپىلغاندىن كېيىن، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىپ سۇ باشلىنىپ، ئاچالنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ دەپ پىلانلانغانىدى، ئەمما ئۆستەڭ چېپىش جەريانىدا، سۇ ئېلېكتر تېخنىكا خادىملىرى قاتناشتۇرۇلماي، داجەيدىن ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ۋە «ئاممىغا تايىنىش» بىلەنلا ئىش كۆرۈلگەچكە، ئۆستەڭ چېپىلغاندىن كېيىن، سۇ راۋان ئاقالماي، كېيەكتىن چىقىپ كەتتى.

## چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى توقسۇ تەۋەسىدىكى ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 13 — 1

| ئېرىق - ئۆستەڭ نامى | سۇ مەنبەسى | ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | كەڭلىكى (گەز) | سۇغىرىش كۆلىمى (مو) | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|---|
| توقسۇ ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 27 | 20 | 30358 | 3 تارماق ئېقىنى بار |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| جاي ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 1.5 | 4 | 2964 | توقسۇ تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| ئىچىبرىق ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 10 | 10 | 22253 | توقسۇ تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| يىڭىئاۋات ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 21 | 10 | 12756 | توقسۇ تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| ئۆگەن - يۇلتۇز باغ ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 50 | 20 | | 7 تارماق ئېقىنى بار |
| تاشئېرىق ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 22 | 13 | 28228 | ئۆگەن - يۇلتۇزباغ تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| قوشئېرىق ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 3.5 | 8 | 6786 | ئۆگەن - يۇلتۇزباغ تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| بۇقاتېمى ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 3 | 5 | 5520 | ئۆگەن - يۇلتۇزباغ تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| شويۇلتۇز ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 5 | 5 | 2322 | ئۆگەن - يۇلتۇزباغ تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| گۇمباز ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 8 | 7 | 4280 | ئۆگەن - يۇلتۇزباغ تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| قاراقۇم ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 7 | 10 | 14474 | ئۆگەن - يۇلتۇزباغ تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| شەھىتلىك ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 3 | 8 | 13628 | ئۆگەن - يۇلتۇزباغ تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| چىلان ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 42.5 | 25 | 12046 | 11 تارماق ئېقىنى بار |
| كىچىك چىلان ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 50 | 5 | 3252 | چىلان تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| بەگلىكئېرىق ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 30.5 | 5 | 11435 | چىلان تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| توغرائېرىق ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 30 | 5 | 1858 | چىلان تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| ئاچادۆلەك ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 31.5 | 5 | 4305 | چىلان تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| تاقئېرىق ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 31.5 | 5 | 8166 | چىلان تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| ئاچادۆڭلۈك ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 30 | 5 | 2501 | چىلان تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| سۇتىگەن ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 30 | 5 | 4379 | چىلان تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |
| توپاشەھەر ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 31 | 5 | 6017 | چىلان تارماق ئۆستەڭگە تەۋە |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۈشئېرىق ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 30 | 5 | 3774 | چىلان تارماق ئۆستىڭىگە تەۋە |
| ئۈچقات ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 31.5 | 5 | 5615 | چىلان تارماق ئۆستىڭىگە تەۋە |
| خوجا نورۇس ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 30 | 5 | 2741 | چىلان تارماق ئۆستىڭىگە تەۋە |
| تىگىن ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 50 | 15 | 3440 | 2 تارماق ئېقىنى بار |
| كىچىك تىگىن ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 6.5 | 5 | 1328 | تىگىن تارماق ئۆستىڭىگە تەۋە |
| پايىس ئۆستىڭى | ئۆگەن دەرياسى | 6.5 | 5 | 2826 | تىگىن تارماق ئۆستىڭىگە تەۋە |
| جەمئىي | | 626.5 | | 217252 | |

## 2. توما

ئەنئەنىۋى توما ياغاچ بىلەن ياسىلىدىغان بولۇپ، تارىختا مۇھىم رول ئوينىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچى سەرپ قىلىنىپ، 7 جايغا مۇستەھكەم توما، 1375 ھەرخىل كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ، تاقاق ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدە بېتوندىن ياسالغىنى 73.

**1) ئۆگەن دەرياسى مەركىزىي سۇ تەقسىملەش تۈگۈنى قۇرۇلۇشى** بۇ قۇرۇلۇش «شەرق قىزاردى» ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ بىر كىلومېتىر جەنۇبىدىكى ئۆگەن دەرياسى قىنىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ئۇنىۋېرسال تۈگۈنلۈك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بولۇپ، 1964 - يىلى ياسىلىشقا باشلىغان. تومىسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئېقىم مىقدارى 600 كۇب مېتىر/سېكۇنت، ئوڭ يېنىدا كەلكۈن چۈشۈرگىسى بار، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئېقىم مىقدارى 800 كۇب مېتىر/سېكۇنت. ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئاياغ ئۆستىڭىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر بولۇپ، لايىھەدىكى ئەڭ چوڭ ئېقىم مىقدارى 200 كۇب مېتىر/سېكۇنت. ئاياغ ئۆستىڭىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىدە بىر باشلام توما بولۇپ، كۇچا، شايار، توقسۇ ناھىيىلىرىگە سۇ تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. بۇ تومىنىڭ شەرق تەرىپىدە كۇچا ناھىيىسىنىڭ «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئۆستىڭى تومىسى، ئوتتۇرىدا «شەرق شامىلى» ئۆستىڭى تومىسى، غەرب تەرىپىدە توقسۇ - شايار ئۆستىڭى تومىسى بار. ئېلېكتر ئىستانسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن 1.7 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى دەريا ئىچىگە كەلكۈن تومىسى ياسالغان، تاقاق يايسىمان پولات تاختايدىن ياسالغان بولۇپ، كەلكۈن مەزگىلىدە كەلكۈن سۈيى ئېھتىيات سۇ ئورنىدىن ئېشىپ كەتكەندە، يېڭى دەرياغا %60، شايار دەرياسىغا %40 كەلكۈن چۈشۈرۈلىدۇ. لايىھەدىكى كەلكۈن ئۆتكۈزۈش مىقدارى 1840 كۇب مېتىر/سېكۇنت. تۈگۈن قۇرۇلۇشى 1970 - يىلى پۈتتى، دۆلەت 22 مىليون 182 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى (ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدۇ).

**2) «قىزىل بايراق» تومىسى** بۇ توما «1 - ماي» سۇ ئامبىرىنىڭ 3 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى ئىچئېرىق يېزىسىنىڭ ئۆتتاش كەنتىدىكى توقسۇ - شايار ئۆستىڭىگە جايلاشقان. بۇ، ئاساسلىقى يۇلتۇز باغ ئۆستىڭى، ئۆگەن ئۆستىڭى، تاشئېرىق ئۆستىڭى ۋە «1 - ماي» سۇ ئامبىرى، توقسۇ - شايار ئۆستىڭىگە سۇ بۆلۈپ بېرىدىغان چوڭ سۇغىرىش سۇ ئىنشائاتى تۈگۈنى. 1964 - يىل 5 - ئايدا ۋىلايەتلىك سۇ - ئېلېكتر باشقارمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى تەرىپىدىن لايىھەلەنگەن. شۇ يىلى 8 - ئايدا قۇرۇلۇش باشلىنىپ، 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى پۈتتى. «قىزىل بايراق» تومىسى مۇستەھكەم بېتون ئىنشائات بولۇپ، ئىگىللىگەن يەر كۆلىمى 913 كۋادرات مېتىر، توما دانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.27 مېتىر،

توما گەۋدىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7 مېتىر، توما نورى 1.8 مېتىر، قالغان قىسمى سېمونت لاي ۋە تاش بىلەن قوپۇرۇلغان.

تاقاق پولات قۇرۇلمىلىق، 10 تۆشۈكلۈك بولۇپ، ئەڭ چوڭ سۇ تەقسىملەش ئېقىم مىقدارى 100 كۇب مېتىر/سېكۇنت، ئۇنىڭغا 120 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 94 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 70 مىڭ يۈەن، ئاغدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن زەي چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى خىراجىتى 17 مىڭ يۈەن، ۋىلايەتلىك سۇ ـ ئېلېكتر باشقارمىسى ھەقسىز چۈشۈرۈپ بەرگەن ھەرخىل قۇرۇلۇش ماتېرىيالى پۇلغا سۇندۇرۇلغاندا 7000 يۈەن)، سۇغىرىش كۆلىمى 19 مىڭ 800 گېكتار.

3) يېڭىئاۋات تومىسى بۇ توما ئىچىبىرىق يېزىسىنىڭ يېڭىئاۋات كەنتىدىكى توقسۇ ـ شايارغول ئۆستىڭىگە جايلاشقان بولۇپ، 1973 ـ يىلى ياسالدى. لايىھەدىكى ئېقىم مىقدارى 16 كۇب مېتىر/سېكۇنت، سېلىنغان مەبلەغ 60 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 50 مىڭ يۈەن)، سۇغىرىش كۆلىمى 8000 گېكتار، ئاساسلىقى توقسۇ ـ شايار ئۆستىڭىدىن ئىچىبىرىق ۋە پەيشەنبە بازار يېزىلىرىغا سۇ بۆلۈپ بېرىلىدۇ.

4) ئاچادۆڭ تومىسى بۇ توما تاشئېرىق يېزىسىنىڭ نورباشلام كەنتىگە جايلاشقان، 1973 ـ يىلى ياسالدى. لايىھەدىكى ئېقىم مىقدارى 10 كۇب مېتىر/سېكۇنت، سېلىنغان مەبلەغ 120 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 100 مىڭ يۈەن)، سۇغىرىش كۆلىمى 2000 گېكتار.

5) ئويچىلان تومىسى يۇلتۇز باغ يېزىسىنىڭ ئويچىلان كەنتىگە جايلاشقان. 1973 ـ يىلى ياسالدى، لايىھەدىكى ئېقىم مىقدارى 20 كۇب مېتىر/سېكۇنت، سېلىنغان مەبلەغ 150 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 100 مىڭ يۈەن)، ئاساسلىقى يۇلتۇزباغ، ئۈچقات يېزىلىرىغا سۇ بۆلۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

6) قاراتاش تومىسى بۇ توما 1978 ـ يىلى ياسالدى، لايىھەدىكى ئېقىم مىقدارى 80 كۇب مېتىر/سېكۇنت، سېلىنغان مەبلەغ 60 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 50 مىڭ يۈەن)، ئاساسلىقى ئىچىبىرىق، پەيشەنبە بازار يېزىلىرىغا سۇ بۆلۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان.

7) ساڭتام تومىسى بۇ توما 1975 ـ يىلى ياسالدى. ئاساسلىقى ئۈچقات يېزىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە سۇ بۆلۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. تىزگىنلىنىدىغان كۆلەم 3000 گېكتار.

## § 3 . زەي چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى

تۇپراقنى ياخشىلاپ زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1962 ـ يىلىدىن باشلاپ زەي چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى يىلدىن ـ يىلغا كېڭەيتىلدى. 1965 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 80 كىلومېتىر كېلىدىغان دايۇلتۇز زەيكىشى، تاشئېرىق زەيكىشى، شويۇلتۇز زەيكىشى ۋە توقسۇ ـ شايار زەيكىشىدىن ئىبارەت 4 غول زەيكەش، 20 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 10 تارماق زەيكەش چېپىلدى، بۇ زەيكەشلەردىن مەنپەئەتلىنىدىغان يەر كۆلىمى 51 مىڭ موغا يەتتى.

1968 ـ يىلدىن كېيىن، ناھىيە تەۋەسىدىكى زەيكەشلەرنى تۈزلەش، كېڭەيتىش، چوڭقۇرلىتىش ئىشى ئىشلەندى.

1988 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ زەي چىقىرىۋېتىش مەسىلىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل ھەل قىلىش يۈزىسىدىن، ۋىلايەتلىك سۇ ـ ئېلېكتر باشقارمىسى بىلەن توقسۇ ناھىيىسى توقسۇ باش زەيكىشىنى چېپىش

ئېشىنى بىرلىكتە تەشكىللىدى. زەيكەشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 31 كىلومېتىر بولۇپ، شايار ناھىيىسىنىڭ زەي چىقىرىۋېتىش سىستېمىسى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. بۇ غول زەيكەش قۇرۇلۇشى 1988 ـ يىل 6 ـ ئايدا باشلىنىپ، 1990 ـ يىلى پۈتتى. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 31 كىلومېتىر، ئۇنىڭغا 1 مىليون 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 840 مىڭ كۇب مېتىر قۇم ـ توپا قېزىلدى، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىدىغان يەر كۆلىمى 30 مىڭ مو.

1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە غول زەيكەش 9 غا، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 212 كىلومېتىرغا، تارماق زەيكەش 408 گە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 569 كىلومېتىرغا، مەنپەئەتلىنىدىغان يەر كۆلىمى 300 مىڭ موغا يەتتى.

## §4 . سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى

توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئۆستەڭلەردە سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشى ئېغىر بولغاچقا، ئىلگىرىكى يىللاردا سۇدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى ئاران 40% ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، سۇ سىڭمەيدىغان ئۆستەڭ ياساش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

1982 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سۇ سىڭمەيدىغان تۇنجى ئۆستەڭ — تاشئېرىق سۇ ئامبىرى سۇ چىقىرىش ئۆستىڭى ياسالدى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.5 كىلومېتىر.

1991 ـ يىلى ئىچئېرىق يېزىسى بىلەن ئۈچقات يېزىسىدا 3.6 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى.

1992 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساش پىلانى ئورۇندالدى، شۇ يىلى 9.2 كىلومېتىر كېلىدىغان ساختام «شىنكېن» تارماق ئۆستىڭى ياسالدى. 1993 ـ يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە بويىچە سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئاندا ـ ساندا ئېلىپ بېرىلىپ، ۋىلايەتنىڭ سۇچىلىق جەھەتتىكى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى»نى تالىشىش مۇسابىقىسى پائالىيىتىدە 8 ـ بولدى. 1993 ـ يىلى ناھىيە بويىچە زور كۈچ بىلەن سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساش باشلىنىپ، شۇ يىلى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 53 كىلومېتىر كېلىدىغان 4 ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، ئۇنىڭدىن باشقا دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن ياسىلىدىغان 21 كىلومېتىر ئۆستەڭنى قوشقاندا، جەمئىي 74 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى. 1994 ـ يىلى ۋىلايەتنىڭ سۇچىلىق جەھەتتىكى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە توقسۇ ناھىيىسى 2 ـ بولدى.

1993 ـ، 1994 ـ ۋە 1995 ـ يىللىرى 3 يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە سۇ سىڭمەس ئۆستەڭلەر دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. 3 يىلدا 231 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسىدىن بېرىلگەن قەرز پۇل بىلەن ياسالغىنى 83 كىلومېتىر، ناھىيە جۇغلىغان مەبلەغ بىلەن ياسالغىنى 148 كىلومېتىر. 3 يىلدا ناھىيە بويىچە 204 مىليون 275 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسى بەرگەن قەرز پۇل 112 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ناھىيە ۋە يېزىلار توپلىغان مەبلەغ 13 مىليون 395 مىڭ يۈەن، ئامما توپلىغان مەبلەغ 3 مىليون 790 مىڭ يۈەن، ئەمگەك كۈچىنى باھاغا سۇندۇرغاندا 74 مىليون 590 مىڭ يۈەن، ئادەم، ئات ـ ئۇلاغ، ماشىنىنى ئۆلچەملىك ئىشقا سۇندۇرغاندا 18 مىليون 210 مىڭ ئىش كۈنى بولدى. 21 مىليون 720 مىڭ كۇب مېتىر توپا ـ تاش قېزىلدى، 87 مىڭ كۇب مېتىر بېتون قۇيۇلدى، 589 يۈرۈشلەشكەن ئىنشائات ياسالدى.

1995 ـ يىلى 72.6 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، بۇنىڭغا 79 مىليون 211 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسىدىن بېرىلگەن قەرز 38 مىليون 920 مىڭ يۈەن، ناھىيە ئۆزى توپلىغان مەبلەغ 6 مىليون 620 مىڭ يۈەن، سەرپ قىلىنغان ئىش 5 مىليون 300 مىڭ ئىش كۈنى، قېزىلغان

توپا 7 مىليون 320 مىڭ كۇب مېتىر، قۇيۇلغان بېتون 24 مىڭ 500 كۇب مېتىر، يۇرۇشلەشكەن ئىنشائات 207.

1995 - يىلى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتنىڭ سۇچىلىق جەھەتتىكى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە توقسۇ ناھىيىسى ئاپتونوم رايون ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

**1993 — 1995 - يىلغىچە توقسۇ ناھىيىسىدە سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 13 — 2

| تۈرلەر / ئايرىمىسى | پۈتكەن ياسالغان سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ | | مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى (تۈمەن يۈەن) | | | | | ئورۇندالغان قۇم - توپا، بېتون مىقدارى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئىچكى كىلومېتىر | ئېقىم كىلومېتىر | جەمئىي | ناھىيە، يېزىلار سالغان مەبلەغ | ئالما توپلىغان مەبلەغ | دۇنيا بانكىسى قەرز پۇلى | سېلىنغان ئەمگەكنى پۇلغا سۇندۇرغاندا | سەرپ قىلىنغان ئەمگەك (تۈمەن ئىش كۈنى) | قېزىلغان تاش - توپا (تۈمەن كۇب مېتىر) | بېتون (تۈمەن كۇب مېتىر) | ياسالغان ئىنشائات |
| 3 يىلدا ياسالغان سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ | 231 | 1328 | 20427.5 | 1339.5 | 379 | 11250 | 7459 | 1821 | 2172 | 8.7 | 589 |
| بۇنىڭ ئىچىدە 1995 - يىلى ياسالغىنى | 72.6 | 500.2 | 7921.1 | 500 | 162 | 3892 | 3367.1 | 530.3 | 732.7 | 2.45 | 207 |

ئىزاھات: بۇنىڭ ئىچىدە دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن ياسالغىنى 83 كىلومېتىر، ئېقىم ئۇزۇنلۇقى 884 كىلومېتىر.

## قوشۇمچە
## يۇلتۇزباغ سۇ سىڭمەس ئۆستىڭى

يۇلتۇزباغ ئۆستىڭى — ئۆگەن دەرياسى سۇغىرىش رايونى دېھقانچىلىق سۇغىرىش قۇرۇلۇشى تەركىبىدىكى تارماق قۇرۇلۇش بولۇپ، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئۆگەن، يۇلتۇزباغ، ئۈچقات يېزىلىرى، ساڭتام دېھقانچىلىق مەيدانىغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئاساسىي سۇغىرىش ئۆستىڭىدۇر.

بۇ ئۆستەڭ كونا ئۆستەڭ ئاساسىدا سۇ سىڭمەس قىلىنغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 27.7 كىلومېتىر، سۇ سىڭمەس قىلىنغان ئۇزۇنلۇقى 25.7 كىلومېتىر، لايىھەدىكى ئېقىم مىقدارى 25 كۇب مېتىر/سېكۇنت، كۆپەيمە ئېقىم مىقدارى 27.2 كۇب مېتىر/سېكۇنت، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش قىممىتى 18 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سۇچىلىق - ئېلېكتر ئېنېرگىيە ئۆلچەش - لايىھەلەش يۇرتى لايىھەلىدى، قۇرۇلۇش قىلدۇرۇشقا توقسۇ ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى مەسئۇل بولدى. بۇ ئۆستەڭ پۈتكەندىن كېيىن، سۇدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى ئەسلىدىكى 72% تىن 93% كە، سۇغىرىش كۆلىمى 96 مىڭ موغا يېتىدۇ.

بۇ ئۆستەڭ يۇتمە، ئۆگەن، يۇلتۇزباغ، ئۈچقات يېزىلىرى، ساڭتام دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سۇغىرىش

شارائىتى ياخشىلىنىپ قالماي، نەچچە ئون مىڭ مو بوزيەر ۋە تۆۋەن ھوسۇللۇق يەرلەرگە كېرەكلىك سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

يۇلتۇزباغ ئۆستىڭى چاتما تۇتاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى — كۆزلەك تارماق ئۆستىڭىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2.1 كىلومېتىر، لايىھەدىكى ئېقىم مىقدارى 1.5 كۇب مېتىر/سېكۇنت، سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان ئېقىم مىقدارى 3.15 ئېقىم/كىلومېتىر. قېزىلغان توپا - تاش 20 مىڭ كۇب مېتىر، سەرپ قىلىنغان ئەمگەك كۈچى 14 مىڭ. بۇ ئۆستەڭ يۇلتۇز باغ يېزىسىنىڭ كۆزلەك كەنتىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يۇلتۇزباغ ئۆستىڭىنىڭ 4 - تاقىقىدىن باشلاپ سانىغاندا شەرقتىكى 1 - ئۆستەڭ ئۆزگەن تارماق ئۆستىڭى بولۇپ، ئۇ ئۆزگەن يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانىغىچە بارىدۇ. ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 23.6 كىلومېتىر، بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن يېزىنىڭ 9 كەنت، بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ يەرلىرىنى سۇغارغىلى بولىدۇ. سۇغىرىش كۆلىمى 50 مىڭ مو. ھازىر بۇ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنىڭ 19 كىلومېتىرى پۈتتى. ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى تولۇق پۈتسە، سۇدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى ئەسلىدىكى %65تىن %95 كە يېتىدۇ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى 20 مىڭ مو كېڭەيتكىلى بولىدۇ. بۇئۆستەڭ كونا ئۆستەڭ ئاساسىدا سۇ سىڭمەس قىلىنغان بولۇپ، باش قىسمىنىڭ لايىھەدىكى ئېقىم مىقدارى 3.5 كۇب مېتىر/سېكۇنت، كۆپەيمە ئېقىم مىقدارى 4.5 كۇب مېتىر/سېكۇنت، ئاياغ قىسمىنىڭ ئېقىم كەسمە يۈزى تەدرىجىي تارايتىلغان، ئېقىم مىقدارى 2 كۇب مېتىر/سېكۇنت.

شەرقتىكى 2 - ئۆستەڭ — ئازنا بازار تارماق ئۆستىڭى بولۇپ، بۇ ئۆستەڭمۇ يۇلتۇزباغ ئۆستىڭىگە تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2.9 كىلومېتىر، ئۇنىڭ سۈيى بىلەن ئۈچقات يېزىسى ئازنا بازار كەنتىنىڭ 7000 مو تېرىلغۇ يېرىنى سۇغارغىلى بولىدۇ. ئۇنى يېزا ئۆزى ياسىدى، جەمئىي 34 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى، 46 مىڭ 908 كۇب مېتىر توپا - تاش قېزىلدى.

## § 5. سۇ ساقلاش قۇرۇلۇشى

1995 - يىلى ناھىيە بويىچە 3 سۇ ئامبىرى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «1 - ماي» سۇ ئامبىرى ئەڭ چوڭ.

### 1. «1 - ماي» سۇ ئامبىرى

1957 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈش - لايىھىلىشى ئارقىلىق، چۆلتاغ باغرىدىكى تاغئېرىق كەنتىگە يېقىن جايغا سۇ ئامبىرى ياساش بېكىتىلگەن. ئامبار قۇرۇلۇشى 1958 - يىل 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى باشلىنىپ، شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى پۈتتى. ئامبارنىڭ لايىھەدىكى سۇ سىغىمى 46 مىليون 900 مىڭ كۇب مېتىر، شۇ يىلى 20 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلاندى. 1971 - يىلى ئەتىيازدا 45 مىليون 540 مىڭ كۇب مېتىر سۇ قاچىلاندى. 1970 - يىلى يازدا 34 مىليون 250 مىڭ كۇب مېتىر سۇ قاچىلاندى. كۆپ يىللاردىن بۇيان تىنىپ كېتىش تۈپەيلىدىن، ئەمەلىي سىغىمى يىلدىن - يىلغا ئازلاپ كەتتى، 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سىغىمى 32 مىليون كۇب مېتىرغا چۈشۈپ قالدى. ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى 60 مىڭ مو.

ئامبار دامبىسى توپىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 6250 مېتىر، ئېگىزلىكى 7.5 مېتىر، ئامبار تىپى تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرىدىن ئىبارەت. ئامبارغا جەمئىي 771 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 26 مىليون

987 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىنىدى، 49 مىڭ ئىش كۈنى چولڭ ـ كىچىك ھارۋا ئىشلىتىلدى، 20 توننا پولات ماتېرىيال، 131 توننا سېمونت، 79 كۇب مېتىر ياغاچ ئىشلىتىلدى، 780 مىڭ كۇب مېتىر توپا ـ تاش قېزىلدى.

## 2. تاشئېرىق سۇ ئامبىرى

بۇ ئامبار تاشئېرىق يېزىسىنىڭ كۆتەمە كەنتىگە، «1 ـ ماي» سۇ ئامبىرىنىڭ 1.5 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 1970 ـ يىلى ياسالدى، دامبىسى توپىدىن ياسالدى، دامبا ئۇزۇنلۇقى 2500 مېتىر، ئېگىزلىكى 4 مېتىر، ئامبار سىغىمى 1 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر، كەلكۈن چىقىرىش مىقدارى 6 كۇب مېتىر/سېكۇنت. ئۇنىڭغا 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 50 مىڭ يۈەن، ئەمگەك كۈچىنى باھاغا سۇندۇرغاندا 50 مىڭ يۈەن). 1986 ـ يىلى ئاساسىي دامبا ئۈستىگە 1 ـ نومۇرلۇق توما ياسالدى، ئۇنىڭ سۇ باشلاش ئېقىم مىقدارى 10 كۇب مېتىر/سېكۇنت. ئامبار قۇرۇلۇشىدا 5 مىليون كۇب مېتىر توپا ـ تاش قېزىلدى. ئامبار كۆلىمى 4000 گېكتار بولۇپ، ئۇ كىچىك سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ.

## 3. ئۆگەن سۇ ئامبىرى

بۇ ئامبار ئۆگەن مەھەللىسى كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، تۈزلەڭلىك سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ. 1972 ـ يىلى ياسالدى. دامبىسى توپىدىن ياسالدى، دامبا ئۇزۇنلۇقى 800 مېتىر، ئېگىزلىكى 3.5 مېتىر، ئامبارنىڭ سۇ سىغىمى 1 مىليون كۇب مېتىر، كەلكۈن چىقىرىش ئېقىم مىقدارى بىر كۇب مېتىر/سېكۇنت، ئامبار قۇرۇلۇشىغا 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. 1989 ـ يىلى سۇ بۆلۈش تومىسى ياسالدى، ئۇنىڭ سۇ باشلاش ئېقىم مىقدارى 8 كۇب مېتىر/سېكۇنت. ئامبار قۇرۇلۇشىدا 500 كۇب مېتىر توپا ـ تاش، 450 كۇب مېتىر شېغىل قېزىلدى، 300 كۇب مېتىر بېتون قۇيۇلدى، ئامبار قۇرۇلۇشىغا 65 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 50 مىڭ يۈەن، ئۆزى توپلىغان مەبلەغ 15 مىڭ يۈەن). ئامبارنىڭ سۇغىرىش كۆلىمى 17 مىڭ مو، ئۇ كىچىك سۇ ئامبىرى ھېسابلىنىدۇ.

## قوشۇمچە
## كېرەكتىن چىققان سۇ ئامبارلىرى

1) «ئالغا» سۇ ئامبىرى بۇ ئامبار يۇلتۇزباغ يېزىسى شويلۇق كەنتىنىڭ غەربىدىكى بىنەمگە جايلاشقان بولۇپ، 1971 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش دولقۇنىدا، گۇڭشېنىڭ 1000 دىن كۆپرەك ئەمگەك كۈچى ئاجرىتىشى بىلەن، 2 ئاي ئىشلەش ئارقىلىق ياسالغان. ئامبار دامبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىر، ئېگىزلىكى 4 مېتىر، ئومۇمىي سۇ سىغىمى 800 مىڭ كۇب مېتىر، ئۇنىڭغا جەمئىي 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. «ئالغا» سۇ ئامبىرى ياسالغاندىن كېيىن، ئامبار ئورنى بەك تۆۋەن بولۇش ۋەجىدىن سۇغىرىش تەس بولۇش، دامبىنى يار ئېلىپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەر كۆرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئامبار 1972 ـ يىلى كېرەكسىز قىلىنىۋېتىلدى.

2) ئىچكىرىق سۇ ئامبىرى بۇ ئامبار ئىچكىرىق يېزىسىنىڭ ئاقيار كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، 1971 - يىلى ياسالغان، دامبىسى توپىدىن ياسالغان، دامبا ئۇزۇنلۇقى 850 مېتىر، ئېگىزلىكى 3.5 — 4 مېتىر، سۇ سىغىمى 1 مىليون 500 مىڭ كۇب مېتىر، ئىچكىرىق يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئەمگەك كۈچى تەشكىللىشى بىلەن، 34 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ ياسالغان، سۇغىرىش كۆلىمى 180 گېكتار. 1973 - يىلى سۇ قاچىلانغاندىن كېيىن، دامبىنى يار ئېلىپ كەتتى، ئارقىدىنلا كېرەكسىز قىلىۋېتىلدى.

## 6 § . سۇ چىقىرىش قۇرۇلۇشى

1965 - يىلدىن ئىلگىرى توقسۇ ناھىيىسىدە قۇدۇق يوق ئىدى. 1965 - يىلى كۆلنى يوقىتىپ ئادەم ۋە چارۋىلارغا كېرەكلىك سۇنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇدۇق قېزىش ئىشىنى پائال تەشكىللىدى، ئەمما تېخنىكا كۈچى چەكلىك بولغانلىقتىن، بۇ ئىش شەھەر-رايونىدىلا ئىشلەندى.

1965 - يىلى كۈزدە ۋىلايەتلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ قۇدۇق بۇرغىلاش ئەترىتى ناھىيىلىك خەلق مەيدانىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە يەرلىك بورۋاي بىلەن سىناق تەرىقىسىدە بىر قۇدۇق قازدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ئاھالىلەر رايونلىرىدا ئادەم كۈچى بىلەن بىر قانچە قۇدۇق قازدى. بۇ قۇدۇقلارنىڭ سۈيى ناچار، تۇزلۇق بولغاچقا، كەينى - كەينىدىن كېرەكتىن چىقتى.

1966 - يىلدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك قۇدۇق بۇرغىلاش ئەترىتى ئىچكىرىق گۇڭشېسىدا 40 قۇدۇق قازدى. 1973 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە ماشىنىلاشقان قۇدۇق 75 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېلېكترلەشتۈرۈلگىنى 24 بولۇپ، 1667 گېكتار يەرنى سۇغارغىلى بولاتتى.

1977 - يىلى ئاپتونوم رايون قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلدى ھەمدە مەبلەغ جەھەتتە پۈتۈن كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. توقسۇ ناھىيىسى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 1977 -، 1978 -، 1979 - يىللىرى قۇدۇق قېزىش دولقۇنى قوزغىدى. بۇ مەزگىلدە ناھىيىگە قاراشلىق يېزا، بازارلارنىڭ ھەممىسىدە قۇدۇق قېزىش ئەترىتى قۇرۇلدى.

1977 - يىلى ناھىيە بويىچە 70 قۇدۇق قېزىلدى، ماشىنىلاشقان قۇدۇق 100 گە يەتتى، قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 3333 گېكتارغا يەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە 10 مىڭ دېھقان، 15 مىڭ چارۋىنىڭ سۇ شارائىتى ياخشىلاندى.

1978 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون توقسۇ ناھىيىسىگە چۈشۈرۈپ بەرگەن قۇدۇق قېزىش مەبلىغى ھەر يىلى 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بولدى. توقسۇ ناھىيىسىدە ئەمەلىي قېزىلغان قۇدۇق يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، 1978 - يىلى 204، 1979 - يىلى 387، 1980 - يىلى 420 قۇدۇق قېزىلدى، قۇدۇق قېزىش تېخنىكىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ناسوسلۇق شورىغۇچى كونۇسسىمان دولتا، سوقما بۇرغا قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر ئىشلىتىلىدىغان بولدى. كۆپ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ماشىنىلاشقان قۇدۇق 1000 دىن ئاشتى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ماشىنىلاشقان قۇدۇق 1496 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دىزېلماتورلۇق قۇدۇق 1017، دۋىگاتېللىق قۇدۇق 449.

ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن پايدىلىنىش نىسبىتى 1980 - يىلى ئەڭ ياخشى بولدى، شۇ يىلى جەمئىي 1 مىليون 611 مىڭ كۇب مېتىر سۇ تارتىلىپ، 107 مىڭ مو يەر سۇغىرىلدى. ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن پايدىلىنىش نىسبىتى %80كە يەتتى.

1980 - يىلدىن كېيىن ماشىنىلاشقان قۇدۇقلارنىڭ ساق بولۇش نىسبىتى، پايدىلىنىلىش نىسبىتى،

سۇغىرىش كۆلىمى تۆۋەنلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: 1) قۇدۇق قېزىشنى يۇقىرى تەشەببۇس قىلدى، دۆلەت مەبلەغ سالدى، ئەمما دېھقانلار ئۈستەڭ سۈيى ئىشلىتىشنى لايىق تاپتى. قۇدۇق سۈيى بىلەن يەر سۇغارغاندا توك ھەققى ئۈستەڭ سۈيىنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇپ كېتىدۇ. 2) يەرنى قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغارغاندا تۇپراق يىلدىن ـ يىلغا ناچارلىشىپ كەتتى. 3) توكلۇق سۇغىرىش ئۈسكۈنىلىرى يىلدىن ـ يىلغا كونىراپ كەتتى، قۇدۇقلار ھەدەپ گۇمۇرۇلۇپ چۇشۇپ تىنىپ كەتتى. دېھقانلارنىڭ رېمونت قىلىشقا قۇربى يەتمىدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 1992 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن ئاران 65 ى ساق قالدى، شۇ يىلى 1 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر يەر ئاستى سۈيى تارتىلىپ، 7622 مو (قېتىم) يەر سۇغىرىلدى. 1993 ـ يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن 35 ى قالدى. شۇ يىلى يېڭىدىن 6 قۇدۇق قېزىلدى، 40 قۇدۇق ئۆزگەرتىلدى، 572 مىڭ كۇب مېتىر سۇ تارتىلىپ، 5715 مو يەر سۇغىرىلدى، 5000 ئادەمنىڭ، 7000 تۇياق چارۋىنىڭ ئىچىدىغان سۈيى ھەل قىلىندى.

## 1978 — 1980 ـ يىلغىچە توقسۇ ناھىيىسىدە قېزىلغان قۇدۇق

جەدۋەل: 13 — 3

| يىللار | قېزىلغان قۇدۇق سانى | دۆلەت سالغان مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) | ئەمەلىي سېلىنغان مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1978 | 204 | 119.4 | 102.3 |
| 1979 | 387 | 238.7 | 196.8 |
| 1980 | 420 | 71.4 | 210 |
| جەمئىي | 1011 | 429.5 | 509.1 |

## 1978 — 1995 ـ يىلغىچە توقسۇ ناھىيىسىدە ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۈيى بىلەن يەر سۇغىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 13 — 4

| يىللار | تارتىلغان يەر ئاستى سۈيى (تۈمەن كۇب مېتىر) | سۇغىرىلغان يەر كۆلىمى (گېكتار) | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|
| 1978 | 102.3 | 4548 | ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن پايدىلىنىش نىسبىتى 52% |
| 1979 | 116.1 | 5163 | ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن پايدىلىنىش نىسبىتى 56% |
| 1980 | 161.1 | 7159 | ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن پايدىلىنىش نىسبىتى 67% |
| 1981 | 68.7 | 3800 | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1982 | 93.4 | 5200 | |
| 1983 | 22.1 | 1700 | |
| 1984 | 82.6 | 460 | |
| 1985 | 151.3 | 840 | |
| 1986 | 305.4 | 1700 | |
| 1987 | 259 | 1440 | |
| 1988 | 75.5 | 420 | |
| 1989 | 461 | 2033 | |
| 1990 | 393 | 1733 | 130 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار |
| 1991 | 273 | 1335 | 130 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار |
| 1992 | 140 | 508 | 35 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار |
| 1993 | 57.2 | 381 | 35 ماشىنىلاشقان قۇدۇق بار |
| 1994 | 1628 | 3924 | |
| 1995 | 1539 | 3922 | |

## § 7 . كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش

ناھىيە بويىچە، ئاساسلىقى، ئۆگەن دەرياسى تۈۋەنكى ئېقىنى، ئۇنىڭدىن قالسا «قىزىل بايراق» تۈۋەنكى «1 - ماي» سۇ ئامبىرىغىچە بولغان بۆلەكتە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈلىدۇ.

تارىختا 1935 -، 1936 -، 1957 -، 1958 - يىللىرى قاتتىق يامغۇرنىڭ تەسىرى بىلەن، ئۆگەن دەرياسى كۆپ قېتىم تېشىپ كېتىپ، ئېتىز - ئېرىق، ئۆي - ئىمارەتلەرنى سۇ بېسىپ كەتكەنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1954 - يىل 7 - ئايدا كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، رايون باشلىقلىرى، ناھىيىلىك سۇچىلىق ھەيئىتى ئەزالىرى، سۇ رايى پونكىتىنىڭ باشلىقى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئەزاسى بولدى. شۇ يىلى 1620 ئەمگەك كۈچى ئاجرىتىلىپ، ئۆگەن دەرياسىنىڭ 9000 مېتىر تۈۋەنكى ئېقىنى رېمونت قىلىندى، تۈۋەنكى مۇستەھكەملەشكە جەمئىي 200 ھارۋا شاخ - شۇمبا، 500 بادرا ئىشلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە چارلاش - مۇھاپىزەت قىلىش ئەترىتى تەشكىللەندى، 50 كىشى بىر ئەترەت قىلىندى، ھەربىر غول ئۆستەڭگە چارلاش - مۇھاپىزەت قىلىش ئەترىتى ئەزاسى قويۇلدى. 7- ئاينىڭ 18 - كۈنى ئېچىپرىق ئۆستىڭىنى يار ئېلىپ كەتكەندە، 70 تىن كۆپرەك تۇسما مۇھاپىزەت خادىمى 2 سائەت جىددىي ئىشلەپ يار ئېلىپ كەتكەن جاينى ئېتىۋالدى.

1958 - يىلى كەلكۈن مەزگىلىدە كۇچا، شايار، توقسۇ ناھىيىلىرى بىرلىكتە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش قوماندانلىق شتابى قۇردى. توقسۇ ناھىيىسى مەسئۇل بولغان ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى ۋە ئۆگەن

دەرياسى تومسى توسىمىسىغا جەمئىي 600 ھارۋىدىن كۆپرەك شاخ ـ شۇمبا، 3000 تالدىن ئارتۇق بادرا، 4500 كۇب مېتىر تاش، 25 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى.

1987 ـ يىلى كۈزدە توقسۇدا ئاپەت كۆپ بولدى، ناھىيە بويىچە ھەممەيلەن ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىگە پائال ئاتلاندى، ئۆگەن دەرياسى تومسى ئەتراپىدا ھەر كۈنى 1200 قاۋۇل ئەمگەك كۈچى دەريا توسىمىسىنى مۇستەھكەملەشكە قاتناشتى، 645 جايدا توسما ياسالدى، جەمئىي 2375 كۇب مېتىر شېغىل، 500 ھارۋىدىن كۆپرەك شاخ ـ شۇمبا، 55 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى، 85 مىڭ كۇب مېتىر توپا ـ تاش قېزىلدى، 275 ئاپتوموبىل (قېتىم) ۋە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى (قېتىم) ئىشلىتىلدى، جەمئىي 472 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

90 ـ يىللار كىرگەندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلدى. 1993 ـ يىلى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، كەلكۈن مەزگىلىدە خەۋەرلىشىش ئىستانسىسى قۇرۇلدى، كەلكۈن مەزگىلىدىكى چارلاش ـ كۆزىتىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى، «قىزىل بايراق» تومسى مۇستەھكەملەندى، قول ئۆستەڭلەر چوڭقۇر چېپىلدى. ئۆگەن دەرياسى توسىمىسىنىڭ 500 مېتىر خەتەرلىك بۆلىكى سىم تور، شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن مۇستەھكەملىنىپ، دەريا بويىدىكى 4 كەنت، 8000 ئادەم، 30 مىڭ مو ئېتىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى.

شۇ يىلى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىشكە 5800 ئىش كۈنى، ئىش كۈنى ھېسابىدا 2800 ئۇلاغ ھارۋىسى، 440 ماتورلۇق قاتناش ۋاستىسى (قېتىم) ئىشقا سېلىندى.

## § 8 . كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش

1985 ـ يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە بويىچە ئۆگەن دەرياسىنىڭ سۈيى ئىشلىتىلەتتى. يېزا، كەنتلەردە كۆل سۈيى ئىستېمال قىلىناتتى. كۆللەرنىڭ ئەتراپىدا مۇھاپىزەت ئۈسكۈنىلىرى بولمىغاچقا، سۇ بۇلغىنىپ كېتەتتى، بۇ سۇيىتى بىر قەدەر ناچار ئىدى. ئەتىياز بىلەن ياز ئالمىشىش پەيتىدە ھەرخىل ئۈچەي يولى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى كۆپ يۈز بېرەتتى. كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىچە ناھىيە بويىچە 360 كۆلنىڭ كۆپىنچىسىدە باكتېرىيە سانى (بىر مىللىمېتىر سۇ تەركىبىدىكى باكتېرىيە 100 دانە)، فتور مىقدارى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن، بولۇپمۇ قول ئۆستەڭلەرنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا بىر لېتىر يەر ئاستى سۈيى تەركىبىدىكى فتور مىقدارى 9 مىللىگرامغا يەتكەن. ناھىيە بويىچە فتورلۇق چىش دېغى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 57% گە يەتكەن. باكتېرىيە مىقدارى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن سۇنى ئىچىدىغان ئادەم 90 مىڭدىن ئاشقان، فتور مىقدارى ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەن سۇنى ئىچىدىغان ئادەم 31 مىڭغا يەتكەن.

1987 ـ يىلى يازدا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېزا، بازار، كەنتلەرنى كۆللەرنى ئۆزگەرتىپ، قاشا ياساپ سۇ مەنبەسىنى قوغداپ، ئادەم ۋە چارۋىلار ئىچىدىغان سۇنى ئايرىۋېتىشكە سەپەرۋەر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆچ تەشكىللەپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى، بىر قىسىم يېزا، بازارلاردا تۇرۇبا سۈيى زاۋۇتى قۇرۇلدى.

1990 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاشتا

پايدىلىنىدىغان بەش چوڭراق قۇرۇلۇش ياسالدى.

## 1. ئۈچقات يېزا تۇرۇبا سۇيى يۇرۇشلەشمە قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇش يېقىنقى مەزگىلدە 2500 ئادەم ۋە 3000 تۇياق چارۋىنى سۇ بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان سەۋىيىدە لايىھىلەنگەن بولۇپ، 3 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ، كۈندىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 200 كۇب مېتىر، ئۇنىڭغا جەمئىي 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

## 2. يۇلتۇزباغ يېزىسى تۇرۇبا سۇيى يۇرۇشلەشمە قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇش 3600 ئادەم ۋە 4000 تۇياق چارۋىنى سۇ بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان قىلىپ لايىھىلەنگەن بولۇپ، 4 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ، كۈندىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 226 كۇب مېتىر، 1990 - يىلى 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

## 3. ناھىيە بازىرى تۇرۇبا سۇيى يۇرۇشلەشمە قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇش 5 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ، كۈندىلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 2288 كۇب مېتىر، ئۇنىڭغا 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇنىڭدىن 20 مىڭ ئادەم، 25 مىڭ تۇياق چارۋا پايدىلىنىدۇ.

## 4. ئىچئېرىق يېزىسىدىكى 10 چوڭقۇر قۇدۇققا قول ناسوسى ئورنىتىش قۇرۇلۇشى

بۇ قۇرۇلۇش 1.5 كۋادرات كىلومېتىر دائىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ، ئۇنىڭدىن قىزىلنۇر، مۇنار، قىزىلتام كەنتلىرى، 2500 ئادەم، 2700 تۇياق چارۋا پايدىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا 70 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى.

## 5. تېيىز باسما قۇدۇق قۇرۇلۇشى

ناھىيە بويىچە جەمئىي 3400 دانە تېيىز باسما قۇدۇق ياسالدى، مەبلەغنى كەنت ئاھالىلىرى ئۆزى جۇغلىدى، ھەر بىر قۇدۇققا 150 يۈەندىن جەمئىي 510 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئۇنىڭدىن 26 مىڭ ئادەم، 51 مىڭ تۇياق چارۋا پايدىلىنىدۇ.

1991 — 1995 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى تېزلىتىلىپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش پىلانى ئورۇندالدى ھەم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتتى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1988 - يىلدىن ئىلگىرىكى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى

جەدۋەل: 13 — 5

| قۇرۇلۇش تۈرى | قۇرۇلۇش كۆلىمى | مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى (تومەن يۈەن) | | | | ئىجتىمائىي ئۈنۈمى | | سېلىنغان مەبلەغ (تومەن يۈەن) | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | دۆلەتتىن بېرىلگەن تۈرتۈمچە ياردەم | ناھىيە ئۆزى قىلغىنى | يېزا، ئاممىۋى ئۆزى قىلغىنى | جەمئىي | سۇ بىلەن تەمىنلەنگەن ئادەم (تومەن) | سۇ بىلەن تەمىنلەنگەن چارۋا (تومەن تۇياق) | | |
| ئۈچقات يېزا تۇرۇبا سۈيى يۈرۈشلەشمە قۇرۇلۇشى | 20 كىلومېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇپ، 30 جايدا مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسى قۇرۇش | 23 | 10 | 5 | 38 | 0.58 | 0.90 | 30 | قۇدۇق، سۇ مۇنارى، ناسوس ئۆيى قۇرۇلۇپ، 2 كىلومېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلۇپ، 13 جايدا مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۆيى ياسالدى |
| يۇلتۇز باغ يېزا تۇرۇبا سۈيى يۈرۈشلەشمە قۇرۇلۇشى | چوڭقۇر قۇدۇق، سۇ مۇنارى، ناسوس ئۆيى ياسالدى، 20 كىلومېتىر تۇرۇبا تورى ياتقۇزۇلۇپ، 30 جايدا مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسى قۇرۇلدى | 23 | 4 | 9 | 36 | 0.36 | 0.40 | 34 | 96 مېتىرلىق بىر چوڭقۇر قۇدۇق قېزىلدى |
| ئۆگەن يېزا تۇرۇبا سۈيى يۈرۈشلەشمە قۇرۇلۇشى | چوڭقۇر قۇدۇق، سۇ مۇنارى، ناسوس ئۆيى ياسالدى، 15 كىلومېتىر تۇرۇبا تورى ياتقۇزۇلۇپ، 30 جايدا مەركەزلىك سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسى قۇرۇلدى | 16 | 6.50 | 8.20 | 30.70 | 0.36 | 0.48 | 4 | 94 مېتىرلىق بىر چوڭقۇر قۇدۇق قېزىلدى |
| تېيىز قۇدۇق ناسوسى | ناھىيىنىڭ ھەر قايسى يېزا، كەنتلىرى | | 6.36 | 14.83 | 21.19 | 1.91 | 2.86 | 21.19 | 2119 دانە ياسما قۇدۇق قېزىلدى |
| كونا كۆللەرنى ئۆزگەرتىش | ئادەم بىلەن چارۋىلارنىڭ سۇ ئىچىدىغان كۆلىنى ئايرىش، قاشا ياساپ ئادەم ئىچىدىغان سۇ مەنبەسىنى قوغداش | | | 36 | 36 | | | 36 | 360 كونا كۆل ئۆزگەرتىلدى |
| يېڭىدىن ئورنىتىلغان چوڭقۇر قۇدۇق ناسوسى | | 0.65 | 0.10 | 0.10 | 0.85 | 0.10 | 0.15 | 0.85 | 5 ناسوس قۇراشتۇرۇلدى |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| توقسۇ ناھىيە بازىرى تۇرۇبا سۇيى | تۇرۇبا سۇيى شىركىتى قۇرۇش، قارىمىقىدا سۇ زاۋۇتى تەسىس قىلىش، 35 كىلومېتىر تۇرۇبا تورى ياتقۇزۇپ، 120 جايدا سۇ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسى قۇرۇش | | 134 | | 134 | 2 | 2.50 | 90 | 20 مىڭ كىشى پايدىلاندى |
| جەمئىي | | 62.65 | 160.96 | 73.13 | 296.74 | 5.31 | 7.29 | 216.04 | |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1991 — 1995 ـ يىلغىچە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشى

جەدۋەل: 13 — 6

| يىللار | ئورۇندالغان قۇرۇلۇش تۈرى | پايدىلىنىش ئەھۋالى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|
| 1991 | 22 چوڭقۇر قۇدۇق قېزىلدى | 4500 كىشى، 6500 تۇياق چارۋا | بىر يىلدا 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئاپتونوم رايونلۇق سۇنى ياخشىلاش ئىشخانىسىدىن 10 مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىلدى |
| | ئۆگەن يېزىسى تۇرۇبا سۇيى قۇرۇلۇشىدا بىر سۇ مۇنارى، بىر سۇ زاۋۇتى قۇرۇلدى | 500 كىشى، 7600 تۇياق چارۋا | |
| | يۇلتۇزباغ يېزىسىدىكى سۇ تۇرۇبىسى 6 كىلومېتىر ئۇزارتىلدى، بازار، توپاقئېرىق كەنتلىرى پايدىلاندى | 1500 كىشى، 3000 تۇياق چارۋا | |
| 1992 | پەيشەنبە بازار سۇ مەنبەسى قۇدۇقى قۇرۇلۇشى تاماملىنىپ، 68 مېتىرلىق چوڭقۇر قۇدۇق قېزىلدى. ئۆگەن يېزىسى تۇرۇبا سۇيى قۇرۇلۇشىنىڭ داۋامى ئىشلەپ پۈتتۈرۈلدى | 7 چەت، يىراق كەنت پايدىلاندى | شۇ يىلى ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 310 مىڭ يۈەن |
| 1993 | پەيشەنبە بازار يېزىسى بازىرىنىڭ تۇرۇبا سۇيى قۇرۇلۇشى ئورۇندالدى، ساقتام دېھقانچىلىق مەيدانىدا 4 ئىچىملىك سۇ قۇدۇقى قېزىلدى، شۆبە باغۋەنچىلىك مەيدانى چوڭقۇرلۇقى 150 مېتىر كېلىدىغان چوڭقۇر قۇدۇق قازدى | پەيشەنبە بازار يېزىسى بازىرى ۋە ساقتام دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ھەممە ئادەم، چارۋا پايدىلاندى | شۇ يىلى ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 520 مىڭ يۈەن |
| 1994 | كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش ئومۇمىي پىلانى ئورۇندالدى ۋە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىپ ماقۇللىشىدىن ئۆتتى | | |
| 1995 | يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان 7 قۇرۇلۇشنى تەكشۈرۈش ۋە لايىھىلەش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى | | شۇ يىلى ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 60 مىڭ يۈەن |

# § 9 . سۇچىلىقنى باشقۇرۇش

## 1، سۇ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش

تارىختا ھەر دەرىجىلىك بەگلەر ئىچىدە سۇ باشقۇرۇش بېگى بار بولۇپ، ئۇلار مىراپ دەپ ئاتىلاتتى. مىنگو دەۋرىدە بەگلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر بۇرۇندىن تارتىپ ئادەتلەنگىنى بويىچە سۇ باشقۇرغۇچىلارنى يەنىلا مىراپ دەپ ئاتاپ كەلدى.

مىنگو دەۋرىدە كۇچا، شايار، توقسۇلار ئۆگەن دەرياسىنىڭ سۈيىدىن ئورتاق پايدىلىنىدىغان بولغاچقا، ھەر يىلى سۇ ماجىراسى ئۈزۈلمەيتتى.

مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) يازدا يالڭ زېڭشىن ئاقسۇنىڭ دوتەيىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئۆگەن دەرياسىدىن كۇچاغا 39.5%، توقسۇغا 28.5%، شايارغا 32% سۇ بۆلۈپ بېرىش توغرىلىق پەرمان چۈشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن كۆپ يىللىق سۇ ماجىراسى پەسەيگەن، كىشىلەرنىڭ سۇ تەقسىملەشتە ئاساسلىنىشى ئۈچۈن، شۇ يىلى يالڭ زېڭشىننىڭ تېلگرامما پەرمانى ياغاچ تاختايغا ئويۇلۇپ، توما تاقىقى ئۈستىگە ئورنىتىپ قويۇلغان. بۇ سۇ تەقسىملەش نىسبىتى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن، 3 ناھىيە ئارىسىدا يەنە سۇ ماجىراسى پەيدا بولغان. شايار ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى لى گۇەنجۇ شىنجاڭنىڭ دۇبەنى شېڭ شىسەيگە بۇ ھەقتە مەكتۇپ سۇنغان. 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شېڭ دۇبەن ئاقسۇنىڭ باش مەمۇرىي ئەمەلدارى خۇاڭ مىنفۇ، ژاندارما قوماندانى سۇن چىڭلىن، ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ساۋ تيەنجۇ ۋە كۇچا، شايار، توقسۇنىڭ ھاكىملىرىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، «3 ناھىيە سۇ ماجىراسىنى ھەل قىلىش ھەيئىتى» تەشكىل قىلىش، خۇاڭ مىنفۇ ھەيئەت باشلىقلىقىنى، سۇن چىڭلىن، ساۋ تيەنجۇ مۇئاۋىن ھەيئەت باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۇچا، شايار، توقسۇ ناھىيىلىرى سۇ ماجىراسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇغا 10 دىن ۋەكىل ئەۋەتكەن. توقسۇ ناھىيىسى ئەۋەتكەن 10 ۋەكىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاقسۇغا بېرىپ، كۇچا، شايار ۋەكىللىرى بىلەن بىللە كېڭەشكەن. 3 ناھىيىنىڭ ۋەكىللىرى كېڭىشىش ئارقىلىق «كۇچا، شايار، توقسۇ ناھىيىلىرىنىڭ سۇ ماجىراسىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا قارار» ئىمزالىغان. شۇنىڭ بىلەن مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) بېكىتىلگەن سۇ تەقسىملەش تۈزۈمى يەنىمۇ مۇستەھكەملەنگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، كونا سۇ باشقۇرغۇچى (مىراپ) لار قايتىدىن تاللاپ سەپلەندى. شۇ يىلى ناھىيە، رايون، يېزا، كەنت دەرىجىلىك 200 نەچچە سۇ ھەيئىتى تاللاپ سەپلەندى. 1954 - يىلى قايتىدىن سايلاش ۋە تەڭشەش ئارقىلىق، ناھىيە، رايون، يېزا دەرىجىلىك 43 سۇ ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. شۇ يىلدىن باشلاپ ھەيئەتلەرنىڭ ئىش ھەققى يەرلىك ئورۇنلار ئۆزلىرى توپلىغان خىراجەتتىن بېرىلدى.

1956 - يىلىنىڭ بېشىدا ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدا سۇغىرىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەر دەرىجىلىك ھەيئەتلەر ئىچىدىن ياش، قابىل، ئىشتا ئادىل، مەسئۇلىيەتچان سۇ خادىملىرى ئاجرىتىلىپ، قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش خىزمىتى ئىشلىنىپ، سۇ باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ كەسپىي ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى. 1957 - يىل 4 - ئايدا رەھبەرلىك قىلىشقا ۋە ماسلاشتۇرۇش - باشقۇرۇشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، كۇچا، شايار، توقسۇ، باي سۇ باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى، 4 ناھىيىنىڭ ھاكىمى ۋە ھەر قايسى ناھىيىلىك سۇچىلىق بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى ھەيئەت ئەزاسى بولدى.

1957 - يىل 10 - ئايدا توقسۇدا ناھىيىلىك، رايونلۇق، يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى قۇرۇلدى،

ناھىيىلىك سۇ باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىنى ھاكىم، مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى سۇچىلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۈستىگە ئالدى، ناھىيىگە قاراشلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە رايون باشلىقلىرى ھەيئەت ئەزاسى بولدى. رايونلۇق، يېزىلىق سۇ ھەيئەتلىرى ناھىيىلىك سۇ ھەيئىتىگە تەقلىد قىلىپ قۇرۇلدى.

1958 - يىلى «1 - ماي» سۇ ئامبىرى ياسالغاندىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسىدە 1 - باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. كېيىن سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە يەنە توقسۇ بازارلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتى، ئىچكىرىق سۇ پونكىتى، ئۆگەن سۇ پونكىتى، دايۇلتۇز سۇ پونكىتى، پەيشەنبە بازار سۇ پونكىتى، «قىزىل بايراق» تومىسى سۇ پونكىتى، تاشقىرىق سۇ پونكىتى، قاراتاش تومىسى سۇ تەقسىملەش پونكىتى، ئويچىلان تومىسى سۇ تەقسىملەش پونكىتىدىن ئىبارەت 9 سۇ تەقسىملەش ئاپپاراتى قۇرۇلدى.

ھەر دەرىجىلىك سۇ ھەيئەتلىرىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى يۇقىرى دەرىجىلىك سۇ باشقۇرۇش ھەيئىتى بېكىتكەن نىسبەتكە ئاساسەن، پىلان كۆرسەتكۈچ بويىچە سۇ تەقسىملەش، گومۇمەن دەريا - ئېقىن، ئۆستەڭ، سۇ ئامبىرى، بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىش ۋە سۇ تەقسىملەش نىسبىتى قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا مۇناسىپ قارار چىقىرىشتىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى باشقۇرۇش - قوغداش ۋە ئېتىزلارغا قويۇلغان سۇنى كۆزىتىش، ھېسابلاش ھەم سۇ ماجىراسىنى ھەل قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولدى، بۇ ئارقىلىق ناھىيىلىك سۇ ھەيئىتى بېكىتكەن تۈرلۈك سۇ باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

1979 - يىلى ناھىيىلىك سۇ باشقۇرۇش ھەيئىتى مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، ناھىيىدىكى ئۆستەڭلەرگە سۇ تەقسىملەش نىسبىتى توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە قارار چىقاردى:

ئىچكىرىق ئۆستىڭى تەقسىملىنىدىغان سۇ نىسبىتى %29 ؛ بۇنىڭ ئىچىدە %15.5 سۇ ناھىيە بازىرى، ئىچكىرىق گۇڭشېسى ۋە باغۋەنچىلىك مەيدانىغا بېرىلىدۇ، %13.5 سۇ ناھىيىلىك چوشقا فېرمىسى، پەيشەنبەبازار گۇڭشېسى ۋە توقسۇ بازىرىنىڭ بوز يېرىگە بېرىلىدۇ.

تاشقىرىق ئۆستىڭى تەقسىملىنىدىغان سۇ نىسبىتى %18 بولۇپ، سۇغىرىش رايونى ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، نەسىللىك چارۋا مەيدانى، تەجرىبە پونكىتى، توقسۇ بازىرىنىڭ بوز يېرى ۋە تاشقىرىق گۇڭشېسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شويۇلتۇز ئۆستىڭى تەقسىملىنىدىغان سۇ نىسبىتى %17 بولۇپ، سۇغىرىش رايونى شويۇلتۇز گۇڭشېسى، توقسۇ بازىرىنىڭ بوز يېرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دايۇلتۇز ئۆستىڭى تەقسىملىنىدىغان سۇ نىسبىتى %36 بولۇپ، سۇغىرىش رايونى دايۇلتۇز گۇڭشېسى، «ئاۋانگارت» دېھقانچىلىق مەيدانى، توقسۇ بازىرىنىڭ بوز يېرى، «1 - ماي» سۇ ئامبىرى قاتارلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### 1979 - يىلدىن كېيىن توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئۆستەڭ، سۇغىرىش رايونلىرىغا تەقسىملەنگەن سۇ نىسبىتى

جەدۋەل: 13 — 7

| ئۆستەڭ نامى | تەقسىملەنگەن سۇ | | سۇغىرىش رايونى | سۇغىرىش كۆلىمى (گېكتار) |
|---|---|---|---|---|
| يولتۇزباغ ئۆستىڭى | %36 | يولتۇزباغ يېزا %15 | يولتۇز باغ، ئۈچقات يېزىلىرى، «ئاۋانگارت» دېھقانچىلىق مەيدانى، توقسۇ بازىرىنىڭ بوز يېرى | 10855 |
| | | ئۈچقات يېزا%21 | | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۆگەن ئۆستەڭى | 17% | | ئۆگەن يېزىسى، توقسۇ بازىرىنىڭ بوز يېرى | 4670 |
| تاشئېرىق ئۆستەڭى | 18% | | تاشئېرىق يېزىسى، ئوزۇقچىلىق مەيدانى، نەسىللىك چارۋا فېرمىسى، تەجرىبە پونكىتى، توقسۇ بازىرىنىڭ بوز يېرى | 4375 |
| ئېچئېرىق ئۆستەڭى | 29% | ئېچئېرىق يېزا 15.5%<br>پەيشەنبە بازار يېزا 13.5 % | ئېچئېرىق، پەيشەنبە بازار يېزىلىرى، باغۋەنچىلىك مەيدانى، چوشقا فېرمىسى، ناھىيىدىكى ئىدارە - ئورۇنلارنىڭ قوشۇمچە كەسىپ يېرى، توقسۇ بازىرىنىڭ ئېرىلغۇ يېرى | 8140 |
| جەمئىي | 100% | | | 28040 |

سۇ باشقۇرۇش خىزمىتى نەچچە ئون يىل تىرىشىش ئارقىلىق پەيدىن - پەي تۈزۈملىشىش، ئىلمىيلىشىش يولىغا ماڭدى. 1992 - يىلى 572 مىليون كۇب مېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە بۇلاق سۈيى 22 مىليون كۇب مېتىر، قۇدۇق سۈيى 1 مىليون 400 مىڭ كۇب مېتىر) سۇ كەلدى، بۇنىڭدىن ئەمەلىيەتتە 218 مىليون كۇب مېتىر سۇ ئىشلىتىلدى، سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتى %38 بولدى. ھەرمو يەرنىڭ ئومۇمىي سۇغىرىش نورمىسى 968 كۇب مېتىر، ساپ سۇغىرىش نورمىسى 368 كۇب مېتىر بولدى، ھەرمو يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.2 قېتىم سۇ قويۇلدى. بىر يىلدا دەريا سۈيى بىلەن 1 مىليون 894 مىڭ 600 مو (قېتىم)، ئامبار سۈيى بىلەن 103 مىڭ 400 مو (قېتىم)، قۇدۇق سۈيى بىلەن 7600 مو (قېتىم) يەر سۇغىرىلدى. سۇدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسىېنتى 50 - يىللاردا تەخمىنەن %30 ئەتراپىدا بولغانىدى، كېيىن يىلدىن - يىلغا ئۆرلەپ، 1980 - يىلى %40كە، 1995 - يىلى %42كە يەتتى.

### 1958 — 1995 - يىلغىچە توقسۇ ناھىيىسىنىڭ سۇ باشلاش، سۇغىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 13 — 8

| تۈرى / يىللار | ئومۇمىي باشلانغان سۇ مىقدارى (100 مىليون كۇب مېتىر) | سۇدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسىېنتى | ئەمەلىي سۇغىرىلغان يەر كۆلىمى (تۈمەن مو - قېتىم) | ئېرىلغۇ كۆلىمى (تۈمەن مو) |
|---|---|---|---|---|
| 1958 | 6.05 | 30 | | 34.09 |
| 1959 | 6.24 | 30 | | 46.25 |
| 1960 | 6.39 | 30 | | 46.98 |
| 1961 | 6.74 | 30 | | 43.23 |
| 1962 | 6.24 | 32 | | 36.44 |
| 1963 | 6.36 | 32 | | 36.29 |
| 1964 | 5.42 | 32 | | 38.14 |
| 1965 | 5.07 | 32 | | 38.8 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 38.41 | | 32 | 6.05 | 1966 |
| 39.71 | | 32 | 4.42 | 1967 |
| 37.82 | | 32 | 4.32 | 1968 |
| 38.07 | | 32 | 5.62 | 1969 |
| 37.58 | | 31 | 4.82 | 1970 |
| 36.84 | | 32 | 4.81 | 1971 |
| 36.67 | | 34 | 4.76 | 1972 |
| 36.48 | | 34 | 4.70 | 1973 |
| 37.26 | | 34 | 5.11 | 1974 |
| 34.86 | | 34 | 5.20 | 1975 |
| 34.81 | | 38 | 5.40 | 1976 |
| 37.20 | | 38 | 5.24 | 1977 |
| 38.53 | | 38 | 6.02 | 1978 |
| 36.74 | | 38 | 5.60 | 1979 |
| 36.29 | | 40 | 5.68 | 1980 |
| 39.24 | | 40 | 6.60 | 1981 |
| 39.83 | | 40 | 5.20 | 1982 |
| 41.70 | | 40 | 5.22 | 1983 |
| 39.26 | | 40 | 4.96 | 1984 |
| 38.97 | 180.63 | 40 | 5.01 | 1985 |
| 38.72 | 178.80 | 43.8 | 4.75 | 1986 |
| 42.24 | 189.20 | 40 | 6.19 | 1987 |
| 42.23 | 205.83 | 40 | 6.26 | 1988 |
| 41.36 | 200.94 | 40.7 | 5.89 | 1989 |
| 43.09 | 203.25 | 42.1 | 6.10 | 1990 |
| 44.98 | 210 | 36.4 | 5.77 | 1991 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1992 | 5.72 | 38 | 207.40 | 48.15 |
| 1993 | 5.10 | 39 | 182.20 | 42.84 |
| 1994 | 6.20 | 42 | 214 | 48 |
| 1995 | 5.92 | 42 | 232.70 | 43.2 |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1986 ـ يىللىق سۇغىرىش ئەھۋالىنىڭ يېزىلار بويىچە ستاتىستىكا قىلىنىشى

جەدۋەل: 13 — 9

| يېزا نامى | بىر يىلدا ئىشلىتىلگەن سۇ مىقدارى (تۈمەن كۇب مېتىر) | | | | | پايدىلىنىلغان سۇ مىقدارى (تۈمەن كۇب مېتىر) | سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتى (%) | ئومۇمىي سۇغىرىش نورمىسى (كۇب مېتىر) | ساپ سۇغىرىش نورمىسى (كۇب مېتىر) | ھەر مو يەرگە ھەر قېتىمدا ئىشلىتىلگەن سۇ (كۇب مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | توسمىدىن ئۆتكەن دەرياسىغا باشلانغان سۇ | | قۇدۇق سۇيى | بۇلاق سۇيى | جەمئىي | | | | | |
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئامبار سۇيى | | | | | | | | |
| ئۆچقات يېزىسى | 10538.6 | 1712 | 45.6 | | 10584.2 | 4042 | 38 | 1353 | 517 | 140 |
| بەكشەنبە بازار يېزىسى | 7631.4 | 1239.8 | 50 | 31.7 | 7713.1 | 3163.4 | 41 | 986 | 404 | 97 |
| شويۇلتۇز يېزىسى | 8230 | | 62 | 42.4 | 8334.4 | 3353.8 | 40.2 | 1190 | 480 | 120 |
| تاشئېرىق يېزىسى | 7578.1 | | 58.9 | 49.2 | 7686.2 | 3278.3 | 42.5 | 1090 | 465 | 113 |
| ئىچئېرىق يېزىسى | 6609.8 | | 37.5 | 50 | 6697.3 | 4085.3 | 61 | 960 | 586 | 103 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | 5354.4 | | 48.4 | | 5402.8 | 2404.2 | 44.5 | 1092 | 487 | 97 |
| توقسۇ بازىرى | | | 3 | | 3 | | | | | |
| جەمئىي | 45942.3 | 2951.8 | 305.4 | 173.3 | 46421 | 20327 | 43.8 | 1103 | 484 | 110 |

**ئىزاھات:** ئەسلىدىكى جەدۋەلدە كۇب مېتىر بويىچە ھېسابلانغان، بۇ جەدۋەلدە تۈمەن كۇب مېتىر بويىچە ھېسابلاندى، پۈتۈنلەش مۇناسىۋىتى بىلەن جەمئىي گىرافىسىدا ئازراق پەرق بولدى.

**توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1988 - يىللىق سۇغىرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 13 — 10

| يېزا نامى | باغ سۇغىرىش ئەھۋالى | | ھەرخىل زىرائەتلەرنى سۇغىرىش ئەھۋالى (مو قېتىم) | | | | | | ئېگىزغا تېرىش ئەھۋالى | | | كۈزگى بۇغداي يېرىنى سۇغىرىش (مو) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كۆلىمى (مو) | سۇغىرىش (مو - قېتىم) | بىر قېتىم سۇغىرىلغىنى | 2 قېتىم سۇغىرىلغىنى | 3 قېتىم سۇغىرىلغىنى | 4 قېتىم سۇغىرىلغىنى | 5 قېتىم سۇغىرىلغىنى | جەمئىي | تېرىلغىنى (مو) | سۇغىرىلغىنى: مو - قېتىم | سۇغىرىلغىنى: قېتىم سانى | |
| ئۆيقان يېزىسى | 12274 | 56505 | 26410 | 26410 | 26410 | 16410 | 1400 | 109640 | 10395 | 30850 | 2.9 | 32950 |
| يەكشەنبە بازار يېزىسى | 11535 | 52081 | 30013 | 30013 | 30013 | 19500 | 1600 | 125539 | 10120 | 29158 | 2.9 | 32800 |
| شويۇلتۇز يېزىسى | 10400 | 58540 | 28300 | 28300 | 28300 | 20000 | 15630 | 120530 | 9200 | 29490 | 3.2 | 32000 |
| تاشئېرىق يېزىسى | 12104 | 56850 | 29871 | 29871 | 29871 | 21000 | 18640 | 129253 | 9861 | 35079 | 3.5 | 33300 |
| ئېچئېرىق يېزىسى | 9750 | 46000 | 39897 | 39897 | 39897 | 35000 | 33000 | 187691 | 8257 | 28455 | 3.4 | 24100 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | 12800 | 47020 | 23302 | 23302 | 23302 | 23302 | 23302 | 116510 | 7760 | 25220 | 3.2 | 23800 |
| توقسۇ بازىرى | 460 | 2000 | 1990 | 1990 | 1990 | 1600 | 1400 | 89700 | 700 | 2384 | 3.4 | 2300 |
| جەمئىي | 69323 | 328996 | 179783 | 179783 | 179783 | 136812 | 121972 | 798133 | 56293 | 180636 | 3.2 | 181250 |

## 2 . سۇ ھەققى ئېلىش

ناھىيە بويىچە 1954 - يىلدىن باشلاپ سۇ ھەققى ئېلىنىدى، سۇ ھەققى مو سانىغا ئاساسەن ھېسابلاپ ئېلىنىدى. ئۇنىڭ ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: 1 - دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەرموسىغا بىر كىلوگىرامدىن، 2 - دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەرموسىغا 0.75 كىلوگىرامدىن، 3 - دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەرموسىغا 0.5 كىلوگىرامدىن بۇغداي ئېلىنىدى. مېۋىلىك باغ، كۆكتات يېرىدىن بىردەك 1 - دەرىجىلىك يەر بويىچە سۇ ھەققى ئېلىنىدى. شۇ يىلى جەمئىي225 مىڭ 754 كىلوگىرام بۇغداي ئېلىنىدى، بۇنى باھاغا سۇندۇرغاندا 41 مىڭ 500 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا) بولدى.

1960 - يىلى سۇ ھەققى ئېلىش چارىسى تەڭشەلدى: شالىنىڭ ھەرموسىغا 2.5 كىلوگىرامدىن؛ ئۈزۈم، مېۋە - چېۋە، كۆكتاتنىڭ ھەرموسىغا 1.5 كىلوگىرامدىن، دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ ھەرموسىغا بىر كىلوگىرامدىن؛ سۇ تۈگمىنىنىڭ پايدىسى بۇغدايغا سۇندۇرۇلۇپ، ھەر 100 كىلوگىرام ئاشلىق ئۈچۈن 2 كىلوگىرام بۇغداي ئېلىنىدى. گۆڭشېلار ئۆزى بۇلاق كولاپ، بۇلاق سۈيى ئارقىلىق يەر سۇغارغان بولسا سۇ ھەققى ئېلىنمىدى.

1963 - يىلدىن باشلاپ سۇ ھەققى ئۈچۈن نەق پۇل ئېلىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: شال، قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتاتنىڭ ھەرموسىدىن 0.366 يۈەن، باشقا زىرائەتلەرنىڭ ھەرموسىدىن 0.244 يۈەن ئېلىنىدى. شۇ يىلى ئەمەلىي ئېلىنغان سۇ ھەققى 45 مىڭ 201 يۈەن بولدى.

1984 ـ يىلى سۇ ھەققى ئېلىش ئۆلچىمى مۇنداق تەڭشەلدى: دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى، مېۋىلىك باغلارنىڭ ھەرموسىدىن 0.8 يۈەن، شالىنىڭ ھەرموسىدىن 1.2 يۈەن ئېلىنىدىغان بولدى. 1985 ـ يىلى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىنىڭ ھەرموسىدىن 1.20 يۈەن، شالىنىڭ ھەرموسىدىن 1.50 يۈەن ھەق ئېلىندى. ناھىيە بويىچە ئەمەلىي ئېلىنغان سۇ ھەققى 489 مىڭ يۈەن بولدى.

1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچەمىنى ئاساسەن، سۇ ھەققى كۇب مېتىر بويىچە ئېلىندى. شۇ يىلى «قىزىل بايراق» تومىسىدىن باشلانغان سۇ مىقدارى 584 مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، ھەر كۇب مېتىر سۇ ئۈچۈن 0.00108 يۈەن بويىچە ھېسابلاپ 630 مىڭ 879 يۈەن ھەق ئېلىندى.

1989 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سۇ ھەققىنى ئەتىياز، يازدا ھەركۇب مېتىر ئۈچۈن 0.002 يۈەن، كۈزدە ھەركۇب مېتىر ئۈچۈن 0.001 يۈەن سۇ ھەققى ئېلىشقا تەڭشىدى، شۇ يىلى ئومۇمىي باشلانغان سۇ مىقدارى 534 مىليون كۇب مېتىر، ئېلىشقا تېگىشلىك سۇ ھەققى 1 مىليون 54 مىڭ 247 يۈەن ئىدى، ئەمما مۇلدۇر ئاپېتىگە ئۇچراش سەۋەبىدىن ئەمەلىيەتتە 1 مىليون 12 مىڭ 247 يۈەن (بىر قىسمى ئاپەت تۇپەيلىدىن كېمەيتىلدى ياكى كەچۈرۈم قىلىندى) سۇ ھەققى ئېلىندى.

سۇ ھەققىنى يېزىلىق ئاساسىي قاتلام سۇ پونكىتلىرى يىغدى، سۇ باشقۇرۇش تارماقلىرى سۇ ھەققى تاپشۇرۇشنى رەت قىلغانلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى توختىتىشقا ھوقۇقلۇق بولدى.

90 ـ يىللار كىرگەندىن كېيىن، سۇ ھەققى ئېلىش ئۆلچىمى يەنە كۆپ قېتىم تەڭشەلدى. 1990 ـ يىلى كۆزلۈك سۇنىڭ ھەر كۇب مېتىرى ئۈچۈن 0.0015 يۈەن، يازلىق سۇنىڭ ھەر كۇب مېتىرى ئۈچۈن 0.0033 يۈەن، نىسبەت سىرتىدىكى سۇنىڭ ھەر كۇب مېتىرى ئۈچۈن 0.004 يۈەن ھەق ئېلىندى، ناھىيە بويىچە شۇ يىلى 1 مىليون 668 مىڭ يۈەن سۇ ھەققى ئېلىندى. 1995 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 5 مىليون 13 مىڭ يۈەن سۇ ھەققى يىغىۋېلىندى.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردا ئەمەلىي ئېلىنغان سۇ ھەققى

جەدۋەل: 13 — 11

| يىللار | سۇ ھەققى (تۈمەن يۈەن) | يىللار | سۇ ھەققى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1954 | 4.15 | 1985 | 48.9 |
| 1958 | 5.07 | 1987 | 63.1 |
| 1965 | 9.67 | 1988 | 78.4 |
| 1966 | 7.95 | 1989 | 105.4 |
| 1967 | 7.30 | 1990 | 166.8 |
| 1968 | 10.49 | 1991 | 331 |
| 1969 | 5.66 | 1992 | 331 |
| 1970 | 8.28 | 1993 | 317.1 |
| 1974 | 7.37 | 1994 | 409.3 |
| 1975 | 8.54 | 1995 | 501.3 |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1995 - يىلى ئىشلىتىلگەن سۇ ۋە ئېلىشقا تېگىشلىك سۇ ھەققى

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن (سۇ ھەققى)

جەدۋەل: 13 — 12 · تۈمەن كۇب مېتىر (ئىشلىتىلگەن سۇ مىقدارى)

| تۈرى / ئورۇن | كۈز پەسلى | | قىش پەسلى | | ئەتىياز، ياز پەسىللىرى | | | نىسبەتەن سىرتتىكى سۇ مىقدارى ۋە سۇ ھەققى | | ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي سۇ مىقدارى | جەمئىي سۇ ھەققى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئىشلىتىلگەن سۇ مىقدارى | سۇ ھەققى | ئىشلىتىلگەن سۇ مىقدارى | سۇ ھەققى | ئىشلىتىلگەن سۇ مىقدارى | ئىقتىسادىي زىرائەت سۇلىرى ھەققى | ئاشلىق زىرائەت سۇلىرى سۇ ھەققى | ئىشلىتىلگەن سۇ مىقدارى | سۇ ھەققى | | |
| ئۈچقات يېزىسى | 3152 | 25 | 887 | 3 | 8811 | 31 | 41 | 146 | 1 | 12997 | 103 |
| يۇلتۇزباغ يېزىسى | 1887 | 15 | 512 | 2 | 6391 | 20 | 32 | 51 | 0.6 | 8843 | 70 |
| ئۆگەن يېزىسى | 2630 | 21 | 496 | 2 | 6858 | 23 | 33 | 298 | 3 | 10283 | 83 |
| تاشئېرىق يېزىسى | 2288 | 18 | 834 | 3 | 6690 | 24 | 31 | 60 | 0.7 | 9874 | 78 |
| ئىچئېرىق يېزىسى | 1475 | 11 | 332 | 1 | 5602 | 15 | 31 | 803 | 9 | 8214 | 68 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | 1926 | 15 | 330 | 1 | 5191 | 18 | 24 | 103 | 1 | 7552 | 61 |
| ساقتام دېھقانچىلىق مەيدانى | 500 | 4 | 265 | 1 | 2277 | 10 | 8 | 444 | 5 | 3488 | 29 |
| توقسۇ بازىرى | 107 | 0.9 | 28 | 0.1 | 492 | 0.1 | 3 | | | 628 | 5 |
| كۆچەت مەيدانى | 22 | 0.2 | | | | | | | | 22 | 0.2 |
| جەمئىي | 13987 | 110.1 | 3684 | 13.1 | 42312 | 141.1 | 203 | 1905 | 20.3 | 61901 | 497.2 |

ئىزاھات: 1) ئەسلى جەدۋەلدىكى بىرلىك يۈەن، كۇب مېتىر بولۇپ، تەزكىرىگە كىرگۈزگەندە تۈمەن يۈەن، تۈمەن كۇب مېتىرغا ئايلاندۇرۇپ ھېسابلىنىپ، يۈزلەر خانىسىنىڭ ئاخىرقى خانىلىرىدىكى سانلار يۇتۇنلىۋېتىلدى. شۇڭا تۈرلەردىكى سان بىلەن ئەسلىدىكى جەملەنگەن سان ئوتتۇرىسىدا ئازراق پەرق بار. 2) سۇ ھەققىنى ھېسابلاشتا: 9 -، 10 -، 11 - ئايلاردىكىسى كۈزلۈك سۇ، 12 -، 1 -، 2 - ئايلاردىكىسى قىشلىق سۇ، 3 -، 4 -، 5 -، 6 -، 7 -، 8 - ئايلاردىكىسى ئەتىياز ۋە يازلىق سۇ بويىچە ھېسابلاندى.

## § 10 . سۇچىلىق خىراجىتى

1965 - يىلى ناھىيە مالىيىسىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن سۇچىلىق خىراجىتى 34 مىڭ يۈەن ئىدى،

1968 - يىلى 109 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1988 - يىلى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 284 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1993 - يىلى 130 مىڭ يۈەن بولدى. ئەمما ئەمەلىيەتتە كەچۈرۈم قىلىنغان سۇچىلىق خىراجىتى بۇنىڭدىن خېلى كۆپ بولدى، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، سۇ ھەققى كىرىمى، سۇچىلىق ئىدارىسى قارىمىقىدىكى كارخانىلارنىڭ كىرىمى قاتارلىق خىراجەتلەر مالىيە نەق چوتىغا كىرگۈزۈلمىدى، بۇ كىرىملەرنىڭ كۆپ قىسمى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىغا سېلىنما قىلىپ سېلىنغان بولغاچقا، مالىيەدىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن پۇل ئاز، ئەمەلىي سېلىنغان مەبلەغ كۆپ بولۇشتەك ئەھۋال شەكىللەندى.

1994 - يىلى 4 مىليون 93 مىڭ يۈەن سۇ ھەققى يىغىلدى، يۇقىرىدىن 740 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 80 مىڭ يۈەن سۇ بايلىقى ھەققى، 1805 يۈەن سۇ ئىشلىتىش ئىجازەتنامىسى بېجىرىش ھەققى ئېلىندى، 8754 يۈەن قائىدىگە خىلاپ سۇ ئىشلەتكەنلىك جەرىمانىسى ئېلىندى، جەمئىي كىرىم 4 مىليون 923 مىڭ يۈەن بولدى.

چىقىم تۈرى مۇنداق بولدى: يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان سۇ ھەققى 1 مىليون 402 مىڭ يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىگە چىقىم قىلىنغىنى 492 مىڭ يۈەن، پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ خىراجىتى 133 مىڭ يۈەن، سۇ باشقۇرۇش خىراجىتى 213 مىڭ يۈەن، سېتىۋېلىش خىراجىتى 110 مىڭ يۈەن، رېمونت قىلىش خىراجىتى 275 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش چىقىمى 519 مىڭ يۈەن، باشقا چىقىم 291 مىڭ يۈەن، جەمئىي چىقىم 3 مىليون 435 مىڭ يۈەن.

1995 - يىلى 5 مىليون 13 مىڭ يۈەن سۇ ھەققى، 48 مىڭ يۈەن سۇ بايلىقى ھەققى، 1000 يۈەن سۇ ئىشلىتىش ئىجازەتنامىسى بېجىرىش ھەققى، 5800 يۈەن قائىدىگە خىلاپ سۇ ئىشلەتكەنلىك جەرىمانىسى ئېلىندى، ناھىيە سىرتىدىكى قۇرۇلۇشلاردىن 700 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى، يەرلىك ئورۇنلار ئۆزى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلىدى، دۆلەت 200 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت 50 مىڭ يۈەن ياردەم بەردى، جەمئىي كىرىم 7 مىليون 215 مىڭ يۈەن بولدى، ئۇنىڭدىن باشقا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاش مەبلىغىدىن 1 مىليون 650 مىڭ يۈەن ئەمەلىيلەشتى.

چىقىم تۈرى ئاساسلىقى مۇنداق بولدى: يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان سۇ ھەققى 1 مىليون 710 مىڭ يۈەن، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇنى ياخشىلاشقا سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليون 60 مىڭ يۈەن، تۈرلۈك مەمۇرىي خىراجەت تەخمىنەن 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن، تۈرلۈك ئېتىز - ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان مەبلەغ تەخمىنەن 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن.

# II باب

# سۇ ئېلېكترى

## §1 . سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى

### 1. قۇمتۇر ئېلېكتر ئىستانسىسى

1966 - يىلى توقسۇ ناھىيىسى ئۆگەن دەرياسى تومىسىدا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇپ، دەسلەپتە

مىگتۈي ئېلېكتر ئىستانسىسى دەپ نام بەردى. ئۇنىڭ نامى 1967 ـ يىلى «شەرق قىزاردى» ئېلېكتر ئىستانسىسىغا، 1985 ـ يىلى قۇمتۇر ئېلېكتر ئىستانسىسىغا ئۆزگەرتىلدى؛ بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى گېنېراتورلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 9600 كىلوۋات (1600 × 6) قىلىپ لايىھىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 6400 كىلوۋات (1600 × 4) بولدى. ھاسىل قىلىندىغان يىللىق توك مىقدارى 25 مىليون 80 مىڭ كىلوۋات سائەت، ئۇنىڭغا جەمئىي 22 مىليون 182 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنندى.

قۇمتۇر ئېلېكتر ئىستانسىسى كۇچا، شايار، توقسۇ يەرلىك ئېلېكتر قۇۋۋىتى شىركىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، باجنى توقسۇ ناھىيىلىك باج ئىدارىسى ئالىدۇ.

## 2 . 2 ـ ئېلېكتر ئىستانسىسى

بۇ ئىستانسا ئىچىبىرىق يېزىسىنىڭ توقچەك كەنتىگە جايلاشقان، ئۇنى ۋىلايەتلىك سۇ ئېلېكتر باشقارمىسى لايىھىلىگەن، ئىستانسا قۇرۇلۇشى 1979 ـ يىلى باشلىنىپ 1983 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پۈتتى.

بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا 2 مىليون 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنندى (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 1 مىليون 540 مىڭ يۈەن، ئەمگەكنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 540 مىڭ يۈەن)، 115 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى، ئىستانسا گېنېراتورلىرىنىڭ قۇۋۋىتى 250×4 كىلوۋات، ھاسىل قىلىندىغان يىللىق توك مىقدارى 1 مىليون 400 مىڭ كىلوۋات سائەت. بۇ ئىستانسا توقسۇ ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىغا قارايدۇ.

2 ـ ئېلېكتر ئىستانسىسى 1984 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، قۇمتۇر ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن تورلاشتۇرۇلغانىدى. 1994 ـ يىلى شايار غول ئۆستىڭى باشقا جاي بىلەن ئالماشتۇرۇلغان قىلىنغانلىقتىن، سۇ يېتىشمەي تاقىۋېتىلدى.

توقسۇ ناھىيىلىك 2 ـ ئېلېكتر ئىستانسىسى 1983 — 1993 ـ يىلغىچە تارقاتقان توك

جەدۋەل: 13 — 13 بىرلىكى: تۈمەن كىلوۋات سائەت

| يىللار | ھاسىل قىلىنغان توك | يىللار | ھاسىل قىلىنغان توك |
|---|---|---|---|
| 1983 | 33.4 | 1989 | 179 |
| 1984 | 88 | 1990 | 136.2 |
| 1985 | 80 | 1991 | 90 |
| 1986 | 137.1 | 1992 | 95 |
| 1987 | 145 | 1993 | 120 |
| 1988 | 207 | | |

### 3. تاشئېرىق ئېنېرگىيە ئىستانسىسى

بۇ ئىستانسا تاشئېرىق يېزىسىنىڭ ئاچادۆڭ كەنتىگە جايلاشقان، ئۇنى توقسۇ ناھىيىلىك سۇچىلىق بۆلۈمى لايىھىلىگەن، ئىستانسا قۇرۇلۇشى 1968 - يىلى باشلىنىپ، 1969 - يىل 8 - ئايدا پۈتكۈزۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بۇ ئىستانسىدا تاشئېرىق ئۆستىڭى سۈيىنىڭ 3 مېتىر سەكرەش پەرقىدىن پايدىلىنىپ، 4 سۇ تۇربىنىلىق پولات تۆگمەن گورۇپپىسى (4.75 × 4 كىلوۋات) ئورنىتىلىپ، كۈنىگە 10 مىڭ كىلوگرام ئۇن تارتىلىپ، شۇ يىلى 40 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىنىدى. كېيىن ئىگىلىك باشقۇرۇش ياخشى بولماي، 1980 - يىلى زىيان كۆرۈلگەنلىكتىن، ئىشلىتىلمەي تاشلاپ قويۇلدى.

### 4. يېڭىئاۋات ئېنېرگىيە ئىستانسىسى

1970 - يىلى ئىچئېرىق يېزىسىنىڭ يېڭىئاۋات چوڭ ئەترىتى تەۋەسىگە ئىچئېرىق ئۆستىڭى سۈيىنىڭ 2.5 مېتىر سەكرەش پەرقىدىن پايدىلىنىپ ئېنېرگىيە ئىستانسىسى قۇرۇلغانىدى. بۇ ئىستانسىغا جەمئىي 58 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 45 مىڭ يۈەن، ئەمگەكنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 13 مىڭ يۈەن. يۇقىرىدىكى خىراجەتتىن پايدىلىنىپ 3 پولات تۆگمەن گورۇپپىسى (4.75×3 كىلوۋات) ئورنىتىلغان بولۇپ، كۈنىگە 750 كىلوگرام ئۇن تارتىلاتتى. 1971 - يىلى ئىگىلىك باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق تۈپەيلىدىن ئىشتىن توختىتىلدى.

## §2. يېزىلارنى توك بىلەن تەمىنلەش

1970 - يىلى «شەرق قىزاردى» ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى توقسۇ ناھىيىسىدە سۇ ئېلېكترى يوق ئىدى، توك ئىشلىتىشتە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ياساش - رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ دىزېلماتورىغا تايىنىلاتتى. 1971 - يىلى ئالدى بىلەن ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن ترانسفورماتور پونكىتىغىچە ئۇزۇنلۇقى 17 كىلومېتىر كېلىدىغان 35 كىلوۋولتلۇق توك سىمى تارتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تاشئېرىق، شويۇلتۇزلارغا توك سىمى تارتىلدى. 1981 - يىل 8 - ئايدا دايۇلتۇزغا ئۇزۇنلۇقى 17 كىلومېتىر كېلىدىغان 35 كىلوۋولتلۇق توك سىمى تارتىلدى.

ناھىيە بويىچە 3 ترانسفورماتور پونكىتى قۇرۇلدى. توقسۇ ترانسفورماتور پونكىتى 1971 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 1500 × 1 كىلوۋولت ئامپېرلىق 2 باش ترانسفورماتور تورى ئورنىتىلدى. دايۇلتۇز ترانسفورماتور پونكىتى 1985 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 750 × 1 كىلوۋولت ئامپېرلىق ترانسفورماتور تورىدىن بىرى، 1000×1 كىلوۋولت ئامپېرلىق باش ترانسفورماتوردىن بىرى ئورنىتىلدى؛ ساگتام ترانسفورماتور پونكىتى 1993 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 1250 × 1 كىلوۋولت ئامپېرلىق 2 باش ترانسفورماتور تورى ئورنىتىلدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە 84 كەنتكە توك يەتكۈزۈلدى، يېزىلار ئىشلەتكەن يىللىق توك مىقدارى 2 مىليون 870 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى. 1994 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 6 يېزا، بىر بازار، بىر مەيداننىڭ ھەممىسىگە توك يەتكۈزۈلدى؛ 112 كەنتتىن 92 سىگە توك يەتكۈزۈلدى،

بۇ ئومۇمىي كەنتنىڭ %82 نى ئىگىلىدى؛ 391 كەنت ئائىلىلەر گۇرۇپپىسىدىن 334 ىگە توك يەتكۈزۈلدى، بۇ ئومۇمىي كەنت ئائىلىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ %85 نى ئىگىلىدى.

1994 - يىلى ناھىيە بويىچە 35 كىلوۋولتلۇق توك يوللاش لىنىيىسىدىن 49.1 كىلومېتىر، 6 — 10 كىلوۋولتلۇق توك يوللاش لىنىيىسىدىن 276.3 كىلومېتىر، 0.4 كىلوۋولتلۇق تۆۋەن بېسىملىق توك لىنىيىسىدىن 350.5 كىلومېتىر تارتىلدى. ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 17 مىڭ 80 كىلوۋولت ئامپېر كېلىدىغان 285 توك تەقسىملىگۈچى ترانسفورماتور ئورنىتىلدى. ئىچكىرىق، ئۆچقات، يۇلتۇزباغ يېزىلىرى ۋە توقسۇ بازىرىغا قاراشلىق كەنتلەر ۋە ساقتام دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ھەممىسىگە توك يەتكۈزۈلدى. يېزىلار ئىشلەتكەن يىللىق توك مىقدارى 3 مىليون 180 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى.

## 1. توقسۇ ناھىيىلىك ترانسفورماتور پونكىتى توك بىلەن تەمىنلەش رايونى

بۇ رايون توقسۇ ناھىيە بازىرىنى، توقسۇ بازىرىغا قاراشلىق 6 كەنتنى، ئىچكىرىق يېزىسىنىڭ 15 كەنت - مەيدانىنى، پەيشەنبە بازار يېزىسىنىڭ 12 كەنتىنى، ناھىيىلىك چوشقا فېرمىسىنى، تاشئېرىق يېزىسىنىڭ 12 كەنتىنى، ناھىيىلىك نەسىللىك چارۋا فېرمىسىنى، ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنى، تەجرىبە مەيدانىنى، ئۆگەن يېزىسىنىڭ 5 كەنتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1988 - يىلى توقسۇ ناھىيىسى بويىچە يېزىلارنى توك بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 13 — 14

| توك بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورۇن | توك بىلەن تەمىنلىنىدىغان نوپۇس | توك بىلەن تەمىنلىنىدىغان رايوننىڭ تېرىلغۇ يېرى (گېكتار) | ترانسفورماتور سىغىمچانلىقى (كىلوۋولت ئامپېر) | ئۇزارتىلغان لىنىيە (كىلومېتىر) | يۇقىرى بېسىملىق توك يوللاش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|
| توقسۇ ترانسفورماتور پونكىتى | 54055 | 7561 | 4185 | 10.9 | 15.6 |
| 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى | 6820 | 1384 | 750 | 29.9 | 12.6 |
| يۇلتۇز باغ يېزىسى ترانسفورماتور پونكىتى | 35651 | 8784 | 2230 | 128.9 | 19.1 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى توك باشقۇرۇش پونكىتى | 19364 | 631 | | 112.3 | 17.5 |
| جەمئىي | 115890 | 18360 | 7165 | 282 | 64.8 |

## 2. 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى توك بىلەن تەمىنلەش رايونى

بۇ رايون ئىچكىرىق يېزىسىنىڭ 7 كەنتىنى، تاشئېرىق يېزىسىنىڭ 4 كەنتىنى، «1 - ماي» سۇ ئامبىرىنى،

بىلقچىلىق مەيدانىنى، 2 ـ بېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ خىش زاۋۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1994 ـ يىلى 2 ـ ئېلېكتر ئىستانسىسى تاقىۋېتىلگەندىن كېيىن، بۇ رايوننى قۇمتۇر ئېلېكتر ئىستانسىسى توك بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدى.

## 3. يۇلتۇزباغ ترانسفورماتور ئىستانسىسى توك بىلەن تەمىنلەش رايونى

بۇ رايون يۇلتۇزباغ يېزىسىنىڭ 15 كەنتى، ئۆگەن يېزىسىنىڭ 5 كەنتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### توقسۇ ناھىيىسى يېزىلىرىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى توك ئىشلىتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 13 — 15 بىرلىكى: تۈمەن كىلوۋات سائەت

| يىللار | ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى | يىللار | ئىشلىتىلگەن توك مىقدارى |
|---|---|---|---|
| 1977 | 58 | 1987 | 189.1 |
| 1978 | 96.4 | 1988 | 210 |
| 1980 | 74.2 | 1989 | 300 |
| 1981 | 146.7 | 1990 | 180 |
| 1982 | 162.8 | 1991 | 214.5 |
| 1983 | 147.5 | 1992 | 286 |
| 1984 | 144.2 | 1993 | 287 |
| 1985 | 150 | 1994 | 318 |
| 1986 | 156.1 | 1995 | 673 |

ئون تۆتىنچى قىسىم

# سانائەت، يېزا - بازار كارخانىلىرى



# ئون تۆتىنچى قىسىم

# سانائەت، يېزا - بازار كارخانىلىرى

## I باب

## سانائەت

مىنگو دەۋرىدە توقسۇ ناھىيىسىدە پەقەت قول سانائىتىلا بار ئىدى، ئاساسلىقى بۆز، خۇرجۇن، سەگەز، پاختا يىپ، سوپۇن، مىللىيچە باش - ئاياغ كىيىم قاتارلىقلار كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىلاتتى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 400 مىڭ تاي بۆز توقۇلغان، 1949 - يىلى 418 مىڭ 500 تاي بۆز توقۇلۇپ، ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي، تۇرپان، قارا شەھەر قاتارلىق جايلارغا سېتىلغان؛ خۇرجۇن، سوپۇن، باش - ئاياغ كىيىملەر كۇچا، شايار، باي، بۈگۈر قاتارلىق يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيىلەرگە سېتىلغان. قول سانائەت كەسپىدە ئائىلىۋى ئىگىلىك ئاساس قىلىناتتى، ئائىلىلەر ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزى ساتاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەنئەنىۋى قول سانائەت 1956 - يىلى كوللېكتىپ باشقۇرۇلىدىغان ھەرخىل ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىغا قوشۇۋېتىلدى، نەتىجىدە تەرەققىيات سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك ئاستىلىدى.

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ زامانىۋى سانائىتى 1958 - يىلدىن باشلاندى. 1958 - يىلى ناھىيە بويىچە «قىزىل نۇر» ياغ زاۋۇتىنىڭ ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى ئاساسىي ئېنېرگىيە قىلىنىپ، بىر قىسىم زامانىۋى سانائەت كارخانىلىرى قەدەممۇ قەدەم قۇرۇلۇشقا باشلىدى. زامانىۋى سانائەتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىش ئاساسىدا قۇرۇلغان زاۋۇت، كانلار مۇستەھكەملەندى ۋە تەرەققىي قىلدى. مەسىلەن: ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كېرەكلىك بۇيۇملار زاۋۇتى قاتارلىقلار. توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلماي، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا قۇرۇلغان زاۋۇت - كانلار بىر مەزگىل ئىچىنىشلىق تىركىشىش ۋە قىيىنلىشىشتىن كېيىن ئاستا - ئاستا تاقىلىپ قېلىپ، ئېغىر زىيان كۆرۈلدى، مەسىلەن: فۇرفورول زاۋۇتى، كۆمۈركېنى، ماي چەككىلەش زاۋۇتى (نېفىت)، توقسۇ - شايار پولات - تۆمۈر زاۋۇتى قاتارلىقلار.

1969 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 16 سانائەت كارخانىسى قۇرۇلۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىسى 617 گە، مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 219 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1988 - يىلى كارخانا 24 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى

634كە، مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1993 - يىلى كارخانا 26 (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا توققۇز) گە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 512 (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى - خىزمەتچى 328) گە، سانائەت ئومۇمىي قىممىتى 61 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 13 مىليون 490 مىڭ يۈەن (يۇقىرىقى سانلار ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلاندى).

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ زامانىۋى سانائىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ 1958 - يىلدىن باشلىنىپ ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەھسۇلات ئىگىلىكى تاۋار ئىگىلىكىگە، «داش قازان تامىقى»نى يېيىش ئۇنۇم ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىلىپ، سانائەت كارخانىلىرى ساغلام تەرەققىي قىلىش ئىزىغا سېلىندى، لېكىن ناھىيىنىڭ سانائەت ئاساسى يەنىلا ناھايىتى ئاجىز، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۈسكۈنىلىرى ناچار، باشقۇرۇشى بوش، تېخنىكىسى قالاق، كوزۇر مەھسۇلاتى يوق.

توقسۇ ناھىيىسىدە ئەنئەنىۋى قول سانائىتىنىڭ كۆپىنچىسى 80 - يىللاردىن باشلاپ ئائىلىۋى ئىگىلىك شەكلىگە قايتتى.

## § 1 . ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) 9 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك سودا. سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى. سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان، خەلق سايلايدىغان سودا - سانائەت باشقۇرۇش ئاپپاراتى بولۇپ، ئۇ ھۆكۈمەت بىلەن سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىلىشىش كۆۋرۈكى ئىدى. كاماندىروپكىغا ئەۋەتىش، سېلىق چېچىش، سودا - سانائەت سىياسىتى، ئەمىر - پەرمان، باج يىغىش، باھا قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى سودا - سانائەتچىلەر ئارقىلىق بېجىرىلەتتى. 1949 - يىل 10 - ئايغا كەلگەندە سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى پائالىيىتىنى توختاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 3 - ئايدا سودا - سانائەت بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. 1958 - يىل 7 - ئايدا قاتناش بۆلۈمى سانائەت - قاتناش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سودا - سانائەت بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك پارتكومدا سانائەت - قاتناش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. 1960 - يىل 3 - ئايدا سانائەت - قاتناش ئىشخانىسى سانائەت - قاتناش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1962 - يىل 8 - ئايدا سانائەت - قاتناش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا - سانائەت بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1964 - يىل 5 - ئايدا سودا - سانائەت بۆلۈمى مالىيە - پىلان كومىتېتىغا قوشۇۋېتىلدى. سانائەت - قاتناش بۆلۈمى 1958 - يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغانغا قەدەر مەۋجۇت بولۇپ تۇردى.

1967 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىنىڭ قارىمىقىدا سانائەت - قاتناش - مالىيە - سودا گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1969 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى قارىمىقىدا سانائەت - قاتناش - مالىيە - سودا گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1973 - يىل 11 - ئايدا سانائەت - قاتناش - مالىيە - سودا گۇرۇپپىسى سانائەت - قاتناش ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇ ئىشخانىنىڭ نامى 1981 - يىلى سانائەت - قاتناش بۆلۈمى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىل 8 - ئايدا سانائەت - قاتناش بۆلۈمى قاتناش ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، سانائەت

باشقۇرۇش كەسپى ناھىيىلىك ئىقتىساد كومىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىقتىساد كومىتېتىدا بىر مۇدىر، 4 خىزمەتچى ئىشلەيدىغان بولدى.

## 2 § . قول.سانائەت

### 1. كىيىم - كېچەك، باش - ئاياغ كىيىملەر

كىيىم - كېچەك، باش - ئاياغ كىيىملەر ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە تارىختىن بۇيان ئۇستىلار شاگىرتلارنى يېتەكلەش ئۇسۇلى بىلەن ئائىلىلەر بىرلىك قىلىنىپ تارقاق تىكىلىپ كەلگەن. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) ناھىيە بويىچە 12 تىككۈچى، 17 موزدوز ئائىلىسى بار ئىدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) تىككۈچى ئائىلىسى 70 بولۇپ، شۇ يىلى 4480 قۇر كىيىم - كېچەك تىكىلگەن؛ موزدۇز ئائىلىسى 30 بولۇپ، شۇ يىلى 7200 پار ئاياغ كىيىم تىكىلگەن؛ تۇماقچى - دوپپىچى ئائىلىسى 31 بولۇپ، شۇ يىلى 14 مىڭ 800 دوپپا - تۇماق تىكىلگەن.

1956 - يىلى ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمە كوپىراتىپى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا موزدۇزلۇق كوپىراتىپى، دوپپىچىلىق - تۇماقچىلىق كوپىراتىپى، تىككۈچىلىك كوپىراتىپى تەسىس قىلىندى، ئۇلاردا ئىشلىگەن ئىشىغا قاراپ ھەق بېرىشتەك ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1961 - يىلى لاتا ئاياغ زاۋۇتى قۇرۇلدى، 1966 - يىلى تارقىتىۋېتىلدى. 1974 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا دوپپىچىلىق - تۇماقچىلىق كوپىراتىپى ۋە موزدۇزلۇق كوپىراتىپى بىلەن كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، كۆن - خۇرۇم كوپىراتىپى قۇرۇلدى، بىراق بۇ كوپىراتىپ زىيان تارتقانلىقتىن، 1982 - يىلى تارقىتىۋېتىلدى.

1958 - يىلى كىيىم - كېچەك كوپىراتىپى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا 110 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى. 1989 - يىلغا كەلگەندە ئادىمى 45كە، كوپىراتىپنىڭ تۇراقلىق مۈلكى 25 مىڭ يۈەنگە، ئىگىلىگەن يېرى 500 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 1990 - يىلى ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئەسلىگە كەلگەچكە، كىيىم - كېچەك كوپىراتىپى تارقىلىپ كەتتى.

### 2. كۆن - خۇرۇم

ئەنئەنىۋى كۆن - خۇرۇم ئىشلەش ئۇسۇلى 2 خىل بولىدۇ: بىرى، تېرىنى تۇزلاپ ئەيلەش بولۇپ، كالا، ئات، قوي تېرىلىرى ئەيلەنگەندىن كېيىن مېيتىلاتتى. 1949 - يىلى ناھىيە بويىچە تېرە ئەيلەش ئورنىدىن 15ى بار ئىدى. يەنە بىرى، تېرىدىن ھەرخىل نەرسىلەرنى تىكىش بولۇپ، غىلاپ، تېرە كەمزۇل، ئەلتېرە، خۇرۇم ئۆتۈك، تېرە قولاقچا قاتارلىقلار تىكىلەتتى ۋە تەييارلىناتتى. ئۈسكۈنىلەر كونا ھەم ئاددىي بولۇپ، قول بىلەن تىكىلەتتى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 4424 پارچە تېرە، 150 ئەلتېرە ئەيلەنگەن.

1956 - يىلى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا 32 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلەيدىغان بولدى. شۇ يىلى 2317 پارچە خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىلدى. 1960 - يىلى 7409 پارچە خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىلىپ، مەھسۇلات قىممىتى 284 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1974 - يىلى كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى تۇماقچىلىق كوپىراتىپى، موزدۇزلۇق كوپىراتىپىغا قوشۇۋېتىلىپ، كۆن - خۇرۇم كوپىراتىپى قۇرۇلغانىدى، 1982 - يىلى تارقىلىپ

كەتتى. كۆن - خۇرۇم ئىشلەپچىقىرىشىدا يەككە ئىگىلىك ئەسلىگە كەلدى.

## 3. گىلەم

1956 - يىلى توقۇمىچىلىق كوپېراتىپىدا گىلەمچىلىك سېخى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى توقۇلغان گىلەملەر ئىچىدىكى كۆركەم گىلەمدە چاپراس سىزىق ۋە توغرا - تىك سىزىقلار ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرىغا ھەرخىل گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن، گۈل نۇسخىلىرى يىڭنىچە، جانلىق ۋە كۆركەم بولغانلىقتىن، خېرىدارلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. 1974 - يىلى ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىدە گىلەمچىلىك سېخى قۇرۇلۇپ، 1977 - يىلدىن باشلاپ قوي يۇڭىدىن ئالىي، ئوتتۇرا دەرىجىلىك گىلەملەر توقۇلۇشقا باشلىدى. 1980 - يىلى 428 كۋادرات مېتىر ئالىي دەرىجىلىك گىلەم، 169 كۋادرات مېتىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك گىلەم توقۇلدى. 1986 - يىلى 2197 كۋادرات مېتىر گىلەم توقۇلۇپ، تارىختا ئەڭ ياخشى نەتىجە يارىتىلدى. 1984 - يىلدىن كېيىن ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى گىلەمچىلىك كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتى يىلمۇيىل ئازىيىپ كەتتى، 1988 - يىلغا كەلگەندە ئاران 35 كۋادرات مېتىرلا گىلەم توقۇلدى. تاشقى سودا گىلەم زاۋۇتى ئۈنۈمى بەكمۇ ناچارلىشىپ كېتىش ۋەجىدىن 1989 - يىلى تاقىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا - كەنتلەردە شەخسلەر ئائىلىۋى گىلەمچىلىكى يىلدىن - يىلغا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

## 4. تۆمۈر، ياغاچ سايمانلار

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ناھىيە بويىچە 15 تۆمۈرچىلىك ئورنى بار ئىدى، مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) تۆمۈرچىلىك ئورنى 20دىن ئاشتى، ئۇلار كەتمەن، ئورغاق، قىغراق، قەلەمتۇراچ، تۆمۈر قوشۇق، لاخشىگىر، تۆمۈر زەنجىر قاتارلىقلارنى ياسايتتى. ئۇندىن باشقا يەنە 8 قازانچى بار بولۇپ، ئۇلار قازان قۇيغاندىن باشقا مەش، ساپان چىشى قاتارلىقلارنىمۇ ياسايتتى.

ئەنئەنىۋى ياغاچچىلىق بۇيۇملىرىدىن ئاساسلىقى ئىشىك، دېرىزە، كالا ئىشكاپى قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلارنى شەخسىي ياغاچچىلار ياسايتتى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ناھىيە بويىچە ياغاچچىلىق ئورنى 71 ئىدى، مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 81گە يەتتى. 1954 - يىلى ئازىيىپ 8گە، خادىمى 13كە چۈشۈپ قالدى.

1956 - يىلى تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق كوپېراتىپى قۇرۇلدى، دەسلەپكى مەزگىللەردە تۆمۈر بۇيۇملاردىن ئاساسلىقى كەتمەن، ئورغاق قاتارلىق 7 خىل كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى، ياغاچ بۇيۇملاردىن ئاساسلىقى ئىشىك، دېرىزە، پارتا، ئورۇندۇق، ساندۇق، ئىشكاپ، ئات ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى قاتارلىقلارنى ياسىدى، ماتېرىيال شۇ يەردىكى بازارلاردىن سېتىۋېلىندى. 1964 - يىلى 753 دانە ھەرخىل ياغاچ بۇيۇم ياسالدى. 70 - يىللاردا قول سانائەت ئاستا - ئاستا يېرىم ماشىنىلاشتى.

تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق كوپېراتىپى 1976 - يىلى 500 كۋادرات مېتىرلىق زاۋۇت بىناسى سالدى، تۇراقسىز مەبلىغى 69 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 15 ماشىنا - ئۈسكۈنە سېتىۋالدى. ئىشچى - خىزمەتچىسى كۆپىيىپ 82گە يەتتى، كۆممىقوناق سوقۇش ماشىنىسى، شال ئاقلاش ماشىنىسى، 10 قۇرلۇق بۇغداي سېيالكىسى، 3 قۇرلۇق كۆممىقوناق سېيالكىسى، يەم - بوغۇز ئۇششاقلاش ماشىنىسى قاتارلىق 7.7 خىل مەھسۇلاتنى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1977 - يىلى كونا شەكىلدىكى تاۋلاش ئوچاقلىرى چۇۋۇپ تاشلىنىپ 11 قالپاقلىق ئوچاق ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى 7 سىدە ھەم تۆمۈرچىلىك قىلغىلى، ھەم قاپىناقسىز قاينىتقىلى ۋە تاماق ئەتكىلى بولاتتى؛ قالغان 4 بىدە تۆمۈرچىلىك قىلغىلى، خىش پىشۇرغىلى ۋە مۇنچىنى ئىسسىق سۇ بىلەن تەمىنلىگىلى بولاتتى. قالپاقلىق ئوچاق ئارقىلىق ئېنېرگىيىنى تېجەپ قالغىلى، بۇلغىنىشنى ئازايتقىلى، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولاتتى. قالپاقلىق ئوچاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1978 - يىل 8 - ئايدا يېڭىلىق سانائەت نازارىتى توقسۇدا نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياغاچ بۇيۇم ياساشتا ئاستا - ئاستا شەخسلەر ئىگىلىكى ئەسلىگە كەلدى. تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق كوپىراتىپىنىڭ نامى 1984 - يىلى مېتال بۇيۇملار كوپىراتىپىغا ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا تۆمۈردىن ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساشنى ئاساس قىلىپ كەلدى، ئوراقلىق مەبلىغى 144 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 60قا يەتتى. 1985 - يىلى تۆمۈر كارىۋات، پولات تورۋبا، چوڭ ئىشىك قاتارلىق يېڭى مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلدى. 1988 - يىلى كۆپ - ساندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر شەخسىي تىجارەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكتىن، شۇ يىلى مېتال بۇيۇملار كوپىراتىپىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 20گە چۈشۈپ قالدى. ئوراقلىق مۇلكىنىڭ ساپ قىممىتى 74 مىڭ يۈەن، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 150 مىڭ يۈەن (ھازىرقى باھا بويىچە 180 مىڭ يۈەن) بولدى. 1990 - يىلدىن كېيىن مېتال بۇيۇملار كوپىراتىپى ئۇنۇم ياخشى بولمىغانلىقتىن تاقىلىپ قالدى.

**توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) دىكى قول سانائەت ئەھۋالى**

جەدۋەل: 14 — 1

| كەسپلەر | ئائىلە سانى | مەھسۇلات نامى | يىللىق مەھسۇلات مىقدارى |
| --- | --- | --- | --- |
| دوپپىچىلىق | 20 | سىللىيچە دوپپا | 3000 دانە |
| موزدۇزلۇق | 27 | سىللىيچە ئاياغ كىيىم | 3000 پار |
| كۆنچىلىك | 34 | كۆن - خۇرۇم مەھسۇلاتلىرى | |
| توگمەنچىلىك | 50 | ئۇن | |
| تۆمۈرچىلىك | 15 | ھەرخىل تۆمۈر جابدۇق | |
| قازانچىلىق | 11 | قازان | |
| ياغاچچىلىق | 71 | ھەرخىل ياغاچ جابدۇق | |
| بۆزچىلىك | 122 | بۆز | 400 مىڭ تاي |
| بوياقچىلىق | 21 | بويالغان رەخت | |
| تىككۈچىلىك | 14 | كىيىم - كېچەك | |
| زەرگەرلىك | 6 | ھەرخىل كۈمۈش جابدۇق | |
| جۇۋازچىلىق | 15 | سۇ يېغى | |
| شېكەرچىلىك | 5 | يەرلىك ئاق قەنت | |
| ئۇلاغ توگمىنى | 4 | ئۇن | |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى)دىكى قول سانائەت ئەھۋالى

جەدۋەل: 14 — 2

| كەسىپلەر | مەھسۇلات نامى | سانى | ئائىلە سانى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|
| كۆنچىلىك | تېرە | 4424 پارچە | 34 | ئۆز يېرىدە سېتىلغان |
| | ئەلتېرە | 150 دانە | | |
| ئۆتۈكچىلىك | ئۆتۈك | 7200 پار | 30 | بىر قىسمى باشقا ناھىيىلەرگە سېتىلغان |
| دوپپىچىلىق-تۇماقچىلىق | دوپپا - تۇماق | 14880 دانە | 31 | بىر قىسمى باشقا ناھىيىلەرگە سېتىلغان |
| قازانچىلىق | قازان | 3456 دانە | 8 | ئۆز يېرىدە سېتىلغان |
| سوپۇنچىلىق | يەرلىك سوپۇن | 16800 دانە | 9 | بىر قىسمى قوشنا ناھىيىلەرگە سېتىلغان |
| تىككۈچىلىك | كىيىم - كېچەك | 4480 قۇر | 70 | ئۆزىدە سېتىلغان |
| بوياقچىلىق | بويالغان رەخت | 15280 تاي | 16 | شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە سېتىلغان |
| تۆمۈرچىلىك | تۆمۈر جابدۇق | 9600 دانە | 20 | ئۆز يېرىدە سېتىلغان |
| توقۇمىچىلىق | ئاق بۆز | 7200 تاي | 51 | ئۈرۈمچى، ئىلىلارغا ئاپىرىپ سېتىلغان |
| | خورجۇن رەختى | 64000 تاي | | |
| | خورجۇن، تاغار | 104 مىڭ 521 دانە | | |
| | پاختا يىپ | 82 مىڭ 500 جىڭ | | |
| | يىپەك يىپ | 1700 جىڭ | | |
| ياغاچچىلىق | ھەرخىل ياغاچ جابدۇق | | 81 | |
| شېكەرچىلىك | يەرلىك ئاق قەنت | | 5 | |
| جۇۋازچىلىق | سۇ يېغى | | 15 | |
| ئۇلاغ تۈگمىنى | ئۇن | | 4 | |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1951 - يىلى 1 - پەسىلدىكى قول سانائەت بېجى

جەدۋەل: 14 — 3 بىرلىكى: شىنجاڭ كۆمۈش دوللىرى (يۈەن)

| كەسىپلەر | كەسىپچى ئائىلە سانى | تاپشۇرۇلغان باج |
|---|---|---|
| سۇ تۈگمىنى | 111 | 57000 |
| ماتاچىلىق | 93 | 4404 |
| تىككۈچىلىك | 68 | 4314 |
| كۆنچىلىك | 47 | 5418 |
| پالازچىلىق | 15 | 1160 |
| تۆمۈرچىلىك | 31 | 1908 |
| دوپپىچىلىق - تۇماقچىلىق | 49 | 4503 |
| قازانچىلىق | 46 | 2500 |
| ئۆتۈكچىلىك | 3 | 200 |
| بوياقچىلىق | 82 | 8145 |
| جوۋاز | 44 | 5219 |
| سوپۇنچىلىق | 55 | 6050 |
| تاۋاقچىلىق | 17 | 2552 |
| شېكەرچىلىك | 30 | 11025 |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1954 - يىلدىكى قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋالى

جەدۋەل: 14 — 4

| كەسىپلەر | ئائىلە سانى | كەسىپكارلار سانى | | | كاپىتال سوممىسى (يۈەن) | | يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (يۈەن) | يىللىق تىجارەت سوممىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆزراقسىز مەبلەغ | | |
| | | | ئۇستا | شاگىرت | | | | |
| تۆمۈرچىلىك | 28 | 51 | 10 | 4 | 8990 | 2585 | 24272 | 33314 |
| قازانچىلىق | 5 | 18 | 13 | | 2990 | 1150 | 43693 | 48614 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مىسكەرچىلىك | 2 | 3 | | | 335 | 140 | 1830 | 3400 |
| قەلەيچىلىك | 2 | 3 | | 1 | 390 | 210 | 5050 | 2370 |
| قۇلۇپچىلىق | 1 | 1 | | | 130 | 100 | 400 | 400 |
| تاۋاقچىلىق | 10 | 13 | 3 | | 1916 | 319 | 7392 | 7544 |
| بۆزچىلىك | 109 | 186 | 53 | 1 | 14240 | 9326 | 190411 | 226755 |
| خۇرجۇنچىلىق - تاغارچىلىق | 13 | 21 | 2 | 6 | 675 | 456 | 8526 | 6020 |
| بوياقچىلىق | 22 | 41 | 5 | | 6547 | 2425 | 30944 | 49819 |
| تىككۈچىلىك | 75 | 110 | 1 | 9 | 23552 | 5613 | 77092 | 101589 |
| سوپۇنچىلىق | 13 | 17 | | | 2455 | 1824 | 29778 | 31922 |
| جۇۋازچىلىق | 32 | 49 | | | 13935 | 958 | 34200 | 4676 |
| موزدۇزلۇق | 96 | 134 | 9 | 10 | 10005 | 5571 | 150648 | 133086 |
| دوپپىچىلىق، خۇرۇم كىيىم تىكىش | 63 | 116 | | 34 | 7642 | 4658 | 65981 | 96947 |
| هارۋا جابدۇقلىرى | 2 | 2 | | | 1315 | 760 | 3965 | 3965 |
| كۆنچىلىك | 50 | 75 | 5 | 5 | 9221 | 5040 | 100154 | 90198 |
| پىيمىچىلىق | 5 | 5 | | | 155 | 100 | 5000 | 1857 |
| هاراق ئىشلەش | 3 | 3 | | | 3860 | 3480 | 4905 | 6867 |
| شېكەرچىلىك | 7 | 16 | 8 | | 5600 | 2050 | 1250 | 1539 |
| موخۇركىچىلىق | 11 | 15 | | | 2914 | 1231 | 1700 | 17350 |
| تۈگمەنچىلىك | 102 | 105 | | | 28353 | 9892 | 115931 | 67030 |
| ياغاچچىلىق | 8 | 13 | | 5 | 1651 | 785 | 17682 | 9423 |
| پالازچىلىق | 17 | 35 | 5 | | 7099 | 4602 | 19986 | 22140 |
| باشقىلار | 14 | 19 | 5 | | 2171 | 793 | 6888 | 8655 |
| جەمئىي | 690 | 1051 | 119 | 75 | 156041 | 64068 | 947498 | 975480 |

## قوشۇمچە

### يېڭىغاندا مەكتەپ ئاچقان ئابلىز روزى ھاجى

ئابلىز روزى ھاجى 1956 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ پەيشەنبە بازار يېزا ئارا مەھەللە كەنتىدە تۇغۇلغان، باللىق چاغلىرىدا كوچادا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن كوچادا باشقىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ تۆمۈرچىلىكنى ئۆگىنىۋالغان.

1978 - يىلدىن بۇرۇن ئابلىز روزى ھاجىنىڭ گەرچە ھۈنىرى بولسىمۇ، پەقەت گۆشتىي ئەزالىرىغىلا كەتمەن، ئورغاق سوقۇپ بېرەتتى. ئۇنىڭ تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئىنتايىن كونا ئىدى، مۇلازىملىق ئوبيېكتى كۆپىنچە ئۆز كەنتىدىكى كىشىلەر ئىدى. 1978 - يىلدىن كېيىن پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتىنىڭ ئۈرگىتىشىدە، ئابلىز روزى ھاجى غەيرەتكە كېلىپ، دېھقانچىلىقنى تاشلاپ ترانسپورتقا، ئۆي - باغ تارتىشقا، تۆمۈر سايمانلارنى ياساشقا يۈزلىنىش قىلدى. 1984 - يىلغا كەلگەندە ئۇ يىغقان پۇللىرىغا پولات تۈگمەن، باغ تارتىش ماشىنىسى، تېشىش ئىستانوكى، كەپشەرلىگۈچ، شال ئاقلاش ماشىنىسى، دىزېلماتور، قول تراكتورى، ئېلېكتر ماتور قاتارلىق ماشىنا - سايمانلارنى سېتىۋالدى، ھازىر ئۇنىڭ 5 ئېغىزلىق ھۈنەر قىلىدىغان ئۆيى بار. 1985 - يىلى ئۇ توقسۇ ناھىيە بازىرىغا كۆچۈپ كېلىپ تۆمۈرچىلىك قىلىشقا باشلىدى.

ئۇ ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ ئۈزۈم بىدىشلىرىنى ياساش قۇرۇلۇشى، ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىناسىنىڭ ئىشىك - دېرىزە قۇرۇلۇشى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كوچادا تۇرۇشلۇق قىسىملىرىنىڭ گازارما قۇرۇلۇشى قاتارلىق چوڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ھۆددە ئېلىپ پۈتتۈرگەن. ئۇ ياسىغان ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىناۋىتى ئېشىپ، كەسىپ دائىرىسى ئاستا - ئاستا كوچا، شايار، باي ناھىيىلىرىگە كېڭەيگەن. 1993 - يىلغا كەلگەندە ئابلىز روزى ھاجىنىڭ تۆمۈرچىلىك كارخانىسى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى، شاگىرتى 22گە، تۇراقلىق مۈلكى 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي مەبلىغى 1 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

ئابلىز روزى ھاجى بىر ئاددىي تۆمۈرچىدىن روناق تېپىپ ناھىيىنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ساھەسىدىكى مىليونېرغا ئايلىنىشتا نۇرغۇن ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتتى، نۇرغۇن تەر تۆكتى. ئۇ بېيىش جەريانىدا يەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەتنىڭ غايەت زور كۈچىنى چوڭقۇر ھېس قىلغاچقا، تەكرار ئويلىنىش ئارقىلىق يۇل ئىئانە قىلىپ توقسۇ ناھىيە بازىرىدا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇنىڭ بۇ ئويى ۋىلايەت، ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ناھىيە خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

1994 - يىلى مەكتەپ قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، بۇ مەكتەپنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 20 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 450 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ھازىرغىچە 178 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، جەمئىي 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ. 1995 - يىل 9 - ئايدا «ئابلىز روزى ھاجى» باشلانغۇچ مەكتىپىدە رەسمىي ئوقۇش باشلىنىپ 295 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇ مەكتەپنىڭ 13 ئوقۇتقۇچىسى بار.

## 3 §. توقۇمىچىلىق، چىگىت ئېيرىش

### 1. توقۇمىچىلىق

قول توقۇمىچىلىقى توقسۇ ناھىيىسى ئەنئەنىۋى قول سانائىتىنىڭ كوزۇر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. مىڭگونىڭ

32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە قول توقۇمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 122 ئائىلە بار بولۇپ، يىلىغا 400 مىڭ تاي بۆز توقۇيتتى. ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى بۆز، چەكمەن، سەگەز، پاختا يىپ، يىپ تاغار، خۇرجۇن قاتارلىقلار ئىدى. كەسپىي توقۇمىچىلىق ئائىلىلىرىدىن باشقا، شەھەر-يېزا ئاياللىرىمۇ چاق بىلەن يىپ ئېگىرەتتى، ئۇلار ئېگىرگەن يىپلىرىنى پاختىغا تېگىشىپ ئازراق پايدىغا ئېرىشەتتى.

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) بىر يىل ئىچىدە 7200 تاي ئاق بۆز، 15 مىڭ 280 تاي بويالغان رەخت، 82 مىڭ 500 جىڭ يىپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئۈرۈمچى، ئىلى، تارباغاتاي، تۇرپان، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارغا سېتىلغان. 1951 ـ يىلى ناھىيە بويىچە توقۇمىچىلىق ئائىلىسى 93كە، بوياقچىلىق ئائىلىسى 82گە يەتتى. 1956 ـ يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى يولغا قويۇلۇش ھارپىسىدا ناھىيە بويىچە توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 144 ئائىلە، 248 ئادەمگە، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 229 مىڭ 881 يۈەنگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 282 مىڭ 594 يۈەنگە، ئومۇمىي مەبلىغى 21 مىڭ 462 يۈەنگە يەتتى.

1956 ـ يىلى 24 توقۇمىچىلىق ئائىلىسى پاي قوشۇپ، قول ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمە كوپېراتىپى توقۇمىچىلىق زاۋۇتى قۇردى، بۇ زاۋۇتنىڭ 2400 يۈەن مەبلىغى، 2 ياغاچ دەستىگاھى بار بولۇپ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1800 يۈەنگە يەتتى. توقۇغان مەھسۇلاتلىرىدىن ماتا، يىپ تاغار، پالاز، خۇرجۇن، سەگەز قاتارلىقلار بار ئىدى. 1964 ـ يىلى رومال قاتارلىق يېڭى مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلدى. قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان دەستىگاھ پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان دەستىگاھقا ئۆزگەرتىلدى. 1966 ـ يىلى رەخت توقۇش ماشىنىسى سېتىۋېلىنىپ، يۇڭ رومال، خوتەن ئەتلىسى قاتارلىقلار توقۇلىدىغان بولدى. 1977 ـ يىلى تىۋىت شال، چىلتەك رومال، پوپايكا، يۇڭ ئىشتان، گۈللۈك داستىخان قاتارلىقلار توقۇلۇشقا باشلىدى. 1978 ـ يىلى قول سانائەتچىلەر بىرلەشمە كوپېراتىپى مىللىيلارغا كېرەكلىك بۇيۇملار زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1981 ـ يىلى سۈنئىي يىپەكتىن توقۇلغان گىجىم رومال ۋۇتكول شىنجاڭ مىقياسىدا سېتىلدى ۋە 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە سۈپەتلىك مەھسۇلات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1985 ـ، 1986 ـ يىللىرى پاختا ـ يۇڭ ماشىنىسى، چوڭ ـ كىچىك گۈل چىقىرىش ماشىنىسى، پايپاققا گۈل كەشتىلەش ماشىنىسى، يۇڭ يۇيۇش ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر سېتىۋېلىنىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى كۆپەيتىلدى. 1989 ـ يىلى زاۋۇت بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچى 150كە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ساپ قىممىتى 586 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1992 ـ يىلدىن باشلاپ 300 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات ياپونىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىگە سېتىلدى. يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليون 911 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 101 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1995 ـ يىلى مىللىيلارغا كېرەكلىك بۇيۇملار زاۋۇتىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 99غا يەتتى، ئاساسلىقى ياغلىق، باللار كىيىم ـ كېچەكلىرى، خۇرجۇن، تىۋىتلىق ئىشتان قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلدى. 1991 ـ يىلى مىللىيلارغا كېرەكلىك بۇيۇملار زاۋۇتىدىن گىجىم رومال زاۋۇتى ئايرىپ چىقىلغانىدى، 1995 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 88گە يەتتى، زاۋۇت گىجىم رومال توقۇشنى ئاساس قىلدى، بىر يىلدا گىجىم رومالدىن 2000نى توقۇدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە 10 مىڭ پوپايكا، يۇڭ ئىشتان توقۇدى.

## 2. چىگىت ئايرىش

1956 ـ يىلدىن ئىلگىرى چىگىت ئايرىشتا قول چىغىرىقىغا تايىنىلاتتى. 1956 ـ يىل 12 ـ ئايدا

ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قارمىقىدا پاختا زاۋۇتى قۇرۇلدى، بۇ زاۋۇتنىڭ 15 ئىشچىسى، 2 دانە ھەرە چىشلىق چىگىت ئايرىش ماشىنىسى، 2 دانە چىغىرىقسىمان تايلاش ماشىنىسى بار ئىدى، يىلىغا تەخمىنەن 10 مىڭ دەندىن ئوشۇق پاختىنى بىرتەرەپ قىلالايتتى.

1970 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى دايىلتوزدا پاختا زاۋۇتى قۇردى (2 - زاۋۇت)، كېيىن يەنە شويۇلتۇز، ئىچكىبىرىقلاردىمۇ پاختا زاۋۇتلىرىنى قۇردى، بۇ زاۋۇتلارنىڭ ھەممىسى بىردەك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ قارمىقىدا بولدى. 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە پاختا زاۋۇتى 4 كە، بۇ زاۋۇتلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچى 127 گە، يىللىق پاختا چىقىرىش مىقدارى 39 مىڭ 700 دەنگە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ئۈسكۈنىلەر يېڭىلىنىپ، ماي بېسىملىق تايلاش ماشىنىسى ئورنىتىلدى. 1992 - يىلى چىگىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 46 مىليون 236 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %76.3 نى ئىگىلىدى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ قارمىقىدا ناھىيىلىك چىگىت ئايرىش زاۋۇتى (1 - زاۋۇت)، دايىلتوز چىگىت ئايرىش زاۋۇتى (2 - زاۋۇت)، ئۆگەن چىگىت ئايرىش زاۋۇتى (3 - زاۋۇت)، تاشئېرىق چىگىت ئايرىش زاۋۇتى (4 - زاۋۇت)، ئۇچقات چىگىت ئايرىش زاۋۇتى (5 - زاۋۇت، 1993 - يىلى قۇرۇلغان)، پەيشەنبە بازار چىگىت ئايرىش زاۋۇتى (6 - زاۋۇت، 1993 - يىلى قۇرۇش باشلانغان) دىن ئىبارەت 6 زاۋۇت بارلىققا كەلدى. 1993 - يىلى شىركەت بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 253 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شىركەتنىڭ ئۆزىدە ئىشلەيدىغىنى 57؛ شىركەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 43 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولدى. 1995 - يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 269 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1990 -، 1991 -، 1992 - يىللىرى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى پاختا - چىگە شىركىتى ئۇدا 3 يىل سودا مىنىستىرلىكىنىڭ مەملىكەت بويىچە سودا سىستېمىسىدىكى ئىلغار كارخانا، دەپ شەرەپلىك نام بېرىشكە ئېرىشتى.

ناھىيە تەۋەسىدىكى پاختا زاۋۇتلىرىنى سىياسەت - بەلگىلىمە بويىچە ناھىيىلىك پاختا - چىگە شىركىتى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ كەلدى. پەقەت ساغلام دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ پاختىلىرىلا دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ چىگىت ئايرىش زاۋۇتىدا بىر تەرەپ قىلىنىدى، بۇنىڭدا ياخشى كېۋەز سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە ساقلاپ قېلىش مەقسەت قىلىنغان.

## § 4. يېمەكلىك ئىشلەش

### 1. ئاشلىق

خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە توقسۇ ناھىيىسىدە تاش تۈگمەندە ئۇن تارتىلاتتى. قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدىكى ئۇن تارتىدىغان تاشنىڭ ئېغىرلىقىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ يارغۇنچاق تىپى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە سۇ تۈگمىنىدە ئۇن تارتىش شەھەر-يېزىلاردا ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى.

مىنگو دەۋرىدە سۇ تۈگمىنىدە تارتىلغان ئۇن ناھىيە بويىچە تارتىلغان ئۇنىڭ %95 ىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە 111 سۇ تۈگمىنى، ناھىيە بازىرىدا 4 ئۇلاغ

تۆگمىنى بار بولۇپ، يىلىغا تەخمىنەن 7 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئۇن تارتىلاتتى.

1954 - يىلى كوپېراتسىيىلىشىش ھارپىسىدا ناھىيە بويىچە تۆگمەن ئازىيىپ 102گە چۈشۈپ قالدى، بۇ تۆگمەنلەردە 105 تۆگمەنچى، 28 مىڭ 253 يۈەن مەبلەغ بار بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 115 مىڭ 931 يۈەنگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 67 مىڭ 30 يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئېشەك قېتىلىدىغان تۆگمەندىن 5نى ياساپ ئۇن تارتتى. 1958 - يىل 12 - ئايدا ئاشلىق ئىدارىسى يەنە پولات تۆگمەندىن 6نى قۇرۇپ كۈنىگە 3000 كىلوگرام ئۇن تارتتى. 1959 - يىلى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇن زاۋۇتى رەسمىي قۇرۇلدى، زاۋۇت باشلىقلىقىنى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ زاۋۇتنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 43 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى بۇغداي ئۇنى ۋە كۆممىقوناق ئۇنى بولۇپ، شۇ يىلى 2719 توننا ئۇن تارتتى.

1966 - يىلى ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى يېڭىلاندى، چاقپەلەكلىك پولات تۆگمەن شاللىۋېتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كۈنىگە 10 مىڭ كىلوگرام ئۇن تارتالايدىغان يېڭى ئۈسكۈنە ئورنىتىلدى. بۇ ئۈسكۈنە 1968 - يىل 3 - ئايدا سىناق قىلىنىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. 1976 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، زاۋۇتنىڭ تۇراقلىق مۈلكى 187 مىڭ يۈەنگە، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 664 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 10 مىڭ يۈەنگە، يىلىغا تارتىلىدىغان ئۇن 2166 توننىغا، ئىشچى - خىزمەتچىسى 85كە يەتتى.

1966 - يىلدىن كېيىن، گۆشكۆي ۋە چولڭ ئەترەتلەردە گۆشكۆي باشقۇرۇشىدىكى ئۇن - ياغ زاۋۇتلىرى قۇرۇلۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى گۆشكۆي ئەزالىرىغا شال ئاقلاپ بېرىدىغان، ئۇن - ياغ تارتىپ بېرىدىغان بولدى، زاۋۇتلارنىڭ كۆپىنچىسىگە دىزېلماتور ئىشلىتىلدى. ئەنئەنىۋى سۇ تۆگمەنلىرى گۆشكۆي - ئەترەتلەردە يەنىلا ئىشلىتىلدى، ئەمما سانى ئازىيىشقا باشلىدى.

1985 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى يەنە بىر قېتىم يېڭىلىنىپ، كۈنىگە 50 مىڭ كىلوگرام ئۇن تارتىلىدىغان بولدى. 1988 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 58گە، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن (ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 2 مىليون 560 مىڭ يۈەن) گە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ساپ قىممىتى 552 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 135 مىڭ يۈەنگە، يىلىغا تارتىلىدىغان ئۇن 7113 توننىغا، ئاقلانغان شال 40 توننىغا يەتتى. بۇ زاۋۇتتىكى ئاساسلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر ئۆرە بۇغداي سورۇش ماشىنىسى، تۇز غەلۋىر، شال ئاقلاش ماشىنىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئۇن زاۋۇتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 72گە، يىلىغا تارتىلىدىغان ئۇن 6359 توننىغا، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 13 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ناھىيىدە يەنە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئۇن - ياغ زاۋۇتلىرى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىچكىرىق يېزىلىق ئۇن زاۋۇتى يىلىغا 120 توننا، يەكشەنبە بازار يېزىلىق ئۇن - ياغ زاۋۇتى يىلىغا 300 توننا، شوبۇلتۇز يېزىلىق ئۇن - ياغ زاۋۇتى يىلىغا 200 توننا، تاشئېرىق يېزىلىق ئۇن - ياغ زاۋۇتى يىلىغا 300 توننا، پەيشەنبە بازار يېزىلىق ئۇن - ياغ زاۋۇتى يىلىغا 80 توننا ئۇن تارتتى؛ توقسۇ ناھىيە بازىرىدىكى ئۇن - ياغ زاۋۇتى يىلىغا 100 توننا ئۇن تارتتى، 10 توننا شال ئاقلىدى. دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئۇن زاۋۇتلىرىدا جەمئىي 9741 توننا ئۇن تارتىلدى.

## 2. ياغ تارتىش

ياغ ئەزەلدىن جوۋازدا تارتىلىپ كەلگەن، جايلاردىكى جوۋازخانىلار پەسىلگە قاراپ ئىشلەيتتى. 1958 - يىلى ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى، بۇ زاۋۇتنىڭ لايىھەدىكى يىللىق ئىشلەپچىقىرىش

مىقدارى 360 توننا بولۇپ، 1960 - يىلى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى ھەم شۇ يىلىلا 67 توننا سۈت يېغى تارتىلدى، بۇ زاۋۇت ياغ تارتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەرلىك سوپۇن ۋە يۇرچاق پىشلىقى ئىشلەپچىقاردى، 1963 - يىلى زاۋۇت نامى ئۇنىۋېرسال پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى، 1971 - يىلى بۇ زاۋۇتتا سوغۇق ئىچىملىك سېخى تەسىس قىلىندى. 1976 - يىلى زاۋۇت نامى ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى، 399 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ فۇرفۇرول سېخى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەريىلى ئۇدا زىيان تارتقانلىقتىن 1979 - يىلى تاقىۋېتىلدى. 1980 - يىلى بىر قىسىم ئۈسكۈنىلەر يېڭىلاندى، ماي باكى ئورنىتىلدى، 1988 - يىلى زاۋۇت ئىشچى - خىزمەتچىسى 66گە يەتتى، ياغ تارتىش، رېمونت قىلىش، سوغۇق ئىچىملىك، سوپۇن ئىشلەش سېخىدىن ئىبارەت 4 سېخ بار بولدى، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ساپ قىممىتى 492 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1993 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 94كە يەتتى، 733 توننا ياغ تارتتى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 2 مىليون 308 مىڭ يۈەنگە، 1995 - يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 399 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 3. شېكەر، ھاراق ئىشلەش

مىنگو دەۋرىدە ناھىيە بازىرىدا شېكەر ئىشلەيدىغان ۋە ھاراق ئېچىتىدىغان ئۆيلەر بار ئىدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) شېكەر ئىشلەيدىغان 5 ئائىلە، ھاراق ئېچىتىدىغان 3 ئائىلە بار ئىدى. 1954 - يىلغا كەلگەندە شېكەر ئىشلەيدىغان ئائىلە 7گە، خادىمى 16گە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1250 يۈەنگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 1539 يۈەنگە، مەبلىغى 5600 يۈەنگە يەتتى؛ ھاراق ئېچىتىدىغان ئائىلە 3كە، مەبلىغى 3860 يۈەنگە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 4905 يۈەنگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 6867 يۈەنگە يەتتى.

1973 - يىلى ناھىيىلىك چوشقا فېرمىسىدا ئاق ھاراق ئىشلەش سىناق قىلىندى، شۇ يىلى 5 توننا، 1979 - يىلى 25 توننا ئاق ھاراق ئىشلەندى. شۇندىن كېيىن ئاق ھاراق مەھسۇلاتى ئىزچىل ئازىيىپ، 1983 - يىلغا كەلگەندە 11 تونىنغا چۈشۈپ قالدى، 1989 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش توختىتىلدى.

## 4. يېمەكلىك، ئىچىملىك

1956 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپى پىرەنىك سېخى، ئاچچىقسۇ - جياڭيۇ سېخى قۇردى. 1965 - يىلى يېمەكلىك زاۋۇتى قۇرۇلدى، كېيىن بۇ زاۋۇت يېمەكلىك شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. يېمەكلىك زاۋۇتىدا ئاچچىقسۇ، تورت، چوكا مۇز قاتارلىق يېمەكلىكلەر ئىشلەپچىقىرىلدى. 1987 - يىلى پىرەنىك ماشىنىسى، دوخوپكا، خېمىر يۇغۇرۇش ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر سېتىۋېلىندى. 1988 - يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 28گە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ساپ قىممىتى 141 مىڭ يۈەنگە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1992 - يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 15كە، يىللىق تورت مىقدارى 24 توننىغا، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 138 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1994 - يىلى مەھسۇلات قىممىتى 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1986 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپى شىخەنزە «شىيايېدى» كونسېرۋا زاۋۇتى بىلەن بىرلىكتە توقسۇ ناھىيىلىك مېۋە كونسېرۋاسى زاۋۇتى قۇردى، شۇ يىلى 453 توننا ئۆرۈك، ئۈزۈم

كونبىرۋاسى ئىشلەپچىقاردى. 1988 - يىلى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق مېۋە - چېۋە شىركىتى بىلەن بىرلىكتە مېۋە كونبىرۋاسى ئىشلەپچىقاردى. ھازىر كونبىرۋا زاۋۇتىدا 26 ئىشچى - خىزمەتچى بار، زاۋۇتنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 6872 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2158 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. شۇ يىلى 275 توننا كونبىرۋا ئىشلەپچىقارغان، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 520 مىڭ يۈەنگە يەتكەنىدى. 1990 - يىلى كونبىرۋا زاۋۇتى ئۈنۈمى تۆۋەن، سېتىش يوللىرى راۋان بولماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىدى.

1974 - يىلى ناھىيىلىك ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىدا چوكا مۇز ئىشلەش سېخى قۇرۇلدى، بۇ سېخ 1988 - يىلى 850 مىڭ، 1992 - يىلى 1 مىليون 200 مىڭ، 1993 - يىلى 150 مىڭ چوكا مۇز ئىشلەپچىقاردى.

## § 5 . مەتبەئەچىلىك

1977 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ خېزې شەھىرىدىن 6 مەتبەئەچىلىك تېخنىكا ئىشچىسى تەكلىپ قىلىنىپ، ناھىيىنىڭ مالىيىدىن 50 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىشى بىلەن، تۈز مەتبەئە ماشىنىسىدىن بىرى، تۈز بېسىش ماشىنىسىدىن 2سى، قەغەز كېسىش ماشىنىسىدىن بىرى سېتىۋېلىنىپ، باسما زاۋۇتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى. بۇ زاۋۇت 1978 - يىل 7 - ئايدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، كېيىن يەنە ھەرپ قۇيۇش ماشىنىسى، يۆرتمە مەتبەئە ماشىنىسى قاتارلىقلار سېتىۋېلىنىپ ھەرخىل بىلەت، كونۋېرت، ئىش قەغىزى قاتارلىقلار بېسىلدى. 1980 - يىلى يەنە بىر قىسىم ئۈسكۈنىلەر سېتىۋېلىنىپ تىجارەت دائىرىسى تەدرىجىي كېڭەيتىلدى. 1988 - يىلى زاۋۇت ئىشچى - خىزمەتچىسى 17گە، قۇرۇلۇش كۆلىمى 725 كۋادرات مېتىرغا، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 156 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئاساسلىقى ھەرخىل كونۋېرت، ئىش قەغىزى، مەشىق دەپتىرى، بىلەت قاتارلىقلار بېسىلدى. يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1987 - يىلى بۇ باسما زاۋۇتىدا ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلدى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىسى 37گە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 197 مىڭ يۈەنگە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 560 مىڭ يۈەنگە، بىر يىلدا بېسىلغان مەتبەئە بۇيۇمى 1 مىليون 480 مىڭ نۇسخىغا يەتتى. 1995 - يىلى 296 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى.

## § 6 . ماشىنا رېمونت قىلىش - ياساش

### 1. ماشىنا - ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش

1979 - يىل 3 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك «قوش دىگۇار» رېمونت زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، بۇ زاۋۇت 1980 - يىلى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، ھەرخىل ماتورلۇق ماشىنىلار ۋە تۈرلۈك ئېلېكتر ماتورلىرى رېمونت قىلىندى، بىر قىسىم دېتال - سەپلىمىلەر ياسالدى. 1985 - يىلى يېڭىدىن بىر قىسىم سۇلياۋ تورۇس مەھسۇلاتلىرى كۆپەيتىلدى ھەمدە ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى، بىراق تەجرىبە يېتەرسىز، باشقۇرۇش ياخشى بولمىغاچقا، 40 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك زىيان كۆرۈلدى. 1986 - يىلى تەرتىپكە سېلىندى. 1988 - يىلى زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 15كە، زاۋۇتنىڭ ئىگىلىگەن

ھەر كۈلىمى 13 مىڭ 390 كۋادرات مېتىرغا، ئوراقلىق مۇلكىنىڭ ساپ قىممىتى 47 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرىدىن توك بىلەن قورۇتۇش ساندۇقى، ئېلېكترلىك كەپشەرلىگۈچ، تورۇس ماتېرىياللىرى ياساش ئۈسكۈنىسى قاتارلىقلار بار، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 80 مىڭ يۈەن. 1993 - يىلى زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 9 بولۇپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 2. ماشىنىسازلىق

1971 - يىل 3 - ئايدا يەرلىك مالىيەدىن 550 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيىلىك ئوق قازان زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىش باشلاندى، بۇ زاۋۇت ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە يەرلىك سانائەت جەھەتتىكى يۇرۇشلەشكەن زاۋۇتلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ يىلى قىرىش ئىستانوكى، شىلىش ئىستانوكى، رەندىلەش ئىستانوكى، چاقلاش ئىستانوكى، تۆشۈك ئېچىش ئىستانوكى، پرېسلاش ئىستانوكى قاتارلىق 27 ئىستانوك ۋە 2 بازغان، بىر كېسىش ماشىنىسى، بىر ئاپتوموبىل سېتىۋېلىندى. يىل ئاخىرىدا 207 تىپلىق 50 يۇرۇش ئوق قازان سىناق تەرىقىسىدە ياسالدى، شۇ چاغدا بۇ زاۋۇتنىڭ 71 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى.

بۇ زاۋۇت 1973 - يىلى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ، 207 تىپلىق ئوق قازان ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى. 1974 - يىلى يەنە 540 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 1976 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن 7911، 7913 تىپلىق ئات ھارۋىسى ئوق قازىنى، 7909 تىپلىق تراكتور ئوق قازىنى ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىدى، شۇ يىلى 12 مىڭ يۇرۇش ئوق قازان ئىشلەپچىقىرىلدى. ئوق قازان زاۋۇتى مەھسۇلات تۈرى بىرخىل، مۇنىرى قالاق، مەھسۇلات تەننەرخى يۇقىرى، زىيىنى كۆپ بولۇش سەۋەبىدىن 1979 - يىلى ئىشتىن توختىدى، مۇھىم ئۈسكۈنىلىرى يۆتكىلىۋېتىلدى.

1980 - يىلى بىر قىسىم ھەممىباب ماشىنا - ئۈسكۈنىلەردىن پايدىلىنىپ 60، 78 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىنىڭ زاپچاسلىرى ۋە باشقا پارچە - پۇرات زاپچاسلار ياسالدى. 1983 - يىلى 78 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى ياسالدى، بىراق قويمىچىلىق سېخى بولمىغانلىقتىن، ئاساسلىق سايمانلارنىڭ ھەممىسى سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ بىلەن تەننەرخ ئېشىپ كېتىپ ئىشلەپچىقىرىش توختىتىلدى. 1986 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە يەنىلا 60 ۋە 95 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسىنىڭ ئاسان كېرەكتىن چىقىدىغان زاپچاسلىرى ياسالدى. بۇ زاۋۇتنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 19 مىڭ 577 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1919 كۋادرات مېتىر بولۇپ، ھەرخىل ئىستانوكتىن 28ى بار. 1988 - يىلى زاۋۇتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 270 مىڭ يۈەن (ھازىرقى باھا بويىچە 290 مىڭ يۈەن) گە، ئوراقلىق مۇلكىنىڭ قىممىتى 718 مىڭ يۈەنگە، شۇ يىللىق پايدىسى 19 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1993 - يىلى زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 26 بولۇپ، زاۋۇتنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1995 - يىلى 1 مىليون 10 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى.

## 3. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش

1958 - يىل 10 - ئايدا قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپىدىن 31 تۆمۈرچى، ياغاچچى، قويمىچى ئاجرىتىلىپ، توقسۇ ناھىيىلىك «قىزىل نۇر» دېھقانچىلىق سايمانلىرى رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى. بۇ زاۋۇت قول مەشغۇلاتتىغا تايىنىپ كىچىك ۋە ئاددىي دېھقانچىلىق سايمانلىرى، سەپلىمىلىرى، ئاددىي شامالدۇرغۇچ ۋە

ئات ھارۋىسىنىڭ ئوق قازىنىنى ياسىدى.

رېمونت زاۋۇتى 1959 - يىلى 12 - ئايدا ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتىغا قوشۇۋېتىلىپ، بىرلەشمە زاۋۇتنىڭ بىر سېخى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭدا قوش چاقلىق قوش چىشلىق ساپان، ئورۇش ماشىنىسى، 10 قۇرلۇق سېيالكا قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلدى. 1963 - يىلى 6 - ئايدا بىرلەشمە زاۋۇتتىن ئايرىلىپ چىقىپ، يەنىلا دېھقانچىلىق سايمانلىرى رېمونت زاۋۇتى، دەپ ئاتالدى. 1965 - يىلى يەرلىك مالىيەدىن پۇل ئاجرىتىلىپ 54 تېپلىق زەنجىر تاپان تراكتوردىن 16سى، 28 تېپلىق چاقلىق تراكتوردىن 4ى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن بىرى سېتىۋېلىندى. دېھقانچىلىق سايمانلىرى رېمونت زاۋۇتى تراكتور پونكىتىغا ئۆزگەرتىلىپ، تراكتور رېمونت قىلىش، كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىشنى ئاساس قىلدى. 1970 - يىلى 4 - ئايدا تراكتور پونكىتىدىن 63 ئىشچى - خىزمەتچى، 20 تراكتور، ماشىنىغا سۆرىتىلىدىغان 41 دېھقانچىلىق سايمىنى ھەرقايسى گۇڭشې تراكتور پونكىتلىرىغا چۈشۈرۈلدى، قالغان 57 ئىشچى - خىزمەتچى دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولدى. كېيىنچە بۇ ئورۇننىڭ نامى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوخشىمىغان تىپلاردىكى قىرىش ئىستانوكى، رەندىلەش ئىستانوكى، شىلىش ئىستانوكى قاتارلىق ئىستانوكلار سېتىۋېلىندى، قۇيمىچىلىق سېخى قۇرۇلدى، ئېشەك ھارۋىسى چاقى، 4 توننىلىق تراكتور پرىتسېپى، تراكتور كابىنكىسى، سورۇش ماشىنىسى، دان ئايرىش ماشىنىسى، سېيالكا قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلدى. 1976 - يىلدىن كېيىن دۆلەتنىڭ 400 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى بىلەن، تراكتور چوڭ رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى، 1988 - يىلدىن كېيىن تراكتور رېمونتچىلىقى بارا - بارا ئازىيىپ كەتتى، شۇڭا بۇ زاۋۇت ھەر تەرەپلىمە ئىش تېپىپ ئىشلەپ، ئۇلاغ ھارۋىسىنىڭ تەگلىكى، ئېشەك ھارۋىسى سەپلىمىلىرى، باسما قۇدۇق ئۈسكۈنىلىرى، ئېنېرگىيە تېجىلىدىغان مەش، بۇغداي دېنىنى ئايرىش ماشىنىسى، ھەممىباپ ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ سەپلىمىلىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقاردى. زاۋۇتتا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونتى، قۇيمىچىلىق، سىلىقلاش، چوڭ رېمونت سېخى قاتارلىق 4 سېخ تەسىس قىلىندى، بۇ سېخلاردا مىتال بۇيۇملارنى كېسىش - يونۇش ئىستانوكىدىن 4 ى، چويۇن ئېرىتىش ئوچىقىدىن بىرى بار. بۇ زاۋۇتنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 33 مىڭ 132 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 10 مىڭ 221 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ساپ قىممىتى 375 مىڭ يۈەن. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى - خىزمەتچىسى 77گە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1995 - يىلى 3 مىليون 501 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى.

## § 7 . بىناكارلىق ماتېرىياللىرى

1956 - يىلى ناھىيىلىك قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپى خىش زاۋۇتى قۇردى، بۇ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا ئىدى، زاۋۇتنىڭ 14 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولۇپ، شۇ يىلى 150 مىڭ دانە خىش پىشۇردى. گۇڭشېلاردىمۇ كەينى - كەينىدىن خىش زاۋۇتى قۇرۇلدى. 70 - يىللاردا سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ سېمونت قۇيۇلما زاۋۇتىدا سېمونت بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى.

ناھىيىنىڭ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، كىچىكلىكتىن زورايدى. 1965 - يىلى بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 26 مىڭ يۈەنگە، 1976 - يىلى 97 مىڭ يۈەنگە، 1988 - يىلى 160 مىڭ يۈەنگە، 1993 - يىلى 1 مىليون 516 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1960 - يىلى 960 مىڭ دانە، 1988 - يىلى 1 مىليون 70 مىڭ دانە، 1993 - يىلى 6 مىليون 900 مىڭ دانە خىش پىشۇرۇلدى.

قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ خىش زاۋۇتىدا 1969 - يىلى 6 ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى، ئۇلار قول مەشغۇلاتى ئارقىلىق 390 مىڭ دانە كۆك خىش پىشۇرۇپ، 12 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى ياراتتى. 1980 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 94كە يەتتى، 400 مىڭ دانە خىش پىشۇرۇلدى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 89 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1988 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 40 ئىدى، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 269 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1 مىليون 70 مىڭ دانە خىش پىشۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1993 - يىلى خىش زاۋۇتىنىڭ تىجارىتى ياخشى بولمىغانلىقتىن، 100 مىڭ يۈەنلىك باھا بىلەن يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىگە كەم ئارتۇق قىلىپ سېتىۋېتىلدى.

## § 8 . كۆمۈرچىلىك

1958 - يىلى ئومۇمىي خەلق پولات تاۋلاش مەزگىلىدە توقسۇ ناھىيىسىدىن نەچچە مىڭ كىشى كۇچانىڭ شىمالىدىكى تاغقا چىقىپ 15 كىچىك كۆمۈر كېنى قازدى، شۇ يىلى ئادەم كۈچى بىلەن 10 مىڭ 610 توننا كۆمۈر قېزىلدى. 1959 - يىلى 3740 توننا كۆمۈر قېزىلدى. 1960 - يىلى كان تاقىۋېتىلدى.

1970 - يىلى ئەتىيازدا 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، كۇچانىڭ شىمالىدىكى تاغدا يەنە كۆمۈر كېنى ئېچىلدى، بۇ كاندا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىگەن بىرلا كۆمۈر قېزىش ماشىنىسى بار بولۇپ، كۈنىگە تەخمىنەن 10 توننا كۆمۈر قازغىلى بولاتتى. بۇ كۆمۈر كانىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توك، كان چىرىغى (قارا چىراغ ئىشلىتىلەتتى)، تېخنىكا خادىمى بولمىغانلىقى، كۆمۈر سۈپىتى ناچار بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كان 1972 - يىلى ئىشتىن توختىدى، ئىشلەپچىقىرىش بىرنەچچە ئايلا داۋاملىشىپ، جەمئىي 427 توننا كۆمۈر قېزىلدى، 7000 يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلدى.

1975 - يىل 6 - ئايدا ئەسلىدىكى كۆمۈر كانىنىڭ ئورنىدا يەنە كۆمۈر كان ئېچىلدى، بۇ چاغدا كان بويىچە 40 كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى، قېزىپ چىقىرىلغان كۆمۈرنىڭ سۈپىتى ناچار، زاپىسى ئاز، سۇ مەنبەسى ۋە قاتناش شەرت - شارائىتىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن، 1984 - يىل 10 - ئايدا بۇ كاندا كۆمۈر قېزىش توختىتىلدى. بۇ مەزگىلدە جەمئىي 21 مىڭ 242 توننا كۆمۈر، 1802 توننا كوكس ئىشلەپچىقىرىلىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 469 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## § 9 . مېتالچىلىق

1958 - يىلدىكى كەڭ كۆلەملىك پولات تاۋلاشتا، ناھىيە بويىچە 5928 كادىر، ئىشچى، دېھقان كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئاغۇ تېغى ئەتراپىدا تۆمۈر كېنى ئېچىپ، 5000 توننىدىن كۆپرەك رۇدا قازدى، يەرلىك مەشتىن 1687نى ياساپ، 407 توننا تۆمۈر، 7.75 توننا پولات تاۋلىدى، ئىشلەپچىقىرىلغان پولات، تۆمۈرلەر ئەمەلىيەتتە داشقال بولغاچقا، ئىشلىتىش قىممىتى يوق ئىدى.

1960 - يىل 4 - ئايدا توقسۇ، شايار ناھىيىلىرى بىرلىكتە كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئاغۇ تاغلىق رايونىدا توقسۇ - شايار پولات - تۆمۈر زاۋۇتى قۇردى. ئۇنىڭغا توقسۇ، شايار ناھىيىلىرىنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىدىن 10 نەچچە خىزمەتچى ئاجرىتىلدى. گوڭشېلاردىن 300 نەچچە ئەمگەك كۈچى ئىشچىلىققا ئاجرىتىلدى.

توقسۇ - شايار پولات - تۆمۈر زاۋۇتىغا ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش، زاۋۇت ئۆيى سېلىشقا 2 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سەرپ قىلىندى.

1961 - يىلى ئەتىيازدا پولات - تۆمۈر زاۋۇتى ئىشتىن توختىدى، ھەرخىل ئۈسكۈنىلىرىنى باھاسىنى

چۈشۈرۈپ سېتىش ئارقىلىق، ئارانلا 500 مىڭ يۈەندىن ئوشۇق مەبلەغ قايتۇرۇۋېلىندى.

## § 10. مىللىيلارغا كېرەكلىك بۇيۇملار

1976 - يىلى قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپىغا قاراشلىق توقۇمىچىلىق، تىككۈچىلىك كوپېراتىپلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى مىللىيلارغا كېرەكلىك بۇيۇملار زاۋۇتى قۇرۇلدى. زاۋۇتنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 6204 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە سېخ، ئامبار، ئىشخانا قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 1400 كۋادرات مېتىر. 1991 - يىلى زاۋۇتتا 120 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر ئىدى. زاۋۇتنىڭ ئاساسلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى توقۇش ماشىنىسى، بوياش ماشىنىسى، پاختا - يۇڭ ماشىنىسى، رەندىلەش ئىستانوكى، قىرىش ئىستانوكى، تۆشۈك تېشىش ئىستانوكى، ئاپتوموبىل، كاتول قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. زاۋۇتنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى رومال، تىۋىت ئىشتان، پالاز، خۇرجۇن، ساياھەتچىلىك سومكىسى، گىلەم قاتارلىقلار. زاۋۇتنىڭ 1991 - يىلدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 818 مىڭ يۈەنگە، مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 117 مىڭ يۈەن (1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا - بېجى 22 مىڭ يۈەنگە، يارىتقان پايدىسى 33 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1995 - يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 740 مىڭ يۈەن بولدى.

1991 - يىل 6 - ئايدا مىللىيلارغا كېرەكلىك بۇيۇملار زاۋۇتىدىن گىجىم رومال زاۋۇتى ئايرىلىپ چىقتى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانا بولۇپ قالدى. بۇ زاۋۇتنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 4 مو، بۇنىڭ ئىچىدە سېخ، ئامبار، ئىشخانا قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 2196 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 1991 - يىلى زاۋۇتتا 120 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، ھەممىسى ئۇيغۇر، بۇلارنىڭ ئىچىدە كادىر 3، ئايال ئىشچى 112. بۇ زاۋۇتنىڭ 45 دانە رومال توقۇش ماشىنىسى، 42 دانە مايكا توقۇش ماشىنىسى، بىر دانە يىپ ئۆرۈش ماشىنىسى، ئىككى دانە تەكشۈرۈش ماشىنىسى بار، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 38 ئات كۈچىگە يېتىدۇ. بۇ زاۋۇتتا ئاساسلىقى گىجىم رومال، مايكا، پوپايكا، ئىشتان، بالىلار شەپكىسى قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. 1991 - يىلى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 218 مىڭ يۈەنگە، مەھسۇلات قىممىتى 630 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا - بېجى 52 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1995 - يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 804 مىڭ يۈەن بولدى.

### توقسۇ ناھىيىسىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 1949 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى

جەدۋەل: 14 — 5

| تۈرلەر / يىللار | كارخانا سانى | | يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى سانى | | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە) | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكىسى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكىسى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكىسى |
| 1949 | | | | | 24 | |
| 1950 | | | | | 24 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 30 | | | | | 1951 |
| | 68 | | | | | 1952 |
| | 58 | | | | | 1953 |
| | 40 | | | | | 1954 |
| | 33 | | | | | 1955 |
| 40 | 65 | | | | | 1956 |
| 60 | 68 | | | | | 1957 |
| 68 | 148 | | | | | 1958 |
| 253 | 299 | | | | | 1959 |
| 163.6 | 238.7 | | | | | 1960 |
| 125.1 | 152.1 | | | 6 | 29 | 1961 |
| 119.4 | 149.6 | | 304 | 5 | 29 | 1962 |
| 147.2 | 192.8 | | 186 | 6 | 25 | 1963 |
| 106.4 | 151.4 | | | 6 | 20 | 1964 |
| 174 | 222.6 | | | 6 | 19 | 1965 |
| 248.4 | 304 | 226 | | 6 | 12 | 1966 |
| 296.5 | 353.6 | 447 | | 6 | 16 | 1967 |
| 281.7 | 325.7 | | | 6 | 15 | 1968 |
| 169.4 | 221.9 | | | 6 | 16 | 1969 |
| 249.3 | 313.1 | 261 | 661 | 7 | 18 | 1970 |
| 270.8 | 321.1 | 238 | 682 | 7 | 19 | 1971 |
| 281.2 | 367.1 | 323 | 750 | 7 | 18 | 1972 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1973 | 19 | 6 | 854 | 348 | 306.2 | 219.4 |
| 1974 | 19 | 7 | 821 | 349 | 411.3 | 359.2 |
| 1975 | 19 | 7 | 1168 | 382 | 406.1 | 336.1 |
| 1976 | 19 | 8 | 1196 | | 432.1 | 303.7 |
| 1977 | 25 | 8 | 1110 | 420 | 433.7 | 291.8 |
| 1978 | 26 | 8 | 1093 | 455 | 584.9 | 424.7 |
| 1979 | 25 | 8 | 1228 | | 480.0 | 285.5 |
| 1980 | 25 | 9 | | | 537.8 | 374.2 |
| 1981 | 22 | 10 | | | 637.4 | 518.9 |
| 1982 | 25 | 10 | 1228 | 512 | 596.7 | 468.4 |
| 1983 | 27 | 10 | | | 687.5 | 532.1 |
| 1984 | 25 | 10 | 1086 | 363 | 853.8 | 231.7 |
| 1985 | 23 | 8 | | | 1078.3 | 261.6 |
| 1986 | 24 | 8 | 874 | 303 | 1157.4 | 315.1 |
| 1987 | 24 | 8 | | | 1289 | 357 |
| 1988 | 24 | 8 | 634 | 262 | 1351 | 453 |
| 1989 | 27 | 9 | 522 | 260 | 1477 | 531.5 |
| 1990 | 19 | 8 | 487 | 263 | 1488.3 | 536.2 |
| 1991 | 22 | 9 | 468 | 289 | 6000 | 1051 |
| 1992 | 22 | 10 | 499 | 312 | 5829 | 1207.6 |
| 1993 | 26 | 9 | 512 | 325 | 6100 | 1349 |
| 1994 | 29 | 7 | | 318 | 8500 | 1260 |
| 1995 | 33 | 9 | | | 10500 | |

**ئىزاھات:** 1985 ـ يىلدىن كېيىنكى يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى مۇستەقىل ھېسابات قىلمايدىغان ئورۇنلارنىڭكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1964 — 1994 - يىلغىچە تارماقلار بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى

جەدۋەل: 14 — 6

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | ئېلېكتر سانائىتى | كۆمۈرچىلىك سانائىتى | ماشىنىسازلىق سانائىتى | بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى | يېمەكلىك سانائىتى | توقۇمىچىلىق سانائىتى | تىككۈچىلىك سانائىتى | كۆن - خۇرۇم سانائىتى | مەدەنىيەت بۇيۇملىرى سانائىتى | باشقا سانائەت |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1964 | | | 13.4 | 1.9 | 53.1 | 57.9 | 13.7 | 11.4 | | |
| 1965 | | | 10.7 | 8.6 | 58.3 | 119.5 | 4.1 | 9.2 | | 12.2 |
| 1966 | 0.9 | | 10 | 6.1 | 68.3 | 184 | 14.7 | 14.5 | | 5.5 |
| 1967 | 0.7 | | 15.2 | 7.9 | 89.9 | 209.6 | 20.3 | 7.5 | | 2.5 |
| 1968 | | | 27.1 | 1.2 | 69.6 | 200.7 | 6.3 | 20.8 | | |
| 1969 | | | 17.8 | 4.9 | 60.6 | 104.6 | 12.4 | 21 | | 0.6 |
| 1970 | | 0.1 | 10.9 | 4.1 | 68.7 | 187.3 | 10.9 | 16 | | 15.1 |
| 1971 | | 0.6 | 245 | 7.2 | 80.2 | 175.7 | 4 | 18.9 | | 10 |
| 1972 | | | 18.9 | 10.9 | 88.6 | 194.7 | 21.8 | 24.3 | | 7.9 |
| 1973 | | | 19.7 | 10 | 89.8 | 138.4 | 23.3 | 24.2 | | 0.8 |
| 1974 | | | 20.6 | 4.4 | 98.5 | 262.8 | 12.7 | 11.2 | | 1.1 |
| 1975 | | | 33.7 | 9.5 | 113.2 | 219 | 10.7 | 17.1 | | 3.1 |
| 1976 | | 2.7 | 40.5 | 9.7 | 121.1 | 205.1 | 23.1 | 29.9 | | |
| 1977 | | 8 | 40.8 | 11.9 | 141.6 | 166.9 | 26 | 30.6 | | 7.9 |
| 1978 | | 11 | 79.1 | 23.2 | 133.2 | 274.5 | 27.7 | 36.2 | | |
| 1979 | | 6 | 85.7 | 18.8 | 169.8 | 142.1 | 23.3 | 34.3 | | |
| 1980 | | 8.5 | 66.5 | 21.4 | 135.8 | 242.2 | 27.8 | 29.6 | 6 | |
| 1981 | | 8.4 | 50 | 8.3 | 161.4 | 355.6 | 26.4 | 21.8 | 5.5 | |
| 1982 | | 1.2 | 41.9 | 5.5 | 169.8 | 320.7 | 38.2 | 14.4 | 5 | |
| 1983 | | | 51.4 | 7.8 | 160.4 | 418.2 | 40.7 | 4.1 | 4.9 | |
| 1984 | 5.7 | 1.1 | 66.1 | 6.2 | 193.2 | 539.2 | 35.9 | 2 | 4.4 | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | 5.2 | | 64 | 12.1 | 226.3 | 728.4 | 34.3 | | 7.5 | |
| 1986 | 6.9 | | 66.1 | 11 | 316.9 | 725.5 | 23.3 | | 7.7 | |
| 1987 | 8 | | 63 | 9 | 346 | 827 | 2 | | 12 | |
| 1988 | 10 | | 74 | 16 | 467 | 724 | 18 | | 18 | |
| 1989 | 8.6 | | 87 | 53.9 | 455.9 | 810 | 7 | | 24.8 | |
| 1990 | 7.2 | | 70 | 22.8 | 426.7 | 895 | 12 | | 24 | |
| 1991 | 7 | | 160 | 38 | 762 | 4802 | 12 | | 38 | |
| 1992 | 9.2 | | 200.4 | 92 | 1026.8 | 4495 | 16 | | 41 | 28.5 |
| 1993 | 6.7 | | 57 | 151.6 | 1470.4 | 5222 | | | 56 | 37 |
| 1994 | | | 280 | | 940.2 | 7036 | | | 40 | |

**ئىزاھات:** ئېلېكتر سانائىتى 2 . ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئىستانسا 1993 - يىلى تاقىۋېتىلدى؛ ماشىنىسازلىق سانائىتى ياساش ۋە رېمونت قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى خىش، كاھىش، سېمونت، يېنىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يېمەكلىك سانائىتى ئۇن - ياغ تارتىش، تورت ياساشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ توقۇمىچىلىق سانائىتى چىگىت ئايرىش، يۇڭ توقۇمىچىلىق ۋە يىپەك توقۇمىچىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1958 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى مىقدارى (1)

جەدۋەل: 14 — 7

| تۈرلەر / يىللار | كوكس (توننا) | كۆمۈر (توننا) | توك تارقىتىش مىقدارى (تۈمەن كىلوۋات سائەت) | خىش (تۈمەن دانە) | ئۇششاق تۆمۈر دېھقانچىلىق سايمىنى (تۈمەن دانە) | قول هارۋىسى (دانە) | رېمونت قىلىنغان تراكتور (دانە) | ئات هارۋىسى جابدۇقلىرى (تۈمەن دانە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | | 10610 | | 19 | 1.3 | | | |
| 1959 | 1429 | 3740 | 0.01 | 45 | 2.4 | | | |
| 1960 | | | 4.21 | 96 | 5.8 | | | |
| 1961 | 635 | 2478 | 3.20 | | 12.9 | | | |
| 1962 | | | 2.50 | | 4.20 | | | |
| 1963 | | | 7.10 | | 6.10 | | | |
| 1964 | | | 7 | | 11 | | | 0.19 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 0.27 | | | 9.9 | 26 | 11.70 | | | 1965 |
| 0.39 | | | 11.19 | 103.20 | 13.83 | | | 1966 |
| 0.55 | | 135 | 15.04 | 98 | 10.39 | | | 1967 |
| 0.47 | | | 10.89 | 66.80 | 15.74 | | | 1968 |
| 0.27 | | 4 | 8.50 | 39 | 3.50 | | | 1969 |
| 0.28 | | | 6.97 | 83 | 8.95 | 76 | | 1970 |
| | | | 0.28 | 88.30 | 18.70 | 350 | | 1971 |
| 1.47 | | | 3.76 | 123.87 | 0.29 | | | 1972 |
| | 64 | | 1.94 | 170.60 | | | | 1973 |
| 0.26 | | | 0.25 | 54.50 | | | | 1974 |
| 0.63 | | | 17.82 | 99.70 | | | | 1975 |
| 0.58 | | | 12.48 | 132.30 | | 2247 | 130 | 1976 |
| 0.48 | | | 15.19 | 232 | | 4700 | 500 | 1977 |
| | 91 | | 24.02 | 357 | | 5700 | 414 | 1978 |
| 0.23 | 74 | | 16.29 | 270 | | 3000 | 531 | 1979 |
| 0.21 | 93 | | | | | 4545 | 227 | 1980 |
| 0.16 | 100 | | 14.16 | | | | | 1981 |
| 0.03 | 46 | | 4.86 | | | 550 | | 1982 |
| 0.03 | 79 | | 4.30 | 107 | | | | 1983 |
| 0.01 | | | 7.38 | 95 | 88 | 500 | | 1984 |
| 0.57 | 32 | | 110.11 | 233 | 80 | | | 1985 |
| | 5 | | 25.40 | 330 | 137 | | | 1986 |
| | 6 | | | 160 | 145 | | | 1987 |
| | 5 | 360 | 60 | 207 | 207 | | | 1988 |
| | | 2751 | 18 | 600 | 179 | | | 1989 |
| | | 1987 | 12 | 400 | 136 | | | 1990 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1991 | | | 90 | 538 | 18 | 3316 | | |
| 1992 | | | 95 | 470 | 35 | 483 | | |
| 1993 | | | 120 | 690 | 4.6 | 2204 | | |
| 1994 | | | 142 | 800 | 100 | | | |
| 1995 | | | | 1300 | | 6428 | | |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1958 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى مىقدارى (2)

جەدۋەل: 14 — 8

| تۈرلەر / يىللار | خۇرۇم ئۆتۈك - ئاياغ كىيىم (1000 پار) | كىيىم - كېچەك (تۈمەن قۇر) | كۆن - خۇرۇم (پارچە) | گىلەم (كۋادرات مېتىر) | تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇ يېغى (توننا) | ئىچىملىك - ھاراق (توننا) | كونسېرۋا (توننا) | سوپۇن (توننا) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 5.60 | | 8000 | | 125 | | | 15 |
| 1959 | 4.68 | | 7409 | 49 | 67 | 8 | | 11 |
| 1960 | 4.67 | | 6944 | | 171 | 9 | | 78 |
| 1961 | 6.08 | | 4710 | 47 | 45 | 7 | | 35 |
| 1962 | 4.82 | | 9285 | 285 | 73 | 3.50 | | 32 |
| 1963 | 4.85 | | 6441 | 214 | 132 | 0.30 | | 16 |
| 1964 | 3.39 | 1.66 | 3189 | 58 | 64 | 1.11 | | 9 |
| 1965 | 3.38 | 1.76 | 2505 | 13.7 | 117.2 | 0.3 | | 0.7 |
| 1966 | 4.67 | 1.90 | 959 | | 190.8 | | | 47.7 |
| 1967 | 5.02 | 2.88 | 853 | | 191.3 | | | 25.5 |
| 1968 | 1.84 | 1.41 | 949 | | 236.2 | | | 22.4 |
| 1969 | 4.90 | 1.70 | 800 | | 117.5 | | | 16 |
| 1970 | 2.93 | 1.34 | 787 | | 149 | | | 18.6 |
| 1971 | 4.55 | 1.97 | 1150 | | 150.5 | | | 17.4 |
| 1972 | 4.79 | 3.12 | | | 185.3 | | | 25.9 |
| 1973 | 7.77 | 3.30 | | | 136.3 | 5 | | 16.4 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 25.4 | | | 200 | 176 | 1110 | 1.69 | 5.99 | 1974 |
| 26.3 | | 5.3 | 260.1 | 679 | 6862 | 1.53 | 6.11 | 1975 |
| 26.8 | | 10.5 | 236.5 | 2197 | 2433 | 2.27 | 6.61 | 1976 |
| 24 | | 9.5 | 236.2 | 1836 | 2997 | 1.85 | 8.37 | 1977 |
| 22.1 | | 26 | 184.7 | 1635 | 3982 | 2.50 | 7.71 | 1978 |
| 40 | | 24 | 203 | 1388 | | 2.36 | 12.46 | 1979 |
| 32 | | 22 | 226 | 403 | 3573 | 2.79 | 10.59 | 1980 |
| 35.9 | | 18 | 286 | 576 | 1205 | 2.51 | 6.47 | 1981 |
| 34 | | 14 | 317 | 972 | 549 | 2.64 | 6.38 | 1982 |
| 40 | | 11 | 354 | 268 | 742 | 3.57 | 1.11 | 1983 |
| 44.3 | | 16 | 640.2 | 120 | 340 | 1.43 | 0.56 | 1984 |
| 43 | | 13 | 622 | 113 | | 0.49 | | 1985 |
| 7.5 | 211.9 | 10 | 651 | 76.2 | | 1.61 | | 1986 |
| 58 | 116 | 8 | 647 | 20 | | | | 1987 |
| 58 | 285 | 4 | 765 | 35 | | 2 | | 1988 |
| 61 | 225 | 1 | 650 | 40 | | 5 | | 1989 |
| 53 | | | 528 | | | 1.20 | | 1990 |
| 46 | | | 768 | 100 | | 1.30 | | 1991 |
| 70 | | | 964 | | | 0.60 | | 1992 |
| 45 | | | 733 | | | 0.03 | | 1993 |
| 79 | | 25 | 1122 | | | 1.10 | 10.10 | 1994 |
| | | 16 | 1569 | | | 0.90 | 5 | 1995 |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1958 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى مىقدارى (3)

جەدۋەل: 14 — 9

| تۈرلەر / يىللار | قازان (دانە) | كىگىز (1000 پارچە) | ئۇن (توننا) | پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ساپ پاختا (دەن) | جىياڭيۇ (توننا) | ئاچچىقسۇ (توننا) | ئۆي سايمانلىرى (دانە) | باش كىيىم (تۈمەن دانە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | | | 219 | 17704 | | | | 4 |
| 1959 | 2000 | 1.90 | 1024 | 18372 | | | | 2 |
| 1960 | 1000 | 2.20 | 1447 | 11028 | | | | 2 |
| 1961 | 2000 | 2.40 | 966 | 6040 | | | | 7.10 |
| 1962 | 2000 | 3.20 | 1304 | 6006 | | | | 1.20 |
| 1963 | 600 | 2.40 | 1199 | 11360 | | | | 0.42 |
| 1964 | 200 | 1.70 | 1301 | 5320 | 1.6 | 31.1 | 753 | 0.14 |
| 1965 | 53 | 1.51 | 2719 | 13300 | 1.3 | 22.8 | 1278 | 0.11 |
| 1966 | 35 | 1.95 | 3720 | 21109 | | | 50 | 0.32 |
| 1967 | 1521 | 2.07 | 2544.2 | 24207 | 0.1 | 34.3 | 42 | 0.12 |
| 1968 | 214 | 1.37 | 1850.4 | 23000 | | 39.9 | 312 | 0.37 |
| 1969 | 601 | 1.40 | 1791 | 11601 | | 33 | | 0.08 |
| 1970 | | 1.17 | 7994.8 | 22458 | 4 | 35.7 | | 0.19 |
| 1971 | 531 | 1.99 | 4293.2 | 17157 | 10.3 | 49.4 | 350 | 0.21 |
| 1972 | 5 | 1.39 | 6817.8 | 16805 | 5 | 55.3 | 328 | 0.06 |
| 1973 | | 1.69 | 1852.5 | | | | 1028 | |
| 1974 | | 1.61 | 2736 | 26000 | 0.7 | 54 | | |
| 1975 | | 1.27 | 3330.7 | 21638 | 3 | 44.6 | 877 | |
| 1976 | | 0.58 | 3032 | 18231 | 3.6 | 54.6 | 1528 | 0.34 |
| 1977 | | 1.39 | 3639.5 | 14392 | 2 | 53 | 676 | 0.29 |
| 1978 | | 0.96 | 3046 | 25480 | 1.4 | 58 | 1063 | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 888 | 57.4 | | 18968 | 3803.5 | 1.48 | | 1979 |
| 0.10 | 993 | 45 | 1.3 | 18840 | 3766 | 1.37 | | 1980 |
| 0.04 | 239 | 47.4 | 0.6 | 19998 | 2697 | 2.26 | | 1981 |
| | 146 | 55 | | 19340 | 5004.4 | 3.64 | | 1982 |
| 1.47 | 54 | 48 | | 31848 | 5873 | 1.92 | | 1983 |
| | 981 | 28 | | 35400 | 4143.9 | 1.60 | | 1984 |
| 0.78 | | 37 | | 49880 | 5029 | 0.47 | | 1985 |
| 0.97 | 600 | 15 | | 45544 | 5727.4 | | 100 | 1986 |
| 10 | | 51 | | 45760 | 6544 | | | 1987 |
| 2.0 | | 33 | | 39700 | 8393 | | | 1988 |
| | | | | 60940 | 9250 | | | 1989 |
| 2.2 | | | | 100000 | 9428 | | | 1990 |
| | | 24 | | 137860 | 9786 | | | 1991 |
| 2 | | 50 | | 132000 | 10975 | | | 1992 |
| 3.72 | | | | 129820 | 9741 | | | 1993 |
| | | 5 | | 220000 | 10000 | | | 1994 |
| | 4320 | | | 241080 | 11370 | | | 1995 |

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 1992 - يىللىق مەھسۇلات قىممىتى ۋە مەھسۇلات مىقدارى

جەدۋەل: 14 — 10

| ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ يىللىق مىقدارى | يىللىق مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | خاراكتېرى | كارخانا نامى |
|---|---|---|---|
| يىللىق تەمىنلەنگەن تۇرۇبا سۇيى 368 مىڭ توننا | 22 | ئومۇمىي خەلق | ناھىيىلىك تۇرۇبا سۇيى شىركىتى |
| ئۇن 10 مىڭ 5 . 8 توننا، كېپەك 1281 توننا | 386 | ئومۇمىي خەلق | ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتى |
| ئۇن 500 توننا، سۆ يېغى 5 توننا، سېمونت قۇيۇلما 300 كۇب مېتىر | 38.4 | كوللېكتىپ | ئىچكىرىق يېزىلىق ئۇن زاۋۇتى |
| سۆ يېغى 950 توننا، سوپۇن 70 توننا، چوكا مۇز 1 مىليون 200 مىڭ تال | 395 | ئومۇمىي خەلق | ناھىيىلىك ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك يېمەكلىك زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | 13.8 | تورت 22 توننا، ئاچچىقسۇ 42 توننا، پەرلىك شېكەر 2.4 توننا |
| ئۈچقات يېزىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى | كوللېكتىپ | 24 | ئۇن 2 توننا، سۇ يېغى 8.5 توننا، سېمونت قۇيۇلما 400 كۇب مېتىر |
| يۇلتۇز باغ يېزىلىق پىششىق-لاپ ئىشلەش زاۋۇتى | كوللېكتىپ | 27.5 | ئۇن 460 توننا، سېمونت قۇيۇلما 550 كۇب مېتىر |
| تاشئېرىق يېزىلىق پىششىق-لاپ ئىشلەش زاۋۇتى | كوللېكتىپ | 20.4 | ئۇن 2 توننا، سېمونت قۇيۇلما 350 كۇب مېتىر |
| چىگىت ئايرىش 3 - زاۋۇتى (ئۆگەن يېزىسىدا) | كوللېكتىپ | 1227.5 | ئىنچىكە تالالىق ساپ پاختا 1860 توننا |
| مىللىي بۇيۇملار زاۋۇتى | كوللېكتىپ | 82.8 | شارپا 27 مىڭ دانە، يىپ ئەدىيال 89 مىڭ دانە، يىپ ئىشتان 7553 دانە |
| چىگىت ئايرىش 1 - زاۋۇتى (ناھىيە بازىرىدا) | كوللېكتىپ | 2046 | ساپ پاختا 3100 توننا |
| چىگىت ئايرىش 2 - زاۋۇتى | كوللېكتىپ | 990 | ساپ پاختا 1500 توننا |
| 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى تىككۈچىلىك كوپېراتىپى | كوللېكتىپ | 15.6 | كىيىم - كېچەك 6000 قۇر |
| باسما زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | 40 | تاپشۇرۇق دەپتىرى 940 مىڭ دانە، ئورىگىنال قەغىزى 70 مىڭ، تالون 40 مىڭ پارچە |
| 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى خىش زاۋۇتى | كوللېكتىپ | 55 | خىش 2 مىليون 200 مىڭ دانە |
| يۇلتۇز باغ يېزىلىق خىش زاۋۇتى | كوللېكتىپ | 2.5 | خىش 2 مىليون 500 مىڭ دانە |
| 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى | ئومۇمىي خەلق | 9.2 | تارقىتىلغان توك 950 مىڭ كىلوۋات سائەت |
| گىجىم رومال زاۋۇتى | كوللېكتىپ | 71.7 | يىپەك توقۇلما 8000 كۋادرات مېتىر، پوسما 19 مىڭ دانە |
| ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | 171 | دان ئايرىش ماشىنىسى 35، ئېشەك هارۋىسى 483، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاپچاسلىرى 5000 دانە |
| ناھىيىلىك ئوق قازان زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | 29.4 | ماشىنا زاپچاسلىرى 24 توننا |
| ناھىيىلىك ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | 9 | سانائەت مەشغۇلات قىممىتى 90 مىڭ يۈەن |
| سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى بېتون زاۋۇتى | ئومۇمىي خەلق | 10 | سېمونت تاختا 1000 پارچە، سېمونت خىش 20 توننا 5000 پارچە |

**ئىزاھات:** يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 1993 - يىللىق ئەھۋالى

جەدۋەل: 14 — 11

| زاۋۇت نامى | سانائەت ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى سانى | ئىش ھەققى ئومۇمى سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | ئوراقلىق مۈلكى (تۈمەن يۈەن) | | ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارى | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئەسلى قىممىتى | ساپ قىممىتى | مەھسۇلات نامى | مىقدارى | |
| ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتى | 122.1 | 30 | 3.2 | 57.8 | 55.6 | بۇغداي ئۇنى | 3634 توننا | قارائاشلىق 31 توننا، يەم - بوغۇز 74 توننا |
| ئىچئىبرىق يېزىلىق ئۇن زاۋۇتى | 5 | 54 | 3.6 | 35 | 36.2 | بۇغداي ئۇنى | 175 توننا | ياغ 105 توننا، قارا ئاشلىق ئۇنى 70 توننا |
| ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | 91.4 | 70 | 8.2 | 90.9 | 59.2 | سۇ يېغى | 504 توننا | سوپۇن 192 توننا |
| ئۆگەن يېزىلىق چېگىت ئايرىش زاۋۇتى | 4.2 | 7 | 0.8 | 15.5 | 13.2 | ساپ پاختا | 250 توننا | |
| مىللىيلارغا كېرەكلىك بۇيۇملار زاۋۇتى | 25.5 | 152 | 9.5 | 24.9 | 3.8 | | | |
| 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى تىككۈچىلىك زاۋۇتى | 19.8 | 96 | 4.2 | 3 | 0.8 | كىيىم | 69 مىليون 660 مىڭ | |
| ناھىيىلىك باسما زاۋۇتى | 7.5 | 13 | 1.4 | 7.7 | 6.3 | | | |
| 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى خىش زاۋۇتى | 15.6 | 64 | 5.5 | 15.2 | 13.9 | خىش | 900 مىڭ دانە | |
| 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى ئۇششاق مېتاللىق كوپېراتىپى | 2.8 | 32 | 1.6 | 14.4 | 12 | ئۆي سايمىنى | 2210 دانە | |
| ئوق قازان زاۋۇتى | 18.1 | 31 | 3.8 | 69.6 | 69 | | | |
| رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى | 31.3 | 72 | 8.1 | 67.9 | 49.7 | | | |
| چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ ماشىنا رېمونت زاۋۇتى | 2.1 | 21 | 0.9 | 5.5 | 4.1 | | | |
| چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىنىڭ گىلەم زاۋۇتى | 2.5 | 30 | 1.8 | 2.3 | 2.1 | گىلەم | 62 كۋادرات مېتىر | |
| پەيشەنبە بازار يېزىلىق ئۇن زاۋۇتى | 1 | 4 | 0.3 | 5 | 3.8 | بۇغداي ئۇنى | 80 توننا | سۇ يېغى 3 توننا |
| ئۆگەن يېزىلىق ئۇن زاۋۇتى | 0.8 | 4 | 0.2 | 6 | 4 | بۇغداي ئۇنى | 190 توننا | سۇ يېغى 4 توننا |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يۇلتۇز باغ يېزىلىق ئۇن زاۋۇتى | 0.8 | 3 | 0.2 | 3 | 1.5 | بۇغداي ئۇنى | 150 تونна | سۇ يېغى 2 توننا |
| ئامېرىلىك يېمەكلىك زاۋۇتى | 8.8 | 30 | 2.9 | 15.5 | 9 | پېرەنىك | 12 توننا | ئاچچىقسۇ 31 توننا، تورت 2 توننا |
| 2 ـ ئېلېكتر ئىستانسىسى | 5.1 | 24 | 2.3 | 157 | 157 | توك | 790 مىڭ كىلوۋات | |
| ئامېرىلىك پاختا ـ چىگە شىركىتى | 60 | 120 | 7.1 | 67.4 | 64.7 | ساپ پاختا | 2000 توننا | |
| تاشئېرىق يېزىلىق ئۇن زاۋۇتى | 1.2 | 9 | 0.5 | 6.1 | 3.6 | بۇغداي ئۇنى | 200 توننا | سۇ يېغى 20 توننا |
| توقسۇ بازارلىق ئۇن زاۋۇتى | 1.1 | 5 | 0.3 | 6.5 | 3.7 | بۇغداي ئۇنى | 360 توننا | |

**ئىزاھات:** ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

## 11 § . كارخانا باشقۇرۇش

1958 ـ يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» داۋامىدا شۇجى قوماندانلىق قىلىش يولغا قويۇلۇپ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، مەمۇرىي ئىشلىرى، پارتىيە ئىشلىرىنى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى، كارخانىلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، ئۆز يېرىنىڭ شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئاددىي ـ ساددا ئىش كۆرۈش، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن زاۋۇت باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇردى. 1961 ـ يىلى «سانائەت توغرىسىدا 70 ماددا» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، زاۋۇت باشلىقى ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش، زاۋۇتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىللەر يىغىنى ئارقىلىق دېموكراتىك باشقۇرۇش ـ نازارەت قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. كارخانىلاردا نورمىلىق باشقۇرۇش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش چارىسى يولغا قويۇلدى، كۆپ ساندىكى كارخانىلاردا قائىدە ـ تۈزۈملەر تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە كارخانا ئىنقىلابىي كومىتېتى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش يولغا قويۇلغانىدى، 1973 ـ يىلدىن كېيىن پارتىيە تەشكىلاتى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش ياخشى بولمىدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ناھايىتى ناچارلىشىپ كەتتى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىلگىرىكى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1982 ـ يىلى سانائەت كارخانىلىرىدا ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، پايدا ياكى زىيان ھۆددىگە بېرىلدى، ئىچكى قىسىمدا ئادەمنى، نورمىنى، سۈپىتىنى، مىقدارنى، سەرپىياتنى، پايدىنى، بىخەتەرلىكنى بېكىتىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كارخانىلار تەرتىپكە سېلىندى. 1984 ـ يىلى 15 كارخانا تەرتىپكە سېلىندى، قوشۇۋېتىلدى ۋە ئىشتىن توختىتىلدى ھەمدە پايدا تاپشۇرۇشنى باج تاپشۇرۇشقا ئۆزگەرتىشنىڭ 1 ـ، 2 ـ قەدەملىك خىزمەتلىرى تاماملاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رەھبەرلىك بەنزىلىرى تەڭشىلىپ ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، پارتىيە تەشكىلاتى كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش، زاۋۇت باشلىقى مەمۇرىي قوماندانلىق قىلىشقا مەسئۇل بولۇش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر دېموكراتىك باشقۇرۇشقا قاتنىشىشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈمى شەكىللەندۈرۈلدى.

1987 ـ يىلى مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچاملاش، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ئارقىلىق كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى كېڭەيتىلدى، ھەر قىسىم كارخانىلاردا زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1988 ـ يىلى بارلىق سانائەت كارخانىلىرىدا زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

# §12 . ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش

## 1. ئاساسىي ئەھۋال

توقسۇ ناھىيىسىدىكى كارخانىلاردا ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش 1987 ـ يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغانىدى. شۇ يىلى 6 كارخانا (ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، ئوق قازان زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى، ماددىي ئەشيا شىركىتى، كىنو شىركىتى، كىنوخانا) ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. ھۆددىگەرلىك مۇددىتى 4 يىل بولدى. 1988 ـ يىلى يەنە 7 كارخانا (تۈرلۈك ماللار شىركىتى، يېمەكلىك شىركىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى، رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتى، ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتى، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، نېفىت شىركىتى) ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويدى، ھۆددىگەرلىك مۇددىتى 3 يىل بولدى. ھۆددىگە بېرىلگەن بۇ 13 كارخانا (بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت كارخانىسى 6، سودا كارخانىسى 3، ماددىي ئەشيا كارخانىسى 2، مەدەنىيەت كارخانىسى 2 بولۇپ، ھەممىسى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى خام چوت ئىچىدىكى كارخانا) نىڭ ھۆددىگەرلىك مۇددىتى 1990 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا توشتى. ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش جەريانىدا نېفىت شىركىتى ئومۇمىي ئىش ھەققى سوممىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن زىيان كۆرسەتكۈچى بىلەن بىرلەشتۈرۈش چارىسىنى، يېمەكلىك شىركىتى ئىش ھەققى توپ سانى بويىچە باشقۇرۇش چارىسىنى قوللانغاندىن سىرت، قالغان 11 كارخانا ئومۇمىي ئىش ھەققى سوممىسىنى يۇقىرىغا پايدا ـ باج تاپشۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش چارىسىنى قوللاندى.

توقسۇ ناھىيىسىدە نېفىت شىركىتى سىياسەت خاراكتېرلىق زىيان تارتقانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان كارخانىلارنىڭ ھەممىسى ئاز-تولا پايدا ئالدى، 3 يىللىق ۋە 4 يىللىق ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش جەريانىدا 13 كارخانىنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

**1988 — 1990 ـ يىلغىچە توقسۇ ناھىيىسىدە ھۆددىگە بېرىلگەن 13 كارخانىنىڭ ئەھۋالى**

جەدۋەل: 14 — 12

| تۈرلەر | 3 يىلدا ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى |
|---|---|
| يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باج ـ پايدا | 31.7% |
| كارخانىغا قالدۇرۇلغان پايدا | 31.2% |
| ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى | 10.1% |
| ھۆددىگە ئالغۇچىنىڭ كىرىمى | 8.4% |
| ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كىرىمى | 10.2% |

## 2. ھۆددە ئۇنۇمى

1) 6 ساناائەت كارخانىسى توختامدا بەلگىلەنگەن باج - پايدا تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى %245.5 ئورۇندىدى.

2) 5 سودا، ماددىي ئەشيا كارخانىسى توختامدا بەلگىلەنگەن يۇقىرىغا باج - پايدا تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى %134.8 ئورۇندىدى.

3) 2 مەدەنىيەت كارخانىسى توختامدا بەلگىلەنگەن يۇقىرىغا باج - پايدا تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنى %119 ئورۇندىدى.

4) 13 كارخانا ھۆددىگەرلىك مەزگىلىدە جەمئىي 3 مىليون 224 مىڭ 900 يۈەن پايدا ئېلىپ، توختامدا بەلگىلەنگەن 1 مىليون 130 مىڭ 100 يۈەندىن 2 مىليون 94 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ، توختامدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى %285.4 ئورۇندىدى.

5) ئاشلىق ئىدارىسى ئۇن زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى، ماي خىمىيە ساناائىتى زاۋۇتى پايدىنى ھۆددىگەرلىك توختىمىدىكى تۈپ ساندىن 2 ھەسسىدىن كۆپ ئاشۇردى؛ نېفىت شىركىتى، ئوق قازان زاۋۇتى، تۈرلۈك ماللار شىركىتى، ماددىي ئەشيا شىركىتى، يېمەكلىك شىركىتى، باسما زاۋۇتى، ئاپتوموبىل، ئېلېكتر ماشىنىلىرى رېمونت زاۋۇتى پايدىنى ھۆددىگەرلىك توختامىدىكى تۈپ ساندىن 1 ھەسسىدىن كۆپ ئاشۇردى.

6) كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئاشقانلىقتىن، 316 مىڭ 900 يۈەن ئىش ھەققى كۆپەيدى، پايدىنى دۆلەتكە كۆپرەك، كارخانىغا ئوتتۇراھال، شەخسلەرگە ئازراق قالدۇرۇشتىن ئىبارەت تەقسىمات پرىنسىپى بويىچە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈلدى، ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان پايدا، باجنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن زور دەرىجىدە تۆۋەن بولدى.

7) دەرىجە ئۆستۈرۈش دائىرىسىگە دائىر مەسىلە: ناھىيە بويىچە ھۆددىگەرلىك مۇددىتى توشقان 13 كارخانىغا قارىتا ھۆددىگەرلىك توختىمىنى ئورۇنداش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى سېلىشتۇرۇلغاندىن كېيىن دەرىجە ئۆستۈرۈش ھەجمى 53.360 قىلىپ بېكىتىلدى، ئۇنىڭغا ئىش ئورنى ئىش ھەققى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ھەجمى ۋە %3لىك دەرىجە ئۆستۈرۈش ھەجمىنى قوشقاندا جەمئىي سېلىشتۇرۇپ بېكىتىلگەن دەرىجە ئۆستۈرۈش ھەجمى 566.3 بولىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندا بىر دەرىجە ئۆستۈرۈش بويىچە ھېسابلىغاندا 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئادەم سانىنى ئۆلچەم قىلغاندا دەرىجىسى ئۆسكەنلەر %87.12نى ئىگىلىدى. كارخانىلار ئۆز خادىملىرىنىڭ ئوخشاشمىغان ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسىنى ئۆستۈردى، ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈلگەن بىر دەرىجە ئىش ھەققى ۋە زىيالىيلارنىڭ ئۆسكەن ئىش ھەققى دەرىجىسىنى قوشقاندا بۇ 13 كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى سەۋىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆسۈپ، ئوتتۇرىچە ئۆسۈش نىسبىتى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى، ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ئارقىلىق كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ئاشتى.

## 3. ساقلانغان مەسىلىلەر

1) ھۆددىگە ئالغۇچى بىلەن ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ ئالىدىغان نورما ئىش ھەققى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن، بولۇپمۇ كىچىك كارخانىلار ھۆددىگەرلىكىدە ھۆددىگە ئالغۇچى ۋە ھەمكارلاشقۇچى بىلەن

ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم پەرقى بەك چوڭ بولغانلىقتىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر يەتتى. 2 - ئۆزۆتلىك ھۆددىگەرلىكتە سىياسەت جەھەتتىن نورما ئىش ھەققى بىكار قىلىنىپ، مۇكاپات بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى.

2) ھۆددىگەرلىك مەزگىلىدە قوللىنىلغان ئادەم كۆپەيسىمۇ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى كۆپەيتمەسلىك، ئادەم ئازايسىمۇ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنى ئازايتماسلىق سىياسىتى توغرا بولسىمۇ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە قىيىنچىلىق پەيدا قىلدى. شۇڭا بۇ سىياسەتنى ئىجرا قىلىش تەس بولدى.

3) يىراقنى كۆزلىمەسلىك ھۆددىگە بېرىلگەن كارخانىلاردا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلاندى. بۇنى تۈزەش ئۈچۈن كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش مېخانىزمى ۋە ئۆزىنى ئۆزى چەكلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، ئىلمىي ھۆددىگەرلىك نىشان سىستېمىسى ئورنىتىشقا توغرا كېلىدۇ. فۇنكسىيىلىك تارماقلار كارخانىلار ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىنكى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، توختامدا تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ساپ قىممىتى، تۇراقلىق مۈلۈكنى يېڭىلاش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش، ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىش، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ساقلىق نىسبىتى، ئۈسكۈنە يېڭىلاشقا سېلىنغان مەبلەغ سوممىسى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچلىرىنى ئېنىق يېزىش لازىم.

كوللېكتىپ ھۆددىگە ئېلىش ۋە ئومۇمىي خادىم ھۆددىگە ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىشمۇ يىراقنى كۆزلىمەسلىك قىلمىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرىدۇر.

4) سىياسىي، ئىدىيىۋى خىزمەت ئاجىز بولدى، كارخانىلار ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، بەزى كارخانىلار مۇكاپات تارقىتىشنى نورمال سىياسىي، ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەنلىكتىن، بىر قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلدى.

# II باب

# يېزا - بازار كارخانىلىرى

1958 - يىلى گۇڭشېلار يەككە قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەرۋەنلەرنى كوپېراتىپ، ئەترەت قۇرۇپ، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللىگەنىدى، ئەمما تەجرىبە يېتەرسىز، باشقۇرۇش ياخشى بولمىغاچقا، 1962 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە كۆپىنچىسى ئىشتىن توختاپ قالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن يەنە بىر قىسىم قوشۇمچە كەسىپلەر «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى» دەپ قارىلىپ قىرقىپ تاشلاندى. 1970 - يىلدىن كېيىن گۇڭشې - ئەترەتلەر بۇرۇنقى قوشۇمچە كەسىپلەر ئاساسىدا گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرىنى قۇردى. 1978 - يىلى ناھىيە بويىچە گۇڭشې - ئەترەت كارخانىسى 54كە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 308 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1979 - يىلدىن كېيىن گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. 1984 - يىلدىن كېيىن گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرى يېزا - بازار كارخانىلىرى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 799 غا، خادىمى 2600گە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون 33 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 1 مىليون 157 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1993 - يىلى مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 500 مىڭ يۈەن (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە، يىللىق پايدىسى 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1995 - يىلى يېزا - بازار كارخانىسى 948گە،

خادىمى 2933كە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 36 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 4 مىليون 620 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## § 1 . ئاپپاراتلار

1958 ـ يىلدىن كېيىن يېزا ـ بازارلار قۇرغان گۇڭشې، ئەترەت قوشۇمچە كەسىپ ئورۇنلىرىنى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى قوشۇمچە باشقۇردى.

1984 ـ يىل 9 ـ ئايدا يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى، بۇ ئىدارىغا 2 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 4 خىزمەتچى قويۇلدى، يېزا ـ بازارلاردا بىردىن 2 گىچە يېزا ـ بازار كارخانىسى كادىرى قويۇلدى. 1995 ـ يىلى بۇ ئىدارىدە بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 4 خىزمەتچى ئىشلەيدىغان بولدى.

## § 2 . يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى

1958 ـ يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گۇڭشېلاردا گۇڭشې دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق گورۇپپىسى، باغلار ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1973 — 1975 ـ يىلغىچە 4 گۇڭشېدا قۇلماق مەيدانى قۇرۇلدى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك كارخانىسى 22 (باقمىچىلىق كارخانىسى 11، تېرىقچىلىق كارخانىسى 11؛ گۇڭشې باشقۇرۇشىدىكى كارخانا 9، چوڭ ئەترەت باشقۇرۇشىدىكى كارخانا 13) گە، ئەمگەك كۈچى 839غا، يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 658 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1980 ـ يىلى 74 يېزا ئىگىلىك كارخانىسى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە گۇڭشې باشقۇرۇشىدىكى كارخانا 12، چوڭ ئەترەت باشقۇرۇشىدىكى كارخانا 62، يىللىق كىرىمى 864 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1985 ـ يىلى يېزا باشقۇرۇشىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق گورۇپپىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تارقىتىۋېتىلدى، كەنت باشقۇرۇشىدىكى مېۋىلىك باغلار شەخسلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ھۆددىگە بېرىلدى. 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە يېزا ـ بازارلاردىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىدىن ئىچىبىرىق يېزىلىق قۇلماق مەيدانى، 6 مېۋىلىك باغ ۋە 2 يېزا باشقۇرۇشىدىكى بېلىقچىلىق مەيدانى قالدى. مۇشۇ بىر يىلدا 277 توننا مېۋە ـ چېۋە، 17.4 توننا قۇلماق ئېلىنىپ، يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 272 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1993 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك كارخانىسى 4، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 86 بولۇپ، 610 مىڭ يۈەن ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) يارىتىلدى.

### 1. مېۋىلىك باغ

1962 ـ يىلى ئىچىبىرىق، يەكشەنبە بازار گۇڭشېلىرىدا ئەسلىدىكى شەخسلەرنىڭ بېغى ئاساس قىلىنغان ھالدا باغ بەرپا قىلىندى. 1963 ـ يىلى تاشبىرىق يېزىسىدىمۇ باغ بەرپا قىلىندى. 1969 ـ يىلى شوبۇلتۇز گۇڭشېسىدا، 1978 ـ يىلى پەيشەنبە بازار گۇڭشېسىدا باغ بەرپا قىلىندى. 1984 ـ يىلى ئۈچقات يېزىسىدا 300 مولۇق بىر باغ بەرپا قىلىندى. 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە يېزىلاردا باغ 6گە، كۆلىمى 1530 موغا، باغۋەن 63كە يەتتى؛ شۇ يىلى 277 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى، ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى ئۆرۈك،

نەشپۈت، ئالما، ئۈزۈم قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 1993 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا باشقۇرۇشىدىكى مېۋىلىك باغ 6 بولۇپ، 456 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى.

## 2. دېھقانچىلىق مەيدانى

1962 — 1977 - يىلغىچە گۇڭشېلاردا ئارقا - ئارقىدىن 7 دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1850 موغا يەتتى. 1984 - يىلدىن كېيىن يېزىلار باشقۇرىدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ھەممىسى كەنتلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، يەرلىرى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىۋېتىلدى.

## 3. قولماق

1973 — 1975 - يىلغىچە يەكشەنبە بازار، ئىچئېرىق، شويۇلتوز، تاشئېرىق قاتارلىق گۇڭشېلار قولماق مەيدانى قۇرۇپ، جەمئىي 424 مو يەرگە قولماق تېرىغانىدى. 1981 - يىلى باشقۇرۇلۇشى ياخشى بولماسلىق، رەڭگى ئۆزگەرگەن قولماقلار كۆپىيىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېكسپورتقا تەسىر يەتكەنلىكتىن، 3 قولماق مەيدانى تاقىۋېتىلدى. 1988 - يىلى ئىچئېرىق يېزىلىق قولماق مەيدانىدىن 4.17 توننا قولماق ئېلىنىپ، 139 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ مەيداندىن 20 توننا قولماق ئېلىنىپ، 140 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىندى.

## 4. باقمىچىلىق

1976 - يىلى تاشئېرىق گۇڭشېسىدا باقمىچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇپ، كالا، قوي، چوشقا بېقىلغانىدى، 1979 - يىلى تاقىۋېتىلدى. 1984 - يىلدىن كېيىن ناھىيە بويىچە بىر تۈركۈم باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىلىرى مەيدانغا كەلدى. 1985 - يىلى پەيشەنبە بازار يېزىسى بېلىقچىلىق مەيدانى قۇردى، 1987 - يىلى شويۇلتوز يېزىسىدا بېلىقچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مەھسۇلاتى تۆۋەن، كىرىمى ئاز بولدى.

# §3. سودا - سانائەت كارخانىلىرى

## 1. ئۈن - ياغ تارتىش

1959 - يىلى دايۇلتوز گۇڭشېسى ئەسلىدە بار بىر نەچچە سۇ تۈگمىنى ئاساسىدا ئۈن - ياغ زاۋۇتى قۇردى. 1968 - يىلى تاشئېرىق گۇڭشېسىدا ئۈن - ياغ زاۋۇتى قۇرۇلدى. شۇندىن كېيىن ئىچئېرىق، توقسۇ ناھىيە بازىرى، شويۇلتوز، پەيشەنبە بازار، ئۈچقات گۇڭشېلىرىدىمۇ كەينى - كەينىدىن ئۈن - ياغ زاۋۇتلىرى قۇرۇلدى. 70 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە تاش تۈگمەننىڭ ئورنىغا پولات تۈگمەن، جوۋازنىڭ ئورنىغا ياغ تارتىش ماشىنىسى ئىشلىتىلدى. 1976 - يىلى ئىچئېرىق گۇڭشېسى دۇكان قۇرۇپ پۇرچاق پىشلىقى، ماشئۇگرە ۋە ھاراق ئىشلەپچىقاردى. تاشئېرىق، توقسۇ ناھىيە بازىرى، ئىچئېرىق، شويۇلتوزلاردىكى ئۈن - ياغ زاۋۇتلىرى

1980 — 1987 - يىلغىچە بىر - بىرلەپ تاقىلىپ قالدى. 1988 - يىلى يەكشەنبە بازار، ئۆچقات، پەيشەنبە بازار يېزىلىق ئۇن - ياغ زاۋۇتلىرى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىمىدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ۋە يەككىلەر ئاچقان ئۇن - ياغ زاۋۇتلىرى 77.5 توننا ياغ، 602.5 توننا ئۇن تارتتى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 233 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. 1995 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىدا 45 مىڭ توننا ئۇن، 261 توننا ياغ تارتىلدى.

## 2. خىش پىشۇرۇش

1966 - يىلى دايۇلتۇز گۇڭشېسى بىر خۇمدان سېلىپ ئادەتتىكى خىشلارنى پىشۇردى، ئەمما پىشۇرۇلغان خىشلارنىڭ سۈپىتى بىرقەدەر ناچار بولغانلىقتىن، بۇ خۇمدان بەزىدە ئىشلىدى، بەزىدە ئىشلىمىدى. 1973 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە توقسۇ ناھىيە بازىرى، تاشئېرىق، ئىچئېرىق گۇڭشېلىرىمۇ خۇمدان سېلىپ خىش پىشۇردى، كېيىن سۈپەت مەسىلىسى تۈپەيلىدىن بىر - بىرلەپ تاقىلىپ قالدى.

1986 - يىل 4 - ئايدا يەكشەنبە بازار يېزىسىمۇ خىش زاۋۇتى سالدى. 1988 - يىلى ئۇنىڭ ئادىمى 80گە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 295 مىڭ يۈەنگە يەتتى، شۇ يىلى 4 مىليون 500 مىڭ دانە خىش پىشۇرۇپ، يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 214 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. 1993 - يىلى 6 مىليون 500 مىڭ دانە خىش پىشۇرۇپ، مەھسۇلات قىممىتىنى 390 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى.

## 3. سېمونت قۇيۇلما ئىشلەش

1965 - يىلى ئىچئېرىق يېزىسىدا قۇدۇق قېزىش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، سېمونتتىن قۇدۇق تۇرۇبىسى، تەگلىك قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقاردى. 1970 - يىلى دايۇلتۇز گۇڭشېسىدا، 1975 - يىلى شويۇلتۇز گۇڭشېسىدا، 1977 - يىلى تاشئېرىق گۇڭشېسىدا قۇدۇق قېزىش ئەترىتى قۇرۇلدى. 1980 - يىلدىن كېيىن ھەرقايسى قۇدۇق قېزىش ئەترەتلىرى قۇدۇق تۇرۇبىسى، سېمونت قوزۇق، سېمونت خىش، سېمونت تاختاي، سىتولبا قاتارلىق كۆپ خىل سېمونت قۇيۇلمىلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان بولدى، قۇدۇق قېزىش ئەترىتى دېگەن نام سېمونت قۇيۇلما زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە سېمونت قۇيۇلما زاۋۇتى 4كە، خادىمى 38گە، يىل بويى ئىشلەپچىقارغان سېمونت قۇيۇلما 1070 كۇب مېتىرغا، مەھسۇلات قىممىتى 195 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. 1995 - يىلى سېمونت قۇيۇلما زاۋۇتى 6گە يەتتى، يىل بويى 31 مىڭ 100 كۇب مېتىر سېمونت قۇيۇلما قۇيۇلدى.

## 4. چىگىت ئايرىش

1979 - يىلى شويۇلتۇز گۇڭشېسىدا پاختا زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، كېۋەز شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا بىر تەرەپ قىلىندى. 1981 - يىلى ئىچئېرىق گۇڭشېسى ئۇزۇن تالالىق پاختىنىڭ چىگىتىنى ئايرىش ئۈسكۈنىسىدىن بىر يۈرۈش سېتىۋېلىپ پاختا زاۋۇتى قۇردى. بۇ 2 زاۋۇت 1985 - يىلى 6000 دەن ساپ پاختا چىقاردى. 1987 - يىلى ئىچئېرىق يېزىلىق پاختا زاۋۇتى خام ئەشيا يېتىشمىگەنلىكتىن تاقىلىپ قالدى. شويۇلتۇز پاختا زاۋۇتى 1987 - يىلى 1300 دەن ساپ پاختا چىقاردى. 1988 - يىلدىن كېيىن، بۇ زاۋۇت تەمىنات - سودا كوپېراتىپى پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 5. كونسېرۋا ئىشلەش

1987 - يىلى ئۈچقات يېزىسى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپى كونسېرۋا زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىپ مېۋە كونسېرۋاسى زاۋۇتى قۇردى. زاۋۇت 1988 - يىلى پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، شۇ يىلى 22.5 توننا ھەر خىل مېۋە كونسېرۋاسى ئىشلەپچىقىرىلدى، زاۋۇتنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 63 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ زاۋۇت 1990 - يىلى تاقىلىپ قالدى.

## 6. يەم - بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەش

1986 - يىلى توقسۇ ناھىيە بازىرىدا يەم - بوغۇز زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، كېپەك، كۆنجۈرە، كۆممىقوناق، سۆڭەك تالقىنىدىن ئۇنىۋېرسال يەم - بوغۇز ئىشلەپچىقىرىلدى. زاۋۇتنىڭ 1988 - يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 300 تونىنىغا يەتتى. بۇ زاۋۇت 1989 - يىلى تاقىلىپ قالدى.

## 7. بىناكارلىق

يېزا - بازارلىق بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى 1980 - يىلدىن ئىلگىرى پەقەت ئاددىي كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەرنىلا سالالايتتى. 1980 - يىلدىن كېيىن بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنىڭ ئۇسكۈنە ۋە تېخنىكا كۈچى كۈچەيگەنلىكتىن، خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق، خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر ۋە كۆپ قەۋەتلىك، ئېگىز ئىمارەتلەرنىمۇ سالالايدىغان بولدى. 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە يېزا - بازارلىق بىناكارلىق كارخانىسى 7گە، يەككىلەر بىرلىشىپ قۇرغان بىناكارلىق كارخانىسى 2گە، خادىمى 220گە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 511 مىڭ 500 يۈەنگە، بىر يىلدا پۈتتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 16 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 166 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. 1995 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلىق بىناكارلىق كارخانىسى 6گە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 13 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**توقسۇ ناھىيىسىدىكى يېزا - بازارلىق بىناكارلىق ئەترەتلىرىنىڭ**
**1988 - يىللىق ئاساسىي ئەھۋالى**

جەدۋەل: 14 — 13

| بىناكارلىق ئەترەتلىرى | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئادەم سانى | تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | پايدىسى (تۈمەن يۈەن) | بىر يىلدا پۈتتۈرگەن ئىمارەت كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىچچىرىق يېزىلىق بىناركالىق ئەترىتى | 1958 - يىلى | 17 | 13.08 | 29 | 3.43 | 2500 |
| پەيشەنبە بازار يېزىلىق بىناكارلىق ئەترىتى | 1978 - يىلى | 39 | 9.59 | 17.30 | 1.09 | 1312 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| توقسۇ بازارلىق بىناكارلىق ئەترىتى | 1964 ـ يىلى | 87 | 10 | 38.45 | 3.90 | 3500 |
| تاشئېرىق يېزىلىق بىناكارلىق ئەترىتى | 1958 ـ يىلى | 20 | 5.28 | 13.11 | 1.89 | 2300 |
| شويۇلتۇز يېزىلىق بىناكارلىق ئەترىتى | 1970 ـ يىلى | 23 | 1.50 | 29.62 | 2.60 | 3250 |
| يەكشەنبە بازار يېزىلىق بىناكارلىق ئەترىتى | 1960 ـ يىلى | 15 | 3.60 | 24 | 1.41 | 2100 |
| ئۆچقات يېزىلىق بىناكارلىق ئەترىتى | 1984 ـ يىلى | 17 | 8.10 | 13.74 | 1.32 | 1500 |
| جەمئىي | | 218 | 51.15 | 165.22 | 16.64 | 16462 |

## 8. ترانسپورت كەسپى

1961 ـ يىلى توقسۇ ناھىيە بازىرىدىكى 25 يەككە ترانسپورت ئائىلىسى بىرلىشىپ بازار ترانسپورت ئەترىتى بولۇپ قۇرۇلدى، بۇ ئەترەتتە 15 ئېشەك هارۋىسى ۋە ئات هارۋىسى بار ئىدى، بىراق بۇ ئەترەت زىيان تارتقانلىقتىن، 1969 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1980 ـ يىلى پەيشەنبە بازار يېزىلىق ئاپتوموبىل ئەترىتى قۇرۇلدى، بۇ ئەترەتتە 3 ئاپتوموبىل بار ئىدى.

1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە يېزا ـ بازارلىق ترانسپورت كارخانىسىدىن بىرى، ترانسپورت كەسپى ئائىلىسىدىن 152سى، خادىمدىن 256سى بار بولدى. بۇلار، ئاساسلىقى، ھەرقايسى يېزىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە ناھىيە تەۋەسىدە قىسقا يوللۇق ترانسپورت بىلەن شۇغۇللاندى، يىللىق كىرىمى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1993 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ترانسپورت كارخانىسى 84كە يەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى يەككە ترانسپورت كارخانىسى بولۇپ، خادىمى 147گە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 9. سودا، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى

يېزا، بازارلاردا 1970 ـ يىلدىن كېيىن ئاشخانا، ماگىزىن، ساتىراشخانىلار ئېچىلدى. 1984 ـ يىلى بۇ ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىنى شەخسلەر ھۆددىگە ئېلىپ، باشقۇرىدىغان بولدى. 1986 ـ يىلى ئىچئېرىق يېزىسىدا تاشيولنى بويلاپ ياتاقلىق ساراي، ئاشخانىلار سېلىندى، بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 600 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 60 كارۋىتى بار ئىدى.

1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە يېزىلىق مۇلازىمەت كارخانىسىدىن بىرى، يەككە سودا، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى كارخانىسىدىن 333ى، خادىمدىن 766سى بار بولدى، بۇلار، ئاساسلىقى،

كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، توقۇلما بۇيۇملار، سانائەت بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەك ۋە باش - ئاياغ كىيىم، ساراي، ئاشخانا، ساتىراشلىق، سۇرەتچىلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى، يىللىق كىرىمى 3 مىليون 455 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە توپ - پارچە سېتىش ۋە يېمەك - ئىچمەك ئورنى 373كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە تىجارەت ئورنى 372 بولۇپ، بۇ ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغانلار 525كە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مۇلازىمەت كارخانىسى 10غا، خادىمى 25كە، يىللىق كىرىمى 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 10. باشقا كەسىپلەر

1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، تىككۈچىلىك، كەشتىچىلىك، ماتاچىلىق، باش - ئاياغ كىيىملەرنى تىكىش، كۆنچىلىك، ئات هارۋىسى جابدۇقلىرىنى ياساش، كىگىزچىلىك، پىيمىچىلىك، گىلەمچىلىك قاتارلىق يەككە تىجارەت كارخانىسى 83كە، خادىمى 490غا، يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 672 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 4 § . ئىگىلىك باشقۇرۇش

1978 - يىلدىن ئىلگىرى، كوللېكتىپ - ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ كادىرلار، مالىيە ئىشلىرىنى كوللېكتىپ - ئەترەتلەر بىر تۇتاش باشقۇراتتى، كوللېكتىپ - ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ خادىملىرى كوللېكتىپ - ئەترەتلەردىن ئاجرىتىلاتتى. 1979 - يىلى «داشقازان تامىقى يېيىش»تەك قالايمىقان ۋەزىيەت ئۆزگەرتىلىپ، كوللېكتىپ قۇرسا كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىق قىلىش، چوڭ ئەترەت قۇرسا چوڭ ئەترەت ئىگىدارچىلىق قىلىش، بىرلىشىپ قۇرسا ئومۇم ئىگىدارچىلىق قىلىش، كىرىمنى نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1987 - يىلى ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، هۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش هوقۇقى كېڭەيتىلدى، ئەمگەك، مالىيەگە دائىر زۆرۈر قائىدە - تۈزۈملەر ئورنىتىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بەزى كارخانىلار ئىقتىسادىي ھېسابات قىلمىغاچقا، باشقۇرۇشى قالايمىقان ئىدى، مەبلەغ باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلىپ كەتكەنىدى. كوللېكتىپ - ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ خادىملىرىغا يېزا ئىگىلىك ساھەسىدىكى تەڭ دەرىجىلىك ئەمگەك كۈچى قاتارىدا ھەق ھېسابلاپ بېرىلدى. «دەرىجىسىنى زاۋۇت باھالاش، ئىش نومۇرىنى ئەترەتلەر خاتىرىلەش، زاۋۇت، ئەترەت بىللە ھېساب بوغۇش، ئەترەتكە قايتقاندىن كېيىن تەقسىم قىلىش» چارىسى يولغا قويۇلدى. 1981 - يىلى يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، كارخانىلاردىمۇ مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلاش، نورما بەلگىلەپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. 1982 - يىلى كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1984 - يىلدىن كېيىن، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ھەققى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ شۇ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %1ى بويىچە ئېلىنىدى، ئۇنىڭ %50ى يېزا - بازارلارغا قالدۇرۇلۇپ كەسپىي خادىملارنىڭ ئىش ھەققى ۋە ئىشخانا خىراجىتى قىلىنىدى؛ %30ى يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىگە تاپشۇرۇلدى؛ %20ى ۋىلايەتلىك كوللېكتىپ - ئەترەت كارخانىلىرى باشقارمىسىغا تاپشۇرۇلۇپ، كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەش، يېڭى تېخنىكىلارنى كېڭەيتىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلدى.

**توقسۇ ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار (گۇڭشې - ئەترەت) كارخانىلىرىنىڭ 1978 — 1995 - يىللىرىچە بولغان ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى**

جەدۋەل: 14 — 14

| يىللار | سېمونت قۇيۇلمىلار (كۇب مېتىر) | خىش (تۈمەن دانە) | مېۋە ھارىقى (توننا) | سۇ يېغى (توننا) | تارتىلغان ئۇن (توننا) | پۈتكەن ئۆي ئىمارەت كۆلىمى (تۈمەن كۋادرات مېتىر) | مېۋە - چېۋە (توننا) | قۇلماق (توننا) | چىگىتى ئايرىلغان پاختا (توننا) | كىيىم كېچەك (تۈمەن قۇر) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | | 276 | | | 72.9 | | | | 174 | |
| 1979 | | 150 | | 25 | 189 | | | | 233 | |
| 1980 | | 40 | | 90 | 1290 | | | 17 | 930 | |
| 1981 | | 157 | | | 270 | | | | | 0.08 |
| 1982 | | | 0.27 | | 1899 | | | | | |
| 1983 | | 42 | | | 3273 | | | 45.9 | | |
| 1984 | | 44.3 | | 24.6 | 1185 | 1.56 | | | | |
| 1985 | | 113 | | 18.9 | 1544 | | 1.9 | 84.1 | | 0.6 |
| 1986 | 1200 | 80 | 45 | 10 | 830 | | 1.3 | 17.5 | 13 | 0.5 |
| 1987 | 3700 | 264 | 30 | 13.6 | 865 | 1.2 | 13.5 | 8.7 | 1300 | |
| 1988 | 1070 | 450 | 50 | 77.5 | 1280 | 1.65 | 277 | 17.4 | | |
| 1989 | 1059 | 500 | | 25 | 900 | 2.07 | 277 | 21.5 | | |
| 1990 | 5820 | 400 | | 17 | 297 | 1.23 | 270 | 17 | | |
| 1991 | 11100 | 300 | | 500 | 669 | 1.005 | 3616 | 22 | | |
| 1992 | 7900 | 250 | | 511 | 967 | 1.4 | 420 | 22 | | 1.6 |
| 1993 | 4557 | 650 | | 510 | 3000 | 1.5 | 456 | 20 | | 1.4 |
| 1994 | 5000 | 860 | | 350 | 40000 | 2 | 450 | 20 | | 3 |
| 1995 | 31100 | 1300 | | 261 | 45000 | 2.89 | 365 | 20 | | 1.43 |

**1978 — 1995 ـ يىلغىچە نوقسۇ ناھىيىسىدىكى يېزا ـ بازار (گوڭشې ـ گەترەت) كارخانىلىرىنىڭ سانى ۋە كارخانىلاردىكى ئادەم سانى**

جەدۋەل: 14 — 15

| تۈرلەر / يىللار | كارخانا سانى | | | | كارخانىلاردىكى ئادەم سانى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | يېزا كارخانىسى | كەنت كارخانىسى | يەككە كارخانا | جەمئىي | يېزا كارخانىسىدىكى | كەنت كارخانىسىدىكى | يەككە كارخانىدىكى |
| 1978 | 54 | 21 | 33 | | 1262 | 607 | 655 | |
| 1979 | 130 | 61 | 69 | | 1065 | 715 | 350 | |
| 1980 | 152 | 73 | 79 | | 2336 | 891 | 1445 | |
| 1981 | 81 | 32 | 49 | | 1078 | 452 | 626 | |
| 1982 | 99 | 30 | 69 | | 1688 | 642 | 1046 | |
| 1983 | 87 | 34 | 53 | | 813 | 562 | 251 | |
| 1984 | 33 | 33 | | | 830 | 556 | | 274 |
| 1985 | 49 | 34 | | 15 | 1349 | 537 | | 812 |
| 1986 | 697 | 34 | | 663 | 1971 | 485 | | 1486 |
| 1987 | 883 | 27 | | 856 | 1902 | 403 | | 1499 |
| 1988 | 799 | 22 | | 777 | 2600 | 452 | | 2148 |
| 1989 | 848 | 22 | | 826 | 1893 | 534 | | 1359 |
| 1990 | 822 | 20 | | 802 | 2056 | 398 | | 1658 |
| 1991 | 884 | 19 | | 865 | 1696 | 359 | | 1337 |
| 1992 | 931 | 23 | | 908 | 1786 | 448 | | 1338 |
| 1993 | 610 | 23 | | 587 | 1786 | 840 | | 946 |
| 1994 | 941 | 27 | | 914 | 2874 | 822 | | 2052 |
| 1995 | 921 | 34 | | 887 | 2933 | 914 | | 2019 |

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى يېزا بازار (گوڭشې ـ ئەترەت) كارخانىلىرىنىڭ 1978 — 1995 ـ يىللىغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى

جەدۋەل: 14 — 16

بىرلىكى: يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | | | | باج | | | | پايدا | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | يېزا كارخانىسى | كەنت كارخانىسى | يەككە كارخانا | جەمئىي | يېزا كارخانىسى | كەنت كارخانىسى | يەككە كارخانا | جەمئىي | يېز كارخانىسى | يەككە كارخانا |
| 1978 | 130.8 | 71.8 | 59 | | 2.47 | 1.37 | 1.1 | | 28.1 | 18.6 | 9.5 |
| 1979 | 215 | 187 | 28 | | 6 | 5.6 | 0.4 | | 54.4 | 44.4 | 10 |
| 1980 | 352 | 247.8 | 104.2 | | 1.6 | 1.6 | | | 95.4 | 37.7 | 57.7 |
| 1981 | 268.2 | 153.8 | 114.4 | | 1.5 | 1.1 | 0.4 | | 62.3 | 18 | 44.3 |
| 1982 | 232.9 | 142.8 | 90.1 | | 1.71 | 0.99 | 0.72 | | 51.4 | 30 | 21.4 |
| 1983 | 195.7 | 152 | 43.7 | | 2.52 | 2.11 | 0.41 | | 42.9 | 30.1 | 12.8 |
| 1984 | 244.3 | 177.9 | | 66.4 | 3.27 | 3.27 | | | 99.8 | 57.6 | 42.2 |
| 1985 | 367.4 | 246.9 | | 120.5 | 6.1 | 5.1 | | 1 | 86.5 | 36.3 | 50.2 |
| 1986 | 821.8 | 239.3 | | 582.5 | 21.6 | 5.9 | | 15.7 | 222.9 | 32.3 | 190.6 |
| 1987 | 843.8 | 191.1 | | 652.7 | 22.8 | 3.6 | | 19.2 | 218.3 | 29.4 | 188.9 |
| 1988 | 1003.3 | 272.6 | | 730.7 | 21.8 | 4.6 | | 17.2 | 115.7 | 32.3 | 83.5 |
| 1989 | 1147.96 | 402.72 | | 745.24 | 2.73 | 2.73 | | | 44.88 | 44.88 | |
| 1990 | 1197.84 | 376.56 | | 821.12 | 42.08 | 14.66 | | 27.42 | 145.61 | 46.22 | 99.39 |
| 1991 | 1343.77 | 451.65 | | 892.12 | 5.35 | 5.35 | | | 56.79 | 56.79 | |
| 1992 | 1545.72 | 680 | | 905.67 | 15.52 | 15.52 | | | 72.15 | 72.15 | |
| 1993 | 1750 | 952 | | 798 | 28 | 28 | | | 98 | 98 | |
| 1994 | 2308 | 886 | | 1422 | | | | | | | |
| 1995 | 3633 | 1796 | | 1837 | 143.4 | 57 | | 86.4 | 462 | 215 | 247 |

ئىزاھات: جەدۋەلدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە 1989 ـ، 1990 ـ، 1991 ـ يىللارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ھازىرقى باھا بويىچە، قالغان يىللارنىڭ ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

## 1992 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يېزىلارغا تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 14 — 17

| يېزا نامى | | كارخانا سانى | ئادەم سانى | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي كىرىم (تۈمەن يۈەن) | ساپ پايدا (تۈمەن يۈەن) | باج (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىچكىرىق يېزىسى | ئومۇمىي سانى | 152 | 262 | 296 .15 | 296 .15 | 36 .61 | 4 .70 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە يەككە كارخانىلار | 147 | 178 | 129 .02 | 129 .02 | 17 .65 | 2 .57 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | ئومۇمىي سانى | 139 | 163 | 203 .95 | 197 .98 | 11 .74 | 5 .43 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە يەككە كارخانىلار | 137 | 122 | 90 .95 | 87 .98 | 6 .74 | 2 .63 |
| تاشئېرىق يېزىسى | ئومۇمىي سانى | 97 | 299 | 227 .22 | 227 .22 | 24 .94 | 8 .58 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە يەككە كارخانىلار | 93 | 216 | 148 .80 | 148 .80 | 14 .94 | 7 .43 |
| ئۆگەن يېزىسى | ئومۇمىي سانى | 48 | 114 | 150 .20 | 150 .20 | 28 .91 | 6 .58 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە يەككە كارخانىلار | 46 | 50 | 72 .70 | 72 .70 | 10 .91 | 2 .18 |
| يۇلتۇزباغ يېزىسى | ئومۇمىي سانى | 203 | 298 | 154 .70 | 149 .10 | 20 .60 | 5 .44 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە يەككە كارخانىلار | 198 | 197 | 72 | 72 | 10 .50 | 2 .16 |
| ئۆچقات يېزىسى | ئومۇمىي سانى | 57 | 148 | 114 .80 | 111 .80 | 16 .58 | 4 .10 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە يەككە كارخانىلار | 55 | 141 | 96 .80 | 96 .80 | 15 .68 | 4 .10 |
| توقسۇ بازىرى | ئومۇمىي سانى | 233 | 480 | 320 .4 | 320 .4 | 25 .07 | 12 .22 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە يەككە كارخانىلار | 232 | 428 | 295 .4 | 295 .4 | 22 .83 | 11 .42 |
| تەمىنات - سودا شىركىتى | كوللېكتىپ | 1 | 7 | 68 .3 | 68 .3 | 6 .8 | 0 .34 |
| بىناكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى | كوللېكتىپ | 1 | 9 | 10 | 9 .5 | 0 .15 | |
| ناھىيە بويىچە جەمئىي | ئومۇمىي سانى | 931 | 1786 | 1545 .72 | 1530 .65 | | |
| | بۇنىڭ ئىچىدە يەككە كارخانىلار | 908 | 1338 | 905 .67 | 902 .7 | | |

## 1993 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 14 — 18

| تۈرلەر | كارخانا سانى |  |  | ئىشچى - خىزمەتچى سانى |  |  | تىجارەت كىرىمى (تۈمەن يۈەن) |  |  | ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (تۈمەن يۈەن) |  |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
|  | ئومۇمىي سانى | يېزا كارخانىسى | يەككە كارخانا | ئومۇمىي سانى | يېزا كارخانىسىدىكى | يەككە كارخانىسىدىكى | ئومۇمىي سانى | يېزا كارخانىسى | يەككە كارخانا | 1990 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە | ھازىرقى باھا بويىچە |
| يېزا ئىگىلىك كارخانىسى | 4 | 4 |  | 86 | 86 |  | 73 | 73 |  | 61 | 76 |
| سانائەت كارخانىسى | 133 | 11 | 122 | 429 | 172 | 257 | 337 | 170 | 167 | 279 | 349 |
| بىناكارلىق كارخانىسى | 6 | 6 |  | 574 | 574 |  | 707 | 707 |  |  | 738 |
| قاتناش - ترانسپورت كارخانىسى | 84 |  | 84 | 147 |  | 147 | 170 |  | 170 |  | 171 |
| تۇپ، پارچە سېتىش، يېمەك - ئىچمەك كارخانىسى | 373 | 1 | 372 | 525 | 3 | 522 |  | 8 | 497 |  | 501 |
| مۇلازىمەت كارخانىسى | 10 | 1 | 9 | 25 | 5 | 20 | 4 | 2 | 2 |  |  |
| جەمئىي | 610 | 23 | 587 | 1786 | 840 | 946 | 1792 | 960 | 832 | 1750 | 1835. |

## 1956 — 1995 - يىلغىچە توقسۇ ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ كىرىمىنىڭ دېھقانچىلىق كىرىمى بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىسى

جەدۋەل: 14 — 19

| يىللار | دېھقانچىلىق كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | يېزا - بازار كارخانىلىرى (سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ) |  |
|---|---|---|---|
|  |  | كىرىم (تۈمەن يۈەن) | دېھقانچىلىق كىرىمدە ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
| 1956 | 385.90 | 9.82 | 2.34 |
| 1957 | 250.69 | 20.79 | 8.01 |
| 1958 | 392.12 | 26.51 | 6.76 |
| 1959 | 504.19 | 20.01 | 3.97 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 11.13 | 41.54 | 373.39 | 1960 |
| 12.29 | 55.11 | 448.28 | 1961 |
| 6.71 | 32.68 | 486.93 | 1962 |
| 5.18 | 24.53 | 473.95 | 1963 |
| 4.96 | 30.35 | 612.34 | 1964 |
| 3.33 | 25.07 | 753.01 | 1965 |
| 3.64 | 28.10 | 771.18 | 1966 |
| 3.72 | 33.55 | 902.17 | 1967 |
| 4.85 | 35.82 | 738.18 | 1968 |
| 4.74 | 36.20 | 762.92 | 1969 |
| 3.62 | 31.34 | 865.52 | 1970 |
| 3.96 | 29.32 | 740.83 | 1971 |
| 4.49 | 36.37 | 809.62 | 1972 |
| 3.55 | 36.29 | 1021.96 | 1973 |
| 4.09 | 38.88 | 950.53 | 1974 |
| 3.77 | 35.61 | 944.55 | 1975 |
| 4.11 | 39.31 | 957.61 | 1976 |
| 3.27 | 32.73 | 1002.34 | 1977 |
| 3.49 | 40.03 | 1147.43 | 1978 |
| 3.84 | 47.15 | 1228.02 | 1979 |
| 3.69 | 46.91 | 1270.65 | 1980 |
| 8.87 | 36 | 1253.38 | 1981 |
| 1.84 | 28.53 | 1531.87 | 1982 |
| 3.02 | 62.30 | 2062.48 | 1983 |
| 3.56 | 78.70 | 2208.42 | 1984 |
| 6.23 | 207.46 | 3330.45 | 1985 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1986 | 3635.82 | 183.25 | 5 |
| 1987 | 3748.36 | 134.61 | 3.59 |
| 1988 | 4310.58 | 116.85 | 2.71 |
| 1989 | 4925.14 | 121.65 | 2.47 |
| 1990 | 6819.28 | 102.67 | 1.50 |
| 1991 | 8171.49 | 116.31 | 1.42 |
| 1992 | 8718.72 | 160.79 | 1.84 |
| 1993 | 9892.63 | 130.80 | 1.3 |
| 1994 | 17826 | 178 | 1 |
| 1995 | 25888 | 212 | 0.80 |

ئون بەشىنچى قىسىم

# قاتناش، پوچتا - تېلېگراف



# ئون بەشىنچى قىسىم

# قاتناش، پوچتا ـ تېلېگراف

## I باب

## قاتناش

توقسۇ ناھىيىسى مۇھىم قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقان. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىلا، مەشھۇر يىپەك يولى مۇشۇ ناھىيىنى كېسىپ ئۆتەتتى. ئەنئەنىۋى ھارۋا يولى پۈتۈن ناھىيىنىڭ ھەممە جايلىرىغا تۇتىشاتتى، بۇ يوللار بىلەن شەرقتە كۇچا، تۇرپان، قۇمۇللارغا، غەربتە ئونسۇ، ئاقسۇ، قەشقەرلەرگىچە بارغىلى بولاتتى. ناھىيىنىڭ شىمال تەرىپىدە تەڭرىتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ ئىلىغا ۋە ئۈرۈمچىگە بارىدىغان كىچىك يول بار ئىدى. جەنۇب تەرىپىدە چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتىدىغان، 14 ئۆتەڭ ئارقىلىق خوتەنگە بارىدىغان كىچىك يول بار ئىدى. بۇنداق ئەنئەنىۋى ھارۋا يولى ۋە پىيادىلەر يولى 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، بۇ قەدىمىي يوللاردا ئاپتوموبىل قاتنايدىغان بولدى، بىراق ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇش ئۈچۈن كۇچاغا بېرىشقا توغرا كېلەتتى. ئامما ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئات ھارۋىسى يەنىلا ئاساسلىق قاتناش ۋاسىتىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

1954 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن تۇنجى ئاپتوموبىل بار بولدى. 1959 ـ يىلى ئۈرۈمچى — قەشقەر تاشيولى ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ، توقسۇدىن ئۆتىدىغان قىلىندى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ناھىيىنىڭ قاتناش ئىشلىرى يېڭى تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى.

1976 ـ يىلى ناھىيىدىكى ئاساسلىق تاشيوللارغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، گۈڭشېلار ئاسفالتلىق يول ياسىدى. 1978 ـ يىلى ناھىيە، گۈڭشې، چوڭ ئەترەتتىن ئىبارەت 3 دەرىجىلىك تاشيول تورى شەكىللەندى، ناھىيە بويىچە يېزا ـ كەنتلەردىكى تاشيوللارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 410 كىلومېتىردىن ئاشتى.

1978 ـ يىلى ئېچىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قاتناش ۋاسىتىلىرى تېزدىن ياخشىلاندى، ئاپتوبۇس، مىنىبۇس، پىكاپ، موتسىكلىت ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1995 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ھەرخىل ئاپتوموبىل 375كە، موتسىكلىت 1500گە يەتتى.

1983 ـ يىلى قاتناش بازىرى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، خۇسۇسىي ئاپتوموبىللار ترانسپورت بازىرىغا كىرىپ، يۈك توشۇش تەس بولۇش، يول يۈرۈش قىيىن بولۇشتەك جىددىيلىك پەسەيدى. ناھىيىنىڭ قاتناش

بازىرىدا دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر رىقابەتلىشىدىغان يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى.

## § 1 . ئاپپاراتلار

### 1. قاتناش ئىدارىسى

يېڭى جۇڭگو ئەمدىلا قۇرۇلغان مەزگىللەردە، قاتناش خىزمىتىنى ئىسلاھات بۆلۈمى باشقۇردى. 1955 - يىلى قاتناش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، قاتناش، يەرلىك يوللارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇلاغ ترانسپورتى قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدىغان بولدى. 1958 - يىل 9 - ئايدا قاتناش بۆلۈمى سانائەت - قاتناش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1969 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى قارىمىقىدا سانائەت - قاتناش - مالىيە - سودا گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. بۇ گۇرۇپپا 1973 - يىل 11 - ئايدا سانائەت - قاتناش ئىشخانىسىغا، 1976 - يىلى سانائەت - قاتناش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلى قاتناش كەسپى ناھىيىلىك ئىقتىساد كومىتېتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1987 - يىلى قاتناش كەسپى ئىقتىساد كومىتېتىدىن ئايرىپ چىقىرىلىپ، قاتناش ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى قاتناش ئىدارىسىگە 2 مۇئاۋىن باشلىق، 3 خىزمەتچى خادىم سەپلەپ بېرىلدى. 1995 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 3 خىزمەتچى خادىم سەپلەپ بېرىلدى.

### 2. سانائەت - قاتناش بۆلۈمى

1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكومدا سانائەت - قاتناش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. 1960 - يىلى سانائەت - قاتناش ئىشخانىسى سانائەت - قاتناش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1962 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سانائەت - قاتناش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سانائەت - قاتناش بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ بۆلۈم بىلەن ھۆكۈمەت سانائەت - قاتناش بۆلۈمىنىڭ كەسىپ دائىرىسى ئېنىق ئايرىلمىدى، خىزمەت ۋەزىپىسى ئاساسەن ناھىيىلىك پارتكوم رەھبەرلىكىنىڭ يوليورۇقى بويىچە بېجىرىلدى. 1962 - يىلدىن كېيىن، سانائەت - قاتناش بۆلۈمىنىڭ كەسپلىرى پۈتۈنلەي سانائەت - قاتناش بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

### 3. توقسۇ ناھىيىلىك يول ئاسراش ئۆچاستكىسى

1962 - يىلى توقسۇ ناھىيىلىك يول ئاسراش ئۆچاستكىسى قۇرۇلدى، بۇ ئۆچاستكىنىڭ دەرىجىسى رايون دەرىجىلىك بولۇپ، بىر ئۆچاستكا باشلىقى، بىر سىياسىي يېتەكچى قويۇلدى، ئۆچاستكا قارىمىقىدا 3 ئىش رايونى، 12 يول ئەترىتى، 100 چە ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى. ئاسراش دائىرىسى ئۈرۈمچى — قەشقەر تاشيولىنىڭ 775 — 925 كىلومېتىرغىچە بولغان بۆلىكىدىن ئىبارەت بولدى. يول ئاسراش قوراللىرى، ئاساسەن، گۈرجەك، جوتۇ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. 1976 - يىلى ئۆچاستكا بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 142گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، كادىر 8، ئۇيغۇر 126، ئايال ئىشچى - خىزمەتچى 3.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يول ئاسراش ئىشلىرى بىرقەدەر تېز تەرەققىي قىلدى، ئۇچاستىكا بويىچە ئاسرىلىدىغان يول بۆلەكلىرى پۈتۈنلەي ئاسفالىتلاشتۇرۇلدى، يول ئاسراش قوراللىرى ئاپتوموبىل، يول چىڭداش ماشىنىسى، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ۋە تراكتورلارغا ئۆزگەرتىلدى. 1982 - يىلى 12 يول ئەترىتى 3كە قىسقارتىلدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇچاستىكا بويىچە بىر ئۇچاستىكا باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئۇچاستىكا باشلىقى، بىر سىياسىي يېتەكچى، 171 ئىشچى - خىزمەتچى، بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، 3 تراكتور، 10 ئاپتوموبىل، 2 يول چىڭداش ماشىنىسى، ئۇچاستىكا قارمىقىدا 3 يول ئەترىتى بار بولدى.

## 4. توقسۇ ناھىيىلىك قاتناش بېكىتى

1958 - يىل 4 - ئايدا كۆچا قاتناش بېكىتىنىڭ قارمىقىدا توقسۇ قاتناش بېكىتى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا بىر باشلىق، 2 خىزمەتچى قويۇلدى. بۇ بېكەت 240 مو يەرنى ئىگىلەپ، 12 ئېغىز كېسەك ئۆي سېلىپ، يولۇچىلارنى توشۇش كەسپىنى بېجىردى. 1972 - يىلى خىش ۋە ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئاپتوبۇس كۈتۈش ئۆيى، بېلەت سېتىش ئۆيى، ئىشخانا، ئامبار ۋە ياتاق سالدى.

1975 - يىلى بۇ بېكەت ئاقسۇ مەركىزىي قاتناش بېكىتىگە قارايدىغان بولدى. 1985 - يىلى بۇ كارخانا تەرتىپكە سېلىنىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى بىرقەدەر ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يىلمۇ يىل ئاشۇرالايدىغان بولدى. 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بېكەتكە بىر مۇئاۋىن باشلىق قويۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 19 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 11؛ 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بىر باشلىق قويۇلدى، خىزمەتچىسى 21گە يەتكۈزۈلدى، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 5. ناھىيىلىك ئۇلاغ ترانسپورتى ئەترىتى

1956 - يىل 2 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ناھىيە بازىرىدىكى يەككە ئۇلاغ هارۋىسى ئارقىلىق كىرا قىلغۇچىلارنى تەشكىللەپ، توقسۇ ناھىيىلىك ئۇلاغ ترانسپورتى ئەترىتىنى قۇرۇشنى، بۇنىڭغا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى سانائەت - قاتناش بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىنى قارار قىلدى. ترانسپورت ئەترىتىدە 72 ئات، 19 ئېشەك، 15 ئات هارۋىسى، 10 ئېشەك هارۋىسى بار ئىدى. بۇ ئەترەت زىيان تارتقانلىقى ئۈچۈن 1963 - يىل 10 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 6. ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى

1970 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپىنىڭ ۋە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش - رېمونت قىلىش زاۋۇتىنىڭ ئاپتوموبىللىرى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى قۇرۇلدى، شۇ چاغدا بۇ ئەترەتنىڭ 7 خىزمەتچى خادىمى، 3 ئاپتوموبىلى بار ئىدى. 1974 - يىل 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىچكى جەھەتتە ئاپپاراتلارنى تەڭشىگەندە ئاپتوموبىل ئەترىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 1981 - يىل 12 - ئايدا ئاپتوموبىل ئەترىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، سانائەت - قاتناش بۆلۈمى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بولدى. 1987 - يىلى كوللېكتىپ

ئىگىلىكىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى، شۇ يىلى بۇ كارخانىنىڭ 10 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، 6 يۈك ئاپتوموبىلى، 2 ئاپتوبۇسى بار ئىدى. 1988 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 20گە، يۈك ئاپتوموبىلى 3كە، ئاپتوبۇسى 4كە، ئومۇمىي كىرىمى 22 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1990 ـ يىل 5 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى ترانسپورت شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىركەتكە بىر دىرېكتور قويۇلدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 40قا، ئاپتوبۇسى 9غا يەتتى.

## 7. توقسۇ ناھىيىلىك يول ئاسراش ھەققى ئېلىش پونكىتى

بۇ پونكىت 1993 ـ يىل 1 ـ ئايدا قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا بىر باشلىق، 4 خىزمەتچى (بۇنىڭ 2سى ئىشچى) قويۇلدى. پونكىتنىڭ ئاساسلىق كەسپى يول ئاسراش خىراجىتى يىغىش ۋە ئاپتوموبىللاردىن قوشۇمچە ھەق ئېلىشتىن ئىبارەت بولدى.

## 8. توقسۇ ناھىيىلىك تاشيول ترانسپورتىنى باشقۇرۇش پونكىتى

بۇ پونكىت 1991 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا بىر باشلىق، 3 خىزمەتچى قويۇلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يولۇچى توشۇش، مال توشۇش ۋە ترانسپورت بازىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

## 9. يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىسىنىڭ توقسۇ ترانسپورت پونكىتى

بۇ پونكىت 1959 ـ يىل 3 ـ ئايدا قۇرۇلغان، ئورنى دوستلۇق يولىنىڭ شىمالىي ئۇچىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان، كۆلىمى 58 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 65 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سىستېمىسىنىڭ ۋە يەرلىكنىڭ باردى ـ كەلدى ئاپتوموبىللىرى ئۈچۈن تاماق ۋە ياتاق تەييارلاپ بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. 1988 ـ يىلى بۇ پونكىتنىڭ 25 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى شۇنداقلا ئاشخانىسى، مېھمانخانىسى ۋە ماگىزىنى بار بولدى، يىللىق كىرىمى 91 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 25كە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 10. ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپېراتىپىنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى

1984 ـ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى ئۆزىگە قاراشلىق شىركەت ۋە ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىدىن 10 ئاپتوموبىل يىغىپ، ئاپتوموبىل ئەترىتى قۇردى، ئۇنىڭغا 18 كادىر ۋە ئىشچى سەپلىدى. 1985 ـ يىلى 2 ئاپتوموبىل سېتىۋالدى.

1984 ـ يىلى توشۇغان يۈكى 640 توننىغا، ئوبوروت مىقدارى 256 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 190 مىڭ يۈەنگە، يىللىق كىرىمى 42 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1988 ـ يىل 3 ـ ئايدا پايدا

تەقسىماتى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ ئەترەت تارقىتىۋېتىلىپ، ئاپتوموبىللىرى ھەرقايسى شىركەت ۋە ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپلىرىغا ئاپتورۇلدى.

## 2 § . يول

### 1. قەدىمىي يوللار

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، توقسۇ ناھىيىسى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، كۆسەن ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشقان.

**توقسۇ - شايار پوچتا يولى** تاڭ دەۋرىدە، كۆسەن قورۇقچىبېگى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىدىن شايارغىچە، ئاندىن يەنە شىمال تەرەپكە 80 چاقىرىم سوزۇلغان يەنى توقسۇغا بارىدىغان پوچتا يولىنى ياسىتقان.

**توقسۇدىن خوتەنگە بارىدىغان قەدىمىي يول** بۇ يول توقسۇدىن چىقىپ غەربىي جەنۇبىي تەرەپكە قاراپ 14 ئۆتەڭ ئارقىلىق چۆلنى كېسىپ ئۆتۈپ، دەريا قىنىنى بويلاپ جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ خوتەنگە باراتتى. ياز كۈنلىرى كەلكۈن كەلگەندە، قاتناش توسالغۇغا ئۇچرايتتى.

**توقسۇدىن شايارغا بارىدىغان چىغىر يول** بۇ يول پەيشەنبە بازار ئارقىلىق، شايار ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يەكشەنبە بازار قاتارلىق كەنتلەردىن ئۆتەتتى، ئومۇمىي مۇساپىسى 45 كىلومېتىر كېلەتتى.

**كۇچا - توقسۇ قەدىمىي يولى** بۇ يول توقسۇدىن باشلىنىپ ئاقيار ئارقىلىق ئۆگەن دەرياسى ۋە ئۈچ ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ، كۇچا قەدىمىي يولىغا تۇتىشىدۇ، بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر كېلىدۇ.

**توقسۇ - ئونسۇ قەدىمىي يولى** بۇ يول توقسۇ ناھىيە بازىرىدىن باشلىنىپ، يەكشەنبە بازار، بورقۇدۇق، يانتاققۇدۇق، شورىيار، قارا يۇلغۇن، جام قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ ئونسۇغا بارىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 165 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ يولنى كىچىك يول دەپ ئاتايدۇ.

### 2. تاشيول

#### 1) دۆلەت يولى

دۆلەت تاشيولىنىڭ 314 - لىنىيىسى (ئۈرۈمچى — قەشقەر تاشيولى) نىڭ توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 150 كىلومېتىر بولۇپ، شەرق تەرىپى ئۆگەن دەرياسىنىڭ 775 كىلومېتىرلىق جايىدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپى شورىيار دەرياسىنىڭ 925 كىلومېتىر كېلىدىغان جايىغىچە سوزۇلىدۇ. شەرقتىن غەربكە قاراپ ماڭغاندا، ئىچىبىرىق يېزىسى، توقسۇ بازىرى، تاشئېرىق يېزىسى، ئۆگەن يېزىسى ۋە يۇلتۇزباغ يېزىسىدىن ئۆتىدۇ.

بۇ لىنىيە ئەسلىدە كۇچا ۋە باي ئارقىلىق ئاقسۇغا باراتتى، 1959 - يىلى ئۆزگەرتىلىپ توقسۇ ئارقىلىق ئاقسۇغا بارىدىغان قىلىندى. 1956 - يىل 10 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسى 547 مىڭ 982 كۈنلۈك ئەمگەك كۈچى چىقىرىپ، 452 مىڭ 100 كۇب مېتىر توپا قېزىپ، 30 كۆۋرۈك سېلىپ، 3 . 85 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا

ئادەتتە تاشيول ياسالمايتتى. 1957 ـ يىلى كۈزدە ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسى 5 ـ تېخنىكا ـ قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ باشلىقى لى شاۋجىنى ئەۋەتتى، ئۇ كىشى ئەترەتكە باشچىلىق قىلىپ تاشيول لىنىيىسىنى تەكشۈرۈپ، كونا 2 ـ دەرىجىلىك ئۆلچەم بويىچە لايىھەلەپ، يول ئۆلىنىڭ كەڭلىكىنى 10 مېتىر قىلىشنى، يول يۈزىنى 0.3 مېتىردىن بىر مېتىرغىچە كۆتۈرۈشنى، يول يۈزىگە 7 مېتىر كەڭلىكتە، 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا شېغىل ياتقۇزۇشنى، كۆۋرۈك ۋە سۇ ئۆتكۈزگۈچلەرنىڭ يۈك ئاپتوموبىلىنى كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى 8 ـ دەرىجىگە يەتكۈزۈشنى لايىھەلەپ بېكىتتى. 1958 ـ يىلى تاشيول ئىدارىسى جۇ گۈيچاڭنى توقسۇدا يول ياساشقا قوماندانلىق قىلىشقا ئەۋەتتى، ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمىسى ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق قىسىم ۋە كۇچا، توقسۇ، ئاقسۇ، ئونسۇ ۋە ئاۋات ناھىيىلىرىدىن بولۇپ 2400 ئەمگەك كۈچى، 700دىن ئارتۇق ئات ھارۋىسى ۋە 2000دىن ئارتۇق ئېشەكنى يول ياساشقا قاتناشتۇردى. بۇ يول شۇ يىلى 12 ـ ئايدا پۈتتۈرۈلۈپ قاتناش باشلاندى، 148 كىلومېتىر يول ئۆلى يېڭىدىن ياسالدى، 38 كىلومېتىر (توقسۇدىن كۇچاغىچە) يول ئۆلى ئۆزگەرتىپ ياسالدى، بۇنىڭ ئۈچۈن 386 مىڭ كۇب مېتىر توپا قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، 32 يەردىكى ئۆستەڭدىن سۇ ئۆتىدىغان يول يۈزىگە تاش ياتقۇزۇلدى (ئۇزۇنلۇقى 6780 مېتىر)، 1302 كۋادرات كىلومېتىر يەرگە شېغىل ياتقۇزۇلدى، 19 ياغاچ كۆۋرۈك (ئۇزۇنلۇقى 598 مېتىر)، 48 سۇ ئۆتكۈزگۈچ ياسالدى. بۇنىڭغا 9 مىليون 964 مىڭ 200 يۈەن يول ئاسراش خىراجىتى سەرپ قىلىندى، ھەر بىر كىلومېتىر يولنىڭ ئوتتۇرىچە تەننەرخى 53 مىڭ 600 يۈەندىن توغرا كەلدى.

1968 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1969 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە ئاقسۇ تاشيول باش ئۇچاستكىسىنىڭ يول ياساش ئەترىتى توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى زەي ئۆرلەپ تۇرىدىغان 3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولنى ئۆزگەرتتى، بۇ جەھەتتە 48 مىڭ 600 كۇب مېتىر توپا قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى، 21 كۋادرات كىلومېتىر يولغا شېغىل ياتقۇزدى، قوش ئەگمىلىك كۆۋرۈكتىن 2نى (ئۇزۇنلۇقى 33.6 مېتىر) ياسىدى، بۇلارغا 192 مىڭ يۈەن مەبلەغ كەتتى.

زەي ئۆرلەپ كەتكەن يوللارنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1975 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تاشيول ئىدارىسى سانجى، ئىلى، شىخو، ئۈرۈمچى، كورلا ۋە ئاقسۇ يول ئاسراش ئۇچاستكىلىرىدىن 800دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچىنى يۆتكەپ، 5 ـ ۋە 6 ـ قاتناش شىركەتلىرى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ چېگرا مۇداپىئە قىسمى ئاپتوموبىل ئەترىتىدىن بىر قىسىم خادىملارنى چاقىرىپ، توقسۇ ناھىيىسىدىن 1200دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى چاقىرىپ يول ياساشقا قاتناشتۇردى. 1976 ـ يىل 5 ـ ئايدا تاشيولنىڭ زەي ئۆرلەپ كەتكەن 30 كىلومېتىر بۆلىكى تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى، 641 مىڭ كۇب مېتىرلىق يول ئۆلى توپا قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، 210 كۋادرات كىلومېتىر يول يۈزىگە 25 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا شېغىل ياتقۇزۇلدى. پولات چىۋىقلىق بېتون تاختايلىق كۆۋرۈكتىن 4ى ياسالدى، 8 سۇ ئۆتكۈزگۈچ سېمونت تاختاي بىلەن يېپىلدى، بۇلارغا 2 مىليون 112 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ھەربىر كىلومېتىر يولنىڭ پۈتۈش باھاسى 70 مىڭ 100 يۈەن بولدى.

1976 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن تاشيول لىنىيىسىگە ئاسفالت ياتقۇزۇلۇپ بولدى، ئاپتوموبىللارنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 1974 ـ يىلدىكى 38 كىلومېتىردىن 54 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى.

1975 — 1979 ـ يىلغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۆگەن دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى 11 كىلومېتىر كېلىدىغان بۆلەك بىلەن دايۆلتۇزدىن ياتاقتۇدۇۋقىچە بولغان ئارىلىقتىكى 58 كىلومېتىر كېلىدىغان يولنى ئۆزگەرتىپ ياساش ۋەزىپىسى تاماملاندى. غەرب تەرەپتىكى يول بۆلىكىنىڭ ئۆلى، كۆۋرۈك ۋە سۇ ئۆتكۈزگۈچ قاتارلىقلارنىڭ تۈزۈلۈشىنى كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئەترىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ 2 ـ قۇرۇلۇش ئەترىتى ئۈستىگە ئېلىپ، كونا 2 ـ دەرىجىلىك ئۆلچەم بويىچە ئۆزگەرتىپ ياسىدى، يول ئۆلىنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىر، يول يۈزىنىڭ كەڭلىكى 7 مېتىر، كۆۋرۈك ۋە سۇ ئۆتكۈزگۈچلەرنىڭ ئېغىرلىق

كۆتۈرۈش ئىقتىدارى ئاپتوموبىل — 13، پىرتسېپ — 60 قىلىندى. بۇ يولنىڭ ئاستىغا تاش قويۇلۇپ، ئۈستىگە شېغىل ياتقۇزۇلدى، ھەر بىر كىلومېتىر يولنىڭ پۈتۈش باھاسى 73 مىڭ 600 يۈەندىن توغرا كەلدى.

1955 - يىلدىن ئىلگىرى، توقسۇدىن كۇچاغىچە بولغان ئاددىي تاشيولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 43 كىلومېتىر كېلەتتى. ئۆگەن دەرياسىدا كۆۋرۈك بولمىغانلىقتىن، ئادەم، چارۋا ۋە ئاپتوموبىللار كېچىپ ئۆتەتتى، كەلكۈن مەزگىلىدە قاتناش توسۇلۇپ قالاتتى. 1955 - يىلى ئىشلەمچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق، يولنىڭ ئەگرى يەرلىرى تۈزلەندى، يول ئۇلى مۇستەھكەملەندى، يول يۈزى كېڭەيتىلدى. 1958 - يىلى يەنە كونا 2 - دەرىجىلىك ئۆلچەم بويىچە ئۆزگەرتىپ ياسالدى، يول پۈتكەندىن كېيىن، يول يۈزىگە 7 مېتىر كەڭلىكتە شېغىل ياتقۇزۇلدى، يول ئۇلى يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ 10 مېتىرغا يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ 1 - قۇرۇلۇش ئەترىتى ئۆگەن دەرياسىغا بىر ياغاچ كۆۋرۈك سېلىپ 1959 - يىلى پۈتكۈزدى.

## 2) ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق تاشيول

1957 - يىلدىن ئىلگىرى، توقسۇ ناھىيىسىدىن كۇچا ناھىيىسىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئات ھارۋىسى قاتنايتتى. 1957 - يىلى 2 ناھىيە 1000دىن ئارتۇق ئىشلەمچىنى ۋە 100دىن ئارتۇق ھارۋىنى سەپەرۋەر قىلىپ، 39 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا توپا يول، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 81 مېتىر كېلىدىغان 8 ياغاچ كۆۋرۈك، 27 ياغاچ سۇغۇچ ياسىدى. شېغىلنى يىراقتىن ئېلىپ كېلىشكە توغرا كەلگەچكە، ئاران 4 كىلومېتىر يولغىلا شېغىل يېيىلدى.

1983 - يىلنىڭ بېشىدىن 1984 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە 3 - دەرىجىلىك ئۆلچەم بويىچە يول ئۇلى ۋە كۆۋرۈك - سۇغۇچلار ئۆزگەرتىپ ياسالدى ھەمدە يول يۈزىگە شېغىل ياتقۇزۇلدى. 1985 — 1986 - يىلغىچە يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇش ۋەزىپىسى تاماملاندى، مەزمۇت كۆۋرۈكتىن 11ى سېلىندى (ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 115 مېتىر)، پولات چۆنەكلىك بېتون تاختايلىق سۇغۇچتىن 5ى، تۇرۇبىلىق سۇغۇچتىن 47سى ياسالدى. بۇ قۇرۇلۇشقا ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى 790 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى، ۋىلايەت 1 مىليون 757 مىڭ 900 يۈەن قىممىتىدىكى ئاشلىق، پاختا ۋە رەخت قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قوشۇمچە ياردەم بەردى، ھەربىر كىلومېتىر يولنىڭ ئوتتۇرىچە تەننەرخى 60 مىڭ 200 يۈەندىن توغرا كەلدى.

1983 - يىلى توقسۇ بىلەن شايار ئارىلىقىدىكى 43 كىلومېتىر كېلىدىغان تاشيولنىڭ دەرىجىسى ئاپتونوم رايونلۇق تاشيولغا ئۆستۈرۈلۈپ، شىنجاڭ 48 - تاشيول لىنىيىسى دەپ ئاتالدى.

## 3) ناھىيە - يېزا تاشيولى

1988 - يىلى ناھىيە بازىرىدىن ھەرقايسى يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر تۇرۇشلۇق جايلارغىچە بولغان تاشيوللارغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىمىز ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ھەممە يېزىلارغا بارىدىغان يوللارنى ئاسفالتلاشتۇرغان 2 - ناھىيە بولۇپ قالدى.

**يۇلتۇزباغ تاشيولى** — بۇ 314 - دۆلەت يولىنىڭ 810 كىلومېتىر جايىدىن يۇلتۇزباغ يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىگىچە بولغان تاشيول. بۇ يول ئەسلىدە 1957 - يىلى دايۇلتۇز يېزىسىنىڭ ئىشلەمچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىشى بىلەن ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى 1.1 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاددىي تاشيول بولۇپ، 1978 - يىلى توقسۇ ناھىيىلىك يول ئاسراش ئۆچاستكىسىنىڭ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا ئاسفالتلاشتۇرۇلغان.

**ئۆچقات تاشيولى** — بۇ 314 - دۆلەت يولىنىڭ 815 كىلومېتىرلىق جايىدىن ئۆچقات يېزىلىق ھۆكۈمەت

تۇرۇشلۇق جايغا بارىدىغان تاشيول. بۇ ئەسلىدە ئۇزۇنلۇقى 7.7 كىلومېتىر كېلىدىغان هارۋا يولى ئىدى. 1958 - يىلى ئاددىي تاشيولغا ئايلاندۇرۇلغان. 1983 - يىلى 3 - دەرىجىلىك تاشيول قىلىپ ياسالدى. 1985 - يىلى يول يۈزىگە ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. بۇ يولغا ئۇزۇنلۇقى 8 مېتىر كېلىدىغان مەزمۇت كۆۋرۈكتىن بىرى، پولات چىۋىقلىق بېتون تاختايلىق سۇغىكۆچتىن 12سى، تۇرۇبىلىق سۇغىكۆچتىن بىرى ياسالدى.

**پەيشەنبە بازار تاشيولى** بۇ توقسۇ ناهىيە بازىرىدىن پەيشەنبە بازار يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايغا بارىدىغان تاشيول. بۇ يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7.1 كىلومېتىر بولۇپ، ئەسلىدە هارۋا يولى ئىدى، 1956 - يىلى تاشيولغا ئايلاندۇرۇلغان. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ 80 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىشى، ۋىلايەتنىڭ 150 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم بېرىشى بىلەن بۇ يولنىڭ ئۇلى ياسالغان. بۇ يولغا 1985 - يىلى ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، يولدا بېتون تاختايلىق سۇغىكۆچتىن 11ى، تۇرۇبىلىق سۇغىكۆچتىن 2سى بار. بۇ يول 3 - دەرىجىلىك تاشيول قىلىپ بېكىتىلدى.

**ئىچچىبىرىق تاشيولى** بۇ توقسۇ ناهىيە بازىرىدىن ئىچچىبىرىق يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايغا بارىدىغان تاشيول بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يول ئەسلىدە هارۋا يولى بولۇپ، 1970 - يىلى ئەگرى جايلىرى تۈزلەنگەن، 1976 - يىلى ئاسفالت ياتقۇزۇلغان.

**ئۆگەن تاشيولى** بۇ 314 - دۆلەت يولىدىن ئۆگەن يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايغا بارىدىغان تاشيول بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 0.5 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يول 1972 - يىلى ياسالغان، 1977 - يىلى ئاسفالت ياتقۇزۇلغان.

**تاشئېرىق تاشيولى** بۇ 314 - دۆلەت يولىدىن تاشئېرىق يېزىلىق هۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايغا بارىدىغان تاشيول بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ يول 1980 - يىلى ياسالغان، 1981 - يىلى ئاسفالت ياتقۇزۇلغان.

### 4) يېزا - كەنت تاشيولى

1988 - يىلى ناهىيە بويىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 380 كىلومېتىر كېلىدىغان 117 يېزا - كەنت تاشيولى بار ئىدى، 1995 - يىلى ناهىيە بويىچە يېزا - كەنت تاشيولى 120گە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 410 كىلومېتىرغا يەتتى.

## 3. يول ئاسراش

**1) ناهىيە، يېزا ۋە كەنت يوللىرىنى ئاسراش** 1955 - يىلدىن باشلاپ، يەرلىك هەر دەرىجىلىك رەهبەرلىك ئۆز جايلىرىنىڭ يول قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەهمىيەت بەردى، يول قۇرۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلدى. 1959 - يىلغا كەلگەندە، ناهىيە بويىچە ئاددىي تاشيول تورى ئاساسىي جەهەتتىن شەكىللەندى، گۇڭشېلاردا كەينى - كەينىدىن يول ئاسراش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، يول ئاسراش سايمانلىرى ۋە خىراجىتىنى شۇلار ئۆزلىرى هەل قىلدى. ئىچچىبىرىق گۇڭشېسى 5 يول ئاسراش ئىشچىسى سەپلەپ، ئۇلارنى توقسۇ - شايار تاشيولىنىڭ يېنىدىكى 23 كىلومېتىر كېلىدىغان هارۋا يولىنى ئاسراشقا مەسئۇل قىلدى؛ تاشئېرىق گۇڭشېسى 5 يول ئاسراش ئىشچىسى سەپلەپ، ئۇلارنى ترانسپورت بېكىتىدىن ئاقيار كۆۋرۈكىگىچە شۇنداقلا ناهىيە بازىرىدىن «1 - ماي» سۇ ئامبىرىغىچە بولغان 2 بۆلەكتىكى 18.2 كىلومېتىر كېلىدىغان هارۋا يولىنى ئاسراشقا مەسئۇل قىلدى؛ دايۇلتۇز گۇڭشېسى 5 يول ئاسراش ئىشچىسى سەپلەپ، ئۇلارنى ناهىيە

بازىرىدىن دايۇلتۇز يېزىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى 18 كىلومېتىر يولنى ئاسراشقا مەسئۇل قىلدى. 1964 ـ يىلى يەرلىك يول ئاسراش ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇلار ئاشۇ يول بۆلەكلىرىنى ئاسراشقا مەسئۇل بولدى. 1976 ـ يىلى يەرلىك يول ئاسراش ئەترىتى تارقىتىۋېتىلىپ، كەنت ئاھالىلىرى، يېزا ـ كەنت يوللىرىنىڭ يېقىن ئەتراپىتىكى بۆلەكلىرىنى خالىسانە ئەمگەك ئارقىلىق ئاسرايدىغان بولدى. 1985 ـ يىلدىن باشلاپ، ناھىيە، يېزا ۋە كەنت يوللىرىنى يول بويىدىكى ئاھالىلەر بۆلەكلەر بويىچە ئاسراپ تۇرىدىغان بولدى. بەزى جايلاردا يول مەمۇرىي كەنتلەر بويىچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ هۆددە بېرىلىدىغان، كەنتلەرنىڭ يول ئاسراش مەسئۇلىيەت بۆلىكى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، مەمۇرىي كەنتلەر يوللارنى تەبىئىي كەنتلەرنىڭ ئاسرىشى ئۈچۈن بۆلۈپ بېرىدىغان بولدى. يېزىلىق هۆكۈمەتلەر يوللارنىڭ ئاسرىلىش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، ياخشى ـ يامىنىنى باھالاپ، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش ئىشىنى ئېلىپ بارغان. 1988 ـ يىلى يوللارنى يول بويىدىكى كەنت ئاھالىلىرىگە بۆلەكلەر بويىچە هۆددە بېرىش چارىسى يولغا قويۇلدى، يېزىلىق هۆكۈمەتلەر يول ئاسراش ئەمگەك ھەققى سۈپىتىدە، يەرلىك يول، كۆۋرۈك، سۇ ئۆتكۈچلەرنى ئاسراش ۋە يولغا شېغىل تۆكۈش ئىشلىرىنى هۆددە ئالغان دېھقانلارنىڭ ئۆستەڭ چېپىش، سۇ ئابىرىغا ئىشلەشكە ئوخشاش ھاشارلىرىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتتى. يۇقىرىقى تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئارقىسىدا، يوللارنىڭ ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا ياخشى تۇرۇش نىسبىتى 85% تىن يۇقىرى بولۇپ كەلمەكتە.

2) غول تاشيول لىنىيىلىرىنى ئاسراش 1959 ـ يىلدىن باشلاپ 314 ـ دۆلەت يولىنىڭ توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدىكى 150 كىلومېتىر بۆلىكىنى ئاسراشقا كەسپىي يول ئاسراش ئەترىتى مەسئۇل بولدى. 1963 ـ يىل 12 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك يول ئاسراش ئۇچاستكىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا 3 ئىش رايونى، 12 يول ئەترىتى تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى پۈتۈن لىنىيىنىڭ ئاسراشتا ئەلا دەرىجىلىك بولغان بۆلىكى 20 كىلومېتىر، ياخشى بولغان بۆلىكى 36 كىلومېتىر، ناچارراق بولغان بۆلىكى 64 كىلومېتىر، ناچار بولغان بۆلىكى 30 كىلومېتىر بولدى.

1976 ـ يىلدىن كېيىن، پۈتۈن لىنىيىگە ئاسفالىت ياتقۇزۇلدى، لاياقەتسىز بولغان يول بۆلەكلىرى ھەر يىلى يېڭىۋاشتىن ياسىلىپ، يول ياخشى بولۇپ كەلدى. 1982 ـ يىلى كىچىك يول ئەترىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، توقسۇ يول ئەترىتى، دايۇلتۇز يول ئەترىتى، يانتاققۇدۇق يول ئەترىتىدىن ئىبارەت ئۈچلا يول ئەترىتى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە توقسۇ يول ئەترىتى 35 كىلومېتىر غول لىنىيىنى ئاسراشقا، دايۇلتۇز يول ئەترىتى 55 كىلومېتىر غول لىنىيىنى ئاسراشقا، يانتاققۇدۇق يول ئەترىتى 60 كىلومېتىر غول لىنىيىنى ئاسراشقا مەسئۇل بولدى. 1984 ـ يىلى يول ئاسراشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە بولدى: ئەلا دەرىجىلىكى 21 كىلومېتىر، ياخشىسى 11.3 كىلومېتىر، ئوتتۇراھالى 16 كىلومېتىر، قالغان 101.7 كىلومېتىرى ناچار بولۇپ چىقتى.

3) يول ئاسراش سايمانلىرى يول ئاسراش ئۇچاستكىسى يېڭى قۇرۇلغان چاغلاردا، كەتمەن ۋە زەمبىلگە ئوخشاش سايمانلارلا ئىشلىتىلەتتى، كېيىنچە، تەدرىجىي ھالدا، قول ھارۋىسى، ئېشەك ھارۋىسى ۋە ئات ھارۋىسىغا ئوخشاش يول ئاسراش سايمانلىرى ئىشلىتىلىدىغان بولدى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن، غول تاشيول لىنىيىسىنى ئاسراشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 4 كە، تراكتور 3 كە، موللاقچى قول تراكتورى 10 غا يەتتى. 1988 ـ يىلى ئۇچاستكا بويىچە يول ئاسراشقا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 7 گە، تراكتور 3 كە، موللاقچى قول تراكتورى 7 گە يەتكۈزۈلدى. 3 يول ئەترىتىنىڭ ھەربىرىگە 3 كىلوۋاتلىق، 4 كىلوۋاتلىق گېنېراتوردىن بېرىدىن، تېلېۋىزور ۋە گورىزونتال ئۆلچىگۈچتىن بىردىن سەپلەپ بېرىلدى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1990 ـ يىلدىكى يېزا ـ كەنت يوللىرى

جەدۋەل: 15 — 1

| باشلانغان ۋە ئاخىرلاشقان نۇقتا | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | تېخنىكىلىق ئەھۋالى | |
|---|---|---|---|
| | | دەرىجىسى | تۈرى |
| ئىچكىبرىق يېزىسى — قىزىلئۆر | 0.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىلغان |
| قىزىلئۆر — ئىچكىبرىق كەنتى | 1 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىلغان |
| ئىچكىبرىق كەنتى — يېڭىمەھەللە | 1 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىلغان |
| يېڭىمەھەللە — ئويمەھەللە | 1 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىلغان |
| ئويمەھەللە — توقچەك | 1.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| توقچەك — ئاقيار | 2.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| ئاقيار — يانداق | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| يانداق — تۆتتاش | 4 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| ئىچكىبرىق يېزىسى — سەيچىلىك مەيدانى | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىلغان |
| سەيچىلىك مەيدانى — جاي | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| جاي — يېڭىئاۋات | 2.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| يېڭىئاۋات — توغراقۇم | 5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| ئىچكىبرىق يېزىسى — ئۆزۈنكوچا | 1 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىلغان |
| ئۆزۈنكوچا — قاراتاش | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىلغان |
| قاراتاش — مۇنار | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىلغان |
| مۇنار — قىزىلتام | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىلغان |
| قىزىلتام — چارشەنبە بازار | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىلغان |
| ئىچكىبرىق يېزىسى — تىگىن | 4.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىلغان |
| تىگىن — ئويباغ | 1.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| تىگىن — توما | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| توما — پايىس | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| پايىس — شالچىلىق مەيدانى | 1 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |

| | | | |
|---|---|---|---|
| پەيشەنبە بازار يېزىسى — چولاق قېچىچى | 1 | 3 - دەرىجىلىك | ئاسفالت يول |
| چولاق قېچىچى — كالتا قېچىچى | 1 | 3 - دەرىجىلىك | ئاسفالت يول |
| كالتە قېچىچى — چوڭتوغراق | 1.5 | 3 - دەرىجىلىك | ئاسفالت يول |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى — پەيشەنبە بازار كەنتى | 1 | 3 - دەرىجىلىك | ئاسفالت يول |
| نۇرباغ — چوڭتوغراق | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| چوڭتوغراق — ئارامەھەللە | 1 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى — قۇملۇقئېرىق | 1 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| پەيشەنبە بازار كەنتى — قارادۆڭ | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| قارادۆڭ — خادالىق | 1 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| خادالىق — قۇمكۆل | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| قۇمكۆل — سۆگەتقوتان | 1 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| قۇمكۆل — يۇڭفىڭجالىق | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| يۇڭفىڭجالىق — موما توغراق | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| موما توغراق — توپادۆڭ | 4 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| توپادۆڭ — پەيشەنبە بازار يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى | 16.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| موما توغراق — پوتەي | 4 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| تاشئېرىق يېزىسى — تاشئېرىق كەنتى | 1 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| تاشئېرىق كەنتى — غاز مەھەللە | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| غاز مەھەللە — چولپانباغ | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| چولپانباغ — روشەنباغ | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| روشەنباغ — قوشئېرىق | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| قوشئېرىق — كۆتەمە | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| قوشئېرىق — تۆگمەنبېشى | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| تۆگمەنبېشى — توما | 6 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تاشقۇرغان يېزىسى — ئاتىپشىدۋاق | 4 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| تاشقۇرغان يېزىسى — بوستان | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| تاشقۇرغان يېزىسى — نور باشلام | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| نور باشلام — ئاپادۋاق | 1 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| نور باشلام — كونا بوز | 1 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| كونا بوز — ئارا تۆگمەن | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| ئارا تۆگمەن — قومۇشقۇرغان | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| قومۇشقۇرغان — يېڭىئاۋات | 4 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| قومۇشقۇرغان — ئاققۇم | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| يېڭىئاۋات — كۆيۈندىقۇرغان | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| يېڭىئاۋات — چولاقتۇر | 5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| چولاقتۇر — بەشتوما | 4 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| بەشتوما — يېڭىبەر | 6 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| يېڭىبەر — يېڭىقۇرغان | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| يېڭىقۇرغان — لەڭگەر | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| لەڭگەر — تامتوغراق | 4 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| تامتوغراق — چولاقشەھەر | 5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| تامتوغراق — تاشقۇرغان يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| تاشقۇرغان يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى — تۆر قوتان | 10 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| ئاققۇم — ئوتلاق | 12 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| شويۇلتۇز — غولقۇرغان | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| غولقۇرغان — گۆمباز | 4 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| گۆمباز — ئۆگەن كەنتى | 4.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| ئۆگەن كەنتى — بۇقا تېمى | 2.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| شويۇلتۇز يېزىسى — قاراقۇم | 0.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| قاراقۇم — تېرەكلىك | 2.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئېرەكلىك — خانقاتام | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| خانقاتام — توغرا ئېرىق | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| توغرا ئېرىق — گۆلباغ | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| گۆلباغ — يار باشلام | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| يار باشلام — سۆگەتكۆزلەك | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| سۆگەتكۆزلەك — قىزىلشەھەر | 3.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| قىزىلشەھەر — پاختىلىق | 2.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| پاختىلىق — قارايافاچ | 4.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| قارايافاچ — ئۇرىلىق | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| ئۇرىلىق — سۇ باشى | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| سۇ باشى — شويۇلتۇز يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى | 4.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| يەكشەنبە بازار يېزىسى — توپاقئېرىق | 1 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| توپاقئېرىق — بازار | 1 | 2 - دەرىجىلىك يول | ئاسفالت يول |
| بازار — چوڭكۆۋرۈك | 2 | 2 - دەرىجىلىك يول | ئاسفالت يول |
| چوڭكۆۋرۈك — يەكشەنبە بازار | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| يەكشەنبە بازار — توپا شەھەر | 4 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| توپا شەھەر — تاغئېرىق | 4 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| تاغئېرىق — ئاچال | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| ئاچال — ئېرەكبوستان | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| شەنبە بازار — چىلان | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| چىلان — سۇپادۆڭ | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| يەكشەنبە بازار يېزىسى — ئاقئۆستەڭ | 4 | 2 - دەرىجىلىك يول | ئاسفالت يول |
| ئاقئۆستەڭ — شاختۇر دېھقانچىلىق مەيدانى | 9 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| ئاقئۆستەڭ — شويلۇق | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| يەكشەنبە بازار يېزىسى — گۆلباغ | 1 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| گۆلباغ — تور ئېرىق | 2.5 | 2 - دەرىجىلىك يول | ئاسفالت يول |

| | | | |
|---|---|---|---|
| تۆر ئېرىق — بەگلىكئېرىق | 2.5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| بەگلىكئېرىق — ئۇجمەئېرىق | 5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| ئۈچقات يېزىسى — توغرا ئېرىق | 5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| توغرا ئېرىق — كۆزلەكمەھەللە | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| كۆزلەكمەھەللە — ئازنا بازار | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| ئازنا بازار — گاڭيەر | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| گاڭيەر — ئۈچقات يېزىسى | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| ئۈچقات يېزىسى — توگەئېرىق | 5 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| توگەئېرىق — خەلپە ئېرىق | 4 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| ئۈچقات يېزىسى — خوجا تۆرۈس | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| خوجا تۆرۈس — ئويئېرىق | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| ئويئېرىق — سەيپۇڭتېرەك | 15 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| ئۈچقات يېزىسى — ئۈچقات كەنتى | 1 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| ئۈچقات كەنتى — بەلكەستى | 4 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| بەلكەستى — ئاچادۆڭ | 2 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| ئاچادۆڭ — لەمپە | 4 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| لەمپە — يۇلغۇنشەھەر | 3 | دەرىجىگە توشمىغان يول | شېغىل يېيىتىلغان |
| بەلكەستى — كونا دېھقانچىلىق مەيدانى | 15 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |
| كونا دېھقانچىلىق مەيدانى — ساڭتام | 12 | دەرىجىگە توشمىغان يول | توپا يول |

## 3 § . كۆۋرۈك، سوڭگۈچلەر

ئۆتمۈشتە توقسۇ ناھىيىسىدە پەقەت ئاددىي ياغاچ كۆۋرۈكلەر ۋە پىيادىلەر كۆۋرۈكلىرىلا بار ئىدى. 1956 ـ يىلدىن باشلاپ، چوڭ ياغاچ كۆۋرۈك سېلىندى، 1978 ـ يىلدىن باشلاپ، مۇستەھكەم كۆۋرۈك سېلىندى.

### 1. ئۆگەن دەرياسى كۆۋرۈكى

بۇ كۆۋرۈك ئىچكىرىق يېزىسى تۆتتاش كەنتىنىڭ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ. 1957 ـ يىلى قىشتا، ئاپتونوم

رايونلۇق قاتناش نازارىتى تاشيول ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇش بۆلۈمى لى شاۋشيەننى بۇ كۆۋرۈكنى سېلىشقا رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. كۆۋرۈك 21 تۈشۈكلۈك، ھەربىر تۈشۈكى 6 مېتىر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 128.4 مېتىر، ئاپتوموبىل كۆتۈرۈش ئىقتىدارى 8 - دەرىجىلىك قىلىپ لايىھەلىنىپ، ئاستىغا بىر قۇر گۈندە، ئۈستىگە ئاددىي تىرەكلىك لىم قويۇلغان، كۆۋرۈك يۈزىنىڭ كەڭلىكى 4.5 مېتىر بولۇپ، 2 تەرىپىگە 0.5 مېتىردىن پىيادىلەر يولى ياسالغان، ئۈستىگە شېغىل يېيىتىلغان. بۇ كۆۋرۈك 1959 - يىل 7 - ئايدا پۈتتى، ئاخىرىدا ھېسابلاپ چىقىلىشىچە، 126 مىڭ يۈەن كەتكەن، ھەربىر مېتىرىنىڭ پۈتۈش باھاسى 981 يۈەندىن توختىغان. 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاشيول يۆتكەلگەنلىكتىن، بۇ كۆۋرۈك تاشلىنىپ قالدى.

## 2. ئۆگەن دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكى

1978 - يىل 2 - ئايدا تاشيول يۆتكەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆگەن دەرياسى تومسىنىڭ يېنىغا مۇستەھكەم سېمونت كۆۋرۈك سېلىندى، بۇ كۆۋرۈكنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئاپتونوم رايونلۇق كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئەترىتى مەسئۇل بولۇپ ئىشلىدى. بۇ كۆۋرۈك 9 تۈشۈكلۈك بولۇپ، ھەربىر تۈشۈكىنىڭ كەڭلىكى 20 مېتىر، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 182.8 مېتىر كېلىدۇ. تەكتى قىسمى چوڭقۇر ئويۇلۇپ، بېتون قويۇلۇپ قوش گۈندە ياسالغان، ئۈستىگە ∧ شەكىللىك لىم قويۇلغان. لىمنىڭ ئۈستىگە بېتون تاختاي ياتقۇزۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسفالتلىق بېتون ياتقۇزۇلغان، كۆۋرۈك يۈزىنىڭ كەڭلىكى 7 مېتىر بولۇپ، 2 قىرغىقىغا پىيادىلەر يولى ياسالغان (كەڭلىكى 0.75 مېتىر)، ئاپتوموبىل كۆتۈرۈش ئىقتىدارى — 80، پىرىتسېپ كۆتۈرۈش ئىقتىدارى — 80 بولغان. بۇ كۆۋرۈك 1979 - يىل 12 - ئايدا پۈتكۈزۈلدى، بۇنىڭغا 1 مىليون 20 مىڭ يۈەن كەتتى، ھەربىر مېتىرىنىڭ پۈتۈش باھاسى 5607 يۈەندىن توغرا كەلدى.

## 3. باش ئۆستەڭ كۆۋرۈكى

بۇ كۆۋرۈك ئۆگەن دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ 400 مېتىر غەربىگە توغرا كېلىدۇ، ئۇ ئۆگەن دەرياسىدىن سۇ باشلىنىدىغان باش ئۆستەڭگە سېلىنغان. 1978 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئەترىتى بۇ كۆۋرۈكنى سېلىشقا باشلاپ، 1979 - يىل 12 - ئايدا پۈتكۈزدى. بۇ كۆۋرۈك بىر تۈشۈكلۈك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىر، كۆۋرۈك قوش ئەگمىلىك قىلىپ لايىھەلەنگەن، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 44.9 مېتىر. تەكتى قىسمىغا بېتون گۈندە ياسالغان، ئۈستى قىسمى تەييار بېتون قۇيۇلمىدىن تەركىب تاپقان. كۆۋرۈك يۈزىنىڭ كەڭلىكى 7 مېتىر بولۇپ، 2 قىرغىقىغا 0.75 مېتىردىن پىيادىلەر يولى ياسالغان، ئاپتوموبىل كۆتۈرۈش ئىقتىدارى — 15، پىرىتسېپ كۆتۈرۈش ئىقتىدارى — 80، بۇ كۆۋرۈكنىڭ قۇرۇلۇشىغا 216 مىڭ 900 يۈەن كەتتى، ھەر بىر مېتىرىنىڭ پۈتۈش باھاسى 5498 يۈەندىن توغرا كەلدى.

## 4. توقسۇ - شايار ئۆستىڭى كۆۋرۈكى

بۇ كۆۋرۈك باش ئۆستەڭنىڭ 500 مېتىر جەنۇبىغا سېلىنغان، بۇ 2 تۈشۈكلۈك، لىملىق كۆۋرۈك بولۇپ، ھەربىر تۈشۈكىنىڭ ئارىلىقى 14.6 مېتىر، كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 36 مېتىر. ئاستى تەرىپىگە بېتوندىن قوش گۈندە ياسالغان. ئۈستى تەرىپى I شەكىلدە سەل ئېگىلدۈرۈلگەن، كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە ئاسفالت ياتقۇزۇلغان، 2 چېتىگە 0.75 مېتىر كەڭلىكتە پىيادىلەر يولى ياسالغان. بۇ كۆۋرۈكنى 1979 -

يىل 1 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى ئەترىتى ياساشقا باشلاپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتتۈردى، بۇنىڭغا جەمئىي 184 مىڭ 500 يۈەن سەرپ قىلىندى، ھەر بىر مېتىرىنىڭ پۈتۈش باھاسى 5125 يۈەندىن توختىدى.

## 5. شايار ئۆستىڭى كۆۋرۈكى

بۇ كۆۋرۈك ئىچكىرىق يېزىسىنىڭ توقچەك كەنتىگە جايلاشقان. جەنۇبىي شىنجاڭ سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا قوماندانلىق قىلىش شتابى 1976 ـ يىل 5 ـ ئايدا سېلىشقا باشلاپ، يىل ئاخىرىدا پۈتتۈردى. بۇ كۆۋرۈك 4 تۈشۈكلۈك تاختاي كۆۋرۈك بولۇپ، ھەربىر تۈشۈكنىڭ ئارىلىقى 7.5 مېتىر قىلىپ لايىھەلەنگەن، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 30.6 مېتىر. ئاستى تەرىپىگە پولات چىۋىقلىق بېتون تۈۋرۈكلەر قاتار تىكلەنگەن بولۇپ، بۇ تۈۋرۈكلەر ئۆستەڭ تېگىدىن 5 مېتىر چوڭقۇرلۇققا ئورنىتىلغان؛ ئۈستىگە كاۋاك بېتون تاختاي يېپىلغان، كۆۋرۈكنىڭ كەڭلىكى 7 مېتىر، 2 قىرغىقىغا 0.25 مېتىر كەڭلىكتە تاش قويۇلغان، ئاپتوموبىل كۆتۈرۈش ئىقتىدارى — 13، پىرتسېپ — 60. سېلىنغان مەبلەغ 140 مىڭ يۈەن بولۇپ، ھەربىر مېتىرىنىڭ پۈتۈش باھاسى 4575 يۈەن.

## 6. كىچىك كۆۋرۈكلەر

ناھىيە تەۋەسىدىكى كىچىك كۆۋرۈكلەر يول كۆۋرۈكلىرى ۋە سۇ ئىنشائاتى كۆۋرۈكلىرى (تۇما كۆۋرۈكلىرى ۋە سۇغۇچ) دەپ 2 خىلغا ئايرىلىدۇ. 80 ـ يىللاردا ياغاچ قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈكلەر تەدرىجىي ھالدا بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈكلەرگە ئۆزگەرتىلدى.

**توقسۇ ناھىيىسىدىكى 3 مېتىردىن ئۇزۇن كۆۋرۈكلەرنىڭ 1990 ـ يىلدىكى ئەھۋالى**

جەدۋەل: 15 — 2

| يېزا ـ بازار نامى | ياغاچ كۆۋرۈك | بېتون كۆۋرۈك | جەمئىي |
|---|---|---|---|
| توقسۇ بازىرى | 11 | 4 | 15 |
| ئىچكىرىق يېزىسى | 26 | 8 | 34 |
| تاشئېرىق يېزىسى | 22 | 9 | 31 |
| ئۆگەن يېزىسى | 17 | 25 | 42 |
| يۇلتۇزباغ يېزىسى | 235 | 41 | 276 |
| ئۇچقات يېزىسى | 51 | 15 | 66 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | 28 | 2 | 30 |
| جەمئىي | 390 | 104 | 494 |

# 4 § . ترانسپورت

## 1. ترانسپورت قوراللىرى

ئەنئەنىۋى ترانسپورت قوراللىرى، ئاساسەن، كۆتەك هارۋا ۋە تۆمۈر هارۋىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ هارۋىلارغا ئۇلاغ قوشۇلاتتى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ناھىيە بازىرى بويىچە مەخسۇس كىرا توشۇيدىغان تۆمۈر هارۋىدىن 4ى، كۆتەك هارۋىدىن 16سى بار ئىدى، يۈك توشۇيدىغان ئېشەكتىن 500ى بار ئىدى، يېزىلاردا 12 تۆمۈر هارۋا، 320 كۆتەك هارۋا، 300 ئېشەك بار ئىدى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئەكبەر سىدىق غۇلجىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان بىر ۋېلسىپىت ئېلىپ كەلگەن، بۇ توقسۇ ناھىيىسى بويىچە تۇنجى ۋېلسىپىت ئىدى.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ناھىيە بويىچە 1372 هارۋا، 2 خادىك، 6 مەپە بار بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىدارە - ئورۇنلاردا ئات ئاساسلىق قاتناش قورالى قىلىندى، يېزىلاردا بولسا يەنىلا ئېشەك، ئات، كۆتەك هارۋا ئاساسلىق قاتناش قورالى قىلىندى. 1954 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيىلىك پارتكوم بىر ۋېلسىپىت سېتىۋالدى، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان ئاپتوموبىلدىن بىرنى سېتىۋالدى.

1958 - يىلى يېزىلار رېزىنكە چاقلىق هارۋا ئىشلىتىشكە باشلىدى. شۇ يىلى ناھىيىدە 3 يەل تاپان تراكتور سېتىۋېلىنىپ، تېرىقچىلىق هەم يۈك توشۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلدى. 1970 - يىلدىن كېيىن، ۋېلسىپىت ۋە رېزىنكە چاقلىق هارۋىلار يىلدىن - يىلغا ئومۇملىشىشقا باشلىدى، كۆتەك هارۋا ۋە تۆمۈر هارۋىلار تەدرىجىي هالدا شاللىۋېتىلدى. 1970 - يىلى ناھىيە بويىچە 498 رېزىنكە چاقلىق هارۋا بار بولدى. 1977 - يىلى ناھىيە بويىچە 932 رېزىنكە چاقلىق هارۋا، 109 چوڭ تراكتور (جەمئىي 5068 ئات كۈچىگە ئىگە)، 42 كىچىك تراكتور (جەمئىي 504 ئات كۈچىگە ئىگە) بار بولدى. 1980 - يىلدىن باشلاپ موتسىكلىت بارلىققا كەلدى.

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە 66 يۈك ئاپتوموبىلى (بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئاپتوموبىل 10)، 23 پىكاپ، 7 ئاپتوبۇس (بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئاپتوبۇس 3)، 299 چوڭ ۋە ئوتتۇرا تراكتور، 93 كىچىك تراكتور، 1042 رېزىنكە چاقلىق هارۋا، 24 مىڭ غالتەك هارۋا، 72 موتسىكلىت، 17 مىڭ 37 ۋېلسىپىت بارلىققا كەلدى.

1988 - يىلى ناھىيە بويىچە هەرخىل يۈك ئاپتوموبىلى 73كە (خۇسۇسىي ئاپتوموبىل 22)گە، پىكاپ 84 (خۇسۇسىي پىكاپ 7) كە، ئاپتوبۇس 14 (خۇسۇسىي ئاپتوبۇس 3) كە، چوڭ ۋە ئوتتۇرا تراكتور 224كە، كىچىك تراكتور 279غا، رېزىنكە چاقلىق هارۋا 611گە، غالتەك هارۋا 27 مىڭغا، موتسىكلىت 300گە، ۋېلسىپىت 22 مىڭغا يەتتى.

1995 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى 154كە، كىچىك يۈك ئاپتوموبىلى 47گە، ئاپتوبۇس 12گە، مىنىبۇس 72گە، پىكاپ 90غا يەتتى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى)دىكى ئۇلاغ ۋە هارۋىلارنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 15 — 3

| يېزا، بازار، كەنت / تۈرى | | ئۇلاغ | | | | هارۋا (دانە) | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئات | كالا | قېچىر | ئېشەك | هارۋا | قالتەك | خادىك | مەپە |
| جۇڭشەن بازىرى | چىڭلىيەن كوچىسى | 198 | 211 | | 291 | 39 | 2 | 1 | |
| | يۇڭپىڭ كوچىسى | 9 | 16 | | 47 | 7 | | | |
| | جىڭخۇ كوچىسى | 6 | 9 | 2 | 27 | 3 | | | |
| | ۋېيشىڭ كوچىسى | 12 | 8 | | 21 | 5 | 1 | | 1 |
| | ئامانلىق كوچىسى | 3 | 7 | | 19 | 2 | | | |
| | لىيى كوچىسى | 65 | 27 | 1 | 93 | 21 | 1 | | |
| | مىنپىڭ كوچىسى | 219 | 309 | 7 | 353 | 49 | 4 | | 1 |
| | جەمئىي | 512 | 581 | 10 | 853 | 132 | 8 | 1 | 2 |
| جۇڭجىڭ بازىرى | قورۇلۇش كوچىسى | 127 | 119 | 1 | 217 | 24 | 2 | | |
| | غەربىي كوچا | 19 | 21 | | 49 | 11 | 1 | | |
| | ئاشلىق كوچىسى | 13 | 9 | | 37 | 3 | | | |
| | ئوقەتچىلەر كوچىسى | 11 | 17 | 1 | 98 | 14 | | | |
| | تىنچلىق كوچىسى | 176 | 142 | 6 | 306 | 52 | 5 | | |
| | جەمئىي | 346 | 308 | 8 | 707 | 104 | 8 | | |
| جۇڭشىياۋ يېزىسى | ئاقيار كەنتى | 85 | 320 | 2 | 121 | 8 | | | |
| | ئىچچىبرىق كەنتى | 253 | 628 | 6 | 292 | 12 | 3 | | |
| | جاي كەنتى | 61 | 78 | 2 | 113 | 3 | | | |
| | توقسۇ كەنتى | 333 | 802 | 5 | 322 | 14 | 6 | | |
| | يېڭىشاۋات كەنتى | 158 | 398 | 6 | 187 | 5 | | | |
| | جەمئىي | 890 | 2226 | 21 | 1035 | 42 | 9 | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 3 | 11 | 72 | | 165 | 90 | قوشئېرىق كەنتى | رېتقى يېزىسى |
| | | 7 | 79 | 368 | 10 | 843 | 324 | تاشئېرىق كەنتى | |
| | | | 3 | 32 | 1 | 87 | 35 | بوستان كەنتى | |
| | | | 4 | 55 | 2 | 100 | 60 | ئۆگەن مەھەللىسى | |
| | | | 4 | 84 | 4 | 185 | 74 | گۈمباز كەنتى | |
| | | 3 | 7 | 199 | 3 | 437 | 159 | قاراقوم كەنتى | |
| | | 2 | 51 | 158 | 10 | 445 | 201 | ئېھتىلە كەنتى | |
| | | 15 | 159 | 968 | 30 | 2262 | 943 | جەمئىي | |
| | | 2 | 83 | 138 | 4 | 250 | 137 | خوجا تۇرۇس كەنتى | قىشقى يېزىسى |
| | | 1 | 103 | 164 | 5 | 366 | 185 | بەلكەنتى كەنتى | |
| | | | 7 | 51 | 2 | 91 | 32 | قوشئېرىق كەنتى | |
| | | | 46 | 93 | 2 | 204 | 74 | توپاشەھەر كەنتى | |
| | | 5 | 121 | 97 | | 288 | 81 | تاقئېرىق كەنتى | |
| | | 8 | 360 | 543 | 13 | 1199 | 509 | جەمئىي | |
| | | | 34 | 58 | | 120 | 55 | خەلپە ئېرىق كەنتى | تىنچلىق يېزىسى |
| | | | 131 | 187 | 8 | 340 | 188 | كىچىك ئاچادۆڭ كەنتى | |
| | | | 21 | 63 | | 111 | 43 | ئۈچقات كەنتى | |
| 1 | | 7 | 207 | 450 | 10 | 847 | 342 | بەگلىكئېرىق كەنتى | |
| | | 3 | 155 | 485 | 6 | 745 | 293 | چىلان كەنتى | |
| | | | 9 | 29 | | 44 | 33 | ئاچادۆڭ كەنتى | |
| | | | 18 | 43 | 1 | 39 | 17 | تېرەكلىك كەنتى | |
| 1 | | 10 | 575 | 1315 | 25 | 2246 | 971 | جەمئىي | |
| 6 | 2 | 116 | 1372 | 5421 | 107 | 8822 | 4171 | يىغىندىسى | |

## 2. يولۇچى توشۇش

1949 ـ يىلدىن ئىلگىرى، نامىيە بويىچە 92 كىراكەش بولۇپ، ئۇلاردا هارۋا ۋە قېچىر، ئات، ئېشەك

قاتارلىق ئۆلاغلار بار ئىدى، كىشىلەر سىرتقا چىقماقچى بولسا، كىراكەشلەرنى تېپىپ، كىرا ھەققىنى كېلىشىسلا بولاتتى.

1959 - يىلى 314 - دۆلەت يولى ئۆزگەرتىپ ياسالغاندىن كېيىن، توقسۇ ناھىيە بازىرى بىلەن ئىچىبرىق، تاشئېرىق، ئۆگەن، دايۇلتۇز گۇڭشېلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەركۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يولۇچى توشۇش شىركىتىنىڭ ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك ترانسپورت شىركەتلىرىنىڭ ئاپتوبۇسلىرى قاتناپ تۇرىدىغان بولدى، قاتناش بىرقەدەر ئاسانلاشتى. پەيشەنبە بازار يېزىسى بىلەن ناھىيە بازىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بىر ئاز يېقىنلاشتى، ئۈچقات يېزىسى بىلەن دايۇلتۇز يېزىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقمۇ پەقەت 8 كىلومېتىرلا كېلىدىغان بولدى، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇشمۇ ئاسانلاشتى، شۇڭا توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاپتوبۇسلىرى ئانچە كۆپەيمىدى.

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە 7 ئاپتوبۇس (بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئاپتوبۇس 3) بارلىققا كەلدى. 1985 - يىلى يەككە ترانسپورت كەسپىي ئائىلىلىرىنىڭ كىچىك ئاپتوبۇسلىرى ناھىيە بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان بولدى؛ ناھىيىلىك ئاپتوموبىل كالونى كۇچا ۋە شايار ناھىيىلىرىگە ھەركۈنى بىر ئاپتوبۇس سالدى.

1960 - يىلى ناھىيە بويىچە توشۇلغان يولۇچى 9651 ئادەم (قېتىم) ئىدى؛ 1963 - يىلى 29 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ 1985 - يىلى 156 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى؛ 1988 - يىلى 105 مىڭ 600 ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 5 مىليون 280 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، چوڭ ئاپتوبۇس 12گە يەتتى، بۇنىڭدىن باشقا، شەخسلەرنىڭ ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئاپتوبۇسى 65كە يەتتى، پىكاپ 90غا يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئورگانلىرىنىڭ پىكاپى 31) . ناھىيە بويىچە توشۇلغان يولۇچى 240 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يولۇچى ئوبوروت مىقدارى 21 مىليون 820 مىڭ ئادەم/كىلومېتىرغا يەتتى.

## 3. يۈك توشۇش

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ناھىيە بازىرىدا يۈك توشۇشنى ئاساسىي كەسىپ قىلغان كىراكەش ئائىلە 27، خادىمى 45 ئىدى، ئۇلارنىڭ قولىدا 4 تۆمۈر هارۋا، 16 كۆتەك هارۋا، 500 ئېشەك بار ئىدى. يېزىلاردا ئۆزۈن يوللۇق يۈك توشۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 332 تۆمۈر هارۋا ۋە كۆتەك هارۋا بار ئىدى. بۇ هارۋىلار نېرىسى قەشقەر، ئىلى، ئۈرۈمچى، لەنجولارغىچە، بېرىسى كۇچا، شايار، باي، بۈگۈر ناھىيىلىرىگىچە باراتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ناھىيىنىڭ يۈك ترانسپورتىنى يەنىلا خۇسۇسىي ترانسپورتچىلار ئۈستىگە ئالدى.

1954 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى ئاپتوموبىلدا يۈك توشۇشقا باشلىدى. 1956 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئۇلاغ بىلەن يۈك توشۇيدىغان يەككە ترانسپورتچىلار ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بەرلىك ئۇلاغ ترانسپورت ئەترىتى قۇرۇلدى. بۇ چاغدا، ئەترەتنىڭ ئىلكىدە 72 ئات، 2 كالا، 19 ئېشەك، 15 رېزىنكە چاقلىق هارۋا، 10 كىچىك كۆتەك هارۋا بار ئىدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىلكىدە يۈك توشۇيدىغان 219 رېزىنكە چاقلىق هارۋا بار ئىدى. 1956 - يىلى ناھىيە بويىچە توشۇلغان يۈك 7000 توننىغا يەتكەنىدى. 1960 - يىلى 20 مىڭ 400 توننىغا يەتتى. ئۇلاغ ترانسپورتى ئەترىتى زىيان تارتقانلىقتىن، 1963 - يىلى ئىشتىن توختىتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ناھىيە بويىچە يۈك توشۇش ئىشلىرىدا ئاساسەن ئاپتوموبىلغا تايىنىلىدىغان بولدى.

1989 ـ يىلى توشۇلغان يۈك 207 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 8 مىليون 290 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى. 1993 ـ يىلى توشۇلغان يۈك 225 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 10 مىليون 400 مىڭ توننا/كىلومېتىرغا يەتتى.

ناھىيىنىڭ سودا سىستېمىسى، ئاشلىق سىستېمىسى ۋە تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ ترانسپورت كەسىپلىرىنى كۆپىنچە ئاپتونوم رايونلۇق سودا ترانسپورت شىركىتى، تەمىنات ـ سودا ئاپتوموبىل كالونى، ئاشلىق ـ ياغ ترانسپورت شىركىتى ۋە ۋىلايەتلىك 1 ـ، 2 ـ ترانسپورت شىركەتلىرى ئۈستىگە ئالدى.

1995 ـ يىلى ناھىيە بويىچە چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى 154 كە (بۇنىڭ ئىچىدە خۇسۇسىي ئاپتوموبىل 32)، كىچىك يۈك ئاپتوموبىلى 47گە يەتتى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1989 — 1995 يىلغىچە يولۇچى ۋە يۈك توشۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 15 — 4

| يىللار | توشۇلغان يولۇچى (تۈمەن ئادەم قېتىم) | يولۇچى ئوبوروت مىقدارى (تۈمەن ئادەم/كىلومېتىر) | توشۇلغان يۈك (تۈمەن توننا) | يۈك ئوبوروت مىقدارى (تۈمەن توننا/كىلومېتىر) |
|---|---|---|---|---|
| 1989 | 16.4 | 492 | 20.7 | 829 |
| 1990 | 19 | 570 | 22.1 | 884 |
| 1991 | 20.4 | 815.7 | 23.9 | 956 |
| 1992 | 21 | 840 | 25 | 1000 |
| 1993 | 22.5 | 900 | 26 | 1040 |
| 1994 | 26 | 1040 | 30 | 1200 |
| 1995 | 24 | 2182 | 0.72 | 400 |

ئىزاھات: 1995 ـ يىلى توشۇلغان يۈكنىڭ ئاز بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ناھىيە تەۋەسىدىكى شۇ يىللىق توشۇلغان يۈك كىرگۈزۈلمىدى.

## ناھىيە بويىچە 1963 — 1989 ـ يىلغىچە بولغان رېزىنكە چاقلىق هارۋا، ئېشەك هارۋىسى (غالتەك)

جەدۋەل: 15 — 5

| يىللار | رېزىنكە چاقلىق هارۋا | رېزىنكە چاقلىق ئېشەك هارۋىسى (غالتەك بۇنىڭ ئىچىدە) | جەمئىي |
|---|---|---|---|
| 1963 | 4 | 8 | 12 |
| 1964 | 6 | 11 | 17 |
| 1965 | 188 | 6 | 194 |
| 1966 | 278 | 65 | 343 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1967 | 343 | 64 | 407 |
| 1968 | 377 | 100 | 477 |
| 1969 | 398 | 71 | 469 |
| 1970 | 498 | 217 | 715 |
| 1971 | 858 | 359 | 1217 |
| 1972 | 610 | 648 | 1258 |
| 1973 | 953 | 1982 | 2935 |
| 1974 | 916 | 2253 | 3169 |
| 1975 | 902 | 2367 | 3269 |
| 1976 | 960 | 4157 | 5117 |
| 1977 | 932 | 4775 | 5707 |
| 1978 | 976 | 7140 | 8116 |
| 1979 | 939 | 11595 | 12534 |
| 1980 | 870 | 11699 | 12569 |
| 1981 | 908 | 14086 | 14994 |
| 1982 | 904 | 15678 | 16582 |
| 1983 | 909 | 18775 | 19684 |
| 1984 | 1042 | 18172 | 19214 |
| 1985 | 608 | 19995 | 20603 |
| 1986 | 675 | 23610 | 24285 |
| 1987 | 675 | 23645 | 24320 |
| 1988 | 611 | 23945 | 24556 |
| 1989 | 2554 | 17890 | 20444 |

# 5 § . قاتناش باشقۇرۇش

## 1. يول باشقۇرۇش

1958 ـ يىلى 314 ـ دۆلەت يولى ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ، توقسۇ ناھىيىسىدىن ئۆتىدىغان قىلىندى، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يول باشقۇرۇش خىزمىتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن باشلاندى. بۇ خىزمەتنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يول بويىدىكى ئاھالىلەرنىڭ يولنى ئۇزۇۋېتىشىنى، يولنى كېسىپ ئېرىق چېپىشىنى، قائىدىگە خىلاپ ھالدا ئۆي سېلىشىنى چەكلەشتىن، يول ياقىسىدا كېسەك قويۇپ تاشيولغا زىيان كەلتۈرۈشىنى قەتئىي مەنئى قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان 10 يىلدا تاشيول باشقۇرۇش قالايمىقانلاشتى، بۇ ھال يول باشقۇرۇش ئىشلىرىغا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن، يول باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، يول بويىدىكى قائىدىگە خىلاپ قۇرۇلۇشلار چېقىۋېتىلدى، يولدا خامان تېپىش، بۇغداي قۇرۇتۇش چەكلەندى، يول بويىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىش ۋە تاشيول مۇئەسسەسلىرى (يول بەلگىسى ۋە تەۋەلىكنى كۆرسىتىش تاختىسى قاتارلىقلار) نى بۇزۇش قەتئىي مەنئى قىلىنىپ، تاشيولنىڭ بىخەتەر ۋە راۋان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

1980 ـ يىلدىن كېيىن، دۆلەت يولى ۋە ئاپتونوم رايون يولىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. قاتناش مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «تاشيول ئاسراش سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ باھالاپ سېلىشتۇرۇش چارىسى» گە ئاساسەن، يول ئاسراش ئۇچاستكىسىنىڭ باشلىقى بىلەن ئەترەت باشلىقى يول ئەترەتلىرىنىڭ سۈپەت تەكشۈرگۈچىلىرىدىن سۈپەت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلدى، يول ئەترەتلىرى ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۆزلىرى تەكشۈرۈپ، ئۇچاستكا ۋە ئەترەتلەر ئارىلاپ تەكشۈرۈپ، ئەلا، ياخشى، بىرقەدەر ياخشى، ناچارلارنى باھالاپ چىقتى، ياخشى يول نىسبىتىنى ھېسابلاپ چىقىپ، ئۇنى يول ئەترىتى ۋە شەخسلەرنىڭ يول ئاسراش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلدى. توقسۇ ناھىيىلىك يول ئاسراش ئۇچاستكىسى بويىچە «3 يول ئەترىتىدە ئۆز جايىدىن ماتېرىيال ئېلىش، ماتېرىيالنى ھېسابلىق ئىشلىتىش، خىراجەتنى تېجەش، تەنتەرخنى تۆۋەنلىتىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، يول ئەترىتىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. 1985 ـ يىلى يول ئەترەتلىرى بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىش رەسمىي يولغا قويۇلۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە يولنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. يول ئەترەتلىرى سۈپەت دەرىجىسىنى بىر تۇتاش باھالاپ سېلىشتۇرۇپ، بىردەك كىلومېتىرنى بىرلىك قىلىپ، مۇساپە بەلگىسىنى چەك قىلىپ، نومۇرنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشنى يولغا قويدى.

1995 ـ يىلى توقسۇ يول ئاسراش ئۇچاستكىسى قارمىقىدا 3 يول ئەترىتى بولۇپ، بۇ ئەترەتلەر دۆلەت يولىنىڭ 150 كىلومېتىردىن ئارتۇق بۆلىكىنى ئاسرىدى، يوللارنىڭ ياخشى ھالەتتە تۇرۇش نىسبىتى 70%تىن يۇقىرى بولدى.

## 2. يول ئاسراش خىراجىتىنى يىغىش

1954 ـ يىلى كۇچا قاتناش باشقۇرۇش پونكىتى توقسۇ ئاپتوموبىللىرىدىن يول ئاسراش خىراجىتىنى يىغىشقا مەسئۇل ئىدى، يىغىش ئۆلچىمى جەھەتتە ئاپتوموبىللاردىن ھەربىر توننا بويىچە 50 يۈەندىن، تراكتورلاردىن

20 ئات كۈچى بىر توننا ھېسابلىنىپ ھەق ئېلىنغانىدى. 1978 ـ يىلى ھەربىر توننا بويىچە ھەق ئېلىش ئۆلچىمى 50 يۈەندىن 70 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. بۇنىڭ كونكرېت ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىدىن كىرا كىرىمىنىڭ 10%ى بويىچە ھەق ئېلىنىدى، قاتناش سىستېمىسىدا بولمىغان ئاپتوموبىللاردىن ھەر ئايدا ھەربىر توننا بويىچە 70 يۈەندىن ھەق ئېلىنىدى، كىچىك ئاپتوموبىللار (جىپ، پىكاپ، ساياھەت ئاپتوموبىلى) نىڭ 5 كىشىلىكتىن ئاز ئورۇندۇقى بارلىرىدىن يېرىم توننا بويىچە ھەق ئېلىنىدى. ئورۇندۇقى 6 كىشىلىكتىن 10 كىشىلىككىچە بولسا بىر توننا بويىچە ھەق ئېلىنىدى، 11 كىشىلىكتىن 15 كىشىلىككىچە بولغانلىرىدىن 1.5 توننا بويىچە ھەق ئېلىنىدى. پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە مەكتەپلەر ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىللاردىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ـ چارۋىچىلىق فېرمىلىرى ئىشلىتىدىغان تراكتورلاردىن شۇنىڭدەك يېزىلاردىكى خەلق گۇڭشېلىرىغا قاراشلىق كارخانىلار ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىللاردىن بىردەك يېرىم ئۆلچەم بويىچە ھەق ئېلىنىدى.

1980 ـ يىلى ھەق ئېلىش نىسبىتى 10%تىن 13%كە، ھەربىر تونندىن ئېلىنىدىغان ھەق 70 يۈەندىن 110 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. يەل تاپان تراكتورلاردىن 20 ئات كۈچى بىر تونىغا سۇندۇرۇلۇپ ھەق ئېلىنىدى، ئۇنىڭ كونكرېت ئۆلچىمى مۇنداق بولدى: 4 چاقلىق قول تراكتورىنىڭ 12 ئات كۈچىگە ئىگىلىرىدىن 66 يۈەن، 15 ئات كۈچىگە ئىگىلىرىدىن 82.5 يۈەن، 18 ئات كۈچىگە ئىگىلىرىدىن 99 يۈەن ھەق ئېلىنىدى؛ تراكتورلارنىڭ 20 ئات كۈچىگە ئىگىلىرىدىن 110 يۈەن، 21 — 30 ئات كۈچىگە ئىگىلىرىدىن 165 يۈەن، 31 — 40 ئات كۈچىگە ئىگىلىرىدىن 220 يۈەن، 41 — 50 ئات كۈچىگە ئىگىلىرىدىن 275 يۈەن، 51 — 60 ئات كۈچىگە ئىگىلىرىدىن 330 يۈەن، 61 — 70 ئات كۈچىگە ئىگىلىرىدىن 385 يۈەن ھەق ئېلىنىدى.

## 3. يۈك ترانسپورتىنى باشقۇرۇش

1950 ـ يىلدىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تاشيول ترانسپورت بازىرىدا «ئۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» (كىرا ھەققىنى، باشقۇرۇشنى، مال مەنبەسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش) تىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يولۇچى ۋە يۈك ترانسپورتىنى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى، شىركەت، باش پونكىت ۋە ئاپتوموبىل كالونى بىر تۇتاش ئۈستىگە ئالدى. ناھىيە بازىرى بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى قىسقا مۇساپىلىق ماددىي ئەشيا يۆتكەشتە ئۇلاغ كۈچىگە تايىنىلدى. 1960 ـ يىلدىن كېيىن، ترانسپورت مىقدارى ترانسپورت كۈچىدىن ئېشىپ كېتىشتەك زىددىيەت بەك گەۋدىلىك بولۇپ كەتتى، يۈك توشۇش ۋە يول يۈرۈش قىيىن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك ترانسپورت كومىتېتى قۇرۇلدى، پىلان تۈزۈش، ترانسپورت كۈچىنى تەشكىللەش، مۇۋاپىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، بۇ خىل زىددىيەت پەسەيتىلدى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن، تاشيول ترانسپورتىدا دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىك ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىن ئىبارەت كۆپ خىل ئىگىلىك شەكلى بارلىققا كەلدى. باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگەردى. 1980 ـ يىل 1 ـ ئايدا ناھىيىلىك ترانسپورت بېكىتى ئاساسىدا 3 ـ دەرىجىلىك مال باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ، بىر تۇتاش ترانسپورت پىلانى تۈزۈش، بىر تۇتاش بەلگىلەش، كىرا ھەققىنى بىر تۇتاش بېكىتىش ۋە مال توشۇش بېلىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. 1983 ـ يىلدىن كېيىن، نوقۇل ھالدىكى يۈك توشۇشنى باشقۇرۇش يولۇچى توشۇش، مال توشۇش، رېمونت قىلىش، مۇلازىمەت قىلىش ۋە يۈك قاچىلاش ـ چۈشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن ترانسپورت ساھەسىنى باشقۇرۇشقا كېڭەيتىلىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسىي ترانسپورتلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىمۇ تەڭشەلدى.

## 4. پىراۋا باشقۇرۇش

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك قاتناش نازارەتچىلىكى ئورنىنىڭ كۇچا باشقۇرۇش پونكىتى بىلەن توقسۇ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ قاتناش بۆلۈمچىسى توقسۇ ناھىيىسىدىكى ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى ۋە شوپۇرلارنى يىللىق تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ پىراۋا تارقىتىپ بېرىش، نوپۇسنى باشقا جايلارغا يۆتكەپ بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بېرىش، قائىدىگە خىلاپ قىلمىشلارنى تۈزىتىش، قاتناش ھادىسىلىرىنى بىر ياقلىق قىلىشقا ئوخشاش خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى.

# باب II

# پوچتا ـ تېلېگراف

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدە سېپىل ۋە تۆرلار بار ئىدى. توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدە تا ھازىرغىچە تۆز تۆر، چاسا تۆر، يانتاققۇدۇق تۆرى قاتارلىق 10 تۆرنىڭ خارابىسى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

تۆر ئارقىلىق ناھايىتى تېز ئالاقىلاشقىلى بولاتتى، بىراق تۆر ھەربىي ئىشلار ئۈچۈنلا خىزمەت قىلاتتى، ئاۋام خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلمايتتى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھەربىي رابات، بارگاھ ۋە ئۆتەڭلەرنى قۇرغان. چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) دىن كېيىن، كۇچادىن خوتەنگە بارىدىغان ئۆتەڭ يولى ئېچىلغان، بۇ يول كۇچادىن باشلىنىپ، توقسۇ ئارقىلىق قۇملۇقتىكى چىغىر يول بىلەن تۇتىشىپ جەنۇبقا بۇرۇلۇپ خوتەنگە باراتتى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 800 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، جەمئىي 14 ئۆتەڭ بار ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 20 ـ يىلى (1894 ـ يىلى) كۇچادا سىملىق تېلېگراممىخانا قۇرۇلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭنىڭ 2 ـ يىلى (1910 ـ يىلى) تارماق پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلدى، شۇ چاغلاردا كۇچانىڭ غەربىي يېزىسى بولغان توقسۇ تەۋەسىدىكى كىشىلەر جىددىي يوللانمىلارنى ئاتلىق كۇچاغا كېلىپ، كۇچا پوچتىخانىسىغا تاپشۇراتتى، جىددىي بولمىغان يوللانمىلارنى باشقىلارنىڭ كۇچاغا ئالغاچ بېرىپ پوچتىغا سېلىۋېتىشىگە ھاۋالە قىلاتتى. مىنگونىڭ 14 ـ يىلى (1925 ـ يىلى) توقسۇدا كۇچا پوچتىخانىسىغا قارايدىغان پوچتا ۋاكالەتخانىسى تەسىس قىلىندى، ۋاكالەتخانا پوچتىكەشلەر بىلەن توختام تۈزۈپ، خەت ـ چەكلەرنى پوچتىكەشلەر ئارقىلىق قەرەلسىز ھالدا كۇچاغا ئاپارغۇزاتتى. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) كۇچا پوچتىخانىسى بىر مەخسۇس پوچتاليون ئەۋەتىدىغان بولدى، بۇ پوچتاليون يوللانمىلارنى ئاتلىق 3 كۈندە بىر قېتىم توشۇيتتى، ئۈچئۆستەڭ ئارقىلىق يول ئېلىپ، كۇچا ـ توقسۇ ـ شايار ئوتتۇرىسىدا قاتنايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى پوچتا ۋاكالەتخانىسى ئاساسىدا، پوچتا ـ تېلېگراف مۇئەسسەسەلىرى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. 1953 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تارماق پوچتا ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىدارە 1955 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1956 ـ يىلى دايۇلتۇز پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتى ۋە پەيشەنبە بازار پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتى قۇرۇلدى، 1959 ـ يىلى تاشئېرىق پوچتا ـ تېلېگراف

پونكىتى قۇرۇلدى، 1971 ـ يىلى ئۆگەن دەرياسى تومىسى ۋاكالەتخانىسى قۇرۇلدى. 1990 ـ يىلى پوچتا ـ تېلېگراف بىناسى سېلىندى. 1992 ـ يىلى 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، يېڭىدىن 500 تومكىلىق ئاپتوماتىك تېلېفون كوممۇتاتورى ئورنىتىلدى. شۇ يىلى 193 تېلېفون ئابونتى قوشۇلدى.

1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، توقسۇ پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدە 72 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولدى، تېلېگرامما، تېلېفون، خەت ـ ئالاقە، پوسولكا، گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش، پىرېۋوت قىلىش، خەلق پۇل ئامانىتى، پوچتا ماركىسى توپلاش قاتارلىق تۈرلۈك پوچتا ـ تېلېگراف كەسپلىرى بېجىرىلىدىغان بولدى، يىللىق ئومۇمىي كەسىپ مىقدارى 778 مىڭ 400 يۈەنگە، يىللىق كەسپىي كىرىمى 743 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. ئىدارە بويىچە ئۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى 2 مىليون 289 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 4242 كۋادرات مېتىرغا يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۆي ـ ئىمارەت كۆلىمى 1898 كۋادرات مېتىر).

1995 ـ يىلى ئومۇمىي كەسپىي كىرىمى 2 مىليون 612 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بىۋاسىتە ئۇلىنىدىغان تېلېفون يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تېلېگراف كەسپى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تۇتاشتى.

## 1 § . ئاپپاراتلار

### 1 . پوچتا ۋاكالەتخانىسى

مىنگونىڭ 14 ـ يىلى (1925 ـ يىلى) توقسۇ پوچتا ۋاكالەتخانىسى قۇرۇلدى، ئۇ چاغدا ھەرخىل پوچتا يوللانمىلىرى خۇسۇسىي پوچتىكەشلەرنىڭ يەتكۈزۈپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىناتتى. كۇچا پوچتا ئىدارىسى ھۆددىگەرگە ھەر ئايدا مەلۇم مىقداردا ھەق بېرىپ تۇراتتى. ئەينى چاغدا مەخسۇس پوچتاليون بولمىغانلىقتىن، ھۆددىگەر پوچتىكەشلەر بىلەن كېلىشىش ئارقىلىق، يوللانمىلارنى قەرەلسىز ھالدا كۇچا ۋە شايار ناھىيىلىرىگە ئەۋەتىپ بېرەتتى.

مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) خوتەنلىك سودىگەر چېن داۋيى توقسۇ پوچتا ۋاكالەتچىلىكىنى قوشۇمچە ئۆتىدى، ئۇ كۇچا پوچتا ئىدارىسىغا قاراشلىق بولۇپ، كۇچا پوچتا ئىدارىسى ھەر ئايدا ئۇنىڭغا 18 تەڭگە بېرەتتى (بۇ پۇل پوچتا ھەققى ۋە ئات خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى). مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) كۇچا پوچتا ئىدارىسى بىر مەخسۇس پوچتاليون تەيىنلىدى، ئۇ كىشى يوللانمىلارنى 3 كۈندە بىر قېتىم ئاتلىق توشۇيتتى.

مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) تيەنجىنلىك سودىگەر ۋېي پىنچىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ۋېي شىڭيۈەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ توقسۇ ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ پوچتا ۋاكالەتچىلىكىنىقوشۇمچە ئۆتىدى.

مىنگونىڭ 36 . يىلى (1947 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا ئەرشىدىن ۋېي شىڭيۈەندىن توقسۇ ناھىيىلىك پوچتا ئىدارىسىنىڭ ۋاكالەتچىلىكىنى ئۆتكۈزۈۋالدى، شۇ يىلىنىڭ بېشىدا، كۇچا پوچتا ئىدارىسى توقسۇنىڭ پوچتا قاتنىشىنى 7 كۈندە بىر نۆۋەتلىك قىلىپ ئۆزگەرتتى، خەت ـ چەك ۋە ھۆكۈمەت ئالاقىلىرى كۆپلەپ بېسىلىپ قالغانلىقتىن، ئاممىنىڭ نارازىلىقى كۆپىيىپ كەتتى، توقسۇنىڭ ھاكىمى گو ۋېنخۋا ئۆزى خىراجەت تەييارلاپ پوچتاليونلارنىڭ ئىش ھەققى ۋە ئات بوغۇزى خىراجىتى ئۈچۈن قوشۇمچە ياردەم بېرىپ، 7 كۈندە بىر قاتنايدىغان پوچتىنى 3 كۈندە بىر قاتنايدىغان قىلدى ھەمدە كۇچا پوچتا ئىدارىسىنىڭ بۇ ئىشنى بىرلىكتە بېجىرىشىنى تەلەپ قىلدى.

## 2. پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 ـ يىل 7 ـ ئايدا ناھىيىلىك پوچتا تىجارەتى ئورنى قۇرۇلۇپ، روزى ئىسمىلىك بىر كىشى خىزمەتچىلىككە قوبۇل قىلىندى. ئۇنىڭ ئىش ھەققى توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بېرىلدى. 1952 ـ يىل 2 ـ ئايدا كۇچا پوچتا ئىدارىسى نىۋ يوڭشېڭنى تىجارەت ئورنىنىڭ مەسئۇللۇقىغا تەيىنلىدى.

1953 ـ يىل 7 ـ ئايدا پوچتا تىجارەتى ئورنى پوچتا تارماق ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، شۇ يىلى يېزىلارغا قاتنايدىغان 2 پوچتالىيون قوبۇل قىلىندى، بىر پارتىيىلىك كادىر قويۇلدى. يىل ئاخىرىغا بارغاندا، ئىدارە بويىچە خىزمەتچى خادىم 4كە يەتكۈزۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ بىر، خۇيزۇ بىر، ئۇيغۇر 2، بۇ تارماق ئىدارىغا نىۋ يوڭشېڭ مەسئۇل بولدى.

1955 ـ يىل 11 ـ ئايدا پوچتا تارماق ئىدارىسى پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنىڭغا بىر باشلىق، بىر مۇئاۋىن باشلىق، 16 ئىشچى، 3 كادىر، جەمئىي 19 كىشى سەپلەندى. 1969 ـ يىل 12 ـ ئايدا پوچتا بىلەن تېلېگراف ئايرىۋېتىلدى. تېلېگراف ئىدارىسى ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، 35 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بولدى؛ پوچتا ئىدارىسى يەرلىكنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا جاڭ كېجۇن باشلىق بولدى، 19 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بولدى.

1973 ـ يىل 10 ـ ئايدا پوچتا بىلەن تېلېگراف بىرلەشتۈرۈلۈپ، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىغا بىر باشلىق، 2 مۇئاۋىن باشلىق قويۇلدى، ئىدارە بويىچە ئىشچى ـ خىزمەتچى 72گە (يېزىلىق پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتلىرىنىڭ خادىملىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئىشچى ـ خىزمەتچى 41، ئايال 25، تېخنىكىلىق ئىشچى 18، ۋاقىتلىق ئىشچى 3؛ 1995 ـ يىلى بىر ئىدارە باشلىقى، 2 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قويۇلدى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 76گە يەتتى.

## 3. يېزىلىق پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتلىرى

1956 ـ يىلى پەيشەنبە بازار ۋە دايۇلتۇز پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتلىرى قۇرۇلدى. 1959 ـ يىل 7 ـ ئايدا تاشئېرىق پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتى قۇرۇلدى، پەيشەنبە بازار پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتى ئىچئېرىق پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1962 ـ يىلى شويۇلتۇز پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتى قۇرۇلدى. 1971 ـ يىلى توما (لوڭكۇ) پوچتا ـ تېلېگراف ۋەكالەتخانىسى قۇرۇلدى. 1994 ـ يىلى ساڭتام پوچتا ـ تېلېگراف ۋاكالەتخانىسى قۇرۇلدى. بۇ ۋاكالەتخانىلار 2 — 4كىچە خىزمەتچى بىلەن قۇرۇلغان. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە، دايۇلتۇز پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىدا 7 ئىشچى ـ خىزمەتچى، شويۇلتۇز پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىدا 4 ئىشچى ـ خىزمەتچى، تاشئېرىق پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىدا 4 ئىشچى ـ خىزمەتچى، ئىچئېرىق پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىدا 5 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولدى. توما ۋاكالەتخانىسىغا مەخسۇس خادىم قويۇلماي 2 ۋاكالەتچى قويۇلدى، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى تىجارەت كىرىمى ئىچىدىن نىسبەت بويىچە ئاجرىتىپ بېرىلدى.

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، دايۇلتۇز پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىدا 7 ئىشچى ـ خىزمەتچى (رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچى 5)، ئۆگەن (ئىلگىرىكى شويۇلتۇز) پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىدا 4 ئىشچى ـ خىزمەتچى، تاشئېرىق پوچتا ـ تېلېگراف پونكىتىدا 4 ئىشچى ـ خىزمەتچى (رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچى 3)، ئىچئېرىق

پوچتا - تېلېگراف پونكىتىدا 6 ئىشچى - خىزمەتچى (رەسمىي ئىشچى - خىزمەتچى بىر)، ئۆگەن دەرياسى تومىسى ۋاكالەتخانىسىدا 2 ۋاكالەتچى، ساڭتام ۋاكالەتخانىسىدا بىر ۋاكالەتچى بار بولدى.

## § 2 . پوچتا

### 1. پوچتا يولى

**1) غول لىنىيە** 1959 - يىلى 314 - دۆلەت يولى ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ، توقسۇ ناھىيىسىدىن ئۆتىدىغان بولغاندىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسى غول لىنىيىدىكى پوچتا يولىغا كىرگۈزۈلدى. 1959 - يىلدىن كېيىن، ھەر كۈنى بىر - ئىككى پوچتا ئاپتوموبىلى توقسۇ ناھىيىسىدىن ئۆتۈپ تۇرىدىغان بولدى. 1980 - يىلى ھەر كۈنى 2 پوچتا ئاپتوموبىلى ئۆتىدىغان بولدى. 1990 - يىلغا كەلگەندە، پوچتا ئاپتوموبىلىنىڭ غول لىنىيىدە قاتنايدىغان مۇساپىسى 44 كىلومېتىرغا يەتتى.

**2) تارماق لىنىيە** مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) توقسۇدىن كۇچاغا بارىدىغان پوچتا يولى ئېچىلدى، بۇ يول ئۇچتۇستەڭ ئارقىلىق كۇچاغا باراتتى، 3 كۈندە بىر قېتىم ئاتلىق پوچتىكەش قاتنايتتى، ئومۇمىي مۇساپە 51.8 كىلومېتىر ئىدى، تا 1958 - يىلغىچە شۇنداق بولدى. 1959 - يىلى غول لىنىيىدىكى پوچتا يولى بۇ يولنىڭ ئورنىنى ئالدى.

مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) توقسۇدىن شايارغىچە بولغان پوچتا يولى ئېچىلدى، 1949 - يىل 10 - ئايدا كۇچا پوچتا ئىدارىسى پوچتا قاتنىشىغا مەسئۇل بولدى. 1949 - يىلى 3 كۈندە بىر قېتىم ئاتلىق پوچتىكەش قاتنايتتى، ئومۇمىي مۇساپە 63.4 كىلومېتىر ئىدى. 1959 — 1965 - يىلغىچە توقسۇ ۋە شايار ناھىيىلىرى پوچتا يوللىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان بولدى، ئىككى تەرەپ پوچتا يوللانمىلىرىنى ئات ھارىسى ئارقىلىق بىرلا ۋاقىتتا يېڭى مەھەللىگە ئېلىپ كېلىپ ئالماشتۇراتتى، ھەپتىدە 3 قېتىم قاتنايتتى. بۇ يولدا 1966 — 1972 - يىلغىچە پوچتا يوللانمىلىرى ۋاكالەتەن توشۇلۇپ كەلدى، توقسۇ ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى يوللانمىلارنى يولۇچىلار ئاپتوبۇسىغا ھاۋالە قىلىپ ئەۋەتىدىغان بولدى. 1985 - يىلدىن كېيىن، پوچتا يولى شايار ناھىيىسى ئۆزى باشقۇرىدىغان يولغا ئۆزگەرتىلدى.

**3) ناھىيە، يېزا پوچتا يوللىرى** 1952 - يىلى يېزىلاردا يوللانمىلارنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدىغان 2دىن پوچتالىيون قويۇلدى. 1955 - يىلى ناھىيە بازىرىدىن تاشئېرىققا ۋە دايۇلتۇزغا بارىدىغان پوچتا يوللىرى ئېچىلدى، بۇ يوللارنىڭ مۇساپىسى 18 كىلومېتىر ئىدى. 1958 - يىلى ناھىيە بازىرىدىن ئېچىنبېرىق گۇڭشېسىغىچە 2 كىلومېتىر كېلىدىغان پوچتا يولى ئېچىلدى. 1962 - ۋە 1971 - يىللىرى ناھىيە بازىرىدىن شويۇلتۇز گۇڭشېسىغا بارىدىغان، ناھىيە بازىرىدىن ئۆگەن دەرياسى تومىسىغا بارىدىغان پوچتا يوللىرى ئېچىلدى. 1959 - يىلى غول پوچتا يولى ئېچىلغاندىن كېيىن، دايۇلتۇزغا يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان يوللانمىلار ئۆۋەتچى پوچتا ئاپتوموبىلى ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان، شويۇلتۇز ۋە ئۆگەن دەرياسى تومىسىغا ئۆۋەتچى ئاپتوموبىل ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان بولدى.

1956 - يىلى 4 يېزا - كەنت پوچتا يولى بارلىققا كەلگەنىدى. 1958 - يىلى بۇ يوللار كۆپىيىپ 6گە، 1965 - يىلى 11گە يەتتى، پوچتا يوللىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 386 كىلومېتىرغا يەتتى. 1995 - يىلى يېزا - كەنت پوچتا يولى 17گە، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 394 كىلومېتىرغا يەتتى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1988 - يىلدىكى پوچتا يوللىرى

جەدۋەل: 15 — 6

| باشلىنىش - ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | ئۆزى باشقۇرغانمۇ، ھاۋالە قىلغانمۇ | قاتنايدىغان ۋاقتى | مۇساپىسى (كىلومېتىر) | | يوللانمىلارنى توشۇش قورالى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى | تاق مۇساپىسى | | |
| ناھىيىلىك ئىدارە — تاشبېرىق يېزىلىق پوچتا - تېلېگراف پونكىتى | ئۆزى باشقۇرغان | كۈندە بىر قېتىم | 6 | 3 | ۋېلسىپىت | پوچتا يولى |
| ناھىيىلىك ئىدارە — ئۈچبېرىق يېزىلىق پوچتا - تېلېگراف پونكىتى | ئۆزى باشقۇرغان | كۈندە بىر قېتىم | 2 | 1 | ۋېلسىپىت | پوچتا يولى |
| ناھىيىلىك ئىدارە — پەيشەنبە بازار | ئۆزى باشقۇرغان | كۈندە بىر قېتىم | 24 | 12 | ۋېلسىپىت | پوچتالىيونلار يولى |
| پەيشەنبە بازار — پەيشەنبە بازار يېزىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى | ئۆزى باشقۇرغان | ھەپتىدە 3 قېتىم | 42 | 42 | ۋېلسىپىت | پوچتالىيونلار يولى |
| ئۈچبېرىق يېزىسى — ئازنا بازار كەنتى | ئۆزى باشقۇرغان | ھەپتىدە 3 قېتىم | 17 | 17 | ۋېلسىپىت | پوچتالىيونلار يولى |
| ئۈچبېرىق يېزىسى — چارشەنبە بازار كەنتى | ئۆزى باشقۇرغان | ھەپتىدە 3 قېتىم | 12 | 12 | ۋېلسىپىت | پوچتالىيونلار يولى |
| ئۈچبېرىق يېزىسى — سەيچىلىك مەيدانى كەنتى | ئۆزى باشقۇرغان | ھەپتىدە 3 قېتىم | 14 | 29 | ۋېلسىپىت | پوچتالىيونلار يولى |
| تاشبېرىق يېزىسى — يېڭىيەر كەنتى | ئۆزى باشقۇرغان | ھەپتىدە 3 قېتىم | 31 | 40 | ۋېلسىپىت | پوچتالىيونلار يولى |
| تاشبېرىق يېزىسى — يۇقارقى تۈگمەن كەنتى | ئۆزى باشقۇرغان | ھەپتىدە 3 قېتىم | 18 | 25 | ۋېلسىپىت | پوچتالىيونلار يولى |
| چولاقشەھەر كەنتى — يېڭىئېرىق | ئۆزى باشقۇرغان | ھەپتىدە 3 قېتىم | 16 | 16 | ۋېلسىپىت | پوچتالىيونلار يولى |
| شوبۇلتۇز — بوقا تېمى كەنتى | ئۆزى باشقۇرغان | ھەپتىدە 3 قېتىم | 13 | 13 | ۋېلسىپىت | پوچتالىيونلار يولى |
| شوبۇلتۇز — سۇ باشتى كەنتى | ئۆزى باشقۇرغان | ھەپتىدە 3 قېتىم | 29 | 41 | ۋېلسىپىت | پوچتالىيونلار يولى |
| دايۇلتۇز — تاغئېرىق كەنتى | ئۆزى باشقۇرغان | ھەپتىدە 3 قېتىم | 22 | 41 | ۋېلسىپىت | پوچتالىيونلار يولى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| دايۇلتۇز — كونا دېھقانچىلىق مەيدانى | ئۆزى باشقۇرغان | ھەپتىدە 3 قېتىم | 19 | 36 | ۋېلسىپىت | پوچتالىيونلار يولى |
| دايۇلتۇز — سۇپا دۆلەت كەنتى | ئۆزى باشقۇرغان | ھەپتىدە 3 قېتىم | 16 | 25 | ۋېلسىپىت | پوچتالىيونلار يولى |
| دايۇلتۇز — سەيپۇتتىپەرلىك كەنتى | ئۆزى باشقۇرغان | ھەپتىدە بىر قېتىم | 22 | 42 | ۋېلسىپىت | پوچتالىيونلار يولى |
| ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى — بازارلىق ھۆكۈمەت | ئۆزى باشقۇرغان | ھەر كۈنى بىر قېتىم | 4 | 2 | ۋېلسىپىت | پوچتالىيونلار يولى |
| جەمئىي | | | 299 | 394 | | |

## 2. يوللانما توشۇش قوراللىرى

مىنگو دەۋرىدە، پوچتا يوللانمىلىرىنى كۆچا پوچتا ئىدارىسىنىڭ پوچتالىيونلىرى ئاتلىق توشۇيتتى. ناھىيە بازىرى ئىچىدە يوللانمىلارنى ھەرقايسى ئورۇنلار پوچتا ۋاكالەتخانىسىدىن ئۆزلىرى ئېلىۋالاتتى ياكى ۋاكالەتخانا تونۇش كىشىلەر ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرەتتى؛ يېزا - كەنتلەرگە ئەۋەتىپ بېرىلىدىغان يوللانمىلارنى ۋاكالەتخانا جايلاردىكى تونۇش كىشىلەر ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرەتتى.

1951 - يىلى پوچتا تىجارەت ئورنى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، بىر پوچتالىيون ۋە بىر ئات بار ئىدى، يېزا - كەنتلەرگە ئەۋەتىلىدىغانلىكى يوللانمىلارنى پوچتالىيون ئاتلىق يەتكۈزۈپ بېرەتتى.

1957 - يىلى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى بىر ۋېلسىپىت، 8 ئات تەييارلىدى. 1959 - يىلى 314 - دۆلەت يولى ئۆزگەرتىپ ياسىلىپ، توقسۇدىن ئۆتىدىغان بولغاندىن كېيىن، ناھىيە بازىرى ۋە غول تاشيول لىنىيىسىگە جايلاشقان 3 گۇڭشېنىڭ يوللانمىلىرى پۇتۇنلەي پوچتا ئاپتوموبىلى ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان بولدى.

1960 - يىلدىن كېيىن، ناھىيە تەۋەسىدىكى پوچتالىيونلۇق ئىشلىرىدا ۋېلسىپىت يىلمۇ يىل كۆپىيىپ، ئات يىلمۇ يىل ئازايدى، 1974 - يىلغا كەلگەندە ئات ئىشلىتىش پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1995 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە پوچتالىيونلۇق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ۋېلسىپىت 10غا يەتتى.

## 3. پوچتا كەسپى

1) خەت - چەك . مىنگونىڭ 14 - يىلى (1925 - يىلى) توقسۇ پوچتا ۋاكالەتخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پوچتىدىن خەت - چەك يوللاش كەسپىنى بېجىرىش باشلاندى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) شېڭ شىسەي يوللانمىلارنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى ئېچىپ تەكشۈرۈلگەن خەت - چەك 2096 پارچىگە يەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، خەت - چەكلەردىن مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ھەق ئېلىش ئۆلچىمى يولغا قويۇلدى. 1957 - يىل 9 - ئايدىن باشلاپ، ھەربىي يوللانمىلار يەرلىك پوچتا تارماقلىرىنىڭ توشۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1960 ـ يىلى ئالاھىدە زاكاز خەت ـ چەكلەرنى قوبۇل قىلىش كەسپى بېجىرىلىشكە باشلىدى. 1963 ـ يىلى 8 ـ ئايدا خەت ـ چەكلەرنىڭ ئىچىگە پۇل سېلىپ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىش كەسپىنى بېجىرىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1966 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن باشلاپ، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، «رەئىس ماۋزېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە»، «رەئىس ماۋزېدۇڭ شېئىرلىرى» ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرەتلىرىنى زاكاز يوللانما قىلىپ ھەقسىز تېز يەتكۈزۈش يولغا قويۇلغانىدى، بۇ كەسىپ 1967 ـ يىلى 12 ـ ئايدا توختىتىلدى.

خەت ـ چەك كەسپى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كەسىپ مىقدارى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ باردى. 1956 ـ يىلى يوللانغان خەت ـ چەك 14 مىڭ 414 پارچىگە يەتتى، 1970 ـ يىلى 100 مىڭ 800 پارچىگە، 1987 ـ يىلى 150 مىڭ 360 پارچىگە يەتتى. 1995 ـ يىلى يوللانغان خەت ـ چەك 205 مىڭ 853 پارچىگە، قوبۇل قىلىنغان خەت ـ چەك 392 مىڭ 196 پارچىگە يەتتى، خەت ـ چەك تىجارەت كىرىمى 47 مىڭ 611 يۈەنگە يەتتى؛ بۇنىڭدىن باشقا، ئىسپات بېرىلىدىغان خەت ـ چەكتىن 8855ى يوللاندى، 5804 پارچە خەت ـ چەك قوبۇل قىلىندى.

2) خالتا    مىنگونىڭ 14 ـ يىلى (1925 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسى دائىرىسىدە ئەۋەتىلىدىغان خالتىلارنى قوبۇل قىلىپ يوللاش كەسپى يولغا قويۇلدى. مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتىلىدىغان خالتىلار قوبۇل قىلىنىدىغان بولدى. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) سىرتقا يوللانغان خالتىلاردىن 413 ى ئېچىپ تەكشۈرۈلدى. 1952 ـ يىلدىن كېيىن، قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان خالتا، ئايروپىلاندا توشۇلىدىغان خالتا، تېز يەتكۈزۈلىدىغان كىچىك خالتا قاتارلىقلارنى توشۇش كەسپلىرى كەينى ـ كەينىدىن يولغا قويۇلدى. 1966 ـ يىلى خالتىلارنىڭ ۋاقتىدا ئېلىۋېلىنمىغانلىرىدىن ساقلاپ بېرىش ھەققى ئېلىش تۈزۈمى بىكار قىلىندى. 1969 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ، خالتا ۋە تېز يەتكۈزۈلىدىغان كىچىك خالتىلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېسابلاش بىرلىكى ئەسلىدىكى 500 گرامدىن 100 گرامغا چۈشۈرۈلدى. 1979 ـ يىلى 7 ـ ئايدا دۆلەت ئىچىدە ئەۋەتىلگەن خالتىلارنىڭ ۋاقتىدا ئېلىۋېلىنمىغانلىرىدىن ساقلاپ بېرىش ھەققى ئېلىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1980 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خالتا ئايرىپ بېرىش ھەققى ئېلىش يولغا قويۇلدى. 1956 ـ يىلى 808 خالتا، 1966 ـ يىلى 3304 خالتا، 1985 ـ يىلى 4157 خالتا، 1995 ـ يىلى 3765 خالتا ئەۋەتىلدى، 2766 خالتا قوبۇل قىلىندى، تىجارەت كىرىمى 73 مىڭ 157 يۈەنگە يەتتى.

3) پېرېۋوت قىلىش    مىنگونىڭ 14 ـ يىلى (1925 ـ يىلى) ئۆلكە دائىرىسىدە پېرېۋوت قىلىش كەسپى بېجىرىلىشكە باشلىدى. مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) ئىچكى ئۆلكىلەرگە پېرېۋوت قىلىش كەسپى بېجىرىلىشكە باشلىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1956 ـ يىلدىن باشلاپ تېلېگرامما ئارقىلىق پېرېۋوت قىلىش كەسپى بېجىرىلىشكە باشلىدى. 1969 ـ يىلى پۇل ئەۋەتكۈچىگە ئۇچۇر چېكى ئەۋەتىپ بېرىش كەسپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1980 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن باشلاپ، قىممىتىگە قاراپ ۋاكالىتەن ھەق ئېلىش كەسپى يولغا قويۇلدى، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ھەربىر پېرېۋوت چېكىگە 300 يۈەندىن نورما بېكىتىش بەلگىلىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، نورمىسى 5000 يۈەنگە يەتكۈزۈلدى. 1981 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەملىكەت ئىچىدىكى پوچتا پېرېۋوتىغا ئۇچۇر چېكى بېرىش كەسپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1956 ـ يىلى ئەۋەتىلگەن پېرېۋوت چېكى 1414 پارچىگە، 1966 ـ يىلى 7613 پارچىگە، 1988 ـ يىلى 9196 پارچىگە يەتتى. 1995 ـ يىلى ئەۋەتىلگەن پېرېۋوت چېكى 13 مىڭ 958 پارچىگە، قوبۇل قىلىنغان پېرېۋوت چېكى 2875 پارچىگە، تىجارەت كىرىمى 83 مىڭ 937 يۈەنگە يەتتى.

4) گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش    توقسۇ ناھىيىسىدە پوچتا ئارقىلىق گېزىت ـ ژۇرنال تارقىتىش مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) يازدا باشلاندى. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى)

تارقىتىلغان گېزىتلەردىن 1578 نۇسخا گېزىت ئىچىپ تەكشۈرۈلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى پوچتىدىن سېلىش بىلەن تارقىتىش بىرلەشتۈرۈلدى. 1951 - يىلى ژۇرناللارمۇ پوچتا تارماقلىرىنىڭ بېجىرىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ژۇرناللارنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئازىيىپ كەتتى. 1978 - يىلدىن كېيىن تەدرىجىي كۆپىيىشكە باشلىدى. 1957 - يىلى 153 مىڭ 976 پارچە گېزىت، 8832 نۇسخا ژۇرنال تارقىتىلدى. 1971 - يىلى 566 مىڭ 700 پارچە گېزىت، 711 نۇسخا ژۇرنال تارقىتىلدى، 1983 - يىلى 1 مىليون 550 مىڭ 495 پارچە گېزىت، 79 مىڭ 371 نۇسخا ژۇرنال تارقىتىلدى، 1995 - يىلى 733 مىڭ 951 پارچە گېزىت، 92 مىڭ 634 نۇسخا ژۇرنال تارقىتىلدى.

5) **مەخپىي ئالاقە** 1957 - يىلدىن ئىلگىرى، توقسۇ ناھىيىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرى كۇچا ھەربىي پوچتا پونكىتى تەرىپىدىن يەتكۈزۈلەتتى. 1957 - يىلى مەخپىي ھۆججەتلەر بىلەن ئادەتتىكى خەت - چەكلەرنى ئايرىپ سېلىش يولغا قويۇلدى، مەخپىي ئالاقە كەسپىنى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن مەخسۇس خادىم مەسئۇل بولۇپ بېجىرىدىغان بولدى، شۇ يىلى ئەۋەتىلگەن مەخپىي ھۆججەت 982 پارچىگە، 1966 - يىلى ئەۋەتىلگەن مەخپىي ھۆججەت 1907 نۇسخىغا يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، مەخپىي ھۆججەتلەرنىڭ سانى ئازايدى، 1968 - يىلى ئازىيىپ 350 نۇسخىغا چۈشۈپ قالدى. 1988 - يىلى ئەۋەتىلگەن مەخپىي ھۆججەت 287 نۇسخىغا يەتتى. 1995 - يىلى ئەۋەتىلگەن مەخپىي ھۆججەت 310 نۇسخىغا، قوبۇل قىلىنغان مەخپىي ھۆججەت 1350 نۇسخىغا يەتتى.

**توقسۇ ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ 1956 — 1995 - يىلغىچە ئارىلىقتىكى ئاساسىي ئەھۋالى**

جەدۋەل: 15 — 7

| تۈرى / يىللار | پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى (پونكىتى) | ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى | ناھىيەدىكى ئومۇمىي كەنت | تېلېفون ئورنىتىلغان كەنت | پوچتا قاتنايدىغان كەنت | كەسپىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | كەسپىي كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | پوچتا يوللار يولى (كىلومېتىر) | شەھەر تېلېفون سىم يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) | يېزا تېلېفونى كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى (توچكا) | سىم يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (كىلومېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 3 | 28 | | 2 | 28 | | | | | | |
| 1957 | 3 | | | | | | | | | | |
| 1958 | 3 | | | | | | 1.7 | | | | |
| 1959 | 4 | | | | | | | | | | |
| 1960 | 4 | | | | | 5.18 | | | | | |
| 1961 | 4 | 42 | | 4 | 42 | 5.42 | 4.35 | | | | |
| 1962 | 5 | | | | | 2.09 | | | | | |
| 1963 | 5 | | | | | 4.49 | 3.10 | | | | |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 4.47 | | | | | 5 | 1964 |
| | | | | 4.08 | 4.42 | | | 93 | 35 | 5 | 1965 |
| 274 | 190 | 55 | 587 | 4.51 | 6.45 | 26 | 62 | 93 | 26 | 5 | 1966 |
| 274 | 190 | 55 | 587 | 4.30 | 5.93 | 30 | 62 | 93 | 30 | 5 | 1967 |
| 274 | 190 | 55 | 545 | 3.87 | 5.85 | 32 | 63 | 93 | 32 | 5 | 1968 |
| 274 | 190 | 61 | 545 | 3.69 | 5.77 | 32 | 63 | 93 | 32 | 5 | 1969 |
| 274 | 190 | 61 | 542 | 4.18 | 5.93 | 42 | 63 | 93 | 42 | 6 | 1970 |
| 274 | 200 | 69 | 425 | 4.75 | 5.98 | 42 | 85 | 91 | 42 | 7 | 1971 |
| 274 | 200 | 79.5 | 425 | 4.81 | 5.95 | 56 | 91 | 91 | 56 | 7 | 1972 |
| 368 | 200 | 80 | 417 | 5.30 | 6.98 | 52 | 90 | 90 | 52 | 7 | 1973 |
| 345 | 210 | 91 | 417 | 5.10 | 7.34 | 52 | 92 | 93 | 52 | 6 | 1974 |
| 340 | 220 | 91 | 419 | 5.71 | 7.71 | 47 | 87 | 91 | 47 | 6 | 1975 |
| 352 | 200 | 93 | 352 | 5.88 | 8.35 | 45 | 87 | 91 | 45 | 6 | 1976 |
| 352 | 230 | 99 | 375 | 5.84 | 8.76 | 51 | 90 | 103 | 51 | 6 | 1977 |
| 266 | 230 | 102 | 369 | 6.73 | 9.33 | 52 | 82 | 103 | 52 | 6 | 1978 |
| 275 | 230 | 102 | 405 | 7.07 | 9.60 | 51 | 82 | 105 | 51 | 6 | 1979 |
| 273 | 300 | 105 | 411 | 9.35 | 10.32 | 54 | 82 | 105 | 54 | 6 | 1980 |
| 276 | 350 | 105 | 411 | 9.54 | 10.99 | 59 | 82 | 105 | 59 | 6 | 1981 |
| 276 | 350 | 105 | 398 | 10.62 | 10.87 | 57 | 86 | 107 | 57 | 6 | 1982 |
| 326 | 350 | 105 | 398 | 12.85 | 12.66 | 63 | 86 | 106 | 63 | 6 | 1983 |
| 333 | 320 | 105 | 398 | 16.17 | 13.44 | 63 | 93 | 108 | 63 | 6 | 1984 |
| 300 | 350 | 108 | 394 | 15.61 | 14.31 | 63 | 93 | 109 | 63 | 6 | 1985 |
| 318 | 330 | 108 | 394 | 16.64 | 14.49 | 65 | 93 | 109 | 65 | 6 | 1986 |
| 318 | 330 | 108 | 394 | 24.72 | 16.23 | 62 | 93 | 109 | 62 | 6 | 1987 |
| 322 | 400 | 102 | 394 | 29.68 | 19.21 | 62 | 93 | 109 | 62 | 6 | 1988 |
| 319 | 410 | 98 | 394 | 27 | 20.26 | 62 | 93 | 109 | 62 | 6 | 1989 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1990 | 6 | 61 | 109 | 93 | 61 | 44.31 | 34.09 | 394 | 98 | 410 | 319 |
| 1991 | 6 | 67 | 109 | 93 | 58 | 49 | 51.83 | 394 | 98 | 410 | 319 |
| 1992 | 6 | 71 | 109 | 93 | | 58.07 | 60.94 | 394 | 98 | 500 | 319 |
| 1993 | 6 | 72 | 109 | 93 | | 74.07 | 74.36 | 394 | 98 | 500 | 319 |
| 1994 | 7 | 77 | 110 | 93 | 106 | 88.1 | 106.2 | 394 | 98 | 500 | 319 |
| 1995 | 7 | 76 | 110 | 93 | 106 | 135.1 | 261.2 | 394 | 98 | 500 | 319 |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1956 — 1995 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پوچتا كەسپىگە دائىر مەلۇمات (1)

جەدۋەل: 15 — 8

| تۈرى / يىللار | ئادەتتىكى خەت ـ چەك | | | ئىسپات بېرىلىدىغان خەت ـ چەك | | | مەخپىي ھۆججەت | | | گېزىت | | ژۇرنال | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | قوبۇل قىلىنغىنى (پارچە) | ئەۋەتىلگىنى (پارچە) | تىجارەت كىرىمى (يۈەن) | قوبۇل قىلىنغىنى (پارچە) | ئەۋەتىلگىنى (پارچە) | تىجارەت كىرىمى (يۈەن) | قوبۇل قىلىنغىنى (پارچە) | ئەۋەتىلگىنى (پارچە) | تىجارەت كىرىمى (يۈەن) | قوبۇل قىلىنغىنى (نۇسخا) | تىجارەت كىرىمى (يۈەن) | قوبۇل قىلىنغىنى (نۇسخا) | تىجارەت كىرىمى (يۈەن) |
| 1956 | | 14414 | 1193 | | | | | | | 83134 | | | |
| 1957 | | 27417 | 2286 | | | | | 892 | | 153976 | | 8832 | |
| 1958 | | 22181 | 1859 | | | | | 1130 | | 101988 | | | |
| 1959 | | 31552 | 2404 | | | | | 877 | | 321812 | | 16482 | |
| 1960 | | 54761 | 4670 | | | | | 963 | | 363812 | | 22148 | |
| 1961 | | 70141 | 6025 | | | | | 735 | | 248035 | | 9193 | |
| 1962 | | 66696 | 5663 | | | | | 995 | | 172813 | | 7343 | |
| 1963 | | 47555 | 4061 | | | | | 1019 | | 143495 | | 17291 | |
| 1964 | | 54796 | 4457 | | | | | 1204 | | 294779 | | 18919 | |
| 1965 | | 68854 | 5525 | | | | | 1134 | | 265726 | | 14172 | |
| 1966 | | 111860 | 9702 | | | | | 1907 | 711 | 434171 | | 16376 | 4020 |
| 1967 | | 94338 | 9153 | | | | | 401 | 127 | 474792 | | 5304 | 3016 |
| 1968 | | 98390 | 8856 | | | | | 350 | 315 | 641460 | | 2556 | 4723 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 3064 | 1050 | | 630210 | 656 | 680 | | | | | 9323 | 96380 | | 1969 |
| 3856 | 705 | | 566120 | | 540 | | | | | 8514 | 100800 | | 1970 |
| 4707 | 711 | | 566700 | | 755 | | | | | 8070 | 100100 | | 1971 |
| 4531 | 780 | | 554900 | 88 | 640 | | | | | 8411 | 100890 | | 1972 |
| 4350 | 11442 | | 733577 | 104 | 315 | | | | | 8106 | 89197 | | 1973 |
| 5249 | 15538 | | 748399 | 89 | 278 | | | | | 7476 | 81389 | | 1974 |
| 5647 | 18195 | | 804984 | 132 | 305 | | | | | 7429 | 86314 | | 1975 |
| 5834 | 18892 | | 861023 | 56 | 201 | | | | | 7093 | 79244 | | 1976 |
| 5556 | 20569 | | 844071 | 77 | 185 | | | | | 7426 | 91492 | | 1977 |
| 5861 | 19755 | | 795941 | 111 | 256 | | | | | 8583 | 110105 | | 1978 |
| 6322 | 28863 | | 823417 | 181 | 329 | | | | | 8638 | 91109 | | 1979 |
| 7992 | 35568 | | 834975 | 220 | 356 | | | | | 8857 | 100865 | | 1980 |
| 7048 | 33624 | | 81219 | 340 | 425 | | | | | 8924 | 72794 | | 1981 |
| 8495 | 62349 | | 948474 | 236 | 476 | | | | | 8900 | 89715 | | 1982 |
| 10410 | 79371 | | 1550495 | 196 | 416 | | | | | 8066 | 113217 | | 1983 |
| 11012 | 103370 | 6042 | 1078587 | 172 | 357 | 1405 | | 17214 | 19392 | 9966 | 109404 | 212336 | 1984 |
| 57766 | 80537 | 9239 | 1062498 | 263 | 378 | 2605 | | 18142 | 16234 | 10124 | 109944 | 188051 | 1985 |
| 7638 | 80320 | 7701 | 931311 | 174 | 382 | 1599 | | 15925 | 11962 | 12077 | 124034 | 198745 | 1986 |
| 8188 | 84445 | 7149 | 909884 | 213 | 435 | 1513 | | 19591 | 16095 | 13238 | 150360 | 152001 | 1987 |
| 8800 | 84224 | 13354 | 933694 | 245 | 287 | 1216 | | 27470 | 16768 | 15407 | 133393 | 195602 | 1988 |
| 6997 | 70477 | 9312 | 599480 | 228 | 360 | 1392 | | 20966 | 15629 | 14454 | 115759 | 146254 | 1989 |
| 10096 | 73309 | 11863 | 684871 | 391 | 407 | 1427 | | 12789 | 16704 | 15357 | 116209 | 171058 | 1990 |
| 10965 | 86537 | 14634 | 673369 | 443 | 368 | 1206 | | 12257 | 11727 | 29681 | 166798 | 241770 | 1991 |
| 28199 | 92542 | 30441 | 771868 | 800 | 366 | 1312 | | | 8722 | 37695 | 252129 | 611108 | 1992 |
| 31474 | 103963 | 21506 | 835703 | 600 | 352 | 1341 | 426 | 9083 | 8721 | 63370 | 399777 | 637442 | 1993 |
| 7492 | 97543 | 47351 | 682187 | 255 | 313 | 1388 | 885 | 9665 | 6626 | 341933 | 378631 | 662859 | 1994 |
| 2884 | 92634 | 24740 | 733951 | 558 | 310 | 1350 | | 8855 | 5804 | 47611 | 205853 | 392196 | 1995 |

ئىزاھات: 1966 — 1983 ـ يىللىرى بولغان گېزىت ۋە ژۇرناللارنى تارقىتىش تىجارەت كىرىمى قوشۇپ ھېسابلاندى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1956 — 1995 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پوچتا كەسپىگە دائىر مەلۇمات (2)

جەدۋەل: 15 — 9

| تۈرى / يىللار | پىربۇوت چېكى | | | خالتا | | | پوچتا ئارقىلىق تېز يەتكۈزۈلىدىغان خەت | | | پوچتا خەلق پۇل ئامانەت قىلىش يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | قوبۇل قىلىنغىنى (پارچە) | ئەۋەتىلگىنى (پارچە) | تىجارەت كىرىمى (يۈەن) | قوبۇل قىلىنغىنى (دانە) | ئەۋەتىلگىنى (پارچە) | تىجارەت كىرىمى (يۈەن) | قوبۇل قىلىنغىنى (پارچە) | ئەۋەتىلگىنى (پارچە) | تىجارەت كىرىمى (يۈەن) | |
| 1956 | | 1414 | 3986 | | 808 | 2157 | | | | |
| 1957 | | 2043 | 5805 | | 1282 | 3423 | | | | |
| 1958 | | 2069 | 5700 | | 1042 | 2782 | | | | |
| 1959 | | 1947 | 5419 | | 1924 | 5137 | | | | |
| 1960 | | 2210 | 6392 | | 3565 | 9519 | | | | |
| 1961 | | 3593 | 3281 | | 4543 | 11893 | | | | |
| 1962 | | 2429 | 1744 | | 3423 | 9139 | | | | |
| 1963 | | 2217 | 6365 | | 2027 | 5412 | | | | |
| 1964 | | 2936 | 8202 | | 2165 | 5781 | | | | |
| 1965 | | 4472 | 10611 | | 2985 | 7970 | | | | |
| 1966 | | 7613 | 1533 | | 3304 | 3727 | | | | |
| 1967 | | 6518 | 1768 | | 2378 | 3092 | | | | |
| 1968 | | 4990 | 1641 | | 2256 | 3493 | | | | |
| 1969 | | 5380 | 1921 | | 2020 | 4719 | | | | |
| 1970 | | 5000 | 1617 | | 2500 | 4581 | | | | |
| 1971 | | 5007 | 1412 | | 2650 | 4869 | | | | |
| 1972 | | 5104 | 1758 | | 2500 | 5443 | | | | |
| 1973 | | 5310 | 2171 | | 4663 | 6687 | | | | |
| 1974 | | 5300 | 2534 | | 4423 | 6042 | | | | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 6049 | 4325 | | 2704 | 5562 | | 1975 |
| | | | | 5973 | 4393 | | 2412 | 5555 | | 1976 |
| | | | | 6048 | 4435 | | 2719 | 6252 | | 1977 |
| | | | | 6411 | 4803 | | 3412 | 6946 | | 1978 |
| | | | | 5808 | 4404 | | 3432 | 5795 | | 1979 |
| | | | | 7663 | 4914 | | 11129 | 7907 | | 1980 |
| | | | | 6342 | 3942 | | 9851 | 6726 | | 1981 |
| | | | | 6745 | 3529 | | 20754 | 7211 | | 1982 |
| | | | | 9859 | 4126 | | 29921 | 7169 | | 1983 |
| | | | | 3754 | 3754 | | 45180 | 8030 | 2434 | 1984 |
| | | | | 11116 | 4157 | | 23478 | 8185 | 2530 | 1985 |
| | | | | 23670 | 3484 | 4002 | 18699 | 8758 | 3288 | 1986 |
| 131000 | | | | 76944 | 5971 | 2948 | 13348 | 7912 | 3010 | 1987 |
| 282829 | | | 92 | 61845 | 4982 | 3011 | 13353 | 9196 | 3315 | 1988 |
| 220568 | 3095 | 6119 | 8193 | 18326 | 4205 | 2871 | 14371 | 8634 | 2852 | 1989 |
| 430503 | 8308 | 10550 | 13500 | 50150 | 5528 | 3294 | 19415 | 8686 | 2938 | 1990 |
| 1224003 | 10148 | 12685 | 13839 | 127513 | 6868 | 2077 | 29141 | 10175 | 2636 | 1991 |
| 2192679 | 17683 | 19648 | 18818 | 14919 | 2281 | 2196 | 20680 | 12754 | 2616 | 1992 |
| 2055514 | 24637 | 27074 | 20557 | 33717 | 2901 | 2292 | 43412 | 14747 | 3049 | 1993 |
| 3986253 | 21640 | 23252 | 20905 | 40655 | 2823 | 2439 | 38963 | 12974 | 2909 | 1994 |
| 4470711 | 25729 | 25004 | 21966 | 73157 | 3765 | 2766 | 83937 | 13958 | 2875 | 1995 |

## 3 § . تېلېگراف

### 1. تېلېگراما

1956 ـ يىلى 15 ۋاتلىق بىر راتسىيە قۇراشتۇرۇلدى، ئۇنىڭغا قول بىلەن ئايلاندۇرۇلىدىغان گېنېراتور

ئارقىلىق توك بېرىلەتتى، پەقەت ئاقسۇغا بارىدىغان بىرلا تېلېگرامما يولى بار ئىدى. 1963 - يىلى راتسىيە 2گە يەتتى. 1965 - يىلى راتسىيە سىملىق تېلېگرامما قوبۇللاش - تارقىتىش ئاپپاراتىغا ئۆزگەرتىلىپ، كۇچاغا بارىدىغان بىر تېلېگرامما يولى بارلىققا كەلدى. 1981 - يىلى ئاقسۇغا بارىدىغان بىۋاسىتە تېلېگرامما يولى ئېچىلىپ، كۇچا ئارقىلىق يوللاش كەسپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1984 - يىلى 4 يوللۇق يۈكلىمە دولقۇنلۇق تېلېگرامما ئاپپاراتىدىن بىرى كۆپەيتىلدى. 1985 - يىلى يەنە بىرى كۆپەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 55 تىپلىق فوتو تېلېگراف ئاپپاراتىدىن 2سى، 15 ۋاتلىق قىسقا دولقۇنلۇق ئالاقىلىشىش ئاپپاراتىدىن 3ى قۇراشتۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، تېلېگراف كەسپىدىكى تۈرلۈك مۇۋاپىق قوشۇمچە ھەق ئېلىش تۈرلىرى ۋە مۇلازىمەت ھەقلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى. 1979 - يىلى تېلېگراممىنى تەرجىمە قىلىش ھەققى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1956 - يىلى تېلېگرامما كەسپى بويىچە يوللىنىش مىقدارى 1692 نۇسخىغا يەتتى. 1972 - يىلى 3850 نۇسخىغا يەتتى، 1988 - يىلى كۆپىيىپ 13 مىڭ 116 نۇسخىغا يەتتى. 1993 - يىلى قوبۇل قىلىنغان تېلېگرامما 13 مىڭ 93 نۇسخىغا، يوللانغان تېلېگرامما 21 مىڭ 682 نۇسخىغا، يىللىق تىجارەت كىرىمى 87 مىڭ 22 يۈەنگە يەتتى. 1995 - يىلى يوللانغان تېلېگرامما 17 مىڭ 717 نۇسخىغا، قوبۇل قىلىنغان تېلېگرامما 10 مىڭ 42 نۇسخىغا يەتتى.

1983 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ئورگاندا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان فاكسىملىق ئاپپاراتتىن بىرنى ئورناتتى.

## 2. تېلېفون

1) شەھەر تېلېفونى 1955 - يىلدىن باشلاپ 50 توچكىلىق ماگنىتلىق كوممۇتاتور قۇراشتۇرۇلدى، بازار رايونىدا تېلېفون سىمى تارتىلدى، 12 ئابونت بارلىققا كەلدى، 1965 - يىلى ئابونت كۆپىيىپ 70كە يەتتى. 1984 - يىلى ماگنىتلىق كوممۇتاتور كېڭەيتىلىپ 100 توچكىغا يەتكۈزۈلدى. 1988 - يىلى بازار رايونىدىكى تېلېفون ئابونتى 199غا يەتتى. 1992 - يىل 5 - ئايدا 640 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ 500 توچكىلىق ئاپتوماتىك تېلېفون ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى، شۇ يىلى يېڭىدىن 193 تېلېفون قوشۇلدى، 1993 - يىلى تېلېفون ئابونتى 448گە يەتتى. تېلېفون كابېلى 12 كىلومېتىرغا، غول تېلېفون لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 11 كىلومېتىرغا، بازار تېلېفون كوممۇتاتور سىم يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 98 كىلومېتىرغا يەتتى.

1983 - يىلدىن باشلاپ، ناھىيە بازىرىدا شەخسلەر تېلېفون ئورنىتىشقا باشلىدى، 1993 - يىلغا كەلگەندە، شەخسلەر ئورناتقان تېلېفون 37گە يەتتى.

2) يېزا تېلېفونى يېزىلارغا تېلېفون ئورنىتىش 1957 - يىلدىن باشلانغان بولۇپ، شۇ يىلى ناھىيە بازىرىدىن ئىچكىرىق ۋە پەيشەنبە بازارلارغا يېزا تېلېفون سىمى تارتىلدى. 1958 - يىلى جەمئىي 4 رايون، 3 يېزىغا يېزا تېلېفون سىمى تارتىلدى، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 150 كىلومېتىر ئىدى. 1961 - يىلى 62.5 كىلومېتىر يېزا تېلېفون سىمى تارتىلدى. 1963 - يىلى يېزا تېلېفونى كوممۇتاتورىنىڭ سىغىمچانلىقى 110 توچكىغا يېتىپ، 65 يېزا تېلېفونى ئورنىتىلدى. 1981 - يىلى ناھىيە بازىرىدىن پەيشەنبە بازار گۇڭشېسىغىچە 12 كىلومېتىر كېلىدىغان يېزا تېلېفون سىمى تارتىلدى. 1988 - يىلى 5 كىلومېتىر سىم تارتىلدى. 1988 - يىلى يېزا تېلېفونى كوممۇتاتورى 4كە، ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 200 توچكىغا يەتتى،

يېزا تېلېفونى 186گە يەتتى، ناھىيىدىكى 108 كەنتنىڭ 93ىدە تېلېفون بار بولدى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە يېزا تېلېفون يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 319 كىلومېتىرغا، يالىڭاچ سىمنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 483 كىلومېتىرغا، تېلېفون كابېلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5.5 كىلومېتىرغا، يېزا تېلېفون يولىنىڭ يەككە مۇساپىسى 394 كىلومېتىرغا، يېزا تېلېفونى 181گە يەتتى. يېزا تېلېفونى بويىچە تىجارەت كىرىمى 1993 - يىلى 30 مىڭ 666 يۈەنگە، 1995 - يىلى 304 مىڭ 589 يۈەنگە يەتتى.

**3) ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون** 1957 - يىلى توقسۇدىن ئاقسۇغىچە بولغان سىملىق ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولىغا قويۇلدى. 1958 - يىلى كۇچاغىچە بولغان تېلېفون يولى ئېچىلدى. 1979 - يىل 7 - ئايدا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئالغۇچىنى چاقىرىپ قويۇش كەسپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1978 - يىلى 3 يوللۇق يۇقىرى دولقۇنلۇق تېلېفون ئۇلاش ئاپپاراتىدىن بىرى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلدى، 1986 - يىلى يەنە بىرى قوشۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون مۇئەسسەسەلىرى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى. 1988 - يىلى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون يولى جەمئىي 10 غا يەتتى.

بېرىلگەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون 1957 - يىلى 124 قېتىمغا، 1958 - يىلى 1434 قېتىمغا، 1979 - يىلى 11 مىڭ 849 قېتىمغا، 1987 - يىلى 21 مىڭ 110 قېتىمغا يەتتى. 1993 - يىلى قوبۇل قىلىنغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون 29 مىڭ 921 قېتىمغا، بېرىلگەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون 40 مىڭ 584 قېتىمغا يەتتى، يىللىق تىجارەت كىرىمى 204 مىڭ 441 يۈەنگە يەتتى. 1995 - يىلى قوبۇل قىلىنغان ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون 61 مىڭ 161 قېتىمغا، بېرىلگەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون 172 مىڭ 768 قېتىمغا، يىللىق تىجارەت كىرىمى 427 مىڭ 320 يۈەنگە يەتتى.

**توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1956 — 1995 - يىلغىچە بولغان تېلېگراف كەسپى ئەھۋالى**

جەدۋەل: 15 — 10

| تۈرى / يىللار | تېلېگramma | | | ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون | | | شەھەر تېلېفونى | | | يېزا تېلېفونى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | قوبۇل قىلىنغىنى (پارچە) | بېرىلگىنى (پارچە) | تىجارەت كىرىمى (يۈەن) | قوبۇل قىلىنغىنى (قېتىم) | بېرىلگىنى (قېتىم) | تىجارەت كىرىمى (يۈەن) | سانى (دانە): جەمئىي | سانى (دانە): بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىيلەرنىڭ | شەھەر تېلېفونى كىرىمى (يۈەن) | سانى (دانە) | تېلېفون بېرىش قېتىم سانى (قېتىم) | تىجارەت كىرىمى (يۈەن) |
| 1956 | | 1692 | 2279 | | | | | | | | | |
| 1957 | | 1397 | 1948 | | 124 | 97 | | | | | | |
| 1958 | | 1555 | 2306 | | 1434 | 1251 | | | | | | |
| 1959 | | 2840 | 3715 | | 3785 | 3344 | 30 | | 3836 | 41 | | |
| 1960 | | 4234 | 6681 | | 3827 | 3829 | 51 | | 6823 | 54 | | |
| 1961 | | 6403 | 9587 | | 3545 | 3337 | 65 | | 8870 | 60 | | |
| 1962 | | 5034 | 7941 | | 3406 | 3149 | 64 | | 7369 | 62 | | 161 |
| 1963 | | 4051 | 5067 | | 4212 | 4009 | 76 | | 7096 | 65 | | 422 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 629 | | 70 | 7915 | | 67 | 4662 | 4969 | | 6202 | 3972 | | 1964 |
| 620 | | 69 | 8597 | | 70 | 5031 | 5458 | | 6776 | 4288 | | 1965 |
| 9566 | | 66 | 16128 | | 70 | 6828 | 6075 | | 4032 | 4170 | | 1966 |
| 10975 | | 78 | 14722 | | 70 | 6311 | 5570 | | 3758 | 3891 | | 1967 |
| 8738 | | 79 | 14861 | | 66 | 3482 | 4429 | | 3282 | 4026 | | 1968 |
| 7596 | | 79 | 13544 | | 68 | 3101 | 4260 | | 2946 | 3940 | | 1969 |
| 2531 | | 79 | 12318 | | 67 | 8125 | 5450 | | 3438 | 3820 | | 1970 |
| 13917 | | 79 | 13214 | | 66 | 3865 | 5450 | | 2937 | 3900 | | 1971 |
| 14202 | | 79 | 22572 | | 55 | 3207 | 5520 | | 4489 | 3850 | | 1972 |
| 15255 | 5792 | 93 | 15184 | | 55 | 6021 | 5242 | | 4261 | 5818 | | 1973 |
| 13213 | 5618 | 112 | 23921 | | 77 | 6424 | 5941 | | 4362 | 6385 | | 1974 |
| 15848 | 10355 | 131 | 5236 | | 69 | 6858 | 6241 | | 5148 | 6348 | | 1975 |
| 14933 | 15093 | 133 | 5244 | | 72 | 9143 | 7285 | | 6055 | 6607 | | 1976 |
| 15330 | 16587 | 139 | 5624 | | 78 | 9824 | 6941 | | 5825 | 7034 | | 1977 |
| 17281 | 22737 | 142 | 5699 | | 84 | 13792 | 9715 | | 6156 | 7543 | | 1978 |
| 17304 | 123704 | 144 | 6607 | | 84 | 15197 | 11849 | | 7257 | 7305 | | 1979 |
| 19895 | 21206 | 148 | 10930 | | 104 | 19635 | 12038 | | 7255 | 9090 | | 1980 |
| 19584 | 24960 | 156 | 14155 | | 108 | 21643 | 12899 | | 7502 | 8688 | | 1981 |
| 19781 | 22736 | 146 | 15255 | | 109 | 18034 | 11413 | | 8025 | 9020 | | 1982 |
| 21607 | 26343 | 160 | 15635 | | 114 | 22983 | 13410 | | 9900 | 10901 | | 1983 |
| 24444 | 29296 | 159 | 16849 | | 130 | 31364 | 16154 | 12510 | 14751 | 9672 | 6828 | 1984 |
| 29168 | 34607 | 168 | 20505 | | 154 | 32332 | 17002 | 12615 | 13883 | 22003 | 14308 | 1985 |
| 26008 | 24452 | 157 | 21038 | | 154 | 34719 | 18993 | 12162 | 14752 | 9697 | 6866 | 1986 |
| 26506 | 18125 | 157 | 20506 | | 154 | 58398 | 21110 | 18824 | 17945 | 11046 | 6714 | 1987 |
| 51347 | 22010 | 186 | 21007 | 41 | 199 | 81955 | 24566 | 15129 | 25339 | 13116 | 9883 | 1988 |
| 52715 | 22904 | 184 | 18552 | 50 | 241 | 96876 | 27105 | 15916 | 29066 | 14972 | 10394 | 1989 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1990 | 10502 | 15530 | 30762 | 18299 | 24920 | 106847 | 246 | 52 | 21136 | 185 | 31087 | 47248 |
| 1991 | 11341 | 18261 | 34702 | 21047 | 27657 | 145225 | 256 | 52 | 17252 | 184 | 29396 | 50095 |
| 1992 | 12755 | 20783 | 40505 | 23591 | 33841 | 155526 | 409 | 25 | 87048 | 181 | 29601 | 84243 |
| 1993 | 13093 | 21682 | 87022 | 29921 | 40584 | 20444 | 448 | 37 | 147222 | 181 | 31288 | 30666 |
| 1994 | 11464 | 18502 | | 35708 | 65066 | 35410 | 406 | | 272688 | | | |
| 1995 | 10042 | 17717 | | 61161 | 172768 | 427320 | 1183 | | 1218389 | 120 | | 304589 |

## قوشۇمچە

### شىڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى پوچتا بوللانمىلىرىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى

شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) دىن باشلاپ، ئالاقە، خەت ـ چەك ۋە خالتىلارغا قارىتا پوچتا تەكشۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ ھەقتىكى كونكرېت بەلگىلىمىلەر تۆۋەندىكىچە:

1. مىنگونىڭ 27 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى 143 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتنى تارقىتىپ ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرىگە تۆۋەندىكى مەزمۇندا بۇيرۇق چۈشۈرگەن:

1) پوچتا ئىدارىسى خادىملىرىنىڭ پوچتا خالتىلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئېچىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ (جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئادەم ئەۋەتىپ ئالدى بىلەن ئېچىپ كۆرىدۇ).

2) گۇمانلىق خەت ـ چەكلەر بايقالسا، دەرھال بەلگە سېلىپ ماڭدۇرۇش كېرەك.

3) ئېچىلغان خەت ـ چەكلەرنى تاپشۇرۇۋالغۇچىلارنىڭ كونۋېرتىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تەكشۈرۈپ بولۇپ، بىر ـ ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، پوچتا ئىدارىسى ئارقىلىق يوللىۋېتىش لازىم.

4) پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان ھەرخىل يېزىقتىكى خەت ـ چەكلەرنى يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بېقىشىغا يوللاش كېرەك.

5) ئومۇمەن خەت ـ چەكلەرنىڭ مەزمۇنى تودۇڭخابا تۆمۈر زاۋۇتىغا چېتىشلىق بولسىلا، مەزكۇر ئىدارىنىڭ تەكشۈرۈشىگە مەلۇم قىلىش لازىم، ئۆز ئالدىغا تارقىتىۋېتىشكە بولمايدۇ.

6) جايلاردىكى يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ ساتىدىغان چوڭ سودىگەرلەرنىڭ خەت ـ چەكلىرىگە دىققەت قىلىپ، كۆچۈرۈۋېلىپ تەكشۈرۈشكە مەلۇم قىلىش كېرەك.

7) يۇرت مۆتىۋەرلىرى، بايلار ئالاقىلىشىشقا ماھىر كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ چەت ئەللىكلەرگە سالغان خەت ـ چەكلىرىنى ئۆز ئالدىغا يوللىۋېتىشكە بولمايدۇ.

2. مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ج خ باشقارمىسى 7 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇق چىقىرىپ، توقسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە مۇنداق تېلېگراممىا يوللىغان: بۇيرۇقتا بىنائەن ئىش كۆرۈلسۇن:

ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئىدارىلەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، يېقىندا ئاقسۇ، قاراشەھەر، بۈگۈر، كۇچا، قۇمۇل، كورلا قاتارلىق جايلاردىكى، بولۇپمۇ ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر قاتارلىق

جايلاردىكى پوچتىدىن سېلىنغان خەت ـ چەكلەر تەكشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاغزى ھىملانمىغان ھەمدە ئېچىپ كۆرگەن ئىزلىرى ئېنىق بىلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكشۈرۈلگەن ۋاقتىنى كۆرسىتىدىغان كۆك تامغىمۇ بېسىلمايۋېتىپتۇ. ئۇزۇن مۇددەت مۇشۇنداق بولىۋەرسە، پوچتىنىڭ تەكشۈرۈش مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، بەلكى خەت ـ چەكلەرنىڭ پوچتىخانىدا ئېچىپ كۆرۈلگەن ـ كۆرۈلمىگەنلىكىنىمۇ تەكشۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكشۈرۈلگەن ۋاقتىنى كۆرسىتىدىغان تامغا بېسىلمىسا، يوللانمىلارنى تاپشۇرۇۋالغان پوچتىخانىنىڭ قايتا تەكشۈرۈشىگە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن رەسمىيەت مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. باشقارمىمىز يۇقىرىقى ھالقىلارنى تەكشۈرگەندىن كېيىن قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ، مۇشۇنداق دېلولارغا دىققەت قىلىش توغرىلىق بۇيرۇق بەرگەنىدى. ئەمما ھەرقايسى ئىدارىلەرنىڭ بۇ ئىشقا شۇنچە سەل قارىغانلىقى ھەقىقەتەن توغرا بولمىغان. ھەرقايسى ئىدارىلەر بۇ بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە مۇشۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلسە، تەكشۈرۈپ بايقالغاندىن كېيىن قاتتىق جازاغا تارتىلىدۇ. ھەرگىز كەڭچىلىك قىلىنمايدۇ، بىردەك مەزكۇر ئىدارىنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ، بۇيرۇقنى مۇشۇ بويىچە ئىجرا قىلىش كېرەك.

3. مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) ئاقسۇ ج خ ئىدارىسى 351 ـ نومۇرلۇق مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرگەن، بۇيرۇقنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

توقسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە بۇيرۇق:

مەخپىي بۇيرۇق بويىچە ئىش كۆرۈلسۇن: مەزكۇر ئىدارىنىڭ پوچتا يوللانمىلىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تەكشۈرۈلسۇن، مەسئۇلىيەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم، بۇنىڭدىن كېيىن، دۇبەننىڭ ئالاقە ۋە خەت ـ چەكلىرىگە سۈسۈن تامغا بېسىشقا بولمايدۇ. ئەگەر خەت ـ چەكلەردە سۈسۈن تامغا بولسا قايتا تەكشۈرۈشكە بولمايدۇ، ئىدارە باشلىقى ھەقىقىي تۈردە مۇشۇ بويىچە بېجىرىشى كېرەك. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر خىلاپلىق قىلىنسا چوقۇم قاتتىق جازا بېرىلىدۇ.

4. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ج خ باشقارمىسى 777 نومۇرلۇق بۇيرۇق چۈشۈرگەن، بۇيرۇقتا پوچتا تەكشۈرۈشى توغرىسىدا 7 تۈرلۈك بەلگىلىمە بار ئىدى:

1) ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەربىي ئورگانلاردىن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك ئورگانلارغا ئەۋەتىلگەنلىكى ئالاقىلەر تۇتۇپ قېلىنىپ يۇقىرىغا تاپشۇرۇلۇشى كېرەك.

2) ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئالاقىلىرىدىن شۇ ئورگاننىڭ بېجىرىشىگە تېگىشلىك بولمىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ قېلىپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئۆلكىنىڭ مۇھىتىغا ماس كېلىدىغانلىرى بولسا، ئەۋەتىپ بېرىشكە بولىدۇ.

3) ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئورگان ۋە مەكتەپلەردىن شىنجاڭدىكى نامىز ئورگانلارغا ئەۋەتىلگەنلىكى ئالاقىلەرنى تۇتۇپ قېلىپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

4) ئىچكى ئۆلكىلەردىكى پارتىيە ـ گۇرۇھلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە مەكتەپلەردىن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن چاقىرىقنامە ۋە تېلېگراممىلارنى تۇتۇپ قېلىپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

5) شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىگە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئالاقىدار بارلىق ئالاقىلەرنى يوللاپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

6) پوچتا ئىدارىسى، شىنجاڭ ـ چىڭخەي پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە سودا بانكىسىدىن كەلگەن، پوچتا ئىشلىرى باش ئىدارىسى، قاتناش ئىدارىسى، لەنجۇ مەركىزىي بانكىسىنىڭ ئالاقىلىرى ئىچىدىكى مەزمۇنى يۇقىرىقى ئورگانلارنىڭ خىزمەت خاراكتېرى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىزنىڭ 6 بۈيۈك سىياسىتىمىزدىكى سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن توقۇنۇشى بولمىغانلىرىنى يوللاپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

7) جۇڭخۇا مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى، جۇڭگو ـ سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئالاقە ۋە خەت ـ

چەكلىرىنىڭ مەزمۇنىدا خاتالىق بولمىسىلا، يوللاپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

## مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) توقسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى تەكشۈرگەن پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ تىزىمى

جەدۋەل: 15 — 11

| ئاي | خەنزۇچە خەتلەر (پارچە) | | ئۇيغۇرچە خەتلەر (پارچە) | | گېزىت سانى (نۇسخا) | ئالاقە سانى (نۇسخا) | خالتا سانى (دانە) | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئادەتتىكى خەت | زاكاز خەت | ئادەتتىكى خەت | زاكاز خەت | | | | |
| 1 | 6 | | 52 | 7 | 18 | 50 | | 133 |
| 2 | 4 | 2 | 53 | 4 | 34 | 81 | | 178 |
| 3 | 13 | 5 | 80 | 13 | 79 | 104 | | 294 |
| 4 | 11 | | 91 | 10 | 103 | 86 | | 301 |
| 5 | 18 | | 19 | 13 | 128 | 55 | | 233 |
| 6 | 15 | | 125 | 9 | 114 | 76 | | 339 |
| 7 | 12 | 5 | 114 | 12 | 127 | 81 | 4 | 355 |
| 8 | 8 | 1 | 66 | 12 | 156 | 55 | | 298 |
| 9 | 16 | 1 | 110 | 7 | 234 | 76 | | 444 |
| 10 | 18 | 8 | 73 | 4 | 138 | 54 | 4 | 299 |
| 11 | 30 | 2 | 118 | 13 | 207 | 106 | 2 | 478 |
| 12 | 17 | 4 | 66 | 6 | 240 | 72 | | 405 |
| جەمئىي | 168 | 28 | 967 | 110 | 1578 | 896 | 10 | 3757 |

# ئون ئالتىنچى قىسىم

# سودا، ئاشلىق - ياغ





# ئون ئالتىنچى قىسىم

# سودا، ئاشلىق ـ ياغ

## I باب

## سودا

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە مۇقىم بازاردىن 3 ى، يېرىم مۇقىم بازاردىن 2 سىلا بار ئىدى. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) خۇسۇسىيلار ئاچقان كىچىك دۇكاندىن 16 سى، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت ئورنىدىن 20 نەچچىسى بار ئىدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا ئورنى 1072 گە يەتتى، ئۇلار 7 ساھە بويىچە تىجارەت قىلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم سودىگەرلىك قىلاتتى، بىر قىسىم سايىارە سودىگەرلەر ئۆز يېرىدىن چىققان ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى باشقا جايلارغا ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى، شۇنداقلا باشقا جايلارنىڭ ماللىرىنى توقسۇغا ئېلىپ كېلىپ ساتاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سودىسى بەرپا قىلىندى. 1955 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا ئورنىدىن 375 ى بار بولدى، ئۇلارنىڭ خادىمى 527 گە، مەبلىغى 14 مىليون 321 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. 1956 ـ يىلى خۇسۇسىي سودا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىدىن 2 سى، ھەمكارلىق ماگىزىنىدىن 5ى، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن 2سى، ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنىدىن 3 ى، ترانسپورت كوپېراتىپىدىن بىرى قۇرۇلدى. شۇ يىلى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 1 مىليون 766 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. 1958 ـ يىلدىن كېيىن، سودا تۈزۈلمىسى كۆپ ئۆزگەردى، مال سېتىۋېلىش يوللىرى بىرلا خىل بولدى، ئەينى چاغدىكى ئىقتىسادىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىدە، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى بەزىدە تۆۋەنلەپ، بەزىدە ئۆرلەپ تۇردى. 1962 ـ يىلدىن باشلاپ، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسى ئەسلىگە كەلدى، بۇنىڭ بىلەن تەمىنات سودا كوپېراتىپى سودىسى تەرەققىي قىلدى، تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى ئۆرلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، سودا باشقۇرۇش قالايمىقانلاشتى، نەتىجىدە تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 5 مىليون 595 مىڭ 600 يۈەندىن 7 مىليون 978 مىڭ يۈەن ئارىلىقىدا تۇراقسىز بولدى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن، ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش،

ئەشكنى ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەن بويىچە، ھەددىدىن زىيادە بىرلىككە كەلتۈرۈۋېتىش، يول ئاز بولۇش، ھالقا كۆپ بولۇشتەك تاۋار ئوبوروتى تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىب، كۆپ خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى، كۆپ خىل ئوبوروت يولى مەۋجۇت بولغان سودا تىجارەت مېخانىزمى بەرپا قىلىنىپ، ئارىلىقتىكى ھالقىلار ئازايتىلىپ، ھۆكۈمەت سودىسى كەيپىياتى ئۆزگەرتىلىپ، مۇلازىمەت سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. 1985 ـ يىلدىن كېيىن، سودا سىستېمىسىدا ھەرخىل شەكىلدىكى ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلدى. 1990 ـ يىلى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 43 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1995 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 72 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، بازار سودىسى بويىچە پۈتۈشۈش سوممىسى 16 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

# § 1 . بازار

## 1. بازار سودىسى

مىنگو دەۋرىدە ناھىيە بويىچە 5 ئورۇندا بازار بار ئىدى. توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ بازىرى دۈشەنبە كۈنى، دايۈلتۈز بازىرى يەكشەنبە كۈنى، ئازنە بازار جۈمە كۈنى، پەيشەنبە بازار پەيشەنبە كۈنى، چىلان بازار چارشەنبە كۈنى بولاتتى.

بازار سودىسىدا ئېلىپ ـ سېتىلىدىغان تاۋارلار، ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى، قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى، چارۋا ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. 1949 — 1957 ـ يىللىرى، ھەرقايسى بازارلار كونا ئادەت بويىچە، ۋاقىتقا قاراپ بولاتتى، لېكىن بەزى تاۋارلارنى ئەركىن ئېلىپ ـ سېتىش چەكلىمىگە ئۇچرىغاچقا، بازارنىڭ دائىرىسى يىلمۇ يىل تارىيىپ كەتتى. 1958 ـ يىلى ئەركىن بازار تاقىۋېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش يوللىرى توسۇلۇپ قالدى، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش جىددىي بولدى، نۇرغۇن تاۋارلارنىڭ باھاسى بار، ئۆزى يوق بولدى ياكى بېلەت بويىچە تەمىنلەندى.

1961 ـ يىلى ئەركىن بازار قويۇۋېتىلدى، بازارلار كۈندىن ـ كۈنگە ئاۋاتلاشتى، ھەرقايسى بازارلارغا كىرىدىغان ئادەم 10 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بازارغا سېلىنغان تاۋارلارنىڭ خىلى 168 خىلدىن ئاشتى، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 2 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1962 ـ يىلى دېھقانلار سودا مۇلازىمەت بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ بۆلۈم ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش، ۋاكالىتەن سېتىش، ۋاكالىتەن ساقلاش، ۋاكالىتەن توشۇش، ۋاكالىتەن تالون كېسىش قاتارلىق تۈرلەرنى قانات يايدۇردى، بازارغا سېلىنغان تاۋار خىلى 191 گە، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 1 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1963 ـ يىلى بازارغا سېلىنغان تاۋارلارنىڭ تۈرى، سانى 1962 ـ يىلدىكىدىن كۆپەيدى، تاۋارلارنىڭ باھاسى مۇقىملىشىشقا قاراپ يۈزلەندى، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى 1 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1964 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە 1 ـ، 2 ـ خىلدىكى ماددىي ئەشيالارنى بازارغا سېلىش چەكلەندى، 3 ـ خىلدىكى ماددىي ئەشيالار تىزگىنلەندى، يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى تۆۋەنلىدى. 1966 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە بازار ـ يېزا بازارلىرى بىر تۇتاش يەكشەنبە كۈنى بولىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئەركىن بازار يېرىم تاقىلىپ، يېرىم ئېچىلدى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا بازارنى تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، گۇڭشېلاردا ئارقا ـ ئارقىدىن مال باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى قوماندانلىق بۆلۈمى

قورۇلدى، بازارغا سېلىپ ئالماشتۇرۇلىدىغان يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى، پەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار مەجبۇرىي سېتىۋېلىندى، بەزى ئۆششاق تىجارەتچىلەر ھايانكەش دەپ قارىلىپ بىر تەرەپ قىلىندى، نەتىجىدە بازارلار خاراپلاشتى.

جكپ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتى ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، تۈرلۈك سىياسەتلەر كەڭ قويۇۋېتىلدى، نەتىجىدە بازارلار يېڭىۋاشتىن گۈللەندى. 1982 - يىلى بازارغا سېلىنغان تاۋارلار 544 خىلدىن كۆپرەككە، يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 4 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1983 - يىلى بازار - يېزا بازارلىرى يەنىمۇ قويۇۋېتىلدى، يىللىق يۈتۈشۈش سوممىسى 4 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەنئەنىۋى بازار كۈنى تەڭشەلدى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ بازىرى دۈشەنبە كۈنى، شويۇلتۇز يېزىسى سۆگەتكۆزلەك كەنتىنىڭ بازىرى چارشەنبە كۈنى، پەيشەنبە بازار يېزىسىنىڭ بازىرى پەيشەنبە كۈنى، ئۆچقات يېزىسىنىڭ بازىرى، ئېچىلبرىق يېزىسى پايىس كەنتىنىڭ بازىرى جۈمە كۈنى، دايۇلتۇز بازىرى بىلەن ئامتوغراق بازىرى يەكشەنبە كۈنى بولىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سودا - سانائەت تارماقلىرى يەككە سودا - سانائەتچىلەرنى كۆپ خىل مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرى بىلەن تەمىنلىدى، بىر قىسىم تۈرى كۆپ تاۋارلار ئۈچۈن تۈرلەر بويىچە يېڭىدىن سورۇن ئېچىلىپ، بازارنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1985 - يىلى ناھىيە بويىچە بازار سودىسىنىڭ يۈتۈشۈش سوممىسى 8 مىليون 178 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىقتىن يۈتۈشۈلگىنى 1 مىليون 470 مىڭ 250 كىلوگرام، يۈتۈشۈش سوممىسى 772 مىڭ يۈەن؛ ياغلىق داندىن يۈتۈشۈلگىنى 259 مىڭ 100 كىلوگرام، يۈتۈشۈش سوممىسى 380 مىڭ 300 يۈەن؛ گۆش، تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرىدىن يۈتۈشۈلگىنى 284 مىڭ 600 كىلوگرام، يۈتۈشۈش سوممىسى 1 مىليون 99 مىڭ 800 يۈەن؛ مېۋە - چېۋە، كۆكتاتتىن يۈتۈشۈلگىنى 2 مىليون 64 مىڭ 750 كىلوگرام، يۈتۈشۈش سوممىسى 431 مىڭ 900 يۈەن. 1988 - يىلى بازار سودىسى بويىچە يۈتۈشۈش سوممىسى 8 مىليون 546 مىڭ يۈەنگە، 1995 - يىلى بازار سودىسى بويىچە يۈتۈشۈش سوممىسى 16 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 2. بازار قۇرۇلۇشى

ئەنئەنىۋى بازار سورۇنى قىستاڭ، تار ئىدى. 1953 — 1976 - يىلغىچە بازار سودىسى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىدى. 1964 - يىلدىن باشلاپ بازار باشقۇرۇش ھەققى ئېلىش باشلاندى. باشقۇرۇش ھەققىنىڭ كۆپ قىسمى خادىملار خىراجىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى، بازار قۇرۇلۇشىغا ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئىشلىتىلدى. 1979 - يىلدىن كېيىن بازارلارنىڭ قويۇۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، ناھىيە بازىرىدا يېڭىدىن 15 مو كۆلەمدىكى ياغاچ ماتېرىيال بازىرى قۇرۇلدى. 1985 - يىلى مال بازىرى 5 موغا كېڭەيتىلدى. 5400 يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ يېڭىدىن ئاشلىق بازىرى قۇرۇلدى، بازارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1.5 مو بولۇپ، بازار ئىچىدە خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق 480 كۋادرات مېتىرلىق لاپاس ياسالدى. 1988 - يىلى يېڭىدىن 1 -، 2 - سانائەت مەھسۇلاتلىرى بازىرى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا 372 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بازارنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 3544 كۋادرات مېتىر بولۇپ، بازاردا 99 ماگىزىن بار، بۇلارنىڭ كۆلىمى 1299 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ؛ 1950 كۋادرات مېتىرلىق پولات جاھازلىق لاپاس بار؛ 2 قەۋەتلىك بىر بىنا بار بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى 236 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ؛ بازار ئىچىگە قاتناش يۈكىدىن 72 سى قويۇلدى. 2 سانائەت بازىرى ئىچىگە سۇ تۇرۇبىسى، مېۋە شۆپىگى ساندۇقى ۋە يولدا تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى، يەنە بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى بىر تەرەپ قىلىش، ھەق ئېلىشنى تىزىملاش دەپتىرى، ئادىل مېتىر، ئادىل تارازا تەييارلاندى،

پۇل ئامانەت قويۇش ئورنى، باج پونكىتى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنى تەسىس قىلىنىپ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە ئىستېمالچىلار ھەر خىل مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەندى.

**توقسۇ ناھىيىسىدىكى بازار سودىسىنىڭ 1959 — 1995 ـ يىلغىچە بولغان ئەھۋالى**

جەدۋەل: 16 — 1

| يىللار | بازار سانى | ناھىيە بويىچە ھەر ھەپتىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بازارغا كەلگەن ئادەم سانى | بازارغا كىرگەن تاۋار تۈرى | يىللىق يۈرۈشۈش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|
| 1959 | 3 | 15000 | 95 | |
| 1960 | 3 | 8342 | 92 | 107 |
| 1961 | 3 | 10126 | 168 | 215 |
| 1962 | 3 | 15783 | 191 | 184 |
| 1963 | 3 | 15841 | 198 | 195 |
| 1964 | 3 | 16050 | 215 | 204 |
| 1965 | 3 | 17214 | 226 | 208 |
| 1966 | 3 | 14265 | 192 | 190 |
| 1967 | 3 | 14150 | 193 | 187 |
| 1968 | 3 | 14071 | 187 | 182 |
| 1969 | 3 | 15460 | 219 | 206 |
| 1970 | 3 | 15580 | 231 | 232 |
| 1971 | 3 | 15640 | 247 | 246 |
| 1972 | 3 | 15780 | 264 | 251 |
| 1973 | 3 | 15860 | 272 | 260 |
| 1974 | 3 | 15940 | 287 | 266 |
| 1975 | 3 | 19980 | 274 | 268 |
| 1976 | 3 | 17850 | 319 | 274 |
| 1977 | 3 | 19640 | 325 | 287 |
| 1978 | 5 | 29850 | 420 | 358 |
| 1979 | 5 | 34260 | 460 | 395 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1980 | 5 | 38510 | 496 | 425 |
| 1981 | 5 | 40620 | 521 | 446 |
| 1982 | 5 | 41130 | 544 | 469 |
| 1983 | 6 | 42250 | 566 | 488 |
| 1984 | 6 | 43070 | 585 | 512 |
| 1985 | 6 | 43260 | 602 | 817 .8 |
| 1986 | 6 | 43720 | 654 | 569 |
| 1987 | 6 | 45320 | 680 | 584 |
| 1988 | 7 | 46910 | 740 | 854 .6 |
| 1989 | 7 | 48580 | 820 | 684 |
| 1990 | 7 | 50420 | 950 | 741 |
| 1991 | 8 | 52690 | 1120 | 867 |
| 1992 | 8 | 54260 | 1580 | 974 |
| 1993 | 9 | 56850 | 2069 | 1154 |
| 1994 | 9 | 58470 | 3140 | 1360 |
| 1995 | 9 | 61250 | 3950 | 1620 |

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى بازار سودىسىنىڭ 1995 ـ يىللىق پۈتۈشۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 2

| مەھسۇلات نامى | | ئۆلچىمى | پۈتۈشۈلگەن مىقدارى (توننا) | پۈتۈشۈش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|
| ئاشلىق | كىچىك جەمئىي | ئوتتۇراھال | 316 | 48 |
| | گۈرۈچ | ئوتتۇراھال | 100 | 30 |
| | بۇغداي | ئوتتۇراھال | 90 | 10 |
| | كۆممىقوناق | ئوتتۇراھال | 65 | 8 |
| ياغلىق دان | | ئوتتۇراھال | 30 | 30 |
| پاختا ـ چىگە | | ئوتتۇراھال | 9 | 9 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| گۆش، تۇخۇم | كىچىك جەمئىي | ئوتتۇرامال | 192 | 316 |
| | چوشقا گۆشى | ئوتتۇرامال | 20 | 30 |
| | كالا گۆشى | ئوتتۇرامال | 120 | 200 |
| | قوي گۆشى | ئوتتۇرامال | 45 | 80 |
| | تۇخۇم | ئوتتۇرامال | 6 | 5 |
| | ئۆي قۇشلىرى | ئوتتۇرامال | 1 | 1 |
| سۇ مەھسۇلاتلىرى | | ئوتتۇرامال | 4 | 4 |
| كۆكتات | | ئوتتۇرامال | 176 | 30 |
| قۇرۇق، ھۆل مېۋە ـ چېۋە | | ئوتتۇرامال | 175 | 35 |
| چوڭ چارۋا | | ئوتتۇرا مال | 1950 | 286 |
| ئۆي ھايۋانلىرى، ئۆي قۇشلىرىنىڭ چۈجىلىرى | | ئوتتۇرامال | 243 | 365 |
| ساناائەت مەھسۇلاتلىرى | | ئوتتۇرامال | | 303 |
| باشقىلار | | ئوتتۇرامال | | 194 |
| جەمئىي | | | | 1620 |

## 2 §. خۇسۇسىي سودا

### 1. تەرەققىيات ئەھۋالى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ناھىيىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا يوق ئىدى، پەقەت خۇسۇسىي سودىلا بار ئىدى. ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي سودىنىڭ ئاساسى ئاجىز، كۆلىمى كىچىك، مال مەنبەسى كەمچىل، مەبلىغى ئاز ئىدى. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) دىن ئىلگىرى ناھىيە بويىچە 16 دۇكان، 20 نەچچە يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت ئورنى (ساتىراشخانا، مېھمانخانا، ناۋايخانا، ئاشخانا) بار ئىدى. مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) خۇسۇسىي سودا تەرەققىي قىلىپ، مىلىچمال، رەخت دۇكىنى 35 كە، يېمەك ـ ئىچمەك ئورنى 26 گە، مۇلازىمەت ئورنى 25 كە يەتتى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي سودا ئورنى 1072 گە، ئۇلار شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ 7 گە يەتتى، تىجارەت شەكلى مۇقىم سودا قىلىش، سەييارە سودا قىلىش، ئۇششاق تىجارەت قىلىش ۋە دېھقانچىلىق بىلەن سودىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. كاپىتالى ئەڭ كۆپىنىڭ تەخمىنەن 5000 يۈەن (ئاران بىر ئورۇن)، ئەڭ ئىزىنىڭ 50 يۈەن ئىدى. كۆپ ساندىكى سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ مەبلىغى 100 — 500 يۈەن ئارىلىقىدا ئىدى (يۇقىرىدىكى پۇل قىممىتى يېڭى خەلق

پۇلىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى) . بۇ سودىگەرلەرنىڭ بەزىلىرى دېھقانچىلىق قىلغاچ، سودا قىلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىساد ۋە تەمىنات - سودا راۋاجلاندۇرۇلۇش بىلەن بىللە خۇسۇسىي سودا - ساناىتكە چەك قويۇلدى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى. 1954 - يىلى ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي سودا - ساناىئەت ئورنى 514، خادىمى 846، مەبلىغى 196 مىڭ 668 يۈەن ئىدى. 1956 - يىلى خۇسۇسىي سودا - ساناىئەت سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، خۇسۇسىي سودا - ساناىئەت ئورنىدىن 113 ى قالدى، ئۇلار بىردەك ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى، كېيىن ئۇششاق تىجارەتچىلەر تەدرىجىي ئازايدى. 1965 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي سودا - ساناىئەت ئورنىدىن 30 ى، خادىمىدىن 30 ىلا قالدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، خۇسۇسىي سودا - ساناىئەت ئورنى پۈتۈنلەي تۈگىدى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يەككە سودا ئورۇنلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇلدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە يەككە سودا ئورنى 817 گە، خادىمى 1303 كە، مەبلىغى 697 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1989 - يىلى ناھىيە بويىچە يەككە سودا ئورنى 862 گە، خادىمى 1618 گە (بۇنىڭ ئىچىدە سودا ئورنى 462، خادىمى 726، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت ئورنى 230، خادىمى 567، باشقىلار 170، خادىمى 289) ، مەبلىغى 1 مىليون 362 مىڭ يۈەنگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 6 مىليون 104 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە يەككە سودا - ساناىئەت ئورنى 1433 كە، خادىمى 1888 گە، مەبلىغى 3 مىليون 997 مىڭ يۈەنگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 12 مىليون 466 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 2. خۇسۇسىي سودىنى ئۆزگەرتىش

1956 - يىل 2 - ئايدا ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي سودا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلدى. ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي سودا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، 262 سودا ئورنى تەشكىللەندى، بۇ ئەسلىدىكى سودا ئورنىنىڭ %69.9 نى ئىگىلەيدۇ؛ خادىمى 336 بولۇپ، ئەسلىدە بار خادىمنىڭ %63.8 نى ئىگىلەيدۇ؛ مەبلىغى 102 مىڭ 708 يۈەن بولۇپ، ئەسلىدە بار مەبلەغنىڭ %71.7 نى ئىگىلەيدۇ. تەشكىللەش شەكلى مۇنداق بولدى: ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكىسى 2، 18 ئورۇن، 30 ئادەم؛ ھەمكارلىق ماگىزىنى 5، 45 ئورۇن، 63 ئادەم؛ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 2، 18 ئورۇن، 18 ئادەم؛ سېتىش، ۋاكالىتەن سېتىش گۇرۇپپىسى 3، 13 ئورۇن، 15 ئادەم؛ باشقا شەكىلدە تەشكىللەنگەن ئورۇن 135، خادىمى 171؛ كەسپى ئۆزگەرتىلگەن ئورۇن 48، خادىمى 73.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە خۇسۇسىي سودىنىڭ 1954 - يىلدىكى ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 3

| كەسىپ | ئورۇن (دۇكان) سانى | خادىمى | كاپىتالى (يۈەن) | يىللىق تىجارەت سوممىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|
| قاسساپلىق | 16 | 17 | 950 | |
| كاۋاپچىلىق | 4 | 5 | 232 | 2264 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| زاسۇپەزلىك | 8 | 9 | 738 | 5630 |
| تۇخۇم | 6 | 10 | 477 | 9447 |
| كۆكتات | 1 | 1 | 20 | 1090 |
| قۇرۇق - ھۆل مېۋە | 18 | 22 | 5188 | 10876 |
| قوشۇمچە يېمەكلىك | 2 | 3 | 500 | 1770 |
| ئۆتۈك - بەتىنكە | 5 | 5 | 2313 | 35960 |
| دورا ماتېرىيالى، تەمخورۇچ | 3 | 5 | 2151 | 6950 |
| تۈرلۈك مال | 44 | 49 | 19653 | 76268 |
| پاختا رەخت | 10 | 11 | 22910 | 269560 |
| سايىارە سودا | 7 | 7 | 16800 | 16740 |
| ئاشخانا | 116 | 304 | 31622 | 323875 |
| ناۋايخانا | 64 | 143 | 18493 | 169149 |
| سوغۇق يېمەكلىك | 15 | 19 | 2475 | 9765 |
| ھامماللىق | 43 | 44 | 23789 | 26370 |
| ئاتقۇچىلىق | 1 | 1 | 15 | 130 |
| ساتىراشلىق | 12 | 19 | 1305 | 5870 |
| مېھمانخانا | 24 | 29 | 4378 | 7880 |
| مۇنچا | 2 | 2 | 591 | 750 |
| سائەت رېمونت قىلىش | 1 | 1 | 60 | 280 |
| بىناكارلىق | 60 | 79 | 6584 | 47763 |
| پاختا رەخت تىجارىتى | 6 | 9 | 22570 | 108932 |
| تۈرلۈك ماللار تىجارىتى | 31 | 37 | 8895 | 23069 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| مېتال بۇيۇملار تىجارىتى | 2 | 2 | 578 | 2150 |
| | 1 | 1 | 40 | 1200 |
| گىلەم تىجارىتى | 1 | 1 | 170 | 2450 |
| گازىر سېتىۋېلىش | 1 | 1 | 150 | 250 |
| باشقىلار | 10 | 10 | 3021 | 8804 |
| جەمئىي | 514 | 846 | 196668 | 1175242 |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنىڭ 1995 ـ يىلدىكى ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 4

| كەسىپ | | ئورۇن سانى | | خادىم سانى | | ئىزىمغا ئالدۇرغان مەبلەغ | | سېتىش ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | | ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | كىچىك جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە بازاردىكىسى | كىچىك جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە بازاردىكىسى | كىچىك جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە بازاردىكىسى | كىچىك جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە بازاردىكىسى | كىچىك جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە بازاردىكىسى |
| جەمئىي | | 1433 | 912 | 1888 | 1215 | 399.7 | 301.4 | 1246.6 | 782 | 715.5 | 555.8 |
| ياساش كەسپى | | 286 | 183 | 401 | 260 | 59.5 | 42.4 | | | | |
| قاتناش ـ ترانسپورت كەسپى | | 18 | 13 | 19 | 14 | 87.3 | 66.8 | 32 | 23 | | |
| سودا، يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى | كىچىك جەمئىي | 972 | 608 | 1268 | 800 | 202.1 | 145.5 | 1166.4 | 729.6 | 667.3 | 526.4 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: يېمەك ـ ئىچمەك | 276 | 185 | 497 | 340 | 38.9 | 26.8 | 288.4 | 189.3 | 288.4 | 189.3 |
| مۇلازىمەت كەسپى | كىچىك جەمئىي | 150 | 101 | 193 | 134 | 50.8 | 46.7 | 48.2 | 29.4 | 48.2 | 29.4 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: رېمونتچىلىق | 62 | 44 | 68 | 49 | 5.1 | 3.9 | 15.6 | 11.4 | 15.6 | 11.4 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: مېھمانخانا | 9 | 4 | 28 | 11 | 25.6 | 22.1 | 6 | 3.3 | 6 | 3.3 |
| يەككە تېۋىپ | | 7 | 7 | 7 | 7 | | | | | | |

## قوشۇمچە

## ئەمەر ئابدۇل ئاشخانىسى

ئەمەر ئابدۇل توقسۇ ناھىيە بازىرىدىكى يەككە ئەمگەكچى، ئۇ پارۋانلىق ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنى، مەكتەپ، مېيىپلارغا دائىر ئىشلارغا 100 نەچچە مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، ناھىيە بويىچە نام چىقاردى ھەمدە گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، ئۇ مەملىكەتلىك يەككە ئەمگەكچىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى، ھازىر توقسۇ ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى.

ئەمەر ئابدۇل 1979 ـ يىلى 38 يۈەننى دەسمايە قىلىپ، تىجارەتنى چايخانا ئېچىشتىن باشلىغانىدى، 10 نەچچە يىللىق جاپالىق تىجارەت قىلىش ئارقىلىق ئاخىرى ھالال ئەمگىكى بىلەن بېيىدى. ئۇ ئاچقان ئاشخانا سىللىي ئۇسلۇبتىكى 2 قەۋەتلىك ئىمارەت بولۇپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى تەخمىنەن 400 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، بۇ ئاشخانا ناھىيە بازىرىدىكى ترانسپورت بېكىتىگە يېقىن. ئاشخانىدا 10 ئۇيغۇر كۈتكۈچى ئىشلەيدۇ. بىرلا ۋاقىتتا 50 خېرىدار غىزالىنالايدۇ، بۇ ئاشخانىدا، ئاساسەن، مىللىيلارنىڭ ئادىتىگە خاس لەغمەن، سومەن، مانتا، قاتلىما ھورنان ۋە ھەرخىل قورۇمىلار تەييارلىنىدۇ. ئەمەر ئابدۇل 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ جۇغلىدى، ئۇنىڭ يىللىق تىجارەت سوممىسى تەخمىنەن 500 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى تەخمىنەن 50 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

## 3 § . دۆلەت سودىسى

### 1. باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

سودا ئىدارىسى 1958 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى، سودا ئىدارىسى قارمىقىدا كادىرلار ـ كاتىبات بۆلۈمچىسى، مالىيە ـ بوغالتىرلىق بۆلۈمچىسى، باھا بۆلۈمچىسى، سودا مەمۇرىيىتى بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. سودا ئىدارىسىغا سانائەت مەھسۇلاتلىرى دىرېكتور بۆلۈمى، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت دىرېكتور بۆلۈمى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى دىرېكتور بۆلۈمى، پاختا ـ چىگە دىرېكتور بۆلۈمى، تاشقى سودا دىرېكتور بۆلۈمى قارىدى. 1966 ـ يىل 10 ـ ئايدا سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئىدارىغا قاراشلىق دىرېكتور بۆلۈملىرى مۇستەقىل كەسپىي شىركەت قىلىندى.

1979 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىدارىغا بىر باشلىق، 2 بوغالتىر، بىر ستاتىستىكچى، 3 كادىرلار ـ كاتىبات كەسپىي خادىمى قويۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا ئىدارىسىغا بىر باشلىق قويۇلدى، 3 خىزمەتچى خادىم بار بولدى؛ سودا ئىدارىسىغا تۈرلۈك ماللار شىركىتى، يېمەكلىك شىركىتى، نېفىت شىركىتى قارىدى.

### 2. كەسپىي ئاپپاراتلار

1) تۈرلۈك ماللار شىركىتى 1950 ـ يىلى ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كۇچادا

تۇرۇشلۇق 13 ـ تۇەن ئارقا سەپ ـ تەمىنات باشقارمىسى توقسۇ ناھىيىسىدە كۆچمە سودا گۇرۇپپىسى تەسىس قىلدى (يەنە بىر نامى توقسۇ چېگرا رايون كوپېراتىپى). 1953 ـ يىل 4 ـ ئايدا كۆچمە گۇرۇپپا سودا ماگىزىنىغا ئۆزگەرتىلدى، ماگىزىندا 8 خادىم بولۇپ، ھەممىسى ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان. 1956 ـ يىلى ماگىزىننىڭ نامى غەربىي شىمال سودا شىركىتى ئاقسۇ شۆبە شىركىتىنىڭ توقسۇ تارماق شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1958 ـ يىلى سودا تارماق شىركىتى سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلىپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرى دىرېكتور بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1962 ـ يىل 10 ـ ئايدا سانائەت مەھسۇلاتلىرى دىرېكتور بۆلۈمى سودا ئىدارىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، سودا شىركىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇ شىركەت مېتال بۇيۇم، قاتناش ـ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، خىمىيە سانائىتى، توقۇمىچىلىق، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە بۇيۇملىرى، ئائىلە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1966 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىركەتتە بىر مۇئاۋىن دىرېكتور، 44 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، يەنى 1969 ـ يىل 5 ـ ئايدا سودا شىركىتىدە ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 1975 ـ يىلى بىر گۇرۇپپا باشلىقى، بىر مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، بىر قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسى بار بولدى؛ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 56 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 31، ئۇيغۇر 24، ئايال 21؛ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 275 مىڭ يۈەن، يىللىق سېتىش سوممىسى 4 مىليون 392 مىڭ يۈەن.

1976 ـ يىلى شىركەت بويىچە 55 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولۇپ، شىركەتنىڭ يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 3 مىليون 843 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 4 مىليون 278 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 189 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1980 ـ يىل 5 ـ ئايدا سودا شىركىتى تۈرلۈك ماللار شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، شىركەتتە كادىرلار ـ كاتىبات بۆلۈمچىسى، مالىيە ـ بوغالتىرلىق بۆلۈمچىسى، باھا بۆلۈمچىسى، ستاتىستىكا بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، شىركەتكە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ ماگىزىن ۋە زىيالىي ياشلار ماگىزىنى قارىدى. 1990 ـ يىلى شىركەتنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 99 غا، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 1 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 10 مىليون 344 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 156 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1993 ـ يىلى شىركەتتە كەسپىي بۆلۈمچە، مالىيە بۆلۈمچىسى، سىياسىي خىزمەت بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. شىركەتكە «ئىتتىپاق» يولى تۈرلۈك ماللار سودا سارىيى، مىللىي ماللار سودا سارىيى، تۆت كوچا سودا سارىيى قارىدى. «ئىتتىپاق» يولى تۈرلۈك ماللار سودا سارىيى 1986 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، 3 قەۋەتلىك، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2200 كۋادرات مېتىر، پۈتۈش باھاسى 610 مىڭ يۈەن؛ مىللىي ماللار سودا سارىيى 1990 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، 2 قەۋەتلىك، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1260 كۋادرات مېتىر، پۈتۈش باھاسى 360 مىڭ يۈەن؛ تۆت كوچا سودا سارىيى 1991 ـ يىلى سېلىنغان بولۇپ، 3 قەۋەتلىك، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1500 كۋادرات مېتىر، پۈتۈش باھاسى 450 مىڭ يۈەن. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىركەتتە كەسپىي بۆلۈمچە، مالىيە ـ بوغالتىرلىق بۆلۈمچىسى، كادىرلار ـ كاتىبات بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. شىركەتكە 3 ماگىزىن قارىدى، شىركەتنىڭ بىر دىرېكتورى، 81 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار. بۇ شىركەت تۈرلۈك ماللار، مېتال بۇيۇملار، قاتناش ـ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، ئىلمە پاختا توقۇلما مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، تىجارەت قىلىدىغان مەھسۇلات تۈرى 5000 خىلدىن ئاشىدۇ، يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 4 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 6 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە، يىلىغا تارتىدىغان زىيىنى 147 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

2) يېمەكلىك شىركىتى 1965 ـ يىل 4 ـ ئايدا سودا شىركىتىدىن يېمەكلىك سېتىۋېلىش كەسپى بىلەن خادىملار ئايرىپ چىقىلىپ، ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى. شىركەتنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 114 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كادىر 22، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئىشچى ـ خىزمەتچى 77، ئايال ئىشچى ـ خىزمەتچى 26، ۋاقىتلىق ئىشچى 22؛ شىركەتكە بىر دىرېكتور،

بىر مۇئاۋىن دىرېكتور قويۇلدى. شىركەتتە كەسپىي بۆلۈمچە، كادىرلار ـ قوغداش بۆلۈمچىسى، بوغالتىرلىق بۆلۈمچىسى، باھا بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، شىركەتكە چوشقا فېرمىسى، قوي فېرمىسى، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، قوشۇمچە يېمەكلىك ماگىزىنىنىڭ ساتىراشخانىسى، رەسمخانا ۋە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ ئاشخانا قارىدى. شىركەتنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 91 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 502 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 51 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. بۇ شىركەت ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ، پېچىنە، ئاق ھاراق، دۇفۇ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئۆزى ئىشلەپچىقىرىپ ئۆزى ساتتى، شىركەت يەنە 100 نەچچە چوشقا باقتى.

1968 ـ يىلى يېمەكلىك شىركىتىگە قاراشلىق ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار يېمەكلىك، ئىچىملىكتىن ئىبارەت 2 چوڭ سىستېما بويىچە ئايرىلىپ مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بولدى.

1969 ـ يىلى شىركەتتە ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ئارمىيە ۋەكىلى مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە 3 مۇئاۋىن مۇدىر تەيىنلەندى. 1976 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندا شىركەتنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 150 كە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 337 مىڭ يۈەنگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 357 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 35 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1987 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىركەتتە 3 بۆلۈمچە تەسىس قىلىندى، شىركەتكە 12 ئاساسىي قاتلام ئورنى قارىدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 178 گە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 1 مىليون 121 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 2 مىليون 295 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىركەتتە كادىرلار ـ كاتىبات بۆلۈمچىسى، مالىيە ـ بوغالتىرلىق بۆلۈمچىسى، توپ سېتىش بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. شىركەتكە شېكەر، تاماكا ـ ھاراق ماگىزىنى، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، «قىزىل نۇر» مېھمانخانىسى، چوشقا فېرمىسى، قوي فېرمىسى قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ئورنى قارىدى، شىركەتنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 130، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت 91، ئايال 66، شىركەتكە بىر دىرېكتور قويۇلدى. شىركەتنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 2 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 2 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 3 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، يىلىغا تارتىدىغان زىيىنى 300 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

3) نېفىت شىركىتى 1997 ـ يىل 3 ـ ئايدا سودا شىركىتىدىن نېفىت تىجارىتى كەسپى بىلەن بىر قىسىم خادىملار ئايرىپ چىقىلىپ نېفىت شىركىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى شىركەتكە بىر دىرېكتور، 7 ئىشچى ـ خىزمەتچى قويۇلدى، شىركەتنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 146 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1987 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 29 غا، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 377 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 1 مىليون 578 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىركەتتە بىر دىرېكتور، 34 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولدى، شىركەتنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 1 مىليون 953 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 12 مىليون 397 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 16 مىليون 737 مىڭ يۈەنگە، شۇ يىللىق پايدىسى 191 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

4) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى 1964 ـ يىل 9 ـ ئايدا تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىدىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى ئايرىپ چىقىلىپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلدى. 1966 ـ يىل 10 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىغا قوشۇۋېتىلىپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش بۆلۈمچىسى دەپ ئاتالدى. 1969 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇ پونكىت ئۈلاغ ھارۋىسى، دىزېلماتور، ئېلېكترو دۋىگاتېل، پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى، تراكتور ۋە باشقا سەپلىمە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1984 ـ يىلى نامى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىگە

ئۆزگەرتىلدى. 1987 - يىلى شىركەتتە بىر دىرېكتور، 15 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى، شىركەتنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 377 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 1 مىليون 578 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى زىيان تارتىدىغان كارخانا ئىدى، 1983 - يىلى زىيان تارتىشتىن پايدا ئالىدىغان بولدى. 90 - يىللاردا شىركەتنىڭ پايدىسى يىلمۇ يىل ئاشتى. 1993 - يىلى بۇ شىركەت ناھىيە بويىچە پايدا ئالىدىغان چوڭ كارخانىغا ئايلاندى، يىللىق پايدىسى 1 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، دۆلەت دەرىجىلىك ئىلغار كارخانىغا ئايلاندى، دىرېكتور جۇ يۈنتاڭ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار خىزمەتچى دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1995 - يىلى شىركەتتە بىر دىرېكتور، 42 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى، شىركەتنىڭ يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 33 مىليون 46 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 34 مىليون 727 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 1 مىليون 268 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

5) تېببىي دورا شىركىتى 1960 - يىل 10 - ئايدا تېببىي دورا تىجارىتى كەسپىي سودا شىركىتىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، تېببىي دورا شىركىتى قۇرۇلدى، بۇ شىركەت ئاساسەن، جۇڭيى دورىسى، غەرب تېبابىتى دورىسى ۋە تېببىي داۋالاش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. شىركەت قۇرۇلغان چاغدا 3 خىزمەتچى خادىم بار ئىدى. 1966 - يىلى بىر دىرېكتور، 6 خىزمەتچى خادىم بار بولدى، شىركەتنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 21 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1976 - يىلى شىركەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 8 گە، يىللىق سېتىش سوممىسى 267 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىلى شىركەت بۆلۈمچە دەرىجىلىكتىن بۆلۈم دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلدى. 1987 - يىلى شىركەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 15 كە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 181 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 478 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىركەتتە بىر دىرېكتور، 18 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى، شىركەتنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 224 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليون 65 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 1 مىليون 366 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

6) ماددىي ئەشيا شىركىتى 1973 - يىلى توقسۇ ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى قۇرۇلدى، بۇ پونكىت يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى بىلەن بىر يۈرۈش بەنزىم بولدى، 2 ۋۇيۇسكا ئېسىلدى. 1976 - يىل 11 - ئايدا 2 پونكىت ئايرىۋېتىلدى، بىر پونكىت باشلىقى قويۇلدى، 5 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى. 1981 - يىلى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ماگىزىنى تەسىس قىلىندى. 1987 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 13 كە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 753 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 863 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1988 - يىل 11 - ئايدا پونكىتنىڭ نامى توقسۇ ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىركەتكە مېتال ماتېرىياللار، يېنىك سانائەت، خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ئاپتوموبىل سەپلىمىلىرى ماگىزىنى قارىدى، بىر دىرېكتور قويۇلدى، شىركەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 26 گە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 687 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 3 مىليون 821 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 4 مىليون 467 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 77 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 3. سودا تىجارىتى

### 1) ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى

(1) مېتال بۇيۇملار، خىمىيە سانائىتى - يېنىك سانائەت بۇيۇملىرى، ماشىنا - ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ناھىيە بويىچە مېتال بۇيۇملار، خىمىيە سانائىتى - يېنىك

سانائەت بۇيۇملىرى، ماشىنا - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، يېنىكارلىق ماتېرىياللىرى قاتارلىق ماددىي ئەشيالار تىجارىتىنى ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا شىركىتى قىلىدۇ. ئىلگىرى، كۆپىنچە ماددىي ئەشيا ئاپتونوم رايونلۇق ماددىي ئەشيا ئىدارىسى بىلەن ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا شىركىتىنىڭ كەسپىي شىركەتلىرىدىن سېتىۋېلىناتتى. 1983 - يىلدىن كېيىن كورلىدا جەنۇبىي شىنجاڭ ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ئۇنىۋېرسال شىركىتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ماددىي ئەشيالار كورلىدىن سېتىۋېلىندى. 80 - يىللاردىن ئىلگىرى يۇقىرىدىكى ماددىي ئەشيالارنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئىنتايىن ئاز ئىدى. 80 - يىللاردىن باشلاپ ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ماددىي ئەشياغا بولغان ئېھتىياجنىڭ مىقدارى يىلمۇ يىل ئاشتى، ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىشتا 60 - يىللاردىكى پىلانلىق يۆتكەش بىلەن ئۆز ئالدىغا مال مەنبەسى ئۈيۈشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈشكە ئۆزگەردى، سېتىش پىلانلىق تەمىنلەشتىن پىلان بىلەن بازارنى بىرلەشتۈرۈشكە ئۆزگەردى. 90 - يىللاردا كۆپ ساندىكى ماددىي ئەشيا بازار ئارقىلىق تەمىنلىنىدىغان بولدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئاساسلىق ماددىي ئەشيالارنىڭ 1980 — 1995 - يىلغىچە سېتىلىش مىقدارى

جەدۋەل: 16 — 5

| يىللار | پولات ماتېرىيال (توننا) | سېمونت (توننا) | ئەينەك (ساندۇق) | ئاسفالت (توننا) | بالون (يۈرۈش) | ئويغۇچى تاترى (توننا) | ئاپتوموبىل (دانە) | ماشىنا ئېلېكتر (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 173 | 893 | 89 | 4 | 45 | 4.5 | 2 | |
| 1981 | 173 | 923 | 237 | 4.3 | 29 | 5 | 10 | |
| 1982 | 170.6 | 692.8 | 285.9 | 6.4 | 40 | 27 | 2 | |
| 1983 | 143.7 | 506.7 | 145.5 | | 60 | 7 | 3 | |
| 1984 | 197.4 | 784.2 | 433.6 | 10.1 | 113 | 19.2 | 3 | |
| 1985 | 179.5 | 1006.7 | 410.6 | 18 | 76 | 45 | 11 | |
| 1986 | 226 | 339 | 462 | 22 | 75 | 14 | 9 | |
| 1987 | 225 | 987 | 379 | 29 | 150 | 4 | 2 | 19 |
| 1988 | 649 | 2798 | | | | | | |
| 1989 | 343 | 3594 | 605 | 18 | 188 | 14 | | |
| 1990 | 399 | 2797 | 299 | 23 | 74 | 32 | | |
| 1991 | 368 | 5319 | 577 | 10 | 125 | 3 | | |
| 1992 | 566 | 3813 | 646 | 9 | 180 | 9 | 3 | |
| 1993 | | 6760 | 781 | | 72 | 8 | 2 | |
| 1994 | 187 | 9390 | 83 | | 73 | 4 | 1 | 6 |
| 1995 | 77.8 | 2198.5 | | | 30 | | | |

### تۇقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1975 — 1995 - يىللىقچە ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش - سېتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 6

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | سېتىۋېلىنغىنى | سېتىلغىنى | يىللار | سېتىۋېلىنغىنى | سېتىلغىنى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1975 | 30 | 34 | 1986 | 105.8 | 101.1 |
| 1976 | 10 | 13 | 1987 | 73 | 83 |
| 1977 | 37.5 | 52 | 1988 | 120 | 136 |
| 1978 | 39 | 42 | 1989 | 159.2 | 186.6 |
| 1979 | 72.8 | 83.5 | 1990 | 149.2 | 166.2 |
| 1980 | 96.2 | 100.1 | 1991 | 221 | 246 |
| 1981 | 71.1 | 79.1 | 1992 | 339 | 350 |
| 1982 | 57.5 | 64.6 | 1993 | 457 | 374 |
| 1983 | 48.5 | 51.4 | 1994 | 332.6 | 441.1 |
| 1984 | 63.2 | 70.5 | 1995 | 382.1 | 446.7 |
| 1985 | 105.6 | 109.9 | — | | |

(2) **دېھقانچىلىق سايمانلىرى** مىڭلىغان يىللاردا دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تۆمۈرچى، ياغاچچىلار ئۆزلىرى ياساپ ئۆزلىرى ساتاتتى. 1953 - يىلدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى سېتىۋېلىپ ساتىدىغان بولدى. 1958 - يىلدىن باشلاپ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى 2 - يېزىلىق ساناەت ئىدارىسىنىڭ تۆمۈرچىلىك - ياغاچچىلىق كوپېراتىپى ئىشلەپچىقارغاندىن تاشقىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىمۇ بىر قىسىم دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلەپچىقاردى. 1970 - يىلدىن كېيىن ماشىنىلاشقان، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ كېڭەيتىلىشى بىلەن، كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئازايدى. ئوتتۇرا، كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى 2 - يېزىلىق ساناەت ئىدارىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قاتارلىق ئورۇنلار ئاساسلىق تىجارەت قىلدى. 1958 - يىلى ناھىيە بويىچە كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى، يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنىدىن 9456 سى سېتىلدى، سېتىلغان دېھقانچىلىق سايمىنى 1978 - يىلى 37 مىڭ 448 گە يەتتى، 1991 - يىلى 9661، 1995 - يىلى 2436 دېھقانچىلىق سايمىنى سېتىلدى (2 - يېزىلىق ساناەت ئىدارىسى ساتقىنى بۇنىڭ سىرتىدا).

## 2) يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

1964 - يىلدىن ئىلگىرى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى ساتاتتى، ئەينى ۋاقىتتا چوڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ناھايىتى ئاز

ئىدى، ئوتتۇرا، كىچىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئاساس قىلىناتتى. 1964 ـ يىلدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى، رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتى، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قاتارلىق ئورۇنلار ئاساسلىق تىجارەت قىلدى. 1968 ـ يىلى رېزىنكە چاقلىق هارۋا، سېپىالكا، دان ئايرىش ماشىنىسى سېتىلدى. 1970 ـ يىلدىن كېيىن تراكتور، دىزېلماتور، ئېلېكتروماتور، ئۇلاغ هارۋىسىنىڭ سېتىلىش مىقدارى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 1984 ـ يىلدىن باشلاپ كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور ئابونتلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. سېپىالكا، ئورما ماشىنىسى، ئۇلاغ هارۋىسى، ئۇۋىتىش ماشىنىسى، ئوت ئورۇش ماشىنىسى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىمۇ خېلى كۆپ سېتىلدى.

## 3) خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، سۇلياۋ يوپۇق

خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، سۇلياۋ يوپۇق تىجارىتىنى باشتىن ئاخىر تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ئاساسلىق باشقۇردى.

**(1) خىمىيىۋى ئوغۇت** 1956 ـ يىلدىن باشلاپ يېزىلاردا خىمىيىۋى ئوغۇت كېڭەيتىلدى. 1958 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 263.5 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلەندى. 1967 — 1976 ـ يىللىرىچە خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ سېتىلىش مىقدارى گاھىدا كۆپ، گاھىدا ئاز بولدى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50 توننا ئەتراپىدا بولدى. 1977 ـ يىلدىن كېيىن خىمىيىۋى ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياج تېز سۈرئەتتە ئېشىپ، 1991 ـ يىلى خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ سېتىلىش مىقدارى 1991 ـ يىلى 10 مىڭ 432 تونىنغا، 1995 ـ يىلى 15 مىڭ 742 تونىنغا يەتتى.

**(2) دېھقانچىلىق دورىسى** 1958 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 9.75 توننا دېھقانچىلىق دورىسى سېتىلدى، 1961 ـ يىلى 128 تونىنغا يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 توننا ئەتراپىدا سېتىلدى. 1991 ـ يىلى 26 توننا سېتىلدى، 1995 ـ يىلى 28 توننا سېتىلدى.

**(3) سۇلياۋ يوپۇق** 1979 ـ يىلدىن باشلاپ سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىلدى، كېيىن سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىلىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن سۇلياۋ يوپۇقنىڭ سېتىلىش مىقدارى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 1981 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 152 كىلوگرام سۇلياۋ يوپۇق سېتىلدى، 1991 ـ يىلى 845 توننا، 1995 ـ يىلى 980 توننا سۇلياۋ يوپۇق سېتىلدى.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرىنىڭ 1960 — 1995 ـ يىللىرىچە سېتىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 7

| تۈرلەر / يىللار | خىمىيىۋى ئوغۇت (توننا) | دېھقانچىلىق دورىسى (توننا) | يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئېنېرگىيە (ئات كۈچى / دانە) | چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور (دانە/ ئات كۈچى) | كىچىك تراكتور (دانە / ئات كۈچى) | يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنى (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | 289 | 24 | | | | |
| 1961 | 137 | 128 | | | | |
| 1962 | 100 | 2 | | | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 3 | 202 | 1963 |
| 222 | | | | 1 | 223 | 1964 |
| 197 | | | | 4 | 378 | 1965 |
| 343 | | | | 49 | 1112 | 1966 |
| 450 | | | | 11 | 907 | 1967 |
| | | | | 20 | 594 | 1968 |
| | | | | 19 | 720 | 1969 |
| 47 | | | 9/290 | 19 | 654 | 1970 |
| 127 | | | | 14 | 752 | 1971 |
| | | | | 10 | 424 | 1972 |
| 63 | | | | 19 | 860 | 1973 |
| 30 | | | 14/451 | 21 | 962 | 1974 |
| | | | | 20 | 855 | 1975 |
| 50 | | 9/380 | | 15 | 888 | 1976 |
| | | 18/759.6 | 43/1385 | 20 | 1166 | 1977 |
| 26 | | 38/1330 | 16/512 | 26 | 2238 | 1978 |
| 73 | | 56/2565 | 652/6959 | 24 | 2514 | 1979 |
| 15 | 15/180 | 49/2287 | 10/376 | 21 | 2657 | 1980 |
| 14 | 3/36 | 22/821 | 67/867 | 34.9 | 2056 | 1981 |
| 36 | 12/144 | 29/888 | 57/1093 | 20.9 | 1528 | 1982 |
| 107 | 14/189 | 42/1542 | 9/192 | 26.9 | 1988 | 1983 |
| 91 | 73/1014 | 91/1896 | 3/36 | 10 | 2675 | 1984 |
| 40 | 65/780 | 71/1514 | 7/132 | 15.4 | 3052 | 1985 |
| 20 | 16/318 | 20/611 | 15/222 | 5.7 | 2847 | 1986 |
| 21 | 51/497 | 54/696 | 22/216 | 15.7 | 4150 | 1987 |
| 18 | 153/1683 | 154/1723 | 38/60 | 9 | 3778 | 1988 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1989 | 5678 | 39.9 | | | | |
| 1990 | 6752 | 16 | 140/1547 | 3/131 | 450/4950 | 30 |
| 1991 | 10432 | 26 | | 23 دانە | 601 دانە | |
| 1992 | 10128 | 10.9 | | 95 دانە | 429 دانە | |
| 1993 | 11404 | 13.5 | | 12 دانە | 140 دانە | |
| 1994 | 14230 | 10.7 | | 27 دانە | 508 دانە | |
| 1995 | 15742 | 28 | | 368 دانە | 678 دانە | |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ 1959 — 1995 ـ يىلغىچە سېتىلىش ئەھۋالى
### (2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى ساتقىنى بۇنىڭ سىرتىدا)

جەدۋەل: 16 — 8

| يىللار | تۇمانلاتقۇچ (دانە) | پۈركىگۈچ (دانە) | سۇلياۋ يوپۇق (توننا) | گۈرجەك (دانە) | كەتمەن (دانە) | ئورغاق (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1959 | 101 | | | | | |
| 1960 | 94 | | | | | |
| 1961 | 5 | | | | | |
| 1962 | 46 | | | 55 | | |
| 1963 | 181 | 1 | | | | |
| 1964 | 71 | 4 | | 311 | | |
| 1965 | 79 | 22 | | 1093 | | |
| 1966 | 274 | 68 | | | | |
| 1967 | 55 | 23 | | 1543 | 3563 | 947 |
| 1968 | 28 | 21 | | 2173 | 5729 | 1142 |
| 1969 | 51 | | | 3208 | 3496 | 1047 |
| 1970 | | | | 1164 | 2314 | 2454 |
| 1971 | 217 | 87 | | 2832 | | |
| 1972 | 168 | 258 | | 4550 | 1202 | 503 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1973 | 156 | 64 | | 1440 | 586 | 192 |
| 1974 | 254 | 59 | | 1792 | 1387 | 2697 |
| 1975 | 500 | 129 | | 1742 | 1952 | 1914 |
| 1976 | 114 | 86 | | 1188 | 854 | 982 |
| 1977 | 223 | 171 | | 1083 | 3404 | 451 |
| 1978 | 400 | 63 | | 3046 | 2321 | 206 |
| 1979 | 90 | 34 | | 643 | 2411 | 63 |
| 1980 | 74 | 64 | | 1364 | 1217 | 212 |
| 1981 | 113 | 90 | 0.15 | 1225 | 269 | |
| 1982 | 85 | 41 | 4.8 | 100 | 107 | 20 |
| 1983 | 1082 | 57 | 5.7 | 1165 | 120 | 25 |
| 1984 | 5 | 3 | 57.2 | 410 | 182 | 119 |
| 1985 | 652 | 10 | 12.6 | 2990 | 309 | 20 |
| 1986 | 136 | | 114 | 1592 | 39 | |
| 1987 | 369 | | 155.3 | 1757 | 410 | 20 |
| 1988 | 2127 | | 212.6 | 1927 | 97 | |
| 1989 | 195 | 2 | 212.8 | 846 | 30 | |
| 1990 | 938 | | 333.5 | 1307 | | 205 |
| 1991 | 1717 | | 845.4 | 3981 | | 15 |
| 1992 | 1525 | | 653.5 | 867 | | |
| 1993 | 2155 | | 282 | | | |
| 1994 | 459 | | 732.7 | | | |
| 1995 | 449 | | 980.2 | | | |

4) نېفىت

50 ـ يىللاردا ۋە 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ سانى ئاز بولغاچقا، نېفىت بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە، خەلق ئارىسىدا يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كىرىسىن

بىلەن تەمىنلەش ئاساس قىلىناتتى. ئەينى ۋاقىتتا كېروسىن بىلەن تەمىنلەش ئىشىنى سودا شىركىتى بېجىرەتتى. 1977 ـ يىلى نېفىت شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بېنزىن، كېروسىن، دىزېلىن ۋە سىلىقلاش مېيى تىجارىتىنى نېفىت شىركىتى قىلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

1954 ـ يىلى خەلق 1.2 توننا كېروسىن بىلەن تەمىنلەندى. 1965 ـ يىلدىن كېيىن بېنزىن، دىزېلىن، سىلىقلاش مېيىنىڭ سېتىلىش مىقدارى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 1978 ـ يىلى 220 توننا بېنزىن، 75 توننا كېروسىن، 1150 توننا دىزېلىن بىلەن تەمىنلەندى. 1990 ـ يىلى 796 توننا بېنزىن، 204 توننا كېروسىن، 1535 توننا دىزېلىن سېتىلدى. 1995 ـ يىلى 3830 توننا بېنزىن، 59 توننا كېروسىن، 3148 توننا دىزېلىن سېتىلدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1956 — 1995 يىلغىچە نېفىت سېتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 9

| يىللار | سېتىۋېلىنىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | سېتىلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | سېتىۋېلىنىش مىقدارى (توننا) | | | | | سېتىلىش مىقدارى(توننا) | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | بېنزىن | كېروسىن | دىزېلىن | سىلىقلاش مېيى | جەمئىي | بېنزىن | دىزېلىن | كېروسىن | سىلىقلاش مېيى | جەمئىي |
| 1956 | 0.48 | 0.48 | | | | | | | | 2.4 | | 2.4 |
| 1957 | | 1.9 | | | | | | | | 23.1 | | 23.1 |
| 1958 | | 1.6 | | | | | | | | 18.8 | | 18.8 |
| 1959 | | 5.3 | | | | | | 14.5 | 1.7 | 34.1 | | 50.3 |
| 1960 | 0.25 | 10.1 | 3.1 | | | | 3.1 | 20.7 | 1.1 | 82.5 | | 104.3 |
| 1961 | | 8.6 | | | | | | 5 | 2.6 | 76.6 | | 84.2 |
| 1962 | 0.67 | 2.5 | | | | | | 2.6 | 1.7 | 24 | | 28.3 |
| 1963 | 1.10 | 2.9 | | 46 | | | 46 | | | 35.6 | | 35.6 |
| 1964 | | 26.6 | 1 | 11 | | | 12 | | | 33.2 | | 33.2 |
| 1965 | | 1.7 | | 112 | | | 112 | | | 38.6 | | 38.6 |
| 1966 | | 3 | | 117 | | | 117 | 0.24 | | 37.4 | | 37.6 |
| 1967 | | 5:5 | | 147 | | | 147 | 3.8 | 30.8 | 63 | | 97.6 |
| 1968 | | 4.7 | | 146 | | | 146 | 2.6 | 17.8 | 51.3 | | 71.7 |
| 1969 | | 4.6 | | 130 | | | 130 | | | 130 | | 130 |
| 1970 | | 4.4 | 8 | 120 | 10 | | 138 | 8 | 10 | 120 | | 138 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 101.8 | | 65.8 | 29.1 | 6.9 | 184 | | 27 | 150 | 7 | 6.4 | | 1971 |
| 118.7 | | 27.1 | 83.9 | 7.7 | 198 | | 70 | 120 | 8 | 10.2 | | 1972 |
| 99.2 | | 9.9 | 84.4 | 4.9 | 155 | | 85 | 55 | 15 | 4.9 | | 1973 |
| 260.1 | | 9.1 | 230.5 | 20.5 | 205 | | 128 | 57 | 20 | 13.4 | | 1974 |
| 549.4 | | 22.3 | 466 | 61.1 | 708 | | 500 | 58 | 150 | 25.1 | | 1975 |
| 839.7 | | 18.2 | 698.5 | 123 | 1020 | | 800 | 50 | 170 | 40.2 | | 1976 |
| 1415 | 65 | 70 | 1030 | 250 | 1370 | 70 | 1030 | 70 | 200 | 60 | 55 | 1977 |
| 1520 | 75 | 75 | 1150 | 220 | 1444 | 74 | 1100 | 70 | 200 | 74 | 70 | 1978 |
| 1790 | 60 | 70 | 1300 | 360 | 2140 | 90 | 1500 | 150 | 400 | 98 | 70 | 1979 |
| 2019 | 49 | 52 | 1530 | 388 | 215 | 127 | 1522 | 64 | 442 | 104 | 60 | 1980 |
| 1911 | 58 | 59 | 1397 | 397 | 1957 | 137 | 1325 | 67 | 428 | 107 | 71 | 1981 |
| 1734 | 55 | 78 | 1162 | 439 | 1741 | 6 | 1279 | 65 | 391 | 96 | 59 | 1982 |
| 1750 | 101 | 96 | 1038 | 515 | 1512 | 4 | 895 | 103 | 510 | 103 | 58.5 | 1983 |
| 1833 | 57 | 115 | 993 | 668 | 1899 | 21 | 1118 | 115 | 645 | 118 | 89 | 1984 |
| 1953 | 51 | 95 | 1080 | 727 | 2008 | 53 | 1066 | 118 | 771 | 125.5 | 99.1 | 1985 |
| 2290 | 56 | 102 | 1204 | 928 | 2294 | 64 | 1235 | 74 | 921 | 149.7 | 116.5 | 1986 |
| 2361 | 62 | 147 | 1218 | 934 | 3081 | 68 | 1989 | 156 | 868 | 157.8 | 118.2 | 1987 |
| 2087 | 58 | 162 | 1095 | 772 | 2129 | 43 | 158 | 1099 | 829 | 146 | 118 | 1988 |
| 2692 | 73 | 165 | 1553 | 901 | 2702 | 51 | 1604 | 179 | 862 | 201 | 104 | 1989 |
| 2606 | 71 | 204 | 1535 | 796 | 2692 | 63 | 1581 | 221 | 827 | 205 | 177 | 1990 |
| 358 | 8 | 26 | 180 | 144 | 1738.3 | 4.8 | 190 | 23.5 | 1520 | 334.5 | 272.8 | 1991 |
| 2507 | 114 | 146 | 1945 | 302 | 451 | 34 | 140 | | 277 | 535.3 | 425.6 | 1992 |
| 2811 | 114 | 201 | 227 | 2269 | 2144 | 83 | 592 | | 1469 | 917.6 | 418.9 | 1993 |
| 4798 | 106 | 97 | 2049 | 2546 | 4894 | 82 | 1852 | 101 | 2858 | 1051.8 | 751.7 | 1994 |
| 7221 | 184 | 59 | 3148 | 3830 | 7361 | 190 | 3299 | 61 | 3811 | 1673.7 | 1239.7 | 1995 |

ئىزاھات: جەدۋەلدىكى مەلۇمات يۇقىرى باھالىق مايغا دائىر ساننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## 5) يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار

**(1) پاختا** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ناھىيە بويىچە پاختا تىجارىتىنى خۇسۇسىي سودىگەرلەر قىلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 - يىلدىن باشلاپ پاختىنى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىر تۇتاش سېتىۋالىدىغان بولدى، پاختا كۆچا ناھىيىسىگە ئېلىپ بېرىلىپ پىششىقلاپ ئىشلىنەتتى ۋە يۆتكىلەتتى، شۇ يىلى 597.4 دەن پاختا سېتىۋېلىندى. 1978 - يىلدىن كېيىن يېزىلاردا ئومۇميۈزلۈك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن پاختا سېتىۋېلىشتا باھا قوشۇپ سېتىۋېلىش، مۇكاپاتلاش چارىسى يولغا قويۇلدى. 1982 - يىلى 1723 توننا پاختا سېتىۋېلىندى، سېتىۋېلىنغان پاختا 1991 - يىلى 8392 تونىنغا، 1995 - يىلى 12 مىڭ 882 تونىنغا يەتتى.

**(2) قۇرۇق، ھۆل مېۋە - چېۋە** توقسۇ ناھىيىسىدە قۇرۇق مېۋە - چېۋىلەردىن ئۆرۈك قېقى، شاپتۇل قېقى، ياڭاق ئاساسىي ئورۇندا، قارىئۆرۈك، جىگدە 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) ناھىيە بويىچە 605 توننا ئۆرۈك قېقى، 32.5 توننا ئۆرۈك مېغىزى، 17.5 توننا شاپتۇل قېقى، 37.5 توننا ياڭاق، 9.5 توننا قارىئۆرۈك سېتىۋېلىنغان، بۇ قۇرۇق مېۋىلەرنى خۇسۇسىي سودىگەرلەر سېتىۋېلىپ، ئىلى، ئۈرۈمچىلەرگە ئېلىپ بېرىپ ساتقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇرۇق مېۋە - چېۋىنى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سېتىۋېلىپ بىر تۇتاش يۆتكىدى، ئاز مىقداردىكىسىنى ناھىيە ئىچىدە ساتتى. سېتىۋېلىنغان قۇرۇق مېۋە - چېۋە 1965 - يىلى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 555.2 تونىنغا يەتتى. 80 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت خۇسۇسىيلارنىڭ قۇرۇق مېۋە - چېۋە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەتنىڭ سېتىۋېلىش مىقدارى تۆۋەنلىدى، 1991 - يىلى 67.8 توننا، 1995 - يىلى 235 توننا قۇرۇق مېۋە - چېۋە سېتىۋېلىندى.

ئەسلىدە مېۋە - چېۋە تىجارىتىنى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى قىلاتتى، 1988 - يىلدىن كېيىن مېۋە - چېۋە شىركىتى قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. مېۋە - چېۋە سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى باشقا جايلارغا سېتىلدى. 1988 - يىلى 165 توننا نەشپۈت، ئالما سېتىلدى. 1991 - يىلى 76 توننا، 1995 - يىلى 18 توننا نەشپۈت، ئالما سېتىلدى.

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1954 — 1995 - يىللىرىدىكى پاختا ۋە قۇرۇق، ھۆل مېۋە - چېۋە سېتىۋېلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 16 — 10

بىرلىكى: توننا

| يىللار | پاختا: سېتىۋېلىنغىنى | پاختا: يۆتكەلگىنى | پاختا: ئەمەللەشكىنى | ئۆرۈك قېقى | ياڭاق | شاپتۇل قېقى | قارىئۆرۈك | ئۈشتقاق چىلان | نەشپۈت | ئۆرۈك مېغىزى | جىگدە | قوغۇن - تاۋۇز |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1954 | 32.4 | | | | | | | | | | | |
| 1955 | 9.9 | | | | | | | | | | | |
| 1956 | 239.9 | | | | | | | | | | | |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | 216.5 | 7.4 | 228.9 | 1957 |
| | | | | | | | | | 63.82 | 7.4 | 176.8 | 1958 |
| | | | | | | | | | 17.5 | 11.7 | 474.7 | 1959 |
| | 6.6 | 0.07 | 63.3 | 4.72 | 24.2 | 31.8 | 3.82 | 55.1 | 32.3 | 3.5 | 49.1 | 1960 |
| | 2.9 | | 3.7 | 1.36 | 3.6 | 28.1 | 16.7 | 90.7 | 244.2 | 5.7 | 153.2 | 1961 |
| | 7.1 | | 10.4 | 3.8 | 5.3 | 26.1 | 23.7 | 34 | 173 | 4 | 190.8 | 1962 |
| | 6.2 | 0.9 | 2.3 | 5.4 | 4.6 | 74.1 | 21.5 | 67.5 | 228.7 | 6.3 | 83.6 | 1963 |
| 3.9 | 11.1 | 2.7 | 35.5 | 22.8 | 9.7 | 213.9 | 66.8 | 173.9 | 105.1 | 2.6 | 236.8 | 1964 |
| 19.4 | 19.3 | 10.4 | 7.9 | 34.4 | 22.8 | 120.3 | 70.9 | 249.8 | 233.8 | 7.2 | 393.8 | 1965 |
| 127.6 | | 0.4 | 15.9 | 40.4 | 0.9 | 46.1 | 75.9 | 6.6 | 470.6 | 3.9 | 515 | 1966 |
| 104.9 | | 0.1 | 0.1 | | | 13.8 | 5 | 5.3 | 360.7 | 3.5 | 469.5 | 1967 |
| 118.1 | | 0.9 | 6 | | | 12 | 14.6 | 11.4 | 319.4 | 16.5 | 429.6 | 1968 |
| 89 | | 0.4 | 3.5 | | | 48.4 | 18 | 18.2 | 281.9 | 19.5 | 288.2 | 1969 |
| 107 | | 0.03 | 2.8 | | | 22.6 | 17 | 1.3 | 533.3 | 0.6 | 493.6 | 1970 |
| 107.2 | | 1.3 | 5.5 | | | 28.9 | 11.5 | 32.8 | 340.5 | 5.3 | 338.2 | 1971 |
| 172.6 | | 1.1 | 1.2 | 7.4 | | 94.2 | 6.6 | 19.5 | 359.7 | 25.8 | 255.2 | 1972 |
| | | | | | 1.3 | 160.6 | 23.8 | 164.4 | 250.6 | 6.8 | 477.4 | 1973 |
| 44.9 | 4 | 0.9 | 6.8 | 15.4 | 3.6 | 78.4 | 12.9 | 38.5 | 330.7 | 11.2 | 431.7 | 1974 |
| 37.1 | | 0.9 | 1.1 | 3.3 | | 26 | 25.7 | 36.2 | 279 | 215.8 | 358.5 | 1975 |
| 18.6 | 0.1 | 0.05 | 2.7 | 0.7 | 0.1 | 17.5 | 11.5 | 2.3 | 76.3 | 195.4 | 194.8 | 1976 |
| 28 | | 3.2 | | | | 18.4 | 13.4 | 19.4 | 97.9 | 172.4 | 313.7 | 1977 |
| 43.2 | | | | | | 14.6 | 13.3 | 24.5 | 377 | 3.3 | 759.9 | 1978 |
| 4.1 | | | | | | 26 | 14.1 | | | | 626.6 | 1979 |
| 4.8 | 11.5 | 0.6 | | 6.4 | 0.2 | 39.9 | 15.3 | 37.7 | | | 689.7 | 1980 |
| | | 0.6 | | | | 47 | 9.6 | 53.1 | | | 1287 | 1981 |
| | | 0.6 | | | | | 13.3 | 21.6 | | | 1723 | 1982 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | 21.3 | 116.5 | | | 1595 | 1983 |
| | | 0.4 | | | | | 6.4 | 2.6 | | 2046 | 2044 | 1984 |
| | | 1.1 | | | | | 0.6 | 15 | 631 | 576 | 2045 | 1985 |
| | | 0.3 | | | | | 1.4 | 109.8 | | 1678 | 2025 | 1986 |
| | | 0.2 | 2.8 | | | | 0.7 | 103.4 | | 2005 | 2154 | 1987 |
| | | | 3 | 0.3 | | | 2.2 | 24 | | 2033 | 1995 | 1988 |
| | | | | 0.1 | | | 0.3 | 29 | | 2612 | 2442 | 1989 |
| | | | 5.7 | | | | 1 | 34 | | | 5400 | 1990 |
| | | | 9.4 | | | | 0.8 | 66.9 | | 8399 | 8392 | 1991 |
| | | | 4.30 | | | | | 86.5 | | 6161 | 6273 | 1992 |
| | | | 4.20 | | | | | 113.5 | | 7105 | 6628 | 1993 |
| | | | 8 | | | | | 92 | | 9639 | 12146 | 1994 |
| | | | | | | | | 235 | | 11028 | 12882 | 1995 |

**ئىزاھات:** 1) ياغنىڭ مىقدارى 1954 — 1957 - يىلغىچە ئىشلەپچىقىرىش يىلى بويىچە ھېسابلاندى، قالغان يىللاردىكىسى ئۆز يىللىق سان.

2) 1992 - يىلى 117.4 توننا ئالما، 329.4 توننا ئۈزۈم سېتىۋېلىندى. 1995 - يىلى 5.4 توننا ئالما سېتىۋېلىندى.

## 6) قوشۇمچە يېمەكلىكلەر

**(1) گۆش** گۆش جەھەتتە كالا، قوي گۆشى ئاساس قىلىنىدۇ. 1958 - يىلى گۆشكە قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى كالا، قويلار بازاردا ئەركىن ئېلىپ سېتىلاتتى، ئۇنى خۇسۇسىي سودىگەرلەر ئېلىپ ساتاتتى. 1960 — 1984 - يىلغىچە يېمەكلىك شىركىتى (سودا شىركىتى) قوي، كالىنى پىلان بويىچە سېتىۋالدى ۋە ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋالدى. 1980 - يىلدىن باشلاپ كالا، قوي سېتىۋېلىشتا باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاپ سېتىش چارىسى يولغا قويۇلدى، يەنى %30 ى تاختاي باھاسى بويىچە بولدى، %70 گە تاختاي باھاسىغا %50 باھا قوشۇلدى، مەسىلەن: ۋەزىپە ئاشۇرۇپ ئورۇندالسا پۈتۈن سومما بويىچە باھا قوشۇلدى. 1985 - يىلدىن كېيىن كېلىشىم باھا بويىچە سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى. چوشقا بىلەن تەمىنلەشنى يېمەكلىك شىركىتىنىڭ چوشقا فېرمىسى ياكى شەخسلەر ئۈستىگە ئالدى.

1958 - يىلى گۆش بىلەن كىنىشكا بويىچە تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. 1962 - يىلدىن كېيىن بىلەت بىلەن تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلىپ، ھەر بىر ئادەم ئايدا 500 گرام گۆش بىلەن تەمىنلەندى، ھېيت - بايراملاردا بىرئاز قوشۇپ بېرىلدى. 1985 - يىلدىن كېيىن بازار ئىگىلىكى ئاساس قىلىنغان كېلىشىم باھا بويىچە تەمىنلەش يولغا قويۇلدى.

**(2) چاي، شېكەر، تاماكا، ھاراق** توقسۇ ناھىيىسىگە چاي، شېكەر، تاماكا، ھاراق ئىچكى ئۆلكىلەردىن ياكى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئىلى ۋىلايىتىدىن سېتىۋېلىنىپ ياكى يۆتكەپ كېلىنەتتى. 1958 —

1980 - يىلغىچە چاي، شېكەر، تاماكا، هاراق بىلەن تەمىنلەش گاھىدا قىس، گاھىدا كەڭتاشا بولدى، بۇ نەرسىلەر گاھىدا بار، گاھىدا يوق بولدى. كۆپ ۋاقىتلاردا بۇ نەرسىلەر بىلەن بېلەتلىك تەمىنلەندى (ياكى تەستىق بويىچە تەمىنلەندى). «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ نەرسىلەرنىڭ باھاسى بار، ئۆزى يوق ياكى بېلەت بار، مال يوق بولۇشتەك ئەھۋال ئاندا - ساندا كۆرۈلۈپ تۇردى. 1980 - يىلدىن كېيىن چاي، شېكەر، تاماكا، هاراق بىلەن تەمىنلەشنىڭ يوللىرى راۋانلاشتى ھەمدە بازار ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىنغان كېلىشىم باھا بويىچە تەمىنلەش يولغا قويۇلدى، نەتىجىدە مال مەنبەسى تولۇق، مال تۈرى كۆپ بولدى. 90 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، تاماكا، هاراقلار ئارىسىدا ئاز مىقداردا يالغان ماركىلىق مەھسۇلاتلار پەيدا بولدى.

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1960 — 1995 - يىلغىچە ئاساسلىق قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ سېتىۋېلىنىش ۋە سېتىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 16 — 11

| يىللار | بورداق قوي (تۇياق) | | بورداق كالا | | چوشقا | | شېكەر (توننا) | | تاماكا (ساندۇق) | | تۇز (توننا) | | چاي (دىن) | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سېتىۋېلىنغىنى | سېتىلغىنى | سېتىۋېلىنغىنى | سېتىلغىنى | سېتىۋېلىنغىنى | سېتىلغىنى | سېتىۋېلىنغىنى | سېتىلغىنى | سېتىۋېلىنغىنى | سېتىلغىنى | سېتىۋېلىنغىنى | سېتىلغىنى | سېتىۋېلىنغىنى | سېتىلغىنى |
| 1960 | 5520 | 2232 | 107 | 195 | 122 | 34 | 11 | 10 | | | | 7 | | 30 |
| 1961 | 4667 | 2241 | 168 | 108 | 57 | 85 | | 30 | | | 13 | 16 | | 37 |
| 1962 | 6302 | 8272 | 68 | 108 | 47 | 76 | 66 | | | | | | | |
| 1963 | 9152 | 3392 | 352 | 205 | 92 | 79 | 28 | 27 | | | 10 | 16 | | 216 |
| 1964 | 1474 | 1336 | 289 | 53 | 71 | 10 | 2.5 | 32 | | | 8.6 | 10 | | 102 |
| 1965 | 6945 | 247 | 665 | 16 | 412 | 3 | 1 | 34 | | | 9 | 10 | | 103 |
| 1966 | 7103 | | 406 | | 854 | 136 | 15 | 65 | | | 9 | 10 | | 89 |
| 1967 | 7634 | 27 | 560 | | 925 | 160 | 28 | 77 | | 522 | 12 | 17 | | 198 |
| 1968 | 5957 | 575 | 424 | | 1069 | 74 | 30 | 111 | 340 | | | | | 48 |
| 1969 | 7189 | 18 | 248 | | 529 | 285 | 17 | 29 | | 41 | | | | |
| 1970 | 8782 | 635 | 543 | 480 | 261 | 111 | | 86 | | 56 | | 14 | | 325 |
| 1971 | 7273 | 1195 | 568 | 117 | 338 | 40 | 1 | 86 | | 57 | 16 | 50 | | 155 |
| 1972 | 7762 | 5972 | 605 | 370 | 1779 | 562 | | | | 92 | 8 | 11 | | 280 |
| 1973 | 6559 | 5897 | 503 | 464 | 1306 | 966 | | 66 | | | 2 | 11 | | 188 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 245 | | 14 | 13 | 389 | | 75 | | 24 | 345 | 166 | 372 | 3013 | 7842 | 1974 |
| 154 | | 15 | 25 | 35 | | 124 | | | 352 | 168 | 599 | 5290 | 5977 | 1975 |
| 130 | | 16 | 14 | 35 | | 47 | | 14 | 255 | 292 | 675 | 2939 | 2000 | 1976 |
| 310 | | 9 | 24 | 597 | | 66 | | 3 | 215 | 26 | 550 | 419 | 6653 | 1977 |
| 320 | | 18 | 18 | 1378 | | 98 | | 1 | 219 | 69 | 504 | 1209 | 7002 | 1978 |
| 335 | | 17.8 | 21 | 138 | | 97.7 | 4 | | 320 | 69 | 543 | 1161 | 5486 | 1979 |
| 368 | | 16 | 15 | 704 | | 204.6 | 29.2 | | 350 | 19 | 550 | 1670 | 5810 | 1980 |
| 356 | | 21 | 20 | 123 | | 174.5 | 122.5 | 2 | | 32 | 152 | 2600 | 2300 | 1981 |
| 197 | | 30 | 73 | 1140 | | 112.1 | 197.2 | 1 | 163 | 91 | 489 | 3100 | 6200 | 1982 |
| 195 | | 66 | 86 | 1194 | | 212.6 | 196.6 | | 246 | 33 | 358 | 3600 | 6300 | 1983 |
| 602 | | 76 | 82 | 1385 | | 207.3 | 301.8 | 1 | 287 | 91 | 481 | 2100 | 4100 | 1984 |
| 698 | | 86 | 106 | 1603 | | 245.5 | 236.4 | 33 | 160 | 144 | 611 | 1122 | 1630 | 1985 |
| 639 | | 88 | 69 | 1628 | | 179.4 | 129.9 | | 148 | 7 | 383 | 426 | 1047 | 1986 |
| 364 | | 56 | 62 | 1135 | | 165.4 | 166.4 | | 190 | 31 | 650 | 152 | 155 | 1987 |
| 534 | | 79 | 104 | 57 | | 215 | 232 | 100 | 140 | 25 | 10 | | | 1988 |
| 773.52 | | 60 | 41 | 260 | | 235 | 213 | 100 | 200 | 100 | 600 | 100 | 200 | 1989 |
| | | 29 | 21 | 425 | | 217 | 237 | 100 | 200 | 340 | 500 | 800 | 900 | 1990 |
| 7.9 | | 63 | 28 | 129 | | 47 | 50 | 105 | 113 | 100 | 200 | 800 | 800 | 1991 |
| 1.3 | 0.5 | 22 | 5 | 108 | | 30 | 13 | 310 | 100 | 190 | 160 | 1010 | 940 | 1992 |
| 21.5 | | 5.5 | | 282 | | 7.7 | 0.03 | 33 | 163 | | 222 | | 74 | 1993 |
| 25.3 | | 10.1 | | 39 | | 50 | | 267 | 202 | | | | | 1994 |
| 29 | | 14.9 | | 1459 | | 23.3 | | 10 | 58 | | | 149 | 149 | 1995 |

**ئىزاھات:** يېمەكلىك شىركىتىنىڭ بىر قوي فېرمىسى، بىر چوشقا فېرمىسى بار. بۇ فېرمىلار بورداقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاھالىلەرنى نورمىلىق تەمىنلىدى، بازاردىكى گۆشنى تەڭشەپ تۇردى، شۇڭا ھەر يىللىق سېتىۋېلىش مىقدارى بىلەن سېتىش مىقدارى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى زور.

## 7) كۆندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

**(1) تۈرلۈك ماللار، مېتال بۇيۇملار، قاتناش - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى** تۈرلۈك ماللار، مېتال بۇيۇملار، قاتناش - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى تىجارىتىنى تۈرلۈك ماللار شىركىتى قىلىدى. 50 -، 60 - يىللاردا تاۋارلار كۆچادىكى 3 - دەرىجىلىك توپ سېتىش پونكىتىدىن سېتىۋېلىناتتى. 1962 - يىلدىن باشلاپ داخېيەندىكى 2 - دەرىجىلىك توپ سېتىش پونكىتىدىن يۆتكەپ كېلىنىدىغان بولدى، ئاز مىقداردىكى تاۋارلار ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتىكى كەسپىي شىركەتلەردىن سېتىۋېلىنىدى. 1980 - يىلدىن كېيىن كۆپ يول ئارقىلىق مال كىرگۈزۈش يولغا قويۇلدى، بەزى تاۋارلار زاۋۇتتىن بىۋاسىتە سېتىۋېلىنىدى.

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا تىجارەت قىلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ تۈرى ئاز بولۇپ، 20 نەچچە خىلغىلا يېتەتتى. 1958 - يىلدىن كېيىن پاختا رەخت بىلەن پاختا مەھسۇلاتلىرى بېلەتلىك تەمىنلەندى، باشقا تۈرلۈك ماللار، مېتال بۇيۇملار، قاتناش - ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ خىلى ۋە سانى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە سوپۇن، سەرەڭگە، ۋېلسىپىت، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، قول سائىتى قاتارلىقلار بېلەتلىك تەمىنلەندى. 80 - يىللاردا ئالىي ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىدىن رادىئولۇق ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ، توك شامالدۇرغۇچ ۋە موتسىكلىتنىڭ سېتىلىش مىقدارى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1990 - يىلى تەمىنلىنىدىغان تاۋارلارنىڭ خىلى 6000 دىن ئاشتى.

**ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ 1956 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى**

جەدۋەل: 16 — 12

| يىللار | سېتىۋېلىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | سېتىش سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | يىللىق پايدىسى (تۈمەن يۈەن) | تىجارەت بېجى (تۈمەن يۈەن) | ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىسى (نەپەر) | ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | ئاساسلىق مەسئۇل خادىملار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 74.9 | 98.5 | | | | | مامۇت پاشا، خې دېيىڭ |
| 1957 | 103.4 | 97 | | | | | مامۇت پاشا، خې دېيىڭ |
| 1958 | 132.4 | 104.5 | | | | | مامۇت پاشا، خې دېيىڭ |
| 1959 | | 95.3 | | | | | سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى |
| 1960 | 158.2 | 158.2 | | | | | سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى |
| 1961 | 164.3 | 164.3 | | | | | شۇ شياۋلى |
| 1962 | 140.5 | 162.1 | | | | | مامۇت ھاشىر، شۇ شياۋلى |
| 1963 | 162.3 | 148.4 | | | | | مامۇت ھاشىر، شۇ شياۋلى |
| 1964 | 185.1 | 195.9 | | | | | مامۇت ھاشىر، شۇ شياۋلى |
| 1965 | 205.3 | 235.7 | | | | | مامۇت ھاشىر، شۇ شياۋلى |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1966 | 276.4 | 282.4 | 14 | 2.8 | 56 | 3.2 | رېن يەن، شۈ شياۋلى |
| 1967 | 275.1 | 316.4 | 11.5 | 3.5 | 58 | 3.5 | رېن يەن، شۈ شياۋلى |
| 1968 | 210.9 | 248.1 | 10.3 | 3 | 57 | 3.5 | رېن يەن، شۈ شياۋلى |
| 1969 | 223.4 | 249 | 8.5 | 2.6 | 57 | 3.5 | رېن يەن، شۈ شياۋلى |
| 1970 | 273.8 | 271.7 | 7.5 | 2.7 | 57 | 3.5 | ياڭ جىگاۋ، خەيىنەم تۆمۈر |
| 1971 | 231.6 | 252.8 | 10.7 | 2.7 | 57 | 3.6 | ياڭ جىگاۋ، خەيىنەم تۆمۈر |
| 1972 | 273.3 | 297.6 | 9.7 | 3 | 57 | 4.1 | ياڭ جىگاۋ، خەيىنەم تۆمۈر |
| 1973 | 209.8 | 266.2 | 6.1 | 3.3 | 55 | 4.1 | ياڭ جىگاۋ، خەيىنەم تۆمۈر |
| 1974 | 374.9 | 402.9 | 15.7 | 4.1 | 56 | 3.9 | ياڭ جىگاۋ، خەيىنەم تۆمۈر |
| 1975 | 447.4 | 439.2 | 19.2 | 4.7 | 56 | 3.6 | ياڭ جىگاۋ، خەيىنەم تۆمۈر |
| 1976 | 384.3 | 427.8 | 18.9 | 4.5 | 55 | 4.3 | ۋاڭ زىمىڭ، خەيىنەم تۆمۈر |
| 1977 | 339.4 | 373.6 | 17.5 | 4.8 | 58 | 3.8 | ۋاڭ زىمىڭ، خەيىنەم تۆمۈر |
| 1978 | 365 | 397.5 | 18.2 | 5.5 | 60 | 3.7 | ۋاڭ زىمىڭ، لى چاڭمىڭ |
| 1979 | 347.7 | 440.2 | 17.6 | 6.2 | 70 | 4.2 | ۋاڭ زىمىڭ، لى چاڭمىڭ |
| 1980 | 452.7 | 510.2 | 15.9 | 6.7 | 70 | 5 | ۋاڭ زىمىڭ، لى چاڭمىڭ |
| 1981 | 526.3 | 515.9 | 20.1 | 7.7 | 84 | 8.2 | ۋاڭ زىمىڭ، لى چاڭمىڭ |
| 1982 | 457 | 532.5 | 20.4 | 7.9 | 93 | 7.3 | ۋاڭ زىمىڭ، لى چاڭمىڭ |
| 1983 | 501.2 | 583.9 | 21 | 9.3 | 98 | 8.1 | ۋاڭ زىمىڭ، لى چاڭمىڭ |
| 1984 | 529.2 | 584.4 | 22.7 | 10.1 | 99 | 9.6 | لى چاڭمىڭ، خۇ جيەنكې |
| 1985 | 463.7 | 589.6 | 24.2 | 12 | 98 | 10.3 | لى چاڭمىڭ، خۇجيەنكې |
| 1986 | 558.4 | 644.9 | 22.1 | 14.7 | 100 | 14.6 | لى چاڭمىڭ، خۇ جيەنكې |
| 1987 | 547.6 | 663.4 | 22.5 | 10 | 99 | 13.8 | لى چاڭمىڭ، خۇجيەنكې |
| 1988 | 850 | 940 | 19 | 5 | 106 | 18.3 | دېڭ يۇگۇي، لى چاڭمىڭ |
| 1989 | 980 | 1177.8 | 33.6 | 9.5 | 105 | 17.8 | دېڭ يۇگۇي، لى چاڭمىڭ |
| 1990 | | 966.6 | 20 | 7.7 | 106 | 21 | دېڭ يۇگۇي، لى چاڭمىڭ |
| 1991 | 312 | 1034.4 | 15.6 | 7.1 | 99 | 22.5 | لى شىشۇن، يې شيۇيىڭ |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1992 | 382.9 | 567 | 16.8 | 6.2 | 107 | 24.4 | لى شىشۈن، يې شيۇيىلى |
| 1993 | 329.7 | 498.1 | -13.6 | | 91 | 25.6 | ۋاڭ كېجۈن، يې شيۇيىلى |
| 1994 | 213.8 | 504.1 | -17.1 | 4.2 | 98 | 18.8 | ۋاڭ كېجۈن، يې شيۇيىلى |
| 1995 | 473.7 | 633.1 | -14.7 | -5.4 | 90 | 25.7 | ۋاڭ كېجۈن، يې شيۇيىلى |

(2) كۈندىلىك مىلىچماللار كۈندىلىك مىلىچماللارنى يەرلىك مەھسۇلات شىركىتى ساتتى. 1962 ـ يىلدىن بۇيان، كۈندىلىك مىلىچماللار ئىزچىل تۈردە داخىيەن يەرلىك مەھسۇلات ـ كۈندىلىك مىلىچماللار پونكىتىدىن كىرگۈزۈلگەندى. 1983 ـ يىلدىن كېيىن بازارلار قويۇۋېتىلدى، كۈندىلىك مىلىچماللارنى ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئۆزلىرى ساتىدىغان بولدى، ئېسىل تاۋارلار يەنىلا داخىيەندىن كەلتۈرۈلدى.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئاساسلىق كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ 1960 — 1994 ـ يىلغىچە سېتىلىش مىقدارى

جەدۋەل: 16 — 13

| يىللار | پاختا رەخت (100 مېتىر) | خىمىيۋى تالالىق رەخت (100 مېتىر) | تاۋار ـ دۇردۇن (100 مېتىر) | سويۇن (ساندۇق) | ۋېلسىپت (دانە) | كىيىم تىكىش ماشىنىسى (دانە) | رادىئولوق ئۈنئالغۇ (دانە) | تېلېۋىزور (دانە) | كىرئالغۇ (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1960 | | 4983 | 349 | | | 22 | | | |
| 1961 | 2657 | | 265 | 382 | 43 | 42 | | | |
| 1963 | 4107 | | 525 | 1413 | 65 | 164 | | | |
| 1964 | 5800 | | 445 | 2118 | 77 | 172 | | | |
| 1965 | 6863 | | 629 | 2201 | 208 | 310 | | | |
| 1966 | 7065 | | 550 | 1119 | 522 | 297 | | | |
| 1967 | 6637 | | 1306 | 1130 | 446 | 442 | | | |
| 1968 | 6043 | | 604 | 1365 | | | | | |
| 1969 | 2337 | 73 | | 233 | | 112 | | | |
| 1970 | 9420 | | 401 | 2207 | 700 | 196 | | | |
| 1971 | 7530 | | 340 | 486 | | 54 | | | |
| 1972 | 7748 | 405 | 564 | 1271 | 1053 | 445 | | | |
| 1973 | 7133 | 237 | 107 | 6830 | 301 | 281 | | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1974 | 8891 | 237 | 823 | 1905 | 583 | 283 | | | |
| 1975 | 4952 | 75 | 243 | 925 | 387 | 180 | | | |
| 1976 | 8230 | 285 | 169 | 1938 | 873 | 574 | | | |
| 1977 | 7931 | 464 | 3 | 1471 | 636 | 376 | | | |
| 1978 | 9444 | 428 | 558 | 2111 | 750 | 576 | | | |
| 1979 | 9778 | 159 | 591 | 1864 | 816 | 534 | | | |
| 1980 | 9639 | 90 | 523 | 2017 | 963 | 496 | | | |
| 1981 | 10829 | 189 | 792 | 2111 | 909 | 593 | | | |
| 1982 | 776 | 905 | 134 | 1634 | 871 | 634 | | | |
| 1983 | 11891 | 996 | 2015 | 1998 | 2422 | 856 | | | |
| 1984 | 4751 | 1019 | 1698 | 1495 | 2276 | 784 | 13 | 146 | 136 |
| 1985 | 2059 | 1518 | 2346 | 2404 | 1690 | 493 | 75 | 346 | 176 |
| 1986 | 3816 | 533 | 906 | 782 | 1526 | 391 | 398 | 403 | 176 |
| 1987 | 5129 | 342 | 554 | 642 | 1440 | 730 | 792 | 297 | 155 |
| 1988 | 1085 | 401 | 519 | 2000 | 2341 | 559 | 680 | 544 | 207 |
| 1989 | 4405 | 201 | 433 | | 2026 | 612 | | 737 | 126 |
| 1990 | 2877 | 236 | 408 | | 3075 | 1053 | | 700 | 87 |
| 1991 | 1447 | 62 | 240 | 152 | 3293 | 976 | 972 | 959 | 162 |
| 1992 | 801 | 121 | 153 | 630 | 1292 | 422 | 415 | 347 | 116 |
| 1993 | 541 | 8 | 225 | 56 | 223 | 330 | 16 | 117 | 40 |
| 1994 | 722 | | 476 | | 382 | 407 | 726 | 938 | 131 |

## 8) يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەتچىلىكى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، توقسۇ ناھىيىسىدە يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەتچىلىكى تىجارىتىنى خۇسۇسىيلار قىلاتتى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە 50 نەچچە ئاشخانا، 18 ناۋايخانا، 30 نەچچە شىبكەرخانا، 30 نەچچە ساتىراش، 2 مۇنچا، 29 دۇكان بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 ـ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەتچىلىكىنى يولغا قويدى. 1958 ـ يىلى يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەتچىلىكى تىجارىتى سودا ئىدارىسىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى

دىرېكتور بۆلۈمىگە تەۋە بولدى، 1965 ـ يىلدىن كېيىن ئۇ يېمەكلىك شىركىتىگە تەۋە بولدى، لېكىن ئاشقى سودا، تەمىنات ـ سودا ئارماقلىرىمۇ يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللاندى. 80 ـ يىللاردا يەككە يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەتچىلىكى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. 1985 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەتچىلىكىدە ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇددەگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

(1) يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى     1956 ـ يىلى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەت سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، 2 ھەمكارلىق ئاشخانىسى تەشكىل قىلىندى. 1959 ـ يىلى ئۈزۈمچى ـ قەشقەر تاشيولى توقسۇدىن ئۆتىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندە، ناھىيىلىك يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى دىرېكتور بۆلۈمى بىلەن بىكتۈەن يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىسىنىڭ توقسۇ ترانسپورت بېكىتى بىردىن ئاشخانا ئاچتى. 1964 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم مېھمانخانا ئاچتى، مېھمانخانا قارىمىقىدا بىر ئاشخانا ئېچىلدى. 1965 ـ يىلى يېمەكلىك شىركىتى قۇرۇلدى، بۇ شىركەت خەنزۇ ئاشخانىسى ئاچتى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى يانتاقتۇدۇقتا ئاشخانا ئاچتى. 1973 ـ يىلى دايۇلتۇز قاتارلىق گوڭشېلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مېھمانخانا ئاچتى، مېھمانخانا قارىمىقىدا ئاشخانا ئاچتى. 1980 ـ يىلى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى بىر مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى ئاچتى. 1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئاشخانا 15 (خەنزۇ ئاشخانىسى ئىككى) گە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەككە يېمەكلىك كەسپى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلاردىكى ئاشخانا 120 دىن ئاشتى. 1988 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مېھمانخانىسى توقسۇ مېھمانخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى، مېھمانخانا قارىمىقىدا مۇسۇلمانلار ئاشخانىسى، خەنزۇ ئاشخانىسى ئېچىلدى. 1995 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشخانا 36 گە، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئاشخانا 37 گە، يەككىلەر ئاچقان ئاشخانا 276 گە يەتتى.

(2) مېھمانخانا كەسپى     1958 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي سارايدىن 15 ى، دەڭدىن 23 ى بار ئىدى. 1959 ـ يىلى يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى دىرېكتور بۆلۈمى «قىزىل نۇر» مېھمانخانىسى ئاچتى، يېزا ئىگىلىك 1 ـ شىسى ترانسپورت شىركىتىنىڭ توقسۇ شۆبىسىمۇ مېھمانخانا ئاچتى. 1965 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى مېھمانخانا ئاچتى، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى يانتاقتۇدۇقتا مېھمانخانا ئاچتى (1973 ـ يىلى تاقىۋېتىلدى). شۇنىڭدىن كېيىن بەزى گوڭشېلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن مېھمانخانا ئاچتى. 1978 ـ يىلى ناھىيىلىك ترانسپورت بېكىتىنىڭ مېھمانخانىسى ئېچىلدى. 1982 ـ يىلى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مېھمانخانىسى ئېچىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ يەككىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مېھمانخانا ئاچتى. 1988 ـ يىلى توقسۇ مېھمانخانىسى تىجارەت باشلىدى. 1995 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مېھمانخانىدىن 13 ى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى مېھمانخانىدىن 5 ى بار بولدى.

(3) ساتىراشلىق     يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ساتىراشلىق بىلەن خۇسۇسىيلارلار شۇغۇللىناتتى، ناھىيە بويىچە 13 ساتىراش بار ئىدى. 1957 ـ يىلى 2 ھەمكارلىق ساتىراشخانىسى تەشكىللەندى. 1965 ـ يىلى ساتىراشلىق يېمەكلىك شىركىتىگە تەۋە قىلىندى. 1982 ـ يىلدىن كېيىن خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ساتىراشلىق خېلى تېز تەرەققىي قىلدى. 1995 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ساتىراشخانىدىن ئىككىسى، يەككە ساتىراشخانىدىن 4 ى بار بولدى.

(4) سۈرەتچىلىك     توقسۇ ناھىيىسىدە ئەسلىدە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى بىر رەسىمخانا بار ئىدى، بۇ رەسىمخانا 1959 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىلدى. 1965 ـ يىلى يېمەكلىك شىركىتىگە تەۋە قىلىندى. 1982 ـ يىلدىن كېيىن يەككە رەسىمخانىلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلدى. 1995 ـ يىلى دۆلەت

ئىگىلىكىدىكى رەسمىخانىدىن بىرى، يەككە رەسىمخانىدىن 4 ى بار بولدى.

(5) مۇنچا كەسپى 1971 ـ يىلى ناھىيىلىك ئۇنىۋېرسال زاۋۇت مۇنچا ئاچتى، بۇ مۇنچا ئۇزۇنغا قالماي تاقىۋېتىلدى. 1982 ـ يىلى خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ئاچقان مېھمانخانىدا مۇنچا ئېچىلدى. 1987 ـ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم مۇنچا ئېچىپ، بىر مەزگىل سىرتقا تىجارەت قىلدى. 1990 ـ يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك ترانسپورت بېكىتى، ئاشلىق ئىدارىسى، «ياخشى» مېھمانخانىسى قاتارلىق ئورۇنلار مۇنچا ئاچتى.

## قوشۇمچە

### توقسۇ مېھمانخانىسى

بۇ مېھمانخانا 1987 ـ يىلى سېلىندى، ئۇنىڭ ئەكتى توقسۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مېھمانخانىسى ئىدى، بۇ مېھمانخانا 3 قەۋەتلىك بولۇپ، قورۇلۇش كۆلىمى 3400 كۋادرات مېتىر، پۈتۈش باھاسى 930 مىڭ يۈەن. مېھمانخانىدا 260 كارىۋات، مىللىي ئاشخانا، خەنزۇ ئاشخانىسى، كىچىك ماگىزىن، ماشىنا توختىتىش مەيدانى، پارنىك بار، مېھمانخانىنىڭ تۇرلۇك مۇلازىمەت مۇئەسسەسىلىرى تولۇق. 1995 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا مېھمانخانىغا بىر دىرېكتور قويۇلدى، مېھمانخانىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 51 گە (بۇنىڭ ئىچىدە تۇراقلىق ئىشچى 20)، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 2 مىليون 445 مىڭ يۈەنگە يەتتى، شۇ يىلى 13 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى.

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1954 — 1994 ـ يىلغىچە ماۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش ۋە سېتىلىش سوممىسى**

جەدۋەل: 16 — 14 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | دۆلەت ئىچىدىكى ساپ سېتىۋېلىنىش ئومۇمىي قىممىتى: جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى | بۇنىڭ ئىچىدە: سانائەت مەھسۇلاتلىرى | ئىجتىمائىي ماۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى: جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت سودىسى | بۇنىڭ ئىچىدە: كوللېكتىپ سودا | بۇنىڭ ئىچىدە: يەككە سودا | دۆلەت ئىچىدىكى ساپ سېتىلىش ئومۇمىي قىممىتى: جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ | ئامبار قالدۇقىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1954 | 149.36 | 92.91 | | 119.32 | | | | 88.07 | 12.07 | 73.63 |
| 1955 | 126.54 | 101.66 | | 167.20 | | | | 128.30 | 25.20 | 43.80 |
| 1956 | 136.54 | 77.52 | | 176.66 | | | | 131.16 | 26.17 | 25.67 |
| 1957 | 203.54 | 79.37 | | 248.99 | | | | 198.99 | 37.15 | 40.24 |
| 1958 | 174.06 | 173.72 | | 245.56 | | | | 170.26 | 29.84 | 100.43 |
| 1959 | 396.20 | 349.05 | | 553.39 | | | | 480.69 | 53.89 | 256.41 |
| 1960 | 371.56 | 345.24 | | 707.91 | | | | 677.11 | 73.61 | 217.06 |
| 1961 | 311.64 | 286.82 | | 482.08 | | | | 413.58 | 60.96 | 307.55 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 292.91 | 59.09 | 387 | | | | 470.09 | | 186.67 | 219.91 | 1962 |
| 306.06 | 57.77 | 387.88 | | | | 484.88 | | 200.15 | 227.01 | 1963 |
| 417.01 | 14.69 | 390.62 | | 245.30 | 179.23 | 509.42 | 18.29 | 300.87 | 319.16 | 1964 |
| 498.20 | 7.03 | 502.06 | 0.9 | 292.73 | 225.99 | 587.28 | 26.58 | 417.01 | 443.59 | 1965 |
| 380.07 | 4.36 | 598 | | 347.80 | 288.60 | 709.40 | 30.27 | 375.07 | 405.34 | 1966 |
| 509.93 | 105.82 | 705.45 | 0.60 | 399.60 | 307.60 | 709.80 | 29.68 | 513.85 | 543.53 | 1967 |
| 464.26 | 68.20 | 585.12 | | | | 598.61 | 24.87 | 389.38 | 414.25 | 1968 |
| 423.79 | 33 | 563.04 | | | | 563.74 | 56.93 | 366.06 | 422.99 | 1969 |
| 710.70 | 24.70 | 566.80 | | | | 597 | 2.30 | 604.60 | 606.90 | 1970 |
| 688.39 | 14.73 | 639.91 | | | | 648.06 | 6.17 | 374.20 | 380.37 | 1971 |
| 632.32 | 19.43 | 638.01 | | | | 559.56 | 33.85 | 376.77 | 410.62 | 1972 |
| 747.20 | 37.20 | 714.36 | | | | 738.40 | 49.25 | 582.75 | 632 | 1973 |
| 683.40 | 39.30 | 767.50 | | | | 797.80 | 25.8 | 483 | 508.80 | 1974 |
| 651 | 89.70 | 989.30 | | 503.2 | 532.10 | 1041.80 | 133.80 | 451.50 | 585.30 | 1975 |
| 639 | 89.70 | 987.70 | | 486.20 | 528.30 | 1094.10 | 78.1 | 362.10 | 440.20 | 1976 |
| 708.70 | 56.30 | 1070.80 | | 498.30 | 585.80 | 1088.80 | 72.50 | 367.60 | 440.10 | 1977 |
| 1152.10 | 61.60 | 1100.90 | | 349.20 | 423.40 | 776.40 | 48.60 | 571.50 | 620.10 | 1978 |
| 995.80 | 104.10 | 1316 | 1 | 727.70 | 633.40 | 1362.10 | 74.10 | 671.20 | 746.10 | 1979 |
| 1148.30 | 126.74 | 1291.30 | 28.19 | 32.67 | 1287.81 | 1360.70 | 86 | 842.70 | 923.40 | 1980 |
| 1408.80 | 104.60 | 1328.80 | 28.60 | 65.70 | 1307.60 | 1744 | 104.40 | 843.60 | 948.90 | 1981 |
| 1399.50 | 77.90 | 1320 | 36 | 122.30 | 1296.30 | 1622.90 | 103.90 | 796.80 | 909.80 | 1982 |
| 1430.10 | 96.80 | 1518.10 | 51.50 | 173.60 | 1454.80 | 1696.10 | 127.50 | 965 | 1092.70 | 1983 |
| 1507.30 | 100.90 | 1720.40 | 225.60 | 186.60 | 1580.50 | 2146.10 | 196.90 | 1206.70 | 1403.70 | 1984 |
| 1762.80 | 80.20 | 1781.60 | 553.30 | 171.68 | 1481.22 | 2469 | 224.80 | 1208.30 | 1433.70 | 1985 |
| 1960 | 86.80 | 1698.30 | 515.40 | 270.40 | 1455.30 | 2490.20 | 263.60 | 1192.70 | 1456.50 | 1986 |
| 1595 | 95 | 1954 | 792 | 239 | 1747 | 2999 | 351 | 1319 | 1670 | 1987 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1988 | 2017 | 1423 | 543 | 2883 | 1239 | 173 | 624 | 2279 | 130 | 1572 |
| 1989 | 2467 | 1806 | 655 | 3755 | 1454 | 171 | 458 | 2768 | 176 | 1846 |
| 1990 | 4675 | 4133 | 540 | 4304 | 1745 | 1402 | 424 | 3451 | 654 | 3571 |
| 1991 | 6937 | 6258 | 679 | 5731 | 2219 | 1972 | 573 | 4764 | | 2804 |
| 1992 | 5797 | 5056 | 741 | 6158 | 2635 | 2839 | 684 | 6242 | | 5061 |
| 1993 | 4670 | | | 4689 | | | | 5900 | | 500 |
| 1994 | 22381 | 13666 | | 7290 | 1968 | 850 | | 20990 | | 710 |

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1995 - يىلدىكى سودا تور - نۇقتىلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 16 — 15

| ئورۇن نامى | توپ سېتىش | | پارچە سېتىش | | كۆلىمى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | تور - نۇقتا | خادىم | تور - نۇقتا | خادىم | 100 كۋادرات مېتىردىن ئۆۋەن | 100 — 500 كۋادرات مېتىرغىچە | 500 كۋادرات مېتىردىن يۇقىرى |
| يېمەكلىك شىركىتى | 3 | 10 | 5 | 15 | 4 | 1 | |
| تۈرلۈك ماللار شىركىتى | 4 | 90 | 3 | 58 | | 3 | |
| ماددىي ئەشيا شىركىتى | 2 | 2 | 4 | 5 | 4 | | |
| تىببىي دورا شىركىتى | 1 | 4 | 4 | 6 | 4 | | |
| «شىنخۇا» كىتابخانىسى | | | 1 | 6 | | 1 | |
| نېفىت شىركىتى | 1 | 8 | 9 | 34 | 1 | 5 | 3 |
| يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | 5 | 15 | 5 | 12 | 4 | 1 | |
| چېگرا سودىسى شىركىتى | 1 | 59 | 1 | 3 | | | 1 |
| ئۇرۇقچىلىق شىركىتى | 1 | 35 | | | | | |
| «توقسۇ» مېھمانخانىسى | | | 4 | 5 | 1 | 3 | |
| رادىئو سايمانلىرى مۇلازىمەت بۆلۈمى | | | 1 | 4 | 1 | | |
| «جىڭشىڭ» سودا - سانائەت شىركىتى | | | 1 | 4 | 1 | | |
| ئەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى | 2 | 65 | 111 | 125 | 109 | 2 | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2 ـ يېنىك سانائەت دىرېكتور بۆلۈمى | | | 1 | 8 | | 1 | |
| ئاشلىق ئىدارىسى | 5 | 12 | 5 | 53 | 3 | 2 | |
| يەككە تىجارەت | | | 972 | 972 | 972 | | |
| جەمئىي | 25 | 300 | 1123 | 1310 | 1104 | 19 | 4 |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە سودا كارخانىلىرىنىڭ 1995 ـ يىلدىكى تىجارەت ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 16 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| ئورۇن | سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى | سېتىش ئومۇمىي قىممىتى | بۇنىڭ ئىچىدە: توپ سېتىلغىنى | يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى | كاپىتال سوممىسى | تۇراقلىق مۈلۈك | تىجارەتتىن ئېلىنغان پايدا | ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىمەكلىك شىركىتى | 272.3 | 331.1 | 249.5 | 140.9 | 137.5 | 163.5 | —29.4 | 29.5 |
| تۈرلۈك ماللار شىركىتى | 473.7 | 633.1 | 244 | 296.3 | 141.3 | 237.8 | —13.7 | 18.8 |
| تىببىي دورا شىركىتى | 106.5 | 136.6 | | 75.7 | 32 | 22.4 | | 7.1 |
| «شىنخۇا» كىتابخانىسى | 73.1 | 70 | | 11.3 | 11.8 | 16 | 0.2 | 3.2 |
| نېفىت شىركىتى | 1239.7 | 1673.7 | 679.9 | 75.4 | 97.9 | 195.3 | 19.1 | 23.4 |
| يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | 3304.6 | 3472.7 | 3215.8 | 500.8 | 108 | 181.8 | 126.8 | 22.8 |
| چېگرا سودىسى شىركىتى | 155.9 | 205.2 | 10.2 | 2 | | _88 | —74.4 | 18.9 |
| ئوزۇقچىلىق شىركىتى | 95.4 | 41.2 | | 54.2 | | | | |
| «توقسۇ» مېھمانخانىسى | 15 | 12.9 | | 1.4 | 233.4 | 244.5 | —1.3 | 18.3 |
| رادىئو سايمانلىرى مۇلازىمەت بۆلۈمى | 21.3 | 25.5 | 12 | 12 | | | | |
| «جىڭشىڭ» سودا ـ سانائەت شىركىتى | 25.4 | 20.2 | 3.4 | 10.9 | | | | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى | 23437.3 | 23209.9 | 22625.9 | 5041.8 | 1474.6 | 2287.5 | 1257.4 | 689.1 |
| 2 . يېنىك سانائەت دىرېكتور بۆلۈمى | 25 | 20 | | 5 | | | | |
| ئاشلىق ئىدارىسى | 1225.1 | 1176.1 | 413.5 | 1411.5 | 567.4 | 540.8 | −398 | 6.29 |
| ماددىي ئەشيا شىركىتى | 382.1 | 446.7 | 336.2 | 332.3 | 34.5 | 68.7 | 7.7 | 8.9 |

# § 4 . كوللېكتىپ سودا

## 1. ئاپپاراتلار

### 1) ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى

1951 - يىل 11 - ئايدا ھامۇت قاتارلىق 8 كىشى پاي توپلاپ ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى قۇردى. 1952 - يىلى تىجارەت ۋە كەسىپ دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، كوپىراتىپ قارمىقىدا 3 ماگىزىن ئېچىلدى. 1953 - يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك كوپىراتىپ ئەزالىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى سايلاپ چىقىلدى. ئەينى ۋاقىتتا كوپىراتىپ ئەزاسى 848، قوشۇلغان پاي 1994 ، پاي سوممىسى 121 مىڭ 580 يۈەن، كوپىراتىپنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 2103 يۈەن ئىدى، كوپىراتىپ قارمىقىدا 3 بۆلۈمچە - ئىشخانا، 3 ماگىزىن، 3 كىچىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، 4 شۆبە ماگىزىن بار بولدى. 1958 - يىل 6 - ئايدا تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى بىلەن سودا ئىدارىسى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە بولۇشتىن ئىبارەت خاراكتېرى ئۆزگەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپىراتىپىنىڭ خادىم ۋە مەبلىغى خەلق كۆممۈنىسىغا چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، خادىمنى، مەبلەغنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، سىياسەتنى، پىلاننى، مەبلەغ باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مالىيە ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە ئېلىش يولىغا قويۇلدى. 1962 - يىل 4 - ئايدا تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى سودا ئىدارىسىدىن ئايرىلىپ چىقتى. 1964 - يىلى 2 - نۆۋەتلىك كوپىراتىپ ئەزالىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، بىرلەشمە كوپىراتىپنىڭ رەھبەرلىرى سايلاپ چىقىلدى. 1979 - يىلدىن كېيىن تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇش خەلق باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. 1982 - يىلى تەمىنات - سودا كوپىراتىپىنىڭ تەشكىلىي جەھەتتە ئاممىۋى بولۇش، باشقۇرۇش جەھەتتە دېموكراتىك بولۇش، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە جانلىق بولۇشتىن ئىبارەت خاراكتېرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1983 - يىل 6 - ئايدا 3 - نۆۋەتلىك كوپىراتىپ ئەزالىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، كېڭەش، نازارەتچىلىك كېڭىشى ئاپپاراتى سايلاندى. 1985 - يىلدىن باشلاپ ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىدا ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى تەدرىجىي سىناق قىلىنىپ، تاۋارلارنىڭ ئوبوروت يوللىرى كېڭەيتىلىپ، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ

ئىشلەش سانائىتى كارخانىلىرى پائال قۇرۇلدى. 1995 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدا كەسپىي بۆلۈمچە، كادىرلار بۆلۈمچىسى، مالىيە - بوغالتىرلىق بۆلۈمچىسى، ئىشخانا تەسىس قىلىندى. كوپېراتىپقا پاختا - چىگە شىركىتى، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى ۋە 6 يېزا ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى قارىدى؛ كوپېراتىپنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 493 كە، قوشۇلغان پاي 522 گە، پاي سوممىسى 904 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 22 مىليون 875 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 2) كەسپىي شىركەتلەر

(1) پاختا - چىگە شىركىتى بۇ شىركەت 1956 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، دەسلەپتە پاختا زاۋۇتى دەپ ئاتالغان، 1962 - يىلى پاختا - چىگە دىرېكتور بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1980 - يىلى پاختا - چىگە شىركىتى دەپ ئاتالدى. بۇ شىركەت، ئاساسەن، پاختا سېتىۋېلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە يۆتكەش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىركەت قارمىقىدا 6 زاۋۇت تەسىس قىلىندى. شىركەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 266 گە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 18 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 168 مىليون يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 166 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 10 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

(2) يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى بۇ شىركەت 1958 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەينى چاغدا تەمىنات - سودا دىرېكتور بۆلۈمى دەپ ئاتالغانىدى. 1959 - يىلى مۇلازىمەت شىركىتى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى كەسپى ئايرىپ چىقىلدى، 1962 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى دىرېكتور بۆلۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىۋېرسال دىرېكتور بۆلۈمى دەپ ئاتالدى. 1980 - يىلى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى دەپ ئاتالدى. 1995 - يىلى بۇ شىركەتكە بىر توپ سېتىش بۆلۈمى، 5 ماگىزىن قارىدى، شىركەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 36 گە، يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليون 919 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 1مىليون 841 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 28 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

(3) ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى بۇ شىركەت 1959 - يىلى تەمىنات - سودا دىرېكتور بۆلۈمىدىن ئايرىپ چىقىلىپ ئايرىم تەسىس قىلىندى. 1962 - يىلى مۇلازىمەت شىركىتىگە قوشۇۋېتىلىپ، ئۇنىۋېرسال دىرېكتور بۆلۈمى دەپ ئاتالدى. 1980 - يىلى ئايرىم تەسىس قىلىندى. 1995 - يىلى بۇ شىركەتكە بىر توپ سېتىش بۆلۈمى، 3 ماگىزىن قارىدى، شىركەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 27 گە، يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 34 مىليون 514 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 30 مىليون 312 مىڭ يۈەنگە، يارىتقان پايدىسى 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

(4) مېۋە - چېۋە شىركىتى بۇ شىركەت 1988 - يىل 1 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسەن، قۇرۇق، ھۆل مېۋە - چېۋە تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1994 - يىلى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى (بىر يۈرۈش ئادەم ئىش بېجىردى، 2 ۋىۋىسكا ئېسىلدى). 1995 - يىلى بۇ شىركەت 88 توننا قۇرۇق مېۋە، 272 توننا ھۆل مېۋە سېتىۋالدى، شىركەتنىڭ يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليون 481 مىڭ يۈەنگە، يىللىق سېتىش سوممىسى 1 مىليون 532 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 28 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 3) ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى

1954 - يىلى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش، ۋاكالىتەن سېتىش ماگىزىنى ئاساسىدا «رايون ئەھۋالىغا ئاساسەن كوپېراتىپ قۇرۇش» يولغا قويۇلۇپ، 2 رايونلۇق ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا

8 تىجارەت تور - نۇقتىسى تەسىس قىلىندى، خادىمى 26 گە يەتتى. 1957 - يىلى رايونلۇق ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى 4 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 66 گە يەتتى، كوپېراتىپ قارىمىقىدا 27 تور. نۇقتا تەسىس قىلىندى. 1958 - يىلى كوپېراتىپنىڭ نامى گۇڭشې ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. 1962 - يىلى ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى 5 كە، خادىمى 93 كە يەتتى، كوپېراتىپ قارىمىقىدا 38 تور - نۇقتا تەسىس قىلىندى. 1978 - يىلى دايۇلتۇز، شويۇلتۇز، تاشئېرىق، ئىچئېرىق، پەيشەنبە بازاردىن ئىبارەت 5 گۇڭشې ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى بار بولدى. 1984 - يىلى گۇڭشې ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى يېزا ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىغا ئۆزگەرتىلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 5 يېزا ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى، 41 شۆبە ماگىزىن، 54 ۋاكالىتەن سېتىش ماگىزىنى، 5 ئاشخانا، 3 مېھمانخانا، بىر رەسىمخانا، 4 پىششىقلاپ ئىشلەش سېخى تەسىس قىلىندى، كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى 150 كە يەتتى. 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئىچئېرىق، تاشئېرىق، پەيشەنبە بازار، يۇلتۇزباغ، ئۆگەندىن ئىبارەت 5 يېزا ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى بار بولدى، شۇ يىلى كوپېراتىپلارنىڭ سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 19 مىليون 427 مىڭ يۈەنگە، سېتىش ئومۇمىي قىممىتى 17 مىليون 346 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 6 ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى، 140 تىجارەت تور - نۇقتىسى، 161 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى.

**(1) پەيشەنبە بازار يېزىلىق ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى** بۇ كوپېراتىپ 1978 - يىلى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى كوپېراتىپنىڭ 21 خادىمى، 8 شۆبە دۇكىنى، 5 ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى بار بولدى. 1995 - يىلى 19 تىجارەت تور - نۇقتىسى تەسىس قىلىندى. ئىشچى - خىزمەتچىسى 18 گە يەتتى.

**(2) تاشئېرىق يېزىلىق ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى** بۇ كوپېراتىپ 1954 - يىلى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى كوپېراتىپنىڭ 9 شۆبە دۇكىنى، 8 ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى، 19 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى. 1995 - يىلى 22 تىجارەت تور - نۇقتىسى تەسىس قىلىندى، 20 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى.

**(3) ئۆگەن يېزىلىق ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى** 1962 - يىلى شويۇلتۇز ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى كوپېراتىپنىڭ 8 شۆبە دۇكىنى، 12 ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى، 20 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى. 1990 - يىلى نامى ئۆگەن يېزىلىق ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلدى. 1995 - يىلى كوپېراتىپنىڭ 18 تىجارەت تور - نۇقتىسى، 19 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى.

**(4) يۇلتۇز باغ يېزىلىق ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى** 1954 - يىلى دايۇلتۇز ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى كوپېراتىپنىڭ 47 خادىمى، 8 شۆبە دۇكىنى، 13 ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى بار بولدى. 1990 - يىلى نامى يۇلتۇز باغ يېزىلىق ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپىغا ئۆزگەرتىلدى. 1995 - يىلى كوپېراتىپنىڭ 26 ئىشچى - خىزمەتچىسى، 26 تىجارەت تور - نۇقتىسى بار بولدى.

**(5) ئۆچقات يېزىلىق ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى** بۇ كوپېراتىپ 1995 - يىلى قۇرۇلدى. 1995 - يىلى كوپېراتىپنىڭ 9 تىجارەت تور - نۇقتىسى، 11 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى.

**(6) توقسۇ بازارلىق ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى** بۇ كوپېراتىپ 1956 - يىلى قۇرۇلدى، 1968 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

**(7) ئىچئېرىق يېزىلىق ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى** بۇ كوپېراتىپ 1957 - يىلى قۇرۇلدى (دەسلەپتە پەيشەنبە بازاردا ئىدى، 1960 - يىلى ھازىرقى ئورنىغا كۆچتى). 1984 - يىلى كوپېراتىپنىڭ 23 خادىمى، 8 شۆبە ماگىزىنى، 11 ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى بار بولدى، 1995 - يىلى 30 تىجارەت تور - نۇقتىسى، 34 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1975 — 1995 ـ يىلغىچە بولغان ئەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپېراتىپلىرى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق شىركەتلەرنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى

جەدۋەل: 16 — 17

| يىللار | جەمئىي | ناھىيىلىك كوپېراتىپ | پاختا ـ چىگە شىركىتى | يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى | ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1975 | 206 | 50 | 59 | | |
| 1976 | 208 | 55 | 58 | | |
| 1977 | 215 | 61 | 56 | | |
| 1978 | 226 | 61 | 62 | 17 | |
| 1979 | 235 | 65 | 64 | | |
| 1980 | 283 | 18 | 76 | | |
| 1981 | 273 | 18 | 83 | 35 | 17 |
| 1982 | 298 | 19 | 98 | 36 | 17 |
| 1983 | 307 | 19 | 103 | 38 | 17 |
| 1984 | 304 | 19 | 103 | 33 | 17 |
| 1985 | 367 | 23 | 110 | 35 | 19 |
| 1986 | 361 | 27 | 114 | 36 | 18 |
| 1987 | 356 | 24 | 115 | 32 | 24 |
| 1988 | 369 | 15 | 141 | 31 | 26 |
| 1989 | 439 | 20 | 151 | 28 | 24 |
| 1990 | 469 | 22 | 176 | 28 | 26 |
| 1991 | 376 | 26 | 194 | 34 | 30 |
| 1992 | 490 | 23 | 220 | 31 | 31 |
| 1993 | 459 | 21 | 219 | 25 | 29 |
| 1994 | 449 | 21 | 217 | 19 | 29 |
| 1995 | 493 | 24 | 266 | 36 | 27 |

**ئىزاھات:** جەملەنگەن سان ھەرقايسى يېزىلىق ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىسمەن ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ خادىملىرى ھېسابقا كىرگۈزۈلمىدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1975 — 1995 - يىلغىچە بولغان يېزىلىق ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى

جەدۋەل: 16 — 18

| يىللار | ئىچكىرىق يېزىلىق كوپېراتىپ | پەيشەنبە بازار يېزىلىق كوپېراتىپ | تاشكىرىق يېزىلىق كوپېراتىپ | ئۆگەن يېزىلىق كوپېراتىپ | يۇلتۇز باغ يېزىلىق كوپېراتىپ |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| 1975 | 25 | | 17 | 17 | 29 |
| 1976 | 24 | | 17 | 19 | 27 |
| 1977 | | 15 | | 18 | 29 |
| 1978 | 21 | 12 | 17 | 18 | 27 |
| 1979 | 21 | 12 | 21 | 17 | 28 |
| 1980 | 37 | 28 | 26 | 41 | 25 |
| 1981 | 26 | 17 | 19 | 19 | 39 |
| 1982 | 28 | 17 | 18 | 21 | 44 |
| 1983 | 28 | 18 | 19 | 22 | 43 |
| 1984 | 25 | 19 | 19 | 21 | 39 |
| 1985 | 28 | 21 | 19 | 20 | 47 |
| 1986 | 23 | 17 | 17 | 15 | 36 |
| 1987 | 26 | 17 | 16 | 17 | 30 |
| 1988 | 31 | 18 | 22 | 22 | 35 |
| 1989 | 30 | 18 | 20 | 21 | 37 |
| 1990 | 28 | 21 | 22 | 21 | 39 |
| 1991 | 26 | 21 | 23 | 20 | 30 |
| 1992 | 24 | 20 | 20 | 21 | 38 |
| 1993 | 25 | 20 | 26 | 18 | 26 |
| 1994 | 26 | 18 | 19 | 18 | 28 |
| 1995 | 24 | 18 | 20 | 19 | 26 |

**ئىزاھات:** ئۇچقات يېزىلىق ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى 1995 - يىلى قۇرۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 11 .

**توقسۇ ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ پاي سوممىسى**

جەدۋەل: 16 — 19

| ئورۇن نامى | 1983 - يىلدىن ئىلگىرى | | 1983 — 1994 - يىلغىچە | | 1995 - يىلى | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كوپېراتىپ ئەزاسى | پاي سوممىسى (يۈەن) | كوپېراتىپ ئەزاسى | پاي سوممىسى (يۈەن) | كوپېراتىپ ئەزاسى | پاي سوممىسى (يۈەن) | |
| ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى | | | 350 | 425000 | 315 | 895000 | ناھىيىلىك كوپېراتىپ سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى |
| ئىچكىرىق يېزىسى | 1050 | 6200 | 1665 | 8488 | | | |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | | | 812 | 4360 | 70 | 5045 | |
| تاشئېرىق يېزىسى | 800 | 4000 | 1860 | 9298 | 3 | 90 | |
| ئۆگەن يېزىسى | 1826 | 5100 | 1278 | 4078 | 108 | 3245 | |
| يۇلتۇزباغ يېزىسى | 900 | 4500 | 3084 | 15518 | 26 | 780 | |
| جەمئىي | 4576 | 19800 | 9049 | 466742 | 522 | 904160 | |

## 2 . سودا تىجارىتى

تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كوللېكتىپ ھەمكارلىق سودىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى تاۋار ئوبوروتىنىڭ ئاساسىي يولى بولدى، يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرى، يېڭىچە سابان، قوش چاقلىق، قوش چىشلىق ساپانى كېڭەيتىش ۋە سېتىش، ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چوڭ چارۋا، ئۇششاق چارۋا، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىش، پىلە غوزىسى، ھەسەل، چاي قاتارلىقلارنى سېتىش ئىشلىرىنى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى پائال بىجىردى. يېزا، كەنتلەردە تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى ۋە ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى قاتارلىق سودا تور - نۇقتىلىرى قۇرۇلدى. 1958 - يىلدىن كېيىن تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدە بولۇشتىن ئىبارەت خاراكتېرى ئۆزگەردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسىنىڭ خەلق باشقۇرۇشتىن ئىبارەت خاراكتېرى ئىنكار قىلىندى، 1979 - يىلدىن كېيىن تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسىنىڭ خەلق باشقۇرۇشىدا بولۇشتىن ئىبارەت خاراكتېرى ئەسلىگە كەلدى، تىجارەت دائىرىسىمۇ ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. 1995 - يىلى تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى پاختا - چىگە، مېۋە - چېۋە، كۆندىلىك بۇيۇملار، يېزا ئىگىلىك ماددىي ئەشيالىرى، ئاشخانا، مېھمانخانا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى، نەتىجىدە ئۇ ناھىيە بويىچە ئەڭ زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە سودا كارخانىسى

بولۇپ قالدى، شۇ يىلى كوپېراتىپنىڭ سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 234 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە، سېتىش ئومۇمىي قىممىتى 232 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 22 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدىسى 12 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىنىڭ 1959 — 1995 ـ يىلغىچە سېتىۋېلىش ـ سېتىش ئومۇمىي قىممىتى

جەدۋەل: 16 — 20 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى: جەمئىي | سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى: ئۇنىڭ ئىچىدە: ساپ سېتىۋېلىنغىنى | سېتىش ئومۇمىي قىممىتى: جەمئىي | سېتىش ئومۇمىي قىممىتى: ئۇنىڭ ئىچىدە: ساپ سېتىلغىنى | يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1959 | 204 | 20.4 | 35.9 | 35.9 | |
| 1960 | 48.9 | 48.9 | 55.2 | 55.2 | |
| 1961 | 93.8 | 93.8 | 48.9 | 48.9 | |
| 1962 | 214.4 | 84.9 | 270 | 157.6 | 132.6 |
| 1963 | 236.1 | 87.3 | 358.3 | 193.2 | 93 |
| 1964 | 319 | 153.8 | 302.4 | 194.6 | 138.7 |
| 1965 | 457.2 | 249.4 | 449.2 | 251.1 | 241.2 |
| 1966 | 379.9 | 215 | 585.9 | 307.4 | 98.4 |
| 1967 | 604.1 | 269.7 | 590.1 | 351.3 | 301.7 |
| 1968 | 493.4 | 252.8 | 513.7 | 286.8 | 257.4 |
| 1969 | 393.4 | 155.3 | 493.4 | 322.2 | 243.1 |
| 1970 | 555.8 | 278.3 | 609.2 | 286.6 | 402.6 |
| 1971 | 258.3 | 187.1 | 492.4 | 282.2 | 212 |
| 1972 | 226.2 | 189.2 | 505 | 287.3 | 281.7 |
| 1973 | 408 | 334 | 482.1 | 299.2 | 445.8 |
| 1974 | 309.4 | 239 | 600 | 339.6 | 383.9 |
| 1975 | 592.3 | 245.9 | 674.6 | 465 | 326.1 |
| 1976 | 497.2 | 178.2 | 560.4 | 465.6 | 273.8 |
| 1977 | 530.8 | 224.2 | 578.9 | 477.6 | 314.4 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 666.7 | 323.6 | 647.5 | 412.5 | 403.7 |
| 1979 | 823.5 | 402.7 | 775.4 | 506.1 | 484.4 |
| 1980 | 1031.9 | 602.9 | 1001.2 | 518.5 | 638 |
| 1981 | 974.4 | 608.4 | 869.2 | 489.6 | 788.5 |
| 1982 | 945.5 | 557 | 928.9 | 475.8 | 783.8 |
| 1983 | 1032.7 | 613.2 | 1319.4 | 547.2 | 710.6 |
| 1984 | 1373.1 | 919.8 | 1424.9 | 668.7 | 868.9 |
| 1985 | 1188.6 | 894.1 | 967.3 | 677.9 | 995.2 |
| 1986 | 1234.5 | 864.9 | 1120.7 | 479.4 | 1135.7 |
| 1987 | 1402.5 | 948.1 | 1762.4 | 657.6 | 836.8 |
| 1988 | 2664.9 | 1160.8 | 2953.2 | 855.8 | 780.5 |
| 1989 | 3738.2 | 1503.1 | 3521.9 | 1029.3 | 1034.4 |
| 1990 | 8687.1 | 3775.8 | 5226.2 | 1374.5 | 2730.1 |
| 1991 | 8446 | 5595 | 9287 | 1849 | 16425 |
| 1992 | 8020 | 4193 | 1734.6 | 1734.6 | 3567 |
| 1993 | 7952.1 | 4575.1 | 9405.3 | 2435.3 | 2912.8 |
| 1994 | 17768 | 13421.9 | 15338.2 | 796.1 | 4884.1 |
| 1995 | 23437.3 | 16912.5 | 23209.9 | 270.4 | 5041.8 |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىنىڭ 1962 — 1995 ـ يىللىقچە ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى (1)

جەدۋەل: 16 — 21

| تۈرلەر / يىللار | چاي (كىلوگرام) | كىرسىن (كىلوگرام) | شېكەر (كىلوگرام) | پاپىروس (بولاق) | ھاراق (كىلوگرام) | پاختا رەخت (مېتىر) | سەرەڭگە (بولاق) | سوپۇن (دانە) | رادىئو (دانە) | تېلېۋىزور (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1962 | 5180 | 64575 | 38121 | 1546 | 7203 | 179586 | 46641 | 2224 | | |
| 1963 | 1668 | 84153 | 12972 | 1405 | 9133 | 214233 | 71736 | 83640 | | |
| 1964 | 1389 | 68397 | 17337 | 1625 | 6481 | 336407 | 52379 | 53381 | | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 33919 | 51920 | 439360 | 5145 | 2541 | 14907 | 73673 | 2260 | 1965 |
| | | 43489 | 81848 | 513683 | 5873 | 9785 | 26248 | 80006 | 2585 | 1966 |
| | | 53656 | 73112 | 437430 | 12271 | 15529 | 33539 | 84149 | 8450 | 1967 |
| | | 59529 | 49405 | 306102 | 9149 | 13611 | 40744 | 69439 | 3933 | 1968 |
| | | 93202 | 37760 | 482120 | 4181 | 10645 | 25259 | 112400 | 12086 | 1969 |
| | | 124525 | 59763 | 624013 | 6907 | 10075 | 64843 | 82990 | 16281 | 1970 |
| | | 22000 | 172488 | 451783 | 1013 | 1132 | 10635 | 84278 | 6023 | 1971 |
| | | | | 425512 | 8411 | 7385 | 53073 | 90798 | 11297 | 1972 |
| | | 65450 | 38468 | 445151 | 3598 | 8010 | 37285 | 44773 | 4663 | 1973 |
| | | | | 589646 | 3559 | 5604 | 3095 | 47540 | 7556 | 1974 |
| | | | | 491217 | 5530 | 7264 | 43122 | 81766 | 10010 | 1975 |
| | | | | 451188 | 7663 | 8327 | 23451 | 71045 | 6478 | 1976 |
| | | 69152 | 53586 | 463094 | 17975 | 8721 | 23258 | 67640 | 6974 | 1977 |
| | | 72838 | 193344 | 525161 | 25201 | 12077 | 42145 | 63821 | 6905 | 1978 |
| | | 78411 | 98230 | 642702 | 32463 | 6176 | 130941 | 36531 | 7044 | 1979 |
| | | 78051 | 165920 | 537813 | 34300 | 5898 | 105387 | 42068 | 5963 | 1980 |
| | | 63299 | 251012 | 548180 | 20473 | 4165 | 78764 | 34867 | 8665 | 1981 |
| | 447 | 30044 | 130110 | 329351 | 34885 | 5265 | 94086 | 30309 | 15660 | 1982 |
| | 384 | 56913 | 168337 | 484080 | 32333 | 7666 | 77083 | 45054 | 9736 | 1983 |
| 29 | 660 | 31628 | 96242 | 219976 | 31355 | 4469 | 55307 | 46290 | 9969 | 1984 |
| 39 | 134 | 20105 | 52160 | 183290 | 31179 | 4051 | 59094 | 26995 | 18517 | 1985 |
| 66 | 42 | 16734 | 84390 | 214624 | 25104 | 10812 | 54599 | 16775 | 21062 | 1986 |
| 129 | 29 | 15199 | 46828 | 225211 | 30074 | 6290 | 63228 | 15071 | 9765 | 1987 |
| 107 | 43 | 10561 | 224492 | 152317 | 38534 | 6693 | 38721 | 6185 | 11044 | 1988 |
| 88 | 76 | 5524 | 30648 | 124622 | 24913 | 4518 | 88322 | | 14691 | 1989 |
| 192 | 396 | 23911 | 224389 | 127665 | 24310 | 6241 | 50018 | | 11159 | 1990 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 434 | 251 | 20576 | 22123 | 78442 | 28418 | 5929 | 21493 | | 18740 | 1991 |
| 251 | 185 | 5144 | 86938 | 42986 | 15683 | 2698 | 14410 | | 9730 | 1992 |
| 539 | 77 | 15543 | 49686 | 48373 | 16614 | 10692 | 26591 | | 16784 | 1993 |
| 930 | 95 | | | 72227 | 25019 | 9808 | 50190 | | 18976 | 1994 |
| 972 | 33 | | | 52065 | 29566 | 15372 | 42396 | | 16622 | 1995 |

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىنىڭ 1962 — 1995 - يىلغىچە ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى(2)

جەدۋەل: 16 — 22

| خىمىيۋى تالالىق رەخت (مېتىر) | تاۋار-دۇردۇن (مېتىر) | فارفور قاچا (دانە) | قول سائىتى (دانە) | ۋېلسىپت (دانە) | كىيىم تىكىش ماشىنىسى (دانە) | چايدان (دانە) | سوپۇن پاراشوكى (كىلوگرام) | رېزىنكە ئاياغ كىيىم (پار) | ئىچ كۆينەك | تۈرلەر / يىللار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 10670 | 663 | | | | 536 | | 5661 | 245 | 1962 |
| | 37112 | 1358 | | | 158 | 298 | | 5592 | 379 | 1963 |
| | 27870 | 721 | | | 258 | 94 | | 8526 | 268 | 1964 |
| | 47975 | 1135 | | 71 | 230 | 730 | | 10566 | 1035 | 1965 |
| | 34066 | 2336 | | 283 | 125 | | 19718 | 13063 | 2244 | 1966 |
| | 92153 | 3884 | | 446 | 263 | | | 12465 | 1474 | 1967 |
| | 50968 | 2318 | | 1655 | 105 | | | 7015 | 1210 | 1968 |
| | 36313 | 2425 | | 529 | 351 | | | 2800 | 1776 | 1969 |
| | 39126 | 2564 | | 698 | 155 | | | 9081 | 1000 | 1970 |
| | | | | 81 | 28 | | | 4086 | 7752 | 1971 |
| | | | | | 132 | | 10454 | | | 1973 |
| | | | | | | | | 178 | | 1974 |
| | | 3516 | | 358 | 261 | | 34373 | 3936 | 800 | 1977 |
| | 19007 | 4589 | 112 | 427 | | | 34230 | 9561 | 831 | 1978 |
| | 23139 | 3909 | 63 | 497 | 334 | | 20273 | 11675 | 968 | 1979 |
| | 22656 | 3901 | 52 | 570 | 318 | 1968 | 23822 | 17600 | 1324 | 1980 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | | | 38353 | 3762 | 372 | 554 | 116 | | 35193 | 919 |
| 1982 | | 42165 | 54510 | 3195 | 354 | 542 | 186 | | 80963 | 4650 |
| 1983 | | 46376 | 36515 | 3035 | 454 | 1592 | 231 | | 119445 | 26532 |
| 1984 | | 25418 | 37324 | 2054 | 280 | 1302 | 38 | | 115801 | 16387 |
| 1985 | 53 | 18380 | 32929 | 1722 | 154 | 573 | 3 | | 153629 | 6518 |
| 1986 | 7 | 12679 | 22064 | 1684 | 134 | 656 | 16 | | 43358 | 6513 |
| 1987 | 87 | 14668 | 16957 | 3429 | 197 | 690 | 48 | | 39119 | 7719 |
| 1988 | 79 | 13177 | 19682 | 1842 | 150 | 1420 | 44 | | 15524 | 3750 |
| 1989 | 93 | 27274 | 17350 | 2101 | 207 | 1272 | | | 15428 | 3095 |
| 1990 | 311 | 18761 | 39255 | 2301 | 725 | 2336 | 125 | | 21341 | 17141 |
| 1991 | 534 | 16589 | 15801 | 2916 | 536 | 2258 | 113 | 1683 | 9561 | 1015 |
| 1992 | 229 | 5069 | 7948 | 1090 | 166 | 826 | 51 | 547 | 5164 | 3597 |
| 1993 | 268 | 15832 | 19744 | | 124 | 1023 | 70 | | 24858 | 20 |
| 1994 | 710 | 101922 | 31500 | | 293 | 3157 | 2 | | 47593 | 1714 |
| 1995 | 973 | 21009 | | | 375 | 2264 | 3 | | 59328 | |

## ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپى ئۇنىۋېرسال دىرېكتور بۇلۇمىنىڭ 1963 — 1980 - يىلغىچە سېتىۋېلىش، سېتىش ۋە ساقلاش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 23 　　　 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى | | سېتىش ئومۇمىي قىممىتى | | يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى |
|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ساپ سېتىۋېلىنغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ساپ سېتىلغىنى | |
| 1963 | 95.4 | 31.8 | 103.8 | 72.2 | 43.2 |
| 1964 | 83.7 | 31.1 | 95.8 | 53.5 | 33.7 |
| 1965 | 98.7 | 27.2 | 122.1 | 71.6 | 48.6 |
| 1966 | 98.5 | 27.4 | 125.1 | 83.7 | 38.9 |
| 1967 | 97.1 | 30.3 | 96.1 | 65.5 | 35.2 |
| 1968 | 116.9 | 37.6 | 110.3 | 63.3 | 34.7 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1969 | 87.8 | 36.3 | 80.9 | 31 | 29.4 |
| 1970 | 70.7 | 18.6 | 95.8 | 43 | 43.9 |
| 1971 | 83.6 | 17.2 | 47.3 | 40.4 | 49.5 |
| 1972 | 65.7 | 28.9 | 76.7 | 46.8 | 46.6 |
| 1973 | 96.1 | 26.2 | 109.1 | 60.6 | 52.1 |
| 1974 | 75.9 | 14.7 | 106.8 | 52.4 | 38.2 |
| 1975 | 106 | 35 | 115.1 | 64.1 | 46.2 |
| 1976 | 99.4 | 46.4 | 127.2 | 66.6 | 39.4 |
| 1977 | 128.9 | 55.3 | 143.9 | 83.4 | 61.2 |
| 1978 | 132 | 27 | 142.7 | 106 | 64.2 |
| 1979 | 105.8 | 18.3 | 172.5 | 106.9 | 51 |
| 1980 | 206.7 | 23.6 | 224.8 | 110 | 53 |

ئىزاھات: ئۇنىۋېرسال دىرېكتور بۆلۈمى 1980 - يىلى 1 - ئايدا يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتىگە بۆلۈندى.

## تەمىنات - سودا كوپېراتىپى مېۋە - چېۋە شىركىتىنىڭ 1990 — 1994 - يىلغىچە سېتىۋېلىش، سېتىش ۋە ساقلاش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 24    بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى | | سېتىش ئومۇمىي قىممىتى | | يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى |
|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ساپ سېتىۋېلىنغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ساپ سېتىلغىنى | |
| 1990 | 47.5 | 44.6 | 59.9 | 24.6 | 13.8 |
| 1991 | 69.2 | 40.6 | 99.9 | 9.6 | 20.5 |
| 1992 | 91.2 | 79.4 | 123.1 | 15.1 | 12.9 |
| 1993 | 111.9 | 84.7 | 101.8 | 72.7 | 27.5 |
| 1994 | 105.9 | 86.2 | 174.6 | 173.1 | 22.2 |

ئىزاھات: 1988 - يىلى مېۋە - چېۋە شىركىتى قۇرۇلدى، 1994 - يىلى ئۇ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىگە قوشۇۋېتىلىپ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى، 2 ۋىۋىسكا ئاستى.

## تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا قاراشلىق يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتىنىڭ 1981 — 1995 - يىلغىچە سېتىۋېلىش، سېتىش ۋە ساقلاش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 25 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى | | | | | ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى | | سېتىش ئومۇمىي قىممىتى | | يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى | سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى | | سېتىش ئومۇمىي قىممىتى | | يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى |
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ساپ سېتىۋېلىنغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ساپ سېتىلغىنى | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ساپ سېتىۋېلىنغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ساپ سېتىلغىنى | |
| 1981 | 63.9 | 19.7 | 71.9 | 42.6 | 37.5 | 75.3 | 4.1 | 92.3 | 68.3 | 15.4 |
| 1982 | 90.9 | 41.9 | 84.8 | 56.3 | 41.6 | 71.7 | 0.5 | 60.4 | 36.9 | 18 |
| 1983 | 70.1 | 44.1 | 102.9 | 65.2 | 40.9 | 103.5 | 8.4 | 97.5 | 45.2 | 31.8 |
| 1984 | 84.4 | 44.2 | 96.6 | 78 | 53.7 | 186.4 | 42.3 | 192.4 | 47.9 | 41.1 |
| 1985 | 85.5 | 42.8 | 104.5 | 84.9 | 50.9 | 175.4 | 56.7 | 56.7 | 75 | 54.8 |
| 1986 | 90.1 | 37.4 | 107.5 | 81.9 | 52.4 | 222.8 | 36.6 | 209.4 | 36.9 | 97.6 |
| 1987 | 68.4 | 19.6 | 346.5 | 96.7 | 46 | 306.8 | 50.2 | 106.2 | 60.2 | 206.5 |
| 1988 | 97.5 | 44 | 102.8 | 83.6 | 55.6 | 254.2 | 169 | 511.4 | 129 | 32.7 |
| 1989 | 105.5 | 58.8 | 115.2 | 95.2 | 63.9 | 596.2 | 1.2 | 659.4 | 135.8 | 134.1 |
| 1990 | 120.1 | 46.9 | 128.8 | 108.2 | 80.8 | 841.4 | 14.3 | 883.3 | 129.1 | 127.9 |
| 1991 | 147.9 | 44.7 | 153.3 | 129.3 | 98.3 | 1331.4 | 5.9 | 1355.4 | 127.5 | 202.2 |
| 1992 | 37.6 | 9.6 | 91.1 | 86.7 | 75.6 | 1850.4 | 5.5 | 1435.6 | 155.9 | 570.8 |
| 1993 | 147.9 | 46.3 | 143.1 | 131.3 | 80.6 | 1681.4 | 0.3 | 2167.6 | 192.6 | 437.6 |
| 1994 | 238.9 | | 294.8 | | 52.4 | 1879.7 | | 2122.9 | | 153 |
| 1995 | 191.9 | 68.7 | 184.1 | 83.1 | 69.1 | 3451.4 | | 3031.2 | 3.5 | 524.8 |

## ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا قاراشلىق پاختا ـ چىگە شىركىتىنىڭ 1963 — 1995 ـ يىلغىچە سېتىۋېلىش، سېتىش ۋە ساقلاش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 26

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى | | سېتىش ئومۇمىي قىممىتى | | يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى |
|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ساپ سېتىۋېلىنغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ساپ سېتىلغىنى | |
| 1963 | 38.5 | 38.5 | 147.5 | 16 | 6.1 |
| 1964 | 95.9 | 95.9 | 70.6 | 5.4 | 58.5 |
| 1965 | 194.5 | 194.5 | 158.7 | 11.1 | 145.6 |
| 1966 | 173.6 | 173.6 | 264.9 | 8 | 121.1 |
| 1967 | 232.6 | 232.6 | 221.5 | 1.3 | 188.6 |
| 1968 | 207.8 | 207.8 | 178.9 | 0.7 | 165.3 |
| 1969 | 114.6 | 114.6 | 158.2 | 0.9 | 123.8 |
| 1970 | 253.3 | 253.3 | 299.9 | 0.4 | 190.9 |
| 1971 | 160.7 | 160.7 | 201.2 | 1.4 | 162.5 |
| 1972 | 129.5 | 129.5 | 204.9 | | 128.5 |
| 1973 | 161.1 | 4.9 | 161.1 | 4.9 | 300.4 |
| 1974 | 241.4 | 8.4 | 241.4 | 8.4 | 238.8 |
| 1975 | 321.7 | 139.6 | 321.7 | 139.6 | 153.8 |
| 1976 | 192.3 | 144.5 | 192.3 | 144.5 | 94.1 |
| 1977 | 189.1 | 121.1 | 189.1 | 121.1 | 122.8 |
| 1978 | 228.5 | 11.9 | 228.5 | 11.9 | 209.8 |
| 1979 | 281.5 | 23.5 | 281.5 | 23.5 | 301 |
| 1980 | 483.3 | 32.1 | 483.3 | 32.1 | 445.2 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 551.1 | 551.1 | 399.4 | 36 | 584 |
| 1982 | 482.1 | 482.1 | 324.2 | 23.2 | 557.1 |
| 1983 | 542.2 | 542.2 | 812 | 61.7 | 473.2 |
| 1984 | 824.7 | 824.7 | 887.7 | 139.2 | 887.5 |
| 1985 | 742.3 | 742.3 | 419.6 | 177.6 | 728 |
| 1986 | 670.8 | 670.8 | 552.4 | 69.5 | 846.5 |
| 1987 | 819.1 | 819.1 | 1091.8 | 69.5 | 438.6 |
| 1988 | 750.9 | 750.9 | 1072.5 | 58 | 516.7 |
| 1989 | 1188.9 | 1188.9 | 1106.2 | 90.1 | 638.2 |
| 1990 | 3591.7 | 3591.7 | 2191.2 | 150 | 2339.1 |
| 1991 | 5461.3 | 5461.3 | 6264.3 | 188.5 | 2176.6 |
| 1992 | 4062.1 | 4062.1 | 4178.5 | 876.7 | 2281.3 |
| 1993 | 4393.1 | 4393.1 | 9245.8 | 650.7 | 2122 |
| 1994 | 13328.5 | 13328.5 | 10540.5 | | 4263 |
| 1995 | 16800 | 16800 | 16690.6 | | 4380.6 |

## 3. تور - نۇقتىلارنىڭ تارقىلىشى

تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ناھىيە بازىرى رايونىدا ئاددىي ماگىزىنلا بار ئىدى، كېيىن ھەربىر يېزىدا ماگىزىن، شۆبە سېتىش دۇكىنى ۋە ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى قۇرۇلدى. 1980 - يىلى كوپېراتىپقا قاراشلىق ماگىزىن 49 غا يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاشخانا 6، مېھمانخانا 2)، 5 يېزا ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى ئاشخانا ئاچتى، كەنتلەر شۆبە دۇكاندىن 67 نى، ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش ۋە سېتىش دۇكىنىدىن 70 نى ئاچتى. 1985 - يىلى كوپېراتىپ بويىچە 4 شىركەت، 5 يېزا ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپى، 30 ماگىزىن، 16 شۆبە سېتىش دۇكىنى، 59 ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش ۋە سېتىش دۇكىنى بار بولدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كوپېراتىپ بويىچە 13 ئاشخانا، 3 مېھمانخانا، 48 ماگىزىن، 34 شۆبە سېتىش دۇكىنى، 42 ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش ۋە سېتىش دۇكىنى بار بولدى.

## توقسۇ ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ 1995 - يىلدىكى تور - نۇقتىلىرى

جەدۋەل: 16 — 27

| تورنىڭ نامى | ئاشخانا | | مېھمانخانا | | ماگىزىن | | شۆبە سېتىش دۇكىنى | | ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش، ۋاكالىتەن سېتىش دۇكىنى | | جەمئىي | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سانى | ئادەم سانى | سانى | ئادەم سانى | سانى | ئادەم سانى | سانى | ئادەم سانى | سانى | ئادەم سانى | تور - نۇقتا سانى | خادىم سانى |
| باغچا - چىمەن شىركىتى | 1 | 5 | 1 | 3 | | | | | | | 2 | 8 |
| يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى | | | | | 8 | 8 | | | | | 8 | 8 |
| ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى | | | | | 6 | 6 | | | | | 6 | 6 |
| ئۈچبېرىق يېزىلىق ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى | 3 | 5 | 1 | 3 | 7 | 7 | 7 | 7 | 12 | 12 | 30 | 34 |
| پەيشەنبە بازار يېزىلىق ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى | 1 | 1 | | | 5 | 5 | 5 | 5 | 8 | 8 | 19 | 19 |
| تاشبېرىق يېزىلىق ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى | 2 | 4 | | | 6 | 6 | 6 | 6 | 8 | 8 | 22 | 24 |
| ئۈگەن يېزىلىق ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى | 2 | 4 | 1 | 2 | 5 | 5 | 5 | 5 | 5 | 5 | 18 | 21 |
| يۇلتۇزباغ يېزىلىق ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى | 3 | 7 | | | 9 | 9 | 9 | 9 | 5 | 5 | 26 | 30 |
| ئۈچقات يېزىلىق ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى | 1 | 3 | | | 2 | 2 | 2 | 2 | 4 | 4 | 9 | 11 |
| جەمئىي | 13 | 29 | 3 | 8 | 48 | 48 | 34 | 34 | 42 | 42 | 140 | 161 |

**ئىزاھات:** خادىملار ئىچىدە ۋاكالىتەن ساتقۇچى خادىملارمۇ بار.

# 5 § . تاشقى سودا

## 1. ئاپپاراتلار

**1) مىنگو دەۋرىدىكى ئاپپاراتلار** مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) نىڭ ئالدى ـ كەينىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ كۇچا ئىش باشقارمىسى توقسۇدا شۆبە ئىش باشقارمىسى تەسىس قىلدى، ئۇ يەرلىك مەھسۇلاتلار ئىش باشقارمىسى دەپ ئاتالدى، دۆلەت ئىلكىدىكى ئاپپارات بولدى، مەبلىغى 5 مىليون يۈەن (شىنجاڭ پۇلى) ئىدى. بۇ ئىش باشقارمىسى، ئاساسەن، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى قىلاتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇراتتى. توقسۇ شۆبە ئىش باشقارمىسىنىڭ بىرنەچچە خادىمى بار ئىدى، گوخۇي مۇدىر ئىدى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) توقسۇ شۆبە ئىش باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

**2) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاپپاراتلار** 1957 ـ يىل 1 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئورنى قۇرۇلدى، بۇ ئورۇنغا بىر مۇدىر، 4 خىزمەتچى خادىم قويۇلدى. 1958 ـ يىل 8 ـ ئايدا سېتىۋېلىش ئورنى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلىپ تاشقى سودا دىرېكتور بۆلۈمى دەپ ئاتالدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 58 (بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى 34) گە يەتتى. 1959 ـ يىل 9 ـ ئايدا تاشقى سودا دىرېكتور بۆلۈمى سودا ئىدارىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ توقسۇ ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئىدارىدە چارۋا مەھسۇلاتلىرى دىرېكتور بۆلۈمى، توقۇمىچىلىق دىرېكتور بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئىدارىغا دايىملىق سېتىۋېلىش پونكىتى قارىدى، بۇ پونكىتنىڭ 58 كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار ئىدى. شۇ يىلى قول سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ تېرە، كۆن ـ خۇرۇم كوپېراتىپى، باش كىيىم كوپېراتىپى، موزدوزلۇق كوپېراتىپى، گىلەمچىلىك كوپېراتىپى تاشقى سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلىپ، ئۈنۈۋېرسال سېخ، پىممىچىلىق سېخى، جۇۋىچىلىق سېخى، موزدوزلۇق سېخى قاتارلىق 5 سېخ قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا ئىدارىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ 404 كە يەتتى. 1961 ـ يىلى ئىشچى 178 گە ئازايدى. 1962 ـ يىلى قول سانائەت بىرلەشمىسىدىن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن 4 سېخ ئايرىپ چىقىلىپ، ئەسلىدىكى ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇلدى. نەتىجىدە تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ ئومۇمىي خادىمى 93 كە ئازايدى.

1963 ـ يىل 8 ـ ئايدا ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ نامى تاشقى سودا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى، شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرى دىرېكتور بۆلۈمى بىلەن توقۇمىچىلىق دىرېكتور بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پىلىچىلىك ـ ئۈجمىچىلىك بۆلۈمچىسى بىلەن چارۋا مەھسۇلاتلىرى بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، شىركەتكە تاشئېرىق، ئىچئېرىق، پەيشەنبە بازار، دايىملىق سېتىۋېلىش پونكىتلىرى (گۇرۇپپىلىرى) قارىدى. 1965 ـ يىل 2 ـ ئايدا شىركەتنىڭ نامى تاشقى سودا پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1966 ـ يىلى پونكىت بويىچە 62 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان خادىم 57، ئايال 5)، پونكىتنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 95 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1976 ـ يىلى تاشقى سودا پونكىتىنىڭ 49 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، 140 مىڭ يۈەن تۇراقلىق مۈلكى بار بولدى. 1979 ـ يىلى پونكىتنىڭ نامى تاشقى سودا ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 1981 ـ يىلى يەنە تاشقى سودا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1985 ـ يىل 1 ـ ئايدا تاشقى سودا شىركىتى ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا

كوپېراتىپقا قوشۇۋېتىلىپ، توقسۇ ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى چاي - چارۋا شىركىتى دەپ ئاتالدى، رايون دەرىجىلىك شتاتتا بولۇشى ئۆزگەرمىدى، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بولدى. شىركەتتە گىلەم زاۋۇتى، پىما زاۋۇتى، تېرە - يۇڭ زاۋۇتى قارىدى، 62 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى. 1986 - يىلى گىلەم زاۋۇتى، پىما زاۋۇتى، تېرە - يۇڭ زاۋۇتىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولمىغاچقا، تاقىۋېتىلدى.

1993 - يىلى چاي - چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، چېگرا سودىسى شىركىتى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى، تىجارەت پائالىيىتى چەت ئەلگە يۈزلەندى، بۇ شىركەت، ئاساسەن، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى بىلەن مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنى يولغا قويدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىركەتتە بىر دىرېكتور قويۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 59 غا يەتتى، شىركەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا چارۋا مەھسۇلاتلىرى، يەرلىك مەھسۇلاتلار، كادىرلار - كاتىبات، مالىيە - بوغالتىرلىق بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى، شىركەت قارمىقىدا مېھمانخانا، ئاشخانا، تانسا زالى قاتارلىق مۇلازىمەت مۇئەسسەسىلىرى بار، شىركەتنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 880 مىڭ يۈەن، شۇ يىلى تارتقان زىيىنى 770 مىڭ يۈەن.

## 2. ئېگىلىك باشقۇرۇش

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تاشقى سودا ماددىي ئەشيالىرى، ئاساسەن، تېرە، قوي يۇڭى، ئۆچكە تىۋىتى، ئۈچەي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، پاختا، ئارپىبەدىيان، پىلە غوزىسى، قۇلماق قاتارلىقلار 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە توقسۇنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرى روسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە سېتىلاتتى. مىنگو دەۋرىدە شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، زور تۈركۈمدىكى چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئۈچتۇرپان پورتى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا سېتىلدى.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) دىن ئىلگىرى تاشقى سودا ماددىي ئەشيالىرى تىجارىتىنى خۇسۇسىي سودىگەرلەر قىلاتتى؛ مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) دىن كېيىن، بۇ خىل تىجارەتنى يەرلىك مەھسۇلاتلار ئىش باشقارمىسى قىلىدىغان بولدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) دىن كېيىن، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا سوممىسى تۆۋەنلەپ كەتتى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) يەرلىك مەھسۇلاتلار ئىش باشقارمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، نەتىجىدە تاشقى سودا ماددىي ئەشيالىرىنى خۇسۇسىي سودىگەرلەر چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ ساتتى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) چەت ئەلگە 1750 كىلوگرام قوي يۇڭى، 8655 پارچە قوي تېرىسى، 385 پارچە كالا تېرىسى، 22 پارچە ئات تېرىسى، 4510 پارچە كۆرپە سېتىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاشقى سودا ماددىي ئەشيالىرى تىجارىتىنى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قوشۇمچە بېجىردى. 1957 - يىلى ناھىيىلىك تاشقى سودا ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، تېرە، يۇڭ جەھەتتە دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى، شۇ يىلى 8900 كىلوگرام قوي يۇڭى، 2976 كىلوگرام ساپ پاختا، 46 مىڭ 564 كىلوگرام چىگىتلىك پاختا، 496 مىڭ 564 كىلوگرام قوي يۇڭى، 840 كىلوگرام ئۆچكە تىۋىتى، 18 مىڭ 424 پارچە قوي تېرىسى، 14 مىڭ 384 پارچە كالا تېرىسى، 13 مىڭ 725 تال ئۈچەي سېتىۋېلىندى، 1 يىلدا 4474 پارچە قوي تېرىسى، 3195 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 1538 پارچە كالا تېرىسى سېتىلدى. 1960 - يىلى قەشقەر پورتى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا 8 .96 توننا پاختا سېتىلدى، ياندۇرقى يىلى يەنە 3 .577 توننا پاختا سېتىلدى.

توقسۇ ناھىيىسى 1965 - يىلدىن ئېتىبارەن ئارپىبەدىيان سېتىۋېلىشنى يولغا قويۇپ، شۇ يىلى 7858

كىلوگرام ئارپىبەدىيان سېتىۋالدى. ئارپىبەدىياننىڭ باھاسى مۇۋاپىق، سېرىقتا سېتىلىش يوللىرى راۋان بولغاچقا، دېھقانلار قىزىقىپ تېرىدى، ئۇنىڭ ھوسۇلى يىلمۇ يىل ئاشتى. 1974 - يىلى ھوسۇل ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى، شۇ يىلى 353 مىڭ 200 كىلوگرام ئارپىبەدىيان سېتىۋېلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، باھانىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن سېتىۋېلىنىش مىقدارى يىلمۇ يىل تۆۋەنلەپ كەتتى. 1986 - يىلغا كەلگەندە ئاران 15 مىڭ 700 كىلوگرام سېتىۋېلىندى، توقسۇ ئارپىبەدىياننىڭ سۈپىتى ياخشى بولغاچقا، ئامېرىكا، شەرقىي ياۋروپا ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىگە سېتىلدى.

ناھىيە بويىچە پىلە غوزىسى سېتىۋېلىش 1958 - يىلدىن باشلاندى، شۇ يىلى 14 مىڭ كىلوگرام پىلە غوزىسى سېتىۋېلىندى، 1964 - يىلى 33 مىڭ 800 كىلوگرامغا يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بەزىدە كۆپ، بەزىدە ئاز سېتىۋېلىنىپ، سېتىۋېلىش ئىشى بىر ئىزدا توختاپ قالدى. 1981 - يىلى تارىختا ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلدى، سېتىۋېلىنغان پىلە غوزىسى 34 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. لېكىن پىلىچىلىكنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولمىغاچقا، پىلە غوزىسىنىڭ مىقدارى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1990 - يىلدىن كېيىن تاشقى سودا ئاپپاراتى پىلە غوزىسى سېتىۋېلىشنى توختاتتى، ئۇنى يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى سېتىۋالىدىغان بولدى.

قۇلماق سېتىۋېلىش 1973 - يىلى باشلاندى، شۇ يىلى ئاران 489 كىلوگرام قۇلماق سېتىۋېلىندى، شۇنىڭدىن كېيىن مىقدارى يىلمۇ يىل ئاشتى. 1982 - يىلى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، 29 مىڭ 700 كىلوگرام قۇلماق سېتىۋېلىندى. كېيىن يىلمۇ يىل تۆۋەنلەپ كەتتى، 1984 - يىلى 15 مىڭ كىلوگرام قۇلماق سېتىۋېلىندى. 1985 - يىلدىن كېيىن توقسۇ ناھىيىسى ئىشلەپچىقارغان قۇلماق شەرقىي ياۋروپاغا سېتىلدى.

توقسۇ ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ گىلەم زاۋۇتى 1973 - يىلدىن ئېتىبارەن گىلەم توقۇشقا باشلاپ، شۇ يىلى 55 كۋادرات مېتىر گىلەم توقۇدى. شۇنىڭدىن كېيىن يىلمۇ يىل ئاشتى، 1976 - يىلى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتتى، شۇ يىلى 1903 كۋادرات مېتىر گىلەم توقۇلدى، 1977 - يىلدىن كېيىن يىلمۇ يىل تۆۋەنلىدى، 1986 - يىلى ئاران 42 كۋادرات مېتىر گىلەم توقۇلدى. توقسۇ گىلەم زاۋۇتى توقۇغان ئالىي دەرىجىلىك گىلەم ئامېرىكا، ياپونىيە، يېڭى زېلاندىيە، ياۋروپالارغا ۋە شياڭگاڭ رايونىغا سېتىلدى. 1987 - يىلى گىلەم زاۋۇتىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن بولغاچقا تاقىۋېتىلدى.

توقسۇنىڭ ئېكسپورت ماددىي ئەشيالىرىدىن يەنە تېرە، قوي يۇڭى، ئۆچكە تىۋىتى، ئۆچەي، زاراڭزا قاتارلىقلار بار. 1993 - يىلدىن ئېتىبارەن چېگرا سودىسى شىركىتى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسىنى يولغا قويدى، شۇ يىلى ئىمپورت ئومۇمىي قىممىتى 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 630 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، 2280 توننا گۈرۈچكە 1520 توننا پولات ماتېرىيال ئالماشتۇرۇلدى.

1994 - يىلى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىگە 150 توننا سۇ يېغى، 3000 قۇر باللار كىيىمى ئېكسپورت قىلىندى، بۇلارنىڭ قىممىتى 166 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى؛ 9200 پارچە قوي تېرىسى، 240 توننا پاختا، 50 توننا پولات ماتېرىيال ئالماشتۇرۇلدى، بۇلارنىڭ قىممىتى 381 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. 1995 - يىلى چېگرا سودىسى كاساتراق بولدى، 40 توننا پاختا بېرىپ، 450 مىڭ مېتىر ئۇرا ئىمپورت قىلىندى، بۇلارنىڭ قىممىتى 183 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى؛ 8 كىچىك 4 چاقلىق تراكتور ئېكسپورت قىلىندى، بۇنىڭ قىممىتى 12 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. شۇ يىلى ئىچكى سودا خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالدى، تۈرلۈك باج ۋە باشقۇرۇش ھەققىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، چېگرا سودىسى شىركىتى شۇ يىلى نەق 740 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئاساسلىق ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ 1958 — 1988 يىللىغىچە سېتىۋېلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 28

| يىللار | پىلە غوزىسى (توننا) | ئارپىبەدىيان (توننا) | قۇلماق (توننا) | گىلەم (كۋادرات مېتىر) |
|---|---|---|---|---|
| 1958 | 14.1 | | | |
| 1959 | 43.5 | | | |
| 1960 | 33.1 | | | |
| 1961 | 10.7 | | | |
| 1962 | 18.3 | | | |
| 1963 | 19.6 | | | |
| 1964 | 33.8 | | | |
| 1965 | 31.3 | 7.9 | | |
| 1966 | 31.9 | 32.9 | | |
| 1967 | 29.5 | 164.6 | | |
| 1968 | 27.9 | 224.8 | | |
| 1969 | 21.1 | 151.7 | | |
| 1970 | 27.9 | 86.7 | | |
| 1971 | 21.9 | 66.9 | | |
| 1972 | 28.9 | 178.3 | | |
| 1973 | 27.5 | 317.7 | 0.5 | 55 |
| 1974 | 29.4 | 353.2 | 1.8 | 168 |
| 1975 | 25.3 | 136.4 | 2.1 | 497 |
| 1976 | 17.5 | 84.2 | 2.5 | 1903 |
| 1977 | 22.8 | 49.9 | 2.4 | 1836 |
| 1978 | 24.6 | 28.7 | 2.8 | 1635 |
| 1979 | 26.1 | 25.2 | 85.9 | 1388 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1980 | 33.2 | 72.9 | 15.9 | 595 |
| 1981 | 34.1 | 82.9 | 80.6 | 576 |
| 1982 | 31.9 | 57.9 | 29.7 | 576 |
| 1983 | 27.6 | 50.4 | 25.1 | 139 |
| 1984 | 4.3 | 28.1 | 15 | 61 |
| 1985 | 19.2 | 66.3 | | 42 |
| 1986 | 18.4 | 15.7 | | 42 |
| 1987 | 18.5 | 17.8 | | |
| 1988 | | 65 | | |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى تاشقى سودا تاۋارلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 29

| يىللار | ئومۇمىي سېتىۋېلىنىش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | ئات يالى، قۇيرۇقى (كىلوگرام) | قوي ئۈچەيى (تال) | ئۆچكە ئۈچەيى (تال) | قوي يۇڭى (كىلوگرام) | جۇۋۇر (كىلوگرام) | ئۆچكە تىۋىتى (كىلوگرام) | كالا تېرىسى (پارچە) | قوي تېرىسى (پارچە) | ئۆچكە تېرىسى (پارچە) | قاتتېرە (پارچە) | پاقلان تېرىسى (پارچە) | سەمسەن تېرە (پارچە) | ئات تېرىسى (پارچە) | ئوغ شىلال كۆزۈپىسى (پارچە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 25.2 | 420 | 11008 | 1696 | 34000 | 5562 | 906 | 1668 | 21900 | 6152 | 4428 | 2008 | 2715 | 469 | |
| 1959 | 141.1 | 1250 | 4290 | 432 | 75638 | 10514 | 1533 | 2080 | 13681 | 3841 | 4056 | 3099 | 2388 | 854 | |
| 1960 | 156.75 | 750 | 2362 | 784 | 56404 | 9208 | 1897 | 2165 | 8614 | 2608 | 4163 | 2423 | 1483 | 481 | |
| 1961 | 15.17 | 531 | 4972 | 2036 | 53181 | 8506 | 2005 | 634 | 7637 | 2737 | 1964 | 1410 | 708 | 316 | |
| 1962 | 15.73 | 274 | 5834 | 3727 | 39216 | 7900 | 1802 | 560 | 5645 | 1811 | 2085 | 1811 | 2085 | 256 | |
| 1963 | 18.84 | 366 | 6763 | 3228 | 38813 | 7265 | 1760 | 804 | 10776 | 4941 | 3312 | 1211 | 785 | 270 | |
| 1964 | 17.38 | 263 | 9105 | 1887 | 36236 | 6876 | 2000 | 614 | 9851 | 4133 | 4330 | 1698 | 1319 | 174 | |
| 1965 | 18.43 | 298 | 8852 | 1943 | 37198 | 6967 | 2277 | 779 | 9886 | 4699 | 2580 | 2091 | 1175 | 251 | |
| 1966 | 28.56 | 257 | 9788 | 1850 | 36801 | 6809 | 2216 | 1106 | 10719 | 4738 | 3251 | 2596 | 2004 | 249 | |
| 1967 | 67.55 | 397 | 10067 | 1694 | 32320 | 8205 | 2604 | 1161 | 10267 | 6089 | 3473 | 2743 | 1529 | 306 | |
| 1968 | 91.3 | 309 | 8651 | 1464 | 33475 | 6882 | 2385 | 1374 | 8641 | 6239 | 3281 | 1974 | 1140 | 400 | |
| 1969 | 55.79 | 470 | 6282 | 535 | 29513 | 7167 | 2534 | 1867 | 7413 | 6619 | 3116 | 2227 | 872 | 369 | |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 328 | 1249 | 1954 | 3083 | 6002 | 8525 | 2027 | 2391 | 8007 | 37683 | 649 | 6931 | 481 | 40.51 | 1970 |
| | 378 | 700 | 1239 | 2448 | 6688 | 7756 | 2307 | 2365 | 6879 | 35762 | 941 | 7262 | 414 | 40.25 | 1971 |
| 558 | 392 | 861 | 1143 | 3421 | 11565 | 8166 | 1528 | 1984 | 5681 | 32901 | 1768 | 9603 | 457 | 82.46 | 1972 |
| 715 | 974 | 402 | 272 | 1785 | 6450 | 6125 | 1063 | 1934 | 7056 | 32661 | 898 | 8516 | 472 | 96.75 | 1973 |
| 1009 | 444 | 720 | 376 | 2436 | 8500 | 6055 | 1046 | 1787 | 4620 | 33315 | 1971 | 13123 | 501 | 106.18 | 1974 |
| 1602 | 508 | 1246 | 515 | 2061 | 7952 | 7794 | 1116 | 1804 | 4920 | 31506 | 1519 | 14076 | 437 | 61.59 | 1975 |
| 1029 | 450 | 557 | 632 | 1482 | 6440 | 6907 | 1902 | 1946 | 4623 | 32990 | 887 | 10606 | 433 | 61.82 | 1976 |
| 872 | 551 | 567 | 381 | 1905 | 6408 | 6906 | 1528 | 1870 | 4771 | 34679 | 550 | 8131 | 508 | 47.75 | 1977 |
| 1074 | 505 | 473 | 351 | 1420 | 6405 | 7146 | 1142 | 2081 | 5941 | 40104 | 718 | 7737 | 636 | 51.39 | 1978 |
| 1505 | 383 | 608 | 227 | 1642 | 5307 | 6870 | 707 | 2110 | 5490 | 37750 | 459 | 9057 | 570 | 58.89 | 1979 |
| 735 | 386 | 267 | 389 | 1243 | 4318 | 6238 | 657 | 2182 | 5746 | 34760 | 418 | 10720 | 698 | 71.2 | 1980 |
| 113 | 333 | 294 | 282 | 1546 | 6230 | 9433 | 696 | 2068 | 5784 | 30506 | 532 | 16036 | 697 | 82.79 | 1981 |
| 205 | 309 | 26 | | 73 | 4548 | 13812 | 1337 | 1204 | 5827 | 19039 | | 24686 | 230 | 34.6 | 1984 |
| | | | | | 6376 | 17143 | 1286 | 711 | 4378 | 12544 | 127 | 21055 | | 33.3 | 1985 |
| | | | | | | 2647 | 12223 | 1776 | 920 | 6779 | 28888 | 12 | 26008 | 55.21 | 1986 |
| | | | | 1 | 1184 | 2920 | 1026 | 1204 | 9789 | 36211 | | 14216 | | 50.5 | 1987 |
| | | | | 105 | 450 | 1400 | 400 | 652 | 8250 | 7000 | | 7860 | | 123.8 | 1988 |
| | | | | 2 | 589 | 3568 | 769 | 1917 | 5200 | 62037 | | 11523 | | 137.6 | 1989 |
| | | | | | 1286 | 10911 | 435 | 4296 | 1620 | 8567 | | 19582 | | 70.2 | 1990 |
| | | | | | 1227 | 13002 | 192 | | 820 | 2835 | | 14716 | | 43 | 1991 |
| | | | | | 470 | 6412 | 28 | 607 | 560 | 3300 | | 7669 | | 36.5 | 1992 |
| | | | | | 2676 | 4197 | 6 | 110 | | 1777 | | 3775 | | 686.7 | 1993 |
| | | | | | | 9200 | | | | | | | | 325.5 | 1994 |
| | | | | | | | | | | | | | | 155.9 | 1995 |

**ئىزاھات:** سېتىش ئومۇمىي قىممىتى 1985 - يىلى 464 مىڭ يۈەن، 1986 - يىلى 726 مىڭ يۈەن، 1995 - يىلى 2 مىليون 52 مىڭ يۈەن بولدى.

چاي - چارۋا شىركىتىنىڭ 1987 — 1992 - يىللىرىدىكى سېتىۋېلىش، سېتىش ئومۇمىي قىممىتى

جەدۋەل: 16 — 30 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى | | سېتىش ئومۇمىي قىممىتى | | يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى |
|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ساپ سېتىۋېلىنغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ساپ سېتىلغىنى | |
| 1987 | 50.5 | 46.4 | 53.6 | 5.4 | 20.4 |
| 1988 | 123.8 | 121.6 | 132.6 | 6 | 40.5 |
| 1989 | 137.6 | 135.2 | 164.6 | 7.3 | 0.8 |
| 1990 | 70.2 | 70.2 | 35 | 4.4 | 13.4 |
| 1991 | 43 | 43 | 63.4 | 40.4 | 7 |
| 1992 | 36.5 | 36.5 | 35.2 | 15.2 | 13.6 |

**ئىزاھات:** ئەسلىدىكى تاشقى سودا پونكىتى 1985 - يىل 1 - ئايدا تەمىنات - سودا كوپىراتىپىغا قوشۇۋېتىلىپ، چاي - چارۋا شىركىتى دەپ ئاتالدى. 1993 - يىلى تەمىنات - سودا كوپىراتىپىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، چېگرا سودىسى شىركىتى دەپ ئاتالدى.

# II باب

# ئاشلىق - ياغ

توقسۇ ناھىيىسى تارىختا ئاشلىقى ئېشىنىدىغان ناھىيە بولۇپ كەلدى. مىنگو دەۋرىدە ھەر يىلى كۇچا، قاراشەھەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا ئاشلىق يۆتكەلدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 8019 دادەن ئاشلىق يۆتكەلدى، مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 4200 دادەن ئاشلىق يۆتكەلدى. ئەينى چاغدا ئاشلىق ئۇلاغ ۋە ھارۋا ئارقىلىق يۆتكەلدى، ئاشلىق يۆتكەش ۋەزىپىسى يېزىلار بويىچە دېھقانلارغا سېلىق قىلىپ چېچىلاتتى، بۇ خىل سېلىق ئەينى چاغدا دېھقانلارغا ئېغىر يۈك بولۇپ قالغانىدى، ھۆكۈمەت مۇساپىگە قاراپ كىرا ھەققى تارقىتىپ بەرسىمۇ، لېكىن كىرا ھەققى ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. بۇ چاغدا ئاشلىق بازىرى ئىنتايىن جانلانغانىدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 9 - ئايدا ناھىيىدىكى باج تارماقلىرى چارا قوللىنىپ ئاشلىقنى ناھىيە تەۋەسىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى توسۇپ، ئاشلىق ئوبوروت يوللىرىنى ئەتتى، نەتىجىدە بۇ ئىشقا نىسبەتەن خەلقنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى، چارا قوللىنىش بىرنەچچە ئاي داۋاملاشقاندىن كېيىن

بىكار قىلىنىپ، ئاشلىقنى سىرتقا يۆتكەشكە يول قويۇلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاشلىق بازىرى داۋاملىق قويۇۋېتىلدى. 1952 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بازارغا قاتنىشىپ، ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى. 1953 - يىل 7 - ئايدا ناھىيە بويىچە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئاشلىق سودىسى، ئاشلىقنى ئېلىپ سېتىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش، سېتىلىش باھاسىنى دۆلەت بىر تۇتاش باشقۇردى. 1957 - يىلى بازاردا ئاشلىق - باغ بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. 1959 - يىلى يېزىلاردا ئاشلىق نورمىدىن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغانلىقتىن، 1960 - يىلى توقسۇننىڭ يېزىلىرىدا ئېغىر دەرىجىدە ئاشلىق قەھەتچىلىكى يۈز بەردى، نەتىجىدە ئادەم ئۆلۈشتەك ئېغىر مەسىلە كېلىپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋاقتىدا كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، تورمۇش ئۈچۈن كېرەكلىك ئاشلىققا كاپالەتلىك قىلدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا يەنە بىر قېتىم بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ۋە تۆۋەنلەش ئەھۋالى كۆرۈلدى. بازار، يېزا خەلقىنىڭ نورمىلىق ئاشلىقى باشتىن - ئاخىر بىر ئاز جىددىي بولدى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىق زور ھەجىمدە ئاشتى. ئاشلىق سىياسىتى يىلمۇ يىل كەڭ قويۇۋېتىلدى، ئاشلىق تىجارىتى بارغانسېرى جانلاندى. 1985 - يىلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش سىياسىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، توختام بويىچە زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىش، يۆتكەش ۋەزىپىسى چۈشۈرۈش يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە بازار - يېزىلاردىكى خەلقنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئۇزۇل - كېسىل ھەل بولدى، كېيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك موللاشتى، خەلق خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولدى.

1988 - يىلدىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسىنى كۆپ قېتىم ئۆستۈرۈپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھا پەرقىنى كىچىكلەتتى. بۇ تەدبىر ئىجابىي ئۈنۈم بەردى، ئاشلىقنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش، سېتىش ھالقىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ماسلاشتۇرۇلدى، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى مىسلىسىز ئۆستى.

## § 1 . ئاپپاراتلار

### 1. ناھىيىدىكى ئاشلىق ئاپپاراتلىرى

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) ناھىيىلىك باج ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئىدارىدە يەر - ئاشلىق بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى يەر - ئاشلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، بۇ بۆلۈم ناھىيە بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاشلىق ئامبىرى تەسىس قىلىندى، ئۇ ئاشلىق ساقلاشقا مەسئۇل بولدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتى ئاشلىق بۆلۈمى تەسىس قىلدى، 1956 - يىل 10 - ئايدا ئاشلىق ئىدارىسى دەپ ئاتالدى، ئىدارىنىڭ 40 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى. 1953 - يىلى ناھىيە بازىرى، چىلان، پەيشەنبە بازار، دايۇلتۇزدىن ئىبارەت 4 ئاشلىق پونكىتى قۇرۇلدى. 1959 - يىلى ئۇرۇقچىلىق پونكىتى ئاشلىق ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلدى (1961 - يىلى يەنە ئايرىلدى)، شۇ يىلى ئۇن زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1980 - يىلى ئاشلىق - ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش -

سېتىش بۆلۈمچىسى كۆپەيتىلدى. 1995 ـ يىلى ئىدارە قارمىقىدا ئاساسىي قاتلام ئورۇنىدىن 10 ى يەنى ئاشلىق ـ ياغ 1 ـ دۇكىنى، ئاشلىق ـ ياغ 2 ـ دۇكىنى، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق ـ ياغ شىركىتى، ئۇن زاۋۇتى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرى، بەشتوما ئاشلىق ئامبىرى ۋە 4 يېزىلىق ئاشلىق ـ ياغ تەمىنات ـ سودا پونكىتى تەسىس قىلىنندى. ئىدارىغا بىر باشلىق، بىر مۇئاۋىن باشلىق، بىر شۇجى قويۇلدى، 270 خىزمەتچى خادىم بار بولدى.

## 2. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار

1) ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرى مىنگو دەۋرىدە، يەنى 30 ـ يىللاردا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرى سالدى، ئامبارغا 1 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىغاتتى، ئامبارنىڭ كۆلىمى 1075 كۋادرات مېتىر ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1955 ـ يىلى ئامبار ئورۇمچى ـ قونجىراپ تاشيولىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يۆتكىلىپ، يېڭى ئامبار سېلىنندى. 1964 ـ يىلى يەنە كېڭەيتىلدى، 1985 ـ يىلغا كەلگەندە ئامبارنىڭ سىغىمچانلىقى 15 مىليون كىلوگرامغا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 7333 كۋادرات مېتىرغا، ئاشلىق قۇرۇتۇش مەيدانىنىڭ كۆلىمى 3400 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 1952 ـ يىلى 6 ئىدى، 1985 ـ يىلى 38 گە يەتتى، 1995 ـ يىلى 26 گە ئازايدى.

2) بازارلىق ئاشلىق ـ ياغ 1 ـ دۇكىنى بۇ دۇكان 1953 ـ يىلى قۇرۇلدى، دەسلەپتە شەخسلەرنىڭ ئۆيى ئىجارە ئېلىنىپ تىجارەت قىلىنندى. 1958 ـ يىلى يېڭى دۇكان سېلىنندى. 1986 ـ يىلى بۇ دۇكان بىناغا كۆچۈپ تىجارەت قىلدى. 1995 ـ يىلى دۇكانغا بىر مۇدىر قويۇلدى، 14 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولدى.

3) بازارلىق ئاشلىق ـ ياغ 2 ـ دۇكىنى بۇ دۇكان 1978 ـ يىلى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 8 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1995 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچى 12 گە يەتتى.

4) پەيشەنبە بازار ئاشلىق پونكىتى 1953 ـ يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش پونكىتى قۇرۇلدى، 1958 ـ يىلى ئاشلىق ئامبىرى قۇرۇلدى، 1980 ـ يىلى ئاشلىق پونكىتى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. ئامبارنىڭ سىغىمچانلىقى 1 مىليون كىلوگرامغا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 926 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. پونكىت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە پونكىتقا بىر مۇدىر قويۇلدى، 6 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولدى.

5) بەشتوما ئاشلىق ئامبىرى بۇ ئامبار 1985 ـ يىلى قۇرۇلدى، ئامبارنىڭ سىغىمچانلىقى 1 مىليون كىلوگرام ئىدى، شۇ يىلى 2 ئىشچى ـ خىزمەتچى قويۇلدى. 1995 ـ يىلى ئامبارغا بىر مۇدىر قويۇلدى، خىزمەتچى خادىم 9 غا يەتتى.

6) سۆگەتكۆزلەك ئاشلىق پونكىتى بۇ پونكىت 1974 ـ يىلى قۇرۇلدى، پونكىت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە 4 ئىشچى ـ خىزمەتچى قويۇلدى. 1995 ـ يىلى پونكىتقا بىر مۇدىر قويۇلدى، خىزمەتچى خادىم 9 غا يەتتى. ئامبارنىڭ سىغىمچانلىقى 2 مىليون كىلوگرامغا يەتتى.

7) دايۇلتۇز ئاشلىق پونكىتى بۇ پونكىت 1953 ـ يىلى قۇرۇلدى، دەسلەپتە ئاشلىق سېتىۋېلىش ـ سېتىش پونكىتى دەپ ئاتالدى. 1949 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى ئامباردىن پايدىلىنىپ ئاشلىق ساقلاندى، 3 ئېغىز ئامبار بار بولۇپ، سىغىمى 300 مىڭ كىلوگرام ئىدى. 1957 ـ يىلى يېڭى ئامبار قۇرۇلدى. 1985 ـ يىلى سىغىمى 5 مىليون كىلوگرامغا، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3755 كۋادرات

مېتىرغا يەتتى. 1995 - يىلى دايۆلتۈز ئاشلىق پونكىتىغا بىر مۇدىر قويۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 11 گە يەتتى.

8) ئۆچقات ئاشلىق پونكىتى   بۇ پونكىت 1985 - يىلى دايۆلتۈز ئاشلىق پونكىتىدىن ئايرىپ چىقىلدى، ئەينى چاغدا 8 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1995 - يىلى پونكىتقا بىر مۇدىر قويۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 12 گە يەتتى. پونكىتتىكى ئامبارنىڭ سىغىمچانلىقى 2 مىليون كىلوگرام، قورۇلۇش كۆلىمى 1268 كۋادرات مېتىر.

## 2 § . ئاشلىق - ياغ بازىرى

سىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) ناھىيە بويىچە بازار - يېزىلاردا 27 ئائىلىلىك ئاشلىق سودىگىرى، 5 بازاردا ئاشلىق - ياغ بازىرى بار ئىدى. بازارغا كىرگەن ئاشلىقنىڭ بىر قىسمىنى ئاشلىق سودىگەرلىرى تىجارەت قىلاتتى، بىر قىسمى بىلەن دېھقانلار ئارتۇق - كېمىنى ئالماشتۇرۇپ بىر بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 — 1953 - يىل 7 - ئايغىچە ئاشلىق - ياغ تىجارىتىنى يەنىلا خۇسۇسىي سودىگەرلەر قىلىپ كەلدى، ناھىيە بويىچە 54 ئائىلىلىك خۇسۇسىي سودىگەر بار ئىدى، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىگە قاتناشتى. 1953 - يىل 7 - ئايدا ئاشلىقنى سېتىۋېلىش - سېتىش دۆلەتنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، دۆلەت ئاشلىق بازارلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى، ئاشلىق تىجارىتىنى دۆلەت بىر تۇتاش قىلىدىغان بولدى، خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ ئاشلىق تىجارىتى قىلىشى چەكلەندى. ئاشلىق بازىرىدا دېھقانلارنىڭ بىر - بىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشىغىلا يول قويۇلدى، نەتىجىدە ئاشلىق بازارلىرىدىكى ئاشلىقنىڭ مىقدارى يىلمۇ يىل ئازىيىپ كەتتى. 1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىپ بولۇشتىن بۇرۇن، ئاشلىق - ياغنى بازارغا سېلىپ سودا قىلىش چەكلەندى. 1957 — 1973 - يىلغىچە بىر مەزگىل ئاشلىق - ياغ بازىرى تاقىۋېتىلدى. 1974 — 1978 - يىلغىچە ئاشلىق - ياغ بازىرى پۈتۈنلەي تاقىۋېتىلدى. 1980 - يىلى ئاشلىق - ياغنى بازاردا سودا قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بازارغا سېلىنىغان ئاشلىق - ياغنىڭ تۈرى، مىقدارى، پۈتۈشۈش سوممىسى يىلمۇ يىل ئاشتى، خۇسۇسىيلارنىڭ ئاشلىق - ياغ تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلدى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە 42 توننا ئاشلىق، 29 توننا ياغلىق دان سودا بولدى. 1995 - يىلى 316 توننا ئاشلىق، 30 توننا ياغلىق دان سودا بولدى.

## 3 § . ئاشلىق - ياغلىق داندىن غەللە - پاراق ئېلىش، ئۇنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

### 1. ئاشلىقتىن غەللە - پاراق ئېلىش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) دىن ئىلگىرى جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئاشلىقتىن ھوسۇلغا قاراپ غەللە - پاراق ئېلىناتتى. بىرنەچچە يىل ئوتتۇرىچە ھوسۇلنىڭ 10 دىن بىرى باج ئورنىدا ئېلىنىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) نوپۇسقا ئاساسەن ئېتىز بېجى تاپشۇرۇلىدىغان بولدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 4 - يىلى (1878 - يىلى) ھوسۇلغا قاراپ

غەللە - پاراق ئېلىشتا ئۆزگەرتىلىپ، ئېلىنىغان ھوسۇلنىڭ 10 دىن بىرى ئېتىز بېجى ئورنىدا ئېلىنىدى. گۇاڭشۈ 12 - يىلى (1886 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى يەرنى ئېنىقلاپ، يەر دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، تېرىلغۇ يەرنى 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىگە بۆلگەن، 1 - دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىدىن 4 شىڭ، 2 - دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىدىن 3 شىڭ، 3 - دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىدىن 2 شىڭ غەللە - پاراق ئېلىش بېكىتىلگەن. گۇاڭشۈ 27 - يىلى (1907 - يىلى) 1333 دادەن غەللە - پاراق ئېلىنغان. مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) ناھىيە بويىچە 4971 دادەن غەللە - پاراق ئېلىنغان. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ناھىيە بويىچە 9833 دادەن غەللە - پاراق ئېلىش بېكىتىلگەن، ئەمەلىيەتتە 8436 دادەن غەللە - پاراق ئېلىنغان. مىنگونىڭ 3 — 36 يىلى (1914 — 1947 - يىلى) غىچە بولغان مەزگىلدە يەر بېجى، يەر، يەر دەپتىرىنى تىزىملاش جەھەتتە ئۆزگىرىش كۆپ بولدى، غەللە - پاراق نورمىسى بىلەن ئەمەلىي يەر ئوتتۇرىسىدا پەرق كېلىپ چىقتى، نەتىجىدە خەلق يۇقىرىغا بىرلىكتە خەت يېزىپ غەللە - پاراق نورمىسىنى ئازايتىشنى ئىلتىماس قىلدى. مىنگونىڭ 34 — 36 - يىلى (1945 — 1947 - يىلى) غىچە يەر 2 قېتىم ئېنىقلىنىپ، يەر دەپتىرى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) غەللە - پاراق ئېلىش كەچۈرۈم قىلىندى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) غەللە - پاراقنىڭ يېرىمى ئېلىندى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) يەر يەنە بىر قېتىم ئېنىقلىنىپ، بىر مو يەرگە كېلىدىغان باج يەرنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ بېكىتىلدى. ناھىيە بويىچە 17 مىڭ 148 مو 1 - دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىنىڭ غەللە - پاراق نىسبىتى 4 شىڭ، باج 686 دادەن بولدى؛ 67 مىڭ 611 مو 2 - دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىنىڭ غەللە - پاراق نىسبىتى 3 شىڭ، باج 2028 دادەن بولدى؛ 126 مىڭ 287 مو 3 - دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىنىڭ غەللە - پاراق نىسبىتى 2 شىڭ، باج 2482 دادەن بولدى؛ يىغىۋېلىش بېكىتىلگەن ئومۇمىي ئاشلىق 5196 دادەن بولۇپ، بىر يىلدا ئەمەلىيەتتە 7596 دادەن ئاشلىق يىغىۋېلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى كونا يەر بېجى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، غەللە - پاراقنى نىسبەت بويىچە ھېسابلاش ۋە قانۇن بويىچە ئازايتىش ھەم كەچۈرۈم قىلىشتىن ئىبارەت دېھقانچىلىق بېجى سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق بېجىنى ھېسابلاشتا پروگرېسسىپلىك ئۆسۈپ بارىدىغان باج تۈزۈمى قوللىنىلدى. كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كېلىدىغان ئاشلىق 5 .75 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولسا نىسبەت بويىچە غەللە - پاراق ھېسابلاندى، 5 .75 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولسا غەللە - پاراق ئازايتىلدى ياكى كەچۈرۈم قىلىندى، ناھىيە بويىچە غەللە - پاراق ۋەزىپىسى 7050 دادەن (ھەر بىر دادەن كونا جىڭ ھېسابىدا 400 جىڭ، كونا جىڭ ھېسابىدىكى 85 جىڭ يېڭى جىڭ ھېسابىدا 100 جىڭ) بولدى. دېھقانچىلىق بېجى ئومۇمىي ھوسۇلنىڭ تەخمىنەن %15 نى ئىگىلىدى. 1953 - يىلى سېتىۋېلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى 90 كىلوگرام قىلىنىپ، بىر يىلدا 2178 توننا غەللە - پاراق يىغىۋېلىندى. 1958 - يىلى نىسبەتلىك باج تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، غەللە - پاراقنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى كوللېكتىپ تاپشۇردى. 1979 - يىلى «سېتىۋېلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بېكىتىش چارىسى» يولغا قويۇلۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن نورمىلىق ئاشلىق 170 كىلوگرام بولۇش سېتىۋېلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىندى. 1980 - يىلدىن يەنى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئائىلىلەر بويىچە غەللە - پاراق تاپشۇرۇلىدىغان بولدى. 1985 - يىلى 2163 توننا غەللە - پاراق ئاشلىقى ئېلىندى، 1995 - يىلى 7819 توننا غەللە - پاراق ئاشلىقى ئېلىندى.

## 2. ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش

1) ئاشلىق سېتىۋېلىش 1953 - يىلى دۆلەت بازاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىش بىلەن بىللە،

يېزىلاردا دېموكراتىك باھالاش يولغا قويۇلۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى تەقسىم قىلىندى. 1956 - يىلى يەنە ئومۇمىي ئاشلىقتىن تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك غەللە - پاراق ۋە سېتىۋېلىنىدىغان قىسمى چىقىرىۋېتىلىپ، ئېشىپ قالغان قىسمى جەھەتتە پروگرېسسىپلىق باج نىسبىتى قوللىنىلىپ، ئائىلىلەر بويىچە غەللە - پاراق ھېسابلىنىپ سېتىۋېلىندى. 1957 - يىلى ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، دېھقانچىلىق ئەترىتى بىرلىك، ئائىلە ئاساس قىلىنىپ، ھوسۇل تەكشۈرۈپ نەقلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆزۈقلۇق، ئۇرۇقلۇق، يەم - بوغۇز قالدۇرۇلۇپ ئاندىن ئاشلىقنىڭ ئارتۇق - كەمى تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇپ، ئارتۇق بولسا سېتىۋېلىندى، كەم بولسا تەمىنلەندى، شۇ يىلى 11 مىڭ 470 توننا ئاشلىق سېتىۋېلىندى، بۇ ناھىيە بويىچە ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ 86% نى ئىگىلەيدۇ. 1959 - يىلى «مۇبالىغىچىلىك شامىلى» نىڭ تەسىرىدە ئاشلىق بەك كۆپ سېتىۋېلىنغاچقا، 1960 - يىلى توقسۇدا ئاشلىق قەھەتچىلىكى كېلىپ چىقتى. شۇ يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىشتا سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى مۇكاپات ئورنىدا سېتىپ بېرىش يەنى سېتىۋېلىش ۋەزىپە تۈپ سانىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئاشۇرۇپ سېتىۋالغان قىسمىغا پاختا رەخت، توقۇلما بۇيۇملار، تاۋار - دۇردۇن، شېكەر، خىمىيىۋى ئوغۇت قاتارلىقلارنى مۇكاپات ئورنىدا سېتىپ بېرىش يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاش يەنى سېتىۋېلىش تۈپ ساندىن ئاشۇرۇۋەتكەن، ھەربىر ئادەم ھەريىلى دۆلەتكە 125 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئاشلىق سېتىپ بەرگەن بولسا، ھەر بىر كىلوگرام ئاشلىققا بىر پۇڭ 4 لىدىن باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاش يولغا قويۇلدى. 1962 - يىلى ئاشلىقنى ئالدىن سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى، ئەتىيازدا ئالدىن سېتىۋېلىش مەبلىغى تارقىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىلەن توختام تۈزۈلدى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى كۈزدىن يىل ئاخىرىغىچە ئاشلىقنى تولۇق تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، زاكالەت پۇلى تۇتۇپ قېلىنىپ ھېسابات قىلىندى. بۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلاردا ئومۇمىي ئاشلىق ئاساسىدا سېتىۋېلىش تۈپ سانىنى بېكىتىش، ئاشلىقنى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، تۈپ سان بىلەن ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى جەھەتتە بىر يىلدا بىر بېكىتىش چارىسى قوللىنىلدى. 1972 - يىلى ئاشۇرۇپ سېتىۋالسا ئاشۇرۇپ مۇكاپاتلاش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. 1977 - يىلى سېتىۋېلىش جەھەتتە «بىر بېكىتىپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» يولغا قويۇلدى، كېيىن «بىر بېكىتىپ 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» كە ئۆزگەرتىلدى. 1982 - يىلى ئاشلىق سېتىۋېلىشتا 6:4 نىسبەت بويىچە باھا ھېسابلاش يەنى 40% نى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە، 60% نى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى. 1985 - يىلدىن كېيىن ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش توختام بويىچە سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلىپ، نىسبەت بويىچە باھا ھېسابلاش، 30% نى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە، 70% نى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى. 1990 - يىلى 7832 توننا ئاشلىق سېتىۋېلىندى. 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاشلىق باھاسى قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، توختام بويىچە زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىشتا 60% نى دۆلەت زاكاز قىلىپ سېتىۋېلىش، 40% نى قويۇۋېتىپ بازار ئارقىلىق تەڭشەش چارىسى يولغا قويۇلدى. 1995 - يىلى 7608.4 توننا ئاشلىق سېتىۋېلىندى.

**2) ياغلىق دان سېتىۋېلىش** 1953 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بازاردىن ئاز مىقداردا ياغلىق دان سېتىۋالدى. 1954 - يىلى ياغلىق داننى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش سىياسىتىگە ئاساسەن، يېزىلاردا «كۆپ ئاشسا كۆپ سېتىۋېلىش، ئاشمىسا سېتىۋالماسلىق، كەم بولسا تەمىنلەش» پرىنسىپى قوللىنىلدى. 1957 - يىلى 275 توننا ياغلىق دان سېتىۋېلىندى. 1965 - يىلدىن ئىلگىرى ياغلىق دان جەھەتتە قىچا ئاساس قىلىناتتى، ئۇ سېتىۋېلىنىدىغان ياغلىق داننىڭ تەخمىنەن 70% نى ئىگىلەيتتى. 1965 - يىلدىن كېيىن چىگىت ئاساس قىلىندى. 1970 - يىلى ياغلىق دان سېتىۋېلىشتا «بىر بېكىتىپ 3 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك»، ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنغان قىسمىغا 30% باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاش يولغا قويۇلدى.

1979 - يىلى باھا قوشۇلىدىغان قىسمى 50% كە ئۆستۈرۈلدى. 1985 - يىلى توختام بويىچە سېتىۋېلىشتا ئۆزگەرتىلدى ھەمدە 30% نى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىدا، 70% نى ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش باھاسىدا سېتىۋېلىش يولغا قويۇلدى. 1990 - يىلى 500 توننا ياغلىق دان سېتىۋېلىندى. 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ياغلىق داننىڭ باھاسى قويۇۋېتىلدى. توختام بويىچە سېتىۋېلىشتا 40% نى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىدا سېتىۋېلىش، 60% نىڭ باھاسىنى قويۇۋېتىش يولغا قويۇلدى.

## 3. ئاشلىق - ياغ بىلەن تەمىنلەش

**1) ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش** 1957 - يىل 10 - ئايدا بازار ئاھالىلىرىنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى، ئۇلار يېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، ئەمگەك سىجىللىقىنىڭ دەرىجىسىگە ئاساسەن نورمىلىق تەمىنلەندى: جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەربىر ئادەمنىڭ ئايلىق نورمىسى 17.5 — 21.5 كىلوگرام؛ يېنىك جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەربىر ئادەمنىڭ ئايلىق نورمىسى 15 — 17 كىلوگرام؛ ئورگان كادىرلىرى، ئاھالىلەر چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك نوپۇس بويىچە ھەربىر ئادەمنىڭ ئايلىق نورمىسى 6.5 — 18.5 كىلوگرامغىچە قىلىپ بېكىتىلدى. شۇ يىلى 7325 ئادەم تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلەندى، ئۇلارغا ھەر ئايدا 116.5 توننا ئاشلىق كەتتى. 1965 - يىلى ئاشلىق نورمىسى ئۆلچىمى تەڭشىلىپ، ئالاھىدە ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ھەر ئايدا 24 — 25 كىلوگرام ئاشلىق بىلەن، ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ھەر ئايدا 20 — 22.5 كىلوگرام ئاشلىق بىلەن، يېنىك جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ھەر ئايدا 16.5 — 19.5 كىلوگرام ئاشلىق بىلەن، ئەقلىي ئەمگەكچىلەر، بازار ئاھالىلىرى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھەر ئايدا 15 — 16 كىلوگرام ئاشلىق بىلەن، بىر ياشلىق بالىلار ھەر ئايدا 5 كىلوگرام ئاشلىق بىلەن تەمىنلەندى، 2 — 10 ياشقىچە بىر ياش چوڭايسا بىر كىلوگرام ئاشلىق قوشۇپ بېرىلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 7920 ئادەم بىر ئايدا 121 توننا تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلەندى. 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاشلىق بىلەن كىنىشكىلىك تەمىنلەش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باھا قويۇۋېتىلىپ، ئاشلىق ئاشكارا سېتىلىدىغان بولدى. 1995 - يىلى 20 مىڭ 865 ئادەم 3229.7 توننا تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلەندى.

**2) سودا - سانائەت ساھەسىگە ئاشلىق ئىشلىتىش** 1957 - يىلى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېمەك - ئىچمەك، ھاراق چىقىرىش، پېچىنە - پىرەنىك ئىشلەش ساھەلىرىگە قارىتا بېلەتلىك تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. ئالاھىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىقنى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق تەستىقلىدى. 1984 - يىلى سودا - سانائەت ساھەسىنى ئاشلىق بىلەن بېلەتلىك تەمىنلەش كېلىشىم باھادا تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلدى. 1990 - يىلى سودا - سانائەت ساھەسىگە ئىشلىتىلىدىغان ئاشلىق كېلىشىم باھادا سېتىلىدىغان بولدى.

**3) سۇ يېغى بىلەن تەمىنلەش** 1957 - يىل 10 - ئايدا بازار ئاھالىلىرىنى سۇ يېغى بىلەن پىلانلىق تەمىنلەش يولغا قويۇلدى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئايلىق نورمىسى 0.25 كىلوگرام بولدى، ھېيت - بايراملاردا ھەربىر ئادەمگە 0.25 كىلوگرام سۇ يېغى قوشۇپ بېرىلدى. يېمەكلىك ساھەسىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇ يېغى ئاشلىق بېلىتىگە قاراپ سېتىۋېلىندى، 15 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتىگە 0.5 كىلوگرام سۇ يېغى سېتىۋېلىندى. 1990 - يىلى ھەر ئايدا 19.7 توننا سۇ يېغى بىلەن تەمىنلەندى. 1993 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نورمىلىق تەمىنلەش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باھا قويۇۋېتىلىپ ئاشكارا سېتىلىدىغان بولدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1950 — 1995 ـ يىلغىچە ئاشلىق ـ ياغلىق دان سېتىۋېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 31    بىرلىكى: توننا

| يىللار | سېتىۋېلىنغان ئاشلىق | | سېتىۋېلىنغان ئاشلىق تۈرى | | | سېتىۋېلىنغان ياغلىق دان | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: پاراققا ئېلىنغان ئاشلىق | بۇغداي | قارا ئاشلىق | گۈرۈچ | قىچا | چىگىت |
| 1950 | 1847.5 | 1847.5 | | | | | |
| 1951 | 2142.4 | 2142.4 | | | | | |
| 1952 | 2422 | 2422 | | | | | |
| 1953 | 3381 | 2178 | 2946.5 | 280 | 154.5 | | |
| 1954 | 5435 | 3019 | 4793.5 | 121.5 | 520 | | |
| 1955 | 4649.5 | 2617 | 3961 | 296 | 392.5 | | |
| 1956 | 4665.5 | 2479 | 4046.5 | 249.5 | 369.5 | | |
| 1957 | 3216.5 | 2472.5 | 2287 | 287 | 343 | | |
| 1958 | 7710.5 | 3758.5 | 5668.5 | 1501.5 | 540.5 | 151.5 | 32.5 |
| 1959 | 11713 | 3520 | 4626 | 6042 | 1045 | | |
| 1960 | 4829.5 | 2287.5 | 4653.5 | 140 | 36 | 428.5 | 8.5 |
| 1961 | 2550.5 | 1404.4 | 1348.5 | 1105.5 | 96.5 | 248.5 | 80 |
| 1962 | 3570.5 | 1888.5 | 2513 | 995 | 62.5 | 27.5 | 59 |
| 1963 | 4812.5 | 2021.5 | 2716 | 1985 | 111.5 | | |
| 1964 | 5412.5 | 1997.5 | 3293 | 1966.5 | 153 | | |
| 1965 | 6327 | 1795.5 | 3996.5 | 2119.5 | 211 | 112.5 | 122 |
| 1966 | 7232.5 | 1983.5 | 4470.5 | 2332 | 430 | 107.5 | 955.5 |
| 1967 | 4730 | 2012 | 4097 | 272 | 361 | 81 | 1266 |
| 1968 | 3257.5 | 1922 | 2765 | 216.5 | 276 | 88.5 | 872.5 |
| 1969 | 4682 | 1865.5 | 3836.5 | 554.5 | 291 | 53.5 | 345 |
| 1970 | 5382.5 | 1713 | 4365 | 799.5 | 218 | | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1319 | 45.5 | 52.5 | 512 | 3784 | 1642 | 4268.5 | 1971 |
| 873.5 | 9 | 80 | 557.5 | 3081 | 1571 | 3718.5 | 1972 |
| 202.5 | 11.5 | 166 | 802.5 | 4033 | 1641 | 5001.5 | 1973 |
| 854 | 16 | 148.5 | 988.5 | 3589 | 1638.5 | 4726 | 1974 |
| 772.5 | 7 | 94.5 | 1198 | 3645.5 | 1630 | 4938 | 1975 |
| 864 | 4 | 181 | 1507 | 4911.5 | 1669 | 6599.5 | 1976 |
| 631.5 | 1 | 128 | 2400 | 3893 | 2090.5 | 6421 | 1977 |
| 515.5 | 1.5 | 119.5 | 1921 | 5110.5 | 2052 | 7151 | 1978 |
| 627 | 1.5 | 98 | 1259 | 5049.5 | 1891.5 | 6406.5 | 1979 |
| 345.5 | 14 | 92.5 | 1307 | 2833.5 | 1574 | 4233 | 1980 |
| 278 | 14 | 44 | 1505.5 | 3165 | 1832.5 | 4714.5 | 1981 |
| 662.5 | 2 | 114 | 939.5 | 4324 | 2191 | 5377.5 | 1982 |
| 643.5 | | 93 | 1354 | 5393.5 | 2214 | 6840.5 | 1983 |
| 600 | 2 | 118.5 | 814.5 | 6194 | 2163 | 7127 | 1984 |
| 506 | | 127.5 | 1451 | 6056.5 | 2163 | 7635 | 1985 |
| | | 139.5 | 1397.5 | 6190.5 | | 7727.5 | 1986 |
| | | 67 | 1293 | 6040 | | 7400 | 1987 |
| | | 152 | 1845 | 6000 | | 7997 | 1988 |
| 750 | | 75 | 702 | 6007.6 | 6784.6 | 11327.6 | 1989 |
| 500 | | 76 | 1406 | 6349.3 | 7831.3 | 12690.2 | 1990 |
| 1621 | | 75 | 1353 | 7331.3 | 8759.3 | 16567.2 | 1991 |
| | | 75 | 1421 | 6212.3 | 7708.3 | 11394.8 | 1992 |
| 1000 | | 75 | 225.7 | 4376.4 | 4677.1 | 5045.2 | 1993 |
| 28.1 | 10.8 | 212.3 | 952.4 | 6725.4 | 7891.8 | 8708.9 | 1994 |
| | | 75.2 | 1529.7 | 6003.5 | 7608.4 | 12506.1 | 1995 |

ئىزاھات: سېتىۋېلىنغان ئاشلىق تۈرى دېگەن كاتەكچىدىكى يىللىق 1950 — 1988 - يىلغىچە بولغىنى سېتىۋېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىق تۈرنىڭ ساندىن ئىبارەت، 1989 — 1995 - يىلغىچە بولغىنى پاراققا ئېلىنغان ئاشلىقنىڭ تۈر ساندىن ئىبارەت.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1953 — 1995 - يىلغىچە ئاشلىق - باغ بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 32   بىرلىكى: توننا

| يىللار | ئاشلىق | | | | | باغ |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇغداي | كۆممىقوناق | گۈرۈچ | ئۈن | |
| 1953 | 651.5 | 494.5 | 130 | 27 | | 8 |
| 1954 | 2105.5 | 1805 | 161 | 139.5 | | |
| 1955 | 2430 | 1807 | 315.5 | 307.5 | | |
| 1956 | 3291 | 2711.5 | 263 | 316.5 | | 88.5 |
| 1957 | 2639.5 | 2046 | 335 | 258.5 | | 54 |
| 1958 | 4589.5 | 2261.5 | 857 | 384.5 | 1086.5 | 159.5 |
| 1959 | 4593 | 2730.5 | 777.5 | 82.5 | 1002.5 | 97.5 |
| 1960 | 3707 | 1453.5 | 1210 | 102.5 | 941 | 12 |
| 1961 | 4175.5 | 1454 | 1309 | 102.5 | 1310 | 131 |
| 1962 | 3193.5 | 1170 | 970.5 | 64.5 | 988.5 | 12 |
| 1963 | 3228.5 | 1142 | 589.5 | 69.5 | 1427.5 | 31.5 |
| 1964 | 3369 | 1164.5 | 598.5 | 99 | 1507 | 45.5 |
| 1965 | 3304 | 1394.5 | 623.5 | 174.5 | 1111.5 | 44 |
| 1966 | 2380 | 129 | 373.5 | 253 | 1624.5 | 57.5 |
| 1967 | 2495 | 130.5 | 473 | 373 | 1296.5 | 68.5 |
| 1968 | 2414.5 | 422 | 146.5 | 327.5 | 1518.5 | 100 |
| 1969 | 3097.5 | 1231.5 | 326.5 | 213 | 1326.5 | 61 |
| 1970 | 2820.5 | 1116 | 401 | 236.5 | 1067 | 475 |
| 1971 | 2256 | 378 | 549 | 191 | 1138 | 59 |
| 1972 | 2437 | 404.5 | 525.5 | 84.5 | 1422.5 | 60.5 |
| 1973 | 3208 | 932 | 579 | 132.5 | 1564.5 | 59.5 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1974 | 2833 | 481 | 571 | 134.5 | 1646.5 | 62.5 |
| 1975 | 3617.5 | 590.5 | 1058.5 | 129 | 1839.5 | 72 |
| 1976 | 4249.5 | 501 | 1626 | 155.5 | 1967 | 79.5 |
| 1977 | 3881.5 | 332.5 | 1277 | 127.5 | 2144.5 | 67 |
| 1978 | 3689 | 257 | 1169.5 | 111.5 | 2151 | 72.5 |
| 1979 | 3650.5 | 222.5 | 1159.5 | 124.5 | 2144 | 69 |
| 1980 | 3615 | 108.5 | 1021 | 84.5 | 2401 | 76.5 |
| 1981 | 3876 | 252 | 1005.5 | 111.5 | 2517 | 108.5 |
| 1982 | 3502 | 176.5 | 857 | 149 | 2319.5 | 138.5 |
| 1983 | 3187 | 92.5 | 630 | 237 | 2227.5 | 77 |
| 1984 | 3566 | 186.5 | 726.5 | 204.5 | 2448.5 | 77.5 |
| 1985 | 4016.5 | 1168 | 274.5 | 143 | 2431 | 66 |
| 1986 | 3950.5 | 607.5 | 321 | 147.5 | 2854.5 | 82.5 |
| 1987 | 4324.5 | 476.5 | 239 | 206 | 3403 | 87 |
| 1988 | 4336.5 | 673 | 291 | 194.5 | 3178 | 91 |
| 1989 | 4615 | 4257 | 297 | 241 | | 113.5 |
| 1990 | 4592.5 | 3925 | 440 | 227.5 | | 98.5 |
| 1991 | 5366.5 | 4442.5 | 769.5 | 154.5 | | 156.5 |
| 1992 | 3885.5 | 3456.5 | 274.5 | 154.5 | | 13 |
| 1993 | 3114.5 | 2225.5 | 710.5 | 178.5 | | 164 |
| 1994 | 8194 | 6443.5 | 1473.5 | 277 | | 204.5 |
| 1995 | 5862 | 5441 | 99.5 | 321.5 | | 5 |

**ئىزاھات:** 1) ئاشلىقتا بۇغداي بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە يىللار بويىچە ئايرىلغان سان بەزىدە كۆپ، بەزىدە ئاز بولدى، ئۇ دېھقانلارغا قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىقنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئاھالىنى تەمىنلەش مىقدارى نىسبىي مۇقىم بولدى.

2) 1989 — 1995 - يىلدىكى بۇغداي مىقدارى ئۈنتىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 4 . ئاشلىق، ياغلىق داننى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

1980 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىدە، ئاشلىق، ياغلىق داننى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىش بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىنىپ، ئاشلىق، ياغلىق داننى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش - توشۇش كەسپى يولغا قويۇلدى. ئومۇمەن سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى گورۇندىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىگە يېتەرلىك ئاشلىق قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېشىپ قالغان ئاشلىق، ياغلىق دان كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنىدى ۋە سېتىلدى، باھا بازارغا قاراپ بەلگىلەندى. كېلىشىم باھا ئادەتتە بىر تۇتاش سېتىۋېلىش باھاسىدىن %50 — %150 كىچە يۇقىرى بولدى.

1985 - يىلى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىش شىركىتى قۇرۇلدى، شىركەت قارىمىقىدا ماگىزىن ئېچىلدى. ئاشلىق بازىرىدا ئاشلىق، ياغلىق داننى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىش نۇقتىسى تەسىس قىلىنىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزىلىق ئاشلىق پونكىتلىرىدا ئاشلىق، ياغلىق داننى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىش كەسپى يولغا قويۇلدى. 1990 - يىلى كېلىشىم باھالىق ئاشلىق ۋە ياغدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، ئۇن، پۇرچاق، خاسىڭ، قىچا يېغى، چىگىت يېغى بار بولدى. 1995 - يىلى 16 توننا ئاشلىق كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنىدى، 28 توننا ئاشلىق، بىر توننا سۇ يېغى كېلىشىم باھادا سېتىلدى.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى كېلىشىم باھادا ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 16 — 33     بىرلىكى: توننا

| يىللار | ناھىيە ئىچىدىن سېتىۋېلىنغىنى | | | | | | ناھىيە سىرتىدىن سېتىۋېلىنغىنى | | سېتىلغىنى | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاشلىق | | | | | ماي يېغى | گۈرۈچ | ماي يېغى | ئاشلىق | | | | | | ماي يېغى |
| | جەمئىي | بۇغداي | كۆممىقوناق | گۈرۈچ | قارا ئاشلىق | | | | جەمئىي | بۇغداي | كۆممىقوناق | گۈرۈچ | قارا ئاشلىق | ئۇن | |
| 1980 | 36 | 35 | | | 1 | | 127 | 4 | 232 | 95 | | 121 | 16 | | 5 |
| 1981 | 515 | 489 | 12 | 14 | | | 116 | 4 | 244 | 123 | | 118 | 3 | | 19 |
| 1982 | 165 | 153 | | 12 | | 40 | 101 | 30 | 216 | 114 | | 96 | 6 | | 59 |
| 1983 | 10 | 2 | | 8 | | 51 | 10 | 5 | 101 | | | 43 | 2 | 56 | 58 |
| 1984 | 69 | 67 | | 1 | 1 | 37 | 149 | 33 | 277 | | | 114 | 80 | 83 | 103 |
| 1985 | 280 | 249 | 23 | 4 | 4 | 119 | 80 | 14 | 307 | | | 104 | 57 | 146 | 94 |
| 1987 | 172 | 169 | | 3 | | 30 | 50 | 7 | 586 | | 7 | 80 | | 499 | 29 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1988 | 854 | 703 | 101 | 50 | | 67 | | | 178 | | | 56 | | 122 | 28 |
| 1990 | 163 | 46 | 50 | 67 | | 3 | | | 44 | | 26 | 14 | | 4 | 7 |
| 1991 | 43 | 34 | 2 | 7 | | | | | 151 | | 128 | 13 | | 10 | |
| 1992 | 52 | 44 | 8 | | | 33 | | | 50 | | 5 | 38 | | 7 | 10 |
| 1994 | 115 | 56 | | 59 | | 1 | | | 159 | | | 77 | | 82 | |
| 1995 | 16 | 12 | | 4 | | | | | 28 | | | 12 | | 16 | 1 |

# 4 § . ئاشلىق - ياغ ساقلاش

## 1. ئاشلىق ساقلاش

مىنگو دەۋرىدىن ئىلگىرى ناھىيە بويىچە پەقەت ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرى ۋە ئاز بىر قىسىم باي ئائىلىلەر ئامباردا ئاشلىق ساقلايتتى، ئادەتتىكى دېھقانلار ئاشلىقنى ئۆرىدا ساقلايتتى، ئۆرا ئېگىزرەك يەرگە كولىنىپ، ئاستىغا 20 — 30 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا سامان يېيىتىلىپ، ئۈنىڭ ئۈستىگە ئاشلىق تۆكۈلۈپ، ئاندىن ئاشلىق ئۈستىگە سامان يېيىتىلىپ، قۇم توپا بىلەن كۆمۈلەتتى. ئۇيغۇر دېھقانلارنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلدا ئاشلىق ساقلىشى ئاشلىقتا مىتە چۈشۈش ۋە ئۈنىڭ كۆكىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت، بۇ خىل ئۇسۇلدا ئاشلىقنى 2 — 3 يىل ساقلىغىلى بولىدۇ. 1949 - يىلى ناھىيە بويىچە 1 مىليون 556 مىڭ 500 كىلوگرام بۇغداي ساقلانغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرىنىڭ 1500 توننا ئاشلىق سىغدۇرىدىغان 2 كورپۇس ئامبىرى ئوڭشاپ رېمونت قىلىنىپ 2000 توننا ئاشلىق سىغدۇرىدىغان قىلىندى. 1951 - يىلى ئامبار رېمونت قىلىنىپ 2000 توننا ئاشلىق سىغدۇرىدىغان قىلىندى. 1955 - يىلى يېڭىدىن جەمئىي 8000 توننا ئاشلىق سىغدۇرىدىغان 4 ئامبار سېلىندى. 1958 - يىلدىن كېيىن ناھىيە بويىچە يېزىلاردا جەمئىي 7800 توننا ئاشلىق سىغدۇرىدىغان 12 ئامبار سېلىندى. 1990 - يىلى ناھىيە بويىچە ئامبار سىغىمچانلىقى 27 مىڭ توننىغا يەتتى. 1995 - يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 33 مىڭ 200 توننا ئاشلىق سىغدۇرىدىغان 20 ئامبار بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلچەملىك ئاشلىق ئامبىرى 6 بولۇپ، ئومۇمىي ئامبارنىڭ %50 نى ئىگىلەيدۇ.

1955 - يىلدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىدا «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبىرى (مىتىدىن، چاشقاندىن، كۆكىرىپ قېلىشتىن، ھادىسىدىن خالىي) بەرپا قىلىش قانات يايدۇرۇلدى. 1959 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرى «تۆتتىن خالىي» ئامبار ئۆلچىمىگە يەتتى. 1978 - يىلدىن كېيىن گوڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ئامبارلىرىدىمۇ «تۆتتىن خالىي» ئامبار بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە «تۆتتىن خالىي» ئاشلىق ئامبارلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا يەكشەنبە بازار ئاشلىق پونكىتى، پەيشەنبە بازار ئاشلىق پونكىتى، ئاشلىق - ياغ 2 - دۇكىنى «تۆتتىن خالىي» ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1998 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىق ئامبارلىرى «تۆتتىن خالىي» ئامبار ئۆلچىمىگە يەتتى. نەتىجىدە توقسۇ ناھىيىسى ئامبارلىرى «تۆتتىن خالىي» ناھىيە بولۇپ قالدى.

### 2. سۇ يېغى ساقلاش

خەلق ئارىسىدا سۇ يېغى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە قاپاقتا ساقلىناتتى. 60 - يىللاردىن كېيىن سۇلياۋ تۇڭ تەدرىجىي ھالدا ياغلىق قاپاقنىڭ ئورنىنى ئالدى. نىسبەتەن كۆپ سۇ يېغىنى ساقلاشتا كۆپىنچە ماي تۇڭى ياكى تۆمۈر تۇڭ ئىشلىتىلدى. 1995 - يىلى ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتىدا 25 — 50 توننىلىق سۇ يېغى باكىدىن 13 ى بار بولدى، بۇ باكلاردا 1000 توننا سۇ يېغى ساقلىغىلى بولىدۇ.

## 5 § . ئاشلىق يۆتكەش

مىنگو دەۋرىدە توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئاشلىق يۆتكەش دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ ئىدى. ئاشلىق ئۈرۈمچى، توقسۇن، خوگو، كۇمۇش، خۇشۇت، قاراشەھەر، چېدىر، كورلا، ئارغۇبۇلاق، كۆچا قاتارلىق جايلارغا يۆتكىلەتتى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) بۇگور، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارغا 10 مىڭ 636 دادەن بۇغداي يۆتكەلدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) توقسۇدىن سىرتقا 10 مىڭ 700 دادەن ئاشلىق يۆتكەلدى. ئەينى چاغدا ئاشلىق پۈتۈنلەي ئۇلاغ ۋە هارۋا بىلەن توشۇلاتتى، ئاشلىق توشۇغاندا ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ياكى ھەربىي قىسىمنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى كىرا ھەققى تارقىتىپ بېرەتتى، كىرا ھەققى دادەن/بېكەت بويىچە ھېسابلىناتتى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) توقسۇ بىلەن قاراشەھەرنىڭ ئارىلىقى 12 بېكەت ئىدى، ھەردادەن ئاشلىقنىڭ كىرا ھەققى 120 شىنجاڭ پۇلى، پۈتۈن مۇساپە بويىچە ھەر دادەن ئاشلىقنىڭ كىرا ھەققى 1440 شىنجاڭ پۇلى قىلىپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى قاراشەھەرگە 4099 دادەن بۇغداي يۆتكەلدى، بۇنىڭغا 5 مىليون 900 مىڭ يۈەن كىرا ھەققى ئاجرىتىلدى.

ئاشلىق ھەر يىلى توشۇلاتتى، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق توشۇش ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى. ئاشلىق ئۇلاغقا ئارتىلىپ، هارۋىغا بېسىلىپ توشۇلغاچقا، ئادەم ئىنتايىن چارچاپ كېتەتتى، بوران - چاپقۇنغا دۇچ كەلسە ياكى ئۇلاغلار ئۆلۈپ كەتسە، ئاشلىق توشۇيدىغان دېھقانلار قىيىن ئەھۋالدا قالاتتى. بەزى ئادەملەر ئاشلىق توشۇش ۋەزىپىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باشقا يۇرتلارغا قېچىپ كېتەتتى. بۇ خىل ھاشار ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭمۇ بېشىنى ئاغرىتاتتى. ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئىشخانىلىرىنىڭ ئاشلىق توشۇش ۋەزىپىسىنى بەلگىلەنگەن مىقدار بويىچە ئورۇندىشى ناھايىتى تەسكە توختايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئاشلىق يەنىلا ئۇلاغقا ئارتىش ۋە هارۋا ئارقىلىق توشۇلدى، لېكىن توشۇش ئارىلىقى قىسقاردى، ئادەتتە كۆچاغىلا توشۇلدى، دېمەك ئاشلىق توشۇش قىيىن ئىش ھېسابلانمايدىغان بولدى. 1958 - يىلدىن كېيىن ئاشلىق ئاپتوموبىل بىلەن يۆتكىلىدىغان بولدى، ئۇلاغقا ئارتىپ ۋە هارۋىغا بېسىپ توشۇش ناھىيە ئىچىدىلا قالدى. 80 - يىللاردا ئاپتوموبىل، تراكتور يىلمۇ يىل كۆپەيدى، ئاشلىق ئىدارىسى 2 ئاپتوموبىل، 6 تراكتور سېتىۋالدى، ئاشلىق توشۇشتا ناھىيە ئىچىدىمۇ ئاپتوموبىل ۋە تراكتور ئىشلىتىلىدىغان بولدى؛ ئات هارۋىسى، كالا هارۋىسى ۋە ئۇلاغ يەنىلا يېزا، كەنتلەردە مۇھىم ئاشلىق توشۇش قورالى بولدى. ئاشلىق يۆتكەش جەھەتتە، ئاشلىق يۇقىرى دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق يۆتكەش تالونىغا ئاساسەن يۆتكەلدى، كىرا ھەققى ۋە باشقا ھەقلەرنى ئاشلىق يۆتكەپ كەلگەن ئورۇن ئۈستىگە ئالدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1995 - يىلغىچە توقسۇ ناھىيىسى يەنىلا سىرتقا ئاشلىق يۆتكەيدىغان ناھىيە بولدى، سورتلارنى تەڭشەش ئۈچۈن ئاز مىقداردا ئاشلىق ۋە ياغلىق دان يۆتكەپ كەلدى.

### مىنگونىڭ 34 — 38 يىلى (1945 — 1949 ـ يىلى) غىچە توقسۇ ناھىيىسى سىرتقا يۆتكىگەن ئاشلىق

جەدۋەل: 16 — 34

| يىللار | يۆتكەلگەن جاي | تۈرى | مىقدارى (دادەن) |
|---|---|---|---|
| 1945 | قاراشەھەر | بۇغداي | 4099 |
| 1945 | بۈگۈر | بۇغداي | 4000 |
| 1946 | بۈگۈر | بۇغداي | 9619 |
| 1946 | كۇچا | بۇغداي | 827 |
| 1946 | قاراشەھەر | بۇغداي | 190 |
| 1947 | بۈگۈر | بۇغداي | 2701 |
| 1947 | كۇچا | بۇغداي | 2781 |
| 1948 | بۈگۈر | بۇغداي | 3400 |
| 1948 | قاراشەھەر | بۇغداي | 1600 |
| 1949 | قاراشەھەر | بۇغداي | 6500 |
| 1949 | كۇچا | بۇغداي | 4200 |
| جەمئىي | | | 36717 |

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1953 — 1995 ـ يىلغىچە سىرتقا يۆتكەلگەن ئاشلىق، ياغ

جەدۋەل: 16 — 35

| يىللار | بۇغداي | كۆممىقوناق | گۈرۈچ | ئۇن | ياغ |
|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 550.8 | | 25 | | |
| 1954 | 2586.3 | | 362.2 | | |
| 1955 | 3391.9 | | 119.5 | | |
| 1956 | 2740.5 | | 30 | | |
| 1957 | 62.9 | | 40 | | |
| 1958 | 995.8 | | | | |
| 1959 | 3272.7 | | 11.5 | | 89.3 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 347.1 | 1960 |
| | | | | 347 | 1961 |
| 31.8 | | | | 951.5 | 1962 |
| 56.4 | | | | 1928.5 | 1963 |
| 44 | | 4 | | 925.3 | 1964 |
| 82.7 | | | | 1739.3 | 1965 |
| 193.4 | | | | 1760.3 | 1966 |
| 274.8 | | 50 | | 125 | 1967 |
| 63.2 | 30.5 | 24 | | 66.8 | 1968 |
| 75.6 | 20 | 20 | | 1100.9 | 1969 |
| | | 4.1 | | 1460 | 1970 |
| | | | | 23.9 | 1971 |
| | | | | 3196.8 | 1972 |
| | 36 | | 3.9 | 1957.7 | 1973 |
| | 47.7 | | 2.4 | 1415.7 | 1974 |
| | | | | 1103.6 | 1975 |
| 49.9 | | | | 751.9 | 1976 |
| | | | | 1629.4 | 1977 |
| | | | 1141.1 | 1841.9 | 1978 |
| | | | 717.7 | 3025.8 | 1979 |
| | | | 219.2 | 64.2 | 1980 |
| | | | 50 | 24.7 | 1981 |
| | | | 835.7 | 1004 | 1982 |
| 31.7 | | 5 | | 1397.7 | 1983 |
| | | | 343.8 | 1426.2 | 1984 |
| | | | 462.7 | 964.8 | 1985 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | 615.1 | 166.05 | 1986 |
| | | | 343.5 | 1467.6 | 1987 |
| | | | 1750 | 1511.5 | 1989 |
| | | | | 2538.5 | 1990 |
| | | | 527 | 1340.5 | 1991 |
| | | | 677 | | 1992 |
| | | | 401 | | 1993 |
| | | | 527.5 | 2000 | 1994 |
| | | | | 1503 | 1995 |

## قوشۇمچە:

### 1960 ـ يىلى ئەتىيازدىكى توقسۇ ئاشلىق مەسىلىسى

1958 ـ يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» جەريانىدا، «سول» چىل خاتالىقنىڭ تەسىرىدە بىر مەزگىل يۇقىرى كۆرسەتكۈچ، قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلىش، مۇبالىغىچىلىك، «مۆلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» ئەۋج ئالدى، توقسۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى ليۇ رۇيبۇ قاتارلىقلار يالغان مەلۇمات يوللاپ، مۇبالىغىچىلىك قىلىپ، توقسۇ ناھىيىسىدە ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلدى، نەتىجىدە 1959 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1960 ـ يىلى ئەتىيازغىچە ناھىيە بويىچە كەڭ كۆلەملىك ئاچارچىلىق يۈز بەردى، بۇ «توقسۇ ئاشلىق ۋەقەسى» دەپ ئاتالدى. ئەينى چاغدا توقسۇ ناھىيىلىك 5 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا بۇ ۋەقە «توقسۇ سىياسىي ۋەقەسى» دەپ بېكىتىلدى.

1959 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، ناھىيە بويىچە 1959 ـ يىللىق 10 چوڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىنى ماقۇللىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي ئاشلىقنى 90 مىليون كىلوگرامغا يەتكۈزۈش بەلگىلەندى (ئالدىنقى يىلدىكى ئومۇمىي ئاشلىق 20 مىليون 78 مىڭ 500 كىلوگرام ئىدى).

ناھىيىلىك پارتكوم 10 چوڭ كۆرسەتكۈچنى ئورۇنداش ئۈچۈن، شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، «ئوڭچىل مۇتەئەسسىپلىك»نى تەنقىد قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يەنە ناھىيە بويىچە 5 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، «ئوڭچىل»لىق خاھىشىنى تەنقىد قىلدى. بۇ 2 قېتىملىق يىغىندا 10 چوڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچى مەجبۇرىي ماقۇللاندى.

1959 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئەمەلىيەتتە 19 مىليون 808 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئېلىندى، ئەمما ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى ليۇ رۇيبۇ ئاپتونوم رايونلۇق 4 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا ھوسۇلنى 45 مىليون كىلوگرام دەپ يالغان مەلۇم قىلدى. 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى گۇڭشې شۇجىلىرى يىغىنىدا ھوسۇل 35 مىليون 50 مىڭ كىلوگرام دەپ بېكىتىلدى. دېمەك 2 سان ئوتتۇرىسىدا ئازكەم 10 مىليون

كىلوگرام پەرق چىقتى، ئەمما ئەمەلىي ھوسۇل بىلەن سېلىشتۇرغاندا يالغان مەلۇم قىلىنغان سان 25 مىليون كىلوگرامدىن ئاشتى. مانا بۇ 1960 - يىلدىكى ئاچارچىلىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

لىۋ رۇيىۋ ئۆزى يالغان مەلۇم قىلغان 45 مىليون كىلوگرام ھوسۇلنى تۈپ سان قىلىپ، سېتىۋېلىش ۋە ئوزۇقلۇق، ئۇرۇقلۇق، يەم - بوغۇزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، 11 مىليون 627 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋالدى، بۇ شۇ يىلى ئەمەلىي ئېلىنغان ئاشلىقنىڭ 58.7% نى ئىگىلىدى. ئاشلىق ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ سېتىۋېلىنغاچقا، 1960 - يىلى ئەتىيازدىكى ناھىيىنىڭ بازار - يېزىلىرىنى قاپلىغان كەڭ كۆلەملىك ئاچارچىلىق كېلىپ چىقتى، نەتىجىدە كۆپلىگەن كىشىلەردە ئىششىپ كېتىش كېسەللىكى پەيدا بولدى، 1000 دىن ئارتۇق ئادەم نورمالسىز ئۆلۈپ كەتتى.

1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1960 - يىل 4 - ئايغىچە توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 3900 دىن ئارتۇق ئادەم ئاچارچىلىقتىن سىرتقا قېچىپ شايار، كورلا، يەنجى، خېجىڭ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشتى. ئاچارچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن، لىۋ رۇيىۋ قاتارلىقلار ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرغاچقا، مەسىلە بارغانسېرى ئېغىرلاشتى.

توقسۇ ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن «ئاشلىق ۋەقەسى» نى ئاپتونوم رايون بىلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا كۆپ قېتىم ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئەينى چاغدا توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئامبىرىدا زاپاس ئاشلىق بار ئىدى، 2 مىليون كىلوگراملىق سېتىش كۆرسەتكۈچى بار ئىدى. 1960 - يىل 1 - ئايدا يۇقىرىدىن يەنە بىر قېتىم 3 مىليون 250 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىش كۆرسەتكۈچى چۈشتى، 3 - ئايدا 4 مىليون 650 مىڭ كىلوگرام قىلىپ تەڭشەلدى، 4 - ئايدا 6 مىليون 200 مىڭ كىلوگرامغا يەتكۈزۈلدى. ئەمما 1960 - يىل 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە لىۋ رۇيىۋ سېتىشقا ئاران 1 مىليون 205 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق تەستىقلىدى.

1960 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم باش كاتىپ ياڭ كې، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خې پىڭشەنلەرنى توقسۇغا ئەۋەتتى. ئۇلار خىزمەت گۇرۇپپىسىغا باشلامچىلىق قىلىپ توقسۇ ناھىيىسىگە ئورۇنلاشتى، لىۋ رۇيىۋ يەنىلا ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلمىدى. 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خىزمەت ئەترىتىگە «خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىق توغرىسىدا دەسلەپكى تەكشۈرۈش» نى يېزىپ تاپشۇردى، تەكشۈرۈشتە مەسىلىلەر يەنىلا يوشۇرۇلغانىدى.

5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە ئاخىرلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ باش كاتىپى ياڭ كې، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى خې پىڭشەن ۋە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى خې جىڭئەن، كاندىدات شۇجى لى يۈتيەنلەرنىڭ رىياسەتچىلىكىدە توقسۇ ناھىيىسىدە 5 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى (597 ئادەم قاتناشتى) ۋە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلىپ، لىۋ رۇيىۋ قاتارلىقلار ئۆتكۈزگەن ئېغىر خاتالىق تەنقىد قىلىندى. 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا «توقسۇ سىياسىي ۋەقەسى ۋە ۋەقەدە ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا قارار» بىردەك ماقۇللاندى. قارارىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «بۇلتۇر (1959 - يىلى) 11 - ئايدىن بۇيان، لىۋ رۇيىۋ باشچىلىقىدىكى توقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيىنىڭ ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش سىياسىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بىگۇناھ ئاممىغا زەربە بەردى ۋە ئۇلارنى قانۇن بويىچە جازالىدى، ئۇلار ۋەقەنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن يوشۇرۇپ ۋە كىچىكلىتىپ، يۇقىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ۋە ياردەم بېرىشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، ئىنتايىن ئېغىر بولغان توقسۇ سىياسىي ۋەقەسىنى پەيدا قىلدى». يىغىندا مۇنۇلار قارار قىلىندى: «يولداش لىۋ رۇيىۋنىڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسىلىق ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلىنىپ، پارتىيىدە قالدۇرۇلۇپ بىر يىل سىناپ كۆرۈلسۇن، ئاشلىق مەسىلىسىگە چېتىشلىق بولغان

ناھىيە، رايون دەرىجىلىك كادىر ۋە ئادەتتىكى كادىردىن 10 نەچچە كىشى ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش، يۆتكىۋېتىش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنسۇن.

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم يولداش زىياڭ شياڭنى توقسۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمىتىگە ۋاقىتلىق رىياسەتچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى ھەمدە ناھىيە، گوڭشېلاردىن ھال سوراش ئۆمىكى، ئەترىتى تەشكىللىدى (چوڭ ئەترەتنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتۇرۇلدى)، ئۆمەك، ئەترەت ئەزالىرى ئىششىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھال سوراش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەتەرلىك، ئېغىر كېسەللەرنى ناھىيە بويىچە 14 باشقۇرۇش رايونى (كېيىن يەنە 8 نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈلدى) غا يىغىپ كوللېكتىپ باقتى. ناھىيە ئاق ئۇن، گۈرۈچ، سۇ يېغى، كۆكتات، شېكەر، دۇخۇ، پېچىنە قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئاجرىتىپ، ناھىيە بويىچە 8 بېقىش نۇقتىسىنى تەمىنلىدى. سودا ئىدارىسى 3 كۆچمە تەمىنلەش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، باشقۇرۇش رايونلىرى ئوتتۇرىسىدا تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن سەييارە تەمىنلەشنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت يەنە يېزىلارغا تېببىي داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتىپ كېسەللەرنى قۇتقۇزۇشقا ياردەم بەردى.

## ئون يەتتىنچى قىسىم

# شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى



## ئون يەتتىنچى قىسىم

# شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى

## I باب

## ئاپپاراتلار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى توقسۇ ناھىيىسىدە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىنى ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان قۇرۇلۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1959 - يىل 4 - ئايدا قۇرۇلۇش بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1961 - يىلدىن كېيىن، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى مالىيە - ئىقتىساد، پىلان كومىتېتى باشقۇردى. 1969 - يىلى ئەتىيازدا بۇ خىزمەتنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى باشقۇردى. 1973 - يىل 11 - ئايدىن كېيىن، بۆلۈم - ئىشخانىلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى خىزمىتى پىلان كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1984 - يىل 8 - ئايدا شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى - مۇھىت ئاسراش ئىدارىسى تەسىس قىلىندى، بۇ ئىدارە ناھىيىنىڭ شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى باشقۇردى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا لايىھىلەش ئىشخانىسى، سۈپەت تەكشۈرۈش پونكىتى، مۇھىت ئاسراش - تازىلىق پونكىتى (تازىلىق ئەترىتى، كۆكەرتىش ئەترىتى شۇنىڭ ئىچىدە)، ئۆي باشقۇرۇش ئورنى قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى، بۇلاردىن باشقا، مەمۇرىيەت، مالىيە، يەر تەۋرەش، پىلانلاش قاتارلىق ئىشلارنى ئىشلەيدىغان خىزمەتچى خادىملار قويۇلدى، ئىدارە بويىچە بار ئادەم 39غا يەتتى. 1995 - يىلغىچە ئاپپاراتلاردا ئۆزگىرىش بولمىدى، ئادەم 53 كە يەتتى (بۇنىڭدىن باشقا 12 ۋاقىتلىق ئىشچى بار).

# II باب


# بازار رايونى قۇرۇلۇشى

توقسۇ ناھىيىسى بازىرى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىگە، تەڭرىتاغنىڭ تارماق تىزمىسى بولغان چۆلتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرىنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن بولغان ئارىلىقى 794 كىلومېتىر، ئاقسۇ بىلەن بولغان ئارىلىقى 216 كىلومېتىر كېلىدۇ (تاشيول مۇساپىسى بويىچە ھېسابلاندى). ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى توقسۇ ناھىيىسى بازىرىدىكى «ئازادلىق» يولىغا ئورۇنلاشقان، ئۇ، ناھىيىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي رەھبەرلىك ئورگانلىرى ئورۇنلاشقان جاي ۋە ناھىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى. بازار رايونىنىڭ 1995 ـ يىلدىكى كۆلىمى 15 . 3 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 18 مىڭ 771 بولۇپ، ناھىيىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 15%ىنى ئىگىلەيدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسى بازار رايونى كۇچا بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ غەربىي يېزىسىغا قاراشلىق توقسۇ ئۇيغۇر مەھەللىسى ئىدى. مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) توقسۇ يارىدەمچى ئامباللىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قادىر ھاجىنىڭ بېدىلىكىگە يامۇل مەھكىمىسى سېلىندى، بازار رايونىدا ھېچقانداق مۇئەسسەسە يوق ئىدى.

مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، بازار رايونىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى (ساقچى ئىدارىسى)، شۆبە باج ئىدارىسى (باج ئېلىش ئىدارىسى)، مەكتەپ قاتارلىق ئىدارە ـ ئورۇنلار يىلمۇ يىل كۆپىيىپ باردى، ئاددىي كېپەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق جامائەت ئىمارەتلىرى يىلمۇ يىل قۇرۇلۇپ باردى. 1949 ـ يىلغا كەلگەندە، بازار رايونىدا چوڭراق ئىمارەتلەردىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 2 ـ زالى، ساقچى ئىدارىسى، ئۇيغۇر ئويۇشمىسى كۇلۇبى ۋە ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرى بارلىققا كەلدى. بۇلاردىن باشقا، توقسۇ ئۆستىڭىنى بويلاپ جايلاشقان چوڭ ـ كىچىك كوچىلار بولۇپ، چوڭ كوچىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر كىلومېتىرغا، تار كوچىلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىرغا يەتمەيتتى. بۇ چوڭ ـ كىچىك كوچىلار ئىستىخىيىلىك ھالدا شەكىللەنگەن بولغاچقا، يوللىرى تەكشى ئەمەس، ئۆي ـ ئىمارەتلىرى قالايمىقان ئىدى، ئۆيلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھەرخىل شەكىلدىكى قورۇما تاملىق ئۆيلەر ئىدى. چوڭ ـ كىچىك كوچىلارنىڭ 2 ياقىسىغا مىلىچ ماللار دۇكانلىرى، سارايلار، ئاشخانىلار، ناۋايخانىلار، قول ھۈنەر كارخانىلىرى ۋە ئاھالىلەر ئۆيلىرى جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئۆي ـ ئىمارەتلەر پاكار، ئاددىي، قاراڭغۇ ۋە زەي ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1958 ـ يىلى بىر چوڭ كوچا (ھازىرقى «مەدەنىيەت» يولى ۋە «ئىتتىپاق» يولى) ياسالدى، بۇ كوچا شىمالدا پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدىن جەنۇبتا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكىچە سوزۇلغان بولۇپ، كەڭلىكى 5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 900 مېتىر كېلەتتى، بۇ، بازار رايونىدىكى ئاساسلىق كوچا ئىدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتىدا خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ياغ تارتىش سېخى سېلىندى، بۇ، ناھىيە بويىچە تۇنجى خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەت بولۇپ قالدى. 1959 ـ يىلى ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولى ئۆزگەردى، بۇنىڭ بىلەن ئاپتوموبىللار ھازىرقى ئۈرۈمچى ـ قونجىراپ يولىنى بويلاپ ناھىيە بازىرىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان بولدى، بۇ يول رېمونت قىلىنغان ۋە كېڭەيتىلگەندىن كېيىن، يولغا شېغىل ياتقۇزۇلدى.




1997 - يىلى سىزىلدى

1964 - يىلى ئەتىيازدا ناھىيىلىك مەيدان ياسالدى. 1965 - يىلى «ئازادلىق» يولى ياسالدى ۋە يول بويىغا تېرەك كۆچىتى تىكىلدى. 60 - يىللاردا توقسۇ ئۆستىڭىنىڭ ناھىيە بازىرىنى كېسىپ ئۆتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى يۇقىرىلاپ، ئەتىيازدا ئېغىر دەرىجىدە سۇ تېشىپ كەتتى، باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن ئاشپىرىق يېزىسىغىچە بولغان ئاشيولنىڭ 2 تەرىپى ئوت - چۆپ ئۆسۈپ كەتكەن ئۆتاش سازلىققا ئايلاندى. 1971 - يىلى توقسۇ ئۆستىڭىنىڭ قىنى ئۆزگەرتىلىپ، ئۆستەڭ ناھىيە بازىرىنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان قىلىندى. 1976 - يىلى كۈزدە بازار رايونىدىكى ئاساسلىق كوچىلارغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، كوچا چىراغلىرى ئورنىتىلدى. شۇ يىلى «بەخت» كوچىسى كېڭەيتىلدى ۋە رەتكە سېلىندى. «خەلق» كىنوخانىسى سېلىندى، 1200 تاماشىبىن سىغىدىغان خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق بۇ كىنوخانىنى ياساشقا 700 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى، بۇ كىنوخانا شۇ چاغدا ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ ئىمارەت ھېسابلىناتتى.

1983 - يىلى توقسۇ ئۆستىڭى (پاختا - چىگە شىركىتىدىن مىللىي بويۇملار زاۋۇتىغىچە بولغان قىسمى) نىڭ ئۈستى يېپىلدى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم خىزمەت بىناسى پۈتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ھۆكۈمەت، سوت مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، سۇ - ئېلېكتر، مالىيە، ئاشلىق، تۈرلۈك ماللار، تەمىنات - سودا بىنالىرى ۋە توقسۇ مېھمانخانىسى قاتارلىق زامانىۋى ئىمارەتلەر قەد كۆتۈردى، توقسۇ - شايار يولىنىڭ شەرقىدە يېڭى بازار رايونى قۇرۇلۇپ، «قىزىل نۇر» يولى ۋە «شىنخۇا» يولى ياسالدى. شۇ يىلى كۈنىگە 2500 كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان تۇرۇبا سۈيى شىركىتى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن يەر ئۈستىدىكى تېيىز قۇدۇق سۈيى ۋە كۆل سۈيى ئىچىدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. 1988 - يىلى بازار رايونىنى ئومۇمىي جەھەتتىن پىلانلاش تاماملاندى، ناھىيە بازىرىدىكى ئاساسلىق كوچىلار يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىلدى، كوچىلارنىڭ كەڭلىكى 36 مېتىردىن 40 مېتىرغىچە بولدى، يېنىغا ۋېلسىپىت يولى، پىيادىلەر يولى ۋە ئورمان بەلۋېغى ياسالدى، قارىغاي - ئارچا ۋە گۈل - گىياھ تىكىلدى ۋە تېرىلدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بازار رايونىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 15 .3 كۋادرات كىلومېتىرغا، ئىمارەت كۆلىمى تەخمىنەن 400 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، ئىمارەت كۆلىمى 47 مىڭ 85 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان 38 بىنا بارلىققا كەلدى. چەت - ياقىغا جايلاشقان، ئارقىدا قالغان توقسۇ مەھەللىسى 70 يىللىق تەرەققىيات ۋە قۇرۇلۇش ئارقىلىق دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان يېڭى ناھىيە بازىرىغا ئايلاندى.

## § 1 . بازار رايونىنىڭ ئەسلى قىياپىتى

### 1. چوڭ - كىچىك كوچىلار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسى بازىرى كۆچا بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ غەربىي يېزىسىدىكى توقسۇ ئۇيغۇر مەھەللىسى ئىدى، ئۇ چاغدا يېزا - كەنتلەر ئارىسىدا توپىلىق يوللارلا بولۇپ، بۇ يوللار توقسۇ ئۆستىڭىنى ئومۇرتقا قىلغان ھالدا توغرىسىغا سوزۇلغانىدى. مىنگونىڭ 11 - يىلىدىن 19 - يىلىغىچە (1922 - يىلدىن 1930 - يىلغىچە) ياردەمچى ئامباللىق تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر مەھەللىسىنىڭ ئەسلى قىياپىتى يەنىلا ساقلاپ قېلىندى. مىنگونىڭ 22 - يىلىدىن 26 - يىلىغىچە (1933 - يىلدىن 1937 - يىلغىچە) ما جۇڭيىڭ، ما خۇشەنلەرنىڭ 2 قېتىملىق ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولدى، كوچىلار ۋەيرانە ئىچىدە ئۆتكەچكە، ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشى ھەققىدە ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مىنگونىڭ 27 - يىلىدىن 38 - يىلىغىچە (1938 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە) ئەسلىدىكى توقسۇ

مەھەللىسىنىڭ نوپۇسى تەدرىجىي ئېشىپ، چوڭ - كىچىك كوچىلىرى تەدرىجىي كۆپىيىپ، قىڭغىر - قىيسىق، تار، ئېگىز - پەس كوچىلار ئىستىخىيىلىك ھالدا شەكىللەندى. مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) چوڭ - كىچىك كوچىلارغا كۆپىنچە خەنزۇچە نام قويۇلدى (خەلق ئارىسىدا يەنىلا ئۇيغۇرچە كونا نامى قوللىنىلدى)، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق كوچىلار مۇنۇلار:

1) «قۇرۇلۇش» كوچىسى «قۇرۇلۇش» كوچىسى 2 بولۇپ، بىرى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان، توقسۇ ئۆستىڭىنىڭ شەرقىي يېنىنى بويلاپ ياسالغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 600 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 5 مېتىر كېلىدىغان ناھىيە بازىرىدىكى ئاساسلىق يول؛ يەنە بىرى ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرقى ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولىنى بويلاپ سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1800 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 5 مېتىر كېلىدىغان ئەگرى - بۈگرى تار كوچا.

2) «مىنپىڭ» كوچىسى توقسۇ ئۆستىڭىنىڭ شەرقىي يېنىنى بويلاپ شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ، «قۇرۇلۇش» كوچىسى بىلەن تۇتىشىدۇ (ھازىرقى «قۇرۇلۇش» يولىدىن «خوتەن» يولىغىچە بولغان ئارىلىق). كوچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 600 مېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر، بۇ ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش كوچىسى ھېسابلىنىدۇ.

3) «چىڭلىيەن» كوچىسى ھازىرقى «ئازادلىق» يولى يۆنىلىشى بويىچە شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان (ھازىرقى تۆتكوچىدىن «بەخت» يولىغىچە بولغان ئارىلىق). كوچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىر، كەڭلىكى 5 مېتىر.

4) «تىنچلىق» كوچىسى ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرقى «يۇلتۇز» كوچىسىنى بويلاپ سوزۇلغان، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 500 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 4 مېتىر.

5) غەربىي كوچا چەتكە جايلاشقان ئەگرى - بۈگرى تار كوچا، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 300 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 4 مېتىر.

6) باشقىلار بۇنىڭدىن باشقا، كەڭلىكى 3 مېتىرغا، ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىرغا يەتمەيدىغان بەزى كىچىك كوچا، تار كوچىلار بار، مەسىلەن: «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش» كوچىسى، «جىڭخو» كوچىسى، «سەھىيە» كوچىسى، «ئامانلىق» كوچىسى، «لىيى» كوچىسى، «ئوقەتچىلەر» كوچىسى دېگەندەك.

## 2. ئىمارەتلەر

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى توقسۇ ناھىيىسى بازىرىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەر كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، كۆپىنچىسى ئۇزۇنلۇقى 6 مېتىرغا، كەڭلىكى 4 مېتىرغا، ئېگىزلىكى 5 مېتىرغا يەتمەيدىغان كىچىك ئۆيلەر ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە يولنىڭ ئىككى يېقىدىكى دۇكان - خانىلار ھەممىدىن كۆپ ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، قورما تاملىق ئۆيلەرمۇ بار ئىدى. ئاھالىلەر ئۆيلىرى سەل كەڭرى ئىدى.

ناھىيىدىكى چوڭراق ئىمارەتلەر تۆۋەندىكىچە ئىدى:

1) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 1 - زالى مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) سېلىنغان، مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) قايتىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 8 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 5 مېتىر. كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بۇ زالنىڭ ئىمارەت كۆلىمى 240 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 6 كىچىك خانىغا بۆلۈنىدۇ، ئوتتۇرىسىدا دەرۋازىسى بار. بۇ ئىمارەت

1986 ـ يىلى چېقىۋېتىلدى.

2) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 2 ـ زالى مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) سېلىنغان، مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) رېمونت قىلىنغان، كېسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق 2 قەۋەتلىك بۇ زالنىڭ ئىمارەت كۆلىمى تەخمىنەن 500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىمارەت 1986 ـ يىلى چېقىۋېتىلدى.

3) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق ئامبىرى مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) سېلىنغان بولۇپ، قاتىرىغا سېلىنغان كېسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق 4 ئېغىز ئۆيدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىمارەت كۆلىمى تەخمىنەن 200 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. 1949 ـ يىلى ئەتىيازدا يەر تەۋرىگەندە تاملىرى چاك كەتتى، 1950 ـ يىلدىن كېيىن چېقىۋېتىلدى، ئىمارەت ئورنى ھازىرقى ئارخىپ ئىدارىسى يېنىدا.

4) ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) سېلىنغان، مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) رېمونت قىلىنغان بولۇپ، ئىشخانا، ئامبار، كۆلۈب قاتارلىق ئىمارەتلەردىن تەركىب تاپقان كېسەك ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەت. بۇنىڭ ئىچىدە كۇلۇب چوڭراق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 10 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 7 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 4 مېتىر كېلىدۇ. ئىچىگە 300 دىن ئارتۇق ئادەم سىغىدۇ. بۇ ئىمارەتنى شۇ چاغدا توقسۇ ناھىيىسىدىكى ماھىر ئۇستا مۇھەممەت ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر سالغان.

## 2 §. ناھىيە بازىرىنىڭ پىلانلىنىش ئەھۋالى

### 1. پىلانلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

1987 ـ يىلدىن ئىلگىرى بازار رايونىنىڭ ئومۇمىي پىلانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشىدا بەلگىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما قارىغۇلارچە ۋە خالىغانچە ئىش قىلىنغانلىقتىن، ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق بولمىدى، ئىقتىدار بويىچە رايونلارغا ئايرىش ئىلمىي بولمىدى، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە ۋە بازار مەمۇرىيىتى مۇئەسسەسىلىرى يېتەرلىك بولمىدى، باغۋاران، كۆكەرتىش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى، يوندا چىقىرىۋېتىش مۇئەسسەسىلىرى قاتارلىقلار ئازراق بولدى ياكى تۈرلىرى كەم بولدى. 1987 ـ يىلى ئەتىيازدا توقسۇ ناھىيىسى بازىرىنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئىنژېنېر ـ تېخنىكلار ناھىيە بازىرىنىڭ 1987 — 1990 ـ يىلغىچە (يېقىن مەزگىللىك) ۋە 1991 — 2010 ـ يىلغىچە (يىراق مەزگىللىك) تەرەققىيات يۈزلىنىشى توغرىسىدا چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەم يەر شارائىتى تەكشۈرۈلۈپ ئۆلچەندى. 1987 ـ يىل 12 ـ ئايدا بازار رايونىنىڭ ھازىرقى ھالىتى خەرىتىسى ۋە بازار رايونىنىڭ ئومۇمىي پىلانى خەرىتىسى، يول، كۆكەرتىش، سۇ بىلەن تەمىنلەش، يوندا چىقىرىۋېتىش پىلانى خەرىتىسى ھەم ئېلېكتر قۇۋۋىتى، تېلېفون ـ تېلېگراف ئالاقىسى پىلانى خەرىتىسى ئىشلەپ چىقىلدى. 1988 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، بۇ پىلان يولغا قويۇلدى. ئومۇمىي پىلاندا زىچ راۋاجلاندۇرۇش، يەردىن تېجەشلىك پايدىلىنىش، يىراق مەزگىلدىكىسى بىلەن يېقىن مەزگىلدىكىسىنى بىرلەشتۈرۈش، يېقىن مەزگىلدىكىسىنى ئاساس قىلىش پرىنسىپى بويىچە، توقسۇ ناھىيىسى بازىرىنى ئىقتىدار بويىچە رايونلارغا ئايرىلىشى ئېنىق، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق بولغان كىچىك ناھىيە بازىرىغا ئايلاندۇرۇش پىلانلاندى.

## 2. ناھىيە بازىرىنىڭ خاراكتېرى

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا ۋە بايلىق مەنبە شارائىتىغا ئاساسلانغاندا، يېقىن مەزگىلدە چولڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەت تۈرلىرىنى يولغا قويۇش قىيىن. بەر شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، شۇ جاينىڭ بايلىق مەنبە ئەھۋالىغا قاراپ يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. شۇڭا توقسۇ ناھىيىسى بازىرى ناھىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، يېمەكلىك قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان، يىغىپ تارقىتىدىغان كىچىك ناھىيە بازىرى بولىدۇ.

## 3. بازار رايونىنىڭ كۆلىمى

1949 — 1990 ـ يىللىرىچە ناھىيە نوپۇسى 2 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. توقسۇ بازىرىنىڭ 1990 ـ يىل 7 ـ ئايدىكى نوپۇسى 16مىڭ 975كە يەتتى، نوپۇس بەك تېز كۆپەيگەنلىكى، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ئاستا بولغانلىقى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمى تۆۋەن، مەبلەغ مەنبەسى كەمچىل بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاھالىلەرنىڭ ئوقۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىشىدا بەلگىلىك قىيىنچىلىق كۆرۈلدى، شۇڭا نوپۇسنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشقا توغرا كېلەتتى.

نوپۇسنىڭ ھەر يىلدىكى تەبىئىي كۆپىيىشى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ 18‰دىن تۆۋەن، خەنزۇلارنىڭ 8‰ تىن تۆۋەن قىلىنىپ تىزگىنلەندى. 2010 ـ يىلغا بارغاندا بازار نوپۇسىنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشى 4800 كىشىگە يېتىدۇ. نوپۇسنىڭ مېخانىك ھالدا كۆپىيىشىنى ئومۇميۈزلۈك پىلانلاش كېرەك، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. كىچىك تىپتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىگە ئېھتىياجلىق ئەمگەك كۈچى، ئاساسەن، بازار رايونىدىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار ۋە يېزا ئىگىلىك نوپۇسىدىن ھەل قىلىنىدۇ. ئەمما 3 ـ كەسىپنىڭ راۋاجلاندۇرۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ بازارغا كىرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشى، تارىم نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشى، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ قۇرۇلۇشى تۈپەيلىدىن نوپۇس مۇقەررەر سۈرئەتتە كۆپىيىدۇ، نوپۇسنىڭ مېخانىك ھالدا كۆپىيىشى 5600 ئادەم بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە.

ناھىيە بازىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېقىن مەزگىلدىكى نوپۇسنىڭ 22 مىڭ 600گە، يىراق مەزگىلدىكى نوپۇسنىڭ تەخمىنەن 30 مىڭغا يېتىشى مۆلچەرلەنمەكتە. نوپۇس كۆلىمى بويىچە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ناھىيە بازىرى پايدىلىنىدىغان يەر يىراق مەزگىلدە 465 گېكتار، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن پايدىلىنىلىدىغان يەر 155 كۋادرات مېتىر؛ يېقىن مەزگىلدە 315 گېكتار، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن پايدىلىنىلىدىغان يەر 160 .7 كۋادرات مېتىر قىلىپ پىلانلاندى. ناھىيە بازىرىغا قاراشلىق رايون 4 .65 كۋادرات كىلومېتىر قىلىپ پىلانلانغانىدى، بۇنىڭ 3 .15 كۋادرات كىلومېتىرى يۇتتى، تىزگىنلىنىدىغان رايون 10 .31 كۋادرات كىلومېتىر قىلىپ پىلانلاندى، بۇ، شەرقتە ئېچىېرىق ئۆستىڭىدىن غەربتە تاشئېرىق زەيكەشكىچە، جەنۇبتا بازارلىق خۇمداندىن شىمالدا توقسۇ ناھىيىلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئارقا تېمىغىچە بولغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. توقسۇ ناھىيىسى بازىرىنىڭ شىمالىي ئەتراپى يۇقىرى ھوسۇللۇق يېزا ئىگىلىك رايونى بولىدۇ، بۇ رايوننىڭ تۇپرىقى ياخشى،

سوغىرىش مۇئەسسەسىلىرى يۈرۈشلەشكەن ۋە مۇكەممەل بولۇپ، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى زىچ جايلاشقان يېزا ئىگىلىك زونىسى ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي تەرىپى شورتاڭ گويمانلىق بولۇپ، بازار رايونىنىڭ شىمالى ئېگىز، جەنۇبىي پەس. بازار رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتىش، تەرەققىياتقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئازايتىش مەقسىتىدە ناھىيە بازىرىنى شەرققە قاراپ راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ھازىر ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇش رايونى ئىچىبېرىق يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلاشقان جاي بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئىچىبېرىق يېزىسىغا قاراشلىق ئىچىبېرىق، قىزىل نۇر، ئۈزۈنكوچا كەنتلىرىنى ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، نوپۇس باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش لازىم، تۈرلۈك قۇرۇلۇشلار ئومۇمىي پىلانغا ماسلىشىشى كېرەك.

## 4. قاتناش يوللىرى

1) تۆمۈر يول    جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى پىلان بويىچە توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسىدىن ئۆتىدۇ، تۆمۈر يول پۈتۈپ پويىز قاتنىغاندىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىغا ناھايىتى زور قولايلىق يارىتىلىدۇ، بۇ، توقسۇ ناھىيىسى ئىقتىسادىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشىنى جەزمەن ئىلگىرى سۈرىدۇ.

2) تاشيول    ئۈرۈمچى - قونجىراپ تاشيولى بازار رايونىدىن ئۆتىدۇ، بۇ تاشيول شەرقتە ئۈرۈمچىگە، غەربتە ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا بارىدۇ، مايتاغ - كۇچا تاشيولى ئارقىلىق ئىلى ۋىلايىتىگە بارغىلى بولىدۇ. ناھىيە بازىرى شۇنداقلا توقسۇ - شايار تاشيولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. تاشيول قاتنىشى ئەپلىك بولۇپ، يېقىنى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە توشۇپ ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. يولۇچىلار ترانسپورتى جەھەتتە ھەر كۈنى 10 نەچچە ئورۇننىڭ نۆۋەتچى ئاپتوبۇسى توقسۇدىن ئۆتۈپ، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەرگە بارىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان تاشيول بازار رايونىدىن ئۆتىدۇ، ئەگەر تاشيول لىنىيىسى ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن ياكى جەنۇبىدىن ئۆتىدىغان قىلىنسا، ناھىيىلىك دوختۇرخانا ۋە مائارىپ رايونىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ، ناھىيە بازىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سىرت ئورۇنلارغا ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىشى ۋە سىرتقا توشۇلۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ناھىيە بازىرى تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان تاشيول لىنىيىسى ھازىرچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ. ئاپتوموبىللار ۋە ئادەملەرنىڭ بىخەتەر قاتنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچى - قونجىراپ تاشيولىنىڭ كەڭلىكى ھازىرقى 24 مېتىردىن 42 مېتىرغا، ئاپتوموبىل يولى 14 مېتىرغا كېڭەيتىلىدۇ. توقسۇ - شايار تاشيولىنىڭ كەڭلىكى 36 مېتىر، ئاپتوموبىل يولىنىڭ كەڭلىكى 21 مېتىر بولىدۇ. ئادەملەر ماڭىدىغان يول بىلەن ئاپتوموبىل يولى ئايرىلىدۇ. ئۈرۈمچى - قونجىراپ تاشيولى ۋە توقسۇ - شايار تاشيولى تۇتاشقان جايدا ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى ياسىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق، بىرىنچىدىن، ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتكەن يولۇچىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىنىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سىرت جايلارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىشقا قولايلىق يارىتىلىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا - كەنت تاشيوللىرى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلاشقان جايلارغىچە ياسىلىپ بولدى، يېقىن مەزگىلدە 30 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلىدۇ، يىراق مەزگىلدە ھەر قايسى مەركىزىي يېزىلارغا بارىدىغان شېغىل يوللار ياسىلىدۇ. ئاساسلىق لىنىيە - بۆلەكلەردىن تىكىن لىنىيىسى 6

كىلومېتىر، يۇقىرىچىجالاڭ كەنتى لىنىيىسى 36 كىلومېتىر، يېڭىيەر لىنىيىسى 43 كىلومېتىر، ئۆگەن لىنىيىسى 20 كىلومېتىر، سۆگەتكۆزلەك لىنىيىسى 45 كىلومېتىر، ئاچال لىنىيىسى 25 كىلومېتىر، «ئاۋانگارت» دېھقانچىلىق مەيدانى لىنىيىسى 45 كىلومېتىر، بۇلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 214 كىلومېتىر. يېقىندىن لايىھىلەنگەن سانائەت رايونى ۋە ئاھالىلەر رايونىنىڭ يوللىرىدا يەنىلا ئەسلىدىكى يېزا يوللىرى ئاساس قىلىنىدۇ، بۇ رايونلار قۇرۇلغان چاغدا يوللار ئۆزگەرتىلىدۇ.

ناھىيە بازىرىدا ياسالغان 13 كىلومېتىر غول لىنىيىنىڭ 4 كىلومېتىرى 3 بۆلەككە ئايرىلغان ئاپتوموبىل يولى؛ قالغان ئاپتوموبىل يوللىرى تار، قىزىل سىزىقنىڭ كەڭلىكى يېتەرلىك ئەمەس، ئاپتوموبىل يولى بىلەن پىيادىلەر يولىنى ئايرىش تەس، ئادەملەر بىلەن ئاپتوموبىللار ئارىلاش قاتنايدۇ، بۇ يولنى كېڭەيتىش پىلانلاندى.

### توقسۇ ناھىيىسى بازىرىدىكى يوللارنىڭ پىلانلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 17 — 1

بىرلىكى: مېتىر

| يول نامى | ئۇزۇنلۇقى | قىزىل سىزىقنىڭ كەڭلىكى | ئاپتوموبىل يولىنىڭ كەڭلىكى | كەسمە يۈز شەكلى | خاراكتېرى |
|---|---|---|---|---|---|
| «ئازادلىق» يولى | 1816 | 40 | 14 | 3 بۆلەك | قاتناش، تۇرمۇش غول يولى |
| «دوستلۇق» يولى | 748 | 36 | 12 | 3 بۆلەك | قاتناش، تۇرمۇش غول يولى |
| «شىنخۇا» يولى | 1005 | 36 | 14 | 2 بۆلەك | قاتناش، تۇرمۇش غول يولى |
| «قىزىل نۇر» يولى | 350 | 36 | 14 | 3 بۆلەك | قاتناش، تۇرمۇش غول يولى |
| «مەدەنىيەت» يولى | 1445 | 36 | 12 | 3 بۆلەك | قاتناش، تۇرمۇش غول يولى |
| «توقسۇ ـ شايار» يولى | 1485 | 40 | 14 | 3 بۆلەك | قاتناش غول يولى |
| «ئۇرۇمچى ـ قونچىراپ» يولى | 3600 | 42 | 21 | 3 بۆلەك | قاتناش غول يولى |
| «ئىتتىپاق» يولى | 800 | 36 | 12 | 3 بۆلەك | تۇرمۇش غول يولى |
| ئىچكىرىق يولى | 1120 | 30 | 11 | 2 بۆلەك | تۇرمۇش غول يولى |
| يېڭى «ئىتتىپاق» يولى | 1600 | 36 | 14 | 3 بۆلەك | ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇرمۇش غول يولى |

## 5. كەسپلەر پىلانى

**1) سۇ بىلەن تەمىنلەش** ناھىيىلىك تۇرۇبا سۈيى زاۋۇتىنىڭ لايىھەدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارى كۈنىگە 2500 كۇب مېتىر، ھازىر ئورنىتىلغان سۇ تۇرۇبىسى ئارقىلىق يېقىن مەزگىلدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. يېڭى بازار رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسى ماس قەدەمدە پۈتتۈرۈلىدۇ.

يىراق مەزگىلدە يېڭى سانائەت رايونىنىڭ ئېچىلىشى ۋە يېڭى مەھەللىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، كۈنىگە ئېھتىياجلىق سۇ مىقدارى 4000 كۇب مېتىرغا يەتكۈزۈلىدۇ، سۇغا بولغان ئېھتىياجنى قاندۇرۇش يۈزىسىدىن 400 كۇب مېتىرلىق سۇ ساقلاش كۆلچىكىنى كېڭەيتىپ ياساش پىلانلاندى. كېڭەيتىپ ياساشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، دەرەخ شېخى شەكلىدە سۇ بىلەن تەمىنلەش ھالقا شەكلىدە سۇ بىلەن تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلىدۇ.

**2) يۇندا چىقىرىۋېتىش** 1991 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيىدە يۇندا چىقىرىۋېتىش مۇئەسسەسەسى يوق ئىدى، تۇرمۇش ۋە سانائەتتىن چىققان يۇندا يېقىن ئەتراپقا قويۇپ بېرىلىپ، تەبىئىي ھالدا سىڭدۈرۈۋېتىلەتتى ۋە پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىلەتتى، بۇنىڭ بىلەن مۇھىت تازىلىقىغا تەسىر يېتەتتى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش، مۇھىتنى ئاسراش يۈزىسىدىن ناھىيە بازىرىدا يۇندا چىقىرىۋېتىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى، ناھىيە بازىرىنىڭ يەر شەكلىدە شىمال تەرىپى ئېگىز، جەنۇب تەرىپى پەس ئىكەنلىكى، ناھىيە بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقسۇ - شايار تاشيولىنىڭ پەس زونا ئىكەنلىكىگە ئاساسەن، يۇندا چىقىرىۋېتىدىغان ئاساسلىق تۇرۇبىنى شىمالدىن جەنۇبقا قارىتىپ، توقسۇ - شايار تاشيولىنى بويلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا ئېلىپ بېرىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇب ئەتراپىغا بۇراپ، غەرب تەرەپتىكى شورتاڭلىققا چىقىرىش پىلانلاندى. بازار رايونىدىكى يۇندا غول يۇندا تۇرۇبىسى ئارقىلىق باش يۇندا تۇرۇبىسىغا كىرگۈزۈلىدۇ، بۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر كېلىدۇ.

تۇرمۇشتىن چىققان يۇندىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنىڭ %80ى بويىچە ھېسابلىغاندا، يېقىن مەزگىلدىكى يۇندا مىقدارى كۈنىگە 3200 كۇب مېتىر بولىدۇ. توقسۇ ئۆستىڭىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى نوپۇس 24مىڭ بولۇپ، بازار رايونىدىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %80نى تەشكىل قىلىدۇ، چىقىدىغان يۇندا كۈنىگە 2560 كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى سانائەت رايونىدىن چىقىدىغان يۇندا مىقدارى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئايرىم بەلگىلىنىدۇ.

**3) باغۋارانلار** باغۋارانلاشتۇرۇش - كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى پىلانى يېقىن مەزگىلدە قانات يايدۇرۇلىدۇ، يېقىن مەزگىلدە ئىھاتە ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىش باشلىنىدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى باغچا ئاۋۋال پىلانلىنىپ، كېيىن كۆچەت تىكىلىدۇ، باغچا شەرت - شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە ياسىلىدۇ.

**4) خەۋەر - ئالاقە** يېقىن مەزگىلدىكى پىلان بويىچە ناھىيە بازىرىدىكى سىم تاناپ تۈۋرۈكى 2 كىلومېتىر ئۇزارتىلىپ، خۇسۇسىيلارنىڭ تېلېفون قويۇش ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ ھەمدە ناھىيە بازىرىدىكى يوللارنى كېڭەيتىش - ئۆزگەرتىشكە ماسلاشتۇرۇلۇپ، سىم تاناپ تۈۋرۈكلىرى يۆتكىلىدۇ، بوشلۇق كابېلىنىڭ سىغىمچانلىقى ئاشۇرۇلىدۇ، تېلېفون ئابونتلىرى مۇناسىپ ھالدا كۆپەيتىلىدۇ. يىراق مەزگىلدە يېڭى بازار رايونى پوچتا - تېلېگراف تارماق ئىدارىسى قۇرۇپ، سىغىمچانلىقىنى 1000 توچكا ئاشۇرۇش، تېلېفون ئابونتلىرىنى (ئىدارە - ئورۇنلارنىڭ شۆبە تېلېفونلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) 1200 توچكىغا يەتكۈزۈش، تېلېفون ئابونتلىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتىنى ھازىرقى %0.8 تىن %4 كە يەتكۈزۈش پىلانلاندى.

5) توك بىلەن تەمىنلەش  ناھىيە بازىرىنىڭ ئېلېكتىر قۇۋۋىتى مىقدارىدا كەم سان چوڭراق بولۇپ كەلدى، يېقىن مەزگىلدىكى توكقا بولغان ئېھتىياجنى باي ناھىيىسىدىكى قىزىل سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بىلەن توقسۇدىكى تۆۋەن مىڭئۆي سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى تورلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن قاندۇرغىلى بولىدۇ. يىراق مەزگىلدە بازار - يېزىلارنىڭ توكقا بولغان ئېھتىياجى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، باي ناھىيىسىدىكى قىزىل سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ تۆۋىنىدىكى پەلەمپەيسىمان توسما ئېلېكتىر ئىستانسىسى پۈتۈپ توك بەرگەندىن كېيىنلا، مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

## 6. سېلىنىدىغان مەبلەغ تەخمىن چوتى

يېقىن مەزگىلدىكى قۇرۇلۇش پىلانىدىكى تۈرلەردە، ئاساسلىقى، يىراق مەزگىلدىكى تەرەققىيات ئۈچۈن ئىگىزلىك شەرتلەر ھازىرلىنىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق تۈرلەردىن ناھىيە بازىرى باشلانغۇچ مەكتىپى، مىللىي تېبابەت دوختۇرخانىسى، سودا تور - نۇقتىلىرى، سودا بازىرى قۇرۇش، ناھىيە بازىرىدا يۇندا چىقىرىۋېتىش ئىنشائاتى ياساش، يوللارنى كېڭەيتىش، كۆكۈلمەيدان بەرپا قىلىش، ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش مەيدانى ۋە ئاممىۋى ھاجەتخانا سېلىش قاتارلىقلار بار.

سېلىنىدىغان مەبلەغ تەخمىن چوتى 5 مىليون 800 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرى مەمۇرىيىتىنىڭ ئىنشائات - مۇئەسسەسىلىرىگە كېتىدىغان مەبلەغ 3 مىليون يۈەن)، ناھىيە ئۆزى تەييارلايدىغان مەبلەغ 500 مىڭ يۈەن، كارخانىلار ئۆزى تەييارلايدىغان مەبلەغ 2 مىليون يۈەن، توپلىنىدىغان مەبلەغ 300 مىڭ يۈەن.

# § 3. ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشى

## 1. ناھىيە بازىرى رايونى

توقسۇ ناھىيىسى بازىرىنى، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، كونا بازار رايونى ۋە يېڭى بازار رايونى دەپ 2 گە ئايرىشقا بولىدۇ.

1) كونا بازار رايونى  يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ناھىيە بازىرى رايونى توقسۇ ئۆستىڭىنى ئومۇرتقا قىلاتتى، ئاساسلىق كوچىلار خۇددى قوۋۇرغىغا ئوخشايتتى، ھەممە كوچا ئۆستەڭگە تۇتىشاتتى. ئۆستەڭنىڭ شەرق تەرىپىدە 7 كوچا، غەرب تەرىپىدە 5 كوچا بار ئىدى، ناھىيە بازىرىنىڭ مەركىزى رەستە مەسچىتى ئىدى. كونا بازار رايونى 40 نەچچە يىللىق تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈردى، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەندىزىسى ئاساسەن ئۆزگەرمىدى. كونا بازار رايونى، ئاساسەن، ئاھالىلەر رايونى ھېسابلىنىدۇ، بۇ رايوندا ئەنئەنىۋى قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى بازىرى ۋە بازار، توقسۇ سودا سارىيى، رەستە مەسچىتى، مىللىي بۇيۇملار زاۋۇتى، يېمەكلىكلەر شىركىتى، 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىقلار بار.

2) يېڭى بازار رايونى  1958 - يىلى «ئىتتىپاق» يولى ياسالغاندىن كېيىن، دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، مەكتەپلەر، مەيدان قاتارلىقلار يېڭى بازار رايونىغا سېلىنىدى. 1995 - يىلغا كەلگەندە، يېڭى بازار رايونى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان «ئىتتىپاق» يولى، توقسۇ - شايار يولى، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۈرۈمچى - قونچىراپ يولى ۋە «ئازادلىق» يولى شەكىللەندى. يېڭى بازار

رايوننىڭ ئومۇمىي تۈزۈلۈشى « # » شەكلىدە بولۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قاتارلىق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرى مۇشۇ رايونغا جايلاشقان.

## 2. كوچا - يوللار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1958 - يىلى «مەدەنىيەت» يولى ۋە «ئىتتىپاق» يولى ياسالدى. 1959 - يىلى ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولى كېڭەيتىلدى. 1964 - يىلدىن كېيىن، يولنىڭ چېتىگە كۆچەت تىكىلىپ، ناھىيە بازىرىنىڭ قىياپىتى گۈزەللەشتۈرۈلدى ھەمدە «ئازادلىق» يولى رېمونت قىلىنىدى ۋە كېڭەيتىلدى. 1976 - يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسلىق يوللىرىغا ۋە گۈزەشلارغا بارىدىغان يوللارغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. 1987 - يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلدى ھەمدە پىلاندىكى تەلەپ بويىچە 1988 - يىلى ئاساسلىق يوللار يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ ۋە رېمونت قىلىنىپ، يېڭى بازار رايونى كېڭەيتىلدى.

40 يىللىق رېمونت قىلىش، ئۆزگەرتىش ۋە كېڭەيتىش ئارقىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ قىياپىتى ئۆزگىرىپ يېڭىلاندى. يوللار شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان 4 ئاساسلىق يول، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان 5 ئاساسلىق يولدىن « # » شەكلىدىكى ئىسكىلىت بولۇپ شەكىللەندى. بۇنىڭدىن باشقا، 28 تار كوچا بازار رايونىنىڭ ھەممە يېرىگە سوزۇلدى.

1) «مەدەنىيەت» كوچىسى بۇ كوچا 1958 - يىلى ياسالدى، 1985 - يىلى «مەدەنىيەت» كوچىسى دەپ نام بېرىلدى، شىمالدا تۆتكوچىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە بارىدىغان بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 600 مېتىر، كەڭلىكى 27 مېتىر، ئاسفالت ياتقۇزۇلغان بۇ كوچا بازار رايونىدىكى ئاساسلىق كوچا ھېسابلىنىدۇ. كوچىنىڭ 2 يېقىغا 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، بازارلىق ھۆكۈمەت، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ، 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ، سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى، 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى، سودا - سانائەت ئىدارىسى، باللار باغچىسى، بازارلىق دوختۇرخانا، تۆتكوچا تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى قاتارلىقلار ئورۇنلاشقان.

2) «قۇرۇلۇش» يولى بۇ يول 1976 - يىلدىن ئىلگىرى يېزا مارۋا يولى ئىدى. 1983 - يىلى غەربكە كېڭەيتىلىپ، ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى. 1985 - يىلى «قۇرۇلۇش» يولى دەپ نام بېرىلدى. شەرقتە تۆتكوچىدىن باشلىنىپ، غەربتە قويچىلىق فېرمىسىغا بارىدىغان بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 880 مېتىر، كەڭلىكى 30 مېتىر. بۇ يولغا 1992 - يىلى ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. يولنىڭ 2 تەرىپىدە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى، ياغاچ ۋە چارۋا سودا بازىرى، قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى بازىرى، يېمەكلىكلەر شىركىتى ۋە يېمەكلىكلەر ماگىزىنى، 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى، تۆمۈرچىلىك كوپىراتىپى، سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ سېمونت قۇيۇلما زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

3) «ئىتتىپاق» يولى بۇ يول 1956 - يىلى ياسالدى، 1985 - يىلى «ئىتتىپاق» يولى دەپ نام بېرىلدى. شىمالدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا تۆتكوچىغا بارىدىغان بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 845 مېتىر، كەڭلىكى 27 مېتىر، ئاسفالت ياتقۇزۇلغان بۇ يول بازار رايونىدىكى ئاساسلىق يول ھېسابلىنىدۇ. يولنىڭ 2 يېقىغا خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، سۇغۇرتا شىركىتى، تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى، تۈرلۈك ماللار شىركىتى، باج ئىدارىسى، «شىنخۇا» كىتابخانىسى، تېببىي دورا ماگىزىنى، بازارلىق ساقچىخانا، كىنوخانا، باغۋەنچىلىك مەيدانى، ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى، تۇرۇبا سۇيى شىركىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش

زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار ئورۇنلاشقان.

4) ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولى بۇ يول 1959 - يىلى ئەسلىدىكى «قۇرۇلۇش» كوچىسى ۋە غەربىي كوچا ئاساسىدا كېڭەيتىش ۋە رېمونت قىلىش ئارقىلىق ياسالدى، 1985 - يىلى ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولى دەپ نام بېرىلدى. شەرقتە «ياغشى» مېھمانخانىسىدىن باشلىنىپ، غەربتە قويچىلىق فېرمىسىغا بارىدىغان بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2330 مېتىر، كەڭلىكى 31 مېتىر، يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان. يولنىڭ 2 يېقىغا ترانسپورت بېكىتى، «قىزىل نۇر» مېھمانخانىسى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، چاي - چارۋا شىركىتى، ئاشلىق ئىدارىسى، تاشيول ئاسراش ئۆچاستىكىسى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، پاختا - چىگە شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، يەككىلەر ئىلكىدىكى ئاشخانىلار ئورۇنلاشقان. بۇ يول توقسۇ ناھىيىسىنىڭ سىرت بىلەن بولغان مۇھىم قاتناش يولى ھېسابلىنىدۇ.

5) «دوستلۇق» يولى بۇ يول 1961 - يىلى ياسالدى، 1985 - يىلى «دوستلۇق» يولى دەپ نام بېرىلدى. شەرقتە يېزا ئىگىلىك 1 - شىسىنىڭ ترانسپورت بېكىتىدىن باشلىنىپ، غەربتە «ئىتتىپاق» يولىغا بارىدىغان، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 748 مېتىر، كەڭلىكى 26 مېتىر، يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان. يولنىڭ 2 يېقىغا 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى، 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوققازان زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى، ناھىيىلىك دوختۇرخانا، ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئامبىرى قاتارلىق ئورۇنلار ئورۇنلاشقان.

6) جەنۇبىي «شىنخۇا» يولى بۇ يولنىڭ ئورنى ئەسلىدە دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، 1983 - يىلى ياسالدى، 1985 - يىلى جەنۇبىي «شىنخۇا» يولى دەپ نام بېرىلدى. شىمالدا «ئازادلىق» يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا كونسېرۋا زاۋۇتىغا بارىدىغان، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 610 مېتىر، كەڭلىكى 18 مېتىر، يول مەركىزىدە گۈللۈك بار. بۇ يولغا 1987 - يىلى ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. يولنىڭ 2 يېقىغا مائارىپ ئىدارىسى، تىببىي دورا شىركىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، ئورمانچىلىق پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئورۇنلاشقان.

7) شىمالىي «شىنخۇا» يولى بۇ يول ئەسلىدە دېھقانچىلىق رايونى بولۇپ، 1983 - يىلى ياسالدى، 1985 - يىلى شىمالىي «شىنخۇا» يولى دەپ نام بېرىلدى. شىمالدا «قىزىل نۇر» يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا «ئازادلىق» يولىغا بارىدىغان، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 395 مېتىر، كەڭلىكى 18 مېتىر، يول مەركىزىدە گۈللۈك بار، يولغا 1987 - يىلى ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. يولنىڭ 2 يېقىغا مېتېئورولوگىيە پونكىتى، ئۆلچەم پونكىتى، كىنو شىركىتى، باسما زاۋۇتى، توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئورۇنلاشقان.

8) «توقسۇ - شايار» يولى بۇ يول ئەسلىدە هارۋا يولى بولۇپ، 1986 - يىلى كېڭەيتىلىپ تاشيول قىلىنىپ ياسالدى، بۇ يول توقسۇ ناھىيىسىدىن شايار ناھىيىسىگە بارىدىغان تاشيولنىڭ بىر بۆلىكى بولغاچقا، توقسۇ - شايار يولى دەپ ئاتالدى. شىمالدا ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولىدىن باشلىنىپ، جەنۇبتا مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا بارىدىغان، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1485 مېتىر، كەڭلىكى 16 مېتىر، يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلغان. يولنىڭ 2 يېقىغا مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت، سولاقخانا، رادىئو ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئورۇنلاشقان.

9) «ئازادلىق» يولى بۇ يول 1960 - يىلدىن ئىلگىرى تار، قىڭغىر - قىيسىق هارۋا يولى ئىدى، ئۇنىڭ غەربىي بۆلىكى «ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كوچىسى»، شەرقىي بۆلىكى «قەلەندەرلەر كوچىسى» دەپ ئاتىلاتتى. 1960 - يىلى يول نامى چولڭ كوچىغا ئۆزگەرتىلدى. 1964 - يىلى يول تۈز ئېلىنىپ، 2 يېقىدا ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىندى. يولغا 1976 - يىلى ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. 1984 - يىلى يول نامى

«ئازادلىق» يولىغا ئۆزگەرتىلدى. يول 1987 - يىلى يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىلدى. شەرقتە تىببىي دورا شىركىتىدىن باشلىنىپ، غەربتە تۆتكوچىغا بارىدىغان بۇ يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 936 مېتىر، كەڭلىكى 30 مېتىر (ۋېلسىپىت يولى، پىيادىلەر يولى، گۈللۈك شۇنىڭ ئىچىدە). يولنىڭ 2 يېقىغا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش، خەلق قوراللىق بۆلۈمى، سوت مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، رادىئو ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، توقسۇ مېھمانخانىسى، ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى، ماددىي ئەشيا ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئورۇنلاشقان.

10) باشقىلار ناھىيە بازىرىدا يەنە 28 كىچىك، تار كوچا بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىردىن ئاشىدىغان كوچا 3 (خوتەن كوچىسى، يۇلتۇز كوچىسى، يېڭى مەھەللە كوچىسى)، ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىردىن 1000 مېتىرغىچە بولغان كوچا 6 («رەستە» كوچىسى، «خەلق» كوچىسى، «خەلق» 2 - يان كوچىسى، «خەلق» كوچىسىنىڭ 3 - يان كوچىسى، قەشقەر كوچىسى، «بەخت» كوچىسى)، ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىردىن 500 مېتىرغىچە بولغان كوچا 14 (خوتەن 1 - كوچىسى، خوتەن 2 - كوچىسى، يۇلتۇز كوچىسى، «بەخت» 1 - يان كوچىسى، «بەخت» 2 - يان كوچىسى، «خەلق» 4 - يان كوچىسى، «مەدەنىيەت» يان كوچىسى، خوتەن 3 - كوچىسى، «دوستلۇق» 1 - يان كوچىسى، «دوستلۇق» 2 - يان كوچىسى، «قۇرۇلۇش» 1 - يان كوچىسى، «قۇرۇلۇش» 3 - يان كوچىسى، «بەخت» 3 - يان كوچىسى، «قىزىل نۇر» كوچىسى)، ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىردىن 200 مېتىرغىچە بولغان كوچا 4 («خەلق» 1 - يان كوچىسى، «دوستلۇق» 3 - يان كوچىسى، «قۇرۇلۇش» 2 - يان كوچىسى، ئارقا يان كوچا).

## توقسۇ ناھىيە بازىرى رايونىدىكى ئاساسلىق يوللار

جەدۋەل: 17 — 2

| يول نامى | باشلانغان - ئاخىرلاشقان جايى | ئۇزۇنلۇقى (مېتىر) | كەڭلىكى (مېتىر) | | | ئارىلىق بەلۋاغ (مېتىر) | ياسالغان ۋاقتى (يىل) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئاپتوموبىل يولى | ۋېلسىپىت يولى | پىيادىلەر يولى | | |
| «ئازادلىق» يولى | تىببىي دورا شىركىتىدىن تۆتكوچىغىچە | 936 | 14 | 4 | 6 | 6 | 1964 |
| «مەدەنىيەت» يولى | تۆتكوچىدىن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكىچە | 600 | 14 | 4 | 6 | 3 | 1958 |
| «قۇرۇلۇش» يولى | تۆتكوچىدىن قويچىلىق فېرمىسىغىچە | 880 | 14 | 4 | 6 | 6 | 1976 |
| «ئىتتىپاق» يولى | رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىدىن تۆتكوچىغىچە | 845 | 14 | 4 | 6 | 3 | 1956 |
| ئۈرۈمچى - قونچىراپ يولى | «ياخشى» مېھمانخانىسىدىن قويچىلىق فېرمىسىغىچە | 2330 | 14 | 5 | 6 | 6 | 1959 |
| «دوستلۇق» يولى | يېزا ئىگىلىك 1 - شىركىتى ترانسپورت بېكىتىدىن «ئىتتىپاق» يولىغىچە | 748 | 14 | | 5 | | 1961 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| توقسۇ - شايار يولى | ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولىدىن مال دوختۇرلۇق پونكىتىغىچە | 1485 | 16 | | | | 1986 |
| جەنۇبىي «شىنخۇا» يولى | «ئازادلىق» يولىدىن كونىبىرۋا زاۋۇتىغىچە | 610 | 18 | | | | 1983 |
| شىمالىي «شىنخۇا» يولى | «قىزىل نۇر» يولىدىن «ئازادلىق» يولىغىچە | 395 | 18 | | | | 1983 |
| جەمئىي | | 8829 | | | | | |

## 3. ئۆي - ئىمارەتلەر

**1) جامائەت ئۆي - ئىمارەتلىرى** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ناھىيە بازىرىنىڭ ئاساسلىق جامائەت ئۆي - ئىمارەتلىرى ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئۆيلىرى ئىدى. شۇ چاغدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ساقچى ئىدارىسى، ئۇيغۇر ئويۇشمىسى، خەلق باشلانغۇچ مەكتىپى، ئاشلىق ئامبىرى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئۆيلىرى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىشخانا ئۆيلىرى ئىدى. 40 - يىللاردا ئۇيغۇر ئويۇشمىسى قورۇسى ئىچىگە بىر چوڭ كۇلۇب سېلىنىدى، بۇ، شۇ چاغدىكى ئەڭ چوڭ ئىمارەت ھېسابلىناتتى، بۇ ئىمارەتمۇ كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىدى، ئۇنىڭ تېمىنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىر كېلەتتى، شۇڭا قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەسلەپتە خىزمەت يەنىلا كونا ھۆكۈمەت ئۆي - ئىمارەتلىرىدە ئىشلەندى. 1950 — 1965 - يىلغىچە ئىدارە - ئورۇنلار ئىشخانا ۋە ياتاق سالدى. بۇ مەزگىلدە سېلىنغان ئۆي - ئىمارەتلەر يەنىلا كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىمارەت چوڭ كۇلۇب بولۇپ (ھازىرقى خوتەننەھەللە مەسچىتى ئەتراپىدا)، يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە سېلىنغانىدى، كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بۇ ئىمارەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 60 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 30 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مېتىر بولۇپ، ئىچىگە 800 تاماشىبىن سىغاتتى. بۇ ئىمارەت 1970 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە چېقىۋېتىلدى.

1958 - يىلى كۆزدىن باشلاپ ناھىيىدىكى جامائەت ئۆي - ئىمارەتلىرى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىقتىن خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىققا ئۆزگەردى. شۇ چاغدا ياغ زاۋۇتى 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ياغ تارتىش سېخىنى سالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن سودا شىركىتى قورۇنىڭ جەنۇبىدا خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئامبار سالدى (تەخمىنەن 200 كۋادرات مېتىرلىق)، ئۆتكۈچىدا خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۆرلۈك ماللار ماگىزىنى سالدى. 70 - يىللارغا كەلگەندە خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەر پەيدىنپەي ئازايدى. 1984 - يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك پارتكوم بىناسى پۈتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىدارە - ئورۇنلارنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى كۆپىنچە خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق بىنالارغا ئۆزگەردى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بازىرىدا سېلىنغان بىنا (2 قەۋەتلىكتىن 5 قەۋەتلىككىچە) 38 گە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 47 مىڭ 85 كۋادرات مېتىر (1902 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي شۇنىڭ ئىچىدە)، پۈتۈش قىممىتى ھەر كۋادرات مېتىرىنىڭ تەخمىنەن 250 — 300 يۈەن بولدى. 1995 - يىلى ناھىيىدىكى ئومۇمىي خىزمەت بىناسى، ئوقۇتۇش

بىناسى، تىجارەت بىناسى 66گە، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 87 مىڭ 365 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق جامائەت ئىمارەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

**مەيدان سەھنىسى** 1965 - يىلى ياسالدى، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى تەخمىنەن 20 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مېتىر، كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق.

**«خەلق» كىنوخانىسى** ئۈرۈمچى - قونچىراپ يولىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە سېلىنغان. 1971 - يىلى قۇرۇلۇش باشلاندى، 1975 - يىلى پۈتتى، خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق بۇ قۇرۇلۇشقا تەخمىنەن 700 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، كىنوخانىغا 1200 تاماشىبىن سىغىدۇ.

**ناھىيىلىك پارتكوم بىناسى** بۇ قۇرۇلۇشنى كۇچا جەنۇبىي قۇرۇلۇش شىركىتى ھۆددە ئېلىپ قىلدى، قۇرۇلۇش 1983 - يىلى باشلاندى، 1984 - يىلى پۈتتى. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى تەخمىنەن 600 كۋادرات مېتىر، ئىمارەت كۆلىمى 1800 كۋادرات مېتىر، بىنانىڭ ئېگىزلىكى 14.4 مېتىر، 4 قەۋەتلىك، خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق، پارۋاي ئورنىتىلغان، بىنانىڭ ئالدى تەرىپى شىمالغا قارايدۇ، تام سىرتى يۈيۈلما شېغىل سۇۋاق بىلەن سۇۋالغان، ئوتتۇرىدىكى زال ۋە كارىدورنىڭ تېگىگە بىلەيمە تاش قويۇلغان، قالغان جايلىرىنىڭ تېگىگە سېمونت ياتقۇزۇلغان.

**ھۆكۈمەت ئىشخانا بىناسى** بۇ قۇرۇلۇشنى جىيائىسۇ ئۆلكىسى نەنتۇڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى ھۆددە ئېلىپ قىلدى، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 700 كۋادرات مېتىر، ئىمارەت كۆلىمى 3300 كۋادرات مېتىر. بۇ خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق بىنانىڭ ئېگىزلىكى 17.7 مېتىر، 5 قەۋەتلىك، بىنا سىرتىغا ئاق سېرىق يۈيۈلما شېغىل سۇۋاق بېرىلگەن، تېگىگە سېمونت ياتقۇزۇلغان، پارۋاي ئورنىتىلغان. قۇرۇلۇش 1985 - يىلى باشلىنىپ، 1987 - يىلى پۈتتى.

**ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار سودا سارىيى** «ئىتتىپاق» يولىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىگە سېلىنغان، قۇرۇلۇش 1985 - يىلى باشلىنىپ، 1986 - يىلى پۈتتى. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى تەخمىنەن 700 كۋادرات مېتىر، ئىمارەت كۆلىمى 2200 كۋادرات مېتىر، سارايىنىڭ ئېگىزلىكى 14 مېتىر، 3 قەۋەتلىك. قۇرۇلۇشنى توقسۇ ناھىيىلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى ھۆددە ئېلىپ قىلدى. بۇ سارايىنىڭ سىرتىغا چاقچۇق چاپلانغان، تېگىگە بىلەيمە تاش قويۇلغان، پارۋاي ئورنىتىلغان. بۇ، توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ھازىرقى ئەڭ چوڭ تۈرلۈك ماللار سارىيى، تىجارەت بىلەن ئىشخانا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىمارەت.

**توقسۇ مېھمانخانىسى** توقسۇ - شايار يولى بىلەن «ئازادلىق» يولىنىڭ كېسىشكەن يېرىگە جايلاشقان، قۇرۇلۇشنى جىيائىسۇ ئۆلكىسى نەنتۇڭ بىناكارلىق شىركىتى ھۆددە ئېلىپ قىلدى. قۇرۇلۇش 1985 - يىلى باشلىنىپ، 1987 - يىلى پۈتتى. بۇ مېھمانخانىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى تەخمىنەن 1100 كۋادرات مېتىر، ئىمارەت كۆلىمى 3400 كۋادرات مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 17 مېتىر، 4 قەۋەتلىك، خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق، كۆرۈنۈشى كۆركەم ۋە پىشىشىق، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇ، كۇچا، شايار، توقسۇ رايونىدىكى ئەڭ چوڭ مېھمانخانا ھېسابلىنىدۇ. 1988 - يىل 6 - ئايدا تىجارەت باشلاندى، مېھمانخانىدا 80 ياتاق، 200 نەچچە كارىۋات، 3 چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك مەجلىسخانا بار، بۇنىڭدىن سىرت، تانسىخانا، كىچىك داچا، ئاشخانا، پارخانا، ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن مۇئەسسەسەلەر بار.

**توقسۇ بازىرى** 1988 - يىلىنىڭ بېشىدا ناھىيىلىك سودا، سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن مەبلەغ توپلىنىپ، ئەسلىدىكى توقسۇ ئۆستەڭ ئۆستىگە (1983 - يىلى ئۆستەڭ يېپىۋېتىلگەن) چوڭ پولات تىرەك قويۇلغان، تۆپىسى ئەينەك پىلاستىك كاھىش بىلەن يېپىلغان لاپاس شەكلىدىكى توقسۇ بازىرى سېلىندى. توقسۇ بازىرى سانائەت بۇيۇملىرى سودا بازىرى بولۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلارنىڭ شېرىكچىلىكىدە سېلىنغان، ئۇنىڭغا جەمئىي 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بازارنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1700 كۋادرات مېتىر. قۇرۇلۇش 1988 - يىل 3 - ئايدا باشلىنىپ، 6 - ئايدا پۈتتى.

بازارنىڭ 2 تەرىپىدە 54 ئېغىز دۇكان بار، ئوتتۇرىسىدا تۈنىكىدىن ياسالغان 70 مال سېتىش پۇكىيى بار، جەمئىي يايما ئورنى 124. بازارغا 1000 دىن ئارتۇق خېرىدار سىغىدۇ. بازاردا سۇ، توك ۋە ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى بار.

## توقسۇ ناھىيىسى بازىرىدىكى ئاساسلىق جامائەت ئۆي - ئىمارەتلىرى

جەدۋەل: 17 — 3

| نامى | ئورنى | قەۋەت سانى | پۈتۈش باھاسى (تۈمەن يۈەن) | پۈتكەن ۋاقتى (يىل) | ئىمارەت كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك پارتكوم بىناسى | «ئازادلىق» يولىنىڭ جەنۇبىدا | ئوتتۇرىسى 4، يان تەرىپى 3 | 40 | 1984 | 1800 |
| سودا - سانائەت بانكىسى بىناسى | تۆتكوچىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە | 3 | 22 | 1984 | 1600 |
| يېمەكلىك شىركىتى بىناسى | «قۇرۇلۇش» يولىنىڭ شىمالىدا | 2 | 6 | 1984 | 300 |
| مائارىپ ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى | جەنۇبىي «شىنخۇا» يولىنىڭ شەرقىدە | 2 | 10 | 1984 | 400 |
| يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىناسى | «ئىتتىپاق» يولىنىڭ غەربىدە | 2 | 27 | 1985 | 1330 |
| ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى | ئۈرۈمچى - قونچىراپ يولىنىڭ شىمالىدا | 3 | 27.5 | 1985 | 1500 |
| سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت بىناسى | «ئازادلىق» يولى بىلەن توقسۇ - شايار يولى كېسىشكەن جاينىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە | 2 | 17 | 1985 | 1050 |
| باج ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى | «ئىتتىپاق» يولىنىڭ غەربىدە | 3 | 33 | 1986 | 2200 |
| تۈرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ تىجارەت بىناسى | «ئىتتىپاق» يولىنىڭ شەرقىدە | 3 | 61.7 | 1986 | 1300 |
| دوختۇرخانا ئامبۇلاتورىيە بىناسى | «دوستلۇق» يولىنىڭ شىمالىدا | 3 | 32 | 1986 | 1884 |
| تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ خىزمەت بىناسى | «ئىتتىپاق» يولىنىڭ شەرقىدە | 3 | 35 | 1986 | 1600 |
| تۇرۇبا سۈيى شىركىتى بىناسى | «دوستلۇق» يولىنىڭ شەرقىدە | 3 | 23 | 1986 | 1100 |
| تېببىي دورا شىركىتى بىناسى | «ئازادلىق» يولى بىلەن جەنۇبىي «شىنخۇا» يولى كېسىشكەن جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە | 2 | 15 | 1986 | 800 |
| ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىناسى | «ئازادلىق» يولىنىڭ شىمالىدا | ئوتتۇرىسى 5، يان تەرىپى 4 | 82 | 1987 | 3300 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| توقسۇ مېھمانخانىسى | «ئازادلىق» يولى بىلەن توقسۇ ـ شايار يولى كېسىشكەن جاينىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە | 4 | 93 | 1987 | 3400 |
| «ياخشى» مېھمانخانىسى | «قىزىل نۇر» يولى بىلەن توقسۇ ـ شايار يولى كېسىشكەن جاينىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە | 4 | 90 | 1988 | 3060 |
| مالىيە ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى | «ئازادلىق» يولى بىلەن جەنۇبىي «شىنخۇا» يولى كېسىشكەن جاينىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە | 3 | 50 | 1988 | 1500 |
| ج خ ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى | «ئازادلىق» يولىنىڭ جەنۇبىدا | ئوتتۇرىسى 4، يان تەرىپى 3 | 37 | 1988 | 1600 |
| تولۇق بىلەن تەمىنلەش شىركىتى بىناسى | «ئازادلىق» يولى بىلەن شىمالىي «شىنخۇا» يولى كېسىشكەن جاينىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدە | 3 | 15 | 1988 | 700 |
| قۇرۇلۇش بانكىسى بىناسى | توقسۇ ـ شايار يولىنىڭ شەرقىدە | 3 | 17.3 | 1988 | 641 |
| 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى | «مەدەنىيەت» يولىنىڭ شەرقىدە | 3 | 41.6 | 1989 | 1415 |
| پاختا ـ چىگە شىركىتىنىڭ خىزمەت بىناسى | «ئىتتىپاق» يولىنىڭ غەربىدە | 3 | 50 | 1989 | 1600 |
| سۇ ـ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى | «مەدەنىيەت» يولىنىڭ غەربىدە | 3 | 31 | 1989 | 1238 |
| تاشيول ئاسراش ئۇچاستىكىسى بىناسى | ئۇرۇمچى ـ قونجىراپ يولىنىڭ جەنۇبىدا | 4 | 31 | 1989 | 934 |
| ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ تىجارەت بىناسى | «ئىتتىپاق» يولىنىڭ غەربىدە | 3 | 26 | 1989 | 611 |
| بالىلار باغچىسى بىناسى | «مەدەنىيەت» يولىنىڭ غەربىدە | 2 | 16.3 | 1989 | 804 |
| ماددىي ئەشيا شىركىتىنىڭ خىزمەت بىناسى | «ئازادلىق» يولىنىڭ جەنۇبىدا | 2 | 11 | 1989 | 450 |
| 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى | «مەدەنىيەت» يولىنىڭ غەربىدە | 2 | 7 | 1989 | 500 |
| كىتابخانىنىڭ تىجارەت بىناسى | «ئىتتىپاق» يولىنىڭ غەربىدە | 2 | 8 | 1989 | 440 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئەمنات - سودا كوپېراتىپى بىناسى | «ئىتتىپاق» يولى جەنۇبىي بۆلىكىنىڭ شەرقىدە | 2 | 12.5 | 1989 | 675 |
| پېدەگوگىكا مەكتىپىنىڭ يېڭى بىناسى | «ئىتتىپاق» يولى ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ شەرقىدە | 2 | 12 | 1989 | 595 |
| سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى | «مەدەنىيەت» يولىنىڭ غەربىدە | ئوتتۇرىسى 4، يان تەرىپى 3 | 30 | 1990 | 1012 |
| پوچتا - تېلېگراف بىناسى | ئۈرۈمچى - قۇنجىراپ يولى بىلەن «ئىتتىپاق» يولى كېسىشكەن جاينىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدە | ئوتتۇرىسى 3، يان تەرىپى 2 | 42 | 1990 | 1332 |
| پىلانلىق تۇغۇت پونكىتى بىناسى | «بەخت» يولىنىڭ شەرقىدە | 2 | 8 | 1990 | 460 |
| يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ يېڭى بىناسى | توقسۇ - شايار يولىنىڭ شەرقىدە | 4 | 39 | 1990 | 1340 |
| مىللىي بۇيۇملار سودا سارىيى | تۆتكۈچىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە | 2 | 36 | 1990 | 1260 |
| يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى پونكىتى بىناسى | «دوستلۇق» يولىنىڭ شىمالىدا | 2 | 17 | 1990 | 763 |
| پېشقەدەم كادىرلار بىناسى | «قىزىل نۇر» يولىنىڭ شىمالىدا | 2 | 12 | 1990 | 591 |
| 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ تىجارەت بىناسى | تۆتكۈچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە | 2 | 22 | 1991 | 730 |
| ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بىناسى | توقسۇ - شايار يولى ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ غەربىدە | 4 | 43.8 | 1991 | 1400 |
| چېكرا سودىسى شىركىتىنىڭ خىزمەت بىناسى | ئۈرۈمچى - قۇنجىراپ يولىنىڭ شىمالىدا | 3 | 40 | 1991 | 1300 |
| 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى | «مەدەنىيەت» يولىنىڭ جەنۇبىي چېتىدە | 4 | 100 | 1991 | 2900 |
| تۆتكۈچا سودا سارىيى | تۆتكۈچىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە | 3 | 45 | 1992 | 1500 |
| يولۇچى توشۇش بېكىتى بىناسى | ئۈرۈمچى - قۇنجىراپ يولى بىلەن توقسۇ - شايار يولى كېسىشكەن جايدا | 4 | 85 | 1992 | 1800 |
| خەلق بانكىسى بىناسى | جەنۇبىي «شىنخۇا» يولىنىڭ شەرقىدە | 3 | 31 | 1992 | 888 |
| بازارلىق ھۆكۈمەت بىناسى | «مەدەنىيەت» يولىنىڭ غەربىدە | 2 | 17 | 1992 | 650 |
| تۇز پونكىتىنىڭ خىزمەت بىناسى | «قىزىل نۇر» يولىنىڭ شىمالىدا | 4 | 80 | 1993 | 1370 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| پەرلىك باج ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى | ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولىنىڭ جەنۇبىدا | 4 | 67 | 1994 | 900 |
| خەلق ئىشلىرى ئۇنىۋېرسال بىناسى | ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولىنىڭ شەرقىدە | 3 | 35 | 1993 | 996 |
| «ئۈرلەش» ئۇنىۋېرسال بىناسى | ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولىنىڭ غەربىدە | 3 | 135 | 1993 | 6173 |
| قاتناش چوڭ ئەترىتىنىڭ خىزمەت بىناسى | ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولىنىڭ غەربىدە | 2 | 10 | 1993 | 226 |
| يولۇچى توشۇش بېكىتىنىڭ مېھمان كۈتۈش بىناسى | ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولىنىڭ غەربىدە | 4 | 48 | 1993 | 1167 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى | توقسۇ - شايار يولىنىڭ غەربىدە | 4 | 85 | 1993 | 1400 |
| ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى | ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولىنىڭ غەربىدە | 4 | 80 | 1995 | 1000 |
| ئانىمىلىك دوختۇرخانىسىنىڭ كېسەلخانا بىناسى | «دوسلۇق» يولىنىڭ شىمالىدا | 6 | 100 | 1995 | 1700 |
| ترانسپورت باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى | ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولىنىڭ غەربىدە | 3 | 23 | 1994 | 519 |
| خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ خىزمەت بىناسى | «ئازادلىق» يولىنىڭ شىمالىدا | 3 | 60 | 1994 | 818 |
| ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى | ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولىنىڭ شىمالىدا | 3 | 65 | 1994 | 1813 |
| پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ خىزمەت بىناسى | «ئىتتىپاق» يولىنىڭ غەربىدە | 2 | 12 | 1994 | 789 |
| ئەمەر تىجارەت بىناسى | ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولىنىڭ غەربىدە | 3 | 30 | 1994 | 789 |
| يەر ئىدارىسىنىڭ خىزمەت بىناسى | «ئىتتىپاق» يولىنىڭ غەربىدە | 4 | 80 | 1995 | 1619 |
| 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى | «مەدەنىيەت» يولىنىڭ غەربىدە | 3 | 109 | 1995 | 2543 |
| يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ خىزمەت بىناسى | | 4 | 73 | 1995 | 1340 |
| نېفىت شىركىتىنىڭ خىزمەت بىناسى | ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولىنىڭ جەنۇبىدا | 3 | 28 | 1995 | 795 |
| خەلق بانكىسى بازار ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى بىناسى | ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولىنىڭ شىمالىدا | 4 | 118 | 1995 | 2074 |
| ماددىي ئەشيا شىركىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال بىناسى | ئۈرۈمچى - قونجىراپ يولىنىڭ غەربىدە | 3 | 22 | 1993 | 563 |

2) تۇرالغۇ ئۆيلەر  مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) بازار رايونىدا تەخمىنەن 100 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىيلار تۇرالغۇ ئۆيى بار ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 - يىللاردا تۇرالغۇ ئۆي تەرەققىياتى ئاستا بولدى. 60 - يىللاردا (1964 — 1969 - يىلغىچە ئېلىنغان تولۇقسىز مەلۇمات) 15مىڭ 854 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى. 1978 - يىلى 2460 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى. 1978 - يىلدىن كېيىن، تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى خېلى تېز بولدى. 1980 — 1990 - يىلغىچە بولغان 10 يىل ئىچىدە 111 مىڭ 448 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە تەرەققىيات ئەڭ تېز بولغان 1988 - يىلى 52 مىڭ 885 كۋادرات مېتىر تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 46مىڭ 185 كۋادرات مېتىرى پۈتتى.

1984 - يىلدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بازاردىكى جەمئىي تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 122 مىڭ 845 كۋادرات مېتىرغا يېتىپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 9.6 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاھالىلەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13 كۋادرات مېتىردىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.7 كۋادرات مېتىردىن توغرا كەلگەن. 90 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، بازار رايونىدا خىش - ياغاچ ياكى خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق تۇرالغۇ ئۆيلەر كۆپرەك سېلىندى، ئايرىم ھاللىق ئائىلىلەر ئازادە - راھەت ئۆيلەردە ئولتۇردى. 1987 - يىلدىن كېيىن، پېنسىيىگە چىققان بەزى ئىشچى - خىزمەتچىلەر پېشقەدەم كادىرلار يېڭى مەھەللىسىدە خىش - ياغاچ (خىش - بېتون) قۇرۇلمىلىق بىر قەۋەتلىك ئۆي (بىنا ئۆي) دىن 8 كورپۇس سالدى، ئىمارەت كۆلىمى تەخمىنەن 3500 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 29 ئائىلىنىڭ ھەر بىرىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 120 كۋادرات مېتىر ئۆي توغرا كەلدى.

بازار رايونىدا كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆي شارائىتى ناچارراق بولدى. 1995 - يىلغا كەلگەندە تۇرالغۇ ئۆي يەنىلا قىس بولدى. ھازىرقى تۇرالغۇ ئۆيلەر ئىچىدە كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان ئۆيلەر پات - پات كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ.

### بازار ئاھالىسىنىڭ 1984 - يىلدىكى تۇرالغۇ ئۆيى

جەدۋەل: 17 — 4

| تۈرى | ئائىلە سانى | ئادەم سانى | تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئائىلە بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىشى (كۋادرات مېتىر) | كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىشى (كۋادرات مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئاھالىلەر | 1404 | 5517 | 72100 | 51.35 | 13.07 |
| ئىشچى - خىزمەتچىلەر | 1295 | 7276 | 50745 | 39.18 | 6.74 |
| جەمئىي | 2699 | 12793 | 122845 | 45.5 | 9.6 |

### توقسۇ ناھىيە بازىرىدىكى ئاساسلىق تۇرالغۇ بىنالىرى
(1995 - يىلغىچە سېلىنغان)

جەدۋەل: 17 — 5

| نامى | ئورنى | قەۋىتى | پۈتتۈلى قىممىتى (تۈمەن يۈەن) | پۈتكەن ۋاقتى (يىل) | ئىمارەت كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|
| باج ئىدارىسىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي بىناسى | «ئىتتىپاق» يولىنىڭ غەربىدە | 4 | 20 | 1992 | 951 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك پارتكوم تۇرالغۇ ئۆي بىناسى | «ئازادلىق» يولىنىڭ جەنۇبىدا | 4 | 50 | 1993 | 1000 |
| ئوز پونكىتى تۇرالغۇ ئۆي بىناسى | «قىزىل نۇر» يولىنىڭ شىمالىدا | 4 | 60 | 1993 | 1140 |
| ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى تۇرالغۇ ئۆي بىناسى | «دوستلۇق» يولىنىڭ غەربىدە | 3 | 40 | 1993 | 1167 |
| سودا - سانائەت ئىدارىسى تۇرالغۇ ئۆي بىناسى | «قۇرۇلۇش» يولىنىڭ شىمالىدا | 3 | 65 | 1994 | 1400 |
| مالىيە ئىدارىسى تۇرالغۇ ئۆي بىناسى | «قۇرۇلۇش» يولىنىڭ شىمالىدا | 4 | 45 | 1994 | 1130 |
| ئاشلىق ئىدارىسى تۇرالغۇ ئۆي بىناسى | ئۈزۈمچى - قونجىراپ يولىنىڭ شىمالىدا | 3 | 22 | 1993 | 868 |
| ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى تۇرالغۇ ئۆي بىناسى | «شىنخۇا» يولىنىڭ شەرقىدە | 4 | 90 | 1994 | 2192 |
| سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى تۇرالغۇ ئۆي بىناسى | «مەدەنىيەت» يولىنىڭ غەربىدە | 4 | 95 | 1994 | 1800 |
| يېزا ئىگىلىك بانكىسى تۇرالغۇ ئۆي بىناسى | توقسۇ - شايار يولىنىڭ شەرقىدە | 5 | 88 | 1995 | 1065 |
| دۆلەت باج ئىدارىسى تۇرالغۇ ئۆي بىناسى | «ئىتتىپاق» يولىنىڭ غەربىدە | 4 | 85 | 1995 | 1541 |
| ناھىيىلىك ھۆكۈمەت تۇرالغۇ ئۆي بىناسى | «ئازادلىق» يولىنىڭ جەنۇبىدا | 6 | 103 | 1995 | 1773 |

### 3) ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلمىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بازار - يېزىلاردىكى ئۆي - ئىمارەتلەر كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، كۆپىنچىسىدە تامنىڭ ئۈلىگە ياغاچ ياكى يۇلغۇن بېسىلاتتى، تام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلاتتى، تېرەك ياغىچىدىن لىم قويۇلاتتى، لىم ئۈستىگە ۋاسا قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بورا ياكى يېكەن سېلىناتتى، ئاندىن كېيىن ئۈگزىگە لاي سېلىناتتى. قۇم - بوران ۋە پاشا - چىۋىندىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كۆپىنچە، ئۈگزىدىن تۈڭلۈك ئېچىلاتتى. مۇنداق تۇرالغۇ ئۆيلەر قاراڭغۇ، زەي بولاتتى، ئەمما قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولاتتى، پاشا - چىۋىن ئاز بولاتتى.

زەي يەرلەردە ياكى توقسۇ ئۆستىڭى بويىدا بولسا، شۇ جاينىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش قىلىنىپ، ياغاچتىن رامكا ياسىلىپ، ئۇنىڭغا ۋاسا مىقلىناتتى، ۋاسا ئارىلىقىغا لاي سېلىناتتى، بۇنداق قۇرما تاملىق ئۆيلەر بىر قەۋەتلىكمۇ، 2 ۋە ئۇنىڭدىن ئوشۇق قەۋەتلىكمۇ بولاتتى. بۇنداق ئىمارەتلەرنى 70 - يىللاردىمۇ پات - پات چېلىقتۇرغىلى بولاتتى، 80 - يىللاردا بۇ خىل ئۆيلەر كېيىنى - كەينىدىن چېقىلدى، 90 - يىللاردا يوقىلىشقا يۈزلەندى. كوچا ياقىسىغا سېلىنغان دۇكانلارنىڭ كۆپىنچىسى كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق پاكار كىچىك ئۆيلەر ئىدى، بۇنداق ئۆيلەردە ياغاچ كۆپرەك ئىشلىتىلەتتى، ئالدى ئىشىكنىڭ قانىتى يوق، كېشىكلا بولاتتى، ئىشىك ئورنىغا ئوخشاش ئۆلچەمدىكى تاختايلار تىك ياكى توغرىسىغا تىزىپ قويۇلاتتى، تېگىگە تاختاي قويۇلاتتى. 80 - يىللاردىن كېيىن بۇنداق دۇكانلارنىڭ ئورنىنى خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق دۇكانلار ئىگىلىدى.

ئەڭ بۇرۇن سېلىنغان خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۇرالغۇ ئۆي ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئارقا ھويلىسىغا سالغان ئامبىرى بولدى (1968 - يىلى پۈتتى)، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 15 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 6 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 5 مېتىر ئىدى. 1979 - يىلدىن كېيىن ئامبار تۇرالغۇ ئۆيگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسى 1984 - يىلى بىنا سالغان چاغدا، خىزمەت بىناسىنىڭ ئولاڭ تەرىپىگە تۇرالغۇ ئۆي سالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق، خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۇرالغۇ ئۆيلەر ناھىيىدە يىلمۇ يىل كۆپەيدى. ئەمما ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ ئۆيىدە كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر يەنىلا كۆپ سانني ئىگىلەيتتى.

90 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، سېلىنغان تۇرالغۇ ئۆي، ئىدارىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خىش - ياغاچ ياكى خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق بولۇشقا يۈزلەندى؛ ئادەتتىكى ئاھالىلەرنىڭ سالغان ئۆيلىرىدە خىش - بېتون، خىش - ياغاچ، كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ھەر خىل شەكىللەر تەڭ ساقلاندى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلىغى ۋە ئۆي كۆلىمى

جەدۋەل: 17 — 6

| تۈرى / يىللار | سېلىنغان مەبلەغ (تۈمەن يۈەن): جەمئىي | سېلىنغان مەبلەغ (تۈمەن يۈەن): بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ | ئېيتۇۋېلىنغىنى بويىچە ئايرىغاندا (تۈمەن يۈەن): بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش | ئېيتۇۋېلىنغىنى بويىچە ئايرىغاندا (تۈمەن يۈەن): ئۈسكۈنە - سايمان سېتىۋېلىش | ئىشلىتىلگىنى بويىچە ئايرىغاندا (تۈمەن يۈەن): بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىكى | ئىشلىتىلگىنى بويىچە ئايرىغاندا (تۈمەن يۈەن): كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك | قۇرۇلۇش باشلانغان ئۆي كۆلىمى (كۋادرات مېتىر): جەمئىي | قۇرۇلۇش باشلانغان ئۆي كۆلىمى (كۋادرات مېتىر): بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي | پۈتكەن ئۆي كۆلىمى (كۋادرات مېتىر): جەمئىي | پۈتكەن ئۆي كۆلىمى (كۋادرات مېتىر): بۇنىڭ ئىچىدە تۇرالغۇ ئۆي | ئۆينىڭ پۈتۈش قىممىتى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1964 | 36.81 | | 36.81 | | 10.12 | 26.96 | 9562 | 9562 | 9562 | 9562 | 36.81 |
| 1965 | 47.41 | 36.09 | 45.59 | | 1.6 | 24.21 | 8611 | 8611 | 6292 | 6292 | 24.21 |
| 1967 | 33.9 | 31.04 | 33.9 | | 7.79 | 23.97 | 10467 | | 7989 | | |
| 1969 | 33.42 | | 25.42 | 8 | 20.1 | 20.27 | 1799 | | 1799 | | |
| 1970 | 52.86 | | | | 37.44 | 29.83 | 15740 | | 15740 | | |
| 1972 | 52.52 | 37.88 | 35.56 | 16.06 | 41.65 | 41.07 | 8751 | | 7238 | | |
| 1973 | 32.62 | 22.12 | 32.02 | 0.6 | 15.26 | 26.31 | 14952 | | 7611 | 23.1 | |
| 1974 | 75.25 | 29.8 | 56.3 | 13.4 | 55.65 | 34.4 | 5480 | | 4160 | | 21 |
| 1975 | 18.2 | | 16.6 | 1.6 | 1.5 | 6 | 5313 | | 1463 | | 5 |
| 1976 | 87.6 | | 85.5 | 2.1 | | 1.2 | 248 | | 248 | | 1.2 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 14.67 | | 2074 | | 4818 | 37.47 | 93.59 | 8.1 | 103.49 | 77.62 | 113.89 | 1977 |
| 15.7 | 2460 | 2460 | 2887 | 4017 | 39.05 | 54.35 | 9 | 53.85 | 47.85 | 62.85 | 1978 |
| 28.3 | | 2267 | | 3284 | 49.7 | 40.4 | 5 | 39.2 | 45.2 | 54.2 | 1979 |
| 19.3 | 2578 | 2578 | 2578 | 2578 | 55.8 | 36.7 | 3.7 | 54.8 | 39.5 | 58.5 | 1980 |
| | 283 | 1740 | 283 | 2410 | 53 | 72.1 | 8 | 46.03 | 75.77 | 86.9 | 1981 |
| | 2941 | 2941 | 2941 | 2941 | 11 | 44.6 | 3 | 52 | | 55.6 | 1982 |
| | | 890 | | 2190 | 16.2 | 12.7 | 8 | 8 | 2.5 | 18.5 | 1983 |
| | | 4330 | | 10229 | 154.8 | 78.4 | 31.3 | 181 | 58.5 | 121.3 | 1984 |
| | | 15087 | | 19171 | 92.9 | 105 | 86 | 157 | 30.02 | 243 | 1985 |
| 222.2 | 631 | 5443 | 1039 | 17293 | 142.7 | 134.2 | 53.3 | 137.9 | 92 | 249.2 | 1986 |
| 49.6 | 682 | 15074 | 682 | 15074 | 49.6 | 15.3 | | 49.6 | | 49.6 | 1987 |
| 412 | 1902 | 46185 | 2102 | 52885 | 317 | 199 | 23 | 389 | | 412 | 1988 |
| 272 | 490 | 13116 | 490 | 15605 | 288 | 101 | | 360 | | 360 | 1989 |
| 88 | 2014 | 4064 | 1486 | 7883 | 135 | 95 | 47 | 156 | | 203 | 1990 |
| 297 | 2466 | 10848 | 2466 | 14651 | 326 | 265 | 3 | 400 | | 403 | 1991 |
| 612 | 8593 | 20992 | 12093 | 26240 | | | | | | 770 | 1992 |
| 668 | 4353 | 19330 | 6233 | 24163 | | | | | | 853 | 1993 |
| 620 | 6578 | 12780 | 11701 | 20113 | | | | | | 870 | 1994 |
| 900 | 4300 | 14000 | 6500 | 22753 | | | | | | 1100 | 1995 |

## 4. جامائەت ئىشلىرى

**1) ئاممىۋى قاتناش** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ناھىيىدە زامانىۋى قاتناش قوراللىرى يوق ئىدى، مال ئات ـ ئۇلاغلارغا ئارتىلىپ ۋە هارۋىلارغا بېسىلىپ توشۇلاتتى، مال ئىگىسى ئالدىنئالا ئات ـ ئۇلاغ ئىگىسى بىلەن سۆزلىشىپ، ئاغزاكى مەسلىھەتلىشىۋالاتتى. ساياھەت بولسا، ئاتلىق، ئېشەكلىك ياكى پىيادە قىلىناتتى. ئات قوشۇلىدىغان خادىك شۇ چاغدىكى ئەڭ ئىلغار قاتناش قورالى ھېسابلىناتتى، خادىك ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ۋە ساقچى ئىدارىسىدە بىردىن بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇنداق ئەھۋال 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملاشتى، خادىك ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدىلا ئىشلىتىلىشتىن قالغانىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ۋەيلىسپىت، ئېشەك هارۋىسى ۋە ئات هارۋىسى بازار ـ يېزىلاردىكى ئاساسلىق قاتناش قورالى بولدى. ئۇزاق سەپەرگە چىققاندا، ئۇزۇن يوللۇق يولۇچىلار ئاپتوبۇسىغا چۈشۈشكە توغرا كېلەتتى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بازار رايونىدا خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى 3 چاقلىق موتسىكلىت پەيدا بولدى، توقسۇ ناھىيە بازىرى بىلەن دايۇلتۇز ئارىلىقىدا قاتنايدىغان بۇ 3 چاقلىق موتسىكلىتتا 10 نەچچە ئادەم ئولتۇرالايتتى. 80 ـ يىللاردا بازار رايونىدا يەنە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى مەپىلىك هارۋا (ئۈستى يېپىلغان ئات هارۋىسى) پەيدا بولدى، بۇنداق هارۋا ترانسپورت بېكىتى ئالدىنى مەركەز قىلىپ، ناھىيە بازىرىدىكى چوڭ ـ كىچىك يوللاردا قاتنايتتى. كىرا ھەققى ۋە ماڭىدىغان يول يۈز تۈرلۈك كېلىشىلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ناھىيىلىك ئاپتوموبىل ئەترىتى (ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى) قۇرۇلۇپ، يولۇچىلار مىنىبۇس ئارقىلىق توشۇلۇشقا باشلىدى، مىنىبۇس دايۇلتۇز، شويۇلتۇز، تاشئېرىق قاتارلىق يېزىلارغا قاتنىدى.

**2) سۇ بىلەن تەمىنلەش ۋە يۇندا چىقىرىۋېتىش** يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بازار ئاھالىسى توقسۇ ئۆستىڭىنىڭ ۋە كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچەتتى. 1965 ـ يىلى قىشتىن تارتىپ قۇدۇق قېزىلىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا دەريا سۈيى، قۇدۇق سۈيى، كۆل سۈيىدىن تەڭ پايدىلىنىلاتتى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 1 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ناھىيە بازىرىدىكى «ئىتتىپاق» يولىنىڭ غەربىدە تۇرۇبا سۈيى شىركىتى قۇرۇلدى، بۇنىڭدا كۈنىگە 2500 كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلەش لايىھىلەندى. سۇ تۇرۇبىسى يىلمۇ يىل ئۇزارتىلىپ، 1985 ـ يىلغا كەلگەندە 7 .4 كىلومېتىرغا، 1990 ـ يىلى 46 .10 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى. سۇ تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزارتىلىشىغا ئەگىشىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش مىقدارى يىلمۇ يىل ئاشتى، 1985 ـ يىلى 74 مىڭ 200 كۇب مېتىرغا، 1990 ـ يىلى 240 مىڭ كۇب مېتىرغا يەتتى، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەمىنلىنىدىغان سۇ 1100 كۇب مېتىرغا، سۇ ئىشلىتىدىغان نوپۇس 11 مىڭ 500 گە، ھەر كىشى كۈنىگە تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن ئىشلىتىدىغان ئوتتۇرىچە سۇ مىقدارى 40 لېتىرغا يەتتى. 1995 ـ يىلى 760 مىڭ تونna سۇ بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

ناھىيە بازىرىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان غول تۇرۇبىغا دۆلەت مەبلەغ سالدى، تارماق تۇرۇبىلارنىڭ چىقىمىنى پايدىلانغۇچىلار ئۈستىگە ئالدى، تۇرۇبا ئورنىتىش، باشقۇرۇش، ئاسراش ـ رېمونت قىلىش ئىشلىرىغا تۇرۇبا سۈيى شىركىتى مەسئۇل بولدى. ھەركۇب مېتىر سۇ ئۈچۈن 0.3 يۈەن ھەق ئېلىندى، شىركەتنىڭ باشقۇرۇش خادىملىرى ھەر ئايدا سۇ سائىتىگە قاراپ ھەق ئالدى.

**توقسۇ ناھىيە بازىرى رايونىدا 1985 — 1995 ـ يىلغىچە سۇ بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 17 — 7

| يىللار | يىلىغا تەمىنلەنگەن سۇ (كۇب مېتىر) | يىلىغا ئېلىنغان ھەق (يۈەن) |
|---|---|---|
| 1985 | 74230 | 14742 |
| 1986 | 107800 | 26940 |
| 1987 | 123500 | 28889 |
| 1988 | 193263 | 48315 |

| | | |
|---|---|---|
| 1989 | 250228 | 62557 |
| 1990 | 240000 | 60000 |
| 1991 | 320000 | 102553 |
| 1992 | 360000 | 162000 |
| 1993 | 440000 | 200000 |
| 1994 | 680000 | 289000 |
| 1995 | 760000 | 334000 |

توقسۇ ناھىيىسىدە مۇل - يېغىن ئاز بولغاچقا، يۇندا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىغا كېچىكىپرەك ئۈتۈش قىلىندى. 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بازار رايونىنىڭ نوپۇسى ئاران 1450 ئائىلە، 5636 ئادەم ئىدى، شۇ چاغدا تۇرمۇشتىن چىققان يۇندا شۇ يەرنىڭ ئۆزىگە چېچىۋېتىلەتتى. 1965 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە توقسۇ - شايار تاشيولىنىڭ شەرق تەرىپىنى بويلاپ بازار رايونىدىن ئۆتىدىغان بىر زەيكەش چېپىلدى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3000 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 8 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن 5 مېتىر ئىدى. بۇ زەيكەش، ئاساسلىقى، زەينى يوقىتىپ، بازار ئەتراپى رايونىدىكى ئېتىزلارنى ياخشىلاش مەقسىتىدە چېپىلدى.

1987 - يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلگەندىن كېيىن، يۇندا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. 1991 - يىلى بازار رايونىنىڭ 1 - قارارلىق يۇندا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1992 - يىل 5 - ئايدا پۈتتى، بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 1 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. 7282 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۇرۇبا ئورنىتىلىپ، بازار رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى ياخشىلاندى.

يۇندا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى پىلانلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بازار ئىچىدىكى 800 مېتىر زەيكەش، يەر ئۈستى سۇ ئورنى تۆۋەنلەپ كەتكەچكە، كاردىن چىققانىدى. بازار رايونىدىكى ئاھالىلەر خالىسانە ئەمگەك قىلىپ، زەيكەشنى تىندۇردى، بۇنىڭغا جەمئىي 30 مىڭ كۇب مېتىر توپا كەتتى، بۇنى مەبلەغكە سۇندۇرغاندا 150 مىڭ يۈەن بولىدۇ، بۇ ئارقىلىق بازارنىڭ قىياپىتى گۈزەللەشتۈرۈلدى ۋە پاشا، چىۋىنلەرنىڭ كۆپىيىش ئورنى يوقىتىلدى.

3) يورۇتۇش 1958 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە بازىرى، ئاساسەن، قارا چىراغ، شام، لامپا، گاز لامپا، پانار قاتارلىقلار ئارقىلىق يورۇتۇلاتتى. 1958 - يىلى كوزدە باغ زاۋۇتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن بىر گېنېراتور سېتىۋېلىپ، 1959 - يىلى يازدىن تارتىپ توك تارقىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، توك مەنبەسىگە ئىگە بولغان ئورۇن 4 كە يەتتى، بۇ ئارقىلىق بازار رايونىدىكى زاۋۇتلار، ئىدارە - ئورۇنلار ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا كېرەكلىك توك بىلەن تەمىن ئېتىلدى.

1970 - يىل 10 - ئايدا «شەرق قىزاردى» ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتتى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرى سۇدىن ھاسىل قىلىنغان توكتىن پايدىلىنىشقا باشلىدى. 1983 - يىل 5 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ 2 - نومۇرلۇق ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتتى، بۇ ئارقىلىق توك بىلەن تەمىنلەش دائىرىسى يېزا - كەنتلەرگىچە كېڭەيتىلدى، بازار رايونىدىكى ئورۇنلار، زاۋۇتلار، مەكتەپلەر، ئاھالىلەر ئېلېكتر چىرىغى ياقىدىغان بولدى. 1970 - يىلدىن تارتىپ «ئازادلىق» يولى، «ئىتتىپاق» يولى، «مەدەنىيەت» يولى قاتارلىق ئاساسلىق يوللارغا ئاق نۇرلۇق كوچا چىرىغى ئورنىتىلدى. 1984 - يىلى بازار - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى

كوچا چىراغلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئورناتتى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى 7 ئاساسلىق يولغا جەمئىي 60 كوچا چىرىغى ئورنىتىلدى (بۇنىڭ ئىچىدە ئاق نۇرلۇق چىراغ 25، ئۇزۇن ساپلىق سىماپ چىراغ 35) ھەممە فوتو ئېلېكترلىق ئاپتوماتىك ۋېكليۇچاتېل سەپلەندى، تۈن پەردىسى ئەتراپقا يېيىلغاندا، كوچا چىراغلىرى ئۆزلۈكىدىن ياندىغان بولدى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا مىنگو دەۋرىدىكى قەدىمكى چىراغلار — قارا چىراغ، لامپا، گاز لامپا، پانار، بوتۇلكا لامپا قاتارلىقلار ئاساسىي جەھەتتىن شاللىۋېتىلىپ، ئېلېكتر چىرىغى بازار رايونىدا ئومۇملاشتى.

4) ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش    مىنگو دەۋرىدە بازار رايونىدا زامانىۋى ئىسسىتىش ئۈسكۈنىلىرى يوق ئىدى، ئىدارىلەر، زاۋۇتلار، ماگىزىنلار، مەكتەپلەر ۋە ئاھالىلەر مەش، ئوچاق، تام مەش، كاڭدىن پايدىلىنىپ ئىسسىناتتى، پۈتۈنلەي ئوتۇن قالىناتتى. 1960 - يىلدىن كېيىن، كۆمۈر سەرپ قىلىنىش مىقدارى يىلمۇ يىل ئاشتى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم پارخانا سالدى، ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى 1 - بولۇپ پار قازان سۇيىدىن ئىسسىنىشتا پايدىلاندى، 1987 - يىلدىن تارتىپ ھۆكۈمەت بىناسى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى، 1990 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى بىناسى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەندى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بازار رايونىدا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، سودا - سانائەت ئىدارىسى، سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، دوختۇرخانا، تۈرلۈك ماللار شىركىتى، مېھمانخانا قاتارلىق ئورۇنلار پار قازان سۇيىدىن ئىسسىنىشتا پايدىلاندى، پارقازان 15 كە، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلىنىش كۆلىمى 33 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 1995 - يىلغا كەلگەندە، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، مەش، كاڭ، تام مەش، ئوچاق قاتارلىقلار يەنىلا ناھىيە بازىرىدىكى ئاساسلىق ئىسسىتىش ئۈسكۈنىسى بولۇۋاتىدۇ.

5) كۆۋرۈك - سۇڭگۈچلەر    يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ناھىيە بازىرىدا توقسۇ ئۆستىڭىگە سېلىنغان ئاددىي ياغاچ كۆۋرۈك ۋە يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈكلەرلا بار ئىدى. بەزى يالغۇز ئاياغ كۆۋرۈكلەر دەرەخ شاخلىرىدىن سېلىناتتى، دەرەخ ئۈچى ئېگىلىپ تۇتقۇچ قىلىناتتى. ناھىيە بازىرىدا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 50 مېتىر كېلىدىغان 10 ياغاچ كۆۋرۈك بار ئىدى. 1959 - يىلدىن كېيىن، ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولى ناھىيە بازىرىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، سېمونت كۆۋرۈك - سۇڭگۈچلەر ياسىلىشقا باشلىدى. 1978 - يىلدىن كېيىن، ئاساسلىق يوللارنىڭ توقسۇ ئۆستىڭىگە تۇتىشىدىغان جايىغا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 مېتىر كېلىدىغان 4 سېمونت كۆۋرۈك سېلىندى. 1983 - يىلى يەنە توقسۇ ئۆستىڭىنىڭ 600 مېتىردىن ئاشىدىغان قىسمى (توقسۇ بازىرىدىن مىللىي بۇيۇملار زاۋۇتىغىچە) نىڭ ئۈستى يېپىلىپ، ئاستىغا قولايلىق تۇغدۇرۇلدى، قاتناش شارائىتى ياخشىلاندى، بازار قىياپىتى گۈزەللەشتۈرۈلدى.

## 5. بازار رايونىنى كۆكەرتىش

1) ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى    بۇ مەيدان بازار رايونىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىگە جايلاشقان. مەيدان 1959 - يىلى قۇرۇلدى، شۇ چاغدا «خەلق باغچىسى» دەپ ئاتىلاتتى، 1960 - يىلى نامى «قىزىل نۇر» باغۋەنچىلىك مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى، مەيداننىڭ ئىگىلىگەن يېرى 200 نەچچە مو، ئىشچى - خىزمەتچىسى 30 نەچچىگە يېتىدۇ. مەيدان بېغىغا ئۈزۈم، ئالما، شاپتۇل، ئۆرۈك، نەشپۈت، ياڭاق، قارىئۆرۈك، ئانار قاتارلىق مېۋىلىك دەرەختىن 3000 تۈپتىن كۆپرەك تىكىلدى، چىملىق، راۋاق، سۇ بويىدىكى ئايۋان ياسالدى. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە باغ بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئېچىپ قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدا باغۋەنچىلىك ئىگىلىكى بىلەن باغ سەيلىسى بىرگەۋدىلەشتۈرۈلگەن. بۇ باغدا شىياڭگاڭنىڭ سابىق مۇۋەققەت باش

ۋالىيسى، سىر جۇلاڭ يىجىپ ۋە ئۇنىڭ خانىمى ھەم ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسمائىل ئەھمەد، يۇەن باۋخۇا قاتارلىق ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر كۆتۈۋېلىنغانىدى .

2 ) يوللارنى كۆكەرتىش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئاساسلىق كوچىلار توقسۇ ئۆستىڭىنى بويلاپ سوزۇلغاچقا، ئۆستەڭ بويىغا تال ۋە تېرەك تىكىلگەن، قالغان چوڭ ـ كىچىك كوچىلارغا پارچە ـ پۇرات كۆچەت تىكىلگەنىدى. 1949 ـ يىلدىن كېيىن، ھەر يىلى ئەتىيازدا كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئەمما بازار رايونىدا زەي ئۇرلەپ كەتكەچكە، ئورمان بەرپا قىلىشنىڭ ئۈنۈمى بەكمۇ ئاز بولدى. 1964 ـ يىلدىن كېيىن، ئاساسلىق يوللارنىڭ 2 ياقىسىغا تېرەكنى ئاساس قىلغان ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىندى. كۆچەت تىكىلىشتىن ئىلگىرى، كۆچەت تىكىلىدىغان يەرنىڭ تۇپىسى ئالماشتۇرۇلۇپ، قۇم تۆكۈلدى، شۇنىڭ بىلەن كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى يۇقىرى بولدى. 70 ـ يىللارغا كەلگەندە يېتىلگەن ئورمانلارنىڭ بەزىلىرى يېڭىلاندى، بەزىلىرى 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆستۈرۈلدى.

1988 ـ يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە بازىرى رايونىدىكى ئاساسلىق كوچىلارنىڭ 2 يېقىدا 2 مېتىر كەڭلىكتە ئورمان بەلۋېغى بار بولۇپ، بۇ بەلۋاغقا تېرەك ياكى ئەرمۇدۇن، ئۆستەڭ بويىغا بولسا، يەنىلا سۆگەت قويۇلغانىدى. ناھىيە بازىرى بۆلەك ـ باراقسان ئورمان بىلەن قاپلانغانىدى، كۆكەرتىش كۆلىمى 174 مىڭ 364 كۋادرات مېتىرغا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كۆكەرتىلگەن يەر 8.8 كۋادرات مېتىرغا يېتەتتى. بازار رايونىغا جايلاشقان ئىدارە ـ ئورۇنلارنىڭ كۆپى ئىشىك ئالدىغا كۆچەت تىككەن، گۈل تېرىغانىدى. بازار رايونىدىكى ئورمان بەلۋېغىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 35 مىڭ 316 كۋادرات مېتىرغا، بازار ئاھالىسى يول بويىغا تىككەن كۆچەت كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ كۋادرات مېتىرغا، بۇ ئىككىسىنى قوشقاندا 45 مىڭ 316 كۋادرات مېتىرغا يېتەتتى.

1988 ـ يىلدىن كېيىن، بازار رايونىنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاساسلىق يوللار كېڭەيتىلدى، بۇرۇن تىكىلگەن تېرەك كۆچىتى پۈتۈنلەي يېڭىلىنىپ، كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ ياكى مەنزىرە دەرەخلىرى قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قارىغاي، ئارچا، كەڭ يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن، سىدە، يۇمىلاق تاجلىق سۆگەت قاتارلىقلار بار، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گۈل ـ گىياھلار كۆپلەپ تېرىلدى.

ھويلا ـ ئارامگاھلارنى كۆكەرتىش ئىدارە ـ ئورۇنلارنىڭ ھويلىسىدىكى بوش يەرلەرگە، ئادەتتە، گۈل ـ گىياھ، ئۈزۈم ۋە ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر قويۇلدى. بەزى ئورۇنلار يەنە سۈنئىي تاغ ۋە فونتان ياسىدى. كۆكەرتىش جەھەتتە ياخشىراق بولغان ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە كۆكەرتىش كۆلىمى 2000 كۋادرات مېتىردىن ئاشتى. بازار رايونىدىكى ئاھالىلەر ئارىسىدا گۈل تېرىش، كۆچەت تىكىش ئادەتكە ئايلانغان، ئۇلار ئۆي ئەتراپىدىكى بوش يەرلەرگە سۆگەت، تېرەك، ئۈجمە، مېۋىلىك دەرەخ قويىدۇ، گۈل ـ گىياھ تېرىيدۇ. بىر قىسىم ئائىلىلەر ھويلا ئىچىدە، بالكوندا ياكى ئۆيدە تەشتەكتە گۈل ئۆستۈرىدۇ، كۆپ ئۆستۈرۈلگەنلىرىنىڭ 100 تەشتەكتىن ئاشىدۇ.

**توقسۇ ناھىيە بازىرى رايونىنىڭ 1990 ـ يىلدىكى كۆكەرتىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 17 — 8

| ئورۇن نامى | كۆكەرتىلگەن يەر كۆلىمى | ئورۇن نامى | كۆكەرتىلگەن يەر كۆلىمى |
|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك ھۆكۈمەت | 1200 | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى | 344 |
| ناھىيىلىك پارتكوم | 1689 | تۇرۇبا سۇيى شىركىتى | 259 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ج خ ئىدارىسى | 160 | ترانسپورت بېكىتى | 200 |
| تەپتىش مەھكىمىسى | 1400 | يېزا ئىگىلىك 1 - شىمى ترانسپورت بېكىتى | 1000 |
| سوت مەھكىمىسى | 800 | ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەت | 972 |
| قوراللىق بۆلۈم | 1889 | يېمەكلىك شىركىتى | 3000 |
| سودا - سانائەت ئىدارىسى | 15 | ماددىي ئەشيا شىركىتى | 250 |
| باج ئىدارىسى | 140 | رادىئو ئىدارىسى | 406 |
| 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى | 1300 | مېھمانخانا | 917 |
| سودا - سانائەت بانكىسى | 50 | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 334 |
| يېزا ئىگىلىك بانكىسى | 70 | 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ | 1491 |
| سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى | 750 | 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 2000 |
| 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 860 | بازارلىق دوختۇرخانا | 3601 |
| 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 3000 | بازارلىق ھۆكۈمەت | 555 |
| 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ | 300 | تەمىنات - سودا كوپېراتىپى | 625 |
| 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ | 300 | پاختا - چىگە شىركىتى | 2000 |
| يەسلى | 115 | كىنوخانا | 320 |
| پارتىيە مەكتىپى | 2668 | پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى | 300 |
| ماتارىپ ئىدارىسى | 1215 | ئاشلىق ئىدارىسى | 5000 |
| ترانسفورماتور پونكىتى | 266 | تاشقى سودا ئىدارىسى | 3052 |
| كىنو شىركىتى | 595 | تاشيول ئاسراش ئۇچاستكىسى | 3000 |
| مېتېئورولوگىيە پونكىتى | 1035 | باغۋەنچىلىك مەيدانى | 104334 |
| ياسما زاۋۇتى | 720 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | 1148 |
| ئۆلچەم پونكىتى | 398 | ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | 822 |
| ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئەترىتى | 500 | ئوقغازان زاۋۇتى | 2782 |
| ئورۇقچىلىق پونكىتى | 210 | رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى | 2234 |
| ئورمانچىلىق پونكىتى | 5316 | كونسېرۋا زاۋۇتى | 175 |
| ناھىيىلىك دوختۇرخانا | 4805 | مالىيە ئىدارىسى | 780 |
| سودا ئىدارىسى | 247 | تېببىي دورا شىركىتى | 450 |

# باب III

# يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى

## 1 § . يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلاشقان جاينىڭ قۇرۇلۇشى

يېڭى جۇڭگو ئەمدىلا قۇرۇلغان مەزگىللەردە رايونلۇق مەھكىمىلەر شۇ جايدىكى بايلارنىڭ قورۇسىدا تەسىس قىلىندى.

1956 - يىلى رايون ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزىغا قوشۇۋېتىلدى، 1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى، گۇڭشې ئورگىنى ھۆكۈمەت ئۆيىگە ياكى يېڭى سېلىنغان قورۇغا كۆچۈپ كىردى. بازار گۇڭشې «ئىتتىپاق» يولىغا، «سۈنشى ھەمراھ» گۇڭشېسى (ھازىرقى ئىچكىرىق يېزىسى) «قىزىل نۇر» چوڭ ئەترىتىگە، «قىزىل بايراق» گۇڭشېسى (ھازىرقى تاشئېرىق يېزىسى) تاشئېرىق چوڭ ئەترىتىگە، شويۇلتۇز گۇڭشېسى قاراقۇم چوڭ ئەترىتىگە، «شەرق شاملى» گۇڭشېسى (ھازىرقى يۇلتۇزباغ يېزىسى) بازار چوڭ ئەترىتىگە ئورۇنلاشتى. گۇڭشېلارغا قاراشلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، بانكا تىجارەت پونكىتى، باج پونكىتى، پوچتا - تېلېگراف پونكىتى، شىپاخانا، كىنوخانا (كىنو ئەترىتى)، مەدەنىيەت پونكىتى، مەكتەپ، قۇرۇلۇش ئەترىتى، ئورمان - باغ زاۋۇتى قاتارلىقلار گۇڭشېنى مەركەز قىلىپ، تاشيولنىڭ 2 يېقىغا سېلىندى، شۇنىڭ بىلەن يول ۋە بازارلار تەدرىجىي شەكىللەندى. 1976 - يىلى كۈزدە گۇڭشېلارنىڭ يوللىرىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. 1984 - يىلى گۇڭشې ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يېزا - بازار تەسىس قىلىندى، ناھىيىدە جەمئىي 6 يېزا، بىر بازار بار، يېزا (بازار) ئورۇنلاشقان جاي دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە كىچىك بازارغا ئايلىنىپ، رايون خاراكتېرلىك سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى.

## 2 § . يېزا - قىشلاق قۇرۇلۇشى

### 1. تۇرالغۇ ئۆي

مىنگو دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، يېزىلاردىكى تۇرالغۇ ئۆيلەر ئىنتايىن ئاددىي ئىدى، ئادەتتە تام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئۆينىڭ 4 بۇلۇڭىغا قويۇلغان تۈۋرۈك ئۈستىگە تىرەكتىن لىم قويۇلۇپ، بورا ياكى دەرەخ شېخى بىلەن يېپىلىپ، ئۈگزىگە لاي سېلىناتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مۇنداق شەكىلدىكى ئۆي - ئىمارەتلەر 70 - يىللارغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. 80 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ خەلقنى بېيىتىش سىياسىتى ئالدى بىلەن يېزىلاردا گەۋدىلەندى، بېيىغان بەزى ئائىلىلەر خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق يېڭى تۇرالغۇ ئۆيلەرنى سالدى. ئەمما

بوْنداق ئۆي - ئىمارەتلەر يېزىلاردا يەنىلا ئاز، كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي - ئىمارەتلەر يەنىلا كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ.

## 2. يېزىلاردىكى «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى

60 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ يېزا - كەنتلەردە «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى (ياخشى سالا ئېتىز، ياخشى ئورمان بەلۋېغى، ياخشى ئېرىق - ئۆستەڭ، ياخشى يول، ياخشى مەھەللە) ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىلدى. 1983 - يىلى ناھىيەدە 1653 ئائىلىلىك دېھقان پىلان بويىچە سېلىنغان مەھەللىلەرگە كۆچۈپ كىردى، يېڭىدىن سېلىنغان تۇرالغۇ ئۆي كۆلىمى 76 مىڭ 744 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

1988 - يىلغا قەدەر ناھىيەنىڭ يېزىلىرىدا ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 238.6 كىلومېتىر كېلىدىغان 423 يول ياسالدى؛ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 257 كىلومېتىر كېلىدىغان 220 كونا يول رېمونت قىلىندى؛ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 137.8 كىلومېتىر كېلىدىغان 158 ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى؛ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 177.2 كىلومېتىر كېلىدىغان 362 كونا ئېرىق - ئۆستەڭ رېمونت قىلىندى؛ 86 كۆۋرۈك، 62 توما، بىر كىچىك سۇ ئامبىرى ياسالدى؛ 171 پارچە سالا ئېتىز تۈزلەندى؛ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 394 كىلومېتىر كېلىدىغان 514 ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىندى.

1991 - يىلى يېزىلاردىكى «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى ناھىيە مىقياسىدا يەنە قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى ئومۇمىي كۆلىمى 47 مىڭ 376 مو كېلىدىغان 500 سالا ئېتىز تۈزلەندى؛ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 475 كىلومېتىر كېلىدىغان 1731 ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى؛ ئېتىز ئارىسىدىكى ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 81 كىلومېتىر كېلىدىغان 216 يول رېمونت قىلىندى؛ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 102 كىلومېتىر كېلىدىغان 208 ئورمان بەلۋېغى رېمونت قىلىندى؛ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 40 كىلومېتىر كېلىدىغان 60 زەيكەش چېپىلدى. بۇ ئىشلارغا 630 مىڭ ئەمگەك كۈنى، كۈن ھېسابىدا 190 مىڭ هارۋا، 350 مىڭ ماشىنا (ئىسمىنا) سەرپ قىلىندى، 5 مىليون 520 مىڭ كۇب مېتىر تۇپا قېزىلدى.

### قوشۇمچە

#### دايۇلتۇز بازىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

دايۇلتۇز بازىرى توقسۇ ناھىيىسى بازىرىنىڭ 18 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان، بازاردا 1995 - يىلى 500 نەچچە ئائىلە، 2500 دىن ئارتۇق ئادەم بار بولدى، بۇ، توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق بازارلاردىن بىرى. بازارنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۈرۈمچى - قونچىراپ تاشيولىنىڭ جەنۇبىغا، يۇلتۇزباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت ئورۇنلاشقان جايغا ئورۇنلاشقان.

مىنگو دەۋرىدە دايۇلتۇز بازىرى شايار ناھىيىسىنىڭ يۇلتۇز مەھەللىسى ئىدى، ئۇنىڭ 3 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا كۆلىمى چوڭ ئۇچقات قەدىمىي شەھىرى بار ئىدى، بۇ ھال بۇ جاينىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىلا خېلى يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 7 - ئايدا يۇلتۇز مەھەللىسى شايار ناھىيىسىدىن توقسۇ ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا 14 كىچىك مەھەللە بولۇپ، بۇ، ئەسلىدە شايار ناھىيىسىنىڭ شىمالىي يېزىسى 6 - رايونىغا قاراشلىق جايلار ئىدى. دايۇلتۇز بازىرى يەكشەنبە بازار دەپ ئاتىلىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ جاينىڭ نامى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلدى، بوْنداق ئۆزگىرىش كىشىلەرگە نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنى كەلتۈردى، ئەمما ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى

ئارىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا دايۇلتۇز دېگەن نام قوللىنىلىپ كەلدى.

مىنگو دەۋرىدە بۇ يەر سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى يىغىش - تارقىتىش ئورنى ئىدى. بازارنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن بىر كۋادرات كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بىر ئاساسلىق يولى بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن بىر كىلومېتىر، يولنىڭ 2 يېقىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەر كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئاددىي ئۆيلەردىن ئىبارەت، بۇ يەردىن ناھىيە بازىرىغا بارىدىغان هارۋا يولى بار. شەرقتىن غەربكە ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭ بازارنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

1958 - يىلى دايۇلتۇز گۇڭشېسى قۇرۇلدى، گۇڭشې ئورگىنى يەكشەنبە بازارغا ئورۇنلاشتى. 1975 - يىلدىن تارتىپ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تولۇق تارقىتىلىشقا باشلىدى. 1976 - يىلى ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1000 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 8 مېتىر كېلىدىغان يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، يول ياقىسىدىكى كەڭلىكى 2 مېتىر كېلىدىغان ئورمان بەلۋېغىغا تېرەك كۆچىتى قويۇلدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بازارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن بىر كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى، بازاردا باج پونكىتى، پوچتا - تېلېگراف پونكىتى، سودا - ساناەت پونكىتى، بانكا تىجارەت پونكىتى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ، ئاشلىق پونكىتى، تاشقى سودا سېتىۋېلىش پونكىتى، كىنوخانا، شىپاخانا قاتارلىق يېزىغا قاراشلىق ئىدارە - ئورۇنلار بار. بازاردىكى ئومۇمىي ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى تەخمىنەن 30 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ، ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق بىناسى بار.

بازاردا يېزا باشقۇرۇشىدىكى كارخانىدىن 8ى (قۇرۇلۇش ئەترىتى، قۇدۇق قېزىش ئەترىتى، باغۋەنچىلىك ئەترىتى، ئۇن زاۋۇتى، خومدان، پاختا زاۋۇتى، تورۇبا سۇيى زاۋۇتى، سېمونت قويۇلما زاۋۇتى) بار. 1987 - يىلدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 950 مىڭ يۈەنگە، 1995 - يىلدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پروگراممىلىق تېلېفون يولغا قويۇلدى، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى قۇرغان باغ زاۋۇتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. بازارنى ئورۇمچى - قونجىراپ تاشيولى كېسىپ ئۆتكەچكە، بازارنىڭ قاتناش شارائىتى ناھايىتى قولايلىق. ھازىر «T» شەكىللىك 2 ئاساسلىق يول بارلىققا كەلدى، دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولغان كىچىك بازار شەكىللەندى.

# IV باب

# ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش

## 1 § . يەر - زېمىن باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو ئەمدىلا قۇرۇلغان مەزگىللەردە يەر ئېلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى بېجىردى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىزمەتنى يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى بىلەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گورۇپپىسى بېجىردى، 1988 - يىل 12 - ئايدىن كېيىن يەر ئىدارىسى بېجىردى.

1980 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت «يەر ئېلىپ ئىشلىتىش ۋە ھەق تۆلەش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، يەرگە تۆلىنىدىغان ھەققى ھېسابلاش ئۆلچىمىنى بەلگىلىدى، بۇنىڭدا زىرائەتنىڭ 3 يىللىق ھوسۇلى بويىچە باھا قويۇلدى. ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى 1 - دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ باھاسى 300

كىلوگرام بۇغداي، 2 - دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ باھاسى 200 كىلوگرام بۇغداي، 3 - دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ باھاسى 150 كىلوگرام بۇغداي ھېسابلاندى. ناھىيە بازىرىدىن يىراق يەرلەرگە تۆلىنىدىغان ھەق يۇقىرىقى ئۆلچەمدىن تۆۋەنرەك بولدى، ئازىيىش دەرىجىسى 15% بولدى. يۇقىرىقى بەلگىلىمە 1981 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلىندى.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەر باشقۇرۇش قانۇنى» ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان 3 خىل يەر (دۆلەت قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىدىغان يەر، كوللېكتىپ قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىدىغان يەر، خۇسۇسىيلار ئۆي سېلىشقا ئىشلىتىدىغان يەر) توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، 3 مو تېرىلغۇ يەر، 10 مو ئوتلاق، 20 مودىن تۆۋەن بوزيەر ناھىيە تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ تەستىقلاندى، 20 مودىن يۇقىرى بولسا، يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللاندى.

توقسۇ ناھىيىسى ئۆي سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان يەر توغرىسىدا مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى:

1. شەخسلەر ئۆي سېلىشقا ئىشلىتىدىغان يەر ناھىيە بازىرىدا (ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئاھالىلەر شۇنىڭ ئىچىدە) ھەر ئائىلىگە 2 — 3 پۇڭ، يېزىلاردا ھەر ئائىلىگە 5 — 7 پۇڭ بولىدۇ.

2. يېزىلاردا ئولتۇرۇشلۇق دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن بازار نوپۇسىدىكىلەرگە ئۆلچەملىك ئۆي سېلىشقا كىرەكلىك يەرلا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا ئايرىپ بېرىلگەن باغ، قالدۇرۇق يەر، يەم - خەشەك يېرى كوللېكتىپقا قايتۇرۇۋېلىنىدۇ. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن يېزا نوپۇسىدىكىلەرگە ئادەم سانىغا قاراپ قالدۇرۇق يەر بېرىلىدۇ.

3. دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ياكى دېھقانلاردىن بىر ئائىلىنىڭ بىرلا ئورۇندا ئۆي سېلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ، كۆپ ئورۇندا ئۆي سالغانلارنىڭ بىر ئورۇندىكى ئۆيىلا قالدۇرۇلىدۇ، قالغان ئۆيلىرى ئۆيى يوق ئائىلىلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىلىدۇ. يەرنى قانۇنسىز ئېلىپ ساتقان، ئىجارىگە بەرگەن، ئۆتۈنۈپ بەرگەنلەرنىڭ قانۇنسىز كىرىمى مۇسادىرە قىلىنىدۇ ھەمدە ئالاقىدار كىشىلەرگە ئەھۋالغا قاراپ جەرىمانە قويۇلىدۇ.

## توقسۇ ناھىيە بازىرىدا 1987 - يىلى ئىشلىتىلگەن يەرلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى

جەدۋەل: 17 — 9

| تۈرى | كۆلىمى (گېكتار) | ئومۇمىي ئىشلىتىلگەن يەردە ئىگىلىگىنى (%) | كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە توغرا كېلىدىغان كۆلەم (كۋادرات مېتىر) |
|---|---|---|---|
| سانائەتكە ئىشلىتىلگەن يەر | 26.07 | 8.78 | 13.3 |
| ئامبارغا ئىشلىتىلگەن يەر | 16 | 5.08 | 8.16 |
| سىرتنىڭ قاتنىشىغا ئىشلىتىلگەن يەر | 6.56 | 2.08 | 3.55 |
| بازار بىمۇرىيىتى مۇئەسسەسىلىرى | 1.84 | 0.58 | 0.94 |
| سودا بازىرى | 10 | 3.18 | 5.09 |
| ئالاھىدە ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن يەر | 6.66 | 2.11 | 3.4 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| تۇرمۇشقا، ئولتۇراقلىشىشقا ئىشلىتىلگەن يەر | كىچىك جەمئىي | 166.73 | 52.93 | 85.07 |
| | ئولتۇراقلىشىشقا ئىشلىتىلگەن يەر | 83.24 | 26.43 | 42.43 |
| | جامائەت ئىمارەتلىرىگە ئىشلىتىلگەن يەر | 45.41 | 14.42 | 23.17 |
| | يولغا ئىشلىتىلگەن يەر | 23.08 | 7.33 | 12.13 |
| | كۆكەرتىشكە ئىشلىتىلگەن يەر | 15 | 4.76 | 7.65 |
| دەريا ـ ئۆستەڭ ئىگىلىگەن يەر | | 6.25 | 1.98 | 3.19 |
| باشقىلار ئىگىلىگەن يەر | | 74.89 | 23.77 | 28.21 |
| جەمئىي | | 315 | 100 | |

## توقسۇ ناھىيىسى 1987 — 1995 ـ يىلغىچە قۇرۇلۇشقا ئالغان يەر

جەدۋەل: 17 — 10   بىرلىكى: مو

| يىللار | دۆلەت قۇرۇلۇشقا ئالغان يەر | كوللېكتىپ قۇرۇلۇشقا ئالغان يەر | شەخسلەر قۇرۇلۇشقا ئالغان يەر | جەمئىي | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئومۇمىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدىكى بوز يەر |
| 1987 | 36 | | 151 | 187 | |
| 1988 | 25 | 42 | 86 | 153 | 134 |
| 1989 | 16 | 4.5 | 198 | 218.5 | 129 |
| 1990 | 40 | 9 | 97 | 146 | 107 |
| 1991 | 60 | | 228 | 288 | 207 |
| 1992 | 168 | | 133 | 301 | 252 |
| 1993 | 95 | 185 | 3775 | 655.5 | |
| 1994 | 1822 | 9.5 | 155 | 1986.8 | |
| 1995 | 72 | 2.7 | 175.8 | 250.5 | |

# 2 § . ئۆي - جاي باشقۇرۇش

مىنگو دەۋرىدە ھۆكۈمەت مۈلكى، ھۆكۈمەت ئۆيلىرىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مالىيە بۆلۈمى باشقۇردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئومۇمىي مۈلۈك، ھۆكۈمەت ئۆيلىرىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە بۆلۈمى باشقۇردى، 1984 - يىلى كۈزدە شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئۆيلىرى، خۇسۇسىي ئۆيلەرنى تىزىملاش، ئىجارىگە بېرىش، چېقىش - كۆچۈرۈش، ئېلىش - سېتىش قاتارلىق ئىشلار ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش ئورنىنىڭ بېجىرىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بازىرىدىكى ئۆي كۆلىمى 242 مىڭ 655 كۋادرات مېتىر ئىدى، 1995 - يىلغا كەلگەندە 312 مىڭ 120 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارە - ئورۇنلارنىڭ ئۆيلىرى 124 مىڭ 385 كۋادرات مېتىر، خۇسۇسىي ئۆيلەر 183 مىڭ 171 كۋادرات مېتىر، دىنىي ئورۇنلارنىڭ ئۆيلىرى 1416 كۋادرات مېتىر، ھەربىي قىسىمنىڭ ئۆيلىرى 2075 كۋادرات مېتىر. ھۆكۈمەت ئۆيلىرىنى ھەرقايسى ئورۇنلار باشقۇردى، ئۆي ئىجارىسى شۇ ئورۇنلار تەرىپىدىن يىغىۋېلىنىدى، ھەر كۋادرات مېتىرغا تەخمىنەن 4 پۇڭدىن بىر موغىچە ئېلىنىدى. ھەر قايسى ئورۇنلار ھەر يىلى بەلگىلىمە بويىچە ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش ئورنىغا ئۆي - زېمىن باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇردى.

**توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ 1990 - يىلدىكى ئۆي ئەھۋالى**

جەدۋەل: 17 — 11

| خىلغا ئايرىلىشى / تۈرى | ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار | | كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلار | | خۇسۇسىيلارنىڭ | | باشقىلار | | جەمئىي (كۋادرات مېتىر) | پىرسەنتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئىگىلىگىنى (%) | كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئىگىلىگىنى (%) | كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئىگىلىگىنى (%) | كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئىگىلىگىنى (%) | | |
| سېلىنغان ۋاقتى: 1949 - يىلدىن ئىلگىرى | 915 | 0.38 | 668 | 3.35 | 18364 | 11.6 | | | 19947 | 4.7 |
| 50 - يىللار | 15518 | 6.39 | 455 | 2.28 | 3941 | 2.49 | | | 19914 | 4.69 |
| 60 - يىللار | 39939 | 16.46 | 9485 | 47.53 | 22644 | 14.31 | | | 72068 | 16.95 |
| 70 - يىللار | 92933 | 38.3 | 64.11 | 32.12 | 49756 | 31.43 | 1880 | 51.52 | 150974 | 35.56 |
| 80 - يىللار | 76505 | 31.53 | 2937 | 14.72 | 46189 | 29.18 | 569 | 15.59 | 126200 | 29.73 |
| 90 - يىللار | 16845 | 6.94 | | | 17386 | 10.99 | 1200 | 32.89 | 35431 | 8.34 |
| جەمئىي | 242655 | 100 | 19956 | 100 | 158274 | 100 | 3649 | 100 | 424534 | 100 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇرۇلمىسى | خىش - بې- تون قۇرۇل- مىلىق | 48193 | 19.86 | | | 5216 | 3.3 | 1200 | 32.89 | 54609 | 12.87 |
| | خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق | 64650 | 26.64 | 2838 | 14.22 | 17920 | 11.32 | 235 | 6.44 | 85643 | 20.17 |
| | كېسەك - يا- غاچ قۇرۇل- مىلىق | 129812 | 53.5 | 17118 | 85.78 | 135138 | 85.38 | 2214 | 60.67 | 284282 | 66.96 |
| | جەمئىي | 242655 | 100 | 19956 | 100 | 158274 | 100 | 3649 | 100 | 424534 | 100 |
| قەۋىتى | بىر قەۋەت | 204887 | 84.43 | 19578 | 98.11 | 152058 | 96.07 | 2449 | 67.11 | 78972 | 89.27 |
| | 2 ـ 3 قەۋەت | 33675 | 13.88 | 378 | 1.89 | 6216 | 3.93 | 1200 | 32.89 | 41469 | 9.77 |
| | 4 قەۋەتتىن 6 قەۋەتكىچە | 4093 | 1.69 | | | | | | | 4093 | 0.96 |
| | جەمئىي | 242655 | 100 | 19956 | 100 | 158274 | 100 | 3649 | 100 | 424534 | 100 |
| ئىشلىتىلىش تۈرى | تۇرالغۇ ئۆي | 81402 | 33.55 | 1181 | 5.92 | 156674 | 98.99 | | | 239257 | 56.36 |
| | ئامبار | 17321 | 7.14 | 4729 | 23.7 | | | | | 22050 | 5.19 |
| | سودا مۇلازى- مەت | 42906 | 17.68 | 3379 | 16.93 | 1600 | 1.01 | | | 47885 | 11.28 |
| | مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلمىي تەت- قىقات | 22335 | 9.2 | | | | | | | 22335 | 5.26 |
| | تەنتەربىيە، كۆڭۈل ئېچىش | 6240 | 2.57 | | | | | | | 6240 | 1.47 |
| | ئىشخانا | 25044 | 10.32 | 875 | 4.38 | | | 108 | 2.96 | 26027 | 6.13 |
| | باشقا ئۆيلەر | 47407 | 19.54 | 9792 | | | | 3541 | 97.04 | 60740 | 14.31 |
| | جەمئىي | 242655 | 100 | 19956 | 100 | 158274 | 100 | 3649 | 100 | 424534 | 100 |

# V باب

# بىناكارلىق

## § 1 . باشقۇرۇش

### 1. تەكشۈرۈش - ئۆلچەش

بازار رايونىدىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنى سېلىشتا ئالدى بىلەن شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشىنى باشقۇرغۇچى تارماققا ئىلتىماس دوكلاتى يېزىلىدۇ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق لاياقەتلىك دەپ قارالغاندىن كېيىن يەردىن پايدىلىنىش گۇۋاھنامىسى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش پىلانى ئىجازەتنامىسى بېرىلىدۇ. شەخسلەر ئۆي - ئىمارەت سالغاندا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلاش پىكرى قوشۇپ يوللاندى.

مۇھىم ئۆي - ئىمارەتلەردە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى تارمىقى باشلامچى بولۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەرنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا يوللىدۇ، ئاندىن كېيىن ئورۇن تاللاش، شەكلىنى بەلگىلەش، مەبلەغ توغرىسىدا قارار چىقىرىلىدۇ. ناھىيىلىك پارتكوم بىناسى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىناسى، ئاشلىق ئىدارىسى بىناسى قاتارلىق ئىمارەتلەرنى سالغاندا، ئەمەلىي تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمەتلىرىگە شۇجى، ھاكىملار شەخسەن قاتناشتى.

### 2. لايىھىلەش

ئۆي - ئىمارەتلەرنى لايىھىلەشكە، كۆپىنچە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى تارمىقى مەسئۇل بولىدۇ، ئەمما ئىمارەت سالدۇرغۇچى ئورۇن ئۆزلىرى ئالاقىلىشىپ، سىرت جايدا لايىھىلەتكەنلىرىمۇ بار. شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسىدە بىناكارلىق لايىھىلەش ئىشخانىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، بەزى مۇھىم ئۆي - ئىمارەتلەرنى لايىھىلەشكە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتتىن ئادەم تەكلىپ قىلىندى، مەسىلەن: ناھىيىلىك پارتكوم بىناسى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىناسى، «خەلق» كىنوخانىسى، توقسۇ مېھمانخانىسى قاتارلىقلار.

### 3. قۇرۇلۇش قىلىش

ئۆي - ئىمارەت سېلىشقا كىرىشىشتىن ئىلگىرى، بازار - يېزا قۇرۇلۇشى تارمىقى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنىڭ كۈچى ۋە سەۋىيىسىگە ئاساسەن، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ھۆددە بېرىش ئىشىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى، بۇنىڭدا مەسلىھەتلىشىش، خېرىدار چاقىرىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى،

ئاشكارىلىق دەرىجىسى چوڭراق بولدى. ئەمما «ئا» تەرەپ بىلەن «ب» تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ، بازار - يېزا قۇرۇلۇشى تارمىقىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلگەنلىرىمۇ بولدى. قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى ئادەم ئەۋەتىپ، قۇرۇلۇش سۈپىتىنى ھەر ۋاقىت تەكشۈرۈپ تۇردى. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، شەھەر قۇرۇلۇشى تارمىقى ۋە پىلان كومىتېتى، سودا - سانائەت، باج، قۇرۇلۇش بانكىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى.

شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى تارمىقى قاتتىق تەكشۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىناكارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىگىمۇ ئەھمىيەت بەردى، تەبىئىي سۈپىتىنى تەكشۈرۈشنى دەرىجىمۇ دەرىجە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باشقۇرغۇچى كادىرلارنى تېخنىكا جەھەتتىن سىناپ كۆرۈش - تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى سۈپەت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈش تەشكىلى ۋە سۈپەت تەكشۈرۈش سىستېمىسىنى كۈچەيتتى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. قۇرۇلۇش ئەترەتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشنى ھۆددە ئېلىشنى ئۆتۈنۈپ بېرىشىگە ۋە كىنىشكىسىز قۇرۇلۇش قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى، خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا ئەھۋالىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ جەرىمانە قويۇلدى.

## § 2 . قوشۇن

### 1. خۇسۇسىي ئۇستىلار

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ھەرخىل ئۇستىلار ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلاتتى، ئۇلارنىڭ كۆپى سانائەت بىلەنمۇ، دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىناتتى. ئاساسلىق ئۇستىلار ئىچىدە ياغاچچى، تامچى، سىرچى، تۆمۈرچى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇقىم تەشكىلى يوق ئىدى، ئادەتتە 2 — 3 ئادەم بىرلىشىپ ئىشلەيتتى، قۇرۇلۇش چىقىپ قالسا، بىر - بىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئەنئەنىۋى ھۈنەر بويىچە كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئادەتتىكى ئۆيلەرنى سالاتتى. مۇنداق ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي بولۇپ، ئۇنىڭغا چىرتيوژ كەتمەيتتى، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، ئۇستىلار ھەر ياققا كېتەتتى. مىنگو دەۋرىدە ناھىيىدىكى بىر قەدەر مەشھۇر ياغاچچىلاردىن مۇھەممەتئاخۇن، تۆمۈر ئاخۇن، سايىم ئاخۇن قاتارلىقلار بار ئىدى.

### 2. بىناكارلىق كارخانىلىرى

1958 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيىدە بىناكارلىق كارخانىسى يوق ئىدى. 1959 - يىل 8 - ئايدا ھۆكۈمەتتىن 5 دۆلەت كادىرى ئاجرىتىلىپ، قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپىدىن 20 ياغاچچى، 15 تامچى، 2 سىرچى، 3 خىشچى يۆتكەپ كېلىنىپ، جەمئىي 45 ئادەمى بار ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلدى، ماموت پاشا ئەترەت باشلىقى بولدى. 1962 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئەترىتى قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپىغا قوشۇۋېتىلدى.

1975 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئەترىتى يېڭىۋاشتىن قۇرۇلدى، چىڭ يۈيۈ ئەترەت باشلىقى بولدى، قول سانائەت بىرلەشمە كوپېراتىپىدىن تامچى، ياغاچچى قاتارلىقلاردىن 22 كىشى يۆتكەپ كېلىندى.

ئۇ چاغدا بىناكارلىق ماشىنىلىرى يوق ئىدى، بىناكارلىقتا، ئاساسەن، تامچى پىچىقى، ئەندىۋا، كەكە، ھەرە قاتارلىق قول ھۈنەر سايمانلىرى ئىشلىتىلەتتى. كېيىن تولۇق ھەرە، تراكتور، پرېس، ياغاچچىلىق ئىستانوكى، ياغاچچىلىق ئۈشكىلەش ئىستانوكى، ئىلەشتۈرۈش ماشىنىسى قاتارلىق بىناكارلىق ماشىنىلىرى سېتىۋېلىندى. 70 - يىللاردا «خەلق» كىنوخانىسى قاتارلىق چوڭ ئىمارەتلەر سېلىندى. تەرەققىيات ئېھتىياجى بىلەن 1986 - يىلى قۇرۇلۇش ئەترىتى بىناكارلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

بازار - يېزا قۇرۇلۇشىدىكى تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، ناھىيىدىكى بىر بازار، 6 يېزىدا كېيىن - كەينىدىن 5 قۇرۇلۇش ئەترىتى قۇرۇلدى، كوللېكتىپ كارخانا بولغان بۇ قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى مۇستەقىل ھېساباتنى يولغا قويۇپ، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، ھەرخىل كېسەك - ياغاچ، خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي - ئىمارەتلەرنى سېلىش ۋە رېمونت قىلىشنى ھۆددە ئالدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىدىكى يېزا - بازار قۇرۇلۇش ئەترىتى 5 كە، ناھىيە دەرىجىلىك بىناكارلىق كارخانىسى بىرگە، بىناكارلىق خادىمى 600 نەچچىگە (تۇراقسىز)، قۇرۇلۇش ماشىنىسى 74 كە، تۇراقلىق مۈلكى 2 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1980 - يىلدىن كېيىن، بىناكارلىق كەسپى مىقدارى ئاشتى، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش قىلىش كۈچى يېتەرسىز، سەۋىيىسى چەكلىك بولغاچقا، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ نەنتۇڭ شەھىرى، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى بىناكارلىق ئەترەتلىرى توقسۇغا كېلىپ، ھۆكۈمەت بىناسى، توقسۇ مېھمانخانىسى قاتارلىق ئىمارەتلەرنى سېلىشنى ھۆددە ئالدى.

بىناكارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇشى جەھەتتە، كۆپىنچە، مۇنداق 2 خىل ئۇسۇل قوللىنىلدى: بىرى ئىشنى ھۆددىگە ئېلىش، ماتېرىيالنى ھۆددىگە ئالماسلىق، يەنە بىرى ئىشنى ۋە ماتېرىيالنى ھۆددىگە ئېلىش.

**1) توقسۇ ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى** بۇ شىركەت 1975 - يىلى قۇرۇلدى، ئۇ چاغدا ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئەترىتى دەپ ئاتىلاتتى، 1986 - يىلى نامى بىناكارلىق شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ شىركەت كوللېكتىپ خاراكتېرىدىكى 4 - دەرىجىلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كارخانىسى. شىركەتنىڭ قارمىقىدا 1 - قۇرۇلۇش ئەترىتى، 2 - قۇرۇلۇش ئەترىتى (2 - يېنىك سانائەت ئەترىتى)، كاۋاك بېتون تاختا قۇيۇش زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار بار. كاۋاك بېتون تاختا قۇيۇش زاۋۇتى يىلىغا ھەر خىل بېتون قۇيۇلمىدىن 20 مىڭ مېتىر قۇيىدۇ. شىركەتنىڭ 1991 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 250 (توختاملىق ئىشچىلار شۇنىڭ ئىچىدە)، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 50، باشلانغۇچ ئۇنۋانى بارلار 14؛ 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 300 (توختاملىق ئىشچى شۇنىڭ ئىچىدە).

ئاساسلىق قۇرۇلۇش قىلىش ئۈسكۈنىلىرىدىن 7 ئىلەشتۈرۈش ماشىنىسى بار، بۇنىڭدىن باشقا، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 610 ئات كۈچى كېلىدىغان چىغىرىق، تاختىسىمان تەۋرەتكۈچ، چىگدىغۇچ، پولات تۇرۇبىلىق ئۆي جاھازىسى، گېنېراتور قاتارلىقلار بار. شىركەت سالغان ئاساسلىق ئىمارەتلەردىن پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت بىناسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىناسى، سودا - سانائەت بانكىسى ياتاق بىناسى قاتارلىق ئاممىۋى مۇئەسسەسەلەر بار. 1991 - يىلدىكى تۇراقلىق مۈلكى 800 مىڭ يۈەن، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 50 مىڭ يۈەن، يىلىغا يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا - بېجى 82 مىڭ يۈەن، ئالغان پايدىسى 100 مىڭ يۈەن. 1995 - يىلدىكى مۇئاۋىن دىرېكتور 4 (تەكلىپ قىلىنغان مۇئاۋىن دىرېكتور 3)، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون يۈەن، يىللىق پايدىسى 20 مىڭ يۈەن.

**2) توقسۇ بازارلىق بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى** بۇ شىركەت 1964 - يىلى قۇرۇلدى، شۇ چاغدا بازارلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى دەپ ئاتىلاتتى، بۇ، كوللېكتىپ خاراكتېرىدىكى 4 - دەرىجىلىك بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىسى. 1994 - يىلى بازارلىق بىناكارلىق

قۇراشتۇرۇش شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1991 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 80، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى 18، ئۈنۈملۈك بارلار 2. ئاساسلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلەردىن 3 چىغىرىق، 4 ئىلەشتۈرۈش ماشىنىسى بار، بۇلارنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 100 ئات كۈچى كېلىدۇ، قىممىتى تەخمىنەن 80 مىڭ يۈەن. شىركەت سالغان ئاساسلىق ئىمارەتلەردىن تۇرۇبا سۇيى شىركىتىنىڭ خىزمەت بىناسى، مۇ - ئەللىكتىر ئىدارىسى بىناسى، پېشقەدەم كادىرلار ئەدەبىيات - سەنئەت بىناسى، باللار باغچىسى بىناسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىناسى قاتارلىق ئامىۋى مۇئەسسەسىلەر بار. 1991 - يىلدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 170 مىڭ يۈەن، مەھسۇلات قىممىتى 850 مىڭ يۈەن، يىلىغا يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا - بېجى 25 مىڭ يۈەن، يىللىق پايدىسى 14 مىڭ يۈەن. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەترەت باشلىقى بىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 200، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 210 مىڭ يۈەن، يىللىق پايدىسى 84 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا - بېجى 139 مىڭ يۈەن.

**3) ئۈچئېرىق يېزىلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى** بۇ ئەترەت 1958 - يىلى قۇرۇلدى، بۇ، كوللېكتىپ خاراكتېرىدىكى، ئۆلچەمگە توشمىغان 1 - دەرىجىلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كارخانىسى. 1991 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 30، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى 5، باشلانغۇچ ئۈنۈملۈك بارلار 5. ئاساسلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلەردىن ئىلەشتۈرۈش ماشىنىسى، ئېلېۋاتور قاتارلىقلار بار، بۇلارنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى تەخمىنەن 18 ئات كۈچى. ئەترەت سالغان ئاساسلىق ئىمارەتلەردىن ئۈچئېرىق يېزىسىنىڭ خىزمەت بىناسى، ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئۈنىۋېرسال مۇلازىمەت بىناسى، قاتناش چوڭ ئەترىتى بىناسى، يېزىلىق رادىئو ئۆزېلى بىناسى، يېزىلىق باج پونكىتى بىناسى، ئوزۇقچىلىق شىركىتى ئامبىرى قاتارلىق ئامىۋى مۇئەسسەسىلەر بار. 1991 - يىلدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 80 مىڭ يۈەن، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 600 مىڭ يۈەن، يىلىغا يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا - بېجى 34 مىڭ يۈەن، يىللىق پايدىسى 10 مىڭ يۈەن. 1995 - يىلدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 500 مىڭ يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىسى 50، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون يۈەن، يىللىق پايدىسى 30 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا - بېجى 16 مىڭ يۈەن.

**4) پەيشەنبە بازار يېزىلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى** بۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى 1978 - يىلى قۇرۇلدى، بۇ، كوللېكتىپ خاراكتېرىدىكى، ئۆلچەمگە توشمىغان 1 - دەرىجىلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىسى. 1991 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 40 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 10، باشلانغۇچ ئۈنۈملۈك بارلار 2. ئاساسلىق ماشىنا - ئۈسكۈنىلەردىن ئىلەشتۈرۈش ماشىنىسى، چىغىرىق، كەپشەرلەش ماشىنىسى؛ كېسىش ماشىنىسى، پولات بىلەي، چوڭ تراكتور قاتارلىقلار بار. ئەترەت سالغان ئاساسلىق ئىمارەتلەردىن يېمەكلىك شىركىتىنىڭ خىزمەت بىناسى، مەدەنىيەت يۇرتى بىناسى قاتارلىق ئامىۋى مۇئەسسەسىلەر بار. 1991 - يىلدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 142 مىڭ يۈەن، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 870 مىڭ يۈەن، يىلىغا يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا - بېجى 26 مىڭ يۈەن، يىللىق پايدىسى 10 مىڭ يۈەن. 1995 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 150، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 350 مىڭ يۈەن، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون يۈەن، يىللىق پايدىسى 10 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا - بېجى 30 مىڭ يۈەن.

**5) تاشئېرىق يېزىلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى** بۇ ئەترەت 1962 - يىلى قۇرۇلدى، بۇ، كوللېكتىپ خاراكتېرىدىكى، ئۆلچەمگە توشمىغان 1 - دەرىجىلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كارخانىسى. 1995 - يىلدىكى خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچى 60 ئەتراپىدا (كۆپىيىپ - ئازىيىپ تۇرىدۇ)، تېخنىك ئۈنۈملۈك بارلار 5، ئەترەت باشلىقى بىر. ئاساسلىق قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلىرىدىن ئىلەشتۈرۈش ماشىنىسى، چىغىرىق، بىلەي ماشىنىسى،

چىگداش ماشىنىسى قاتارلىقلار بار. ئەترەت سالغان ئاساسلىق ئىمارەتلەردىن ئاھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى ئولتۇراق بىناسى، تاشئىرىق يېزىلىق ئاماسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ خىزمەت بىناسى قاتارلىقلار بار. قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ 1995 - يىلدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 300 مىڭ يۈەن، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن، يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا - بېجى 30 مىڭ يۈەن، ھېساباتتىكى پايدىسى 5000 يۈەن.

6) يۇلتۇز باغ يېزىلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى بۇ ئەترەت 1964 - يىلى قۇرۇلدى، بۇ، كوللېكتىپ خاراكتېرىدىكى، ئۆلچەمگە توشمىغان 1 - دەرىجىلىك بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كارخانىسى. 1995 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى تەخمىنەن 60 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى 10 دىن ئارتۇق)، تېخنىك ئۇنۋانى بارلار 4، ئەترەت باشلىقى بىر. ئاساسلىق ئۈسكۈنىلەردىن ئېلېشتۇرۇش ماشىنىسى، چىغىرىق، تەۋرىتىش پومپىسى، چىگداش ماشىنىسى، تاختىسىمان تەۋرەتكۈچ، تراكتور، ئاپتوموبىل قاتارلىقلار بار، بۇلارنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 250 مىڭ يۈەن كېلىدۇ. ئەترەت سالغان ئاساسلىق ئىمارەتلەردىن دايۇلتۇز ئاماسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىناسى، يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ بىناسى قاتارلىقلار بار. قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ 1995 - يىلدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ قىممىتى 300 مىڭ يۈەن، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى تەخمىنەن 1 مىليون يۈەن، يىلىغا يۇقىرىغا تاپشۇرغان پايدا - بېجى 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق، ھېساباتتىكى پايدىسى 20 مىڭ يۈەن.

# VI باب

# مۇھىت ئاسراش

## 1 § . مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى

بازار قۇرۇلۇشى ۋە سانائەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا، بازار رايونىدىكى ئاھالىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا شەكىللەنگەن يۇندا، شاۋقۇن، ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان، ئەخلەت، گەندە - سۈيدۈك قاتارلىقلار ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ تۈرلۈك دەرىجىدە بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

### 1. ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزان

توقسۇ بازىرى رايونىدا 15 پار قازان بار، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۈچۈن يىلىغا تەخمىنەن 10 مىڭ توننا كۆمۈر سەرپ قىلىنىدۇ، كۆمۈر كۆيگەندىن كېيىن چىققان ئىس - تۈتەك، چاڭ - توزانلار مۇھىت ۋە ھاۋانى بۇلغايدۇ. ئالاھىدە ھاۋارايى شارائىتىدا تارقالماي يىغىلىپ تۇرۇۋالىدىغان قارا تۇمان ھاسىل بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال 90 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن بەزىدە كۆرۈلۈپ تۇردى، كۆپىنچە قىشتا يۈز بەردى.

### 2. يۇندا

1991 - يىلدىن ئىلگىرى بازار رايونىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش داۋامىدا شەكىللەنگەن يۇندا شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا تەبىئىي ھالدا سىڭدۈرۈۋېتىلەتتى، بۇنىڭ بىلەن يەر ئاستى سۈيى بۇلغىنىپ كېتەتتى. يۇندا پارغا ئايلانغاندا، يەر ئۈستىدە سېسىق پۇراق چىقىراتتى. 1990 - يىلى كۆزىنگە چىقىرىلغان يۇندا تەخمىنەن 2000 كۇب مېتىرغا يەتتى.

## 2 § . مۇھىتنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش

مۇھىتنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش خىزمىتىدە ئاساسلىق قانات يايدۇرۇلغان تۈر سۇ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش - ئۆلچەش بولدى. بۇ خىزمەتكە ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى مەسئۇل بولدى. 1993 - يىلى ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسىدە مۇھىتنى نازارەت قىلىش - ئۆلچەش خادىمىدىن بىرى قويۇلدى.

### 1. سۇ سۈپىتى

ناھىيىدىكى يەر ئاستى سۈيىنىڭ سۈپەت تىپىدا كاربونات كىسلاتاسى — ناترىي خلورىد، ئېغىر كاربونات كىسلاتاسى — گۈڭگۈرۈت كىسلاتاسى — خلورىد ناترىي تىپى، گۈڭگۈرۈت كىسلاتاسى — ئېغىر ناترىي كاربونات تىپى، خلورىدلار — ئېغىر ناترىي كاربونات تىپى، گۈڭگۈرۈت كىسلاتالىق خلورىد ناترىي تىپى، خلورىدلار — ناترىي سۇلفىد — كالتسىي سۇلفات تىپى بار. ئەڭ ياخشى سۇ سۈپىتى ئېغىر كاربونات كىسلاتاسى — خلورىد ناترىي تىپىدىن ئىبارەت، ئۇ يېزا - بازارلارغا تارقالغان. ناچارراق سۇ سۈپىتى گۈڭگۈرۈت كىسلاتاسى — خلورىد ناترىي تىپى ۋە خلورىدلار — ناترىي سۇلفىد — كالتسىي سۇلفات تىپىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ رۇدىلىشىش دەرىجىسى 10 لېتىر/گرامدىن 15 لېتىر/گرامغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە زىيانلىق گاز مىقدارلىق ئېلېمېنت 100 لېتىر/مىللىگرامغا يېتىدۇ، ئۇ، كۆپىنچە، سۈيى شورلۇق كۆل رايونىغا تارقالغان.

### 2. يەر ئاستى سۈيى

ناھىيىنىڭ سۇ مەنبەسى، ئاساسەن، ئۆگەن دەرياسىدىن باشلىنىدۇ، ئۆگەن دەرياسى تومۇسىدىن توقسۇ بازىرى رايونىغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇلغىنىش ئەھۋالى يوق. توقسۇ ئۆستىڭىنىڭ كۆكتاتچىلىق مەيدانىدىن ئارا مەھەللىگىچە بولغان ئارىلىقىدا بازار رايونىنىڭ تۇرمۇش ئەخلىتى ئۆستەڭگە تۆكۈلگەچكە، ئۆستەڭ سۈيى بۇلغىنىپ كېتىدۇ. ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ھەيئىتى ئۆستەڭگە بۇلغىمىلارنى تۆكۈشنى مەنئى قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلمىدى. ئۆگەن دەرياسىدىن ئېلىنغان غول ئۆستەڭلەردە سۇنىڭ سىڭىشىدىن ھاسىل بولغان يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 166 مىليون كۇب مېتىرغا يېتىدۇ. يەر ئاستى سۈيىدىكى فتور تەركىبى ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى. 1982 - يىلى ناھىيىلىك

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى 154 قۇدۇقنى تەكشۈرگەندە، 51 قۇدۇق سۈيىدىكى فتور مىقدارى 1 لىتىر/مىللىگرامدىن تۆۋەن بولۇپ چىقتى، 101 قۇدۇقنىڭ 1.1 لىتىر/مىللىگرامدىن 4 لىتىر/مىللىگرامغىچە، 2 قۇدۇقنىڭ 4 لىتىر/مىللىگرامدىن يۇقىرى بولدى، بۇلار دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتتى. 1984 - يىلدىن كېيىن، تۇرۇبا سۈيى شىركىتى قۇرۇلغاچقا، بازار رايونىنىڭ ئىچىملىك سۇ شارائىتى ياخشىلاندى.

## 3 § . ئاسراش تەدبىرى

مىنگو دەۋرىدە ناھىيىنىڭ مۇھىت ئاسراش خىزمىتىدە، ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە تايىنىلىپ، ئاھالىلەرنىڭ مۇھىت تازىلىقى ۋە يېمەكلىك تازىلىقىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىناتتى ۋە ئۇ تەكشۈرۈپ تۇرۇلاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي تەشكىلاتلارغا تايىنىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بازار رايونىنىڭ تازىلىقى بولۇشىغا قويۇۋېتىلدى، ئىدارە - ئورۇنلار، ئاھالىلەر رايونلىرىدا ئەخلەتلەر دۆۋىلىنىپ، پاشا - چىۋىنلەر كۆپىيىپ كەتتى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ناھىيىلىك سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. 1984 - يىلدىن كېيىن، شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى مۇھىت ئاسراش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

### 1. كوچىلارنى سۈپۈرۈپ تازىلاش

1979 - يىلدىن ئىلگىرى كوچىلارنى سۈپۈرۈپ تازىلاشتا، ئاساسەن، ئىدارە - ئورۇنلار ۋە ئاھالىلەرگە تايىنىلاتتى، ئادەتتە، ئۆزىنىڭ ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلىنەتتى. ئاممىۋى سورۇنلارنى ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ھەيئەتلىرى شۇ ئەتراپتىكى ئورۇنلار ياكى ئاھالىلەرگە بۆلۈپ بېرەتتى، ئاممىۋى سورۇنلار قەرەللىك سۈپۈرۈلۈپ تازىلىنىپ، قەرەلسىز تەكشۈرۈلۈپ تۇراتتى.

1979 - يىلى ناھىيىدە مۇھىت تازىلىقى ئەترىتى قۇرۇلدى (شۇ چاغدا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى) ، بۇ ئەترەت بازار رايونىدىكى ئاساسلىق يوللارنى سۈپۈرۈپ تازىلاشقا مەسئۇل بولدى. 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مۇھىت تازىلىقى پونكىتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 17 گە يەتتى، ئۇلار 2 مەشغۇلات گۇرۇپپىسىغا بۆلۈندى، تازىلىق پونكىتىغا بىر سۇ چېچىش ئاپتوموبىلى، بىر ئەخلەت توشۇش ئاپتوموبىلى سەپلەپ بېرىلدى، تازىلىق پونكىتى «ئازادلىق» يولى، «ئىتتىپاق» يولى، «مەدەنىيەت» يولى، «قۇرۇلۇش» يولى قاتارلىق ئاساسلىق يوللارنى سۈپۈرۈپ تازىلاش ۋە بازار رايونىدىكى ئەخلەتلەرنى سىرتقا توشۇشقا مەسئۇل بولدى، يىلىغا 450 توننىدىن ئارتۇق ئەخلەت سۈپۈرۈپ تازىلاندى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاھالىلەر رايونلىرى، ھەر قايسى ئورۇنلار بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ھۆددىگە ئالغان يەرلەرنى سۈپۈرۈپ تازىلاشقا ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ھەيئەتلىرى ھەيدەكچىلىك قىلدى.

### 2. گەندە - سۈيدۈكلەرنى بىر تەرەپ قىلىش

1976 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى مەيداننىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىدە خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىر

ئاممىۋى ھاجەتخانا سېلىندى. كېيىن يەنە بازار رايونىنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىدا 6 ئاممىۋى ھاجەتخانا سېلىندى، بۇلار پۈتۈنلەي سۇسىز ھاجەتخانىلار ئىدى. ھاجەتخانىلاردىكى گەندە - سۈيدۈكلەرنى دېھقانلار ئوغۇت قىلىش ئۈچۈن ئېتىزلىرىغا ھەقسىز توشۇپ كېتەتتى. ئىدارىلەرنىڭ ئاھالىلەر رايونلىرىدىمۇ ھاجەتخانا سېلىندى، بۇ ھاجەتخانىلاردىكى گەندە - سۈيدۈكلەرنى ئورۇنلار ۋە ئاھالىلەر ئۆزى بىر تەرەپ قىلاتتى، بۇنى دېھقانلار ئېتىزلىرىغا توشۇپ كېتەتتى.

## 3. يوندا چىقىرىۋېتىش

ناھىيە بازىرىدىكى يوندا چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشى (1 - قارارلىق) دا 1991 - يىلى ئىش باشلاندى، قۇرۇلۇش 1992 - يىل 5 - ئايدا پۈتتى، قۇرۇلۇشقا 1 مىليون 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 7283 مېتىر تۇرۇبا ياتقۇزۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بازار رايونىنىڭ تازىلىق مۇھىتى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلاندى.

## ئون سەككىزىنچى قىسىم

# مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە





## ئون سەككىزىنچى قىسىم

# مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە

خەن سۇلالىسى دەۋرىدە كۇسەندە «يەرگە قاراپ يەر بېجى ئېلىناتتى، يېرى يوقلاردىن باج ئۈچۈن كۆمۈش پۇل ئېلىناتتى»، شۇنىڭدىن كېيىنكى 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، توقسۇننىڭ يەرلىك مالىيىسىگە پەقەت يەر بېجىدىنلا كىرىم بولدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ باج تۈزۈمىگە ۋارىسلىق قىلىنىپ، يەر بېجىدىن باشقا قوشۇمچە باجلارمۇ ئېلىنغان. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، توقسۇندا يەر بېجى ئېلىشتا جۇڭغارلارنىڭ كونا تۈزۈمى قوللىنىلىپ، رەسمىي باج، سودا بېجى، ئۆي ئىجارە بېجى، چارۋا بېجى قاتارلىق باجلار ئېلىنغاندىن تاشقىرى زاكات، ئۆشرە قاتارلىقلار ئېلىنىپ، پۇقرالارنىڭ سېلىقى ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ يىللىرىدا يەر ئۆلچەپ ئېنىقلىنىپ، تېرىلغۇ يەر 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلەرگە ئايرىلدى ھەم دەرىجىسىگە قاراپ يەر بېجى ئېلىنىدى. يەرلىك بەگلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەر بېجىنى ئارتۇق ئېلىپ، خىيانەت قىلىپ چۆنتىكىگە سالدى. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەگ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەرلىك ئىشلارنى باشقۇرۇشقا شاڭيو قويۇلدى. شاڭيولار يامۇل ئەمەلدارلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، پۇقرالارنى بۇرۇنقىدەكلا قاقتى ـ سوقتى قىلىۋەردى.

مىنگو دەۋرىدە ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندە ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوت ـ سامان ئېلىشقا دائىر 14 ماددىلىق بەلگىلىمە چىقاردى. كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا باشقا كىشىنى قويدى، يەرلىك ئەمەلدارلارنى «پۇقرالارنىڭ يىلىكىنى شوراپ، چۆنتىكىنى تولدۇردى» دەپ ئەيىبلىدى، ئەمما خىلمۇخىل ئالۋان ـ ياساق، باج ـ سېلىق كۆپەيسە كۆپەيدىكى، ئازايمىدى. شاڭيولار شۇ جايدىن ئۆتكەن ئەمەلدارلارنى كۈتۈۋېلىش، ئۇزىتىپ قويۇشنى باھانە قىلىپ، ئۆي ـ ئۆيلەرگە ئوتۇن، ئۇن ـ گۈرۈچ، ئۇلاغ ـ ھارۋا سېلىقى سالدى. ئەمەلدارلار يېزىلارغا بارسا، شاڭيولار ئۇلارنى توخۇ، قوي ئۆلتۈرۈپ كۈتۈۋالدى، بۇنىڭ چىقىمىنى ئائىلىلەرگە چاچتى. شاڭيولار ۋە يەرلىك ئەمەلدارلار يەنە ھەربىيلەرگە ئاشلىق سېتىۋېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئالدىغا سېلىق سېلىپ، ئاشلىقنى مەجبۇرىي ساتقۇزدى، چوڭ كۆرىدە ئۆلچەپ سېتىۋېلىپ، كىچىك كۆرىدە ئۆلچەپ ئۆتكۈزۈش، كۆپ سېتىۋېلىپ، ئاز ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن ئارىدىن پايدا ئالدى.

مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) جىن شۇرېن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، قەغەز پۇلنى كەلسە كەلمەس تارقىتىۋەرگەچكە، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى، مالىيە ئىنتايىن مۇشكۈل

مالغا چۈشۈپ قالدى.

مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) دىن كېيىن، مالىيە ئېنىقلاندى، باج تەرتىپكە سېلىندى، «ئۈچ يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پىلانى» يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن مالىيە ئەھۋالى سەل ـ پەل ياخشىلاندى. مۇشۇ چاغدا توقسۇدا باج ئىدارىسى يوق ئىدى، ئاران 3 باج چارىسىلا بار بولۇپ، تۈز بېجى، لۈتۈن بېجى، يەرلىك باج، سۇ بېجى، ياغ بېجى، توگمەن بېجى، كۈۋرۈك بېجى، چارەك بېجى، بازار بېجى، ئاشلىق بېجى قاتارلىق باجلار ئېلىنىدى. ئىستېمال بېجى ۋە ئاۋار بېجى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە تاپشۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) دىن كېيىن، بازاردا ئوبوروت قىلىنىۋاتقان شىنجاڭ ئۆلكە پۇلىنىڭ كۇرسى خېلى مۇقىم بولدى. لېكىن مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) دىن كېيىن توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مالىيىسى يەنە قالايمىقانلىشىپ، پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، كىرىمسىز قەغەزگە ئوخشاپ قالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن توقسۇ ناھىيىسى مالىيىدە «ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، ئىرىشچان ـ ئىقتىسادچىل بولۇش، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش» فاكچىيىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، چىقىمنى ئىرىشىپ ئازايتتى، خەلقنىڭ سېلىقىنى 1949 ـ يىلدىكى سەۋىيىدە چەكلىدى. 1953 ـ يىلى ئۆياق بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش دائىرىسى خېلى كېڭەيتىلدى، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا باج ئەسلىدىكى 10 دەرىجىدىن 8 دەرىجىگە ئازايتىلدى، قېچىر، ئېشەكلەردىن باج ئېلىنمايدىغان بولدى؛ دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ھەر بىر ئائىلىدىن قويى 8 ئۆياقتا يەتمىسە باج ئېلىنمايدىغان بولدى، شۇڭا كۆپلىگەن كىشىلەر باج تۆلىمىدى. 60 ـ يىللاردا دېھقانچىلىق بېجى سەل ـ پەل ئازىيىپ كەتتى، سودا ـ سانائەت بېجى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى، يېزا ئىگىلىكىدە ھوسۇل ئاشسىمۇ باجنى كۆپەيتمەسلىك فاكچىيىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدى. 70 ـ يىللاردا دۆلەت توقسۇنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇن ماددىي ئەشيا ۋە مەبلەغ سالدى. 1972 — 1981 ـ يىلغىچە دېھقانچىلىق بېجى ئۆدا ئازايتىلدى ياكى كەچۈرۈم قىلىنىدى. 1978 ـ يىلى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، توقسۇنىڭ ئىشلىرى خېلى تېز تەرەققىي قىلىپ، مالىيە ئەھۋالى ياخشىلاندى. مالىيىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، تۈرلۈك ئۆل قۇرۇلۇشى ۋە مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى گۈللەندى.

# I باب

# مالىيە

## § 1. ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) توقسۇ ناھىيىسىدە مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، ما سۇندى بۆلۈم باشلىقى بولدى، بۆلۈم قارىمىقىدا خوجىلىق خادىمى، تەرجىمان، كاتىپ، پۈتۈكچى، باجگىر، كۆزىچى، خىزمەتچى قاتارلىق 10 نەچچە كىشى قويۇلدى. مالىيە بۆلۈمى، يەر ئۆلچەش، غەللە ـ پاراق ئېلىش ۋە يۆتكەش كەسىپلىرىنى بېجىرەتتى شۇنداقلا ھەر يىلى 7 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە باج ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە غەللە ـ پاراقنى

ئامبارغا كىرگۈزۈش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرەتتى.

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) مالىيە بۆلۈمىگە دۇ جىنيى باشلىق بولدى، بۆلۈمگە مۇدىر، بوغالتېر، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك بۆلۈم ئەزالىرى، ئىش بېجىرگۈچى قاتارلىق 5 خىزمەتچى قويۇلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىل 5 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قارىمىقىدا مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، بىر بۆلۈم باشلىقى، بىر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، بىردىن بوغالتېر، كاسسىر، بىر تەكشۈرگۈچى، 2 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق باج خادىمى، بىر ھۆكۈمەت مۈلكى ۋە ئۆي ـ جايلىرىنى باشقۇرغۇچى بولۇپ، جەمئىي 8 كىشى قويۇلدى. 1959 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مالىيە، باج ئاپپاراتلىرى قوشۇۋېتىلىپ، مالىيە ـ باج ئىدارىسى دەپ ئاتالدىغان بولدى. ئۇنىڭغا بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، بىر جياۋداۋيۈەن قويۇلدى. ئىدارە قارىمىقىدا مەمۇرىيەت، باج، خام چوت، كارخانا باشقۇرۇش بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىنىپ، 28 كادىر قويۇلدى. 1962 ـ يىلى مالىيە بىلەن باج ئايرىۋېتىلىپ، مالىيە بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ قارىمىقىدا سانائەت ـ قاتناش ـ مالىيە ـ سودا گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1973 ـ يىل 12 ـ ئايدا بۇ گۇرۇپپا مالىيە ـ سودا ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1979 ـ يىل 6 ـ ئايدا مالىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، قارىمىقىدا خام چوت باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى، كارخانا بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، مەخسۇس دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى يىغىدىغان 16 كىشى قويۇلدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مالىيە ئىدارىسىدە خام چوت بۆلۈمچىسى، ئۇنىۋېرسال بۆلۈمچە، دېھقانچىلىق مالىيىسى بۆلۈمچىسى، كارخانا مالىيىسى بۆلۈمچىسى، دېھقانچىلىق بېجى بۆلۈمچىسى، مەمۇرىيەت بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى؛ «ئۈچنى تەكشۈرۈش» ئىشخانىسى مالىيە ئىدارىسىغا قارايدىغان بولدى. مالىيە ئىدارىسىغا بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، «ئۈچنى تەكشۈرۈش» ئىشخانىسى مۇدىرى، 47 خىزمەتچى قويۇلدى. 1995 ـ يىلى مالىيە ئىدارىسىدە بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 50 خىزمەتچى ئىشلىدى.

## 2 § . مالىيە تۈزۈلمىسى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى كۆپ قېتىم ئىسلاھ قىلىندى، بەزىدە بىرلەشتۈرۈلۈپ، بەزىدە ئايرىلدى. ئومۇمەن، «بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش» پرىنسىپى بويىچە يۇقىرىدىن مەركەزلەشكەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىن پەيدىنپەي كۆپ خىل شەكىلدىكى دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلدى.

1950 ـ يىلى يۇقىرىدىن مەركەزلەشكەن بىر تۇتاش كىرىم قىلىش، بىر تۇتاش چىقىم قىلىش ئاساسىدىكى خام چوت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. 1951 — 1958 ـ يىللىرى دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، كىرىمنى تۈرگە ئايرىپ، پىرسەنت قالدۇرۇش ئاساسىدىكى خام چوت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يۈرگۈزۈلدى. 1959 — 1970 ـ يىللىرى ئومۇمىي سوممىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش، يىلدا بىر ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. 1971 — 1973 ـ يىللىرى كىرىم، چىقىمنى بەلگىلەپ بېرىش، يىلدا بىر ئۆزگەرتىپ تۇرۇش ئاساسىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. 1974 ـ، 1975 ـ يىللىرى كىرىمنى مۇقىم نىسبەت بويىچە ئۆزىگە قالدۇرۇش، ئاشۇرغان كىرىمدىن ئۆزىگە قالدۇرۇش نىسبىتىنى ئايرىم بەلگىلەش، چىقىمنى كۆرسەتكۈچ بويىچە ھۆددىگە بېرىش ئاساسىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. 1976 — 1979 ـ يىللىرى كىرىم ـ چىقىمنى باغلاش، ئومۇمىي سوممىدىن پىرسەنت قالدۇرۇشتىن ئىبارەت

باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى ۋە كىرىم - چىقىمنى باغلاش، ئاشۇرغان كىرىمدىن پىرسەنت قالدۇرۇش ئاساسىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى سىناق قىلىپ يولغا قويۇلدى. 1980 — 1982 - يىلغىچە كىرىم - چىقىمنى تەلەپ تەقسىم قىلىش، دەرىجىگە ئايرىپ ھۆددىگە بېرىش ئاساسىدىكى خام چوت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. 1986 — 1995 - يىلغىچە باج تۈرىنى تەلەپ تەقسىم قىلىش، كىرىم - چىقىمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، دەرىجىگە ئايرىپ ھۆددىگە بېرىشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

## § 3 . مالىيە كىرىمى

چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە مالىيە كىرىمى ئاساسەن يەر بېجى، چارۋىچىلىق بېجى، سودا - سانائەت بېجى ۋە باشقا يەرلىك كىرىملەردىن كېرەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ خام چوت ئىچىدىكى كىرىمى ئاساسەن دېھقانچىلىق بېجى، چارۋىچىلىق بېجى، ھەرخىل سودا - سانائەت بېجى، شۇنىڭدەك كارخانا كىرىمى، باشقا كىرىم، ئىجارە كىرىمى، جەرىمانە - مۇسادىرە كىرىمى، ئۆي - جاي بېجى، بەلگىلىمە بويىچە ئېلىنىدىغان ھەقلەردىن كىردى.

1950 - يىلى كىرىم - چىقىمدا كونا خەلق پۇلى يۈەن، كۈمۈش دوللار، تەڭگە، يامبۇ، ئالتۇن ۋە بۇغداي قاتارلىق ھەرخىل پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەر قوللىنىلغان بولۇپ، يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا جەمئىي 304 مىڭ 731 يۈەن (133 تەڭگە، 14 يامبۇ، 10 سەر كۈمۈش، 1.5 سەر ئالتۇن بۇنىڭ سىرتىدا) كىرىم بولدى.

1951 - يىلى پۇل پەيدىنپەي بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، يىللىق كىرىم 699 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يەتتى. 1953 - يىلى مالىيە كىرىمى 665 مىڭ يۈەن بولدى. 1956 - يىلى خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش تاماملانغاندىن كېيىن، سودا - سانائەت بېجى تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. شۇ يىلى مالىيە كىرىمى 860 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1958 - يىلى دېھقانچىلىق بېجى نىسبىتى تەڭشەلگەچكە، مالىيە كىرىمى 1 مىليون 84 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. 1959 — 1962 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلات كېمىيىپ كەتكەچكە، مالىيە كىرىمى يىلدىن - يىلغا ئازىيىپ كەتتى. 1961 - يىلى مالىيە كىرىمى 644 مىڭ 900 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 1963 - يىلدىن كېيىن مالىيە كىرىمى يىلمۇيىل كۆپەيدى، 1966 - يىلى 1 مىليون 32 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، مالىيە كىرىمى كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ كەتتى. 1973 - يىلغا كەلگەندە 651 مىڭ 400 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىلدا مالىيە كىرىمى ناھايىتى ئاستا كۆپەيدى، 1978 - يىلى 1 مىليون 316 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى.

1979 - يىلدىن كېيىن مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، كارخانىلاردا زىياننى تۈگىتىش، پايدىنى كۆپەيتىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1983 - يىلغىچە مالىيە كىرىمى 1 مىليون 528 مىڭ 600 يۈەنگە، 1985 - يىلى 2 مىليون 363 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى تېز راۋاجلانغانلىقى، سودا گۈللەنگەنلىكى ئۈچۈن، باج كىرىمى كۆپىيىپ، مالىيە كىرىمى خېلى تېز كۆپەيدى. 1991 - يىلى مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 5 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، 1993 - يىلى 5 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە، 1995 - يىلى 8 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ھەرخىل كىرىمنىڭ مالىيە كىرىمىدىكى نىسبىتى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇردى. 1958 - يىلدىن ئىلگىرى مالىيە كىرىمىدە دېھقانچىلىق بېجى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. 1958 - يىلى سودا - سانائەت بېجىنىڭ نىسبىتى كۆپىيىپ 31.2% كە، 1968 - يىلى 45.5% كە يەتتى. 1973 - يىلى سودا - سانائەت بېجى تۈنجى قېتىم

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىجىدىن ئېشىپ كەتتى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ھەرخىل سودا - سانائەت بېجى كىرىمىنىڭ مالىيە كىرىمىدىكى نىسبىتى 67.3% كە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى كىرىمىنىڭ نىسبىتى 19.4% كە يەتتى (يۇقىرىدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم كىرىمى مالىيە كىرىمگە كىرگۈزۈلمىدى). كارخانا كىرىمىدە 1959 — 1964 - يىلغىچە ئازراق پايدا ئالغاندىن باشقا، 1966 — 1984 - يىلغىچە 8 يەرلىك كارخانا ئۈزلۈكسىز زىيان تارتتى. 1957 — 1988 - يىلغىچە ئومۇمىي زىيىنى 35 مىليون 369 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمگە ۋە مەبلەغ جۇغلانمىسىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزدى.

ناھىيىنىڭ ئەمەلىي مالىيە كىرىمىدىن باشقا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارمۇ قوشۇمچە ياردەم بەردى. 1957 - يىلى 244 مىڭ 300 يۈەن ياردەم بېرىلگەندى. 1966 - يىلى 1 مىليون 264 مىڭ 300 يۈەن، 1971 - يىلى 2 مىليون 230 مىڭ 100 يۈەن، 1978 - يىلى 5 مىليون 228 مىڭ 800 يۈەن، 1984 - يىلى 6 مىليون 291 مىڭ يۈەن، 1987 - يىلى 11 مىليون 623 مىڭ يۈەن، 1992 - يىلى 15 مىليون 370 مىڭ يۈەن ياردەم بېرىلدى. 1995 - يىلى ناھىيە مالىيىسىگە يۇقىرىدىن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم 20 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يۇقىرىنىڭ مالىيە جەھەتتىكى قوشۇمچە ياردىمى دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىغا بولغان غەمخورلۇقىنى گەۋدىلەندۈردى، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئۈزلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

## § 4 . مالىيە چىقىمى

مىنگو دەۋرىدە مالىيە، ئاساسەن، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىش ھەققى ۋە مەمۇرىي خىراجەت ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن قالسا يەرلىكنىڭ ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى ھەم مائارىپ خىراجىتى ئۈچۈن چىقىم قىلىناتتى. يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىش ھەققى بىلەن مەمۇرىي خىراجەت ئۆلكە تەكشۈرۈپ بېكىتكەن چەك دائىرىسىدە يەر بېجىدىن چىقىم قىلىناتتى، باشقىلىرى باج ئالغاندا قوشۇمچە ھەق شەكلى بىلەن ئېلىناتتى ياكى ناھىيىگە قالدۇرۇلغان سومما ئىچىدىن چىقىم قىلىناتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، مالىيە چىقىمى ئومۇمەن مۇنداق 3 باسقۇچ بويىچە باشقۇرۇلدى: 1956 - يىلدىن ئىلگىرى كىرىم - چىقىم سوممىسى كۆپ بولمىغاچقا، كىرىم، چىقىمنى ئايرىم - ئايرىم باشقۇرۇش يەنى كىرىمنى دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرى دەرىجىلىك مالىيىگە تاپشۇرۇش، چىقىمنى ئېھتىياجغا قاراپ تەكشۈرتۈپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئاتچوت قىلىش چارىسى قوللىنىلدى؛ 1957 - يىلدىن باشلاپ يىل بېشىدا خام چوتنى تەقسىم قىلىپ بېرىش، يىل ئاخىرىدا نەق چوت قىلىش چارىسى يولغا قويۇلدى؛ 1980 - يىلدىن كېيىن خىراجەت ھۆددىگە بېرىلدى. مالىيە چىقىمى جەھەتتە، پىلان بويىچە تەقسىم قىلىش، مەسئۇل تارماقلار تەقسىم قىلىپ باشقۇرۇش ۋە مالىيە ئىدارىسى تەقسىم قىلىپ باشقۇرۇش (ئاساسەن مەمۇرىي خىراجەت ۋە مالىيە تارمىقى ئىگىلەپ تۇرىدىغان خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ) شەكلى قوللىنىلدى. بۇ 3 خىل شەكىل يىغىنچاقلىنىپ، بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش - تارقاق باشقۇرۇش سىستېمىسى دەپ ئاتالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا مالىيە چىقىمى تۈزۈمى تېخى شەكىللىنىش مەزگىلىدە تۇراتتى. 1950 - يىل 1 - ئايدىن 5 - ئايغىچە ناھىيىنىڭ مالىيە چىقىمىدا بىۋاسىتە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىدىن ئالدىن ئۆتنە ئېلىپ تۇرۇش، ھېساب ئۆتكۈزۈش ۋە پۇل ئېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى؛ 5 - ئايدىن 7 - ئايغىچە بىۋاسىتە ۋىلايەتلىك مالىيە تارمىقىدىن ئۆتنە ئېلىنىپ، ئات چوت قىلىندى؛ 7 - ئايدىن كېيىن ئايمۇ ئاي چىقىم ئاتچوت جەدۋىلى تولدۇرۇلۇپ، ۋىلايەتلىك مالىيە تارمىقىغا تەستىقلىتىلدى ۋە ئاتچوت قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك

كادىرلارغا ئىش ھەققى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا بۇغداي بېرىلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئىش ھەققى ئۈچۈن 90 مىڭ 352 جىڭ (يېڭى جىڭ) بۇغداي بېرىلىپ، پۇلغا تەخمىنەن 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق چىقىم مەلۇم قىلىندى.

1954 - يىلى ناھىيە بويىچە مالىيە چىقىمى 402 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي خىراجەت 222 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ %55.2 نى ئىگىلىدى. 1956 - يىلى ناھىيە بويىچە چىقىم 597 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. 1957 - يىلدىن كېيىن مالىيە چىقىمى تۈزۈمى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتى. خام چوت، نەق چوت تۈزۈملىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى ھەم چىقىم پۇل تۈرى ئاساسەن ئاساسىي قۇرۇلۇش، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق - سۇچىلىق، سانائەت - قاتناش، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە تۈرى، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش - نەپىقە، مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلدى. ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە بەزى ئالاھىدە خىراجەت ئۈچۈنمۇ چىقىم قىلىندى، لېكىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان 6 چوڭ تۈر يەنىلا ئەڭ ئاساسىي چىقىم تۈرى بولدى.

## 1. ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى

1957 - يىلدىن باشلاپ بۇ چىقىم مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئاساسەن، مەكتەپ، دوختۇرخانا، ئىشخانا، ئۆي، مەدەنىيەت - كۆڭۈل ئېچىش مۇئەسسەسەلىرىنى سېلىشقا، زاۋۇت، كان، كارخانا قۇرۇش ۋە شەھەر قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلدى. 1957 — 1995 - يىلغىچە مۇشۇ تۈردىكى چىقىم 9 مىليون 832 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ مەزگىلدىكى ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ %3.3 نى ئىگىلىدى.

## 2. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق چىقىمى (يېزىلارغا ياردەم بېرىلگەن پۇللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

بۇ چىقىم، ئاساسەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى، سۇچىلىق قۇرۇلۇشى، ماشىنا سېتىۋېلىش، كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نامرات كۆچۈش، ئەترەتلەرگە يار - يۆلەك بولۇش قاتارلىق ئىشلارغا سەرپ قىلىندى. 1957 — 1995 - يىلغىچە مۇشۇ خىراجەت چىقىمى 53 مىليون 318 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ مەزگىلدىكى ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ %17.88 نى ئىگىلىدى.

## 3. سانائەت - قاتناش چىقىمى

بۇ چىقىم، ئاساسەن، سانائەت - قاتناش كارخانىلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىش، كارخانىنى ئۆزگەرتىش، ئۇسكۈنە سېتىۋېلىش ئىشلىرىغا، يەرلىك تاشيول قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلىتىلدى. 1957 — 1995 - يىلغىچە مۇشۇ تۈردىكى چىقىم 3 مىليون 481 مىڭ 500 يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ مەزگىلدىكى ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ %1.16 نى ئىگىلىدى.

## 4. مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە چىقىمى

بۇ تۈردىكى چىقىم، ئاساسەن، مەكتەپ، دوختۇرخانا، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىگە ۋە ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش، ھۆكۈمەت پۇلىغا داۋالىنىش، جامائەت ئىشلىرى خىراجىتى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدى. 1957 — 1995 - يىلغىچە بۇ چىقىم 118 مىليون 341 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ مەزگىلدىكى ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ %39.69 نى ئىگىلىدى.

## 5. ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش تۈرى

بۇ چىقىم، ئاساسەن، ئىنقىلابىي ھەربىيلەر، دۆلەت خىزمەتچىلىرىدىن ئىش ئۈستىدە مەجرۇھلانغانلار، قۇربان بولغانلار، كېسەل بولۇپ قازا قىلغانلارغا نەپىقە خىراجىتى بېرىش ئۈچۈن ۋە بازار - يېزىلاردىكى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار قېرى، ئاجىز، مېيىپ كىشىلەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قۇتقۇزۇش ھەم تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش، نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىراجىتى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلدى. 1957 — 1995 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە مۇشۇ تۈردىكى چىقىم 5 مىليون 354 مىڭ 400 يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ مەزگىلدىكى ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ %1.8 نى ئىگىلىدى.

## 6. مەمۇرىي باشقۇرۇش چىقىمى

بۇ چىقىم 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئومۇمىي چىقىمنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيتتى ھەم ناھىيىنىڭ مالىيە چىقىمى ئىچىدىكى ئاساسلىق چىقىم بولۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ كەسپىي ئىشلار چىقىمىغا، خادىملار ئىش ھەققىگە، پاراۋانلىق، كاماندوروپكا، ئۆي - ئىمارەت سېلىش، جامائەت ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلەتتى. 1957 — 1995 - يىلغىچە بۇ تۈردىكى چىقىم 63 مىليون 806 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ مەزگىلدىكى ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ %21.4 نى ئىگىلىدى.

## 7. باشقىلار

يۇقىرىدا ئېيتىلغان 6 چوڭ چىقىمدىن باشقا، يەنە شەھەر ئاسراش چىقىمى، زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش چىقىمى، باھا قوشۇمچە ياردەم چىقىمى، 3 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا چىقىمى، كارخانىلارنى ئۆزگەرتىش چىقىمى قاتارلىق ئۇششاق چىقىملارمۇ بولۇپ تۇردى. 1957 — 1995 - يىلغىچە بۇ تۈرلەردىكى چىقىم 44 مىليون 25 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ مەزگىلدىكى ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ %14.77 نى ئىگىلىدى.

ناھىيىنىڭ مالىيىسىدىن 1957 - يىلى 549 مىڭ 600 يۈەن، 1965 - يىلى 1 مىليون 196 مىڭ 200 يۈەن، 1970 - يىلى 1 مىليون 801 مىڭ 800 يۈەن، 1980 - يىلى 7 مىليون 228 مىڭ 900 يۈەن، 1990 - يىلى 17 مىليون 772 مىڭ يۈەن، 1995 - يىلى 41 مىليون 380 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1954 ـ يىللىق مالىيە كىرىم ـ چىقىم نەق چوتى

جەدۋەل: 18 — 1 بىرلىكى: يۈەن

| | تۈرلەر | كىرىم | ئومۇمىي كىرىم ئىچىدىكى نىسبىتى (%) | چىقىم | ئومۇمىي چىقىم ئىچىدىكى نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| كىرىم | پۇلغا سۇندۇرۇلغان غەللە ـ پاراق كىرىمى | 469631 | 46.6 | | |
| | پۇلغا سۇندۇرۇلغان قوشۇمچە ئاشلىق كىرىمى | 23990 | 2.38 | | |
| | ھۆكۈمەت مۈلكىنىڭ ئىجارە كىرىمى | 7818 | 0.7 | | |
| | ئۆي ـ مۈلۈك بېجى كىرىمى | 4181 | 0.42 | | |
| | سودا ـ سانائەت بېجى كىرىمى | 425139 | 42.2 | | |
| | باشقا كىرىم | 77535 | 7.7 | | |
| | جەمئىي | 1008294 | | | |
| چىقىم | مەمۇرىي خىراجەت چىقىمى | | | 222242 | 55.3 |
| | پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار چىقىمى | | | 76778 | 19.1 |
| | مەدەنىيەت خىراجىتى چىقىمى | | | 2069 | 0.51 |
| | جامائەت خەۋپسىزلىكى خىراجىتى چىقىمى | | | 1129 | 0.28 |
| | ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش چىقىمى | | | 2765 | 0.69 |
| | ئېتىبار بېرىش، نەپىقە خىراجىتى چىقىمى | | | 744 | 0.19 |
| | كادىر تەربىيىلەش خىراجىتى چىقىمى | | | 955 | 0.24 |
| | سەھىيە خىراجىتى چىقىمى | | | 20258 | 5.04 |
| | مائارىپ خىراجىتى چىقىمى | | | 68118 | 16.95 |
| | سىياسىي، كەسپىي خىراجەت چىقىمى | | | 6817 | 1.7 |
| | جەمئىي | | | 401875 | |

**ئىزاھات:** (1) شۇ يىلى ئېلىنغان ئەمەلىي غەللە ـ پاراق 2 مىليون 769 مىڭ 54 كىلوگرام، يەرلىك قوشۇمچە ئاشلىق 141 مىڭ 454 كىلوگرام بولۇپ، شۇ يىلدىكى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن بۇغداي باھاسى بويىچە ھەر كىلوگرامى 0.1696 يۈەن بويىچە ھېسابلاندى.

(2) باشقا كىرىم يەر كۆۋاھنامىسى ھەققى، جەرىمانە ـ مۇسادىرە پۇلى ۋە بەلگىلىمە بويىچە ئېلىنغان ھەقلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1950 — 1956 - يىلغىچە بولغان مالىيە كىرىم چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 — 2    بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | ئومۇمىي كىرىم | | | ئومۇمىي چىقىم | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | جەمئىي | | 304731 | جەمئىي | 221705 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە | سودا - سانائەت بېجى | 110248 | يۇقىرىغا ئات چوت قىلىنغان چىقىم | 104314 |
| | | دېھقانچىلىق بېجى | 178562 | تەمىنلەنگەن ئاشلىق پۇلى | 116327 |
| | | چارۋىچىلىق بېجى | 6258 | تەمىنلەنگەن كىيىم - كېچەك پۇلى | 1064 |
| | | باشقىلار | 9663 | | |
| 1951 | جەمئىي | | 699000 | | |
| | بۇنىڭ ئىچىدە | سودا - سانائەت بېجى | 86200 | | |
| | | دېھقانچىلىق بېجى | 582400 | | |
| | | چارۋىچىلىق بېجى | 17900 | | |
| | | باشقىلار | 12300 | | |
| 1952 | جەمئىي | | 662480 | | |
| | بۇنىڭ ئىچىدە | سودا - سانائەت بېجى | 96220 | | |
| | | دېھقانچىلىق بېجى | 524880 | | |
| | | چارۋىچىلىق بېجى | 16778 | | |
| | | باشقىلار | 24602 | | |
| 1953 | جەمئىي | | 665600 | | |
| | بۇنىڭ ئىچىدە | سودا - سانائەت بېجى | 207800 | | |
| | | دېھقانچىلىق بېجى | 456700 | | |
| | | چارۋىچىلىق بېجى | 1100 | | |
| | | باشقىلار | | | |
| 1954 | جەمئىي | | 875900 | كىچىك جەمئىي | 401875 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە | سودا - سانائەت بېجى | 313900 | مەمۇرىي چىقىم | 222243 |
| | | دېھقانچىلىق بېجى | 469600 | مەدەنىيەت مائارىپ چىقىمى | 70188 |
| | | چارۋىچىلىق بېجى | 10400 | سەھىيە چىقىمى | 20258 |
| | | باشقىلار | 82000 | باشقىلار | 89186 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1955 | جەمئىي | | 854259 | | |
| | بۇنىڭ ئىچىدە | سودا - سانائەت بېجى | 362444 | | |
| | | دېھقانچىلىق بېجى | 473882 | | |
| | | چارۋىچىلىق بېجى | 7059 | | |
| | | باشقىلار | 10874 | | |
| 1956 | جەمئىي | | 860000 | جەمئىي | 597409 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە | سودا - سانائەت بېجى | 343804 | مەمۇرىي چىقىم | 14600 |
| | | دېھقانچىلىق بېجى | 416581 | | |
| | | چارۋىچىلىق بېجى | 4486 | | |
| | | باشقىلار | 95129 | | |

ئىزاھات: (1) 1950 - يىلى پارچە كىرىم قىلىنغان 133 تەڭگە، 14 يامبۇ، 9 سەر كۈمۈش، 1.5 سەر ئالتۇن بۇ مەلۇماتقا كىرگۈزۈلمىدى. (2) بۇغدايىنىڭ ھەر كىلوگرامى 1950 - يىلى 0.092 يۈەندىن، 1951 - يىلى 0.236 يۈەندىن ھېسابلانغان بولغاچقا، 1950 - يىللىق دېھقانچىلىق بېجى بىلەن 1951 - يىللىق دېھقانچىلىق بېجى ئارىسىدىكى پەرق خېلى چوڭ بولدى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1957 — 1995 - يىللىرىچە بولغان مالىيە چىقىمى (1)

جەدۋەل: 18 — 3　　　　بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇل | كارخانىلارنى ئۆزگەرتىش مەبلىغى | ئاددىي ئىمارەت خىراجىتى | 3 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خىراجىتى | تۇراقسىز مەبلەغ | يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، مېتېئورولوگىيە خىراجىتى | يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش چىقىمى | سانائەت، قاتناش كەسپىي خىراجىتى | شەھەر ئاسراش خىراجىتى | شەھەر - بازار ياشلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 0.39 | | | | | 3.06 | | 1.28 | | |
| 1958 | | | | | | 6.04 | 29.90 | 0.56 | | |
| 1959 | 0.35 | | | | | 34.81 | | 13.68 | | |
| 1960 | 27.04 | | | | | 9.25 | 1.94 | 0.98 | | |
| 1961 | | | | | | 9.31 | 32.12 | 6.52 | | |
| 1962 | | | 0.10 | | | 4.48 | | 4.65 | | |
| 1963 | | | | | | 9.43 | 4.57 | 0.62 | | |
| 1964 | | | | | | 12.19 | 3.99 | 0.99 | | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 5.31 | 7.81 | 25.15 | | | | | 0.06 | 1965 |
| | | 2.06 | 7.81 | 21.75 | | | | | 0.10 | 1966 |
| | 1 | 8.20 | 2.20 | 11.80 | | | | | 1.8 | 1967 |
| | | 14.10 | 0.80 | 13.27 | | | | | 8.89 | 1968 |
| | 1.50 | | 21.06 | 18.16 | | | | | 12.10 | 1969 |
| 24.6 | 1 | 0.83 | 22.70 | 9.69 | 2 | 0.60 | | | 22.25 | 1970 |
| 3.3 | 1.60 | 55.96 | 26.49 | | | | | | 20.45 | 1971 |
| | 3.20 | 20.10 | 28.17 | | 4 | 2.50 | | | 32.19 | 1972 |
| 0.67 | 1.50 | 12.62 | 39.13 | | 5.40 | 1.26 | | | 29.05 | 1973 |
| | 1.30 | 18.15 | 6.89 | 71.66 | 3.97 | 1.51 | | | 47.20 | 1974 |
| | 1 | 15.20 | 11.62 | 56.34 | 5.60 | 3.32 | | | 9.50 | 1975 |
| | 4.50 | 10.70 | 30.84 | 48.02 | 8.90 | 1.96 | | | 33.50 | 1976 |
| | 2.20 | 1 | 34.63 | 58.19 | | 2.77 | | 13 | 73 | 1977 |
| | 0.15 | 2.63 | 40.48 | 167.43 | 3 | 1.80 | | 30.30 | 77.50 | 1978 |
| | 1.13 | 0.68 | 13.27 | 261.94 | | 1.89 | | 3 | 65.28 | 1979 |
| | 0.39 | 1.97 | 15.33 | 356.98 | 2 | 1.90 | 4.80 | | 28.50 | 1980 |
| | 0.41 | 1.04 | 15.81 | 224.81 | 2 | 1.52 | 3.70 | | 13 | 1981 |
| 10.35 | 0.51 | 1.65 | 16.11 | 137.02 | 3.50 | 1.57 | 1 | | 18.50 | 1982 |
| 10.22 | 1.29 | 3.57 | 77.98 | 60.63 | | 2.82 | 10.40 | | 26 | 1983 |
| 10.40 | 1.20 | 5 | 58.1 | 77.80 | | 1.60 | | 1.50 | 95 | 1984 |
| 6 | 5.10 | 6.40 | 51.50 | 72 | | 1.70 | 1.50 | | | 1985 |
| 4.70 | 13.30 | 6.50 | 92.80 | 68.70 | | 2.50 | 7 | | 97 | 1986 |
| 11.60 | 11.60 | 6.40 | 91.80 | 83.30 | | 2.50 | 19 | 5.70 | 8.60 | 1987 |
| 3.10 | 15.20 | 7.90 | 97.40 | 108.90 | | 2.10 | 4 | | 11 | 1988 |
| 5.8 | 20.6 | 8.6 | 122.8 | 116.9 | | 2.5 | 11.2 | | 125 | 1989 |
| 6.1 | 22.3 | 13.3 | 193.5 | 119 | | 3 | 26 | 5 | 22 | 1990 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1991 | 5 | 5 | 17 | 1 | | 127 | 140 | 12 | 33 | 6 |
| 1992 | 3 | 10 | 5 | 3 | | 187 | 134 | 18 | 30 | 6 |
| 1993 | 16 | 10 | 10 | 1 | | 153 | 80 | 15 | 14 | 6 |
| 1994 | 39 | 35 | 15 | 1 | | 232 | 202 | 21 | 32 | |
| 1995 | 15 | 20 | 17 | 5 | | 343 | 261 | 23 | 31 | |
| جەمئىي | 983.25 | 138.5 | 152.7 | 52.32 | 40.37 | 3320.01 | 2011.83 | 348.15 | 251.98 | 114.84 |

ئىزاھات: 1970 — 1973 - يىلغىچە يېزىغا چۈشۈرۈلگەن شەھەر ئاھالىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا 285 مىڭ 700 يۈەن چىقىم قىلىنغان، بۇ شەھەر - بازار ياشلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش چىقىمىغا قوشۇۋېتىلدى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1957 — 1995 - يىلغىچە بولغان مالىيە چىقىمى (2)

جەدۋەل: 18 — 4

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم - پەن، سەھىيە كەسپىي خىراجىتى | باشقا تارماقلارنىڭ كەسپىي خىراجىتى | باشقا قوشۇمچە ياردەم چىقىمى | مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى | ئېيىق، ئىجتىمائىي يارلانغانلىق، قۇتقۇزۇش خىراجىتى | باشقا چىقىملار | جەمئىي | يۇقىرىنىڭ ھېسابىغا قالدۇرۇلغان چىقىم | يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق | يۆتكەپ بېرىلگەن مەبلەغ | ئومۇمىي يىغىندا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | 16.69 | | | 32.05 | 1.17 | 0.32 | 54.96 | | 8.06 | | 63.02 |
| 1958 | 22.32 | | | 36.59 | 0.06 | 0.30 | 95.77 | 48.7 | 8.60 | | 153.07 |
| 1959 | 24.31 | | | 27.14 | 0.36 | 0.08 | 100.73 | 31.94 | 14.49 | | 147.16 |
| 1960 | 29.76 | | | 36.48 | 2.13 | 0.54 | 108.12 | 11.35 | 12.17 | 10 | 141.64 |
| 1961 | 23.67 | 1.24 | | 30.48 | 8.26 | 0.54 | 112.14 | 5.61 | 4.29 | 5.55 | 127.59 |
| 1962 | 24.17 | 0.83 | | 28.77 | 9.80 | 8.09 | 80.89 | | 6.43 | 9.51 | 96.83 |
| 1963 | 34.30 | | | 29.19 | 11.34 | 2.66 | 92.11 | | 0.07 | 10 | 102.18 |
| 1964 | 40.18 | | | 38.69 | 5.21 | 9.48 | 110.73 | 3.21 | 4.62 | 10 | 128.56 |
| 1965 | 40.22 | | | 36.81 | 4.71 | 4.27 | 119.62 | | 5.07 | 10 | 134.69 |
| 1966 | 61.73 | | | 35.95 | 12.01 | 3.25 | 144.66 | 2.48 | 7.91 | 10 | 165.05 |
| 1967 | 53.90 | | | 35.30 | 3.20 | 5.60 | 123 | | 26.70 | 10 | 159.70 |
| 1968 | 44.27 | | | 28.53 | 1.15 | 3.86 | 114.87 | 76.69 | 31.26 | 10 | 232.82 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 262.92 | | 32.79 | 94.45 | 135.68 | 5.66 | 2.01 | 36.20 | | 0.54 | 38.45 | 1969 |
| 298.16 | | 26.08 | 91.9 | 180.18 | 10.37 | 4.28 | 38.44 | | | 43.42 | 1970 |
| 328.09 | | 23.24 | 76.84 | 228.01 | 3.32 | 3.45 | 49.47 | | | 63.97 | 1971 |
| 283.79 | 8 | 36.88 | 11.02 | 227.89 | 11.75 | 4.85 | 42.77 | | | 78.36 | 1972 |
| 278.82 | 7.88 | 15.82 | 21.50 | 233.62 | 6.26 | 5.45 | 44.89 | | | 87.39 | 1973 |
| 353.59 | 8.97 | 23.62 | 15.49 | 305.51 | 9.91 | 7.89 | 44.35 | | 3.59 | 89.09 | 1974 |
| 311.53 | 19.69 | 32.09 | 6.81 | 252.94 | 5.05 | 5.40 | 44.07 | | 1.89 | 93.95 | 1975 |
| 355.96 | 12.83 | 39.55 | | 303.58 | 4.74 | 5.28 | 51.10 | | 6.28 | 97.76 | 1976 |
| 457.23 | 13.37 | 61.21 | 12.27 | 370.38 | 4.87 | 13.39 | 51.81 | | 10.53 | 104.99 | 1977 |
| 730.09 | 122.95 | 67.65 | 14.11 | 525.38 | 7.94 | 8.01 | 63.75 | | 4.43 | 117.96 | 1978 |
| 815.99 | 148.84 | 76.91 | 0.16 | 590.08 | 15.80 | 17.69 | 66.45 | | 3.61 | 139.34 | 1979 |
| 822.97 | 27.45 | 72.63 | | 722.89 | 29.14 | 9.89 | 93.74 | | 5.46 | 172.79 | 1980 |
| 703.81 | 41.44 | 67.38 | 3.89 | 591.10 | 20.31 | 17.85 | 91.45 | | 3.60 | 195.60 | 1981 |
| 669.60 | 32.15 | 81.39 | 0.54 | 555.52 | 22.89 | 11 | 99.85 | | 2.99 | 228.58 | 1982 |
| 837.97 | 36.06 | 108.08 | 8.17 | 685.66 | 32.30 | 15.80 | 158.46 | | 3.83 | 282.36 | 1983 |
| 933.60 | 68.70 | 63.20 | 14 | 787.70 | 37.4 | 15.80 | 178.70 | | 3.40 | 301.80 | 1984 |
| 913.30 | 36.7 | 33.90 | 16.50 | 826.20 | 30.70 | 15.80 | 223.20 | 20.50 | 6.40 | 385.40 | 1985 |
| 1290.80 | 34 | 27.10 | | 1229.70 | 92.30 | 22.10 | 250.40 | 200.40 | 9.30 | 362.70 | 1986 |
| 1459 | 26.3 | 16.50 | 74.8 | 1341.40 | 54.10 | 69.30 | 314.40 | 192.80 | 16 | 454.30 | 1987 |
| 1465.80 | 17.30 | —3.8 | 7.9 | 1444.40 | 84 | 24 | 373 | 206.20 | 11.80 | 495.80 | 1988 |
| 1697.9 | | —141.80 | 0.3 | 1839.40 | 196.4 | 25.5 | 306.6 | 260.3 | 18.6 | 618.6 | 1989 |
| 1437.10 | | —340.1 | | 1777.20 | 138 | 22.3 | 351.6 | 194.1 | 17 | 644 | 1990 |
| 1368 | | —441 | | 1809 | 153 | 37 | 343 | 151 | 40 | 739 | 1991 |
| 1827 | | —416 | •9.5 | 2148 | 163 | 24 | 538 | 52 | 18 | 957 | 1992 |
| 1795 | | —725 | •140 | 2380 | 307 | 20 | 502 | 14 | 61 | 1171 | 1993 |
| 2548 | | —528 | •147 | 2929 | 21 | 23 | 737 | 17 | 74 | 1480 | 1994 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1995 | 1975 | 74 | | 890 | 45 | 439 | 4138 | •147 | −1584 | | 2701 |
| جەمئىي | 11834.13 | 398.32 | 1308.30 | 6380.68 | 535.44 | 1945.20 | 29816.02 | 1179.63 | −3144.01 | 747.69 | 28599.33 |

**ئىزاھات:** (1) 1992 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئىجتىمائىي سۇغۇرتا سوممىسى 5 مىليون 290 مىڭ يۈەن ئالدىنقى يىلدىن قالغان چىقىمغا كىرگۈزۈپ ھېسابلاندى ھەم «•» بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىلدى. (2) بۇ جەدۋەلدىكى جەمئىي سان بىلەن ئومۇمىي يىغىندا سان چىقىم جەدۋىلى (1)، (2) لەردىكى ئومۇمىي چىقىمنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1957 — 1995 - يىلغىچە بولغان مالىيە كىرىمى

جەدۋەل: 18 — 5

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | كارخانا كىرىمى | سودا - سانائەت بېجى كىرىمى | دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بېجى ۋە تېرىلغۇ يەر ئىگىلىش بېجى | دۆلەت كارخانىلىرى تاپاۋەت بېجى | دۆلەت كارخانىلىرى تەڭشەش بېجى | دۆلەت كارخانىلىرى زىيىنىغا تولۇقلىغان پۇل | دۆلەت كارخانىلىرىغا يېڭىدىن زىيانغا تولدۇرۇپ بېرىلگەن ياردەم پۇلى | باشقا كىرىم | جەمئىي ئەمەلىي كىرىم | يۇقىرىدىن بېرىلگەن تولۇقلىما ياردەم كىرىمى | ئىجتىمائىي سۇغۇرتا فوندى كىرىمى | ئالدىنقى يىلدىن قالغان قالدۇق | يۆتكەپ كىرگۈزۈلگەن باشقا مەبلەغ | ئومۇمىي جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1957 | | 38.17 | 52.27 | | | | | 1.80 | 92.24 | 24.43 | | | 0.45 | 117.12 |
| 1958 | | 33.86 | 69.83 | | | | | 4.79 | 108.48 | 37.36 | | 3.05 | 41.8 | 153.07 |
| 1959 | 4.83 | 32.87 | 57.96 | | | | | 5.46 | 101.12 | 27.65 | | 18.41 | | 147.18 |
| 1960 | 4.45 | 38.20 | 40.28 | | | | | 2.21 | 85.14 | 39.03 | | 7.46 | 10 | 141.63 |
| 1961 | 5.69 | 31.91 | 25.27 | | | | | 1.62 | 64.49 | 4.47 | | −26.87 | 85.49 | 127.58 |
| 1962 | −4.74 | 39.56 | 48.04 | | | | | 1.73 | 84.59 | 60.18 | | 4.29 | 20.38 | 169.44 |
| 1963 | 3.95 | 47.53 | 43.87 | | | | | 2.85 | 98.20 | 75.17 | | 2.11 | 9.68 | 185.16 |
| 1964 | 3.77 | 42.96 | 45.09 | | | | | 1.04 | 92.86 | 97.74 | | 3.81 | 13.21 | 207.62 |
| 1965 | −1.25 | 46.94 | 43.30 | | | | | 1 | 89.99 | 112.89 | | 5.59 | 10 | 218.47 |
| 1966 | −1.56 | 42.53 | 54.98 | | | | | 7.27 | 103.22 | 126.43 | | 6.31 | 19.59 | 255.55 |
| 1967 | −4.10 | 42.41 | 43.56 | | | | | 1.30 | 83.17 | 148.30 | | −4.45 | 10 | 237.02 |
| 1968 | −9.50 | 40.19 | 53.46 | | | | | 4.28 | 88.43 | 117.69 | | 26.70 | | 232.82 |
| 1969 | −11.56 | 43.07 | 54.36 | | | | | 2.86 | 88.73 | 145.54 | | 28.65 | | 262.92 |
| 1970 | −11.78 | 40.14 | 54.78 | | | | | 1.64 | 84.78 | 177.06 | | 36.32 | | 298.16 |
| 1971 | −11.43 | 41.19 | 42.83 | | | | | 3.14 | 75.73 | 223.01 | | 29.35 | | 328.09 |
| 1972 | −9.84 | 46.08 | 48.28 | | | | | 4.03 | 88.55 | 158.50 | | 36.74 | | 283.79 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 278.81 | 21 | 42.97 | | 149.70 | 65.14 | 3.91 | | | | | 46.30 | 46.9 | −31.97 | 1973 |
| 353.18 | 5.87 | 23.64 | | 245.37 | 78.3 | 2.49 | | | | | 44.12 | 54.05 | −22.36 | 1974 |
| 311.53 | 0.2 | 32.58 | | 175.53 | 103.22 | 3.38 | | | | | 48.41 | 63.79 | −12.36 | 1975 |
| 355.96 | | 51.78 | | 211.60 | 92.58 | 2.01 | | | | | 44.19 | 66.67 | −20.29 | 1976 |
| 457.23 | | 52.37 | | 301.12 | 103.74 | 3.77 | | | | | 45.40 | 80.23 | −25.76 | 1977 |
| 730.10 | 1 | 74.58 | | 522.88 | 131.64 | 2.42 | | | | | 50.79 | 98.58 | −20.15 | 1978 |
| 852 | | 193.75 | | 526.44 | 131.81 | 0.33 | | | | | 46.80 | 106.04 | −21.36 | 1979 |
| 822.97 | 2.71 | 261.76 | | 448.31 | 110.19 | 0.59 | | | | | 41.31 | 99.83 | −31.54 | 1980 |
| 703.81 | | 100.08 | | 483.16 | 120.57 | 0.39 | | | | | 38.10 | 97.63 | −15.55 | 1981 |
| 669.61 | | 105.81 | | 445.14 | 118.66 | 1.09 | | | | | 46.70 | 90.07 | −19.20 | 1982 |
| 837.95 | | 113.75 | | 571.34 | 152.86 | 3.83 | | | | | 58 | 98.99 | −7.96 | 1983 |
| 993.60 | | 144.10 | | 629.10 | 160.40 | 3.40 | | | | | 56.40 | 113.40 | −12.80 | 1984 |
| 913.30 | | 108.70 | | 568.30 | 236.30 | 4 | −10.6 | | 0.40 | 4.90 | 60.90 | 176.40 | 0.30 | 1985 |
| 1290.80 | | 70.60 | | 984 | 236.20 | 4.80 | −40.10 | 1.50 | 1.20 | 17.20 | 58.30 | 193.30 | | 1986 |
| 1459 | | 61.10 | | 1162.30 | 235.60 | 10.20 | −67 | 6.10 | 3.40 | 19.60 | 53.40 | 209.90 | | 1987 |
| 1465.6 | | 43.4 | | 1102.8 | 319.4 | −1.1 | −4.91 | 6.60 | 10.3 | 24.4 | 85 | 243.3 | | 1988 |
| 1697.5 | 1.6 | 13.5 | | 1312.9 | 369.5 | −37.6 | −71.4 | 25.4 | 16.8 | 38.2 | 99 | 299.1 | | 1989 |
| 1437.10 | | −51.8 | | 1093.60 | 395.30 | −20.6 | −112.1 | 19.2 | 20.5 | 52.6 | 101.5 | 334.2 | | 1990 |
| 1368 | · | −260 | | 1124 | 504 | 49 | −111 | 30 | 4 | 52 | 101 | 379 | | 1991 |
| 1827 | | −271 | 95 | 1537 | 466 | −73 | −105 | 73 | 5 | 88 | 117 | 361 | | 1992 |
| 1795 | | −346 | 140 | 1413 | 588 | 43 | −113 | 16 | | 52 | 132 | 458 | | 1993 |
| 2538 | 38 | −627 | 147 | 2382 | 598 | 21 | −12 | 21 | 4 | 136 | 247 | 236 | | 1994 |
| 2701 | 181 | −528 | 147 | 2096 | 805 | 30 | −27 | 12 | 1 | 172 | 363 | 246 | | 1995 |
| 29164.67 | 434.36 | −411.86 | 529 | 21061.04 | 7552.13 | 104.33 | −718.3 | 210.8 | 66.6 | 656.9 | 2762.78 | 4800.09 | −284.07 | جەمئىي |

**ئىزاھات:** تاپاۋەت بېجىدىن قايتۇرۇلغىنى 1994 - يىلى 65 مىليون يۈەن، 1995 - يىلى 40 مىليون يۈەن، جەمئىي 69 مىليون يۈەن؛ مەخسۇس تۆر كىرىمى 1994 - يىلى 100 مىليون يۈەن، 1995 - يىلى 120 مىليون يۈەن، جەمئىي 220 مىليون يۈەن. يۇقىرىدىكى 2 تۈردىكى سانلىق مەلۇمات جەمئىي سانغا كىرگۈزۈلدى، تارماق تۈردىكى سانغا كىرگۈزۈلمىدى.

## § 5 . يەرلىك قوشۇمچە ھەق

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يەرلىك قوشۇمچە ھەقلىرى (خام چوت سىرتىدىكى كىرىم) سودا - سانائەت قوشۇمچە ھەققى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قوشۇمچە بېجى، سۇ ھەققى، ھۆكۈمەت ئۆيى ئىجارىسى، بەلگىلىمە بويىچە ئېلىنىغان ھەقلەردىن قىلىنىغان كىرىم، جەرىمانە - مۇسادىرە پۇلى، ھۆكۈمەت مۈلكىنى باھاغا سۇندۇرغان كىرىم، كارخانا پايدىسىدىن قالدۇرۇلغان نىسبەت، ئامورتىزاتسىيە فوندى ھەم باشقا كىرىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سودا - سانائەت قوشۇمچە ھەققى سودا - سانائەت تاپاۋەت بېجىنىڭ %30 ى بويىچە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق قوشۇمچە ھەققى رەسمىي باجنىڭ %10 ى بويىچە، سۇ ھەققى تېرىلغۇ يەرنىڭ مو سانى بويىچە ھېسابلىنىپ، ھەر مو يەر ئۈچۈن 1.5 كىلوگرامدىن 2.5 كىلوگرامغىچە بۇغداي ئېلىنىدى. 1976 - يىلدىن كېيىن سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى ئۆز ئالدىغا كىرىم - چىقىم قىلدى. 1958 — 1995 - يىلغىچە جەمئىي 13 مىليون 700 مىڭ يۈەن يەرلىك قوشۇمچە ھەق ئېلىنىدى.

يەرلىك قوشۇمچە ھەق ئومۇمەن بۇ يىل كىرىم قىلىنىپ، كېيىنكى يىلى چىقىم قىلىنىدى، بەزىدە جايلارنىڭ جىددىي تەرەققىيات ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئېلىنىغان يىلىمۇ چىقىم قىلىنىدى، مالىيە تارماقلىرى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن پىلان تۈزۈپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلدى. يەرلىك قوشۇمچە ھەق ئاساسەن يېزا ئىگىلىكىگە، يېزا - كەنت يول قۇرۇلۇشىغا، چارۋىچىلىق قۇرۇلۇشىغا، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىغا، مەمۇرىي ئىشلارغا ۋە باشقا جامائەت پاراۋانلىقى ئىشلىرىغا ياردەم بېرىشكە ئىشلىتىلدى. 1958 — 1993 - يىلغىچە 23 مىليون 906 مىڭ 500 يۈەن يەرلىك قوشۇمچە ھەق چىقىم قىلىنىدى.

### توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى يەرلىك قوشۇمچە ھەق كىرىمى

جەدۋەل: 18 — 6    بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | تۈرلۈك قوشۇمچە ھەق كىرىمى | سۇ ھەققى كىرىمى | باشقا كىرىم | مالىيىگە تاپشۇرۇلغان كارخانا مەبلىغى | يىللىق جەمئىي | ئالدىنقى يىلدىن قالغان قالدۇق | ئومۇمىي يىغىندىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 7.25 | 5.07 | 1.42 | | 13.74 | 2.62 | 16.36 |
| 1965 | 6.78 | 9.67 | | | 16.45 | 11.47 | 27.92 |
| 1966 | 13.32 | 7.95 | | | 21.27 | | 21.27 |
| 1967 | 14.60 | 7.30 | | | 21.90 | 27.30 | 49.20 |
| 1968 | 4.02 | 10.49 | 0.70 | | 15.21 | 38.97 | 54.18 |
| 1969 | 14.27 | 5.66 | 1.3 | | 21.23 | 33.24 | 54.57 |
| 1970 | 13.76 | 8.28 | | | 22.04 | 42.06 | 64.10 |
| 1971 | 15.84 | | | | 15.84 | 38.30 | 54.14 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1972 | 2.29 | | | | 2.29 | 43.55 | 45.84 |
| 1973 | 11.01 | | 8.09 | | 19.09 | 35.20 | 54.29 |
| 1974 | 7.25 | 7.37 | | | 14.62 | 34.49 | 49.11 |
| 1975 | 4.85 | 8.54 | | | 13.39 | 33.10 | 46.49 |
| 1976 | 6.63 | | 3.76 | | 10.33 | 21.64 | 31.97 |
| 1977 | 11.81 | | 6.32 | | 18.13 | 21.55 | 39.68 |
| 1978 | 11.29 | | | | 11.29 | 30.87 | 42.16 |
| 1979 | 10.41 | | 3.96 | | 14.37 | 31.50 | 45.87 |
| 1980 | 7.33 | | 0.36 | | 7.69 | 45.27 | 52.96 |
| 1981 | 11.83 | | 7.16 | 0.35 | 19.34 | 55.19 | 74.53 |
| 1982 | 7.68 | | | —0.35 | 7.33 | 70.92 | 78.25 |
| 1983 | 7.32 | | | 18.78 | 26.1 | 75.94 | 102.04 |
| 1984 | 7.90 | | | 20 | 27.9 | 95.6 | 124.8 |
| 1985 | 6.07 | *48.9 | 4 | | 10.07 | | 10.07 |
| 1986 | 5.79 | | 4.80 | | 10.59 | | 10.59 |
| 1987 | 5.31 | *63.1 | 10.20 | | 15.51 | | 15.51 |
| 1988 | 7.82 | *78.4 | 10.1 | | 17.92 | | 17.92 |
| 1989 | | *105.4 | | | | | |
| 1990 | | *166.8 | | | | | |
| 1991 | | *331 | | | | | |
| 1992 | 15 | *331 | | | 15 | 20 | 35 |
| 1993 | 11 | *317.1 | | | 11 | 27 | 38 |
| 1994 | 24 | *409.3 | | | 24 | 17 | 41 |
| 1995 | 34 | *501.3 | | | 34 | 39 | 73 |

ئىزاھات: (1) سۇ ھەققى 1976 - يىلدىن باشلاپ سۇ - ئېلېكتىر ئىدارىسىنىڭ كىرىم - چىقىم قىلىنىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن بولغاچقا، مالىيە كىرىمىگە كىرگۈزۈلمىدى ھەم «*» بەلگىسى بىلەن ئىزاھلاپ قويۇلدى. (2) 1984 - يىلى خەزىنىدە قالغان 13 مىڭ يۈەنلىك دۆلەت خەزىنە چېكى ئومۇمىي يىغىندىغا كىرگۈزۈلدى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى يەرلىك قوشۇمچە ھەققىنىڭ چىقىم قىلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 — 7 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى | شەھەر ئاسراش خىراجىتى | «5 كىچىك» كارخانىغا سېلىنغان مەبلەغ | مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە خىراجىتى | مەمۇرىي چىقىم خىراجىتى | باشقا چىقىم | يىللىق جەمئىي | خەزىنىدىكى دۆلەت خەزىنە چېكى | يىللىق قالدۇق | ئومۇمىي يىغىندىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 2.49 | | | 0.13 | | | 2.62 | 2.80 | 10.94 | 16.36 |
| 1965 | 5.99 | | | 1.91 | 1.56 | 0.17 | 9.63 | | 18.29 | 27.92 |
| 1966 | 5.85 | | | 1.78 | 1.61 | 3.94 | 13.18 | | 8.09 | 21.27 |
| 1967 | 5.80 | | | 1 | 2.30 | 1.10 | 10.20 | | 39 | 49.20 |
| 1968 | 7.73 | | | 3.44 | 3.56 | 6.21 | 20.94 | | 33.24 | 54.18 |
| 1969 | 6.65 | | | 2.89 | 1.01 | 1.86 | 12.41 | | 42.06 | 54.47 |
| 1970 | 12.55 | | | 1.78 | 0.44 | 11.02 | 25.79 | | 38.3 | 64.09 |
| 1971 | 6.80 | 2.50 | | 0.41 | 0.87 | | 10.58 | | 43.56 | 54.14 |
| 1972 | 7.20 | 4 | | 1.50 | 0.31 | | 13.01 | | 32.83 | 45.84 |
| 1973 | 8.80 | 1 | | 10 | | | 19.80 | | 34.49 | 54.29 |
| 1974 | 8.70 | 0.51 | | 50.9 | | 1.80 | 16.01 | | 33.10 | 49.11 |
| 1975 | 8.43 | 0.16 | | 14.40 | 0.36 | 1.50 | 24.85 | | 21.64 | 46.49 |
| 1976 | 8.23 | | 0.62 | | 1.57 | | 10.42 | | 21.55 | 31.97 |
| 1977 | 6.73 | | 1 | 1.05 | | 0.03 | 8.81 | | 30.87 | 39.68 |
| 1978 | 7.83 | | 2.18 | | | 0.66 | 10.67 | | 31.49 | 42.16 |
| 1979 | | | | | 0.60 | | 0.60 | | 45.27 | 45.87 |
| 1980 | | | | | 0.10 | | 0.10 | | 52.86 | 52.96 |
| 1981 | 1.45 | 0.98 | | | | 1.18 | 3.61 | | 70.92 | 7453 |
| 1982 | 2.31 | | | | | | 2.31 | | 75.94 | 78.25 |
| 1983 | 0.50 | 4.27 | | | | 0.04 | 5.11 | 1.30 | 95.63 | 102.04 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1984 | 3.30 | 0.60 | | | | | 6.20 | 3.60 | 115 | 124.80 |
| 1985 | | 0.51 | | 38.54 | 22.32 | 3.07 | 64.44 | 0.3 | 7.06 | 71.8 |
| 1986 | 0.97 | 1.33 | | 36.27 | 25.04 | 9.23 | 72.84 | 0.03 | 6.11 | 79.25 |
| 1987 | 0.86 | 1.16 | | 45.43 | 31.44 | 5.41 | 84.3 | 0.23 | 4.34 | 88.87 |
| 1988 | 0.11 | 1.52 | | 49.58 | 31.85 | 24.2 | 108.25 | 0.23 | 1.35 | 109.83 |
| 1989 | 12.5 | 2.06 | | 61.86 | 30.66 | 3.37 | 110.45 | | 15.8 | 126.25 |
| 1990 | 2.2 | 2.23 | | 64.4 | 35.16 | 3.01 | 107 | | 39.33 | 146.33 |
| 1991 | 0.5 | 3.3 | | 73.9 | 34.3 | 0.5 | 112.5 | | 57.2 | 169.7 |
| 1992 | 0.3 | 3 | | 95.7 | 53.8 | 1.6 | 154.4 | | 54.6 | 209 |
| 1993 | 1.6 | 1.4 | | 117.1 | 36.6 | 17.4 | 174.1 | | 85.9 | 260 |

ئىزاھات: يۇقىرىدا 1983 - يىلى 3000 يۈەن، 1984 - يىلى 23 مىڭ يۈەن ئېنېرگىيە، قاتناش فوندى تاپشۇرۇلدى. بۇ 2 سان شۇ يىللىق جەمئىي سانغا كىرگۈزۈلدى.

## 6 § . باشقۇرۇش

### خام چوت باشقۇرۇش

1954 — 1957 - يىلغىچە تولۇق سوممىلىق خام چوت باشقۇرۇش يولىغا قويۇلدى. مالىيە ئىدارىسى 1957 - يىلى ئىلگىرىكى يىللاردىكى خام چوت تۈزۈمىنى ئاساس قىلىپ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ كونكرېت تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت باش فاڭجېنىغا ئەمەل قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، مۇھىم نۇقتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر يىلى ئالدىنقى يىللىق كىرىم - چىقىم ئەھۋالى ھەم باج مەنبەسىدىكى ئۆزگىرىش يۈزلىنىشى، كارخانىلارنىڭ كۆلىمى ۋە پايدىسى، خادىملار شتاتى، قۇرۇلۇش پىلانى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، مۇچىلىقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ، تارماقلارنىڭ خام چوت لايىھىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، شۇ يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىم ئومۇمىي خام چوت لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغاندىن كېيىن، ھەرقايسى خام چوت ئورۇنلىرىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا يوللاپ بەردى. لايىھە ئىجرا قىلىنىش جەريانىدا قەرەللىك ياكى قەرەلسىز تەھلىل قىلىنىپ، تەڭشەپ، كۆپەيتىپ ياكى ئازايتىپ تۈزۈلدى.

ئورۇنلار ھەر يىلنىڭ بېشىدا ئىشلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ۋە مالىيە تۈزۈمىگە ئاساسەن، ئۆز ئورنىنىڭ خام چوتىنى تۈزۈپ چىقىپ، مالىيە ئىدارىسىنىڭ بىر تۇتاش تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، تەڭشىشىگە يوللىدى ھەم تەكشۈرۈپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلدى. 1980 - يىلدىن ئىلگىرى مەمۇرىي ئورگانلار ۋە كىرىمى يوق كەسپىي ئورۇنلاردا تولۇق سوممىلىق خام چوت باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ، خام چوتنى يىل بېشىدا

تەكشۈرۈپ بېكىتىش، يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي چىقىمنى ئاتچوت قىلىش، قالدۇقنى قايتۇرۇۋېلىش، ئېشىپ كەتكەن چىقىمنى تولۇقلاپ بېرىش چارىسى قوللىنىلدى. 1980 - يىلدىن كېيىن خام چوتنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ھەرقايسى خام چوت ئورۇنلىرىنىڭ خىراجەت چىقىمى يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي سانى بويىچە نەق چوتقا كىرگۈزۈلدى. خام چوت قالدۇقى كېيىنكى يىلغا ئاغدۇرۇلدى.

## 2. مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش

1957 - يىلدىن ئىلگىرى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار تالونغا ئاساسەن مالىيىگە ھېساباتىنى مەلۇم قىلسا، ئامېلىنىڭ مالىيە ئىدارىسى جەملىگەندىن كېيىن ۋالىي مەھكىمىسى مالىيە بۆلۈمىنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنۇپ، ھېساب يوللايتتى. كىرىم يۇقىرىغا تولۇق تاپشۇرۇلاتتى، چىقىم مالىيىدىن خام چوت بويىچە ئاجرىتىپ بېرىلەتتى، ئايرىم ئېشىپ كەتكەن چىقىملارنى ئورۇنلار ئۆزلىرى يۇقىرىغا مەلۇم قىلسا، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەھۋالغا قاراپ قوشۇپ بېرىلەتتى، قالدۇق يىل ئاخىرىدا مالىيىگە تاپشۇرۇلاتتى. كىرىمى بار كەسپىي ئورۇنلاردا 1959 — 1970 - يىلغىچە پەرقلىق سومملىق خام چوت تۈزۈش، تۈرلەرنى بېكىتىپ قوشۇمچە ياردەم بېرىش چارىسى يولغا قويۇلغانىدى. 1971 - يىلى كىرىم - چىقىمنى بېكىتىپ، ھۆددىگە بېرىش، يىلدا بىر قېتىم ئۆزگەرتىش، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. 1980 - يىلدىن كېيىن خام چوت ئورۇنلىرىنىڭ چىقىم نورمىسى بەلگىلەپ بېرىلىپ، چىقىم تولۇق سوممىسى بىلەن ھۆددىگە بېرىلدى، چىقىمنى ئاشۇرۇۋەتسە تولۇقلاپ بېرىلمىدى، ئېشىنغىنى ئۆزىگە قالدۇرۇلدى.

## 3. كارخانا مالىيىسىنى باشقۇرۇش

1) **مۈلۈك، مەبلەغ ۋە ئامبارنى ئېنىقلاش** 1962 — 1963 - يىلغىچە خام چوت ئىچىدىكى 8 كارخانىنىڭ مال - مۈلكى، مەبلىغى ۋە ئامبىرى ئېنىقلاندى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى كارخانىلارنىڭ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تىن بۇيانقى تەئەللۇقاتى ئېنىقلاندى، مالىيىدە قېپقالغان مەسىلىلەر بىر ياقلىق قىلىندى، تۇراقسىز مەبلىغى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 1983 — 1988 - يىلغىچە ئۇدا 5 يىلدا 5 قېتىم مۈلۈك، مەبلەغ، ئامبار ئېنىقلىنىپ، 2 مىليون 427 مىڭ يۈەنلىك مال - مۈلۈك بىر تەرەپ قىلىندى، 1 مىليون 158 مىڭ يۈەنلىك مۈلۈك بىكىرەك قىلىندى (باھاسى چۈشۈرۈپ سېتىۋېتىلدى)، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا، ئېلېكتىر مەھسۇلاتلىرىنى بىكىرەك قىلىشتىن بولغان زىيان 609 مىڭ يۈەن.

2) **پايدا تاپشۇرۇشقا نازارەتچىلىك قىلىش** پايدا تاپشۇرۇشقا نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىنى 1958 - يىلدىن ئىلگىرى مالىيە تارماقلىرى ئىشلىگەنىدى، 1958 - يىلدىن ئېتىبارەن باج ئورگانلىرى ئۈستىگە ئالدى. 1983 - يىل 1 - ئايدا دەسلەپكى قەدەمدە پايدا باجغا ئۆزگەرتىلىپ، ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى قاتارلىق پايدا ئالىدىغان ئاز ساندىكى ئورۇنلاردىن تاپاۋەت بېجى ئېلىنىدى، ئازراق پايدا ئالىدىغان ۋە زىيان تارتىدىغان كارخانىلاردا داۋاملىق پايدا تاپشۇرۇشقا نازارەتچىلىك قىلىش تۈزۈمى يۈرگۈزۈلدى. 1984 - يىل 10 - ئايدا 2 - قەدەمدە پايدا باجغا ئۆزگەرتىلدى، يۇقىرىغا پايدا تاپشۇرۇش بىكار قىلىنىپ، دۆلەت كارخانىلىرىدىن تاپاۋەت بېجى ئېلىنىدىغان بولدى.

1958 - يىلدىن باشلاپ پايدىنى دۆلەت بىلەن كارخانا بۆلۈشىدىغان بولدى. 1978 - يىلدىن ئېتىبارەن دۆلەت كارخانىلىرىدا 8 تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ تەكشۈرۈلۈپ، كارخانا فوندى قالدۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1979 - يىلى كارخانىلاردا ئامبارلار ئېنىقلاندى ۋە تەرتىپكە سېلىندى. 1984 - يىلى كارخانىلارنى

ئەرتىپكە سېلىش خىزمىتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 1985 ـ يىلدىن باشلاپ بىرنەچچە سودا ـ سانائەت كارخانىسى سىياسەت خاراكتېرلىق زىيان تارتقاندىن باشقا، قالغانلىرى زىياننى تۈگىتىپ پايدا ئالدى.

## 7 § . ئىقتىسادىي تەپتىشلىك

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمىدە قوشۇمچە ئىقتىسادىي مۇپەتتىش قويۇلدى، ئۇ مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مالىيە ئىنتىزامى ۋە تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ۋە ئۇنىڭغا نازارەتچىلىك قىلىپ تۇردى. ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرى بايقالسا، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى. بەزى يىللاردا ئالاقىدار ئورۇنلارنى تەشكىللەش ئارقىلىق، مالىيىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

1984 ـ يىل 11 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 7 شتات بېرىلدى، 3 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قويۇلدى. 1985 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئىدارە خىزمەتچىلىرى تولۇقلاندى ھەم ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىشلىرى رەسمىي باشلاندى. شۇ يىلى بۇ ئىدارە ناھىيە بويىچە قانات يايدۇرۇلغان مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنتىزامىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە ماسلىشىپ، 31 ئورۇننىڭ ھېساباتىنى تەكشۈرۈپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 60 مىڭ 200 يۈەننى ئېنىقلاپ چىقتى. 6 ئورۇندا ئىقتىسادىي تەپتىشلىكنى سىناق قىلىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 201 مىڭ 800 يۈەننى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇنىڭدىن مالىيىگە تاپشۇرۇلغىنى 29 مىڭ يۈەن، تولۇقلاپ ئېلىنغان باج 19 مىڭ يۈەن. 1985 ـ يىلدىن كېيىن ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى ناھىيە تەۋەسىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلدى، ئۆتنىلىق تەپتىش قىلىش، قەرەللىك تەپتىش قىلىش ۋە مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەپتىش قىلىشنى يولغا قويدى. بۇ ئىدارە 1989 ـ يىلدىن ئېتىبارەن، ھۆددىگە بېرىلگەن كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ـ تىجارەت ئۈنۈمىنى تەپتىش قىلدى، 6 ئورۇندا ئىچكى تەپتىشلىك تۈزۈمى ئورناتتى، 6 مەخسۇس مۇپەتتىش، 2 قوشۇمچە مۇپەتتىش سەپلەپ بەردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەت ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئاپپاراتى قۇرۇپ، پېنسىيىگە چىققان 2 بوغالتېرنى تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىپ، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك كەسپىنى قانات يايدۇردى. شۇ يىلى 22 ئورۇننىڭ ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى خىراجىتىنى تەكشۈرۈپ، 2 يۈرۈش باش ـ ئايىغى يوق ھېساباتنى، 2690 يۈەن مۇلازىمەت كىرىمىنى بىرتەرەپ قىلدى. ئىقتىسادىي مۇپەتتىشلەر «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، قانۇن بويىچە تەپتىش قىلىش» نى مىزان قىلىپ، پارتىيىنىڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنتىزامىنى قوغدىدى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، بىرتەرەپ قىلىش توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىپ تۇردى. «مۇۋاپىق كەڭچىلىك قىلىش ۋە قاتتىق بولۇش، مۇۋاپىق بىرتەرەپ قىلىش» نى ئىشقا ئاشۇردى. 1992 ـ يىلى ناھىيىلىك يېمەكلىك زاۋۇتى تەپتىش قىلىنىپ، خىيانەت قىلىنغان 19 مىڭ يۈەن ئېنىقلاپ چىقىلىپ، بۇ كىچىك زاۋۇت ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇۋېلىندى، نەتىجىدە زاۋۇت زىياننى تۈگىتىپ پايدا ئالىدىغان بولدى. 1993 ـ يىلى ناھىيىلىك ترانسپورت شىركىتى تەپتىش قىلىنىپ، بۇ شىركەتنىڭ تىجارەتنى ھۆددىگە بەرگەندە «كىرىم ـ چىقىمنى ھۆددىگە بېرىۋەتكەن» لىكى ئېنىقلاپ چىقىلدى ھەمدە ئۇنى تۈزىتىش توغرىسىدا پىكىر بېرىلدى، ئاپتوموبىللار كەڭ كۆلەمدە ھۆددىگە بېرىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئۆستۈرۈلدى، ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلۇپ، كارخانا ھاياتىي كۈچكە ئېرىشتى.

ئىقتىسادىي تەپتىشلىك ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جەمئىي 158 مىليون 974 مىڭ 700 يۈەن مەبلەغنى تەپتىش قىلىپ، مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش، تەننەرخ چىقىمىنى قالايمىقان

چېچىش، باج ئوغرىلاش ۋە يوشۇرۇش، يالغانچىلىق بىلەن مالىيە قوشۇمچە ياردىمى ئېلىش، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش، خام چوت سىرتىدىكى كىرىمنى كۆپەيتىش، ئۆز ئالدىغا كىچىك خەزىنە قۇرۇش، ھۆكۈمەت پۇلىنى شەخسنىڭ نامىدا بانكىغا ئامانەت قويۇش قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن 4 مىليون 942 مىڭ يۈەن پۇلنى ئېنىقلاپ چىقتى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1985 — 1993 - يىلغىچە بولغان ئىقتىسادىي تەپتىشلىك خىزمىتى ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 — 8

| يىللار | مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇنلاردىن تەپتىش قىلىنغىنى | | تەپتىش قىلىنغان سوما (تۈمەن يۈەن) | ئېنىقلانغان ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن سوما (تۈمەن يۈەن) | كالىپ . كالىپسىز چىقىرىلغان تاشقىرى چىقىم (تۈمەن يۈەن) | كۆپەيتىلگەن خام چوت سىرتىدىكى كىرىم (تۈمەن يۈەن) | يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن مەبلەغ (تۈمەن يۈەن) | ئۈزۈپ قېلىنغان دۆلەت كىرىمى (تۈمەن يۈەن) | باشقىلار (تۈمەن يۈەن) | قايتۇرۇۋېلىنغان پۇل (تۈمەن يۈەن) | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | نۇقتىلىق تەپتىش قىلىنغىنى | | 6 | | 20.18 | 1.89 | | | | 4.8 | |
| 1986 | نۇقتىلىق تەپتىش قىلىنغىنى | 12 | | 160 | 6 | 3 | 18 | | | 3 | |
| | قەرەللىك تەپتىش قىلىنغىنى | 2 | | | | | | | | | |
| 1987 | نۇقتىلىق تەپتىش قىلىنغىنى | 6 | 305.32 | 36.8 | 2.45 | 3.25 | 19.03 | | 7.07 | 0.69 | |
| | قەرەللىك تەپتىش قىلىنغىنى | 9 | | | | | | | | | |
| 1988 | نۇقتىلىق تەپتىش قىلىنغىنى | 19 | 822.5 | 58.38 | 21.73 | 23 | | 5.71 | | | |
| 1989 | نۇقتىلىق تەپتىش قىلىنغىنى | 7 | 455.5 | 54.69 | | | | | 18.9 | 6.6 | «باشقىلار» دېگەن كاتەكچىدىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك زىيىنى 178 مىڭ يۈەن، يالغانچىلىق بىلەن ئېلىۋېلىنغان ھۆكۈمەت پۇلى 11 مىڭ يۈەن |
| | قەرەللىك تەپتىش قىلىنغىنى | 10 | | | | | | | | | مەخسۇس تەپتىش قىلىشتا ئېنىقلاپ چىقىلغان كىچىك خەزىنە پۇلى 24 مىڭ يۈەن |
| 1990 | نۇقتىلىق تەپتىش قىلىنغىنى | 13 | 267.8 | 34.95 | 0.64 | | | 0.59 | 0.39 | 2.06 | |
| | قەرەللىك تەپتىش قىلىنغىنى | 67 | 137.75 | 1.25 | | | | | | | |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1991 | قەرەللىك تەپتىش قىلىنغىنى | 17 | 4907.6 | 13.58 | | | | | 3.38 | | |
| 1992 | ئۇقتىلىق تەپتىش قىلىنغىنى | 34 | 2598.4 | 96.9 | | | | | | 1.39 | تەپتىش ئارقىسىغا ماسلىشىپ، 5 ھۆججەت تەكشۈرۈلدى |
| | قەرەللىك تەپتىش قىلىنغىنى | 4 | 166.4 | 2.57 | | | | | | | شۇ يىلى 6 مىليون 790 مىڭ 300 يۈەن مەخسۇس تەپتىش قىلىندى |
| 1993 | ئۇقتىلىق تەپتىش قىلىنغىنى | 16 | 3655 | 14.9 | | | | | | 2.6 | ئىشلەپچىقىرىشى تۈزۈلۈپ كەتكەن كارخانىلار تەكشۈرۈلدى |
| | مەخسۇس تەپتىش قىلىنغىنى | 4 | 2581.2 | | | | | | | | |
| جەمئىي | | . | 15897.47 | 494.2 | 30.82 | 29.25 | 37.03 | 6.3 | 29.36 | 24.52 | |

# باب II

# باج

## 1 § . ئاپپاراتلار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) دىن ئىلگىرى توقسۇدا يەرلىك باجنى بەگلەر خەلقتىن يىغاتتى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا توقسۇدىكى يەرلىك باجنى يىغىشنى كۇچا باج ئىدارىسى توقسۇدىكى بايلارغا ھۆددىگە بەرگەنىدى، بايلار باج پۇلىنى ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردىن يىغىۋالاتتى.

مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) كۇچا باج ئىدارىسى باش باج ئىدارىسى قىلىنىپ، كۇچا، شايار، توقسۇ، باي، بۈگۈر ناھىيىلىرىنىڭ باج يىغىش ئىشلىرىنى باشقۇردى. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) باش باج ئىدارىسى كۇچا يەرلىك باج ئىدارىسى قىلىنىپ ئۆزگەرتىلدى، شايار، باي، بۈگۈر، توقسۇ شۆبە باج ئىدارىلىرى ئۇنىڭغا قارىدى. شۇ چاغدا توقسۇ باج ئاپپاراتىنىڭ تولۇق نامى توقسۇ يەرلىك باج ئىدارىسى دەپ

ئاتالدى، ما سۇندې شۆبە ئىدارە باشلىقى بولدى. شۇ مەزگىلدە ناھىيە تەۋەسىدىكى مۇھىم قاتناش يوللىرىدا 4 باج چازىسى بار ئىدى. ئاقيار باج چازىسىدا 3 كىشى، دايۇلتۇز باج چازىسىدا بىر كىشى، بورقۇدۇق باج چازىسىدا بىر كىشى، شەھەر رايونى باج چازىسىدا 5 كىشى بار ئىدى.

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 8 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك شۆبە باج ئىدارىسى توقسۇ ناھىيىلىك باج ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى، ئىدارە قارىمىقىدا 3 بۆلۈمچە، 2 ئىشخانا (خوجىلىق ئىشخانىسى، بوغالتىر ئىشخانىسى، باج بۆلۈمچىسى، غەللە - پاراق بۆلۈمچىسى، تەپتىشلىك بۆلۈمچىسى) تەسىس قىلىندى، ئىدارىغا دايۇلتۇز باجخانىسى، بورقۇدۇق باج چازىسى، ئاقيار باج چازىسى قارايدىغان بولدى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 6 - ئايدا باج ئىدارىسىنىڭ نامى باج يىغىش ئورنى دەپ ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) باج يىغىش ئورنىدا مۇدىر، بۆلۈم باشلىقى، باش مۇپەتتىش، بۆلۈم ئەزاسى، ئىش بېجىرگۈچى، رەستە بېشى قاتارلىق 40 نەپەر ھەر دەرىجىلىك خىزمەتچى بار ئىدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 6 - ئايدا باج يىغىش ئورنىنىڭ نامى باج بۆلۈمگە ئۆزگەرتىلدى، ئەسلىدىكى ئاپپاراتلىرى، خادىملىرى ساقلاپ قېلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 3 - ئايدا باج بۆلۈمىنىڭ نامى باج ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى ھەم ئۇنىڭ قارىمىقىدا كاتىبات بۆلۈمچىسى، كەسپىي بۆلۈمچە، پىلان - بوغالتىرلىق بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. ئىدارىغا بىر ئىدارە باشلىقى، 18 خىزمەتچى قويۇلدى. 1959 - يىل 4 - ئايدا باج ئىدارىسى بىلەن مالىيە بۆلۈمى قوشۇۋېتىلىپ، مالىيە - باج ئىدارىسى دەپ ئاتالدى. 1962 - يىل 2 - ئايدا مالىيە بىلەن باج ئايرىۋېتىلگەندىن كېيىن، باج ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1979 - يىلغا قەدەر باج ئىدارىسىدا كادىرلار - كاتىبات، باج، مالىيە - بوغالتىرلىق، نازارەتچىلىك، پايدا بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى، ئىدارىغا بىر ئىدارە باشلىقى، 36 خىزمەتچى قويۇلدى. 1984 - يىل 8 - ئايدا ئاپپارات ئىسلاھ قىلىنىپ، بىر ئىدارە باشلىقى، 2 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قويۇلدى، ئىدارىدە ئىشخانا، كادىرلار - مەمۇرىي تەپتىشلىك بۆلۈمچىسى، باج بۆلۈمچىسى، باج ئېلىشنى باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى، پىلان - بوغالتىرلىق بۆلۈمچىسى ۋە تەپتىشلىك ئەترىتى تەسىس قىلىندى، شۇ چاغدا 58 ئىشچى - خىزمەتچى، 4 ياردەمچى باجگىر بار ئىدى. شۇ يىلى باج ئىدارىسى تىك لىنىيىلىك رەھبەرلىكنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى.

1960 - يىلى ئىچىبرىق كۆكتى باجخانىسى، دايۇلتۇز كۆكتى باجخانىسى، تاشئېرىق كۆكتى باجخانىسى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى شويۇلتۇز كۆكتى باجخانىسى قۇرۇلدى. 1972 - يىلى «شەرق قىزاردى» ئېلېكتر ئىستانسىسى باج پونكىتى قۇرۇلدى. 1978 - يىلى پەيشەنبە بازار كۆكتى باجخانىسى قۇرۇلدى. 1979 - يىلى بازارلىق باجخانا قۇرۇلدى. 1985 - يىلى ئۇچقات يېزىلىق باجخانا قۇرۇلدى. 1988 - يىلى تاشئېرىق يېزىسىنىڭ تامتوغراق كەنتىدە باج ۋاكالەتخانىسى قۇرۇلدى.

1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيىلىك باج ئىدارىسىغا 6 يېزىلىق باجخانا ۋە بىر بازارلىق باجخانا قارايدىغان بولدى. بازارلىق باجخانىنىڭ خىزمەتچىسى 16 گە يەتتى، يېزىلىق باجخانىلارنىڭ ھەر بىرىگە 3 — 4 كىشى قويۇلدى. باجخانىلار ۋە باج ۋاكالەتخانىلىرىغا بىردىن كادىر ئەۋەتىلدى.

1994 - يىل 1 - ئايدا باج ئىدارىسى دۆلەت باج ئىدارىسى ۋە يەرلىك باج ئىدارىسى دەپ ئايرىلدى. دۆلەت باج ئىدارىسى قارىمىقىدا 5 بۆلۈمچە، بىر ئىشخانا (بوغالتىرلىق، كادىرلار - مائارىپ، باج ئېلىشنى باشقۇرۇش، تالون، باج بۆلۈمچىلىرى، ئىشخانا) تەسىس قىلىندى، ئىدارىغا بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 55 خىزمەتچى قويۇلدى. يەرلىك باج ئىدارىسى قارىمىقىدا باج ئېلىشنى باشقۇرۇش، باج مەمۇرىيىتى، پىلان - بوغالتىرلىق بۆلۈمچىلىرى، مەمۇرىيەت ئىشخانىسى، تەپتىشلىك ئەترىتى تەسىس قىلىندى. ئىدارىغا بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 19 خىزمەتچى قويۇلدى؛ ئاساسىي قاتلامدا يۇلتۇزباغ يېزىلىق باجخانا، بازارلىق باجخانا تەسىس قىلىندى.

## § 2 . چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدىكى باجلار

### 1. يەر بېجى

توقسۇ ناھىيىسى تەۋەسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۇچا ئايمىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى، شۇڭا يەر بېجىنى كۇچا بىر تۇتاش ئېلىپ باشقۇراتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا يەر بېجى جۇڭغارلارنىڭ كونا قائىدىسىگە ئاساسەن 10 دىن بىر نىسبەت بويىچە ئېلىناتتى. گۇاڭشۇ 12 - يىلى (1886 - يىلى) يەرلەرنى ئېنىقلاش، مو سانىنى تەكشۈرۈشتە تېرىلغۇ يەرلەر 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلەرگە ئايرىلدى ۋە مۇشۇ دەرىجە بويىچە 1 - دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىدىن 4 شىڭ، 2 - دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىدىن 3 شىڭ، 3 - دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىدىن 2 شىڭ ئاشلىق يەر بېجى ئېلىندى شۇنداقلا 2 جىڭدىن 5 جىڭغىچە ئوت - سامان ئېلىندى. «قائىدە بويىچە بىردەك خوراش ئاشلىقى ئېلىنمايدۇ» دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پاراق ئالغۇچىلار ھەرخىل ھىيلە ئىشلىتىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاقتى - سوقتى قىلاتتى، شۇڭا دېھقانلار تاپشۇرغان پاراق ئەمەلىيەتتە ئېلىنىدىغان ساندىن ئېشىپ كېتەتتى. گۇاڭشۇ 27 - يىلى (1901 - يىلى) توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1333 دادەن (كونا جىڭ ھېسابىدا 400 مىڭ جىڭدىن كۆپ) پاراق ئېلىنغان. گۇاڭشۇ 28 - يىلى (1902 - يىلى) ھەر دادەن پاراق ئۈچۈن بىر مىسقال 5 پۇڭ خوراش ھەققى قوشۇپ ئېلىنغان. گۇاڭشۇ 34 - يىلى (1908 - يىلى) ھەر دادەن پاراق ئۈچۈن 4 — 5 سەر كۈمۈش، ھەر 100 جىڭ ئوت - سامان ئۈچۈن 7 — 8 مىسقال كۈمۈش ئېلىنغان.

مىنگو دەۋرىدىمۇ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى باج نىسبىتى قوللىنىلىپ، يەر بېجى 1 -، 2 -، 3 - دەرىجىلىك يەرلەر بويىچە پەرقلىق ئېلىندى. يەر بېجىنىڭ كۆپ قىسمىغا ئاشلىق، ئاز قىسمىغا تەڭگە ئېلىندى. مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) كۈزدە ھەر دادەن پاراققا بىر مىسقال 5 پۇڭ خوراش ھەققى، 2 كۈرە 5 شىڭ خوراش ئاشلىقى ئېلىندى. مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) غىچە بولغان 5 يىلدا يەر بېجى ئازكەم 2 ھەسسە كۆپىيىپ كەتتى. مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) 4971 دادەن، مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 13 مىڭ 630 دادەن، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 10 مىڭ 400 دادەن پاراق ئېلىندى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 9833 دادەن پاراق ئېلىشقا بېكىتىلىك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 8436 دادەن ئېلىندى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ھاكىم شۇ جۇنخاۋ پاراقنى ئازايتىش ئۈچۈن ۋالىي مەھكىمىسىگە مۇنداق مەلۇمات يوللىدى: «ناھىيىمىزنىڭ يەر بېجىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەك، مىنگونىڭ 29 - يىلىدىن ئىلگىرى كونا قىزىل تىزىملىككە ئاساسەن، ھەر يىلى 13 مىڭ 600 نەچچە دادەن پاراق ئېلىنغانىكەن. 30 - يىلى (مىنگونىڭ 30 - يىلى) يەر خېتىنى تەكشۈرگەندە يەر خېتىنى تەكشۈرۈشنى ئۈستىگە ئالغان ئورگان يەر بېجىنى كۆپەيتىشنىلا كويىدا بولۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرمىگەن. يېزىلارغا يەر خېتىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىلگەن خادىملارمۇ ئالدىنئالا تەربىيىلەنمىگەچكە، ھېسابات قىلىشنىمۇ بىلمەسلىك، يەرنىڭ ياخشى، يامىنىنى پەرق ئېتەلمەسلىك ۋەجىدىن، تېرىغىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىغا قارىماي، ھەممىلا يەرنى تىزىملاپ، ئېلىنىدىغان باجنى كۆپەيتكەن، ئۇلار ھەتتا شورلۇق، سازلىقلارنىمۇ تىزىملىغان. مۇشۇ ۋەجىدىن پۇقرالار پاراق بەك ئېغىرلىشىپ كەتتى دەپ، پاراقنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلىشقان. 32 - يىلىغا كەلگەندە پاراق كۈرە سانىغا قاراپ ئېلىنىدىغان بولغاندىن كېيىن، پۇقرالار ئارىسىدا پاراقنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلغۇچىلار تېخىمۇ ئاۋۇپ كەتكەن، پاراق خو ھېسابىدا ئەمەس، كۈرە ھېسابىدا ئېلىنسا، تېخىمۇ كۆپ ئارتۇق ئېلىنىپ كېتىدىكەن. پاراق كۈرە ھېسابىدا ئېلىنسا، ھەر دادەن ئاشلىقتىن 10 كۈرە ئۇن

چىقىدىكەن ـ دە، ئارتۇق چىقىدىغىنى كۆپ بولىدىكەن؛ ئەگەر پاراق خو ھېسابىدا ئېلىنسا، ھەر دادەن ئاشلىقتىن ئاران 2 خو ئۈن چىقىدىكەن ـ دە، ئارتۇق چىقىدىغىنى ئازىيىپ كېتىدىكەن. شۇڭا، يۇقىرىلارنىڭ جاپاغا قېلىش ـ قالماسلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، پاراق بىردەك كۆرە ھېسابىدا ئېلىنىپتۇ». مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) دېھقانلار ئېغىر غەللە پاراقنى تۆلىيەلمەي، بىرلىكتە يۇقىرىغا ئىمزالىق مەكتۇپ سۇنۇپ، پاراقنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە شۇ يىلى پاراقنىڭ يېرىمى ئازايتىلىپ، 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 4820 نەچچە دادەن پاراق ئېلىندى ھەم يەرنىڭ مو سانى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلىنىپ، باج مىقدارى بېكىتىلدى. يەرنى ئېنىقلاش نەتىجىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك يەر 17 مىڭ 147.88 مو بولۇپ، ھەر موسى ئۈچۈن 4 شىڭ بويىچە ھېسابلاپ، 686 دادەن پاراق ئېلىنىدىغان، 2 ـ دەرىجىلىك يەر 67 مىڭ 611.25 مو بولۇپ، ھەر موسى ئۈچۈن 3 شىڭدىن ھېسابلاپ 2028.34 دادەن پاراق ئېلىنىدىغان، 3 ـ دەرىجىلىك يەر 124 مىڭ 23. 87 مو بولۇپ، ھەرموسى ئۈچۈن 2 شىڭدىن ھېسابلاپ، 2481.75 دادەن پاراق ئېلىنىدىغان بولدى. جەمئىي 5196 دادەن پاراق ئېلىنىدىغان بولدى. ھاكىم گو ۋېنخۇا يۇقىرىنىڭ بۇنىڭغا قوشۇلماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز ئالدىغا 2400 دادەن قوشۇپ، ئومۇمىي پاراق مىقدارىنى 7596 دادەنگە يەتكۈزدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە ئەمەلىيەتتە 3 مىليون 234 مىڭ 80 جىڭ يەنى 7187 دادەن پاراق ئېلىندى.

## 2. باشقا باجلار

1) ھەرخىل باج چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى كونا قائىدە بويىچە باج ئېلىندى. يات ئەلنىڭ سودىگەرلىرىدىن 30 دىن بىر نىسبەت بويىچە سودا بېجى ئېلىندى، ئۇيغۇر سودىگەرلەر يات ئەلگە سودىغا بارماقچى بولسا، 20 دىن بىر نىسبەت بويىچە سودا بېجى ئېلىندى. رەسمىي باج (نوپۇس بېجى) ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن 6 — 8 يارماق (100 يارماق بىر تەڭگىگە باراۋەر كېلەتتى) ئېلىندى. سودىگەرلەر دۇكىنىنى ئۆزى سالغان بولسا، ھەربىر ئېغىز دۇكان ئۈچۈن ھەرئايدا بىر مىسقال كۈمۈش ئېلىندى؛ ئاھالىلەرنىڭ ھەربىر ئېغىز ئۆيى ئۈچۈن ھەر ئايدا 5 پۇڭ كۈمۈش ئېلىندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 27 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) بىر يىلدا 5500 سەر كۈمۈش باج ئېلىندى. مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە 167 سەر كۈمۈش تۈگمەن بېجى، 238 سەر كۈمۈش جۇۋاز بېجى، 3840 سەر چارۋا بېجى، 6160 سەر ھاراق ـ تاماكا، قاتناش قوراللىرىنىڭ نومۇر بېجى، ماركا بېجى ئېلىندى. مىنگونىڭ 19 ـ يىلىدىن 30 ـ يىلىغىچە (1930 — 1941 ـ يىلغىچە) ناھىيە بويىچە تۇز بېجى، ئوتۇن بېجى، يەرلىك باج، سۇ بېجى، باغ بېجى، تۈگمەن بېجى، كۆۋرۈك بېجى، چارەك بېجى، بازار سودىسى بېجى، ئاشلىق بېجى قاتارلىق باجلار ئېلىنغان بولۇپ، ھەر يىلى 25 مىڭ سەردىن 30 مىڭ سەرگىچە باج ئېلىندى. يۇقىرىدىكى باج سوممىسى ناھىيە بويىچە ئېلىنغان ئومۇمىي باجنىڭ 50% نى ئىگىلىدى. تاۋار بېجى، ئىستېمال بېجى قاتارلىق باجلار ئېلىنغاندىن كېيىن ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ ھېسابىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) دىن كېيىن باج تۈرى ۋە باج نىسبىتى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. ئاساسلىقى، قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى بېجى نىسبىتى 5%، قول سانائەت تاۋۋەت بېجى نىسبىتى 3%، جۇۋاز، ياغاچچىلىق، توقۇمىچىلىق، تۆمۈرچىلىك قاتارلىقلارنىڭ باج نىسبىتى 4%، ئۆي ـ مۈلۈك، يەر ـ زېمىندىن بىر قېتىملىق ئېلىنىدىغان باج نىسبىتى 4%، ئاشلىق سودىسى باج نىسبىتى 5%، چارۋىچىلىق باج نىسبىتى 4%، تاماكا، ھاراق باج نىسبىتى 40%، تېرە ـ يۇڭ باج نىسبىتى 10%، جۇۋا، تۇماق، كۆن ـ خۇرۇم قاتارلىقلارنىڭ باج نىسبىتى 20% بولدى، بۇنىڭدىن باشقا بەدىكلىك بېجى، قان بېجى، تۇز بېجى، ماركا بېجى قاتارلىقلارمۇ ئېلىندى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى)

شىنجاڭ دوللىرى ھېسابىدا 9 مىليون 869 مىڭ 800 دوللار ھەرخىل باج ئېلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 10 مىليون 293 مىڭ 920 دوللار باج ئېلىندى. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) باجنى ئازايتتى، خەلقنىڭ شىڭ شىسەيې مۇسادىرە قىلىۋالغان مال ـ مۈلكىنى تۆلەپ ـ قايتۇرۇپ بېرىش قاتارلىق يېڭى سىياسەتلەر يولغا قويۇلغانلىقتىن، ئەمەلىيەتتە ئاشلىق سودىسى سورۇن بېجى، ئۆي بېجى، چارۋا بېجى، ماركا بېجى، تىجارەت گۇۋاھنامىسى بېجى، نومۇر تاختىسى بېجى، تىجارەت بېجى، قان بېجى، جەرىمانە، يەر باھاسى بېجى، مال سويۇش رەسمىيەت بېجى، زىياپەت بېجى، ئورمان بېجى، تۇز بېجى، يەر بېجى قاتارلىق باجلار ئۈچۈن جەمئىي 325 مىڭ 628 دوللار (ئۆلكە پۇلى) ئېلىندى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) جەمئىي 8 مىليون 365 مىڭ 220 دوللار (ئۆلكە پۇلى)، مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) جەمئىي 20 مىليون 622 مىڭ 317 دوللار (ئۆلكە پۇلى) ھەرخىل باج ئېلىندى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە 20 خىل باج ئۈچۈن جەمئىي 10 مىليارد 317 مىليون 500 مىڭ دوللار (فابى پۇل، ئالتۇن دوللارغا سۇندۇرغاندا تەخمىنەن 3439 دوللار، ئالتۇنغا سۇندۇرغاندا 17 سەر بولىدۇ) باج ئېلىندى.

2) ماددىي نەرسە ئېلىش مىنگو دەۋرىدە دېھقانلارغا دائىم بەزى ماددىي نەرسىلەر سېلىق سېلىناتتى. ھەربىي قوشۇن، ئەمەلدارلار ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتسە، يامۇل ئەمەلدارلىرى يېزىلارغا بارسا، دېھقانلاردىن ئاشلىق، ياغ، گۆش، ئوتۇن قاتارلىق ماددىي نەرسىلەر ئېلىناتتى. مەسىلەن: مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا ھەرقايسى يېزىلارغا كۆچادا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىمغا 80 مىڭ جىڭ ئوتۇن، 500 ھارۋا سامان، 1000 ھارۋا بېدە ئاپىرىپ بېرىش سېلىقى چۈشۈرۈلدى.

چارۋا بېجىغا ھېسابلاپ يەرلىك مەھسۇلاتلار ئېلىناتتى.

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) دىكى چارۋا بېجىغا ھېسابلاپ يەرلىك مەھسۇلات ئېلىش ئۆلچىمى

جەدۋەل: 18 — 9

| يەرلىك مەھسۇلاتلار | ئات | كالا | قوي | ئۆچكە | ئېشەك | تۆگە | قېچىر | قوي تېرىسى | قوي يۇڭى | كالا تېرىسى | ئەلتىرە | تۆگە يۇڭى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قىممىتى | 165 | 60 | 20 | 8 | 27 | 200 | 130 | 1.70 | 0.70 | 20 | 3 | 2 |

**ئىزاھات:** چارۋىدا تۇياق، تېرىدە پارچە، يۇڭدا جىڭ بىرلىك قىلىندى. باھاسىنى سۇندۇرۇپ ھېسابلاشتا شىنجاڭ دوللىرى بىرلىك قىلىندى.

يۇقىرىدىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن ماددىي نەرسىلەرنىڭ باھاسىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ سۇندۇرۇپ ھېسابلىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر چارۋىچىلار بىر قوي تاپشۇرۇشنى خالىمىسا، بىر پارچە كالا تېرىسى ياكى 10 جىڭ تۆگە يۇڭى تاپشۇرسا بولىدۇ، قالغانلىرىنىمۇ مۇشۇنداق سۇندۇرۇپ ھېسابلىغىلى بولىدۇ.

مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) توقسۇ ياردەمچى ئامباللىقى بويىچە ئېلىنغان باج

جەدۋەل: 18 — 10

| تۈرلەر | بىرلىكى | سانى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|
| پاختىكارلار بېجى | سەر (كۈمۈش) | 97.99 | 955 پاختىكار ئائىلە |
| تۈگمەن بېجى | سەر (كۈمۈش) | 167.3 | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۈشۈك بېجى | سەر (كۈمۈش) | 238 | |
| كۆرە (تارازا) بېجى | سەر (كۈمۈش) | 360 | |
| ئۇلاغ بېجى | سەر (كۈمۈش) | 3840 | |
| ئۇلاغ بەدىكى بېجى | سەر (كۈمۈش) | 960 | |
| چارۋىچىلىق بېجى | سەر (كۈمۈش) | 1000 | |
| تاماكا ـ ھاراق تىجارىتى بېجى | يۈەن | 12 | |
| ماركا بېجى | يۈەن | 1200 | |
| دەلاللىق بېجى | يۈەن | 45 | |
| دېھقانچىلىق بېجى | دادەن | 2971 | بىر يىلدا يەر بېجى ئۈچۈن ئېلىنغان ئاشلىق مىقدارى |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) باج ۋەزىيىتىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 — 11 بىرلىكى: تۈمەن دوللار (ئۆلكە پۇلى)

| باج تۈرى | سوممىسى | باج تۈرى | سوممىسى |
|---|---|---|---|
| ئاشلىق سېتىش سورۇنى بېجى | 117.50 | تىجارەت بېجى | 248.30 |
| ئۆي بېجى | 9.10 | قان بېجى | 62.90 |
| ئۇلاغ بېجى | 266.80 | زىياپەت بېجى | 5.70 |
| ئورمان بېجى | 0.14 | جەرىمانە پۇلى | 9.30 |
| ماركا بېجى | 8.78 | چارۋىچىلىق بېجى | 479.90 |
| تىجارەت گۇۋاھنامىسى بېجى | 74.30 | جەمئىي | 1283.03 |
| تومۇز تاختىسى بېجى | 0.31 | | |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) سودا ـ سانائەت بېجى ئېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 — 12 بىرلىكى: تۈمەن دوللار (ئۆلكە پۇلى)

| باج مەنبەسى | باج نامى | سوممىسى |
|---|---|---|
| مەركەزگە تەۋە باجلار | ماركا بېجى | 21490 |
| | تۇز باھاسى بېجى | 5869 |
| | يەر باھاسى بېجى | 6860 |

| | | |
|---|---|---|
| ئۆلكىگە تەۋە باجلار | تىجارەت بېجى | 221698 |
| | يەر باھاسى بېجى | 4573 |
| ناھىيىگە تەۋە باجلار | ئۆي بېجى | 25263 |
| | ئۇلاغ بېجى | 114729 |
| | تىجارەت گۇۋاھنامىسى بېجى | 41868 |
| | تىجارەت بېجى | 221698 |
| | تومۇر تاختىسى بېجى | 165 |
| | قان بېجى | 110106 |
| | چارۋىچىلىق بېجى | 66577 |
| | زىياپەت بېجى | 320 |
| | يەر باھاسى بېجى | 11433 |
| | ئاشلىق بېجى | 1330 |
| باشقا باجلار | جەرىمانە بېجى | 706 |
| | توختام بېجى | 177053 |
| | ئات تېرىسى باھاسىنىڭ ئۆزگىرىش بېجى | 5 |
| جەمئىي | | 1031743 |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) دىكى يەر مو سانى، يەر بېجى ۋە ئائىلە سانى

جەدۋەل: 18 — 13

| يېزا نامى | ئائىلە سانى | 1 ـ دەرىجىلىك يەر | | 2 ـ دەرىجىلىك يەر | | 3 ـ دەرىجىلىك يەر | | جەمئىي | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | مو سانى | پاراق (دادەن) | مو سانى | پاراق (دادەن) | مو سانى | پاراق (دادەن) | مو سانى | پاراق (دادەن) |
| 1 ـ يېزا | 8743 | 10218 | 408.724 | 30823 | 924.708 | 35096 | 701.92 | 76137 | 2035.352 |
| 2 ـ يېزا | 5570 | 1445 | 57.804 | 13740 | 412.203 | 30719 | 614.392 | 4590 | 1084.895 |
| 3 ـ يېزا | 3298 | 2628 | 105.146 | 5470 | 164.126 | 25784 | 515.694 | 33884 | 784.966 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 4 ـ يېزا | 2947 | 2856 | 114.242 | 17576 | 527.299 | 32486 | 649.738 | 52919 | 1291.277 |
| جەمئىي | 20558 | 17147 | 685.916 | 67611 | 2028.338 | 124087 | 2481.745 | 208846 | 5195.999 |

**ئىزاھات:** (1) 1 ـ دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىدىن 0.04 دادەن، 2 ـ دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىدىن 0.03 دادەن، 3 ـ دەرىجىلىك يەرنىڭ ھەر موسىدىن 0.02 دادەن پاراق ئېلىنىدى.

(2) ئەسلى جەدۋەلدىكى مو سانىنىڭ پارچە سانى بۇ جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمەي چىقىرىپ تاشلاندى، شۇڭا جەمئىي سان بىلەن تۈرلەر ساندا پەرق بار.

## § 3 . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى باجلار

### 1. دېھقانچىلىق بېجى

1950 ـ يىلى يەر بېجى تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، دېھقانچىلىق بېجى (ئادەتتە غەللە ـ پاراق دېيىلىدۇ) ئېلىنىدىغان بولدى، سىنىپىي تەركىب بويىچە سېلىقنى مۇۋاپىق ئۆستىگە ئېلىش چارىسى يولغا قويۇلدى، شۇ يىلى ئەمەلىيەتتە 1 مىليون 932 مىڭ 499 كىلوگرام غەللە ـ پاراق ئېلىنىدى. 1952 ـ يىلى نىسبەت بويىچە ئېلىش، باجنى قانۇن بويىچە ئازايتىش ـ كەچۈرۈم قىلىش سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، دېھقانچىلىق بېجىنى پروگرېسسىپلىق باج نىسبىتى بويىچە ئېلىش چارىسى قوللىنىلىپ، ئاشلىق كىشى بېشىغا 75.5 كىلوگرامدىن كۆپ توغرا كەلگەن ئائىلىلەردىن نىسبەت بويىچە باج ئېلىنىدى، 75.5 كىلوگرامدىن توغرا كەلمىگەن ئائىلىلەردىن ئېلىنىدىغان باج كېمەيتىلدى ياكى كەچۈرۈم قىلىنىدى. 1952 ـ يىلى 2 مىليون 422 مىڭ كىلوگرام غەللە ـ پاراق ئېلىنىپ، شۇ يىلى ئېلىنغان ئومۇمىي ئاشلىق ھوسۇلىنىڭ %12.14 نى ئىگىلىدى. 1953 ـ يىلى غەللە ـ پاراقنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى 90 كىلوگرامغا ئۆستۈرۈلدى ھەم ئېغىر ـ يېنىكلىك دەرىجىسى تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇپ، باج سېلىقى ئەقلىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى. ھوسۇل ئاشسىمۇ باجنى كۆپەيتمەسلىك سىياسىتىگە ئاساسەن، پروگرېسسىپلىق باج تۈزۈمى 1957 ـ يىلغىچە داۋاملاشتۇرۇلدى. 1958 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئادەتتىكى يىللىق مەھسۇلاتنىڭ %11 ى بويىچە تەڭشىلىپ، بىر تۇتاش باج نىسبىتى يولغا قويۇلدى، يەرلىك قوشۇمچە باج رەسمىي باجنىڭ %15 ى بويىچە ئېلىنىدى. 1960 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە دېھقانچىلىق ناھايىتى بەك تۆۋەنلەپ، ھوسۇل يىلمۇ يىل كېمىيىپ كەتتى. دېھقانچىلىقنى يۆلەش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، 1960 ـ، 1961 ـ، 1964 ـ يىللىرى دېھقانچىلىق بېجى زور دەرىجىدە ئازايتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىنىدى. 1968 — 1970 ـ يىلغىچە دېھقانچىلىق بىر ئىزدا توختاپ قالدى، دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئوزۇقلۇق نورمىسى ئازىيىپ كەتتى، دېھقانچىلىق بېجى ئەينەن ئېلىنغان بولسىمۇ، قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىدىغان ئاشلىق يىلدىن يىلغا كۆپەيدى. 1971 ـ يىلى غەللە ـ پاراق ۋەزىپىسى ئازايتىلدى. 1972 ـ يىلى 2 مىليون 40 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق دېھقانچىلىق بېجى ھېسابىدا ئېلىنىدى، يەرلىك قوشۇمچە باج رەسمىي باجنىڭ %10 ى بويىچە ئېلىنىدى ھەم مۇشۇ ئاساستا بىر بېكىتكەنچە 5 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدىغان بولدى. 1976 ـ يىلدىن كېيىنمۇ بىر بېكىتكەنچە 5 يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك سىياسىتى ئىجرا قىلىنىۋەردى. 1986 ـ يىلغا كەلگەندە غەللە ـ پاراق ۋەزىپىسى سەل تەڭشەلدى، ئەمما دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، باجنى نىسبەت بويىچە ئېلىش، قانۇن بويىچە ئازايتىش ـ كەچۈرۈم قىلىش، سېلىقنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش سىياسىتى باشتىن ـ ئاخىر ئىجرا قىلىنىدى.

### نوقسۇ ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى دېھقانچىلىق بېجىنى ئازايتىش ـ كەچۈرۈم قىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 — 14

| يىللار | ئازايتىلغان ـ كەچۈرۈم قىلىنغان ئاشلىق (تۈمەن كىلوگرام) | پۇلغا سۇندۇرۇلۇشى (يۈەن) |
|---|---|---|
| 1972 | 24.50 | 66000 |
| 1973 | 25 | 85000 |
| 1974 | 40 | 105000 |
| 1975 | 25 | 65700 |
| 1976 | 43.75 | 118125 |
| 1977 | 40 | 108000 |
| 1978 | 38.5 | 103400 |
| 1979 | 12.70 | 34090 |
| 1991 | 14.30 | 85000 |

## 2. چارۋىچىلىق بېجى

چارۋىچىلىق بېجى ئات، كالا، قوي قاتارلىقلاردىن ئېلىنىدى، ئەمما ياش چارۋا، ئىش ئۇلاغلىرى، نەسىللىك چارۋىلاردىن باج ئېلىنمىدى. ئاپەت بولغاندا چارۋىچىلىق بېجى ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىلدى ياكى كەچۈرۈم قىلىندى. 1980 ـ يىلدىن ئىلگىرى چارۋىچىلىق بېجىغا ئاساسەن تىرىك چارۋا، ئاز مىقداردا پۇل ئېلىندى. 1953 ـ يىلى ئېشەك، قېچىر، تىجارەتكە بېرىلگەن تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى، ترانسپورت ئۇلاغلىرى ھەم دېھقانلارنىڭ ئىلكىدىكى تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىدىن بىردەك چارۋىچىلىق بېجى ئېلىنمىدى. باج دەرىجىسى 1952 ـ يىلدىكى 10 دەرىجىدىن 8 دەرىجىگە، باج نىسبىتى %1 — %10 تىن %1 — %8 كە ئازايتىلدى. ئائىلىلەر بىرلىك قىلىنىپ، نوپۇسقا ئاساسەن كەچۈرۈم قىلىش سوممىسى چىقىرىۋېتىلىدىغان پروگرېسسىپلىق باج تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، نوپۇسى كۆپ ياكى نوپۇسى ئاز چارۋىچىلار بىردەك مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرۈلدى. بىر قوينىڭ باھاسى 50 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى) گە، بىر كالا 7 قويغا، بىر تۆگە 9 قويغا، بىر ئات 10 قويغا، 2 ئۆچكە بىر قويغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى. 1976 ـ يىلى چارۋىچىلىق بېجى سېلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇش، مەھسۇلات ئاشسىمۇ باجنى كۆپەيتمەسلىك سىياسىتى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلدى، خەلق گوڭشېلىرىدا چارۋىچىلىق بېجى %1.8 لىك نىسبەت بويىچە ئېلىنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، باج سوممىسىنىڭ %10 ىنى ئىگىلەيدىغان يەرلىك قوشۇمچە باجغا ماددىي نەرسە ئېلىنىدى، باج سوممىسى قويغا توغرا كەلمىسە، نەق پۇل ئېلىنىدى. ئورگانلار، كوللېكتىپ ئورۇنلار ۋە مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىنى تەمىنلەش ئۈچۈن باققان چارۋىلىرىنى قويغا سۇندۇرغاندا 100 تۇياقتىن يەتسە، %1 بويىچە باج ئېلىنىدى، يەرلىك قوشۇمچە باج ئېلىنمىدى، باجغا بىر قىسىم ياكى پۈتۈنلەي

نەق پۇل ئېلىندى.

1979 ـ يىلى بورداق كالا، قويلارنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى %17.4 تىن %43.2 كىچە ئۆستۈرۈلدى، چارۋىچىلىق بېجى باھاسىغا مۇناسىپ تەڭشەلدى، ئەمما يەنىلا باج ئۈچۈن داۋاملىق ماددىي نەرسە ئېلىندى.

## 3. سودا ـ سانائەت بېجى

1) بىرلىككە كەلگەن سودا ـ سانائەت بېجى   1958 ـ يىلى باج تۈرلىرىنى قوشۇۋېتىش، باج تۈزۈمىنى ئاددىيلاشتۇرۇش چارىسى قوللىنىلىپ، ئەسلىدىكى تاۋار ئوبوروت بېجى، تىجارەت بېجى، مال بېجى قوشۇۋېتىلىپ، بىرلىككە كەلگەن سودا ـ سانائەت بېجى دەپ ئاتالدى. سانائەت ماللىرىدىن سانائەت ھالقىسىدا، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىن سېتىۋېلىش ھالقىسىدا، ئىمپورت قىلىنغان چەت ئەل ماللىرىدىن ئىمپورت ھالقىسىدا بىردەك بىرلىككە كەلگەن سودا ـ سانائەت بېجى ئېلىندى. پارچە سېتىش ھالقىسىدىن ئۆتىدىغان تاۋارلاردىن پارچە سېتىش ھالقىسىدا بىرلىككە كەلگەن سودا ـ سانائەت بېجى ئېلىنىدىغان بولدى. قاتناش ـ ترانسپورت ۋە يېمەك ـ ئىچمەك، مۇلازىمەت ساھەسىدە تىجارەت بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار ياكى ھېسابات ئورۇنلىرىدىن بىرلىككە كەلگەن سودا ـ سانائەت بېجى ئېلىندى. 1956 — 1995 ـ يىلغىچە بولغان 40 يىلدا جەمئىي 25 مىليون 230 مىڭ يۈەن بىرلىككە كەلگەن سودا ـ سانائەت بېجى ئېلىندى.

2) سودا ـ سانائەت تاپاۋەت بېجى   1950 ـ يىلى سودا ـ سانائەت تاپاۋەت بېجى تەسىس قىلىنىپ، كەسىپ، ساھە ئايرىماي، بىردەك 21 دەرىجە بويىچە تولۇق سوممىلىق پروگرېسسىيە بويىچە باج ئېلىندى. باج نىسبىتى %5 — %30 بولدى. 1953 ـ يىلى بۇ نىسبەت %5.75 — %34.5 كە تەڭشەلدى. 1956 — 1995 ـ يىلغىچە 6 يىلدا باج كەچۈرۈم قىلىنغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا، جەمئىي 4 مىليون 270 مىڭ يۈەن سودا ـ سانائەت تاپاۋەت بېجى ئېلىندى.

3) مەھسۇلات بېجى   بۇ باج 1984 ـ يىلدىن باشلاپ ئېلىندى، 1993 ـ يىلغىچە جەمئىي 10 مىليون 420 مىڭ يۈەن ھوسۇل بېجى ئېلىندى.

4) كۆپەيمە قىممەت بېجى   بۇ باج 1985 ـ يىلدىن باشلاپ ئېلىندى، باج نىسبىتى %4 — %20 بولدى. 1993 ـ يىلغىچە جەمئىي 2 مىليون 90 مىڭ يۈەن كۆپەيمە قىممەت بېجى ئېلىندى.

5) يەرلىك سودا ـ سانائەت بېجى   1950 ـ يىلدىن باشلاپ %5 نىسبەتتە ئۇلاغ سودىسى بېجى ئېلىندى. 1950 — 1993 ـ يىلغىچە بولغان (1982 ـ يىلى بۇ باج ئېلىنمىغاندىن باشقا) 43 يىلدا تولۇق ئېلىندى.

1950 ـ يىلدىن باشلاپ زىياپەت، كۆڭۈل ئېچىش، ساراي ئالاھىدە ئىستېمال بېجى ئېلىندى. 1958 ـ يىلى بۇ باجنىڭ بىر قىسمى تىجارەت بېجىغا قوشۇۋېتىلدى، بىر قىسمى مەدەنىيەت ـ كۆڭۈل ئېچىش بېجىغا ئۆزگەرتىلدى. 1966 ـ يىلى مەدەنىيەت ـ كۆڭۈل ئېچىش بېجى توختىتىلدى.

1951 ـ يىلدىن باشلاپ ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى، ئۇلاغ ھارۋىسى، قول ھارۋىسىدىن سانى ۋە يۈك كۆتۈرۈش توناژى بىرلىك قىلىنىپ، نورما بەلگىلەپ ئاپتوموبىل ـ ھارۋا ـ كېمە نومۇر تاختىسى بېجى ئېلىندى، 1970 ـ يىلى بۇنداق باج توختىتىلدى، 1988 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1950 ـ يىلدىن باشلاپ %4 بويىچە قان بېجى ئېلىندى. 1985 ـ يىلى تۇياق سانى بويىچە باج ئېلىشقا ئۆزگەرتىلىپ، ھەر تۇياق چوشقىدىن 8 يۈەن، قويدىن 4.5 يۈەن، چوڭ چارۋىدىن 27 يۈەن باج ئېلىنىدىغان بولدى.

1962 ـ يىلدىن باشلاپ 7 چوڭ تۈردىكى مەھسۇلاتتىن %5 — %10 نىسبەتتە بازار سودىسى بېجى ئېلىندى. 1980 ـ يىلى بازار سودىسى بېجى توختىتىلدى، 1985 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1957 — 1993 ـ يىلغىچە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەرخىل باجدىن 48 مىليون 900 يۈەن ئېلىندى.

## 4. باشقا باجلار

1950 ـ يىلدىن باشلاپ %1 — %3 ماركا بېجى ئېلىندى. 1958 ـ يىلى ماركا بېجى بىرلىككە كەلگەن سودا ـ سانائەت بېجىغا قوشۇۋېتىلدى، 1988 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1985 ـ يىلدىن باشلاپ شەھەر ئاسراش قۇرۇلۇش بېجى ئېلىنىدىغان بولدى. بۇ باج باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي تاپشۇرىدىغان مەھسۇلات بېجى، قوشۇلما قىممەت بېجى ھەم تىجارەت بېجى سوممىسىغا ئاساسەن، بازاردا %5، يېزىلاردا %1 ئېلىندى. 1983 ـ يىل 10 ـ ئايدىن باشلاپ %10 نىسبەتتە ئىمارەت بېجى ئېلىندى.

1983 ـ يىلدىن باشلاپ مۇكاپات بېجى ئېلىندى، ئارتۇق قىسمىدىن پروگرېسسىپلىق باج ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يىل بويىچە ھېسابلاپ ئېلىندى، ئەڭ تۆۋەن باج نىسبىتى %30، ئەڭ يۇقىرى باج نىسبىتى %300 بولدى.

1983 ـ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئورگان، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، قىسىملار ۋە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ مالىيە خام چوتى سىرتىدىكى مەبلىغىدىن ھەم بازارلاردىكى كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى تاپشۇرغاندىن كېيىنكى پايدىسىدىن %10 بويىچە دۆلەت ئېنېرگىيە ـ قاتناش ـ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش فوندى ئېلىندى. بۇ فوند نىسبىتى 1983 ـ يىل 7 ـ ئايدا %15 كە ئۆستۈرۈلدى ھەم ئاي ياكى پەسىل بويىچە تاپشۇرۇلىدىغان، يىل ئاخىرىدا ھېسابات قىلىنىدىغان بولدى.

### توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1950 — 1993 ـ يىلغىچە باج ئېلىش ۋەزىيىتىنى كۆرۈنداش ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 — 15   بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | دېھقانچىلىق بېجى | چارۋىچىلىق بېجى | سودا ـ سانائەت بېجى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|
| 1950 | 17.86 | 0.63 | 11.02 | 29.51 |
| 1951 | 58.24 | 1.79 | 8.62 | 68.65 |
| 1952 | 52.49 | 1.68 | 9.62 | 63.79 |
| 1953 | 45.67 | 0.11 | 20.36 | 66.14 |
| 1954 | 46.96 | 1.04 | 41.35 | 89.35 |
| 1955 | 47.39 | 0.70 | 36.24 | 84.33 |
| 1956 | 41.66 | 0.45 | 34.38 | 76.49 |
| 1957 | 14.45 | 0.46 | 38.17 | 53.08 |
| 1958 | 67.79 | 2.04 | 33.86 | 103.69 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 90.8 | 32.84 | 2.07 | 55.89 | 1959 |
| 78.99 | 38.71 | 1.70 | 38.58 | 1960 |
| 60.65 | 31.91 | 1.48 | 23.79 | 1961 |
| 100.16 | 39.56 | | 60.6 | 1962 |
| 106.99 | 47.39 | | 59.6 | 1963 |
| 88.82 | 43.73 | 1.21 | 43.88 | 1964 |
| 105.14 | 47.34 | | 57.8 | 1965 |
| 115.33 | 42.53 | | 72.8 | 1966 |
| 113.71 | 42.41 | | 71.3 | 1967 |
| 93.65 | 40.19 | 1.36 | 52.10 | 1968 |
| 97.42 | 43.06 | 1.46 | 52.90 | 1969 |
| 94.93 | 40.15 | 1.53 | 53.25 | 1970 |
| 91.22 | 41.21 | 1.20 | 41.63 | 1971 |
| 94.37 | 46.59 | 1.29 | 47 | 1972 |
| 93.19 | 46.90 | 1.20 | 45.10 | 1973 |
| 98.16 | 54.05 | 1.01 | 43.10 | 1974 |
| 112.2 | 63.79 | 1.38 | 47.03 | 1975 |
| 110.86 | 66.67 | 1.20 | 42.99 | 1976 |
| 125.73 | 80.33 | 1.40 | 44 | 1977 |
| 149.38 | 98.59 | 1.39 | 49.40 | 1978 |
| 152.84 | 105.44 | 1.30 | 45.50 | 1979 |
| 141.14 | 99.83 | 0.40 | 40.91 | 1980 |
| 135.36 | 97.62 | 0.04 | 37.70 | 1981 |
| 136.42 | 90.08 | 0.04 | 46.30 | 1982 |
| 156.63 | 98.99 | 0.04 | 57.60 | 1983 |
| 169.44 | 113.40 | 0.04 | 56 | 1984 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 232.02 | 171.30 | 0.02 | 60.70 | 1985 |
| 230.90 | 193.30 | | 57.90 | 1986 |
| 262.10 | 209 | | 53.10 | 1987 |
| 322.20 | 243.20 | 0.80 | 78.20 | 1988 |
| 380.60 | 299.10 | 0.80 | 80.7 | 1989 |
| 415.20 | 334.20 | 1.40 | 79.6 | 1990 |
| 456 | 379 | 2 | 75 | 1991 |
| 454 | 361 | 2 | 91 | 1992 |
| 560 | 458 | 1 | 101 | 1993 |
| 6870.95 | 4474.83 | 39.66 | 2356.46 | جەمئىي |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1956 — 1993 ـ يىلغىچە سودا ـ سانائەت بېجى ئېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 — 16

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| جەمئىي | سودا بېجى | قان بېجى | ئاپتوموبىل ـ هارۋا، كېمە نومۇر تاختىسى بېجى | مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش بېجى | تۇلاغ سودىسى بېجى | ماركا بېجى | باشقا سودا ـ سانائەت بېجى | قوشۇلما قىممەت بېجى | مەھسۇلات بېجى | سودا ـ سانائەت تاپاۋەت بېجى | بىرلىككە كەلگەن سودا ـ سانائەت بېجى | باج تۈرى / يىللار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 34.36 | 0.03 | 5.09 | | 0.07 | 1.38 | 0.19 | | | | 4.70 | 22.90 | 1956 |
| 38.17 | 0.12 | | 0.02 | 0.19 | 4.08 | 0.85 | | | | 21.38 | 11.53 | 1957 |
| 33.85 | 0.11 | 2.89 | 0.02 | 0.1 | 0.93 | | | | | 8.66 | 21.24 | 1958 |
| 32.84 | | 2.65 | | 0.1 | 0.59 | | | | | 2.59 | 26.91 | 1959 |
| 38.71 | | 2.22 | 0.03 | 0.64 | 0.67 | | | | | 4.36 | 30.79 | 1960 |
| 31.91 | | 2.07 | 0.02 | 0.29 | 1.09 | | | | | 1.56 | 26.88 | 1961 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 39.56 | 0.49 | 3.08 | 0.07 | 0.17 | 1.46 | | | | | | 34.29 | 1962 |
| 47.39 | 1.93 | 3.37 | 0.15 | 0.16 | 2.19 | | | | | | 39.59 | 1963 |
| 42.87 | 2.17 | 4.05 | 0.03 | 0.16 | 2.58 | | | | | 3.46 | 30.42 | 1964 |
| 47.34 | 1.82 | 2.88 | 0.02 | 0.17 | 2.81 | | | | | | 39.64 | 1965 |
| 42.53 | 1.55 | 3.22 | 0.02 | 0.13 | 2.06 | | | | | | 35.55 | 1966 |
| 42.41 | 1 | 3.40 | | | 2.20 | | | | | | 35.81 | 1967 |
| 40.19 | 0.99 | 3.99 | 0.10 | | 1.92 | | | | | | 33.19 | 1968 |
| 43.17 | 0.99 | 3.45 | 0.05 | | 2.35 | | | | | 3.79 | 32.54 | 1969 |
| 40.15 | 0.78 | 2.86 | 0.06 | | 2.62 | | | | | 3.40 | 30.43 | 1970 |
| 41.21 | 0.04 | 0.34 | 2.96 | | 3.86 | | | | | 3.53 | 30.48 | 1971 |
| 46.59 | 0.50 | 0.78 | 2.01 | | 4.52 | | | | | 3.27 | 35.51 | 1972 |
| 46.90 | 0.23 | 1.45 | 1.18 | | 2.42 | | | | | 3.17 | 38.45 | 1973 |
| 54.05 | 0.14 | 1.32 | 0.69 | | 2.95 | | | | | 4.64 | 44.31 | 1974 |
| | 63.79 | 1.49 | 0.77 | | 3.14 | | | | | 5.23 | 53.16 | 1975 |
| | 66.67 | 0.92 | 1.05 | | 2.93 | | | | | 4.04 | 57.73 | 1976 |
| | 80.33 | 1.39 | 0.58 | | 3.15 | | | | | 6.42 | 68.79 | 1977 |
| | 98.59 | 1.51 | 0.72 | | 2.69 | | | | | 6.03 | 87.64 | 1978 |
| 105.44 | 1.91 | 0.84 | | | 3.22 | | | | | 5.59 | 94.48 | 1979 |
| 99.83 | 1.20 | 1.56 | | | 2.39 | | | | | 5.24 | 89.44 | 1980 |
| 97.62 | | 1.38 | | | | | | | | 10.19 | 86.03 | 1981 |
| 90.08 | | 2.62 | | | | | | | | 2.19 | 85.27 | 1982 |
| 98.99 | | 2.37 | | | 6.83 | | | | | 1.33 | 88.46 | 1983 |
| 113.40 | | 2.20 | | | 8.50 | | | | 10.90 | 2.70 | 89.1 | 1984 |
| 171.30 | 8.20 | 2.40 | | | | | | 0.60 | 84.80 | 17.90 | 57.40 | 1985 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1986 | 66.80 | 12.30 | 87.50 | 2.60 | 15.80 | | 5.8 | | | 2.50 | | 193.3 |
| 1987 | 64.80 | 17.10 | 93.50 | 3.20 | 22.40 | | | | | 2.20 | 5.80 | 209 |
| 1988 | 74.9 | 22.70 | 110.80 | 5.60 | 19.50 | 0.70 | | | 0.40 | 2.60 | 5.70 | 243.20 |
| 1989 | 109 | 22.1 | 126 | 7.1 | 23.6 | 1.7 | 5.2 | | 0.3 | 4.1 | | 299.1 |
| 1990 | 110.6 | 31.5 | 142.6 | 4.9 | 32 | 1.5 | 5.6 | | 0.6 | 4.9 | | 344.2 |
| 1991 | 153 | 48 | 133 | 5 | 26 | 1 | 6 | | 1 | 6 | | 379 |
| 1992 | 137 | 49 | 124 | 3 | 36 | 1 | 4 | | 1 | 6 | | 361 |
| 1993 | 209 | 48 | 129 | 8 | 52 | 1 | 4 | | 2 | 5 | | 458 |
| جەمئىي | 2383.06 | 386.07 | 1042.1 | 40 | 227.3 | 7.94 | 106.13 | 3.41 | 5.9 | 101.27 | 43.99 | 4344.04 |

## توقسۇ ناھىيىلىك دۆلەت بېجى ئىدارىسىنىڭ 1995 ـ يىللىق باج ئېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 — 17

| ئورۇنلار | ئېلىنغان باج (تومەن يۈەن) | ئىلاۋە |
|---|---|---|
| باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى | 254 | ئومۇمىي كىرىمنىڭ %70.4 نى ئىگىلىدى |
| تەپتىش ئەترىتى | 11 | ئومۇمىي كىرىمنىڭ %3 نى ئىگىلىدى |
| توقسۇ بازارلىق باجخانا | 59.3 | ئومۇمىي كىرىمنىڭ %16.4 نى ئىگىلىدى |
| ئىچىرىق يېزىلىق باجخانا | 8.2 | ئومۇمىي كىرىمنىڭ %2.3 نى ئىگىلىدى |
| تاشئېرىق يېزىلىق باجخانا | 5.8 | ئومۇمىي كىرىمنىڭ %1.6 نى ئىگىلىدى |
| يەكشەنبە بازار يېزىلىق باجخانا | 4.6 | ئومۇمىي كىرىمنىڭ %1.3 نى ئىگىلىدى |
| ئۆگەن يېزىلىق باجخانا | 3.6 | ئومۇمىي كىرىمنىڭ %1 نى ئىگىلىدى |
| يۇلتۇزباغ يېزىلىق باجخانا | 9.3 | ئومۇمىي كىرىمنىڭ %2.6 نى ئىگىلىدى |
| ئۆچقات يېزىلىق باجخانا | 5.2 | ئومۇمىي كىرىمنىڭ %1.4 نى ئىگىلىدى |
| جەمئىي | 361 | 100% |

**توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1994 ـ، 1995 ـ يىللىرى يەرلىك باج ئېلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 18 ـــ 18

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر | | 1994 ـ يىل | 1995 ـ يىل | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|
| سودا ـ سانائەت بېجى | تىجارەت بېجى | 81.1 | 71 | |
| | شەخسىي ئاپاۋەت بېجى | 11.79 | 9.58 | |
| | شەھەر قۇرۇلۇشى بېجى | 3.40 | 16.77 | |
| | ئاپتوموبىل ـ ھارۋا، كېمە نومۇر تاختىسى بېجى | 2.5 | 1.71 | |
| | قان بېجى | 6.47 | 4.74 | |
| | بايلىق مەنبەسى بېجى | 1.77 | | |
| | ماركا بېجى | 0.68 | 9.54 | |
| | تۇراقلىق مۈلۈك مەبلىغى بېجى | 20.24 | 20.45 | تەڭشەش بېجى |
| | جەرىمانە كىرىمى | 2.16 | 1.49 | |
| | كوللېكتىپ كارخانا بېجى | 55.28 | 90.89 | ئاپاۋەت بېجى |
| | ئۆي ـ مۈلۈك بېجى | | 12.69 | |
| | يەر ئىشلىتىش بېجى | | 2.31 | |
| | جەمئىي | 185.4 | 226.17 | |
| دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئاپاۋەت بېجى | | 81.1 | 80.8 | |
| ماھارىپ قوشۇمچە خىراجىتى | | 2.7 | 9.8 | |
| ئومۇمىي يىغىندىسى | | 269.2 | 331.8 | |

# III باب

# پۇل مۇئامىلە

مىنگو دەۋرىدە توقسۇ ناھىيە بازىرىدا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى يوق ئىدى، پەقەت ئىككىلا گۆرۈخانا بار

ئىدى، شۇڭا ئاما ھاجىتى چۈشۈپ قالسا، ھەمىشە كۆرۈنگەنگە بېرىپ كىيىم - كېچەكلىرىنى گۆرۈگە قويۇپ، ياكى جازانىخورلاردىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى، سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى ۋە سۇغۇرتا شىركىتى قۇرۇلدى. يېزىلاردا يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى قۇرۇلدى.

توقسۇ ناھىيىسى تارىختا كۆچمە قارىغان بولغاچقا، ئوبوروت قىلىنىدىغان پۇلنىڭ كۆچمە كىچىك بىلەن ئوخشاش ئىدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) دىن كېيىن، پۇل پاخاللىشىپ، پۇل تۇزۇمى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، پۇلنىڭ كۇرسى پەيدىنپەي مۇقىملاشتى، ئىناۋىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. بازار - يېزىلاردا ئامانەت پۇل يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1953 - يىلنىڭ ئاخىرىدا بازار - يېزا ئامانەت پۇل سوممىسى 25 مىڭ يۈەن ئىدى، 1993 - يىلى 77 مىليون 529 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تۈرلۈك ئىناۋەتلىك قەرز ئارقىلىق ناھىيىنىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىكىگە كۈچلۈك ياردەم بېرىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ گۈللىنىشىگە ۋە تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

## § 1 . ئاپپاراتلار

### 1. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى

1953 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى قۇرۇلدى، ئۇ ئاقسۇ مەركىزىي تارماق بانكىغا قارايدىغان بولدى. ناھىيىلىك تارماق بانكا قارمىقىدا كاتىبات گۇرۇپپىسى، بوغالتېرلىق گۇرۇپپىسى، يېزا ئىگىلىك پۇل مۇئامىلىسى گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. گۇرۇپپىلار 1954 - يىلى بۆلۈمچىگە ئۆزگەرتىلدى ھەم كرېدىت بۆلۈمچىسى ۋە دايۇلتۇز تىجارەت پونكىتى تەسىس قىلىندى. 1955 - يىلى پەيشەنبە بازار تىجارەت پونكىتى ۋە تاشئېرىق تىجارەت پونكىتى تەسىس قىلىندى. 1957 - يىلى ناھىيە بازىرىدا بىر پۇل ئامانەت پونكىتى، 2 پۇل ئامانەت ۋاكالەتخانىسى تەسىس قىلىندى. 1958 - يىلى بىر كان رايونى تىجارەت پونكىتى قۇرۇلدى. 1961 - يىلى ۋە 1963 - يىلى ناھىيە بازىرى ئامانەت پونكىتى، كان رايونى تىجارەت پونكىتى ۋە 3 پۇل ئامانەت ۋاكالەتخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1966 - يىلى ناھىيىلىك تارماق بانكىدا مەمۇرىيەت، بوغالتېرلىق، پىلان، كرېدىت، يېزا ئىگىلىك پۇل مۇئامىلىسى قاتارلىق بۆلۈمچە - ئىشخانىلار تەسىس قىلىندى. 1980 - يىلى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى قۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك پۇل مۇئامىلىسى كەسپى ۋە يېزا تىجارەت پونكىتلىرى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1984 - يىلى ناھىيىلىك تارماق بانكىدا كادىرلار - كاتىبات، بوغالتېرلىق - كاسسىرلىق، پىلان - كرېدىت، پۇل ئامانىتىدىن ئىبارەت 4 بۆلۈمچە تەسىس قىلىندى ھەم 39 خىزمەتچى ئىشلىدى.

1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق بانكىسى بىلەن سودا - سانائەت بانكىسى ئايرىلىپ (بىر يۈرۈش ئادەم ئىش بېجىردى، 2 ۋىۋىسكا ئېسىلدى)، جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك سودا - سانائەت بانكىسى خەلق بانكىسىنىڭ كەسپلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىردى. 1991 - يىل 4 - ئايدا بۇ 2 بانكا تەلتۆكۈس ئايرىلىپ كەتتى.

## 2. يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى

1954 - يىلىنىڭ بېشىدا تىگىن، چوڭتوغراق، تۇگمەنبېشى قاتارلىق كەنتلەردە يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 2414 كىشى ئەزا بولدى ۋە 2528 پاي قوشتى. ھەربىر پاينىڭ قىممىتى 30 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى ھېسابىدا) بولدى. 1955 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى 20 گە، كوپېراتىپ ئەزاسى 13 مىڭ 821 گە، پاي 10 مىڭ 116 گە، پاي سوممىسى 42 مىڭ 598 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يەتتى. 1957 - يىلى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى 14 كە قىسقارتىلدى. 1959 - يىلىنىڭ بېشىدا خەلق بانكىسىنىڭ يېزا تىجارەت پونكىتلىرى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، گۇڭشېلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى ھەم ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىغا قوشۇۋېتىلىپ، ئامانەت - قەرز بۆلۈمى دەپ ئاتالدى. 1962 - يىلى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1971 - يىلى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى توركۆمگە بۆلۈپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1982 - يىلى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك تارمىقىغا قارايدىغان، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتى بىلەن بىرلىشىپ تىجارەت قىلىدىغان بولدى. 1984 - يىلى يەنە ئايرىلىپ، يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك خاراكتېرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ چاغدا 7 چوڭ كوپېراتىپ، 26 شۆبە كوپېراتىپ بار ئىدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 7 يېزىلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، 6 شۆبە كوپېراتىپ قالدى، پاي سوممىسى 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ 1954 — 1958 - يىلغىچە بولغان تەرەققىيات ئەھۋالى**

جەدۋەل: 18 — 19

| يىللار | ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى | پاي قوشقان ئادەم | قوشقان پاي | تاپشۇرغان پاي سوممىسى (يۈەن) | يىللىق پۇل ئامانەت قالدۇقى (يۈەن) | يىللىق قەرز پۇل قالدۇقى (يۈەن) | بانكا بەرگەن قەرز پۇل (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1954 | 8 | 2339 | 3700 | 11100 | 2700 | 3900 | |
| 1955 | 20 | 13821 | 10116 | 42598 | 10300 | 26200 | |
| 1956 | 20 | 10562 | 12766 | 38298 | 187700 | 54800 | 52600 |
| 1957 | 14 | 11087 | 13166 | 39500 | 295300 | 71700 | |
| 1958 | 14 | 11927 | 16633 | 49899 | 361500 | 110200 | |

## 3. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى

يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، يېزا ئىقتىسادى ئەسلىگە كەلدى، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتىپلاشتۇرۇش تېزلەشتى. ۋەزىيەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، 1955 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى قۇرۇلدى. كېيىنچە يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئاساسىي قاتلام

ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسىپلىرىنى خەلق بانكىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسىپلىرىدىن ئېنىق ئايرىغىلى بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، 1957 - يىل 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭ كەسىپلىرى خەلق بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك تارمىقىغا قوشۇۋېتىلدى. دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئۈچۈن، 1964 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1966 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1979 - يىلدىن كېيىن يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىقتىسادىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. يېزا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، 1980 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن 5 بانكا تىجارەت پونكىتى ۋە 6 چوڭ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى تامامەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئاقسۇ مەركىزىي تارماق بانكىسىغا قارايدىغان بولدى، ئۇنىڭدا مەمۇرىيەت، ئامانەت - قەرز ھەمكارلىقى، گۆشچى - ئەترەت كرېدىتى، بوغالتىرلىق، كادىرلار - تەپتىشلىك، گۆشچى - ئەترەت بوغالتىرلىرىنى يېتەكلەش بۆلۈمچىسى قاتارلىق بۆلۈمچە، ئىشخانىلار تەسىس قىلىندى. 1984 - يىلى پىلان بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. 1985 - يىل 6 - ئايدا گۆشچى - ئەترەت بوغالتىرلىرىنى يېتەكلەش بۆلۈمچىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1986 - يىلى مىگىنۆي ئامانەت پونكىتى تەسىس قىلىندى، 1988 - يىل 4 - ئايدا تەكشۈرۈش - نازارەتچىلىك بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. 1995 - يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تارماق بانكىسىغا 7 يېزا (مەيدان) تىجارەت پونكىتى، 2 پۇل ئامانەت پونكىتى، 7 ئامانەت - قەرز چوڭ كوپېراتىپى قارايدىغان بولدى.

## 4. جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى

1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك تارمىقى ئاساس قىلىنىپ، جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى قۇرۇلدى، ئۇ سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ئاقسۇ مەركىزىي تارماق بانكىسىغا قارىدى ھەمدە بازار ئاھالىلىرى پۇل ئامانىتى ۋە بازارلاردىكى دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكتىكى سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كرېدىت، پېرېۋوت، مىمورىئال ھېسابات، راسچوت قاتارلىق كەسىپلىرىنى بېجىردى شۇنداقلا خەلق بانكىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن مەمۇرىي - كەسپىي ئورگان - ئورۇنلارنىڭ مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇلى ۋە چىقىمى، خەزىنىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى بېجىردى. ناھىيىلىك تارماق بانكا قارمىقىدا كادىرلار - كاتىبات، پىلان - كرېدىت، بوغالتىرلىق - كاسسىرلىق، پۇل ئامانەت بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى. 1986 - يىلى تەپتىشلىك بۆلۈمچىسى ۋە چوڭ كوچا ئامانەت پونكىتى تەسىس قىلىندى. 1988 - يىل 4 - ئايدا قوغداش بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى 6 - ئايدا توقسۇ بازىرى ئامانەت پونكىتى تەسىس قىلىندى. 1995 - يىلنىڭ ئاخىرىدا تارماق بانكىدا 6 بۆلۈمچە بار بولۇپ، ئۇنىڭغا 4 ئاساسىي قاتلام ئامانەت پونكىتى قارايدىغان بولدى، بىر بانكا باشلىقى، 2 مۇئاۋىن بانكا باشلىقى، 47 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلىدى.

## 5. جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى

1988 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك ۋاكالەتخانىسى

قۇرۇلدى؛ 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى رەسمىي قۇرۇلدى ھەم ئۇنىڭغا 7 خىزمەتچى قويۇلدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 1 مىليون 290 مىڭ يۈەن پۇل ئامانەت توپلاندى. بۇ تارماق بانكا قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا كۇچا تارماق بانكىنىڭ باشلىقى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىدى.

1991 ـ يىل 3 ـ ئايدا مەخسۇس رەھبىرىي خادىم قويۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بانكا بويىچە بىر بانكا باشلىقى، 24 خىزمەتچى بار بولدى، تۇراقلىق مۈلكى 1 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، يىللىق تىجارەت كىرىمى 210 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## قوشۇمچە

### گۆرۈخانا

مىنگو دەۋرىدە توقسۇ ناھىيە بازىرىدا بىرنەچچە گۆرۈخانا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە، داڭلىقراقى چىن فامىلىلىك كىشىنىڭ گۆرۈخانىسى (ھازىرقى سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ ئورنىڭ تەرىپىدە ئىدى) بولۇپ، ئايلىق ئۆسۈمى 7:3 نىسبەتتە ئېلىناتتى. 3 ئايدىن كېيىن ئۆسۈمى 6:4 نىسبەتكە ئۆستۈرۈلەتتى. 6 ئاي سوزۇلۇپ بېرىلەتتى. مۇشۇ سوزۇلۇشتىن ئېشىپ كەتسە، گۆرۈگە قويۇلغان نەرسە قايتۇرۇلمايتتى. يەنە بىر گۆرۈخانىنى شەنشىلىك لى شۇۋېن ئاچقان. ئورنى ئەينى چاغدىكى ناھىيىلىك كۇلۇبنىڭ ئورنىڭ يېنىدا ئىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە 5 ــ 7 كىچىك گۆرۈخانا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ مەبلىغى يېتىشمىگەنلىكتىن، ئۇلار قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ گۆرۈگە قويۇش بىلەن مەشغۇل بولاتتى، ئۆزلىرىنىڭ دۇكىنى يوق ئىدى.

# 2 § . پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى

ئازادلىقتىن بۇيان، بانكىلارنىڭ كەسپىنى بانكا سىستېمىسى، مەمۇرىي ئىشلىرىنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇپ كەلگەندى. 1979 ـ يىلدىن كېيىن بانكىلارنىڭ كەسپلىرى ۋە مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىردەك بانكا سىستېمىسى باشقۇرىدىغان بولدى. 1984 ـ يىلدىن كېيىن كەسپىي بانكىلار ئىقتىسادىي گەۋدە دەپ بېكىتىلىپ، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، نەتىجىسى ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرى بويىچە تەكشۈرۈلىدىغان بولدى. كىرىدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇشتىمۇ بىر تۇتاش كىرىم قىلىش، بىر تۇتاش چىقىم قىلىش، قاتلاممۇ قاتلام پىلان ـ كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈپ باشقۇرۇش چارىسى ئۆزگەرتىلىپ، پىلاننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئامانەت بىلەن قەرزنى باغلاش، پەرقلىق ھۆددىگە بېرىش چارىسى قوللىنىلدى ھەمدە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ياخشىلىرىنى تاللاپ يۆلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىغا قاراپ بېكىتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، مەبلەغدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىقتىسادىي ھېسابات كۈچەيتىلدى، ئىقتىسادىي ئۇچۇر ئاپپاراتى قۇرۇلدى.

# 3 § . پۇل

## 1. تىللا

16 ـ ئەسىردە يەركەن خانلىقىنىڭ خانى سەئىدخان ئۆزىنىڭ ئىسمى چۈشۈرۈلگەن تىللا قۇيدۇرغان، بۇ

تىللا توقسۇدىمۇ ئوبوروت قىلىنغانىدى، ئەمما سانى ئاز، ئوبوروت قىلىنغان ۋاقتى قىسقا بولدى.

19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياقۇپبەگ قۇيدۇرغان تىللا توقسۇدا ئوبوروت قىلىندى، ئۇنىڭ تاشقى دىئامېتىرى 2.1 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 3.76 گىرام ئىدى. ئوڭ يۈزىنىڭ چۆرىسىگە ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن. ئىچ چۆرىسىگە چاغاتاي يېزىقىدا «سۇلتان ئابدۇل ئېزىزخان» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. بۇ تىللانىڭ بىرىگە 5 پۇڭلۇق كىچىك تەڭگىدىن 20 نى، ساپ كۈمۈشتىن بىر سەرنى ئايرىۋاشلىغىلى بولاتتى.

بازاردا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا، پېرسىيە قاتارلىق جايلارنىڭ قۇيما ئالتۇنلىرىمۇ ئوبوروت قىلىنغان.

## 2. تەڭگە، قۇيما كۈمۈش

10 - ئەسىردىن كېيىن توقسۇلۇقلار قۇيما كۈمۈش (چوڭ - كىچىك يامبۇ، نۆكچە كۈمۈش، پارچە كۈمۈش) خەجلەيتتى. چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىن تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە تەڭگە ئوبوروت قىلىنغان، كۆپ خىل تەڭگە ئوبوروت قىلىنغان بولسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا قۇيما كۈمۈش باشتىن - ئاخىر ئوبوروت قىلىنىۋەرگەن.

1221 — 1242 - يىلغىچە بازاردا كۆپىنچە چاغاتاي تەڭگىسى ئوبوروت قىلىندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 7 - يىلى (1827 - يىلى) ئاقسۇدا يارماق پۇل (داچەن) غا تەقلىد قىلىپ قۇيۇلغان، چۆرىسى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى چاسا تۆشۈكلۈك تەڭگىنىڭ ئېغىرلىقى خەزىنە تارازىسى بويىچە بىر مىسقال بولۇپ، 16 يارماق پۇلغا تەڭ ئىدى. بۇ پۇل ئاساسەن كىرا ھەققى تۆلەشكە ياكى داچەن ئايرىۋاشلاشقا ئىشلىتىلەتتى، لېكىن كىشىلەر «كۈمۈش پۇللارنىڭ مىس، قوغۇشۇن ئارىلاشتۇرۇلۇپ قۇيۇلۇشى تۈپەيلى ساپ بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئىشلىتىشنى خالىمىدى»، شۇڭا بۇ تەڭگە بازاردا ئاران بىر يىللا ئوبوروت قىلىندى.

1867 — 1876 - يىلغىچە توقسۇ تەۋەسىدە ياقۇپبەگ قەشقەردە قۇيدۇرغان تەڭگە ئوبوروت قىلىندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 3 - يىلى (1877 - يىلى) دىن كېيىن ئاقسۇدا تەقلىد قىلىپ ياسالغان گۇاڭشۈ تەڭگىسى بىلەن كۇچادا ياقۇپبەگ تەڭگىسىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان تەڭگە ئوبوروت قىلىندى، بۇ تەڭگىلەر بەش پۇڭلۇق ئىدى. گۇاڭشۈ 12 - يىلى (1886 - يىلى) زو زۇڭتاڭ ياقۇپبەگ تەڭگىسىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىش ھەققىدە قاتتىق پەرمان چۈشۈرگەن بولسىمۇ، نۆكچە كۈمۈش ئوبوروت قىلىشقا بىئەپ بولغانلىقتىن، بۇ تەڭگە يەنىلا ئىشلىتىلىۋەردى. گۇاڭشۈ 15 - يىلى (1889 - يىلى) دىن كېيىن شىنجاڭدا قۇيۇلغان سەر، مىسقال، پۇڭ بىرلىك قىلىنغان تەڭگىنى پۇقرالار يەنىلا تەڭگە ياكى ئەجنەبىي تەڭگىسى دەپ ئاتىدى. بىراق ئاقسۇدا قۇيۇلغان قىممىتى 5، 3، 2، 1 سەرلىك 4 خىل گۇاڭشۈ كۈمۈش تەڭگىسى كۆپرەك ئوبوروت قىلىندى.

مىنگو دەۋرىدە توقسۇدا ئۆلكىدە ۋە قەشقەردە قۇيۇلغان سەر، مىسقال، پۇڭ بىرلىك قىلىنغان تەڭگىلەر كۆپرەك ئوبوروت قىلىندى. يەنە ئىچكى ئۆلكىلەردىن ۋە چەت ئەلدىن توقسۇغا ئېقىپ كىرگەن خېلى كۆپ كۈمۈش پۇللارمۇ ئوبوروت قىلىندى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگەن كۈمۈش پۇللاردىن ئاساسلىقى مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) قۇيۇلغان «يۈەن داتۇ» (يۈەن شىكەينىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تەڭگە) ۋە مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) قۇيۇلغان «سۇن ۋېنتۇ» (سۇن جوڭشەننىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تەڭگە) ھەم بەزى ئۆلكىلەرنىڭ يەرلىك تەڭگىلىرى بار ئىدى. چەت ئەلدىن كىرگەن تەڭگىلەر ئىچىدە مېكسىكىنىڭ بۈركۈت سۈرەتلىك تەڭگىسى ۋە كانادانىڭ ھاسا تۇتقان ئادەم سۈرەتلىك تەڭگىسى بار ئىدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 5 - ئايدىن كېيىن شىنجاڭدا قۇيۇلغان دوللار بىرلىك قىلىنغان تەڭگە ئوبوروت قىلىندى.

## 3. مىس پۇل

**1) خوتەن ئات سۈرەتلىك پۇلى** بۇ پۇل غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا قۇيۇلغان، ئۇ يەنە خەنزۇچە - كارۇشتىچە 2 خىل يېزىقلىق پۇل (خەنزۇ، كارۇشتى يېزىقلىرى تەڭ قوللىنىلغان) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى يۇمىلاق، تۆشۈكسىز، چولڭ، كىچىك 2 خىل بولۇپ، چوڭىنىڭ دىئامېتىرى 2.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 14.8 گرام؛ كىچىككىنىڭ ئېغىرلىقى چوڭىنىڭ تۆتتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ پۇل توقسۇدا ئوبوروت قىلىنغان.

**2) كۇسەن 2 خىل يېزىقلىق 5 جۇلۇق يارمىقى** كۇسەن مىلادىيە 3 - ئەسىردىن 8 - ئەسىرگىچە ئۆز ئالدىغا خەنزۇچە - كۇسەنچە 2 خىل يېزىقلىق 5 جۇلۇق يارماق (خەنزۇ، كۇسەن يېزىقلىرى تەڭ قوللىنىلغان) قۇيغان، بۇ يارماق قىسقارتىلىپ «كۇسەن 5 جۇلۇق يارمىقى» دېيىلىدۇ. ئۇ قىزىل مىستىن ۋە سېرىق مىستىن قۇيۇلغان بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق، چاسا تۆشۈكلۈك، قېلىنلىقى تەخمىنەن 0.1 — 0.15 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 0.9 — 2 گرام كېلىدۇ، ئارقا يۈزىگە خەنزۇچە جۇەنشۇ شەكلىدە «5 جۇ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. بۇ پۇل 3 -، 4 - ئەسىرلەردە توقسۇدا 300 يىلدىن كۆپ ئوبوروت قىلىنغان.

**3) كۇسەن كىچىك يارمىقى** بۇ يارماق مىلادىيە 5 - ئەسىردە كۇسەندە قۇيۇلغان، بىرنەچچە خىل نۇسخىسى بار، چولڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس، تاشقى شەكلى ئانچە سىپتا ئەمەس، قۇيۇلۇشى قوپال، ئاساسىي جەھەتتىن چۆرىسى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى چاسا، ھەر 2 يۈزىگە يېزىق ياكى نەقىش چۈشۈرۈلمىگەن، سىرتىنىڭ دىئامېتىرى 1.2 — 1.9 سانتىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ دىئامېتىرى 0.5 — 0.9 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.22 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 0.4 — 1.2 گرام. بۇ يارماق جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «كىچىك 5 جۇلۇق يارماق» قا تەقلىد قىلىپ قۇيۇلغان، ئالاھىزەل مىلادىيە 5 - ئەسىردىن 8 - ئەسىرگىچە توقسۇدا ئوبوروت قىلىنغان. ئومۇمەن قوشۇمچە پۇل سۈپىتىدە ئاز مىقداردىكى سودىغا ياكى پارچە پۇل قايتۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن.

**4) ۋېي سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت 5 جۇلۇق يارماق** بۇ ۋېي سۇلالىسىنىڭ تەيپەن 1 - يىلى (435 - يىلى) دىن ۋېي سۇلالىسى خانى شياۋۋۇدى زامانىسىنىڭ يۇڭشى 1 - يىلى(532 - يىلى) غىچە مارالبېشىدا قۇيۇلغان 5 جۇلۇق يارماق بولۇپ، دىئامېتىرى 2.4 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 1.5 — 1.7 گرام، قېلىنلىقى 0.2 سانتىمېتىر. ئۇنىڭغا جۇەنشۇ نۇسخىسىدا خەنزۇچە «5 جۇ» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن، قۇيۇلۇشى ئانچە سىپتا ئەمەس، قوپال. بۇ يارماق توقسۇدا ئوبوروت قىلىنغان.

**5) تۈركەش يارمىقى** 8 - ئەسىردە تالاس (ھازىر جامبۇل شەھىرى) دە قۇيۇلغان بىرونزا پۇل. ئۇنىڭ شەكلى يۇمىلاق، چاسا تۆشۈكلۈك، ئىچكى - تاشقى چۆرىسىگە گىرۋەك چىقىرىلغان. تۆشۈكىنىڭ دىئامېتىرى 6 مىللىمېتىر. بۇ يارماق تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كەييۈەن تۇڭباۋغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇ توقسۇدا ئوبوروت قىلىنغان.

**6) پۇل (داچەن)** بۇ 16 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا توقسۇدا ئوبوروت قىلىنغان پۇل بولۇپ، قىزىل مىستىن قۇيۇلغان، ئېللىپىس شەكىللىك، ھەر 50 يارماق بىر تەڭگىگە تەڭ. بۇ پۇلنىڭ يۈزىگە جۇەنشۇ نۇسخىسىدا «سېۋۈن ئارۇبدان» ياكى «غالدان سېرىن» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى بىر مىسقال 4 پۇڭ كېلەتتى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 17 ـ يىلى (1678 ـ يىلى) يەكەندە پۇل (يارماق پۇل) قۇيۇلغان. بۇ يېڭى پۇل 1:2 (كونا پۇل) نىسبەت بويىچە بازاردا ئوبوروت قىلىنغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) جۇڭغارلارنىڭ توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، جاڭخۇي پەرمان چۈشۈرۈپ كونا پۇلنى يىغدۇرۇۋالغان. يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق جايلاردا پۇل قۇيۇش ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، كۆپلەپ داچەن قۇيۇلغان، شەكلى ئىچكى جايلارنىڭ يۇسلاق، چاسا تۆشۈكلۈك چيەنلۇڭ تۇڭباۋ داچەن پۇلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ داچەن بازاردا ئوبوروت قىلىنغان.

7) باشقا مىس پۇللار    چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 8 ـ يىلى (1828 ـ يىلى) بازاردا چيەنلۇڭ تۇڭباۋ، جياچىڭ تۇڭباۋ پۇللىرىدىن باشقا، 5 داڭلىق، 10 داڭلىق (بىرى 5، 10 يارماق ئورنىدا ئەجلىنىدىغان) 2 خىل داچەنمۇ ئوبوروت قىلىنغان. شيەنفېڭ 3 ـ يىلى (1853 ـ يىلى) دىن كېيىن بازارغا 5 داڭلىق، 10 داڭلىق، 50 داڭلىق، 100 داڭلىق شيەنفېڭ تۇڭباۋ پۇللىرى كىردى. شيەنفېڭ 5 ـ يىلى (1855 ـ يىلى) 10 داڭلىقتىن يۇقىرى داچەن پۇللار يىغىۋېلىنىپ، 10 داڭلىق داچەن ۋە بىر يارماقلىق يارماقلارلا ئوبوروت قىلىندى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا كۇچالىق مەۋلانە ئەرشىدىن تەيرىقچى ھاكىمىيەت قۇرۇپ، ئەرشىدىن يارمىقىنى قۇيدۇرغان، بۇ پۇل داچەنگە ئوخشاش قۇيۇلغان بولۇپ، توقسۇدا 1867 ـ يىلغىچە ئوبوروت قىلىنغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 6 ـ يىلى (1867 ـ يىلى) دىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 3 ـ يىلى (1877 ـ يىلى) غىچە بازاردا ياقۇپبەگ قەشقەردە قۇيدۇرغان يارماق ئوبوروت قىلىنغان.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 4 ـ يىلى (1878 ـ يىلى) دىن كېيىن ئاقسۇ، كۇچادا قۇيۇلغان داچەن، بىر يارماقلىق كىچىك داچەن ۋە 5 داڭلىق، 10 داڭلىق يارماقلار ئوبوروت قىلىنغان. گۇاڭشۈ 9 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) يەنە ئاقسۇ، كۇچادا شىنجاڭنىڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغانلىقىنى خاتىرىلەپ قۇيۇلغان داچەنمۇ ئوبوروت قىلىنغان. گۇاڭشۈ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) 10 داڭلىق يېڭى داچەن بازارغا ئېقىپ كىرگەن، بۇ پۇلنىڭ نۇسخىسى باشقا داچەنلەرگە ئوخشاش ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئارقا يۈزىگە خەنزۇچە «新十» (شىنشى) دېگەن 2 خەت چۈشۈرۈلگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا، توقسۇدىن يەنە سېرىق مىس يارماق قېزىۋېلىندى، بۇ يارماققا «建中通宝» (جيەنجۇڭ تۇڭباۋ) دېگەن خەنزۇچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن؛ شۇنداقلا قىزىل مىس يارماقمۇ قېزىۋېلىندى، ئۇنىڭغا خەنزۇچە «太元通宝» (تەييۈەن تۇڭباۋ) دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان پۇللار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئېقىپ كىرگەن.

## 4. لاتا پۇل، قەغەز پۇل

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە توقسۇدا گۇاڭشۈ 16 ـ يىلى (1890 ـ يىلى) تارقىتىلغان مايلىق لاتا پۇل (بىر سەر ساپ كۈمۈشكە تەڭ) ۋە «كونا ئەجدىھا پۇل»، گۇاڭشۈ 28 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) تارقىتىلغان «ئاقسۇ گۈللۈك پۇلى» ۋە گۇاڭشۈ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) تارقىتىلغان مايلىق لاتا پۇل ئوبوروت قىلىنغان.

مىنگو يىللىرى توقسۇدا قىممىتى 100 داچەنلىك كىچىك پۇل (كۆچۈك پۇل دېيىلەتتى)، 400 داچەنلىك «چوڭ ئەجدىھا پۇل» (يېڭى پۇل)، «روسىيە پۇلى»، سەر، مىسقال، پۇڭ بىرلىك قىلىنغان ئۆلكە پۇلى ۋە قەشقەر پۇلى، دوللار بىرلىك قىلىنغان ئۆلكە پۇلى، فابى (دۆلەت پۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، ئالتۇن دوللار قاتارلىق قەغەز پۇللار ئوبوروت قىلىنغان.

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باھانى مۇقىملاشتۇرۇش، پۇل پاخاللىقىنى توسۇش ئۈچۈن، دوللار بىرلىك قىلىنغان بىر دوللارلىق، 5 دوللارلىق،

10 دوللارلىق پۈتۈن پۇل ۋە 50 پۇڭلۇق، 30 پۇڭلۇق، 10 پۇڭلۇق، 5 پۇڭلۇق، بىر پۇڭلۇق پارچە پۇلدىن تەركىب تاپقان كۈمۈش دوللار پۇلىنى تارقاتتى. ھەر بىر دوللارلىق كۈمۈش دوللار پۇلى بىر دوللار تەڭگە، 600 مىليارد ئۆلكە پۇلىغا، خەزىنە تارازىسى ھېسابىدا 7 مىسقال 2 پۇڭ كۈمۈش (22.5 گرام) كە توغرا كېلەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا 5 دوللارلىق، 10 دوللارلىق كۈمۈش دوللار پۇلىنى تارقاتتى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان قەغەز پۇللار توقسۇدا ئوبوروت قىلىنغان.

1951 - يىل 10 - ئايدا ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن خەلق پۇلى (كونا خەلق پۇلى) تارقىتىلدى ھەم 1:350 نىسبەت بويىچە كۈمۈش دوللار خەلق پۇلىغا ئالماشتۇرۇپ يىغىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تىللا، تەڭگە، كۈمۈش پۇل قاتارلىقلار يىغىۋېلىنىپ، ئالتۇن، كۈمۈش ئوبوروت قىلىش مەنئى قىلىندى. 1955 - يىل 3 - ئايدا يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىلدى ۋە 10 مىڭ يۈەن كونا خەلق پۇلىنى بىر يۈەن يېڭى خەلق پۇلىغا ئالماشتۇرۇش نىسبىتى بويىچە كونا خەلق پۇلى يىغىۋېلىندى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 1 مىليارد 853 مىليون 488 مىڭ 600 يۈەن كونا خەلق پۇلى يىغىۋېلىندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى. 1964 - يىل 4 - ئايدا خەلق بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى 1953 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان 3 يۈەنلىك، 5 يۈەنلىك، 10 يۈەنلىك 3 خىل پۇلنى يىغىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە 3 يۈەنلىك خەلق پۇلىنى تارقىتىشنى توختاتتى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 467 مىڭ يۈەن 3 خىل پۇل يىغىۋېلىندى. 1987 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 50 يۈەنلىك خەلق پۇلى بازارغا سېلىندى. 1988 - يىل 5 - ئاينىڭ 23 - كۈنى 100 يۈەنلىك خەلق پۇلى بازارغا سېلىندى.

1959 - يىلدىن ئىلگىرى خەلق پۇلى يىغىۋېلىنغىنىدىن تارقىتىلغىنى كۆپ بولدى. 1960 — 1979 - يىلغىچە پۇل يىلدىن - يىلغا كۆپ تارقىتىلدى، لېكىن مۇشۇ ئارىلىقتىكى يىللارنىڭ كۆپىنچىسىدە يىغىۋېلىنغان پۇل تارقىتىلغىنىدىن كۆپ بولدى. 1980 — 1989 - يىلغىچە پۇل خېلى كۆپ تارقىتىلدى ۋە يىغىۋېلىندى. بۇ ئىككىسىنىڭ سانى ئاساسەن تەڭپۇڭ بولۇپ، يىغىۋېلىنغىنى تارقىتىلغىنىدىن كۆپرەك بولدى.

## 5. مېتال پۇل

1957 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بىر پۇڭلۇق، 2 پۇڭلۇق ۋە 5 پۇڭلۇق مېتال پۇل تارقىتىلدى. 1980 - يىل 4 - ئايدا خەلق بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك تارمىقى بىر يۈەنلىك، 50 پۇڭلۇق، 20 پۇڭلۇق، 10 پۇڭلۇق 200 يۈرۈش مېتال پۇل تارقاتتى. 1985 - يىل 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە ئاتاپ قۇيۇلغان بىر يۈەنلىك مېتال پۇلدىن 205 دانە تارقىتىلدى.

### قوشۇمچە

#### پۇل قىممىتىنى سۇندۇرۇپ ھېسابلاش

توقسۇ تەۋەسىدە ھەرخىل مېتال پۇل ۋە قەغەز پۇللار تارقالغان. ئوخشاش بولمىغان دەۋردە ئوخشاش بولمىغان پۇللارنىڭ سېلىشتۇرما قىممىتىدە ئۆزگىرىش خېلى چوڭ ھەم ئىنتايىن مۇرەككەپ بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق پۇللارنىڭ قىممىتى مۇنداق سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى: چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، سەركەردە جاۋخۇي 1759 - يىلدىن ئىلگىرى توقسۇدا ئوبوروت قىلىنغان، جۇڭغار خانى تارقاتقان قىزىل مىس پۇل، يامبۇ قاتارلىقلارنى يىغىپ، ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. ئەينى چاغدا بىر تەڭگە 100 داچەنگە تەڭ

ئىدى. داچەن تاكى مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) غىچە 100 يىلدىن ئۇزاق ئىشلىتىلىپ، ئاندىن بىكار قىلىندى.

جاۋخۇي پۇلنى يىغدۇرۇۋالغاندىن كېيىن، «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» پۇلىنى قۇيەدۇردى، بۇ پۇل قىزىل مىستىن قۇيۇلغان بولغاچقا، قىزىل پۇل (داچەن) دەپ ئاتالغان. مۇشۇ مەزگىلدە ھۆكۈمەت باھاسى بويىچە ھەر 100 تومپۇر 400 دانە داچەنگە، بىر سەر كۈمۈشكە، بىر داچەن 5 يارماققا سۇندۇرۇلغانىدى. بازاردا كۈمۈش بىلەن داچەن تەڭ ئىشلىتىلەتتى. چوڭ سودىغا كۈمۈش، كىچىك سودىغا داچەن ئىشلىتىلەتتى. توقسۇ بازارلىرىدا ئەمەلىيەتتە بىر سەر كۈمۈش 300 داچەنگە سۇندۇرۇلاتتى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 4 ـ يىلى (1878 ـ يىلى) بىر سەر ساپ كۈمۈش 500 داچەنگە، 100 داچەن 200 يارماققا سۇندۇرۇلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 15 ـ يىلى (1889 ـ يىلى) داچەن پۈتكۈل شىنجاڭدا ئوبوروت بولدى. مۇشۇ مەزگىلدە بىر سەر ساپ كۈمۈش 400 داچەنگە ئالماشتۇرۇلدى. كېيىنكى يىلى ھۆكۈمەت پۇلى (قەغەز پۇل) تارقىتىلىپ، ھۆكۈمەت پۇلىنىڭ بىر پارچىسى بىر سەر كۈمۈشكە ياكى 400 داچەنگە سۇندۇرۇلدى. گۇاڭشۈ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) شىنجاڭ پەرمانبەردارى تارقاتقان قەغەز پۇلدا سەر بىرلىك قىلىنغان، كىشىلەر بۇ پۇلنى «كونا ئەجدىھا پۇل» دەپ ئاتىدى، ئۇنىڭ بىر پارچىسى 400 داچەنگە ياكى بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۈستىگە خەنزۇچە «ھەربىي تەمىنات پۇلى» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن 1 — 2 مىسقاللىق تىللا قۇيۇلدى، بىر تىللا 10 سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلدى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، بىر تەڭگە خوتەن تارازىسىدا 6.95 سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلدى. مۇشۇ مەزگىلدە بازاردا تىللا، تەڭگە، يامبۇ، تومپۇر، داچەن، ئۆلكە پۇلى ۋە قەشقەر پۇلى تارقالدى. قەغەز پۇللاردىن يېڭى پۇل ۋە كونا پۇللار بار ئىدى. مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) دىن كېيىن، بىر سەرلىك قەشقەر پۇلى 3 سەرلىك ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) 100 سەر كۈمۈش 350 سەر ئۆلكە پۇلىغا، بىر سەر كۈمۈش 100 داچەنگە ئالماشتۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 6 ـ يىلى (917 ـ يىلى) قەشقەر پۇلىنىڭ 90 سەرى 100 سەر كۈمۈشكە؛ قەشقەر پۇلىنىڭ 100 سەرى ئۆلكە پۇلىنىڭ 200 سەرىگە سۇندۇرۇلدى. ھۆكۈمەت باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا، بىر سەر ئۆلكە پۇلى 400 داچەنگە سۇندۇرۇلدى. ئەمەلىي بازار باھاسى بويىچە بىر سەر ئۆلكە پۇلى 300 داچەنگە، بىر تەڭگە 3 سەر ئۆلكە پۇلىغا؛ 6 مىسقال ئالتۇن 15 سەر كۈمۈشكە، بۇ 100 جىڭ گۈرۈچكە سۇندۇرۇلدى. مۇشۇ چاغدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى 100 سەر ئۆلكە پۇلى بولۇپ، خوتەن تارازىسىدا 100 سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇپ تارقىتىلاتتى. ئەمەلىيەتتە بازاردا 100 سەر ئۆلكە پۇلى خوتەن تارازىسىدا 35 سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلاتتى. مىنگونىڭ 8 ـ يىلى (1919 ـ يىلى) يېڭى ئۆلكە پۇلى (كۆچۈك پۇل) تارقىتىلدى. بۇ پۇلنىڭ بىر پارچىسى بىر سەر كۈمۈشكە، 400 داچەنگە سۇندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر مىسقاللىق ياغ پۇل تارقىتىلدى، سېلىشتۇرما قىممىتى ئۆلكە پۇلىنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. مىنگونىڭ 7 ـ يىلى (1918 ـ يىلى) بىر سەر ساپ كۈمۈش 2 سەر ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) بىر سەر كۈمۈش 3.3 سەر ئۆلكە پۇلىغا، بىر سەر ئالتۇن 100 سەر ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) دىن ئىلگىرى بىر يۈەنلىك يارماق 2.5 سەر ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) دىن كېيىن بىر سەر ئالتۇن 700 سەر ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. مىنگونىڭ 18 ـ يىلى (1929 ـ يىلى) بىر يۈەنلىك تەڭگە 15 سەر ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. مىنگونىڭ 21 ـ يىلى (1932 ـ يىلى) بىر سەر ئالتۇن 1000 سەر ئۆلكە پۇلىغا، بىر پارچە مايلىق پۇل 40 داچەنگە، بىر تومپۇر 4 داچەنگە، بىر سەر ئۆلكە پۇلى 100 تومپۇرغا، بىر سەر قەشقەر پۇلى 5 سەر ئۆلكە پۇلىغا، بىر سەر يامبۇ، بىر سەر نۆكچە كۈمۈش 5 سەر ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، بىر يۈەنلىك يارماق 50

سەر ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) بىر سەر ئالتۇن 4000 سەر ئۆلكە پۇلىغا، بىر يۈەنلىك يارماق 40 سەر ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىمۇ سەر بىرلىك قىلىنغان ئۆلكە پۇلى باستۇردى. مۇشۇ مەزگىلدە ئۆلكە پۇلىنىڭ كۈرسى چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن، بىر سەر ئالتۇن 8000 سەر ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا بىر يۈەنلىك يارماق 120 سەر ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلاتتى، مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) بىر يۈەنلىك يارماق 4000 سەر ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) غا قەدەر، بىر سەر ئالتۇن 600 مىڭ سەر ئۆلكە پۇلىغا تەڭ بولۇپ قالدى. مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا ماۋ زېمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە دوللار بىرلىك قىلىنغان شىنجاڭ قەغەز پۇلى تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلكە پۇلى بىلەن قەشقەر پۇلى شىنجاڭ پۇلىغا ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن يىغىۋېلىندى. شۇ يىلى بىر سەر قەشقەر پۇلى 260 سەر ئۆلكە پۇلىغا؛ بىر دوللار شىنجاڭ پۇلى 4000 سەر ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكە پۇلى ۋە قەشقەر پۇلى بىكار قىلىندى. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا دۆلەت پۇلى شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنىشقا باشلىدى. بىر دوللار شىنجاڭ پۇلى 5 يۈەن دۆلەت پۇلىغا، بىر يۈەن گوەنجىن پۇلى 4 دوللار شىنجاڭ پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) بىر سەر ئالتۇن 100 نەچچە دوللار شىنجاڭ پۇلىغا؛ مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) بىر سەر ئالتۇن 10 مىڭ دوللار شىنجاڭ پۇلىغا؛ مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) بىر سەر ئالتۇن 20 مىڭ دوللار شىنجاڭ پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) يېڭى نۇسخىدىكى شىنجاڭ پۇلى تارقىتىلدى ۋە ئۇنىڭ كونا شىنجاڭ پۇلى بىلەن بولغان سېلىشتۇرما قىممىتى 1:100 بولدى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) 8 ـ ئايدا بىر دوللار ئالتۇن دوللار 3 مىليون يۈەن دۆلەت پۇلىغا، بىر سەر ئالتۇن 200 ئالتۇن دوللارغا، بىر سەر كۈمۈش 3 ئالتۇن دوللارغا، بىر تەڭگە 2 ئالتۇن دوللارغا، بىر ئامېرىكا دوللىرى 4 ئالتۇن دوللارغا سۇندۇرۇلدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا تەڭگىنى بىرلىك قىلغان كۈمۈش دوللار تارقىتىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بىر تەڭگە بىر كۈمۈش دوللارغا سۇندۇرۇلدى، لېكىن بازاردا كۈمۈش دوللارنىڭ قىممىتى ئايمۇئاي چۈشۈپ كەتتى. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا بىر تەڭگە 600 مىليارد دوللار شىنجاڭ پۇلىغا، بىر تەڭگە 12 كۈمۈش دوللارغا تەڭ بولۇپ قالدى. 1949 ـ يىل 12 ـ ئايدىن 1950 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە بىر كۈمۈش دوللار 500 يۈەن كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى؛ 1950 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1951 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە بىر كۈمۈش دوللار 450 يۈەن كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى؛ 1951 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە بىر كۈمۈش دوللار 400 يۈەن كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى؛ 1951 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە بىر كۈمۈش دوللار 350 يۈەن كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. 1951 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن خەلق پۇلى تارقىتىلدى، بۇ پۇلنىڭ بىر يۈەنى 350 كۈمۈش دوللارغا تەڭ بولدى. 1955 ـ يىلى يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىلدى ۋە بىر يۈەن يېڭى خەلق پۇلىغا 10 مىڭ يۈەن كونا خەلق پۇلى ئالماشتۇرۇپ يىغىۋېلىندى. يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا ھەر گىرام ئالتۇننىڭ باھاسى 1956 ـ يىلى 3.04 يۈەن، 1980 ـ يىلى 13 يۈەن، 1995 ـ يىلى 136 يۈەن بولدى. 1953 ـ يىلى ھەر گىرام كۈمۈش 129 يۈەن كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلغانىدى. يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا ھەر گىرام كۈمۈش 1956 ـ يىلى 0.04 يۈەنگە، 1973 ـ يىلى 0.11 يۈەنگە، 1980 ـ يىلى 0.20 يۈەنگە سۇندۇرۇلدى. تەڭگە 1950 ـ يىلى 6000 يۈەن كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلغانىدى؛ 1956 ـ يىلى بىر يۈەن، 1973 ـ يىلى 2.5 يۈەن، 1980 ـ يىلى 5 يۈەن، 1995 ـ يىلى 25 يۈەن خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى.

## 4 § . ئامانەت پۇل ۋە خەلق پۇل ئامانىتى

### 1. خەلق پۇل ئامانىتى

1953 - يىلى بانكا ۋە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى قەرەللىك، قەرەلسىز خەلق پۇل ئامانىتى، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى خەلق پۇل ئامانىتى ۋە قەرەللىك ھەم قەرەلسىز ئىككىگە قولايلىق خەلق پۇل ئامانىتىدىن ئىبارەت 4 خىل خەلق پۇل ئامانىتى كەسپىنى يولغا قويدى. قەرەللىك خەلق پۇل ئامانىتى يەنە پارچە قويۇپ، توپ ئالىدىغان، توپ قويۇپ توپ ئالىدىغان، پارچە پۇللارنى توپلاش، قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان، ئۆسۈم قوشۇپ بېرىلىدىغان ۋە مۇكاپاتلىق خەلق پۇل ئامانىتى قاتارلىقلارغا ئايرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە توپ قويۇپ، توپ ئالىدىغان قەرەللىك خەلق پۇل ئامانىتى 3 ئايلىق، 6 ئايلىق، 9 ئايلىق، بىر يىللىق، 2 يىللىق، 3 يىللىق، 5 يىللىق، 8 يىللىق دەپ 8 دەرىجىگە ئايرىلدى؛ پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان خەلق پۇل ئامانىتى بىر يىللىق، 3 يىللىق، 5 يىللىق دەپ 3 دەرىجىگە ئايرىلدى.

1953 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە يېزىلاردا ئاشلىق سېتىپ بەرگەنلەرگە ئېتىبار بېرىش خەلق پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى. 1959 - يىلى ناتۇرا ھېسابىدىكى خەلق پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى. 1987 - يىلى توقسۇ ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى پوچتا خەلق پۇل ئامانىتىنى يولغا قويدى. 1990 - يىلى ئاياللار ۋەتەنپەرۋەرلىك خەلق پۇل ئامانىتى كەسپى يولغا قويۇلدى.

**توقسۇ ناھىيە بازىرىدا قىسمەن يىللاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن خەلق پۇل ئامانىتى**

جەدۋەل: 18 — 20

| يىللار | سوممىسى (يۈەن) | يىللار | سوممىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1960 | 27.94 | 1980 | 89.74 |
| 1965 | 42.55 | 1984 | 155.5 |
| 1970 | 49.18 | 1988 | 325.47 |
| 1975 | 79.77 | 1993 | 4428 |

**توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا قىسمەن يىللاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن خەلق پۇل ئامانىتى**

جەدۋەل: 18 — 21

| يىللار | سوممىسى (يۈەن) | يىللار | سوممىسى (يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1953 | 0.04 | 1975 | 29.61 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1958 | 4.97 | 1984 | 24.04 |
| 1960 | 3.87 | 1988 | 42.25 |
| 1965 | 14.48 | 1993 | 11 |
| 1970 | 32.56 | 1995 | 278 |

## 2. تۈرلۈك ئامانەت پۇل

تۈرلۈك ئامانەت پۇل، ئاساسلىقى، كارخانا ئامانەت پۇلى، مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل ۋە يېزا ئامانەت پۇلىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلەت قىسمەن يىللاردا ھەددىدىن زىيادە چىقىمنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ئامانەت قويۇلغان پۇللارنى توڭلىتىۋېتىش قاتارلىق مەمۇرىي ئارىلىشىش تەدبىرلىرىنى قوللاندى.

**1) كارخانا ئامانەت پۇلى** بۇ، ئاساسەن، دۆلەت سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى، سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى ئۆزىگە قالدۇرغان تۈرلۈك مەخسۇس مەبلەغ ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ جۇغلانمىسى، دەم ئالدۇرۇلغان مەبلىغىدىن كېلىدۇ. 1954 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كارخانا ئامانەت پۇلىنىڭ قالدۇقى ئاران 88 مىڭ يۈەن بولغانىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن كارخانا ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، بازار پەيدىنپەي كېڭەيدى. 1979 ـ يىلدىن كېيىن دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى يىلمۇ يىل ئاشتى، يەككە سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى كۆپەيدى، كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرىدىغان مەبلىغى ۋە جۇغلانمىسىمۇ يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن كارخانا ئامانەت پۇلى يىلدىن ـ يىلغا ئاشتى. ئامانەت پۇل قالدۇقى 1974 ـ يىلى 1 مىليون 63 مىڭ يۈەنگە، 1988 ـ يىلى 5 مىليون 328 مىڭ يۈەنگە، 1995 ـ يىلى 29 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**2) مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل** مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل، ئاساسەن، دۆلەت خام چوت ئارقىلىق جۇغلىغان مەبلەغ ياكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن جۇغلىغان خام چوت سىرتىدا مەمۇرىي ـ كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشلىتىشىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن مەبلەغدىن قويۇلغان ئامانەت پۇلدىن ئىبارەت. بۇ تۈردىكى ئامانەت پۇل ئاپپارات، خادىملارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ باردى. بۇ تۈردىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 1954 ـ يىلى 57 مىڭ يۈەن، 1988 ـ يىلى 2 مىليون 982 مىڭ يۈەن بولدى، 1995 ـ يىلى 10 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**3) يېزا ئامانەت پۇلى** يېزا ئامانەت پۇلى گۇڭشې ـ ئەترەت (يېزا، كەنت) ئامانەت پۇلى، گۇڭشې ـ ئەترەت (يېزا، بازار) كارخانىلىرى ئامانەت پۇلى ۋە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ يۆتكەپ قويغان ئامانەت پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1954 ـ يىلى مۇشۇ تۈردىكى ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 16 مىڭ يۈەن ئىدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقتىن، ئىگىلىك خېلى تېز تەرەققىي قىلدى. يېزا ئامانەت پۇلى 1988 ـ يىلى 9 مىليون 493 مىڭ يۈەن ئىدى، 1993 ـ يىلى 11 مىليون 34 مىڭ يۈەنگە، 1995 ـ يىلى 4 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قىسمەن يىللاردا تەبىئىي ئاپەت ياكى سىياسىي ھەرىكەتلەر ۋەجىدىن، بۇ تۈردىكى ئامانەت پۇل جىق ئازىيىپ كەتتى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1954 — 1995 ـ يىلغىچە بولغان تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى

جەدۋەل: 18 — 22    بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | جەمئىي | كارخانا ئامانەت پۇلى | مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل | بازار ئامانەت پۇلى | يېزا ئامانەت پۇلى | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1954 | 19.7 | 8.8 | 5.7 | 3.6 | 1.6 | |
| 1955 | 38.3 | 5.5 | 26.5 | 4.2 | 2.1 | |
| 1956 | 64 | 17.1 | 23.5 | 9.3 | 14.1 | |
| 1957 | 67 | 9.2 | 25.8 | 8.5 | 23.5 | |
| 1958 | 94.5 | 17.2 | 33.8 | 14.1 | 29.4 | |
| 1959 | 181.9 | 12.9 | 41.8 | 17.1 | 110.1 | |
| 1960 | 108.8 | 18.2 | 46.2 | 23.1 | 21.3 | |
| 1961 | 116.7 | 13 | 34.7 | 32.6 | 35.4 | |
| 1962 | 123.9 | 23.1 | 37.9 | 14.5 | 49.4 | |
| 1963 | 123.8 | 14.4 | 47.9 | 13.9 | 47.5 | |
| 1964 | 152.2 | 17.2 | 46.5 | 23 | 65.5 | |
| 1965 | 225.6 | 33.8 | 65.7 | 33.7 | 92.4 | |
| 1966 | 340.6 | 53.9 | 61.7 | 44.3 | 180.7 | |
| 1967 | 385.4 | 76.6 | 76.6 | 50.2 | 182 | |
| 1968 | 383.9 | 55.1 | 91.4 | 42.1 | 195.3 | |
| 1969 | 388.5 | 62.7 | 107 | 36.6 | 182.2 | |
| 1970 | 485.7 | 74 | 122.6 | 40.4 | 248.7 | |
| 1971 | 461.5 | 64.8 | 164 | 46.2 | 185.5 | |
| 1972 | 517.3 | 84.3 | 208.4 | 52.1 | 173 | |
| 1973 | 550.2 | 59 | 185.9 | 66.6 | 238.7 | |
| 1974 | 633.9 | 106.3 | 191.8 | 71.9 | 263.9 | |
| 1975 | 562.4 | 111.2 | 117.5 | 77.1 | 256.6 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | 543.8 | 113.2 | 134.5 | 33.1 | 213 | |
| 1977 | 597.4 | 173.4 | 133.2 | 93.8 | 197 | |
| 1978 | 763.1 | 186.7 | 236.3 | 100.6 | 239.5 | |
| 1979 | 829.8 | 141.5 | 338.2 | 105.4 | 244.7 | |
| 1980 | 1044.4 | 140.9 | 193.4 | 124.7 | 585.4 | |
| 1981 | 1080.7 | 105.9 | 192.8 | 153.3 | 597 | 31.7 |
| 1982 | 1407.4 | 181.7 | 298.7 | 173.1 | 705 | 48.9 |
| 1983 | 1444.6 | 146.6 | 311.7 | 215.4 | 660 | 110.9 |
| 1984 | 1605.3 | 120.1 | 312.3 | 270.4 | 724.5 | 178 |
| 1985 | 1301.5 | 396.4 | 75.9 | 352.7 | 406.4 | 70.1 |
| 1986 | 1825.7 | 358.1 | 170.6 | 465.3 | 591.5 | 240.2 |
| 1987 | 2253 | 367.8 | 290.9 | 612.1 | 722.8 | 259.4 |
| 1988 | 2651.5 | 532.8 | 298.2 | 768.4 | 949.3 | 102.8 |
| 1989 | 3561 | 888 | 332 | 1484 | 857 | |
| 1990 | 4627.8 | 1047.5 | 37.6 | 2392.8 | 1149.9 | |
| 1991 | 6063.3 | 1466.9 | 288 | 3227.8 | 1080.6 | |
| 1992 | 6788 | 1437 | 454 | 3892 | 1005 | |
| 1993 | 7862 | 1577.9 | 2125 | 7753 | 1103.4 | |
| 1994 | 11526 | 1891 | 870 | 7127 | 263 | 1375 |
| 1995 | 16272 | 2950 | 1031 | 10693 | 415 | 1183 |

## § 5 . كرېدىت

### 1 . خەلق ئارىسىدىكى ئېلىم - بېرىمى

مىنگو دەۋرىدە توقسۇ ناھىيە بازىرىدا بىرنەچچىلا خەنزۇ ئائىلىسى جازانىخورلۇق قىلاتتى. خەلق ئارىسىدىكى قەرز ئېلىم - بېرىمى مۇنداق 2 خىل ئۇسۇل بىلەن بولاتتى.

قەرز ئالغۇچى ئۆزىنىڭ ئۆي - ئىمارىتى، چارۋا مېلى ياكى يېرىنى رەنىگە قويۇپ قەرز ئالاتتى، قەرز بەرگۈچى ئۇسۇم ئالمايتتى، ئەمما رەنىگە قويۇلغان مال - مۈلۈكتىن تاكى قەرز ئالغۇچى قايتۇرۇپ بولغىچە ھەقسىز پايدىلىناتتى ياكى ئۇنى ئىجارىگە بېرەتتى. رەنىگە قويۇلغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش مۆھلىتىنى 2 تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ بەلگىلەيتتى ھەم قازى، ئاخۇنلارنى شاھىتلىققا تەكلىپ قىلاتتى. قەرز ئالغۇچى بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ بولالمىسا ھەم سۆيلەنگەن بىلەنمۇ قايتۇرمىسا، رەنىگە قويۇلغان نەرسە قەرز ئىگىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كېتەتتى.

مىنگو دەۋرىدە دېھقانلار يومبىچىكلاردىن ئاشلىق قەرز ئالاتتى، ئادەتتە ئەتىيازدا ئالغان قەرزنى كۈزدە بىرگە ئىككى قىلىپ قايتۇراتتى.

## 2. سودا - سانائەت قەرز پۇلى

سانائەت قەرز پۇلى بەرلىك دۆلەت سانائىتى، كوللېكتىپ سانائەت، ماددىي ئەشيا، تەمىنات - سودا كارخانىلىرى، قاتناش - ترانسپورت كارخانىلىرى ۋە يەككە قول سانائەتكە بېرىلىدىغان قەرز پۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سانائەت قەرز پۇلىنىڭ تۈرى نورمىلىق قەرز پۇل، نورمىسىز قەرز پۇل، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت قەرز پۇلى، ماددىي ئەشيا تەمىنات - سودا قەرز پۇلى، راس چوت قەرز پۇلى ۋە ئوتتۇرا - قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇللىرىدىن ئىبارەت. توقسۇ ناھىيىسىدە سانائەتنىڭ ئاساسى ئاجىز، كۆلىمى كىچىك، دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن تۇراقسىز مەبلەغ ئېھتىياجنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرىدۇ، شۇڭا 1953 — 1993 - يىلغىچە بولغان ۋاقىتنىڭ سەل كەم ئۈچتىن ئىككى قىسمىدا سانائەت قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى قالمىدى. 1960 - يىلدىن ئېتىبارەن سانائەت قەرز پۇلىدا قالدۇق كۆرۈلۈشكە باشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت قەرز پۇلى قالدۇقى 1960 - يىلى 53 مىڭ يۈەن، 1970 - يىلى 183 مىڭ يۈەن، 1988 - يىلى 610 مىڭ يۈەن، 1993 - يىلى 1 مىليون 719 مىڭ يۈەن، 1995 - يىلى 2 مىليون 520 مىڭ يۈەن بولدى.

سودا قەرز پۇلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى، تاشقى سودا، تېببىي دورىگەرلىك، نېفىت، كىتابخانا، سودا ئورۇنلىرى باشقۇرغان سانائەت، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا، زىيالىي ياشلار ۋە يەككە سودا قاتارلىقلارغا بېرىلىدىغان قەرز پۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سودا قەرز پۇلىنىڭ تاۋار ئوبوروت قەرز پۇلى، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلى، زاكالەت سوممىسى قەرز پۇلى، ئاشلىق كارخانىلىرى قەرز پۇلى، «ئىككى پاختا» نى نېسىگە سېتىش قەرز پۇلى، ئوتتۇرا - قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا ۋە زىيالىي ياشلار كارخانىلىرى قەرز پۇلى، يەككە سودا قەرز پۇلى قاتارلىق تۈرلىرى بار.

سودا قەرز پۇلى ناھىيە بويىچە ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئومۇمىي قەرز پۇل سوممىسىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. 1953 - يىلى قەرز پۇل بېرىشتە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا يار - يۆلەك بولۇش مۇھىم نۇقتا قىلىندى، خۇسۇسىي سودىغىمۇ مۇۋاپىق مىقداردا قەرز پۇل بېرىلدى، يىل ئاخىرىدا سودا قەرز پۇلى قالدۇقى 55 مىڭ يۈەنگە يەتتى، قەرز بېرىش ئارقىلىق 210 سودا - سانائەتچى ۋە قول سانائەتچىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. 1954 — 1957 - يىلغىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ خام ئەشيا سېتىۋېلىش، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى سېتىۋېلىشى ۋە پاختا زاكالىتى تارقىتىشىغا نۇقتىلىق يار - يۆلەك بولۇندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە خۇسۇسىي سودىغىمۇ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، قەرز پۇل بېرىشنى قاتتىق تىزگىنلەش سىياسىتى قوللىنىلدى. 1954 - يىلى ناھىيە بويىچە سودىغا 213 مىڭ يۈەن

قەرز بېرىلدى. 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا قەرز پۇلى قالدۇقى 996 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1958 - يىلى سودا ئىناۋەتلىك قەرز پۇلىنى باشقۇرۇش سەل - پەل بوشاشتۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 2 مىليون 902 مىڭ يۈەن قەرز بېرىلدى. 1959 - يىلى سودا ساھەسىدە ئامانەت بىلەن قەرزنى بىرلەشتۈرۈش چارىسى يولغا قويۇلدى، كارخانىلار تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن قەرز پۇل نورمىسى دائىرىسىدە ئۆز ئالدىغا چىقىم قىلىپ ئىشلەتسە بولىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن قەرز پۇل سوممىسى زور نىسبەتتە ئاشتى، يىل ئاخىرىدا قەرز قالدۇقى 5 مىليون 633 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1962 — 1965 - يىللىرى «شۇ يىلى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، سەل - پەل كۆپەيتىش» دېگەن پولىيورۇقتا چىڭ تۇرۇلۇپ، قەرز پۇل قاتتىق تىزگىنلەندى، پىلان باشقۇرۇش، نەق پۇل باشقۇرۇش ۋە راس چوت باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. بۇنىڭ بىلەن قەرز پۇل قالدۇقى سەل - پەل ئازايدى، ئەمما ئومۇمىي قەرز پۇل مىقدارى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، يەنى 1962 - يىلى 3 مىليون 592 مىڭ يۈەنگە، 1965 - يىلى 4 مىليون 76 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1966 — 1976 - يىللىرى بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بانكىلار قەرز پۇل باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرغان بولسىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش بىر ئىزدا توختاپ قالغانلىقى، تاۋارنىڭ تۈرى ۋە مىقدارى ئاز بولغانلىقى تۈپەيلى، سودا قەرز پۇلى قالدۇقى 4 — 5 مىليون يۈەن دائىرىسىدە چۆگىلىدى. 1979 - يىلى يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى باشلاندى، سودا جانلىنىپ، سېتىش - سېتىۋېلىش مىسلىسىز گۈللەندى. يىل ئاخىرىدا سودا قەرز قالدۇقى 7 مىليون 53 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1980 - يىلدىن كېيىن سودا تېز راۋاجلاندى، كارخانىلار بېسىلىپ قالغان تاۋارلارنى پائال بىرتەرەپ قىلدى، نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىسى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا لازىملىق بۇيۇملارنى كىرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەككە سودىمۇ ئۇچقاندەك راۋاجلاندى، دۆلەت، كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكتىكى سودا ئارىسىدا رىقابەت كەسكىنلەشتى. 1980 — 1993 - يىللىرى بولغان 14 يىلدا، ئايرىم يىللاردا سودا سەل - پەل سۇسلىشىپ قالغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، سودا ئومۇمەن تېز راۋاجلاندى، ئىجتىمائىي تەلەپ ئۈزلۈكسىز ئاشتى، شۇنىڭغا مۇناسىپ سودا قەرز پۇلىمۇ يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ باردى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا قەرز پۇلى قالدۇقى 67 مىليون 353 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1995 - يىلى سودا قەرز پۇلى قالدۇقى 104 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 3. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى

1953 - يىلى 4000 يۈەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، 5239 دېھقان ئائىلىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى سېتىۋېلىش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. 1954 - يىلى 47 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1955 — 1958 - يىللىرى بولغان يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەزگىلىدە 603 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى (بۇنىڭ ئىچىدە كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى 140 مىڭ يۈەن) تارقىتىلدى، بۇ 4 يىلدا جەمئىي 407 مىڭ يۈەن قەرز پۇل قايتۇرۇۋېلىندى. 1961 - يىلى يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، قىيىنچىلىقى بار كۆكتاتچىلارغا ھەمكارلىق فوندىدىن بېرىلگەن 69 مىڭ يۈەن قەرز پۇل، كۆكتاتچى ئەزالىرىنىڭ قوي سېتىۋېلىشىغا بېرىلگەن 2000 يۈەن قەرز پۇل كەچۈرۈم قىلىندى، يىل ئاخىرىدا قەرز پۇل قالدۇقى 268 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1959 — 1979 - يىللىرى جەمئىي 4 مىليون 910 مىڭ يۈەن (1964 -، 1965 - يىللىرىدىكى سانلىق مەلۇمات يوق) يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقىتىلدى، 3 مىليون 670 مىڭ يۈەن قەرز پۇل قايتۇرۇۋېلىندى.

1971 - يىلى 1961 - يىلدىن ئىلگىرى بېرىلگەن 185 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى كەچۈرۈم قىلىندى. 1976 — 1979 - يىللىرى قۇدۇق كولاپ ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇشقا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن 883 مىڭ يۈەن قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1979 - يىلى نامرات كۆكتاتچى ئەترەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 517 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئۆسۈمسىز قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1980 - يىلدىن كېيىن يېزا

ئىگىلىك قەرز پۇلى زور ھەجىمدە كۆپەيدى. 1985 ـ يىلى ھۆددىگەر كەسپىي ئائىلىلەرگە مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن 3 مىليون 570 مىڭ يۈەن ھۆددىگەر ئائىلىلەر قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى قالدۇقى 12 مىليون 397 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1995 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى قالدۇقى 12 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولدى. 1953 — 1995 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە تارقىتىلغان ئومۇمىي يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى 118 مىليون 430 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا 2 مىليون 754 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى.

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى بانكا سىستېمىسىنىڭ 1953 — 1995 ـ يىلغىچە تارقاتقان تۈرلۈك قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى

جەدۋەل: 18 — 23

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | ئومۇمىي قەرز پۇل | سانائەت قەرز پۇلى | سودا قەرز پۇلى | يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى | زاكالەت پۇل | يەككە سودا قەرز پۇلى | باشقا قەرز پۇللار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 6.3 | | 5.5 | 0.4 | | 0.4 | |
| 1954 | 29.7 | | 21.3 | 4.7 | | 3.7 | |
| 1955 | 70.5 | | 65 | 5.1 | | 0.4 | |
| 1956 | 97.5 | | 78.5 | 18.8 | | 0.2 | |
| 1957 | 116.5 | | 99.6 | 16.8 | | 0.1 | |
| 1958 | 309.6 | | 290.2 | 19.6 | | | |
| 1959 | 575.1 | | 563.3 | 11.8 | | | |
| 1960 | 434.8 | 5.3 | 350.3 | 51.1 | 28.1 | | |
| 1961 | 407.8 | 7.1 | 362.5 | 26.8 | 11.4 | | |
| 1962 | 398.4 | 5.2 | 359.2 | 28.6 | 5.4 | | |
| 1963 | 309.1 | | 275.2 | 30.7 | 3.2 | | |
| 1964 | 309.9 | | 306.2 | | 3.7 | | |
| 1965 | 409.6 | | 407.6 | | 2 | | |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1966 | 476.3 | | 457.3 | 16.1 | 2.9 | | |
| 1967 | 565.3 | | 538.2 | 20.1 | 7 | | |
| 1968 | 445 | | 415.4 | 22.2 | 7.4 | | |
| 1969 | 491 | | 457.3 | 22.2 | 11.5 | | |
| 1970 | 483.1 | 18.3 | 430.1 | 19.7 | 15 | | |
| 1971 | 516.5 | 21.7 | 454.3 | 31.8 | 8.7 | | |
| 1972 | 519.5 | 22 | 449.8 | 41.3 | 6.4 | | |
| 1973 | 516.1 | | 484.1 | 31.2 | 0.8 | | |
| 1974 | 509.2 | | 462.7 | 29.8 | 16.7 | | |
| 1975 | 473.1 | 10.8 | 418.8 | 41.1 | 2.4 | | |
| 1976 | 500.5 | | 441.6 | 52.5 | 6.4 | | |
| 1977 | 531.5 | | 457 | 72.7 | 1.8 | | |
| 1978 | 629.2 | | 552.8 | 74.2 | 2.2 | | |
| 1979 | 856.8 | | 705.3 | 147.9 | 3.6 | | |
| 1980 | 1060.9 | | 347.4 | 713.5 | | | |
| 1981 | 1206.6 | | 416.6 | 790 | | | |
| 1982 | 1375.6 | | 492.6 | 883 | | | |
| 1983 | 1198 | | 530.6 | 667 | | 0.4 | |
| 1984 | 1747.4 | | 681.5 | 1065.8 | | 0.1 | |
| 1985 | 2005.3 | 4 | 911.3 | 132.9 | | 12.5 | 944.6 |
| 1986 | 2310.2 | 4.3 | 913.1 | 1368 | | 19.6 | 5.2 |
| 1987 | 1562.7 | 4 | 1246.1 | 298.7 | | 8.7 | 5.2 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1988 | 2694.6 | 61 | 1268.3 | 1239.7 | | 114.6 | 11 |
| 1989 | 2353.9 | 34 | 1036.1 | 284.3 | 1 | 39.5 | 959 |
| 1990 | 4329 | 100.9 | 3774.8 | 290.7 | | 106.7 | 55.9 |
| 1991 | 4782.3 | 126.6 | 4124.7 | 399 | | 75.9 | 56.1 |
| 1992 | 6918.5 | 108.9 | 5985.9 | 608.6 | | 62.3 | 152.8 |
| 1993 | 7752.9 | 171.9 | 6735.3 | 267.3 | | 71.5 | 506.9 |
| 1994 | 10781 | 201 | 8432 | 768 | | 73 | 1307 |
| 1995 | 16785 | 252 | 10471 | 1230 | | 76 | 4756 |

ئىزاھات: 1980 — 1984 ـ يىلغىچە يېزا ئىگىلىك بانكىسى بەرگەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى بىلەن سودا قەرز پۇلى ئايرىۋېتىلمىگەنلىكتىن، ھەممىسى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى كاتەكچىسىگە كىرگۈزۈلدى.

## § 6 . مالىيە تۈزۈمى

### 1 . بوغالتىرلىق

توقسۇ ناھىيىسىدىكى بانكىلارنىڭ بوغالتىرلىق خىزمىتىنى شۇ بانكىلارنىڭ بوغالتىرلىق بۆلۈمچىلىرى باشقۇرىدۇ، كەسپىي بانكىلاردا كاسسىرلىق كانتورى، ھۆكۈمەت پۇل ئامانىتى ـ قەرز پۇل كانتورى، پۇل ئامانىتى كانتورى ۋە ئۇنىۋېرسال كانتور (بانكىلار ئارا مۇئامىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تەسىس قىلىنىدۇ. 1953 — 1965 ـ يىلغىچە دېبىت ـ كرېدىت بويىچە ھېسابات خاتىرىلەش ئۇسۇلى يولغا قويۇلغانىدى. 1966 ـ يىلدىن كېيىن مەبلەغ كىرىم ـ چىقىمى بويىچە ھېسابات خاتىرىلەش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىلدى، ھېسابات خاتىرىلەش دوكۇمېنتى جەھەتتە تاق ئوردېر ئاساس قىلىنىدى، يەنى بىر ۋاراق ئوردېر بىرلا بوغالتىرلىق ھېساب تۈرىگە تولدۇرۇلدى. ھېسابات تەپسىلىي ھېسابات ۋە ئومۇمىي ھېساباتتىن ئىبارەت 2 قىسىمدىن تەركىب تاپتى. تەپسىلىي ھېساباتتا پۇل ۋە قوشۇمچە ناتۇرا ئۆلچەم بىرلىكى قىلىنىپ، ھەر بىر بوغالتىرلىق ھېساب تۈرىگە تەۋە ھېسابات دەپتىرىگە تەپسىلىي خاتىرىلەندى؛ ئومۇمىي ھېساباتتا بوغالتىرلىق ھېساب تۈرى تۈرگە ئايرىش ئاساس قىلىنىدى. پۇل بىر تۇتاش ئۆلچەم قىلىنىپ، ھەرخىل مەبلەغنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، زۆرۈر سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىن ئېتىلدى. مېمۇرىئال كەسپىدە دەل ۋاقتىدا، ئاۋۋال چىقىم، ئاندىن كىرىم خاتىرىلەندى. نەق پۇل كەسپىدە ئېلىنىدىغان پۇل ئاۋۋال ھېساباتقا خاتىرىلىنىپ، ئاندىن پۇل بېرىلدى؛ پۇل ئامانىتىدە ئاۋۋال پۇل ئېلىنىپ، ئاندىن ھېسابات خاتىرىلەندى. تىجارەت ئايىغلاشقان ھامان ھېساب بوغۇلۇپ شۇ كۈنىلا تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلاشتۇرۇلدى.

كەسپىي بانكىلار نەق پۇل كىرىم ئوردېرى، نەق پۇل چىقىم ئوردېرى، مېمۇرىئال كىرىم ئوردېرى، مېمۇرىئال چىقىم ئوردېرى، پەۋقۇلئاددە مېمۇرىئال كىرىم ئوردېرى، پەۋقۇلئاددە مېمۇرىئال چىقىم ئوردېرى

ئارقىلىق ھېساب خاتىرىلىدى. ئايلىق، پەسىللىك، يېرىم يىللىق، يىللىق مەلۇمات جەدۋەللىرىگە بوغالتېرلىق مەلۇماتى ئىشلەندى.

## 2. راس چوت

راس چوت شەكلى باشقا جايدىكى راس چوت ۋە بىر شەھەردىكى راس چوتتىن ئىبارەت 2 خىل بولدى. كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، توقسۇ ناھىيىسىدىكى كەسپىي بانكىلار كىرىمنى ھاۋالە قىلىش، ئېتىراپلىق چىقىم قىلىش راس چوتى، پۇل ئېلىشنى ھاۋالە قىلىش راس چوتى ۋە پېرېۋوت راس چوتى قاتارلىق جايلار ئارا راس چوتنى، ئۆز ناھىيىسىدىكى راس چوت جەھەتتە نەق پۇل چەك راس چوتى، ئۆز ناھىيىسىدە كىرىمنى ھاۋالە قىلىش ۋە ئېتىراپلىق چىقىم قىلىش، پۇل چىقىم قىلىش ھاۋالە قەغىزى راس چوتى قاتارلىق 3 راس چوتنى يولغا قويدى. 1987 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن باشلاپ، پېرېۋوت چېكى راس چوتى كەسپى يولغا قويۇلدى. بۇ كەسپ مۇقىم سوممىلىق پېرېۋوت چېكى راس چوتى ۋە سوممىسى مۇقىم بولمىغان پېرېۋوت چېكى راس چوتىغا ئايرىلدى. پېرېۋوت چېكى راس چوت كەسپىنى يولغا قويۇش بىلەن تەڭلا، ئۆزى ئېلىپ بارىدىغان خەت پېرېۋوت كەسپى توختىتىلدى.

بانكىلار كىرىم، چىقىم قىلغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ھەققانىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش يۈزىسىدىن پۇل ئارقىلىق قەرزنى ئۆزۈش، پۇل سەپلەپ راس چوت قىلماسلىقتىن ئىبارەت راس چوت پرىنسىپىنى يولغا قويدى.

## 3. كاسسىرلىق

كەسپىي بانكىلار پۇل مۇئامىلىسى قانۇن - قائىدىلىرىگە ۋە تۈزۈملىرىگە ئاساسەن، ناھىيە بويىچە نەق پۇل كىرىم - چىقىم قىلىش، رەتلەش، توشۇش، يىرتىلغان پۇللارنى ئالماشتۇرۇپ بېرىش ۋە كۆيدۈرۈۋېتىش خىزمىتىنى بېجىردى ھەمدە بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھەرخىل پۇل نىسبىتىنى تەڭشەپ توردى، ئالتۇن، كۈمۈش ئېگىسىپ يىغىۋېلىش كەسپىنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كانتۇردا 2 كىشى بىللە ئىشلەش، خەزىنىنى 2 كىشى باشقۇرۇش، 2 كىشى مۇھاپىزەت قىلىش، 2 كىشى مۇھاپىزەت قىلىپ توشۇشتىن ئىبارەت نەق پۇل باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلدى. كانتۇرلاردا پۇل ئالغۇچى، پۇل بەرگۈچى، تەكشۈرگۈچى قويۇلدى، ئالتۇن، كۈمۈش، قىممەت باھالىق نەرسىلەر ئېگىسىپ يىغىۋېلىنغان ھامان تالون يېزىش، ھېسابات خاتىرىلەش، شۇ كۈنىلا پېچەتلەپ، خەزىنىگە كىرگۈزۈش تۈزۈمى قەتئىي ئىجرا قىلىندى. كاسسىرلار نەق پۇل كىرىم - چىقىم قىلغاندا، ئاۋۋال پۇل ئېلىش، ئاندىن ھېسابات خاتىرىلەش، ئاۋۋال ھېسابات خاتىرىلەش، ئاندىن پۇل بېرىش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلدى. ھەر كۈنى خەزىنە ئېنىقلىنىپ، ھېساب توقۇرلىنىپ، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

## 4. يېزا مالىيىسىنى باشقۇرۇش

1958 - يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەبلىغى بۆلۈمچىسى كوممۇنا - ئەترەتلەرنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىشقا ياردەملەشتى. 1964 - يىلدىن ئېتىبارەن، يېزىلاردىكى كوممۇنا - ئەترەتلەرنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندى.

1984 - يىلىغىچە 5 مالىيە يېتەكچىلىك پونكىتى قۇرۇلدى، پونكىتلار قارمىقىدا 24 يېتەكچىلىك تورى، 106 يېتەكچىلىك شۆبە پونكىتى تەسىس قىلىندى، 641 نەپەر يېزا بوغالتىرى تەربىيىلەندى، 104 كەنتنىڭ مال - مۈلكى ۋە ھېساباتى ئېنىقلاندى. 1985 - يىلدىن كېيىن يېزا مالىيىسىنى باشقۇرۇش خىزمىتى يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 5. تىجارەت پايدا - زىيىنى

پۇل ئامانەت توپلاش ۋە پۇل قەرز بېرىش جەريانىدا ئېلىنغان تۈرلۈك پايدىدىن تۈرلۈك چىقىملارنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن قالغان ساپ پايدا دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلدى. 1981 - يىلدىن ئېتىبارەن، تىجارەت پايدا - زىيىنى بانكىلارنىڭ نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشنىڭ بىر كۆرسەتكۈچى قىلىندى. 40 نەچچە يىللىق تىجارەت پائالىيىتىدە، 1953 -، 1954 -، 1957 - يىللىرى زىيان تارتقان ۋە 1956 - يىلى پايدا - زىيان تەڭپۇڭ بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان يىللاردا پايدا ئېلىندى. 1953 — 1992 - يىلىغىچە 7 مىليون 880 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى. 1988 - يىلدىن كېيىن قۇرۇلۇش بانكىسى يىلمۇيىل زىيان تارتتى. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ۋەجىدىن، 1993 - يىلدىن باشلاپ، ناھىيە بويىچە بانكىلارنىڭ ئومۇمىي تىجارىتىدە زىيان كۆرۈلدى، يەنى 1993 — 1995 - يىلىغىچە جەمئىي زىيان 2 مىليون 684 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

## §7 . نەق پۇل باشقۇرۇش

خەلق بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى 1953 - يىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت مەمۇرىي كېڭىشىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىدا نەق پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا - كەسپىي ئورۇنلار، ئورگانلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، ھەربىي قىسىملار، مەكتەپلەر ئارا ئىقتىسادىي مۇئامىلىگە مەجبۇرىي ھالدا راس چوت قىلىشنى يولغا قويدى. ھەرقايسى ئورۇنلاردىن نەق پۇل كىرىم - چىقىم پىلانى تۈزۈپ چىقىشنى ۋە شۇ كۈندىكى خەزىنە قالدۇقىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى، نەق پۇل چېكى ۋە مەجبۇرىي ھالدا چەك يېزىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكىنى 20 يۈەن قىلىشنى، 20 يۈەندىن ئاز پارچە - پۇرات چىقىمغا خەزىنىدىكى نەق پۇلدىن چىقىم قىلىشنى تەلەپ قىلدى شۇنداقلا كارخانا ئورۇنلىرىدىن ھەر كۈندىكى مال سېتىش كىرىمىنى شۇ كۈنى بانكىغا ئامانەت قويۇشنى، كىرىمدىن بىۋاسىتە چىقىم قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئىش ھەققى تارقىتىش، كاماندىروپكا چىقىمى، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى سېتىۋېلىش چىقىمى ۋە شەخسلەرگە ئالاقىدار باشقا چىقىملاردىن باشقا چىقىملاردا راس چوت باشلىنىش نۇقتىسىدىن تۆۋەنلىرىگە نەق پۇل ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىندى، باشقىلىرىدا نەق پۇل چىقىم قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. نەق پۇل ئىشلىتىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، بانكىدىن ئېلىش تەلەپ قىلىندى. 1962 — 1965 - يىلىغىچە مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىققاندا، نەق پۇل ئېلىپ چىقىشقا، ئاق ھۆججەت بېرىشكە، ئۆزئارا قەرزدار بولۇپ قېلىشقا، تاۋارنى نېسىگە سېتىشقا، مال پۇلىنى ئالدىن ئېلىش ۋە ئالدىن تۆلەشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1977 - يىلى باشقۇرۇش تۈزۈملىرى قايتا تەكشىلەندى ۋە تولۇقلاندى، گۇڭشې، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى، گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرىدىمۇ نەق پۇل باشقۇرۇشقا دائىر بەلگىلىمىلەر يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىش ھەققى تارقىتىش، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، يېزىلاردا گۇڭشې ئەزالىرىغا دارامەت تەقسىم قىلىش، كاماندىروپكا پۇلى ھەم شەخسىيلەرگە ئالاقىدار باشقا چىقىملارغا كانتۇردا تەكشۈرۈش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى.

1979 ـ يىلدىن كېيىن بانكىلار ئىچكى جەھەتتە تىجارەت ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆپ سوممىلىق نەق پۇل چىقىمىنى مەخسۇس كىشى تەستىقلاش، ئاز سوممىلىق نەق پۇل چىقىمىنى كانتۇردا تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىپ، نەق پۇلنىڭ مۇۋاپىق ئوبوروت بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى بانكا سىستېمىسىنىڭ 1953 — 1995 ـ يىللىرىدىكى نەق پۇل چىقىم قىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 — 24 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | چىقىم | دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئىش ھەققى چىقىمى | دۆلەت ئەمەلدارلىرى قىلغان چىقىم | ئالاھىدە ئامانەت پۇل چىقىمى | يېزا ئىگىلىك، توقۇمىچىلىق كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى | يېزا ئىگىلىك قەرز چىقىمى | كارخانا مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى | بازار پۇل قايتۇرۇش چىقىمى | پىرېۋوت چىقىمى | زاۋۇت، كان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى | بازار كوپىراتىپ ئورۇنلار ئىش ھەققى چىقىمى | باشقا چىقىم | شۇ يىلى خەزىنىگە قايتۇرۇلغىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 86.6 | | | | | | | | | | | | 11.2 |
| 1954 | 170.9 | | | | | | | | | | | | |
| 1955 | 161 | 17.4 | 0.4 | 0.4 | 70.5 | 0.6 | 14.3 | 9.5 | 2.2 | 2.6 | | 43.1 | |
| 1956 | 346.7 | 45.3 | 0.9 | 0.1 | 184.4 | 17.6 | 2.7 | 38.4 | 2.7 | 24.6 | | 30 | |
| 1957 | 461.4 | 52.7 | 2.1 | 0.1 | 213.9 | 30.2 | 27.2 | 71.8 | 1.9 | 16.3 | | 45.2 | |
| 1958 | 492.1 | 57.4 | 3.7 | | 206.9 | 106.9 | 28.4 | 39.6 | 3.7 | 16.3 | | 35.2 | |
| 1959 | 830.6 | 43.7 | | | 141.7 | 219.5 | 17.6 | 58.2 | | | | 35.1 | |
| 1960 | 743.6 | 76.4 | 10.7 | 2.5 | 135.3 | 170.6 | 34.3 | 122.2 | 86.8 | 9.8 | 34.1 | 60.9 | 48.2 |
| 1961 | 631 | 96.2 | 2 | 1.1 | 84.2 | 119.6 | 60.7 | 113.4 | 84.5 | 11.2 | 15.6 | 42.5 | 88.2 |
| 1962 | 462 | 100.6 | 11.2 | 1.8 | 46 | 90.7 | 36 | 96 | 38.2 | 4.5 | 14.8 | 22.8 | 113.4 |
| 1963 | 479.5 | 88.6 | 5.5 | 2.1 | 83.7 | 105.7 | 33.2 | 42.3 | 59.4 | 12.7 | 25.6 | 20.7 | 60 |
| 1964 | 588.8 | 110.3 | 6.1 | 2.8 | 118.4 | 131.3 | 35.1 | 52.6 | 53.4 | 17.7 | 25.8 | 37.5 | 12.5 |
| 1965 | 589.5 | 105.6 | 10.9 | 2.2 | 122.9 | 158.6 | 29.4 | 62.8 | 28.4 | 20.1 | 24.1 | 24.5 | 5.7 |
| 1966 | 626 | 122.2 | 20 | 2 | 92.6 | 198.9 | 32.3 | 71 | 20.2 | 10.5 | 2.28 | 33.5 | 77.4 |
| 1967 | 603.3 | 107.7 | 11.3 | 3.5 | 102.5 | 223.5 | 27.9 | 73 | 15.2 | 18.7 | 27.1 | 12.9 | 96.6 |
| 1968 | 560.2 | 104.5 | 6.1 | 2.5 | 123.2 | 156.1 | 23.7 | 79.1 | 12.2 | 10.1 | 22.4 | 20.3 | 78.4 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 12.8 | 251.3 | 20.1 | 0.1 | 0.3 | 4.4 | 18 | 133.6 | 89.7 | 2.3 | 3.3 | 100.2 | 623.3 | 1969 |
| 32.7 | 156 | 15.1 | | | | 12.8 | 140.8 | 61.1 | 0.5 | 9.2 | 118.9 | 514.4 | 1970 |
| 94.4 | 107.1 | 21 | | | | 17.8 | 142.6 | 58 | | 6.9 | 121.8 | 475.2 | 1971 |
| 86.2 | 127.2 | 23 | | | | 18 | 143.1 | 97.5 | | 6.8 | 128.8 | 544.4 | 1972 |
| | 27.7 | 25.8 | 4.8 | 3.7 | 77.5 | 35 | 232.4 | 130.4 | 2.7 | 8.9 | 176.3 | 725.2 | 1973 |
| 144.2 | 20.3 | 38.7 | 5.5 | 5.9 | 91.2 | 38.7 | 165.8 | 132.8 | 4.2 | 20.5 | 165.2 | 687.3 | 1974 |
| 139.1 | 19.1 | 41.2 | 2.9 | 7.7 | 90.9 | 47.8 | 182.4 | 96 | 4.1 | 15.3 | 163.5 | 670.9 | 1975 |
| 82 | 22.3 | 48.5 | 2.2 | 12.9 | 83 | 68.8 | 176.4 | 90.2 | 4.3 | 20.4 | 167.4 | 690.4 | 1976 |
| 110.3 | 22.9 | 50.3 | 3.2 | 11.2 | 80.6 | 70.5 | 153.9 | 87.1 | 3.6 | 37.6 | 209.4 | 730.3 | 1977 |
| 37.7 | 15.3 | 62.1 | 9.5 | 5.4 | 89.3 | 66.8 | 272 | 90.2 | 4.8 | 69.3 | 252.7 | 937.4 | 1978 |
| 54.6 | 13.3 | 59.5 | 11 | 5.4 | 111.3 | 81.9 | 322 | 143.1 | 1.9 | 36.1 | 282.3 | 1067.8 | 1979 |
| | 25.2 | 60.4 | 17.2 | 6.1 | 143 | 107.8 | 410.1 | 259.6 | 3.1 | 51.3 | 352.5 | 1436.4 | 1980 |
| | 25.1 | 58.4 | 14.7 | 5.6 | 188.9 | 84.7 | 372.7 | 254.6 | 1.9 | 78.6 | 329.6 | 1514.8 | 1981 |
| 121.4 | 22.4 | 44.5 | 11.3 | 3.3 | 238.7 | 93.5 | 551 | 261.3 | 1.4 | 92.2 | 374.8 | 1694.4 | 1982 |
| 149.4 | 134 | 43.8 | 32.4 | 5.3 | 399.3 | 110.3 | 390.3 | 980.9 | 0.4 | 114.4 | 388.1 | 2599.2 | 1983 |
| 102.5 | 152.9 | 56.7 | 75.3 | 14.4 | 544.7 | 135 | 483.7 | 1298.5 | | 160.3 | 418.9 | 3340.4 | 1984 |
| | 152.4 | 39.3 | 145.9 | 65.3 | 1018.6 | 190.5 | 244.6 | 868 | | 155.7 | 554.6 | 3434.9 | 1985 |
| | 187.8 | 49.9 | 120.2 | 38.5 | 1478.1 | 232 | 388.5 | 959.8 | | 196.7 | 747.4 | 4398.9 | 1986 |
| | 196.7 | 42.9 | 152.3 | 127.6 | 2563.6 | 144.9 | 422.9 | 1131.1 | | 340.3 | 732.2 | 5854.5 | 1987 |
| 673.9 | 207.4 | 39.8 | 234.5 | 174.6 | 3631 | 314.4 | 442.3 | 865.7 | | 267.5 | 872.9 | 7050.1 | 1988 |
| 1932 | 1419 | 82 | 216 | 92 | 4555 | 232 | 533 | 1639 | | 399 | 970 | 12069 | 1989 |
| | 2352 | 291 | 1693 | 1485 | 4537 | 297 | 563 | 4011 | | 515 | 1117 | 16861 | 1990 |
| 1823 | 269.6 | 43 | 202 | 71 | 3026 | 167 | | 341 | | 418 | 552 | 5089.6 | 1991 |
| 997 | 516.7 | 23 | 310 | 35 | 4214 | 266 | | 619 | | 403 | 826 | 7212.7 | 1992 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1993 | 9282 | 961 | 374.1 | | 419 | | 670 | 5883 | 13 | 279 | 30 | 652.9 | 1302 |
| 1994 | 11672.6 | 1215 | 480 | | 119 | | 843 | 7693 | 79 | 384 | 54 | 805.6 | 2202 |
| 1995 | 17515.9 | 2016 | 553 | | 204 | | 1009 | 11542 | 207 | 454 | 37 | 1463.9 | 3233 |

**ئىزاھات:** 1990 ـ يىلغا تەۋە كاتەكچىلەردىكى سانلار قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ مەلۇماتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. 1991 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە بولغان كاتەكچىلەردىكى سانلار قۇرۇلۇش بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە خەلق بانكىسىنىڭ مەلۇماتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى بانكا سىستېمىسىنىڭ 1953 — 1995 ـ يىلغىچە نەق پۇل كىرىم قىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 — 25

بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | جەمئىي | تاۋار سېتىش كىرىمى | مۇلازىمەت كەسپىي ئىشلار كىرىمى | بازار پۇل ئامانىتى كىرىمى | يېزا ئامانەت ـ قەرز كىرىمى | پېرېۋوت كىرىمى | باشقا كىرىم | شۇ يىلى تارقىتىلغان ساپ پۇل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1953 | 97.8 | | | | | | | |
| 1954 | 133.5 | | | | | | | 37.4 |
| 1955 | 155 | 72.5 | 0.9 | 11.1 | 1.9 | 3.6 | 66 | 6 |
| 1956 | 330.6 | 217.3 | 2 | 53.2 | 10.5 | 5.9 | 41.7 | 161 |
| 1957 | 492.5 | 316.2 | 5.1 | 75.5 | 49.5 | 7.4 | 38.8 | |
| 1958 | 449 | 245.9 | 8.8 | 53.7 | 104.3 | 4.8 | 31.5 | 43.1 |
| 1959 | 785.2 | 341.5 | 1.7 | 65 | 209.7 | | 167.3 | 45.4 |
| 1960 | 791.8 | 385.5 | 21 | 78.4 | 150.8 | 67.3 | 88.8 | |
| 1961 | 719.2 | 296.8 | 44.3 | 119.7 | 108.3 | 81.1 | 69 | |
| 1962 | 575.4 | 341.3 | 27.4 | 76.9 | 61.7 | 33.4 | 34.7 | |
| 1963 | 539.5 | 341.7 | 17.4 | 42.9 | 70.2 | 33.1 | 34.2 | |
| 1964 | 601.3 | 359.2 | 29.6 | 57.3 | 57.9 | 46.2 | 51.1 | |
| 1965 | 595.2 | 368.9 | 50.5 | 70.7 | 57.4 | 14.5 | 33.2 | |
| 1966 | 703.4 | 472.7 | 44.8 | 78.1 | 41.6 | 23.7 | 42.5 | |
| 1967 | 719.9 | 521.3 | 40.9 | 82.9 | 36.9 | 17 | 30.9 | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 19.1 | 13.5 | 27.6 | 72.1 | 73.7 | 432.6 | 638.6 | 1968 |
| | 218.9 | 1.6 | 305 | 4.6 | 5.3 | 375.2 | 636.1 | 1969 |
| | 115.6 | | 29 | | 17.5 | 385 | 547.1 | 1970 |
| | 90.7 | | 20.7 | | 26.8 | 431.4 | 569.6 | 1971 |
| | 103.7 | | 29.4 | | 23.6 | 473.9 | 630.6 | 1972 |
| 18.2 | 24 | 14.9 | 29.9 | 91.9 | 37.5 | 508.8 | 707 | 1973 |
| | 30.3 | 19.7 | 35.2 | 95.6 | 41.7 | 579 | 801.5 | 1974 |
| | 25.8 | 21.4 | 32.9 | 94 | 47.7 | 588.2 | 810 | 1975 |
| | 33.3 | 19.1 | 19.6 | 86.7 | 51.2 | 562.5 | 772.4 | 1976 |
| | 38.1 | 21 | 25.9 | 87.3 | 55.3 | 612.4 | 840.6 | 1977 |
| | 35.6 | 26.7 | 24.5 | 95.1 | 61.4 | 731.8 | 975.1 | 1978 |
| | 37.6 | 26.2 | 14.7 | 118.8 | 90.2 | 834.9 | 1122.4 | 1979 |
| 79.3 | 36.9 | 101.4 | 23.2 | 172.1 | 110.1 | 913.3 | 1357 | 1980 |
| 19.3 | 37.7 | 91.6 | 47.3 | 221.5 | 107.1 | 990.3 | 1495.5 | 1981 |
| | 52.1 | 185.3 | 48 | 288.3 | 117.1 | 1125.0 | 1815.8 | 1982 |
| | 164.3 | 270.6 | 317.5 | 465.1 | 180.1 | 1351 | 2748.6 | 1983 |
| | 183 | 372.3 | 469.5 | 612 | 183.6 | 1622.5 | 3442.9 | 1984 |
| 33.9 | 163.2 | 40.4 | 298.5 | 1182.1 | 218.6 | 1663.5 | 3566.3 | 1985 |
| 312.2 | 177.9 | 168 | 337.9 | 1933.5 | 201.9 | 716.8 | 3536 | 1986 |
| 110.1 | 127.5 | 179.6 | 445.1 | 1207.9 | 193.2 | 1947.1 | 4100.4 | 1987 |
| | 299.6 | 288.5 | 544 | 4428.3 | 274.3 | 3440.9 | 9275.6 | 1988 |
| 478 | 881 | 332 | 724 | 5944 | 393 | 3377 | 11651 | 1989 |
| 1417 | 2586 | 749 | 953 | 4275 | 704 | 10438 | 19705 | 1990 |
| | 417 | 232 | | 3832 | 449 | 1983 | 6913 | 1991 |
| | 427 | 287 | | 4816 | 607 | 2073 | 8210 | 1992 |
| | 687 | 206 | | 6270 | 775 | 2646 | 10584 | 1993 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1994 | 13875 | 3368 | 787 | 8688 | | 192 | 840 | |
| 1995 | 20749 .4 | 5077 | 965 | 12961 | | 457 | 1289 .4 | |

**ئىزاھات:** (1) شۇ يىلدىكى ساپ تارقىتىلغان پۇل سانى جەمئىي سانغا كىرگۈزۈلمىدى. (2) 1990 ـ يىلغا تەۋە كاتەكچىلەردىكى سانلار قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. (3) 1991 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە بولغان كاتەكچىلەردىكى سانلار قۇرۇلۇش بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە خەلق بانكىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

## § 8 . ئالتۇن، كۈمۈش باشقۇرۇش

خەلق بانكىسىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى دۆلەتنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش باشقۇرۇش چارىسىغا ئاساسەن، ھەممە ئورۇن قولىدىكى ئالتۇن، كۈمۈشنى بىردەك بانكىغا سېتىپ بېرىشى كېرەك، ئېلىش ـ سېتىشقا، باھا قويۇشقا، ئىشلىتىشكە ياكى ئۆتنە ـ قەرز ئالغاندا رەنگە قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، شەخسلەر قولىدىكى ئالتۇن، كۈمۈشنى دۆلەت تاختاي باھاسى بويىچە بانكىغا سېتىپ بەرسە بولىدۇ؛ سانائەت، دورىگەرلىك ۋە باشقا نورمال ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئالتۇن، كۈمۈشنى بانكا تەستىقلىغان دائىرىدە پىلان بويىچە سېتىپ بېرىشكە بولىدۇ؛ قېزىۋېلىنغان ئالتۇن، كۈمۈش دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ، مەدەنىيەت يادىكارلىقى قىممىتىگە ئىگە ئالتۇن، كۈمۈش جابدۇقلار مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا تاپشۇرۇلغاندىن باشقا، قالغانلىرى پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ، دەپ بەلگىلىدى.

## § 9 . زايوم

1950 ـ يىل 1 ـ ئايدا يۇقىرىدىن توقسۇ ناھىيىسىگە 4000 دانە خەلق غالىبىيىتى ناتۇرا زايومى ۋەزىپىسى چۈشۈرۈلگەنىدى، 1950 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا 17 مىڭ 934 يۈەنلىك 7000 دانە زايوم سېتىۋېلىندى.

1955 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە زايوم سېتىش ھەيئىتى قۇرۇلدى، شۇ يىلى 60 مىڭ 669 يۈەنلىك زايوم سېتىلدى، 1956 ـ يىلى 67 مىڭ 608 يۈەنلىك، 1957 ـ يىلى 36 مىڭ 957 يۈەنلىك، 1958 ـ يىلى 41 مىڭ 700 يۈەنلىك زايوم سېتىلدى.

1981 ـ يىلدىن باشلاپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى سېتىۋالىدىغان دۆلەت خەزىنە چېكى تارقىتىلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 77 مىڭ 450 يۈەنلىك خەزىنە چېكى تارقىتىلدى. 1982 ـ يىلى شەخسلەر ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى سېتىۋالىدىغان خەزىنە چېكى بىرلا ۋاقىتتا تارقىتىلدى، ناھىيە بويىچە مۇنداق خەزىنە چېكىدىن 116 مىڭ 822 يۈەنلىك تارقىتىلدى، بۇنىڭدىن ئىدارە ـ ئورگانلار 33 مىڭ 620 يۈەنلىك، شەخسلەر 83 مىڭ 202 يۈەنلىك سېتىۋالدى. 1983 ـ يىلى 123 مىڭ 705 يۈەنلىك خەزىنە چېكى تارقىتىلدى، بۇنىڭدىن ئىدارە ـ ئورگانلار 35 مىڭ 500 يۈەنلىك، شەخسلەر 88 مىڭ 205 يۈەنلىك سېتىۋالدى. 1995 ـ يىلى 520 مىڭ يۈەنلىك خەزىنە چېكى تارقىتىلدى، بۇنىڭدىن ئىدارە ـ ئورگانلار 60 مىڭ يۈەنلىك، شەخسلەر 460 مىڭ يۈەنلىك سېتىۋالدى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ زايوم، دۆلەت خەزىنە چېكى سېتىۋېلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 — 26

بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | سېتىۋېلىنغىنى | بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارە، ئورگانلار سېتىۋالغىنى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|
| 1950 | 17934 | | خەلق غالىبىيىتى ئاتۆرا زايومى 7000 دانە سېتىلدى، ھەربىرى 77، 76، 72 يۈەنلىك ئىدى |
| 1955 | 60669 | | زايوم |
| 1956 | 67608 | | زايوم |
| 1957 | 36957 | | زايوم |
| 1958 | 41700 | | زايوم |
| 1981 | 77450 | 77450 | دۆلەت خەزىنە چېكى |
| 1982 | 116822 | 33620 | دۆلەت خەزىنە چېكى |
| 1983 | 123705 | 35500 | دۆلەت خەزىنە چېكى |
| 1984 | 137780 | 43300 | دۆلەت خەزىنە چېكى |
| 1985 | 260000 | | دۆلەت خەزىنە چېكى |
| 1986 | 244655 | 29000 | دۆلەت خەزىنە چېكى |
| 1987 | 260000 | | دۆلەت خەزىنە چېكى |
| 1988 | 363000 | 37000 | دۆلەت خەزىنە چېكى |
| 1989 | 373560 | 61300 | دۆلەت خەزىنە چېكى |
| 1990 | 396995 | 56000 | دۆلەت خەزىنە چېكى |
| 1991 | 76000 | | دۆلەت خەزىنە چېكى |
| 1992 | 33000 | 20000 | دۆلەت خەزىنە چېكى |
| 1993 | 70000 | 150000 | دۆلەت خەزىنە چېكى |
| 1994 | 286000 | 15000 | دۆلەت خەزىنە چېكى |
| 1995 | 520000 | 60000 | دۆلەت خەزىنە چېكى |

# § 10 . سۇغۇرتا

1956 ـ يىل 3 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى كۇچا ئالاھىدە ۋاكالەتخانىسى توقسۇ ناھىيىسىدە ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ 26 مىڭ 700 يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلكىنى، 275 مىڭ 600 يۈەنلىك سودا دۇكىنى ۋە ئامباردىكى ماددىي ئەشياسىنى سۇغۇرتىغا ئالدى، ئومۇمىي سۇغۇرتا كىرىمى 565.83 يۈەن بولدى. 1958 ـ يىلدىن كېيىن سۇغۇرتا كەسپى پەيدىنپەي ئاجىزلىشىپ كەتتى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە توختاپ قالدى.

سۇغۇرتا كەسپى 1983 ـ يىل 3 ـ ئايدىن باشلاپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەم ئۇنى خەلق بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك تارمىقى بىلەن بىرگە ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك تارمىقى بىرلا ۋاقىتتا ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان بولدى. 1986 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ توقسۇ ناھىيىلىك تارمىقى قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن تارتىپ سۇغۇرتا كەسپى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى.

1988 ـ يىلى ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسى، كارخانا مۈلكى سۇغۇرتىسى، كوللېكتىپ كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى، ۋېلىسىپىت يوقىلىپ كېتىش سۇغۇرتىسى، ئائىلە مۈلكى سۇغۇرتىسى، قايتۇرۇپ بېرىش خاراكتېرىدىكى ئائىلە مۈلكى 2 دە تولۇق سۇغۇرتىسى، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپ ئامانلىق ـ كۆتۈلمىگەن خېيىم ـ خەتەر سۇغۇرتىسى، ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتىدىن ئىبارەت 8 خىل سۇغۇرتا يولغا قويۇلدى. 1990 ـ يىلى سۇغۇرتا كەسپى يەنىمۇ كېڭەيدى، سۇغۇرتا تۈرى 11 گە يەتتى. 1993 ـ يىلى كېۋەزلىك تەننەرخ سۇغۇرتىسى ۋە يېزا ـ كەنت كادىرلىرى قېرىغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى تەسىس قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن سۇغۇرتا تۈرى 13 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە 6 يېزا، بىر بازاردىكى كەنت باشلىقلىرى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىرى قېرىغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى.


## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1983 — 1995 ـ يىلغىچە بولغان سۇغۇرتا كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 18 — 27 بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى | تۆلەم چىقىمى | يىللار | سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى | تۆلەم چىقىمى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | 6181 | 592 | 1990 | 306235 | 72752 |
| 1984 | 19547 | 16424 | 1991 | 401000 | 117000 |
| 1985 | 74592 | 23111 | 1992 | 1309000 | 597000 |
| 1986 | 111817 | 52372 | 1993 | 1438000 | 477000 |
| 1987 | 71362 | 47569 | 1994 | 2631000 | 340000 |
| 1988 | 116000 | 69800 | 1995 | 3280000 | 2030000 |
| 1989 | 215956 | 5833 | | | |

## ئون توققۇزىنچى قىسىم

# ئۈنۈمۈبر سال ئىگىلىك باشقۇرۇش



## ئون توققۇزىنچى قىسىم

# ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك باشقۇرۇش

## I باب

## پىلان

### 1 § . ئاپپاراتلار

مىنگو دەۋرىدە، توقسۇ ناھىيىسى تەبىئىي ئىگىلىكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيتتى، ھۆكۈمەت بۇ ناھىيىنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىنى ئانچە سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1954 ـ يىل 5 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىساد كومىتېتى تەسىس قىلىپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. 1961 ـ يىل 9 ـ ئايدا پىلان كومىتېتى قۇرۇپ، پىلان ـ ستاتىستىكا بۆلۈمىنى پىلان كومىتېتىغا قوشۇۋەتتى. 1964 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئىقتىساد كومىتېتى بىلەن پىلان كومىتېتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مالىيە ـ پىلان كومىتېتى دەپ ئاتالدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا سودا ـ سانائەت بۆلۈمى بۇ كومىتېتقا قوشۇۋېتىلدى، ستاتىستىكا بۆلۈمى ئايرىپ چىقىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، يەنى 1969 ـ يىلى مالىيە ـ پىلان كومىتېتىنىڭ ئىشلىرىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ قارمىقىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسى باشقۇردى. 1973 ـ يىلى پىلان كومىتېتى قايتىدىن تەسىس قىلىندى. 1984 ـ يىلى ستاتىستىكا ۋە ئىقتىساد كەسپى ئايرىپ چىقىلدى. 1987 ـ يىلى باھا كەسپى ئايرىپ چىقىلدى ھەمدە ئىقتىساد كومىتېتى، ستاتىستىكا ئىدارىسى ۋە باھا ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پىلان كومىتېتىغا بىر مۇدىر، بىر مۇئاۋىن مۇدىر، 3 خىزمەتچى خادىم قويۇلدى.

### 2 § . پىلانلىق باشقۇرۇش

1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1953 — 1957 ـ يىلغىچە) تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى ئىقتىساد كومىتېتى تۈزۈپ چىقاتتى ۋە يولغا قوياتتى. 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى تۈرلۈك

كۆرسەتكۈچلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلىشىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى پۇختا قەدەمدە راۋاجلاندى.

2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1958 — 1962 ـ يىللىغىچە) پىلان خىزمىتىدە شۇ ۋاقىتتىكى «سولچىل» ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە يۇقىرى كۆرسەتكۈچ، يۇقىرى جۇغلانما، كۆپ سېتىۋېلىشتەك خاتا خاھىش پەيدا بولغانىدى. مەسىلەن: 1959 ـ يىلى تۈزۈلگەن «10 چوڭ كۆرسەتكۈچ» تە، پىلاندىكى سان ئېغىر دەرىجىدە ئەمەلىيەتتىن چەتنەپ كەتكەنىدى. شۇ يىلى 83 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئېلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 19 مىليون 800 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق ئېلىنىدى، ئورۇندالغان مىقدار پىلاندىكى مىقدارنىڭ تۆتتىن بىرىگىمۇ يەتمىدى؛ بۇغداينىڭ مو بېشى ھوسۇلىنى 100 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 54.5 كىلوگرامدىن ھوسۇل ئېلىنىدى؛ كۆممىقوناقنىڭ مو بېشى ھوسۇلىنى 200 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 85 كىلوگرامدىن ھوسۇل ئېلىنىدى؛ شۇ يىلى 600 توننا پولات ئىشلەپچىقىرىش پىلانلانغانىدى، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ بۇ پىلانىنى ئورۇنداشقا قۇربى يەتمىگەچكە، پىلان پۈتۈنلەي ئىشقا ئاشمىدى؛ قالغان 8 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچنىڭ ھېچقايسىسى دېگەندەك ئورۇندالمىدى. شۇ ۋاقىتتا كۇچانىڭ شىمالىدىكى تاغدا توقسۇ ـ شايار پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى قۇرۇلدى، بىراق ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتتىن ئايرىلىپ قالغاچقا، بۇ زاۋۇتنىڭ ئاخىرى چىقمىدى، بۇنىڭ بىلەن مەبلەغ، بايلىق، ئەمگەك كۈچى جەھەتتە ئىنتايىن زور ئىسراپچىلىق كېلىپ چىقتى. 1961 ـ يىلدىن كېيىن خەلق ئىگىلىكىدە «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، «سىستېمىنى ئاساس قىلىش، سىستېمىلار بىلەن رايونلارنى بىرلەشتۈرۈش»تىن ئىبارەت پىلانلىق باشقۇرۇش پرىنسىپى ئىجرا قىلىنىدى، يېزىلاردا «خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى (لايىھىسى)» ئىجرا قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈشى ئەمەلىيەتكە خېلى يېقىنلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1963 ـ يىلدىن كېيىن خەلق ئىگىلىكىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس، سانائەتنى باشلامچى قىلىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات فاڭجېنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، تۈرلۈك پىلان كۆرسەتكۈچلىرى خېلى ياخشى ئورۇندالدى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىسبىتى تەڭشەلدى.

1966 ـ يىلى باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پىلان خىزمىتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن تۈرلۈك پىلان كۆرسەتكۈچلىرىنى ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى تۆۋەنگە چۈشۈرىدىغان بولدى. يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەر دەرىجىگە ئايرىپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى؛ بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى، سورت، بىرلىك مەھسۇلات، ئومۇمىي مەھسۇلات، ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋا سېتىۋېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. سانائەت جەھەتتە، مەھسۇلات، مەھسۇلات مىقدارى، مەھسۇلات قىممىتى قاتارلىق بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان زاۋۇتلارغا چۈشۈرۈلدى. سودا جەھەتتە، كارخانىلارنىڭ سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى، سېتىش ئومۇمىي سوممىسى، پايدا كۆرسەتكۈچى مەجبۇرىي بېكىتىلگەندىن كېيىن، كارخانىلارغا چۈشۈرۈلدى. 1966 — 1978 ـ يىللىغىچە ھەر قايسى ساھە، كەسىپ، سەپلەردە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىدى، بۇ جەھەتتىكى ئىشلار بىر ئىزدا توختاپ قالدى، بۇ مۇشۇ مەزگىلنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ئىدى.

1978 ـ يىلى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەر ساھە، ھەر كەسىپنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانى ئۈزلۈكسىز ئازايتىلدى ۋە ئاجىزلىتىلدى، يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانى كېڭەيتىلدى ۋە كۈچەيتىلدى. 1985 ـ يىلدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، سودا ـ تىجارەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننىڭ تولىسى يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانغا ئۆزگەرتىلدى، ئاشلىق سېتىۋېلىش توختام بويىچە ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلدى؛ ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىنىغان قىسمىغا باھا قوشۇپ مۇكاپات بېرىلدى ياكى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش، كېلىشىم باھادا سېتىپ بېرىش

يولغا قويۇلدى. پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش، ياغ تارتىش، تاشقى سودا قاتارلىقلار يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان بويىچە بولدى ھەم بازار مېخانىزمىغا كىرگۈزۈلدى. 1986 ـ يىلدىن كېيىن، ئىقتىسادىي پىلاندا ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ۋە «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش» پرىنسىپى يولغا قويۇلدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى كۈچەيتىلىپ، ئاشلىق مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، پاختىچىلىق ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1995 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 1985 ـ يىلدىكى 47 مىڭ مودىن كۆپىيىپ 185 مىڭ موغا، ئېلىنغان ئومۇمىي پاختا 1985 ـ يىلدىكى 2346 توننىدىن كۆپىيىپ 12 مىڭ 503 توننىغا يەتتى. سودا ـ سانائەت جەھەتتە، زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇش چىلاڭ تۈزۈلۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم تەكىتلەندى، سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ رىقابەت ئېڭى كۈچىيىپ، تىجارەتنى باشقۇرۇشى ياخشىلاندى.

1978 ـ يىلدىن كېيىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، توقسۇ ناھىيىسى ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىنى، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىنى كۆزتۈۋالدى، ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي كۈچى تېز ئاشتى، بۇ ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولدى.

# II باب

# باھا

مىنگو دەۋرىدە، توقسۇ ناھىيىسىدە باھا ئۆزلۈكسىز ئۆرلەپ تۇردى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) دىن كېيىن، ئىچكى سىياسەت ۋە ھەربىي ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىدە، ئىقتىسادىي تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ، باھا شىددەت بىلەن ئۆرلەپ كەتتى، قەغەز پۇل ئېغىر دەرىجىدە پاخاللاشتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت پائال تەدبىر قوللىنىپ، باھانى مۇقىملاشتۇردى. 1954 ـ يىلى ناھىيىلىك باھا باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، باھا تەكشۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمىنى تەدرىجىي يولغا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھاسىنى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆپ قېتىم ئۆستۈردى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسىنى تەڭشەپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك تاۋارلىرىنىڭ باھاسىدىكى قايچىسىمان پەرقنى تەدرىجىي كىچىكلەتتى. 1978 ـ يىلدىن كېيىن بازار باھاسى تەدرىجىي قويۇۋېتىلدى. كېلىشىم باھادا سېتىش يولغا قويۇلۇپ، بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئاساس قىلىندى.

1990 ـ يىلدىن كېيىن، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ باھاغا قارىتىلغان پرىنسىپى ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ باھاسى يەنىلا دۆلەت بەلگىلىگەن باھا بويىچە بولۇش؛ ئۇششاق تاۋارلارنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلىپ، ئۇنى كارخانىلار ئۆزى بېكىتىشتىن ئىبارەت بولدى.

## § 1 . ئاپپاراتلار

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە تەكشە باھا كومىتېتى تەسىس قىلىندى، بۇ كومىتېت ھاكىم، باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سودا ـ سانائەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ساقچى

ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مىللىي دىنىي زاتلاردىن تەشكىل تاپتى. تەكسە باھا كومىتېتى گەرچە تاۋار باھاسىنى بېكىتكەن بولسىمۇ، باھا يەنىلا ئۆزلۈكسىز ئۆرلەپ تۇرغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1950 - يىل 7 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سودا - سانائەت بۆلۈمىنى تەسىس قىلدى، بۇ بۆلۈم ناھىيە بويىچە بازارلاردىكى مال باھاسىنى باشقۇردى. 1954 - يىلى ناھىيىلىك باھا كومىتېتىنى تەسىس قىلدى. 1964 - يىلدىن كېيىن باھانى پىلان كومىتېتى باشقۇردى. 1985 - يىلى باھا ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى. 1988 - يىلى ئايرىلىپ چىقتى.

## § 2 . باھا باشقۇرۇش

مىنگو دەۋرىدە باھا، ئاساسەن، بازار ئارقىلىق تەڭشىلەتتى، باھا تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنىڭ مۇناسىۋىتى، قىممەت قانۇنىيىتى، پۇلنىڭ تارقىتىلىشى، سىياسەت بىلەن ھەربىي ۋەزىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، بازارغا بېقىپ يۇقىرى ئۆرلەيتتى ياكى چۈشەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلدى، تۈزۈلمە جەھەتتىن ھۆكۈمەتنىڭ باھا باشقۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىنىدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، پۇلنىڭ كۈرسى مۇقىملاشتى، باھا مۇقىملىق ئىچىدە تۆۋەنلىدى. 1953 — 1957 - يىلىغىچە بولغان 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىۋېلىنىش باھاسى %13 كە تەڭشەلدى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى %15.3 چۈشۈرۈلدى. 1959 — 1962 - يىلىغىچە خىزمەتتىكى سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن ئالىدىغان ھوسۇل كېمىيىپ كەتتى، تاۋار بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولمىدى، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازاردا سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %14.6 — %20 ئارىلىقىدا بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق، ياغ، گۆش، تۇخۇمنىڭ سېتىلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %107.4 ئۆرلىدى. 18 خىل ئاساسلىق سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى مۇقىم بولۇش بىلەن بىللە 8 تۈرلۈك 34 خىل تاۋارنىڭ ۋە جۇڭگوچە - غەربچە ھەرخىل دورىلارنىڭ باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %15 تۆۋەنلىتىلدى. 1963 — 1965 - يىلىغىچە ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تەڭشەلدى. 1965 - يىلدىكىنى 1958 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %5.7، دورىلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %15.26، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %7.76 تۆۋەنلىدى. بازاردا مال باھاسى 1965 - يىلى 1960 - يىلدىكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %29.6 تۆۋەنلىدى. ئاشلىق، چارۋا ۋە يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ 1965 - يىلدىكى سېتىۋېلىنىش باھاسىنى 1957 - يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاشلىقنىڭ %14.9، پاختىنىڭ %12.8، چارۋىنىڭ %15، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ %20، قۇرۇق - ھۆل مېۋىنىڭ %11.3 ئۆرلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بازاردىكى مال باھاسىدا بىر ئاز تەۋرىنىش بولدى، باشقا تاۋارلارنىڭ باھاسى ئاساسىي جەھەتتىن توڭلىتىۋېتىلدى. 1979 - يىلدىن باشلاپ، ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چوشقا، كالا، قوي قاتارلىق 18 خىل ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئۆرلىدى، ئۆرلەش ھەجمى %15 — %50 بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە چوشقا، كالا، قوي گۆشلىرى، تۇخۇم، كۆكتات، سۇ مەھسۇلاتلىرى، سۈت پاراشوكى ۋە شېكەردىن ئىبارەت 8 خىل ئاساسلىق قوشۇمچە يېمەكلىكنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسى

8% — 12% ئۆستۈرۈپ تەڭشەلدى. 1981 ـ يىلى جۇڭگوچە ـ غەربچە دورىلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى جەمەئتە بەزى دورىلارنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلدى، بەزىلىرىنىڭ تۈزەتىلدى، پاختا رەخت، دۆلەتنىمىزدە ئىشلەنگەن قول سائىتى قاتارلىق سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلدى، تاماكا، ھاراقنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلدى. 1983 ـ يىلى پاختا رەختنىڭ باھاسى ئۆستۈرۈلدى، تېرىلىن ئارىلاش پاختا رەختنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلدى. 1985 — 1990 ـ يىلغىچە باھا ئىسلاھ قىلىندى، ئاشلىقنىڭ سېتىۋېلىنىش ۋە سېتىلىش باھاسى داۋاملىق تەڭشەلدى، 6 خىل ئاساسلىق قوشۇمچە يېمەكلىكنىڭ باھاسى (يېتەكچى خاراكتېرلىك باھا يولغا قويۇلدى) قويۇۋېتىلىپ، ئەسلىدىكى باھاسىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 24% — 100% ئۆستۈرۈلدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا قارىتا پىلان ئىچىدىكى تەڭشەش بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن باھا يولغا قويۇلدى، كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ قىسمەنلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى ئۆستۈرۈلدى.

### مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 1 — 9 ـ ئايغىچە باھا تەكشۈرۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 19 — 1

| ئايلار | گۈرۈچ (دادېن) | بۇغداي (دادېن) | كۆممىقوناق (دادېن) | قىيما (دادېن) | سامان (100 جىڭ) | ئاۋار - دوردۇن (گەز) | يىپ (توپ) | قارا چاي (تاختا) | ئاق رەخت (توپ) | قارا گۆزۈپە (پارچە) | قوي گۆشى (جىڭ) | سۇ يېغى (جىڭ) | كالا تېرىسى (پارچە) | قوي تېرىسى (پارچە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 ـ ئاي | 6 | 2.52 | 1.89 | 5.04 | 0.2 | | | | | | | | | |
| 2 ـ ئاي | 160 | 72 | 54 | 10.8 | 10 | 16 | 8 | 25 | 2.5 | 6 | 1 | 1.5 | 300 | 1 |
| 3 ـ ئاينىڭ بېشى | 160 | 72 | 58 | 108 | 12 | | | | | | | | | |
| 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسى | 450 | 144 | 140 | 270 | 25 | 65 | 25 | 150 | 15 | 30 | 4 | 8 | 1000 | 8 |
| 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 600 | 230 | 230 | 380 | 40 | | | | | | | | | |
| 4 ـ ئاينىڭ بېشى | 1060 | 360 | 360 | 820 | 50 | | 250 | | | | | | 4500 | |
| 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسى | 1200 | 450 | 450 | 900 | 70 | 500 | | 1250 | 120 | 50 | 50 | 50 | | 180 |
| 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 7000 | 880 | 2880 | 4500 | 700 | | | | | | | | | |
| 5 ـ ئاينىڭ بېشى | 24000 | 12600 | 12000 | 16200 | 1500 | | | | | | | | | |
| 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسى | 28000 | 16200 | 16200 | 18000 | 2000 | 12000 | 6000 | 24000 | 4000 | 12000 | 12000 | 1500 | 35000 | 5000 |
| 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 160000 | 72000 | 72000 | 135000 | 13000 | | | | | | | | | |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 6 . ئاي | 10 | 5.5 | 6 | 7.5 | 1 | | | | | | | | | |
| 7 . ئاي | 18 | 6.5 | 7.5 | 16 | 1.5 | 2.5 | 1 | 4.5 | 0.5 | 1.2 | 0.12 | 0.2 | 10 | 0.6 |
| 8 . ئاي | 20 | 8 | 8 | 18 | 1.8 | 4 | 1.5 | 6 | 1.5 | 4 | 0.2 | 0.4 | 18 | 1.2 |
| 9 . ئاي | 22 | 10 | 10 | 20 | 2 | 4 | 1.5 | 6 | 1.5 | 4 | 0.13 | 0.4 | 18 | 1.2 |

**ئىزاھات:** (1) 1 .، 2 .، 3 .، 4 .، 5 . ئايلاردىكىسى ئۆلكە پۇلى بويىچە ھېسابلىنىپ، 100 مىليون دوللار بىرلىك قىلىندى. 6 .، 7 .، 8 .، 9 . ئايلاردىكىسى كۈمۈش پۇل بويىچە ھېسابلىنىپ، دوللار بىرلىك قىلىندى.

(2) 1 گەز = 0.7 مېتىر؛ بىر توپ = 8 گەز؛ بىر دادەن = 300 جىڭ.

## توقسۇ ناھىيىسى بازارلىرىدىكى باھانىڭ مىنگونىڭ قىسمەن يىللىرىدىكى تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 19 — 2  بىرلىكى: دوللار (ئۆلكە پۇلى)

| يىللار / تۈرى | بىرلىكى | مىنگونىڭ 36 . يىلى (1947 . يىلى) | مىنگونىڭ 37 . يىلى (1948 . يىلى) | يىللار / تۈرى | بىرلىكى | مىنگونىڭ 36 . يىلى (1947 . يىلى) | مىنگونىڭ 37 . يىلى (1948 . يىلى) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | (دادەن) | 208000 | 1170000 | سەرەڭگە | قاپ | 1000 | 3500 |
| گۈرۈچ | (دادەن) | 740000 | 3000000 | كىرسىن | جىڭ | 13000 | 40000 |
| كۆممىقوناق | (دادەن) | 144000 | 950000 | چاي | | 75000 | 300000 |
| بۇغداي ئۇنى | (دادەن) | | | كالا | | 800000 | 6000000 |
| كۆممىقوناق ئۇنى | (دادەن) | | | ئات | | 2000000 | 8000000 |
| سۇ يېغى | (جىڭ) | 6000 | 28000 | قوي | | 90000 | 800000 |
| قوي گۆشى | (جىڭ) | 2500 | 16000 | ئۆچكە | | 80000 | 500000 |
| كالا گۆشى | (جىڭ) | 2500 | 12000 | قېچىر | | 1800000 | 7500000 |
| قوي مېيى | (جىڭ) | 10000 | 22000 | ئېشەك | | 500000 | 900000 |
| تۇز | (جىڭ) | 200 | 3000 | ئۆردەك | | 12000 | 30000 |
| ئاق سىيامبۇ | (توپ) | 1500 | 80000 | توخۇ | | 5500 | 20000 |
| رەڭلىك سىيامبۇ | (توپ) | 20000 | 100000 | تۇخۇم | | 250 | 700 |
| ئاق رەخت | (توپ) | 49000 | 400000 | كالا تېرىسى | (پارچە) | 200000 | 600000 |
| چىت | (توپ) | | 500000 | قوي تېرىسى | (پارچە) | 40000 | 40000 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پاختا | (جىڭ) | 9000 | 45000 | ئات تېرىسى | (پارچە) | 190000 | 300000 |
| پاختا يىپ | (جىڭ) | 12000 | 60000 | پاپىروس | (قاپ) | 2000 | 45000 |
| خورزۇم ئۆتۈك | (جۈپ) | 150000 | 600000 | موخوركا | (جىڭ) | 6000 | 10000 |
| خورزۇم ئاياغ كىيىم | (جۈپ) | | 600000 | ئاق ھاراق | (جىڭ) | 5000 | 42000 |
| باقاچ | (جىڭ) | 300 | 1000 | ئالتۇن | (سەر) | 2000000 | |

## توقسۇ ناھىيىسى بازارلىرىدىكى باھانىڭ 1994 ـ يىل 5 ـ ئاي ۋە 1995 ـ يىل 5 ـ ئايدىكى تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 19 — 3

بىرلىكى: يۈەن

| مەھسۇلات نامى | بىرلىكى | 1994 ـ يىل 5 ـ ئاي | 1995 ـ يىل 5 ـ ئاي | ئۆرلىگىنى (%) |
|---|---|---|---|---|
| 1 ـ دەرىجىلىك ئۇن | كىلوگرام | 1.25 | 2.28 | 82 |
| 2 ـ دەرىجىلىك ئۇن | كىلوگرام | 1.10 | 2 | 81.8 |
| قوي گۆشى | كىلوگرام | 12 | 18 | 50 |
| كالا گۆشى | كىلوگرام | 10 | 15 | 50.5 |
| چوشقا گۆشى | كىلوگرام | 8 | 15 | 87.5 |
| بۇغداي | كىلوگرام | 1 | 1.60 | 60 |
| گۈرۈچ | كىلوگرام | 3.20 | 3.40 | 6 |
| كۆممىقوناق | كىلوگرام | 0.72 | 1.22 | 67.4 |
| قىچا يېغى | كىلوگرام | 8 | 11 | 37.5 |
| چىگىت يېغى | كىلوگرام | 5.50 | 7.50 | 36.3 |
| قىزىلمۇچ | كىلوگرام | 12 | 12 | 0 |
| پەمىدۇر | كىلوگرام | 6 | 6 | 0 |
| پىياز | كىلوگرام | 1 | 2 | 100 |
| تۇخۇم | كىلوگرام | 7 | 9 | 22 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بېلىق | كىلوگرام | 9 | 12 | 33 |
| كەرەپشە (چىگەي) | كىلوگرام | 1 | 2.50 | 150 |

# III باب

# ئۆلچەم

## 1 § . ئاپپاراتلار

مىنگو دەۋرىدە ناھىيە بويىچە ئۆلچەم باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات يوق ئىدى. ناھىيە يامۇلىدا ئۆلچەم خىزمىتىگە مەسئۇل بىر كۆرىچى قويۇلغانىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆلچەملىك دادەن، كۆرە، شاڭ، ئۇچۇم ۋە چوكىلىق تارازىنى بىر تۇتاش ياساپ تارقاتقان، بۇلارنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىر تۇتاش باشقۇرغان. غەللە - پاراق ئېلىشتا مۇشۇ كەمچەن ۋە تارازىلار ئىشلىتىلگەنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلچەم خىزمىتىنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، سودا - سانائەت بۆلۈمى، پىلان كومىتېتى، ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار قوشۇمچە باشقۇردى. 1979 - يىلى ناھىيىلىك ئۆلچەم باشقۇرۇش پونكىتى پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل ئورۇن بولۇپ قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا بىر مۇئاۋىن باشلىق، 5 خىزمەتچى خادىم قويۇلدى. 1987 - يىلى مەزكۇر پونكىتتا بىر باشلىق، 12 خىزمەتچى خادىم بار بولدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ پونكىتتا بىر باشلىق، 15 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى.

1988 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ئۆلچەم ئىدارىسى تەسىس قىلىندى، شۇ يىلى ئۇنىڭغا بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 11 ئىشچى - خىزمەتچى قويۇلدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئىدارىدە بىر ئىدارە باشلىقى، 2 ئىشچى - خىزمەتچى قالدى، بۇ ئىدارىغا ئۆلچەم پونكىتلىرى قارايدىغان بولدى.

## 2 § . ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى خەلق ئارىسىدىكى سودىدا ئاشلىق چارەك بىلەن ئۆلچىنەتتى، بىر چارەك كونا جىڭ ھېسابىدا 25 جىڭ كېلەتتى؛ رەخت گەز بىلەن ئۆلچىنەتتى، بىر گەز تەخمىنەن 70 سانتىمېتىر كېلەتتى؛ يەر سارجان بىلەن ئۆلچىنەتتى، بىر سارجان 1.5 مېتىرغا تەڭ ئىدى؛ يەر ئۆلچەم بىرلىكلىرىدىن مو، چارەك مو، بۆلەك قاتارلىقلار بار بولۇپ، مو ھۆكۈمەت ئىشلىتىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى، چارەك مو خەلق ئىشلىتىدىغان ئۆلچەم بىرلىكى (بۇ بىر چارەك ئۇرۇق سېلىنغان كۆلەمنى كۆرسىتىدۇ)، بۆلەك پەقەت يەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكىنىڭ بىر بۆلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئۆلچەم ئىدى. تارازىدىن

چوكىلىق تارازا بولۇپ، تارازىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى جىڭ ئىدى، بىر جىڭ (كونا جىڭ) 16 سەرگە تەڭ كېلەتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەدرىجىي يېڭى جىڭ ئىشلىتىلدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يېڭى جىڭ بىلەن كونا جىڭنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتىنى 85 : 100 قىلىپ بەلگىلىدى. بىراق توقسۇدا ھۆكۈمەت بىلەن خەلق يېڭى جىڭ بىلەن كونا جىڭنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتىنى ئۆلچەشتە، ئەمەلىيەتتە 16 : 25 بويىچە ھېسابلىدى. مىنگو دەۋرىدە ھۆكۈمەت يىلدا بىر قېتىم غەللە - پاراق ئالغاندا دادەن، كۈرە، شىڭ، ئۈچۈم قاتارلىق ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى ئىشلەتتى، دادەن، كۈرە، شىڭ، ئۈچۈملار ئۆز نۆۋىتىدە 10 خاننى بىرلىك قىلغان ئۆلچەم ئەسۋابلىرى ئىدى، دادەن چوڭ دادەن (كونا دادەن) ۋە كىچىك دادەن (يېڭى دادەن، دادەن) گە بۆلۈنەتتى، بىر چوڭ دادەن 225 كىلوگرامغا، بىر كىچىك دادەن 150 كىلوگرامغا تەڭ كېلەتتى. ئاشلىقنىڭ ئېغىرلىقى تارازا ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكەندە كۆپىنچە خو ئىشلىتىلەتتى، بىر خو كونا جىڭ ھېسابىدا 100 جىڭغا تەڭ ئىدى.

خەلق ئارىسىدىكى سودىدا ياغ، ئاچچىقسۇلار كەمچەن بىلەن ئۆلچەندى، كەمچەننىڭ ئورنىدا كۆپىنچە قاپاق ئىشلىتىلدى. قوغۇن - تاۋۇز، كاۋا - قاپاقلار دانىسى بويىچە ئۆلچەندى، كۆكتات، مېۋە - چېۋىلەر سېۋەت ياكى دۈۋىسى بىلەن، ئوتۇن، بېدە باغلىمى ياكى ھارۋا بىلەن، گۆش جىڭ بىلەن، چارۋا تۇياق بىلەن، ئۆي قۇشلىرى دانە بىلەن ئۆلچەندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى يېڭى جىڭ ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1953 - يىلدىن كېيىن تەدرىجىي كىلوگرام، جىڭ، گرام، مېتىر قاتارلىق ئۆلچەم بىرلىكلىرى ئىشلىتىلدى، بىراق كونا ئۆلچەم ئەسۋابلىرى ۋە تارازىلار يەنىلا بازاردا ئىشلىتىلىۋەردى. 40 نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق 1995 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم ئەسۋابلىرىدىن ھەرخىل مېتىر، تاسما مېتىر، يۆگىمە پولات مېتىر، مىكرومېتىر، ۋېرنىئېرمېتىر قاتارلىقلار، كەمچەنلەردىن تۆمۈر ۋە سۇلياۋدىن ياسالغان ھەرخىل سۇيۇقلۇق كەمچەنلىرى ئىشلىتىلدى شۇنداقلا ئەينەك شىكالىلىق ئىستاكان ۋە بوتۇلكا، يېقىلغۇ ماي قاچىلاش ماشىنىسى، سۇ يېغى قاچىلاش ئەسۋابى، ياغ سېتىش ئەسۋابى ۋە سۇ، توك سائەتلىرى، سۇيۇقلۇق ئۆلچىگۈچ، ئوكسىگېن ئۆلچىگۈچ، بېسىم ئۆلچىگۈچ، قان بېسىم ئۆلچىگۈچ، تېرمومېتىر قاتارلىقلار ئىشلىتىلدى. تارازىدىن چوكىلىق تارازا، ئۈستەل تارازىسى، گىر، بەدەن ئۆلچەش تارازىسى ۋە تارازا بار بولدى.

## 3 § . ئۆلچەم باشقۇرۇش

مىنگو دەۋرىدە ناھىيىدە مەخسۇس ئۆلچەم ئورگىنى يوق ئىدى، يامۇلدا ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى باشقۇرىدىغان بىر ئەمەلدار قويۇلغانىدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 10 - ئايدا ئۆلكىلىك خەلق ئىشلىرى نازارىتى، مالىيە نازارىتى، قۇرۇلۇش نازارىتى بىرلىكتە «شىنجاڭ بويىچە ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى بىر تۇتاش ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە ئومۇمىي بۇيرۇق» چىقاردى. بۇيرۇقتا ئۇزۇنلۇقنى ئۆلچەشتە شىنجاڭ بويىچە تىككۈچىلەر ئىشلىتىدىغان چى، مىقدارنى ئۆلچەشتە كۈرە، ئېغىرلىقنى ئۆلچەشتە 16 سەرلىك جىڭ ئۆلچەم قىلىنىدۇ، جىڭ، كۈرە، شىڭ ۋە بىر مېتىرلىق مېتىر، گەز، پۇت (روسىيىنىڭ ئېغىرلىق بىرلىكى) ، چارەك قاتارلىق ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى ئىشلىتىش بىكار قىلىنىدۇ، دېيىلگەن ھەمدە مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 1 - ئايدىن باشلاپ توختىتىش تەلەپ قىلىنغان. توقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇ بۇيرۇقنى ناھىيە بويىچە ئېلان قىلدى، لېكىن بازار - يېزىلاردىكى خەلق ئاممىسى يەنىلا كونا ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى ئىشلەتتى.

1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مېتىر، كىلوگرام، گرام قاتارلىق ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى يولغا قويۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر جىڭى 16 سەرلىك چوكىلىق تارازىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭى تارازىنى

ئىشلىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى، لېكىن كونا ئۆلچەم ئەسۋابلىرى يەنىلا خەلق ئارىسىدا ۋە بازارلاردا ئىشلىتىلىۋەردى.

1977 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە ئۆلچەم باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. بۇ پونكىتقا 1978 ـ يىلى ئۆلچەملىك تارازا تېشى بېرىلدى. شۇ يىلى ھەر خىل تارازىدىن 50نى تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە توشقىنى 30، ئۆلچەمگە توشمىغىنى 20. شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيە بويىچە جۇڭگو تىبابىتىدە ۋە ئۇسسۇملۇق دورىلىرىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىپ كەلگەن سەر، مىسقال، پۇڭلارنى گرامغا ئۆزگەرتىش تەلەپ قىلىندى. ئۆلچەم پونكىتىدىكى خادىملار بازار ـ يېزىلارغا بېرىپ ئاشلىق ـ ماي دۇكانلىرى، پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرىدىكى تارازا، ئۆلچەم ئەسۋابلىرى ۋە يېمەكلىك دۇكانلىرىدىكى ھەرخىل تارازا، كەمچەنلەرنىڭ ئۆلچىمىنى تەكشۈردى، شۇ يىلى 751 تارازا رېمونت قىلىپ ئالماشتۇرغۇزۇلدى، 276 قانۇنسىز تارازا مۇسادىرە قىلىندى. 1982 ـ يىلى ئۆلچەم پونكىتى ئۆزلىرى ئۆلچەملىك چوكىلىق تارازا ياساپ، بازارغا ئەكىرىپ ساتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بازارلاردىكى سودا، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر مېتىرلىق مېتىر ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئۆلچىمىگە توشقىنى %50نى ئىگىلىدى، ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى پەرقى 1 — 3 سانتىمېتىر بولدى. 1984 ـ يىلى يېمەكلىك شىركىتى، تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى ۋە نېفىت شىركىتىگە قاراشلىق ماگىزىنلاردا ئىشلىتىلىدىغان ھەرخىل كەمچەنلەر ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، توغرا چىقمىغان بىر قىسىم كەمچەنلەر ئالماشتۇرۇلدى. ناھىيە بازىرىدىكى ماگىزىنلاردا، يېزىلاردىكى سودا نۇقتىلىرىدا ئۆلچەم پونكىتىنىڭ تەلىپى بويىچە تىجارەت پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى جەمئىي 947 ئۆلچەم ئەسۋابى ۋە تارازا تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ ۋە رېمونت قىلىنىپ، كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتى قوغدالدى. 1988 ـ يىلى ئۆلچەم ئەسۋابلىرىغا قارىتا بەلگىلەنگەن مۇددەتتە تەكشۈرۈش بىلەن چەكلىك مۇددەتتە تەكشۈرۈشكە يوللاشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، 655 تارازا تەكشۈرۈپ ئۈتكۈزۈۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلچەمگە توشقىنى 612.

1993 ـ يىلى ئۆلچەم پونكىتى «سۈپەتنى مەركەز قىلىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش»تىن ئىبارەت خىزمەت فاڭجېنىنى زىچ چۆرىدەپ، 2331 ئۆلچىگۈچنى تەكشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىنغان ئۇستەل گىرى 255، ئۇستەل تارازىسى 559، چوكىلىق تارازا 1517 بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %95نى ئىگىلىدى؛ سوغاق ئىچىملىك ئەۋرىشكىسىدىن 24 ى تەكشۈرۈلۈۋىدى، ئۇنىڭ ئۆلچەمگە يېتىش نىسبىتى %50 بولدى.

## 4 § . ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش

1985 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى ئۆلچەملەشتۈرۈپ باشقۇرغۇچى خادىمدىن 3 ى قويۇلدى، شۇ يىلى 5 كارخانىدا مەھسۇلات تەكشۈرۈش ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى، بىر قىسىم كارخانىلار 26 كىشىنى مەھسۇلات سۈپىتىنى مەخسۇس باشقۇرۇشقا بەلگىلىدى، شۇ بىر يىلدا ئۇلار 9 كارخانا، 10 خىل مەھسۇلاتنى پرىيوم قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ سوغۇق ئىچىملىك ئۆلچىمى توغرىسىدىكى تەلىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنغان ھالدا يېمەكلىك ۋە سوغۇق ئىچىملىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، پرىيوم قىلدى ھەمدە 5 زاۋۇتقا ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ياردەم بېرىپ، ئۇلاردىكى بۇرۇنقىدەك ماتېرىياللارنى مۆلچەر بويىچە قوشىدىغان، تازىلىقى ئۆلچەمسىز بولىدىغان ھادىسىلەرنى ئۆزگەرتتى. 1986 — 1987 ـ يىللىرى مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى 38 قېتىم نازارەت قىلىپ تەكشۈردى، يەنى ئادەتتىكى خىش، يېمەكلىك كونسېرۋاسى، سۇ يېغى، ئۇن، قول ھارۋىسى، ئوققازان زاۋۇتىنىڭ 60 تىپلىق ۋە 78 تىپلىق دىزېلماتور دېتاللىرى،

يېزا. بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى ۋە يەككە تىجارەتچىلەر ئىشلەپچىقارغان مىۋە كەمپۈتلىرى، ناۋات، كىچىك شامپان قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى پىرىيوم قىلىپ، لاياقەتسىز مەھسۇلاتلارنى زاۋۇتتىن چىقىرىش يولىنى سېتىشنى مەنئى قىلدى. يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى ياخشى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئۆلچەم ئىدارىسى مەھسۇلات سۈپىتى ئۈستىدە بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، زاۋۇت، ماگىزىنلارنى بىرلىشىپ تەكشۈردى ۋە مەھسۇلاتلاردىن نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈشكە يوللىدى. شۇنداقلا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن 8 خىل يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكنى، سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن 5 خىل يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكنى تەكشۈرۈپ چىقتى، ئۆرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى ئۆلچەملىك سوغۇق ئىچىملىك زاۋۇتلىرىغا ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى تارقىتىپ بەردى. كارخانىلارغا يەتكۈزۈپ بەرگەن ھەر دەرىجىلىك ئۆلچەم 34كە يەتتى، ھەرخىل ئۆلچەمدىن 278 نى يىغىۋالدى. 1988 - يىلى ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى 18 كارخانىدا سۈپەت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، مەھسۇلات ئۆلچىمىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ھەر قايسى كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان 23 خىل مەھسۇلاتنى ئايرىلاپ تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە 21 خىل مەھسۇلات لاياقەتلىك بولۇپ، ئۆلچەمگە يەتتى. 1988 - يىل 8 - ئايدا ۋىلايەتنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى تەكشۈرۈشى ئارقىلىق ئۇن زاۋۇتى تارتقان ئۆلچەملىك ئۇن، ئالاھىدە 1 - دەرىجىلىك ئۇن، ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى تارتقان چىگىت يېغى، تەمنات - سودا كوپېراتىپى كونسېرۋا زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئۆرۈك ۋە ئۈزۈم كونسېرۋاسى قاتارلىق 5 خىل مەھسۇلات لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى. يىل ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 6 كارخانىدا ئۆلچەملەشتۈرۈش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئۇلار تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، مەھسۇلات سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدى.

## 1979 — 1993 - يىللىقچە توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنىڭ تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 19 — 4 بىرلىكى: دانە

| نامى / يىللار | گىر | | ئۇستەل تارازىسى | | چوكىلىق تارازا | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | تەكشۈرۈلگىنى | ئۆلچەمگە توشقىنى | تەكشۈرۈلگىنى | ئۆلچەمگە توشقىنى | تەكشۈرۈلگىنى | ئۆلچەمگە توشقىنى |
| 1979 | 21 | 15 | 13 | 10 | 70 | 50 |
| 1980 | | | 30 | | | |
| 1981 | 131 | 125 | 10 | 8 | 236 | 200 |
| 1982 | 260 | 250 | 41 | 35 | 373 | 350 |
| 1983 | 272 | 268 | | 441 | 437 | |
| 1984 | 262 | 262 | 50 | 48 | 60 | 55 |
| 1985 | 270 | 250 | 78 | 72 | 532 | 507 |
| 1986 | 250 | 247 | 102 | 100 | 760 | 748 |
| 1987 | 242 | 231 | 138 | 130 | 889 | 802 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1988 | 240 | 231 | 201 | 192 | 1003 | 976 |
| 1989 | 160 | 154 | 297 | 260 | 1407 | 1307 |
| 1990 | 179 | 160 | 396 | 370 | 1790 | 1660 |
| 1991 | 182 | 179 | 510 | 485 | 2000 | 1890 |
| 1992 | 200 | 180 | 421 | 408 | 1849 | 1784 |
| 1993 | 253 | 250 | 506 | 490 | 1517 | 1318 |

# IV باب

# سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

## 1 § . ئاپپاراتلار

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ناھىيە بويىچە سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتى يوق ئىدى، سودا ـ سانائەت كەسپىنى يېزا ئاقساقىلى، سودىگەرلەر ئاقساقىلى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە باج ئورۇنلىرى ھەمكارلىشىپ باشقۇراتتى.

مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) ناھىيىلىك سودا ـ سانائەتچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1950 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، سودا ـ سانائەتنى ج خ ئىدارىسى، باج ئىدارىسى ۋە سودا ـ سانائەتچىلەر جەمئىيىتى بۆلۈشۈپ باشقۇردى، ج خ ئىدارىسى (مېھمانخانا، ساتىراشخانا، مۇنچا، ئاشخانا قاتارلىق ئورۇنلارغا) ئالاھىدە تىجارەت كىنىشكىسى تارقاتتى، باج ئىدارىسى بىلەن سودا ـ سانائەتچىلەر جەمئىيىتى ئادەتتىكىدەك كىنىشكا تارقاتتى، ج خ ئىدارىسى بىلەن سودا ـ سانائەتچىلەر جەمئىيىتى بازار باشقۇرۇشقا ئايرىم ـ ئايرىم مەسئۇل بولدى. 1950 ـ يىل 7 ـ ئايدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سودا ـ سانائەت بۆلۈمى تەسىس قىلدى، بۇ بۆلۈم ناھىيە بويىچە سودا ـ سانائەت ئىشلىرىنى باشقۇردى. 1958 ـ يىل 3 ـ ئايدا سودا ـ سانائەت بۆلۈمى سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى، ئۇنىڭ كەسپى بازار باھاسى بۆلۈمچىسىگە تەۋە بولدى. 1959 ـ يىلى بازار باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، بازار بىلەن باھانى باشقۇردى. 1962 ـ يىل 8 ـ ئايدا سودا ـ سانائەت بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بازار باشقۇرۇش كومىتېتى سودا ـ سانائەت بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى ھەمدە بىرلىشىپ ئىش بېجىردى. 1964 ـ يىل 5 ـ ئايدا سودا ـ سانائەت بۆلۈمى بىلەن بازار باشقۇرۇش كومىتېتى مالىيە ـ پىلان كومىتېتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1965 ـ يىل 11 ـ ئايدا بازار باشقۇرۇش كومىتېتى مالىيە ـ پىلان كومىتېتىدىن ئايرىلىپ چىقتى. بازار باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدە، مۇئاۋىن ھاكىم كومىتېت مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى، بىر مۇئاۋىن مۇدىر قويۇلدى، 1966 ـ يىلى بىر مۇدىر قويۇلدى. 1977 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

ئىدارىسى قۇرۇلدى (بازار باشقۇرۇش كومىتېتى بىلەن 2 ۋۇيىسكا ئېسىپ، بىرلىكتە ئىش بېجىردى)، بىر ئىدارە باشلىقى، 2 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 13 خىزمەتچى قويۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدە بىر ئىدارە باشلىقى، 2 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بار بولدى، خىزمەتچى خادىمى 54 كە يەتتى، ئىدارە قارمىقىدا مەمۇرىي بۆلۈمچە، كارخانا بۆلۈمچىسى، يەككە تىجارەتچىلەر بۆلۈمچىسى، بازار باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى، تەپتىشلىك بۆلۈمچىسى، توختام بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭغا توقسۇ بازارلىق سودا ـ سانائەت پونكىتى، يۇلتۇزباغ يېزىلىق سودا ـ سانائەت پونكىتى ۋە پەيشەنبە بازار يېزىلىق سودا ـ سانائەت پونكىتى قارايدىغان بولدى.

## 2 § . بازار باشقۇرۇش

مىنگو دەۋرىدە توقسۇ ناھىيىسىدىكى بازارلارنىڭ كۆلىمى كىچىك، بازارغا سېلىنغان تاۋار چەكلىك بولغاچقا، سودا ـ سانائەتنى باشقۇرۇش كەسپى ئاساسەن يۇل يىغىش، باھا ۋە كىرىمكا تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى، باشقا جايلاردىن توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ تىجارەت قىلغان سودىگەرلەرنى تىزىملاپ تەكشۈرۈش ناھايىتى قاتتىق بولاتتى.

يېڭى جۇڭگو ئەمدىلا قۇرۇلغان مەزگىللەردە، بازارلاردا يەنىلا تەشكىللىك ھالدا مال ئالماشتۇرۇشقا تايىنىلدى. 1953 ـ يىلدىن باشلاپ، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتكە نىسبەتەن چەكلەش، پايدىلىنىش، ئۆزگەرتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، ئاشلىق سودىگەرلىرىنىڭ سودىسى چەكلەندى. 1956 ـ يىلى ناھىيە تەۋەسىدە خۇسۇسىي سودا ـ سانائەت سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلدى. 1957 ـ يىلدىن كېيىن، مۇھىم ماللار قاتتىق تىزگىنلىنىپ، سودا ـ سېتىق مەركەزلەشتۈرۈلدى، دۆلەتنىڭ ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىشى ۋە بىر تۇتاش سېتىشى قوغدالدى، مال ئوبوروتى ساھەسىدە باھاغا، سېتىۋېلىشقا چەك قويۇلدى.

1958 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزىلاردا خەلق گوڭشېلىرى قۇرۇلدى، بازار ئىگىلىكى تەنقىد قىلىندى ۋە ئىنكار قىلىندى، تۇرمۇش ۋاستىلىرى كېمىيىپ، باھا ئۆرلەپ كەتتى، بازارلار كىچىكلەپ، قارائىغۇ بازارلار باش كۆتۈردى. 1959 ـ يىل 8 ـ ئايدا «ئاپتونوم رايوننىڭ بازار باشقۇرۇش چارىسى» بىلەن «يېزا ئىگىلىك ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋا مەھسۇلاتلىرى 1 ـ تۈردىكى ماددىي ئەشيالار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، بۇلارنى دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش ساتتى؛ يۇڭ، تېرە قاتارلىقلار 2 ـ تۈردىكى ماددىي ئەشيالار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، بۇلارنى دۆلەت بەلگىلىگەن ۋەزىپە ۋە توختام بويىچە بىر تۇتاش سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئاشقىنىنى بازارغا ئەكىرىش رۇخسەت قىلىندى. شۇ مەزگىللەردە خۇسۇسىيلارنىڭ 1 ـ ، 2 ـ تۈردىكى ماددىي ئەشيالار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىنى چەكلەش باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندى، خىلاپلىق قىلغانلار ھاياتكەشلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىندى. 1961 ـ يىلىنىڭ بېشىدا بازار ـ يېزىلاردا سودا بازارلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1962 ـ يىلى يېزىلاردا «ئۈچ قالدۇرۇق» (قالدۇرۇق يەر، قالدۇرۇق چارۋا، قالدۇرۇق باغۋاران) كەڭ قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، بازارلاردا يېزا ئىگىلىكى ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى كۆپەيدى؛ يىل ئاخىرىدا 2 ـ ، 3 ـ تۈردىكى ماددىي ئەشيانى باشقۇرۇش بوشاشتۇرۇلدى. 1963 ـ يىلى ناھىيە بويىچە بازارلارنى تەرتىپكە سېلىش ۋە سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، كىنىشكىسى يوق سودىگەرلەر ئېنىقلاندى. ئەينى ۋاقىتتا «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە خەلق ئارىسىدىكى بار بىلەن يوقنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ كېمىنى تولۇقلاش، ئارتۇقى بىلەن كېمىنى تەڭشەش قاتارلىق بىر قىسىم نورمال ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر كاپىتالىزمنىڭ ئىنتىخىيىلىك خاھىشى دەپ قارالغاچقا، ماددىي

ئەشيالارنى ئالماشتۇرۇشقا ۋە بازارلارنى جانلاندۇرۇشقا تەسىر يەتتى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، بازار سودىسى كاپىتالىزم دەپ قارىلىپ، كىنىشكىسى يوق سودىگەرلەر چەكلىنىپ، بازارغا سېلىنىغان تاۋارلار تىزگىنلەنگەندىن باشقا، يەنە كىنىشكىسى بار سودىگەرلەرنىڭ تىجارىتىمۇ چەكلىنىپ، نۇرغۇن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ بازارغا سېلىنىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى، نورمال سودا پائالىيىتى ھايانكەشلىك دەپ قارىلىپ چەكلەندى. 1973 - يىل 11 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا بازارلارنى تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيىلىك خەلق ئەسكەرلىرى قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، گۇڭشېلاردا نامراتلارنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، خەلق ئەسكەرلىرى بازار باشقۇرۇشقا قاتناشتى، بازار سودىسى كاساتلىشىپ كەتتى.

1978 - يىلى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، «پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس قىلىش، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، بازار باشقۇرۇشتا «باشقۇرىمەن دەپ ئۆلۈك قىلىۋەتمەسلىك، جانلاندۇرىمەن دەپ قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمەسلىك» پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىلدى، ئوبوروت ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، مۇناسىۋەت ماسلاشتۇرۇلدى، ئاممىغا قولايلىق يارىتىلىپ، قانۇنغا ئۇيغۇن تىجارەت قوغدالدى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتى قوغدالدى. بازار باشقۇرۇش خادىملىرىغا «بەشنى بېكىتىش، ئۈچنى ھۆددىگە ئېلىش، ئىككىنى تۇتۇش، بىردە مۇلازىمەت قىلىش» (يەنى دائىرىنى، خادىملارنى، ئىش ئورنىنى، باشقۇرۇشنى، نىشاننى بېكىتىش، تەرتىپنى، تازىلىقنى، بىخەتەرلىكنى ھۆددىگە ئېلىش، سىياسىي تەربىيىنى، كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى تۇتۇش، يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە ئىستېمالچىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش) يولغا قويۇلدى، شۇنداق قىلىپ قەيەردە بازار ۋە سودا بولسا، شۇ يەرنى باشقۇردى ۋە مۇلازىمەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بازارلار جانلىنىپ، بازار - يېزىلاردا ماددىي ئەشيالارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

بازار باشقۇرۇش خىزمىتىدە بازار باشقۇرۇش سىياسىتى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنغاندىن باشقا، بازار باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغان خادىملارغا ئەھۋالغا قاراپ جازا بېرىلدى. جازاغا تارتىش شەكلىدە ج خ تارماقلىرىغا يوللاش، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، جەرىمانە قويۇپ بىر تەرەپ قىلىش، تاختاي باھاسى بويىچە سېتىۋېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلدى.

## § 3 . سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش

### 1. دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش

1956 - يىلى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا - سانائەت سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، دۆلەت ئىلكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار تىزىمغا ئېلىندى. 1963 - يىلى گوۋۇيۈەن تارقاتقان «سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاپ باشقۇرۇش چارىسى»گە ئاساسەن، ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىلكىدىكى، كوپېراتسىيە ئىگىلىكىدىكى، گۇڭشېلار ئىگىلىكىدىكى سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىپ تىزىملاش، ئۇلارنىڭ گۇۋاھنامىسىنى يەڭگۈشلەش خىزمىتى ئىشلەندى، ناھىيە بويىچە 48 سودا - سانائەت كارخانىسى بولۇپ، بۇنىڭ 20 سى سانائەت كارخانىسى (دۆلەت ئىلكىدىكىسى 6، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىسى 14)، 28 ى سودا كارخانىسى بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تور - نۇقتىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەڭشەلدى، تىجارەت دائىرىسى ئايرىلدى، كىنىشكىسىز تىجارەت قىلىش بىكار قىلىندى،

1966 ـ يىل 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى «سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاپ تىجارەت كىنىشكىسى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى ھەمدە 12 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملىدى. 1966 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ناھىيە بويىچە سودا ـ سانائەت كارخانىسى 54كە، خادىمى 1244 كە، روبىخەتتىكى مەبلىغى 4 مىليون 38 مىڭ 267 يۈەنگە، تىجارەت تور ـ نۇقتىسى 164 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا 13، خادىمى 577، مەبلىغى 3 مىليون 727 مىڭ 500 يۈەن، تىجارەت تور ـ نۇقتىسى 76. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ناھىيە بويىچە سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش خىزمىتى ئۈزۈلۈپ قالدى. 1977 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، ش ئۇ ئا ر سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تارقاتقان «سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»غا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش ۋە كىنىشكا تارقىتىش خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىدىن جەمئىي 197 سىگە تىجارەت كىنىشكىسى تارقىتىلدى. 1982 ـ يىلى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى تەكشۈرۈلۈپ ئۇلاردىن 63نىڭ كىنىشكىسى يەڭگۈشلەپ بېرىلدى، ئۇلاردىكى ئارماق ئورگان 116 گە يەتتى. 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە تىزىمغا ئېلىنىپ كىنىشكا تارقىتىلغان سودا ـ سانائەت كارخانىسى 88گە، خادىمى 3180گە، ئۇلاردىكى ئارماق ئورگان 253 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا 34، ئۇلاردىكى ئارماق ئورگان 74، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا 54، ئۇلاردىكى ئارماق ئورگان 179، روبىخەتتىكى ئومۇمىي مەبلەغ 32 مىليون 500 مىڭ يۈەن. 1995 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سودا ـ سانائەت كارخانىسى 366 گە، خادىمى 3950 كە، ئۇلارنىڭ روبىخەتتىكى ئومۇمىي مەبلىغى 89 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 2. يەككە ئىگىلىكتىكى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش

مىنگو دەۋرىدە ناھىيە بويىچە ساقچى ئىدارىسى بىلەن سودا ـ سانائەتچىلەر جەمئىيىتى سودا ـ سانائەتچىلەرنى تىزىملاپ، ئۇلارغا كىنىشكا تارقىتاتتى. مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) 131 سودا ـ سانائەتچى بار ئىدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) ناھىيە بويىچە سودا ـ سانائەتچى 374 كە يەتتى.

1956 ـ يىلى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە بىرلەشتۈرۈپ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە يايمىچىلار ئېنىقلىنىپ تەرتىپكە سېلىنىدى ۋە تىزىمغا ئېلىنىپ ئۇلارغا كىنىشكا تارقىتىپ بېرىلدى. ناھىيە بويىچە 217 خۇسۇسىي سودىگەر، 109 يايمىچى بار بولدى. 1963 ـ يىلى بازارلارنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر تەكشۈرۈلۈپ، تىزىمغا ئېلىنىدى ۋە ئۇلارنىڭ كىنىشكىسى يەڭگۈشلەپ بېرىلدى. ناھىيە بويىچە يەككە سودا ـ سانائەتچى 488، بۇنىڭ ئىچىدە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 147، خادىمى 159؛ سانائەت، قول سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 341، خادىمى 361 بولۇپ چىقتى. 1964 — 1965 ـ يىلىغىچە ناھىيە بازىرىدىكى يەككە ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ ھەممىسى بازارلىق كۆزىتىشنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ناھىيە بويىچە 1965 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى يەككە سودا ـ سانائەت ئورنى 108، خادىمى 126، ئۇلارنىڭ مەبلىغى 10 مىڭ 888 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە قول سانائەتچى ئائىلە 32، ترانسپورتچى ئائىلە 28، سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 8، يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 40.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر زەربىگە ئۇچرىدى، ناھىيە بويىچە بىرمۇ يەككە سودا ـ سانائەتچى قالمىدى دېگۈدەك يەرگە يەتتى. ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى. 1984 ـ يىلدىن

كېيىن ئۇرغۇن ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار، پېنسىيىگە چىققان ئىشچىلار، ئىشى يوق ئاھالىلەر ۋە دېھقانلارنىڭ يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر تېز تەرەققىي قىلدى. 1984 ـ يىلى 11 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ناھىيە بويىچە يەككە سودا ـ سانائەت ئورنى 990 غا، خادىمى 1678 گە، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى 1 مىليون 189 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قول سانائەت ئورنى 145، ئادىمى 264، سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 548، ئادىمى 844، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 246، ئادىمى 509، قاتناش ـ ترانسپورت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 51، ئادىمى 61، باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 11.

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ناھىيە بويىچە يەككە سودا ـ سانائەت ئورنى 1433كە، خادىمى 1888 گە، رويخەتتىكى مەبلىغى 5 مىليون 904 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**توقسۇ ناھىيىسىدىكى يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئەھۋالى**

جەدۋەل: 19 — 5

| يىللار | جەمئىي | | قول سانائەت | | سودا | | يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى | | ترانسپورت | | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئائىلە سانى | ئادەم سانى | ئائىلە سانى | ئادەم سانى | ئائىلە سانى | ئادەم سانى | ئائىلە سانى | ئادەم سانى | ئائىلە سانى | ئادەم سانى | |
| 1951 | 924 | | 669 | | 25 | | 198 | | | | |
| 1953 | 1968 | 2423 | 1194 | 1527 | 256 | 261 | 426 | 541 | 92 | 94 | تېزۈپ بىر بولۇپ، ھېسابقا كىرگۈزۈلمىدى |
| 1954 | 514 | 846 | 67 | 86 | 113 | 128 | 291 | 588 | 43 | 44 | |
| 1955 | 1206 | 1554 | 733 | 733 | 121 | 138 | 309 | 640 | 43 | 43 | قول سانائەتتە بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى 60 ئائىلە، 60 ئادەم؛ تۆگمەنچى 102 ئائىلە، 102 ئادەم |
| 1956 | 831 | 1065 | 467 | 578 | 329 | 452 | | | 35 | 35 | سودا ئىچىملىك مۇلازىمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1981 | 130 | 208 | 6 | 8 | 31 | 37 | 79 | 149 | 14 | 14 | |
| 1982 | 193 | 313 | 12 | 29 | 47 | 64 | 120 | 206 | 14 | 14 | |
| 1983 | 338 | 561 | 22 | 54 | 124 | 176 | 178 | 317 | 14 | 14 | |
| 1984 | 727 | 1149 | 52 | 101 | 318 | 438 | 342 | 594 | 15 | 16 | |
| 1985 | 982 | 1711 | 94 | 203 | 456 | 633 | 408 | 841 | 24 | 34 | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1986 | 1204 | 2139 | 112 | 239 | 527 | 745 | 538 | 1117 | 27 | 38 | بۇلاردىن باشقا 8 يەككە دوختۇر ھېسابقا كىرگۈزۈلمىدى |
| 1987 | 1535 | 2681 | 159 | 308 | 759 | 1085 | 545 | 1186 | 72 | 102 | بۇلاردىن باشقا 11 يەككە دوختۇر ھېسابقا كىرگۈزۈلمىدى |
| 1988 | 990 | 1678 | 145 | 264 | 548 | 844 | 246 | 509 | 51 | 61 | بۇلاردىن باشقا 13 يەككە دوختۇر ھېسابقا كىرگۈزۈلمىدى |
| 1989 | 1051 | 1540 | 147 | 266 | 565 | 712 | 249 | 484 | 45 | 54 | |
| 1990 | 1070 | 1557 | 151 | 269 | 589 | 740 | 251 | 447 | 40 | 50 | |
| 1991 | 1030 | 1488 | 158 | 272 | 653 | 770 | 258 | 410 | 36 | 42 | |
| 1992 | 1042 | 1571 | 166 | 279 | 695 | 810 | 260 | 425 | 27 | 30 | |
| 1993 | 1058 | 1584 | 175 | 281 | 726 | 840 | 261 | 385 | 18 | 18 | |
| 1994 | 1160 | 1610 | 191 | 194 | 753 | 862 | 277 | 396 | 10 | 10 | |
| 1995 | 1433 | 1888 | 204 | 315 | 784 | 891 | 288 | 410 | 6 | 6 | |

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى خۇسۇسىي سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ 1951 - يىلدىكى كەسىپ تۈرلىرى

جەدۋەل: 19 — 6

| كەسىپلەر | سانى | 1 - پەسىلدە تاپشۇرغان باج (كۈمۈش دوللار، دوللار) | كەسىپلەر | سانى | 1 - پەسىلدە تاپشۇرغان باج (كۈمۈش دوللار، دوللار) |
|---|---|---|---|---|---|
| تۈگمەن | 111 | 57000 | گەزمالچىلىق | 6 | 720 |
| باپكارلىق | 93 | 4404 | سىلىچىمالچىلىق | 19 | 5680 |
| تىككۈچىلىك | 68 | 4314 | ناۋايخانا | 18 | 2870 |
| كۆنچىلىك | 47 | 5418 | جوۋازخانا | 44 | 5219 |
| بورىچىلىق | 15 | 1160 | سوپۇنچىلىق | 55 | 6050 |
| تۆمۈرچىلىك | 31 | 1908 | كۇلالچىلىق | 17 | 2552 |
| تۇماقچىلىق | 49 | 4503 | قۇشخانا | 10 | 530 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قازانچىلىق | 46 | 2500 | قەنت ـ گېزەكخانا | 30 | 11025 |
| زەرگەرلىك | 8 | 820 | مېھمانخانا | 29 | 5600 |
| موزدۇزلۇق | 3 | 200 | موخۇركا | 20 | 1280 |
| بوياقچىلىق | 82 | 8145 | باشقىلار | 32 | 1745 |
| ساتىراشلىق | 35 | 3498 | جەمئىي | 924 | 142131 |
| ئاشخانا | 56 | 4990 | | | |

# § 4 . ئىقتىسادىي توختاملارنى باشقۇرۇش

## 1. باھالاپ دەلىللەش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، خەلق ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ مۇھىم ماقىلىرىنى ئالاقىدار تەرەپلەر كېلىشىپ بېكىتىپ، ئىجارە ھەققى، ئەمگەك ئىشلىرى، سېتىۋېلىش ـ سېتىش، مال ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە يۈتۈم ياكى توختام ئىمزالايتتى. توختامغا دىنىي زاتلار ياكى ۋاستىچى كىشىلەر ئىمزا قويۇپ تامغا باسقانلىقتىن، ئادەتتە توختامغا ئەمەل قىلىناتتى، توختامغا خىلاپلىق قىلىش ياكى تېنىۋېلىش ئەھۋاللىرى ئىنتايىن ئاز كۆرۈلەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 ـ ۋە 60 ـ يىللاردا، كارخانىلاردىكى مال ئىگىلىرى، سېتىۋالغۇچىلار، ساتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا، دۆلەت ئىلكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا دائىم يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ـ سېتىش توختامى تۈزۈلەتتى، لېكىن باھالاپ دەلىللەش رەسمىيەتلىرى تولۇق بولمىغانلىقتىن، توختامنىڭ چەكلەش كۈچى ئاجىزراق بولاتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي توختام بىكار قىلىندى. 1981 ـ يىل 12 ـ ئايدا دۆلەت «ئىقتىسادىي توختام قانۇنى»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، توختامنى باھالاپ دەلىللەش خىزمىتى يىلدىن ـ يىلغا مۇكەممەللەشتى ھەمدە مۇنتىزىملاشتى. شۇ مەزگىلدە سودا ـ سانائەت بۆلۈمچىسى باھالاپ دەلىللەش خىزمىتىنى ۋاكالىتەن باشقۇردى. 1985 ـ يىلى 8 توختامنى باھالاپ دەلىللىدى، ئۇنىڭ سوممىسى 739 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1986 ـ يىلى سودا ـ سانائەت ئىدارىسىدە ئىقتىسادىي توختام بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىنىپ، توختامنى باھالاپ دەلىللەش ئىشىنى بېجىرىشكە مەخسۇس 3 كادىر قويۇلدى. شۇ يىلى 54 توختام باھالاپ دەلىللەندى، ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 626 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىناكارلىققا دائىر توختام 46، ئۆي ئىجارە ھەققىگە دائىر توختام 4، پىششىقلاپ ئىشلەشكە دائىر توختام 3، سېتىۋېلىش ـ سېتىشقا دائىر توختام بىر. 1995 ـ يىلى سودا ـ سانائەت ئىدارىسى باھالاپ دەلىللىگەن ئىقتىسادىي توختام 204 كە، توختامدىكى ئومۇمىي سومما 33 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 2 . كېسىم قىلىش

توختامنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا ھەر خىل مۇرەككەپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ماجىرا كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى، توختام بۆلۈمچىسى بۇنىڭغا قارىتا كېسىم قىلىشنى يولغا قويدى. 1986 - يىلى 4 توختام كېسىم قىلىندى، توختامدىكى سومما 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1994 - يىلى كېسىم قىلىنغان توختام 10 پا، توختامدىكى سومما 178 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئىقتىسادىي توختاملارنىڭ 1985 — 1995 - يىلغىچە باھالاپ دەلىللىنىش، كېسىم قىلىنىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 19 — 7

| يىللار | باھالاپ دەلىللەنگەن توختام | | كېسىم قىلىنغان توختام | |
|---|---|---|---|---|
| | توختام سانى (نۇسخا) | سوممىسى (تۈمەن يۈەن) | توختام سانى (نۇسخا) | سوممىسى (تۈمەن يۈەن) |
| 1985 | 8 | 73.9 | | |
| 1986 | 54 | 362.6 | | |
| 1987 | 65 | 407.3 | | |
| 1988 | 79 | 458.3 | 4 | 32.2 |
| 1989 | 82 | 420.6 | | |
| 1990 | 74 | 679 | | |
| 1991 | 94 | 687 | 1 | 6 |
| 1992 | 125 | 925.4 | 2 | 8.2 |
| 1993 | 344 | 4561 | 4 | 13 |
| 1994 | 302 | 2932 | 10 | 17.8 |
| 1995 | 204 | 3349 | | |

## § 5 . تاۋار ماركىسىنى باشقۇرۇش

1949 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە بويىچە تاۋار ماركىسى بېجىرىلىپ باقمىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن

كېيىنمۇ خېلى ئۇزاققىچە تاۋار ماركىسى بېجىرىلمىدى. 1986 - يىلى توقسۇ ناھىيىلىك كونسېرۋا زاۋۇتى ئىشلەپچىقارغان ئۆرۈك كونسېرۋاسى بىلەن ئۈزۈم كونسېرۋاسىغا بىر قېتىم «ۋەنچېڭ» ناملىق ماركا بېجىرىپ بېرىلدى.

# V باب

# ستاتىستىكا باشقۇرۇش

## 1 § . ئاپپاراتلار

1956 - يىل 8 - ئايدا پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلدى. بۇ بۆلۈم 1961 - يىلى پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1964 - يىل 5 - ئايدا ستاتىستىكا كەسپى پىلان كومىتېتىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1966 - يىل 10 - ئايدا ستاتىستىكا بۆلۈمى مالىيە - پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1969 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ستاتىستىكا خادىملىرى بىلەن بۇ كەسىپ ئىشلەپچىقىرىش قوماندانلىق گۇرۇپپىسىغا قارىدى. 1973 - يىل 11 - ئايدا ستاتىستىكا كەسپى پىلان كومىتېتىغا قارىدى. 1984 - يىل 8 - ئايدا ستاتىستىكا ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1995 - يىلنىڭ ئاخىرى ستاتىستىكا ئىدارىسىغا 2 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 3 خىزمەتچى خادىم قويۇلدى.

## 2 § . ستاتىستىكا نازارەتچىلىكى

ستاتىستىكا ئىدارىسى ناھىيە بويىچە يىللىق ۋە ئايلىق ستاتىستىكا مەلۇماتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ھەر جەھەتتىكى سانلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىدى. 1959 - يىلى ستاتىستىكا بۆلۈمى 1949 — 1959 - يىلغىچە بولغان ماتېرىياللارنى توپلام قىلدى، بۇنىڭدىكى سانلىق مەلۇماتلار سىستېمىلىق، تولۇق، تەپسىلىي ۋە ئېنىق بولدى. 1982 - يىلنىڭ ئالدى - كەينىدە ستاتىستىكا تارماقلىرى يەنە ناھىيە بويىچە ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى توپلام قىلدى. ستاتىستىكا ئىدارىسى رەتلەپ توپلىغان پۈتۈن ناھىيىنىڭ ستاتىستىكىلىق تارىخىي ماتېرىيالى 1988 - يىل 7 - ئايدا مىق مەتبەئەدە رەسمىي كىتاب قىلىپ بېسىلدى، بۇ ماتېرىيال توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1949 - يىلدىن 1987 - يىلغىچە بولغان يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا، پوچتا - تېلېگراف، مەدەنىيەت، سەھىيە، ماددىي ئەشيا، ئەمگەك قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇھىم سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ستاتىستىكا تارماقلىرى 1956 - يىلدىن كېيىن ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت، مالىيە، سودا ئىشلىرىغا ئائىت تۈرلۈك سانلىق مەلۇماتلارنى ئىشلىدى. ناھىيە بويىچە 2 -، 3 -، 4 - قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ستاتىستىكا تارماقلىرىنى ئاساس قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ئادەم چىقىرىپ ئورۇندالدى.

ستاتىستىكا ئىدارىسى قەرەللىك مەزگىلدە تۈرلۈك ستاتىستىكا ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىغاندىن تاشقىرى،

يەنە ئارىلاپ تەكشۈرۈش، 3 ـ كەسىپنى ۋە سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش قاتارلىق مەخسۇس تۈردىكى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى، ئۇلارنىڭ خىزمەت نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. شۇ سەۋەبتىن ستاتىستىكا ئىدارىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپ، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

## يىگىرمىنچى قىسىم

# مائارىپ، پەن - تېخنىكا



# يىگىرمىنچى قىسىم

# مائارىپ، پەن - تېخنىكا

## I باب

## مائارىپ

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپ ئىشلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) باشلانغان، ئەڭ دەسلەپتە كۆچا ئايماقلىق 5 - شۆتاڭ (توقسۇدا) قۇرۇلغان، كېيىن شايار ناھىيىلىك 2 - شۆتاڭ (يەكشەنبە بازاردا)، ئايماقلىق 9 - شۆتاڭ (تاشئېرىقتا)، شايار ناھىيىلىك 5 - شۆتاڭ (چىلان كەنتىدە)، شايار ناھىيىلىك 6 - شۆتاڭلار (مازار غوجامدا) ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ناھىيە تەۋەسىدە دىنىي مەدەنىيەت ئومۇملاشقان بولۇپ، چوڭ كەنتلەردە مەدرىس، كىچىك كەنتلەردە دىنىي مەكتەپ بار ئىدى. دىنىي مەكتەپتە پەقەت بالىلارغا دىنىي كىتاب ئوقۇتۇش ئارقىلىق خەت تونۇتۇلاتتى، بۇ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش رولىنى ئوينايتتى.

مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) توقسۇغا ياردەمچى ئامبال قويۇلدى، نايىب ئامبال خۇ يەنۋېي ئۆرۈمچىدىن ھەسەن ئەپەندىنى تەكلىپ قىلىپ بىر شۆتاڭ ئاچتى، شۆتاڭغا 20 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت بالىسى قوبۇل قىلىندى.

مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) توقسۇ ناھىيىسىدە دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ئېچىلدى، كېيىن يەنە يېتىملار مەكتىپىدىن 2 سى قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىر قىسمى ماجۇڭيىڭ توپىلىڭىدىن كېيىن ئاتا قالغان يېتىم بالىلار ئىدى.

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر تېز كۆپەيدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، «ھۆكۈمەت باشقۇرۇش» بىلەن «ئۇيۇشما باشقۇرۇش» تەڭ تۇتۇلدى، مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ناھىيىدىكى 31 باشلانغۇچ مەكتەپ ئىچىدە ھۆكۈمەت باشقۇرغىنى 3، ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى 15؛ ئۇيۇشما باشقۇرغىنى 28، ئوقۇتقۇچىسى 44 بولدى. ئۇيۇشما باشقۇرغان مەكتەپ ئومۇمىي مەكتەپنىڭ %90نى، ئوقۇتقۇچىسى ناھىيىدىكى ئومۇمىي ئوقۇتقۇچىنىڭ %74نى ئىگىلىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى بىلەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نىسبىتى يېقىنلاشتى.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ئۇيۇشما باشقۇرغان مەكتەپلەر مالىيەسى يېتىشمەي، بارغانسېرى

خارابلاشتى، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشقا ئامالسىز قالغان بەزى مەكتەپلەر ئومۇمنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇيۇشما باشقۇرغان مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى يىلمۇ يىل ئازايدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 8 - ئايغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئوقۇغۇچى 2408گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇيۇشما باشقۇرغان مەكتەپتىكىسى 481، ئوقۇتقۇچى 66، ئۇيۇشما باشقۇرغان مەكتەپتىكىسى 16.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1 - يىلىدىن مىنگونىڭ 24 - يىلىغىچە (1909 — 1935 - يىلىغىچە) بولغان ۋاقىت ناھىيىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپىنىڭ باشلانغان دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) غىچە ناھىيە بويىچە ساۋاتسىزلار يەنىلا ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %91.5نى ئىگىلەيتتى.

مىنگونىڭ 25 - يىلىدىن 38 - يىلىغىچە (1936 — 1949 - يىلىغىچە) ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كەڭ كۆلەمدە مەكتەپ قۇردى، جەمئىيەتتە خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ۋە كەچكۇرسلار كۆپلەپ قۇرۇلدى، بۇنداق ئىككى تەرەپتىن تەڭ تۇتۇش چارىسىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولدى. 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە ساۋاتلىق بولغانلار 13 مىڭ 133 كە يەتتى، ساۋاتسىزلار 35 مىڭ 81 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %72.8نى ئىگىلىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى مۇقىم راۋاجلاندى. 1956 - يىلى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى باشلاندى، 1958 - يىلى ناھىيىلىك بالىلار باغچىسى قۇرۇلۇپ، بالىلار مائارىپى باشلاندى.

1958 - يىلدىن باشلاپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمگەك ۋەزىپىسى ئارتۇقچە كۆپەيتىۋېتىلگەچكە، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىدى. شۇ يىلى مائارىپ خىراجىتى چىقىمى 223 مىڭ 568 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي چىقىمنىڭ %23.3 نى ئىگىلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇتلەق سانىدىن قارىغاندا، ئوقۇغۇچى يەنىلا كۆپەيدى. 1976 - يىلنى 1966 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 10 مىڭ 189 دىن 14 مىڭ 446 گە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 921 دىن 2713 كە يەتتى. 1976 - يىلى ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپتىن 38ى، ئوتتۇرا مەكتەپتىن 6 سى بار بولدى، جەمئىي ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 870 كە يەتتى. مائارىپ خىراجىتى چىقىمى 550 مىڭ 117 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە چىقىمنىڭ %38نى ئىگىلىدى. بىراق مائارىپ ئىشلىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، نورمال ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئامال بولمىدى، ھەر دەرىجىلىك ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى ئىنتايىن ناچارلاشتى.

1978 - يىلدىكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى گۈللەپ ياشنىدى. ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى، بالىلار مائارىپى ۋە چوڭلار مائارىپى كۆپ تەرەپتىن تەڭ تۇتۇلدى. مەكتەپ ئىنتىزامى، ئوقۇتۇش شارائىتى ۋە سۈپىتى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنى مۇئەييەن دەرىجىدە ياخشىلاندى. 1986 - يىل 11 - ئايغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 8 گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 279غا، ئوقۇغۇچىسى 2571گە يەتتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 39غا، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 934كە، ئوقۇغۇچىسى 16 مىڭ 327 گە يەتتى. 1986 - يىلى 2 مىليون 676 مىڭ يۈەن مائارىپ خىراجىتى ئاجرىتىلدى، بۇ ناھىيە بويىچە چىقىمنىڭ %21.8نى ئىگىلىدى.

1986 - يىل 11 - ئايدا ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا ناھىيە بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99كە، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىش

نىسبىتى %98كە، 16 — 30 ياشقىچە بولغانلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى %95كە يەتكەنلىكى ئېنىقلاندى ھەمدە ناھىيە «ئىككى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە»لەرنىڭ لاياقەتلىك ئۆلچىمىگە يەتتى.

1987 - يىلى يەنە دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەكتىپى، رادىئو مەكتىپى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق كەسپىي مائارىپ ۋە ئىشتىن سىرتقى مائارىپ يولغا قويۇلدى. 1989 - يىلى ناھىيە بويىچە پۇل ئىئانە قىلىپ مەكتەپ قۇرۇش نەتىجىسىدە مەكتەپ ئۆيى ناھايىتى كۆپەيدى، ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى سالدى ۋە ئوقۇتۇش مۇئەسسەسىلىرىنى ياخشىلىدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ھەممە يېزىدا ئوتتۇرا مەكتەپ، ھەممە كەنتتە باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولدى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 22 مىڭ 838گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 1283كە يەتتى. بىر يىلدا ئاجرىتىلغان مائارىپ خىراجىتى 7 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە يىللىق ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ %6 .33نى ئىگىلىدى.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 9غا، ئوقۇغۇچىسى 4089غا، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 504كە يەتتى؛ باشلانغۇچ مەكتەپ 83كە، ئوقۇغۇچىسى 21 مىڭ 797گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1040قا يەتتى. بىر يىلدا ئاجرىتىلغان مائارىپ خىراجىتى 19 مىليون 750 مىڭ يۈەن (سەھىيە خىراجىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)گە يېتىپ، ناھىيە بويىچە مالىيە چىقىمىنىڭ %7 .47نى ئىگىلىدى.

## 1 § . باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى ) توقسۇ ناھىيىسىدە مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا بىر بۆلۈم باشلىقى، بىر مۇپەتتىش قويۇلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 3 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇ بۆلۈمگە بىر بۆلۈم باشلىقى، بىر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، 6 بۆلۈم ئەزاسى قويۇلدى. 1962 - يىل 8 - ئايدا مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى بىلەن سەھىيە بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە بۆلۈمى دەپ ئاتالدى، بۇنىڭغا بىر بۆلۈم باشلىقى، بىر مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، 10 بۆلۈم ئەزاسى قويۇلدى، ئۇ ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنى باشقۇردى.

1969 - يىل 4 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ قارمىقىدا مەدەنىيەت - سەھىيە گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، بىر گۇرۇپپا باشلىقى، 9 خىزمەتچى خادىم قويۇلدى. 1973 - يىل 1 - ئايدا مەدەنىيەت - سەھىيە گۇرۇپپىسى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى، سەھىيە كەسپى ئايرىۋېتىلدى، بۇ ئىشخانىغا 3 مۇئاۋىن مۇدىر، 10 خىزمەتچى خادىم قويۇلدى. 1978 - يىل 9 - ئايدا مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشخانىسى ئىدارىگە ئۆزگەرتىلىپ، بىر ئىدارە باشلىقى، 2 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 17 بۆلۈم ئەزاسى قويۇلدى. 1981 - يىلى مەخسۇس ۋەزىپىدىكى بىر پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسى قويۇلدى. 1982 - يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىل 8 - ئايدا مائارىپ ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا بىر مەخسۇس ۋەزىپىدىكى پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسى، بىر ئىدارە باشلىقى، 2 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 17 بۆلۈم ئەزاسى قويۇلدى، ئۇ ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى، چوڭلار مائارىپى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشى، باللار مائارىپى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش ئىشلىرىنى باشقۇردى.

## 2 § . باللار مائارىپى

1958 - يىلى ناھىيە بازىرىدا بىر يەسلى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ 6 خىزمەتچىسى بار بولۇپ، يەسلىگە 20 نەپەچە بالا قوبۇل قىلىندى. 1962 - يىلى ئاپپاراتلار ئىخچاملانغاندا يەسلى تارقىتىۋېتىلدى.

1964 - يىلى توقسۇ ناھىيىلىك يەسلى قايتا قۇرۇلدى، ئۇ ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. يەسلى قۇرۇش ئۈچۈن، ئاساسلىقى، مائارىپ خىراجىتى ۋە خەلق ئىشلىرى خىراجىتىدىن چىقىم قىلىندى، يەسلىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 300 نەچچە كۋادرات مېتىر بولۇپ، 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق خىراجەت كەتتى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا، يەسلىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 7، يەسلىگە كىرگەن بالا 42 ئىدى، 1976 - يىل 10 - ئايدا يەسلىنىڭ خىزمەتچى خادىمى 15كە يەتتى، يەسلىگە كىرگەن بالا 39 بولدى.

1978 - يىلدىكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، باللار مائارىپى يىلمۇ يىل راۋاجلاندى. 1979 - يىلى ناھىيە بويىچە 39 باشلانغۇچ مەكتەپتە 106 تەييارلىق سىنىپى ئېچىلدى، بۇ سىنىپلارغا 2203 بالا قوبۇل قىلىندى. 1984 - يىلى تەييارلىق سىنىپى 125 كە، قوبۇل قىلىنغان بالا 3265كە يەتتى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 53 باشلانغۇچ مەكتەپتە جەمئىي 53 تەييارلىق سىنىپى ئېچىلدى، بۇ سىنىپلارغا 2000چە بالا قوبۇل قىلىندى. يەسلى سىنىپلىرىدا تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت، تەنتەربىيە، ھېكايە ئېيتىش قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىندى. ناھىيىلىك يەسلى شارائىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، 1986 - يىلدىن كېيىنلا ئاندىن بىراز راۋاج تاپتى. 1989 - يىلى توقسۇ ناھىيىلىك يەسلى باللار باغچىسىغا ئۆزگەرتىلدى، شۇ يىلى 12 خىزمەتچى خادىمى بار بولدى، 2 سىنىپ ئېچىلىپ، 40 بالا قوبۇل قىلىندى. 1995 - يىلغا كەلگەندە باللار باغچىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى 26 گە يەتتى، باغچىغا كىرگەن بالا 235 (ئاز سانلىق مىللەت بالىسى 72) كە يەتتى، ئۇلار 8 سىنىپقا ئايرىلدى.

ناھىيىلىك باللار باغچىسىدا 1989 - يىلدىن باشلاپ تەييارلىق سىنىپىدىن 2 سى ئېچىلدى، بۇ سىنىپلارغا 85 بالا قوبۇل قىلىندى، بۇ سىنىپلاردا ھەر كۈنى 5 سائەت دەرس ئۆتۈلدى، بۇ دەرسلەر تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، گۈزەل سەنئەت، مۇزىكا، تەنتەربىيە، ھېكايە ئېيتىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ناھىيىلىك باللار باغچىسىنىڭ ئىگىلىگەن يېرى 7 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1076 كۋادرات مېتىر.

يېزىلارنىڭ باللار مائارىپى ئىشلىرى 1958 - يىلى باشلاندى، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» داۋامىدا ناھىيە بويىچە يېزىلاردا 438 يەسلى قۇرۇلدى، يەسلىگە 5638 بالا قوبۇل قىلىندى. 1959 - يىلى يەسلىدىن يەنىلا 409 ى بار بولۇپ، 5710 بالا قوبۇل قىلىندى. 1960 - يىلدىن كېيىن بۇ يەسلىلەرنىڭ ھەممىسى تاقىلىپ كەتتى.

1979 - يىلدىن كېيىن، يېزا يەسلىلىرى ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن بارا - بارا كۆپەيدى.

توقسۇ بازىرى توقسۇ چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەزاسى نىساخان 1978 - يىلى بىر ئائىلە باللار باغچىسى قۇرۇپ، 15 بالا قوبۇل قىلدى. 1981 - يىلى بۇ باغچا ئەترەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى ھەمدە 2 سىنىپ ئېچىلدى، باغچىدا سىنىپ، قىرائەتخانا، ئويۇنخانا بار بولۇپ، 80 بالا قوبۇل قىلىندى، 2 تەربىيىچى بېرىلدى. شۇندىن كېيىن تاشئېرىق، شويۇلتۇز، ئىچئېرىق گۇڭشېلىرىدا خەلق باشقۇرىدىغان، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىدىغان باللار

باغچىلىرى قۇرۇلدى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە بۇنداق باغچىدىن 5 ى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 135 بالا قوبۇل قىلىندى. بىر خۇسۇسىيلار باشقۇرۇشىدىكى بالىلار باغچىسى بار بولدى، ئۇنىڭغا 25 بالا قوبۇل قىلىندى. 1986 ـ يىلدىن كېيىن، بۇ يېزا بالىلار باغچىلىرى، ھەر جەھەتتىكى يۆلەش ۋە يېتەكلەشنىڭ كەمچىل بولۇشى بىلەن، بىر ـ بىرلەپ تاقىلىپ كەتتى.

## 3 § . باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

### 1. مىنگو دەۋرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1 ـ يىلى (1909 ـ يىلى) ھازىرقى توقسۇ تەۋەسىدە 5 شۆتاڭ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىككىسى كۇچا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 5 ـ شۆتاڭ (ھازىرقى توقسۇ ناھىيە بازىرىدا)، كۇچا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 9 ـ شۆتاڭ (ھازىرقى تاشئېرىق يېزىسىدا) بولۇپ، بۇ 2 مەكتەپنى ئەينى ۋاقىتتىكى كۇچا ئايماقدارى يى شۇسۇڭ قۇرغانىدى، مەكتەپ ئۆيى ئۇچۇن شەخسلەرنىڭ ئۆيى ئىجارە ئېلىنغانىدى. قالغانلىرى شايار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 2 ـ شۆتاڭ (ھازىرقى يەكشەنبە بازاردا)، 5 ـ شۆتاڭ (ھازىرقى چىلان كەنتىدە)، 6 ـ شۆتاڭ (ھازىرقى ئاچال كەنتىدە) ئىدى. بۇ 3 مەكتەپنى شايار ئامبىلى جاڭ شاۋبو، گەن شياڭچيەنلەر قۇرغانىدى. شۇ ۋاقىتتا توقسۇ تەۋەسىدە ئوقۇغۇچى 200 گىمۇ يەتمەيتتى، 5 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى.

مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) يارەمچى ئامبال قويۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيە بويىچە 26 دىنىي مەكتەپ بار ئىدى، بۇ دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى تاۋۇشلارنى قوشۇپ ئوقۇش، ساۋات چىقىرىش، قۇرئاننى يادلاشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا بىر شۆتاڭ بار بولۇپ، 25 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى، بۇ شۆتاڭدا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئاساس قىلىناتتى، ئۇلار، ئاساسلىقى، خەنزۇ تىلى ئۆگىنەتتى، ئوقۇتقۇچىدىن ھەسەن ئەپەندىلا بار ئىدى.

مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى توقسۇ ناھىيىسىدە بىر دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ئاچتى، ئۇنىڭغا ھەر قايسى دىنىي مەكتەپلەردىن 43 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىنىڭ قارىمىقىدا يەنە باشلانغۇچ مەكتەپكە تەۋە سىنىپتىن بىرى ئېچىلدى، ئۇ «بەخت» باشلانغۇچ مەكتىپى دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭغا 30 دىن كۆپرەك بالا قوبۇل قىلىندى، كامىل ئەپەندى مەكتەپ مۇدىرى بولدى. كېيىن ھەسەن شىرىپ بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچتى، بۇ مەكتەپ «سۇبھى» باشلانغۇچ مەكتىپى دەپ ئاتالدى، بۇ مەكتەپكە 35 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) توقسۇ ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يۇقىرىدىكى 2 مەكتەپ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلدى. ئۇ توقسۇ ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئاتالدى، بۇ مەكتەپتە بىر مۇدىر، 4 ئوقۇتقۇچى، 2 سىنىپ، 150 ئوقۇغۇچى بار بولدى.

مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىنىڭ 43 ئوقۇغۇچىسى ئوقۇش پۈتتۈردى، ئۇلار يېزىلارغا بېرىپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچتى، شۇ يىلىلا 11 باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىلدى. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتىن 2 سى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنى مائارىپ بۆلۈمى بىۋاستە باشقۇردى. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى

(1940 - يىلى) شايار ناھىيىسىنىڭ دايۇلتۇز كەنتى توقسۇ ناھىيىسىگە بۆلۈپ بېرىلدى، بۇ كەنتتە ناھىيە باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىرى، ئۇيۇشما باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپتىن 4 ى بار ئىدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ناھىيە بويىچە ئۇيۇشما باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپ 30 غا يەتتى، ناھىيە باشقۇرغان مەكتەپ يەنىلا 3 پېتى تۇرۇۋەردى، ناھىيە بويىچە 33 باشلانغۇچ مەكتەپ بار بولۇپ، ئوقۇغۇچىسى 2873كە يەتتى. ئەينى ۋاقىتتا باشلانغۇچ مەكتەپ كۆپ بولسىمۇ خىراجىتى ئاز، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ناچار، كۆلىمى كىچىك، ئوقۇتقۇچىسى كەمچىل ئىدى، ھەربىر مەكتەپتە 2 دىن 3 كىچىلا سىنىپ بار ئىدى، كۆپىنچە مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى 100 گىمۇ يەتمەيتتى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) يەنە مالىيە كۈچىنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى بەزى باشلانغۇچ مەكتەپلەر بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى، بەزىلىرى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 8 - ئايغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 11 گە، سىنىپى 42گە، ئوقۇغۇچىسى 1927گە، ئوقۇتقۇچىسى 50 كە يەتتى.

## قوشۇمچە

### ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى باشقۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر

ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) دىن باشلاپ، توقسۇ ناھىيىسىدە ھەرخىل باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇردى، ئۇلار ئالدى بىلەن ناھىيە بازىرىدىكى جەنۇبىي كوچىدا ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنى قۇردى، ئارقىدىنلا غەربىي كوچىدا 8 - باشلانغۇچ مەكتەپنى قۇردى. ئۇيۇشما باشقۇرغان مەكتەپ مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) نىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 19غا (بۇنىڭ ئىچىدە قىزلار مەكتىپى 2)، مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 30غا، ئوقۇغۇچىسى 2130غا يەتتى، مانا بۇ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) دىن كېيىن يىغىۋېلىنىدىغان ئۆشرە - زاكات كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ كەتكەچكە، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجەت مەنبەسى تەدرىجىي ئۈزۈلۈپ قالدى، بۇ مەكتەپ باشقۇرۇش خىراجىتى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى تارقىتىش ئىشلىرىغا تەسىر يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇيۇشما باشقۇرغان بەزى مەكتەپلەر يىلمۇ يىل ھۆكۈمەت باشقۇرىدىغان مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى ياكى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 8 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسى ئۇيۇشما باشقۇرغان مەكتەپلەردىكى سىنىپنى 36دىن 16گە، ئوقۇتقۇچىنى 39 دىن 21گە ئازايتىش لايىھىسىنى تۈزدى، 11 - ئايدا ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى سەيپىدىن ئەزىزى بۇ لايىھىگە نىسبەتەن باشقىچە قاراشتا بولغاچقا، بۇ لايىھە يولغا قويۇلمىدى. ناھىيە بويىچە ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 10 - ئايدا 8 گە، سىنىپ 19غا، ئوقۇغۇچى 760قا، مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 8 - ئايدا 7 گە، سىنىپ 12گە، ئوقۇغۇچى 481گە، ئوقۇتقۇچى 16گە چۈشۈپ قالدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 7 - ئايدا ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى «شىنجاڭدا دېموكراتىيىنى، خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»غا ئۆزگەرتىلگەندە، «ئىتتىپاق» باشقۇرۇشىدا 4 مەكتەپ، 14 سىنىپ، 890 ئوقۇغۇچى، 19 ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. 1952 - يىلى «شىنجاڭدا دېموكراتىيىنى، خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى)دىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىشى

جەدۋەل: 20 — 1

| مەكتەپ نامى | مەكتەپ ئورنى | مەكتەپ قۇرۇلغان ۋاقىت | ئوقۇغۇچى سانى | ئوقۇتقۇچى سانى |
|---|---|---|---|---|
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | ناھىيە بازىرى | 1934 | 101 | 5 |
| ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | تاشئېرىق | 1936 | 64 | 4 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | ناھىيە بازىرىدىكى جەنۇبىي كوچا | 1935.9 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | ئىچئېرىق | 1936.6 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | چوقتوغراق | 1936.6 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | ئاقيار | 1936.6 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | گۇمباز | 1936.6 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 6 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | يېڭىئاۋات | 1963.8 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 7 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | ئازنا بازار | 1936.6 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 8 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | ناھىيە بازىرىدىكى غەربىي كوچا | 1936.6 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 9 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ (قىزلار مەكتىپى) | ناھىيە بازىرى | 1936.6 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 10 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | ئۆگەن | 1936.6 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 11 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | قوشئېرىق | 1936.6 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 12 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | تاشئېرىق | 1936.6 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 13 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | توپاشەھەر | 1936.6 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 14 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | قاراقۇم | 1938.8 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 15 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | ئارا مەھەللە | 1938.8 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 16 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | خادالىڭ | 1938.8 | 60 | 2 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 17 - باشلانغۇچ مەكتەپ | مۇنار | 1938.8 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 18 - باشلانغۇچ مەكتەپ | شەھتىلە | 1938.8 | 60 | 2 |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 19 - باشلانغۇچ مەكتەپ | ناھىيە بازىرى | 1938.11 | 60 | 2 |

## مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) دىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ جايلىشىشى

جەدۋەل: 20 — 2

| مەكتەپ نامى | مەكتەپ ئورنى | مەكتەپ نامى | مەكتەپ ئورنى |
|---|---|---|---|
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ | ناھىيە بازىرىدىكى «سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش» كوچىسى | ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 12 - باشلانغۇچ مەكتەپ | شەھتىلە كەنتى |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ | ئىچئېرىق كەنتى | ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 13 - باشلانغۇچ مەكتەپ | شويۇلتۇز كەنتى |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ | مۇنار كەنتى | ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 14 - باشلانغۇچ مەكتەپ | خوجا تۇرۇس كەنتى |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ | ئاقيار كەنتى | ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 15 - باشلانغۇچ مەكتەپ | بەلكەستى كەنتى |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 5 - باشلانغۇچ مەكتەپ | جاي كەنتى | ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 16 - باشلانغۇچ مەكتەپ | چىلان كەنتى |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 6 - باشلانغۇچ مەكتەپ | توقسۇ كەنتى | ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 17 - باشلانغۇچ مەكتەپ | دايۇلتۇز كەنتى |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 7 - باشلانغۇچ مەكتەپ | قوشئېرىق كەنتى | ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 18 - باشلانغۇچ مەكتەپ | تاغئېرىق كەنتى |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 8 - باشلانغۇچ مەكتەپ | توپا شەھەر | ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 19 - باشلانغۇچ مەكتەپ | ناھىيە بازىرى |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 9 - باشلانغۇچ مەكتەپ | يېڭىئاۋات كەنتى | ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 20 - باشلانغۇچ مەكتەپ | تاشئېرىق كەنتى |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 10 - باشلانغۇچ مەكتەپ | ئۆگەن كەنتى | ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 21 - باشلانغۇچ مەكتەپ | دايۇلتۇز كەنتى |
| ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى 11 - باشلانغۇچ مەكتەپ | قاراقۇم كەنتى | | |

## 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى باشلانغۇچ مەكتەپلەر

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى «شىنجاڭدا دېموكراتىيىنى، خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»غا ئۆزگەرتىلدى. 1951 - يىلى «ئىتتىپاق»نىڭ باشقۇرۇشىدا 4 مەكتەپ، 14 سىنىپ، 890 ئوقۇغۇچى، 19 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. 1952 - يىلى «ئىتتىپاق» باشقۇرۇۋاتقان مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلدى. ئەينى ۋاقىتتا ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 14كە، سىنىپ 67گە، ئوقۇغۇچى 3290 غا، ئوقۇتقۇچى 74كە يەتكەنىدى.

1950 - يىلدىن باشلاپ قىشلىق، يازلىق تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن 60 ئوقۇتقۇچىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، بۇ ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە كەسپىي ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى، ئوقۇغۇچىلارنى ئۇرۇپ - تىللايدىغان، ئۇلارغا تەن جازاسى بېرىدىغان فېئوداللىق مائارىپ تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا كۇرستا ياشلار ئىتتىپاقى ياچېيكىسى قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە مەكتەپلەردە پىئونېرلار ئەترىتى تەشكىلاتى قۇرۇلدى.

1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە ناھىيە بويىچە ئېرىقچىلىق قىلغاچ ئوقۇيدىغان مەكتەپتىن 72 سى قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىسى كەمچىل، سەۋىيىسى تۆۋەن، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ناچار بولغاچقا، ئوقۇتۇش ۋاقتى ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىدى. 1960 - يىلى بۇ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى تارقىلىپ كەتتى.

1960 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 5 يىللىق تۈزۈمى 6 يىللىق تۈزۈمگە ئۆزگەرتىلدى. 1963- يىلى ناھىيە بازىرىدا بىر خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 55 كە، سىنىپ 336 گە، ئوقۇغۇچى 10 مىڭ 189غا، ئوقۇتقۇچى 366 گە يەتتى.

1966- يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندا، ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار بۇ ھەرىكەتكە كىرىشىپ كەتتى، ئارقىدىنلا دەرس توختىتىش، ئالاقە باغلاش، «ئىنقىلاب قىلىش» باشلاندى، نەتىجىدە مەكتەپنىڭ تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. 1968 - يىلى دەرس ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئىنقىلاب قىلىنىدى، بىراق ئوقۇتۇش ماتېرىيالى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلار پەقەت كۈندە ئۆزۈندە ئوقۇدى، «ئۈچ ئەسەر»نى يادلىدى. 1970 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە «كەمبەغەل دېھقانلار تەشۋىقات ئەترىتى» ياكى «ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى» ئورۇنلاشتى، مەكتەپلەردە سىياسەتنى دەپ ئوقۇتۇشنى چەتكە قېقىش، ئەمگەكنى دەپ ئۆگىنىشنى چەتكە قېقىش ئەھۋالى پەيدا بولدى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار تەنقىد قىلىنىدى، نەزەربەنت قىلىنىدى، تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى ياكى مەكتەپتىن ھەيدەلدى. 1973 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە «ئەقلىي تەربىيە بىرىنچى»، «ئوقۇتقۇچىلار ئىززەت - ھۆرمەتلىك» دېگەنلەر تەنقىد قىلىنىدى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارغا زەربە بېرەلەيدىغان، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشنى تاشلاپلا قويدى. بۇ خىل ئەھۋال تاكى 1976 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقانغا قەدەر داۋام قىلدى.

1977 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تەڭشەلدى ھەم تولۇقلاندى.

1978 - يىلى مەكتەپلەردە مائارىپ مىنىستىرلىكى تارقاتقان «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خىزمەت نىزامى» ئىزچىللاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بازارلىق 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ (خەنزۇ باشلانغۇچ

مەكتەپ) ، ئۈرۈمچىلىق مەيدانى باشلانغۇچ مەكتىپى، دايۇلتۇز گۈڭشې باشلانغۇچ مەكتىپى، ھەلكەستى باشلانغۇچ مەكتەپلەر توقسۇ ناھىيىسى بويىچە نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، مەكتەپ تور - نۇقتىلىرى، مەكتەپلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قايتىدىن تەڭشەلدى.

1978 - يىلدىن كېيىن، ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەنگەن ھالدا ئاقلاندى، 61 ئوقۇتقۇچى خىزمەت ئورنىغا قايتۇرۇپ كېلىندى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مائارىپ خىزمىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ناھىيىدىكى 45 مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ، 59 شۆبە مەكتەپنى ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش يۈزىسىدىن تەكشۈردى، ئۇلار تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، ناھىيىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1984 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 45 كە، سىنىپ 579 غا، ئوقۇغۇچى 13 مىڭ 790 غا، ئوقۇتقۇچى 864 كە يەتتى. ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، مۇزىكا، رەسىم، تەنتەربىيە، سىياسەت، تەبىئەتتىن ئىبارەت 9 دەرس تەسىس قىلىندى.

1979 — 1995 - يىلغىچە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى، ئوقۇتۇش سۈپىتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنى يىلدىن - يىلغا ياخشىلاندى. 1978 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپ 45، سىنىپ 579، ئوقۇغۇچى 13 مىڭ 613، ئوقۇتقۇچى 685 بولغان بولسا، 1995 - يىلغا كەلگەندە باشلانغۇچ مەكتەپ 83كە، سىنىپ 809غا، ئوقۇغۇچى 21 مىڭ 797گە، ئوقۇتقۇچى 988گە يەتتى.

### توقسۇ ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1952 - يىلدىكى جايلىشىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 20 — 3

| مەكتەپ نامى | مەكتەپ ئورنى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى | مەكتەپ مەسئۇلى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ | ناھىيە بازىرى | 19 | سىيىت | بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى بىر |
| ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ | ناھىيە بازىرى | 9 | زەينەپ | بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى بىر |
| ناھىيىلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ | تاشئېرىق كەنتى | 9 | بارات | بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى بىر |
| ناھىيىلىك 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ | دايۇلتۇز | 9 | ئەسەيدۇللا | بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى بىر |
| ناھىيىلىك 5 - باشلانغۇچ مەكتەپ | ئىچئېرىق | 5 | ئىمىن | بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى بىر |
| ناھىيىلىك 6 - باشلانغۇچ مەكتەپ | پەيشەنبە بازار | 9 | ژايىت | بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى بىر |
| ناھىيىلىك 7 - باشلانغۇچ مەكتەپ | ئاقيار كەنتى | 4 | ئابدۇرېھىم | بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى بىر |
| ناھىيىلىك 8 - باشلانغۇچ مەكتەپ | ئازنا بازار | 4 | ھوشۇر | بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى بىر |
| ناھىيىلىك 9 - باشلانغۇچ مەكتەپ | چىلان كەنتى | 4 | ساۋۇر | بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى بىر |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك 10 - باشلانغۇچ مەكتەپ | ئۆگەن كەنتى | 3 | روزى | بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى بىر |
| ناھىيىلىك 11 - باشلانغۇچ مەكتەپ | قارائوۋم | 4 | مۇمىن | بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى بىر |
| ناھىيىلىك 12 - باشلانغۇچ مەكتەپ | يېڭىئاۋات | 4 | قۇربان | بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى بىر |
| ناھىيىلىك 13 - باشلانغۇچ مەكتەپ | خوجا تۈرۈس | 4 | ئەزىمەت | بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى بىر |
| ناھىيىلىك 14 - باشلانغۇچ مەكتەپ | چاي كەنتى | 2 | ئۆمەر | بۇنىڭ ئىچىدە ئىشچى بىر |
| جەمئىي | | 89 | | 14 |

**ئىزاھات:** جەدۋەلدىكى مەكتەپلەر 1952 - يىلى «ئىتتىپاق» باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىنكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1949 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئەھۋالى

جەدۋەل: 20 — 4

| يىللار | مەكتەپ سانى | سىنىپ | | ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر | | قوبۇل قىلىنغانلار | | | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە خەلق باشقۇرغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت | بۇنىڭ ئىچىدە: خەلق باشقۇرغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: ئاز سانلىق مىللەت | بۇنىڭ ئىچىدە: خەلق باشقۇرغىنى |
| 1949 | 15 | 54 | 10 | 34 | — | 304 | — | 33 | 1928 | 1914 | 321 |
| 1950 | 15 | 59 | 11 | 43 | | 523 | | 59 | 2751 | 2733 | 469 |
| 1951 | 15 | 64 | 12 | 82 | | 375 | | 59 | 2844 | 2818 | 498 |
| 1952 | 14 | 67 | | 126 | | 529 | | | 3290 | 3260 | |
| 1953 | 16 | 73 | | 291 | | 537 | | | 3536 | 3506 | |
| 1954 | 17 | 81 | | 328 | | 749 | | | 3646 | 3605 | |
| 1955 | 17 | 87 | | 351 | | 776 | | | 3746 | 3741 | |
| 1956 | 21 | 103 | 3 | 544 | | 1435 | | 151 | 4475 | 4452 | 151 |
| 1957 | 21 | 111 | 3 | 575 | | 1437 | | 50 | 5039 | 5021 | 153 |
| 1958 | 44 | 202 | 69 | 526 | | 5208 | | 3340 | 9669 | 9647 | 3493 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 4839 | 10938 | 10977 | 1726 | | 2256 | | 548 | 118 | 251 | 88 | 1959 |
| 5738 | 11722 | 11796 | 1668 | | 2453 | | 922 | 157 | 291 | 91 | 1960 |
| 4688 | 10765 | 10864 | 581 | | 1854 | | 883 | 138 | 280 | 91 | 1961 |
| 3685 | 9270 | 9377 | 622 | | 1722 | | 1704 | 126 | 271 | 93 | 1962 |
| 3112 | 8720 | 8913 | 571 | | 1895 | | 1379 | 112 | 268 | 88 | 1963 |
| 3166 | 9220 | 9410 | 833 | | 1904 | | | 110 | 297 | 88 | 1964 |
| 3495 | 10164 | 10357 | 1021 | | 2257 | | 740 | 129 | 318 | 55 | 1965 |
| | 9593 | 10189 | 94 | | 1787 | | 950 | | 336 | 55 | 1966 |
| | 9392 | 9872 | | 1473 | 1566 | 981 | 1036 | | 350 | 55 | 1967 |
| | 9397 | 9892 | | 1861 | 1963 | 1531 | 1636 | | 364 | 55 | 1968 |
| | 8907 | 9519 | | 1591 | 1680 | 1469 | 1525 | | 372 | 55 | 1969 |
| | 8799 | 9398 | | 1636 | 2030 | 1121 | 1179 | | 364 | 55 | 1970 |
| | 9769 | 10328 | | 2501 | 2632 | | 1063 | | 403 | 70 | 1971 |
| | 10580 | 11062 | | | 3053 | | 627 | | 422 | 79 | 1972 |
| 1679 | 12215 | 12752 | 736 | | 2218 | | 552 | 166 | 484 | 79 | 1973 |
| 5125 | 12795 | 13408 | 1036 | | 2712 | | 1111 | 222 | 499 | 36 | 1974 |
| 4696 | 13136 | 13844 | 644 | | 2171 | | 1366 | 202 | 525 | 36 | 1975 |
| 4805 | 13579 | 14446 | 913 | | 2746 | | 2054 | 205 | 569 | 38 | 1976 |
| 4979 | 13628 | 14375 | 937 | | 2281 | | 2213 | 217 | 586 | 40 | 1977 |
| | 12833 | 13613 | | | 2436 | | 2390 | | 579 | 45 | 1978 |
| | 12092 | 12782 | | | 2112 | | 2273 | | 504 | 45 | 1979 |
| | 11643 | 12367 | | 2125 | 2262 | 1707 | 1993 | | 512 | 45 | 1980 |
| | 10912 | 11496 | | 1908 | 2031 | 1838 | 1976 | | 537 | 45 | 1981 |
| | 11069 | 11595 | | 2426 | 2535 | 1584 | 1705 | | 524 | 45 | 1982 |
| | 11871 | 12371 | | 2707 | 2815 | 1636 | 1734 | | 547 | 45 | 1983 |
| | 13271 | 13790 | | 3056 | 1370 | 1562 | 1646 | | 579 | 45 | 1984 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | 39 | 617 | | 1818 | 1718 | 3709 | 3638 | | 15565 | 15103 | |
| 1986 | 39 | 600 | | 1727 | 1650 | 2512 | 2443 | | 16327 | 15852 | |
| 1987 | 46 | 644 | | 2134 | 2055 | 2664 | 2561 | | 16501 | 16034 | |
| 1988 | 46 | 640 | | 2554 | 2470 | 2867 | 2703 | | 16342 | 15927 | |
| 1989 | 49 | 624 | | 2903 | | 3256 | | | 16120 | | |
| 1990 | 53 | 636 | | 1880 | 1799 | 3258 | 3147 | | 17207 | 16631 | |
| 1991 | 53 | 677 | | 1269 | | 3186 | | | 18584 | | |
| 1992 | 53 | 704 | | 2492 | 2430 | 3462 | 3351 | | 19142 | 18550 | |
| 1993 | 53 | 727 | | 2326 | 2229 | 3511 | 3394 | | 19903 | 19208 | |
| 1994 | 68 | 762 | | 2438 | 2335 | 3939 | 3792 | | 20942 | 20820 | |
| 1995 | 83 | 809 | | 2647 | 2534 | 3626 | 3447 | | 21797 | 21005 | |

ئىزاھات: جەدۋەلدىكى سانلار ھەر يىللىق مائارىپ ستاتىستىكىسى يىللىق مەلۇماتىدىن ئېلىندى.

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1990 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

جەدۋەل: 20 — 5

| مەكتەپ نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | سىنىپ | ئوقۇتقۇچى | | ئوقۇغۇچى | | ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى (مو) | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | قاراشلىق شۆبە مەكتەپ | مەكتەپ مەسئۇلى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە قىزلار | | | | |
| بازارلىق 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ | 1936 | 13 | 32 | 27 | 492 | 254 | 19.5 | 1650 | | رابىيە توختى |
| بازارلىق 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ | 1962 | 15 | 28 | 18 | 449 | 230 | 12 | 1579 | 1 | جىيالڭ گومىن |
| بازارلىق 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ | 1976 | 12 | 26 | 22 | 493 | 263 | 13 | 1569 | | ئەينىسەم ئوسمان |
| بازارلىق 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ | 1989 | 12 | 28 | 22 | 528 | 337 | 13.5 | 1200 | | توختى ياقۇپ |
| قىزىلنۇر باشلانغۇچ مەكتەپ | 1937 | 18 | 32 | 30 | 571 | 391 | 20 | 1674 | 3 | پاتەم ئەمەت |
| توقچەك باشلانغۇچ مەكتەپ | 1958 | 9 | 18 | 7 | 297 | 123 | 12 | 804 | 1 | كىبۇر سەيدى |
| تىگىن باشلانغۇچ مەكتەپ | 1949 | 17 | 24 | 16 | 490 | 286 | 35 | 1214 | 2 | سىيىت توقا |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| توغراقئۆم باشلانغۇچ مەكتەپ | 1970 | 7 | 10 | 4 | 178 | 89 | 15 | 502 | 1 | ئەخمەت ئېلى |
| ئاقيار باشلانغۇچ مەكتەپ | 1937 | 11 | 16 | 8 | 300 | 145 | 13 | 873 | 1 | مەخمۇت قۇربان |
| ئۇبەيدۇللا باشلانغۇچ مەكتەپ | 1974 | 18 | 28 | 21 | 354 | 177 | 21 | 894 | 2 | بەكرى قاسىم |
| پايىس باشلانغۇچ مەكتەپ | 1950 | 8 | 11 | 5 | 192 | 91 | 12 | 938 | 1 | ھېكىم ئەخمەت |
| مۇنار باشلانغۇچ مەكتەپ | | 10 | 13 | 14 | 300 | 161 | 17 | 912 | 1 | ئىبراھىم ھاشىم |
| قىزىلتام باشلانغۇچ مەكتەپ | 1979 | 7 | 12 | 4 | 152 | 94 | 25 | 370 | 1 | ئەخمەت بارات |
| ئامتۇفراق باشلانغۇچ مەكتەپ | 1978 | 13 | 14 | 4 | 302 | 161 | 73 | 666 | 2 | ياسىن چورۇق |
| چولاقتور باشلانغۇچ مەكتەپ | 1967 | 9 | 12 | 5 | 186 | 97 | 17 | 557 | 1 | ھىمىت تۇردى |
| ئارا مەھەللە باشلانغۇچ مەكتەپ | 1930 | 10 | 16 | 10 | 260 | 130 | 18 | 650 | 1 | ئابلا ھەسەن |
| قوشئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپ | 1958 | 15 | 25 | 14 | 324 | 183 | 84 | 1070 | 4 | ئوسمان تاش |
| بوستان باشلانغۇچ مەكتەپ | 1971 | 4 | 7 | 5 | 104 | 64 | 15 | 480 | | روزى قېيىم |
| يېڭىئاۋات باشلانغۇچ مەكتەپ | 1945 | 11 | 18 | 7 | 328 | 174 | 20 | 1480 | 2 | ئىسمائىل مەخمۇت |
| يېڭىبار باشلانغۇچ مەكتەپ | 1971 | 11 | 14 | 7 | 283 | 128 | 42 | 850 | 2 | قۇربان مامۇت |
| تاشئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپ | 1964 | 6 | 10 | 9 | 205 | 117 | 10 | 547 | | قەمبەرنىسەم سەيدى |
| بەشتوما باشلانغۇچ مەكتەپ | 1989 | 7 | 11 | 2 | 235 | 186 | 20 | 500 | 1 | سىدىق مامۇت |
| كونا بوز باشلانغۇچ مەكتەپ | 1942 | 15 | 21 | 15 | 404 | 210 | 24 | 1132 | 2 | توختىنىياز كېبۇر |
| سۆگەتكۆزلۈك باشلانغۇچ مەكتەپ | 1948 | 14 | 15 | 7 | 347 | 173 | 27 | 940 | 1 | تۇراپ نىياز |
| قىزىلشەھەر باشلانغۇچ مەكتەپ | 1955 | 10 | 12 | 5 | 245 | 125 | 13 | 490 | 1 | مەخمۇت يۈسۈپ |
| تۆگەن باشلانغۇچ مەكتەپ | 1937 | 16 | 24 | 12 | 472 | 240 | 58 | 1452 | 2 | ئېينىدىن توختى |
| توغرائېرىق باشلانغۇچ مەكتەپ | 1942 | 14 | 12 | 8 | 283 | 143 | 53 | 1426 | 2 | ھەسەن نەسرۇللا |
| ئورىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ | 1976 | 19 | 27 | 10 | 392 | 206 | 40 | 1200 | 3 | مەخمۇت روزى |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قارائۆم باشلانغۇچ مەكتەپ | 1935 | 16 | 25 | 19 | 483 | 242 | 17 .50 | 1213 | 2 | ئەكرەم دائىم |
| چوڭتوغراق باشلانغۇچ مەكتەپ | 1956 | 13 | 23 | 22 | 428 | 269 | 26 | 1278 | 2 | مىيلىكەم شەھىدىن |
| يۇقىرىچالا باشلانغۇچ مەكتەپ | | 13 | 18 | 8 | 398 | 205 | 19 | 1215 | | مەخلىلاق چورۇق |
| قۇمكۆل باشلانغۇچ مەكتەپ | 1963 | 18 | 20 | 6 | 356 | 162 | 19 | 1042 | 2 | ئىسمائىل ئىدرىس |
| پەيشەنبە بازار باشلانغۇچ مەكتەپ | 1935 | 12 | 27 | 16 | 510 | 228 | 58 | 2705 | 3 | كېرىم مەمەت |
| توپادۆڭ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1974 | 15 | 17 | 4 | 220 | 134 | 38 | 1020 | 3 | مىراۋۇدۇن زەيدىن |
| شەنبە بازار باشلانغۇچ مەكتەپ | 1935 | 12 | 22 | 16 | 405 | 257 | 24 | 1146 | 1 | ئىمىن ئېلى |
| ئاقئۆستەڭ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1957 | 24 | 16 | 7 | 292 | 139 | 16 | 790 | 1 | روزى مامۇت |
| توپاشەھەر باشلانغۇچ مەكتەپ | 1948 | 9 | 41 | 19 | 364 | 368 | 80 | 1832 | 3 | ئېزىز روزى |
| تۆرئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپ | 1962 | 7 | 18 | 9 | 216 | 138 | 23 | 706 | 1 | ساۋۇر قادىر |
| ئۈچمە ئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپ | 1962 | 9 | 11 | 7 | 197 | 110 | 13 | 268 | | تۇرنىسا روزى |
| سۇپادۆڭ باشلانغۇچ مەكتەپ | | 20 | 13 | 8 | 245 | 125 | 12 | 540 | | ئىمىن شايىدىن |
| يەكشەنبەبازار باشلانغۇچ مەكتەپ | 1935 | 11 | 31 | 22 | 563 | 315 | 31 | 1893 | 3 | دائىم ئەمەت |
| ئۈچقات باشلانغۇچ مەكتەپ | 1984 | 11 | 19 | 14 | 364 | 183 | 22 | 1790 | 1 | ئۆمەر ئىسمائىل |
| خەلىپە ئېرىق باشلانغۇچ مەكتەپ | 1958 | 11 | 20 | 11 | 317 | 187 | 15 | 2215 | 1 | مامۇت مەخمۇت |
| سەيپۇقتېرەك باشلانغۇچ مەكتەپ | 1987 | 5 | 9 | 2 | 190 | 105 | 45 | 548 | | مەمەت تۆمۈر |
| لەمپە باشلانغۇچ مەكتەپ | 1978 | 12 | 19 | 8 | 343 | 168 | 30 | 1500 | 1 | ئىمىن راخمان |
| خوجاتۇرۇس باشلانغۇچ مەكتەپ | 1942 | 11 | 17 | 6 | 292 | 155 | 11 | 1212 | 1 | روزى موللامەت |
| ئازنابازار باشلانغۇچ مەكتەپ | | 14 | 26 | 14 | 438 | 230 | 32 | 1578 | 1 | ھاشىم نۇر |
| كونا دېھقانچىلىق مەيدانى باشلانغۇچ مەكتەپ | 1978 | 5 | 9 | 3 | 110 | 57 | 8 | 420 | | شى جىنبو |
| بەلكەستى باشلانغۇچ مەكتەپ | 1937 | 18 | 28 | 14 | 517 | 248 | 40 | 2000 | 2 | ئەخمەت ئابدۇللا |
| ناھىيە بويىچە جەمئىي باشلانغۇچ مەكتەپ | | 616 | 938 | 551 | 16604 | 8873 | 1310 .50 | 54543 | 66 | |

**ئىزاھات:** جەدۋەلدىكى مەلۇماتلار 1990 - يىلى يازلىق تەتىلدە ئېچىلغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرلىرى يىغىنىغا دائىر مەلۇماتتىن ئېلىندى.

# 3. ئاساسلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

**1) ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ** مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) 9 - ئايدا ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى توقسۇ ناھىيىسىدە دارىلمۇئەللىمىن سىنىپى ئېچىپ، شۇ يىلى 43 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇئەييەن مەدەنىيەت ئاساسى بار ئىدى. بۇ سىنىپنىڭ مۇدىرى كامىل ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرلا ئوقۇتقۇچىسى بار ئىدى. بۇ دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىنىڭ قارىمىقىدا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىلىپ، ئۇ «بەخت» باشلانغۇچ مەكتىپى دەپ ئاتالدى، بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى 50 تىن ئارتۇق (مەكتەپنىڭ ئەسلى ئورنى ھازىرقى ناھىيىلىك يەسلىگە يېقىن جايدا ئىدى) بولۇپ، دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ياكى ئوقۇغۇچىلىرى نۆۋەت بىلەن دەرس ئۆتەتتى.

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) 9 - ئايدا ھەسەن شىرىپنىڭ ھويلىسىدا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئېچىلدى، ئۇ «سۇبھى» باشلانغۇچ مەكتىپى دەپ ئاتالدى، بۇ مەكتەپنىڭ 2 ئوقۇتقۇچىسى، 30 ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى.

مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) كۈزدە «بەخت» باشلانغۇچ مەكتىپى بىلەن «سۇبھى» باشلانغۇچ مەكتىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ، توقسۇ ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ (مەكتەپنىڭ ئورنى ھازىرقى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا يېقىن جايدا) دەپ ئاتالدى، شاكىر قادىر مەكتەپ مۇدىرى بولدى، مەكتەپتە بىر ئوقۇتقۇچى، 120 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار بولدى، مەكتەپنىڭ خىراجىتىنى ھۆكۈمەت ئاجرىتىپ بەردى، بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا بولدى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) غا كەلگەندە، 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى 15كە، ئوقۇغۇچىسى 350كە يەتتى، مەكتەپتە 9 سىنىپ (بۇنىڭ ئىچىدە بىر خەنزۇ سىنىپ بار بولۇپ، بۇ سىنىپتا 30 ئوقۇغۇچى بار ئىدى، ئۇلار خەنزۇ، خۇيزۇ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن تەركىب تاپتى) تەسىس قىلىندى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇش ھارپىسىدا توقسۇ ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ سىنىپى 15كە، ئوقۇغۇچىسى 580گە يەتتى.

1958 - يىلى توقسۇ باشلانغۇچ مەكتىپى توقسۇ ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. 1962 - يىل 9 - ئايدا 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن 70 تىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىدىن تەركىب تاپقان 3 خەنزۇ سىنىپ ئايرىپ چىقىلىپ، خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. 1966 - يىلغا كەلگەندە 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 17 سىنىپى، 26 ئوقۇتقۇچىسى، 700 نەچچە ئوقۇغۇچىسى بار بولدى.

1970 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك قىزلار باشلانغۇچ مەكتىپى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلدى. 1976 - يىلنىڭ بېشىدا مەكتەپ بويىچە 22 سىنىپ، 31 ئوقۇتقۇچى، 1200 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار بولدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن 200 نەچچە ئوقۇغۇچى، 10 نەچچە ئوقۇتقۇچى ئايرىپ چىقىلىپ، 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى. 1978 - يىلى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 24 سىنىپى، 868 ئوقۇغۇچىسى، 30 ئوقۇتقۇچىسى بار بولدى، مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يېرى 25 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1705 كۋادرات مېتىر بولدى.

1979 - يىلدىن كېيىن مەكتەپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. 1987 - يىلغا كەلگەندە ئوقۇغۇچى 1114كە، ئوقۇتقۇچى 47گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە 38 ئوقۇتقۇچى لاياقەتنامە ئالغان).

1988 - يىلنىڭ ئاخىرىدا، 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن 500 نەچچە ئوقۇغۇچى، 20 نەچچە ئوقۇتقۇچى ئايرىپ

چىقىلىپ، 4 - باشلانغۇچ مەكتەپ بولدى، بۇنىڭ بىلەن 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى 497گە، ئوقۇتقۇچىسى 23كە چۈشۈپ قالدى.

90 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، ئوقۇتۇش مۇئەسسەسىلىرى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 13 سىنىپ، 626 ئوقۇغۇچى بار بولدى، شۇ يىلى 126 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، 104 ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈردى؛ ئوقۇتقۇچى 25 (بۇنىڭ 2 سى ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن، 22 سى تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن) كە يەتتى، 22 ئوقۇتقۇچى لاياقەتنامە ئالدى؛ مەكتەپنىڭ 1958 كۋادرات مېتىرلىق ئۆيى، 225 پارتىسى، 9650 نۇسخا كىتابى بار بولدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇراقلىشىش نىسبىتى 98.6%، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 98.5%بولدى.

**توقسۇ ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئەھۋالى**

جەدۋەل: 20 — 6

| يىللار | سىنىپ | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى | مەكتەپ پۈتتۈرگىنى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى | بۇنىڭ ئىچىدە: ئوقۇتقۇچى | مەمۇرىي خادىم | ئىشچى | ئايال ئىشچى-خىزمەتچى | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | مەكتەپ رەھبىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 24 | 189 | 128 | 868 | 30 | 28 | 2 | | 25 | 1705 | خەلچەم قۇربان |
| 1980 | 24 | 180 | 124 | 907 | 35 | 32 | 2 | 1 | 28 | 2030 | خەلچەم قۇربان |
| 1981 | 23 | 162 | 149 | 880 | 38 | 35 | 2 | 1 | | | رىيانەم سابىر |
| 1982 | 23 | 182 | 158 | 904 | 39 | 34 | 3 | 2 | 34 | | رىيانەم سابىر |
| 1983 | 22 | 193 | 151 | 891 | 40 | 37 | 2 | 1 | | 1624 | رىيانەم سابىر |
| 1984 | 23 | 208 | 153 | 931 | 39 | 37 | 1 | 1 | 33 | 1765 | رىيانەم سابىر |
| 1985 | 24 | 247 | 153 | 800 | 42 | 38 | 3 | 1 | 36 | 2360 | ئېزىز توختى |
| 1986 | 25 | 195 | 131 | 905 | 42 | 38 | 3 | 1 | 36 | 1844 | ئېزىز توختى |
| 1987 | 25 | 201 | 195 | 1114 | 47 | 43 | 3 | 1 | 41 | 1844 | ئېزىز توختى |
| 1988 | 11 | 111 | 80 | 497 | 28 | 23 | 4 | 1 | 22 | 1893 | توختى ياقۇپ |
| 1989 | 13 | 96 | 124 | 493 | 29 | 26 | 3 | | 25 | 1805 | رابىيە توختى |
| 1990 | 14 | 100 | 65 | 528 | 31 | 29 | 1 | 1 | 27 | 1826 | رابىيە توختى |
| 1991 | 13 | 100 | 36 | 583 | 30 | 29 | 1 | | 26 | 1858 | رابىيە توختى |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1992 | 13 | 100 | 74 | 612 | 30 | 28 | 2 | | 25 | 1858 | راھىلە توختى |
| 1993 | 13 | 126 | 104 | 626 | 27 | 25 | 1 | 1 | 23 | 1958 | راھىلە توختى |
| 1994 | 13 | 109 | 84 | 649 | 29 | 29 | | | 25 | 2069 | راھىلە توختى |
| 1995 | 14 | 150 | 84 | 721 | 25 | 25 | | | 21 | 1969 | ئابلىز ھاكىم |

## 2) ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ

توقسۇ ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ 1962 - يىلى كۈزدە قۇرۇلدى.

بۇ مەكتەپ 1962 - يىل 9 - ئايدا 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئايرىلىپ چىققان 3 خەنزۇ سىنىپ ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، مەكتەپ ئۈچۈن خەلقنىڭ 5 ئېغىز ئۆيى ئىجارىگە ئېلىنغانىدى (كۆلىمى تەخمىنەن 160 كۋادرات مېتىر كېلەتتى)، بۇ خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئاتالغانىدى، مەكتەپنىڭ 4 سىنىپى، 107 ئوقۇغۇچىسى، 6 ئوقۇتقۇچىسى بار ئىدى.

1963 - يىلى مائارىپ تارماقلىرىنىڭ پۇل ئاجرىتىپ بېرىشى، كۆكشىنىڭ 11.7 مو يەر بېرىشى بىلەن، بۇ مەكتەپنىڭ ھازىرقى ئورنىغا 600 كۋادرات مېتىرلىق سىنىپ ۋە ياتاق سېلىندى. 1964 - يىلى بۇ مەكتەپ يېڭى ئورۇنغا كۆچتى، 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سىنىپى 8گە، ئوقۇغۇچىسى 263كە، ئوقۇتقۇچىسى 10 غا يەتتى.

1971 - يىلى 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ 2 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. 1976 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەكتەپ بويىچە 11 سىنىپ، 407 ئوقۇغۇچى، 16 ئوقۇتقۇچى بار بولدى.

1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، مەكتەپ بويىچە 10 سىنىپ، 316 ئوقۇغۇچى (پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلغانلىقتىن، بالىلار ئاز تۇغۇلدى، ئوقۇغۇچى ئازىيىپ كەتتى)، 29 ئوقۇتقۇچى بار بولدى. مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى كېڭىيىپ 1738 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەكتەپ بويىچە 15 سىنىپ، 617 ئوقۇغۇچى بار بولدى. شۇ يىلى 115 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، 100 ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈردى، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 38 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 37، ئايال ئوقۇتقۇچى 25، ئۇنۋانى بار ئوقۇتقۇچى 28. مەكتەپنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى 11.7مو، مەكتەپ ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1861 كۋادرات مېتىر.

### توقسۇ ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1962 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئەھۋالى

جەدۋەل: 20 — 7

| يىللار | سىنىپ | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى | مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | مەخسۇس ئوقۇتقۇچى | بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئوقۇتقۇچى | مەكتەپ مەسئۇلى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1962 | 4 | 75 | | 107 | 6 | 4 | ياڭ يۇفۇ | مەسئۇلى |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1963 | 5 | 25 | 12 | 157 | 7 | 5 | ياڭ يۈفۇ | مەسئۇلى |
| 1964 | 6 | | | 190 | 12 | 6 | سۇن فۇيىڭ | مەسئۇلى |
| 1965 | 6 | | | 193 | 10 | 6 | سۇن فۇيىڭ | مەسئۇلى |
| 1966 | 8 | | | 263 | 10 | 7 | لى شىنفاڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1967 | 8 | | | 257 | | | لى شىنفاڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1968 | 8 | | | 270 | | | لى شىنفاڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1969 | 8 | | | 272 | | | لى شىنفاڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1970 | 8 | | | 274 | | | لى شىنفاڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1971 | 8 | | | 275 | | | لى شىنفاڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1972 | 10 | | | 281 | 12 | 10 | لى شىنفاڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1973 | 10 | 95 | 47 | 324 | 11 | 9 | لى شىنفاڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1974 | 10 | 65 | 60 | 353 | 15 | 12 | لى شىنفاڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1975 | 11 | 84 | 38 | 400 | 15 | 12 | لى شىنفاڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1976 | 11 | 75 | 75 | 407 | 14 | 10 | لى شىنفاڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1977 | 11 | 81 | 78 | 419 | 13 | 11 | لى شىنفاڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1978 | 11 | 97 | 98 | 414 | 16 | 14 | لى شىنفاڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1979 | 12 | 70 | 59 | 425 | 15 | 15 | لى شىنفاڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1980 | 11 | 75 | 74 | 419 | 19 | 17 | لى شىنفاڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1981 | 10 | 36 | 59 | 338 | 17 | 15 | جياڭ گومىن | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1982 | 10 | 44 | 64 | 311 | 22 | 19 | جياڭ گومىن | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1983 | 10 | 52 | 102 | 270 | 22 | 20 | جياڭ گومىن | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1984 | 10 | 57 | 57 | 282 | 21 | 18 | جياڭ گومىن | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1985 | 9 | 30 | 56 | 269 | 21 | 18 | جياڭ گومىن | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1986 | 9 | 39 | 47 | 271 | 24 | 21 | جياڭ گومىن | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1987 | 9 | 59 | 67 | 294 | 26 | 23 | جياڭ گومىن | مەكتەپ مۇدىرى |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1988 | 10 | 75 | 60 | 316 | 25 | 19 | جىيالڭ گومىن | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1989 | 14 | 101 | 78 | 445 | 24 | 19 | جىيالڭ گومىن | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1990 | 14 | 99 | 67 | 478 | 26 | 21 | جىيالڭ گومىن | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1991 | 14 | 57 | 50 | 474 | 29 | 22 | جىيالڭ گومىن | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1992 | 15 | 74 | 42 | 520 | 35 | 25 | جىيالڭ گومىن | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1993 | 14 | 92 | 75 | 564 | 34 | 25 | جىيالڭ گومىن | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1994 | 18 | 132 | 83 | 617 | 35 | 16 | جىيالڭ گومىن | مەكتەپ مۇدىرى |
| 1995 | 19 | 115 | 100 | 617 | 37 | 25 | ۋېي يۈچىڭ | مەكتەپ مۇدىرى |
| | | | | | | | جىيالڭ گومىن | پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى |

**ئەسكەرتىش:** جەدۋەلدىكى سانلار ھەر يىللىق مائارىپ ستاتىستىكىسى يىللىق مەلۇماتىدىن ئېلىندى، شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى سان ئۆلچەم قىلىندى.

## § 4 . ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى

### 1. تەرەققىيات ئەھۋالى

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى 1956 - يىلى باشلاندى، يەنى شۇ يىلى ئەتىيازدا توقسۇ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى، 9 - ئايدا 209 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، 4 سىنىپ ئېچىلدى، 12 ئوقۇتقۇچى بار بولدى، ئابلا ھاشىم مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. 1959 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە جەمئىي 93 ئوقۇغۇچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى.

1959 - يىلى تاشئېرىق گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپى بىلەن دايۇلتۇز گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپتىن 3ى، سىنىپتىن 21ى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 52سى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 988ى، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىدىن 39ى بار بولدى. 1965 - يىلى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ «غالىبىيەت» ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە ئۇنىڭدا بىر خەنزۇ سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، 28 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپتە دەرس توختاپ كەتتى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار 2 تەرەپكە بۆلۈنۈپ، «كەڭ كۆلەمدە ئالاقە باغلاش»، «كەڭ كۆلەمدە تەنقىد قىلىش» ۋە «سىنىپىي كۈرەش» بىلەن بولۇپ كەتتى.

1969 - يىلى كۈزدە ئوتتۇرا مەكتەپتە «دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلىش» باشلاندى، بىراق يەنىلا سىياسەت دەرسى ئاساس قىلىندى.

1970 - يىلىنىڭ ئاخىرى، ئىچئېرىق گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپى، شوبۇلتۇز گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپى

ۋە ئاپال ئوتتۇرا مەكتىپىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى. 1971 - يىل 2 - ئايدا بۇ مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈپ دەرس باشلاندى. شۇ ۋاقىتتا «كەمبەغەل دېھقانلار تەشۋىقات ئەترىتى» مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتى. 3 - ئايدا «فاللىبىيەت» ئوتتۇرا مەكتىپىدىن خەنزۇ سىنىپى ئايرىپ چىقىلىپ توقسۇ ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى؛ ئۇيغۇر سىنىپ ئەسلى ئورنىدا قېلىپ توقسۇ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئاتالدى. شۇ يىلى يەنە «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش» ئوتتۇرا مەكتىپى، «ئاۋانگارت» ئوتتۇرا مەكتىپى، ئۆگەن ئوتتۇرا مەكتەپ، يېڭىئاۋات ئوتتۇرا مەكتەپ، ئاقيار ئوتتۇرا مەكتەپ كەينى - كەينىدىن قۇرۇلدى. بۇ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى كەمچىل، ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ناچار بولۇپ، ئوقۇتۇش شارائىتى تېخى تەييارلانمىغاچقا، 1974 - يىلغا كەلگەندە پۈتۈنلەي تاقىلىپ قالدى.

1978 - يىلى پەيشەنبە بازار گۈڭشې قۇرۇلغاندىن كېيىن، پەيشەنبە بازار گۈڭشې ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى. 1979 - يىلى ناھىيە بازىرىدا يەنە ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ (توقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى) قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپتە، ئاساسلىقى، باشلانغۇچ دەرىجىلىك مائارىپ ئىختىساسلىق خادىملىرى تەربىيىلەندى. 1981 - يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى رەسمىي قوبۇل قىلىندى.

1980 - يىل 5 - ئايدا ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى مەركەزلەشتۈرۈلدى، يەنى شوبۇلتۇز ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى دايۇلتۇز ئوتتۇرا مەكتىپىگە، پەيشەنبە بازار، تاشئېرىق، ئىچئېرىق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلىرى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە مەركەزلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇتقۇچىلار بىر تۇتاش تەڭشىلىپ، خېلى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. كۆپ يىللاردىن بېرى توقسۇ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە ئېلىنغان بىر تۇتاش ئىمتىھانلاردىكى نەتىجىسى ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى.

1987 - يىلى ئۈچقات ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى. شۇندىن كېيىن ناھىيە بويىچە 9 ئوتتۇرا مەكتەپ (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3)، 102 سىنىپ، 2830 تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، 1004 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، 230 مەخسۇس ئوقۇتقۇچى بار بولدى.

2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى 1989 - يىلى سېلىندى، بۇنىڭغا 416 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1415 كۋادرات مېتىر. 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى 1991 - يىلى سېلىندى، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسى 1 مىليون يۈەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2900 كۋادرات مېتىر. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ، ئىچئېرىق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ، تاشئېرىق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۆگەن يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ، پەيشەنبە بازار يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ، يۇلتۇزباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۈچقات يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئىبارەت 9 ئوتتۇرا مەكتەپ بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك 1 -، 2 -، 3 - ئوتتۇرا مەكتەپلەر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، قالغانلىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ. بۇندىن باشقا 3 باشلانغۇچ مەكتەپ قارمىقىدا تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلىندى. ناھىيە بويىچە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدىن جەمئىي 11 ى، تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپىدىن 108 ى بار بولدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 4089 ئوقۇغۇچى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ 342سى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، 709ى مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى، 1810 ى قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى (باشلانغۇچ مەكتەپ قارمىقىدىكى تولۇقسىز سىنىپقا قوبۇل قىلىنغىنى 258). خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ بىر بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى، 45 ئوقۇغۇچى، 6 تولۇقسىز سىنىپ، 207 ئوقۇغۇچى بار.

توقسۇ ناھىيىسىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئېچىلغاندىن بېرى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ 3 يىللىق، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 2 يىللىق تۈزۈمدە بولدى. 1986 - يىلدىن كېيىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 3 يىللىق تۈزۈمگە ئۆزگەرتىلدى.

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 1990 - يىلدىكى ئەھۋالى

جەدۋەل: 20 — 8

| مەكتەپ نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | سىنىپ | ئوقۇتقۇچى: جەمئىي | ئوقۇتقۇچى: بۇنىڭ ئىچىدە ئايال | ئوقۇغۇچى: جەمئىي | ئوقۇغۇچى: بۇنىڭ ئىچىدە ئايال | ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى (مو) | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | مەسئۇلى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1956 | 19 | 57 | 28 | 864 | 471 | 50 | 6063 | ئابدۇرېھىم |
| ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1971 | 8 | 32 | 10 | 295 | 143 | 41 | 5306 | ۋاڭ رۇشەن |
| ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1979 | 11 | 42 | 27 | 461 | 262 | 25 | 2827 | نۇركۈۋەر |
| ئىچئېرىق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ | 1971 | 7 | 17 | 12 | 330 | 145 | 35 | 2920 | ئېزىز تاش |
| تاشئېرىق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ | 1958 | 9 | 21 | 12 | 333 | 198 | 36 | 3284 | غېنى تالىپ |
| ئۆگەن يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ | 1971 | 7 | 18 | 8 | 229 | 116 | 30 | 2048 | ئوسمان نىياز |
| پەيشەنبە بازار يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ | 1978 | 9 | 23 | 10 | 354 | 182 | 25 | 2980 | مەخسۇت ھەمدەل |
| يۇلتۇزباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ | 1958 | 16 | 57 | 11 | 651 | 402 | 33 | 3039 | قوپۇر ئابدۇللا |
| ئۈچقات يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ | 1987 | 8 | 23 | 4 | 327 | 141 | 50 | 1780 | كېرەم بارات |
| ناھىيە بويىچە جەمئىي | | 94 | 290 | 122 | 3844 | 2060 | 325 | 30247 | |

**ئىزاھات:** جەدۋەلدىكى مەلۇماتلار 1990 - يىلى يازلىق تەتىلدە ئېچىلغان مەكتەپ مۇدىرلىرى يىغىنىدا دائىر مەلۇماتتىن ئېلىندى.

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ 1956 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئومۇمىي ئەھۋالى

جەدۋەل: 20 — 9

| يىللار | مەكتەپ: جەمئىي | مەكتەپ: بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | سىنىپ: جەمئىي | سىنىپ: بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ | مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى: تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ: جەمئىي | مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى: تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى | مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ: جەمئىي | مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى: تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ: جەمئىي | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى: تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ: جەمئىي | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى: تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ: جەمئىي | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى: تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ: جەمئىي | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ: ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 1 | | 4 | | | | | | 209 | 209 | | | 209 | 209 | | |

| | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 350 | 350 | | | 157 | 157 | | | | | | 7 | | 1 | 1957 |
| | | 600 | 600 | | | 337 | 337 | | | | | | 12 | | 1 | 1958 |
| 52 | 52 | 988 | 988 | 52 | 52 | | 469 | | | 93 | 93 | 1 | 21 | 1 | 3 | 1959 |
| 100 | 100 | 1461 | 1461 | | 50 | | 646 | | | 91 | 91 | 2 | 32 | 1 | 4 | 1960 |
| 142 | 142 | 1238 | 1238 | | 49 | | 443 | | | 283 | 283 | 3 | 31 | 1 | 4 | 1961 |
| 121 | 121 | 809 | 809 | | 51 | | 221 | 47 | 47 | 274 | 274 | 3 | 22 | 1 | 3 | 1962 |
| 136 | 136 | 744 | 744 | | 53 | | 336 | 30 | 30 | 253 | 253 | 3 | 21 | 1 | 3 | 1963 |
| 125 | 125 | 667 | 667 | | 44 | | 178 | 39 | 39 | 134 | 134 | 3 | 22 | 1 | 3 | 1964 |
| 123 | 123 | 786 | 805 | | 41 | | 358 | 35 | 35 | 138 | 138 | 3 | 22 | 1 | 3 | 1965 |
| 132 | 132 | 817 | 921 | 36 | 41 | 322 | 358 | 25 | 29 | 59 | 93 | 3 | 29 | 1 | 3 | 1966 |
| 136 | 136 | 759 | 875 | 49 | 55 | 206 | 229 | 39 | 44 | 161 | 178 | 4 | 32 | 1 | 3 | 1967 |
| 210 | 210 | 730 | 845 | 102 | 114 | 252 | 290 | 36 | 39 | 282 | 317 | 5 | 35 | 1 | 3 | 1968 |
| 243 | 269 | 810 | 900 | 102 | 114 | 243 | 270 | 35 | 39 | 189 | 214 | 6 | 32 | 1 | 4 | 1969 |
| 181 | 203 | 725 | 894 | 71 | 87 | 249 | 277 | 127 | 143 | 174 | 193 | 5 | 29 | 1 | 4 | 1970 |
| 398 | 447 | 1659 | 1844 | 313 | 353 | 1211 | 1345 | 65 | 73 | 222 | 247 | 11 | 54 | 2 | 7 | 1971 |
| 546 | 613 | 1389 | 1560 | | 266 | | 627 | | 97 | | 864 | 17 | 63 | | 12 | 1972 |
| 464 | 560 | 797 | 945 | | 216 | | 447 | | 250 | | 890 | 16 | 49 | | 12 | 1973 |
| 403 | 479 | 820 | 1029 | | 141 | | 479 | | 188 | | 284 | 14 | 43 | 6 | 6 | 1974 |
| 410 | 514 | 1316 | 1496 | | 230 | | 911 | | 188 | | 410 | 15 | 57 | 6 | 6 | 1975 |
| 446 | 552 | 2464 | 2713 | | 288 | | 1658 | 225 | 269 | 369 | 429 | 15 | 89 | | 6 | 1976 |
| 829 | 917 | 3166 | 3453 | | 496 | | 1755 | 54 | 118 | 900 | 958 | 23 | 124 | 6 | 6 | 1977 |
| 408 | 501 | 3263 | 3595 | | 265 | | 1491 | 265 | 301 | 1186 | 1248 | 15 | 130 | 6 | 7 | 1978 |
| 398 | 482 | 2062 | 2423 | 220 | 262 | 968 | 1084 | 211 | 261 | 1309 | 1415 | 14 | 96 | 6 | 7 | 1979 |
| 445 | 552 | 1680 | 2009 | 249 | 314 | 772 | 877 | 122 | 207 | 787 | 895 | 15 | 81 | 2 | 7 | 1980 |
| 473 | 548 | 1448 | 1706 | 205 | 272 | 693 | 770 | 233 | 274 | 398 | 493 | 16 | 67 | 3 | 8 | 1981 |
| 414 | 508 | 1506 | 1766 | 170 | 217 | 649 | 733 | 231 | 273 | 341 | 415 | 15 | 69 | 3 | 8 | 1982 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 430 | 530 | 1779 | 2025 | 227 | 294 | 759 | 846 | 242 | 285 | 332 | 416 | 15 | 76 | 3 | 8 | 1983 |
| 510 | 620 | 1951 | 2205 | 269 | 314 | 700 | 782 | 216 | 254 | 435 | 470 | 15 | 78 | 3 | 8 | 1984 |
| 602 | 726 | 2232 | 2506 | 273 | 358 | 935 | 1040 | 224 | 298 | 461 | 546 | 18 | 81 | 3 | 8 | 1985 |
| 705 | 850 | 2294 | 2571 | 257 | 308 | 761 | 842 | 169 | 208 | 557 | 658 | 20 | 82 | 3 | 8 | 1986 |
| 863 | 1004 | 2605 | 2830 | 351 | 396 | 1076 | 1157 | 224 | 263 | 600 | 677 | 27 | 102 | 3 | 9 | 1987 |
| 884 | 996 | 2897 | 3133 | 287 | 320 | 1215 | 1283 | 302 | 344 | 784 | 843 | 27 | 115 | 3 | 9 | 1988 |
| | 956 | | 3606 | | 245 | | 1617 | | 371 | | 773 | 25 | 115 | 3 | 9 | 1989 |
| 922 | 1011 | 3334 | 3503 | 368 | 403 | 1350 | 1421 | 367 | 403 | 908 | 957 | 26 | 120 | 4 | 9 | 1990 |
| | 988 | | 3160 | | 336 | | 821 | | 414 | | 835 | 26 | 39 | 4 | 9 | 1991 |
| 888 | 929 | 2740 | 2937 | 285 | 285 | 1098 | 1350 | 290 | 292 | 1002 | 1041 | 25 | 107 | 4 | 9 | 1992 |
| 492 | 592 | 2734 | 2935 | 164 | 184 | 1317 | 1388 | 356 | 374 | 958 | 1025 | 20 | 102 | 4 | 9 | 1993 |
| 395 | 426 | 4411 | 4670 | 231 | 262 | 1919 | 2075 | 163 | 163 | 798 | 852 | 13 | 159 | 4 | 9 | 1994 |
| 342 | 342 | 3525 | 3747 | 66 | 66 | 1649 | 1744 | 241 | 253 | 390 | 456 | 11 | 119 | 4 | 9 | 1995 |

**ئىزاھات:** جەدۋەلدىكى سان شۇ يىلى يىل ئاخىرىدىكى مائارىپ ستاتىستىكىسىدىن ئېلىندى.

## 2. ئاساسلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

1) ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ    توقسۇ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ (ئەسلى نامى ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ، «غالىبىيەت» ئوتتۇرا مەكتىپى) 1956 - يىلى قۇرۇلدى. شۇ يىلى ئەتىيازدا 1977 كۋادرات مېتىرلىق مەكتەپ ئۆيى سېلىندى. 9 - ئايدا 4 تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى ئېچىلىپ، 206 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، 13 ئوقۇتقۇچى بار بولدى، ئابدۇللا ھاشىم تۇنجى مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

1957 - يىلى سىنىپ 7 گە، ئوقۇغۇچى 350 كە يەتتى.

1959 - يىلى جەمئىي 93 ئوقۇغۇچى تۇنجى تۈركۈمدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى، بۇلارنىڭ 52 سى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى، 37 سى ئىمتىھان بېرىپ باشقا مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا كىردى.

1960 - يىلى تەجرىبىخانا ۋە قىرائەتخانا سېلىندى، كۇتۇپخانىدا جەمئىي 1600 نۇسخا كىتاب ساقلاندى. شۇ يىلى 14 سىنىپ، 660 ئوقۇغۇچى، 39 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى.

1962 - يىلى جەمئىي 52 ئوقۇغۇچى تۇنجى تۈركۈمدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى. 1965 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەكتەپ بويىچە 11 سىنىپ، 441 ئوقۇغۇچى بار بولدى. 1959 — 1965 - يىلغىچە جەمئىي 690 ئوقۇغۇچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى، 195 ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى.

1971 - يىلى ئەتىيازدا خەنزۇ سىنىپى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئايرىپ چىقىلىپ، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ قىلىپ (خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپ) قۇرۇلدى.

1974 — 1983 - يىلغىچە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە 6 قارار ئوقۇتقۇچىلارنى ۋاكالىتەن تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىلىپ، جەمئىي 401 ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى.

1991 - يىلى بىر ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى، بۇنىڭ پۇتۇش باھاسى 1 مىليون يۈەن، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2900 كۋادرات مېتىر.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سىنىپ 20 گە، ئوقۇغۇچى 735 (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 224) كە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 67گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 52، ئۇنۋانى بار ئوقۇتقۇچى 44 (1 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 11، 2 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 22، 3 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 11)، ئۇنۋانى يوقلار 8. بىر كۇتۇپخانا بار بولۇپ، ئۇنىڭدا 8000 نۇسخىدىن ئارتۇق كىتاب بار.

1 - ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ 1995 - يىلغا قەدەر تولۇق، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن جەمئىي 6094نى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 3183، ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارغا ئۆتكەنلەر 723.

ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئادىل نۇردۇن 1980 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىندى، 1989 - يىل 7 - ئايدا ئۇ ئىمتىھان بېرىپ تۈركىيىنىڭ ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئۆتتى، 1990 - يىلى ئۇ يەنە گېرمانىيە پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سۇچىلىق فاكۇلتېتىدا بىلىم ئاشۇردى. 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 81 - قارارلىق ئوقۇغۇچىسى توختى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماتېماتىكىدىن زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدە 7 - بولدى. 91 - قارارلىق ئوقۇغۇچىسى تۇردى توختى 1992 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، 70 كىلوگرام دەرىجىلىكلەرنىڭ چېلىشىشىدا 1 - بولدى.

**توقسۇ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1956 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئەھۋالى**

جەدۋەل: 20 — 10

| تۈرلەر / يىللار | سىنىپ | | مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەر | | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى | ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارغا ئۆتكەن ئوقۇغۇچى | مەكتەپ مەسئۇلى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ | جەمئىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى | جەمئىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى | | | |
| 1956 | 4 | | | | 210 | | 15 | | ئابدۇللا ھاشىم |
| 1957 | 7 | | | | 350 | | 20 | | ئابدۇللا ھاشىم |
| 1958 | 12 | | 97 | | 600 | | 18 | | ئابدۇللا ھاشىم |
| 1959 | 15 | 1 | 107 | | 743 | 52 | 42 | 35 | ئابدۇللا ھاشىم |
| 1960 | 14 | 2 | 256 | | 660 | 93 | 39 | | ئابدۇللا ھاشىم |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1961 | 12 | 3 | 207 | 47 | 502 | 133 | 28 | | ئابدۇللا ھاشىم |
| 1962 | 10 | 3 | 102 | 39 | 374 | 125 | 35 | 3 | ئابدۇللا ھاشىم |
| 1963 | 10 | 3 | 110 | 39 | 374 | 125 | 35 | | ئابدۇللا ھاشىم |
| 1964 | 11 | 3 | 94 | 34 | 402 | 121 | 34 | | ئابدۇللا ھاشىم |
| 1965 | 11 | 3 | 97 | 35 | 411 | 123 | 33 | | ئابدۇللا ھاشىم |
| 1966 | 13 | 3 | 96 | 37 | 521 | 119 | 35 | | قادىر كېرىم |
| 1967 | 13 | 3 | 110 | 40 | 514 | 135 | 34 | | قادىر كېرىم |
| 1968 | 11 | 3 | 97 | 42 | 407 | 121 | 34 | | لى زىشيەن، ئىمانەم |
| 1969 | 9 | 3 | 91 | 30 | 385 | 115 | 29 | | لى زىشيەن، ئىمانەم |
| 1970 | 11 | 3 | 103 | 32 | 402 | 129 | 43 | | لى زىشيەن، ئىمانەم |
| 1971 | 11 | 3 | 102 | 33 | 395 | 135 | 40 | | لى زىشيەن، ئىمانەم |
| 1972 | 9 | 3 | 83 | 31 | 365 | 134 | 34 | | ئەخمەت ھامۇت |
| 1973 | 7 | 3 | 76 | 29 | 335 | 137 | 31 | | ئەخمەت ھامۇت |
| 1974 | 7 | 3 | 28 | 28 | 248 | 97 | 27 | | تۇنىياز قۇربان |
| 1975 | 6 | 3 | 132 | 80 | 191 | 100 | 25 | | تۇنىياز قۇربان |
| 1976 | 6 | | 92 | 92 | 220 | | 29 | | تۇنىياز قۇربان |
| 1977 | 8 | 2 | 41 | | 399 | 92 | 29 | | تۇنىياز قۇربان |
| 1978 | 10 | 2 | 106 | | 380 | 57 | 38 | 8 | تۇنىياز قۇربان |
| 1979 | 10 | 2 | 108 | 33 | 355 | 57 | 33 | 13 | تۇنىياز قۇربان |
| 1980 | 17 | 8 | 109 | 24 | 662 | 319 | 38 | 21 | ئەرشىدىن سەيدى، ياسىن ھاشىم |
| 1981 | 12 | 9 | 236 | 170 | 448 | 328 | 51 | 60 | ئەرشىدىن سەيدى، تۇنىياز قۇربان |
| 1982 | 13 | 9 | 287 | 167 | 483 | 319 | 53 | 36 | ئابدۇللا ھاشىم |
| 1983 | 15 | 9 | 182 | 182 | 546 | 340 | 56 | 25 | ئابدۇللا ھاشىم |
| 1984 | 16 | 9 | 271 | 171 | 758 | 440 | 59 | 77 | تۇنىياز قۇربان، ئوس- مان ھېيىت |
| 1985 | 16 | 5 | 268 | 171 | 650 | 352 | 63 | 41 | تۇنىياز قۇربان، ئوس- مان ھېيىت |
| 1986 | 17 | 11 | 170 | 86 | 760 | 447 | 66 | 50 | تۇنىياز قۇربان، ئوس- مان ھېيىت |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1987 | 17 | 12 | 231 | 131 | 741 | 486 | 71 | 48 | تۆنىياز قۇربان، ئوسمان ھېيت |
| 1988 | 18 | 13 | 254 | 204 | 822 | 653 | 74 | 54 | تۆنىياز قۇربان، ئوسمان ھېيت |
| 1989 | 19 | 12 | 246 | 165 | 849 | 522 | 76 | | ئابدۇرېھىم روزى، مۆمىن كېرىم |
| 1990 | 18 | 11 | 350 | 270 | 834 | 524 | 76 | | ئابدۇرېھىم روزى، مۆمىن كېرىم |
| 1991 | 17 | 11 | 338 | 254 | 730 | 474 | 70 | | ئابدۇرېھىم روزى، مۆمىن كېرىم |
| 1992 | 17 | 11 | 304 | 178 | 739 | 487 | 73 | 63 | ئوسمان ھېيت، تۆنىياز قۇربان |
| 1993 | 17 | 9 | 192 | 116 | 540 | 269 | 71 | 51 | ئوسمان ھېيت، تۆنىياز قۇربان |
| 1994 | 7 | 7 | 123 | 90 | 531 | 207 | 70 | 75 | ئوسمان ھېيت |
| 1995 | 20 | 7 | 198 | 103 | 735 | 224 | 67 | 99 | ئوسمان ھېيت |
| جەمئىي | | | 6094 | 3183 | | | | | |

ئىزاھات: جەدۋەلدىكى سانلار ھەر يىلنىڭ ئاخىرىدىكى يىللىق مائارىپ ستاتىستىكا مەلۇماتىدىن ئېلىندى.

2) ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 1971 ـ يىل 3 ـ ئايدا «غالىبىيەت» ئوتتۇرا مەكتىپى (ھازىرقى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ) نىڭ خەنزۇ سىنىپى، 14 ئوقۇتقۇچىسى ئايرىپ چىقىلىپ، ئەسلىدىكى بازار گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئۆيىدىن پايدىلىنىلىپ، تۇنجى ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى (بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپ شۇ ۋاقىتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى). شۇ يىلى مەكتەپتە 3 سىنىپ ئېچىلدى، ئوقۇغۇچى 185 كە يەتتى، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىدىن 14ى بار بولدى، مەكتەپنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 41.7مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1040 كۋادرات مېتىر.

1974 ـ يىلى تۇنجى تۈركۈمدە جەمئىي 26 ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈردى.

1987 ـ يىلى مەكتەپتە 6 تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپ، 4 تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ، 387 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 141) بار بولدى. شۇ يىلى 138 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، 128 ئوقۇغۇچى مەكتەپ پۈتتۈردى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىدىن 43 ى بار بولدى، مەكتەپ ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى كېڭىيىپ 4161 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. 1989 ـ يىلى دۆلەتنىڭ پۇل ئاجرىتىپ بېرىشى ۋە جەمئىيەتتىن مەبلەغ توپلاش ئارقىلىق، كۆلىمى 1415 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر ئوقۇتۇش بىناسى سېلىندى، بۇ بىنا 1990 ـ يىلى ئىشلىتىلدى.

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە بار بولغان تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى 8، ئوقۇغۇچىسى 293؛ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى بىر، ئوقۇغۇچىسى 32؛ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 30، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 24. ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە ئالىي ئۇنۋانى بار ئوقۇتقۇچى بىر، 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 9، 2 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 8، 3 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى 6. مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 4660 كۋادرات مېتىر، مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا 4800 نۇسخا كىتاب بار.

2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 1971 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى 1995 ـ يىلغىچە جەمئىي 1439 تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى، 696 تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى تەربىيىلىدى. 1987 ـ يىلى

77 - قارارلىق مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى چىن چۇاڭفۇنىڭ «نەسىللىك سافلىقنىڭ يالا تاشلاش ئېرسىيەت گېنى ھەققىدە» دېگەن پەن - تەتقىقات نەتىجىسى دۆلەتنىڭ پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئۇ 1993 - يىلى دوتسېنتلىققا كۆتۈرۈلدى، 1994 - يىلى ئۇ يەنە تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. مەكتەپنىڭ 78 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىسى لى ئەيمىن شىنجاڭ شىخەنزە يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىندى، 1985 - يىلى ئىمتىھان بېرىپ كانادانىڭ تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىردى، ئۇ 1986 - يىلى بىئولوگىيە ساھەسىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا، 1990 - يىلى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ھازىر ئۇ تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئولوگىيە تەتقىقات مەركىزىدە تەتقىقاتچى، ئانتارىئو ئۆلكىلىك سەھىيە بۆلۈمىنىڭ تىببىي مىكرو بىئولوگىيە تەتقىقات مەركىزىدە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

## توقسۇ ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1971 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئەھۋالى

جەدۋەل: 20 — 11

| يىللار | سىنىپ: جەمئىي | سىنىپ: بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى: تولۇقسىز ئوتتۇرا | قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى: تولۇق ئوتتۇرا | مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى: تولۇقسىز ئوتتۇرا | مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى: تولۇق ئوتتۇرا | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى: جەمئىي | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى: بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى: جەمئىي | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى: ئوقۇتقۇچى | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى: مەمۇرىي خادىم | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى: ئىشچى | ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارغا ئۆتكەنلەر | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | ئاساسلىق مەسئۇلى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1971 | 3 | | 134 | 40 | 25 | | 185 | 49 | 14 | 11 | 2 | 1 | | 1040 | لى زىشېن |
| 1972 | 7 | 3 | 42 | | 40 | | 198 | 68 | 13 | 13 | | | | 1040 | لى زىشېن |
| 1973 | 8 | 3 | 60 | 40 | 42 | | 260 | 100 | 20 | 15 | 3 | 2 | | 1553 | خۇبىنچېن |
| 1974 | 9 | 2 | 66 | | | 26 | 310 | 78 | 23 | 16 | 4 | 3 | | 1751 | خۇبىنچېن |
| 1975 | 9 | 3 | 70 | 68 | 103 | 36 | 308 | 110 | 24 | 17 | 4 | 4 | | 1751 | خۇبىنچېن |
| 1976 | 9 | 3 | | | 60 | 44 | 455 | 106 | 29 | 21 | 4 | 4 | | 1751 | خۇبىنچېن، سۇشىنيۇن |
| 1977 | 9 | 3 | | | 58 | 64 | 375 | 88 | 28 | 20 | 4 | 4 | | 1751 | خۇبىنچېن، سۇشىنيۇن |
| 1978 | 11 | 3 | 108 | 46 | 67 | 42 | 394 | 96 | 27 | 17 | 7 | 3 | | 1680 | خۇبىنچېن، سۇشىنيۇن |
| 1979 | 11 | 2 | | 44 | 83 | 48 | 408 | 87 | 24 | 18 | 3 | 3 | | 2163 | خۇبىنچېن، سۇشىنيۇن |
| 1980 | 11 | 3 | 107 | 70 | 108 | 47 | 417 | 114 | 34 | 23 | 7 | 4 | | 2230 | خۇبىنچېن، سۇشىنيۇن |
| 1981 | 9 | 3 | 88 | 80 | 108 | 44 | 373 | 115 | 33 | 22 | 6 | 5 | | 2530 | خۇبىنچېن، سۇشىنيۇن |
| 1982 | 10 | 3 | 92 | 52 | 84 | 39 | 395 | 104 | 38 | 24 | 9 | 5 | | 3603 | خۇبىنچېن، سۇشىنيۇن |
| 1983 | 10 | 3 | 117 | 74 | 86 | 39 | 391 | 110 | 43 | 29 | 8 | 6 | | 3603 | خۇبىنچېن، سۇشىنيۇن |
| 1984 | 10 | 3 | 84 | 48 | 74 | 44 | 389 | 119 | 37 | 24 | 5 | 8 | | | ۋاڭ جوگگۈي، ۋاڭ جۈن |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | 10 | 3 | 97 | 66 | 85 | 52 | 358 | 100 | 38 | 25 | 7 | 6 | 6 | 3003 | ۋاڭ جۇگۇي، ۋاڭ جۈن |
| 1986 | 10 | 3 | 107 | 80 | 90 | 39 | 397 | 119 | 40 | 28 | 6 | 6 | 1 | 3003 | ۋاڭ جۇگۇي، ۋاڭ جۈن |
| 1987 | 10 | 4 | 90 | 48 | 85 | 43 | 387 | 141 | 43 | 32 | 6 | 5 | 8 | 4161 | ۋاڭ فۇجۇمىن، ۋاڭ رۇشىن، ۋاڭ جۈن |
| 1988 | 10 | 4 | 77 | 48 | 64 | 63 | 378 | 125 | 47 | 32 | 7 | 8 | 22 | 4196 | ۋاڭ فۇجۇمىن، ۋاڭ رۇشىن، ۋاڭ جۈن |
| 1989 | 8 | 4 | | 30 | 82 | 55 | 303 | 113 | 43 | 31 | 5 | 7 | 17 | 5661 | ۋاڭ رۇشىن، ۋاڭ جۈن |
| 1990 | 8 | 4 | 80 | 40 | 55 | 59 | 266 | 96 | 38 | 29 | 4 | 5 | 20 | 4292 | ۋاڭ رۇشىن، ۋاڭ جۈن، خەن جىڭخۇا |
| 1991 | 8 | 3 | 78 | 32 | 84 | 37 | 261 | 67 | 41 | 32 | 4 | 5 | 13 | 4260 | ۋاڭ رۇشىن، ۋاڭ جۈن، خەن جىڭخۇا |
| 1992 | 10 | 2 | 54 | | 40 | | 260 | 45 | 41 | 31 | 3 | 7 | 11 | 4260 | ۋاڭ رۇشىن، ۋاڭ جۈن، خەن جىڭخۇا |
| 1993 | 9 | 3 | 77 | 20 | 74 | 23 | 249 | 34 | 34 | 27 | 3 | 4 | 23 | 4460 | ۋاڭ رۇشىن، ۋاڭ جۈن، خەن جىڭخۇا |
| 1994 | 7 | 0 | 105 | 0 | 83 | 13 | 241 | 0 | 31 | 21 | 3 | 4 | 10 | 4744 | دىڭ يىبىڭ، ۋاڭ رۇشىن، خەن جىڭخۇا |
| 1995 | 9 | 1 | 117 | 32 | 59 | 0 | 325 | 32 | 30 | 24 | 3 | 3 | 22 | 4660 | دىڭ يىبىڭ، ۋاڭ رۇشىن، خەن جىڭخۇا |

# 5 § . كەسپىي مائارىپ

## 1. يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى

1958 - يىلى كۈزدە ناھىيە بويىچە دايۆلتۈز يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى، ئىچىبۇرىق يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە تاشئېرىق يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇ يېزا ئىگىلىك مەكتەپلىرى خىراجەت

جەمئىيەتتە ئوقۇغۇچىلار تاپقان پۇلغا تاياندى، ئوقۇتقۇچىلار دېھقانلار ئارىسىدىن تاللاندى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە نومۇر خاتىرىلەندى. مەكتەپتە ھەر بازار كۈنى يېرىم كۈن ئۆگىنىش قىلىندى، باشقا ۋاقىت «ئىشلەپچىقىرىش ئالدىراش ۋاقىتتا ئازراق ئۆگىنىش، ئىشلەپچىقىرىش ئارسال ۋاقىتتا كۆپرەك ئۆگىنىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىكىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر ئۆگىنىلدى. بۇ مەكتەپكە، ئاساسەن، تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپى مەلۇماتىغا ئىگە يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە تېخنىكلار قوبۇل قىلىندى، شۇ يىلى بۇ مەكتەپلەرگە 230 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ 60 ى قىز) قوبۇل قىلىندى.

1959 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇش قىزغىنلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى 26گە، ئوقۇغۇچىسى 1332گە يەتتى؛ 64 ئوقۇغۇچىسى بار بىر كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ بار بولدى؛ «قىزىللىشىش، ئىختىساسلىشىش» ئۇنىۋېرسىتېتى 49 غا، ئوقۇغۇچىسى 1956گە يەتتى. يۇقىرىقى مەكتەپلەرنىڭ نامى بىر - بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، بىراق ئۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى چاغدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتىنىڭ مەھسۇلى ئىدى، بۇ مەكتەپلەر تېگىشلىك شارائىت ھازىرلانمىغانلىقتىن، 1962 - يىلدىن كېيىن ھەممىسى تارقىلىپ كەتتى.

1964 - يىلدىن كېيىن، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ياخشىلىنىشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن يەنە يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇش شامىلى چىقتى. 1965 - يىلى تاشئېرىق گۇڭشېسىدا يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىدىن بىرى قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپنىڭ 6 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولۇپ، 68 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى (بۇ مەكتەپكە كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ بالىلىرىلا قوبۇل قىلىندى)، مەكتەپنىڭ 50 مو يېرى بار بولۇپ، بارلىق چىقىمىنى ئوقۇغۇچىلار ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىش ئارقىلىق كۆتۈرەتتى. كېيىن ناھىيە بويىچە يەنە تېرىقچىلىق قىلغاچ ئوقۇيدىغان مەكتەپتىن 24ى قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپنىڭ 501 ئوقۇغۇچىسى، 21 ئوقۇتقۇچىسى بار ئىدى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن چوڭ ئەترەتتىكى ئالىي ئەمگەك كۈچىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە نومۇر ھېسابلاندى. بۇ مەكتەپلەر 1966 - يىلدىن كېيىن تارقىتىۋېتىلدى.

## 2. «7 - ماي» يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى

1975 - يىل 7 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسى لياۋنىڭدىكى چاۋياڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ، «7 - ماي» يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى قۇردى.

مەكتەپ قۇرۇش ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەن مەدەنىيەت - مائارىپ خىراجىتى، 20 مىڭ يۈەن سۇچىلىق خىراجىتى، 8000 يۈەن دېھقانچىلىق خىراجىتى، 2000 يۈەن ئۆزى توپلىغان مەبلەغ بولۇپ، جەمئىي 50 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىندى.

مەكتەپ پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىنى ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى جاڭ سۈنشى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېتى 11 كىشىدىن تەركىب تاپتى، جاڭ سۈنشى مۇدىرلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، لى پېي مۇئاۋىن مۇدىرلىقنى ئۈستىگە ئالدى. مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى 6، ئىشچى - خىزمەتچى 9، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى 13 ئىدى.

شۇ يىلى بۇ مەكتەپكە 100 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغانىدى، 1978 - يىلدىن كېيىن بۇ مەكتەپ تاقىۋېتىلدى.

## 3. ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى

توقسۇ ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى 1980 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلدى، ئۇ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدىكى ئاپپارات بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش بولدى. مەكتەپتە 4 ئوقۇتقۇچى بار بولۇپ، ئابدۇرېھىم تۇنجى مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. 1982 - يىلى تۇنجى تۈركۈمدە جەمئىي 44 باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، 1983 - يىلى 42 ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى. 1988 — 1993 - يىلغىچە سىرتتىن ئوقۇيدىغان تېخنىكۇم سىنىپى كۇرسانتىدىن 133ى تەربىيىلەندى. 1991 — 1993 - يىلغىچە جەمئىي 334 ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ مەكتەپتە بىر مۇئاۋىن مۇدىر، بىر مەخسۇس ئوقۇتقۇچى بار بولدى، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى خېلى كۆپەيدى.

بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ ئورنى 14 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1769 كۋادرات مېتىر، ئۇ مائارىپ ئىدارىسى بىلەن بىر بىنادا ئىش بېجىرىدۇ، مەكتەپنىڭ خىراجىتىنى مائارىپ ئىدارىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ.

## 4. شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ توقسۇ شۆبىسى

شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىنىڭ توقسۇ شۆبىسىگە ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى بىلەن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلىدۇ. بۇ مەكتەپ 1987 - يىلى قۇرۇلدى، ھاكىم ئەخمەت ئەمەت مەكتەپنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، شۇ يىلى مەكتەپكە 27 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، مەكتەپتە بىر ئوقۇتقۇچى بار.

1990 - يىلى 3 - ئايدا سېيىت ئىمىن مەكتەپنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالدى، شۇ يىلى مەكتەپكە 23 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

1991 - يىلى تۇنجى تۈركۈمدە يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش كەسپىدىكى 24 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ 5ى قىز) مەكتەپ پۈتتۈردى.

1992 - يىلى مۇئاۋىن ھاكىم جېلىل شىمىمىن مەكتەپ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. شۇ يىلى مەكتەپكە 105 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئوقۇتقۇچى 3كە يەتتى. 1995 - يىلى مەكتەپتە بىر مەكتەپ مۇدىرى، 4 ئوقۇتقۇچى، 63 ئوقۇغۇچى، 4 سىنىپ بار بولدى، بۇنىڭ 2 سى يېزا ئىقتىسادى سىنىپى، 2سى باغۋەنچىلىك سىنىپى.

بۇ مەكتەپكە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتىغا ئىگە 40 ياشتىن تۆۋەن ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە كادىرلار قوبۇل قىلىندى، بۇ مەكتەپ دېھقانچىلىق تېخنىكىسى بويىچە تېخنىكۇمدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەشنى نىشان قىلدى.

بۇ مەكتەپتە ھەپتىدە 1 - 2 كۈن دەرس ئۆتۈلدى، تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، خىمىيە، سىياسەت، شىنجاڭ تارىخى، بوتانىكا، يېزا ئىقتىسادى، تۇپراق، مېتېئورولوگىيە، ئىرسىيەت، باغۋەنچىلىك، ھاشارات زىيانداشلىقى قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىندى. بۇ 3 يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ بولۇپ، خىراجىتىنى ناھىيە مالىيەسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى ئاجرىتىپ بەردى.

# 6 § . چوڭلار مائارىپى

## 1 . مىنگو دەۋرىدىكى چوڭلار مائارىپى

مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) توقسۇ ناھىيىسىدە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئىشى باشلاندى، بىراق بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى ئىنتايىن ئاز بولدى، ھەر يىلى 200 دەك ئادەم ساۋات چىقاردى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنى، ھەر قايسى ئورگان، مەكتەپلەرنى پۇل، ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىشقا، ئادەم، كۈچ چىقىرىشقا چاقىردى، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىمۇ چوڭلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەكتەپلىرىگە بىر قىسىم پۇل ئاجرىتىپ بەردى. شۇ يىلى قىشتا ناھىيىلىك قىشلىق ئۆگىنىش ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا خوجىلىق، تەشۋىقات، تەشكىلات، رېۋىزىيە بۆلۈمچىلىرى قۇرۇلدى. مەكتەپلەر 10 - ئايدىن باشلاپ تام گېزىتى، چاتما رەسىم، دىراما، خەت تونۇش كارتىسى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشنى تەشۋىق قىلدى. شۇ يىلى خەلق مەكتىپىدىن 3 ى قۇرۇلۇپ، 20 — 30 ياشقىچە بولغانلاردىن 1306 سى (43ى ئايال) قوبۇل قىلىندى، مەكتەپتە ئۇيغۇر يېزىقى، ھېساب ۋە 3 مەسلەك دەرسلىرى تەسىس قىلىندى، ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن 61ى ئېچىلىپ، 1717 ئادەم قوبۇل قىلىندى؛ 86 ساۋات چىقىرىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىپ، 2357 ئادەم قوبۇل قىلىندى. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بۇ مەكتەپكە قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى بولدى. ساۋات چىقىرىش 1943 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1944 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە يېرىم يىلچە داۋاملاشتى.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) قىشتا 1 - مەركىزىي خەلق باشلانغۇچ مەكتىپىدە دۆلەت تىلى ئۆگىنىش كەچكۇرسى ئېچىلىپ، 36 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى. ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 دىن 8 گىچە دەرس ئۆتۈلدى، كۇرسانتلار ئىشچى، دېھقان، سودىگەر ۋە ھەر قايسى ساھە زاتلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى 20 ياش، 40 ياشتىن ئاشقانلار 14.

بۇ قېتىمقى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتى جەريانىدا، 336 ئادەمنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى، بىراق ئوقۇتۇش ماتېرىيالى ۋە ئوقۇتقۇچى يېتىشمىگەنلىكتىن، ئۇنۇمگە تەسىر يەتتى.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 10 - ئايدا مەكتەپكە كىرىشكە مەجبۇرلاش كومىتېتى قۇرۇلدى، ھاكىم بۇ كومىتېتنىڭ مۇدىرى بولدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى، مائارىپ ئارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە يېزا، بازارلارنىڭ باشلىقلىرى ھەمدە مەكتەپ مۇدىرلىرى بۇ كومىتېتتا مۇۋاپىق ۋەزىپىگە قويۇلدى. شۇ يىلى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خەلق مائارىپى بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىدىن 22 سى تەكلىپ قىلىندى، خەلق مەكتىپىدە جەمئىي 17 سىنىپ ئېچىلدى، بۇ سىنىپلاردا 1050 ئادەم (بۇنىڭ 100ى ئايال) ئوقۇدى.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) توقسۇ ناھىيىسىنىڭ نوپۇسىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 8، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 17، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 2393، دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1889 ئىدى، ساۋاتسىزلار 44 مىڭ 129 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %91نى ئىگىلەيتتى.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) دىن كېيىن، قىشلىق ساۋات چىقىرىش ئىشى يىلمۇ يىل قانات يايدۇرۇلدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) غا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 3695 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 73) نىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. ناھىيە بويىچە 48 مىڭ 214 ئادەم ئىچىدە ساۋاتسىزلار 35 مىڭ 81 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %72.8نى ئىگىلىدى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مىنگونىڭ 27 — 38 - يىلىغىچە (1938 — 1949 - يىلىغىچە) ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 20 — 12

| يىللار | ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئاپپاراتى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش جەھەتتىكى پائالىيەت، چارە، نەتىجىلەر |
|---|---|
| مىنگونىڭ 27 - يىلىدىن 31 - يىلىغىچە (1938 — 1942 - يىلىغىچە) | ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى يېڭىلا باشلاندى. بۇ 5 يىلدا 1250 ئادەمنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. |
| مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) | قىشلىق ئۆگىنىش ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلدى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى خەلق مەكتىپى، ساۋات چىقىرىش سىنىپى، كەچلىك مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بۇلارغا 5950 كۇرسانت كىردى، 366 كىشى ساۋاتلىق بولدى. |
| مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) | ئاقسۇ مائارىپ ئىدارىسى 2 - ئايدا ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردە خەلق مەكتىپىنىڭ كۈندۈزلۈك سىنىپلىرىنى ئېچىشنى، توقسۇ ناھىيىسىدە 9 سىنىپ ئېچىشنى قارار قىلدى. 11 - ئايدا ناھىيىلىك مەكتەپكە كىرىشكە مەجبۇرلاش كومىتېتى قۇرۇلدى. ھاكىم خەن خۇيمىن كومىتېت باشلىقى بولدى. 12 - ئايدا ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن دۆلەت تىلى كەچلىك مەكتىپى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا مەركىزىي خەلق مەكتىپى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭغا 20 ياشتىن يۇقىرى 36 كىشى قوبۇل قىلىندى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە 2 سائەت دەرس ئۆتۈلدى. شۇ يىلى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپىدىن 17 سى ئېچىلىپ، 1050 ئادەم قوبۇل قىلىندى. |
| مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) | ناھىيىلىك مەكتەپلەرنىڭ قارمىقىدا خەلق مائارىپى بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1 - مەركىزىي خەلق باشلانغۇچ مەكتىپىدە 4 سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، 200 ئەر كۇرسانت، 2 - خەلق باشلانغۇچ مەكتىپىدە 2 سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، 100 ئايال كۇرسانت، تاشبۇرۇق خەلق مەكتىپىدە 3 سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، 148 ئەر كۇرسانت، دايۆلتۈز خەلق مەكتىپىدە 3 سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، 151 ئەر كۇرسانت قوبۇل قىلىندى، يۇقىرىدىكى سىنىپ جەمئىي 12 بولۇپ، 599 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى. بۇ مەكتەپلەردە 1944 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دەرس باشلىنىپ، 1945 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دەرس توختىتىلدى. |
| مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) | ناھىيىلىك مەكتەپلەر ۋە ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر يېقىن ئەتراپتا ئائىلىدە ساۋات چىقىرىش سىنىپىنى تەشكىللىدى. ئوقۇغۇچىلار بۆلۈنۈپ دېھقانلارغا خەت ئۆگەتتى. |
| مىنگونىڭ 36 -، 37 - يىللىرى (1947 -، 1948 - يىللىرى) | ناھىيىلىك مەكتەپ، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەردە يازلىق ئۆگىنىش ھەرىكىتى قوزغالدى، بۇنىڭغا چوڭلاردىن 210 كىشى قوبۇل قىلىندى؛ 11 - ئايدا مەكتەپلەردىكى خەلق مائارىپى بۆلۈمى قىشلىق ئۆگىنىش ئورنىدىن 10 نى قۇردى، ئۇنىڭ 720 كۇرسانتى بار بولدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىل) نىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ساۋاتلىق بولغانلار 3695 كە يەتتى. خەت تونۇيدىغانلار 13 مىڭ 133 (بۇنىڭ 4839 ى ئايال) كە يەتتى، بۇ ئومۇمىي نوپۇسنىڭ %27 نى ئىگىلىدى. |
| مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) | ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى ساقلىنىپ قالدى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپىدا 1900 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار. |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) دىكى ساۋاتسىزلىق ئەھۋالى

جەدۋەل: 20 — 13

| | يېزا، كەنت نامى | ئومۇمىي ئادەم سانى | مەلۇماتى بارلار: تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى | باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپىنى پۈتتۈرگەنلەر | باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن سىنىپىنى پۈتتۈرگەنلەر | ئالىملار | جەمئىي | ساۋاتسىزلار | ساۋاتسىزلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇستا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ناھىيە بويىچە جەمئىي | 48440 | 8 | 17 | 128 | 2265 | 1888 | 4306 | 44134 | 91.1 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: ئايال | 22858 | | 1 | 5 | 365 | 111 | 482 | 22376 | 97.9 |
| يوغان بازىرى | چىگلىيەن كوچىسى | 942 | 3 | 7 | 16 | 42 | 29 | 97 | 845 | 89.7 |
| | يۇقىپاق كوچىسى | 107 | | | | 9 | 2 | 11 | 96 | 89.7 |
| | جىگخۇ كوچىسى | 69 | | | | 4 | 6 | 10 | 59 | 85.5 |
| | سەھىيە كوچىسى | 45 | | | | 2 | 2 | 4 | 41 | 91.1 |
| | ئامانلىق كوچىسى | 39 | | | 1 | | 4 | 5 | 34 | 87.2 |
| | لىيى كوچىسى | 163 | | | | 14 | 10 | 24 | 139 | 85.3 |
| | مىنپاڭ كوچىسى | 1583 | | | 7 | 100 | 35 | 142 | 1441 | 91 |
| | جەمئىي | 2948 | 3 | 7 | 24 | 171 | 88 | 293 | 2655 | 90.1 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: ئايال | 1383 | | | 2 | 50 | 1 | 53 | 1330 | 96.2 |
| يوقچاق بازىرى | قۇرۇلۇش كوچىسى | 1271 | | 3 | 2 | 21 | 17 | 43 | 1228 | 96.6 |
| | غەربىي كوچا | 119 | | | | 5 | 7 | 12 | 107 | 89.9 |
| | تىنچلىق كوچىسى | 1355 | | | 9 | 67 | 32 | 103 | 1247 | 92 |
| | ئاشلىق كوچىسى | 118 | | | | 3 | 2 | 5 | 113 | 95.8 |
| | ئوقەتچىلەر كوچىسى | 306 | 1 | 1 | | 5 | | 7 | 299 | 97.7 |
| | جەمئىي | 3169 | 1 | 4 | 11 | 101 | 58 | 175 | 2994 | 94.5 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: ئايال | 1647 | | 1 | 1 | 42 | 1 | 45 | 1602 | 97.3 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| جۇڭخېي يېزىسى | ئاقيار | 1821 | 1 | 3 | | 158 | 109 | 271 | 1550 | 85.1 |
| | لەڭگەربىرىق | 4342 | 1 | 2 | 3 | 219 | 203 | 428 | 3914 | 90.1 |
| | جاي | 1035 | | | 3 | 34 | 12 | 49 | 986 | 95.3 |
| | توقسۇ | 5538 | | | 51 | 215 | 51 | 317 | 5221 | 94.3 |
| | يېڭىئاۋات | 2003 | | | 5 | 55 | 9 | 69 | 1934 | 96.6 |
| | جەمئىي | 14739 | 2 | 5 | 62 | 681 | 384 | 1134 | 13605 | 92.3 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: ئايال | 7037 | | | 2 | 196 | 91 | 289 | 6748 | 95.9 |
| رېنخەي يېزىسى | قوشبىرىق | 2215 | | | 4 | 51 | 4 | 59 | 2156 | 97.3 |
| | تاشبىرىق | 3592 | | 1 | 7 | 286 | 260 | 554 | 3038 | 84.6 |
| | بۇقا تېپە | 429 | | | | 5 | 6 | 11 | 418 | 97.4 |
| | تۈگەن | 787 | | | | 5 | 10 | 15 | 772 | 98.1 |
| | قاراقۇم | 1683 | | | 2 | 129 | 85 | 216 | 1467 | 87.2 |
| | تېرەكلىك | 413 | | | 1 | 43 | 34 | 78 | 335 | 81.1 |
| | شەپتىلە | 2239 | | | | 122 | 180 | 300 | 1937 | 86.5 |
| | گۈمباز | 746 | | | | 24 | 8 | 32 | 714 | 95.7 |
| | جەمئىي | 12104 | | 1 | 14 | 665 | 587 | 1267 | 10837 | 89.5 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: ئايال | 5593 | | | | 77 | 18 | 95 | 5498 | 98.3 |
| شىنخېي يېزىسى | توپاشەھەر | 760 | | | | 50 | 207 | 257 | 503 | 66.2 |
| | ئاچادۆلەت | 184 | | | | | 7 | 7 | 177 | 96.2 |
| | قومluqبىرىق | 239 | | | | | 29 | 29 | 210 | 87.9 |
| | چىلان | 2990 | | | 3 | 168 | 170 | 3411 | 2649 | 88.6 |
| | بەگلىكبىرىق | 4454 | | | 4 | 26 | 57 | 87 | 4367 | 98 |
| | تاغبىرىق | 1443 | | | 5 | 105 | 200 | 310 | 1133 | 78.5 |
| | جەمئىي | 10070 | | | 12 | 349 | 670 | 1031 | 9039 | 89.8 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: ئايال | 4708 | | | | | | | 4708 | 100 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تىنچلىق يېزىسى | ئۆچقات | 1173 | | | | 40 | 44 | 84 | 1089 | 92.8 |
| | بەلكەستى | 1528 | | | 1 | 52 | 20 | 73 | 1455 | 95.2 |
| | خوجاتوزۇس | 872 | 2 | | 1 | 96 | 14 | 113 | 759 | 87 |
| | كىچىك ئاپادۆڭ | 982 | | | 2 | 87 | 18 | 107 | 875 | 89.1 |
| | خەلپە ئېرىق | 855 | | | 1 | 23 | 5 | 29 | 826 | 96.6 |
| | جەمئىي | 5410 | 2 | | 5 | 298 | 101 | 406 | 5004 | 92.5 |
| | يۇنىڭ ئىچىدە: ئايال | 2490 | | | | | | | 2490 | 100 |

## 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى چوڭلار مائارىپى

1) دېھقانلار مائارىپى 1950 ـ يىلى ناھىيىدىكى رايون، يېزا، كەنتلەردە دېھقانلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش سىنىپىدىن 37 سى ئېچىلدى، بۇ سىنىپلاردا 23 مىڭ 157 كۇرسانت ئوقۇدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ياش، ئوتتۇرا ياش دېھقانلار ئىدى. ئوقۇتقۇچىلىرى «ئۆز يېرىدىن تاللاش، ئىقتىدارلىقلارنى ئوقۇتقۇچىلىققا قويۇش» پرىنسىپى بويىچە شۇ يەردىكى مەلۇماتى بار كەنت ئاھالىلىرىدىن تاللاندى. بۇ سىنىپتا سىياسەت، مەدەنىيەت ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش دەرسلىرى ئۆتۈلدى. سىياسەت دەرسىدە ۋەزىيەت سۆزلەندى، پارتىيىنىڭ سىياسىتى تەشۋىق قىلىندى؛ مەدەنىيەت دەرسىدە خەت ۋە ھېساب ئۆگىتىلدى؛ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش دەرسىدە ناخشا ئۆگىتىلدى. 1955 ـ يىلغا كەلگەندە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپى ۋە ساۋات چىقىرىش سىنىپى 132گە، كۇرسانتى 5446گە، يەتتى، جەمئىي 3674 كىشى ساۋاتلىق بولدى. 1956 — 1965 ـ يىلغىچە گۈزلۈكى، ئەتىرىتلەردە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن سىنىپى ۋە يۇقىرى سىنىپى قۇرۇلدى. «ئىشلەپچىقىرىش ئارىسال ۋاقىتتا كۆپرەك ئۆگىنىش، ئالدىراش ۋاقىتتا ئازراق ئۆگىنىش» پرىنسىپى بويىچە، دېھقانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپى قانات يايدۇرۇلدى. 1956 ـ، 1957 ـ يىللىرى يېزىلاردا ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كۆپ قېتىم ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، جەمئىي 495 ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى. قىشلىق، يازلىق تەتىل مەزگىلىدە يەنە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلىرىدىن ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش قوشۇنى تەشكىللەندى. ئۇلار يېزىلاردىكى گۈزلۈكى، ئەتىرەتلەرگە بېرىپ، زەربىدارلىق بىلەن ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتتى، نەتىجىدە 2837 كىشى تۆۋەن باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، دېھقانلار ئىشتىن سىرتقى مائارىپى توختاپ قالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن يەنە بارا ـ بارا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە 1981 ـ يىلدىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش سىنىپى 96 بولۇپ، شۇ يىلى 1476 ئادەم ساۋاتلىق بولدى. 1983 ـ يىلدىن كېيىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، دېھقانلارنىڭ مەدەنىيەت ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى نەتىجىسىدە، مائارىپ تارماقلىرى دېھقانلارنى ئۆگىنىش ماتېرىيالى بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن ياش، ئوتتۇرا ياش دېھقانلارنىڭ تېزراق ساۋاتلىق بولۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1986 - يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئۆمەك ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا، ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 99%، دېھقانلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 95% بولۇپ، «ئىككى مائارىپ» ئۆلچىمىگە يەتتى، ناھىيە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغاچقا، لاياقەتنامە بېرىلدى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 20 — 14

| يىللار | ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ئاپپاراتى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش جەھەتتىكى پائالىيەت، چارە - تەدبىر ۋە نەتىجە |
|---|---|
| 1950 | ناھىيە بويىچە قىشلىق ئۆگىنىش ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلدى. بۇ كومىتېتنىڭ 1950 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن 1951 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە بولغان پائالىيەت مەزگىلىدە ساۋات چىقىرىش سىنىپى قۇرۇلدى، بۇ سىنىپقا 23 مىڭ 157 (15 مىڭ 571ى ئايال) كۇرسانت قوبۇل قىلىندى، ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرى دەرس ئۆتتى، 208 ئادەمنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. |
| 1951 | بۇ ۋاقىتتا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدا 14 مەكتەپ، «شىنجاڭدا دېموكراتىيىنى، خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» باشقۇرۇشىدا 4 مەكتەپ بار بولدى. ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن جەمئىي 274ى ئېچىلدى، بۇ سىنىپلارنىڭ 15 مىڭ 851 (7368ى ئايال) كۇرسانتى، 142 (85ى ئايال) ئوقۇتقۇچىسى بار بولدى. |
| 1952 | ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن 340ى ئېچىلدى، 18 مىڭ 195 ئادەم ئۆگىنىشكە قاتناشتى |
| 1953 | ناھىيىلىك، رايونلۇق ساۋات چىقىرىش ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلدى، ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن 416سى ئېچىلدى، 20 مىڭ 944 ئادەم ئۆگىنىشكە قاتناشتى. |
| 1954 | 1950 — 1954 - يىلغىچە بولغان 5 يىلدا 3674 ئادەمنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. |
| 1955 | ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن 132 سى ئېچىلدى، بۇ سىنىپلارغا 5646 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى. |
| 1956 | ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن 284ى ئېچىلدى، كۇرسانتى 10 مىڭ 502 گە يەتتى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكۈچى ئوقۇتقۇچىدىن 234ى تەربىيىلەندى، شۇ يىلى 1262 ئادەمنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. |
| 1957 | 5 يېزا، 2 ئاماللار كومىتېتىدا ساۋات چىقىرىش جەمئىيىتى قۇرۇلدى، شۇ يىلى ساۋاتسىزلىقنى تۈگەتكۈچى ئوقۇتقۇچىدىن 261ى تەربىيىلەندى، 10 مىڭ 806 كۇرسانت ساۋات چىقىرىشقا قاتناشتى، 1156 ئادەمنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. |
| 1958 | ناھىيە بويىچە ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن 436 سى ئېچىلدى، بۇ سىنىپلاردا 16 مىڭ 781 كۇرسانت ئوقۇدى، 10 مىڭ 84 ئادەمنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. |
| 1959 | توقسۇ ناھىيە بازىرىدا ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ مەكتەپتىن بىرى ئېچىلدى، ئۇنىڭدا 40 ئوقۇغۇچى ئوقۇدى (بۇنىڭ ئىچىدە قول سانائەت ئىشچىسى، شەھەر ئاھالىسى، ئائىلە ئاۋابتالىرىمۇ بار). بۇنىڭدىن باشقا ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن 22 سى ئېچىلدى، كۇرسانتى 876 ئىدى. |
| 1960 | ناھىيىلىك ساۋات چىقىرىش كومىتېتى 306 ئوقۇتقۇچى، 4500 ئوقۇغۇچىنى تۆۋەنگە بېرىپ ساۋات چىقىرىشقا تەشكىللىدى، 13 مىڭ 43 ئادەم ساۋات چىقىرىش سىنىپىغا كىردى. توقسۇ بازىرىدىكى ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن ئىمتىھان ئېلىنغاندا 2103 ئادەمنىڭ ساۋاتى چىققان. گۇڭشېلارغا بىردىن ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش كادىرى سەپلەپ بېرىلدى. |

| | |
|---|---|
| 1961 | 1400 ئادەم ساۋات چىقىرىش ئۆگىنىشكە قاتناشتى، شۇ يىلى 1000 دەك ئادەمنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. |
| 1964 - 1965 - يىللىرى | بۇ 2 يىلدا 22 مىڭ 746 ئادەم ساۋات چىقىرىشقا قاتناشتى، 5486 ئادەمنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. |
| 1975 | ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى مائارىپ كومىتېتى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نيۇ شۇشىن بۇ كومىتېتنىڭ مۇدىرى بولدى. |
| 1981 | ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن 96سى ئېچىلدى، 1476 ئادەمنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك ئىشچى - دېھقانلار مائارىپى كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇ كومىتېت ساۋاتسىزلارنى قەلەم، مەشق دەپتىرى، ئوقۇش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى. |
| 1982 - 1983 - يىللىرى | بۇ 2 يىلدا ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن 235 ى ئېچىلدى، بۇ سىنىپلاردا 8977 كۇرسانت ئوقۇدى، 5466 سىنىڭ ساۋاتى چىقىرىلدى. |
| 1986 | ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئۈمەك ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا، ناھىيە بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى جەھەتتە مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100%، تۇراقلىشىش نىسبىتى 99.5%، مەكتەپ پۈتتۈرۈش نىسبىتى 98.4% بولدى، 12 — 15 ياشقىچە بولغان ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99.9%كە، 16 — 49 ياشقىچە بولغانلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 98.2%كە، 16 — 30 ياشقىچە بولغان ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى 98.8%كە يەتتى. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن، ناھىيىگە «ئىككى مائارىپ»نى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش بويىچە لاياقەتنامە بېرىلدى. |

**ئىزاھات:** 1958 - يىلدىكى ساۋاتى چىقىرىلغانلارنىڭ سانى بەك كۆپتۈرۈۋېتىلگەن.

**ناھىيە بويىچە 1987 - يىلدىكى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 20 — 15

| يېزىلار | كەنت سانى | گۇرۇپپا سانى | ئومۇمىي ئائىلە سانى | ساۋاتى چىقىرىلغان ئائىلە سانى | نوپۇس: جەمئىي | نوپۇس: يۇرتلۇق كېچىدە يېزا ئاھالىسى | 16 — 30 ياشقىچە بولغانلار: ئومۇمىي سانى | 16 — 30 ياشقىچە بولغانلار: ئەسلىدىكى ساۋاتسىزلار | 16 — 30 ياشقىچە بولغانلار: ئۆگىنىش ئىقتىدارى يوقلار | 16 — 30 ياشقىچە بولغانلار: ساۋاتى چىقىرىلغانلار | 16 — 30 ياشقىچە بولغانلار: ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى (%) | 16 — 30 ياشقىچە بولغانلار: قالدۇق ساۋاتسىزلار | 16 — 40 ياشقىچە بولغانلار: ئومۇمىي سانى | 16 — 40 ياشقىچە بولغانلار: ئۆگىنىش ئىقتىدارى يوقلار | 16 — 40 ياشقىچە بولغانلار: ساۋادى بارلار | 16 — 40 ياشقىچە بولغانلار: ساۋاتى چىقىرىلغانلار | 16 — 40 ياشقىچە بولغانلار: ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى (%) | 16 — 40 ياشقىچە بولغانلار: قالدۇق ساۋاتسىزلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۇپچان | 12 | 53 | 2727 | 2654 | 14861 | 14700 | 3672 | 337 | 57 | 283 | 93.8 | 17 | 5076 | 85 | 4914 | 354 | 98.5 | 77 |
| يەكشەنبە بازار | 16 | 68 | 3114 | 3048 | 15877 | 14861 | 3805 | 515 | 59 | 449 | 98.5 | 7 | 4972 | 79 | 4827 | 585 | 98.7 | 66 |
| شوپۇلتۇز | 17 | 57 | 2540 | 2462 | 13561 | 13449 | 3396 | 389 | 90 | 284 | 95 | 15 | 4492 | 106 | 4309 | 370 | 98.2 | 77 |
| تاشمىرىق | 25 | 69 | 3197 | 3079 | 16254 | 15842 | 5089 | 588 | 89 | 488 | 97.8 | 11 | 5453 | 125 | 5212 | 572 | 97.8 | 116 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پېشەنبە بازار | 15 | 53 | 2556 | 2467 | 12969 | 11999 | 3222 | 406 | 71 | 322 | 96.1 | 13 | 4257 | 87 | 4083 | 394 | 97.9 | 87 |
| توقسۇ بازىرى | 3 | 13 | 2309 | 2299 | 10448 | 1877 | 581 | 128 | 18 | 107 | 97.3 | 3 | 840 | 24 | 807 | 117 | 99 | 9 |
| جەمئىي | 110 | 393 | 20571 | 20030 | 104050 | 92387 | 14747 | 3092 | 475 | 2528 | 96.6 | 89 | 31892 | 620 | 30734 | 3111 | 98.3 | 538 |

## قوشۇمچە

### «ئىككى مائارىپ»نىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىشى

1986 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە 60 نەچچە كىشىلىك ئۆمەك تەشكىللىدى، ئۆمەك ئەزالىرى توقسۇغا كېلىپ، «ئىككى مائارىپ» (باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ۋە دېھقانلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش مائارىپى) نىڭ ئومۇملىشىش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈردى ۋە ئۆتكۈزۈۋالدى. نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ۋە چوڭقۇر ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق توقسۇ ناھىيىسىگە «ئىككى مائارىپ»نى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە لاياقەتنامە بەردى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 19 مىڭ 748 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 850، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 2571، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 16مىڭ 327) بار ئىدى. 1980 - يىلدىن بېرى 5890 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە، 2077 نەپەر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. 5 يىلدا ئالىي مەكتەپلەرگە 148 ئوقۇغۇچى، تېخنىكۇملارغا 243 ئوقۇغۇچى، تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىگە 80 ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلدى.

1986 - يىل 9 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 7 — 12 ياشقىچە بولغان مەكتەپ يېشىدىكى بالىلار 12 مىڭ 300 بولۇپ، بۇلاردىن 158 ى كېسەل سەۋەبى بىلەن مەكتەپكە كىرەلمىدى. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالا 12 مىڭ 126 بولۇپ، مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى %99.9 بولدى. 1986 - يىلىنىڭ بېشىدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 15 مىڭ 565 ئىدى، 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا 15 مىڭ 479 بولدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىشىش نىسبىتى %99.4 بولدى؛ مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە تېگىشلىك ئوقۇغۇچى 1743 ئىدى، 1715ى مەكتەپ پۈتتۈردى، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %98.4 بولدى. 12 — 15 ياشقىچە بولغان بالىلار 9766 بولۇپ، ئۇلاردىن 9589ى باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە يەتتى. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى %99.8كە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرىدە، ناھىيە بويىچە قايتا ساۋاتسىز بولۇپ كەتكەنلەر خېلىلا كۆپەيدى. 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 13 — 40 ياشقىچە بولغان 55 مىڭ 233 دېھقان ئىچىدە، ساۋاتسىزلار 12 مىڭ 159، ساۋاتلىقلار 43 مىڭ 74 بولۇپ، ساۋاتسىزلىق نىسبىتى %22نى ئىگىلىدى.

1978 - يىلدىكى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇلدى. 1983 - يىلغا كەلگەندە 16 — 30 ياشقىچە بولغان ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى %11كە، 16 — 40 ياشقىچە بولغان ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى %19كە چۈشتى. 1986 - يىل 9 - ئايدا 16 — 30 ياشقىچە بولغان 23 مىڭ 605 دېھقاندىن 22 مىڭ 430 نىڭ ساۋاتى چىقتى، 1175 نىڭ ساۋاتى چىقمىدى، ساۋاتسىزلار نىسبىتى %4.9 بولدى؛ 16 — 40 ياشقىچە بولغان 31 مىڭ 628 دېھقاندىن 29 مىڭ 811نىڭ ساۋاتى چىقتى، 1817 سىنىڭ ساۋاتى چىقمىدى، ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى %5.7 بولدى. ناھىيە بويىچە 6 يېزا، بىر بازاردىكى 16 — 30 ياشقىچە بولغان

دېھقانلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى %95نى، 16 — 40 ياشقىچە بولغان دېھقانلارنىڭ ساۋاتلىق بولۇش نىسبىتى %3 . 94نى ئىگىلىدى.

توقسۇ ناھىيىسى 5 يىل ئىرىشىش ئارقىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى بىلەن دېھقانلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش مائارىپىدىن ئىبارەت ئىككى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. مائارىپ تارماقلىرى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى دائىرە بويىچە مەكتەپلەرگە ھۆددىگە بېرىپ، مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بىر ئادەمنىڭ ساۋاتىنى چىقارسا، بىر يۈەندىن 5 يۈەنگىچە مۇكاپات بەردى، شۇ مۇددەت ئىچىدە ساۋاتىنى چىقىرالمىسا، 5 يۈەندىن 10 يۈەنگىچە جەرىمانە قويدى. مەكتەپلەر ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى مەكتەپنىڭ مەركىزىي خىزمىتى قاتارىغا كىرگۈزدى.

ناھىيىلىك پارتكوم 1985 - يىلى قىشتا «ئىككى مائارىپ»نى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ناھىيىدىكى 3 چوڭ ۋەزىپە قاتارىغا كىرگۈزدى. 1986 - يىل 1 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش ناھىيە تەۋەسىدە باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەققىدە قارار چىقاردى. يۇقىرىدىكى تۈرلۈك سىياسەت، تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى ناھىيىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1986 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا توقسۇ ناھىيىسى «ئىككى مائارىپ»نى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيىلەر قاتارىغا كىردى.

2) ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى مائارىپى 1956 - يىلى باشلاندى. شۇ يىلى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 -، 3 - يىللىقلىرىدا بىردىن ئىشچى - دېھقانلار ئىشتىن سىرتقى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، جەمئىي 100 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى، كۇرسانتلار، ئاساسلىقى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە شەھەر ئاھالىسى ئىدى. 1957 - يىلى كۇرسانت 130غا يەتتى. 1958 - يىلى ئىشتىن سىرتقى مائارىپ كۇرسىغا قاتناشقانلار كۆپ بولدى، بىراق سۈپىتى ناچار بولدى. 1959 - يىلى ناھىيە بازىرىدا بىر ئىشتىن سىرتقى ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى (كۇرسانتى 40)، 22 باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپى (كۇرسانتى 867) ئېچىلدى. كۇرسانتلار ئاساسەن، ناھىيە بازىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە شەھەر ئاھالىسى ئىدى، ئۇلارغا كۈندە 2 سائەت دەرس ئۆتۈلدى. 1960 - يىلى ناھىيىلىك ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك پارتكوم شۆجىسى كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. 1961 - يىلى ناھىيە ئورگىنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى مەكتەپكە مەخسۇس ئوقۇتقۇچىدىن بىرى (قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىدىن 18ى) بېرىلدى. 1975 - يىلى ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى مائارىپ كومىتېتى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نيۇ شۇشىن كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. 1981 - يىلى ناھىيىلىك ئىشچى - دېھقانلار مائارىپ كومىتېتى قۇرۇلدى ھەمدە كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى ئۆگىنىشكە پائال تەشكىللەندى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ناھىيە بويىچە 704 كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچى ئۆگىنىشكە قاتناشتى، سىناش ئارقىلىق، ئۇلاردىن 35 ى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىك گۇۋاھنامىسىغا، 222 سى يەككە پەن لاياقەتنامىسىغا ئېرىشتى.

1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە 270 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشتىن سىرتقى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. سىناش ئارقىلىق ئۇلاردىن 70ى مەكتەپ پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مائارىپتىكىلەر 17، تېخنىكوم مائارىپىدىكىلەر 53).

1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 477 كادىر ۋە ئىشچى - خىزمەتچى ئىشتىن سىرتقى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. شۇ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپتا ئوقۇغان 2 كۇرسانت ئوقۇشنى تاماملىدى؛ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپتا ئوقۇغان 40 كۇرسانت ئوقۇشنى تاماملىدى؛ چوڭلار ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپى بويىچە ئوقۇغان 181 كۇرسانتتىن 99ى ئوقۇشنى تاماملىدى؛ چوڭلار ئالىي مائارىپى بويىچە ئوقۇغان 22 كۇرسانت ئوقۇشنى

تاماملىدى. ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەردىن بىرى مەكتەپ پۈتتۈردى؛ تېخنىكوم مائارىپى بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەردىن 68ى ئوقۇش پۈتتۈردى.

**توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1987 ـ يىلدىكى كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپ ئەھۋالى**

جەدۋەل: 20 — 16

| تۈرى / ئايرىمىسى | | ئىشچى خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى | ئالىي مائارىپ | | تېخنىكوم مائارىپى | | باشلانغۇچ مائارىپ | | تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش | جەمئىي | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى | | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى |
| جەمئىي | سانى | 3790 | 35 | 17 | 208 | 53 | 27 | 5 | 35 | 270 | 75 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | 3331 | 22 | 10 | 190 | 47 | 19 | 3 | 35 | 231 | 60 |
| كادىر | سانى | 2312 | 35 | 17 | 177 | 33 | | | 35 | 212 | 50 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | 1877 | 22 | 10 | 165 | 29 | | | 35 | 187 | 39 |
| ئىشچى | سانى | 1478 | | | 31 | 20 | 27 | 5 | | 58 | 25 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | 1454 | | | 25 | 18 | 19 | 3 | | 44 | 21 |

## § 7 . ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى

### 1. تەرەققىيات ئەھۋالى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 1 ـ يىلى (1909 ـ يىلى) توقسۇ ناھىيىسىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى شۆتاڭلار قۇرۇلۇشقا باشلىغانىدى. شۈەنتۇڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىلى) 5 مەكتەپ، 5 ئوقۇتقۇچى بار بولدى.

مىنگونىڭ 11 ـ يىلىدىن 23 ـ يىلىغىچە (1922 — 1943 ـ يىلىغىچە) ناھىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى بىر ئىزدا توختاپ قالغانلىقتىن، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىمۇ تەرەققىي قىلالمىدى.

مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەكتەپ

ئېچىش شامىلى بىراقلا ئۆلغايدى. مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) توقسۇ دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىنى پۈتتۈرگەن 43 ئوقۇغۇچى ناھىيىنىڭ يېزا، كەنتلىرىگە بېرىپ ئوقۇتۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى.

ناھىيە بويىچە مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) دىكى ھۆكۈمەت باشلانغۇچ مەكتەپ 5، ئوقۇتقۇچىسى 32 (6 سى ئايال)، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشلانغۇچ مەكتەپ 18، ئوقۇتقۇچىسى 52 (4 ى ئايال)، جەمئىي ئوقۇتقۇچى 84 (10ى ئايال) ئىدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ئوقۇتقۇچى 96گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيۇشما باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىسى 57). كېيىنكى بىر نەچچە يىلدا ئۇيۇشما باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق بولغانلىقتىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىشكە ئامال بولمىدى. 1949 - يىلغا كەلگەندە ئوقۇتقۇچى 90 (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيۇشما باشلانغۇچتىكى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى 14، ئايال ئوقۇتقۇچى 19) غا چۈشۈپ قالدى.

يېڭى جۇڭگو ئەمدىلا قۇرۇلغان مەزگىلدە، 65 ئوقۇتقۇچى قالدۇرۇپ ئىشلىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر تۈركۈم ياش ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلىندى. 1949 — 1954 - يىلغىچە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى ئومۇمىي جەھەتتىن تۇراقلاشتى، 1954 - يىلى ئوقۇتقۇچى 100گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە مەمۇرىي خادىم، ئىشچى 9).

1956 - يىلى ئوقۇتقۇچى 141گە يەتتى. شۇ يىلى توقسۇ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى، مەكتەپتە 13 ئوقۇتقۇچى بار بولدى.

1958 - يىلى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى خېلىلا تېز بولدى، شۇ يىلى 252 ئوقۇتقۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 19)، 10 مەمۇرىي خادىم ۋە ئىشچى بار بولدى. 1966 - يىلى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى يەنىمۇ زورايدى، ئوقۇتقۇچى 481گە (بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 87)، مەمۇرىي خادىم ۋە ئىشچى 48گە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان 10 يىلدا مائارىپ ئىشلىرى ئىنتايىن زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، بىراق ئوقۇتقۇچىلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1976 - يىل 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچى 870 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 213) كە، مەمۇرىي خادىم، ئىشچى 107گە يەتتى. 1978 - يىلى ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مائارىپ سېپىدىكى قالايمىقانچىلىقلار تۈگىتىلىپ، مائارىپ ئىشلىرى تۈپتىن ياخشىلىنىپ، ساغلام تەرەققىيات يولىغا سېلىندى. 1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچى 1236 (بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 312) گە، مەمۇرىي خادىم، ئىشچى 172گە يەتتى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 1282 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى (بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 323، مەمۇرىي خادىم، ئىشچى 153) بار بولدى.

1993 - يىلى ناھىيە بويىچە بار بولغان 323 ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىچىدە ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگىنى 53، مەخسۇس كۇرسىنى پۈتتۈرگىنى 173، تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگىنى 91، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگىنى 6؛ ئۇنۋانى بارلار 192، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى 3، 1 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى 50، 2 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى 69، 3 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى 70، ئۇنۋانى يوقلىرى 131. ناھىيىدىكى 807 باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىچىدە ئالىي تېخنىكۇمدىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگىلەر 13، ئۇنۋانى بارلار 611، ئالاقىدار مەكتەپلەردە تەربىيىلىنىپ لاياقەتنامە ئالغانلار 384.

ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئايال ئوقۇتقۇچى 152، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئايال ئوقۇتقۇچى 486 بولۇپ، ئومۇمىي ئوقۇتقۇچىنىڭ %5 .56نى ئىگىلەيدۇ.

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ 1993 ـ يىلدىكى ئوقۇش تارىخى، ئۇنۋانىغا دائىر مەلۇمات

جەدۋەل: 20 — 17

| | تۈرى | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|
| ئوقۇش تارىخى | جەمئىي | 89 | 234 | 807 | 1130 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | 77 | 211 | 754 | 1042 |
| | ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر | 32 | 21 | | 53 |
| | ئالىي مەكتەپنىڭ مەخسۇس كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر | 52 | 121 | 13 | 186 |
| | تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر | 5 | 85 | 518 | 608 |
| | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر | | 6 | 156 | 162 |
| | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا يەتمىگەنلەر | | 1 | 120 | 121 |
| | لاياقەتنامىسى بارلار | | | 384 | 384 |
| ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۇنۋانى | جەمئىي | 89 | 234 | | 323 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | 77 | 211 | | 288 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئايال | 35 | 117 | | 152 |
| | ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 3 | | | 3 |
| | 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 20 | 30 | | 50 |
| | 2 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 24 | 45 | | 69 |
| | 3 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 15 | 55 | | 70 |
| | باھالانمىغانلار | 24 | 104 | | 131 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆزلىرى | جەمئىي | | | 807 | 807 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت | | | 754 | 754 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە ئايال | | | 486 | 486 |
| | ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | | | 42 | 42 |
| | 1 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | | | 207 | 207 |
| | 2 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | | | 214 | 214 |
| | 3 - دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | | | 148 | 148 |
| | ياماللانمىغانلار | | | 196 | 196 |

## 2. ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش

ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ھەر قايسى دەۋرلەردە ھەر خىل شەكىللەردىكى تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلىدى. توقسۇ ناھىيىسى مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 8 ئەر، بىر ئايال ئوقۇتقۇچىنى، مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 6 ئەر، 5 ئايال ئوقۇتقۇچىنى ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتىپ تەربىيىلىدى.

1950 - يىلى يازدا ئاقسۇ ۋىلايىتى كۇچا ناھىيىسىدە شەرقتىكى 3 ناھىيە (كۇچا، شايار، توقسۇ) بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، توقسۇ ناھىيىسىدىن 60 نەچچە ئوقۇتقۇچى ئۆگىنىشكە قاتناشتى، بۇ كۇرسنىڭ ۋاقتى تەخمىنەن 2 ئاي بولدى. 1951 — 1953 - يىلغىچە ھەر يىلى قىشلىق، يازلىق تەتىل مەزگىلىدە بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار كۇچا ناھىيىسىدىكى ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىغا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى.

1955 - يىلدىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلار ئۆگىنىشكە كۇچا ناھىيىسىگە ئەۋەتىلمەي، قىشلىق، يازلىق تەتىلدە توقسۇ ناھىيىسىگە يىغىلىپ تەربىيىلەندى.

1965 - يىلى ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ دەرسى ئۆتۈلدى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىدىن 136سى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. 1966 - يىلى بۇ مەكتەپ تاقىۋېتىلدى.

1970 - يىل 11 - ئايدا ئەسلىدىكى «غالىبىيەت» ئوتتۇرا مەكتىپى (ھازىرقى ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ) دە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش سىنىپى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى ئۆز ۋەت بىلەن تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىلدى. 1974 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى مۇددەت، تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئۆگىنىشكە قاتناشتى، ئۆگىنىش ۋاقتى 2 ئايدىن 3 ئايغىچە ياكى يېرىم يىل بولدى. 1974 - يىلى ئۆز ۋەت بىلەن تەربىيىلەش سىنىپى دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىغا ئۆزگەرتىلدى، بۇنىڭغا ئۆگىنىش نەتىجىسى ئەلا بولغان تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار قوبۇل قىلىندى، ئۇلار 2 يىل تەربىيىلەنگەندىن كېيىن، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولدى. 1978 - يىلى ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپتە تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، تارىخ، سىياسەت، جۇغراپىيە، پېداگوگىكا قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىندى. 1978 — 1993 - يىلغىچە 384 ئوقۇتقۇچى بۇ مەكتەپتە تەربىيىلىنىش ئارقىلىق لاياقەتنامە ئالدى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1949 — 1995 - يىلغىچە بولغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 20 — 18

| يىللار | ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى | | | | | | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي سانى | | ئوقۇتقۇچى | | مەمۇرىي خادىم | ئىشچى | ئومۇمىي سانى | | | ئوقۇتقۇچى | | | مەمۇرىي خادىم | ئىشچى |
| | ئادەم سانى | ئاز سانلىق مىللەت | ئادەم سانى | بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى | | | ئادەم سانى | ئاز سانلىق مىللەت | بۇنىڭ ئىچىدە خەلق ئوقۇتقۇچىسى | ئادەم سانى | ئاز سانلىق مىللەت | بۇنىڭ ئىچىدە خەلق ئوقۇتقۇچىسى | | |
| 1949 | | | | | | | 91 | 90 | 11 | 74 | 73 | 10 | 17 | |
| 1950 | | | | | | | 81 | 80 | 14 | 64 | 63 | 13 | 17 | |
| 1951 | | | | | | | 80 | 79 | 13 | 65 | 64 | 13 | 15 | |
| 1952 | | | | | | | 84 | 83 | | 69 | 68 | | 15 | |
| 1953 | | | | | | | 95 | 94 | | 81 | 80 | | 14 | |
| 1954 | | | | | | | 100 | 99 | | 91 | 90 | | 9 | |
| 1955 | | | | | | | 109 | 107 | | 104 | 102 | | 5 | |
| 1956 | 13 | 13 | 6 | | 4 | 3 | 128 | 126 | 3 | 121 | 119 | 3 | 7 | |
| 1957 | 20 | 19 | 13 | | 3 | 4 | 139 | 135 | 3 | 133 | 129 | 3 | 6 | |
| 1958 | 19 | 18 | 14 | | 4 | 1 | 233 | 232 | 69 | 228 | 227 | 69 | 5 | 5 |
| 1959 | 62 | 61 | 39 | | 11 | 12 | 280 | 278 | 118 | 273 | 271 | 118 | 7 | |
| 1960 | 79 | 78 | 57 | | 15 | 7 | 322 | 319 | 157 | 315 | 312 | 157 | 7 | |
| 1961 | 81 | 80 | 56 | | 20 | 5 | 307 | 304 | 138 | 306 | 303 | 138 | 1 | |
| 1962 | 70 | 67 | 50 | | 16 | 4 | 315 | 309 | 126 | 312 | 306 | 126 | 3 | |
| 1963 | 67 | 63 | 47 | | 16 | 4 | 315 | 306 | 112 | 314 | 305 | 112 | 1 | |
| 1964 | 69 | 65 | 50 | | 15 | 4 | 318 | 306 | 110 | 318 | 306 | | | |
| 1965 | 72 | 68 | 57 | | 12 | 3 | 444 | 434 | 128 | 444 | 434 | 128 | | |
| 1966 | 87 | 76 | 67 | | 17 | 3 | 394 | 393 | | 366 | 342 | | 28 | |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 27 | | 342 | 366 | | 368 | 393 | 5 | 18 | | 65 | 81 | 88 | 1967 |
| | 27 | | 345 | 369 | | 371 | 396 | 4 | 17 | | 72 | 83 | 93 | 1968 |
| | 27 | | 345 | 369 | | 371 | 396 | 4 | 15 | | 82 | 89 | 101 | 1969 |
| | 27 | | 345 | 369 | | 371 | 396 | 7 | 15 | 9 | 91 | 96 | 113 | 1970 |
| | 57 | | 391 | 421 | | 397 | 478 | 7 | 27 | 28 | 118 | 136 | 152 | 1971 |
| | | 303 | | 497 | 303 | 551 | 575 | | | 41 | 138 | 151 | 177 | 1972 |
| | 69 | 311 | 478 | 503 | 319 | | 572 | 8 | 35 | 39 | 124 | | 171 | 1973 |
| | 59 | 313 | 526 | 551 | 313 | 584 | 610 | 24 | 30 | 40 | 106 | 136 | 160 | 1974 |
| | 55 | 316 | 526 | 563 | 316 | | 618 | 18 | 29 | 36 | 121 | 154 | 180 | 1975 |
| | 55 | 369 | 558 | 602 | 369 | 610 | 657 | 20 | 32 | 30 | 149 | 192 | 213 | 1976 |
| | 59 | 397 | 560 | 610 | 397 | 616 | 669 | 25 | 35 | 47 | 211 | 243 | 271 | 1977 |
| | 71 | | 636 | 685 | | 702 | 756 | 28 | 36 | 46 | 247 | 289 | 328 | 1978 |
| 1 | 69 | | 706 | 784 | | 773 | 854 | 27 | 40 | 45 | 201 | 239 | 278 | 1979 |
| 1 | 62 | | 718 | 774 | | 773 | 836 | 34 | 33 | | 185 | 200 | 265 | 1980 |
| 2 | 72 | | 652 | 709 | | 726 | 789 | 34 | 48 | | 152 | 212 | 249 | 1981 |
| | 23 | 65 | 754 | 819 | | 840 | 908 | 36 | 52 | | 159 | 218 | 256 | 1982 |
| 36 | 70 | | 809 | 877 | | 888 | 983 | 36 | 50 | | 171 | 216 | 257 | 1983 |
| 37 | 57 | | 811 | 864 | | 898 | 958 | 39 | 45 | | 173 | 221 | 260 | 1984 |
| 33 | 57 | | 800 | 852 | | 878 | 942 | 38 | 45 | | 289 | 234 | 274 | 1985 |
| 32 | 49 | | 806 | 853 | | 884 | 934 | 35 | 45 | | 198 | 238 | 279 | 1986 |
| | 42 | 49 | 113 | | 833 | 113 | 924 | | 34 | 47 | | 230 | 312 | 1987 |
| 39 | 63 | | 750 | 809 | | 849 | 911 | 32 | 54 | | 273 | 310 | 359 | 1988 |
| | | | | | | | 988 | | | | 300 | | | 1989 |
| 40 | 57 | | 780 | 829 | | 873 | 926 | 39 | 48 | | 329 | 379 | 417 | 1990 |
| | | | | | | | 1096 | | | 86 | 327 | | | 1991 |
| 35 | 58 | | 754 | 807 | | 843 | 906 | 45 | 43 | | 323 | 370 | 411 | 1992 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1993 | 387 | 354 | 323 | 75 | 25 | 39 | 896 | 837 | | 802 | 748 | | 56 | 33 |
| 1994 | 385 | 291 | 314 | 41 | 24 | 47 | 961 | 852 | | 920 | 852 | | 41 | |
| 1995 | 504 | 409 | 437 | 57 | 17 | 50 | 1040 | 918 | | 988 | 918 | | 52 | |

## 8 § . مائارىپ خىراجىتى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ناھىيە تەۋەسىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى شۆتاڭدىن 5ى بار ئىدى، بۇلارغا يىلىغا تەخمىنەن 700 سەر كۈمۈش كېتەتتى، بۇ خىراجەتنى كۆچا ئايمىقى بىلەن شاھار ناھىيىسى تەييارلاپ بېرەتتى.

مىنگو دەۋرىدە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتىنى ئۆلكە بىۋاسىتە ئاجرىتىپ بەردى. ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتىنى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەييارلاپ بەردى، بۇ ئاساسلىقى، ئۆشرە - زاكاتتىن كەلدى، ئۆشرە دېھقانچىلىق بىجىسىنىڭ ئوندىن بىرىگە، زاكات چارۋىچىلىق بىجىسىنىڭ 40 تىن بىرىگە تەڭ ئىدى، بۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇلاتتى، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مەخسۇس ئادەم (ماشارچى) قويۇپ بۇ خىزمەتنى باشقۇردى، ئۇ ھەم نەق پۇل يىغدى، ھەم ئاشلىق، ياغلىق دان، چارۋا قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى يىغدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى «شىنجاڭدا خەلقچىللىقنى، دېموكراتىيىنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» غا ئۆزگەرتىلدى. 1952 - يىلى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. شۇندىن كېيىن، ناھىيىدىكى مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى مالىيەدىن ئاجرىتىپ بېرىلدى.

1956 - يىلدىن كېيىن خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر بارلىققا كەلدى، بۇ مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى «خەلق باشقۇرۇش، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىش» شەكلى ئارقىلىق ھەل قىلىندى، يەنى خىراجەتنىڭ بىر قىسمىنى يەرلىك ئورۇنلار ئۆزلىرى توپلىدى، بىر قىسمىنى دۆلەت تولۇقلاپ بەردى. 1980 - يىلدىن كېيىن خەلق باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلدى، خىراجەتنى دۆلەت ئۈستىگە ئالدى.

ناھىيىنىڭ مائارىپ خىراجىتىنى مۇتلەق قىممەت بويىچە ھېسابلىغاندا 1995 - يىلى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 19 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى. نىسبىي قىممەت بويىچە ھېسابلىغاندا 1966 - يىلى ئەڭ كۆپ بولۇپ، ناھىيىنىڭ شۇ يىللىق ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ %38نى ئىگىلىدى.

**توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1957 — 1995 - يىلغىچە بولغان مائارىپ خىراجىتى**

جەدۋەل: 20 — 19 بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | ناھىيەنىڭ ئومۇمىي مالىيە چىقىمى | مائارىپ خىراجىتى چىقىمى: سوممىسى | مائارىپ خىراجىتى چىقىمى: ئومۇمىي چىقىمدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|
| 1957 | 577178 | 173316 | 30 | سەھىيە، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1958 | 957699 | 223568 | 23.3 | سەھىيە، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1959 | 1007232 | 246645 | 24.5 | سەھىيە، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1960 | 1081179 | 318986 | 29.5 | سەھىيە، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1961 | 1121370 | 331692 | 29.6 | سەھىيە، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1962 | 758860 | 347973 | 45.9 | سەھىيە، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1963 | 921056 | 456354 | 49.5 | سەھىيە، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1964 | 1107306 | 453831 | 41 | سەھىيە، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1965 | 1196106 | 317888 | 26.6 | |
| 1966 | 1446436 | 550117 | 38 | |
| 1967 | 12300000 | 44700 | 36.3 | |
| 1968 | 1271749 | 384025 | 30.2 | |
| 1969 | 1356791 | 310506 | 22.9 | |
| 1970 | 1801067 | 341152 | 18.9 | |
| 1971 | 2280145 | 639710 | 28.1 | سەھىيە، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، پىلانلىق تۇغۇت، ئىلىم - پەن خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1972 | 2298865 | 783553 | 34.1 | سەھىيە، مەدەنىيەت، - تەنتەربىيە، پىلانلىق تۇغۇت، ئىلىم - پەن خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1973 | 2336246 | 715952 | 30.1 | |
| 1974 | 3055098 | 736917 | 24.1 | |
| 1975 | 2529426 | 769617 | 30.4 | |
| 1976 | 3035929 | 766783 | 25.3 | |
| 1977 | 3703845 | 829409 | 22.4 | |
| 1978 | 7290871 | 927762 | 12.7 | |
| 1979 | 5900791 | 1106688 | 18.8 | |
| 1980 | 7228904 | 1298672 | 18 | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1981 | 5911023 | 1407587 | 28.8 | |
| 1982 | 5555247 | 1737000 | 31.8 | |
| 1983 | 6856621 | 1850511 | 27 | |
| 1984 | 7877000 | 2860000 | 30 | |
| 1985 | 8262000 | 2810000 | 34 | |
| 1986 | 12297000 | 2676000 | 21.8 | |
| 1987 | 13314000 | 3381000 | 25.4 | |
| 1988 | 14440000 | 3768000 | 26.1 | |
| 1989 | 18390000 | 4567000 | 24.8 | |
| 1990 | 17772000 | 4578000 | 25.8 | |
| 1991 | 18090000 | 5270000 | 29.1 | |
| 1992 | 21480000 | 6510000 | 30.3 | |
| 1993 | 23800000 | 7990000 | 33.6 | |
| 1994 | 29290000 | 14900000 | 50.9 | سەھىيە خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1995 | 41380000 | 19750000 | 47.7 | سەھىيە خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |

**ئىزاھات:** بىرقىسىم يىللاردىكى مائارىپ خىراجىتى سەھىيە، تەنتەربىيە، مەدەنىيەت، پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ مەدەنىيەت - سەھىيە خىراجىتى دەپ ئاتالدى. ئىلگىرىكى يىللاردا مەلۇم بولغان سان بويىچە ھېسابلىغاندا، مائارىپ خىراجىتى ئادەتتە مەدەنىيەت - سەھىيە خىراجىتىنىڭ %75نى ئىگىلەيدۇ، مائارىپ خىراجىتى ئەڭ كۆپ بولغان يىللاردا %85تىن ئېشىپ كەتتى، ئەڭ ئاز بولغان يىللىرىدىمۇ %65تىن تۆۋەن بولمىدى.

## قوشۇمچە I

### ئىئانە توپلاپ مەكتەپ باشقۇرۇش

دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى يېتىشمىگەن ئەھۋالدا، خەلق ئارىسىدىكى كۈچلەرگە تايىنىپ، ئىئانە توپلاپ مەكتەپ باشقۇرۇش — مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ بىر يولى. مىڭگونىڭ 30 - ۋە 40 - يىللىرىدا توقسۇن ناھىيىسىنىڭ مائارىپ ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش ھالىتىگە

كىرگەندى. بىراق مەكتەپ ئۆيى چەكلىك بولغانلىقتىن، كۆپىنچە خەلقنىڭ ئۆيلىرى ئىجارە ئېلىندى. خېلى بۇرۇنقى توقسۇ دارىلمۇئەللىمىن سىنىپىمۇ يەھيا شائىرۇڭنىڭ مېھمانخانىسىدا ئېچىلدى. 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تەكتى بولغان «سۇبھى» باشلانغۇچ مەكتىپى شىرىپنىڭ هويلىسىدا قۇرۇلدى، بەلكەمتى كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئورنىنى شۇ كەنتتىكى دىنىي زات تۇنىياز 1944 - يىل 7 - ئايدا ئىئانە قىلدى، بۇ ئورۇن 2.4 مو كېلەتتى، ئۇنى ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ پۇلىغا سۇندۇرغاندا 4000 يۈەن بولاتتى. ئۇيغۇر ئۆيۈشمىسى قۇرغان مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى جەمئىيەتتىن يىغىلغان ئىئانىدىن كېلەتتى، مەسىلەن: ھېيت - بايرام مەزگىلىدە ئۆلتۈرۈلگەن مالنىڭ تېرىسى ئۇيغۇر ئۆيۈشمىسىغا ھەقسىز ئىئانە قىلىناتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ يېتىشمىگەنلىكتىن، «خەلق باشقۇرۇش، ھۆكۈمەت ياردەم بېرىش» چارىسى بىلەن بىر قىسىم باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

1989 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە يەنە ئۇنۇملۇك ۋە نەتىجىلىك بولغان بىر قېتىملىق مەبلەغ توپلاپ مەكتەپ قۇرۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 18 مىڭ 230 كۋادرات مېتىر خەتەرلىك مەكتەپ ئۆيى بار ئىدى، 4521 كۋادرات مېتىرلىق مەكتەپ ئۆيى كەمچىل ئىدى، بۇلار جەمئىي 22 مىڭ 751 كۋادرات مېتىر ئىدى. مەكتەپ ئۆيى سېلىشقا 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ كېتەتتى، بۇنىڭ 1 مىليون 920 مىڭ يۈەنىنى ھەر دەرىجىلىك مالىيە پۇل ئاجرىتىپ ھەل قىلدى، يېتىشمىگەن قىسمى جەمئىيەتتىن توپلانغان مەبلەغ ئارقىلىق ھەل قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ قوللىشى بىلەن، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگان ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 100 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى، يېزا، بازارلار 870 مىڭ يۈەن توپلىدى، توپلانغان مەبلەغ نەق پۇل، ماددىي بۇيۇم، چارۋا ۋە ئەمگەك كۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، ئىئانە ئىختىيارىي بولدى، ئاز بەرگەنلىرى نەچچە يۈەن، كۆپ بەرگەنلىرى تۈمەن يۈەن بەردى. توقسۇ بازىرىدىكى يەككە تىجارەتچى ئۆمەر ئابدۇرېھىم مائارىپقا 20 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. بىر يىل تىرىشىش ئارقىسىدا، ناھىيە بويىچە 1500 كۋادرات مېتىر خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق مەكتەپ ئۆيى، 15 مىڭ 327 كۋادرات مېتىر خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق مەكتەپ ئۆيى، 65 مىڭ 374 كۋادرات مېتىر كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق مەكتەپ ئۆيى سېلىندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى 22 مىڭ 201 كۋادرات مېتىر.

## قوشۇمچە Ⅱ

### توقسۇلۇق مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى ۋۇ دىكاڭ

ۋۇدىكاڭ، ئەر، خەنزۇ. ئۇ توقسۇ ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، 1990 - يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا پېداگوگىكا كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1996 - يىلى خۇادۇڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مائارىپ فاكۇلتېتىدا دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، ھازىر ئۇ دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ شەھەر - يېزا مائارىپىنى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھ قىلىش ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە جۇڭگو مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۇ يېڭى دەۋر جۇڭگو مائارىپى مەسىلىسى ھەققىدە بىر قاتار تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى ۋە مەخسۇس ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇردى، بۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن «جۇڭگونىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى مەسىلىسى ھەققىدە تەتقىقات» (مەخسۇس ئەسەر)، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەت مائارىپى ۋە ئىختىساسلىق خادىملار ھەققىدە تەتقىقات» (مەخسۇس

ئەسەر)، «جۇڭگونىڭ نامرات رايونلىرىدىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «جۇڭگو بالىلىرىنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى مەسىلىسى ئۈستىدە دەسلەپكى تەتقىقات»، «جۇڭگودىكى ئالاھىدە بالىلار مەجبۇرىيەت مائارىپى ئۈستىدە تەتقىقات»، «جۇڭگودىكى مائارىپ ئاپپاراتلىرىنى دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ئۈستىدە تەتقىقات» (مەخسۇس ئەسەر)، «جۇڭگو شىزاڭ مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈستىدە نەزەرىيىۋى تەتقىقات» (مەخسۇس ئەسەر)، «جۇڭگونىڭ غەربىي قىسىم مائارىپى مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، «جۇڭگو مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (مەخسۇس ئەسەر، ئىككەيلەن بىرلىشىپ يازغان)، «مەجبۇرىيەت مائارىپى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (مەخسۇس ئەسەر)لار بار.

# II باب

# پەن - تېخنىكا

مىنگو دەۋرىدە، ناھىيىدە كەسپىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتى ۋە پەن - تېخنىكا خادىمى يوق ئىدى. خەلق ئارىسىدىكى چېۋەر ئۇستىلار ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا ئىستىخىيىلىك ھالدا پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن شۇغۇللىناتتى، مەسىلەن: زىرائەتلەرنىڭ سورتىنى ياخشىلاش، چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىدا بولىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاش قاتارلىقلار.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇرلۇك پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ، پەن تەتقىقات خادىملىرى سەپلەپ بېرىلدى، پەن - تېخنىكا قوشۇنى يىلمۇ يىل تەرەققىي قىلدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە تۈرلۈك پەن تەتقىقات خادىمىدىن 342 سى بار بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ناھىيە، يېزا، كەنتلەردە ھەر دەرىجىلىك پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى تورلىرى قۇرۇلۇپ، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى پائال ئومۇملاشتۇرۇلدى ۋە كېڭەيتىلدى، پەن تەتقىقات پائالىيەتلىرى قانات يايدۇرۇلدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە 96 پەن تەتقىقات تورى مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت دەرىجىلىك تۈر 12، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تۈر 14، ۋىلايەت دەرىجىلىك تۈر 70.

پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ناھىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولدى، بۇ تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

## 1 § . ئاپپاراتلار

### 1. پەن - تېخنىكا كومىتېتى

1960 - يىل 2 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك پەن -تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلدى، 1962 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1974 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1979 - يىلى پەن - تېخنىكا كومىتېتىغا بىر مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىر، 3 خىزمەتچى قويۇلدى.

1995 - يىلى بىر مۇدىر، 3 خىزمەتچى بار بولدى.

## 2. پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى

1960 - يىل 2 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قۇرۇلدى، ئۇ پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىلەن بىربەتتە بولدى، 2 ۋۇئۇسكا ئىسلىدى.

1961 - يىل 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تۇنجى نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى يىغىنى ئېچىلىپ، جەمئىيەتنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلاندى. 1962 - يىلى پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1979 - يىل 4 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇ يىلى 4 ئاساسىي قاتلام ئىلمىي جەمئىيەت قۇرۇلدى، ئەزاسى 95كە يەتتى. 1981 - يىل 11 - ئايدا ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 65 ۋەكىل قاتناشتى، يىغىندا جەمئىيەتكە رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس ۋە ئەزالار سايلاندى. 1983 - يىلى ئاساسىي قاتلام ئىلمىي جەمئىيىتى 3 كە يىغىنچاقلاندى، جەمئىيەت ئەزاسى 227 گە يەتتى. 1995 - يىلى ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئىلمىي جەمئىيەت 9غا يەتتى.

1984 - يىل 12 - ئايدا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، ئۇنىڭغا بىر مەخسۇس مۇئاۋىن رەئىس، 2 خىزمەتچى قويۇلدى. 1995 - يىلى ئاپپارات، خادىم ئۆزگەرمىدى.

## 3. ئۈرۈقچىلىق پونكىتى

1958 - يىل 10 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ئۈرۈقچىلىق پونكىتى قۇرۇلدى ۋە 4 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى. 1959 - يىل 11 - ئايدا ئۇ دېھقانچىلىق ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلىپ، ئۈرۈقچىلىق بۆلۈمچىسى دەپ ئاتالدى. 1962 - يىل 8 - ئايدا ئۈرۈقچىلىق پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، بۆلۈمچە دەرىجىلىك ئورۇن بولدى، 1966 - يىلى 5 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئۈرۈقچىلىق پونكىتى «يېزا ئىگىلىكىدىكى تۆت پونكىت»قا قوشۇۋېتىلدى. 1980 - يىل 5 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ئۈرۈقچىلىق شىركىتى قۇرۇلدى، ئۇ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كەسپىي ئورۇن بولۇپ، بۆلۈم دەرىجىلىك بولدى. 1987 - يىلى 19 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاگرونوم 2، تېخنىك 7؛ 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈقچىلىق پونكىتىدا مۇئاۋىن پونكىت باشلىقىدىن 2 سى، ئىشچى - خىزمەتچىدىن 22 سى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 2، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 20.

## 4. مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى

1959 - يىل 6 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇ كەسپىي ئورۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاقسۇ مېتېئورولوگىيە ئىستانسىسى رەھبەرلىك قىلدى، ئۇنىڭ 3 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولۇپ، ئاساسىي ۋەزىپىسى ھاۋارايىنى كۆزىتىش، ھاۋارايىغا ئائىت ماتېرىياللارنى يىغىش، ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئىدى. 1965 - يىلى پونكىتنىڭ 5 ئىشچى - خىزمەتچىسى، 5 تېخنىكى بار بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بۇ پونكىت ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمگە تەۋە بولدى. 1973 - يىل 5 - ئايدا ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىغا تەۋە بولدى. بۇ پونكىتنىڭ 1976 - يىلى 5 ئىشچى - خىزمەتچىسى،

1987 - يىلى 8 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە مېتېئورولوگىيە ئىنژېنېرى بىر. 1991 - يىلى مېتېئورولوگىيە پونكىتى مېتېئورولوگىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1993 - يىلى ئىدارە بويىچە 6 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىدارە باشلىقى بىر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 3، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 3.

## 5. ئىلمىي تەجرىبە پونكىتى

1960 - يىل 11 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك سۇغىرىش تەجرىبە پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇ ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى دېھقانچىلىق پەن تەتقىقات ئىشلىرى ئورنى بولۇپ، بۆلۈمچە دەرىجىلىك ئورۇن بولدى، ئۇنىڭغا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سۇ - ئېلېكتر باشقارمىسى رەھبەرلىك قىلدى.

1964 - يىل 6 - ئايدا بۇ پونكىت جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، نامى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تۇپراق ياخشىلاش تەجرىبە پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1967 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرىدە پەن تەتقىقات خىزمىتى توختاپ قالدى. پونكىتتا پەقەت مەمۇرىي خادىملارلا قالدى. 1972 - يىلى ئىلمىي تەجرىبە خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1983 - يىلى بۇ پونكىت ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆگەن دەريا باشقارمىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. پونكىتتا 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 17 ئىشى - خىزمەتچى، بىر پونكىت باشلىقى، بىر مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى، 3 ياردەمچى ئاگرونوم، 12 تېخنىك بار بولدى.

## 6. دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى

1955 - يىل 3 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى ئەسلىدىكى كۇچا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ توقسۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاساسىدا قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 4 ئاگرونوم، 2 باغۋەنچىلىك كادىرى قويۇلدى، ئۇ بۆلۈم دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسى بويىچە كەسپىي ئورۇنغا تەۋە بولدى. 1959 - يىل 9 - ئايدا بۇ پونكىت دېھقانچىلىق ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى، 1962 - يىل 8 - ئايدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1965 - يىلى 20 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى، بۇنىڭ 19 ى كادىر. 1966 - يىلى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى، ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، مېتېئورولوگىيە پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، «يېزا ئىگىلىكىدىكى تۆت پونكىت» قۇرۇلدى، ئۇ رايون دەرىجىلىك ئورۇن بولدى. 1969 - يىلى «يېزا ئىگىلىكىدىكى 3 پونكىت» دەپ ئاتالدى. 1976 - يىلى ئۇ توقسۇ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى، 20 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى. 1982 - يىلى دېھقانچىلىق ئىلمىي تەتقىقات ئورنى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1987 - يىلى پونكىت بويىچە 51 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاگرونوم 2، ياردەمچى ئاگرونوم 3؛ 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پونكىت بويىچە 49 ئىشچى - خىزمەتچى (بۇنىڭدىن باشقا يېزىلاردىكى دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتلىرىدا 32 خادىم بار) بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار بىر، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 35.

## 7. مۆلدۈردىن مۇداپىئەلىنىش ئەترىتى

1988 - يىل 5 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك مۆلدۈردىن مۇداپىئەلىنىش ئەترىتى قۇرۇلدى. ئۇ ناھىيىلىك

پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى، ئۇنىڭدا بىر ئەترەت باشلىقى، 4 زەمبىرەكچى، بىر ھاۋارايىنى كۆزەتكۈچى، 4 زىنىت توپ بار بولدى، شۇ يىلى مۆلدۈردىن مۇداپىئەلىنىش باشلاندى.

1990 - يىل 7 - ئايدا توپ ئېتىش نۇقتىسىدىن 6 سى تەسىس قىلىندى، بۇ نۇقتىلارغا 34 زەمبىرەكچى، 10 زىنىت توپ قويۇلدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بۇ ئەترەتتە بىر ئەترەت باشلىقى، 59 زەمبىرەكچى بار بولدى، 13 توپ ئېتىش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى.

## § 2 . پەن - تېخنىكا قوشۇنى

مىنگو دەۋرىدە ناھىيە بويىچە پەن - تېخنىكا خادىمى يوق ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 - يىلدىن باشلاپ ئىچكىرىدىن بىر قىسىم پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئالىي تېخنىكوم ۋە تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئارقا - ئارقىدىن توقسۇ ناھىيىسىگە كەلدى. 1960 - يىلدىن كېيىن، پەن - تېخنىكا خادىملىرى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن بىر تۈركۈم زىيالىيلار ۋە شەھەردىكى زىيالىي ياشلار توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ قايتا تەربىيە ئالدى، پەن - تېخنىكا قوشۇنىمۇ يىلدىن - يىلغا زورايدى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، زىيالىيلار سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، زىيالىيلارنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1980 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا تارقاق پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، كادىرلار بۆلۈمى تارقاق پەن - تېخنىكا خادىمىدىن 12 نى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتتى.

1980 - يىل 5 - ئايدا ۋە 1982 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. سەھىيە - تېببىي داۋالاش، مال دوختۇرلۇق، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى قاتارلىق كەسپلەر بويىچە ئۇنۋان باھالاش كومىتېتى قۇرۇلدى، ئىستاژى، نەتىجىسى، كەسپىي ئىقتىدارى ۋە ئىدىيە جەھەتتىكى ئىپادىسىگە ئاساسەن، 176 پەن - تېخنىكا خادىمىنىڭ ئۇنۋانى باھالاندى، بىر كىشى ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانغا، 18 كىشى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا، 157 كىشى باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشتى.

1981 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ناھىيە بويىچە 231 زىيالىي ئىچكىرىگە ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونلىرىغا يۆتكىلىپ كەتكەچكە، ناھىيىنىڭ پەن - تېخنىكا كۈچى ئاجىزلاپ كەتتى.

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە تۈرلۈك پەن - تېخنىكا خادىمى 1330غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي پەن تۈرىگە تەۋەسى 342، ئىجتىمائىي پەن تۈرىگە تەۋەسى 988. بۇلاردىن 103ى ئاپتونوم رايون تارقاتقان «شەرەپ گۇۋاھنامىسى»غا ئېرىشتى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە 2658 كەسپىي پەن - تېخنىكا خادىمى ئىچىدە ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 21، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 256، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 2381. بۇلاردىن مۇ يىمىن، يەن يۇلىڭ، لى چىشيۇ، جياڭ شىنمىنلار دېھقانچىلىق ئىلمى، سۇچىلىق، تېببىي ئىلىم جەھەتتە بەلگىلىك تۆھپە قوشتى. لى چىشيۇنىڭ تېببىي ئىلىم جەھەتتىكى 6 ئىلمىي ماقالىسى دۆلەت دەرىجىلىك ژۇرنال — «جۇڭگو تىبابەتچىلىك نەزەرىيىسى ۋە كىلىنىكا»دا ئېلان قىلىنىپ، تېببىي ساھەدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، ئۇ شۇ ژۇرنالنىڭ تەھرىر ھەيئەتلىكىگە تەكلىپ قىلىندى؛ بۇنىڭدىن باشقا 4 ماقالىسى مەملىكەتلىك ئىلىم ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا تاللاندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئۆچەي گازلىق ئىششىقى كېسەللىكى جەھەتتىكى 2 مىسال توغرىسىدا دوكلات» دېگەن ماقالىسى 1993 - يىلى بېيدەيخېدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك تاشقى كېسەللىكلەر بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا ئوقۇلۇپ، تېببىي

ساھەدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ھەمدە ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا ئىلمىي ماقالىلىرىنى باھالاشتا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1995 - يىل 1 - ئايدا لى چىشىۋ شەرەپ بىلەن دۆلەتلىك مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىم گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى.

1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ قارمىقىدا 9 ئىلمىي جەمئىيەت بار بولدى، بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى 748گە يەتتى؛ يېزا كەسپىي تېخنىكا تەتقىقات جەمئىيىتىدىن 29ى بار بولدى، ئۇلارنىڭ ئەزاسى 418گە يەتتى؛ يېزىلىق، بازارلىق پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتىدىن 7سى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەركىزىي گۇرۇپپىسىدىن 109 ى بولۇپ، ئەزاسى 3256گە يەتتى.

### توقسۇ ناھىيىسىدىن ۋىلايەت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي جەمئىيەت (جەمئىيەت) لەرگە كىرگەنلەر

جەدۋەل: 20 — 20

| ئىسىم - فامىلىسى | ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نامى | جەمئىيەتكە كىرگەن ۋاقتى |
|---|---|---|
| يەن يۇلىڭ | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1960 |
| شى بىنجىن | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1978 |
| دۇ بىنجى | ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1978 |
| مۇ يىسىن | ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1978 |
| جىن جياجېن | ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1978 |
| يەن شۇخۇي | ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1978 |
| لى دېجو | ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1981 |
| ياڭ جيەنجۇڭ | ۋىلايەتلىك تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 1981 |
| ياڭ كېمىڭ | ۋىلايەتلىك تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 1981 |
| ياڭ جېڭيۇەن | ۋىلايەتلىك تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 1981 |
| لياۋ مىڭجيەن | ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭگوچە داۋالاش ئىلمىي جەمئىيىتى | 1982 |
| جىن جياجېن | ئاپتونوم رايونلۇق يىلچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 1982 |
| ۋۇ جەنجۇڭ | ۋىلايەتلىك جۇڭگوچە داۋالاش ئىلمىي جەمئىيىتى | 1982 |
| ليۇ زۇگىمىن | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1983 |
| ئابلىز ھېمىت | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1983 |

| | | |
|---|---|---|
| ياڭ تىڭكەي | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1983 |
| مەخمەت مەمەت | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1983 |
| جۇ دىزياڭ | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1983 |
| رېشىت باقى | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1983 |
| جاڭ خۇا | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1983 |
| ئابدۇرېھىم كېبىر | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1983 |
| جېلىل توختى | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1983 |
| قادىر ئىيسا | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1983 |
| زۇبۇر نامەت | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1983 |
| ئابدۇرېھىم | ۋىلايەتلىك سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1983 |
| شاڭ جاۋ | ۋىلايەتلىك فوتوگرافلار جەمئىيىتى | 1983 |
| جاڭ يۈ | ۋىلايەتلىك فوتوگرافلار جەمئىيىتى | 1983 |
| ليۇ جىنمىڭ | ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەت ئىلمىي جەمئىيىتى | 1984 |
| لى چىشيۇ | ۋىلايەتلىك تېبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 1982 |
| جياڭ شىنمىڭ | ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1984 |
| چيۇ يۇگاڭ | ئاپتونوم رايونلۇق باغۋەنچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى | 1984 |
| پېڭ شىنبىڭ | ئاپتونوم رايونلۇق ھايۋانات ئىلمىي جەمئىيىتى | 1984 |
| سۇ باۋجۇ | ۋىلايەتلىك باج ئىلمىي جەمئىيىتى | 1984 |
| پېڭ چىشيەن | ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرىچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى<br>ۋىلايەتلىك فوتوگرافلار جەمئىيىتى | 1989<br>1982 |
| نىياز ئىمىن | ۋىلايەتلىك تىۋىت ئۆچكىسى ئىلمىي جەمئىيىتى | 1991 |
| بۇرھان تۇمۇر | ۋىلايەتلىك تىۋىت ئۆچكىسى ئىلمىي جەمئىيىتى | 1991 |
| ۋېلى ئىزىز | ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىلمىي جەمئىيىتى | 1989 |

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى كاندىدات ئالىي دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بارلار

جەدۋەل: 20 — 21

| ئىسىم - فامىلىسى | ئۇنۋانى | خىزمەت ئورنى | ئۇنۋان ئالغان ۋاقتى | ئۆگەنگەن كەسپى |
|---|---|---|---|---|
| لى دېجۇ | مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ | سەھىيە ئىدارىسى | 1982 | تېبابەتچىلىك |
| يالڭ جيەنجۇڭ | مۇئاۋىن مۇدىر ۋراچ | يەرلىك كېسەللىكلەر ئىشخانىسى | 1988 | تېبابەتچىلىك |
| ۋاڭ دىڭۋېن | ئالىي ئىنژېنېر | دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | 1988 | دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى |
| ھاشىم قاسىم | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1988 | تەنتەربىيە |
| جياڭ شۈيى | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1991 | تارىخ |
| مۇ يىمىن | ئالىي ئاگرونوم | ئۇرۇقچىلىق شىركىتى | 1991 | سورت يېتىشتۈرۈش |
| جاڭ يۇرۇڭ | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1991 | ئۇيغۇر تىلى |
| تۇنىياز | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1991 | ماتېماتىكا |
| ئابدۇرېھىم روزى | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1991 | ماتېماتىكا |
| مېلىكەم | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1991 | تارىخ |
| رىيانەم كېۋىر | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1991 | سىياسەت |
| نۇر كېۋىر | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1991 | ماتېماتىكا |
| لياۋ سىڭجيەن | جۇڭگوچە داۋالاش بويىچە كاندىدات مۇدىر ۋارچ | ناھىيىلىك دوختۇرخانا | 1992 | جۇڭگو تېبابىتى |
| يىاڭ جىشيەن | كاندىدات ئالىي مۇھەررىر | تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى | 1992 | دارىلمۇئەللىمىن |
| يەن شۇخۇي | ئالىي ئاگرونوم | دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى | 1992 | دېھقانچىلىق ئىلمى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئەرشىدىن سەيدى | ئالىي لېكتور | ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپى | 1992 | تارىخ، جۇغراپىيە |
| جالىڭ كېمىڭ | مۇدىر ۋراچ | ناھىيىلىك دوختۇرخانا | 1993 | تېبابەتچىلىك |
| غوپۇر ئابدۇللا | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | مائارىپ ئىدارىسى | 1993 | ماتېماتىكا |
| مۇمىن كېرىم | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1993 | خىمىيە |
| ئىمىن ئابدۇللا | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1993 | ماتېماتىكا |
| توختى قادىر | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | يۇلتۇزباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ | 1993 | خىمىيە |
| جاۋ جىنگجى | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1993 | تارىخ |
| شى شۇجىلىڭ | ئالىي ئىنژېنېر | سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى | 1994 | ئېلېكتر قوزغىتىش ماشىنىلىرى |
| ھېمىت ئابدۇرېھىم | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1994 | ماتېماتىكا |
| توختى | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | يۇلتۇزباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ | 1994 | خىمىيە |
| رىيانىم روزى | ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچىسى | 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1995 | تىل - ئەدەبىيات |

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى جەمئىيەت ۋە ئىلمىي جەمئىيەتلەر

جەدۋەل: 20 — 22

| جەمئىيەت نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | قۇرۇلغان ۋاقىتتىكى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ سانى | مەسئۇل كىشى |
|---|---|---|---|
| چارۋىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1984.4 | 56 | جياڭ شىتيەن |
| پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى | 1985.5 | 60 | مەمەت قادىر |
| ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم ئىلمىي جەمئىيىتى | 1990.5 | 133 | جاڭ جيەن |
| ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1982.3 | 24 | بارات ساۋۇر |

| | | | |
|---|---|---|---|
| سەھىيە ئىلمىي جەمئىيىتى | 1980.3 | 110 | ماۋ شىتەي |
| پىلانلىق تۇغۇت جەمئىيىتى | 1988.10 | 52 | ۋاڭ ژىي |
| دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1979.4 | 48 | شى بېنجېن |
| پوچتا ماركىسى توپلاش جەمئىيىتى | 1990.2 | 42 | خەن رۇيخەي |
| سۇچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى | 1986.4 | 45 | ئابدۇ گايىت |

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ 1993 - يىلدىكى ئورۇنلىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 20 — 23

| سىستېمىلار | ئالىي دەرىجىلىك | ئوتتۇرا دەرىجىلىك | يارىمچى دەرىجىلىك | ئادەتتىكىلەر | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|
| ئوتتۇرا مەكتەپ | 3 | 64 | 144 | 132 | 343 |
| باشلانغۇچ مەكتەپ | | 92 | 260 | 620 | 972 |
| بوغالتىرلىق سىستېمىسى | | 27 | 39 | 87 | 153 |
| ستاتىستىكا سىستېمىسى | | | 4 | 16 | 20 |
| سودا سىستېمىسى | | 5 | 57 | 107 | 169 |
| دېھقانچىلىق سىستېمىسى | 2 | 3 | 20 | 29 | 54 |
| چارۋىچىلىق سىستېمىسى | | 15 | 11 | 6 | 32 |
| قۇرۇلۇش سىستېمىسى | 1 | 8 | 63 | 116 | 188 |
| سەھىيە سىستېمىسى | 3 | 32 | 84 | 101 | 220 |
| ئارخىپ سىستېمىسى | | 2 | 2 | 6 | 10 |
| پارتىيە مەكتىپى، كادىرلار مەكتىپى سىستېمىسى | 1 | 2 | 3 | | 6 |
| ئاخبارات، نەشرىياتچىلىق سىستېمىسى | 1 | 2 | 3 | 10 | 16 |
| سەنئەت سىستېمىسى | | 1 | 18 | | 19 |
| تەرجىمە سىستېمىسى | | 3 | 16 | 2 | 21 |
| جەمئىي | 11 | 256 | 724 | 1232 | 2223 |

**ئىزاھات:** بانكا، پوچتا، باج، مېتېئورولوگىيە قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى.

### يېزىلاردىكى كەسپىي تېخنىكا تەتقىقات جەمئىيەتلىرىگە دائىر مەلۇمات

جەدۋەل: 20 — 24

| جەمئىيەت نامى | قۇرۇلغان ۋاقتى | جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ سانى | مەسئۇل كىشى |
|---|---|---|---|
| ئىچتىرىق يېزىلىق باغۋەنچىلىك تەتقىقات جەمئىيىتى | 1988 . 7 | 12 | جاۋ جيې |
| ئىچتىرىق يېزىلىق شالچىلىق تەتقىقات جەمئىيىتى | 1988 . 3 | 9 | دۇ بېنجى |
| پەيشەنبە بازار يېزىلىق بوزيەر ئېچىش تەتقىقات جەمئىيىتى | 1988 . 7 | 8 | مەمەت ئۆمەر |
| پەيشەنبە بازار يېزىلىق بىنىچىلىق تەتقىقات جەمئىيىتى | 1988 . 6 | 5 | جاڭ جيەن |
| پەيشەنبە بازار يېزىلىق مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرۈش تەتقىقات جەمئىيىتى | 1988 . 7 | 15 | سادىر بايىز |
| تاشتىرىق يېزىلىق كېۋەز ئۆستۈرۈش تەتقىقات جەمئىيىتى | 1988 . 6 | 160 | نۇرجامال |
| ئۆچقات يېزىلىق دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى تەتقىقات جەمئىيىتى | 1988 . 7 | 80 | قامار |
| شوبۇلتوز يېزىلىق كېۋەز ئۆستۈرۈش تەتقىقات جەمئىيىتى | 1988 . 6 | 155 | ئابلەت |
| بازارلىق بۇغداي تەتقىقات جەمئىيىتى | 1987 . 10 | 15 | ۋۇ دۇڭلىن |
| بازارلىق بېلىقچىلىق تەتقىقات جەمئىيىتى | 1988 . 9 | 8 | ۋۇ دۇڭلىن |
| بازارلىق كۆكتات تەتقىقات جەمئىيىتى | 1989 . 3 | 18 | ۋۇ دۇڭلىن |

## 3 § . پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى

ناھىيىنىڭ پەن - تېخنىكا پائالىيىتى سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدى، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. 1978 — 1995 - يىللىرىچە 23 تۈر ۋىلايەتتىن يۇقىرى دەرىجىلىك پەن تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر تۈر يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكىنىڭ مۇكاپاتىغا، 2 تۈر (مىللىي سانائەت بۇيۇمى) ئاپتونوم رايونلۇق كەشپىياتچىلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇكاپاتىغا، 3 تۈر ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇكاپاتىغا، 9 تۈر ئاپتونوم رايوندىكى نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ مۇكاپاتىغا، بىر تۈر شىنجاڭ دېھقانچىلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇكاپاتىغا، 5 تۈر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

## 1. «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تۇپرىقى»

1981 - يىلى 3 - ئايدا ناھىيىلىك تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭغا 30 دىن ئارتۇق ئادەم ئاجرىتىلدى، بۇلار سىرتقى ئىشلار گۇرۇپپىسى، تەجرىبە گۇرۇپپىسى، ئارقا سەپ گۇرۇپپىسى، خەرىتە گۇرۇپپىسى دەپ 4 گۇرۇپپىغا ئايرىلدى، گۇرۇپپا ئەزالىرى ناھىيە بويىچە تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1983 - يىلى 3 - ئايدا سىرتقا چىقىپ تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى. بۇ قېتىم 1 مىليون 739 مىڭ مو يەر ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. تۇپراقنى تەجرىبە قىلىش بويىچە 10 مىڭ 354 سانلىق مەلۇمات، سۇ ئەۋرىشكىسىنى تەكشۈرۈش بويىچە 5500 سانلىق مەلۇمات قولغا چۈشۈرۈلدى، بۇ ئارقىلىق ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى يەر بايلىقى، تۇپراق تىپى تارقىلىش قانۇنىيىتى ۋە ھەرخىل يەرلەرنىڭ كۆلىمى، سۈپىتى، فىزىكىلىق - خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاندى.

سىرتقا چىقىپ تەكشۈرۈش ئاساسىدا «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تۇپرىقى» دېگەن كىتاب يېزىلدى. بۇ كىتاب 6 باب، 31 فاراگراف، خەنزۇچە خەت ھېسابىدا تەخمىنەن 100 مىڭ خەت، كىتابقا تۇپراقنىڭ تارقىلىشىغا دائىر 8 پارچە رەڭلىك خەرىتە كىرگۈزۈلدى. بۇ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە شى بېنجىن رىياسەتچىلىك قىلدى، كىتابنى زېڭ چياڭ، پەن شۈخۇيلار يازدى، خەرىتە ئىشلەشكە ياڭ تىڭكەي مەسئۇل بولدى.

## 2. «توقسۇ ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى»

1982 — 1984 - يىللىرى ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك بايلىقىنى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللۇقىدا 30 دىن ئارتۇق مۇناسىۋەتلىك خادىم ئاجرىتىلىپ، «توقسۇ ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى» دېگەن كىتاب يېزىلدى. كىتاب 33 باب، 58 فاراگراف، خەنزۇچە خەت ھېسابىدا تەخمىنەن 350 مىڭ خەت. كىتابقا مەخسۇس دوكلاتتىن 9ى، رەڭلىك خەرىتىدىن 9ى كىرگۈزۈلدى، بۇ يېزا ئىگىلىك بايلىقىغا دائىر مۇھىم پەن - تېخنىكا كىتابىدۇر. يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىشقا ۋۇ گوچى، شى بېنجىنلار رىياسەتچىلىك قىلدى، كىتابنى جىن جياجېن، جياڭ شىيمىن قاتارلىق 14 كىشى يازدى، ياڭ تىڭكەي خەرىتىسىنى ئىشلىدى.

## 3. «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»

1983 - يىلى 4 - ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە يەر ناملىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. سىرتقا چىقىپ تەكشۈرۈشنى تاماملاش ئاساسىدا 1985 - يىلى كۈزدە «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» يېزىلدى. 1988 - يىلدىن باشلاپ، بارلىق يېزىق، خەرىتە، جەدۋەل، كارتا ماتېرىياللىرى ئۆلچەملەشتۈرۈلدى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلدى. 1990 - يىلى «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نىڭ تەكشۈرۈشكە يوللىنىدىغان نۇسخىسى پۈتتى. 1991 - يىلى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

كىتابقا 6 يېزا، بىر بازار، 106 كەنتتىكى 433 يەر نامى توپلاپ كىرگۈزۈلدى، كىتابقا خەرىتە، يېزىق، جەدۋەل، كارتا كىرگۈزۈلدى.، بۇ ماتېرىياللىق قىسمىتكە، بىلىم قىممىتىگە، نوپۇزغا ئىگە يەر ناملىرىغا

دائىر كىتابدۇر. بۇ كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا تەخمىنەن 300 مىڭ خەت، بۇ كىتابنى يېزىشقا ليۇ گوجېن رىياسەتچىلىك قىلدى، كىتابنى پېڭ چىشيەن يازدى، ياڭ تىڭكەي خەرىتىسىنى ئىشلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق يەر ناملىرى ئىشخانىسى تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

## 4. «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي پىلانى»

1988 ـ يىلى يۇقىرىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ۋە ناھىيىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلاردىن 50 نەچچە ئادەم بۇ كىتابنى يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. بۇ كىتابقا ناھىيىدىكى ھەرقايسى ساھەنىڭ 1988 — 2000 ـ يىلغىچە بولغان تەرەققىياتى ھەققىدىكى كەلگۈسى ئومۇمىي پىلانى كىرگۈزۈلدى، بۇ كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا جەمئىي 250 مىڭ خەت. بۇ كىتابقا توقسۇ ناھىيىلىك ئومۇمىي پىلان ئىشخانىسى مەسئۇل بولدى، كىتابنى جىن جياجېن قاتارلىق 50 نەچچە ئادەم يازدى.

## 5. «توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھەربىي كىلىمات تەزكىرىسى»

بۇ كىتاب 1975 ـ يىل 7 ـ ئايدا يېزىلدى. كىتاب يېزىق، خەرىتە، جەدۋەلدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدا توقسۇ تەۋەسىنىڭ مېتېئورولوگىيىسى ۋە كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى چىنلىق، ئەستايىدىللىق ۋە ئىلمىيلىك بىلەن بايان قىلىنغان. تەزكىرىدە ماتېرىياللىق قىممىتى بولۇش، ئىشلىتىش قىممىتى بولۇش، ئىلمىي بولۇش، توغرا بولۇش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن. بۇ تەزكىرە خەنزۇچە خەت ھېسابىدا تەخمىنەن 40 مىڭ خەت. ئۇ توقسۇ ناھىيىلىك ھەربىي كىلىمات تەزكىرىسى ئىشخانىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلدى، ئۇنى لى جاۋچى يازدى.

## 6. «توقسۇ ناھىيىسىدىكى بازارلارنىڭ ئومۇمىي پىلانىغا دائىر ئاساسىي ماتېرىياللار توپلىمى»

بۇ كىتابنى ناھىيىلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى 1987 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا يازدى. كىتاب خەنزۇچە خەت ھېسابىدا تەخمىنەن 40 مىڭ خەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا 5 پارچە خەرىتە بار. كىتابتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، توقسۇ ناھىيىسىدىكى بازارلارنىڭ 2000 ـ يىلغىچە بولغان ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلگەن. بۇ پىلاننى يېزىش خىزمىتىگە جۇ پېڭشياڭ رىياسەتچىلىك قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش نازارىتى تەستىقلىدى.

## 7. «توقسۇ ناھىيىسىدىكى ھايۋانلاردا كۆرۈلىدىغان تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تەزكىرىسى»

بۇ كىتابنى يېزىشقا 1982 ـ يىلى تۇتۇش قىلىنغان، 1990 ـ يىلى پۈتتۈرۈلدى. كىتاب 6 قىسىم، 21 باب، 130 فاراگراف، خەنزۇچە خەت ھېسابىدا تەخمىنەن 130 مىڭ خەت، بۇ تەزكىرە كىتابىدا، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، توقسۇ ناھىيىسىدىكى ھايۋانلاردا كۆرۈلىدىغان تارقىلىشچان يۇقۇملۇق

كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى ۋە جايلاردا تارقىلىش ئەھۋالى سىستېمىلىق، توغرا، ئىلمىي بايان قىلىنغان، ئۇ چارۋىچىلىق ئورۇنلىرىدىكى خادىملارنىڭ، مال دوختۇرلىرىنىڭ قورال كىتابىدۇر. تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە كىتاب يېزىش خىزمىتىگە جياڭ شىتيەن رىياسەتچىلىك قىلدى، كىتابنى چېن ۋېنخەي، جياڭ جىيەنلەر يازدى.

## 8. «ترىگونومېترىك تەيمۇ تەخلىكىنى ئىسپاتلاش»

بۇ كىتابنى توقسۇ ناھىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مۇھەممەت ئابدۇللا يازغان. كىتابتا ترىگونومېترىك تەيمۇ تەخلىك بويىچە ھېسابلاش ۋە ئىسپاتلاش ئۇسۇلى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پايدىلىنىش كىتابى ھېسابلىنىدۇ.

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى**

جەدۋەل: 20 — 25

| نەتىجە نامى | تۈر رىياسەتچىسى | ۋاقتى | ئېرىشكەن مۇكاپات دەرىجىسى | مۇكاپاتلىغان ئورۇن |
|---|---|---|---|---|
| «توقسۇ 1.» كېۋەزنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش | مۇ يىمىن | 1978 | 3 - دەرىجىلىك | ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا يىغىنى |
| مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش | شى بىنجىن | 1981 | كوللېكتىپ 2 - دەرىجىلىك | ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى |
| 120 تىپلىق فوتو ئاپپاراتىنىڭ كىچىكلىتىش، چوڭايتىش ئۆلچەملىك قەغىزى | ياڭ تىڭكەي | 1982 | 3 - دەرىجىلىك | ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى |
| باختا، يۇڭ توقۇلمىلار | ئىسلام ئىسمائىل | 1983 | 3 - دەرىجىلىك | ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى |
| سۇلياۋ يوپۇقنىڭ تەننەرخىنى ھېسابلاش | قۇربان | 1986 | 3 - دەرىجىلىك | ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق نازارىتى |
| كۆممىقوناق ئورۇقىنى تەييارلاش تەتقىقاتى ۋە كۆممىقوناق ئۆستۈرۈش | مۇ يىمىن | 1986 | 3 - دەرىجىلىك | دېھقانچىلىق نازارىتى |
| تۆۋەن ھوسۇللۇق بېدىلىك باغنى ياخشىلاش ۋە ئۆزگەرتىش | شى بىنجىن، بۇ يۇگاڭ | 1987 | 1 - دەرىجىلىك | ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى |
| كۆممىقوناق ئورۇقىنى تەييارلاش تەتقىقاتى ۋە كۆممىقوناق ئۆستۈرۈش | مۇ يىمىن | 1987 | 1 - دەرىجىلىك | ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى |
| مىكرو ئېلېمېنتلىق خىمىيۋى ئوغۇتنى ئىشلىتىش | يەن شۇخۇي | 1988 | 3 - دەرىجىلىك | ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى |
| تۆۋەن ھوسۇللۇق بۇغداينى ئوتتۇرا ھوسۇللۇققا ئۆزگەرتىشنى كېڭەيتىش تۈرى | دۇ بېنجى | 1989 | 3 - دەرىجىلىك | ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى |
| پالاز | ئىسلام ئىسمائىل | 1989 | ئەلا مەھسۇلات | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك ئىشلىرى كومىتېتى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| پالاز | ئۆمەر روزى | 1990 | كۈمۈش مېدال مۇكاپاتى | ش ئۇ ئار كەشپىياتچىلار ئىلمىي جەمئىيىتى |
| كېۋەز ھوسۇلىنى ئۇنىۋېرسال ئاشۇرۇش | مۇ يىمىن | 1990 | 3 ـ دەرىجىلىك | ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق نازارىتى |
| گىجىم رومال | ئابلىز | 1990 | مىس مېدال مۇكا-پاتى | ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى |
| ھوسۇل ئاشۇرىدىغان باكتېرىيىنىڭ ئىشلىتىلىشى | يەن شۇخۇي | 1992 | كوللېكتىپ 2 ـ دەرىجىلىك | ش ئۇ ئا ر دېھقانچىلىق نازارىتى |
| گىجىم رومال | ئابلىز | 1992 | كۈمۈش مېدال مۇكاپاتى | ش ئۇ ئا ر كەشپىياتچىلار ئىلمىي جەمئىيىتى |
| گىجىم رومال | ئابلىز | 1993 | 1 ـ دەرىجىلىك | ش ئۇ ئا ر 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى |
| كۆممىتوناق شېخىنى سىلوسلاپ چارۋا بېقىش تېخنىكىسى كېڭەيتىش | جياڭ شىتيەن | 1993 | 2 ـ دەرىجىلىك | يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى |
| توقسۇ ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىق ئومۇمىي پىلانى | جياڭ شىتيەن | 1993 | 3 ـ دەرىجىلىك | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش كومىتېتى |
| توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1988 — 2000 ـ يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي پىلانى | جىن جياجىن، جياڭ شىنىڭ | 1993 | 3 ـ دەرىجىلىك | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش كومىتېتى |
| «توقسۇ كۆممىقونىقى 6 ـ »نى ئاللاپ يېتىشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش | مۇ يىمىن | 1994 | 2 ـ دەرىجىلىك | شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى |
| ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى يېلىقچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئومۇمىي پىلانى . | شى شۇجىلق | 1994 | 3 ـ دەرىجىلىك | سۇچىلىق نازارىتى |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان پەن ـ تېخنىكا ماقالىلىرى

جەدۋەل: 20 — 26

| ماقالە تېمىسى | ئاپتورى | ئېلان قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرنال نامى | ئېلان قىلىنغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| «تارو»نىڭ كېلىنىكىدا سىرتتىن ئىشلىتىلىشى توغرىسىدا | لياۋ مىڭجيەن | «شىنجاڭ جۇڭگو تېبابىتى دورىگەرلىكى» | 1982 |
| ئورگانىزم ئىلمى بىلەن خەيرۇك تۇكۇرۇش كېسەللىكىگە دىئاگنوز قويۇش ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا | لياۋ مىڭجيەن | مەملىكەتلىك تۇنجى ئۇزۇتلىك جۇڭگو تېبابىتى ئورگانىزم ئىلمىي جەمئىيىتى | 1987 |
| «قۇمۇل ناھىيىسى تەزكىرىسى يۇل مۇئامىلە بابى»غا باھا | پېڭ چىشيەن | «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» | 1988 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| «ئوكسىتوتسىن» ئارقىلىق مېڭە ئېغىر زەخىملەنگەندىن كېيىن يېمەك - ئىچمەك خالىماسلىقنى داۋالاش توغرىسىدا دوكلات | ليۇ جياڭجياڭ | شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك نېرۋا كېسەللىكى بويىچە ئىلمىي ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 1988 |
| شىنجاڭدىكى تاش قارلىرى سەنئىتى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات | چېن يۈنخۋا، ليۇجىن - مىڭ | «شىنجاڭ سەنئىتى» | 1989 |
| توفراقتىكى تاش قارى | چېن يۈنخۋا، ليۇجىن - مىڭ | «شىنجاڭ سەنئىتى» | 1990 |
| جۇڭگو تېبابىتىنىڭ ئۆپكە - يۈرەك كېسەللىكى توغرىسىدىكى تونۇشى ۋە جۇڭگو - غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ مەركۇز كېسەللىكنىڭ تىپىنى ئايرىش ھەم ئۇنى داۋالاش ئۇسۇلى توغرىسىدا ئىزدىنىش | لياۋ مىڭجيەن | جۇڭگو - غەرب تېبابىتى تەتقىقات جەمئىيىتى | 1990 |
| تۇنجى قېتىم دەرس ئۆتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك | مۇھەممەت | «شىنجاڭ مائارىپى» | 1990 |
| خولېرا كېسەللىكى بويىچە 22 كىشىنى كىلىنىكىدا ئانالىز قىلىش | جاڭ كېمىڭ | «شىنجاڭ خولېرا مەجمۇئەسى» | 1990 |
| ئۆزۈن ھوسۇللۇق مېۋىلىك باغنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈنۈمى زور | جيۇ يۇگاڭ | «غەربىي شىمال باغۋەنچىلىكى» | 1991 |
| قىشتا توخۇم توخۇسىنىڭ توخۇم تۇغۇش ئۈنۈمىنى قانداق قىلغاندا ئۆستۈرگىلى بولىدۇ | بۇرھان | «شىنجاڭ چارۋىچىلىقى» | 1992 |
| ئۆچەي گازلىق ئىششىق كېسەللىكى بويىچە 2 مىسال توغرىسىدا دوكلات | لى چىشيۇ | «كىلىنىكا تاشقى كېسەللىكى» | 1993 |
| بوغماق ئۆچەي قايتا تولغىشىپ قالسا ئۆچەي بىغىشىنى يەنە بىر قېتىم قىستارتىش ئوپېراتسىيىسىگە دائىر مەسىلىلەر | لى چىشيۇ | «جۇڭگو تاشقى كېسەللىكلىرى» | 1994 |
| تۇغۇمدان خالتىلىق ئىششىقىغا گىرىپتار بولغان بىر ئادەمنىڭ تۇغۇمدان ساپىقىنى 1080 گىرادۇس تولغاپ، يېرىم يىلغىچە تولغاقلىق پېتى قويغاندا تۇغۇمداننىڭ قىسىلىپ زەخىملەنمىگەنلىكى توغرىسىدا | لى چىشيۇ | «سۈپەتلىك تۇغۇش، سۈپەتلىك تەربىيىلەش» | 1994 |
| «S» سىمان بوغماق ئۈچەينىڭ ئۆزىراپ ياندىشا غايەت زور بوغماق ئۆچەي ھاسىل قىلىشىدىن ئۆچىيى تۇسۇلۇپ قالغان بىر ئادەمنى 3 قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىشقا دائىر ساۋات | لى چىشيۇ | «كىلىنىكا تاشقى كېسەللىكى» | 1994 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| زور شوكلۇقتىن بوغۇلغان تومۇر تېشىلىپ كۆپ قان چىقىپ كېتىش توغرىسىدا | ليۇ جياڭجياڭ | «كىلىنىكا تاشقى كېسەللىكى» | 1994 |
| مۇرەككەپ فىتوركارىامىد پىرىسىدىن ئارقىلىق 10 ئادەمدىكى ئۈچلۈق مۆل سۆگەلنى داۋالاش توغرىسىدا ئىلمىي ئالماشتۇرۇش | چېن شيا | مەملىكەتلىك تاشقى كېسەللىكنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش بويىچە ئىلمىي ئالماشتۇرۇش يىغىنى | 1994 |
| تاشقى كېسەللىكلەر ئىلمى بىلەن باشقا كېسەللىكلەر ئىلمىنىڭ مۇناسىۋىتى | لى چىشيۇ | «جوڭخوا تېبابىتى نەزەرىيىسى ۋە كىلىنىكا» | 1994 |
| سۆيدۈك نەيچىسىدىكى يەلنى تارتىش ئارقىلىق ئۇچۇق يەل كۆكرەك بولۇپ قالغان 5 ئادەمنى داۋالاش ۋە ئۇلارنى كىلىنىكىدا كۆزىتىش | لى چىشيۇ | «جوڭخوا تېبابىتى نەزەرىيىسى ۋە كىلىنىكا» | 1994 |
| بالىلاردا بولىدىغان يامان سۆيەتلىك لىمفا ساركومىسى ھەققىدە بىر مىسال | لى چىشيۇ | «جوڭخوا تېبابىتى نەزىرىيىسى ۋە كىلىنىكا» | 1994 |
| گازىر چېقىشتىن كېلىپ چىقىدىغان جىددىي خاراكتېرلىك ئۆچەي توسۇلۇپ قېلىش كېسەللىكى توغرىسىدا بىر مىسال | لى چىشيۇ | «جوڭخوا تېبابىتى نەزىرىيىسى ۋە كىلىنىكا» | 1994 |
| غايەت زور كەلك باغلاملىق تورسىمان توقۇلمىلىق ھۆجەيرە ئۆسمىسى | لى چىشيۇ | «جوڭخوا تېبابىتى نەزىرىيىسى ۋە كىلىنىكا» | 1994 |

## 4 § . پەن - تېخنىكىنى كېڭەيتىش

20 - ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا، يېزىلاردا ئېچىتىلغان ئوغۇت ۋە مەھەللىۋى ئوغۇت ئىشلىتىش ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا باشلىدى.

1951 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «3173» كېۋىزى كەلتۈرۈلدى. 1958 - يىلى «تيەنشەنخۇڭ» كۆزگى بۇغدىيى كەلتۈرۈلۈپ ئومۇملاشتۇرۇلدى.

1960 — 1962 - يىلغىچە ئورېيە، ئاممونىي ھىدروكاربونات قاتارلىق خىمىيىۋى ئوغۇتلار كەلتۈرۈلدى. «ئوكرائىنا 83»، «ئودېسا 16»، شىمالىي جوڭگو سېرىق كۆممىقونىقى، «ئالتۇق خانىش»، «ئاق ئات چىشى» ۋە «5904» نومى گورۇچى كەلتۈرۈلۈپ ۋە سىناق تەرىقىسىدە تېرىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاتار، بىھى دەرەخلىرى قەلەمچە قىلىپ تىكىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى، بۇندىن باشقا ياغاچ سېيالكا، ياغاچ كولتىۋاتور، ئۈچ خىل ئىشلىتىلىدىغان كەتمەن ۋە تاق چىشلىق ساپان سىناق قىلىپ ياسالدى ھەمدە كېڭەيتىلدى.

1972 - يىلى ئاڭسەن «6898» كۆزگى بۇغدىيى كەلتۈرۈلۈپ كېڭەيتىلدى.

1975 - يىلى ساندۇقسىمان قۇياش ئوچىقى كېڭەيتىلدى.

1976 - يىلى پاتقاق گازى كېڭەيتىلدى، پىلە قۇرتى لىچىنكىسىنى ئاسراش ھورمۇنى، قودۇقنى ئاپتوماتىك يىراقتىن تىزگىنلىگۈچ، «7913» ۋە «7911» تېپلىق ئات ھارۋىسى ئوق قازىنى، فۇرفۇرول قاتارلىقلار

سىناق تەرىقىسىدە ياسالدى، شەندۇڭ ئالمىسى كەلتۈرۈلدى.

1977 - يىلى كۆممىقوناقنى ئۈزۈلۈپ تېرىش سېيالكىسى، يەر ئاستى سۇ مۇنارى، بۇغداي دېنىنى ئايرىش ماشىنىسى قاتارلىقلار سىناق تەرىقىسىدە ياسالدى، تەبىئىي تاللانغان «501» ۋە «118 — 66» كۈزلۈك بۇغداي كېڭەيتىلدى.

1978 - يىلى ئۈزۈن تالالىق پاختا كەلتۈرۈلدى.

1979 - يىلى توپلاشتۇرۇلغان توك يولىلىق رادىئو سىم يولىدىكى توسالغۇلارنى ئاپتوماتىك تۈگىتىش ۋە ئۆلچەش قۇرۇلمىسى سىناق تەرىقىسىدە ياسالدى؛ يەرلىك گىنەكلەرنى گۆش كالىسىنىڭ تۇغۇلتىلغان ئىسفېرمىسى بىلەن ئورۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى.

1981 - يىلى «جىندا» يەككە شالغۇت كۆممىقوناق سىناق تەرىقىسىدە كېڭەيتىلدى.

1982 - يىلى سۈنئىي يىپەكتىن سىناق تەرىقىسىدە گىجىم رومال توقۇلدى؛ تۈز موگۇ سىناق تەرىقىسىدە تىكىلدى.

1983 - يىلى 522 مو يەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىلدى، خىمىيىۋى ئۇسۇلدا ئوت - چۆپ يوقىتىش 250 مو يەردە كېڭەيتىلدى.

1983 - يىلى «01 — 78 — 74» ۋە «02 — 78 — 74» كېۋەز سورتى يېتىشتۈرۈلدى؛ ئوتۇن تېجەيدىغان ئوچاق كېڭەيتىلدى.

1986 - يىلى كۆپ ئېلېمېنتلىق مىكرولۇق ئوغۇت كېڭەيتىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە جىنسىنى ئىنتىلدۈرگۈچ دورا، توماتوتون، دېكامېترىن، «جيەنشېڭسۇ» قاتارلىقلار بار.

1992 - يىلى شەندۇڭدىن ۋە تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىن يېڭىلىكنىڭ «خۇاڭشىن 55 -»، «جىنسەي 2 -»، «فېڭكاڭ 70 -» سورتلىرى كەلتۈرۈلدى، ئۇ ناھىيە بويىچە سىناق قىلىپ تېرىلىپ، مو بېشى ھوسۇلى 3000 — 4500 كىلوگىرامغا يەتتى.

1992 - يىلى كۆممىقوناقنىڭ «ID1029» نومۇرلۇق يېڭى سورتى كەلتۈرۈلۈپ كېڭەيتىلدى، شۇ يىلى سىناق قىلىپ تېرىلدى، بىرلىك ھوسۇلى 748 كىلوگىرامغا يەتتى.

1983 - يىلى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش يېڭى تېخنىكىسى كىرگۈزۈلدى.

1993 - يىلى ئازوتلۇق، فوسفور (P205) لۇق خىمىيىۋى ئوغۇت، بۇغدايىنىڭ يىلتىزىغا ئازوتنى ئوراقلاشتۇرغۇچى باكتېرىيىنى ئورۇقتا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى. ئاقتۇ ناھىيىسىدىن چىگىتنىڭ تۈۋىتىنى ئايرىش ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈلۈپ، شۇ يىلى 1200 توننا سۈپەتلىك ئورۇقلۇق چىگىت ئېلىندى.

# § 5 . پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى

## 1. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى

60 - ۋە 70 - يىللاردا كىنو قويغاندا دائىم پەن - تېخنىكا تەربىيىسىگە ئائىت فىلىملەر قوشۇپ قويۇلۇپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىق قىلىناتتى.

1986 - يىل 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىم پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقات ھەپتىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن، مەيداندا پەن - تېخنىكا تەربىيىسىگە ئائىت كىنو كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرۇلدى، كىنو كۆرگۈچىلەر 1460 قا يەتتى. بازار

كۈنى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش بازىرى ئۆيۈشتۇرۇلۇپ، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتىغا ئائىت 3740 نۇسخا ماتېرىيال تارقىتىلدى، «شىنخۇا» كىتابخانىسىدا پەن -تېخنىكىغا ئائىت كىتابتىن 372 نۇسخا سېتىلدى؛ ناھىيىلىك سەھىيە - تېببىي داۋالاش جەمئىيىتى تېببىي خادىملارنى خالىسانە كېسەل كۆرۈشكە، دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىملىرىنى خالىسانە مەسلىھەت بېرىشكە ئۇيۇشتۇردى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە «ئاقسۇ پەن - تېخنىكا گېزىتى»گە 850 نۇسخا مۇشتەرى توپلاندى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر ماتېرىيالدىن 1500 نۇسخا تۈزۈپ بېسىلدى، پەن - تېخنىكىغا ئائىت 38 مەيدان كىنو قويۇلدى، كىنونى 7024 ئادەم (قېتىم) كۆردى؛ 17 مەيدان سىنئالغۇ فىلىمى قويۇلدى، ئۇنى 2790 ئادەم (قېتىم) كۆردى؛ 3 قېتىم پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت كۆرگەزمە ئۇيۇشتۇرۇلدى، كۆرگەزمىنى 1231 ئادەم (قېتىم) كۆردى.

1989 - يىل 2 - ئايدا پەن -تېخنىكا جەمئىيىتى بىر قارار ئۈزۈن يۇڭلۇق توشقان بېقىش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە توشقان بېقىش كەسپىي ئائىلىسى ۋە توخۇ بېقىش كەسپىي ئائىلىسىدىن بولۇپ، جەمئىي 15 ئادەم قاتناشتى.

1991 - يىلى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت 57 مەيدان دوكلات ئۇيۇشتۇرۇلدى، دوكلاتنى 28 مىڭ 750 ئادەم (قېتىم) ئاڭلىدى. يېزىلاردا 59 قارار تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 5892 ئادەم تەربىيىلەندى. پەن - تېخنىكىغا دائىر 1880 نۇسخا كىچىك گېزىت تارقىتىلدى، 5617 نۇسخا ماتېرىيال بېسىپ تارقىتىلدى.

1993 - يىلى 6 يېزا، بىر بازاردىكى دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىملىرى ۋە دېھقان چارۋىچىلاردىن بولۇپ جەمئىي 4384 ئادەم پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەندى، ئۇلارغا بۇغداي، كېۋەز، مېۋىلىك دەرەخ، كۆكتاتلاردا بولىدىغان كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ھەم ھوسۇلنى ئاشۇرۇش، سۇ تېجەش قاتارلىقلار سۆزلەندى.

يېزىلاردىكى پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە پەن - تېخنىكا مەركەزلىرى «پەن ۋە تۇرمۇش»، «بىلىم - كۈچ»، «شىنجاڭ يېزا پەن - تېخنىكىسى» قاتارلىق ژۇرناللارغا پائال مۇشتەرى بولۇپ، ئۇنى كەڭ كۆلەمدە تارقىتىپ، پەن - تېخنىكىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە «ئاقسۇ پەن - تېخنىكا گېزىتى»گە 600 نۇسخىدىن ئارتۇق مۇشتەرى بولدى.

## 2. پەن - تېخنىكا مەسلىھەتچىلىكى

1986 - يىل 6 - ئايدا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بازار كۈنىدىن پايدىلىنىپ ئادەملەر بىر قەدەر توپلاشقان جايدا، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، فېئوداللىق خۇراپاتلىقنى تۈگىتىش كۆرگەزمىسى ئاچتى، بۇنى كۆرگۈچىلەر 15 مىڭ ئادەم (قېتىم)گە يەتتى. «1 - ئىيۇن» باللار بايرىمىدا پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن سەھىيە - تېببىي داۋالاش جەمئىيىتى 3 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 7 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە يەسلىدە ئۆسمۈر - باللارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش بىلىملىرىگە دائىر مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇردى، جەمئىي 2860 بالىغا مەسلىھەت بەردى. 1986 - يىلى چارۋىچىلىق - مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتى مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمەت بۆلۈمى باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمەت دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئۇلارغا مال - چارۋىلارنى كارانتىن قىلىش، غالجىر ئىت كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كالىنى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن

ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە ئەتىيازلىق يەم - بوغۇزنى پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكىسى جەھەتتە جەمئىي 398 ئادەم (قېتىم) گە مەسلىھەت بەردى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كالىنى توڭلىتىلغان ئىسقېرما بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسى بويىچە 3 قارار كۇرس (ھەر قارار 7 كۈن) ئاچتى. «توقسۇ چارۋىچىلىقى» ژۇرنىلىنى 4 سان چىقاردى.

1988 - يىل 1 - ئايدا دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى مېۋىلىك دەرەخنى پۇتاش، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۈنى تىزگىنلەش، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا 860 ئادەم قاتناشتى. 1993 - يىلى ناھىيىدىكى جەمئىيەت ۋە ئىلمىي جەمئىيەتلەر، مەسلىھەتچىلىك ئاپپاراتلىرى 74 تۈر بويىچە 495 قېتىم مەسلىھەت بەردى، مەسلىھەتنى 18 مىڭ ئادەم (قېتىم) ئاڭلىدى.

## 3. يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش

1985 - يىلدىن باشلاپ، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى تۆۋەن ھوسۇللۇق مېۋىلىك باغلارنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتتى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە مېۋە - چېۋە مەھسۇلاتى يىلمۇ يىل ئاشتى. 1986 - يىلى 5442 توننا، 1987 - يىلى 8268 توننا، 1988 - يىلى 12 مىڭ 929 توننا مېۋە - چېۋە ئېلىندى.

ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى مېۋىلىك دەرەخنى ئۇلاش، پۇتاش بويىچە 3 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، كىشىلەرنىڭ مېۋىلىك دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، شۇنىڭ بىلەن تېخنىكا تايانچىلىرىنىڭ كۈچى تېخىمۇ كۈچەيدى.

1986 - يىلى تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا، ناھىيە بويىچە پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەركىزىي گۇرۇپپىسىدىن 121ى، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىسىدىن 339ى قۇرۇلدى، بۇلارنىڭ ئەزاسى 3254كە يەتتى. شۇ يىلى 501 ئائىلىلىك دېھقان پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەندى. تاشئېرىق يېزىسى ئاراتوگمەن كەنتىدىكى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئابلا بۇغداي تېرىلىدىغان 1.5 مو ئۆلگىلىك ئېتىزغا تەبىئىي تاللانغان «501» سورتىنى ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇپ تېرىپ، بۇغداي كۆكەرگەن چاغدا يەنە 30 كىلوگرام خىمىيىۋى ئوغۇت بېرىپ، ھوسۇلنى 758 كىلوگرامغا يەتكۈزدى، ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا، كەنتتىكى 1600 مو بۇغدايدىن ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىندى.

1990 - يىلى 172 ئائىلە پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەندى، 153 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى %89 بولدى. 189 ئائىلە پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىش بويىچە مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، 180 ئائىلە ئۆلچەمگە يەتتى. 1992 - يىلى پەن - تېخنىكا كومىتېتى مېۋىلىك دەرەخلەردە بولىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۈنى تىزگىنلەش بويىچە 2 قارار كۇرس ئاچتى، كۇرسقا 118 ئادەم قاتناشتى. 600 مو يەردىكى شال خىمىيىۋى ئۇسۇلدا ئوتالدى. مىكرولۇق ئوغۇت، پېنشىباۋ قاتارلىق يېڭى دېھقانچىلىق دورىسى ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت كەلتۈرۈلۈپ، 875 مو يەرگە چېچىلدى، بۇنىڭ بىلەن مەھسۇلات تەخمىنەن %20 ئاشتى.

1993 - يىلى 2000 مو تونىلىق ئاشلىق ئېتىزى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى تېخنىكلارنى ئەۋەتىپ، نۇقتىدا تۇرغۇزۇپ يېتەكچىلىك قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئاشلىقنىڭ مو بېشى ھوسۇلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 980 كىلوگرامغا يەتتى. 1993 - يىلى 338 ئائىلىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق يۆلەش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە 293 كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نىسبىتى %86 بولدى.

## 4. پەن - تېخنىكا ھۆددىگەرلىكى

توقسۇ ناھىيىسى پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ «ئىككى تەرەپتىن قويۇۋېتىش» تەجرىبىسىنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى گۇرۇھلار بويىچە ھۆددىگە بېرىشنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇردى، دېھقانچىلىقنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

1989 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى گۇرۇھلار بويىچە ھۆددىگە بېرىشنى ئومۇملاشتۇرۇش قارار قىلىندى، ئارقىدىنلا ھۆددىگەرلىك يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇللىرى ئۈستىگە ئالدى، گۇرۇپپا ئەزالىرى يېزا، بازار مەسئۇللىرى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش بۆلۈمى، يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىش خىزمىتى ئەترىتى، «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ پەن - تېخنىكا مۇلازىمەت گۇرۇپپىسى، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ناھىيىلىك ھۆددىگەرلىك يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ قارىمىقىدا مەمۇرىي ئىشلار گۇرۇپپىسى، تېخنىكا مۇلازىمىتى گۇرۇپپىسى، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى.

ھۆددىگەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1990 - يىلى بېكىتىلگەن دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا دائىر 14 تۈرگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ناھىيە بويىچە 270 مىڭ مو يەردىكى دېھقانچىلىق زىرائىتى ناھىيىدىكى يېزا، بازارلارغا ھۆددىگە بېرىلدى، تېخنىكا ھۆددىگەرلىك توختامىدىن 24ى ئىمزالاندى. بۇنىڭدىن باشقا يېزىلار بىرلىك قىلىنىپ، 6 گۇرۇپپا تەشكىل قىلىندى، ھۆددىگەرلىك گۇرۇپپىلىرىغا ۋەزىپە يۈكلەندى، گۇرۇپپا ئەزالىرى يېزىلارغا بېرىپ، توختامدا بەلگىلەنگەن تۈرلەرنى ماددىمۇ ماددا ئەمەلىيلەشتۈردى، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت ۋە سىياسەت، تېخنىكا، ماددىي ئەشيالار ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى قىلىندى، بۇ ئارقىلىق مول ھوسۇل پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1990 - يىلى ناھىيە بويىچە 304 مىڭ 800 مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 73 مىڭ 853 توننا ھوسۇل ئېلىندى، يەنى 1989 - يىلدىكىدىن 6024 توننا ئاشتى، ئېشىش نىسبىتى 8.9% بولدى؛ 97 مىڭ 567 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، جەمئىي 5 مىليون 152 مىڭ كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىندى، يەنى 1989 - يىلدىكىدىن 2 مىليون 9000 كىلوگرام ئاشتى، ساپ پاختىنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 52.8 كىلوگرام بولدى، شال، كۆممىقوناقنىڭ مو بېشى ھوسۇلىمۇ زور دەرىجىدە ئېشىپ، بەلگىلەنگەن ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىقى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دېھقانچىلىق تېخنىكىسى گۇرۇھلار بويىچە ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغالدى، ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئۈنۈمى ئاشۇرۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسى كۆپەيدى، شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك پەن - تېخنىكا تەدبىرلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشى ۋە ئەمەلىيلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، دېھقانچىلىقنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىلدى.

## 5. ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى

80 - يىللاردىن باشلاپ، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، مائارىپ ئىدارىسى ۋە ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشى ئارقىسىدا ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىنى

ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى يىلدىن يىلغا جانلاندى. 1985 - يىل 4 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا پائالىيىتى يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بۇ گۇرۇپپا پەن - تېخنىكا ئىجادىيەت پائالىيىتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىلىم - پەننى قىزغىن تەشۋىق قىلدى. 1986 - يىلى ناھىيىلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يېتەكچىلىرى جەمئىيىتى قۇرۇلدى. 2 - ئايدا ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ئورگان ئىتتىپاق ياچېيكىلىرىدىن 1208 ياش - ئۆسمۈر، پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ۋە ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ تەشكىللىشى ئارقىسىدا تېلېسكوپ بىلەن ھاللىي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى كۆردى. 8 - ئايدا 4 نەپەر ياش - ئۆسمۈر ۋىلايەت ئۇيۇشتۇرغان بىئولوگىيە يەر شارى يازلىق لاگېرىغا قاتناشتى، ئۇلار دالا تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، قېزىلما بايلىق ۋە ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىلىرىنى يىغدى، بۇ ئارقىلىق ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا ئىلىم - پەننى قىزغىن سۆيۈش ھەۋىسى يېتىلدۈرۈلدى. 12 - ئايدا ناھىيىدە ياشلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكا ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى، كۆرگەزمىگە 500 ئەسەر قويۇلدى، 4199 ئوقۇغۇچى كۆرگەزمىنى كۆردى.

1988 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن مائارىپ ئىدارىسى ئىلىم - پەننى سۆيۈش ئېيى پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە پەن - تېخنىكىغا دائىر كىنولارنى كۆرۈشكە تەشكىللىدى، بۇ پائالىيەتكە 3860 ئوقۇغۇچى (قېتىم) قاتناشتى؛ بۇ پائالىيەت جەريانىدا 179 ھايۋان، ئۆسۈملۈك ئەۋرىشكىسى يىغىلدى، 3410 ئادەم (قېتىم) كىچىك ئىلمىي تەجرىبە ئىشلەندى، 760 كىچىك پەننىي كەشپىيات يارىتىلدى، ئىلىم - پەنگە دائىر كىچىك ئىلمىي ماقالىدىن 564ى تاپشۇرۇۋېلىندى، بۇ پائالىيەتكە 3800 ئوقۇغۇچى قاتناشتى. ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى لى چۈەنشى، لى جېڭگاڭلار ۋىلايەتلىك 3 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر رادىئو قۇراشتۇرۇش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ، شەرەپ بىلەن 4 - بولدى (ئىككىسى ھەمكارلاشقان)؛ ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مۇختەر روزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ گۇرۇپپىسى بويىچە 3 - بولدى؛ 3 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئابدۇكېرىم ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا يېتەكچىسى بولۇپ باھالاندى.

1991 - يىل 10 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پەن - تېخنىكا گۇرۇپپىسى ياسىغان «ئۆرۈك دەرىخىدە بولىدىغان يوڭلۇق قۇرت ئەۋرىشكىسى» ئاپتونوم رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا ئىجادىيىتى كۆرگەزمىسىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى پەرھات ياسىغان «ئۈچ گولۇبۇس» ۋىلايەتلىك 6 - نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا ئىجادىيەت كۆرگەزمىسىدە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## § 6 . مېتېئورولوگىيە، يەر تەۋرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش

### 1 . مېتېئورولوگىيە

توقسۇ ناھىيىلىك مېتېئورولوگىيە پونكىتى 1959 - يىلى قۇرۇلدى. بۇ پونكىت يەر ئۈستى مېتېئورولوگىيىسىنى كۆزىتىپ ۋە ئۆلچەپ، مېتېئورولوگىيىگە دائىر ماتېرىياللارنى توپلاپ، ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇپ، شۇ يەردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى.

1963 - يىلدىن باشلاپ ھاۋارايى ھادىسىلىرى بىلەن ماددىي نەرسىلەر كۆزىتىلدى، 1987 - يىل 1 -

ئايدا «PC — 1500» تىپلىق كومپيۇتېر ۋە JZP — 301 تىپلىق ئۆلچىرا قىسقا دولقۇنلۇق راتسىيە ئىشلىتىلدى. 1988 - يىلى ناھىيىلىك مۆلدۈردىن مۇداپىئەلىنىش ئەترىتى قۇرۇلدى. 1993 - يىلى ناھىيە، يېزىلاردا مېتېئورولوگىيە ترېۋوگا مۇلازىمىتى بويىچە ئالاقىلىشىش تورى بەرپا قىلىندى.

1995 - يىلغا كەلگەندە، 36 يىللىق مېتېئورولوگىيىگە دائىر ماتېرىياللار توپلاندى، بۇلار ئاساسلىقى تېمپېراتۇرا، ھۆل - يېغىن، قۇياشنىڭ يورۇتۇشى، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى، قىرو، شامال كۈچى، مۆلدۈر، قارا يامغۇر، يېغىندى قار، يېغىندى تېمپېراتۇرا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 2. يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش

1976 - يىل 8 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك يەر تەۋرەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، لياڭ ۋېنيىڭ، لى چۈنلەن، ۋاڭ شىزۋىڭلار يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش ۋە ئالدىن مەلۇمات بېرىشكە ئاجرىتىلدى ھەمدە ئۇلار كۈندىلىك ئوتتۇرىچە قىممەت خەرىتىسى، ئايلىق ئوتتۇرىچە قىممەت خەرىتىسى، 10 كۈنلۈك ئوتتۇرىچە قىممەت خەرىتىسى، 5 كۈنلۈك ھەرىكەت قىممەت خەرىتىلىرىنى سىزدى. 1980 - يىلى 2 قېتىم يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىلدى، بىراق ئورۇن، ۋاقىت ئارىلىقى بەك يىراق بولۇپ قالدى. 1984 - يىلدىن كېيىن، يەر تەۋرەشنى كۆزىتىش خىزمىتى توختاپ قالدى.

## يىگىرمە بىرىنچى قىسىم

# مەدەنىيەت



# يىگىرمە بىرىنچى قىسىم

# مەدەنىيەت

## I باب

## مەدەنىيەت - سەنئەت

توقسۇننىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى مەشرەپنى ئاساس قىلىدۇ، يىلدا بىر كېلىدىغان نورۇز ئويغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش بايرىمى ھېسابلىنىدۇ، بۇ پائالىيەتتىكى تاپانچىلار، ئاساسلىقى، خەلق ئارىسىدىكى سەنئەتكارلاردىن ئىبارەت.

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) ناھىيىلىك ئويغۇر ئويۇشمىسى ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش ئەترىتى تەشكىللىدى، بۇنىڭ بىلەن ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ناھىيىنىڭ بازار - يېزىلىرىنى قاپلاپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ راسا ئالقىشىغا ئېرىشتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سەنئەت ئۆمىكى، مەدەنىيەت يۇرتى، «شىنخۇا» كىتابخانىسى، كىنو ئەترىتى قاتارلىق مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت، گۈزەل سەنئەت، خەتتاتلىق، فوتو سۈرەت، قەغەز قىيمىچىلىقى قاتارلىق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى خېلى تېز راۋاجلاندى.

80 - يىللاردا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى يېزا - بازارلاردا مەدەنىيەت پونكىتى قۇردى، بۇ پونكىتلار ھەم مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى، ھەم مەدەنىيەتنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى بولدى. 90 - يىللاردا ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، ناھىيە بويىچە مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

### § 1 . ئاپپاراتلار

#### 1. ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى

1984 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى باشقۇراتتى. 1984 - يىل 8 - ئايدا مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە خىزمىتىنى

ئاساسلىق باشقۇردى. غېنى ئادىل مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى (ئىدارە باشلىقى يوق ئىدى) بولدى، 5 خىزمەتچى قويۇلدى. 1990 ـ يىلى مەدەنىيەت تەنتەربىيەدىن ئايرىۋېتىلىپ، مەدەنىيەت ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1991 ـ يىل 4 ـ ئايدا مۇھەممەت نىياز ئىدارە باشلىقى، سىجىت سىيىت مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولدى. 1992 ـ يىل 8 ـ ئايدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلۇپ، مەدەنىيەت ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى، 3 خىزمەتچى قويۇلدى.

## 2. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى

1951 ـ يىل 8 ـ ئايدا ماائارىپ نازارىتىنىڭ تەكشۇرۇپ تەستىقلىشى بىلەن، سابىق ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى مىللىي مائارىپ يۇرتى ئاساسىدا توقسۇ ناھىيىلىك خەلق مەدەنىيەت ـ مائارىپ يۇرتى قۇرۇلدى. 1952 ـ يىلى مەدەنىيەت يۇرتى رەسمىي قۇرۇلدى، ئۇ بۆلۈمچە دەرىجىلىك ئورۇن بولدى، 3 خىزمەتچى بار بولدى. پاشا رىيىم مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ تۇنجى باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شۇ يىلى 550 كىتاب ساقلاندى، «شىنجاڭ گېزىتى» ۋە ئاز مىقداردىكى ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇندى. 1966 ـ يىل 12 ـ ئايدا مەدەنىيەت يۇرتى ناھىيىلىك مەدەنىيەت پونكىتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1975 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئەسلىدىكى تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر مۇئاۋىن باشلىق، 9 خىزمەتچى بار بولدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر باشلىق، 12 خىزمەتچى بار بولدى. شۇ يىلى ساقلانغان كىتاب 8000 دىن كۆپرەككە، مۇشتەرى بولغان گېزىت ـ ژۇرنال 60 خىلغا يەتتى.

## 3. يېزا ـ بازارلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرى

1) ئىچئېرىق يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى بۇ پونكىت 1984 ـ يىلى تەسىس قىلىنىپ، توختام تۈزۈمىدىكى بىر كادىر بېرىلدى.

2) پەيشەنبە بازار يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى بۇ پونكىت 1984 ـ يىلى تەسىس قىلىنىپ، توختام تۈزۈمىدىكى بىر كادىر بېرىلدى.

3) تاشئېرىق يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى بۇ پونكىت 1984 ـ يىلى تەسىس قىلىنىپ، توختام تۈزۈمىدىكى بىر كادىر بېرىلدى.

4) ئۆگەن يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى بۇ پونكىت 1984 ـ يىلى تەسىس قىلىنىپ، توختام تۈزۈمىدىكى بىر كادىر بېرىلدى.

5) يۇلتۇزباغ يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى بۇ پونكىت 1981 ـ يىلى تەسىس قىلىنىپ، توختام تۈزۈمىدىكى بىر كادىر بېرىلدى.

6) ئۆچقات يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتى بۇ پونكىت 1984 ـ يىلى تەسىس قىلىنىپ، توختام تۈزۈمىدىكى بىر كادىر بېرىلدى.

## 4. ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى

مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش گۇرۇپپىسى قۇردى،

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى (ۋىلايەت دەرىجىلىك) قۇرۇلدى، 1966 ـ يىل 12 ـ ئايدا ناھىيىلىك مەدەنىيەت پونكىتىغا قوشۇۋېتىلدى، 1970 ـ يىلى تارقىتىۋېتىلىپ، 1979 ـ يىل 7 ـ ئايدا يېڭىۋاشتىن (مەدەنىيەت يۇرتىغا قاراشلىق) قۇرۇلدى، 1984 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئايرىم تەسىس قىلىندى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر ئۆمەك باشلىقى (قوشۇمچە)، بىر مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى، 32 ئارتىست (يۇقىرى ئىچىدە، ئايال ئارتىست 10، 4 ـ دەرىجىلىك ئارتىست 23)، 1000 كىشىلىك بىر تىياتىرخانا بار بولدى.

## 5. كىنوخانا

1956 ـ يىل 8 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە كىنو ئەترىتى قۇرۇلدى. 1959 ـ يىل 4 ـ ئايدا كىنوخانىلىغا ئۆزگەرتىلدى (ۋىلايەت دەرىجىلىك). 1963 ـ يىلى يېڭىدىن 3 كۆچمە كىنو ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇلار كىنوخانىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. 1966 ـ يىل 12 ـ ئايدا كىنوخانا ناھىيىلىك مەدەنىيەت پونكىتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1975 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئەسلىدىكى تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 ـ يىلى كىنوخانىدا بىر دىرېكتور، 12 خىزمەتچى، 4 كىنو قويۇش ئاپپاراتى، بىر يازلىق كىنوخانا، بىر كۆلۈب بار بولدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر دىرېكتور، 11 خىزمەتچى بار بولدى.

## 6. كىنو فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش شىركىتى

1975 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك كىنو پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇ رايون دەرىجىلىك ئورۇن بولدى، ئۇ، ناھىيىلىك كىنوخانا بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى، 2 ۋۇېسكا ئىشلىدى. بۇ پونكىت ناھىيە بويىچە كىنو فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش كەسپىگە، كۆچمە كىنو ئەترەتلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى.

1979 ـ يىلى بۇ پونكىتنىڭ نامى كىنو فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، كىنوخانىدىن رەسمىي ئايرىۋېتىلدى.

1987 ـ يىلى كىنو فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش شىركىتى تىجارەت ھۆددىگەرلىكىنى يولغا قويدى.

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىركەتكە بىر دىرېكتور، 13 خىزمەتچى قويۇلدى، قارمىقىدا 2 يېزىلىق كىنوخانا، 6 يېزا كىنو ئەترىتى بار بولدى.

1) دايۇلتۇز كىنو ئەترىتى 1958 ـ يىل 4 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك 1 ـ كىنو ئەترىتى قۇرۇلدى، 1965 ـ يىلى ئۇ دايۇلتۇز كىنو ئەترىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

2) ئىچئىبرىق كىنو ئەترىتى 1963 ـ يىل 11 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك 2 ـ كىنو ئەترىتى قۇرۇلدى. 1965 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئىچئىبرىق كىنو ئەترىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

3) تاشئىبرىق كىنو ئەترىتى 1965 ـ يىل 10 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك 3 ـ كىنو ئەترىتى قۇرۇلدى. 1972 ـ يىل 7 ـ ئايدا تاشئىبرىق كىنو ئەترىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

4) شويۇلتۇز كىنو ئەترىتى بۇ ئەترەت 1972 ـ يىل 7 ـ ئايدا قۇرۇلدى.

5) پەيشەنبە بازار كىنو ئەترىتى بۇ ئەترەت 1978 ـ يىلى قۇرۇلدى.

6) ئۆچقات كىنو ئەترىتى بۇ ئەترەت 1984 ـ يىلى قۇرۇلدى.

## 7. ناھىيىلىك مەدەنىيەت پونكىتى

1966 ـ يىلى 10 ـ ئايدا توقسۇ سوتسىيالىستىك تەربىيە شۆبە ئۆمىكى «ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، خادىملارنى قىسقارتىش» مەقسىتىدە، مەدەنىيەت يۇرتى، سەنئەت ئۆمىكى، كىنوخانا، «شىنخۇا» كىتابخانىسى قاتارلىق ئورۇنلارنى قوشۇپ، توقسۇ ناھىيىلىك مەدەنىيەت پونكىتى (رايون دەرىجىلىك) قۇرۇپ، بىر پونكىت باشلىقى، 20 خىزمەتچى سەپلەپ بەردى.

1975 ـ يىلى 4 ـ ئايدا مەدەنىيەت پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كىنوخانا، «شىنخۇا» كىتابخانىسى، مەدەنىيەت يۇرتى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## § 2 . ئەدەبىي ئىجادىيەت

مىڭگو دەۋرىدە توقسۇ ناھىيىسىدە بىر قىسىم ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجاد قىلىنغانىدى، بولۇپمۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىجادىي ئەسەرلەر كۆپەيگەن، لېكىن ئۇلار ساقلىنىپ قالمىغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەدەبىي ئىجادىيەت تەدرىجىي راۋاجلاندى. 1959 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ناھىيىلىك ئەدەبىي ئىجادىيەت بويىچە سۆھبەت ھەمراھ قويۇپ بېرىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، «توقسۇ ناخشىسى»، «پولات جەڭچى» قاتارلىق ژۇرناللار چىقىرىلدى، بۇ ژۇرناللاردا توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئىشتىن سىرتقى ئاپتورلارنىڭ 2 كىنو سىنارىيىسى، بىر ھېكايىسى، 448 پارچە شېئىرى ئېلان قىلىندى. بىراق بۇ ئەسەرلەر «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەش»نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، ئۇنىڭدا «سول» چىل خاھىش مەۋجۇت ئىدى. ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئەدەبىي ئىجادىيەت كۈندىن ـ كۈنگە گۈللەندى، ناھىيە بويىچە بىر قەدەر مەشھۇر ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەردىن غوپۇر ھوشۇر نىيازى، ئەخمەت ھاشىت، ئەخمەت ئىسمايىل، ياسىن ئابىت، نۇرنىسا ئوسمان، ياسىن يۇسۇپ قاتارلىقلار مەيدانغا كەلدى، ئىجاد قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى كەڭ بولۇپ، شېئىر، ھېكايە، دراما، مۇزىكا، ئۇسسۇل، كۈلدۈرگە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بەزى ئەسەرلەر مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» تەرىپىدىن ئىشلىتىلدى، بەزىلىرى سەھنىدە ئوينالدى.

### قوشۇمچە I

ئىجادىي شېئىرلاردىن تاللانما

## ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن

غوپۇر ھوشۇر نىيازى

سۆيۈملۈك ۋەتىنىم سۆيىمەن سېنى،
سەن مېنىڭ ئانامسەن، ئۇلۇغ، مېھرىبان.

سەن بەختىۇ - ئىقبالىم، كۆلكەم مەنبەسى،
سەن تۇغقان ئانامدىن بۈيۈك، قەدىردان.

باغرىڭدىن جاي ئالغان ھەرتال شىغىل - تاش،
يات ئەلنىڭ زەرىدىن ئەتىۋار - ئەۋزەل.
دالاڭدا ياشنىغان ھەر گىياھ، ئوت - ياش،
يات ئەلنىڭ گۈلىدىن مىڭ ھەسسە گۈزەل.

قەلبىمنى ئۆرتەيدۇ ھەر دەم بىر يالقۇن،
بۇ — سېنىڭ سۆيگۈڭدۇر، ساڭا مۇھەببەت.
قان - تەرىم تەسەددۇق پەقەت سەن ئۈچۈن،
سەن ئىللىق ئائىلەم ئەبەدىلئەبەد.

ئېخ - ئانا، سۆيىمەن مېھرىڭدە سېنى،
قەسىمىم: بىرياخشى ئوغلۇڭ بولىمەن.
گۈللىتىش، بېيىتىش ئۈچۈن باغرىڭنى،
ئۆمرۈمنى بىر ساڭا تەقدىم ئېتىمەن.

1963 - يىل

## تارىمغا سەپەر

### جى چۈەن

ئۆيۈقتا سۇ ئاقار، يۇلتۇزلار چاقنار،
ياتار ئۇزۇن كۆۋرۈك، كۆز، تۈن، سوغ ھاۋا.
تۇرنىلار قايتماقتا قومۇچزار سىيان،
توغراقلار ئەكس ئېتەر سۇ ئىچىدە، مانا.

چىن، خەنلەر① ئۇتۇشتى، ئادەملەر شالاڭ،
خەن يۈەندىڭ② دەۋرىدە ياشنىدى بوستان.
بۇ دەۋران نۆۋەتتە كىمنىڭ ئىلكىدە،
جەم بولدۇق ئۈجمىزار بولدى ئۆكيان.

1985 - يىل

① چىن، خەن سۇلالىلىرى.
② خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەندىڭ خانى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 61 - يىلى)

# قەدىمكى شەھەرگە سەپەر

— توققۇزباش قەدىمكى شەھىرىگە زىيارەت①

ياڭ جۈن

قەدىمكى شەھەردە ھۇۋلايدۇ بوران،
لەرزىگە سالىدۇ دىلنى قالدۇق تام.
ياتار پاسىق سۆڭەك ساپاللار ئارا،
قەدەمنى توختىتار ئۇچۇپ توپا ـ چاڭ.

ئەسلىدىم تۇغ ـ ئەلەم ئۇچقان كۈنلەرنى،
ئايدىڭدا ياڭرىغان دۇمباق ساداسى.
ھەيۋەتلىك تۆت قوۋۇق تورار تەق بولۇپ،
يىگىرمە تۆت ئاتنىڭ ياۋۇز سىماسى!②

ماشىنام توختىدى مەنزىلگە كېلىپ،
ئۆتمۈشچۈن ـ بۈگۈنچۈن قىلدۇق غۇلغۇلا.
كۆك قوچۇپ ئۇچىدۇ بۇلۇت دولقۇنلاپ،
ياڭرار جەڭ دۇمبىقى شۇتاپ قولاقتا.
تەسىرلىك جايلارنى قىلدىم تەپەككۇر،
ياتىدۇ ئالدىمدا يۇلغۇنلۇق دالا.
ئاغىنە!
ئوتقاشتەك تاۋلىنار قىپقىزىل يۇلغۇن،
كەچكى كۈن ئويۇقتا، شاۋقۇنلار توغراق.
تاقىرباش بۇ شەھەر تەلپۈنەر كۆككە،
قەدىم پالۋانلارنى كىم قىلغاي تاۋاپ!
مال تويى ئايلىنىپ يۈرەر ئوتلاقتا،
چۆپ ئارا سايرىشار قۇش ھەم ھاشارات.
تۆلپارلار، نەيزىلەر نەلەردە قالدى،
شەھەر تىمتاس، ئادەم ئاز ـ شالاڭ، قەۋەت.
ئاغىنە!
قەدىمكى بۇ شەھەر خاراب، مىڭ ئەپسۇس،
سۆزلىمەس بۇ شەھەر، جىمجىت ياش تۆكەر.

① توققۇزباش — توقسۇ ناھىيىسىدىكى بىر قەدىمكى شەھەر.
② شەھەر سېپىلىنىڭ بىر تېمىدا 6 ئات بېشى سىماسى بار، تۆت تەرەپتىكى سېپىلدا 24 ئات بېشى سىماسى بار، بۇلار مۇدابىئەدە ئىشلىتىلگەن.

ئافرىنىتىم ئىچ دەرتلىك زامان ھەققىدە،
پىراقتا تاغ مەيۈس دەرت ـ ھەسرەت چېكەر.
تيەن گۈئەنىڭ خىسلەتلىك[1] پالتىسى بولسا،
قايتىدىن تىكلەيتتىم كۈنگۈرەنى مەن.
نەيزىنى گويىنتىپ بەنچاۋ[2] ھەر ياندا،
ئات مىنىپ راھەتتە چېگرىنى كەزگەن.
ئافىنە!
سەيلىدىن قايتىمىز، ئۇخلىيالمىدىم،
يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا باقتىم تۈن كېچە.
قەدىمكى باتۇرلار زورلۇق ئىستىگەچ،
تولۇپتۇ بۇ شەھەر پاسىق سۆڭەككە.
ھەممىنى ئۇزاتتى ئۆگەن دەرياسى،
ئېلىپتۇ يىپىيېڭى قىياپەت كۆسەن.
پەيزىمدىن قەدەھىمۇ چىقىلىپ كەتتى،
شەپەققە پۈركەندى ئالەم، شەھەر ھەم.

1994 ـ يىل

## قوشۇمچە II

### توقسۇلۇق يازغۇچى ئەخمەت ھامۇت

ئەخمەت ھامۇت، ئۇيغۇر، توقسۇ ناھىيىسىدىن، كومپارتىيە ئەزاسى. 1944 ـ يىل 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 1962 ـ يىل 8 ـ ئايدا مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن.

1988 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان، ئۇ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ تىياتىرچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئەدەبىي تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، قوشۇمچە باش كاتىپى.

ئەخمەت ھامۇت 1963 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ھەر خىل گېزىت ـ ژۇرناللاردا 1 مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق (خەنزۇچە خەت ھېسابىدا) ئىجادىي ئەسەر ۋە تەرجىمە ئەسەر ئېلان قىلغان.

«پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا سادىق مۇھەررىر»، «تىپ توغرىسىدا»، «ئاخىرقى پادشاھ»، «ئاتوم دەۋرىنى نېمە ئۈچۈن يازىمىز»، «مىراس»، «يەتتەيلەن ۋە بىرەيلەن»، «پارىژنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن قاتىللىق دېلوسى»، «ئاياللار ئاجىزلاردىن ئەمەس»، «دۇنيادىكى 1 ـ ئايال جاسۇس»، «جاڭگوتاۋنىڭ ئۆلۈمى»، «جۇڭگودىكى ئەڭ باي ئايال»، «ئىرەمباغقا قايتىش»، «شىنجاڭنىڭ 30 يىللىق ئەدەبىي تەرجىمە ئەمۇالىغا نەزەر»، «ئېگىز ئاسماندا قاناتلانغان خىياللار»، «چۈمبەل تارتىۋالغان ئايال»، «ئەرەب ئۇسسۇل چولپىنىنىڭ

---

① تيەن گۈئەڭ — خەنزۇ رىۋايەتلىرىدىكى بىر قەھرىمان.
② بەنچاۋ — غەربىي يۇرتنى تىنچلاندۇرغۇچى سەركەردە.

ئۆلۈمى» قاتارلىق ئەدەبىي تەرجىمە ئەسەرلىرى بار، بۇ ئەسەرلەر «ئەدەبىي تەرجىمىلەر»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

«دېھقان شادلىقى»، «مىللەتلەر بىر ئائىلە»، «پولات قورغان»، «مۇخەممەس»، «سالام، ئاقسۇ»، «باھار تەسىراتلىرى»، «كۆلدۈرگە»، «توي سوۋغىتى ماجىراسى»، «ھايات تەسىراتلىرى» قاتارلىق شېئىر ۋە نەسىرلىرى؛ «يىلتىز»، «كىشىنى جەلپ قىلىدىغان يېڭىلىقلار» قاتارلىق ھېكايە ۋە ئوچېركلىرى «تارىم»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «ئاقسۇ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئاڭلىتىلغان. بەزى ئەسەرلىرى خەنزۇ، قازاق، قىرغىز، موڭغۇل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «مىللىي يازغۇچىلار»، «شوغىلا»، «قىرغىز ئەدەبىياتى»، «چولپان» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

«تارىم بويىدا شادلىق»، «سۆز ـ ھەرىكىتى بىردەك بولۇش»، «قەھرىمان ما ليەنجاڭ»، «ئامەت ۋە ئاپەت» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى بار، بۇلاردىن 3 ى سەھنىدە ئوينالغان، «ئامەت ۋە ئاپەت» «شىنجاڭ سەنئىتى» دە ئېلان قىلىنغان، باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئىجاد قىلغان تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلىمى «تارىم باغرىدا شادلىق» 1994 ـ يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن كۆرسىتىلدى.

باشقا تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن «قىرغىز ئۇسسۇلى»، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىگە دائىر چوڭ ئىشلار»، «فوتو سۈرەتچىلىكتىن ساۋات» قاتارلىقلار ئېلان قىلىنغان. «ئۈرۈمچىنىڭ يېڭى قىياپىتى»، «مەشھۇر ئاسار ئەتىقە» قاتارلىق فوتو سۈرەت ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان.

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى بىر قىسىم ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەرنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى

جەدۋەل: 21 — 1

| ئاپتور ئىسمى فامىلىسى | ئەسەر نامى | ژانىرى | ئېلان قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرنال (رادىئو ئىستانسىسى) | ئېلان قىلىنغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| ياسىن يۈسۈپ | خەلق ئەسكەرلىرى ناخشىسى | شېئىر | «شىنجاڭ خەلق ئەسكەرلىرى» | 1967 |
| | گالستۇك | شېئىر | شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسى | 1979 |
| غوپۇر ھوشۇر نىيازى | قالدۇرمايمىز بىر تال دان | شېئىر | «شىنجاڭ گېزىتى» | 1960 .7 |
| | ئورما ناخشىسى | شېئىر | «شىنجاڭ گېزىتى» | 1964 .8 |
| | يېڭى يېزىغا زىيارەت | شېئىر | «شىنجاڭ گېزىتى» | 1974 .6 |
| | قەيسەر بوۋاي | شېئىر | «شىنجاڭ گېزىتى» | 1974 .12 |
| | يېڭى قىياپەت | شېئىر | «شىنجاڭ گېزىتى» | 1979 .5 |
| | كۆيدۈرۈلگەن باغاق | ھېكايە | «ياچىيكا تۇرمۇشى» | 1980 .6 |
| | نىجاتلىق كارۋىنى | شېئىر | «تارىم» | 1980 .8 |
| | قەيسەر قىزچاق | شېئىر | «شىنجاڭ گېزىتى» | 1981 .9 |
| | ئۇستازىم | شېئىر | «شىنجاڭ گېزىتى» | 1981 .10 |
| | ئالتۇن بوشۇكۇم | شېئىر | «تورپان» | 1984 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| لو كۈي | ئىنقىلابىي قۇربانلار سۆرىتى ئالدىدا | شېئىر | «ئاسمۇي مەدەنىيەت» | 1980 .1 |
| | سەھرا | شېئىر | «تارىم» | 1988 .2 |
| ئەخمەت ئىسمايىل | كۆلپەتلىك توي | دراما | «ئاسمۇي مەدەنىيەت» | 1984 .1 |
| | پەلەكتە ياڭرىدى ئاخشام | شېئىر | ئاسمۇي مەدەنىيەت | 1984 .2 |
| يىلك چىشيەن | ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەر يۇرتىغا زىيارەت | نەسر | تيەنجىن گۈزۈن ئۆمۈر ژۇرنىلى | 1984 .5 |
| | غەربىي يۇرتتىن كەلگەن دوكلات | نەسر | چاڭشا تەنتەربىيە ھەپتىلىك ژۇرنىلى | 1984 .6 |
| نۇرنىسا ئوسمان | قەلب ساداسى | دراما | «ئاقسۇ گېزىتى» | 1984 |
| ۋۇ گوچى | كۈچانىڭ يېڭى قىياپىتى | ئەپسىلىي خەۋەر | «شىنجاڭ گېزىتى» | 1985 .10 |
| ياسىن ئابىت | يانتاقتۇدۇق | شېئىر | «شىنجاڭ گېزىتى» | 1983 .4 |
| | ناۋاي | شېئىر | «شىنجاڭ گېزىتى» | 1980 .7 |
| | چاي | شېئىر | «شىنجاڭ گېزىتى» | 1972 .1 |
| | دوسكا ئالدىدا | شېئىر | «شىنجاڭ گېزىتى» | 1979 .5 |
| | شام | شېئىر | «شىنجاڭ گېزىتى» | 1981 .3 |
| ئەخمەت ھامۇت | يولات جەڭچى | شېئىر | «مىللىي يازغۇچىلار» | 1990 .5 |
| | يىلتىز | نەسر | «تارىم» | 1993 .7 |

## 3 § . ئويۇن قويۇش ئەھۋالى

### 1 . مىنگو دەۋرىدە

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) ئۇيغۇر ئويۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەدەبىيات - سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، قاسىم تەمبۇر، ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار بۇ گۇرۇپپىغا مەسئۇل بولدى. ئەدەبىيات - سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئويۇن قويۇش ئەترىتى ئويۇن قويغاندا چوڭراق دەڭلەر ئويۇن قويۇش سورۇنى قىلىپ تاللىناتتى. كىيىم - كېچەك، سەھنە جاھازلىرى كەمچىل بولغانلىقتىن، ھەممىسى خەلقتىن ئارىيەت ئېلىشقا

توغرا كېلەتتى.

30 -، 40 - يىللاردا ئەدەبىيات - سەنئەت گۇرۇپپىسى ئوينىغان ئاساسلىق دراملار «راھىبە - سەئىدىن»، «شاھخەي كېچىسى»، «بېگىمنىڭ ئاقىۋىتى»، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئويۇن قويۇش ئەترىتىدىن باشقا، يەنە بەزى ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش ئۆمەكلىرىمۇ بار ئىدى، مەسىلەن: 40 - يىللاردا قۇرۇلغان ج خ ئىدارىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئاساسلىقى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، بەگنى، قىمارنى چەكلەش قاتارلىقلار توغرىسىدا تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇراتتى.

## 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن

1949 - يىل 10 - ئايدىن كېيىن، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئويۇن قويۇش ئەترىتىنىڭ سېپى ئۈزلۈكسىز زورايدى، سەۋىيىسى خېلى ئۆستى. 1953 - يىلى ئويۇن قويۇش ئەترىتى ئاساسىدا توقسۇ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، كۆپرەك يېزىلاردا سەييارە ئويۇن قويدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، يەر ئىسلاھاتى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش جەھەتتە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. ئاساسلىق ئوينىغان سەھنە ئەسەرلىرى «يېتىملار يېشى»، «ئۆگەي ئانا»، «قان - ياشلىق ئىنتىقام»، «داغدام يول»، «باي ۋە مالاي»، «شەرق شامىلى باھار ئېلىپ كەلدى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە «غېرىب - سەنەم»، «ئاشىق»، «پىچاق»، «قاسىمجان قايتىپ كەلدى»، «ئانارخان»، «ئۇنتۇلماس كۈنلەر»، «ۋېيتنام پارتىزانلىرى»، «خوڭخۇ كۆلى»، «ياغاچچىنىڭ كۆيئوغۇل ئىزدىشى»، «ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا» قاتارلىقلارنى ئوينىدى، ئۇيغۇرلار ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان 100 دىن ئارتۇق ناخشا - ئۇسسۇلمۇ كىرىشتۇرۇپ ئورۇندالدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئويۇن قويۇش پائالىيىتى توختاپ قالدى.

1970 - يىلى سەنئەت ئۆمىكى تارقىتىۋېتىلدى.

1979 - يىلى سەنئەت ئۆمىكى يېڭىۋاشتىن قۇرۇلۇپ، ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئىنتايىن جانلىنىپ كەتتى. يېڭى تارىخىي دەۋردە «كۆلپەتلىك يىللار»، «غۇنچەم»، «كۆلپەتلىك توي»، «قىساس» قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق يېڭى دراما ۋە 100 دىن ئارتۇق كومېدىيە، ناخشا - ئۇسسۇل ئوينالدى، ئويۇن قويۇش دائىرىسى جەنۇبتا قەشقەر، خوتەنگىچە، شىمالدا ئۈرۈمچى، قارامايغىچە كېڭەيدى. 1984 - يىلى يەنە بىر قىسىم ئارتىستلار ئاجرىتىلىپ، «يۇرتقا مۇھەببەت»، «تەڭرىتاغ ساداسى» قاتارلىق فىلىملەرنى سۈرەتكە ئېلىشقا ھەمكارلاشتۇرۇلدى.

سەنئەت ئۆمىكىدىن باشقا، يەنە بەزى كىچىكرەك، ۋاقىتلىق ئىشتىن سىرتقى ئويۇن قويۇش ئۆمەكلىرىمۇ قۇرۇلدى.

1958 - يىل 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە گۇڭشېلاردا قۇرۇلغان ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى 66گە، ئەر - ئايال ئارتىست 1157گە، سازەندە 197گە يەتتى. بۇ ئۆمەكلەر 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئارقا - ئارقىدىن تارقىلىپ كەتتى.

1971 — 1976 - يىلغىچە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى دراما ئۆمىكى قۇردى. ئۆمەك ئەزالىرى ئىدارە - ئورۇنلاردىن ئاجرىتىلدى، ئۇلار «قىزىل چىراغ»، «ۋېيخۇشەننى پەم بىلەن ئېلىش» قاتارلىق ئۈلگىلىك تىياتىرلارنى ئوينىدى. بۇلارنى توقسۇ ناھىيىسىدە ئويناپ چىققاندىن تاشقىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ۋە قېرىنداش ناھىيىلەردىمۇ ئوينىدى.

## توقسۇ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى ئويۇن قويۇش ئەھۋالى

جەدۋەل: 21 — 2

| يىللار | ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى | ئويۇن قويۇش قېتىم سانى | | تاماشىبىن (تۈمەن ئادەم) | | يىللىق كىرىمى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە يېزىدا قويغىنى | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: يېزىلىق | |
| 1949 | 25 | 70 | 39 | 7 | 3 | |
| 1950 | 25 | 80 | 40 | 8.5 | 4.5 | |
| 1951 | 24 | 120 | 70 | 12.5 | 7.5 | |
| 1952 | 26 | 125 | 90 | 11.3 | 9 | |
| 1953 | 25 | 230 | 200 | 25 | 20 | 0.24 |
| 1954 | 24 | 220 | 200 | 27 | 25 | |
| 1955 | 20 | 200 | 180 | 21 | 15 | |
| 1956 | 20 | 220 | 180 | 20 | 15 | |
| 1957 | 20 | 200 | 150 | 19 | 12 | |
| 1958 | 13 | 230 | 180 | 21 | 17.5 | |
| 1959 | 13 | 212 | 112 | 22.5 | 12.2 | |
| 1960 | 22 | 288 | 218 | 22.9 | 12.4 | |
| 1961 | 17 | 60 | 40 | 3.6 | 2.7 | |
| 1962 | 27 | 214 | 120 | 12.5 | 8.3 | |
| 1963 | 27 | 215 | 114 | 12.8 | 8.5 | |
| 1964 | 25 | 249 | 147 | 14 | 9.3 | |
| 1965 | 26 | 250 | 160 | 15 | 9.5 | |
| 1980 | 27 | 86 | 21 | 8.4 | 2.5 | 1.23 |
| 1981 | 25 | 153 | 84 | 19.8 | | 1.61 |
| 1982 | 31 | 201 | 89 | | | 3.9 |
| 1983 | 39 | 198 | 84 | 39.2 | | 2.91 |
| 1984 | 38 | 170 | | 16 | | 2.61 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | 41 | 157 | 49 | 14.5 | | 3.29 |
| 1986 | 41 | 182 | 75 | 19 | 8 | 6.67 |
| 1987 | 41 | 156 | | 18 | | 5.12 |
| 1988 | 41 | 157 | 76 | 15.3 | | 3.76 |
| 1989 | 44 | 166 | 91 | 15.5 | | 5.93 |
| 1990 | 43 | 137 | | 11.5 | | 2.76 |
| 1991 | 40 | 100 | 55 | 11 | | 2.01 |
| 1992 | 36 | 57 | 25 | 8.5 | | 1.02 |
| 1993 | 36 | 112 | | 10.5 | | 1.07 |

# § 4 . خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى

## 1. مەشرەپ

مەشرەپ — ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بولۇپ، توقسۇننىڭ بازار - يېزىلىرىغا تارقىلىپ، ئاھىيىنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىغان، ئۇنىڭغا ھەر مىللەت خەلقى ئاھايىتى ئامراق.

توقسۇ مەشرىپى قەدىمكى كۇسەن ئۇسسۇل - مۇزىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇ تەبرىك مەشرىپى، نۆۋەتلىك مەشرەپ، ئىختىيارىي مەشرەپ، پولۇ مەشرىپى، قوغۇن پىشىقى مەشرىپى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. مەشرەپنى خالىغان ۋاقىت، خالىغان يەردە ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ، ئۆي، خامان، باغ قاتارلىقلار مەشرەپ سورۇنى بولالايدۇ. ئەر - ئايال، قېرى - ياشلار قاتنىشىۋېرىدۇ، ئاز بولغاندا بىر قانچە كىشى، كۆپ بولغاندا نەچچە ئون، نەچچە يۈز كىشى قاتنىشىدۇ.

مەشرەپ ئۆتكۈزىدىغان ۋاقىتتا كىشىلەر چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئۇسسۇل سورۇنى قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىسنى بوش قالدۇرىدۇ. چوڭ مەشرەپلەرگە مەشرەپبېشى قويۇلىدۇ. باشلاش ۋاقتىدا مەشرەپبېشى ئالدى بىلەن مەشرەپ ئۆتكۈزۈشنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىنى سۆزلەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سازەندىلەر دۇتار، تەمبۇر ۋە داپ قاتارلىق چالغۇلار بىلەن مۇقام ئورۇندايدۇ. ئۇسسۇل نەغمىسىگە ئۆتكەندە، بىر كىشى مەيدانغا چۈشۈپ ئۇسسۇل باشلايدۇ ۋە ئولتۇرغانلاردىن خالىغان بىر كىشىنى ئۇسسۇلغا تارتىپ بىللە ئۇسسۇل ئوينايدۇ (ئادەتتە بىر ئەر، بىر ئايال جۈپ بولۇپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ) . ئۇسسۇل جانلىق، لەرزان ئوينىلىدۇ، پۇتى بىلەن يەرنى چېكىپ، مۈرىسىنى ئېتىپ، كۆز تاشلاپ، چاۋاك چېلىپ ئويناپ، ئەر - ئايال، قېرى - ياشلار ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەرلەر ئۇسسۇلنى تەمكىن، ئەركىن ئوينايدۇ، ئاياللار ئەۋرىشىم، سىلىق ئوينايدۇ. تەخمىنەن 30 مىنۇتلاردىن كېيىن سازەندىلەر مۇزىكىلىرىنى «سەنەم» ياكى «تەيزى»گە يۆتكىگەندە، مەشرەپ ئەۋجىگە چىقىدۇ، سورۇننى قورشاپ ئولتۇرغانلار بەس - بەستە ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ، مۇزىكا ساداسى، ناخشا ساداسى،

كۆلكە ساداسى، چاۋاك ساداسى ۋە بارماقلاردىن چىققان «قاس» ئاۋازى بىرلىشىپ كەيپىياتنى راسا قىزىتىۋېتىدۇ.

## 2. چىلىم

چىلىم — مەشرەپ ئارىلىقىدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. ئالدى بىلەن مەشرەپبېشى قولىغا گۈل ئېلىپ، سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ چىلىم باشلانغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 360 گرادۇس ئايلىنىپ خالىغان بىر كىشىنى چىلىمغا تەكلىپ قىلىدۇ، تەكلىپ قىلىنغۇچى مەيدانغا چۈشكەندىن كېيىن، ئىككەيلەن ئۆز ئارا سالاملىشىدۇ، ئاندىن ئىككى ئايلىنىدۇ، دۈمبىسىنى دۈمبىسىگە قىلىپ يەنە بىر ئايلىنىدۇ ـ دە، گۈلنى بېرىدۇ. ئىككەيلەن يەنە سالاملىشىپ خوشلىشىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت 2 قېتىم تەكرارلىنىدۇ ـ دە، يەنە گۈلنى قارشى تەرەپكە بېرىدۇ. گۈل بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، چىلىمغا تەكلىپ قىلغۇچى مەيداندىن چىقىپ كېتىدۇ. چىلىمغا تەكلىپ قىلىنغۇچى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە يەنە بىر كىشىنى چىلىمغا تەكلىپ قىلىدۇ. تەكلىپ قىلىنغۇچى مەيدانغا چۈشكەندىن كېيىن ھەرىكەت يەنە بۇرۇنقىدەك داۋاملىشىدۇ. بۇ خىل ھەرىكەت تاكى مەشرەپ قايتا باشلانغىچە داۋاملىشىدۇ.

## 3. بەزمە

توقسۇ تەۋەسىدە ئەنئەنىۋى بەزمە بولۇپ كەلگەن. ھەر يىلى ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرىدىكى بازار كۈنى كىشىلەر كېلىشىپ قويمايلا، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە چالغۇلارنى ئېلىپ، باغقا كىرىپ باغ سەيلىسى قىلىدۇ. باغ سەيلىسىدە كىشىلەر ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ ياكى مۇزىكا چېلىپ، ناخشا ئېيتىدۇ. بۇنىڭ مۇقىم شەكلى يوق. سازەندىلەرنىڭ ئورۇندايدىغىنى كۆپىنچە «ئۇشاق مۇقامى»، «مۇشاۋرەك مۇقامى» قاتارلىق ئەنئەنىۋى مۇزىكىلاردىن ئىبارەت.

بەزمە ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، كۆسەن ناخشا ـ ئۇسسۇلىنىڭ خەلق ئارىسىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنىڭ بەدىئىي مېۋىسىدۇر.

## 4. چايخانا ئەدەبىيات ـ سەنئىتى

بەزمىنىڭ كەڭ تارقىلىشى خەلق ئارىسىدىكى سەنئەتچىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، توقسۇدىكى مەشھۇر مۇقامچى موللاباقىئاخۇن تەمبۇر بىلەن ئورۇندىغان 12 مۇقامنىڭ داڭقى ئاقسۇ تەۋەسىگە كەڭ تارقالغانىدى؛ كېيىنچە يېتىشىپ چىققان قاسىمئاخۇن، ساۋۇت قاتارلىق كىشىلەر 12 مۇقامنىڭ داڭلىق ئورۇندىغۇچىلىرىغا ئايلاندى؛ موللا ھوشۇر ئاخۇن ئۆزىنىڭ يېقىملىق قوشاقلىرى، ئەلنەغمىلىرى ئارقىلىق توقسۇ ناھىيىسى بويىچە داڭق چىقارغانىدى. ئۇلارنىڭ ناخشا ئېيتىش پائالىيىتى پەيدىنپەي چايخانا ۋە ئاشخانىلارغا كىردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە توقسۇ چايخانا ئەدەبىيات ـ سەنئىتى بولۇپ شەكىللەندى؛ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گۈللەپ ـ ياشناش مەزگىلىگە قەدەم قويىدى. بۇ مەزگىلدە ناھىيە بازىرىدىكى ئاشخانا ۋە چايخانىلار داڭلىق نەغمىچى ۋە داڭلىق سازەندىلەرنى تەكلىپ قىلاتتى. ئۇلار ئاشخانا، چايخانىلاردا ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتاتتى؛ تاماشىبىنلار تاماق يېگەچ، چاي ئىچكەچ ناخشا ـ ساز تىڭشايتتى. قاسىمئاخۇن تەڭكەش قىلغان

ئەمبۇرنىڭ جاراڭلىق، يېقىملىق ئاۋازى ناھىيە بويىچە داڭق چىقارغانىدى، ساۋۇت قارى مەشھۇر داپەندى ئىدى، راخمان ھېزبىيا داڭلىق نەغمىچى ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن كېيىن، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇشىدىكى ئىشتىن سىرتقى دراما گۇرۇپپىسى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، چايخانا ئەدەبىيات ـ سەنئىتى كۈندىن ـ كۈنگە خارابلاشتى.

## § 5 . خەلق چۆچەكلىرى

توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن خەلق چۆچەكلىرى ناھايىتى مول بولۇپ، تولىسى پەلسەپىۋى پىكىرگە ئىگە مەسەل خاراكتېرلىك چۆچەكلەردۇر، بۇ چۆچەكلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تارقىلىپ كەلگەن. 1990 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئىجادىيەتچىسى ئامان ئاسىر قاتارلىق كىشىلەر خەلق چۆچەكلىرىنى كەڭ تۈردە توپلاپ رەتلىدى.

### 1 . يولۋاسنىڭ ئادەم بىلەن ئېلىشىشى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنسىدا ئادەم ئاياغ باسمىغان بىر بۈك ـ باراقسان ئورمانلىق بولغانىكەن. بۇ ئورمانلىقتىكى ياۋا ئېشەك، ياۋاكالا، ياۋا قوي، قىرغاۋۇل قاتارلىق خىلمۇ خىل ھايۋان ۋە ئۇچار قاناتلار بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق، خۇشال ـ خۇرام ئۆتىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى «بىزدىن قۇدرەتلىك مەخلۇقات يوق» دەپ ھېسابلايدىكەن.

بىر كۈنى بۇ ئورمانلىقتا: «ئادەم دېگەن بىر خىل مەخلۇق بارئىكەن، ئۇ ھەممىدىن يامان ئىكەن» دېگەن گەپ تارقىلىپتۇ، ياقا يۇرتتىن كېلىپ قالغان بىر يولۋاس بۇ گەپكە ئىشەنمەي، ئادەم دېگەن مەخلۇق بىلەن بىر ئېلىشىپ باقماقچى بوپتۇ.

يولۋاس ئورمانلىقتىن چىقىپ بىپايان جاڭگاللىقتا كېتىۋېتىپ يىراقتىن سالپاڭ قۇلاق بىر نەرسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ. يولۋاس ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ھەي، سەن قانداق مەخلۇق بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئېشەك بولىمەن، يولۋاس ئاكا، سىز نەگە ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئېشەك. يولۋاس:

— دۇنيادا ئادەم دېگەن بىر مەخلۇق بارمىش، ئۇ شۇنداق يامانمىش، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېلىشىپ كۆرەي، دەپ ماڭدىم، — دەپتۇ. ئېشەك:

— يولۋاس ئاكا، دەرھال ئارقىڭىزغا يېنىڭ. ئاشۇ ئادەم دېگەن مەخلۇق ھەر كۈنى بىر يۇمىلاق نەرسىنى بوينۇمغا سالىدۇ، ئاندىن كېيىن بىرتال ئاچماق ياغاچ بىلەن بوينۇمنى قىسىدۇ ـ دە، ھارۋا دېگەن بىر نەرسىگە قېتىپ، ھارۋىغا نۇرغۇن يۈكلەرنى بېسىپ مېنى تاياق بىلەن تازا دۇمبالايدۇ. مەن ئامالسىز يۈگۈرىمەن. ئۇ شۇنداق يامان نېمە، سىز ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيسىز، — دەپتۇ. يولۋاس:

— مەيلى، بېشىمغا كەلگىنىنى بىر كۆرۈپ باقاي، — دەپلا يولىغا راۋان بوپتۇ. يەنە بىر ھازا ماڭغاندىن كېيىن بىر ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك ئاجايىپ بىر نەرسىگە يولۇقۇپتۇ. يولۋاس ئۇنىڭدىن:

— ھەي، سەن قانداق مەخلۇق بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن كالا بولىمەن، — دەپتۇ ئۇ ۋە يولۋاستىن:

— سىز قاياققا ماڭدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. يولۋاس:

— جاھاندا ئادەم دېگەن ئاجايىپ بىر مەخلۇق بارمىش، ئۇ ھەممىدىن يامانمىش، مەن شۇنىڭ بىلەن ئېلىشقىلى ماڭدىم، — دەپتۇ. كالا:

— ھەي، يولۋاس ئاكا، سىز چېنىڭىزدىن تويدىڭىزمۇ ـ نېمە؟ ئادەم دېگەن ئۇ مەخلۇق بىزگە بىر ئاچماق ياغاچنى سېلىپ، كېكىرتەكلىرىمىزنى مەھكەم قىسىپ ساپان سۆرىتىدۇ. ماڭمىساق يوغان تاياق بىلەن راسا

دۇمبالاپ جېنىمىزنى ئازلا قويىدۇ. سىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيسىز. ئۇنىڭدىن كۆرە دەرھال ئارقىڭىزغا يانغىنىڭىز تۈزۈك، — دەپتۇ. يولۋاس:

— مەيلى، نېمىلا بولسۇن بىر ئېلىشىپ كۆرەي، — دەپ مېڭىپتۇ. ئۇ يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى بىر قېرى بوۋايغا ئۇچراپ «ئادەم دېگەن مەخلۇق مۇشۇ بولسا كېرەك» دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭدىن:

— سەن قانداق مەخلۇق بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي:

— مەن ئادەم بولىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. يولۋاس:

— كەل، ئىككىمىز ئېلىشىپ باقايلى! — دەپتۇ. بوۋاي:

— بولىدۇ، ئۆيدە ئازراق ئىشىم بار ئىدى، شۇنى پۈتتۈرۈۋېتىپلا كېلىمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، تېزرەك كەلگىن، — دەپتۇ يولۋاس.

بوۋاي بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن كەينىگە يېنىپ:

— ھە، راست، سەن قېچىپ كەتمىگىن يەنە، مەن سېنى بوينۇڭدىن مۇنۇ دەرەخكە باغلاپ قوياي، — دەپتۇ. يولۋاس ماقۇل بوپتۇ.

بوۋاي يولۋاسنى بوينىدىن دەرەخكە مەھكەم باغلاپ قويۇپ، ئاندىن ئۆيىگە بېرىپ يوغان چوڭقىتىن 4 — 5نى بىر باغلام قىلىپ ئېلىپ كېلىپ يولۋاسنى تازا دۇمبالىغانىكەن، يولۋاس ئۆلگىلى تاسلا قاپتۇ. يولۋاسنىڭ دۈمبىسىدىكى توغرا سىزىقلار شۇ تاياقنىڭ ئىزىمىش.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيە يەيشەنبە بازار يېزىسى يۇڭخېيجاڭ باشلانغۇچ مەكتىپىدىن ئىبرىز ئابدۇللا؛ توپلاپ رەتلىگۈچى: نامان ناسىر).

## 2. شەھىرى كۆتەك ھەققىدە رىۋايەت

ئوۋچى، بېلىقچى، ئىزچى، قاپقانچى، يولۇچى، ئوتۇنچى قېرى - چۆرە بوۋادەرلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، تەكلىماكان دېگەن قەدىمكى يۇرتىمىزدا، بۇنىڭدىن 2400 يىل بۇرۇن، يەنى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىنمۇ بۇرۇن كۆپلىگەن ئادەملەر ياشىغانىكەن.

ئەنە شۇ يىللاردا نۇرغۇنلىغان ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز جاپالىق مېھنەت سىڭدۇرۇپ، قەدىمكى دېڭىزنىڭ ئورنىنى تىندۇرۇپ، بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ «شەھىرى كۆتەك» دېگەن بىر گۈزەل شەھەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىكەن.

بۇ شەھەردىكى كىشىلەر بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق تۈرلۈك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغانىكەن.

بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىنى بۈك - باراقسان ئورمانلار، چوڭ - كىچىك كۆللەر ۋە تاغلار ئوراپ تۇرىدىكەن. شەرقتىن غەربكە كېسىپ ئۆتىدىغان بىر دەريا بولۇپ، بۇ دەريانىڭ بېشى چىڭخەي بىلەن گەنسۇ ئارىلىقىدىكى ئېدىرلاردىن ئۆتۈپ، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى چوڭ - كىچىك دەريا، كۆللەر بىلەن تۇتىشىدىكەن، بۇ دەريانىڭ سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك بولۇپ، دەريانىڭ ئەتراپى ياپيېشىل چىمەنلىك ئىكەن. بۇ يەردە كەڭ كەتكەن مۇنبەت يەرلەر بولۇپ، كىشىلەر شۇ دەريانىڭ سۈيى ئارقىلىق دېھقانچىلىق قىلىدىكەن. دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمى يەركەن، خوتەن، قەشقەرلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ تېگى بىلەن ئېقىپ، ھىندى ئارىلىغا كىرىپ كېتىدىكەن. بۇ دەريانىڭ ئەتراپىدا يەنە چەرچەن، چاقىلىق ۋە قەدىمكى شەھەرلەر، ئالتۇن تاغلار بار ئىكەن.

سۈيى مول، تۇپرىقى ئالتۇندەك بۇ مۇنبەت زېمىندا تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلار، ياۋا تاغىل تۆگە، چوشقا

قاتارلىق ھايۋانلار، ھەتتا قارا بالداقلىق يولۋاسمۇ بار ئىكەن. ئۇلار ئىنسانلارغا دائىم دەھشەتلىك تەھدىت سېلىپ تۇرىدىكەن. بۇ يەردە ياشىغان كىشىلەر خەندەك قېزىش، قورغان ياساش، مەخپىي ئورا كولاش قاتارلىق تۈرلۈك ئاماللار بىلەن بۇ ھايۋانلارنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ كۆندۈرگەنىكەن.

بۇ شەھەردىكى كىشىلەر ھەممە مۆجىزاتنى خۇدا ياراتقان، جىمى ئىنسان خۇدانىڭ بەندىسى، ئاتىمىز — ئادەم ئەلەيھىسسالام، ئانىمىز — ھاۋا ئانام، ھەممىمىز بىر ئاتا، بىر ئانىدىن بولغان دەپ قارايدىكەن، شۇڭا مىللەت، ئۇرۇق، قەبىلە دەپ ئايرىمايدىكەن. ئۇلار باشقا يۇرت ـ ياقىلاردىن كەلگەن كىشىلەرنى ئاجايىپ ئەتىۋارلاپ ھۆرمەتلەيدىكەن. باشقا جايلاردىن كەلگەن كىشىلەر خەلققە ۋە پادىشاھقا يامانلىق قىلمىسىلا، ئۇلارغا يەر، سۇ بېرىدىكەن.

بۇ شەھەر خەلقى چەت يۇرتلارغا ھەرگىز تاجاۋۇز قىلمايدىكەن. ئەگەر باشقىلار يولسىزلىق بىلەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرسە، دەرھال ئۇلارغا قارشى سەپكە ئاتلىنىدىكەن.

شۇ ۋەجىدىن بۇ شەھەر — «شەھرى كۆتەك»، يەنى بوزۇلماس شەھەر دەپ ئاتالغانىكەن. لېكىن بۇ شەھەر خەلقى ئۆزلىرى ئىشلىگەن تۈرلۈك مەھسۇلاتلىرىنى سىرتقا چىقىرالماي، زۆرۈر بولغان لازىمەتلىك نەرسىلەرنى سىرتتىن كىرگۈزەلمەي، سودا ئىشلىرى ۋە بازار روناق تاپالمىغانىكەن. بۇ چاغدا شەرق ئەللىرىدىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان دەريانى بويلاپ، بۇددا ئىلمىنى ئىزدەپ كېلىپ ـ كېتىدىغان كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ شەھەردە بوت ياساش، ھەر تۈرلۈك ھەيكەلتىراشلىق، تاشچىلىق، نەققاشلىق، كۇلالچىلىق، تۈرلۈك ئۆي جاھازلىرىنى ياساش خېلى تەرەققىي قىلغانىكەن.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يەردىكى خەلقلەر تېرە، يۇڭ، دورا ـ دەرمەك قاتارلىق ئەتىۋارلىق مەھسۇلاتلىرىنى تۆگە، قېچىر، ئېشەكلەرگە ئارتىپ دەريانى بويلاپ، ئىدىرلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ، فار فۇر قاچىلار ۋە لازىمەتلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئالماشتۇرغان ۋە قايتىشىدا ئۇلار دەرياغا سال سېلىپ، دەريا ئېقىمى بىلەن مېڭىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يۇرتنىڭ نام ـ شەرىپى غەرب ئەللىرىگىمۇ تارقىلىپ ئۇ ئەللەردىنمۇ كىشىلەر كېلىشكە باشلاپتۇ.

قەدىمكى قېرى ـ چۆرىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ھەربىر ئادەم ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلىپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە غەرب ئەللىرىدىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىتلىرى دەپ بىر قىسىم كىشىلەر كەلگەنىكەن. بۇ كىشىلەر:

— مۇسا ئەلەيھىسسالام خۇدانىڭ ئەلچىسى، بىز بولساق مۇساغا بەيئەت قىلىپ مۇرىت بولغانلار، مۇسا ئەلەيھىسسالام سىلەرنىڭ داڭقىڭلارنى ئاڭلاپ، قۇرئاننى كۆرۈپ، ئاللاتائالانىڭ دىلىغا سېلىشى بىلەن، بۇ شەھەردىكى خەلق ۋە پادىشاھىڭلار پۇل ـ مال بىلەن بولۇپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپتۇ. بىزلەرنى سىلەرگە خۇدا يولىدا مۇساغا بەيئەت قىلىپ ئىمان ئېيتىشىڭلارنى يەتكۈزگىلى ئەۋەتتى، — دەپتۇ ھەمدە بىر كۈندە 50 ۋاق سەجدە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى شەرھلەپتۇ ۋە ئۆزلىرىمۇ شۇنداق قىپتۇ.

بۇ يەردىكى خەلقلەر ئۇ چاغلاردا تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولۇپ، ھېچقانداق دىنغىمۇ كىرمىگەنىكەن، تاپقىنىنى يەپ، ئۇ مىللەت، بۇ مىللەت دېمەي، پادىشاھ ئوردىسىغا يىغىلىپ، ئۆزلىرى بىلگەنچە تاماشا قىلىدىكەن.

مۇشۇنداق مەمۇرچىلىق بولۇۋاتقان كۈنلەردە ئۇلار ھېلىقى غەرب ئەللىرىدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ گېپى بىلەن كۈندە 50 ۋاق ناماز ئوقۇپ، سەجدە قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى تاشلاپ قويۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەيلا كىيىم ـ كېچەك، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرى تۈگەشكە باشلاپتۇ. كىشىلەر ماغدۇرسىزلىنىپتۇ، پادىشاھ ئوردا خەزىنىسىدىكى مال ـ دۇنيالىرىنىمۇ ئۆز خەلقىگە بېرىپتۇ. لېكىن بۇنىڭ بىلەنمۇ ئەھۋال ياخشىلانماپتۇ. ئاخىرى پادىشاھ غەربلىك مۇرىتلارنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ھەي، خۇدانىڭ مۇرىتلىرى، بىز سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارنى قىلىپ، شەھىرىمىز ۋەيران بولدى، پۇقرالار نامراتلىشىپ، يېگىلى نان، كىيگىلى كىيىم ـ كېچەك قالمىدى، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپتىكەن،

ھېلىقى مۇرىتلار:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ جاھاندا نېمىشىگە شۈكرى قىلماقلىق، ئاللانىڭ ئەمرىگە بويسۇنماقلىق ۋاجىپتۇر، سىز بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى تۇرۇپ، سۆزىڭىزدىن يانسىڭىز، خۇدانىڭ قاخشىغا قالىسىز، سىزگە شاھلىقنى خۇدايىم ئاتا قىلغان، يۇقىرىلار سىزنى ھېچنېمە قىلالمايدۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ دەپتۇكى:

— ئۇنداق بولسا سىلەر ئېرىپ پەيغەمبەرگە ئېيتىڭلار: بىر كۈندە 50 ۋاق ناماز ئوقۇپ، ئىش قىلالماي ئامراتلىشىپ كەتتۇق، ئەگەر بىزنى مۇشۇ دىنغا كىرسۇن، دېسە، شەھەر ۋە ئوردىلارنى ئالتۇندىن، دەريادىكى سۇلىرىمىزنى كۈمۈشتىن، باغۇاران، بوستانلىرىمىزنى ياقۇت ـ مەرۋايىتتىن، زىرائەتلەرنى بىر تېرىپ قويساق ھەر يىلى ھوسۇل ئېلىنۇېرىدىغان قىلىپ بەرسۇن.

بۇ مۇرىتلار پادىشاھنىڭ يۇقىرىقى تەلىپىنى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈپتۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالام خۇداغا يىغلاپ دۇئا قىپتىكەن، پادىشاھنىڭ تەلىپى ئىجاۋەت بوپتۇ. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي، بىكار يېتىپ يېيىش خەلقنى بۇزۇپتۇ. كىشىلەر ئارىسىدا جەڭگى ـ جېدەل كۆپىيىپتۇ. بىرسىنىڭ ئىشىنى يەنە بىرسى بۇزۇپتۇ. قايسى كۈچلۈك بولسا، مال ـ دۇنيانى دەپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىپتۇ. پادىشاھمۇ بۇ ئىشلارغا چارە قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ. ھەركىم ئۆزىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئورا كولاپ كۆمۈپتۇ. بۇ مال ـ دۇنيالار چىرىشكە باشلاپتۇ. سىرتتا قالغانلىرىنى «خۇدا بەردى» دەپ يەپ ـ ئىچىپ، ئىش قىلماي 50 ۋاق ناماز ئوقۇپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىپ ئۆزىنى بىلەلمەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن خۇدايىتائالانىڭ ئاچچىقى كېلىپ، بوران چىقىرىپ «شەھىرى كۆتەك» نىڭ ئادەملىرى بىلەن مال ـ دۇنياسىنى قوشۇپ قۇمغا كۆمۈپ تاشلاپتۇ. لېكىن خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن بۇ يەردە توخۇنىڭ نەسلى تۈگىمەپتۇ. بۇ توخۇلار ھازىر كۈندۈزلىرىمۇ ئىگىلىرىنى ئىزدەپ قىچقىرىپ تۇرىدىكەن.

يەنە بىر رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھازىرمۇ كىشىلەر شەھىرى كۆتەك ئەتراپىغا بارسا، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئاۋازلىرى، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، ھەرخىل ناغرا ـ سۇنايلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇرارمىش.

كۈن چۈش بولغاندا قارىسا، شۇ قۇملۇقنىڭ ئارىسىدا كۈمۈش سېپىللار، ئالتۇن قوۋۇقلار، ئۆي ـ ئىمارەتلەر، تۈرلۈك تۈمەن ھايۋانلار كۆزگە غۇۋا كۆرۈنەرمىش.

يەنە بىر رىۋايەت قىلىنىشىچە، كىشىلەر قاچانكى ئۆز مېھنىتىنىڭ قەدرىنى بىلگەندە قۇملار يۆتكىلىپ ئادەملەر قايتا تىرىلىپ، بۇ شەھەر كېچە ـ كۈندۈز يورۇق ئازادە، ئاۋات شەھەر بولارمىش، بۇ شەھەرنى كېسىپ ئۆتىدىغان شەردىيان دەرياسىمۇ سۇغا لىقمۇ لىق تولۇپ ئاقارمىش.

ھازىر بۇ دەريانى كىشىلەر «تەتۈر ئېقىن»، «قۇم دەريا»، «شامال ئېقىن» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتىشىدۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: توقسۇ ناھىيىسى ئۆگەن يېزا سۈگەتكۈزلەك كەنتىدىكى مۇھەممەت يۇسۇپ؛ توپلاپ رەتلىگۈچى: ئىچكىرىق يېزا ئۆزۈنكوچا كەنتىدىكى سۇلايمان ئىسمايىل، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى نۇردۇن ئىسلام).

## 3. تەمى ئۆزگىرىدىغان ئانار

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ ئوۋغا چىقىپتۇ. كۈن ئىسسىق بولغاچقا، پادىشاھ ئۇسساپ كېتىپتۇ. ئاران كېتىۋاتقاندا ئالدىغا بىر باغ ئۇچراپتۇ. پادىشاھ باغ ئىگىسىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشمەيلا:

— ئۆيدە كىم بار؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. پادىشاھنىڭ ئالدىغا بىر بوۋاي چىقىپتۇ.

— ئۆسىۈزلۈقنى قاندۇرغىدەك بىر نەرسەڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. بوۋاي:

— بار، تەقسىر، — دەپ 2 دانە ئانارنى ئەپچىقىپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئانارنى يەپ بولغاندىن كېيىن: «مەن بۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى تۇرسام، مۇنداق تاتلىق ئانار مېنىڭ بېغىمدا يوق، بىرگادايىنىڭ بېغىدا بولۇشى ماڭا نومۇس ئەمەسمۇ! توختا، بۇ ئانار دەرىخىنى بېغىمغا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتەي!» دېگەن ئويغا كەپتۇ. ئۇ بوۋايدىن يەنە ئانار تەلەپ قىپتۇ. باغۋەن ئىلگىرىكى ئانارلاردىن يەنە 2 دانە ئەپچىقىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئانارنى بىرلا چىشلەپ غەزەپ بىلەن:

— نېمىشقا ھېلىقى ئانارلاردىن ئېلىپ چىقمىدىڭ! — دەپتۇ بوۋايغا.

— يوقسۇ، تەقسىر، بايا ئۆزلىرى يېگەن ئانارلاردىن ئېلىپ چىقتىم، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.

— ئۇنداق بولسا، ئالدىدا يېگەن ئانار تاتلىق، بۇ ئانار نېمىشقا ئاچچىق؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— مېنىڭدە پەقەت بىر تۈپلا ئانار بار، ھەر 2 قېتىمقىسى شۇ ئانارلاردىن، — دەپتۇ بوۋاي.

— يالغان! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ.

— ئۇنداق بولسا، ئەيىب مەندە ئەمەس، ئۆزلىرىدە، تەقسىر، ئۆزلىرىنىڭ نىيىتى بۇزۇلغان، — دەپتۇ بوۋاي.

— سەن قانداق بىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— پادىشاھنىڭ نىيىتى بۇزۇلسا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي، — ھەرقانداق نەرسىمۇ ئاچچىق تۇيۇلىدۇ.

پادىشاھ بوۋاينىڭ دانىشمەنلىكىگە ھەيران بولۇپ، ئۆزىنىڭ نىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: تاشئېرىق يېزا بوستان كەنتىدىكى تۇراخان؛ توپلاپ رەتلىگۈچى: نامان ناسىر).

## 4. تەكەببۇر شاھزادە

ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى گۈل - گىياھ ۋە ئوت - چۆپلەرگە تولغان گۈزەل بىر يايلاق بار ئىكەن. ئۇنىڭدا ئۆچكە ۋە قوي پادىلىرى بىللە ياشايدىكەن.

قوي پادىسى خاقانىنىڭ بەستى - قامىتى كېلىشكەن، سېمىزلىكتىن يۈڭ - موبلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان كۆرەڭ بىر شاھزادىسى بار ئىكەن، ئۇ بىر كۈنى ئۆزىنىڭ يۈگىمە مۈڭگۈزلىرىنىڭ كۆلەڭگىسىگە قاراپ ئۆزىنى «قالتىس» چاغلاپتۇ - دە، ئۆچكە پادىسىنىڭ يايپېشىل چۆپلەرنى يەۋاتقىنىغا ھەسەتخورلۇقى كەپتۇ:

— ھەي كەكە ساقال، جاغىل كۆز ئالۋاستىلار! سەنلەرنى بىزنىڭ تۈپرىقىمىزغا كىم باشلاپ كەلدى؟ بۇ يەر ئەزەلدىن بىزگىلا خاستۇر. سەنلەر نەدىن كەلگەن بولساڭلار، شۇ يەرگە دەرھال كېتىڭلار، بولمىسا ھېلىلا كۆرگۈلۈكۈڭلارنى كۆرسىتىمەن. ھازىردىن باشلاپ كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولۇشماڭلار! — دەپ ۋارقىراپ ئارقىسىغا ئەگەشتۇرۇۋالغان نۆكەرلىرى بىلەن ئۆچكىلەرگە تەھدىت سېلىپ قوغلاشقا باشلاپتۇ.

قوي توپىنىڭ قېرىلىقتىن باشلىرى تاقىرلىشىپ، چىشلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن خاقانى بۇنى ئاڭلاپ:

— ئوغلۇم، سېنىڭ بۇ دېگەنلىرىڭ توغرا بولمىدى، مەن كۆپنى كۆرگەنمەن، بىز ئۆچكە قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئەزەلدىن بۇ ئانا دىيارنى ماكان قىلىپ بىر - بىرىمىزگە ھەمدەمدە بولۇپ، ئىناق ئۆتۈپ كەلگەنمىز، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك، ئۆچكىلەرنى قوغلىماڭلار، — دەپتۇ.

شاھزادە قېرى خاقانىنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماي ئۆچكىلەر توپىنى قوغلىۋېتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ قېلىپ، پۇرسەت كۈتۈپ تاغ باغرىدا ياتقان بىر بۆرە ئۆۋىسىدىن چىقىپتۇ - دە، قوي پادىسى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك ئېتىلىپ كېلىپ، يۈگىمە مۈڭگۈزلۈك

شاھزادىنى قوغلاپتۇ.

بۆرىنى كۆرگەن قوي پادىسى تېخى ئانچە ئۇزاپ كەتمىگەن ئۈچكە پادىسى تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلاپتۇ. بۆرە بولسا بۇ سېمىز شاھزادىگە يېتىشىۋېلىشقا ئازلا قاپتۇ. ئەھۋالنى كۆرگەن ئۈچكىلەر توپى بىلەن قويلار بىرلىشىپ دەرھال ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بۆرىگە قاراپ ئېتىلىپتۇ، نەتىجىدە بۆرە بۇ زور قوشۇندىن قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ.

قويلار بىلەن ئۈچكىلەر شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ياپلاقتا يەنە تەلەي يايلاپ بىللە ياشايدىغان بوپتۇ.

شاھزادە قوزا بولسا ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا پۇشايمان يەپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچكىلەرنى چەتكە قاقمايدىغان بوپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: پەيشەنبە بازار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئەركىن ھىممىت؛ توپلاپ رەتلىگۈچى: نامان ناسىر).

## 5. ئۈچ ئوغۇل

بۇرۇنقى زاماندا ئېلاخۇن ئىسىملىك بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ 3 ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى قادىر، ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئىسمى سادىر، كەنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى سابىر ئىكەن.

بوۋاي 3 ئوغلىنى باتۇر، بىلىملىك قىلىپ تەربىيىلەپتۇ.

بىر كۈنى بوۋاي 3 ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— باللىرىم، مەن قېرىپ قالدىم، سىلەر قورامىڭلارغا يەتتىڭلار. ئوغۇل بالا چوڭ بولسا، جاھان كېزىپ، جاھاننىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقىنى بىلمەك كېرەك، — دەپتۇ.

3 ئوغۇل ئاتىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، جاھان كېزىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر بۇلاق بويىغا كەپتۇ. مۇشۇ جايدا ئارام ئېلىپ ئەتىسى يولغا چىقماقچى بوپتۇ.

3 ئوغۇل مەسلىھەتلىشىپ نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلىشقا كېلىشىپتۇ. باشتا قادىر كۆزەتچىلىك قىلىدىغان، قالغان 2 سى ئۇخلايدىغان بوپتۇ. قادىر قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، كۆزەتچىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا غەلىتە بىر خىل ھۆۋلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. قادىر ئاۋاز چىققان تەرەپكە بېرىپ قارىسا بىر ئەجدىھا بۇلارنى دەم تارتىۋاتقانىكەن.

ئەجدىھا ئېغىزىدىن ئوت چاچرىتىپ قادىرنى دەم تارتىپتۇ. قادىر چەبدەسلىك بىلەن قىلىچىنى ئەجدىھانىڭ ئېغىزىغا توغرا كەلتۈرۈپ تۇتۇپتىكەن، قىلىچ ئەجدىھانىڭ ئېغىزىدىن قۇيرۇقىغىچە يېرىپ 2 پارچە قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن تاسما تىلىۋېلىپ باغلاپتۇ ـ دە، 2 ئىنىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ. بۇ چاغدا تاڭ يورۇپ 3 ئوغۇل يەنە يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ماڭا ـ ماڭا بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بىر بۇلاق ـ باراقسان ئورمانلىققا يېتىپ كەپتۇ ۋە بۇ يەردە ئارام ئالماقچى بوپتۇ. بۇ نۆۋەت ئوتتۇرانچى ئوغۇل سادىر كۆزەتچىلىك قىلىپتۇ. ئۇ ھوشيارلىق بىلەن تۆت ئەتراپنى كۆزىتىپتۇ. بىر چاغدا بىر يولۋاس ھۆۋلىغان ھالدا ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەپتۇ. سادىر باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشىپ يولۋاسنى يېڭىپتۇ ۋە تېرىسىنى سويۇپ بېلىگە چىگىپ قويۇپتۇ. بۇ چاغدا تاڭ يورۇپتۇ. ئوغۇللار يەنە يولغا ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار يەنە بىر نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بىر شەھەر كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار شەھەرگە يېقىن بىر جايدا قونۇپ ئەتىسى شەھەرگە كىرمەكچى بوپتۇ. بۇ قېتىم كەنجى ئوغۇل سابىر نۆۋەتچى بوپتۇ. ئۇ ئەتراپنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ ھەربىر شەپىگە دىققەت قىپتۇ. سابىر شەپە چىققان تەرەپكە بېرىپتۇ. قارىغىدەك بولسا، سۆزلىشىۋاتقانلار قاراقچىلار ئىكەن. قاراقچىلار باشلىقى قول ئاستىدىكىلەرگە:

— تۇن تاڭ بولغاندا شەھەرگە كىرىپ، پادىشاھنىڭ خەزىنىسىنى ئوغرىلايمىز، — دەپتۇ. كەنجى ئوغۇل بۇنى ئاڭلاپ دەرھال كەينىگە يېنىپتۇ. ئۇ شەھەرگە كىرىپ خەزىنىنى قوغدىغۇچى بولۇپتۇ. ئۇ شۇ ماڭغانچە ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ قاراقچىلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. قاراقچىلارمۇ كەپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى:

— تامدىن ئارتىلىپ بىر - بىرلەپ چۈشۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. سابىر تامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ سىرتتىن بىر - بىرلەپ چۈشكەن قاراقچىلارنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ ۋە ھەممىسىنىڭ ئىككى قۇلىقىنى كېسىۋاپتۇ. سابىر 40 قاراقچىنىڭ 80 قۇلىقىنى ئېلىپ 2 ئاكىسىنىڭ يېنىغا قايتىپتۇ. بۇ چاغدا تاڭ يورۇپ 3 ئوغۇل يەنە يولغا چىقىپتۇ ۋە شەھەرگە كىرىپ بازارنى ئايلىنىپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھ سەھەر تۇرۇپ سىرتقا چىققانىكەن، تامنىڭ يېنىدا نۇرغۇن جەسەتلەرنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. پادىشاھ ھەيران بولۇپ جەسەتلەرنىڭ يېنىغا بارغانىكەن. ھەممىسىنىڭ قۇلىقى يوق تۇرغىدەك، بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بوپتۇ ۋە شۇ ھامان ۋەزىرلىرىنى يىغىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئەمما ئۇلار بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ كەچۈرۈم سوراپتۇ. پادىشاھ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ئاخىرى شەھەر كوچىلىرىغا ئېلان چاپلىتىپتۇ. بۇ چاغدا 3 ئوغۇل بازار ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، بىر يەرگە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يىغىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئۇ يەرگە بېرىپتۇ. قارىغىدەك بولسا، ئېلان چاپلاقلىق تۇرغىدەك. ئۇنىڭغا «كىمەرسىكىم ئوردىمىزغا 80 دانە ئادەم قۇلىقى تاپشۇرسا، پادىشاھىمىز شۇ كىشىگە نۇرغۇن ئىنئام بېرىدۇ...» دەپ يېزىلغانىكەن. ئېلاننى ئوقۇپ كەنجى ئوغۇل ئاكىلىرىنى باشلاپ ئوردىغا كىرىپتۇ ۋە 80 قۇلاقنى كۆرسىتىپ، ئوردا تېمى يېنىدا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ چوڭ ئوغۇل بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغۇلنىڭ بىرىنىڭ ئەجدىھا تېرىسىنى بىلگە باغلىۋالغانلىقىنى، بىرىنىڭ يولۋاس تېرىسىنى چاپان قىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. بۇ 2 ئوغۇلمۇ بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ 3 ئوغۇلنىڭ باتۇرلۇقى ۋە ئەقىللىقلىقىغا قايىل بولۇپ، ئۆزىنىڭ 3 قىزىنى بۇ 3 ئوغۇلغا نىكاھلاپ، كاتتا توي قىلىپ نۇرغۇن مال - دۇنيا بىلەن يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: پەيشەنبە بازار يېزا تۆمۈر. ياغاچچىلىق كارخانىسىدىكى ئابدۇرېشىت؛ توپلاپ رەتلىگۈچى: ئامان ناسىر).

## 6. كىم دانىشمەن؟

بۇرۇنقى زاماندا 4 دانىشمەن بار ئىكەن. ئۇلار يۇرت ئارىلاپ يۈرۈپ داۋانچىغا كەپتۇ. ئېتىزدا ياتقان قوغۇن - تاۋۇزلارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ.

— بۇ تۇرغانلار نېمە؟

— بۇ دېگەن قوغۇن - تاۋۇز، — دەپتۇ قوغۇنچى ۋە بىر تاۋۇزنى تىلىپ ئۇلارغا تۇتۇپتۇ. دانىشمەنلەر ھەيران بولۇشۇپ:

— شۇنچە كىچىك پىلەككە شۇنچە يوغان قوغۇن - تاۋۇزلارنى بېكىتىپتۇ. بۇ قوغۇنچى راستىنلا ئەخمەق ئىكەن، — دېيىشىپتۇ.

ئۇلار سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ كورلىغا كەپتۇ. بىر باغقا كىرىپ يوغان دەرەخلەردىكى نەشپۈتلەرنى كۆرۈپ قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ. باغۋەن نەشپۈتلەرنى قېقىپ، ئۇلارنى مېھمان قىپتۇ.

— بۇمۇ ئەخمەت باغۋەن ئىكەن، — دەپتۇ دانىشمەنلەر، — شۇنچە يوغان دەرەخكە ئۇششاق مېۋىلەرنى

چۈشۈرۈپتۇ. قوغۇنچىنى بۇ يەرگە، باغۋەننى داۋانچىغا يۆتكەپ، نەشپۈتنى، شاپتۇلنى يېلەككە، قوغۇن ـ تاۋۇزنى دەرەخكە يېكىتىپ بولغىدەك.

بۇ چاغدا كۈن ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاچقا، ئۇلار شۇ باغدىلا قونۇپ قاپتۇ. باغۋەن ئۇلارغا نەشپۈتنىڭ ئاستىغا جاي راسلاپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا بارغاندا بىرسىنىڭ كاللىسىغا نەشپۈتتىن بىرى چۈشۈپتۇ. ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ۋايجان، كاللامغا تاش تەگدى، مېنى قۇتقۇزۇڭلار، — دەپ ۋارقىراپ قالغانلىرىنىمۇ ئويغىتىۋېتىپتۇ. قالغان ئۈچەيلەن ئويغىنىپ قارىسا، تەگكەن تاش ئەمەس، بىر نەشپۈت ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار:

— باغۋەن بىلەن قوغۇنچىنىڭ قىلغىنى توغرا ئىكەن، بىز خاتا ئويلاپتۇق، ئەگەر قوغۇن ـ تاۋۇزلار مۇشۇ دەرەختە بولغان بولسا، بىر بۇرادىرىمىزنىڭ كاللىسى مىجىلىپ ئۆلگەن بولاتتىكەن، — دەپ قوغۇنچى بىلەن باغۋەنگە قايىل بولۇشۇپتۇ ۋە:

— دانىشمەن بىز ئەمەس، قوغۇنچى بىلەن باغۋەن ئىكەن، — دېيىشىپ كەينىگە يېنىپ يۇرتىغا راۋان بوپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: تاشئېرىق يېزا بوستان باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى روزى قايىم؛ توپلاپ رەتلىگۈچى: نامان ناسىر).

## 7. كەلگەنگە قوش كەپتۇ

بۇرۇنقى زاماندا بىر هورۇن بولۇپ، كۈندە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كوچا ئارىلايدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭغا بىر تۇخۇم ئۇچراپتۇ. هورۇن «بۇمۇ غەنىيمەت» دەپ تۇخۇمنى ئاپتۇ. يەنە بىر ئازدىن كېيىن بىر جۇل ئۇچراپتۇ. «بۇمۇ غەنىيمەت» دەپ ئۇنىمۇ ئاپتۇ. يەنە بىر ئازدىن كېيىن يوغان بىر تال يىڭنە ئۇچراپتۇ. «بۇمۇ غەنىيمەت» دەپ ئۇنىمۇ ئاپتۇ. ئۆيگە قايتىشىدا بىر كۈچۈك ئۇچراپتىكەن، ئۇنىمۇ تۇتىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆيىگە خۇشال قايتىپ كەپتۇ. كۈچۈكنى ئىشىك تۈۋىگە باغلاپتۇ. جۇلنى ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى قوزۇققا ئېلىپتۇ، يىڭنىنى بولسا كاڭغا قويۇپتۇ، تۇخۇمنـــى ئوچاققا كۆمۈپتۇ. ئوت بوشراق بولغاچقا، تۇخۇم پىشماسمىكىن دەپ، ئوتۇن سېلىپ پۈۋلەشكە باشلاپتۇ. بىر قانچىنى پۈۋلىگەندىن كېيىن «گۇم» قىلىپ تۇخۇم ئېتىلىپ چاچراپ چىقىپتۇ.

كۆزىگە كۈل كىرىپ كەتكەن هورۇن «ۋايجان!» دېگىنىچە كاڭغا ئولتۇرغانىكەن كاسىسىغا يىڭنە سانچىلىپتۇ، كاڭدىن سەكرەپ تۇرغانىكەن، قوزۇقتىكى جۇلغا بېشى تېگىپ، جۇل كاللىسىغا چۈشۈپ، قوشتۇن بويىنغا كىيىلىپ قاپتۇ. بۇ كەلگۈلۈككە چىدىمىغان هورۇن ئىشىككە يۈگۈرۈپ چىققانىكەن، كۈچۈك ئۇنىڭ پۇتىنى چىشلىۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ تېپىۋالغان غەنىيمەتلىرى ئۆزىنىڭ بېشىغا بالا بوپتۇ. هورۇن «كەلگەنگە قوش كەپتۇ» دېگەن مانا مۇشۇ، دەپ ۋايساپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: بوستان باشلانغۇچ مەكتىپىدىن روزى قايىم؛ توپلاپ رەتلىگۈچى: نامان ناسىر).

## 8. بەخىلنىڭ بەك تاشلىشى

بۇرۇنقى زاماندا بىر بەخىل بار ئىكەن، ئۇ، ئات بېقىشنى كەسىپ قىلغان بولۇپ، خۇمارى ناهايىتى كۈچلۈك ئىكەن. قولىدىن بەك بىلەن غاڭزا چۈشمەيدىكەن، هەر قانچە مۇهىم ئىش قىلىۋاتقان بولسىمۇ، خۇمارى تۇتۇپ قالسىلا، هېچنىمە بىلەن كارى بولمايدىكەن، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى قانچە نەسىهەت

قىلىمىغۇ ئۈنۈمى بولماپتۇ.

بىر قېتىم ئۇ ئېغىلغا كىرىپ ئاتقا ئوت ـ چۆپ تاشلاپ بېرىپتۇ، دەل شۇ چاغدا خومارى تۇتۇپتۇ، ئۇ شۇھامان ئولتۇرۇپ، فاگۇزنى تولدۇرۇپ 3 فاگۇزا بەڭ چېكىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۈگدەپ ئورنىدا يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتۇ.

بەڭنىڭ كۈچى بىلەن ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە ئۇسساپ كېتىپتۇ. تۇساتتىن سۇ ئۈزلۈكىدىن ئۇنىڭ لەۋلىرىگە يېقىن كەپتۇ. ئۇ خۇشاللىقىدا ئاغزىنى يوغان ئېچىپ جۆيلۈپتۇ: «سۇ! سۇ! ئەجەپ ياخشى سۇ ئىكەن!»، ئۇ بىر تەرەپتىن ئىچىپ، بىر تەرەپتىن كالپۇكلىرىنى يالاپتۇ، سۇ قانداقتۇر قىرتاق تۇرغىدەك، بىر چۈشكۈرگەنىكەن، چۈشتىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، بىر بايتال سىيىۋاتقانىكەن، سۈيدۈك دەل ئۇنىڭ باش كۆزىگە چۈشۈۋېتىپتۇ. ئۇ دەل مۇشۇ چاغدىلا چۈشىدە ئىچكىنىنىڭ سۇ ئەمەس، بەلكى سۈيدۈك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىپتۇ. بۇ قېتىملىق ئازابتىن كېيىن ئۇ ناھايىتى بىئارام بوپتۇ. قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بەڭ چېكىدىغان يامان ئادىتىنى تاشلاپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: بوستان باشلانغۇچ مەكتىپىدىن روزى قايىم؛ توپلاپ رەتلىگۈچى: نامان ناسىر).

## 9. ھىيلىگەر تۈلكە

بىر ھىيلىگەر تۈلكە بار ئىكەن، ھىيلە ـ مىكىردە تەڭداشسىز ئىكەن، ئۇ بىر يايلاققا بېرىپ قارىسا، تاغلار ياپيېشىل، سۇلار سۈپسۈزۈك، مەنزىرىسى گۈزەل، ئورمان ۋە ئوت ـ چۆپلىرى قويۇق، كىلىماتى تەڭگە شىپا بىر جاي ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇشۇ يەردە ماكانلىشىشنى قارار قىپتۇ.

بۇ يەردىكى ئاساسلىق «ئاھالە» ئات، كالا، ئېشەك، قوي ـ ئۆچكە، بۇغا، توشقان، توخۇ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، كاتتىبېشى بىر تۈلپار ئىكەن.

تۈلكە ئات پادىشاھنى كۆرگەندىن كېيىن تىك تۇرۇپ، قۇيرۇقىنى پۇلاڭلىتىپ سالام بەجا كەلتۈرۈپتۇ.

سالام ـ سائەتتىن كېيىن ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن:

— ئات شاھىم، مەن دۇنيانى تەرك ئەتكەن، ئاجايىپ تالانت ئىگىسى، قەلەم ۋە ئەلەمگىمۇ ماھىر، ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك نام ـ شەرىپلىرىنى ئاڭلاپ بۇ دىيارغا كەلدىم. مۇشۇ يەرگە ماكانلىشىپ ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشنى خالايمەن، — دەپتۇ.

ئات پادىشاھ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— تۈلكە ئەسلىدە غەيرىي تائىپىگە مەنسۇپ بولغاچقا، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەس ئىدى، سەمىمىي نىيىتىڭىزنى نەزەردە تۇتۇپ، قائىدىنى بۇزۇپ ئېلىپ قالدىم. ئىشلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بېجىرىپ، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىڭ، شاھىڭ ياخشى نىيىتىگە خىلاپ ئىش قىلماڭ.

تۈلكە بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىقىدا چىشلىرىنى كۆرسىتىپ:

— ئالىيلىرى ناھايىتى كەڭ قورساق ئىكەنلا، پەرمانلىرىنى بەجا كەلتۈرىمەن، — دەپ كۈلۈپتۇ.

مۇشۇ پەيتتە ئات پادىشاھنىڭ باش ۋەزىرى ئۆچكە ئالدىراپ سۆز ئاپتۇ:

— شاھقا مەلۇم بولغايكى، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، تۈلكىنىڭ سۆزىگە قانداقمۇ ئىشەنگىلى بولغاي؟ غەيرىي تائىپىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىمۇ غەيرىي بولىدۇ. تۈلكە ئائىلىسىدىكىلەردىن ئوت ـ چۆپ يەيدىغىنى بار، دەپ كىم ئاڭلاپتۇ، ئالىيلىرى تەكرار ئويلىنىپ كۆرەرلا!

ئات پادىشاھ:

— ياخشى نىيەت بىلەن كەلگەنىكەن، رەت قىلساق ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، بىمەنە ئەندىشىلەردە بولماسلىق

كېرەك، ـ دەپتۇ.

تۈلكە ئات پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆچكە ۋەزىرگە ئوغرىلىقچە ئالىيىپ قويۇپ، پادىشاھقا خۇشاللىق بىلەن تازىم بەجا كەلتۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئۆچكە ۋەزىر ئۆز نەسىھىتى ئاقمىغاندىن كېيىن، بىسەرەمجان بولۇپ، كۆڭلىنى توختىتالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىغا ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈش، ۋەقە كۆرۈلسە، دەرھال مەلۇم قىلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش قىپتۇ.

ئەتىسى تاڭسەھەردە ئۆچكە ۋەزىر يايلاقنى چارلاپتۇ. ئېشەك قەبىلىسىنىڭ باشلىقى:

— تۈنۈگۈن كېچىدە بىر توشقان قېرىندىشىمىز يوقاپ كېتىپتۇ. ئىزدەپ تاپالمىدۇق، — دەپ جىددىي مەلۇمات يوللاپتۇ. ئۆچكە ۋەزىر ئات پادىشاھقا مەلۇم قىپتۇ. ئات پادىشاھ بۇ ئىشتىن بىر غەلىتىلىكنى ھېس قىلىپ، تۈلكىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىشقا ئەسكەر ئەۋەتىپتۇ ھەمدە ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ پادىشاھقا مۇلازىمەت قىلىشى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

ھەش ـ پەش دېگۈچە تۈلكە شاھنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ، پادىشاھ غەزەپ بىلەن:

— تۈلكە ئەپەندىم! جىنايىتىڭنى بىلەمسەن؟ توشقان ئىنىم ھازىر قەيەردە! — دەپتۇ.

تۈلكە قاراپ باقسا، ئىش ئاشكارىلىنىپ قالغان، جاھىللىق قىلغاننىڭمۇ پايدىسى يوق، شۇنىڭ بىلەن ئۇ رەزىل قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ:

— مەن يىگەنمۇ بولاي، مېنى نېمە قىلالايتتىڭ! — دەپتۇ ـ دە، خىرىس قىلىپ، غالجىر چىشلىرىنى چىقىرىپ، تەھدىت سېپتۇ.

ئات، كالا، ئېشەك، قوي ـ ئۆچكە، بۇغا، توشقان، توخۇ قاتارلىق قەبىلە ئەسكەرلىرىنىڭ غەزەپ ئوتى يالقۇنلاپ، ئات پادىشاھنىڭ پەرمانىنى كۈتۈپلا تۇرغانىكەن.

ئات پادىشاھ ئالدىنقى تۇيىقىنى بىرلا شىلتىپتىكەن، ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئەسكەرلىرى ھەرىدەك ئېتىلىپتۇ: ئاتلار تېپىپتۇ، كالىلار ئۈسۈپتۇ، ئېشەكلەر چىشلەپتۇ، بۇغا، توشقانلار چۇقان سېلىپ سۈر ـ ھەيۋىنى ئاشۇرۇپتۇ. بىردەملىك ئەجىر بىلەنلا تۈلكە دات ـ پەرياد سېلىپ باقى ئالەمگە سەپەر قىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن يايلاقتا يەنە بۇرۇنقى تېپتىنچ تۇرمۇش ئەسلىگە كەپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: پەيشەنبە بازار ئوتتۇرا مەكتىپىدىن سەمەت رېھىم؛ توپلاپ رەتلىگۈچى: نامان ناسىر).

## 10. باي بىلەن چاكار

بۇرۇنقى زاماندا بىر يېزىدا مامۇت ئاخۇن دېگەن بىر كەمبەغەل ئۆتكەنىكەن، ئۇ ئاقكۆڭۈل كىشى ئىكەن. بۇ يۇرتتا بىر ئاچكۆز باي بار ئىكەن. ئۇ يىل بويى ئادەملەرنى ئىشلىتىپ، ھەققىنى بەرمەك تەس كېلىپ قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. بۇ بايغا ئىشلەيدىغانلار بارا ـ بارا ئازىيىپ كېتىپتۇ. ئاخىرى ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىشلەپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. باي مامۇت ئاخۇننىڭ ئالدىغا كەپتۇ. مامۇت ئاخۇن:

— مېنىڭ 5 شەرتىم بار، شۇنىڭغا كۆنسىلە ئىشلەيمەن، بولمىسا ئىشلىمەيمەن، — دەپتۇ.

— قېنى، شەرتلىرىڭنى ئېيتقىن، — دەپتۇ باي.

— بىرىنچىسى، مېنىڭ ئىش ھەققىم ئۈچۈن 10 چارەك بۇغداي، 15 چارەك قوناق بېرىلا. بۇغداي، قوناقنى ئۆزۈمنىڭ تارازىسىدا تارتىپ ئالىمەن. ئىككىنچى، بىر ماڭغان يولدا ئىككىنچى قېتىم ماڭمايمەن. ئۈچىنچىسى، كۆلنى كۆتۈرەلمەيمەن. تۆتىنچىسى، سىڭلىغان بەللەرنى كېسەلمەيمەن. بەشىنچىسى، تاغ بېشىنى

چۇشۇرەلمەيمەن، — دەپتۇ ماموت ئاخۇن.
ئىشلەتكىلى ئادەم تاپالماي تۇرغان باي بۇ شەرتلەرگە ماقۇل بوپتۇ ۋە كۆڭلىدە: «يىل توشقاندا ھەرىبىر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئىش ھەققى بېرىشتىن قۇتۇلىمەن. باشقا شەرتلەرگە كەلسەك، مەن ئۇنى شۇنداق ئىشلارغا سالالتىمىزمۇ» دەپ ئويلاپتۇ ۋە تىل خەت بېرىپتۇ.
بىركۈنى باي ماموت ئاخۇنغا:
— ھەي، چاكار، كۆلدىن سۇ ئەكەل، — دەپتۇ.
— باي ئاكا، بەرگەن ۋەدىلىرىگە، تىل خەتلىرىگە ئەمەل قىلسىلا، — دەپتۇ ماموت ئاخۇن.
— ئەمەل قىلماي نېمە قىلدىم؟ — دەپتۇ باي، - مەن سېنى سۇ ئەكەل دەۋاتىمەن.
— مەن سىلىگە «كۆلنى كۆتۈرەلمەيمەن» دېگەن ئەمەسمىدىم، ئاڭلىغان بولغىيتىلا؟ — دەپتۇ ماموت ئاخۇن.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي ئۇ قويغان شەرتلەرگە ئوبدانراق ئويلاپ ئاندىن ماقۇل دېمىگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، سۇنى ئۆزى ئەكەپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى باي ماموت ئاخۇننى تاغدىن ئوتۇن ئەپكېلىشكە بۇيرۇپتۇ.
— ۋاي باي ئاكا، مەن «تاغ بېشىنى چۇشۇرەلمەيمەن» دېگەن ئىدىمغۇ؟ — دەپتۇ ماموت ئاخۇن.
— مەن سېنى تاغ بېشىنى چۇشۇر دېمىدىم، ئۇققۇۋاتامسەن؟ تاغدىن ئوتۇن ئەكەل دەۋاتىمەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ باي.
— باي ئاكا، تازىمۇ دۆت ئىكەنلا، تاغقا بېرىپ ئوتۇن كېسىش — تاغ بېشىنى چۇشۇرگەنلىك ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ ماموت ئاخۇن.
باي گەپ قىلالماي قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ماموت ئاخۇن باينىڭ ئىشىنى يەپ، قاچىسىنى بىكارلاپ، يول مېڭىپ، يول بىكارلاپ باينىڭ جېنىغا تېگىپتۇ. ئەتىياز كېلىپ يەر تېرىش مەزگىلى بولۇپ قاپتۇ. باي:
— ھەي چاكار، مالڭ يەرلەرنى ھەيدە، بۇ ئىشنىغۇ قىلارسەن؟ — دەپتۇ ماموت ئاخۇنغا.
— ۋاي باي ئاكا، نېمە دەۋاتىدىلا؟ مەن «بىرماڭغان يولۇمنى ئىككىنچى قېتىم ماڭمايمەن» دېمىگەنمىدىم؟ — دەپتۇ ماموت ئاخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ. باي ئۇنى دېسە، ئۇ بۇنى دەپ، بايغا زادىلا گەپ بەرمەپتۇ. باي دەۋا قىلاي دېسە، دەۋادا ئۆزىنىڭ يېڭىلىپ ئوسال بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئامالسىزلىقتىن، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يىگۈدەك بوپتۇ. ئەتىياز كېتىپ، ياز كەپتۇ، ئورما ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ. باي ماموت ئاخۇننى ئورما ئورۇشقا بۇيرۇپتۇ.
— ۋاي باي ئاكا، ۋەدىلىرىگە زادىلا ۋاپا قىلمايدىكەنلا. مەن «نورغۇن بەللەرنى كېسەلمەيمەن» دېمىگەنمىدىم؟ ئىشەنمىسىلە، تىل خەتنى كۆرۈپ باقسىلا، — دەپتۇ ماموت ئاخۇن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولۇپ:
— يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان ماموت ئاخۇن كۈلۈپ كېتىپ:
باي ئاكا، ئالدىرىمىسىلا، مەن بۇ ئۆيدە بىر يىلدەك ئىشلىدىم. ئىش ھەققىمنى بەرمەملا؟ — دەپتۇ. بۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن باي ئاخىرى 10 چارەك بۇغداي، 15 چارەك قوناق بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ماموت ئاخۇن ئۆيىگە بېرىپ تىل خەت بىلەن ئۆز تارازىسىنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ تارازا ئىنتايىن يوغان بولۇپ، يىگىرمە ئادەم ئاران كۆتۈرەلەيدىكەن.
— نېمە ئۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ باي.
— ئاستا گەپ قىلسىلا، — دەپتۇ ماموت ئاخۇن، — سىلى ماۋۇ تىلخەتنى ئوقۇپ باقسىلا، بىز دەسلەپ قىلىشقان بۇ توختامدا نېمە دېيىشكەنىدۇق؟

— سېنىڭ تارازاڭنى مەن ئۇ چاغدا كۆرمىگەن تۇرسام، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ باي.

— شۇ چاغدا نېمە ئۈچۈن كۆرۈپ باقمىغان؟ — دەپتۇ مامۇت ئاخۇن. بۇ تالاش - تارتىشتا ئاخىرى ئۇ يېڭىلىپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇغداي، قوناقنى ئۆز تارازىسىدا تارتىپ ئاپتۇ. باينىڭ ئاشلىقى مامۇت ئاخۇننىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن ئاران چىقىش قىپتۇ. باينىڭ ئاشلىق ئامبىرى ھايت - ھۇيت دېگۈچىلا قۇرۇپتۇ. ئاچكۆز باي بۇ ئەلەمگە چىدىماي بىر كېچىدىلا يوقاپ كېتىپتۇ.

مامۇت ئاخۇن شۇ يۇرتتىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بوپتۇ ۋە بايدىن ئالغان ئاشلىقنى كىشىلەرگە بۆلۈپ بېرىپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: پەيشەنبەبازار يېزا ئارامەھەللە كەنتىدىكى ھەپىزەم كېرەم؛ توپلاپ رەتلىگۈچى: ئامان ناسىر).

## 6 §. خەلق قوشاقلىرى، خەلق ماقال - تەمسىللىرى

### 1. خەلق قوشاقلىرى

توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى يومۇرلۇق، پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە باي. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىق دەۋەت قىلىنسا، بەزىلىرىدە مۇھەببەت ئىپادىلەنگەن، بەزىلىرىدە باي - زالىملار قامچىلانغان. خەلق سەنئەتچىسى ئۆمەر مەمتىلى 170 تىن كۆپرەك خەلق قوشىقىنى توپلاپ رەتلىگەن.

ھاۋادىكى لاچىنىنىڭ،
قاناتىدا توپا يوق.
ئىشەنمەڭلار دوستلىرىم،
زالىملاردا ۋاپا يوق.

شىباڭ شىمەينىڭ ۋاقتىدا،
ئالۋان - ياساق كۆپ ئىدى.
ئەلنى زار - زار قاقشىتىپ،
ئالغان پارىسى كۆپ ئىدى.

شىباڭ شىمەي دېگەن جاللات،
گومىنداڭنىڭ غالچىسى.
ئەلنى خويمۇ قاقشاتتى،
زالىملارنىڭ قامچىسى.

تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز،
ئارغۇبۇلاقنىڭ تاغلىرى.
ئۈستىگە قارلار يېغىپتۇ،
ئاستىدا گۈل - باغلىرى.

ئەتىر گۈلۈم چىرايلىق،
شۇنچە نازۇك، ئەۋرىشىم.
سۆزۈم ئاڭلا دىلبىرىم،
يوق ۋەدەمدىن يانمىشىم.

كۆك قومۇشنى قالىساڭ،
بولماس ئۇنىڭ يالقۇنى.
تاشلاپ كېتەر يۈز ئۆرۈپ،
دوستىنىڭ ساختا ـ يالغىنى.

سۈت چاي ئىچتۇق يار بىلەن،
بولۇپ ئىجىل قوشماقتەك.
ئەركىن، خۇشال ياشايمىز،
كۆلدە ئۈزگەن ئۆردەكتەك.

دۇتارىمدا بار قولاق،
ساتاردا يوق.
جىمغۇر، مۆرىمەس ئادەم،
قاتاردا يوق.

يۈرىكىڭنى كۆرسەتتى،
قاپقارا قوي كۆزلىرىڭ.
ئەسىر ئەتتى قەلبىمنى،
شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرىڭ.

ئېچىلىپتۇ باغدا قىزىلگۈل،
شاخلار ئارا سايرايدۇ بۇلبۇل.
مەن ھەرياقتىن ئىزدەيمەن سېنى،
بولغاچ دىلدا بىر تال ئانارگۈل.

قولۇمدا ئۇزۇن تاياق،
جۇجەمنىڭ ياخشىسىدىن يەيمەن.
ئەمگەك سۆيمەس يىگىتنى،
ئالدامچى، بوشاڭ دەيمەن.

ئاشنى باداڭدىن سوراڭ،
ئىشنى كاداڭدىن سوراڭ.

دوست بولساڭ ياردەمدە بول،
ئەر ـ خوتۇنلار ئەيۋچان.

ئادەم راستچىل بولمىسا،
ئۇنى ھەرگىز دوست تۇتما.
راست گەپ قىلغىن ئۆزۈڭمۇ،
ھېچكىمگە يالغان ئېيتما.

شورلۇق بىلەن بول يۈرسەڭ،
تاپانغا سانچىلار، يارىم.
ئۇزاق مۇددەت دەرت تارتساڭ،
يۈرەككە سانچىلار، يارىم.

دوستۇم بىلەن بوز ئاچتۇق،
بوز ئايلاندى گۈلباغقا.
شېرىن ـ شەربەت مېۋىلەر،
يۇراق چاچتى ھەر ياققا.

دۈشمىنىنى چېپ بولۇپ،
قويۇپ قويدۇم كارىۋاتقا.
مەن دوستۇمنىڭ سۆزلىرى،
ياڭراپ تۇرار قۇلاقتا.

ئاققىنا كۆڭلەك كىيىپلا،
ئاق تىكەنلەر ئىلمىسۇن.
ئىككىمىز ئاشنا بولايلى،
باشقا ھېچكىم بىلمىسۇن.

ئاسماندىكى ئۈچ يۇلتۇز،
ئاينىڭ گۈلى مەن، دەيدۇ.
ئون بەش ياشلىق بىرقىزچاق،
ئاشنا بولمەن دەيدۇ.

قونۇپ دەرەخ شېخىغا،
شاراقلايدۇ سېغىزخان.
ئەسلەيمەن سېنى مەڭگۈ،
تەندە بولسىلا بۇ جان.

سايرار بۇلبۇل شاخ ئارا،
مەن تېخىچە مۇساپىر.
يېرىم قىلما كۆڭلۈڭنى،
قايتىپ كېلىمەن ئاخىر.

يارىمنىڭ ئېتى ئايخان،
ئۈز، مۇلايىم پاقلاندەك.
پاقلان گۆشى مەززىلىك،
يارنىڭ لېۋى ھەسەلدەك.

كۆۋرۈك بولۇپ دەرياغا،
يارنى ئۆتكۈزەي دەيمەن،
شاراپ بولۇپ قەدەھتە،
يارغا ئىچكۈزەي دەيمەن.

كىمكى ئۆلمەستىن بۇرۇن،
بىلمەس جاننىڭ قەدرىنى.
ئەلقۇمىغا يەتسە جان،
شۇل بىلۇر جان قەدرىنى.

پەرىشتىگە ئوخشايمەن،
كۆزۈڭ نۇرلۇق چولپانمۇ؟
مېنى مەپتۇن ئەيلىدىڭ،
راست كۆيدۈڭمۇ ـ يالغانمۇ؟

## 2. خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى

ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ كۆپىنچىسى يېزا ـ كەنتلەردىكى ئاددىي ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، مەزمۇنى مول ھەم قىزىقارلىق. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان، رەتلەنمىگەن ۋە يېزىق ئارقىلىق كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەن. 1985 ـ يىلى شاكىر قادىر قاتارلىقلار نەچچە يۈز ماقال ـ تەمسىلنى رەتلەپ چىققان. بۇ يەردە بىر قىسمىنى تاللاپ تەزكىرىگە كىرگۈزدۇق.

تېرىلغۇدا كېچىكسەڭ، بىر يىللىق زىيان تارتىسەن،
ئۆگىنىشتە ھورۇنلۇق قىلساڭ، ئۆمۈرلۈك زىيان تارتىسەن.

باغ مېۋىسى بىلەن داڭلىق، ئادەم ئەخلاقى بىلەن (داڭلىق).

ياخشى ئادەم مىڭ ئۆينىڭ ئېشىنى يەر،

قارا نىيەت ھامان بېشىنى يەر.

دەۋا قىبرساس، كۆمۈر چىرىماس.

ھوسۇل كەم چىقسا يەردىن كۆرمە،
چىرايلىق سەت بولسا ئەينەكتىن (كۆرمە).

قىلتىرىقسىز بېلىق بولماس، كەمچىلىكسىز ئادەم (بولماس).

سۆز سەممىي بولمىسا، باشقىلارنى قايىل قىلالمايدۇ.

گۇمان — دوستلۇق دەرىخىنى كەسكۈچى پالتا.

ھورۇننىڭ دەم ئېلىش كۈنى بۈگۈن، خىزمەت كۈنى — ئەتە.

تاپقىنىڭ ئاز بولسىمۇ، ھالال بولسۇن.

ئىناق بولماي سائادەت يوق.

گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن.

چىنە بولسا دەزى بولمىسا، يىگىت بولسا قەرزى بولمىسا.

سۆزى ئىشەنچىسىز ئادەم سايرىماس بۇلبۇلغا ئوخشايدۇ.

تەنھەرىكەت — ساغلاملىقنىڭ دوستى.

پىچاقنى بىلىمسەڭ دات باسىدۇ، ئادەم ھەرىكەت قىلمىسا كېسەل باسىدۇ.

قەھرىمان جەڭگاھتا ئۆلەر، ھورۇن كارىۋاتتا (ئۆلەر).

نانني چايناپ يە، گەپنى ئويلاپ دە.

ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن.

پۇرسەت كەتتى — بەختىڭ كەتتى.

ئوردا تەلۋىگە مەنسۇپ، كۆلكە ئۆسمۈرگە (مەنسۇپ).

ئىشنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلەر.

ئۈستۈڭلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، ھەسرەت چەككەننىڭ ئۆمرى قىسقا.

مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن.

دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ (ئېيتار).

تاغدا يولۋاس بولمىسا، مايمۇن پادىشاھ بوپتۇ.

سەۋرە — ئامەت، ئالدىراقسانلىق — ئاپەت.

مىڭ دوست كۆپلۈك قىلماس، بىر دۈشمەن ئازلىق (قىلماس).

تاۋار - دۇردۇن كەيمەكمۇ، بۆز كۆينەكنى ئۇنۇتما.

ھەسەلنىڭ تاتلىقلىقى — ھەرىنىڭ جاپا - مۇشەققىتىدىن كەلگەن.

ھاقارەتلىك تۇرمۇشتىن نومۇسلۇق ئۆلۈم ياخشى.

لىللا، شەخسىيەتسىز كىشى، ئۆمۈر بويى شاد ئۆتەر.

ئىشچاننىڭ ياتقۇسى كەلمىگەندەك، ھورۇننىڭ قوپقۇسى (كەلمىگەندەك).

ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن (تارت).

شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىماس.

بەختلىك بولاي دېسەڭ باغ قىل،
باي بولاي دېسەڭ چارۋا (قىل).

كۆككە قاراپ تۈكۈرسەڭ، يۈزۈڭگە چۈشەر.

يالغان كۈلكە — يىغىدىن يامان.

قورساق ئاغرىتقان ھەسەلدىن ئۈماچ ياخشى.

سۆز كەلمەستە توغان سال، ئىت كەلمەستە تاياق ئال.

ئوۋچى كۆپ بولسا، كىيىك قالماس،
ئوغلۇڭ كۆپ بولسا، ياقىلى ئادەم چىقماس.

ۋاقىت — ئالتۇندىن قىممەت.

دۆڭ بولمىسا، قاغا قونمايتتى، قاغا قونمىسا،
ئېتىم ئۈركمەيتتى، ئېتىم ئۈركمىسە مەن يىقىلمايتتىم،
مەن يىقىلمىسام، پۇتۇم سۇنمايتتى.

ئالەمنىڭ چېتى بولماس، بىلىمنىڭ چېكى (بولماس).

قورساق ئاچقاندا قوناق نېنى سامسىدىن ئەلا.

گادايىنىڭ تويغىنى — ھېيت بولغىنى.

تىلى يۇمشاق مىڭ نان يەر، تىلى قاتتىق بىر نان يەر.
(تىلى يۇمشاق موزاي قوش ئەمچەك ئېمەر).

تۆگىنىڭ قۇيرۇقى بولغىچە، توخۇنىڭ تومشۇقى بول.

ئاتنىڭ تويىقى بولغىچە، توخۇنىڭ تاجىسى بول.

ياخشى كۆتەڭ مېھماننى، نامىڭ كېزەر جاھاننى.

تاز ئەمەسنى تاز دېسەڭ، كۆلگۈسى كېلۇر،
تازنى تاز دېسەڭ، ئۆلگۈسى (كېلۇر).

ھۆرمەت تاپاي دېسەڭ، ئالدى بىلەن ھۆرمەت قىل.

سۇنى سەپ سىڭەر يەرگە، سۆزنى قىل سىغار يەرگە.

ياخشىدىن قاچما، يامانغا ياندىشما.

سورىغانغا جاۋاب بەرمەك ئاسان،
ئەتىسى تىللايدىغىنى يامان.

ياماندىن بول يىراق، ياخشىغا بول يانتاياق.

توقماق بىلەن ئۆزگىنى ئۇرساڭ، بىر بېشى ئۆز بېشىڭغا تېگىدۇ.

قاغا بىلەن دوست بولساڭ، يېيىشىڭ پوق.

باشقىلارغا ئازار بەرمەك ئاسان، يارىنى ساقايتماق تەس.

بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى.

تادان ئوچاقتا قارىغىدەك، نادان قازانغا.

باغنىڭ مېۋىسىگە باق، ئادەمنىڭ ماھىيىتىگە.

زىرائەت ئوغۇتتا تايىنار، ئادەم تىرىشچانلىقتا.
پۇت يۈگرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۈگرۈكى باشقا.

قارنى يامان ھېيتتا ئۆلەر.

ئەسكى يەر يوق.

نومۇس — ئارىڭ كەتتى — بارىڭ كەتتى.

خالىغانچە سۇئال سورىساڭ، ياخشى جاۋاب ئالمايسەن.

ھۆرمەت تاپاي دېسەڭ، ئۇزاق مۇددەت تەربىيە ئال.

قەلب سۆزۈڭنى ئېيتمىساڭ، ئۆزگىنى تەسىرلەندۈرەلمەيسەن.

لاپچى سىناقتا بەرداشلىق بېرەلمەس،
شۆھرەتپەرەس پۇلغا ئەرزىمەس.

كاللا ئىشلەتمەسلىك — تىرىك موردىغا تەڭ.

ئۆگەنمىگەن كىشىنىڭ، تايىنى يوق گېپىنىڭ.

تېرىلغۇدا ئۇرۇق سالمىساڭ، بىر يىللىق زىيان،
ئۆگىنىشتە بوشاڭلىق قىلساڭ، ئۆمۈرلۈك زىيان.

تىرىشچان ئاش ئالىدۇ، ھورۇن تاش (ئالىدۇ).

ۋەتەن سۆيمىگەن كىشى سايرىماس بۇلبۇلغا ئوخشايدۇ.

# 7 § . كىنو قويۇش

مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) كۇچا ناھىيىلىك كىنو ئەترىتى توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ، سەييارە كىنو قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ناھىيە بازىرىدا ھەر يىلى 2 ـ 3 قېتىم كىنو كۆرگىلى بولىدىغان بولدى. قويۇلىدىغىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن رۇس تىلىدىكى فىلىملەر ئىدى. كىنو لىپ يېڭچۇننىڭ خۇسۇسىي دېگىدە قويۇلاتتى، ئورۇندۇقنى تاماشىبىنلار ئۆزلىرى ئېلىپ كېلەتتى. 40 ـ يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، كىنو قويۇش قېتىم سانى كۆپىيىپ، ھەر ئايدا بىر مەيدان كىنو كۆرگىلى بولىدىغان بولدى. قويۇلغان فىلىملەر «چاپايىف» «زويا» ، «گۈزەل ۋاسلىسا» ، «باتۇر كىشىلەر» ، «ۋاپادار ئىتنىڭ خوجايىنىنى قۇتقۇزۇشى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. كىنوچىلار ۋە ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر يەنىلا كۇچا سەييارە كىنو ئەترىتىنىڭ ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاقسۇ كىنو ئەترىتى بىلەن كۇچا كىنو ئەترىتى توقسۇغا كېلىپ سەييارە كىنو قويۇپ تۇردى، كىنو فىلىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن رەڭسىز فىلىملەر ئىدى.

1953 ـ يىلى ناھىيىلىك كىنو ئەترىتى قۇرۇلدى، 4 ئىشچى ـ خىزمەتچى سەپلەپ بېرىلدى، رەجەپ ئامەت تۇنجى ئەترەت باشلىقى بولدى، شۇ يىلى 120 (يېزىلاردا 96) مەيدان (قېتىم) كىنو قويۇلدى، تاماشىبىن 60 مىڭ (يېزىلاردا 40 مىڭ) ئادەم (قېتىم)گە يەتتى. فىلىملەرنىڭ تولىسى خەنزۇ تىلىدىكى فىلىملەر بولۇپ، ئەترەت باشلىقى رەجەپ ئامەت كىنو قويغاچ مىكرافون ئارقىلىق تەرجىمە قىلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى.

1955 ـ يىلى ناھىيىلىك كىنو ئەترىتى 176 مەيدان (قېتىم) كىنو قويدى، تاماشىبىن 149 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

1958 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىلىك كىنوخانا قۇرۇلدى، شۇ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 11گە يەتتى، 426 مەيدان (قېتىم) كىنو قويۇلدى، تاماشىبىن 220 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

1960 ـ يىلى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن يېزىلاردىكى تاماشىبىن 5900 غا چۈشۈپ قالدى.

1962 ـ يىلى 650 مەيدان (قېتىم) كىنو قويۇلدى، تاماشىبىن 293 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان فىلىملەر تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىدى، شۇنىڭ بىلەن قويۇلىدىغان فىلىملەر ئازلاپ كەتتى ھەم بىر خىللا بولۇپ قالدى، ئەمما كىنو قويۇلۇش قېتىمى ۋە تاماشىبىنلار ئازايمىدى.

1978 ـ يىلدىكى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن قويۇلىدىغان كىنو فىلىملىرى، قويۇلۇش سانى ۋە تاماشىبىن زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1982 ـ يىلى ناھىيە بويىچە كىنوخانا 2گە، كىنو ئەترىتى 5كە، قويۇلغان كىنو 2685 مەيدان (قېتىم) غا، تاماشىبىن 2 مىليون 712 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە، يىللىق كىرىمى 206 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن تېلېۋىزورنىڭ تەدرىجىي ئومۇملىشىشى بىلەن تېلېۋىزىيە بىلەن كىنو تاماشىبىن تالىشىپ، تاماشىبىنلاردا بۆلۈنۈش ھالىتى شەكىللىنىپ، كىنوچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالى نۆۋەتلەشكە قاراپ يۈزلەندى. 1993 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدا بىر كىنوخانا، ئۈچقات، يۇلتۇزباغ، ئۆگەن، تاشئېرىق، ئىچئېرىق يېزىلىرىنىڭ ھەممىسىدە بىردىن كىنو ئەترىتى بار بولدى. پەيشەنبە بازار يېزىلىق كىنو ئەترىتى زىيان تارتقاچقا، ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە يازلىق كىنوخانا 6گە، كىنو قويۇش ئاپپاراتى 14كە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 24كە، بىر يىلدا قويۇلغان كىنو 3424 مەيدان (قېتىم) غا، تاماشىبىن 495مىڭ 300 ئادەم (قېتىم) گە، يىللىق كىرىم 165 مىڭ

100 يۈەنگە يەتتى. مالىيە قىس بولغاچقا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى %80 بويىچە تارقىتىلدى.

50 - يىللارنىڭ بېشىدا كىنو فىلىملىرىنى سەييارە كىنو ئەترىتى ئۆزى ئېلىپ يۈرەتتى. 1956 - يىلدىن كېيىن كىنو فىلىمىنى ۋىلايەت ۋە قېرىنداش ناھىيىلەر پىلان بويىچە ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدى؛ قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تارقىتىش پىلانىغا ئاساسەن، ۋىلايەت ياكى قېرىنداش ناھىيىلەرگە ئەۋەتىپ بېرىلدى.

1975 - يىلى ناھىيىلىك كىنو پونكىتى پىلان بويىچە ناھىيىلىك كىنوخانا ۋە كۆچمە كىنو ئەترەتلىرىگە فىلىم تارقىتىپ تۇردى. ناھىيىلىك كىنوخانا 35 مىللىمېتىرلىق فىلىملەرنى، كۆچمە كىنو ئەترەتلىرى 16 مىللىمېتىرلىق فىلىملەرنى ئاساس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە فىلىم تارقىتىش ھەققى ئېلىندى، ناھىيىلىك كىنوخانىدىن بېلەت سېتىش كىرىمىنىڭ %30 — %40 ى، كۆچمە كىنو ئەترەتلىرىدىن ھەربىر فىلىم ئۈچۈن 4 يۈەن ئېلىندى.

1993 - يىلى كىنو فىلىمىنى باشقۇرۇش سىياسىتى قويۇۋېتىلدى، ھەرقايسى يېزىلىق كىنو ئەترەتلىرى ئۆزۈمچى ياكى كىنو ستودىيىلىرىدىن بىۋاسىتە فىلىم سېتىۋېلىپ كىنو قويىدى.

**توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1953 — 1993 - يىلغىچە بولغان كىنو قويۇش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 21 — 3

| يىللار | كىنوخانا سانى | كىنو ئەترىتى | قويۇلغان كىنو (مەيدان - قېتىم) | | تاماشىبىن (تۈمەن ئادەم - قېتىم) | | يىللىق كىرىم (تۈمەن يۈەن) | كىنو قويۇش ئاپپاراتى (دانە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئىي | يۇنىڭ ئىچىدە يېزىدا | جەمئىي | يۇنىڭ ئىچىدە يېزىدىكىلەر | | |
| 1953 | | 1 | 120 | 96 | 6 | 4 | | 1 |
| 1954 | | 1 | 146 | 105 | 7.3 | 5.3 | | 1 |
| 1955 | | 1 | 179 | 140 | 14.9 | 9.9 | | 1 |
| 1956 | | 1 | 161 | 130 | 12.9 | 9.1 | | 1 |
| 1957 | | 1 | 215 | 145 | 13.5 | 9.3 | | 1 |
| 1958 | 1 | 1 | 426 | 215 | 22.4 | 14.3 | | 2 |
| 1959 | 1 | 1 | 489 | 129 | 50.6 | 29.5 | | 4 |
| 1960 | 1 | 1 | 521 | 34 | 26.6 | 0.59 | | 4 |
| 1961 | 1 | 1 | 524 | 30 | 21.7 | 0.30 | | 4 |
| 1962 | 1 | 1 | 650 | 345 | 29.3 | 14.9 | | 4 |
| 1963 | 1 | 558 | 183 | 29.2 | 15.3 | | | 6 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 6 | | 10.2 | 25.6 | 198 | 587 | 2 | 1 | 1964 |
| 8 | | | | | 450 | 3 | 1 | 1965 |
| 8 | | | 58 | | | 3 | 1 | 1966 |
| 8 | | | 59.5 | | | 3 | 1 | 1967 |
| 8 | | | 58.5 | | | 3 | 1 | 1968 |
| 8 | | | 60 | | | 3 | 1 | 1969 |
| 8 | | | 60.5 | | | 3 | 1 | 1970 |
| 8 | | | 60.2 | | | 3 | 1 | 1971 |
| 8 | | | 60.4 | | | 3 | 1 | 1972 |
| 8 | | | 60.6 | | | 3 | 1 | 1973 |
| 8 | | | 61.5 | | | 3 | 1 | 1974 |
| 8 | | | 64.5 | | | 4 | 1 | 1975 |
| 10 | | | 198.1 | | | 4 | 1 | 1976 |
| 10 | | | 217.1 | | | 4 | 1 | 1977 |
| 12 | | | 231.3 | 750 | 1850 | 5 | 2 | 1978 |
| 14 | 14.59 | 100 | 241 | 800 | 2617 | 5 | 2 | 1979 |
| 20 | 16.87 | 110 | 225 | 850 | 2611 | 5 | 2 | 1980 |
| 20 | 16.87 | 110 | 213 | 1200 | 2311 | 5 | 2 | 1981 |
| 20 | 20.6 | 150 | 271.2 | 2000 | 2685 | 5 | 2 | 1982 |
| 20 | 19.60 | 210 | 216.2 | 2200 | 2407 | 5 | 2 | 1983 |
| 20 | 25.65 | 170 | 270.1 | 2750 | 3500 | 7 | 2 | 1984 |
| 22 | 31.24 | 130 | 227.9 | 3700 | 3914 | 7 | 2 | 1985 |
| 22 | 30.04 | 125 | 191.9 | 3750 | 4282 | 7 | 2 | 1986 |
| 22 | 30.64 | 120 | 198.2 | 3800 | 4499 | 7 | 2 | 1987 |
| 20 | 31.74 | 120.54 | 149.9 | 3662 | 4238 | 7 | 2 | 1988 |
| 20 | 32.81 | 217.7 | 235.3 | 4316 | 4917 | 8 | 1 | 1989 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1990 | 1 | 8 | 5220 | 4420 | 205.5 | 190.81 | 35.83 | 14 |
| 1991 | 1 | 8 | 4760 | 3855 | 180.42 | 135 | 31 | 14 |
| 1992 | 1 | 8 | 4463 | 3580 | 148.8 | 134.22 | 27.14 | 14 |
| 1993 | 1 | 8 | 3424 | 2701 | 49.53 | 46.41 | 16.51 | 14 |

# 8 § . گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەتچىلىك، خەتتاتلىق

## 1. گۈزەل سەنئەت

قەدىمكى كۇسەن رايونىنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدىن بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ناھايىتى ئاز، تۇغراقئېقىن مىڭئۆيىدىكى تام رەسىملىرىلا تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ يادىكارلىقلاردۇر. ئۆڭكۈرلەردىكى گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى ئاساسەن ئازۇرىت، يېشىل ياقۇت، قىزىل مەرۋايىت، سۈت ھاك قاتارلىق بوياق ماتېرىياللىرى ئارقىلىق سىزىلغان، رەڭلىرى روشەن، سىزىلىش تېخنىكىسى يۇقىرى بولۇپ، تىپىك كۇسەن ئۇسلۇبىغا مەنسۇپ شۇنداقلا ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا، گۈزەل سەنئەت خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان، مەسىلەن: ساندۇق، ئىشكاپ قاتارلىق ئۆي جاھازلىرىغا گۈل ـ گىياھ، مېۋە ـ چېۋە، ئۆي قۇشلىرى، ئۆي ھايۋانلىرى قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى سىزىلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى گۈزەل سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئۆسۈپ يېتىلدى. توقسۇ ناھىيەسىدە بىر قەدەر داڭلىقلىرى لۇخۇي، ھېكىمھاجى، تەن دېشەن، نىياز، ليۇ جىنمىڭ، شۈ بىن، جاڭ شۇزېڭ، لىن يۇشياڭ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا لۇ خۇي، ليۇ جىنمىڭلار ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەت جەمئىيىتىگە ئەزا بولدى. شۈ بىننىڭ قەغەز قىيمىچىلىقى نەتىجىلىك بولدى، ھەرخىل گېزىت ـ ژۇرنال، كىتابلاردا 100 دىن ئارتۇق ئەسىرى ئېلان قىلىندى، ئۇ، جۇڭگو قەغەز قىيمىچىلىقى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ قەغەز قىيمىچىلىقى جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى. لۇ زېپىڭنىڭ سۇڭ سۇلالىسى ھۆسنخەتلىرىگە تەقلىد قىلىپ يازغان ھۆسنخېتى، سۇلايمان داۋۇتنىڭ ئۇيغۇرچە ھۆسنخېتى مۇئەييەن سەۋىيىگە ئىگە.

## 2. فوتو سۈرەتچىلىك

توقسۇ ناھىيەسىنىڭ فوتو سۈرەتچىلىك ئىشلىرى 1959 ـ يىلى باشلاندى. شۇ يىلى قاراشەھەرلىك لى فۇخېي توقسۇ ناھىيەسىگە كېلىپ، تۇنجى سۈرەتخانا ئېچىپ، ئاساسلىقى ئادەملەرنى سۈرەتكە تارتتى. يېمەك ـ ئىچمەك شىركىتى سۈرەتخانىسىلا سودا خاراكتېرلىق سۈرەت تارتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ناھىيەگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئىشتىن سىرتقى فوتو سۈرەتچىلەر ئىچىدە شاڭ جاۋ، لۇ تيەنشۇن، تەن دېشەن قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭ.

80 ـ يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، فوتو سۈرەتچىلىك ئىشلىرى تېز راۋاجلىنىپ، بىرلا ئورۇن

تىجارەت قىلىش ۋەزىيىتى بۇزۇپ تاشلىنىپ، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ سۈرەتخانىلىرى مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر قايسى ئىدارىلەردىكى ئىشتىن سىرتقى فوتو سۈرەتچىلەر قوشۇنىمۇ ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، بەزى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. 1984 ـ يىلى يازدا شاڭ جاۋ، جاڭ يۈ، يېڭ چىشيەن قاتارلىقلار ئاقسۇ ۋىلايەتلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى ئەزالىرى بولۇپ قالدى، سۈرەت تارتىش ئوبيېكتى ئادەملەردىن مەنزىرە، بىناكارلىق، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق ساھەلەرگە كېڭەيدى.

1992 ـ يىلى فوتو سۈرەتنى ئاساس قىلغان «توقسۇ ناھىيىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» رەسمىي نەشر قىلىندى، ئۇ، فوتو سۈرەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە نەتىجىلىرىنى ۋاستىلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سۈرەتخانىدىن بىرى، تىجارەتچىدىن 2سى، يەككە سۈرەتخانىدىن 8ى، تىجارەتچىدىن 15 ى بار بولدى. ھەر قايسى ئورۇن، يېزا ـ بازارلاردىمۇ ئىشتىن سىرتقى فوتو سۈرەتچىلەر بار بولدى، ئومۇمىي خادىم 100 دىن ئېشىپ كەتتى.

50 ـ يىللاردا ناھىيە بويىچە دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن بىرلا قونداقلىق سۈرەت تارتىش ئاپپاراتى بار ئىدى. 1960 ـ يىلدىن كېيىن ئىمپورت قىلىنغان، دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن فوتو ئاپپاراتلار ناھىيىلىك پارتكوم، مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، بىراق سانى ئىنتايىن ئاز ئىدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن فوتو ئاپپارات كۈندىن ـ كۈنگە ئومۇملاشتى، سۈرەتخانا، ئىدارە ـ ئورۇنلاردىن تاشقىرى، شەخسلەرمۇ فوتو ئاپپارات سېتىۋالدى. بۇ مەزگىلدە فوتو ئاپپاراتلارنىڭ تىپى پەيدىنپەي «135» تىپلىققا يۈزلەندى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن رەڭلىك لېنتا مەيدانغا كەلدى، لېكىن رەڭسىز لېنتا يەنىلا كۆپ ئىدى. 1985 ـ يىلدىن كېيىن رەڭلىك لېنتا پەيدىنپەي رەڭسىز لېنتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

1980 ـ يىلدىن كېيىن، يەككە ئىگىلىكتىكى سۈرەتخانىلاردا بەزىلەر ئاددىي رەڭلىك سۈرەت يۇيۇش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزدى، سۈرەت يۇيۇش سۈپىتى ناچار بولغاچقا، كۆپ ساندىكى لېنتىنى گۇاڭجۇ، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا ئەۋەتىپ يۇيدۇرۇشقا توغرا كەلدى. 90 ـ يىللاردىن كېيىن ناھىيە بويىچە 2 سۈرەتخانا رەڭلىك سۈرەت يۇيىدىغان بولدى، بىراق سۈپىتى يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس.

## 3 . خەتتاتلىق

مىنگو دەۋرىدە توقسۇ ناھىيىسىدە ساتتار ۋاھىت، بەكرى سەيدۇللا قاتارلىق ئاز ساندىكى ئىشتىن سىرتقى ھۆسنخەت ھەۋەسكارلىرى بار ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسى بويىچە خەتتاتلىق ئىشلىرى خېلى تېز راۋاجلىنىپ، بىر تۈركۈم ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكارلار بارلىققا كەلدى. بىر قەدەر تەسىرگە ئىگە ھۆسنخەت ھەۋەسكارلىرى ساتتار ۋاھىت، بەكرى سەيدۇللا، مۇھەممەت ئىيسا، سۇلايمان داۋۇت، مۇھەممەت ھامۇت، مۇھەممەت روزى، لو زەنپىڭ، شاڭ جاۋ، تەن دېشەن، دېڭ يۈڭفېن، ، فېڭ كېجۇ، جاڭ شۇزېڭ، يۈ گولياڭ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

# § 9 . مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، ئاسار ئەتىقىلەر

توقسۇ ناھىيىسىدە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسار ئەتىقىلەر بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، شەرقتە ئۆگەن دەرياسى بويىدىكى جىجۈگۈەن خارابىلىكىدىن غەربتە يانتاققۇدۇق تۇرىغىچە، شىمالدا تاجىكقورۇ بوددا ئىبادەتخانىسىدىن جەنۇبتا بۇتباش قەدىمكى شەھىرىگىچە تەخمىنەن 30 نەچچىسى بار. قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت

يادىكارلىقلىرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ قاشتېشى پالتا، خەن ـ تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە مەنسۇپ قەدىمكى پۇل، مىلتاڭ، چىلاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ سايمان ـ جابدۇق، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قاشتېشى، تاش، ساپال، ياغاچ سايمان قاتارلىقلار بولۇپ ناھايىتى تولۇق. بۇلار توقسۇ تارىخىي مەدەنىيىتىنىڭ گۈزەل، تارىختىكى گۈللىنىش ۋە خارابىلىشىشىنىڭ ماددىي ئىسپاتى.

## 1. تاڭ دەۋرىگە ئائىت جىبجۇگۇەن خارابىسى

بۇ خارابە توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ 17 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا يەنى ئۆگەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا، چۆلتاغنىڭ ئالدىغا جايلاشقان، شىمالدا قۇمتۇر ئىبلىكتىر ئىستانسىسىغا، جەنۇبتا 314 ـ دۆلەت يولىغا تۇتىشىدۇ، تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ.

ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان خارابە تاملىرىنىڭ ئېگىزلىكى 3 مېتىردىن ئاشىدۇ، قېلىنلىقى بىر مېتىر، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. بىر ئېگىز مۇنار بولۇپ، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 8 مېتىر، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 7 مېتىر، ئۈچى بۇزۇلۇپ كەتكەن.

مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) مەشھۇر ئارخېئولوگ، پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى بۇ يەردە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1986 ـ يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى ۋاڭ بىڭخۇا بۇ يەردە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ھەمدە بۇ يەر «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن «جىبجۇگۇەن» شۇ، دەپ تەھقىقلىدى. 1993 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ يەرگە مەرمەر تاشتىن بىر يادنامە تىكلىدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ فۇچۇ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.

بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە قەدىمكى پۇل، تاڭ دەۋرىگە ئائىت ساپال پارچىلىرى ۋە چاڭ خۇيىنىڭ مىس تامغىسى بار. مىس تامغىدا ئۇيما خەت ۋە تەتۈر خەت بار بولۇپ، بۇ تامغىنى ياپونىيىلىك جى رۇيچاۋ ساقلىغان.

## 2. داۋانقۇم شەھىرى

بۇ شەھەر ئۈچقات يېزا يۇلغۇنشەھەر كەنتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چۆللۈككە جايلاشقان، يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاي بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 20 كىلومېتىر، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″10′14°82، شىمالىي پاراللېل ′38°23″41 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ ئورۇن «جۇڭگو تارىخىي ئاتلاس»تا كۆرسىتىلگەن خەن دەۋرىدىكى داۋانقۇمنىڭ ئورنىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ خارابە خەن دەۋرىگە مەنسۇپ.

مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پروفېسسورى خۇاڭ ۋېنبى بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ «ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرە»سىدە مۇنداق يازغان: يۇلغۇن، كۆدرانىيە دەرەخلىرى قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا ئۆسكەن، داۋانقۇم دەل شۇ قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا باراقسان ئۆسكەن دەرەخ ۋە ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ شىمال تەرىپى بىلەن ھىجى قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەھەر سېپىلىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، توپا دۆۋىلىرىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، تۆت ئەتراپتا چېچىلىپ ياتقان كاھىش، كېسەك پارچىلىرى ناھايىتى كۆپ، كىچىك تۆگىچۈر ھەممىلا يەردە چېچىلىپ ياتىدۇ، خارابىلىكنىڭ كۆلىمى ناھايىتى كەڭ.

«كېيىنكى خەننامە» دىكى بەن چاۋنىڭ تەرجىمىھالى بىلەن لياڭ جىننىڭ تەرجىمىھالىدا خاتىرىلىنىشىچە: بەن چاۋ قورۇقچىبەگ بولغاندا كۇسەندىكى داۋانقۇم شەھىرىدە تۇرغان، كېيىنچە يەنيۇڭ يىللىرىغا كەلگەندە دۇەن شى قورۇقچىبەگ، جاۋبو شىرىبەت - چەۋەندازلار بېشى بولغاندىمۇ مۇشۇ يەردە تۇرغان. قەدىمكى بۇ ماكان — كېيىنكى خەن دەۋرىدىكى داۋانقۇم شەھىرىنىڭ قەدىمكى ئورنىدۇر.

بۇ شەھەردىن 1928 - يىلى تۆۋەندىكىدەك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قېزىۋېلىنىدى: يېشىل قاشتېشىدىن ئىشلەپ ياسالغان بىر قاشتېشى پالتا (يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە مەنسۇپ)، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 4.7 سانتىمېتىر، بېشىنىڭ كەڭلىكى 4 سانتىمېتىر، چۈلدىسىنىڭ كەڭلىكى 3.2 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 6 سانتىمېتىر، ئىشلەپ تەكشىلەنگەن، بىسى نېپىز ھەم ئۆتكۈر، كەڭلىكى تەخمىنەن 7 مىللىمېتىر؛ قاشتېشى پىچاق 2 دانە، ئىشلەپ ياسالغان، ئۇنىڭغا تاش ئىشلىتىلگەن، قىيپاش چاسا شەكىلدە؛ ساپال چاق بىر دانە؛ بەلۋاغ زىننەت بۇيۇمى بىر دانە؛ ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل چاچ زىننەت بۇيۇملىرى بار، ئۇلار يۇمىلاق، قىيپاش چاسا شەكىللىك، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك، سوزغۇچ شەكىللىك، يېرىم چەمبەر، چەمبەر شەكىللىك بولۇپ، تۈرلۈك نەقىش - گۈل ئويۇلغان، مەسىلەن: 4 بەرگىلىك نىلۇپەر گۈلى، 6 بەرگىلىك نىلۇپەر گۈلى، ھاشارات، قۇش، ئادەم سۈرىتى (ئىنچىكە بەل، كىچىك يەڭ، پەتنىكە ئالاھىدىلىك قىلىنغان)، بۇغا، دۇلدۇل قاتارلىقلار؛ تاش ۋە مېغىق ماتېرىيال قىلىنغان؛ 5 جۇلۇق ۋە كىچىك 5 جۇلۇق پۇللار شەرقىي ۋە غەربىي خەن دەۋرىدىن قالغان بۇيۇملاردۇر.

بۇ شەھەر چۆلگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئاپتوموبىل تەستە بارىدۇ. 1995 - يىلى ئاۋغۇستتىكى كەنتتىكى كېرەم ئەكرەمنىڭ يول باشلىشى بىلەن ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى ۋە ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى يولداشلار مەزكۇر قەدىمكى شەھەرگە كۆپ قېتىم بېرىپ تەكشۈرۈپ، شەھەر مەركىزىدىن 20 دىن ئارتۇق قەدىمكى پۇلنى يىغىۋالدى، 2 ساپال ئىدىش قېزىۋالدى. ساھتام دېھقانچىلىق مەيدانى بۇ شەھەرنىڭ 5 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدا بوزيەر ئاچقاندا، قەدەھ، قەدىمكى پۇل قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ھەمدە زور كۆلەملىك قەدىمكى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ئىزناسىنى ۋە خەن دەۋرىگە مەنسۇپ خىشلارنى قېزىۋالغان. شۇ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ جاينى قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى رايونى قاتارىغا كىرگۈزۈپ، بوزيەر ئېچىشنى چەكلىدى.

## 3. ئۆچقات قەدىمكى شەھىرى

بۇ جاي توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 18 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ئۆچقات يېزىسىنىڭ تەخمىنەن 2 كىلومېتىر شىمالىدا بولۇپ، خەن دەۋرىگە مەنسۇپ خارابە. ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 1450 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 800 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 1740 مو. مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى «ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىلەر» دە مۇنداق يازغان: شەھەر 3 قات بولۇپ، سېپىل ئۇلى ھازىرمۇ ساقلىنىپ قالغان، ئېگىزلىكى بىر مېتىر كېلىدۇ. بۇ شەھەر ئىچكى شەھەر، تاشقى شەھەر، چوڭ تاشقى شەھەر دەپ 3 قاتقا ئايرىلىدۇ. ئىچكى شەھەرنىڭ كېسەكلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، يەر ئېگىز - پەس، ئازگاللارغا سۇ يىغىلىپ قالغان، يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا بۇ يەر يامۇل دېگەندەك گەپلەرمۇ تارقالغان، ئىچكى شەھەر بىلەن تاشقى شەھەرنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 60 نەچچە مېتىر كېلىدۇ، تاشقى شەھەرنىڭ شەكلى سەل يۇمىلاق، ئايلانمىسى تەخمىنەن 624 مېتىر، شەھەر مەركىزىنىڭ بىر قانچە يېرىدە تۇپا دۆۋىلىرى بار، كۆپ قىسىم يەرلەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، پىششىق يەرگە ئايلاندۇرۇلغان. تاشقى شەھەر بىلەن چوڭ تاشقى شەھەرنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 240 مېتىر. شەھەر قىزىل كېسەك بىلەن سېلىنغان، كۆلىمى

ناھايىتى چوڭ.

بۇ ئەتراپتىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ناھايىتى كۆپ. ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار: خەن دەۋرىگە ئائىت 4 مىس تامغا (خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغان چاغلار ئاتامانىنىڭ مۆھىرى بىر، «لى چۇڭ تامغىسى» بىر، «چاڭ خۇي تامغىسى» 2، مىس مېدال بىر)، مىس مېدال تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 5.9 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 2.7 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2 مىللىمېتىر، ئارقا تەرىپىگە قەدىمكى خەنزۇچە خەت شەكلى چۈشۈرۈلگەن، ئۇ «لى گېڭ لى» (李耕隶) دېگەن 3 خەتكە ئوخشايدۇ. قېزىۋېلىنغان زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى ئىچىدە ھالقا، مىقلىق ھالقا، زەنجىر، قاداق قاتارلىقلار بولۇپ، بەزىلىرى تاشتىن، ياغاچتىن، بەزىلىرى قىزىل ياقۇت، يېشىل ئەينەك، رەڭدار ياقۇت، يېشىل ياقۇت، ئاق ياقۇتتىن ياسالغان، قارا رەڭ، بىنەپشە رەڭ، ياپيېشىل، جىگەررەڭ، ئاق رەڭ، كۆك رەڭ، چاي رەڭ قاتارلىقلار ئاساس قىلىنغان، شەكلى جەھەتتە ئېللىپس شەكىللىك، سوقىچاق يۇمىلاق، دانچە مەرۋايىتسىمان، نەيچىسىمان بولۇپ، ھەممىسى 1 — 6 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدۇر.

## 4. ھىجى قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر توقسۇ ناھىيە ئۇچقات يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چۆللۈكتە جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″82°11، شىمالىي پاراللېل ″48′27°41 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇچقات قەدىمكى شەھىرى بىلەن بولغان ئوتتۇرا ئارىلىقى تەخمىنەن 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ، خەن دەۋرىگە مەنسۇپ خارابە. دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2.5 كىلومېتىر كېلىدۇ، ھەممە يەر قۇم بىلەن تولغان، كونا شەھەر مېھمىلىنى قۇم بېسىۋالغان. گاھ يوشۇرۇنۇپ، گاھ كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك بىلىنىدۇ. شۇ يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرنى ھىجى شەھىرى دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا 2 توپا دۆڭلۈك بار، ئۇنىڭ بىرى سەل ئېگىز، بىرى سەل پەس، ئېگىزلىكىنىڭ ئارىلىقى 5 مېتىر كېلىدۇ، تۆت ئەتراپىدا ساپال پارچىلىرى، تۆمۈر پارچىلىرى ناھايىتى كۆپ، گۈلخان قالدۇقلىرىمۇ بار، بۇ خەن دەۋرىدىكى تورلارنىڭ ئىزناسىدۇر. زېمىنىدا ئارىلاپ توپا دۆڭلەر چېچىلىپ تۇرىدۇ، بۇلار قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۆيلەرنىڭ قالدۇق ئىزنالىرىدۇر.

بۇ شەھەرگە يېقىن جايدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە شەرقىي ۋە غەربىي خەن دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان، مىستىن ئىشلەنگەن 5 جۇلۇق پۇل، «داچۈەن 50» قەدىمكى پۇلى، مىس توگمە، قۇلۇپلە قېپىدىن ياسالغان پۇل، مىس ئىمزا قاتارلىق 18 بۇيۇم بار. مىس ئىمزانىڭ شەكلى خىلمۇ خىل بولۇپ، قىيپاش تۆت چاسا شەكىللىك، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىكلىرى بار، بۇلار قىزىل مىستىن ياسالغان، بەزىلىرىنىڭ كەينى تەرىپىگە خەت ئويۇلغان، قۇشلارنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن، 2 كىشى قۇشنىڭ دۈمبىسىدە ئولتۇرغان، قولى ئالدىغا سوزۇلغان؛ بەزىلىرىگە ھايۋانلارنىڭ، مۈشۈكنىڭ باش شەكلى چۈشۈرۈلگەن؛ بەزىلىرىگە تىزلىنىپ ئوقيا ئېتىۋاتقان، ئات مىنىۋالغان، ئولتۇرغان ئادەم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىنچىكە بەل، كىچىك يەڭ، بەتنىگە ئاساسلىق ئالاھىدىلىك قىلىنغان؛ بەزىلىرىگە ھايۋانات سۈرىتى ئويۇلغان، مەسىلەن: قوش بۇغا، شىر، دۈلدۈل قاتارلىقلار. بۇلار مىلادىيە 1 — 2 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ قالدۇق بۇيۇملاردۇر. بۇلاردىن باشقا يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى يېزىقى چۈشۈرۈلگەن مىس تامغا، مىستىن ئىشلەنگەن بەلۋاغ زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى، مىستىن ئىشلەنگەن باش كىيىم زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى، مىستىن ئىشلەنگەن بارماق زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى، مىس ھالقا، قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن چاچ زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلار 2 — 6 - ئەسىرلەرگە مەنسۇپ قالدۇق بۇيۇملاردۇر.

## 5. تاجىكقورۇ قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر توقسۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىگە، چۆلتاغنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان، يەرلىك خەلقلەر ئۇنى «كۆيۈكتاغ» دەپ ئاتىشىدۇ، بۇ شەھەرنىڭ ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 40 كىلومېتىر كېلىدۇ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل "30'37°41، شەرقىي مېرىدىئان '18°82 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. 1928 ـ يىلى بۇ جايدا 10 نەچچە پەردە بۇت غارى، قەدىمكى ئىبادەتخانا، قەدىمكى ئۆيلەر ئىزناسى، قەدىمكى گازارمىلار (شەكلى توپا قەلئەگە ئوخشايدۇ) ساقلانغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى تاغ ئۈستىگە جايلاشقان.

بۇ يەردىن ساپال قېلىپ، پىششىق خىش، نىل بوياق، ئۆچلۈق ياغاچ سايمانلار، ساپال ئىدىش، ياپىلاق يار ئوقى، تۆمۈر ئوق، كىچىك ساپال قاچا، بۇت قالدۇقى قاتارلىق بۇيۇملار قېزىۋېلىندى.

1988 ـ يىلى بۇ يەرنى تەكشۈرگەندە، بۇت غارلىرى ئېخچە ساقلانغان، تاغ ئالدىدىكى بۇتخانا ئىزناسىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ، بۇ يەردىن يېشىل ساپال پارچىلىرى تېرىۋېلىندى، بۇتخانا ئىزناسىنىڭ ئالدىدىن بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ جاي تالاڭ دەۋرىدىكى بۇتخانا خارابىسىدۇر.

## 6. توغراقئېقىن مىڭئۆيى

بۇ توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن 41 كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان '7°82، شىمالىي پاراللېل '33°41 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ مىڭئۆي چۆلتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە 12 ئۆڭكۈر بار، تەبىئىي ۋە سۈنئىي بۇزغۇنچىلىقلار تۈپەيلىدىن، ھازىر پەقەت 3لا ئۆڭكۈر ۋە تام رەسىملىرى ساقلىنىپ قالغان، پەرق ئەتكىلى بولىدۇ، مىڭئۆي بىلەن بىللە ساقلىنىۋاتقان بىرقەدىمكى قورغان بولۇپ، ئۇ تاغ چوققىسىغا سېلىنغان، ئۇزۇنلۇقى 19 مېتىر، كەڭلىكى 13 مېتىر، كۆلىمى 247 كۋادرات مېتىر، قالدۇق ئېگىزلىكى 1.5 مېتىر كېلىدۇ، كېسەك، سېرىق سېغىز تۇپراق بىلەن قوپۇرۇلغان.

1987 ـ يىلى تالاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ مۇكەممەل خىش قېزىۋېلىندى، بۇ جاي تالاڭ دەۋرىدىكى بۇددا دىنى خارابىسىدۇر. بۇ، تاجىكقورۇ بۇددا ئىبادەتخانىسى بىلەن ئوخشاش مەدەنىيەت سىستېمىسىغا تەۋە.

## 7. توپاشەھەر قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر ناھىيىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 15 كىلومېتىر كېلىدۇ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان '30°82، شىمالىي پاراللېل '34°41 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 190 مېتىر، ئومۇمىي كۆلىمى 56 مو. قالدۇق سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 6 مېتىر، قېلىنلىقى 15 مېتىر، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، شەھەرنىڭ 6 قوۋۇقى بار، شەھەرنىڭ ئىچى ـ سىرتى ئۆزگەرتىلىپ ئېتىز قىلىۋېتىلگەن. بۇ تالاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ خارابىلىكتۇر.

## 8. توڭگۇزباش قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ 44 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شىمالدا شويۇلتۇز يېزا

دېھقانچىلىق مەيدانىغا 10 كىلومېتىر كېلىدۇ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل 41°19′24″، شەرقىي مېرىدىئان 82°35′3″ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ شەھەر بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغان بولۇپ، ئەتراپىدىكى سېپىل مەزمۇت ساقلىنىپ تۇرماقتا. سېپىلنىڭ 4 بۇلۇڭىدا سېپىلنىڭ نۇقتىسى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. سېپىل سىرتىدا 24 نۇقتا ساقلىنىپ قالغان. سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 9 مېتىر، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 825 مېتىر، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، قوۋۇقلىرى جەنۇب ۋە شىمالغا قارىتىلغان، قوۋۇقنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 1.3 مېتىر. مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) شىمالىي قوۋۇق تېمى تېخى بار ئىدى، شىمالىي قوۋۇق تېمىنىڭ شەرقىدە بىر قانچە قەدىمكى ئۆيلەرنىڭ ئىزناسى بار.

بۇ يەردىن رەخت يافلىق، زىغىر، پوشكال، بەتىنكە، ئوقدان، ئاياق، ياغاچ سايمانلار، تاڭ دەۋرىگە ئائىت كالىندارنىڭ قالدۇق قەغەزلىرى، ئۇسسۇملۇق قالدۇقلىرى، لى مىڭدانىڭ ئاشلىق قەرز ئېلىش خېتى، بەي سۇ بىلىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان گۈرۈچنى تاپشۇرۇۋالغانلىق ھۆججىتى، جياڭجۇن بى رۇنئۇ «فېڭزى پۇلى»نىڭ قالدۇق قەغەزلىرى ۋە تەيىۋەن تۇڭپۇرى قېزىۋېلىنىدى. 1980 ـ يىلى ئات بېشى ۋە ئۇچار ئەجدىھا نەقىشلەنگەن بىر تاش چىنە، بىر تاش ياغۇنچاق قېزىۋېلىنىدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇ شەھەردىن 3000 دىن ئارتۇق قەدىمكى پۇل قېزىۋېلىنىدى، بۇ پۇللار، ۋاقىت جەھەتتىن ئالغاندا، تاڭ، سۇڭ، چىڭ دەۋرلىرىگە مەنسۇپ. 1986 ـ يىلدىن كېيىنكى كۆپ قېتىملىق ئەمەلىي تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، شەھەر سېپىلى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلىنىپ قالغاندىن تاشقىرى، قالغان قىسىملىرى ۋەيران بولغان، بۇ خارابە تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ.

## 9. قىزىلشەھەر قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر توقسۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ناھىيە بازىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 40 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئۇ جەنۇبىي شەھەر ۋە شىمالىي شەھەردىن تەشكىل تاپقان. شەھەر سېپىلىنىڭ بەزى جايلىرى 2 مېتىر، بەزى جايلىرى 4 مېتىر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ سىرتى ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئېتىز قىلىۋېتىلگەن. سېپىل كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، كېسەك بىر قەدەر چوڭ، ناھايىتى تۇجۇپىلەپ قويۇلغان، بۇ يەردە دېھقانلار تېرىقچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، شەھەر سېپىلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، لېكىن بەزى بۆلەكلىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. جەنۇبىي شەھەر ئايلانمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 600 مېتىر، شىمالىي شەھەر ئايلانمىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 330 مېتىر كېلىدۇ. شەھەر ئىچىدە قىزىل ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتىدۇ. بۇ يەردىن ساپال كوزا، ساپال ئىدىش قاتارلىق بۇيۇملار قېزىۋېلىنىدى. بۇ خارابە خەن دەۋرىگە مەنسۇپ.

## 10. ساڭتام قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر ئۈچقات يېزا خوجا تۇرۇس كەنتىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. شەھەر سېپىلى ساقلىنىپ قالغان، ئايلانمىسى تەخمىنەن 210 مېتىر، بۇ يەردىن «كەييۈەن» قەدىمكى پۇلى، 5 جۇلۇق پۇل، زىغىر قاتارلىقلار قېزىۋېلىنىدى. بۇ خارابە خەن دەۋرىگە مەنسۇپ.

## 11. لەخمە قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر ئۈچقات يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ تەخمىنەن 25 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا

جايلاشقان، ساقچىتام قوماندانلىق شتابى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. شەھەر چاسا شەكىلدە بولۇپ، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 55 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 50 مېتىر، شەھەر سېپىلى سېرىق توپىدىن قۇيۇلغان كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. كېسەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 23 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 15 سانتىمېتىر. شەھەر سېپىلىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 2.5 مېتىر، ئېگىزلىكى 5 — 7 مېتىر، شەھەر سېپىلى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەل، قىسمەن بۆلەكلىرى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن.

مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) سېپىل ئەتراپىدىن بىر «كەييۇەن» تۇڭپۇرى قېزىۋېلىنغان، شەھەر ئىچىدىن ئادەم رەسىمى سىزىلغان شايى قالدۇقىدىن 2 پارچە قېزىۋېلىندى. 1988 ـ يىلى چىگىدىن توقۇلغان بىر كەش قېزىۋېلىندى. 1995 ـ يىلى «تەيیۇەن» تۇڭپۇرىدىن بىرى قېزىۋېلىندى. بۇ خارابە خەن دەۋرىگە مەنسۇپ.

## 12. بۇتباش قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ 50 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، توڭگۇزباش قەدىمكى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 4 كىلومېتىر كېلىدۇ. جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل 41°12′41″، شەرقىي مېرىدىئان 82°21′14″ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. شەھەرنىڭ 5 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدا بىر تۇر بار. شەھەر چاسا شەكىلدە، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 60 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 55 مېتىر، قالدۇق سېپىلىنىڭ بەزى جايلىرىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3 مېتىر، بەزى جايلىرىنىڭ 12 مېتىر كېلىدۇ. شەھەر قوۋۇقى شىمالىي سېپىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، سېپىلنىڭ تۆۋەن قىسمى خادىلىپ ياسالغان، يۇقىرى قىسمى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، كېسەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 35 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 5 — 8 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 25 سانتىمېتىر، يەر يۈزىدە سېرىق ساپال پارچىلىرى، تۈمۈر داشقاللىرى چېچىلىپ ياتىدۇ. بۇ خەن دەۋرىگە مەنسۇپ خارابە.

## 13. چولاقشەھەر قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن 25 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەھەر چاسا شەكىللىك، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 180 مېتىر، سېپىلى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، سېپىل ئېگىزلىكى تەخمىنەن 6 مېتىر.

شەھەر سىرتىدىن «كەيیۇەن» پۇلىدىن 2 سى قېزىۋېلىندى، بۇ خارابە تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ.

## 14. پەيشەنبەبازار يېزا يۇلغۇنشەھەر قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر پەيشەنبە بازار يېزىسىنىڭ توپادۆڭ كەنتىگە، توڭگۇز باش قەدىمكى شەھىرىنىڭ 10 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىكى چۆللۈككە جايلاشقان، شەھەرنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1425 مېتىر، شەھەر سېپىلى ۋەيران بولغان، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، ئارىسىغا يۇلغۇن قىستۇرۇلغان. شەھەر ئىچىدە توپا دۆڭلۈكلىرى بار، شەھەر قوۋۇقى جەنۇب، شىمال تەرەپلىرىگە قارىتىلغان. شەھەر ئىچى، سىرتىدا ساپال پارچىلىرى، كۆل چېچىلىپ ياتىدۇ، بۇ يەردىن كىچىك مىس يارماق قېزىۋېلىنغان، بۇ خارابە تاڭ دەۋرىگە

مەنسۇپ.

## 15 . يۇلتۇزباغ يۇلغۇنشەھەر قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر يۇلتۇزباغ يېزا يۇلغۇنشەھەر كەنتىنىڭ چېتىگە جايلاشقان، نامى پەيشەنبە بازار يېزا يۇلغۇنشەھەر قەدىمكى شەھىرىنىڭ نامى بىلەن ئوخشاش. ئۇ ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن 50 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدا، جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل ″22′36°40، شەرقىي مېرىدىئان ″30′15°82 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. شەھەر كۋادرات شەكلىدە بولۇپ، سېپىلىنىڭ قالدۇقلىرى ھازىرغىچە ساقلانغان. شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 450 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى تەخمىنەن 350 مېتىر، سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 3 — 5 مېتىر، سېپىل خاڭداپ ۋە كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. بۇ خەن دەۋرىگە مەنسۇپ خارابە.

## 16. نامسىز قەدىمكى شەھەر

بۇ شەھەر «ئاۋانگارت» دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تەخمىنەن 5 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى چۆللۈككە جايلاشقان، شەھەر سېپىلىنىڭ قالدۇقى ھېلىمۇ ساقلانماقتا. ئايلانمىسى تەخمىنەن 600 نەچچە مېتىر، 2 شەھەردىن تەشكىل تاپقان. شەھەرنىڭ شەرقىدە ئېگىز مۇنار بار، ئۇنىڭ قالدۇق ئېگىزلىكى 5مېتىردىن ئاشىدۇ، سېپىل كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، شەھەر ئىچىدە قىزىل ساپال پارچىلىرى، كۆك قاتارلىق نەرسىلەر چېچىلىپ ياتىدۇ. 1988 ـ يىلى بۇياقتا زىننەتلەنگەن تاملارنىڭ قالدۇقلىرى، ھاۋا تورۇبىسى قاتارلىق نەرسىلەر قېزىۋېلىندى. بۇ خارابە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ.

## 17. يۇلغۇنشەھەر قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىستانلىق ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، يۇلغۇنشەھەر قەدىمكى شەھىرىنىڭ تەخمىنەن 5 كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقان، لەھەت چولىڭ چاسا خىش بىلەن قوپۇرۇلغان. 1980 ـ يىل 6 ـ ئايدا كالا پادىسى قەبرىلەرنى تېپىشۋەتكەنلىكتىن بۇ يەر ئاشكارىلانغان. يەرلىك دېھقانلار ياقۇت ئىزدەپ قەبرىلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، قەبرىلەردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ ساقلىنىپ قالمىغان، كېيىنچە مەرۋايىت ھالقىدىن بىرسىلا تېپىلدى. قەبرىستانلىق ئىگىلىگەن يەر تەخمىنەن 50 مو بولۇپ، چۆللۈككە جايلاشقان، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قوغداش تاختىسى ئورناتقان.

جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا، بۇ قەبرىستانلىق خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تۇرغان ئورۇننىڭ يېنىغا جايلاشقان. ئەتراپىغا سانجاق ـ سانجاق قەدىمكى شەھەر ئورۇنلاشقان، بۇ يەر شەرقىي ۋە غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يادىكارلىق ئىزلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مۇھىم ئېچىش ۋە قوغداق قىممىتىگە ئىگە.

## 18. يانتاققۇدۇق تۇرى

بۇ تۇر توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ 96 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان، شەرق تەرەپتىكى يانتاققۇدۇق بىلەن

بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 3 كىلومېتىر، شىمال تەرەپتىكى ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 50 مېتىر. ئېگىزلىكى تەخمىنەن 9.5 مېتىر، خادداپ ۋە كېسەك بىلەن يۇلغۇن ئارىلاشتۇرۇپ قوپۇرۇلغان، بۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ خارابە.

## 19. چاسا تۇر (كۆتىيوغان تۇر)

بۇ تۇر توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن 44 كىلومېتىر غەربىدىكى چۆللۈككە جايلاشقان، ئەتراپىنى كۆچمە قۇم قوراپ تۇرىدۇ، شەرقتە توققۇز باش قەدىمكى شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 5 كىلومېتىر. تۇرنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 12 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 16 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 12 مېتىر، توپا بىلەن خادداپ قوپۇرۇلغان، ئۈستى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان.

1989 ـ يىلى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن نۇرغۇن 5 جۇلۇق پۇل ۋە كۆسەن تۇڭپۇرى قېزىۋېلىندى. بۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ خارابە.

## 20. تۇز تۇر

بۇ تۇر توقسۇ ناھىيە بازىرىنىڭ تەخمىنەن 40 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى چۆل ـ جەزىرىگە جايلاشقان. شىمال تەرىپى ئۈرۈمچى ـ قەشقەر تاشيولىغا 2 كىلومېتىر كېلىدۇ. تۇرنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مېتىر، ئاستىنىڭ كەڭلىكى 12 × 12 مېتىر، توپا خادىلىپ، يۇلغۇن ئارىلاشتۇرۇپ قوپۇرۇلغان. خارابە ئەتراپىدا قىزىل ساپال پارچىلىرى، كۈل، ھايۋانات ئۈستىخىنى قاتارلىقلار چېچىلىپ ياتىدۇ. 1988 ـ يىلى «جيەنجۇڭ تۇڭباۋ» تۇڭپۇرىدىن بىرى قېزىۋېلىندى، بۇ يادىكارلىقلار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ.

## 21. شويلۇق قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر يۇلتۇزباغ يېزا شويلۇق كەنت 2 ـ ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ 500 مېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان ″82°19′23، شىمالىي پاراللېل ″41°33′49 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، كۆلىمى 4600 كۋادرات مېتىر بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ.

بۇ شەھەر چۆلتاغنىڭ كۈنگەي بەلۋېغىغا جايلاشقان، تۆت ئەتراپى ئويمانلىق بولۇپ، شورلۇق ـ سازلىقتىن ئىبارەت.

بۇ شەھەر ئۆلچەمسىز تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، سېپىلى پاكارراق، شەرقىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 59 مېتىر، شىمالىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 55 مېتىر، جەنۇبىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 88 مېتىر، غەربىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 49 مېتىر، سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 2.5 مېتىر كېلىدۇ. ھازىر شەھەر ئىچىدە چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، شەھەر سىرتىنى ئاق تىكەن، يانتاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر قاپلىغان.

## 22. چارەكشەھەر قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر ئۆگەن يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جاينىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى

شەرقىي مېرىدىئان 82°20′44″، شىمالىي پاراللېل 41°18′20″ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. كۆلىمى 440 كۋادرات مېتىر.

بۇ شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپى چىملىق بولۇپ، شورغا چىدامىلىق ئۆسۈملۈكلەر قويۇق ئۆسكەن. شەھەرنىڭ شىمالىدا موللاتۇر بۇددا مۇنارى بولۇپ، بۇ شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 3 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ شەھەر تۆت چاسا شەكىلدە، سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 3.2 مېتىر، غەربىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 22 مېتىر، شىمالىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مېتىر، شەرقىي، غەربىي سېپىللار قىسمەن كۆمۈلگەن، جەنۇبىي، شىمالىي سېپىللارنىڭ تەگتى ساقلىنىپ قالغان، قېلىنلىقى 4 مېتىر، ئېگىزلىكى بىر مېتىر، سېپىل خاڭداپ ياسالغان، شەھەر ئىچىدە قىزىل ئارىلاش ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتىدۇ. غەربىي شىمالىي بۇرجىكىدە گەۋدىلىنىپ تۇرغان بىر گۈزەتخانا بار، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 2.9 مېتىر كېلىدۇ. بۇ شەھەر تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ.

## 23. ئاقتىكەن قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر ئۆگەن يېزا سۇ باشتى كەنتىگە جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 82°23′16″، شىمالىي پاراللېل 41°19′32″ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، كۆلىمى 3780 كۋادرات مېتىر.

بۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا قۇم دۆۋىلىرى كۆپ، تۆت ئەتراپى تەكشى، يەر يۈزىدە قۇمۇش، ئاقتىكەن قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈپ كەتكەن.

بۇ شەھەر تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، شەرقىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 66 مېتىر، غەربىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 61 مېتىر، شىمالىي سېپىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 58 مېتىر، سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 5 مېتىر، ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى 10 مېتىر كېلىدۇ. شەھەر قوۋۇقى جەنۇبقا قارىتىلغان، قوۋۇقنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىر. بۇ شەھەرنىڭ تۆت بۇرجىكىدە گۈزەتخانا بار، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 8 مېتىر. يەر يۈزى قارا رەڭدە بولۇپ، شور ئۆرلەپ تۇرىدۇ. شەھەرنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا ۋە سېپىلدا قومۇش، ئاقتىكەن قاتارلىقلار ئۆسۈپ كەتكەن. بۇ شەھەر تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ.


## 24. ساڭتام قەدىمكى ئىبادەتخانىسى

بۇ ئىبادەتخانا ئۇچقات يېزا ئۇجمەئېرىق كەنت 3 ـ ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىدىكى ساڭتامغا جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 82°15′44″، شىمالىي پاراللېل 41°23′10″ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئىبادەتخانا خاڭداپ ياسالغان بولۇپ، ھازىرچە 2 قىسىمغا بۆلۈندى: غەربىي قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 2 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 12 مېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 7.5 مېتىر كېلىدىغان، توپىدىن ياسالغان سۇپا؛ شەرقىي قىسمى تاغ شەكىللىك سۇپا، ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 12.7 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 17 مېتىر، يەر يۈزىدىن 2.5 مېتىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. خارابىلىكتە قۇم ئارىلاش قىزىل ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتىدۇ، ئاز مىقداردىكى يېشىل ساپال پارچىلىرىمۇ بار. ئۇ تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ.

## 25. شاخ قەدىمكى شەھىرى

بۇ شەھەر يۇلتۇز باغ يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ 10.5 كىلومېتىر غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 82°18′13″، شىمالىي پاراللېل 41°33′55″ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. خارابىلىكنىڭ



توقسۇ ناھىيىسىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئاسار ئەتىقىلەرنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى

تۆت ئەتراپى قۇمساڭ سېرىق توپا، يەر يۈزى بىر قەدەر تەكشى، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق ئۆسۈملۈكلەر ئۆسكەن.
خارابە تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، شەرقىي سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 138 مېتىر، غەربىي سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 139 مېتىر، جەنۇبىي سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 135 مېتىر، شىمالىي سېپىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 139 مېتىر، سېپىل ۋەيران بولغان، سېپىل ئۇلى ھېلىمۇ ساقلانماقتا، قالدۇق سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 2 مېتىر. جەنۇبىي سېپىلنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدە بىر تۇۋر بار، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 8 مېتىر، ئاستى ئايلانمىسى 12 × 14 مېتىر، ئۈستى تار، ئاستى كەڭ بولۇپ، شوتا شەكلىدە، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 12 × 34 × 8.5 سانتىمېتىر. ئۇ خەن دەۋرىگە مەنسۇپ.

## 26. موللاتۇر بۇددا مۇنارى

بۇ بۇددا مۇنارى ئۇگەن يېزىسىدىكى چارەكشەھەر قەدىمكى شەھىرىنىڭ يېنىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ شەرقىي شىمالى چارەكشەھەر قەدىمكى شەھىرىگە 3 كىلومېتىر كېلىدۇ، جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېرىدىئان "82°20'44، شىمالىي پاراللېل "41°17'18 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. خارابىلىكنىڭ تۆت ئەتراپى ئويمان - ئازگال بولۇپ، زەي سۇ يىغىلىپ قالغان، يۇلغۇن، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بار.
بۇ خارابىلىك ئېگىز توپا مۇپا ئۈستىدە بولۇپ، توپا سۇپىنىڭ كۆلىمى 8 × 7 مېتىر. بۇددا مۇنارى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، كۋادرات شەكلىدە، يېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.8 مېتىر، كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 43×35×11 سانتىمېتىر. بۇددا مۇنارىنىڭ غەربىي تېمىدا بىر غار بولۇپ، مۇنار ئىچىگە 2 مېتىر ئىچكىرىلەپ كىرگەن، غارنىڭ تورۇسىدا بىر تۆشۈك بار، تۆشۈكنىڭ رادىئۇسى 20 سانتىمېتىر بولۇپ، غارنىڭ تورۇسى بىلەن ئوخشاش. ئۇ خەن دەۋرىگە مەنسۇپ.

# II باب

# كىتاب، ئارخىپچىلىق

## 1 §. كىتاب

### 1. كىتاب تارقىتىش

مىنگو دەۋرىدە ناھىيە بويىچە كىتابخانا يوق ئىدى. كىتاب بىلەن تەمىنلەشتە، ئاساسلىقى، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىغا تايىنىلاتتى. ئالدى بىلەن ناھىيە بويىچە ئېھتىياجلىق دەرسلىك ۋە كىتابلار تىزىملىنىپ، دەرىجىمۇ دەرىجە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىناتتى، تۆۋەنگە بىر تۇتاش چۈشۈرۈلۈپ، بىر تۇتاش ھەق ئېلىناتتى.
يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە توقسۇ ناھىيىسىگە كېرەكلىك كىتابلارنى كۇچا ناھىيە بازىرىغا بېرىپ سېتىۋېلىشقا توغرا كەلگەندى.

1953 - يىلى كۈزدە «شىنخۇا» كىتابخانىسى تۇقسۇدا ماگىزىن ئېچىپ، كىتاب سېتىۋېلىشتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلدى.

1957 - يىل 7 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى ئېچىلدى. 1960 - يىل 1 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك كىتابخانا رەسمىي قۇرۇلدى (بۆلۈمچە دەرىجىلىك)، ئۇ، ئىچكىرىق، دايۇلتۇز گۇڭشىلىرىدا ۋاكالىتەن سېتىش نۇقتىسى تەسىس قىلدى.

1966 - يىل 12 - ئايدا شىنخۇا كىتابخانىسى ناھىيىلىك مەدەنىيەت پونكىتىغا قوشۇۋېتىلدى. 1975 - يىل 4 - ئايدا ئەسلىدىكى تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1986 - يىلى يەكشەنبە بازار، شويۇلتۇز، پەيشەنبە بازار يېزىلىرىدا 3 ۋاكالىتەن سېتىش نۇقتىسى تەسىس قىلىندى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بىر دىرېكتور، 5 خىزمەتچى بار بولدى.

1960 - يىلى 43 مىڭ 788 پارچە كىتاب سېتىلدى، شۇ يىلى كىتابخانا كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلۇقىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يىللاردىن بۇيان زىيان تارتىپ كەلگەن ئەھۋالنى ئۆزگەرتتى.

1961 — 1965 - يىللىرى كىتابخانا دائىم كىتابلارنى يېزىلارغا ئاپىرىپ، سېتىۋېلىش - سېتىش كەسپىنى جانلاندۇردى، 5 يىلدا 262 مىڭ پارچە كىتاب سېتىپ، كىرىمنى 76 مىڭ 500 يۈەنگە يەتكۈزدى. سېتىلغان كىتابلار ئىچىدە «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» ۋە سىياسىي كىتابلارنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى ئەڭ زور بولدى. 1969 - يىلى بىر يىلدا «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» دىن 5397 نۇسخا تارقىتىلدى، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆلچەملىك سۈرىتىدىن 90 مىڭ 650 پارچە، «رەئىس ماۋزېدۇڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە» 25 مىڭ 321 پارچە تارقىتىلدى، بۇ شۇ يىلى تارقىتىلغان كىتابنىڭ %80نى ئىگىلىدى.

ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پەن - تېخنىكا كىتابلىرىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى كىتابلارمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1984 - يىلى سېتىش سوممىسى تۇنجى قېتىم 100 مىڭ يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، 107 مىڭ 334 يۈەنگە يەتتى. 1989 - يىلى 200 مىڭ يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلدىن ئۆتتى. 1993 - يىلى 401 مىڭ 170 پارچە كىتاب سېتىلدى، بۇنىڭ پۇلى 393 مىڭ 91 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى كىتاب 343 مىڭ 311 پارچە، ئۇنىڭ پۇلى 280 مىڭ 688 يۈەن. يىل ئاخىرىدا ئامباردا قالغان كىتاب 39 مىڭ 41 پارچە، ئۇنىڭ قىممىتى 116 مىڭ 684 يۈەن بولدى.

## 2 . كىتابتىن پايدىلىنىش

مىنگو دەۋرىدە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمچىسىدە مىللىي مائارىپ يۇرتى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭدا ئاز مىقداردا كىتاب ساقلانغانىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 - يىل 8 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك خەلق مەدەنىيەت - مائارىپ يۇرتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەييارلىق كۆرۈلدى، بۇ يۇرت 1952 - يىلى پۈتتى. ئۇنىڭدا بىر ئېغىز قىرائەتخانا، بىر ئېغىز ئامبار بولۇپ، 550 پارچە كىتاب ساقلاندى، 3 خادىم سەپلەپ بېرىلدى، ئۇلار قىرائەتخانىنى ھەر ھەپتىدە قەرەلسىز ئېچىپ تۇردى.

1955 - يىلى كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇش يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، شۇيىلى 1182 پارچە كىتاب ساقلاندى.

1958 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلانغان كىتاب 6437 پارچىگە يەتتى. 1959 - يىلدىن ئېتىبارەن كىتاب مىقدارى تۆۋەنلەشكە يۈزلەندى، 1962 - يىلغا كەلگەندە تۆۋەنلەپ 4025 پارچىگە چۈشۈپ قالدى.

1966 - يىلى كۆپىيىپ يەنە 20 مىڭ پارچىگە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى 1967 - يىلى نۇرغۇنلىغان تارىخىي كىتابلار، رومان - ھېكايىلەر، گېزىت توپلاملىرى كېرەكسىز قەغەز قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىندى.

1977 - يىلى ناھىيىلىك قۇرۇلۇش ئەترىتىگە ئوت كەتكەندە، ئوت مەدەنىيەت يۇرتىغىمۇ تۇتىشىپ كېتىپ، 1500 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب كۆيۈپ كەتتى.

1978 - يىلدىن كېيىن مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرى كۈنسېرى جانلاندى، كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇش، قىرائەتخانىنى قەرەللىك ئېچىشتىن تاشقىرى، ئۇلار يەنە ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى ئېچىش، گېزىت - ژۇرنال چاپلاش، سۈرەت تەشۋىقاتى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ساقلىنىۋاتقان كىتابلارنى ئىلمىي باشقۇرۇپ، يۇقىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كىتابلارنى 22 تۈرگە ئايرىدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلانغان كىتاب 12 مىڭ 700 پارچە (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە كىتاب 6879 پارچە، خەنزۇچە كىتاب 5821 پارچە) گە، قىممىتى 8532 يۈەنگە؛ مۇشتەرى بولۇنغان گېزىت - ژۇرنال 31 خىلغا، رەسىملىك ژۇرنال 7 خىلغا، ژۇرنال 97 خىلغا يەتتى.

1974 - يىلدىن ئېتىبارەن قىرائەتخانا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە قىرائەتخانىلارغا بۆلۈندى، كىتاب ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇيدىغانلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1984 - يىلى كۈتۈۋېلىنغان ئوقۇرمەن 18 مىڭ 955 كە، ئارىيەت بېرىلگەن كىتاب - ژۇرنال 2210 پارچىگە يەتتى. 1993 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلانغان كىتاب 14 مىڭ 15 پارچىگە، كۈتۈۋېلىنغان ئوقۇرمەن 25 مىڭ 200گە، ئارىيەت بېرىلگەن كىتاب - ژۇرنال 2100 پارچىگە، سېتىۋېلىنغان يېڭى كىتاب 3000 پارچىگە يەتتى.

بۇلاردىن باشقا يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرى ۋە ناھىيىلىك 1 -، 2 -، 3 - ئوتتۇرا مەكتەپلەر، ناھىيىلىك ئارخىپخانا، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىلىرىمۇ مۇئەييەن مىقداردا كىتاب ساقلىماقتا.

## توقسۇ ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى كىتاب تارقىتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 21 — 4

| يىللار | كىتاب سېتىش ئەھۋالى | | | | ئامباردا ساقلانغىنى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | | بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىدىكى كىتابلار | | | |
| | كىتاب سانى (پارچە) | سوممىسى (يۈەن) | كىتاب سانى (پارچە) | سوممىسى (يۈەن) | كىتاب سانى (پارچە) | سوممىسى (يۈەن) |
| 1955 | 11146 | | | | | |
| 1956 | 11374 | | | | | |
| 1959 | 43788 | | | | | |
| 1964 | 55147 | 14658 | 38487 | 10476 | 36021 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 17927 | 84955 | 14406 | 71770 | 18333 | 90346 | 1965 |
| | | 14595 | | 31932 | | 1966 |
| 42995 | 318984 | 13492 | 92048 | 28086 | 293866 | 1967 |
| 62192 | 512365 | 12853 | 68959 | 23869 | 191202 | 1969 |
| 54265 | | 16466 | | 25434 | | 1970 |
| 61266 | 478278 | 11654 | 58336 | 20291 | 104302 | 1971 |
| 42415 | | | | 11188 | | 1972 |
| 46010 | | | | 12844 | | 1973 |
| 39376 | | 8423 | | 16088 | | 1974 |
| 34198 | | | | 25580 | | 1975 |
| 40267 | | | | 23706 | | 1976 |
| 45126 | | 16247 | | 28109 | | 1977 |
| 49672 | 150930 | 20740 | 108715 | 33208 | 148107 | 1978 |
| 51166 | | 20420 | | 36200 | | 1979 |
| 19466 | | 24183 | | 51718 | | 1980 |
| 16644 | | 31659 | | 60272 | | 1981 |
| 22056 | | 35014 | | 75165 | | 1982 |
| 29940 | | 42065 | | 84966 | | 1983 |
| 39188 | | 58444 | | 107334 | | 1984 |
| 43873 | | 74968 | | 131021 | | 1985 |
| 63251 | 93245 | 75434 | 201802 | 136757 | 309242 | 1986 |
| 49183 | 73718 | 108545 | 526290 | 157162 | 629530 | 1987 |
| 46853 | 51905 | 106523 | 207330 | 147160 | 379499 | 1988 |
| 56224 | 42303 | 142555 | 212256 | 201957 | 297519 | 1989 |
| 52852 | 32290 | 160724 | 183506 | 224165 | 226597 | 1990 |
| 46083 | 32832 | 176932 | 190109 | 250000 | 265538 | 1991 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1992 | 319387 | 305746 | 235525 | 198892 | 47065 | 130948 |
| 1993 | 401170 | 393091 | 343311 | 280688 | 39014 | 116684 |
| 1994 | 306773 | 454119 | 244775 | 331756 | 67560 | 81747 |

# 2 § . ئارخىپچىلىق

## 1 . ئاپپاراتلار

1958 ـ يىل 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئارخىپخانا قۇرۇلدى، ئۇ بۆلۈمچە دەرىجىلىك ئورۇن بولدى، ئۇ، ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ تەۋەلىكىدە بولدى، ئىشخانا مۇدىرى ۋاڭ جى ئارخىپخانىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، بىرمەخسۇس كادىر سەپلەندى. ئەينى چاغدا ئارخىپخانىنىڭ 2 ئېغىز ئىشخانىسىلا بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 80 كۋادرات مېتىر كېلەتتى.

1960 ـ يىلى ئارخىپخانا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئارقا ھويلىسىغا كۆچۈرۈلدى، ئىشخانا مۇئەسسەسىلىرى ياخشىلاندى. 1977 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ھويلىسىغا كۆچۈرۈلۈپ، خىش ـ بېتون قۇرۇلمىلىق ئامبارغا، 300 كۋادرات مېتىرلىق ئىشخانىغا ئىگە بولدى.

1984 ـ يىلى ئارخىپخانىغا بىر باشلىق (مۇئاۋىن رايون دەرىجىلىك)، 4 خىزمەتچــى قويۇلدى، ئارخىپخانىدا 4217 جىلد ماتېرىيال ساقلاندى.

1987 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئارخىپ ئىدارىسى قۇرۇلدى ھەمدە ئۇ ھۆكۈمەت تەرتىپىگە كىرگۈزۈلۈپ، 2 ۋۇيسكا، 2 نامغا (ئارخىپ ئىدارىسى، ئارخىپخانا) ئىشلىتىش، بىر يۈرۈش خادىم بولۇش يولىغا قويۇلدى.

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئارخىپ ئىدارىسى (ئارخىپخانا) غا بىر ئىدارە (ئارخىپخانا) باشلىقى، 6 خىزمەتچى قويۇلدى، 67 ئىشكاپتا 5825 جىلد ماتېرىيال ساقلاندى.

## 2 . ئارخىپچىلىق خىزمىتى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئارخىپچىلىق كەسپى يوق ئىدى، كۆچا بىۋاسىتە قاراشلىق ئايمىقىنىڭ مۆھرى بېسىلغان بەزى مۇھىم توختاملار كۆپىنچە خەلق ئارىسىدا ساقلىناتتى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغا كەلگەندە بەزى يەر خەتلىرى توقسۇ ناھىيىلىك يامۇلدا ساقلىنىدىغان بولدى، ئۇلار ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مىنگونىڭ 11 — 26 ـ يىلغىچە (1922 — 1937 ـ يىلغىچە) توقسۇ ناھىيىسىدە 2 قېتىم يېغىلىق بولۇپ، ناھىيىلىك يامۇلدا ساقلىنىۋاتقان خەت ـ ئالاقە ئارخىپىنىڭ تولىسى ئەسكىرىي ياڭغىنىدا كۆيۈپ كەتكەچكە، ھېچقانچە بىرنىمە قالمىغان.

مىنگونىڭ 27 — 28 ـ يىلغىچە (1938 — 1949 ـ يىلغىچە) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ج خ سىستېمىسىنىڭ خەت ـ ئالاقە ئارخىپلىرى ئومۇمەن ئۆز ئورۇنلىرىدا ساقلاندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1959 ـ يىلى ناھىيىلىك ئارخىپخانىنىڭ ساقلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1949 — 1958 ـ يىلغىچە ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى، ج خ، تەپتىش، سوت قاتارلىق ئورۇنلاردىكى يازما ماتېرىياللار شۇ ئورۇنلارنىڭ ئۆزلىرىدە ساقلاندى. ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى دەسلەپكى قەدەمدە

رەتلىنىپ تىزىملاندى.

1958 - يىلى ئارخىپخانا قۇرۇلدى، 1959 - يىل 5 - ئايدا ساقلىنىغان ۋە رەتلىگەن ھۆججەتلەر 8 ئىشكاپقا يەتتى. 1965 - يىلى ئارخىپخانا يەنە ناھىيە بويىچە كاتىپلارنى تەشكىللەپ، كونىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئارخىپخانىدا ساقلىنىۋاتقان تارىخىي ماتېرىياللارنى رەتلەپ ئايرىپ چىقتى ۋە ئارخىپ تۇرغۇزدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئارخىپچىلىق خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

1978 - يىلدىن كېيىن ئارخىپچىلىق يىلمۇ يىل راۋاجلاندى. 1978 - يىلى خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق 300 كۋادرات مېتىرلىق ئىشخانا، ئامبار سېلىندى، 26 يۈرۈش تۆمۈر ئىشكاپ، 26 ياغاچ ئىشكاپ، 15 ياغاچ ساندۇق، بىر تىكىش ماشىنىسى، 4 ئوت ئۆچۈرگۈچ، بىر چالا - توزان سۈمۈرگۈچ سېتىۋېلىندى.

80 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، كۆپ قېتىم كۇرس ئېچىلىپ، ناھىيە بويىچە ھەر قايسى ئورۇن ۋە تارماقلاردىكى ئارخىپ باشقۇرغۇچىلاردىن 256 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى، شۇ ئارقىلىق باشقۇرغۇچىلارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئارخىپخانىدا ساقلىنىۋاتقان ئارخىپ 5925 جىلدقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مىنگو دەۋرىگە ئائىت تارىخىي ئارخىپ 1013 جىلد؛ ئارخىپخانىدا ساقلىنىۋاتقان باشقا ماتېرىيال 2541 جىلد.

# III باب

# رادىئو، تېلېۋىزىيە، ئاخبارات خەۋەرچىلىكى

1952 - يىل 2 - ئايدا رادىئو قوبۇللاش پونكىتى قۇرۇلدى. 1958 - يىلى ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىبلى قۇرۇلدى. 1970 - يىلى مەخسۇس مۇخبىر، تەھرىر سەپلەپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۆلار ئۆزلىرى ئىشلىگەن پروگراممىلارنى ئاڭلاتتى. 70 - يىللاردا يەنە گۇڭشېلەردە كۈچەيتىش پونكىتلىرى قۇرۇلدى.

1987 - يىلى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلدى، كېيىن يەنە تېلېۋىزىيە سۈنئىي ھەمراھ يەر ئۈستى پونكىتى قۇرۇلدى. 1993 - يىلى ناھىيە بويىچە تېلېۋىزور 6394كە يېتىپ، ھەر 4 ئائىلىدە بىردىن تېلېۋىزور بار بولدى.

## § 1. رادىئو

### 1. ئاپپاراتلار

1952 - يىل 2 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى قارىمىقىدا رادىئو قوبۇللاش پونكىتى قۇرۇلدى. 1958 - يىلى رادىئو قوبۇللاش پونكىتى ئاساسىدا ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىبلى قۇرۇلدى (بۆلۈمچە دەرىجىلىك). 1966 - يىلى دايۇلتۇز يېزىلىق كۈچەيتىش پونكىتى قۇرۇلدى، 1969 - يىلى رادىئو ئۆزىبلىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى شويۇلتۇز، تاشئېرىق، ئىچئېرىق گۇڭشېلىرىدا كۈچەيتىش پونكىتى قۇرۇلدى.

1971 - يىلى رادىئو ئۇزېلى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1978 - يىلى پەيشەنبە بازار يېزىلىق رادىئو ئۇزېلى، 1984 - يىلى ئۆچقات يېزىلىق رادىئو ئۇزېلى قۇرۇلدى.

1984 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، 3 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 32 خىزمەتچى قويۇلدى. 1995 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ئىدارە بويىچە 2 مۇئاۋىن باشلىق، 27 خىزمەتچى بار بولدى، ئىدارە قارمىقىدا مۇلازىمەت بۆلۈمى، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى، تەھرىر بۆلۈمى، رادىئو ئۇزېلى، مەمۇرىيەت - مالىيە ئىشخانىسى قاتارلىق خىزمەت تارماقلىرى تەسىس قىلىندى. ئىدارىغا ئىچكىرىق، پەيشەنبە بازار، تاشئېرىق، ئۆگەن، يۇلتۇزباغ، ئۆچقاتتىن ئىبارەت 6 يېزىلىق رادىئو ئۇزېلى قارىدى. يېزا دەرىجىلىك رادىئو ئۇزېللىرىنىڭ خىزمەتچىسى 19 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكىرىق يېزىسىنىڭ 4، پەيشەنبە بازار يېزىسىنىڭ 3، تاشئېرىق يېزىسىنىڭ 4، ئۆگەن يېزىسىنىڭ 3، يۇلتۇزباغ يېزىسىنىڭ 3، ئۆچقات يېزىسىنىڭ 2.

## 2. ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالى

1952 - يىل 2 - ئايدا رادىئو قوبۇللاش پونكىتىغا بىر كرىستال لامپىلىق رادىئو سەپلەپ بېرىلدى. ئۇلار ھەر كۈنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تارقاتقان يازما خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ كۆچۈرۈۋېلىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پايدىلىنىشىغا ۋە كەڭ كادىرلارغا تەشۋىق قىلىشقا يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى.

1958 - يىلى ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى ناھىيە بازىرىدا 400 مېتىر سىم تارتىپ، 6 كاناي ئورناتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر گېنېراتور ۋە 12 رادىئو، ئاۋاز كۈچەيتكۈچ سېتىۋېلىپ، ناھىيە بازىرىدا سىملىق رادىئو تورى قۇردى.

1964 - يىلى تاشئېرىق، شوپۇلتۇز، دايۇلتۇز گوڭشېلىرىدىكى ئىدارىلەرگە تۇتىشىدىغان 20 كىلومېتىرلىق رادىئو سىمى تارتىلىپ، 517 كاناي ئورنىتىلدى. 1970 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 36 كىلومېتىر سىم تارتىلىپ، 1710 كاناي ئورنىتىلدى، ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە ئويغۇرچە 2 يېرىم سائەت ئاڭلىتىش بېرىلدى، بۇنىڭدا شىنجاڭ خەۋەرلىرى ئاساس، ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى قوشۇمچە قىلىندى.

1984 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە 106 كەنتنىڭ 91 نگە سىملىق رادىئو تۇتاشتۇرۇلدى، سىم يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 516 ستولبا - كىلومېتىرغا، ئورنىتىلغان كاناي 16 مىڭ 500 گە، كاناينىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %6 .72كە، ياڭراش نىسبىتى %68كە يەتتى.

1995 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىغا 9 رادىئو ئاپپاراتى ئورنىتىلدى، ئۇلارنىڭ تارقىتىش قۇۋۋىتى 4950 ۋات كېلىدۇ، 3 تىزگىنلەش ئۈستىلى، 4 ئۈنئالغۇ سەپلەندى، يېزىلىق رادىئو ئۇزېللىرىنىڭ ھەربىرىدە بىردىن رادىئو ئاپپاراتى (تارقىتىش قۇۋۋىتى 3300 ۋات) بار بولدى. ناھىيە بويىچە مەخسۇس سىمنىڭ ئۇزۇنلۇقى 748 كىلومېتىر (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىكى مەخسۇس سىم 14 ستولبا - كىلومېتىر) غا، ئورنىتىلغان رادىئو كانىيى 18 مىڭ 296 گە، كاناينىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى %3 .72كە يەتتى.

ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ساناەت، يېزا ئىگىلىك تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتىش، پەننىي بىلىملەرنى تارقىتىش، ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش، خەلقنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. ئاڭلىتىشتا مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «مەملىكەت خەۋەرلىرى ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر»، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «شىنجاڭ خەۋەرلىرى»، «دېھقانلار

شادلىقى»، «ئىقتىسادىي ئۇچۇر»، «دېھقان ـ چارۋىچىلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئاڭلىتىش» قاتارلىق پروگراممىلار ئاساس قىلىندى. ئۆزى باشقۇرغان پروگراممىلاردىن «توقسۇ خەۋەرلىرى»، «تەلەپ ۋە تەقدىم»، «ماۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات»، «قانۇنچىلىق تەربىيىسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى»، «كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش»، «ئۆسمۈرلەر پروگراممىسى» قاتارلىقلار ھەر كۈنى سەھەر، چۈش، كەچتە خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىلدى.

1986 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئۆزىلى تەھرىرلەپ ئاڭلاتقان ئۆسمۈرلەر پروگراممىسى «ياشانغانلار سانئاتورىيىسىدىكى كۈلكە سادasى»، «قەيسەر قىزچاق» قاتارلىق 7 پروگرامما ۋىلايەت تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر پروگرامما بولۇپ باھالاندى. 1995 ـ يىلى رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى 3 نەپەر مەخسۇس مۇخبىر ـ تەھرىر سەپلىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىختىيارىي مۇخبىر 36گە يەتتى.

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى رادىئو تورىنىڭ 1958 — 1993 ـ يىلغىچە بولغان تەرەققىيات ئەھۋالى

جەدۋەل: 21 — 5

| يىللار | رادىئو سىم يولى (كىلومېتىر) | | كانايى ئورنىتىلغان ئائىلە سانى | كانايى ئورنىتىلغان ئائىلە نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|
| | قوش لىنىيە | تاق لىنىيە | | |
| 1958 | | 0.4 | 6 | 0.04 |
| 1959 | | 2 | 18 | 0.12 |
| 1960 | | 3 | 40 | 0.27 |
| 1961 | | 7 | 56 | 0.35 |
| 1962 | | 9 | 80 | 0.47 |
| 1963 | | 11 | 97 | 0.65 |
| 1964 | | 20 | 157 | 0.93 |
| 1965 | | 72 | 210 | 1.2 |
| 1966 | | 112 | 260 | 1.5 |
| 1967 | | 152 | 320 | 1.8 |
| 1968 | 18 | 192 | 380 | 2 |
| 1969 | 18 | 232 | 440 | 2.2 |
| 1970 | 18 | | 1710 | 8.6 |
| 1971 | 18 | 340 | 8000 | 38 |
| 1972 | 18 | 380 | 8700 | 38.8 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 41 | 9000 | 430 | 18 | 1973 |
| 50 | 11000 | 450 | 18 | 1974 |
| 52 | 11700 | 470 | 18 | 1975 |
| 51 | 12000 | 480 | 18 | 1976 |
| 50 | 12200 | 500 | 18 | 1977 |
| 53 | 12800 | 500 | 18 | 1978 |
| 54 | 13000 | 500 | 28 | 1979 |
| 57 | 13600 | 500 | 28 | 1980 |
| 59 | 14300 | 500 | 28 | 1981 |
| 65 | 15000 | 516 | 28 | 1982 |
| 72 | 16500 | 516 | 28 | 1983 |
| 72 | 16500 | 516 | 28 | 1984 |
| 67 | 15300 | 580 | 28 | 1985 |
| 61 | 14890 | 630 | 28 | 1986 |
| 66 | 16000 | 700 | 36 | 1987 |
| 70 | 18000 | 756 | 36 | 1988 |
| 80 | 19000 | 800 | 36 | 1989 |
| 80 | 19000 | 800 | 36 | 1990 |
| 75 | 18676 | 786 | 36 | 1991 |
| 74.8 | 18676 | 765 | 36 | 1992 |
| 72 | 18296 | 748 | 36 | 1993 |

## 2 § . تېلېۋىزىيە

1983 ـ يىلى 11 ـ ئايدا كۇچا ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلدى. كۇچا بىلەن توقسۇننىڭ ئارىلىقى بىر قەدەر يېقىن بولغاچقا، ئانتېننا ئورنىتىلسىلا، كۇچانىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. شۇ يىلى بەزى ئىدارە ـ ئورۇنلار تېلېۋىزور سېتىۋېلىپ كۆرۈشكە

باشلىدى. كېيىنچە ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەر ۋە ئىدارە - ئورۇنلاردا تېلېۋىزور پەيدىنپەي ئومۇملىششقا باشلىدى.

1987 - يىل 10 - ئايدا ناھىيە 390 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى قۇردى. ھەنزۇچە پروگراممىلاردىن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىشنى، ئۇيغۇرچە پروگراممىلاردىن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىشنى ئاساس قىلدى.

تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسىنىڭ ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرى مۇنۇلار: تارقىتىش ئاپپاراتى 2، قۇۋۋىتى 300 ۋات؛ تېلېۋىزىيە مۇنارى بىر، ئېگىزلىكى 85 مېتىر؛ سىنئالغۇ 12، سىنقويغۇ 2، تەھرىرلەش ئاپپاراتى بىر، نازارەتچىلىك ئاپپاراتى 17، خەت كىرگۈزۈش ئاپپاراتى بىر، سۈنئىي ھەمراھتىن قوبۇللاش ئانتېننىسى 2، سۈنئىي ھەمراھتىن قوبۇللىغۇچ 10، تەكشەپ چوڭايتقۇچى 10 يۈرۈش.

1992 - يىل 9 - ئايدا يۈتۈش باھاسى 300 مىڭ يۈەن بولغان، سۈنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇللاش يەر ئۈستى يۇنكىتى يۈتۈپ پروگراممىلار تارقىتىشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شەندۇڭ، جېجياڭ، سىچۈەن، يۈننەن، گۇيجۇ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ پروگراممىلىرىنى يۈتۈن كۈن ئۇلاپ تارقىتىشقا بولىدىغان بولدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئورنىتىلغان يېپىق يوللۇق سىم يولى 7.5 كىلومېتىرغا، يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە ئورناتقان ئائىلە 972گە يەتتى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بازىرىدىكىلەر يېپىق يوللۇق تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى كۆرەلەيدىغان بولدى.

ناھىيە بويىچە تېلېۋىزورنىڭ سېتىلىش مىقدارى مۇنداق بولدى: 1984 - يىلى 146، 1987 - يىلى 297، 1990 - يىلى 700. لېكىن تېلېۋىزورنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلىۋاتقىنى بۇنىڭدىن خېلى كۆپ. 1995 - يىلى تېلېۋىزورنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىش نىسبىتى يېزىلاردا تەخمىنەن %50كە، ناھىيە بازىرىدا %80كە يەتتى.

**توقسۇ ناھىيىسىدە 1984 — 1993 - يىلغىچە تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 21 — 6

| يىللار | ناھىيە بويىچە ئائىلە | تېلېۋىزورنىڭ يىللىق سېتىلىش مىقدارى (دانە) | تېلېۋىزورنىڭ يىللاردىن يۆتكەلگەن يىغىندىسى (دانە) | ھەر100 ئائىلىگە توغرا كېلىدىغان تېلېۋىزور (دانە) |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| 1984 | 22783 | 146 | 1093 | 4.8 |
| 1985 | 22881 | 346 | 1439 | 6.2 |
| 1986 | 24299 | 403 | 1842 | 7.6 |
| 1987 | 24094 | 297 | 2139 | 8.9 |
| 1988 | 25460 | 544 | 2683 | 10.5 |
| 1989 | 25449 | 737 | 3420 | 13.4 |
| 1990 | 23465 | 700 | 4120 | 17.5 |
| 1991 | 24875 | 814 | 4934 | 19.8 |
| 1992 | 24952 | 440 | 5374 | 21.5 |
| 1993 | 25301 | 1020 | 6394 | 25.2 |

1984 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە سىنئالغۇ فىلىملىرى قويۇلۇشقا باشلىدى، بەزى ئاشخانا، مېھمانخانىلارمۇ خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، تىجارەت سورۇنلىرىدا سىنئالغۇ قويىدىغان بولدى. كېيىنچە ناھىيىلىك كىنوخانا سىنئالغۇ قويۇش نۇقتىسىدىن 2نى قۇرۇپ، بېلەت سېتىپ سىنئالغۇ قويدى. يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتلىرىمۇ سىنئالغۇ، سىنقويغۇ ئۈسكۈنىلىرىنى تەييارلاپ قەرەلسىز قويۇپ تۇردى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە سىنئالغۇ قويۇش نۇقتىسى 56 (بۇنىڭ ئىچىدە تىجارەت خاراكتېرىدىكىسى بىر) گە، سىنئالغۇ ئاپپاراتى 102گە يەتتى.

## 3 § . ئاخبارات خەۋەرچىلىكى

1951 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرنال ۋە رادىئو ئىستانسىسى ئۈچۈن ماقالە يېزىشقا ئىختىيارىي مۇخبىرلار كۆرۈپپىسى قۇرۇپ چىقتى.

1961 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىختىيارىي مۇخبىر 4كە يەتتى، ئۇلار شۇ يىلى 35 ماقالە ئەۋەتتى، 11 ماقالىسى ئىشلىتىلدى.

1970 - يىلى ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىغا 2 نەپەر مەخسۇس مۇخبىر - تەھرىر سەپلەپ بېرىلدى، ئۇلار ناھىيە بويىچە بازار - يېزىلارنى زىيارەت قىلىپ خەۋەر يېزىشقا مەسئۇل بولدى، شۇ يىلى توقسۇغا دائىر خەۋەردىن 300 نەچچە پارچىسى ئاڭلىتىلدى.

1982 - يىلى ئىختىيارىي مۇخبىر كۆپىيىپ 14كە يېتىپ، توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئاخبارات خەۋەرچىلىكىنىڭ تايانچ كۈچىگە ئايلاندى. ئۇلار شۇ يىلى ھەر خىل گېزىت - ژۇرنال ۋە رادىئو ئىستانسىسىغا 219 پارچە خەۋەر يازدى، 165 پارچىسى ئىشلىتىلدى.

1984 - يىلى رادىئو ئۇزېلى 967 پارچە خەۋەر ئاڭلاتتى، ئىختىيارىي مۇخبىر كۆپىيىپ 47 گە يەتتى، بۇلاردىن 16 سى ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرنال، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئىختىيارىي مۇخبىرلىققا ۋە مۇخبىرلىققا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى. ئۇلار شۇ يىلى ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللارغا 348 پارچە ماقالە ئەۋەتتى، بۇنىڭ 287 پارچىسى ئىشلىتىلدى.

1993 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىختىيارىي مۇخبىر 36 گە، شۇ يىلى ئەۋەتىلگەن ماقالە 1662گە، ئىشلىتىلگىنى 713كە يەتتى. ياڭ جىنتاڭ كۆپ يىلدىن بۇيان زىيارەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ 300 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئەۋەتتى، بۇنىڭ 136 پارچىسى ئىشلىتىلدى؛ ئېزىز كېۋىر 13 يىل تىرىشىپ قەلەم تەۋرىتىپ 1329 پارچە ماقالە ئەۋەتتى، بۇنىڭ 756پارچىسى ئىشلىتىلدى. بۇلاردىن باشقا لى خۇا، فەن چاڭشى، نىياز ساتتار، ليۇ جېنگو، تېڭ چۈەنشۈن، كېرەم ھامۇت، ياڭ جىرېن، ۋۇنىڭ، يېڭ چىشيەن، يۇ گولياڭ، ۋاڭ شۇشىن، ياڭ جىنتاڭ، ئېزىز كىۋىر، شۆ بىن، كېرەم راخمان قاتارلىق 13 كىشى ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيە تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر بولۇپ باھالاندى.

ناھىيە بويىچە ئىختىيارىي مۇخبىرلار يازغان ماقالىلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «جۇڭگو مالىيە - ئىقتىساد گېزىتى» ، «جۇڭگو پوچتا ماركىسى توپلاش گېزىتى» ، «شىنجاڭ گېزىتى» ، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ، «ئاقسۇ گېزىتى» ، «قانۇنچىلىق گېزىتى، «جۇڭگو غەربىي قىسىمنى ئېچىش گېزىتى» ، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئىشلىتىلدى.

# يىگىرمە ئىككىنچى قىسىم

# سەھىيە، تەنتەربىيە



# يىگىرمە ئىككىنچى قىسىم

# سەھىيە، تەنتەربىيە

## I باب

## سەھىيە

مىنگو دەۋرىدە توقسۇز ناھىيىسىدە تېببىي داۋالاش ئاپپاراتى يوق ئىدى، ناھىيە تەۋەسىدە بىر نەچچىلا ئۇيغۇر تېۋىپ بار ئىدى، ئۇلار تەجرىبىسىگە تايىنىپلا ئادەتتىكى كېسەللەرگە دىئاگنوز قوياتتى، ئۇنى داۋالايتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 ـ يىلى شىپاخانا قۇرۇلدى، كېيىن ئۇ ناھىيىلىك دوختۇرخانا بولدى، يېزىلاردا يېزىلىق شىپاخانا قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتىدىن 10ى بار بولدى، سەھىيە سىستېمىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 456 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كاندىدات ئالىي دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بار كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3، مەسئۇل ۋراچ 39، ۋراچ (ۋراچقا تەڭلەر) 108، فېلدشېر (فېلدشېرغا تەڭلەر) 169، ئادەتتىكىلەر 82، مەمۇرىي خادىم ۋە ئىشچى 55. يۇقىرىدىكى خادىملار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت خادىم 274.

تېببىي داۋالاش قوشۇنىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، تۈرلۈك تېببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى، ناھىيە بويىچە كېسەل كارىۋىتى 344كە يەتتى، خېلى مۇرەككەپ، ئېغىر كېسەللەرگىمۇ دىئاگنوز قويۇپ داۋالاشقا بولىدىغان بولدى. سەھىيە ـ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىمۇ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، تەرەققىي قىلدى، زورايدى. ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش، ئاممىۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى، يېمەكلىكلەر تازىلىقىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش ئىشلىرىدا مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

### § 1 . مەمۇرىي ئاپپاراتلار

#### 1. سەھىيە ئىدارىسى

1952 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە سەھىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئىمىن ئابدۇرېھىم ئۇنىڭ

بۆلۈم باشلىقى بولدى.

1962 - يىل 8 - ئايدا ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش جەريانىدا، سەھىيە بۆلۈمى مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلىپ، مەدەنىيەت - سەھىيە بۆلۈمى دەپ ئاتالدى. 1969 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى قارمىقىدا مەدەنىيەت - سەھىيە گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، بىر خادىم مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە خىزمىتىنى باشقۇردى. 1970 - يىلى مەدەنىيەت - سەھىيە گۇرۇپپىسىغا بىر باشلىق قويۇلدى.

1973 - يىل 1 - ئايدا سەھىيە ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭغا بىرمۇئاۋىن مۇدىر، 2 خىزمەتچى خادىم قويۇلدى. 1978 - يىل 9 - ئايدا ئۇ سەھىيە بۆلۈمى بولدى. 1984 - يىل 8 - ئايدا سەھىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا بىر ئىدارە باشلىقى، 3 مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 2 خىزمەتچى خادىم قويۇلدى. سەھىيە ئىدارىسى (بۆلۈمى) سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تېبابەتچىلىك مەمۇرىيىتى، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى.

1995 - يىلنىڭ ئاخىرىدا سەھىيە ئىدارىسىدە بىر ئىدارە باشلىقى، بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى، 4 خىزمەتچى خادىم بار بولدى.

## 2. پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى

پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى 1976 - يىلى باشلاندى، ئۇنى سەھىيە ئىشخانىسى قوشۇمچە باشقۇردى.

1979 - يىل 8 - ئايدا پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئۇ، سەھىيە بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى، سەھىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىدى.

1984 - يىلدىن كېيىن سەھىيە ئىدارىسىدىن بىر مۇئاۋىن باشلىق پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنى باشقۇردى.

1987 - يىل 1 - ئايدا پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى سەھىيە ئىدارىسىدىن بۆلۈنۈپ چىقتى.

## 3. ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى

1951 - يىلى توقسۇ ناھىيىلىك چېچەك ئەملەش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1952 - يىلى 9 كىشىدىن تەركىب تاپقان توقسۇ ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، خادىملىرىنىڭ ھەممىسى قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى خادىملار ئىدى. ھەر قايسى يېزا، بازارلاردىمۇ مۇناسىپ تەشكىلىي ئاپپاراتلار قۇرۇلدى، ئۇلارغا ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى قوشۇمچە رەھبەرلىك قىلدى.

ھەر دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتلىرى سەھىيە بىلىملىرىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى «تۆت زىيانداش»نى يوقىتىش، پاكىز بولۇش، مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇشقا قوزغىدى.

ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ مەسئۇللۇقىنى كۆپىنچە ناھىيىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى، سەھىيە بۆلۈمى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ مەسئۇللىرى قوشۇمچە ئۆتىدى. 1986 - يىلى بۇ كومىتېتقا بىر مەخسۇس رەھبەر قويۇلدى.

1995 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتىدا بىر مۇدىر، 2 خىزمەتچى خادىم بار بولدى.

## 4. يەرلىك كېسەللىكلەر ئىشخانىسى

1985 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىلىك يەرلىك كېسەللىكلەر ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئۇ يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا مەسئۇل بولدى، ئۇ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يەرلىك كېسەللىكلەر رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىشخانا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇنىڭغا بىر مۇدىر، بىر خىزمەتچى خادىم قويۇلغانىدى.

1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىشخانىدا بىر مۇدىر، 3 خىزمەتچى خادىم بار بولدى.

# 2 § . تېببىي داۋالاش

## 1. تېببىي داۋالاش قوشۇنى

مىنگو دەۋرىدە ناھىيە بويىچە پەقەت بىر نەچچىلا ئۇيغۇر تېۋىپ بار ئىدى، ھەرقېتىم يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغاندا كۇچا، ئاقسۇ، ئۈرۈمچىلەردىن توقسۇغا سەييارە كېسەل داۋالاش ئۈچۈن دوختۇر ئەۋەتىلەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 ـ يىلى كۇچا ناھىيىلىك دوختۇرخانا 2 دوختۇرنى توقسۇغا ئەۋەتىپ، ۋاقىتلىق داۋالاش ئورنى ئاچتى.

1952 ـ يىلى دوختۇر، سېستىرا كۆپىيىپ 6 گە يەتتى. 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە تېببىي خادىم 38 گە يەتتى.

60 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە چىڭداۋ، ياڭجۇ، ئۈرۈمچى، ھەربىي قىسىم قاتارلىق جايلاردىن بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ، ئالىي تېخنىكوم ۋە تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى توقسۇغا تەقسىم قىلىندى، ئۇلار ناھىيىنىڭ تېببىي داۋالاش قوشۇنىنىڭ تايانچلىرى بولۇپ قالدى.

1960 ـ يىلى قىشتا، ناھىيىلىك سەھىيە بۆلۈمى باشلانغۇچ دەرىجىلىك خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ساقلىق ساقلاش خادىمىدىن 54نى تەربىيىلىدى، نەتىجىدە ناھىيىنىڭ تېببىي داۋالاش قوشۇنى يەنىمۇ زورايدى. 1964 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە 72 دوختۇر، سېستىرا بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋراچ 19، فېلدشېر 30، باشلانغۇچ دەرىجىلىك كۆتكۈچى خادىم 11، مەمۇرىي خادىم ۋە ئىشچى 12.

1969 — 1976 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە «قىزىل دوختۇرلار كۇرسى» دىن 6 قارار ئېچىلىپ، «يالىڭاياغ» دوختۇر ۋە تۇغۇت دوختۇرىدىن 450ى تەربىيىلەندى، نەتىجىدە گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىدە باشلانغۇچ دەرىجىلىك سەھىيە خادىمى بار بولدى.

70 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە، ھەر دەرىجىلىك سەھىيە مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن ناھىيىگە تەقسىم قىلىندى، سەھىيە خادىملىرى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 1976 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دوختۇر، سېستىرا 147گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ۋراچ 14، فېلدشېر 75، باشلانغۇچ دەرىجىلىك سەھىيە خادىمى 30، مەمۇرىي خادىم ۋە ئىشچى 28.

1980 ـ يىلى ئۇنۋان باھالاش ۋە دەرىجە ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ناھىيە بويىچە مەسئۇل ۋراچ 8گە، ۋراچ 40قا، فېلدشېر 72گە، باشلانغۇچ دەرىجىلىك سەھىيە خادىمى 18گە، مەمۇرىي خادىم ۋە ئىشچى 29غا، جەمئىي خادىم 159غا يەتتى.

1995 ـ يىلى ناھىيە بويىچە دوختۇر، سېستىرا جەمئىي 401 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، كاندىدات ئالىي دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 3، مەسئۇل ۋراچ 39، ۋراچ 94، ۋراچقا تەڭ دەرىجىلىكلەر 14، فېلدشېر 84، سېستىرا 51، فېلدشېرغا تەڭ دەرىجىلىكلەر 34، باشلانغۇچ دەرىجىلىك سەھىيە خادىمى 82، مەمۇرىي خادىم 30، ئىشچى 25.

## 2. تىببىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى

1951 ـ يىلى ناھىيىلىك ۋاقىتلىق داۋالاش ئورنىدا پەقەت تىڭشىغۇچ، ئوكۇل سايمىنى ۋە دېزىنفېكسىيە قىلىش سايمىنى قاتارلىق ئاددىي داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بار ئىدى. 1952 ـ يىلى تۇغۇت بولىقى ۋە تىكىش بولىقى كۆپەيتىلدى. 1956 ـ يىلى بۇ داۋالاش ئورنى بىر مىكروسكوپ، بىر يۈرۈش تەجرىبە سايمىنى سېتىۋالدى. 1959 ـ يىل 8 ـ ئايدا ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئوپېراتسىيە بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ئاددىي ئوپېراتسىيە كارىۋىتى، تۇغۇت كارىۋىتى ۋە ئاياللار بۆلۈمىگە دائىر ئوپېراتسىيە سايمانلىرى سېتىۋېلىندى. 1961 ـ يىلى 30 مىللىئامپېرلىق رېنتگېن ئاپپاراتىدىن بىرى، 1969 ـ يىلى 200 مىللىئامپېرلىق رېنتگېن ئاپپاراتىدىن بىرى سېتىۋېلىندى. 1987 ـ يىلى 500 مىللىئامپېرلىق رېنتگېن ئاپپاراتىدىن بىرى سەپلەندى. 1974 ـ يىلى ئېلېكتروكاردىئوگرامما ئۈسكۈنىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 1989 ـ يىلى B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇش ئاپپاراتى ۋە نۇر ئېلېكترى بىلەن رەڭ سېلىشتۇرۇش ئەسۋابى، 1990 ـ يىلى يالقۇن فوتومېتىر، 1991 ـ يىلى توڭلاتقۇ ۋە ئېلېكتروكاردىئوگرامما ئۈسكۈنىسى سېتىۋېلىندى. 1992 ـ يىلى باكتېرىيە يېتىشتۈرۈش ئەسۋابى، مىكروسكوپ، توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان شۈمۈرۈش ماشىنىسى، ئاشقازان ـ ئۈچەينىڭ بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش ئۈسكۈنىسى، قۇتقۇزۇش ماشىنىسى، داۋالاش ماشىنىسى، ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق كۆپ بەلگىلىك ھامىلە يۈرىكىنى كۆزىتىش ئۈسكۈنىسى، چاستوتىلىق داۋالاش ئۈسكۈنىسى قاتارلىق داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىندى. 1995 ـ يىلى ئېلېكتر ئىنسېفالوگراممىسى، مېڭىدىكى قاننىڭ ئېقىشىنى تەكشۈرۈش ئەسۋابى، يۇقىرى بېسىملىق ئوكسىگېن ئامبىرى، تالالىق ئاشقازان ئەينىكى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر سېتىۋېلىندى.

## 3. تىببىي داۋالاش سەۋىيىسى

1951 ـ يىلى داۋالاش ئورنى يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدە، كالا چېچىكى ئەملەيتتى، بەدەن تەكشۈرەتتى، شۇنداقلا دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنىلا داۋالايتتى. 1952 ـ يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئۆزىنى بوغۇزلىۋالغان، ئەمما كانىيى كېسىلىپ كەتمىگەن بىر بىمارنى ياماش ئوپېراتسىيىسى قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. 1956 ـ يىلى ئادەتتە دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالىيالايدىغان ۋە يىرىڭلىق ئىششىقنى كېسىۋېتىش، سىرتقى جاراھەتلەرنى تىكىش، تېرە ئاستىدىكى ياغلىق ئۆسمىنى كېسىۋېتىش قاتارلىق ئوپېراتسىيىلەرنى قىلالايدىغان بولدى.

شۇ يىلى تەجرىبىخانا قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا خەپرۇك، قان، سۈيدۈكنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت ئادەتتىكى 3 چوڭ تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى. 1959 ـ يىل 8 ـ ئايدا ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى، شۇ يىلى بۇ بۆلۈم شىي يىچۈەننىڭ باشچىلىقىدا سوقۇر ئۈچەي ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان ۋە دوۋسىقىغا تاش چۈشكەن 19 ئادەمنى ئوپېراتسىيە قىلدى. 1964 ـ يىلدىن باشلاپ كۆپ مىقداردىكى ئاتوپىن ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ كىلىنىكىسىدا ئىشلىتىلىپ، زەھەرلىنىپ شوك بولۇپ قالغانلار

مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتقۇزۇۋېلىندى. كۆپ مىقدارلىق ئاتوپىن ۋە گورمون ئۇچەي يالluغىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. شۇ يىلى توقسىز ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدە كۆكرەك ئوپېراتسىيىسىمۇ قىلىندى. 1965 - يىلى رېنتىگېن قوراشتۇرۇلۇپ، ئىچكى، تاشقى بۆلۈملەرنىڭ دىئاگنوز قويۇش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. 1969 - يىلى تۇنجى قېتىم بالىياتقۇ بويىنىنى يۇتۇنلەي كېسىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلىندى. 1971 - يىلى تۇنجى قېتىم ئاشقازاننىڭ كۆپ قىسمىنى كېسىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلىندى. 1972 - يىلى مېڭە سىرتى زەخىملەنگەندە قان توختىتىش ئوپېراتسىيىسى قىلىندى. 1974 - يىلى ئېلېكتروكاردىئوگرامما ئىشلىتىلىپ، يۈرەك - قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە دىئاگنوز قويۇش ۋە ئۇنى داۋالاش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى. 1977 - يىلى بۇ داۋالاش ئورنى جىگەر قاپلىق قۇرتى، جىگەر يېرىلىش، ئۆت ئوپېراتسىيىلىرىنى ۋە سۈنۇقنى ئىچىدىن مۇقىملاشتۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرىنى قىلالايدىغان بولدى.

1981 - يىلدىن كېيىن بالىياتقۇنى يۇتۇنلەي كېسىۋېتىش ۋە تۇغۇت ئوپېراتسىيىسىنى قىلالايدىغان بولدى. دوختۇرخانا باشقۇرۇش، داۋالاش سەۋىيىسى، تېببىي ئەخلاق، تېببىي ئىستىل، مۇلازىمەت سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، نەتىجىدە بۇ ئورۇن كۆپ قېتىم ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. 1993 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىي دوختۇرخانا» دېگەن نام بېرىلدى. 1982 - يىلدىن باشلاپ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى مېڭە قان تومۇرلىرى، يۈرەك قان تومۇرلىرى، زەھەرلىنىش، شوك بولۇپ قېلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە توغرا دىئاگنوز قويالايدىغان ۋە ئۇنى داۋالىيالايدىغان بولدى. 1984 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا مېڭىسى، يۈرىكى تەڭ ئاجىزلاپ كەتكەن، كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ كەتكەن بىر بىمار مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇتقۇزۇۋېلىندى.

1987 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا رېنتىگېن ئارقىلىق ئۆت، بۆرەك، ئاشقازان، ئۈچەيني ئالاھىدە تەكشۈرۈش، بەزى قىسىملارنى فىزىكىلىق - خىمىيىلىك ۋە ئېلېكتروكاردىئوگراممىا ئارقىلىق تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى.

1988 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئامبۇلاتورىيىسىدە يۈرەك سوقۇشىنى تەكشۈرۈش ئاپپاراتى، مېڭىدىكى قاننىڭ ئېقىشىنى تەكشۈرۈش ئەسۋابى، ئېلېكتر ئىنسېفالوگراممىا ئاپپاراتى بىلەن تەكشۈرۈش ۋە فىزىكىلىق، بىئولوگىيىلىك، خىمىيىلىك داۋالاش، رېنتىگېن ئارقىلىق ئالاھىدە سايىلاندۇرۇپ تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە قالقانسىمان بەز ئىششىقىنى ئوپېراتسىيە قىلىش يولغا قويۇلدى.

1989 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ تەكشۈرۈش بۆلۈمىدە قاندىكى كالىي، كالتسىي، شېكەر، ياغ، ئازوتنى بىئولوگىيىلىك - خىمىيىلىك تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى؛ B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇش ئاپپاراتى بىلەن تەكشۈرۈش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى؛ تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئۆتنى كېسىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، مېڭە سىرتىدىكى ئېغىر زەخىمنى داۋالاش ۋە كانايىنى كېسىۋېتىش، كونا سۇنۇقنى ئاجرىتىپ ئىچىدىن مۇقىملاشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسى يولغا قويۇلدى؛ ئاياللار بۆلۈمىدە بالىياتقۇ بويىنىنى داغماللاپ دورا سۈرتۈپ داۋالاش، بالىياتقۇ بويىندىكى چوڭ ئۆسمىنى كېسىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلىش، بالىلاردىكى يود كەملىكنى تەكشۈرۈش يولغا قويۇلدى؛ ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە ئاشقازان يالluغى، ئۆت يالluغى قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالىغاندا، يېڭىچە داۋالاش تېخنىكىسى قوللىنىلىپ خېلى ياخشى داۋالاش ئۈنۈمى ھاسىل قىلىندى. شۇ يىلى يەنە پەللىگە ئوكۇل قويۇپ داۋالاش ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى.

1992 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئۆت يالluغى، قالقانسىمان بەز ئىششىقىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاش، سۇنۇقنى ئۇزۇن نەيچىسىمان سۆڭەك بىلەن ئىچىدىن مۇقىملاشتۇرۇش، سۇنۇقتا كىچىك پولات تاختا قىستۇرۇپ داۋالاش، پېشانە سۆڭىكى يارىلانغانلارنى جىددىي قۇتقۇزۇش، مېڭە قان تومۇرلىرى توسۇلۇپ قېلىش ۋە مېڭە قان تومۇرلىرى كۆتۈلمىگەن ھادىسىسىنى داۋالاش، ئۆپكە، يۈرەك، ئۆپكە پەردىسىنى داۋالاش،

باللاردىكى ھەزىم قىلىش ياخشى بولماسلىق، سۇسىزلىنىشنى داۋالاش، سۇيۇقلۇق (ئىچمىلىك) بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىش، بالىياتقۇنى پۈتۈنلەي كېسىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلىش، داس سۆڭەك يالliغى، ئاياللاردا بولىدىغان قوشۇمچە ئەزالار ياللۇغى، بالىياتقۇ پەردىسى ياللۇغى، بالىياتقۇغا دورا سۈركەپ داۋالاش، تۇغۇت ئوپېراتسىيىسىنى كىلىنىكىدا قوللىنىش، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىدىكى تۇغۇت توختىتىشنى كېلىنىكىدا قوللىنىش، ئا. ب تىپلىق جىگەر ياللۇغىنى داۋالاش، ئۆپكە تۇبېركۇلىيوزىنى خىمىيىلىك داۋالاش (مۇسبىي باكتېرىيىلىك) ۋە تەكشۈرۈش، ئالاھىدە سايىلاندۇرۇپ تەكشۈرۈش، ئېلېكتروكاردىئوگرامما ئارقىلىق يۈكلىمە تەجرىبە قىلىش، ئاقسىلنىڭ مىقدارىنى بېكىتىش، تومۇرنى ئېلېكتر ئارقىلىق ئانالىز قىلىش، ئېلېكترولىز ئارقىلىق مىكرو مىقدارنى ئانالىز قىلىش ۋە ئۇنى بىئولوگىيىلىك - خىمىيىلىك تىزگىنلەش، باكتېرىيە يېتىشتۈرۈش ۋە دورىدىن بولىدىغان زىيادە سەزگۈرلۈكنى سىناق قىلىش، ئاشقازان، قىزىلئۆڭگەچنى ئەينەك بىلەن تەكشۈرۈش، «S» سىمان بوغماق ئۈچەينى ئەينەك ئارقىلىق تەكشۈرۈش، ئېغىز بوشلۇقىنى داۋالاش، شامال كۆچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان چىش بۇرغىسىنى ئىشلىتىش قاتارلىقلار يولغا قويۇلدى.

1993 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئىلىك ياللۇغىنى تەتقىق قىلىش ۋە قالقانسىمان بەزنىڭ كۆپ قىسمىنى كېسىۋېتىش، ئۆتنى كېسىۋېتىش، بالىياتقۇنى پۈتۈنلەي كېسىۋېتىش، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش دورىسىنى تېرە ئاستىغا كۆمۈش ۋە تۇغدۇرۇش ئوپېراتسىيىلىرى يولغا قويۇلدى.

يېزا (بازار) شىپاخانىلىرى ئادەتتە دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالىيالايدىغان ۋە بەزى كىچىك ئوپېراتسىيىلەرنى قىلالايدىغان بولدى، ئۇلاردىن يۇلتۇزباغ يېزىلىق شىپاخانىنىڭ داۋالاش سەۋىيىسى خېلى يۇقىرى.

### توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قىسمەن يىللاردىكى تىببىي داۋالاش قوشۇنىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 — 1

| يىللار | ئاپپارات | ئومۇمىي ئادەم | بۇنىڭ ئىچىدە: كاندىدات ئالىي دەرىجىلىكتىن يۇقىرىلار | مەسئۇل ۋراچ | ۋراچ | ۋراچقا تەڭ دەرىجىلىكلەر | فېلدشېر | سېستىرا | فېلدشېرغا تەڭ دەرىجىلىكلەر | باشلانغۇچ دەرىجىدىكى خادىملار | مەمۇرىي خادىم | ئىشچى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | 1 | 2 | | | 1 | | 1 | | | | | | |
| 1952 | 1 | 6 | | | 2 | | 3 | | | | 1 | | |
| 1953 | 1 | 8 | | | 1 | | 5 | | | | 2 | | |
| 1954 | 2 | 13 | | | 2 | | 8 | | | | 3 | | |
| 1955 | 2 | 19 | | | 6 | | 10 | | | | 3 | | |
| 1956 | 4 | 27 | | | 5 | | 16 | | | | 6 | | |
| 1957 | 4 | 38 | | | 9 | | 24 | | | | 5 | | |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | | | 43 | 4 | 1958 |
| | 6 | 5 | 14 | 3 | 3 | 7 | | 6 | | | 44 | 4 | 1959 |
| | 6 | 5 | 9 | 3 | 3 | 11 | 1 | 6 | | | 44 | 4 | 1960 |
| | | | | | | | | | | | 49 | 4 | 1961 |
| | | | | | | | | | | | 60 | 5 | 1962 |
| | | | | | | | | 19 | | | 62 | 5 | 1963 |
| | 6 | 6 | 11 | 4 | 11 | 15 | | 19 | | | 72 | 5 | 1964 |
| | 14 | 15 | 17 | 4 | 12 | 17 | | 15 | | | 94 | 3 | 1970 |
| | 9 | 14 | 25 | 7 | 14 | 29 | | 14 | | | 112 | 6 | 1971 |
| | 14 | 14 | 30 | 10 | 32 | 33 | | 14 | | | 147 | 7 | 1976 |
| تاھىيىلىك دوختۇرخانا ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ | 7 | 14 | 20 | | 17 | 34 | | 8 | | | 110 | 7 | 1977 |
| | 11 | 18 | 18 | 10 | 30 | 32 | 8 | 32 | 8 | | 159 | 9 | 1980 |
| | 23 | 20 | 26 | 8 | 42 | 37 | 7 | 31 | 6 | 1 | 194 | 8 | 1981 |
| مەمۇرىي خادىم ۋە ئىشچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ | | | | | | | | | | 1 | 164 | 8 | 1983 |
| | 18 | 17 | 31 | 12 | 42 | 30 | 9 | 28 | 3 | 3 | 187 | 9 | 1984 |
| | 29 | 23 | 87 | | 40 | 65 | | 31 | 3 | 3 | 275 | 9 | 1985 |
| 7 يەككە تېۋىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ | 30 | 30 | 83 | 5 | 42 | 64 | | 24 | | 3 | 278 | 9 | 1986 |
| | 18 | 32 | 89 | | 42 | 76 | | 25 | | 3 | 202 | 9 | 1987 |
| 14 يەككە تېۋىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ | 16 | 37 | 80 | | 53 | 50 | | 90 | | 3 | 328 | 9 | 1988 |
| 20 يەككە تېۋىپنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ | 19 | 35 | 79 | | 50 | 49 | | 85 | | 3 | 317 | 9 | 1989 |
| 16 يەككە تېۋىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ | 27 | 34 | 84 | 9 | 51 | 55 | | 86 | | 3 | 346 | 9 | 1990 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1991 | 9 | 356 | 3 | | 90 | | 70 | 45 | 1 | 94 | 30 | 26 | 22 يەككە تېۋىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1992 | 9 | 400 | 2 | | 80 | 34 | 60 | 43 | 17 | 105 | 40 | 21 | 22 يەككە تېۋىپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1993 | 9 | 431 | 3 | 31 | 79 | 56 | 52 | 43 | 22 | 91 | 54 | | مەمۇرىي خادىملار، ئىشچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1994 | 10 | 441 | 3 | 41 | 88 | 9 | 73 | 50 | 30 | 78 | 36 | 31 | |
| 1995 | 10 | 456 | 3 | 39 | 94 | 14 | 84 | 51 | 34 | 82 | 30 | 25 | |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1993 - يىلدىكى تېببىي داۋالاش - سەھىيە خادىملىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 — 2

| ئورۇن / ئۇنۋانى | ناھىيەلىك دوختۇرخانا | ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسى | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى | ئىچىمبرىق يېزىلىق دوختۇرخانا | پەيشەنبە بازار يېزىلىق دوختۇرخانا | تاشئېرىق يېزىلىق دوختۇرخانا | ئۆگەن يېزىلىق دوختۇرخانا | يولتوزباغ يېزىلىق دوختۇرخانا | ئوچقات يېزىلىق دوختۇرخانا | 1، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ داۋالاش ئۆيى | يەككە شىپاخانا | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي ئادەم | 157 | 22 | 36 | 29 | 26 | 30 | 24 | 31 | 18 | 2 | 23 | 398 |
| ئىچكى كېسەللىكلەر سەھىيە تېخنىكا خادىملىرى* | 126 | 19 | 29 | 26 | 22 | 26 | 21 | 21 | 15 | 2 | 23 | 335 |
| كاندىدات مۇدىر ۋراچ* | 2 | | | | | | | | | | 1 | 3 |
| مەسئۇل ۋراچ* | 8 | 3 | 4 | | | 1 | | | | 1 | 3 | 20 |
| مەسئۇل پراۋىزور* | 1 | | | 1 | | | | | | | | 1 |
| مەسئۇل سېستىرا* | 4 | | | 1 | | | | | | | | 5 |
| جۇڭگو تېبابىتى ۋراچى | 2 | | | | | | | | | | | 2 |
| غەرب تېبابىتى ۋراچى | 23 | 6 | 14 | 7 | 5 | 4 | 7 | 5 | 3 | 2 | 1 | 77 |
| سېستىرا | 13 | 3 | | 2 | 2 | 2 | 1 | 4 | 7 | | 7 | 41 |
| غەرب تېبابىتى پراۋىزورى | 4 | 3 | | | | | | | | | | 7 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لابوراتورىيە تېخنىكى | 2 | | 1 | | | | | | | | | 3 |
| باشقا تېخنىكلار | 1 | 1 | 1 | | | | | | | | | 3 |
| غەرب تېبابىتى مېھتىرا. لىرى | 8 | 1 | 7 | 1 | 3 | 5 | 4 | 7 | 1 | | 15 | 52 |
| ياردەمچى مېھتىرا | 13 | 3 | | 8 | 7 | 4 | 2 | 4 | 2 | | | 43 |
| ئاكۇشېركا (تۇغۇت ئانى. سى) | 3 | | | | | 1 | 1 | 1 | 1 | | | |
| فارماتسېپ | 4 | | 1 | | | 1 | | | | | | 6 |
| لابوراتورىيە تېخنىكى | 2 | | 3 | 1 | | | | 1 | | | | 7 |
| باشقا ياردەمچى تېخنىكلار | 3 | | 2 | | | 1 | | 1 | | | | 7 |
| كۆتكۈچى | 41 | 2 | | 6 | 4 | 6 | 5 | 3 | 1 | | | 68 |
| دورىگەر | 4 | | | | 1 | 1 | 1 | | | | | 7 |
| لابورانت | 2 | | | | | 1 | | | | | | 3 |
| باشقا خادىملار | 10 | | | 1 | | | | | | | | 11 |
| مەمۇرىي خادىملار | 22 | 3 | 7 | 3 | 4 | 4 | 3 | 5 | 3 | | | 54 |
| ئۇيغۇر تېۋىپلار* | 1 | 3 | | | | | | | | | 7 | 11 |
| پېنسىيىگە چىققانلار | 10 | 5 | 9 | 3 | | 5 | 3 | | 1 | | | 45 |

**ئىزاھات:** (1) مەمۇرىي خادىملار ئىشچىلارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (2) * بەلگىسى بارلار جەمئىيەتتە كىر گۈزۈلمىدى. ۋراچ دەرىجىلىك خادىملار ۋراچتىن يۇقىرى دەرىجىلىكلەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

# 3 § . تىببىي داۋالاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورۇنلىرى

## 1. توقسۇ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى

1951 ـ يىل 2 ـ ئايدا كۇچا ناھىيىسىدىن مۇھەممەتجان ئىمىن قاتارلىق 2 كىشى توقسۇ ناھىيىسىدە داۋالاش ئورنى قۇرۇشقا ئەۋەتىلدى. 1952 ـ يىل 6 ـ ئايدا بۇ داۋالاش ئورنى توقسۇ ناھىيىلىك خەلق

شىپاخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى، شىپاخانىنىڭ 5 تېببىي خادىمى، بىر مەمۇرىي خادىمى بار ئىدى، ئەسەت شىپاخانىنىڭ تۈنجى باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شىپاخانىنىڭ 3 ئېغىزلىق ئۆيى بار بولۇپ، بىر ئېغىزى ئوكۇلخانا، بىر ئېغىزى داۋالاش ئۆيى، بىر ئېغىزى كېسەلخانا ئىدى، بۇ كېسەلخانىدا 4 تىن 8 گىچە ئادەم ياتاتتى، كېسەللەر يەردە ئۇخلايتتى.

1956 - يىلى تەجرىبىخانا، 1957 - يىلى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈم - ئىشخانىلىرى قۇرۇلدى، 12 كېسەل كارىۋىتى قويۇلدى. 1959 - يىلى ئوپېراتسىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، كېسەل كارىۋىتى 15كە يەتتى.

1959 - يىلى كۆلىمى 270 كۋادرات مېتىرلىق بىر كورپۇس ئۆي سېلىنىپ ئامبۇلاتورىيە ۋە كېسەلخانا قىلىندى.

1960 - يىل 4 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك خەلق شىپاخانىسى توقسۇ ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1963 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگوچە داۋالاش بۆلۈمى ئېچىلدى.

1964 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ھازىرقى ئورنىدا كۆلىمى 2616 كۋادرات مېتىرلىق ئامبولاتورىيە، كېسەلخانا ۋە ياتاق سېلىنىدى، ئۇنىڭغا 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. شۇ يىلى كېسەلخانىغا 82 كېسەل كارىۋىتى قويۇلدى. بالىلار ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ئاياللار تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى دەپ ئايرىلدى.

1965 - يىل 5 - ئايدا رېنتگىن بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1966 - يىلى دوختۇرخانا بويىچە 37 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېببىي خادىم 30 ئىدى.

1984 - يىلى كۈزدە، دوختۇرخانا بويىچە 112 ئىشچى - خىزمەتچى، 150 كېسەل كارىۋىتى بار بولدى، ھەرخىل قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى 7286 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

1995 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا 160 ئىشچى - خىزمەتچى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 108. دوختۇرخانىدا مۇدىر ۋراچتىن بىرى، كاندىدات مۇدىر ۋراچتىن بىرى، مەسئۇل ۋراچ (پىراۋىزور، سېستىرا، تېخنىك)تىن 12 سى، ۋراچ (سېستىرا، پراۋىزور، تېخنىك)تىن 40ى، فېلدشېر (فارماتسىپ، ياردەمچى سېستىرا، ياردەمچى تېخنىك)دىن 44ى، باشقا سەھىيە تېخنىكا خادىمىدىن 55ى، مەمۇرىي خادىمدىن 11ى، ئىشچىدىن 16سى، پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققان خادىمدىن 19 ى بار.

دوختۇرخانىدىكى خادىملار ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى 73، بۇنىڭ ئىچىدە سەھىيە تېخنىكا خادىمى 54. دوختۇرخانىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى، 140 كېسەل كارىۋىتى بار، دوختۇرخانا خېلى مۇرەككەپ، ئېغىر كېسەللەرنىمۇ داۋالىيالايدىغان بولدى.

**توقسۇ ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ 1986 — 1995 - يىلغىچە بولغان تېببىي داۋالاش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 22 — 3

| يىللار | دوختۇرخانىغا كىرگەنلەر | ساقايغانلار | ياخشىلانغانلار | ئۆلگەنلەر | ساقىيالمىغانلار | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1986 | 2178 | 1045 | 1078 | 50 | | 5 |
| 1987 | 2763 | 1053 | 1088 | 65 | 12 | 545 |
| 1988 | 2927 | 1280 | 1010 | 43 | 101 | 493 |
| 1989 | 2638 | 1068 | 945 | 31 | | 459 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1990 | 2413 | 892 | 952 | 37 | 154 | 375 |
| 1991 | 2454 | 847 | 1054 | 30 | 132 | 390 |
| 1992 | 2453 | 693 | 961 | 26 | 106 | 667 |
| 1993 | 2193 | 821 | 858 | 25 | 76 | 413 |
| 1994 | 2295 | 941 | 987 | 23 | 81 | 263 |
| 1995 | 2360 | 1062 | 1109 | 25 | 85 | 79 |

## 2. ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى

1954 ـ يىلدىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان مەخسۇس ئاپپارات ۋە خادىم يوق ئىدى، ئۇنى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، ناھىيىلىك چېچەك چېكىش كومىتېتى، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتى، ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى قاتارلىقلار قوشۇمچە باشقۇراتتى. 1954 ـ يىلى ناھىيىلىك شىپاخانىدا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىنىپ، ئۇنىڭغا 2 خىزمەتچى خادىم قويۇلدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ خىزمەت تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمچىسى ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قالدى.

1974 ـ يىل 1 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك سەھىيە، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 3 خىزمەتچى خادىم قويۇلدى، ئۇ سەھىيە ئىشخانىسى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى، پونكىت باشلىقلىقىنى سەھىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماۋ شىتەي قوشۇمچە ئۆتىدى.

1976 ـ يىلى 50 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، 500 كۋادرات مېتىرلىق ئىشخانا ۋە ياتاق سېلىنىپ، سەھىيە ئىشخانىسى بىلەن پونكىت ئايرىلدى. شۇ يىلى پونكىت بويىچە 5 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولدى.

يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئۇ بۆلۈمچە دەرىجىلىك سەھىيە كەسپىي ئورنى بولۇپ، ئاساسلىق كەسپلىرىدىن پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش، تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قاتارلىقلار بار ئىدى. 1984 ـ يىلى بۇ پونكىت رايون دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمى، يەرلىك كېسەللىكلەر بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى، ئانا ـ بالىلار بۆلۈمى ۋە تەجرىبە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1985 ـ يىلى تۇبېركۇليوز كېسەللىكىنى تەكشۈرۈش مەركىزى قۇرۇلدى. 1987 ـ يىلى پونكىتتا 31 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولدى. 1992 ـ يىلى ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمى بۆلۈنۈپ چىقىپ، توقسۇ ناھىيىلىك ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلدى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىغا بىر پونكىت باشلىقى قويۇلدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 31گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل ۋراچ 4، فېلدشېر 12.

## 3. توقسۇ ناھىيىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى

1985 - يىلى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدا ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمى تەسىس قىلىنغانىدى، 1992 - يىلى بۇ بۆلۈم ئايرىپ چىقىلىپ، ناھىيىلىك ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى بولدى. 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، پونكىتتىكى دوختۇر، سېستىرا 10غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل دوختۇر 2.

## 4. ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسى

1951 - يىلى ناھىيە بازىرىدا ئۇيغۇر تېۋىپتىن 6 سى بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىقى مەمەتنىياز خەيرىباي بولۇپ، ئۇ تېۋىپلىق قىلىشتىن سىرت يەنە دورا ياسايتتى، ئۇ يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكى قاتارلىق يۈرەك قان تومۇرلىرى كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا ئۇستا بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلىلا ئىناۋىتى بار ئىدى.

1957 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىدە ئۇيغۇر تېبابىتى بويىچە بىرلەشمە داۋالاش ئورنى قۇرۇلدى، شۇ يىلى 10 مىڭ 944 ئادەم (قېتىم) داۋالاندى. 1962 - يىل 12 - ئايدا بىرلەشمە داۋالاش ئورنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا قوشۇۋېتىلدى، خادىملىرى دۆلەت شتاتىغا كىرگۈزۈلۈپ تەقسىملەندى.

1971 - يىل 6 - ئايدا ئۇيغۇر تېبابىتى ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، بازار گۇڭشې شىپاخانىسى تەشكىل قىلىندى، مەزكۇر دوختۇرخانا ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ بەزى ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇلىغا ۋارىسلىق قىلدى. جىيا فاشى تونجى شىپاخانا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، شىپاخانىدا ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرىدىن 3ى، جۇڭگو تېبابىتى دوختۇرىدىن بىرى، غەرب تېبابىتى دوختۇرىدىن 3ى بار بولدى. 1975 - يىلى جۇڭگو تېبابىتى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر تېبابىتى، جۇڭگو تېبابىتى ۋە غەرب تېبابىتىدىن ئىبارەت 3 خىل داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن سەھىيە - داۋالاش ئورنى بارلىققا كەلدى. 1976 - يىلى شىپاخانىدا 16 ئىشچى - خىزمەتچى، 10 كېسەل كارىۋىتى بار بولدى. 1984 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچى 35كە، كېسەل كارىۋىتى 40قا يەتتى.

1990 - يىلى بازارلىق دوختۇرخانا ئاساسىدا، توقسۇ ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابىتى دوختۇرخانىسى قۇرۇلدى.

1991 - يىلى 1500 ئادەم (قېتىم) نىڭ، 1992 - يىلى 1050 ئادەم (قېتىم) نىڭ، 1993 - يىلى 8097 ئادەم (قېتىم) نىڭ كېسىلى كۆرۈلدى ۋە داۋالاندى.

1993 - يىلى كۆلىمى 264 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئامبۇلاتورىيە بىناسى سېلىندى، بۇنىڭ پۈتۈش قىممىتى 300 مىڭ يۈەن.

1995 - يىلى دوختۇرخانا بويىچە 22 ئىشچى - خىزمەتچى، بىر دوختۇرخانا باشلىقى، بىر مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى، 3 مەسئۇل ۋراچ، 4 ۋراچ، 24 كېسەل كارىۋىتى بار بولدى. دوختۇرخانىدىكى ھەرخىل داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قىممىتى 47 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 5. يېزا (بازار) لىق دوختۇرخانا، شىپاخانىلار

**1) يۇلتۇزباغ يېزىلىق شىپاخانا** بۇ شىپاخانا 1954 - يىلى قۇرۇلغان، ئەينى ۋاقىتتا

بۇ شىپاخانىدا ئىككىلا دوختۇر - سېستىرا بار بولۇپ، مۇھەممەت ئەخمەت شىپاخانا باشلىقى ئىدى. 1962 - يىلى شىپاخانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 8گە، كېسەل كارىۋىتى 20گە يەتتى، ئوپېراتسىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1976 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچى 29غا، كېسەل كارىۋىتى 60قا يەتتى، دوختۇرخانىدا يىلىغا 1500 بىمار (قېتىم) يېتىپ داۋالاندى. 1984 - يىلى كۈزدە، مەزكۇر دوختۇرخانىدىن ئايرىلىپ چىققان خادىملار ئۈچقات يېزىلىق شىپاخانىسىنى قۇردى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، شىپاخانىدا 17 ئىشچى - خىزمەتچى، 40 كېسەل كارىۋىتى بار بولدى، ئۇنىڭغا تۇپاشەھەر داۋالاش پونكىتى قارىدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىپاخانا بويىچە 32 ئىشچى - خىزمەتچى، بىر شىپاخانا باشلىقى، 36 كېسەل كارىۋىتى بار بولدى.

2) ئىچئىرىق يېزىلىق شىپاخانا بۇ شىپاخانا 1956 - يىلى قۇرۇلغان، شىپاخانا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە 3 دوختۇر - سېستىرا بار ئىدى، شازادەم شىپاخانا باشلىقى بولغانىدى. بۇ شىپاخانا ئاممىنىڭ 2 ئېغىزلىق ئۆيىنى ئىجارە ئالغان بولۇپ، بىر نەچچىلا كېسەل كارىۋىتى بار ئىدى. 1962 - يىلى شىپاخانىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 10غا، كېسەل كارىۋىتى 30غا، 1976 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 24كە، كېسەل كارىۋىتى 40قا يەتتى. 1978 - يىل 4 - ئايدا بىر قىسىم خادىملار ئايرىلىپ چىقىپ پەيشەنبە بازار يېزىلىق شىپاخانىسىنى قۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئىچئىرىق يېزىلىق شىپاخانىسىنىڭ خادىمى 18گە، كېسەل كارىۋىتى 30غا ئازايدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىپاخانا بويىچە 27 ئىشچى - خىزمەتچى، 40 كېسەل كارىۋىتى بار بولدى.

1993 - يىلى شىپاخانا بويىچە 29 ئىشچى - خىزمەتچى، 28 كېسەل كارىۋىتى بار بولدى.

3) پەيشەنبە بازار يېزىلىق شىپاخانا بۇ شىپاخانا 1978 - يىل 4 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئىسمائىل قۇربان تۇنجى شىپاخانا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شىپاخانا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە 10 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى، ئۇ چوڭ ئەترەتنىڭ ئىشخانىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ داۋالاش خىزمىتىنى يولغا قويدى. شىپاخانىغا 10 كېسەل كارىۋىتى قويۇلدى. شۇندىن كېيىن، ئامبولاتورىيە قۇرۇلۇپ، خىزمەتچى خادىملار كۆپەيتىلدى. 1984 - يىلى شىپاخانىدا 18 ئىشچى - خىزمەتچى، 20 كېسەل كارىۋىتى بار بولدى، ئۇنىڭغا نۇرباغ، يۇڭفېڭجاڭ شىپاخانىلىرى قارىدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىپاخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 26گە، كېسەل كارىۋىتى 35كە يەتتى.

4) تاشئىرىق يېزىلىق شىپاخانا بۇ شىپاخانا 1956 - يىلى قۇرۇلغان، شىپاخانا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئىككىلا دوختۇر - سېستىرا بار ئىدى. 1960 - يىلى دوختۇر، سېستىرا 6 گە يەتتى. ئىسلام ئېلىيار تۇنجى شىپاخانا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. 1961 - يىلى بىر قىسىم خادىملار ئايرىلىپ چىقىپ شويۇلتۇز شىپاخانىسىنى قۇردى، بۇنىڭ بىلەن تاشئىرىق يېزىلىق شىپاخانىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 3كە ئازايدى. 1964 - يىلى شىپاخانا بويىچە 9 ئىشچى - خىزمەتچى، 20 كېسەل كارىۋىتى بار ئىدى. 1976 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچى 22گە، كېسەل كارىۋىتى 40قا يەتتى. 1984 - يىلى 23 دوختۇر - سېستىرا، 50 كېسەل كارىۋىتى بار بولدى، شىپاخانىغا يېڭىئاۋات، قوشئېرىق شىپاخانىلىرى قارىدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىپاخانا بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 30غا، كېسەل كارىۋىتى 27 گە يەتتى.

5) ئۆگەن يېزىلىق شىپاخانا 1961 - يىل 3 - ئايدا تاشئىرىق گوڭشې شىپاخانىسىدىن بىر قىسىم خادىملار ئايرىلىپ چىقىپ شويۇلتۇز گوڭشې شىپاخانىسىنى قۇردى، بۇ شىپاخانىدا 4 خىزمەتچى خادىم بار ئىدى، ئەمەت نورۇز شىپاخانا باشلىقى بولدى. 1963 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 6گە يەتتى. 1976 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 15كە، كېسەل كارىۋىتى 25 كە يەتتى. 1984 - يىلى شىپاخانىدا 18 ئىشچى - خىزمەتچى، 40 كېسەل كارىۋىتى بار بولدى. شىپاخانىغا كەنت دەرىجىلىك 2 شىپاخانا قارىدى.

1990 - يىلى ئۇنىڭ نامى ئۆگەن يېزىلىق شىپاخانىغا ئۆزگەرتىلدى. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىپاخانىدا 24 ئىشچى - خىزمەتچى، 30 كېسەل كارىۋىتى بار بولدى.

6) ئۈچقات يېزىلىق شىپاخانا 1984 - يىل 10 - ئايدا دايۇلتۇز يېزىلىق شىپاخانىدىن 15 دوختۇر، سېستىرا ۋە بىر قىسىم داۋالاش سايمانلىرى ئايرىپ چىقىلىپ، ئۈچقات يېزىلىق شىپاخانا قۇرۇلدى. شۇ يىلى 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، كېسەلخانا ۋە ياتاق سېلىندى، 30 كېسەل كارىۋىتى قويۇلدى، شىپاخانىغا بەلگىستى شىپاخانىسى قارىدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىپاخانىدا 18 ئىشچى - خىزمەتچى، 24 كېسەل كارىۋىتى بار بولدى.

**توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1993 - يىل 9 - ئايدىكى يېزا، كەنت سەھىيە تور - نۇقتىلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 22 — 4

| ئورۇن | مەمۇرىي كەنت | كەنت تېببىي داۋالاش نۇقتىلىرى: جەمئىي | يېزىلىق شىپاخانا قارىمىقىدىكى نۇقتىلار | كەنت كوللېكتىپى باشقۇرغىنى | يەككىلەر باشقۇرغىنى | ئومۇمىي دوختۇر |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىچىبېرىق يېزىلىق شىپاخانا | 21 | 21 | 5 | 16 | | 20 |
| پەيشەنبە بازار يېزىلىق شىپاخانا | 16 | 16 | 3 | 12 | 1 | 16 |
| تاشبېرىق يېزىلىق شىپاخانا | 25 | 25 | 4 | 18 | 3 | 25 |
| ئۆگەن يېزىلىق شىپاخانا | 17 | 17 | 3 | 13 | 1 | 17 |
| يۇلتۇزباغ يېزىلىق شىپاخانا | 16 | 16 | 3 | 12 | 1 | 16 |
| ئۈچقات يېزىلىق شىپاخانا | 15 | 15 | 2 | 8 | 5 | 15 |
| جەمئىي | 110 | 110 | 20 | 79 | 11 | 109 |

**ئىزاھات:** يېزا، كەنت دوختۇرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر.

## 4 §. جۇڭگو تېبابىتى

1963 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا جۇڭگو تېبابىتى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1964 - يىلى بۇ بۆلۈمدە 4235 بىمار (قېتىم) داۋالاندى. ئەينى چاغدا، جۇڭگو تېبابىتى بۆلۈمىدە 10 كېسەل كارىۋىتى بار ئىدى، بۇ بۆلۈمدە جۇڭگو تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتى بىرلەشتۈرۈلگەن داۋالاش ئۇسۇلى قوللىنىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 1965 - يىلى جۇڭگو تېبابىتى بۆلۈمى قۇرۇق يىڭنە سانچىش، لوڭقا قويۇش قاتارلىق ئەنئەنىۋى داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئومۇملاشتۇردى. 1971 - يىلى بۇ بۆلۈم كىچىك دورا زاۋۇتى قۇردى، زاۋۇتتا 15 خىل تەييار جۇڭيى دورىسى ئىشلەپچىقىرىلدى. 1983 - يىل 6 - ئايدا قۇرۇق يىڭنە سانچىپ داۋالاش، ئۇۋۇلاش ئۆيى قۇرۇلدى، بۇنىڭ داۋالاش ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى

بولدى.

1989 - يىلى مۇڭگو تىبابىتى بۆلۈمىدە يەل گۈمپىسى بىلەن داۋالاش، 1992 - يىلى چاستۇتىلىق داۋالاش ۋە يەل گۈمپىسى بىلەن داۋالاش يولغا قويۇلدى.

## 5 § . داۋالاش تۈزۈمى

### 1. ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش

1952 - يىل 9 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشنى باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى خادىملارنىڭ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ھەر بىر ھۆكۈمەت خىزمەتچىسىگە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش كىنىشكىسى تارقىتىلدى. مۇشۇ كىنىشكىسى بارلار ناھىيە تەۋەسىدىكى دوختۇرخانىلاردا داۋالاندى. دوختۇرخانا خىراجەتنى تىزىملىغاندىن كېيىن، بىر تۇتاش ھېسابات قىلدى، خىراجەت مالىيەدىن ئاجرىتىلدى.

بۇ تۈزۈمگە نىسبەتەن 50 -، 60 - يىللاردىكى ئىنكاس خېلى ياخشى بولدى. ئەينى چاغدا، ناھىيەدىكى خىزمەتچى خادىملار ئاز، دورا باھاسى تۆۋەن، باشقۇرۇش قاتتىق بولغاچقا، ئاجرىتىلغان داۋالىنىش خىراجىتى ھەر يىلى ئېشىپ قالاتتى.

1955 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ناھىيە بويىچە جەمئىي 15 ئورۇندىن 465 ئادەم ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالاندى، يېرىم يىلدا 1827 ئادەم (قېتىم) داۋالاندى، بۇنىڭ ئۈچۈن 4474 يۈەن خىراجەت ئىشلىتىلدى. 1956 - يىلى 3054 ئادەم (قېتىم) داۋالاندى، بۇنىڭ ئۈچۈن 6842 يۈەن خىراجەت ئىشلىتىلدى.

1960 - يىلى داۋالىنىش خىراجىتى 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. 1984 - يىلى داۋالىنىش خىراجىتى 102 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1979 - يىلدىن باشلاپ ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشتا چىقىم ئېشىپ كەتتى، شۇ يىلى داۋالىنىش خىراجىتى 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئېشىپ كەتتى. 1983 - يىلى67 مىڭ يۈەن ئېشىپ كەتتى، 1984 - يىلى 80 نەچچە مىڭ يۈەن ئېشىپ كەتتى.

1993 - يىلى ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش خىراجىتى 1 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە مالىيىسى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش جەھەتتە خىراجەتنىڭ تېز سۈرئەتتە بويىچە ئېشىپ كېتىشىدەك ئېغىر يۈككە بەرداشلىق بېرەلمىدى، نەتىجىدە داۋالىنىش خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمىدى. دوختۇرخانىلار پۇلىنى چىقىم ئورنىغا تۆلەپ قويۇپ تۇردى، لېكىن خىراجەت ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بېرىلمىگەچكە، قەرز ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتتى.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشنى باشقۇرۇش كومىتېتى داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، خىراجەتنى ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ھۆددە بېرىش، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىدىغان ئورۇنلارنى ئەتراپتىكى دوختۇرخانىلارغا ھۆددە قىلىپ بېرىش، خادىملارنىڭ خىراجىتىنى بىر تۇتاش ھۆددىگە بېرىش؛ خادىملارنى ۋەزىپە، ئۇستاز جەھەتتە ھەرخىل دەرىجىگە ئايرىپ، ئاتچوت سوممىسىغا، رېتسېپ سوممىسىغا چەك قويۇش قاتارلىق چارىلەرنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. بۇ چارىلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى ۋاقىتلىق پەسەيتتى، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە يېڭى زىددىيەتلەرمۇ كېلىپ چىقتى، بەزى كىشىلەر قولىدا تالون بولسىمۇ ئاتچوت قىلالمىدى،

«ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن رېتسېپ يېزىپ بېرىش» ۋە «بىر كىنىشكىنى كۆپ ئادەم ئىشلىتىش» ھادىسىلىرىدىن ساقلانغىلى بولمىدى. 1995 - يىلغا قەدەر داۋالىنىش تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئۈستىدە يەنىلا ئىزدىنىلمەكتە.

### توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1993 - يىلدىكى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش جەھەتتىكى ئاتچوت قىلىش ئۆلچىمى

جەدۋەل: 22 — 5

| ئىستاژى | بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا داۋالانغانلار | ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا يۆتكىلىپ داۋالانغانلار | ئاپتونوم رايونلۇق دوختۇرخانىلارغا يۆتكىلىپ داۋالانغانلار |
|---|---|---|---|
| 10 يىلدىن تۆۋەنلەر | 75% | 70% | 65% |
| 10 يىلدىن 20 يىلغىچە بولغانلار | 80% | 75% | 70% |
| 21 يىلدىن 30 يىلغىچە بولغانلار | 85% | 80% | 75% |
| 30 يىلدىن ئاشقانلار | 95% | 90% | 85% |
| پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققانلار | 100% | 95% | 90% |

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1992 - يىلدىكى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 — 6

| تۈرلەر | جەمئىي | ئادەتتىكى خادىملار | ئىشتىۋار قىلىنىدىغان خادىملار | دەم ئېلىشقا چىققانلار | پېنسىيىگە چىققانلار | ئىنقىلابىي مەجرۇھ ھەربىيلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يىلغا ئوتتۇرىچە ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالانغانلار | 3355 | 3025 | 40 | 30 | 255 | 5 |
| مالىيەدىن پۇل ئاجرىتىش ئۆلچىمى (يۈەن) | | 100 | 500 | 500 | 200 | 200 |
| ئاتچوت قىلىنىش ئۆلچىمى (%) | | 75 ~ 95 | 100 | 100 | 95 | 100 |
| ئەمەلىي چىقىم (يۈەن) | 590000 | 428870 | 47043 | 34032 | 76555 | 3500 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: كېسەلخانىدا يېتىش خىراجىتى (يۈەن) | 251217 | 155497 | 34443 | 22782 | 35755 | 2740 |
| داۋالانغان ئادەم (قېتىم) | 53619 | 46834 | 840 | 750 | 5100 | 95 |
| كېسەلخانىدا ياتقان ئادەم (قېتىم) | 705 | 601 | 15 | 11 | 75 | 3 |

**ئىزاھات:** (1) ئاتچوت قىلىش ئۆلچىمى ئادەتتىكى خادىملارنىڭ %75، %80، %85، %90، %95 تىن ئىبارەت 5 دەرىجىگە بۆلۈندى.

(2) داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ شۇ يىللىق خام چوتى 389 مىڭ 500 يۈەن ئىدى، ئەمەلىيەتتە 590 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى. شۇ يىلى 500 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى، ئېشىپ كەتكەن قىسمى مالىيەدىن تولۇقلاپ بېرىلدى.

(3) ئېتىۋار قىلىنىدىغان خادىملار كاندىدات ئالىي دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بار خادىملارنى كۆرسىتىدۇ.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1993 - يىلدىكى ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 — 7

| ئورۇن | ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىشنى ھۆددە قىلىنغانلار | مالىيەدىن ئاجرىتىلغان پۇل (يۈەن) | ئەمەلىي چىقىم (يۈەن) | ئېشىپ كەتكەن چىقىم (يۈەن) | مالىيەدىن ئاجرىتىلغان پۇلنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (يۈەن) | ئەمەلىي چىقىمنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك دوختۇرخانا | 2058 | 280000 | 729690 | 449690 | 136 | 354 |
| ئىچىبىرىق يېزىلىق شىپاخانا | 344 | 38700 | 46757 | 8057 | 112 | 136 |
| پەيشەنبەبازار يېزىلىق شىپاخانا | 240 | 26450 | 30980 | 4530 | 110 | 129 |
| تاشبىرىق يېزىلىق شىپاخانا | 380 | 43150 | 48037 | 4887 | 113 | 126 |
| ئۆگەن يېزىلىق شىپاخانا | 250 | 28200 | 27650 | قالدۇق 550 | 112 | 111 |
| يۇلتۇزباغ يېزىلىق شىپاخانا | 326 | 35400 | 37800 | 2400 | 108 | 116 |
| ئۈچقات يېزىلىق شىپاخانا | 238 | 26950 | 34125 | 7175 | 113 | 143 |
| جەمئىي | 3836 | 478850 | 955039 | 476189 | 125 | 249 |

## 2. توختاملىق داۋالىنىش

ناھىيىدىكى زاۋۇت، كان ۋە كارخانا ئورۇنلىرىدا 1952 - يىلدىن باشلاپ توختاملىق داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش ھەققىنى دوختۇرخانا تىزىملاپ قويۇپ ئاي ئاخىرىدا ياكى يىل ئاخىرىدا بىر تۇتاش ھېسابات قىلدى، ئۇ، كارخانا پاراۋانلىق خىراجىتىدىن چىقىم قىلىنىدى، ناھىيە مالىيەسى پۇل ئاجرىتىپ بەرمىدى.

1955 - يىلىنىڭ ئالدىنقى 9 ئېيىدا جەمئىي 736 ئادەم (قېتىم) داۋالاندى، بۇنىڭ ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان داۋالىنىش خىراجىتى 1659 يۈەنگە يەتتى؛ بۇنىڭدىن باشقا كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى دوختۇرخانىلارغا يۆتكەپ داۋالىتىش ئۈچۈن قىلىنغان چىقىم 1913 يۈەن. بۇ 2 تۈر بويىچە قىلىنغان چىقىم جەمئىي 3572 يۈەن بولدى.

كارخانىلاردا توختاملىق داۋالىنىش تۈزۈمى ئىزچىل يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولدى. 80 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، بەزى ئورۇنلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىنى تالون بويىچە پۇل تۆلەش ۋە ئاتچوت قىلىشقا ئۆزگەرتتى. داۋالىنىش خىراجىتىنىڭ ئېشىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، بەزى ئورۇنلاردا ئىستاژىغا، دەرىجىسىگە، بەلگىلەنگەن نىسبەتكە قاراپ ئاتچوت قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 90 - يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، بەزى قىيىنچىلىقى بار كارخانىلار داۋالىنىش خىراجىتىنى قاتتىق تىزگىنلىدى، ھەربىر كىشىنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى 200 يۈەن ئىچىدە تىزگىنلەندى، ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى ئۆزى تۆلىدى؛ بەزى ئورۇنلار داۋالىنىش خىراجىتىنى كىشى بېشىغا تەقسىملەپ، شەخسلەرگە تارقىتىپ بەردى؛ ئايرىم ئورۇنلارنىڭ مالىيەسى قىس بولغاچقا، داۋالىنىش خىراجىتىنى ئاتچوت قىلىشنى توختىتىۋەتتى.

## 3. ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش

1960 - يىلى ئەتىيازدا، ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيە بويىچە گۇڭشېلاردا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى، بۇ تۈزۈم ئالدى بىلەن ئېچىبرىق گۇڭشېسىدا سىناق قىلىنىپ، تەجرىبە ھاسىل قىلىندى.

ئەينى ۋاقىتتا ھەربىر گۇڭشې ئەزاسى يىلدا 1.5 يۈەن تاپشۇراتتى، شۇ يىلى كۈزدىن كېيىن 1.2 يۈەنگە تەڭشەلدى. 70 - يىللاردا 2 يۈەن، 80 - يىللاردا 3 يۈەن ئەتراپىغا تەڭشەلدى. ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقانلار ئاساسلىقى گۇڭشې ئەزالىرى بولۇپ، ئۇلار كېسەل بولۇپ قالسا ھەقسىز داۋالاندى. ئەينى چاغدا، داۋالىنىش خىراجىتى، دورا ھەققى تۆۋەن بولۇپ، ئادەتتىكى كېسەللەرنى گۇڭشې دوختۇرخانىسى داۋالىيالايتتى، داۋالاش قىيىنراق كېسەللەر باشقا دوختۇرخانىلارغا يۆتكىلىپ داۋالىناتتى.

ناھىيە بويىچە 1970 - يىلدىكى يېزا دەرىجىلىك شىپاخانا 4، باشقۇرۇش رايونى دەرىجىلىك شىپاخانا 4، چوڭ ئەترەتتىكى ساقلىق ساقلاش ئۆيى 32، چوڭ ئەترەتتىكى «يالىڭاياغ» دوختۇر 357 بولۇپ، ھەربىر ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە بىردىن «يالىڭاياغ» دوختۇر بار ئىدى، ئۇلاردىن ھەر دەرىجىلىك تېببىي داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش تورلىرى بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ بىلەن گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ داۋالىنىشى خېلى ئاسانلاشتى.

1980 - يىلى يېزىلاردا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمىدە تەۋرىنىش بولدى، ئاساسلىقى مالىيە كۈچى ئاجىزلاپ، پۇل يىغىش قىيىنلاشتى. 1985 - يىلدىن كېيىن، يېزىلاردا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش توختاپ قالدى.

ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان چاغدا، ناھىيىدىكى ئورگان ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىمۇ ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشقا قاتناشقانىدى. بۇ تۈزۈم يولغا قويۇلغان بىر نەچچە يىللىق ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئومۇمەن كىرىم ئاز، چىقىم كۆپ بولۇپ كېتىپ، ناھىيە مالىيەسى ھەر يىلى قوشۇمچە ياردەم بېرىشكە توغرا كەلدى، نەتىجىدە بۇ تۈزۈم 1964 - يىلى يازدا توختىتىلدى.

## 4. ھەقسىز داۋالىنىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 - يىلدىن باشلاپ نامرات دېھقانلارنى ھەقسىز داۋالاش يولغا قويۇلدى. بۇ جەھەتتە مۇنداق ئۇسۇل قوللىنىلدى: نامرات دېھقانلار يېزىدىن ئىسپات بەرسە، ئاندىن رايوندىن شىپاخانىغا يۆتكىلىپ داۋالانسا داۋالىنىش ھەققى ئېلىنمىدى. خىراجەتنى شىپاخانا تىزىملاپ قويغاندىن كېيىن

ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى بىر تۇتاش تۇلىدى.

1953 ـ يىلى 1693 ئادەم (قېتىم)، 1955 ـ يىلى (4 ـ پەسىلنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) 3013 ئادەم (قېتىم)، 1957 ـ يىلى 635 ئادەم (قېتىم) ھەقسىز داۋالاندى.

1958 ـ يىلى خەلق گوڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەقسىز داۋالىنىش تۈزۈمى توختاپ قالدى.

## 6 § . دورا ماتېرىياللىرى

### 1. دورا ماتېرىياللىرى بايلىقى

ناھىيە بويىچە ياۋا دورا ماتېرىياللىرىدىن چاكاندا، قوچقاچ تىلى، بۇقا ئوت، بۇدۇشقاق، زاراڭزا چېچىكى، چۇچۇكبۇيا، ئاق تىكەن، قارىئۆرۈك قېقى، روۋان، پاقا يوپۇرمىقى، يالغان قاپاق، ئىنەكپىتى، ئالقات، ئىتئۈزۈمى، ماكاپ، قومۇش، ئارپا قاتارلىقلار بار.

### 2. سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

1958 ـ يىلدىن بۇرۇن، كېرەكلىك دورا ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپىنچىسى كوچا ناھىيەدىن سېتىۋېلىناتتى. 1958 ـ يىلى ناھىيىلىك تۈرلۈك ماللار شىركىتى دورا ماتېرىياللىرى تىجارىتىنى باشلىدى. 1960 ـ يىلدىن كېيىن، دورا ماتېرىياللىرى تىجارىتىدە ناھىيىلىك تېبابەت دورا شىركىتى ئاساس قىلىنىدىغان بولدى. بۇ شىركەت جۇڭيىچە، غەربچە تەييار دورا تىجارىتى قىلىش بىلەن بىللە يەنە يەرلىك دورا ماتېرىياللىرىدىن زاراڭزا چېچىكى، شاپتۇل مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزى، چۇچۇكبۇيا، كالا، قوي ئۆتى قاتارلىقلارنى سېتىۋالدى، بۇنىڭ ئىچىدە چۇچۇكبۇيا، زاراڭزا چېچىكىنىڭ مىقدارى كۆپ ئىدى. دورا ماتېرىياللىرى ئەڭ كۆپ سېتىۋېلىنغان يىللىرى زاراڭزا چېچىكىدىن 24 مىڭ 997 كىلوگرام، چۇچۇكبۇيىدىن 243 مىڭ 269 كىلوگرام سېتىۋېلىندى. يەنە قېرىقىز، ئالقات قاتارلىق 10 خىلدىن ئارتۇق دورا ماتېرىيالى سېتىۋېلىندى.

80 ـ يىللارغا قەدەم قويۇلغاندىن كېيىن، دورا ماتېرىياللىرى تىجارىتىنىڭ يوللىرى تەدرىجىي كۆپەيدى.

#### قوشۇمچە

**تېبابەت دورا شىركىتى**

1958 ـ يىلى قىشتا، ناھىيىلىك سودا شىركىتىدە تېبابەت دورا سېتىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1960 ـ يىل 10 ـ ئايدا بۇ گۇرۇپپا ئاساسىدا ناھىيىلىك تېبابەت دورا شىركىتى قۇرۇلدى، بۇ شىركەت بۆلۈمچە دەرىجىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا بولدى، ھەرخىل تەييار دورا، دورا ماتېرىياللىرى ۋە داۋالاش سايمانلىرى تىجارىتى قىلدى.

تېبابەت دورا شىركىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتتا 4 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1965 ـ يىلى بىر دىرېكتور قويۇلدى. 1966 ـ يىلى 6 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولدى. 1976 ـ يىلى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 8گە يەتتى. 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىركەتتە بىر دىرېكتور، 17 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار بولدى.

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1961 — 1993 ـ يىلغىچە بولغان دورا ماتېرىياللىرى تىجارىتى ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 — 8

| يىللار | سېتىۋېلىش سوممىسى (يۈەن) | دورا ماتېرىياللىرى سېتىلىشى (يۈەن) | | سېتىلىش سوممىسى (يۈەن) | يىل ئاخىرىدا ئامباردا ساقلانغىنى (يۈەن) | سېتىۋېلىنغىنى (كىلوگرام) | | ئىزاھ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | كىرگۈزۈلگىنى | چىقىرىلغىنى | | | چۈچۈك بۇيا | زارىڭزا چېچىكى | |
| 1961 | | 116288 | | 98048 | | | | |
| 1962 | | 78347 | | 11708 | | | | |
| 1963 | | 96120 | | 95003 | | | | |
| 1964 | | 22551 | | 104343 | | | | |
| 1965 | | | | 106922 | | | | |
| 1966 | 2835 | 181401 | | 122405 | 15639 | 583 | 895 | |
| 1967 | | 174352 | | 145400 | 13151 | | | |
| 1968 | 37180 | 162918 | | 150160 | 32716 | 114041 | 1420 | بۇغا مۈڭگۈزىدىن 98 سىر سېتىۋېلىندى |
| 1969 | 33997 | | | 147745 | 48841 | 82354 | 3739 | |
| 1970 | 16628 | | 29188 | 201844 | 81186 | 11230 | 4167 | |
| 1971 | 32891 | | 9461 | 181036 | 67099 | 90523 | 4245 | |
| 1972 | 106556 | 136913 | 9577 | 125208 | 86453 | 693039 | | ئېكسپورت سوممىسى 157 مىڭ 742 يۈەن |
| 1973 | | 158284 | | 210259 | 51139 | | | |
| 1974 | 1996 | 235346 | | 209908 | 112767 | 3615 | 574 | |
| 1975 | 1558 | 198241 | | 226608 | 91946 | | 637 | |
| 1976 | 1344 | 238409 | | 267609 | 85328 | | 568 | |
| 1977 | 4445 | 261886 | 6772 | 288393 | 82666 | 5890 | 1364 | بۇغا مۈڭگۈزىدىن 15 سىر سېتىۋېلىندى |
| 1978 | 15050 | 333450 | 31513 | 297404 | 150477 | 26699 | 2659 | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | 30797 | 176605 | 22487 | 219111 | 122502 | 45340 | 3528 | قىرغىـزدىن 89 كىلوگرام سېتىۋې لىندى |
| 1980 | 39817 | 307713 | 54778 | 315015 | 143762 | 13431 | 8907 | ئالقانتىن 12 كى لوگرام سېتىۋې لىندى |
| 1981 | 50208 | 32559 | 38423 | 351113 | 144696 | 1122 | 14000 | قىرغىـزدىن 44 كىلوگرام سېتىۋې لىندى |
| 1982 | 86657 | 319761 | 98149 | 326583 | 167328 | 1239 | 13410 | |
| 1983 | 139505 | 247634 | 172505 | 294404 | 171950 | 7627 | 18652 | دېڭىـزبادىن 4 كىلوگرام سېتىۋې لىندى |
| 1984 | 41043 | 354478 | 176947 | 317862 | 166075 | 21974 | 365 | بۇغا مۈڭگۈزىدىن 2 كىلوگرام سې تىۋېلىندى |
| 1985 | 48735 | 275947 | 30187 | 310864 | 162180 | 992 | 7445 | |
| 1986 | 5058 | 360749 | 37408 | 375582 | 130914 | 4865 | 633 | |
| 1987 | 11699 | 441711 | 20468 | 459179 | 131093 | 4067 | 1350 | |
| 1988 | 564375 | 624065 | 187196 | 742428 | 517503 | 654 | 24997 | |
| 1989 | 31766 | 316467 | 12808 | 367330 | 123834 | 607 | 5710 | |
| 1990 | 10513 | 341192 | 1450 | 350901 | 130880 | 537 | 215 | |
| 1991 | 663828 | 638328 | | 354062 | 213489 | 137 | 4 | |
| 1992 | 880044 | 673999 | | 846515 | 408785 | 98360 | 18 | |
| 1993 | 938212 | 489815 | 37050 | 1446929 | 388591 | 243269 | 1601 | |

## § 7 . يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش

### 1. يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە تارقىلىشچان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن، ئاساسلىقى، چېچەك، قىزىل، كېزىك، بوغما، كۆك يۆتەل، قارا كېزىك، بەزگەك، يۇقۇملۇق زۇكام، تولغاق قاتارلىقلار بار ئىدى.

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە چۇما كېسەللىكى تارقالدى، 1615 ئادەم بۇ كېسەللىك بىلەن يۇقۇملاندى (بۇنىڭ ئىچىدە بوغما كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار

451) ، 147 ئادەم ئۆلدى. كۇچا ناھىيىسى چۇما كېسەللىكىنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇھىم قاتناش يوللىرىدا چازا قۇرۇپ، توقسۇلۇقلارنىڭ ئۆتۈشىنى مەنئى قىلدى. 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى لىن جىلۇ (كومپارتىيە ئەزاسى) ئەۋەتكەن 2 دوختۇر ـ سېستىرا توقسۇغا كېلىپ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە داۋالىدى. 23 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسى ئەۋەتكەن 7 كىشىلىك تېببىي داۋالاش ئەترىتى توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ، 6 كۈندە 639 ئادەمنى داۋالىدى، ئۇلاردىن 104 ى ساقايدى. بۇنىڭ بىلەن كېسەللىك ئاساسىي جەھەتتىن تىزگىنلەندى.

9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېببىي داۋالاش خادىملىرى توقسۇ ناھىيىسىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا، ھاكىم چى فېڭشياڭ ھەر قايسى ئورگان، قانۇنىي ئىگە تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە داڭلىق دىنىي زاتلارنى باشلاپ، ئۇلارنى 10 چاقىرىم يەرگىچە يەنى تىگىن كەنتىگىچە ئۇزىتىپ بېرىپ، ئۇلار ئۆتكەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاندىن كۆڭۈللۈك قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى.

مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا ناھىيىدە چېچەك تارقالدى، كۇچا ناھىيىلىك شىپاخانا ئەۋەتكەن دوختۇر ـ سېستىرالار توقسۇ ناھىيىسىگە كېلىپ يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالدى، 1729 بالىغا ۋاكسىنا ئەملىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1951 ـ يىلدىن باشلاپ، ئوقۇغۇچىلار تەشكىللىنىپ تەشۋىقات پائالىيەتلىرى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 68 ئوقۇغۇچى تەربىيىلەندى، ئۇلار يېزا، كەنتلەرنىڭ خالىس دوختۇرلۇقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئاممىغا ۋاكسىنا ئەملىدى. 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، جەمئىي 32 مىڭ 591 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 16 مىڭ 530) غا ۋاكسىنا ئەملەندى.

1952 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە تارقىلىشچان زۇكام تارقالدى، 11 مىڭ بىر ئادەمگە زۇكام يۇقتى. 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كۇچا ناھىيىلىك شىپاخانىدىن ۋە ئۈرۈمچىدىن 2 دوختۇر توقسۇغا كېلىپ كېسەل داۋالىدى. دوختۇر ئاز، كېسەل كۆپ بولغانلىقتىن، دوختۇرلار پەقەر بازار ئىچى ۋە ئىچىبېرىق يېزىسىدىكىلەرنىلا داۋالىيالىدى، داۋالانغانلاردىن 164 ئادەم ساقايدى، 325 ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى ئەۋەتكەن 7 كىشىلىك تېببىي داۋالاش ئەترىتى توقسۇغا كېلىپ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى داۋاملاشتۇردى. شۇ يىلى 21 مىڭ 79 ئادەمگە ۋاكسىنا ئەملەندى.

1953 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە كېزىك تارقالدى، 850 ئادەمدە بۇ كېسەللىك كۆرۈلدى، 26 ئادەم ئۆلۈپ كەتتى، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئەۋەتكەن تېببىي داۋالاش ئەترىتى توقسۇغا كېلىپ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالدى، بۇنىڭ بىلەن كېسەللىك تىزگىنلەندى. شۇ يىلى كۈزدە يەنە تولغاق، كۆيدۈرگە، بەزگەك كېسەللىكلىرى كۆرۈلدى، كېسەللەر ۋاقتىدا داۋالانغاچقا، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى كۆرۈلمىدى. جەمئىي 9721 ئادەمگە ۋاكسىنا ئەملەندى.

1955 ـ يىلى ناھىيە بويىچە بەزگەك، كۆك يۆتەل، كېزىك، كۆيدۈرگە، قايتارما كېزىك، قىزىل، چېچەك قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كۆرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قىزىلنىڭ تارقىلىشى ئەڭ ئېغىر بولدى. ئىچىبېرىق يېزىسىنىڭ ياداق كەنتىدىكى 102 ئادەمدە بۇ كېسەللىك كۆرۈلدى، 12 ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. تۆتتاش كەنتىدىكى 48 ئادەمدە بۇ كېسەللىك كۆرۈلدى، 18 ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. 1959 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يەنە قىزىل تارقالدى، 409 ئادەمدە مۇشۇ كېسەللىك كۆرۈلدى، 80 ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. شۇ يىلى يۇقۇملۇق كېزىك يەنە كۆرۈلدى، 24 ئادەم بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولدى (2 ئادەم ئۆلۈپ كەتتى)، 43 كىشى يۇقۇملۇق كۆك يۆتەل بولدى. ناھىيە كېسەللىكنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، يېزا ـ كەنتلەرگە سەييارە داۋالاش ئەترەتلىرىنى ئەۋەتتى، ئۇلار 10 مىڭ 338 ئادەم (قېتىم) نى داۋالىدى، 2744 ئادەمگە ۋاكسىنا ئەملىدى.

1960 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ئەۋەتكەن 74 كىشىلىك تېببىي داۋالاش ئەترىتى توقسۇغا كېلىپ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنى داۋالىدى. ئۇلار 5446 ئادەم (قېتىم) نى داۋالىدى، بۇنىڭ ئىچىدە

قارا كېزىككە گىرىپتار بولغانلاردىن 135نى (35 ئادەم ئۆلۈپ كەتتى) . تارقىلىشچان زۇكام بولغانلاردىن 634نى، پاراتىفقا (كېزىككە) گىرىپتار بولغانلاردىن 222 نى، كۆيدۈرگە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلاردىن 328نى، تولغاق بولغانلاردىن 154نى، كۆك يۆتەل بولغانلاردىن 4نى، بوغما كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلاردىن 9نى داۋالىدى. ئۆپكە ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان 100 چە ئادەمنى داۋالىدى (24ى ئۆلۈپ كەتتى) . شۇ يىلى سىفلىس كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلاردىن 237سى بارلىقى ئېنىقلاندى.

1962 ـ يىلى ئەتىيازدا ناھىيىلىك سەھىيە بۆلۈمى، ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن ئاجرىتىلغان 19 كىشىلىك تېببىي داۋالاش ئەترىتى چولپ ئەترەتلەرگە بېرىپ ئاممىنى سەييارە داۋالىدى. شۇ يىلى ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلاردىن 9 ى بايقالدى.

1963 ـ يىلى كوزدە، 3 گۇڭشې، 17 چولپ ئەترەتتە 938 ئادەمدە قىزىل كۆرۈلدى. يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى خادىملار قىزىلنى ئەڭلىكئوت بىلەن داۋالىدى، 162 ئادەم ئۆلۈپ كەتتى، كۆپىنچىسى ساقايدى.

1965 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 9647 ئادەم (قېتىم) يۇقۇملۇق كېسەللىككە گىرىپتار بولدى، بۇلارنىڭ ئاساسلىقى قىزىل، تارقىلىشچان مېڭە ياللۇغى، كېزىك، سكارلاتىنا بەزگەك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، شۇ يىلى 108 ئادەم مۇشۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى.

1976 ـ يىلى ئەتىيازدا ناھىيە بويىچە تولغاق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان 337 ئادەم بايقالدى، ئۇلاردىن 18 ى ئۆلۈپ كەتتى.

1952 ـ يىلى 4 ـ رايوندا سىفلىس كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 96 ئادەم بايقالدى، 1960 ـ يىلى 237 ئادەمدە، 1985 ـ يىلى 52 ئادەمدە بۇ خىل كېسەللىك بارلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. 1992 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى 1042 ئادەمنى ئارىلاپ تەكشۈرگەندە سىفلىس كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلاردىن 16سى بايقالدى. يۇقىرىدىكى بىمارلار ۋاقتىدا داۋالاندى.

1971 ـ يىلى شوپۇلتۇز گۇڭشېسىدا ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بىر ئادەم بايقالدى.

1980 ـ، 1981 ـ يىللىرى ناھىيە بويىچە بىر قېتىم ۋىروسلۇق جىگەر ياللۇغى كەڭ تارقالدى، 1432 ئادەم مۇشۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولدى.

1984 ـ يىلى پەيشەنبە بازار يېزىسىدا تۇبېركۇليوز كېسەللىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى ۋە داۋالاندى، 787 ئادەمنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 25 ئادەمنىڭ مۇشۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1984 — 1995 ـ يىلغىچە بولغان ئاساسلىق يۇقۇملۇق كېسەللىك ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 — 9

بىرلىكى: نەپەر

| يىللار | جىگەر ياللۇغى | | قىزىل | | كۆك يۆتەل | | تولغاق | | كېزىك | | تارقىلىشچان مېڭە ياللۇغى | | تۇبېركۇليوز | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كېسەل بولغىنى | ئۆلگىنى | كېسەل بولغىنى | ئۆلگىنى | كېسەل بولغىنى | ئۆلگىنى | كېسەل بولغىنى | ئۆلگىنى | كېسەل بولغىنى | ئۆلگىنى | كېسەل بولغىنى | ئۆلگىنى | كېسەل بولغىنى | ئۆلگىنى |
| 1984 | 286 | 2 | 143 | 3 | 216 | 6 | 6672 | | 442 | 4 | 80 | | 25 | |
| 1985 | 67 | 3 | | | 38 | | 408 | | 78 | | 28 | 9 | 619 | |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 449 | 3 | 20 | 1 | 81 | | 1053 | | 5 | | | 3 | 42 | 1986 |
| | 51 | 1 | 24 | | 64 | | 658 | | | | 2 | | 77 | 1987 |
| | 132 | 2 | 8 | | 33 | | 1425 | | 18 | | 12 | | 81 | 1988 |
| 7 | 64 | | 1 | | 24 | | 1075 | | 3 | | | 1 | 85 | 1989 |
| | 26 | | | | 21 | | 268 | | | | 9 | | 37 | 1990 |
| | | | | | 12 | | 181 | | 5 | | | | 25 | 1991 |
| | | | 2 | | 8 | | 39 | | 5 | | 2 | 1 | 42 | 1992 |
| | | 2 | 4 | | 6 | | 93 | | | | 2 | 1 | 21 | 1993 |
| | | | | | 5 | | 42 | | | | 67 | | 11 | 1994 |
| | 103 | | 3 | | 7 | | 57 | | | | 2 | | 9 | 1995 |

## 2. يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش

1960 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتتىن ئەۋەتىلگەن 15 دوختۇر، ناھىيەدىن ئاجرىتىلغان 6 دوختۇر، يەنە يېزىلاردىن قوبۇل قىلىنغان 32 ساقلىقنى ساقلاش خادىمى 9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن باشلاپ 50 كۈن ئىچىدە، باش تەمرەتكىسىگە گىرىپتار بولغان 1892 ئادەمنى، پوقاق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان 814 ئادەمنى، ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان 9 ئادەمنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ۋاقتىدا داۋالىدى.

1962 ـ يىلى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، داۋالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيەنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 63 مىڭ 333 بولۇپ، سالامەتلىك تەكشۈرتۈشكە قاتناشقانلار 49 مىڭ 720، لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈلگەنلەر 31 مىڭ 812، بۇلارنىڭ ئىچىدە پوقاقتىن 314ى، باش تەمرەتكىسىگە گىرىپتار بولغانلاردىن 1892 سى تەكشۈرۈپ چىقىلدى، ئۇلار قايتا تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن داۋالاندى.

1978 — 1980 ـ يىلغىچە بولغان 3 يىل ئىچىدە باش تەمرەتكىسىگە گىرىپتار بولغانلاردىن 10 مىڭ 70 ى تەكشۈرۈپ چىقىلىپ، 9439ى داۋالاپ ساقايتىلدى. 1992 ـ يىلى بىر قىسىم مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار تەكشۈرۈلۈپ، 220 بالىنىڭ باش تەمرەتكىسىگە گىرىپتار بولغانلىقى بايقالدى.

1981 ـ يىلى ناھىيە بويىچە پوقاق كېسەللىكىنى تۇنجى قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، داۋالاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، باش تەمرەتكىسىگە گىرىپتار بولغان 5729 كىشى تەكشۈرۈپ چىقىلدى، ئۇلار يودلاشتۇرۇلغان گىلىتسېرىن بىلەن داۋالاندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە يود قوشۇلغان تۇزنى ئىشلىتىش زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇلدى، شۇ يىلى جەمئىي 17 تونىنا يود قوشۇلغان تۇز سېتىلدى.

1984 ـ يىلى 2 قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق پوقاقتىن 4284ى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. ئۇلارغا مايلىق يود ئوكۇل قىلىنىپ، ئۆز جايىدا داۋالاندى.

1985 ـ يىلى پەيشەنبە بازار يېزىسىدىكى 5212 ئادەم ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، پوقاق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان 98 كىشى ئېنىقلاندى.

1987 ـ يىلى ناھىيە بويىچە پوقاق كېسەللىكى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، ئەمەلىيەتتە 94 مىڭ 846

ئادەم تەكشۈرۈلۈپ، يوقاق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان 1466 ئادەم ئېنىقلاندى. ناھىيە بويىچە 57 مىڭ 295 ئادەمگە دورا ئىچكۈزۈلدى. بۇنىڭدىن باشقا 7 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان ئوقۇغۇچىلاردىن 22 مىڭ 536 سى تەكشۈرۈلۈپ قالقانسىمان بەز ئىششىقى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان 1635 ئادەم ئېنىقلاندى.

1982 - يىلى ناھىيە بويىچە فتوردىن چىشى ساغىرىش كېسەللىكى ئارىلاپ تەكشۈرۈلدى، ئەمەلىيەتتە 12 مىڭ 964 ئادەم تەكشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە چىشىدا كېسەللىك بارلىرى 7553 بولۇپ، كېسەل بولۇش نىسبىتى 58% بولدى.

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە برۇتسېللىيوز كېسەللىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى تۇنجى قېتىم قانات يايدۇرۇلدى، 432 ئادەم تەكشۈرۈلۈپ، برۇتسېللىيوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 20 كىشى ئېنىقلاندى. 1985 - يىلى پەيشەنبە بازار يېزىسىدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، 5213 ئادەم تەكشۈرۈلدى، 98 ئادەمنىڭ مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى، بۇ بىمارلارنىڭ ھەممىسى داۋالاندى.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1987 - يىلدىكى يوقاق كېسەللىكىنىڭ ئانالىز ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 — 10 بىرلىكى: نەپەر

| دەرىجىسى | يامراش تىپلىق | | تۈگۈنچەك تىپلىق | | ئارىلاشما تىپلىق | | جەمئىي | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كېسەل | ئىگىلىگىنى (%) | كېسەل | ئىگىلىگىنى (%) | كېسەل | ئىگىلىگىنى (%) | كېسەل | ئىگىلىگىنى (%) |
| 1 - دەرىجە | 964 | 15.7 | 95 | 6.4 | 100 | 6.8 | 1159 | 79 |
| 2 - دەرىجە | 216 | 14.7 | 22 | 1.5 | 19 | 1.3 | 257 | 17.5 |
| 3 - دەرىجە | 26 | 1.7 | 5 | 0.3 | 6 | 0.4 | 37 | 2.5 |
| 4 - دەرىجە | 1 | 0.07 | 6 | 0.4 | 6 | 0.4 | 13 | 0.8 |
| جەمئىي | 1207 | 32.3 | 123 | 3.7 | 131 | 3.9 | 1466 | 100 |

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1987 - يىلدىكى يوقاق كېسەللىكى ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 — 11 بىرلىكى: نەپەر

| ئورۇنلار | تەكشۈرۈلگەن ئادەم | يوقىقى يوغانلار | بۇنىڭ ئىچىدە | |
|---|---|---|---|---|
| | | | پاتولوگىيىلىك يوغىناش | يوقاق |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | 11330 | 487 | 316 | 171 |
| تاشئېرىق يېزىسى | 15244 | 648 | 472 | 176 |
| ئىچئېرىق يېزىسى | 17673 | 749 | 296 | 453 |
| ئۆگەن يېزىسى | 10881 | 401 | 123 | 278 |
| يولتۇزباغ يېزىسى | 15621 | 317 | 221 | 96 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۈچقات يېزىسى | 14730 | 877 | 682 | 195 |
| توقسۇ بازىرى | 2908 | 131 | 112 | 19 |
| ناھىيە ئورگىنى | 6449 | 582 | 504 | 78 |
| جەمئىي | 94846 | 4192 | 2726 | 1466 |

## 3. ئالدىنى ئېلىش، ۋاكسىنا ئەملەش

1951 ـ يىلدىن باشلاپ ناھىيە بويىچە ھەممە ئادەمگە «كالا چېچىكى» چېكىش يولغا قويۇلدى. 1954 ـ يىلدىن باشلاپ كېزىك، فاراتىف ۋاكسىنىسى ۋە كۆك يۆتەل، قاتما ۋاكسىنىسى ئەملىنىشكە باشلىدى. 1956 ـ يىلدىن كېيىن، بىر، 6، 12، 18 ياشلىقلار ۋاكسىنا ئەملەش ئوبيېكتى قىلىندى. 1963 ـ يىلى قىزىل تىرىك ۋاكسىنىسى ئەملەش يولغا قويۇلدى. 1978 ـ يىلى 7 ياشتىن تۆۋەن بالىلار پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش ئوبيېكتى قاتارىغا كىرگۈزۈلۈشكە باشلىدى ھەمدە پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش كارتىسى تۇرغۇزۇلدى، ئاساسلىقى قىزىل، كۆك يۆتەل، كالىبېت ـ گرېۋىن ۋاكسىنىسىدىن ئىبارەت 3 خىل ۋاكسىنا ئەملەندى ۋە بالىلارغا پارالىچ كۆمىلىچى يېگۈزۈلدى. بۇنىڭ بىلەن قىزىل، بالىلار پارالىچى، بوغما، كۆك يۆتەل، قاتما ۋە توبېركۇليوزدىن ئىبارەت 6 خىل كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىندى. 1984 ـ ۋە 1985 ـ يىللىرى پىلانلىق ئىممۇنىتېتلاش كارتىسى بېكىتۋاشتىن تەرتىپكە سېلىندى، كارتا تۇرغۇزۇش نىسبىتى %100كە يەتتى، ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسى ئەملەش نىسبىتى %70تىن ئاشتى.

1979 ـ يىلدىن ئېتىۋارەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى ھەر يىلى كالىبېت ـ گرېۋىن ۋاكسىنىسى ئەملەش ئوبيېكتى قىلىندى.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1983 — 1994 ـ يىلغىچە ۋاكسىنا ئەملەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 — 12

بىرلىكى: نەپەر

| يىللار | بوغما، كۆك يۆتەل، قاتما 3 بىرلەشمە ۋاكسىنىسى | | كالىبېت ـ گرېۋىن ۋاكسىنىسى | | بالىلار پارالىچى كۆمىلاچ دورىسى | | قىزىل ۋاكسىنىسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئەملەشكە تېگىشلىكى | ئەملەنگىنى | ئەملەشكە تېگىشلىكى | ئەملەنگىنى | ئىچىشكە تېگىشلىكى | ئىچكىنى | ئەملەشكە تېگىشلىكى | ئەملەنگىنى |
| 1983 | 9607 | 8323 | 4939 | 4693 | 8856 | 7675 | 5837 | 4912 |
| 1984 | 6180 | 5228 | 7592 | 6876 | 7529 | 6829 | 6482 | 5889 |
| 1985 | 7284 | 6883 | 3989 | 3892 | 7677 | 6866 | 7177 | 6872 |
| 1986 | 6180 | 4728 | 7871 | 7114 | 8342 | 8016 | 7012 | 6363 |
| 1987 | 12881 | 12237 | 6242 | 5944 | 12091 | 11490 | 5991 | 5384 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1988 | 12865 | 12551 | 5042 | 4790 | 9994 | 9580 | 2531 | 2420 |
| 1989 | 10566 | 10356 | 4974 | 4717 | 8852 | 8457 | 3727 | 3372 |
| 1990 | 6747 | 6472 | 4242 | 4111 | 4935 | 4856 | 3976 | 3850 |
| 1991 | 9128 | 8581 | 5926 | 5473 | 9938 | 9389 | 7229 | 6591 |
| 1992 | 10821 | 10337 | 1982 | 1931 | 8207 | 7300 | 2221 | 2131 |
| 1993 | 72070 | 6606 | 4986 | 4806 | 9329 | 9105 | 5483 | 5263 |
| 1994 | 6059 | 5711 | 5634 | 5219 | 6308 | 6035 | 5868 | 5445 |

## 4. يېمەكلىك تازىلىقى

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) دىن ئالدى - كەينىدە، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى «يېمەكلىك تازىلىقى قائىدىسى»نى يولغا قويغانىدى، ناھىيىنىڭ يېمەكلىك تازىلىقى خىزمىتىنى ج خ ئىدارىسى باشقۇراتتى. سېتىلىدىغان يېمەك - ئىچمەكلەرگە چىۋىندىن، چاڭ - توزاندىن ساقلىنىش قاپقىقى يېپىش تەلەپ قىلىناتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، باكتېرىيە ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى تەشۋىقات پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. يېمەكلىك تازىلىقى، چىۋىننى يوقىتىش، چىۋىندىن ساقلىنىش ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ قالدى. يېمەك - ئىچمەك ساھەسىدىكى خادىملارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈشكە سەپەرۋەر قىلىش جەريانىدا يېمەكلىك تازىلىقى مەسىلىسى مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇلدى، ئۇنى ئاساسىي قاتلام ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى نازارەت قىلىپ يولغا قويدى.

1981 - يىلى ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىنىڭ باشلامچىلىقىدا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بىلەن سودا - سانائەت ئىدارىسى زىچ ماسلىشىپ، ناھىيىنىڭ يېمەكلىك تازىلىقىنى قاتتىق باشقۇردى ۋە نازارەت قىلدى، ئۇلار قاچا - قۇچا، چوكىلارنىڭ دېزىنفېكسىيە قىلىنىشىنى، چىۋىندىن، چاڭ - توزاندىن ساقلىنىش قاتارلىقلارنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە سالامەتلىكنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، لاياقەتلىك بولغانلارغا سالامەتلىك ئىجازەتنامىسى تارقىتىپ بەردى. 1985 - يىلى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى كۆچ ئۇيۇشتۇرۇپ، يېمەك - ئىچمەك ساھەلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى. ناھىيە بويىچە 43 ئاشخانا، 2 چايخانا، 10 ناۋايخانا، 19 لەڭپۇڭخانا، 10 كاۋاپخانا، 10 ماروژنىخانا، بىر يېمەكلىك زاۋۇتى تەكشۈرۈلدى، بۇ ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغانلار جەمئىي 394 بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 379 ئادەم تەكشۈرۈلدى، ھەرخىل كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلاردىن 52 سى، تۇبېركۇليوز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلاردىن 15ى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى؛ 312 ئادەمگە سالامەتلىك كىنىشكىسى بېرىلدى، تازىلىقتا ياخشى 3 يايما - ئورۇنغا لەۋھە ۋە دېزىنفېكسىيە دورىسى بېرىلدى. تازىلىق ئۆلچىمىدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمىگەن، تەربىيە بەرسىمۇ ئۆزگەرمىگەنلەرگە جەرىمانە قويۇلدى ۋە ئۇلار تىجارىتىنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇلدى.

1992 - يىلى ئەتىيازدا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى 7 قارار كۇرس ئېچىپ، 450 كەسپىي خادىمنى تەربىيىلىدى، كۇرستا، ئاساسلىقى، «يېمەكلىك تازىلىقى قانۇنى»، تازىلىق ساۋاتلىرى

سۆزلەندى، كۆرسانتىلارغا سەھىيە - يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا دائىر تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ۋە كىتاب تارقىتىپ بېرىلدى.

شۇ يىلى 202 يېمەك - ئىچمەك دۇكىنىدىكى 1074 كەسىپىي خادىمنىڭ سالامەتلىكى تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلارغا سانلاملىق بويىچە لاياقەتلىك كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق 13 ئادەمنىڭ جىگەر ياللۇغىغا، 16 ئادەمنىڭ سىفلىس كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلىقى بايقالدى. ئۇلار ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنىدى ۋە داۋالاندى. يېمەكلىك تازىلىقى ناھايىتى ناچار بولغانلىقتىن، يېمەكلىك تازىلىقى قانۇنىدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن كەلمىگەن 9 ئورۇنغا جەرىمانە قويۇلدى، 5 ئورۇن تىجارىتىنى توختىتىپ تەرتىپكە سېلىشقا بۇيرۇلدى.

## 8 §. ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، ناھىيەدە ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتى يوق ئىدى. ئانا - بالىلار كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا كۆپىنچە كونا ناھىيىلىك شىپاخانىدىن ئەۋەتىلگەن سەييارە دوختۇرلارغا تايىنىلاتتى، ئاياللارنى تۇغۇت ئانىلىرى تۇغدۇراتتى، ھامىلدار ئاياللارنىڭ تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىش، بوۋاقلارنىڭ تۇغۇلۇپلا ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 1953 - يىلى بىر تۇغۇت پونكىتى قۇرۇلدى. 4 - ئايدا ئاقسۇدىن ئاياللار كېسەللىكلىرى دوختۇرى تەكلىپ قىلىنىپ، ناھىيە بويىچە 25 تۇغۇت ئانىسى يېڭىچە ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش بويىچە تەربىيىلەندى. شۇ يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىببىي داۋالاش ئەترىتى توقسۇغا كېلىپ، يېرىم ئاي ۋاقىت ئىچىدە، ناھىيىدىكى تۇغۇت ئانىلىرىنى يىغىپ يېڭىچە ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش بويىچە تەربىيىلىدى. 11 - ئايدا ناھىيىلىك شىپاخانا ناھىيىدىكى تۇغۇت ئانىلىرىنى يىغىپ 12 كۈن تەربىيىلىدى، كۇرس تۈگىگەندە، ئۇلارغا 25 لاياقەتنامە تارقىتىپ بېرىلدى. شۇ يىلى 277 بوۋاق يېڭىچە ئۇسۇلدا تۇغدۇرۇلدى، تۇغۇتتا 4 ئايال، 10 بوۋاق ئۆلۈپ كەتتى، ئاياللارنىڭ تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 1.4%، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 3.6% بولدى. 1955 - يىلى 5 - رايوندا يەنە بىر تۇغۇت پونكىتى قۇرۇلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە تۇغۇت ئانىسى 154كە يەتتى. جەمئىي 1090 ئايال تۇغدۇرۇلدى، 4 ئايال، 19 بوۋاق تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى، ئاياللارنىڭ تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 0.36%، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى 1.7% بولدى.

شۇ يىلى يېزا، كەنتلەردىكى تۇغۇت پونكىتلىرىدا 142 نامرات ئايال ھەقسىز تۇغدۇرۇلدى، 246 ئايالنىڭ تۇغۇت ھەققى خاتىرىلەپ قويۇلۇپ تۇغدۇرۇلدى.

1956 - يىلى ناھىيىلىك شىپاخانىدا تۇغۇت بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، 3 دوختۇر، سېستىرا سەپلەندى. يېزا، كەنتلەردە 2 تۇغۇت پونكىتى، 254 تۇغۇت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، 10 تۇغۇت ساندۇقى سەپلەپ بېرىلدى. شۇ يىلى 10 ئايال تۇغۇت ئوپېراتسىيىسى قىلىندى، 538 ئايال تۇغۇتتىن بۇرۇن، 452 ئايال تۇغۇتتىن كېيىن تەكشۈرۈلدى.

1957 - يىلى «8 - مارت» ئاياللار بايرىمى ۋە «1 - ئىيۇن» بالىلار بايرىمىدا ئانا - بالىلار گىگىيېنىسى تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە 4500 ئادەم تەربىيىگە ئىگە بولدى. شۇ يىلى 3 - رايوننىڭ قوشئېرىق كەنتىدە بىر تۇغۇت پونكىتى قۇرۇلدى، پونكىتقا 8 تۇغۇت ئانىسى سەپلەندى. ناھىيە بويىچە بىر يىلدا 1097 ئايال تۇغدۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەقسىز تۇغدۇرۇلغىنى 320 بولۇپ، تۇغدۇرۇلغان ئومۇمىي ئايالنىڭ 29%نى ئىگىلىدى.

60 - يىللاردا ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا سۈنئىي ئۇسۇلدا بالا چۈشۈرۈش، بالىياتقۇ چىقىقىنى داۋالاش

بولغا قويۇلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاياللار كېسەللىكلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش قانات يايدۇرۇلۇپ، بالياتقۇسى چىقىپ قالغان 147 ئايال تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. ناھىيىلىك دوختۇرخانا ۋە كۆچمە شىپاخانىلىرى تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە خادىملىرىنى يېزىلارغا سەييارە داۋالاشقا ئەۋەتىپ، ئاياللارغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى.

1979 ـ ۋە 1985 ـ يىللىرى ناھىيىلىك دوختۇرخانا ۋە ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى 2 قېتىم سەييارە داۋالاش ئەترىتى تەشكىللىدى، ئۇلار يېزىلارغا بېرىپ 15 مىڭ 770 ئايالنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى ۋە داۋالىدى، ئاياللار كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان 1552 ئايال تەكشۈرۈپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بالياتقۇ چىقىشقا گىرىپتار بولغىنى 536 بولۇپ، بۇلارنىڭ 491 ى داۋالاندى.

1986 ـ يىلى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدا ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمى قۇرۇلدى، بۇنىڭغا 2 مەخسۇس كادىر سەپلەندى. يېزا، كەنتلەردىمۇ ئانا ـ بالىلار دوختۇرى قويۇلدى. بۇ ۋاقىتتا رادىئو، تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ئانا ـ بالىلار گىگىيىسى بىلىملىرى تەشۋىق قىلىندى؛ ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئېچىلىپ، تۇغۇت ئانىلىرى تەربىيىلەندى؛ 18 مىڭ 229 بالىغا ساغلاملىق كارتىسى تورغۇزۇلدى، 19 مىڭ 82 بالىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 203 بالىنىڭ راخىت، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى.

1988 ـ يىلى 25 مىڭ 270 بالىغا ساغلاملىق كارتىسى تورغۇزۇلدى، 41 مىڭ 983 بالا (قېتىم) غا مۇداپىئە ۋاكسىنىسى ئەملەندى، 21 مىڭ 221 بالا (قېتىم) غا بالىلار پارالىچى كۆمىلچى يېگۈزۈلدى، ئىممۇنىتېتلىنىش نىسبىتى %94كە يەتتى.

1992 ـ يىلى ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بۆلۈمى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلدى، ئۇ، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاشنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان سەھىيە ئاپپاراتى بولدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە تۇغۇت يېشىدىكى 21 مىڭ 910 ئايالنىڭ 2319ى ھامىلدار بولدى، ئۇلارنىڭ 2271ى ئادەم تەكلىپ قىلىپ تۇغدى، تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەنلەر 4 بولۇپ، تۇغقان ئومۇمىي ئايالنىڭ %7.1نى ئىگىلىدى، ئۆلۈپ كەتكەن بوۋاق 95 بولۇپ، تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ %1.4نى ئىگىلىدى.

1993 ـ يىلى ناھىيىدىكى يېزا، بازارلارغا بىردىن مەخسۇس ئانا ـ بالىلار خادىمى سەپلەپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 24 كەنت دەرىجىلىك ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، توقسۇ بازىرىدىكىسى بىر، ئىچپىرىق يېزىسىدىكىسى 5، پەيشەنبە بازار يېزىسىدىكى 3، تاشئېرىق يېزىسىدىكى 4، يۇلتۇزباغ يېزىدىكىسى 3، ئۆگەن يېزىسىدىكى 4، ئۇچقات يېزىسىدىكى 4. كەنت پونكىتلىرى شۇ كەنت ۋە قوشنا كەنتلەرنىڭ ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتىنى ئايرىم ـ ئايرىم باشقۇردى، نەتىجىدە مۇكەممەل ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش تورى شەكىللەندى.

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1993 ـ يىلدىكى 7 ياشتىن تۆۋەن بالىلارنىڭ پىلانلىق ئىممۇنىتېتلىنىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 22 — 13

| ئورۇن | ئومۇمىي نوپۇس | كەنت | كارتا تورغۇزۇلغان بالا |
|---|---|---|---|
| ئىچپىرىق يېزىسى | 21767 | 21 | 4271 |
| ئۆگەن يېزىسى | 15504 | 16 | 3138 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| بۇلتۇزباغ يېزىسى | 16207 | 16 | 3215 |
| ئۆچقات يېزىسى | 17521 | 14 | 3171 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | 14441 | 16 | 2985 |
| تاشئېرىق يېزىسى | 18391 | 25 | 3509 |
| توقسۇ بازىرى | 5091 | 3 | 1850 |
| ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگان | 12387 | 52 | 846 |
| جەمئىي | 121309 | 163 | 22985 |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يېزا، بازارلىرىدىكى ئاياللاردا بولىدىغان سۈيدۈك ئاقمىسى ۋە بالىياتقۇ چىقىش كېسەللىكىنى قايتا تەكشۈرۈش ۋە داۋالاش ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 — 14

| يېزا، بازار | 1985 ـ يىلى تەكشۈرۈلۈپ داۋالانغانلار | 1986 ـ يىلى قايتا تەكشۈرۈلگەن ۋە داۋالانغانلار | ساقايغىنى | ساقايمىغىنى | داۋالىنىش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىچئېرىق يېزىسى | 30 | 29 | 15 | 14 | 96.6 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | 37 | 37 | 16 | 21 | 100 |
| دايۇلتۇز يېزىسى | 45 | 39 | 8 | 31 | 86.6 |
| شويۇلتۇز يېزىسى | 43 | 43 | 24 | 17 | 100 |
| تاشئېرىق يېزىسى | 30 | 30 | 13 | 17 | 100 |
| ئۆچقات يېزىسى | 33 | 24 | 11 | 13 | 72.7 |
| جەمئىي | 218 | 194 | 87 | 113 | 90.7 |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يېزا، بازارلىرىدىكى بالىلار كېسەللىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 — 15

| يېزا، بازار | 7 ياشتىن تۆۋەن بالىلار | تەكشۈرۈلگەنلەر | | كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار | ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار | كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئومۇمىي بالا | كېسەل بولۇش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگىنى | ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈش نىسبىتى (%) | | | | |
| ئىچئېرىق يېزىسى | 4454 | 4219 | 94.7 | 36 | 10 | 46 | 1.03 |
| پەيشەنبە بازار يېزىسى | 2574 | 2401 | 932 | 8 | 6 | 14 | 0.54 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دائۆلتۇز يېزىسى | 3087 | 2915 | 94.4 | 27 | 11 | 38 | 1.2 |
| شويۇلتۇز يېزىسى | 2649 | 2508 | 94.6 | 48 | 4 | 52 | 1.9 |
| تاشئېرىق يېزىسى | 2878 | 2712 | 94.2 | 24 | 3 | 27 | 0.93 |
| ئۈچقات يېزىسى | 2260 | 2120 | 93.8 | 15 | 2 | 17 | 0.25 |
| توقسۇ بازىرى | 1180 | 1056 | 89.4 | 27 | 6 | 33 | 2.7 |
| جەمئىي | 19082 | 17931 | 93.9 | 161 | 42 | 203 | 1.06 |

**توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئاياللار ـ باللارنىڭ 1988 — 1995 ـ يىلغىچە بولغان ئەھۋالى**

جەدۋەل: 22 — 16

| يىللار | تۇغۇت يېشىدىكى ئايال | ھامىلدار بولغانلار | تۇغقانلار | تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەنلەر | ئۆلۈپ كەتكەن بوۋاق | | تۇغۇتتا ئۆلۈش نىسبىتى (‰) | بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى (‰) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | بىر ئايدا | بىر يىلدا | | |
| 1988 | 26336 | 3467 | 2427 | 20 | 66 | 80 | 5.8 | 42 |
| 1989 | 20523 | 2871 | 2242 | 12 | 79 | 106 | 4.2 | 64 |
| 1990 | 23104 | 2867 | 2225 | 5 | 51 | 71 | 1.7 | 42 |
| 1991 | 22193 | 3220 | 2438 | 9 | 64 | 71 | 2.7 | 39 |
| 1992 | 21432 | 1573 | 1251 | 8 | 18 | 29 | 5 | 30 |
| 1993 | 21290 | 2319 | 2271 | 4 | 32 | 63 | 1.7 | 41 |
| 1994 | 19032 | 1796 | 1734 | 0 | 22 | 54 | 0 | 42 |
| 1995 | 18205 | 1463 | 1421 | 0 | 21 | 32 | 0 | 29 |
| جەمئىي | 172115 | 19578 | 16009 | 58 | 753 | 506 | 2.9 | 44 |

ئىزاھات: (1) ئۆلۈپ كەتكەن بوۋاقلار تۇغۇلۇپ بىر يىل ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن بوۋاقلارنى كۆرسىتىدۇ.
(2) تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار ھامىلدار بولغاندىن تارتىپ تۇغۇپ 28 كۈن ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ.

## 9 §. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى

1952 ـ يىل 7 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى قۇرۇلدى، بۇ كومىتېتنىڭ تەكتى ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومىتېتى ۋە چېچەك چېكىش كومىتېتى ئىدى. ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ 9 ئەزاسى بار بولدى. رايون، يېزا، كەنتلەردىمۇ مۇناسىپ ئاپپاراتلار قۇرۇلدى، رايون دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى

كومىتېتىنىڭ 28 ئەزاسى، يېزا دەرىجىلىكنىڭ 84 ئەزاسى، كەنت دەرىجىلىكنىڭ 121 ئەزاسى بار بولدى (يۇقىرىدىكى خادىملار قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىدى).

ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ مەركىزىي خىزمىتى، ئاساسلىقى، ئاممىنى چىۋىن، چاشقان، پاشا يوقىتىش، مۇھىت تازىلىقى قىلىش، سۇ مەنبەسىنىڭ تازىلىقىنى قوغداش، يول، ھاجەتخانىلارنى ئوڭشاش، يېمەكلىك تازىلىقىنى تەكشۈرۈش، سەھىيە تەشۋىقاتىغا دائىر ماتېرىياللارنى تارقىتىش، سەھىيىگە دائىر رەسىم كۆرگەزمىسى ئېچىش قاتارلىقلارغا ئويۇشتۇرۇش ۋە سەپەرۋەر قىلىشتىن ئىبارەت بولدى.

60 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە ھەرخىل يۇقۇملىنىش كۆپ ئىدى، ئاساسلىقى پىت ئارقىلىق ئەسۋە ۋە كېزىك تارقالغانىدى. 1960 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى ناھىيە بويىچە خەلقنى يازلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىپ، كەڭ كۆلەمدە پىت ئۆلتۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ باردى، تېببىي خادىملارنى ئۆي ـ ياتاق مەركەزلەشكەن نۇقتىلارغا ئەۋەتىپ، دورىلاش، قاينىتىش، ئاپتاپقا سېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن پىتنى يوقاتتى.

نۇقتىلىق رايونلاردا پىت ئۆلتۈرۈشتە «666» پاراشوكى ۋە «DDT» ئىشلىتىلدى.

1964 ـ يىلى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ خىزمىتى ئىچىملىك سۇ تازىلىقىغا بۇرۇلدى. «ئۆچنى باشقۇرۇش، بىرنى يوقىتىش» (سۇنى، گەندىنى، يېمەك ـ ئىچمەكنى باشقۇرۇش، چىۋىننى يوقىتىش) بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللىنىلدى. شۇ يىلى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن 3000 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈپ كوچا، ھاجەتخانا، جامائەت سورۇنلىرى تازىلاندى، 72 توننا ئەخلەت ۋە بۇلغىما بىر تەرەپ قىلىندى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتىنىڭ پائالىيىتى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىدى.

1978 ـ يىلدىكى ج ك پ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى كومىتېتى قايتا قۇرۇلدى، بۇ كومىتېت مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى، مەدەنىي، ئەدەبلىك بولۇش ئېيى، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى «مەينەتچىلىك، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق»نى تۈزەش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنى گۈل تېرىش، كۆچەت تىكىش، يول ياساش، ئەخلەتلەرنى تازىلاشقا سەپەرۋەر قىلدى. 1987 ـ يىلدىن كېيىن، يەنە ئىشىك ئالدىدا 3 نى ھۆددىگە بېرىش (تازىلىقنى، بىخەتەرلىكنى، ئورمان بەلۋېغىنى ھۆددىگە بېرىش) پائالىيىتى يولغا قويۇلدى، بازار رايونىدىكى 72 ئورۇن، 1765 ئائىلە بىلەن تازىلىق مەسئۇلىيەتنامىسى ئىمزالاندى، مەسئۇلىيەتنى ئېنىق ئايرىش، مۇكاپاتلاش، جازالاشقا دائىر قائىدە ـ نىزام بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇ يىلى بازار رايونىدا كوچا ۋە ئورمان بەلۋېغى پاكىز بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە بازار، يېزىلاردا 19 مىڭ 300 ھاجەتخانا ئۆزگەرتىلدى. 364 كۆلنىڭ ئەتراپى قورشالدى، 1249 باسما قۇدۇق كولاندى. ناھىيە بويىچە 4 قېتىم «چىۋىن، چاشقان يوقىتىش جېڭى» ئېلىپ بېرىلدى. 2800 يۈەنلىك چىۋىن يوقىتىش قەغىزى سېتىلدى. بازار رايونىدىكى چاشقاننىڭ زىچلىقى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەپ، مۇھىت تازىلىقى خېلىلا ياخشىلاندى.

1995 ـ يىلى 900 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپ ئەخلەت ئادالاندى، 2073 قوتان تازىلاندى، 938 ھاجەتخانا سېلىندى، 1205 ھاجەتخانا رېمونت قىلىندى.

## 10 § . سەھىيە خىراجىتى

ناھىيە بويىچە سەھىيە خىراجىتىنى، ئاساسلىقى، ناھىيە مالىيەسى ئاجرىتىپ بېرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن باشقا

ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك سەھىيە مەمۇرىي تارماقلىرىغا مەخسۇس خىراجەت بېرىش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنۇشقىمۇ بولىدۇ.

1951 - يىلى ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسى ناھىيىگە 1000 يۈەن مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ بەردى، خىراجەت، ئاساسلىقى، خولېرا، كېزىك ۋاكسىنىسى ئەملەشكە ئىشلىتىلدى.

سەھىيە سىستېمىسى خىراجەت ئاجراتقاندىن سىرت، ناھىيىلىك پارتكوم 1981 - يىلى 18 مىڭ 500 يۈەن ئاز سانلىق مىللەتلەر قوشۇمچە ياردەم خىراجىتى ئاجرىتىپ بەردى، بۇ خىراجەت ناھىيە، گۇڭشېلاردىكى دوختۇرخانىلارغا تارقىتىپ بېرىلدى.

ناھىيە مالىيەسى سەھىيىگە ئاجرىتىلىدىغان خىراجەتنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىپ باردى، ناھىيە مالىيەسى 1954 - يىلى 20 مىڭ 200 يۈەن،. 1965 - يىلى 44 مىڭ يۈەن، 1973 - يىلى 123 مىڭ يۈەن، 1980 - يىلى 217 مىڭ يۈەن ئاجراتتى، ئاجرىتىلغان خىراجەت 1991 - يىلى 1مىليون يۈەنگە، 1993 - يىلى 1مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە قىسمەن يىللاردىكى سەھىيە خىراجىتىنىڭ ئاجرىتىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 — 17 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| يىللار | سەھىيە خىراجىتى | ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش خىراجىتى | جەمئىي |
|---|---|---|---|
| 1965 | 4.4 | | 4.4 |
| 1966 | 5.4 | | 5.4 |
| 1967 | 7.2 | | 7.2 |
| 1968 | 5.7 | | 5.7 |
| 1969 | 5.7 | | 5.7 |
| 1970 | 6.2 | | 6.2 |
| 1973 | 12.3 | | 12.3 |
| 1974 | 11.7 | 3.2 | 14.9 |
| 1975 | 12.6 | 3.4 | 16 |
| 1976 | 14.8 | | 14.8 |
| 1977 | 15.7 | | 15.7 |
| 1978 | 18.8 | | 18.8 |
| 1979 | 14.6 | 6.2 | 20.8 |
| 1980 | 21.7 | 7.3 | 29 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1981 | 30.8 | 10.9 | 41.7 |
| 1982 | 31.5 | 8.3 | 39.8 |
| 1983 | 61.9 | 15.2 | 77.1 |
| 1984 | 30.6 | 10.2 | 40.8 |
| 1985 | 49.9 | 11.6 | 61.5 |
| 1986 | 49.7 | 17.7 | 67.4 |
| 1987 | 57.5 | 21.3 | 78.8 |
| 1988 | 68.4 | 19.4 | 87.8 |
| 1989 | 68.7 | 26 | 94.7 |
| 1990 | 86 | 35 | 121 |
| 1991 | 100 | 55 | 155 |
| 1992 | 150 | 60 | 210 |

**ئىزاھات:** (1) 1965 ـ يىلدىن ئىلگىرى، سەھىيە خىراجىتى بىلەن مەدەنىيەت ـ مائارىپ خىراجىتى قوشۇپ ھېسابلىناتتى.

(2) سەھىيە خىراجىتى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، پىلانلىق تۇغۇت خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

# II باب

# تەنتەربىيە

توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، ئات بەيگىسى قاتارلىقلار بار بولۇپ، ئۇلار ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان تارقىلىپ كەلمەكتە. مىنگونىڭ 24 ـ يىلى (1935 ـ يىلى) ھازىرقى زامان تەنتەربىيە تۈرلىرى توقسۇغا تارقىلىشقا باشلىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مەكتەپ تەنتەربىيىسى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تەنتەربىيىسى، ئاممىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى، تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن تەنتەربىيە پائالىيىتى قەدەممۇ قەدەم كېڭەيدى ۋە ئومۇملاشتى، تەنتەربىيە مۇئەسسەسلىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى، خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىق سەۋىيىسى ئۆستى ھەمدە دۆلەتكە بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق تەنتەربىيە خادىملىرى يېتىشتۈرۈپ بېرىلدى.

## 1 § . ئاپپاراتلار

مىنگو دەۋرىدە توقسۇ ناھىيىسىدە تەنتەربىيىنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان ئاپپارات يوق ئىدى. ئات بەيگىسى، چېلىشىش، ئوغلاق تارتىش قاتارلىق ئويۇنلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشتە خەلق ئىستىخىيىلىك تەشكىللىنەتتى. يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «4 - ئاپرېل» باللار بايرىمىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە، مەكتەپلەردە تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۆيۈشتۇرۇلاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەنتەربىيە پائالىيىتىگە ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى مەسئۇل بولدى. 1958 - يىلى توقسۇ ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا بىر مۇدىر (ھاكىم قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى)، 3 مۇئاۋىن مۇدىر (سىستېمىلار قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى) قويۇلدى. كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە يەنىلا ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى مەسئۇل بولدى. 1964 - يىلى تەنتەربىيە كومىتېتىغا بىر مەخسۇس كادىر قويۇلدى، تەنتەربىيە خىزمىتىنى مەدەنىيەت - سەھىيە بۆلۈمى باشقۇرىدىغان بولدى.

1969 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەنتەربىيە خىزمىتىنى ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەدەنىيەت - سەھىيە گۇرۇپپىسى باشقۇردى، بىراق ئۇنىڭغا مەخسۇس ئادەم قويۇلمىدى.

1973 - يىلى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى تۇرسۇن ئابلا قوشۇمچە تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىنشەن قوشۇمچە مۇئاۋىن مۇدىر بولدى، 2 مەخسۇس كادىر سەپلەندى.

1981 - يىلى قىشتا يى لېيەنشۇن تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، غېنى ھادى مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

1984 - يىلى تەنتەربىيە كومىتېتى، سەنئەت ئۆمىكى، مەدەنىيەت يۇرتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى. غېنى ھادى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى، ئىدارىغا 5 تېرېنېر ۋە تەنتەربىيە كادىرى سەپلەندى.

1991 - يىلى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مەمەت ئېلى مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. ئۇنىڭغا 2 كادىر ۋە تېرېنېر سەپلەندى. 1995 - يىلغىچە تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ خادىمى، ئاپپاراتى ئۆزگەرمىدى.

## 2 § . مۇئەسسەسە

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) ھازىرقى زامان تەنتەربىيىسى توقسۇ ناھىيىسىگە تارقالدى، بىراق تەنتەربىيە مۇئەسسەسلىرى ۋە سايمانلىرى قىس ئىدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) بەزى مەكتەپلەردە مەيدان ياسالدى، ئوقۇغۇچىلار كالىنىڭ دوۋسىقىنى يۆگەپ توپ ياساپ، ۋاسكىتبول ۋە ۋالىبول ئورنىدا ئوينىدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) دىن ئالدى كەينىدە بەزى مەكتەپلەردە ئاددىي ياغاچ گار مەيدانىغا كەلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 - يىللاردا مەكتەپلەردە ۋاسكىتبول مەيدانى، ۋالىبول مەيدانى ياسالدى، شارائىتى ياخشىراق مەكتەپلەر ئاق تۇرنىك، قوش تۇرنىك، تىكتاك توپ قاتارلىق تەنتەربىيە سايمانلىرىنى سېتىۋالدى.

1960 - يىلدىن كېيىن، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارە - ئورگانلار ۋاسكىتبول مەيدانى ياسىدى

ۋە تۆمۈر گار سېتىۋالدى.

1965 ـ يىلى قىشتا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت دەرۋازىسى ئالدىدا چىراغلىق ۋاسكىتبول مەيدانى ياسالدى، مەيداننىڭ ئەتراپىدا 500 كىشىلىك ياغاچ ئورۇندۇق بار ئىدى، مەيدانغا خىش ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ناھىيە بويىچە ئەڭ ياخشى توپ مەيدانى ئىدى.

70 ـ يىللاردا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت دەرۋازىسى ئالدىدىكى توپ مەيدانى 1000 كىشىلىك سېمونت ئورۇندۇقلۇق، چىراغلىق، سېمونت مەيدانغا ئۆزگەرتىلدى.

1980 ـ يىلدىن كېيىن، ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى خەلق مەيدانىدا ۋاسكىتبول مەيدانى، ۋالىبول مەيدانى ۋە يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانى ياسىدى. 1986 ـ يىلى 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ، خەلق مەيدانىدا كۆلىمى 2200 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، 3000 تاماشىبىن سىغىدىغان كۆرۈش سۇپىسى بار ۋاسكىتبول مەيدانىدىن بىرنى ياسىدى. 1995 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ۋاسكىتبول مەيدانى 160قا، گار 170كە، ۋالىبول مەيدانى 180گە، تاق تورنىك 70كە، قوش تورنىك 60قا، تېكتاك توپ ئۈستىلى 200گە، بىليارت تاختىسى 1000 نەچچىگە يەتتى.

## § 3 . پائالىيەتلەر

### 1. ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە

توقسۇ ناھىيىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىدىن، ئاساسلىقى، چېلىش، ئات بەيگىسى ۋە ئوغلاق تارتىشلار بار بولۇپ، تارىخى ئۇزۇن، بۇ پائالىيەتلەر يېزا ـ بازارلارغا كەڭ تارقالغان. 80 ـ يىللاردىن بۇرۇن بۇ پائالىيەتلەر خەلق ئارىسىدا ئىستىخىيىلىك ئېلىپ بېرىلاتتى.

1980 ـ يىلدىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك تەنتەربىيە كومىتېتلىرى ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىگە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. 1984 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى توقسۇ ناھىيىسىدە ئات بەيگىسى ۋە چېلىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 1985 ـ يىلى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئات بەيگىسى ۋە ئوغلاق تارتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى.

1) چېلىش  چېلىش قەدىمىي ئەنئەنىگە ئىگە، ھەربازار كۈنى يېزىلاردىن تاللانغان ماھىرلار بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يىغىلىدۇ، ھەربىر كەنت بىرلىك قىلىنىپ مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدۇ. 1949 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئىچقىرىق يېزىسىنىڭ سەيچىلىك كەنتىدىكى تۆمۈر ناھىيە بويىچە چېلىش ماھىرى بولغانىدى. 1960 ـ يىلدىن كېيىن تاشئېرىق يېزىسىدىكى شەمشى رامان 15 يىلدىن كۆپرەك چېلىش چېمپىيونلۇقىنى ساقلاپ كەلدى. 80 ـ يىللاردا پەيشەنبە بازار يېزىسىدىكى رىشىت، ساتتار، ئەخەت زاكىرلار يېتىشىپ چىقتى، ئۇلار توقسۇ ناھىيىسىگە ۋاكالىتەن ۋىلايەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

خەلق ئارىسىدىكى چېلىش پائالىيىتىنى خەلق ئارىسىدىكى ئىناۋەتلىك پېشقەدەم داڭلىق چېلىشچىلار تەشكىللەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىق قىلىدۇ. مۇسابىقە باشلىنىشتىن بۇرۇن، رىياسەتچى ماھىرلارغا بەلۋاغ تارقىتىپ بېرىدۇ، ماھىرلار بەلۋاغنى بېلىگە چىڭ باغلايدۇ، مۇسابىقە باشلانغاندىن كېيىن، 2 ماھىر بىر ـ بىرىنىڭ بەلۋېغىنى چىڭ تۇتۇپ قاتتىق تىركىشىدۇ، ئەگەر بىر تەرەپ يىقىلىپ، تىزىنىڭ يۇقىرى قىسمى يەرگە تەگسە، ئۇ ئۇتتۇرغان بولىدۇ. 1987 ـ يىلدىن كېيىن، ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى چېلىش پائالىيىتىنى ئويۇشتۇرۇشقا باشلىدى، بۇ پائالىيەت ئادەتتە ياز، كۈز پەسىللىرىدە ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ. تاشئېرىق

يېزىسىدىكى دېھقان مۇھەممەت مۇسا ناھىيە بويىچە چېلىش ماھىرىدۇر. 1992 ـ يىلدىن كېيىن، 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تۇردى توختى چېمپىيونلۇقنى قولدىن بەرمىدى.

2 ) ئوغلاق تارتىش ئوغلاق تارتىش ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى، بۇ پائالىيەت كۆپىنچە كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇنىڭدا كەڭ چۆللۈك بىلەن ئوتلاق مۇسابىقە مەيدانى قىلىنىدۇ، يېزا، كەنتلەر بىرلىك قىلىنىپ كوماندا تەشكىللىنىپ مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدۇ، مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان كوماندا سانى، ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ.

مۇسابىقىدىن ئىلگىرى رىياسەتچى بوغۇزلانغان ئوغلاقنى يەرگە تاشلايدۇ، كوماندا ئەزالىرى ئوغلاق تاشلانغان جايدىن 1000 مېتىر يىراقلىقتا تۇرىدۇ، رېپىر بايراق بىلەن بەلگە بەرگەندىن كېيىن، كوماندىلار ئۇچقاندەك كېلىپ ئوغلاقنى تالىشىدۇ، ئەگەر بىر كوماندا ئوغلاقنى يەردىن ئېلىۋالسا، باشقا كوماندىلار ئۇنى تالىشىدۇ. تالىشىش نەتىجىسىدە قايسى كوماندا ئوغلاقنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تاشلىيالىسا، شۇ كوماندا ئۇتقان بولىدۇ.

ئوغلاق تارتىش ئاتلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئوغلاق تارتىش ئاياغلاشقاندا ئادەت بويىچە باشلامچىلار ۋە ماھىرلار مېھمانغا چاقىرىلىدۇ. پائالىيەتنى ئۇيۇشتۇرغان ئورۇن ۋە مۇسابىقە ئورنى يېزا، كەنتلەر بىرلىك قىلىنىپ نۆۋەت بىلەن ئالماشتۇرۇپ تۇرۇلىدۇ.

3 ) ئات بەيگىسى ئات بەيگىسى — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى. توقسۇ ناھىيىسى ئۆز ناھىيىسىدىلا مۇسابىقە ئۆتكۈزۈپ قالماي، دائىم كۇچا، شايار ناھىيىلىرى بىلەن 3 ناھىيە پاسىلىدا مۇسابىقە ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ.

ھەر يىلى كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن يېزا، كەنتلەردىكى چەۋەندازلار ئادەت بويىچە بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يىغىلىدۇ. مۇسابىقە ئادەتتە 3 كىلومېتىرلىق، 5 كىلومېتىرلىق ۋە 10 كىلومېتىرلىق بولىدۇ. مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ.

1985 ـ يىلى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ناھىيە بويىچە ئات بەيگىسى ئۇيۇشتۇردى. شويۇلتۇز يېزىسىنىڭ قىزىلشەھەر كەنتىدىكى مۇھەممەت نىياز مۇسابىقىدە 1 ـ بولدى.

## 2 . ھازىرقى زامان تەنتەربىيىسى

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى زامان تەنتەربىيىسى مەكتەپلەردە باشلاندى، مەكتەپلەردە تەنتەربىيە دەرسى تەسىس قىلىندى. 30 ـ يىللاردا ۋاسكېتبول، ۋالىبول، تىكتاك توپ، پۇتبول، ئارغامچا تارتىشىش، يېنىك ئاتلېتىكا، گىمناستىكا قاتارلىقلار ئالدى بىلەن مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە دەرسىدە ئوتتۇرىغا چىقتى، ئاندىن جەمئىيەتكە تارقىلىپ يىلمۇ يىل تەرەققىي قىلدى ۋە ئومۇملاشتى.

1 ) ۋاسكېتبول مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى دۇ جىنيى قاتارلىقلار كالىنىڭ دوۋسىقىغا يەل بېرىپ، ئۇنى ۋالىبول ۋە ۋاسكېتبول ئورنىدا ئوينىدى. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى)دىن كېيىن، بازار ـ يېزىلاردىكى بىر قىسىم مەكتەپلەردە ۋاسكېتبول پائالىيىتى جانلىنىشقا باشلىدى. 50 ـ يىللارغا كەلگەندە مەكتەپ، ئورگان، زاۋۇت ـ كان، كارخانىلاردا ۋاسكېتبول پائالىيىتى بارلىققا كەلدى. مەكتەپ، ئىدارە ـ ئورگانلار قېرىنداش ناھىيىلەر بىلەن كۆپ قېتىم ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، بەزىلەر بېرىپ ـ كېلىش مۇساپىسى 90 كىلومېتىر كېلىدىغان يولنى ۋېلسىپىتلىق بېسىپ كۇچاغا بېرىپ مۇسابىقىگە قاتناشتى. 60 ـ يىللارغا كەلگەندە ۋاسكېتبول پائالىيىتى ناھىيىنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالدى، مۇسابىقە ماھارىتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ باردى. كۇچا، شايار، توقسۇ، باي قاتارلىق قېرىنداش ناھىيىلەر ئوتتۇرىسىدا ھەر قېتىملىق چوڭ ھېيت ـ بايراملاردا ئۆز ئارا ۋالىبول

ھوسىلوق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. بىر مەيدان قىزغىنلىق توپ مۇسابىقىسى نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، ناھىيە رەھبەرلىرى مۇسابىقىنى كۆردى، بەزىدە ئۆزلىرى مەيداندا چۆشۈپ توپ ئوينىدى، مانا بۇ توقسۇ ناھىيىسىدىكى ۋاسكېتبول ھەرىكىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئىشتىن سىرتقى ۋاسكېتبول كوماندىسى 14كە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ۋاسكېتبول ھەرىكىتى تەسىرگە ئۇچرىدى. 80 ـ يىللاردىن كېيىن، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ۋاسكېتبول پائالىيىتى بازار ـ يېزىلاردا قايتا جانلاندى ھەمدە ھەمىشە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى.

2) ۋالېيبول توقسۇ ناھىيىسىدە ۋالېيبولنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە ئومۇملىشىش جەريانى ۋاسكېتبولنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بەزى مەكتەپ، ئورگانلارنىڭ ۋاسكېتبول مەيدانىدا ۋالېيبول ئوينىغىلى بولىدۇ. ۋالېيبول ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ ياقتۇرىدىغان توپ تۈرى، ناھىيىدىكى ۋالېيبول ماھىرلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلار كۆپرەك. 1965 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئىشتىن سىرتقى ۋالېيبول كوماندىسىدىن 8 ى بار ئىدى. 1993 ـ يىلى ناھىيىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ۋالېيبول مەيدانى ۋە سايمانلىرى بار بولدى. ۋالېيبولنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسى ۋاسكېتبولدىن ئېشىپ كەتتى. ئورگان، مەكتەپلەردە ئىشتىن سىرتقى ۋالېيبول كوماندىسىدىن 12 سى بار بولدى.

3) رادىئو گىمناستىكىسى 60 ـ ۋە 70 ـ يىللاردا ناھىيە بازىرىدىكى ئورگانلاردا رادىئو گىمناستىكىسى 2 قېتىم يولغا قويۇلغانىدى، بىراق ئۇنىڭ ئۈنۈمى ئانچە ياخشى بولمىدى، ئۇنى مەكتەپلەر خېلى ياخشى داۋاملاشتۇردى، ھەر يىلى «1 ـ ئىيۇن» بالىلار بايرىمىدا ناھىيە بازىرىدا مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلۈپ، گىمناستىكا ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1990 ـ يىلدىن كېيىن رادىئو گىمناستىكىسى ناھىيە بازىرىدىكى ئورگانلاردا 3 ـ قېتىم يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى خېلى ياخشى بولدى. ناھىيە بازىرىدىكى ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋاقتىدا گىمناستىكا ئويناپ تۇردى، بۇ بارا ـ بارا تۈزۈمگە ئايلاندى.

4) ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش 60 ـ يىللاردىن باشلاپ بارا ـ بارا قانات يايدۇرۇلدى. 1966 ـ يىلى يېڭى يىلدا ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭدا 10 مىڭ مېتىرلىق، 5000 مېتىرلىق، 3000 مېتىرلىق مۇسابىقە تۈرلىرى تەسىس قىلىندى. بۇ مۇسابىقىگە ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتى ئورگانلىرى باشلامچى بولۇپ قاتناشقاچقا، ئۇ يىلدىن ـ يىلغا تەرەققىي قىلدى. ھەر يىلى يېڭى يىلدا ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئورگان، مەكتەپلەرنى ناھىيە بازىرىنى ئايلىنىپ ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە تەشكىللىدى. 1984 ـ يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە 15 قېتىم ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. 1984 ـ يىلى مۇسابىقىگە قاتناشقانلار 1000 (بۇنىڭ ئىچىدە 50 ياشتىن يۇقىرىلار 24) غا يەتتى. مۇسابىقىگە كادىر، ئىشچى، ئوقۇغۇچىلار ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشتى، مۇسابىقە ئاممىۋى تۈس ئالدى.

5) تىكتاك توپ تىكتاك توپ توقسۇ ناھىيىسىگە 50 ـ يىللاردا تارقالدى، ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بۇ پائالىيەت قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى كۆپ قېتىم تىكتاك توپ مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى. مۇنەۋۋەر ماھىر جاڭ لى ئاپتونوم رايونلۇق 1 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئاياللارنىڭ يەككە ئويۇنىدا 2 ـ بولدى.

6) بىليارت 1984 ـ يىلدىن كېيىن بىليارت توقسۇ ناھىيىسىگە تارقالدى، ئۇنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بازار ـ يېزىلاردا بىليارت پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، بىليارت تاختىسى 1000 دىن ئاشتى.

7) ۋارىنتا توپ بوغسل توپ 80 ـ يىللاردا توقسۇغا تارقالدى، ئۇ پەقەت دەم ئېلىشقا،

پىنسىيىگە چىققان كادىرلار ئارىسىدىلا قانات يايدى.

8) شاھمات تۇرلىرى بۇنىڭ ئاساسلىقلىرىدىن جۇڭگوچە شاھمات ۋە خەلقئارالىق شاھمات بار. شاھمات ماھىرلىرى بازار - يېزىلارغا تارقالغان. 80 - يىللاردا ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ھېيت - بايرام مەزگىللىرىدە شاھمات تۈرىدىكى مۇسابىقىلەرنى كۆپ قېتىم ئۇيۇشتۇردى. توقسۇ ناھىيىسى كۆنچى، شايار، باي، بۈگۈر قاتارلىق قېرىنداش ناھىيىلەر بىلەن جۇڭگوچە شاھمات ۋە خەلقئارالىق شاھمات بويىچە دوستلۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. جۇڭگوچە شاھمات ماھىرلىرى خەنزۇلار، خەلقئارالىق شاھمات ماھىرلىرى ئۇيغۇرلار بولدى.

## 4 § . مەشىق ۋە مۇسابىقە

### 1. تەنتەربىيە مەشىقى

50 - يىللاردا مەيلى مەكتەپ ياكى ئورگانلاردا بولسۇن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرغاندا، تەنھەرىكەتچىلەر ۋاقىتلىق تاللىنىپ، قىسقا مۇددەتلىك مەركەزلىك مەشىق قىلدۇرۇلاتتى. مۇسابىقە تۈگىگەندە تەنھەرىكەتچىلەر ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتۇرۇلاتتى.

1975 - يىلى توقسۇ ناھىيىلىك بالىلار ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى قۇرۇلدى. بۇ مەكتەپ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن 100نى تاللاپ، يېنىك ئاتلېتىكا، ۋاسكىتبول، ۋالىبول، پۇتبول، گىمناستىكا سىنىپى ئاچتى. ئۇلارنى تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مەخسۇس تىرېنېرلىرى ۋە تەكلىپ قىلىنغان تىرېنېرلار (جەمئىي 10 نەچچە كىشى) مەشىق قىلدۇردى. مەكتەپنىڭ يىللىق دەرس ۋاقتى 400 نەچچە سائەت بولدى. 1986 - يىلدىن كېيىن ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالدى. 1975 — 1984 - يىلغىچە ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرى ھەر دەرىجىلىك تەنتەربىيە مەكتەپلىرى، تەنتەربىيە خىزمىتى ئەترەتلىرى، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنىڭ تەنتەربىيە فاكۇلتېتلىرىغا 180 دىن ئارتۇق ئىختىساسلىق خادىمنى ئەۋەتىپ بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە خىزمىتى ئەترىتىگە ئەۋەتىلگەن ئاۋيالى چۈنشىن (ئايال) بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ 200 مېتىرغا يۈگۈرۈش يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدە 25 سېكۇنت 3 دەقىقىلىق نەتىجە بىلەن 8 - بولدى. تيەن شىنمېي گەنسۇ ئۆلكىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن (7 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون قاتناشقان) يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنىدا ئاياللارنىڭ 100 مېتىرلىق قىسقا يۈگۈرۈشىدە 1 - بولدى.

1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە دەرىجىلىك تەنھەرىكەتچىدىن 100 نەچچىسى، ھەر دەرىجىلىك تىرېنېردىن 12 سى تەربىيىلەندى.

### 2. تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە تۈرلىرىدىن يېنىك ئاتلېتىكا، ئارغامچا تارتىشىش، توپ تۈرلىرى تەسىس قىلىندى. بۇ قېتىمقى تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقە

ئوقۇغۇچىلار گۇرۇپپىسى ۋە جەمئىيەت گۇرۇپپىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقە 3 كۈن داۋاملاشتى. مۇكاپات بۇيۇمى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورگان، ئىجتىمائىي تەشكىلات، دىنىي ساھە ھەمدە جەمئىيەتتىكى زاتلارنى ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشى ئارقىلىق تەييارلاندى.

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 4 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، 900 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى مۇسابىقىگە قاتناشتى، تاماشىبىن 5000 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى، مۇسابىقە 3 كۈن داۋاملاشتى. مۇسابىقە تۈرلىرىدىن توپ تۈرلىرى، يېنىك ئاتلېتىكا قاتارلىقلار بار ئىدى. مۇكاپات بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىنچىسى قەغەز، قەلەم قاتارلىق ئۆگىنىش بۇيۇملىرى ئىدى، ئۇنى جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلىرى ئىئانە قىلدى.

1965 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 3 ـ كۈنىگىچە توقسۇ ناھىيىسىدە تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە تۈرلىرىدىن يېنىك ئاتلېتىكا، ۋاسكېتبول، ۋالېبول قاتارلىق تۈرلەر تەسىس قىلىندى. گۇڭشې، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر، ئىدارە ئورگانلاردىن 10 كوماندا تەشكىللەندى، مۇسابىقىگە 700 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچى قاتناشتى، تاماشىبىن 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كەتتى، تەنھەرىكەت يىغىنىنى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئۇيۇشتۇردى.

1971 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 21 ـ كۈنىگىچە توقسۇ ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقە تۈرلىرىدىن يېنىك ئاتلېتىكا، توپ تۈرلىرى تەسىس قىلىندى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى 400 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچىدىن تەشكىللەنگەن 7 كوماندا مۇسابىقىگە قاتناشتى، تاماشىبىن 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئېشىپ كەتتى. مۇسابىقىدىن كېيىن 60 مۇنەۋۋەر ماھىر تاللىنىپ، 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاقسۇدا ئۆتكۈزۈلگەن ۋىلايەتلىك ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى.

1973 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە توقسۇ ناھىيىسىدە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، مۇسابىقە تۈرلىرىدىن يېنىك ئاتلېتىكا ۋە توپ تۈرلىرى تەسىس قىلىندى. ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى 300 دىن ئارتۇق تەنھەرىكەتچىدىن تەشكىللەنگەن 6 كوماندا مۇسابىقىگە قاتناشتى، مۇسابىقىدىن كېيىن 83 مۇنەۋۋەر ماھىر تاللىنىپ، ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى.

70 ـ يىللاردا توقسۇ ناھىيىسى يۇقىرى دەرىجىلىك تەنتەربىيە كومىتېتلىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن كۆپ قېتىم ۋىلايەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق بۆلەكلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقىلەرنى ئۆتكۈزدى. بۇلارنىڭ ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار: ئاقسۇ ۋىلايىتىدە بۆلەكلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ۋاسكېتبول، ۋالېبول مۇسابىقىسى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 3 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى ئۆسمۈرلەر ۋاسكېتبول تاللاش مۇسابىقىسى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەرلەر ۋالېبول، ئاياللار ۋاسكېتبول مۇسابىقىسى؛ كۇچا، شايار، باي، بۈگۈر، توقسۇ ناھىيىلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن شاھمات تەكلىپ مۇسابىقىسى؛ ۋىلايەتتە بۆلەكلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش مۇسابىقىسى؛ ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگوچە چېلىش مۇسابىقىسى قاتارلىقلار.

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەتچىلىرى ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىلەردە كوللېكتىپ تۈردە بىر قېتىم چېمپىيون بولدى، بىر قېتىم 3 ـ بولدى، يەككە تۈرلەردە 3 قېتىم چېمپىيونلۇق، 6 قېتىم 2 ـ لىك قولغا كەلتۈرۈلدى. 1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ھەر دەرىجىلىك رېپىردىن 23ى بار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىك رېپىر بىر، 2 ـ دەرىجىلىك رېپىر 8؛ 1993 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە دەرىجىلىك رېپىر 18گە يەتتى.

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاساسلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى

جەدۋەل: 22 — 18

| تەنھەرىكەت يىغىنى (مۇسابىقە) نامى | مۇسابىقىگە قاتناشقان ئادەم | ئۇيۇشتۇرغان ئورۇن | مۇسابىقە تۈرى | ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| توقسۇ ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى | 500 | ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى | يېنىك ئاتلېتىكا، توپ تۈرلىرى، ئارغامچا تارتىشىش | 1940.9.18 — 20 |
| توقسۇ ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى | 900 | ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى | يېنىك ئاتلېتىكا، توپ تۈرلىرى، ئارغامچا تارتىشىش | 1949.4.5 — 7 |
| توقسۇ ناھىيىلىك تەنھەرىكەت يىغىنى | 700 | ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | يېنىك ئاتلېتىكا، توپ تۈرلىرى، ئارغامچا تارتىشىش | 1965.5.1 — 4 |
| توقسۇ ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت يىغىنى | 400 | ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت | يېنىك ئاتلېتىكا، توپ تۈرلىرى، ئارغامچا تارتىشىش | 1971.5.17 — 21 |
| توقسۇ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنى | 300 | ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | يېنىك ئاتلېتىكا، توپ تۈرلىرى، ئارغامچا تارتىشىش | 1973.1.25 — 27 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتىدە بۆلەكلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ۋالىبول مۇسابىقىسى | | ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | ۋاسكېتبول، ۋالىبول | 1974.4.1.— 8 |
| ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىنىڭ ئۆسمۈرلەر ۋاسكېتبول تاللاش مۇسابىقىسى | | ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى | ۋاسكېتبول | 1975.6.10 — 16 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنى | | ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | ۋاسكېتبول | 1978.8.15 — 23 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ۋاسكېتبول، ۋالىبول مۇسابىقىسى | | ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | ۋالىبول، ۋاسكېتبول | 1983.5.1 — 7 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتىدە بۆلەكلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش مۇسابىقىسى | | ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش | 1984.2 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك چېلىش مۇسابىقىسى | | ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | چېلىش | 1984.6 |
| كۇچا، شايار، توقسۇ، باي ناھىيىلىرى ئارا ئۆتكۈزۈلگەن شاھمات مۇسابىقىسى | | ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | جۇڭگوچە شاھمات، خەلقئارالىق شاھمات | 1983.12.21 — 24 |

## توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تەنھەرىكەت مۇسابىقىلەردە كوللېكتىپ بويىچە نەتىجىگە ئېرىشىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 — 19

| تەنھەرىكەت يىغىنى (مۇسابىقە) نامى | تۈرلەر | نەتىجە | نەتىجىگە ئېرىشكەنلەر | ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| ئۈسمۈرلەرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يۆلەكلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىسى | قىزلار ۋاسكىتبولى | 3 ـ بولدى | جاڭ جىنلىڭ قاتارلىق 9 بالا | 1975.7 |
| ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار گىمناستىكا مۇسابىقىسى | ئوغۇللار گىمناستىكا | ئومۇمىي نومۇردا 1 ـ بولدى | ئېلمان قاتارلىق 4 بالا | 1977.7 |
| ئاپتونوم رايونلۇق جانبازلىق بويىچە ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى | جانبازلىق | ئومۇمىي نومۇردا 4 ـ بولدى | ياڭ جىنمېي قاتارلىقلار | 1979.7 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋاسكىتبول مۇسابىقىسى | ئاياللار ۋاسكىتبولى | 2 ـ بولدى | لى شىچياۋ قاتارلىق 6 ئادەم | 1959.3 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ياشلار ـ ئۈسمۈرلەر ۋاسكىتبول مۇسابىقىسى | ئاياللار ۋاسكىتبولى | 2 ـ بولدى | تۇراخان، جى شيۇيىڭ قاتارلىقلار | 1964.6 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنى | ئوغۇللار ۋاسكىتبولى | 2 ـ بولدى | جاڭ چۈنشېڭ قاتارلىق 6 بالا | 1973.3 |
| ئاقسۇۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر ۋاسكىتبول مۇسابىقىسى | قىزلار ۋاسكىتبولى | 1 ـ بولدى | جاڭ جىنلىڭ قاتارلىقلار | 1978.8 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر ۋاسكىتبول مۇسابىقىسى | ئوغۇللار ۋاسكىتبولى | 2 ـ بولدى | جىن جىچياڭ قاتارلىقلار | 1978.8 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر ۋاسكىتبول مۇسابىقىسى | ئوغۇللار ۋاسكىتبولى | 1 ـ بولدى | دۇ خۇاڭ قاتارلىقلار | 1979.7 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر ۋالىبول مۇسابىقىسى | ئوغۇللار ۋالىبولى | 2 ـ بولدى | جېلىل جامال قاتارلىقلار | 1980.8 |
| ئاقسۇ ۋىلايىتىدە يۆلەكلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئات بەيگىسى | ئات بەيگىسى | 2 ـ بولدى | مۇھەممەت نىياز قاتارلىقلار | 1984.2 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كەشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ ۋاسكىتبول مۇسابىقىسى | ئەرلەر ۋاسكىتبولى | 2 ـ بولدى | چېن پەن قاتارلىقلار | 1981.8 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ۋالىبول مۇسابىقىسى | ئاياللار ۋالىبولى | 1 ـ بولدى | جاڭ چۈنلىڭ قاتارلىق 10 ئادەم | 1985 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ۋالىبول مۇسابىقىسى | ئەرلەر ۋالىبولى | 1 ـ بولدى | ئادىل قاتارلىق 10 ئادەم | 1985 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك چېلىش مۇسابىقىسى | چېلىش | كوللېكتىپ 1 ـ بولدى | تۇردى توختى قاتارلىق 3 ئادەم | 1990 |

## توقسۇ ناھىيىسى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە شەخسلەرنىڭ نەتىجىگە ئېرىشىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 22 — 20

| تەنھەرىكەت پەنلىرى (مۇسابىقە) نامى | تۈرى | نەتىجىسى | ئىسىم - فامىلىسى | ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايونلۇق 1 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى | ئاياللار تىكتاك توپ | 2 - بولدى | جاڭ لى | 1959 |
| ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى | ئەرلەر 100 × 4 كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش | 6 - بولدى | جىن يۈمىن | 1965.9 |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنى | ئەرلەر 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 5 - بولدى (12"2) | مۇھەممەت ئىسلام | 1973 |
| ئاپتونوم رايونلۇق يۈلەكلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقە | ئاياللار نەيزە ئېتىش | 2 - بولدى (27.77 مېتىر) | سۇ چيۇيۈ | 1974.7 |
| ئاپتونوم رايونلۇق چېلىش مۇسابىقىسى | 75 كىلوگراملىقلار | 3 - بولدى | رىشىت قاسىم | 1974.8 |
| ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار گىمناستىكا مۇسابىقىسى | ئوغۇللار گىمناستىكا | 1 - بولدى | تېلىمان ئوسمان | 1978.7 |
| ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار گىمناستىكا مۇسابىقىسى | ئوغۇللار گىمناستىكا | 2 - بولدى | ئەسقەر جۇمە | 1978.7 |
| ئاپتونوم رايونلۇق بالىلار گىمناستىكا مۇسابىقىسى | ئوغۇللار گىمناستىكا | 4 - بولدى | ليۇ جۈن | 1978.7 |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | ئەرلەر نەيزە ئېتىش | 2 - بولدى | ليۇ شياۋچياڭ | 1983.8 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنى | ئاياللار تىكتاپ توپ | 2 - بولدى | جاڭ لى | 1958 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاللاش مۇسابىقىسى | ئەرلەر 400 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 1 - بولدى (57"3) | جىن يۈمىن | 1965.7 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاللاش مۇسابىقىسى | ئەرلەر 800 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 1 - بولدى (2'17"8) | جىن يۈمىن | 1965.7 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت يىغىنى | قىزلار ئېگىز سەكرەش | 2 - بولدى (1.2 مېتىر) | جىن جىجۈن | 1971.6 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت يىغىنى | قىزلار 800 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 2 - بولدى | زۇرەم | 1971.6 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنى | قىزلار چۆيۈن توپ ئېتىش | 1 - بولدى (6.98 مېتىر) | ژاڭ شياۋژۇڭ | 1973.2 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنى | ئوغۇللار يىراققا سەكرەش | 1 - بولدى (4.98 مېتىر) | مۇھەممەت قاسىم | 1972.3 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنھەرىكەت يىغىنى | قىزلار يىراققا سەكرەش | 2 - بولدى (3.51 مېتىر) | ژۇ فېڭشيا | 1973.2 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك چېلىش مۇسابىقىسى | 75 كىلوگراملىقلار | 1 - بولدى | رېشىت قاسىم | 1974.7 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك چېلىش مۇسابىقىسى | 48 كىلوگراملىقلار | 2 - بولدى | قۇزان قايىم | 1974.7 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنى | ئوغۇللار ئېگىزگە سەكرەش | 1 - بولدى | مۇھەممەت رەجەپ | 1976 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنى | قىزلار 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 2 - بولدى | چىڭ جيالڭ | 1976 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنى | ئوغۇللار يىراققا سەكرەش | 1 - بولدى (4.9 مېتىر) | ئوسمان | 1976 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنى | ئوغۇللار ئېگىزگە سەكرەش | 1 - بولدى (1.44 مېتىر) | دۇ خۇڭ | 1976 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكەت يىغىنى | ئوغۇللار ئېگىزگە سەكرەش | 1 - بولدى (1.56 مېتىر) | جاڭ جىنجۇڭ | 1977 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاللاش مۇسابىقىسى | ئەرلەر چۆيۈن توپ ئېتىش | 1 - بولدى (12.34 مېتىر) | ۋاڭ ۋېي | 1982.4 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاللاش مۇسابىقىسى | ئەرلەر دىسكا ئېتىش | 1 - بولدى (38.4 مېتىر) | ۋاڭ ۋېي | 1982.4 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاللاش مۇسابىقىسى | ئەرلەر نەيزە ئېتىش | 2 - بولدى (49.32 مېتىر) | ۋاڭ ۋېي | 1982.4 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاللاش مۇسابىقىسى | ئەرلەر 10 مىڭ مېتىرغا يۈگۈرۈش | 1 - بولدى (38'0") | ۋاڭ يۇڭخې | 1982.4 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاللاش مۇسابىقىسى | ئەرلەر 5000 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 2 - بولدى (18'10") | ۋاڭ يۇڭخې | 1982.4 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاللاش مۇسابىقىسى | ئاياللار 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 2 - بولدى (6'0"4) | پېڭ ۋېيجېن | 1982.4 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاللاش مۇسابىقىسى | ئاياللار 800 مېتىرغا يۈگۈرۈش | 2 - بولدى (3'5"4) | تيەن شىنمېي | 1982.4 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك چېلىش مۇسابىقىسى | 48 كىلوگراملىقلار | 1 - بولدى | مۇھەممەت | 1984.6 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك چېلىش مۇسابىقىسى | 62 كىلوگراملىقلار | 2 - بولدى | ئەخەت | 1984.6 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | قىزلار ئېگىز سەكرەش | 1 - بولدى (1.42 مېتىر) | مەرھابا | 1976 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | ئوغۇللار 4 تۈر | 2 - بولدى | ساۋ جيەنلىن | 1985 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك باشلار - ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | قىزلار 4 تۈر | 1 - بولدى | يۈ چۈنخۇا | 1985 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جۇڭگوچە چېلىش مۇسابىقىسى | 82 كىلوگراملىقلار | 2 - بولدى | ساتتار | 1984 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك جۇڭگوچە چېلىش مۇسابىقىسى | 100 كىلوگراملىقلار | 2 - بولدى | رىشىت | 1984 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | ئوغۇللار نەيزە ئېتىش | 1 - بولدى | ليۇ شياۋچياڭ | 1983.4 |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | ئەرلەر ئېگىز سەكرەش | 2 - بولدى (1.75 مېتىر) | كۇاڭ لىخزي | 1984.7 |
| ئاپتونوم رايونلۇق ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتەپلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسى | ئاياللار 4 تۈر | 2 - بولدى | تيەن شىنمېي | 1984.7 |
| ئاپتونوم رايونلۇق چېلىش مۇسابىقىسى | 60 كىلوگراملىقلار | 3 - بولدى | مۇھەممەت مۇسا | 1987 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك چېلىش مۇسابىقىسى | 60 كىلوگراملىقلار | 1 - بولدى | قۇۋان قايىم | 1984 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك چېلىش مۇسابىقىسى | چېلىش | 1 - بولدى | مۇھەممەت مۇسا | 1987 |
| ئاپتونوم رايونلۇق چېلىش مۇسابىقىسى | قەدىمچە چېلىش | 1 - بولدى | تۇردى توختى | 1992 |
| ئاقسۇ ۋىلايەتلىك چېلىش مۇسابىقىسى | قەدىمچە چېلىش | 1 - بولدى | تۇردى توختى | 1993 |

## يىگىرمە ئۈچىنچى قىسىم

# شەخسلەر



# يىگىرمە ئۈچىنچى قىسىم

# شەخسلەر

بۈگۈنكى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ زېمىنى قەدىمكى كۇسەننىڭ غەربىي زېمىنى بولۇپ، تارىخى ئۇزۇن، مەشھۇر شەخسلەر كۆپلەپ چىققان جاي. توقسۇ زېمىنىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان جياڭ بىن، بەن چاۋ قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەرنىڭ قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنى بەرپا قىلىش جەريانىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان. كوماراجىۋا جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى يۇغۇرۇپ، بۇددىزمنى پۇختا تەتقىق قىلىپ، بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىپ، غايەت زور نەتىجىلەرنى قازىنىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە مەشھۇر ئالىملاردىن بولۇپ قالغان. چاڭ خۇي، لىن زېشۇ، يىلڭ جيامۇ قاتارلىق كىشىلەر توقسۇ تۇپرىقىدا ئۆز ئىزلىرىنى قالدۇرغان.

مىنگو دەۋرىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ياسىن ئوسمان، مۇھەممەت نىياز قاتارلىق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۈنىرى بىلەن ئەتراپتىكى خەلققە خىزمەت قىلىپ، ناھىيە بويىچە شۆھرەت قازانغان ئۇستا تېۋىپ ۋە ماھىر ھۈنەرۋەنلەردىن بولۇپ قالغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ خۇڭ، جاۋ ئېن قاتارلىق كوممۇنىستلار ئۆزلىرىنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلىتى ۋە سادىق قەلبى بىلەن خەلق نەزىرىدە ئۆچمەس خاتىرىلەرنى قالدۇردى. ئۇلاردىكى يەنئەن روھى، 8 ـ ئارمىيە ئىستىلى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە ھەر مىللەت خەلق تەرىپىدىن مەدھىيىلىنىپ كەلمەكتە.

ناھىيىدە بىر قەدەر زور سەلبىي تەسىر پەيدا قىلغان شەخسلەرنىڭ يامان تەرەپلىرى يوشۇرۇلمىدى، ياخشى تەرەپلىرى كۆپتۈرۈلمىدى. سەلبىي دەرسلىك سۈپىتىدە كېيىنكىلەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، يامان نامى پۇر كەتكەن، يۇرتقا بالايىئاپەت كەلتۈرگەن ئەشەددىي بۇزۇقلارنىڭ ئەھۋالى ئەينەن بايان قىلىپ ئۆتۈلدى.

ئىنقىلابىي قۇربانلار، تۆھپىكارلار، ئاتاقلىق ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، شۇنىڭدەك سىرتتا ئىشلەۋاتقان توقسۇلۇق ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەمۇرىي خادىملار، كاندىدات ئالىي دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بار خادىملار جەدۋەلگە كىرگۈزۈپ خاتىرىلەندى.

# باب I

# شەخسلەر تەرجىمىھالى

## جىياڭ بىن

جىياڭ بىن — تۇغۇلغان، ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، خەن سۇلالىسىنىڭ شۈەندى خان زامانىسى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 73 — 49 - يىللىغىچە) دا كۇسەنگە بەگ بولغان. ئۇ كۇسەنلىك غوزلاردىن بولۇپ، غەربىي يۇرت بەگلىرى ئىچىدىكى بىر قەدەر تەرەققىيپەرۋەر شەخسلەرنىڭ بىرى.

جىياڭ بىن تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، ھۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىر كۈچى يەنىلا بىر قەدەر كۈچلۈك ئىدى، شۇنداقتىمۇ جىياڭ بىن خەن سۇلالىسىگە يېقىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەن سۇلالىسىنىڭ دىجيې 4 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 66 - يىلى) خەن سۇلالىسى مەلىكىسى جيې يۇنىڭ ئۇيسۇن كۈنبىيىسى (پادىشاھى) ئۆڭگۈيبەگدىن تۇغۇلغان قىزى دىشىنى خوتۇنلۇققا ئالغان.

خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنكاڭ 1 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 65 - يىلى) جىياڭ بىن خوتۇنى بىلەن چاڭئەنگە كەلگەن، خەن سۇلالىسىنىڭ شۈەندى خانى ئۇنىڭغا تامغىلىق لېنتا ئىنئام قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۇسەن غەربىي خەن سۇلالىسىگە قارام بولغان. جىياڭ بىن «خەن سۇلالىسىنىڭ كىيىم - كېچەك تۈزۈمىنى ياقتۇرۇپ قالغان، دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوردا - قەسىر سالدۇرغان، خەنزۇ ئائىلىلىرىنىڭ يوسۇنىغا ئوخشاش، ئوردا يوللىرىغا ياساۋۇل قويغان، ئۇلار كىرگەن - چىققانلارنى ۋارقىراپ مەلۇم قىلىدىغان بولغان». بەگ جىياڭ بىن خەن سۇلالىسىنىڭ قائىدە - يوسۇن تۈزۈمى ۋە قانۇنلىرىنى پائال يولغا قويۇپ، خەنزۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى كىرگۈزۈپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا كۇسەن بېگى جىياڭ بىن مۇھىم تۆھپە قوشقان.

جىياڭ بىن ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلى چېڭدې ئۆزىنى خەن سۇلالىسىنىڭ نەۋرىسى دەپ ئاتىغان، خەن سۇلالىسى بىلەن ئەلچى ئەۋەتىشىپ ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتكەن.

## بەن چاۋ

بەن چاۋ (32 — 102 - يىللار)، تەخەللۇسى جۇڭشېڭ، فۇفېڭنىڭ پىڭلىڭ دېگەن يېرى (ھازىرقى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىڭپىڭ ناھىيىسى) دىن. ئۇ ئىرادىلىك، ئەقىللىق، دادىل، ئەستايىدىل، كەسكىن ئادەم ئىدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16 - يىلى (73 - يىلى) بەن چاۋ فېڭچې كاھىبىگى دۇگۇغا ئەگىشىپ

قاشتوۋۇقتىن چىقىپ، ھۇنلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئاتلاندى، ئۇ ئورۇن باسار ئەمىرلەشكەرلىككە تەيىنلىنىپ، قوشۇن باشلاپ لىۋىرغولغا ھۇجۇم قىلدى، باركۆل ئەتراپىدا جەڭ قىلىپ غەلىبە قازاندى، شۇنىڭ بىلەن دۆگۆزنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى، دۆگۆ بەن چاۋنى گوشۇنگە ئەگەشتۈرۈپ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، بەن چاۋ 36 ئادەم بىلەن يولغا چىقتى.

بەن چاۋ پىشامشانغا كەلگەندە، ۋېي جىجۇ بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ پىشامشان پادىشاھىنىڭ مېھمان كۈتۈش قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىكى ئۆزگىرىشكە قاراپ، بۇ يەردە جەزمەن ھۇنلارنىڭ ئەلچىسى بار ئىكەن دەپ ھۆكۈم قىلدى ۋە دەرھال بىر قارارغا كېلىپ، تۈن قاراڭغۇسىدا ئوت قوراللىرى بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ھۇنلارنىڭ ئەلچىسى ئۆلايەدىي بىلەن ئورۇن باسار ئەلچىسى بىلىجىنى قەتلى قىلدى، ئۇلارنىڭ يۈز نەچچە ئادىمىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن بەن چاۋ ئەمىرلەشكەرلىككە ئۆستۈرۈلدى. بەن چاۋ ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇدۇن، سۇلى، ساكارائۇل، قۇم، ئونسۇ بەگلىكلىرىدە ئۇرۇش قىلىپ، ساكارائۇلنى تىنچىتىپ، توخرىلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئونسۇنى ئەل قىلىپ، قۇمنى ئېلىپ، كۈسەننــــى قايتۇرۇۋېلــــىپ، شائىلــــق جەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈردى.

بەن چاۋ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى تۆھپىسى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۇەن 3 ـ يىلى (91 ـ يىلى) غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ، كۈسەننىڭ داۋانقۇم شەھىرى (ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسى ئۈچقات يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) دە تۇردى.

خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۇەن 6 ـ يىلى (94 ـ يىلى) كۈزدە، بەن چاۋ كۈسەن، پىشامشان بەگلىكلىرىنىڭ لەشكەرلىرىدىن 70 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى باشلاپ، كىنگىتكە جازا يۈرۈشى قىلىپ، كىنگىت پادىشاھى گۇاڭ بىلەن قاراقۇم (لوپنۇر) پادىشاھى شۇننى تۇتۇپ، چېنمۇ تۇرغان شەھەرگە (ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ) ئاپىرىپ قەتلى قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غەربىي يۇرتتىكى 50 نەچچە بەگلىك پۈتۈنلەي تىنچىدى.

خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۇەن 7 ـ يىلى (95 ـ يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ خېدى خانى يارلىق چۈشۈرۈپ، بەن چاۋغا «يىراق يۇرتنى تىنچىتقۇچى بەگ» مەنسىپىنى بەردى.

يۇڭيۇەن 12 ـ يىلى (100 ـ يىلى) بەن چاۋ 70 ياشقا كىرىپ قالدى، قورۇقچىبەگ بولغىنىغا 10 يىل بولدى، ئۇ خېدى خانغا: «يۇقرالىرى جيۇچۈەن ۋىلايىتىگە بېرىشنى ئارزۇ قىلمايمەن، يىراق ھاياتلىقىمدا قاشتوۋۇققا بېرىپ تۇرسام دەيمەن» دەپ مەكتۇپ يوللايدۇ، بۇ گەپتىن ئۇنىڭ يۇرتىنى سېغىنىش ھېسسىياتى چىقىپ تۇراتتى. خېدى خان ئۇنىڭ گېپىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ قايتىشىغا ئىجازەت بېرىدۇ. بەن چاۋ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا، ئۇنىڭ قورۇقچىبەگلىكىنى رېن شاڭ ئۆتكۈزۈۋالىدۇ، رېن شاڭ ۋەزىپە ئۆتكۈزۈۋالغان چاغدا بەن چاۋدىن بىرەر تەلىم قالدۇرۇپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، بەن چاۋ: «قېرىپ ئەقلىي ھوشۇمدىن قالدىم، رېن جانابلىرى ئۇزاقتىن چوڭ مەنسەپ تۇتۇپ كەلدىلە، مەن بەن چاۋ ئالدىلىرىدا ئاقساقاللىق قىلالمايمەن. ياق دەپ تۇرۇۋالسىلا، ئىككى ئېغىز گەپ قىلسامىمۇ قىلاي. . . بۈگۈنكى كۈندە جانابلىرىنىڭ مىجەزى بەك چۈشلىشىپ كەتتى، سۇ بەك سۈزۈك بولسا بېلىق تۇرمايدۇ، يۇرت سوراشتا بەك قاتتىقلىق قىلىنسا ئاۋام ئىناق ئۆتمەيدۇ. ئۇششاق ئىشلاردا كەڭ قورساق بولۇپ، چوڭ ئىشلارنى تۇتقان ياخشىدۇر» دەيدۇ. رېن شاڭ بۇنى ئاڭلاپ پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇ يېقىنلىرىغا: «بەن چاۋنى بىرەر دانا تەدبىر كۆرسىتەمدىكىن دەپتىكەنمەن، ئادەتتىكى گەپلەرنىلا قىلىپ قويدى» دەيدۇ. دېگەندەك، يۇڭچۇ 1 ـ يىلى (107 ـ يىلى) غەربىي يۇرتتا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلىدۇ، رېن شاڭ گۇناھقا تارتىلىپ قايتۇرۇپ كېتىلىدۇ، ئىش دەل بەن چاۋ دېگەندەك بولۇپ چىقىدۇ.

يۇڭيۇەن 14 ـ يىلى (102 ـ يىلى) بەن چاۋ داۋانقۇم شەھىرىدىن ئايرىلىپ، 8 ـ ئايدا لوياڭغا قايتىپ كەلدى، 9 ـ ئايدا ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، 71 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

بەن چاۋ مىلادىيە 73 - يىلى قاشتېشىنى چىقىپ، 102 - يىل لوياڭغا قايتقىچە بولغان ئارىلىقتا غەربىي يۇرتتا 30 يىل تۇرغان، بىر ئۆمۈر ئۇرۇش قىلىپ، 50 نەچچە بەگلىكنى ئەل قىلغان. خەن سۇلالىسى بىلەن خۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىش كۈرىشىدە، خۇنلارنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى يوقىتىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، شانلىق نەتىجىلەرنى ياراتقان.

بەن چاۋ مىلادىيە 91 - يىلى غەربىي يۇرتنىڭ قورۇقچىبېگى بولغاندىن كېيىن، كۇسەندىكى داۋانقۇم شەھىرىدە تۇرۇپ، 102 - يىلى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ لوياڭغا قايتقان، شۇ ئارىلىقتا توقسۇدا جەمئىي 12 يىل تۇرغان، ئۇ توقسۇدا ياشىغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغان مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ بىرى.

## سوۋارنا پوسبا

سوۋارنا پوسبا شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ خېدى خان زامانىسى (89 — 105 - يىللار) دا ئۆتكەن كۇسەن بېگى، غەربىي يۇرتتىكى كۇسەنلىك غوزلاردىن. ئۇ چاغدا كۇسەندە تۇرغان، كۇسەننىڭ خاس مۇلازىمى بولغان.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭيۈەن 3 - يىلى (91 - يىلى) بەن چاۋ ئۇنىڭ قوم، كۇسەن بەگلىكلىرىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، سوۋارنا پوسبا يېڭىدىن كۇسەن بېگى بولغان. ئۇ سىما ياۋگۇاڭنىڭ مۇھاپىزىتىدە چاڭئەندىن كۇسەنگە كېلىپ، خۇنلار تىكلىگەن كۇسەن بېگى ئېيولىدۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن.

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يەنپىڭ 1 - يىلى (106 - يىلى) غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەر ئىسيان كۆتۈرگەن، لياڭ چىن چاڭلار بىلەن غوزلاردىن تەشكىللەنگەن 5000 ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئاتلىنىپ، خېشىدىن كۇسەننىڭ داۋانقۇم شەھىرى (ھازىرقى توقسۇ زېمىنىدا) گە كېلىپ، قورۇقچىبەگ دۇەن شى، دورغاپ جاۋبولار بىلەن بىرلىكتە 9000 لەشكەر بىلەن داۋانقۇم شەھىرىنى ساقلىغان.

داۋانقۇم شەھىرى كىچىك، مۇداپىئەلىنىش ئەپسىز، كۇسەن شەھىرى چوڭ، مۇداپىئەلىنىش ئوڭاي، بۇسۇپ كىرىش تەس ئىدى، لياڭ چىن كۇسەن بېگى سوۋارنا پوسبانى قوشۇننى كۇسەن شەھىرىگە يۆتكەشكە رۇخسەت قىلىشقا، كۇسەن شەھىرىنى بىرلىكتە قوغداش ئۈچۈن، دۇەن شى بىلەن جاۋبونىڭ كۇسەن شەھىرىگە كىرىشىنى قارشى ئېلىشقا قايىل قىلغان.

سوۋارنا پوسبا لياڭ چىن قوشۇنىنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىش قارارىغا كەلگەن. بۇنىڭغا ئەمەلدارلارمۇ، پۇقرالارمۇ قوشۇلماي تۇرۇۋالغان، نۇرغۇن ئادەم نەسىھەت قىلغان، لېكىن سوۋارناپوسبا كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى بىردەك رەت قىلغان. ئۇلار سوۋارنا پوسبانى كۆندۈرەلمىگەندىن كېيىن، ئونسۇ، قوملاردىكى توپىلاڭچى كۈچلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، نەچچە ئون مىڭ ئەسكەر توپلاپ، كۇسەن شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغان.

سوۋارنا پوسبا، لياڭ چىن قاتارلىقلار بىر نىيەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ، سېپىلنى تايانچ قىلىپ، توپىلاڭچىلار قوشۇنى بىلەن نەچچە ئايغىچە تىركىشىپ تۇرغان.

كېيىن لياڭ چىن قوشۇنى ئارقا - ئارقىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، توپىلاڭچىلار قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، غەلىبە بىلەن قوغلاپ زەربە بېرىپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، نەچچە مىڭ ئادەمنى ئەسىر ئالغان، نەچچە ئون مىڭ تۆگە ۋە چارۋا - مالنى قولغا چۈشۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن كۇسەن تىنچلانغان.

كۇسەن بېگى سوۋارنا پوسبا خەن سۇلالىسى بىلەن خۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتنى تالىشىش كۈرىشى داۋامىدا، بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارشى تۇرۇپ، خەن سۇلالىسىنى قەلبىگە پۈكۈپ، تارىخنىڭ تەرەققىيات ئېقىمىغا ئەگىشىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بەرپا قىلىش يولىدا مۇھىم تۆھپە قوشقان.

# ھادى ئاپپاق

ھادى ئاپپاق (1897 — 1933)، ئۇيغۇر، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تىگىن كەنتىدىن. ئۇنىڭ ئاتىسى مۇشۇ كەنتنىڭ مەسچىتىگە ئىمام بولغان.

مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) ھادى ئاپپاق قەشقەر مەدرىسىگە ئوقۇشقا بېرىپ، مەشھۇر دىنىي زات ئابدۇقادىر داموللىدىن دەرس ئېلىپ، ئايەت، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەن، تىگىن كەنتى مەسچىتىدە «ئەلەم» بولغان، شۇنىڭدىن تارتىپ كىشىلەر «ھادى ئەلەم» دەپ ئاتايدىغان بولغان.

مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى) ئەتىيازلىق شال تېرىلغۇسى مەۋسۇمىدە، شايار ناھىيىسى ياۋۇلىق يېزىسىنىڭ شائىيۇسى ئابدۇرۇسۇل، چوڭ باي دۇبەك خوجا قاتارلىقلار ھوقۇقى ۋە كۈچىگە تايىنىپ، سۇ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، تىگىن كەنتىدىكى ئاھالىنىڭ سۇ ئىشلىتىشىگە يول قويمايدۇ. ھادى ئەلەم دۇبەك خوجىنىڭ پەرمانىغا پەرۋا قىلماي، كەنت ئاھالىسىنى باشلاپ، ئۆستەڭنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا 10 تاش تۈگمەن قۇرۇپ، سۇ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شاللىقنى سۇغىرىدۇ. دۇبەك خوجىنىڭ كۇچا شاھزادىسى بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى، ئۇ شاھزادە مەھكىمىسىگە ھادى ئەلەم ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ، شاھزادە نازارەتچى سايىتنى تىگىنلىكلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە ئەۋەتىدۇ. نازارەتچى سايىت 40 نەچچە قولچوماقچىنى باشلاپ ھەيۋە بىلەن تىگىنگە يېتىپ كەلگەندە، ھادى ئەلەم كۆپچىلىكنى باشلاپ ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرىدۇ، ئېلىشىش داۋامىدا، ھادى ئەلەم باتۇرلۇق بىلەن سەپنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ ۋە نازارەتچى سايىتنىڭ قورسىقىغا ئارا تىقىۋېتىدۇ، قورقۇپ كەتكەن نازارەتچى قولچوماقچىلارنى باشلاپ قېچىپ كېتىدۇ.

مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا كۇچادىكى تۆمۈر ئېلى ما جۇڭيىڭغا مايىلىشىپ ئادەم يىغىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، ھادى ئەلەم تىگىندە 20 نەچچە ئادەم توپلاپ، ئۇلارنى كالتەك، نەيزە ۋە يەرلىك مىلتىقلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ. ئۇلار ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە باستۇرۇپ كىرىپ، ساقچىلارنىڭ قورال، ئوق ـ دورىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، 4 خەنزۇنى ئۆلتۈرۈپ، ناھىيە بازىرىنى كونترول قىلىدۇ. ھادى ئەلەم ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىكى ئالدىدا دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، خەلقنى «خەنزۇلارنى يوقىتىپ، مۇسۇلمانلارنى روناق تاپقۇزۇش»، «ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش» ئۈچۈن غازات قىلىشقا چاقىرىدۇ، بۇنىڭغا ئاۋاز قوشقۇچىلار 100 دىن ئاشىدۇ. ھادى ئەلەم مۇشۇ 100 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، توقسۇ بازىرىدا ئاتلىق نامايىش قىلىدۇ ھەمدە توقسۇنىڭ «يېڭى ھايات»قا ئېرىشكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. كېيىن يەنە قوشۇن باشلاپ كۇچاغا بېرىپ، تۆمۈرنىڭ ئۇيغۇرلار قوشۇنى بىلەن گامازىنىڭ خوتەنلىكلەر قوشۇنىنىڭ كۇچا شەھىرىنى ئىشغال قىلىشىغا ماسلىشىدۇ.

شۇ چاغدا، كۇچا شاھزادىسىنىڭ شاھزادە مەھكىمە قوشۇنى، ئۇيغۇرلار قوشۇنى، خوتەنلىكلەر قوشۇنىنىڭ ئاتامانلىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ قالىدۇ، ھادى ئەلەم قوشۇنىنى باشلاپ شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن شاھزادە مەھكىمىسىگە بېرىپ تۆھپە تالىشىدۇ، شاھزادە مەھپۇز «ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈمىسىز ئادەم ئۆلتۈرگەن» دېگەن گۇناھ بىلەن ھادى ئەلەمنى شاھزادە مەھكىمىسىدە ئۆلتۈرىدۇ ھەم كاللىسىنى خادىغا سانجىپ كۇچا شەھىرىدە سازايى قىلىدۇ. كېيىن كۇچا دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ سالاسۇنىغا ئېسىپ خەلقئالەم ئالدىدا سازايى قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھادى ئەلەم باشچىلىقىدا شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان قوشۇن تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كېتىدۇ.

(ئىزاھات: باشقا بىر ماقالىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: كۇچا مەھكىمە شەرئىينىڭ باش قازىسى ئابدۇكېرىم

«ئىسلام دىنى دۆلىتىنىڭ رۇخسىتىسىز شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن» دېگەن گۇناھ بىلەن ھادى ئەلەمگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان، ھادى ئەلەم كۇچا شەھىرىنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقىنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىلىپ كاللىسى ئېلىنغان، كاللىسى خادىغا سانجىلىپ سازايى قىلىنغان).

## جىيەن شۈن

جىيەن شۈن (1903 — 1937)، ئۇيغۇر، ئۇيغۇرچە ئىسمى ئابدۇقادىر زاھىر، كۇچالىق. كۇچا بازىرىدىكى خەنزۇچە مەكتەپنى پۈتتۈرگەن.

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) 6 - ئايدا توقسۇغا ھاكىم بولغان، كىشىلەر ئۇنى «جىيەن دارىن» دەپ ئاتايتتى.

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 5 - ئايدا 36 - شىنىڭ مۇۋەققەت شىجاڭى ما خۇشەن بىلەن 6 - شىنىڭ شىجاڭى مامۇت بىرلىشىپ شېڭ شىسەيگە قارشى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە ئابدۇنىيازغا قوشۇن باشلاپ كۇچا بازىرىنى ئىشغال قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. شۇ چاغدا شايار ناھىيىسىدىكى زومىگەر ۋاھاپ ھاجى ئۆزىنى «تۇەنجاڭ» دەپ ئاتىۋېلىپ، 1000 دىن ئارتۇق ئادەم توپلاپ ئاۋاز قوشۇپ، توقسۇ بازىرىنى ئىشغال قىلىدۇ، شۇ چاغدىكى ھاكىم جىيەن شۈن توقسۇدىن قېچىپ چىقىپ كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئۈچئۆستەڭ يېزىسىغا بارغاندا توسۇلۇپ قېلىپ، ئىسلامنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. جىيەن شۈننىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ۋاھاپ ھاجى قاتتىق غەزەپلىنىپ، قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىدا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شېڭ شىسەي قوشۇنى كۇچانى قايتۇرۇۋالدى، ئۆگەن دەرياسى بويىدا ما خۇشەن بىلەن ۋاھاپ ھاجىلارنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، توقسۇ ناھىيىسىنى قايتۇرۇۋالدى.

جىيەن شۈن ھاكىم بولغان مەزگىلدە، ئابرويى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، خىزمەت نەتىجىسى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تەقدىرلىگەن ۋە نەپىقە بەرگەن.

## ئابدۇقادىر

ئابدۇقادىر (1895 — 1941)، ئۇيغۇر، توقسۇ ناھىيىسى پەيشەنبە بازار يېزىسىنىڭ ئارامەھەللە كەنتىدىن. بالىلىق دەۋرىدە مەدرىسەدە ئوقۇغان، قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن شاڭيۇ بولغان، كىشىلەر ئۇنى قادىر ئاقساقال دەپ ئاتايتتى.

مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) ئابدۇقادىر قاراشەھەرگە بېرىپ، خوجانىياز ھاجى قوشۇنىغا كىرىپ فۇگۇەن بولغان. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) خوجانىيازھاجىنىڭ كۈچلىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندا، ئابدۇقادىر توقسۇ ناھىيىسىنىڭ باش شاڭيۇلۇقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ باش شاڭيۇ بولغان مەزگىلدە ئاممىغا كۆپ زۇلۇم سالغان. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) خەلق ئۇنىڭ ئۈستىدىن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلغان، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قادىر ئۈرۈمچىگە قېچىپ بېرىپ، يەنە خوجانىيازھاجىدىن پاناھ ئىزدىگەن (خوجانىيازھاجى شۇ چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىدى).

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) 4 - ئايدا ئابدۇقادىر توقسۇغا ئوغرىلىقچە قايتىپ كەلگەن. 10

كۈندىن كېيىن، شاياردىكى ۋاھاپ ھاجى ما خۇشەننىڭ شېڭ شىسەيگە قارشى كۆتۈرۈلۈشىگە ماسلىشىپ، شېڭ شىسەيگە قارشى جۇنتۇەن تەشكىللەپ، توقسۇ ناھىيىسىنى ئىشغال قىلغان. ئابدۇقادىر ۋاھاپ ھاجىغا يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ھەربىي پونكىت مۇدىرى بولغان، خەلقنىڭ ئاشلىق، قوي - كالا، رەخت، ئوت - سامانلىرىنى ھەدەپ قاقتى - سوقتى قىلغان، بۇيرۇققا ئىتائەت قىلمىغانلارنى تۇتۇپ باغلاپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە ئېلىپ كېلىپ ئېسىپ ئۆلتۈرگەن.

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) قىشتا، شېڭ شىسەي قوشۇنى تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ خۇڭزاۋ توقسۇ ناھىيىسىنى ئۈتكۈزۈۋالغان.

مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) 2 - ئايدا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئابدۇقادىرنى مەخپىي قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ بەرگەن. مىنگونىڭ 30 - يىلى(1941 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئابدۇقادىر 46 يېشىدا ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە ئۆلگەن.

## خەي چىڭ

خەي چىڭ (1885 — 1945) ، يەنە بىر ئىسمى ئىسخازى، خۇيزۇ، توقسۇ بازىرىدىن، ئىلگىرى نازارەتچى بولغان. ئاتىسى خەي سۈيۈن دېھقانچىلىق بىلەن ئۆتكەن. قېيناتىسى ما شىڭلىن 30 - يىللاردىكى ما جۇڭيىڭ مالىمانچىلىقى مەزگىلىدە باي ناھىيىسىدىكى شېڭ دۇبەنگە قارشى قوشۇننىڭ قوماندانى بولغان، ئۇ قاقتى - سوقتى قىلىپ قولغا كىرگۈزۈۋالغان مال - مۈلۈكلىرىنى خەي چىڭنىڭ ئۆيىگە يۆتكىگەن. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) ما جۇڭيىڭنىڭ كۈچلىرى توقسۇ ناھىيىسىگە كىرگەندە، خەي چىڭ ئۇلارغا ئاكتىپ ماسلاشقان ھەم ناھىيىدە ساقلىنىۋاتقان ھەممە ھەربىي قورال - ياراغنى كۈچاغا يۆتكەپ، گامازىنىڭ خۇيزۇلار قوشۇنىغا ياردەم بەرگەن. خۇيزۇلار قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندا، خەي چىڭ 2 ئوغلىنىنى ئەسكەرلىككە بېرىپ قوشۇن بىلەن يولغا سالغان.

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) يازدا، خۇيزۇلار قوشۇنى قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، چۆل كېزىپ، خوتەن تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، خەي چىڭ ئۇلار بىلەن مەخپىي خەۋەرلەشكەن ھەم چۆلگە ئاشلىق ۋە ئوت - سامان توشۇپ، ما خۇشەن قىسمىدىكى ما لۇيجاڭنىڭ توقسۇغا كىرىشىنى كۈتۈۋالغان.

خەي چىڭ ما لۇيجاڭ توقسۇغا كىرگەندىن كېيىن، توپىلاڭچىلار قوشۇنىغا ئەگىشىپ فۇگۇەن بولغان، ما لۇيجاڭ بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولۇپ، ناھىيىدىكى يۈز - ئابرويلۇق كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. قىرغىن قىلىنىپ كېتىشتىن قورققان خەنزۇلار خەي چىڭدىن پاناھلىق تىلىگەن، خەي چىڭمۇ پاناھ بولۇپ، خەنزۇلارنى ئۆيىگە يوشۇرۇپ قوغدىغان، ما لۇيجاڭنىڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي قوشۇنىنىڭ بىر تارماق ئەترىتى توقسۇغا كىرگەن.

مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) 3 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى بۇيرۇققا بىنائەن خەيچىڭ ئۈستىدە دېلو تۇرغۇزۇپ قىلمىشىنى سۈرۈشتە قىلغان، ئۆلكىلىك، ۋىلايەتلىك ج خ ئورگانلىرى كۆپ قېتىم ئالاقە ئەۋەتىپ دېلونىڭ بېجىرىلىشىنى سۈيلىگەن، تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى دۇبەن شېڭ شىسەيگە بىۋاسىتە يوللاپ بېرىلگەن، بىراق خەي چىڭ شېڭ شىسەي قوزغىغان تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىدە ئامان قالغان.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ناھىيە بويىچە قورال - ياراغ يىغىۋېلىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلغان، خەي چىڭ قورال - ياراغ يىغىۋېلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغان.

خەي چىڭ مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ۋاپات قىلغان.

# ئىبراھىم سامساق

ئىبراھىم سامساق (1907 — 1941) ، ئۇيغۇر، شايار ناھىيىسىنىڭ لايدالىق كەنتىدىن. بالىلىق يىللىرىدا بىر كىچىك ئاشپۇزۇلدا شاگىرت بولغان. مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ، تاشكەنت ئوتتۇرا دەرىجىلىك پېداگوگىكا مەكتىپىدە ئوقۇغان. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن، شۇ يىلى 10 ـ ئايدا توقسۇنىڭ ھاكىملىقىغا، قوشۇمچە ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئىبراھىم ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقارغان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، يېڭىدىن 2 ھۆكۈمەت مەكتىپى قۇرۇلغاندا ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلغان، بازار ۋە يېزىلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەرىكىتىنى تەشەببۇس قىلغان ۋە باشقا خەلققە پايدىلىق بەزى ئىشلارنى قىلغان. ئىبراھىم سامساق ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خوتۇن ـ قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلغان، خىيانەتچىلىك قىلىپ قانۇننى بۇزغان.

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دەي فېڭچۈەننى جەنۇبىي شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈمىكى بىلەن بىللە توقسۇغا كەلگەندە ھاكىملىققا تەيىنلىگەن. ئۆلكىلىك ج خ باشقارمىسى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە كونا ـ يېڭى ھاكىملارنىڭ خىزمەت ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشى ئاخىرلاشقان ھامان ئىبراھىمنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈرگەن.

مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا ئىبراھىم ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە 34 يېشىدا ئۆلگەن.

# لۇ زې

لۇ زې مىنگونىڭ 24 — 25 ـ يىللىرى (1935 — 1936 ـ يىللىرى) 5 ـ ئايغىچە توقسۇغا ھاكىم بولغان.

لۇ زې ھاكىم بولغاندىن كېيىن يېڭىشاۋات كەنتىدە ئۈزۈنلۈكى تەخمىنەن 10 مىڭ سارجاندىن، كەڭلىكى تەخمىنەن 5000 سارجاندىن ئاشىدىغان بوزيەر بارلىقىدىن، يۇڭفېڭجاڭ كەنتىدە ئۈزۈنلۈكى تەخمىنەن 1000 سارجاندىن، كەڭلىكى تەخمىنەن 3000 سارجاندىن ئاشىدىغان بوزيەر بارلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. ئىلگىرىكى ھاكىملار ئادەم ئەۋەتىپ بۇ بوزيەرلەرنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ۋاقىتلىق يەر خېتى تارقىتىپ، ئۇ يەرلەرنى دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا بەرگەن. سۇ قىس بولغاچقا، دېھقانلار بۇ يەرلەرنى تېرىيالمىغان، ھوسۇل ئالالمىسىمۇ پاراق تاپشۇرۇشقا زورلانغان. بۇ ئەھۋال دېھقانلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. لۇ زې بىنام يەرلەرنى بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ، تۆپرىقىنىڭ مۇنبەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ ۋە 2 كەنتنىڭ ئاقساقاللىرىغا كۈچ تەشكىللەپ ئۆستەڭ چېپىپ بىنامنى سۇغىرىش، ئەتىياز كەلگەندە دېھقانلارنىڭ تېرىشىغا بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. لۇ زې ئۆستەڭ چېپىش ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، يېڭىشاۋات كەنتى بىلەن يۇڭفېڭجاڭ كەنتىدىكى ئەسلىدىكى ئۆستەڭلەرنى كېڭەيتىپ، چوڭقۇرلىتىپ چاپسا ھەم يۇقىرى ئېقىمغا توما ياسىسا، ئۇنى ھەم دەريا بىلەن تۇتاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، ھەم كۆپلەپ بوزيەر ئاچقىلى بولىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. لۇ زې بۇ پىلاننى يۇقىرىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) 3 ـ ئايدا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى: «ئۆستەڭ چېپىپ بوزيەر ئېچىش نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش ئىكەن، ھاكىم ئۆستەڭ ئورنىنى تەكشۈرۈپتۇ ھەم ئۆستەڭ چېپىپ، بوزيەر ئېچىپ، بىر قىسىم ئاھالىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى

ئىلتىماس قىلىپتۇ. تەييارلىقنى پۇختا قىلغاندىن كېيىن ئىش باشلىۋېتىلسۇن» دەپ يوليورۇق بەرگەن. ئۇ زېمىنلىق پىلانلىنىش ۋە قوماندانلىقىدا خەلق ئىشچىلىرى تەشكىللىنىپ، بىر نەچچە ئاي ئىچىدە يېڭىئاۋات ئۆستىڭى چېپىلىپ، سۇغىرىش كۆلىمى تەخمىنەن 10 مىڭ مو كېڭەيتىلگەن.

## شۇ جۇنخاۋ

شۇ جۇنخاۋ (1916 — ؟) جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇاڭيەن ناھىيىسىدىن. گومىنداڭ مەركىزىي موڭغۇل - زاڭزۇ كومىتېتىنىڭ سىياسىي كۇرسىنى پۈتتۈرگەن.

شۇ جۇنخاۋ مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 12 - ئايدا توقسۇنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىپ، يېرىم يىلدىن ئارتۇقراق ئىشلىگەندىن كېيىن، مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 7 - ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان. ئۇ ئەدەبىي جەھەتتە پىشقان، ناتىق كىشى ئىدى. ئۇ مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) جۇ شاۋلياڭغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كېلىپ، غەربىي شىمال باش مەمۇرىي مەھكىمىسىدە ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە كاتىپ بولغان، شۇ چاغدا شۇ جۇنخاۋنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق ئىدى.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) قىشتا، شۇ جۇنخاۋ توقسۇغا ھاكىم بولۇپلا، كۈندىلىك ئىشلارنى كاتىپقا تاپشۇرۇپ، ئۆزى تەرجىمان ئېلىپ، ناھىيە تەۋەسىنى تولۇق تەكشۈرۈپ چىققان.

شۇ جۇنخاۋ تەكشۈرۈپ ئۆتكەن دەرياسى تومۇسىغا كەلگەندە، ئۆستەڭ چېپىۋاتقانلارنىڭ كۈندۈزى سوغۇق سۇغا نان چىلاپ يەپ جان تىكىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى، كېچىسى جۇۋىلىرىنى يېپىنىپ سوغۇق گەمىدە ياتىدىغانلىقىنى كۆرىدۇ، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئاشلىق ئامبىرىدىن 125 دادەن بۇغداي ئاجرىتىپ، ئۇن تارتىپ، نان يېقىپ سۇ قورۇلۇشى ئورنىغا يەتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ.

توقسۇ ناھىيىسىدە بەزى مىراپلار سۇ ھوقۇقىنى ئىزگىنلىۋېلىپ نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، ئۆزى بەگ ئۆزى خان بولۇۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ، ئاممىنى بوزەك قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ھاكىم شۇ جۇنخاۋ پۇقرالارنىڭ سادادىسىغا ئاساسەن، كۈچلۈك سۇ زومىگەرلىرىدىن 3نى تۇتۇپ قامايدۇ، بۇ ئىش ناھىيىنى بىر مەھەل زىلزىلىگە سالىدۇ، نۇرغۇن يۇقىرى قاتلام زاتلار ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇلارنى تىلىۋالسىمۇ، ھاكىم شۇ جۇنخاۋ ئۇلارنى قويۇپ بەرمەيدۇ. ئاقسۇنىڭ ۋالىيسى خەت يېزىپ قويۇپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەندىلا، ئامالسىز قېلىپ، ئۇلارنى توۋا قىلدۇرغاندىن كېيىن قويۇۋېتىدۇ.

شۇ جۇنخاۋ بىر كىچىك دېپتەرنى قولىدىن چۈشۈرمەي، ئۇنىڭغا كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى يېزىۋېلىپ ئۆگىنىدۇ. يەكتەپ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئوقۇغۇچىلار بىلەن پاراڭلاشماي قالمايدۇ، يېزا باشلىقى، باۋجاڭلار ئۇنىڭدىن يوليورۇق سورىماقچى بولسا ھەمىشە ئۇنى مەكتەپتىن تاپىدۇ. يېزا - كەنتلەرگە بارغاندا، ئېتىز بېشى، يول بويلىرىدا دېھقانلار بىلەن پاراڭلىشىدۇ.

شۇ جۇنخاۋ تەكشۈرۈش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ سېلىقنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىپ يېتىدۇ ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە خەت يېزىپ، دېھقانلارنىڭ باج - سېلىقىنى يېنىكلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ جۇنخاۋ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەۋەتكەن خادىمنىڭ ياردىمىدە، ناھىيىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى يېڭىۋاشتىن ئۆلچەپ چىقىپ، يەر بېجى سېلىقىنى مۇۋاپىقلاشتۇرىدۇ. ناھىيە بويىچە ئەسلىدە 13 مىڭ 600 دادەندىن ئارتۇق پاراق ئېلىناتتى، تېرىلغۇ يەر قايتىدىن ئۆلچەنگەندىن كېيىن پاراقنى 5196 دادەنگە ئازايتىدۇ (كېيىنكى ھاكىم بەك كۆپ ئازايتىۋېتىلسە يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت تەستىقلىماسمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، سۇۋاقچىلىق چارىسىنى قوللىنىپ، يەنە 2400 دادەن قوشقان، مىنگونىڭ 36 - يىلى ئەمەلىيەتتە 7596 دادەن پاراق ئېلىنغان).

شۇ جۇنخاۋنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە قوللانغان بىر قەدەر تەرەققىيپەرۋەرلىك تەدبىرلىرى شۇ چاغدىكى

مۇشتۇمزور بايلارنىڭ مەنپەئىتىگە تېگىپ كەتكەچكە، ئۇلار توپلىشىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئالىي مەمۇرىي مەھكىمىگە بىرلەشمە ئىمزادا پاكى مەخپىي خەت يېزىپ شۇ ھاكىم ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 7 - ئايدا توقسۇدىن ئايرىلىدۇ.

شۇ جۇنخاۋ توقسۇدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن كىيىم - كېچەكلىرىنى سېتىپ يول راسخوتى تەييارلايدۇ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى قىسمەن خىزمەتچىلەرمۇ ياردەم قىلىدۇ. ئۇ ئامىنى پاراكەندە قىلماي دەپ سەھەردە يولغا چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ، پەقەت 100 نەچچە كىشى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دەرۋازىسى ئالدىغا يىغىلىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويىدۇ.

شۇ جۇنخاۋ توقسۇدا ئاران يېرىم يىللا ئىشلىگەن، ھازىر ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغىنىغا 50 يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنى بىلىدىغان پېشقەدەملەر «نان تارقاتقان ھاكىم» دەپ ھازىرمۇ تەرىپلەپ تۇرىدۇ.

## ئابلىز ھامۇت

ئابلىز ھامۇت (1918 — 1951)، ئۇيغۇر، كۇچا ناھىيىسىدىن. ئۇ مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) ئاقسۇ ئادىي پېداگوگىكا مەكتىپى (كۇچا سىنىپى) گە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن كۇچا ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. مىنگونىڭ 29 — 35 - يىلغىچە (1940 — 1946 - يىلغىچە) كۇچا ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىدا كادىر بولغان. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى كۇچادا «ھورۇنباغ ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قولغا ئېلىنغان، ئۇ كېپىللىك بىلەن تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئىلىغا قېچىپ بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، جەڭچى، ليەنجاڭ، يېتەكچى بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ 1950 - يىل 1 - ئايدا كەسىپ ئالماشتۇرۇپ ئونسۇ ناھىيىسىگە مۇۋەققەت ھاكىم بولغان. 2 - ئايدا توقسۇغا يۆتكىلىپ ھاكىم بولغان، 5 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن.

ئابلىز ھامۇت توقسۇغا ھاكىم بولغاندىن كېيىن، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش - چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشقا ئوخشاش مەركىزىي خىزمەتلەرگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلىنىپ، ناچار شارائىتتا پىداكارلىق بىلەن ئىشلىگەن. 1950 - يىلى ئەتىيازدا ئۇ كۇچاغا يىغىنغا بېرىپ قايتىشىدا، ئۇچتۇرپاننىڭ ئەتراپىغا كەلگەندە، دۈشمەنىنىڭ يوشۇرۇنۇپ قىلغان ھوجۇمىغا ئۇچرايدۇ. ئۇ نۇرغۇن دۈشمەن ئالدىدا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، پاراسەت بىلەن ئىش كۆرۈپ، يولدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، توقسۇغا ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىدۇ.

ئۇ ھەمىشە يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ، سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ، يېڭى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىگەن. ئامىنى ئىشلەپچىقىرىشنى تۇپلاشقا چاقىرىپ، ناھىيە بازىرىدا كۆلۈپ سالدۇرغان.

كېسەل بولسىمۇ خىزمەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ھېرىپ - چارچاپ كەتكەن ئابلىز ھامۇت 1951 - يىل 9 - ئايدا كادىرلار يىغىنىدا سۆزلەۋېتىپ تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، 33 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## زەپەر ئابىت

زەپەر ئابىت (1916 — 1951)، ئۇيغۇر، ئاتا - بوۋىسى كۇچادىن. ئۇ مىنگونىڭ 23 - يىلى

(1934 ـ يىلى) كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، كۇچا ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى بولغان.

ئۇ مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) تاغنى مەخمۇتخاننىڭ (رايون باشلىقى بولغان) تەكلىپى بىلەن توقسۇغا كېلىپ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ تاغئېرىق كەنتىدە تۇرغان. مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) مەخمۇتخان ھاكىم ئەن ۋېيغا پارا بېرىپ يېزا باشلىقى بولغان ھەم ئۆزىنى ئۆزى دېھقانلار ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى قىلدۇرغان. زەپەر مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) گومىنداڭغا كىرگەن. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) قېيناتىسى سىيىت (ئاقسۇنىڭ شۇ چاغدىكى ۋالىيسى)نىڭ قوللىشى بىلەن توقسۇنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەن. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا توقسۇنىڭ ھاكىملىقىغا ئۆستۈرۈلگەن.

زەپەر ئابىت مۇئاۋىن ھاكىم بولغاندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە بولمىغانلارنى چەتكە قېقىپ، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى زورايتىپ، لۈكچەكلەرنى توپلاپ، قولچوماقلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، توقماقچىلار ئەترىتى تەشكىللەپ، ئۆزىگە ئىتائەت قىلمىغان ھەر ساھە زاتلىرىنى سولىغان، قاتتىق ئۇرغان. ئۇ مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) سايلام پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، نۇردىن ئېلى، ئىمىن مەخسۇت قاتارلىق 10 نەچچە كىشىنى سولىغان، قولچوماقچىلىرىغا يۈسۈپ مۇھەممەت، راخمان قاتارلىق 5 كىشىنى ئۇرغۇزغان. خەلق زەپەرنى «كالتەكچى ھاكىم» دەپ ئاتىغان.

زەپەر ئابىت ھاكىم بولۇپ تۇرغان بىر نەچچە يىلدا جەمئىي 10 مىڭ 365 تەڭگە، 46 يامبۇ، 70 مىڭ 425 جىڭ بۇغداي، 90 مىڭ 975 جىڭ قوناق، 1050 جىڭ ياغلىق دان، 8 ئات، 6 كالا، 20 قوي، يەنە بىر مۇنچە ئاۋار ـ دۆردۈن، پاختا رەخت، كىگىز، ياغاچ، تېرە قاتارلىق نەرسىلەرنى خىيانەت قىلغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 ـ يىل 2 ـ ئايدا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان. 1951 ـ يىلى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى زەپەر ئابىتقا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان.

## ياقۇپ تۇردى

ياقۇپ تۇردى (1895 — 1952)، ئۇيغۇر، يۇلتۇزباغ يېزىسىنىڭ توپاشەھەر كەنتىدىن.

ياقۇپ تۇردى يومبىچىك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، كىچىكىدىن راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتكەن، چوڭ بولغاندىن كېيىن جىق ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ، ئۆز يېرىنىڭ زومىگىرى بولۇپ قالغان. ئۇ مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) ما خۇشەن توپىلىڭى مەزگىلىدە توپىلاڭغا ئاۋاز قوشۇپ، ۋاھاپ ھاجىنىڭ قىسمىدا لىيەنجاڭ بولغان. قاچقان ئەسكەر ئايۇپنى ئېسىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، سايىم، ئىمىر قاتارلىقلارنى قاتتىق ئۇرغاندىن كېيىن سۇ بېشىغا تىرىك كۆمۈۋەتكەن. ئۇ 6 كىشىگە زىيانكەشلىك قىلغان، 125 كىشىنى قاتتىق ئۇرغان، 2000 چارەكتىن ئارتۇق بۇغداي، 1000 چارەكتىن ئارتۇق قوناق، 4 يامبۇ، 192 سەر تەڭگە، 2 مىليارد 500 مىليون سەر شىنجاڭ پۇلى، 100 نەچچە قوي، 3 ئات، 2 كالا ۋە باشقا نەرسىلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلغان.

ئۇ ما خۇشەن توپىلىڭى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، قورال ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ، توپاشەھەر ئەتراپىدا كەنت ئاھالىلىرىنى قاتتىق ئۇرغان، يېزىدىكىلەرنى بوزەك قىلغان، پۇقرالارنى قاتتىق بىزار قىلغان.

ئۇ مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) دايۇلتۇز كەنتىدە مۇئاۋىن باش مىراپ بولغاندىن كېيىن، سۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ داۋاملىق ئەسكىلىك قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ خوتۇنى سىيىتخاننى دېھقان قادىر بىلەن ئويىنىدى دېگەن گۇمان بىلەن باغلاپ قاتتىق ئۇرغان ھەم ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا 8 قېتىم پىچاق تىققان،

سىيىتخان نەچچە ئايدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن. ياقۇپ تۇردى يەنە قادىرنى باغلاپ ئېسىپ ئۇرغان، قادىر ئۇنىڭ زومىگەرلىكىنى سۆككەندە، ئۇ غەزىپىگە چىدىماي، قادىرنى تىرىك تۇرغۇزۇپ سويماقچى بولغان، بىراق ئاتىسى توسۇپ قالغان، ئۇ بىر تال كالا مۈڭگۈزىنى قادىرنىڭ ئارقا پېشاپىغا تىقىۋەتكەن. ئېغىر زەخىملەنگەن قادىر بىر يىلدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ياقۇپ تۇردى قادىرنىڭ ئىنىسىنى تۇتۇپ كېلىپ مايۋان ئورنىدا جۇۋازغا قېتىپ نەچچە يىل قىينىغان.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) دايۇلتۇز ئۆستىڭىنىڭ ئاچادۇڭ بۆلىكى يار ئېلىپ كېتىپ توسۇشقا ئامال بولمايدۇ. ياقۇپ تۇردى مۇئاۋىن باش مىراپلىق سالاھىيىتى بىلەن، توختى ئىسىملىك ئادەمنى كۆمگەندىلا يار ئېغىزىنى ئەتكىلى بولىدۇ دەپ جار سېلىپ، قولچوماقلىرىنى توختى ئىسىملىك ئادەمنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇغان، ئۇلار توختى ئىسىملىك ئادەمنى تاپالمىغاندا، كەمبەغەل دېھقاننىڭ ئوغلى تۆمۈرنىڭ ئىسمىنى توختىغا ئۆزگەرتىپ، ئۇنى باغلاپ يار ئېغىزىغا تىرىك كۆمگەن. يەنە شۇنداق يول بىلەن دېھقان سايىمنىمۇ تىرىك كۆمگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان، خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان ياقۇپ تۇردىغا 1952 - يىل 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغان.

## مۇھەممەت نىياز

مۇھەممەت نىياز (1877 — 1954) ، ئۇيغۇر، توقسۇ بازىرىدىن، ناھىيە بويىچە داڭلىق تېۋىپ.

ئۇ تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كىچىكىدىن ئەقىللىق، ئۆگىنىشكە ھېرىسمەن ئىدى، ھەمىشە دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى ۋە دورا چۆگۈننى ئويۇنچۇق قىلىپ ئوينايتتى.

مۇھەممەت نىياز چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 14 - يىلى (1883 - يىلى) كۇچاغا بېرىپ موللا تاھىر (ئالىم ھەم تېۋىپ) ئاچقان دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ دىنىي بىلىملەرنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن بىللە، ئۇيغۇر تېبابىتى ئاساسىي بىلىملىرىنىمۇ ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، دورىگەرلىك، پاتولوگىيە، داۋالاش قاتارلىقلارغا دائىر ساۋاتلارنى ھەم پارسچىنى تېزلا ئىگىلىۋالغان.

ئۇ 1891 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، توقسۇ ئەتراپىدا ئاتىسىغا ئەگىشىپ تېۋىپلىق قىلغان. ئۇ 10 نەچچە يىللىق داۋالاش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق مول كلىنىكىلىق تەجرىبىلەرنى توپلىغان، ئاتا - بوۋىسى ۋە ئۇستازىنىڭ ھەممە تېببىي بىلىمىنى قوبۇل قىلغان. 19 - ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا، ئۇ مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدىغان، تۈرلۈك قىيىن كېسەللەرنى داۋالىيالايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. ئۇ قىزىل، چېچەك، يۇقىرى قان بېسىمى ۋە تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتىكى ماھىرلىقى بىلەن داڭق چىقارغانىدى. ئۇ ئېغىر پالەچ بولۇپ قالغان بىر كىشىنى دورا بېرىش، قوشۇمچە ئۇۋۇلاش يولى بىلەن كۆڭۈل قويۇپ داۋالاپ ساقايتقان.

مۇھەممەت نىيازنىڭ داۋالاش تېخنىكىسى يۇقىرى، تېببىي ئەخلاقى ئالىيجاناب بولۇپ، كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلىدە بولاتتى، كىشىلەرنى كەمبەغەل - باي دەپ ئايرىمايتتى، قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىسا، ھەققىنى ئاز ئالاتتى ياكى ئالمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كېسەلخانىسىغا ئاغرىقلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. ئۇ ئاغرىقلارنى ئوبدان كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن 4 ئېغىزلىق ئۆيىنى كېسەلخانا ۋە دورىخانا قىلىپ، بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە ئۆزى تۇراتتى.

ئۇ داۋالاش خىزمىتىنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىدىن داۋالاش كەسپىنى كېڭەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى

ھېس قىلىپ يېتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ كۇچا، شايار، توقسۇ ناھىيىلىرىدىن تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر ياشلىرىدىن ياخشىلىرىنى تاللاپ شاگىرتلىققا ئېلىپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تاھىر، خاتىپ، خېۋىر، مەخسۇم، گەرشىدىن قارى، ھېبىبۇللا قارى قاتارلىق 10 نەچچە تېۋىپنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ، بۇلار كۇچا، شايار، توقسۇ ناھىيىلىرىدە بازار - يېزىلاردىكى ئاممىنىڭ كېسەللىرىنى داۋالايدۇ.

مۇھەممەت نىياز 1954 - يىلى 10 - ئايدا 77 يېشىدا كېسەل بىلەن قازا قىلدى.

## ئەخمەت سامساق

ئەخمەت سامساق (1854 — 1957) ، ئۇيغۇر، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ شەنبە بازار كەنتىدىن. ناھىيە بويىچە ئاتاقلىق ئۇقۇمۇشلۇق يومبىچىلەك. ئۇنىڭ ئاتىسى كۈچالىق بولۇپ، 1834 - يىلى توقسۇنىڭ شەنبە بازار كەنتىگە كۆچۈپ كەلگەن، كېيىن خوجا تۇرۇس كەنتىگە كۆچۈپ بارغان. ئەخمەت سامساق چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىللە، كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، داڭلىق «چوڭ باي» بولۇپ قالىدۇ.

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) ئەخمەت سامساق مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ ھاجى بولىدۇ. مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) ۋە مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى) يەنە 2 قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغاندىن كېيىن ئابرويى ھەسسىلەپ ئۆسىدۇ.

ئۇ مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) دايۈتۇز كەنتىنىڭ باش مىرابى ۋە شاڭيۇ بولىدۇ. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) توقسۇ ناھىيىسىنىڭ باش مىرابى بولىدۇ. شۇ مەزگىلدە ئۇ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، بايلىق توپلاپ، نۇرغۇن يەر سېتىۋالىدۇ. 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۇنىڭ قولىدىكى يەر 45 مىڭ موغا (ناھىيە سىرتىدىكىسى بۇنىڭ سىرتىدا) ، كالا 350 كە، ئات 37 گە، قوي 4500گە، تۆگە 8 گە، يىلقىچى 37گە، مەدىكار 15كە يەتكەن، بىر خوسۇسىي ئۆستەڭى بولغان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى ئەتىيازدا ئازادلىق ئارمىيە ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىسى توقسۇغا كەلگەندە، ئەخمەت سامساق كومپارتىيە سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىدىن ئۆزۈل - كېسىل ئادا - جۇدا بولغان. يەرئىسلاھاتى باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ يېرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. مال -مۈلكىنىڭ كۆپ قىسمىنى دېھقانلار ئۈيۈشمىسىغا تاپشۇرغان. 1950 - يىلى ئۇ باشلامچىلىق بىلەن 39 مىڭ 500 كىلوگرام پاراق تاپشۇرغان. 1951 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەبلەغ توپلاپ كۆلۈب سالدىغان چاغدا، ئۇ باشلامچى بولۇپ پۇل ئىئانە قىلغان. ئۇ سىياسىي جەھەتتە كومپارتىيىگە ئەگىشىپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلغان، ھەر ساھەدىكى ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارنى پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىشقا، خەلق ھۆكۈمىتىنى قوللاشقا، پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلغان. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يەر ئىسلاھاتىنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، ئەخمەت سامساققا تەقسىم قىلماسلىق، كۈرەش قىلماسلىق، تۈرمۈشتا چىقىش يولى بېرىشتىن ئىبارەت كەڭچىلىك سىياسىتىنى قوللانغان ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى قوغداپ ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈپ قويغان.

ئەخمەت ھاجى 1957 - يىلى 4 - ئايدا 103 يېشىدا كېسەل بىلەن قازا قىلدى.

## ئابلا ئىبلەك

ئابلا ئىبلەك (1937 — 12. 1958) تاشئېرىق يېزىسىنىڭ ئارا تۆگمەن كەنتىدىن.

ئابلا ئېلەك كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئاتىسى ئېلەك نۇردۇن ئەسلى كۇچالىق بولۇپ، ئۆمرى دېھقانچىلىق، قوشۇمچە ياغاچچىلىق بىلەن ئۆتكەن.

ئابلا ئېلەك كىچىكىدىنلا سەمىمىي، ئىشچان، تىرىشچان ئىدى، مەكتەپتە ئۇستازلىرىنى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۆيىدە ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. ئۇ چوڭ بولغاندا ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا باشلىغان. كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىدە پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى باشلامچىلىق، قىزغىنلىق بىلەن تەشۋىق قىلغان، 1956 - يىلى شەرەپ بىلەن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن.

1958 - يىلى كۈزدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كەڭ كۆلەمدە پولات تاۋلاش چاقىرىقىنى چىقارغاندا، توقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم پۈتۈن ناھىيىنى پولات تاۋلاشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ ھەم پولات - تۆمۈر جۈنتۈەنىنى تەشكىللەيدۇ. ئابلا ئېلەك ئاكتىپلىق بىلەن تىزىمغا ئالدۇرۇپ، 2 - يىڭنىڭ 2 - ليەنىگە تەقسىم قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1958 - يىل 10 - ئايدا كۇچا شىمالىي تاغقا پولات تاۋلاشقا ئاتلىنىدۇ. ئۇ خىزمەتتە ئاكتىپ بولغانلىقى ئۈچۈن يىڭدىكى ياش زەربىدارلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. قەھرىتان قىشنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن قىيىنچىلىق بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتاتتى، شىمالىي تاغنىڭ ھاۋاسى بەك سوغۇق ئىدى، پولات تاۋلاش جەڭچىلىرى گەمىلەردە ياتاتتى. كۆمۈر بىلەن رۇدا باشتا ھارۋا ۋە ئېشەك بىلەن توشۇلاتتى، كېيىن ئات - ئېشەكلەر ئۆلۈپ كېتىپ، يۈدۈپ توشۇشقا توغرا كەلدى. ئابلا ئېلەك ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇدا 3 كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئىشلەيدۇ. يىڭجاڭ ئۇنى كۆپ قېتىم دەم ئېلىشقا ئۈندىسىمۇ ئۇنىماي ئىشلەيدۇ، 4 - كۈنى ھېرىپ ھالسىراپ كەتكەنلىكتىن بەختكە قارشى پولات تاۋلاش مېشىگە چۈشۈپ كېتىپ قۇربان بولىدۇ.

## رېھىم داموللا

رېھىم داموللا (1889 — 1962) ئۇيغۇر، توقسۇ ناھىيىسى تاشئېرىق يېزىسىنىڭ قوشئېرىق كەنتىدىن. ئۇ دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، بالىلىق دەۋرىدە ئۆز يېزىسىدىكى مەدرىسەدە ئوقۇغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 30 - يىلى (1904 - يىلى) ھاجى ئەلەمگە ئەگىشىپ ناھىيە بازىرىدىكى مەدرىسەدە ئوقۇغان. گۇاڭشۈ 32 - يىلى (1906 - يىلى) قەشقەرگە بېرىپ ئالىي مەدرىسەدە بىلىم ئاشۇرغان (ئىشلەپ تۇرۇپ ئوقۇغان). مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) ئوقۇشنى تاماملاپ قايتىپ كېلىپ، توقسۇ مەھكىمە شەرئىيدە قازى بولغان. مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) ئەلەملىككە ئۆستۈرۈلگەن.

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 11 - ئايدا رېھىم داموللا باشقا 6 دىنىي زات بىلەن بىرلىكتە شېڭ شىسەيي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن مەخپىي قولغا ئېلىنغان. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ۋۇ جۇڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن.

رېھىم داموللا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، مەھكىمە شەرئىينىڭ قازى كالانلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) ئۇ مەھكىمە شەرئىيدىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بېرىپ، ناھىيە بازىرىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسەنى باشقۇرغان ۋە ئىسلام دىنى دەستۇرلىرىنى تەتقىق قىلغان. مەدرىسە گۈللەنگەن مەزگىلدە تالىپلىرى 250 تىن ئېشىپ كەتكەن.

رېھىم داموللا جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئاتاقلىق ئىسلام دىنى ئۆلىماسى بولۇپ، بىلىم دائىرىسى كەڭ، پوزىتسىيىسى ئەستايىدىل كىشى ئىدى، تەبىئىي پەنلەرگە كۈچلۈك ھەۋەس قىلاتتى.

رېھىم داموللا ئىستىلى دۇرۇس كىشى بولۇپ، كىشىلەرگە خوش پېئىل ئىدى، خۇشامەتچىلەرنى ئۆچ كۆرەتتى. ئۇ قازى بولغان مەزگىلدە خەلق ئارىسىدىكى ماجىرالارنى ئادىل بىر تەرەپ قىلغاچقا، ياخشى ئابروي

تېپىپ ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى.

رىھىم داموللا دىنىي كەسىپ قىلغان بولسىمۇ، باشقىلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلىمايتتى، دىنىي ساھەدىكى پىرىخون، ئالدامچىلارغا ئوخشاش مۇناپىقلارغا دىنىي قائىدىلەر بىلەن نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى توغرا يولغا سېلىشقا ئۇندەيتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ كومپارتىيە بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنى، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئاكتىپ ھىمايە قىلدى. 50 - يىللاردا ئۇ يەر ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سايلام كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك 1 -، 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، ھۆكۈمەت ئەزاسى، سىياسىي كېڭەش ئەزاسى بولغان. 1957 - يىلى ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان، قايتىش سەپىرىدە كېسەل بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي يېرىم پالەچ بولۇپ قالغان. 1962 - يىل 3 - ئايدا 73 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## شۇ خۇڭ

شۇ خۇڭ (1918 — 1965)، يەنە بىر ئىسمى شۇ ۋېنشىڭ، تۇلۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتلىق. 1937 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن.

ئۇ 1935 - يىل 8 - ئايدا ليۇجىدەن رەھبەرلىكىدىكى شىمالىي شەنشى ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، باشتا جىدەن ناھىيىلىك ئۆسمۈرلەر كومپارتىيىسى رايونلۇق كومىتېتىدا ئەترەت باشلىقى، شۇجى بولغان. 1939 - يىل 7 - ئايدا جىدەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 1 - بۆلۈمىگە يۆتكەلگەن. 1940 - يىلى يەنئەنگە ئۆگىنىشكە بارغان. 1941 - يىلى جىدەن ناھىيىسىنىڭ 6 - رايون، 3 - رايونىدا ياردەمچى خادىم، رايون باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1947 - يىل 2 - ئايدا 1 - دالا ئارمىيىسى 3 - جۇڭنىڭ 7 - شىسىغا يۆتكىلىپ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولغان. 1949 - يىل 9 - ئايدا گەنسۇنىڭ ئەنشى ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن ھاكىم قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

1954 - يىل 8 - ئايدا مەركىزىي رەھبەرلىك مېتال ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ، بۆلۈم باشلىقى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1960 - يىل 12 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1963 - يىل 11 - ئايدا كەلپىن ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولغان.

شۇ خۇڭ توقسۇدا ئىشلىگەن 3 يىلدا، ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتى، ئاقكۆڭۈل قەلبى، تىرىشىپ ئىشلەش روھى، تەسىرلىك نەمۇنىلىرى بىلەن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئۇنىڭ تەسىرلىك ئىشلىرى كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدا بۈگۈنگە قەدەر تەرىپلىنىپ كەلمەكتە.

1960 - يىلى قىشتا، ھەر قايسى كەسىپلەرى خارابلىشىپ كەتكەن توقسۇ ناھىيىسى قىيىنچىلىق ئىچىدىن ئاستا - ئاستا ئۆيغىنىپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئالدىدا تۇرغان پەيتتە، شۇ خۇڭ بۇيرۇققا بىنائەن بېيجىڭدىن ئايرىلىپ، توقسۇغا شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى بولۇپ كەلدى. ئۇ قايەردە قىيىنچىلىق بولسا شۇ يەرگە چاپتى. ئەينى ۋاقىتتا تىگمەن يېزىسى مەسىلە ئېغىر يېزا ئىدى، ئۇ 10 كىلومېتىر يولنى پىيادە يۈرۈپ، بۇ يېزىغا كېلىپ كەمبەغەل دېھقانلاردىن ھال سورىدى، ئۇلار بىلەن سىرداشتى. ئۇ كىشىلەرگە ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ، ئاممىنىڭ دەردىگە يەتكەچكە، تېزلا ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى. ئۇ كادىرلارغا پارتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى، ئەنئەنىسى ۋە سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش، ئاممىنى ھەر ۋاقىت قەلبىگە پۈكۈش توغرىسىدا تەربىيە بەردى. ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق تىگمەن يېزىسىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى توغرا يولغا سالدى. ئۇ تۆۋەنگە كەتتىكە بارغاندا، كەمبەغەل ئائىلىلەرنى يوقلاپ،

ئاغرىق، قېرى، مېيىپ، ياردار گوۋشى ئەزالىرىنىڭ ئاشلىق ۋە قىشلىق ئوتۇن - ياغاچ مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى.

ئۇ دائىم يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ، كادىرلار بىلەن سىردىشىپ تۇردى، ئۇلارغا كومپارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى سۆزلەپ، ئۇلاردىن سەمىمىي ئادەم بولۇش، راست گەپ قىلىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، مۇبالىغىچىلىككە، نەتىجىنى مەلۇم قىلىپ، كەمچىلىكنى يوشۇرۇشقا، يالغان سۆزلەشكە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى.

شۇ خۇلىڭ ئىقتىسادىي پىلان تۈزگەندە، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئىمكانىيەت قالدۇراتتى، ئېتىز - ئېرىق، خامانلارغا بېرىپ، مەھسۇلاتنى توغرا باھالاپ، يۇقىرىغا ئەينەن مەلۇم قىلاتتى.

شۇ خۇلىڭ «يېزا ئىگىلىكى — ئاساس» دېگەن يېتەكچى ئىدىيىدە قەتئىي چىڭ تۇردى. ئىقتىسادىي خىزمەت تارماقلىرىدىن يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىشنى، دېھقانلارغا ئوغايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشنى، بىلەتلىك تەمىنلەيدىغان تاۋارلارنى ئالدى بىلەن يېزىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ خۇلىڭ بالدۇر ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ سىناقلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، جاپالىق ئىشلەپ كۆپ تۆھپە ياراتقان بولسىمۇ، ئۆزىدىن ياش بولغان پارتكوم شۇجىسىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن يوليورۇق سوراپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ، كومپارتىيە ئەزاسىغا خاس يۈكسەك تەشكىلچانلىق ۋە پرىنسىپاللىقنى ئىپادىلىگەنىدى.

ئۇ تۇرمۇشتا جاپاغا چىداپ ئاددىي - ساددا ئۆتەتتى، يېزىلارغا بارغاندا ئۆزى ئېلىۋالغان ناننى سوغۇق سۇغا چىلاپ يەپ، گوۋشى ئەزالىرىغا ھەرگىز ئېغىرچىلىق سالمايتتى. ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنىنىڭ سىياسىي ئۆگىنىش، تازىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ئەمگەكلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشاتتى.

ئۇ خوتۇنى بىلەن پەرزەنتلىرىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى، ھەرگىز ئالاھىدە بولۇۋالمايتتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكى 7 جاندىن خوتۇنى بىلەن چوڭ قىزىلا خىزمەت قىلاتتى، قالغان باللىرى تېخى كىچىك ئىدى. 1961 - يىلى ناھىيە بويىچە خادىملارنى ئىخچاملاش ۋاقتىدا، ئۇ پارتىيىنىڭ چاقىرىقىغا باشلامچىلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇپ، خوتۇنى بىلەن قىزىنى ئىخچاملاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ خىزمەتتىن قىسقارتتى. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى ئاز بولغاچقا تېجەشلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ، كوممۇنىستلارنىڭ دۆلەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان يۈكسەك قەلبىنى نامايان قىلدى.

يولداش شۇ خۇلىڭ قاتتىق ئىشلەش تۈپەيلىدىن چارچاپ كېسەل بولۇپ قېلىپ، داۋا شىپا قىلماي، 1965 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاخىرقى نەپىسىگىچە خەلققە بېغىشلىغان ئىنقىلابىي روھى توقسۇ خەلقىنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالدى.

## جاۋ ئېن

جاۋ ئېن (1921 — 1974)، خېبەي ئۆلكىسىنىڭ يەنشى ناھىيىسىدىن، دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان، بىر قانچە يىل باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان. 40 - يىللارنىڭ باشلىرىدا تىرىكچىلىك تۈپەيلى شەنشىگە كېلىپ شىئەندە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن، «ئەسكەر بولۇپ قورساق بېقىش» يولىغا مېڭىپ، خۇزۇڭنەن قىسمىنىڭ 61 - لۈيىنىڭ 183 - تۇەندە ئالاقىچى ئەسكەر بولغان.

1948 - يىل 3 - ئايدا شىمالىي شەنشىدىكى يىچۈەن ئۇرۇشىدا ئۇ ئازاد قىلىنىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 - جۈن 5 - شى 13 - تۇەننىڭ 4 - لىيەندە ئەسكەر بولغان. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدە ئىنقىلابىي تەربىيە ئېلىپ، ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈرگەن. ئادەتتىكى مەزگىلدە جاپالىق ئىشلەپ، ئۇرۇش

ۋاقتىدا باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلغان. 1948 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن، شۇ يىلى 12 - ئايدا شەنشىنىڭ خېيجى بازىرىدا بولغان ئۇرۇشتا بىر قېتىم «A» دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، كېيىن ھەنجاڭلىققا ئۆستۈرۈلگەن.

1949 - يىل 10 - ئايدا 2 - جۇن جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلدى. 1950 - يىل 3 - ئايدا 13 - تۇەن ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ توقسۇ ناھىيىسىگە ئەۋەتتى، جاۋ ئېن مۇشۇ ئەترەتنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ توقسۇغا كەلگەندىن كېيىن ئىلگىرى - ئاخىر دايۇلتوز رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى قۇرۇلۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، دايۇلتوز گوڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك تاشقى سودا پونكىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولدى. ئۇ دايۇلتوزدا توپتوغرا 20 يىل ئىشلىدى. بۇ جەرياندا پارتىيە، خەلق ئۈچۈن قېتىرقىنىپ، جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلدى، گوڭشېنىڭ ئېتىز - ئېرىق، چۆل - جەزىرىلىرىدە ئاياغ ئىزلىرىنى قالدۇردى، ئۇنىڭ تەكشۈرۈشى بىلەن ئېچىلغان بوزيەر 20 مىڭ مودىن ئاشتى. 1964 - يىلى دايۇلتوز ناھىيىنىڭ «ئاشلىق كانى»غا ئايلاندى.

جاۋ ئېن ھەر قېتىم يېزىغا بارغاندا، بىر تەرەپتىن ئىشلەپچىقىرىشنى تەكشۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇچراتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلاتتى، قورسىقى ئاچسا ئۆزى ئېلىۋالغان قۇرۇق ناننى يەپ، سوغۇق سۇ ئىچەتتى.

ئۇ ئۇيغۇرچىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، خىزمەتتە، ئۇيغۇرلار بىلەن پاراڭلاشقاندا، تەرجىمان ئىشلەتمەيدىغان دەرىجىگە يەتتى، دېھقانلار ئۇنىڭ بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشتا، ئۇنىڭغا ئەھۋال ئىنكاس قىلىشتا ئامراق ئىدى. ئۇ دېھقانلار بىلەن ھەمىشە سىرداشىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلەتتى، قىيىنچىلىقىنى ئامال بار ھەل قىلىپ بېرەتتى، شۇڭا كۆپچىلىك ئۇنى «دېھقان شۇجى» دەپ ئاتايتتى.

جاۋ ئېن دايۇلتوزدا ئىشلىگەن 20 يىلدا تەشكىل ئۇنى ئاقسۇغا خىزمەتكە يۆتكىمىسۇ، ئۇ دايۇلتوزدا ئىشلەۋېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن 5ى ناھىيە دەرىجىلىك كادىر بولۇپ قالدى، بىراق ئۇ يېزىدا ئۈن - تىنسىز ئىشلەۋەردى.

خىزمەتتە مەسىلە كۆرۈلسە جاۋ ئېن مەسئۇلىيەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالاتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، جاۋ ئېن «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دەپ قارىلىنىپ، چوڭ ئەترەتتە نازارەت ئاستىدا ئەمگەككە سېلىنىدى ياكى چۆلگە ئوتۇن كېسىشكە ئەۋەتىلدى. ئۇ بىر قانچە مىللىي كادىرنىڭ ئۆزىنىڭ «مەسىلە»سىگە چېتىپ قويۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا، كاتىپنى ھەربىي تەشۋىقات ئەترىتىگە خىزمەتتىكى مەسىلىلەرگە يالغۇز ئۆزىلا جاۋابكار بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشقا بۇيرۇيدۇ. كاتىپ ئۇنىڭغا: «ئۆزىڭىزنىمۇ قوغداپ قالالمايۋاتسىڭىز، باشقىلارنى قانداق قىلالايتتىڭىز؟» دېگەندە، جاۋ ئېن قەتئىي قىلىپ، «كادىرلارنىڭ مۇقىم بولۇشى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، مەن قاراپ تۇرالايمەنمۇ؟» دەيدۇ.

جاۋ ئېن ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك ھەرىكىتى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھىمايىسى ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى، ئاممىا ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئابروي قازاندى. 1974 - يىل 4 - ئايدا ئۇنىڭ ۋاپات بولغانلىقى توفرىسىدىكى شۇم خەۋەر تارالغاندا، دايۇلتوزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىا چەكسىز قايغۇغا چۆمدى، 300 دىن ئارتۇق كىشى ناھىيە بازىرىغا كىرىپ، ئۇنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالاشتى.

## ياسىن ئوسمان

ياسىن ئوسمان (1892 — 1974)، ئۇيغۇر، ئاتا - بوۋىسى يېڭىسارىدىن بولۇپ، كېيىن توقسۇغا كۆچۈپ

كەلگەن، ئۇ ناھىيە بويىچە مەشھۇر باپكار ئىدى. ياسىن ئوسماننىڭ دادىسى يىپەك توقۇمىچىلىقنى كەسىپ قىلغان، ياسىن ئوسمان ئائىلىسىنىڭ قىزغىنتۇرۇشى بىلەن 12 يېشىدىلا دۇكانغا چۈشەلەيدىغان بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) ئاتىسى ئۇنى توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن تاشكەنتكە ئېلىپ بارغان. ياسىن ئوسمان مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) ئاۋات ناھىيىسىگە كېلىپ باپكارلىق قىلغان. مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) توقسۇغا كەلگەن. مىنگونىڭ 13 - يىلى (1924 - يىلى) ئۇ ئۇزاقتىن يىغىپ كېلىۋاتقان پۇلى بىلەن ناھىيە بويىچە تۇنجى يىپەك دۇكىنى قۇرغان. كېيىن ئۇنى يىپەك توقۇمىچىلىق كارخانىسى قىلىپ كېڭەيتكەن. ئۇ ئۇزاق يىل ئىگىلىك باشقۇرۇش ئارقىلىق، ئۈزى يۇمشاق، رەڭگى چىرايلىق بىر خىل مەخمەلنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توقۇپ چىقىپ ئامىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى ئەلگە تارالغان.

ياسىن ئوسمان 1958 - يىلىنىڭ بېشىدا يەنە بىر خىل ئەتلەس توقۇپ چىقتى. ئۇنىڭ توقۇغان ئەتلىسى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ۋە ھىندىستان، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە سېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ياسىن ئوسماننى كۇچا ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى يۇقىرى ئىش ھەققى بىلەن تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتتى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتتى.

ياسىن ئوسمان ئۆمرىنى يىپەك توقۇمىچىلىقى بىلەن ئۆتكۈزدى ۋە ئۇنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلدى، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىمۇ يىپەك توقۇش ماشىنىسى ئالدىدا تۇرۇپ مەشغۇلاتقا يېتەكچىلىك قىلىپ، سۈپەت تەكشۈردى. ئۇ ئۇزاق توقۇمىچىلىق ئەمەلىيىتى داۋامىدا توقۇمىچىلىقنىڭ 10 نەچچە خىل يېڭى ھۈنەر - سەنئىتىنى ۋە يېڭى مەھسۇلات تۈرىنى لايىھەلەپ چىقىپ، توقۇش ماشىنىلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساپ، توقسۇنىڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى ۋە ناھىيىنىڭ توقۇمىچىلىق كەسپىدىكى مەشھۇر ئۇستا بولۇپ قالدى. ئۇ 6 شاگىرت يېتىشتۈرۈپ، نەچچە ئون ئادەمنى ئىشلىتىپ، يىپەك توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنى توقسۇغا كەڭ تارقاتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئېزىز ياسىن ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، توقۇمىچىلىقنى قىزغىن سۆيگەچكە، ناھىيىلىك مىللىي بۇيۇملار زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلات لايىھەلىگۈچىسى بولۇپ قالدى.

ياسىن ئوسمان 1974 - يىل 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى 82 يېشىدا كېسەل بىلەن قازا قىلدى.

## ساۋ يۇچى

ساۋيۇچى (1921 — 1977)، يەنە بىر ئىسمى ساۋ شۇرۇڭ، خەنزۇ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ رېنچيۇ ناھىيىسىدىن، دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. 1939 - يىل 9 - ئايدا 8 - ئارمىيىگە قاتنىشىپ، 120 - شى 3 - تارماق ئەترەت 8 - تۇەننىڭ 1 - لىيەندە جەڭچى بولغان. شۇ يىلى 11 - ئايدا تەلىم - تەربىيە تۇەننىڭ 6 - ئوتتۇرا ئەترىتىگە يۆتكەلگەن، شۇ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىگە كىرگەن. 1941 - يىل 8 - ئايدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ 7 - شۆبىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ، «ئۆگىنىش زەربىدارى» مېدالىغا ئېرىشكەن. 1943 - يىلى شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى 4 - لۈي مۇھاپىزەتچىلەر لىيەندە جەڭچى، بەنجاڭ بولغان. كېيىنكى يىلى خىزمەتنى ئاكتىپ ئىشلىگەچكە، شەنشى - گەنسۇ - نىڭشيا چېگرا رايونى بويىچە 3 - دەرىجىلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى مېدالىغا ئېرىشكەن. 1945 - يىلى سەنشى - سۇيىيۈەن ھەربىي رايونىنىڭ سەنشى كادىرلىرى ئەترىتىدە بەنجاڭ بولغان. 1946 - يىلى مۇستەقىل 4 - لۈينىڭ مۇھاپىزەتچىلەر لىيەنىگە يۆتكەلگەن، 1948 - يىلى 2 - جۈن تەلىم - تەربىيە تۇەننىڭ سىياسىي ئەترىتىگە يۆتكەلگەن، كېيىنكى يىلى 2 - جۈن 4 - شى ترانسپورت لىيەنىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچىسى بولغان. 1949 - يىل 10 -

ئايدا شىنجاڭغا كىرگەن. 1950 - يىلى 2 - جۇن تەمىنات باشقارمىسى باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ يېتەكچىسى بولغان. 1952 - يىل 3 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ پەرلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسىدا ئوقۇغان. 8 - ئايدا باي ناھىيىسىگە يۆتكەلگەن. 1964 - يىل 5 - ئايدا توقسۇغا يۆتكىلىپ، تاشئېرىق گۇڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ يېتەكچىسى، ناھىيىلىك ئۇنىۋېرسال زاۋۇت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

ساۋ يۈچى پارتىيە ئىشلىرىغا سادىق، ئىنقىلابىي خىزمەتتە ئاكتىپ، يولداشلار ئالدىدا سەمىمىي، تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا ئىدى.

ئۇ 1966 - يىلى ناھىيىلىك ئۇنىۋېرسال زاۋۇت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولغان مەزگىلدە ھەمىشە ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە ئەمگەككە قاتنىشىپ تۇراتتى، زاۋۇتقا كۆمۈر كەلگەندە، باشلامچى بولۇپ ماشىنىغا چىقىپ كۆمۈر چۈشۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ ھەر يىلى 4000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تېجەپ بېرەتتى.

ياغ تارتىش سېخىنىڭ سىرتىدىكى يولغا چېچىلىپ كەتكەن چىگىتلەرنى ھەر كۈنى دېگۈدەك يىغىپ تۇراتتى، شۇنداق قىلىپ 2000 كىلوگرام چىگىت يىغىپ 300 كىلوگرامدىن ئارتۇق ياغ چىقارغانىدى.

ساۋ يۈچى جاپا - مۇشەققەتلىك ئۇرۇش يىللىرىدا باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ پىداكارلىق كۆرسەتكەنىدى؛ ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغاندىن كېيىن خىزمەتنى جان - دىل بىلەن ئىشلىدى، پاك - دىيانەتلىك، ئىنتىزاملىق بولدى. خىزمەت كۆرسەتكەن پېشقەدەم 8 - ئارمىيە جەڭچىسى دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويمىدى، مەغرۇرلانمىدى، ئەكسىچە جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ باش چۆكۈرۈپ ئىشلىدى، ئامما بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، بارلىقىنى ئومۇمغا بېغىشلىدى، ئۇنىڭ ئەمۇنىلىك ئىش - ئىزلىرى توقسۇنىڭ بازار - يېزىلىرىدا كەڭ تارقالدى. «ئاقسۇ گېزىتى» 1975 - يىل 8 - ئايدا «ئەنە شۇنداق كۈرەش قىلىش كېرەك» دېگەن تېمىدا ئۇزۇن ئوچېرىك بېسىپ، ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى.

ئۇ 1974 - يىلى توغرا ئۈچەي راكى بولۇپ قالغان بولسىمۇ خىزمەتنى ئۇنتۇمىدى. 1977 - يىل 1 - ئايدا 56 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## گايىت مۇھەممەت

گايىت مۇھەممەت (1906 — 1984)، توقسۇ ناھىيە ئۆگەن يېزىسىنىڭ قاراقوم كەنتىدىن، ئاتاقلىق ئەمگەك ئەمۇنىچىسى.

ئۇ داڭلىق ئىشلەپچىقىرىش ماھىرى بولۇپ، 1952 -، 1953 - يىللىرى بۇغدايىنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى 1000 جىڭغا يەتكۈزۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئىشتا ئادىل، مۇئامىلىدە سەمىمىي بولۇپ، ئامما تەرىپىدىن ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدىغان مۇچىلىق ھەيئىتىگە سايلانغان.

1954 - يىلى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان.

ئۇ پارتىيىنىڭ كوپېراتسىيىلىشىش توغرىسىدىكى سىياسىتىنى ئاكتىپ ئىجرا قىلىپ، 1952 - يىلى بىرىنچى بولۇپ ۋاقىتلىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرغان. 1953 - يىلى باشلامچى بولۇپ دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرغان. 1955 - يىلى باشلانغۇچ كوپېراتىپ قۇرۇلغاندا، كوپېراتىپنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان. 1956 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك ئەمۇنىچىلىقىغا سايلىنىپ، شىنجاڭ ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى بىلەن بىللە بېيجىڭ قاتارلىق جايلارنى ئېكىسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلغان. 1956 - يىلى «غالىبىيەت» ئالىي

كوپېراتىپى قۇرۇلغاندا، كوپېراتىپ مۇدىرلىقىغا سايلانغان. 1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندا، چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئەترەت باشلىقى، گۇڭشې پارتكومىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، چېكىدىن ئاشقان «سول» لۇشيەنىنىڭ تەسىرىدە گۇرۇھسىز تەنقىدكە ئۇچرىدى. ئاقلانغاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماي، ئەتراپتىكى ئاممىنى يېتەكلەپ دېھقانچىلىقنىڭ 1 - سېپىدە داۋاملىق ئاكتىپ ئىشلىدى. ئۇ 1975 - يىلى ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا باشلامچىلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇپ، ئائىلىسىنى ئۇرىلىققا كۆچۈرۈپ كېلىپ ماكانلاشتى، ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئارقا - ئارقىدىن يەنە 100 نەچچە ئائىلە بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلدى. ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا كەنتنىڭ ئىقتىسادى يىلدىن - يىلغا تەرەققىي قىلدى. 1987 - يىلى كەنت بويىچە ئائىلە 160قا، نوپۇس 759غا، تېرىلغۇ يەر 4648 موغا، ئوتلاق 2000 موغا، ئاشلىق 658 مىڭ 500 كىلوگرامغا، پاختا 24 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپرەككە، چارۋا 1534 تۇياققا، تىكىلگەن دەل - دەرەخ 150 مىڭ تۈپكە، باغ 150 موغا، مېۋە - چېۋە 30 مىڭ كىلوگرامغا، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

گايىت مۇھەممەت ئۆمۈر بويى يۈكسەك ئىرادە بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. ئۇ 1984 - يىل 11 - ئايدا 78 يېشىدا كېسەل بىلەن قازا قىلدى.

## مىجىت مۇھەممەت

مىجىت مۇھەممەت (1907 — 1990)، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ چېكگۈەن بازىرىدىن. ئۇ بىر ياش ۋاقتىدا ئاتىسى ئۆلۈپ كېتىپ، چوڭ دادىسى قاسىم چامغۇرنىڭ قولىدا چوڭ بولغان.

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) ئۇ ئۆگەي دادىسى توختى يېرىنى سېتىۋېتىپ، ھازىرقى «قىزىلنۇر» باغۋەنچىلىك مەيدانىنىڭ ئورنىدىن بىر پارچە يەر سېتىۋالغان. توختى قازا تاپقاندىن كېيىن، مىجىت مۇھەممەت ئۇنىڭ ئىگىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تىرىشچانلىق بىلەن باشقۇرغان. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) باغ كۆلىمىنى 60 نەچچە موغا يەتكۈزۈپ، ئۈزۈم، ئۈرۈك، ياڭاق، شاپتۇل، قارىئۆرۈك، نەشپۈت، ئانار، بېھى قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈپ، توقسۇ ناھىيىسى بويىچە داڭلىق باغقا ئايلاندۇرغان.

ئۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 - يىلى يەر ئىسلاھاتىدا پومېشچىك قوشۇمچە سودا - سانائەتچى قىلىپ ئايرىلىپ يېرى مۇسادىرە قىلىنىدى، بېغى قوشۇمچە ئىگىلىك قاتارىدا ئۆزىگە قالدۇرۇلدى. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر ئىلىنىڭ ئاپورت ئالمىسى، شاڭخەينىڭ ئەتىرگۈلى قاتارلىق مېۋە ۋە گۈل سورتلىرىنى كىرگۈزۈپ بېغىدىكى مېۋىلىك دەرەخ ۋە گۈل - گىياھلارنىڭ تۈرىنى كۆپەيتتى، ئۇنىڭ بېغى كىشىلەرنىڭ ھېيت - بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە سەيلە قىلىپ ئارام ئالىدىغان سورۇنغا ئايلاندى.

1954 — 1957 - يىللىرى ئۇ ئۆرۈك، شاپتۇل پىشىشىدا بېغىنى ئاممىغا ئېچىپ بەردى، كىشىلەر 10 پۇڭ تاپشۇرۇپ باغدا خالىغانچە مېۋە يەپ، ئويناپ چىقاتتى. 1958 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ يېمەكلىك تىجارەت بۆلۈمى ئۇنىڭ بېغىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى 8000 يۈەنگە باھالاپ سېتىۋالدى ۋە مىجىت مۇھەممەتنى تېخنىك ئىشچى قىلىپ ئىشلەتتى. 1960 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى توقسۇ ناھىيىلىك «قىزىلنۇر» باغۋەنچىلىك مەيدانى قۇرۇلغاندا، ئۇ بېغىمنى ئەرزان باھادا ئۆتكۈزۈۋالدى دەپ نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئاغرىنىپ يۈردى. 1961 - يىلى ئۇنىڭغا پومېشچىك ئۇنسۇر قالپىقى كىيگۈزۈلۈپ، ئاممىنىڭ نازارىتىگە تاپشۇرۇلدى. 1962 - يىل 12 - ئايدا ئاتالمىش «ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت» بىلەن قولغا ئېلىنىدى. 1969 - يىلى قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئىچقىرىق يېزىسىنىڭ خاداڭ

كەنتىگە كېلىپ ئەمگەك قىلدى.

مىجىت مۇھەممەت 1975 - يىلى ئىچكىرىق يېزىسى ئۆتتاش كەنتىنىڭ 1 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن 100 مو بىنام يەر ھۆددە ئېلىپ يېڭى باغ بىنا قىلدى، ئۇ يەنە قولۇم - قوشنىلىرىغا باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى، ئۇلارنى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەلا سورتلىرى بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. ئۇ 1983 - يىلى قېرىپ ماغدۇرىدىن قالغاچقا، ھۆددە ئالغان باغنى ئەترەتكە قايتۇرۇپ بەردى. 1985 - يىل 1 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى مىجىت مۇھەممەتنىڭ ناھەق تارىخىي دېلوسىنى ئۈززۈل - كېسىل ئاقلاپ، ئۇنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەم پېنسىيىگە چىققانلار قاتارىدا ئورۇنلاشتۇردى.

توقسۇ ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى مىجىت مۇھەممەت بىنا قىلغاندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە 50 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىكى مەنزىرىلىك ساياھەت رايونلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ئۆمرى ئەگرى - توقايلىق ئىچىدە ئۆتكەن مىجىت مۇھەممەت باغۋەنچىلىكنى قىزغىن سۆيۈپ، توقسۇنىڭ باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشتى. ئۇ 1990 - يىل 7 - ئايدا 83 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئىبراھىم تاھىر

ئىبراھىم تاھىر (1919 — 1990)، ئۇيغۇر، توقسۇ ناھىيىسى تاشئېرىق يېزىسىنىڭ يېڭىئاۋات كەنتىدىن، ئاتاقلىق دىنىي زات.

ئۇ دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، بالىلىق دەۋرىدە مەدرىسەدە ئوقۇغان. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) مەھكىمە شەرئىيىنىڭ قازىسى بولغان. شۇ مەزگىلدە توغرا يول تۇتۇپ، ئادىل ئىش كۆرۈپ، ھەققانىيەتنى ياقلاپ، ئېزىلگۈچىلەر قاتلىمىدىكىلەرگە ھېسداشلىق قىلىپ، زۇلمەتلىك كۈچلەردىن چەك - چېگرا ئاجراتقانلىقى ئۈچۈن، شۇ زاماندىكى مۆتىۋەرلەرنىڭ ئۆچمەنلىكىگە ئۇچرىغان، مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) شۇ سەۋەبتىن يېرىم يىل قاماقتا ياتقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئاكتىپ ئىجرا قىلىپ، كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلدى، ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش، خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش داۋامىدا، دىندارلارغا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ماسلاشتى. 1959 - يىلى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى، 1963 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بېرىپ، 1965 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ناھىيىگە قايتىپ كەلدى.

سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە ئۇنىڭغا ناھەق پومېشچىك ئۇنسۇر قالپىقى كىيگۈزۈلۈپ، يېزىغا ئەمگەككە چۈشۈرۈلدى. 1978 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئاقلاندى. ئۇ 1980 - يىلى مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. 1981 - يىلى ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. 1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ھەج ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج قىلىپ كەلدى. 1983 - ۋە 1988 - يىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا سايلاندى. 1984 - ۋە 1986 - يىللىرى جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا سايلاندى.

ئىبراھىم تاھىر پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئىزچىل تۈردە ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىدى. دىنىي قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلغان، پارتىيە سىياسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان

گەپ ـ سۆزلەرنى تارقاتقان ئايرىم دىنىي زاتلارنى دادىل تەنقىد قىلدى ۋە باشقۇردى. ئارا مەھەللە كەنتى ئاپەتكە ئۇچرىغاندا باشلامچى بولۇپ پۇل ئىئانە قىلدى.

ئىبراھىم تاھىر 1990 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى 73 يېشىدا كېسەل بىلەن قازا قىلدى.

# II باب

# شەخسلەر جەدۋىلى

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى مەملىكەت بويىچە تەقدىرلەنگەن ئىلغار شەخسلەر

جەدۋەل: 23 — 1

| ئىسىم ـ فامىلىسى | خىزمەت ئورنى | مۇكاپاتلانغان يىلى | مۇكاپاتلىغان ئورۇن | شەرەپلىك نام |
|---|---|---|---|---|
| مەلىكىخان | يۇقىرىچالا كەنتى | 1953 | مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ئايخان ساتتار | تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى | 1956 | مەملىكەتلىك تەمىنات ـ سودا سىستېمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| گايىت مۇھەممەت | قاراقۇم كەنتى | 1957 | مەملىكەتلىك قەھرىمانلار يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| موشۇر ھاشىم | بەلكەستى كەنتى | 1958 | مەملىكەتلىك قەھرىمانلار يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ھىمىتخان | جاي كەنتى | 1958 | مەملىكەتلىك قەھرىمانلار يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ئايۇپ تۇراپ | قىزىلنۇر كەنتى | 1958 | مەملىكەتلىك قەھرىمانلار يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| گايىت مەخمۇت | ئۇچقات يېزىلىق ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپى | 1959 | خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى | كەسىپ ئالماشقان ھەربىي ئاكتىپ |
| ياسىن ئۆمەر | بازار گۇزىشى | 1958 | مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك قەھرىمانلىرى يىغىنى | «تۆت زىيانداش» يوقىتىش ماھىرى |
| بارات قۇربان | بازار كەنتى | 1959 | مەملىكەتلىك قەھرىمانلار يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ھۆسەن قاسىم | بازار كەنتى | 1959 | مەملىكەتلىك قەھرىمانلار يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ناسىر قارى | قارادۆڭ كەنتى | 1962 | ئورمانچىلىق مىنىستىرلىكى | ئورمانچىلىق ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ئېلى قۇربان | موما توغراق | 1964 | مەملىكەتلىك قەھرىمانلار يىغىنى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| يەن شياۋچېن | «گاۋاڭگارت» دېھقانچىلىق مەيدانى | 1969 | | چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى مۇنەۋۋەر ياش |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| سەلىم ئىمىن | تۇما كەنتى | 1982 | ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى |
| زەيتۇنەم سابىر | تاشئېرىق يېزىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ | 1983 | مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى |
| سېيىت نۇر | ج خ ئىدارىسى | 1985 | ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| راھىلەم ھوشۇر | 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ | 1989 | دۆلەت مائارىپ كومىتېتى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| ۋاھىت دالى | يولۇچى توشۇش بېكىتى | 1990 | قاتناش مىنىستىرلىكى | ئىلغار خىزمەتچى |
| خې جىمىڭ | ناھىيىلىك پارتكوم | 1990 | مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە ئىلغار ئىنتىزام تەكشۈرۈش كادىرى |
| چياڭ كېمېي | مائارىپ ئىدارىسى | 1991 | دۆلەت مائارىپ كومىتېتى | مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر مائارىپ خىزمەتچىسى |
| تۆمۈر يۈسۈپ | ج خ ئىدارىسى | 1994 | ج خ مىنىستىرلىكى | مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر خەلق ساقچىسى |

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن ئىلغار شەخسلەر

جەدۋەل: 23 — 2

| ئىسىم ـ فامىلىسى | مىللىتى | خىزمەت ئورنى | مۇكاپاتلانغان يىلى | مۇكاپاتلىغان ئورۇن | شەرەپلىك نام |
|---|---|---|---|---|---|
| جىن چۈەن | خەنزۇ | سودا ـ سانائەت بانكىسى | 1954 | خۇبېي خەربىي رايونى | 2 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |
| ياڭ لياڭرۇڭ | خەنزۇ | يېمەكلىكلەر شىركىتى | 1955 | جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قىسمى سىياسىي بۆلۈمى | 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |
| ئوسمان مۇسايېف | ئۇيغۇر | يېزا ئىگىلىك بانكىسى | 1956 | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك بانكىسى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| لى جاۋچى | خەنزۇ | مېتېئورولوگىيە پونكىتى | 1956 | ش ئۇ ئا ر مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ھامۇت ساۋۇت | ئۇيغۇر | شويلۇق كەنتى | 1957 | ج خ نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| نۇر توقا | ئۇيغۇر | تاشئېرىق كەنتى | 1957 | ج خ نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| رىھىم سابىر | ئۇيغۇر | 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1957 | مائارىپ نازارىتى | ئۈلگىلىك ئوقۇتقۇچى |
| مۇھەممەت مەخمۇت | ئۇيغۇر | يۇلتۇزباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ | 1957 | مائارىپ نازارىتى | ئۈلگىلىك ئوقۇتقۇچى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| پېلاڭ شۆربىن | خەنزۇ | تەمىنات-سودا كوپېراتىپى | 1957 | ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى | باش زەربىدار |
| تۇرسۇن ھاشىم | ئۇيغۇر | يېزا ئىگىلىك بانكىسى | 1958 | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك بانكىسى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| تاش ئايۇپ | ئۇيغۇر | رېمونت قىلىش-ياساش زاۋۇتى | 1959 | ش ئۇ ئا ر سانائەت-قاتناش سىستېمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئوسمان روزى | ئۇيغۇر | 1-ئوتتۇرا مەكتەپ | 1959 | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى | ئىلغار ئوقۇتقۇچى |
| سېھىيەم تۆمۈر | ئۇيغۇر | غازىمەھەللە باشلانغۇچ مەكتىپى | 1959 | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى | ئىلغار ئوقۇتقۇچى |
| ئىسمايىل ئوسمان | ئۇيغۇر | يۇلتۇزباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ | 1959 | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى | ئىلغار ئوقۇتقۇچى |
| روزى غازى | ئۇيغۇر | تاشقى سودا ئىدارىسى | 1959 | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ۋېي جىندۇ | خەنزۇ | تەمىنات-سودا كوپېراتىپى | 1959 | ش ئۇ ئا ر سانائەت-قاتناش سىستېمىسى قەھرىمانلار يىغىنى | ئىلغار خىزمەتچى |
| نۇرنىسا نامەت | ئۇيغۇر | توقسۇ بازىرى | 1959 | ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى | مۇنەۋۋەر يېتەكچى |
| ئاۋۇت ئېلاك | ئۇيغۇر | تاشقى سودا ئىدارىسى | 1959 | ش ئۇ ئا ر مالىيە سىستېمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئىسمايىل ئوسمان | ئۇيغۇر | يەكشەنبە بازارلىق باشلانغۇچ مەكتەپ | 1960 | ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت-مائارىپ سىستېمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئوسمان روزى | ئۇيغۇر | 1-باشلانغۇچ مەكتەپ | 1960 | ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت-مائارىپ سىستېمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| سېھىيەم تۆمۈر | ئۇيغۇر | تاشئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپى | 1960 | ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت-مائارىپ سىستېمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ساتتار توختى | ئۇيغۇر | رېمونت قىلىش-ياساش زاۋۇتى | 1960 | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئىسلام تۆمۈر | ئۇيغۇر | تاشئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپى | 1961 | ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت-مائارىپ سىستېمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئايۇپ بايىز | ئۇيغۇر | گائىيەر كەنتى | 1962 | ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى | مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى |
| ئوسمان رېھىم | ئۇيغۇر | تۇرئېرىق كەنتى | 1962 | دېھقانچىلىق نازارىتى | باغۋەنچىلىك بويىچە ئىلغار خىزمەتچى |
| ليۇ ماڭجېن | خەنزۇ | پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى | 1963 | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| تۇردى ھاشىم | ئۇيغۇر | ئازنا بازار كەنتى | 1963 | دېھقانچىلىق نازارىتى | ئەمگەك نەمۇنىچىسى |
| ئاسىخان ئابىت | ئۇيغۇر | تۈرلۈك ماللار شىركىتى | 1964 | سودا نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| بەي شىرۇلاڭ | خەنزۇ | ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | 1970 | ش ئۇ ئا ر سانائەت-قاتناش سىستېمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| شى ۋېنشىن | خەنزۇ | ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى | 1976 | «38168» قىسىم | 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |
| ۋاڭ خۇي | خەنزۇ | پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى | 1977 | چېڭدۇ ھەربىي رايونى | 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |
| ئايىمخان | ئۇيغۇر | ئاچال كەنتى | 1979 | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى | داجەيدىن ئۆگىنىش بويىچە ئىلغار شەخس |
| مۇھەممەت راخمان | ئۇيغۇر | 2 ـ يېزىلىق سانائەت ئىدارىسى | 1979 | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى | ئەمگەك ئەمۇنچىسى |
| نۇرنىسەم تۆمۈر | ئۇيغۇر | يۇلتۇزباغ يېزىسى | 1979 | ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى | «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى |
| شياڭ شيۇيىڭ | خەنزۇ | يېمەكلىكلەر شىركىتى | 1979 | ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى | «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى |
| قەيۇم خالىق | ئۇيغۇر | تەپتىش مەھكىمىسى | 1979 | ش ئۇ ئا ر خ ج، تەپتىش، سوت سىستېمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| مىنىسەم غوپۇر | ئۇيغۇر | 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ | 1979 | ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى | مۇنەۋۋەر يېتەكچى |
| مەلىكەم ناسىر | ئۇيغۇر | گۈلباغ كەنتى | 1979 | ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى | «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى |
| تۇراخان تۆمۈر | ئۇيغۇر | تاشئېرىق كەنتى | 1979 | ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى | «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى |
| ھىميت مەخمۇت | ئۇيغۇر | چولاقتوز كەنتى | 1979 | ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى |
| ئەبەيدۇللا گايىت | ئۇيغۇر | تاشيول ئۇچاستىكىسى | 1979 | قاتناش نازارىتى | سۈپەت ئۈلگىسى |
| جاڭ كېيىڭ | خەنزۇ | ناھىيىلىك دوختۇرخانا | 1980 | ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى | ئىشتىن سىرتقى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| شاڭ جاۋ | خەنزۇ | مەدەنىيەت يۇرتى | 1980 | مەدەنىيەت نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ھەسەل ھاپىز | ئۇيغۇر | تاشئېرىق يېزىسى | 1981 | ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| قادىر ئىدرىس | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى | 1982 | ش ئۇ ئا ر پارتكوم | مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەمۇنچىسى |
| نىياز مەخمۇت | ئۇيغۇر | يول ئاسراش ئۇچاستىكىسى | 1982 | قاتناش نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| روزى توختى | ئۇيغۇر | يول ئاسراش ئۇچاستىكىسى | 1982 | قاتناش نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| سىجىت سىيىت | ئۇيغۇر | مەدەنىيەت ئىدارىسى | 1982 | مەدەنىيەت نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| جىن يۇسىن | خۇيزۇ | تەنتەربىيە كومىتېتى | 1982 | ش ئۇ ئا ر تەنتەربىيە كومىتېتى | تەنتەربىيە بويىچە ئىلغار خىزمەتچى |
| سىلىگىم روزى | ئۇيغۇر | چوڭ توغراق كەنتى | 1982 | ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى | «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىسمايىل روزى | ئۇيغۇر | ئاشلىق ئىدارىسى | 1982 | ئاشلىق نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| توختى نىياز | ئۇيغۇر | ئورمانچىلىق ئىدارىسى | 1983 | ئورمانچىلىق نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| نىياز مەخمۇت | ئۇيغۇر | يول ئاسراش ئۇچاستكىسى | 1983 | قاتناش نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| روزى ئەخمەت | ئۇيغۇر | ماي خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى | 1983 | ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئاكتىپى |
| يۈ جۈنشياڭ | خەنزۇ | يوقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى | 1983 | سەھىيە نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| نۇردۇن سېيىت | ئۇيغۇر | روشەنباغ كەنتى | 1983 | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى | سىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى |
| روزى توختى | ئۇيغۇر | يول ئاسراش ئۇچاستكىسى | 1982 | قاتناش نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| مۇ يىمىن | خەنزۇ | ئورۇقچىلىق شىركىتى | 1984 | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى | ئىلغار پەن - تېخنىكا خادىمى |
| سېيىت نۇر | ئۇيغۇر | ج خ ئىدارىسى | 1984 | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| تۇرنەم سايىم | ئۇيغۇر | توگمەنبېشى كەنتى | 1984 | ش ئۇ ئا ر ئاياللار بىرلەشمىسى | «8 - مارت» قىزىل بايراقدارى |
| زەيتۇنەم سايىم | ئۇيغۇر | ئاشتېرىق باشلانغۇچ مەكتىپى | 1985 | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى | 2 - دەرىجىلىك باتۇر |
| نۇردۇن توختى | ئۇيغۇر | تەپتىش مەھكىمىسى | 1985 | ش ئۇ ئا ر تەپتىش مەھكىمىسى | 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن |
| نۇرۇدۇن توختى | ئۇيغۇر | تەپتىش مەھكىمىسى | 1985 | ش ئۇ ئا ر ئىتتىپاق كومىتېتى | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى |
| جىن جياجېن | خەنزۇ | رايونلاشتۇرۇش ئىشخانىسى | 1985 | يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش كومىتېتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ياڭ لياڭرۇڭ | خەنزۇ | يېمەكلىكلەر شىركىتى | 1986 | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى | ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغانلارنىڭ «قوش ئىلغار» بولۇش ئۈلگىسى |
| جياڭ يۈجۈ | خەنزۇ | شارلىق زاۋۇتى | 1986 | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى | مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خادىمى |
| ئەمەر چورۇق | ئۇيغۇر | ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | 1986 | ئەدلىيە نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| سۇ گۇاڭخۇي | خەنزۇ | شىنخۇا كىتابخانىسى | 1986 | ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى | مۇنەۋۋەر بوغالتېر |
| ئوسمان ئىسمايىل | ئۇيغۇر | سودا - سانائەت ئىدارىسى | 1986 | ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| قۇربان ھاشىم | ئۇيغۇر | يېزا ئىگىلىك بانكىسى | 1987 | ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك بانكىسى | مۇنەۋۋەر بوغالتېر |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئىسمايىل ئابىت | ئۇيغۇر | تاشيول ئۇچاستكىسى | 1987 | ش ئۇ ئا ر باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | 1 - ماي ئەمگەك مېدالى |
| ئەمەر پولات | ئۇيغۇر | كىنو شىركىتى | 1987 | مەدەنىيەت نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| سۇ جيەنيالىڭ | خەنزۇ | سودا - سانائەت بانكىسى | 1987 | ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەت بانكىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| قۇربان تۇرسۇن | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك پارتكوم | 1987 | ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ياڭ لياڭرۇڭ | خەنزۇ | يېمەكلىكلەر شىركىتى | 1987 | سودا نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ياڭ ليۇچىڭ | خەنزۇ | نېفىت شىركىتى | 1987 | ش ئۇ ئا ر نېفىت سىستېمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| خۇي شىنيۈەن | خەنزۇ | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | 1988 | ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| شۇ خاۋشىن | خەنزۇ | 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ | 1989 | ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى | مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى |
| جيا فاڭمىڭ | خەنزۇ | سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى | 1990 | سۇچىلىق نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| روزى پازىل | ئۇيغۇر | سودا - سانائەت ئىدارىسى | 1990 | ش ئۇ ئا ر سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| سۇ گۇاڭخۇي | خەنزۇ | شىنخۇا كىتابخانىسى | 1991 | ش ئۇ ئا ر شىنخۇا كىتابخانىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| جامال توختى | ئۇيغۇر | سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى | 1991 | سۇچىلىق نازارىتى | ئىلغار خىزمەتچى |
| يۈگولياڭ | خەنزۇ | ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى | 1991 | ش ئۇ ئا ر تەشۋىقات بۆلۈمى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ئىسلام نۇر | ئۇيغۇر | ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى | 1991 | ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى | ئىلغار خىزمەتچى |
| ژاڭ جيەنشىن | خەنزۇ | پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى | 1993 | ش ئۇ ئا ر پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| جۇ يۇنتاڭ | خەنزۇ | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | 1993 | ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون نازارىتى | سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلغۇچى ئىلغار شەخس |
| جامال مامۇت | ئۇيغۇر | تەپتىش مەھكىمىسى | 1985 | ش ئۇ ئا ر سىياسىي - قانۇن سىستېمىسى | ئىلغار خىزمەتچى |
| جاڭ شيۈيۈن | خەنزۇ | مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى | 1993 | ش ئۇ ئا ر مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى | ئىلغار خىزمەتچى |

## سىرتتا ئىشلەۋاتقان مۇئاۋىن ناھىيە دەرىجىلىك ياكى كاندىدات ئالىي ئۇنۋانلىقتىن يۇقىرى توقسۇلۇق خادىملار

جەدۋەل: 23 — 3

| ئىسىم - فامىلىسى | مىللىتى | خىزمەت ئورنى | ۋەزىپىسى |
|---|---|---|---|
| نۇردۇن تۆمۈر | ئۇيغۇر | رېۋزىيە نازارىتى | نازىر |
| يۇنۇس ھېكىم | ئۇيغۇر | ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكوم | مۇئاۋىن شۇجى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئابلا ئاپپاق | ئۇيغۇر | ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسى | مۇئاۋىن ۋالىي |
| مىجىت قاسىم | ئۇيغۇر | ئاقسۇ ۋالىي مەھكىمىسى | مۇئاۋىن ۋالىي |
| توختى شەمشى | ئۇيغۇر | ش ئۇ ئا ر ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى | دائىمىي كومىتېت ئەزاسى |
| لىي فېڭمىڭ | خۇيزۇ | ش ئۇ ئا ر ئىسلام دىنى جەمئىيىتى | مۇئاۋىن باشلىق |
| جېن چاڭفۇ | خەنزۇ | تارىم ئۇنىۋېرسىتېتى | مۇئاۋىن مۇدىر، دوتسېنت |
| لى ئەيمىن | خەنزۇ | كانادا تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتى بىئولوگىيە مەركىزى | تەتقىقاتچى |
| ئىبرىز ئابلا | ئۇيغۇر | شىنجاڭ ماائارىپ ئىنستىتۇتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتى | دوتسېنت |
| ئابلەت جارۇپ | ئۇيغۇر | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق بۆلۈمى | مۇئاۋىن مۇدىر |
| تۇرسۇن ھۈسەن | ئۇيغۇر | شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ماائارىپ باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى |
| ساتتار ئابدۇللا | ئۇيغۇر | ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «كۆۋرۈك» ژۇرنىلى | باش مۇھەررىر |
| ئەخمەت ھامۇت | ئۇيغۇر | ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئىشخانىسى | مۇدىر |
| ما جىنفۇ | خۇيزۇ | ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى ئىشخانىسى | مۇئاۋىن مۇدىر |
| رىشىت ھاشىم | ئۇيغۇر | ش ئۇ ئا ر يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى |
| ئەھمەت راخمان | ئۇيغۇر | ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەرجىمە باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى |
| ئابلەت نۇردۇن | ئۇيغۇر | شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخ تەتقىقات ئورنى | ئالىي مۇھەررىر |
| ئابدۇۋايىت قاسىم | ئۇيغۇر | «بىلىم - كۈچ» ژۇرنىلى | مۇئاۋىن باش مۇھەررىر |
| ئەنۋەر ئوسمان | ئۇيغۇر | ش ئۇ ئا ر ماائارىپ كومىتېتى | باشقارما باشلىقى |
| ئەركىن ئىبراھىم | ئۇيغۇر | شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى | كاندىدات ئالىي مۇھەررىر |
| ئەنۋەر ئەيمىدىن | ئۇيغۇر | ئۈرۈمچى شەھەرلىك چوڭلار ماائارىپى ئىنستىتۇتى تەربىيىلەش باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى |
| خەلچەم باقى | ئۇيغۇر | ش ئۇ ئا ر ئايال كادىرلار مەكتىپى | |
| مۇھەممەتجان | ئۇيغۇر | شىنجاڭ سەھىيە نەشرىياتى | |
| ھاسان قاسىم | ئۇيغۇر | ش ئۇ ئا ر ئۈچەي زاۋۇتى | زاۋۇت باشلىقى |
| رابىيە قادىر | ئۇيغۇر | ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 - ئوتتۇرا مەكتەپ | ئالىي ئوقۇتقۇچى |
| توختى ئابدۇللا | ئۇيغۇر | «قاراماي نېفىت گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى | بۆلۈم باشلىقى |

| | | | |
|---|---|---|---|
| يەن چى | خەنزۇ | ش ئۇ ئا ر يەرلىك باج ئىدارىسى باج يىغىش ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى |
| موشۇر ھاجى | ئۇيغۇر | ش ئۇ ئا ر مەركىزىي بولۇپچى توشۇش بېكىتى | مۇئاۋىن باشلىق |
| زاھىر ناسىر | ئۇيغۇر | سودا نازارىتى ماائارىپ باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى |
| دىلبەسەم رېشىت | ئۇيغۇر | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى | مۇئاۋىن مۇدىر |
| خەلچەم قاسىم | ئۇيغۇر | ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىتتىپاق كومىتېتى | شۇجى |
| ئىسلام داۋۇت | ئۇيغۇر | ئۈرۈمچى شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتى | مۇئاۋىن زاۋۇت باشلىقى |
| بارات ھەسەن | ئۇيغۇر | كۇچا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى | ھاكىم |
| مەمتىمىن شايىدىن | ئۇيغۇر | ئاۋات ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى | ھاكىم |
| ئاۋۇت مەمتىلى | ئۇيغۇر | باي ناھىيىلىك پارتكوم | مۇئاۋىن شۇجى |
| مامۇت ھاشىر | ئۇيغۇر | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى |
| ئابدۇرېھىم مەڭلىك | ئۇيغۇر | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سودا باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى |
| كېۋىر غوپۇر | ئۇيغۇر | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسى | پارتگورۇپپا شۇجىسى |
| ۋېي جىنكي | خەنزۇ | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى |
| سۇ لەيجى | خەنزۇ | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى |
| رېشىت مىجىت | ئۇيغۇر | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى | مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى |
| مەخمۇت كېرىم | ئۇيغۇر | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك «خەلق» دوختۇرخانىسى | مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى |
| سۇلايمان داۋۇت | ئۇيغۇر | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مالىيە مەكتىپى | مۇئاۋىن مۇدىر |
| مامۇت ھاۋۇل | ئۇيغۇر | ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك مەكتىپى | پارتكوم شۇجىسى |
| ئەسقەر جۇمە | ئۇيغۇر | ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاشپۇل باش ئوچاستىكىسى | مۇئاۋىن باش ئوچاستىكا باشلىقى |
| كامىل كېرىم | ئۇيغۇر | شايار ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى | باش سوتچى |
| كېۋىر ھاشىم | ئۇيغۇر | ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى | باش تەپتىش |
| ۋۇ دېگاڭ | خەنزۇ | دۆلەت ماائارىپ كومىتېتى ئۇنىۋېرسال ماائارىپ ئىسلاھاتى ئىشخانىسى | مۇئاۋىن مۇدىر |
| لىيۇ شاڭ | خەنزۇ | ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ئومۇمىي تەزكىرە تەھرىر بۆلۈمى | مۇئاۋىن مۇدىر، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر |
| جاڭ جىنفېڭ | خەنزۇ | ش ئۇ ئا ر پارتكوم ئىشخانىسى | باشقارما دەرىجىلىك كاتىپ |

## توقسۇ ناھىيىسىدىكى دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار

جەدۋەل: 23 — 4

| ئىسىم ـ فامىلىسى | خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتى | خىزمەت ئورنى | ۋەزىپىسى | يۇرتى |
|---|---|---|---|---|
| يى لېيەنشۈن | 1939.5 | ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى | مۇدىر | خېبېي ۋۇچياڭ |
| ۋاڭ گۈيفۇ | 1944.4 | يېزا خىزمىتى بۆلۈمى | بۆلۈم باشلىقى | سەنشى پىڭياۋ |
| لى يېي | 1944.12 | ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش | مۇئاۋىن رەئىس | خېنەن جىڭياڭ |
| نىزامىدىن تاھىر | 1994.9 | تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى | كادىر | غۇلجا |
| پېڭ جۇۋېن | 1945.1 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى | شەندۇڭ رۇڭچېڭ |
| سۇن دېگۈي | 1954.8 | ئاشلىق ئىدارىسى | بۆلۈمچە باشلىقى | سەنشى مىڭشيەن |
| سۇڭ رۇڭلېيەن | 1945.9 | نېفىت شىركىتى | دىرېكتور | شەندۇڭ پىڭلەي |
| شيۇڭ شيۇ | 1945.10 | سودا ـ سانائەت ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | خۇبېي زاۋياڭ |
| ۋاڭ سىڭخۇەن | 1945.10 | يېمەكلىكلەر شىركىتى | كادىر | خېنەن جۇجياكو |
| مىجىت ئۆمەر | 1945.7 | سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى | شۇجى | كۇچا |
| ۋېي جىيندۇ | 1946.2 | پاختا ـ چىگە شىركىتى | دىرېكتور | خېبېي فۇنىڭ |
| رابىگۈل پەتتار | 1946.6 | دوختۇرخانا | دوختۇر | غۇلجا |
| ۋاڭ چۇەنرۇڭ | 1946.8 | يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا پونكىتى | مۇئاۋىن باشلىق | سەنشى فېنياڭ |
| جاڭ كەيجى | 1946.9 | ئاشلىق ئىدارىسى | شۇجى | سەنشى فېنياڭ |
| ليۇ گوفۇ | 1946.10 | سودا ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى | سەنشى پىڭياۋ |
| جىن شيەنجيې | 1947.1 | پىلان كومىتېتى | مۇدىر | خېنەن يۈياڭ |
| جىن چۈەن | 1946.2 | سودا ـ سانائەت بانكىسى | بانكا باشلىقى | خېنەن شىنياڭ |
| جاڭ پىڭشۈەن | 1947.2 | ج خ ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى | گەنسۇ خېشۈي |
| جاڭ گۈيجىن | 1937.5 | يېمەكلىكلەر شىركىتى | زاۋۇت باشلىقى | خېنەن لىنشيەن |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| نيۇ شۈشىن | 1947.6 | ناھىيىلىك پارتكوم | مۇئاۋىن شۇجى | شەندۇڭ ۋېيخەيلىك |
| لىيۇ شىڭمىن | 1947.9 | ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى | رەئىس | سىچۈەن لاڭجۇڭلۇق |
| چېڭ جۇڭ | 1947.10 | ماي خىمىيە زاۋۇتى | شۇجى | سىچۈەن ساڭشى |
| ئوسمانجان | 1947.7 | پىمەكلىكلەر شىركىتى | كادىر | توقسۇ |
| شى يۇڭسەي | 1947.11 | ج خ ئىدارىسى | بۆلۈمچە باشلىقى | جياڭسۇ سۇچيەن |
| لياڭ گوخۇا | 1948.2 | تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى | كادىر | خېبېي جىڭجىڭ |
| جاڭ لۇن | 1948.3 | پىمەكلىكلەر شىركىتى | دىرېكتور | سىچۈەن خېچۈەن |
| ۋاڭ زىمىڭ | 1948.3 | سودا شىركىتى | دىرېكتور | ئەنخۇي تۇڭچېڭ |
| رېن يىن | 1948.4 | تىببىي دورا شىركىتى | دىرېكتور | سىچۈەن چىڭدۇ |
| جاڭ جىجاۋ | 1948.5 | سودا شىركىتى | بۆلۈمچە باشلىقى | خېنەن سۇيپىڭ |
| ياڭ چۇڭجى | 1948.5 | چېگرا سودىسى شىركىتى | مۇئاۋىن دىرېكتور | خېنەن لەنكاۋ |
| ياڭ ۋېيشىن | 1948.4 | پىمەكلىكلەر شىركىتى | دىرېكتور | سىچۈەن شىنجىن |
| لى چاڭمىڭ | 1948.6 | تۈرلۈك ماللار شىركىتى | دىرېكتور | سىچۈەن شىخۇڭ |
| چياڭ زىيۇ | 1948.8 | بىناكارلىق شىركىتى | شۇجى | سەنشى لىشى |
| لىيۇ سىجى | 1948.10 | خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | شەندۇڭ خېزې |
| ھېبىت ئابىت | 1948.11 | تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى | كادىر | توقسۇ |
| شۇ سۇڭگۇ | 1949.3 | نېفىت شىركىتى | كادىر | سىچۈەن جيەنگې |
| شۇ شياۋلى | 1949.4 | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | دىرېكتور | شەنشى جىڭياڭ |
| شۇشىنجى | 1949.4 | توقسۇ بازىرى | شۇجى | خېنەن يۇشيەن |
| خې دېمىڭ | 1949.5 | يەسلى | يەسلى باشلىقى | شەنشى ياۋشيەن |
| خاۋ تيەنلىن | 1949.5 | پىمەكلىكلەر شىركىتى | بۆلۈمچە باشلىقى | شەنشى گاۋلىڭ |
| جاڭ كېمىڭ | 1949.5 | دوختۇرخانا | دوختۇرخانا باشلىقى | بېيجىڭ |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| چېن يۇلى | 1949.8 | مالىيە ئىدارىسى | مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى | گەنسۇ لىڭجاۋ |
| جاڭ كېجۇەن | 1949.8 | پوچتا ـ تېلېگراف ئىدا. رىسى | ئىدارە باشلىقى | گەنسۇ گەنگۇ |
| ۋاڭ شىجۇڭ | 1949.7 | نامىسىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى | مۇدىر | گەنسۇ تۇڭۋېي |
| لىۇ جىنگو | 1949.8 | نامىسىلىك سىياسىي كېڭەش | مۇئاۋىن رەئىس | گەنسۇ چىنئەن |
| جاۋ زىجىن | 1949.8 | نامىسىلىك پارتكوم ئىشخانىسى | مۇئاۋىن مۇدىر | گەنسۇ خۇيشيەن |
| لى دېجۇ | 1949.9 | سەھىيە ئىدارىسى | ئىدارە باشلىقى | خېنەن جىيۇەن |
| ما زۇڭيۇەن | 1949.8 | 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ | كادىر | گەنسۇ گەنگۇ |
| لى ليەنشۇن | 1949.9 | ئۆلچەم پونكىتى | پونكىت باشلىقى | گەنسۇ تۇڭۋېي |
| ياۋ جېڭشۇن | 1949.9 | نېفىت شىركىتى | كادىر | خۇنەن لىدى |
| پۇشىڭ | 1949.4 | سودا ـ سانائەت ئىدارى. سى | كادىر | سىچۇەن شۇيۇڭ |
| جاڭ فېڭلەن | 1949.8 | سودا ئىدارىسى | كادىر | شەندۇڭ شۇگۇاڭ |
| مۇھەممەت سابىر | 1949.9 | دېھقانچىلىق تېخنىكىسى پونكىتى | كادىر | توقسۇ |

يىگىرمە تۆتىنچى قىسىم

# قوشۇمچە



«تۇقسۇ تارىخى تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى ۋە تەزكىرىگە مەسئۇل
رەھبەرلەرنىڭ بىللە چۈشكەن سۈرىتى

# يىگىرمە تۆتىنچى قىسىم

# قوشۇمچە

## 1. توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 1996 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### 1) ئاساسىي ئەھۋالى

1996 - يىلى توقسۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق بازار بىر، يېزا 6، مەيدان (فېرما) 6، كەنت 110، ئاھالىلەر كومىتېتى 5، كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى 389. ناھىيە بويىچە 30 مىڭ 123 ئائىلە، 127 مىڭ 77 ئادەم، 11 مىللەت بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 121 مىڭ 684، خەنزۇ 5114، خۇيزۇ 213، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسى 66. ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە، يېزا نوپۇسى 21 مىڭ 66 ئائىلە، 101 مىڭ 306 ئادەم. ئەمگەك كۈچى 38 مىڭ 441. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە تۇغۇلغان بالا 2027، تۇغۇلۇش نىسبىتى 16‰، ئۆلگەن ئادەم 775، ئۆلۈش نىسبىتى 6.2‰؛ تەبىئىي كۆپىيىش ئادەم 1252، كۆپىيىش نىسبىتى 9.9‰ بولدى.

ناھىيە بويىچە 26 كەنتكە تۇرۇبا سۈيى يەتكۈزۈلدى، 110 كەنتكە ئاپتوبۇس قاتنىدى. يىل بېشىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 32 مىڭ 230 گېكتار بولۇپ، شۇ يىلى 2040 گېكتار تېرىلغۇ يەر كۆپەيدى، يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 34 مىڭ 270 گېكتارغا يەتتى.

ناھىيە بويىچە سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 335 مىليون يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 130 مىليون يۈەن، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 205 مىليون يۈەن؛ ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 54 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### 2) پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلات، ئىتتىپاق سىستېمىسى

ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: لى جىچىڭ؛ مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ياڭ شۈباۋ، تۇردى نىياز، جاڭ جىنمىڭ، لىيۇ كېچىن (ۋەزىپە بىلەن چۈشكەن). ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى: جىن شياۋپىڭ.

ناھىيىلىك 11 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى: ھامۇت مەخمۇت؛ مۇئاۋىن

مۇدىرلىرى: ۋاڭ چۈنشاڭ، مۇھەممەت قاسىم، رازى راخمان، ئارزۇگۇل مەخمۇت، چېڭ كېمىي.

ھاكىمى: مۇھەممەت ھۈسەن؛ مۇئاۋىن ھاكىملىرى: جېڭ شىنمىڭ، ماۋاخان قاۋۇل، يەن خۇڭ، ئەخمەت رەخمەت، جاڭ بىن (يەن - تېخنىكىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم).

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 9 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى: لىيۇ زۇۋمىن؛ مۇئاۋىن رەئىسلىرى: مۇھەممەت ئۆمەر، لى كەيشيەن، ئەخمەت ئەمەت، ھېيت مۆمىن، ئابلا ئەخمەتھاجى.

ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى: نۇر ئەخمەت؛ سىياسىي كومىسسارى: جاڭ لىچىڭ.

ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى: راخمان كېرىم؛ پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى: يۈ گوليالڭ.

ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشى: ئايۇپ ھەسەن؛ پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى: تيەن چۈەنشۈن.

1996 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىسادنى چۆرىدىگەن ھالدا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ھالدا يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى. ناھىيە بويىچە 11 پارتكوم، 11 پارتىيە باش ياچېيكىسى، 230 پارتىيە ياچېيكىسى، 4698 پارتىيە ئەزاسى بار (بۇنىڭ ئىچىدە ئايال پارتىيە ئەزاسى 819، ئازسانلىق مىللەت پارتىيە ئەزاسى 4174، كاندىدات پارتىيە ئەزاسى 418). شۇ يىلى 369 كىشى پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى، 7 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى، 146 مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى باھالاندى.

پارتىيە ئەزالىرى ئىچىدە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش، پاك - ئىنتىزامچان بولۇش تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى. قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش، خىيانەت قىلىش - پارا ئېلىش، پارىخورلۇق قىلىپ، قانۇننى كۆزگە ئىلماسلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ، خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىقتا دائىر دېلولار زور كۈچ بىلەن تەكشۈرۈلۈپ بىر ياقلىق قىلىندى، مۇشۇ بىر يىلدا 11 دېلوغا چېتىشلىق 12 كىشىگە پارتىيە ئىنتىزامى جازاسى، 3 دېلوغا چېتىشلىق 3 كىشىگە مەمۇرىي ئىنتىزام جازاسى بېرىلدى، 5 كىشى پارتىيىدىن چىقىرىلدى.

ناھىيە بويىچە 12 ئاساسىي قاتلام كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى كومىتېتى، 13 ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى، 254 ئىتتىپاق ياچېيكىسى، 6387 ئىتتىپاق ئەزاسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال ئىتتىپاق ئەزاسى 2393، ئاز سانلىق مىللەت ئىتتىپاق ئەزاسى 6082. شۇ يىلى 1593 كىشى ئىتتىپاققا قوبۇل قىلىندى.

ناھىيە بويىچە 46 ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى كومىتېتى، 22 ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى گۇرۇپپىسى، 4226 ئۇيۇشما ئەزاسى بار.

ناھىيە بويىچە 7 يېزا (بازار) لىق ئاياللار تەشكىلاتى، 115 كەنت دەرىجىلىك ئاياللار تەشكىلاتى، 16 مىڭ 984 ئاياللار تەشكىلاتى ئەزاسى بار.

## 3) دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى، سۇچىلىق سىستېمىسى

ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، دېھقانچىلىقنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 205 مىليون يۈەنگە يەتتى. نەتىجىدە، بۇ ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق، پاختا ھوسۇلىنى قوش ئاشۇرغان 5 ناھىيىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىقتىسادىي ئۇنۇمىي ئەمەلىي كۈچ جەھەتتە ئاپتونوم رايون بويىچە 1991 - يىلدىكى 68 - ئورۇندىن 41 - ئورۇنغا ئۆتتى. يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم 1409 يۈەنگە يەتتى. 1996 - يىلى دېھقانچىلىق كەسىپ قۇرۇلمىسى داۋاملىق تەڭشىلىپ، 1996 - يىلى ئاشلىق

زىرائەتلىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 1991 ـ يىلدىكى 308 مىڭ مودىن 208 مىڭ موغا قىسقارتىلدى؛ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 1991 ـ يىلدىكى 120 مىڭ مودىن 205 مىڭ موغا كۆپەيتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى كۈچىيىپ، روشەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

ناھىيە بويىچە يىل بېشىدىكى تېرىلغۇ يەركۆلىمى 483 مىڭ 500 گېكتار، ئومۇمىي تېرىلغان كۆلەم 445 مىڭ 700 مو (ئېگىز ئورنىغا تېرىلغان 87 مىڭ 500 مو شۇنىڭ ئىچىدە) بولدى. 208 مىڭ مو يەرگە ئاشلىق زىرائىتى تېرىلىپ، 74 مىڭ 260 توننا ئاشلىق؛ 205 مىڭ مو يەرگە كېۋەز تېرىلىپ، 13 مىڭ 500 توننا پاختا؛ 4800 مو يەرگە ياغلىق دان زىرائىتى تېرىلىپ، 446 توننا ياغلىق دان؛ 4100 مو يەرگە كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىلىپ، 49 مىڭ 80 توننا كۆكتات، قوغۇن ـ تاۋۇز ئېلىندى؛ 23 مىڭ 900 مو يەرگە باشقا زىرائەت تېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېلىنغان بېدە 8103 توننا.

شۇ يىلى 10 مىڭ 50 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىنىپ، 2 مىليون 50 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، 1608 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈلدى، 3537 مو يەردە مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىندى. ئورماننىڭ دېھقانچىلىق رايونلىرىنى قاپلاش نىسبىتى 32.7%كە يەتتى. مۇشۇ يىلدا 13 مىڭ 40 توننا مېۋە ـ چېۋە ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالما 3319 توننا، نەشپۈت 2285 توننا، ئۈزۈم 2506 توننا، ياڭاق 1569 توننا، ئۆرۈك 3214 توننا، چىلان 39 توننا، باشقا مېۋە ـ چېۋە 108 توننا. ئۇنىڭدىن باشقا 60 توننا ياڭاق ئېلىندى.

يىل ئاخىرىدا قالغان چارۋا 243 مىڭ تۇياق، مۇشۇ يىلدا 2828 توننا گۆش ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا گۆشى 130 توننا، چوشقا گۆشى 7 توننا، ئۆچكە گۆشى 284 توننا، قوي گۆشى 1456 توننا، ئۆي قۇشلىرى گۆشى 204 توننا؛ 412 توننا تۇخۇم، 1200 توننا سۈت ئېلىندى؛ 200 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى بېقىلىپ، 2 توننا ھەسەل ئېلىندى؛ 399 توننا قوي يۇڭى، 14 توننا چۇپۇر، 2981 كىلوگرام ئۆچكە تىۋىتى، 1 توننا تۆگە يۇڭى، 900 پارچە كالا تېرىسى، 28 مىڭ 100 پارچە قوي تېرىسى، 6000 پارچە ئۆچكە تېرىسى ئېلىندى. مۇشۇ يىلدا 100 توننا بېلىق تۇتۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بېقىلغىنى 40 توننا (0.035 گېكتار كۆلچەكتە بېقىلغان بېلىقتىن 8 توننا، 0.15 گېكتار كۆلدە بېقىلغان بېلىقتىن 10 توننا، 0.31 گېكتار سۇ ئامبىرىدا بېقىلغان بېلىقتىن 22 توننا تۇتۇلدى).

### 1995 ـ، 1996 ـ يىللىرى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم

جەدۋەل: 24 — 1

| يېزا ـ بازار | 1995 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم (يۈەن) | يېزا ـ بازارلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم (يۈەن) | كەنت سانى | 1996 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم: ئەڭ باي كەنت: كەنت نامى | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم (يۈەن) | ئەڭ نامرات كەنت: كەنت نامى | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم (يۈەن) | 1996 ـ يىلدىكى يېزا كوللېكتىپ كىرىمى (تۈمەن يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| توقسۇ بازىرى | 1400 | 1530 | 3 | يۇلتۇز كوچا | 1549 | توقسۇ | 1394 | 31.7 |
| ئىچئېرىق يېزىسى | 1300 | 1385 | 21 | توما | 2112 | توغراقۇم | 601 | 106.4 |
| يەيشەنبە بازار يېزىسى | 1143 | 1213 | 16 | يېزا باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانى | 1907 | ئارا مەھەللە | 1002 | 72.6 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تاشئېرىق يېزىسى | 1299 | 1410 | 25 | بەشتوما | 2634 | فاز مەھەللە | 110 | 119.9 |
| ئۆگەن يېزىسى | 1299 | 1448 | 17 | ئورىلىق | 2453 | بۇقا تېمى | 780 | 114.6 |
| يۇلتۇز باغ يېزى-سى | 1217 | 1283 | 17 | شوپلۇق | 1560 | بازار | 700 | 73.6 |
| ئۆچقات يېزىسى | 1546 | 1687 | 15 | ئۆچقات | 2169 | خەلپە ئېرىق | 673 | 179.6 |
| ناھىيە بويىچە جەمئىي | 1308 | 1409 | 114 | | | | | 698.4 |

**ئىزاھات:** (1) ناھىيە بويىچە 110 كەنت بار. تاشئېرىق، پەيشەنبە بازار، ئۆچقات، ئۆگەن يېزىلىرىدا بىردىن يېزا باشقۇرغان دېھقانچىلىق مەيدانى بولغاچقا، جەدۋەلدە شۇلارنىڭ سانى قوشۇلۇپ، كەنت 114 بويىچە ھېسابلاندى.

(2) جەدۋەلدىكى سان ئىچىدە ساقچام دېھقانچىلىق مەيدانى يوق.

1996 - يىلى ناھىيە بويىچە ناھىيىدىن تۆۋەن دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مۇلازىمەت ئاپپاراتى 6، خىزمەتچىسى 56 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت خادىمى 40؛ دېھقانچىلىق ماشىنىسى بار ئائىلە 2452، ئادەم 2567، يېزىلاردىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىمى 2623 (بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىسى 42، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى باشقۇرغۇچى 32، شوپۇر 2046)، بىر يىلدا 1389 دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى خادىمى تەربىيىلەندى.

ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 43 مىڭ 419 كىلوۋات، 556 چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور، 1684 كىچىك تراكتور، 621 چوڭ، ئوتتۇرا تركتورغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى (سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىسى 356، تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان ساپان 225)، 2723 كىچىك تراكتورغا سۆرىتىلىدىلغان دېھقانچىلىق سايمىنى، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان 2428 كىلوۋاتلىق 325 زەي چىقىرىش، سۇغىرىش ماشىنىسى (200 ئېلېكتىرماتور، 125 دىزېلماتور، 325 سۇ ناسوسى)، بىر كومبايىن، 156 چۆپ توغراش ماشىنىسى، 697 ماتورلۇق تۇماندۇرغۇچ، 65 شال ئاقلاش ماشىنىسى، 96 ئۇن تارتىش ماشىنىسى، 17 چىگىت ئايرىش ماشىنىسى، 94 ياغ تارتىش ماشىنىسى، 18 دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل، 35 دېھقانچىلىقتا ترانسپورتقا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل - تراكتور، 112 توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بار. مۇشۇ يىلدا دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىدىن قىلىنغان تىجارەت كىرىمى 29 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە، خىراجەت چىقىمى 20 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىم 8 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە مۇشۇ يىلدا ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا 44 مىليون يۈەن (دېھقانلارنىڭ ئەمگىكىنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 35 مىليون 100 مىڭ يۈەن) مەبلەغ سېلىنىپ، 53 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى، 178 كىلومېتىر زەيكەش چېپىلدى، 80 كىلومېتىر يوروشلەشكەن ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى پۈتكۈزۈلدى، 30 مىڭ مو سۇغىرىلىدىغان يەر كۆپەيتىلدى. مۇشۇ يىلدا ئۆگەن دەرياسىدىن 710 مىليون كۇب مېتىر سۇ باشلاپ كېلىندى، سۇدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسىنتى %45كە يەتتى، 2 مىليون 500 مىڭ مو (قېتىم) يەر سۇغىرىلدى، ئەمەلىي يىغىۋېلىنغان سۇ ھەققى 8 مىليون 506 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شۇ يىلى 21 مىڭ مو بوز يەر ئېچىلدى، 45 مىڭ مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 50 مىڭ مو ئېتىز سالالاشتۇرۇلدى، 12 مىڭ مو يەردە ئېتىز - ئېرىق ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلىندى، 109 ئاسرىلىدىغان تېرىلغۇ يەر رايونى بېكىتىلدى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئاسرىلىش نىسبىتى %98كە يەتتى. بۇ ناھىيە ئىلگىرى

2 يىل (1995 ـ، 1996 ـ يىللىرى) ئاپتونوم رايون بويىچە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ سۇنى ياخشىلاشقا 6 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، 9 يېزا تورۇبا سۈيى زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى، 275 كىلومېتىر تورۇبا ياتقۇزۇلدى، سۇچىلىق مىنىستىرلىكى توقسۇ ناھىيىسىنى مەملىكەت بويىچە سۇ تېجىلىدىغان نوقتىلىق ناھىيىلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بالىلار فوندى جەمئىيىتى توقسۇ ناھىيىسىنى سۇنى ياخشىلاش، مۇھىت ئاسراش، ساغلاملىق تەربىيىسى نوقتىلىق يولغا قويۇلىدىغان ناھىيىلەر قاتارىغا كىرگۈزدى. ناھىيە بويىچە 1800 ئائىلىلىك دېھقان خىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى.

## 4) دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن قۇرۇلىدىغان تۈرلەر

دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن قۇرۇلىدىغان تۈرلەرگە 46 مىليون 820 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. 5 يىلدا تۇپراق قۇرۇلۇشقا 156 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سۇچىلىق تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 40 مىليون 559 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 2 مىليون 171 مىڭ يۈەن، چارۋىچىلىق تۈرىگە سېلىنغان مەبلەغ 3 مىليون 798 مىڭ يۈەن، باشقۇرۇش مۇئەسسەسىلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ 293 مىڭ يۈەن. بارلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى 5 يىلدا ئاساسەن تاماملاندى، قىسمەن تۈرلەر داۋاملاشتۇرۇلىۋاتىدۇ.

(1) سۇ ئىنشائاتى تۈرى مۇشۇ يىلدا 5 سۇ ئىنشائاتى تۈرى يەنى 64 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، 53 كىلومېتىر زەيكەش، 48 ئىنشائات پۈتكۈزۈلدى، 37 مىڭ 800 مو بوزيەر ئېچىلدى، 71 مىڭ مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى. ئەسلى پىلاندىكى 162.8 كىلومېتىر كېلىدىغان 10 سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، 300.4 كىلومېتىر زەيكەش پۈتكۈزۈلدى، 100 مىڭ مو بوزيەر ئېچىلدى، 247 مىڭ مو تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىز ئۆزگەرتىلدى، 16 كىلومېتىر دېھقانچىلىق مەيدانى غول يولى ياسالدى. يۇقىرىدىكى قۇرۇلۇشلاردا 53 مىليون 220 مىڭ كۇب مېتىر توپا قېزىلدى، 97 مىڭ 987 كۇب مېتىر بېتون قۇيۇلدى، 210 كۆۋرۈك، سۇ ئۆتكۈزگۈچ، تۇما قاتارلىق ئىنشائاتلار ياسالدى.

(2) دېھقانچىلىق تۈرى يۇقىرى ئۈنۈملۈك 200 مو دېھقانچىلىق ئۈلگە رايونى پۈتكۈزۈلدى، تاماملانغان دېھقانچىلىق تۈرى 22، بۇلار، ئاساسلىقى، مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ناھىيىلىك، يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى 7، ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى 2، ماشىنىلاشقان قۇدۇق 7، پارنىك 200 مو، مېۋىلىك باغ، ئورمان بەلۋېغى 500 مو، ساڭتام دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مەركىزى بىر، يۇقىرى بېسىملىق توك يوللاش سىم يولى 38 كىلومېتىر؛ دېھقانچىلىق مەيدانى شتابىنىڭ ئىشخانا ئۆيى، خەۋەرلىشىش، توك ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەش، مەكتەپ، پاختا زاۋۇتى، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى مۇلازىمەت مەركىزى قاتارلىق ئۇل مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشلىرى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە بولدى، 17 مىڭ 900 كۋادرات مېتىر ئۆي قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

(3) چارۋىچىلىق تۈرى 3 ئېغىل ـ قوتان، 3 دورا كۆلچىكى، 10 ئۇرۇقلاندۇرۇش پونكىتى، 7 چارۋىچىلىق مۇلازىمەت پونكىتى، بىر ماشىنىلاشقان قۇدۇق، بىر يەم ـ بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى ياسالدى ۋە قۇرۇلدى، 3979 كۋادرات مېتىر ئۆي سېلىنىدى، 10 مىڭ مو ئوتلاق ياخشىلاندى.

### 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا دۆنيا بانكىسىدىن ئېلىنغان قەرز ۋە دۆلەت ئىچىدە يۆرۈشلەشتۈرۈلگەن مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 24 — 2 بىرلىكى: تۈمەن يۈەن

| تۈرلەر / رايون ئايرىمىسى | | پىلاندىكى سان | ئېلىنگەن پىلانلاردا ئەمەلىيلەشكىنى | پىلاندا ئىگىلىگىنى % | يۈەنلىك ئىچىدە 1996 ـ يىلى ئەمەلىيلەشكىنى |
|---|---|---|---|---|---|
| دۆنيا بانكىسىدىن ئېلىنغان قەرز | | 13259.33 | 10757.59 | 81.13 | 2357.79 |
| دۆلەت ئىچىدىكى يۆرۈشلەشتۈرۈلگەن مەبلەغ | كىچىك جەمئىي | 8214.63 | 5899.67 | 71.82 | 1574.07 |
| | سۇچىلىق مىنىستىرلىكى | 580 | 148.2 | 25.55 | |
| | ئاپتونوم رايوننىڭ كىچىك دېھقانچىلىق سۇ قۇرۇلۇشى | 580 | 544 | 77.41 | |
| | ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ، تۇپراق تەرەققىياتى | 1270.3 | 906.8 | 71.38 | 51 |
| | دېھقانچىلىق نازارىتى | 189.84 | 2 | 14.2 | |
| | چارۋىچىلىق نازارىتى | 105.31 | 20.5 | 14.47 | |
| | ۋىلايەت | 219.2 | 189 | 86.21 | |
| | ناھىيە | 846.27 | 572.87 | 67.69 | |
| | مەبلەغكە سۇندۇرۇلغان ئەمگەك | 4423.69 | 3291.3 | 78.92 | 1517.07 |
| جەمئىي | | 21473.96 | 16657.26 | 77.6 | 3931.86 |

## 5) سانائەت، يېزا ـ بازار كارخانىسى، قاتناش، پوچتا ـ تېلېگراف سىستېمىسى

1996 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 130 مىليون يۈەن (يېڭى ئۆلچەم بويىچە 31 مىليون 290 مىڭ يۈەن، 1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى، مۇشۇ يىلدا 4400 قۇر كىيىم ـ كېچەك، 350 توننا سۇلياۋ ياسالما، 15 مىڭ 323 توننا ساپ پاختا، 1693 توننا سۇ يېغى، 2 مىليون 190 مىڭ نۇسخا باسما بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىلدى. 1996 ـ يىلى ئوقتازان زاۋۇتى 170 هارۋا، 500 تەگلىك، تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى 63 توننا سۇلياۋ يوپۇق، ماي ـ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى

1111 توننا مۇ بېغى، پاختا ـ چىگە شىركىتى 13 مىڭ 480 توننا ساپ پاختا، ئاشلىق ئىدارىسى 5943 توننا ئۇن ئىشلەپچىقاردى، تۈرۈبا سۇيى شىركىتى 883 مىڭ كۇب مېتىر سۇ بىلەن تەمىنلىدى، سېمونت قۇيۇلما زاۋۇتى 177 مىڭ دانە ھەرخىل سېمونت قۇيۇلما، رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتى 4001 ھارۋا، 100 سۇلياۋ يوپۇق يېيىش ماشىنىسى، 51 دان ئايرىش ماشىنىسى، 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى 314 مىڭ گىجىم رومال، 1335 رومال، 6198 سېلىنچا، 4447 ئىشتان، 55 پالاز ئىشلەپچىقاردى.

ناھىيە بويىچە 1026 يېزا ـ بازار كارخانىسى (988 يەككە كارخانىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، 3204 كارخانا خادىمى (يەككە كارخانىلاردىكى 2284 كىشىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بار؛ بۇ كارخانىلارنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 60 مىليون 930 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 50 مىليون 830 مىڭ يۈەن) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە كارخانىلارنىڭ 35 مىليون 970 مىڭ يۈەن (1990 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 30 مىليون 60 مىڭ يۈەن). كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى مۇنۇلار: ياغاچ ئۆي جاھازىسى 17 مىڭ 700 دانە، گەج تاختا 3580 كۋادرات مېتىر، سېمونت قۇيۇلما 44 مىڭ دانە، خورۇم ئاياغ كىيىم 17 مىڭ پار، خىش 16 مىليون 100 مىڭ پارچە، كىيىم ـ كېچەك 22 مىڭ قۇر، ئۇن 16 مىڭ 600 توننا، مۇ بېغى 23 توننا، ئۆي ـ ئىمارەت 30 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر، مېۋە ـ چېۋە 164 توننا.

1996 ـ يىلى قاتناش سىستېمىسى ناھىيە، يېزا يولى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، يولۇچى توشۇش بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تاشيولدىكى «3قالايمىقان»نى پائال تۈگەتتى. مۇشۇ يىلدا 20 كىلومېتىر ئۆزۈلۈكتە 5 تاشيول ياسالدى، كېڭەيتىلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، 105 مىڭ كۋادرات مېتىر يولغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، بۇلارغا 2 مىليون 910 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. ئاساسلىقى، 314 ـ دۆلەت تاشيولىدىن سۆگەتكۆزلەڭ بۆلىكىگىچە بولغان 10 كىلومېتىر، ئىچبۇرۇق يېزىسىدىن تېگىن كەنتىگىچە بولغان 5 كىلومېتىر يول ياسالدى.

جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى تەكشۈرۈپ ـ ئۆلچەش ئىشلىرىغا ماسلاشقان ھالدا تۆمۈريول خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە تۆمۈريول ئۆتىدىغان يول لىنىيىسى بېكىتىلدى. ناھىيە بويىچە 18 يەردە تاشيول تۆمۈريول بىلەن كېسىشىدۇ، بۇنىڭ 3ى ئۆتتۈشمە، بىرى تەكشىلىكتە ئۆتۈشىدىغان، قالغانلىرى يول ئېغىزى تاقىلىدىغان قىلىپ ياسىلىدىغان بولدى ھەمدە تۆمۈريول سىستېمىسى بىلەن كېلىشىمنامە ئىمزالاندى.

پوچتا ـ تېلېگراف سىستېمىسىنىڭ كەسپىي كىرىمى 2 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە، پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە پوچتا كەسپىنىڭ 330 مىڭ يۈەن. ناھىيە بويىچە پروگراممىلىق تېلېفون 2036 توچكىغا يەتتى. ناھىيە بازىرى رايونىدىن دايۇلتۇزغىچە ئوپتىكىلىق كابېل ياتقۇزۇلدى.

## 6) سودا سىستېمىسى

1996 ـ يىلى ئاۋارلارنىڭ سېتىۋېلىنىش سوممىسى 323 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ 73 مىليون 620 مىڭ يۈەن؛ سېتىلىش سوممىسى 271 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ 71 مىليون 220 مىڭ يۈەن. ئىجتىمائىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 54 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ 26 مىليون 550 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ 2 مىليون 690 مىڭ يۈەن، يەككە ئىگىلىكتىكى سودىنىڭ 25 مىليون 670 مىڭ يۈەن؛ يىللىق تىجارەت كىرىمى 240 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ 18 مىليون 270 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ

ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ 222 مىليون 650 مىڭ يۈەن. بازار سودىسىدا پۈتۈشۈلگەن سومما 17 مىليون 810 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 59 مىليون 700 مىڭ يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى 153 مىليون 450 مىڭ يۈەن بولدى.

مۇشۇ يىلدا 6655 توننا ئاشلىق، 760 توننا سۇ يېغى، 26 توننا تۇز، 11 توننا شېكەر، 130 ساندۇق پاپىروس، 37 مىڭ 200 مېتىر رەخت، 13 مىڭ 200 مېتىر يۇڭ توقۇلما، تاۋار - دۇردۇن، 12 مىڭ 700 قۇر كىيىم - كېچەك، 8700 قۇر ئىلمە توقۇلما كىيىم - كېچەك، 18 مىڭ 600 پار ئاياغ كىيىم، 3521 ۋېلىسىپىت، 766 موتسىكلىت، 601 تېلېۋىزور (بۇنىڭ 67 سى رەڭلىك تېلېۋىزور)، 624 ئۈنئالغۇ، 129 توك شامالدۇرغۇچ، 517 كىرئالغۇ، 49 توڭلاتقۇ، 20 مىڭ 564 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 33 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 1456 توننا سۇلياۋ يوپۇق، 350 توننا پولات ماتېرىيال، 5173 توننا سېمونت سېتىلدى.

ناھىيىدە 7 توپ سېتىش سودىسى بويىچە قانۇنىي ئىگە ئورۇن، 125 مۇلازىمەت تور - نۇقتىسى، 281 خادىم بار. 6 پارچە سېتىش سودىسى بويىچە قانۇنىي ئىگە ئاپپارات، 868 مۇلازىمەت تور - نۇقتىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى 22، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىسى 3، يەككە ئىگىلىكتىكىسى 843؛ بۇلارنىڭ خادىمى 1246، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى 212، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكىسى 9، يەككە ئىگىلىكتىكىسى 1025.

ناھىيە بويىچە پايدا ياراتقان كارخانا 16، يىللىق پايدىسى 7 مىليون 10 مىڭ يۈەن؛ زىيان تارتقان كارخانا 3، يىللىق زىيىنى 1 مىليون 580 مىڭ يۈەن. بارلىق كارخانىلار تاپشۇرغان يىللىق پايدا ۋە باج 5 مىليون 430 مىڭ يۈەن.

## 7) بازار - يېزا قۇرۇلۇشى

شۇ يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 9 مىليون 224 مىڭ يۈەنگە، قۇرۇلۇش كۆلىمى 25 مىڭ 108 كۋادرات مېتىرغا يەتتى. پۈتكەن ئاساسلىق قۇرۇلۇشلار مۇنۇلار: ناھىيىلىك دوختۇرخانا بىناسى، بۇنىڭغا 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 3603 كۋادرات مېتىر؛ 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش بىناسى، بۇنىڭغا 1 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 2543 كۋادرات مېتىر؛ ناھىيە بويىچە 6 يېزىنىڭ شىپاخانىسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 720 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1932 كۋادرات مېتىر؛ ناھىيە بويىچە مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەتلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا 2 مىليون 900 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 11 مىڭ 750 كۋادرات مېتىر؛ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - سۇنى ياخشىلاش قۇرۇلۇشىغا 6 مىليون 230 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، 9 سۇ مۇنارى ياسالدى.

## 8) مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى

مۇشۇ بىر يىلدا يەرلىك مالىيە كىرىمى 11 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا - سانائەت بېجى كىرىمى 3 مىليون 760 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى 4 مىليون 330 مىڭ يۈەن، كارخانىلاردىن ئېلىنغان تاپاۋەت بېجى 1 مىليون 110 مىڭ يۈەن، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پىلاندىكى زىيان تولۇقلىمىسى مىنۇس 230 مىڭ يۈەن، مەخسۇس تۈر كىرىمى 150 مىڭ يۈەن، تاپاۋەت بېجىدىن قايتۇرۇلغىنى مىنۇس 50 مىڭ يۈەن، باشقا كىرىم 350 مىڭ يۈەن، مەمۇرىي خاراكتېرلىك يىغىۋېلىنغان ھەق، جەرىمانە،

مۇسادىرە كىرىمى 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن.

پىر يىللىق مالىيە چىقىمى 47 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى 100 مىڭ يۈەن، كارخانىلارنى ئۆزگەرتىش چىقىمى 300 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىققا بېرىلگەن ياردەم 550 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق، مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىنىڭ كەسپىي خىراجىتى 3 مىليون 620 مىڭ يۈەن، سانائەت، قاتناش، سودىنىڭ كەسپىي خىراجىتى 260 مىڭ يۈەن، ناھىيە بازىرىنى ئاسراش خىراجىتى 370 مىڭ يۈەن، مەدەنىيەت - مائارىپ خىراجىتى 19 مىليون 190 مىڭ يۈەن، باشقا تارماقلارنىڭ كەسپىي خىراجىتى 580 مىڭ يۈەن، ئەپقە ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى 550 مىڭ يۈەن، مەمۇرىي خىراجەت ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى 11 مىليون 100 مىڭ يۈەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئورۇنلىرىنىڭ چىقىمى 3 مىليون 170 مىڭ يۈەن، تەرەققىي قىلمىغان رايونلارغا بېرىلگەن ياردەم 2 مىليون 300 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان چىقىم 1 مىليون 900 مىڭ يۈەن، سەھىيە خىراجىتى 5 مىليون 330 مىڭ يۈەن، باشقا چىقىم 310 مىڭ يۈەن.

يىللىق مالىيە كىرىمى 46 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدىن بېرىلگەن نورمىلىق ياردەم 29 مىليون 840 مىڭ يۈەن، مەخسۇس تۈردىكى ئىقتىسادىي ياردەم 2 مىليون 710 مىڭ يۈەن، قايتۇرۇلغان باج 1 مىليون 950 مىڭ يۈەن، ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە كىرىمى 11 مىليون 520 مىڭ يۈەن. مالىيە چىقىمى 47 مىليون 530 مىڭ يۈەن بولدى. كىرىم - چىقىمنى بالانس قىلغاندا، شۇ يىلى 1 مىليون 510 مىڭ يۈەن قىزىل رەقەم كۆرۈلدى، ئىلگىرىكى يىللاردىكى قىزىل رەقەم 13 مىليون يۈەن بولدى، دېمەك جەمئىي قىزىل رەقەم 14 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

يەرلىك باج ئىدارىسى يىغقان باج كىرىمى 3 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1996 - يىلى ناھىيە بويىچە بازار - يېزىلاردىكى بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 168 مىليون 25 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك تارماق بانكىسىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 58 مىليون 70 مىڭ يۈەن، خەلق ئامانىتىنىڭ قالدۇقى 46 مىليون 180 مىڭ يۈەن، ھەرخىل قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 15 مىليون 800 مىڭ يۈەن.

## 9) پەن - تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە سىستېمىسى

1996 - يىلى پەن - تېخنىكا خىزمىتى يېزا ئىگىلىكىنى چىڭ چۆرىدەپ، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. دېھقانچىلىق تېخنىكا تارماقلىرى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇتەخەسسىلەر گورۇپپىسىدىكى خادىملار بىلەن بىرلىكتە كېۋەز تېرىش - ئۆستۈرۈش ئەندىزىسىنى بېكىتىپ، تېخنىكا مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى، خىمىيىۋى ئوغۇتلارنى تەڭشەپ ئىشلىتىش ۋە ئوت - چۆپ يوقىتىش تېخنىكىسىنى ئالغا سۈرۈپ، كېۋەزنى قويۇق، بالدۇر تېرىپ، پاكار ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى تەشەببۇس قىلىپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرلىك ھوسۇلىنى ئاشۇردى.

پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، «پەن - تېخنىكا قىشى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، 360 قارار پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 45 مىڭ دېھقان (قېتىم) تەربىيىلەندى، 22مىڭ نۇسخا پەن - تېخنىكىغا ئائىت ماتېرىيال تارقىتىلدى. لى چىشيۇ، تۇرسۇن ھەسەن، بۇرھان تۆمۈرلەرنىڭ پەن - تېخنىكىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلىرى ئاقسۇ ۋىلايىتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا ئىلمىي ماقالىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

شۇ يىلى ناھىيە بويىچە ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 2547گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئايال 1405، ئاز سانلىق مىللەت خادىم 2141. كاندىدات ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 13، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 285، باشلانغۇچ دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 1436، ئۇنۋانى يوقلار 713. ھەرخىل كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى ئىچىدە قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىمى 221، دېھقانچىلىق تېخنىكا خادىمى 196، سەھىيە تېخنىكا خادىمى 358، ئوقۇتۇش خادىمى 1603، ئىقتىساد خادىمى 20، بوغالتىر 69، تەرجىمان 4، كۇتۇپخانا، ئارخىپخانا خادىمى 23، نەشرىيات خادىمى 4، ئادۋوكات 3، دىكتور 26، سەنئەتچى 20.

ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپ 83، سىنىپ 829، ئوقۇغۇچىسى 22 مىڭ 859، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 21 مىڭ 895، قىزلار 11 مىڭ 354. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇقىملىشىش نىسبىتى %2.99. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 1145، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 1094، ئايال ئوقۇتقۇچى 682، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى 1021؛ ئۇنىڭدىن باشقا ۋاكالىتەن دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى 249.

ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 9، بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپ 4؛ سىنىپ 171، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپى 15؛ ئوقۇغۇچىسى 6274، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 5818 (مىللىي ئوقۇغۇچى 5493، قىزلار 3247)، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 456 (مىللىي ئوقۇغۇچى 422). ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 488، بۇنىڭ ئىچىدە مەخسۇس ئوقۇتقۇچى 410 (تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكىسى 66، ئاياللار 220)، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 451؛ بۇلاردىن باشقا ۋاكالىتەن دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى 3.

### توقسۇ ناھىيىسى بويىچە 1996 - يىلدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرى

جەدۋەل: 24 — 3

| | ئايرىمىسى / تۈرلەر | ئومۇمىي سانى | بۇنىڭ ئىچىدە: ئايال | ئاز سانلىق مىللەت | ئالىي مەكتەپ | ئالىي تېخنىكوم | تېخنىكوم | تولۇق ئوتتۇرا | تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەنلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| قۇرۇلۇش تېخنىكىسى | جەمئىي | 221 | 44 | 169 | 14 | 36 | 130 | 28 | 13 |
| | ئىنژېنېر | 11 | | 6 | 1 | 2 | 8 | | |
| | ياردەمچى ئىنژېنېر، تېخنىك | 100 | 15 | 75 | 5 | 10 | 65 | 12 | 3 |
| | ئۇنۋانى يوقلار | 110 | 29 | 88 | 8 | 19 | 87 | 16 | 10 |
| يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى | جەمئىي | 196 | 67 | 169 | 31 | 36 | 86 | 33 | 10 |
| | ئاگرونوم | 11 | 1 | 9 | 4 | 5 | 2 | | |
| | ياردەمچى ئاگرونوم، تېخنىك | 86 | 37 | 78 | 22 | 14 | 46 | 2 | 2 |
| | ئۇنۋانى يوقلار | 99 | 29 | 82 | 5 | 17 | 38 | 46 | 8 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سەھىيە تېخنىكىسى | | جەمئىي | 358 | 245 | 262 | 10 | 38 | 222 | 66 | 22 |
| | | كاندىدات مۇدىر ۋراچ | 1 | | | | | | | |
| | | مەسئۇل ۋراچ | 44 | 26 | 26 | 5 | 7 | 29 | 1 | |
| | | ۋراچ (فېلدشېر)، سېستىرا (ياردەمچى سېستىرا) | 191 | 146 | 145 | 3 | 16 | 108 | 47 | 17 |
| | | ئۈنۋانى يوقلار | 122 | 73 | 91 | 2 | 12 | 85 | 18 | 5 |
| ئوقۇتۇش | | جەمئىي | 1603 | 962 | 1414 | 79 | 534 | 844 | 67 | 79 |
| | | ئالىي لېكتور | 1 | | 1 | | 1 | | | |
| | | لېكتور | 4 | 1 | 3 | | 4 | | | |
| | | ياردەمچى لېكتور | 4 | 1 | 3 | 1 | | | | |
| | ئوتتۇرا مەكتەپ | ئالىي ئوقۇتقۇچى | 10 | 3 | 8 | 6 | 3 | 1 | | |
| | | 1 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 90 | 32 | 84 | 19 | 64 | 7 | | |
| | | 2 ،، 3 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 236 | 164 | 215 | 34 | 137 | 58 | | 7 |
| | | ئۈنۋانى يوقلار | 113 | 38 | 101 | 17 | 15 | 81 | | |
| | باشلانغۇچ مەكتەپ | ئالىي ئوقۇتقۇچى | 124 | 52 | 91 | | | 55 | 45 | 24 |
| | | 1 ،، 2 ،، 3 ـ دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى | 850 | 536 | 766 | 2 | 192 | 586 | 22 | 48 |
| | | ئۈنۋانى يوقلار | 171 | 135 | 142 | | 118 | 53 | | |
| ئىقتىساد | | جەمئىي | 20 | 8 | 13 | 4 | 10 | 3 | 3 | |
| | | ياردەمچى مەسئۇل ئىقتىسادچى | 7 | 3 | 7 | 4 | 6 | 2 | 1 | |
| | | ئۈنۋانى يوقلار | 13 | 5 | 6 | | 4 | 6 | 2 | 1 |
| بوغالتېرلىق | | جەمئىي | 69 | 40 | 54 | | 5 | 49 | 12 | 3 |
| | | ياردەمچى مەسئۇل بوغالتېر، بوغالتېر | 38 | 24 | 27 | | 2 | 30 | 4 | 2 |
| | | ئۈنۋانى يوقلار | 31 | 16 | 27 | | 3 | 19 | 8 | 1 |
| تەرجىمان | | جەمئىي | 4 | 1 | 3 | | | 4 | | |
| | | ياردەمچى تەرجىمان | 2 | 1 | 2 | | | 2 | | |
| | | ئۈنۋانى يوقلار | 2 | | 1 | | | 2 | | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كۇتۇپخانا، ئارخىپخانا | جەمئىي | 23 | 10 | 20 | | 2 | 15 | 6 | |
| | ياردەمچى مەسئۇل باشقۇرغۇ- چى، باشقۇرغۇچى | 6 | 4 | 4 | | | 4 | 2 | |
| | ئۇنۋانى يوقلار | 17 | 11 | 16 | | 2 | 11 | 4 | |
| نەشرىياتچىلىق | جەمئىي | 4 | | | | 2 | 2 | | |
| | كاندىدات ئالىي مۇھەررىر | 1 | | | | | 1 | | |
| | ئۇنۋانى يوقلار | 3 | | | | 2 | 1 | | |
| ئادۋوكاتلىق | جەمئىي | 3 | | 3 | | 3 | | | |
| | 4 ـ دەرىجىلىك ئادۋوكات | 2 | | 2 | | 2 | | | |
| | ئۇنۋانى يوقلار | 1 | | 1 | | 1 | | | |
| دوكتورلۇق | جەمئىي | 26 | 13 | 14 | | 5 | 14 | 5 | 2 |
| | 1 ـ دەرىجىلىك دوكتور | 1 | | 1 | | | | | 1 |
| | 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك دوكتور | 4 | 3 | 2 | | 1 | 1 | 2 | |
| | ئۇنۋانى يوقلار | 21 | 10 | 11 | | 4 | 13 | 3 | 1 |
| سەنئەت | جەمئىي | 20 | 8 | 20 | | | 19 | 1 | |
| | 4 ـ دەرىجىلىك | 10 | 4 | 10 | | | 9 | 1 | |
| | ئۇنۋانى يوقلار | 10 | 4 | 10 | | | 10 | | |
| يىغىندىسى | | 2547 | 1405 | 2141 | 134 | 665 | 1395 | 221 | 132 |

1996 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 13 قېتىم ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، 350 توننا ئەخلەت تازىلاندى. شۇ يىلى ئۆلچەملىك ھاجەتخانىدىن 5ى ياسالدى. يېزىلاردا ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش ئىشى باشلىنىپ، 255 ئائىلىنىڭ ھاجەتخانىسى يېڭىدىن ياسالدى.

ناھىيە بويىچە تېببىي داۋالاش، سەھىيە، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ئاپپاراتىدىن 12 سى، سەھىيە سىستېمىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىدىن 456سى، كېسەل كارىۋىتىدىن 363 ى بار. ناھىيىلىك دوختۇرخانا «AA» دەرىجىلىك دوختۇرخانا بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تېببىي خادىملارنىڭ تېببىي ئەخلاقى، تېببىي ئىستىلى، داۋالاش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. ۋىلايەت تەشكىللىگەن سىناقتا ئۇلارنىڭ ئالغان ئومۇمىي نومۇرى 925كە يېتىپ، ۋىلايەت بويىچە «AA» دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنى باھالاشتىن ئۆتتى. مۇشۇ يىلدا 700 نەچچە مىڭ يۈەنلىك 11 داۋالاش ئۈسكۈنىسى

سېتىۋېلىندى. بۇلار، ئاساسلىقى، ئېلېكتروكاردىئوگراممىا، يېرىم ئاپتوماتىك قان دانچىلىرى ئانالىز ئەسۋابى، كۆپ ئىقتىدارلىق ناركوز قىلىش ماشىنىسى، نەپەسلىنىشنى كۆزىتىش ماشىنىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ناھىيە بويىچە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت چارىسى» ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، «بىر ئاۋاز بىلەن رەت قىلىش تۈزۈمى» قەتئىي يولغا قويۇلۇپ، شۇ يىللىق نوپۇس تىزگىنلەشنىڭ ھەرخىل كۆرسەتكۈچى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندالدى. ناھىيە بويىچە پىلانلىق تۇغۇت نىسبىتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ %99.8، خەنزۇلارنىڭ %100 بولدى.

مەملىكەتلىك 3 ـ نۆۋەتلىك دېھقانلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە مۇھەممەت مەخمۇت خەلق ئەسكەرلىرى ھەربىي ئىشلار بويىچە 3 تۈردىكى مۇسابىقىدە 5 ـ بولدى.

## توقسۇ ناھىيىسى سەھىيە سىستېمىسىنىڭ 1996 ـ يىلدىكى خادىملىرى

جەدۋەل: 24 — 4

| ئايرىمىسى / ئورۇنلار | ئومۇمىي ئادەم سانى | يۇنىڭ ئىچىدە، تېخنىكا خادىملىرى | | | | مەسئۇل ۋراچ | باشقۇرغۇچى خادىم | ئاز سانلىق مىللەت | كارىۋات سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ۋراچ | فېلدشېر | ئادەتتىكى خادىم | | | | |
| ناھىيىلىك دوختۇرخانا | 160 | 131 | 72 | 33 | 4 | 19 | 12 | 80 | 160 |
| ئۇيغۇر شىپاخانىسى | 30 | 23 | 10 | 9 | 4 | 2 | 7 | 29 | 28 |
| يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى | 31 | 25 | 17 | 7 | 1 | 4 | 6 | 16 | 0 |
| ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى | 11 | 10 | 7 | 3 | 0 | 2 | .1 | 6 | 0 |
| ئۈچقات يېزىلىق شىپاخانا | 30 | 27 | 5 | 15 | 7 | 1 | 3 | 26 | 29 |
| يۇلتۇزباغ يېزىلىق شىپاخانا | 41 | 35 | 7 | 19 | 9 | 1 | 6 | 36 | 36 |
| ئۆگەن يېزىلىق شىپاخانا | 28 | 26 | 9 | 10 | 7 | 0 | 5 | 25 | 27 |
| تاشئېرىق يېزىلىق شىپاخانا | 32 | 28 | 6 | 13 | 9 | 1 | 4 | 31 | 29 |
| ئىچئېرىق يېزىلىق شىپاخانا | 35 | 32 | 7 | 18 | 7 | 2 | 3 | 33 | 27 |
| پەيشەنبە بازار يېزىلىق شىپاخانا | 30 | 26 | 6 | 14 | 6 | 1 | 4 | 28 | 27 |
| ئىدارە شىپاخانىسى | 4 | 4 | 2 | 2 | | | | | |
| يەككە دوختۇرخانا | 24 | 22 | 5 | 10 | | | | | |
| جەمئىي | 456 | 389 | 153 | 153 | 54 | 33 | 51 | 310 | 363 |

ئىزاھات: (1) مەسئۇل ۋراچلارنىڭ سانى ۋراچ دەرىجىلىكلەرنىڭ سانىغا كىرگۈزۈلدى، شۇڭا جەمئىي سانىغا كىرگۈزۈلمىدى.

(2) ئايرىم دوختۇرخانىلاردا ئۇنۋانسىز خادىملار بولغاچقا، جەدۋەلدىكى تېخنىكا خادىملىرىنىڭ جەمئىي سانى بىلەن تۈرلەرگە ئايرىلغان سانى ماس كەلمەيدۇ.

(3) بۇ جەدۋەلدىكى يەككە دوختۇرلارنىڭ سانى ئالدىنقى جەدۋەلدىكى سان بىلەن ئوخشىمايدۇ.

## 10) باشقىلار

1996 ـ يىلى بىرلىك سەپ ۋە دىن ئىشلىرى تارماقلىرى بىرلىكتە ھەمكارلىشىپ، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت 2 دەرىجىلىك دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تەشكىلاتلىرىنى قۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. 275 مەسچىتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى ۋە ئۇلارنىڭ ئارخىپىنى تۇرغۇزدى. تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، تىزىملاش ئارقىلىق 260 تالىپقا كىنىشكە تارقىتىپ بەردى.

ئەمگەك، كادىرلار تارماقلىرى سىياسەت بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئىش كۆتۈپ تۇرغان 401 ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى، 182 كىشىنى توختاملىق ئىشچىلىققا ئالدى، خەلق باشقۇرۇشىدىكى 59 ئوقۇتقۇچىنى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتتى.

ناھىيە بويىچە 7149 ئىشچى ـ خىزمەتچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي ئىشچى ـ خىزمەتچى 4958 (ئايال 2829، ئاز سانلىق مىللەت خادىم 5297)، توختاملىق ئىشچى ـ خىزمەتچى 1322.

ناھىيە بويىچە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 3497، بۇنىڭ ئىچىدە خىراجىتى تولۇق ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 2746، خىراجىتى پەرقلىق ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ 428، ئۆزى كىرىم قىلىپ، ئۆزى چىقىم قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ 323.

ناھىيىلىك ستاتىستىكا ئىدارىسى تۈرلۈك ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى ۋاقتىدا ھەم توغرا يوللىدى. سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، نوپۇسنىڭ %1نى ئارىلاپ تەكشۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، نوپۇس بىلەن ئەمگەك كۈچىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈشكە دائىر ستاتىستىكا خىزمىتىنى تاماملاپ، ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسى، كادىرلار نازارىتى تەرىپىدىن «ستاتىستىكا سىستېمىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دېگەن نامغا ئېرىشتى؛ ھەرخىل مەخسۇس تۈردىكى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈشتە 4 ئادەم (قېتىم) «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

ناھىيە بويىچە سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى 1996 ـ يىلى «سودا ـ سېتىقتا ئادىل بولۇش، قانۇننى ئىجرا قىلىش يىلى»، «سودا ـ سانائەت ئوبرازىنى تىكلەش يىلى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خىزمەت تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، چاكارلىق ئېڭىنى كۈچەيتتى. شۇ يىلى ئىستېمالچىلارنىڭ 11 شىكايەتنامىسى تاپشۇرۇۋېلىنىپ، 5992 يۈەن زىيان قايتۇرۇپ بېرىلدى. بايرام كۈنلىرىدىكى بازارنى تەكشۈرۈشتە 36 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ساختا، ناچار تاۋار تەكشۈرۈپ تېپىلدى. 42 ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرى ئېنىقلاندى ۋە تەرتىپكە سېلىندى، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان 62 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ساختا، ناچار ماشىنا ـ ئېلېكتر مەھسۇلاتى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. مۇشۇ يىلدا 15 مىليون 20 مىڭ يۈەنلىك 102 ئىقتىسادىي توختام تەكشۈرۈلۈپ، گۇۋاھلىق بېرىلدى. 2 مىليون يۈەنگە چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپ بىر توختام تەكشۈرۈلۈپ بىر ياقلىق قىلىندى. ناھىيە بويىچە 2086 كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 1659 ئائىلىلىك يەككە سودا ـ سانائەتچى بار. مۇشۇ يىلدا «ئىشەنچلىك» يەككە سودا ـ سانائەتچىدىن 60 ى، مەدەنىي تىجارەتچىدىن 60 ى باھالاپ چىقىلدى.

ناھىيىلىك سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتى «مۇقىملىق ھەممىدىن ئەلا» دېگەننى يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرىگە، مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتتىق زەربە بەردى. مۇشۇ يىلدا يۈز بەرگەن جىنايى ئىشلار دېلوسى 118، پاش قىلىنغان دېلو 91، بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ دېلو 78، پاش قىلىنغىنى 59.

ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، ھەرخىل

جىنايەتچىلەر ئۈستىدىن قانۇن بويىچە قاتتىق ھەم تېز ھۆكۈم چىقاردى. مۇشۇ يىلدا 82 جىنايى ئىشلار دېلوسى قوبۇل قىلىنىپ، ھەممىسى ئاياقلاشتۇرۇلدى. تەپتىش مەھكىمىسى مۇشۇ يىلدا قوبۇل قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇشقا تەستىقلىغان دېلو 56، قولغا ئېلىشقا تەستىقلىغان دېلو 52.

## 11) چوڭ ۋە مۇھىم ئىشلار

3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى توقسۇ ناھىيىسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات، رەستە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھاكىم سىدىق قارى ھاجىم سەھەردە ئابلا قاسىم قاتارلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ھاكىم سىدىق قارى ھاجىغا «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ نام بېرىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ش ئۇ ئا ر پىلان كومىتېتى، ماائارىپ كومىتېتى، قۇرۇلۇش نازارىتى، قاتناش نازارىتى، سۇچىلىق نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن بىرلىكتە توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چىققان 9 بال بوران ئۇدا 16 سائەت داۋاملىشىپ، توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 79 كەنتىدىكى 11 مىڭ 74 دېھقان ئائىلىسىنى، 103 مىڭ 239 مو يەردىكى كېۋەز، 445 مو يەردىكى بۇغداي، 10 مىڭ 424 مو يەردىكى مېۋىلىك باغنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن توقسۇ ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈردى.

شۇ يىلى توقسۇ ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ۋە پاختا ھوسۇلىنى ئاشۇرغان 5 ناھىيىنىڭ بىرى بولدى، يىللىق ئاشقان ئاشلىق 2560 توننىغا، پاختا 1000 توننىغا يېتىپ، بۇ ناھىيە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

شۇ يىلى ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش ئارقىلىق 50 مىڭ مو يەر تۈزلەندى، 53 كىلومېتىر سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياسالدى. ناھىيىنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقتىن، ئۇدا 2 يىل (1995 ـ، 1996 ـ يىلى) ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت بويىچە سۇچىلىق قۇرۇلۇشىدىكى «تەڭرىتاغ لوڭقىسى» مۇسابىقىسىدە 1 ـ بولدى.

شۇ يىلى تارىم نېفىت تەكشۈرۈش ـ ئېچىش قوماندانلىق شتابىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان «ئۈمىد» باشلانغۇچ مەكتىپى 5 ـ ئايدا يۇلتۇزباغ بازىرىدا پۈتتى. مەكتەپ ئىگىلىگەن يەر 1200 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1858 كۋادرات مېتىر، سېلىنغان مەبلەغ 400 مىڭ يۈەن، ئۇنىڭغا 800 ئوقۇغۇچى سىغىدۇ.

شۇ يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، «22 ـ مارت» «سىياسىي قاتىللىق دېلوسى» «31 ـ ئىيۇل» ناھىيە بازىرىدىكى ساقچىخانىنى پارتلىتىش دېلوسى، «18 ـ ئاۋغۇست» ئەكسىيەتچىل شۇئار دېلوسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى؛ كۆچا، ئونسۇ، شايار قاتارلىق قېرىنداش ناھىيىلەرگە ماسلىشىپ، ئونسۇ ناھىيىسىدە بۇلاڭچىلىق قىلىپ، ئادەم ئۆلتۈرگەن جىنايەتچىلەرگە، كۆچا ناھىيىسىدىكى ئەكسىلئىنقىلابچى قاتىللارغا، شايار ناھىيىسىدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەردىن توپىلاڭ قىلىپ قاچقان جىنايەتچىلەرگە توسۇپ زەربە بېرىش، ئۇلارنى ئاختۇرۇپ تۇتۇشتىن ئىبارەت چوڭ دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشتا كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى. ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەي جىگجۈەن ج خ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن بېرىلگەن «2 ـ دەرىجىلىك قەھرىمان ـ نەمۇنىچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى.

## 2. قەدىمكى شېئىر ـ ماقالىلەردىن تاللانما

### 1) سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ھىندىستانغا ساياھىتى

شۇندىن كېيىن كۇسەنگە كېلىپ، تۆت قورغان ھىراۋۇلى مەھكىمىسىدىكى 3 ۋەزىر بىلەن كۆرۈشتۇق، كو شىن بۇ يەر مۇپەتتىشىنىڭ ئۇلۇغ قول چەۋەنداز مەھرىمى، ياندىش قورۇقچىبەگ، باش تەپتىش بېگى ئىكەن. كۇسەن خانىنىڭ ئىسمى سۇۋارناخۇەن ئىكەن. ئۇ تۇرغان جاي كۇسەن شەھىرى دەپ ئاتىلىدىكەن. غەربىي قوۋۇقنىڭ سىرتىدا نىلۇپەر ئىبادەتخانىسى بار ئىكەن. . . كۇسەن تەۋەسىدە چيەنجيەن تېغى، چيەنجيەن ئىبادەتخانىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىرىسىدا ئوپاسانجى تېغى بولۇپ، سۇلىرى يېقىملىق مۇزىكىدەك شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىكەن. بۇ يەردە ئوپا سانجى ئىبادەتخانىسى، شەرق ـ غەرب تەرەپلىرىدە جېجۈ ئىبادەتخانىسى ۋە ئاچارى ئىبادەتخانىسى بار ئىكەن. بۇ يەردە بىر يىلدەك تۇرۇپ قالدۇق.

(يۈەن جاۋ (تاڭ سۇلالىسى

### 2) جېجۈگۈەن قوۋۇقى

كۇسەنىڭ غەرب تەرىپىدىكى جېجۈگۈەن قوۋۇقىدىن چىققاندا، ئاق ئات دەرياسىغا بارغىلى بولىدۇ، بۇ يەردىن 180 چاقىرىم ماڭغاندا كۇۋېرا چۆلىگە بارغىلى، ئاچچىق قۇدۇقتىن ئۆتۈپ، 120 چاقىرىم ماڭغاندا كۇۋېرا شەھىرىگە بارغىلى، يەنە 60 چاقىرىم ماڭغاندا ئاسكىل شەھىرىگە، يەنە 60 چاقىرىم ماڭغاندا بار قۇئان شەھىرىگە بارغىلى بولىدۇ. ئۇ يەردىن بىر كۈن ماڭسا ئاقسۇ شەھىرىگە بارغىلى بولىدۇ. بۇ شەھەر قۇم ئايىمىقى دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپى سىخون دەرياسىغا تۇتىشىدىكەن، غەربىي شىمالىدىكى بار قۇئان دەرياسى، ئوتتۇرا دەريادىن ئۆتۈپ، سىخون دەرياسىدىن 120 چاقىرىم كېلىدىغان كىچىك تاش قەلئەگە بارغىلى بولىدۇ. يەنە 20 چاقىرىم ماڭغاندا ئۇدۇن تەۋەسىدىكى توشقان دەرياسىغا، يەنە 60 چاقىرىم ماڭغاندا چارقىلىققا بارغىلى بولىدۇ.

(«يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» 1149 ـ بەت)

### 3) توقىناي

يول ئېگىز ـ پەس، مۇشەققەت، بەكمۇ تەس ئىلگىرىلىمەك،
گۈلزارلىققا يەتمەككە ئىنتىزارمەن تېزرەك.
نەرە تارتسا ئىككى قوشۇن، زېمىن كەلدى لەرزىگە،
قىلىچ ـ نەيزە ئۇرۇلغاندا ئادەم چۆمەر سوغ تەرگە.
جەڭ قىلىپ يول ئۈستىدە، ئىلىك قاغاننى يوقاتتۇق،
سۈرگۈن قىلىپ ئۇلارنى، كىرورانني قورشىدۇق.
جەۋلان قىلۇر تۇغ ـ ئەلەملەر ساما ئۈزرە لەپىلدەپ،

قالدى بۇندا رەڭدار ئەلەم، قوشۇن ئۆتتى ئۆنى چەيلەپ.

ساۋلىنگې (چىلاق سۇلالىسى)

ئىزاھات: چىلاق سۇلالىسى قوشۇنى چولاق ـ كىچىلاق خوجىلارنى يوقاتقاندا، دەسلەپ توقسۇنىدا جەلاق قىلدى، 2 ـ قېتىم ئۆگەن دەرياسى بويىدا جەلاق قىلدى. جەڭدە تۇپىلاڭچىلارنىڭ رەڭدار بايرىقىنى قولغا چۈشۈردى، ئەمما بايراقتا يېزىلغان مەزمۇننى ئوقۇيالمىدى.

# 3. ساقلانغان يەرلىك ماتېرىياللار

## 1) لىن جىلۇنىڭ توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمىغا يازغان خېتى

ھاكىم چى فېڭشيالىڭ، ئىدارە باشلىقى گۇ يىڭخۇاغا:

خېتىڭىزلارنى تاپشۇرۇۋالدىم. ناھىيىمىزنىڭ پوچتا ئالاقىسىغا توسقۇنلۇق قىلىش غەرىزى يوق. لېكىن، غەربىي يېزىنىڭ شاڭيۇسىغا چۈشۈرۈلگەن قاتناشنى قامال قىلىش بۇيرۇقىدا ئەسكەرتىپ قويۇلمىغاچقا، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ. بۇ ئىش توغرىسىدا مەزكۇر يېزىنىڭ شاڭيۇسىنى ناھىيىمىز ئايرىم ۋاقىپلاندۇردى. بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق پوچتا ۋە ئورگانلارنىڭ قاتنىشى بۇرۇنقىدەك بولىدۇ، ئەنسىرىمىگەيسىزلەر.

ھېلىقى كېسەل كۆچاغىسۇ يېتىپ كېلىپ، بەختكە قارشى تېز كېڭىيىۋاتىدۇ. دوختۇر بۈگۈن ئەتىگەندە يولغا چىقتى، بۇ چاغقىچە كۆرۈشكەنسىزلەر.

ئالدىراشلا سالام يوللىدىم.

ئىنىڭىزلار: لىن جىلۇ

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

ئىزاھات: 1940 ـ يىل 9 ـ ئايدا توقسۇ ناھىيىسىدە ۋابا تارقالدى. شۇ مەزگىلدە كۇچا ناھىيىسىدە ھاكىم بولۇپ تۇرغان لىن جىلۇ (جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى) توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى چى فېڭشيالىڭ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گۇ يىڭخۇالارغا خەت يازغان ھەم كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن توقسۇ ناھىيىسىگە 2 دوختۇر ئەۋەتكەن.

## 2) «شايار ناھىيە چېگرىسى تەزكىرىسى» دىكى توقسۇغا ئالاقىدار خاتىرە

شايارنىڭ غەربىي زېمىنى كالا مۈڭگۈزىدەك سوزۇلغان بولۇپ، شەرقتىن غەربكە 200 ـ 300 چاقىرىم كېلىدۇ، بۇ جاي دەل مۇقۇ يايلىقىدۇر. ناھىيىنىڭ غەربىي زېمىنى قارا يۇلغۇن تېغىغا، شەرقىي شىمال تەرىپى ئاقتاغقا كەلگەندە شايار ناھىيىسىدىن ئونسۇغا بارىدىغان يولغا تۇتىشىدۇ. بۇ تەۋەلىكتە تاجىكقورۇغىچە بولغان ئارىلىقتا 3 بېكەت بار. ئاقتاغ تاجىكقورۇنىڭ دەل غەربىگە جايلاشقان بولۇپ، ئارىلىقى تەخمىنەن 200 چاقىرىم كېلىدۇ. قارا يۇلغۇن تېغى بىلەن ئاقتاغ تىزمىسىنىڭ ئارىلىقى 100 نەچچە چاقىرىم كېلىدۇ. ھەربىر بېكەتتە قۇدۇق بار، قۇدۇقلار ھازىر تاشلىنىپ قالدى.

(«شايار ناھىيە چېگرىسى تەزكىرىسى» 1919 ـ يىلى لى جىنلىيەن تۈزگەن).

ئىزاھات: شايارنىڭ غەربىي چېگرىسى ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى رايونلارنى ۋە موقۇ يايلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 3) ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ توقسۇ، شايار ناھىيىلىرىنىڭ چېگرىسىنى ئايرىش توغرىسىدىكى ھۆججىتى

### ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ تەستىقى

ۋىلايەتلىك پارتكوم خىزمەت گۇرۇپپىسى شايار، توقسۇ ناھىيىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار گۇڭشېلارنىڭ رەھبىري كادىرلىرى بىلەن بىرلىكتە، 2 ناھىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە 2 ناھىيىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى ئاساسىدا، شايار، توقسۇ ناھىيىلىرىنىڭ چېگرا مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىپ دوكلات يوللىغانىكەن. ۋىلايەتلىك پارتكوم بۇ دوكلاتقا قوشۇلىدۇ. ھازىر ئەسلىدىكى دوكلات 2 ناھىيىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تەستىقلاپ تارقىتىلدى.

ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى
1959 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 10 كۈنى

### ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ توقسۇ، شايار ناھىيىلىرىنىڭ چېگرا مەسىلىسى ھەققىدىكى دوكلاتى

خې شۇجىغا ھەمدە ۋىلايەتلىك پارتكومغا:

خىزمەت گۇرۇپپىمىز خې شۇجى بىلەن مۇئاۋىن ۋالىي ماموت ئىسلامنىڭ تەستىقى بويىچە، 11 ـ ئاينىڭ 11، 12 ـ كۈنلىرى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى رىن زۇجىڭ، دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى توختى، ئىچىبرىق گۇڭشېسىنىڭ باشلىقى بارات ۋە شايار ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى لى زىرېن، يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى شاڭ تۇڭچىن، يېڭى مەھەللە گۇڭشېسىنىڭ شۇجىسى لى سەي قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە، بىر كۈندىن كۆپرەك ئەمەلىي تەكشۈرۈپ، 2 تەرەپنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئاخىرىدا 2 ناھىيە بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت 3 تەرەپنىڭ بىرلىككە كەلگەن پىكرى ئاساسىدا، 2 ناھىيىنىڭ چېگرا مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلدى. بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك دوكلات قىلىمىز:

(1) شايارناھىيىسىنىڭ يېڭىمەھەللە گۇڭشېسى (ئەسلىدىكى 4 ـ رايون) بىلەن توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىچىبرىق گۇڭشېسى (ئەسلىدىكى 2 ـ رايون) نىڭ چېگرىلىنىدىغان جايى تەخمىنەن نەچچە 10 كىلومېتىر كېلىدۇ. 1957 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ 2 ـ رايونى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يۇڭقېڭجالىڭ كەنتى بىلەن شايار ناھىيىسىنىڭ يېڭىمەھەللە يېزىسى (4 ـ رايون) قاتارلىقلاردا كىچىك دائىرىدە بوزيەر ئاچقان. 1958 ـ ۋە 1959 ـ يىللىرى ئېچىلغان بوزيەر كۆلىمى يىلىبىرى كېڭەيگەن. 1959 ـ يىلى توقسۇ ناھىيىسى يەنە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن 34 مىڭ مو بوز يەر ئېچىپ، كۈزگى بۇغداي تېرىغان. 1957 ـ ۋە 1958 ـ يىللىرى شايار ناھىيىسىنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى سۇغىرىدىغان سۇ كەمچىل بولۇپ، ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، بوزيەرنى سۇغىرىدىغانغا سۇ تېخىمۇ يېتىشمىگەن. شۇڭا توقسۇ ناھىيىسى بوز يەر ئېچىپ شايار ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىغا كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، شايار ناھىيىسى بۇنى رەت قىلمىغان ۋە توسمىغان. ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە، بىر تەرەپتىن، توقسۇنىڭ شايار چېگرىسىغا كىرىپ ئاچقان بوز يەر كۆلىمى يەنە داۋاملىق كېڭىيىۋاتقانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، شايارنىڭمۇ ناھايىتى زور كۆلەمدە بوز يەر ئېچىش ۋەزىپىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، شايار ناھىيىسى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ شايار زېمىنىدا بوز يەر ئېچىش تەلىپىگە قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. توقسۇ بولسا، ئۆزلىرىنىڭ بوز يەر ئېچىشتا توقسۇ زېمىنىدىن چىقىپ كەتمىگەنلىكىنى ئېيتقان، شۇنىڭ بىلەن بىللە 2 تەرەپ ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەن. بۇ يىل 9 ـ ئايدا

توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يۈكسەكچالىق كەنتى بۇ يەرنى سۇغىرىپ، كۆزگى بۇغداي تېرىماقچى بولغاندا، شايار ناھىيىسىنىڭ پىچىمەھەللە گۈڭشېسىمۇ ئادەم ئەۋەتىپ بۇ يەرنى سۇغارغان ھەم كۆزگى بۇغداي تېرىۋالغان. يۈكسەكچالىق كەنتى بۇنى بىلگەندىن كېيىن، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى 20 نەچچە گۈڭشې ئەزاسى ۋە كالا، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، پىچىمەھەللە تېرىغان كۆزگى بۇغداينى ئاغدۇرۇۋېتىپ، باشقىدىن تېرىماقچى بولغان، پىچىمەھەللە گۈڭشېسىنىڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى توقسۇ يۈكسەكچالىق كەنتىنىڭ ئادەم ۋە كالىلىرىنى پىچىمەھەللە گۈڭشې پارتكومىغا ئېلىپ كەلگەن. گۈڭشې پارتكومى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئەيىبلەپ، توقسۇنىڭ كالىلىرىنى بېقىپ، شۇ كۈنىلا ئادەم بىلەن كالىلارنى قويۇپ بەرگەن. بىر قىسىم ياشانغان كىشىلەر: «ئەگەر بۇ يېڭى جەمئىيەت بولمىغان بولسا، ئۇلار ئۇرۇشۇپ كېتەتتى، ھەتتا ئادەم ئۆلىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرەتتى» دېيىشكەن. توقسۇ شايار ئوتتۇرىغا قويغان ناھىيە چېگرىسىغا، شۇنداقلا شايارمۇ توقسۇ ئوتتۇرىغا قويغان ناھىيە چېگرىسىغا قوشۇلمىغانلىقتىن، 2 ناھىيىنىڭ چېگرا مەسىلىسى كېلىپ چىققان.

(2) بىز 12 - ئايدا شايار ناھىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان ناھىيە چېگرىسىغا ئاساسەن، شۇ جايغا بېرىپ تەكشۈردۇق. 2 ناھىيىنىڭ چېگرا ئەھۋالى مۇنداق ئىكەن: شايارنىڭ پاشالىق كەنتىدىن جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا نەمەتنىڭ قومۇشلۇقى، مىجىت ئاتىنىڭ كونا ئۆيى، كامىل شائىيۇنىڭ بېغى ۋە ھۇسەن ھاجىنىڭ ئۆيىدىن ئۆتۈپ، پوتەيگە بارىدۇ (قىسقارتىپ «ئا» بۆلەك دېيىلىدۇ)؛ پوتەيدىن ھازىرقى 2 ناھىيە ئېتىراپ قىلىدىغان ناھىيە چېگرىسىنى — ئۆستەڭنى بويلاپ غەربىي جەنۇبقا مېڭىپ، يۇقىرى چىلان ئۆستىڭىنىڭ شەرقىگە بارىدۇ (قىسقارتىپ «ب» بۆلەك دېيىلىدۇ)؛ يۇقىرى چىلان ئۆستىڭىنىڭ شەرقىدىن 10 نەچچە يىل ئىلگىرىلا بار بولغان كونا ئۆستەڭنى بويلاپ مېڭىپ غەربىي جەنۇبقا مېڭىپ، پورتوغراق، كۆكچۆل كۆلىگە بارىدۇ (قىسقارتىپ «س» بۆلەك دېيىلىدۇ). توقسۇ ناھىيىسى «ئا» بۆلەكتە ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ناھىيە چېگرىسىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ۋاز كەچتى، ئەمما شايار ئوتتۇرىغا قويغان ناھىيە چېگرىسىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمىدى؛ بۇ بۆلەكتىكى ناھىيە چېگرىسى كونا ئۆستەڭنىڭ جەنۇبىدىكى شورتاڭلىقتا بولۇپ، قەيەردىن باشلىنىپ قەيەردە ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا ئاساس كۆرسىتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز توقسۇ ئوتتۇرىغا قويغان ناھىيە چېگرىسىنى ئويلاشمىدۇق، بەلكى شايار ئوتتۇرىغا قويغان ناھىيە چېگرىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلدۇق. بىز شايار ئوتتۇرىغا قويغان ناھىيە چېگرىسى توغرا دەپ قارايمىز. ئاساسىمىز شۇكى: ① پاشالىقتىن قۇرمان پوتەيگىچە («ئا» بۆلەك) بولغان ئارىلىقتىكى ئۆي - ئىمارەت، ئائىلىلەر ئەزەلدىن ئۆزىنى شايارلىق دەپ ئاتاپ كەلگەن (توقسۇ ئۇلارنى توقسۇلۇق دەيدۇ)؛ ② قۇرمان پوتەيدىن ھازىرقى 2 ناھىيە ئېتىراپ قىلغان چېگرا — ئۆستەڭنى بويلاپ غەربىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ سۇنىڭ بېشىغا بارغاندا كۆپ يىللار ئىلگىرىكى كونا ئۆستەڭ («س» بۆلەك) بىلەن تۇتىشىدۇ، بۇ، كونا ئۆستەڭ 2 ناھىيىنىڭ ماجىراسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چېپىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ؛ ③ بۇ كونا ئۆستەڭنى 10 نەچچە يىل ئىلگىرى شايار، توقسۇ ناھىيىلىرى 500 دىن ئادەم چىقىرىپ، بىرلىكتە چاپقان، شاياردىن بۇ ئۆستەڭنى چېپىشقا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ تولىسى ھازىرمۇ ھايات، توقسۇدىن بۇ ئۆستەڭنى چېپىشقا قاتناشقان ئەلى خوجالىق، ھەمدۇل مىراپ ھازىر توقسۇدىكى پەيشەنبە بازاردا ئولتۇرىدۇ، بۇ ئەھۋال كونا ئۆستەڭنىڭ 2 ناھىيىنىڭ چېگرىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(3) بىز 2 ناھىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، ئىشلەپچىقىرىشىغا، 2 ناھىيىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكى ئۇسۇلدا ھەل قىلدۇق:

① پاشالىقتىن قۇرمان پوتەيىنىڭ يۇقىرىسىغىچە بولغان ئۆستەڭ («ئا» بۆلەك)، شايار ئوتتۇرىغا قويغان چېگرا بويىچە شەرقىيرەك سۈرۈلدى. بۇنداق قىلىشتا، كونا چېگرىنىڭ يېنىدا توقسۇ 1957 - يىلدىن تارتىپ بوز يەر ئېچىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، ئەگەر كونا چېگرا ئۆزگەرمىسە، توقسۇ 3 يىلدىن بۇيان تېرىپ كېلىۋاتقان بوزيەرنىڭ كۆپ قىسمىنى شايارغا قايتۇرۇپ بېرىشكە توغرا كېلىپ، توقسۇنىڭ چوڭ

زىيان تارتىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلدى. شەرقتىرەك سۈرۈلگەن يېڭى چېگرا بوز يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، 2 ناھىيە بەلگە ئورنىتىپ، ئىككى ناھىيىنىڭ چېگرىسى قىلىنىدىغان بولدى. 2 ناھىيە تېرىغان كۆزگى بۇغدايىنىڭ كونا، يېڭى چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن قىسمىنىڭ ھوسۇلىنى تېرىغان تەرەپ ئۆزى يىغىۋالىدۇ. كېلەر يىلدىن باشلاپ يېڭى چېگرا ئاساس قىلىنىپ، چېگرىدىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ.

② قۇرمان پوتەيدىن يۇقىرى چىلان ئۆستىڭىنىڭ شەرقىگىچە («ب» بۆلەك) چېگرا ئېنىق بولۇپ، ھەر 2 تەرەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئورتاق رەسمىيە قىلغاچقا، يەنىلا ئەسلىدىكى چېگرا 2 ناھىيىنىڭ چېگرىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

③ يۇقىرى چىلان ئۆستىڭىدىن كۆكچۆل كۆلىگىچە («س» بۆلەك) 2 ناھىيە كونا ئۆستەڭنى ئاساس قىلىپ كەلگەن. ئەمما توقسۇنىڭ پورتوغراقتا ئۇزۇن بىر پارچە بوزيەر ئېچىپ (كونا ئۆستەڭنىڭ جەنۇبىدا)، 19 مىڭ مو يەرگە كۆزگى بۇغداي تېرىغانلىقىنى، ئۈۋ سالغانلىقىنى، يەنە بىر تەرەپتىن، شايارنىڭ كونا ئۆستەڭ ئاساسىدا يەنە بىر يېڭى ئۆستەڭ چاپقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، «س» بۆلەكتە كونا ئۆستەڭ بار جايلاردا، يەنىلا كونا ئۆستەڭنى پاسىل قىلىش، يېڭى ئۆستەڭ بار جايلاردا يېڭى ئۆستەڭنى پاسىل قىلىشنى بەلگىلىدۇق. بۇنداق بولغاندا، توقسۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانىدىن سۇ باشلاپ كېلىپ، كونا ئۆستەڭ ئارقىلىق يەر سۇغىرىدۇ؛ شايار بولسا، يېڭى مەھەللىدىن سۇ باشلاپ كېلىپ، يۇقىرىدا كونا ئۆستەڭ ئارقىلىق سۇ ئېلىپ كېلىپ، تۆۋەندە يېڭى ئۆستەڭگە چۈشۈرۈپ، شايارنىڭ يەرلىرىنى سۇغىرىدۇ، ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ ئۆستىڭىنى ئىشلىتىدۇ، بىر - بىرىگە دەخلى قىلمايدۇ. ئەگەر كونا ئۆستەڭ چېگرا قىلىنغان بولسا، 2 ناھىيە كونا ئۆستەڭدىن بىرلىكتە سۇ ئېچىپ، سۇ ماجىراسى تۈگىمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شايارنىڭ يېڭى ئۆستىڭى تۆۋەنكى بىر بۆلەك يەردە رول ئوينىيالماي قالاتتى -دە، توقسۇنىڭ كونا ئۆستەڭنىڭ جەنۇبىدا ئاچقان بوزيەر، ياسىغان سۇ ئىنشائاتلىرى، ئۈۋلىرىگە سالغان مەبلىغىنى قايتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلەتتى، مۇنداق بولغاندا، 2 تەرەپنى رازى قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا بىز كونا ئۆستەڭ بار يەردە كونا ئۆستەڭنى، يېڭى ئۆستەڭ بار يەردە يېڭى ئۆستەڭنى پاسىل قىلىشنى لايىق تاپتۇق.

يۇقىرىدىكى دوكلاتىمىز مۇۋاپىق بولسا، شايار، توقسۇ ناھىيىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تەستىقلاپ بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتى خىزمەت گۇرۇپپىسى
1959 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

## 4) «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»گە ماتېرىيال توپلاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش

توقسۇ ناھىيىسىدە 1922 - يىلى (مىنگونىڭ 11 - يىلى) ياردەمچى ئامبال قويۇلدى، 1930 - يىلى (مىنگونىڭ 19 - يىلى) ناھىيە تەسىس قىلىنىپ، ناھىيە ئىسمى توقسۇ دەپ ئاتالدى، 1941 - يىلى (مىنگونىڭ 30 - يىلى خەنزۇچە نامى شىنخې (新和) دەپ ئۆزگەرتىلدى، بىراق شىنخې ۋە توقسۇ دېگەن ناملار تاھازىرغىچە ئوخشاش ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. توقسۇنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى (مىلادىيە 91 — 106 - يىللىرىغىچە) كۇسەننىڭ داۋانقۇم شەھىرى (ھازىرقى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ يۇلتۇزباغ ئەتىراپلىرى) دە غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى تۇرغانىدى، بۇ يەر ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلار مەركىزى ئىدى. كېيىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى كۇسەننىڭ يەنچېڭ شەھىرى (ھازىرقى كۇچا ناھىيىسىنىڭ پىلاڭ

ئەترابلىرى) گە كۆچۈپ، ئەسلىدىكى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى جايلاشقان ئاۋات داۋانقۇم شەھىرى تەدرىجىي چۆلدەرەپ قالدى، ھەتتا ئادەتتىكى كىشىلەر بۇ جاينى ئۇنتۇلۇپمۇ كەتتى.

مىڭ يىللار مابەينىدە توقسۇ ناھىيىسى نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. 1949 - يىلى ئازاد بولۇپ، 1950 - يىلى خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ھازىر توقسۇ ناھىيىسى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە بىر قەدەر باي ناھىيىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ئەل گۈللەنگەندە تەزكىرە تۈزۈشتەك ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بەلگىلىك ئادەم ۋە ماددىي كۈچنى سەپەرۋەر قىلىپ، «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزۈشنى قارار قىلدى. كەڭ دائىرىلىك مەزمۇنغا ئىگە، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مول تارىخىي ماتېرىيال بولمىسا، ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇڭا ناھىيىمىزنىڭ تارىخىي، تەزكىرە ماتېرىياللىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۇقتۇرۇشنى ئالاھىدە چىقاردۇق:

(1) توپلاش دائىرىسى:

① ناھىيىمىزگە مۇناسىۋەتلىك بولغان (ۋاقتى چەكلەنمەيدۇ) تەبىئىي جۇغراپىيە، تەشكىلىي تۈزۈلۈش، رايونلارغا ئايرىلىش، نوپۇس، مىللەت، دىئالېكت، ماقال - تەمسىل، مەدەنىيەت - سەنئەت، مائارىپ، سەھىيە، پەن - تېخنىكا، تەنتەربىيە، سودا، مالىيە، پۇل مۇئامىلە، شەھەر قۇرۇلۇشى، سۇچىلىق، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ھەربىي ئىشلار، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردىكى ماقالىلەر، كۈندىلىك خاتىرە، كىتاب، تەقدىرنامە، ماتېرىيال توپلىمى، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەر قاتارلىقلار.

② ناھىيە قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا ناھىيىمىزدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ئالغان ھەم ناھىيىمىزدىن باشقا جايلارغا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتىگەن ئەمەلدارلار، رەھبىرىي كادىرلار (ناھىيە، تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى) نىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى، ئەسلىمىسى، كۈندىلىك خاتىرىسى ۋە ناھىيىمىزگە مۇناسىۋەتلىك قول يازمىلار، سۆز تېكىستى، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئىسپاتنامىسى، تەقدىرلەش بۇيرۇقى، سۈرەت قاتارلىقلار.

③ ئەسلى مۇشۇ ناھىيىلىك ياكى ئۇزۇن ۋاقىت ناھىيىمىزدە تۇرۇپ خىزمەت قىلغان ئىنقىلابىي قۇربانلار، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار پارتىيە ئەزالىرى، ئىلغار ئىنقىلابىي كادىرلار ۋە ھەر قايسى ساھەدىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، ئاتاقلىق دوختۇرلار، ئاتاقلىق سەنئەتكارلار، ھۈنەر - سەنئەت ماھىرلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئەسلىمىسى، تەرجىمىھالى، ئەسىرى، خەت - چەكلىرى، قول يازمىلىرى، كۈندىلىك خاتىرىلىرى، ئىجادىيەتلىرى، كەشپىياتلىرى، سۈرەتلىرى، قالدۇرغان تەۋەررۈكلىرى قاتارلىقلار.

④ ناھىيىمىزگە تەۋە نەسەبنامە، مىللەت، كەنت، مەكتەپ، دۇكان، زاۋۇتلارنىڭ تارىخى (ئالبوم، سۈرەتلەر شۇنىڭ ئىچىدە) ۋە ناھىيىمىزدىن چىققان ناخشا - ئۇسسۇل، خەلق ناخشىلىرى قاتارلىقلار.

⑤ ناھىيىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدىكى ئىجتىمائىي پارتىيە - گۇرۇھ، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ نىزامنامىلىرى، نەشر بۇيۇملىرى - خاتىرىلىرى، سۈرەتلىرى، ئىش خاتىرىلىرى قاتارلىقلار.

⑥ ناھىيىمىزگە تەۋە بولغانكى مەشھۇر قەدىمكى يادىكارلىقلارغا دائىر يازما بايانلار، ئىسپات ماتېرىياللىرى، سۈرەتلىرى، قەدىمكى خارابىلىكلەردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، مەسىلەن:

رەسىم، ھەيكەل، پۇل، زىننەت بۇيۇملىرى، تاش قوراللار، ساپال بۇيۇم قاتارلىقلار.

⑦ ناھىيىمىزنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خەرىتە ۋە كىتاب، گېزىت ـ ژۇرنال، ماتېرىياللىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى.

(2) توپلاش ئۇسۇلى

① ئومۇمەن يۇقىرىقى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر قارشى ئېلىنىدۇ، ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەسى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ.

② ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشتە پوچتىدىن ئەۋەتىشمۇ، خەت ئارقىلىق ئۇقتۇرۇشىمۇ ياكى ئۆزى كېلىپ ئالاقىلاشىشمۇ بولىۋېرىدۇ.

③ تەمىنلىگەن ماتېرىيالنىڭ سۈپىتى، مىقدارىغا ئاساسەن، تەمىنلىگۈچىگە مۇۋاپىق ھەق ياكى قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ.

④ تەمىنلىگەن ماتېرىيال تەرتىپ بويىچە تىزىملىنىپ، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچىگە ھۆججەت، گۇۋاھنامە بېرىلىدۇ، ئەگەر ئەسلىدىكى بۇيۇمنى ئىگىسى ساقلاپ قالماقچى بولسا، پايدىلىنىپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئىگىسىگە يۈز تۇرانە قايتۇرۇلىدۇ، ئەگەر بۇزۇلسا تۆلەپ بېرىلىدۇ.

⑤ ئالاقىلىشىش ئادرېسى: توقسۇ ناھىيىلىك تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى.

توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

ھاكىم: ئەخمەت ئەمەت

1985 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

## 5) ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان شەخسلەر ئىسىملىكىنى يوللاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

يېزىلىق، بازار (مەيدان) لىق پارتكوم (ياچېيكا)، ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلارغا:

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى. شەخسلەر تەزكىرىسى»، «ئاقسۇ ۋىلايىتى تەزكىرىسى. شەخسلەر تومى»، «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى. شەخسلەر قىسمى» ئىنتايىن جىددىي ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدىغان، سىياسىۋىلىكى كۈچلۈك، چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ خىزمەت. ھەرقايسى ئورۇنلار توغرا ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەندىلا، تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. تەزكىرىگە كىرگۈزۈشكە يوللىنىدىغان شەخسلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تۆۋەندىكىچە ئۇقتۇرىمىز:

(1) تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان شەخسلەرنىڭ شەرتى

① ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، خىزمەت ئىلغارلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارلىرى، «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ كۆرەش قەھرىمانلىرى ۋە 3 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خىزمەت كۆرسەتكەنلەر.

② خەلق ئىشلىرى نازارىتى تەستىقلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار.

③ ۋىلايەت بويىچە 3 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پەن تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر.

④ ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى تەنھەرىكەت يىغىنلىرىدا 1 ـ لىكتىن 3 ـ لىككىچە ئېرىشكۈچىلەر (كوللېكتىپ مۇكاپاتلانغاندا مۇسابىقىگە قاتناشقان بارلىق ماھىرلار).

⑤ ناھىيە دائىرىسى ئىچىدە تەسىرى بار دىنىي زاتلار.

④ ناھىيە، تۆۋەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە خىزمەتچى خادىملىرى (پەقەت توقسۇ ناھىيىسىدىن بولسىلا، مەيلى قانداق جايدا ۋەزىپە ئۆتىگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدۇ).

(2) ھەرقايسى ئورۇنلار بۇ ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، 1949 — 1990 - يىلغىچە شۇ ئورۇن (شۇ رايون)دا خىزمەت قىلغان ياكى تۇغۇلغان، تەزكىرىگە كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك خادىملارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقىپ، پاكىتنى توغرا ئېنىقلاپ، چۈشۈرۈپ قويماي، ئىسىملىكنى «1 - ماي» بايرىمىدىن ئىلگىرى ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىغا يوللاپ بېرىشى كېرەك (تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان شەخسلەرنىڭ جەدۋىلىنى قوشۇمچە قىلىپ قويۇش كېرەك).

ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى
1991 - يىل 4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

## 6) ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى، توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىختىساسلىق خادىم، مەبلەغ، تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىشنى قانات يايدۇرۇش، ناھىيە ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئېتىبار بېرىش چارىسى»

ناھىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش، توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلىشىش ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەت، بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ناھىيىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى كەڭ دائىرىدە جەلپ قىلىش، مەبلەغنى، تېخنىكىنى كۆپلەپ كىرگۈزۈش ئارقىلىق توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىقتىسادىنى ئەتراپلىق جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ئېتىبار بېرىش چارىسىنى ئالاھىدە تۈزۈپ چىقتۇق:

(1) ناھىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە خەلق تەشكىلاتلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان كادىر، تېخنىكا خادىملىرى، باشقۇرغۇچى خادىملار (پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)نىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، 2 - يېنىك سانائەت، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى باشقۇرۇشى، قۇرۇشى، ھۆددىگە ئېلىشى ۋە ئىجارىگە ئېلىپ تىجارەت قىلىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىلىدۇ، ئۇلار تۆۋەندىكى ئېتىبار بېرىش مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ:

① ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى سالاھىيىتى ساقلاپ قېلىنىدۇ، كادىرلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئارخىپى يۆتكەلمەيدۇ، خىزمەت ئىستاژى ئۇلاپ ھېسابلىنىدۇ، دۆلەت ئىش ھەققى تەڭشىگەندە، بەلگىلىمە بويىچە ئىش ھەققى نورمال تەڭشەپ بېرىلىدۇ، ئەسلىدىكى ئۆيىدە ئولتۇرۇۋېرىدۇ، پەرزەنتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئەسلى ئورۇندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

② ئومۇمەن ھازىر ناھىيىمىزدە كارخانا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەۋاتقان ۋە تەكلىپ قىلىنغان ياكى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ناھىيىمىزدە كارخانا قۇرغان، باشقۇرغان ۋە ھۆددىگە ئالغان ئاساسلىق مەسئۇل كىشىلەردىن بىر يىلدىن كېيىن ھەرخىل ۋەزىپە كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندىغانلار ھەمدە كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقانلار (مالىيە، ئىقتىسادىي تەۋەلىك ئورۇنلىرى تەكشۈرگەندىن كېيىنكى يىللىق نەق چوتى ئاساس قىلىنىدۇ) غا يۇقىرى مۇكاپات بېرىلىدۇ.

كارخانا شۇ يىلى 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ( 50 مىڭ يۈەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) پايدا ئالغان بولسا، يېڭىدىن ئاشقان پايدىنىڭ %8ى مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭ %4ى ئاساسلىق مەسئۇل كىشىگە بىر قېتىمدىلا مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ، قالغان %4 ى ھەمكارلاشقۇچى خادىملار ۋە ئىدارىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ.

كارخانا شۇ يىلى 300 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق (300 مىڭ يۈەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) پايدا ئالغان بولسا، مۇكاپات %8 بويىچە بېرىلىدۇ، بۇنىڭ %5 ى ئاساسلىق مەسئۇل كىشىگە بىر قېتىمدىلا مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ ھەمدە 3 ئېغىزلىق بىر يۈرۈش ئۆي مۇكاپات بېرىلىدۇ، %3 ى ھەمكارلاشقۇچى خادىملار ۋە ئىدارىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ.

كارخانا شۇ يىلى 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق (500 مىڭ يۈەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) پايدا ئالغان بولسا، %8 ى مۇكاپات بېرىلىدۇ، بۇنىڭ %5 ى ئاساسلىق مەسئۇل كىشىگە بىر قېتىمدىلا مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا 4 ئېغىزلىق بىر يۈرۈش ئۆي مۇكاپات بېرىلىدۇ، %3 ى ھەمكارلاشقۇچى ۋە ئىدارىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ.

(2) پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا بېرىپ ئىشلەشنى خالايدىغانلارنىڭ ئىش ھەققى ئۆلچىمى ۋاقتى، تۈرى ئوخشاش خادىملارغا سېلىشتۇرۇپ بەلگىلەنگەندىن سىرت، يەنە 1 - 2 دەرىجە تۈراقسىز ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر يىلى تۆھپىسىگە ئاساسەن كارخانىنىڭ شۇ يىللىق يېڭىدىن كۆپەيگەن پايدىسىنىڭ %5ى بىر قېتىملىق مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ.

(3) ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يېزا - بازار كارخانىلىرىنى ھۆددىگە ئالغان ياكى يېڭى قۇرۇلغان كارخانىغا يېتەكچىلىك قىلغان، قۇرغانلارنىڭ ئەسلى ئورنىدىكى شتاتى ساقلاپ قېلىنىدۇ، ئىش ھەققى مۇناسىۋەتتى يۆتكەلمەيدۇ ھەم ھۆددىگە ئالغان ياكى يېتەكچىلىك قىلغان، قۇرغان يېزا - بازار كارخانىسىدىن ئەسلىدىكى ئىش ھەققى بىلەن ئوخشاش بىر ئۆلۈش ئىش ھەققى ئېلىپ، روشەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتقانلارغا يېڭى كۆپەيگەن پايدىسىنىڭ %25 — %30ى مۇكاپات بېرىلىدۇ. مۇكاپاتنىڭ %50ى ھۆددىگەرگە بېرىلىدۇ، %25ى ھاددىگەرنىڭ ياردەمچىلىرىگە بېرىلىدۇ، %25ى ئەسلى ئورنىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ. 3 يىلدىن كېيىن، ئەسلى ئورنىدىكى ئىش ھەققى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كارخانىدىن ئۈنۈم ئىش ھەققى ئالغاندىن تاشقىرى، ھەر يىلى يېڭى كۆپەيگەن پايدىنىڭ %25 — %30ى بويىچە مۇكاپات بېرىش بەلگىلىمىسى داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدۇ، بۇنىڭ %60ى ھۆددىگەرگە بېرىلىدۇ، %30ى ھۆددىگەرنىڭ ياردەمچىلىرىگە بېرىلىدۇ، %10ى ئىدارىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىقىغا ئىشلىتىلىدۇ.

(4) يېزا - بازار كارخانىسى سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئۈنۈۋان باھالاپ تەكلىپ قىلىشقا يول قويۇلىدۇ. مۇئەييەن كەسپىي بىلىمى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارى بار يېزا ياشلىرى، ماھىر ئۇستىلارغا ئۈنۋان ئىسلاھاتى ئىشخانىسى بىلەن يېزا - بازار كارخانىسى ئىدارىسى مەسئۇل بولۇپ بەلگىلىمە بويىچە ئۈنۋان باھالىسا ھەم گۇۋاھنامە بېرىپ، تېخنىكا ھۆددىگەرلىكى ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرسا بولىدۇ. يۇقىرىدىكى خادىملارغا بېرىلگەن ئۈنۋان دۆلەت تىزگىنلەيدىغان كۆرسەتكۈچىنى ئىگىلىمەيدۇ.

(5) ناھىيىمىزگە كېلىپ ئۆزى مەبلەغ سېلىپ ياكى شېرىكلىشىپ مەبلەغ سېلىپ، بىرلەشمە تۈرلەرنى قۇرغان، كېڭەيتكەن ئورۇن ۋە شەخسلەرگە ناھىيىمىز خام ئەشيا، ئېنېرگىيە، ئەمگەك ۋە يەر بىلەن تەمىنلەشتە ئېتىبار بېرىدۇ. ئۇلار بىرلىشىپ تىجارەت قىلغان مەزگىلدە دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ باجغا دائىر بارلىق ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ؛ يېڭى كۆپەيتكەن مەھسۇلاتىدىن 3 يىلغىچە مەھسۇلات

بېجى (قوشۇلما قىممەت بېجى)، بايلىق مەنبەسى بېجى ئېلىنمايدۇ، 8 يىلغىچە تاپاۋەت بېجى ئېلىنمايدۇ؛ بىرلەشمە كارخانىلارنىڭ يېڭى ئىقتىدارى ئارقىلىق ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتتىن 3 يىلغىچە مەھسۇلات بېجى، قوشۇلما قىممەت بېجى، بايلىق مەنبەسى بېجى ئېلىنمايدۇ، مەھسۇلاتنى كارخانا ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

(6) ئاپتونوم رايون ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ناھىيىمىزگە كېلىپ ئېچىش خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۆلگە رايونلارغا يېتەكچىلىك قىلىشى ۋە ئۇنى قۇرۇشى قارشى ئېلىنىدۇ، ئۇلارغا يەر تاللاش، سۇغىرىش، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېتىبار بېرىلگەندىن سىرت، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئالاقىدار تىزىملاش ۋە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيەتلىرى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بېرىلىدۇ.

(7) ناھىيىمىزدە خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان پەن - تېخنىكا خادىملىرى، ماھىر ئۇستىلار ياكى كارخانا ئىگىلىكىنى باشقۇرغۇچىلاردىن ئۆزۈن مۇددەت ئولتۇراقلىشىپ قېلىشنى خالايدىغانلارغا يۆتكىلىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلىدۇ، ئىش ھەققى مۇئامىلىسى جەھەتتە ش پ (1984) 37 - نومۇرلۇق ھۆججەتتىكى بەلگىلىمىلەر ئىچىدىكى تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش شەرتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ، جۈرىسى رەسمىي ئىشچى - خىزمەتچى بولسا، خىزمىتىنى ناھىيىمىزگە يۆتكەپ كېلىشكە بولىدۇ، ئەگەر خىزمىتى يوق، ئەمما خىزمەت ئىقتىدارى بار بولسا، تەكلىپ قىلغان ئورۇن مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، شۇ كىشىنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرى (ئاتا - ئانىسى، جۈرىسى، پەرزەنتلىرى) ئەسلىدە يېزا نوپۇسى بولسا، ناھىيىمىزگە كېلىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا بازار نوپۇسىغا ئۆزگەرتىپ بېرىلىدۇ، ئىشچى، كادىر قوبۇل قىلىش شەرتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان پەرزەنتلىرىدىن بىرى ئېتىبار بىلەن ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. دۆلەت ئېتىراپ قىلغان ئوقۇش تارىخىغا ئىگە «5 خىل ئالىي مەكتەپ»نى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ناھىيىمىزگە كېلىپ ناھىيە، يېزا كارخانىلىرىدا ئىشلەشنى خالايدىغانلار دۆلەت كادىرلىقىغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

(8) ناھىيىمىزدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا ياكى يېزا - بازار كارخانىلىرىغا 3 يىلدىن ئوشۇق مۇددەت بىلەن بىر قېتىمدىلا 30 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغانلارغا بىر كىشىلىك ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆرسەتكۈچى ھەل قىلىپ بېرىلىدۇ، ئەگەر نوپۇسى يېزىدا بولسا، بىر كىشىلىك غەيرىي يېزا نوپۇسى كۆرسەتكۈچى ھەل قىلىپ بېرىلىدۇ. 80 مىڭ يۈەندىن ئوشۇق مەبلەغ سالغانلارغا 2 كىشىلىك ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆرسەتكۈچى ھەل قىلىپ بېرىلىدۇ، ئەگەر نوپۇسى يېزىدا بولسا، 2 كىشىلىك غەيرىي يېزا نوپۇسى كۆرسەتكۈچى ھەل قىلىپ بېرىلىدۇ، مەبلىغى پايدا تەقسىماتىغا قاتناشتۇرۇلىدۇ، ئەمما ئۆسۈم بېرىلمەيدۇ.

(9) ناھىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي بىرلىشىشكە ۋاستىچى بولۇپ، بىرلىشىشنى نەتىجىگە ئېرىشتۈرگەنلەرگە، يېڭى بىرلەشكەن كارخانا ئۇدا 3 يىل يېڭى كۆپەيگەن پايدىسىنىڭ %3نى بىر قېتىملىق مۇكاپات قىلىپ بېرىدۇ؛ ناھىيىمىزگە مەبلەغ جەلپ قىلىپ بەرگەن، بۇ مەبلەغ نەقلىشىپ 2 يىلدىن ئاشقانلارغا، مەبلەغنى ئىشلىتىش كېلىشىمى بويىچە، مەبلەغ ئىشلەتكۈچى ئورۇن سېلىنغان مەبلەغنىڭ %2نى شۇ كىشىگە بىر قېتىملىق مۇكاپات قىلىپ بېرىدۇ. تەيۋەن، شياڭگاڭ ۋە چەت ئەللەر ئىئانە قىلغان پۇللارنى ئېلىپ كىرگۈچىلەرگە شۇ پۇلنىڭ %15 — %20ى بىر قېتىملىق مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدۇ.

(10) باشقا جايلاردىن داڭلىق، ئالاھىدە سۈپەتلىك يېڭى مەھسۇلاتلارنى ياكى ئاپتونوم رايوندىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ كىرگەنلەرگە، شۇ مەھسۇلات قوللىنىلىپ، ئۈنۈم ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن، نەپ ئالغان ئورۇن 2 يىل ئىچىدە يېڭى ئاشقان پايدىسىنىڭ %10نى ئايرىپ، مۇكاپات قىلىپ بېرىدۇ.

(11) قۇرغان، يېتەكچىلىك قىلغان، ھۆددىگە ئالغان كارخانا ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك كارخانا ئۆلچىمىگە يەتسە، كارخانىغا قالدۇرۇلغان پايدىدىن زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) ۋە مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان شۇجىنىڭ ھەربىرىگە 3000 يۈەندىن؛ ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك كارخانا ئۆلچىمىگە

يەتسە، كارخانىغا قالدۇرۇلغان پايدىدىن زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) ، مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان شۇجىنىڭ ھەربىرىگە 5000 يۈەندىن مۇكاپات بېرىلىدۇ.

(12) ناھىيىمىزدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان، ئۇنى قۇرغان ۋە مۇددىتىگە ئالغان، يىلىغا 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق باج ـ پايدا يارىتالىغان، يۇقىرىدىكى مۇئامىلىلەردىن بەھرىمەن بولغانلىق سىرتىدا، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى «ناھىيە تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلۈپ، تارىخ بېتىدىن ئورۇن بېرىلىدۇ. چەت ئەلدىكى دوستلار، مۇھاجىر قېرىنداشلار ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ناھىيىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان بولسا، ئۇلار تەشۋىق قىلىنىپ، ئۈچمەس خاتىرە قالدۇرۇلىدۇ.

(13) يۇقىرىدىكى ئېتىبار بېرىش چارىسى بويىچە تۆھپە قوشقانلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات مەبلىغىنى تەپ ئالغان ئورۇن چىقىم قىلىدۇ، ئۇ، كارخانىنىڭ مۇكاپات پۇلىغا ۋە ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ. شەخسىي تاپاۋەتنى تەڭشەش بېجى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

(14) بۇ چارىنى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئىشخانىسى ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئىشخانىسى مەسئۇل بولۇپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ چارە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى
توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
1992 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

# تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئالدى - كەينىدە

ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1984 - يىل 10 - ئايدا «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتىنى قۇردى، ئۇنىڭ قارمىقىدا تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تەسىس قىلىپ، چېن يۈنخۋانى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلىدى. 1985 - يىلى خىزمەتچى خادىم قويۇلۇپ، خىزمەت رەسمىي باشلاندى. تارماقلار، ئىدارە - ئورۇنلارنى كەسىپلەر تەزكىرىسى تۈزۈشكە سەپەرۋەر قىلىش بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندى. تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى ئارخىپلارنى كۆرۈش ئارقىلىق، نۇرغۇن ماتېرىيال توپلاپ، 5 مىليون خەتلىك 5000 كارتىنى تولدۇردى، 20نەچچە قېتىم تۈرلۈك سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەر ساھە، ھەر كەسىپ، ھەرقايسى مەزگىللەردىكى ئاساسىي ئەھۋاللارنى ئېنىقلاپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، بىر قىسىم پېشقەدەم يولداشلارنى مەخسۇس تېمىدا ئەسلىمە ماتېرىيالى يېزىشقا تەكلىپ قىلدى. كېيىن ناھىيىلىك پارتكوم يەنە لى يىي، سىيىت داۋۇت، چېن شىننيەن، جاڭ جېنفېڭ، ۋەلى ئەزىز قاتارلىق يولداشلارنى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىغا مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىر قىلىپ تەيىنلىدى. 1985 - يىلى كۈزدە تەزكىرە كىتابىنىڭ مۇندەرىجىسى تۈزۈلۈپ، يېزىش باشلاندى. 1986 - يىل 10 - ئايغىچە «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ تەخمىنەن 400 مىڭ خەتلىك دەسلەپكى ئورىگىنالى پۈتتى. بۇ تەزكىرە چوڭ ئىشلار، جۇغراپىيە، ئىجتىمائىيەت، سىياسەت، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، شەخسلەر قاتارلىق چوڭ قىسىملاردىن تەركىب تاپتى، بۇ قىسىملار تۈرلەرگە ئايرىلىپ، رېتى بويىچە بايان قىلىندى.

1986 - يىل 11 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىرىنى تەڭشەپ، پېڭ چىشيەننى تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە، ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا تەيىنلىدى.

1987 - يىلدىن باشلاپ، تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ماتېرىيال توپلىدى، 3 يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ ئومۇمىي خەت سانى 400 مىڭدىن 1 مىليون خەتكە كۆپەيتىلدى، تەزكىرىنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2 - قېتىملىق ئورىگىنالى پۈتكەندىن كېيىن، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ پىكرى ئېلىندى، بۇ جەرياندا ماتېرىيالنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە توغرىلىقى، قۇرۇلمىنىڭ ئىلمىيلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى مەسىلىلەرنىڭ بارلىقى، سۈپەتنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىملىقى ھېس قىلىندى. 1991 - يىلدىن باشلاپ، يولداش پېڭ چىشيەن مەسئۇل بولۇپ، تەزكىرىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تۈزەتتى ۋە تولۇقلىدى، 1995 - يىلى تەكشۈرۈشكە يوللىنىدىغان ئورىگىنالنى پۈتكۈزۈپ، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللىدى.

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش خىزمىتى 1984 - يىلى باشلىنىپ، 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. بۇ خىزمەت 13 يىل داۋاملىشىپ، مۇندەرىجە 3 قېتىم، تەزكىرە مەزمۇنى 4 قېتىم ئۆزگەرتىلىپ، ئاممىدىن كەڭ پىكىر ئېلىنىپ، تەكرار تۈزىتىلىپ، تۈزۈلۈشى، قۇرۇلمىسى، مەزمۇنى، كۆز قاراش، گىراماتىكا ئىستىلىستىكىدىن يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇشقىچە ئىنچىكە ئىشلەندى.

تەزكىرە يېزىش داۋامىدا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر، ئالاقىدار تارماقلار ۋە يولداشلارنىڭ كۆچلۈك قوللىشى ۋە قىزغىن ياردىمىگە ئېرىشتۇق. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەي

يۈشى بىلەن سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى جۇڭ يىڭ كۆپ جەھەتتىن كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسى بىئولوگىيە - تۇپراق تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى جاڭ لىبىدي، جۇغراپىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى چۇ جياچى كىتابنىڭ تەبىئىي مۇھىت قىسمىنى تۈزۈتىشكە ياردەم بەردى. شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى، ئاقسۇ شەھەرلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى، كۇچا ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى، شايار ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى، بۈگۈر ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى، باي ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى ئالاقىدار يولداشلار بەزى قىسىم، بابلارنى تۈزىتىش، يېزىشقا ياردەملەشتى ياكى مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. توقسۇ ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسى، ستاتىستىكا ئىدارىسى باشتىن - ئاخىر قىزغىن ياردەملىشىپ، كىرەكلىك ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل ئىزدەپ تېپىپ بېرىپ، ئاكتىپ ماسلاشتى. تەزكىرە كىتابىنىڭ پۈتۈشى مۇناسىۋەتى بىلەن ئۇلارغا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز!

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» تەكشۈرۈشكە يوللانغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ئەزاسى، ئالىي مۇھەررىر جۇڭ شىڭچى چوڭ ئىشلار ۋە تەشكىلىي تۈزۈلۈشى قاتارلىق قىسىملارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، تۈزىتىپ چىقتى. ۋىلايەت، ناھىيە تەزكىرىسى خىزمىتى ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىرى گو دېڭۇ، جياڭ دۈڭخۇيلار تەزكىرە كىتابىنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ چىقتى.

سوتسىيالىستىك يېڭى ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش ئېغىر ھەم ناھايىتى قىيىن ئىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماتېرىيال ۋە كىتابنى يازغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن كىتابتا خاتالىق، سەۋەنلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى، تۈزىتىش بېرىشىنى سورايمىز.

توقسۇ ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

1996 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

# ئاخىرقى سۆز

## ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى

## ياڭ شۇباۋ

توقسۇ ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ يوليورۇقىغا ئەمەل قىلىپ، 1984 - يىلى ناھىيە تەزكىرىسى تەھرىر ھەيئىتى قۇردى. شۇ يىلى بىر قىسىم خىزمەت خادىملىرى سەپلەندى، ئاجرىتىلدى، تەكلىپ قىلىندى، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى. ناھىيىلىك مالىيە تارماقلىرى تەزكىرە تۈزۈش خىراجىتىنى ئاجرىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش خىزمىتى رەسمىي باشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى. 1984 — 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 13 يىل داۋامىدا تەزكىرە كومىتېتى 6 قېتىم تەڭشەلدى، لېكىن تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى باشتىن - ئاخىر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى ئۈستىگە ئالدى. ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيە بويىچە ئىختىساسلىق خادىملار كەمچىل، مالىيە مەنبەسى قىس بولغان ئەھۋالدىمۇ، تەزكىرە خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى جەھەتتىكى ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى.

1985 - يىلى ئەتىيازدا ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىقتىدارلىق 5 كادىرنى ئاجرىتىپ، تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىر ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا (قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تەيىنلىدى.

1985 - يىل 2 - ئايدا توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جەمئىيەتتىن توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى ۋە ماددىي ماتېرىياللارنى توپلاش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقاردى. 1987 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيە بويىچە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يېزا، بازار، تارماق ۋە ئورۇنلارغا تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىغا خۇلاسە ۋە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ۋاقتىدا يوللاپ بېرىشنى تاپشۇردى.

ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى 1988 - يىلى ناھىيە بويىچە چاقىرىلغان كادىرلار يىغىنىدا تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى بىلەن ھەر قايسى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ مەسئۇللىرىغا كەسپلەر تەزكىرىسى تۈزۈش توغرىسىدا مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاشنى تاپشۇردى، ۋەزىپىنى، قەرەلنى ۋە مۇكاپاتلاش - جازالاش تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

1989 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ھۆججەت چىقىرىپ، ئورۇن ۋە تارماقلارنى ئۆزلىرىنىڭ كەسپلەر تەزكىرىسىنى يېزىشنى چىڭ تۇتۇپ، «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى يېزىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىشقا بۇيرۇدى.

1991 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم 3 قېتىم ھۆججەت چىقىرىپ، ئورۇنلاردىن تەزكىرىگە كىرگۈزۈلىدىغان شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكىنى تېزدىن يوللاپ بېرىشنى، تەكشۈرۈشكە يوللىنىدىغان ئورگىنالنىڭ ئالاقىدار

قىسىملىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ، تۈزىتىپ، تەزكىرە تۈزۈشكە بولغان رەھبەرلىكنى ۋە قوللاشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇنلارنىڭ يېتەكچىلىكى، ھەيدەكچىلىكىدە «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ يېزىلىشى تېز، داغدۇغىسى ياخشى بولدى. ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى بۇ ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، 10 نەچچە خىزمەتچىنى سەپلىدى، يۆتكەپ كەلدى ۋە تەكلىپ قىلدى. ئارخىپ ئىدارىسىنىڭ كۈچلۈك ماسلىشىشى ئارقىسىدا ساقلىنىۋاتقان بارلىق ئارخىپلار تولۇق كۆرۈپ چىقىلىپ، 5 مىليون خەتتىن ئارتۇق، 5000 نەچچە پارچە كارتا تولدۇرۇلۇپ، كۆچۈرۈلۈپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قايسى تەرەپلەردىكى ئەھۋالدىن خەۋەردار يولداشلارغا ئەسلىمە يازدۇرۇلدى، پېشقەدەم يولداشلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، ھەر قايسى سىستېمىلارنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى توپلاندى. بىر مەزگىل جىددىي دەسلەپكى تەييارلىق خىزمىتى ئىشلەش ئارقىلىق، 1985 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چېن يۈنخۇانىڭ رىياسەتچىلىكىدە دەسلەپكى ئورىگىنال يېزىلىشقا باشلىدى. 1986 - يىلى 10 - ئايدا تەخمىنەن 400 مىڭ خەتلىك دەسلەپكى ئورىگىنال يېزىلىپ بولدى.

1986 - يىلى 11 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم پېڭ چىشيەننى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە رىياسەتلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ماتېرىيال قېزىش ۋە تەكرار تۈزىتىش ئارقىلىق «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ تەخمىنەن 1 مىليون خەتلىك 2 - ئورىگىنالى 1990 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتتى. ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىش، ئاڭلاش ئاساسىدا، تېخىمۇ ئىنچىكە ئىشلەش ئارقىلىق تەكرار تۈزىتىلدى. 1994 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ تەكشۈرۈشكە يوللىنىدىغان ئورىگىنالى ئاساسەن پۈتتى. ئۇ قىسىملار بويىچە ماشىنىكىدا بېسىلغاندىن كېيىن، 1995 - يىلى ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە يوللاندى.

1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تەكشۈرۈپ بېكىتىش، تۈزىتىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. شۇ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە مەنبەسى قىس بولۇۋاتقان ئەھۋالدىمۇ، نەشر قىلىش خىراجىتىنى ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بېرىپ، تەزكىرە كىتابىنىڭ نورمال نەشر قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ نەشر قىلىنىشى ناھىيىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى بىر زور نەتىجە. تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى بارلىق يولداشلار 13 يىل تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، جاپالىق كۈرەش قىلىپ، بۇ ئېغىر مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئاخىرى تاماملاپ، توقسۇنىڭ تەزكىرىسى بولماسلىق تارىخىغا خاتىمە بەردى. ئۇلارنىڭ تۆھپىسى دەۋرىمىزگە، پايدىسى ئەۋلادلارغا بولىدىغان ئىشنى قىلغانلىقى خۇشاللىنىشقا، تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ.

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» گە 1995 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ماتېرىياللار كىرگۈزۈلدى. قوشۇمچە قىسىمدا 1996 - يىلدىكى ئومۇمىي ئەھۋال كىرگۈزۈلۈپ، تەزكىرە كىتابىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىت چېكى بىلەن نەشردىن چىققان ۋاقتى زىچ باغلاندى. ھازىرغىچە نەشر قىلىنىپ بولغان تەزكىرە كىتابلىرىدا مۇنداق ئىش ئاز كۆرۈلىدۇ. تەزكىرە كىتابىنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، قۇرۇق گەپ، تەكەللۇپ سۆزلەر ۋە يالغان گەپلەردىن ساقلىنىلدى. شۇ ئارقىلىق بۇ كىتاب كۈچلۈك دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، ماتېرىيال قىممىتىگە، قوللىنىش قىممىتىگە ۋە ئوقۇش قىممىتىگە ئىگە قىلىندى. «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە توقسۇ ناھىيىسىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي تارىخى بىلەن ھازىرقى ھالىتى ئەتراپلىق، تەپسىلىي ۋە ئېنىق بايان قىلىندى. تەبىئىي مۇھىت، دىنىي ئېتىقاد، مىللەت، مىللىي ئۆرپ - ئادەت، سىياسىي - ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا، تارىختىكى ھەربىي ئىشلار ناھايىتى ئۆزگىچە بايان قىلىندى، بولۇپمۇ قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلۇپ، توقسۇنىڭ «مەدەنىيەت يادىكارلىقى ناھىيىسى» دىن ئىبارەت ئارتۇقچىلىقى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ نەشردىن چىقىشى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئىلمىي ئاساستا سىياسەت بەلگىلىشىنى ئىشەنچلىك ئاساس بىلەن تەمىنلىدى؛ ئۇ ھەرساھە زاتلىرىغا توقسۇنى ئەتراپلىق تونۇشتۇرىدىغان ئەڭ ياخشى ماتېرىيال، قورال كىتاب، سوتسىيالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك، يۇرتنى قىزغىن سۆيۈش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدا تەربىيە بېرىشتىكى ياخشى دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ.

تەزكىرە، تۈزۈش سەۋىيىمىز ۋە ئىگىلىگەن ماتېرىياللىرىمىزنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»دىمۇ بەزى كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ يول كۆرسىتىشىنى سورايمىز.

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ خەنزۇچىسى نەشردىن چىقتى، ئۇيغۇرچىسىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسى يەنىلا بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرماقتا. مەن تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى يولداشلارنىڭ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قىلىپ، داۋاملىق تىرىشىپ، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى نەشر قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىمكانقەدەر تېز ئورۇندىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە قېرىنداش ناھىيىلەردىن «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تەكشۈرۈش، تۈزىتىش، پىششىقلاشقا ياردەم بەرگەن ئالىم، مۇتەخەسسىس ۋە تارىخ - تەزكىرە خىزمەتچىلىرىگە چىن كۆڭلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

# «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئاپپاراتى ۋە خادىملىرى

## «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى

(1984 - يىل 10 - ئايدىن 1985 - يىل 3 - ئايغىچە)

مۇدىرى: ۋۇ گوچى

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تېيىپ تۇردى، ليۇ شىڭگۇي، غوپۇر ھوشۇر نىيازى

ئەزالىرى: جاۋ جىجېن، يۇ گولياڭ، گايىت سايىم، ليۇ جېنگو، ليۇ زۇڭمىن، ياقۇپ مۇمىن، جاڭ يۇڭفۇ، مامۇت سايىت، چېن يۇنخۇا، لياڭ يىچېڭ، شاڭ جاۋ

## توقسۇ ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە كومىتېتى

1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى توقسۇ ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى ھەم ئەزالىرى تەڭشەلدى.

(1985 - يىل 4 - ئايدىن 1986 - يىل 4 - ئايغىچە)

مۇدىرى: ۋۇ گوچى

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تېيىپ تۇردى، ليۇ شىڭگۇي، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، لى پېي

ئەزالىرى: جاۋ جىجېن، لى كەيشيەن، يۇ گولياڭ، گايىت سايىم، ليۇ جېنگو، جاڭ يۇڭفۇ، ياقۇپ مۇمىن، مامۇت سايىت، چىڭ جۇڭ، ليۇ زۇڭمىن، سېيىت داۋۇت، چېن يۇنخۇا، چېن شىننىيەن، لياڭ يىچېڭ، شاڭ جاۋ

(1986 - يىل 5 - ئايدىن 1988 - يىل 3 - ئايغىچە)

مۇدىرى: ۋۇ گوچى

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تېيىپ تۇردى، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، لى پېي

ئەزالىرى: جاۋ جىجېن، لى كەيشيەن، يۇ گولياڭ، گايىت سايىم، ليۇ جېنگو، جاڭ يۇڭفۇ، ياقۇپ مۇمىن، مامۇت سايىت، چىڭ جۇڭ،

لیۇ زۇڭمىن، سېيىت داۋۇت، چېن يۇنخۇا، جاڭ جىنفېڭ،
لياڭ يىچېڭ، ۋەلى ئەزىز

(1988 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 1991 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە)

مۇدىرى: ژاڭ جىنشەن

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: تېيىپ تۇردى، بارات ھەسەن، نيۇ شۇشىن، ھاۋاخان قاۋۇل، لى كەيشيەن

ئەزالىرى: جاۋ جىجېن، يۇ گولياڭ، گايىت سايىم، ژاڭ شىجۇڭ، ياقۇپ مۇمىن، چىڭ جۇڭ، مەخمۇت كېرىم، چېن يۇڭ، مۇھەممەت نىياز، شېن رېندې، ۋېي رۇي، ياڭ تىڭكەي، ۋەلى ئەزىز، پېڭ چىشيەن، لياڭ يىچېڭ

## «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى

1991 ـ يىل 8 ـ ئايدا يېڭىدىن پارتىيە تارىخى خىزمىتى كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، تارىخ ـ تەزكىرە كومىتېتى ناھىيە تەزكىرىسى تەھرىر ھەيئىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

(1991 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1992 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە)

مۇدىرى: لیۇ زۇڭمىن

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ھامۇت مەخمۇت، بارات ھەسەن، لى كەيشيەن (دائىمىي ئەزا)، يەن يۇلىڭ، لیۇ جېنگو، پېڭ چىشيەن

ئەزالىرى: تۇردى ئەلى، لیۇ رېنخۇڭ، كامىل كېرىم، ۋېي رۇي، يۇ گولياڭ، ما ۋېنيۇڭ، خەلچەم مىراۋۇدۇن، يۈ شيۇچېڭ، جۇ شېڭچېڭ، جېڭ شىنمىڭ، چېڭ كېمېي، تۇڭ يۇندو، سۇن بياۋ، جيا فاشى، ژاڭ جىدۇڭ، يەن بو، ژاڭ ۋېي، شى شۇجىڭ، ياڭ تىڭكەي، يۇ جۇڭشىن، ئەمەر مۇھەممەت، لۇ جۇڭپىڭ، لياڭ يىچېڭ، ۋەلى ئەزىز

(1992 يىل 2 ـ ئايدىن باشلاپ)

مۇدىرى: لى جىچىڭ

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: خې جىمىڭ، بارات ھەسەن، لى كەيشيەن، يەن يۇلىڭ، ژاڭ چۇنشىڭ، پېڭ چىشيەن

ئەزالىرى: ژاڭ ۋېي، تۇردى ئەلى، لیۇ رېنخۇڭ، تېڭ چۇەنشۇن، كامىل كېرىم، ۋېي رۇي، يۇ گولياڭ، خەلچەم مىراۋۇدۇن، چېڭ كېمېي، جۇ شېڭچېڭ، جېڭ شىنمىڭ، سۇن بياۋ، جيا فاشى،

يەن بو، شى شۇجىلىڭ، ياڭ تىڭكەي، يۈ جۇڭشىن، ئەمەر مۇھەممەت، لياڭ يىچېڭ، ۋاڭ جىدۇڭ، سىدىق قۇربان، ۋېلى ئەزىز

## ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى

مۇدىرى: لى پېي (قوشۇمچە 1985.5 — 1986.10)

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: چېن يۈنخۇا (1984.8 — 1986.10)
مېيىت داۋۇت (قوشۇمچە 1985.5 — 1985.12)
جاڭ جىنفېڭ (قوشۇمچە 1985.5 — 1986.10)
چېن شىننيەن (قوشۇمچە 1985.5 — 1985.10)
ۋېلى ئەزىز (1986.2 — 1992.7)
پېڭ چىشيەن (1986.11 —)
لو شىنلىڭ (1995.12 —)

خىزمەتچىلىرى: ما شىنشېڭ، قۇربان تۇرسۇن، لى يۈسۈي، لى شياۋمىڭ، ئىمىنجان مۇھەممەت، خۇ خۇڭيۈەن، ۋاڭ شۈيفا، دۇجيەن

باش مۇھەررىرلىرى: پېڭ چىشيەن، چېن يۈنخۇا

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىرى: ۋېلى ئەزىز، ما شىنشېڭ

مۇھەررىرلەر: پېڭ چىشيەن، چېن يۈنخۇا، زېڭ چياڭ، جېڭ شىنمىڭ، جاڭ جىنفېڭ، جياڭ شىتيەن، ما شىنشېڭ، شاكىرقادىر (تەكلىپ قىلىنغان)، پېي شياۋزېڭ (ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان)، زاڭ شىن (ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان)، ياڭ جىپىڭ (ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان)، لى گېڭشىن (تەكلىپ قىلىنغان)، پەن فۇگېن (تەكلىپ قىلىنغان)

تۈزۈشكە قاتناشقۇچىلار: ۋېلى ئەزىز، لو شىنلىڭ، قۇربان تۇرسۇن، لى يۈسۈي، لى شياۋمىڭ، ئىمىنجان مۇھەممەت، خۇ خۇڭيۈەن، ۋاڭ شۈيفا، دۇ جيەن، لى شىچياۋ (تەكلىپ قىلىنغان)، شياۋجىيې، مامۇت ۋاسىل (تەكلىپ قىلىنغان)

فوتوگراف: پېڭ چىشيەن، ليۇ جۇنخۇا، ليۇ يۈجى

## «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى يازغان خادىملار

كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى، ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلارنى پېڭ چىشيەن، چېن يۈنخۇا، پېي شياۋزېڭ قاتارلىق كىشىلەر يازدى.

تەشكىلىي تۈزۈلۈشى، رايونلارغا ئايرىلىشى، تەبىئىي مۇھىتى، ئاھالە قىسىملىرىنى پېڭ چىشيەن، چېن يۇنخۇا، لى جاۋچى قاتارلىق كىشىلەر يازدى.

مىللەت، دىن، خەلق ئىشلىرى، ئەمگەك، كادىرلار قىسىملىرىنى پېڭ چىشيەن، چېن يۇنخۇا، لى گېڭشىن قاتارلىق كىشىلەر يازدى.

پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلات، ھاكىمىيەت، سىياسىي كېڭەش، ج خ، ئەدلىيە قىسىملىرىنى پېڭ چىشيەن، جاڭ جىنفېڭ، لى گېڭشىن، پەن فۇگېن قاتارلىق كىشىلەر يازدى.

ھەربىي ئىشلار قىسمىنى پېڭ چىشيەن يازدى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، سۇچىلىق، سۇ - ئېلېكتر قىسىملىرىنى زېڭ چياڭ، جېڭ شىنمىڭ، يەن خۇڭ، پېڭ چىشيەن، چېن يۇنخۇا، زاڭ شىن، جياڭ شىتيەن، بى جۇڭيۈەن، پەن فۇگېن قاتارلىق كىشىلەر يازدى.

سانائەت، يېزا - بازار كارخانىلىرى، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف، سودا، ئاشلىق - ياغ، مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلە قىسىملىرىنى ياڭ جىمىڭ، ما شىنشېڭ، پېڭ چىشيەن، پېي شياۋزېڭ، لو شىنلىڭ، لى يۇسۇي، دۇ جيەن قاتارلىق كىشىلەر يازدى.

ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك باشقۇرۇشنى پېڭ چىشيەن يازدى.

شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشىنى پېڭ چىشيەن، پەن فۇگېن، جۇ شېڭپېڭ قاتارلىق كىشىلەر يازدى.

مەدەنىيەت قىسمىنى پېڭ چىشيەن، چېن يۇنخۇا، پېي شياۋزېڭ، جاڭ شۇزېڭ قاتارلىق كىشىلەر يازدى.

مائارىپ، پەن - تېخنىكا قىسىملىرىنى پېڭ چىشيەن، چېن يۇنخۇا، لۇ شىنيۇڭ قاتارلىق كىشىلەر يازدى.

سەھىيە، تەنتەربىيە قىسىملىرىنى پېڭ چىشيەن، چېن يۇنخۇا قاتارلىق كىشىلەر يازدى.

شەخسلەر قىسمىنى چېن يۇنخۇا، پېڭ چىشيەن، لى گېڭشىن، پېي شياۋزېڭ قاتارلىق كىشىلەر يازدى.

قوشۇمچىنى پېڭ چىشيەن يازدى.

## ئاساسلىق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر

چېن ۋېنخەي، يەن شۇخۇي، جىن جياجېن، جۇ شېڭپېڭ، جىن يۇمىن، چېن فاگۇەن، ليۇ فېڭ، ۋاڭ گولياڭ، تېڭ چۈەنشۇن، يەن خۇڭ، لياڭ يىچېڭ، ۋاڭ جۈن (ستاتىستىكا ئىدارىسىدىن)، لى چۈنلەن، لى پېي، ۋاڭ مىڭلياڭ، دۇ جىنيې، يىن زۇڭيى، لى سۇيىو، جاڭ فېڭلەن، شاكىر قادىر، مۇھەممەت مەخمۇت، رېھىم سابىر، سېيىت داۋۇت، ئەمەرجارۇپ، ۋاڭ شىجۇڭ، جاڭ شىنجيەن، لۇ جۇڭپىڭ، جۇ پىڭ، سەي ۋېنيۇڭ، يۇنۇس ھاشىم، چېن يۇڭ، شەن لىنجى، يەن شىنيۇ، ھېيىت رېھىم، دىڭ لەيباۋ، لى خېپىڭ، ۋاڭ جۇڭگۈي، تۇراپ مۇھەممەت، شۇ مىڭشۈەن، شى ۋېنشەن، يۇ جۈنشياڭ، سۇڭ چۈنخۇا، يۇ ۋېيلى، مۇھەممەت ئەيسا، ئەلا سالى، ئەخمەت ئىسمائىل، غەنى ئادىل.

## ئورىگىنال تەكشۈرگۈچىلەر

**توقسۇ ناھىيىسىدىن:** لى جىنچىڭ، ۋۇ گوچى، نيۇ شۇشىن، خې جىمىڭ، ياڭ شۇباۋ، جاڭ جىنىڭ، ۋاڭ ۋېي، جىن شياۋپىڭ، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، لى پېي، ليۇ زۇگىمىن، لى كەيشيەن، ۋاڭ چۇنشىڭ، چېڭ كېمېي، جېڭ شىنمىڭ، كى جېگدۇڭ، تېڭ چۇەنشۇن، يۇگولياڭ، تۇڭ يۇندو، جۇ شېگپېڭ.

**ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىن:** جەي فاياۋ، جياڭ جۇگتاڭ، سۇ جياجۇن، ۋۇ گوچى، چېن يۇنخۋا.

## «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ئاپپاراتلار

ج ك پ توقسۇ ناھىيىلىك كومىتېتى
توقسۇ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
توقسۇ ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى
ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى



تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىدىكى خادىملار

# ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز

سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ خەنزۇچىسى 1997 - يىل 6 - ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانىدى. مەزكۇر تەزكىرىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 1999 - يىل 7 - ئايدا نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ توقسۇ ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتىدىكى خۇشاللىنارلىق ئىش.

«توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش ئىشىغا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە تارماقلارمۇ، ناھىيە مالىيىسىدە قىيىنچىلىق بولۇۋاتقان ئەھۋالدا، چارە - ئامال قىلىپ، تەرجىمە ۋە نەشر قىلىشقا كېتىدىغان خىراجەتنى ھەل قىلىپ بەردى. بىز تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش ئىشىنى ئۇيۇشتۇرۇشنى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسىغا ھاۋالە قىلدۇق. تەھرىر - تەرجىمە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرۇپ ئېلى مەزكۇر تەزكىرە كىتابىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۈستىگە ئالدى ۋە پۈتكۈل تەرجىمىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. مەسئۇل مۇھەررىرلىكنى ئەخمەت روزى ئۈستىگە ئالدى. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالىي مۇھەررىر سابىر ئەلى تەرجىمىنىڭ بېكىتىلگەن نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ ئۈتكۈزۈۋالدى. بىز «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلگەن ۋە مەدەتكار بولغان ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە، تەرجىمە - نەشر خىزمىتى ئۈچۈن جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرگەن مۇھەررىرلەرگە، تەرجىمانلارغا ۋە بۇ خىزمەتكە قاتناشقان باشقا خادىملارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش جەريانىدا، مەزكۇر تەزكىرىنىڭ خەنزۇچىسىدا دىققەتسىزلىكتىن كېتىپ قالغان قىسمەن خاتالىقلار تۈزىتىۋېلىندى.

تەھرىر - تەرجىمە ئىشىدا مەلۇم سەۋەنلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، كۆپچىلىكنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

**توقسۇ ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى**

1999 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

# «توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى

باش مۇھەررىر: ئابدۇرۇپ ئېلى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەت روزى

تەھرىر - تەرجىمە قاتناشقۇچىلار: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابلىمىت ياقۇپ، ئابدۇرېھىم ياقۇپ، ئابلىز ئورخۇن، ئەخمەت روزى، ئەخمەت ئىمىناجى جۇبەيرى، بىلىقىز مۇھەممەت، پولات ھىمىت، جەمىلە ئابلا، زاھىت رېھىم، غوپۇر ھوشۇر نىيازى، غوجا ئەخمەت يونۇس، كېرەم ھاشىم، كېرەم يۇسۇپ، مەرھابا شاۋۇدۇن، مەمتىمىن ھاشىم، نۇرمۇھەممەت دۆلەتى، ئۆمەر مامۇت، ئىمىنجان، ئىسلام ھۆسەيىن

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچى: سابىر ئەلى

كوررېكتور: ئەخمەت روزى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇرادىل ئابىت

# 《新和县志》维吾尔文版编译人员

主　　编：　阿不都肉甫·艾力

责任编辑：　艾合买提·肉孜

编译人员：　（姓氏以维吾尔文字母为序）

阿不力米提·亚库甫、阿不都热依木·亚库甫、阿不力孜·鄂尔浑、艾合买提·肉孜、艾合买提·依明阿吉·菊拜日、贝丽克孜·穆罕默德、甫拉提·依米提、加米拉·阿不拉、吾甫尔·吾守尔·尼亚孜、霍加阿合买提·尤努斯、克力木·阿西木、克力木·玉苏甫、玛尔哈巴·夏吾东、买买提明·阿西木、努尔穆罕默德·多来提、乌买尔·马木提、衣明江、斯拉木·玉赛音

验　　收：　沙比尔·艾力

校　　对：　艾合买提·肉孜

封面设计：　穆拉丁·阿比提

8

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# توقسۇ ناھىيىسى تەزكىرىسى

توقسۇ ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تۈزدى

---

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى ۋە تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق كوچىسى 348 №)
ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كومپيۇتېر مەتبەئە شىركىتىدە تىزىلدى
ش ئۇ ئا ر گېئولوگىيە - قېزىلما بايلىقلار رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مىللىمېتىر 1/16
باسما تاۋىقى 76.625 قىستۇرما ۋارىقى: 14
1999 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى
1999 - يىل 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 1000
ISBN 7 — 228 — 05220 — X/K. 690
باھاسى: 150.00 يۈەن

图书在版编目(CIP)数据
新和县志：维吾尔文/《新和县志》编纂委员会编。
乌鲁木齐：新疆人民出版社，1999.7
ISBN 7—228—05220—X
Ⅰ.新…  Ⅱ.新…  Ⅲ.地方志—新疆—新和县—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.K294.54
中国版本图书馆CIP数据核字(1999)第19580号

ISBN 7-228-05220-X
9 787228 052202 >

新疆维吾尔自治区地方志丛书
新　和　县　志

新和县志编纂委员会　主编：彭启先　陈云华
新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码：830001)
新疆维吾尔自治区地方志编纂委员会激光照排公司照排
新疆维吾尔自治区地矿彩印厂印刷
1999年7月第一版　1999年7月第一次印刷
787×1092毫米　16开本　76.625印张　地图1张　彩印16页　1190千字
印数：1——1000

ISBN7—228—05220—X/K·690　国内定价：150.00元
国外定价：60美元